# تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار

تەييارلىغۇچى: قېرىنداش ئىسلام تور بېكىتى
http://www.kerindax.com

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك ئەزىز تورداشلار! ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان ”قېرىنداش ئىسلام تور بېكىتى“ تەرىپىدىن تارقىتىلغان ”تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار“ ناملىق تەپسىر بىرقىسىم دىن سۆيەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەمىنلەپ بېرىشى بىلەن سىلەر بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈشكە مۇشەررەپ بولدى.

**ئەسكەرتىش:**

بۇ تەپسىرنىڭ ئەسلى ھۆججىتى قولىمىزغا تەگكەندىن كېيىن بىر قۇر ئوقۇپ بەتلىرىنى تەڭشەپ مۇندەرىجە ئورۇنلاشتۇردۇق. ئىچىدىكى رەسىملەرنى ئېلىۋاتتۇق چۈنكى كىتابنىڭ بەت سانى جىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىرلاپ كېتىدىكەن يەنە بىرى بەزى قېرىنداشلىرىمىز رەسىمنى قويۇشنى توغرا تاپمايدىكەن. بارلىق تورداش قېرىنداشلىرىمىزنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

http://www.munber.org

## مۇندەرىجە

قۇرئاندىكى سۈرە ئىسىملىرىنىڭ ئىشارىتى ..... 29
سۈرە فاتىھە ..... 36
سۈرە فاتىھەدىن تاللانما ..... 37
(ئىسپىرمىنىڭ چاڭلىشىشىدىن باشلاپ تۇغۇلغىچە) ..... 40
سۈرە بەقەر ..... 45
بۇت توغرىسىدا ..... 46
قۇياش ھەمراھلىرى قۇياشنى ئايلانماقتا ..... 48
يۇقىرقى پىلانىت، ھەمراھلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى قۇياشتىن يىراقلىقى ..... 48
شاپائەت توغرىسىدا ..... 54
سېھرىگەرلىك توغرىسىدا ..... 58
دەرەخلەر قۇلىقى، يوپۇرمىقى، يىلتىزى توغرىسىدا ..... 63
ھايۋانلاردىكى كۆز ئورنى ..... 64
شامال، بۇلۇت، يامغۇر، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ..... 65
قىزىقارلىق بىر ھېكمەت ..... 71
ئالتە بۇرجەك قار ..... 73
سۈرە ئال ئىمراندىن تاللانمىلار ..... 76
ا ل م توغرىسىدا ..... 77
دارۋىن نەزەرىيىسىنى ئاغدۇرۇش ..... 87
ئىنسانغا بىر نەزەر ..... 89
ئىنسانغا يەنە بىر نەزەر ..... 92
روھ توغرىسىدا ..... 94
پەرىشتە، شەيتان، جىن ۋە روھ توغرىسىدا ..... 104
بۇ تەسىر، بۇ كۈچ نەدىن كەلدى؟ ..... 105
سۈرە ئال ئىمران ..... 112
كېچە ـ كۈندۈز ۋە ئۇنىڭ ئالمىشىشى توغرىسىدا ..... 116
سۈرە نىسا تەپسىرىدىن تاللانما ..... 118
شەيتان توغرىسىدا ..... 121
ئاللاھنىڭ، ئى مۆئمىنلەر، سىلەر ئادىللىقنى بەرپا قىلغۇچى بولۇڭلار دېگەن سۆزى توغرىسىدا ..... 122
سۈرە مائىدە تەپسىرىدىن تاللانمىلار ..... 125
ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى ئوغلى، قابىل بىلەن ھابىل قىسسىدىن تاللانما ..... 129
سەييارىلەر ..... 142
سۈرە ئەنئامنىڭ تەپسىرىدىدىن تاللانما ..... 142
ھايۋانلاردا تىل بارمۇ، ئۇلار سۆزلىشەمدۇ؟ ..... 144
بۇ ئەقىلنى كىم ئۆگەتكەن؟ زادى كىم، تەربىيىلىدى؟ ..... 145
ئاللاھنىڭ، ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى، توغرا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن قىلىپ بەردى دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ..... 155
ئاللاھ، ئاسماندىن يامغۇر ياكى قار سۈيىنى چۈشۈردى دېگەن ئايەت توغرىسىدا ..... 156
ئاللاھنىڭ ئۆسۈملۈكلەر مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسى پىشقان چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىگە قاراڭلار دېگەن سۆزى توغرىسىدا ..... 158
چۈشەنچە بېرىش ..... 159
سۈرە ئەنئامدىكى، ئاللاھ سىلەرگە باراڭلىق ۋە باراڭسىز باغلارنى، خورما، زەيتۇن، ئانارلارنى قىلىپ بەردى، ھوسۇل چىققان كۈنى ھەققىنى ئادا قىلىڭلار دېگەن ئايەت توغرىسىدا ..... 160
سۈرە ئەئراف ..... 163
ئاللاھتائالانىڭ، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ..... 163
الم ص توغرىسىدا ..... 167
ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا: ..... 168
ئۇلار ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇدرىتىگە ۋە ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن مەخلۇقلىرىغا قاراپ باقمامدۇ؟ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ..... 169
سۈرە ئەنفال تەپسىرىدىن تاللانمىلار ..... 174
ھەقىقىي غەلىبە روھتا، ئىددىيىدە بولىدۇ، قۇرئاننىڭ بىر ئىسمى روھ ..... 174

بەدرى ئۇرۇشىدىكى بېشارەتلەر … 180
سۈرە تەۋبە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 185
سۈرە يۇنۇس تەپسىرىدىن تاللانمىلار … 192
ئاللاھ، ئەرش ئۈستىدە ئىشلارنى تەدبىر قىلىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 193
تارىختا نەزەر … 205
ھەرخىل قىزىقارلىق سىرلىق ئىشلار … 205
سۈرە ھۇد تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 207
قۇشلار ھۆكۈملىرى، سوت مەھكىمىسى … 207
ھايۋانلاردىكى بەزى سىرلىق ھەرىكەتلەر … 209
سۈرە يۇسۇف … 216
سۈرە يۇسۇف ئۈچىنچى ئايەت، بىز ساڭا ئەڭ ياخشى، گۈزەل قىسسىنى سۆزلەپ بېرىمىز دېگەن ئايەت توغرىسىدا . 216
چۈش توغرىسىدا … 217
سۈرە رەئىدە تەپسىرىدىكى جۋاھىرلاردىن تاللانمىلار … 224
سۈرە رەئىدە تەپسىرىدىن تاللانمىلار … 226
سۈرە مائىدەنىڭ ئاخىرسى … 238
ئاللاھ ئاسماندىن يەنى بۇلۇتتىن سۇنى چۈشۈردى، ئۇ جايلاردا ئۆز مىقداردا ئاقتى دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 243
سۈرە ئىبراھىم تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 245
نېمەت ۋە رىزىق … 245
ئاللاھ ئىشقى … 247
سۈرە ھىجر تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 248
ھەقىقەتەن مەزكۇر ئىشلاردا پاراسەت ئەھلى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئادىللىقى، ھېكمىتى ئۈچۈن، نۇرغۇن دالالەت، مۆجىزىلەر بار دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 251
ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ سۆزلىرى … 252
ھېكمەتلىك سۆزلەر … 253
سۈرە نەھلە تەپسىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار … 275
ئاللاھ، زېمىندا رەڭگىنى خىلمۇ ـ خىل قىلىپ ياراتقان نەرسىلەردىمۇ مۆجىزە بار دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 279
سۈرە نەھلە، بىز سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قورسىقىدىكى يەنى نىجاسەت بىلەن قان ئارىسىدىن چىققان شاراب، ساپ سۈتتىن سۇغىرىمىز، بۇ ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن گاللىرىدىن سىلىق ئۆتىدىغان شېرىن، ساپ شاراپتۇر دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 281
ھايۋانلاردىكى ھەرىكەت ئىقتىدارلىرى … 284
ھاشارەتتىكى ئالامەت … 287
سۈرە ئىسرا تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 291
سۈرە ئىسرا، ھەربىر شەيئى ئاللاھنى مەدھىيلەش بىلەن ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ، يەنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئىتائەت قىلىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 292
روھ توغرىسىدا … 294
سۈرە ئىسرا ئىككىنچى قىسىم … 295
سۈرە كەھپە يەنى ئەۋلىيالار غارى … 303
سۈرە كەھپە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 305
سۈرە مەريەم تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 325
مەريەم ئانىنىڭ تۇغۇتى … 329
سۈرە مەريەم 2 ـ قىسىم … 342
سۈرە تاھا تەپسىرىدىن تاللانمىلار … 350
سۈرە تاھادىكى، ئى مۇھەممەد، پەرۋەردىگارىم ماڭا ئىلىمنى زىيادە قىلىسلا دىگىن، دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 357
سۈرە ئەنبىيا تەپسىرىدىن تاللانمىلار … 363
روھلار قەبرە ئىچىدە جەسەت بىلەن بىرلىشەمدۇ؟ … 367
سۈرە ھەجنىڭ تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار … 375
سۈرە ھەجدىكى، بىز ئىنساننى چايناپ تاشلانغان گۆشدىن مۇكەممەل ۋە غەيرى مۇكەممەل قىلىپ ياراتتۇق، بەزىسى كامىل بەزىسى ناقىس دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 377
سەن زېمىننى قۇپقۇرۇق كۆرىسەن، بىز ئۇنىڭغا يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرسەك، ئۇ ئۆسۈملۈك بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ، يۇمشاپ ئۆرلەيدۇ، كۆتۈرىلىدۇ، خىلمۇ ـ خىل گۈزەل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا … 379

قارىمامسەن؟ ئاللاھ، ئاسماندىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، ئاندىن زېمىن ياپيېشىلللىققا ئايلىنىدۇ دېگەن توغرىسىدا ........ 387
قۇرئاننىڭ ئەبەدىيلىكى ........ 389
ئاشىق ئاق تۇرنا ........ 394
سۈرە مۇئمىنۇن تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 397
بىز ئىنساننى لاي جەۋھىرىدىن ياراتتۇق، ئاندىن مەنىي (ئىسپېرما) سۈدىن ئاندىن لەختە قاندىن دېگەن ئايەت توغرىسىدا ........ 397
14 ياشلىق دوكتۇر ........ 398
نۇر مۆجىزىسى ........ 400
《ئاللاھ سىلەرگە قۇلاق، كۆز، يۈرەك قىلىپ بەردى، سىلەر ئاز شۈكرى قىلىسىلەر》 دېگەن ئايەت توغرىسىدا ........ 413
ھەقىقىي مىزان، شۇ قىيامەت كۈنى ھەقتۇر دېگەن ئايەت توغرىسىدا ........ 414
قۇرئان ھەقىقىي بۇلاق ........ 416
بىلىش نەزەرىيىسى ........ 420
يېشىل ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا ........ 425
سۈرە فۇرقان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 426
بەزىڭلارنى بەزىڭلارغا سىناق قىلىپ ياراتتۇق، سىلەر سەۋر قىلالامسىلەر؟ دېگەن ئايەت توغرىسىدا ........ 430
تەنبىھ ........ 434
سۈرە فۇرقان ........ 436
سۈرە فۇرقان، ئاللاھ، ئىككى دېڭىزنى ئەۋەتتى، بىرسى تاتلىق، بىرسى ئاچچىق، تۇزلۇق، ئىككى دېڭىز ئارىلىقىدا توسما قىلدى دېگەن ئايەت توغرىسىدا ........ 437
سۈرە شۇئەرا جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار ........ 440
كىم ھەقىقىي ئالىم؟ ........ 442
سۈرە نەملە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەر ........ 444
چۈمۈلە توغرىسىدا ........ 445
ئەمەلىي تەتقىقاتتىن بىر نەچچە ئۈلگە ........ 451
ئەقىدە ........ 453
قۇرئان كەرىم توغرىسىدا بىر مۇھىم مەسىلە ........ 457
جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسى ........ 459
سۈرە قەسەس تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 473
سۈرە ئەنكەبۇت تەپسىرىدىن تاللانمىلار ........ 478
سۈرە رۇمنىڭ تەپسىرىدىن تاللانمىلار ........ 482
بۇ جايدا نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىب بار ........ 488
سۈرە لوقماننىڭ تەپسىرىدىن تاللانمىلار ........ 492
ھېكمەتلىك سۆزلەر ........ 496
پەلسەپە دېگەن ھېكمەتنى سۆيۈش دېگەن بولىدۇ ........ 502
پەلسەپە ........ 504
سۈرە سەجدە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 508
ئىسلام دىنىدا ئوقۇشقا تېگىشلىك پەنلەر ........ 511
مۇسۇلمانلار كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش يەنى تۆت خوتۇنلۇق بولۇش ........ 515
سۈرە سەبەئ تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 519
زېمىننىڭ شەكلى توغرىسىدا ........ 519
پەرىشتە ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھى توغرىسىدا ........ 522
سۈرە پاتىر تەپسىر جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار ........ 524
سۈرە سەففات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 536
سۈرە (پ) سات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 543
سۈرە زۇمەر تەپسىردىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 547
سۈرە غافىر تەپسىردىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 557
سۈرە شۇرا تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 567
سۈرە دۇخان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 577
سۈرە جاسىيە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ........ 578

سۈرە ئەھقاف تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 580
سۈرە مۇھەممەد تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 581
سۈرە فەتھى تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 585
سۈرە ھۇجرات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 589
سۈرە قاف تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 594
سۈرە زارىيات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 601
سۈرە نەجمە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 605
سۈرە قەمەر (ئاي) تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 607
سۈرە ئەررەھمان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 609
سۈرە ۋاقىئە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 611
سۈرە مۇجادىلەتتىن سۈرە مۇلۇككىچە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 615
سۈرە ھەشىر تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 616
سۈرە نەبەئدىن سۈرە ناسقىچە تەپسىردىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار ..... 639
سۈرە تەكۋىر، كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىشىدۇر ..... 646
قوشۇمچىلار ..... 664

بسم الله الرحمن الرحيم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سىرداش دوستلىرىم!

مەن سىلەرگە دۇنياۋىي خەلقئارا ئالىم، ھۆكەمائ، پەيلاسوپ، مىسىر پايتەختى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ مۇددەرىسى ئۇستاز شەيخ تەنتاۋىينىڭ جەۋاھىر نامىلىق «قۇرئان» تەپسىرسىدىن پايدىلىنىپ «تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار» دېگەن بۇ كىتابنى تەقدىم قىلىمەن. «تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار» تەنتاۋى رەھمەھۇللا (ۋاپاتى1940 ـ يىلى) ئىسلام دىنىغا دائىر بىلىملەرنى ئىگىلەپ بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئاندىن كېيىن ئامېرىكىغا چىقىپ تەبئىي ـ پەن جەھەتتىن بىلىم ئاشۇرغان، كېيىن قاھىرەگە كېلىپ مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان. 1935 ـ يىللىرى تەپسىر جاۋاھىرنى تاماملىغان. ئۇ بۇ تەپسىردە «قۇرئان» نى ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات، ۋەيېگىدىن كەشپ قىلىنغان مۆجىزلەر بىلەن شەرھىلىگەن.

ھازىرقى 21 ـ ئەسىرگە بۇ تەپسىر ئىنتايىن باب كېلىدۇ. شۇڭلاشقا 1998 ـ يىل نەشر قىلىنغان تەپسىر مۇنىيىرنىڭ مۇئەللىپىمۇ تەبئىي پەن جەھەتتىن تەنتاۋى رەھمەھۇللاھنىڭ بۇتەپسىرىدىن پايدىلانغان. بۇ تەپسىرنى دۇنيا ئالىملىرى قولللىغان ۋە ئېتراپ قىلغان. ھازىر مەككىدىمۇ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. مەن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا جۈملىدىن تەبئىي پەن ساھاسىدە ئارقىدا قالغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا، ئوقوغۇچىلارغا بۇ تەپسىرنى كۆرۈپ چىقىشقا مۇراجىئەت قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەن بۇ تەپسىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ۋە تەبئىي پەنگە دائىر جايلىرىنى ۋە قۇرئان ھەدىسنىڭ موجىزلىرىنى تەرجىمە قىلدىم. دوستلىرىمنىڭ بۇ كىتابتىن ۋە بۇ تەپسىردىن، شۇنداقلا ھازىرقى 21 ـ ئەسىردە 2000 خىلغا يەتكەن قۇرئان تەپسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئالىم، ھۆكەما، پەيلاسوپ، دوكتۇر بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن، ئائىلىسى ئۈچۈن ،خەلقى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت قىلىشنى، يۈزدە ـ يۈز ئەمەل قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تىلەيمەن. الله مۇرادىمىزغا يەتكۈزسۇن ئامىن!

ئىنسان بالىسى بۇلۇش سۈپىتىم بىلەن خاتالىقتىن خالىي ئەمەسمەن، ئاللاھتىن مەغپىرەت سورايمەن.

كىتابخانلارنىڭمۇ، ئەپۇ قىلىپ، تۈزىتىپ ئوقۇشنى، تەنقىد، ۋەپىكىر، تەكلىپ بېرىشنى سورايمەن

الحمدلله والصلوة على رسول الله أعوذ بالله من الرياء اللهمم صل على سيدنا محمد وعلى اله وصحبه وسلم

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. رەسۇلۇللاھقا، ساھابىلارغا بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلارنى سالامەت قىلسۇن. ئامىن!

بسم الله الرحمن الرحيم

مەن بۇ كىتابنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ روھى تەپەككۇر ئارقىلىق ئىلىم ھاسىل قىلىپ تۈزۈپ يازغان بىر ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن باشلايمەن

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ئۆز تەپسىرىنى يېزىش جەريانىدا قۇرئاندا 114 قېتىم تەكرارلىنىدىغان «بسم الله الرحمن الرحيم» گە ھەربىر سۆزىدە ئايرىپ باب توختاتقاندۇر. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە بامدات نامىزىدىن بۇرۇن تەپسىر يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بسم الله الرحمن الرحيم دېگەن بابقا كېلىپ قاتتىق ئويغا پېتىپ تەپەككۇر قىلىپ، سەزگۈ ئەزالىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئاللاھقا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرىدۇ. دەل شۇ پەيتتە روھى دۇنيادىن نۇرانى ئىككى ئادەم پەيدا بولىدۇ. بىرى چوڭ بىرى كىچىك، ئۇلار بولسا، بىرى ئۇستاز بىرى تالىپ (ئوقوغۇچى). تالىپ (ئوقوغۇچى) ئۇستازدىن سوئال سوراشقا باشلايدۇ. ھۆرمەتلىك ئۇستازىم مەن قۇرئاندا بسم الله الرحمن الرحيم نىڭ 114 قېتىم تەكرارلانغىنىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھمان ۋە رەھىم يەنى شەپقەتلىك، مېھرىبان رەھىم قىلغۇچى دېگەن بۇ قوش كەلگەن ئىسىم سۈپەتنى كۆردۈم، ئاللاھ شۇنچە مېھرىبان رەھىم قىلغۇچى ئىكەنۇ نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيا ئازابقا تولغان بولىدۇ؟ مەسىلەن: ئىنسان تۇغۇلۇپلا يىغلاپ چۈشىدۇ، ئەسكى كۆرپىگە چۈشىدۇ، كىچىك بالا تۇرۇپ گۇناھسىز كېسەل بولىدۇ، بەزىدە قىززىق چوغنى ئاغزىغا سالىدۇ، مەشلەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يىغا - زار بىلەن ئۆتىدۇ، يېتىم قالىدۇ، مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ نامرات، كەمبەغەل، يوقسىز ئۆتىدۇ. ئارزۇ - ئارمان مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، بەزىدە ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدۇ. كىشىلەردىن زەر يەيدۇ. يەنە تېخى مۇھەببەت ئازابى بىلەن پىراق ئازابى بىلەن ئازابلىنىدۇ. بۇ ئازاب بەكمۇ قاتتىق بولۇپ، بەزىلەر ئۆلۈۋالىدۇ. بەزىلەر ساراڭ بولىدۇ. بەزىلەر ساماندەك سارغىيىپ ھەسرەتلىك ئاھ تارتىپ ئۆتىدۇ. كۆزىدىن ياش قۇرۇماي غەزەپ - نەپرەتتە ياشايدۇ. توي قىلىپ مۇرادىغا يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاتىسى يارىسا، بالىسى يارىسا، ئانىسى يارىمايدۇ، ئەزەلدىن قېينئانا كېلىن يات كىشىلەرچىلىك كېلىشكەن ئەمەس. يەنە تېخى يەڭگىسىدىن ئازار - دەشنام يەيدۇ، تىل ئاڭلايدۇ، قولى ئىشتىن بوشىمايدۇ، ئۇن كىشىلىك تاماق ئېتىپ قاچا - قۇچىلىرىنى هارماي يۇيىدۇ، تېخى ئەرنىڭ خوجايىنلىقى، ھاكاۋۇرلىقى، مەن ئەر كىشى دەپ خوتۇنىدىن قورقماس دېگەن نامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقۇرۇشلىرى - چۇ؟ تېخى، ئەرچۇ؟ ئەر مۇشۇنداق ئۆينى باشقا كېيىپ غەمدە ئۆتىدۇ، ئۆز ئىشىنى قىلمىسا تېخى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشىنى قىلمىسا تېخى، قىز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشىنى قىلمىسا تېخى، ئاھ ! بۇ ئازاب ئۈستىگە قىزنىڭ سېزىك دەردى، ئادەمگە پايدىلىق نەرسىلەرنى يېگىسى كەلمىگەن، ئۈنىڭدىن زېرىكىپ، سەسكىنىپ كەتكەن. ئارزۇ قىلغاننى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن تاپالمىغان، قورساق كۆتۈرۈپ مىڭ تەستە خۇددى ئۆزى يىغلاپ چۈشكەندەك بىر بالا تۇغىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە غەم تۇغۇلىدۇ. بۇ تۇغۇت ئازابىنى بىر دېمەڭ. بۇ ئازابنى تۇغمىغانلار بىلمەيدۇ. قىرىق كۈن نامازسىز، رامىزانسىز پاسكىنا ھالدا ئۆتىدۇ، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىننى يۆتكەش غېمىدە خىجالەت بولۇۋاتقان. ئۆنى - بۆنى سېتىۋېلىۋاتقان، سۆخەنچىلەر گەپ تېپىۋاتقان، ئارىدا ئاداۋەت بولۇپ، بۇ يۆتكەش ئاۋۋالقى تويدىنمۇ قېيىن بولىدۇ، ئۈزۈنغىچە ماي تارتىشىپ، تۇرمۇش دەردى، گال غېمى، كىيىم - كېچەك غىمى ھەممە ماڭا بولسا، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆلەك بولىدۇ، ئاتا - ئانا بىلەن بالا سېنىڭ - مېنىڭ دەيدۇ. مانا بۇمۇ بىر ئېغىر ئازاب ئىسىت! تېخى ھېساب - كىتابلار، ۋارقىراش - جارقىراشلار، ھەي دەردىم!

دېھقانلار بولسا هارماي - تالماي ئېتىزدا ئىشلەيدۇ، قىغ - كەندە يۈدىدۇ، ھاشارغا چىقىدۇ، سېلىق تۆلەيدۇ، كۈنلىرى قۇلدەك ئۆتىدۇ.

قوي بېقىپ پاقلان يېيەلمەي، ئاش تېرىپ ئاق نان يېيەلمەي، كېپەز تېرىپ يۇڭ پاختىنىڭ كىيىمىنى كىيەلمەي ئۆتىدۇ. تىجارەتچى بولسا، كېچە - كۈندۈز غەمدە ئالدىرايدۇ، نامازنىمۇ ئاندا - ساندا ئوقۇپ، دۇنيا ھەلەكچىلىكىگە ئالدىرايدۇ. ئاھ ھەر ئىككىلىسى قەرزگە بوغۇلسا بۇ ئازابنى دېمەي قويۇڭ، گال دەردى، مال دەردى، بالا دەردى، غەم ئۈستىگە غەم، ئازاب ئۈستىگە ئازاب، تېخى بەزىدە ئۆزى ياكى باللىرى تۈرمىگە كىرىپ قالىدۇ. بۇمۇ بىر قوشلاپ ئازاب، ئاتىدىن يا ئانىدىن ئايرىلىدۇ، بەزىدە باللىرىدىنمۇ ئايرىلىدۇ، ئەڭ

ياخشى كۆرگەن دوست ـ بورادەرلىرىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ئازابلارنى بىز ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزمىسەكمۇ ئۆلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىدىن، سامانىدەك سارغايغان چىرايىدىن ئىڭىكىنى تۇتۇپ غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل ئازابى، ئاغرىق ئازابى، قېرىلىق ئازابى، ئاچلىق ئازابى، يول ئازابى، ئىكولوگىيىلىك تەبىئەت ئازابى، پېژغىرىم ئىسسىق ياكى سوغۇق ئازابى، قۇم ـ بوران ئازابى، ئاپەت ئازابى، ئۆلۈم ئازابىغىچە ئاھ مانا بۇ دۇنيا، مانا بۇ هايات، مانا بۇ تۇرمۇش باشتىن ئاخىرغىچە ساپ ئازابقا تولغان. ئەمما بىز رەھمان ـ رەھىمنى **114** قېتىم تەكرار ئوقۇيمىز. ئاللاھنىڭ رەھمىتى غەزىپىنى بېسىپ چۈشكەن. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئانا بوۋاق بالىسىغا رەھىم قىلغاندىنمۇ بەك رەھىم قىلىدۇ دەيمىز. ئەمما بۇ ئازاب نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سۆزىمىز نېمىشقا زىت؟ بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ؟ (تېخى مېيىپلىق ئازابى، تېخى ئىمانسىزلار باي ـ باياشات ياشايدۇ، خاتىرجەم ئۆتىدۇ، مۇناپىق بايغا ھېچ ئىش يوق، يوقسىز كەمبەغەل، ئۇن بالىسى بار بىر كىشىنىڭ قوي كاللىرى هارام بولۇپ قالىدۇ، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ماڭا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەرسىڭىز. قەلبىم ئارام تاپسا مەنمۇ سىلىدەك ئىلىم دېڭىزىدا ئۈزسەم، گۆھەر سۈزسەم، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلسام ئاللاھنى رازى قىلسام دەيمەن دەپ سوراپتۇ.

روھى دۇنيادىن كەلگەن ھېلىقى نۇرانىي ئادەم سىياقىدىكى ئۇستاز، تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، ئوقوغۇچىسىغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ. ئەي سۆيۈملۈك ئوغلۇم مەن سېنىڭ قورقماس، ئىرادىلىك، جۈرئەتلىك، قەيسەر، باتۇر ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. سوئالىڭ ناھايىتى ئوبدان قويۇلدى، چۈنكى، ئالىم جاۋاب تاپالماسلىقىدىن ئەمەس بەلكى سوئال تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرىسۇن، سوئاللا بولىدىكەن جاۋاب چىقىدۇ. مۇشۇنداق چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ سوئال قويمىغىچە ئىلىم دېڭىزىدا ئۈزگىلى، شۇنداقلا گۆھەر سۈزگىلى بولماس. سۆزۈمگە قۇلاق سال. سەن بۇ دۇنيانى مۇھەببەتسىز، ئادالەتسىز، قانۇن ـ ئىنتىزامسىز، پۈتۈنلەي ئازابقا تولغان مېھرى ـ شەپقەت رەھىمدىللىك پەقەتلا يوق ئىكەن دەپ چۈشۈنۈپ قاپسەن، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي رەھمەت، نېمەت، مۇھەببەت، مېھرى ـ شەپقەت، كۆيۈنۈش، ئاسراش، قوغداش بىلەن تولغاندۇر.

ئەمما سەن بۇنى ئىلىمىڭنىڭ ئازلىقى، بەلكى، يوق دېيەرلىكى بىلەن چۈشەنمەپسەن. مەن ساڭا بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ قوياي، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا!

تۇغۇلۇپ ئەسكى كۆرپىگە يىغلاپ چۈشىشىڭدىكى ھېكمەت بىرىنچى، ئۇ بىر خار نىجىس سۇ ئىدى، ئەرزىمەس يوقىلاڭ نەرسە ئىدى. ئەسلىدىلا يوق ئىدى، مېھرىبان ئاللاھ ئۇنى ئەسلى بىر تال ئىسپېرما ھۈجەيرىسىدىن نەچچە تېرلىيون ھۈجەيرىگە كۆپەيتىپ، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بۇرۇنقىلارغىمۇ، كېيىنكىلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ھەتتا بارماق ئىزىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس ھالەتتە چىرايلىق بىر سۈرەت ئاتا قىلىپ، ئىنسان قىلىپ ياراتتى. ئۇ ئىنسان ئەسكى كۆرپە ئۈستىگە يىغلاپ چۈشكىنى ئازاب ئەمەس. بەلكى، رەھمەت، نېمەت دەپ بىلسۇن.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەممە بالىغا شەيتاننىڭ چېقىلىشى، چىمدىشى، شۇ ئارقىلىق يىغلىشىنى دېگەن. مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتتە تۇغقان ئانا، بالىسىنىڭ راس ئىنسان بالىسىمۇ ياكى ھايۋان سۈرەتتە چۈشتىمۇ، ئۆلۈكمۇ ـ تىرىكمۇ، گاچىمۇ، ئۆز غېمىدىن، ئازابىدىن سىرت مۇشۇ غەمدە بولىدۇ. بالا يىغلاپ چۈشسە ئۇ ھايۋان ئەمەس ياكى ئۆلۈك ئەمەس. ھاياتكەن، گاچا ئەمەس زۇۋانى ساقكەن دەپ خۇشال بولىدۇ، شۇ يىغا ئاۋازىدىنلا قىز ياكى ئوغۇللىقىنى بىلەلەيدۇ. ئەگەر بالا يىغلىماي چۈشسە قازان چىلەكلەرنى چېلىپ تىنىقىنى تەكشۈرۈپ ئۆلۈكمۇ دەپ غەم قىلىسەن. ئۇ ئەرزىمەس نىجىس سۇنىڭ ئورنى ھاجەتخانىدىن ئەزالىرى ساق بىر ئىنسان بولۇپ چۈشكەن، ئەسكى كۆرپە مىڭ ياخشى، بۇ بالىنىڭ قورساق ئىچىدىكى پەرۋىش قىلىنىش، ئوزۇقلىنىش، تېشىغا چىققاندىن كېيىنكى سۇ، سۈت، تاماق، كۆيۈنۈش، تەربىيە بېرىش، قوغداش قاتارلىق رەھمەتنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن، بۇلارنى سەن «كىتابەتتە ۋاھىددىن»، «ئىماندىن بىئولوگىيە» دىن تەپسىلى كۆرىۋال.

خۇلاسە، سەن ئازاب دېگەن ئىش ئەمەلىيەتتە، راھەت، رەھمەتتۇر. خوش سەن كىچىك بالا گۇناھسىز

تۇرۇپ كېسەل بولىدۇ، ھەرخىل ئازابلارغا قالىدۇ دېدىك. تېخى ھايۋانلارمۇ بار. بۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ھېكمىتى شۇكى، كىچىك بالىنى تاۋلاپ تۇرۇپ، ئەدەپلەپ تەربىيە قىلغاندەك ئۇنىڭ روھىنىمۇ ئاشۇ ئازابلار بىلەن تاۋلاپ تەربىيىلەش لازىم. زىيانغا يولۇقمىغان ئىنسان ئازغىنە زىياندىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھەتتا بەزىسى ھەسرەتتە ئۆلىدۇ، دەرت، خاپىلىق، ئازاب كۆرمىگەن ئىنسان كىچىككىنە خاپىلىق، ئازاب كەلسە خۇدىنى يوقىتىپ خۇددى مەجنۇندەك گاراڭلىشىپ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زور زىيان سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روھى ئىددىيىنىمۇ چۇشەندۇرۇش، تەربىيىلەش لازىم.

ئىككىنچى، بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى، ئاللاھ بالىنى كېسەل قىلىش چوغىدەك قىزارغان مەشكە چاپلاش، قىززىق ئاشقا قولىنى سالدۇرۇش، سۇپىدىن يىقىتىش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىغا ئىقتىسادىي چىقىم، زىيان سىڭلىش بىلەن سىنايدۇ. شات ـ خۇراملىقتا چۇمگەن ئىنسان مەنىۋىي ۋە ماددىي زىياننىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ سىناقنى باشتىن كەچۇرىدۇ. ھەممىنى باشقۇرغۇچى كۈلدۇرەلەيدىغان، يىغلىتالايدىغان ئاللاھنى ئەسلەيدۇ. ھەر ھالدا ئاللاھقا شۇكۇر قىلىپ، سەۋر قىلامدۇ ياكى ئاھۇ ـ زار قىلىپ دات ئېيتىپ گۇناھ قىلامدۇ؟ بۇ بىر سىناق، بۇ ئىشلار باشتىن ئۆتسە باشقىلارمۇ شۇنداق كۈنگە قالسا، ياردەم قىلىدۇ، ھەمكارلىشىپ كۆيىندۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن ئوبدان بىلىدۇ. شۇ ئىلمى غەيبنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن بەندىنى سىناش ئىشىدا پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرلىشى ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇرۇش، قايىل قىلىش ئۈچۈن، خۇشاللىقىدا كۆرەڭلەپ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئاللاھنى ئۇنتىماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە يېلىندۇرۇپ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن، قاتتىق قەلبنى ئېرىتىش ئۈچۈن شۇنداقلا ئۇنىڭ خوشنا، دوست ـ يارەنلىرىنىمۇ سىناش ئۈچۈن ئاشۇنداق كېسەل ئازابنى ئورۇنلاشتۇرغان.

مەيلى چوڭ مەيلى كىچىك كىشى بولسۇن، كېسەل ئازابىدا يىغلايدۇ، ھەتتا ھايۋانلارمۇ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئازابلانغىنىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ئازابنىڭ ھەممىسىمۇ بىر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر. چۈنكى، ئۇلار كېسەل ئازابىدا ئازابلانمىسا، ئۆزىمۇ ئۇقمىسا بىزگىمۇ ئۇقتۇرمىسا بىز ئۇلارنىڭ ئىچكى كېسىلىنى بىلمەي، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتمايمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېزلا كېسىلى ئېغىرلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئازابتىن خەۋەرسىز قالسا، كېسەلدىن خەۋەرسىز ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قالسا، ئەجەلدىن خەۋەرسىز قېلىپ، سەۋەب قىلنىماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

خۇلاسە، كېسەل ئازابى يەنىلا ھاياتلىقنىڭ داۋامى بولىدۇ. ئىنسانلار ھايۋانلار ئاچلىق ئازابىغا دائىم يولۇقىدۇ، بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ئىنسانلار بۇ ئازابنى بىلمىسە ئۆزىنى ناكا قىلىدۇ، قورساق ئاچقىنىنى بىلمەي تاماق يېمەي كېسەل بولىدۇ ـ دە، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ھايۋانلارمۇ ئاچلىق ئازابىنى تارتمىسا بىر نەرسە يېمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەمرىمەيدۇ، دېمەك، بۇ ئاچلىق ئازابى جانغا راھەت ھاياتلىقنىڭ داۋامى بولىدۇ، رەھمەت بولىدۇ. تائامنىڭ لەززىتى بولىدۇ، قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ، بۇلار ئەمەلىيەتتە ئازاب ئەمەس، رەھمەتتۇر.

كېسەل قىلىش يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ كېسەل سەۋەبىنى ئۆز قۇدرىتىنىڭ پەردىسى قىلغان، ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغاندا، ئۇلار ئاللاھ ئالدى دېمەي، پالانى كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي ئۆلدى، بولمىسا ئۆلمەيتتى، دېيىشىدۇ. ھەقىقىي مۆئمىن بۇنى تولۇق چۈشىنىدۇ، ۋە ئىشىنىدۇ، سەۋر قىلىدۇ. كېسەل ئەمەلىيەتتە دات باسقان تۆمۈرنى كۆرەك ئوتىدا تازىلىغاندەك ئىنساننى گۇناھدىن تازىلايدۇ. گۇناھقا كەففارەت بولىدۇ، سەۋر قىلالىسا ئەجر كاتتا بولىدۇ. ھەتتا شېھىتلىقتا يېتىدۇ. كېسەل بولۇپ ئۆلمەكچى بولغان كىشى ئازابلانماي، بەلكى، خۇرسەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى بىلىۋالىدۇ، ئاللاھ يولىدا ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىدۇ، ۋەسىيەت قىلىدۇ. كىشىلەردىن رازىلىق ئالىدۇ، باشقا كىشىلەرمۇ ئۇلاردىن رازىلىق ئېلىۋالىدۇ. كېسەل ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى بولغاچقا ئىنسانغا ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ. ئىنسان ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرغاچقا ئىنسانپەرۋەرلىك قىلىدۇ، كېسەل كىشىلەردىن كېسىلىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئۇلاردىن بەزى ۋەزىپە ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئۇلار ئۇ ۋەزىپىنى قىلمىغانغا گۇناھكار بولمايدۇ، ئەمما ئادەم ئۇرۇشقا قاتناشمىغاندەك، ئىنسانلار بۇ دۇنيادا كېسەل ئازابىنى تارتقانلىقىدىن جەننەتكە كىرسە كېسەل بولماي سالامەت تۇرغانلىقىغا خۇشال بولىدۇ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

ئىنسانلار كېسەل بولۇشى بىلەن ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، كېسەللەرنىڭمۇ قەدرىنى قىلىدۇ، ھەمكارلىشىپ ياردەم قىلىدۇ، كېسەل ئاللاھ تەرىپىدىن سىناق بولغىنىدەك بىر قىسىم دورىلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە تەجرىبىگە سىناق بولىدۇ، شۇنداقلا كېسەل سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان دورا ماگىزىنلىرى ۋە دوختۇرخانىلار تىجارىتىنى ئاقتۇرىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇئاشتىن بەھرىمەن بولىدۇ، كېسەل يوقلاش ئارقىلىق نۇرغۇن ساۋابقا ئېرىشۋالىدۇ، شۇنداقلا ئاشۇ كېسەل يوقلاش ئۈچۈن سېتىۋېلىنىغان سوۋغاتلارنى ساتقان ماگىزىن تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. نۇرغۇن سېخى بايلارنىڭ ساۋاب تېپىشقا پۇرسەت يارىتىلىدۇ، پادىشاھ، ۋەزىر، ھاكىم، ۋالىي ھوقۇقدارلارنىڭ ۋە شۇنداقلا دۆلەت قۇرۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. كېسەل نۇرغۇن يامان كىشىلەرنىڭ يامانلىقىنى تونىيدۇ، يامان كىشىلەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇش بىلەن بىرگە باشقىلارغا ئىبرەت بولىدۇ.

ئاللاھ كېسەل ئارقىلىق ئۆزىنى تونىتىدۇ، يامانلارنى تىزگىنلەيدۇ، كېسەلدىكى مىكروپ ئاللاھنىڭ قوشۇنى، كېسەل قىلىشىدا ھەرخىل ۋىرۇس، مىكروپ قاتارلىق قوشۇن ئىشقا سېلىنىدۇ. ۋابا ئارقىلىق بىراقلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغىلى بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، كېسەل ۋىرۇس، مىكروپلار بىلەن دۈشمەن دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى بولىدۇ، ۋە يوقاتقىلى بولىدۇ، كېسەل سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەر پېنسىيىگە چىقىپ، خىزمەتتىن توختايدۇ، ساقايتىسا قايتا بارمايدۇ. بەزىلەر يالغان كېسەلدىن پايدىلىنىپ ئارام ئالىدۇ. خۇلاسە گەپ بۇ ھېكمەتلەرنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىز مۇشۇنچىلىك، كېسەل ئازاب ئەمەس ئەسلىي ئۇ بىر ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بىزلەرگە بەرگەن نېمىتى. ئەمما نادان ئىلىمسىز ئىنسان سەۋر قىلماستىن تەپەككۇر قىلماستىن ئۇنى ئازاب دەپ چۈشىنىپ قالغان. كېسەلگە ئوخشاش ئازابنى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغانلام بولسا ھېكمىتى، رەھمىتى بار، خۇددى خضر عليه السلام كېمىنى تېشىۋەتكەندەك كىچىك بالىنى ئۆلتۈرگەندەك ئەمما بۇنى ئىنسان زاھىر بىلىم بىلەن چۈشىنەلمەيدۇ. ئەي بالام سەن يۇقىرىدا كىچىك باللارنى قېقلىپ ـ سوقۇلۇپ، يىغا ـ زارە بىلەن ياشايدۇ. تېخى يېتىم قالىدۇ دېدىڭ. بۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ھېكمىتى شۇكى، ئاللاھ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىز زېمىنغا تاشلىغان، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇ چوڭ بولۇشىدىن بۇرۇن ئېلىپ كەتكەن، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاتىسىز، بۇلار تاللانغان كىشىلەر ئاللاھقا ئەڭ يېقىن كىشلەر، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۆزىگە شۇنداق يېقىن قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىلا ئەسلىسۇن دەپ ئاللاھقىلا يۆلەنسۇن ۋە تەۋەككۇل قىلسۇن دەپ ياردەمنى ئاللاھدىنلا سورايدىغان بولسۇن ئۈچۈن يېتىم قىلىدۇ، ۋە يەنە خۇراپىي ئاتا ـ ئانىغا ئەگىشىپ زالالەت يولىدا مېڭىپ ئازمىسۇن، خاتا تەرەپىنى ئالمىسۇن ئۈچۈن، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان، توغرىنى ئەركىن تاللاپ ماڭسۇن دەپ يېتىم قىلىدۇ. ھەقتىن توسىدىغان ئاتا ـ ئانىدىن يېتىملىك ياخشى، يېتىملىكتە چوڭ بولغان مۆئمىن پەقەت بىر ئاللاھنىڭلا ئەمىر ـ پەرمانىنى ئاڭلايدۇ، شۇ بويىنچە ئىككىلەنمەي مەسلىھەت سالماي ھەقتە چىڭ تۇرۇپ ماڭىدۇ، باشقىلارغا تايانماي مەخلۇقتىن ياردەم سورىماي مۇستەقىل ئۆز قولى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان بولۇپ چىقىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاجىزلىقىدىن ئوغرىلىقمۇ قىلالمايدۇ. قېقلىپ ـ سوقۇلۇپ باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنسا، چوڭ بولغاندا ئاجىز يېتىم ـ يېسىرلەرگە زۇلۇم قىلمايدۇ، يېتىم باشقىلارغا ئىبرەت بولىدۇ. باللارنى يېتىم قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىنى ئوبدان بىلىپ قالىدۇ، ھەتتا دۆلەتمۇ يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ مېيىپلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش جەمئىيتىنى قۇرىدۇ.

بىر ئاتا ـ ئانىغا قارىغاندا، ھەممىسى ئۇ يېتىمگە ياردەم قىلسا، ئۇنىڭ ئىشى مۇراد ـ مەقسىدى ئاسان ھەل بولىدۇ، ئەگەر چۈشەنسە كۆپ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياردىمى ياخشى بولىدۇ، مەن بەك مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن، چۈنكى، مەن ھەقىقىي بىر مۆئمىنلەر جەمئىيتىنى دېمەكچى، ھازىرقى يېتىملىكنىڭ ئەڭ چوڭ ھېكمىتى، پايدىسى شۇكى، ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغان ئالىملار غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇ شۇ ئالىملارغا ئەگىشىپ ماڭغانلىقىدىن خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ بولماي ھەقىقەتچى بولۇپ چىقىدۇ. يېتىملىك ئاللاھنىڭ باشقا بەندىلەرنى سىنايدىغان سىنىقى، ئۆلارمۇ بۇ سىناقتىن ئۆتىدۇ. يېتىم ئاجىزلىقىدىن يۇۋاش، مۇلايىم، قەلبى يۇمشاق، تەكەببۇرمۇ ئەمەس، ھاكاۋۇرلۇقتىن، زۇلۇمدىن خالىي ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھەرخىل خۇمدانلىرىدا تاۋلىنىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا بويۇنتاۋلىق قىلماي، باش ئىگىدۇ. يېتىم، يالغۇزلۇق، غۇربەتچىلىكتە غەم بىلەن ياشىغاچقا كېيىن ئۇ

ئىقتىسادچىل كاتتا بايدىن بولۇشى مۇمكىن، يېتىمگە كېپىل بولغۇچى رەسۇلۇللاھ بىلەن جەننەتتە بىرگە بولىدۇ، بۇ كاتتا رەھمەتكىمۇ يېتىملىك يەتكۈزگەن، يېتىم زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇرغاچقا دۇئاسى تېز ئىجاۋەت بولىدۇ، يېتىملىك باشقىلارنىڭ قاتتىق قەلبىنى يۇمشىتىش رولىنى ئوينايدۇ، يېتىم باللارنى باقمەن دەپ تىوي قىلمىغان ئانا جەننەتتە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە بولىدۇ، بۇمۇ كاتتا رەھمەت يېتىمنىڭ ئەڭ زور بەختى، ئۇنىڭ ئىسمى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىسلام دىنىدا يېتىمنىڭ مېلىنى تىجارەت بىلەن كۆپەيتىپ قوييۇشقا، يېتىمگە قاتتىق قوللۇق قىلماسلىققا، ياخشىلىق قىلىشقا، تائام بېرىشكە ئالاھىدە قانۇن تۇرغۇزۇلغان، بالاغەتتىن كېيىن يېتىملىك يوق، كېيىن ئۇ مۇستەقىل ئەركىن ياشايدۇ، مۇستەقىللىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىدۇ. يېتىملىكنى رەھىمسىز ۋەھشىي كەڭ ـ كۆلەملىك ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك گېنىرال، زالىم قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇرۇشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا ئۇرۇشماي بولمايدۇ، يېتىملەرنىڭ ھالىغا ئېچىنغان دۆلەت، قوماندان ۋە ئەسكەرلەر ئۇرۇش توختىتىدۇ، كېلىشىم تۈزۈپ سۈلھىلىشىدۇ ۋە ياكى تەسلىم بولىدۇ.

خۇلاسە، يېتىملىكنىڭ سەن ئويلىغاندەك ئازابلا بولۇشى ناتايىن، ئۇمۇ بىر رەھمەت. ئاللاھ ھەممىگە ئالىمدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئى بالام، سەن يۇقىرىدا باللار مەكتەپ تۈرمۇشىدا نامرات ئۆتىدۇ، يوقسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ دېدىڭ. بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان رەھمىتى بولۇپ، زور ھېكمەت بار، ئوقوغۇچىلار ئەقىللىق يېتىشكەن ئالىم بولماستىن بەلكى نادان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئوقۇتىمىز. ئىنسان ئوقوغۇچىلا بولىدىكەن نادان ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىن پۇلنى كەم قىلماي بېرىۋەرسەڭ، ئۇلار باغچىلاردا، رېستوران، تانسخانىلاردا، قىمارخانىلاردا تېخى يەنە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش سورۇنلىرىدا قالايمىقان دەسسەپ يۈرۈپ، ئېلىم ئالمايدۇ، مۇتەخەسسىس، دوكتۇر، پىرافىسسور، پەيلاسوپ دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىششى ئۇيۇقتا تۇرسۇن، بەلكى، ئۇلار ئىپلاس، رەزىل ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا تەربىيىنى ئوبدان بېرىش بىلەن بىرگە كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى بېرىشتىن سىرت ئوقۇش ماتىرىياللىرىنى تولۇق ئېلىپ بېرىش، يېنىدا ئوشۇق پۇل قويماسلىق لازىم. ئوقوغۇچىلار ئىلىمگە بېرىلگەن، كىتاب خۇمارى بولغان چاغدا، ئۆزىنى قانداقمۇ بەختسىز، ئازاب ئىچىدە ھېس قىلسۇن. ئىلىم بىلەن پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بىرەر كەشپىياتتا نەتىجە قازىنىپ ئۆز خەلقىگە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئەڭ زور بەختتۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن، جاپالىق تېرىشىش، مەنىۋى ۋە ماددى بەدەل تۆلەش، هارماي ـ تالماي ئۆز ئىشىنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش لازىم. زور بەختكە بولۇپمۇ مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن، تۆلىگەن ئازغىنا بەدەللەر، تارتقان قېيىنچىلىقلار، ئازاب ئەمەس، بەلكى، بەخت. چۈنكى، ئىلىمدىن مەنىۋى ئوزۇق ۋە لەززەت ئالىدۇ. ماددى لەززەت بولىسا بېشى جاپا ـ مۇشەققەت ئاخىرى نىجىسلىق بولىدۇ. ئىلمى لەزززەت باشتىن ئاخىر مەڭگۈ راھەت ۋە لەززەتتۇر.

ئاللاھدىن قورقمىغان ھەممىدىن قورقىدۇ، ئاللاھدىن قورقىغاندىن ھەممىسى قورقىدۇ. ئاللاھدىن پەقەت ئالىملار قورقىدۇ. شۇڭا، ئالىملار دۇنيانىڭ خوجىسى، پادىشاھى، زۇڭتۇڭى، ھاكىمى، قازىسى، ئۇستازى، يول باشچىسى، مەسلىھەت بەرگۈچىسى.

بۇ دۇنيادا بېرىلگەن بۇ ئۇنۋانلار ئۇنىڭ بەختىگە يېتىپ ئاشمامدۇ؟ يۇقىرقى ئالىملار ئوقوغۇچىلاردىن چىقىدۇ خالاس. ئوقوغۇچىلار قانداقمۇ ئۆزىنى بەختسىز ئازاب ئىچىدە ھېس قىلسۇن؟ ئىلىمدىن، ھەقتىن توسۇپ قويغان بايلىقتىن پېقىرلىق ياخشى، ئاشۇ ئوشۇق دۆلەت، زاپاس پۇل بەتخەجلىك، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ئۇنى دەرس ئوقۇشتىن، تەكرارلاشتىن، كىتاب ئوقۇشتىن، ساۋاقداشلىرى بىلەن ياردەمدە بولۇشتىن، يۇقىرى بىلىمدىن، كاتتا ئۇنۋاندىن، دۇنيا ئاخىرەتلىك بەختتىن توسۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە تېرىشىپ ئېلىم ئېلىۋاتقان ئوقوغۇچىنىڭ يېنىدا زاپاس پۇل تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن خەلقى ئۈچۈن زىيانلىق پۇل خەژلەپ، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىك دېگەن سۆز بار.

خۇلاسە، زور زىياندىن مۇداپىئەلىنىش، ئەڭ زور بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ھېكمەتتىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ چۈشىنىمىز، ئازاب دەپ ھېس قىلماسلىقىمىز لازىم.

خوش، سەن ياش ئۇقوغۇچىلارنى ۋە باشقا ئىنسانلارنى مۇھەببەت توغرىسىدا، پىراق يەنى ئايرىلىش ئازابى، ۋىجدان ئازابى، غەزەپ ـ نەپرەت ئازابى بىلەن ئازابلىنىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن ئىدىڭ. قۇلاق سال!

مۇھەببەتنى ۋە ئۇنىڭدىكى شېرىن لەززەتنى ياراتقان ئاللاھ، ئازابنى ۋە غەزەپ ـ نەپرەتنى بىللە ياراتقاندۇر. مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدىكى شېرىن لەززەتنى يارىتىشنىڭ ھېكمىتىنى ۋە رەھمەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر بىلەلمىسە ئەر ـ ئايال قايتا مۇھەببەتلىك شېرىن لەززەت بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقسۇن، ھازىر بىز ئۇنىڭ ئازابى ۋە غەزەپ ـ نەپرەتلىنىشتىكى رەھمەتنى ۋە ھېكمەتنى بايان قىلىمىز.

بۇلارنى مەن باشقىلار بۇ ئازابتا ھېكمەت، رەھمەت باركەن دەپ ئۆزىنى ئازابلىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، شۇ ئازابقا قالغانلار ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىش ئۈچۈن، توغرا چۈشۈنىشى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا رازى بولسۇن ئۈچۈن، بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىمەن.

بىرىنچى، ئاللاھ چەكسىز ئەركىنلىك ۋە خالاش ئىگىسى، ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشقا بىرەرسى نارازى بولالمايدۇ، بۇ ئازابتىكى ھېكمەتنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئىلمىمىز چەكلىك.

ئىككىنچى، ئىنسانلار ئىچىدىكى ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇق بۇ دۇنيادا مۇراد ـ مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇق دېگەن نام بىلەن ۋە مۇھەببەت دېگەن ئۇقۇم بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سىلىپ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى.

ئۇلار تىپ ـ تىنچ مۇرادىغا يەتكەن بولسا، بۇ داۋراڭ بولمايتتى، بۇ بىر قانۇنىيەتكەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغان ئىنسانلار ئىچىدە توي قىلماقچى بولغان ياكى توي قىلىپ بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەر خىل ھادىسە سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئەر ياكى ئايال بۇ رەزىل دۇنيانى تەرك ئېتىپ ئاللاھنى ئاخىرەتنى كۆزلەپ ئۆزىنى جىھادقا، ئىلىمگە، ئىبادەتكە بېغىشلاش بىلەن ئاللاھ يولىدا قەھرىمانلارچە مېڭىش بىلەن شۇ يولدا قۇربان بولۇش، شېھىت بولۇش، تۇرمىگە تاشلىنىش سەۋەبىدىن ۋە ياكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقنى ئايرىۋېتىشى دەل ئەكسىچە ياخشى كۆرمەيدىغان بىرسىگە تېگىشى ياكى ئېلىشىنى مەجبۇر قىلىشى مەجبۇرىي ئاجراشتۇرۇش سەۋەبلىرىدىن ۋە ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىنىڭ ئۆزگىچە كۆڭۈللۈك قىلىپ مۇھەببەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سەۋەبىدىن ياكى ئارىلاشقان ياكى توي قىلغاندىن كېيىن جىسمانىي كېسەللەرنىڭ ئاشكارى بولۇشى، مەسىلەن: سېسىق پۇراش، تىنىقى، قولتۇقى، قۇلىقى دېگەندەك ياكى مەنىۋى كېسەل سەۋەبىدىن يەنى ئەخلاقى ناچار بولۇش، ئۆزگىرىۋېلىش، كېلىشمەسلىك خاھىشلىرىدىن ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئىماندىن چىقىپ كېتىش، باي بولۇپ، ئۆزگىرىش، قوش خوتۇنلۇق بولۇپ، ئۆزگىرىش، ھەرخىل سەۋەبتىن ھەتتا ئۆلۈم بىلەنمۇ ئايرىلىپ كېتىدۇ. ھېكمەتلىك ئىش ئىگىسى ئاللاھ مۇشۇ پىراق ئازابنى غەزەب ـ نەپرەتنى ياراتقان، بۇنىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمەت بولۇشى شۇكى، بۇ مۇھەببەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالەمنى ياراتقان ئاللاھقا ئاپىرىش پەقەت ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇش ئۈچۈندۇر.

ئىنسان مەخلۇقنى ياخشى كۆرۈپ، كۆپ ئازابقا ئۇچراپ، پىراق دەردىنى تارتىپ قالغاندا، كۆرەلمەي ياكى مۇرادىغا يېتەلمەي، ئاخىرى داۋاملىق بىللە بولىدىغان ھازىرمۇ نازىر تۇرىدىغان توغرا چۈشىنىدىغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى بىلەلەيدىغان مۇرادىغا يەتكۈزەلەيدىغان مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ياخشىلارنىڭ ياخشىسى ياردەمچىنىڭ ئەڭ ياخشى خالىق، رەززاق بولغان **99** سۈپەتكە ئىگە بولغان بىر ئاللاھنىلا ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ. ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈش مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىپ يېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ ئۆزىنىلا ياخشى كۆرەشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە شۇ مۇھەببەتنى راۋاجلاندۇرۇش، باشقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئازاب، نەپرەتنى ياراتقان. ئاللاھ دېگەن خالق ئالدىدا مەخلۇق دېگەن نېمىتى!!!

ئىنسان تۇنجىسىغا غەزەپلەنمىسە، نەپرەتلەنمىسە، ئۇنۇتمىسا ئاللاھدەك مەشۇقنى تاپالمايدۇ.

چۈنكى، ئاللاھ مەخلۇققا ئالاقە باغلىغان قەلبگە ئۆز مۇھەببىتىنى هارام قىلغان، ئەي ئىنسان، جان تومۇرۇڭدىنمۇ يېقىن ئاللاھدەك مەشۇقنى قويۇپ، قايسى بىر مەشۇقنى ئىزدەيسەن.

ئۈچىنچى، ئاشۇ غەزەب ـ نەپرەت، ئازابنىڭ پايدىسىدىن ئاشىق، مەشۇقنى تېزلا ئۇنتۇيدۇ ـ دە، بىر ئۆمۈر پىراق، ئازابنى تارتىپ، دەرت تارتىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاشۇ غەزەب ـ نەپرەت، ئازابى مەشۇقنى ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھدەك مەشۇقىغا ئېرىشىدۇ.

تۆتىنچى، ئاشۇ غەزەپ ـ نەپرەت ئازابى بولمىغان بولسا، يەرشارىدىكى مىليونلىغان ئاشىق ئايرىلىپ كەتكەن، مەشۇقىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ ھېرىپ كېتەتتى. ھېچ ئىشى، خىزمىتى ئاقمايتتى. مىليونلىغان ئاجراشقان ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، بويتاق ئۆتۈپ، بىھۇدە ئۆمرىنى شېرىن خام خىيال بىلەن ئۆمرىنى زايا قىلاتتى. باشقا بىرسى بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا جەمئىيەت قالايمىقان بولاتتى. ئەر ئايالنى، ئايال ئەرنى چىدىماستىن ئۆلتۈرەتتى. ئاشۇ غەزەپ ـ نەپرەت ئازابنىڭ ھېكمىتىدىن بۇلار بىر ـ بىرىدىن كۆڭلى يۈز ئۆرەيدۇ. دۆلەت، جەمئىيەت، ئائىلە، ئىناق خاتىرجەم ياشىيالايدۇ.

بەشىنچى، مەخلۇقتەك مەشۇقىدىن ئايرىلسا شۇنداق ئازاب بولىدۇ ـ يۇ، خالىقىدىن ئاللاھ دېگەن مەشۇقىدىن ئايرىلسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ مۇشۇ ۋاقىتتا دۇنيادا ئايرىلسا، شۇنداق ئازاب بولىدۇ ـ يۇ مەڭگۈلۈك ئاخىرەت دۇنياسىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ ۋاقىتلىق راھەت، لەززەتتىن ئايرىلىش شۇنداقيۇ، مەڭگۈلۈك ئايرىلىشچۇ؟ ئىنسان مانا مۇشۇنى چۈشۈنۈپ يېتىدۇ ـ دە، ئاخىرەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ.

ئالتىنچى، نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ بىر ئازاب ـ دە، بۇ ئازاب ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ. ئايەت، ھەدىسلەردە ياخشى كۆرگەن ئەھلى مال، بالا قاتارلىق نەرسىلەردىن ئايرىش بىلەن سىناش گۇناھلىرىغا كەففارەت قىلىش، ئەجىر بېرىش قاتارلىقلار خاتىرلەنگەن.

يەتتىنچى، مىليونلىغان ئاشىق مەشۇقلار ئاشۇ ئازابدىن قورقۇپ، دۇنيا ئاخىرەتلىك تىنچ ـ ئىناق، خاتىرجەم ياشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۇرغۇن ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. باللار يېتىم بولمايدۇ. بۇ غەزەپ ـ نەپرەت، ئازابلار دۇنياغا، دۆلەتكە، ئىنسانلارغا ئىبرەت بولىدۇ.

سەككىزىنچى، ئىنسانلارنىڭ بۇرۇنقى ياخشى كۆرگەن كىشىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى يېڭىدىن تۇرمۇش قۇرغان مەشۇقىنىڭ ياكى قۇرماقچى بولغان مەشۇقىنىڭ ياكى ئاخىرەتلىك ۋەدە قىلىشقان مەشۇقىنىڭ قەلبىنى ئارام تاپقۇزىدۇ، ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلىدۇ. دىمىسىمۇ قەلب شۇنداق قىلمىسا ۋىجدانسىز بولىدۇ.

توققۇزىنچى، ئاشۇ غەزەپ ـ نەپرەت ئازابنىڭ پايدىسىدىن بۇرۇنقى مەشۇقى دۈشمەنگە ئايلانسا، ئىككىلەنمەي، تېز يوقىتالايدۇ. ئۇ غەزەپ ـ نەپرەت بولمىسا، مېھرى، قەلب رىشتى ئۈزۈلمىسە ئۇنى ئىككىلىنىپ يوقىتالمايدۇ ـ دە، ئاخىرى ئۆزى ھالاك بولىدۇ. بۇ رەھمەت ھەتتا دۆلەتكىمۇ پايدىلىق.

ئونىنچى، ھايۋانلارمۇ ئىنسانلاردەك ئانا ـ بالىلىق، ئاكا ـ ئىنىلىق، جىنسداشلىق مۇھەببەتكە ئىگە. ئاشۇ غەزەپ ـ نەپرەت، ئازابدىن بۇلارمۇ تېز ئايرىلالايدۇ، قايتا ئىزدىمەيدۇ. ئىنسانلار پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، زور پايدىغا ئېرىشىدۇ. گەپنى ئۇزۇن سۆزلىمەي. خۇلاسە، بۇ ئازاب ئەمەس بەلكى، ئاللاھ ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ھېكمەتلىك ئىش قىلغاندۇر. ئەڭ ئەدناسى ئاللاھ ئازابلاشنى خالىسا ئازابلاۋېرىدۇ. بەندە ئۇنى ئاللاھدىن ئەمەس بەلكى ئۆزىدىن كۆرىدۇ، نۇرغۇنلىغان مۇتەكەببىر، ھاكاۋۇر، خۇشاللىقىدىن ئاللاھنى ئۇنتىغان ئىنسانىنى، ئاللاھ ئاشۇ ئازاب بىلەن ئەدىۋىنى بېرىدۇ. ھەتتا، يۈرەك كېسىلى قىلىپ جېنىدىن ئايرىيدۇ خالاس.

ئىنسانلارنىڭ جۈملىدىن ئايال كىشى جۈملىدىن كېلىنىنىڭ قېيىنئانىسى، يەڭگىسى بىلەن كېلىشەلمەي ئازار يەپ ئازابلىنىشىچۇ؟

بىرىنچى، ئاللاھ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنىڭغا ئاللاھ ئۆزى ئالىم.

ئىككىنچى، بۇ ئازابنى ئاساسەن ئىنسانلار ئۆزى ـ ئۆزىگە قىلىدۇ، ئۆزى سەۋەبىدىن ئۆز گۇناھى ئۆزىگە

بولىدۇ. خالىس مۆئمىن بولسا ھېچ ئىش يوق. بۇ بىر سىناق ئىككىلى تەرەپكە سىناقتۇر. بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە ھەممە ئىش ئىنساننى سىنىغلى يارايدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئالاھىدە قانۇن تۈرغۈزۈلغان.

ئۈچىنچى، بۇ ئازابمۇ گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ.

تۆتىنچى، كېلىن قېينئانىسىنى خاپا قىلسا، كېيىنچە شۇنىڭغا يارىشا ئۇنىڭغىمۇ بىر كېلىننى بېرىش ئارقىلىق ئۇنى خاپا قىلىدۇ.

بەشىنچى، بۇ ئازاب، بۇ كېلىشمەسلىك ئەرگە چوڭ سىناق، ئانا بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىدا زور تاللاش كېلىپ چىقىدۇ. گەپ ـ سۆز قىلماي جىم تۇرامدۇ؟ ياكى بىر تەرەپ بولامدۇ؟ قايسىنى تاللاش لازىم؟ بولۇپمۇ خاتالىق ئانىدا بولسا گەپ قىلماي جىم تۇرۇش ئۇنۇم بەرسە سۆز قىلماسلىق لازىم. ئارىغا ئادەم سېلىش لازىم، ئاچچىق يانسا كېلىشىپ قالىدۇ. ئەگەر زور تاللاشقا دۇچ كەلسە، ئانىنى تاللاڭ. ئانىنى سېتىۋالغىلى بولماس، خۇتۇننى تېپىپ ئالغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ ؟ مۇشكۇل ئۆزى ياخشى كۆرگەن خوتۇننى قويۇۋېتىپ ياخشى كۆرمەس خوتۇننى ئېلىش، ھەققىي بەخت ئەمەس. شۇڭا، ئامال بار ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىش لازىم. چارە ـ ئامال تېپىش لازىم. ئانىلارغىمۇ زۇلۇم قىلىشقا يول يوق. ئۇ كېلىنلەر قاچان ئۇلاردەك بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئويلانسۇن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن. دېمەك، ئاشۇ كېلىشەلمەسلىك ئازابىدا مۇشۇنداق زور سىناق بار، سەۋر ئاندىن ئەجىر دېگەن سۆز بار.

ئالتىنچى، ئاشۇ كېلىشەلمەسلىك، ئازاب سەۋەبىدىن ئەر ـ ئايال، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىم، بۆلەك بولۇپ چىقىدۇ. مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئىش پىلانلاپ ئۆزى قىلىدۇ. ھورۇنلۇق تۈگەپ ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالمايدۇ. شۈبھى تائام يېمەي ھالال يەيدۇ. خۇراپىي ئاتا ـ ئانىدىن قۇتۇلۇپ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش، خاتا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن، ھەرخىل قائىدە ـ يوسۇنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. خالققا ئاسىي بولۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشتىن قۇتۇلىدۇ. بىرگە تۇرۇپ خوش ۋە رازى قىلالمىغان ئاتا ـ ئانىسىنى ئاز تولا بىر نەرسە بىلەنلا رازى قىلالايدۇ. چۈنكى، بۇرۇن ئۇنىڭ ھوقۇقى يوق ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇ ئايرىم شەخس ھوقۇقلۇق، ماۋۇ مېنىڭ دېيەلەيدۇ. بىر ئۆيدىكى دە ـ تالاش، ئۇرۇش ـ جېدەل، مۇنازىرىدىن قۇتۇلىدۇ. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن قۇتۇلۇپ ئىلىم ھاسىل قىلىدۇ. مەن بۆلەك بولۇپ كېتىپ ئاتا ـ ئانىنى تاشلاپ كېتىڭلار دېمەكچى ئەمەس. ئەمما ئاشۇ كېلىشەلمەسلىك ئازابى مۇشۇ پايدىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ دېمەكچى. يەنە بىر پايدىسى شۇكى، تاساددىپىي ئاجراشسا شۇ ئائىلنى ئاسان ئۇنتىيدۇ. ئازابلانمايدۇ، كېلىنمۇ ھەم شۇنداق. كېلىن قېينئانىسىنىڭ ئۆيدە قۇلدەك ئىشلەپ خورلۇق ھېس قىلىدۇ. جاپا تارتىپ ئازابلىنىدۇ، بۇ چۇ؟ دىدىڭ. بىز بۇ توغرىلىق يۇقىرىدا ھېكمەت ۋە رەھمەتنى سۆزلىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئازىراق سۆزلەيلى.

ئەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېلىننىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسى بولىدۇ. ئۇلارغا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك ياخشىلىق قىلسا، كاتتا ئەجىر، ساۋاب ئالىدۇ. ھەم گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە ياخشى كۆرىنىشى ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت بولۇشى لازىم. بۇ خىزمەت شۇ پەرسەتتە بۇ خىزمەتنى رازىمەنلىك بىلەن قىلىپ، ئېرىنى خۇرسەن قىلىدۇ، رازى قىلىدۇ، ياخشى كۆرىدىغان قىلىدۇ. بولمىسا ئىش ئەكسى بولىدۇ. ئەرنىڭ ئىشىمۇ بەئەينى مۇشۇنداق ئۇمۇ قېينئاتا، قېينئانىسىغا ياخشىلىق قىلىپ، ئىش خىزمەتلىرىنى قىلىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىدۇ، ھەتتا، قىز ئاجراشسىمۇ ئۇنتالمايدۇ. بۇنىڭ ئامالى شۇكى، ئۇ يىگىتنىڭ دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن شۇنداق قىلغىنىنى مۇھەببىتىنىڭ دۇنيا ئۈچۈن مەنپەئەت ئۈچۈن پايدا ئالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى ياكى ساختا بولغانلىقىنى بىلسە، ئۆمۈر بويى قۇلدەك ئىشلىتىپ قىينايدىغىنىنى، ئۇرۇپ ـ تىللاپ ئازابلايدىغىنىنى كېيىن ئاشۇ ئۆينى باشقا كىيىپ ئېغىر كۈنلەرگە، جاپا مۇشەققەتكە قالىدىغىنىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زور زىيان تارتىدىغىنىنى بىلسە، ھېچ بولمىغاندا ئاللاھقا ساپ قەلب بىلەن ئاشق بولالمايدىغىنىنى بىلسە، زېمىن رىزىق، ئەر، ئائىلە قەلبى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا زور پەردە بولىدىغىنىنى ئاخىرەتتە بولسا، ھەممە ھەممىسىدىن قېچىپ تانىدىغىنىنى بىلەلىسە، ئۇنتۇيدۇ. ئۇنتۇپلا قالماستىن تېخى ئۆچ كۆرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ساختا

ياخشىلىق قىلغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ياخشى كۆرۈۋەرسە ياكى نەپسى شەيتان ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن ئۇنى ئۇنتىماي ئۆز ئىشىنى توغرا دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇمۇ ئەڭ زور خاتالىق. چۈنكى، ئاللاھ قەيەردە قالدى، ئاخىرەتچۇ، ۋەدە چۇ؟ ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىش ۋىجدانسىز ھېس قىلىش، تەۋبە ئىستىغفار ئېيتىش لازىم. ئەمدى نېمە ئەھمىيىتى، نېمىگە پايدىسى، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن پۈتۈن مەخلۇقتىن غەزەپ ـ نەپرەت قىلىش ئاللاھقا ئاشىق بولۇش ھەممىدىن ئەۋزەل بولىدۇ.

خۇلاسە، ئەر ـ ئاياللىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ياكى بىر ـ بىرىنىڭكىگە خىزمەت قىلىش ئەڭ چوڭ رەھمەتتۇر، يەنى بىردىن بىر پۈرسەتتۇر.

مانا ئەمدى كېلىشكەندىن كېيىن شۇ خۇشاللىقتا سېزىك باشلىنىدۇ. بۇ ئازابىنىڭ نېمە ھېكمىتى بار؟

بىرىنچى، ھامىلدارلىقنىڭ بەلگىسى دوختۇرغا ئاپىرىپ تەكشۈرتىش ھاجەتسىز، قىز بۇ ھامىلىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، شۇ ئارىلىقتا ھامىلدارلىق ئاشكارا بولسا، ئالدىراپ ئاجراشمايدۇ، ئاجراشسىمۇ ئىددەت مۇناسىۋىتىگە زور پايدىسى بار، شۇنداقلا گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. خۇددى ھەممە ئازاب گۇناھىغا كەففارەت بولغانىدەك، گۇناھلار ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. ئازابمۇ شۇنداق، قىزنىڭ ئەتىيازدا سېزىك بولۇشى ئېرىگە زور سىناق بولىدۇ. ئەگەر ئېرى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە نېمە دېسە شۇنى دەرھال تەييار قىلىدۇ. ئاللاھ يولىدا بىر بالا، ئاتا قىلغانلىغا سەدىقە قىلىدۇ، ياكى ياخشى كۆرمىسە ياخشى كۆرىدىغان، كۆيىنىدىغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە مەلۇم بىر نەرسىنى يېگىسى كېلىشى ئۆزىگە ۋە بالىغا زور پايدىلىق، ئوزۇقنى ياخشىلاش مۇھىم، سېزىك ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلەر تەبىئىي پەندە بىئولوگىيىدە، تۆرەلمە ئىلمى قىسمىدا كۆپ سۆزلىنىدۇ، سەۋەبى، ھېكمىتى شۇ يەردە.

ھەيز ـ نىپاسلىقمۇ ئەلۋەتتە كېسەلگە ئوخشاش نۇرغۇن پايدىلىق تەرىپى بار، ھېكمەت ۋە رەھمەت بار، نۇرغۇن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كېسەللىك مىكروپىنى، بۇزۇق قاننى تازىلايدۇ. چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. داغنى يوقىتىدۇ، قاننى تازىلايدۇ، ساپلاشتۇرىدۇ.

قاننى ساپلاشتۇرۇپ، شىرىك ئاتىلىقنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىددەتتە بەلگىلەنگەن. ئەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەيزدە سەككىز كۈن نىپاستا 40 كۈن ئۈزۈپ قويۇپ، ئۇنى سېغىندۇرىدۇ، ئەلۋەتتە، ھەر نەرسە ئىزدىگەندىن كېيىن تېپىلسا لەززەتلىك بولىدۇ. ئۈستىخاندا، بەدەندە كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىدۇ. مەلۇم ھېسسىياتى قوزغالمىغان ۋاقىتتا ھارامدىن ساقلاپ قالىدۇ. گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. ھەم بۇ بىر سىناق ئاشۇ ئىبادەتتىن توختاپ بىخۇدلىشىپ، ھورۇنلىشىپ كەتكەندىن كېيىن پاك بولغاندا يەنە شۇ تەقۋا پېتى داۋاملاشتۇرالامدۇ؟ ياكى بوششىپ كېتەمدۇ؟ رامىزاننىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟ يوق؟

ھاجەتخانىدىكى ھاجەت ئادا قىلىشمۇ شۇنداق، گەرچە ئۇ ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش بولسىمۇ ھېكمەت بار رەھمەتتۇر. شۇڭلاشقا پاك بولۇپ، ھەمدۇ ئېيتىمىز

ئەگەر تەرەت كەلمىسە دوختۇرغا چاپىمىز، داۋالاش ئۇنۇم بەرمىسە ھاياتىمىزدىن ئايرىلىمىز، ھاجەتنى ۋاقتىدا قىلمىسا كېسەل بولىدۇ. زاپاس، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلايمىز. بۇ دۇنيادا چوڭ راھەت. بىز پەقەت ھاجەتخانىدىكى سىسىقچىلىقنى ياقتۇرمايمىز، بۇ مۇرادىمىزغا جەننەتتە يېتىمىز، ئىنشائاللا، ئۇ يەردە ھاجەت، تۈكۈرۈش، يىغلاش مەۋجۇت ئەمەس، نىجاسەت مەۋجۇت ئەمەس.

يۇقىرقى ھەممە بىز يىرگىنگەن ئىشلار، بۇ دۇنيانىڭ نىجىس پاسكىنا رەزىل ئىكەنلىكىنى بۇ دۇنيانى ھەقىقىي مەقسەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقنى ھەقىقىي مۇراد جەننەتتە، ئاخىرەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاخىرەتنى سېغىندۇرىدۇ، قىممەت قاراش، تەسەۋۋۇر قاراشنى ئۆستۈرىدۇ. جەننەتكە كىرگەندە ئۆزىنى ئاشۇ نىجاسەتلەردىن خالىي كۆرسە مەڭگۈ بىر خىل ھالدا بايقىسا ھەقىقىي بەختتە ھېس قىلىدۇ. دۇنيانى شۇ زامان ئەستىن چىقىرىلىدۇ.

ئايال كىشىلەر توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ، بۇ دەمال ئازابىدەك قىلىدۇ، لېكىن بۇمۇ زور رەھمەتتۇر. چۈنكى، ئايال كىشى قورساق كۆتۈرۈش ئارقىلىق بىز دۇنياغا كەلگەن، ئاياللار پەيغەمبەرلەرنى، سىددىقلارنى، شېھىتلارنى، سالىھلارنى، ئەۋلىيالارنى، ئۆلىمالارنى، پادىشاھ، زۇڭتۇڭلارنى قورسىقىدا كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ

ئۆسۈپ يېتىلىش بۆشۈكى بولىدۇ.

ئاياللار قورسىقىدا جەننەت ئەھلىنى ياكى دوزاخ ئەھلىنى كۆتۈرىدۇ، ھەممىدىن ھۆرمەتلىك ئەڭ گۈزەل ئىنساننى كۆتۈرىدۇ، قورساق ئۇلارغا ئەڭ چوڭ ئوزۇق ئامبىرى بولىدۇ. جەننەت شۇڭا ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا بولىدۇ، توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، **50** ـ **60** يىل راھەت دۆلىتىنى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ، دۆلەتنىڭ، دۆلەت كاتتىۋىشىنىڭ ئانىسى، خانىشى، مەلىكىسى، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇلارنى قەدىرلەيدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. رازى قىلىش، دۇئاسىنى ئېلىش كويىدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈش ئاق سۈتىنى بېرىش، كېچىسى ئۇيقىدىن مەھرۇم قىلىشتۇر، ئەرزىيدۇ زادى ئەرزىيدۇ. گۇناھلار كەچۈرۈم بولىدۇ، ئۆز ئانىسىنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ياخشىلىق قىلىسىمۇ سىزنىڭ ئازابى بىلەن قورساق كۆتۈرۈش ئازابى، تۇغۇت ئازابى، ئۇلارنىڭ بالا ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ، ھەتتا، ئۇلار تۇغماي بولدى دەپ كېتىدۇ.

كېلىننى يۆتكەش، تۇغقاندا يۆتكەش، ئېغىرنى كۆتۈرۈش، چىقمىنى كۆتۈرۈش، خۇيىنى كۆتۈرۈش ئازابى، بۇ ئازاب، خاپىلىقنىڭ شۇنداق ھېكمىتى باركى، بىز شۇ ئازابىدىن قورقۇپ كېلىن بولىدىغان قىزنى چېكىپ، تاللاپ ياخشى، مۆئمىننى تېپىپ ئېلىپ بېرىمىز، چۈنكى، بۇنىڭدا ئاۋارىچىلىق يوق، شۇنداقلا ئۆز قىزىمىزنىمۇ مۆئمىن تەربىيىلەيمىز. ھەممە جەھەتتىن يارامىلىق، ئەخلاقلىق ئىپپەتلىك تەربىيىلەيمىز، بولمىسا باشقىلارمۇ شۇ ئازابتىن قورقۇپ، چېكىپ تاللايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئازاب ئازابلىنىشقا تېگىشلىك ئەمەستۇر. چۈنكى، بىز بىر تەييار بىر قىزنى قىز قىلىۋالىمىز. ئۇنى باشقىلار **18** ، ھەتتا **20** يىل باقتى ئەمەسمۇ؟

بۇ ئىشلارنى بىز كېلىن قېينئانا ئىشىدا سۆزلىگەن.

قۇدا باجىلىق ئىشىدىمۇ دىققەت قىلىمىز. چۈنكى، چوڭ ئاۋارىچىلىق كېلىدۇ، بۇنىڭمۇ زور ھېكمىتى بار. ئەمەلىيەتتە بۇ ئازابلارنى ئىنسان ئۆزى ـ ئۆزىگە قىلىدۇ. ھەممە جەھەتتىن خالىس مۆئمىن بولسا، دۇنيا ئاخىرەتتە ھېچ گەپ يوق. قانۇندىن چەكەتكەنلەرگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئازاب تەيياردۇر.

تۇرمۇشتىكى گال، مال، بالا دەردى، ئىش ئازابى، بۇ دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئازاب، بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟

ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشتا چوقۇم ھېكمەت كۆپ. بەندىلەر ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان ئىشلاردا پەقەت ئازابلا بار.

مال، ھاراق، تاماكا، خروئىن، ئەپيۇن ئىستىمال قىلىش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق ۋە ياكى قىمار، جازانە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ چەكلىگەن. بۇلاردىكى ئازابنى، خاپىلىقنى ئىنسانلار ئۆزى ئۆزىگە كەلتۈرىدۇ ـ دە، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئىبرەت، ھېكمەت بار. ئۇلارنى ئۇ ئىشىدىن ياندۇرىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت بولىدۇ، باشتىن كەچۈرۈپ ئۆزى بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەيدۇ ۋاھاكازالار.

ئەمما ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ـ ئەمگەك، خىزمەت، تىجارەت، ھارغىنلىق، چارچاش ئازابىنىڭ ھېكمىتى، رەھمىتى

بىرىنچى، بۇ ئەڭ چوڭ رەھمەت، مەسىلەن، ئەگەر ئاللاھ رىزىقنى ئەمگەكسىز، سەۋەبسىز بەرگەن بولسا، ئالتۇن ـ كۈمۈش، رودا، مىس، نېفىت قاتارلىقلار. ئىنسانلار ئاشۇ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندەك بۇغداي ـ قوناقىمۇ ئېرىشەلمەي ئازاب ئۈستىگە ئازاب، ئۆمرىنى قۇلدەك ئۆتكۈزەتتى. رىزىقنى كۈچلۈك زالىملاردىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالاتتى.

بۇ يەردىكى ئەمگەك ئىش، خىزمەت چوڭ رەھمەت بولغان، ئۆزىگە ئۆزى، ئۆز مىلىغا ئۆزى ئىگە بولالىغاندۇر. ئاشۇ ئەمگەكنىڭ ھۆرمىتىدىن رەھمەت ئىكەنلىكىدىن ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولالايدۇ. بولمىسا يۇقىرقى سەۋەبسىز رىزىققا ئىگە بولالمىغاندەك، ھېچنىمىگە ئىگە بولالمايتتى. بولۇپمۇ، تىجارەتچى، دېھقانلار قۇل بولاتتى. بۇ جاپا، چارچاشتا، زور رەھمەت،ۋە ھېكمەت باركەن.

ئىككىنچى، ھالال بېيىپ جاپادىن كېيىن يېيىش، ئۆزى كەسىپ قىلىپ يېيىش، سەۋەبىنى قىلىپ يېيىش، بولار ئەلۋەتتە ئەمەلدىن كېيىن ئەجرىنى كۆرسىتىدۇ، ئاخىرەتتىمۇ بىكارغا بىر نەرسە يوق چوقۇم،

ئاخىرەت ئۈچۈن، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش لازىم. زور خىزمەت كۆرسىتىش، ئىلىم ئېلىپ، ئەمەل قىلىش لازىمكەن دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، قىيامەتنى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولىدۇ، ئاللاھ قۇرئاندا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشىنى، تىرىلىشىنى، قىيامەتنىڭ يېقىنلىقىنى دۇنيانىڭ تىز يوقىلىشىنى زىرائەت ئۆسۈملۈككە ئوخشاتقان. ھىلى خوراپ تۈگەيدۇ، ھىلى كۆكىرىدۇ، يەنە ئاخىرىدا تۈگەيدۇ. مانا بۇ ئۆلۈپ تىرىلىش ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلىگە كېلىدۇ، كېتىدۇ، ئۆلىدۇ، تىرىلىدۇ، ئىگىز ـ پەس، ئاستىن ـ ئۈستۈن، دېگەندەك مانا بۇ ھېكمەتنى بىلسۈن ئۈچۈن ئەمگەكنى قول بىلەن قىلىمىز.

تۆتىنچى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى خۇددى دوختۇر جەسەتنى يېرىپ كۆرگەندەك ئەينى كۆرىدۇ. بۇ رەھمەت ھېكمەتتىن شەھەر خەلقى ئۇلارنىڭ باللىرى خەۋەرسىز پەقەت مەكتەپتە نەزەرىيە ئۆتىلىدۇ، بىز باللىرىمىز بىلەن بۇ قۇدرەتنى كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز، ئۆسۈملۈك، ھايۋان، ئىنسان ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش شۇڭلاشقا ئالىملار بۇ ئۈچىنى بىئولوگىيىدە بىرلا كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ. مۇناسىۋىتىمۇ زىچ بولىدۇ. ھەربىرى جۈپ ئەركەك ـ چىشى پەيدا بولۇشى، كۆپىيىشى، يوقىلىشى، قايتا تىرىلىشى دېگەندەك نۇرغۇن ھېكمەت بار.

بەشىنچى، ئىش ـ ئەمگەك ئىنساننى تەربىيلەيدۇ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەربىيلەيدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇر، ئەقلىنى ئۆستۈرىدۇ، كېسەلگە شىپا بولىدۇ، تىنى ساغلام بولىدۇ، كۆن نۇرىدىن پايدىلىنىدۇ، جاپاغا چىدايدىغان چىداملىق، قەيسەر، باتۇر بولۇپ، يېتىلىپ چىقىدۇ.

باشقىلارغا تايىنىپ يۆلىنىپ ياشىمايدۇ، ئىش ـ ئەمگەك سەۋەبىنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىشنى ئويلايدۇ، ئاندىن ئۇ رىزىقىغا زور ئىشەنچىدە خاتىرجەم ياشايدۇ. ئاشۇ ئەمگەك جاپاسى بولغاچ تەۋەككۇل قىلىپ، ساۋاب تاپىدۇ، ئۆزى ئالغان ئاش، تاپقان مالدىن زاكات ئايرىپ ئەجرىگە، ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئەمەل زايا كەتمەيدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىش ـ ئەمگەك، خىزمەت بىر سىناقتۇر.

ئىبادەتكە پۈتلىشامدۇ؟ شەيتان ۋەسۋەسىگە ئەگىشەمدۇ؟ يوق، ئىبادەتنى، زىكرىنى قىلالامدۇ ـ يوق؟

ئىنسان مانا مۇشۇ سىناقلاردىن ئۆتۈش بىلەن ئاللاھقا يارايدۇ، ئىش ئەمگەكنىڭ ئەڭ زور ھېكمىتى ئىنساننى زور تەرەققىياتقا، سانائەت ئىگىلىكىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئالغا باستۇرىدۇ، ئىشلەپ يېيىشتىن بىر مۇشەققەت بىلەن بىر ئاسانلىق بىللە دېگەن ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ ـ دە! مۇشەققەتكە دۇچ كەلسە ئاسانلىقنى كۈتىدىغان ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان بولىدۇ. بەزى چاغدا ئىش ئەمگەك ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلىدۇ، دوستلارغا ياردەم بېرىدۇ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىدۇ، مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، بۇمۇ زور رەھمەت ئەلۋەتتە، ھېكمەتمۇ كۆپ. گەپنى ئۇزارتمايلى ئاخىرىدا شۇنى دەپ قويىمىزكى، بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق جاپا ـ مۇشەققەت كۆپ بولغاچقا ئادەم جەننەتنى سېغىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىرايدۇ ـ دە! شۇ جەننەتنىڭ ئەملىنى قىلىپ كېتىدۇ. ئىككى دۇنيانى سېلىشتۇرىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن مۆئمىن بولسا ئارامغا چىقىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، قەبرىدە ياكى جەننەتكە كىرگەندە ئۆزىنى ئاشۇ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي راھەتكە، ھەقىقىي بەختكە مەڭگۈلۈك بەختكە ئىگە بولغانغا قاتتىق خۇرسەن بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئاللاھ جەننەتنى سېغىندۇرۇش، ئۇنى ئاشۇنداق جاپادىن كېيىن قولغا ئالسا لەززەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىتلىق بۇ دۇنياغا ئىنساننى تاشلىغاندۇر، سىناقنىمۇ يوق دىگىلى بولمايدۇ، ئىش ـ ئەمگەكتە باللىرىمىز بىزنى تەقلىد قىلىپ دورىغاندەك، ئىبادەتنىمۇ دورايدۇ، بۇ ئۆرپ ـ ئادەت ھېسابىقا ئېلىنمىسىمۇ يوقتىن ياخشى، كېيىن تۈزىلىشى مۇمكىن ياكى ئاخىرەتتىمۇ ئەگەشتۈرۈلىدۇ. بەزى ئىنسانلارغا ئاشۇ رەھمەتلىك ئىش ـ ئەمگەك، خىزمەت بولمىغان بولسا، بىكارچىلىقتا بۇزۇلۇپ، پاسىق بولاتتى. جەمئىيەت قالايمىقان بولۇپ، خاتىرجەم ياشىغىلى بولمايتتى. ئۇلارغا قىلىدىغان ئىش تېپىلىپ، ئەسكىلىككە چولىسى تەگمەيدۇ، يالغان بولسا قىش كۈنلەردە يول دوقمۇشلىرىغا قاراڭ ئۇلارغا ئىشنى، ئەمگەكنى قىش ياز 12 ئاي بەرسە ياخشى بولىدۇ، ئىش ـ ئەمگەك بىلەن دۆلەت جىنايەتچىلەرنى ياخشى تەربىيلەيدۇ، بۇمۇ زور رەھمەتتۇر، ھېكمەتلەر ناھايىتى كۆپ، ئاللاھ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر.

ئىنسانلار بەزىدە پېقىرلىق، يوقسىزلىق، كەمبەغەللىك دەردىنى تارتىدۇ، بۇنىڭدىكى رەھمەت ھېكمەتلەر شۇكى، ئاللاھ قۇرئاندا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە پېقىر، يوقسىزلارنىڭ ئەگىشىپ ئىمان بىلەن دۇنيادىن

چىققانلىقىنى سۆزلىگەن، جۈملىدىن رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق بولغان ئەگەشكۈچىلىرى يوقسىز، پېقىرلار، قۇللار ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا كىبىر، چوڭچىلىق يوق، بوي‌سۇنتاۋلىق قىلمايدۇ.

ھەقتىن توسقان بايلىقتىن پېقىرلىق، يوقسىزلىق ياخشى، ئاللاھ قۇرئاندا خالىغان كىشىگە رىزقىنى كەڭرى بېرىش، خالىغان كىشىگە ئاز قىلىپ قويۇش، پېقىر قىلىپ قويۇشنى دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە بەزىلەرگە بايلىق يارىتىلمايدۇ ئۇلارنى باي قىلىپ قويسا، ئۇلارغا يامانلىق بولىدۇ، ھەتتا، ئىماندىن قۇرۇق قالىدۇ. بەزىلىرىگە پېقىرلىق ياراشمايدۇ، ئۇلارنى پېقىر قىلىپ قويسا ئۇلار ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، رەھىم قىلغۇچى مېھرىبان ئاللاھ ئەھۋالنى ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ بەزىسىنى باي بەزىسىنى كەمبەغەل قىلىدۇ، يوقسىز قىلىدۇ. بۇ پېقىرلىقمۇ ياخشى.

جۇمھۇر ئالىملار پېقىرلىقنى ئەۋزەل دېگەن، ئاشۇ ئارقىدىن كۆزىتىپ ھازىرقىسىغا قاراپ، جەننەتكە **500** يىل بۇرۇن كىرىش ھېساب يەڭگىل بولۇش، قانائەت قىلىش، سەۋر قىلىش، ئاللاھقا تولا يىلىنىش ئاللاھقىلا چوقۇنۇش، پۇلغا ـ مالغا چوقۇنماسلىق بىرەر ئىشنى ئاللاھ قىلىپ بەردى دېگەن سۆزنى پېقىر قىلىدۇ، باي پۇلدىن كۆرىدۇ، نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پېقىرلىق ياخشى، رەسۇلۇللاھ پېقىرلىقنى تىلەپ، تاغلار ئالتۇن بولۇشىنى سورىسا رەت قىلغان، ئەمەلىيەتتە يوق ئەمەستى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاددىي تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن، پېقىرلاردىن ئەۋلىيا كۆپ چىققان ئىكەن، بەزىلەر باي بولساق مۇنداق قىلىمىز، ئۇنداق قىلالايمىز دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بىرسىمۇ يوق، ئۆز بوينىغا ۋەزىپە پەرزلەرنىڭ يۈكلىنىپ قالىدىغىنىنى ئويلىمايدۇ. ئادا قىلالمىسا دوزاخ تەييار بۇ ھەممىدىن خەتەرلىك، مەن تەرەققىي قىلمايلى دېمەكچى ئەمەس، باي بولمايلى دېمەكچىمۇ ئەمەس، ئىش ھۆكۈم باشقۇرۇش ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، باي بولمىغان دەپ قەرزگە ئىگە بولمىز شۇ، بۇ دېگەن پىتنە جاھان، قىيامەت ئازلا قالدى، دىن ئۈچۈن بولماي دۇنيا ئۈچۈن بولسىلا ئازغۇن بولىدۇ ـ دە، ئاللاھ پېقىرنى يارىتىش بىلەن باينىمۇ سىنايدۇ، بايلار پېقىرنى قەدىرلىسۇن، چۈنكى، ئۇلار شۇلار سەۋەبلىك ساۋابقا ئېرىشىدۇ، دۇئاسىنى ئالىدۇ، بەرىكەت تاپىدۇ، پېقىرلارمۇ قاتتىق سىناقتا دۇچ كېلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەنلىكى سەۋەبىدىن سەۋر قىلىش بىلەن قانائەت قىلىش بىلەن كەمتەر بولۇش، چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق بۇلارمۇ بەخت تاپىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاچ يالىڭاچ قالمايدۇ.

پېقىر ئادەم دۇنيادىمۇ بارچە ئىشنى بىچارىلىق بىلەن ئاللاھقا تاپشۇرۇپ كۆپلەپ ئىبادەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ دۇئا قىلىدۇ، قەلبى يۇمشاق، ئاسان كۆز يېشى قىلالايدۇ. گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ مەسخىرە، غەيۋەت قىلىش بىلەن ئۇلارغا ساۋاب ئاشىدۇ، زىيادە بولىدۇ. ھېساب ئاسان بولىدۇ دىگىنىمىز، گەدىنىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە يوق، مەسئۇلىيەت يوق، ئۇلار پەقەت قانائەت قىلىپ سەۋر قىلسا ھالالدىن يېيەلىسىلا ئىبادەتنى ياخشى قىلىپ، ئاللاھنى تىللىمىسا مەخلۇققا داد ئېيتمىسا، زالىم پادىشاھقا يىلىنمىسا، ئىشى ئاسان بولىدۇ، ھەي! تەس دە! ئىلىم كېرەك.

پېقىر كىشىلەر زاكىر بولسا جەمئىيەتتىكى ئالاقىسى ئاز بولغاندىكىن ۋەزىپىنى ئاسان ئورۇنلايدۇ ئىلىم ئالماقچى بولسا ئىلىم ئالالايدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى ھەرخىل ئاۋارە قىلمايدۇ، ئاللاھقىلا مۇناجات قىلىدۇ مەخپى تەقۋادار، پاك مۆئمىننى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ. بەلكى، ئۇلار ئەۋلىيا دېگەن، ئۇلار كەتسە سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. كەلسە خەۋەر ئېلىنمايدۇ، كىشىلەر كۆزگە ئىلىپ قويمايدۇ دېگەن ئەمەلىيەتتە باي، تەقۋادار بولسا داۋراڭ كۆپ بولىدۇ، بىر كۈن توق تۇرۇپ ئاللاھقا شۈكرى قىلسا، بىر كۈن ئاچ قېلىپ ئاللاھقا يېلىنسا، زۇلۇمغا ئۇچرىسا ئاللاھقىلا يېلىنسا نېمىدېگەن ياخشى. پېقىرلىق قانائەتچان مۆئمىنگە ئازاپ ئەمەس بەلكى، نەپسى تويماس نەپسى تويسا كۆزى تويماس كىشىگە ئازاب، ئۇ مەڭگۈ پېقىر ئۆتىدۇ، چۈنكى، ئۇ تاماخور، بايلىق دېگەن مال بىلەن ئەمەس نەپسىنىڭ بىھاجەت بولۇشى بىلەن بولىدۇ. پېقىرلىقمۇ نەپسى تويماسلىق بىلەن بولىدۇ دە! ھازىرقى بار نېمەتكە شۈكرى قىلىپ بولالمايمىز يۇ يەنە بولسا قانداق قىلارمىز. ھەي ئېسىت!

پېقىر ئىسراپ قىلمايدۇ، يەتتە ئويلاپ بىر قېتىم كېسىدۇ، جايىغا ئىشلىتىدۇ ئۇ سەدىقە قىلسا، ھەدىيە قىلسا بايدىن ئوشۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ يوقسىز تۇرۇپ بەرگەن بۇ بۇلسىمۇ بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ئوقوغۇچى بولسۇن ياكى مەكتەپ پۈتتۈرسۇن نۇرغۇن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. پېقىرلىق بۇ دۇنياغا نىسبەتەن ئازاپ بولسىمۇ ئاخىرەتكە نىسبەتەن چوڭ بايلىق، ئۇ ئاخىرەتتە ھېسابتىن قۇتۇلغاندا، يىلان ـ

چاياندىن قۇتۇلغاندا، جەننەتكە كىرگەندە ئۆزىگە زور بەخت ھېس قىلىدۇ. پېقىرلار ئىشقا بۇيرۇلىدۇ، ئىشقا بۇيرىمايدۇ بۇ رەھمەتتۇر. چۈنكى، سوراق پادىچىدىن ئېلىنىدۇ.

قۇرئانغا قارىسام دوۋزىخى ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى دۇنياغا بېرىلگەنلەر دۇنيا بىلەن قەلبى ئارام تاپقانلار ئىكەن. ئازاب پېقىردا ئەمەس بەلكى سېخى بولمىغان بايلاردا ئۆزىنى پېقىر قالدۇرۇپ، يوقسىز قالدۇرۇپ جەمئىيەتنى، دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئاددىي يەپ، كۆپ سەدىقە قىلىش لازىم. كوننى كىيىپ يېڭىسىنى سەدىقە قىلىش لازىم.

الله، بارلىق پېقىر، يوقسۇللارنىڭ قەلبىگە ھەربىر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى تاشلىدى. ئۇلار بىلەن ئارىلاش، دوست تۇت دېگەن پەرمان ئايەتلىرى، رەسۇلۇللاھنىڭ پېقىر مەجلىسىنى تاللىشى ئۇلارغا جەننەتنى ۋەدە بېرىشى يېتەرلىك شىپادۇر. بۇنىڭدىن كاتتا رەھمەت بولماس.

كۆپىنچە ئالىي ماقامغا ئاخىرەتنى دەپ دۇنيانى تاشلىغانلار ھەتتا ھەممىدىن ۋاز كەچكەنلەر يەتكەندۇر. زىيارەت باردە! بۇنى ئازاب دەپ قاراش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى چىققانلىق، پېقىرلىقدىن كېيىن قەرز ئىش كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەت رەھمەت نېمە؟

قەرز ئېلىشقا يول قويۇش بۇمۇ زور رەھمەتتۇر، ئەمما رەسۇلۇللاھ ئادا قىلىشنى ئويلىماي قەرزنى ئېلىۋەرگەن كىشى قىيامەتتە ئاللاھقا ئوغرى دېگەن نام بىلەن ئۇچقىشىدۇ دېگەن. ئەلۋەتتە مۇشۇمۇ بىر ئوغرىلىق يولى بولغاندۇر. قەرزدىن پاناھ تىلەش ئامال بار ساقلىنىش لازىم. قەرزنى ئادا قىلالمىغان ئىنسان شۇنىڭغا بۇيرۇلغانغا قارىغاندا قەرزدىن ساقلىنىشقا قادىردۇر.

قەرزدىن ساقلىنىش زۆرۈر، ئەمما قەرز بولۇپ قېلىپ بېرەلمەي كىشىلەر ئۇنى قىستايدۇ، بۇ چاغدا ئۇ قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئازابلىنىدۇ، شۇ چاغدا مەخلۇقتىن شۇنچە قورقۇپ خىجىل بولغاندا ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھەققىنى قانداق ئادا قىلىش كويىدا بولىدۇ. مەخلۇق ئالدىدا ھېساب شۇنداق بولدىيۇ ئاللاھ ئالدىدا قانداق بولار، دېگەن ئوي كېلىدۇ. ئاللاھقا ياخشى ئامانەت قالدۇرىدۇ، يەنى پۇل - مال خەژلەيدۇ. ئۇنى چوقۇم قىيامەتتە 700 گېچە،ھەتتا 2000000 دەرىجىگىچە كۆپەيتىپ ئالىدۇ. مانا بۇ قەرز مەسىلىسىدىكى ھېكمەت ئۇ ياخشىلىق ھەسسىلەپ بېرەلەيدىغان ئاللاھقا ئامانەت قىلىدۇ. قەرىزدار باشقىلارغا قەرز بولۇپ قالماسلىققا ئىبرەت بولىدۇ.

بۇمۇ بىر سىناق جازانە قىلامدۇ - يوق؟ ۋاقتىدا بېرەمدۇ - يوق؟ ۋەدىگە ۋاپا قىلامدۇ - يوق؟ راست سۆزلەمدۇ؟ يالغانمۇ؟ ئالدامچىمۇ - يوق؟ دېگەندەك بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە سىناشقا يارايدۇ.

ئاللاھنىڭ سىنىقدىن ئۆتسە مۇكاپات، ئەجىر ئالىدۇ. ساۋاب تاپىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىمۇ ئىشلىرى روناق تاپىدۇ، كىشىلەر ئىشىنىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، پايدا يەتكۈزىدۇ، بۇلارغا ئاشۇ ئىلىم - بېرىم، قەرز مەسىلىلىرى سەۋەبچى بولغان. قەرز خىجالەتتىن بولىدۇ، ئىنسان خىجالەتتىن ئاللاھدىنلا سورايدۇ، ئاللاھ نېمە دېسە بېرىدۇ، ئېلىۋالمايدۇ، ئاۋارە قىلمايدۇ تولا بارى - كەلدى قىلغىلى سالمايدۇ، نەدە سورىسا شۇ يەردە بېرىدۇ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ، ئىنسان مەخلۇقتىن قەرز سوراپ بىر نەچچە قېتىم بېرىپ ئالالماي يالۋۇرۇپ تەستە ئالسا، بېرىپلا كەينىگە كىرىۋېلىپ زېرىكتۈرۈپ ئاخىرى يەنىلا ئاللاھ سوراشقا ئەڭ ياخشى زاتكەن دېگەن يەرگە كېلىدۇ - دە، ئاللاھنى ھەققىي ياخشى كۆرىدۇ. ئىشقى - مۇھەببىتى ئاشىدۇ. ئىبادەتنى كۆپ قىلىدۇ، ھەققىي زاكىر بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭغىمۇ قەرز سەۋەبچى بولىدۇ. مەن ئەلۋەتتە مۆئمىنلەرنى دەۋاتىمەن، يۇقىرقى ئازاب دەپ چۈشۈنلگەن ئىشلار ئەلۋەتتە بىر دىنسىز كاپىر بولسىمۇ ئۇلارغىمۇ رەھمەتتۇر. ھېكمەت باردە! شۇلارمۇ بىر ئىنسان ئىنسانلار جەمئىيەتتە ياشايدۇ، قەرزدارنىڭ تولا غەم قىلىپ گۇناھلىرى ئۆچۈرىلىدۇ ئۇ جەننەت تۇرمۇشىنى سېغىنىدۇ ئۇ يەرگە كىرگەندە ئالاھىدە ئۆزى خۇشال بەختلىك ھېس قىلىدۇ. جەننەتكە كىرەلمەسلىكتىن قورقۇپ قەرزنى ئاسان ئادا قىلىدۇ. قەرز ئادا قىلالىسا بىرەلەيدىغانلارغا دۇنيا ئاخىرەتتە رەھمەت بولدى. ئەمما ئۇ ھورۇن پاسىق كىشىلەرگە ئازاب بولىدۇ.

ئەلۋەتتە ھاكاۋۇر، مۇتەكەببىر بايىنى، بېخىل بايىنى بەزىدە قەرز قىلىپ قويۇش زۆرۈر بولىدۇ. خۇراپىي خاتا ئۆرپ - ئادەتكە يېتەكلىگۈچى ئالىمنىڭ جىننىنى ئېلىپ يولنى توسقاندەك كىشىلەرگە ئەگىشىپ كەتكەن

خۇراپىي باينى، باي دۆلەتنى، نامرات، يوقسىز قىلىش بىلەن ۋابانىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىنسان قەرز بىلەن يۇۋاشلاپ قالىدۇ بۇمۇ بىر ھېكمەت. ھارامنى، كىشىلەر ھەققىنى كۆپ يىگەن كىشىلەرنى ئاشۇنىڭ ۋابالىنى، تارتقۇزۇش ئۈچۈن قەرزدار قىلىش لازىم بولىدۇ. ئاللاھنىڭ غەيرىدىن تاما قىلغانلارمۇ قەرزدىن خالىي بولالمايدۇ، خۇددى دىۋانى ساھىللار ئۆمۈر بويى سوراۋەرگەندەك.

ئوقوغۇچى يۇقىرىدا كاپىرلارنى مۇناپىقلارنى باي ـ باياشات خاتىرجەم ئۆتىدىكەن، ئۇن بالىسى بار پىقىر، يوقسىزنىڭ چارۋا ماللىرى ھارام بولۇپ قالىدىكەن، بۇ نېمە ئىش؟

نۇرانى ئۇستاز مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەلۋەتتە ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، قىلغىنىدىن سوراققا تارتىلمايدۇ بۇ بىر سىناق دۇنيا ،ۋاقىتلىق دۇنيا، شۇڭا، بۇ سىناش ئۈچۈندۇر. شۇنداقتىمۇ بىز ئازراق سۆزلەيمىز. رەسۇلۇللاھ« دۇنيا مۆئمىنلىرىنىڭ تۈرمىسى كاپىرلارنىڭ جەننىتى» دېگەن. ئاللاھمۇ قۇرئاندا ھەممە ئىنسانلارنىڭ كاپىر بولۇشى بولمىغان بولسا، كاپىرلارنىڭ ئۆگزە، شوتا ھەتتا ئىت يالىقىغىچە ئالتۇن كۆمۈشتىن قىلىپ بېرىشنى ئەمما نادان ئىنساننىڭ ئېزىپ ئېغىپ كاپىر بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كاپىرلارغا تېخى ئاز بەرگەنلىكىنى دېگەن.

خوش ئۇنداقتا ھەممە كىشىنىڭ مۆئمىن بولۇشى ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە ئاشۇنداق قىلسا بولمامدۇ؟

ئىمان دېگەن ساپ بولۇشى كىرەك، مال، بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى، مال ـ دۇنيانى دەپ ئىمان ئېيتسا ئۇ ئىمان ئەمەس. مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ئىمان خالاس،ئىمان دېگەن پەقەت ئاللاھنىلا دىسە جەننەتنىلا دىسە ئىمان بولىدۇ. شۇڭا، ئاشۇنداق تەڭشەيدۇ. ئىش مۇشۇنداق، كاپىرغا مال ـ دۇنيا بېرىش سالامەت قىلىش، كۈچ ـ قۇدرەت بېرىش ،شەيتانغا قىيامەتكىچە ئۆمۈر بەرگەندەك، دەججالغا ئاھانەت كارامىتى بەرگەندەك ئىش ئاخىرىدا ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئازابقا كىرىدۇ.

بىز مانا مۇشۇ مەڭگۈلۈك ئازابنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، ھەم دەرھال كەلگۈسىنى بىلەلمەيمىز، كۆرەلمەيمىز، ئاللاھقا ھەممە، بۇرۇن ،ھازىر ،كەلگۈسى ئېنىقتۇر. ئالدىراپ كەتمەيدۇ، پۇرسەت بېرىدۇ. تۇتقاندا قاتتىق تۇتىدۇ سەن ئاللاھنى ئۇلارنىڭ ئىشىدىن غەپلەتتىمىكى دەپ گۇمان قىلما، ئاللاھ ئۇلارنى ئۇبدان كۆرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇلارنى مەلۇم قىلىدۇ. شۇڭا بەزىسىگە **100** يىل ئۆمۈر بېرىدۇ، بەزىسىگە كارامەت بېرىدۇ، بەزىسىگە مال دۇنيا كۈچ ـ قۇدرەت بېرىدۇ، ئاخىرىدا ئىش ئاللاھقا قايتىپ بارىدۇ.

مال ـ چارۋىسى ھارام بولغان دۇنيادىن مەھرۇم بولغان كەمبەغەلگە كەلسەك، بىز بۇنى يۇقىرىدا دىدۇق. يەنە بىر ھېكمىتى شۇكى، بۇ پىقىر مۆئمىن، يوقسىز تۇرۇپمۇ ئاللاھ بىلەن بولغاچقا ھەممىدىن باي، خاتىرجەم، روھى، قەلبى ساپ پاك، ئۆلۈم كەلگەندە ئارامغا چىقىدۇ. چىدىمىغۇدەك نەرسە يوق. ئاسان كۆز يۇمىدۇ، بۇ جاپالىق رەزىل دۇنيادىن خوشلاشقانغا مەڭگۈلۈك بەختكە ئېنتىلىپ ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ ھۆكمىگە رازى بولۇپ، خۇشال ھالدا سەپەر قىلىدۇ. ئۇ مۇناپىق كاپىر بولسا، ئارقىدا قالغان دۇنياسىغا چىدىماي بىر ئازاب ھېساب بىر ئازاب ئاخىرەت بىر ئازاب ئۈستىگە ئازاب بولىدۇ. دوزاخ ئىچىدىمۇ باي، كاپىردىن پىقىر، نامرات يوقسىز كاپىرنىڭ ئازابى سەل يەڭگىل بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئورنى بىر. چۈنكى، باينىڭ بايلىقى دۇنيادا قالغاندۇر، چىدىماي ھەسرەتتە ئاشۇ ئازابقا پىدىيە بەرسەمچۇ دەپ كېتىدۇ. ھېلىقى نامرات يوقسىز كاپىر بۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇنيادىلا ئازابقا كۆنگەن بۇ خۇددى ئالىم كاپىرنىڭ ئازابى نادان كاپىرنىڭ ئازابىدىن يەڭگىل بولغانغا ئوخشايدۇ. ئورنى بىر بولسىمۇ چۈنكى، ئالىم شۇ يەردىمۇ ئەسقاتىدۇ. تەسەللىي تاپىدۇ، ئەزەلدىن دىنغا قارشىلار باي، ھوقۇقدارلار دىنغا ئەگەشكەنلەر نامرات، يوقسىز، ھەتتا قۇل ئىدى. بۇمۇ بىر سىناق ـ دە! مۆئمىننىڭ ئەجرى كۆپ بولىدۇ، كاپىرنىڭ ئازابى كۆپ بولىدۇ شەيتانغا پۇرسەت بولىدۇ. **1000** دىن بىرسى شۇڭا دوزاخ ئەھلى بولىدۇ. ئاللاھ شۇڭا دوزاخ ياراتقان، ئەھلىنىمۇ ياراتتى. ئازابنى قاتتىق قىلغۇچى ئىنتىقام ئالغۇچى دېگەن ئىسىم ـ سۈپىتىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە ياردەم قېنىدۇ؟ دەيسەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا لايىق ،ياردەمگەلايىق ئادەم، ساپ چىن مۆئمىن قېنى؟ يوق شۇڭا ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، ئەلۋەتتە ئىمان ئۈستىدە چىڭ تۇرغۇزۇش چوڭ ياردەم، مۆئمىننىڭ غەلىبىسىمۇ ياردەم مەغلۇبىيىتىمۇ ياردەم، يا غەلىبە، ھوقۇق، غەنىيمەت كەلدى. يا شېھىد، جەننەت بېرىلدى. بايلىقتا شۈكرى

قىلىش دىن ئۈچۈن ئىشلىتىش بۇمۇ ياخشى، پىقىرلىق، يوقسىزلىققا سەۋر قىلىش تۇرسا، نېمىگە ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلىدۇ. ئاللا بىللە بولسا ئۇنىڭ بىلەلمىگىنى بولامدۇ؟ قىلالمايدىغان ئىشى بارمۇ؟ بۇ بىللىلىك قۇدرەت ئىلىم بىلەن بولىدىغان تۇرسا، ياردەم نەق تۇرسا، مۆئمىن دۇنيا ئاخىرەتتە زادى بەك بەختلىك.

ئاتىسى ياكى ئاكىسى ياكى بالىسى ياكى ئېرى ياكى دوستى تۈرمىگە تاشلىنىش ئازابىچۇ؟

بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يولىدۇر. ئادەم ئاتىنى ئايالى بىلەن قوشۇپ مۇشۇ زېمىن دېگەن تۈرمىگە تاشلىغان مىڭ يىلنى جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈپ ئاخىرەتكە كەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل دىنغا دەۋەت قىلدى 1000 يىلدىن كۆپرەك ياشاپ نۇرغۇن ئازابلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلاندى، سەرگەردان بولدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يۇرتتىن قوغلاندى. 10 يىل پادىچى بولدى، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆلتۈرۈلدى، سانىنى ئاللاھ بىلىدۇ. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىق قارنىغا كىردى بۇ ئەڭ يامان تۈرمە، زەكەريا، يەھيا ئەلەيھىسسالاملار ئۆلتۈرۈلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام سەرگەردان بولدى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندا ئاللاھ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئەبۇ تالىپ جىلغىسىغا ئۈچ يىل قامالدى. پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىللە قامالدى ئېلىم ـ سېتىم، سودا، ئالاقە قۇدا ـ باجىلىق ئۈزلىشىپ ساھابىلارمۇ نۇرغۇن ئازابقا قالدى. ئەسھابۇلئۇخدۇد ئوتقا تاشلاندى. ئەسھابۇلكەھپە غارنى ماكان قىلدى. ساھابىلار، تابىئىنلار نۇرغۇن كۈنگە قالدى. ئاددىيسى قازى بولمىغان ئالىممۇ تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ بىر قاتتىق سىناق، ئەگەر سىناقتىن ساق ـ سالامەت سەۋر قىلىپ چىقالىسا كاتتا ئەجىر، ساۋابقا ئېرىشىدۇ. رەسۇلۇللا ئەمەل بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان بىر ماقام بار ئۇ يەرگە بالالار بىلەن سىنىلىپ يېتىدۇ دېگەن. ئەمەل قىلىپ يەتكىلى بولماس.

بالالار سىناق ئۈچۈن، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىمانى كۈچلۈكلەرگە قاتتىق، ئىمانى ئاجىزلارغا ئاجىز كېلىدۇ. ئاللاھ بۇنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گۇناھىدىن دەرەختىن يوپۇرماق تۆكۈلگەندەك قاتتىق سىلىق تاش توپىدىن يۇيۇلغاندەك پاك ـ پاكىزە يۇيۇلىدۇ. تۈرمىگە كىرىپ كىتىپ ئۇ يەردە نۇرغۇن بىلىمنى ئالىدۇ، چېنىقىدۇ، ئۆزىنى روھىنى كۈچلۈك، تەدبىرلىك تەربىيىلەيدۇ. مۇكەممەل، ئاقىل ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنىمۇ ئويلايدىغان بولۇپ چىقىدۇ. كاپىرلارنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ. شۇ بانادا كاپىرلارغىمۇ دوزاخ ۋاجىپ بولىدۇ. زۇلۇم سەۋەبىدىن ئۇلار ھالاك بولىدۇ، تۈرمىگە كىرگەنلەرنىڭ دوست ـ بۇرادەر يېقىن تۇغقانلىرىمۇ سىناقتىن ئۆتىدۇ. ئۇلارغىمۇ گۇناھىنى كەففارەت قىلىش بولىدۇ. قورقۇمدۇ ـ يوق؟ تاشلاپ ئايرىلامدۇ ـ يوق؟ ئادەم چېتىلامدۇ ـ يوق؟ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باشقىلارنى چاتامدۇ ـ يوق؟ بۇ سىناقلار شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ.

نۇرغۇن مەن ـ مەنچىلەر، ھەر پو ئاتقانلار، مەرتلەر نەق مەيداندا ئايرىلىپ چىقىرىلىدۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى سىناققا دۇچ كېلىدۇ. ئۆتكەمدە، نېپىز ئەلگەكتە ، قىلىن ئەلگەكتە تاسقىلىدۇ. ھەقىقىي چىن سادىق، باتۇر، يارامىلىق دوست ئايرىلىدۇ. ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىشپىيون، مۇناپىق ئاشكارا بولىدۇ. بۇلارنى نۇرغۇن ئالتۇن خەجلەپمۇ ئايرىغىلى بولمايتتى، نۇرغۇن قاتتىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ چىنىقىدۇ، تۈرمە ئازابى ئەركىنلىكنىڭ قەدرى، قېچىش، سەرگەردان بولۇش، مۇساپىرچىلىق، مەدىكار بولۇش قۇل بولۇش. بۇ ئۇچاقتا ئاجايىپ تاۋلىنىپ چىقىدۇ، پىشىپ يېتىلىدۇ، ئاندىن ئىنسان مۇكەممەل ئەقىل ـ پاراسەت دۇنيا قاراش ھاكىمىيەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارا مەسىلىلەرنى ئويلىنىش بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئۇ دۇنيانى ئەسلەش، دوزاخنى ئەسلەش، بولۇپمۇ سوراقنى ئەسلەش بولىدۇ. دۇنيادا ئىنسان سوراقتىن سالامەت گۇناھسىز چىقالىسا ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلىدۇ، خۇرسەن بولىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ دەل شۇ سوراق ئەڭ ئېغىر سوراق، سوراققا يولۇققان ئىنسان سوراق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ، بىخۇد بولمايدۇ. ئۆزىدىن سوراق ئالغان ئىنسان سوراقتىن ئاسان قۇتۇلىدۇ. بولمىسا قاتتىق تۇتۇلىدۇ، ئاخىرەتنىڭ سورىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىم.

ئۇ يەردە ھەرخىل جىنايەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇلارنى چۈشىنىدۇ، ئۇلارغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلغاندەك تۈرمىدە تەبلىغ قىلىدۇ، ھەقنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلارنىمۇ دورۇس ئادەم قىلىپ چىقىدۇ، ئۇلارمۇ گۇناھىغا قاتتىق تەۋبە قىلىدۇ، كۆپلەپ ئىبادەت قىلىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ئىمان شاھادەتنى كۆپ ئېيتىدۇ، بىر قېتىم قەبرىگە كىرگەندەك ئۆزىدىن سوراق ئالىدۇ، كەتكۈزگەن ۋاقتىغا پۇشايمان

قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئىنى، خوتۇن، بالا ـ چاقا، دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇققانلارنى رازى قىلىش قەدرى ـ قىممىتىنى بىلىش، كۆپلەپ دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئالدىن ئۆتىدۇ. بۇندىن كېيىنكى ئىشىدا پۇختا بولىدۇ، ھەققىي ھەزەر قىلىشقا تېگىشلىك جايىدا ھەزەر قىلىدۇ، قورقمايدىغان جايدا بىھۇدە قورقماس بولىدۇ، يۈرەكمۇ پىششىپ قالىدۇ، قەدىرسىز ئىنسان تۇرمىگە كىرىپلا خېلى يۇقىرى ئۇنۋانلىق بولۇپ قالىدۇ، بەزىسى ھەممىنىڭ نەزىرىدىن بىراقلا چۈشىدۇ ئەگەر ئۆزۈن يىللىق كىسىلىپ ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنسا ياكى سوراقتا ئۆلسە، ھەققىدە چىك تۇرالىسا ئۇ شېھىد بۇ شېھىتلىككە قۇرئان، ھەدىس، ئىجتىمائىي قىياس ئىتتىپاققا كەلگەن بۇ ئەڭ زور بەخت ـ دە، جەننەتكە كىرىدۇ ئەمەسمۇ!

ئاللاھ مۇشۇنداق نۇرغۇن ھەققەت، ئادىل قانۇن ئۈچۈن بۇ يوللارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇيلانسا بۇ ھېكمەت، رەھمەت بەك كۆپ تېشىدىن قارىسا خگر بلیه السلام كىمنى تىششۇەتكەندەك، بالىنى ئۆلتۈرگەندەك ئازابلىق ئىش لېكىن ئىچىدىن قارىسا بۇ زور رەھمەت، ھېكمەت تولا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دىدارىدىن ئارتۇق مۇكاپات، رەھمەت، دەرىجە بولماس بۇنى چۈشىنىڭ، ھازىر يول ئىككى، بىرى مۇشۇنداق شېھىت بولۇش، يەنە بىرى جاينامازدا ئولتۇرۇپ كۆز ياش بىلەن ئىبادەت قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، قەلەم كۆرىشى قىلىش، ۋاھاكازا. ئىش قىلىپ غەپلەتتە ئۆتۈشكە يول يوق. بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرى پەيغەمبەرگە دەرىجە ئۆستۈرۈش، ئۈلگە قىلىش، ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن، مۆئمىنلەرگىمۇ شۇ ھەم گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن، سىناش ئۈچۈن، شېھىتلىق ئۈچۈن ۋاھاكازالار. كاپىرغا بولسا، ئىمان ئىيتارمىكىن دېگەن ئۈمۈتتە ھۆججەت قىلىش ئۈچۈن تەۋبە قىلدۇرۇش، قورقۇتۇش ئۈچۈن ياكى دۇنيا ئازابىنى ئاخىرەت ئازابىغا ئۇلاش ئۈچۈن، باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، ئاللاھ ئالىمدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ھەرخىل ئاپەتلەر، بالا ـ قازالار نېمە ئۈچۈن؟

ھەممىمىز سىناق ئۈچۈن ياكى گۇناھنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن ياكى گۇناھىمىز ھەددىدىن ئاشقاندىكى جازالاش، تەۋبە قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەپ جاۋاب بېرىمىز ۋە ياكى بىر ھېكمىتى شۇكى گۇناھكار ئازابقا دۇنيادا شۇنداق لايىق بولۇپ، ئازابلانغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق لايىق بولۇپ ئازابلىنىدۇ، ئازغۇن، ئاسىي گۇناھكارنى ئازابلاش ئادىللىق ھەم مەغپىرەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق بىرىنى ئۆلتۈرۈپ **1000** غا ئىبرەت قىلغاندەك، بىر يۇرتنى ئازابلاپ **1000**نى گۇناھقا تەۋبە قىلدۇرىدۇ. ئاللاھ باركەن دىگۈزىدۇ، ئىگىسىنى تاپتۇرىدۇ، مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئاراملىق بېغىشلايدۇ، چۈنكى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنىق ـ دە!

ئەمما ھەممىسى بىرلا ھالاك بولىدۇ. لېكىن نىيىتى بىلەن قوپىدۇ، بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئالاھىدە رۇشەن كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئەھۋال بولىدۇ ـ دە! بۇ بىر مۆجىزە مۆئمىنگە ھەرخىل كىچىك ھاشارەتلەر ۋە ئۆز بەدىنىدىكى ئەزالىرىمۇ بىر مۆجىزە دەپ بىرىلىدۇ، مۇناپىق، كاپىرلار ھەتتا ئاسمان ـ زېمىنغىمۇ ھېچ نېمە ئەمەس دەپ قاراپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئۇلار ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى، قەلبى تاشتەك قاتتىق مۆھۈر بېسىلغاندۇر. ئاشۇ ئاپەتتە گۇناھىدىن قۇتۇلىشىمۇ چوڭ رەھمەتتۇر، ئەھلى دوزاخنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئاشىدۇ، زىيادە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ تەبىئەتتىن كۆرىدۇ ياكى ياردەم بەرگۈچىنى ئىلاھ ئورنىدا قويىدۇ ـ دە! شۇ سەۋەبلىك دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ.

ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل ئىشلاردا ھېكمەت رەھمەت كۆپ. بۇ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرلغان ئاپەتتە ئەلۋەتتە ھېكمەت كۆپ. فىرئەۋنىغا ئاپەت بەرگەندەك ھەرخىل قەۋمگە ئاپەت بېرىپ، ھالاك قىلغاندەك ھىلىھەممۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئاپەت، ۋابا، يۇقۇملۇق كېسەل يۇقىرقى ئازابلىق كۆرنۈشكە ئوخشاش نۇرغۇن ھەققەتنى مۇقىملاش، ئادەمنى ئىككى پىرقىگە ئايرىش سىناش ئۈچۈن بولىدۇ. ئىلىپ كېتىدىغىنىنى ئىلىپ كېتىش لازىم. قالدۇرىدىغىنىنى قالدۇرۇش لازىم، ھەممىنى ئاللاھ ئالدىن بىلىدۇ. سۆزنى ئۇزارتماي تەپەككۇر قىلىڭ، تەپەككۇر ۋاجىپ.

ئىسسىق ـ سوغۇق، قۇم ـ بوران نېمە ئۈچۈن؟

ئىسسىقلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئىنسان ھايۋان ئۆسۈملۈك ئىسسىقلىقدىن ئايرىلسا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئىنسانلار ھايۋانلار، تۆرەلمە ھالەتتە ئۆسۈملۈك ئۈنۈپ چىقىشىدا ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىگە

موھتاجدۇر. ئىسسىقلىق يوقۇلۇپ قاتۇرۇپ قويۇلسا، توڭلىسا شۇ پېتى تۇرىدۇ. خۇددى تۇخۇم جىم تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى توخۇ باسسا ياكى توكتا ئىسسىتىش ئارقىلىق ئۆرۈپ قويۇش بىلەن چۈجە چىقارغاندەك ئىنسانلار كىچىككىنە ئىسسىقتا ئىش تەس كېلىپ، بۇ ئاپتاپنى ئۈچ كۆرىدۇ، لېكىن ئۇنى دائىم ئۆزى تىلەيدۇ. چۈنكى، زىرائەت ئۆسۈپ يېتىلىشىدە سۇ كېلىشىدە، يامغۇر يېغىشىغا، دېڭىزدىن پار كۆتۈرۈلۈپ يەنىلا يامغۇر ھالدا چۈشىشىدە مۇز تاغ ئېرىشىدە يەرنىڭ زىرائەتنى پىشۇرۇشىدا، زەي سۇلارنى يوقىتىشىدا، مۇئىلەرنى مۇئىلىك دەرەخنى بىخلىتىشتا، مېۋە، زىرائەتنىڭ پىششىدا، قۇرۇتىشىدا، ھەرخىل ئېنېرگىيىگە موھتاج بولغاندا، ھەتتا كۆمۈر، نېفىت، ئۇتۇن يېتىشتۈرۈشىدە چارۋا ـ ماللارنىڭ يايلاق، ئوت ـ چۆپلەرنى يېتىشتۈرۈشتە، ھۆل ھاۋانى، شەنبەمنى قۇرۇتۇشتا، ئىش قىلىپ ھەممە ئىشلاردا قۇياشتىن ئايرىلسا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك يوقىلىدۇ. ھەممە يوقىلىدۇ، ۋەيران بولىدۇ. خۇددى يەرشارى، مارىستەك باشقا بىر پىلانىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ پايدىلارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولماس. ھەرقايسى تەبىئىي پەندە ۋە بۇندىن كېيىنكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە سۆزلىنىدۇ. بىز پەقەت بۇ ئىسسىق ئازاب ئەمەس راھەت، رەھمەت، ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. دېمەكچى، ھەتتا بۇ دوزاخ ئازابىنى ئەسلىتىدۇ. جەننەتنى سېغىندۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە ئىسسىق يوق، بېخىلىنىڭ نەرسىنى سىپسىتىپ يوقىتىدۇ. قۇياش ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئېلىكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ، توك چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ زەررىچىسىدە ئاتوم ۋە يادرو رود بومبىسى ياسىغىلى، لازىر نۇر قورالى ياسىغىلى بولىدۇ. خىمىيۋىلىك كەڭ ـ كۆلەملىك قىرغۇچ قورال ياسىغىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنى ھالاك قىلغىلى بولىدۇ، ۋە شۇنداقلا يادرو ئېلىكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ مەنپەئەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. دۈشمەنلەرنى يۇق قىلغىلى بولىدۇ. كۆن نۇرى شىپا، پارنىكتە ئوتياش ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، كېپەز مۇشۇ چۆلدە سۇلياۋ ئارقىلىق سۇ ھاسىل قىلىپ ھاياتنى ساقلاپ قالىدۇ، ھاۋانى تازىلايدۇ.

نۇر ئىلمى ئارقىلىق رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون، سۈنئىي ھەمراھتا ھەرخىل نەرسىلەرنى خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىدۇ، ھەرخىل تەجرىبە ئىشلەپ ئىنسانلارغا زور پايدا يەتكۈزۈلىدۇ. ئالەمگە رەھمەتتۇر. لېكىن بۇ قۇياش ئىسسىقى نادان، جاھىل كىشىگە شەپەرەڭگە سەت كۆرۈنگەندەك سەت كۆرۈنىدۇ. كۆندە بولغاچقا ئاشىق بولمايدۇ. ئالىم ئۇنداق ئەمەس، بۇ قۇياشنىڭ شۈكرىسىنى قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

شۇنداقلا پايدىسىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا، بەزى مىللەت بۇنىڭغا ئىلاھ دەپ چوقۇنىدۇ، تېخى بەزىسى سەت كۆرسە ئازاب ھېس قىلسا، بەزىسى ئىلاھ قىلىۋالسا، ئىسست، ھەي نادانلىق!

ئىسسىق ـ سوغۇق بىلەن كېچە ـ كۈندۈز، ھەق ـ باتىلدەك كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ. ئىسسىقتا تەبىئەتكە چوقۇنىدۇ، چىن يولدىن توسىدۇ، چۈنكى، بۇ سوغۇق ئىسسىقنى يوقىتىدۇ، سوغۇقمۇ، ھاۋا تازىلايدۇ، ھەرخىل زەھەرلىك نەرسىلەرنى جۈملىدىن چىۋىن، ھەرە، پاشا، كۈمۈتا، ھەرخىل مىكرۇپلارنى تازىلايدۇ. ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ تۇخۇمىنى ساقلايدۇ، نەسلىنى قوغدايدۇ. ھاۋانى ساپلاپ سۆرۈنلەشتۈرىدۇ، ئىسسىق ـ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدىن شامال ھاسىل بولىدۇ. ھەتتا بوران چىقىدۇ. بەزىلەر بۇ سوغۇقنى كۆمۈر ئالغىلى سالسا، تۈگەپ كەتسە ئۈچ كۆرىدۇ، ئازاب ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ رەھمەت چوڭ رەھمەت، ھېكمەت بىلەن قويۇلغان. ئۇ ئاشۇ سۇ ئامبىرى بولغان مۇز تاغنى قوغدايدۇ، سۈيىمىزنى مۇھاپىزەتچىدەك مۇھاپىزەت قىلىدۇ. قۇرۇقلۇقنىڭ سۇ ئاستىدا قېلىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. مۇز تاغ ئېرىسە پۈتۈن قۇرۇقلۇقنى كەلكۈن بېسىپ ئىنسانلار ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا سۇ ئامبىرى يوقالسا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. سۇ بولمىسا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخلەر يوقۇلىدۇ. مانا بۇ ئامبارنى سوغۇق ساقلايدۇ، ھەم ئاپەتتىن ساقلايدۇ. بۇنى تەبىئەت ئەمەس تەدبىرلىك ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى.

سوغۇق ۋە شامال، ئاتموسفېرا ھاۋا قاتلىمىدىن ھاسىل بولىدۇ. مۇز ئوكياندىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر جۈپ بۇ ئالەمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئاللاھ شۇنداق ياراتقان. بۇ ئازاب ئەمەس چوڭ رەھمەتتۇر. ئىسسىق ـ سوغۇق ئاللاھنىڭ قوشۇنى، خالىسا توڭلىتىپ ھالاك قىلالايدۇ.

ئىنسان دائىم خەتەرلىك تەھدىد ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلسە، سوغۇق ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك ۋاقىتتۇر. ئاشۇ سوغۇق ئارقىلىق قاننى توڭلىتىپ ساقلايدۇ، ۋە بەزى ئەزانى توڭلىتىپ ساقلاپ كۆچۈرىدۇ، ئەمما ئىنساننىنى كۆللى توڭلىتىپ كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ ھەممە يېرى

ئوخشاش توگۈلسا ئۆلىدۇ، نىرۋا، مىگە، يۇرەك، بۆرەك، جىگەر، ئۆپكە قاتارلىقلار ھەرقايسىسى ئايرىم ھالدا گىرادۇسى ئوخشاشماي توگلايدۇ. شۇڭا، بۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇ سوغۇق ئارقىلىق نەسىللىك كالىنىڭ ئۇرۇقىنى ساقلايدۇ. شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق راھەت كۆرگىلى بولىدۇ. سوغۇقتىن ساقلىنىشقا ئىنسان قادىر شۇڭا، پايدىسى كۆپ زىيىنى يوقتۇر، بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ھېكمىتىدۇر. قالغىنى تەبئىي پەندىن يەرشارى ئىلمى قىسمىدىن جۇغراپىيىدىن كۆرۈڭ.

قۇم ـ بوران ئاپىتى بۇنى بىز يۇقىرىدا ئاپەت دېگەن يەردە سۆزلىدۇق. لېكىن، يەنىلا بۇ شامال ئۇستىدە توختىلىمىز. بۇ شامال ئەسلى رەھمەتتۇر، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دەرەخنى، ئۆسۈملۈكنى، زىرائەتنى چاڭلاشتۇرۇش، بۇلۇت ھەيدەش، بەزىدە ئۇنى قار قىلىپ چۈشۈرۈپ ئاشۇ سوغۇق نېمەتنى ھاسىل قىلىش، مۆلدۈر قاتۇرۇش، قۇم يۆتكەش بەزىدە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىقلار بار. بۇمۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ئايروپىلان، قۇشلار، شامالدىن، ھاۋادىن ئۇچالايدۇ. پۈتۈن قاتناش قوراللىرىنىڭ چاقلىرىدا يەل (ھاۋا) بولغانلىقىدىن ماڭالايدۇ. پۈتۈن ئۇن زاۋۇتى، ھەرخىل زاۋۇتلار شامالدىن كۆپ پايدىلىنىپ ئاددىسى دېھقان سامان سورىيدۇ. بولمىسا شامالنى سېتىۋالىدۇ، ھەريىلى دۇنيا بويىچە سېتىۋالغان شامال، كەتكەن چىقىم نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇن، قۇم، توپا ـ چاڭ. بۇ ئەسلى رەھمەت. چۈنكى، بۇ ئۆسۈملۈك زەررىچىسىنى توشىيدۇ. چاڭلاشتۇرىدۇ، ئۆسۈملۈك زىرائەتكە بىر خىل ئەينەك كىرىستال ماددىسىنى يەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئۇنى ھايۋانلار ئىستېمال قىلىدۇ. بىز ئاشۇ ئارقىلىق ئىستېمال قىلىمىز، ئاندىن بۇ ئەينەك ماددىسى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارنىڭ كۆزىگە يېتىپ بارىدۇ.

شۇڭا، ئۇلار كۆرەلەيدۇ ئاشۇ توپا ـ چاڭ بولمىسا ھېچ بىر كۆز كۆرمەيتتى. بۇنى پەقەت ئالىملار ئوبدان بىلىدۇ، (تەنتاۋىدەك) ھەرخىل زەھەرلىك زەررىچىنى توسىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر توپىدىن كىيىم كىيىپ چاپان ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، نۇردىن ساقلىنىدۇ، توزىمايدۇ، چېچەككە نۇرغۇن پايدىسى بار. شۇڭا، بۇ چېچەك مەزگىلىدە كۆپ يۇز بېرىدۇ، گۇناھكار ئاسىينىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ، ھالاك قىلىدۇ، بۇ بىر قوشۇندۇر. بۇ چاڭ ـ توزان بەزىدە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنمۇ قالايمىقان قىلىپ خاتالاشتۇرىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ مەينەت پاسكىنا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، جەننەتنى سېغىندۇرىدۇ، چۈنكى، جەننەتتە توپا ـ چاڭ بولماستىن، زېمىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش نۇر بىلەن قاپلانغان، بۇ بىر خىل ماددى ئالماشتۇرۇش ئۆسۈملۈككە ماددا يەتكۈزۈشتۇر. بۇ چاڭ ـ توزان ، شامال كۈچى بىلەن دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارچىسى بىلەن بىرلىشىپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن چاڭلىشىپ يامغۇر ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھېكمەتلىرى بار، ئاللاھ غالىپتۇر، بۇ بىر ئازاب ئەمەس بەلكى، رەھمەتتۇر.

يەر تەۋرەش: بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئاللاھ خالىغان يەر، خالىغان چاغدا تۇيۇقسىز تەۋرەيدۇ، بۇنىڭغا مەسئۇل مالائىكە ـ پەرىشتىلەر بار. تەبئىي پەندە يانار تاغ پارتلاش، قۇرۇقلۇق يۆتكىلىش، قۇياش سىستېمىسىدىكى تارتىشىش كۈچى، ئاي شارى، دېڭىز دولقۇنى، ماگمىلار ئېرىش، ھەتتا بوران، بۇلۇت، نېفىت، كۆمۈر قېزىش قاتارلىق ئامىللار يەر تەۋرەشكە سەۋەب بولىدۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەر تەۋرىمەسلىك ئۈچۈن ئاللاھ تاغنى قوزۇق قىلىپ بېكىتكەن، تاغنىڭ زور رولى بار. ئايەتتە مۇشۇنداق ئاللاھدە تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ كۆپىنچە ئاللاھنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىنى ئىپادىلەيدۇ، ئاسىيلارنى ھالاك قىلىپ زېمىندىن تازىلايدۇ، باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ تەۋبە قىلدۇرىدۇ، ھەتتا بەزى كاپىرلار ئىمان ئېيتىدۇ، يەرشارىنىڭ جىمجىتلىقىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى خاتىرجەم ئورونلاشقان چاغنىڭ قەدرى ـ قىممەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئاللاھ باركەن دېگۈزىدۇ، غەپلەتتىن ئويغىتىدۇ، شۇ بانادا دۆۋلەت تەرەققىي قىلىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى ياپۇنىيىدە تولا يەر تەۋرەپ، كەلكۈن تولا كېلىپ، يانار تاغ پارتىلاپ ئالىملار تولا تەتقىق قىلىپ تەرەققىياتتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇمۇ دەل رەھمەت ۋە ئېسىل نېمەتتۇر.

بەزىلەرنىڭ گۇناھى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ ئاشىدۇ، ئاللاھنى ئۇچۇق تىللىمىسىمۇ زامانىنى تىللاپ كاپىر بولىدۇ، بۇمۇ بىر سىناق چوڭ سىناق، مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ، خاتادىن ياندۇرىدۇ، ئاللاھقا قايتقانلار توغرا، مەخلۇقتا قايتقانلار ئۇلارنىڭ ئازتولا غەمخورلۇق قىلغىنىغا سىلەر بولمىساڭلار ئۆلەتتۇق سىلەر ھاياتلىق بەردىڭلار دەپ كاپىشىپ ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ، گۇناھ ئۇستىگە گۇناھ يۈكلەيدۇ، بۇ ھەقىقەتەن

ئاسىيلارغا ئازاب، ئەمەلىيەتتە مۆئمىنگە بىرخىل ئوخشاش ئۇلارغا ئىبرەت، رەھمەتتۇر. ئۇلار ئۆلسىمۇ نىيىتى بىلەن قوپىدۇ، قىيامەتنى ئەسلىتىدۇ، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئەتىگە تەييارلىق قىلدۇرىدۇ، كىشىلەردىن رازىلىق ئالىدۇ، ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئاجىز ئۆيلەرنى شۇ باندا ئالماشتۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلىدۇ، ساختا قۇرۇلۇش ئىگىسىنى جازالايدۇ، پىچەتلەپ تاقايدۇ، ياتار تاغ ئېتىلىپ كاتتا بايلىقنى كەلتۈرىدۇ، ھەرخىل رود، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا ماددىلارنى تېشىغا چىقىرىدۇ، گېئولوگىيە ئالىملىرى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەققەتنى تونۇپ ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرىدۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ئۇلارنى يوقلايدىغانلار سىنىلىدۇ، دوست - دۈشمەن ئايرىلىدۇ ۋاھاكازالار.

مىيىپلىق ئازابى: بۇنىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى ئەڭ چوڭ رەھمەت، مۇنۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن، ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ، سەۋر قىلالىسا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمان بولسا، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىپ جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ئەڭ چوڭ بېشارەت، بۇمۇ بىر سىناق چوڭ سىناقتۇر، مېيىپلارغا سىناقتۇر، ئۇ ئاللاھنى كۆپ ئەسلەيدۇ، چۈنكى، دەرت - ئەلەم كەلگەندە گۇناھدىن ساقلىنىپ ساۋابلىقنى كۆپ قىلىۋالىدۇ، خۇددى مېيىپ موللام، مېيىپ قارىملاردەك ئۇلارنى سىناق قىلسا، موللا، قارىم بولماسلىقى مۇمكىن، گۇناھكار بولۇشى مۇمكىن، بۇرۇن بىر پەيغەمبەر كىچىك باللارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن، قارىسا ئۇلار ھەممىسى سۇغا چۆمۈلۈپ ئويىنىغىدەك بىرسى قارىغۇ ئىكەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپتۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ ئاللاھقا دۇئا قىپتۇ، دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ، ئۇ بالا ساقىيىپتۇ قارىسا، ئۇ ساقىيىۋېلىپلا ئۆزىدىن كىچىك بىر بالىنى سۇغا چۆمۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ، يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلىپتۇ، پەيغەمبەر گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئى ئاللاھ بۇ بالىنى دەرھال ئۆز ھالىتىگە ئەكىلىپ قويسىلا دەپ دۇئا قىپتۇ، دېمەك، ئاللاھ ئالىم ئوبدان بىلىدۇ.

زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇنىڭغا زور پايدا يەتكۈزۈش باشقىلارغىمۇ ئىبرەت ئارقىلىق پايدا يەتكۈزۈش، ئەجابى ۋە سەلبى تەرەپنى كۆزلەپ ئالدىن بىلىپ ئاللاھ ،ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، نۇرغۇن مىيىپلار يەنىلا ئەزۋەيلەپ ئاللاھنى ئەيىپلەپ گۇناھكار بولىدۇ، شۇلادىنمۇ شەقى، سائادەتمەن كىشىلەر بار، نۇرغۇنى قارى، موللا، ئالىم بولۇپ ھەتتا رەھبەر بولۇپ دۆۋلەتكە پايدا يەتكۈزىدۇ، ئىلىمدە نەتىجە قازىنىدۇ. مەن نۇرغۇن قارىغۇ موللا، قارىنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم ئۇلارنى سىناق قىلسا خىزمەت، تىجارەت بىلەن ياكى گۇناھ پاسىق ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇ رەھمەتتىن قۇرۇق قالىدۇ، ئۇلار ئۇنداق قىلمايتتۇق. بۇنداق بولمايتتۇق، مۇنداق قىلاتتۇق دەيدۇ. لېكىن كەلگۈسىنى بىلمەيدۇ. ئۇنداق نىيىتى بولسا، دەرھال ياخشى ئىش قىلىپ باقسۇن، ئىبادەت قىلىپ باقسۇن زاكىر، شاكىر، سابىر بولۇپ باقسۇن، قولىدىن كېلىدىغىنىنى قىلىپ باقسۇن ئەمەلىيەتتە قېنى؟ مىڭدىن بىرسى ، ھەر يۈرتتا بىر ئىككىسى مېيىپ، بۇمۇ زور ھېكمەت ۋە رەھمەتتۇر. ئىبرەت ئىكەنلىكنى بىلمىز ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، نېمە قىلسا ئۆزى قىلىدۇ، زۇلۇم قىلغان بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار يوق نەرسە ھەتتا نىجىس سۇ ئىدى، قىسقا ئۆمۈردە چىداپ سەۋر قىلىپ كۆپلەپ ئىبادەت قىلىپ، ئىلىم ئېلىپ، ئۆزگە، كىشىلەرگە خىزمەت كۆرسەتكەندىن باشقا زاكىر بولسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قەلبىنىڭ ئىشى، مۇشۇ ئارقىلىق ئالىي ماقامغا يېتىدۇ، ساق تۇرۇپ نۇرغۇن كىشىلەر ئائىلىدىن راھەت - پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ ئاددىي كىيىپ ئاددىي يەپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ھەتتا، يەھۇدىيلار، خرىستىيان پوپلىرى، راھىبلار گۆش يېمەيدۇ، خوتۇن ئالمايدۇ، ئۇلار نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ. شۇلارچىلىك ئېتىقاد مۇسۇلماندا يوقمۇ؟

بۇ ئەگەر بىلسە بىر پۇرسەت، ئالىي ماقامغا يېتىش ئۈچۈن غەنىيمەتتۇر، لېكىن ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ روھىي دۇنيادا كۆزىتىپ ئالدىن بىلىپ زور زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىنسان تەپەككۇر قىلىپ تەتقىق قىلسۇن ئۈچۈن، تەۋبە قىلسۇن ئۈچۈن، شۈكرى قىلسۇن ئۈچۈن، ئاخىرەتكە قايتسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. دۇنيادا مېيىپ بولغان مۆئمىن ئاخىرەتتە ساق قوپىدۇ، دۇنيادا ساق لېكىن ھەقنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان، سۆزلىمىگەن كىشىلەر ئاخىرەتتە گاس، كور، گاچا بولۇپ قوپىدۇ. (بۇنىڭغا قارىتا ئايەتتە ئېنىق دەلىل بار) ئۇلار مېيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن شەرىئەت تەكلىپلىرى ۋەزىپىلەر ئۇلاردىن ساقىت بولىدۇ. ئۇلار گۇناھكار بولمايدۇ، قىلالىغان ئىشىنى قىلسا، ساقلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ھەتتا جەننەتتە بىللە بولىدۇ. ئەجىر كەملىمەيدۇ، بۇمۇ زور رەھمەتتۇر. ئۇلار دۇنيانىڭ پۈتۈن دۆۋلەت خەلقىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىدۇ، ئۇلارنى ھېچكىم بوزەك قىلمايدۇ،

تىللىمايدۇ، ئازار بەرمەيدۇ، ياردەم قىلىدۇ كۆرگەن يەردە ئىئانە قىلىدۇ. ئائىلىسىدە بىكار ئولتۇرۇپ ئوزۇقلىنىدۇ، ئىشلىمەي ئاق نان يەيدۇ، پادا باقماي پاقلان يەيدۇ، بۇمۇ چوڭ رەھمەت ئۇلار ھەممە كىشىگە ئوخشاش ھاياتلىقىدىن، ھاۋادىن، سۇدىن رىزىقتىن باشقا، سانسىز نېمەت ۋە رەھمەتتىن لەززەت ئالىدۇ. پەقەت ئاز بىر قىسمى راھەتتىن، لەززەتتىن قۇرۇق قالىدۇ. لېكىن بۇ قالغان نېمەتنى يوق قىلمايدۇ ـ دە!

يەنىلا ئۇلار شۈكرى قىلىشى، سەۋر قىلىشى لازىم. ئالغا ئىنتىلىشى، تۆھپە قوشۇشى لازىم جاھانغا زور ئىبرەت بولۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، قىيامەتتە كىشىلەرگە دەلىل ـ ئىسپات بولۇشى كېرەك. ئۆزىدىن تۆۋەن بەكمۇ مېيىپلاردىن بۇلارمۇ ئىبرەت ئىلىشى، شۈكرى قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلار كېسىلى ئېغىر ـ يېنىك بولىدۇ. ئۈستۈنگە قارىماي پەسكە قارىسۇن بەكرەك مېيىپقا قارىسۇن، شۇنداق قىلسا شۈكرى قىلىدۇ. بۇ بولسا، بىرنى ئۆلتۇرۇپ مىڭغا ئىبرەت ئالدۇرۇش بولىدۇ. بىر ئۆلۈم مىڭ ئۆلۈمدىن توسىغاندەك مۇھىم. ئۇلار ساۋاب تاپالايدۇ. گۇناھ قىلالمايدۇ، ساۋاپلىق قىلىپ گۇناھ قىلالمىسا بۇ پەرىشتە بولىدۇ. يەنىلا گەپ قەلبىدە قەلبى ساپ بولمىسا ھەممە بىكار بولىدۇ. ئاللاھنىڭ قىلغىنىغا ئاھ تارتىپ نارازى بولىدىكەن تۈگىشىدۇ. ھالاك بولغىنى بولغان. ئۇ چاغدا تېخىمۇ ئازابلىق كېسەل بولىدۇ. نۇرغۇن قەھرىمانلار دۇنياغا، كىشىلەرگە ئىبرەت بولغىدەك ئۆلگە، ئۈرنەك بولۇشنى ئارزۇ قىلۋاتسا بۇلار ئۆزىنى كىشىلەرگە ئىبرەت ئالدۇرۇپ ئۆلگە ئۈرنەك بولۇپ ھەقنى سۆزلەپ قايىل قىلىپ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرسە ئەجرى كۆپ بولىدۇ ھەي مۇھىمى نەپسى شەيتاننى يېڭىش. چۈنكى، مېيىپلاردىمۇ شەيتان باردە! نەپسى باردە! ئىنسان ئەزاسىنىڭ مېيىپ، كېسەل بولۇشىدىن ئەمەس بەلكى قەلبىنىڭ مېيىپ، كېسەل بولۇشىدىن قورقسۇن، قەلبلا ساق ـ سالامەت بولسا، كېسەل بولمىسا قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، ھېچقىسى يوق، چۈنكى، بەدەن ئەزانىڭ كېسىلى بۇ دۇنيادىلا داۋالىسا ساقىيىدۇ، قەلب كېسىلى، قەلبى مېيىپلىق ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساقايمايدۇ. قانداق بولسا شۇ پېتى ئۆلۈپ شۇ پېتى تېرىلىدۇ، خالاس. ئاللاھ ئالىم، ئاللاھ قەلبنىڭ كېسىلىدىن ساقلىسۇن ئامىن!

مېيىپلىق يەنىلا جەننەتنى ئەسلىتىدۇ، سېغىندۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە مېيىپلىق يوق. بەلكى، دۇنيادا مېيىپ بولغانلار ئۇ يەردە ساقىيىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە خالىغىنى بار ـ دە!

يەنە بىرھېكمىتى شۇكى، يېقىن تۇغقان بولۇپ ئاللاھ ھارام قىلغان، يېقىن ئارىلىقنى جۈپلەپ توي قىلسا شۇنداق ھادىسە كېلىپ چىقىدۇ ياكى ئاللاھنى ئۇنتۇپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ ،نامازنى ئۇنتۇپ ئالدىراپ تاپقان مال ـ دۇنيانى يوقتىش ، جازانە ـ ھارامدىن بېيىغان باينى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر مېيىپ بالا سوۋغا قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ ئاللاھنى تاپىدۇ، بەزىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن بىلىنىپ زىيىنىدىن ساقلاش ئۈچۈن مېيىپ قىلىنسا، بەزىلەر كەپسىز، ھاكاۋۇر، زومىگەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شۇملىقىدىن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىپ مېيىپ قىلىنىدۇ. ئۇرۇشتا مېيىپ بولغاندەك بەزىلەر ھەقتىن چەتنەپ گۇناھ قىلغاندىكەن ،ئۆزىنى ئۆزى قىلغان مېيىپلارمۇ بولىدۇ. ئۆزىنى چاناش، خىروئىن، ئەپيۇن، ھاراق قاتارلىقلاردا، يەنىلا بۇمۇ ئىبرەت رەھمەتتۇر. مېيىپلار باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئېرىتىپ يۇمشىتىپ ھەقكە قايتۇرىدۇ، مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلار تەسەللى تاپىدۇ. مېيىپلار زالىم بولمايدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ. ھاقارەت قىلالمايدۇ، ھاقارەت قىلىنىدۇ. غەيۋەت قىلالمايدۇ غەيۋەتى قىلىنىدۇ، بۇمۇ ياخشىلىق بولىدۇ. ئۇلار ھەرخىل قاتناش ھادىسىسىدىن، يۇقۇملۇق كېسەلدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، ساقلارنىڭ جاپاسىدىن دەرت ـ ئەلەملىرىدىن ھەرخىل ئازابلىرىدىن ئۇلار خالىي ھالدا ياشايدۇ. ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى جاپا ـ مۇشەققەتكە ھەرىكەت قىلدىۇ. ئۇلار بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىپ رىزىقنى ئاللاھدىنلا سورايدۇ، ۋە پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ. باشقىلارغا رىزىق جەھەتتىنمۇ ئىبرەت بولىدۇ. ئىككى قولى ئىككى پۇتى يوق بىر مېيىپنى كۆرۈپ رىزىقدىن غەم قىلمىدىم. چۈنكى، رىزىق ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشىمۇ پايدىلىنىپتۇ، مېيىپ ئۇنىڭغا رەھمەت بولۇپتۇ. ئەجرگە ئېرىشىدىغان كىچىككىنە ئازاب ئازاب ئەمەس. نېرۋا كېسىلى بار كىشى يىقىلىپ بېشى قاتتىق زەخىملىنىپ ساقىيىپ قالسا، ئۇنى ھەرگىز ئازاب دېمەيمىز دە! ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان نۇرغۇن ئازابلىق ئىشلاردا رەھمەت كۆپ ھېكمەت كۆپ ئاللاھ ئالىم، تەپەككۇر ۋاجىپ يەنە ئويلىنايلى.

قېرىلىق ئازابى: بۇنىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى بۇ ئىنساننىڭ ئۆلۈمگە يېقىن قالغىنىنى بىلدۈرىدۇ

دە! ئۇ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. تىلىدىن زىكرىنى چۈشۈرمەيدۇ. رازىلىق ئالىدۇ، رازى قىلىدۇ، ۋەسىيەت قىلىدۇ. كىشىلەر ھەققىنى، قەرزىنى قايتۇرىدۇ، ئۆزىنى ھەققە ئاتاپ شېھىدلىك ئىزدەيدۇدد، ئىسلامدا چاچقا ئاق كىرىش ھەققەت نۇرىدۇر. ئاق چاچ ئۆلۈمنىڭ بەلگىسىدۇر. ئۇ بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى نۇرغۇن خىلمۇ ـ خىل كۈننى ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلىك پىشىپ ـ يېتىلگەن ئۇستازغا ئايلىنىدۇ. دۆلەت باشلىقى بولىدۇ ،يۇرت كاتتىبېشى بولىدۇ، خالىسا پىنسىيىگە چىقىپ ئارام ئالىدۇ. باللىرىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ، ئارامخۇدا دۇنيا، دىن خالى ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدۇ، ھازىرقى قېرىلار بۇنداق ئەمەس، قېرىلار، پېشقەدەملەر ھۆرمەتكە لايىق غەمخورلۇققا ئېرىشىدۇ. ئۇلار خىزمەت قىلماي ئۇلارغا خىزمەت قىلىنىدۇ، ئۇلارمۇ قىلغاندەك قېرىلار كىچىكىدەك يەنە بىر نوچى بولىدۇ، ئۇنىڭ دىگىنى ھېساب ھەتتا ھۆكۈمدۇر. قېرى جىنايەتچىنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ، سوراقتا ئۇلارنى ئۇرالمايدۇ، كېسەلمەيدۇ، كەسسىمۇ ئۇلارنى ئالمايدۇ، ئۇلار ئاجايىپ باتۇر، قەيسەر بولۇشى كېرەكتى لېكىن ھازىرقىلار قورقۇنچاق. چۈنكى، نادان ھەققە ئالىم ئەمەس. جەڭدىمۇ قېرىلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، پەقەت پىكىر بەرمىگەن بولسا، قېرىلار شەھۋىتى ئاجىزلاپ گۇناھدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن قادىر تۇرۇپ ئۆزى قىلماسلىق لازىمدۇر. تۇيۇقسىز ئۆلۈشىدىن قېرىپ ئۆلۈش، ياش كېتىشتىن، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش ئەلۋەتتە ياخشى دە!

چۈنكى، ئۇ ياكى ياخشىلىقنى زىيادە قىلىدۇ ياكى گۇناھنى. ئالىم قېرىسا ھېكمەتلىك سۆزلەيدۇ، ھېكمەت قالدۇرىدۇ، باللىرىنى، نەۋرىلىرىنى تەجرىبىلىك ئالىم قىلىپ تەربىيلەيدۇ. پېشقەدەم ئالىملار زور غەنىيمەت رەھمەتتۇر. ئۇلار شۇ ھالىتىدە ئۇلگە ئۆرنەك بولىدۇ، ئىبرەت بولىدۇ. ياشلار ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، غەنىيمەت بىلىدۇ. بەزى قورقۇنچاق، يامان ، خۇراپىي قېرىلىقىدىن پاناھ تىلەيدۇ، ساقلىنىدۇ. بۇ دۇنيادىلا پېشقەدەم قېرىلار، نۇرغۇن ئۆز قولىدىن چىققان نەتىجىدىن خۇرسەن بولىدۇ. ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. پەقەت ئاغزىدا تاتلىق ئېيتىپ شۇمۇپ رىيا قىلمىسىلا، ئۆلۈمنى ئويلاپ چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىۋالىدۇ، ئامالىمۇ يوق ـ دە! گۇناھقا كەففارەت بولىدۇ، بولۇپمۇ تولا بولغان كېسەل دۇئاسى تېز ئىجاۋەت بولىدۇ، باشقىلار دۇئا ئېلىۋالىدۇ، كەلگۈسىگە نۇرغۇن ئەمەلى تەجرىبە، ئۈلگە ساۋاق قالدۇرىدۇ. ئۇلار ئاجىزلىسا خۇراپىيلىق، خاتا ئۆرپ ـ ئادەتمۇ تەڭ ئاجىزلايدۇ ھەم تەڭ تۈگەيدۇ. جەننەتنى ئەسلىتىدۇ، سېغىندۇرىدۇ. چۈنكى، جەننەتتە قېرىلىق يوق ئۇ يەرگە ئالدىرىتىدۇ، ياخشىلارنىڭ سالىھلارنىڭ يۈزى يورۇق، ئەسكى پاسىقلارنىڭ يۈزى قارىداپ ئىككى پىرقىگە ئالامەت زاھىر بولىدۇ. قېرىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، باللار جەننەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇلارمۇ باللارغا كۈيىنىپ تەربىيلەيدۇ، قەلبى ساپ يۇمشاق بولىدۇ. ئەھلى ئىلىم زىكرى سورۇنلىرىغا كۆپ قاتنىشىدۇ، ھايات ۋاقتىدا ھەدىيە، سەدىقە قىلىپ ساۋابنى بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. ياشلارنى كۆپلىگەن پىلان تەدبىرى تەجرىبە ۋە نەسىھەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۆلىدىغان ۋاقتىنى بىلىش بىلەن بىرگە ،ئۆلۈمگە، ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىپ خاتىرجەم ھالدا ئەجەلنى كۈتىدۇ. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. پۈتۈن كائىنات پەيدا بولۇش، ياشلىق دەۋرى، كۆپىيىش، قېرىلىق دەۋرىنى ئاخىرىدا يوقىلىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، قېرىلارمۇ ئەلۋەتتە بۇ زور قانۇنغا خىلاپلىق قىلالمايدۇ. ئاخىرىدا بىز ھەممە قورقىدىغان يىرگىنىشلىك، ئازابلىق ئەڭ ئەخىرى بولغان ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ ئازابىنى سۆزلەيمىز.

ئۆلۈم ئەمەلىيەتتە ئاسىي كاپىرلاردىن باشقىغا ئازاب ئەمەس بەلكى، زور رەھمەتتۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ ﴿خَلَقَ المَوْتَ وَالحياة﴾ دىگەن ئايەتتە ئۆلۈمنى ۋە ھايتلىقنى ياراتتى دەپ ئۆلۈمنى بۇرۇن تىلغا ئالغان بۇرۇن كەلتۈرگەن دىمەك، ئۆلۈم قانۇنىيتى ھاياتلىقنىڭ ئاساسىي چوڭ رەھمتى. مەسلەن، دېڭىزدا نەچچە مليون، تېرلىيون بېلىق تۇخۇمى بار ۋە باشقا جانلىق تۇخۇملىرى بار ئاشۇ ھۇجەيرىنى ئاشۇ تۇخۇمنى ئۆلۈم بىلەن تىزگىنلەپ تۇرمىسا پۈتۈن دېڭىز بېلىققا ۋە باشقا جانلىققا ئايلىنىپ، دېڭىز قېتىپ قالغان بولاتتى ـ د ە! ھايتلىق ئاخىرلىشىدۇ. ھەرە، چۈىن، پاشا ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ نەسلىنى تۇخۇمنى باللىرىنى ئۆلۈم بىلەن قانۇنىيەت بىلەن تىزگىنلىمىسە يەنىلا ئىنسانلار ،ھايۋانلار، ئۆسۈملۈك، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ھاياتىدىن ئايرىلمىغان تەقدىردە زور ئاپەت ھالاكەت كېلىدۇ. يىلان، چايان، پاقا ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۆلۈم بىلەن ۋە باشقا جانلىققا ئوزۇق رىزىق قىلىش بىلەن تىزگىنلىمىسە يەنىلا ۋابا ۋە بالا كېلىدۇ. پىل **25** يىلدا بىرنى تۇغىدۇ، **100** يىل ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ باشقا ھايۋاندەك تولا تۇغسا پۈتۈن دۇنيانى پىل قاپلاپ كېتىدۇ.

**25** يىلغىچە ئاللاھ ئۇنىڭ نەسلىنى تىزگىنلەيدۇ، ئۆلۈم قانۇنىيتى بولمىسا مىكرىپ، ۋىرۇس ئۆلمەي، يوقالماي، ھېچقانداق كېسەل ساقايمايدۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدۇ. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. ئۆلۈم قانۇنى بولمىسا ئىسلام ئەھلى ۋە ياكى باشقىلار ئولتۇرۇپ پايدىلىنىۋاتقان ھايۋانلاردىن پايدا مەنپەئەت ئالالمايدۇ، گۆشىنى يېيەلمەيدۇ. تىجارىتى ئاقمايدۇ، رىزىقى كاملايدۇ. لەززەت يوقايدۇ، ئۆلۈم ئەلۋەتتە زور رەھمەتتۇر. ئۆلۈم قانۇنى بولمىسا جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بەرگىلى دۈشمەننى يوقاتقىلى بولماس، ئىنسان ئۆلسە ئەڭ ئازابلىق خارلىق كۈنگە قالىدۇ. سەل ئۆمرىنى ئۇززۇن قىلىپ قويسا، ئۆلۈمنى ئۆزى سورايدۇ، ئۆلۈم ئىنسانلار تەرىپىدىن ئاللاھدە دۇئادا سورالغاندۇر، ھەتتا پەيغەمبەرلەر سورىغاندۇر. كىشىلەر ئۆلۈم بىلەن شېھىدلىقتا ئېرىشۋالىدۇ، ھەقتە ئۆلەلەيدۇ، ئۆلۈم ئاللاھقا ئۇچقاشتۇرغۇچى، بۇمۇ بىز كۈتىۋاتقان زور رەھمەتتۇر. مۆئمىن مۇسۇلمانىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە پەقەت ئۆلۈم توسالغۇ بولىدۇ. ئۇ ئۆلۈم بىلەن مۇرادىغا يېتىدۇ. بولۇپمۇ ئاخىرەت ئۈچۈن ۋەدىلەشكەنلەر، دوستلاشقانلار ، ئۆلۈم ئىنساننى راھەتكە ئېلىپ چىقىدۇ، ئارام ئالدۇرىدۇ. پەقەت ئۇ ئازاب ئەھلى بولمىسىلا، ئۆلۈم شۇلارغا ئازاب. كىشىلەر ئۆلمىسە زېمىنغا پېتىشمايدۇ. ھىلىھەممۇ تار كېلىۋاتىدۇ، ئوزۇق ئاشلىقمۇ يېتىشمەيدۇ، تېخىمۇ جاپاغا قالىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىرغۇ دىسىڭىز ئۇ ئىش جەننەتتە. ئۆلمەس تۈگىمەس، قېرىماس، راھەت جەننەتتە بار .ئەمما شۇ يەردىمۇ جەننەتتە ئىنسان كۆپەيمەيدۇ، تۇغمايدۇ. پۈتۈن كائىنات پەيدا بولىدۇ، پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ياش ۋە قېرىلىقنى باشدىن كەچۈردى، ئاخىرىدا ھەممە يوقىلىدۇ، ئىنسانمۇ ئەلۋەتتە بۇ زور قانۇنغا خىلاپلىق قىلماي ماس كېلىدۇ. ئاللاھدىن باشقىسى يوقۇلۇپ، شۇنداقلا بۇ بىر يۆتكىلىش، باشقا بىر پىلانىت باشقا بىر يۇرت باشقا بىر جايغا يۆتكىلىش، ئۆلۈك ئاخىر ئويغىنىدۇ. ئۆلۈم ئەلچى، مۇساپىر ھامىنى مەنزىلگە بارىدۇ، ئۆلۈم ئۆتكەن كەتكەنلەرگە ئۇچراشتۇرىدۇ. ھەقىقىي ھاياتلىق ئۆلگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ، چۈنكى، مۇرەككەپ تەركىب تاپقان ياكى پارچىلانغان ماددا يوقالمايدۇ - يۇ، مۇرەككەپ ئەمەس تەركىبلىك يوق، پارچىلانماس روھ قانداقمۇ يوقسۇن! ئەبەدىيلىككە، مەڭگۈ بەختكە ئۆلمەي ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ جامالىنى ئۆلمەي كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ ئۈچۈن، جەننەت ئۈچۈن، ئۆلۈمگە رازىيۇ ،جاندىن كېچىشكە رازىيۇ، يەنە نېمىشقا ئۆلۈم ئازابلىق بولىدۇ؟!

ئىنسان ئۆلمىسە ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆپلىگى باللارنىڭ كۆپلىگى قۇدا - باجىلارنىڭ كۆپلىكى ۋاي - ۋۇي بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈش - دە!، ھازىرمۇ بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىساق ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز. ئايرىلىشقا تېگىشلىك پەيتتە ئايرىلىش لازىم. بۇ ئازاب ئۇززۇن ئەمەس، بولۇپمۇ ھازىرقى قەلب قاتقان ۋاقىتتا، شۇڭلاشقا ئەنسىرەش ھاجەتسىز، ئۆلۈم بەزى خۇراپىي جاھىل خاتا ئۆرپ - ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئاجايىپ ياخشى، بىزگىمۇ چوڭ رەھمەتتۇر. ئاسىي گۇناھكارنىڭ زالىمنىڭ ئىشلىرىنى ئۆلۈم بىلەنلا ئۈزگىلى بولىدۇ، پۈتۈن جاھان ئۆلارغا ئۆلۈم تىلەيدۇ. ئۇ كىشى بولمىغان بولسا، ئۆزىمىز سورىغان بولاتتۇق. ئۇزۇندىن بىرى ئالدىن تەييارلىغان ياخشىلىقتا ئۆلۈم يەتكۈزىدۇ، نۇرغۇن ئىختىلاپ جېدەل مۇنازىرىلەرنى ئۆلۈم ھەق - ناھەققە ئايرىيدۇ. نۇرغۇن ئادالەتسىز زالىملارنىڭ ئۆلۈم ئەدىۋىنى بېرىدۇ، ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ جازاسىغا ئۇچقۇتىدۇ، مۆئمىنگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئازاب بىلەن ئىنتىقام ئېلىنىدۇ، مۆئمىنىنىڭ قەلبىنى ئارام تاپقۇزىدۇ، ئاللاھقا ئاشىقلارنىڭمۇ، جەننەت ھۆرلىرىگە ئاشىقلارنىڭمۇ، دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمەي ئاخىرەتكە قالدۇرغان ئاشىقلارنىڭمۇ، دۇنيادا تېخى قېنىشماي كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭمۇ، مۇرادى - مەقسىدى ئۆلۈم بىلەن بولىدۇ، ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنى سىددىق، سالىھ، شېھىت، ساھابى، تابىئىنلاردىن بىزگە ئۆلگە ئۆرنەك بولغان، بىر كۆرسەم دېگەن ئەۋلىيالارنىمۇ ئۆلۈم بىلەن شۇ يەردە كۆرىدۇ. تېخى بەزىلەر بىللە بولىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئۆلۈم سەۋەبچى، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن، ئەمما ئارىلىق يىراق كىشىلەر بار، بۇلار ئۆلگەندىن كېيىن روھىي كۆرۈشىدۇ، ھەتتا بىر يەردىن قوپۇرىلىدۇ، بىرگە قىلىنىدۇ، بەزىدە قاتتىق ئازابلانغان كىشىلەرنى ئۆلۈم ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ، دوزاخ ئەھلى بولمىسىلا.

ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ھەرقانداق بىر ئىش ئەمەلىيەتتە ھېكمەت ۋە رەھمەتكە تولغاندۇر. لېكىن نادان ئىنسانلار بۇنى بىلمەي ئازاب ھېس قىلىدۇ، نەپرەتلىنىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەمەلىيەتتە ھېكمەت رەھمەتكە تولغاندۇر، ئەزەلدىن بۇ دۇنيا يوق ئىدى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى غەزىۋىدىن، ئىلگىرى كېلىپ ياراتتى. دۇنيانىڭ يارىلىشى ئەرش، كۇرسى، سەككىز جەننەت، ھەتتا يەتتە دوزاخمۇ ،ئاسمان، ئالەم بوشلۇقى، تەسىير كۈچىگە ئىگە

ئالەم كۆچى، ئەسىر يەنى ۋاكئۇم، ئالەم، يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى، سامان يولى سىستېمىسى قۇياش سىستېمىسى ھەرخىل ئوربىتىلار، پىلانىتلار، يۇلتۇزلار ئۈستىمىزدىكى ئاتموسفېرا، ھاۋا، ئوكسىگېن، ئازوت، 109 ئېلېمېنت، يەرشارى يەرشارىدىكى نۇرغۇن ماددى نەرسىلەر ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋاھاكازالار. پەيدا بولۇش، ياشلىق، قېرىلىق، ھەتتا يوقلىلىش قاتارلىقلار پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلاھى كىتابلار، قۇرئان، نۇر، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى رەھمىتىنى، ھېكمىتىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاددىسى دېڭىز ـ ئوكيان، سۇ ھەتتا چوڭ باياۋان، قۇم يانار تاغ ۋاھاكازالار.

بۇ دۇنيا ئاشۇنداق رەھمەتكە تولغاندۇر، ئادىللىققا تولغاندۇر، ھەتتا دۇنيانىڭ يوقىلىشمۇ ئازاب ھالاكەت ئەمەس، ئىنسانغا دۈشمەن ئەمەس، بەلكى، كاتتا شەھەر ئوتتۇرىدا چوقچىيىپ چىقىپ قالغان ۋاقىتلىق بىر ئەسكى مۇنداق ئۆينى بۇزۇپ چىقىپ، ۋاقىتلىق ئەمەس، مەڭگۈلۈك زىيانلىق ئەمەس، پايدىلىق ئەبەدىيلىك غەم ئەندىشىسىز، بىر بىنا قۇرۇلۇش كاتتا ئىمارەت، باغ ياساشتۇر، بۇ دەل قىيامەتنى قۇرۇش، جەننەتكە ئاپىرىش، جىنايەتچىلەرنى ئۆز جايى بولغان ئوتلۇق زىندان تۇرمىگە سېلىشتۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ قۇرئاندا بسم الله الرحمن الرحيم نى 114 قېتىم تەكرار قىلغاندۇر، مانا بۇ بسم الله الرحمن الرحيم نىڭ تەپسىرى تەكرارلىنىشىنىڭ سىرى ۋە ئىشارىتىدۇر. روھىي دۇنيادىن كەلگەن ھېلىقى تالىپ (ئوقوغۇچى) يۈرىكى، قەلبى ئېچىلىپ، ئىلىم دېڭىزىغا كىرىپ ئۈزۈپ گۆھەر سۈزۈپ ئۇستازىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپتۇ ۋە سەللەمنا دەپ تەسلىم ۋە قايىل بوپتۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ كۆرۈنۈشتىن كېيىن بۇ ئىككى كىشى كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللانىڭ بسم الله نىڭ تەپسىرى چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ئازراق قېتىپ قويۇلدى.

## قۇرئاندىكى سۈرە ئىسىملىرىنىڭ ئىشارىتى

قۇرئان ئاللاھنىڭ ئەزلى ۋە ئەبەدىي كالامىدۇر، پۈتۈن ئالەمنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇنىدۇر، سىيا، قەغەز، مەخلۇقىدۇر، ئەسلى زاتى، مەزمۇنى، مەخلۇق ئەمەستۇر، قەغەزگە ئۇنىڭ رەسمى ئالامىتى، بەلگىسى چۈشكەن، ئۆز زاتى چۈشمەيدۇ، خۇددى ئوت دېسەك، ئوتنىڭ ئۆزى چۈشمەي ئىسمى، رەسمى چۈشكەندەك، ئۆزى چۈشسە قەغەزنى كۆيدۈرىدۇ، ئاللاھ دېگەن ئىسمىمۇ شۇنداق، زاتى قەغەزگە چۈشتى دېگىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ئۆزىگە لايىق چۈشۈپ ـ چىقالايدۇ، كېلىپ ـ كېتەلەيدۇ، ئۇ خالىقتۇر، ئوخشىشى يوق. زاتىنىڭ قانداقلىقىنى بىز بىلمىگەچكە قىلىقىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ بىلمەيمىز، سىزىمۇ ھەم شۇنداق، كەيپىياتى قانداقلىقى بىزگە ئېنىق ئەمەس، پەقەت قۇدرىتى، ئەقلىگە ئاشكارا ئۆزى ـ كۆزىگە يوشۇرۇنىدۇر، ئاللاھنىڭ سۆزى مەخلۇقنىڭ سۆزىگە ئوخشاشمايدۇ، بىزنىڭكىدەك ھەرىپ بىلەن تۈزۈلگەن ئەمەس، ھاۋا ماددا ئەمەس. ئەزەلدىن كالامي سۆزى ئۆزى بىلەن بىللە بولغاچقا ھادىسە پەيدا بولمىغاچقا، ئالىملار قۇرئاننىڭ ئەسلى زاتىنى، مەخلۇق ئەمەس دەپ قارايدۇ، تۆت مەزھەپ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە شۇنداق. مۇئتەزىلەر مەزھىپى جۈملىدىن تەپسىر كەششاپ، قۇرئاننى، مەخلۇق دەپ قارايدۇ، بۇ مەسىلىدە، تەپسىر مۇنىيرنىڭ ئاپتۇرى ئىختىلاپنى كەلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزى مەخلۇق ئەمەس دەپ يەكۈن چىقارغان. ھەسەنۇلبەسرىمۇ قەغىزى سىياسى مەخلۇق، ئۆزى زاتى ئەسلىي مەزمۇنى مەخلۇق ئەمەس دېگەن. قۇرئان 30 پارە 114 سۈرە 6236 دىن ئارتۇق ئايەت، 1000 ئەمر بۇيرۇق، 1000 چەكلەش، قىسسە، مىسال، تارىخ، غەيب، كەلگۈسى بېشارەت، قىيامەت، ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەقىقەت ئۈچۈن تەبئىي پەن ۋاھاكازانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر زېمىنغان چۈشۈرۈلگىنىگە،1426 يىلدىن ئاشتى. تەپسىر قىلىنىشى 2000 خىلغا يەتتى، ھەممە نۇسخىسى ئىسلام دۆلەتلەرنىڭ مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇن، مۆجىزە خاراكتېرلىك، ئۇنىڭ ئوخشىشىدىن ئۈچ ئايەت كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ 50دىن ئارتۇق ئىسمى بار، ئون ئىسمى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش كەلگەن، مەسىلەن:نۇر، ھەكىم، ھەق، كەرىم، مۇھەيمىن، قاتارلىقلاردەك قۇرئاننىڭ 114 سۈرىسى 114 خىل ئىسىم بىلەن ئاتالغان بەزىسى مەشھۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان مەسىلەن نۇھ، ھود، يۇنۇس، يۇسۇف ئەلەيھىسسالاملاردەك، بەزىسى مەلۇم ھايۋاننىڭ ئىسمى شۇ سۈرىدە كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان مەسىلەن،

بەقەرە (كالا) دېگەن مەنىدە (نەھل) ھەسەل ھەرىسى، نەمل (چۈمۈلە)، ئەنكە بۈت، يەنى ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار. بەزىسى شۇ سۈرىنىڭ مەلۇم بىر ئايەت بىلەن باشلانغانلىقىدىن شۇ ئايەت ياكى شۇ باشتىكى ئىسىم بىلەن ئاتالغاندۇر، مەسىلەن: ياسىن، ق، مۇئمىنۇن، ۋاقىئە، سەپ، تەكاسۇر، لەيلى، زۇھا قاتارلىقلاردەك، خوش ئەمدى ئاللاھ نېمە ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىدىن لەۋھۇلمەھپۇزدىن چۈشۈرگەن ئۆزىنىڭ كالامى قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى يۇقىرقى ئىسىملار بىلەن ئاتىغان؟ بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

ئۇسۇلى فىقھى شەرھىسى نۇرۇلئەنۋادا، دەلىل ئېلىش، ئىبارەت بىلەن، دەلالەت بىلەن .ئىشارەت بىلەن بولىدۇ دېگەن، بىز بۇ يەردە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىسىملارنىڭ ئىشارىتى ئۈستىدە توختىلىمىز، بىرىنچى، فاتىھە، سۈرە فاتىھەنىڭ **12** ئىسمى بار بولۇپ، ھەرقايىسىسى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، ئۇممۇلكىتاب يەنى كىتابنىڭ ئاساسى، ئەسلى، سەبئۇلمانى يەنى تەكرار ئوقۇلىدىغان **7** ئايەت قۇرئان ئەزىم شىفا، ۋاپىيەت قاتارلىقلار سۈرە ئەلھەمدۇ دەپمۇ قويىمىز، فاتىھە ئاچقۇچى دېگەن بولىدۇ. مانا بۇ سۈرە كىتابنىڭ ئاچقۇچى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئاچقۇچى، ھىدايەتنىڭ ئاچقۇچى، نۇرنىڭ ئاچقۇچى، ھەقنىڭ ئاچقۇچى، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى، ماقام ئاچقۇچى، بەرىكەت رەھمەت ئاچقۇچىدۇر.

شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانى، ئاستىن - ئۈستۈن ھەممىنى تونۇشتۇرغۇچى، بۇ دۇنيا - ئاخرەتنى تونۇشتۇرغۇچى تەبىئىي پەننىمۇ تونۇشتۇرغۇچى، ئىلىمنىڭ ئاچقۇچى، قاسماق بېسىپ قاتقان قۇلۇپلۇق قەلبنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ ئىسىم نۇرغۇن ئىلىم، ھەقىقەت، ئادالەتكە، دىنايەتكە ھەتتا ئىسمى ئەزەمگىمۇ ئىشارەتتۇر، ئاچقۇچتۇر.

بەقەرە يەنى كالا بايان قىلىنغان سۈرە ئەنئام يەنى (تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە) نەمل يەنى چۈمۈلە بايانى نەھل ھەسەل ھەرىسى، پىل قاتارلىق ئىسىملار ھايۋانلار ئىسمى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ھەربىر سۈرىدە شۇ ھايۋاننىڭ ئىسمى، ۋەقەسى، قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ. مۇھىم ۋەقەلىككە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ، بەقەرەدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (كالىنىڭ بىر پارچە گۆشى بىلەن ئۇرۇپ) ئۆلگەن كىشىدىن قاتىلنى سورىغانلىقى كالىنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەنلىكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت قۇشنى تىرىلدۈرۈشنى ئاللاھ بۇيرىغانلىقى، ئۇزەير ئەلەيھىسسالامغا ئىشەكنىڭ تىرىلىشىنى كۆرسىتىش ئۆزىنى بولسا **100** يىل ئۆلۈك ھالدا قويۇپ ئاندىن تىرىلدۈرۈش قاتارلىق ئىشلار سۆزلىنىدۇ.

مانا بۇ ماددىنىڭ تەركىبىي، مۇرەككەپلىكى، ۋە پارچىلىنىشىنى ئانالىز قىلىش، خىمىيۋىلىك، فىزىكىلىق ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش، چوڭقۇر نەزەر بىلەن قاراشقا ئىشارەت، ھايۋانلار تەتقىقاتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلار تەتقىقاتى تەجرىبە قىلىش، ئىنسانلارغا زور پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ، خۇددىي ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر ئېلىپ كېلىپ بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلغاندەك، ھۆپۈپنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىلىم بېرىشى خەۋەر بېرىشى، قاتىل قابىلغا ئاللاھتائالا قاغىنى ئەۋەتىپ ئىلىم ئۆگىتىشى، ھەسەل ھەرىسىگە ۋەھيي ئىلھام قىلىشى، بۇنى ئىنسانلارغا خەۋەر قىلىشى، چۈمۈلىنىڭ سۆزلىشى قاتارلىقلار ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. زور ئىلمى ئەھمىيىتى بار، بولۇپمۇ ھازىرقى تەبئىي پەنگە ئىشارەتتۇر.

بىئولوگىيە، ھايۋانلار تەتقىقاتى ۋە ھاۋا، قۇش ئىلمى، شۇنداقلا ئايرۇپىلان، سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىق ئالەم قاتنىشى، ئۈچۈش ئىلمىغا ئىشارەتتۇر، زور تەجرىبە ساۋاقلا، مەنپەئەتكە ئىشارەتتۇر، شۇ ھايۋاندىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشارەتتۇر، ھەممىنى تىلغا ئالمايدۇ، بىر نەچچىنى سۆزلەيدۇ، قالغىنىنى ئىنسانلار ئۆزى ئوخشىتىپ قىياسەن تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە ئىزدىنىدۇ، سۈرە مۇلۇكتە قۇشلارغا قاراش، تەپەككۇر قىلىش،ئالاھىدە سۆزلەنگەن شۇنداقلا ئۆمۈچۈك، چىۋىن، پاشا قاتارلىقلار بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبئىي پەندىكى بىئولوگىيىگە ئىشارەت، تېخى بۇنىڭغا سۈرە ئىنسان،سۈرە تىين يەنى ئەنجۈر سۈرىسىنى قوشسا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچىنىڭ تەتقىقاتى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىئولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۈرىلەر مۇشۇ ئىلىم - پەنگە ۋە كۈچ - قۇدرەتكە، ھېكمەتكە ئىشارەتتۇر.

سۈرە ئال ئىمران، يۇنۇس، ھۇد، يۇسۇف، ئىبراھىم، كەھف، مەريەم، ئەنبىيا قاتارلىقلار، جۈملىدىن سۈرە قەسەس تارىخقا ئىشارەت، قىسسىگە ئىشارەت. پەيغەمبەرلەر، ساھابىلار، تابىئىنلار، مۇجاھىدلار، شېھىد، ئەۋلىيالار ھاياتىدىن تاللانمىلارغا ئىشارەتتۇر. ئۇلارغا ئەگىشىش ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى باشتىن

كەچۈرۈش، شۈلاردەك سەۋر قىلىش، ئىرادىلىك بولۇش، ئاخىرغىچە ھەقتە چىڭ تۇرۇش، نۇرغۇن ئىبرەتلەرگە ئىشارەتتۇر. مەسىلەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھسىز، كىچىكىدىن تارتىپ ئېغىر مۇسىبەتكە قالغان، كېيىن ئۇ بالىغ بولۇپ، شەھۋەت نەپسىنى يېڭىشتا شەيتاننى مەغلۇپ قىلىشتا سىناقتا دۇچ كېلىپ غەلىبە قازانغان، بۇ سۈرىدە بىزگە زور ئىبرەت بار، ئۈلگە، ئۈرنەك بار، ئۇنىڭ سەۋر قىلىشى قىلماسلىقى قاتارلىقلار.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىمۇ نۇرغۇن ئۈلگە ئۈرنەك بار، مۇھەببەت ـ نەپرەت، پەرق، ئايرىش ھەقنى دەپ قوغلاندى بولۇش، ئوتقا تاشلىنىش ۋاھاكازالار، ئەسھابۇلئۇخدۇدىمۇ شۇنداق غەلىبە قىلغاندۇر. ئەنبىيالاردىمۇ شۇنداق ھەقتە چىڭ تۇرۇش، ھەق غەلىبە قىلىش، دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇش، باتىل، مەغلۇپ بولۇشدەك كۆرۈنۈشلەر بار.

كەھفە غار مەنىسىدە، بۇ سۈرە پىتنە زامانىسىدا بىر ئاللاھقا قايتىش بارلىقىدىن، ئائىلىسىدىن، خوتۇن، ئەر، بالىسىدىن ھەتتا يۇرتىدىن ۋاز كېچىپ پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ئۆتۈش خالىي جايدا ئاللاھ بىلەن خالىي بولۇپ مۇناجات قىلىش، دىننى، ئىماننى ساقلاش، ئاخىرەتنى دەپ دۇنيادىن ۋاز كېچىش ئەھۋاللىرى سۆپەتلەنگەن، تەپسىرمۇنىيردا پىتنە زامانىسىدا بويتاق ئۆتۈشكە بولىدىغانلىقى جۇمھۇر ئالىملار ئىتتىپاققا كەلگەن ھۆكۈم دېيىلگەن، ھەتتا ئاشۇ كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ ماقامغا يەتكەن، كارامەت بىلەن بىللە شېرىك بولغان شۈگىلاشقا، سالىھ، تەقۋا، ئەۋلىيالارغا ھەمراھ بولۇش خىزمىتىنى قىلىش ھەم سۆھبەتتە بولۇشقا دەلىل ئالغان. بۇ سۈرە ھەق ئىشقا شۇ ھەقنى دەپ جان، مېلىنى ئايىماسلىققا، بارلىقىدىن ۋاز كېچىشكە ئىشارەتتۇر. ئەۋلىيالىق كارامەتكە ئالىي ماقامغا ئىشارەتتۇر، ئەلۋەتتە ھەربىر سۈرە شۇنداق ئالىي بىلىمگە ئىشارەتتۇر، قۇرئان، تارىخى قىسسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەتتا قۇرئاندا ئالاھىدە قىسسە ئوقۇشقا يولىيورۇق بار، چۈنكى، ئۆتمۈش، تارىخى، كەلگۈسىدىمۇ يۈز بېرىدۇ، مۇھىم ئىبرەت بار.

سۈرە ئەنفال، تەۋبە، ھەج، پەتىھ، ھەشىر، ئەھزاب، مۇنافىقۇن، ئادىيات قاتارلىقلار، خەلقئارا ئىسلام دۆلەتلىرى، ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايۇنلارنىڭ، ياپۇنىيىدىكى مۇسۇلمان مۆئمىنلەرنىڭ بىرلىششىگە دۇنيا تېنچلىقىنى قوغداش، تاجاۋۇزچى كۈچكە بىرلىشىپ تاقابىل تۇرۇش، ھەق ھۆججەتنى قويۇپ قايىل بولسا، سۆزگە قانۇنغا ئۇنىسا، ئۇنىغانچە، بولمىسا قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشقا، ئۇرۇش قىلىشقا تېگىشلىك چاغدا ئۇرۇشۇشقا، جان، مالنى ئايىماي ھەقنى قوغداشقا ھاكىمىيەت ھۆكۈمنى، ھوقۇقنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىشكە، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا ئىشارەتتۇر.

سۈرە ئىنشىراھ، ئوپراتسىيە، ئاناتومىيىگە ئىشارەتتۇر، سۈرە نىسا (ئاياللار) ،مائىدە،يەنى دوسقان، مۆئمىنۇن، ھۇجرات، تالاق، ئەبەسە، ناس، قاتارلىقلار. جەمئىيەت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئائىلە ئىناقلىقى، نىكاھ، توي، تۇرمۇش، تىجارەت، دېھقانچىلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئانا ـ بالىلىق، مىراس، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تەلىم ـ تەربىيە، ئەدەب ـ ئەخلاققا ۋە باشقا مۇھىم ئىشلارغا ئىشارەتتۇر. ئالاھىدە قانۇن ـ تۈزۈم، سوت مەھكىمىسىگە ئىشارەتتۇر.

سۈرە رەئىدە يەنى بۇلۇت، گۈلدۈرماما ياكى شۇ بۇلۇتقا مۇئەككەل پەرىشتە، نۇر، دوخان، نەجىم، قەمەر، قەلەم، مائارىپ، تەكۋىر، كۈن نۇرى ئۆچۈش، ئىنپىتار ئاسمان يېرىلىش، بۇرۇج ئاسمان يوللىرى، تارىق، فەجىر، فەلەق، سۇبھى، شەمس،يەنى قۇياش، لەيل كېچە، زۇھا چاشكا، زىلزال يەر تەۋرەش قاتارلىق مۇشۇ سۈرىلەر ئالاھىدە بىر دىن مۇھىم ئىسمىغا ئىگە، بۇ ئىسىملار ئالاھىدە مەنىگە ئىگە، ئاللاھ بۇ سۈرىلەرنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىغان،؟ ھېكمەت زادى نېمە؟

بۇ سۈرىلەر ئەرشتىن زېمىن ئاستىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پەيدا بولۇش، كۆپىيىش، ياشلىق، قېرىلىق، يوقىلىشقىچە، ئالەمنىڭ يارىلىش ئۆمرى، كۆپىيىشى، كەڭرىشى، ئاخىرىدا خاراپ بولۇپ يوقىلىشى، باشقا بىر دۇنيانىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا ئىشارەتتۇر. جۈملىدىن ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، ئادەم ئورگانىزم، يەرشارى ۋە باشقا پىلانىت، ئالەم ئىلمى قىسىمى، مۇھىت ئىلمى قىسىمى، ئۈچۈر، قۇرۇلۇش، ماتېماتىكا، تەبئىي پەن ساھاسىدە ھېچقايىسى قالماي ئىشارەت قىلىنغاندۇر. بۇندىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئىلىم پەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، رەئىدە، بۇلۇت ئىلمى، يامغۇر، قار ئىلمى مۇھىت، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئىشارەتتۇر، بۇلۇتتىكى يامغۇردىكى **15** خىل قانۇن، ئىنتىزامىغا،

ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت، ھېكمىتىگە ئىشارەتتۇر.

سۈرە نۇر، نۇر ئىلمى قىسمىغا، فىزىكا، خىمىيىگە، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون، ئېلېكتىرون، توك ئىشلىرىغا ئىشارەتتۇر. پۈتۈن دۇنيانىڭ، ئاللاھنىڭ ھەممە كائىناتىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، سۇ، تۇپراق ھەممىنىڭ ئەسلىي ماددىسى كېلىش مەنبەسى نۇر ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. ئاتوم، مالىكۇلا، يادرو بومبىسى، لازىر نۇرغا ئىشارەتتۇر. مانا بۇ نۇر، قەلب نۇرىغا، ھىدايەت نۇرغا ئىشارەتتۇر، ئىمان ھەقىقەتكە ئىشارەتتۇر.

دوخان، تۈتۈن، گاز، تۇمان مەنىسىدە، ئاسماننىڭ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ، يۇلتۇز، پىلانىتلارنىڭ ئەسلى ماددىسىنىڭ گاز، تۇمان ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. دۇنيانى گاز، تۇمان ئارقىلىق كونترول قىلغىلى، ھەتتا كەڭ ـ كۆلەملىك قورال ياساپ خىمىيۋىلىك بومبا ياساپ، زەھەرلىك بومبا ياساپ ھەق دۈشمەنلىرىگە زەربە بەرگىلى، يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر، تەبئىي گاز بايلىقى گازدىن ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش، زەھەرلىك گاز قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا ئىشارەتتۇر.

سۈرە نەجمە، يەنىي يۇلتۇز، قەمەر يەنى ئاي، شەمس يەنى قۇياش، بۇ سۈرىلەر ئاسترونومىيىگە يەنىي ئاسمان جىسمى تەتقىقات ئىلمىغا قۇياش سىستېمىسى، سامان يولى سىستېمىسى، ئالەم قاتنىشى، سۈنئىي ھەمراھ، فىزىكا، خىمىيە، ئۇچۇر ئىلمى قاتارلىق مۇھىم ئىلىم ـ پەنگە ئىشارەتتۇر. بولۇپمۇ، سۈرە تەكۋىر، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئاسمان، ئالەم بوشلۇقىنىڭمۇ خاراب ۋەيران بولۇشىغا قۇياش نۇرىنىڭ ئۆچىشىگە، ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىششىغا باشقا ئالەمنى قۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشارەتتۇر. ئاسمان يېرىلىش، كۆن نۇرى ئۆچۈش، دېڭىز، ئوت بولۇپ كۆيۈش، تاغلار پارتلاش يەر قاتتىق تەۋرەش ئىشلىرىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىش، كىچىك ئىش ئەمەس، بۇ بىر ئىلمىي مۆجىزە، كۈچ ـ قۇدرەتكە، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكىگە ئىشارەتتۇر، تەۋھىد ئىلمىغا ئىشارەتتۇر، زىلزىلە يەر تەۋرەش ئىلمىغا ئالدىن خەۋەر بەرگەن، قىيامەت ئالامىتىگە زور ئىلىم ـ پەنگە ئىشارەت. شۇنداقلا، جۇغراپىيە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراشقا كان ئېچىش ئىشلىرىغا ئىشارەتتۇر.

بۇرۇج، ئاسمان ئالەم يوللىرى ئوربىتىلىرىغا، ئالەم قاتنىشى ئىنتىزامىغا، سۈنئىي ھەمراھقا، ھەتتا ئالەم ئۇرۇشىغا، ئالەمنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نېمەت، رەھمەتكە ئىشارەتتۇر. بۇندىن كېيىن تەتقىق قىلىنىدىغان ئەڭ توغرا مۇكەممەل بىر ئىلىم ـ پەنگە ئىشارەتتۇر.

سۈرە نەھل، ھەرخىل ئىچىملىك زاۋۇتىغا ۋە دورا شىپالىق دورىلارنى كەشپ قىلىشقا ئىشارەتتۇر.

ياسىن، تاھا، ساد، قاف، نۇن، قاتارلىق سۈرىلەر قۇرئاننىڭ مۇشۇ ھەرپلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئەمما ئىنسانلار، جىنلار ئۇنىڭ ئوخششىنى ھەتتا ئۈچ ئايەتنى كەلتۈرەلمەسلىكىگەم مەڭگۈ قىيامەت كۈنىگىچە مۇقىم مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر.

بۇ قۇرئاننىڭ، تارىخ جەھەتتىن، كەلگۈسى جەھەتتىن، غەيب جەھەتتىن، تۈزىلىش...... ۋاھاكازالارجەھەتتىن ئوخششى يوق.

سۈرە مەريەم، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ ئەمەس بەلكى ئىنسان ئىكەنلىكىنى قىيامەتكىچە ئىسپاتلاپ تۇرۇشىغا دۇنيا ئاياللىرىنىڭ مەريەم ئانىدەك ئىپپەتلىك بولۇشىغا پاك ـ دىيانەتلىك تۇرۇشىغا ئىشارەتتۇر. ئاياللارنىڭمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر.

سۈرە فۇرقان، ساماۋى، ئىلاھى كىتابلارغا ھەممىنى بۇ قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇشۇ قۇرئاننىنى بىلسە پۈتۈن كىتابنى بىلگەن بولىدۇ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش قاتارلىق مۇھىم قانۇن ـ تۈزۈمگە ئىشارەتتۇر.

ئەنكە بۇت، يەنى ئۆمۈچۈك، توقۇمىچىلىققا ئىشارەتتۇر، يەنە ماددىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئىشارەتتۇر، چۈنكى ئۆمۈچۈك توردىكى يىپنىڭ **4000** تېلى بىر تال چاچ ياكى ساقالغا تەڭ كېلىدۇ، ئالاھىدە تور قۇرۇش، تور سېلىپ ھەممىگە بىراقلا زەربە بېرىش قاتارلىق سىياسىي تەدبىرگە ئىشارەت.

سۈرە شۇۋرا، مەسلىھەت، كېڭىشىش، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، بىرلەشمە يىغىن، پادىشاھلار كېڭىشى، ۋەزىر، مىنىستىر قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا ئىشارەتتۇر. خادىم، ئالىملارنى تاللاش قاتارلىق.

سۈرە زۇخـرۇف، ئـالتۇن ـ كۈمـۈش، زەرگـەرلىك، نـەقىش، ئۈيمىچىلىـق، گـۈزەل ـ سـەنئەت ئىلمىغا بـۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈ ئەمەسلىكىگە، بۇ دۇنياغا قىزىقماي ئاخىرەتنى كۆزلەش ئۇ گۆھەر! پـەقەت تـاش ـ تۆمۈردەك خالاس، ھەممىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىغا ئەمما ئىنساننىڭ يەنىلا ئالدىنىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

سۈرە جاسىيە، قىيامەت، تاغابۇن، زۇمەر قاتارلىق سۈرىلەر بۇ زېمىن دېگەن پىلانىت، قۇياش دېگەن يۇلتۇز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باشقا بىر پىلانىتقا باشقا بىر يۇرت ـ ماكانغا يەنى سوقۇلۇپ بېرىشقا، جەننەت ياكى دوزاخقا، ھېساپ ـ كىتابقا، جازا ـ مۇكاپاتقا مەڭگۈ بەخت ـ راھەت ياكى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئىشارەتتۇر. نەچچە مىليون مۆئمىنلەر ئىنتىقاد قىلغان ئارزۇ ـ ئۈمۈدىنى، مۇراد ـ مەقسىدىنى باغلاپ كەلگەن ئاشۇ قىيامەت كۈنىگە ئىشارەتتۇر.

سۈرە ئەنئام، مائىدە، ئەنبىيا، زۇخـرۇف، فەتـھ، ئەرراھمان، كەۋسەر قاتارلىق سۈرىلەر بۇ دۇنيانىڭ رەھمەت نېمەتكە تولغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىغا، غەزىپىنى، رەھمىتى بېسىپ كەتكەنلىكىگە، نېمەتلەرنى، رەھمەتلەرنى ساناپ تۈگەتكەنلىكى بولمايدىغانلىقىغا، ئىنسان پۈتۈنلەي رەھمەت، نېمەتكە چۆمۈپ يۈرىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر.

سۈرە كەھف (غار) سۈرە نۇر، دۇخان، زۇخرۇف، نەجم، قەمەر، ھەدىد يەنى تۆمۈر قاتارلىق سۈزلەر **109** ئىلىمىتقا ئەسلىي ماددا مەنبەگە ئىشارەتتۇر. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم قىممەتلىك مەنپەئەت، سانائەت، كارخانا، دورا، شىپالىق رېتسىپ، جەڭ قورال ـ ياراق، فىزىكا، خىمىيە، ئاتوم قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا ئىشارەت بار، شۇڭا ئاللاھ سۈرىنىڭ ئىسمىلىرىنى شۇ ئېلمېنتلار بىلەن ئاتىغان.

سۈرە زارىيات، نازىئات، مۇرسەلەت قاتارلىق سۈرىلەر شامال، شامالدىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، رەھمىتى، ھېكمەتلىرى، شامال كۈچى، شامال ئېلىكتىر ئىستانسىسى، شامالدىن توك چىقىرىش، ئۈسۈملۈك چاڭلىشىش قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشارەت بار.

سۈرە مۈلـك، سـۈرە بەقـەر، شـۇرا، دۆلـەت ئىشـلىرىغا، پادىشـاھلىق، خەلىپىلىك تۈزۈمىگـە ئالـەمنىڭ سەلتەنىتىگە ئىگىلىك ھوقۇقىغا، قانۇن ـ ئىنتىزام، سوت مەھكىمىسىگە ئىشارەتتۇر.

سۈرە لوقمان ھېكمەتكە، ھېكمەتلىك سۆزگە ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى جەمئىيەتتىكى مۇھىم رولىغا ئىشارەتتۇر.

سۈرە جىن، ئىنسان، ھايۋان، ئۈسۈملۈكتىن باشقا يەنە بىر ھايات ئالەمگە ئىشارەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئاندا روھ، پەرىشتە، مالائىكە قاتارلىق بىزدىن يۇلەك بىر ئالەملەرگە ئىشارەت بار. قۇرئاندىكى ھەرخىل ئىلىم ـ پەن، ھوقۇق، ھۆكۈم، ئەخلاق، سىياسەتلەرگە ئىشارەت قىلىنغان، ئايەتلەر بەك كۆپ بۇنى بىز تەپسىر ئىچىدە بايان قىلىمىز، ھازىر بىز پەقەت قۇرئان مۆجىزىسىگە ھازىر **20** ـ **21** ـ ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان تەبئىي پەن، ئىلىم ـ پەنگە ئىشارەت قىلىنغان ئايەتلەرنى سان رەقەم بىلەن ئىپادىلەپ كۆرسىتىمىز، (تەپسىر بايانىدىن ئېلىنغان)

ئىلىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى ئۈچىنچى سۈرە **7** ـ **18** ـ ئايەت. تۆتىنچى سۈرە **83** ئايەت، **11** ـ سۈرە **24** ـ ئايەت، **39** ـ سۈرە (و) **58** ـ سۈرە **11** ـ ئايەت

نادانلىقنىڭ خارلىقى **7** ـ سۈرە **199** ـ ئايەت، **11** ـ سۈرە **46** ـ ئايەت، **16** ـ سۈرە **25** ـ، **63** ـ، **119** ـ ئايەت.

دىـندىكى فىقھـى قانۇنشۇناسـلىق **9** ـ سۈرە **122** ـ ئايـەت، **16** ـ سۈرە **43** ـ ئايـەت، **21** ـ سۈرە **7** ـ ئايەت

تەپەككۇر، ئەقلنى ئىشقا سېلىش ئايەتلىرى قۇرئاندا **25** دىـن ئاشـدۇ، بىـز پەقەت ئىككى ـ ئۈچىنى مىسال قىلىمىز. **2** ـ سۈرە **44** ـ، **73** ـ، **171**، **242** ـ، **269** ـ ئايەتلەر **3** ـ سۈرە **7** ـ، **190** ـ ئايەت، **38** ـ سۈرە **29** ـ، **43** ـ ئايەت، **59** ـ سۈرە **14** ـ ئايەت.

ئىلمنى تارقىتىش، يوشۇرماسلىق **2** ـ سۈرە **146** ـ، **159** ـ، **179** ـ ئايەتلەر، **3** ـ سۈرە **187** ـ ئايەت،

4 ـ سۈرە 29 ـ 189 ـ ئايەتلەر، 10 ـ سۈرە 5 ـ ئايەت، 15 ـ سۈرە 16 ئايەت، 17 ـ سۈ رە 12 ئايەت، 21 ـ سۈرە 33 ئايەت، 36 ـ سۈرە 37 ـ 40 ـ ئايەت ۋە باشقىلار

پىلانت، يۇلتۇزغا ئىشارەت ئايەتلەر: 15 ـ سۈرە 16 ـ 17 ـ ئايەت، 26 ـ سۈرە 210 ـ 212 ـ ئايەت، 37 ـ سۈرە 6 ـ 10 ـ ئايەت، 67 ـ سۈرە 5 ئايەت، 72 ـ سۈرە 8 ـ 9 ـ ئايەت

ئايلار سانى (و) توققۇزىنچى سۈرە 96 ئايەت.

ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلار، 2 ـ سۈرە 194 ـ 217 ـ ئايەت، 5 ـ سۈرە 2 ـ 97 ـ ئايەت، 9 ـ سۈرە 36 ـ 37 ـ ئايەت.

رامىزان ئېيى 2 ـ سۈرە 185 ـ ئايەت

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن 22 ـ سۈرە 47 ـ ئايەت، ھەرخىل پەن 34 ـ سۈرە 10 ـ 13 ئايەت، 5 ـ سۈرە 90 ـ ئايەت.

بالاغەت 6 ـ سۈرە 112 ـ ئايەت، 55 ـ سۈرە 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر

كائىناتتىكى ئىلمىي ھەققەت، يېڭى ئىلىم ـ پەن كەشپىياتىغا ئالەمدىكى ئىنسان 2 ـ سۈرە 223 ـ ئايەت، 3 ـ سۈرە 190 ـ 191 ـ ئايەت، 21 ـ سۈرە 30 ـ ئايەت، 39 ـ سۈرە 6 ـ ئايەت، 27 ـ سۈرە 64 ـ ئايەت، 52 ـ سۈرە 35 ـ 38 ـ ئايەت، 77 ـ سۈرە 20 ـ ئايەت.

سۇ ۋە ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى 3 ـ سۈرە 59 ـ ئايەت، 18 ـ سۈرە 51 ـ ئايەت، 24 ـ سۈرە 19 ـ 20 ـ ئايەت، 30 ـ سۈرە 19 ـ ئايەت، 40 ـ سۈرە 64 ـ ئايەت، 95 ـ سۈرە 4 ـ ئايەتلەر.

ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، بۇ توغرىسىدا بەك كۆپ: 2 ـ سۈرە 28 ـ 30 ـ 36 ـ 213 ـ ئايەتلەر، 3 ـ سۈرە 154 ـ ئايەت 4 ـ سۈرە 1 ـ، 28 ـ 56 ـ ئايەت. 64دىن كۆپىرەك ئايەتلەر بار تەپسىلىي كۆرۈڭ.

كائىناتتىكى ھەققەت: 2 ـ سۈرە 29 ـ، 255 ـ ئايەت، 7 ـ سۈرە 185 ـ ئايەت، 10 ـ سۈرە 101 ـ ئايەت، 29 ـ سۈرە 19 ـ 20 ـ سۈرە، بۇ توغرىلىقمۇ 19 ـ ئايەت بار، 39 ـ سۈرە 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر، 40 ـ سۈرە 81 ـ 85 ـ ئايەتلەر

شامال توغرىسىدا 28 ئايەت بار: 2 ـ سۈرە، 164 ـ، 266 ـ ئايەت، 3 ـ سۈرە 177 ـ ئايەت، 7 ـ سۈرە 57 ـ ئايەت، 10 ـ سۈرە 22 ـ ئايەت، 14 ـ سۈرە 18 ـ ئايەت، 3 ـ سۈرە 46 ـ، 51 ـ ئايەت، 32 ـ سۈرە 27 ـ ئايەت.

بۇلۇت، بۇنىڭغا 11 ئايەت بار شامال بىلەن بىللە: 2 ـ سۈرە 164 ـ ئايەت، 7 ـ سۈرە 57 ـ ئايەت، 13 ـ سۈرە 12 ـ ئايەت 24 ـ سۈرە 40 ـ، 43 ـ ئايەت، 27 ـ سۈرە 88 ـ ئايەت، 56 ـ سۈرە 68 ـ ئايەتلەر.

يامغۇر، بۇ توغرىلىقمۇ قۇرئاندا 16 ئايەت بار: 7 ـ سۈرە 5 7 ـ ئايەت، 23 ـ سۈرە 18 ـ ئايەت، 442 ـ سۈرە 28 ـ ئايەت.

يەرشارى ھەرىكىتىگە ئىشارەت ئايەتلەر: 10 ـ سۈرە 24 ـ ئايەت، 25 ـ سۈرە 62 ـ ئايەت، 27 ـ سۈرە 88 ـ ئايەت، 28 ـ سۈرە 71 ـ 72 ـ ئايەت، 36 ـ سۈرە 37 ـ، 40 ـ ئايەت، 37 ـ سۈرە 5 ـ ئايەت، 70 ـ سۈرە 40 ـ ئايەت.

يەرشارىنىڭ گىئولوگىيىلىك قاتلام قەۋەت نەزەرىيىسىگە 18 ئايەت بار: 13 ـ سۈرە 3 ـ ئايەت، 15 ـ سۈرە 19 ـ ئايەت، 16 ـ سۈرە 15 ـ ئايەت، 81 ـ ئايەت 20 ـ سۈرە، 53 ـ، 105 ـ، 107 ـ ئايەتلەر، 21 ـ سۈرە 30 ـ 31 ـ ئايەت، 26 ـ سۈرە 63 ـ ئايەت، 27 ـ سۈرە 61 ـ، 88 ـ ئايەت، 29 ـ سۈرە 40 ـ ئايەت، 34 ـ سۈرە 2 ـ، 9 ـ ئايەت، 50 ـ سۈرە 7 ـ، 44 ـ ئايەت، 99 ـ سۈرە، 1 ـ 2 ـ ئايەت.

تارتىش كۈچىگە ئىشارەت ئايەت: 13 ـ سۈرە 2 ـ ئايەت، 22 ـ سۈرە، 65 ـ ئايەت، 30 ـ سۈرە 25 ـ ئايەت 31 ـ سۈرە 10 ـ ئايەت، 35 ـ سۈرە 41 ـ ئايەت.

كېچە ـ كۈندۈز نۆۋىتى: 22 ـ سۈرە 61 ـ ئايەت، 31 ـ سۈرە 13 ـ، 29 ـ، 35 ـ ئايەت، 36 ـ سۈرە 37 ـ، 40 ـ ئايەت، 57 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت.

تاغ ئاپەتلىرى، بۇ توغرىسىدا 36 ئايەت بار، بىر نەچچىنى كۆرۈپ بېقىڭ: 7 ـ سۈرە 74 ـ ئايەت، 11 ـ سۈرە 43 ـ ئايەت، 21 ـ سۈرە 31 ـ، 74 ـ ئايەت، 38 ـ سۈرە 18 ـ 19 ـ ئايەت، 77 ـ سۈرە 10 ـ، 27 ـ ئايەت، 78 ـ سۈرە 7 ـ، 20 ـ ئايەت، 101 ـ سۈرە 5 ـ ئايەتلەر

دېڭىز توغرىسىدا 41 ئايەت بار: 2 ـ سۈرە 50 ـ، 164 ـ ئايەت، 6 ـ سۈرە 59 ـ، 63 ـ، 97 ـ ئايەتلەر، 7 ـ سۈرە 138 ـ، 163 ـ ئايەت، 18 ـ سۈرە 61 ـ، 63 ـ، 79 ـ، 109 ـ ئايەت، 25 ـ سۈرە 28 ـ، 53 ـ، 61 ـ، 63 ـ ئايەتلەر، 42 ـ سۈرە 32 ـ، 34 ـ ئايەت، 55 ـ سۈرە 19 ـ، 20 ـ، 24 ـ ئايەت، 50 ـ سۈرە 7 ـ 8 ـ، 10 ـ ئايەت.

ئۈسۈملۈك، زىرائەت 22 ئايەت: 13 ـ سۈرە 3 ـ، 35 ـ ئايەت، 6 ـ سۈرە 99 ـ، 141 ـ ئايەت، 23 ـ سۈرە 18 ـ، 20 ـ ئايەت، 80 ـ سۈرە 24 ـ، 32 ـ ئايەتلەر.

ھايۋاناتلار، ھاشارەتلەر توغرىسىدا 28 ئايەت بار: 4 ـ سۈرە 119 ـ ئايەت، 6 ـ سۈرە 38 ـ، 95 ـ، 142 ـ ئايەت، 16 ـ سۈرە 5 ـ، 8 ـ، 68 ـ، 69 ـ، 79 ـ، 80 ـ ئايەت، 22 ـ سۈرە 28 ـ، 73 ـ ئايەت، 23 ـ سۈرە 21 ـ 22 ـ ئايەت، 27 ـ سۈرە 16 ـ، 19 ـ ئايەت، 43 ـ سۈرە 12 ـ 13 ئايەت.

ھايۋان تىلى لۇغىتى: 6 ـ سۈرە 38 ـ ئايەت، 27 ـ سۈرە 18 ـ، 24 ـ ئايەت.

بارماق ئىز توغرىسىدا: 75 ـ سۈرە 3 ـ 4 ـ ئايەت.

سۈرە ياسىن قول ـ پۇت گۇۋاھ دېگەن ئايەتلەر، ماددىنىڭ جۈپلىكى، ماددىنىڭ يوقالماسلىقى توغرىسىدا 7 ئايەت بار. 26 ـ سۈرە 53 ـ ئايەت، 55 ـ سۈرە 52 ـ ئايەت، 51 ـ سۈرە 49 ـ ئايەت، 6 ـ سۈرە 59 ـ ئايەت، 20 ـ سۈرە 55 ـ ئايەت، 50 ـ سۈرە 3 ـ 4 ـ ئايەت.

ئاۋاز دولقۇنى: 23 ـ سۈرە 41 ـ ئايەت، 29 ـ سۈرە 37 ـ، 40 ـ ئايەت، 30 ـ سۈرە 25 ـ ئايەت، 36 ـ سۈرە 28 ـ 29، 49 ـ، 53 ـ ئايەت، 50 ـ سۈرە 41 ـ 42 ـ ئايەت، 54 ـ سۈرە 13 ـ ئايەت.

ئالەم بوشلۇقى قاتنىشى: 17 ـ سۈرە 1 ـ ئايەت، 53 ـ سۈرە 13 ـ 14، 28 ـ ئايەت.

سۇنئىي ھەمراھ، تېلېۋىزوردەك يىراقتىن كۆرۈشكە ئىشارەت بولىدىغان ئايەتلەر: 41 ـ سۈرە 53 ـ ئايەت، 50 ـ سۈرە 22 ـ ئايەت.

راكېتا بومبىسى: 84 ـ سۈرە 19 ـ ئايەت.

خېمىيىگە ئائىت ئايەتلەر: 17 ـ سۈرە 50 ـ ئايەت، 18 ـ سۈرە 96 ـ 97 ـ ئايەت.

زەررىچىلەرگە ئىشارەت مولكۇلا ئىلمى ئاتوم: 4 ـ سۈرە 40 ـ ئايەت، 10 ـ سۈرە 61 ـ ئايەت، 15 ـ سۈرە 19 ـ ئايەت، 99 ـ سۈرە 7 ـ 8 ـ ئايەت.

پارتلاشقا ئىشارەت ئايەتلەر: 44 ـ سۈرە 10 ـ 11 ـ ئايەت، 77 ـ سۈرە 8 ـ، 10 ـ ئايەت، 89 ـ سۈرە 21 ـ ئايەت. سۈرە نۇر، دۇخان قاتارلىقلارمۇ قۇياشنىڭ ئۆچىشى، پارتلاشقا ئىشارەت ئىدى، تاغ ۋاھاكازالار.

نۇر تېزلىكى توغرىسىدا: 2 ـ سۈرە 28 ـ، 54 ـ، 114 ـ ئايەت، 7 ـ سۈرە 143 ـ ئايەت، 9 ـ سۈرە 26 ـ، 51 ـ ئايەت، 17 ـ سۈرە 1 ـ ئايەت، 56 ـ سۈرە 85 ـ ئايەت.

ئاتموسفېرا قاتلىمى: 21 ـ سۈرە 104 ـ ئايەت، 36 ـ سۈرە 37 ـ ئايەت، 51 ـ سۈرە 7 ـ، 47 ـ ئايەت، 53 ـ سۈرە 1 ـ ئايەت، 71 ـ سۈرە 15 ـ ئايەت، 72 ـ سۈرە 8 ـ ئايەت، 76 ـ سۈرە 1 ـ، 4 ـ، 11 ـ ئايەت.

ئاتموسفېرا ھاۋا بېسىمى 6 ـ سۈرە 125 ـ ئايەت، 22 ـ سۈرە 31 ـ ئايەت، 74 ـ سۈرە 17 ـ ئايەت. بىخەتەر ئۆگزە دېگەن ئايەت.

قۇرئان گەرچە تەبئىي پەنگە ياكى بىرەر تېببىي پەنگە خاس چۈشكەن كىتاب بولمىسىمۇ مۇشۇ ئىلمى ھەقىقەتنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، تەۋھىدنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ توغرا مۇكەممەل بولغان، خاتاسى قالمىغان ئىلىم پەن ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىسال: يەرشارى ھازىر قولمىزدىكى تۇخۇمدەك يۇمىلاق ئىلىپىس شەكىلدە بولۇپ، شەك قالمىدى، مۇشۇنداق ئىلمىي ھەقىقەتنى قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى، بۇ ئىنسانغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونىتىدۇ، قايىل قىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدنى قايىل قىلغاندەك، بۇ ھەقىقەتتۇر، قۇرئان مۆجىزە، ئىلاھى كىتابتۇر، قالغىنىنى بىز تەپسىر تاللانمىسىدا تەپسىلىي سۆزلەيمىز.

بسم الله الرحمن الرحيم

## سۈرە فاتىھە

بىز قۇرئان تەپسىرىدىن سۆز تاللاشتىن بۇرۇن تەپسىر توغرىسىدا ئاز تولا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى نەزمىسى، ئۆز ئەينى قۇرئان بولىدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار توپلاپ تارقاتقان. ھازىرمۇ شۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇسخىسى بار. قۇرئان تەرجىمىسى تەپسىرىسى قۇرئان دەپ ئاتالمايدۇ. ھەم ئۇ تەرجىمە تەپسىر بىلەن ناماز جائىز ئەمەس، قۇرئان تەپسىرى ھازىر **2000** خىلغا يەتتى. بەزىسى لۇغەت، قانۇن، نازىل بولۇش سەۋەبى، ئىزاھات، شەرھى، قىيىن لۇغەتنى ئاسان قىلىش بىلەن تەپسىرلەنگەن. ئىبنى ئابباس تەپسىردەك، بۇ ئەڭ بۇرۇنقى تۇنجى تەپسىر بو لىدۇ. ئۇستازى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ۋە باشقا پىشقەدەم ساھابىلەردۇر. بۇ تەپسىرنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىن ئېلىنغان، ئىسرائىلىيە قىسسىسىگە ئىشارەت قىلىنغان جايلىرىدىن باشقا ھەممە جايلىرىغا پۈتۈن ئالىملار قېتىلىدۇ. ئىنتايىن ئاز يەردە شۇ قىسسىسىگە ئىشارەت قىلىنغان بۇنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

ئىبنى كەسىر بۇ تەپسىر ئايەت بىلەن ھەدىس بىلەن ئەسەر بىلەن قىلىنغان تەپسىرى بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئىسرائىلىيە قىسسىسى بار. ھازىرقى ئۈچ دەپتەرلىك مۇختەسەر ئىبنى كەسىرنى مۇھەممەد ئەلي سا بۇنى قىسقارتقان بولۇپ، بۇنىڭدا يوق. بۇ تەپسىر ھازىر دۇنيا بويىنچە دەرسلىك قىلىنىۋاتىدۇ.

مۇھەممەد ئەلى سابۇنىنىڭ تاپاسىر ۋە راۋا ئىئولبايان دېگەن تەپسىرى بار، بۇ تەپسىرلەرمۇ ئىلىم ئىسپاتى مۇقىم دۇنيا ئالىملىرى ئېتراپ قىلىدۇ.

جەلالەيىن قائىدە، گىرامماتىكا، بالاغەت يەنى ئىستىلىستىكا، ئۇسۇل، فىقھى قانۇن، چۈشۈش سەۋەبى، لۇغەت، شەرھى قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىر قىلىنغان، ئۇنىڭ ساۋى نامىلىق شەرھىسى بار. ئۇنىڭدا ئىسرائىلىيە قىسسىسى بولۇپلا قالماستىن تېخى بەزى ھېكايە، دەلىل ـ ئىسپاتسىز سۆزلەرمۇ بار. پەيزاۋى گىرامماتىكا، بالاغەت، ئۇسۇل، فىقھى، مەشىق قاتارلىق ئىلىم بىلەن تەپسىرلەنگەن. ئىسرائىلىيە ھىكايىسى بار شەرھى، شەيخزادە دەرسلىك قىلىنىۋاتىدۇ.

ئىئرابۇل قۇرئان مەخسۇس قۇرئاندىكى گىرامماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇننى ۋە بالاغەت، ئىستىلىستىكا ۋە لۇغەتنى سۆزلەيدۇ. قائىدىدە بۇ تەپسىرگە تايىنىمىز. بالاغەتتە، تەپسىرگە تايىنىمىز.

تەپسىر بايان، بۇ تەپسىر قىيىن لۇغەتنى ئىزاھلايدۇ، مۇندەرىجىسى ياخشى، سۆزلۈك، لۇغەت مۇندەرىجىسى بار. قۇرئاننى ئەسەر بىلەن چۈشەندۈرگىنى، تەپسىر تەبرى ،دۇررۇلمەنسۇر قاتارلىقلار

تەبئىي پەن كىرگۈزۈلگەن، يېقىنقى تەپسىردە فىزىلالىلقۇرئان، سەييىد قۇتۇب **1960** ـ يىللىرى يېزىپ

چىققان، سىياسىي ئىدىيىدە قەلبىنى تىرىلدۈرۈشتە كەسكىن، ئەسلىيەتچى بولۇپ، ئۆز ھالىتىنى ساقلايدۇ، تەبئىي پەننىڭ ئەڭ توغرا مۈكەممەل بولغىنىنى قوبۇل قىلىپ، قۇرئانغا شەرھى قىلغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى ئۇ توغرا، ھەق، خاتاسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، پەرەز بىلەن ئەمەس ئەمەل، ئىلىم بىلەن چۈشكەن، ئىنسانلار تەتقىقاتى يېڭى ئىلىم - پەن راستىنمۇ، توغرىنىمۇ، خاتاسىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ، كۆپىنچىسى گۇمان، پەرەز قىياستۇر. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلىم بىلەن قۇرئاننى ئۆز ئەينى تەپسىر قىلىشقا بولمايدۇ، ئەڭ توغرا ئىشەنچىلىك بولسا، ئاندىن بولىدۇ، مەسىلەن: ھۆجەيرە، گىن، يەرشارى، ھەرخىل گاز، قورال، بومبا قاتارلىق، بۇلاردا شەك، گۇمان قالمىدى. مىكروسكوپ، تېلېسكوپىنىمۇ سۆزلەشكە ئۇنىڭ يەكۈننى پەرەزسىز، خاتاسىز ھالدا قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ، دېدى.

لېكىن قۇرئان مۇشۇنىلا خالايدۇ، مەقسەت قىلىدۇ دېيىش خاتا، چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، يەنە قانداق ئىشلار مەقسەت قىلىنغان بۇنى بىلمەيمىز دېگەن. رازىنىڭ تەپسىر كەبىيردە تەبئىي پەن بار، **1998** - يىل نەشر قىلىنغان، تەپسىر مۇنىير بۇ تەپسىر كۆپ پەنگە لۇغەت، گراممانىكا، بالاغەت، تەپسىر فىقھى، ئەھكام، تۆت مەزھەپ باشقا مەزھەپلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. تەبئىي پەندە خېلى كۆپ سۆزلىگەن، ئەمما بۇنى يەنىلا تەنتاۋىيدىن قوبۇل قىلغان، **15** تەپسىردىن پايدىلىنىپ يېزىلغاندۇر. مۇئەللىپى فىقھۇلئىسلامىنىڭ مۇئەللىپىدۇر.

قۇرئاننى ساھابىلار ،تابىئىنلارچۈشەنگەدەك چۈشىنەي دىسەڭ تەپسىير تەبري ، قۇرتەبي

ئىبنى كەسىر، دۇررۇلمەنسۇر دەك ئەسەر بىلەن يېزىلغان تەپسىرنى چىڭ تۇت

تەنتاۋى جەۋاھىرلىرى **1925** - يىلى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تەپسىر قىلغان.

بۇ تەپسىر ئاساسلىقى تەبئىي پەن بىلەن تەپسىر قىلىنغان، **15** خىل پەندىن كۆپرەك بىلىم كىرگۈزۈلگەن، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، ئادەم ئورگانىزمى، ئاناتومىيە، يەرشارى ئىلمى، جۇغراپىيە، ئېكولوگىيە، مۇھىت، قۇرۇلۇش، ئۇچۇر، تىببىي پەن، روھ توغرىلىق پەلسەپە، ئاخىرەت، سوپىزىم قاتارلىق پەنلەر سۆزلىنىدۇ. بىز مانا مۇشۇ تەپسىردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىمىز، شۇنداقلا فىزىلال قۇرئان، تەپسىر مۇنىير قاتارلىق تەپسىردىنمۇ كىرگۈزىمىز ئەلۋەتتە، بىز سۈرە تەرتىپى بويىچە تاللاپ ماڭىمىز، ئاساسلىقى تەبئىي پەن، پەلسەپە، مۇھىم ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - ئىسپاتلار، ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزسۇن. ئامىن!

## سۈرە فاتىھەدىن تاللانما

سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ ئاساسىي، بۇ سۈرە پۈتۈن قۇرئاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپىتى پۈتۈن دۇنيا، ئاستىن ئالەم، ئۈستىن ئالەم، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ھەممىنى سۆزلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئالەملەرگە بولغان تەربىيىسى قىيامەت كۈنى، ئىبادەت، يول، دىن، تارىخ مەسىلىسىنى سۆزلەيدۇ. بىز پەقەت تەنتاۋىي نىڭ تەپسىرىدىن بىر - ئىككى سۆز تاللايمىز خالاس.

بىرىنچىدىن، ئاللاھنىڭ ئالەملەرگە بولغان رەھمىتى، كۆيۈنىشى، تەربىيىلىشى، رىزىق بېرىشى بولىدۇ، مەسىلەن، ھەسەل ھەرىسى ئاللاھ بۇنىڭغا كەڭرى باغ يارىتىپ بېرىپ ئىنسانغا زىيان يەتكۈزمەستىن بەلكى زور پايدا يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا رىزىق، ئوزۇق بېرىدۇ. ئۇ ھەرخىل چېچەكلەرنى سۈمۈرۈپ ھەسەل چىقىرىدۇ. قىشتا بولسا، شۇ ھەسەلنى ئوزۇق قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارغا زىيان ئەمەس بەلكى، پايدا كۆپ، چۈنكى، ھەسەل ھەرىسى چېچەكتىن چېچەككە يۆتكىلىپ ئۆسۈملۈكنى مېۋىلىك دەرەخنى، گۈللەرنى، قوغۇن - تاۋۇز ۋاھاكازالارنى چاڭلاشتۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق مېۋىدىن ھوسۇل ئالالايمىز، بۇ قوش رەھمەتتۇر.

ئىككىنچى، چۈمۈلە، ئاللاھ بۇ ھايۋاننى پادىشاھلىق تۈزۈم بىلەن ياراتقان بىر ئۇۋىدا نەچچە مىليارت چۈمۈلە توپلىشىپ بىر پادىشاھقا بويسۇنۇپ ياشايدۇ. بۇنىڭ ئۇۋىسى ئوردىسى، سۈرە نەملەدە سۈرەتتە بار، **16**

قەۋەتلىك بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم پادىشاھ ئوردىسى، ئارام ئېلىش ئۆيى، ئاشلىق ئامبىرى، ئەسكەر تەييار تۇرۇش، ئۆي، دەپنە ئۆيى، باللار ئۆيى، ئەسىر ئۆيى قاتارلىق جايلار بار. بەزىدە ئىككى دۆلەت چۈمۈلىسى ئارىسىدا جەڭ بىرنەچچە كۈن داۋام قىلىدۇ، خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇرۇشىدۇ، ھوقۇق، جاي، ماكان تالىشىدۇ.

چۈمۈلە تۈرى 30 خىلدىن ئوشۇق بولىدۇ، بەزى چۈمۈلىنىڭ 200دىن 400 كۆزى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ 200دىن 400 كۆز بىرگە ئىككىلا كۆز بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مىكروسكوپتا نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭايتسا ئاندىن بۇ كۆزلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، بەزىلىرى ئاشلىق تېرىپ دېھقانچىلىق قىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنى نۇرغۇن زور ھايۋاننى بويسۇندۇرۇپ يەپ تۈگىتىدۇ. ھەتتا ئىنسانىنمۇ پاراكەندە قىلىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭغا بىر مەخلۇق يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا ۋفسدەپ ئاتىلىدۇ.

چۈمۈلە، بۇ ھايۋاننى ئۇرۇشتا يېڭىپ، غەلىبە قىلالىسا، ئاجايىپ تاتلىق، شېرىنلىك ئوزۇقنى سۈمۈرىدۇ، تېخى ئىنسانلارنىڭ تاتلىق نەرسىلىرىنى يەيدۇ، ھەربىر ھايۋاننىڭمۇ رىزىقىغا ئاللاھ كېپىل دېگەن شۇ ـ دە!

ئۆمۈچۈككە كەلسەك، ئاللاھ بۇ مەخلۇققا ئەڭ ئىلغار توقۇمىچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەتكەن، ئۇ ئاغزىدىن سۈيۈقلۇق چىقىرىپ بۇ سۈيۈقلۇق، ھاۋا تەركىبىدە يىپقا ئايلانسا ئاندىن بۇنىڭدا ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىنجېنېرلارمۇ ھەيران قالغىدەك، بىر تور قاپقان توقۇيدۇ، بۇنىڭ ئاران ئالتە جۈپ كۆزى بار، ئەلۋەتتە بۇمۇ مىكروسكوپتا كۆرۈپ بايقالغان، بۇ كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ھەرگىز ئازماستىن بىر خىللا شۇنداق چىرايلىق، پۇختا ئۆي ياسايدۇ، قىش ۋاقتى قېلىنراق توقۇيدۇ، توپا ـ چاڭ قونۇپ ئۇنىڭغا يېپىنچا بولىدۇ، بۇ ئۆينى پۈتتۈرۈپ خاتىرجەم ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ ياتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاجايىپ مېزىلىك بىر تائام ئالدىغا كېلىپ بۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇ تائام بولسا، چىۋىن بولۇپ، چىۋىن ئىككى قاناتلىق ئۇچار جانىۋار، تېخى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدە 2000 دىن 4000 كۆز بايقالغان، بۇنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تەپسىرىنىڭ چىۋىن تىلىغا ئېلىنغان بابىدا سۆزلىگەن، مېھرىبان ئاللاھ ئۆيىدە جىم ياتقان 6 جۈپ كۆزى بار ئۇچالماس ئۆمۈچۈككە 4000 كۆزلۈك ئىككى قانىتى بار ئۇچار جانىۋارنى رىزىق قىلىپ بەرگەن، شۇ ئارقىلىق چىۋىندەك زەھەرلىك مىكروپ، ۋىرۇس يۇقتۇرىدىغان ئەمما شۇ مىكرو زەھەرنى تازىلاپ تۇرىدىغان بىر مەخلۇقنى يوقىتىدۇ. ئەلۋەتتە، چىۋىنىڭمۇ زور رەھمەت بار، ئىلھام بار، بۇ ھەركۈنى 80نى تۇغىدۇ. سەككىز سائەتتە بالىسىنى تۇخۇمدىن چىقىرىپ بولىدۇ. لېكىن ئۆزى خاتىرجەم كارى يوق. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن تۇخۇمنى يېپىشقاق قۇرۇت بەدىنىگە تۇغىدۇ. بالىسى چىقىپلا (سۈرە تىتىكى چىۋىنىنىڭ 4000 كوزى) تەييار ئوزۇقنى يەيدۇ ـ دە! تېزلا يېتىشىپ چىقىدۇ، ئۇ بىرگە قۇرۇت بولۇپ ئاندىن چىۋىنگە ئۆزگىرىدۇ دېگەن ئۇقۇم بېرىپ قويغان ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، پەقەت ئانىسى تۇخۇمنى شۇ يەرگە تۇغقان ـ دە! بالىسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، بىر ـ بىرىدىن خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدۇ.

چىۋىن، ھەرە قاتارلىقلار ئەلۋەتتە ياغاچچى، سەيپۇڭ، تۆمۈرچىنىڭ جايلىرىدا يوق، بۇ پەقەت قاسساپ بازىرىدا، ئۆپكە ـ زاسۇ بار يەردە بولىدۇ، مەينەت يەرلەردە، ئېغىلدا بولىدۇ. شۇ يەردىكى مىكرىپ، ۋىرۇسنى ۋە مەينەت نەرسىلەرنى تازىلاپ، ھەم شۇ يەردە تۇخۇم تۇغىدۇ، ئاندىن بۇ بەزىدە ئىنسانلارغا زور ۋابا كېسەللىنى ۋە ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەلنى يۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن، تۇبېركېلىيۇز ۋە باشقا كېسەلدەك، مېھرىبان ئاللاھ بۇنى يەنى بىر تەرەپتىن پاسكىنا نەرسىنى يەيدىغان مۆھتىنى تازىلايدىغان قىلىپ ئىنسانغا رەھمەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە، ھەرىگە ئوزۇق قىلغاندۇر، ئىنسانغىمۇ ئەجەللىك قورال قىلغاندۇر.

چىۋىن شۇنداق كۆپ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىستېمالچىسى ھەرخىل بولىدۇ، ئەگەر چىۋىن بولمىسا ئۇلار ئىنسانغا تەھدىد سالىدۇ، ئەگەر چىۋىننى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ تۇرمىسا، چىۋىنمۇ ئاپەت بولىدۇ، چىۋىننى ئۆيدە تۇرغۇزماڭ، يوقىتىڭ، لېكىن، يەرشارىدا ئۇنى قوغداڭ، ئۇ بولمىسا بولمايدۇ، ئاللاھ مېھرىباندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بۇ سۆزلەرنىڭ ھەقىقىتىنى سۈرە نەملە، نەھلە، ئەنكە بۇتتا سۆزلەيمىز، بۇ يەردە پەقەت رەخمان ۋە رەھىم ئىككى قېتىم تەكرار كەلگەچكە ئازراق بايان قىلدۇق، پۈتۈن دۇنياغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە نېمىتى تولغاندۇر،

كىشى مۇشۇنى چۈشەنسە قەلبىگە رەھمەت، نېمەت لىققىدە تولىدۇ، ئاندىن شۈكرى قىلىپ، ئىبادەتكە ئاتلىنىدۇ.

ئەمدى بىز رەببىيل ئالەمىين دېگەن ئايەتتىكى ئاللاھنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەمنى يارىتىش، پەرۋىش قىلىشىدىن بىرنەچچە كۆرۈنۈش سۆزلەيمىز. ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ھەققىي رەب ئىكەنلىكىنى سۆزلەيمىز.

بۇ ئالەم دېگەن سۆز ئادەم، ئازەردەك ئىسىم بولۇپ، ئاللاھدىن باشقا پۈتۈن ئالەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پۈتۈن مەخلۇقنى ھەتتا 70 نۇر پەردە ئەرىشە كۆرسە سەككىز جەننەت، يەتتە دوزاخ، ئاسمان، پەرىشتە، جىن، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋاھاكازالار، ھايۋان تۈرى ھازىر ئېنىقلىنىشىچە مىليوندىن ئاشتى، ھەتتا بەزىلەر 10 مىليونغا يېتىدۇ دېدى. ئۆسۈملۈكمۇ 300000 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا رەھمەت، مەنپەئەت ئۈچۈن، چۈنكى، ئۇلاردىن بىرسى يوقسا ئىنسانغا زىيىنى بار. لېكىن، ئىنسان يوقسا ئۇلارغا ھېچ زىيان بولماس، ئاشۇ ئالەملەرنى ئاللاھتائالا ئۆز رەھمەت نېمەتلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇرىدۇ.

پەرىشتىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى قىيامەتكىچە ئۆلمەس ھاياتلىققا ئىگە قىلىدۇ، دائىم زىكرى ـ تەسبىھ، ئىبادەت ئۈچۈن كۈچ ـ قۇدرەت بېرىدۇ. ھەتتا ئەرىشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرمۇ بار. ئۇلارمۇ مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ.

جىن، بۇمۇ بىر ئالەم، ئۇلارمۇ پەيدا بولىدۇ، كۆپىيىدۇ، ئۆلىدۇ، توي قىلىدۇ، قەۋم بولۇپ ياشايدۇ، بۇلارنىمۇ ئاللاھ پەرۋىش قىلىپ تەربىيە قىلىدۇ، ھەربىر ئۆسۈملۈك، دەرەخ، زىرائەتلەرنىمۇ ئاللاھ چاڭلاشتۇرۇپ، جۈپلەشتۇرۇپ، ئۇرقنى ساقلاپ ئىنسانغا ئوزۇق، رىزىق قىلىش ئۈچۈن پەرۋىش قىلىدۇ. بۇ قۇدرەتنى ئۆسۈملۈك ئىلمى قىسمىدىن كۆرۈشىمىز لازىم. جۈملىدىن ئىنسان ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بىئولوگىيىدىن كۆرىمىز، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلساق نۇرغۇن قۇدرەت ھېكمەتنى تاپىمىز. ئاددىيسى بىز كۆكۋاش (قوناقنىڭ دانلىرى قاتمىغان، سۈتلىرى چىقىپ تۇرغان ۋاقتى)ۋاقتىدىكى قوناققا قارايلى، ئاللاھ بۇنى ئىنسانلار، ھايۋانلار ئۈچۈن ئالاھىدە تەربىيلەپ يېتىشتۇرىدۇ. قوناق ئۇرۇقى خۇددى ھەممە جەھەتتىن تۇخۇمغا ئوخشاش ھەتتا ئېقى، سېرىقىدىن تارتىپ بۇنىڭ ۋە بۇغداي، ئارپىلارنىڭ ئىچىدە ھاياتلىق بار. بۇ ھاياتلىق باكتېرىيىسى **800** يىل ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ. ئوكسىگېننى سۈمۈرىدۇ، كاربون ( IV ) ـ ئوكسىد چىقىرىدۇ. يەرگە تىككەن ھامان بۇلار ئاستا ـ ئاستا يوغىناشقا ۋە كۆپىيىشكە باشلايدۇ، تەن ھۈجەيرىسى، قوۋزاق، يىلتىز، ئاتلىق، ئانىلىق دانلىرى قاتارلىقلار ھۈجەيرە كۆپىيىپ يوغىنايدۇ ـ دە! شاكالنى يېرىپ چىقىدۇ، ئانىلىق ئۆسۈپ يېتىلىپ چىقىپ ئاتىلىق ئۈستىگە ئورۇنلىشىدۇ، ئانىلىق چىشىسى ساقاللىقى شۇ ساقاللىقنىڭ ئىچى نۇر بولۇپ، ئاتىلىقىدىن يىپەكدىن ئەركەك زەررىچىسى كىرىپ چاڭلىشىدۇ، ئاندىن ئىچىدىن ئوزۇق ئېلىپ، كۆن نۇرىدىن، يامغۇردىن، يىلتىزدىن ئوزۇق ئېلىپ بىز بەرگەن ئوغۇتتىن ئوزۇق ئېلىپ ،دان ھاسىل قىلىدۇ، دېنى بىزگە، ھايۋانلارغا ئوزۇق بولىدۇ.

پۈتۈن ئۆسۈملۈك، زىرائەت مۇشۇ يوسۇندا ئەركەك ـ چىشى، بۇنىمۇ بىز ئۆز جايىدا بايان قىلىمىز. مۇشۇ ئۇسۇلدا تەربىيلىنىپ ئىنسانغا، ھايۋانغا رىزىق بولىدۇ. بۇ ئۈچى ئاجايىپ ماسلاشقان. بۇنى ھەرگىز جانسىز، ئەقىلسىز تەدبىرسىز، پىلانسىز، تەبىئەت، ماددا، شەكىل، ھەرىكەت، ئىسسىق ـ سوغۇق، سۇ، تۇپراق بۇنداق قىلالمايدۇ.

بەلكى، ئاشۇ ماددىنى پەيدا قىلغۇچى شۇ ھەرىكەتكە كۈچ، روھ، ئېنېرگىيە بەرگۈچى، شەكىلنى سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى ئاللاھ قىلغاندۇر. ئىنسانلار بۇ سۈرنى كۈندە **20** نەچچە قېتىم ئوقۇيدۇ، لېكىن، مۇشۇ تەربىينى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆلۈكتۇر. ئاللاھنى چۈشەنسە ياخشىلىقنى بىلسە قۇدرىتىنى كۆرسە، ئاندىن ئىنسان قورقىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، ئاشىق بولىدۇ، خەۋەرسىز ئىنسان قانداقمۇ ئاشىق بولسۇن، ئۇنىنچى بەتتە تۇخۇمنى يېتىشتۇرۇش، پەرۋىش قىلىش سۆزلەنگەن بۇمۇ ئەلۋەتتە بىر جۈپ بولۇشى، چاڭلىشىشى، كۆپىيىشى، ئوزۇق ئېلىشى، پۈتۈن ئۆسۈملۈككە ئوخشاش، لېكىن بۇنىڭ ئۇرۇقى قاتتىق بۇنى ئاللاھ يارغۇچىدۇر.

تۆرەلمنى تەربىيلەش

بىرىنچى ھالىتى، ~~ ئىسپېرما ھۇجەيرىسى ئىككىنچى ○ تۇخۇم، ئۈچىنچى ~ ئىسپېرما، تۇخۇم ئىچىگە ھۇجۇم قىلماقتا، پەقەت بىرسى كىرەلەيدۇ، بۇ خروموسۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى ھالىتى ⊙ چاڭلىشىش ، بەشىنچى ◎ بۆلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئالتىنچى ⊙⊙ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئەمما مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئاكىسى ياكى ئاچىسى ياكى ئىنىسى ياكى سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ قانداق بولۇپ ئىككىگە كۆپەيدى بىرسى نەدىن كەلدى بۇنىڭدىكى ھاياتلىق قەيەردىن كەلگەن، قەيەرگە بارىدۇ، بۇ بىر سىر، يەتتىنچىسى ⁘ سەككىزىنچىسى ⁘⁘ توققۇزىنچىسى **16**، **32**، **64**، **128** ۋاھاكازالار تائاخىرغىچە مۇشۇنداق كۆپىيىش بىلەن بۇ بىر نەچچە تىرلىيۇنغا كۆپىيىدۇ. بۇنىڭدىن يەتتە خىل ھۇجەيرە يېتىشىپ چىقىدۇ. ئاق قان ھۇجەيرىسى، قىزىل قان ھۇجەيرىسى، ماي ھۇجەيرىسى، سىلىق موسكۇل ھۇجەيرىسى، تالا ھاسىل قىلغۇچى ھۇجەيرە، بۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچۈن دەرسلىك بولىدىغان بىئولوگىيىنىڭ **11** - بېتىدە رەسىمى كۆرسىتىلگەن. بۇنى دۇنيا ئېتراپ قىلىدۇ. ئىسلام دۆلىتىمۇ دەرسلىك قىلىدۇ، ئەمما ئىدىيە، پەلسەپە ئوخشاشمايدۇ. بۇنى مىكروسكوپىدا كۆرگىلى بولىدۇ، ھەرقايسى مەكتەپتە تەجرىبىخانىدا بار، كۆرۈپ بېقىڭ.

## (ئىسپېرمىنىڭ پاكلىنىشىدىن باشلاپ تۇغۇلغىچە)

مانا شۇ ھۇجەيرىلەر مۇسەۋۋىر ئاللاھنىڭ يېتەكلىشى، قوماندانلىق قىلىشى بىلەن ھەرقايسىسى ئۆز جايىدا ئەزا شەكىللەندۇرىدۇ، ئۆزئارا دىيىشىۋالمايدۇ، پەقەت ئاللاھلا سۈرەتكە كەلتۈرىدۇ.

ئۆتكەنكى، ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى ئىنسان سۈرىتىگە ئوخشاشماسلىق، ھەتتا بارماق ئىزىمۇ ئوخشاشماسلىق شەرت، بۇ بىر مۆجىزە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا بالا ھەمرىيىدىن ئانا تېنىدىن قان ئارقىلىق ئوزۇق بېرىپ تەربىيلەيدۇ. ئەمما ئانىنىڭ ئوزۇقى ئوخشاش زەرەر يەتمەيدۇ. كېيىندىك نەيچىسى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. خۇددى جەننەت ئەھلىدەك سىيمەيدۇ، چىچمايدۇ تۈكۈرمەيدۇ، قۇسمايدۇ، ۋاھاكازالار. بەزىسىنى توققۇز ئايدا بەزىسىنى بىر يىلدا بەزىسى يەتتە ئايدا بىخەتەر ھالدا ئېچىتماي، سىستىماي زېمىنغا چىقىرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوزۇق يولى كىندىكى كېسىلىدۇ، كېيىن مېھرىبان ئاللاھ ئايالىلارغا زىننەت بولغان، شەيتانىنىڭ پايتەختى بولغان، باللارنىڭ ئوزۇق ئامبىرى بولغان كۆكرەكتىن، نىجىس بىلەن قان ئارىسىدىن ئاق سۈتنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ ئامبار بالاغەتكە يېتىپ، توي قىلىدىغان ۋاخ كەلمىگىچە تەييار بولمايدۇ. ئەمما بىر ياشلىق قىزنىڭمۇ بالىياتقۇسى، ئاشۇ سۈت ئامبىرى، كۆكسى بولىدۇ. ئەمما ۋاقتىدا تەييار بولىدۇ، بۇرۇن ئەمەس كېيىن ئەمەس دەل ۋاقتىدا، ئاندىن ئاللاھ دان، گۆش، ئاش، مۇئلەر بىلەن چوڭ ئىنسانلار ئوزۇقىنىمۇ خىل كېلىدىغان قىلىپ نېمەت بېرىدۇ. ھەممە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئەقلىنى ھەيران قالدۇرۇپ **21** - ئەسىردىمۇ سىرى يېشىلمىگىنى روھ، جان بۇ ئالاھىدە بىر نېمەت رەھمەتتۇر.

ئاڭ، ئۇقۇم، ئەقلى، ئىدىيە، ئېتىقاد قاتارلىق روھ مەنىۋى نېمەتمۇ سوۋغا قىلىنىدۇ. بۇ ئىلمنى ھەقىقي بىلەي دېسىڭىز بىئولوگىيىنى تەپسىلى ئوقۇڭ. ئادەم ئورگانىزىم، ئاناتومىيە رەڭلىك ئاتلاس رەسمنى كۆزىتىپ، كىتابنى ئوقۇپ چىقىڭ. «**100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈنمۇ» شۇنداق، ئاللاھنىڭ نۇرغۇنلىغان رەھمەت، نېمەتنى بايقايسىز، قۇدرىتىنى بىلىسىز، سالامەتلىكنى بىلىسىز، ھەربىر ھايۋاننىڭ كۆپىيىشىنى، جۈپلىشىشى، چاڭلىشىشى، ياشلىقى، يوقىلىشى، ئوزۇقلىنىشى، ئاشۇنداق بولىدۇ. ئىنسان ھايۋاننى تەجرىبە قىلىپ كۆرسىمۇ بولىدۇ، ئۆسۈملۈكمۇ دەل ئاشۇنداق، بۇ ئۈچىلىسى ئوپمۇئوخشاش، ھۇجەيرىدىن ماماتىغىچە، مانا بۇ ھۇجەيرە تۆرەلمە ھالەتتىكى تەربىيە.«رب»نىڭ مەنىسىدۇر

**ئاللاھنىڭ ئىنسانلار مەنپەئەتى، زىننىتى، تىجارىتى ئۈچۈن دېڭىزدا گۆھەر، مارجان تەربىيلىشى،** گۆھەر مارجان بىر خىل ھايۋاندىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرىيدۇ، بەزىدە چوڭقۇر چۆكىدۇ، گۆھەر ئۇنىڭ گۆش تېنىدە شەكىللىنىدۇ.

گۆھەر ھايۋىنىنىڭ توقۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر تور پەردىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ، ھاۋا، غىزا كىرىپ تۇرىدۇ. قۇم ۋە باشقا زەھەرلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئاشۇ تور پەردىسىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن ئېغىزلىرى بار. ھەربىر ئېغىزىدا تۆتتىن كالپۇك بولىدۇ. ئۇزىگە مۇناسىپ ماددىنى قوبۇل قىلىدۇ. زەھەرلىكنى رەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە مەجبۇرىي كىرىپ كەتكەن قۇم ياكى زەھەرلىك ھايۋان باشقا نەرسىنى ئىچىدىن بىرخىل يېپىشقاق ماددا چىقىرىپ غىلاپلايدۇ ـ دە، قاتۇرۇپ ئۆسۈپ گۆھەر ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

گۆھەر كىچىكى ماش، قوناقچىلىك چوڭى تۇخۇمدەك بولىدۇ، بۇ پارس، مېكسىكا دېڭىز قولتۇقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ گۆھەر ھايۋىنى قۇرۇقلىقتىمۇ بولىدۇ، تەنتاۋى (ر) سۇرە ئەرراھماندا سۇرەتلىرىنى كەلتۈرگەن **100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن تەبئىي پەن كىتابىنىڭ ھايۋانات ئىلمى قىسمىنىڭ **12** ـ بېتىدە رەسىمى بار، ھەتتا بەزىلەر بۇ ھايۋاننى دەرەخمىكى دەپ قالغان، بۇ ھايۋان بىلەن دەرەخ ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتتۇر. سەييد قۇتۇبمۇ بۇ گۆھەر ھايۋىنىنى مارجاننى سۆزلىگەن، نەچچە مېتىر ئۇزۇن يوغانلىقنى بايان قىلغان، تەپسىر مۇنىيرمۇ شۇنداق، مانا بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى تەربىيىتى، زىننەت ئاتا قىلىشى.

ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى نەچچە مىليارت تۇخۇمدىن چىقىدىغان قۇش تۇرلىرىنى تەربىيەت قىلىشى، تەنتاۋى (ر) تەپسىرىنىڭ **11** ـ بېتىدە مۇنداق سۆزلىگەن. توخۇ تۇخۇمىنى توك ئارقىلىق چىقىرىش ئۈچۈن قىززىق گرادۇسلۇق جايدا قويغان ئەمما، توخۇ چۈجىسى چىقماي تۇخۇم سېسىپ كەتكەن، كېيىنكى تەجرىبىدە توخۇغا ئوخشاش تۇخۇمنى چايقاپ ئۆرۈپ قويغان **20** كۈن جەرياندا چۈجە چىققان ئالىملار بۇنى قاتتىق كۆزىتىپ تەتقىق قىلغان، تۇخۇمنى چۆرۈپ چايقاپ تۇرمىغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھۈجەيرە ئوزۇقى ماددىلار بىر تەرەپكە بېسىلىپ قالىدۇ. ئىچكى قىسمىدا ھۈجەيرە ھەرىكەتسىز قالىدۇ. باش قىسمى ئۈستىدە مادا ئاستىدا قالىدۇ ـ دە، پۈتۈنلەي سېسىپ تۈگەيدۇ، باشقا ئەزامۇ مۇشۇنداق، شۇڭلاشقا **24** سائەتتە بىر قېتىم تۇخۇمنى چايقاش لازىم. ئۆرۈپ تۇرۇش لازىم، بولمىسا بىرمۇ قۇش ياكى تۇخۇم چۈجىسى چىقمايدۇ، خوش!

توخۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز، چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەقىل، تەدبىر، ئىرادە، ئىلغار كۆزۈتۈش ئەسۋابى يوق. ئانداقتا ئۇ توخىغا ۋە باشقا قۇشلارغا بۇ ئەقىلنى كىم ئۈگەتتى؟ كىم تەربىيلىدى؟ **20** كۈن ئىچىدە چايقاتقان بىر تال ھۈجەيرىنى كۆپەيتىپ نۇرغۇن ھۈجەيرىگە ئايلاندۇرۇپ ھەرخىل ئەزا شەكىللەندۇرۇپ، يېتىشتۇرۇپ چىققان كىم؟ دۇنيادىكى سانسىز نەچچە تىرلىيون تۇخۇمغا بىرلا ۋاقىتتا ئىگە بولغان كىم؟ ئۇ قۇشلارغا ئىنسانغا رەھمەت قىلغان، مەنپەئەت بىرىۋاتقان كىم؟

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدۇر.

ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ئانىلىق تۇخۇمى ئىچىدە كىچىك بولىدۇ، قۇشلارنىڭ تېنىدە چىقىپ، سىرتىدا بولىدۇ. ھەم يوغان بولىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قۇش تۇخۇمدا ئوزۇق بىرگە راسلانغان، چۈجىسى ئىچىدىن ئوزۇقنى يەپ يوغىناپ يېتىپ چىقىدۇ. ئىنسانلار، ھايۋانلار تۇخۇمى ئىچىدە كىچىك بولىدۇ، پەقەت مىكروسكوپدا ئاران كۆرۈنىدىغان ھۈجەيرە بۇلار ئوزۇقنى ئانا تېنىدىن بالا ھەمراھىدىن ئالىدۇ، بۇلارنىڭ ئوزۇقى ئانا تېنىدە، قېنىدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ بۇنى ئىچىگە كىچىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرغان تەدرىجىي يوغىناتقان، ئېغىر كەلمىگەن، زىيانغا ئۇچرىمىغان شوڭلاشقا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرىز ـ دە!

باللار ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ئاشۇ چۈجە بىلەن تۇخۇمغا، ئۆسۈملۈك بىلەن ئۇرۇققا ،شاكالغا ئوخشاشتۇر. چۈجە ئوزۇقنى يەپ تۈگىتىپ شاكالنى قۇرۇقداپ تاشلايدۇ، ئۆسۈملۈك دەرەخ ئىچىدىن ئۇرۇقدىن چىقىپلا شاكالنى، پوستىنى تاشلايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك باللار ئاتا ـ ئانىسنى قاقشال قىلىپ قويۇپ تاشلايدۇ، ئېسىت،! بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز قىلغاندۇر.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى ساقلىقنى ساقلاش بىلەن دوختۇر ۋە دورا بىلەن سالامەت تەربىيلىشى، گۇناھ قىلىپ قېلىپ تەۋبە قىلغاندىن گۇناھدىن ساقلانغان ياخشى بولغاندەك كېسەل بولۇپ، داۋالاتقاندىن كېسەللىكدىن ساقلىنىش ياخشى مۇھتىنى پاكىز ياخشى تۇتۇش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەۋزەلدۇر. كېسەل بولۇپ قېلىپ ئامال بولمىغاندا داۋاسىنى ئىزدەش كېرەك. ئەلۋەتتە ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ زېمىنغا ھەرخىل ئۆسۈملۈكنى يارىتىپ قويغان، بۇلارنىڭ تۇرى ھازىر **300000** خىلغا يەتتى،

ھەممىسىدە ئاللاھىدە مەنپەئەت، دورىلىق قىممىتى بار، كىسەلنى يارىتىشىدىن بۇرۇنلا شىپاسىنى ياراتقان، قابىلىغا قاغا ئەۋەتىپ يول كۆرسەتكەندەك مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن، ھايۋانلارنى تەجرىبە قىلىش بىلەن نۇرغۇن بىلىمنى ئىنسانغا ئىلھام قىلدى، ئۈگەتتى، شىپاسىنى، داۋاسىنى كۆرسەتتى، تېلىسكوپ، مىكروسكوپ، لازىر نۇرى، كومپيۇتېر ئارقىلىق نۇرغۇن نەتىجىنى بىلدۈردى. خام ماتېرىياللىرىنى شارائىتىنى يارىتىپ بەردى، بۇ بىلىم دورا سانائەت خەلقئارالاشتى، قاتناش قۇلايلىق بولۇپ كەتتى، ھەممىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە تەربىيىتى خالاس.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى دەرس، تەلىم بىلەن تەربىيىلىشى، شۇنچە كەڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى بىر تال كىچىك سەييارە بولغان يەرشارىدا، ھايۋانلار بىلەن بىرگە پەرقسىز ياشاۋاتقان ئىنسانغا مېھرىبان ئاللاھ چەكسىز رەھمەت قىلىپ ئەڭ ئۇلۇغ پەرشتىسى جىبرىئىلنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ساماۋى كىتابنى بېرىش بىلەن ھەدىس قۇددۇسنى بىلدۈرۈش بىلەن، ئىلىم ـ ھېكمەت بېرىش بىلەن، راستچىل چۈش كۆرسىتىش بىلەن، قەلبىگە نۇر ئاتا قىلىپ، ئاسمان ـ زېمىننى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىش بىلەن ئاجايىپ مول بىلىم، ھېكمەتنى ئۈگەتتى، ھىدايەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانلارغا ئەقىل ـ پاراسەت بەردى، سۆپسۆزۈك قەلب بەردى. قەلبىگە پۈتۈن دۇنيا سىغىپ كېتىپ تېخى ئېشىپ قالىدۇ. قەلبىدە مەنئۇى كۆزنىڭ بارلىقى ئايەت، ھەدىس بىلەن ئىسپاتلاندى، بۇ قەلبنىڭ ئەزاسى بولغان باش، مىڭە بولۇپ بۇنىڭدا نەچچە تېرلىيون ھۈجەيرە ھەرىكەت قىلىدۇ، كۆرۈشكە 600000 ھۈجەيرە تارتىپ پۇراشقىلا 10000 دىن ئارتۇق ھۈجەيرە مەسئۇل بولار. بىرەر نەرسىنى كۆرسە، بايقىسا، سەزسە دەرھال چوڭ مىڭىگە يوللاپ بېرىدۇ ـ دە، بىز كۆرەلەيمىز، ئاڭلايمىز، پۇرايمىز، بۇلارنى بىز ئۆز جايىدا بايان قىلمىز. بۇ يەردە پەقەت ئەقىل ئىلىم، دەرس، تەربىيىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن سۆزلىدۇق. دېمەك، مۇشۇ ھۈجەيرىلەر ئاشۇ بىر تال ھۈجەيرىدىن كۆپەيگەن بۇ ھۈجەيرىلەرمۇ پەيدا بولىدۇ. ئۆلۈپ تۇرىدۇ. 6 يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىپ بولىدۇ، سۆڭەكسىمان ئۆلۈك ھۈجەيرىلەر، تىرناق، چاچ، ساقال بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قارا بولۇشى پىگمىت دېگەن ماددىنى تەڭ ئالغاچ ماڭىدۇ.

ئەگەر ئاشۇ ئۆلۈك ھۈجەيرە شۇ پىگمىنت دېگەن قارا ماددىنى توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتمىسە ئادەم قاپ قارا بولۇپ قالىدۇ. زور ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ.

چېچىدا، ساقالدا تىزىلغان بۇ ھۈجەيرە ئۆلۈك بولغاچقا چاچنى ئۈچىدىن كەسسە ئاغرىمايدۇ، سەزمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئادەم مىڭىسىگە تەقلىد قىلىپ، كومپيۇتېر ياسالدى، بۇنىڭ ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىري دۇنيا بويىنچە خەلقئارا تورلاشتى، بۇمۇ بىلىم، ئۈچۈر، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. ئاللاھ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دوكتۇر، دوكتۇر ئاشتى، مۇتەخەسسىس، ئىنژېنىر، پىرافېسور، پەيلاسوپ ئالىملارنى چىقىرىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇلاردىن پۈتۈن دۇنيا مەنپەئەت ئېلىۋاتىدۇ، ھازىر ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى يەرشارىلىشىشىدىن، خەلقئارالىشىشىدىن ئالەم بوشلۇقىغا يەتتى. ھەرقايسى يىراق سىستېمىلارغا يەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئىسپاتلايدۇ، **﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسمانلارنى، زېمىننى، قۇياشنى، ئاينى، كېچە ـ كۈندۈزنى، ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە قۇلاق، كۆز، يۈرەك قىلىپ بەردى. ناھايىتى ئاز شۈكرى قىلىسىلەر، قۇلاق، كۆز، يۈرەكلەرمۇ ئايرىم ھالدا سوراققا تارتىلىدۇ﴾. (سۈرە ئىسرا)**

ئاللاھ قەلبلەردىكىنى بىلىدۇ، يەنى قەلبكە، مىڭىگە ئورۇنلاشقان ئاشۇ ھۈجەيرىسىنمۇ ھەتتا روھىي جەھەتتىكى ۋەسۋەسە خىيالنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، خەۋەرداردۇر، غەيب ئاللاھقا خاستۇر.

زەررىدىن كىچىك ۋە چوڭ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئالدىن يېزىلغاندۇر، زەررىدىن كىچىكى ئاشۇ ھۈجەيرە، مىكرو ئېلېكتېرون ، نېيترون، رودا قاتارلىقلاردۇر، مولېكۇلىلارمۇ بار، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئالەملەرنىڭ ھەقىقىي ماددىسى جەۋاھىر (زەررىچە) 13 ـ بەت. ئالەم ئاللاھدىن باشقا پۈتۈن مەخلۇقنى كۆرسىتىدۇ، ئالەم ئىككى قىسىم بولىدۇ، ئۈستۈن ئالەم ۋە ئاستىنقى ئالەم، بىرىنچىسى ئۈستۈن ئالەم بۇ 70 نۇر پەردە، بۇ نۇرنىڭ قانداقلىقىنى ئارىلىقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى مىقدارىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئەرش بۇمۇ شۇنداق، بەزىلەر ئۇنى نۇر دېگەن قىزىل گۆھەر دېگەنلەرمۇ بار، كۆرسە سەككىز جەننەت يەتتە دوزاخ يەتتە ئاسمان بۇلارنى ئۆز ئورنىدا سۆزلەيمىز.

ھازىر دۇنيا ئاسمىنىدىكى ئۇستۇن ئالەمنى بايان قىلىمىز، ئاسمان دېمەك، ئالەم بوشلۇقى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چېكىپ چىققان ئاسمانىنى يەنىلا ئاللاھ بىلىدۇ، خالاس، بىز بىلىدىغىنى پەقەت ئالەم بوشلۇقى، سامان يولى سىستېمىسى، يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى، سەييارىلەر سۇزۇك كېچىدە ئاق بۇلۇتتەك كۆرۈنگەن ئاشۇ سامان يولى سىستېمىسىدەك سىستېمىدىن نەچچە مىليارت مەۋجۇت، ئاشۇ بىر سىستېمىدىلا بىزنىڭ قۇياشىمىزدەك يۇلتۇزدىن 300 مىلياردتىن ئارتۇق يۇلتۇز بار، بەزىسى قۇياشتىن نەچچە ھەسسە چوڭ. مەسىلەن جەۋزە دېگەن يۇلتۇز جَوزۋ قۇياشتىن 25 مىليون ھەسسە چوڭ ئۇنىڭ نۇرى ھارارىتى ئالدىدا قۇياش نۇرى كۇندۇزى شام ياققانچىلىكتۇر.

ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بىزنىڭ قۇياشىمىز يەرشارىدىن بىر مىليون 300000 مىڭ( 1300000) ھەسسە چوڭدۇر. نۇر ھارارىتى بىزگە سەككىز مىنۇت 18 سېكونتتا يېتىپ كېلىدۇ. نۇر سېكۇنتىغا 300000 كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، دېمەك، بىز بىلەن قۇياش ئارىلىقى 150000000 كىلومېتىر كېلىدۇ. سامان يولى سىستېمىسىدا 300 مىليارت بىزنىڭكىدەك زېمىن، يەرشارى مەۋجۇد، پەقەت مۇشۇ يەرشارىدا بىز ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۆسۈملۈكلەر بار. قالغان يەرشارىلاردا ھاياتلىق مەۋجۇد، ئەمما قانداق ھاياتلىق بارلىقى تېخى مەلۇم بولمىدى، بۇنى بىز كېيىن ئايەت بىلەن ئىسپاتلايمىز. بەزى يۇلتۇزنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 مىليون نۇر يىلىدۇر. نۇر تېزلىكى ئەمەلىيەتتە بىر سېكۇنتتا 300 مىليون كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، خۇلاسە ئاشۇ يولتۇزنىڭ قىشىغا نۇر تېزلىكدە ئۇچۇپ 100 مىليون يىلدا بارغىلى بولىدۇ، ئالەم شۇنداق كەڭرىدۇر. (ئوربىت يۆللار)~~~

مانا بۇ ئۇستۇن ئالەم ئاللاھ يەنە كېڭەيتىۋاتىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئايەت، دەلىل (وَإِنَّالَمُوْسِعون) ئاسمانىنى (قول كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن ياراتتۇق بىز ئۇنى يەنە كېڭەيتىمىز. دېگەن ئايەت تەرجىمىدە قادىرمىز دېگەن، ئەمەلىيەتتە ئۆز مەنىسى كېڭەيتىش بولىدۇ. يۇقىرقى كۆزقاراش تەنتاۋى دىلا ئەمەس بەلكى، سەييد قۇتۇبنىڭ «فىزىلا لقۇرئان»دا ۋە تەپسىر مۇنىيردا باشقا ئىلمى كىتابلاردا بايان قىلىنغان، نۇرغۇن ئۇششاق كىتاب، رىسالىلەردە سۆزلەنگەن، بۇنى ھازىر دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ، تىلسكوپدا كۆز بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللار ئېنىقتۇر، بۇنى پەقەت خۇراپىي قورقۇنچاق، بىلىمسىز نادان كىشلەرلا ئىنكار قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ قۇرئاندا كائىنات توغرىلىق 750 ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلغان، فىقھى ئايەتلىرى 150 دىن ئىبارەت، كائىنات توغرىسىدىكى ئايەت 750 بولۇپ، 600 ئايەت ئوشۇق، بۇنىڭغا ئالىملار سەل قارىغان، ئاخىرى ئۆزى يىغلاپ ـ قاخشاپ، كاپىرلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندۇر.

مانا بۇ تەپسىر دۇنياۋى بويىچە ئەڭ ئىلغار تەبئىي پەن پەلسەپە بىلەن قىلىنغاندۇر، ھەتتا دىنسىزلارنىڭ كىتابىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بايان قىلىنغاندۇر، دۇنياۋى خەلقئارا ئالىملاردىن 20 ئالىم شۇ ۋاقىتتا تەقرىز يېزىپ قوللىغاندۇر. گېپىمىزگە كەلسەك ئاشۇ ئۇستۇن ئالەمنى الله كُنْ ۋۇجۇتقا كەل دېگەن بىرلا سۆز بىلەن قىينالماستىن ياراتقان، پۈختا ئىنتىزامغا سالغان، ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان، ھەممىسى بىز ئىنسان ئۈچۈن رەھمەت، نېمەت، تەربىيەتتۇر، ئەمما ئىنسانلار ناھايىتى ئاز شۈكرى قىلىدۇ.

بىز كېيىن يۇقىرقى ئالەم توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىمىز، چۈنكى، بۇ تەپسىر شۇ پەن توغرىسىدا ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىلا سۆزلىگەن تېخى ئۇنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇنى سىز تەبئىي پەن ساھەسىدىكى داڭلىق كىتابلاردىن كۆرۈڭ، ئالەم ئىلمى قىسمى جۇغراپىيە، ئاسترونومىيىنى كۆرۈڭ.

ئەمما ئۇ كىتابلارنى ئوقوغۇنىڭىزدا ئىدىيە، دىنى قانۇن، ئىبادەت، پەلسەپە، ھەرخىل پەرەزلەردىن ئېھتىيات قىلىڭ. دەل شۇنداق جايلىرنى مۇشۇ كىتابقا سىڭدۈرۈڭ، چۈنكى، تەنتاۋى خاتاسىنى چىقىرىپ تاشلاپ ساپ ھالدا ئىسلامي دىنلاشتۇرغان قۇرئان بويىنچە دەلىللىگەن. وَاللّٰه ۆلىم

ئىككىنچى ئاستىنقى ئالەم بۇ ئاساسىي يەرشارىي، يەرشارى ئىچىدىكى قاتلام ئاستىنقى تەھتەسەرا ۋە باشقا زېمىن 11000 مېتىر چوڭقۇرلىقتىكى دېڭىز، ئۇ جايىدىكى سانسىز ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلار نېفىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش، كۆمۈر قارتارلىق...، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈك، دەرەخلەر ئۇلاردىكى كىچىك دۇنيا يەنى ھۇجەيرە ھەرخىل ئەزا ئىچكى دۇنيا سىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى،

كۆپىيىشى، ياشلىق، قېرىلىق، يوقىلىشىغىچە ئىپتىدائىي ئىنتىھاسى بۇ دۇنيادىكى باشلىنىشى ئاخىرىدىكى يوقىلىشى يەنە ئاخىرىدا ئىككى قارارگاھقىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ مۇقەددىمىسى.

مانا بۇلار سۈرە فاتىھەدىكى بولۇپمۇ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھ دېگەن ئىككى ئايەتنىڭ مىليونلىغان تەپسىر ئىزاھاتىدىن بىر نەچچە كۆرۈنۈش خالاس، بۇنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سۈرە فاتىھە ئاللاھنىڭ سانسىزلىغان قۇدرەتلىرىنى مۆجىزىلىرىنى پۈتۈن دۇنيانى پۈتۈن ئىلىم ـ پەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بىز گەپنى مۇشۇ يەردە توختۇتۇپ، سۈرە فاتىھەنىڭ ئىزاھاتى بولغان زىچ مۇناسىۋەتتى بولغان سۈرە بەقەرەدىن سۆز تاللايمىز.

# سۈرە بەقەر

يەنى كالا بايانى سوزلىنىدىغان سۈرىدىن سۆز تاللاش.

سۈرە بەقەر مەدىنىدە چۈشكەن، **286** ـ ئايەت. ھىجرەتتىن بۇرۇن **13** يىل جەريانىدا چۈشكەن سۆزلەر، مەككىدە بولىدۇ، مەككىدە چۈشكەن بولىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن **10** يىل جەريانىدا چۈشكەن سۈرىلەر مەدىنىيە بولىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ سۈرە بەقەرە **22** ـ ئايەتتىكى كۆز قارىشى ئايەتنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق.

(ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك، كۆرپە، ئاسماننى، يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىنادەك قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلىقىنى بىلىسىلەر) (سۈرە بەقەر **22** ـ ئايەت)

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ، ئاللاھ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ئارقىلىق كائىنات ئىلمى ئارقىلىق نادان ئىنسانلارنى قايىل قىلىپ، تەۋھىدكە چاقىرىدۇ، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلغان. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمرا ئىبنى ھۇسەينگە سېنىڭ نەچچە ئىلاھىڭ بار؟ دەپ سورىغان، ئۇ **10** ئىلاھىم بار دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداقتا سېنىڭ بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشسە، چوڭ بىر ئىش بولسا، قايسى ئەڭ لايىق دېگەندە ئۇ ئاللاھ دەپ جاۋاب بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇنداقتا ساڭا ئاشۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن مانا بۇنداق مۇنازىرە قۇرئاندا بەك كۆپ، بۇ بىر ئىلىم ئارقىلىق دىنسىزلارنى قايىل قىلىش بولىدۇ.

جۈملىدىن بۇ مەسىلە تابىئىن ئالىم ئەبۇ ھەنىيفە چوڭ ئىمامدىمۇ يۈز بەرگەن ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ قېشىغا مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم دىنسىزلار كەلگەندە، ئۇ ئۇلارغا سىلەر دەپ بېقىڭلار نۇرغۇن ياغاچلار، دېڭىزغا چۈشۈپ ئۆزلىگىدىن بىر كېمىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆز ئۈستىگە ئېغىر يۈك قاچىلاپ شامالدا، دولقۇندا كېمە ھەيدەيدىغان كېمىچىسىز ھالدا ماڭىدۇ دېسە، سالامەت قالىدۇ دېسە ئەقىلگە سىغامدۇ، دېسە ئۇلار، ياق بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئاندىن سۇبھانالللا بىر كىچىك كېمىگە ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ يۇ، پۈتۈن ئالەمگە بۇ دۇنياغا قانداق ئەقىل ياراتقۇچىسىز ئۆزلىگىدىن بولدى دېسە، بىخەتەر ئىنتىزام بىلەن چۆرگىلەيدۇ دېسە، قوبۇل قىلىدۇ؟ ئەقىل بۇنىڭغا يول قويامدۇ؟ دېگەندە ئۇلار يىغلاپ كېتىپ قايتقان.

شافئى رەھمەھۇللا ئەلەي ئۈژمە قۇلىقىنى دەلىل قىلىپ **17** كىشىنى ئىمان ئىسلام ئېيتقۇزغان. چۈنكى، ئۈنىڭ دەلىلى ئۈژمە قۇلىقى، تەمى، رەڭگى، پەرقى، تەبىئىيتى بىر، ئەمما پىلە قۇرۇتى يىسە يىپەك رەخ چىقىدۇ، ھەسەل ھەرىسى يىسە ھەسەل چىقىدۇ، قوي يىسە ماياق چىقىدۇ، كىيىك يىسە ؟؟ ئەنبەر چىقىدۇ، تېخى قان ۋە باشقا ماددىغا ؟؟؟ بۇنى كىم قىلدى؟ دېگەن.

خوش **1903** ـ يىل ئىنگلىزلارنىڭ بىرلىن شەھرىدە ۋاپات تاپقان پەيلاسوف، ئالىم ھىربىرىش سىبنىر تەربىيەت دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن، تەبئىي پەن ئىلمى، تەبىئەت ئىلمى دىنغا زىت ئەمەس، دىن تەبئىي پەنگە زىت ئەمەس، دېگەن. ئۇ يەنە دېگەن ئۇستازىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دېگەن، توغرا بولغان مۇكەممەل تەبئىي پەن ئىلمى بىلەن ئەڭ توغرا دىن قوش كېزەك، ئاكا ـ ئۇكىدەك ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلسا، دەرھاللا ھالاك بولىدۇ، تۈگىشىدۇ دېگەن.

سىبنىر يەنە مۇنداق دېگەن: توغرا ئىلىم پەن بىلەن دىن بىرلەشسە تەرەققىي قىلىدۇ، دوست ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىقمۇ دىن تەرەققىي قىلىدۇ، توغرا بولغان ئىلىم ـ پەن دىننى كۈچلەندۈرىدۇ.

تەنتاۋى (رض) بۇ سۆزلەرنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن ھەققەت ئۈستىدە ئىزدىنىشۋاتقان ئىلىم - پەن بىزنى ئېرسىيەت كېسىلىدىن يۇقۇملۇق كەلگەن، خۇراپات ئالدىدا توختاپ قېلىشىدىن قۇتقۇزىدۇ، ئىلىم - پەت بىزگە كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىزگە زور ئىلىم ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن ئىسلامدىكى ئالىملارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىلمىنى كۆرسىتىپ توختايدىغان چېگرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ئاشۇ چېگرىدىن ئاشالمايمىز دېگەن.

دىمەك، كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلەلەيمىز، سىرىنى ھېكمىتىنى چۈشىنەلەيمىز، ئەمما ئاللاھنىڭ ھەققىتىنى، زاتىنى بىز يەنىلا بىلەلمەيمىز دېگەن. چۈنكى، تەبئىي - پەن ئىلمى بىزگە كائىناتتىكى ھەرخىل ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە كائىنات ئاللاھنىڭ كُنْ دېگەن سۆزى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولغان «قۇرئان» مۇ ئاللاھنىڭ سۆزى، ئاللاھ قۇرئانىنمۇ ئايەت دەپ ئاتىغان، كائىناتتىمۇ ئايەت بار دېگەن قۇرئان ئاللاھنىڭ ئەرەپ تىلىدىلا سۆزلىسە ،كائىنات ھەممە تىلدا سۆزلەيدۇ، بۇ ئىككى كالامنى بىرلەشتۈرۈش دىن بىلەن ئىلىم - پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئىلىم - پەن دېگەن ئاشۇ كائىناتتىكى تەتققات ئىلمى، تەجرىبە ئەمەلىيەتتۇر، بۇلارنى ئاللاھ ياراتقان، شۇنداقلا قۇرئاندىمۇ **750** ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان.

ئاسمانغا قاراڭلار، قايتا - قايتا قاراڭلار تائاملىرىڭلارغا قاراڭلار، ئۆزۈڭلار يارالغان سۇغا قاراڭلار، ئابىي مەنىيگە قاراڭلار، پىكىر تەپەككۇر قىلىڭلار دېگەن، بۇ بۇيرۇقلار قۇرئاننىڭ ھەممە پارىسىدا كەڭرى تېپىلىدۇ. شۇنى ئۇقتۇرۇمىزكى پۈتۈن ئىلىم - پەننى قۇرئانغا بويسۇندۇرۇش توغرا مۇكەممەل ۋايىغا يەتكەن ئىلىم بىلەن قۇرئاننى شەرھىيلەش ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئاشكارىلاپ كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىش، مۇسۇلمانلارنى ئاللاھقا ئاشىق قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئەھكام، پەلسەپە، ئىدىيە جەھەتتىن باشقا ھەرقانداق ئىلىم - پەن سانائەت بولىدىكەن مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمانلاردىن، دىنسىزلاردىن قوبۇل قىلىش، ئۆگىنىشكە بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق دىننى، ئىسلامنى، ئىسلام دۆلىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پەرز كۈپايە.

سىبىنسىرنىڭ توغرا، مۇكەممەل ئىلىم - پەن بىلەن توغرا دىن دىگىنى مۇشۇ ئىسلام دىنى بىلەن قۇرئان بىلەن ئەڭ توغرا تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھەرخىل پەرزلەردىن خالىي بولغان ئىلىم - پەن شۇ ئۆز ئەينى مۇشۇ شۇ دېگەن.

## بۇت توغرىسىدا

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق مىللەتنىڭ بۇتلىرىنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئىسىملىرى بولىدۇ. قەدىمقى كىشىلەر، پەرىشتىلەر، جىنلار، ياخشى كىشىلەرنىڭ سۈرەت ھەيكىلى، تاش، بۇتلارنى ئىستېمال قىلىپ، ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتاپ چوقۇنغان، ھازىر بۇمۇ تەرەققىي قىلىپ، يېڭىچە بىر ئىسىم قويۇلۇپ، تەبئەت دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشۋاتىدۇ، بەزىسى ھەرخىل ئاتالغۇ، مەزھەپ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، كۇمۇنىزىم، كاپىتالىزىم، سوتسىيالىزىملاردەك ھەممىسى مۇشرىك. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت جەھەتتىن، ھوقۇق، ھۆكۈم جەھەتتىن قانۇن تۈزۈم جەھەتتىن شېرىك كەلتۈرىدۇ. ھەممە ئۆز ئېتىقادىدا توغرا دەپ قارايدۇ.

ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ، قەلبى خاتىرجەم بولىدۇ، سەھرالىقلارمۇ ئۆز كۆڭلىدە بىر - بىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلمەيدۇ، ئۇنداقتا بەخت ئاشۇ ئېتىقاتقا باغلىق، ئېتىقاد، ئېتىقاد قىلىنغان ئاشۇ ھەرخىل ئىلاھ دەپ قارىلىپ كەلگەن نەرسىگە باغلىق بولسا، ئۇنداقتا قاراپ باقايلى، زادى قايسىسى بەختلىك ئاشۇ پەرىشتىلەر، جىنلار، تاشلار، يۇلتۇز، قۇياش، ئاي، ئىسسىق - سوغۇق، تۇپراق، شامال، سۇ ھەرخىل ھەممىسى ھادىسە بولۇپ، ھامىنى يوقىلىدۇ، ئاخىرلىشىدۇ. بۇلار يوقالغان ئىكەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ نەرسىگە باغلىغان ئېتىقادى يوقايدۇ، ئېتىقاد يوق بولسا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلغان مەقستى، بەختى يوق بولىدۇ، مانا بۇ، ،ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى چۈشىنىشكە ياخشى پاكىتتۇر. **ئۇلارنىڭ يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىققان، توقۇپ چىققان نەرسىسى ئۇلاردىن يوقالدى، ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى** دېگەندۇر.

ئاخىرىدا، بىر ئاللاھقا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشى مەڭگۈ بەختلىك، مۇراد - مەقستىگە چوقۇم

يېتىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ مەڭگۈ تىرىك، ئۇ يوقمايدۇ، شۇڭا، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، مەڭگۈ يوقمايدۇ، بەختىمىز مەڭگۈ يوقمايدۇ، ئەبەدىل ئەبەد مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

الحمد لله ئاھ! ئىسلام دىنى

الله ياالله! ئى الله!!!!!

**23** ـ ئايەتكە بىر نەزەر

بەندىمىز مۇھەممە ئەلەيھىسسالامغا بىز چۈشۈرگەن قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى يەنى ئۈچ ئايەت چاغلىق سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھدىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىڭلار. بۇنداق ئايەت سۈرە يۇنۇس، سۈرە هوددىمۇ بار، يا ئاللاھ.

مۇنداق دېگەن**﴿قۇرئاننى بىز چۈشۈرگەن ئۇنى بىز قىيامەتكىچە مۇھاپىزەت قىلىمىز﴾**

يەنە مۇنداق دېگەن، **﴿قۇرئان ئاللاھنىڭ ئىلىم بىلەن چۈشكەن ۋە يەنە قۇرئان لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان﴾** دېگەن، قۇرئان بارلىق ساماۋى كىتابلارغا كۈزەتچى، ھەممە بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تارىخ كەلگۈسى، غەيب قانۇن ـ تۈزۈم، ئاللاھنىڭ سۈپىتى، ئاخىرەت بارلىق كائىنات تەبئىي ـ پەن، روھ ئىچكى دۇنيا قاتارلىق.

شۇڭا، بۇ قۇرئاننىڭ ئوخششنى ھەرگىز ئىنسان ياكى جىن ئۈچ ئايەتنىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ، بىزگە بۇ ئەڭ چوڭ مۆجىزە، قۇرئاننىڭ ئاجايىپ سىرلىرى تۈگىمەيدۇ، مەڭگۈ كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. قىزىقتۇرىدۇ، قۇرئان بولمىسا بىز خۇددى ياۋايى ئىشەكتەك بولۇپ كېتەتتۇق.

سۈرە بەقەرە **29** ـ ئايەت، تەرجىمىسى، **﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە قات ئاسمان قىلىپ تاماملىدى ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾**

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەت قۇرئاندا ناھايىتى كۆپ، سۈرە مۈلۈكتىمۇ يەتتە ئاسماننى ياراتتى دېگەن، سۈرە تالاقتىمۇ يەتتە ئاسماننى ياراتتى زېمىننىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياراتتى دېگەن.

ھەدىسلەردىمۇ بەك سەھىي ھەدىسلەردىمۇ يەتتە ئاسمان يەتتە زېمىن تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، مىراج يەتتە ئاسمانغا بىر ـ بىرلەپ ئىشكنى چېكىپ ئېچىپ چىقىدۇ، بۇرۇنقىلار بۇنى ئاللا بىلىدۇ، قالغان ئالتە ئاسمان ئالتە زېمىن ئەرش كۆرپىسىدەك ئاللاھقا مەلۇم، بىز بىلمەيمىز دېگەن. **1960** ـ يىللىرى ياشىغان مۇپەسسىر سەييىد قۇتۇبمۇ فىزىلال قۇرئان دېگەن تەپسىرىنىڭ سۈرە تالاقتا بۇ يەتتە ئاسمان يەتتە زېمىن ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ يەتتە ئالەممۇ؟ يەتتە سەييارىمۇ؟ يەتتە قات ئاتموسفىرا بىلەن يەتتە پىلانىتمۇ؟ ھەقىقەتنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىز بىلمەيمىز دېگەن.

تەپسىر مۇنىيرنىڭ مۇسەننىپى ۋە ھىبەتۇززوھەيلى (رگ) ئۆز تەپسىرىدە تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلغان ۋە تەپسىرىگە ئالغان، ئەمما ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ ئالىمدۇر، ھەقىقەتنى ئاللاھ بىلىدۇ دېگەن.

ئەمدى بىز تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ يەتتە ئاسمان توغرىسىدا كۆزقارىشىنى كۆرەيلى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب ئەسلى ئۆگزە، بۇلۇت، قۇياش، ئاي قاتارلىق نېمە ئۈستۈن بولسا شۇنى ئاسمان، ساما دەپ ئاتايدۇ، ھازىرقى كىشلەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئاشۇ كۆك كۆرۈنۈشنى ئاسمان دەيدۇ، كېچىدىكى يورۇقنى بولسا يۇلدۇز دەيدۇ، ئەسلىدە ئۇ كۆك كۆرۈنگىنى خەلقئارا تەبئىي پەندە ئاتموسفىرا دېيىلىدۇ. يەنى ھاۋا، كېچىسى كۆرۈنگىنى يۇلتۇز، سامان يولى سىستېمىسى قۇياش سىستېمىسى ۋە باشقا سەييارە ھەمراھلار، نۇرغۇن يۇلتۇزلار بولىدۇ. ﴿ثم إستوي إلَى السماء وَهِيدخان﴾ يەنى ئاللاھ ئاسماننى يارىتىشقا يۈرۈش قىلدى، ئىرا قىلدى، ۋەھالەنكى ئۇ تۈتۈن، گاز، تۇمان ھالەتتە ئىدى دېگەن ئايەت.

ئاشۇ ئايەت بويىچە ئاسمان يەنى ئالەم بوشلۇقى ۋە ئۇنىڭدىكى يۇلتۇز پىلانىتلارنىڭ ئەسلى گاز تۇمان ئىدى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن سامان يولىدەك سىستېما، قۇياشلار سىستېمىسى بارلىققا كەلدى ۋە يەنە نۇرغۇن يۇلتۇز، زېمىنلار شەكىللەندى، ئۇلار نەچچە مىليون يىل ئايلىنىپ يۈردى، ئاندىن هازىرقىدەك تېلىسكوپتا كۆزۈتۈشىدە پارتلاپ تۇرغاندەك پارتلاش تۈپەيلىدىن قۇياش ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن پىلانت ئايرىلدى، مانا بۇ ئالالاھنىڭ ئاسمان ـ زېمىن بىر تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنى ئاجرىتتۇق دېگەن سۆزى شۇ. ئاندىن بىزنىڭ قۇياشىمىز ۋە ئۇنىڭ سىستېمىسى يەنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ھەمراھلار شەكىللەندى، ئۇلار بىرىنچى قۇياشقا ئەڭ يېقىنى مېركۇري ئىككىنچى، زۆھرە يەنى ۋېنېرا، ئۈچىنچىسى يەرشارى. تۆتىنچىسى مارس، بەشىنچىسى يۇپىتېر. ئالتىنچىسى ساتۇرۇن، يەتتىنچىسى ئۇران، سەككىزىنچىسى نېپتۇن توققۇزىنچىسى پىلۇتون بۇلارنىڭ تەقلىدىي سۈرىتى جۇغراپىيە ئاتلاسلىرىدا، **100** مىڭلىغان نېمە ئۇچۇننىڭ ئالەم ئىلمى قىسمىدا ئۆز ئەينى بار، كۆرۈڭ

## قۇياش ھەمراھلىرى قۇياشنى ئايلىنماقتا

بۇلارنىڭ ئوربىتىسىنى سىنئالغۇدىن كۆرۈڭ، تەپسىلىي چۈشىنىپ ئالالاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇڭ، بۇ پەرز كۇپايە.

مېركۇري قۇياشنى بىزنىڭ يەرشارىي كۈنىمىز بويىچە **27** كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىر يىلى بولىدۇ، زۆھرە، ۋېنېرا **226** كۈندە ئايلىنىپ بولىدۇ. مارس قۇياشنى **321** كۈندە ئايلىنىپ بولىدۇ. زېمىن يەرشارى قۇياشنى بىر يىلدا **360** كۈندە ئايلىنىپ چىقىدۇ، يۇپىتېر **11** يىل **313** كۈندە ئايلىنىپ چىقىدۇ، ساتۇرۇن **29** يىل **167** كۈندە ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئۇران **48** يىل **7** كۈندە، نېپتۇن **168** يىل **248** كۈندە قۇياشنى ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇنى ئەلۋەتتە تېلىسكوپ بىلەن كۈزىتىپ كومپيۇتېردا ھېسابلاپ چىققان، دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيھ **1925** ـ يىللا بۇنى يازغان، ئەمما ھازىر خۇراپىي، نادان، يالغان ئالىملىرىمىز بۇنى ئىنكار قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي ئالىم ئەمەس، خەلق ئۇلارنى نامىدا موللا، ئاخۇن، خەلىپىتىم دەپ ئاتىۋالغان، خۇددى ھەرەمنى كۆرمىگەن كىشى ھاجىم دېگەندەك.

## يۇقىرقى پىلانت، ھەمراھلارنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى قۇياشتىن يىراقلىقى

مېركۇري قۇياشتىن **36** مىليون مىيل يىراق تۇرىدۇ، زۆھرە يەنى ۋېنېرا **63** مىليون مىيل يىراق تۇرىدۇ، يەرشارى **90** مىليون مىيل يىراق تۇرىدۇ، مارس **144** مىليون مىيل يىراقتا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەييارە، ئۇششاق يۇلتۇزلار قۇياشتىن **252** مىليون مىيل يىراق تۇرىدۇ، يۇپىتېر **468** مىليون مىيل يىراقتا تۇرىدۇ، ساتۇرۇن **900** مىليون مىيل يىراقتا تۇرىدۇ، ئۇران **1714** مىليون مىيل يىراقتا تۇرىدۇ، نېپتون **2592** مىليون مىيل يىراقتا تۇرىدۇ، ئۇلا قۇياشنى ئاشۇ ئارىلىقتا چۆرگىلەپ ئايلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ ئارىلىقمۇ پەردىمۇ ـ پەردە، بىردىن قاتلىنىپ يىراق تۇرىدۇ، مېركۇرىدىن ۋېنېرا ئۈچ ھەسسە زېمىن **6** ھەسسە مارس **12** ھەسسە، سەييارىلەر **24** ھەسسە، يۇپىتېر **48** ھەسسە، ساتۇرۇن **96** ھەسسىسە، ئۇران **192** ھەسسە، نېپتۇن **284** ھەسسە، پىلۇتۇن**568** ھەسسە قاتلىنىدۇ، ئاجايىپ ئىنتىزامدە! پۇختا ھېساب، پۇختا ئورۇنلاشتۇرغان.

قۇياشنىڭ دىئامېتىر ئايلانمىسى تۇز سىزىق تەخمىنەن بىر مىليون **400** مىڭ **(400000** كىلومېتىر، بۇ يەرشارى دىئامېتىرىنىڭ **109** ھەسسىگە تەڭ، يەنى ئۇ قۇياش يەرشارىدىندىن بىر مىليون **300** مىڭ ھەسسە يوغان بولۇپ، مۇشۇ يەرشارىدەكتىن **1300000**نى سىغدۇرغىلى بولىدۇ. (خۇلاسە سان **27** قېتىم كۆپەيتىلدۇ، ھەر قېتىم شۇنداق)

قۇياشنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن $2\times10^{27}$ توننا بولىدۇ، يەرشارىدىن **330** مىڭ ھەسسە ئېغىرراق، قۇياش بىلەن يەرشارىنىڭ ئارىلىقى **150** مىليون كىلومېتىر، بۇنى نۇر تېزلىكى بىلەن تاپقان، قۇياش نۇرى يەرشارىغا سەككىز مىنۇت **18** سېكۇنتتا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى سېكۇنت كام **500** سېكۇنت بولىدۇ، نۇر سېكۇنتتىغا **186** مىڭ يىل يەنى **300000** كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇنى ھېسابلاپ **500** سېكۇنت **300000** مىڭغا كۆپەيتىلىپ **150** مىليون كىلومېتىر چىقىدۇ، ئەلۋەتتە قالغان پىلانىت، ھەمراھلارنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا ھېسابلاپ چىققان، بۇنىڭغا ئەڭ ئىلغار، دىئامېترى ئالتە مېتىر، بىر كۆزنىلا **2.5** مېتىر كېلىدىغان تېلىسكوپ ئىشلىتىلگەن، ئامېرىكا ۋىلسىن تېغىدا بار.

قۇياش سىستېمىسى، يۇقىرقى توققۇز پىلانىتتىن باشقا **2000**دىن كۆپرەك كىچىك يۇلتۇزلارنى **1500** دىن كۆپرەك قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنى **700** ھەتتا نەچچە مىڭ ئاقار يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاشۇ توققۇز پىلانىتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەمراھلىرى بار بولۇپ، بۇلارنى بىز كېيىن تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز.

تەنتاۋى «جەۋاھىر» كىتابىنىڭ **48** ـ **49** بەتلىرىدە سەمىگىزگە بىز ئازراق سۆز ھەدىيە قىلىمىز، قۇياشتىن باشقا يۇلتۇزلار ئىچىدە بىزگە ئەڭ يېقىن بولغىنىنىڭ نۇرى يەرشارىغا **4** يىلدا يېتىپ كېلىدۇ، قۇياشنىڭ بولسا سەككىز مىنۇت **18** سېكۇنتتا يېتىپ كېلىدۇ، ئارىلىقىمىز **150** مىليون كىلومېتىردۇر. تۆت يىلدا يېتىپ كېلىدىغىنى نەدە قالدى؟ سەككىز مىنۇتتا كېلىدىغىنى **150** مىليون كىلومېتىر بولسا، تۆت يىلدا كەلسە نېمە بولۇپ چىقىدۇ؟ ئۇ تېخى ئەڭ يېقىنى تۇرسا، بەزى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى **1000** يىلدىمۇ يېتىپ كەلمەيدۇ، ھەتتا **100** مىليون يىلدا ئاران يېتىپ كېلىدىغىنى بار، ئاھ ئاللاھ ﷲ ۋئم و ۋجل مانا بۇ ئاللاھنىڭ مۈلكى، پادىشاھلىقى.

شىمرۇلئەبۇر دېگەن يۇلتۇزنىڭ نۇرى بىزگە توققۇز يىلدا يېتىپ كېلەلەيدۇ، نەسرۇتتائىر يەنى ئۇچار قۇش دېگەن يۇلتۇز نۇرى **14** يىلدا كېلىدۇ، نەسرۇلۋاقىئەنىڭ نۇرى بىزگە **30** يىلدا، ئېيىقلار يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ نۇرى **32** يىلدا يېتىپ كېلىدۇ، سىماك رامىھنىڭ نۇرى **50** يىلدا يېتىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئارىلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم، يۇلتۇزلار ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم، (سۈرە ۋاقىئە) دېگەن ئاللاھ راس سۆزلىگۈچىدۇر. ئالىملار، يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقىنى، مىقدارىنى، نۇرىنىڭ، يورۇقلۇقى بىلەن قاتارغا تىزغان تولۇق نۇرلۇق، چىمىلدىمايدۇ، بۇ تۆت شەئىر، نەسر، سىماك دېگەندەك ئىككىنچى قاتاردا **27** بار، ئۈچىدە **73** بار، تۆتىدە **189** بار، بەشىنچى مەرتىۋىدە **650** ئالتىنچىدە، **220** يۇلتۇز بار، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش زىيادە قىلىپ مېڭىپ ھەتتا ئۇلارنىڭ سانىنى **224** مىليونغا يەتكۈزدى، **300** مىلياردتىن ئاشتى دېگەن نۇر مىقدارى بىلەن ھېسابلاپ، تېخى ھازىرغىچە ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ، چۈنكى، نۇرى بارا ـ بارا ئاشكارا بولىدۇ، بۇلارنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئۆلچەملىكتۇر.

بۇلار يەنى سۆزلەش ئاللاھنىڭ مۈلكى، پادىشاھلىقى، قۇدرىتى، ھېكمىتىنى بىلدۈرۈش. چۈنكى، بىزنىڭكىدەك يەرشارىدىن **300** مىلياردتى ئالەم بوشلۇقىدا ئايلىنىپ يۈرىيدۇ، ئاشۇلارنىمۇ ئاللاھ ئىنتىزامغا، ئوربىتىغا سالغاندۇر، ئۇ جايدىكى ھاياتلىق مەسىلىسىنى بىز كېيىن سۆزلەيمىز، مانا بۇ ئاسمان ئۈستۈن ئالەم بولىدۇ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى تېخى كېيىن يەنە تونۇشتۇرىمىز. بىز ھازىر شۇ **1925** ـ يىلدىكى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيھنىڭ ئالدىغا ھەرخىل سوئال چۈشكەن، شۇ سوئالدىن بىر ئىككىنى سۆزلەيمىز.

تەنتاۋى مۇنداق دەيدۇ، مەن تەپسىرنى يېزىپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە مېنى بىر ئالىم زىيارەت قىلىپ كەپتۇ، ئۇ كىتابىمنى ئوقۇپ كۆرۈپ، بەللى سەن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، جامالىنى، كامالىنى، ئوبدان سۆزلەپسەن، ئەمما سەن قۇرئانغا خىلاپلىق قىپسەن دېدى.

مەن ئۇنىڭغا قانداقچە خىلاپلىق قىلىپتىمەن دىسەم، ئۇ مۇندا دېدى.

سەن پىلانىت سەييارىلەرنى خالىي بىر بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلىدۇ دەپسەن، دېدى، مەن ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتتە ئۇ خالىي بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئۇ بىر ئەسىر دەپ ئاتىلىدىغان يەنى ۋاكىئوم دەپ ئاتىلىدىغان تەسىر كۈچى بار ئاجايىپ مۇستەھكەم بىر ئالەمدە تارتىش كۈچى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، چۈنكى، بۇنى قەدىمقىلار مۇنداق ئىسپاتلىغان، خالىي بوش ئورۇن يوق، چۈنكى، بىز تەسەۋۋۇر قىلساق يا

نۇرنى يا قاراڭغۇلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلمىز، يا ئىككىلىسى ھادىسە بولۇشى كېرەك، يا ئىككىلىسى ئەسلى بولۇشى كېرەك، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرى ھادىسە بىر ى ئەسلى بولۇشى كېرەك، ئىككىلىسى ھادىسە بولىدۇ دېسەك، يەنە بىرى ئەسلى بولمىسا ھادىسە مەۋجۇت بولمايدۇ، ھادىسىنى پەيدا قىلغۇچى ئەسلى ئەزلى بولۇشى لازىم، ئۇنداقتا ئىش ئېنىق بولدى، ئالەم بوشلۇقىدا خالىيلىق، بوش ـ باكارلىق يوق دېگەن.

ھازىرقىلار بىرىنچىدىن تارتىش كۈچىنى ئىككىنچىدىن ئوربىتىنى ئۈچىنچىدىن نۇرنى دەلىل قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار رادىئو، تېلېفون، ھەتتا سىمسىز تېلېفون كەشىپ قىلدى.

دىمەك، ھېچيەر خالىي ئەمەس، ئۇ پىلانىتلار مۇقىم بىر تەسىر كۈچى بار، تارتىش كۈچى بار جايدا ئايلىنىدۇ، ئۇ ئالەمنى ئاللاھلا بىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنى بىز كۆرمىدۇق، ھەم مىقدارىنى، ھاۋانى بىلگەنچىلىك بىلمىدۇق، ئەمما، ئۇ مەۋجۇد، تەسىر كۈچى، تارتىش كۈچى بار. ئەگەر ئاشۇ سىستېمىلارنى، ئاشۇ پىلانىتلارنى، يەرشارىنى پولات ئارغامچىدا ئايلاندۇرسا بىر نەچچە يىلدا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ ئەسىردىگەن ئالەم ھېچنېمە بولماي نەچچە مىليون يىل ئايلاندۇرىۋاتىدۇ، بۇ بىر قۇدرەت، كۈچ، ئىلاھى كۈچدىن كەلگەن، ئۇ زاتنىڭ زاتى زاھىرئەمەس باتىندۇر، قۇدرىتى، ھېكمىتى، زاھىردۇر دېدىم، ئۇ سەللەمنا دەپ قايىل بولدى.

ئاندىن ئۇ، ئۇنداقتا يەتتە ئاسمان دىگىنى قانداق سۆز بۇنى چۈشەندۈرگىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن پىشقەدەم مۇتەخەسسىلەر، ھۆكمالار مۇنداق دېدى، ئاللاھ يەتتە دېگەن بولسىمۇ بۇ يەتتىدىن كۆپ ئەمەس دېگەن بولمايدۇ. يەتتىدىن كۆپ بولۇشنى چەكلىمەيدۇ، بۇ بىر سان خالاس، مەيلى ئۇ يەتتە بولسۇن ياكى **70** ياكى مىليون بولسۇن، بەرىبىر ئۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، جامالىنى، كامالىنى كۆرسىتىدۇ، ھەقىقەتنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىزگە يەتتە دېگەن ساننى بېرىشى يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلانسۇن، ھېكمەتنى، قۇدرەتنى تاپسۇن دىگىنى، ئاشۇ يەتتە دېگەن ساندا توختاپ قالمىسۇن، تەپەككۇرنى يۇقىرى قىلىپ ئۆرلىسۇن دىگىنى، شۇڭا، ئاللاھ كۇرسىنىمۇ، ئەرشىنىمۇ سۆزلىگەن، ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ۋاقتى، ئورنى بار. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراقتا تارتىلمايدۇ.

ئىمام غەززالى «تەھاپەتۇلپەلاسسىپە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن، پۈتۈن ئالەمنىڭ ھادىسىسى يەنى پەيدا بولغانلىقى مۇقىم بولسا، ئۇنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ئىسپاتلانسا ھەممىگە كۇپايە، مەيلى ئۇ يۇملاق بولسۇن، ياكى تۆت چاسا، ياكى ئالتە بۇلۇڭ بولسۇن بەرىبىردۇر، مەيلى ئۇنىڭ سانى يەتتە بولسۇن، ياكى **13** ئاسمان قەۋىتى، يۇلتۇز سانى بولسۇن، بەرىبىردۇر، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، جامالى، كامالى خالاس، ئانارنىڭ سانى پىيازنىڭ قەۋىتى بىلەن ئوخشاش باراۋەر دېگەن. مەيلى يەتتە بولسۇن ياكى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، سىنى، ئاللاھنى تونۇشىدىن، قۇدرىتىنى بىلىشىدىن، تەپەككۇر قىلىشىدىن، تەتقىق قىلىشىدىن ئۇ توسمىسۇن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ مەخلۇقى خالاس، قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ خالاس دېدىم. ئۇ ماڭا سەن ھازىرقى يېڭى ئىلىم ـ پەننى بەك قوللايدىكەنسەن، شۇنداقمۇ دېدى؟

مەن ئۇنىڭغا، سۇبھاناللا ئاللاھ پاكتۇر، يا دوستۇم، مەن مەيلى قەدىمقى بولسۇن مەيلى ھازىرقى بولسۇن ھەقىقەت بولسا، قۇرئانغا ئۇيغۇن بولسا، نەقلى ۋە ئەقلى دەلىلى بولسا، قوللايمەن، ئەمەلىي ئىسپاتتا ھۆرمەت قىلىمەن، بۇرۇنقىلارنى قوللاپتۇق ۋاھالەنكى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ سۆز ئىسپاتىنىڭ كۆپىنچىسى باتىل چىقتى، قۇرئان ھەقىقەتكە يېقىنمۇ كەلمىدى، ئەمەلىيەتكە زىت بولدى، ھازىر تەبئىي ـ پەن ھادىسى چىقتى، بۇنىڭمۇ ئەلۋەتتە خاتا، باتىل، دەلىل ـ ئىسپاتسىز تەرىپى بار، بىز بۇنى شاللاپ مۇكەممەل، توغرىلىق دەرىجىسى يۈزدە ـ يۈز بولغاننى قوبۇل قىلىمىز، شۇ ئارقىلىق قۇرئاننى شەرھىيلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلالايمىز.

چۈنكى، ئاللاھنىڭ سانائىتى، قىلىقى، ھېكمىتى، ئىلھام قىلىشىغا قۇرئاندەك كىتابقا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە زىت، مۇخالىپ ئەمەس، بەلكى، مۇۋاپىق تەتبىقلىنىدۇ، تەتبىقلاش، قۇرئان مۆجىزىسىنى كۆرسىتىپ، قەلبنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىدۇ دېدىم.

ئۇ ماڭا، ئۇنداقتا ھازىرقى تەبئىي ـ پەن نېمە ئۈچۈن قۇرئانغا بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا بىرىنچى، ئاللاھ قۇرئاندا سۈرە نەھلدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَ يخلق مالا تعلمون﴾ ئاللاھ داۋاملىق سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ دېگەن. ئاللاھ خالىق، كۈللى شەيئى، ھەممىنى ئاللاھ يارىتىپ كەلدى، كەلگۈسىدىمۇ بىز بىلمىگەننى يارىتۇدۇ، ھىلىھەممۇ بۇرۇنقىلار بىلمىگەننى ئاللاھ ياراتتى، نەچچە يۈز ئىلىم، كەشپىياتنى ئۆگەتتى، بۇندىن كېيىنمۇ يەنە يارىتىدۇ، ھەتتا جەننەتتىمۇ يارىتىپ تۇرىدۇ، تەبئىي پەن، يېڭى ئىلىم بىزگە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنىڭ كەڭرىلىكىنى ھەتتا ئىدراكىمۇ تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپلىكىنى، سانى بۇرۇنقىدىن 18 مىڭ دېگەن سان بىلەن چەكلەنمەي نۇرغۇنلىقىنى بىلدۈردى، مەسىلەن، ھازىر ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ھايۋان تۈرى، 300000 دىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك تۈرى تېپىلدى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، ھەممىنى رۇشەن كۆرگىلى بولىدىغان، ھاۋادا، ئالەمدە قاتنىغىلى بولىدىغان بولدى، بۇ قۇرئاندىكى ئاسمانلاردا، زېمىندا ئۇلار ئارىسىدا ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە دەلالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەر بار، دېگەن سۆزگە ۋە باشقا نۇرغۇن قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتكە ئۇيغۇن، قەدىمكىلەر بۇرۇنقى ئالىملار پىلانت، يۇلتۇزلار تۈگىمەيدۇ، يوقىمايدۇ دەپ چۈشىنىپ كەلگەن، ھازىر بولسا، يۇلتۇزلامۇ، پىلانىتلارمۇ ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكتەك يوقىلىپ تۇرىدۇد، يەنە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

بۇ مۇنۇ ئايەتكە ئۇيغۇن، قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا ۋە يەنە ھەممە يوقىلىدۇ، پەقەت ئاللاھ مەڭگۈ باقىي دېگەن ئايەت، ئاسمان ـ زېمىن ئالمىشىپ قالىدۇ، دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇن كەلگەن، ئۇ كىشى ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرگىن، خۇلاسىلەپ بەرگىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا، بىرىنچى، ئىنسانلار ئاسماننى بىرلا دەپ كەلدى، ھەم شۇنداق كۆردى، ئىسلام دىنى بولسا ئۇنى يەتتە دېدى، پەلسەپەچىلەر ئۇنى توققۇز دېدى، قەدىمقى مۇسۇلمانلار، بۇرۇنقى پەلسەپەگە ئەگىشىپ ئاسمان يەتتە، ئەرش، كۇرس مەڭگۈ باقى تۇرىدىغان ئۆزگەرمەس پەلەك دېدى، بۇنىڭغا پەيلاسوپ ئىنجىلى ئەگىشىپ ئاسمان توققۇز دېدى، يېڭى ئىلىم ـ پەن بولسا، ئۇ قەدىمقىلار سۆزلىگەن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئۇلۇغلىقىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ سۆزلىدى، ۋە ئەمەلىيەتتە ئەقلىنى ھەيران قالدۇردى، قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەپ ئولتۇرماي ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈردى، بۇرۇنقىلارنىڭ سۆزلىگەن كۈچ ـ قۇدرەت نەزەرىيىسى ھازىرقىنىڭ ئالدىدا تاغ ئالدىدىكى سويمىدەك، تاشتەك، قۇياش ئالدىدىكى شامدەك بولۇپ قالدى، ئۇلار شۇنداق ئارقىدا قالدى، ئاللاھ راست سۆزلىگۈچى ئاللاھ سىلەر بىلمىگەننى يارىتىدۇ دېگەن ئەمەسمۇ؟

ئالەمدە خالىي بوش ئورۇن يوق بۇنىڭغا ھەممە ئىتتىپاقتا كەلدى، ھازىرقى ئىلىم بۇنى قوللايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاسمان يەتتە، ھازىرقىلارمۇ ئىنكار قىلمايدۇ، بۇ ھەق بەزىسى ـ بەزىسى ئۈستىدە قەۋەتلىكدۇر، بۇ يەتتە ئالەمدۇر، قالغىنىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ھازىرقى ئىلىم ـ پەن، ئالەم چوقۇم يوقىلىدۇ، تۈگەيدۇ، ۋە ياكى يەنە بىر ئالەم قۇرۇلىدۇ دەپ ئىتتىپاقتا كەلدى، بۇ قۇرئانغا بەكمۇ مۇۋاپىق بولۇپمۇ چوڭ مۆجىزە. مانا مۇشۇ سەۋەبدىن مەن قۇرئاننى تەبئىي پەن ياكى ئىلىم بىلەن شەرھلىدىم، ئەمما مەن بۇلارنى قۇرئاندىن ئۈستۈن قويغۇنۇم ئەمەس، چۈنكى، كەلگۈسىدە بۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن مەزھىپىمۇ باتىل بولۇپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن، چۈنكى، ئاللا بىز بىلمىگەننى يارىتىپ تۇرىدۇ، قۇرئان مەڭگۈ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ شەكسىز پەرەزسىز، گۇمانسىز ھالدا ئاللاھنىڭ راس، ھەق سۆزىدۇر. خاتاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، مېنىڭ بۇ ئىلىم ـ پەننى تەتبىقلىشىم، قۇرئانغا بويسۇندۇرۇشۇم، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىشىم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان بىلەن زىت ئەمەسلىكىنى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭمۇ ھەقىقەتچى، تەتقىقاتچى ئىكەنلىكىدىن، پەلسەپە قارىشىنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئىلىم ـ پەندە نەتىجە قازىنىپ دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، قۇرئاننىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس مۆجىزە بولۇپ، ھەممىگە يول كۆرسەتكۈچى ھەقىقىي نۇر، گۆھەرلىكىنى بىلدۈرمەكچى خالاس، دېدىم. ئۇ ئالىم ماڭا ئۇنداقتا، مەن خاتىرجەم بولدۇم، قەلبىم ئارام تاپتى، ماڭا نۇرغۇن پايدا بەردىڭ، ئەمدى، مەن سەندىن ئاخىرقى بىر سوئال سورايمەن، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىر ئاسمان دېمەي يەتتە ئاسمان دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار بىرنىلا كۆرىدىغان تۇرسا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دېدى.

مەن ئۇنىڭغا مېھرىبان ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ئاشۇ بىرلا ئاسماندا توختاپ قالمىسۇن دەپ، يەتتە دېگەن، تېخى كۇرسى، ئەرشىنىمۇ 70 نۇر پەردىسىمۇ تىلغا ئالغان، بۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى

ئۆسىدۇ، ھەم شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ ـ دە، ئاللاھنىڭ مۈلكى، قۇدرىتى شۇنداق چەكسىز ئىكەن، ئۆزى قانچە ئۇلۇغ ھە! دەپ شۇ يەردە ئەرش، كۇرسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەلمىگەن يەردە ئاللاھنىڭ زاتىنى تەپەككۇر قىلماي توختايدۇ، قورقىدۇ، ھەيران قېلىپ سەللەمنا دەپ بويسۇنىدۇ، باشقا پەيلاسوپلارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ، قۇرئان مۇشۇ جەھەتتىن مۆجىزە بولۇپ، ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن كامالى، قۇدرىتى، سۆزى بىر ئىكەن دەپ، ئارىلىقتا زىتلىقنى تاپمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلبىدىن قايىل بولىدۇ ـ دە! ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ، مېنىڭمۇ بىر مەقسىدىم ئاللاھنىڭ كامالىنى، جامالىنى، قۇدرىتىنى تونۇتۇپ، ئاللاھقا ئاشىق قىلىشتۇر، بويسۇندۇرۇشتۇر، شۇنداقلا دۇنيادىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر جەھەتتىن غالىپ، ئۈستۈن تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىشتۇر، دېدىم. والله ۋىلم الچمدلله والپلاه ىلۇ رسول الله

ئاللاھ يەرشارىغا خەلىپە قىلغان بۇ ئىنساننىڭ ئالەملەرگە ئوخشىشى، قەدىمكى ئالىملار ئىنساننىڭ جىسمى بىلەن روھىنى بۇ كەڭرى ئالەمگە ئوخشاشتقان، روھ، نەپسى ھەممىگە قۇماندانلىق قىلىدۇ، ئۇلارمۇ مۇنداق دېدى، جىسىم تۆت قەۋەت تۆت تەبىقە، بىرى زېمىنغا ئوخشايدۇ، بىرى سۇغا ئوخشايدۇ، بىرى ھاۋاغا ئوخشايدۇ، بىرى نۇرغا ئوخشايدۇ.

زېمىننى سۇ، سۇنى ھاۋا، ھاۋانى نۇر قورشاپ تۇرىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك ئىنسان جىسمىدىكى ئىككى پۇت، زېمىندۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە قارا ئالغىنى سۇ يەنى ئۈچەي، ئاشقازان، ئۇنىڭمۇ ئۈستىدە ھاۋا يەنى ئۆپكە ھاۋاسى، ئۇنىڭمۇ ئۈستۈنكى نۇر، كۆز نۇرى، قۇلاق ئاڭلىشى، بۇرۇننىڭ پۇرىشى، تىلنىڭ تېتىشى، قولنىڭ تۇتىشى، ئەقىل ـ پىكىرنىڭ نۇرى، مانا بۇ نۇر، روھ نۇرى، ئەقلى نۇر ھەممىنى باشقۇرىدۇ، دېگەن، ۋە يەنە مۇنداق دېدى، ئالەملەردە تۇتۇن، گاز، شامال، يامغۇر، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھاياتلىقلار بار، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىنسان جىسمىدا ماڭقا، بۇرۇن سۈيى، ياش، تۈكۈرۈك، يەل، يۆللۈك مەۋجۇت نۇرغۇنلۇق ھايۋانلار بار، جەسەت، زېمىنغا ئوخشاش، سۆڭەك تاغقا ئوخشاش، مىڭە ئالتۇن گۆھەر تاغقا كاڭغا ئوخشاش، قورساق دېڭىزغا ئوخشاش، ئۈچەيلەر دەرياغا ئوخشاش، قان تومۇرلىرى، كىچىك ئېرىققا ئوخشاش، گۆش تۇپراققا ئوخشاش، تۈك، ئۆسۈملۈككە ئوخشاش، تۈك ئۈنگەن جاي ياخشى زېمىنغا، تۈك ئۈنمىگەن جاي قاتتىق زېمىنغا، تىنىشى شامالغا ئوخشايدۇ، سۆز قىلىشى ھاۋانىڭ تاراقلىشىغا، ئاۋازغا گۈلدۈرمامىغا، كۈلىشى نۇرغا، يىغلىشى يامغۇرغا، غەم ـ خاپىلىقى كېچىگە، ئۇيقىسى ئۆلۈمگە، ئويغىنىشى، ھاياتلىققا، ياش ۋاقتى باھارغا، ئوتتۇرا ياش ۋاقتى يازغا، يېتىلگەن ۋاقتى كۈزگە، بەك قېرىلىقى قىشقا ئوخشاش، تەمبەل، گۈزەللىكى باغ، ئۆسۈملۈك چېچەكلىرىگە ئوخشاش، كېسەل بولغان ۋاقتى ئالماش ۋاقتى، كۈزدىكى سارغايغان غازاڭغا، مۇلايىملىرى ئالتۇنغا، بېخىللىرى چۆيۈنگە ئوخشاشتۇر. نەپسى، روھى بولسا، يەنى ئەقىل قۇماندان، پادىشاھدۇر. ئۇنىڭ بەش خىزمەتچىسى بار، ھەربىرى ئايرىم ـ ئايرىم خەۋەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بىرسىدىن بىرسى خەۋەرسىز، مەسىلەن، كۆز سېزىش ھەرخىل رەڭلەرنى، ھەرىكەتلەرنى، جىمجىتلىقنى، قاراڭغۇلۇقنى، يورۇقلۇقنى، نۇرنى بەكمۇ يىراق پىلانىت، يۇلتۇزلارنى، جىسىملارنى يۇقىرىغا يوللايدۇ، بۇنىڭ ئىشىدىن قۇلاق، بۇرۇن خەۋەرسىز ھەم قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ، قۇلاق بولسا، ھاۋا ھەرىكىتى، ئاۋازنى، ئىنسان ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئالەم ئاۋازىنى يەتكۈزىدۇ. بۇرۇن پۇراشنى يوللايدۇ، سۈرەتنى يا ئاۋازنى تونىمايدۇ، ئۇ پەقەت خۇشپۇراق ياكى سېسىق پۇراقنى بىلەلەيدۇ، ئاندىن بۇرۇندىكى **10000** ھۈجەيرە چوڭ مىڭىگە يوللايدۇ، باشتىلا ئەقىل، روھ ھېس قىلىپ ھۆكۈم قىلىپ ئايرىيدۇ، ئاچچىق، تاتلىق، چۈچۈك، لاۋزا، قىززىق، سوغۇقنى تېتىيدىغان تىلمۇ شۇنداق باشقا ئەھۋالدىن خەۋەرسىزدۇر، قىززىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق، يۇمشاق، قاتتىقنى سېزىدىغان قولمۇ شۇنداق، ئۆز خىزمىتىدىن باشقىنى قىلالمايدۇ، ھەممىگە روھ، ئەقىل نۇرى ھۆكۈم قىلىدۇ، بۇنى قەلب باشقۇرىدۇ.

مانا بۇ ئىنسان، مانا بۇ خەلىپە، مانا پەيلاسوف، ئاجايىپ قۇدرەت، ھېكمەت، رەھمەت، نېمەتتۇر، ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇتتۇر، سۈرە مۈلۈكتە رەھمان تائالانىڭ يارىتىشىدا ئېگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن دېگەن ئايەت بار. ھەممە كائىنات بىر ـ بىرىگە پەيدا بولۇشىدا، جۈپلىكىدە، كۆپىيىشىدە، ياشلىقىدا، قېرىشىدا، يوقۇلىشىدا، يەنە قايتا پەيدا بولۇشىدا ئوخشاش، ئۇنداقتا ئىنسان چوقۇم يەنە يارىتىلىدۇ.

ھەربىر ھايۋاندىكى تەبئىي خۇسۇسىيەتنىڭ ئىنسانلاردا تېپىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشاپ كېتىشى، ئىنسان بەزىدە ئىت، مۈشۈكتەك خىزمەت قىلىپ بېقىندى بولۇپ، نەپ ئالىدۇ، بەزىدە ئۆمۈچۈكتەك ھىيلە بىلەن قورقىتىپ، نەپ ئالىدۇ، بەزىدە شىر ـ يولۋاستەك غەلىبە بىلەن ئالىدۇ، بەزىدە توشقاندەك، قۇشقاچتەك ھالاكەتتىن قاچىدۇ، بەزىدە كىرپىدەك قورال ئىشلىتىدۇ، بەزىدە چاشقاندەك قورغانغا بېكىنىۋالىدۇ، ئۇ يولۋاستەك باتۇر، توشقاندەك قورقۇنچاق، خورازدەك سېخىي، ئىتتەك بېخىل، بىلىقتەك ئىپپەتلىك، قاغىدەك پەخىرخور، يىلپىزدەك ۋەھشىي، كەپتەردەك خاتىرجەم، مۇلايىم، تۈلكىدەك ھىيلىگەر، قويدەك سالامەت، يۇۋاش، كىيىكتەك چاققان، ئېيىقتەك ئېغىر مىس ـ مىس، پىلدەك چوڭ سۆپەت، ئىتتەك خار، بېلىق قۇشىدەك قاراقچى، تورزدەك گۈزەل، ئەمما ئازغۇن، ئۆردەكتەك يول باشلىغۇچى، تۆگە قۇشىدەك ئازغۇن، ھەسەل ھەرىسىدەك ماھىر، تۆگىدەك مېھرىبان، ئېشەكتەك ھەسەتخور، قېچىردەك قىزغانچۇق، بۆرىدەك ھىلىگەر، كالىدەك نەپ بەرسە چاشقاندەك زەرەر سالىدۇ، توڭگۇزدەك جاھىل، نادان، نىجىس، يىلان ـ چاياندەك زەھەرلىك، ھالال قۇشىدەك شىپالىق، زىراپىدەك مەنمەنچى، مۇتەكەببىر، ۋەھشىي ئېشەكتەك ياۋايى، ئېشەكتەك قېلىن، كىلەدەك چاپلىشاڭغۇ، كاككۇكتەك ئىلانچى، مۈشۈكياپىلاق، شەپەرەڭدەك بۈركۈتتەك كۆزى ئۆتكۈر ۋاھاكازالار. رەھمان تائالانىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن دېگەن، ئاللاھ بەكمۇ راس سۆزلىگۈچىدۇر.

بۇ تەڭپۇڭلۇقنى، ئوخشاشلىقنى، ماسلىقنى پەقەت ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ ھىلىھەم قىلالايدۇ. ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئوخشاشتۇر، مەسىلەن، ئۆسۈملۈكتىمۇ ھەم ئىنسانلار خۇسۇسىيىتى تېپىلىدۇ، پەيدا بولۇش، جۈپلىشىش، كۆپىيىش، ياشلىق، قېرىلىق، كېسەل، ئاپەتكە ئۇچراش، يوقىلىش، يەنە قايتا پەيدا بولۇش، يارىلىش، سۇغا ۋە باشقا ماددىغا موھتاج بولۇش، گۈزەل بولۇش، سەت بولۇش، چىڭ، قاتتىق بولۇش، يۇمشاق بولۇش، چوڭ ـ كىچىك بولۇش، شىپالىق بولۇش، زەھەرلىك بولۇش، پايدا، ھوسۇل بېرىش، زىيان سېلىش، ھەتتا كۆچۈش ئەھۋالىغىچە ئوخشاش بولىدۇ، رەڭگىمۇ شۇنداق.

ئىنسانلاردىكى ئەخلاق تۆت خىل بولىدۇ. ئادەم قىسىسىسىدىن ئېلىغان ئىبرەت.

بىرىنچىسى، كەسپىي ئادەتلەنگەن ئەخلاق كەسپىدە بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىلمىي ئەخلاق، ئىلىم ئېلىش، بېرىشىدە بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئېتىقاد، كۆزقارىشىدىكى ئەخلاق يەنى ھەرخىل مەزھەپ ۋە دىن.

تۆتىنچىسى، ئىرادە ۋە ئەمەل ئىختىيارلىقىدىكى ئەمەلىي ئەخلاق، ئىنسانلار ئارا كەسپىي ئەخلاق، ياخشى ئەخلاق ۋە ناچار، يامان ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ياخشى ئەخلاقنى بىز بۇ يەردە سۆزلىمەيمىز، بىز پەقەت ئېلىسىنىڭ كېيىرلىك، ئادەمنىڭ ھىرىسلىقى، قابىل دېگەن قاتىلنىڭ ھەسەتتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن ناچار، يامان ئەخلاقنى سۆزلەيمىز، بىرىنچى كېبىر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشى، ھەقنى قوبۇل قىلىشىدىن، چوڭچىلىق قىلىشى، ھەققە ئىقرار ۋە تەسلىم بولماسلىقى، ھەددىدىن ئېشىپ تاجاۋۇز قىلىشى، زۇلۇم قىلىشى، ھوقۇق تۇتۇپ، جەۋرى ـ جاپا سېلىش، مۇئامىلىدە ئىنساپنىڭ بولماسلىقى، پەرز ۋاجىپلارغا سۇسلۇق قىلىشى، ھەقىقەتنى قوللاشتىن، ئۇنى مۇداپىئە قىلىپ، قوغداشتىن يۈز ئۆرۈشى، سۆزلىششىدە پاھىشە، ناچار سۆزلەرنى سۆزلىشى، جېدەل قىلىش، باتىل بىلەن بىرگە مۇنازىرە قىلىشى، قوپاللىق، ساختىپەزلىك، ھىيلە ـ مىكىرلىك، ھاقارەتلەش، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ كېتىش، باشقىلارنىڭ پەزىلىتىنى ھەق ئىشنى ئىنكار قىلىش، ناھەق ھەددىدىن ئېشىش مانا بۇلار كېبىر ئىچىگە كىرىدۇ. ھىرىسمەنلىك ۋاباسى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن تاماخورلۇق، قاتتىق قىزىقىش، دەرھاللىقنى تەلەپ قىلىش، ئىشلاردا ئالدىراڭغۇ روھ ۋە تەننى قىيناش، جاپاغا سېلىش، كۆپ مال توپلاش، يەنە بولۇشنى ئارزۇ قىلىش، پېقىرلىقتىن قورقۇپ، ئاشلىقنى ساقلاش، بېخىللىق، مەنئىي قىلىش، تولا تاپا قىلىش، شۇم پال ئېلىش، باردا نەپىقە يوق، يىغىۋېلىپ زىيان تارتىش، مۇئامىلىدە ئىچى تارلىق، ئىچى قوتۇرلۇق قىلىش، ھېسابىدا زىغىرلاپ كېتىش، كەڭ قورساق بولماسلىق، ئىشەنچلىك دوستقا يامان گۇمان قىلىپ، ئىشەنمەسلىك، ئادىل، ياخشىلارغا تۆھمەت قىلىش، ھارامنى تەلەپ قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ھارامنى دەپسەندە قىلىش، پاھىشە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، يالغان سۆزلەش، ئىچى بىر

خىل بولۇپ تېشى بىر خىل بولۇش، ئىچى فىرئەۋنىدەك، تېشى مۇسادەك، ئىلىم ـ سىپتىمدا ھىيلە ئىشلىتىش، نەسىھەت يوق بولۇش، تولا يالغان قەسەم قىلىش، ئاداۋەت ساقلاش، ئەخلاقىدا، سۆزىدە، قىلىقىدا، ئەمىلىدە، ناچار، قەبىھ بولۇشلار.

ئۈچىنچىسى، قابىلىدىكى ھەسەت ۋە ئۇنىڭ ئوخششى چىقتى، خىيانەت، ئۆچ ـ ئاداۋەت، غەزەپ، ھەددىدىن ئېشىش، زۇلۇم، قەلبى قاتتىقلىق، رەھىمسىز، تىلى قوپال، دىلى قوپال، چىرايى مۇزدەك، ئەسكى، ناچار لۇغەت بىلەن پاھىشە سۆزلەش، يامانلىق، ئۇرۇشقاق، ھىيلە ـ نەيرەڭچى، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، يالغان گۇۋاھلىق، بۆھتان، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، رىياخور، تۇغقانچىلىق يوق، دوستتىن خالى، يۇرت ـ ماكاننى خاراپ قىلغۇچى، غەمدە قىلغۇچى، دىلى كىبىەل، دۇنيا قەسلەش، پەردازچى، مانا بۇ يۇقىرقى قىلىقلار، ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ھالاك قىلىدۇ، تۇگەشتۈرىدۇ، بۇ ئۈچى ئىبلىسنىڭ كىبىرسىگە، ئادەمنىڭ ھىرىسىگە، قابىلنىڭ ھەسەت قىلىشىغا مەركەزلەشكەن، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئادەم بىلەن ئىبلىس قىسسىسى قۇرئاندا تولا كېلىدۇ، تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى مۇشۇنداق گۇناھنىڭ ئانىسى بولغان ھالاكەتتىن ساقلىنىشقا بۇيرۇيدۇ، دۇنيا ئاخىرەتتە تېنچ، سالامەت، بەختكە چاقىرىدۇ.

## شاپائەت توغرىسىدا

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي شاپائەت توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دېگەن، شاپائەت، ھەق ئۇ قۇرئان، ھەدىستە مۇقىم ئىسپاتلانغان، ئەمما ئىنسانلار ئۇ شاپائەتكە يۆلىنىپ ئىلىم، ئىرادە، ئەمەلسىز قالماسلىق لازىم.

خۇددىي يەھۇدىيلار بىزگە قەدىمقىلار شاپائەت قىلىدۇ، بىز دوزاختا بىر نەچچە كۈن كۆيۈپ، ئاندىن مەڭگۈلۈك دوزاختىن قۇتۇلۇپ، مەڭگۈ جەننەتكە كىرىمىز دېگەندەك، ناسارالار ئىسا ئىنسانلارنىڭ ئازاب بەدىلىگە، چۈشكەن، بىزگە ھېچ ئازاب يوق، ئاللاھ دېگەن بەك رەھىم قىلغۇچى دەپ ئازابنى ئۇنتۇغان، ھازىرقىلارمۇ شاپائەت قىلىنىدۇ، رەھمەت ئاخىرەتتە زاپاس تەييارلاقلىق، لا ولہ الا اللہ دېگەن كىشى جەننەتكە چوقۇم كىرىدۇ، زەررىچە ئىمان بولسا، دوزاختىن چىقىدۇ دەپ ئۆزىنى، باشقىلارنى ھورۇنلاشتۇرۇپ، سۇسلاشتۇرۇپ ئۆتتى، ھازىرغىچە شۇنداق، ئەمەلىيەتتە شۇ ئىماننى ساقلاپ بارالىسا، شۇ كەلىمنى دىيەلىسە، ئاندىن ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، گۇناھ قىلغان بولسا دوزاخقا كىرىدۇ.

ئۇلار ئاشۇ زەررىچە ئىماننى قەلبىدە ساقلاپ تۇرۇپمۇ دوزاخقا كىرىپ قالىدىغىنىغا سەل قارىغان، كېيىن بولسا، ناماز ئوقىمىسا كاپىر بولدى، زاكات، نامازنىڭ ئارىلىقنى ئايرىۋەتسە كاللىسنى ئالدىغان بولدى، ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرسىمۇ، ئۇرۇشقا چىقمىسا، ھىجرەت قىلمىسا، كاپىرلارغا يان بېسىپ مۆئمىنىنىڭ زىيىنىغا ھەرىكەت قىلسا، ئۇ مۇناپىق بولىدۇ، مەڭگۈ دوزاختا كۆيىدۇ، بۇ ئىشلارغا سەل قارىدى، ئاشۇ چىقىدىغان دوزاخنىڭ چوڭقۇرلىقىغا تاشلانغان تاش **70** يىلدىمۇ تەكتىگە چۈشمەسلىكىگە ئاشۇ پىلسىرات كۆۋرۈكى، شۇ كەڭرى دوزاخ، ئۈستىگە قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك، كۆۋرۈككە سەل قارىدى، قۇرئان باشتىن ـ ئاخىرى تەھدى بىلەن بولغان قۇرئاننى چۈشەنگەن ئادەم ئىشىنىڭ يەڭگىل ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقماي تۇرالمايدۇ، ئۇ رەھمەت، شاپائەت، ھە دېسىلا مەغرۇرلىنىپ يۈرمەيدۇ. گەرچە ھەدىس سەھى بولسىمۇ مۇتتەپە قۇتۇن بولسىمۇ يەنىلا سەگەك، ھۇشيار تۇرۇش، ئۆزى ئەمەل قىلىشى، سەۋەبنى قىلىپ ئاندىن تەۋەككۇل قىلىشى لازىم.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغان ساھابىلاردەك، تابىئىنلاردەك، كېچىسى ئۇخلىماي، قول ـ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكىچە ئىبادەت قىلىدۇ، تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ كۆرەش قىلىدۇ، بىزدەك ياستۇقنى قىرلاپ ئارام خۇدا ئارام ئېلىپ، بارچە نېمەتتىن راھەتلىنىپ يەنىلا قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، شاپائەتكە يۆلىنىپ رەسۇللاھدىن پەخىرلىنىپ ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ يۈرمەيدۇ، ئاللاھ ئەڭ ئىلغار ۋە ھەممە جەھەتتىن كۈچلۈك، مۆئمىننى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ، قەلبى، روھى، كۈچلۈك، ئىرادىلىك، ئەمەلىيەتچان مۆئمىننى، كۆرەشچىنى ياخشى كۆرىدۇ، قۇرۇق پو ئەمەس، قۇرۇق پىلاننى ئەمەس. ئۇرۇقنى ياخشى يەرگە تېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ، سۇيىنى ۋاقتىدا قۇيۇپ، ئاندىن ھەرخىل ئاپەتتىن ھادىسىلەردىن

ساقلاشتا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلمىز، ھەممىدە يۈلىنىپ ئۆزىمىزنى تاشلىساق، پۇت ـ قولنى، ئەقلنى ياراتقاننىڭ ھېكمىتى نەگە كېتىدۇ؟ ئىنسان ئۆزى قىلغان ئىش، ئەمەل ئۈستىدە قويۇرىلىدۇ، بىز قۇرۇق پىلان سوقۇپ، تولا مەسلىھەتلىشىپ، پو ئېتىپ يۈرمەي، ئەمەلىي بىر نەتىجە چىقىرايلى!

پەرىشتىلەر يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، رەھمەت، شاپائەتكە يۆلىنىشتىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش ياخشى، ئەگەر دەپ قويۇپ، ئەمەل قىلمىسا، كاززاب دەپ يازىدۇ، شۇڭلاشقا بىز قۇرئانغا يۈزدە ـ يۈز ئەمەل قىلايلى، سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىزىلال قۇرئان» دېگەن تەپسىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزنى، قەلبىمىزنى تۈزەيلى، شاپائەتكە يۆلەنمەيلى! بىز يۆلەنمىسەكمۇ ئاللاھ رەھمەت قىلىپ قالسا، بېرىۋېرىدۇ، ئۆزىمىز شاپائەت قىلغىدەك بولايلى!

روھ توغرىسىدا

روھ، قۇرئاندا **26** ئايەتتە تىلغان ئېلىنىدۇ، ھاياتلىق دەپ ئاتىلىۋاتقان روھ، چوقۇم مەۋجۇتتۇر. بۇنىڭ ئاساسلىق بىردىنبىر دەلىلى، «قۇرئان»، مۆجىزىلىك «قۇرئان»، «قۇرئان» روھ، پەرىشتە، جىن، قىيامەت توغرىسىدا سۆزلەيدۇ، ھەممىسى روھقا دەلالەت قىلىدۇ، ھازىرقى دۇنيا ئالىملىرى، پەيلاسوپلارمۇ روھنىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىتتىپاقلا كەلگەن، ھەم ئىشەنگەن، چۈنكى، ئاشۇ ئۆسۈملۈكتىكى باكتېرىيە ھۈجەيرىسىنى ئىنسان، ھايۋاندىكى تۆنجى ئىسپېرما ھۈجەيرىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، كۆپەيتكۈچى، ھاياتلىق دېگەن نامدىكى بۇ روھ، جان، پۈتۈن تەتقىقاتچى، ئىنجىنېر، مۇتەخەسسىلەرنى، پەيلاسوپلارنى ھەيران قالدۇردى، ئۇلار شۇ روھ، ھاياتلىق، جان نەدىن كەلگەن؟ نەگە كېتىدۇ؟ ئۇ قانداق نەرسە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىدى، ھەم تاپالمىدى، ھەتتا ئىسلام پەيلاسوپلىرىمۇ تولۇق جاۋاب بېرەلمەيدۇ، چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۇلار سىزدىن روھ توغرىلىق سورىشىدۇ، ئۇلارغا دەڭكى، روھ، جان، ئاللاھنىڭ، رەببىمنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى، ئۇنى ئاللاھدىن باشقىسى بىلمەيدۇ**﴾ دېگەن. قۇرئان پەقەت روھنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئاسمانغا ئۆرلەيدىغانلىقىنى يا ئازابتا تۇرىدىغانلىقىنى، مەڭگۈ يوقمايدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ، ئۇنى مەخسۇس ئۆلۈم پەرىشتىسى ئالىدۇ دېگەن. ھەدىسلەردە ئۇنى ئاسمانغا چىقىرىلىدۇ ياكى پەس زۇلمەتتە قالدۇرۇلىدۇ، قەبرىدە ئازاب، راھەت ئىككىسىنىڭ بىرىگە گىرىپتار بولىدۇ دېگەن، بۇ جاۋابدىن باشقا ئالىملار بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، ئۇلار پەقەت مىسال قىلىپ، ئوخشاتقان.

مەسىلەن، جەسەت: ئىچى قاراڭغۇ بىر ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش، روھ، جان بولسا، ئاشۇ ماشىنا ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇرگۈچى، ئىچىنى يورۇتقۇچى، كومپيۇتېردىن ئىبارەت، مىڭە قىسمىنى ئىشقا سالغۇچى، بىر توك نۇرغا ئوخشايدۇ، ئەگەر بۇ نۇردەك جان تاشقى زاھىردىن ئېلىنسا ئاجىز بولسا، جەسەت ئۇخلايدۇ، ئىچىدە بولسا، چۈش كۆرىدۇ، ھايات قالىدۇ.

ئەگەر بۇ روھ، جان ئىچى ـ تېشىدىن بىراقلا تارتىلسا، ئېلىنسا، ئادەم ئۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاھىردا يوقلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ جەسەت باشقا ماددىغا ئۆزگىرىدۇ، ھەتتا زەررىچىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، بۇ مۇرەككەپ تەركىب تاپقان ماددا ھەم پارچىلانمايدىغان ماددا، يوقىمايدۇ، مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا، مۇرەككەپ تەركىب تاپمىغان ھەم پارچىلانماس بۇ روھ، مەڭگۈلۈككە بۇكمۇ لايىق، ئۇ ئەبەدىلئەبەد يوقمايدۇ.

خۇددى ئاشۇ ئۆسۈملۈك، ھايۋان پەيدا بولۇپ، يوقۇلۇپ، يەنە پەيدا بولغاندەك، ئىنسانمۇ چوقۇم قايتا پەيدا بولىدۇ، شۇ روھ، جان، جەسەتنى قايتا تېرىلدۈرىدۇ، مانا بۇ ھەقىقەتنى بىز قىيامەت دەيمىز. بۇ ھەقىقەتنى ھازىر نۇرغۇن ئالىملار ئېتىراپ قىلدى، ئاشۇ پەيلاسوپلار ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتنى يۈرتمىزدىكى مەن مۇسۇلمان دېگەنلەرمۇ ئۇقمايدۇ، ئالىم، ئۆلىمالارمۇ ئۇقمايدۇ، تەبئىي ـ پەن ئالىملىرى مۇنداق ئىسىم قويۇپ ئۆزىنى گوللاۋاتىدۇ.

بۇ دۇنيادا جۇملىدىن بۇ ھۈجەيرە ھايتلىقى ماددا، شەكىل، ھەرىكەت، يەنە تېخى تەبىئەت، يەنى سۇ، ھاۋا، نۇر، ئوت، زېمىن، تۇپراق، ھەرىكەت دەپ ئاتىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيدا بولغان ھادىسە، بۇ ئۆزىنى ـ ئۆزى پەيدا قىلغان ئەمەس. چۈنكى، ئۇ يوق بولسا، ئەزەلدە بولمىسا قانداق ئۆزىنى پەيدا

قىلىدۇ؟ ئۇ مەۋجۇت بولسا، پەيدا قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ ئەمەلىيەتتە پەيدا بولغان ئەزەلدە يوقتى، ئۇنداقتا ئۇنى يوقىرقى ماددىنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ بولۇشى لازىم. شەكىلنى سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى بولۇشى لازىم، ھەرىكەتنى ئاشۇ روھ، جاننى ئىجاد قىلغۇچى، پەيدا قىلغۇچى، شۇ شەكىل ئىچىگە كىرگۈزگۈچى، يەنە ئېلىپ تۇرغۇچى بولۇشى لازىم. ئۇ دەل يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھدۇر. ئۇ ئالدىن بىلىدۇ، سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى، تەدبىرلىك زات ھېكمەت، رەھمەت، سەۋەب، ئورۇنلاشتۇرغۇچى خالىقتۇر، قۇرئان يەنىلا ئەڭ لايىق جاۋاب بەرگۈچى مۆجىزىدۇر، ئۇلار توغرا جاۋاب تاپالماي، گاڭگىراپ بىز يەنە تەتقىق قىلىمىز دەيدۇ. بۇ كېيىنكى تەتقىقات دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق گول بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

نۇرغۇن ئالىملار پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىسلام دىنىغا كىردى، نۇرغۇنلىرى ئۆزىنى ئالداپ ھەقىقەتتىن كۆز يۇمۇپ ئۆتتۈۋاتىدۇ، ھەتتا قۇرئانغا ئۈچ ئايەت ئوخشىشىنى كەلتۈرگىلى بولماس مۆجىزىگە قاراپمۇ قويمىدى، ئۇلارمۇ ئاخىرى تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ، ئاز قالدى. ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق، جان ناملىق بۇ روھ مەۋجۇد، ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتى ئىنسانغا مەلۇم ئەمەس، بۇ بىر سىردۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قۇرئان سۈرىسى بەقەرەدە ۋە باشقا سۈرىلەردە كەلتۈرۈلىدىغان روھ تىرىلدۈرۈش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن. جاۋاھىر **83** ـ م بەتتىن **90** ـ بەتكىچە.

ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، كالىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىش، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قۇشلارنى تىرىلدۈرۈپ بېرىش، ئۇزىر ئەلەيھىسسالامغا ئېشەكنى تىرىلدۈرۈپ بېرىش، بەنى ئىسرائىلدىن نەچچە مىڭ كىشىنى يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغقا چىققان **70** كىشىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىش، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىزىرغا يولۇققاندا بىلىقنىڭ تىرىلىشى ۋە ھازىرقى ھەربىر ھاياتلىق ئىگىسىنى تىرىلدۈرۈش، قىيامەت توغرىسىدىكى روھ، جان ئۇقۇمى توغرىسىدا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي «كىتابۇلئەرۋاھ» ناملىق ئەسەر يازغان، ھەتتا بۇ تەپسىرنىڭ كۆپ جايلىرىدا مۇنداق دېگەن، قۇرئان، رەسۇلۇللانىڭ مۆجىزىسى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس دۇرۇس، بۇ كىتابدا يۇقىرقىدەك ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش ۋەقەسى سۆزلىنىپ قايىل قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا شۇنداق ئاسان، بىز يۇقىرىدا روھ توغرىسىدا ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقى، ئالىملارنىڭ ئىسپاتى، ھەيران قالغانلىقى، ھازىرمۇ كەلگۈسىدىمۇ ئۇ مەڭگۈ بىر سىر بولۇپ، مەۋجۇت بولۇشى، ئاخىرى ئۆز جايىغا قايتىشى توغرىسىدا سۆزلىدۇق. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ روھلارنى ئەزەلدە بۇ ئىنسانلار، ھايۋانلار، ۋۇجۇدقا چىقىشىدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا ياراتقان، چۈنكى، ئۇ ئالدىن بىلىدۇ، ھازىر بولسا، ئۇ روھ جاننى كىرگۈزۈلىشكە تېگىشلىك، جانلىققا كىرگۈزۈپ، ھاياتلىق يارىتىۋاتىدۇ، بۇ دۇنيا بويىچە كىشىلەر روھنى كېيىن پەيدا بولىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ تەنگە كېيىن كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت، روھى دۇنيا ھەممىسى ئاللاھقا بىردۇر، بەرىبىردۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ يەردە روھنىڭ بارلىقنى، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنى، قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقنى ئىسپاتلاپ، مۇنداق سۆزلىگەن، روھ ھازىر بولۇش ئەھۋالى دەسلەپتە پەيغەمبەر زامانىدا بولغان ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تىرىلىش زامانىسىدا بولغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا بولغان، ھازىر بولسا، دەسلەپتە ئامېرىكىدا بولدى، ئاندىن ياۋرۇپاغا تارقالدى، ھەتتا نۇرغۇن كىشى ئىسلامغا كىردى، بۇنى مەن «كىتابۇلئەرۋاھ» دېگەن كىتابتا سۆزلىگەن. بۇ يەردە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ قوياي دەپ، مۇنداق دەيدۇ. مىلادىيە **1846** ـ يىلى نيۇيورك شىتاتىنىڭ چەت بىر يېزىسى ھىيدىسفىيل دېگەن جايىدا، فىيكمان دېگەن كىشى ئولتۇراتتى، ئۇلار بىرنەچچە قېتىم تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ، كۆچۈپ كەتتى، كېيىن بۇ ئۆيدە جون فوكس تۇردى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۇ ئاۋاز تاراقلاپ ئۇلارنىمۇ قورقۇتقان، كېيىن خوشنىلار بۇلارنى ئۇ ئاۋازنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا يول كۆرسەتكەن، ئۇلار ئاخىرى بۇ ئاۋازنىڭ بىر ئەقىللىق كىشى قىلىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان، ئۇلار بۇ ئاۋازنى تەتقىق قىلىپ، بىر قېتىم شۇنداق، بىر قېتىم ياق دېگەن بولىدىغانلىقنى ئۇققان، چۈنكى، ئۇلار بۇ چېكىلگەن ئاۋازنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم سانى ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكەن، ئۇلار سۆزلەش، گەپ سوراش، ئاشۇ، شۇنداق، توغرا، ياق دېگەن بەلگىلەر بىلەن مۇنداق بىر ئىشنى بايقىغان، ئۇ ئەسلىي شۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ روھى ئىكەن، ئۇنى مۇشۇ ئۆيدە ماللىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مىرام فوكس دېگەن كىشى ئۆلتۈرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى شارىل رىيان ئىكەن، يېشى **31** ياش،

كېيىن بۇ ئىش شەھەرگە تارقاپ كەتكەن، كىشىلەر بۇلارنى مەسخىرە قىلغان، زاڭلىق قىلىپ ھاقارەتلىگەن، ئۇلارنى يالغانچى، بۇ رۇشەن يالغان سۆز دېگەن. كېيىن، بۇ ئائىلە روستىر دېگەن جايغا كۆچكەن، بۇ يەردىمۇ بۇ خەۋەر تارقالغان، ئاندىن دىن ئالىملىرى ۋە دىنسىزلار ھەممىسى بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇ ئايالدىن، ئىككى قىزىدىن ئەھۋال سورىغان. ئۇلار گېپىدە چىڭ تۇرغان، ھەتتا ئۇلار ئۇلۇمگە ھۆكۈم قىلىمىز دەپ نەچچە قېتىم تەھدىت سالغان، ئاخىرى ئۇلار چىڭ تۇرىۋەرگەن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ساپمۇساق ئىدى، ئەقلىدىن ئاداشمىغان. ئۇلار ئاخىرى بىر كومىتېت تەشكىللەپ بۇ ئىشنى تەكشۈرگەن، بۇ كومىتېت مەشھۇر ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇلارمۇ ئىشىنىڭ راستلىقىنى، ھىيلە ـ مىكىر يوقلۇقىنى، يالغان سۆز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان، كىشىلەر يەنە ئىشەنمەي ئىككىنچى قېتىم قايتا باشقا ئالىملاردىن كومىتېت تەشكىللەپ ئەۋەتكەن، يەنە ئوخشاش قارار چىقارغان، ھەتتا ئۈچىنچى قېتىممۇ ئوخشاش قارار چىققان، زومگەر دىنسىزلار بۇ ئىككى قىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، گېزىت ـ ژۇرناللاردا، ماقالىلەردە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ ئەيىبلەش، شەھەرگە تولۇپ كەتكەن. تۆت يىلدىن كېيىن بۇ خەۋەر بىرلەشكەن دۆلەتكىچە يەتكەن، ھەرقايسى بىرلەشكەن قوشما شتاتلارمۇ خەۋەر تاپقان، ئەمەلىي تەجرىبە قىلىنىپ ھەرقايسىسى بۇنى سىناپ كۆرگەن، ھەتتا تاۋۇش ھەرپىنى ئوقۇپ كۆرۈپ مەقسەتكە كەلگەندە، ئۇستەل، ئورۇندۇقلار تاراقلاپ جاۋاب قايتۇرغان، **1854** ـ يىل بۇ ئىش ۋاشىنگتون مەجلىسىدە تىلغا ئېلىنغان، ھەتتا بۇ ئىش **15000** ئىمزا ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان. كىشىلەر ئىسمىنى يېزىپ بەرگەن ئىسپات **15000** ئىمزا قويۇلغان، روھانى مەزھەپ دەپ كىتاب تۈزۈلگەن، بۇ كىتابنىڭ **16** ـ بېتىدە بۇ خاتىرە سۈرەتلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئاشۇ **15000** كىشى ئىمزا قويغان نۇرغۇن سۆزلەر شۇ كىتابدا ھازىرمۇ بار، كۆرۈپ بېقىڭ.

بىز بۇ سۆزدىن بىر نەچچىنى كەلتۈرىمىز، ئۇلار چوڭ ئەربابلارنىڭ باللىرى، تۇغقانلىرى بولۇپ، مۇنداق نەچچە مىڭلىغان ئەقىللىق كىشىلەر بۇ جايدا روھ كۆچىنىڭ بارلىقىغا ئۇ كۆچىنىڭ ئېغىر جىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكىگە، ئېگىز ـ پەس، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلايدىغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇق دېگەن. ئىككى قاراڭغۇ ئۆيدە بىرەر كىشى مەۋجۇت بولماستىن ياكى خىمىيۋىلىك فوسفوردەك ماددا بولماستىن، توك بولماستىن ھەرخىل رەڭلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولغان.

ئاخىرىدا ئۇلار ئىلتىماسقا ئاساسەن نۇرغۇن قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ نەچچە كېچىلەپ ئۇيقۇسىز قېلىپ، ئاخىرى ھەرخىل ئېلېمېنت ماددىدىن خالىي ئاۋازنى بايقاپ، ئاخىرى ئۇلار روھ يەنى ئىنسان روھ ھەقىقىي مەۋجۇت ئىكەن، ئۇ يوقاپ كەتمەيدىكەن دېگەن خۇلاسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئىلىم، بۇ خەۋەر ھەرقايسى بىرلەشمە شتات، ھەتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغىمۇ يەتكەن، روھانى مەزھەپ **1895** ـ يىلى **20** مىليونغا يەتكەن، ئاشۇ نامنى قوللانغان روھىنى شىركەت ئومۇمىي مۇلۇكتىكى **20**گە خۇسۇسىي شىركەت **105**گە يەتكەن، ھەتتا روھىي تەشۋىقاتچى **207**گە، ۋاستىچى يەنى روھ ھازىر قىلغۇچى **22**گە يەتكەن، ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىدمون سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىرنەچچە قېتىملىق يىغىندا تاللاپ سايلانغان كىشى ئامرىكىلىق مەشھۇر ئۇچقۇچى رۇبېرت ھىيرلار روھلارنىڭ ئاشكارا بولۇشى دېگەن كىتاب تۈزگەن.

مەشھۇر پەيلاسوپ روبېرت براۋىن غەيب ئالەمدىكى چاك ـ توزان دېگەن كىتابنى يازغان، شۇ ۋاقىتتا **22** گېزىت ـ ژۇرنال، ماقالە ئورۇنلىرى مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا خەۋەر تارقاتقان، ئۇلار تەبىئەت، ماتىماتىكا، پەلسەپەدە ئىلگىرلىگەن، بۇ ئىش يوغىناپ ھەممە يەرگە پۇر كەتكەن، ھەتتا مەشھۇر ئالىملار، پەيلاسوپلار، پىرافېسسورلار تەتقىق قىلىشقا باشلىغان، بۇ ئىشقا مەشھۇر پەيلاسوپ، تەبىئەت، خىمىيە تەتقىقاتچىسى ۋىلىيام كىركوسمۇ قاتناشقان، دارۋىننىڭ ھەمكارلەشقۇچىسى، ياردەمچىسى پەيلاسوپ روسىل ۋالاسمۇ ئىشەنگەن. ئاسترونومىيە تەتقىقاتچىسى، ماتىماتىكا ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پەيلاسوپ ئوجست دى مىرجانمۇ بار، توك ساقلىغۇچ (دىيەنپىڭ) ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئالىم سىيرپارلىمۇ قاتناشقان، ۋە ئىشەنگەن، ھەتتا مەكتەپلەردە **18** ئاي مۇش تېمىدا دەرس ئۆتۈلگەن.

بۇ روھ توغرۇلۇق خەۋەر ئىنگلىزلارغىمۇ يېتىپ بارغان، دارۋىننىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى، ۋالاس روھنىڭ ئاجايىپ ئىشلىرى دېگەن كىتابنى يازغان، ئەشەددىي دىنسىز ئامما ئۆزى دوكتۇر جرج ساكستونمۇ **15** يىلدىن

كېيىن مەن روھنىڭ بارلىقىغا ئىشەندىم دەپ ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ ساۋاقدىشى دوكتۇر شامبىرس، دوكتۇر هوغسون، پەيلاسوپ مىيرس قاتارلىقلار ئىشەنگەن.

ھازىرمۇ روھى تەتقىقات ئورنى باركەن، شۇنداقلا «تەلەققىيۇلئەرۋاھ» يەنى تىرىكلەر، روھلار ئۇچرىششى نامىلىق ژۇرنال باركەن، بۇ ئەھۋال فرانسىيە، ئامرىكا، ئەنگىلىيەلەردىمۇ يۈز بەرگەن. **1857** ـ يىلى ئامرىكىدىكى ئىشتىن **11** يىل كېيىن، ئالىم بارۇن جەلىد روھنىڭ مەۋجۇدلىقى دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان، فرانسىيەلىك شائىر، جىمىس مۇنداق دېگەن، كىمكى روھنىڭ پەيدا بولۇشىدىن يۈز ئۆرسە ئۇ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرگەن بولىدۇ دېگەن. ئۇ مەشھۇر ئالىملار قاتارىدا تارىخشۇناس ئوجىين يوشىير، مەشھۇر ئالىم، ئۇچقۇچى، پەيلاسوپ مۇرىس لاشىئىر، مەشھۇر دوختۇر جەيبىيە ئاندىن كېيىن بۇ ئىش ئالبانىيە، رۇسىيە، گوللاندىيە، سوۋېت، نورۋېگىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، مانا بۇ روھانى مەزھەپ دېگەن كىتابدىن ئېلىندى. تەنتاۋى «جەۋاھىر» دېگەن كىتابىنىڭ **88** ـ بەتتە بار. بۇلار قۇرئاندىكى تىرىلىش مەسلىسى

قۇرئان كەرىم مۆجىزە بولۇپ چىقتى، ئۇ ئەزەلدىن مۆجىزە ئىدى، ھامىنى شۇنداق بولاتتى، مانا ئەمدى مۇسۇلمانلارمۇ زور ئىشەنچكە ئىگە بولدى، قىيامەتتە راست شەك يوق ئىدى، هازىر يەنىلا شەك قالمىدى، بۇ توغرىسىدا يەنە باشقا جايدا سۆزلەيمىز، ئەمدى بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز توغرىسىدا سۆزلەيمىز.

بۇنىڭغا ئىشىنىش يولى تۆت تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، پەيلاسوپ، ھۆكۈما، ئالىملار يولى بىلەن ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بۇ يۇقىرىدا ئىسپاتلىنىپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

ئىككىنچىسى، سوپىزىملىق يولى، بۇمۇ روھنىڭ مەۋجۇدلىقى توغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپات يولىدۇر. جۇملىدىن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ئۆزىمۇ **1000** يىل بۇرۇنقى ئىمام غەززالىنىڭ روھىنى ھازىر قىلغان، مەنمۇ ئۆز قۇلىقىم بىلەن روھنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئاڭلىدىم، ھەتتا ئەۋلىيالار ماقامىغا يەتكەنلەر سۆزلىشىدىكەن، كۆرىشىدىكەن، بۇنى شەكسىز خۇراپاتسىز، يالغان سۆزلىمەس كىشىدىن ئاڭلىدىم، ئىنشائاللا بىزمۇ كېيىن بۇنى ئىسپاتلايمىز، ئاللاھ بىزگىمۇ بۇ ماقامنى بەرگەي، ئامىن! ئاللاھ ئالىمدۇر.

ئۈچىنچىسى، روھ هازىر قىلىش يوللىرى، بۇمۇ بىر ئىلىم، تەستىق يوق، قۇرئانغا ئىشىنىش ، ئەگەر سىز مەندە بۇنداق ئىش بولمىدى دېسىڭىز، بۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بولۇپ، خالىغان چاغدا، خالىغان جايغا ئۆزى ئاشكارىلايدۇ، ياكى يوشۇرۇن بىلدۈرىدۇ، چۈنكى، بۇ سىناق دۇنيا، ئۇنداق روھ هازىر بولىدىغانلار جىمغۇر كېلىدۇ، كىشىلەردىن خالىي ئۆتىدۇ، روھ ئاساسلىق پەرشتە، جىن، ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھى ياكى بۇندىن كېيىنكى تىرىلىدىغانلار روھىدىن ئىبارەتتۇر.

ھەرقانداق بىر ئالىم، پەيلاسوپ، مۇشۇ تېمىدا توختالمىسا تەتقىق قىلمىسا، تەپەككۇر قىلمىسا، ئۇ باتىل، يوقىقا چىقىدۇ، تەرەققىي قىلالمايدۇ، سۆزىنىمۇ ئىناۋەتكە ئالمايمىز. مەشھۇر پەيلاسوپلاردىن ئەپلاتۇن، سوقراتون، ئىسكەندەر ۋە يۇقىرقىلار، بۇ توغرىسىدىكى نۇرغۇن كىتاب يازغان ھېكمەتلىك

سۆز قالدۇرغاندۇر. بۇ توغرىسىدا كىتابلارمۇ بار، جۇملىدىن «كىتابۇلئەرۋاھ» ئىزدىنىڭ، تەپەككۇر

## سېھرىگەرلىك توغرىسىدا

سېھرىگەرلىك دېگەن بۇ سۆز قۇرئاندا **55** ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، سېھىر، ئەقلىنى ھەيران قالدۇرۇش، بولمىغان ئىشنى بولغاندەك، يالغاننى راس كۆرسىتىش، ھازىر سېھرىگەر كۆز باغلىدى، سېرىك دېيىلىدۇ. ئەزەلدىنلا دىنسىزلارغا بىرەر پەيغەمبەر مۆجىزە بىلەن كەلسە ئۇلار ئۇنى سېھرىگەركەن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتمىغان، ياكى ئۇنىڭ مۆجىزىسىنى سېھىر دېگەن، ۋە ئىنكار قىلغاندۇر. ياكى ئۆرپ ـ ئادەتتە يوق بىر غايىپ دۇنيادىن سۆزلىگەندىكىن ئۇ پەيغەمبەرنى سېھرىگەر دېگەن، ياكى سېھرىگە ئۇچقاپ ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ دېگەن، بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە داۋام قىلغان، سېھرىگەرلىكنى جىنلار تارقاتقان، ئاللاھ بەندىلەرنى سىناش ئۈچۈن، شەيتاننى، چوشقىنى ياراتقاندەك، سېھرنىمۇ ياراتقان. ھازىر بۇ سېھىر

ئىلمىمۇ تەرەققىي قىلىپ، خىمىيىۋىلىك ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ، ھەرخىل ماددىلارنى بىرىكتۈرۈش بىلەن ئادەتتىكى نەرسىنى كىشىلەرگە ئۆزگەرتىپ كۆرسىتىدۇ، خىمىيىۋىلىك ماددا ياكى توك ياكى باشقىلار. بەزىلەر مەشىق، تەجرىبە ئارقىلىق چاققانلىقنى ئىشقا سالىدۇ.

چاققانلىقمۇ كۆزگە سېھىردەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى، ئۇزۇن تەربىيلىنىدۇ، چانمىغۇدەك بولغاندا ئاندىن ھۈنىرىنى كۆرسىتىدۇ، مۇنداق بولمىغاندا ماددا ئۆزگىرىشمۇ بولمىغاندا ئۇ دەججالنىڭ كارامىتىدەك كارامەت بولىدۇ. دۇنيادا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپلار بەك كۆپ، قانداق بولمىسۇن، ھەممىنى ئاللاھ ياراتقان، بۇنىڭدا زور ھېكمەت باردۇر، بولۇپمۇ ئەڭ چوڭ سىناق، بۇ دۇنيا سىناقتۇر، بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە سىناققا يارايدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كىتاۋنىڭ **104** ـ، **105** ـ بېتىدە، ماگنىت، ئېلېكترون، توك بېسىمى ئارقىلىق ئۇخلىتىش، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئۇخلىتىش، تەبئىي ـ پەن ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق نۇر ئىلمى، ئاۋاز ئىلمى، نېرۋىنى قالايمىقان قىلىش، خىلىروفىروم، ئازوت ۋە باشقا ماددىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇخلىتىش ئارقىلىق روھ ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇخلىتىش ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى ئۇختىلىتىلغان ئادەم ھېس ـ تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، ئۇخلاتقۇچى نېمە دېسە شۇنى قىلغان، ھەتتا قايناق سۇغا پۇتىنى سېلىشقا بۇيرىسا دەرھال قىلغان، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: مەن **1920** ـ يىلى پارىژلىق پەيلاسوپ ئالىم دى بوكاتىئو سىناق ئېلىپ بارغاندا، مەنمۇ قاتناشقان، ۋەقە مۇنداق، بىر ياش يىگىتنى ئۇخلاتقان، بۇ ئۇيقا نېرۋىدا بولىدۇ خالاس، ئۇ يىگىتكە بانانىنى بېرىپ يېگەندىن كېيىن، بۇ، ئاچچىق تاۋۇز بۇنى تۇكۇرۇۋەت دېسە دەرھال تۇكۇرگەن، ئۇنىڭغا شوخلىنى تۇتقۇزۇپ بۇ، ئالما يىگىن، دېسە ئۇ، بۇ ئالما ئەجەپ مېزىلىك، تاتلىقكەن دەپ يىگەن، باشقىلارنىڭ ئىسمىنى بۆلەك ئىسىم بىلەن چاقىرسا ئىشەنگەن، ئۆزىمۇ شۇ ئىسىمنى چاقىرىپ سۆزلىگەن. ئۇخلاتقۇچى ئۇنىڭغا كەل تانسا ئوينايلى دېسە، ئۇ ئاياللاردەك تانسا ئوينىغان چاندۇرمىغان، لېكىن ئۇ بۇرۇن ياكى ساقايغاندىن كېيىن بۇ تانسىنى ئوينىيالمىغان بولۇپمۇ ئاياللچە ئوينىيالمىغان، ئۇنى بەزىدە سەن ئېغىر گۇناھكار دەپ پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ۋارقىراپ يىغلاتقىلى بولسا، ياش تۆكىدۇ، بەزىدە خۇشال قىلىپ كۇلدۇرگىلى بولاتتى، بۇ بىرىنچىسى.

ئىككىنچىسى، ئۇخلاتقاندا بولسا، ھېس ـ تۇيغىسىنى تامامەن يوقىتاتتى، لېكىن ئاڭلايدۇ، سۆزلەيدۇ، ئۇخلاتقۇچى نېمە دېسە ئۇمۇ شۇنى قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، روھنى تىزگىنلەش بولۇپ، ئۇخلىغۇچى ئۆزىنى تونۇيىتتى، جىسمىنىڭ غەيىپ ئىللەتلىرىنى دەپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە، ئەمما بۇنىڭ ئىقتىدارى ئالاھىدە بولۇپ كېتەتتى، بەكمۇ يىراقلاردىن كىشلەرنىڭ مەخپىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى، تېخى ئاز ـ تولا كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇخلىغۇچى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھنى كۆرگەنلىكنى ۋە ئېنىق سۈپىتىنى سۆزلەپ بېرەتتى، خىلمۇ ـ خىل تىلدا سۆزلەپ بىلەلمەيتتى، بۇ ئۈچ خىل ئۇخلىتىشنى ئۇلار كانالېسىيا، لىبنارجىيا، سونابىيلىزىم دەپ ئاتايدۇ، بۇ سۆزلەرگە تەستىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىككى ھادىسىنى سۆزلەيمەن، بىرىنچىسى پەيلاسوپ شاردىل ھاياتلىق ئىلمى تەتقىقاتى، ماگنىنت، ئېلېكتىرون، توك ئارقىلىق ئۇخلىتىش قائىدىسىدە مۇنداق بايان قىلغان، ئۇ بىر قىزنى ئۇخلاتقان، كېيىن قىز ئۇنىڭغا بەزى ئاماللارنى كۆرسىتىپ داۋالاشنى، تېخنىكا ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، قىز ئۇنىڭغا مېنى بىرسى بۇ تېخنىكىغا بۇيرىغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ سورىغان، دوختۇر ياق ھېچ شەپىنى ئاڭلىمىدىم دېگەن. قىز ئۇنىڭغا چۈنكى، مەن ھەقىقىي ئويغاق، سەن بولساڭ ئۇخلاغلىق، مەن ئەركىن، ئازاد، سەن بولساڭ زېمىن، ماددىغا باغلانغان قۇلسەن دېگەن. پەيلاسوپ دوختۇر ھەيران قېلىپ، بۇنىمە دېگىنىڭ؟ دەپ سورىسا، ئۇ قىز. چۈنكى، سەن ئىشىنىڭ زاھىرىنى بىلەلەيسەن، مەن بولسام باتىنىنى بىلىمەن دېگەن، مېنىڭ روھىم ۋاقىتلىق، بۇ سىرتماق كىشەندىن ئاجرىدى، مەن سەن كۆرمىگەننى كۆرىمەن دېگەن، ئۇ ياش مەن يىراقلاردىن ئاۋاز كەلگىنىنى سەزدىم، سەندىن بىر خىل نۇر چىقۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇ ھالىم ئۆلگەندىن كېيىنكى تېرىلگەن ئىنساندەك بولۇپ قالدى، دېگەن مانا بۇ ھەقىقىي ۋەقە ئىدى.

**( ماگنىت ئارقىلىق ئۇخلۇتۇش )**

ئىككىنچىسى، شاردىل بىر قىزنى ئۇخلاتقاندا ئۇ مۇنداق دېگەن، مېنىڭ جىسمىم ئاستا ـ ئاستا يوغناپ

مەندىن ئايرىلدى، ھەتتا مەن ئۆز جىسمىمنى بەكمۇ يىراق جايدا ئۆلۈكتەك مۇزلۇق كۆردۇم، ئۆزۈمنى بولسا، بىر تۇتۇنلۇك نۇردەك ھېس قىلدىم، مېنىڭ سەزگۇ كۈچۈم زورىيىۋاتاتتى. بۇ ھال تۆت سائەت داۋام قىلدى، ئاندىن مەن ھېلىقى جىسمىغا ئاستا كىردىم ـ دە، ھۇشۇمنى ،ھىس ـ تۇيغۇمنى يوقاتتىم دېگەن.

بۇنداق ھادىسە نەچچە قېتىم بولغانلىقى، ھەتتا مېنىستىرلارنىڭ باللىرى سىناق قىلىنغان، ئۇلارمۇ ئون نەچچە تىلنى سۆزلەپ كەتكەن، ئەمما كېيىن، ئويغىنىپ بۇنى سۆزلىيەلمىگەن، بۇ شۇ ۋاقتىتىكى گېزىت ـ ژورنالدا خېلى كەڭرى كۆرۈلىدۇ.

ھەتتا بەزىلەر مۇشۇ ئۇسۇلدا قىزلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، سوتقا تارتىلغان، داۋالىشىشمۇ كۆرۈلگەن، بەزىسى كېسەللەرنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۇخلىتىپ ئۇلار ئۆزىنى داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆزى دەپ بېرىپ ساقايغان، قانداق بولمىسۇن، مۇشۇ ئۇسۇللار سېھىرگەرلىككە يېقىن كېلىدۇ، بۇ ماددا خىمىيە ئۇسۇلى خالاس، بۇ سېھىر بىر نەچچە خىل بولىدۇ، **106** ـ بەت.

بىرىنچى، بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئۈلگە سېھرىسى.

ئىككىنچى، روھنىڭ ياكى غەم، قورقۇنچ قاتارلىقلار روھنىڭ تەسرىدىن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، روھتىن ياردەم سوراش بۇ ئەڭ خۇراپات ئىش، چۈنكى، روھ، جىن، بىرى ماقامغا يەتكەن ئەۋلىيا، سالىھلارغا يەنە بىرى پەسكەش، جىنكەشكە ئاشكارىلىنىدۇ، سالىھقا سالىھ، ياخشىسى ئەسكىگە، ئەسكىسى خالاس، بۇ ئارقىلىق سېھىر قىلسا ئىمانسىز بولىدۇ.

تۆتىنچى، خىيالى، گۇمانى، ھېس ـ تۇيغۇسى قالايمىقان قىلىپ، كوچىلاردا كۆز باغلاشتەك، ئۇلار ئالدىن كىشىلەرگە دەپ قويۇپ خىيالىنى گۇمانى سالدۇرۇپ، كۆزگە شۇنداق كۆرسىتىدۇ، چاققانلىقى بار ئەلۋەتتە.

بەشىنچى، خىمىيىۋىلىك ئامال، ئاددىيسى رەخنى كۆيمەسلىك چارىسىنى قىلىپ ئالداش، ئەمەلىيەتتە كۆيمەس تاش، يىپەك رەخت بار، بۇنى تەنتاۋى ئۆزى سىناپ دەرس بەرگەن، ئوق ئۆتمەس كىيىمدەك سېھرىگەرلەر بۇنىمۇ ئىشلىتىدۇ.

ئالتىنچى، بەزىلەر ئۈرۈشتا ئىشلىتىدىغان خىمىينى قوللىنىپ، سەزگۈنى يوقىتىدۇ ياكى ساراڭ قىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتۇر.

يەتتىنچى، يۇقىرقى ماگنىت ئارقىلىق ئۇخلىتىش.

سەككىزىنچى، سۇخەنچى، گەپ توشۇش بىلەن مەقسەتكە يېتىدۇ، ۋە ياكى ئىسسىتىق سۇيۇتۇق ھەتتاكى ئەر ئايالنى ئەپلەشتۈرۈش ئىشىمۇ ياخشى ئەمەس، بۇمۇ سېھرگە تەۋەدۇر، ھەممىسى ھارام، قىلسا، قاتناشسا، ئەمەل قىلسا، ياردەم بەرسە ھەممىسى جىنايەتچى بولىدۇ. كىشىلەرنى ئالدايدۇ، ھارام يەيدۇ، ۋاقتىنى يەيدۇ، ۋاھاكازالار، دىن ۋە ئىمانىنىمۇ يوقىتىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، دىدىكى سېھرىگەرلىك مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى، تەرەققىي قىلدى، ئەمما ھەممىسى ھارامدۇر، ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت، شۇڭا ۋاقىتقا ئالتۇندىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. غەيب ئاللاھقا خاس، بولۇپمۇ يارىتىش، پەيدا قىلىش، ئاللاھقا خاستۇر، قالغىنى ھەممىسى باتىلدۇر، سېرىك ئويۇنمۇ مۇشۇ قاتاردا، سېھىر بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئەمەلىيەتتە مەشىق قىلسىمۇ سېھىردۇر، ئۇنىڭدا سېھرىگەرلەرمۇ بار ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مەقسىدى، نام چىقىرىپ، يۈز ـ ئابرۇي، پۇل تېپىش خالاس. بۇلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھ، ئاخىرەت، دىن، ھەق، پايدا يەتكۈزۈش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق، شۇڭا بۇ چەكلىنىدۇ.

بىز ۋاقتىمىزنى بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئۆز ھاياتىمىز، خەلقىمىز، دۆلىتىمىز، ئاخىرەتلىكىمىز، ئاللاھ ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن، جەننەت ئۈچۈن سەرپ قىلايلى، زور نەتىجە يارىتايلى، دەپتەرگە، ھېساب ـ كىتابقا بارنى يازىدۇ، پەرىشتىلەر خاتىرىلەيدۇ، بۇنىڭغا سەل قارىمايلى! دېگەن.

سۈرە بەقەر **164** ـ ئايەتتىن تاللانمىلار ، ئايەت ھەققەتەن ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشىدا، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا، كىمىنىڭ ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك نەرسىلەر بىلەن دېڭىزدا مېڭىشىدا

ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇشىدا، ئاندىن قاخشال، قۇرۇق زېمىننى تىرىلدۈرۈشىدە، زېمىندا ھەرخىل جانلىقنى تارقىتىشىدا، شاماللار يۆنىلىشىدە، ئاسمان ـ زېمىن ئوتتۇرىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتتا، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە ئالامەت مۆجىزە باردۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، پۈتۈن كائىنات مەخلۇقنى بىرلەشتۈرگەن، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكنى دەلىللىگەن، ئوربېتىدىكى ئالاقە، پۈتۈن كائىنات، ئەسلى نۇر، ھارارەت، ئاندىن زەررىچە، ئېلېكتېرون، نېيترون، مەنفي توك، مۇسبەت توك، بىر جۈپ ئەسلى بىردۇر. ئاندىن جۈپلەشكەن ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئىنسانمۇ ئەسلى بىر تال ھۈجەيرە، ئاندىن جۈپلۈك بولۇشى، بۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئاندىن ئاشۇ بىر نۇقتىغا ۋە بىرلىك ئارىلىقتىكى زىچلىق، قويۇق مۇناسىۋەت، ئاللاھنىڭ بىرلىكنى كۆرسىتىدۇ، بولۇپمۇ تېنچ، تەكشۈكلۈق، زىددىيەت يوق. ھاياتلىق بەرگۈچى چوقۇم مەڭگۈ يوقالمايدۇ، ئەگەر بۇ شەيئىلەر ئۆزى ھاياتلىق بەردى دېسەك، ئۇ چاغدا بۇ مەڭگۈ يوقالمىسا بولاتتى، ئەمما ھەممىسى ئۆلىدۇ، **20000000** دىن ئارتۇق جانلىق ھەممىسى ئۆلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىر ئىگىسى ئاللاھ مەڭگۈ ھاياتتۇر.

ئاشۇ ئۈستۈن ئالەم، كائىنات، سامان يولى سىستېمىسى، قۇياش سىستېمىسى، يولتۇزلار، نۇر، ھاۋا، ئاتموسفېرا، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، كېمە، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئېھتىياجى بار، زىچ مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى بار، بىرلىكى ئىتتىپاقلىقى بار، ئاستىدىكىلەر ئۈستىگە موھتاج بولىدۇ، ئۈستىدىكى شامال، بۇلۇتقا، بۇلۇت سۇغا موھتاج، ھەممە ئىنسان مەنپەئەتكە قايتىدۇ.

ئۆزئارا ئالاقە بار، خۇددى ئاي، يەرشارىنى يورىتىدۇ، يەرشارىمۇ قۇياش نۇرىنى، سۇلىرىدا، دېڭىزلىرىدا مۇزتاغلىرىدا، قۇم، قار تاغلىرىدا، نۇرنى قايتۇرۇپ، ئاينى ۋە باشقا ھەمراھنى يورتقاندەك، بىر ـ بىرىدىن ئۆتنە ـ يېرىم ئېلىشىدۇ.

ئاسمان توغرۇلۇق، يارىلىشى توغرۇلۇق، بۇ تەپسىردە بەك كۆپ سۆزلىنىدۇ، بىز كېچە ـ كۈندۈز، بۇلۇت، شامال توغرىسىدا سۆزلەيمىز. سۆزدىن بۇرۇن ئازىراق چۈشەنچە بېرىمىز، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېگەن، مېنىڭ بۇ جەۋاھىر ناملىق تەپسىرىمدە، دىن ۋە دۇنيا بىرلەشكەن، گىرەلەشكەن، خۇددى قۇياشنىڭ نۇرى بىرلىشىپ زېمىننى يورتقاندەك، دىننى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق، مىللەت تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، خەلق ۋە شۇ دۆلەت، ئىلىم ـ پەن بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. دۆلەت، دۇنيا خەلقى، تەرەققىي قىلسا، ئىسلام دىنىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، گەپ مەقسەتتە، نىيەت مەقسەت بولسا، دىن ئۈچۈن بولىدۇ، بولمىسا بۇ ئىلىم دۇنيا ئۈچۈن بولىدۇ. ئاخىرەتكە تۇرغان ئىككىلىسىدىن قۇرۇق قالمايدۇ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تەرەققىي قىلسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ تەپسىرنى تەبئىي ـ پەن، ئەمەلىي ئىسپات، پاكىت بىلەن تەپسىر قىلدىم. بەزىلەر بۇ تەپسىرنى دىنغا زىت مۇخالىپكەن، ئەقلىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك، ۋايىغا يەتكەن نادانلىق، ئەڭ جاھىل ئەخمەقلىقتۇر، چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئان ئايىتىدىنمۇ ئايەت دېگەن. بۇ مەخلۇق كائىناتتىكىنىمۇ ئايەت دېگەن. ئىككىلىسى ئاللاھنىڭ ئايىتى ئارىلىقىدا زىتلىق يوق، ئاللاھنىڭ قىلىقى بىلەن سۆزىنى زىت ئەمەس، ئەرەب تىلىدىكى كىتابى بىلەن بۇ كائىناتتەك رەڭلىك كىتابى، زىت ئەمەس، ئۇنى پەقەت نادانلار زىتلاشتۇرغان، ئاسمان ـ زېمىن ۋە باشقا مەخلۇقىدىن خەۋەرسىز، ئىنسان مۇشۇلاردىكى ئىلىمدىن غاپىل ئىنسان بۇ ئىلىمنى، بۇ تەپسىرنى ئۆچ كۆرىدۇ. تېخى بىزنى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، كاززاپ، غەيىپنى سۆزلەيدىكەن دەپ كاپىشىپتۇ، يەنە تېخى كاپىر دىنسىزلارغا مايىل بولىدۇ دەيدۇ، بىز مۇساپىر مەنزىلىمىز ئۇزۇن، يولىمىزغا راۋان بولايلى، ئۇ قانچۇق ئىتلار قاۋاپ قېلىۋەرسۇن، قېنى ئەمسە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىش، نۆۋەتلىشىشى توغرىسىدا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **140 ـ 142** ـ بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ. كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىش، ئىختىلاۋى، ئالىملارغا، ئەقىللىقلارغا ئاشكارا، نادان، دۆتلەرگە يوشۇرۇندۇر. بۇ ئىختىلاپ يەرشارىنىڭ يۇملاقلىقىدا، تۇخۇمدەك ئېلىلىپىس شەكلىدە ئىكەنلىكىدە ۋە قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مىقدارىنىڭ زىيادە كامىللىقىدا، ئوربىتىدا ئايلانغانلىقىدا بولىدۇ. گولبۇسنى كۆرۈڭ، قاراڭغۇدا چىراغ يورۇتۇپ ئايلاندۇرۇڭ، كېچە ـ كۈندۈزنى ئاسانلا چۈشىنىسىز، يەرشارىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئايەت، ھەدىستىمۇ بار، يەرشارىنىڭ ھەرىكىتىگە ئىشارەت قىلغان ئايەتلەردە سۆزلىگەن.

ھەتتا، تەپسىر مۇنىيرمۇ بىر نەچچە يەردە سۆزلىگەن، سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ سۈرە مۇلۇكتە سۆزلىگەن. ئىبنى ئابباس، تەپسىرىدە سۈرە ياسىندا سۆزلىگەن، فىردەۋسنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرى، ھەم ئۈستۈنى دېگەن، ھەدىسنىڭ شەرھىدا، مىشكاتتا، ھەتتا ئاسمانلارمۇ يۇمىلاق دېگەن. ھازىرقى تەبئىي ـ پەنمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ھەسەن ـ ھۇسەنمۇ بۇنى كۆرستىدۇ، چۈنكى، ئۇ گۇمبەز شەكلىدە، چۈنكى، زېمىن، بۇلۇت يۇمىلاق ـ دە!

سۇلارنىڭ توختىماي ئېقىشى ۋە دېڭىزدا كېمىنىڭ كېتىپ بېرىپ كۆزدىن يوقۇپ كېتىشى، دېڭىزى سۇيىمۇ يۇمىلاق ـ دە! زېمىن بىلەن تەڭ يۈگەلگەن ۋاھاكازالار، زېمىن ھازىر قولىمىزدىكى توخۇمدەكلا شەكىلسىز يۇمىلاق، نەچچە يۈز سۇنئىي ھەمراھ چۆرىسىدە يول تاللىشىپ چۆرگىلەۋاتىدۇ، سۈرەتكە ئېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى، مەركىزىي نۇقتىسى ئېكۋاتور سىزىقى ۋە ئىككى تەرىپىدىكى مۆتىدىل رايون، **12** سائەتتىن **24** سائەت كېچە ـ كۈندۈز بولىدۇ، بارا ـ بارا زىيادە بولۇپ، بىر ئايغىچە، بىر ئاي كۈندۈز بولىدۇ، ھەتتا ئىككى قۇتۇبىدا شىمالنىڭ ئەڭ چېتىدە جەنۇبىنىڭ ئەڭ چېتىدە ئالتە ئاي كېچە ئالتە ئاي كۈندۈز بولىدۇ، دائىم زىيادە بولىدۇ كەملەيدۇ. ھەتتا ئىككى تەرەپ قاپ ئوتتۇرىسى **12** سائەتتىن پەرقلىنىدۇ، مىسىردا كۈن كۆرۈنگەن چاغدا پارىس قولتۇقىغا كۈن چىقىپ بولغىلى بىر سائەت بولىدۇ. مىسىردا كۈن چىققان چاغدا جۇڭگودا كۈن چىققىلى **4** سائەت ئوتتۇرا جۇڭگودا بەش سائەت بولۇپ بولىدۇ، كالفورنىيىدە **12** سائەت بولۇپ بولىدۇ ـ دە! ئۇ يەردە كۈن كىرىدۇ.

**(تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى)**

خۇلاسە، بىز شىنجاڭدىكى، قەشقەردىكىلەرگە كۈن كۆرۈنسە ئامرىكىغا كۈن كىرگەن بىزگە كۈن كىرسە، ئۇلارغا چىققان بولىدۇ. شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدا ئىككى سائەت، قەشقەر بىلەن مەككە ئارىلىقىدا **3** ـ **4** سائەت، مىسىر ئارىلىقىدا بەش سائەت پەرقلىنىدۇ، بۇ ۋاقىت پەرقى كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارتۇق كەم بولىدۇ. بىز مۆتىدىل بەلۋاغدا ئىسسىق ئەمەس، ئافرىقىلىق ئىسسىق بەلۋاغدا تۇرىدۇ. بۇلارنى تەپسىلىي چۈشىنىپ بىلىش ئۈچۈن جۇغراپىيە ئاتلاسىنى ۋە **100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟نىڭ ئالەم ئىلمى قىسمىنى، يەرشارى ئىلمى قىسمىنى كۆرۈڭ، ھەرخىل كائىنات تونۇشتۇرۇلغان ئۇنئالغۇنى ئاڭلاڭ، مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئەمما ئەمەلىي دەلىلى باردىن ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرمەڭ، خاتا پەرەز، مۆلچەر، پەلسەپە، ئىدىيىدە ئۆزلىكىدىن دىسە تەبئەت ھادىسلىرى دىسە، ئالدانماڭ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىگىدىن ياكى ئەقلسىز، جانسىز تەدبىرسىز تەبئەت، مۇشۇنداق قىلدى دېگىنىدىن بىزنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ قىلدى، ياراتتى دەپ سەۋەب كۆرستىشىمىز توغرا، ئەقلگە لايىق، ئەقىلگە سىغىدۇ.

يۇقىرقى ئالەملەرنىڭ يارىلىشى ۋە باشقا ئىشلاردا ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقىدا مۆجىزە بولغان ئىكەن، **109** خىل ئېلېمېنت ماددىسىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈردۇر، بۇ ماددىلار خۇددى ئىنسانلار ئۆپكىسىدىن چىقىۋاتقان ھاۋا بىر خىل ماددا، **4000** خىلدىن ئارتۇق لۇغەت، ھەرخىل تىل، ھەرخىل ئاۋازنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، شۇنداق كۆپ پارچىلاندى، ئەسلىي بىر خىل ھاۋادۇر، شۇنىڭدەك بۇ ماددىلارمۇ ئەسلى نۇر ھارارەت ئىدى، كېيىن، بۇ نەچچە يۈزگە پارچىلاندى، ھەرخىل تەركىب مۇرەككەپ بولدى، **28** ـ **29** ھەرپىدىن نۇرغۇن كەلىمە سۆزلۈكلەر، لۇغەتلەر چىققاندەك تۈرلۈك ئاۋاز چىققاندەك بۇ ماددىلارمۇ ھەرخىل نەرسىلەرنى شەكىللەندۈردى، ئەلۋەتتە سۈرەتكە كەلتۈرگۈچى بىرلىكنى تەڭپۇڭ ئادىل ھالدا ساقلىغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىنتىزاملاشتۇرغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر، جانسىز، ئەقلسىز، ئىرادىسىز تەبئەت ئەمەس، تەبئەت ھادىسىسى پەيدادۇر، ئۇنى پەيدا قىلىپ ياراتقۇچى قانۇن ـ ئىنتىزامغا سېلىپ باشقۇرغۇچى ئاللاھدۇر، ئاخىرى قايتىدىغان جاي يەنىلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، يۇقىرقى ماددىلار خىمىيە، فىزىكىلاردا بار، بۇنىڭ ئەرەبچىسى، ئۇيغۇرچىسى **109** خىل ئېلېمېنت تۈركۈم سۆزلەر لۇغىتىدە بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئالەملەرنىڭ يارىلىشى، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى ئەسلى ؟؟؟ ماددا بولغان زەررىچە، ھارارەت، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن **109** ئېلېمېنت ماددىلارنىڭ تەركىبى پارچىلىنىشى ئاجايىپ قۇدرەت، سىرلىق كۈچنى سۆزلەپ بولۇپ، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈك توغرىسىدا مۇنداق دېگەن، ھايۋاناتلار تۈرى ھازىر **2000000** ئاشتى، ئۆسۈملۈك تۈرى بولسا، **300000** مىڭغا يەتتى، بۇلاردىمۇ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە

بىرلىكىگە دەلالەت قىلىدىغان مۆجىزە بار، بىز بۇلاردىن بىر نەچچىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ھاراربتى يۇقىرى قىززىق گىرادۇسلۇق ئىسسىق جايدا بولۇپمۇ، دېڭىز قىرغاقلىرىدا ئۆسىدىغان جەۋز دەرىخى، بۇ دەرەخ ھىندىلارنىڭ بىرخىل ياڭىقى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى باردۇر. بۇ دەرەخنىڭ ياڭىقى توك ۋاقتىدا ئاجايىپ لەززەتلىك شاراپ، ياڭىقى پىشقاندا بولسا، سۈت چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىمۇ شېرىن تائام قىلىنىدۇ، قەغەز ياسىغىلى بولىدۇ، چېچەكىدە ئىچىملىك ياسىغىلى، دورا قىلغىلى بولىدۇ، تېخى ھاراق ئىشلەپ ساتىدۇ، قاچا، تاۋاق، داس، تەڭلە، ئۇستەل، جوزىلارنى ياغىچىدىن ياسايدۇ، ئۆيىنىڭ چۆرىسىنى، ئۇستىنى شۇ ياغاچتىن قىلىنىدۇ، ساپلىق، باراڭ قىلىنىدۇ، پىشايۋان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ قوۋزىقىدىن يىپ چىقىرىلىدۇ، ياخشىراقى كىيىم ـ كېچەك بولىدۇ، قوپالراقى ئارغامچا، يىپ ھەتتا ئەلگەك، تاغارغا ئىشلىتىلىدۇ، پالاس، بورا توقۇلىدۇ، بىر خىل ياغا چىقىرىپ، چىراغ ياقىدۇ، تائام پىشۇرۇشتا ئوتۇن قىلىپ ئىشلىتىدۇ، دېمەك، كىيىم ـ كېچەك، يىمەك ـ ئىچمەك، تائام، ئورۇن، جاي ھەممىسى مۇشۇ دەرەختىن پۈتىدۇ، بۇ ئاجايىپ قۇدرەتتۇر، ئىنساننىڭ ھەممە ھاجىتى بىر دەرەختىنلا پۈتكەن، شۇڭىنىسى بۇ دەرەخ ئىسسىق دېڭىز بويىدا ـ دە!

ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى، ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپ ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك **1000** يىلغىچە داۋام قىلىدۇ، شۇ ئارىلىقتا نەچچە يۈز يىل ياشايدىغانلارمۇ بار، بىر يىل، ئىككى يىل، بەش يىل، **15** يىل، **30** يىل، **40** يىل، **60** يىل، **70** يىل، **80** يىل **120** يىل ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالام **1200** يىل ياشىغان ئۆمۈر مۇشۇنداق ئىگىز ـ پەس بولغان بۇ ئەھۋال ھايۋانلاردىمۇ باركەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەش يىل، ئون يىل، **30** يىل، **100** يىل، ھەتتا نەچچە مىڭ يىل ياشىغىنى بار، ھەتتا قاغا نەچچە ئەسىر ياشايدۇ، پىل **100** يىل ياشايدۇ، **25** يىلدا بىرنى تۇغىدۇ، بۇلارمۇ ئۆمرىدە ئىنسانلارغا ئوخشاش بولغان.

دەرەخ، ئۆسۈملۈكمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇلارمۇ نەچچە ھەپتە، نەچچە يىل ھەتتا بەزىلىرى بىر ئەسىر ئۆمۈر كۆرىدىغىنى بولىدۇ، بۇ ئۈچ ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، جۈپلىشىشى، كۆپىيىشى، ياشلىق، قېرىلىق، ھەتتا ئۆمرىمۇ ئوخشاش، ئاجايىپ ئالاقە، زىچ مۇناسىۋەت بار. **مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسان، ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن**، سۈرە مۇلۇك، بۇ تەپاۋۇت دېگەن سۆز ئىگىز ـ پەسلىك يوق، ھەممە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەممىنىڭ ماددىسى بىردۇر، دېگەنگە ئىشارەت، يەنى ئۇ نۇر، ھارارەتتۇر، ئوغرى ئىنساندەك، ۋەھشىي ھايۋاندەك بىر ئوغرى ئۆسۈملۈك بار، ئىسمى ھلمىيىە، بىز بەلكى سېرىق ئوت دەپ قويىمىز، بۇ خىل ئوت ـ چۆپ، ئۆسۈملۈك، باشقا دەرەخ ئۆسۈملۈككە تايىنىپ جان باقىدۇ، يىلتىزىمۇ يوق، باشقا دەرەختىن ئوزۇق ئېلىپ ياشايدۇ، بۇ ئوپئوچۇق ئوغرىلىق دە! تېخى بەزىسى ئادەم، ھايۋانلارنىمۇ ئوۋلايدۇ، بۇ خىل دەرەخنى بىز كېيىن بايان قىلىمىز.

## دەرەخلەر قۇلىقى، يوپۇرمىقى، يىلتىزى توغرىسىدا

ئۇرۇق، ئۇژمە، جىگدە، ئامۇت، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ يىلتىزى تارقاپ كەڭ جاينى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ قۇلىقى، شېخىمۇ شۇنىڭغا لايىق، قۇلىقى تارقاپ يىغىلىق ئەمەس، ياغقان يامغۇر، يىلتىز ئۇچىغا چۈشىدۇ ـ دە، تېز سۈمۈرىدۇ، چامغۇر، بەسەي، تۇرۇپ ۋاھاكازالارنىڭ يىلتىزى بىرلا ئۇچلۇق بولىدۇ، ئاستىغا قاراپ ئوق يىلتىزى بولىدۇ، بۇلارنىڭ قۇلىقى يۇقىرقى دەرەختەك تارقاپ ئەمەس، غۇژمەك بىر يەرگە يىغىلىق. چۈنكى، يامغۇر شۇ قۇلاق ئارقىلىق قۇلاقنىڭ چوڭ رولى بىلەن يىلتىزغا يېتىپ بارىدۇ، بۇلارنىڭ قۇلىقى يامغۇرنى يىغىپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، دەرەختەك يامغۇرنى تارقاتمايدۇ، بىر مەركەز يىلتىزغا يەتكۈزىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ ھېكمەتنى، رەھمەتنى مېھرىبان ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان، جانسىز، ئەقىل، تەدبىرسىز، ھېكمەتسىز تەبىئەت ئەمەس، ئاللاھ قىلغان، بۇ ئىلىملارنى بىلگەنلەر ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ، بۇنداق سىرلىق ھېكمەتلەر ھايۋان، ئۆسۈملۈكتە بەك كۆپ، بۇنى كىتابلاردىن كۆرۈش لازىم.

## ھايۋانلاردىكى كۆز ئۆرنى

شىر، يولۋاس، بۆرە ئىتنىڭ كۆزى ئوتتۇرىدا بولىدۇ، چۈنكى، بۇلار گۆشخور، ھۇجۇمچى كېلىدۇ.

قوي، كالا، ئات، تۆگىلەرنىڭ ئىككى كۆزى ئىككى ياندىراق، چۈنكى، بۇلار گۆشخور ئەمەس، ھۇجۇمچى ئەمەس، بۇلار ئەتراپىنى، يىراقنى كۆرۈپ ئوتلايدۇ، شۇنداقلا خەتەرلىك ھۇجۇمدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، شۇڭلاشقا مېھرىبان ئاللاھ بۇلارنىڭ ئىككى كۆزىنى ئەتراپىنى كەڭ كۆرسۇن ئۈچۈن، ئىككى يانغا ئورۇنلاشتۇرغان، ھۇجۇمچىنىڭ بولسا، ئوتتۇرىسىدىلا بولىدۇ، بۇلارمۇ ئاچ قالماسلىقى لازىم، گۆشخورلار ئاقساق - چولاق، كېسەل، مېيىپ ھايۋاننى يەپ تۈگىتىدۇ - دە، ھەتتا تاپ، ئۆلۈكمۇ قالمايدۇ، قۇشلار، بۈركۈت تۈرىدىكى قۇشلار بۇنىڭغا ھەمكارلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەرشارى ۋابادىن، ھەرخىل كېسەلدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ ھايۋانغا ھايۋاننى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالسا گۆشىنى يېمەي قويسا دۇنيانى ۋابا كېسەل باسىدۇ، (ئۆلارنى قوغداش لازىم) شۇنداقلا ئوت - چۆپمۇ يېتىشمەيدۇ، ئوت - چۆپ ھايۋانغا ئوزۇق بولۇپلا قالماي، يەرشارىنىڭ ئېكلوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسرايدۇ، قۇم - بوراندىن مۇداپىئە بولىدۇ، ئوكسىگېن چىقىرىدۇ، كاربون (IV) ئوكسىد سۈمۈرىدۇ ۋاھاكازالار.

ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ، ئۆسۈملۈكنىڭ رەڭگىمۇ، چىراي كۆرۈنىشىدىمۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، دەلىل - ئىسپات بار، مىسال، ئىنساننىڭ بىر غېرىچ يۈزى ھەممىدە كۆز، قاش، قاپاق، بۇرۇن، قۇلاق بار، ئەمما مۇشۇنداق ئوخشاش ئەزا تۆرۈپمۇ ئالتە مىليارت ئىنسان بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بارماق ئىزىمۇ ئوخشىمايدۇ، بۇ بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئەمما ئالتە مىليارت ئىنساننىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا، بۇرۇنقىسىمۇ ئوخشىمايدۇ، كەلگۈسىمۇ ئوخشىمايدۇ، كىچىك، ياش، قېرى بولسۇن ئۆزگەرمەيدۇ، پەقەت بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، بۇنى ھەممىنى بىرلا ۋاقىتتا ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ قىلغان.

ھايۋانلاردىكى رەڭ ئەڭ چوڭ رول ئوينايدۇ، ئۇ رەڭ ئارقىلىق پەرق ئېتىپ تونۇيمىز، بولمىسا ئۇلاغ بازىرىدا ئالمىشىپ كېتىپ جېدەل چىقىدۇ، بۇ زور پايدا، رەڭدە بولغان، ۋە گۈزەل رەڭلىك بولغىنى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن قىممەت بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە گۆشى سەتنىڭ كۆپ بولسىمۇ چىرايلىق، رەڭگى كېلىشكەننى تېز، قىممەت ئالىدۇ، بازاردىكى رەخمۇ شۇنداق ھەممىسى كۈندىن كەلگەن يەتتە خىل رەڭنىڭ ھېكمىتى.

دەرەخ رەڭلىرى، گۈل - گىياھ رەڭلىرى ئاجايىپ گۈزەل بولىدۇ، كىشىنى مەھلىيا قىلىپ، ئوكسىگېندىن باشقا مېۋە، ئوزۇقىدىن ،خۇشپۇرىقىدىن باشقا گۈزەل كۆرۈنۈشى بىلەن مىليونلىغان كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ساياھەت قىلدۇرىدۇ، بۇ ئاجايىپ كىرىمدۇر، ياخشى پايدا، قوش بەخت، ھوزۇردۇر، جەننەتنى ئەسلىتىدۇ.

شامال بىلەن چاڭلىشىدىغان دەرەخ، ئۆسۈملۈكنىڭ، مىسال: تېرەك، سۆگەت، توغراقتەك گۈزەل رەڭلىك چېچەكلىرى بولمايدۇ، پۇرىقى تېخى شېرىن بولمايدۇ، چۈنكى، شامال ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، چاڭلاشتۇرىۋېرىدۇ.

قۇش ۋە ھەسەل ھەرىسى بىلەن چاڭلىشىدىغان قوغۇن - تاۋۇز، گۈل - گىياھ، ھەتتا جىگدىگىچە چېچەكلىرى مېزىلىق پۇراق چىقىرىدۇ، ئىچىدە تاتلىق ھەسەل ماددىسى بار، چۈنكى، ھەسەل ھەرىسى ۋە باشقا قۇشلار بۇنى كۆرۈپ رەڭگىنى كۆرۈپ، پۇرىقىنى پۇراق، تەمىنى تېتىپ زور پايدا ئالىدۇ، ئوزۇق ئالىدۇ، ھەسەل چىقىرىدۇ.

ئەمما، بۇ يەردە يەنە بىر ھېكمەت بار ئۇ بولسا، بىرلا ۋاقىتتا تۇغۇلغان، بىرلا ۋاقىتتا بالىغ بولغان، ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئاشۇ بىر جۈپ ئاتىلىق، ئانىلىق گۈل ۋە باشقا زەررىچە چاڭلارنىڭ ئەركەك - چىشى، ئىككى ئۇرۇق ئاساسى ، ھوسۇل ئاساسى، ھەسەل، قوغۇن - تاۋۇز، كېپەز ئاساسى بولغان، بىر جۈپ ياش توي قىلىدۇ، قۇشلار سايراپ قانات قېقىپ، ھەسەل ھەرىسى غىڭشىپ مۇزىكا، ساز خۇشال ئاۋاز بىلەن داپ چېلىپ بۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، چاڭلىشىش ئاخىرلاشقاندا ھەممە ئۆز جايىغا قايتىدۇ، بۇ بىر جۈپ بىر ۋاقىتتا يېتىلىپ بىرلا مۇرادىغا يېتىپ، بىرلا ۋاقىتتا قېرىپ، پايدا - زىياننى، خۇشاللىقنى، خاپىلىقنى بىرلا

ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا بىرلا ۋاپات تاپىدۇ، يەنە بىرلا قوپۇرۇلىدۇ، تىرىلىدۇ، ئۆسۈملۈك تۇرمۇشى، ھايۋانات تۇرمۇشى ئىنسانلار تۇرمۇشى، ئوزۇقى، ھاياتى، بەختى ھەممىسى ئوخشاش، شۇڭا، قۇرئانمۇ بۇ ئۈچىنى بىرلا بايان قىلىدۇ، بىرلا ئارىسىدىكى بىرلىك ئىتتىپاقلىق، زىچ مۇناسىۋەت، تەڭپۇڭلۇق بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، ھەممە ئەھۋاللىرىدا ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە دەلىل كۆپ، بۇلارنى ھەممىنى ئالدىدىن بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ قىلغان، بۇلارنى تەبىئىي پەن كىتاپلىرىدىن، **100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن دېگەن كىتابتىن كۆرۈڭ.

## شامال، بۇلۇت، يامغۇر، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك

شامال ئاتموسفېرا، سوغۇق ھاۋا بېسىمنى قۇياشنىڭ نۇرىدىن كەلگەن ئىسسىق ھاۋا ئېقىمىنىڭ بېسىمىنىڭ قوغلىشى، ئۆزئارا جەڭ قىلىشىدىن شەكىللىنىدۇ، بۇ ھەتتا **4~10** بالغىچە چىقىدۇ، بوش چىققان شامال كۈچلۈك بوران، شامال يەريۈزى، شامال ۋە ئالەم بوشلۇقى شاملى ھەتتا قۇياش شاملىمۇ بار، بۇ ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى، دەلىل ـ ئىسپات شۇكى، تېنچ شامالسىز كۈندە تونۇرغا ئوت يېقىپ داپخاننى ئاچساق بىر خىل شامال كۈچىنىڭ ھاۋا بېسىمىنىڭ تونۇردىن ھەرخىل ئۈچقۇندا چاۋارنى ئۈستىگە كۆتۈرگىنىنى كۆرىمىز، مانا بۇ داپخاندىن كىرگەن ھاۋانى ئوت ئىسسىقى ھاۋا ئېقىمىنىڭ بېسىمى قوغلاپ چىقارغان چاغدىكى شامال بولىدۇ.

بىر تونۇر شۇنداق قىلىدۇ يۇ؟ قۇياش ئىسسىقى چۇ؟ يەرشارىنىڭ ھەممە يېرى سىز تۇرغان چاغدەك ئىسسىق ياكى سوغۇق ئەمەس، ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، ئىسسىق، سوغۇق، مۆتىدىل بولىدۇ. بۇلار ئۆزئارا جەڭ قىشلىدۇ ـ دە! شامال ھاسىل بولىدۇ، بۇمۇ بىر ئاللاھنىڭ قوشۇنى، بۇ ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا، ئۆسۈملۈككە پايدىلىق يامغۇرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

شامال دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ پارچىسىنى ھەرخىل زەررىچىلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ، بىردەمدە سوغۇق رايونغا ئېلىپ چىقىپ بىردەم ئىسسىق رايونغا ئېلىپ چىقىپ بۇلۇت شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنىڭدا ئېلېكتىرون زەررىچىسى بولىدۇ، توك ئېقىمى مەنفى ياكى مۇسبەت توك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆزئارا سۈركىلىشىدىن ھاۋا، ئاتموسفېرا، سپوز، يەرشارى تارتىش كۈچى قاتارلىق ئامىللاردىن چاقماق، گۈلدۈرماما ھاسىل بولىدۇ، كۈچلۈك نۇر چىقىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا مۇشۇ يەرگە يەتتى، ئاللاھ ئالىمدۇر. مانا بۇلارنى مېھرىبان ئاللاھ قاقشال، قۇرۇق زېمىنغا، ئىنسانغا، ھايۋان، ئۆسۈملۈككە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ ئاساسى ھەم مەنبەسى بولغان سۇنى يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ، يامغۇر **10** خىل قانۇن بىلەن ياغىدۇ، قۇياش نۇرى تەسىرىدىن سۇ پارلىنىش، شامال كۆتۈرۈش، ھاۋادا چاڭلىشىش، سەيرە، تامچىلاپ كوركىرىماي چۈشۈش، ۋەيران قىلماي، ئېھتىياجغا قارىتا، ھاجەتكە چۈشلۇق، ۋاقىتلىق چۈشۈش، ئاندىن زېمىنغان كىرىپ كەتمەي ئېرىق ھاسىل قىلىپ يۇملاق زېمىندا چۆرگىلەپ ئېقىش، دەريا ھاسىل قىلىش، دېڭىزغا يەنە قايتىپ قۇيۇلۇش، قۇرۇقلۇققا يىغىش، بەزى دېڭىز ھايۋانلىرى ئىچىدە گۆھەر ھاسىل قىلىش، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، زىرائەتنى ئاپەت بىلەن ۋەيران قىلماي سۇغۇرۇش، ئوزۇق بولۇش، بىلىقتا ھاۋانى ئۆچۈشۈپ، ئوكسىگىن بىلەن تەمىنلەش، ھاۋانى ساپلاش، پاكىز قىلىش، مىكروپىنى يوقىتىش، ئىسسىق پۇراقنى يوقىتىش، ھاۋانى سوۋۇتۇش، توپا ـ چاڭنى تازىلاش ۋاھاكازالار. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، رەھمىتىنى دەپ بولغىلى، يېزىپ بولغىلى بولماس. **(يامغۇرنىڭ شەكىللىنىشى)**

مانا بۇ ئايەت ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە ۋە باشقا ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ئىلىملىرىگە ئىشارەتتۇر. مانا بۇ پۈتۈن ئالەم، سامان يولى، قۇياش سىستېمىسى، قۇياش نۇرى يەتتە خىل رەڭ، ھاۋا، ئاتموسفېرا، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، زىرائەت ئۆزئارا ئالاقە، زىچ مۇناسىۋەت، ئادىل ئۆلچەملىك تەرتىپ، تەدبىر، ھېكمەت، دەلىل ـ ئىسپاتلار، مۆجىزە ئالامەتلەر بەكمۇ كۆپ، بىز ئويلاپ باقايلى، مۇشۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك، بۆرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، ئۈچەي قاتارلىق ئىچكى

ئەزالىرىمىزنىڭ، بىر تۇتاش ئىكەنلىكىنى ئويلايلى، مانا بىرلىك، تەكچۈڭلۈق، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرقى ئالەملەرنى ئاللاھ ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى دېگەن ئايەتنى ئاللاھ راست ئېيتقۇچى، بۇمۇ بىر قۇرئان مۆجىزىسى. ھەممىسى ئىنسانغا بويسۇنىدۇ، ھەتتا ئالەم بوشلۇقىدىن تارتىپ ھەممىسى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. ئۇلاردىن بىرسى ھەتتا بىر چىۋىن، چۈمۈلە يوقىسىمۇ ئىنسانغا زور زىيىنى يېتىدۇ.

ئەمما ئىنسان يوقىسىمۇ ئۇلارغا زىيىنى يەتمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ چەكسىز ئالەمدە كىچىككىنە يەرشارىغا شۇ يەرشارىدىن بىز ئىنسانغا قۇرئاندەك ئۆزگەرمەس گۆھەرنى بېرىش، بىز شۈكرىنى ئادا قىلىپ بولالمىغۇدەك نېمەتتۇر، ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ، ئىنسان يەنىلا ئاز شۈكرى قىلىدۇ.

ئاللاھ بۇ دۇنيانىڭ ئاساسي مەنبەسى، ئوت يەنى نۇر ئاشۇ زەررىچىدە قىلدى، سۇمۇ ئەلۋەتتە توققۇزدىن سەككىز ھەسسىسى ئوكسىگىن بۇمۇ ئەلۋەتتە زەررىچە ھەممىنىڭ ئەسلى ماددىسى، كېلىش مەنبەسى زەررىچە، نۇردۇر، ھارارەتتۇر. دېمەك، ئاللاھ ئوتنى بۇ دۇنيادا رەھمەت قىلغاندۇر، بىز ۋە ھەممە نەرسە زېمىندىن، قۇياشتىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەسلىمۇ ئوت، نۇر، ھارارەتتۇر. ئەگەر ئىنسانلار ئاللاھنى تونۇسا ئىمان ئېيتىپ شۈكرى قىلىپ ئىبادەت قىلسا ئاخىرەتتە بەخت تاپىدۇ، مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىدۇ. ئەگەر مۇشۇ دۇنيادىكى بۇ نېمەتلەرگە تۇز كورلۇق قىلىپ ئاللاھنى ئىنكار قىلىپ، شۈكرى قىلمىسا، بۇ دۇنيانى، ئوت ماددىسىنى، ئېنېرگىيىنى، رەھمەتنى، نېمەتنى قىلغان ئاللاھ ئۇنى ئاخىرەتتە يەنىلا شۇ ئوتتا (69) ھەسسە ئارتۇق قىززىق ئوتتا جازالايدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ كاپىر، مۇناپىقلارنى ئوت بىلەن جازالىشىنىڭ سەۋەبى. ئوت، دۇنيادا رەھمەت چوڭ، رەھمەت چۈنكى، ئۇ ئېنېرگىيە، نۇر، ھارارەتتۇر، ئۇ دۇنيادا بولسا ئازابتۇر، ناشۈكرىگە ئازابتۇر.

سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەت، مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھنى ھەممىدىن بەك باخشى كۆرۈشى ئاللاھنىڭمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشى توغرىسىدا.

قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرگە، ئادىللارغا، پاكلارغا، مۇجاھىدلارغا، سابىرلارغا، زاكىرلارغا، ئەۋلىيالارغا بولغان مۇھەببىتى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى 27 ئايەتتە تىلغان ئېلىنىدۇ، بۇ قول تەپسىرىسى، تەپسىر بايانىنىڭ مۇندەرىجىسىدە بار، تەپسىلىي كۆرۈڭ. بىز بۇلاردىن بىرنەچچە ئورۇنغا ئىشارەت قىلىمىز.

ئالتىنچى سۈرە 76 ـ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مەن يۇلتۇز، قۇياش، ئاينى ئەمەس، ئاللاھنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى ئەمەس دېگەن. 2 ـ سۈرە 195 ـ ئايەت، 3 ـ سۈرەت 134 ـ، 148 ـ ئايەت، 5 ـ سۈرە 13 ـ، 93 ـ ئايەتتە ئاللاھ مچسىنين ياخشىلىق قىلغۇچىنى ياخشى كۆرىدۇ. 2 ـ سۈرە 222 ـ ئايەتتە ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن. 2 ـ سۈرە 222 ـ ئايەت، 9 ـ سۈرە 108 ـ ئايەتتە ئاللاھ پاكلارنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن. 3 ـ سۈرە 76 ـ ئايەتتە، 9 ـ سۈرە 4 ـ، 7 ـ، ئايەتتە ئاللاھ مۇتتەقىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن. 3 ـ سۈرە 146 ـ ئايەتتە ئاللاھ سابىرلارنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن. 3 ـ سۈرە 159 ـ ئايەتتە ئاللاھ تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ياخشى كۆرىدۇ دېگەن. 5 ـ سۈرە 42 ـ ئايەت، 49 ـ سۈرە 9 ـ ئايەتتە ئاللاھ ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن. 3 ـ سۈرە 31 ـ ئايەتتە ئەگەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار ئاللاھمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە، ئاللا ۋە مېنى ماللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن، جانلىرىڭلاردىن، ئاتا ـ ئاناڭلاردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە سىلەر مۆئمىن ئەمەس دېگەن. ئايەت، ھەدىس دەلىلى بىلەن ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش پەرىزدۇر.

5 ـ سۈرە 54 ـ ئايەتتە ئاللاھ، قىيامەتكىچە ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان ئاللاھمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان قەۋمنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئايەت بەك كۆپ، ھەدىسمۇ كۆپ، ھەدىستە، ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھنى ئۆز جېنىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرمىسە ئۇ مۇئمىن ئەمەس دېگەن.

ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، ئىسلام دىنىدا پەرىزدۇر، ئايەت، ھەدىس دەلىللىرى نۇرغۇن كىتابنى قولغا ئالسىلا ئۇچرايدۇ. كىتاب، سۈننەت، ھەدىس، ئىجمائ قىياس ھەممە مەزھەپ قېتىلغان، بۇ مۇھەببەتكە

ئىسلام دىنىلا ئەمەس پۈتۈن دىنلارمۇ، پۈتۈن ئىنسانلارمۇ قىزىقىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، جېنىنى پىدا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ، بىز ياخشى كۆرىدىغان زات، ئالەمنى ياراتقان ئاللاھ ـ دە! قەدىمقى ۋە ھازىرقى ھەممە قۇرئان تەپسىرلىرى بۇ تىمىنى ئۇنتۇمىغان، ھەممىسى بىرىنچى ئورۇندا قويغان. چۈنكى، پەيغەمبەرلەردىن كېيىن قالسا، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەتباتىئىنلار ۋە باشقا ئەۋلىيالار ھەممىسى مۇشۇ پەرىزنى چۆرىدەپ ئىبادەت ۋە ئەمەل قىلىپ كەلدى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاللاھنى رازى قىلىپ، ماقامغا يەتتى، بارلىقىدىن كەچتى، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن، نەپسىدىن كېچىپ، زور بەدەل تۆلەپ، كېچە ـ كۈندۈز قەلبىدە ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى بىلەن ئۆتتى، زىكرى قۇرئاندا **60** ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، ھەدىستىمۇ شۇنداق، چۈنكى، كىم ـ كىمنى ياخشى كۆرسە كۆپ ئەسلەيدۇ.

ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ بىرىدىنبىرسى. ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى، زىكرىدە، ئىبادەت، تەسبىھ، قۇرئان، چىن قەلب، سادىق، ئىخلاس، جاننى ئايىماسلىق، بۇيرۇقىقا دەرھال ئىتائەت قىلىش، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىماي چىقىش ئاللاھ بىلەن سىرداشىش، مۇناجاتلىشىش، ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىش، ئۆزگە، پۈتۈن خەلققە پايدا ـ مەنپەئەت بېرىش، سەۋر قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، ئەپۇچان كېلىش قاتارلىقلار.

ئۇلار چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم ئىش نەپسىدىن كېچىش بولدى، بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن تەپسىر كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن.

چۈنكى، قۇرئان بۇ تېمىنى كۆپ زىكرى قىلغان، ھەدىسلەردىمۇ، بەيزاۋى، بۇ تەپسىرمۇ ئەۋلىيا، ئاشىقلارنىڭ كارامىتىنى سۆزلىگەن. ئىبنى كەسىر بۇ تەپسىرىمۇ قىيامەتكىچە ئەۋلىيا چىقىپ تۇرىدىغىنىنى، ئايەت، ھەدىس بىلەن ئىسپاتلىغان. ھەتتا چىن ئاشىقنى تىلغان ئالغان، سەييىد قۇتۇب، «فىزىلال قۇرئان» تەپسىرىدە كۆپ سۆزلىگەن. سۇرە مۇھەممەدتىمۇ جەننەت، دوزاخ ئەمەس، بەلكى، ئاللاھنىلا كۆزلەش، ئىشتىياق، ئاشىق بولۇشنى سۆزلىگەن. دەل شۇ يەردە رابىئەنىڭ سۆزىنى تەپسىرىگە كىرگۈزگەن ھەم بىرنەچچە جايدا ھېكمەتلىك سۆزنى ۋە شېئىرنى كەلتۈرگەندۇر. قەلبىدىكى نۇر توغرىلىقمۇ خېلى كۆپ سۆزلىگەندۇر، تەپسىر مۇنىير بۇ تەپسىرمۇ بۇ توغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئېلىپ ھۆكۈم چىقارغان.

ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، ئىمانىنى، دىنىنى قوغداپ پىتنە زاماندا تويسىز ئۆتسە، ھەتتا يۇرتىنى تاشلاپ زاھىد بولۇپ، تەنھا ياشىسا بولىدۇ دېگەن. ھۆكۈمگە پۈتۈن جەمھۇر ئالىملار ئىتتىپاقا كەلدى دېگەن. سۇرە كەھفىدە زىكرى قىلىنغان ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي مەشھۇر پەيلاسوپ «مۇسەننىپ ئەھيائ» دېگەن كىتابىدا مەخسۇس باب توختاتقان، نىكاھ ئىشىدا بويتاق، ئائىلىسىز، يۇرتىنى تاشلاپ خالىي ئىبادەتكە ، مۇھەببەتكە، زىكرىگە ئۆزىنى ئاتاپ، قۇربان قىلسا، نەپسىنى بېسىپ ياشىسا ئۇ ئۆلسە مۇجاھىدلاردەك شېھىد بولىدۇ دېگەن. كىتابۇننىسكاھىدىمۇ تويتاقلىقنى، تەنھا ئىبادەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ ماقامغا يېتىشنى دېگەن، نۇرغۇن ئەۋلىيالارنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى سۆزلىگەن. جۈملىدىن، ئەبۇ زەر ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ساھابىلارنى، ھەسەتۇلبەسرى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىبراھىم خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي ۋاھاكازالار. نۇرغۇن ئايال ئەۋلىيالارنىمۇ ئۈلگە قىلغاندۇر، بۇ تۆت فىقھى كىتابتا ئالتە ھەدىس، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىنىڭ كىتابۇننىكاھ دېگەن بابىدىكى شەرھىدە ۋە پىتنە زامانىسىدىكى ھەدىسى شەرھىسىدە دەلىل ـ ئىسپات ناھايىتى كۆپ زىكرى ـ تەسبىھ، ئىبادەت بىلەن ئۆتۈشنى ھەتتا تويسىز ئۆتۈشنى سۆزلىگەن، توينى مۇستەھەپ دېگەن خالاس، بەزىلەر پىتنە زاماندا مۇستەھەپمۇ ئەمەس دېگەن. ئەلۋەتتە بارلىقىدىن ۋاز كەچمىسە جىھادمۇ، ئىلىممۇ، ئىبادەتمۇ، مۇھەببەتمۇ ئاللاھقا ئاشىق بولۇشمۇ خالىي جايدا تەپەككۇر قىلىش، ماقامغا يېتىش، قەلب نۇرىمۇ ھېچ ئىش، ھېچ نەتىجە ياكى كىتاب تەسنىپ قىلىش، بىرەر نەرسە يېزىش ئىشلىرىمۇ زادى ئاقمايدۇ، بىر قەلبكە ئىككى نەرسە سىغمايدۇ.

ئاللاھمۇ قۇرئاندا، بۇنى ئېنىق دېگەن، پەقەت مۇھەببەت، ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىشنى كۆپ تەكىتلىگەن، رەسۇلۇللاھ بۇنى چۈشەندۈرۈپ مەخپىي شېرىكتىن ئاگاھلاندۇرغان، ساھابىلار، تابىئىنلار، نۇرغۇن ئەۋلىيالارمۇ بۇنى كۆپ سۆزلىگەن. مەسىلەن، ئاللاھ قۇرئاندا **22** ـ ئايەتتە تىلغا ئاپتۇ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىنى ئۇلارنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغىنىنى دېگەن. رەسۇلۇللاھ شۇنداق دىدى، مەن ئاللاھنىڭ ھەبىب يەنى ئاللاھنىڭ دوستى دېگەن، قاتتىق ياخشى كۆرىدىغىنىنى دېگەن، شۇ ئىشىق بىلەن گۇناھدىن خالىي تۇرۇپ،

مەغفىرەت قىلىنغان تۇرۇپ، پۇت ـ قولى ئىبادەتتە ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ساھابىلارمۇ ھەتتا جەننەتكە كىرىسەن دېگەن بېشارەتنى ئالغان، ساھابىلارمۇ شۇنداق تۆۋرۈككە ئارغامچا سىلىپ ئىبادەت قىلاتتى. ھەتتا كېسەل بولۇپ قالغانلار كۆپ ئىدى، كۈندۈزى جەڭ كېچىسى قۇرئان، قىيام بىلەن ئۆتەتتى، ئۇلار رەھمەتنى شۇنداق قىلىش بىلەن ئۈمىد قىلاتتى. تابىئىنلار، ئەتتابىئىنلار، تۆت مەزھەپ، چوڭ ئىماملار ۋە باشقا مۇخلىسلار مۇشۇنداق قىلاتتى، كېچە ـ كېچىلەپ كۆز يۇمماي چىقاتتى، بۇ ئەھۋال تا ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ، قىيامەتكىچە مەڭگۈ داۋام قىلغۇسى، ئۇلارغا ئەمەلىي بېشارەت بېرىلىپ ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە توختاپ قالماسلىققا ئىلھاملاندۇراتتى، ئۇلارنىڭ سەۋر قىلىشى، تەۋەككۇل قىلىشى، كۈرەش قىلىشى، زىكرى ـ تەسبىھ، ناماز، رامىزان، ئىبادەت قىلىش، كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى، كۆرگەن راھەتنى بولسا، ھالاۋەتنى بىز كۆرگەن بۇ تۇرمۇش ھالاۋەت، راھەتتىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن تۇراتتى، مەن دېھقانلارنى دېمەكچى، شەھەر ئاھالىسى زىيالى كادىرلار تۇرمۇشنى ئۇلار زادى كۆرمىگەن، كىيىم ـ كېچەكلىرى، تائاملىرى، تۇرمۇشى شۇنداق ئاددىي ئىدى. سەپەر قىلسا، ماڭاتتى، ھەتتا ئۇلاغلىرىمۇ يوقتى، بىزچۇ؟ بىزگە شۇڭا ھېچنېمە يوق، يەنە تېخى بىز چوڭ رەھمەتنى كۈتۈپ پو ئېتىپ ئۆزىمىزنى ئالىي ماقامدا ساناپ، يوغان سۆزلەپ ئولتۇرىمىز، ھەممىسى قۇرۇق گەپ، قۇرۇق پىلان، ئەمەلىيەتتە يوق، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، بىز ئۆلگە بولالمىدۇق، بىزگىمۇ ئۆلگە ئۆرنەك يوق، ئىسىت. ئەۋلىيالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك دەيدىغان سۆزى كېچىسى ئۇخلىماي تۈنەش، ئىبادەت، قۇرئان بىلەن ئۆتۈش، سەھەرنى لازىم تۇتۇش، قىيامدا تۇرۇش ئۇچۇن تائامنى ئاددىي، ئاز يېيىش، ئېشىپ كەتسە تۆت سائەت ئۇخلاش بولمىسا ئۇخلىماسلىق، ھەقنى قوغداپ باتىللارغا قاتتىق قارشى تۇرۇش، كىشىلەر تىللىسا تۇرۇپ بېرىش، ئوڭ يۈزىگە ئۇرسا سول يۈزىنى تۇتۇپ بېرىش، ھايا، ئېپپەتتە، نامەھرەمگە كۆز سالماي ئۆتەتتى. قەلبلا ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ئەزاسى، بەدەنلىرى زاكىر بولاتتى، ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشىش، سىردىشىش، مۇناجات ئۇچۇن كىشىلەردىن خالىي بولاتتى، ئەڭ مۇھىمى قەلبى ئىدى. ئۇلار مۇنداق دەيتتى، قەلبىڭ بىرەر مەخلۇققا ئالاقە باغلىسا، ساڭا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ھارام بولىدۇ، ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى، شېرىكلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ، قەلب بىرلا ۋاقىتتا ئىككىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغىنى ھەممە جەھەتتىن ئاللاھ دېگەن. چۈنكى، ئۇ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، ئەڭ ياخشىسى، توغرا چۈشەنگۈچى، ياخشىلىق قىلغۇچى، رەھىم ـ شەپقەت قىلغۇچى، ئەپۇ قىلىپ رازى بولغۇچى، رازى قىلغۇچى، مەڭگۈ بىللە تۇرغۇچى ئايرىلىپ ئازابقا قويمايدۇ، مەڭگۈلۈككىمۇ مەڭگۈ بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى، خالىغىنىنى قىلالايدىغان ياراتقۇچى دېگەن.

رەبىئە بەسرى رەھمەھۇللا ئەلەي، مەن جەننەت ئۇچۇن ئەمەس، دوزاختىن قورقۇپ ئەمەس، پەقەت ئاللاھ ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئىشق باغلاپ ئىبادەت قىلىمەن.

سوراپ باقاي سەن ئەگەر ئاللاھ جەننەت ـ دوزاخنى ياراتمىغان بولسا، ئاللاھتىن قورقمىغان، ئىبادەتمۇ قىلمىغان بولامتىڭ؟

جەننەت ئۇچۇن دوزاختىن قۇتۇلۇشقا ئىبادەت قىلسام، مەن ئەڭ يامان ئىجارىچى، پايدىنى كۆزلەپ زىياندىن قاچىدىغان ھەقىقىي خوجايىنغا سادىق بولمىغان خوجايىنىمۇ كۆزلىمىگەن مەدىكار بولۇپ قالىمەن دېگەن.

ئۇ مۇنداق؛ بۇ شېئىرنىڭ، ئەرەبچىسى «فىزىلال قۇرئان» تەپسىرىدە كۆرستىلگەن، ئى ئاللاھ سىلە ماڭا تاتلىق بولسىلا ھاياتىمۇ ئاچچىق، سىلە مەندىن رازى بولسىلا پۈتۈن خەلق غەزەپتىدۇر، سىلە بىلەن ئارىلىقىم گۈللەنسە ئالەم بىلەن مۇناسىۋىتىم خاراپ بولۇر، ئالەملەرگە مۇناسىۋەت باغلىسام سىلەبىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم خاراب بولۇر، ئەگەر سىلىدىن ماڭا دوستلۇق، مۇھەببەت يار بولسا، ماڭا پۈتۈن دۇنيا پۈتۈن توپا ئۈستىدىكى نەرسە توپىغا ئوخشاش بولۇر دېگەن، بۇمۇ پەقەت ئاللاھدىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن، ئۆزىمۇ تاغدا بويتاق ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن، بۇ سۆزلەر «فىزىلال قۇرئان» تەپسىرىدە تەنتاۋىدا ئىھياﺋ دېگەن. ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ كىتابىدا ۋە باشقا كىتابلاردا بار، بۇ ئەمەلىيەتتۇر، ۋاقتى تابىئىنلار دەۋرىدۇر.

بەزىلەر ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى خاتا چۈشەنگەن، تېخى ئەيىپلىگەن. يا رابىيە، سەن رۇسۇلۇللاھنى ياخشى

كۆرەمسەن؟ دېگەندە، ئۇ مەن رەسۇلۇللاھنى قاتتىق ياخشى كۆرىمەن، ئەمما خالىقنىڭ مۇھەببىتى مېنى مەخلۇقنىڭ مۇھەببىتىدىن مەشغۇل قىلىۋاتىدۇ، دېگەن. بۇ توغرا ئىدى، لېكىن بەزىلەر ئۇنى رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، بۇ ھەدىسكە خىلاپ دېگەن، لېكىن، مەن ئۇنى قاتتىق ياخشى كۆرۈمەن دىگىنىنى ئۇنتۇپ قالغان، يەنە تېخى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى مەشغۇل قىلىۋالغان بولمىسا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. كۆپ ئەسلەپ دۇرۇت ئېيتاتتى، بۇ خۇددى پەرىزگە تەكبىر ئېيتىلىپ، سۈننەت تۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاشتۇر، خاتا يېرى يوق، ئۇ يەنە بىرەرسى بىرسىنى ياخشى كۆرسە دېگەن ئىشنى دەرھال قىلىپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق رازى قىلىشىنى ئويلايدۇ، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دېگىنىنى دەرھال كېچىكتۈرمەي قىلىڭلار، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنى رازى قىلىڭلار، سىلەرنىمۇ ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، رازى قىلىدۇ دېگەن. كىمكى ئاللاھنى ياخشى كۆرىمەن دەيدىكەن، دەرھال كېچىكتۈرمەي ئىتائەت قىلسۇن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكمەتلىك ئەمەلىي سۆزلىرى بار، ئۇنىڭ شەۋانە دەپ ئاتىلىدىغان ئوقوغۇچىسى بار، ئۇمۇ شۇنداق تەقۋادار ئىدى، «وچياء ىلوم الدن» دېگەن كىتابىدىن كۆرۈڭ.

ئۇ كىتابىدا يەنە ئاللاھنى دەپ، ئاخىرەتنى دەپ، مۇھەببەت، ئىشق، ئىبادەتنى كۆزلەپ، ھالال بولغان، دۇرۇس بولغان، توي قىلىشنى تەلەپ قىلغان قىزنى يىگىت، يىگىتنى قىز تەرىك ئېتىپ بويتاق ھالدا ئىتىكاپخانىدا ئۆتكەنلەر خاتىرلەنگەن، ئىتىكاپخانا غار چۆرىسىدە كىتەلمەي تەلمۈرۈپ يۈرسىمۇ، كۆزىنىڭ قىرىنى سالماي ئاللاھقىلا كۆڭۈل بېرىپ ئىبادەت قۇرئان، ئىلىم، زىكىرگە مەشغۇل بولغانلار كۆپ، بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ قىلماي، بىكار سۆز قىلمايتتى، ھەتتا ئاخىرەت دوزاخ غېمىدە نەچچە يىل كۈلمەيتتى، ئاخىرەت ئايەتلىرى ئوقۇلغاندا، ھوشىدىن كېتەتتى. يىغلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى، نەچچىسى ئۆلۈپمۇ كەتتى، يا ئاللاھ ئۆلانىڭ قەلبىدە قانداقمۇ مەخلۇق بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھدىن قورقۇش خالاس، ئەمما ئۇلار ئاللاھقا ياخشى گۇمان قىلاتتى، شۈكۈرلاشقا ئىبادەتنىمۇ بەك كۆپ ھەم ياخشى قىلاتتى، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايتتى، ئاللاھقا ئۇچقۇشۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ نەس باسقان نىجىس دۇنيادىن تولىمۇ زېرىكىپ خالىي جايدا ئولتۇرۇپ، ئىبادەتنى كۆپ قىلىپ، ئاللاھنى سېغىنىپ، ھەتتا نەچچىسى نۇرغۇن پەتھىگە، كارامەتكە ئىگە بولۇپ، كارامەت ماقام تاپتى. بىزچۇ، ھازىرقى كىشىلەرچۇ؟ خالىقنى قويۇپ، مەخلۇقنى، ئاخىرەتنى قويۇپ بۇ دۇنيانى كۆزلەيدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن، بۇنىڭ چارە ـ ئامالى زادى نېمە؟ دەل مۇشۇ سوئالغا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، جاۋا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۆز قاراش ئىمام غەززالىدىمۇ بار. ئەلۋەتتە، بىرسىنى كۆرۈپ، تونۇپ، ياخشى چۈشىنىپ، ئەھۋالنى ئىگەللەپ تېخى سىناپ كۆرۈپ ئاندىن ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىسە ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت دېگەن، ئىككى شەخس كۆزىگە چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنۈشنىمۇ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىمۇ ئۇنىڭغا پەزىلەت بىلىنىدۇ، سېسىق پۇراقلىرىمۇ ئەتىردەك مېزىلىك پۇرايدۇ، دائىم ماختاش، كۆپ تىلغا ئېلىش، ئەسلەش، ھەتتا مۇھەببەت ئۇنى كور قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنى كۆرگىسى كەلسە، سېغىنسا بۇنى ئىشتىياق دەيمىز. مۇھەببەت چېكىگە يېتىپ، داۋام قىلسا، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسا، دائىم كۆمسە، تۇرالمىسا بۇنى بىز ئىشق، ئاشىق دەيمىز. بۇنى مەن دىمىدىم تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قۇرئاننىڭ **160 ـ 166** ئايەتتە دەۋاتىدۇ. يۇقىرقى ھەممە ئىشلار مۇھەببەت، ئىشتىياق، ئىشق ھەممىسى ئىلىمگە باغلىق ئەلۋەتتە. بىرەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇقساق، ئاندىن تېخى ئۆزىمىز شۇ ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولساق، باتۇرلۇقىنى بىلسەك، سېخىيلىقىنى بىلسەك، مەرت، جەسۇرلۇقىنى، قەھرىمانلىقىنى كۆرسەك، گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن، ئەخلاقى ياخشىلىقىنى بىلسەك، ئىچى تېشى ئوخشاش، پاك ـ پاكىز، ئەيىپ ـ نۇقسان بولمىسا بىزنى بەختلىك قىلالايدىغانغا كۆزىمىز يەتسە، ئۇنى ئاندىن مۇشۇ ئەھۋاللانى بىلىپ ئاندىن ياخشى كۆرىمىز. دېمەك، بۇ بىلىشكە، ئىلىمگە، كۆرۈشكە، ئاڭلاشقا باغلىق بولدى.

ئەلۋەتتە، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، ئىشق، ئىشتىياق بولۇش ئۈچۈن، رازى قىلىش ھەم بىزمۇ رازى بولۇش ئۈچۈن، ھارماي، سۇسلاشماي، ئىلىم، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنى بىلىش، تونۇش، شۇنداقلا ئاللاھنى چۈشۈنۈش، **99** ئىسىم ـ سۈپىتىنى چۈشىنىش، ئەمەلىيەتتە كائىناتتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەتبىقلاش، ھېكمەتلىرىنى چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولۇش، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزە، قۇدرەتلىرىنى بىلىش، شەكسىز ئىسپاتلاش، بىزگە ۋە پۈتۈن ئالەملەرگە قىلغان رەھمەت، نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمىگەن يەرگە يېتىش، ئاندىن ئاللاھقا چىن قەلبىدىن مۇھەببەت،

شەۋقى، ئىشق باغلاش پەرزدۇر. بۇلارغا ئىلىم كېتىدۇ، بىلىش كېتىدۇ، زور بەدەل تۆلەپ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، نەتىجە ھاسىل قىلىپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرلەش كېتىدۇ، تەبىئىي ـ پەن ئارقىلىق پۈتۈن بىلىملەرنى ئىگىلەپ زادى قانداق بىر كىتاب قانداق بىر ئىلىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھنى تونۇتسا، چۈشۈنۈشنى چوڭقۇر قىلسا، ھېكمەت ـ نېمەتلىرىنى بىلدۈرسە، شۇ كىتابنى شۇ بىلىمنى قولدىن بەرمەي پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئىجرا قىلىش، مەقسەتكە يېتىش لازىم. ئاللاھنى تونۇشمۇ، ياخشى كۆرۈشمۇ، چۈشۈنىشمۇ، سېغىنىشمۇ، ئىبادەت، زىكرى ـ تەسبىھ ھەممە ئىلىمگە موھتاج، ئىلىم بولمىسا، ھېچ ئىش ئاقمايدۇ، شۇڭلاشقا مەن ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچى، ئاشىق بولغۇچىلارنى، قۇرئاننى ھەرخىل تەپسىرلەرنى ھەدىس كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلەرنى، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەۋلىيالار، شېھىد قەھرىمانلار، ئۆلگىسىنى، ھەرخىل بىلىم، ئىلىم ـ پەننى، تەبىئىي ـ پەن كىتابلىرىنى، ئىلغار ئۇسكۈنە، تەجرىبەلەرنى لازىم تۇتۇشىنى، تىرىشىشنى كۆپلەپ بىلىم ئېلىپ مۇرادىغا يېتىشنى ئىشلىرىنى يولغا سېلىشنى، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا پايدا يەتكۈزۈپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يېتىشنى، ئىبادەت، ياخشى ئەمەلنى كۆپ قىلىپ ئاشىق، ئەۋلىيائ بولۇشنى تەۋسىيەقىلىمەن، ۋەسىيەت قىلىمەن.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمەتلىرى، نېمەتلىرى، رەھمەتلىرى، پۈتۈن كائىناتتا مۇشۇ بىز كۆرۈپ تۇرغان رەڭلىك كىتابىدا ۋە بىز ئوقۇۋاتقان خەتلىك كىتابىدا ۋە باشقا تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىلىم كىتابلىرىدا پەن بىلىملىرىدە ئاسمان ـ زېمىندا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتىزام، قانۇن زىچ مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەردۇر. بىر خىل تەكېۋۇڭدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ھايۋاناتلاردا، ئۆسۈملۈكلەردە ھەرخىل ياڭزىمۇ ـ ياڭزا، رەڭگارەڭ دۇنيادا مەۋجۇدتۇر، ھەتتا **5000** مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدىمۇ مەۋجۇدتۇر، بۇ ئاساسلىقى مەشھۇر پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ تىللىرىدا قەلەملىرىدە، كىتابلىرىدا مەۋجۇدتۇر. بىز ۋاقىتنى، پۇرسەت بىلىپ، ھاياتلىقنى غەنىيمەت بىلىپ، ياشلىقنى قەدىرلەپ دەرھال ئاتلىنىپ قولىمىزدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئەرزىمەس ئىشلارنى دەرھال تاشلاپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرلەپ ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، ئالدىمىزنى قىلىشىمىز كېرەك. بىز ھىلىھەممۇ بەك كېچىكتۇق، بەكمۇ ئارقىدا قالدۇق، ئىلىمدا، پەندە، ئىدىيىدە، ئىبادەتتە، تىجارەتتە، ھەر جەھەتتىن بەكمۇ ئارقىدا، شۇڭا بىز ھۇشىمىزنى تېپىپ پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قۇرئان، ھەدىس، پەلسەپە قارىشىنى قوللاپ، جاھىل، نادانلىقىمىزنى تاشلاپ، يولىمىزنى قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى توغرا دەپ گۇمان قىلىۋەرمەي، دەرھال ئۆزىمىزنى يولغا سېلىشىمىز، بەگۋاش ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسىمىزنى باشقۇرۇشىمىز، ۋەھشىي ئىشەكتەك ياۋايىلاشقان قەلبىمىزنى تىزگىنلىشىمىز، تاشتەك، ھەتتا چۆيۈندەك قاتقان، كۆمۈردەك قارىدىغان قەلبىمىزنى يۇمشىتىپ، ئېرىتىشىمىز، ئاقارتىشىمىز لازىم. بىز، ئىسلام پەيلاسوپى، ئەللامەنى دېمەكچى.

ئۇ قەلب ئاللاھنىلا ياخشى كۆرسۇن، مۇھەببەتنى ئاللاھقىلا باغلىسۇن، كۆڭلىنى ئاللاھقا بەرسۇن، بىرخىل تەكېۋۇك، تۇراقلىق ھالدا ھال ۋە كامال تېپىپ، الله، الله، الله قىلا ئاشىق بولسۇن، مانا بۇ مۇھەببەت مانا بۇ ئىشق، خېلى بەگۋاش ھايۋاننىمۇ ئون كۈن باغلاپ قويۇپ، ئۇقتىنى ئېلىۋەتسە جايىدا تۇرىدىكەن، كۆنىدىكەن، بىزنىڭ قەلبىمىز ئۈنچىۋالا ياۋايىلاشمىغاندۇ، ئۈنچىۋالا قاتتىق، قارا ئەمەستۇ، تىرىشايلى. بۇ مۇھەببەت ئىشق توغرىسىدا قۇرئان تەپسىرلەردىن، ھەدىس كىتابلىرىدىن باشقا پەيغەمبەرلەر قىسسىسى، ئۆلگىسى، ساھابىلار، تابىئىنلار ئۆلگىسى، ئەۋلىيالار تەزكىرىسى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئىش ـ ئىزلىرى، مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرى، مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ پەلسەپە، كۆز ـ قارىشى قاتارلىقلار بار. بۇلارغا سەل قارىماي ئىلىم ئىگىلىشىمىز، ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم، مەشھۇر تابىئىنلار ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىدىكى ئەۋلىيالار ئىش ـ ئىزلىرى بەك مۇھىم، جۈملىدىن ھەسەنۇلبەسرى، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، رابىئە بەسرى، خەۋۋاس، شەئرانى سوپىيانۇ سەۋر **1000** يىل بۇرۇنقى ئىمام غەززالى، يۇسۇپ خاس ھاجىپلاردەك، بۇلار ئەينى چاغدا بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشلىك بايان قىلغان، ئىمام غەززالىنىڭ ئىھيائىدا ۋە باشقا كىتابلىرى بار، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، بولۇپمۇ زاھىدلىق قىسمىدا ئۇدغۇرمىش بايان قىلىنغان، پادىشاھ، ۋەزىرمۇ قايىل بولىدۇ، شام تەرەپ كىتابلىرى قاتارلىقلار، نۇرغۇن ئەسەر بار. جۈملىدىن تەنتاۋى، «كىتابۇلئەرۋاھ»نى يازغان، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ، يول تېپىشىڭلارنى سورايمەن، تەبىئىي ـ

پەن كىتابىنىمۇ ئوقۇپ ئاللانىڭ قۇدرەت، ھېكمەتلىرىنى چۈشىنىڭلار.

## قىزىقارلىق بىر ھېكمەت

بىز يۇقىرىدا ئىنسانلارنى ھەممە جەھەتتىن ئالەملەرگە ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاشتقان، ئەمدى بىز ئىنسانلارنىڭ 109 ئىلمېنت، ماددىلارغا ئوخشاشپ كېتىشكە قاراپ باقايلى، ئادەملەرنىڭ ئەسلىي ئادەم ئاتا ئىدى، كېيىن ھەۋۋا ئانا بىلەن كۆپەيدى، ھازىر بولسا، بىر تال ھۈجەيرىدىن ئىنسانلار ھەرخىل ئەزالىق ئادەمگە كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ خۇددى بارچە ماددىنىڭ ئەسلى زەررىچە، نۇر، ھارارەت بولغانغا، كېيىن نۇرغۇن ماددىلارغا كۆپىيىشكە ئوخشاش ئىنسانلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، يوقىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ ماددىسى، روھ يوقالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ماددىلارمۇ پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ھەرخىل ئۆزگىرىدۇ، بىرخىل شەكلىنى يوقاتسا، يەنىلا ئەسلىي ماددا ھالىتىدە قالىدۇ، ھەر ئىككىلىسى ھادىسە، پەيدا بولغان بۇلارنى بىر ئاللاھ پەيدا قىلغان، ئىنسانلار ئىچىدە 1000دىن بىرى ئالاھىدە چىقىدۇ، قىممەت قارىشى يۇقىرى، زور پايدا يەتكۈزىدۇ، بۇ خۇددى گۆھەر مارجان، ئالماس، مەرۋايىتتۇر، ئىنسانلار ئىچىدە بولمىسا بولمايدىغان ئىشلار، يۈرۈشمەيدىغان ئالاھىدە مۇھىم شەخسلەر بولىدۇ، بۇلار خۇددى تائامنىڭ تۇزىدەكتۇر. مۇلايىم، ياۋاش - يۇمشاق، پايدا بېرىدۇكى زىيان سالماس، ئىسلامدىكى كىشلەرمۇ ۋە باشقىلارمۇ پايدا ئالىدىغان ئىنسان بار، بۇ خۇددى ئالتۇندۇر. دائىم زىيانلىق زەھەر، زەھەر يەتكۈزىدىغان ئىنسان، كاربون (IV) ئوكسىد، سىپسىق گاز، زەھەرگە ئوخشاش، مەلۇم بىر نەرسىنى شەكىللەندۇرگەن ماددا كېيىن ئازغىنا باشقا ماددا ئارىلاشسا كۆللى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك ئىنسانلارمۇ ئازتولا نەپ ئالسا، باي بولسا، قولىغا پۇل كىرسە، ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ئىنسانلار ئىچىدىكى بېخىلنى ھەممىز چۈيۈنگە ئوخشۇتىمىز، ئىنسانلار ئىچىدىكى گەپ ئاڭلىماس، ئۆزگەرمەس بىرخىل تۇرىدىغان، دەمال ئۆزگەرگەندەك قىلىدىغان ئەمما ئەسلىگە قايتىدىغان ئىنسان خۇددى پولات سىم ئېگىپ قويساڭمۇ يەنە جايىغا قايتقانغا ئوخشاش، ھەممە ئىنسانلار بىلەن چىقىشىپ ھەرقانداق شارائىتقا ماسلاشقان ئىنسان خۇددى ئوكسىگېندەك بولىدۇ، ھەممىنى پايدىدا مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. ئىنسانلار ئىچىدە پايدىدا ھەمكارلىشىدىغان ياردەم بېرىدىغان كىشى بار، ئوكسىگېننىڭ ياردەمچىسى ھەمكارلاشقۇچىسى شۇ ئارقىلىق سۇ ھاسىل قىلغان، ھىدروگېندۇر. بۇ ھىدروگېن ئوكسىگېندىن ئايرىلسا زەھەرگە ئايلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ھېلىقى ئىنسانمۇ ياردەمچىسىدىن ئايرىلسا زەرەرلىك مەخلۇققا ئۆزگىرىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلار خۇددى قۇمغا ئوخشايدۇ، بىر يەردە مۇقىم تۇر دىسە تۇرسا، يۆتكەلگىلى ئۇنىمىسا كىشلەر خۇددى ئۇيۇپ قالغان قوغۇشۇن ياكى ئېغىر تاغ، تاشقا ئوخشاش، ئازغىنا شىلاپ قويسا، قۇتىرىتىپ قويسا، ئۆزگىرىدىغان، ئىتتىك ئاچچىقى كېلىدىغانلار، چېچىلىدىغان ئىنسانلار خۇددى ئوت ياندىغان گۈگۈرت، فوسفور، كالىغا ئوخشاش. كېلىشكەن جۈپلەر خۇددى كۆز بىلەن سۈرمىگە، قۇلاق بىلەن ئالتۇن، زىرىگە، ياقۇت كۆز بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكتۇر. ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىگە، خەلققە پايدا بەرگۈچى خۇددى قۇياش نۇرى دېمەكتۇر.

بىر ئۆمۈر زالالەتتىن چىقماس كىشى ۋە ئۇنىڭ قەلبى قاپقارا، كۆمۈرگە ئوخشايدۇ، بۇنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىشقى - ئوتى لازىمدۇر. ئىشلىرىدىن سۈسلاشقان كىشى ۋە ئۇنىڭ قەلبى دادلاشقان تۆمۈردەكتۇر، ئۇنى قۇرئان ھەقىقەت تازىلايدۇ. قاراڭغۇ زۇلمەتتىن، ھىدايەت بىلەن يول باشلىغۇچى خۇددى ئادەم مېڭىسىدىكى ھۈجەيرىگە يورۇقلۇق بەرگۈچى فوسفوردۇر. شېرىن سۆزلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىگە جەلىپ قىلار كىشى خۇددى ماگنىتتۇر، كىشلەرگە زىيان سالىدىغان، پاراكەندە قىلىدىغان كىشى، خۇددى كەڭ - كۆلەملىك قىرغۇچى يادرو بومبىسىدۇر. ئۆيمۇ - ئۆي، يۇرتمۇ - يۇرت، دۆلەتمۇ - دۆلەت گەپ سۆز توشۇيدىغان، چېقىمچى خۇددى رادىئو - تېلېۋىزور دولقۇنلىرى، ئاۋاز توشىغۇچى، سۈرەت توشىغۇچى زەررىچىلەردۇر.

باشقىلارنى ئۆز تېنى، جېنى بارلىقى بىلەن قوغدايدىغان كىشى خۇددى ئوق ئۆتمەس كىيىم، قىشلىق

خۇرۇم چاپان ۋاھاكازالار، ئىنسانلاردىكى زىننەت، گۈزەللىك خۇددى ئۆسۈملۈكتىكى خىلىروفىللاردۇر. خۇددى گۆھەر، ئالتۇن، رودا قاتارلىقلار يەر ئاستىدا باسۇرۇلۇپ قالغاندەك ئاجايىپ مۇھىم شەخسلەر باسۇرۇلۇپ قالدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر مۇتەپەككۇرلارچە كۆز قارىشى بەزىلەر دائىم يۇقىرى ئۆرلەشنى خالايدۇ، بۇلار خۇددى گاز، ھاۋا، شامالدۇر، ئادۋۇكاتلار خۇددى، بور، تۇلىياۋ، گەجدۇر، بىردەم بىرخىل بىردەم بىرخىل ئىككى يۈزلىمە ئىنسان خۇددى قايسى ماددا بىلەن بىرلەشسە خىل كېلىدىغان ئازوت، ئوكسىگېن، سىخىي كىشى شامالغا ئوخشايدۇ، كىشلەرنى ياخشىلىقتا بۇيرۇپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان كىشى، شامغا ئوخشايدۇ، باشقىلارغا مەنپەئەت بېرىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدۇ. كىچىككىنە ئىشقا چېچىلىپ، ئاچچىقى كېلىدىغان كىشى، خۇددى قۇرۇپ قالغان قاخشال ئوتۇندەك تېز كۆيىدۇ، ئىچىننشلىق كۆنلەرگە قايغۇ ـ ئەلەم، ھەسرەت، ئازابقا بەرداشلىق بەرگۈچى خۇددى پولات تاۋلاش ئوچىقىدۇر، قاتتىق سوراققا چىدىغۇچى، تەھدىد تەسرى قىلماس مۇستەھكەم تۇرغۇچى خۇدى قىززىقلىق، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەس، چوڭ مولىكۇللىق ماتېرىيال، ئۆزى چىڭ تۇرۇپ باشقىلارنى كۆيدۇرمەيدۇ. خىمىيە دەرسلىك كىتاۋىنىڭ مۇقاۋىسىدىن كۆرۈڭ. ئازغىنا ھادىسىگە ئۇچىراپ چىدىمايدىغان ئۆزىنى باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدىغان كىشى، تاپا ـ تەنىچى كىشى، رېئاكسىيە بېرىدىغان دورىغا ئوخشاش، تىنچ تۇرسا گەپ يوق بولمىسا چوڭ زىيان سالىدۇ، ئازغىنا ئىشنى كۆپەيتىپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىدىغان ئاخىرىدا زور زىيان سالىدىغان كىشى خۇددى زەھەرلىك ئاتوم، ۋىرۇس بومبىسىدۇر.

ئازغىنا پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ مايىل بولۇشى، ئۆزگىرىدىغان، سۈيۈلۈپ كېتىدىغان كىشلەر، ئاسان ئېرىيدىغان ماددا خالاس، خۇدى بىڭگۈر. بۇلار مىنىڭ شەخسى كۆز قارىشىم خاتا بولسا تۈزۈتۈپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن، ئەبۇ مۇھەممەد ئىمىن.

خۇلاسە، ئىنسانلار ئاساسەن ئالەمگە، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھەتتا ماددا، ئىلمىنتقا ئوخشاپ كېتىدۇ، مانا بۇ ئاللاھنىڭ رەھمانتائالانىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن، ﴿مَاتَرَى فِي خلق الـرحمن من تفاوت﴾ (سۈرە مۇلۇك) دېگەن ئايەتنىڭ ھەقىقتى، ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇقنى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان، چىقىشىپ ئۆتىدىغان، ئىتتىپاققا كېلىدىغان، بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەس ئايرىلسا ھالاك بولىدىغان قىلىپ ئاجايىپ ماس، تەكىۈزلۈق، ئىنتىزام، قانۇن ئۈستىدە ياراتتى، ئىنسانلارمۇ ئاشۇ ئىنتىزام، قانۇنغا بويسۇنىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ «قۇرئان» دېگەن بۇ قانۇنى، كائىنات قانۇننى پۈتۈنلەي ئوخشاش ماس كېلىدۇ، زىت ئەمس، قانداقمۇ سۆزى بىلەن دەستۇر قانۇنى بىلەن قىلىقى، ئالەم قانۇنى، زىت بولسۇن (خىلاپ بولسۇن)، شۇڭا، ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادىكى ھالىتنى كۆپىنچە ئۆسۈملۈككە ماس قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش، پۈتۈن كائىناتنى چۈشەنسۇن، ھەقىقەتنى ئادىل قانۇننى تونۇپ يەتسۇن، مەڭگۈ ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلسۇن ئۈچۈندۇر، شۇڭا، بىزمۇ ئىنسان خۇسۇسىيتىنى ماددىلارنى ئوخشىتىش بىلەن ئىنسانلار نەزىرىنى تەپەككۇرىنى، ماددىلارغا، ئالەم قانۇنغا، ئىنتىزاملىرىغا مايىل بولدۇق، شۇ تەرەپكە بۇرىدۇق. شۇنداقلا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ، مەقسىتى تەبئىي ـ پەننى، بارچە بىلىمنى ئىگىلەپ ئاللاھنىڭ سۈپىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى، ئادىل قانۇننى تونۇشتۇرۇش، ئاللاھقا ئاشىق قىلىش، قەلبىنى ئارام تاپقۇزۇش، ئۆزگە بارچە خەلقكە، پۈتۈن دۇنياغا، مەنپەئەت، پايدا يەتكۈزۈش، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار، دۆلەتلەر، مىللەتلەر، ھەرخىل دىندىكىلەر، تېنچ ـ ئىتتىپاق، خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش، ئەمما ھاكىمىيەتنى، ھوقۇقنى، قانۇننى ئاللاھقىلا تاپشۇرۇپ بېرىش، شۇ چاغدا ئىش نورمال جايىغا چۈشۈپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك تېپتېنچ ياشاش، قائىدە ـ قانۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ، بارچە مۇراد ـ مەقسەت، ئارزۇ ـ ئارمانلار خالىس مۇھەببەت، ئىشق ـ ئىشتىياق، بىر ئاللاھقىلا، ئامىن!

# ئالتە بۇرجەك قار

بسم الله الرحمن الرحيم

ئاللاھتائالا سۈرە بەقەرىنىڭ بىشىدىكى «ا ل م» بىلەن **258** ـ ئايەتكە يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولغان تەۋھىد ئىلمىگە ئىشارەت قىلغان، ﴿أَلَمْ تَرَالي إلي الَّذى حَآجَّ إِبْرَهِم﴾ الم↔ الم دەلمۇ ـ دەل ئىشارەتتۇر.

بۇ ئايەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر دىنسىز ئۇستىدىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى قۇياشنى دەلىل قىلىش بىلەن مۇنازىرىدە غالىپ كەلگەن. شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چاقىرغان، بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇكى، تەۋھىدنى بىلىش ئۇچۇن ۋە باشقىلارنى چاقىرىش ئۇچۇن مول بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، «ا ل م» دەل مۇشۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغاندۇر.

بۇنى، ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، دۇنيا ئاخىرەتلىك بىلىمنى ۋە ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىنى تەۋھىدنى كۆرستىدىغان شۇنداقلا خىمىيە، فىزىكا ئىلمىنى ئىشارەت قىلغان، **259** ـ **260** ـ ئايەتلەردە **261** ـ ئايەتتىمۇ كەلتۈرگەن. **259** ـ ئايەتتە ئاللاھ ئۇزەيرنى **100** يىل ئۆلۈك قويۇپ ئاندىن تىرىلدۇرگەن، ۋە ئىشەكنىمۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىگە، گۆش كىيدۇرۇش ئەھۋالنى كۆرستىش بىلەن تىرىلدۇرگەن، بۇ ئەھۋالنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. **260** ـ ئايەتتە بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۆت قۇشنى قاتتىق چاناپ پارچىلاپ تۆت تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھ ھەرقايسى قۇشنى ئۆز قېنى، ئۆز پېيى، ئۆز سۆڭەك، گۆش، قاناتلىرىنى ئۆز جايىغا ئاپىرىپ تىرىلدۇرۇپتۇ، بۇنىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز كۆزى بىلەن كۆزۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى ئايەتتە بولسا، **100** تال دان چىقىرىدىغان ئۈسۈملۈك سۆزلىنىدۇ، بۇ ئايەتلەر ئاللاھنىڭ بارلىقنى بىرلىكنى تەۋھىدنى كۆرستىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى شۇنىڭدەك تىرىلدۇرۇشكە دەلىلدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئايەتلەر خىمىيە، فىزىكىلىق ئىشارەتتۇر، چۈنكى، بۇ ئايەتتە ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يەنە مۇرەككەپ تەركىب تېپىشى كۆرستىلگەن.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشەك مادىسىدەك **100** يىل تۇرسىمۇ قۇشلاردەك بىر ـ بىرىگە ئارىلاشسىمۇ ئۆز ھالىتىنى ساقلىغان، ئەسلا يوقالمىغان، يەنە ئاخىرىدا قۇدرەت، كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلگەن، ئۆز قولى بىلەن ئارىلاشتۇرغان، ئاندىن تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇشقا ئاندىن ئىنچىكە كۈزىتىشكە بۇيرىغان، ئاخىرىدا تولۇق نەتىجە چىقىرىپ تەۋھىد جەھەتتىن تىرىلىش جەھەتتىن، كۈچ قۇدرەت، ھېكمەت جەھەتتىن قەلبى ئارام تاپقان، مانا بۇ ئىلمنى ئاللاھ بىزگە سۆزلەپ قىياماتكىچە مەڭگۈ باقى ساقلىغاندۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇشۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە **242** ـ **243** ـ بەتتە خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ئىلىمىنت جەدۋىلىنى كەلتۈرۈپ، ماددىلارنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، تەركىب تېپىشى، يەنە ئاجرىشى قاتارلىق ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن.

**18** گىرام سۇدا **16** گىرام ئوكسىگىن، ئىككى گىرام ھىدروگىن بولىدۇ، يەنى سۇنىڭ **8/9** ھەسسىسى ئوكسىگېن **1/9** ھىدروگىن بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ زەررىچىسىدىن بىر تال زەررىچە كام ياكى ئوشۇق بولسا، ئۇ چاغدا، بۇ سۇ ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، مانا بۇنى ھەممىنى ئالدىدىن بىلگۈچى، ھەربىر زەررىچە ۋە قۇلاقلارنىمۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرلىگۈچى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان، (كل شيئ عنده بمقدار) ئاللاھ مەخلۇقاتلاردىن غاپىل ئەمەس، ئاللاھ ھېسابلارنى ئەڭ تېز ئالغۇچىدۇر، ھەممىسى ئايەت. ئەمەلىيەتتە بىر تامچە سۇدا $1.67\times10^{21}$ دانە سۇ مولىكۇلىسى بولىدۇ، بىر مىليارت ئادەم كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن بىر مىنۇتتا **100**دىن سانىسا، **30** مىڭ يىلدىمۇ ساناپ بولالمايدۇ، مانا بۇ سۇ مولىكۇلىسى يەنى زەررىچىدۇر، بۇنى ھازىر **100** مىڭ ھەسسە يوغانتىپ رەسىمگە تارتقاندۇر.

سۇدىكى ۋە باشقا ئوكسىگېن، ھىدروگىن چوقۇم كۆيىدۇ، بۇنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ خىمىيە دەرسلىكىدىلا تونۇشتۇرىدۇ، خىمىيە، فىزىكا رەسىملىك كىتابلىرى ۋە **100** مىڭلىغان نىمە ئۇچۇن؟ دېگەن كىتابلاردا بار، خىمىيە قىسمى يەرشارىنى پۈتۈنلەي سۇ ئوراپ تۇرىدۇ، **2/3** قىسمى سۇ ئاشۇ سۇنىڭ **8/9**

ھەسسىسى ئۇكسىگىن، پەقەت بىر ھەسسىسى ھىدروگىندۇر، ئۇكسىگېن كۆيىدۇ، ئوت بولىدۇ، **1400** يىل بۇرۇن يەتتىنچى ئەسىردىلا قۇرئان مۇنداق دېگەن. **81** ـ سۈرە ئالتىنچى ئايەتتە « **دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا** » ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتنى ئوقىسا كاپىرلار دېڭىزمۇ ئوت بولۇپ كۆيەمدۇ، سۇمۇ كۆيەمدۇ؟ بۇ مەجنۇن ساراڭكەن دېگەن ئىدى، خاتاغا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، مانا ھازىر ئاشۇ سۇنىڭ **8/9** ھەسسىسى بولغان ئۇكسىگىن ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيىدۇ، بۇ دەلىل ـ ئىسپات، خىمىيە دەرسلىكىنىڭ **14** ـ، **15** ـ، **16** ـ بەتتە ۋە مۇقاۋىسى رەڭلىك رەسمى بىلەن كۆرسىتىلگەن، بۇ كەشپىيات **19** ـ ئەسىردە بايقالغان، ئەمما بۇنى قۇرئان يەتتىنچى ئەسىردىلا سۆزلىگەن، بۇ بىر ھەقىقىي مۆجىزىدۇر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

يۇقىرىقى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي كۆرسەتكەن جەدۋەل، خىمىيىدە ۋە بىئولوگىيە كىتابلىرىدا كۆرسىتىلگەندۇر، بۇ ئىلىمگە قۇرئاندا نۇرغۇن ئايەت ئىشارەتتۇر، مەسىلەن، ئىنسان تائاملىرىغا قارىسۇن، نېمىدىن يارالغىنىغا قارىسۇن، ئاسمانغا قارىسۇن ۋاھاكازالار. بۇلارنى كىتابدىن كۆرۈپ قۇرئانغا تەتبىقلىيالمىسىڭىز ھەرخىل سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرۈڭ، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، تۆرەلمە ئىلمى قىسىملىرىنى كۆرۈڭ، ئاللاھتائالا ئىنسانلارنى مۇشۇنداق كاتتا بىلىمگە، زور ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىگە قىلىپ، ئۆز قۇدرىتىنى بارلىقى، ۋە بىرلىكىنى قىيامەتنى بىلدۈرىدى، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، قۇدرەت كۈچىنى، ھېكمەت ـ رەھمەتلىرىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، تېببىي پەندە ۋە باشقا خېمىيىلىك قورال ئىلىملىرىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئەمما ھازىرقى نادان، جاھىل، ئەمما ئۆزىنى ئىسلام ئالىملىرى دەپ نام ئالغان كىشىلەر بۇنى بىدئەت، ھارام دەپ كىشىلەرنى بۇ ئىلىمدىن توسىغان، ئاخىرىدا ياۋرۇپا تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن قاخشاتقۇچ زەربە يەپ ھالاك بولغاندۇر. بۇنداق خۇراپىي كۆزقاراش، ھىلىھەممۇ يوق ئەمەس، بۇلار ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن قىلىقى، بىرلىكى، ئالەم قانۇنى، قۇرئان قانۇنىنىڭ بىرلىكىنى بىلمىسە كېرەك؟

ھازىر ئىسلام دۆلەتلىرى بۇ ئىلىمگە كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەكلا كىچىككەن ئىدى، ئاددى بىر مىسال **2003** ـ يىل **4** ـ ئاينىڭ **15** ـ كۈنى ئامرىكا، ئەنگىلىيە بىرلەشمە ئارمىيە ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئايرۇپىلان، تانكا، ئاۋىياماتكىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئىراق ھاكىمىيىتىنى كەڭ ـ كۆلەملىك قىرغۇچى قورال ياساشقا ئۇرۇنغان دېگەن، بانا ـ سەۋەب بىلەن ئاغدۇرۇۋەتكەن، مانا ھازىر، ھىلىھەممۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، رەھمەت، شەپقەتلىرىنى تونىماس، مۇشۇنداق ئىلمىي ھەقىقەتنى تونىماس، ئەمما ئۆزىنى جاھاننىڭ پەيلاسوپى، ھۆكما، ئۆلىماسى دەپ چاغلايدىغان پەتىۋاچى موللىلار يوق ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇقادىر داموللامنىمۇ ئاشۇنداق خۇراپىي داشقاللار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سەۋەبى سەن يېڭىلىقنى ئېلىپ كەلدىڭ، دىنسىزلارغا مايىل بولدۇڭ ۋاھاكازالار.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇنداق ئىلمى ئىشارەتلەر بەك كۆپ بىز بۇنى تەپسىلىي بىر ـ بىرلەپ سۆزلەيمىز، تەبىئي ـ پەننىڭ ئەڭ توغرا مۇكەممەللىرىنى قۇرئانغا بويسۇندۇرىمىز. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي **1932** ـ يىلىلا «ا ل م» نىڭ سىرلىق ئىشارىتىدىن بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى تاپقان، ئەسلىي پۈتۈن بىلىمنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسىدىكى يېڭى كەشپىياتىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، خەزىنىسى، قۇرئان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، بىز بولساق ھازىرغىچە ئەسھابۇلكەھپىدەك ئۇخلاۋاتىمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **247** بەتتىن **253** ـ بەتكىچە ئۆزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشكىگە ئۇخشۇتۇپ، پاقا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، پاقا ئەمەلىيەتتە نۇھ ئەلەيھىسسسالام كېمىدە بىر جۈپ ئېلىۋالغاندىن باشلاپ بار ئىدى، بۇنىڭ تۈرلىرى بەك كۆپ، پاقا سۇغۇق قانلىق، ئومۇرتقىلىق ھايۋان بولۇپ، سۇ ھاياتلىقىدىن، قۇرۇقلۇق ھاياتلىقىدىن سانىلىدۇ. پاقا سۇ ئىچىدىمۇ بېلىققا ئوخشاش خارتومىدىن تىناللايدۇ، تەنلىرىدە، تېرىسىدە ھاۋا ئۆتكۈزەلەيدۇ، ئوكسىگېن سۈمۈرىدۇ، قۇرۇقلۇقتا بولسا، ئۆپكىدە تىنىدۇ، نەپەس ئالىدۇ، ئۇنىڭ چىشىسى سۇ كۆلچەكلىرىگە تۇخۇم تۇغىدۇ، دەل شۇ مەزگىلدە ئەركىگىمۇ ئىسپېرما قۇيۇپ بېرىدۇ ـ دە چاڭلىششقا يېتىدۇ، يەر ئاستىدىن، تاش تېگىدىن، لاي قېتىدىن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تۇخۇم چېقىلىپ قۇمۇچاق چىقىدۇ، بۇ قۇمۇچاق ئەمەلىيەتتە پاقىغا زادى ئوخشىمايدۇ، بۇ مەخلۇق سۇ يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرۈپ ئۆسۈملۈك ۋە باشقا ئۇششاق قۇرۇتلارنى ئىستېمال قىلىپ يوغىناپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئاستا ـ ئاستا ئالدىغا،

ئارقىغا پۈت، قول شەكىللىنىدۇ، ئىچىگە بولسا ئۆپكە، يۈرەك ئىچكى ئەزاسى يېتىلىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، مۆكەممەللىشىدۇ، بىر پاقا ئادەتتە 1000 دىن 2000غىچە تۇغۇم تۇغىدۇ، بۇلار قۇرۇقلۇقتىمۇ بالىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ، بۇلارنىڭ رەسىملىرى 250 ـ 251 ـ بەتتە، 100 مىڭلىغان نىمە ئۈچۈن؟ ھايۋان ئىلمى قىسمىدا بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ بۇ تەتقىقاتىنى كەلتۈرۈشى ھەم دېڭىز ھەم قۇرۇقلۇق ھايۋاناتلىرىنى، ھاشارەتلىرىنى تەتقىق قىلدۇرۇش، چۈنكى، ئايەتتىمۇ ئىشەك قۇرۇقلۇق ھايۋىنى قۇشلار بولسا ھاۋا، قۇرۇقلۇق ھايۋاناتلىرىدۇر، بۇ ئايەت ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئۈچى بىرلەشكەن، بىئولوگىيىگە ئىشارەتتۇر، بۇندىن كېيىن كەلگەن ئىلىم ـ پەن كەشپىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى، ئۇ بىلىممۇ ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكتە ياكى ئالەم بوشلۇقىدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى تونۇش، پۈتۈن ھادىسىنى پەيدا قىلىش، ئاللاھنىڭلا ياراتقانلىقىنى تونۇش، قىيامەتنىڭ راست بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش لازىمدۇر. پۈتۈن دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر، پەرزدۇر، بۇ توغرىسىدا بىز يەنە كېيىن سۆزلەيلى، ھازىر بولسا، يۇقىرقى ئىككى ئايەتتە قىيامەتنىڭ مەۋجۇدلىقىغا، روھنىڭ مەڭگۈ يوقالماسلىقىغا، ئىنساننىڭ چوقۇم تىرىلىدىغانلىقىغا دەلىل بار، پەرىشتە، جىنلارمۇ شۇنداق، ۋە قۇرئاندەك ئۇلۇغ مۇقەددەس، ئۆزگەرمەس كىتابتىن نەقلىي دەلىلدۇر، ئەقلىي دەلىل بولسا، ئىككى، بىرىنچى پەيلاسوپ، ئالىم، ئىبنى مەكسىۋييە ئۆز كىتابىدا مۇنداق دېگەن: روھ چوقۇم مەۋجۇد، بۇنىڭ دەلىلى چۈش كۆرۈش، روھ جىسىم ئەمەس، ماددا ئەمەس، ئۇ مۇرەككەپ ئەمەس، ھەم پارچىلانمايدۇ، ماددا مۇرەككەپ بولىدۇ، يەنە پارچىلىنىدۇ، ئەمما يوقىمايدۇ يۇ، روھ قانداق يوقسۇن؟ ماددا بىر نەچچە خىل رەڭنى ياكى شەكىلنى بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلالمايدۇ، بىرنى بۇزۇپ يەنە بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما روھ ھەممىنى قوبۇل قىلالايدۇ، شۇنداقلا پارچىلانمايدۇ، مۇرەككەپمۇ ئەمەس بۇ مەڭگۈلۈكتۇر، بۇ سۆزلەر مەشھۇر پەيلاسوپ سوقراتنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ. ئۇمۇ مۇنداق دېگەن: جان دېگەن بۇ روھ كۆزگە كۆرۈنمەس بىر جەۋھەردۇر، ئۇ جىسىمنىڭ تەبىئىدە ئەمەس، چۈنكى، جىسىم بەش سەزگۈ ئەزا بىلەن بىلىنىدۇ، روھ بۇنداق ئەمەس، ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇ روھ مۇرەككەپ ئەمەس، ئەسلىسىدۇر. چۈنكى، مۇرەككەپلىك جىسىمنىڭ، ماددىنىڭ ئىشى، بۇ پارچىلىنىدۇ، روھ بولسا بۇيرۇغۇچى ئامىلدۇر، تەن بولسا بۇيرۇلغۇچى روھ، ساماۋى، ئىلاھىي ئىش بۇيرۇغۇچى بولىدۇ، تەندەك ماددا جىسىملار تۆۋەن تەبىقىدە بۇيرۇلغۇچىدۇر، ئۇنداقتا روھ زاۋال تاپمايدۇ، بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە زىتىغا ئەگىشىۋاتىدۇ، يوقىلىش، كېلىش، يەنە كېتىش، كېسەل، ساق ئاز ـ كۆپ دېگەندەك، ئۇنداقتا بىز چوقۇم يەنە تىرىلىشىمىز لازىم دېگەن. ئۇ ئاللاھنى، روھنى، تىرىلىشنى ئىسپاتلىغاندۇر، چۈنكى، ئۇ ئەسلىي ھەققەتتۇر.

پەيلاسوپ ئىبنى سىنا، «ئىشارەت» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: روھ چوقۇم مەۋجۇد، بولۇپمۇ تەندىن باشقىدۇر، ھەربىر ئىنسان بۇنى ئوبدان بىلىدۇ، بۇنىڭ ئاددىي دەلىلى بىر ئىنساننىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتى كېسىۋېتىلسە، يەنە ئۇ مەن ـ مەن دەيدۇ، تېرىسى سويىۋېتىلسە يەنە ئۇ مەن ـ مەن دەيدۇ، چىرايى بۇزنۇۋېتىلسە يەنە ئۇ ئۆزىگە، ئىچىگە ئىشارەت قىلىپ مەن ـ مەن دەيدۇ، ئىچكى ئەزايىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق بولسىمۇ، يوق قىلىنسىمۇ جان، روھلا بولىدىكەن ئۇ يەنىلا مەن ـ مەن دەپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە كىسىپ تاشلانغان ئەزاسىنى كۆرسە نىمە دەيدۇ، يەنىلا ئۇ ئۆزىگە مەن ـ مەن يەنى مەن دەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇ دەل ئاشۇ ئەزادىن ئايرىم روھ، جان شۇ ئىچكى ۋە تاشقى ئەزادىن باشقا بىر جەۋھەر دېگەن.

ھازىر زامانىۋى ئۇسكۇنە ئارقىلىق ياكى ئۇيقۇسىز قويۇش بىلەن ئۇنىڭ يەنە جىنايەتچىنىڭ روھى قەلبىنى ئىگىلەپ، دىلونى پاش قىلىۋاتىدۇ، بۇمۇ روھقا دەلىلدۇر، ۋە باشقا روھ توغرىسىدا بىز يۇقىرىدا دېگەندەك روھنى ھازىر قىلىش ئىشى تەنتاۋى بۇ مەسىلىنى «كىتابۇلئەرۋاھ»دا سۆزلىگەن، ئۆزىمۇ ئىمام غەززالىنىڭ روھنى ھازىر قىلغان، بىزمۇ قۇلاق بىلەن ئاڭلىدۇق، روھ چوقۇم مەۋجۇدتۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيي، كىتاۋىنىڭ 283 ـ بېتىدە، ئاللاھ تاقەت قىلالمىغان ئىشقا بۇيرىمايدۇ، دەل ئەكسىچە تاقەت قىلالىسىلا بۇيرىماي قويمايدۇ دېگەن. سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايىتىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ھازىر مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولىدىغان ئىشلار بەلگىلەنگەن.

بىرىنچى، تەۋھىد، ئىلاھشۇناسلىق ئىلمى كالام، بۇنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى، قۇرئان، ھەدىس، ئىجتىمائىي قىياس، ئەقلى دەلىل كۆپتۇر.

ئىككىنچى، تەپەككۇر، ئىبادەت بۇمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاش دەلىلگە تولغان.

ئۈچىنچى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىمۇ بۇنىڭ دەلىلى، يەنە ھاياتلىقنىڭ ئاساسى.

تۆتىنچى، كان ـ كارخانا قۇرۇلۇشى ۋە باشقا سانائەت.

بەشىنچى، ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى، نېفىت ئىلمى قىسمى، كۆمۈر، توك قاتارلىقلار.

ئالتىنچى، ھاۋا تەرەققىياتى، ئۇچقۇچىلىق، ئالەم قاتنىشى.

يەتتىنچى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، خۇمدان قاتارلىقلا.

سەككىزىنچى، قۇيمىچىلىق، پولات تاۋلاش، ئەينەكچىلىك، زەرگەرلىك قاتارلىقلار.

توققۇزىنچى، باغۋەنچىلىك، زىرائەت، ئۆسۈملۈك ئىلمى قىسمى.

10 ـ توقۇمىچىلىق، كىمىسازلىق

11 ـ چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، ھايۋان ئىلمى قىسمى.

12 تىرە، خۇرۇم، يۇڭ، قاسساپچىلىق، گۆش پىششىقلاش ئىلمى.

13 ـ جىڭ، تارازا، كەمچەن، ئۆلچەم ئىلمى

14 ـ ماتىماتىكا ئۇچۇر ئىلمى، خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، مۇھىت، گېئولوگىيەلەر.

يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك، يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە مەركەزلەشىدۇ. تۇرالغۇ جاي، ھەرخىل تەرەققىياتلار. بۇنىڭ قۇرئان، ھەدىسىدە ئاساسى كۆپ، بۇلار پەرىز كۇپايە، بۇنىڭدىن باش تارتىپ بولمايدۇ، بۇ بىلمىلەردە باللىرىمىزنى ئوقۇتۇشىمىز، ھەتتا چەت دۆلەتلەردە ئوقۇتۇشىمىز لازىم. گەپ بىلىم ئېلىشتا ئەمەس، ئۇنى نەگە ئىشلىتىشتە، خىزمەت قىلىشتا، زادى كىم ئۈچۈن؟

ئاللاھ رازى بولىدىغان دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك، ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، مۇتلەق دۇرۇس، ئاللاھقا، دىنغا، ئىمانغا زىت بولسا، ئۇنداقتا پۈتۈن دۇنيانى ئىمانغا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. دۇنياغا تۇرۇپ ئاخىرەتنى تاشلىغىلى زادى بولمايدۇ. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، غەپلەتتىن ئويغىنىپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرلىشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى، قەلبىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك خاتىرجەم قىلىشىنى، ئاللاھنى رازى قىلىپ، مۇراد ـ مەقسىدىگە يېتىشىنى سورايمەن، ئامىن!.

مىلادىيە 1923 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 80 يىلدىن كېيىن تەرجىمىسى، 2003 ـ 4 ـ 16 ـ كۈنى، سۈرە بەقەرەدىن تاللانما تۈگىدى.

## سۈرە ئال ئىمراندىن تاللانمىلار

بسم الله الرحمن الرحيم

## ا ل م توغرىسىدا

بۇنىڭغا ئوخشاش مۇتاشابىھ ئايەت، تاۋۇش، ئۈزۈك ھەرىپلەر **29** سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئالىملار ئىككى خىل كۆز قاراشتا. بىرىنچىسى، ئۇلار بۇ ئايەتنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئىنسان بىلمەيدۇ دېگەن. ئىككىنچى، بۇ ئايەتنى ئىنسانلار چوقۇم چۈشىنىدۇ، بىلەلەيدۇ، ئاللاھ قۇرئاندا بىز قۇرئاننى سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئەرەب تىلى قىلىپ چۈشۈردۇق دېگەن، ئەلۋەتتە بۇ ئايەتمۇ ئەرەب تىلىدىكى ئايەت، بۇنى بىلگىلى بولىدۇ دېگەن. جۇملىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتلەر ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىغا ئىشارەتتۇر دېگەن. مەسىلەن، المر چم ن ئۈچ ئايەت بىرلەشسە الرحمن دېگەن ئىسىمنى شەكىللەندۈرىدۇ. ياكى ھەربىر ھەرىپ بىردىن ئىسىمغا ئىشارەتتۇر دېگەن.

الف ـ ئاللاھقا ل لتـ□ـف (مېھرىبان، بىلگۈچى)گە م ملك غا ئىشارەت، ياكى بۇ قەسەم بولۇپ، ئاللاھ قەسەم قىلىدۇ خالاس. تەنتەۋى مۇشۇ مەزھەپ بويىچە بۇ ئايەتنى چوقۇم چۈشىنىمىز، بۇ ھەربىر باشتا كەلگەن ھەرىپلەر سۈرە ئىچىدىكى مەلۇم ئايەتكە ئىشارەتتۇر دېگەن، ۋە باشقا ئىلىم، تەبئىي ـ پەن جەھەتتە ماددىلارنىڭ بىرىكىشى مۇرەككەپلىكى ۋە پارچىلىنىشىغا ئانالىزىغا ئىشارەتتۇر.

ئۇ ھەربىر سۈرىدە شۇ ئايەتنى تاۋۇش، ھەرىپلىرىنى سۈرە ئىچىگە ئىشارەت قىلىپ ماڭغان بۇلارنى بىز ئۆز جايىدا تونۇشتۇرىمىز، ھەممىنى بىر جايدا سۆزلەش قولايسىز.

تەنتەۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دېگەن: قۇرئاننىڭ بۇ ھەرىپلىرى ئەسلى ھەرپى **28** بولۇپ، **14** چېكىتلىك **14** چېكىتسىز، **14** ا ل قېتىلىپ كېلىپ تەشتىت قويۇلىدىغان، قوشۇپ ئوقۇلىدىغان، قۇياش ھەرىپلىرى **14**، تەشدىت قويۇلماي ئايرىم ئوقۇلىدىغان ا ل مۇ ئايرىم ئوقۇلىدىغان ھەرىپمۇ **14** دۇر. مەسىلەن السَّموَات دا قوشۇلۇپ تەشدىت كېلىدۇ، بۇ قۇياش ھەرپى الِمَلِم بۇ قوشۇلمايدۇ، تەشدىت يوق ئاي ھەرپى قاتارىدا **14**، قۇرئاننىڭ بۇ ئېلىپبە ھەرىپمۇ ئالەملەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاي **28** مەنزىللىك، **14** شىمال **14** جەنۇب، بۇ ئالەمگە ئىشارەت، ئىنسان قولىنىڭ بارماقلىرىدا **14** دىن **28** مەپسەل بار. ئىنسان ئۈچىسىدا **14** ئومۇرتقا ئاستىدا، **14** يۇقىرىدا **28** مەپسەل بار. سۈت ئەمگۈچى، كالا، تۆگىدەك ھايۋانلارنىڭمۇ ئومۇرتقىسى **14** ئاستىدا **14** ئۈستىدە **28** بار. بەزى قۇشلارنىڭمۇ **14** ئاشكارا **14** يوشۇرۇن پەي قاناتلىرى بار، بەزى ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق مەپسەللىرى **28**لىرى بار. بەزى ھايۋانلارنىڭ ئومۇمىي ئۈزۈنلۈقتىكى سانتا **28** دۇر. بەزى ئۆسۈملۈكلەردە بۇ سان **28** چوقۇم بار. چۈنكى، ئۈنىڭمۇ تۈرلىرى **400000** مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى بولغان بۇ قۇرئان، تۈزۈلۈشى، ھەرپى، قانۇنى ھەممە جەھەتتىن پۈتۈن ئالەمگە ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەمگە ماس كېلىدۇ، زىت ئەمەس دېگەن بولىدۇ. بۇ ا ل م مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەتتۇر.

شۇنداقلا، بۇ ئايەت، ماتىماتىكا، خىمىيە، فىزىكا پەنلىرىگە ئىشارەت، ماددىنىڭ بىرىكىشى، پارچىلىنىشىغىمۇ ئىشارەتتۇر. خۇددى مۇشۇ ھەرىپلەرنى بىرىكتۈرمەي قويسا ئىنسانغا ئىنسان ھېچ پايدىسىغا ئېرىشەلمىگەندەك ماددىنى بىرىكتۈرمىسە مەقسەت ھەل بولمايدۇ، ياكى ماددىلارنى مۇشۇنداق پارچىلاپ ئانالىز قىلسا، مۇھىم ئىلىم ـ پەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ دېگەنگە ئىشارەتتۇر. بۇنداق

ا ل م اَلَـم الم تعـلم قارىمامسەن، بىلمەمسەن؟ دېگەن ئورۇنلارغا ئىشارەتتۇر، بىز بۇنى ئۆز جايىدا سۆزلەيمىز. ھازىر بىز مۇشۇ ئىشارەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە ماددى ئىشلارغىمۇ مۇھىم تەسىرى بار ئىككى ئايەت ئۈستىدە يەنى ئال ئىمران **5** ـ **6** ـ ئايەت توغرىسىدا سۆزلەيمىز. **5** ـ ئايەتتە ھەقىقەتەن ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھقا ھېچنېمە مەخپىي بولمايدۇ دېگەن ئايەت، ئاللاھ، كىچىك ـ چوڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئايەتكە ئوخشاش ئايەت سۈرە لوقمان، ئاسمان ـ زېمىندا ياكى تاشتا، بىر تال دانچىلىك نەرسە بولسا ئاللاھ ئۇنى بىلىدۇ، كەلتۈرەلەيدۇ دېگەن، يەنە مۇنداق ئايەت بەك كۆپ.

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررىچە چاغلىق نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. زەررىدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر. ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى

بىلىدۇ. غەيبنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئۇ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكىنىمۇ بىلىدۇ، بىر تال قۇلاق، شېخىدىن چۈشسىمۇ بىلىدۇ.

زېمىن، چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى بىر تال دان بولسۇن ياكى يۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن ئاللاھ ئۇلارنىمۇ بىلىدۇ، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرلەپ قويغاندۇر.

بىز مانا مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ تەتقىقاتى ئۈستىدە تاللاش ئېلىپ بارىمىز، زەررىدىن چوڭ ۋە كىچىك، ھۆل، قۇرۇق ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلمى چەكسىزدۇر، بىلىپ يەنە ئىلمى زاپاس ئېشىپ قالىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارنى بىلىۋېتىپ ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتقان، ھەممىنى ئەسلى بىلىدۇ، بىز يۇقىرىدا دېگەن بىر تامچە سۇ مولىكۇلىسىنىڭ سانىمۇ پۈتۈن دېڭىز سۇيىدىكى مولىكۇلا زەررىچىسىنىمۇ بىلىدۇ، پۈتۈن دۇنياي ئۆسۈملۈكىنى، قۇلاقلىرىنى مېۋىلىرىنى، چېچەكلىرىنى، قۇم دۆۋىسىنى، ياغقان يامغۇر، قارنىڭ سانىنى ۋە ئۇلاردىكى ئاتوم، ئوكسىگېن، ھىدروگىن زەررىچىسىنى، مولىكۇلىسىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر، بىز بۇ ئايەتتىن بىرنەچچە تەتقىقات چىقىرىمىز.

ئىككى تىما؛ بىرىنچى، زەررىدىن كىچىك ئىككىنچى، زەررىدىن چوڭ.

بىرىنچىسى مۇنداق، تەبىئىي ـ پەندە ماددىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ، خىمىيە ئىلمى ئالىملىرى بولسا، ماددىنىڭ خىمىيلىك ئۆزگىرىشىنى، خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، بۇلارنىڭ تەتقىقات ئىلمىلىرىدا، كىتابلىرىدا، زەررىدىن كىچىك ئىشلار ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، تەبىئەت ئالىملىرى مۇنداق دېگەن: ماددىنىڭ پارچىلىنىشى ئەقىلنى، تەپەككۇرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئادەتتە ئۆمۈچۈك، چىۋىن، پاشىلارنى يەپ ئىچىدىن بىر خىل سۈيۈقلۇق چىقىرىدۇ، بۇ سۈيۈقلۇق ھاۋا بىلەن بىرىكىپ يىپ ھاسىل قىلىدۇ، ئادەتتىكى بىر تال يىپنى تۆت تالدىن ھاسىل قىلىدۇ، بۇ تۆت يىپنى **1000** دىن **4000** مىڭ يىپىدا توقۇيدۇ، ھەر تۆتى **1000**دىن **4000** يىپ بولۇپ، ئاندىن تۆت تال چىقىرىدۇ، بۇ ھادىسىنى ئۇنىڭ ئاشۇ سۈيۈقلۇق كېلىدىغان ئاغزىنى كۆزۈتۈش ئۈسكۈنىسىنى قويغاندا كۆزەتكىلى بولىدۇ. ئالبانىيىلىك بىر ئالىم مۇنداق دېگەن: ئۆمۈچۈك يىپىدىن **4000000000** يىپنى بىرلەشتۈرۈپ پىششىقلىسا، ئادەمنىڭ بىر تال ساقىلىنىڭ تومىلىقىغىمۇ يەتمىگەن، ئاشۇ **4** مىليارت يىپنىڭ ھەربىرى **1000** دىن **4000** يىپ قىلىپ چىقىلغان، ئۇنداقتا ئاشۇ بىر تال ساقالغا تومىلىقى توغرا كېلىدىغان بۇ يىپ جەمئىي **16000000000000** يىپتىن چىقىرىلىدۇ.

مانا بۇ يىپلار ئۆمۈچۈكنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم يىپ چىقىش قانىلىدىن چىقىدۇ، ئېغىزىدا ئاشۇ ئورۇن بەلگىلىك تۆشۈك ئايرىم ھالدا ئارىلىق ساقلىغان، ئاشۇ بىر تال ساقالچىلىك نەرسە **16** تىرلىيونغا پارچىلىنىدۇ، بۇ ماددىنىڭ پارچىلىنىشى، ئانالىز قىلىنىشى مۇشۇنداق بىلمىگە ئىشارەت قىلىپ، ئاللاھ سۈرە ئەنكەبۇتتا ا ل م دەپ، كەلتۈرگەن، كېيىن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىنى تىلغا ئالغان، ئۆيلەرنىڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈك ئۆيى، ئەگەر ئۇلار بىلسە دەپ ئىلىم دېگەن بۇ ئىبارەتنى قوللانغان، ئەگەر بىلسە بۇ ئاجايىپ ھېكمەتتۇر. مانا بۇ ھېكمەت كارامەت مۆجىزە، تەبىئىي ـ پەن ئىلمى خىمىيە، دىين تەتقىقاتىدىن كەلگەن. مانا بۇمۇ زەررىچىدىن كىچىك ئىشلارغا تەۋەدۇر. ئاللاھ بۇنى ئالدىن ئوبدان بىلەتتى، شۇڭلاشقا لەۋھۇلمەھپۇزغا يازغان، قۇرئاندا تىلغا ئالغاندۇر، ھەم ئىشارەت قىلغاندۇر. بۇ ئۆمۈچۈك كۆرۈنۈشى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تەپسىرىنىڭ سۈرە ئەنكەبۇت ۋە باشقا جايدا بۇنى بىلىش ئۈچۈن تەبىئىي ـ پەن كىتابلىرىنى جۈملىدىن ھايۋانات ئىلمى قىسمىنى كۆرۈڭ. (ئاسترلىين) دېيىلىدىغان بىر خىل زەھەرلىك نەرسىدىن بىر تال بۇغداي مىقدارىدا سۇغا چىلانغان **1750000** دانە بۇغدايغا سالسا، ھەممىگە ئوخشاش زەھەر ۋە تەم قالدۇرىدۇ، مانا بۇ ماددىنىڭ پارچىلىنىشى بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان زەررىدىن كىچىك مەخلۇقنىڭ بىرسى شۇكى، كۆن نۇرىدا دەرىزە تەكچىسى، ھاۋادانلاردىن كىرگەندە كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغان ئۇششاق زەررىچىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى بولىدۇ، ئۇ ھەرقاچان ھۆل، نەم جايغا چۈشسە مىكرۇسكوپتا كۆزەتسە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر يېشىللىقنى، كۆك دەرەخ شاخلىرىنى بايقايمىز. چۈنكى، مىكرۇسكوپ ئۇنى نەچچە ھەسسە يوغانتسا ئۇ چوڭ دەرەخ شېخىدەك كۆرۈنىدۇ، سىناپ كۆرۈڭ.

ھەقىقەتەن بىر تال يىڭنە ئۇچىنىڭ مىقدارىدىكى سۇدا نەچچە مىليونلىغان جانلىق ھايۋان ياشايدۇ، ئۇلار تېخى بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، يوقۇلىدۇ، كۆپىيىدۇ، پەيدا بولىدۇ. ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش بىر ئۇممەت، دېڭىز قۇرۇقلۇق، ھاۋا بۇ ئۈچ ماكاندا نۇرغۇنلىغان كۆزگە كۆرۈنمەس ھايۋانلار مەۋجۇدتۇر، بۇلارنىڭ تولىسى شۇ قەدەر كىچىككى ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى بىرتال بۇغداينىڭ 187000000دەن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ، خۇلاسە، ئاشۇ ھايۋاندىن 187 مىليوننى بىر قىلسا ئاران بىر تال بۇغدايغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى ، تاشقى ئەزاسى، يۈرەك، ئۆپكىسى بار تېخى.

مانا بۇلار زەررىدىن كىچىك بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ روھ، جان، ھاياتلىقچۇ تېخى بۇلارغىمۇ ئەزرائىل مەسئۇل، ئاللاھ ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ مېڭىمىزدە 10 تىرلىيوندىن ئارتۇق ھۇجەيرە بار. 10000000000000 ئاشۇ ھۇجەيرە ئىچىدە كۆزگە، قۇلاققا، پۇراش، سىلاش، تېتىشقا مەسئۇللىرى بار. 600000 ھەسسە چوڭايتسا بىر تال پىتتەك بولىدۇ. بۇلارنىمۇ ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ.

مانا بۇ ئاللاھ قەلبىتكىنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ئايەت شۇ. ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە ئىبرەت، ئالامەت بار دېگەن ئايەت. ئاشۇ كىچىك زەررىچىنىڭمۇ ئىچى بوش، كاۋاك يېرى بار، بۇمۇ ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىسپاتلانغان، خىمىيە دەرسلىكىدە بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، 18 ـ بەت، 19 ـ بەت زەرىچە بوشلۇقى، سۇ، ھاۋا، تاش، تۆمۈر، ئالتۇن ھەممىنىڭ ئارىلىقىدا ئادەمنىڭ تەر تۆشۈكچىسىگە ئوخشاش بوشلۇق، ئارىلىق بار دېگەن. بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز بۇ ھەققە، ھەقىقەت ئۆز مەنزىلىگە مۇساپىردەك كېتىۋېرىدۇ، سىز قانچۇق ئىتتەك قېلىۋېرىسىز، ئەمەلىي پاكىت، دەلىل ـ ئىسپات، سۇغا تۇزنى سېلىپ ئېرىتىپ ئاندىن شېكەرنى سالسا سۇنىڭ ئۆلچىمى زىيادە ئارتۇق بولمايدۇ، زەمچىمۇ شۇنداق، چۈنكى ئارىلىقىدا بوشلۇق بار، سۇ زەررىچىسى تۇزنى تۇز زەررىچىسى، شېكەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا كۆزگە كۆرۈنمەي تاتلىق ئىچىمىز.

ئىككىنچى مىسال: بەزىلەر ئالتۇن ساقىنىڭ ئىچىگە سۇ ئېلىپ، ئاندىن چەك بېسىم بىلەن سىققان نەتىجىدە ئۇنىڭ كاۋاك، بوش يەرلىرىدىن ئادەم تەرلىگەندەك، شەبنەمدەك سۇ تامغان. بۇ ئالتۇن زەررىچىنىڭمۇ ئىچى بوش، كاۋاك دېگەن بولىدۇ. تاش تۈۋرۈكلەرمۇ چوڭ بىنا، قۇرۇلۇشتا قىسقىرايدۇ. بېسىمغا ئۇچراپ كىچىكلەيدۇ، ئارىلىقى بوشلۇقتۇر، قىزىقارلىقى شۇكى، 3.5 مىسقال ئالتۇننى يېيىپ قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىسە 160 كىلومېتىردىن ئارتۇق يەرگە ئاپارغىلى بولىدۇ. بۇلار ماددا پارچىلىنىشى، كىچىكلىشى، بۇلارغا يۇقىرقى زەررىدىن كىچىك ياكى چوڭ دېگەن ئايەت ئىشارەت قىلىنغان، شۇنداق بۇ ا ل م نىڭ سىرلىرىدۇر.

ماددا شۇنداق كىچىكلەيدۇكى، كۆز بىلەن ئەمەس، ھەتتا نەچچە مىڭ ھەسسە يوغانتقۇچى مىكروسكوپمۇ كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كىچىكلەيدۇ، مانا بۇ زەررىچىدىن كىچىك مەنفى توك، مۇسبەت توك، نېيترون، بىترونات، ئېلېكتېرون، مىكرو ئېلېكتېرون، مىكرو نېيترون بۇلارنى خىمىيىدىن ۋە ئالەم ئىلمى قىسمىدىن كۆرۈڭ. بۇلامۇ زەررىچىدىن كىچىك، بۇلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن چىقىپ كەتمىگەن ھەممىسى شۇ.

چۈنكى، ئاشۇ زەررىچىلەر مولېكۇلىلار، ئاتوملار، پۈتۈن ماددىنىڭ ئەسلى سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت، جىسىم ھەممىسىنىڭ ئاشۇ توپا، تۆمۈر، ئالتۇن 110دىن ئارتۇق ئېلېمېنت بار. ئاشۇلارنىڭمۇ ئەسلى زەررىچە نۇردۇر. ئۇلار شۇ ئېلېكتېرون، نېيترونلار ئۆز ئوربېتىسىدا رىتىملىق ئۆلچەم بىلەن تەڭپۇڭ بىر خىل قانۇن ـ ئىنتىزام بىلەن ئايلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلارنى ئ اللاھ ياراتتى، پەيدا قىلدى، چۈنكى ئۇلار ھادىسە پەيدا بولغۇچى ئەسلىدە يوق ئىدى. بۇلارمۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر.

ئاللاھ بۇلارنى ئالاھىدە ئاشۇ كىتابىدا ۋە بۇ قۇرئاندا تىلغا ئالغان، ئىشارەت قىلغان ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇخلىدى، بۇ خېمىيىلىك، فىزىكىلىق، بىئولوگىيىلىك ئىلمىگە قۇرئاندا بەك كۆپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، يەنى ھەر قېتىم شۇ ئايەت، شۇ مەزمۇنىدا سۆزلەيمىز.

ئەمدى بىز زەررىچىدىن چوڭ بولغان مەخلۇق توغرىسىدا سۆزلەيمىز، بۇنىمۇ ئەلۋەتتە سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئەقلىمۇ يەتمەيدۇ، شۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلمىدا بار، كىتابىدا يېزىلغان.

زەررىدىن كىچىك ۋە چوڭ ھەممە نەرسە كىتابتا يېزىلغاندۇر، ئاشۇ نۇر زەررىچىسى پۈتۈن ماددا، جىسىمنىڭ ئاساسى مەنبەسى، جۈملىدىن ئاسمان، سامان يولى، قۇياش سىستېمىسى، زېمىن ۋە باشقىلاردۇر.

بۇلار ئەلۋەتتە ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكتىن باشقا بىر نەرسە، بۇ ئۈچىنى بىز بىلمىز، بۇ يەردە سۆزلەيدىغىنىمىز ئۇستۇ ئالەمدىكى چوڭ مەخلۇقتۇر.

ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ مۈلكىدە، ئىگىدارچىلىقىدا، ئىلمى دائىرىسىدە بولىدۇ. دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ، ھېرىپمۇ قالمايدۇ. ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغاندۇر، بۇنىڭدىن ئارتۇق جاۋاب يوق، تاسادىيپى ئۆزلىگىدىن ئاشۇنداق ئىنتىزام، تەرتىپكە كېلىپ قالغان دېگەنلىك، ئەقلى بار كىشىدىن سادىر بولمايدۇ، سەۋەبچىسى بولغان ئاللاھ قىلدى. نېمە ئۈچۈنگە ئەڭ توغرا جاۋاب پەيدا قىلىش، يارىتىشتا، ئىنتىزام، قانۇن دائىرىسىدە ھاياتلىق، روھ توغرىسىدا بىردىن بىر توغرا جاۋاب، ئاللاھدۇر.

خوش، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك ئاشۇ ئۇستۇن زەررىچىدىن چوڭ ئالەم ئەسلىمۇ نۇر، زەررىچىدىن ھاسىل بولغاندۇر، بۇنىڭ ھەققىتىگە ئاللاھ ئالىم، بۇ بىر پەرەز خالاس. ئۇ چاغدا، بىز يوقتۇق، تۆپىدىمۇ تۇرمىغان، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئاقساقاللىق قىلمايلى. شۇنداقتىمۇ مىكرۇسكۇپتا كۆزىتىلگەن ئەمەلىي ئەھۋالدىن سۆزلەيمىز. قالغىنىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، چۈنكى، بۇ ئىنسان ئىلمى كېيىن ئۆزگىرىش ياكى ئالەم ئۆزگىرىشى مۇمكىن، ئەمما قۇرئان مەڭگۈ قىيامەتكىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، بۇ راستىنى، توغرىسىنى ھەققەت ئۈچۈن قوبۇل قىلىدۇ.

ئاشۇ كۆزىمىزگە ئاق بۇلۇتتەك كۆرۈنگەن سامان يولى سىستېمىسى ۋە باشقا سىستېمىلار، يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى، قۇياش سىستېمىسى ۋە باشقا يۇلتۇز، پىلانتلار توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى ۋە شۇنداقلا پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ ئەسلى ماددىسى گاز، نۇر زەررىچىسى دېگەننى **1400** يىل بۇرۇنلا ئاللاھ قۇرئاندىكى سۈرە فۇسسىلەت (فىيلت) **11** ـ ئايەتتە تولۇق، ئەينەن دېگەن ئىدى. ئاللاھ ئاسماننى گاز، تۇمان، گازدىن ياراتتى. ئۇلار ئاللاھقا ئىختىيارى ئىتائەت قىلىدۇ، دېگەن. بۇ ئاسمان ـ زېمىننىڭ ھەرىكىتى، ئايلىنىشىدۇر، بۇنى «فۇرقان قۇرئان»دىمۇ **30** ـ ئايەتتە، زېمىننى قۇياشتىن ئايرىغانلىقى سۆزلەنگەن، تەپسىردىن كۆرۈڭ، ياكى سوراپ ئاڭلاڭ، مانا بۇ بىر مۆجىزە، ئىلمى ھەقىقەت، بۇنى بىز كېيىنمۇ سۆزلەيمىز.

ئاشۇ سامان يولى ۋە باشقا سىستېمىنىڭ ھەرىكىتىنى، ئارىلىقىنى، كىلومېتىر بىلەن ماكان بىلەن ئۆلچەش ئەسلە مۇمكىن بولمىدى، ئەمما ۋاقىت جەھەتتىن نۇر ئىلمى بىلەن ئۆلچەپ چىقىلدى، نۇر تېزلىكى بىر سېكۇنتتا **300000** كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون دولقۇنى، چاستوتا ئارقىلىق نۇر ئارقىلىق دۇنيا بويىچە خەۋەر، دۇنيادىكى ئىشلارنى تارقىتىۋاتىدۇ، شۇ زامان نەخ مەيداننى كۆرستىدۇ. بۇ ئاشۇ نۇر تېزلىكىنى كۆرستىدۇ.

تەنتاۋى مۇنداق دەيدۇ، مەن ئەمدى ئاشۇ يۇلتۇز ۋە پىلانىت ئارىلىقىنى، نۇر تېزلىكى بىلەن كۆرستىپ ئۆتىمەن، **1923** يىلى، مارس) تەرجىمە **2003** ـ **4** ئاي، **80** يىل كېيىن **21** ـ بەت **2** ـ دەپتەر) سۈرە ئال ئىمران.

ماجلۇن دېگەن يۇلتۇز سىستېمىسى يەرشارىدىن **110** مىڭ نۇر يىللىق نېرىدا تۇرىدۇ، سېكۇنتتا **300000** مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىدا **110** مىڭ يىل ماڭسىز دېگەن بولىدۇ. ئارىلىقنى كىلومېتىر بىلەن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭغا ماتماتىكا ھېسابى سىغمايدۇ ھەم يوق. پەقەت نۇر ئىلمى، ۋاقىت بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

بەزى يۇلتۇزلار سىستېمىسى بىزدىن **435** نۇر يىلى يىراق بەزى يۇلتۇز بىزدىن **635** نۇر يىلى يىراق خېلئوكس دېگەن يۇلتۇز سىستېمىسى بىزدىن تەخمىنەن **1485000** نۇر يىلى يىراقتا تۇرىدۇ، بۇ يۇلتۇز سىستېمىسى سېكۇنتتا **1200** كىلومېتىر سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ. ماجلۇن يۇلتۇز سىستېمىسى قۇياش سىستېمىسىدىن بىر سېكۇنتتا **568** كىلومېتىر سۈرئەتتە يىراقلىشىدۇ.

سامان يولى سىستېمىسى قۇياش سىستېمىسىدىن 200 مىليارتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تۇرۇۋاتقان يەرشارىنى بىر سېكۇنتتا 568 كىلومېتىر سۈرئەتتە سەيرە قىلىپ تۇرىدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ غايەت چوڭ زور تارتىش كۈچى بار، بۇلارنى بىر تەسىرلىك ۋاكىئوم، (ۋېگىر) دېگەن ئالەم ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ھەممىسى دۇنيا ئاسمىنىنىڭ ئىشى، پەقەت تېلىسكوپىدا، كۆز بىلەن كۆرۈپ كۆزەتكەن، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن سېكۇنتىغا 300000 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن بىر مىليون يىل ماڭساق يېتىپ بارىمىز. بۇ بىر ئىنسانغا ئەمەس بەلكى يەرشارىغىمۇ مۇمكىن بولماس، چۈنكى، قىيامەت قايىم بولغىلى ئاز قالدى دېگىلى ھازىر 1400 يىل بولۇپ قالدى، ئاللاھ ئالىمدۇر، مانا زەررىچىدىن چوڭ ئالەم ئاللاھنىڭ ئىلمىدا، ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بولىدۇ. مانا بۇلار تېخى بىرىنچى ئاسماننىڭ بىر پارچىسى، دۇنيا ئاسمىنى قالغان ئالتە ئاسمان بىلەن قېتىلىپ كۇرسى ئالدىدا چوڭ قالقانغا تاشلانغان ئالتە تال تەڭگىدەك كېلىدۇ، كۇرسى پۈتۈن ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ ئەرشكە نىسبەتەن چوڭ، بىپايان زېمىندىكى بىر تال ئۈزۈكتۇر. ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرەت كۈچى، ئىلمى بىلەن تۇرىدۇ، (كن) ۋۇجۇتقا كەل دەپ ياراتتى، تۇر دەپ تۇرغۇزالايدۇ، ھەممە ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئالقىنىدا تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتنى نيۇتۇن، كىسپلىرلار تارتىش كۈچى قانۇنى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان، دۇنياغا مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين، نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغان سىنئالغۇ فىلمى بار، بۇلارنى ئاللاھ 1400 يىل بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزدا بولسا، ئەزەلدىنلا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان، زېمىنغا يەتتىنچى ئەسىردە چۈشۈرگەن، ئايەت، سۈرە ھەج 65 ـ ئايەتتە ئاسماننىڭ يەنى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئاتموسفېرانىڭ زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئاللاھ ساقلاپ تۇرىدۇ دېگەن، 35 ـ سۈرە فاتىر 41 ـ ئايىتى، ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىننى چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ تۇرىدۇ، مانا بۇ تارتىش كۈچى، قۇدرەتتۇر.

ئاشۇ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىن جىسىم ھەرىكەتلەنسە، ئۇنداقتا شۇ تارتىش كۈچى نېمىنىڭ تەسىرىدىن كەلدى، ئۇ ھادىسە قانداق پەيدا بولدى، ئۇنداقتا ئۇنى كىم پەيدا قىلدى، كىم توختىماستىن شۇ كۈچكە ئىگە قىلدى؟ ئۇ كۈچىنىڭ ئورنىدا بولسا پولات ئارغامچىمۇ توشمايتتى، ھەم بۇ سىستېمىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى، چوقۇم بۇنىڭ ھەرىكىتىنى، ئىنتىزامىنى، قانۇننى تۈزگەن، ئۇلارنى ياراتقان، دائىم ئۇخلاپ قالمايدىغان بىر ئاللاھ بار، چوقۇم بار، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. مانا بۇ تەبىئىي ـ پەنمۇ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، بولۇپمۇ قۇرئان ئەزەلدىن مۆجىزە ئىدى، يەنىلا مۆجىزە بولۇۋاتىدۇ، بۇلارنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تەپسىرىدىن سۈرىتى بىلەن تولۇق چۈشىنەلمىسىڭىز تەبىئىي ـ پەن ئىلمى قىسمىدا بار، ئەمما بىر قىسىم خاتا پەرەز، گۇماندىن خالىي قىلىپ، مۇشۇ قۇرئانغا تەتبىقلاپ كۆرۈش لازىم. ئىددىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپە، دىنى قانۇننى ئۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى، شەيتان ئىنسان بىلەن بىللە ھەم نەپسى، ھەۋەس بار.

ئاللاھ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى سالامەت ئىمان بىلەن دەرگاھىغا ئاپارغاي، ئامىن!

ئاسمان ـ زېمىن بىز ئىتائەت قىلىپ كەلدۇق دېگەن ئايەت، ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتتى، ئاسماننى تۈۋرۈكسىز، تۇرغۇزدى دېگەن ئايەت، ئاسمان ـ زېمىننى چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالدى دېگەن، تارتىش كۈچىگە شۇنداقلا بىر خىل ئىنتىزام، قانۇن ـ تۈزۈمگە، ئالەمنىڭ قانۇنى، رېتىملىق، ئىنتىزامىغا ئىشارەتتۇر. پۈتۈن ئاسمان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ، پۈتۈن كائىنات دائىم زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، بويسۇنىدۇ، سامان يولى، ئاسمانغا، قۇياش، شامال يولى، قالغان پىلانىتمۇ شۇ سىستېمىغا ئىتائەت قىلىدۇ. پىلانېتلار، يەرشارى، قۇياشقا ھەتتا ئاشۇ زەررىچىلەرمۇ ئىنتىزام بىلەن بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىدۇ، تارتىش كۈچى بىر سەۋەب خالاس، خۇددى ئۆلۈمگە، كېسەل سەۋەب بولغاندەك ئەمەلىيەتتە ھەممىنى پىلانلىغۇچى، باشقۇرغۇچى ئاللاھتۇر.

ئاللاھ تارتىش كۈچىسىزمۇ باشقۇراتتى، قىلالايتتى، بۇنىڭدا ئىنتايىن پۇختا ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى بار. پۈتۈن كائىناتنىڭ ھېسابىنى ئېلىش بار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. پەيدا قىلىش، يارىتىش، ئىنتىزامغا سېلىش، پۇختا ھېسابلاش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىنسانلار مەنپەئەتىنى كۆزلەش، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، تەبىئەت جانسىز، ئەقىلسىز، تەدبىرسىز.

ھىدروگىن ۋە ئوكسىگېن بىرىككەن سۇنىڭمۇ تارتىش كۈچى، تۇك ئېقىمى بولىدۇ، بۇنىڭغا سوغۇق ھاۋا

ئېقمى سىڭىپ كىرىپ 39 گىرادۇسلۇق سوغۇقتا مۇز تۇتىدۇ، (نۆلدىن تۆۋەن 10 گرادۇستىمۇ مۇز تۇتىدۇ) شۇ ئارقىلىق مۇز تاغلار جىم تۇرىدۇ، بولمىسا يەرشارىنى سۇ باسىدۇ، ياكى سۇلار قالايمىقان ئېقىپ قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرىدۇ، بۇ سۇلارمۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان هالدا كېلىدۇ، قانۇندىن چەتتە قالمىغان، ھەتتا يامغۇرمۇ 10 خىل قانۇن بىلەن چۈشىدۇ، بۇنى بىز سۆزلىدۇق، يەنە سۆزلەيمىز.

هازىر بىر قار ئۈستىدە توختىلىمىز، قار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۈزۈندىن بۇيان دەسسەپ يۈرگەن بۇ قارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقماپتۇق، ئۇ ئەسلى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، كەلگەن ئالەم قانۇنىغا بويسۇنغانىكەن، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى راستلا زەررىچىدىن چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بۇ قار، ئەسلى يامغۇردۇر، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىغا ئۇچراپ بۇ قار ئالتە بۇرجەك بولۇپ چۈشىدۇ، نېمە ئۈچۈن مۇزدەكلا توم چۈشمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ 5، 7، ياكى 8 ياكى ئۈچ بۇلۇڭى بولمايدۇ؟

قار ئالتە بۇرجەك ئالتە شاخلىقلا چۈشىدۇ، ياغىسى، تۇرقى، 280 خىل، ئەمما ھەممىسى ئالتە شاخلىق ئالتە بۇلۇڭ هاسىل قىلىدۇ. بۇ ئەسلى ئاللاھنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە ياكى ئالتە باسقۇچتا ۋاقىتدا ياراتقىنىنىڭ دەلىلى بولۇپ، چۈشىدىكەن، ئالتە بۇلۇڭنى چەمبەرسىمان يۆگىسەك 60 گىرادۇستىن 360 كۈننى كۆرسىتىپ چۈشىدىكەن، 360 كۈن قار ياغسا شۇ ھالدا ئۆزگەرمەي ئالتە بۇلۇڭ بولۇپ چۈشىدىكەن. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇنى دىگىلى 80 يىل بولغان، بىزمۇ 2003 ـ يىل ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ھەيران قالدۇق، ئەمما دىلى، قەلبى قاتتىق ئىنسانلار يەنىلا شۇ پېتى ئۆز ھالىدا قالىدىكەن، ئۇلارغا دوزاخ لايىق، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھېسابىنى تېز ئالغىنى، ھەممىنى بىرلا ۋاقىتتا بىلگىنى، ھەممە يەردە مەۋجۇدلىقىنى كۆرستىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ھەممە بىلەن بىللە زاتىنى بىز بىلەلمەيمىز، كەيپىياتى قاندىقلىقىنى بىز بىلمەيمىز، ئەمما ئۇ بار، ئالتە تەرەپ ئۇنى قورشىمايدۇ، ھەممىنى ئۇ ياراتتى، ھەممە ئۇنىڭ ئالقىنىدا، جان تومۇرىمىزدىنمۇ يېقىندۇر.



**(قارنىڭ ھەرخىل شەكلى)**

پۈتۈنلەي ئالتە شاخلىق ئالتە قىرلىق بولىدۇ، تۈرى 280 خىل ھەممىسى، ئالتە بۇلۇڭ بولىدۇ، مانا بۇمۇ ئاشۇ ئاللاھنىڭ بىلمى، قانۇن باشقۇرۇشى، ھېسابلىشى ئاستىدا بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ﴿كل شيئ عنده مقدار﴾ ھەممە ئاللاھنىڭ ئەزلىدە ئۆلچەملىكتۇر.

پۈتۈن يەرشارىدا يېغىۋاتقان قارنىڭ سانىنى، ھېساۋىنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بولۇپ، شۇ گۈزەل شەكىلنى قوغداپ تۇرغان ئاللاھ پۈتۈن ئىنسان، جىنلاردىن ھېسابىنى تېزلا، بىرلا ۋاقىتتا ئالالايدۇ، هازىرمۇ ھەم بىلىۋاتىسىلەر، كۆرۈۋاتىسىلەر.

ئالتىنچى ئايەت، ئاللاھ سىلەرنى خالىغان سۈرەتكە كىرگۈزىدۇ، بۇنداق ئايەت قۇرئاندا بەش ئورۇندا كېلىدۇ. مۇنۇ ئالتىنچى ئايەت 7 ـ سۈرە 11 ـ ئايەت، 40 ـ سۈرە 64 ئايەت، 64 ـ سۈرە 3 ـ ئايەت، 82 ـ سۈرە 8 ـ ئايەتلەردە كېلىدۇ. ئىنساننى ئاللاھ ھەممىدىن گۈزەل ياراتقان، ھەتتا بۇ ئايدىنمۇ گۈزەل، بۇرۇن بىر قازىنىڭ ئالدىغا بىر ئەر پەتىۋا سوراپ كەپتۇ، مەن ئايالىمنى سەن ئايدىنمۇ گۈزەل بولمىساڭ ئۈچ تالاق دېدىم، هازىر ئايالىم تالاق بولدىمۇ؟ ياكى ياقمۇ؟ ئۇقمۇدۇم دەپتۇ، قازى ئاللاھ قۇرئاندا تىين سۈرىسىدە ئىنساننى ئەڭ مۆكەممەل، گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى دىگەن، ئايالىڭ ئايدىنمۇ گۈزەل تالاق بولماپتۇ. مانا هازىر تەبئىي ـ پەن بىلەن ئىسانلارنىڭ، ئاي، بىر تاغ، تاش جىسىم، كۆن نۇرى قايتۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە يەرشارىمۇ ئايدىن يېڭىراق نۇر قايتۇرىدۇ، ئىنسان ھەممىدىن گۈزەل مەخلۇق، مەن هازىر خالىققا ئاشىق بولۇشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن،

ئەگەر ئاللاھ خالىسا مانا بۇ تۆرەلمە ئىلمى، بىئولوگىيە، ئاناتومىيە ئىلمى بولىدۇ، بىز بۇ ئىلمنى پۇختا ئىگىلىسەك ئاللاھنىڭ بارلىقنى، قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى بىلىمىز. قاراپ باقايلى، ئاللاھ ئىنساننى قانداق سۈرەتكە كەلتۈردى.

بىز يۇقىرىدا بىر تال ھۇجەيرىدىن ئەزالارنى شەكىللەندۈرىدۇ دېگەن، بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، كېيىنمۇ شۇنى دەيمىز.

ئاللاھ، ئىنسان، جىسمىنى بىر شەھەرگە ئوخشاتقان، ئىنساندىكى قىزىل ـ سوغۇق، ھۆل ـ قۇرۇق شەھەرنىڭ تۆت خىل تەبىئىتىگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى تۆت بولۇپ، ئوت، ھاۋا (شامال) سۇ، تۇپراق، بۇ بۇرۇنقى نەزەرىيە، ھازىر ئىنسان ماددىدا، تۇپراقتا بار ماددىدىن 75 ى تېپىلدى، ھەممىنىڭ ئەسلى نۇر، ۋاكىئوم ھەقىقىي بوشلۇق دېگەن ماددا پەرەز قىلىنىدۇ، كۆرگىلى بولماس ۋەزنى سۈيۈق، بۇنىڭ ئاربىلاشما ئىچكى قىسمى الىفراۓ قان، بەلغەم، سۆلار ئىنساندىكى سۆڭەك، مېڭە، پەي، تومۇر، قان، گۆش، تېرە، تىرناق، چاچ شەھەرنىڭ ھەرخىل جەۋھەرلىرىگە ئوخشايدۇ، شەھەر قۇرۇلۇشىغا، قەۋەتلىرىگە، ئىنساننىڭ باش، گەردەن، كۆكسى، قورساق ئىچى، بەل، كاسا، يوتا، پاچاق، ئىككى قەدەملىرى ئوخشايدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە 248 پارچە سۆڭەك ئوخشايدۇ، ئارىلىقنى باغلاپ تۇرىدىغان ئارقان، ئىنساندىكى 750 پەيلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ شەھەردە 11 خەزىنە بار، ئامبار، دىماغ، مېڭە، چوڭ مېڭە، ئۆپكە، يۈرەك، جىگەر، تال، ئۆت، ئاشقازان، ئۈچەي بۆرەك، ئىككى تۇخۇم، كۆكرەك قاتارلىق.

شەھەر كوچىلىرىغا چوڭ تومۇرلار ئوخشايدۇ، كىچىك ئېرىق ئۆستەڭلەرگە 390 كىچىك تومۇرلار ئوخشايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ 12 ئىشكى بار، بۇنىڭغا ئىنساننىڭ ئىككى كۆزى، ئىككى قۇلقى، ئىككى بۇرنى، ئىككى تەرەت يولى، ئىككى كۆكرىكى، ئېغىزى، كىندىك، بۇ شەھەر ئېغىزى، ئىشىكىدۇر، چوڭ ئىككى تۈۋرۈك بولسا، ئىككى پۇتتۇر.

بۇ شەھەرنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچى بار، مانا بۇ ئاجايىپ گۈزەل، بىر شەھەر قۇرۇلۇشى ئەڭ گۈزەل دۇنيا، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى، (بىئولوگىيىدە بار، ئادەم ئاناتومىيىسىدە، ئاتلاستا رەڭلىك رەسىمى بار. 100 مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟ ئورگانىزىم ئىلمى قىسمىدا بار، 86 ـ بەت سۆڭەك پارچىلىرى كۆرسىتىلگەن، 206 پارچە بار، لۇغەت كىتابلىرىدىمۇ بار)

بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، بۇلارنىڭ ھەر قايسىنىڭ شەكىللىنىشىنى، ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، ئىقتىدارى، رولى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بىز پەقەت قۇرئاندا تولا تىلغا ئېلىنىدىغان قۇلاق، كۆز، يۈرەكتە ئازىراق توختىلىمىز، رەسىملىك كۆرۈنۈش خەرىتىسى ھەرقايسى پەن كىتابلىرىدا بار.

قۇلاق ئالاقە قورالى، قەلب دېگەن ئىلىم ئۆزىنى ئېغىزى، قۇلاق، كۆز، ئىلىم كىرىش، ئادەم زىننىتى، ۋەھى، ئىلھام ھوزۇر ئورنى، بۇ تاشقى قۇلاق، سۇپۇرىسى، ئوتتۇرا قۇلاق، ئىچكى قۇلاق، ئوتتۇرا قۇلاق ئېغىزىغا يۇتقۇنچاق ئېغىزى نەيچىسى، ئەمچەكسىمان ئۆسۈكچە، دالانچىلىرىدىن تۈزۈلگەن، ناغرىخانىدا نېپىز پەردە بولۇپ، بۇ پەردە ئاۋاز يەنى ھاۋادا دولقۇن، نۇر ئارقىلىق يۇرگەن ئاۋازنىڭ يۇقىر ـ تۆۋەن، كۈچلۈك ـ ئاجىز، تېز ـ ئاستا بولۇشىغا قارىتا ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇ پەردە تەۋرىنىدۇ. بۇ تەۋرىنىش ئىچكى قۇلۇققا سېگنال يوللايدۇ، ئاندىن بۇ سېگناللارنى ئاڭلاشقا مەسئۇل نېرۋا ھۇجەيرىسى چوڭ مېڭىدىكى نېرىپ ھۇجەيرىگە يوللاپ بېرىدۇ. ئاندىن بۇ باش مەركەزدىكى قوماندانلىق شتابىدىكى ھۇجەيرىلەر ئۇ ئاۋازنىڭ قانداقلىقىنى پەرق ئېتىپ ئىنسانغا ئۇقتۇرىدۇ. ئىنسان بۇنى شۇ ھۇجەيرە ئارقىلىق ئۇقىدۇ، ئەمما ئۇ ھۇجەيرە قانداق ئۇققان، بۇ بىر سىر بولۇۋاتىدۇ، بۇنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئاڭلاشقا نەچچە مىڭ ھۇجەيرە مەسئۇل، ئەگەر ئاشۇ ھۇجەيرە ھەرىكەتتىن توختىغاندا ياكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالسا، قۇلاق ساق بولسىمۇ ئاڭلىمايدۇ، چۈنكى، خەۋەر يەتمىگەن ـ دە!.

بۇ قۇلاق شەكلى، تەنتاۋى تەپسىرى 31 ـ بەتتە بار. بىئولوگىيىدىمۇ بار، ۋە باشقىلار، كۆز، قۇلاق، يۈرەكمۇ شۇ. ئادەم ئاناتومىيە رەڭلىك ئاتلاس، تەپسىلىي كۆرۈڭ. كۆز ھەقىقەتنى كۆرۈش قورالى، بىلىم ئېلىشنىڭ قورالى، نۇرغۇن مەقسەتكە يېتىشنىڭ چارە ـ ئامالى.

**(قۇلاق ھۈجەيرىسىنىڭ ئاۋازنى مېڭىگە يوللىشى)**

ئۇ، ئاللاھنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشەلەيدۇ. كۆز خۇددى ئادەم بېشىغا ئورنۇتۇپ قويغان ئىككى دانە فوتو ئاپپاراتتۇر. بۇنىڭ قوماندانلىق مەركىزى چوڭ مېڭىدە بۇنىڭدەك **14** مىليارت ھۈجەيرە بار بولۇپ، **100** ياشقا كىرگەن، ئادەم ئاران بىر مىليارت ھۈجەيرىنى ئىشلىتىپ بولىدۇ. قالغىنى زاپاس تۇرىدۇ، كۆزگىمۇ شۇ ھۈجەيرە دىن **600000** مەسئۇلدۇر. ئاللاھ ھەممىنىڭ ھېسابىنى بىلىدۇ، ئىنسانلار كۆزنىڭ سىرتقى قەۋىتىدە پەردە بولۇپ، بۇ مۈڭگۈز پەردە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى كۆز يېشى دائىم يۇيۇپ تۇرغاچقا، قۇرۇپ قالماي نەم تۇرىدۇ. بىر تال چاڭمۇ زەررىچىمۇ قونالمايدۇ.

كۆز ئالمىسىنىڭ مەركىزىدە بىر تال يۇمىلاق تۆشۈك بولۇپ، بۇ كۆز قارچۇقى بولىدۇ. بۇ قارا بۇلۇپ، نۇرنى يىغىپ بېرىدۇ، تاشقى دۇنيادىن كەلگەن نۇر (يەنى يەتتە خىل رەڭنى توشۇغۇچىدۇر) كۆز قارچۇقىدىن ئۆتۈپ كۆز تېگىدىكى كۆرۈش پەردىسىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا كۆز قارچۇقى فوتو ئاپاراتتەك، ئارتۇق نۇرنى قوبۇل قىلماي كىچىكلەيدۇ، نۇر ئاجىز بولسا، كېڭىيىپ كۆپ نۇر كىرگۈزۈپ كۆرۈشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، زورايتىش، كىچىكلىتىش، يىراق يېقىننى كۆرۈشكە ئالاھىدە ماھارەتنى ئىشقا سالىدۇ.

بۇ ئاساسلىقى نۇر ئارقىلىق كۆرىدۇ، رەڭنى كۆرىدۇ، رەڭ بولسا، يەنىلا قۇياشتىن كەلگەن يەتتە رەڭ نۇردۇر، كۆز رەڭنى يەنىلا نۇر بىلەن كۆرىدۇ، رەڭنى كۆرىدۇ، ھەممىسى بىر نۇردۇر.

كۆزدە مۇنداق ئالاھىدە ئەزا يولى بولىدۇ، (**34** بەتتە، يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟ **158** بەت، بىئولوگىيىدىمۇ بار، ئادەم ئاناتومىيە، ئاتلاس، رەڭلىك رەسىمدىمۇ بار، دوختۇرخانىدا مودېلىمۇ بار، بولمىسا) كۆز قارچۇقى، مۈڭگۈز پەردە، كۆز ئېقى، رەڭدار پەردە، بىرىكتۈرگۈچى پەردە، تومۇرلۇق پەردە، كۆرۈش تور پەردىسى، كۆرۈش نېرۋىسى بۇ **600000** كىرىستال نەيچە، شىللىق پەردە، فوكىس ماددىسى مانا مۇشۇلار ھەممىسى ھۈجەيرىدىن، ئاللاھ، باللىياتقۇدا ئورۇنلاشتۇرغانچە سۈرەتكە كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ، كاپىرلار تېنىمۇ شۇنداق، ئەمما ئۆزى كاپىر.

كۆز بىرەر رەڭنى كۆرمەكچى بولسا، كۆز قارچۇقى شۇ تەرەپكە مەركەزلىشىدۇ، ئاندىن نۇر يىغىپ بۇ نۇرنى رەڭ بىلەن بىرگە كۆرۈش پەردىسگە يوللايدۇ، بۇ كۆرۈنۈشنى **600000** ھۈجەيرە، نېرۋا، چوڭ مېڭە پوستلاق ھۈجەيرە، نېرۋا مەركىزىگە يوللايدۇ. ئاندىن ھەر رەڭگە مەسئۇل ھۈجەيرىلەر بۇنى ئايرىپ پەرق ئېتىدۇ. ئىنسان شۇنداق كۆرىدۇ، ئەمما ئاشۇ ھۈجەيرە قانداق يوللايدۇ. قانداق كۆرىدۇ؟ بۇ بىر سىر، چۈنكى، بىر تال ھۈجەيرىنى **10000** ھەسسە يوغىناتسا ئاران پىتچىلىك بولىدۇ، شۇڭا، بۇ ھۈجەيرىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھامىنى ئىنسانلارنىڭ بىلىشىنىڭ چېكى بولىدۇ. مۇشۇ ھۈجەيرە توغرىلىق ئاشۇ سىرلىق مەسىلىنى ۋە روھنى، ھاياتلىقنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئەڭ توغرا جاۋاب، ھېكمەت ۋە رەھمەت ئورۇنلاشتۇرغان ئاشۇ ئاللاھ قىلغاندۇر. ئۇ، باش قوماندان، شۇ كۆز كۆن نۇرىدىن پايدىلىنىدۇ، شۇنداقلا شۇ كۆن نۇرى ھەرخىل ماددا، ئاشۇ بىر خىل تائامدىن كېلىدۇ. ھەتتا، قۇم، ئەينەك كىرىستال تەنچىمۇ شۇنداق، بۇنى ئىنچىكە كۆزىتىش لازىم، مىكرۇسكوپدا كۆرۈش لازىم. ئاللاھۇ ئەكبەر.

بىز يۈرەك، موسكۇل، سۆڭەك، ئۆپكە، قان ئايلىنىش توغرىسىدا كېيىن سۆزلەيلى، ھازىر ئازىراق سۆزىمىز بار، قۇلاق سېلىڭ.

ئىنساندا **206** پارچە سۆڭەك بار، ھەربىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى، خىزمىتى بار، بۇلارمۇ ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ سۆڭەككە تۇتاش **500** موسكۇل، پەي بار، بۇلارمۇ قاندىن ئوزۇق ئالىدۇ. بۇلارنىمۇ نېرۋا كونترول قىلىدۇ، ھەممىنىڭ ئوزۇقى قاندىن كېلىدۇ، قاننى يۈرەك بىر يىلدا **30** مىليون قېتىم سوقۇش ئارقىلىق كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ فوسفور ماددىسىدا مېڭە ھۈجەيرىسى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ئەگەر يۈرەك ئىككى سوقۇشتىن توختىسا دەرھال ئۆلىدۇ، ھەممە كونتروللۇقنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىنى توك نۇرىدەك يورۇتقان روھ، جاننى ئاللاھ ئالىدۇ. بەندىلەر بولسا، كېسەل بولدى، ئاقسىل قاتتى دەپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۈجەيرىلەرمۇ تۈگىشىدۇ، زەررىچىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار يەنە دەرەخ تېنىگە، ھايۋان تېنىگە كىرىپ، ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، مانا بۇ قىيامەت قۇرۇلۇشىغا دەلىل، ئالىملار شۇ

ھاياتلىقنىڭ روھ، نەگە كېتىپ تۇرىدۇ، نەدىن كېلىدۇ، بۇنى بىلمىدى، جاۋاب قۇرئاندا، ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولىدۇ، شۇ يەرگە بارىدۇ، ۋە كېلىدۇ.

كۆز، قۇلاق، يۈرەك، قان ماددىسى، نۇر، ھاۋا، زېمىن، ئاسمان، سامان يولى ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ، بىر تۇتاش، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاللاھدىن باشقىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇلار ھەققىي تېخى ئېنىق ئەمەس، كېيىن نېمە بولىدۇ، قانداق ئىلىم ـ پەن كەشىپ بولىدۇ، بۇ بىر سىر، ئاللاھ ئالىمدۇر. قانداقلا بولمىسۇن قۇرئان مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

بۇنىڭدا، قۇلاق، كۆز، يۈرەك، ۋە باشقىلار تولا تىلغا ئېلىنىدۇ، مانا بۇ ئىلىم، مانا بۇ قۇدرەت، مانا بۇ ھېكمەت، مانا بۇ رەھمەتتۇر، شۈكرىنى ئادا قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان رەھمەت، نېمەتتۇر، لېكىن ئىنسانلار ناھايىتى ئاز شۈكرى قىلىدۇ، سۈرە مۈلۈكتىمۇ بار. ئاللاھ خالىغان بىر سۈرەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا، بۇ زىننەت بولۇپلا قالماي، مۇھىم رولى بار، خىزمىتى بار، ئاجايىپ ھېكمەتتۇر. بۇنى ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ قىلىدۇ. ئاشۇ سۈرەتنى، بارماق ئىزىنىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاتمايدۇ، ئالتە مىليارت ئىنسان بار بۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ھازىرقىلارمۇ بۇرۇنقىغا، كەلگۈسىگە ھەممىسى ئوخشىمايدۇ، بۇنى كىم قىلدى؟ ئەقلى بار ئادەم ئۆزلىگىدىن دېمەيدۇ، مېھرىبان ئاللاھ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۈكرى قىلىدۇ، ئىبادەتكە ئاتلىنىپ قەلبىنى ئارام تاپقۇزىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ئالەملەردە، سىستېمىدا، پىلانىتلاردا، تاش ھەتتا نۇر، زەررىچىلەردە تارتىش كۈچى بېكىتتى، ئۇلار بۇ بىر خىل ئىنتىزام، قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھارارەت، نۇر، رەڭ، دولقۇن، قار، يامغۇرلارمۇ بۇ قانۇن ئىچىدە بولىدۇ. كۆز، قۇلاق ۋە باشقا ئەزالارمۇ شۇنداق ماسلاشقان، شۇنىڭدەك ئاللاھ، ھايۋان بولسۇن، ئىنسان بولسۇن ھەممىسىنىڭ يۈرىكىگە بىر خىل تارتىش كۈچى، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق سالغان، بۇلارمۇ شۇ قانۇن بويىچە ئىتائەت قىلىدۇ، ئامالمۇ يوق، ئىجرا قىلىدۇ.

ئىشەنمىسىڭىز تۇخۇدەك ھايۋاندا سىناپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانداق مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش باركەن، تەجرىبە ئىشلەڭ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتى توخۇدىكى چۈجىسىنى ھىمايە قىلىش، قوغداش ھەممىگە مەلۇم، بىز بىر ۋەقەنى سۆزلەيمىز، بىر ئادەم توشقانغا تائام بەرگەن، لېكىن توشقان بالىلىرىنى توسۇپ يېگىلى قويمىغان، ئادەم ئۇنى ئۇرغان بولسىمۇ ئۆز ئىشىدا چىڭ تۇرغان، كېيىن قارىسا ئاشتا زەھەرلىك قۇرت تېپىلغان، قۇرۇتنى ئېلىۋەتسە ئاندىن يېگىلى قويغان، مانا بۇ كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، تارتىش كۈچىدۇر، ھەممە ئالەملەر بىر خىل قانۇندا كېتىپ بارىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى، ئىش ـ ئەمگىكى، تىجارىتى، تائام يېيىشى، توي قىلىشى، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، جاپا تارتىش، كېلىش ـ كېتىشى، ئۆلۈشىدىن تارتىپ، ئاسمان ـ زېمىننىڭ مۇنۇ سۆزگە تەۋە بولىدۇ. ئى ئاللاھ، بىز ئىختىيارى ئىتائەت قىلىپ كەلدۇق دېگەن، پۈتۈن ئالەم ئوخشاش ئىختىيارىچە كېلىدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ، ھەممىنى ئاللاھ قىلدى، ياراتتى، ئەمما بۇنى ئاسان چۈشىنەلمەيدۇ، ئۆزىدىن كۆرىدۇ، چۈنكى، ئىختىيارى ـ دە! ئاللاھ قىلغان ئىشىدىن سوراقفا تارتىلمايدۇ، ئۇلار سوراقفا تارتىلىدۇ، ھەي بىز بەك نادان، ئىنسانلار دىققەت قىلايلى، ھۇشىمىزنى تاپايلى، ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھى، تەقدىرىگە ئىشىنىمىز، رازى بىز. ئەمما گۇناھقا، كۇپرىغا، ئاسىيلىققا رازى بولساق بولمايدۇ، بولمىسا بىزمۇ ئاسىي بولىمىز. پەرق ئېتەيلى، تەقدىرنى، يۆنىلىشنى، تەۋەككۇلنى پەرق ئېتەيلى، مەجبۇرلاشنى، ئىختىيارنى پەرق ئېتەيلى، ئەركىنلىكنى پەرق ئېتەيلى، دىن، دىنى قانۇن ـ تۈزۈم، ئىدىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپەنى پەرق ئېتەيلى، پەن ـ مائارىپ، ئىلىم ـ كەشپىيات، سانائەتنى پەرق ئېتەيلى، ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇپ پەرقسىز ياشىمايلى، ئۆلچەم، قىممەت قاراشتىن، تەسەۋۋۇر، دۇنيا قارىشىمىز بولسۇن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن ئالەم، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بىردەك ئوخشاش، ھەممە جەھەتتىن ئوخشاش بۇنىڭغا مۇنۇ ئايەت ئىشارەت قىلغان ﴿ما خلقكم و لابعثكم إلاّ كنفس واحدة﴾ سىلەرنىڭ يارىلىشىڭلار، تىرىلىشىڭلار، پەقەت بىر جانغا، بىر نەپسىگە ئوخشاش، ئاللاھقا قىيىن ئەمەس

دېگەن. بىز ئالەمنى، ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكنى تەتقىق قىلساق، چوقۇم ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، قۇدرىتىنى ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى، نېمىتىنى تونۇپ يېتىمىز. ھەتتا قىيامەتنىڭ چوقۇم قۇرۇلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھەق، راست بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

بىز بۇ ھەقىقەتنى تونۇشىمىز لازىم، نادان، جاھىل، بىلمىسىز، يالغان ئالىملاردەك قارىسىغا ئالجوقا سۆزلەپ بۇنى بىدئەت، ھارام دېمەيلى، بەلكى بۇ پەرىز كۆپايە، ئۇلار ئەسھابۇلكەھپىدەك ئۇخلاپ ئۇيقىدىن ئويغۇنۇپلا تۇگەشتكى ھالاك بولدى. بىز ئۇلارنى دورىمايلى، ئىبرەت ئالايلى، ھەرخىل مەزھەپ، ئىنقىلابىنى تېرىمايلى، بىرلىشىپ ئىتتىپاق بولايلى، ئىتتىپاقلىق پەرىزدۇر، پايدا پەرىزدۇر، ئۆزىمىزنى يەنە نادان قويۇپ، تۈگەشمەيلى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتىمىز، قۇرئاننى ھەقىقي چۈشىنىپ، يۈزدە يۈز ئەمەل قىلايلى، مانا بۇ يولنى تونۇيلى.

قۇرئاننى ھەقىقي چۈشۈنۈپ بىلگەندە شۇ بايراق ئاستىغا توپلانغاندا ھەرخىل مەزھەپ، ئېقىم مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ئاشۇ تۆت مەزھەپ ئىشىمۇ ھەل قىلىنىپ بىرلەشكىلى بولىدۇ، بىز بۇ كىچىك ئۇششاق مەسىلىنى قويۇپ، پەيغەمبەرلەردەك، ساھابىلەردەك، تابىئىنلاردەك، ئۆزىمىزگە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئۇنۇملۇك، مەنپەئەت يارىتايلى، بۇ ئۇششاق فىقھى مەسىلىنى، قائىدە ـ قانۇننى، ئىلمى كالام داۋاسىنى قويۇپ، (فىقھىنىمۇ قولغا ئالىمىز، بىراق ئەمەلىيەت بىلەن بىللە) قولىمىزغا مىكرۇسكوپنى، تېلىسكوپ، سېكتورۇسكوپ ئالايلى، ھەقىقي ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلايلى، زور نەتىجە يارىتىپ، كەشپىيات يارىتىپ، ئۆزىمىزگە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا بەخت، تېنچلىق ئېلىپ كېلەيلى.

ئايىغى چىقماس جېدەل ـ ماجرا، ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، قۇرئانغا قايتايلى، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، جىبرىئىل باشلىق پەرىشتىلەردەك، پەيغەمبەر باشلىق ساھابىلەردەك، ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، كۈرەش قىلايلى. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىشىپ مۇشۇ ھەقىقەتكە كېلەيلى! شۇ چاغدا مەزھەپ، ئىختىلاپمۇ، ئۆچ ـ ئاداۋەتمۇ تۈگەيدۇ، ئىختىلاپقا چۈشلىسى يوق.

ئاللاھنىڭ، ئىنساننى ھەقىقي سۈرەتكە كىرگۈزۈش جەريانى ئالدى بىلەن ئىسپېرما، بالىياتقۇدا قارار ئالىدۇ، مۇشۇ ھالەتتە ھۈجەيرە ھۇجۇم قىلىدۇ. كېيىن، تۇخۇم ئىچىگە كىرىپ نەچچە تېرلىيون ھۈجەيرىگە كۆپىيىپ، ئاندىن لەختە قان بولىدۇ، كېيىن گۆش، ئاندىن پاقىدەك سۈرەتكە كىرىشىدۇ، كېيىن ئومۇرتقىسى، ئاشكارا بولىدۇ، ئاندىن پۇت ـ قول، ئاشكارا بولىدۇ، پۈتۈن ئەزا زاھىر بولىدۇ، كېيىن **5** ئايلىق بولغاندا، قىز يا ئوغۇللىقى زاھىر بولىدۇ، ئالتە ئايدا **30** سانتا ئەتراپىدا بولىدۇ، يەتتە ئايدا **45** سانتا بولىدۇ، سەككىز ئايدا چاچ چىقىدۇ، تىرە چىقىدۇ، **50** سانتا ئەتراپىدا، توققۇز ئايدا **60** سانتا ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە ھەممىسى بىر خىل بولمايدۇ.

بۇ بىلىم، تۆرەلمە ئىلمىدا، گىن تەتقىقاتىدا بىلىنىدۇ، مانا بۇ قۇرئاندىكى سۈرەتكە كەلتۈرۈش جەريانى، بۇ قاراڭغۇ ئىچكى قانلاردا يۇقىرى گىرادۇستا بۇ سۈرەتنى قايسى ئىنجىنىر پىلانلىدى، ئىنتىزامغا سالدى، كىم ئۆلچىدى؟ كىم بىر باسقۇچدىن يەنە بىر باسقۇچقا يۆتكىدى، كىم ئوزۇق بەردى، كىم ئىگە بولدى؟ ئەزالىرىنى ئالدىن دۇنيا، خەلقىگە ئوخشاتماس كەلگۈسىگىمۇ ئوخشاشماس قىلدى؟ بارماق ئىزىچۇ؟ كىم سالامەت ئېلىپ چىقتى؟ روھ، جاننى كىم بەردى؟ بۇ تېشىدىكى ئالەمدە چۇ؟ زادى كىم؟!!! ئاللاھ، ئاللاھ، مۇشەۋۋىر ئاللاھ.

ئىنساننىڭ بېغىشى بىلەن ئوتتۇرا بارماق ئۈچى بىر غېرىچ، ئىككى كۆكرەك ئوتتۇرىسى بىر غېرىچ، كىندىك بىلەن ئەۋرەت ئوتتۇرىسى بىر غېرىچ، يۈرەك بىلەن ئوقرەك بىر غېرىچ، قەدەمدىن تىزىغىچە، باشتىن مەيدىگىچە ئىككى بەل، يۈرەكتىن ئەۋرەتكىچە، ئىككى مۈرە ئوتتۇرىسى، ئىككى غېرىچ بۇرۇن ئۇزۇنلۇقى، ئېغىز يېرىقى، ئىككى لەۋ بىر غېرىچنىڭ **1/8**گە تەڭ)

ھەممە ئاجايىپ ئۆلچەملىك، ئىنتىزاملىق، ئازراقلا ئىگىز ـ پەس بولسا، ئىنسان مېيىپقا ئايلىنىدۇ، سەتلىشىدۇ، ئانا شۇنچە ھەرىكەت قىلسىمۇ بۇ سۈرەت نېمە ئۈچۈن ئىگىز ـ پەس بولمايدۇ؟ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ؟ بۇنى كىم ساقلىدى؟ كىم ئۆلچىدى؟ بۇنى ئاشۇ مۇسەۋۋىر، يەنى سۈرەتكە كىرگۈزگۈچى، ئاللاھ،

ئاللاھ قىلدى. بۇ توغرىلىق قۇرئاندا ئىلان كۆپ، ئاللاھ قىلدى دېگەن، ئەمما بۇنى بىرەر شەخس، رايۇن، دۆلەت، ھەتتا ب د ت مۇ ئىلان قىلالمىدى، چۈنكى، ئۇلارمۇ بۇنىڭغا ئىگە ئەمەس. ھەممىسى ئاددى مەخلۇق خالاس، سۈرتكە، ئۇزۇقىغا، ساقلىنىشىغا ھەممىگە ئاللاھ ئىگە، بۇ بىلىمدە چوقۇم ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى، قۇدرىتى، زاھىر بولۇر، شۇڭا بۇ ئىلىم پەرىز كۆپايە.

قۇرئان، ئاللاھنىڭ كىتابى، تۆرەلمە بولسا ئۆز قولى بىلەن يازغان، رەڭلىك كىتابى ئىككى كىتابنى تەتبىقلاش لازىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ، ئىككىلىسىنى ئايەت دەپ ئاتىغان، ئىككىلىسى ئايەت، مۆجىزە، ئىككىلىسى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

چۈنكى، قۇرئان، ئىنسانغان ھىدايەت، قانۇندۇر، قۇرئاندا خەتلىك نەزەرىيە دەرسى بار، بىز بۇنى مىكرۇسكۇپدا ئەمەلىيەتتىن كۆرۈشىمىز لازىم. ئىنسان توپا، ئابىي مەنىي، قان، گۆش، گۆش پارا تولۇقسىز، كەمتۈك، كىچىك بالا، بالىلىق، ياشلىق، قېرىلىق، ئۆلۈم، ئۆلمەي قالسا بەك قېرىدى شۇ، **10** يىل تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇنى بىز بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلساق، ئەرزىيدۇ، چۈنكى، بىز ئىنساننىڭ ئۆتمۈشىدىن ھازىردىن، ئىبرەت ئېلىپ، كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىمىز، ئىنتىلىمىز، يول ئاچىمىز، زور تەرەققىي قىلىمىز، بۇ بىئولوگىيە دېگەن ئىلىم شۇ، قۇرئاندا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئۈچىلىسى بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇلار قوشكېزەكتۇر.

بىز بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمايمىز، بۇ تېمىدا دائىم سۆزلەيمىز، ئىدىيە، پەلسەپە، قانۇن جەھەتتىن باشقا سانائەت خاراكتېرلىك ھەرقانداق بىلىم بىلەن دىننى، قۇرئاننى دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈۋۈك، قۇدرەتنى، ھېكمەتنى، رەھمەت، نېمەتنى تېپىپ قەلبنى خاتىرجەم قىلىڭ. ئاللاھ مۇرادىمىزغا يەتكۈزسۇن. ئامىن!

## دارۋىن نەزەرىيىسىنى ئاغدۇرۇش

دارۋىن، يەھۇدىي بولۇپ، **1882** ـ يىلى ۋاپات بولغان، بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ سەپسەتە نەزەرىيىسى جاھاننى قاپلىدى، ئۇ تۇرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى دېگەن نەزەرىينى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ئىنساننى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئادەمسىمان مايمۇندىن كېلىپ چىققان دەپ جۆيلىگەن، بۇنىڭ سۈرىتى (**100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟ ھايۋانات ئىلمى قىسمىنىڭ **53** ـ بېتىدە كۆرستىلگەن، چەتئەل كىتابلىرىدىمۇ ھەرقايسى، دىنسىزلارنىڭ پەن كىتابلىرىدا بۇ بەك تولا كۆرستىلىدۇ) تا ھازىرغىچە مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە ئۆزىنى گوللاپ باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ كېلىۋاتقان، بۇ نەزەرىيىگە ئەگىشىۋاتقان نۇرغۇن دۆۋلەتلەر بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختاپ مۇنداق دېگەن، بۇ نەزەرىينىڭ مەيدانغا چىقىشى خۇددى شەيتاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئوخشايدۇ، بۇ بىر سىناق، بەزىلەر شەيتانغا ئالدىنىپ قېلىۋاتقان ئىشنى توغرا دەپ، مەڭگۈ ئالدىنىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە ئۆزىنى ئالدايدىغانلار بولىدۇ، دەل مۇشۇلار دوزاخقا لايىق، ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلاردا يۇقىرى بىلىم يوق، تەجرىبە، تەتقىقات يوق، دىنى چۈشەنچە ئەسلا يوق، بىز بۇنىڭغا ئالدانمايمىز، ھەم ئىشەنمەيمىز، ئەمما بىزنىڭمۇ ئاساسىمىز بار، دەلىل ـ ئىسپاتىمىز بار، قارىسىغا جۆيلىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن.

ئەڭ چوڭ دەلىل ـ ئىسپات، شاھىد ئاللاھدۇر، چوقۇم كائىنات ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىدۇ، قۇرئان مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، قۇرئان بىزنىڭ شاھىد، دەلىل ـ ئىسپاتىمىز، يېتەكچىمىز، قەلبىمىزنىڭ شىپاسىدۇر. بىز بۇنىڭ بىلەن قاراپ تۇرمايمىز، ئاللاھ قانداق دەلىل قىلغان بولسا، بىزمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرۇمىز، قۇرئاندا ئىنساننىڭ ئەسلىي نەسلى ئادەمنى تۇپراقتىن، لايدىن ياراتقانلىقى بار، ئەۋلادلارنى بولسا، ئابىي مەنىدىن (ئىسپېرما) سۇيىدىن ياراتقان، ھەرگىز مايمۇن ئەمەس، چۈنكى، مايمۇن يۈرۈكى ئوڭ تەرەپتە، ئادەمنىڭ يۈرۈكى سولدا، قانات، قۇيرۇق تەرەققىي قىلسىمۇ، يۈرەك يۆتكەلمەيدۇ، ئۇندىن باشقا بىز بۇ گۇمانىي كۆزقاراشقىمۇ ئىشەنمەيمىز، چۈنكى، ھېچكىم تۆپىدە تۇرمىغان، كۆرمىگەن، پەقەت ياراتقان ئاللاھ بۇنى

توغرا بايان قىلىپ بېرىدۇ، بىزنىڭ بۇنداق پولاتتەك دەلىل ـ ئىسپاتىمىز بولسىمۇ يەنىلا تەبىئىي ـ پەن ساھەسىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى، 20 ئالىمنىڭ كۆزقارىشى، دوكتۇر بىراس، دارۋىننىڭ تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىكى سۇرەتكە مۇنداق دېگەن، بۇ سۇرەتلەر ئويدۇرما، گۇمان، يالغان خالاس، بولۇپمۇ مايمۇن ئاندىن ئادەم دېگەن گۇمان ئىنسانلارنى چۇپەيلەشتۇرىدۇ، دەلىل ـ ئىسپاتمۇ يوق، قانائەت ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن.

ئۇ 1968 ـ يىلى 24 ـ دىكابىر، ماقالا ئېلان قىلىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ تۈنجى بولۇپ، خاتالىقىنى ئېلان قىلغان، بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى تۇرمىغان.

ئىككىنچىدىن، دوكتۇر چوستاف چولىيە مۇنداق دېگەن، بىز پىلە قۇرۇتى بىلەن كېپىنەكنى تەتقىق قىلىپ ئويلانساقلا دارۋىن نەزەرىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرالايمىز.

چۈنكى، بۇ ئىككى مەخلۇق ھازىرمۇ ئەزەلدىن بۇرۇن قانداق بولسا، شۇ پېتى دەۋىر سۈرۈۋاتىدۇ، ئۆزگىرىش يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇشلار تۈرلىرى، قەدىمى زاماندىن مەۋجۇدلىقى، ھازىر ئىسپاتلاندى، ئۇلار بىلەن قۇش ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق، مۇناسىۋەتمۇ يوق، تەرەققىيات تەتۈر بولمايدۇ. لامارىك بىلەن دارۋىن مەزھىپى ھايۋانلاردىكى ئەقلنى، ھەيران قالدۇرىدىغان تەبىئىي غەرەزنى، خۇسۇسىيەتنى، ئاڭ، سېزىم، تەپەككۇرنى بولۇپمۇ ئىنسان ئەقلىنى، روھىنى، جاننى، سەزگۈ، يېڭىلىق، تەرەققىياتنى، ئىدىيىنى ئېڭىنى، رۇشەن دەلىل ـ ئىسپات بىلەن شەرھىيلەپ بېرەلمەيدۇ، ھەم تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ، باھا بېرىشكە لايىق ئەمەس.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دېگەن: بولۇپمۇ ھايۋانلار ئارا مۇھەببەت، مېھرى ـ شەپقەت، ھىمايە قىلىش، كۆيۈنۈش، ئوزۇقلىنىش، ئائىلە، ھەرقايسى سىستېمىغا، قۇياشقا، ئىنسانغا، ئۆسۈملۈك، دەرەخكە، مۇھتاج ماسلىششىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلار، بۇلار چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئىش كۆپ، بۇ يەردىكى ئاجايىپ باغلىنىش، ئوخشاشلىق، ئىنتىزام، قانۇن، كۆيىنىش، تەبىئەت ياكى ھايۋان، ياكى باشقا نەرسىدىن ئەمەس، دەل ئاللاھ قىلغاندۇر، ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەت، تەبىئەت، قان، پەي سۆڭەك، ھەيكەل قاتارلىق ئوخششى، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنى، قىيامەتنى، دىننى ئىنكار قىلىشى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى، شۇ نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، كۆزۈتۈپ، خۇددىي ئۆزنى كۆزەتكەندەك كۆزۈتۈپ، ئاللاھنى تونۇش، قۇدرىتىنى تېپىش، يەنە ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈشكە قادىرلىقىنى تونۇش ئۈچۈندۇر، ۋە يەنە بەزى دورا كەشپىياتى، ماتىرىياللارنى ھايۋان تېنىدە تەجرىبە ئىشلەپ كۆرۈش، سىناق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر، نۇرغۇن ھېكمەتلەردىن، ئوخشاش ياراتقان بۇ ئالەم، ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسىدە ئوخشاشلىقنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىدۇق، مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھايۋانلارنى، ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، بۇنىڭدا نۇرغۇن پايدا بار، ئەمما، ھازىر ئىنسانلار بۇنىڭ دەل ئەكسىچە شۈكرى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۇپرىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئېسىت، ئالىملەردىكى مۆجىزە، ئالامەت بىلەن ئاللاھنى تونىساقلا بۇ نەزەرىيە ئەمەلدىن ئۆزى قالىدۇ.

ھاۋادىكى قۇشلار بىلەن سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئالاقىسى، قۇرۇقلۇق بىلەن ھاۋا، سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ئالاقىسى، بىر ـ بىرىگە زىت، مۇخالىپتۇر، بىر ـ بىرىنىڭ مۇھىتىدا ياشىيالمايدۇ، دەرھال ئۆلىدۇ، ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا، بۈركۈت تۈرىدىكى قۇشلارنىڭ دەرەخكە قونىشى ئۈچۈن بارمىقى ئارىلىقى يېرىق، ئايرىمدۇر، ئۆردەك، غازلارنىڭ بولسا سۇدا ئۈزۈش ئۈچۈن پۇت بارمىقىنىڭ ئارىلىقى پالاقتەك ياپىلاقتۇر، سۇ ھايۋانلىرىنىڭ سۇدا ئۈزۈشى ئۈچۈن ئەزاسى شۇنىڭغا لايىق بېرىلگەن، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىمۇ شۇنداق، بىر ـ بىرىگە ئەزەلدىن ئوخشاشمايدۇ، ھەم رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، قانات، قۇيرۇق، پالاقلار، سۇدا ئىشلەيدۇ، قۇرۇقلۇق ئەمەس، بۇلار شۇ پېتى داۋام قىلىۋاتىدۇ، تەرەققىي قىلدىم دەپ ئۆزگەرسە ھالاك بولىدۇ، چۈنكى، ئەزاسىدىن باشقا مۇھىت لازىم دە! ياشاش ئۈچۈن مۇھىت، ئوزۇق لازىم. بۇنىڭغا كۆنۈش كېرەك، بۇ ئەقىلسىز ھايۋان جاھىل بولۇپ، ھەرقايسىسىغا باشقا مۇھىتنىڭ تامىقىنى بەرسە ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلسە ـ ئۆلىدۇكى، ئۇنى يېمەيدۇ، سۆزلىسەك گەپ تولا، ئىش قىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىشىچە دارۋىن نەزەرىيىسى ئەمەلدىن قالدى، پەۋقۇلئاددە ئاغدۇرۇلدى.

بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەمەلدىن قالغىنىغا تۆۋەندىكى ئالىملار قېتىلغان ھەم ماقالە يازغان، تۆرەلمە ئىلمىنى تۈنجى تەتقىق قىلغۇچى ۋە ئاساس سالغۇچى ئالبانىيىلىك پەيلاسوپ، ئالىم فون بايىر، ئۇستاز ئېيلى دوسيدن، بۇ ئالىم ئاللاھ ۋە ئىلىم دېگەن كىتابنى يازغان، پەيلاسوپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ۋە تارىخنى تەتقىق قىلغۇچى ئالبانىيىلىك ئالىم فىيركو، فرانسىيىلىك ئانتورويولوگىيە تەتقىقاتچىسى، پەيلاسوپ، دوكلىترپارج، پەيلاسوپ سىبنىر، ئىنگىلىز پەيلاسوپ ۋەسمان، بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىسى ئۇستاز، مۇدىر جورجى يوھن، پەيلاسوپ ئىدمون برسيە، بۇ سۆز قىلىپ، غاز ـ ئۆردەكنى دەلىل قىلغان، بۇلار ئۆزلىگىدىن قۇرۇقلۇقتىن سۇغا قاراپ سۇدا ئۈزۈش ۋە سۇدا ياشاش ئۈچۈن تەتۈر تەرەققىي قىلغانمۇ؟ پۇتىغا پالاق ياسىدىمۇ؟ قانداق بولۇپ قۇرۇقلۇق ھايۋىنى شۇنداق ئۇچار قۇشلار ئۇچماي بۇ ھايۋان سۇغا تەرەققىي قىلىپ، پالاق ياسىدى، بۇمۇ دارۋىن نەزەرىيىسىگە خىلاپقۇ؟ تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دېگەن: ھەم قۇرۇقلۇق ھەم سۇدا ياشاش مۇھىتى بار ھايۋانلار ئاللاھنىڭ ئاجايىپ مېھرىبان، رەھمەتلىك زاتلىقنى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، خالىغىننى قىلغۇچى ئىكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ئىبرەت ۋە ئۈلگە ئالىدۇ. ھەرقانداق مۇھىتتا ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆگىتىدۇ، ھەم تەجرىبە ئىشلەيدۇ، بىر خىل نەزەرىيە بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ۋاھاكازالار دېگەن. يۇقىرىدا دارۋىن نەزەرىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قېتىلىدىغان پەيلاسوپ ئالىم بىلسوچىنرمۇ بار ۋە ئالبانىيىلىك دوكتۇر ئىدۋارد ھارتمان، لويز بوردو، كامپىل پىلاموريون، فرانسىيىلىك لوچىيل، مىيلىن ئىدۋارد، **20** ـ ئەسىردىكى مەشھۇر پەيلاسوپ چوستاپ لوبون، فرانسىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىندى بونكارىيە، يۇقىرقى پەيلاسوپ، پىرافىسور، ئالىملاردىن باشقا ھازىرقى مۇتەپەككۇر ئالىملاردىنمۇ نۇرغۇنى بار، بۇلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. جۇملىدىن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، سەييىد قۇتۇب «فىزىلال قۇرئان» تەپسىرىدە ۋە تەپسىر مۇنىيىردە بۇ نەزەرىيىنى ئىلمى پاكىت بىلەن ئاغدۇرىدۇ، ماتېرىيال كۆرۈڭ. تەرەققىي قىلسا، «ئاراتور» نېمە ئۈچۈن تېپىلمايدۇ؟

دىنسىز، ئەقىلسىز، پەيلاسوفلىققا يارىماس ياكى دۇنيا ئۈچۈن ھەقىقەتنى يوشۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ قۇرۇق داۋرىڭىدىن ئۇلارنىڭ سۆزى، كۆزقارىشى توغرىمىكى دەپ قالماڭ، بىزدە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئەڭگۈشتەر «قۇرئان» دېگەن گۆھەر بار، بۇ مەڭگۈ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. بۇ مەسىلە، روھنى، ئىدىيىنى، ئەخلاقنى، پىكىر، تەپەككۇرنى، ئاڭ، سېزىم، ئىنكاس، ئىنسان بولۇپمۇ، ئىنسان مېڭىسى، ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكنى، پۈتۈن دۇنيانى، ئالەمنى تەتقىق قىلساق، تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئىنسانلار چوقۇم ئەزەلدىن ھازىرغىچە تۈپىراق، زېمىندىن يارالغان، **75** ماددا ئوخشاش، سەييىد قۇتۇب **22** ماددىنى ھەقىقىي ئوخشىتىپ يازغان، بۇنى تەتقىق قىلىش بىلەن تەكشۈرۈپ، مايمۇننى بۇ نەزەرىيىدىن نېرى قىلىش، ئىنساننى ھەقىقىي ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان دەلىل ـ ئىسپاتنى تېپىپ چىقىش زۆرۈر پەرىزدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەردائىم، ھەرۋاقىت دىنسىزلاشتۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش، خاتا ئىدىيە، خاتا ئەخلاق، پەلسەپەلەرنى تازىلاپ چىقىرىش لازىم. ئەمما بۇلار بىلەن سانائەتنى، تەرەققىياتنى پەرق ئېتىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك، سانائەت خاراكتېرلىك بولسا، قوبۇل قىلىش، شۇ ئارقىلىق دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇڭ، قارشى كۈچكە تاقابىل تۇرۇش لازىم. ھەممە، ئاللاھنىڭ مەخلۇقىدۇر، مۈلكىدۇر، ئاللاھ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ياراتقان، بۇنى چۈشىنىش، تونۇپ يېتىش، ئاخىرىدا ئاللاھنى رازى قىلىش لازىم.

## ئىنسانغا بىر نەزەر

ئىنساننىڭ (نەپسى) ـ ئىچى (زاھىر) يەنى تېشى ئاجايىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ غىزاغا، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇغا، قوغدىنىشقا موھتاج، مانا بۇلار بولسا، ھاۋا، شەھۋەت ھىرىس، غەزەپ، ئەقىلگە موھتاج، شەھۋەت بىلەن غىزا ۋاھاكازالارنى تەلەپ قىلىدۇ. غەزەپ بىلەن بۇنى قوغدايدۇ، ئەقىل ئىشلارنى تەدبىر قىلىدۇ، ئەقىلگە ۋە شۇ شەھۋەتكە بەش سەزگۈ ئەزا ھەمكارلىشىپ ياردەم بېرىدۇ. تەم تېتىشتا بولسا، ئاچچىق ـ چۈچۈك، تاتلىق، لاۋزا، تۇزلۇق ، تۇزسىزنى بىلىدۇ. پۇراش بولسا، خۇشپۇراق ۋە بەدبۇي پۇراقلارنى بىلىدۇ. ئاڭلاش بولسا، زور نېمەت، بىلىمنىڭ ئاساسى، كۆرۈش بولسا ھەممىدىن ئۈستۈنى، يىراق ـ يېقىننى، دوست ـ دۈشمەننى، تائام ـ شارابنىڭ تۈرلىرىنى، چىرايلىق ـ سەتنى كۆرىدۇ، يول كۆرىدۇ، نۇردا كۆرىدۇ

خالاس. ھەممىسى ئۈچۈن ئاشۇ نەرسىلەر بولۇشى لازىم، بولمىسا، ئەمەلدىن قالىدۇ، ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالمايدۇ، مەسىلەن، نۇر بولمىسا كۆز كۆچىدىن قالىدۇ، تۇز بولمىسا تىل، ئاۋاز بولمىسا، قۇلاق قۇۋۋىتىدىن، كۆچىدىن قالىدۇ، يىمەك ـ ئىچمەك بولمىسا ئاشقازاننىڭ نىمە كېرىكى؟

خۇلاسە، گەپ شۇكى، ئىنساننىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ئىش، ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ رازى قىلىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان، پۈتۈن ئالەم، ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش، شامال، بۇلۇت، ھەتتا ئۆسۈملۈك، ئاشۇ بىز تەتقىق قىلغان ھايۋانلارمۇ، ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇلغان، خىزمەت قىلىدۇ خالاس، ئالدىن تەييارلانغاندۇ، بۇنى كىم قىلىپ بەردى؟ پۈتۈن ئالەم، ئىنساننى تەرەققى قىلدۇرۇپ ئۆزىگە خوجايىن قىلامدۇ؟ ئاخىردا نىمە ئۈچۈن يوقايدۇ؟ نەدىن كېلىپ نەگە بارىدۇ؟ بۇ يەردە ئاللاھ قىلىش كېرەكمۇ؟ قانداق ياشاش لازىم، بۇنى پەقەت ئاللاھ پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئەلچى ئارقىلىق كىتاب بېرىپ كۆرسەتكەن، ئەمما ئىنسانلار ئاشۇ چەكسىز رەھمەت، نېمەتلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تانىدۇ، شۈكرى قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ نېمەتتىن بىردىن ئايرىلسا زور زىيان تارتىدۇ. مەيلى ئۆزىدىكى بەش سەزگۈ ئەزا بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئالدىغان پايدىسىدىكى نەرسىلەردىن بولسۇن، ئوخشاش مەھرۇم قالىدۇ. ئۆزى ھەرگىزمۇ ئورنىنى تولۇقلىيالمايدۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس. بىزمۇ شۇ نېمەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى، دۇنيا قارىشى ئۆسسۇن دەپ قىممەت قارىشى ئۆسسۇن ئۈچۈن، ئاللاھنى تونۇسۇن، ئۈچۈن ئىبرەت قىلىپ، ھازىرقى زامان، سانائەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ جىسمىدا بارلىقنى ئوخشاشلىقنى سۆزلەيمىز.

مەدەنىيەتلىك شەھەردىكى سانائەت بىلەن ئىنسان جىسمى.

بىرىنچى، ناۋاي، ئاشپەزلەرنىڭ خىزمىتى ئىنسان جىسمىدىكى ئاشقازان خىزمىتىگە ئوخشاش، چۈنكى، ئۇلار شەھەر ـ بازارلاردىكى ھاياتلىقتا، ئىنسانلارغا تائام يەتكۈزۈپ راستلاپ بېرىدۇ. ئاشقازان بولسا، ئادەم بەدىنىدىكى نەچچە تېرلىيون ھۆجەيرە جۈملىدىن مىڭە قىسمىدىكى **14** مىليارت نېرۋا ھۆجەيرىسىگە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئىككى قوشۇنغا يارەم بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ھەرخىل ئۇرۇقدىن ياغنى سىقىپ چىقىرىدىغان ياغ زاۋۇتلىرى، ئىنسان جىسمىدىكى **12** بارماق ئۈچەيگە، توققۇز تولۇقتا ئوخشاش.

ئۈچىنچى، پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، تازىلىق ئىشچىلىرى، جىگەر، ئۆت، تال، دوۋساقلارغا ئوخشاش.

تۆتىنچى، يېمەكلىكنى، ئىچملىكنى تازىلاش، زەھەرلىكنى يوقىتىش، سانائىتى، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ ئۆپكىدە ۋە تومۇردا قان تازىلاش ئىشلىرىغا ئوخشاش.

بەشىنچى، ئىنتايىن سۈزۈك ياغنى ئىستېمال قىلىش، قىممەتلىك ئوزۇقنى ئىستېمال قىلىش، تاللاش، شاللاش ئىشى، قاندىكى ماددىلارنىڭ تاللىنىشى، مىڭگە بولسا ئەڭ نازۇك سۈزۈك ماددىلارنىڭ بېرىشى، ناچارلىرى قۇلاق بۇرۇندىن، تەر تۆشۈكچىلىرىدىن چىقىشىغا ئوخشايدۇ، مانا بۇ شاللاشتۇر.

ئالتىنچى، چوڭ تازىلىق، ئىككى تەرەپكە ئوخشاش.

بىز يۇقىرىدا ئىنساننى شەھەرگە ئوخشاتقان، شەھەرنى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تازىلاش لازىم بولىدۇ.

يەتتىنچى، ئېرىق، ئۆستەڭ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلىشى سانائىتى، ئىنساندىكى ئارتېرىيە، ۋېنا ۋە ئۇششاق قان تومۇرلىرىدۇر.

سەككىزىنچى، خېمىر يۇغۇرۇش، پىچىنە ـ پىرەنىك ۋاھاكازا زاۋۇتى، قاننىڭ گۆش ۋە ماي، ئىشلىتىشىگە ئوخشاش.

توققۇزىنچى، خىش زاۋۇتى، پولات تاۋلاش، سۆڭەك ئىشلەپ چىقىرىشدۇر.

**10** ـ ياغاچچىنىڭ رەندە سىلىشى، چىزا قويىشى، ئۆلچىشى، سۆڭەكلەرنى سىلىقلاش، سانتىلاش،

چاغلاشقا ئوخشاش

11 ـ ساندۇق، ئاچقۇچ، سانائەت مەسىلىلىرى، تېز، جەينەكنى، بارماقلارنى قۇراشتۇرۇش، چېش چىقىرىش قاتارلىق.

12 ـ كېمە، پاراخوت سانائىتى، تاغاق، گەردەن، دۈمبىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ يۇرۇشكە ئوخشايدۇ.

13 ـ ئورۇق، چەينەك سانائىتى بولسا، ئويمان سۆڭەك، داس سۆڭەك، مىڭە سۆڭىكى، قازان ۋاھاكازالار.

14 ـ تاش ئويمىچىلىق، ھەيكەلتاراش سانائىتى بولسا، ئىنساننىڭ تۈزۈلۈشى، يارىتىلىشى، سۈرەتكە كېلىشى قاتارلىقلار.

15 ـ يىپ ئىگىرىش، ئارغامچا سانائىتى بولسا، پەيلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تۇتاشتۇرۇلۇشىدۇر.

16 ـ توقۇمىچىلىق، رەخت توقۇش سانائىتى بولسا، ئىنساندىكى تېرە ۋە ھەرخىل پەردىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدۇر.

17 ـ موزدۇز، ماشىنىچىلار بولسا، جاراھەتنىڭ ساقىيىشى، ياماپ قويۇلۇشىدۇر.

18 ـ زىرائەت، تېرىقچىلىق، ئۆسۈملۈك ئۇنۇشى بولسا، تۈك ئۇنۇش، چاچ قاتارلىقلار.

19 ـ قىلىن كىيىم ـ كېچەكنى توقۇش، تاغار توقۇش بولسا، چوڭ ئۈچەيگە ئوخشاشتۇر.

20. پاختا يىپ ئىگىرىش بولسا، كىچىك ئۈچەيگە ئوخشاشتۇر.

21 ـ نېپىز پەردە توقۇش بولسا، كۆزنىڭ يەتتە خىل پەردىسى شۇ.

22 ـ بوياقچىلارنىڭ ئىشى، رەڭ بولسا، تەننىڭ ھەرخىل بولۇشى، سۆڭەك، گۆش، تېرە، چاچ ـ ساقال ئاقىرىش، قارا بولۇش قاتارلىقلار.

23 ـ سۈرەت، فوتو ئاپارات بولسا، تۆرەلمە ئىلمى، ئۇ بالا ھەرخىل ئۆزگىرىپ شەكىللىنىشى، ئۆز ئەينى ئوخشاشتۇر.

مانا بۇلار، يىمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ جاي ۋاھاكازالار. ئىنسانغا ئوخشىتىش، بۇندىن كېيىن، بۇ سانائەتنى، ھايۋانلارغا تەقلىد قىلمىز، بىز ئىنساننى پۈتۈن دۇنيانى، ئالەمگە، شەھەرگە، ئۆسۈملۈككە ماددىلارغا ئوخشاتتۇق، ئەمما بىز دارۋىندەك ئىنسانلار بۇلاردىن تەرەققىي قىلغان دىمىدۇق. بەلكى ئاللاھنىڭ يارىتىش، قانۇنى، ئىنتىزامى ئوخشاش، چۈنكى، ھەممىسى ئالەم، مەخلۇق مۇشۇ ئىنسانلارغا بويسۇنىدۇ، مەنپەئەت پايدا بولۇپ ماسلىشىدۇر، نۇرغۇن ھېكمەت، رەھمەت سەۋەبىدىن ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، بىر خىل قانۇن، ئىنتىزام بەلگىلەنگەن، قۇرئان كىتاب، ئالەم كىتاب، بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس.

ئاللاھ، قۇرئاندا ئىنسان نىمىدىن يارىتىلدى قارىسۇن، تائامغا قارىسۇن، ئاسمان ـ زېمىنغا قارىسۇن ۋە يەنە ئۆز ۋۇجۇدىڭلاردا مۆجىزە بار، كۆرمەمسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنى خالىغان سۈرەتكە كىرگۈزىدۇ دېگەن. ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، شۇڭا ئىبادەت قىلىدۇ. ئەمەل، خىزمەت قىلغۇچىلار مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەل قىلسۇن، بۇنداق ئايەت 750 دىن ئاشىدۇ. 36 خىل تەبئىي ـ پەنگە ئۇندىن باشقا نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزگە، مول بىلىمگە، قۇرئان ئىشارەت قىلىپ قويىدۇ خالاس. «قۇرئان» ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەن، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، سىرنى بىلىدۇ، ئىلمى چەكسىزدۇر. قۇرئان ئاشۇ ئاللاھنىڭ سۆزى، بۇ دىن، قانۇن، ئىدىيە ـ ئەخلاقنى سۆزلەيلا قالماستىن مول بىلىم، تەپەككۇرنى ئۆستۈرىدۇ، كىشىنى قايىل قىلىدۇ. قەلبنى خاتىرجەم ئارام تاپقۇزىدۇ. سىرلىق كۈچى تۈگىمەيدۇ، مەڭگۈ مۆجىزىدۇر، بۇ قۇرئاننىڭ سۆپىتىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ 55 ئىسمى بار. قۇرئاننى، مۇخپىرنىڭ خەۋىرىنى، دىكتور، خەۋەر قىلغۇچى ئولتۇرۇپ سۆزلىگەندەك قارىسا ئوقۇماي، ئالدىرىماي، تەكرارلاپ قاتتىق تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش لازىم. شۇنىڭدا بىز زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمىز، ئالىي ماقامغا يېتىمىز، ئىسمىمىزدە

بولسۇنكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى، مەڭگۈ ئازمايدۇ.

## ئىنسانغا يەنە بىر نەزەر

پۈتۈن مەخلۇق ئىككى بولىدۇ. بىرى ياخشى، بىرى يامان، بىرى گۈزەل، بىرى سەت، بىرسىنى ياخشى كۆرىمىز، يەنە بىرسىدىن يىرگىنىمىز. ئالەملەر گۈزەل، ھاۋا، نۇر، مۆتىدىل مۇھىت، گۈزەل مەنزىرىگە، گۈل ـ گىياھلار، يۇلتۇز، پىلانىت، زىرائەت، گۈل ـ چېچەك، ياخشى پاقلانلار، ئات، تۆگە، قوي، كالا ۋاھاكازالار.

بۇلارغا ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى، ۋىجدانىدىكى سېخىيلىق، ئىلىم، مۇلايىملىق، ياۋاشلىق، گۈزەل بولۇشى، ئېھسان قىلىشى، خۇش پېئىللىرى ئوخشايدۇ.

قورقۇنۇشلۇق ئالەم، قاراڭغۇ كېچە، گۈلدۈرماما، چاقماقلار، بوران، توپا ـ چاڭ، تۈتەك گازلار، يىلان ـ چايان، شىر ـ يولۋاس، چىۋىن ـ پاشىلار، مېۋىسىز دەرەخ، زەھەرلىك ئوت ـ چۆپ، ئاچچىق مېۋە، دۈشمەنلىك قاتارلىقلار.

بۇنىڭغا ئىنساننىڭ بېخىللىقى، ھېرىسلىق، جاھىللىقى، دۆتلىكى، ئاخماقلىقى، ئۇرۇشقاقلىقى، جېدەلخورلۇقى، قورقۇنچاقلىقى ۋاھاكازالار. ۋىجدان، ئىدىيە ـ ئەخلاقتىمۇ پۈتۈن ئالەمگە، ئىنسان ئۆز ئەينى ئوخشايدۇ، بۇنى ئاللاھ بىلىپ پۈتۈن ئالەملەرگە ماس ھالدا، بىر خىل ئىنتىزام، قانۇن بىلەن ياراتقان.

پۈتۈن مەخلۇق ئىككى قىسىم، بىرى ياخشى بىر يامان، بىرى ئۈستۈن، ئالىي، بىرى پەسكەش، تۆۋەندە، خوش مۇشۇ قانۇن بويىچە ئىككى خىل ئەخلاق، بىرىنچىسى ياخشىسى، تەپەككۇر، كۆز قاراش، ياخشى گۇمان، تەسەۋۋۇر، خىيال، ھېس ـ تۇيغۇ، مۇۋاپىقلىق، راستچىللىق، گۈزەل خۇلۇق، ئايرىش، پەرق ئېتىش، چۈشىنىش، ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە، چىچەنلىك، ئەستە تۇتۇش، ساقلاش، ئەقىل، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈش، ھەقتە نوچىلىق قىلىش، ئىسسىللىق، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ئالدىرىماسلىق، سۇباتلىق، ھىممەتلىك، ئەپۇ قىلىش، ياخشى قىلىش، رەھمەت قىلىش، كۆيۈنىش، باتۇرلۇق، چوڭ سۈپەت، ئۆزىنى ساقلاش، ئىنتىزامچانلىق، ئەخلاقى ياخشى، ھۆرلىك، ئىختىساتچانلىق، سەۋرە، تەقۋالىق، پەرھىزكار، ھايالىق، پاك تۇرۇش، سىرىنى يوشۇرۇش، قانائەت، ئىپپەتلىك بولۇش، مانا بۇلار ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى، ۋىجدانىدىكى گۈزەل ئەخلاق، پۈتۈن دۇنيادىكى گۈزەللىك، ياخشىلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

شۇڭا، ئىنسان مۇشۇ ئەخلاق بىلەن بەخت تاپىدۇ، مەڭگۈ نىجات تاپىدۇ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ، ئاللاھ رازى بولىدۇ، ئۇمۇ رازى بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئالەم، كائىنات قانۇنىغا بويسۇنغان، ئوخشاش ياشىغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ گۈزەل.

ئىنساندىكى ناچار ئەخلاقلار، دۆتلۈك، نادانلىق، رىياخورلۇق، سۇخەنچىلىك، خىيانەت قىلىش، ئاخماقلىق، يالغانچىلىق، جاھىللىق، ھىيلە ـ مىكىرلىك، پاسكىنىلىق، گالۋاڭلىق، ھورۇنلۇق، كېسەل كۆرپىسى، ھەقتىن يۈز ئۆرۈش، تېنۇۋېلىش، ئەيىبلەش، يامان گۇمان، چاخچاق، پەخىرلىنىش، ھەيران قېلىش، ئەجەپلىنىش، ياسانچۇق، شەھۋەتپەرەس، ھاۋايى ـ ھەۋەس، مەجنۇنلۇق، ساراڭلىق، تەلۋىلىك، بېخىللىق، پاسىقلىق ۋاھاكازالار.

مانا بۇلار ئىساندىكى ئىككى خىل خىسلەتلەر، پۈتۈن كائىنات ئالەم، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسى ئوخشاش قانۇن ـ ئىنتىزامغا ئىگە، بۇلارنى ئاللاھ بىر ـ بىرىگە ماس ـ مۇناسىپ، تەكشۈك ھالدا ياراتقان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەممىسى ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ، بويسۇنىدۇ. قۇرئان، ھەدىس بۇنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ، قۇرئان، كائىنات قانۇنى بىلەن ئوخشاش، قانۇن ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن قۇرئان كىتابى، كائىنات، كىتابى بىلەن زىت ئەمەس، بىردەك ئىتتىپاق قانۇندۇر. كىم قۇرئاننى چۈشەنسە، ئالەمنى چۈشىنىدۇ، قۇرئانغا ئەمەل قىلسا، كائىناتتىكى قانۇنغا ئەمەل قىلىدۇ، ئۇ بەخت تاپىدۇ.

سۈرە ئال ئىمراندا، ئاللاھ ئادىللىقنى بەرپا قىلغان، ھالدا بارلىقى، بىرلىككە گۇۋاھلىق بېرىدۇ،

پەرىشتىلەرمۇ، ئالىملارمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ دېگەن.

ئاللاھ ئالەملەرگە ئادىللىقنى بەرپا قىلدى، سىياسەت، قانۇن، تۈزۈمدىلا ئادىل بولماستىن، بەلكى پۈتۈن جانلىق ۋە جانسىز ھەممىدە ئادىلدۇر. ھەممە ئىنسانغا رەھمەتتۇر، مەسىلەن، ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن دۇنيادا ھازىر **110**دىن ئارتۇق ئېلېمېنت ماددا تېپىلدى، يەنە تېپىلىۋاتىدۇ. بۇلارنى خېمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە دەرسلىك كىتابلىرىدىن كۆرۈك، جەدۋەلمۇ بار. بولۇپمۇ خىمىيىنىڭ ئاخىرىدا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كىتابىنىڭ **68** ـ بەتتە ۋە باشقا جايلاردا جەدۋەل تۈزگەن. ئەڭ ئاددىيسى سۇ، ئوكسىگېن، ھىدروگىن دېگەن ئىككى ماددىن تەركىپ تاپقان، **90** گرام سۇنىڭ **80** گىرامى ئوكسىگىن، **10** گىرامى ھىدروگىن، بۇنى مىكروسكوپ كۆزىتىدۇ. ھاۋا يەنى ئاتموسفېرا **21** پىرسەنت ئوكسىگېن **78** پىرسەنت ئازوت، ۋە كاربون، گۈڭگۈرت، فوسفور، كالىي، ماگنىي، كالتسىي، تۆمۈر قاتارلىقلار بار، مانا بۇ ماددىلار ئالەمدە ھەممە تەرىپىدە تېپىلىدۇ. بولۇپمۇ ئادەمدە تېپىلىدۇ، **75** ماددا تېپىلىدۇ، يۇقىرقى **10** ماددا ياكى **22** ماددا ئاساسلىق بولمىسا بولمايدۇ، بۇلار ھايۋاندىمۇ شۇنداق، ئۆسۈملۈكتىمۇ شۇ.

ئىنساندا شۇنچە كۆپ ماددا بولىدۇ، ئۆز رولىنى ئايرىم ھالدا جارىي قىلدۇرىدۇ، بۇ ئالەم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھايۋانلارمۇ شۇنداق، ئۇلارمۇ ئىنسانغا پايدىلىدىق، ماددىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەم شۇ خىل كېلىدۇ. ئۆسۈملۈكمۇ شۇنداق، ھاۋادىن، سۇدىن، تۇپراقتىن، ئالاھىدە ئىنسانغا لايىق، ماس، خىل كېلىدىغان ماددىنى قوبۇل قىلىدۇ. يېيىش ئۈچۈن بولسۇن، كىيىش ئۈچۈن، بولسۇن، ماددا ئاساسىي جەھەتتىن خىل كېلىدۇ. ئىنسانغا خىل كەلمىسە ماس مۇناسىپ بولمىسا، ھايۋانمۇ، ئۆسۈملۈكمۇ ئۇلارنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى، بىزنىڭ كىيىمىز، يېمەك ـ ئىچمىكىمىز، ئاشۇ ھايۋان بىلەن ئۆسۈملۈكتىن كېلىدۇ. باشقا مەنبە يوق، ئۆسۈملۈك، ھايۋان، ئىنسان بۇ ئۈچى ئاساسلىقى مۇنۇ تۆت ماددىدىن خالىي ئەمەس. ئوكسىگېن، ھىدروگىن، ئازوت، كاربون ۋە باشقىلار، بۇلار سۇدا، ھاۋادا، ئاشلىق، زىرائەت، ماي، گۆش، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكتە بار. بىزلەرگە ئوكسىگېن لازىم، كاربوننى چىقىرىۋېتىمىز، ئۆسۈملۈك بولسا، ئوكسىگېننى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا كاربون (IV) ئوكسىد لازىم، بۇ ئارىلىقدىكى تەڭپۇڭ مىقدارى ئاز ياكى ئارتۇق بولمىسا ئادىل بولسا، بىر خىل تەڭپۇڭ بولسا، كام بولمىسا، زىيادە بولمىسا ئاندىن ھايات قالالايمىز.

ئالەملەردىكى ماددىلارنى ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇلاردىكى ماددىنى كىم بىرلىككە كەلتۈردى، كىم پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، كىم ئورۇنلاشتۇرغان، كىم مۇناسىپ، تەڭپۇڭ قىلىپ تۇرىدۇ؟ بۇلار شۇنداق نازۇك، ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئارىلىقنى، مىقدارنى ساقلايدۇ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ، ياردەم بولىدۇ، ساللا ئىگىز ـ پەس بولسا، ھالاك بولىدۇ. بۇلارنى قىلغان كىم؟ بۇ ئادىللىق نەدىن كەلدى، جانسىز، ئەقىلسىز، تەدبىرسىز، ھېكمەتسىز ئاشۇ تەبىئەتمۇ؟ سۇمۇ، ئوتمۇ، تۇپراقمۇ، ماددىلارنى ئۆزى ئاشۇنداق قىلالامدۇ؟ ئۆزى ئۆزىنى بويسۇندۇرۇپ قۇل قىلامدۇ؟ خىزمەت قىلامدۇ؟ بۇ يەردە زور ھېكمەت، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇش بار، ئەقىل بار، ھېساب بار، تەدبىر بار، ئادىللىق بار، مانا بۇ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۈرغۈچى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى، ئادىل ئاللاھدۇر. ئاشۇ ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر، ئاللاھ ئادىللىقى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە بارلىقىغا، بىرلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ، ئاشۇ ئالەم گۇۋاھ بولىدۇ، شەرتسىز، ئىختىيارى ھەممە ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، بىز مۇشۇ ھېسابلىق، ئادىللىقىدىن زىچ مۇناسىۋەتتىن بىرخىل ئىنتىزام، قانۇن تەرىپىدىن، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى تونۇيمىز، شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھۇ ئەكبەر!

پۈتۈن كائىناتتا يەنە بىر خىل ئادىللىق، ئوخشاشلىق بار، ئالەمدەردە جانسىز ماددا شۇنداق كۆپ، چوڭلۇقنى ئۆلچەپ بولغىلى بولمىغىدەك يوغان، ئۇيۇل ماددىلار بار. كىچىكلىكىدىن مىكرۇسكوپتىمۇ كۆرۈنمەس كىچىك مىكرو زىرىرچە بار، ھايۋانلاردىمۇ، پىل، تۆگە، كىتتەك يوغان ھايۋان بار، كىچىكلىكى شۇنداق كىچىك ھايۋان ياكى **10000** ھەسسە يوغانتسا ئاران پىتتەك بولىدۇ. **1870000** مىليوننىنى بىرلەشتۈرسە بىر تال بۇغدايدەك بولغىنى بار. ئۆسۈملۈكمۇ شۇنداق، شۇنداق يوغان دەرەخ بار، ھەم كىچىك دەرەخ، ئۆسۈملۈكمۇ بار، ھەتتا بىر تال يىڭنە ئۇچىغا نەچچە مىڭلارچە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى ئورنىۋالىدۇ، دېڭىزدىكى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرمۇ شۇنداق، كىچىك ۋە چوڭ بولىدۇ، ھەممىسى شۇ ئادىللىققا ئاشۇ قانۇنغا موھتاج، ئورۇنلاشتۇرۇش، پۇختا بولغان، بۇلارنى بۇنداق قىلىشنىڭ ھېكمىتى بەك كۆپ، بۇنى كېيىن سۆزلەيمىز.

ھەممە، ئاللاھ دەرگاھىدا ئۆلچەملىك مىقداردا بولىدۇ. ماددىلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى تۇپا، زەمچە ۋە باشقىلار، قۇم ئوتتۇراھال ماددا، مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈردۇر. ئۈستۈن ماددا ياقۇت، ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇر، شۇنىڭدەك ئۆسۈملۈكنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ناچارلىرى، ئوت ـ چۆپ بولسا، ئوتتۇرا ھاللىرى كۆپىنچە ئۈچرايدۇ، ئەۋزەل، ئالىيسى بولسا، خورما، ئۈزۈم مىۋىلەردۇر.

ھايۋانلارمۇ شۇنداقتۇر، شۇلارنىڭمۇ ئەڭ تۆۋىنى قۇرت ـ قوڭغۇزدۇر، ئوتتۇرا ھاللىرى بەك كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەڭ ئالىيسى تۆگە، كالا ـ قوي، زىراپە، ئىنسان بولسا، ئەڭ ئالىي گۈزەل مەخلۇقتۇر، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىنساننى بىز ياراتقان مەخلۇقلاردىن ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇنى ئەڭ گۈزەل قامەتتە ياراتتۇق، دېگىنى شۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئىنسانغا بويسۇنىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، بۇ توغرىسىدا ئايەت بەك كۆپتۇر. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئادىللىقى، شۇنىڭدەك ھاۋادا قۇشلار ئورۇنلىشىدۇ، ياشىيالايدۇ، ئوزۇقى ھاۋادا، سۇدا، قۇرۇقلۇقلاردا، ھەرخىل ھايۋانلار بولسا، سۇدا، قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈك بولسا، سۇدا ياشايدۇ، قۇرۇقلىقىدىمۇ ياشايدۇ، ئىنسان بولسا ھەممە مۇھىتقا كۆنەلەيدۇ، بۇمۇئادىللىق، ئىنسان ھەممىدىن ئەۋزەل، شۇڭا، ئۇ ماددىنىڭ، ئوزۇقنىڭ، تۇرالغۇ جايىنىڭ ئەۋزىلىگە لايىق، مۇھىتنىڭمۇ ئەڭ ئالىيسى ئىنسانغا لايىقتۇر. بۇ دۇنيادا ئالتە تەرەپ بار، ئالدى ـ ئارقا، ئوڭ ـ سول، ئاستى ـ ئۈستى، ھايۋانلار بولسا تۆت تەرەپكە قارايدۇ، بېشى شۇ تەرەپكە مايىل، ئۆسۈملۈك بولسا، تۆت تەرەپكە بەلكى لايغا مايىل.

ئىنسان بېشى ئۈستىدە، تۇرىقىمۇ ئەۋزەلدۇر، بۇنى خۇددى تەتۈر يۆتكەلگەن دەرەخ دىسە بولىدۇ. كۆتىكى ئۈستىدە شاخلىرى، پۇت ـ قوللىتى پەستە بولىدۇ، ماددا شەكىل، ئوزۇق، تۇرالغۇ جاي، چىراي، ماقام، ئورۇن، مەرتىۋە ھەممە جەھەتتىن ئىنسان ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاللاھ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، شۇڭلاشقا پۈتۈن دۇنيانى ئاللاھ ئىنسانلاغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، نېمەت قىلىپ بەرگەن. ئەمما نادان ئىنسان ئاللاھغا شۈكرى قىلمايدۇ، كۇپۇرلىقتۇر، ھاۋايى ھەۋەس، شەيتانغا ئەگىشىپ ئازىدۇ، ئىسىت! رەھمانتائالانىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن، قۇرۇقلۇقتا نۇرغۇن جانلىق تۈرى، ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بولغاندەك بۇ خىل ئەھۋال دېڭىزدىمۇ بار، ئۇ يەردىمۇ جانلىق، ھايۋان تۈرلىدى، ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بەك كۆپ، قۇرۇقلۇقتا گۈزەللىك بولغاندەك شۇ يەردىمۇ بار، قۇرۇقلۇقتا ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، ھەرىكەت بولغاندەك شۇ دېڭىزدىمۇ دائىم ھەرىكەت قىلىدۇ.

قۇرۇقلۇقتا جەڭ بولغاندەك، شۇ يەردىمۇ جەڭ بار، قۇرۇقلۇقتا ياخشى يامان بولغاندەك، زالىم، مەزلۇم بولغاندەك، شۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئەھۋال بار، ئاللاھنىڭ قانۇنى ئاستىن ـ ئۈستۈن ھەممىدە ئوخشاش، ئادىللىق مەۋجۇددۇر، بۇنىڭ ھېكمىتىنى كېيىن سۆزلەيمىز.

ئاساسىي مەقسەت ئەرشتىن زېمىنغىچە پۈتۈن ئالەم، ئالەم بوشلۇقى ھەرخىل سىستېما، ئوربىتىلارنى، زېمىننى، ئاينى، قۇرۇقلۇقنى، دېڭىزنى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى، ماددىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى تونۇش ۋە تونۇشتۇرۇش، شەكسىز ئىشىنىش، قەلب گۈمانسىز ھالدا خاتىرجەم ئىبادەت قىلىش، غايىلىك، مەقسەتلىك ياشاش، پۈتۈن كائىنات قانۇنى بولغان شۇ قانۇننى پۇختا بىلىدىغان ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرغان ئاللاھنىڭ دەستۇرى، قانۇنى قۇرئان بويىچە، شۇ كۆرسەتمە بويىچە ياشاش، ئالدىغا قاراپ مېڭىش، ھارماسلىق، توختىماسلىق، ئاخىرىدا زور نەتىجە، خۇلاسىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئاللاھنى رازى قىلىپ، دىدارىغا ئېرىشىش، مۇشۇ ھەقىقەتكە ئامال بار، باشقىلارنى چاقىرىشتۇر، بۇنىڭغا زور بەدەل ۋە سەۋر لازىمدۇر.

## روھ توغرىسىدا

سۈرە ئال ئىمران، ئىككىنچى پارە **149 ـ 150** ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، تەنتاۋى باشقا پىلانېت ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ھاۋاسى، ماددىسى، ئۇلاردىكى ھاياتلىق، مىكروپ، ۋىرۇس ۋە باشقا ئەھۋاللارنى سۆزلىگەن، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن قۇياش ئۆچۈپ قالىدۇ دېگەن، ۋە باشقا پەرەز نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، باشقا

جايدا ھاياتلىق بار دېگەن قاراشقا كەلگەن. زېمىننىڭ شەكىللىنىشىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، ھەممىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، بۇلارنى بىز كېيىن سۆزلەيمىز.

سۈرە ئال ئىمران (بيدك الخير)

**ئى ئاللاھ، سىلى ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى، خالىغان كىشىگە ھېسابسىز كۆپ مال، رىزىقنى بىرىلا** دېگەن ئايەتلەر توغرىسىدا بۇ رىزىق مەسىلىسى قۇرئاندا بەك كۆپ كېلىدۇ، ئاز دېگەندە **200** ئورۇندا كېلىدۇ، ياخشىلىق مەسىلىسىمۇ شۇنداق، بىز مۇشۇ ئايەتتىكى بەزى بىر مۇشكۇل سوئالغا جاۋاب بېرىمىز.

**ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ياخشىلىق، رىزىقنى مۇشەققەتسىز بىرىدۇ، دەيسىلەر، ئەمەلىيەتتە ھەممە جاپا تارتىپ تېرىشىپ يەيدۇ، نۇرغۇن ئازابلىق ئىشلار بار، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئىش ـ ئەمگەكدىن باشقا ئىنسانلارغا ئازار بېرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، پاشا، كۇمۇتا، چىۋىن، ھەرە، يىلان، چايان، بۆرەك، يولۋاس، بۇركۈت، قۇش بۇلارنىڭ يارىلىشىدا نېمە ھېكمەت بار؟ بۇلارنىڭ بىزنىڭ رىزىقىمىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇلارنىڭ بىزنىڭ رىزىقىمىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ بۇنىڭدا قانداق ياخشىلىق بار؟**

ئاللاھ ياخشىلىق ئىگىسى، بۇنىڭدا شەك يوق، رىزىقنىمۇ مول بېرىدۇ، مۇشەققەتسىز بېرىدۇ، دەلىل ـ ئىسپاتلار، رىزىقنى يالغۇز تائاملا ئەمەس، سۇلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالەم، ۋە ئۇلاردىكى ماددىلار، نۇر، ھاۋا، ئوكسىگېن، ھىدروگىن، ئازوت، يامغۇر، شامال، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە، تۆت پەسىل، ئالتۇن ـ كۈمۈش، نېفىت، چارۋا، يايلاق، بالىلار، تۇرالغۇ جاي، كىيىم ـ كېچەك، ئۇنىڭ خام ئەشياسى، سۈت، ھەسەل، ماي، ئاددىسى سۇ ئاستىدىكى، دېڭىز مەھسۇلاتى، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋاكازالار، بىزگە بېرىلگەن رىزىقنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

مانا بۇ ياخشىلىق مانا بۇ رىزىقنى بۇنى ھەممە بىلىدۇ، بىز دەمال كۆرنۈشىدە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى ياخشىلىق، يوق دەپ تونۇپ قالغان، ئاشۇ ھەرخىل جانلىق توغرىسىدا سۆزلەيمىز، ئالىملار مۇنداق دېگەن، يىلان ـ چايان، تىمساھ، زەھەرلىك ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، ئۇلار پەقەت پاسكىنا، سېسىق جايدا پەيدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ماددىسى، ئوزۇقى، ماكانى ئاشۇ سېسىق جاي، ئۇلار ئاشۇ سېسىق، زەھەرلىك نەرسىلەرنى، مىكرۇپلارنى ئوزۇق قىلىپ، مۇھىتنى تازىلايدۇ. ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچ ھاياتلىقنىڭ بىرلا ھالاك بولۇشىنىڭ، ۋابانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، پۈتۈن رىزىقنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ئۇلار مۇھىم كاپالىتى، بۇنى ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ ياراتقان، شۇڭلاشقا ئۇلارنى ھارام دەپ قانۇن تۈزگەن، بۇ دېگەنلىك چەكلەنگەن دېگەن مەنىدە، بولۇپ، ئۇلار نىجىس، پاسكىنا، مەينەت بولغاچقا ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ھارام قىلغان، ھەم ئۇلارنى قوغدىغۇچى ھايۋانلار قاتارىدا قىلغان، ئۆلتۈرۈشتىنمۇ توسقان.

بىز قاراپ باقايلى، چىۋىن، قۇرۇت، ھەرە قاتارلىقلار، ماشىنچى، تۆمۈرچى، ياغاچچى، رەخچىلەرنىڭ يېنىدا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئېغىل، ھاجەتخانا، ساراي، زاسۇپېز، قاسساپلارنىڭ ئالدىدا بولىدۇ، شۇ جايدىكى ھەرخىل مىكروپ، سېسىق نەرسىلەرنى يەپ تازىلايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ سېسىق نەرسىلەر ئاشۇ زەھەرلىك مىكرۇپلار ئۇلارغا ئوزۇق بولمىسا ئۇلار يەپ تۈگەتمىسە ۋابا تارقاپ ھەرخىل كېسەل تارقاپ، پۈتۈن ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ بىز يىرگىنىۋاتقان نەرسىلەرنى ئىككى پايدا ئۈچۈن ياراتقان، بىرىنچىسى، ئاشۇ زەھەرلىك نەرسىلەرنى، مىكرۇپلارنى تازىلاپ، مۇھىتنى پاكىز قىلىش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش، ئەركىن نەپەس ئالدۇرۇش، مىكرۇپنى يوقىتىش، ئۇلارغىمۇ ھەم شۇ نەرسىلەرنى ئوزۇق قىلىش، قوش مەنپەئەت قىلىش ئۈچۈندۇر، ئەگەر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرمىسا پۈتۈن كائىنات ۋەيران بولىدۇ، پاسكىنا، مەينەت نەرسە دائىم ئادەم يېنىدا ھۇجۇم قىلىپ، تەھدىد سالسا، ئادەم قانداق پاكىز بولىدۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، بولمىسا ئېغىلدا تۇرغاندەك مۇھىتتا ياشايدۇ، بۇمۇ ئەڭ زور ھېكمەتتۇر، مانا بۇ زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىش بولىدۇ.

خۇددى تۇزلۇق، ئاچچىق سۇنى تاتلىق سۇ قىلىپ بەرگەندەك ئۇندىن باشقا نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار، مىكرۇپلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن دوختۇرخانا، دورا زاۋۇتى، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى بىز دەپ ئۆتتۇق.

ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ھاۋا ئارمىيىسى، دېڭىز، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تەق تۇرىدۇ، خالىغان چاغدا بۇيرۇق بېرىپ ھالاك قىلالايدۇ. يوقىتالايدۇ.

ئىككىنچى پايدىلىق يېرى، ئۇ بولسا رىزىقنى، ئاللاھ ھەربىر ھايۋاننىڭمۇ رىزىقىغا كېپىل بولغان، مۇشەققەتسىز بېرىدۇ، خۇددى ئۇكسىگىندەك يۇقىرقى نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ چوڭلىرىغا رىزىق قىلىپ بېرىدۇ، مېزىلىك گۆشى تەييار غىزادە!

مەسىلەن، چىۋىن مەينەت، پاسكىنا مىكرۇپنى يەيدۇ، چىۋىننى بولسا ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە، ھەرىلەر ۋە باشقىلار يەيدۇ، چىۋىننى، ھەسەل ھەرىسىنى سېرىق ھەرە يەيدۇ، بۇ ھەرىنى چېكەتكە خالىغانچە يەيدۇ، چېكەتكىنى قۇچقاچ يەيدۇ، قۇچقاچنى يىلان يەيدۇ ۋە باشقىلار يەيدۇ، ئۇۋلايدۇ، يىلاننى كىرپە، كىرپىنى تۈلكە، تۈلكىنى بۆرە، بۆرىنى باشقىلار ئوۋلايدۇ، قۇرۇت ـ قوڭغۇز ئاخىرىدا ئىنساندىن تارتىپ ھايۋانغىچە ھەممىسنى يەيدۇ، ئۇ قۇرت بولسا، ھەممىنىڭ مول رىزىقى، يېيىلمىگەن قۇرت ئۆلۈپ زەررىچىگە ئايلىنىدۇ خالاس.

مانا بۇ رىزىق، مانا بۇ جەڭ، مانا بۇ ھېكمەت، ئاجايىپ ئايلىنىش، مۇشۇ ئايلىنىش كىشىنى ھەرقانداق ئىنساننى قىيامەتكە ئىشەندۈرىدۇ، ئاخىرىدا ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىكلىك بار، قايتا تىرىلىش چوقۇم بار، ھېساب بار.

قاراپ باقايلى، ئاشۇ ئېغىل ـ قوتانلاردىكى قىغ، گەندە، مەينەت، پاسكىنا نەرسە، ئۇلارنى بىز جايىدا قويساق، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسى تۈگىشىدۇ، جاھاننى، ھاۋانى زەھەرلىك زەررىچە، مىكروپ قاپلايدۇ.

مېھرىبان ئاللاھ، كۈن نۇرى، تۇپراق، سۇ بىلەن بۇ نىجىسلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۆسۈملۈك، زىرائەتكە رىزىق قىلىپ بەردى، ئوزۇق قىلىپ بەردى، ئاشۇ ئۆسۈملۈكتىمۇ جانلىق، باكتېرىيە، ھۈجەيرە بار، ئادەمدە يەتتە خىل ھۈجەيرە بولسا، دەرەخ، ئۆسۈملۈكنىڭ سەككىز خىلى بولىدۇ. مانا بۇمۇ بىر رىزىق، بىز ئۆسۈملۈككە رىزىق قىلىپ بېرىمىز، ئاشۇ سېسىق، پاسكىنا نەرسىلەرنى بېرىمىز، ئۇلار بىزگە ساپ ئاشلىق بېرىدۇ، بىزنىڭ ھايۋان، ئۇلاغلارنىڭ ئوزۇقى، رىزىقى ئاشۇنىڭدىن كېلىدۇ. بىرخىل تەكپۇڭ ئايلىنىش، ھېكمەت كۆپدە، تېخى بىزگە قىغ ئېلىپ چىقىش تەس كېلىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇنى شۇ ئۇسۇل بىلەن يىغىشتۇرىدۇ، بولمىسا، ۋابا كېسەل تارقاپ پۈتۈنلەي تۈگىتىشىدۇ، بۇ ئى كولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، تازىلاش، شۇنداقلا ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوقۇپ، زائەتكە ئوزۇق قىلدۇق، خۇددى بىزگە ئوخشاش، مۇشۇ پائالىيەتكە ئاشۇ جاندارلار، ھاشارەتلەر ئوخشاش بىر تەرەپنى يوقىش يەنە بىرگە رىزىق قىلىش، مەينەتنى تازىلاش ھەم رىزىق قىلىش، پاسكىنا، مەينەت نەرسىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق مۇھىتنى تازىلاش، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەم ئۇلارنىمۇ باشقىلارغا رىزىق قىلىپ بېرىشتۇر. بۇ ئاجايىپ باغلىنىش، ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكمەت، رەھمەتتۇر. بۇنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنىدۇ، ئىككى پاختەكنى ئەمەس، نۇرغۇن پاختەكنى بىر چالمىدا سوقۇش، بۇ، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئۇستۇن تۇرىدۇ، چۈنكى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر، ئۆز غېمىنى يەيدۇ، شۇنىڭغا چۈشلۈق ئازغىنە ئىشلارنى قىلىدۇ.

مېھرىبان ئاللاھ، پۈتۈن دۇنيانى، پۈتۈن ئالەمنى ئاشۇنداق ھېكمەتلىك باشقۇرىدۇ، ئىنسانلار، ئۆسۈملۈككە ئەڭ تۆۋەن ھاياتلىققا تەگىشەش ئېلىپ بارىدۇ، ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئاللاھ بولسا، ئالەمگە، ھايۋانلارغا ئىنتىزام، قانۇن تۇرغۇزۇپ ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ياخشىلىق، رىزىق، ئاللاھ، ئۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، بىز بىلمىگەننى بىرلا ۋاقىتتا بىلەلەيدۇ، كۆرمىگەننى كۆرەلەيدۇ، ئىنسانلار قانداقمۇ ئاشۇ كۆز كۆرمەس مىكروپنى، ۋىرۇسنى يوقىتالايدۇ، تازىلىيالايدۇ، بۇنى كىم قىلدى؟ بۇنى كىم ئورۇنلاشتۇردى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىدىن زادى خەۋىرى يوق، ھەممە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئىنسانلارمۇ، ھايۋانلارمۇ، ئۆسۈملۈكمۇ، ئالەملەرمۇ ئۆز ئىشىدا ئالدىرايدۇ، ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشماي ئۆز ئىشى بىلەن بولىدۇ، ئەمما ئارىلىقتا چوڭ ھەمكارلىق بار، ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق، ھەمكارلىقى بار، ھايۋانلار، قۇشلار، ئۆسۈملۈك، زىرائەت، بۇلاردا زور باغلىنىش بار، لېكىن، بىر ـ بىرىنى تونۇمايدۇ، ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش، ھەممە ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن، پادىشاھ بولىدۇ.

شۇڭا، ئاخىرىدا ھېسابىنى ئىنسان بېرىدۇ، تەكلىپىمۇ ئىنساندا بار، قۇرۇقلۇقتا، شىر، يولۋاس، يىلپىزلاردەك گۆشخور ھايۋاننى ياراتتى، بۇلار قۇرۇقلۇقتا ھەرىكەت قىلىپ، مۇھىتنى تازىلايدۇ، ئاخساق ـ چولاق، كېسەل ھايۋانلارنى يەپ تۈگىتىدۇ، تاپلارنى يەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ۋابانى توسىدۇ، ھاۋادىمۇ، ئاللاھ گۆشخور قۇشلارنى ياراتتى، بۇلارمۇ ھاۋانى، قۇرۇقلۇقنى تازىلايدۇ، مىكرۇپنى يوقىتىدۇ، دېڭىزدىمۇ گۆشخورلار بار، بۇلارمۇ شۇنداق ھەممە، ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ئىنسان ئۇچۇنلا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلاردىن بىرسى يوقسا ئىنسانلارغا زور زىيان بولىدۇ، ئىنسان يوقسا ئۇلارغا زىيان يوق، بەلكى پايدا بار، ھۆرلۈككە، ئەركىنلىككە چىقىدۇ تېخى، شۈكىلاشقا، ئاللاھ، ئۇ گۆشخورلارنى ھارام قىلغان، ھەم قوغداش، ھايۋاناتلار قاتارىدا قوغداشنى بۇيرىغان، چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلارغا زور پايدىلىق، تۆگە، كالا، قويلارنى يېيىشكە بۇيرىغان.

بۇ ھالال نەرسىلەرنى بىز ۋە باشقا گۆشخورلار يەيدۇ، چۈنكى، ئۇلارنى يەپ تۈرمىسا، ئوت ـ چۆپ يېتىشمەيدۇ، ئوت ـ چۆپ يوقسا ئۇلارمۇ يوقايدۇ، تۈگىشىدۇ. شۇنداقلا، قۇم بارخانلىرى ئۇچۇپ قۇرۇقلۇق توپىسى يۆتكىلىپ، قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرىدۇ، ئاپەت ياغىدۇ، ئۇلار ئۆزى ئۆلسە يەنىلا يېيىلمىسە ۋابا كېسەل تارقايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ھالال قىلغان، بىز ئۇنى نورمال ھالدا ئىستېمال قىلمىز، ئۆلۈكلىرىنى، تاپلىرىنى ھايۋانلار، قۇشلار يەپ تۈگىتىدۇ، تازىلىق ئېلىپ بارىدۇ، ھەممە بىر ـ بىرىگە رىزىق بولىدۇ، كىچىكى چوڭغا، رىزىقى بولىدۇ، ئاخىرىدا ئىنسانمۇ يەنىلا قۇرت ـ قوڭغۇزغا رىزىق بولىدۇ، شۇڭا بەدىنىڭنى قانچە سەمرىتسەڭ، قۇرت ـ قوڭغۇزغا پايدا، سەن ئۆزۈڭ قىينىلىسەن، ئەگەر شېھىد بولساڭ، ماقامغا يەتسەڭ، بۇ مۇستەسنا، بۇلار بىزگە ئازار بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، زور خىزمەت، ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن يارالغان، چىۋىننى مىسال ئالساق، ئۇلار مىكرۇپلارنى ئېلىپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۆيدە تىرىك قويمايمىز، يەرشارىدىن يوقاتمايمىز، بۇ خۇددى يىلاننى جايىدا قويۇش، ئۆيگە كىرسە ئۆلتۈرۈشكە ئوخشايدۇ، يىلانغا كەلسەك، ئۇنىڭ زەھەرلىرى ئادەم چىقىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈندۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزاسى ئاشقازان، **12** بارماق ئۈچەي يوق، شۇڭا، ئۇ يۇتقان ئوزۇقنى ئاشۇ زەھەر بىلەن ئېچىتىپ سىڭدۈرۈپ ئوزۇق ئالىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقى، ئاخىرىدا بۇ ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق، زەھەر ئەمەس تېخى يىلان تاشقى جەھەتتىن كېسەلگە شىپا بولىدۇ، دارىلىق رولىمۇ بار، يېيىشكە بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بىكاردىن ھېكمەتسىز يارالغان ئەمەس، تاساددىيبىمۇ ئەمەس، مىليونلىغان ئىشلار، دارۋىن دېگەندەك تاساددىپىي ئۆزلىگىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ، قانۇن ـ نىزام، ھېكمەت بىلەن بولىدۇ. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بولىدۇ، بۇ ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى ئىش ، بۇنى ئىنسانلار قىلالمايدۇ. ھەممە، ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، ھېكمىتى بار، رەھمەتلەر بار، مانا بۇ ياخشىلىق ئاللاھنىڭ قولىدا، رىزىقنى مۇشەققەتسىز بېرىش، ئاددىيسى ئاللاھ، ھايۋانلارغا ئاچلىق ئازابىنى بېرىدۇ، ئۇ شۇ ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، چۈنكى، شەھۋەت، ھاۋايى ـ نەپسى، نەسلى، ئاشۇ ئوزۇقلىقىدا، تۇرمۇشىدا بولىدۇ، بولمىسا ئۇلار تۈگىشەتتى، بىزمۇ ئۇلارغا بىر نەرسە بېرەلمەيتتۇق، ئاخىرى ئۇلار ئۆلەتتى، بىزمۇ شۇنداق، بىزنىڭ ئوزۇقىمىز، كىيىمىز، ھەممىسى ھايۋان، ئۆسۈملۈكتۇر. بىز يېرگەنگەن قىغ، گەندە، پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ ئاساسى ئوزۇقى، بولغاندەك بەزى نەرسىلەر كۆرۈنۈشتە يامانلىق بولغان بىلەن ئۇ رەھمەت بولىدۇ، مەسىلەن، ياپونىيە دائىم ھالدا يانار تاغ پارتلاش، كەلكۈن بېسىۋېلىش، يەر تەۋرەش، بوران ـ چاپقۇن ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇلار بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تېرىشىپ پەن ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىن قاتاردا تەرەققىي قىلدى، مانا بۇ ئۇلارغا ئامەت، تېخى يانار تاغدىن نۇرغۇن بايلىق چىقىدۇ، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش، ئاشۇ ئوغۇت، قىغ، مەينەت نەرسىلەر ساپ ئاشلىق بولىدۇ، كىيىم كېچەككە پاختا بولىدۇ. تاتلىق، شېرىن مېۋە بولىدۇ، خۇشپۇراق ئەتىرە بولىدۇ. مانا بۇلار يامانلىق ئەمەس، بەلكى، ياخشىلىقتۇر، ياخشىلىق تۇر! شۇنىڭدەك، ئىنسانلارمۇ نۇرغۇن كۆلپەت، بالالار ئاپەت بىلەن سىنىلىدۇ. ئۇلارغا دەمال يامانلىق بولىدۇ، ئەمما مۇكاپات ئالىدۇ، گۇناھى كەچۈرۈم بولىدۇ.

بالالارنىڭ قاتتىقى پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالارغا بولىدىغۇ؟ ئۇلار يەنى ئىرادىلىكلەر، سابىر دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى، ھەممە ئىشنى ئازابلىق، يامان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاللاھ ئۆزى ئالدىن بىلگەندۇر، شۇنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز لازىم.

خۇلاسە، ياخشىلىق، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىش ياخشىلىق بولىدۇ،

يامانلىق قەتئىي يوق، ھېكمەت بار، بۇنى پەرق ئېتىشىمىز لازىم. نېمە ئىشلار بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدۇ، قايسى ئىشنى ئاللاھ قىلىپ بەردى بۇنى بىلەيلى، ئاللاھنىڭ قىلغانئىشلىرىنى بىز قىلىمىز دېمەيلى، بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى، قادىر بولىدىغان ئىشلىرىمىزنى ئاللاھقا تاشلاپ قويمايلى، ئاللاھ قىلىپ بېرىدۇ دەپ تەۋەككۇل قىلدۇق دەپ يۈنىلىشىپ ئۈزىمىزنى ئالدىمايلى، ئاللاھ بىزنى قىلىشىمىزغا بۇيرىغان، بۇ ئىشنى بىز قىلمىساق بولمايدۇ، قولىمىزدىن كەلمىگەن ئىشلاردا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھنىڭ قىلغىنى ئۇنداق، قىلسام بۇنداق بولمايدىكەن، مانداق قىلغان بولسام مۇنداق بولمايدىكەن دەپ بىز خاتالاشمايلى، ئارىلىقنى پەرق ئېتەيلى، بىزنىڭ قىلغان **1000** ئىشىمىز ئاللاھنىڭ بىر ئىشىغا تەڭ ئەمەس، بىز **30** قىلساق، ئاللاھ توققۇز قىلىپ قويىدۇ، ئىنسانىنىڭ تەدبىرىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بۇزىۋېتىدۇ، خالاس. شۇڭا بىز ئاللاھنىڭ ئىشىغا نارازى بولماسلىقىمىز لازىم، بۇلارنى پەقەت پەن بىلىملىرى ۋە باشقا بىلىملەر، كىتابلار بىلەن بىلەلەيسىز، ئىلىمنى تاشلاپ قويمايلى، ئىلىم ھەممىنىڭ ئاساسى، ئۇنى مۇھىم يېتەكچى قىلايلى، ئاللاھ ھەققەت، ياخشىلىق ئىگىسى، ئەمما بۇنى ئىنسانلار بىلمەيدۇ، ناشۇكۇرلۇك، كۇپرىلىق قىلىدۇ، ئىسىت.

ئاللاھنىڭ مۇشەققەتسىز، مول رىزىق بېرىشى، ئۈسۈملۈككە، ئىنساننى، ھايۋانلارنى ئىشقا سېلىپ رىزىق بېرىدۇ، ئۈسۈملۈكنى بولسا، ئىنسان، ھايۋانلارغا رىزىق قىلىپ بېرىدۇ، ئەڭ مول ئاسان رىزىق، ئۇخلاپ قالساقمۇ بېرىلىۋاتقان، رىزىق، ئاتموسفىرا، ھاۋا، ئوكسىگىنلاردۇر.

بۇ ھاۋا ئوزۇقى بولىدۇ، ئاسمان ئوزۇقىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، سىستېما، نۇر، ئېنېرگىيە، ئوربېتىلار ۋاھاكازالار. ھاۋا، شامال، بۇلۇت، ئوكسىگېن، ئازوت ۋاھاكازالار.

دېڭىزدىمۇ شۇنداق نۇرغۇن رىزىق بار، بۇلارنىڭمۇ سانىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ھەممە ئىنسانلارغا ئوزۇق، رىزىق بولىدۇ، ئاللاھ، ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى، ھايۋانلارغىمۇ كېپىلدۇر. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ھايۋاناتلار تەتقاتچىسى، ئالىملار تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ مۇنداق دېگەن:

بەزى چىۋىنلەر تۇخۇمنى تۇغۇپ، تۇخۇم يېنىغا بالىسى چىققاندىن كېيىن ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن مەلۇم ھايۋاننى ياكى قۇرتنى ئەكىلىپ قويىدىكەن، ئەمەلىيەتتە، زەھەرلىك ئۆمۈچۈك ياكى باشقا ھايۋانلار زەھەرلەردىن ھېلىقى ھايۋاننى ئازىراق زەھەرلەپ ھەرىكىتىنى توختىتىپ ئاندىن بالىسىنىڭ يېنىدا قويىدىكەن، چۈنكى، بالىسى چىقىپ قالسا بۇ ئوزۇقنى يەيدىكەن، ئەمما ئۇلار چىقىپلا ئۆلۈكنى يېمەيدىكەن، شۇڭا ئۇ مەس قىلىش ئارقىلىق بالىسىغا ئوزۇق بېرىدىكەن، مانا بۇ رىزىق سانىسىز، مۇشەققەتسىز چىۋىن بالىسى سەككىز سائەتتە چىقىدۇ.

بەزى جانلىقلار چىۋىننى ياكى باشقىلارنى شۇنداق مەس قىلىپ بالىسىنىڭ يېنىدا قويىدىكەن، بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپ، بۇ تەييار ئوزۇقنى يەيدىكەن، ئاندىن ئۆزى ئوۋلايدىكەن، بۇ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇنى كىم ئۆگەتتى، بۇنى كىم تەربىيلىدى، كىم تەجرىبە قىلىپ بەردى؟ ئاللاھ!

ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى چىۋىنلەر تۇخۇمنى قۇرتلارنىڭ دۈمبىسىگە تۇغىدۇ، بالىسى چىقىپلا بۇ تەييار رىزىقنى يەيدۇ، بەزىلىرى ئۆرپ ـ ئادەتتىن، تەجرىبىدىن ئۆگىنىپ شۇنداق قىلىدۇ، ئەمما بۇنى ئۇقمايدۇ، لېكىن، بۇ تەييار رىزىق ئىدى، توخۇ ھەممىزگە مەلۇم ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئوزۇقى تۇخۇم بىلەن بىللە ئاندىن ئۇ چىقىرىپ بولۇپ، چۈجىسىنى قوغدايدۇ، دان بەرسىڭىز سايراپ باللىرىنى چاقىرىدۇ. ئۆزى شەخسى يېمەيدۇ، بۇ كۆيىنىش نەدىن كەلدى؟ توشقان بولسا، تۈكىنى يۇڭداپ، باللىرىغا كۆرپە قىلىپ بېرىدۇ، بەزى قۇشلار بولسا، پۇتۇن تۈكلىرىنى، پەيلىرىنى يۇلۇپ، ئاندىن تۇخۇمنى تۇغۇپ يۆگەپ قالدۇرىدۇ، كېيىن بالىسى چىققاندىن كېيىن تەربىيلەيدۇ، بەزى ھاشارەتلەر بولسا، ئۆزى تۇخۇمنى تۇغۇپ، ئاندىن بالىسى ئۈچۈن ئوزۇقمۇ ئىزدىمەي، يېمەي ـ ئىچمەي تۇخۇمنى بېسىپ ئۆلۈپ قالىدۇ ده! بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپ ئانىسىنى يەپ چوڭ بولىدۇ، مانا بۇلار ئاجايىپ تەييار، مۇشەققەتسىز رىزىقتۇر.

ھەسەل ھەرىسى بىزگە مەلۇم، ئۇلار ئوزۇق ئېلىپ ھەسەل چىقىرىدۇ، ئاخىرىدا قىشلىق ئۈچۈن يەنىلا ئاشۇ ئۆز يوقى بولغان ھەسەلنى ئوزۇق ئالىدۇ، ئۇ بىزگە ھەسەل بولغان بىلەن ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ ئۆز يوقى

بولىدۇ. مانا بۇمۇ قىشلىق رىزىق بېرىش بولىدۇ.

تۆگە، تۆگىلەك ئۆز ئۆيىنى گۈزەل ياساپ خاتىرجەم ئۆز ئىتاكاپىگاھىدا ئىبادەت، تەسبىھ ئېيتىپ ياتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈمۈلە بىلەن رىزىق بېرىدۇ، مەزىلىك گۆشلۈك تائام ئۆز ئۆيىگىزگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى بىز مال باققىچە ئويناپ كۆرگەن.

يەنە بىر چۈمۈلە قۇتقازغىلى كەلسە، ئۇمۇ زاپاس رىزىققا ئايلىنىدۇ ـ دە، بۇ تېخىمۇ خاتىرجەم ئىبادەت قىلىۋالىدۇ، بەزى ھاشارەتلەر، ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرىنى كېسىپ، يۆگىنىپ يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئوتتۇرىدىن ئۆمۈچۈك ئۆتسىلا تۇتۇپ يەيدۇ، بۇنى ئۆمۈچۈك ئۇقالمايدۇ، بۇنداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆمۈچۈكمۇ ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، چىۋىننى، پاشىلارنى غىزا قىلاتتى، ئاخىرى ئۆزىمۇ تەييار غىزا بولۇپ بېرىدۇ. بۇ ئۆتنە جاھان، سىناق دۇنيا، مانا بۇلار ئاللاھنىڭ رىزىققا كېپىل بولىشىدۇر.

بەزى ھايۋانلار توپلىشىپ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، جۇغلىشىپ ھۇجۇم قىلسا، نۇرغۇن يوغان نەرسىنى يەيدۇ، ئۇزۇن يەيدۇ، مانا بۇ باتۇرلار كۆپ مالنى غەنىيمەتكە ئېرىشىش، جاپادىن قورقمىغان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغاننىڭ نەتىجىسى ئۇلار خېلى ئۇزۇن رىزىق يەيدۇ، بەزى ھايۋانلار باشقا ھايۋان ياكى توپا ياكى گۈل، دەرەخ رەڭگىگە كىرىۋېلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ، خۇددى ياپۇنلۇق ياكى بىرەر دۆلەت دېڭىزى رەڭگىدە ياكى كېيىمنى ياكى كېيىم ـ كېچەكنى باشقا بىر رەڭدە كېيىپ ياساپ بىلىنەشتۇرمەي ھۇجۇم قىلغاندەك، بىز بۇ تەقلىدنى سانائەتنى كېيىن بايان قىلىمىز. ھەرقانداق بىر ھايۋان بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ رىزىقىغا كېپىل ھەم ئۇنى رىزىق قىلىپ بېرىشكىمۇ كېپىل، غوجامىنىڭ غوجىسى بار، كېچە ـ كۈندۈز بىر ـ بىرىدىن قىساس ئالغاندەك، پۈتۈن كائىنات قانۇنى ئاللاھنىڭ ئېلكىدە بولىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار، ھايۋانلار دۇنياسىنى، كىتابنى، بىلىمنى، تەتقىقاتنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، رەھمىتى، ھېكمىتى بەك كۆپ، شۇنداقلا ھالال ـ ھارامنى، بىلىمىز، تەجرىبە، تەتقىق قىلىمىز، نۇرغۇن پايدا ئالىمىز، ھەتتا قىيامەتتە تىرىلىشىمىزنىڭمۇ دەلىلىنى ئالىمىز، ئۇقىمىز، ئويغىنايلى! **14** مىليارت ھۇجەيرە، نېرۋىنى ئىشقا سالايلى!

ئاللاھ، ھەربىر جانلىق بىلەن بىز بىلەن بىللە، ئاشۇ مېڭىمىزدىكى، تېنىمىزدىكى، ھۇجەيرە، نېرىپ بىلەن بىللە. قۇدرەت، ئىلمى، رەھمەت بىلەن بىللە بولىدۇ، پۈتۈن دۇنيا رەھمەت، نېمەتكە، مۇھەببەتكە تولغاندۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئايەت دەپ ئالغاندۇر.

رەڭلىك كىتابنى خەتلىك كىتاب بىلەن شەرھىيلەپ بايان قىلىپ، قۇرئان كىتابنى ۋە **99** ئىسىم سۈپەتنى ئەمەلىي تەتبىقلايلى! پۈتۈن ئالەمگە سىڭدۈرۈشتۇرايلى، ئەمەلىيلەشتۈرەيلى ـ قېنى ئەمىسە،! ئاللاھنىڭ رەھمىتى مول، مىسال: كىرپە تىكىنى بىلەن قوغدىنىدۇ، ھۇجۇم قىلىدۇ، دۈشمەننى چېكىندۈرىدۇ، ھەتتا ئەقىللىق ئىنسانمۇ قورقىدۇر، ئۇ ئۈزۈم ۋە باشقا ئوزۇقنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئەگەر قورسىقى تويۇپ، ئارام تاپسا تىكىنىدە باللىرىغا ئۈزۈم ۋە باشقا نەرسىنى توشۇيدۇ، بۇ ئالاھىدە رەھمەتتۇر، ھېكمەتتۇر. قاغا بىلەن بۆرە ئوتتۇرىسىدا ئۈلپەت بار، كېلىشىش بار، بۆرە قوينىڭ قارنىنى يارىدۇ، ئۇ گۆشنى يەۋرىدۇ، قاغا بولسا قېنىنى ئىچىدۇ، ئاشقىنىنى يەيدۇ، ئەمما بۆرە زىيان سالمايدۇ، قىزغانمايدۇ، بۇمۇ رەھمەت، بۇ رەھمەت ھەتتا چاشقاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇمۇ قۇرۇق قالمىغان. مىسال: ئالىملار تەجرىبە قىلىپ كۆرگەندە چاشقاندا بىر ئۆتكۈر چىش بولۇپ، قاتتىق نەرسىنى غاجىلاپ ئوزۇقلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ شۇ قاتتىق نەرسىنى غاجىلىمىسا چىشى ئۆسۈۋېرىپ ئاغزى ئېچىلماس بولۇپ قالىدۇ، بۇ يەردىمۇ قوش نېمەت بار، تېخى ئۇ بەك ئەقىللىق، چېچەن بولىدۇ، سەزگۈرلىكى كۈچلۈك، بىر قاچا زەيتۇن يېغىنى قويۇپ سىناق قىلغان، ئۇ ياغنى ئىچىپ ئاز قالسا، قۇيرۇقى بىلەن يالاپ ئىچكەن، يەنىمۇ ئاز قالسا، سۇ ئېلىپ قۇيۇپ ياغنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ ئىچكەن، تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ بىرەر تامدا ئۇرۇق ياكى بىر نەرسە بولسا، ئازمايلا شۇ ئوتتۇرىنى تېشىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئىنسانمۇ ئامال قىلالمايدۇ، ھەم توغرا تاپالمايدۇ، ئەمما بۇ چارىنى نەدىن ئۆگەندى، كىم ئۆگەتتى،؟ ئۇنى ياراتقان ئاللاھ ئۆگەتتى، بۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنى، خالىغان چاغدا ئاپەت بېرىپ ھالاك قىلالايدۇ، چاشقاننىڭ بىر دۆلەتكە سالىدىغان زىيىنى نەچچە مىليون دوللار بولىدۇ. بۇ كۈندە نەچچە مىليون ئاشنى يەپ تۈگىتىپلا قالماي بىنالارنىمۇ ئۆرىيدۇ، غالجىلىرىشىپ كېسەل يۇقتۇرىدۇ، شۇڭا بۇنى زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرەمدە بولسىمۇ ئۆلتۈرىمىز، ئېھرامدا بولساقمۇ ئۆلتۈرىمىز، ئەمما بۇ مۈشۈككە، مۈشۈكياپىلاققا، يىلانغا ۋە

باشقىغا رىزىقتۇر.

ئاللاھ، چېكەتكە بىلەن ھۇجۇم قىلدۇرۇپ ئىنساننى ئىلتىجا قىلدۇرىدۇ، ئارقىدىنلا ئەنزە ئىسىملىك قۇشنى ئەۋەتىپ بۇنى يوقىتىدۇ، بۇمۇ قوش ئامەت، قوش رەھمەتتۇر، ئاللاھ ئۆزى دۇئا ئۆگىتىپ ئۆزى ئىجاۋەت قىلغاندەك، ئۆزى يىغلىتىپ ئۆزى بالاغا گىرىپتار قىلىپ، يەنە ئۆزى قۇتقۇزۇپ ئىجاۋەت قىلىدۇ. قىزىل دېڭىزدا دېلفىن دېگەن بىر ھايۋان بار، بۇ دېڭىزدا غەرىق بولۇپ كېتىۋاتقان ئىنساننى كۆرسە خۇددى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى بېلىق يۇتۇپ قۇتقازغاندەك ئۇچىسىغا ئېلىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ قويىدۇ، ئەمما زىيان سالمايدۇ. باشقا ھايۋاندىن قوغدايدۇ، شۇڭا بۇ ھايۋاننى ھۆكۈمەت قوغدايدۇ، ئۆلتۈرۈشتىن قاتتىق توسىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ دېڭىز قۇتقۇزۇش ئەترىتى قۇرۇشقا ئىشارەت قىلىشى، يەنە بىر ھېكمەت شۇكى ساقا قۇشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەمما ئۇ بېلىق تۇتۇپ يېيەلمەيدۇ، ئەمما ئوزۇقى بېلىقلار، غەتتاس دېگەن بىر قۇشلار توپى دائىم بېلىق ئوۋلاپ بۇ چوڭ قۇشقا بېرىدۇ، ئۆزى يېمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ غەتتاس قۇشى قۇرت يەيدۇ. ھېلىقى ساقا قۇشىنىڭ ئاغزىدا بېلىقنىڭ قالدۇقى قۇرتلاپ تۇرىدۇ، ئۇ بېلىق يىگىلى تۇرسا قۇرتلار تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنى غەتتاس قۇشى تېرىپ يەيدۇ.

شۇڭا، غەتتاس قۇشى بېلىق ئەكىلىپ بېرىپ ئاندىن قۇرتنى چىقىرىپ يەيدۇ، بېلىپ ئەكىلىپ بەرمىسە، ساقا قۇشمۇ ئىككىلىسى تۈگىشىدۇ. مانا بۇ ھەمكارلىق، تېرىشىش، ئەمگەك بىلەن يېيىش ياكى سېتىۋېلىش بولىدۇ. بۇنىڭغا **100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن كىتابنىڭ ھايۋانلار ئىلمى قىسمىنىڭ **405** ـ بېتىدىكى ۋەقەگە ئوخشايدۇ. بۇنىمۇ تەنتاۋى كىتابىدا ئالغان، بۇنى كېيىن دەيمىز.

بۇ كىتابتا، كەركىدان كۈچلۈك ھايۋان بولۇپ، ئۈچ شىرمۇ ئۇنى يېڭەلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاتتىق تېرىسى قاتلىرىدا پارازىت قۇرۇتلار بولىدۇ، قان شورىغۇچى ھاشارەت بولىدۇ، ئۇ بۇنىڭغا قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىدۇ، شۇنچىلىك كىچىك نەرسىنىڭ ئۆزىنى بىئارام قىلىشى تېخىمۇ ئازابلىق ئىش، مېھرىبان ئاللاھ بۇنىڭغا كەركىدان قۇشىنى ئىلھام بىلەن ئەۋەتىدۇ، بۇ قۇش ئۇنىڭ قۇرۇتىنى تېرىپ يەپ ئوزۇقلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كەركىدان دۈشمەنلىرى كەلسە تېزلا ئۇچۇپ كېتىپ، كەركىدانغا خەۋەر بېرىپ ئۇنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا كەركىدان ئۆزىنى پاتقاققا سۇۋاپ ھاشارەتنى، قۇرتنى يوقىتىدۇ، مانا بۇلار ئاللاھنىڭ ئىلھامى، رەھمىتى، رىزىقنى بېرىشى، چۈنكى، ئۇلارمۇ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ، بۇ توغرىسىدا ئايەتلەر بەك كۆپ. (تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تەپسىرىنىڭ **83** ـ، **84** ـ، **86** ـ بەتلەر).

ئاللاھنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى، خالتىلىق ھايۋان، بۇلار كىنگورۇ، ئېيىق، بۆرە قاتارلىقلاردا بالا بېقىش خالتىسى بولىدۇ، خالىسا ئىچىگە ئەمچەك ئورۇنلىشىدۇ، بالا بەخىرامان كۆرپە ئۈستىدە سۈت ئېمىپ يېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىنگورونىڭ بالا بېقىش خالتىسىنىڭ ئېغىزى ئالدىغا ئېچىلغان. چۈنكى، ئۇنىڭ خالتا ئېغىزى ئارقىسىغا ئېچىلسا بالىسى چۈشۈپ قالىدۇ، ھەم ئۇ ئالدى پۇتى قىسقا ئارقا پۇتىچە ئۆرە تۇرىدۇ. بالىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئۇنىڭغا تەڭپۇڭ بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ئېيىقنىڭ بولسا، بالا بېقىش خالتىسىنىڭ ئېغىزى ئارقىغا ئېچىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تولا ئورا كولاپ ياشايدۇ، ئەگەر خالتا ئېغىزى ئالدىدا بولسا، تاش توپىلار تولۇپ قالىدۇ، زور ئاۋارىچىلىق، كېسىلىپ چىقىدۇ، بالىغىمۇ زىيان يېتىدۇ. بۇلارنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، رەھمەت قىلىپ، بۇلارنىڭ خالتىسىنى يارىتىپلا قالماي، ئېغىزىنىمۇ مۇۋاپىق ئاچقان، چۈنكى، بۇلارمۇ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئىنسانلار ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ، زور پايدىسى بار، شۇڭا ئۇلار قوغدىلىدۇ. شەرىئەتتە ھارام دېيىلگەن. بۇلار ھايۋان ئىلمى قىسمى **306** ـ بەتتە بار. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى، نېمىتى، ھېكمىتىدۇر. رىزىقنى، تولۇق ھەرخىل يوللار بىلەن بېرىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەت دېگەن. سىلەردەك زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىدۇ، كائىنات قانۇنىغا بويسۇنىدۇ دېگەن. ئاللاھ، بىلىپ ياراتقان، بۇلارمۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىق، چۈنكى، بۇلار ئايەتتە سۆزلەنگەن زەررىدىن چوڭ، كىچىككە كلّ شەيئىگە كىرىدۇ. تولۇق يېزىلغاندۇر. بۇلار نېمە ئۈچۈن يېزىلمايدۇ؟ بۇلارنى بىز ئوبدان كۆزىتەيلى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلايلى، بۇ ئۆزىمىز ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن پايدىلىق، ئاللاھ ھېچنېمىنى بىكاردىن ياراتقان ئەمەس. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاسمان ـ زېمىننى ئۇنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىنى بىز چاخچاق قىلىپ، ئويناپ ياراتمىدۇق**﴾ دېگەن. قۇرئاندا **750** ئايەتتە **36** خىل پەنگە

ئىشارەت قىلغىنىنى ھازىر بايقىدۇق. كەلگۈسىدە نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەت بار، بۇ، ئاللاھقا مەلۇم، قۇرئاندا تا ھازىرغىچە ھېكمىتى، سىرى يېشىلمىگەن نۇرغۇن ئايەتلەر بار. ئۇيقىمىزنى ئاچايلى.

ئەسھابۇلكەھپىدەك، ئۇخلاۋەرمەيلى، ھايۋاندەك يەپ ـ ئىچىپلا يۈرمەيلى، چۈنكى، بىز ئىنسان، ھايۋاندىمۇ تۇرالغۇ جاي، يىمەك ـ ئىچمەك، شەھۋەت، جىنسى بارغۇ؟ بىز ئۇلاردىن ئىلىم ئارقىلىقلا نەتىجە، تۆھپە، كەشپىيات بىلەنلا پەرقلىنىمىز، ئۇرنىمىزدىن دەس تۇرايلى!

ئاللاھ بىزنى قۇرئاندا، ئەڭ ئادىل ئۇممەت دېگەن، بىز شۇڭا كائىناتتىكى، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىنى ئۆگىنەيلى، چۈشىنەيلى، بىزنى ئەڭ ئەۋزەل، ياخشى ئۇممەت دېگەن. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن مەخلۇقدىن ئەۋزەللىكىمىزنى تونۇيلى، ياخشىلىقنى تاپايلى، ھەم بىزمۇ ياخشىلىق قىلايلى، ئاللاھ، ئاسمانغا، تائامغا، يارالغان سۇلارغا، يامغۇرغا، باغ، ئۆسۈملۈككە، ھايۋانلارغا قاراپ تەپەككۇر قىلىپ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ھېكمىتىنى تېپىشىمىزنى تەكىتلەپ پەرىز قىلغاندۇر. بىر سائەت تەپەككۇر بىر يىللىق ئىبادەتتىن ياخشى، ھەممىمىزنىڭ مېڭىسىدە 14 مىليارت نېرىپ، نېرۋا، ھۈجەيرىسى بار، بەش سەزگۈ ئەزا بار، مېڭىمىز ھەممىمىزنىڭ گۆش، سۆڭەك، تومۇر، قان، بىز بۇلارنى ئىشقا سالايلى، مانا ئەمدى دىنىمىزلاردىن ئۆگەنگىلى تۇردۇق، ئۇلارغا قۇل بولدۇق، بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق بولمىسۇن، ئۆزىمىز قىلىدىغان ئىشنى ئۆزىمىز قىلايلى، ئاللاھقا تەۋەككۇل دەپ تەقدىرگە يۆلەنمەيلى، ئاللاھ بىزنى شۇ ئىشلانى قىلىشقا بۇيرىغان، ئۇنى بىز قىلىپ بىز ئادا قىلىمىز. ساۋابنىمۇ بىز، پايدىنىمۇ بىز كۆرىمىز، 750 ئايەت بۇ ئاز بۇيرۇقمۇ، بۇنى بىزگە ئاللاھ بۇيرىغان، ھەممە، ئاللاھنىڭ مەخلۇقى، كائىناتى، مۈلكىدۇر، قۇرئانغا ئاللاھنىڭ سۆزىگە مەخلۇق زىت ئەمەس. بىز نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىنىمۇ، نۇرغۇن يالغان سۆزنىمۇ، ئەپسانى، خۇراپاتنىمۇ، توقۇلما، بۆھتاننىمۇ قوبۇل قىلدۇق، ھەم ئۇنى كىشىلەرگە، باللارغا نومۇس قىلماي ئۇيالىنمايلا جۆيلۈپ سۆزلىدۇق. تېخى ئۇنى دىۋالغانغا كۆرەڭلەپ، مەنمەنلىك قىلدۇق. مانا مۇشۇ نادانلىمىز، دۆتلىكىمىز بىزنى ئاخىرى ھالاك قىلدى. ئاخىرەتتىمۇ ھالاك قىلىدۇ، بىزدەك نادانلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئالىملار ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلماي ئاشۇنداق نادانلىقنى تەتقىق قىلىپ، ئىسلامنى، قۇرئاننى خاتا چۈشەندى، ئىسلامدىن يىرگەندى، دىنغا كىرمىدى، بۇ خاتالىققا بىز جاۋابكار بولىمىز، بەزى شۇنداق ئىپتىدائىي نادان كىشىلەر باركى، ئاللاھ ياراتقان مېڭىنىمۇ ياكى ئۆي توشقىنىدەك ھايۋاننىمۇ دىنىسىزلارغا نىسبەت بېرىپ، ئۇ ئۇلارنىڭ نەرسىسى دەپ ئىماندىن ئاجرىدى، چۈنكى، يارىتىش ئاللاھقا خاس، ھۆكۈم ئاللاھقا خاس، ھەي دۆتلۈك، ئى ياش ـ ئۆسمۈرلەر سىلەرمۇ بولساڭلار قاتتىق ئىبرەت ئېلىپ قۇرئاننى، ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشىنىڭلار، پۈتۈن ئىلىم ـ پەننى قۇرئانغا بويسۇندۇرۇڭ، خاتا ئىدىيە، پەلسەپەلەرنى يۇيۇپ تاشلاپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى تېپىپ چىقىڭلار، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلارغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەت يەتكۈزۈڭلار، تەرەققىي قىلىڭلار غەلىبە بىزگە مەنسۇپ.

خوش، يۇقارقىلار ئاللاھنىڭ شۇنچە كۆپ چەكسىز مېھرىبانلىقى، كۆيۈنۈشى، رەھمىتى، ھايۋانغا رىزىق بېرىشكەن، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بىزگە شۇنداق ئىگە بولمىدى؟ مۇشەققەتسىز رىزىق بەرمىدى؟

بەردى، ئىگە بولدى، تېخى بىزنى ھەممىگە ئىگىمۇ قىلدى، بۇنىڭدىن بەك بەرسە ھەددىمىزدىن ئاشىمىز، ھېلىمۇ ھەددىن ئاشتۇققۇ؟ ئۇلار نېمە قىلدى، شۈكرى قىلدىمۇ؟ ياق، كۇپرىلىق قىلدى، بۇيرىغىنىنى قىلدىمۇ؟ ياق، توسقىنىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئىگىسىنى تونىدىمۇ؟ ياق، ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، تېخى يوق دېدى، يەنە قانداق قىلسا بولاتتى، نېمە كام، زادى نېمىمىز كام، ھېچنېمە كام ئەمەس، نەپسىمىز ئارتۇق، يانا بولسا دەيدۇ، شۈكرى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن مانا يەنە دەيدۇ، ھەممە ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزۇقنى يىسە بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىپ مۇھتنى تازىلاپ، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىپ يەيدۇ، ياكى بىزگە مول بايلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يەيدۇ، مارجان، گۆھەر ھايۋىنىدەك ئەمەلىيەتتە بىزنى يېمەيدۇ، بىزنىڭ ھەققىمىزنى يېمەيدۇ، بىزگە زىيانلىقنى يەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىز ئامان قالىمىز، بىزگىمۇ ئاللاھ ئىگە بولدى، تۇرالغۇدا، مالدا، كىيىم ـ كېچەكتە، ھەممىدە ئىگە بولدى، ھەتتا، ئەلچى ئەۋەتىپ يول كۆرسەتتى، ئىلىم ئۆگەتتى، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ھەممىسى بىرلا ئىمانغا تەڭ ئەمەس، نۇرغا، قۇرئانغا تەڭ ئەمەس، بىلىمگە، ئاللاھنىڭ دىدارىغا تەڭ ئەمەس، بۇ دۇنيادا ئىنساندىن باشقا كىم قايىسى

مەخلۇق ئاللاھنىڭ دىدارىنى كۆرەلەيدۇ، كىم مۇناجات قىلالايدۇ؟ ھەي ئىسىت، ئىنسان يەنىلا تۇزكور، شۇنداقتىمۇ ئازراق چۈشەنچە بېرەي، پۈتۈن جانلىق، ئالەم ئۈچ خىل بولىدى، ھايۋانلار دۇنياسى، بۇلارنىڭمۇ مەلۇم غەرىزى بار، ئىنسانلار دۇنياسى بۇلاردا ئىرادە، ئەقىل بار، پەرىشتە ۋە روھ، جىن دۇنياسى بۇلار بىزدىكىدىن خالىي بولىدۇ. ھايۋانلار دۇنياسى، ئۆسۈملۈكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھ ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ غەرەزلىرىنى بەردى، نېمەت بەردى، رەھمەت قىلدى، ھېچكىم بۇنى توسالمايدۇ، تېخى ئۇلاردا زىكرىدىن، تەسبىھىدىن باشقا تەكلىپ يوق، ئۇلار جەننەت، دوزاخقا كىرمەيدۇ خالاس. ئىنسانلار دۇنياسى ئاللاھ بۇنىڭغا ئەقىل بەردى، ئىلھام بەردى، كىتاب بەردى، ئىلىم بەردى، تەپەككۇر بەردى، كەشپىياتنى، نەتىجىسى، تەجرىبىدىن بولدى. بەختى، مۇرادى، رىزقى، كىيىمى جاپادىن كېيىن، ئەمەلدىن كېيىن بولىدۇ، بۇنىچىلىك ھايۋانلارمۇ جاپا تارتقان، ئۇلارمۇ نەچچە كىلومېتىر جايغا ئۇچۇپ بارىدۇ، قۇرۇقلۇقلار ئارا يۆتكىلىدۇ، مۇشەققەت دىگىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇنلا پۈتۈن قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ئاشۇ كىلەچەك ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ بۇ ئالەم بويسۇنىۋاتىدۇ، پەرىشتىلەر، جىنلار، روھ دۇنياسى ئۇلاردا ئىنساندىنمۇ يۇقىرى غەرەز بار، ئۇلار يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ئەسلى نۇر، ئۇلاردا جاپا ـ مۇشەققەت، ھېرىش ـ چارچاش يوق، چۈنكى، ئۇلاردا قۇددۇس كۈچى بار، ئۇلار بۇيرىغاننى قىلىدۇ، ئىجرا قىلىدۇ، نۇرغۇن ئەمەللەرگە مەسئۇلدۇر.

ئىنسان بولسا، ئاشۇ پەرىشتە دۇنياسىدىن تۆۋەن ھايۋان، ئۆسۈملۈكدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، ئوتتۇرىھالدۇر. ئاللاھ ھايۋانغىمۇ تۆۋەن مەرتىبىدە شۇنىڭغا لايىق ئىگە بولدى، پەرىشتىلەرگە بولسا ئۈستۈن مەرتىۋە بويىچە شۇنىڭغا لايىق ئىگە بولدى، ھەم خىزمەتكە، ئىبادەتكە ئورۇنلاشتۇردى، ئىنسان بولسا، ئاستىن ئالەمگە قاراپ ئېچىنىپ، ئۈستۈن ئالەم پەرىشتىلەر دۇنياسىغا ئىنتىلىدۇ، يۇقىرىغا يېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنىڭغا تىرىشىپ ئەمەل قىلىدۇ، نۇرغۇن ئىش ئۇنىڭ قولىدا بېجىرىلىدۇ، كۆز ئالدىدىن ئۆتىدۇ، ئاللاھ، ئىنساننى ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھەممىگە ئىگە قىلغاچقا، ھاۋادىمۇ ئۇنىڭدىكى قۇشلار ھەتتا شامال بولىتىنىمۇ، قۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىكى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ، دېڭىز ۋە ئۇنىڭدىكى مال، گۆھەر، بېلىق، ھايۋانلاردىنمۇ، ھەممىسىدىن پايدا ئالىدۇ، خوجايىن بولىدۇ، باشقۇرىدۇ، مانا بۇ رىزىق، بۇ ھەقىقەتنى تونۇشتىن، چۈشىنىشتىن بىزنى مەغرۇرلۇق، ئالدىنىش توسۇۋالدى، بەزىلەر ئازتولا بايلىق بىلەن سەن ئەمەس مەن دەپ ياشاپ دۇنيادىن مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كىتمەن، ئاخىرەتتە نۇرغۇن ياخشىلىققا ئېرىشىمەن دەپ قۇرۇق پو ئېتىپ ئالدىنىۋاتىدۇ، بەزىلەر ئىلىم بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئالدىنىۋاتىدۇ، ئىلىم، ئەمەل بولمىسا ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇشتى، بەزىلەر نەسەب، ئەجدادىدىن پەخىرلىنىپ ئالدىنىۋاتىدۇ، بىز پالانىنىڭ ئەۋلادى، پالانى دېگەن نېمە؟، ئۇ، دەپ ئالدىنىۋاتىدۇ، بەزىلەر شەيخ، ئۇستازلىرى، موللا، ئاخۇن، ئالىملىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئۆزىدە ھېچئىش يوق ئۆتتى، بولۇپمۇ ھازىر ئاقماس پەتىۋا، ھىيلە ـ مىكىرلىك بىلەن رۇخسەتنى تولا ئېلىپ ئالدىنىپ ئۆتتى.

بەزىلەر جىدەل، مۇنازىرە، ئىختىلاپ تېرىپلا ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ بارچە خىيالى قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرۇش بولدى، قارشى تۇرىمەن دەپ ھەقنىمۇ ئىنكار قىلدى، ئاخىرى ھالاك بولىدۇ، بەزىلەر تەبلىغچى بولۇپ، تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى مەغرۇر قىلىپ ئالداپ قانائەت ھاسىل قىلىپ ئۆتتى، قانائەت رىزىقىغا بولىدۇ، ئىبادەت ئىلىم، ساۋابقا قانائەت قىلىپ بولدى قىلىش يوق بىر خىزمەت، ھەممىگە كۆپايە قىلمايدۇ ـ دە!

فىقھشۇناس ئالىملار، گىراماتىكاشۇناس، مەنتىقە، قائىدە، ئالىملار ئۆزلىگىدىن كىرىلىپ تىل ئۆگەتكەنگە مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى باشقىلارنىمۇ ئالداپ ئۆتتى، ھە دىسە دە ـ تالاش، بەزىسى تەبئىي ـ پەندە نەتىجە ھاسىل قىلىپ كەشپىيات بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى ئالداپ ئۆتتى، ھەي ئىسىت، (كاپىرلارچۇ)، تېخى، بەزىلەر نەپلە ۋە باشقا پەزىلەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، پەرىزگە سەل قارىغان، مۇستەھەپنى چوڭ بىلىپ، پەرىزنى ئۇنتۇغان، پۈتۈن ئۆمرى رىيا بىلەن ئۆتتى، بەزىلەر ۋەسۋەسىگە قۇل بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ مەس ھالدا، مەجنۇنلارچە ئۆزىنىڭ ئىشىنى توغرا دەپ ئۆتتى، بەزىلەر قىرائەتنى لەۋزىنى ئوقۇپ ھەرىپلەرگە

دىققەت قىلىپ مەخرەجنى ياساپ ئوقۇپ مەنىسگە، ھەقىقىتىگە سەل قارىدى، ئۇلارمۇ ئۆزىچە مىنىڭ توغرا دەپ ئۆتتى، بەزىلەر بىر كېچە ـ كۈندۈزدە قۇرئاننى بىر تامام قىلدىم، مەندەك نوچىيوق دەپ مەغرۇر ھالدا ئالداندى، بەزىلەر ياخشى ئەمەل، سەدىقىلەرگە مەغرۇر بولسا، بەزىلەر رامىزانغا، بەزىلەر ناماز، زىكرىگە مەغرۇرۇ بولسا، بەزىلەر ھەج، قۇرۇق ھاجى دېگەن نامنى ئىلىۋېلىپ، مەغرۇر ھالدا مەن ـ مەن دەپ ئۆتتى، بەزىلەر ياخشىغا بۇيرۇپ ياماندىن توسۇپ ئىمام، مەزىنلىك بىلەن ئۆزىنى ئالداپ بولدى قىلىپ ئۆتتى.

ئەڭ يامان مەغرۇرچى، سوپى، بۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى (زاھىدلىق) توغرا بولسىمۇ كېيىنكىلەر بۇنى زىيادە سىرلىقلاشتۇرۇپ، جەننەت ماقام مىنىڭلا، باشقىسى خاتا، دەپلا ئۆتتى. بەزىلەر تاشقى پوسۇنى، مەينەت، تۇرىقى ياخشى، ئەمما قەلبى ناچار، بۇزۇق ھەقتىن راستىن خالىي ئۆتتى، ئەڭ مۇھىمى قەلب ئىدى، ئاللاھ قەلبكە قارايتتى ـ دە!

بەزىلەر ئىسىم، لەۋزە، مەنتىقە، نۇتۇق، قۇرۇق نام بىلەنمۇ مەغرۇر بولاتتى، مەسىلەن، ھال تېپىش، تەجەللى ماقا، سەيرە، باتىن دېگەندەك ئەمەلىيەتتە بۇ يوق بولسا، ئۇ كاززاپ بولىدۇ ئەلۋەتتە، بەزىلەر زاھىدلىق بىلەن ئەسكى چاپان كىيىپ، چۆل، مازاردا كۈننى ئۆتكۈزۈپ، نەشە تارتىپ، ھارامنى يەپ، ئۆزىنى باشقىلارنىمۇ گوللاپ مەن ۋەلى، مۇھەببەت ئاللاھقا خاس، جەزبە ئالدى مانا نۇر، گۆھەر دەپ قۇرۇق سۆزلەپ ئۆتتى، ئەمەلىيەتتە بارلىرى بەك ئاز، بەزىلەر ئاشۇ جىڭ ياكى جا سوپىغا خىزمەت قىلىپ، مەن ئەسھابۇلكەھپنىڭ ئىتىدەك ماقام، كارامەت تاپتىم دەپ مەغرۇر، گول بولۇپ ئۆتتى، بەزىلەر روھ بىلمىنى بىلمەن دەپ ئىدىينى، ئاڭنى، پەلسەپەنى تەتقىق قىلىپ، غايىپتىن سۆزلەپ باتىندىن خەۋەر بېرىپ، نادان كىشىلەرنى ئالداپ، ئۆزىنى ئالداپ قۇرۇق سەپسەتە، ھېكايە سېتىپ ئۆتتى.

بايلارچۇ، ئۇلار بىرەر مەسجىد سېلىشىپ، دوختۇرخانا، يول، كۆۋرۈك ياساش بىلەن يېتىملارغا مەكتەپلەرگە، تالىپلارغا ئىئانە قىلىش بىلەن جەننەت مېنىڭ دەپ ئۆزىنى گوللاپ ئىلمىدىن، ھەقىقەتتىن توسۇلۇپ ئۆتتى، ئەمەلىيەتتە پالانى باي، پالانى تېرىچى، پاختىچى، لوبەن، خوجايىن، مۇدىر، دېرىكتور دېگەن ناملار بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئالىملارمۇ شۇ پەيلاسوف، دوكتۇر، دوكتۇر ئاشتى، مۇتەخەسسىس، ئىنژىنىر ۋاھاكازالار، بۇلار بۇ ئۇنۋانلار قىيامەتتە ئۆلگەندە قىيامەت كۈنى ئەسقاتمايدۇ، ئۇ يەردە ئەسقاتىدىغان، پايدا بېرىدىغان ئۇنۋان، نام، مۆئمىن، مۇتتەقى مۇسۇلمان، شېھىد، ئالىم، زاھىد ئابىدىلەردۇر، ئەۋلىيالار، بەزىلەر خىزمەت ئورنى مەنسەپ، ھوقۇق بىلەن پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەپ، مەغرۇر ھالدا ئۆتتى، بەزىلەر ئالىم ياكى سوپى ياكى ئۇستاز، دوكتۇر ياكى بىرەر باي ياكى كادىر، ھاكىملارنىڭ يۈزىنى سېتىپ پىشنى چىلك تۇتۇپ، مەن نوچى مەن دېگەن مانداق دەپ، ھىيلە ـ مىكىرلىك بىلەن ئۆزىنى ئالداپ ئۆتتى، بەزىلەر ئېزىپ، شەيتانغا قۇل بولۇپ، گۇناھقا پېتىپ، ھەققە زادى چولىسى يوق ئۆتتى.

بەزىلەر تىجارەتكە بېرىلىپ، پۇل تېپىش مودا، تەرەققىي قىلىش ۋاجىپ دەپ ئۆزىنى بىر ئۆمۈر پۇل تېپىشنىڭ قۇلى قىلدى. بەزىلەر كۆپلەپ يەر تېرىپ، دېھقان بولۇپ، ئىتتىزدىن كىرىم سۇ دەپ، ھەققە چولىسى يوق، يەنىلا مەن نوچى ھالال يەيمەن، ئۆشرە ـ زاكات بېرىمەن، سېخي، جەننەتكە مەن باشتا كىرىمەن دەپ ئۆزىنى ئالداپ ئۆتتى، ئىسىت! بەزىلەر ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز بولۇپ، بىرەر پەننى تەتقىق قىلىپ، كەشپىياتقا ئېرىشىپ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىنى توختۇتۇپ مەغرۇر ھالدا مۇكاپات ئالسا، مۇئاش ئالسا، نام ئالسا، ئارام ئالدى، بەزىلەر كۆن بويى دۇنيانى ئايلىنىپ، يازغۇچىلىق، مۇخپىرلىق قىلىپ، ساھايەتچىلىك بىلەن ئۆزىنى ئالداپ، كىشى بىلمىگەننى مەن بىلمەن دەپ ئۆتتى، باشقىلار قىلغاننى باشقىلارغا دەپ بېرىپ ئۆتتى. ھەي، دېسەم گەپ تولا ئەمدى بولا.

ئىش قىلىپ ھەممەيسى مەغرۇر، ئالدىنىپ ئۆزىنى باشقىلارنى، ئەۋلادلانى ئالداپ قانائەت ھاسىل قىلىپ، بارغا شۈكرى قىلىپ ئۆتتى، تىرىشمىدى، پەيغەمبەرلەرگە، ساھابىلەرگە، تابىئىنلارغا قارىماي جەمئىيەتكە قاراپ ئۆزىنى جەننەتنىڭ يۇقىرىسىغا كىرىمىز دەپ خۇشال، خاتىرجەم ئۆتتى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن، دوزاختىن قورقمىدى،) ئەمەلىيەتتە جەننەتكە كىرىسەن دېگەن بېشارەتنى ئالغان ئۆمەر، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك 100 نەچچە ساھابىلەر غەمدە گېلىدىن تائام ئۆتمەيتتى، ھۇشى يوق مەستەك يۈرەتتى.

شۇڭا، بىز تۆۋەنكە قارىماي، يۇقىرىغا قارايلى، رەھمەت ـ شاپائات، قۇرۇق ئارزۇلىرىمىزغا ئەمەس، ئەمەلىيەتكە قارايلى، قۇرئانغا قارايلى، مەغرۇر هالدا ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىمايلى، ئىتىراپ قىلايلى، گۇناھنى ئاخىرەتتە تونىغاندىن مۇشۇ يەردە تونىغان ياخشى، ئۇنداق ئىكەن، قۇرئان بويىچە ئۆزىمىزنى تۈزىتىپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ پەللىمۇ ـ پەللە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تىرىشايلى، شۇنداقتىمۇ ئاللاھقا لايىقىدا ئىبادەت قىلىپ بولالمايمىز، شۈكرىنى ئادا قىلىپ بولالمايمىز، ئۆزىمىزنى، بالىلىرىمىزنى ھەرخىل پەن بىلىملىرىدىن، ئەخلاق، ھېكمەت، قانۇن، تەبىئىي ـ پەن ساھاسىدە ياخشى تەربىيىلەپ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ھېكمىتىنى، رەھمەت، نېمەتلىرىنى تونۇيلى، ھەم تونىتايلى، بارلىق بىزدىكى تاقەت بىلەن كۈچ چىقىرىپ ئاللاھنى رازى قىلىپ، دىدارىغا مۇلاقات بولايلى، ئىنشائاللاھ، ئامىن!. مانا شۇ غۇرۇر، مانا شۇ ئالدىشىش، مانا شۇ كۈپايىلىنىش، ئۆرپ ـ ئادەت، يوقسىزلىق، بىزنى مول بىلىمدىن ھەقىقەتدىن توستى، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا خۇراپاتلىق، ئىرسىيەت كېسىلى، بىلىمسىزلىك، نادانلىق، بالا كەلگەنگە قوش كەلگەن، كەمبەغەل تالقان چالسا، بوران چىقىدۇ ـ دە!، تىرىشايلى، بىزدىمۇ مڭە بار، ئەقىل بار.

## پەرىشتە، شەيتان، جىن ۋە روھ توغرىسىدا

قۇرئاندا، پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلدۇرۇش، شەيتان، ئىبلىسنىڭ مۇتەكەببىرلىكى، كاپىر بولۇشى، كۆپ قېتىم سۆزلىنىدۇ، قۇرئاندا ئالاھىدە جىن دېگەن بىر سۈرە بار، بۇ سۈرىدە ۋە باشقا جايلاردا جىننىمۇ كۆپ تىلغان ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا جىن، شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىمۇ كىتاب، داستانلىرىدىمۇ، كىنو فىلىملىرىدىمۇ بۇ ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ مەڭگۈ داۋام قىلىشى تۇرغان گەپ، بىز قارىساق بۇ ئالەم، پۈتۈن دۇنيا رەڭگارەڭ دۇنيا، ئاسمان ـ زېمىن، ئالەم بوشلۇقى، ھەرخىل گالاكسە، سىستېمىلار، سىستېمىسى، قۇياش سىستېمىسى، يۇلتۇزلار، پىلانىتلار، يەرشارى، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، ئاتموسفېرا، شامال ۋاھاكازالار، ھەتتا كۆز بىلەن كۆرۈشكە مۇمكىن بولمىغان نەچچە تېرلىيون، مىليارت ھۇجەيرە، زەررىچىلەر، مىكرۇپ، ۋىرۇس ۋە باشقىلار مەۋجۇدتۇر، بۇلارغا ھەممە شەكسىز ئىشىنىدۇ. خوش ئۇنداقتا، ئاشۇ پەرىشتە، شەيتان، جىن، روھ دېگەنلەر زادى بارمۇ؟ بولسا ئۇلار قېنى؟ ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات بارمۇ؟ زادى بارمۇ ـ يوق؟

بىز مۇشۇ تىما ئۈستىدە توختىلىمىز، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تەپرىسىنىڭ **107 ـ 108** ـ بەتلەردە مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بۇمەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئاسانا، چۈنكى، بىز ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكىنى، پۈتۈن ئالەم، پۈتۈن دۇنيانىڭ، ھادىسە پەيدا بولۇشىنى، بۇنى پەقەت ئاشۇ ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى، پەيدا قىلغۇچى، سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىساق شەكسىز ئىشەنسەك، ئاندىن بىز ئاللاھنىڭ سۆزى، دۇنيا قانۇنى بولغان قۇرئانغا شەكسىز ئىشىنىمىز، چۈنكى، ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس مۆجىزە، بىر ھەرپىمۇ ياكى بىرەر سۆزىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇنى ئاشۇ پەرىشتىلەر قوغدايدۇ، ھەم قۇرئاننىڭ ئوخشىشىدىن ئۈچ ئايەت چاغلىق كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ بۇرۇننى، ھازىرنى، كەلگۈسىنى، پۈتۈن كائىناتنى سىرلىق ئىلىم ـ ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

مانا بۇ ئەڭ زور، ئەڭ ئىشەنچىلىك پاكىت، ئەلۋەتتە بۇ پاكىت بىلەن بولدى قىلماي، بىز يەنە ئەقلىي، نەقلىي تەپەككۇر دەلىللىمىزنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىمىز، بۇ قۇرئان، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى بىرىنچى، دەلىل ـ ئىسپات، پاكىت بولىدۇ.

ئىككىنچى، بىز پۈتۈن دۇنيادىكى مەشھۇر پەيلاسوپ، ئىشەنچىلىك ئالىملارغا جۈملىدىن قەدىمكى ئاشۇ ئەقىللىق پەيلاسوپ، ھۆكما، ئالىملارغا شەكسىز ئىشىنىپ كەلدۇق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى نەمۇنە، ئۈلگە قىلىپ كەلدۇق، كىتاب، داسقانلاردا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يۆتكەپ ماختاپ كەلدۇق، ھازىرمۇ بىز تەبىئىي ـ پەن ساھاسىدە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، خېمىيە، بىئولوگىيە، ئادەم ئورگانىزمى، تىببىي پەن، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر تەتقىقاتچىلىرى، مەشھۇر مۇشاۋىر، ۋەزىرلەر، دانا پىكىرلىك يول باشلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە شەكسىز ئىشەندۇق، ئەمما بىز كۆزىمىز كۆرمىسىمۇ يەنىلا ئىشىنىمىز، چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئالىم ـ دە!

خۇددى شۇنىڭدەك بىزگە بۇ مەلۇماتنى، بۇ خەۋەرنى مەشھۇر پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلدى، ئەۋلىيالار كارامەت كۆرسەتتى، بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز، دۇنياغا داڭلىق پەيلاسوپلارمۇ بۇ تۆت خىل مەخلۇقنى كۆپ تىلغا ئالدى، ھەم شەكسىز ئىشىنىپ كەلدى، شۇڭا بىزمۇ شەكسىز ئىشىنىمىز، ھەم ئىشەندۈرىمىز.

ئۈچىنچى، ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىدا، ئەخلاقىدا، روھىي كەيپىياتىدا بىز بىر ئازىدىغان ياكى توغرا تاللاش بولىدۇ، ئىلھام بولىدۇ.

## بۇ تەسىر، بۇ كۈچ نەدىن كەلدى؟

دەل ئاشۇ پەرىشتە ياكى شەيتاندىن، شۇنداقلا ھەرقانداق ئىنسان ئۆزى بىلمىگەن بىرەر سۆزنى ياكى ئىسمنى ياكى ۋەقەنى بولۇپمۇ چوڭقۇر مەنا، مەزمۇنغا ئىگە بىرەر ئاتالغۇنى زادى دەپ بىرەلمەيدۇ، ئىجادمۇ قىلالمايدۇ، دەلىل، سەككىز ئىلمىنىت، مادادا، ئالىم ئىسمى بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ، بىرەرسى ئىسىم تېپىپ قويالمىدى، بۇ بەك مۇشكۈل. چۈنكى، مەنىسىز قارىسىغا جۆيلۈپلا ئاتىسا بولمايدۇ، ئۇنداقتا بۇ ئەزەلدىن داۋام قىلىپ كەلگەن، ئاللاھ، ئەرش كۇرسى، سەككىزى جەننەت، يەتتە دوزاخ، پەرىشتە، جىن، روھ، شەيتان قاتارلىقلار نەدىن كەلدى؟ كىم قايسى ئاپتور بۇنى ئىجاد قىلدى؟ يازغۇچىسى شۇ ئاتالغۇچى قوللانغۇچى زادى كىم؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن ئىنسان تۇرمۇشىدا ئۆرپ ـ ئادىتىدە ھەتتا ئىسىملىرىدا، كىتاب ـ ژۇرنال ۋەقەلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ؟، پەقەت بىرلا جاۋاب، بۇ ئاتالغۇلار زادىلا باشقا بىر ئالەمدىن، ئەزەلدىن دەسلەپتىلا كەلگەن، ئاشۇ روھى، ئىلاھىي ئالەمدىن كەلگەن، مۇشۇ يەرشارىنى بۆسۈپ كىرگەن بۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئاشۇ پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشكەن، بۇ ئەڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن پاكىتتۇر، شۇڭلاشقا ھازىرمۇ بىر ملياردتىن ئارتۇق ئىنسان بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدۇ ۋە ئېتىقاد قىلىدۇ.

تۆتىنچى، پاسكىنا جايغا چىۋىن قويغاندەك، ئۇ جاي تېخىمۇ مەينەت بولغاندەك، كىشىلەر دائىم ھاجەتخانىغا بېرىپ، نىجاسەتنى زىيادە قىلغاندەك ئازغۇن گۇمراھدەك، پاسىق، پاجىر، ئەسكى، ئەبلەخلەرگە بۇزۇق، كۆڭلى قارا كىشىلەرگە، شەيتان ھەمرا بولۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ پاتقاققا پاتۇرىدۇ، ئاخىرى ھالاك بولۇپ، تۈگىشىدۇ، مانا بۇ شەيتاننىڭ نەتىجىسىدۇر.

پاكىز، گۈزەل جاينى پۇتۇن خەلق كېلىپ ساياھەت قىلغاندەك، ئۇ جاينى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغاندەك، ياخشى خۇيلۇق، ئەخلاقى ياخشى، ئوبدان بىلگەن تالىپقا ئالدىنى قىلىپ، تېخىمۇ كۆيۈنۈپ ئۆگىتىپ نەتىجە ھاسىل قىلغاندەك، ئەزەلدىن ياخشىنى ياخشى تاپقاندەك ھىدايەت تاپقان سالىھ كىشىلەرنى دائىم ئەلنىڭ غىمىنى يەيدىغان تۆھپىكار كىشىلەرنى، تەقۋادار پەرھىزكار، ئىپپەتلىك، ھايالىق كىشىلەرنى، ئالىملارنى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلارنى ئالغا قاراپ مېڭىشقا بىر ئىلھام بار، ئۇلار يول ئۈستىگە يول تاپىدۇ، ئەقىلگە ـ ئەقىل تاپىدۇ، تۇرۇپلا ئۇلار يېڭىدىن بىر كەشپىيات تاپىدۇ، يېڭى بىر ئىلىم ـ پەننى ئىجاد قىلىدۇ، ئۇلار تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. بۇ دەل پەرىشتىلەرنىڭ ئىلھامى، يول كۆرسىتىشى، چىداملىقلىقنى، سەۋرنى ئۆگىتىشىدۇر.

مانا مۇشۇ ئىككى پىرقە دائىم كۆرەش قىلىدۇ، بۇنىڭ باش سەۋەبچىسى ئاشۇ پەرىشتە ۋە شەيتاندۇر، بۇمۇ بىر ئەقلى دەلىل.

بەشىنچى، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئالىملار تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن مۇتەخەسسىلەرگە ئىشەنگەندەك، ئاچچىق دورىنى بېرىپ كېسىلىڭىز ساقىيىدۇ دېگەن دوختۇرغا ئىشەنگەندەك، پەيغەمبەرگە، كىتابقا ئىشىنىپلا قالماي تېخى ئەۋلىيالارغا، كارامىتى بار كىشىلەرگىمۇ ئىشىنىشىمىز لازىم، جۈملىدىن ئىمام غەززالى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ۋە باشقا ھەرقايسى يۇرتتىكى كىشىلەر، زاھىر ئالىملار، شەيخ، پىشۋالار، ئۇلارمۇ يالغان سۆزلىمەيدۇ، سۆزلىرىمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ بىلىمگە زىت ئەمەس، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىدى مال ـ دۇنيا ئەمەس ـ دە! شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان روھ بىلمى ئەمەلي تەجرىبە، ئامرىكا، گېرمانىيە، رۇسىيە، ياۋرۇپا قىتئەلىرىدە تارالغان، روھ ھازىر قىلىش ئەھۋالى سۇنئىي

ئۇسۇلدا توك ئارقىلىق، ماگنىتلىق ئۇخلىتىش بىلەن روھنى تەتقىق قىلىش، بىز بۇلارغىمۇ شەكسىز ئىشىنىشىمىز لازىمدۇر.

ئالتىنچى، ھەربىر مىللەت، ھەربىر دىن ئىگىسى ھەتتا كومىنىسلارمۇ ئۆلگەنلەرگە سۆز قىلىدۇ، روھقا ئاتاپ نەزىر قىلىدۇ، خاتىرجەملىك تىلەيدۇ، تېخى قەبرە بېشىدا سۆزلەپ كېتىدۇ، يامان، ئەسكى كىشى بولسىمۇ روھى قورۇنىدۇ، گۇناھ بولىدۇ دەپ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ، جەسەتتىن باشقا بىر ئالاھىدە مەخلۇق مەۋجۇت بولۇپ قالدى، ئۇ بولسىمۇ جەسەتتىن باشقا بىر مەخلۇق روھتۇر.

يەتتىنچى، ئاشۇ ئۆلۈك، جانسىز زەررىچە قانداق بولۇپ تىرىك ھەرىكەت ئىگىسى بولغان ھۈجەيرىگە مىكرۇپقا، گىنغا، ۋىرۇس، باكتېرىيىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئاشۇ ئىسپېرما ھۈجەيرىس دائىم تائامدىن كېلىدۇ، تائام بولسا پىشىشىق پىشۇرۇلغان، قايىنىتىلغان، ئۆلۈك بولىدۇ. ئەمما، ئاشۇ تېرىك جانلىق، ئىسپېرما ھۈجەيرىسى نەدىن ھاياتلىققا ئېرىشتى؟ دەسلەپتە بىرسى ئىككى بولىدۇ، بىر ھاياتلىق ئىككى بولىدۇ، قايسىسى ئاكىسى، ئاچىسى، قايسىسى ئىنىسى، سىڭلىسى ياكى ئاتىسى، ئانىسى، بالىسى بۇ بىر سىردۇر.

مانا بۇ يەردە بىر سىر بار، ئۇ ھاياتلىق، جان، روھ، نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدۇ، بىرلا جاۋاب، ماددىنى، ھادىسىنى، پەيدا قىلغۇچ ئاللاھ، خالىق بار، ئەلۋەتتە سۇرەتنى سىزغۇچى، شەكىللەندۈرگۈچى، ئاللاھ بار، ئاشۇ جان، روھنى، ھاياتلىقنى بەرگۈچى مەڭگۈ ئۆلمەس ھاياتلىق ئىگىسى ئاللاھ بار، بۇ ھازىرقى زاماندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىرلىق جاۋاب بولىدۇ.

سەككىزىنچى، بەزى كىشىلەر چۈشىدە ئاتىسىنى، ئانىسىنى ياكى بىرەر تۇققىنىنى ياكى ئۇستاز، دوستىنى كۆرىدۇ، ئۇلارغا پالانى جايغا بېرىپ مانداق نەرسە بار ئال ،مۇنداق قىل دەيدۇ، يول كۆرسىتىدۇ، ئالدىن بەزىسى ئىشلارغا بەلگە سىگنال بېرىدۇ، خەۋەر قىلىدۇ، ياكى چۈشتە بېشارەت، ئىلىم ئالىدۇ. ئۆز ئەينى راستىنى ئالدىن كۆرىدۇ، (توغرىسىنى الله بىلىدۇ) ئىش قىلىپ چۈش ئاساسى دەلىل ـ ئىسپاتنىڭ بىرسى بولىدۇ، چۈنكى، روھ ماشىنا ئادەمدىكى توك نۇرىغا ئوخشاش بولسا، ئادەم بەدىنىدىن روھنى ئازراق ئالسا بولۇپمۇ تاشقى زاھىردىن ئالسا، ئادەم ئۇخلايدۇ. ئەمما، چۈشىدە، باتىندا ھاياتلىق بار تىنىق بار، ئەمما كۆللى تارتىلسا، ئادەم ئۆلىدۇ خالاس. لېكىن، بۇ روھ، جان مەڭگۈ يوقالمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ماددىدەك مۇرەككەپ تەركىپ تاپمىغان، ھەم پارچىلانمايدۇ، شۇڭا ئۇ مەڭگۈدۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خاتىرجەم ئارام تاپىدۇ، پەقەت ئازابقا لايىق بولمىسىلا. ۋاقتى كەلگەندە قاپقا قاچىلانغان ئۇرۇقلاردىكى ھاياتلىق ھۈجەيرىسى كىلىشكەن يەردە قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ كۆكەرگەندەك ھەممە ھېساب بېرىشى ئۈچۈن تېرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ.

توققۇزىنچى، پەيغەمبەر، ئەۋلىيالاردىن باشقا، سوپىلار، پەيلاسوپلار، بۇنى جەزم ئىسپاتلىدى، مەشھۇر ئىمام، پەيلاسوپ، ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتلىغان، سوپىزىم ئەقدىسىنى توغرىلىغان، خۇراپات جايلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھۆكۈمەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن، نۇرغۇن كىتاب تۈزۈپ، ئەسەر قالدۇرغان، ئەمەلىي سىناق تەجرىبە ئېلىپ بارغان، نۇرغۇن تالىپلىرى بۇنى كۆرگەن، ھەم ئۇلارمۇ ئىشلىگەن، بۇلارنى ئاشۇ كىتابلىرىدىن بىلىشىمىز لازىم.

ئىمام رازىممۇ تەپسىردە بۇنى مۇقىم ئىسپاتلىغان، ئىھيائ دېگەن كىتابنىڭ **362** ـ بېتىدىمۇ بۇ ئىسپاتلانغان، پەيلاسوپ ئەپلاتۇنمۇ، سوقراتمۇ بۇلارغا ئىشىنىدۇ، تېخى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تېرىلىشىگىمۇ ئىشىنىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، «كىتابۇلئەرۋاھ» نى يازغان نۇرغۇن دەلىل ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن.

مۇشۇ تەپسىردىمۇ كۆپ سۆزلەيدۇ، بۇندىن كېيىن بىز يەنە سۆزلەپ ئۆتىمىز، تېخى بۇ كىشى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ روھنى ھازىر قىلغانلىقنى بىر قانچە مەسىلىنى سورىغانلىقنى دېگەن، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن ساھاسىدە مەشھۇر پەيلاسوپ، ئەنگلىيە تەبىئەت ئالىمى لوردئولىپىرلودىچمۇ مۇنداق دېگەن، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەر، ئالىملار ئالدىدا خاپ قىلىپ، بىز پەقەت قۇرۇق جازا، جىسىم ئەمەس، ماددىلار ئەمەس، بەلكى بىز ماددىدىن سۇرەت شەكلىدىن ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن ئەقىل، تەپەككۇر، ئاڭ، روھ، ھېسسىيات، چۈش ۋاھاكازالاردىن تەركىپ تاپقان، روھ مەۋجۇت ئەمەس دېگەن كىشى ئۆزىنى ئۆلۈك دېگەن

بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار ئۆلۈككە، ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئىنسانلاردا ئاشۇ روھ، جان بولغاچقا بۇلار دائىم ئاشۇ روھنىڭ ئالىي ماكانغا ئۆرلەشكە تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، ئاشۇ سىرلىق دۇنيانى چۈشىنىشكە، بىر كۆرۈشكە تەشنا بولىدۇ، تىبخى بۇلار ئۇ جايغا تەييارلىق قىلىدۇ، بەزىلىرى قاتتىق قورقىدۇ، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىدۇ، ئاندىن بۇ روھى دۇنيا خىلى ئۇزۇنغىچە سىر بولۇپ قالىدۇ، ئەزەلدىن يوق نەرسە تەسىر قىلالمايدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئىنسانلارغا بۇ روھ نىمە ئۈچۈن چوڭ تەسىر قىلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بەزىلەرنى ساقچى، بەزىلەرنى قاتىل قىلىۋېتىدۇ، بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟ نىمە ئۈچۈن روھى كەيپىياتتا ئۆزگىرىش بولىدۇ، نىمە ئۈچۈن روھى يەڭگىللىك، روھىي بىسىم، روھىي ئازاب، روھى جەھەتتىكى خاتىرجەملىك بولىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئاشۇ روھ سەۋەبىدىن بىز تەرەققىي قىلىمىز، ھەم بۇ چوڭقۇر سىرلىق دۇنياغا كىرىپ كېتىمىز، نىمە ئۈچۈن بۇنى تەپەككۇر قىلىپ تەتقىق قىلىمىز؟ ئەگەر ئۇ روھ بولمىسا، ھازىرقىدەك مۇشۇنداق دە ـ تالاشلار، ئىختىلاپلار، بەس ـ مۇنازىرىلار نەدىن كەلدى؟، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟ چۈش، روھ، ئىلھام بۇ ئېنىق پاكىتقۇ،؟ روھى جەھەتتىن داۋالاش ياكى ئاغرىتىپ كىسەل قىلىش، قورقۇتۇش نىمە ئىش؟

مانا مەن روھقا چوقۇم ئىشىنىمەن، چۈنكى، ئاشۇ جەسەت، ماددا يوقالمايدىيۇ، ئۇنىڭ پادىشاھى، گۈللەندۈرگۈچىسى، ھاياتى كۈچى بولغان روھ مەڭگۈ يوقالمايدۇ، شۇڭلاشقا مەن بىر ئىشنى ئۇختۇرىمەنكى، مەن يېقىن بۇرادەرلىرىم، دوستلىرۇمدىن، ساۋاقداشلىرىمدىن، ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن مۇناجات قىلىشتىم، سۆزلەشتىم، بىلىم ئالدىم، ۋەسىيىتىنى بىجەردىم، بۇ ئەمەلىي ئەلىم ـ پەن بولۇپ قالدى، دىگەن ئىدى، بۇ سۆزگە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قەبرىگە كىرىپ، قەبرىدىكى كىشىگە سۆز قىلىشى، ئۇ كىشىنىڭ جاۋاب بېرىشى دەلىل بولىدۇ، بۇنى تەپسىر مۇنىرمۇ كەلتۈرگەن. ئىبنى كەسىردىمۇ بار.

كارامەت بايان قىلغان كىتابلاردا بۇ كۆپتۇر، بىز بۇلارنى يۇقىرىدىمۇ كۆپ سۆزلىگەن ئىدۇق، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئىنساندا ئىككى ھالەت بار، بىرى جىسمانى ھالەت، بۇنىڭ بىلەن زىرائەت تېرىيدۇ، پىشسا ئورىدۇ، سوقۇپ يەيدۇ، تىجارەت قىلىدۇ، بىلىم ئالىدۇ، يەپ ـ ئىچىش، كېيىنىش، ئىرادە، تەكلىپ مۇشەققەت ئەمەلنى قىلىدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كىسەل بولىدۇ، قېرىيدۇ، ئاخىرىدا يەنە پارچىلىنىدۇ. يەنە بىرسى بولسا، روھى ھالەت، بۇ ئەمەللەرنى، مۇشەققەتسىز تەكلىپ، ئىرادىسىزلا بەلكى، كۈچلۈك ئەزلىدىكى ئىرادە، پىكىر، ئوي ـ خىيال، قەس بىلەن قىلالايدۇ، چۈنكى، روھ ئايرىم مەخلۇق، ئۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن باشقا بىر دۇنيا ئۇنى بىز ھېس قىلالمايمىز.

بىز چۈشكە قاراپ باقايلى، ئازارىيىش، يىغلاش، كۈلۈش، راھەت ـ لەززەتلىنىش، ئىچىش، كىيىش، بېرىش ـ كېلىش، بىر نەرسىنى كۆتۈرۈش، ھەرىكەت قىلىش، ھەممە ئىش بار، ئەمما بىز بولۇپمۇ تەن، جەسەت ھارمايدۇ، جەسەت ھارسىمۇ تەن قورقسىمۇ روھ ھارمايدۇ، خۇددى قەلب، يۈرەك ھارمىغاندەك، مانا بۇ روھنىڭ پائالىيتى پەرىشتە، جىن، شەيتان، ئۆلۈكلەر روھى، بىر تەبىقىدە پەرىشتىلەر ئەڭ ئالىيسى، پاك، گۇناھسىزلىرى، بۇلارغا سالىھلار ماقامىغا يەتكەنلەرنىڭ روھى يېقىن كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ پەرىشگە ئوخشاشتۇر، جىنلار بىر نەچچە قىسىم بولىدۇ، بۇنى بىز كېيىن سۆزلەيمىز، پەرىشتە بولسا، ئەرشنى كۆتۈرۈشكە، ئاسمان ئىشلىرىغا مەخسۇس، ئىبادەتكە ياكى لەۋھۇلمەھپۇزغا ياكى ئىنسانلارنىڭ ئىش ئەمەللىرىنى خاتىرلەشكە مەسئۇل، پۈتۈن كائىنان ئىشلىرىغا، جان ئېلىشقا، بېرىشكە، دۇنيانى، پۈتۈن ئالەمنى، ئۇلاردىكى ھادىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھېساب ـ كىتاب قىلىش، شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىش، ياردەمنى ۋاقتىدا ھەقگە بېرىش، ۋاھاكازالار. شەيتان ئىنتايىن سەت نەرسە، بىشى بەكمۇ سەت، ئۇ لەنەت قىلىنغان، سۈرىتى ئۆزگەرگەن، ئۇ دائىم ۋەسۋەسە بىلەن ئازدۇرۇش بىلەن بولىدۇ، قىيامەتكىچە ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭ باللىرىنى بار، قوشۇنى، قەبىلىسى، ئەسكەرلىرى بار، ھەرخىل كارامەتلىرى بار، بۇلارنى قۇرئان كىتابىدىن، ھەدىستىن بىلىش لازىم، يەنە نۇرغۇن ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلەردىن بىلىش لازىم. ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزە، كارامەت، پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزە بولىدۇ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ھەق دىنغا چاقىرىدۇ، ئەۋلىيالارمۇ شۇنداق، ئەۋلىيالارغا كارامەت بولىدۇ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما شەيتان، دەججاللاردەكلەرگە، جىنكەش، باشقىلارغا گۇناھنى زىيادە قىلىپ تەدرىجي بابلاش بولىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ سىناق

دۇنيا، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراقتا تارتىلمايدۇ، بەندىلەر سوراقتا تارتىلىدۇ، دېگەن.

تەنتاۋى يەنە مۇنداق دېگەن: روھ تەتقىق قىلىشقان ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدە ئاجايىپ سىرلىق ئىشلار، ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ، پەقەت ھازىرقى ئىلىم، تەجرىبە ۋە ئەقىل، تەپەككۇر بىلەن بىلىنىدۇ، ھازىر روھ ئىلمى ئاشكارا بولدى، بۇ ئىشلار ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلارنى تخىمۇ مۇرەككەپ چىگىشتۇەتتى، ئەگەر سەن مېنىڭ تۈزگەن «كىتابۇلئەرۋاھ» روھ توغرىسىدىكى كىتابىمنى كۆرسەڭ، ئۇندىن باشقا دوستىمىز مۇھەممەد تۈزگەن ھازىرقى زامان روھ ئىلمىنى كۆرسەڭ ئۇندىن باشقا روھانى مەزھەپلەرنى، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلارنى ئەمەلىيەتتىن كۆرەتتىڭ، ئۆزۈڭ سىناق قىلاتتىڭ، بۇلارغا ئىشەنمىسەڭ، شەك قىلساڭ، ئاللاھنىڭ سۆزىگە، قۇدرىتىگە، كارامات بېرىشىگە شەك قىلغان بولىسەن، ئەمەلىيەتتە مەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۈملىدىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن پەيلاسوپ، ھۆكۈمائ، دوكتۇر، ئالىملارنى كۆردۈم، ئۇلار قىلچە شەك قىلمىغان ھالدا بۇ سىرنى بۇ سۆزلەرنى تارتىنماي سۆزلەپ يۈرىدۇ، تېخى مەن نۇرغۇن ۋاستىچىلارنىڭ قولىدا روھ ھازىر قىلغان گۈل ـ گىياھ، مېۋە ـ چېۋە، كىيىملەرنى كۆردۈم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. روھدىن بۇنى نەدىن ھازىر قىلدىڭ دەپ سورالسا، ئۇلار ئۆز چارىسى بىلەن مۇنداق ئۇقتۇردى.

بىز بۇ مېۋىلەرنى بۇ نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلەرنىڭ زېمىنىڭلاردىن ھازىر قىلدۇق، چۈنكى، سىلەر باشقا زېمىنغا، باشقا زېمىن سىلەرگە مۇناسىپ، ماس كەلمەيدۇ، دېگەن، تېخى نۇرغۇن سۆز، سوئال ـ جاۋابلار بار. بۇنى بىز كېيىنكى قىسىملاردا سۆزلەپ بېرىمىز.

بۇ ئىشلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە پۇر كەتتى، ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۇلار يەنى روھ ھازىر قىلغانلارنى، بۇ ئىشنى پەيغەمبەرلەر مۆجىزە دەپ ئاتىغان بولسا، ئەۋلىيالار، كارامەت دېگەن، جىن، ئالۋاستى دېگەن بولسا، بىز نېمە دېسەك بولار دەپ ئاخىرى ئۇلار بۇنى ماگنىتلىق ئادەم ئۇخلىتىش دەپ ئىسىم قويىغاندۇر. بەزىلەر، ھىندىلارنىڭ يۇرتىدا قىزىقارلىق ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرگەن، ھەممە كىشىلەر قۇم ئۈستىدە چۆرىدەپ ئولتۇرغان، ھەر قايىسسى بىردىن خىيال، تەپەككۇر سۈرگەن، ھىندىلاردىن بىرسى ھاسىنى تاشلاپ قويغان، ئەمەلىيەتتە ھېلىقى ھاسا ئۇلارنىڭ خىيالىنى، تەپەككۇرىنى قۇمغا خەت قىلىپ يازغان، بۇ ئاشۇ روھتۇر، ئۇلار ھېلىقى كىشىدىن بۇنى سورىغاندا ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن.

ئۇلاردا بىزگە ئالاھىدە تەلىم ـ تەربىيە، ئىبادەت ئۇسۇللىرى بار. بىزگە مول تۇرمۇش، ھارام قىلىنىدۇ، بىز زاھىدلىق بىلەن ياشايمىز، ئەزەلدىن ئايالّلارنى ئۆيلەپمۇ قويمايمىز، يېقىن يولمايمىز، قورساقنى لىق تويغازمايمىز، چۈنكى، روھ، ماددىلار بىلەن شەھۋەت بىلەن نىجاسەت بىلەن قاراڭغۇ ـ زۇلمەت بىلەن خوشى يوق، بىز مۇشۇ ئارقىلىق ئەجدادىمىزنىڭ روھىنى بىردىن تەپەككۇر، سۈكۈت ئارقىلىق تارتىش كۈچى، ماگنىت ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ھازىر قىلىمىز دېگەن، مانا بۇ قائىدە ـ قانۇن، پىرىنسىپ ـ تۈزۈملەر ئىسلام دىنىدىكى سوپىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئارىلىقىدا زادى ئالاقە يوق، قانداقسىگە ئىككىدىن مەزھەپ بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالدى؟ بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ خالىي بولۇشى، سۈكۈتتە تۇرۇشى، بىزنىڭ شەرئىتىمىز، ئاللاھقا ئاشىق بولۇشنى مۇھەببەت باغلاشنى، مۇكاپاتنى، ئاخىرەتتە ئېلىشنى بەلگىلىگەن، شۇنداقتىمۇ بۇنى سىناپ كۆرۈپ، ئۆزىنى باشقىلارنى، تەرەققىي قىلدۇرسا بولۇپمۇ مۇشۇ جاھالەت دەۋرىدە مۆجىزە، كارامەت تاپسا، يەنىلا ئاخىرەتنى كۆزلىسە ئاللاھنىڭ دىدارىنى كۆزلىسە دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەممە كىشىدە ھەممە جايدا، ھەر ۋاقىت يۈز بەرمەيدۇ.

بۇ تىمىدىكى سۆزىمىزنى سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ «فىزىلال قۇرئان» دېگەن تەپسىرىدىكى نەزەرىيىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى سۆزلەپ بەرمىگەن ھەرقانداق بىر قىياس ۋە ئىلىم، نەتىجە ئىشەنچىسىز بولىدۇ، ئۇ خاتاسىنىمۇ، راستىنىمۇ قوبۇل قىلىپ قويىدۇ، كېيىن تۈزىتىش كىرگۈزگىلى سالىدۇ، قۇرئان بولسا، بۇنىڭدىن مەڭگۈ خالىدۇر، چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى، ئەرىش كۇرسى، پەرىشتە، جىن، روھ، غەيىپ توغرىسىدا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سۆزىدىن باشقىسى ھەقىقىي بولمايدۇ، بۇ ئىنسانلاردىن ئايرىم بىر دۇنيا، باشقا بىر ئالەم، ئىلاھى ئالەم، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ بىلىمى چەكلىك، ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسان چوقۇم تۇرىدىغان چەك ـ

چېگرادا تۇرۇشى لازىم. ئۇ ئارتۇق تەپەككۇر قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بۇ چېگرىدىن ئۆتسە خاتالىشىدۇ، ئازىدۇ، ئۆزىنىمۇ، باشقىنىمۇ ئازدۇرىدۇ، ئىنساننىڭ بىلىمى، تەرەققىياتىنى تورمۇزلايدىغان، توختىتىدىغان بىر چېگرا لازىمدۇر. شۇڭلاشقا ئىنسان بۇ يەردە چوقۇم توختىتىشى، تاجاۋۇز قىلماسلىقى لازىمدۇر. ئىمان ئېيتىشى، ئېتىقاد قىلىشى لازىم، چۈنكى، پايدىسى يوق ھېچ ئەھمىيىتى يوقتۇر. گېپىمىزنى خۇلاسە قىلساق، بىز، ئاللاھ، قۇرئان، پەيغەمبەر، ئەۋلىيا، ئالىملار يكّبى ئىلىم ـ پەن ۋاھاكازالار، بىلەن چوقۇم قانائەتلىنىشىمىز لازىم چىن قەلبىدىن ئىتىقاد قىلىشىمىز، ئىشىنىشىمىز لازىم توختايدىغان چېگرادا توختىتىشىمىز لازىم، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىزگە پايدا يوق، پايدا بولسا، ئاللاھ چوقۇم سۆزلەپ بېرەتتى، ئەلچە ئەۋەتكەن، كىتاب چۈشۈرگەن، قىسقىسى ياراتقان ئاللاھ ئۇ بىلمىنى ئايمايتتى، شۇڭا بىز ئىمان كەلتۈرىمىز، ئىشىنىمىز، ئاخىرىنى سۈرۈشتە قىلمايمىز، ھېكمەت، ھۆكۈم ئاللاھقا خاس، بۇ سىناق دۇنيا، سىناق دېگەن شۇ يوشۇرۇن بولىدۇ، بىز بۇنىڭدىن ئارتۇق دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرەلمەيمىز، چۈنكى، ئەمدى بىز پەقەت بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاشكارا قىلالمايمىز، خالاس، قالغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى سۆزلىدۇق، ئەقىل، تەپەككۇر بولغاندىكىن ئويلىنىپ مىڭە ئىشلىتىڭ، سىزمۇ ئاشۇ مىڭگىزىدىكى **14** ملىياردتىن ئارتۇق نېرۋا ھۈجەيرىسىدىن ھېساب بېرىسىز، غەيىبكە ئىشىنىپ سىناقدىن ئۆتسە ساۋاب، مۇكاپات ئالىدۇ، ئىنكار قىلسا، تانسا، بۇ دەلىل ـ ئىسپاتلارنى رەت قىلسا، جازاسى ئۆزىگە، ئاللاھ ئەكبەر!!

سۈرە ئال ئىمران **144** ـ **150** ـ ئايەت

﴿ولله مافي السماوات وما في الآرض﴾

پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكى، مەخلۇقاتلىرىدۇر، بۇ ئايەت قۇرئاندا نىمە ئۈچۈن كۆپ ئورۇندا كېلىدۇ؟

بۇ ئايەتتە ۋە بۇنىڭ ئوخشىشىدا نۇرغۇن ھېكمەت بار، مەسىلەن، ئاللاھ، ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ۋەھالەنكى ئۇ ئاسمان گاز، تۇمان ھالەتتە ئىدى، دېگەن ئايەتتە، پۈتۈن كائىناتنىڭ ھادىسىسى، مەخلۇق ئىكەنلىكى ئۇنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى خالىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇنداق ئايەت بەزىدە پۈتۈن ھاياتلىقنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى بەزىدە بولسا، ئاللاھنىڭ قۇدرەت، رەھمەتلىرىنى، بەزىدە بولسا، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىنى بەزىدە بولسا، پۈتۈن ئالەمنىڭ يوقلۇپ، ئاللاھنىڭلا قالىدىغىنىنى بىر باشقۇچ بىر باسقۇچدىن كۆچۈشىنى ئىسپاتلايدۇ.

بەزىدە بولسا، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسە ھەتتا زەررىچىلەرمۇ ئۇنىڭدىن كىچىك ۋە چوڭ، ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلمىدا، كىتابىدا يېزىلغان دېگەننى، ئىلمىنىڭ چەكسىز مول كەڭرىلىكى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغىننى، ئىسپاتلايدۇ، بەزىدە ئادىللىقىنى زۇلۇم قىلماسلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىز بۇ يەردە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى، بىلىم ـ ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، ئاسمان ـ زېمىن توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشىماس ئۇسلۇبدا بايان قىلىمىز. ئالەم، ئالەم بوشلۇقى، ئاسمان ـ زېمىن توغرىسىدىكى سۆزلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، جامالى، كامالى، ساناائىتى، ھېكمىتى، ئىلمىنىڭ كەڭرى، چەكسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى بۇ گۈزەل كائىناتقا قاراشقا، تەپەككۇر قىلىشقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىمىز، چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئاندا ئاللاھ سىلەرگە زېمىندىكى نەرسىلەرنى ھەممىسىنى مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن يارىتىپ بەردى دېگەن، ئەمدى بىز ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، مۈلكى، ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى سۆزلەيمىز.

مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى، پەيلاسوپ، پىلامرىيون مۇنداق دېگەن:

بىز ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى، بىلىم ۋە تەسەۋۋۇرى، ملىيارتلىغان قۇياش سىستېمىسىدىن چەكسىز كەتكەن، يولتۇز، سىستېمىسىدىن، بۇ ئالەم بوشلۇقىدىن مەڭگۈ چەتنەپ، ھالقىپ كېتەلمەيدىكەن دېگەن، بۇ سۆزدىن شۇنى بىلىۋالىمىزكى بىرەر قاتناش قورالى ياكى كۆزۈتۈش ئەسۋابى، بۇ ئالەمنىڭ جۇملىدىن

ئاشۇ يۇلتۇز سىستېمىسىدىن چىقىپ كېتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇنى تولۇق تاپالمايدۇ، يېنىغىمۇ بارالمايدۇ، ھەم ئەقىل تەپەككۇرىمۇ يېتىپ بارالمىغان، ئۇنداقتا قالغان ئالتە ئاسمان كۇرسى، ئەرشتە سەككىز جەننەت، 70 نۇر پەردىلەر

ئالالاھنىڭ زاتىنىلا ئەمەس، بەلكى مەخلۇقلىرىنىمۇ ئەقىل قورشىيالمايدۇ، ھەم خىيال، تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئالالاھ نېمە دېگەن ئۇلۇغ، بۈيۈك ھە! ئەلۋەتتە ھەممە پۈتۈن مەخلۇق، ئالالاھنىڭ ﴿كُنْ﴾ ۋۇجۇدقا كەل دېگەن سۆزىدۇر، مانا سەنمۇ، مەنمۇ پۈتۈن كائىناتمۇ، ئاشۇ لەۋزىسىز، ھەرپسىز، ھاۋاسىز ھادىسە بولمىغان ئاشۇ قۇدرەتلىك بىر جۈملە سۆزدۇر، ئالالاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىۋېتىپ ئاندىن يارىتىدۇ، ئۇ بىرەر مەخلۇقنى يارىتىپ ئاندىن خالىق بولۇپ، قالغان ئەمەس، ئەزەلدىن خالىق ئىدى، ئەزەلدە رەززاق ئىدى، ھەممە ئىسىم ـ سۈپىتى ئەزەلدە بار ئىدى، ئۇ ئەۋۋەل مۇقەددەم ئەزەلدىن ئەزەل ۋە ئەبەدىي ـ ئەبەد، مەڭگۈ مەۋجۇدتۇر، ئۆزگىرىش تاپمايدۇ.

يەرشارى، چەكسىز كەتكەن بۇ ئالەم، بوشلۇقىدىكى بىر تال زەررىچىلىك نەرسە، كەلگۈسىدە ئىنسانلار ئۇزۇن يىل ياشاپ تەرەققىي قىلسا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالەم قاتنىشى، نۇر تېزلىكىگە يەتسە يەنى بىر سېكۇنتتا 300000 كىلومېتىر تېزلىككە يەتسە، بۇ تار، كىچىككىنە زېمىننى تالشىپ، جېدەل ـ ماجرا قىلىشماي، باشقا پىلانېتلارغا يۈرۈش قىلىدۇ، ئاۋۋال بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان بىزدىن يەقەت 389 مىڭ كىلومېتىرلا نېرىدا تۇرۋاتقان ئاي شارىغا كۆچۈپ بارىدۇ، نۇر تېزلىكى بىلەن ماڭغاندا ئۇ يىراق جايغا نەچچە سېكۇنتتىلا يېتىپ بارىدۇ، ئايغا چىقىپ زېمىنغا قارىسا، ئايدىن يەنى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق چوڭ بىر ئاينى كۆرىدۇ، چۈنكى، ئاي زېمىننىڭ 1/4گە تەڭ، زېمىن ئايدىن ئۈچ ھەسسە چوڭ كۆرۈنىدۇ، قۇياش نۇرىنى، دېڭىزلار، مۇز تاغلار، قۇم بارخانلىرى، ئايغا قايتۇرىدۇ دە، دائىم ھالدا تۇلۇن ئاينى كۆرەلەيدۇ، ئەلۋەتتە ھازىر باشقا پىلانىتقا چىقىپ زېمىننى سۈرەتكە تارتتى، بۇنىڭ كۆرۈنۈشى پۈتۈن جۇغراپىيە، ئالەم ئىلمى قىسىملىرىدا كۆرۈلىدۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرىمۇ بار.

ئەگەر، ئاي شارىدا ھاياتلىق بولمىسا، ياشاشقا ئامال بولمىسا، مارىسقا كۆچىمىز، مارىس بىزدىن 60 ملیون كىلومېتىر يىراقتا تۇرىدۇ، مارىس زېمىندىن ئازراق كىچىكرەك، مارىستا زېمىندىكى ماددىلاردىن 14ى تېپىلدى، بۇندىن كېيىن يەنە تېپىلىدۇ، زېمىن ھاۋاسىدىن سال شالاڭراق، ئىنشائاللاھ، بىز مارىسقا يېتىپ بارساق، ئەگەر ئۇ جايدا ھاياتلىق بولسا، ئۇلارنى كۆرەلەيمىز. ھازىرچە بۇنى ئىسپاتلىمىدى، ھەم ھاياتلىق بار دەپ قارىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا دىنى ئالىملار قۇرئاندىن دەلىل ـ ئىلىپ، مارىستا بولمىسىمۇ باشقا پىلانىتلاردا چوقۇم ھاياتلىق بار دەپ ھۆكۈم قىلغان، بۇنى بىز كېيىن ئايەت بىلەن ئىسپاتلايمىز، سۆزنى شۇ يەرگە قويۇپ، مارىسقا چىققان كىشىلەر مۇشۇ يەرشارىنى بىر زۆھرە يۇلتۇزنى كۆرگەندەك كۆرىدۇ، ئۇلارغا بۇ زېمىن يۇلتۇزدەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى، بۇمۇ نۇر قايتۇرىدۇ، ئالىملار ھازىرچە مارىستا ھاياتلىق مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ھاۋاسى ئىنتايىن زىچ، بەزى يېرى شالاڭ، بۇ يەرشارىدىكى كىشىلەرگە ماس كەلمەيدۇ، دېگەن. ئەمما ئۇزىگە لايىق ھاياتلىق بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنى بىز كۆرەلمەيمىز، خۇددى ھۇجەيرىنى كۆرمىگەندەك جىن، روھمۇ شۇ. مارىستا ئېغىرلىقمۇ، سۈرئەتمۇ، بېسىممۇ، زېمىندىن خېلى پەرق قىلىدۇ، زېمىندا 200 كىلوگرام كەلگەن كىشى مارىستا ئاران 75 كىلوگرام كېلىدۇ، مارىستا ئۈستىدىن چۈشكەن جىسىم بىر سېكۇنتتىغا بىر مېتىر 84 سانتا تېزلىك بىلەن چۈشىدۇ، يەرشارىدا بولسا بەش مېتىر تېزلىك بىلەن چۈشىدۇ، چۈنكى، يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى كۈچلۈك، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئۇ قۇياشقا بەك يېقىن، ئەمما ئۇ جاي سوغۇقمۇ ئەمەس، بەك ئىسسىقمۇ ئەمەس، ئاندىن كېيىن بىز ساتۇرنغا ئۆتىمىز ئۇ بىزدىن، بولۇپمۇ قۇياشتىن 882 ملیون مىيل يىراقتا تۇرىدۇ، ئۇ جايغا نۇر تېزلىكى بىلەن 7 مىنۇتتا يېتىپ بارىمىز، ساتۇرۇن ھەجمى يەرشارى ھەجمىدىن 745 ھەسسە چوڭ، ساتۇرۇندىكى بىر يىلى يەر شارىنىڭ 29 يىلىغا تەڭ. بۇنىڭ توققۇز ھەمراھى بولۇپ ئۇنى تېلىسكوپىدا كۆرگىلى بولىدۇ، بىز مانا مۇشۇنداق بىرمۇ ـ بىر پىلانىت ئارا ماڭىمىز، نەچچە يۈزمىڭ پىلانىتنى، يۇلتۇزنى ساياھەت قىلىمىز، بىز ئەقلا نامىلىق يۇلتۇزغىمۇ بارىمىز تېخى، چۈنكى، ئۇ بىزدىن قۇياشقا نىسبەتەن 276 مىڭ ھەسسە يىراقتا تۇرىدۇ، سائىتىگە 60 كىلومىتىر تېزلىكتە ماڭغان پويىز ئۇنىڭغا 75 ملیون يىلدا يېتىپ بارالايدۇ.

باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئۇ جايغا بىر مىليون **500** مىڭ يىلدا يېتىپ بارالايدۇ، ئەگەر ئۇ جايدا زور كۆلەمدە پارتىلاش يۈز بەرسە، بىز ئۇ پارتىلاشنى ئۈچ مىليون يىلدىن كېيىن ئاڭلايمىز، ئاۋاز ئاشۇ مىقداردا بىزگە يېتىپ كېلىدۇ، بىز شۇنداق قىلىپ **100** مىليارتلىغان يۇلتۇزغا، پىلانىتلارغا بارىمىز، ھەتتا بىز نۇر تېزلىكىدە سېكۇنتىغا **300000** مىڭ كىلومېتىر تېزلىكىدە ماڭساق، **6520** يىلدا ئاران بارغىلى بولىدىغان يولتۇز ۋە ئۇنىڭ پىلانىت ھەمراھى بار جايغا بارالايمىز، ئاندىن بىز بۇ چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدا نۇرغۇن يېڭى ئالەملەرنى بايقايمىز، ھەممىسى يۇلتۇز سىستېمىسى بىلەن تۈزۈلگەن بولىدۇ، شۇ چاغدا بىز بۇ زېمىننى سامان يولى سىستېمىسىدىكى بىر تال زەررىچە دەپ بىلىمىز، ھەتتا تېلىسكوپىتمۇ كۆرەلمەي قالىمىز تېخى، ئاندىن بىز مۇشۇ ئۇسۇلدا سەپەر قىلساق سامان يولى سىستېمىسىدىن باشقا بىر يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى، گالاكسەلەر ۋە باشقا يۇلتۇز سىستېمىسىغا يېتىپ بارىمىز. سانسىزلىغان يۇلتۇز ، پىلانىت، زېمىنلارنى كۆرەلەيمىز، بىر مىليون، مىليارت، تېرلىيون يىللاپ ياشىساقمۇ بەزى يۇلتۇزلارغا يېقىنمۇ بارالمايمىز، شۇڭلاشقا پىلامرىيۇن بۇ ئالەمنى چەكسىز دېگەن ئىدى، ئەمما بۇ ئاللاھقا ئاسان، ئاللاھقا يوقلاڭ نەرسىدۇر.

پۈتۈن يەتتە ئاسمان كۇرسى بىلەن قېتىلىپ ئەرشكە نىسبەتەن بىپايان زېمىندىكى بىر تال ئۈزۈكتەكلا ، ھەممە، ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىلمى ئىچىدە تۇرىدۇ، بىز ياشاۋاتقان يەرشارىدەك زېمىندىن سامان يولى سىستېمىسىدا **300** مىليوننى تاپتى، يەنە تېپىلىدۇ، ئاخىرى ئىنسان چەك ـ چېگرادا توختاپ قالدى، ئەقلى تەپەككۇرى ھەيران قالدى، نۇرغۇن ئالىملار پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قۇرئاننى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئىسلامغا كىردى، نۇرغۇن جاھىللار، بىز تېخى يەنە تەتقىق قىلىمىز دەپ ئالدىنىپ ئۆلۈم بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى، خالاس. ئاشۇ ئالەملەر ھادىسىدۇر، پەيدا بولغاندۇر، چۈنكى، ئۇ ھادىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ھادىسىدۇر، ئۇنداقتا بۇنى كىم پەيدا قىلدى؟ شۇنچە كۆپ يۇلتۇز سىستېمىسىدا شۇنچە كۆپ زېمىنلار ئىچىدىن قانداق بولۇپ، بىزنىڭ يەرشارىمىز ھاياتلىققا تولغان؟ بۇ ھاياتلىق قانداق پەيدا بولغان؟ كىم بەرگەن، يەنە كىم ئېلىۋاتىدۇ؟ باشقىلار باشقىلار باشق زېمىنلار بىكار تۇرامدۇ؟ ياق ئۇ يەنىلا بىزگە خىزمەت قىلىدۇ، بىز ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق، بويسۇنغاندۇر، ئەجىبا بۇ زېمىن قۇياشتىن ئايرىلغاندا، ھەممە پىلانىتتىن كۆپ ماددىنى ئايرىپ ئېلىپتۇغۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا پىلانىتتا بۇ **110** ماددا، ئېلېمېنت يوق؟ بۇنى كىم تەڭشەپ ئايرىغان، كىم ئاشۇ سىستېمىلارنى، ئوربىتىلارنى پۇختا ئىنتىزامغا سالدى؟ كىم بۇنىڭغا تارتىش كۈچى بەردى، بۇرۇن، ھازىر، كەلگۈسىدە كىم بۇنى باشقۇرىدۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا ھالاك بولۇپ ھەممىسى تۈگىشىدۇ؟ قانداق بولۇپ نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى قىيامەت قايىم دېگەن نەزەرىيە مانا ئەمدى راسقا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنى ئۇلار قانداق ئىسپاتلىغان؟ مانا بۇ سوئاللارغا ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

شۇڭا بىز ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەن بۇ قۇرئاننى، تەپسىرىنى ئوقۇشىمىز، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىمىز، پۈتۈن سوئالغا جاۋاب تېپىپ قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم.

# سۈرە ئال ئىمران

بسم الله الرحمن الرحيم

دوزاخ ۋە جەننەتدىن ئىبارەت ئاخىرەت دۇنياسىنىڭ يەرشارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

ئاخىرەت دۇنياسى بىز ئويلىغاندەك بىزدىن بەك يىراق ئەمەس، ئۇ بىزگە يېقىن بولغاچقا دائىم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ئىككى دۇنيا ئوتتۇرىسى زىچ باغلانغان بۇ دۇنيا بولسا، ئاخىرەتنىڭ باشلىنىشى خالاس، كىشى بۇ زېمىندا پەيدا بولىدىمۇ مەڭگۈ يوقالمايدۇ، بۇ ھاياتلىقىدىن يۆتكىلىپ ھاياتى بەرزەخ قەبرە ئىچىگە كىرىدۇ، ئاندىن تېرىلىپ مەڭگۈلۈك جايغا يۆتكىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ئارىلىق يەنىلا بەك يېقىن، بۇنىڭ بىرقانچە دەلىلى بار.

بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققاندا، يەتتە ئاسماندا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى جۈملىدىن مەشھۇر پەيغەمبەرنى كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر، شېھىد، سالىھلارنىڭ روھى جەننەتتە بولىدۇ دېگەن، ئۇنداقتا ئاشۇ جاي ئاشۇ يەتتە ئاسمان جەننەتمۇ؟ ياكى جەننەت شۇمۇ؟ جەننەت ھەققەت ئاسماندا ئۈستۈندە بولىدۇ.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دېڭىز، جەھەننەمدىدۇر.

ئۈچىنچى، ئىبنى ئابباس، مۇنداق دېگەن: ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان دېڭىز كېيىن جەھەننەم بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئابدۇللا ئىبنى سالام، ھەقىقەتەن جەننەت ئاسماندا، دوزاخ زېمىندا دېگەن.

بەشىنچى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر يەھۇدىيغا جاۋاب بېرىپ، جەھەننەم دېڭىزدا بولىدۇ، دېگەن. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەستىق قىلغان.

ئالتىنچى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زېمىن شۇ كۈندە ئوتقا ئايلىنىدۇ، جەننەت ئاشۇ ئوتنىڭ كەينىدە، ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار، ئەرش سايىسىدا بولىدۇ دېگەن.

يەتتىنچى، ئاللاھ، قۇرئاندا، كاپىرلار روھى ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكى ئېچىلمايدۇ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئۇلارغا ئاسمان يىغلىمايدۇ، دېگەن. بەلكى ئۇلار ئەڭ تۆۋەن جايغا قايتۇرۇلىدۇ، ئەمما مۆئمىنلەر بولسا، روھلىرى يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، جەننەتتە ساياھەت قىلىدۇ دېگەن. ھەدىسلەردىمۇ شۇنداق كەلگەن.

سەككىزىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: ھارارەت، جەھەننەمنىڭ زەھرى، پىشىن نامىزىنى سوۋۇتۇپ ئوقۇڭلار، جەھەننەمنىڭ ئىككى تىنىقى بار، بىرى ياز، بىرى قىشتا دېگەن، ئەلۋەتتە ئىسسىق ـ سوغۇققا تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئوتلۇق جاي بىزنىڭ دۇنيادىكى ئوتىمىز جەھەننەمنىڭ ئوتلىرىدىن 1/70نىڭ بىرىسى خالاس، ئۇ 69 ھەسسە ئارتۇق.

توققۇزىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇ زېمىننى كۆپ ۋاقىتتا ئاخىرەتكە ئوخشىتىدۇ، سېلىشتۇرۇپ نىسبەتلەشتۈرىدۇ. مىسال: ھەققەتەن بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا سىلەرنىڭ بىرىڭلار بارمىقىنى يىڭگە سېلىپ ئالغانچىلىك ئىش دېگەن، دوزاختىن چىقىپ ئاخىرىدا جەننەتكە كىرىدىغان كىشى ئۈچۈن مۇشۇ دۇنيادەك 16 ھەسسە ئارتۇق جاي بېرىلىدۇ، ئاللاھمۇ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: توغرىلىقى، ئاسمان، زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، جەننەتتە دۇنيادىكى، دۇنيادا جەننەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىلىرى بار، ئەمەلىيەتتە زادى بىر بىرگە ئوخشىمايدۇ، دېگەن:

10 ـ ئاللاھ قۇرئانداق، زېمىننى قىيامەت كۈنى باشقا بىر زېمىنغا ئۆزگەرتىدۇ دېگەن. ئاسمانغىمۇ شۇنداق.

**11** ـ قەبرە ئىچىدە مۇشۇ زېمىندا تۇرۇپ جەننەتنى ياكى دوزاخنى كۆرىدىغانلىقى، ھەدىسلەردە كەلگەن. گېپىمىزنى خۇلاسە قىلساق، جەننەتكە قارىغاندا، دوزاخ بىزگە بەكمۇ يېقىن، ئاشۇ دوۋزاتىن ئۆتمەي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىش مۇمكىن ئەمەس، شەيتان ياخشىلىق يولىغا پوس بولغاندەك، دوزاخ، جەننەت يولىغا پوس، كۆزەتچى. بولۇپ زىمىغا يەرشارى دوزاخ بەكمۇ يېقىنكەن، چۈنكى جەننەتنىڭ پۇرۇقى **500** يىلدىن يىراق جايدىن يېتىپ كەلسىمۇ بىزگە تەسىر قىلمىغان.

دوزاخ تەسىر قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز دائىم ئۇتقا يېقىن تۇرىمىز، دوزاخ ئوتۇنلىرى مۇشۇ زېمىندىكى كاپىرلاردۇر. دوزاخ ئايىقىمىزنىڭ يېپىدىنمۇ يېقىنكەن، ئاگاھ بولايلى. بىز بۇ ئىككى دۇنيانى يىراق دەپ چۈشىنىپ ئىتىقادىمىزنى، ئىشەنچىمىزنى ئاجىزلاشتۇرمايلى، ئىككى ئالەم بىردۇر. جەننەت ئۈستىدە مۇتتەقىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دوزاخ ئاستىدا گۇناھكار، ئاسىيلارنى ساقلاپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىدۇ. بىز بولساق غەپلەتتە ئۇخلاۋاتىمىز، ۋاقىت كېتىۋاتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىزنى ئوت دېگەن، ئاستىدىمۇ ئوت بار دېگەن. قۇرئاندىمۇ، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا دېگەن. بىز ھازىر مۇشۇ تېمىغا ئۇلاپ، ئوتلۇق يەرشارىنى سۆزلەيلى، تەپەككۇر قۇرئاندا ۋاجىپ تۇرسا بىز ئايەت، ھەدىسنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلىمىغان، ھەم بۇ مەسىلىنى چىن قەلب بىلەن تەتقىق قىلمىغان. ئەمما، دىنسىزلار بۇنى تېپىپ، ئېنىقلاپ چىقسا بىز ئاندىن قۇرئاندىمۇ، ھەدىستىمۇ باركەت دەپ كۆتۈرۈپ چىقتۇق. ئاندىن ئۇلار بىزگە شەك قىلدى، ئىشەنمىدى، بۇرۇن نېمە ئىش قىلغان دىدى. بىز ھازىرمۇ ئۇخلاپ ئولتۇرساق، مەڭگۈ ئارقىدا قالىمىز، شۇڭلاشقا ئاشۇ دەلىل ـ ئىسپاتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلايلى، مەن ھازىر مۇشۇ ئايەت، ھەدىسلەر بىلەن ئالىملارنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بىلەن بۇ بىز ياشاۋاتقان يەرشارىنىڭ ئەسلى قۇياشتەك ئاسمان جىسىمدىن ئايرىلغانلىقىغا شۇنداقلا ھازىرمۇ ئوتلۇق شار ئىكەنلىكىگە دەلىل كۆرسىتىمەن. بۇرۇنقىلار بۇنىڭ ئوت ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، ئەمەلىيەتتە بىز ئۇنىڭ تاشقى پوستىدا تۇرىمىز، ئىچى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى گازدۇر، ھەدىستىمۇ، دېڭىز ئاستىدا ئوت بار دېگەن، بۇنى مىشكاتتا كۆرۈڭ. ئەمەلىيەتتە، دېڭىز ئاستى بولسۇن، قۇرۇقلۇق بولسۇن، زېمىن ئىچى ئوت، ماگمىلار ئېرىپ يانار تاغنى پارتىلىتىدۇ، دائىم ھالدا گاز، ھەرخىل ماددىلار ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ، بولمايدىغان بولسا، زېمىن پارچىلىنىپ كېتىدۇ.      (يەرشارىنىڭ ئىچكى قىسمى)

ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن يانار تاغ، مۇزئوكياندا ياكى مۇزلۇق تاغدا پارتىلىمايدۇ، ئۇنداق بولغاندا پۈتۈن يەرشارىنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ، چۈنكى، يانار تاغ، دېڭىزدا پارتىلاپ قالسا، پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قايىنتىۋېتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، يەرئاستى ئىسسىقلىق گرادۇس نەچچە مىڭ سىلسىيە گراسقا يېتىدۇ. ھەقىقەتەن يەرئاستى ئوت، قىززىقلىق گرادۇسى يۇقىرى ماگمىلار ئېرىپ يانار تاغ پارتىلىسا، ئوت، گاز، تۈتۈن، سۇيۇقلۇق، خىلمۇ ـ خىل ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. بەزىدە بىر تاغدا بىرلا ئېغىز بولىدۇ، بەزىدە **80** گىچە ئېغىز بولىدۇ، يانار تاغ كۆپىنچە يەر پوستى نېپىز جايدا يۈز بېرىدۇ، ئۇ شۇڭا، كىچىك ئاراللاردا ياكى دېڭىز بويلىرىدا ياكى **11000** مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدا بولىدۇ، دېڭىزنىڭ ھازىر **11034** مېتىر چوڭقۇرلۇقى ئىسپاتلاندى. يانار تاغنىڭ پارتىلىغان ئاساسى سەۋەبى ئوت، گاز، بىزنىڭ دەلىلىمىزمۇ دەل شۇ ئوت، گاز، سۇيۇقلۇق بۇلار ئاخىرى قۇياشقا قايتىدۇ، قۇياش، ئاي بىرلەشكەندەك زېمىنمۇ ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ، ئاخىرى ھەممىسى دوزاخقا ئوتۇن، تۇترۇق بولىدۇ، خالاس.

قىيامەت قايىم بولغاندا بۇ زېمىن ۋەيران بولۇپ، ئاسمانلارمۇ ۋايران بولۇپ، بۇ زېمىن نەگە بېرىپ قالىدۇ؟ دەلىل شۇكى، بۇ زېمىن دوزاخنىڭ يېنىغا بارىدۇ، كىشىلەر شۇ دوزاخدىن، پىلسىراتتىن ئۆتۈپ ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتمۇ ئەڭ تەقۋادارلارغا يېقىن قىلىنىدۇ، زېمىننىڭ تەخمىنەن **90** كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقى **3000** گرادۇس قىززىق بولىدۇ، بۇ قىززىقلىق ھەرقانداق قاتتىق ماددىنى ئېرىتىۋېتىدۇ، مانا بىز ھازىر ئاشۇ ئوت ئۈستىدە تۇرىۋاتىمىز، مانا بۇ زېمىننى سىلەرگە كۆرپىدەك بويسۇندۇرۇپ نېمەت قىلىپ بەردى دېگەن شۇ. ئەلھەمدۇلىللاھ

بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئىنسان ئاشۇ نېمەت ئىچىدە تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇ يانار تاغدىن نۇرغۇن بايلىق چىقىدۇ، ئەمما بۇ قىيامەت ئالامىتى ـ دە! دائىم تەھدىد ئىچىدە

تۇرىمىز، چۈنكى، ئۇز ۋاقتىدا ياپونىيىدە يانار تاغ پارتلاپ يەر تەۋرىگەندە **500000** ئادەم ئۆلگەن، يەرشارىنىڭ ھەممە جايلىرى دائىم تەۋرەش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىز بۇنى ئۇقمايمىز، يەر ھەركۈنى **100** قېتىمدىن ئارتۇق ھەرىيلى **30** مىڭ قېتىم تەۋرەپ تۇرىدۇ، بۇنى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئىلغار ئۈسكۈنە بىلەن بىلەلەيدۇ. بۇ دېڭىزلاردىمۇ يۈز بېرىدۇ، بىز دائىم ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدە خالىسا بىردەمدە ھالاك قىلىپ ئورنىمىزغا باشقا مەخلۇق يارىتىدۇ ياكى بىزنىڭ تۈز كورلۇقمىزغا بىزنى ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ھۆشىمىزنى تاپايلى، ھەق ئالدىمىزدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، دوزاخ ئوتى بۇ ئوتتىن **69** ھەسسە ئارتۇق دېگەن، بولسا بىز ھازىر مۇشۇ زېمىندىكى ئوتنىڭ نەچچە مىڭ گرادۇسلۇقنى تاپتۇق، يەنىلا ئۇ ئوت **69** ھەسسە ئارتۇق بولسا، ئاھ يارچمن، يارچيم، ياچۇُ، يا قيُم ئۆزلىرى بىزنى شۇ دوزاختىن ساقلىسىلا، ئامىن!، بىز ئەقىللىق ئىنسان بولغاندىكىن ھايۋاندىن پەرقلىنەيلى، ئىنسانلىقىمىزنى تاپايلى.

بىز ئەمدى يەر ئۈستىگە قارايلى، بۇلارمۇ ھەممىسى ئوتتۇر، ئادەتتە بىز قالايدىغان ئوتۇن، كۆمۈر، نېفىت ۋە باشقا ماددىلاردىن باشقا بىز دائىم نەپەسلەنگەن ئوكسىگېن بۇمۇ كۆيىدۇ، بۇنى بىز كۆپ سۆزلىدۇق، بۇ خىمىيە دەرسلىكىدە سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت، شۇڭا، بىزنى ئوراپ قورشاپ تۇرغان دېڭىز ھەممىسى ئوتتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ **8/9** ھەسسىسى ئوكسىگېن، ھىدروگېن كۆيىدۇ، ئوكسىگېن ياردەم بېرىدۇ. بۇمۇ ۋاقتى كەلسە ئوت بولۇپ لاۋۇلدايدۇ، يەرشارىنى دائىم تەھدىت بىلەن قورشاپ تۇرغان، مىتئورن تاشلارمۇ گاڭ ئوت، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاتموسفېرادا تۇگەپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇندىن باشقا قۇياشمۇ ئوت، نۇرغۇن يۇلتۇزلارمۇ ئوت، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزمۇ ئوت، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى زېمىنغان سوقۇلۇپ كەتسە، قىيامەت قايىم بولغىنى شۇ، ھەممە بىراقلا تۇگىشىدۇ، بۇلارنى كىم قىلدى؟ كىم ئىنتىزامغا سالدى؟ كىم باشقۇردى، كىم مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاۋاتىدۇ؟ كىم بۇنىڭغا ۋاقىت بەلگىلىدى؟ يەنە كىم بۇزۇلغان قۇرۇلۇشنى قايتىدىن گۈزەل قۇرۇپ چىقىدۇ؟ ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان غالىپ ئاللاھ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى زامان ئىلمى كەشپىياتقا ئىشارىتى.

بىرىنچى، ئاسمان جىسمىنىڭ گاز، تۇتۇنلىكىنى بۇرۇنلا ئوختۇرغان، بۇ، ئاللاھ، ئاسمانلارنى يارىتىشقا يۈزلەندى ۋەھالەنكى ئۇ گاز، تۇمان ئىدى، دېگەن ئايەتتە، شۇنداقلا ئاشۇ ئاسمان جىسمى بولغان يۇلتۇز بىلەن جىن شەيتاننى كۆيدۈرۈپ يوقىتىش ئايىتى. (سۇرە سافقات)

ئىككىنچى، ئاسماننىڭ دائىم كېڭىيىپ تۇرۇشى، بۇنى ئاللاھ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، ئاسماننى بىز قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ئۇنى كېڭەيتىپ تۇرىمىز، ھازىرقى تەرجىمىسى ۋە يەنە **ئاسمان ـ زېمىندىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيسىلەر** دېگەن، ئەرراھمان سۈرىسىدىكى ئايەتمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاقار يۇلتۇز، مىتئورىت تاش، تاش يېغىش، بۇنى ئاللاھ سۈرە مۇلۇكتە ئۈستۈڭلاردىن ئاللاھنىڭ تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقماي خاتىرجەم يۈرەمسىلەر؟ دېگەن ئايىتى، شۇنداقلا لۇت قەۋمىنى تاش بىلەن ھالاك قىلدى، ئاشۇ قىسسىنى سۆزلىشى مۇشۇ ئىلمىنى بىلىشنى مۇھىم تۇتۇشتۇر.

تۆتىنچى، ئاتموسفېرا، بۇنى، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: بىز ئۈستۈڭلارگە بىخەتەر ئۆگزىنى قىلدۇق دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تىرمىزىنىڭ ھەدىسىدە، بۇنى ئۇرغۇپ توسۇلۇپ تۇرغان دولقۇن دەپ بايان قىلغان.

بەشىنچى، يەتتە زېمىن، يەتتە ئاسمان، دەپ ئاللاھ بۇنى ئېنىق دىمەسلىكى ئاشۇ باشقا پىلانىتلارنى ئۆزى تاپسۇن دىگىنى ئىدى، ھەرخىل سىستېما، يۇلتۇز، پىلانىتلارغا ئىشارەت قىلىشى ئىدى.

ئالتىنچى، ئاسماندىن مۇز تاغ، قار تاغ ياغىدۇ دېگەن ئايەت. بۇنى ھازىر ئېنىقلاپ چىقتى. (سۈرە نۇر)

يەتتىنچى، يامغۇرنىڭ چاڭلىششى، بۇنى، ئاللاھ چاڭلاشتۇرغۇچى شامالارنى رەھمەتتىن، يامغۇردىن بۇرۇن ئەۋەتىش ئايىتىدە بايان قىلغان.

سەككىزىنچى، ئۆسۈملۈكنىڭ چاڭلىششى، ۋە ئەركەك ـ چىشىسى ئىكەنلىكى بۇنى سۈرە ياسىندا ۋە باشقا جايلاردا سۆزلىدى نەرسە ھەممىسى جۈپ دېگەن.

توققۇزىنچى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى، بىئولوگىيە ئىلمىنى نەچچە ئورۇندا

سۆزلىگەن، مالىمۇ، ئۆسۈملۈك بىلەن كەلتۈرگەن، ھەم تائامغا، سۇغا، ئىسپىرمىغا، ئۆز ۋۇجۇدىغا، تۆگىگە قاراپ بېقىشقا بۇيرۇق قىلغان، مانا بۇ پەرىز كۆپايە ئىدى، ئەمما بىز ئۇخلاپ ئۆتتۇق.

**10** ـ نېفىت، ئالتۇن كاڭ، يەر ئاستى بايلىقى، بۇنى ئاللاھ (ما) دېگەن ئىسىم بىلەن ئىپادىلىگەن، وَمَا تحته سارا دېگەن. (سۈرە تاھا).

ئاللاھ، يەر ئاستىدىكى نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن. ئۇنىدىن باشقا يەرگە كىرىپ كەتكەن ھەم ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ئايەتلەر دەلىل.

**11** ـ ئېلېمېنت، ماددا، مۇرەككەپلىك، تەركىپ تېپىشى، پارچىلىنىشى، خىمىيە، فىزىكاغا ئىشارەت بەك كۆپ، ۋە ياكى تۆمۈر، تاش بولۇپ كېتىڭلار دېگەن ئايەت، دوۋزاق يېقىلغۇسى تاش دېگەن ئايەت، بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئۇزەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشكى، قۇش تىرىلىشى قاتارلىقلار.

**12** ـ ماتىماتىكا ئىلمى، بۇنى ئاللاھ ئاينى سىلەرنىڭ ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن مەنزىللىك ياراتتى دەپ كۆرسەتكەن، ھەم **50000**، **1000**، **950** دېگەن سانلىق مەلۇمات قۇرئاندا بەك كۆپ.

**13** ـ جۇغراپىيە، بۇنى ئاللاھ، زېمىننى ساياھەت قىلىش، قاراپ تۇرۇش، بۇيرۇقى بىلەن ۋە قىتئە، قۇرۇقلۇق، دېڭىزنى بايان قىلىش بىلەن تاغلارنى قوزۇق قىلىشى ئىلمى بىلەن بايان قىلغان.

**14** ـ تۆرەلمە ئىلمى، بۇنى، قۇرئاندا بىر قانچە جايدا تەپسىلىي سۆزلەيدۇ، مىسال، سۈرە مۆئمىنۇن، ئۈچ قاراڭغۇلۇق دېگەندەك، ئۆز ۋاقتىدا ئەھدە ئالغاندا، ئادەم بالىلىرىنى سۇلبىدىن چىقارغان دېگەن ئايەت، دەل ئاشۇ ھۈجەيرە شۇ دېگەن بولىدۇ. بۇنى سەييىد قۇتۇبمۇ «فىزىلال قۇرئان»دا سۆزلىگەن.

**15** ـ روھ، جان، ئاڭ، تەپەككۇر، مىڭە، قۇلاق، كۆز، يۈرەك قاتارلىقلارنى سۆزلىشى ھازىر ئىلغار كاللا، مىڭە ئىشلىتىش ئىشلىرىغا ئىشارەت.

**16** ـ سۇلارنىڭ كۆيىشى، ھىدروگىن كۆيىشى، بۇنى دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋىلىدىغان چاغدا دېگەن ئايەت ۋە يەنە قىيامەت ئالامىتى بىر ئوت چىقىپ كىشىلەرنى توپلايدۇ دېگەن، دېڭىز ئاستىدا ئوت بار دېگەن ھەدىس.

**17** ـ تېلېفون، چاقىرغۇغا ئىشارەت، ھەدىسە مىشكاتتا بار، قىيامەت ئالامىتىدە كىشى ئۈيدىن ئايرىلسا، ئۈيىدىكى خەۋەرنى يوتىسى دەپ بېرىدۇ، ئاياغ شوينىسىغا قامچا، دەستىسىگە سۆز قىلىدۇ دېگەن. ھەدىس.

**18** ـ ئاينىڭ، زېمىننىڭ، قۇياشتىن ئايرىلىشىغا، بۇنىڭغا ھېلىقى ئاسمان ـ زېمىن بىر تۇتاش ئىدى، بىز ئۇنى ئايرىۋەتتۇق دېگەن ئايەت، ئاي، قۇياش بىرلەشكەن چاغدا دېگەن ئايەت كۆرسىتىدۇ.

**19** ـ كۈنلەرنىڭ بىرىدە زېمىن زەررىچىدەك تۇزۇپ كېتىدۇ، پارتىلايدۇ، يوقايدۇ، ئوتقا تاشلىنىدۇ دېگەن، يېڭى كۆزقاراشقا، قۇرئان، ھەدىستە بۇرۇنلا ئىشارەت قىلىپ بولغان.

**20**. زېمىننىڭ يۇمىلاق ھەم ئايلىنىشى، بۇنى ئاللاھ سۈرە نەملە **88** ـ ئايەتتە، بۇلۇتتەك چۆرگىلەپ تۇرۇش ئايىتى ئارقىلىق بايان قىلغان، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىنى، بىر ـ بىرىنى تەلەپ قىلىشى، بايان قىلىپ، ئاندىن كېچىنى بايان قىلغان، دېمەك، كېچە دېمەك زېمىن سايىسى دېگەن بولاتتى، بۇ توغرىسىدا سۈرە ياسىندا بار.

**21** ـ ھازىر روھنىڭ باشقا ئالەمدىن كەلگەنلىكى ھەم ئاشۇ ئالەمگە يۆتكىلىشى ئېنىق ئىسپاتلاندى، بۇنى قۇرئاندا بۇرۇنلا سۆزلەپ ئۆتكەن.

**22** ـ جەھەننەم ئوتى **69** ھەسسە ئارتۇق دېگەن نەزەرىيە ھازىر ئادەتتىكى ئوتتىن نەچچە يۈز ھەسسە ئوتنىڭ گىرادۇسى، ئارتۇقلىقى تېپىلدى.

**23** ـ قۇياش ئۆچۈپ قالىدۇ، ھامىنى يوقىلىدۇ دېگەن، ئىلىم بۇنى، ئاللاھ، سۈرە تەكۋىردا كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا دەپ بايان قىلغان، ھەم يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى سۆزلىگەن، ئالىملار بۇنى ئەمدى ئىسپاتلاپ

چىقتى.

24 ـ كۈن كىرگەن، يېردىن قايتىپ چىقىدۇ، بۇ قىيامەت ئالامىتى دېگەن، ھەدىسنى تېخى ئىسپاتلاپ تاپالمىدى، ھەم ئاشۇ ئوتنى ۋە ھايۋاننىمۇ تاپالمىدى، قانداق بولۇپ، تاغ قوزغىلىدۇ، توزۇيدۇ، ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ، بۇلار بىر سىردۇر، ئاسماندىن ئىشىك ئېچىلىدۇ، دېگەنلەر بۇ بەك كۆپ.

25 ـ ئايەتلىرىمىزنى ئۇيۇقتا كۆرستىمىز دېگەن ئايەت، ئېلېكتىرغا ئىشارەت ئىدى.

26 ـ ئۇششاق بارماقلارنىمۇ تېرىلدۇرۇش، ھەر كىشىنى ئايرىم ـ ئايرىم بارمىقى بىلەن قوپۇرۇش، بارماق ئىزىغا ئىشارەتتۇر، ھەم قول ـ پۇتنىڭ گۇۋاھ بولۇش ئايىتى (سۈرە ياسىن) گەرچە قىيامەتتىكى سوت مەھكىمىسى بولسىمۇ، بۇ دۇنياغا ئىشارەتتۇر.

27 ـ يۇلتۇز نۇرنى بىلەن قەسەم قىلىشى، نۇر تېزلىكى شۇ، ھەم بىر نۇرۇندا ئەمەس يىراق ـ يېقىنلىقنى كۆرستىدۇ.

28 ـ ئاي يېرىلدۇ دېگەنلىكى، ھازىرقى ئاينىڭ ئەۋرىشكىسى ئېلىنىپ كېلىنىپ تەكشۈرۈلۈشى شۇ. يېرىلىپمۇ بولدى.

29 ـ يوللۇق ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىشى ھەم ئاسماندا يوللارنى پەلەك ئورنىنى قىلدى دېگىنى ئوربېتىلار شۇ، بۇ ئالەمدىن باشقا بىر ئالەمگە، باشقا پىلانېتقا يۈتكىلىشنى، جەننەت، ئۇقۇملارنى كۆرستىدۇ، ھەقىقىي تەرەققىياتقا مۇسۇلمانلار لايىق.

30. ئاتوم زەررىچىسىنى، قۇرئان، زەررىچە ئىسمى بىلەن سۆزلىگەن، بۇ ئېنىق مەسىلە، قۇرئان، تېخى زەررىچىدىنمۇ كىچىك نەرسىنىڭ كىتابتا يېزىلغانلىقىنى سۆزلىگەن، بۇمۇ زور مۆجىزە.

31 ـ ئاللاھ، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى يارىتىدۇ، بۇ ئايەتتە ئىشارەت، مۆجىزە تۈگەپ قالمايدۇ، مەڭگۈ شۇنداق، قۇرئاندا بۇنداق ئىشارەتلەر بەك كۆپ، بىز پەقەت مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا سۆزلەيمىز، ھەممىنى ئۆز جايىدا بايان قىلىمىز، دىققەت قىلىڭ.

مەقسەت، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ھېكمىتىنى، نېمىتىنى، رەھمىتىنى تونۇش، ئاللاھقا ئاشىق بولۇش، باشقىلارنىڭ قەلبىنىمۇ خاتىرجەم قىلىش، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر، ھېكمەتلىك سۆزلەرمۇ بار، ئۆيىقىڭىزنى ئېچىڭ، ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇڭ.

## كېچە ـ كۈندۈز ۋە ئۇنىڭ ئالمىشىشى توغرىسىدا

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كىتابىنىڭ 206 بېتىدە، گولۇبۇس شۇ، ھەرقايسى تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىدا كۆرستىلىدۇ، بولۇپمۇ جۇغراپىيىدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ.

يەرشارى قولىمىزدىكى تۇخۇمدەكلا، شەكىسىز ئېلىپس، يۇمىلاق شەكىلدە، بۇنىڭ 9 خىل نەزەرىيىسىنى بىز كېيىن سۆزلەيمىز، يەرشارى، قۇياش ئەتراپىنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، شۇڭلاشقا بىر يىلىمىز 360 كۈن بولىدۇ.

ئۆز ئوقى ئەتراپىدا 24 سائەتتە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، تۆت مىنۇت كام، ئاشۇ ئايلىنىش بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنى شەكىللەندۈرىدۇ، قۇياش تەرەپ كۈندۈز قۇياشقا قارشى تەرەپ زېمىن سايىسى بىلەن كېچە، بىر ئايلانسا، كېچە ـ كۈندۈز تامام بولىدۇ، بۇنىڭ مىقدارىنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن، 24 سائەت، كېچە ـ كۈندۈز، بىر ئاي، ھەتتا ئالتە ئاي كېچە ـ كۈندۈز بولۇشى، بىزگە تاڭ ئاتسا ئامېرىكىغا كېچە، بىزگە كەچ بولسا ئۇلارغا تاڭ ئاتىدۇ، زېمىندا دائىم ھەر ۋاقىت ئىبادەت قىلىنىپ تۇردى، بىز تەڭ كېچىدە ئۇخلىساق ئۇلارنىڭ جايىدا پېشىن بولىدۇ ـ دە!

زېمىن قۇياشنى ئايلىنىشى بىلەن تۆت پەسىل ھاسىل بولىدۇ. يەر شارىنىڭ ئېغىشى، قۇياش نۇرىنىڭ

تىك ياكى يانتۇ چۈشىشى سەۋەب بولىدۇ. بۇ تۆت پەسىلنىڭ مۇددىتى، باھار، يازلار **92** ـ **93** كۈندىن **20** نەچچە سائەت ئارتۇق بولىدۇ، كۈز، قىشلار **89** كۈن **20** سائەتچە بولىدۇ، **360** ـ **356** كۈن تۆتكە بۆلۈنىدۇ، يەرشارىنىڭ ئوتتۇرىدىكى كىشىلەرگە ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار دائىم ئىسسىق جايدا تۇرىدۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئافرىقىلار. ئىككى قۇتۇپ دائىم مۇزلۇق، سوغۇق بولىدۇ، كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ، ئەگەر شۇ جايغا كۈن نۇرى چۈشۈپ قالسا، ياكى ئاشۇ ئورنىدىن سەللا زېمىن يېقىن ئايلانسا ياكى يانار تاغ ئاشۇ جايدا پارتلىسا، پۈتۈن مۇز ئېرىپ پۈتۈن قۇرۇقلۇقنى بولۇپمۇ، ئادەم بار جاينى سۇ باساتتى، ھاياتلىق ئاخىرلىشاتتى، ۋە ياكى ئاشۇ كېچە يا كۈندۈز دائىم بولسا يەنىلا ھاياتلىق ئاخىرلىشاتتى، بۇنى ئاللاھ قۇرئاندا سەرمەدەن يەنى كېچە ياكى كۈندۈزنىدائىم قىلىپ قويسا قانداق قىلاتتىڭلار، دېگەن ئايەتتە بايان قىلغان، ھەممە ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، زېمىن بىزنى خۇددى ياۋاش ھايۋاندەك، بىزنى چىچاڭشىپ تاشلىۋەتمەي، ئېغىر يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، مۇلايىم ھالدا، بىر سېكۇنتتا **30** كىلومېتىر تېزلىكدە ئايلىنىدۇ. قۇياش بولسا، پۈتۈن ھەمراسى بىلەن سامان يولىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەر كۈنى **27** مىليون كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرەلەيدۇ، بۇ خىل يېڭىچە نەزەرىيىلەرگە قۇرئان، ئاللىبۇرۇن سۈرە ياسىندا خەۋەر بەرگەن، قۇياش سەيرى قىلىدۇ، ھەممىسى شۇنداق، كۈندۈز دېگەن نۇر شۇ، يورۇقلۇق، كېچە زېمىن سايىسىدۇر، ھەر ئىككىلىسى زور نېمەتتۇر، ھېسابنى چوقۇم ئالىدۇ ـ دە! بۇ ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ پايدىلىق نۇرغۇن ئەھۋاللىرى بار، بۇنى سىز ھەرخىل كىتابلاردىن كۆرۈڭ، ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتمىسە، بىز بۇندىن كېيىن يەنە سۆزلەيمىز، شۇڭا، بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا (رەببنا ما خەلەقتە ھازە باتىلا) ئى رەببىم، **ئاللاھ، سىلە بۇلارنى بىكاردىنلا، پايدىسىز، ھېكمەتسىز ياراتمىدىلا، چوقۇم بۇنىڭ پايدا، ھېكمىتى بار** دېگەن ئايەت بار. بۇ دۇنيادا مەخلۇق بولىدىكەن ھەممىسىنىڭ ھېكمىتى، پايدىسى بار، بىز بىلەلىسەكلا مەسىلەن، ئادىيسى بىز قاراپ باقايلى، چىۋىن، ھەرە، چېكەتكە ۋە باشقا قىشتا ئۆلىدىغان، بىر يىل كامىل ياشىيالماس جانىۋارلار، ئوزۇق يىغمايدۇ، جاپا تارتىپ تەييارلىق قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆلىدۇ، باللىرىنى، ئەۋلادلىرىنى تۇخۇم تۇغۇپ تۇگۈلۈتۈپ قالدۇرىدۇ، ئۆزى خاتىرجەم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ، چۇمۇلە، ھەسەل ھەرىسى قاتارلىقلار بولسا، قىشتا ھاياتلىق داۋام قىلىشنى بىلىپ، ئوزۇق توپلايدۇ، ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئىككى خىل ھېكمەتنى ئۆگىنىدۇ، بىرىنچى، ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، خاتىرجەم سەپەر قىلغىدەك ئىشلىرىنى پۇختا قىلىش، دۇنياغا تۇرماي ھامىنى كېتىدىغان بولغاندىكىن ئاخىرەتكە تەييارلىنىش، ئىككىنچى خىلى بولسا، دائىم ئوزۇق غېمىدە تەييارلىق قىلىپ، كۈنى يەپ ـ ئىچىپ، ئوزۇق يىغىش بىلەن ئۆتىدۇ، ئاددىيسى بۇلاردىمۇ ھېكمەت بار، قاراپ باقايلى، ئاشۇ تاغدەك قۇملاردىمۇ زور پايدا بار، ئۇلار شىپا، ئۇلاردا ئالتۇن بار، ئۇلاردا ئەينەك ماددىسى بار، ئۇلار ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ، ھۆللىكنى قۇرىتىدۇ، ئاشۇ چۆل ـ باياۋاندا ئىسسىق ـ سوغۇق ھاۋالار ئېلىشىپ شامال ھاسىل بولىدۇ، شامال بولسا، بۇلۇتنىڭ، يامغۇرنىڭ سەۋەبچىسى، ئاخىرى بۇ چۆللۈك بىزنىڭ ھايۋانلارنىڭ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، ھەممىسىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، يۇقىرقىلارنىڭ بىرسى بولمىسا ئىنسان تۈگىشىدۇ، بۇنى كىم ئورۇنلاشتۇردى؟ جانسىز، ئەقىلسىز، تەدبىرسىز، ھېكمەتسىز، قۇل بولغان تەبىئەت ئەمەس بەلكى، ئاللاھدۇر، ئاشۇ قۇم ماددىسى، ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شاخ دانلىرى ئارقىلىق ھايۋانلارغا، ئىنسانلارغا يېتىپ بارىدۇ، ئاخىر بۇ قان تومۇرلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ياكى ھايۋاننىڭ كۆزىدىكى كىرىستال ئەينەك تەنچىگە يېتىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆرەلەيدۇ، بولمىسا ھېچبىر كۆز كۆرمەيدۇ.

مانا، ئاللاھ راستىنلا ھېچنەمنى بىكاردىن ياراتمىدى، ھەممىنىڭ ھېكمىتى بار، بۇنى پەقەت ئالىملار بىلەلەيدۇ، شۇڭا، پۈتۈن كىتاب، ماتېرىياللارنى ئوقۇش، بىلىش، چۈشىنىش، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى تونۇش، ۋە تونۇتۇش، شەكسىز ھالدا ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىپ ئۆتۈش، ئىبادەت خىزمىتىنى ئىلغار، ياخشى قىلىش لازىم، ئاللاھ كۈچلۈك، ئىلغار، بىرىنچىنى ياخشى كۆرىدۇ، بىز ئاللاھنىڭ كالامىغا، سۆزگە ۋە مەخلۇقلىرىغا سەل قارىماي تەتقىق قىلايلى، كۆزىتەيلى، قېنى ئەمسە مىكرۇسكوپقا مەرھەمەت. (ئاددي مىكرۇسكوپ )

بسم الله الرحمن الرحيم

# سۈرە نىسا تەپسىرىدىن تاللانما

بىرىنچى ئايەت

تارىخشۇناسلار، بىئولوگىيە ئالىملىرى ئىنساننى سۇدىن، دېڭىزدىن كەلگەن، ھايۋاندىن تەرەققىي قىلغان دەپ قارىماقتا، بۇ خىل كۆزقاراش ئاشۇ تارىخ كىتابلىرىدا ھازىرقى زامان دارۋىن نەزەرىيىسىنى قوللىغۇچى ماددىزىمچىلارنىڭ كىتابىدا، دىنسىز بىئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى خاتا. چۈنكى، ئالەمنى ياراتقان ئاللاھ مۇنداق دېگەن: **بىز ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقاندا ئۇلارنى تۆپىدە گۇۋاھچى قىلىپ قويمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ياراتقاندىمۇ شۇنداق** دېگەن. بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىمىزكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قانداق يارىلىپ قانداق كۆپەيگەنلىكىنى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى، ماھىيىتىنى، كەيپىياتىنى بىلەلمەيدۇ. ھەممىسى خاتا كۆز قاراش، گۇمانى پەرەز خالاس.

بىزنىڭ قولىمىزدا مەڭگۈلۈك ئەنگۈشتەر، دەلىلىمىز بار. ئاللاھ، قۇرئاندا نۇرغۇن جايدا ئادەمنى تۇپراقتىن، لايدىن ياراتقانلىقىنى سۆزلىگەن، ئاندىن ئۇنى يەنىلا شۇ تۇپراقتىن كەلگەن ھەرخىل ئېلېمېنت، ماددىلاردىن ئىسپېرما سۇدىن ياراتقان.

سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ، سۈرە ئەرراھماننىڭ تەپسىرىدە **22** ماددىنى كەلتۈرۈپ، بۇ ماددىلار يەرشارىدا تېپىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنسان ۋۇجۇدىدا بار دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيى، **75** ماددا ئىنساندا، تۇپراقتا بار دېگەن، يېمەكلىك، تۇپراقتىن ئاشۇ ماددىدىن كېلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ، ئۇنى تېرىك ھۈجەيرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئابىي مەنىدىن، سۇدىن ئىنساننى يارىتىدۇ، يەنىلا ئۇ زېمىندىن ئوزۇق ئالىدۇ، بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ئادەمنىڭ تۇپرىقىنى مۇشۇ زېمىندىن ئالغان، يەنىلا جەننەتتىن مۇشۇ زېمىنغا تاشلىغان، ئەمەلىيەتتە ھازىر يەرشارىدىن **30000000** نى تېپىلدى، ئاشۇ زېمىندىن پەقەت مۇشۇ ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان يەرشارىغا تاشلىغان، چۈنكى، بۇ ھاياتىمىزغا ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئەڭ لايىق مۇناسىپ بۇنى ئاللاھ قىلغاندۇر. شۇڭا، مېھرىبان ئاللاھ، سۈرە نىسا بىرىنچى ئايەتتە«سىلەرنى بىر نەپسى يەنى ئادەمدىن ياراتقان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ جۈپتى ھاۋانىمۇ شۇ نەپسىدىن ياراتتى، نۇرغۇن ئەر ـ ئايالنى تاراتتى» دېگەن، يەنىلا بۇنىڭ تەپسىلاتى ئېنىق سۆزلەنمىگەن، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى، ماھىيىتىنى، قانداقلىقىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىزنىڭ ھەرخىل پەرەز قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، مۇھىمى تەۋھىد، ئىبادەتتۇر.

سۈرە نىسادىكى، ئاياللارنى تۆتكىچە ئېلىشتىكى ھېكمەت، مېھرىبان ئاللاھ، ئىنسانلارنى، ئادەمنى ياراتقاندەك، ھەممىنى تۇپراقتىن ياراتماستىن بەلكى ئۇنى يەنىلا ئىنسان ئىچىدىن ياراتتى، مۇھىم تەلىم ـ تەربىيە بەردى، تارتقان جاپاسىغا ساۋاب، مۇكاپات ئورۇنلاشتۇردى، قۇد ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقنى قىلدى، شۇ ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، كۆيىنىدىغان ئۇرۇق ـ تۇققان قىلدى، يەنىلا ئىنسانلارنى ئىتتىپاقلاشسۇن، بىر گەۋدە بولۇپ ياشىسۇن دەپ، توي، قۇدىلىقنى قىلدى.

ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىش، يارىتىشقا تېگىشلىك ئىنساننى يەنىلا شۇ ئىنسانلار پۇشتىدىن چىقىرىش ئۈچۈن تۆت خوتۇننى بىر ئەرگە دۇرۇس قىلدى. چۈنكى، ئايال كىشى **50** ياشتا تۇغۇتتىن توختىسا، ئەر **70** ياشتا ئاندىن قالىدۇ، **20** يىل بىكار ئىسراپ بولماسلىقى ئۈچۈن، يەنە ياش خوتۇننى ئېلىشنى رۇخسەت قىلدى، بۇ بىر ھېكمەتتى، ئىككىنچىسى، خوتۇنى ئاغرىپ، مېيىپ بولۇپ قالسا، ياكى تۇغۇتتىن ياكى ئىقتىدارىدىن قالسا، ئۇنى تاشلىۋەتمەي ئۈستىگە ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىنى ئالسا بولىدىغانلىقىنى ھالال قىلدى، بۇمۇ بىر سەۋەب، ئۈچىنچىسى، ئۇرۇش كۆپ بولۇپ، ئەرلەر كۆپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەرلەر قىرىلىپ تۈگىسە، بىرىنچىدىن يەنىلا نەسلى قۇرۇيدۇ، ئىككىنچىدىن يەنىلا جەڭگە ياراملىق ياشلار لازىم بولىدۇ،

ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەت قالايمىقان بولۇپ، بۇزۇقچىلىق كۆپىيىدۇ، شۇڭا، بۇ كۆپ ئاياللارنى ئىككىدىن، ئۈچتىن بىر ئەرگە ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇ ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، باللىرىغا، تۇرمۇشىغا، كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، ھەرخىل مىللەتنى، قەبىلىنى، گۇرۇھ، مەزھەبلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئەپلەشتۈرۈش، مۇناسىۋەت، مۇئامىلە قىلىش لازىم. بەشىنچىدىن، ئەگەر بىرەر تەقۋادار، ياخشى، سالىھ مۇسۇلمان بولسا، ئاتا ـ ئانىسى، قىزىنى، ھەدىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەدىيە قىلىپ ياخشىلىقتا ئىرىشسە ياكى بىرەر ئايال ئۆزىنى ئاتاپ تويلۇقسىز تېگىش بىلەن ئاخىرەتنى، دەرىجىسىنى كۆزلىسە مۇشۇ ئارقىلىقمۇ كۆپ خوتۇنلۇق كېلىپ چىقىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك، رەسۇلۇللاھقا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىزىنى توققۇز ياشتا بەرگەن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللا ئەنھۇ شۇ ئىدى. ئۇ مەسۇم قىزنى بەرگەن، بەزى ئاياللار ئۆزىنى ئاتىغان، بەزىسى پادىشاھلار قىزىنى بېرەتتى، ياكى ئۆيلەپ قوياتتى، شۇ سەۋەبلىك خوتۇنلىرى توققۇزغا يەتكەن، بۇ خىل ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولۇپ، باشقىلار تۆتتىن كۆپنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلسا بولمايتتى. قايسى بىرىنى قويۇپ بېرەلەيدۇ، ئىككى خەلىپىنىڭ قىزىنى قويۇپ بەرسە، قانداق بولۇپ كېتەتتى، ئۇلار ئۆزىنى ئۆلگەندەك بۇ ئالەمدىن يوق ھېسابلايتتى، بىرەر تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان ئايالنى ياكى پادىشاھنىڭ ئېلىپ بەرگىننى تېخى قويۇپ بېرەلمەيتتى، ھەم ئۇلار جەننەتتىكى ئاياللىرى ئىدى، ئۇلارمۇ ئاجرىششقا قوشۇلمىغان دە!

ئالتىنچىدىن، بۇ خىل قانۇن جەننەتتىمۇ دۇرۇس، بۇ مەڭگۈلۈك قانۇن.

يەتتىنچىدىن، ئايالى تۇغماس چىقىپ قالسا، ئەمما بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ئاجرىشالمىسا، مەسلىھەت بىلەن ئىككىنچى خوتۇننى ئالسا بولىدۇ، ئەمما ئەر تۇغماس بولۇش بۇنىڭدىن مۇستەسنا، قانداقلا بولمىسۇن، سەۋەب بىلەن ئالغان ھەم ئۇلاردا 10دىن ئايال بار ئىدى، بىر قېتىمدىلا بىر چۈشۈرمەي، تەدرىجىي تۆتكە ئاندىن بىرگە چۈشۈرگەن ئىدى. بۇ كۆپ خوتۇنلۇقنىڭ سەۋەبىدىن سىرت شەرتى، بەكمۇ چىڭ، ئادىل بولۇش، تۇرمۇشىدا تەقسىم قىلىشىدا نەپىقىدىن ھەممىدە ئادىل بولۇش شەرت، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بىرىگە مايىل بولۇپ ئادىللىق قىلالمىسا قىيامەت كۈنى يېرىمى، تىڭى يوق كېلىدۇ دېگەن ھەدىس بار. بۇنداق كىشى جەننەتكە لايىق بولالمايدۇ.

بۇ شارائىت ھەم ھازىر يوق، بەزى ئىشلارنى پادىشاھ، ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىدىن قورقۇپ قىلمايمىز، بۇ دۇنيادا چىقىم بولىدۇ، ئۇلار جازالايدۇ دەپ گەرچە ئۇ ئىش ساۋاب، مۇكاپات بېرىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بەدەللەرنى تۆلەپ ئىككى خوتۇن ئالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ ھەتتا ئاشۇنچىلىك جۈرئەت بولسا نېمە دېگەن ياخشى ھە! ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋەس، شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش دۇرۇس ئەمەس، بولۇپمۇ بىر تەرەپكە مايىل بولۇپ، باللىرى بىلەن تاشلاپ قويىدىغان نائەھلىلەرگە تۆت ئەمەس بىرسىمۇ دۇرۇس ئەمەس، ئۇنداق ۋىجدانسىز ئۆزىمە كۆڭۈل كىشى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ۋاپاسىز كېلىدۇ، ھالاك بولىدۇ. بۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايلى، قانداقلا بولمىسۇن، سەۋەب بار، ھېكمەت بار، شۇڭا ئاللاھ، بۇنى ئالدىن بىلگەن، بىز، قۇرئان، ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپلا قالماستىن مەقسىدىنى، ۋەقەسىنى، سەۋەبىنى، ھېكمىتىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلايلى.

شەھۋەتپەرەسلىك، ھايۋاننىڭ ئىشى، نەپسى دېگەن يامان يولغا بۇيرۇيدۇ، شۇڭا، جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش دېگەن.

شەرىئەت دېگەن بويتاق ھالدا، زاھىد بولسىمۇ يول قويىدۇ، يۈكنى، بالا ـ قازانى، ئاپەتنى، پىتنىنى كۆپ قىلىپ نېمە كەپتۇ؟

سۈرە نىسادا، بىر نەچچە خىل ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىدىكى ھېكمەت، بۇنى مەن «فىزىلال قۇرئان» بىلەن بىرگە سۆزلەيمەن، ھەممە تەپسىر بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ.

بىرىنچى، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىنى، ھۆكمىنى، شەرتسىز ھالدا ھېكمەت سۈرۈشتە قىلماي ئىجرا قىلىش لازىم. ئاللاھ، دۇنيا، ئاخىرەتنى، كەلگۈسىنى، غەيبنى بىلىدۇ، ئاللاھ، شۇنداق قىلغان ئىكەن

چوقۇم ھېكمەت بار، مەيلى بىز بىلەيلى ياكى بىلمەيلى ھېكمەت بار، ھەققەت قارشى تەرەپ قىلماي قىلىش بىلەن خاتا بولمايدۇ، ئۇ مەڭگۈ توغرا. باتىل قىلىپ كېتىش بىلەن ھەق بولۇپ قالمايدۇ.

ئىككىنچى، شۇنداقتىمۇ بىز ئاللاھنىڭ بىلدۈرگىنىنى بايان قىلىمىز، ھازىرقى تەبئىي ـ پەندە، يېقىنلىرىنى بولۇپمۇ نەسەب جەھەتتىن ھارام قىلىنغان ئاياللارنى ئالسا باللىرى مېيىپ بولۇش، پالەچ تۇغۇلۇپ قېلىش تەجرىبىدىن ئۆتتى، ھەتتا ئۇلار بەك قورقۇپ ئەنسىرىگەنلىكتىن نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىشتىنمۇ توستى. بۇ ھالال ئۇندىن باشقا ھەرخىل كېسەللىك، ئاجىزلىق مەۋجۇت ئىكەن، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز ئانىسىنى، قېيىنئانىسىنى خوتۇن قىلىشنى قاتتىق نومۇس، خىجىللىق دەپ بىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئانىدە! ئۇلارنىڭ باللىرىدا ئادا قىلالمىغۇدەك ھەققى بار تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى خوتۇن قىلىش، قۇل قىلىش، باشقۇرۇش ئەڭ ناچار، ئوسال، قەبىھ ئىش. ھايۋانمۇ ئۇنداق قىلماسلىقى مۇمكىن، ئۇلارغا زور ئالىي ئىھتىرام، ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداپ، شۇنداقلا ئۇلار دادىلارنىڭ ھەققى ۋە مۈلكى، مەڭگۈلۈك ھەمرىيى تۇرسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ھارام قىلىنىشى لايىقتۇر، ھارام قىلىنىپلا قالماي، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، پەرىزدۇر. بۇ ئاتا بىلەن بالىنى دۇنيا ئاخىرەتتە ئىناق ـ ئىتتىپاق قىلىش، ئاچا ـ سىڭىللاردىمۇ شۇنداق ھۆرمەت بار، ئۇلار ئەزەلدىنلا يېقىن تۇققان، ئىناق ـ ئىتتىپاق، شۇڭلاشقا سىڭىللارنى ياتقا بېرىش، باشقا قەبىلە، باشقا مۇسۇلمان مىللەتكە بېرىش ئارقىلىق تۇققانلىق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلىدۇ، ئۆزئارا ئېلىپ تېگىشسە ئەكسىچە تۇققانلىق بۇزۇلىدۇ، بىر ـ بىرىدىن يىرگىنىدۇ، مەڭگۈلۈك ئۆچ ـ ئاداۋەت كېلىپ چىقىدۇ، ئالىي ئىھتىرام، ھۆرمەت بىر ـ بىرىنىڭ ھەققى يوقۇلۇپ كېتىدۇ، پەرىشتە سۈپەت ئاجايىپ ھايا قىلىش، ئىپپەت يوقىلىدۇ، قان ـ قېرىنداشلىق بۇزۇلىدۇ، پۈتۈن جەمئىيەت قالايمىقان بولىدۇ، سېنىڭ ـ مېنىڭ كۆپىيىپ جىدەل چىقىدۇ، زور پايدىلاردىن قۇرۇق قېلىپلا قالماي، زور زىيان، ئاپەتكە مۇپتىلا بولىدۇ، ۋە باشقىلار مۇھەببەت، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك يوقىلىدۇ.

ھامىلار، ئانىلارغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش پەرقىمۇ بار، ئاچا ـ سىڭىلنى جۈپلەش ھارام، چۈنكى، يەنىلا ھايا، ئىپپەتنى ساقلاش، ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئىھتىرام قىلىش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يېقىن تۇققان ھەم ئىتتىپاقتۇر، بىر ـ بىرىگە كۆيىنىدۇ، ئەگەر جۈپلەنسە، ئۇلار دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ، پۈتۈن ئۆي بۇزۇلۇشى مۇمكىن، ئازغىنىدىن باشقا ئۇلار نەپسى، ھەۋەس، مال ـ دۇنيانى دەپ تالاش ـ تارتىشقا دۇچ كېلىپ قالىدۇ، بىرسى ۋەيران بولسا، ھەممە ۋەيران بولىدۇ، يات كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق بولماق ئۇيان‍دا قېلىپ، خانىۋەيران بولسا، ھەممە ۋايران بولىدۇ، دۈشمەنلىشىدۇ، باللار يېتىم بولىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، بۇنىمۇ ھارام قىلغان، بۇ ئەھۋال جەننەتتە يوق، شۇڭا، ئاچىسى ئۆلسە ياكى قويۇپ بەرسە سىڭلىسىنى، سىڭلىسىنى قويۇپ بەرسە ئاچىسىنمى ئېلىشنى دۇرۇس قىلغان، دېمەك خۇلاس، ئاچا ـ سېڭىل ئاخىرەتتە بىرگە بۇلۇپ، بىر ئەرگە بېرىلىۋېرىدۇ، خۇددى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىنى ئالغاندەك، بۇ دۇنيادا بۇ ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ، ئاخىرەت بۇ دۇنياغا ئوخشمايدۇ، ئۇ يەردە خالىغىنى بار.

ھەرخىل كېسەل سەۋەبىدىن ئىناقلاشماي، دۈشمەن بولۇش سەۋەبىدىن ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىل دۈشمەن بولۇش سەۋەبىدىن كەڭ ـ كۆلەملىك تۇققانلىق، ئىتتىپاقلىق ئورنىتىش سەۋەبىدىن مۇناسىۋەتنى كېڭەيتىش، باردى ـ كەلدى قىلىش، ھەمكارلىق سەۋەبىدىن ئالىي ئىھتىرام، ھۆرمەت، ھايا ئىپپەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھوقۇق، ھەقنى قايتۇرۇش، ھۆرمەت، خىجىللىق، نومۇس سەۋەبىدىن شۇنداقلا ئىنسان سۈرىتىنى ياخشىلاش، پۈتۈن مىللەت، پۈتۈن دىن، مەزھەپ، ھەرخىل تەنلەر، قارا، ئاق، سېرىق، قوڭۇر ھەممە مۇسۇلمان بولۇش، ئىمان شەرتى بىلەن ئىتتىپاق بولۇش سەۋەبىدىن شەخسىيەتچىلىكنى يوقىتىش، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، مۇھەببەت سەۋەبىدىن، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ، ئۇلارنى ھارام قىلغان، بىز بۇنىڭغا سەللەمنا دەپ ئەمەل قىلىمىز، ھوقۇقنى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىمىز، بۇنداق سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقىمىز يوق، بىز يەنىلا قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلدۇق، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى.

## شەيتان توغرىسىدا

نۇرغۇن كىشلەر، بولۇپمۇ ماددىزىمچىلار، شەيتاننى يوق، مەۋجۇت ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئىنساندىكى بۇزۇق، ناشايان، گۇناھ، ئاسىيلىقنى، يامان ئەسكى ئەخلاقنى شەيتان دەپ ئاتاپ كەلگەن، دەپ چۈشىنىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي خاتا، شەيتان چوقۇم مەۋجۇد. شۇڭا، ئۇلار ئاشۇنداق ئالجوقا جۆيلىيدۇ، بىزنىڭ دەلىلىمىز قۇرئان، بىز ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ مەڭگۇ ئۆزگەرمەس سۆزىگە ئىشەنگەن ئىكەنمىز، (ئەمەلىيەتتە ئىشىنىشلىك، چۈنكى، ئۇ مۆجىزە تۇرسا، بۇ ۋۇجۇدقا قايتىشىمىز) ئاللاھ، قۇرئاندا، نۇرغۇن جايدا **شەيتان ئىنسانغا ئاشكارا دۈشمەن** دېگەن، شۇنداقلا ئۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئاننى جەننەتتىن ۋەسۋەسە قىلىپ چىقاردى، ھازىر مۇشۇنداق ۋەسۋەسە بىلەن ئىنساننى ئازدۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەشكە، ھەتتا قۇرئان ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىغان، قېچىشقا ۋە قاچۇرۇشقا بۇيرىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شەيتاننى ئادەم تېنىدە قان ئاقار تومۇرلىرىدا ئېقىپ يۈرىيدۇ دېگەن، ئۇنىڭدىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ زىكرى، ئىبادەت بىلەن ساقلىنىمىز.

قۇرئاندىن سىرت دەلىل قىلساق، بۇمۇ ئەلۋەتتە قۇرئان ئىچىگە كىرىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز ئەقلى دەلىل كەلتۈرەيلى. شەيتان، روھ دۇنياسىدىندۇر، ئۇ ماددا ئەمەس. چۈنكى، ماددا زەررىچە، بىر سېكۇنتتا **300000** كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بىز شۇنى كۆردۇق، بايقىدۇق، ئەمما شەيتان ئۇنىڭدىنمۇ ئىنچىكە روھىي دۇنيادىن بولغان مەخلۇقتۇر، شۇنداقلا بىزگە كۆرۈنمەس كارامەتنى ئاللاھ، ئۇنىڭغا بەرگەن. قىيامەتكىچە ئۆمۈرمۇ بەرگەن، بىزنىڭ تېنىمىزدىكى، جىسمىمىزدىكى كېسەللەرنى، ۋىرۇس، مىكرۇپلار كەلتۈردى، بىز ئۇنىمۇ مىكرۇسكوپىدا كۆردۇق، نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭايتىپ بايقىدۇق، ئەمما شەيتان زادى كۆرۈنمىدى، پەقەت سەزمىدۇق، ئالەم كېمىسىدىكى ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىدا تۇرسىمۇ شەيتان شۇلارنى ئازدۇرۇپ ھەرخىل سەپسەتە، ئىدىيە، ئەخلاق، پەلسەپىلەرنى سۆزلەتتى. ئۇ شۇ يەرگىمۇ بىرگە چىقىپتۇ، ئىنسان قەيەردە بولسا، ئۇ شۇ يەردە مەۋجۇت ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ قەستى، نىشانى، ئىش ـ ھەرىكەت نىزامى ئىنساننى ئازدۇرۇش، ئۆزىدەك دوزاخ ئەھلى قىلىشتۇر، بۇ قۇرئاندا كۆپ كېلىدۇ. بىزگە مەلۇم ھاۋا بوشلۇقى پۈتۈنلەي سۈرەت، ئاۋازلار بىلەن توشقان، ئاشۇ سۈرەتنى بىز توك ئارقىلىق، تېلېۋىزوردىكى ماگنىت ئارقىلىق، سىم يولى بىلەن ئېكراندا كۆرەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇ سۈرەتلەر ھاۋادىكى زەررىچىلەر، نۇرلار بىلەن بىرگە يورىيدۇ، خېلى يىراق جايدىن قويۇلغان ئاۋازنى دولقۇن ئارقىلىق رىدىئولاردا ئاڭلايمىز، تېلېۋىزوردا كۆرىمىز،. ئۇ ئاشۇ نۇر، زەررىچىدىن توشۇلىدۇ، بىز ئۇلارنى ئاشۇ ھاۋا بوشلۇقىدىكى سۈرەتنى كۆرمەيمىز. ئەمما مەۋجۇدلىقىغا ئىشىنىمىز، چوقۇم مەۋجۇدتۇر، شەيتان ئاشۇ سۈرەتلەردىنمۇ نازۇك، ئىنچىكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ روھىي دۇنياغا مەنسۇپ مەخلۇق، جىندۇر. بىز ئوكسىگېننى بايقىدۇق، ئۇنىڭ زەررىچىسى بىزدە دائىم ھەرىكەت قىلىدۇ، ئېغىز ـ بۇرنىمىزدىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىيدۇ. بىز بۇنى كۆرمىدۇق، ھەم سەزمىدۇق، شەيتان بولسا، ئاشۇ ئوكسىگېندىنمۇ، زەررىچىدىنمۇ نازۇك، ئىنچىكە مەخلۇقكەن، خۇددى كېسەل مىكروپلىرىنى مۇتەخەسسىس، دوختۇرلار بايقىغاندەك شەيتاننى پەيغەمبەر، ئەۋلىيالارلا بايقىيالايدۇ، ئاللاھ راس سۆزلىگۈچىدۇر، بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز. بىزنىڭ تېنىمىزنى ئاشۇ مىكرۇپلار كېسەل قىلغاندەك، ئەخلاقىمىزنى، دىلىمىزنى، قەلبىمىزنى، روھىمىزنى، ئىددىيىمىزنى شەيتان كېسەل قىلىدۇ، بۇزىدۇ. شەيتاندا ھېچقانداق پايدا يوق، شۇڭا، ئۇنىڭدىن قېچىش، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەش لازىم.

قولىمىزغا قورال ئالساق ئوقنى ئۆزمەي ئاتساق ئۇ چوقۇم يوقۇلىدۇ، قۇرئان، ناماز، ئىبادەت، زىكرى ئاللاھنى ئەسلەش ئۇنى يىراقلارغا قاچۇرىدۇ، ئەمما ئىخلاس بولمىسا، قولىمىزدا تەسۋىي، تىلىمىزدا زىكرى بولۇپ، قەلبىمىزنى يەنىلا شەيتانغا قويۇپ بەرسەك، ئۇ خالىغانچە ئوتلاپ، يايراپ يۈرسە مەڭگۇ شەيتاندىن قۇتۇلالمايمىز.

چىن قەلبىدىن ئاللاھنى ئەسلەش، خالىس ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، زىكرىدە قەلبىنى ئاللاھقىلا باغلاش لازىم. شۇنىڭدا، ئۇ ئورۇقلاپ، كىچىكلەپ، بىزگە كۈچى يەتمەيدۇ، ئاخىرى ماقامغا يەتكەنلەرگە ياخشىنى بۇيرىيدىغان تەسلىم بولىدۇ، ئاللاھ خالىسا شۇ بولىدۇ، شەيتان مەۋجۇد، نېمىشقا

مەۋجۇت بولمىغۇدەك؟ ئۇ بولمىغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى ھە! ئەمما ئۇ مەۋجۇد، بۇ سىناق دۇنيادۇر.

پۈتۈن دۇنيادىكى پاسىقلىق، پاجىرلىق، گۇناھ، ئاسىيلىق، يامان قىلىقلار زادى نەدىن كەلگەن؟ ئاللەمنى ياراتقان ئاللاھ پاھىشىگە بۇيرىمايدۇ، بۇزۇقچىلىققا بۇيرىمايدۇ، ئۇنداقتا بۇلارنىڭ سەۋەبچىسى كىم؟ ئۇ زادى نېمە؟ يوق نەرسە شۇنچە تەسىر قىلالامدۇ؟ شۇنچە سالىھ، تەقۋادار كىشىلەر تۇرۇپلا بۇزۇلىدۇ، بۇ زادى نېمە ئىش؟

مانا بۇ دەل شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ھۆكمالار، پەيلاسوپلار شەيتاننىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ ئازدۇرىشىغا ئىشەنگەن، ھەم ئەقلىي ئىسپات قىلغان، بۇنى بىز روھ توغرىسىدا سۆزلىگەندە بايان قىلدۇق، ياخشى تەرىپى، ئوڭ تەرىپى پەرىشتە، ياخشى ئىلھام شۇ، يامان تەرىپى سول تەرىپى، ۋەسۋەسە، نەپسى شەيتان تەرىپى شۇ، يۇقىرى ماقامغا يەتسە قەلبىگە شەيتان چۈشكىننى بىلەلەيدۇ، ئۇنى كۆرەلمىسىمۇ قىلىقنى، ۋەسۋەسنى سېزەلەيدۇ، بۇنى ماڭا بىرسى سۆزلەپ بەرگەن.

ھەي ئىنسان، سېنىڭ شەيتاننىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىشەنمەسلىك ھەم شۇنداق ئويغا كېلىپ قېلىشىڭ دەل شەيتاننىڭ ۋەسۋەسسى ۋە ئازۇرۇشىدۇر، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن. ئامىن!

## ئاللاھنىڭ، ئى مۆئمىنلەر، سىلەر ئادىللىقنى بەرپا قىلغۇچى بولۇڭلار دېگەن سۆزى توغرىسىدا

پۈتۈن يەرشارىدا ئادىللىقنى، تېنچلىقنى بەرپا قىلىش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمىساس مەجبۇرىيىتى، قەدىمدىن باشلاپ، جىنايەتچىلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ كېلىۋاتىمىز، دەلىل - ئىسپاتلارنى، گۇۋاھچىلارنى نەق مەيداندا كەلتۈرەلمىسەك، پۈتۈن پىلانىمىز يوققا چىقىدۇ، شۇڭا، مەن ھازىر سىلەرگە ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئەڭ ئىلغار ئۇسۇلنى سۆزلەپ بېرىمەن. بىرىنچى، سوراقتا قايىل بولمىغان كىشلەرنى ئۇرۇپ قىيناپ ئاۋارە بولماي، دورا ئارقىلىق خىمىيلىك ماددىلار ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇش، بۇ دورا ئىنگلىزچە ئەسكو بىلامىين دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دورا ئارقىلىق مەس قىلسا، پۈتۈن ئىشنى بىرنىمۇ قويماي ئىقرار قىلىپ بېرىدۇ. ئامېرىكا تۇنجى قېتىم **1500** ئادەمنى سىناق قىلىپ، **100** پىرسەنت نەتىجە قازانغان، شۇنداقلا تۇغۇتى تەس بولغان ئاياللاغا ئىشلەتسە ئۇلار ئاغرىقنى سەزمەي تېزلا تۇغقان، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن رولى بار، بۇ ھازىر يەرشارىدا تارقاپ كەتتى.

ئىككىچى، دىلونى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئىنچىكە كۆزىتىش لازىم، بولۇپمۇ، پۇت قالدۇرغان ئىز، بارماق ئىزى قاتارلىقلارنى كۆزىتىش، بارماق ئىزى تۆت گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، چۈنكى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئالتە مىليارت نوپۇسنىڭ بارماق ئىزى بىر - بىرسىگە ئوخشاشمايدۇ، ئەمما بىز ساختا بارماق ئىزىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم، سۈرەت لىنتىسى، سىنئالغۇ دەيدۇ. شۇنداق، ئۇمۇ بىردىنبىر گۇۋاھچى، ئەمما ساختا بولسا ئۇنى پەرق ئېتىش لازىم، ئاۋاز ئالغۇچى ئەسۋاب، ئۈنئالغۇمۇ شۇنداق بۇلار دىلوغا زور نەتىجە چىقىرىدۇ، مۇھىم ئىسپات بولالايدۇ.

ئىز بايقاش ھەرخىل ھايۋانلارنى ئىشقا سېلىپ، ئاپشاركا ئارقىلىق خىروئىندەك چەكمىلىكنى بايقاش لازىم، مەيلى قانداق ئۇسكۈنە، قانداق پەن قانداق ھايۋان بولسۇن، رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئادىللىقنى چوقۇم بەرپا قىلىش لازىم.

كەلگۈسىگە نەزەر سالايلى.

شۇنداق ئادىللىق بەرپا بولىدۇكى، ھېچكىم خاتالىق سادىر قىلالمايدۇ، مەسىلەن: بىرنەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن تەرەققىيات مۇشۇ تېزلىك بىلەن ماڭسا، ھەرقانداق ئىنسان تۇرغان جايدىن شۇ كىشىنىڭ سۆزىنى، سۈرىتىنى، قىلىقنى، ھەرىكىتىنى چىقىرىپ ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ سۆزى ھاۋا، نۇر، زەررىچە ئارقىلىق ئۈنئالغۇغا كۆچۈرۈلگەندەك شۇ جايدىكى ماگنىت مەيدانىغا كۆچۈرۈپ قالىدۇ. سۈرىتى بولسا فوتو ئاپاراتقا كىرىپ قالغاندەك ئاشۇ جايغا ئورناپ قالىدۇ، بىز ئۈنئالغۇدىن پايدىلىنىپ ئاۋازنى، سىنئالغۇدىن

پايدىلىنىپ سۈرىتىنى چىقارغاندەك ئاشۇ جىفىدىن سۈرەتنى، ئاۋازنى ئىلغار ئۈسكۈنە بىلەن چىقىرىۋالىمىز. ھەتتا ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ ئاۋازى، سۈرىتى، ھەرىكىتى، رەسۋاچىلىقى، ئاشۇ جايىدا قېلىپ قالىدۇ. بىز ئۇنى چىقىرىشىمىز مۇمكىن، خۇددى ماگنىت يالىتىلغان لىنتىدىن سۈرەت، ئاۋازنى چىقارغاندەك چىقىرىمىز، ئەمما بۇ ئۈسكۈنە ھازىر يوق، كېيىنچە چوقۇم بولىدۇ، ئاندىن ھەربىر كىشى چوقۇم ئىھتىيات بىلەن سۆزلەيدۇ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدۇ، بولمىسا رازۋېتچىكلار ئۇقۇپ قالىدۇ. ھەتتا، پۈتۈن خەلق، پۈتۈن جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تورسىمان، ئەمەلىيەتتە ھاۋا بوشلۇقىدا سۈرەت، ئاۋاز مەۋجۇد، ئۇنى بىز سىم يولى بىلەن كۆرۈۋالىمىز.

ئاشۇ ئۈسكۈنە، ئەسۋاب كەشىپ بولسا، پۈتۈن كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى، ئاۋازنى ئۇققىلى بولىدۇ، جىنايەتچىلەر چوقۇم ئىقرار قىلىدۇ، ئامالىمۇ يوق. مانا مۇشۇنداق ئادىللىقنى تۇرغۇزۇشقا ئاللاھ، قۇرئاندا بۇيرىغان، ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇخلىدى، دىنسىزلار بولسا، بۇنى ئىجرا قىلماقتا، ھەتتا ھەققەتچىلەرنىمۇ شۇ چارە ئامال بىلەن پاش قىلدى. دوكتۇر جون ۋىليام مۇنداق دېگەن: بۇ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئەمەلىيلىشىدۇ، ھەربىر ئىنساننىڭ كۆرۈنۈشى ھازىرقى سىنئالغۇ فىلىمىدەك باللىرىغا ئىبرەت، ئۆلگە بولىدۇ ياكى رەسۋاچىلىق بولىدۇ دېگەن. بەلكى، بۇنىڭدىن ئىلغار كەشپىياتلارمۇ مەۋجۇد، ئۇ بولسا، ئىككى پەرىشتە دائىم خاتىرلەپ تۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىشى مۇشۇ دەرىجىگە يەتسە ئاللاھنىڭ سانائىتىنىڭ، تەسەۋۋۇرى بەكمۇ قىيىن، بىز ئادىللىقنى پۈتۈن ئىلىم بىلەن پۈتۈن ۋاستە، ئۇسۇل بىلەن بەرپا قىلىشىمىز لازىم. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە قىلىغان تەلىپى، بۇيرۇقى، **98** ـ بەت، دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇئەللىپلەرگە بىر ئىتراز بىلدۈرۈش سوئالى چىقىدى، بىر مەشھۇر ئالىم، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگە مۇشۇ بىر توغرا كۆز قاراشمۇ؟ بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ، بۇ خۇراپاتقا ئوخشايدىكەن، دەپ سورىغان، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ، مەن بۇنى ئايەتتىن ئېلىپ يازدىم، مەن بىزنىڭ ھەققەتەن ئارقىدا قالغىنىمىزغا ئېچىنىدىم، قۇلاق سال، ئاللاھ، قۇرئاندا مۇنداق دېگەن، ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ زەرەرى ئۈچۈن تىللىرى، قوللىرى، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى سۆزلەيدۇ، يەنە، ئاللاھ، مۇنداق دېگەن: ئۇلار ھېساب مەيدانىغا كەلگەندە قۇلاق، كۆز، تىللىرى گۇۋاھچى بولىدۇ. ئۇلار تېرىلىرىگە نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھچى بولىسىلەر؟ دەپ سورىسا ئۇ تېرىلەر، ھەممە شەيئىنى سۆزلەتكەن، ئاللاھ، بىزنىمۇ سۆزلەتتى دەيدۇ، بۇ ئايەت ھەم ئۈنئالغۇغا ئىشارەتتۇر، چۈنكى، ھەممە شەيئىنى سۆزلەتكەن ئاللاھتۇر، ئىنسى ـ جىنلار ئەمەس.

ئاللاھ، سۈرە ياسىندا، مۇنداق دېگەن: ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قوللىرى سۆزلەيدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھچى بولىدۇ دېگەن ئىدى.

ئاللاھ ھەممىنى بىراقلا كۆزدە تۇتۇپ، مۇنداق دېگەن: بەلكى، ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىگە گۇۋاھچى دېگەن. ئاللاھ، يەنە، ئى ئىنسان، بۈگۈن سەندىن ھېساب ئېلىشقا ئۆز ۋۇجۇدۇڭ كۇپايە دېگەن، بۇ نەپسى دېگەن سۆزدىن، روھمۇ، ماددى، جىسمانىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇلار، گەرچە ئاخىرەتكە دەلىل بولسىمۇ، بۇ دۇنياغا ئىشارەت قىلىدۇ، بۇنى بىز ئىشارەتتىن، دەلىل ئېلىش دەيمىز، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت بەك يىراق ئەمەس، كۆپ ئەھۋاللار ئوخشايدۇ، سوت مەھكىمىسى سوراق، گۇۋاھچى، ھۆكۈم، تۈرمە، جازا، مۇكاپات ھەممىسى ئوخشاش.

بۇ ئىشلارغا ئايەت، ھەدىس دەلىل، ئەگەر تانساڭ، ھەققەتكە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە، ھېكمىتىگە شۇنداقلا ئىنسانلارغا قىلغان ئىلھام، رەھمىتىگە تانغان بولىسەن، بىز ئادىللىقنى مانا شۇنداق بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

ئەگەر، سىلەر ئىمان كەلتۈرسەڭلار، شۈكرى قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئازاپلاپ نېمە قىلاتتى؟

ئاللاھ، شۈكرىنى قوبۇل قىلغۇچى، ئازغا كۆپ ئەجرىنى بەرگۈچى، ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچىدۇر دېگەن ئايەت توغرىسىدا، ھەر بىر ئىنساننىڭ شۈكرى قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا، نېمەت بەرگىنىگە، رىزىق بەرگىنىگە، كىتاب، ئىلىم، ھىدايەت بەرگىنىگە شۈكرى لازىم بولىدۇ. ئىنسانلار دائىم بۇغداي ـ قوناقلا رىزىق دەپ چۈشىنىپ كەلدى، ئەمەلىيەتتە نېمە ئىنسانلارغا پايدىلىق، مەنپەئەتلىك بولسا، شۇ رىزىق بولىدۇ، ئۇنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلىش لازىم كېلىدۇ. ئىبادەت بىلەن ئىلىمنى تەڭ ئۆگىتىش، ئىنسانلارغا زور

پايدا يارىتىش بىلەن شۈكرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، رىزىقنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى، قازان، ئەگەر چۆيۈن، تۆمۈر، تۈچ، مىس، رو، ئاليۇمىنلار بو لمىسا قازان، چاي چەينىكى، پار قازىنىنى ياسىغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئېرىشتىكى ئىسسىقلىق گرادۇسىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

مەسىلەن: پولات **1775** گرادوستا، قەلەي **210** گرادۇستا ئېرىتىلىدۇ، ئەگەر بۇلاردا ھەممىسى ئوخشاش گرادۇستا ئېرىتىلسە قازانغا ئوت يېقىلىشى بىلەنلا، ئېرىپ كېتىپ، تائام پىشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ قاتتىقلىقى، زىچلىق، ئېرىش گرادۇسىنى كىم قىلدى؟ سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئاشتىن باشقا نۇرغۇن رىزىق بار، ئويلىساق ھەممە ئىنسانلارغا بويسۇنغان رىزىق بولىدۇ، ھەتتا ئاۋازلار، مەسىلەن، كالا مۆرىشى، زۇۋان ئاۋازى، نۇرغۇنلىغان، مىليونلىغان غونچۇنلارنىڭ، موزاي، ئىنەكلەر سۈگۈنگە چۈشسە ھاملدار ۋاقتى كەلسە، مۆرەيدۇ، بولۇپمۇ ھارامدىن قورقۇپ تالاغا ئېلىپ چىقماي، ئىنەكلەر شۇ مۆرەشتىكى، زۇۋان ئارقىلىق ئۇنى ئىگىسى بىلىپ ئۇرۇقلىتىدۇ، ئاندىن نۇرغۇنلىغان قىممەت باھالىق موزايلار دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇمۇ ئاندەك بىرەر ئادەمنىڭ ئۇگىتىپ قويىشسىزلا مەقسىتىنى بىلدۇرىدۇ، مانا بۇ مۆرەش ئاۋازى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپلا قالماي، ئىنسانلارغا زور رىزىق بولغاندۇر، نېمەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، شۈكرىسىنى قىلىپ بولمايدىغان بۇ نېمەتلەردىن بىر ـ بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ، سوراققا تارتىدۇ، شۈكلاشقا، ئاللاھ، ئازنى قوبۇل قىلىپ كۆپ ئەجىر بېرىدۇ، مانا بۇ شەكۇر دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسى بولىدۇ.

## سۈرە مائىدە تەپسىرىدىن تاللانمىلار

بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ سۈرە **10** قىسىم بولىدۇ، بىرىنچى، ئوۋ ھەققىدە ھالال ـ ھارام. ئىككىنچى، تاھارەت، ئۈچىنچى، بەنى ئىسرائىل ئەھدىسى، تۆتىنچى، ئادەمنىڭ ئىككى بالىسى ھەققىدە قىسسە، بەشىنچى، قاتىل، قاراقچى، ئوغرى دىلوسىدىكى ھۆكۈم، ئالتىنچى، تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان توغرىسىدىكى ھۆكۈم، يەتتىنچى، مۆئمىنلەرنىڭ، يەھۇدىيلارنى، ناسارالارنى، كاپىرلارنى دوست تۇتماسلىقى، سەككىزىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشى ئاللاھنىڭ قوغدىشى، توققۇزىنچى، ھاراق، قىمارنىڭ ھاراملىقى، گۇۋاھلىق تۈرلىرى، **10** ـ ئاللاھنىڭ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىشى. بىز مۇشۇ قىسىمنىڭ ئىچىدىن تاللاش ئېلىپ بارىمىز.

بىرىنچى، ھارام قىلىنغان يەنى گۆشىنى ئىستېمال قىلىشىدىن چەكلەنگەن ھايۋانلار، **1)** ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئۆلۈك ھارام، ھارام ھايۋانلار مەيلى تىرىك ياكى ئۆلۈك بولسۇن ئۇ بەرىبىر ھارام، بۇ يەردىكى ئۆلۈك، بىز ھالال بىلىدىغان قوي، كالىلاردىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغىنى، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئاتالماي بوغۇزلانغىنى، ئاندىن بۇنىڭ قانلىرى ئىچىدە سىڭىپ ھەرخىل مىكرۇپلار قالىدۇ، بۇ زور زىيانلىق بولىدۇ، ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ مىيتىنى سېتىشمۇ ھارام

**2)** تىرىك ھايۋانلاردىن كېسىلگەن گۆشمۇ ياكى چىقىرىلغان قانمۇ ھارام قىلىنىدۇ، ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ.

**3)** توڭگۇز، چوشقا گۆشى، بۇ ھايۋاننىڭ قانچىلىك نىجىس نەرسىنى يېيىشى ھەممىگە مەلۇم، بۇنىڭ گۆشىنى يېيىشمۇ، نىجىسلىقنى سىڭىق پۇراقنى ھەرخىل كېسەللەنى كەلتۈرىدۇ، قورقۇنچاق، پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ناچار ئەخلاقنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى يېڭى ئىلىم ـ پەندە نۇرغۇن يېڭى مەلۇماتلار بېرىلدى، چوشقا گۆشى مەددە قۇرۇت كېسىلىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ گۆش، ماي، ھەممە يېرىدە مەددە قۇرت، مىكرۇپ بار، ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ گۆش، سۆڭەك، موسكۇل، پۈتۈن قۇۋۋىتى يېگەن تائامنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدۇ، بۇنى زور دەرىجىدە تەتقىق قىلىش لازىم. ئەمما ئاساسىي ھېكمەت، ئاللاھ ئۇنى چەكلىدى، بىز ھېكمەت سۈرۈشتە قىلماي، ھارام دەپ بىلىمىز. چۈنكى، چوشقا گۆشى يەپ كەلگەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كاپىردىن بىرنى ئالدىمىزغا ئەكەلسە بىز مات بولىمىز، بۇ دۇنيا سىناق دۇنيا ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراقتا تارتىلمايدۇ، ئىنسانلار سوراقتا تارتىلىدۇ، ئاللاھ ئۆزى ئالىم.

**4)** ئاللاھنىڭ ئىسمى ئاتالماي باشقا ئىسىم ئاتىلىپ بوغۇزلانغان ياكى قۇربانلىقدىن باشقا ھەر قىسىم جايلارغا، مازارلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان ھايۋانلار مەلۇم شەخسكە ئاتاپ بوغۇزلانغان ھايۋان ھارام

**5)** بوغۇلۇپ ئۆلگەن، قېنى زادى چىقمىغان، ئاللاھنىڭ ئىسمىمۇ ئاتالمىغان ھايۋان ھارام.

**6)** ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، قان چىقمىغان، بىسمىللامۇ دېيىلمىگەن ياكى قۇرۇلۇش باسقان ھايۋان ھارام

**7)** ئېگىز ئۆگزىدىن ياكى بىنادىن ياكى تاغدىن چۈشۈپ كەتكەن ياكى قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان ھارام.

**8)** بىر ـ بىر بىلەن ئۈسسۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان ھارام.

**9)** گۆشخور ھايۋانلار، شىر، يولۋاس، بۆرىلەر يەپ ئۆلتۈرگەن ھايۋانلارمۇ ھارام.

**10)** بۇتقا ئاتاپ ئۆلتۈرۈلگەن، بۇددا دىنىدىكى كىشىلەر ئۆلتۈرگەن، ياكى مۇسۇلمانلارمۇ مەلۇم جايغا ئاتاپ ئۆلتۈرگەن ھايۋان ھارام.

**11)** گۆشنى پاس سېلىش بىلەن قىمار شەكلىدە ئۈلۈشۈش ھارام، چۈنكى، يۇقىرىقى ئىشلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپ، قانۇندىن چەتنىگەنلىك، بۇنىڭ ھېكمىتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىز شەرتسىز ئەمەل قىلىمىز.

ئەمەلىيەتتە بىزگە زور زىيان، ئاپەت، ھالاكەت، كېسەللەر بار، ئىبادەتتىن چەتنىگەن، شۇڭا، ئاللاھ، بۇلارنى ئالدىدىن بىلىپ چەكلىگەندۇر. بۇنىڭ زىيادە پايدىسىنى بىلىش ئۈچۈن ھايۋانلار ئىلمى قىسمىنى ئوقۇڭ.

بىزگە ھالال قىلىنغانلىرىنى زادى يەيمىز، بۇمۇ بىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈككە پايدىلىق، ھارام قىلىپ چەكلىگەنلىرىنى قوغدىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلار بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ۋابانى تازىلايدۇ، ساياھەتتەك ۋە باشقا نۇرغۇن كىرىم مەنبەسى بار. پەن ـ تېخنىكىدىمۇ، تەجرىبە قىلىشتىمۇ، ئۇلاردىن ھەرخىل پايدىلىنىشتىمۇ زور پايدىسى بار. ھايۋانلار ئاساسلىقى ئاللاھنىڭ ئىسمى ئاتاپ بوغۇزلانمىسا، ياكى ئۆلۈك بولۇپ قېلىش ياكى گۆشخور بولۇش، ياكى ئۆزى نىجىس بولۇش ياكى كېسەل كەلتۈرۈش ياكى باشقا سەۋەبدىن ھارام قىلىپ چەكلەنگەن. ياكى ئۇ ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، پايدىسى كۆپ، ياكى نەسلى قۇرىغىلى تۇرسا، ھارام قىلىنىدۇ، قوغدىلىدۇ. ئۇلار ئىستېمال قىلىش ئەھۋاللىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يىگەن تائام، ئوت ـ چۆپلىرى سۇرۇشتۇرۇلىدۇ، ئۆسۈملۈك بولسا، ئۇنداق ئەمەس، بۇلارغا گەندە، قىغ قۇيساقمۇ كۈن نۇرى، تۇپراق، سۇلار، ماددىنى ئايرىپ پاكىزلىرىنى بىزگە لايىق ساپلىرىنى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، پاسكىنا نىجىس ھاراملىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، ھايۋان بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ گۆش، سۈتلىرى، ماي، تۇخۇملىرىنى يىگەن، ئىستېمال قىلغان، يېمەكلىككە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، نىجاسەت يىگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن، سۈتىنى ئىچىشتىن توسقان، ھەمرىيىنى يىۋالغان كالا **10** كۈندىن **40** كۈنگىچە پاكىز تازىلىنىشى لازىم كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن سۈتىنى ئىچسە بولىدۇ.

توخۇغا كەلسەك، ئىككى ۋاخ دان بېرىلسە پاكىز دانلار بولسا، تۇخۇمى ھالال بولىدۇ. دائىم ئۈچ ۋاخ گەندە تاتىلسا، تۇخۇمى مەكرۇھ بولىدۇ، يېيىشكە بولمايدۇ، ئۆزىنى بولسا ئۈچ كۈندىن ئون كۈنگىچە پاكىز دان بېرىپ كاتەككە سولاپ قويۇپ ئاندىن ئۆلتۈرۈپ يەيمىز، بۇ دەلىل ـ ئىسپاتلار مىرقات دېگەن، مشكات شەرھىسىدە بار. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئازغىنا پايدىنى كۆزلەپ زور زىيان تارتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھۇشىمىزنى تاپايلى، نېمە زىيانلىق، نېمە پايدىلىق، بۇنى ئايرىپ ماددا، ئىلىمنىتقا قاراپ تائام ئىستېمال قىلايلى، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرەيلى، ھالال ـ ھارام قانۇنى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ شۇنچە مېھرىبان، رەھىم قىلغۇچى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە يول قويىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھايۋانلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يەيدۇ؟

سىز بۇ سوئالنى يۈرىكىڭىز ئېچىشىپ، ئىچىڭىز ئاغرىپ قەلبىڭىز يۇمشاپ كۆز ياش قىلىپ سوراپسىز، ئەمما، ئاللاھ ئۇنداق ئەمەس، ماددا، جىسىم ئەمەس، ئېيچىشىدىغان يۈرىكى، تۆكىدىغان يېشى يوق، مەخلۇققا ئوخشاشمايدۇ، ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىدىن خالىيدۇر، ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىش، بىز چۈشىنەلمىگۈدەك ھېكمەتلىك، سىرلىقتۇر، بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق، ئۇ رەھمەت، ئادىللىق، يىراقنى كۆرۈش، ھەممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتۇر، خۇددى تىببىي دوختۇر، ئوپراتسىيە قىلسا، رەھىم قىلمايدۇ، كېسىۋېتىدۇ، بۇ ئەسلى رەھمەتتۇر، كېسەل ساقىيىپ بولۇپ دوختۇرغا ئۆچ بولماستىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدۇ، سوۋغات بېرىدۇ. ئاللاھ، ئەڭ ئالىي، ئۈستۈن سۈپەتكە لايىقتۇر، ئاللاھ، ئىنسانغا ھەرخىل رىزىقنى بېرىدۇ، ئۇ ھايۋان ئەسلىي يوق نەرسە، بەلكى سۇ ئىدى، كېيىن ئاللاھ ئۇنى ياراتتى، يوقتىن بار قىلدى، ئەڭ گۈزەل ھۆرمەتلىك مەخلۇق، ئىنسانغا رىزىق قىلىپ بەردى. شۇ ئارقىلىق ئاللاھ، بەندىلەرنى سىنايدۇ، ھايۋانلار بۇ شەرەپكە ئىگە بولغىنىغا خۇرسەن بولۇشى لازىم. يەنىمۇ كۆپلەپ زىكرى ئوقۇشى، بويسۇنۇشى، شۈكرى قىلىشى لازىم. ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، شۇنداقلا قۇدرىتىنى ئىنسانلارغا كۆرۈشتىشى ئۈچۈن بۇنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشى، بەزى نادان ئىنساننى ئازدۇرۇپ، خالىغىنىنى قىلالايدىغان گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويۇپ، دىنسىزلاشتۇرۇۋاتىدۇ، بۇمۇ بىر سىناق ئەلۋەتتە، ئۆلۈش، تىرىلىشنى كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز، قولىمىزدا، ئالدىمىزدا تەجرىبە قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن قىيامەتكە ئىشىنىمىز، ھايۋانلارنىمۇ، ئۆسۈملۈككىمۇ، ئىنسانلارغىمۇ پايدىسى بار، چۈنكى، ھايۋاننى قويۇپ بەرسەك، ئۆزى ئۆلۈپ سېسىپ توزۇپ يۈرسە، ۋابا تارقىلىدۇ، ھەممە بىراقلا تۈگىشىدۇ، ياكى ئوت ـ چۆپ يېتىشمەي، ئۇلار بەربىر تۈگىشىدۇ ياكى ئوت چۆپلەرنى يەپ تۈگەتسە، يەرشارى قۇرغاقچىلىق بولۇپ، قۇم، تۇپراق كۆچۈپ، پۈتۈن دۇنيا ۋەيران بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھالاللىرىنى ھالا قىلىپ يەيمىز، ھارانلىرىنى

هارام قىلىپ قالدۇرۇپ قوغدايمىز. هارام قىلىنغان، يېيىش چەكلەنگەن هايۋانلارنى قوغداشنىڭ ئالاھىدە هېكمىتى بار. ئوت ـ چۆپ يەيدىغان كالا ـ قوي، كىيىك، توشقاننى نورمال هالدا تەكشۈرگىنى ساقلاپ مۇهىتنى ئاسراپ ئىستېمال قىلىشىمىز، نەسلىنى قۇرتماسلىقىمىز لازىم. بۇ ئۆزىمىز ئۈچۈن، ئۇلار ئۈچۈن، ئوزۇق قىلىش ۋە ۋابا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياخشىلىق، مەخسۇس گۆش يەيدىغان، تاپ، قان، قۇرۇت ـ قوڭغۇزلارنى، چۈشەن، پاشا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان گۆشخور هايۋانلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، نەسلى ئاز بولىدۇ، بۇلارنى قوغدىشىمىز لازىم. مېھرىبان ئاللاھ بىزنى قوغداپ، هاۋالارنى تازىلاپ، بۆركۈت، قۇشلارنى قۇرۇقلىقنى تازىلاش ئۈچۈن، يىلان ـ چايانىنى دېڭىزلارنى تازىلاپ مۇهىتنى ياخشىلاپ ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تىمساھ، لەھەڭلەرنى ئۇندىن باشقا نۇرغۇن قوغدىغۇچى تەكشۈرگىنى ساقلىغۇچ نورمال ئايلىنىشقا كاپالەتلىك قىلغۇچى مەخلۇقنى ئورۇنلاشتۇرغان، بۇنى تەدبىرسىز، ئەقلسىز، جانسىز تەبىئەت ئەمەس، ھەممىگە قادىر ئاللاھ، رەھمان، رەھىم قىلغاندۇر.

چۈشەن، پاشا، كومۇتا، ھەرىلەرنى، قۇشقاچ، قالغاچلار ئوۋلايدۇ، ئۇلارنى ئۈنىگدىن گۆشخورراقلىرى ئوۋلايدۇ، ئاخىرقى كۈچلۈكىنىڭ نەسلى ئاز ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار بەك كۆپىيىپ كەتسىمۇ بالا بولىدۇ، ئەڭ تۆۋەن ئوزۇقلۇق هېسابلىنىدىغان ئاجىز نەرسە قۇرت بولىدۇ، ئەمما ھەممىنى باشقۇرغۇچى ئىنسانىمۇ ئاشۇ قۇرت يەيدۇ، قۇرتلارنى بولسا، باشقىلار يەيدۇ، ئۆزئارا يېيىشىدۇ. ئاخىرى زەررىچە بولىدۇ، خۇددى ئەسلىمۇ زەررىچە بولغاندەك، بۇ زەررىچىلەر ئۆسۈملۈك تېنىدە، هايۋان، ئىنسان تېنىدە يەنە هاياتلىققا ئېرىشىدۇ، دەل مۇشۇ روھنى، هاياتلىقنى ئاللاھ بېرىدۇ. يەنە، ئاللاھ ئالىدۇ، ئۆزى ئىگە بولۇپ باشقۇرىدۇ. بۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىنساننى، ئىنسان يوقىتىشىدىن باشقا ئىككى ئامىل بولىدۇ، بىرى شىر، يولۋاس ياكى يىلان ـ چايان ياكى تىمساھ ياكى چۈشەن، پاشىدە مىكرۇپ يۇقتۇرغۇچىلار بولىدۇ. ئىككىنچى يوقاتقۇچى ئامىل، ئاشۇ كۆزگە كۆرۈنمەس مىكرۇپ، ۋىرۇس، باكتېرىيە قاتارلىق ئوخشاشماس تۈردىكى مەخلۇق، بۇ، ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولۇپ، سانىنى ئاللاھدىن باشقىسى بىلمەيدۇ، مېھرىبان ئاللاھ يەنىلا ئۇلارنى يوقىتىشنى بىزگە تەلىم بېرىپ هايۋانلارنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئىلھام بېرىش بىلەن تەپەككۇرنى پەرىز قىلىش بىلەن زور ئىلىم، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ھەرخىل ماددا، ئىلمىيىنتىلارنى بەردى. بىز يەنىلا ھەر جەھەتتىن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، قۇدرىتىنى، هېكمىتىنى، رەھمىتىنى بىلەلەيمىز. ئاللاھقا كۆپ شۈكرى، زىكرى، ئىبادەت قىلىمىز.

مانا بۇ، ئاخىرقى نىشان، مەقسەتتۇر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى شۈكى، دەسلىپى تۇپراق، ئاندىن كېيىنكى هالىتى **10000** ھەسسە يوغانتسا ئاران پىتتەك بولىدىغان هۈجەيرىدىن يارالغان ئىنساننى ئاشۇ ھەممىنى باشقۇرۇپ ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىستېمال قىلغان ئىنساننى ئاخىرى قۇرت يەيدۇ. ئۇلار قانچە سېمىز بولسا، شۇنچە قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا پايدا بولىدۇ، ئۆزى ئازابلىنىدۇ، مانا بۇ ئۆتنىگە لايىقۇت جاۋاب قايتۇرۇش، قىساس ئېلىپ بېرىشتۇر. بىز نېمىگە كۆرەڭلەيمىز، ئۆزىمىزنى ئالدىماي ئاللاھقا خالىس ئىبادەت، قۇلچىلىق قىلايلى.

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس گۆشلا يەيدىغان، ئۈنىگدىن باشقىنى بىلمەيدىغانلار بار. ئۇلار، قارلىق، مۇز تاغدا، دېڭىزلاردا ياشايدۇ، ئۇلار، يولۋاس، شىرلارغا ئوخشايدۇ، بەزى ئىنسانلار دائىم ئۆسۈملۈك يەيدۇ، گۆشنى زادى ئىستېمال قىلمايدۇ، بەزىسى قۇرت ـ قوڭغۇزدىن، پاقىغىچە يەيدۇ، ھەتتا بەزىسى ئادەم گۆشىنىمۇ يەۋېرىدۇ. ئىسلام دىنى بولسا، ئادىل، ئوتتۇرىھال، تەكپۈك ئىش تۇتقان، ئۆسۈملۈكنىمۇ، هايۋانلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ھەممىنى ئالسراشنى بىلىدۇ، ئۇلار زەھەرسىزنى ئىستېمال قىلىپ، زەھەرگە قارشى تۇرىدۇ، هايۋانلار ئىچىدە هالال نامى بىلەن يېيىشكە تېگىشلىكنى يەيدۇ، قوغدايدىغىنىنى قوغدايدۇ.

ئىنسان گۆشنى زادى يېيىشكە بولمايدۇ، شۇڭا، ئىسلام قانۇنى، پىرىنسىپى ئىنسانلارغا، هايۋانلارغا، ئۆسۈملۈككە، مۇهىتقا، تەبىئەتكە پۈتۈن كائىناتقا ماس كېلىدۇ.

ئۇلار يەيدىغىنىنى يەپ، قوغدايدىغىنىنى قوغداپ، چەكلەپ قىلىشقا تېگىشلىكىنى قىلىپ، بىرلا بۇيرۇق بىلەن ھەممىسى بىردەك ئىتتىپاق ھەرىكەت قىلىدۇ، زادى نۇقسان يوق.

ئاللاھ، قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: ھەربىر هايۋان، ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان قۇشلار سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەت، بىز ھەممىنى كىتابدا يەنى «لەۋھۇلمەھپۇزدا» خاتىرلەپ قويغان، دېمەك، ئىسلام دىنى

يالغۇز ئىنسانلا ئەمەس، پۈتۈن كائىناتنى، ئۆزىنى، ھايۋانلارنى، قۇشلارنى، ئۆسۈملۈكنى ھەرخىل ماددا ئېلېمېنتلارنى قوغداپ، ئاسراپ تېنچلىقنى قوغدايدۇ، نورمال ئاسراپ، تېنچلىقنى قوغدايدۇ، نورمال، ئادىل، تەڭپۇڭ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يوقىتىدىغىنىنى يوقاتماي قويمايدۇ، قوغدايدىغىنىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ، ھەممە، پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۆكمى، قانۇنى، نىزام، پىرىنسىپى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىختىيارى ئىش ئېلىپ بارمايدۇ. پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرىدىغان ئادىل قانۇن ئورناتقان ئاللاھقا شەكسىز ئىشىنىدۇ. قانۇنىمۇ شۇنداق، شۇڭلاشقا ئۇلاردىن قىلچە چاتاق چىقمايدۇ، سەۋەنلىك كۆرۈلمەيدۇ.

مانا بۇ ھەقىقەتكە قارشى تۇرغان ھەرقانداق مەخلۇق، ئاسىي بولۇپ، جازاسىنى تارتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راستىنلا پۈتۈن كائىناتقا، ئالەملەرگە رەھمەتتۇر.

سۈرە مائىدە، داستان سۈرىسى دېگەن بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا داستاننى خېلى كەڭرى ئاچتۇق، ماددى رىزىق ۋە مەنىۋى ئوزۇق، نېمەتلەرنى بايان قىلدۇق، بىز مۇشۇ داستان ئۈستىتىكى زىياپەتنى يەپ كىلۋاتقان ئىكەنمىز، چوقۇم شۈكرىسىنى قىلىشىمىز لازىم. بۇرۇنقىلار، پەيغەمبەردىن باشقا ساھابىلار، تابىئىنلار، نۇرغۇن كىشلەر بۇنى بىلىپ، چۈشىنىپ، شۈكرىنى قىلدى، نۇرغۇن خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆرگەن راھىتى ئاز، داستاندىكى زىياپىتى ئاددىي بولۇپ، خىزمىتى جاپالىق، نەتىجىسى مول، تۆھپىسى چوڭ بولدى، بىزچۇ، ئەمدى بىز يۇقىرىدىكىلەر قىلالماي كەتكەن ئىشلارنى قىلىشىمىز، بىلمىگەنلەرنى بىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ھەقىقي ۋارىسى بولۇشىمىز لازىم ئىدى. شۇڭا، مەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەي، بۇ ۋەزىپىلەر زوردۇر، بىرىنچى، بىز پەيدا بولغان ۋە يەنە قايتىپ بارىدىغان بۇ زېمىننى يەرشارى قاتلام نەزەرىيىسى، جۇغراپىيىنى، گېئولوگىيىنى بىلىشىمىز لازىم. ئىككىنچى، بۇنىڭدىكى، ھايۋان، ھاشارەت ئىلمىنى، ئۈچىنچى، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ ئىلمىنى، يىغىپ ئېيتقاندا بۇ بىئولوگىيىنى بىلىشىمىز لازىم، ھەم ئۇنى بىلدۈرۈشىمىز، ئەمەلي ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. تۆتىنچى، كان ـ كارخانا، ماددا، ئېلېمېنت، پولات تاۋلاش ئىشلىرىنى بىلىشىمىز لازىم؟، بەشىنچى، ئاسترونومىيە، ئالەم قاتنىشى، سۈنئىي ھەمراھ، ئاتوم، يادرو، نۇر ئىلمىنى بىلىشىمىز لازىم. ئالتىنچى، پەننى، ئىلغار ئۈستكۈندە داۋالاشنى بىلىشىمىز لازىم، بۇلار زۆرۈردۇر، پەرزدۇر. يەتتىنچى، سىياسەتنى، جەڭ تاكتىكىسىنى، ئالاھىدە قىسىم جەڭ ئىشلىرىنى، يۇقىرى ماھارەتلىك، جانبازلىقنى، ئەڭ ئىلغار قورال، يارامىلىق ئىلمىنى بىلىشىمىز لازىم. سەككىزىنچى، ئىلىم ـ ھېكمەت، ئىدىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپىنى بىلىش، ھېكمەت بىلەن ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم، ئىلمىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئاز ئۇخلاپ، ھۇشيار تۇرۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەپ نەتىجە ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن كائىنات ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىپ، ئاللاھنى رازى قىلىش لازىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن، بىز بۇنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىمىز.

بىز بۇ ۋەزىپىمىزگە ئاددىيلا بىر ئەمەلىي دەلىل قىلايلى، يۇقىرىدا بىز، كان ئىشلىرىنى، ماددا ئېلېمېنتنى بىلىشىمىز، لازىم دېدۇق. بۇ فىزىكا، خىمىيە ئىلمى بولىدۇ، بۇنى نېمە ئۈچۈن بىز پەرز كۆپايە دېدۇق؟ ھازىر دۇنيادا **160** خىلدىن ئارتۇق كان مەھسۇلاتلىرى بايقالدى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش، سودا ئالاقىسى بۇنىڭدىن زادى ئايرىلالمايدۇ، بۇ مال ھەم جان. مەسىلەن، بىرىنچى رىزىق چۆيۈندەك قازاندۇر، ئالىيۇمىندىن قازان، چۆگۈن، چاي چەينىكى ھەتتا ئايروپىلانمۇ ياسىلىدۇ.

تىتان دېگەن ماددىدىن يەڭگىل بولغانلىقى، ئەمما قاتتىق بەرداشلىق بېرىشى كۈچلۈك بولغانلىقىدىن ئالەم كېمىسى ياسىلىدۇ، زىر ـ مۇنچاقتىن سىرت پىچاق دەستىسى ياكى زىننەت بويۇمدىن سىرت، كىنو ـ سىنئالغۇ لىنزىسىنى ياساشتا، كۈمۈش ئىشلىتىلىدۇ. ماگنىت يالىتىلىدۇ، ساليۇت ياساشقا پارتلاتقۇچقا ماگنىي ئىشلىتىلىدۇ. ئېلېكتېر سانائىتىدە مىس كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تېخى ئۇنىڭدىن قازان ياساشتىن سىرت چالغۇ ئەسۋابلىرى ياسىلىدۇ.

پولات ـ تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ يېزا ـ ئېگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىدا كەڭ ـ كۆلەملىك ئىشلىتىلىدۇ. ماشىنا، پاراخوت، پويىز، تانكا، ستانوك، زەمبىرەك ياسىلىدۇ. نېفىتمۇ كان مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ئۇنى، يېقىلغۇ ئېنېرگىيىدىن باشقا نەچچە مىڭ خىل مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارغىلى

بولىدۇ. مەسىلەن: سۇلياۋ، سۇلياۋدىن ياسالغان يامغۇرلۇق چاپىنى، ئاياغ، داس، قاتارلىقلار سۇلياۋدۇر. ھەتتا، شامدىن تارتىپ نېفىتتىن كېلىدۇ، كۆمۈر بولسا، ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى قوغدايدىغان يېقىن دوستى، پويىزدىكى توك چىقىرىشتىكى ئاساسلىق ئامىل، تېخى ئۇنىڭدىن بىر خىل تاللىق كلىيىملەرنى ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇران دېگەن ماددىنى يېقىلغۇ، يادرو ئېلېكتىر ئىستانىسىسى، كۇنىگە زور مىقداردا توك چىقىرىۋاتىدۇ، پۈتۈن دۆلەتلەرنى، باش زۇڭتۇڭلارنى قوغداشتا كۈزەتكۈچى بولغان رادارنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى، بولىدۇ. بۇ ماددىنىڭ ئىسمى بولىدۇ.

بىروم دېگەن ماددا، قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خام ئەشياسى بولىدۇ، ئوكسىگېن بولسا، بىزنىڭ ھاياتىمىز، بۇنىڭغا ھىدروگېن قوشۇلسا سۇ بولىدۇ.

ئازوت، فوسفور، كالىيلار مۇھىم خىمىيە ئوغۇتىدۇر، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ھاياتى، ئوزۇقى، ئاشۇ ئوغۇت ماددىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولماقتا، شۇنىڭدەك، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىز، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز، قاتناش قوراللىرىمىز، تۇرالغۇ جايلىرىمىز، بۇ مەھسۇلاتلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يۇقىرىدا دېگەن پۈتۈن بىلىم پەرىز كۇپايە. ھاياتىمىزغا، مال ـ مۈلكىمىزگە، دۇنيا ئاخىرەتلىك بەختىمىزگە، غەلىبە يا مەغلۇبىيىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئىلىملەر نېمىشقا پەرىز بولمىغۇدەك، ئاللاھ، پۈتۈن ئالەمنى، ئاسماننى، قۇياشنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ نۇرىنى، ئاينى، بۇلۇتنى، ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكنى ھەممىنى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرسە، تېخى يەنە ئەسھابۇلكەھپىدەك ئۇيقىسىدىن ئويغىتىپ قويسا، ئالاھىدە قانۇن كىتاب، «قۇرئان» چۈشۈرۈپ، بۇلارنى پەرز دەپ ئورۇنلاشتۇرسا، بۇ نادان، خۇراپىي، دۆت ئىنسانلار يەنىلا ھۇشىنى تاپمايۋاتىدۇ، بۇلار دۇنيا ئاخىرەتتىمۇ ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغىمۇ قىلدى.

## ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى ئوغلى، قابىل بىلەن ھابىل قىسسىسىدىن تاللانما

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇشۇ قىسسىگە كەلگەن چاغدا، بىر ئالىم كىرىپ مۇنداق سوئال سوراپتۇ، ئاللاھتائالا بۇ قىسسىنى نېمە ئۈچۈن سۆزلىگەن، بىزنىڭ دىنىمىز ئاخىرقى دىن ئەڭ تەرەققىي قىلىشقا لايىق دىن، ھازىر بىز 20 ـ ئەسىردە تۇرىۋاتىمىز، بۇ دەۋر بولسا، توك، ئېلېكتىر، لازىر نۇرى دەۋرى، گاز ئارقىلىق ئالەم قاتنىشى دەۋرى، ئايروپىلان، راكىتا دەۋرى، ئۇنداقتا بۇ قىسسىنىڭ جۈملىدىن بۇ ھەسەد قىلىشنىڭ بۇ قاغىنى قابىلغا ئەۋەتىشنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋەت بار، بىزگە قانچىلىك پايدىسى بار؟ ئىبرەت زادى نەدە؟

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: ئەي دوستۇم، قۇلاق سال، ئىنسان ئىككى غەرەزدە ياشايدۇ، بۇ ئىككى غەرەزدىن قۇتۇلماي ئۆتۈش بەكمۇ قىيىن، بىرسى ئىلغارلىقتا، پەزىلەتتە، مال ـ مۈلۈكتە، جامالدا، ئىلىمدا، پادىشاھلىقتا، شەھۋەتتە، جەننەتتە، ھەتتا ئاستىن ئالەم، بولغان بۇ دۇنياسىدا يالغۇز ئۆزىنىلا، شەخسىيىتىنى كۆزلەيدۇ، باشقىلارنىڭ شېرىك بولۇشنى يامان كۆرىدۇ، پەقەت مەنلا بولسام دەپ ياشايدۇ. ئىككىنچى خىل غەرەز بولسا، ئەتىراپىيدىكىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، دوست، ئىتتىپاق بولۇپ، ھەمكارلىشىپ ياشاشنى ھەممىدە تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايدۇ، شەخسىيەتچىلىكنى ئۆچ كۆرىدۇ، جەننەتتىمۇ ئەلۋەتتە ھەمراھى بىلەن جەننەتتەك بولىدۇ ـ دە! مانا بۇ ئىككى غەرەز بىر ـ بىرىگە زىت، بىرى يالغۇز تەنھا بولۇش، ئىككىنچى بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاق كۈچ قۇدرەتتۇر. ئەگەر ئىنساندا شەخسىيەتچىلىك، غەلىبە قىلىپ كەتسە، ئىنسان زالىم بولىدۇ، ھەسەد قىلىدۇ، كىبىر قىلىدۇ، ئاخىرى باشقىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ. ئەگەر ئىنساندا ئىككىنچى خىل خىسلەت، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، جەم بولۇش، تەڭ بەھرىمەن بولۇش، غەلىبە قىلسا، ئىنسان باشقىلارنى مەنپەئەت ئالدۇرۇپ پايدا يەتكۈزۈپ ئۆزى زىيان تارتىدۇ، زور بەدەل تۆلەيدۇ، قۇربان بولىدۇ، پايدا ئالماي پايدا يەتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئېسىل خىسلەتنى، ياخشى ئەخلاقنى، كەڭ ـ كۆلەمدە تارقىتىدۇ، ئاخىرى ئۇ دۇنيادا ئاخىرەتتە غەلىبە قىلىدۇ.

ئۇ، ئاللاھنىڭ مەقسىدى بويىچە ياشىغاچقا قانۇندىن چەتنەپ كەتمىگەچكە مەڭگۈ بەختلىك بولىدۇ. بۇ قىسسىدە مۇشۇ ئىككى خىل مەقسەت سۆزلىنىدۇ، قابىل ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدى، قېرىندىشىنى

ئۆلتۈرۈپ، تۈنجى قاتىل بولدى، ئاخىرى ئۆزى قاتتىق پۇشايمانغا قالدى، بۇ قىسسىدە پۈتۈن ئىنسانلار ھەتتا دۆلەتلەرگە ئىبرەت بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، سۆزىنى داۋام قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلاردا بىر خىل ئەقلى قابىلىيەت بار، تەقلىدى قىلىش بار، ئۆز ئەتراپىدىكى جانلىق ۋە جانسىز مەخلۇقلارغا قاراپ، تەقلىد قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆمۈچۈككە قاراپ توقۇمچىلىقنى ئۆگىنىدۇ، ھەم تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا ماددىنىڭ پارچىلىنىشىنى بىلىۋالىدۇ، تور توقۇپ توشقان، بېلىق تۇتىدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇچىشىدىن ھاۋا بېسىمىنى بىلىۋالىدۇ، شامالدۇرغۇچ ياسايدۇ، شامال ئارقىلىق ئايرۇپىلان ياساش ئارقىلىق ئۇچۇشنى بىلىدۇ، ئالەم كېمىسىنى ياسايدۇ، بېلىق، كىتلاردىن، دېڭىزدا ئۈزۈشنى، كېمە ياساشنى، دېڭىزدا ئۈۋلاشنى ئۆگىنىدۇ، مايمۇنلارنىڭ ئۆزئارا كۆۋرۈك بولۇشى بىلەن دەرەختىن دەرەخكە چىقىشىدىن كۆۋرۈك ياسايدۇ، سال ياسايدۇ، ھەسەل ھەرىسىدەك ئۇۋا ياساپ ئوزۇق يىغىدۇ، ئۆلىشنى بىلگەن چېۋىن، ھەرىلەردەك ئوزۇق يىغماي تەرىكى دۇنيا بولىدۇ، قۇشلاردەك رىزىقدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، چۈمۈلىدەك پادىشاھلىق ئورنىتىدۇ، بۇ كەگرى زېمىندا نوپۇسى كۆپىيىپ كەتسىمۇ بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەي چارە ئامال تاپىدۇ. شامال، ھەسەل ھەرىسىنىڭ، قۇشلارنىڭ، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، زىرائەتلەرنى چاڭلاشتۇرغىنىنى كۆرسە، چاڭلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ ئالىي سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇ ئارقىلىق بەرىكەت، ھوسۇلنى، ياخشىلىقنى كۆپ قىلىدۇ. دەرەخ قۇلىقىنىڭ كاربوننى سۈمۈرۈپ، ئوكسىگېننى چىقىرىپ بېرىشىنى بىلسە، ئۇلارغا خىمىيۋى ئوغۇتنى ياساپ بېرىدۇ، ئېكىلوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرايدۇ، قۇياش ۋە باشقا پىلانىت، يۇلتۇزنىڭ نۇرىنى كۆرسە، چىراغ، توك، نۇر ئىلمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ زەھەرلىك ياكى شىپالىقنى بىلسە، بۇنىڭ بىلەن قۇۋۋەت دورىسى، كېسەل، مىكرۇپقا قارشى دورا ياسايدۇ، پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭغا ئۇستاز بولىدۇ. ئىتىلىپ چىققان بۇلاقنى كۆرسە سۇلارنى بىر ئامال قىلىپ ئاشۇنداق يەر ئاستىدىن تېشىغا چىقىرىشنى ئويلايدۇ، مانا بۇ ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتتىكى رەڭلىك كىتابى، ھەممە تىللاردا سۆزلەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارنى قۇرئاندا ئايەت دېگەن، قۇرئاننىمۇ ئايەت دېگەن، ئىككى كالام ئىككى ئايەت زىت ئەمەس، شۇڭلام، ئاللاھ، ئىنسانلارنى تەرەققىي قىلسۇن دەپ، تەقلىد ۋە تەجرىبە قىلسۇن دەپ ئاخىرى قابىلدەك ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىقرار قىلىپ، پۇشايمان قىلسۇن ئۈچۈن، قاغىنى قابىلغا ئەۋەتكەن قىسسىنى بىزگە سۆزلىگەندۇر. ئەلۋەتتە، قاغىدا، قابىلغا ئەقىل ـ چارە ئامال قىلدۇرغاندەك ھازىرمۇ ھايۋانلاردا، ئۆسۈملۈكتە ئىنسانلارغا چارە ـ ئامال، ئەقىل، تەدبىر كۆپتۇر. بۇنى مۇسۇلمانلار چۈشىنەلمەي، ئۇخلاپ كەتتى، دىنسىزلار تەتقىق قىلىپ، تەرەققىي قىلدى، بوپتۇ، ئاشۇ دىنسىزلارمۇ قاغىدەك بىر ھايۋانكەن، بىز بۇ ئىنسانى ھايۋانلاردىنمۇ بولسا ئۆگىنەيلى، دىسۇن دەپ قاغا قىسسىسىنى بايان قىلغاندۇر. قابىل قاغىدىن ئەقىل تاپقاندەك، بىزمۇ بۇ ھايۋانلاردىن ئەقىل تاپايلى، تەجرىبە تەتقىق قىلىپ، نەتىجە قازىنايلى، ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ دىنسىز ھايۋانلاردىنمۇ بولسا پايدىلىنىپ ئەقىل تاپايلى، بىزگە ئاللاھ ئاشۇ ئىككى ھايۋانلاردىن ئەقىل، ئىبرەت ئېلىشنى، ھېكمەتنى تېپىشنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇشىمىزنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ، بۇ قىسسىنى بايان قىلغان، قابىل ئاسىي بولسىمۇ قاغىنى ئەۋەتكەن، ھازىرقى تەبئىي ـ پەن ئالىملىرى دىنسىز بولسىمۇ ئۇلار بۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن بىلىمنى ئالدى، ئەمەلىي تەجرىبە ئىشلەپ زور نەتىجىگە ئېرىشتى، بىزگە نىسبەتەن ئۇلار ھايۋان ئىدى، ئۇلارنى ئاللاھ، ھايۋاندىنمۇ ئازغۇن دېگەن، بىز مۇشۇ ئىككى خىل ھايۋانلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ سانائەت خاراكتېرلىك ئەمەلىي ئىلىملىرىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم، ئەمما ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئەخلاقىنى، ئىدىيىسىنى، پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، سانائەت دېگەن ئەمەلىيەت، ئۇنىڭدىن تانغىلى بولمايدۇ، ئىككىنى پەرق ئېتىشىمىز لازىم، ئىدىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپە خاتاكەن دەپ ھەممىنى ھەتتا سانائەتنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ، سانائەت ئىشلىرى بىزنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپە مەقسەتلىرىنىمۇ توغرىكەن دېگۈزسە بولمايدۇ، ئىككىنى ئايرىش، پەرق ئېتىش لازىم، ھەممىنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقى، ئاللاھ ھەممىنى «لەۋھۇلمەھپۇزدا» كىتابتا يازغان، بىز ھەممىگە تولۇق جاۋاب بېرەلىشىمىز لازىم، ئەسلى تەرەققىيات بىز مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ، بىز ئاللىبۇرۇن بۇ زېمىندىن يوقىلىپ باشقا پىلانىت يەنى جەننەتكە يۆتكىلىمىز، دەپ بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، ئاخىرى ئىلىم ـ پەن شۇ ھۆكۈمگە قايىل بولىدۇ، ھەم ئامالىمۇ يوق.

بۇ قىسسىدە مۇشنداق ئىلمى ھېكمەتلەر سۆزلىنىدۇ. قاغا بولسا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ھەم گۆش، قان

ھەم دان يەيدىغان قۇشتۇر، قابىل شۇنچىلىك بۇلالمىغان، ئاللاھ، بۇنى سۆزلەش بىلەن بىرگە بىزگە شۇنچىۋالا ئىلىم ـ ھېكمەتنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرغان، شۇڭا قىسسىدە ئىبرەت بار، دېگەندۇر. ھەقىقەت بىر قاغىدا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھايۋانلاردا، بۇ ھايۋانلارغا، ئۇچار قۇشلارغا، دېڭىزدىكى ھايۋانلارغىمۇ ئىشارەتتۇر، ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ كەلتۈرسە كىتابنى كۆتۈرەلمەيمىز، بۇ ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، مەخلۇقنىڭ سۆزىگە ئوخشاشمايدۇ، ئەلۋەتتە ئىنسان خاتالاشسا، ئازسا چىقىش يولى تاپالمىسا، ئاشۇ ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرىلغان پاسىق قاغىدىنمۇ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەقىل ئىشلەتسە، تەپەككۇر قىلسا، ھەممىنى بويسۇندۇرىدۇ، بىز، شۇڭا، پۈتۈن كائىناتتىن، پۈتۈن ئالەمدىن، ھايۋانلاردىن ھەتتا ئىنسانىي ھايۋانلاردىن ئۆگىنىشىمىز لازىمدۇر. ھەممىسى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن، پۈتۈن كائىنات ئاللاھنىڭ مەخلۇقى بولۇپلا قالماي، بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقوغۇچىسى، بىز ئۇلارغا قاراپ نۇرغۇن بىلىمنى ئالىمىز، يەنىلا ئەمەل قىلمىساق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىسەك بىكار، نەتىجىسىنى ئەمەلىيەتتە چىقارغىلى بولىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ بارنى يازىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كىتابىنىڭ **161** ـ بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسۇلمانلار، ئويلاپ بېقىڭلار، قاراپ بېقىڭلار، تۆت مەزھەپ ئالىملىرى ئايەتنى، ھەدىسنى قانداق تەتقىق قىلدى. ئۇلار، بىرەر ئايەتنى، بىرەر ھەدىسنى تەتقىق قىلىپ زور ئىلمى ھېكمەتلەرنى تاپتى، جاپالىق تىرىشىپ نەتىجىگە ئېرىشتى، بىزچۇ، بىز ئەمدى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاخىرىنى ئىشلىشىمىز لازىم، ئۇلار، ئىبادەت، تىجارەتنى تەتقىق قىلغان بولسا، بىز سانائەتنى، تەبئىي ـ پەننى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، پۈتۈن كائىناتتەك، ئاللاھنىڭ سۆزىنى، كىتابدەك سۆزگە تەتبىقلاپ **99** ئىسىم ـ سۈپىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. ئەگەر، ئۇ ئالىملار ھازىرمۇ ھايات بولغان بولسا، بىزدەك ئۇخلىماي، تەجرىبە، تەتقىق قىلىپ زور نەتىجىگە ئېرىشەتتى، بىزمۇ ئۇلاردەك جاننى، مالنى ئايىماي بەدەل تۆلىسەك چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشىمىز، شۇڭا، بىز ئۇستۇمىزدىكى مەجبۇرىيەتنى ئۇنتۇپ قالمايلى، بىزگە بېرىلگەن نېمەتنىڭ، شۈكرىسىنى تولۇق قىلايلى، بولمىسا، بۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ، ھېلىمۇ خېلى كەتتى! ئاللاھ، بىزگە قۇرئاندا، بۇيرىغان ئىشىمىزنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز لازىم، چۈنكى، پايدا ئۆزىمىزگە، قۇرئان، ھەدىستە، مەخلۇقلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش بۇيرۇلغان، قېنى بىز قاراپ باقايلى، نىملەر بىزگە پايدىلىق، نېملەر بىزگە نېمەت، رىزىق، بۇلارنى زادى كىم قىلىپ بەردى؟ ئاشۇ ئالەم بوشلۇقىغا، تىتان دېگەن يېنىك ماددا بولمىسا بوشلۇققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يېقىلغۇ بولمىسا، ئىلھام ئەقىل بولمىسا، قانداق تەرەققىي قىلىمىز. مېھرىبان ئاللاھ، زېمىن ئىچكى قاتلاملىرىغا، تاغ ئىچىگە كۆمۈرنى ئامبارچىدەك ساقلاپ قويۇپتۇ، ھېچ بىر ئوغرىغا بۇلاتقۇزماي، بىزگىلا ئاتا قىپتۇ، ئىنسانلار ھازىر ئۇنى چىقىرىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ، ۋە باشقا قايتىدىن ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيىنى ئىزدەۋاتىدۇ، ئاللاھ، نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن ۋە باشقا يەر ئاستى بايلىقنى بىزگە قىلىپ بېرىپتۇ، ھاۋادا، شامالدا، سۇدا، زېمىندا، مىس، گاز، ئوتتا، توك ئېنېرگىيىسىنى قىلىپ بېرىپتۇ، نۇرغۇن نەرسە يەنىلا ساقلاقلىق، ئۇنى ئىنسانلار ئاستا ـ ئاستا كەشىپ قىلىدۇ، بەلكىم، ئۇ بىزنىڭ نېسىۋىمىز، رىزقىمىز بولماسلىقى مۇمكىن، كېيىنكىلەر چوقۇم بۇنى تاپىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز، بىلىم بېرىشىمىز لازىم، بولمىسا ئۇلار بىر ئۆمۈر جاپادا ياشاپ دۇنيا ئاخىرەتتە ھالاك بولىدۇ، ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ.

ئاللاھ بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا، تەرەققىي قىلغان، ئەقىللىقلارنى تىلغا ئېلىپ، سىلەر ئۇۋ ھايۋانلىرىغا، ئاللاھ، سىلەرگە ئۆگەتكىنىنى ئۆگىتىڭلار دېگەن. بۇ ئەڭ ئالىي تەرەققىيات، كېيىن، دۆت، ئازغۇننى تىلغا ئېلىپ، ئېيىست مەن مۇشۇ قاغىچىلىك بولالماپتىمەن دېگەن سۆزنى دېگەن، مانا بۇ ئارقىدا قالغان خەلق، تەرەققىي قىلالمىغان ئىنسانلار بولىدۇ، ئاشۇ زېمىندا، پۈتۈن ئالەمدە نۇرغۇن خەزىنە يوشۇرۇن بولغاندەك، بۇ قۇرئاندىمۇ نۇرغۇن بىلىم خەزىنىسى يوشۇرۇندۇر، بۇنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنىدۇ، ئوقۇپ ئەمەلنى تەڭ ئېلىپ بارمىسا ئالىم بولالمايدۇ، شۇڭا، بىز تەجرىبە، تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە بىلەيلى، شۇڭا، **1922** ـ يىلى يازغان «جامالولئالەم» دېگەن كىتابتىن مۇشۇ ماقامغا مۇناسىپ جايلىرىنى سۆزلەپ بېرەي، ئۇ كىتابتا ئەسلى پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرى يېزىلغان، مەن بۇ يەردە قاغىغا مۇناسىپ بولسۇن ئۈچۈن، قۇشلار ئۈستىدە توختىلىمەن، مۇسۇلمانلار شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ خەزىنىسىنى ئاشكارىلايدۇ، كەلگۈسىدىكى مۇتەپەككۇر، كەشپىياتچى، ئالىملارنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ چىقىشىغا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا دىن ۋە دۇنيانى بىرگە ۋەدە قىلىپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈپ، زور پايدا ـ مەنپەئەت بېرەلىشىگە

چەكسىز ئىشەنچ قىلىدۇ.

قۇشلار، قۇش، قۇرئاندا بىر نەچچە ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ، ھەتتا بۇ «لەۋھۇلمەھپۇز»دىمۇ خاتىرلەنگەن، قىيامەت كۈنىمۇ بۇنى تىرىلدۈرىدۇ.

بەزى مىساللار، قۇش ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن، بۇ جايدا قۇش، قاغا ئالاھىدە كەلتۈرۈلدى، قۇشلار گۆشخور بولىدۇ، بەزى ياۋاش مۇلايىم، دانىلا يەيدىغان بولىدۇ، مېھرىبان ئاللاھ، ھەممىگە ئۆزىگە لايىق تۇمشۇق، تىرناق، قانات، ئۆتكۈر كۆز بەرگەن، بۇركۇت، قارچۇغىلار ئالاھىدە تۇمشۇقتا، تىرناقتا، ئۇزۇن، كۈچلۈك قانات، پەيگە ئىگە بولىدۇ، مۇشۇك پايلاق بولسا، يۇقىرىقىدىن باشقا مىكرۇسكوپلىق كۆزگە ئىگە، نەچچە مېتىر، ھەتتا **100** مېتىردىن يىراق جايدا تۇرۇپ، كېچىدە يەر يۈزىدىكى چاشقاننى كۆرۈپ، پەرق ئېتىپ تۇتۇپ يەيدۇ، بۇ قۇشلارغا ئالاھىدە سىزىم، ئاڭلاش، پۇراش، ئۆتكۈر كۆرۈش قۇۋۋىتى بېرىلگەن ھەم تېز ئۇچالايدۇ، بەزى قۇشلار سائەتتىگە **200** كىلومېتىر ئۇچالايدۇ، توشقاننى، ھەتتا كىچىك بالىلارنىمۇ كۆتۈرۈپ ئۇچالايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى **12** كىلودىن ئاشمايدۇ.

شەپەرەڭگە كەلسەك، بۇ بىرنەچچە خىل بولىدۇ، بەزىسى تۈكسىز بولىدۇ، كېچىدىلا كۆرەلەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ، بەزىسى تۈلكە ئىتتەك يوغان بولىدۇ، بۇلار ئىت قۇشى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلار ھازىرمۇ مەۋجۇد، بەزىسى ئالاھىدە پۇراش، كېچىدە كۆرۈش، تەن قۇرۇلمىسى سىزىمى بىلەن بايقاش، ئۇندىن باشقا ئالاھىدە ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، بۇلار قارىغۇ بولۇپ قالسىمۇ ئۇچالايدۇ، ئۇۋلىيالايدۇ، بەزى شەپەرەڭ، كىچىك، چاققان بولۇپ، تېز ئۇچىدۇ، بۇلار مەخسۇس ئىنسان، ھايۋان، ئات، تۆگە، كالا ـ قوي قاتارلىقلارنىڭ قېنىنى شوراپ جان باقىدۇ، ئۇخلاۋاتقان ئىنساننى كۆرۈپ قالسا، چاندۇرماي ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىدە شامال چىقىرىدۇ، تېخىمۇ قاتتىق ئۇخلىغاندا ئۇچۇق قالغان جايغا تۇمشۇقىنى قويۇپ چاندۇرماي قاننى شورايدۇ، بۇ مىزىلىك غىزادىن قورساق تويسا ئاندىن كۆزدىن غايىپ بولىدۇ، ئۇ غاپىل ئىنسان بولسا، ئۆلۈم گىرداۋىدا ياكى ئېغىر كېسەل ھالەتتە قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى كۆپ، بۇلارنى تەبىئىي ـ پەن كىتابلىرىدىن كۆرۈڭ.

شۇڭا، ئاللاھ، زېمىندا ئىشەنگۈچىلەرگە، مۆجىزە بار دېگەن، ئاسمان ـ زېمىننى، ئىنساننى، ھايۋاننى يارىتىشتا، ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزە كۆپ دېگەن، سۈرە يۇسۇفدە، ئاسمان ـ زېمىندا نۇرغۇن مۆجىزە، ئالامەتلەر بار، ئۇلار يۈز ئۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەن. بۇ ئايەت ئاسمانغا، ئالەم بوشلۇقىغا ئۆرلەشكە يەنىلا مۆجىزىدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىپ قالىدىغانغا ئىشارەت.

مۇشۇكياپىلاق كۈندۈزى ئاشكارا بولمايدۇ، ئۆزى كۈچلۈك ئۇچالايدۇ، يوغان، كەڭ ئىككى كۆزى بار، كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ھەم نۇردا كۆرەلمەيدۇ، بۇ پەقەت كېچىدىلا كۆرۈپ ئۇۋلايدۇ، بۇ، چاشقان، بېلىق، ھاشارەتلەرنى ئۇۋلايدۇ، ئۇ نىشاننى ھۇركۈتمەسلىك ئۈچۈن، ئاۋازسىز ئۇچىدۇ، ئاڭلاش سىزىمىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا تاراسلىغان چاشقان ئاۋازىنىمۇ بايقايدۇ، بىرە چاشقان ياكى سۇ يۈزىدىكى بېلىقنى كۆرسە دەرھال بىر ھۇجۇم بىلەنلا تۇتىدۇ، سۆڭەكلىرى بىلەنلا يۇتىۋېتىدۇ، ھەزىم قىلىپ بولۇپ، سۆڭەكنى ئايرىپ چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۆزىگە قىلچە زىيان يەتمەيدۇ.

بۇ قويۇق ئورمانلارغا، خارابىلارغا ئۇۋۋا ياسايدۇ، بەزى ئۇۋۋا ئەتراپىدا نۇرغۇن چاشقان سۆڭەكلىرىنىڭ دۆۋىسىنى بايقايمىز، مانا بۇ ئاشۇ مۇشۇكياپىلاقنىڭ كارامىتى، ئۇنىڭ بىرسى ئون مۇشۇكنىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ، بۇ دېھقاننىڭ ئەڭ زور ياردەمچىسى، مەسىلەن، بىر كىشى ئۆيىگە قىممەت باھالىق دورا ـ دەرمەك ئەكىرىپ قويۇپتۇ، قارىسا بۇ كۈندە كاملاپ كېتىپتۇ، بىر كۈنى ئۇ مىلتىق بىلەن كۈزۈتۈپ تۇرۇپتۇ، قارىسا بىر مۇشۇكياپىلاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ، بۇ خىيالىدا ئوغرى مۇشۇككەن دەپ مۇشۇكياپىلاق ئۆيدىن چىقىشىغا ئېتىپ تاشلاپتۇ، قارىسا ئۇنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقىدا چاشقان تۇرۇپتۇ، بۇ ئاخىرى تونۇپ يېتىپتۇكى، دۈشمەننى ئەمەس بەلكى دوستىنى، ياردەمچىسىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ، ئۇ قاتتىق ئېچىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، چۈنكى، ئۇ ئەمدى چاشقاننى ئۆزى تۇتسا بولىدۇ ـ دە! يەنە بىر مۇشۇكياپىلاق بۇ جايغا قاچان كېلىدۇ، بۇ ۋەقەدىن شۇنى كۆرىمىزكى بىزگە دۈشمەندەك كۆرۈنگەن بەزى قۇشلار ئەسلى دوستىمىزدۇر.

قاغا بولسا، تاپ يەيدىغان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان قۇش، ئۇ بەزىدە بىزنىڭ زىرائەتلىرىمىزدىن پايدىلىنىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئامال چىقمىغاندا شۇنداق بولىدۇ، ھەمىشە ئەمەس، ئۇ بۇ ۋاقىتلىق ئۇزۇقنى بىكارغا يېمەيدۇ. چۈنكى، بىزگە ھەمكارلىشىپ زور پايدا بېرىدۇ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى، ھاشارەتلەرنى، زەھەرلىك ئۇششاق جانلىقلارنى يەپ تۈگىتىدۇ، ئۇ دەرەخ تۆپىگە ئاجايىپ پۇختا چاڭگا تېزىدۇ، بوران ـ شامالمۇ ئۇنى بۇزالمايدۇ، بۇ ئۇۋا ناھايىتى ئىگىزدە، چۈنكى، ئۇ كۆزىتىپ تۇرۇپ نىشاننى بايقايدۇ دە دەرھال ھۇجۇم قىلىدۇ، ياكى ئۆزىگە بىرەر ھۇجۇم بايقالسا، دەرھال ھاۋاغا تىكئۇچىدۇ، ئەمما بەزىلەر ئۇنى ئۆزىچە تىللاپ قويىدۇ، تېخى ئۇرۇپ ئۆز دوستىنى، ياردەمچىسىنى يوقىتىدۇ، قۇرت ـ قوڭغۇز، مىكرۇپ قاتارلىقلار دەرەخنىڭ ئازلىقىدىن ئاندىن ئاشۇنداق ياردەمچىمىزنىڭ يوقلىقىدىن كۆپىيىپ كېسەل تارقايدۇ، شۇڭا، دەل ـ دەرەخنى، قۇشلارنى قوغداش لازىم، بولمىسا بىز ئۆزىمىزگە چوڭ جىنايەت ئارتىمىز، بۇنىڭ ئىسپاتىنى بىز سۆزلەپ بېرەيلى.

ھەققەتەن ئاسمان ـ زېمىندا نۇرغۇن مۆجىزە بار، ئەمما، ئىنسانلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، (سۈرە يۇسۇف)، قاغا، مۇشۇكياپىلاق، شەپەرەڭ، باشقا قۇش، دېھقان بۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەمكارلىق، قاغا بولسا، كۈندۈزى كۆرىدىغان ئۇۋچى، ئۇ بىزگە ئاللاھنىڭ چوڭ نېمىتى، چۈنكى، ئۇ ھاشارەتنى، قۇرتلارنى يەپ تۈگىتىدۇ، بولمىسا زىرائەت ۋە نەسلى قۇرۇپ تۈگەيدۇ، بالايىئاپەت ياغىدۇ، مېھرىبان ئاللاھ، كۈندۈزدىكى جەڭدىن، كۆرەشتىن ئېشىپ قالغان چاشقاننى، ھاشارەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دېھقانغا ياردەمگە مۇشۇكياپىلاقنى ئەۋەتتى، ئۇ كېچىدە كۆرەش قىلىپ بىزگە زىيانلىقنى يوقىتىدۇ، باشقا قۇشلار، قارا قۇشقاچ سۇندۇڭ قاتارلىقلار بولسا، بىز يەر ئاغدۇرغىچە قۇرتلارنى ئىستېمال قىلىدۇ، دېھقان يەر ھەيدەيدۇ، تېرىقچىلىق قىلىدۇ يەرنى سۇغۇرىدۇ، ئوتلىرى ئالىدۇ، ئەمما بۇ بىچارە ئاجىزلىق قىلىدىغان ھەتتا خەۋەر بولمىغان بىر دۈشمەنگە ئاللاھ، تاقابىل تۇرۇپ، مۇشۇكياپىلاقنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ چاشقاننى، ھاشارەتنى يەپ قايتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى ياكى ئۇنىڭ خەۋىرى بولمىغاننى بولسا، شەپەرەڭ يەيدۇ، بۇ كېپىنەك، قۇرت قاتارلىقلارنى يەپ تۈگىتىدۇ، بۇ ئىككىسىدىن ئېشىپ قالغىنىنى بولسا، قاغا كۈندۈزى يەيدۇ، ئەگەر بۇلار ياردەملەشمىسە، بىز بىر تالمۇ دان ياكى مايسا كۆرەلمەيمىز. قۇناقنى قۇرۇت ئالدى دەپ قالىمىز خالاس، بىزمۇ ئۇلارغا شارائىت، پۇرسەت، جاي ھازىرلايمىز، ئىنسان، قاغا، مۇشۇكياپىلاق، شەپەرەڭ ۋە باشقىلار بۇلار ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئۆزى ئىشى بىلەن ئالدىراش، ئىككىسى كۈندۈزلۈك، ئىككىسى كېچىلىك بەن، ئەمما بۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىدىن، ھەمكارلىقىدىن، ياردەمدىن خەۋەرسىز، بىر ـ بىرى بىلەن كارى يوق، تېخى كۆرسە ئاچچىقى كېلىدۇ، بىر ـ بىرىدىن قاچىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەمكارلىقنى كىم قىلدى؟ قانداق بولۇپ ئۇلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق بولۇپ قالدى؟ بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز مۇشۇنداقمۇ ئىناقلىق بولامدۇ، بۇ قانداق تاسادىبىي بولىدۇ؟ بۇ زادى كىمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن؟ بۇنى جانسىز، ئەقىلسىز، ھېكمەتسىز، تەدبىرسىز تەبىئەت، مۇھىت ئاشۇنداق قىلدىمۇ؟ سەزگۈ ئەزاسى بار، ھۇشيار، چاشقانغا كېچىدە ھۇجۇم قىلغۇچى مۇشۇكياپىلاقنى، ئاڭلاشقا، كۆرۈشكە، قېچىشقا قادىر بولالمايدىغان قۇرتقا، قاغىنى كۈندۈزى، ھۇجۇم قىلدۇرغان كىم؟ بۇنى، ھەممىنى ئوبدان، ئالدىن بىلگۈچى، تەدبىرلىك، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ قىلدۇ، بۇ جاۋاب تاسادىپىي، ئۆزلىگىدىن دېگەن سەپسەتە، جۆيلىتىش **100** ھەتتا **100000** ياخشى، ئۆزلىگىدىن دەيدىغان، سەۋەبسىز جاۋابدىن، ھېكمەت، تەدبىر، ئىلىم، ئىرادە، كۆيۈنىش، رەھمەت، نېمەت ئىگىسى ئاللاھ قىلدى دېگەن سەۋەب ئەلادۇر. ئەمەلىيەت شۇنداق ـ دە! بۇ شەكسىز ھەقىقەتتۇر. بىز قاراپ باقايلى، يەنە قانداق ئىلمىي ھەقىقەت بار، سۇ ھايۋىنى بۇلارنى ئاللاھ ئالاھىدە تۇردە سۇغا خاس خۇسۇسىيەت بىلەن تەمىنلىگەن. مەسىلەن: سۇ ھۆل قىلالمايدۇ ھەم يوقىتىپمۇ قالمايدۇ، ئېغىرچىلىق سالمايدۇ، جاپاغا قويمايدۇ، ئۇلارمۇ سۇغا ئامىراق، ئالاھىدە، سۇدا ئۈزىدىغان پالاق، پۇت ئارىلىقىدىكى توقۇلما، سۇپۇرىسى بار ئۆردەك، غازدەك، بۇلار قانداق بولۇپ ھاۋادا ئەمەس سۇغا قاراپ تەرەققىي قىلغان؟ مانا بۇ تەدرىجىي تەرەققىياتقا خىلاپ، ھازىر مۇشۇ پېتى تۇرىۋاتىدۇ. ھاۋا قۇشلىرى بولسا، ئاسان قونسۇن ئۈچۈن، قاماپ تۇرسۇن ئۈچۈن، پۇت، بارماق ئارىلىقى ئايرىم، ئۆتكۈر تىرناق، جىسمى كىچىك، قانىتى چوڭ، بۇلار ئۇخلىسىمۇ سانجىپ قويغان تىرنىقى چىقىپ كەتمەيدۇ، بۇلار ھەرگىز سۇغا ماس كەلمەيدۇ، سۇدىكى ھەرگىز ھاۋاغا ماس كەلمەيدۇ، بۇنى، ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ، تۇخۇم ئىچىدىلا قانات ياراتقاندەك، ئالدىن پىلانلىغان،

ئاشۇ ھۆجەيرە، ئاللاھنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئەزا شەكىللەندۈرىدۇ ـ دە! قۇرۇقلۇق قۇشلىرى بولسا، قانات، كىچىك چاپان، تەن قۇرۇلۇشى يوغان، يوغان پۇتى، قىسقا تىرنىقى بولسا، تاتلاشنى بىلىدۇ، سۇ ئۈزۈشكە يارىمايدۇ، توخىدەك، مانا بۇلارنى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئاللاھ قىلدى، ھەم دائىم شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، كۆزىتىپ كۆرۈڭ، سىز، بىزدە بار سۆلەتنى، ئاللاھ، كالا، تۆگىگىمۇ، توز، خورازغىمۇ بەرگەن، خوراز ساقىلى سىزنىڭكىدىن گۈزەل، ئۇ ئۇنىڭ مىكيانىنى كەلتۈرۈشىدە مۇھىم دەسمايىسى، سۆلەت لازىم ئەمەس، بىلىم، قابىلىيەت، خىزمەت، ئەمەلىي تۆھپە نەچچە جىڭغا چۈشىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆلچەملىك دېگەن ئايەت بار، خەزىنىسى ئاللاھدا، بۇنداق ھېكمەتلەر سۆزلىسە تۈگىمەيدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك كالامى، ھېكمىتى، پۈتۈن دېڭىزنى سىيا، دەرەخنى قەلەم قىلىپمۇ يېزىپ تۈگىتەلمەيسەن دېگەن تۇرسا، بىز ئاخىرىدا ئىككى مىسال قىلىپ سۆزىمىزنى خۇلاسىلەيمىز، تەتقىقاتچى بىر ئالىم، قالغاچنى ياكى شۇنىڭدەك بىر قۇشنى مىلتىقدا ئاتقان، قۇش دەرھال يىقىلىپ ئۆلمىگەن، ئالىم قارىسا بىر توپ قۇش ئۇچۇپ كېلىپ مىلتىقدىن قورقماي ئىككىدىن نۆۋەتلىشىپ قىرىندىشىنى قۇتقۇزۇپ ئەكەتكەن، ئالىم ھەيران قالغان ھالدا، بىر كۈنلۈك ئىشنى توختۇتۇپ، ئۇيغا پاتقان، ئاخىرى ئۇ بىز ئىنسانىنى ئەيىبلىگەن. ئىككى مىسال، بەزى قۇشقاچ تۈرىدىكى قۇشلاردىن بىرسى تۇخۇم تۇغۇشتىن بۇرۇن ئۆزىگە ئوخشاش قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تاپىدىكەن، ئاندىن چاندۇرماي ئۇ قۇش كەتكەندىن كېيىن، تۇخۇمنى تۇغۇپ قويۇپ، قاچىدىكەن، قۇش ئۇۋىدىن بۇ تۇخۇمنى پەرق ئېتەلمەي ھەممىنى بىراقلا بېسىپ ياتىدىكەن، ئاخىرى ـ بالدۇر ھېلىقى قوشۇلۇپ قالغان تۇخۇمدىن قۇشقاچ بالىسى چىقىدىكەن، ئانا قۇش بۇنى بىلمەي خۇشال بولۇپ، ئوبدان باقىدىكەن، بۇ يېڭى قۇش بۇ ئاننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ھەمكارلىشىپ يېڭى بىر ئۇۋا ياساپ، قېرىندىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدىكەن، ياخشىلىق قىلىش، ھەققەتەن ياتنىمۇ يېقىن قىلىپلا قالماي ياخشى كۆرگىدەك ھەمكارلاشقۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدا، يارىتىشىدا نۇقسان يوق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن دائىم قۇشلار ئۇۋا ياساپ، باللىرىنى ئاسراپ، تۇخۇمدىن چىقىرىپ بېرىپ چوڭ قىلىدۇ، ھەممىسى شۇنداق بالىسىغىلا كۆيىنىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى بولسا يەنىلا باللىرىنىڭ غېمىدە، شۇڭا، ئاللاھ، بالىغا ئەمەس ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغان، ھەم پەرز قىلغاندۇر.

ئاتا ـ ئانا ئۆزى بۇيرۇلمىسىمۇ قىلىۋالىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇلار، پەقەت ئاشۇ ھايۋانچىلىك كۆيۈنۈپ، رەھىم قىلىپ بالىنى ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلغاندۇر.

چۈنكى، ھەممىنىڭ رىزقى ئاللاھقا، ئاللاھ كېپىلدۇر، جۈملىدىن باشقا ھېچ بىر ھايۋان رىزقىنى كۆتۈرۈپ توپلاپ يۈرمەيدۇ، ئاللاھ بېرىدۇ، ئۇلار غەمسىز ئىبادەت قىلىدۇ، چۈمۈلە بولسا، پادىشاھلىق تۈزۈم بولغاچقا، ئەلنىڭ غېمىنى يەپ شۇنداق قىلىدۇ، بۇمۇ خاتا ئەمەس، بۇلار، «جامالۇلئالەم»، «جەۋاھىرۇلئىلم» دېگەن كىتابلاردا بار، تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىدىمۇ بار.

بۇ جانلىق، ھايۋانلار، قۇرئاندا، ھەتتا، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلەنگەن، بىز بۇنىڭغا سەل قارىمايلى، بىزگە بۇنىڭدا پايدا بار، خۇددى سۈرە نىسادا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ھۆپۈپ ئارقىلىق بىر مەملىكەتلى ئىشغال قىلغانغا ئوخشاش، قابىل ئەقىل تاپقاندەك، قابىل بۇرادىرىنى كۆمۈپ، يۈكتىن، شەرمەندىلىكتىن قۇتۇلغان بولسا، قاغا ئۆلۈكنى كۆمۈپ بىزگە ياردەم بېرىدۇ، ۋابا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولمىسا، مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئۆلۈك كۆمۈشكە مەسئۇل قىلىشاق بولىدۇ.

بۇنىڭغا، چايان ئوخشاپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ چېۋىن، ئۆمۈچۈك، چىكەتكىنى يەيدۇ، بۇ چايان، ياز پەسلىدە جۈپلىشىدۇ، ئەككى، جۈپلىشىپلا ئۆلىدۇ، چىشىسى ئۇنى يەيدۇ، ئاندىن ئانىسى تۇخۇم تۇغۇپ بالىسى چىققاندىن كېيىن ئىككى ھەپتە بالىسىنى قوغدايدۇ، ئۇزۇق يىگىدەك بولغان، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئانىسىمۇ ئۆلىدۇ، ئۇنى بالىسى يەيدۇ، مانا مۇشۇنداق زەھەرگە ئاچچىق دارا بىلەن، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئۇنداق بولمىغاندا ئىنسانلارغا بالا ـ قازا كېلىدۇ.

پىلە قۇرتىمۇ ئاشۇ غوزا ئىچىدە ئۇزۇن ياشاپ چىققاندىن كېيىنلا جۈپلىشىپلا بۇلارمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، خۇلاسە شۇكى، جۈپلىشىش، توي قىلىش، دېمەك، ئورنىغا ئىز باسار، ۋارىس قالدۇرۇش دېمەكتۇر. ئۆلۈمنىڭ بىر ئەلچىسى، خەۋەرچىسى دەل ئاشۇ شۇ، چۈنكى، ۋارىس كېلىپلا مەيداندىن چىق دەيدۇ، سىناق

مەيداننى ۋارىسلارغا قالدۇرۇپ، قەبرە سىرتىدا نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، تا قىيامەتكىچە مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، 50 پىرسەنتتىن ئارتۇق نومۇر ئالالمىسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، ئارتۇق نومۇر ئالالمىسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، ھالاك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ۋاقىتلىق مۇسابىقە مەيدانىدا ئالدىنىپ گول بولۇپ، ھەيران ھالدا نېمە قىلارنى بىلەلمەي چىقىپ كەتكەن ياكى قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان. شۇڭا، ئۇلار تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى لازىم. ئۆزىنىڭ نەسلى ئۈچۈن باشقىلار ئۈچۈن قۇربان قىلغان ئاشۇ ھايۋاندەك باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىپ ياشاپ ئۆزى كۆرگەن پايدىسى ئاز بولغانلار چوقۇم نىجات تاپىدۇ. بۇلار، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ، ۋاقتى كەلسە جاننى پىدا قىلىدۇ، مالنى ئايىمايدۇ. مەسىلەن، بۇ ئەھۋال ئادەملەردە بولۇپلا قالماي، قۇشتا يەنى كەپتەردە يۈز بەرگەن، بىر ئانا قۇش بىرلىندىكى بىر قەسىردە ئۈچ تۇخۇم تۇغۇپ ئۈچ چۈجە چىقارغان ئىكەن. كېيىن، بۇ قەسىرگە ئوت كەتكەن، ئانا قۇش ئىككىلەنمەي بالىسىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان، بىرىنى ئېچقىپ دەرەخكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئىككىنچىسىنى ئېلىپ چىققان، ئۈچىنچى قېتىمدا قاناتلىرى كۆيۈپ كەتكەن، ئۈچىنچى قېتىم بالىسىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كىرگەندە ئوت ئۇلغىيىپ كېتىپ كۆيۈپ ئۆلگەن، مانا مۇشۇنداق پىراگرامما بىلەن ئاشۇ قاغا، ھۆپۈپ قىسسىسىنى، ھەسەل ھەرىسىنى، چۈشىنى، پاشىنى جۇملىدىن ھەممە ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىپ، كۆزۈتۈپ باللىرىمىزنى شۇنداق تەربىيلىشىمىز لازىم. ئوقۇتۇش كىتابلىرىنىڭ ئەدەبىياتقا مۇشۇ تېمىدا پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەر، تابىئىنلار ئۆلگىسى ھاياتىدىن تاللانمىلارنى ھەرخىل تەسىرلىك قۇش ھېكايىسىنى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى دەرسلىك قىلىشىمىز لازىمدۇر، بۇ ۋاجىپتۇر.

تەپسىرنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە، بىر ئالىم كىرىپ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگە، بۇمۇ تەپسىر بولدىمۇ؟ ھېكايىغۇ بۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى بۇنداق سۆز بىلەن تەپسىر قىلساڭ بولامدۇ؟ بۇ ھېكايە، شېئىرغا ئوخشاپ قالدى، دەپ سوراپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، چىرايلىقچە، قارا، دوستۇم، ئاللاھ، زەررىچىدىن چوڭ ـ كىچىك ھەممىنى، پۈتۈن مەخلۇقنى، ھەتتا بىر تال قۇلاقنىمۇ «لەۋھۇلمەھپۇز» دا يېزىپتۇ، قۇرئاندا ئاللاھدە بۇ قۇشلارنى، ھايۋانلارنى سۆزلەپتۇ، تېخى بىزنى سۈرىنىڭ ئىسمىنى ھايۋان، قۇشلار بىلەن ئاتاپتۇ. مىساللارنى، قۇدرەتنى، ھېكمەتنى ئاشۇ ئۇسۇلدا بايان قىپتۇ، تېخى ھۆپۈپ جېنىدا ئى سۇلايمان، مەن سەن بىلمىگەن ئىلمنى بىلدىم، دەپ خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ، ئۇلارغا قۇش تىلىنى بىلدۈرۈپتۇ، ئاشۇ بىزگە پايدىلىق قوغدايدىغان ھەمكارلاشقۇچى قاغا، مۇشۇكياپىلاق، بۈركۈتلەرنى ھارام قىپتۇ، چەكلەپتۇ، مەنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قۇدرەتنى بۇ ھەق ھېكايىنى، قىسسىنى بايان قىلدىم، خاپا بولما، ئازىراق ئىنساپ قىلىپ، ئادىللىق بىلەن قارا دەپتۇ.

ئۇ، سۆزىنى داۋام قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ، ئى دوستۇم، سۈرۈمگە قۇلاق سال، بىلگىنكى، ھايۋانلار ئۈچ قىسىم بولىدۇ، بىرسى تۇخۇمنى ئەپچىل، ئوچۇق ـ ئاشكارا جايغا تۇغىدۇ، بالىسىنىڭ چىقىشى، ئوزىقى، تەربىيلىنىش، چوڭ بولۇشىغا ئاللاھ، كېپىلدۇر. ئانىسى بولسا، ئاتىسى بولسا، خاتىرجەم ناخشا ئېيتىپ يۈرۈۋېرىدۇ، چۈشىن، پاشا، چېكەتكىلەردەك پىلە قۇرتىمۇ شۇنداق. ئىككىنچى خىلى بولسا، باللىرىنى قوغدايدىغان ھايۋان، ئۇزۇن زامان ھىزى بولىدىغان، كۆزەتچىلىك قىلغۇچى ھايۋاندۇر، ئۇ بولسا، قۇشلار تۇرىدۇر، قۇشقاچ، كەپتەر، بۈركۈتكە ئوخشاش، بۇ ئەلۋەتتە بىرىنچى قىسىمدىن تەرەققىي قىلغانىراق ئۈچىنچى قىسىم ھايۋان سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردۇر، تۆگە، كالا، قوي، ھەتتا ئىنسانلارغىچە، بۇلار ئەۋلادلىرىنى قورساقلىرى ئىچىدە ۋە تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خالتىللىرى ئىچىدە (خالتىلىق ھايۋان بولسا) كەڭرى زېمىندا تەربىيلەپ ئۆستۈرىدۇ، ھەرقانداق بىر ھايۋان قالدۇرۇشقا تېگىشلىك نەسلىنى تۇگەتكەن ھامان ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ، پۇشتى ئۆلۈم خەۋىرى، بەزى ھايۋانلار باللىرىنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ، بۇنىڭغا ئاللاھ، ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ باللىرىنى تاشلاپ كەتسە يەنىلا ئاللاھ ئىگە، بەزى ھايۋانلار باللىرىغا ئىگە بولىدۇ، تەربىيلەپ قاتارغا قوشىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى خېلى ئۇزۇنغىچە بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ، ئۇنىڭغا ئوزۇق يىغىش، توپلاش، ساقلاش ئىقتىدارىنى بېرىدۇ، ئۇ باللىرىنى تەربىيلەپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۆگىتىپ، قاتارغا قوشۇپ بولۇپ، ئاندىن دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ، ئىنسانمۇ شۇنىڭ جۇملىسىدىن، بەزى ھايۋانلار باللىرىغا كۆيۈنمىسىمۇ ئاللاھ، ئىگە، شۇڭا، ئۇلاردا ئوزۇق

يىغىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. ئالدى شۇ زامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاخىرى كېيىنرەك ئۆلىدۇ. بالىلىرىغا ئاللاھ ئىگە، ھەممىنىڭ رىزىقىغا ئاللاھ، ئىگە بولىدۇ. ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، بۇ خىل تەلىم ـ تەربىيە مەڭگۈ مۇشۇنداق دائىم داۋام قىلىدۇ، شۇڭا، بىز ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىشنى توختاتماي، دائىم كۆرەش قىلىشىمىز، پايدىلىنىشىمىز لازىم. قاغىدىن، قابىل دەپتە قىلىشنى ئۆگەنگەن بولسا، ئاللاھ بۇنى قۇرئاندا تىلغا ئالسا، بىز پۈتۈن قۇشلاردىن تېخنىكا، تەجرىبە ئۆگىنىشىمىز، ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. يالغۇز بىر قاغىدىنلا زېھنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرمايلى، بىز پۈتۈن قۇشلاردىن، بۈركۈتلەردىن ئاشۇ قاغىدىن ئۆگىنىپ ۋابانى، كېسەللەرنى تازىلايلى، مىكرۇپنى يوقىتايلى. بۇنى، ئاللاھ، قاغىنىڭ تاپىنى، جەسەتنى كۆمۈشى بىلەن ئىشارەت قىلغان، قابىلغا بىر قاغىنى ئەۋەتكەن بولسا، بىزگە پۈتۈن دۇنيادىكى قۇشلارنى ئەۋەتتى، چۈنكى، بىز ھازىر ھەممە قۇشلارنى كۆزۈتۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلالايمىز. بۇلاردىن نۇرغۇن بىلىم ئالالايمىز. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تاپىمىز، بىز ھازىر ھايۋانلارنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا ھاۋادا، ھەممە يەردە كۆزەتكىدەك كۈچكە ئىگە. بۇمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بۇلارنى بىز بىلمەي ئۇخلاپتۇق، ئاللاھ، قۇرئاندا، قاغا ۋەقەسى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇشى بىلەن ئىشەكنى بايان قىلىش بىلەن، ھۆپۈپ بىلەن ھەسەل ھەرىسى بىلەن قۇرئاندا خەۋەر بېرىپ ئىشارەت قىلغان. بىز يەنىلا ھۇشىمىزنى تاپماپتۇق، ئاللاھ، ھايۋانلار بىلەن ئۇيقىمىزنى ئاچتى، بىز ئەمدى كېچىككەن بولساقمۇ، چۆچۈپ ئويغاندۇق، ئۇيقىمىزنى ئاچتۇق، دېسەك بولا، ئەمما يەنىلا ئۇخلاۋاتقانلار بار. ئۇلار ئۆزىلا زىيان تارتماستىن بىزگىمۇ زور ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ، توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ.

بۇلار ھامىنى بۇرنىغا يەپ ئەقلىنى تاپىدۇ، كۆزىنى ئاچىدۇ، نەرسە ئىزدىگەندىن كېيىن، ئىززەتلىك ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. ئېسىل ئېڭلاردا بولسۇنكى، ئاشۇ ئايرۇپىلان، ئالەم كېمىسى، راكىتالارنىڭ ئەسلى تەتقىقاتى قۇشلاردىن باشلانغان، بۇلارنى بىز كېيىنمۇ سۆزلەپ ئۆتىمىز.

قابىل، قاغىنى كۆرۈپ، ئىسىت مەن مۇشۇ قاغىچىلىك بولالماپتىمەن، دېگەندەك، بىز قۇشلارنى كۆرۈپ ئىسىت مۇشۇ قۇشلارچىلىك بولالماپتۇق، ئاخىرى بىز ھاۋادىن شامال قۇشلار قانداق ئۇچتى، ئۇلار قانداق كۆتۈرۈلدى، قانداق تەڭپۇڭ ساقلىدى، بىز ئاخىرى ئۇلارنىڭ ھاۋا بېسىمى، ئاتموسفېرا بېسىمى بىلەن شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇچقانلىقىنى بىلدۇق، شۇ ئارقىلىق شامالدۇرغۇچنى ياسىغاندەك، ئايرۇپىلان ياسىدۇق، تىك ئۇچار شامال بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ، قۇشلاردەك ئەگىشى بىلەن رولنى باشقۇرىدۇ، يوللىرىنى بۇرايدۇ، ئەمما يەنىلا خالىغان جايغا قونالمايدۇ.

نۇرغۇن چىقىم كېتىپ بارىدۇ، بىخەتەر ئەمەس، قۇشلارچۇ، بىر پۇڭسىز، چىقىمسىز، مۇشەققەتسىز ئۇچۇپ، رىزىق تېپىپ يەيدۇ. ئۇلار، ھۇجۇمدىن ساقلانسىلا بىخەتەر ئەلۋەتتە، بىزگىمۇ ئاللاھ، بىر پۇڭسىز چىقىمسىز ئېسىل ئەزالارنى بەردى، ئەڭ مۇھىمى مىڭە، مىڭە ھۈجەيرىسى، قەلبنى بەردى، نۇرغۇنلىغان ماددا، ئېلىمېنتلارنى بەردى.

بىزنى ئاشۇ قۇشلاردىن پايدىلىنىپ ئەقىل تاپسۇن، چارە ـ ئامال ئۆگەنسۇن، پۈتۈن كائىناتتىن ھايۋانلىردىن پايدىلانسۇن دەپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىسسىنى بايان قىلدى.

خۇلاسە، بۇ قىسسىدىن تارىخنى بىلدۇق، ئىبرەت ئالدۇق، بۇنداق ئۇزۇن زامان ئىلگىرىكى قىسسىنى، تارىخنى ئاللاھدىن باشقىسى بىلەلمەيدۇ، قۇرئان مۇشۇ جەھەتتىنمۇ مۆجىزە، شۇنداقلا بۇ قىسسىدىن ياخشى ـ يامانىنى ۋە ئۇلارنىڭ جازا، مۇكاپاتىنى بىلدۇق، ياخشىغا ئىقتىدا قىلىمىز، ئىنشائاللا، شۇنداقلا بۇ قىسسىدە ئاجايىپ سىرلىق بىلىم بارلىقنى بايقىدۇق. ئۇ بولسا، ئاشۇ قۇشتىن، جۈملىدىن ھايۋاندىن بىلىم ئېلىش، پۈتۈن ھايۋانلار ئىلمىنى بىئولوگىينى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۇق. بۇنىڭغا پۈتۈن بىلىم ئەگىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەتنى چۈشەندۇق، بولمىسا، قابىلدەك ئىسىت، ئىسىت دەپلا كېتىپ قالىمىز. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىسسىلەر بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى ھەرقانداق ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىلىم ـ سانائەت، تېخنىكا، تەجرىبە، ھۈنەر ـ سەنئەتلەر، نېمە كام بولسا، شۇ ئىشنى قىلىشى پەرز كۇپايە ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا قاراپ، نەزەر دائىرىسىنى كەڭ قىلىپ، ئۈستىمىزدىكى پەرزنى تولۇق بېجىرىشىمىزنى بىلدۈردى، بىز تولا ھارام، بىدئەت دەپ يېڭىلىقنى تولا سۆكۈپ، قورۇپ، توسۇپ، تەرەققىي قىلالمىدۇق، ھەقىقىي ھارامنى ئىسپاتلاپ بىلىم بىلەن ھارام دېيلى، بولمىسا تەرەققىي يولىمىزنى توسمايلى،

بولمىسا قابىلدەك هالاك بولىمىز. (سۈرە ئەنئام)

سۈرە ئەنئام، چارە ـ پايلار سۈرىسى، مانا بىز هايۋانلار ئىلمىگە ھەققىي كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. چۈنكى، ئاللاھ، مۇشۇ سۈرىنى ئەنئام دەپ ئاتىغان، مېنى بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىلا قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ، قېنى بۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىدىن تاللانمىلارنى كۆرەيلى.

بىرىنچى ئايەت، ئاللاھ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتتى، نۇر ۋە قاراڭغۇلۇقنى ياراتتى دېگەن ئايەت توغرىسىدا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قىزىقارلىق بىر مىسال كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىدۇ.

ئەي دوستۇم، سەن هازىر ئىنتايىن چوڭ، گۈزەل، بىر قەسىرنى تەسەۋۋۇر قىلغىن، بۇ قەسىرنىڭ ئۆگزىسى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئەتراپى، تۈۋرۈكلىرى، تاملىرى ھەممە يېرى ئېسىل جاۋاھىراتلار، گۆھەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ قەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا ئاجايىپ گۈزەل، چىرايلىق بىر ھۇجرا بار، بۇ ھۇجرىغا سەككىز پەردە تارتىلغان، بۇنىڭ يەتتىسى قىزىل، كۆك، سېرىق، يېشىل، بىنەپشە قاتارلىق يەتتە رەڭدە رەڭ بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرىدا بىرلا نۇرلۇق پەردىگە قايتىدۇ، سەككىزىنچىسى بولسا قاپقارا پەردە بۇلار، ئاخىرىدا ئىككىلا پەردە بولىدۇ، بىرىنى نۇر، يورۇقلۇق، ئىككىنچى قاراڭغۇلۇق، قارا پەردە بولىدۇ.

قارا پەردە تاشلانسا بۇ چوڭ قەسىردىكى مۆجىزىلەر ئاجايىپ نەقىش، گۈللەر، جاۋاھىراتلار، زاھىر بولىدۇ، ئەگەر نۇرلۇق پەردە ئاشكارا بولسا، ئالدىدىكى كۆرۈنۈش يوقاپ كېتىدۇ ـ دە، يېڭىدىن بىر گۈزەل مەنزىرىنى، ئاجايىپ گۈزەل باغۇ ـ بوستانلار، ئىمارەتلەر بەدىئىي گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ھەرخىل رەڭلەر، ئالامەتلەر زاھىر بولىدۇ. يەنىلا قارا پەردە تاشلانسا بۇ يوقاپ ئالدىدىكى كۆرۈنۈش زاھىر بولىدۇ، بۇ ئالمىشىش ئۈزۈنغىچە مۇشۇنداق بولىدۇ، خوش! بۇ مىسالنىڭ چۈشەنچىسى مۇنداق بولىدۇ.

چوڭ قەسىر بولسا، پۈتۈن ئاسمان، ئالەملىرىنى كۆرسىتىدۇ، قارا پەردە بولسا، كېچە، قاراڭغۇلۇقنى كۆرسىتىدۇ، يەتتە رەڭ بىلەن بىرلەشكەن نۇرلۇق پەردە بولسا، كۈندۈز نۇرى قۇياش شۇ. ئاجايىپ گۈزەل جاۋاھىرات، گۆھەرلەر بولسا، يۇلتۇزلارلار، قەسىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرا، يەرشارى شۇ، بۇ يەرشارى كىچىلىك قاراڭغۇ قارا پەردىنى تاشلىسا، بىزدىن زېمىن يۈزىدىكى پۈتۈن كۆرۈنۈش ئاجايىپ باغۇ ـ بوستانلىرى، ياپ ـ يېشىل ھەرخىل رەڭلەرنى ياپىدۇ، ئەمما بۇ قارا پەردىدە بولسا، يۇلتۇزلار، سەييارە، پىلانىتلار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىۋالغان ھەمراھلار، ئاقار يۇلتۇزلار، ئاشۇ رېتىملىق ئوربېتىلار، ئاشكارا بولىدۇ. بۇ گۈزەل نۇر چاچقان گۆھەرلەرنىڭ سانىنى ئاللاھ، ئۆزى بىلىدۇ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئەمما، نۇرلۇق پەردە تاشلانسا، بۇ كۆرۈنۈشنى يوقىتىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى يەنى پۈتۈن زېمىندىكى باغ، دەريا، يايلاق، زىرائەت، هايۋان، قۇرۇلۇش، شەھەرلەر ئاشكار بولىدۇ. ھەممە، چوڭ تېپتىكى ئاشكارا ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇلار قارا پەردە ئىچىدە يوشۇرۇن، مەخپىي ھەرىكەت قىلاتتى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، خۇددى يۇرەكنىڭ سوقۇشىدەك، يەتتە رەڭ قانداق بىر نۇرغىلا قايتىدۇ، قۇياشتا يەتتە خىل رەڭ بار، ھەممە رەڭلەر شۇنىڭدىن كېلىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى، ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولغاندا كۆرۈلىدۇ، ئۇ ئەسلىي زېمىننى چۆرىدەپ يۇمىلاق ئورالغان بۇلۇتتىن چۈشكەن سۇدىن قايتقان قۇياش نۇرىدۇر. بۇنىڭدا، بىرنەچچە خىل رەڭ بار، بۇ بىرىنچىدىن قۇياشتىكى يەتتە رەڭنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىچىدىن يۇمىلاق گۈمبەز بولۇشى، يەرشارىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى، بۇلۇت شۇنداق يۇمىلاق بولۇپ، زېمىننى ئوراپ تۇرغان، ئاندىن بۇ ھەسەن ـ ھۈسەنمۇ گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. ئاندىن بۇ نۇرنىڭ سۇنۇش ئىلمىنى بىزگە ئۆگىتىدۇ، نۇر ئىلمىنى تەتقىق قىلىش بەكمۇ مۇھىم.

بىز يەرشارىدا يوقاپ كېتىمىز، يەرشارى قۇياش سىستېمىسىدا يوقاپ كېتىدۇ، ئۇ سامان يولىدا، سامان يولى ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى گورۇپپىسىدا يوقاپ كېتىدۇ، بىز خۇددى چوڭ دېڭىزدىكى بىر تال بېلىقتەك تۇرىمىز. ئۇ پىلانېت يۇلتۇزلىرى بولسا، چوڭ پاراتخوتتۇر، بېلىق پاراخوتنى سەزمىگەندەك بىزمۇ ئۇ سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بۇ كەڭرى ئالەمدە سەزمەيمىز، پەقەت، تېلىسكوپتا كۆزەتسەك، ئاندىن بىلەلەيمىز، بۇ يەردە يەنە بىر قۇدرەت بار ئۇ بولسا، گاز، تۇماننىڭ، تۈتۈننىڭ نۇر بولۇشى، ۋە نۇر

قايتۇرۇشىدۇر. بۇ خۇددى كۆمۈرنىڭ ئۇتىدىن توك چىققاندەك كاربون ماددىسى، ئالماس بولغاندەك، ئاشۇ گاز، تۈتۈن، ئاسمان جىسمىنى شەكىللەندۈردى، ئاللاھ، ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى ۋەھالەنكى ئۇ گاز، تۈتۈن ئىدى. مانا بۇ گاز، تۈتۈن، ئوتلۇق، نۇرلۇق يۇلتۇز بولىدۇ ياكى ئاي شارىدەك نۇر قايتۇرىدۇ، ئاخىرى بۇلار ئاجايىپ گۈزەل نۇر بولىدۇ.

پۈتۈن ماددا پۈتۈن ھاياتلىق مانا مۇشۇ زەررىچىلەردىن ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ئاشۇ گاز، تۇمان، تۈتۈن، نەدىن كەلگەن، قانداق شەكىللەنگەن. بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، چۈنكى، بىز تۆپىدە تۇرمىغان.

ئىككىنچى ئايىتى، الله سىلەرنى يەنى ئادەم ئاتىنى لايدىن ياراتتى دېگەن تېمىدا، بۇ تېما ئاساسلىق ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنبەسى، ئېلمېنت ماددىسى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى، ھېكمىتى، سۆزلىنىدىغان تېما بولۇپ، الله ئالدى بىلەن پۈتۈن كائىناتنى زۇلمەت ۋە نۇرنى ياراتقان قۇدرىتىنى سۆزلەپ ئاندىن كېيىن ئىنسان ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئۆز ۋۇجۇدىنى ئۆز ئېلمېنتىنى بايان قىلىپ سىلەرنى لايدىن ياراتتى دېگەندۇر. بۇ بىر قۇدرەتنى، كۈچنى، ھېكمەتنى بارلىق بىرلىكنى، شۇنداقلا قىيامەتكە بولغان ئىشەنچنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ مۇشۇ تېمىدا ئازىراق توختىلىمىز، ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى الله مۇشۇ زېمىنغا مۇناسىپ، ماس كەلسۇن، خىل كەلسۇن، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچىنى بىر گەۋدە بولۇپ ئۈچ ھاياتلىقنى شەكىللەندۈرسۇن دەپ، ئالدىن بىلىپ، ئادەم ئاتىنىڭ ماددىسىنى ئېلمېنتىنى كېلىش مەنبەسىنى، تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت قىلدى، كېيىن ئالاھىدە روھ، ئاتا قىلىپ، ئاندىن يەنە ئاشۇ ئاتىسى، ئانىسى بولغان بۇ تۇپراققا تاشلىدى، پەقەت نەچچە مىليون زېمىندىن مۇشۇ يەرشارىغا بىلىپ تاشلىدى، مارىسقا ياكى يۇپىتىرغا تاشلىمىدى، ئەلھەمدۇلىللە

ئەلۋەتتە، بىز ئوزۇقلىنىۋاتقان يېمەكلىك، ئاشۇ تۇپراقدىكى ماددا، ئېلمېنتتۇر، بىز ئادەتتە، جانسىز، ئۆلۈك، ھەتتا بەك يۇقىرى قىززىق، ئىسسىق ئېنىرگىيىدە بىز ئۇنى پىشۇرۇپ ھاياتلىقنىمۇ قالدۇرماي ئىستېمال قىلىدىغان ئاشۇ تائاملاردا ھېچ ھاياتلىق يوق، روھ يوق. ئەمما، ئاللاھ، ئادەم ئاتىغا ئەۋۋىلىدە روھ، بەرگەندەك ئاشۇ ھۈجەيرىگىمۇ روھ، ھاياتلىق بىرىۋاتىدۇ، دائىم بېرىۋاتىدۇ، ئاشۇ ئىسپېرما ھۈجەيرىسىدىن پۈتۈن ھاياتلىق كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭمۇ ماددىسى، كېلىش مەنبەسى، ئاشۇ زېمىن، ئاشۇ لاي، تۇپراقتۇر، زەررىچىدۇر.

ئىنساندا **75** ماددا، ئېلېمېنت تېپىلدى، بۇلار زېمىندىكىگە ئوخشاش، بۇ خىل كۆز قاراش پۈتۈن تەپسىرشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشى، «فىزىلال قۇرئان»، «مۇنىير»، تاپاسىرلار، پۈتۈن ئالىملار ئېتىراپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقىقەتتۇر، بۇندىن باشقا نۇرغۇن ئىلىم نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئادەمنىڭ تۇپراقدىن، لايدىن يارالغىنىغا، روھنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات كۆرسەتتى.

بۇ يەردىكى ئالاھىدە قۇدرەت، كۈچ، ھېكمەت شۇكى، بۇ ماددىلار قانداق بولۇپ، سۈرەت شەكىللەندۈرىدۇ؟ قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟ روھ دېگەن نېمە؟ بۇ گۈزەللىك قانداق ھاسىل بولغان؟ نېمە ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ؟ بارماق ئىزىچۇ؟ ئەگەر ئۇ ئوخشاشسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ بۇ تۆگىمەس سۈرەتلەر نەردىن كەلدى؟ ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قانداق بولۇپ، ماس، خىل كېلىشىدۇ؟ ھەمكارلىشىدۇ، ياردەمدە بولىدۇ؟ بۇنى كىم ئورۇنلاشتۇردى؟ كىم قىلىپ بەردى، ھەربىرىدىكى پەيدا بولۇۋاتقان ئاشۇ ھۈجەيرە ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقى نەدىن كەلدى؟ نەگە بارىدۇ؟ ئۇلاردىكى تۈگىمەس ئەۋلاد، نەسىل، سۈرەت، پەيدا بولۇش، يوقىلىش، قانۇن ـ تۈزۈم، رەھىم ـ شەپقەت دېگەنلەر زادى قانداق ئىش؟ ئاشۇ دۆۋە ـ دۆۋە قۇملاردىكى، زېمىندىكى كىرىستال ئەينەك تەنچە، ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ كۆزدە كۆرۈش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا مىكرۇسكوپ، تېلىسكوپلاردا رول ئوينايدۇ، بۇ كۆرۈش ئۈچۈن نۇر لازىم بولىدۇ، يەنىلا نۇر ئارقىلىق رەڭنى يەنى نۇرنى كۆرۈيدۇ. بۇ كۆرۈشكە مەسئۇل خادىم، كۆرۈش نېرۋىسى لازىم، **600000** ھۈجەيرە لازىم بولىدۇ. يەنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن، قوماندان مېڭە بولىدۇ، ئەستە ساقلاش ئورنى ئايرىم بولىدۇ، ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە بولىدۇ، بۇلار قانداق ماس، خىل، تەگپۈك كېلىپ قالدى؟ قۇياش، قۇم، ئەينەك، كۆز، نۇر، ھاۋا، ھۈجەيرە، ھەرىكەت قانداق ماسلاشتى؟ بۇنى ھېچكىم قىلماستىن ئۆچىلا ئۆزلىگىدىن بولۇپ قالدىمۇ تاسادىپى بولدىمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن ئالەمدە بىرمۇ تاسادىپىيلىق يوققۇ، بەش سەزگۈ ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان

نەرسلەر، پۇراشقا، خۇشپۇراق، تېتىشقا تەم، تېخى تەم تەڭشىگۈچى تۇز، ئاڭلاشقا ئاۋاز، هاۋا، هۇجەيرە لازىم بولىدۇ، ئاي شارىدا هاۋا يوق، ئىنسانلار تېلېفوندا سۆزلىشىدۇ، يېنىدا ۋارقىرىسىمۇ ئاڭلانمايدۇ، مانا شۇنداق باغلىنىشلار نەدىن كەلدى؟ مېڭە هۇجەيرىسى، پەرق ئېتىش ئۈچۈن، هۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، سېزىش ئۈچۈن، هەممە ئۈچۈن نۇر لازىم، فوسفور لازىم، بۇ قانداق بولۇپ ماس كەلدى، نەدىن كەلدى؟ قانداق ئاپىرىلىدۇ؟ ئۇلارنى توشىغۇچى ئۇششاق قىل ـ قان تومۇرلار قانداق شەكىللەندى؟ ئاشۇ هۇجەيرە ئاشۇ خروموسۇم قانداق قۇماندانغا بويسۇنۇپ، ئەركەك ـ چىشىنى هاسىل قىلىدۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن ئىنسان قولىدا ئەمەس، هارقايسى ئەزانى كىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كىمنىڭ پىلانلىشى بىلەن، تېخنىكىسى بىلەن، لايىھىلىشى بىلەن شەكىللەندۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق هېكمەتلىك، ئۆز جايىدا بولىدۇ؟ پۈتۈن ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى هۇجەيرىلەر ئۆزئارا ئوخشاشماس سۇرەتنى، بارماقنى شەكىللەندۈرۈشكە كېلىشىۋالغانمۇ؟ ئۆزئارا خەۋىرى بارمۇ؟ تونۇشامدۇ؟ ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى راسلاپ هەرخىل ماددىلارنى تەييارلاپ ئۆزىنى ئۆزى كۈتەمدۇ؟ ئۇ هاياتلىقتا ئۆزى ئىگە بولسا، نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆلىشىدىن كۆپىيىش كۆپ بولىدۇ؟ چىرايلىق، سەت، مېيىپلار، كورلار، قوشكېزەكلەر، تېخى **3 ـ 4** نى بىر قېتىمدا تۇغۇش نېمە ئۈچۈن؟ بۇلار يوقلىپ نەگە بارىدۇ؟ بۇ نېمەتكە، هېساب يوقمىدۇ؟ قايتا يەنە هاياتلىق ئاتا قىلامدۇ؟ قايتا تىرىلمەيدۇ دېگەنلەرنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى قېنى؟ ئۇلار، دەلىل تاپالمايدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ پىسخىكا، ئىدىيە، ئەقىل، ئاڭ، چۈش، تەپەككۇر، يېڭىلىق، ئىلھام يەنە تېخى ۋەھيي، كىتاب، مۆجىزە، كارامەت، روھى سېزىملار قانداق ئىش، بۇلارنى كىم پەيدا قىلغان؟ بۇلار هادىسىدۇر، پەيدا بولغان نەرسە، مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ سوئاللارغا ئاللاھ، ئۆزى جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، ئاسمان ـ زېمىننى، ئىنساننى ياراتقىنىنى تولا تىلغا ئالىدۇ. كۈچ ـ قۇدرەت كۈچلەر بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ، تەكرار ـ تەكرا كېلىدۇ. هەممە سوئالغا قۇرئان بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىدۇ، قانائەت هاسىل قىلدۇرىدۇ.

شۇڭا، ئاللاھ، بۇ ئايەتتە ئىنساننى لايدىن ياراتقىنىنى، ئۆزى ياراتقىنىنى، شېرىكى يوقلىقىنى، يەنە قايتا يارىتىدىغىنىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، هېچبىر هۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قۇرئاندەك ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس، قۇرئان هەقىقەتەن مۆجىزە، بۇنىڭغا هەدىسنى، هەرخىل تەبئىي ـ پەننى توغرىسىنى شەرھى ئىزاهات قىلساق، ئاندىن بىز تولۇق چۈشەنچىگە ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولىمىز، بىزمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىمىز.

هەقىقەتنى، راستىنى، غەيبنى، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىز پەقەت قۇرئان، هەدىسنى ۋە ئۇنىڭغا ئىزاهات بولالايدىغان بەزى ئىلمىي كىتابلارنى كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، پۈتۈن كائىناتنى ئۇنىڭ ياراتقانلىقى، يەنىلا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. بۇنىڭغا ئاساسىي مەنبە، قۇرئان، بىز قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ توختىلىمىز. ئۇزۇن سۆزنى جايىغا قويدۇق، سىزمۇ مېڭىڭىزدىكى هۇجەيلەرنى ئىشقا سېلىڭ.

بىرىنچى، ئاللاھ، قۇرئاندا زۇلمەتنى كۆپلۈك كەلتۈرگەن، چۈنكى، زۇلمەت كۆپ ئالەم ئاسمان، قاراڭغۇلۇقنى، زېمىن، دېڭىز زۇلمىتى، كېچە زۇلمىتى، كۇپىرلىق زۇلمىتى، هەممىدىن ئېغىرراقى قەلب، يۈرەكنىڭ قاراڭغۇلىقىدۇر، يەرشارىدا **26** قەۋەت قاراڭغۇلۇق بار، سۈرىتى ئالتىدۇر. بۇ زۇلمەتلەرنى نۇر ئارقىلىق يوقاتقىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، نۇرنى تەنها كەلتۈرگەن، چۈنكى، نۇر بىر هەقىقەتتۇر، هەقىقەت بىرلا، ئىككى خىل هەقىقەت مەۋجۇت ئەمەس، بۇنىڭ مىسالى، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى ماددىسى نۇر زەررىچىسىدۇر، قەلب ئاشۇ بىر هەقىقەت نۇرنى قوبۇل قىلسا، زۇلمەتتىن قۇتۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، كۆپىنچە ئايەتتە، ئاسمان ـ زېمىن، بۇرۇن تىلغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئاسمان ـ زېمىن بىر گەۋدە، تۇتاش بولسىمۇ يەنىلا زېمىن ئاسماندىن ۋە ئاسمان جىسمىدىن ئايرىلغان، بۇنداق ئايرىلغان زېمىن، هازىر نەچچە مىليارتقا يەتتى، بىزنىڭ يەرشارىمىز، ئاشۇ زېمىنلاردىن بىرسى خالاس. بۇ نەزەرىيەنى كۆپ تەپسىرلەر قوللايدۇ، تەپسىر مۇنىيرنىڭ ئاپتورى سۇرە ئەنبىيادا كەلتۈرگەن. چۈنكى، يۇلتۇزدىكى ياش ئۆمۈرنى، ماددىنى نۇر سىزىقچىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ بۇنى ئىسپاتلىدۇق.

تۆتىنچى، بۇ يەرشارى دوزاخ ئەۋرىشكىسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاللاھ، بۇتلارنى، تاشلارنى دوزاخقا

سالدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرى ئوت ئىكەن، دەلىل، يانار تاغلار ۋە ئىلمى پاكىت، قىيامەتتىمۇ دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدايدۇ. زېمىن باشقا بىر زېمىنغا ئۆزگىرىدۇ. دېمەك، قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە باشقا ساتۇرۇندەك پىلانىتلار دوزاخقا تاشلىنىپ ئازاپلاشقا ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇت قىلىندى. چۈنكى، ئاشۇ نېمەتكە شۈكرى قىلمىغاندىكىن شۇ نەرسىنىڭ ئۆزى بىلەن ئازابلايدۇ.

بەشىنچى، دۇنيا ئوتى، ئاخىرەت ئوتىدىن 70 ھەسسە تۆۋەن، بۇ ھازىرمۇ مۇشۇ دۇنيادا ئىسپاتلاندى، چۈنكى، نەچچە گىرادۇس يۇقىرى ئوت قىززىقلىقى بايقالدى. ئەمما، بۇنى ئۆز ئەينى مۇشۇنداق دىگىلى بولمايدۇ.

پەقەت پەرەز بىلەن دېيىلدۇ، بۇنى تەپسىرگە كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكىلەر تەتقىق قىلىپ راستىنى تاپسۇن ئۈچۈندۇر.

ئالتىنچى، ئاللاھ، سۈرە ھەدىيدا مۆئمىنلەرنىڭ نۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەئىي قىلىدۇ دېگەن. بۇمۇ ھازىر ئىسپاتلاندىكى، ئىنساندا ھەقىقەتەن نۇر بار ئىكەن، ئاددىي مىسال: توك بېسىمى بىر، توك ئۆتىشىدۇ، ماددىسى زەررىچە، رېنتگىن يورىيدۇ، ۋە يوروتۇپ ئەزانى بايقايدۇ، بۇلارنى كومپيۇتېر تېز بايقايدۇ.

يەتتىنچى، ئالدى بىلەن زۇلمەت، بۇرۇن تىلغا ئېلىنىشىدا، ئىنسان بۇرۇن زۇلمەتتە يارىلىپ، ئاندىن نۇرغا، روھقا، ھىدايەت قىلىنىدۇ. زېمىن دېگەن بۇ نۇر زۇلمەتكە يارىلىنىپ ئاندىن روھى دۇنياغا تەرەققىي قىلىدۇ ۋاھاكازالار.

سەككىزىنچى، تۆمۈر ۋە بەزى ئېلمېنتلار ئاسماندىن چۈشكەن، بۇنى ئاللاھ، قۇرئاندا ئېنىق سۆزلىگەن.

توققۇزىنچى، تاغ، قۇرئاندا كۆپ خىل تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزىدە ئاللاھ ياراتتى دەپ كەلسە، بەزىدە تاشلىدى دەپ كېلىدۇ، بەزىدە قىلىپ بەردى دەپ كېلىدۇ. ئالىملارمۇ خىلمۇ ـ خىل نەزەرىيەدە بولۇۋاتىدۇ.

بەزىسى زېمىن، قۇرۇقلۇق گۈمۈرۈلۈپ شەكىللەنگەن دىسە، بەزىسى يانار تاغدىن شەكىللەنگەن دەيدۇ، بەزىسى پىلانىتلار ئۆزئارا سوقۇلۇپ، بىرىكىپ شەكىللەنگەن دىسە، بەزىسى مەخسۇس قوزۇقتەك بېكىتىلىپ يارالغان دەيدۇ. بەزىسى زېمىننىڭ پوستى قىسمى يېمىرىلىپ شەكىللەنگەن دەيدۇ، بەزىسى مىتئورىت تاشلار شەكىللەندۈرگەن دەيدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. بىز تۆپىدە تۇرمىغان ـ دە! قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئاللاھنىڭ ياراتقىنى، پەيدا قىلغىنى ئېنىق. چۈنكى، ئۇ پەيدا بولغان ھادىسە ئۇنى پەيدا قىلغۇچى بولۇشى لازىم، بولۇپمۇ ئاشۇ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى بىرلا ئاللاھ شۇ.

10 ـ ئاللاھ، ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ۋەھالەنكى ئۇ گاز، تۈتۈن ئىدى، شۇنداقلا ئۇ گاز، تۈتۈن ھالەتتە مەۋجۇت بولغان، بۇلار ئەرشنى سۇ ئۈستىدە يارىتىپ بولغاندىن كېيىنكى ھالەت ئىدى. بۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، بۇلار ئايەت، ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان، بۇلارنى بىز تەپسىلىي كېيىنچە يەنە سۆزلەپ بېرىمىز، ئاللاھ قاراڭغۇ زۇلمەتنى ۋە نۇرنى قىلدى دېگەن ئايەتنىڭ يەنە بىر تەتقىقاتى مۇنداق بولىدۇ.

ئاشۇ ئاسمان جىسىمىدىن يەرشارىنى ئايرىپ، ئاندىن بۇ ئوتلۇق شارنىڭ تېشى سوۋۇلىدۇ. بۇ ھازىرقى مىتئورىت تاشلار ئاشۇ ئوتلۇق پىلانىتلاردىن ئايرىلىپ قاتتىق تاشنى ھاسىل قىلغاندەك، بىرىنچى ھالىتى تاش ھالەتكە ئىچى بولسا دائىم ئوت ھالەتتە 300 مىليون يىلنى باشتىن كەچۈردى. بۇنى پەيلاسوپ لىيل ئوتتۇرىغا قويغان، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پەرەزلەر توپتوغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىنساننىڭ كۆز قارىشى، تەسەۋۋۇرى. ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، بىز ئۇنى ئەقىل قىلالمايمىز، ئاللاھنىڭ زاتىنى ئېنىق بىلەلمىگەندەك قانداق ئىش ئېلىپ بېرىشىنى، يارىتىشىنى بىلمەيمىز، ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ بىلىدۇ دېيىش توغرىسى شۇ. ھەم بۇنىڭ ھېكمىتى بولسا، ئاللاھ دەپ بېرەتتى، بۇ ئىبادەتكە، ئىلمىگە پۈتلاشمايدۇ، ئىنساننىڭ مەلۇم چەكتە تۇرۇشى ئۇنىڭ ئاخىرىنى بىلەلمەسلىكى نورمال ئىشتۇر.

قۇرئان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ توغرا بولغان ئىسپاتنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ بىر ھەقىقەت، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھەقىقەتنى قەلبىگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن بەزى بىر ئىلمىي ھەقىقەتنى سۆزلىگەندۇر. شۇڭا، بىز ئىلمىي پاكىت، ئەقىل

تەسەۋۋۇرغىلا سىغىشتۇرالىساق، ئاللاھنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلىك كۈچ قۇدرىتىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، بۇنى ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، بىز ئىنسانى تەسەۋۋۇر بىلەن قارىساق خاتالىشىمىز، ئاللاھ، چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە، بىلىمگە ئىگە زاتتۇر.

بۇنى تەپسىر «فىزىلال قۇرئان» دا تەپسىلىي سۆزلىگەندۇر، شۇنداقتىمۇ بىزى قۇرئاننى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەقىقەتتىن چەتنىمىگەن ئاساستا تەتقىق قىلىمىز، ئەقىل يۈرگۈزۈمىز، ئاشۇ تاش ئۈزۈن يىل تۇرۇپ، كۆن نۇرىنى قوبۇل قىلىپ، ھاۋا، ئاتموسفېرا، ئوكسىگېن، ھىدروگېن، سۇ ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئوت ـ چۆپ، يايلاق، دەل ـ دەرەخ دەۋرىگە كىرگەن. كېيىن، ھايۋانلار دەۋرى شەكىللەنگەن، چۈنكى، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈك يەپ ئوزۇقلىنىدۇ، شۇڭا، ئۆسۈملۈك بۇرۇن، ئاندىن ھەرخىل ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر، تاغ ـ دەريا، يايلاق، ۋاھاكازالار شەكىللەنگەن. بۇلارنى بىزى سۆزلەپ ئۆتكەن.

مانا ھازىر ئىنسانلار تۇرمۇشى ماس كەلگەندەك، شارائىت ھازىر بولغان ئاندىن كېيىن مېھرىبان ئاللاھ، تۇنجى ھاياتلىق، بىر توپىلازما دېگەن، مەخلۇقنى شەكىللەندۈردۇ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ھاسىل قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۆزى بولسا، ھاسىل بولۇش ياكى قىلىش ھاجەتسىز، ئۆزى بولمىسا تېخىمۇ ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى، ئاللاھ پەيدا قىلغان، ئاندىن ئاشۇ مەخلۇقتىن ھۈجەيرە شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ ھۈجەيرە بىردىن ئىككىگە ئىككىدىن تۆتكە بۆلۈنۈپ، تېرلىيونغىچە ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن بۇنىڭدىن، ئىنسان، ھايۋان ھاسىل بولۇۋاتىدۇ، بۇلار ھازىرقى كۆز قاراش، ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ئادەمنى لايدىن ياراتقىنى راس، ئۇنى جەننەتتىن زېمىنغا تاشلىغان بۇ ھۈجەيرە شۇ چاغدا بار ئىدى، بۇنى، ئەھدىنى، مىساقنى شۇ چاغدا ئالغاندۇر.

بىز ئىنسانلار ئەينى چاغدا بولمىغاچقا بۇنى تەپسىلىي، ئۆز ئەينىنى بىلمەيمىز. پەقەت پەرەز قىلىمىز، خالاس. شۇ ئارقىلىق يەنىلا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى قۇدرىتىنى ھېكمىتىنى رەھمىتىنى تونۇپ يېتىمىز. بىز ئاشۇ ھاياتلىقلارنى، ئىنساننى، ھايۋاننى، ئۆسۈملۈكنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى قىيامەتنى تاپىمىز. بۇلاردىكى ھېكمەت، ئاللاھدە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاللاھدە رەھمەت، كۆيۈنۈش، مېھرى ـ شەپقەت، ئاللاھدە قانۇن ـ تۈزۈم، بىر خىل ئىنتىزام، پۈتۈن ئالەم، ئاسمان ـ زېمىن، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك تەرەققىياتى، ئىلىم ـ ھېكمەت، بۇلار ئاخىرى بىر ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ.

پۈتۈن ئالەم ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەت، مانا بۇلار ئاللاھنىڭ زۇلمەتنى، نۇرنى قىلدى دېگەن ئايەت ۋە بۇ ئايەتنىڭ ئوخشىشىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن تېخنىكىسىنى، تەجرىبە قىلىش بىلەن ئىسپاتلانغان. ئەڭ توغرا كۆز قاراشنى قۇرئانغا ئىزاھات قىلىش بولىدۇ، چۈنكى، ھەممە، ئاللاھنىڭ مەخلۇقى، سۆزى ۋە قىلىقى، بۇلار بىرگەۋدە، بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس. ئەمما ئالەمدە ئۆزگىرىش يۈز بەرسە بۇ تەتقىقاتمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، شۇڭا بىز، ئەبەدىلئەبەد ئۆزگەرمەس جايلارنى ئاپىرىپ شۇنى قۇرئانغا شەرھى ئىزاھات قىلايلى، بۇ بىر مۇقىم سىستېما بولسۇن، مۇراد ـ مەقسەت، ئاللاھ، ئاللاھ جامالى، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىمىزنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلسۇن، ئامىن!

مۇتتەپەقۇن ئەلىيە، مۇتتەپەق ھەدىستە، ئابىد، مەئبۇدىغا ئەگىشىدۇ دېگەن، قۇرئان، ھەدىسلەردە مۇشرىكلار، كاپىرلارمۇ بۇتلىرى بىلەن بىرگە دوزاختا تاشلىنىدۇ دېگەن، جۈملىدىن بۇتلىرى دەپ چۇشىنىلگەن ھازىر شۇنى بىلدۇقكى، بەزىلەر قۇياشقا چوقۇنىدۇ، بەزىلەر يۇلتۇزغا چوقۇنىدۇ، بەزىلەر ئايغا، بەزىلەر تاشقا، بەزىلەر شامالغا، سۇغا، دەرەخكە، مەلۇم تاغقا چوقۇنىدىغانلار بار. خۇلاسە شۇكى، ھەممىسى پۈتۈن قۇياش سىستېمىسى دوزاختا تاشلىنىدىكەن، چۈنكى، ھەممىسى مەبۇد بولۇپ قالغان. ھازىر تەبىئەتمۇ مەبۇد بولۇپ قالدى، ئىنسانلار زېمىندىن ئايرىلسا بۇ زېمىن نەگە بارىدۇ، دوزاختا يېقىلغۇ بولىدۇ، خۇددى دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغاندەك ھەممىس دوزاخ ئوتۇنلىرى.

## سەييارىلەر

## سۈرە ئەنئامنىڭ تەپسىرىدىن تاللانما

(مۇئەللىپنىڭ چۈشى ۋە قىزىقارلىق لەتىپە ۋە باشقىلار)

مۇئەللىپ تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيھىنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرىشى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قېتىم كېسەل بولۇپ قېلىپ، چۈشۈمدە چارە ئامالنى كۆرۈپ ساقىيىپ قالدىم، شۇ ئامالنى قىلىپ، بۇنداق چۈش بەك كۆپ، بۇلارنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرماي، مەن بۇ تەپسىرنى يېزىشتا مۇنداق بىر چۈشنى كۆرۈپ ئاندىن ئىشەنچ قىلىپ يازدىمكى، بۇ تەپسىر چوقۇم ئۇگۇشلۇق بولىدىكەن، يەرشارىنىڭ پۈتۈن دىيارلىرىغا بارىدىكەن دىگەن ئويغا كەلدىم. ئۇ چۈش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش بولدى، بىر قېتىملا ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم شۇنداق بولدى، مەن مۇنداق چۈش كۆردۈم، مەن جامىئۇلئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا دائىم ئوقۇغۇچى بولۇپ تۇرۇپتىمەن، مەن ئەخلاقلىق ئىدىم، دادام يېنىمدا ئۇخلىغان ئىدى، مەن دەرسلىك كىتابقا تەكرار قارايتتىم، شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاھىر بولدى، مەن ئالدىدا تۇراتتىم، ئۇ ماڭا تەپسىر ئۆگىتىۋاتاتتى، سۆزلىرىنى ماڭا ئاڭلىتاتتى، مەن تېخىمۇ زىيادە قىلسىلا، يەنىمۇ زىيادە قىلسىلا دەيتتىم، مەن ئىچىمدە بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بۇ جايدا ئەدەبنى لازىم تۇتىشىم لازىم، دەيتتىم. مەن بۇ دەرسنى ئېلىپ مەكتەپتىن چىقتىم، شۇ ۋاقىتتا ئانام بىلەن كۆرۈشتۈم ئۇ ماڭا نەگە باردىڭ دىدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دىدىم، ئۇ دەرھال ھۇدۇقۇپ، نىمە دىدىڭ، نىمە ئىش قىلدىڭ دىدى. مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تەپسىر ئۆگەتتى دىدىم.

تېخى مەن ساھابىلاردەك بولىدىكەنمەن، ئاز مەنىلىك چۈشەندۈرۈلگەن ئايەتكە كۆپ سۆزلەرنى ئىزاھات بېرىدىكەنمەن دىدىم. مەن چۈشۈمنى كۆرۈپ ئويغاندىم، دادامغا بۇنى سۆزلەپ بەردىم، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى، ئاندىن ياخشى بوپتۇ، بالام، ئىشىڭنى داۋام قىلغىن دىدى. مانا بۇ مەن كۆرگەن چۈش ئىدى، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چۈشلەر بەك كۆپ، ئاللاھنىڭ ماڭا چۈشۈمدە كۆرسەتكەن بىلملىرى بەك كۆپ، بۇنى مەن مۇشۇ تەپسىرگە سىڭدۈردۈم، فەتىھى كەشپىمۇ بار. مەن شۇ چاغدا بۇ تەپسىرنىڭ پۈتىشكە، تارقىلىشىغا ئىشەنگەن ئىدىم.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تەرەققىي قىلغۇسى ئىنشائاللا، مەن شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىدىكەن دەپ بىلدىم، ئى مۇسۇلمانلار، خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، سىلەر چوقۇم تەرەققىي قىلىسىلەر، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، چوقۇم بىر مۇشكۈللۈك بىلەن ئاسانلىق بىللە بولىدۇ، راست، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيي ئۆز ۋاقتىدا دىگەنىدەك ھازىر مۇسۇلمانلار تەرەققىي قىلدى، بۇ كىشى دۇنيادىن كەتكىلى ھازىر **63** يىل بولدى. نۇرغۇن تەرەققىياتلار بولدى، ئەمما بۇ ئىلىم بۇ كۆز قاراش بۇ ھەقىقەتلەر مەڭگۇ داۋام قىلماقتا، بۇ تەپسىرگە نۇرغۇن ئىش قوشۇلدى، بۇ تۆتىنچى قېتىم بېسىلىشى بولىدۇ.

سۈرە ئەنئام، ئاللاھ، بەندىلەر ئۈستىدە ھەممىنى بويسۇندۇرىدۇ، قاھىر دىگەن، سۈپەت ئۈستىدە توختىلىپ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيي، مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ھەممىنى راستىنلا باشقۇرۇۋاتىدۇ، بويسۇندۇرۇۋاتىدۇ، پۈتۈن ئالەم، پۈتۈن مەخلۇق، ئەرش، كۇرسى ئاسمان ـ زېمىن ئارىلىقىدىكى يۇلتۇزلار، پىلانىتلار، سەييارىلەر، ئوربىتىلار تارتىش كۈچى، شامال، بۇلۇت، ئاتموسفىرا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، جانلىق ۋە جانسىز پۈتۈن كان، يەر ئاستى بايلىق، ئاشكارا بولغان خەۋەر، ئىلىم، بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات، بۇندىن كېيىن ئاشكارا قىلىدىغان بىلىملەر، خەزىنىلەر، كەلگۈسى، قىيامەت، جەننەت، دوزاخ ھەممىنى ئاللاھ ئىدارە قىلىۋاتىدۇ، باشقۇرىدۇ. ھەممىدىن ئاللاھ غالىپ، ھەم ئۇ نەرسىلەرمۇ ئاشۇنداق قانۇنغا، باشقۇرۇشقا موھتاج، بولمىسا ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، تۈگىشىدۇ.

ماھىرلىق بىلەن بىرگە ئىلىم ـ ھېكمەت، قاھىر بولۇش سۈپىتى بىلەن خالىق، رازاق بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئاددىي دەپ ئويلاپ كەلگەن ئاشۇ شەيئىلەرمۇ ئاللاھقا بويسۇنۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئاللاھدە

لەۋھە كىتابتا خاتىرلەنگەن ئىكەن.

مىسال: ئالتە قىرلىق قار، دەرەخ قۇلاقلىرى، ئۇ قۇلاقلارنىڭ گۈلى، رىتىمى، چۈرىسىدىكى ھەرە چىشلاردىن تارتىپ ھەممىسى بار ئىكەن، بۇنى بىزمۇ كۆزۈتۈپ بىلەيلى.

ھەرقانداق ھايۋان، ئۇچار قۇش، سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەت دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

ئۇ ھايۋانلار، بىزگە ئوخشاش ئۈممەت قىلىنغانىكەن، ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇلار دېگەندەك ئۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىپ تەرەققىي قىلغان ئەمەس. بەلكى، ئاللاھ بىزگە رەھمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى، ھايۋانلارنى بىزگە ئوخشاش ئۈممەت قىپتۇ، ئۇ ھايۋانلار يارىلىشىدا، كۆپىيىشىدە، جۈپلىشىشىدە، ياشاش، ئوزۇقلىنىش، ياشلىق، قېرىلىق، كېسەللىك، يوقىلىش، قايتا ھاسىل بولۇش، ئاخىرىدا تېرىلىش، رەھمەتكە يولۇقۇش، يا ئازابقا قېلىنىشلاردۇر. بىزگە ئوخشاشتۇر، راس، ئاللاھ بۇنى بۇرۇنلا، **1400** يىل بۇرۇن زېمىنغان چۈشۈرگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقىقەت، ئەزەلدە، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا بار ئىدى. ئالدىن بىلەتتى، بىز بۇنى ئەمدى ھېس قىلدۇق، ئۇلارنى تەتقىق قىلدۇق، ئۇ ھايۋانلارنىڭ، ئىنسانلارغا ئوخشاشلىقى، ھەممە جەھەتتىن ھەتتا سانائەت، تېخنىكا جەھەتتىن ئىنسانغا ئۇستاز بولۇشىنى، بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. بىزگە ئۇلاردا نۇرغۇن بىلىم، تەجرىبە ھاسىل بولدى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەسلى، قۇرئان، مۇشۇ بىلىمگە بۇ ئايەتتە ئىشارەت قىلغان ئىكەن، ئۇلار بىزگە ئوخشاش بولسا، نېمىشقا تەتقىق قىلمايمىز؟ قىيامەت ئۇلاردىمۇ بار، تېرىلىشمۇ بار.

خوش، بىز ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىر نەچچە ئاجايىپ سىرلىق قۇدرەتنى ئىنسانغا ئوخشاشلىقنى بايان قىلىمىز، قېنى بىرىنچى لەتىپە:

بىر توپ مايمۇنلار بىر كەڭ ئۆستەڭدىن ئۆتمەكچى بولۇپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىر كۆۋرۈك ياساپتۇ، بۇ كۆۋرۈك ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىدى، ئۇلار بىر ـ بىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، ئېگىز بىر دەرەختىن ساڭگىلاپ، پۇلاڭشىپ ئاخىرى قارشى قىرغاقتا بىر دەرەخنى تۇتىۋالىدۇ. ئاندىن ئاشۇ زەنجىرسىمان كۆۋرۈۋكتىن قالغانلار ئۆتۈپ بولغاندا، ئۇلار بىرلا ھالدا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇلار نېمە دېگەن ياخشى ئىتتىپاقداش قوشۇن ھە! مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەت، دىگىنى شۇ. بىز ئاخىرى بۇنىڭدىن كۆۋرۈك تەجرىبىسىنى، ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى، يالغۇز بىر ئىشنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقنى بىلدۇق. بىز بۇ ھەمكارلىقنى، ئىتتىپاقلىقنى، جۈملىدە ھەسەل ھەرىسىدە كۆپ كۆرىمىز، ئىككىلىسى ئوزۇقنى توپلايدۇ، سېنىڭ ـ مېنىڭ زادى يوق، ئورتاق تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، زالىمنى قوغلاپ چىقىرىدۇ، پادىشاھلىق تۈزۈمى بار، بۇلارنى بىر كۆزۈتۈپ باقايلى، كىتابنى ئەمەلىيەتتىن كۆزۈتۈپ ئوقۇيلى. بۇنىڭغا بىزدىن زور كۈچ كەتمەيدۇ، ئاللاھ بۇلارنى ھەممە يەردە قىلىپ قويۇپتۇ، قۇدرەت بىزنىڭ كۆرۈشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

بىز ئەڭ يىرگىنىدىغان ئۇسال غالچىلارنى مىسال كەلتۈرىدىغان ئىتقا قارايلى. بىر كۈنى بىر توپ كىشلەر پاراخوتتا سەپەرگە چىقىپتۇ، بۇ پاراخوتتا بىر ئانا ـ بالا بار ئىكەن. بالا تېخى كىچىك ئىكەن، ئانا دېڭىزدىكى گۈزەل كۆرۈنۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، قولىدا بالا بارلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كېمە قىرغىقىدا تۇرۇپتۇ، بالا بويۇن سوزۇپ بىرلا يۇلقۇنۇپ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە پاراخوتنى توختىتىپ قارىسا بالا خېلى نېرىدا قاپتۇ، بۇ ئىشنى ئۇققان بىر يىگىت دەرھال ئاپشاركا ئىتنى ئېلىپ چىقىپ بالىنىڭ بىرەر نەرسىسى بارمۇ؟ دەپتۇ. ئۇلارنى بالىنىڭ لاتىسىنى بېرىپتۇ، ئىتقا بۇنى پۇرىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ، ئىت دەرھال بالىنى سۆرۈپ چىقىپتۇ. ئانا بۇ يىگىتكە بارلىق ماللىرىنى بېرىشنى بۇ ئىتنى ياخشى ئاسراشتى ۋە بۇ ئىتنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىشنى تاپىلاپتۇ، يىگىت سىز دېمىسىڭىزمۇ شۇنداق قىلىدىم. مەن بۇ ئىتىمنى پۇلغا ساتمايمەن، بۇ خىزمەتنى بىز ئەمەس مۇشۇ ئىت قىلدى، ئەمەسمۇ دەپتۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ مۇشۇنداق باتۇر، ۋاپا قىلىدىغان ئاپشاركىنى بېقىش، كۈندۈرۈش، جىنايەتچىلەرنى شۇ ئارقىلىق تورغا چۈشۈرۈش كۆرسىتىلىدۇ، مانا بۇ ھايۋاندىكى ھېكمەت ئىدى.

شىمالىي ئامرىكىدا بىر توپ دېڭىز ئىتلىرى بىرلىشىپ بىر قورۇلۇش ياسىغان، بۇ قورۇلۇش سۇ ئاستىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇنى تەڭ ھەمكارلىشىپ تاش، چالما، قىش پارچىسى، ياغاچتا ياسىغان، ئېغىزنى

سۇ ئاستىدىن ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قىلغان، ئۇلار بۇ يەرگە ئوزۇق يىغىپ قىشنى چىقىرىدىكەن، بۇ يەردىكى ئوزۇق ياز پەسلىدە پۇراپ قىلىشتىن، قىش پەسلىدە توڭلاپ قېلىشىدىن خالىي ئىكەن، ئۇلار بۇ ئامبارنى بارلىق كۆچى بىلەن قوغدايدىكەن، ئۇلار چىقىپ كەتسە، ئۈستىگە **12** كىشىلىك **10** كىشىلىك قىلىپ يانا بىر توپ بالىخانا سالىدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ قاراۋۇلخانىسى ئىكەن. ھەممىسى بىرلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇۋىنى تۇتۇپ ئامبارغا ئېلىپ كىرىپ تەڭ، نورمال ئىستېمال قىلىدىكەن، مانا بۇلار بىزگە ئوخشاش ئۇممەت ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىتتىپاقلىقتا بىزدىن ئېشىپ چۈشكەن، بىزگە ئوخشاش ئۆزئارا قىرغىنلىق قىلمايدۇ. بۇلاپ ئالمايدۇ، ئاللاھ يەتكۈزگەن رىزىقنى يەپ خاتىرجەم ئىبادەت قىلىدۇ، شۈكرى قىلىدۇ، بۇنداق قىزىقارلىق ھايۋان تەتقىقاتى بەك كۆپ، بۇلارنى مەن «جامالولئالەم» دېگەن كىتابتىن يازغان، ھايۋان ئىلمى قىسمىدۇ بار.

ھايۋاندىكى ئەقىل، ئورانگوتان، شىنپانزا دەپ ئاتىلىدىغان مايمۇن خېلى ئەقىللىق، ئۇ ئىنساننى دەررۇ يالايدۇ، تېخى باغچىدىن چىقىشنى، قېچىشنى قۇلۇپنى ئېچىشنى بىلىدۇ، ئوغۇرلۇق قىلىشنىمۇ بىلىدۇ، تېخى مايمۇن، پىل، ئىتلار زاكىلىقىدىن، مەسخىرىدىن، ئەيىبلىشىدىن قورقىدىكەن، تىل، ھاقارەت ئاڭلاشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، بۇ ئەھۋالنى ئۇلار ئىپادىلەپ بېرىدىكەن، بۇلار ئەمەلىي ھايۋاناتلار باغچىسىدا تەتقىق قىلىندى، شۇ ئارقىلىق ھايۋانلارنى پاكىز، چاققان، گەپ ئۇقىدىغان تەربىيىلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار گەپنى ئۇقىدۇ، پەرق ئېتەلەيدۇ، ئاپشاركا ئىت ۋە پىللامۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەت. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مىڭىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئەگەر ئۇلار زىيادە ئەقىللىق بولۇپ كەتسە، ئىنسانلارغا زور ئاۋارىچىلىق، خاپىلىق، بالا ـ قازا كېلىدۇ، گەرچە ئۇلاردا يۈرەك، قىل قان تومۇر، مىڭە بولسىمۇ بەش سەزگۈ ئەزاسى ئىشلىسىمۇ، ئاللاھ بىزگە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەچكە ئۇلارنىڭ ئەقلىنى كام قىلدى. ئەمما، ئۇلار بىزگە ئوخشاش ئۇممەت ـ دە! ئۇلاردىن پايدىلىنىش بەك مۇھىم، بىز ئۇلاردىن ئايرىلالمايمىز، شۇڭا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى. ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، ھايۋانلار دۇنياسىدىن تەتقىق قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى چۈشىنىمىز، ئۇلار تۇرمۇشىدا، ماكان تۇتۇشىدا، ھەممە ئىشلىرىدا ئەقلىنى ئىشقا سالىدۇ، ئەقلىسىزلار قارىسىغا ئىشلىمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، زەھەر بەرسىمۇ يېمەيدىغىنى، ئۇقۇپ قالىدىغىنى بار، بۇلارنى ئالىملار سىناق قىلغان، ئىت، تۈلكە، پىل قاتارلىقلار. ئەمما، ھەممىسى ئۇنداق ئەقىللىق ئەمەس، ئۇلار راسىلا بىزگە ئوخشاش ئۇممەت ئىكەن، ئەقىللىقلىرى ئاز ئىكەن، دۆتلىرى كۆپ ئىكەن، ئاشۇ ۋەھشىي ھايۋان، ياۋايى ھايۋان گەپ ئۇقىدىكەن، نېمىشقا ئىنسان گەپ ئۇقمايدۇ، نېمىشقا بۇ ئىنسان قەلبى ئاللاھقا، ئاخىرەتكە كۆنمەيدىغاندۇ؟ بەزى ئىنسان ھايۋانچىلىك بولالمايدۇ. مەسىلەن: دائىم ھالدا ئۇلار زىكرى بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەمما بۇ غاپىل ئىنسان زاكىر ئەمەس ـ دە! ئۇلار ئاز ئۇخلايدۇ، بەزىسى ئۇخلىماي تۈنەيدۇ، ئەمما بىز ئۆمرىمىزنىڭ تولىسىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزىمىز، ئۇلار ئالغان پايدىغا لايىق شۈكرىنى قىلىدۇ، يەنىلا پايدا مەنپەئەت بېرىدۇ، بىزچۇ، تۈزنى ئېچىپ تۈزلۈقنى، قۇيمىقىنى يەپ قازىنىنى چاقىمىز، شۇڭا، ئاللاھ، ئۇلارمۇ سىلەردەك ئۇممەت، بۇلارنى كۈزىتىپ تەتقىق قىلىڭلار دېگەن.

## ھايۋانلاردا تىل بارمۇ، ئۇلار سۆزلىشەمدۇ؟

بۇ ھەقىقەت، ئاللاھ تەرەپىدىن بۇرۇنلا قۇرئاندا سۆزلەنگەن ھۆپۈپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەن. چۈمۈلە باللىرىغا سۆزلەپ بالادىن ساقلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى ھايۋانلار سۆزلەپ مۆجىزە كۆرۈلگەن ئىدى، سۇلايمەن ئەلەيھىسسالام بىزگە قۇشلار تىلى ئۆگىتىلدى دېگەن، ھازىرمۇ بىزگە شاتۇتنىڭ سۆزلىشى مەلۇم بولدى، ئەمما بەزى ھايۋانلار ئىنسانلارغىمۇ مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ، بەزىسى ئەركىلەپ سەكرەش بىلەن بەزىسى قانات قۇيرۇقنى پۇلاڭلىتىش، بەزىسى مەرەپ، مۆرەپ، ھاڭراپ ئۇقتۇرىدۇ. خۇددى كىچىك بالا يىغلاپ مەقسىتىگە يەتكەندەك ئۆزئارا ئۇلاردا تىل ئالاقىسى بار، مەسىلەن: چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى قاتارلىقلاردا توخۇغا دان بېرىلسە روك ـ روك قىلىپ باللىرىنى يىغىدۇ، بۇ چوقۇم بالىسىنى چاقىرىش بولىدۇ. بىر تال ناۋاتنى كۆرگەن ئىككى چۈمۈلە بىردەمدە نۇرغۇن بولۇپ كۆپىيىپ كېتىدۇ،

بۇلارمۇ چوقۇم چاقىرىپ كېلىپ كۆپەيگەن، ئۇلار شەخسىيەتچى ئەمەس، پادىشاھلىق تۈزۈمى بار، ھەممە ھايۋانلاردا شۇنداق ئالاقە بار، تىل بار، ئاللاھمۇ قىيامەت يېقىنلاشقاندا بىر ھايۋاننى چىقىرىدۇ، ئۇ ھايۋان ئوچۇق سۆزلەيدۇ، بۇ ئايەت ئۇلار ھەققەتەن بىزگە ئوخشاش ئۇممەتتۇر.

ھەربىرىكى ئەقىل، ئۇلار چۈشىنى ئىستىمال قىلىدۇ، بىر ھەرە كۈزۈتىلگەندە، چۈشىنى ئېلىپ ئۇچقان، ئاندىن شامالغا دۇچ كەلگەندە، بىردەم پەسكە چۈشۈپ تۇرۇپ، چۈشىنىڭ قانىتىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئېلىپ ماڭغان، بولمىسا، ئۇ چۈشىن قانىتى شامالدا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇچىشىغا دەخلى قىلغان، يۆنىلىشىنى بۇرىۋەتكەن بولاتتى.

## بۇ ئەقىلنى كىم ئۆگەتكەن؟ زادى كىم، تەربىيلىدى؟

مۇتەخەسسى، ئالىملار، تەتقىق قىلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا ھايۋانلاردا مۇنداق ئىشلارنى بايقىغان.

بەزى قۇشلارنىڭ باشقا بىر قارىغۇ قۇشلارغا ئوزۇق ئېلىپ كېلىپ باققىنى، رەھىم ـ شەپقەت قىلغىنىنى كۆرگەن، ئادەتتە، ئات، پىل، ئىت، ئىگىسىگە كۆيۈنۈپلا قالماي، يەنە تېخى ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى بايقىغان، بەزى قۇشلار ئۆز ھاجىتىدىن ئېشىپ قالىدىغان كەگرى ئوۋۇا تۈزىگەن، ھەم ئۇنى پاكىز تۇتىدىكەن، ئالىملار بۇنى كۆزەتسە ئەسلى ئۇ جۇپتى ئۆچۈن شۇنداق راسلىغان ئىكەن. ئۇ ئۇنىڭ جۇپتىگە بەرگەن سوۋغىسى ئىكەن، نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ سوۋغا بەرگىنىنى، مىجەز ـ خۇلقىنى ئۆزگەرتكىنىنى، ياسىنىپ، تارانغىنىنى، ھەرخىل ئاۋازلار بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلغىنىنى بايقىغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھايۋانلار ئىلمى تەجرىبىسىدە بار. ھايۋانلاردا ئادەتتىن تاشقىرى ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن كۈچ بار، مەسىلەن: ئۇلارنىڭ كېچىسى كۆرۈشى ئاجايىپ كۈچلۈك ھەم سىرلىق، شۇڭا ئالىملار ھازىر كېچىدە كۆرۈش دۇربۇنىنى شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ياسىدى، يەنە ئۇلاردا ئاگلاش سېزىمىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى، ھەتتا كۆرمەيمۇ ئاڭلاپلا پەرق ئېتىدۇ، نىشاننى تاپالايدۇ. جانلىق ـ جانسىزلىقنى، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقنى بىلەلەيدۇ، بۇنى بىز شەپەرەڭدە سۆزلىگەن، مۇشۇكياپىلاقتىمۇ كېچىلىك مىكرۇسكوپ بار ئىكەن.

بەزىسى يۇراشتا يۇقىرى تۇرىدۇ، ئاپشاركا ئىتتەك ھەربىر جىسىم ئىز قالدۇرىدۇ، زەررىچە قالدۇرىدۇ، ئىت ئاشۇ پۇراقنى پۇراپ ئىز قوغلايدۇ.

بىز مۇشۇ ئىلىملاردىن پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماددىسىنى، ئىلمىنىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، كەشىپ قىلىشىمىز لازىم. بەزى ئالىملار ھايۋاننى ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئەزالىرىنى، يۈرەكنى، ئۆپكىنى، تىنىقىنى، ئوكسىگېننى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆلۈك ھايۋان يەنىلا جىم تۇرغان، ھېچنىمىنى سەزمىگەن، مېڭىسى، نېرۋىسى، كۆرۈشى، ئاڭلىشى، سېزىمنى يوقىتىپ ئىشلىمىگەن، ئاندىن ئۇلار ھايۋاندىمۇ روھ بار ئىكەن، ئايرىم بىر مەخلۇق ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھايۋانلاردا تەتقىق قىلىمىز، ئۇلار بىزدەك ئۇممەت ـ دە!

غەيبنىڭ خەزىنىسى ئاللاھدا، غەيبنى ئاللاھدىن باشقىسى بىلەلمەيدۇ دېگەن قىسىمدا راست، توغرا، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىندىكى غەيب، ئاللاھقا خاس، ئۆزىلا بىلىدۇ، بەزىلەرنى پەيغەمبەرگە بىلدۈرىدۇ، شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كەلگۈسىدىن خەۋەر بەرگەن، قىيامەت ئالامەتلىرىنى بايان قىلغان. يەنە بەزى ئەۋلىيالارنىمۇ كارامەت بىلەن ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارمۇ بىلەلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇ بىر قۇدرەت، ئۇنىڭغا تانساق، ئىنكار قىلساق، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىنكار قىلغىنىمىز بولىدۇ. بۇ بىر خاتالىق، شۇڭا، ئەۋلىيانىڭ كارامىتى ھەق، بەزىدە جىنكەشلەر روھ ھازىر قىلغانلارمۇ كەلگۈسىدىن، غەيبىدىن سۆزلەيدۇ. ئەمما، بۇلار بىر راستقا **100** يالغاننى قېتىپ سۆزلەيدۇ. شۇڭا، ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بەزىلەر پەرەز بىلەن، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەنمۇ سۆزلەيدۇ. قەلبىدىكىنى تېپىۋالىدۇ، بۇ غەيب ئەمەس.

چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئورنىدا قويۇپ قىياس، پەرەز قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇ ئىنسانلار خۇي ـ پەيلىدىن، قەلبىدىن باشقا پائالىيەت، نىيەت قىلىش، مەقسەتلىرىدىن باشقا، ئاسمان، دېڭىز ۋە ياكى باشقا

يات كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى، تونىمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىغانلىرىنى، مەقسىدىنى بىلەلمەيدۇ. بۇمۇ ئەقىل ـ پاراسەت، غەيبنى بىلگەن ئەمەس. ھەقىقىي قەلب سىرلىرىنى بىلەلمەيدۇ، مۇشۇ راست توغرا، راست دەپ سۆزلىيەلمەيدۇ.

بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ياكى شۇلاردەك ئىبرەت ئالغان، قىياس پەرەز قىلغانلارمۇ غەيبنى بىلگەن بولمايدۇ. بەزى دوختۇرلار بار، تومۇر تۇتىدۇ، بۇلار ئەسلى چىراي تۇرۇقى، گەپ ـ سۆزى، رەڭگى ياكى بەزى كېسەل ئالامىتىنى بىلىدۇ، شۇڭا، تەجرىبىنى بىلگەچكە، توغرا تاپالايدۇ، ئەمما بۇلارمۇ غەيبنى بىلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلار نېمىشقا دوختۇرلۇق قىلىدۇ، خەزىنىنى بىلىپ باي بولسا بولمامدۇ، ئۇلارمۇ تومۇرنى تۇتۇپ بەزى سۆزنى قىلغان بىلەن باشقا ئىشىدىن خەۋىرى يوق. بەزىلەر ئاسترونومىيەنى تەتقىق قىلىپ، يۇلتۇز، پىلانېت، سەييارىلارنى ئۆلچەپ سۆزلەيدۇ، بۇلار تەجرىبە قىلىپ سۆزلىسىمۇ ئۇز ئەينى بايان قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەممە ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بىر نەچچىسى شۇنداق چىقىپ قالىدۇ، چۈنكى، بۇلارمۇ بۇ دوختۇردەك تەجرىبىگە ئىگە، بۇلارمۇ غەيبنى بىلمەيدۇ. ھاۋارايىدىن خەۋەر بىلىپ تارقىتىش ھادىسىلەرنى كۆزۈتۈش، يىللىق ھېساب ـ كىتابنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ياكى ئاتموسفېرانى كۆزۈتۈش ئارقىلىق بولىدۇ. سۈنئىي ھەمراھ ئۇنى كۆزۈتۈپ بەزى ئالامەتنى بايان قىلىدۇ ياكى تېلېفوندا سۆزلىشىپ خەۋەرلىشىدۇ، ياكى يۆنىلىشنى، بوران، يامغۇر يۆنىلىشىنى كۆزىتىپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەمما، بۇلارمۇ خاتالىشىدۇ، چۈنكى، يېغىش ۋاقتىنى، يۆنىلىشنى توغرا دېيەلمەيدۇ، ئۆز ئەينى ۋاقتى، ئورنى ئۇلار دېگەندەك چىقمايدۇ. بۇلارمۇ غەيبنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ پەرەز قىلغان خالاس. بەزى ساقچىلار، دائىم دىلو ئىشلىگەچكە، ئۆز ئەينى بىلگەندەك، سۆزلەيدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى خالاس. بەزىلەر، مەخسۇس خەۋەر ئىگەللەپ ياكى ئادەم تەشكىل قىلىپ، بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئادەم ئالدايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيبنى بىلگەن بولمايدۇ. بۇلارمۇ تەجرىبە ساۋاقلار، ئۇ بىر ئىبرەت خالاس. ھەقىقىي غەيىب ئاللاھقا خاس. پۈتۈن كائىناتنىڭ غەيبنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھ بىلدۈرسە، بۇ مۇستەسنا، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى، ئەمما كىشىلەر بۇنى پۇل تاپارغا ئىشلەتسە خاتالىشىدۇ. ھەقىقىي دىن ئۈچۈن مۆجىزە ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇش، ئاللاھقا ئاشىق بولۇش تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرسا بولىدۇ، بولمىسا خاتا. پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىندىكى بۇ رۇھ ھازىر كەلگۈسى ھەممە غەيىب ئاللاھقا خاس، ئۆزىلا بىلىدۇ. غەيبنى ئاشكارىلىسا بولمايدۇ، بۇنىمۇ ئاللاھ ئالدىن بىلىدۇ. شۇڭا، بىز تەجرىبە قىلساق بولىدۇ، شۇ تەجرىبىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلساق، بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى پىلانلىساق، ئىنشائاللا دېسەك بولىدۇ. ئۇندىن باشقا بىز بىلمەيدىغان سىرلىق ئىشلارنى ياكى قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى كەلگۈسىنى ئاللاھقا تاپشۇرايلى، ئېزىپ كەتمەيلى، ھەقىقىي ئىسپاتلانسا ئۇلارغا ئاللاھ كارامەت بەرسە، سەللەمنا دەيمىز.

ھازىر، يامغۇر، بوران توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىۋاتىدۇ، بۇ بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، تەجرىبىدىن بولسا، ھەقىقىي راست چىقىپ قالسا، بىز ئۇنى غەيبنى بىلدى دېمەي، تەجرىبە قىلدى ياكى ئۈچۈپ، سۈنئىي ھەمراھدا بىز كۆرمىگەننى كۆردى، بىلمىگەننى بىلدى دەيلى.

خروموسوم سانى ياكى شەكلى بىلەن گىن ئىلمى بىلەن تۆرەلمىنى ئەركەك ـ چىشى دەپ ئايرىسىمۇ بۇنى بىز تەجرىبە دەيمىز، خۇددى يىلان، بېلىق، توخۇلارنى كىچىكىدىن تەجرىبە ئىگىلىرى ئايرىيالىغاندەك، ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ يەنىلا خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ. ئۇلار دېگەندەك چىقىۋېرىشى ناتايىن، ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، بىز مەسىلىنى پەرق ئېتىشىمىز لازىم، قۇرئان، ھەدىس، بىكار بولمايدۇ، بىز ھەقىقىي تەستىق قىلىپ مەسىلىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز لازىم. ئۇقماستىنلا ئۇلارنى توغرىلاشتۇرۇش ياكى خاتالاشتۇرۇش توغرا ئەمەس. ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات لازىم بولىدۇ. بىزمۇ ئۇلارغا دەلىل كەلتۈرىمىز، ئۇلارمۇ شۇنداق ھەل بولمايدىغان سىرى ئېچىلماس ئىش يوق، پەقەت كۆڭۈل بۆلۈپ تەكشۈرسەك تەتقىق قىلساقلا ھەقىقىي غەيب ئاللاھقا خاس، بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. مەخلۇق بىلسىمۇ ئاللاھ بىلدۈرگەننى بىلىدۇ، يەنىلا ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، جىنلارمۇ غەيبنى بىلمەيدۇ، بۇنى سۈرىلەردە كۆرۈڭ، سۇلايمان ھاسىسىدا قىبهداهم اقتده يەنى ئاللاھ، نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى كەلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن سەن ئۇلارنىڭ ھىدايىتىگە، يولىغا ئەگەش دېگەن. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىرلىگەن. بۇ ئايەتتە يۇقىرىدىكى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مەنسۇخ بولمىغان قالمىغان كۈچىدىن ھۆكۈملىرىگە ئەگىشىش ئىبرەت، ئۈلگە ئېلىش،

ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن تاللانمىلارغا ئەمەل قىلىش، ھەقتە چىڭ تۇرۇش، سەۋر قىلىشىدىن باشقا مۇنداق ھۆكۈم ئېلىنىدۇ.

ئادەمگە ئوخشاش تەۋبە قىلىش، ھەقنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھقا قايتىش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئەۋلاد تەربىيىلەش ئىشىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك ئۇزۇن ۋاقىت سەۋر قىلىش، كېمە ئىلمىنى، دېڭىز ـ ئوكيان ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامادەك ھاياتلىقنى، ماماتلىقنى، تېرىلىشنى تەتقىق قىلىش، ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشى يەنە بىر كىشى قانداق ھالدا ئەسلىگە كېلىشى ۋە خىمىيىلىك ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش، ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپ قۇدرەتنى كۆزىتىش، ئاسترونومىيىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەق ئۈچۈن ئاشىق بولۇپ، قەلبى سالامەت، ئاللاھقا ھىجرەت بىلەن قايتىش لازىم. مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك پەيغەمبەر بولسىمۇ يەنە ئىلىم ئالغان، قانائەت بىلەن بولدى قىلمىغان، ئىبادەتتە، ئىلىمدە ئەمدى بولىدى دەپ، قانائەت قىلماي ئاللاھنىڭ رىزىقىغا قانائەت قىلىپ ئىلىم ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلىش، ھەقتە قاتتىق چىڭ تۇرۇش، پادىشاھلار ئالدىدا ھەقنى بايان قىلىش لازىم.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر ئىنسان، قولىدىكى بولسا ھاسا، ئۆسۈملۈك ئۆزگەرگەن، يىلان بولسا، ھايۋان، بۇ ئۈچ ئىلمنى بىئولوگىيىنى تەتقىق قىلىش، قولى بولسا، نۇرلۇق بولىدى، ھاسىدا بولسا، سۇ ئېتىلىپ بۇلاق چىقتى، بۇلارنىمۇ نۇر ئىلمىنى، سۇ ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا ئىشارەت، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىدا چېكىپ قويۇپ سۇ چىقارغان بولسا، بىز كۇنۇپكىنى بېسىپ قويۇپ سۇ چىقىرىمىز، ئۇلار دېڭىزدىن يول ئاچقان بولسا، بىز سۇ ئاستى پاراخوتىدا ماڭىمىز. ئۇلار چۆلدە تەييار يېمەكلىك يىگەن بولسا، بىز ئىنسانلارغا ھازىر پۈتۈن ھايۋان بويسۇندى، مانا بۇلارغا قۇرئان ئىشارەت قىلغان. داۋۇد ئەلەيھىسسالام، تۆمۈرچى ئىدى، ئاللاھ تاغنى، تۆمۈرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، ئۇلار جەڭ كىيىمىنى ياسايتتى، شۈكرى قىلاتتى، بىزچۇ، پۈتۈن يانار تاغ، مۇزتاغ، قار تاغ، يايلاق تاغ، كۆمۈر كانلىرى بويسۇندى، پۈتۈن كۆمۈردىكى ئىسسىقلىق نۇر ئېلېكتېرى توك بولۇپ، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، رادىئو، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، پىلاستىنكا، ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، مانا بۇ بىزگە تاغنىڭ بويسۇنغىنى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاۋاز قايتۇرۇپ ھەمكارلاشسا، بىزگىمۇ شۇنداق ماسلاشتى، پولات ـ تۆمۈر، قۇيمىچىلىق، زەرگەرلىك ھەممىسى ئاشۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قالدۇق ئىشلىرى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بولسا، جىن ـ شەيتانلار بويسۇنغان، چوڭ ـ چوڭ قازاننى ياسايتتى، بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق. پولات تاۋلاش زاۋۇتىمىز بار. پار قازان بار، يادرو ئېلېكتېر ئىستانسىسى بار، ماشىنا زاۋۇتى بار، ئۇنىڭغا شامال بويسۇنسا، بىزگىمۇ شۇنداق بولدى، ئايرۇپىلاندا خاتىرجەم ئۇچتۇق. ئۇلار گىلەمدە ئۇچسا بىز ئالەم كېمىسىدە ئۇچتۇق، ئۇلار زېمىندا ئۇچسا بىز ئالەم بوشلۇقىغا چىقتۇق، ئۇلار دېڭىزدىن گۆھەر سۈزسە بىزمۇ سۈزدۇق، جىن چۈشكەن بولسا، بىزنىڭ غەۋۋاسلىرىمىز، سۇ ئاستى پاراخوتلىرىمىز، گۆھەر سۆزدى، ھەتتا، نېفىتمۇ سۈزدى. ئۇلارغا ئوخشاش قۇرلۇش قىلدۇق، شەھەرنى گۈللەندۈردۇق، ئۇلاردا قۇشلار خەۋەرچى، جىنلار ئالاقچى بولسا، بىزدە تېلېفون بار، كومپيۇتېر بار، پۈتۈن دۇنيادىن خەۋەردار بولدۇق، تېخى ئاللاھ، قۇدرىتىنى، ئايىتىنى ئۇيۇقتا كۆرستىشكە ۋەدە قىلدى، نۇرغۇن تەرەققىيات ئالدىمىزدا بار. ئىسا ئەلەيھىسسالام دوختۇرلۇق قىلغان، بىز بولساق بۇ تېببىي پەندە ئۇچىغا چىقتۇق، ھەتتا بەزىلەر ئۆلۈكنى تېرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ بېقىپ روھنى سالالماي ئامال قىلالمىدى، توڭلىتىپ تۇرۇپ كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىمىز دەپمۇ ئامال قىلالمىدى، چۈنكى، ئادەم ئەزاسى بىر خىل توڭلىمايدۇ. شۇنداق ھەددىدىن ئاشقاندا، ئاللاھ دۇنيادا ئېنىق بولمىغان، كۆرۈپ باقمىغان، بىر كېسەلنى بېرىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ تېپىنىمۇ تاپالماي ئاۋارە بولىدۇ. ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقنى جاكارلايدۇ. سەللەمنا دەپ بويسۇنىدۇ، قېنى ئۇلارنىڭ كۆرەڭلىگىنى، مانا مۇشۇنداق ئىلغار تېپتىكى پەن ـ تەتقىقاتقا، ئىلىمگە، تەرەققىياتقا، تەجرىبە ـ تەتقىق قىلىشقا بۇ ئايەت ئىشارەت قىلىدۇ. قۇرئاندىن ئىبارەت دەلالەت، ئىشارەت بىلەن دەلىل ئېلىنىدۇ، مېنىڭ بۇ دەلىل ـ ئىسپاتىم، ئىشارەت بىلەن دەلىل ئېلىشىمدۇر، چۈنكى، ئاللاھ، ھەقىقىي مەقسەتنى، ھىدايەتكە، دىنغا، ئاخىرەتكە، ئىلىم ـ ئىبادەتكە، سەۋرگە قاراتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلارغا ئەگەش دېگەن ئىكەن، مەنسۇخ بولمىغان ئىشلىرىغا ئەگىشىمىز. ئۇ بولسا، بىز يۇقىرىدا دېگەن ئىشلار شۇ، بۇ ھەقىقەتكە، قۇرئان ئىشارەت قىلغان. چۈنكى، ھەممىسى دىننى، ئىسلامنى، ئىلمىنى، كۈچ ـ قۇدرەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىز تەرەققىي قىلساق

دىن تەرەققىي قىلىدۇ، دىن دېگەن قانۇن ـ تۈزۈم، ئىدىيە ـ ئەخلاق، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئايەتنى مۇشۇنداق ھەرخىل دەلىل بىلەن تەپسىر قىلىشقا بولىدۇ، شۇڭا، بۇ كاملاننى، دىڭىزدىكى سۇلار رەڭ بولسا، پۈتۈن دەرەخ قەلەم بولسا يېزىپ تۈگەتكىلى بولماس، تەپەككۇر قىلىڭلار.

سۈرە ئەنئام، بىز ئىبراھىمغا، ئۇنىڭ، ئاللاھقا ۋە قۇدرىتىگە، ئاخىرەتكە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىگە شەكسىز ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇدرەتلىرىنى ئالامەت مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتتۇق دېگەن ئايەت توغرىسىدا.

مېھرىبان ئاللاھ بىزنىڭمۇ شەكسىز ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن قانداق ئالامەت مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى، قانداق ھېكمەت ۋە رەھمىتىنى، قۇدرىتىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭغا بىز تەپسىلىي قاراپ باقايلى. بىز ئاسمان ـ زېمىنغا قارايلى، تەپەككۇر قىلايلى، ئەقلىنى كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇتۇپ سۇزۇك ئاسمانغا ھەتتا ئەرشتە **70** نۇر پەردىگىچە قويۇپ بېرەيلى. ئۇ، ئاللاھنى تاپسۇن، چۈنكى، ئاللاھ قۇرئاندا، ئاللاھ، ئەقلىگە ئاشكارا دېگەن زاھىردۇ. قېنى، ئاللاھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن قۇدرەتنىڭ بىر پارىسىغا نەزەر سالايلى. چۈنكى، بىز تېخى مۇشۇ بىرىنچى دۇنيا ئاسماندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى ئىچىدە تۇرىمىز، بىز دۇنيا ئالىملىرى بىلەن بىرگە ئەڭ ئىلغار ئېلېكتېرونلۇق تېلېسكوپلار بىلەن يىراقنى كۆرگۈچى ئۈسكۈنە بىلەن قارايلى، مانا مۇشۇ كۆزۈتۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئالىملار جاننى بەرگەن. بىزچۇ؟ تەييانىمۇ بولسا كۆرۈپ قويايلى، ئىنساپ بىلەن كېلىڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، قۇدرىتىنى كۆرۈڭلار، شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا ھەقىقىي ئاشىق بولۇپ، قالامسىلەر تېخى، باشقىلارنىمۇ بۇ دىندىن يىرگەندۈرمەڭلار.

بىز ئاشۇ قۇرئاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدە بايان قىلىنغان قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە باشقا يۇلتۇز، پىلانىتلار ئۈستىدە توختىلىمىز، قۇلاق سېلىڭلار. ئاشۇ تۇمان، گازدىن، تۇتۇندىن تەركىب تاپقان پۈتۈن يۇلتۇز، دائىم ھەرىكەتتە تۇرىدۇ، جىم تۇرىدىغىنىدىن بىرسىمۇ يوق. چۈنكى، ئاللاھ، ھەممىنى ئۆز ئورنىدا ماڭىدۇ دېگەن، ئەمما، بىز بۇ يۇلتۇز، پىلانىتلارنى ئىككى قىسمغا بۆلىمىز، تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە سەييارىلەر دەپ ، چۈنكى، بىزگە يەرشارىغا نىسبەتەن شۇنداق بولىدۇ.

تۇرغۇن يۇلتۇز بولسا، تېلىسكوپلاردا كۆزىتىلىشىچە نەچچە مىليارتتىن ئاشىدۇ، ئاشۇ سامان يولىدىلا **2000** مىليارت يۇلتۇز بار، يەنە تېخى ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ، ئالىملار بۇ يۇلتۇزلارنى نەچچە قىتئەگە بۆلۈپ، نۇرنىڭ ئاجىزلىقى، ئورنى، شىمال، جەنۇب، شەرق، غەربكە بۆلۈپ، پارچىلاپ كۆزەتكەن، ھەم سۈرەتكە ئېلىپ سانىغان. بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر فىلىملاردىمۇ بار. مۇنجىيد لۇغەتلەردە، تەبىئىي ـ پەن كىتابلىرىدا بار. بۇ پۈتۈن دۇنياۋى ئىشتۇر، بىرەر دۆلەت، بىرەر شەخسىنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇنى ئالىملار بىلىدۇ، جاھىللار ئەمەس. بىز ئاشۇ تۇرغۇن يۇلتۇزنى تەتقىق قىلىپ باقايلى.

**1)** ئۇلاردىن بەزى يۇلتۇز باركى، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، نۇرنى بىرخىل ساقلىمايدۇ، بۇ ئۆزگىرىش مەلۇم ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، بەزىسىنىڭ ۋاقتىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

**2)** ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى يېڭىدىن ئاشكارا بولىدۇ، بۇرۇن يۇلتۇز كۆرۈلۈپ باقمىغان جايدا ئاشكارا بولىدۇ. ئاندىن يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي غايىپ بولىدۇ، يوقىلىدۇ، بۇنىڭ تۇرغان ۋاقتى **18** ئاي بولىدۇ ياكى ئۇزۇن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نۇر خالاس، مەنبەسى بۇرۇنلا ئۆچكەن.

**3)** بەزىسى بىر ئاشكارا بولغانچە دائىم تۇرىدۇ، تا ھازىرغىچە تۇرۇۋاتقان، يېڭىدىن ئاشكارا بولغان يۇلتۇز بار، بۇلارنىمۇ تىلىسكوپدا كۆرگىلى، كۆزەتكىلى بولىدۇ.

**4)** ئۇ يۇلتۇزنىڭ بەزىسى بىر يوشۇرۇنغانچە كۆرۈنمەيدۇ.

**5)** بەزىسى جۈپ بولىدۇ، قوشماق بىرگە ئايلىنىدۇ، كۆرنىشىدە بىردەك قىلىدۇ، تېلىسكوپدا كۆزەتسە ھەمراھى جۈپتى ئاشكارا بولىدۇ، بۇ ھازىرچە **700**دىن ئاشىدۇ.

**6)** بەزىسى كۆرۈنىشىدە بىر، ئەمما ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىككىدىن، ئۈچتىن، تۆتتىن، ھەتتا بىرنەچچە

يۇلتۇز تەشكىل قىلغان گۇرۇپپا، سىستېما بولىدۇ. بۇمۇ تېلېسكوپدا بايقالدى.

**7)** بەزىسى چۇمۇچ يۇلتۇزدەك گۇرۇپپا بولۇپ ئۇلارنىڭ **80** دىن كۆپ يۇلتۇزلار بىلەن تەركىب تاپقان، بەزىسى بولسا، كۆزگە تۇماندەك، تۇتەك بۇلۇتتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ نۇرغۇن يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ، يا ئۇلار ئۇششاق بولىدۇ ياكى نۇرى يىراق بولغان بولىدۇ.

**8)** بىز دائىم كۆرىدىغان سامان يولى ئاق بۇلۇتتەك تۇمان، ئۇ بىر يۇلتۇز سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپتە **18** مىليون يۇلتۇز بايقالغان، ھازىر بولسا، **2000** مىليارت يۇلتۇز بار.

ئىككىنچى خىل سەييارىلەر بىزگىمۇ ماگنىتى ئېنىق بىلىنىشىدىغىنى، بىز ھەرىكىتىنى كۈزەتكەن يۇلتۇزلار، بۇلار بەك ئاز. چۈنكى، بىز ئازنى بايقىغان. بۇلار چىملدىماي جىم تۇرىدۇ. باشقىلار يىراق بولغاچقا نۇرى چىملدايدۇ.

سەۋەبى، ئاتموسفېرا بولىدۇ، ئالەم ئىلمى قىسمىنى كۆرۈڭ، بەزى سەييارىلەر ئۇچۇن ئايغا ئوخشاش خىلمۇ ـ خىل شەكىل بار. بەزىسى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇگۈن بىر خىل كۆرۈنسە ئەتىسى بىر جۈپ بولۇپ قالىدۇ، ئەتىسى بولسا ئارىلىق يىراق بولۇپ قالىدۇ، مۇشۇ ئۇسۇلدا كۈزۈتۇپ ئاخىرى قۇياش، ئايدىن باشقا قۇياش تارتىش كۈچىنى بويلاپ ماگدىغان قۇياش ئەزاسى بولغان قۇياش سىستېمىسىدىن توققۇز پىلانىت ئاشكارا تېپىلدى.

بۇ **1781** ـ يىل **1846** ـ يىللىرى بايقالغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتۇر، قۇياش بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم يۇلتۇز، ھازىرمۇ تۇرۇپتۇ، ئەنە، قۇياش ناھايىتى چوڭ يۇلتۇز بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېترى بىر مىليون **400** مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر شارىنىڭ دىئامېتىرىدىن **109** ھەسسە چوڭ، قۇياش يەرشارىدىن بىر مىليون **300** مىڭ ھەسسە چوڭ، تەخمىنەن ئېغىرلىقى $2\times10^{27}$ توننا بولىدۇ، يەرشارىدىن **330** مىڭ ھەسسە ئېغىردۇر. قۇياش بىلەن يەرشارىنىڭ ئارىلىقى **150** مىليون كىلومېتىر، قۇياش ھەر سېكۇنتتا تەخمىنەن **600** مىليون توننا ھىدروگىن بىلەن، بۇ خىل رېئاكسىيىگە قاتنىشىپ، گېلىي ئاتومىغا ئايلىنىش بىلەن زور مىقداردا ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ، بۇ $5\times10^{20}$ ئات كۈچىگە تەڭ بولىدۇ. بۇ ئېنېرگىيە ئىسسىقلىق قۇياشنىڭ كىچىكلىشىدىن كەلدى دىسە، بەزىلەر باشقا ئاقار يۇلتۇزلار سوقۇشۇش ئارقىلىق كەلدى دەيدۇ. بەزىلەر بولسا، بۇ دائىم كۆيۈۋاتقان خىمىيۋى ئېنېرگىيە دەيدۇ. بەزىلەر بولسا، رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلارنىڭ يىمىرىلىشىدىن كەلدى دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىشەنچلىك ئەمەس. ھەقىقىنى ئاللاھ، بىلىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، بوشلۇق گاز جىسىم، ئوت، ئېنېرگىيە كېلىۋاتىدۇ، يەرشارى بۇنىڭدىن يورۇۋاتىدۇ، ۋە ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، بۇ يەرشارىغا كەلگەن ئىسسىقلىق ئۇنىڭ ئىسسىقلىقىدىن **200** مىليوندىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. قۇياش مۇشۇنداق كۆيۈۋەرسە ھامىنى ئۆچۈپ قالىدۇ، دىدى. مانا بۇ بۇرۇنلا قۇرئاندا دېيىلگەن. **كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا** دېگەن بىر ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر، قۇياش پۈتۈن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بىزنىڭ بىرىنچى رىزىقىمىز ئوت بولىدۇ. ھاياتىمىز، پۈتۈن ھايۋان، ئۆسۈملۈكنىڭ ھاياتى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئۆچكەگە شۈكرى قىلمىغانلار ئاخىرى دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلىنىدۇ، بۇ ئوتلۇق يۇلتۇزلارنى ئىلاھ قىلىۋالغانلارمۇ بىللە كۆيىدۇ.

قۇياشنىڭ توققۇز ھەمراھى، مېركۇريي، ۋېنىرا، يەرشارى، مارس، يۇپىتىر، ساتۇرۇن، ئۇران، نېپتۇن، پېلوتونلار. بۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بار، يەرشارىنىڭ ھەمراھى ئايشارى شۇ، ئۇ ئۇنى ئايلىنىدۇ. مارسنىڭ ئىككى يۇپىتېرنىڭ **16**گە تا ھازىرغىچە بايقالغان ساتۇرۇننىڭ ھەمراھى **22**گە، ئەسلى **48** مىڭ ھەمراھى بولۇپ، **48** مىڭ ھالقىسى بار ئىكەن، بىر ـ بىرىگە سوقۇشمايدۇ، مېركۇريي، قۇياشقا ئەڭ يېقىن پىلانىت بولۇپ، ئۇ قۇياشنى تېخمىنەن **88** كۈندە ئايلىنىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاي شارىدەك خىلمۇ ـ خىل شەكىلگە ئۆزگىرىشى بار. زۆھرە يەنى ۋېنىرا بۇ زېمىنغا بىر قەدەر تەڭ كېلىدۇ. ئۇ، قۇياشنى **225** كۈندە ئايلىنىپ چىقىدۇ، تەتقىق قىلىنىشىچە بۇ پىلانىتتا ئۇزۇنلۇقى **3200** كىلومېتىر، كەڭلىكى **1600** كىلومېتىر تاغ بار ئىكەن، تاغ تىزمىسى بار دېيىلگەن ۋە يەنە ئىككى چوڭ يانار تاغ بار ئىكەن، كەلگۈسى نېمە بولىدۇ. بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ، يەرشارى بۇ بىزگە خېلى تونۇشلۇق بۇنىڭ ئومۇمي ئايلانمىسى **40** مىڭ كىلومېتىر، ئۇنىڭ ئېكۋاتور رادىئۇسى **6** مىليون **379** مىڭ **245** مېتىر كېلىدۇ. ئۇ بىر تېرلىيون **83** مىليارت كۇپ كىلومېتىر، ئاتموسفېرا قېلىنلىقى **48000**

مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەتتە قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ، بىز تېرموسفىرا قەۋىتىدە بۇنى تەبئىي - پەن كىتاۋىدىن، سىنئالغۇدىن كۆرۈڭ.

ئەڭ ئېگىز تاغ 9000 مىڭ مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر دېڭىز 10000 مېتىردىن 11000 مېتىرغىچە، يەرشارى يۈزى 509 مىليون كۋاردرات كىلومېتىر، دېڭىزى 383 مىليون كۋادرات كىلومېتىرنى ئىگىلەيدۇ، يەنى 2/3 قىسمى دېڭىز، 1/3 قىسمى قۇرۇقلۇق بولىدۇ، بۇ قۇياشنى 365 كۈن نەچچە سائەتتە ئايلىنىپ چىقىدۇ، مانا بۇ پەسىل ھاسىل قىلىدۇ. يىل ھاسىل قىلىدۇ، يەرشارى يۈزى، پوستى، ئوتتۇرىسى، قاتلىمى ۋە يەر يادروسىدىن ئىبارە ئۈچ قىسىم بولىدۇ. ئىچكى قىسمى بولسا ئوت، بۇنىڭ دەلىلى يانار تاغدۇر، دېڭىز بولسا تاتلىق، ئاچچىق بولىدۇ. قۇرۇقلۇق بولسا تاغ، تاش، سايلىق، يايلاق، قۇم، تېرىلغۇچ يەرلەردۇر. بۇرۇنقى يەرنىڭ چېتى يوق، چېكىگە ھېچكىم يەتمىگەن دېگەن سۆزلەر ئەمەلدىن قالدى. ھەممە يەر، دۆلەت چېگرىسى بىلەن بېكىتىلدى، يەنە ئاز كېلىپ تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدا، پەرىشتە، جىن باشقا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكتەك ئۈچ ھاياتلىق ياشايدۇ خالاس. مانا بۇ زېمىن پۈتۈن سامان يولىدا بىر تال زەررىچىدۇر، سامان يولى بولسا، ئاسماندا يەتتە ئاسمان بولسا كۇرسىغا نىسبەتەن، كۇرسى ئەرشكە نىسبەتەن بىر تال ئۈزۈك بىلەن بىپايان زېمىندۇر. ئاللاھۇ ئەكبەر، ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكى، پادىشاھ ئاللاھدۇر.

مارس، بۇ زېمىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ھاياتلىق بار دەپ قارالماقتا، ھېچ بولمىغاندا، سۇسىز، ھاۋاسىز ھاياتلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرخىل تاغلار، قۇملار بار، 14 ماددىسى يەرشارى بىلەن ئوخشاش، ئۇ بىزگە قىزىل يۇلتۇز بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ پوبوس، دىيموس دېگەن ئىككى ھەمراھى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىر يىلى 686 كۈندىن ئوشۇق بولىدۇ. يەرشارى كۈنى يۇپىتېر، بۇ پىلانىت يەرشارىدىن 13000 ھەسسە چوڭ، ئۇنىڭ رادىئۇسى 140000 كىلومېتىر، يەرشارى ئېكۋاتورىدىن 11 ھەسسە چوڭ، ئۇ قۇياشتىن 7700 مىليون كىلومېتىر يىراقتا، تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ، سۈرە ئەنئام 74 - 75 بەتتە يەرشارى بىلەن يۇپىتېر، ساتۇرۇنلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى بار. يۇپىتېرنىڭ بىر يىلى يەرشارىنىڭ 12 يىلىغا تەڭ، ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى بار، بۇ 1920 - يىلدىكى سانلىق مەلۇمات، ساتۇرۇن بۇنىڭ ئالاھىدە 480 مىڭ ھالقىسى بار، ئاشۇ ھەمراھلار ئۇنى ئايلىنىپ بۇ ھالقىنى ھاسىل قىلىدۇ. ھالقا كەڭلىكى 60000 كىلومېتىر كېلىدۇ، بىر خىل ئايلىنىدۇ. بۇ قۇياشتىن، يەرشارىدەك توققۇز ھەسسە يىراقتا، ئۇنىڭ قۇياشنى ئايلانغان بىر يىلى يەرشارىنىڭ 29 يىلغا تەڭ كېلىدۇ. بىر كېچە - كۈندۈزمۇ شۇنداق ئۇزۇن، ئۇ يەرشارىدەك 718 ھەسسە كېلىدۇ، شۇنداق چوڭ، بۇ سۆزلەرنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مەرھۇم ئۇستاز ھەسەن ئەپەندى دېگەن، پەيلاسوپىدىن ئالغان.

ساتۇرۇننىڭ، تىيتان دېگەن ھەمراھى ئاي شارىدەك ئۈچ ھەسسە كېلىدۇ. ئا، ئۇ دېگەن ھەمراھنى پىلاستىنكىدا سۆزلىگەن. ئۇران بۇ يەرشارىدەك 29 ھەسسە كېلىدۇ، قۇياشتىن بولغان ئارىلىقى 675 مىليون پەرسەخ، بىر پەرسەخ 3 مىيل، بىر مىيل 1600 مېتىردىن 2 كىلومېتىر، ئۇنىڭ بىر يىلى يەرشارىنىڭ 84 يىلغا تەڭ، 30687 كۈن، ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى بار، تېلېسكوپىدا كۆرگىلى بولىدۇ. نېپتون بۇ يەرشارىدەك 55 ھەسسە كېلىدۇ. ئۇنىڭ قۇياشنى بىر ئايلىنىشى 125 يىلدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەمراھى ئۇنى 5 كۈن 21 سائەتتە ئايلىنىپ بولىدۇ، پىلۇتون بىلەن بۇ ئىككىسىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماس، تېلېسكوپ بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ بېقىڭ، مارس بىلەن يۇپىتېر ئوتتۇرىدا نۇرغۇن ئۇششاق سەييارىلەر بار، بۇلار مىليوندىن ئاشىدۇ.

ئۇلار ئاشۇ پىلانىتلارنى ۋە قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ، كۆزىمىزگە ئاشۇ يۇلتۇزلار كۆرۈنىدۇ، ئۇلاردىن نېرىدىكى بولسا، باشقا سىستېمىغا تەۋەدۇر، بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار نەچچە مىليوندىن ئاشىدۇ، ھازىرچە بايقالغىنى 800 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يانە بايقىلىدۇ، بۇلار قۇياشنى نەچچە مىڭ يىلدا ئايلىنىدۇ. ھالى ئىسمىلىك قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز قۇياشنى 76 يىلدا ئايلىنىپ چىقىدۇ، بەزىسى 3 يىلدا، بەزىسى 310 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىدۇ، ئەمما بۇ ھەممە كىشىگە كۆرۈنمەيدۇ.

76 - بەتتە 1811 - يىلى ئاشكارا بولغان ئەڭ نۇرلۇق قۇيرۇقلوۋق يۇلتۇزنىڭ سۈرىتى بار بۇ يۇلتۇز بىر نەچچە ئەسىردە قايتىپ كېلىشى مۇمكىنكەن، بۇلار تولا ۋاقىتتا قۇياشقا سوقۇلۇپ تۇرىدۇ. پۈتۈن قۇياش سىستېمىسىغا يەرشارىغا تەھدىد ئېلىپ كېلىدۇ، مانا مۇشۇ سىستېمىلار، ھەمراھلار بىلەن قۇياش، ئاللاھقا

سەجدە قىلغىلى، ئىزنى سۈرىغىلى كېتىپ بارىدۇ. مۇتتەپەقۇن ھەدىستە ۋَلُلُّؤْلُؤُوَالْمَرْجَانُ (ھەدىس ـ شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار)، بۇخارىدىمۇ، رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېگەن. ئۇ ئاخىرى مەنزىلگە بېرىپ يانسا قۇياش كىرگەن تەرەپىدىن، غەربدىن چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇ يۆنىلىشىنى، ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتسە يەرشارىمۇ ئايلىنىشنى، ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈن كىرگەن جايدىن چىقىدۇ ياكى زېمىن قوچۇلۇپ ئالمىشىپ مولالاق ئاتسا، كۈن كىرگەن يەردىن چىقىدۇ، گولۇبۇسنى ئايلاندۇرۇڭ، بۇ بىر پەرەز، قالغىنىنى ئاللاھ، راستىنى بىلىدۇ، ئىش قىلىپ كۈن ئاخىرى كىرگەن جايدىن چىقىدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سۆزلەپ بولدى. خوش، بىز ئەمدى ئاتموسفېراغا كېلەيلى، بىزگە دائىم ئاقار يۇلتۇز ئۇچقايدۇ، بۇ نېمە ئىش؟ ئاللاھ قۇرئاندا سۈرە سافقاتتا مۇنداق دېگەن: گەپنى ئوغۇرلىقچە ئاڭلاشقا چىققان شەيتانلارنى يۇلتۇز نۇرى بىلەن كۆيدۈرىدۇ دېگەن. يەنى ئاسمان جىسمىدىكى ئۇتلۇق گاز يۇلتۇزىدىن، نۇر، ئۇ ئايرىلىپ شەيتاننى كۆيدۈرۈپ بولۇپ، مېتئورىت تاشقا ئايلىنىدۇ.

سۈرە مۇلۇكتىمۇ، ئاللاھنىڭ ئاسماندىكى زاتىنىڭ ئۈستۈڭلاردىن تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقماي خاتىرجەم يۈرەمسىلەر؟ دېگەن ئايەتمۇ، لۇت قەۋمىگە تاش ياغدۇرغان ئايەتمۇ، ئالەم بوشلۇقىدا بولۇپمۇ، يەرشارى ئەتراپىدا تاش بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ مېتئورىت تاشلار، قۇياشنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تەرتىپسىز، ھەرىكىتى تۇراقسىزراق ئايلىنىدۇ. ئۇلار دائىم پىلانىتلارغا سوقۇشۇپ تۇرىدۇ، يەرشارى تارتىش كۈچىدىن ئۇ تاشلار ئاتموسفېراغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى سېكۇنتىغا **70** كىلومېتىر بولغاچقا سۈركىلىش يۈز بېرىپ بىر نەچچە سېكۇنت كۆرۈنىدۇ، چوڭراقى كۆيۈپ بولالمىسا زېمىنغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە بۇ مېتئورىت تاش كۆرگەزمىگە قويۇلغان، تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. زېمىن بىلەن يېشى بىر خىل چىقىۋاتىدۇ، مانا بۇ زېمىننى ئاسماندىن يەنى ئاسمان جىسمىدىن قۇياشتەك پىلانىتتىن ئايرىغان ئايەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەرشارى دائىم تەھدىد ئىچىدە، چۈنكى، ئۇ تاشلار شىددەتلىك ئېتىلىپ كېلىدۇ، مەلۇم بىر مېتئورىت تاش ئىككى مېتىر قېلىنلىقتىكى تۆگنى تېشىپ ئۆتۈپ **6** مېتىر يەرگە كىرىپ بىر ئۆڭكۈر ھاسىل قىلغان، ئۇ خېلى قېلىن تاشنىمۇ تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۆلارمۇ، ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ئاللاھ خالىسا، ھەممىنى ھالاك قىلىدۇ، شۇڭا، سۈرە مۇلۇكتە ئۇلار مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىمنى يېقىندا بىلىپ قالىدۇ دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋھەرلىرىنىڭ **78** ـ بەتتە، قۇياش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى كۆرسىتىلگەن، بۇ كۆرۈنۈش جۇغراپىيە كىتابلىرىدا رەڭلىك كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ ئاللاھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن قۇدرەت، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلىپ كۆرۈپ يېتىپ، ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگۈچى بولدى ۋە ئاللاھقا ئاشىق بولۇپ، قەلبى سالامەت كەلدى، ھەتتا بالىسىنىمۇ بوغۇزلىغىلى چىدىدى. بىزمۇ ئىنشائاللا، قەلبىمىز شەكسىز ئىشەنگۈچى بولدۇق، ئەمدى، ئاللاھقا ئاشىق بولالىساقلا بۇ ھادىسىنى كىم پەيدا قىلدى؟ بۇنى كىم رەتكە سالدى، كىم تەرتىپلىك ئايلاندۇردى، كىم؟ زادى كىم؟ ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ، قۇرئاندا مەن دىدى، ئۆزىنى ئىلان قىلدى، ھېچكىم بۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ. مۆجىزىلىك قۇرئان، بۇنى بۇرۇنلا سۆزلىگەن، ئۇنداقتا بۇ ئىلمىدىن ئەرەب ئەللىرى نېمە ئۈچۈن خەۋەر تاپمىدى؟ ئۇلار قۇرئاننى ھەربىر ھەرپىدىن تارتىپ تەتقىق قىلغان، نۇرغۇن فىقھى قانۇن چىقارغان تۇرسا، بۇنى نېمشقا بىلمىدى؟ نېمشقا بۇرۇن تەرەققىي قىلمىدى؟ بۇنىڭغا تولۇق جاۋاب بېرىش كېرەك.

پۈتۈن ئالەم ئاللاھنىڭ مەخلۇقى، ئاللاھ، قىلىقى، ئەمەلىيتى بۇ سۆزگە زىت ئەمەس، قۇرئان خەتلىك خىتاپ كىتاب، ئالەم بولسا، رەڭلىك كىتاب، ئىككىسىنى تەتبىقلاش لازىم، قۇرئان، ھەدىس بۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيدۇ، ئەمما بۇنى ئىنسانلار بىلمىگەن، بىلسىمۇ چۈشەنمىگەن ياكى تەتبىقلىمىغان.

**1)** ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، بىلىم دېگەن بىر بايلىق غەلىبە دېمەك، ئۇنى رىزىققا ئوخشاش ئۆزى خالىغىنىنى قىلىپ خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، خۇددى بەزى كىشىنى رەسۇلۇللاھ زامانىسىدا بىللە ياراتقان ياكى ھازىر مۇشۇ يەردە بىللە دەپنە قىلغان بەزى كىشىنى بولسا، يەجۇجى مەجۇجى بىلەن بىللە قىلغاندەك، ھەممە كىشىنىڭ مەككىدە تۇغۇلغۇسى بار، ئەمما ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

2) ئۇلار ئىچىدىن پەيلاسوپ، ئالىملار چىقسا بۇ ئىلىمنى تەرغىپ قىلسا، سەن بىدئەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇڭ، بۇ ھارام، سەن پالانى مەزھەپ سەن پوكۇنى مەزھەپ دەپ ئۇلارنى ھاقارەتلەپ ھەقىقەتنى چۈشەنمەي، چۈشەنىسمۇ ئىشەنمەي، ئۇلارنى ئۇردى، يۈزىگە تۈكۈردى، سۈرگۈن قىلدى. كىتابلىرىنى كۆيدۈردى، ئاخىرى ئۇلار يۇرتتىن قاچتى، چىقىپ كەتتى، ئاندىن بۇلارنى بۇ كىتابنى بۇ ئىلىمنى دىنسىزلار ياۋروپالىقلار تەتقىق قىلىپ، غەلىبە قازاندى، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، قاخشاتتى، خوپ بولدى، ئۇلار ئۆزىگە ـ ئۆزى قىلدى. بۇنداق ئىشلار ھازىرمۇ بار، شۇلارمۇ ئاخىرى بۇرنىغا يىسە تويىدۇ.

مانا مۇشۇنداق، ئاللاھنىڭ خالىغىنىنى جازالىشى تۇپەيلىدىن ئۇلارنىڭ دۆتلىگىدىن، ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن، ئىبنى رەشىد غەززالىنىڭ كىتابنى كۆيدۈرۈپ سۈرگەن قىلغاندىكىن ئۇندىن باشقا ئالىملارنى ئۆلتۈرگەندىكىن، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى، قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داموللامۇ شۇنداق ئۆلتۈرۈلدى، خۇراپىيلار ئۆلتۈردى. (بۇ مېنىڭ مسالىم)

سەۋەبى، سەن جىدەتنى يەنى يېڭىلىقنى تەرغىپ قىلدىڭ، بۇ بىدئەت، بۇ ھارام دەپ ئۆلتۈرگەن، مانا مۇشۇنداق خاتالىقلاردىن ئۇلار بۇ بىلىمنى بىلمىدى، ھازىرمۇ بىلمەي كېلىۋاتىدۇ، بەزى دۆلەتلەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئارقىدا قالدى، ھەتتا ھالاك قىلىندى، شۇڭا، بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك شەكسىز ئىشەنگۈچى بولۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇش ئۈچۈن، ھېكمىتىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىمۇ، جۇملىدىن كېيىنكى ئوقوغۇچىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى، دىننى چاقىرىش ئۈچۈن بۇ بىلىمنى ئالمىساق بولمايدۇ، بۇ پەرىز كۇپايە، ھۆكۇم شۇكى، بۇ پەرىز كۇپايە. چۈنكى، ئاللاھ، **750** ئايەتتە بۇنى تەكىتلىگەن، بۇيرىغان، قاراڭلار تەپەككۇر قىلىڭلار دېگەن، ئەمدى ئۇخلىمايلى، دەس تۇرۇپ جۇرئەت قىلىپ ئىرادىلىك ھەرىكەت قىلايلى.

**ھەقىقەتەن ئاللاھ، دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى يارغۇچى، كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزگۈچى، تىرىك ھاياتلىقنى ئۆلۈكدىن، ئۆلۈكنى تىرىكدىن چىقارغۇچى، ئاللاھ، سۈبھىنى يارغۇچى، يەنى چىقارغۇچى**

**دېگەن ئايەتلەر توغرىسىدا**

بۇ، قۇرئاندا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ئارىلىقدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ نېمە ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈزنى، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈك مەسلىسىگە جۈپلەپ كەلتۈردى؟ ئارىلىقدا زادى قانداق ئالاقە بار؟ بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

ئاللاھ ھەممىگە ئالىمدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بۇ يەرشارىدا ئۆلۈكنى تىرىكدىن، تىرىكنى ئۆلۈكدىن چىقىرىش ئەھۋالىغا، كېچە كۈندۈزنىڭ، سۈبھى ۋە نۇرنىڭ مۇھىم ئالاقىسى بار، ئايەت، ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە ئايىتى بۇ مەخلۇقلار، ئاللاھنىڭ قىلىقى ۋە ھەم ئايىتى بولىدۇ.

ھەر ئىككىسىنى قۇرئاندا ئايەت، مۆجىزە، ئالاقە دەپ ئاتىغان، بىزگە مەلۇم، كېچە بولمىسا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، ئۇ بىر نېمەتتۇر، كۈندۈزى بولسا، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، ھەم داۋامى بولىدۇ. بىز كۆرۈپ تۇرغان بۇ يورۇقلۇق قۇياشتىن كەلگەن، ئاشۇ ئوتلۇق جىسىمدىن كەلگەن نۇردۇر، خالاس.

بۇنى ئالىملار نۇر ئېنېرگىيىسى دەپ ئاتايدۇ، بىز مۇشۇ نۇر ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇنىڭ ھاياتلىققا قانداق تەسىرى بار؟ ئىسسىقلىق بىلەن ئېنېرگىيە بەرگەن بۇ نۇر زادى نېمە؟ نۇر دېگەن بىر سېكۇنتتا **300000** كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تېز ماڭىدىغان، تەمى بولمىغان، ئەمما كۆرۈش ئارقىلىق سەزگىلى بولىدىغان ئوتلۇق گاز جىسىمدىن كەلگەن زەررىچىدۇر، بۇنىڭ يەتتە خىل رەڭگى بولىدۇ. نۇر ئىسسىق ئۆسۈملۈكنىڭ ھاياتى، ھەرىكىتى ۋە شۇنداقلا ھايۋانلارنىڭمۇ ھاياتىغا ئاساس بولىدۇ، مۇھىم رول ئوينايدۇ، نۇر دېگەن بىر ھەرىكەت خالاس.

ئاجايىپ ئىش، ئاۋازمۇ بىر ھەرىكەت، نۇرمۇ بىر ھەرىكەت ھە، ئىككىسىنىڭ ئالاھىدە ئىلمى تەتقىقاتى بار. مەلۇم بىر ئاۋاز چىقىدىكەن، ئۇ بىر ھەرىكەت خالاس. ھاۋا ھەرىكىتى دولقۇندۇر، ھاۋا بولسا، ئوكسىگېن، ئازوت، كاربون ۋە باشقىلار، ئۇلار بولسا ئاشۇ نۇر زەررىچىلەر، ئاتوم ۋاھاكازالار، ئۇلاردا ئالاھىدە ھەرىكەت بار، دولقۇن بار، تارتىش كۈچى بار، نۇر ھەرىكىتى بار، ئېنېرگىيە بار، ھەرىكەت بىر سېكۇنتتا **32** مىڭ قېتىم بولىدۇ. مۇشۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، پەيلاسوپ ھىللىھتىرى، مۇزىكا ئەسۋابىدا ئاۋاز ھەرىكىتىنى كۈزەتكەن بولۇپ، بۇ ئاۋاز ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى **38000**، تۆۋەن چېكىنى **16000** قىلغان. مۇشۇ ئارىلىقدا بولسا، ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، دەپ يەكۈن چىقارغان. بۇ سان بىر سېكۇنتتا بولغان بولىدۇ. مانا بۇ ھەرخىل ماددا، نۇر ھەرىكىتىدىن تەركىپ تاپقان، ھاۋادىكى ئىشلار پۈتۈن پىلانىت، يۇلتۇز، قۇياش، يەرشارىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسىر، ۋاكىئوم دېگەن بىر تەسىر كۈچى بار ئالەمنىڭ ھەرىكىتى بىر سېكۇنتتا **458** تىرلىيوندىن **728** تىرلىيونغىچە بولىدىكەن، بۇ ئالەم پولاتتىنمۇ قاتتىق ئىكەن، ئەمما ئۇنى تەسىردىن بىلسەكمۇ ئۆزىنى كۆرگىلى، سەزگىلى بولمايدىكەن، ئەمما ئۇ مەۋجۇد، تارتىش كۈچىنىڭ، ھەرىكەتنىڭ ئاساسى.

ئاۋازمۇ ھەرىكەت، نۇرمۇ ھەرىكەت، ھارارەتمۇ ھەرىكەت، بۇ ھەرىكەت بولسا، بىر ھادىسىدۇر، بۇنىڭغا بىر سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى بولمىسا، ھەرىكەت قىلمايدۇ. يەنىلا شۇ كوچنىڭمۇ تەسىر قىلدۇرغۇچىسى بولىشى كېرەك، ھەم زور كۈچ ـ قۇدرەت، ئىلىم ـ ھېكمەت لازىم. بۇ ھادىسە بولغان ئىكەن، ئۇنى كىم پەيدا قىلغان؟ ئۇ يوق تۇرۇپ ئۆزىنى پەيدا قىلالمايدۇ، ئەزەلدە بولغان بولسا، ئۆزىنى پەيدا قىلىش ھاجەتسىز ئىدى، ئەمما ئۇ پەيدا بولغان ھادىسىدۇر، بۇنى زادى كىم پەيدا قىلدى؟ ئۆزى ئەمەس، ئەلۋەتتە خالىق بولغان ئاللاھدۇر، ئاللاھ پەيدا بولغان ئەمەس، پەيدا قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭ ئوخششى يوق، ئەقىل ئۇنى چېگرا دائىرىگە ئالالمايدۇ، پۈتۈن مەخلۇق ئۇنىڭ ئالدىدا يوق نەرسە، ئۇ بۇيۈكتۇر، مانا بۇ ھەرىكەت، ھارارەت، نۇر بولسا، پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر، شەكىل ھاسىل قىلغۇچى سەۋەبى بولىدۇ. ئۇنى ئاللاھ، پەيدا قىلغاندۇر، ھەم بىر خىل ئىنتىزام بىلەن باشقۇرىدۇ، تاساددىبىيلىق يوق، ئاشۇ جانسىز ماددىنى ھەرىكەت، شەكىل بىلەن سۈرەت بىلەن ئۇندىن سىرت روھ، جان بىلەن تەمىن ئەتكەندۇر، مۇشۇ نۇر، ھەرىكەت، ھاياتلىق، روھ دېگەن مەخلۇقدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى نامايەن بولدى، ئەقىلگە ئاشكارا بولدى.

ئاللاھ زاھىر، ئەقىلگە ئاشكارا، كۆزگە يوشۇرۇن، بىز ئاشۇ ئالەمنى ۋاكىئوم، ھەقىقي بوشلۇقنى، تارتىش كۈچىنى ئالتە ئاسماننى، كۇرسىنى، ئەرشىنى، ھاياتلىقنى، ئەقلىنى، روھىنى، مۇھەببەتنى، جىنلارنى، پەرىشتىلەرنى، سىم ئىچىدىكى توك نۇرىنى، ئۇششاق جانىۋار، مىكرۇپنى كۆرەلمىگەن يەردە ھەم تەسەۋۋۇر قىلالمىغان يەردە، قانداقمۇ خالىق ئاللاھنى كۆرەلەيمىز. مۇمكىن ئەمەس، بۇنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمىز، ئاللاھ ئىلتىپات قىلىپ قالسا، خالىسا، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر كۆرەلەيدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، سىناش ئۈچۈن پۈتۈن مەخلۇقنى ئاياش ئۈچۈن، ئاخىرەتتە دەرىجىسى توشقانلارغا مۇكاپات ئۈچۈن ھەم ئۆزىگە دوسلىرىنى ئاشىق قىلىش ئۈچۈن، ئەقىل، تەپەككۇر زىيادە ئاشسۇن ئۈچۈن ۋە باشقا ھېكمەتلەردىن بۇ دۇنيادا كۆرۈنمەيدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق جاۋاب ئىزدىگۈچىلەر زالىم بولدى، ھەددىدىن ئاشقان بولىدۇ.

مەنا بۇ ھەقىقەت، ئاللاھ، پۈتۈن ئالەمگە نۇر بەرگۈچى، ئاسمان ـ زېمىننى ۋە پۈتۈن ئالەمنى نۇردىن ياراتقۇچى، بۇنى بىزى سۈرە نۇردىمۇ سۆزلەپ ئۆتىمىز، ئىنشائاللا، نۇر ئىلمى بىزنىڭ ئاللاھنى، قۇدرىتىنى، بىرلىكىنى تونۇشىمىزغا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەكمۇ مۇھىم.

شۇڭا، ئاللاھ، نۇرنى، سۈبھى، كۈندۈزنى، ھاياتلىق بىلەن بىللە تىلغا ئېلىپ، بىزگە زور ئىلىمدىن ئىشارەت قىلغان. قاراپ باقايلى، ھازىر نۇر ئىلمى، توك ئىلمى، ئېلىكتېر ئىلمى، ئاتوم، يادرو ئېنېرگىيە ۋاھاكازالار.

ھەتتا لازېر نۇرى تەتقىقاتى بولۇۋاتىدۇ، بۇ نۇر، قورال كۈچى بولۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن پەن ـ تېخنىكىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا، ھەتتا تېببىي ـ پەندە داۋالاش ئېلىپ بېرىلماقتا، راك كېسەللىكىنىمۇ لازېر نۇرىدا داۋالاۋاتىدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىۋاتىدۇ، كومپيۇتېر، ماشىنا ئادەم دېگەندەكلەرگە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ، بۇ نۇرنىڭ رولى مۇھىم بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇ نۇر، پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بولماقتا، شۇڭا، ئاللاھ،

قۇرئاندا بىر سۈرىنى نۇر دەپ ئاتىغان، ئۇلۇغ ئىسمىدىن بىرسىمۇ نۇردۇر، ئەمما بۇ نۇرنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر. بىز مانا مۇشۇ نۇرانى ئالەمنىڭ يورۇقلۇقىدا مىڭمىزدىكى ھۇجەيرىلەرنى، فوسفور ماددىسىنىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە، ئەقىل تەرپەككۇر بىلەن قاراپ قۇدرەتنى، ھېكمەتنى، رەھمەتنى تونۇپ يېتەيلى، بىز بۇ توغرىسىدا ئازىراق سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئاللاھتائالا، ئاشۇ نۇرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، سەۋەبچى قىلىپ، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى، دانلارنى، ئۇرۇقچىلارنى يېرىپ، ئۆسۈملۈكنى ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. يەنىلا بۇ ئۆسۈملۈككە ھەرخىل ماددىلارنى قوبۇل قىلىش، كېرەكسىزلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ماھارىتىنى ئاتا قىلىپ، مۇە، دان، ئۇرۇقلارنى ھاسىل قىلىپ، كۆپەيتىدۇ. بۇ ئاجايىپ بىر چوڭ زاۋۇتتۇر، ھەقىقەتەن ئۆسۈملۈكنىڭ، غىزا ئۈچۈن ئېچكى قورساق، ئاشقازان ھەزىم قىلىش ئەزاسى بولمايدۇ، ھەرخىل ماددىلارنى قوبۇل قىلىش ئىرادىسى ئۈچۈن، يۈرەك، قەلب يوق، بەلكى، ئۇنىڭدا ئالاھىدە بىر ماھارەت بولۇپ، ئۇ غىزاسىنى تۇپراقتىن، يىلتىز ئارقىلىق، ھاۋادىن قۇلاق ئارقىلىق سۈمۈرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئوزۇقى تۇپراق بىلەن ھاۋادا، ئۆسۈملۈكنىڭ غىزاسىدىن ئاشقان زاپاس، كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىدىغان ئىنسانلار، ھايۋانلاردەك ئاياغ ئېغىزى يوق، بەلكى، ئۇ قۇلاق، يوپۇرماقلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن غىزاسىنى، ئوزۇقنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر بىرتەرەپتىن كېرەكسىز نەرسىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۇ كاربوننى سۈمۈرۈپ، ئوكسىگىننى چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاربون لازىم، ئۇنى بىز ۋە ھايۋانلار چىقىرىپ بېرىدۇ، ئۇ بىزگە ئوكسىگېننى چىقىرىپ بېرىدۇ، بۇ نېمە دېگەن باغلىنىش ھە! بۇ ئارىلىقدىكى مۇناسىۋەتنى كىم باغلىدى؟

ئۆسۈملۈك، تۇپراقدىن، سۇ ئارقىلىق ھەرخىل گاز ماددىلارنى، مىنرال ماددىلارنى، ئېرىتمە ماددىلارنى، لازىملىق ھەممە ماددىلارنى، يىلتىزى بىلەن سۈمۈرىدۇ، ئۇ، شۇ سۈمۈرۈش ئارقىلىق، يۇقىرىغا ئۆرلىتىدۇ، ئۆسۈملۈك توقۇلمىلىرىغا يەتكۈزىدۇ، ئاندىن قۇلاق ئارقىلىق سۈمۈرۈلگەن ماددىلار بىلەن بىرلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ئۆسۈملۈكتە سەككىز خىل ھۈجەيرە بار. بۇنىڭ رەسمى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ كىتابىدا كۆرستىلگەن بو لۇپ، بوتانىكا ئىلمى قىسمىدا كۆرستىلىدۇ، ھەربىر يوپۇرماقدا نەچچە يۈز ھاۋا تۆشۈكچىسى ئېغىزى بولىدۇ. ئۇلار ئىستېمالنى قالايمىقان، ئوشۇق قىلمىغاچقا ئىسراپ قىلمىغاچقا ئارتۇق، زاپاس، كېرەكسىز ماددىسى كۆپ ئەمەس، پەقەت ئۇ ئوكسىگىننىلا چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۇلارمۇ بەزىدە كېسەل بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ شىپاسى يەنىلا قۇياش نۇرى، يۇقىرقى پۈتۈن پائالىيەتلەرنى نۇر ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ، كاربون، ئۆسۈملۈك تېنىدە سۇ بىلەن ئۇچقاشسا ئوكسىگېننى چىقىرۋېتىپ قالغان ماددىلارنى نۇرنىڭ ياردىمىدە ھەرخىل ماددىلارغا ئۆزگەرتىدۇ، شۇ ئارقىلىق زاۋۇتتا مۇە، كۆكتات، دانلار ئىشلەپ چىقىلىرىدۇ. بۇنىڭغا، پەقەت، ئاللاھ مەسئۇلدۇر، بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كۈچ بۇنى قىلالمايدۇ ھەم پىلانلاپ ئۇدۇللاشتۇرالمايدۇ.

ھەممە، قىممەت باھادا سېتىۋالىدىغان، ئاقسىل ماددىسى بار، گۆش، تۇخۇم، ھەرخىل ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆسۈملۈك، كۆكتات، ۋاھاكازالار، ئاشۇ نۇر بىلەن ھاسىل بودۇ. كاربون، ئوكسىگېن، ھىدروگىن، ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇ قۇياش نۇرى، ھاۋا زەررىچىسى، ئاقسىلدەك مۇھىم ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ بىر تەرەپتىن زەرەنى يوقىتىپ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن زور پايدا ھاسىل قىلىدۇ، ھەتتا، ھاياتلىقنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپلا بولدى قىلماي، تېخى ئوزۇق، رىزىقنىڭ سەۋەبچىسى بولىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ھاياتلىق مەسلىسى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز، نۇرنى، يورۇقلۇقنى بىللە كەلتۈرگەن.

بۇ نۇرنىڭ، بۇ توختىماس ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدە كاربوندەك زەھەرلىك گاز ماددىنى پايدىلىق بولغان ھاياتلىقنىڭ ئاساسى ماددىلارنى كىم ئۆزگەرتتى؟ شىپالىق ياكى زەھەرلىك ماددىلارغا كىم ئۆزگەرتتى؟ بۇ باغلىنىشنى بۇ ئالاقىنى كىم پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى؟ كۆرسۈن دەپ گۈزەل رەڭدار كۆرۈنۈشنى، تېتسۇن دەپ تاتلىق، شېرىن تەمنى، پۇرسۇن ئۈچۈن، خۇشپۇراقنى ۋە بۇلارغا مۇناسىپ ئەزالارنى كىم ئالدىدىن ئورۇنلاشتۇردى؟ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى مەنبەسى ۋە سەۋەبچىسى، پائالىيەت قىلدۇرغۇچىسى، داۋام قىلدۇرغۇچىسى، ئوزۇقنى، رىزىقنى يەتكۈزگۈچى، ئاشۇلارغا نۇرنى، ھەرىكەتنى سەۋەب قىلغۇچى، شەكىل، سۈرەت ئاتا قىلغۇچى زادى كىم؟

بۇ ئالەمدىكى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاجايىپ پۇختا ئىنتىزام، مۇناسىپ باغلىنىشلار، ماس كېلىشلەر، مۇۋاپىق تەڭپۇڭ، بىر خىل ئايلىنىش، ھەممىسى ئۆزلىكىدىنلا، تاسادىپىي بولۇپ قالدىمۇ؟ ھەرىكەتكە بىر تەسىر قىلغۇچى كۈچ لازىم بولغاندەك ھادىسىگە پەيدا قىلغۇچى بولۇش لازىم بولغاندەك بۇ ئالەمنىڭ يارىلىشىغا، پەيدا بولۇشىغا بىر خىل پۇختا ئىنتىزاملىرىغا، تەڭپۇڭلىرىغا ھەممىنى تەڭشەپ، تەڭپۇڭ ھالدا راۋاجلاندۇرۇشقا، ئىگە بولۇشقا، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا، توغرا ـ خاتاغا ھۆكۈم قىلىشقا، چوقۇم بىر ئاللاھ بۇلۇشى كېرەك. ئەزەلدىنلا بار، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق، مەيلى بىز ئاسترونومىيە ياكى جۇغراپىيە ياكى بىئولوگىيىنى تەتقىق قىلايلى ياكى بىز نۇر ئىلمىنى تەتقىق قىلايلى ياكى باشقىلار..... مەقسىدىمىز، ئاشۇ بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكنى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى تونۇپ يېتىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى، باشقىلارنى، گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بولغان ئاللاھقا ئاشىق قىلىش، بويسۇندۇرۇپ ئىبادەت قىلدۇرۇش، بىز ئۈچۈن ھاياتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئەتىۋارلىق ئۇزۇقىمىز بولغان ھەتتا جەننەتتىمۇ ئايرىلالمايدىغان ئاشۇ ھالال ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، مەدەن، كان ماددىلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ موسكۇل، پەيلىرى ئازوتتىن، ياغلىرى كاربوندىن، ئوكسىگېندىن ھاسىل بولىدۇ، ئاقسىل ماددىلىرى بولسا، ئۆسۈملۈكلەردە ھاسىل بولىدۇ، بۇلارنى ھايۋانلار ئۆسۈملۈكلەردىن ئالىدۇ، كاربون، سۇ، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، فوسفور، كالىي قاتارلىق ماددىلار قۇرۇقلۇق، ئۆسۈملۈكدە بولىدۇ، بۇلاردىن ئاقسىل ھاسىل بولىدۇ.

سۇدا، ئاش تۇزى قاتارلىقلار، تۇز، كالىيلاردىن سىرت، دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىدە بولىدۇ، شۇ شوخلىمۇ شۇنداق، كالتسىي، مورفىن، كىينا،. ئەستركىين، فغىيىن، چاي، سۈت ماددىلىرىدىمۇ يەنىلا ئۆسۈملۈكتە بولىدۇ، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى نۇرغا موھتاج، كۈندۈزدىكى قۇياشقا موھتاج، بىزمۇ ئاشۇ ماددىلارنى، دانلاردىن، ھايۋانلاردىن، كۆكتاتلاردىن سۈمۈرۈپ ئالىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزمۇ قۇيىش نۇرىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق، ئاساسىي خۇلاسە گەپ، ئاشۇ كۈندۈز، ئاشۇ نۇر، ئاشۇ ھەرىكەت، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، شۇڭا، ئاللاھ، كۈندۈز بىلەن ھاياتلىقنى بىرگە كەلتۈرگەن، بۇلارنى تەتقىق قىلىپ بىلسۇن، تەپەككۇر قىلسۇن دېگەن، ئەمدى ئۈيقىمىزنى ئاچايلى.

## ئاللاھنىڭ، ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى، توغرا يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن قىلىپ بەردى دېگەن ئايىتى توغرىسىدا

بۇ يول يالغۇز زېمىندا ئەمەس، بەلكى، ئالەملەردە بولىدۇ، بىز خۇددى زېمىندا يول تېپىپ ماڭغاندەك، ئالەم بوشلۇقىدىمۇ يول تېپىپ يوللارنى تونۇپ ماڭىمىز، شۇ ئارقىلىق بۇ ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى بولغان بۇ زېمىنغا قايتىپ كېلەلەيمىز، بىز قەيەردە سەپەر قىلايلى، يۇلتۇزلارنىڭ بىر ھېكمىتى بىزگە يول كۆرسىتىشىدۇر، شۇڭا، ئاللاھ، يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلغان، ئۇلارنىڭ چىقارغان نۇرى ۋە ئورنى ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ ئوخشمايدۇ.

بەزىسى بىزدىن **120**، **130**، **140** نۇر يىلى يىراق تۇرىدۇ، بەزىسى **100** مىليون نۇر يىلى يىراقتا، بۇ بىر سېكۇنتتىغا **300000** كىلومېتىر تېزلىك بىلەن **100** مىليون يىل ئۇچساق ئاندىن ئۇ يۇلتۇزغا يېتىپ بارىمىز دېگەن بو لىدۇ.

ئاسترونومىيە ئالىملىرى بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىق مىقدارىنى، نۇر مىقدارىنى ئۆلچەپ، **20** قىسىمغا بۆلگەن، كۆز بىلەن ئالتە قىسىمنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، ئالتە مەرتىبىنى كۆرەلەيمىز، بۇ يۇلتۇز ئالتە مىڭدىن سەل ئاشىدۇ، تېلىسكوپ ئارقىلىق كۆرگەندە ـ **17** مەرتىبىدە ( ـ **17** باسقۇچدا) **100000**، **20** ـ باسقۇچدا **86000000**غا يېتىدۇ. بۇ سىستېمىلارنى بىرلەشتۈرسە **224** مىليوندىن ئاشىدۇ، ھازىر ئىلغار تېلىسكوپلار ئارقىلىق ئالىملار سامان يولى سىستېمىسىدا **2000** مىليارت يۇلتۇز بار دەپ ئۆلچىدى، ئەمما بۇلار يوقۇلۇپ تۇردى، يەنە پەيدا بولىدۇ، نۇرى يېتىپ كەلسە، ئاشكارا بولىدۇ، بۇ سانلىق مەلۇمات ھەرگىز بىر خىل مۇقىم، تۇراقلىق ھالدا تۇرمايدۇ، ئاللاھ، سىلەر بىلمەيدىغانلارنى يارىتىدۇ، سامان يولىدىن باشقا اندرىمىدا نامىلىق سىستىما بار، بۇ سىستېمىمۇ سامان يولىدىن ئانچە كىچىك ئەمەس، ئاسترونومىيە ئالىملىرى يەنە بىر

سىستېمىنى تاپتى، ئۇلار بۇنىڭغا ن ج ت **4486** دەپ ئىسىم قويدى، بۇ سىستېما بىزدىن **8** مىليون نۇر يىلى يىراقلىقتا تۇرىدۇ، پەيلاسوپ لىندىمرىك، ن ج ق **4594** ناملىق يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسىنى بايقىدى، بۇ سىستېما بىزدىن **56** نۇر يىلى يىراقتا تۇرىدۇ، بۇ نۇر تېزلىكىدە **56** يىل ماڭغاندا، ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ دېگەنلىك، شۇنداقلا بۇ يۇلتۇز سىستېمىسى **56** مىليون يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن كېيىن بىز نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ ئىلغار ئۈسكۈنە ئارقىلىق ئاران بايقىيالىغان دېگەن بولىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ، ئۆزى بىلىدۇ، چۈنكى، ئىنسانلار تولىسى پەرەز قىلىدۇ، گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، نۇر تېزلىكى بىر سېكۇنتتا **300000** مىڭ كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئەمما مۇشۇ تېزلىكمۇ ئۆزگەرگەنمۇ ياكى بۇندىن كېيىن ئۆزگىرەمدۇ، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىدۇ، بىز بۇ سىرلارنى بىلەلمەيمىز، ھازىر پەقەت مۇشۇ ئەقلىمىزنى ھەيران قالدۇرغان يۇلتۇزلاردىن ئاشۇ سىستېما، ئوربېتىلاردىن، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ھېكمىتىنى، قۇدرىتىنى بىزگە بولغان رەھمىتىنى تونۇپ يېتىپ بۇرۇن بارلىقىنى، بىرلىكنى تونىغان بولساق، ھازىر ئاشىق بولىدۇق، ئۆزىنى كۆرگىمىز كەلدى، شۇڭا، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت قىلغىمىز كەلدى، خالاس. مانا مۇشۇ مەقسەتتە بۇ ئايەتنى تەتقىق قىلىپ، تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم، شۇڭا، ئاللاھ، سىلەرنىڭ يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن يۇلتۇزلارنى قىلىپ بەردى دېگەن. بىرىنچىدىن زېمىندا يول تاپىمىز، ئىككىنچىدىن ئالەم قاتنىشىدا يول تاپىمىز، ئۈچىنچىدىن ھەقكە، ھىدايەت تاپىمىز، قۇرئان، مۇشۇ ھەقىقەتتە بېشارەت ئۈچۈن ياكى غاپىللارغا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن چۈشكەن، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەن، شۇڭا، بىز ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ، ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ يارامىلىق ئوقۇغۇچىسى بولايلى. ئامىن!

## ئاللاھ، ئاسماندىن يامغۇر ياكى قار سۈيىنى چۈشۈرىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بۇ ئايەت، قۇرئاندا نۇرغۇن قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، پۈتۈن ھاياتلىقنى پۈتۈن ھايۋانلارنى سۇدىن قىلدى، ھەم سۇنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسى قىلدى، پۈتۈن ئوزۇقلىرىنىڭ ئاساسى قىلدى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، سۇدىن ئايرىلسا دەرھال ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، ئاللاھ، ئەرشىنىمۇ سۇ ئۈستىدە قىلدى، ئەمما ئۇ سۇ قانداق سۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

بۇلۇتنىڭ شەكىللىنىشى، شامال كۈچى، يامغۇرنىڭ يېغىشى، بۇلارنى كۆپ سۆزلىدۇق، ھەم بۇلار سىنئالغۇلاردىمۇ بار، باشقا تەبئىي ـ پەن كىتاللىرىدىمۇ كۆپ سۆزلىنىدۇ، يەنە تېخى بىز نۇرغۇن تىلغا ئالىمىز، ئەمما بىز بۇ قېتىم قار توغرىلىق توختىلىمىز. قار قارنى ئاللاھ، كۆپىنچە يامغۇر بىلەن بىرگە سۇ دېگەن، لەۋزە بىلەن كەلتۈرگەن، ئاللاھ، ئاسماندىن، بۇلۇتتىن، سۇنى چۈشۈردى، دېگەن ئايەتكە ئالىملار، تەرجىمانلار، يامغۇر دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، قارنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئىككىلىسى سۇ ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللامۇ، سەھىھ ھەدىسىدە، ئى ئاللاھ، خاتالىقىمنى سۇ، يامغۇر، قار، مۆلدۈر بىلەن يۇيىۋاتسىلە دېگەن. قار **28** خىل چۈشىدۇ، ھەممىسى ئالتە بۇرجەك، ئالتەك شاخلىق چۈشىدۇ، بۇمۇ ئۆلچەملىكتۇر، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن.

يامغۇردىن سىرت، قار بىردىنبىر سۇ مەنبەسى، قار تاغ بولسا، سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەرشارىنى سۇغۇرۇپلا قالماستىن ھاۋانى سويىتىدۇ، ئىسسىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بۇ ھاۋا، قۇياش نۇرىدىكى ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى بىلەن بىرلىشىپ شامال ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بۇ شامال بۇلۇتنى، بۇلۇت سۇنى، قارنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇلارنى مېھرىبان ئاللاھ پىلانلاپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئىككى قۇتۇبدا قاردىن شەكىللەنگەن زور كۆلەملىك تاغلار بار، بۇ قار تاغلار، دېڭىز يۈزىدىن يەتتە مېتىر چوڭقۇر، ۋە ئىككى مېتىر ئىگىز تۇرىدۇ، توغرىسى **120** مېتىر، ئۇزۇنلۇقى **250** مېتىردىن ئاشىدۇ، بەزى تاغلار لەيلەپ يۈرىدۇ، كۆپىنچە بۇلار سوقۇشۇپ پارچىلىنىپ كېتىدۇ دە ئېرىيدۇ، بۇ قار تاغلاردىكى مەنزىرە كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، شۇڭا، نۇرغۇن ساياھەتچىلەر بۇنى تاشا قىلىدۇ.

بۇ قار تاغلار، قۇرۇقلۇقدا بولۇپلا قالماي، دېڭىزلاردا، دېڭىز بويلىرىدا بولىدۇ، بۇلاردىن تاتلىق سۇ ھاسىل

بولىدۇ، بەزىسى دېڭىزدا ئاچچىق تۇزلۇق سۇغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتقاندەك، بۇمۇ يەنىلا ئېرىگەن ھامان زېمىنغا سىڭىپ كىرىپ دېڭىزغا بارىدۇ، ئۇ دېڭىزغا قۇرۇق قول بارماي تۇزنى ئالغاچ بارىدۇ. مانا بۇ بىز كۆرگەن زەيىنىڭ ئېقىشى ئاشۇ زەي.

زەي ئاچچىق سۇ، دېڭىزنى تۇز بىلەن تەمىنلەيدۇ ـ د ە، دېڭىز سۈيى سىرىسىماي بىر خىل ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاندىن يەنە يامغۇر، قار ھاسىل قىلىدۇ، مېھرىبان ئاللاھقا شۈكرى، ياكى قۇرغاقچىلىقدىن سۇ قىسلىقدىن قورقماڭلار، قار تەخمىنەن **1200** مېتىردىن **5000** مېتىر ئېگىزلىكدە ھاسىل بولىدۇ. بەزىلىرى سوغۇق تاغقا، تاغ ئورۇنلىرىغا تاغ ھالەتتە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئىسسىق جايلاردا بۇنداق بولمايدۇ، قار دائىم ھالدا يەرشارىدا مەۋجۇد، قىش ـ ياز قارنى دائىم كۆزەتكىلى بولىدۇ، ئىككى قۇتۇبدا بولسا بەك ئېگىز ئەمەس، ئەمما بۇ ئېگىز يەرشارىنىڭ ئېكۋاتورغىچە زىيادە بولۇپ، **13** مىڭ مېتىر ئېگىزلىككىچە بارىدۇ، ئاللاھ بىزگە بۇ قۇدرەتلەرنى كۆرسۇن، تەپەككۇر قىلسۇن دەپ، ئاللاھ، ئاسماندىن تاغلارنى، مۆلدۈرلەرنى، يامغۇر، سۇلارنى چۈشۈرىدۇ، دېگەن. بۇرۇنقىلار بۇ ئايەتنى تاغدەك، بۇلۇتتىن يامغۇر چۈشۈرىدۇ دېگەن بولسا، مانا ھازىر قۇرئاننىڭ يېگىچە مەنىسىدە بۇنى بىزنىقار، تاغ چۈشىدۇ دەيمىز، چۈنكى، يامغۇر تاغ ھاسىل قىلمايدۇ، بۇلۇت بىلەن قار، تاغ ھاسىل قىلىدۇ، ﴿من السماء من جبال﴾ دېگەن ئايەت، مۇشۇ شۇ، مۆجىزە، قۇدرەتلىرىمىزنى ئۇپۇقلاردا كۆرسىتىمىز، دېگەن. ئاللاھ، راست سۆزلىگۈچىدۇر، مەقسەت بولسا، قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، دەلىللەپ كۆرسىتىشتۇر.

قىزىقارلىقى شۇكى، قار، كېسەللىكلەرنى يوقىتىپلا قالماي، نەسلىنىمۇ ساقلايدۇ. نۇرغۇن قۇش تۇخۇملىرى توڭلاپ قالىدۇ، كېيىن قار ئېرىپ ئىسسىق بىلەن تەك ئىسسىپ ياكى ئېقىپ بېرىپ ئىسسىق جايدا تۇخۇمدىن چىقىدۇ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەر توڭلاپ تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئىسسىغاندا كۆكلەيدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۇنۇپ چىقىدۇ، قار، سۇ ئامبىرىلا ئەمەس، بەلكى، ھاياتلىق، نەسىل، ئۇرۇق ئامبىرى بولىدۇ. قايتىدىن ھاياتلىق ھاسىل قىلىدۇ، نۇرغۇن بېلىقلار قىشلىق ئۈچۈككە كىرىدۇ، قىشلىق ئۇيقۇدا ئۇخلايدۇ، بۇنداق ھايۋان تۈرلىرى كۆپ، ئۇلار باھاردا يەنىلا ئويغىنىپ ئەسلىگە كېلىدۇ، مەنا بۇ ئەسھابۇلكەھفلەرنىڭ ئويغىنىشى، قار، دېڭىزنىڭ داۋامى بولىدۇ ، دېڭىز سۈيى قاردەك، گۈزەل مەنزىرىگە ئىگە، ئۇ تېشىدىن گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ھەرخىل نۇر قايتۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى سۇنئىي ھەمراھدا كۆزەتكەندە ئىلغار ئۈسكۈنە بىلەن كۆزۈتسە ئاجايىپ رەڭدار گۈزەل كۆرۈنۈش ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، دېڭىز سۈيى ئىسسىق، سوغۇك جايلاردا بىر خىل بولمايدۇ، ئىسسىقلىق مىقدارىغا قارىتا نەچچە خىل بولىدۇ. بۇ تەتقىقات بىزنى قىزىقتۇرۇپ ئاخىرى ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى توسمىنى تەتقىق قىلىپ تاپقىلى ئاساس سالدى. **(دېڭىزنىڭ سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان توسما رەڭ سۈرىتى)**

گۈڭگۈرت، سۇدا خلور ماگنىت، ئالىيۇمىن، ماگنىي، كالىي، خلور، كاربون، مىس، تۆمۈر، كاربون كىسلاتىسى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ماددىلار مانا مۇشۇ دېڭىزدا بار. چۈنكى، بۇ سۇ زېمىننى بىر ئايلىنىپ يەنە شۇ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. بۇلارنى بىز تۆتكە بۆلىمىز، گۈڭگۈرتلۈك سۇ، گاز سۇ، تۆمۈر سۇ، تۇزلۇق سۇ دەپ تۆتكە بۆلىمىز، بۇ تاتلىق سۇدىن باشقا بولىدۇ، بەزىسى بىر خىل سۇ بولۇپ، سىماپ، ئىسپىرتتۇر، بەزى سۇلاردا بىر خىل تاش ماددىسى بولۇپ، ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك تىنىگە كىرسە دەرھال بىرلىشىپ ئۇ جىسمنى تاشقا ئايلاندۇرىدۇ، مانا بۇ تاشقا ئايلانغان قاتىملاردۇر، لېكىن بۇ خىل ماددا، بۇ سۇ بەكمۇ ئازدۇر، بىز قاراپ باقايلى، تەپەككۇر قىلايلى، دېڭىز سۈيى قانداق يامغۇرغا، قارغا ئايلاندى، يەنە قانداق ھالدا دېڭىزغا قۇيۇلدى، بۇلۇت دېگەن نېمە؟ ھەسەن ـ ھۈسەن قانداق شەكىللەندى، ئۇ نېمە ئۈچۈن بىرنەچچە رەڭدە كۆرۈنىدۇ؟ بۇ دۇنيادىكى ئاجايىپ رەڭگارەڭ دۇنياغا نەزەر سالايلى، ئاللاھ، بىزنى ئۇيقۇمىزدىن ئويغىتىپ مۇشۇ ئالامەتلەرنى كۆرسۇن دەپ، قۇرئاندا **750** ئايەتنى مۇشۇ ئۇسۇلدا بىلىم بىلەن بايان قىلغاندۇر، ئالامەت، ئىبرەت بار دېگەن، ئاللاھ سەۋەبىنىڭمۇ سەۋەب قىلغۇچىسىدۇر.

## ئاللاھنىڭ ئۆسۈملۈكلەر مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسى پىشقان چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىگە قاراڭلار دېگەن سۆزى توغرىسىدا

ئاللاھ، ئۇ مېۋىنى يەڭلار دېمەي، قاراڭلار، كۆزۈڭلار بىلەن قاراڭلار، مىكرۇسكوپلاردا قاراڭلار دەيدۇ. مېۋە بىرىنچى چاغدا ۋە پىشقان چاغدا قاراڭلار دەيدۇ. بۇ بىزنىڭ مېۋە، ئۆسۈملۈك چاڭلاشقاندىن باشلاپ پىشقان چاغقىچە قارىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا بۇ بىرىنچىسى ئۆسۈملۈك تەتقىقاتىدىكى ئايەتتۇر، ھازىر بۇ ئىلىمنى ھايۋانلار بىلەن بىرگە بىئولوگىيە دەيدۇ، ئايرىم ھالدا بوتانىكا دەپ ئاتايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا نەزەرىيىسىنى، نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىمىز، خاتالىرىنى قۇرۇق گۇمان پەرەزلىرىنى شاللاپ تاشلايمىز. چۈنكى، بۇ ئىلىمنى، ياۋرۇپالىقلار كەشپ قىلىپ تاپتى، مۇسۇلمانلار ئىختىلاپ بىلەن بولۇپ كېتىپ چۈلىسى تەگمىدى، بىزگە ئىككى خىل يول بار، بىرى يۇقىرقىدەك توغرىسىنى قوبۇل قىلىش، ئىدىيە، پەلسەپە، ئەخلاق، قانۇنلىرىنى شاللاپ تاشلاش سانائەت خاراكتېرلىكلىرىنى قوبۇل قىلىشتۇر، يەنە بىز، ئۇلارغا ئىشەنچ قىلالمىساق بىز ئۆزىمىز ئۇيقىمىزنى ئېچىپ كەشپ قىلىشىمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، بىزمۇ ئەقىللىق ئىنسان، ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ بىزگە قاراڭلار دېگەندىكىن بۇ بىزگە بۇيرۇق بولدى، بۇ بۇيرۇقنى بىز ئۆزىمىز ئىجرا قىلايلى، ئۆزىمىز ئىلغار ئۈسكۈنە، مىكرۇسكوپ سېتىۋېلىپ، تەكشۈرەيلى، تەتقىق قىلايلى، ئىلىمگە ئىشەنچلىك ئۇل تۇزۇپ، ئىلىم ـ پەنگە ئاساس سالايلى.

ئالىملار، ئۆسۈملۈكلەرگە نۇرغۇن ئېتىبارلارنى بېرىپ ھەرخىل شەكىللەرگە قاراپ، ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنى **300000** مىڭ تۈرگەن ئايرىدى، نۇرغۇن تەقسىملەرگە تەقسىم قىلدى، ئەمما ئۇلار مۇئىسگە قاراپ تەقسىم قىلمىدى، بىز مۇئىسگە قاراپ تەقسىم قىلساق بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەركەك ـ چىشى، ئاتىلىق ـ ئانىلىقتەك ئىككى خىلغا تەقسىم قىلىنىدۇ، بۇ ھەم قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، پۈتۈن شەيئى جۈپتۇر، بىز يەيدىغان مېۋىلەرگىلا قارىماي ھوسۇل چىقىدىغان مېۋىلا بولسا قارىشىمىز لازىم، مەسىلەن: كۆمەز، كۆمەز چېچىكى، بىز بۇنى پىرجەك دەپ ئاتايمىز. ئۇنىڭ تېشىدا غىلاپ بولىدۇ. يەنى كۆك رەڭدە قۇلاق، بىر قاچىلىق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاق ياكى سېرىق ياكى قىزىل رەڭدە تاج بولىدۇ، بۇ خۇددى پادىشاھ تاجىسىغا ئوخشاشىدۇ، مانا مۇشۇ ئىككى قاپ، غىلاپ ئىچىدە ئۇ چېچەكلەر خۇددى ئىنسان، ھايۋانلار چاڭلاشقاندەك چاڭلىشىدۇ، ئاتىلىقى ـ ئانىلىقى شۇ ئورۇندا بار، بۇنى مىكرۇسكوپدا كۆرۈۋتۇڭ، تەپسىلى بىلىسىز.

ئىككى قاچا، تاج ئوتتۇرىسدا تۇرغىنى ئانىلىق، گۈل تاجىسىدا ئاتىلىق چاڭ بولىدۇ. بۇ ئاشۇ كۆرۈنگەن ساقال، تالدەك، يىڭنە، ئانىلىق نەي بولىدۇ. بۇلار خۇشپۇراق چىقىرىپ، گۈزەل رەڭدىكى كۆرۈنۈشى بىلەن ھەسەل ھەرىسىنى تويغا چىللايدۇ، ئاندىن شامالار قۇلاقلارنى داپ چېلىپ ھەسەل ھەرىسى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ بۇلارنىڭ تويىنى مۇبارەكلەپ بۇ قېتىمقى چاڭلىششنى تاماملايدۇ، مانا، ئاللاھنىڭ بۇ چېچەكلەرگە خۇشپۇراق رەڭ بېرىشىدىكى ھېكمەتتۇر، بۇنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، مەيلى بۇ چاڭلاشسۇن ياكى ھەسەل چىقارسۇن، ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈن، بۇ ئۈچىلىسى ئاجايىپ ھەمكارلىشىدۇ. بۇ ئاتىلىق بىرلا بولىدىغىنى بار، بىر نەچچە بولىدىغىنى بار، خۇددى ئىنسانلار، ھايۋانلارغا ئوخشاش، بۇ ئاخىرى پىشىپ يېتىلىپ ئۇرۇقلارنى يەنى دان ھاسىل قىلىدۇ، ئوزۇقى سۇدا، تۇپراقتا، ھاۋادا بولىدۇ، پائالىيىتى نۇر بىلەن بولىدۇ.

ئۇرۇقلار بەزىدە بىر تاللا بولىدۇ،ل بەزىدە **7** ـ **8** تال، بەزىدە **500**،**700**،**1000** غىچە بولىدۇ. قوناقتەك، پەلەس **4000** غىچە ئۇرۇق چىقىرىدۇ، خىشخاش دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك **32** مىڭ تال دان تۇتىدۇ، شۇ ئورۇن بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئۆسۈملۈك بىر تال ئۇرۇقدىن **150** شاخ بولۇپ، ئاندىن بۇنىڭدىن **3200** تال دان ھاسىل بولىدىغىنى بار، بەزىسى بولۇپمۇ، تاماكا دەرىخى **330** مىڭ دان تۇتىدۇ، ئۆسۈملۈك ئۈنۈپ چىقىشى بىلەنلا ئىككى قىسىم بولىدۇ، بىر پەللىلىك يەنى بىر قۇلاق چىقىرىپ ئۈنىدىغىنى بۇغدايدەك ئىككى پەللىلىك

يەنى ئىككى قۇلاق چىقىرىپ ئۈندىغىنى پۇرچاق، پەلەس، كۈەزگە ئوخشاش، بۇمۇ ئۈنىڭ ئۇرۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ، ئۆزى كۆيىنىدۇ، يىلتىزىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ.

94 ـ بەتتە چېچەكنىڭ چاڭلىشىش سۈرىتى كۆرسىتىلگەن. بۇ، بوتانىكا ئىلمىدىمۇ كۆرسىلىتىدۇ، كىتابقا قاراڭ، ئالىملار ھەممە جەھەتتىن قارىدى، شاخ، باشاقچىغا، قۇلاق، يوپۇرماققا، تەن، غولىغا، يىلتىزىغا، چېچەككە، ئاتىلىق ـ ئانىلىققا، ئەركەك ـ چىشىغا، مۇئىلىك، مۇئىسىزلىككىگە، تىكەنلىك، تىكەنسىزگە، شىپالىق، زەھەرلىككە، دورا قىممىتىگە ھەرخىل ئوزۇقلۇق قىممىتىگە كۆكتات ياكى دان ياكى مىۋە ياكى دەرەخ، گۈل ـ گىياھ ھەممىسىگە قارىدى، ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ئۇخلىدۇق، ئالىملار ئۇيقىمىزنى بۇزىۋەتسە ئۇلارنى بىدئەتچى ياكى پالانى مەزھەپ دىدۇق.

## پۈشەنچە بېرىش

بىز يۇقىرىدا روھ توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدۇق، يەنە سۆزلەيمىز، بۇ يەردە بىر چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىزكى، روھ دېگەن بۇ ئۇقۇم، پەرىشتىنى، جىننى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ كىتابنى ئوقىغانلار، پالانى راھىب ياكى ھىندى ياكى ياۋروپالىقلار، روھنى ھازىر قىپتۇ دەپ ئۇقسا خىيالىغا دەرھال كاپىر، دىنسىزلار، روھى دائىم ئازابتا تۇرسا، بۇ روھلار قانداقسىگە ئەركىن بولۇپ قالىدۇ؟ دېگەن سوئال چۈشىدۇ، بۇنى بىز چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، ئۆز قۇدرىتىنى ئاشكارىلاپ ھۆججەت قىلىش ئۈچۈن، شۇنداق قىلىسىمۇ قىلغاندۇ.

ئىككىنچى، جىن بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار جىنكەشكە تەۋە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇلار ئۆز مەزھەب ئېقىملىرىغا ئاساسەن ئۆز تەبىقىسىگە چۈشىدۇ، ئىلمى روھ، مۇسۇلمان روھ، ئىلمي، مۇسۇلمانغا چۈشىدۇ، ھازىر بولىدۇ. ئۆز خىلىنى تاپىدۇ، شۇڭا، دىنسىزلارغا ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئۇلار نۇرغۇن يالغاننى توقۇيدۇ، ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ ياكى جىنلارنى پەرىشتىگە ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھىنى نىسبەت بېرىپ قويىدۇ، پاك، پاكقا، نجىس، نجىسقا لايىق.

شۇڭا، ئىشەنچلىك ئەمەس، ئەمما، بۇ تەپسىرگە ئېلىش، روھنىڭ بارلىقىغا دەللى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز مەزھەپ، ئۆز ئىلمى قاراشلىرى بەن قايىل قىلىش ئۈچۈندۇر، ئەمەلىيەتتە تەپسىرگە ھەقىقي ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى، قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلسە، ئاندىن كىرگۈزىمىز، بۇنداقلارنىڭ سۆزىنى ئەكىرشكە بولمايدۇ، مەن پەقەت مۇسۇلمانلار ئويغانسۇن، ئۇيقىسىنى ئاچسۇن دېدىم، خالاس. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار تەتقىق قىلايلى، مەيلى روھ بىلىمى بولسۇن، مەيلى باتىن، مەيلى زاھىر ھەممىگە ئاللاھ ئىگە، ئاللاھ خالىغانغا بېرىۋېتىدۇ، بۇ تەقسىم بەندىلەرنىڭ قولىدا ئەمەس، ۋاي مۇنداق بولمىسا ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنداق كىشىگە مۇنداق بولىدۇ، بولمىسا بولمايدۇ دېگەن سۆزلەر قۇرۇپ كەتسۇن، ھەممىنى ئاللاھ، ئوبدان بىلىدۇ، كىم لايىق، كىم شۇنىڭغا ئەھلى، كىمگە بېرىش، كىمدىن ئېلىش، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، شۇڭا، بىز باتىننى، زاھىرنى ھەممە بىلىمنى ئېلىشىمىز لازىم. دىنسىزلارنىڭ بىلىمىگە ئىككىلى جەھەتتىن موھتاج بولمايلى، شۇڭا، مەن بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ قويدۇم، توغرىسىنى ئالدىم، خاتاسى قالدى، قەلبىم ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلدى. مەن شۇڭا ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىگە بىر شاھىد كەلتۈرىمەن، بىز پەرىشتىلەرنى چۈشۈرسەكمۇ ياكى ئۇلارغا ئۆلۈكلەر سۆز قىلسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئىمان كەلتۈرمەيدۇ، دېگەن ئايەتتە، روھ توغرىلىق بىر سۆزنى كەلتۈرىمەن. (بۇ تەنتاۋى سۆزى)

ئەرۋاھنىڭ مۇناجاتى دېگەن تېمىدا سۆزلەيمەن، نىيورۇكنىڭ، بىسپىلو دېگەن جايىدا بىر ۋەقە يۈز بەرگەن، بۇ ۋەقە ئەينى چاغدا كىشىلەرنى چۆچۈتكەن، ئالىملار ئىككى قاراشتا بولغان، بەزىسى شەكسىز ئىشىنىپ تەبئەتتىمۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار بار ئىكەن دېگەن، بەزىلەر قاتتىق ئىنكار قىلىپ، بۇ خام ـ خىيال، گۇمان، ئەپسانە دەپ رەت قىلغان.

بۇ جايىنى سۈرىيىدىن ئالىملار كېلىپ زىيارەت قىلىپ كۆرگەن، نيويوركدىن ئالىملار چىقىپ تەكشۈرگەن، ۋاستىچى روھ ھازىر قىلغىنى جان لاستىر دېگەن كىشى، ئۇ قەغەزگە خەت يېزىش ئارقىلىق روھدىن جاۋاب ئالغان، سوئاللىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ نېرى جايدا كۆزۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن كەلگەن، بۇ ئەھۋاللارنى ھەممە كىشى كۆزى بىلەن كۆرگەن، قارىسا ھەممە سوئالغا جاۋاب يېزىلغان ئىكەن، ئېرىشكەن جاۋاب، نەتىجىسى ئىچىدە مۇنۇلار خاتىرلەنگەن، روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى، خوجايىن رۇخسەت قىلسا كېلىپ خىتابىنى قوبۇل قىلىپ، جاۋاب بېرىش بولمىسا قارى بولالماسلىقلار، بەزى روھلار پۈتۈن بوشلۇقنى، ئالەم ئەتراپىنى ساياھەت قىلالىشى قاتارلىقلار، باركەن. بەزى ۋەقەنى ياكى ئىسىملىكنى ئۆزئەينى سۆزلەپ بېرىدىكەن، بۇ توغرىسىدا روھنىڭ جاۋابلىرىنى سوئاللارنى كېيىن سۆزلەيمىز. بىز پەقەت چۈشەنچە بېرىش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى سۆزلەتسىمۇ ئىمان كەلتۈرمەيدۇ دېگەن سۆزىنىڭ راستلىقىنى، مۆجىزىلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچى، راست، ئۇلار يەنە ئىمان كەلتۈرمىدى، مەيلى، ئۇلارغا ئۆلۈك، روھ سۆز قىلسۇن ياكى جىن ئۇلار روھغا ئىشەنسىمۇ كۆپۈنچىسى يەنىلا ئىمان كەلتۈرمەي مۇسۇلمان بولمىدى، ئاللاھ، ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، بەزىلەر سوراققا تارتىلىدۇ، بۇ بىر قۇدرەتنى ئاشكارىلاش، ھۆججەت قىلىش، خالاس، ياكى ئۇ جىنكەش بولۇشى مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بىز روھنى ئىسپاتلاپ چىقتۇق، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن قايىل قىلدۇق، بۇ ئەمەلىيەت، نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللار ئېلان قىلغان، ئاللاھ، ئالامىتىنى، مۆجىزىسىنى، ئۇپۇقلاردا، ئۆز ۋۇجۇدىدا، دىنىمىزدا كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، قۇرئاننىڭ ھەق راستكەن دېگەن ئىسپات ئاشكارا بولغانغا قەدەر، ئاللاھ راس سۆزلىگۈچىدۇ، بۇنىڭغا شەك قىلىسىڭىز ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە شەك قىلىسىز.

ئەگەر سەن زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ئەگەشسەڭ ئۇلار سېنى، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، دېگەن تېمىدا، راست، ئاللاھ، ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچى، ئالدىن راستى بىلەن خەۋەر بەرگۈچى، ھازىر زېمىندىكى ئىنسانلار، مال - دۇنيا، پۇل، قورساق بىلەن، تۇرالغۇ جاي، جىنسى بىلەن بولۇپ كەتتى، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى دىنسىز زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئەگەشسەڭ سېنى ھەقدىن، ئاللاھ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاخىرەتتىن، ئالىي ماقامدىن ھەتتا ئەۋلىيالىقدىنمۇ ئازدۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇلار دۇنياپەرەس، بۇلارمۇ نەچچە خىل يۇقىرى يەھۇدىي، ناسارا، مەجۇسى، دەھرى، كوممۇنىست، كاپىتالىست، سوتسيالىست ھاۋاكازالار، ھەرخىل مەزھەپ ئېقىملىرى ھەممىسى ئازغۇن، سەن يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېس قىل، چۈنكى، سەن ھەق يولدا، ئاللاھ يولىدا، ئۇلار ھەقىقىي ئەقىلسىزلەر، بۇنىڭدا، قىلچە شەك يوق، ھەقىقىي ئەقىللىقلار دېگەن، ئاللاھنى تونۇغىنى، زاكىر ھەم شاكىر ھەم سابىر بولغىنى بولىدۇ، شۇڭا، بىز ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ توغرا دەپ ماڭغان ئىكەنمىز، كۆپچىلىككە ئىتائەت قىلمايمىز، ھەتتا خەلق قوللاپ كەتكەن ئالىممۇ ئازغۇن بولىدۇ، چۈنكى، ھەقىقەتكە خەلق ئۆچ كېلىدۇ، ھەق ئاچچىقدۇر.

## سۈرە ئەنئامدىكى، ئاللاھ سىلەرگە باراڭلىق ۋە باراڭسىز باغلارنى، خورما، زەيتۇن، ئانارلارنى قىلىپ بەردى، ھوسۇل پىشقان كۈنى ھەققىنى ئادا قىلىۋېتىڭلار دېگەن ئايەت توغرىسىدا

مۇنداق دېگەن، مەن يۇقىرىدا ئۆسۈملۈك توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدىم، مەن يەنە سۆزلىشىم مۇمكىن. چۈنكى، ئاللاھ قۇدرىتى چەكسىزدۇر، مەن بۇ يەردە چېچەك توغرىسىدا ئازىراق سۆزلەپ ئۆتىمەن، چېچەكلەرمۇ نەچچە خىل بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ چاڭلىششى، ھوسۇل بېرىشى، مېۋە بېرىشى مۇشۇ چېچەككە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا، مەسىلەن، بۇنى كۆزۈتۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەقىقەتكە يېتىشڭلار مۇمكىن، ئەلۋەتتە. ھەرخىل يەردە ھەرخىل مۆجىزە بار، شۇڭا، چېچەككە نەزەر سالايلى، چېچەك ھەممىزگە مەلۇم، مېۋە ھوسۇلدىن ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى، ئۆسۈملۈكنىڭ بالاغىتى بولىدۇ. بۇ بىرىنچىسى، بەزىسى بىر چېچەكلەرنىڭ قوغدىغۇچى تىكىنى بولىدىكەن، ھەسەل ھەرىسىمۇ كىرەلمەيدىكەن. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ نىسىۋى ئەمەسكەن، باشقا قۇشلار ياكى ھەرخىل ئامىللاردىن چاڭلىشىدىكەن، ئىككىنچىسى، بەزى چېچەك قۇلۇپلۇق

ھەم ئاچقۇچلۇق بولۇپ، بۇنىڭ چارىسىنى ھەسەل ھەرىسى ۋە قۇشلار ئوبدان بىلىدۇ، ئۇلار ئامبارنىڭ ئىگىسىدەك خوجايىن بولىدۇ، بۇمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇ.

ئۈچىنچىسى، بەزى چېچەككە قوغدىغۇچى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس قوغدىلىدۇ، بۇ چېچەكلەر شاھزادە بىلەن مەلىكىلەردۇر.

تۆتىنچىسى، چېچەكلەر ئۆزى ئۆسۈملۈككە قوغدىغۇچى بولىدۇ، ئۆسۈملۈكنى قوغدايدۇ، گۈللەرنى قوغدايدۇ، خۇددى ئۇلار مۇنتىزىم قوشۇن.

بەشىنچىسى، بەزى بىرخىل ئۆسۈملۈكتە ئىككى خىل چېچەك بولىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتىلىق ـ ئانىلىق بولىدۇ، ئۇزۇن قىسقا بولىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرى بار، كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.

ئالتىنچىسى، نۇرغۇن چېچەكلەر ئۇخلايدۇ، ئۇخلاش، ئويغىنىش ۋاقتى بار، بۇلار ۋاقىتقا قىلچە بوش تۇرمايدۇ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئۇخلاش، ئويغىنىشىنى ھەسەل ھەرىسىدەك قۇشلار تۇرىگە مۇناسىۋەتلىك.

يەتتىنچىسى، چېچەكلەر ئاق، قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل ھەرخىل بولىدۇ، بۇلارمۇ ۋە ئۇلاردىكى پۇراقمۇ قۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور باغلىنىش بار. ھېكمەت ھەممىسى ئىنسان، مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئەمما، ئىنسان ئاز شۈكرى قىلىدۇ، بەلكى، كۆپرى بولۇپ شۈكرى قىلمايدۇ.

سەككىزىنچىسى، بەزى چېچەكلەر ھەرىكەت بىلەنلا چاڭلىشىدۇ، ھاشارەت ھاجەتسىز، ئۇنىڭغا بىر نەرسىنىڭ تېگىپ كېتىشى لازىم، ئۇلار سۇنى كۈتىدۇ، ئاندىن مەقسەت ھەل بولىدۇ.

توققۇزىنچىسى، بەزى چېچەك، ئىسسىق ئارقىلىق چاڭلىشىدۇ، ئۇستىدە بىر نەرسە ياتسىمۇ چاڭلىشىدۇ، ئىسسىقلا كۇپايە، بۇلارنى ئاللاھ، ئوچۇق دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈزۈتۈڭلار، چېچەكتە بىرنىچىدىن رەڭ بار، بۇ قۇياشنىڭ يەتتە رەڭلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇمۇ نۇر ئىلمىغا، رەڭ ئىلمىغا ئىشارەت، شۇنداقلا رەڭ بۇ دۇنيادا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلار ئاشۇ رەڭ دېگەن دەسمىنى سېلىپ، خۇشپۇراق بىلەن قۇشلارنى، ھەسەر ھەرىسىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلار، ھايۋانلارنىڭ مۇراد ـ مەقستىنى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەرخىل رەڭدە بولۇشى قۇشلارنىڭ ھەرخىل رەڭنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ئىنسانلارنىڭمۇ شۇنداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئارىلىقدا زىچ مۇناسىۋەت بار. رەڭ بەكمۇ مۇھىم، نۇرغۇن كىشىلەر تاغدىن رەڭ تېرىپ جان باقىدۇ، ھەم زاۋۇتلار، ئىشچىلار جان باقىدۇ، ئەتىر زاۋۇتى، ئىشچىلارمۇ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ، كىشىلەرمۇ ھاجىتىنى ئادا قىلىدۇ، بۇنىڭدىكى ھېكمەت بەكمۇ كۆپ، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، پۈتۈن ئالەم ئىنتىزامىغا ماس، مۇناسىپ ھالدا قانۇنغا بويسۇنغان بولىدۇ. تاسادىپىيلىق يوق، ھەممىنى ئالدىن ئىدارە قىلغۇچى، بىر ئاللاھ بار، بىز مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى كۆزلەپ بىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ئاشۇ بىر چېچەكلەردە شۇنچىۋالا ھېكمەت، قۇدرەت ياكى دەرەخ، ئۆسۈملۈك تېنىدە، غوللىرىدا، مۇۋىسىدە، يوپۇرماقلىرىدا نۇرغۇن قۇدرەت، ھېكمەت بار، بۇنى پەقەت ئالىملار بىلىدۇ، ئاللاھدىن ئاللاھنىڭ ئالىم بەندىسى بەك قورقىدۇ.

شۇڭا، بىز پۈتۈن ئۆسۈملۈك، پۈتۈن دەرەخ، پۈتۈن گۈل ـ گىياھ، كۆكتاتلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز، لازىم. بۇنىڭدىن بىز ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، قۇدرىتىنى تاپىمىز، شۇنداقلا دۇنيادىن نۇرغۇن بىلىمگە ئېرىشىپ، ئىختىساتتىمۇ غەلىبە قازىنىپ، بىرەر ئىگىلىك تىكلىشىمىز مۇمكىن. ئاخىرەتكە تۇرغان كىشىنى ئاللاھ دۇنيادىمۇ ئاچ قويمايدۇ، ئاشۇ دىنسىزلار جېنىنى، مېلىنى چىقىم قىلىپ بۇ بىلىمنى ئالىدىكەن، نەچچىسى جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، زەھەرلىنىپ ئۆلىدىكەن، قۇشلارنى، تاغلارنى تەتقىق قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئاز ئەمەس، بىز ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن، ئىشىق مۇھەببەتنى ئاللاھقا زىيادە قىلىش ئۈچۈن، دۇنيادىمۇ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، نېمىشقا جان، مال پىدا قىلالمايمىز، ئىسىت، شۇڭا بىز مەغلۇپ بولدۇق، ئەيىپ ئۆزىمىزدە.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يېزىغا چىقىپ، ھاۋا يەپ كېلىش جەريانىدا بىر دېھقان ئۈچراپ سوئال

سورايدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرىپ دىن مەسىلىسىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئاندىن پەن ـ ئىلىم توغرىسىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن زىرائەت تېخنىكىسىنى ئۆگىتىدۇ، چېچەك ئىلمى، ئۆسۈملۈك ئىلمى، ماددا قاتارلىقلارنى سۆزلەپ ئۇنىڭ قەلبىنى يورىتىدۇ، دېھقان ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورايدۇ، كالا قوي نېمە ئۈچۈن يەپ يەۋىلىپ ئاندىن كۆشىيدۇ،؟ بۇنىڭ سىرى نېمە؟ نېمە ھېكمىتى بار؟

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: ئەسلىي ھايۋانلار ئەقلىسىزلىقىدىن ئىنسانلارغا قۇل بولۇشىدىن بۇرۇن چۆللەردە، يايلاقلاردا ئوتلايدۇ، ھازىرمۇ ياۋىسى شۇنداق، ئۇلار گۆشخور ھايۋانلاردىن قورقىدۇ، چۈنكى، ئۇلار بىر ئولجا خالاس. شۇڭا، ئاللاھ، ئۇنىڭ ئىچىگە تاغاردەك قېرىنىنى بەرگەن، بۇ تېزلىك بىلەن ئوت ـ چۆپلەرنى قاچىلاپ، دەرھال دۈشمەندىن قاچمىسا بولمايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۈۋىسىغا بېرىپ ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ چىقىرىپ تەمىنى تېتىپ لەززەت ئېلىپ ھەزىم قىلىدۇ. بۇنىڭدا قوش پايدا، چۈنكى ئۇ دۈشمەندىن قۇتۇلدى، ئەگەر ئۇ ئالدىرىماي يېسە ياكى تولا قاچسا باشقىلارغا غىزا بولىدۇ.

شۇڭا، ئاللاھ، بۇنى بىلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇرەككەپ ئاشقازان، قېرىن، **12** بارماق ئۈچەي، كۆيشەپ چىقىرىپ قايتا ھەزىم قىلشنى بەرگەن، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، ھەم رەھمىتى، بىزدەك تولا يەپ تولا قورسقى ئاچسا بىز زور ئاۋارىچىلىققا دۈچ كېلىمىز، دەپتۇ. دېھقان خۇشاللىقىدا ئاللاھۇ ئەكبەر، دەپ ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىپ خۇشال بوپتۇ، مۇشۇ ھايۋانغا شۇنداق كۆيۈنگەن ئاللاھ، مېنى ئاچ قويارمۇ دەپ ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ رىزىقىدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ، خوش، بىزمۇ شۇنداق نۇرغۇن قەلبلەرنى خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم، ئاللاھ بىلىمنى بىزگە شۇ مەقسەتتە بەرگەن، بىزگە شۈكرى ۋاجىپتۇر.

# سۈرە ئەئراف

بۇ سۈرىدە نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت، شۇئەييب، مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ، مەقسەت، بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلارنىڭ ھاياتىدىن تاللانمىلار، ئۆزىمىزگە ئۆلگە قىلىپ، تا ئاخىرىغىچە ھەقتە چىڭ تۇرۇش، بۇ يولدىكى ئەزىيەتكە سەۋر قىلىش، مۇھەببەت ـ نەپرەتنى ئېنىق قىلىش، مەيدان ئايرىش، ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلىش قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ، مۇشۇ تېمىدا سەييىد قۇتۇبمۇ «يول بەلگىسى»نى يېزىپ چىققان، بىز بۇ سۈرىدە، تەنتاۋى رەھمەھۇللاھ ئەلەيىنىڭ بەزى بىر ئىلمى ھەقىقەتلىرىنى بايان قىلىمىز، بولۇپمۇ قايتا روھنىڭ ھاسىل بولۇشى، قىيامەت توغرىسىدا

## ئاللاھتائالانىڭ، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار دېگەن ئايىتى توغرىسىدا

يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئادەم بۇ دۇنيادا يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلا ياشىماسلىقى، بەلكى، ھەق ئۈستىدە ياشاش جەريانىدا ھاجەتكە چۈشلۇق، لايىقىدا يەپ ـ ئىچىشى لازىم. بۇ مەسىلىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرىنچى ئۆلگە بولالايدۇ. ئۇ خەلىپە تۇرۇپ، قادىر تۇرۇپ، ئۆمرىنى، ھاياتىنى، جېنىنى، مىلىنى ھەق ئۈچۈن ئاتاپ، ئاددىي يەپ، ئاددىي كىيىپ، ئىشى بېجىرگەن، ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ 12 يېرىدە ياماق بارلىقى سەھىھ كىتابلاردا خاتىرلەنگەن، رەسۇلۇللاھمۇ بىر كۈن ئاچ بىر كۈن توق تۇرۇشنى، تويغاندا شۈكرى قىلىشنى، قورساق ئاچقاندا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشنى سورىغان، بۇ توغرىسىدا پېقىرلىقنىڭ پەزىلىتى، ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تۇرمۇشى دېگەن بابقا قارالسۇن، كىتابدا چۈشىنىشلىك بايان قىلغان. بىر دىنسىز يەپ ـ ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار دېگەن بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ، بۇ پەيغەمبەرنىڭ تېۋىپلىقىدىنمۇ خەۋىرى باركەن دەپ كېتىدىكەن، چۈنكى، بۇ ئايەت تېۋىپلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا، بىز، يېمەك ـ ئىچمەككە، ساقلىق ئىلمىغا دائىر بىر نەچچە مەسىلىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، كىيىم ـ كېچەك، يىمەك ـ ئىچمەك، سۇ ۋە باشقىلار.

ئاللاھ، ناماز ئوقۇيدىغان جايىدا ئەۋرەت ياپقىدەك كىيىم كىيىشنى بۇيرىغان، بۇ نامازدىكى پەرىزدۇر، شۇنداقلا بۇ ھۆكۈم، ناماز سىرتىدىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىز كىيىمنى كىيىشتە پەرىز ئۈچۈن، ناماز ئۈچۈن، ھايالىق بولۇش ئۈچۈن، ھەق ئۈچۈن، رىيا قىلماي كىيىشىمىز لازىم. كىيىمدىكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى تونۇپ، شۈكرى قىلىپ، ھەمدۇ ئېيتىپ كىيىشىمىز لازىم.

ئۇ ئەۋرەتنى ياپسىلا بولىدى، شۇڭا، پۇلى قىممەتلىك نەرسىنى كىيىش، ھاجەتتىن ئوشۇق كىيىش، ئىسراپ بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن نېمە ئىسراپ بولىدۇ؟

ھالاللىرىغا ھېساب بار، ھاراملىرىغا ئازاپ، كىيىم ـ كېچەك، تائامغا ئوخشاش ھالال، پاك بولمىسا، پۈتۈن ئىبادەت قوبۇل ئەمەس، دۇئاسى ئىجاۋەت ئەمەس، رەسۇلۇللاھ بىر سەھىھ ھەدىستە 10 كويلۇق كىيىمنىڭ بىر كويى ھارام بولىدىكەن، شۇ كىيىم ئۈچىسىدىلا بولسا، ئۇنىڭ ئىبادىتى، نامىزى، مەقبۇل ئەمەس دېگەن، ۋە يەنە بىر مۇساپىر كىشى باشلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ۋاھالەنكى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، يېمەك ئىچمىكى ھارام تۇرسا قانداقمۇ دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسلەر ئەربەئىيندا بار، مىشكاتتىمۇ بار، دېمەك، ھالال يېيىش، ھالال كىيىش، بەكمۇ مۇھىم بولۇپ، پۈتۈن ئىبادەتنىڭ، دۇئانىڭ ئاساسى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن جەھەتتىن سۈننەت بويىچە بولۇشى لازىم، بولۇپمۇ ئاياللار، ئاللاھ قۇرئاندا كۆرسەتكەندەك كىيىشى لازىم، زىننەتنى ئاشكارىلىماسلىق لازىم، كەڭ كىيىشى لازىم، تار قىلىۋېلىپ بەدەننى بىلىندۈرۈش چەكلىنىدۇ، غەيرى مۇسۇلمان، دىنسىزلارنىڭ پوسۇنىدىن يىراق بولۇشى، رەسۇلۇللاھنىڭكىدەك بولۇشى لازىم.

ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بويۇم يىپەك رەختلەر ئاياللارغا دۇرۇس، ئەرلەر كىيىشى ھارام قىلىنغان، بۇ

ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە شۇنداقلا ئاياللارنىڭ شۇنىڭغا ئامىراقلىقىنى، ئەرلەرنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، كىيىم ـ كېچەكتە ھالال بولۇشىدىن، ئىپپەتلىك بولۇشىدىن، تاشقى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشى، دائىم ھالدا پاكىز كىيىشى لازىم، بولۇپمۇ جۈمە كۈنلىرى ۋە نامازدا پاكىزە كىيىشى، ئەتىر ئىستېمال قىلىش لازىم.

مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئاللاھ، ھەممىگە كۇپايە، ئىمان، ئاخىرەت كۇپايە، ئۇنىڭ كۆرەڭلىكى، مۇتەكەببىرلىكى، رىيا قىلىشى، مەنمەنلىكى لايىق ئەمەس، كىشى خەخنى دەپ ئەمەس، ئاللاھ، ئاللاھ دەپ قىلىش لازىم، بۇ مەسىلىدە ئىسلام قانۇنىدا ئالاھىدە لىباس نامىلىق بىر باب توختىلىغان، بىز ھازىر خىسلىتىنى سۆزلەيمىز.

يېمەك ـ ئىچمەكتە ئاددىي بولۇش، ھاجىتىگە چۇشلۇق يېيىش، بۇرادەرلىرى بىلەن تەڭ يېيىش، قورساقنى بەك تويغۇزماسلىق بەلگىلەنگەن، بۇ مەسىلىگىمۇ قۇرئان، ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە پەيلاسوپلار جۈملىدىن ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، چۈشىنىشلىك بايان قىلغان، ئۇ كىشى ئاساسىي بۇغداينى تاسقىماي يېيىشنى ئۇتتۇرىغا قويغان، چۈنكى، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن پەيدا بولغان تۇنجى بىدئەت ئەلگەك ئىكەن، بولمىغاندا قوناقنى، ئارپىنى ئىستېمال قىلىش لازىم، شۇنىڭدا تەن ـ سالامەت بولىدىكەن، ھېسابىنمۇ ئاسان بېرىدىكەن، ئەمما بۇ قانۇن ـ پىرىنسىپ ھازىرقىلارغا تازا ياقمايدۇ، چۈنكى، كۆنۈپ قالغان نەپسىنى، يەۋاتقان شېرىن تائامنى بىردەمدىلا تاشلىشىغا ئۇلارنىڭ كۆزى قىيمايدۇ، ھەي نەپس بالاسى بۇنداق تۇرمۇشتا پايدا كۆپ ئىدى، چۈنكى، ئۇ كۆپ خاپىلىقنى سالمايتتى، ۋاقتىنى تېجەپ ئىبادەت قىلالايتى، رامىزان تېنىنى سالامەت قىلغاندەك، ساغلام بولغىلى، شۇنداقلا ئەقىللىق بولغىلى بولىدۇ، تەپەككۇر قابىلىيىتى ئاشىدۇ، چۈنكى، ئادەم سەمرىش، ھۆجەيرە كۆپىيىشتۇر، ئادەم ياداش دېگەنلىك ھۆجەيرە ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يەپ كۈچلۈك، ساقلىرى ئاجىزنى يوقىتىپ، سالامەت ھۆجەيرە قالىدۇ ـ دە، ئادەم يادايدۇ، ئاندىن ئەقلى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىز بۇ مەسىلىدىن سىرت، تەبئىي ـ پەن بويىچە ئىلمى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، قانداق يېمەكلىكتە قانداق ماددا بار، نېمە يېسە مىزاجىغا خىل كېلىدۇ، نېمە زىيان قىلىدۇ بۇنى بىلىشىمىز لازىم، ئۆزى ئاز بولسىمۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ماددىسى سەرخىل يېمەكلىكلەرنى، كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىشىمىز لازىم، ئۆزىمىز ئۆستۈرىشىمىز لازىم. ئىشەنچلىك يېمەكلىك يېيىشىمىز لازىم، بارچە بەخت، لەززەت، ساقلىق، گۆشتە ئەمەس، ئاشۇ گۆشنىڭ ماددىسى باشقا نەرسىدىمۇ بار، مەسىلەن: قايماق، بۇ پايدىلىق، زىيانسىز غىزا، نان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئادەمگە ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىرىپلا قالماي، سالامەتلىككە پايدىلىق، جاڭدۇ، ماش، دادۇر، پۇرچاق ۋە باشقا كۆكتات تۇرلىرىگە ياغ قوشۇلىدۇ ـ دە، گۆشنىڭ ماددىسى تېپىلىدۇ، گۆشكە كىشى ھاجەتسىز، تۇرمۇش ئۆتكۈزەلەيدۇ، ئاشۇ نەرسىدە ئاقسىل ۋە باشقا ماددا بار، گۆش پەقەت كىشلەرنىڭ ئىددىيىسىدە ياخشى بولماقتا، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ئاددى، ئەرزان يېمەكلىكدە ماددىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ، تاتلىق، لەززەت پەقەت گۆڭگۈرت، تۆمۈر، تۇز ۋە باشقا ماددىلاردىن تېپىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئاقسىل، قوناقتىمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاددىي كۆكتاتلار ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، تەنگە كۆپ پايدىلىق بولىدۇ، فوسفور ماددىسى بىلەن نېرۋىنى ياخشىلايدۇ، ئەقىللىق قىلىدۇ، پالەك، تۇرۇپ، چامغۇر، بەسەيلەردەك، ھەرخىل ئىچىملىك، ئاچچىقسۇ، تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، لازا قاتارلىقلار ئاشقازانغا زىيانلىق، ئەمما ھەممىسى ئۆز لايىقىدا بولۇشى لازىم.

مەيلى گۆش بولسۇن، مەيلى دانلار ياكى كۆكتات بولسۇن، خام يېيىش بەكمۇ زىيانلىق بولىدۇ، بەزى تائاملار پىشپىمۇ ھەزىم بولۇشى ياخشى بولماي، ئاشقازاننى بۇزىۋاتسا، خام يېسە نېمە بولار؟ مەسىلەن، پىششىق يەپمۇ تائاملارنىڭ ھەزىم بولۇش ۋاقتى، ئىچىگە گۆشى قېرى قوي، كالا گۆشى، تەرخەمەك قاتارلىقلار، بەسەي ئالتە سائەتتىن كۆپ ۋاقىتتا ھەزىم بولىدۇ، ياكى چالا ھەزىم بولۇپ، ئىچىنى سۇرىدۇ، پاقلان گۆشى، ياش موزاي گۆشى يېنىك تېپتىكى ئۆسۈملۈك ئوتياشلار ئۇنىڭدىن تۆۋەن ۋاقىتتا ھەزىم بولۇپ بولىدۇ.

توخۇ گۆشى ئاسان ھەزىم بولىدۇ، ھەم پايدىسى كۆپ، كەپتەر، ئۆردەك، غاز گۆشلىرىمۇ شۇنداق، بېلىق، قۇشقاچ تۇرلىرى سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر، بەسەي قاتارلىقلار **3 ـ 4** سائەتتە ھەزىم بولۇپ بولىدۇ، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئۇزۇنى ئالتە سائەت، قىسقىسى 2 سائەتتە هازىم بولىدۇ، شۇڭا، بۇ ۋاقىتنى ئىگىلەپ بولغاندا كۈنگە ئىككى ۋاخ يېسە كۇپايە بولماستا ئۈچ ۋاخ ئىستېمال قىلىش، ئىككى ۋاخ تاماق ئارىلىقىدا تائام يېمەسلىكى لازىم، بولمىسا ئاشقازاننى بۇزىدۇ، بىز مۇشۇ ئىلمىنى ئىگىلەپ، يەپ ـ ئىچكىلار، ئىسراپ قىلماڭلار دېگەن بۇ بۇيرۇقنى تولۇق ئەمەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگىمۇ پايدىنى كەلتۈرۈپ هەم ساۋاب تېپىشىمىز لازىم. قوش پايدا كۆرۈشىمىز لازىم، بۇ دائىم بىز يولۇقىدىغان مەسىلە، شۇڭا، بىز بۇنىڭغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم، بولۇپمۇ تازىلىقتا، مەسىلەن، بىز ئىچىۋاتقان سۇنى مىسال قىلايلى:

1 ـ ئۇ پاكىز بولۇشى ئۆزگەرگەن پۇراق ياكى مىكرۇپدىن خالىي بولۇش

2 ـ ئۇنىڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياكى كۆرۈنمىگەن ئۇششاق جانلىقلار بولماسلىقى لازىم، كۆزگە كۆرۈنمىگەن مىكرۇپنى قايناق سۇ ئىچىش بىلەن يوقىتىمىز.

3 ـ ئۇ، تاتلىق بولۇشى لازىم، تۇزلۇق، زەي، ئاچچىق سۇ زىيانلىق.

4 ـ سوپۇن ماددىسى ياكى كۆكتات يۇغان سۇ چۈشۈپ قالماسلىق لازىم، بۇلارمۇ بەك زىيانلىق.

5 ـ ئەڭ مۇهىمى مىكرۇپ، ۋىرۇس بولماسلىق لازىم، ئەمما بۇنى مىكرۇسكوپدا كۆرگىلى بولىدۇ، شۇڭا بىز ئۇ ئالىملارنىڭ سۆزىگە ئىشىپ ئىش قىلايلى. بولمىسا، چوڭ ئىسراپ مۇشۇ بىز ئىچىۋاتقان سۇدا بولىدۇ، مەسىلەن: ئاشۇ سۇ سەۋەبىدىن بولىدىغان كېسەللەر.

1) قۇم، توپا ياكى بەزى نەرسىنىڭ ئارىلىششى بىلەن سۇ سەۋەبىدىن ئىچى سۈرۈش، دىققەتسىزلىكتىن، بۇ كىچىك بالىلاردا كۆپ.

2) قىزىتما، ياللۇغلىنىش كېسىلى بۇمۇ دىققەت قىلمىسا جاننى ئەزرائىلغا سۇنۇپ بېرىدۇ.

3) خولېرا ۋاباسى، بۇ بىر خىل ۋابا بولۇپ، يۇقۇملۇقتا ئۆزگىرىدۇ، سەۋەبى ئاشۇ مەينەت سۇ بولىدۇ.

4) قان سىيىش ياكى قان شورىغۇچى بىر خىل جانلىق كەلتۈرىدىغان كېسەل، بۇمۇ سۇ سەۋەبىدىن بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك كېسەللەر، مىكرۇپلانغان خام سۇ سەۋەبىدىن بولىدۇ، مانا بۇ چوڭ ئىسراپ بولىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، تائاملارغا قاراڭلار دېگەن، پاكىز، هالال نەرسىنى يېيىشكە، نىجىس نەرسىنى چەكلەپ، كىيىمنى پاكىز تۇت دېگەن، ئاللاھ پاكلارنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن. رەسۇلۇللاھمۇ ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا كۆپ دىققەت قىلغان، قاچا ـ قۇچىنى يېپىپ قويۇشقا بۇيرىغان، ۋابا بار يۇرتقا كىرىشتىن، چىقىشتىن توسقان، پاكىزلىككە بۇيرۇپلا قالماي، تىببىي ـ پەنگە ئەهمىيەت بەرگەن، شۇڭا، ئالىملار ئالاهىدە تىببىي داۋالاشقا بىر باب توختاتقان، شۇڭا، بىز يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە دىققەت قىلىشىمىزى، هالاللا بولسا بولدى دېمەي، تازىلىققا دىققەت قىلىشىمىز لازىم، رەسۇلۇللاھ ۋاقتىدا غالجىر ئىتنى يوقاتقاندەك، بىز هازىر مىكرۇپنى، ۋىرۇسنى يوقىتىشىمىز لازىم. بولمىسا، ئۆزىمىزگە زىيان، باشقىلارغا پايدا، ئىنسانلار كېسەللىكلىرى ئاساسەن يېمەك ـ ئىچمەكتىن بولىدۇ، ئاندىن باشقىلارغا يۇقۇش بىلەن بولىدۇ، ئاللاھنىڭ نۇرغۇن قوشۇنلىرى بولۇپ، بۇلار كېسەللىكنى توشۇپ يۈرىدۇ، كىم قانۇنسىز يۈرۈپ پاسكىنا ئىشلارنى قىلىپ، گۇناھ قىلسا، تازىلىققا ئەهمىيەت بەرمىسە، ئۇ ۋىرۇس شۇنى تاپىدۇ، ئاندىن باشقىلارنىمۇ هالاك قىلىدۇ، چىۋىن، پاشا، كۇمۇت، بۈرگە، پىت، سېسىق قۇرتلار كېسەل توشىغۇچى، شۇنداقلا مىكرۇپنى ئىستېمال قىلغۇچى، بۇلاردا پايدىمۇ بار، بۇ يەرشارىغا نىسبەتەن شۇنداق، ئەمما بىز ئۆيدىن، هويلا ـ ئارامدىن، يېمەك ـ ئىچمەكدىن بۇلارنى نېرى قىلىشىمىز لازىم، تازىلىقنى ياخشى قىلساق بۇلارمۇ كەلمەيدۇ، چۈنكى، ئىستېمال قىلىدىغان نەرسە يوق ـ دە! پاشا، كۇمۇتلار سۇ كۆلچەك، زەي جايلاردا ياشايدۇ، تۇخۇم تۇغۇش بىلەن كۆپىيىدۇ، بۇلار بىرەر كېسەل كىشىنى چېقىپ ئاندىن يەنە بىر ساق كىشىنى چاقسا، ساق كىشىگە كېسەل يۇقىدۇ ـ دە، ئەجەل كېلىدۇ. چىۋىن بولسا، هەربىرسى بىر ئايدا 30 كۈندە 2000 تۇخۇم تۇغىدۇ، 8 سائەتتىن 12 سائەتكىچە تۇخۇمدىن بالىسى چىقىپ بولىدۇ، بۇ خۇددى ئىنسان، هايۋانلار شۇنداق بىر خىل هالەتتىن يەنە بىر هالەتكە ئۆزگەرگەندەك، قۇرت هالەتتە چىقىدۇ، 6 كۈندىن 10 كۈن ئەتراپىدا چىۋىن بولۇپ يېتىشىدۇ، ئىسسىق جايدا، پاسكىنا جايدا كۆپ بولىدۇ، ئۇ، قونغانلا گۈش قۇرۇتلايدۇ، كۆكىرىپ بۇزۇلىدۇ، بۇ چىۋىن مىكرۇپنى يوقىتىپلا قالماي ئۇنى ئاللاھ، خالىغان بىر كىشىگە يۇقتۇرىدۇ، بولۇپمۇ مەينەت كىشىگە، ئۇ

كۆز ئاغرىق كېسىلىنى كور بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولغان، كېسەل مىكرۇپىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، ئىچ سۈرۈش، قىزىتما كېسىلىنى، خولېرا ۋاباسىنى تۇبېركۇليۇزنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، كېسەلدىن ساقا يۈتكەيدۇ، كېسەل كىشى تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئىستېمال قىلىپ، كېسەل تارقىتىدۇ، بۇ خۇددى تۇبېركۇليۇز كېسىلى بار كىشى تاماق يېگەن قاچىدا بالىلىرىغا، نەۋرىسىگە تاماق بەرگەنگە ئوخشاش، ياكى ئاشقان تائاملىرىنى بېرىپ كېسەل يۇقتۇرۇش بىلەن ئوخشاش، ئىسسىق، مۇنداق خۇراپات كىشىلەر مەڭگۈ ئەۋلاددىن ـ ئەۋلاد دوختۇردىن كېلەلمەيدۇ، كېسەلدىن خالىي بولالماي، قەلەندەر ھالدا ياشايدۇ، يا ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، يا ئىشەنمەيدۇ.

چىۋىن ياكى قارا چېكەتكە ياكى چاشقاندىن چىققان كېسەل تۈرلىرى ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ، بۆلارنىڭ كۆپىنچىسى تائامدىن بولىدۇ، كېسەل گالدىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە، كېيىن بۇنى بىلمەي مەن نېمە قىلغان بولغىيتىم دەپ ئاللاھدىن ئاغرىنىدۇ، ئۆزى بولسا، ساقلىنىدىغان ئىشتىن ساقلانمايدۇ، ھاۋانى ئالماشتۇرماي بۇرۇتۇپ، ئادەم بىر ئۆيگە تىقلىپ ياتقان، ئورۇن ـ كۆرپىلەر ئىشقا ئالدىراپ يىغىلماي، ئۆي، ھويلا ـ ئارامىلار سۈپۈرۈلمىگەن، شۇنداق قىلىپ بۇ جاي بىر ھايۋاناتلار باغچىسى بولۇپ قالغان، ئاندىن بۇ مىكرۇپلار ھايۋانلارغا سۆزسىز ھايۋانلارغا زىيان سالماي، ئىنسانى ھايۋانلارغا زىيان سالغان بولىدۇ. ئىسراپ دىسە مانا مۇشۇنى ئىسراپچىلىق دىسە بولىدۇ، ئېرسىيەت كېلىسىدىن قالغان خۇراپاتلىق نۇرغۇن ئىقتىسادقا زىيان سېلىپلا قالماي ئاشۇ ئېزىز جاننىمۇ ئېلىپ كەتتى، ھەم كېتىۋاتىدۇ، بۇ ۋابا، تىرىك قالغانلارغىمۇ چوڭ بالا ـ قازا بولدى، باشقىلار تازىلىققا، مۇھتقا ئەھمىيەت بېرىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا يەپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا كىيىپ، ھەم پۇل تېپىپ ئەۋلادلىرىگە بەخت قالدۇرسا، بىز تۈگمەس قەرز قالدۇردۇق. ئاخىرىدا يېمەك ـ ئىچمەككە، كىيىم ـ كېچەككە مۇناسىۋەتلىك بىر سۆزنى قىستۇرۇپ قويا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي **169** ـ بەت.

بىز بۇ تائامنى يەپ، كىيىمنى كىيىپ ھوزۇر ـ ھالاۋەتتە يۈرۈشنىلا بىلمەي، ئاشۇ تائام بىلەن كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەسىنى بىلىشمىز زۆرۈر ئىلمىدۇر، شۇ چاغدا بىز ئىسراپنى توختىتىپ قانۇنلۇق يەپ ئىچىمىز، ئاللاھنى، بىرلىكنى، ھېكمىتىنى تونۇپ يېتىمىز، شۈكرى قىلىمىز، مەسىلەن بىز قاراپ باقايلى.

پۈتۈن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئاشۇ ئۆسۈملۈك يىلتىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى، ئاللاھ، ھەربىر ئۆسۈملۈككە ئۆزىگە لايىق يىلتىز بەرگەن، ھەم ئۇ يىلتىزغا ئۆزىگە لايىق ماددا سۈمۈرۈش ئېغىزى بەرگەن، (مىكروسكوپدا كۆرۈنىدۇ) بۇغداي، كېۋەز، قوناق، پەلەس، كەندىر قاتارلىق، ھەممىسى ئۆزىگە لايىق ماددىلارنى سۈمۈرىدۇ، خالىغانچە ئوشۇغلۇق قىلىشقا يول يوق، ئۇلار بىزدەك ئىسراپ قىلىپ ھەددىدىن ئاشمايدۇ، پاختا بولۇش ئۈچۈن، ئۇ، يېمەكلىك ماددىنى سۈمۈرمەيدۇ، يېمەك بولۇش ئۈچۈن، يىلتىزى پاختا ماددىسىنى سۈمۈرمەيدۇ، مېۋىلەرمۇ ھەم شۇنداق، ھەممە يىلتىزنىڭ ئۆلچىمى، قانۇنى بار، ئىنتىزامى بار، ھەممىسى ئۆزىگە لايىق ئىنسانلارغا پايدىلىق خىزمەتنى قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن يۆگمەچ ئوت شۇنچە يىلتىزى ئۇزۇن تۇرۇپ، ئۇزۇن تالاللىق پاختا ئىشلەپ چىقامايدۇ، نېمە ئۈچۈن يىلتىزى پۈتۈن يەرنى قاپلاپ تۇرىدىغان ئاكاتسىيە دەرىخى ياكى ئەركەك ئۈژمەملەر مېۋە ئىشلەپ چىقارمايدۇ؟ ئاددىي پىلەك، ھەر يوغان تاۋۇز ـ قوغۇنىنى شۇنچە يوغان دەرەخ ئۈششاق مېۋىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ، مانا بۇ ھەممىنى ئوبدان بىلگۈچى، تەدبىر قىلغۇچى، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، ھېچنىمە ئۆزلىگىدىن بولمايدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، تائاملارغا قاراڭلار، ئاسمان ـ زېمىنغا قاراڭلار، ئۆسۈملۈككە، ئۇنىڭ مېۋىسىگە قاراڭلار دېگەن.

بۇنداق ئايەت **750**دىن ئاشىدۇ، بىز ئۇخلىدۇق، شۇڭا، ئاخىرى زور ئىسراپچىلىق بىزدە يۈز بەردى، يىغلاپ ـ قاخشىساقمۇ ئورنىغا كەلمىدى، سەييىد قۇتۇب دېگەندەك ئۆزۈڭنى رۇسلا، ئۆزۈڭ ئالدى بىلەن يارامىلىق كىشى بول، ئاندىن غەلىبە قىلىسەن دېگەن، بىزنىڭ، ئاللاھقا خاپا بولىدىغانغا ھېچ ھەققىمىز يوق، بىز ئاشۇ قانۇن ئىچىدە ياشىساقلا نىجات تاپىمىز.

ھازىر بىز يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتە تەرەققىي قىلدۇق، يەنىلا قۇرئان، ھەدىس بىزگە مۇھىم قانۇن بولالايدۇ، خۇراپىيلار دېگەندەك بۇ دىن ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنى توسمايدۇ، بەلكى، توغرىسىنى قوللايدۇ، شۇڭا، يېمەك ـ ئىچمەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مېۋە ـ چىۋىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ھەرخىل

كان ـ كارخانا، زاۋۇت قۇرۇش، تېرىقچىلىق، ئىلمىنى، باقمىچىلىق ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىمۇ مەڭگۈ توختىماس خىزمەت، بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشمىز لازىم، بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ، ئاللاھنى ياكى ئىنسانلارنى رازى قىلالماي ياكى ئۆزىمىز رازى بولماي ئۆتمەيلى، قۇرئاننىڭ، ھەدىسنىڭ ئەڭ ئىلغار، زامانىۋى شەرھىسىنى، تەپسىرلىرىنى كۆرۈپ، دوكتۇر، پەيلاسوپ، دۇنياۋى ئالىملاردىن ئۆگىنەيلى، خۇراپاتلىقنى بولدى قىلايلى، نېمە زىيانلىق، نېمە پايدىلىق، بۇنى ئايرىيلى، سانائەتنى خاتا دىگىلى بولمايدۇ، خاتاسى ئىدىيە ـ ئەخلاق، قانۇن، پەلسەپە بو لىدۇ، ھەقىقىي چوڭ ئىسراپ مانا مۇشۇ، يەردە بۇ زەھەرلىك چېكىملىكىدىنمۇ زەھەردۇر، ئىككىلىسىنىڭ ئىسراپچىلىقى ئوخشاش، زەھەر كىشىنى مەس قىلىدۇ، سىزىمنى يوقىتىدۇ، ئەقىلسىزلىقمۇ، بىلىمسىزلىكمۇ شۇنداق.

يەپ ـ ئىچىش، ئىسراپچىلىق توغرىسىدا يەنە بىر چۈشەنچە، تاماكا، بۇنى ئىنسانلار كۆپ ئىستېمال قىلىشۋاتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە پايدىسىز، زىيانلىق بىر مەخلۇق بۇنى دۇنيا ئىنسانلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلدى.

پەقەت، ھايۋانلاردىنمۇ بەتەر كىشلەر، شەيتانغا قۇل بولۇپ، جاھىللىق قىلىشۋاتىدۇ، ئەمەلىي تەجرىبە ئارقىلىق گېزىت ـ ژۇرنال، تېلېۋىزورلاردا بۇنى تەشۋىق قىلىسمۇ يەنىلا بولدى قىلالمايۋاتىدۇ، ئىسلام قانۇنىدا بۇنى ھارام دەپ ھۆكۈم چىقاردى، چۈنكى، بۇ ئىنسانلارغا زىيانلىق، دوزاخ تۈتۈنى، ھاياتنى يوقىتىدۇ، ھاۋانى بۇلغايدۇ، ئىسراپ مۇشۇ ئىشتا كۆپ بو لىدۇ، ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم قىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. كىشىنى سەسكەندۇرىدۇ، بۇ خام سامساقدىن خېلىلا سېسىق بولىدۇ، شۇڭا، بۇلار مەسجىدگە يېقىن بولمىسۇن، چېكىپ باقمىغان كىشىدە سىناق قىلىپ باقسا، باش قايىدۇ، دېمەك تاھارەت سۇنىدۇ، باللارنى، ئەۋلادلارنى زەھەرلەپ ھەم جىسمانىي ھەم مەنىۋى ھەم تەربىيەدە زىيان سالىدۇ، ئىنسان ئېغىزىدىكى شۆلگەي ماددىسىنى بۇزۇپ، ھەزىم قىلىش رولىنى يوق قىلىدۇ، تېتىش، پۇراش، كۆرۈش سېزىمىنى يوقىتىدۇ، ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ـ دە، پۈتۈن جىسىم، تەن بۇزۇلىدۇ. تاماقنى ئازلىتىپ، ماغدۇرنى ئۇزۇپ قويىدۇ، ئۆپكە، ھاۋا يوللىرىنى بۇزىدۇ، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، يۈرەك ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نېرۋىنى قالايمىقان قىلىپ، ئۈرۈشقاق قىلىدۇ، سېزىمنى يوقىتىدۇ، كونتروللۇقنى يوقىتىدۇ، ئەرلىك ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىپ ئەۋلاد، نەسىلگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، پىكىر، ـ تەپەككۇرنى بۇزىدۇ، ئىرادىنى بوشىتىپ، ھەق ئۈچۈن ئاچچىقلايدىغان يەردىمۇ بىر تال چېكىۋېلىپلا بولدى قىلىدۇ. بەزىسى مەجنۇن بولىدۇ، چوڭ زەھەرلىككە ئۆگىنىپ ئاخىرى تۈگىمەس بالاغا ئۆزىنىمۇ پۈتۈن ئائىلىسىنىمۇ، ھەممىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدۇ، كۆز ئاغرىقنى كەلتۈرىدۇ، ئۆسۈپ ـ يېتىلىشكە ياكى كېسەللىكدىن ساقىيىشقا چوڭ توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئارىلىقتا ئۆچ كۆرۈشنى، يىراقلاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ زىيانلىقى بەكمۇ كۆپ، پايدىسى يوق، شۇڭا، بۇ 20 خىلدىن ئارتۇق زىيان ئىلمىي پاكتلار بىلەن قۇرئاندا، زۇلۇمدىن، ئىسراپدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەش بىلەن نىجىسنى، ھارام قىلىش بىلەن نۇرغۇن ھەدىسلەردە بەزى ئىشارەت قىلىش بىلەن قەتئىي ھارام، تاماكا ھارام دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى.

## الم ص توغرىسىدا

بۇنى، ئاللاھدىن باشقىسى بىلمەيدۇ، بۇ بىر مەزھەپ، بۇلار ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپىتى، بۇ ھەم بىر مەزھەپ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دىدى: الم ۋەنەكما يەنى ئى ئادەم، ھەۋۋا ئىككىڭلارنى مەن بۇ دەرەختىن توسمىدىممۇ دېگەن الم گە ئىشارەت. سىلەرگە شەيتان ئاشكارا دۈشمەن دىمىدىممۇ دېگەن، الم ۋەنەكما دېگەن جايغا ئىشارەت دېگەن، بۇ ئىشارەتتىن مەقسەت، شەيتان بۇ ئىككىسىنى نۇرغۇن يالغان قەسەم بىلەن ئازدۇرغان، ئاندىن ئاللاھ، مەن سىلەرنى توسمىغانمۇ، سىلەرگە بۇ دېگەن ئاشكارا دۈشمەن دېمىگەنمۇ؟ دەپ كايىغان، دېمەك، شەيتان دېگەن ھامىنى شەيتان، دۈشمەن دېگەن ھامىنى دۈشمەن، دۈشمەن مەيلى يىغلاپ كەلسۇن ياكى تاياق بىلەن ھۆرپىيىپ قورقىتىپ كەلسۇن ياكى كۈلۈپ، ھىجىيىپ كەلسۇن مەيلى يالغان ۋەدە قەسەم بىلەن كەلسۇن، بەربىر دۈشمەن، بەزى ئۇ ھەقتىن توسقان شەيتان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئالدىنىش

خاتا، ئىشىنىش خاتا، ئاللاھ، مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىپ، الم نى ئاشۇ جايغا ئىشارەت قىلغان، شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن ھەق يولنى تاپساق، دۈشمەنىنىڭ ئالدىشى، سىلىشى، يالغان ۋەدە قەسەملىرىگە ئالدانمايلى.

ص سات بولسا، شەيتاننىڭ ئادەم، ھەۋۋا، ئاتا ـ ئانىمىزغا يالغاندىن نەسىھەت قىلىشى، قەسەم قىلىشىغا ئىشارەت، ئۇ ئۆزىنى نەسىھەت قىلغان كىشى ئورنىدا قويۇپ، ئالدىغان، نا پىچن غا ئىشارەتتۇر. دېمەك، شەيتان دۈشمەنىنىڭ يالغان قەسەملىرىگە نەسىھەتكە قۇلاق سالماسلىق بەكمۇ مۇھىم، شۇڭا، ئاللاھ، پ بىلەن بۇ ئورۇنغا ئىشارەت قىلىپ، بۇ دۇنيادىكى ئىنسانى شەيتانلارنىڭ قۇرۇق نەسىھەتكە قۇلاق سالماسلىق، ھەق ئىشىدا ھەق يولىدا چىڭ تۇرۇۋېرىش توغرىسىدا تەكىتلەپ پ نى مۇشۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان. دۈشمەن قانداق ئامال بىلەن كەلسۇن، ئۇنىڭغا ئالدىنىش خاتا، بولمىسا ئىنسان دۇنيا ئاخىرەتتە زور زىيان تارتىدۇ، پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ، شۇنداقلا بۇ ص سات

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن، ئاللاھ تەرەپتىن سىلەر بىلمىگەننى بىلىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەت قىلغۇچى دېگەن، ياخشى ساپ نەسىھەتكە ئىشارەت. بۇ يەردە ھەق، ساپ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش، ئالىملارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، بولمىسا ئوخشاشلا زىيان تارتىدۇ دېگەن، نەسىھەتكە ئىشارەت دېگەن، راستنى، ھەقنى ئاڭلاش ساختىغا ئالدانماڭ.

سۈرە ئەئراب ۋە باشقا سۈرىلەردە قىسسە، تارىخ سۆزلىنىدۇ، بۇ مۆئمىنلەرنى خاتىرجەم قىلىش، پۈتۈن غەلىبە ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغاخاس، دېگەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىسلام دىنى، ئادەم، نۇھ ئاتىلاردىن تارتىپ بار دېگەننى بىلدۈرىدۇ. **1400** يىل بۇرۇن رەسۇلۇللاھقا مۇشۇ كېيىنكى پەيغەمبەرگە **1400** يىل بولغان، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى بەكمۇ ئۇزۇن، بۇ قىسسىلەر مۇشۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن تاللانمىلارنى بىزگە ئۈلگە قىلىدۇ، سەۋر قىلىش لازىم كېلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك ئۇزۇن يىل چىداش لازىم. ھەم بۇ قىسسە بۇ تارىخ بالىلىرىمىزغا ئەدەبىيات ئۆگىتىشكە لازىم كېلىدۇ، بىز بالىلىرىمىزنى ئىسلامى مەكتەپتە مۇشۇنداق ھەقىقي پروگراما بىلەن كىتاب تۈزۈپ تەربىيىلىشىمىز لازىم، ئەمما، مەقسەت، ئۇنى ھېكايە قىسسە قىلىش فىلىم قىلىپ ئىشلەش ئەمەس، ئۇلارغا، ئېتىقاد قىلىش، يول بەلگىسى بويىچە مېڭىش لازىمدۇر.

شۇڭا، ئاللاھ، بۇ قىسسىنى بايان قىلغان، ئۇلارنىڭ مەنسۇخ قىلىنغان ھۆكۈمدىن باشقا جايلىرى بىزگىمۇ ھۆكۈم بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل قائىدىسىدە كۆرسىتىلگەن، بۇ قىسسىدە ھېكمەت كۆپ، ئاللاھ ئالىمدۇر.

## ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا:

بىرسى كىرىپ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگە، ئاللاھ، مۇشۇنداق دەپتۇ، پۈتۈن شەيئى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىچىدە تۇرسا، بۇ دۇنيا نېمە ئۈچۈن، ئازابلىق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاپەت كېلىدۇ، نېمە ئۈچۈن يۈرەك ئازابلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن گۇناھسىز بالىلار كېسەل بولىدۇ؟ ھەم ئۆلىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيي بۇ مەسىلىگە مەن بۇرۇنلا جاۋاب بەرگەن، ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشىدا ھېكمەت بار، رەھمەت بار، ئەمما، بۇنى ئالىملار بىلەلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا ئالدىدا سۆزلىمىگەن بىر ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرەي، ئۇ بولسا، بىر نەچچە ھادىسە، قارىماققا ئازابدەك كۆرۈنىدۇ.

**1** ـ بىر كىشى بويىنغا جاراھەت چىقىشى بىلەنلا سۆزلەش، ئاڭلاش قابىلىيىتىدىن توختاپ، مېيىپ بولۇپ قاپتۇ، بۇ **1927** ـ يىلىدىكى ئىش ئىدى، كېيىن بۇنىڭ قولىغا بىر نەرسە كىرىپ كېتىپتۇ، ئاندىن دوختۇر ھېس قىلماي بۇنى چىقىرىيپ تاشلاپتۇ، بۇ كىشى ۋايجان دەپ سۆزلىشى ئەسلىگە كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەنمۇ بىللە ئاڭلايدىغان بوپتۇ، مانا بۇ ئازاب ئەمەس رەھمەت.

**2** ـ بىر كور بولۇپ قالغان كىشى، يولدا يىقىلىپ كېتىپ، تۇيۇقسىز كۆزى كۆرىدىغان بولغان.

3 ـ بىر گاس كىشى يىقىلىپ چۈشۈپ، مىڭىسى سىلكىنىپ كېتىپ، سۆز قىلىشقا قادىر بولغان.

4 ـ بىر ئۇسال كىشى، قەبرە گۇناھ قىلىپلا يۈرىدىغان كىشى، قاتتىق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ساقىيىپلا ياخشى كىشى بولۇپ قالغان، تەۋبە قىلغان.

5 ـ بەزى كىشىلەر مۇسىبەت كەلسە، ئاللاھنى تاپىدۇ.

6 ـ بىر كېسەل كىشى قەھۋەخانىدا ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز بىر ئەينەك پارچىسى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا تېگىپ قان ئاققۇزدى ـ دە، بۇمۇ سالامەت ساقىيىپ قالغان.

بۇنداق ئىشلار بەك كۆپ، سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بەزى كىشى دەسلەپتە نامرات، يېتىم بولىدۇ، كېيىن باي بولغاندا يېتىملىكنى ئەسلەپ ياخشىلىق قىلىدۇ، ئىسراپ قىلمايدۇ، بەزىسى، ئاللاھقىلا قايتىۋالىدۇ، ئاللاھنى دوست تۇتىدۇ، ئازابلىق نۇرغۇن ئىشلار بار، ئاخىرى بەكمۇ ھېكمەتلىك، بۇلارنى نۇرغۇن سۆزلىگەن، كۆرۈنۈشى، ئازاب، ئەمما، ئۇلار رەھمەتتۇر، خۇددى دوختۇر ئوپىراتسىيە قىلغاندەك ئاچچىق دورىنى يىدۈرگەندەك ئاخىرى بەك ياخشى بۇنىڭغا ئاللاھ ئالىمدۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ھېكمەت بار ـ د ە!

مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى، كېيىن قىلىشى، ئاللاھنىڭ جازاسى، ھەم ھېكمىتى بار، چۈنكى، ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى قىلغان، ھازىرمۇ شۇنداق، ئىتتىپاقسىزلىق، ئىلىمغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، دۇنياپەرەس بولۇش، شەھۋەتكە بېرىلىش، چېقىمچىلىق، خائىنلىق قاتارلىقلار. ھەم ئاللاھدىن باشقا مەخلۇقدىن قورقۇش، كەمبەغەل، نامراتلىقدىن قورقۇش قاتارلىقلار، شۇنداقلا بۇلارمۇ تەرەققىي قىلار، ئەقىل تاپار، ئويغىنا ياكى گۇناھى كەچۈرۈلۈم بولار، بەلكى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار يارىماس، ئۇلار يالغانچى، ئاللاھ يالغانچى ئەمەس، ۋەدىسىدە ئاللاھدەك راستچىل ھېچكىشى يوق، ئەڭ مۇھىمى كاپىرلارچىلىك ئىتتىپاقلىق يوق، تەپەككۇر، ئالغا قاراش روھى يوق، ئۇلار دۇنيا ئۈچۈن ئەۋلاد ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، بۇ مۇسۇلمانلار ھورۇن كېلىدۇ. بىلمىسىزلىك ـ دە! بۇ دۇنيادا تۆرۈپمۇ ھېچنىمگە ئېرىشەلمىدى، بولمىسا، ساپ ئەقىدە يوق، چىن قەلبىدىن ئىخلاس يوق، دۇئاسى ئىجاۋەت بولغىدەك ئەۋلىيا كام كەلدى، راھەت كۆپ، ئىبادەت يوق، نېمەت كۆپ ئاخىرەتنىڭ نەتىجىسى يوق بولدى، ئاخىرى بۇلار ھالاك بولىدۇ، ئاللاھ ساقلىسۇن، ئامىن!

## ئۇلار ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇدرىتىگە ۋە ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن مەخلۇقلىرىغا قاراپ باقمامدۇ؟ دېگەن ئايەتنى توغرىسىدا

ئىنسانلار بۇ ئاجايىپ قۇدرەتلەرگە نەزەر سالماي، تەپەككۇر قىلماي، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ـ نەپرىتىگە كۆپ يولۇقتى، زىيان تارتتى، بىز ئەمدى ئۇيقىمىزنى ئېچىپ، بۇ ئاجايىپ قۇدرەتلەرگە قاراپ باقايلى، 70 نۇر پەردە، ئەرشى كۇرسى، يەتتە ئاسمان، بۇ توغرىسىدا ئىنسانلارنىڭ ھەققىي تەسەۋۋۇر قىلىش، ئەقلى، ئىلىم كۈچى يېتەلمەيدۇ، ھەقىقىتىنى، ماھىيىتىنى ئاللاھلا بىلىدۇ. بىز پەقەت مۇشۇ دۇنيا ئاسمىنىدا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇدرەتلەرگە قارايمىز، ئىلمى ئىسپات بىلەن دەلىل كۆرسىتىمىز، يەنىلا بۇنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

ئاللاھ ئەرشنى سۇ ئۈستىگە ياراتقان، كۇرسى يەتتە ئاسماننى قورشاپ تۇرىدۇ، دۇنيا ئاسمىنى، يۇلتۇز ۋە ھەرخىل پىلانىتلار بىلەن تولغان نۇر ۋە قاراڭغۇلۇقدىن ئىبارەت، كۆزىمىزگە كۆرۈنگەن كۆك نەرسە، ئاتموسفېرا بولىدۇ. بۇنى ئاللاھ، بىخەتەر ئۆگزە دەپ ئاتىغان، ۋە يەنە مەۋج يەنى دولقۇنلاپ ئۆرغۈپ تۇرىدىغان ئاسمان دەپمۇ ئاتىغان، زاتى رەجئە قايتۇرغۇچى ئاسمان دەپمۇ ئاتىغان، رەسۇلۇللاھمۇ مەۋج، دولقۇنلاپ تۇرىدىغان چەكلەنگەن ھاۋا بوشلۇقى دېگەن، كېچىسى كۆرۈنگەن ئاق بۇلۇتتەك نەرسە سامان يولى سىستېمىسى، ئۇنىڭدا 2000 ملىيارد يۇلتۇز بار.

قۇياش، ئاشۇ يۇلتۇزدىن بىرسى خالاس، بۇلار ھەممىسى قۇياش سىستېمىسىغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەمراسى بىللە ماڭىدۇ، مۇشۇ زېمىندىن باشقا 300 ملىيون زېمىن بار، دېگەن قاراش بىكار قىلىنىپ

**5000** ملىيارت بولۇشى مۇمكىنكەن، چۈنكى، ھەممە يۇلتۇزنىڭ **1**دىن **3** كىچە زېمىنى بار ئىكەن، بۇلار تېلېسكوپدا كۆرستىلگەن.

بۇلار ئاخىرى يوقۇلىدۇ، چۈنكى، ھەممىسى ھادىسە، پەيدا بولغان، ئەمدى بىز زېمىندىكى ھەرخىل تاغلار، قۇملار، دېڭىزلار، قىتئە، قۇرۇقلۇقلار، ئوتلاق، يايلاقلار، يەر ئاستى بايلىقلار، دەريالار، باغ ـ بوستان، ئېتىزلارغا قارايلى.

زېمىن ئەسلى ئاسماندىن ئايرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى ھازىرمۇ ئوت ھالدا تۇرماقتا، دەلىل، يانار تاغلار دائىم ئوت چىقىرىۋاتىدۇ، گرادۇسىنى ئۆلچىگەندە ھەر **100** كىلومېتىردا **3000** گرادۇس بولىدىكەن، يەر يادروسى **6000** كىلومېتىر كېلىدىكەن، ئۇنداقتا بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىسسىقلىق گرادۇسى **180000** مىڭ گرادۇستىن يۇقىرى بولۇشى مۇمكىنكەن، تاشقى پوستى بولسا، ھاياتلىققا لايىق بولغاندا، سوۋىغاندا ئاندىن ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھاياتلىقى پەيدا بولغان، بۇ ئەزلى بولغان بولسا، پەيدا قىلىش ھاجەتسىز ئىدى. ئەمما، بۇ ھادىسە، پەيدا بولغان، بۇ يوق، تۇرۇپ ئۆزىنى پەيدا قىلالمايدۇ، ئۇنداقتا، بۇنى چوقۇم ھاياتلىق ئىگىسى ئاللاھ پەيدا قىلغان، چۈنكى، بۇ يوقتىن بارلىققا كەلگەن ھادىسە.

بۇ يەردە مۇشۇ قاقاس ئوت ھالدىكى زېمىنغا قانداق بولۇپ بۇنچە كۆپ ھاياتلىق پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ نۇرغۇن زېمىنغا ھاياتلىق پەيدا بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ پىلانىتلار ئۆزئارا بۇ ئۈچ ھاياتلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ؟ پايدىسىنى كۆزلەپ بويسۇنىدۇ، بۇ ئىنتىزام قانداق بولۇپ رېتىملىق ئورۇنلاشتى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈچ ھاياتلىق بىر ـ بىرىگە ماس كېلىپ قالدى؟

چوقۇم بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئالدىن پىلانلىغان، ھەممىنى بىلگۈچى، سۈرەت ئاتا قىلغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى، ھاياتلىق ئىگىسى، مەڭگۈ ئۆلمەس ئۆزى ئەزلى بولغان بىر زات، ئاللاھ بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقەتتۇر، ئاشۇ جانسىز ئۆلۈك ماددىغا ئاللاھ، ھاياتلىق ئاتا قىلغان، ھازىر مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ، كۈنگە نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ كىلوگرام تۆكۈلۈۋاتىدۇ، ئابىي مەنىي (ئىسپېرما)، ئاللاھ، تائام ئارقىلىق، ئوزۇق ئارقىلىق ئىسپېرما ھۈجەيرىسىگە ھاياتلىق ئاتا قىلىۋاتىدۇ، ئىنساندىكى ھۈجەيرە ئالتە يىلدا ئالمىشىپ بولىدۇ، مانا بۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يا تىرىلدۈرۈپ ھاياتلىق بېرىۋاتىدۇ، ئەسلى ھاياتلىقدىن يەنە نۇرغۇن ھاياتلىق ھاسىل قىلىۋاتىدۇ، خۇددى گۆشتىن قۇرت چىققاندەك، بۇ ئەسلى تەبىئەت ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى، بالدۇرقى مىكرۇپىدىن ھاسىل بولىدۇ، خۇددى ھاياتىدىن ھاياتلىق كەلگەنگە ئوخشاشتۇر.

بەزى ھاياتلىق ئىگىسى، ھايۋانلار ئاق ھۈجەيرىلىك بولىدۇ، بەزىسى كۆپ ھۈجەيرىلىك بولىدۇ، ئىككىلىسى ئۆلۈك ماددىدىن ئۆزلىگىدىن بىرىكىپ شەكىل ھاسىل قىلىپ، تەدرىجىي پەيدا بولغان دېگەن كۆز قاراشنى پەيلاسوف، ئالىملاردىن شىلىس، شىپان، مىلىن، ئىدۋارد، باستىر، كوف قاتارلىقلار ئىنكار قىلغان. ئۇلار چوقۇم ھاياتلىق يەنە بىر ھاياتلىق تەرىپىدىن كېلىشى كېرەك دېگەن. ھاياتلىق يەنە بىر ھاياتلىق تەرىپىدىن ھاسىل بولسا، بۇ ئۈچ ھاياتلىق قايسى ھاياتلىق تەرىپىدىن ھاسىل بولغان، پەيدا بولغان؟

مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئىگىسى« ھەييۇن»، ئاللاھ تەرەپتىندۇر، ئاللاھ، ئاشۇ ئۆلۈك زەررىچە، ماددىنىمۇ پەيدا قىلغۇچىدۇر، ۋە ئۇنىڭغا شەكىل، سۈرەت ئاتا قىلىپ ھاياتلىق بەرگۈچى، بۇ جاۋاب ئۆزلىكىدىن، سەۋەبسىز، تاسادىپىي دېگەن جاۋابدىن **100** مىڭ ئەلادۇر، ۋە توغرىسىدۇر، پەيلاسوپ ئانىست ھېيكىل مۇنداق دېگەن: بۇ ھاياتلىق، زېمىن، يەرشارى بەلكى پۈتۈن ئالەم پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا بولۇشى ۋە مەڭگۈلۈك قەدىمى ئەزلى بىر ھاياتلىق ئىگىسىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك دېگەن. بۇ نېمە دېگەن توغرا جاۋاب ھە! راستىنلا ئەزلى، قەدىمى بولغان ھاياتلىق ئىگىسى بولغان ئاللاھ، تەرەپتىن پەيدا قىلىنغان، بۇ چوقۇم ئاخىرىدىمۇ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىدۇ.

رىشتىر دېگەن ئالىم، ھاياتلىق چوقۇم باشقا بىر پىلانىتتىن كەلگەن دېگەن، بۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتىكى ئالىملار ئىچىدە داڭلىق ئالىملاردىن ھىلمتىز، تمسىن، ئارسىنوس قاتارلىقلار بار. ئۇلار ھاياتلىق باشقا پىلانىتتىن نۇر ئارقىلىق كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئاشۇ زەررىچىدىن ھاسىل بولىدۇ دېگەن. ئەمما، بۇلار بىزگە ئوخشاش ئاللاھ تەرەپىدىن پەرىشتە ئارقىلىق كەلگەن دېيەلمەيدۇ، لېكىن، شۇ دەرىجىگە يېقىن ئاپارغان

بولسمۇ يەنە تېنۇۋالىدۇ، بىز مانا بۇ ھاياتلىق ئىلمىغا قارىساق، پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرىنى گاڭگىرىتىپ قويىدى، ئەقلىنى ھەيران قالدۇردى، تېخىچە سىر ھالىتىدە داۋام قىلىۋاتىدۇ. بىز بولساق، بۇنىڭغا كەسكىن ھالدا، ئاللاھ دەپلا جاۋاب بېرىمىز، پەيدا قىلغۇچى، سۈرەت ئاتا قىلغۇچى، ھاياتلىق بەرگۈچى، ئۆزىمۇ ئەزلى، ئەبەدى ھاياتلىق ئىگىسى بولغان، رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ دەپلا جاۋاب بېرىمىز. بۇلار، ئاخىرى ئاشۇ جاۋابقا بارسا توغرىسىنى تاپىدۇ، بولمىسا، مەڭگۈ ئەقلى ھەيران ھالدا مەجنۇندەك دۇنيادىن ئايرىلىدۇ، ئەقلى بارلىرى ئىسلام كەلتۈردى، جاھىللىرى بىز يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىمىز دەپ ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگىدى.

بۇ ھاياتلىقنى پەيدا قىلغان ئاللاھ، ئاشكارا بولسا، سىناق بىكار بولىدۇ، ئىمتىھان ئەمەلدىن قالىدۇ ـ دە! ئىنسان مۇشۇ يەرگىچە بىلەلىگىنىگە شۈكرى قىلىشى لازىم، خالىق بولغان ئاللاھ، بۇ ھاياتلىقنى يەنە ئەسلىگە قايتۇرىدىغانلىقىنى، قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى قىيامەت قايىم قىلىپ يەنە بىر ھاياتلىق مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى ۋەدە قىلغاندۇر.

قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، ئىنسانلار چوقۇم تىرىلىدۇ، قايتا ھاياتلىق ھاسىل قىلىدۇ دەپ ۋەدە قىلغان، ۋە قەسەم قىلىپ، تۇرۇپ شەكسىز بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىمۇ ئەقلى ھەيران قالدى، ھەقىقەتەن ئاشۇ ئالەم بۇ ئالەمدىن يۇقىرى ئىكەن، بۇ ھاياتلىقدىن ئۇ ھاياتلىق كۆپ تەرەققىي قىلغان ئىكەن، يۇقىرى ئىكەن، چۈنكى، ئۇ ئەبەدىي ئىكەن، ھەم بىرەر نەرسە راھەت ياكى ئازاب تەسىر قىلالمايدىكەن، دېگەنى ئويلىدى، تېخىمۇ ھەيران ھەستە قالدى. نۇرغۇنلىرى شەك قىلىپ، گۇمانى قاراشتا بولۇپ، كاپىر بولدى، نۇرغۇنلىرى شەكسىز ئىشىنىپ سىناقدىن ئۆتتى، مانا بۇ سىناق دۇنيا ـ دە!

بىز ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، شەكسىز ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن، ۋە ئاشۇ ئالەمگە تەييارلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىششىمىز ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كايىشىغا ئۇچرىماسلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بۇ مەخلۇقلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلايلى، بولۇپمۇ، ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ قوپۇرۇلىشىنى، تىرىلىشىنى، قەبرىدىن چىقىرىلىشىنى ئوخشاتقان ئاشۇ ئۆسۈملۈك ھەققىدە ئويلىنايلى.

بۇ توغرىسىدا بىز نۇرغۇن يېڭى ئىلىم ـ پەندە ئىسپاتلانغان ئىلمى مۆجىزىنى بايان قىلىمىز، شۇ ئارقىلىق ھەممىمىزنىڭ ئىمانىنى ئاللاھ كۈچلەندۈرسۇن، ئامىن!

**1** ـ لوفنهوك دېگەن ئالىم، چوڭلىقى بىر مىللىمېتىر كېلىدىغان بىر ھايۋاننى كۆزەتكەن بولۇپ، بۇ ھايۋان يامغۇر چۈشىدىغان نەم جايدا ياشايدىكەن، نەملىكدىن ئايرىلسا قۇرۇپ ئۆلۈپ قالىدىكەن، ئالىم بۇنى توپا ھالدا قۇرۇق ئۆلۈك ھالدا **15** ئاي كۆزەتكەن، ۋە شۇ پېتى قويغان، ئاندىن ئۇنى سۇغا سالسا، قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنىپ، تىرىلگەن، ئەسلى توپا سانىسىز ھاياتلىقنىڭ ئەسرىمۇ يوق بىر ھايۋان شەكلى نەمنى كۆرۈپلا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەن، ۋە غىزا ئىزدىگەن، ئىچكى، تاشقى ئەزاسى ئەسلىگە كەلگەن، مانا بۇ ئاجايىپ قۇدرەت بۇ، **1710** ـ يىلى بولغان ئىش، ھازىر مىكرۇسكۇپىدا كۆزەتسە بۇنداق ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، مانا بۇ قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنىشى بولىدۇ، قىيامەت شۇ.

**2** ـ **1743** ـ يىل، پەيلاسوف ئالىم، بىندھام ۋە باشقىلار بىر ھادىسىگە يولۇققان بولۇپ، بۇ ئىش مۇنداق، بىر بۇغداي ئۆسۈملۈكى، كېسەل بولۇپ ئاجىزلاپ سارغىيىپ قالغان، كېيىن ئالىم بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈكنى تەتقىق قىلغان. قارىسا، ئۆسۈملۈككە ۋىرۇس بىر قۇرت شۇ ئۆسۈملۈككە كىرىۋالغان، تۇخۇم تۇغۇپ باللىرىنى كۆپەيتىپ ئۆسۈملۈكتىكى ھاياتلىقنى ئىگەللىمەكچى بولغان ئىكەن، بۇ سەۋەب بىلەن ئالىملار دان ئىچىدىكى جانلىقنى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئەسلى ئۆسۈملۈك تېنىدە ھۆجەيرە بولۇپ، بۇ ئاشۇ دان ئىچىدە تۇخۇم تۇغۇپ باللىرىنى كۆپەيتىدىكەن، ئوزۇق ياخشى بولسا، قىغ، ئوغۇت ئوبدان سېپىلسە ئاشلىق كۆپ چىقىشى ئەسلى شۇ جانلىق كۆپەيگەنلىكتىنكەن، بۇ ھۆجەيرە دان ئىچىدە **10000** ـ **2000** مىڭغىچە بولىدىكەن، بۇلار، ئۆسۈملۈك ئۇرالسا دان ئىچىدە دان بىلەن بىللە قۇرۇيدىكەن، نەم يوقايدىكەن، ئۆلۈك ھالەتتە تۇرىدىكەن، خۇددى ئۇخلىغاندەك، ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ كاربون چىقىرىپ تۇرىدىكەن، بۇ **800** يىل ياشيالايدىكەن، ئاندىن يەنە تۇپراققا، نەمگە، كۆن نۇرىغا ئېرىشسە قايتا ھاياتلىق ھاسىل بولىدىكەن، يېڭىدىن تىرىلىدىكەن. خۇددى ئەجدادى قانداق قىلغان بولسا، بۇ ئۇرۇقمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بويىنچە دان، ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىدىكەن، مانا بۇ ئۆلۈككە قايتا ھاياتلىق ھاسىل بولۇشى، تىرىلىشى شۇ،

شۇڭا، ئاللاھ، ئۆسۈملۈكتەك قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىسىلەر، شۇنىڭدەك، قەبرىدىن چىقىسىلەر دېگەنىكەن، ئۇلار سۇ تاغاردا، ساندۇقتا، ئاش، ئۇرۇق ئامبىرىدا، قەبرىگە ئايلىنىپ تۇرۇپ مەلۇم مۇددەت كەلسە، نەم، نۇر، تۇپراقتا ئېرىشكەن ھامان قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدىكەن، ئاللا، ئۇنىڭ جېنىنى، روھىنى قايتۇرىدىكەن، مانا بۇ قىيامەت، مانا بۇ قايتا تىرىلىش، ئۆز ئەينى شۇ، ئىشەنمىسىڭىز، ئۆزىڭىز مىكروسكوپىدا كۆرۈپ بېقىڭ، ئالىملار مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەقلى ھەيران قالدى. بۇ ھاياتلىق نەدىن كەلگەن، يەنە نەگە بېرىپ تۇرىدۇ، يەنە قايتا نەدىن كېلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپالماي ئۆلۈپ كەتتى، ھەربىر شەيئىنىڭ خەزىنىسى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، ئاللاھ ئۇنى ئۆلچەملىك قىلىپ دەل جايىغا، دەل ۋاقتىدا چۈشۈرىدۇ، ئاللاھ، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر زاتتۇر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىنسانى ئەقىل تەسەۋۋۇر بىلەن قارىساق ئازىمىز، خاتالىشىمىز، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىز ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەلمەيمىز، ھەممىگە ئاللاھ ئالىم، ئاللا قادىردۇر.

3 ـ **1776** ـ يىلى، ئىتالىيىلىك ئالىم، سىبلتىرانى، سۇدا ياشايدىغان بىر ھايۋاننى تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن، بۇ ھايۋانمۇ سۇدىن، نەمدىن ئايرىلىپ قۇرىغاندىن كېيىن ھاياتلىق ئۈزۈلگەن، بىرەر بەلگە ئەسەرمۇ قالمىغان، ئاندىن بۇ ئالىم بۇنى توڭلاتقان، ئاندىن يەنە قىززىق گرادۇسلۇق ئوتتا قۇرتقان، بۇنى ئۈچ يىل شۇنداق قويۇپ، قارىسا توپىدەكلا تۇرغان، شۇنداقلا سۇغا، نەمگە تەككۈزسە يەنە قايتىدىن ھاياتلىق ھاسىل بولغان، پۈتۈن ئەزاسى ئەسلىگە كەلگەن، تېخى ئۇ غىزا ئىزدەپ، رىزىق دېگەن بۇ ئوزۇقنى ئۇنتۇپ قالمىغان. چۈنكى، ھايۋاندىمۇ مېڭىش، تۇرۇش، ئۆملەش، رىزىق يېيىش، ساختا ئۆلۈۋېلىشتەك ئەقىل بار ـ دە! دېمەك، بۇ ھايۋاننىڭ مېڭىسىمۇ، ئەقلىمۇ جايىدا تىرىلگەن.

4 ـ بىر ئالىم، بىز يۇقىرىدا دېگەن بۇغدايدىكى **10000** ھايۋاننى تەجرىبە قىلىپ، **16** قېتىم قۇرۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ **16** قېتىم نەمگە تەككۈزسە تۇپراقتا، نەم، نۇردا ھاياتلىق ھاسىل بولغان، قۇرىغان ھامان، ئۆلگەن، بۇ **16** قېتىم داۋام قىلغان، ئالىم ھېرىپ قېلىپ بۇ قانۇنىيەت مەڭگۈ، مەڭگۈ مۇشۇنداق ئىكەن، بۇ بىر ئالدىن بىكىتىلگەن ئىشكەن، دەپ ھاياتلىقنىڭ كېلىشى يەنە كېتىشى يەنە كېلىشىگە شەكسىز ئىشەنگەن، ئەمما ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن خەۋەر يوق، بۇنداق تەجرىبە بەكمۇ كۆپ، مانا بۇ دەل قىيامەت شۇ، قايتا تىرىلىشى شۇ.

پەيلاسوپ دويىسرمۇ يۇقىرقى ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىكى ھايۋاننى **100** ـ **110** گرادۇس ئىسسىقلىقتا ئىككى مىنۇت قۇرۇتۇپ، ئاندىن يەنە نەمگە قويسا، قايتا تىرىلگەن، **1842** ـ يىل پەيلاسوپ، جىفرىسىمۇ **1859** ـ يىلى سىناپ كۆرۈپ قايىل بولغان، پەيلاسوپ داخىينمۇ بۇغدايدىكى بۇ ھايۋاننى قۇرتقان، ئاندىن بۇ بىر ئاق رەڭلىك ئۇششاق سىزىقچا بار توپىغا ئايلانغان، **10** يىل قويۇلغانلىرىنى تېپىپ، يەنە نەمگە سالسا، قايتا تىرىلگەن، پۈتۈن ئەزاسى ئوخشاش، يېڭىدىن ئەسلىگە كەلگەن، بۇ ھۆللۈك ھالىتىدە **10** ئاي ياشىيالايدىكەن، قۇرتسا **4** يىل ياشايدىكەن، **10** قېتىم قۇرتۇپ **10** قېتىم ھۆل قىلسا، يەنە ئۆلۈپ يەنە تىرىلىدىكەن، پەيلاسوپ بېيكىر **28** يىل ئۆلۈك ھالدا قويۇپ، ئاندىن سۇغا سالسا، قايتا تىرىلگەندىن كېيىن بۇ ھاياتلىق نەگە كېتىپ تۇرىدىغاندۇ؟ دەپ سوئال قويغان، ئەمما بۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقىسى جاۋاب بېرەلمىگەن، دافىين دوييىسر بۇ ئىككىسى بۇنى **1860** ـ يىلغىچە تەتقىق قىلغان، ئاندىن ئۇلار پۈتۈن جانلىقدىن ھامىنى بىر كۈن ھاياتلىق كۈللى ئۈزۈلىدىكەن، ئاندىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۇ، نۇر، تۇپراقتا يەنە قايتا ھاسىل بولىدىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان، بۇنىڭغا پەيلاسوپ بوستىمۇ قوشۇلغان، ۋە ئۇ سۆز قېتىپ، ھاياتلىق مەڭگۈ داۋام قىلىدىكەن دېگەن، بۇلار بىرلىشىپ **100** گرادۇس ئىسسىقلىقدا بۇ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن يەنە تىرىلگىنىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، بۇ ھازىرمۇ شۇنداقكەن. (بۇ مەسىلىنى ئالىملار **160** يىل تەتقىق قىلغان)بۇ خىل قانۇن مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئاللانىڭ مەخلۇقلىرىغا قاراڭلار، سىلەردە، زېمىندا، ئۆسۈملۈكتە ئىبرەت بار، بولۇپمۇ قايتا تىرىلىشكە ئىبرەت بار دېگەن. مانا بۇ بىر تال داندىكى **10000** ھايۋاننىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى نۇرغۇن توڭلىتىش، قىزىتىشلاردىن ئۆتۈپ يەنە تىرىلىشى دەل قىيامەتنىڭ ئۆزى شۇ.

ئاللاھ، بىزنى ئۆسۈملۈككە ئوخشاشتقان، ھايۋاننىمۇ شۇنداق، ئۆلۈپ، تىرىلىدۇ، ئىنسان روھىمۇ شۇنداق، بىزنىڭ ئۆلىشىمىز، تىرىلىشىمىز مۇشۇنداق بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئىنساننىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ ئاخىرىدا بىر

تال ئۇرۇقچا بولۇپ، بۇ ئاخىرى قىيامەت كۈنى شۇنىڭدىن كۆكلەپ چىقىرىلىدۇ دېگەن. سۇنىڭ يېغىشى ئېنىق، تۇپراق، سۇ، نۇر بىلەشسە جىسىم قايتا تېرىلىش دېگەن، بۇ سەھمە ھەدىس نۇرغۇن ئايەتتە، قىيامەت مۇشۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ، ئۆسۈملۈككە ئوخشاتقان، بۇ ئىش ھەدىستىمۇ شۇنداق، بۇ ئاخىرى ئاشكارا بولىدى. ئاللاھۇ ئەكبەر.

بىر قولۇمدا كىتاب، بىر قولۇمدا قەلەم،

بۇ يولۇمدا كۆرىدىغىنىم نۇرغۇن دەرت ـ ئەلەم.

نە چارە، نە ئامال، بۇنى پۈتتى لەۋھى قەلەم،

چارىسى بىرلا ئۇ بولسا، ئىسمى ئەزەم.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە نەزەر سالايلى،

قۇدرەتتىكى ھېكمەتتىن بەھىر ئالايلى.

تەپەككۇردىن ئىزدىنىپ ھەقنى تاپايلى،

ئازغۇنلارنى يېتەكلەپ يولغا سالايلى!

## سۈرە ئەنفال تەپسىرىدىن تاللانمىلار

### ھەقىقىي غەلىبە روھىتا، ئىدىيىدە بولىدۇ. قۇرئاننىڭ بىر ئىسمى روھ

سۈرە ئەنفال ئىككىنچى ئايەت، ھەقىقىي مۆئمىنلەر، ئاللاھ، تىلغا ئېلىنسا قەلبى يۇمشاپ، ئاللاھدىن قورقۇپ كۆزلىرى ياش تۆكىدۇ، ئاللاھنىڭ ئايىتى ئوقۇلسا، ئۇلارغا ئىمان زىيادە بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ.

بۇنداق ئايەت كۆپ، يەنە ئۇلارنىڭ قەلبى ئاللاھ دېگەن زىكرى بىلەن ئارام تاپىدۇ، قەلبىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەزالىرى، تېرىلىرى يۇمشايدۇ، بەزىسى ھۇشىدىن كېتىدۇ، كۆزلىرى ياش تۆكۈپ، خالىي جايىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقىي مۆئمىنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات بولىدۇ. بۇنداق ئالامەت كۆرۈلمىگەن كىشى تېخى ئاللاھنى ھەقىقىي تونىمىغان بولىدۇ، شۇڭا، ئاللاھنىڭ بۈيۈك، ئۇلۇغلىقى ئۇ كىشىگە چۈشمەيدۇ دە! ئۇ قورقمايدۇ، زىكرى، ئايەتتە، ھەدىستە كۆپ سۆزلىنىدۇ، بۇ پەرز، 69 ئايەت، زىكرىگە بۇيرىغان، ھەدىستە بۇ ئىشنى زاكىرلار دەپ كەلتۈرىدۇ، ھەممىدىن ئەۋزەل دېيىلىدۇ، زاكىر ئادەم تىرىككە، غاپىل ئادەم ئۆلۈككە ئوخشىتىلغان، زاكىر بولۇش ئۈچۈن، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىشى لازىم، بۇنداق تەۋەككۇل قىلغۇچى زاكىر ئالدىدا بىرەر مەخلۇق ھاجىتىنى ئادا قىلالىسىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ ئۇ ماڭا ئاللاھ، بۇنىڭدىنمۇ يېقىن تۇرسا دەپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئۆز قولىدىن كېلىدىغان ئىشنىمۇ تاشلاپ قويمايدۇ.

مۆئمىننىڭ بەلگىسى، ئالامىتى تېپىلمىسا بىز نېمە ئۈچۈن غاپىل يۈرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئىلمىمىزگە، ئىرادىمىزگە خىلاپ ئىشنى قىلىمىز؟ بۇنداق كېتىپ قالساق بىزگە ۋاي، ئاللاھ، ئىنسان قىلالايدىغان ئىشنى بۇيرۇيدۇ، يۇقىرىقى سۈپەتكە، ئالامەتكە چوقۇم ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەرھال ئېرىشكىلى بولىدۇ، گەپ بىزنىڭ ئىرادىمىزدە، قەلبىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىزدا، پەقەت بىر ئاللاھقىلا يۈزلىنىش، ئاللاھ، قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ غەيرىدىن ئاللاھقىلا قېچىڭلار دېگەن، پەقەت شۇ بىر ئاللاھ، ھەممىنى ھەل قىلغۇچى. بىز ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن ئۆز كۆزىمىز كۆرۈۋاتقان ئۆلگە بولغۇدەك كىشىلەردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى پىلانلىغاندا، ئاران تۆۋەن دەرىجىگە يەتكىلى بولىدۇ، ئەمەل، نىيەت بولىدۇ، ئەمەل، رەھمەت شۇ دېمەك، رەھمەت بىلەن جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ، بىز ئاللاھقا گۇماننى ياخشى قىلساق، ئەمەلنى ياخشى قىلايلى، رەھمەتنى ئۈمىد قىلساقمۇ يەنىلا ئەمەلنى ياخشى قىلايلى، پەرىشتىلەر قۇرۇق پىلاننى، ئارزۇنى، پو ئېتىشنى پۈتۈپ قويمايدۇ، بانى يازىدۇ، يوقنى يازمايدۇ، شۇڭا، ھەقىقىي مۆئمىن بولۇش ئۈچۈن، بىرەر نىشان، ئالامەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاشۇ رەھمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئەمەلنى قەلب، نىيەت، ئەمەل، ئىخلاس لازىمدۇر.

بەزى زاكىرلارنىڭ ۋەزىپىسى 24 سائەتتە 100000 زىكرى ئېيتىدۇ، بىزىسى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 30000 دىن 40000غىچە ئىخلاسنى ئوقيدۇ، بەزىسى بىر كېچىدىلا قۇرئاننى تامام قىلىدۇ، بەزىسى زادى ئۇخلىمايدۇ، ئۇخلىسىمۇ ئۈچ سائەتلا بەزىسى 1000 سەجدە قىلىدۇ، كۈندۈزى قىيامدا تۇرىدۇ، رامىزان بىلەن بىرگە كېچىسى قىيامدا تۇرىدۇ، يىغا ـ زارى بىلەن بىرگە بەزىسى كېچىسى زىكرى بىلەن تۈنەش بىلەن بولۇپ، كۈندۈزى بولسا، تەبلىغ قىلىش، خىزمەت قىلىش، دەرس ئېيتىش، تەلىم بېرىش بىلەن مەشغۇلدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇبالىغە ئەمەس، ئەمەلىيەتتۇر.

ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر، ماكاننى قاتلاپ بەرگەندەك، زاماننىمۇ قاتلاپ بېرىدۇ، بۇ تەپسىر مۇنىيردا بار، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى ھەق، بۇ ھەرقايىسى سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا، رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسى دېگەن بابدىن كېيىنلا سۆزلىنىدۇ، بۇ قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، بۇنىڭغا شەك قىلىش، تۈپتىن خاتادۇر، بۇ ئىشلار قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياسدىن ئىبارەت، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن ئىسپاتلاندى، شۇنداقلا بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ بار، بۇنى پەقەت ھەقىقىي ئالىملار، ھەقىقىي زاكىرلار چۈشىنىدۇ، بۇ توغرىسىدا بىز دائىم

سۆزلەپ تۇرمىز، كېيىنچە بايان قىلايلى (جىھادقا شۇنداق كىشى لازىم)

**سۈرە ئەنفال 24 ـ ئايەت، بىلىڭلاركى، ئاللاھ، كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلالايدۇ دېگەن توغرىسىدا**

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ، ھەربىر كىشى بىلەن قەلبى ئارىسىغا ھەرخىل توسالغۇ سېلىپ قويىدۇ.

شۇ ئارقىلىق ئىنسان يۇقىرى بىلىمنى، كەلگۈسىنى، غەيبنى بىلەلمەيدۇ، بىلىمنىمۇ جاپالىق تېرىشىپ ئالىدۇ.

**1** ـ بىرىنچى توسالغۇ، ئۇيقۇ، ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى، ئۇيقۇ بىلىدىغىنىنى توسۇپلا قويماي تېخى ئويغاقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن بىلىدىغىنىنى ۋە بۇرۇن بىلگىنىنى ھەممىنى توسۇپ قويىدۇ، ئۇنتۇلدۇرىدۇ، بۇ ئەڭ چوڭ دۈشمەن، ھەزەر قىل.

**2** ـ مەجنۇنلۇق، بۇ دېگىنىمىز ھەقىقىي ساراڭلىق، ئىشىق ئوتىدىن بولغان مەجنۇنلۇقمۇ توسالغۇ بولىدۇ.

**3** ـ ھەرخىل بىھۇشلۇقمۇ قەلبنى توسۇپ قويىدۇ.

**4** ـ ھاراق ئىچىش، بۇ مەسلىك كىشى بىلەن ئەرنىڭ قەلبى ئارىسىغا توسالغۇ بولۇپ، ئەقلنى يوقىتىدۇ، شۇڭا، بۇ ھاراق گۇناھنىڭ ئانىسى، بىلىمنىڭ دۈشمىنى.

**5** ـ ئەپيۇن، خىروئىن، نەشە ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەر، بۇلارمۇ نېرۋىنى زەھەرلەپلا قالماي، توسالغۇ بولىدۇ.

**6** ـ كېسەللىك، كىشى ساق ـ سالامەت چاغدىكى نۇرغۇن بىلىدىغان نەرسىنى كېسەل ۋاقتىدا بىلمەيدۇ، بۇمۇ كىشى بىلەن قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ.

**7** ـ دەھشەتلىك، قورقۇنۇشلۇق بىرەر ئەھۋالمۇ شۇنداق.

**8** ـ خاتا ئەقىدە، ئېتىقاد، گۇناھ، پاسىقلىقمۇ توسالغۇ.

**9** ـ بەزىدە ئىنسان ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشنى قىلىدۇ. بۇمۇ بىر سەۋەنلىك، غەپلەتتە قالغانلىق، ئۆزىنى بىلمەي ئۆزىنى تەكشۈرەلمەي، ئۆزىنى كۆزىتەلمەي، شەيتانغا قۇل بولىدۇ ـ دە! توسالغۇ ھاسىل بولىدۇ.

**10** ـ خېتىپلار، شائىرلار، ئالىملار، لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر ئىنسانىنى قەلبىنىڭ قېتىدىن، ئىرادىسىدىن توسۇۋالىدۇ، تەسىرلەندۈرۈپ ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئېتىقادىنى، كۆزقاراشىنى، تەسەۋۋۇرىنى قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەلۋەتتە، تالىبنى ئۇستاز ئۆزگەرتكەندەك.

**11** ـ ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەت، شەرىئەت ـ شارائىت، مۇھىت، ئېرسىيەت، كەسىپ ھەرخىل دىن، قانۇن ـ تۈزۈملەرمۇ ئىنساننىڭ قەلبىنى توسۇپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، مەقسەت، پىلان، ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلدۇرىدۇ، بولۇپمۇ زالىم ھاكىمىيەت نۇرغۇن ئارزۇنى، ئېتىقادىنى، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى قويمايدۇ.

**12** ـ دەرىجە، ئۇنۋان ئارىلىقى بومۇ توسالغۇ بولىدۇ، باشلانغۇچتىكىلەر، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى، بۇلار تولۇق ئوتتۇرىنى، بۇلار ئالىي مەكتەبنى، پەلسەپىنى، ھېكمەتنى بىلەلمەيدۇ، ئارىلىقدا توسالغۇ بار، ئارىلىقدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتىدۇ، بىرلا بۆسۈپ چىققىلى بولمايدۇ.

**13** ـ تۈگىمەس دەرىت ـ ئەلەملەر، غەم ـ ئەندىشىلەر، دۇنيا غىمى، گال غىمى، ھەرخىل پۈتلىكاشاڭ، بالا ـ قازالارمۇ كىشى بىلەن قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولۇپ، ئۇ كىشىنى نۇرغۇن ھەقىقەتتىن، كەشپىياتتىن توسۇپ قويىدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇ جاھالەت دەۋرىدە.

**14** ـ ئىنسانلارنىڭ تەدبىرىنى، ئاللاھنىڭ تەقدىرى باشقۇرىدۇ، ئاللاھ خالىغانغا بېرىدۇ، خالىغاندىن ئالىدۇ، ئاللاھ خالىغاننى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، بەندىلەر سوراققا تارتىلىدۇ، ئاللاھ، توسالغۇنى ئالسا،

سالغۇچى يوق، توسالغۇ پەيدا قىلىپ قويسا، ئۇنى ئالغۇچى يوق، پۈتۈن قەلبلەر ئاللاھنىڭ قۇدرەت بارماقلىرى ئارىسىدا، بۇ ھەدىسنى مۇسلىم خاتىرلىگەن.

رەسۇلۇللاھ، ئى ئاللاھ، قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇقىم قىلغىن، دەپ سورىغان، ئاشۇ مۇبارەك قەلبىنىمۇ ئاللاھ ئۆزى خاتىرجەم قىلىپ، سۇباتلىق قىلغاندۇر. مانا مۇشۇنداق نۇرغۇن ھەقىقەتتىن ئىنسان قەلبى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، قەلب بىلىشكە تېگىشلىك بولىسىمۇ، توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ياكى قەلبىدىن ئىنسان توسالغۇغا ئۇچراپ ئالالمايدۇ، مەسىلەن: ھاياتلىق بىر پەردە، توسۇق بولۇپ ئىنسان قەلبىنى، نۇرغۇن ھەقىقەتنى ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن بىلەلەيدۇ، ھازىر بولسا، خەۋەرسىز ھالدا قۇلاقتا ئاڭلىدى خالاس.

ھازىر بولسا، دۇنيادا نۇرغۇن كەشپىياتلار ئاشكارا بولدى. مەسىلەن: پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوت، غەۋۋاسلىق، پويىز، ماشىنا، موتسىكىلىت، ھەر خىل قورال ـ ياراقلار، تانكا، بومبا، ئايروپىلان، ئالەم كېمىسى، راكېتا، سۈنئىي ھەمراھ، مىكروسكوپ، تېلىسكوپ، دۇربۇن، كېچىلىك دۇربۇن، نۇرغۇن ھايۋان، جانلىق تۈرى، ئۆسۈملۈك تۈرى، مىكروپ، ۋىرۇس، باكتېرىيە، گىن، كلونلاش، ئاسمان بوشلۇقىدىكى ھەرخىل كارامەتلەر، ئاسمان يوللىرى، يەرئاستى بايلىقلار، ۋاھاكازالار.

بۇلار، بۇرۇنمۇ بار ئىدى، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەمەس، ئۇنداقتا، بۇلارنى ئاشۇ ئەقىللىق ئاتا ئەجدادلىرىمىز، نېمە ئۈچۈن بىلەلمىدى، ئۇلار ھەربىر ھەرپىنى شۇنچە تەتقىق قىلاتتى، ئاجايىپ گۈزەل، مول بىلىمنى قالدۇرغان، ھازىرقىلار ئۇلارغا ئەقىلدا يەتمەيدۇ، ئىبادەتتىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ ئاشۇ كارامەتلىك ئەۋلىيالار، نېمە ئۈچۈن بۇ كەشپىياتلارنى بىلەلمىدى؟ بىلسىمۇ نېمىشقا خەلققە ئاشكارىلىمىدى؟ مانا بۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئاللاھ، ئىنسان بىلەن قەلبى ئارىسىغا توسالغۇ ھاسىل قىلىدۇ، چەكلەپ تۇرىدۇ، غەيبىنىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق كەشپىياتلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئۆزى خالىغان چاغدا، خالىغان كىشىگە، خالىغان ماكاندا بىلدۈرىدۇ، بۇ ئايەتنىڭ بىر مۆجىزىسى بولىدۇ.

بۇندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن كەشپىياتلار چىقىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ھازىرقى ئالىملارنىڭ قەلبىدىن توسۇلىدۇ، چەكلىنىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئاندىن ئاشكارا بولىدۇ. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار ئۇيقۇمىزدىن ئويغىنىپ كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم، كەلگۈسى كەشپىيات، كەلگۈسى غەلىبە، بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئاللاھ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرغاندەك، قىساسنى ئادىل ئالغاندەك، مۇسۇلمانلارغىمۇ بىر بېرىشى مۇمكىن، پەقەت بىز تىرىشساقلا، يېڭى ئىلىم ـ پەن، كەشپىيات نەتىجىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىماقتا، بىز ئاللاھنى تېخىمۇ چۈشەندۇق، نۇرغۇن ئىلىم ـ پەن، ئاللاھنىڭ ئىلمى ـ قۇدرىتىنى، ھەدىسلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلارشتۇردى، ئاللاھ، ئەقىلدا مۇمكىن ئەمەس ئىشنى مۇمكىن قىلىدۇ، بۇرۇنقىلارنى ھازىرقىدىن، ھازىرقىلارنى كەلگۈسىدىن، كەلگۈسىدىكىلەرنى يەنىمۇ كەلگۈسىدىن، بۇ ھاياتلىقتا تۇرغانلارنى، ھاياتى بەرزەخ ئۆلارنى بولسا، ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىدىن، ئاللاھلا توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، قەلبىنى قويۇپ، بەرسە ھەممىنى بىلەلەيدۇ، مۆئمىن قەلبى رەھماننىڭ ئەرشى دېگەن گەپ بار.

ئاللاھ، ھەممىنى ئۇبدان بىلىپ تۇرىدۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، بىلدۈردىغىنىنى، ۋاقتى كەلسە بىلدۈرىدۇ، توسۇپ قالىدىغىنىنى قالغان چاغقىچە، ۋاقتى كەلگۈچە توسۇپ قالىدۇ. بولمىسا ئىش قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ غەيبنى، كەلگۈسىنى بىلدۈرسە قەلبىنىڭ كارامىتىدىن ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇپ باقايلى، ئاللاھ قۇرئاندا ئۆزىنىڭ ئوخشىشى يوقلىقىنى دېگەن. شۇنداقلا، ئۆزى بىر تۇرۇپ پۈتۈن ئالەم بىلەن ئەرش كۈرسى، ئاسمان ـ زېمىن، نۇرغۇن يۇلتۇز، پىلانىت، ئوربىتىلار، زېمىن، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، قەلب ھەربىر كىشىدىكى يۈرەك، ئوي ـ پىكىر، خىيال، ئۈچ ھاياتلىقدىكى ھۆجەيرە، مىڭە، نېرۋا ھۆجەيرىسى، زەررىدىن كىچىك بولغان **187** مىليوننى بىر قىلسا ئاران بىر تال بۇغدايدەك بولىدىغان ئاشۇ ھايۋانلار بىلەنمۇ بىللە بولىدۇ. پۈتۈن ئالەم، پۈتۈن جانلىق، پۈتۈن تۇخۇملار ئۇلاردىن چىققان قۇش، ۋە ھۆجەيرە قاتارلىقلار بىلەن بىللە بولالايدۇ، ئىلمىدا، قۇدرەتتە، ھېكمەتتە، رەھمەتتە، رىزىقتا بىللە بولىدۇ، روھ ئاتا قىلىش ۋە ئۇنى ئېلىش، ھېسابىنى بىلىش، ئالدىن بىلىش، بىر ـ بىرىنى بۇرۇننى، ھازىرنى، كەلگۈسىنى بىلىپ ئوخشاتماسلىقلار. ئاللاھ، ئاھ، يائاللاھ، ئاللاھ نېمىدېگەن بۈيۈك ھە!

مانا ھازىر ئىلمى كەشپىيات بىلەن ئىلغار ئۈسكۈنىدە نۇرغۇن بىلىمنى بىلدۇق، پۈتۈن ئالەمنى

چۈشەندۇق، ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈردۇق، چوڭ - چوڭ ئالەملەرنى بايقىدۇق، **10000** ھەسسە چوڭايتسا بىر تال پىتتەك بولىدىغان ھۈجەيرە، گىن، مىكرۇپلارنى بايقىدۇق، دۆۋە - دۆۋە قۇملارنى جىگلاپ چىقىپ، تەخمىنەن سانىنى چىقارغىدەك چۈشكەن يامغۇرنىڭ جىڭ سانىنى بىلگىدەك، چۈشۈۋاتقان قارلارنى سۈرەتكە تارتىپ ئۈنىگدىكى گۈزەللىكىدىن ھوزۇر ئالغىدەك، ساقاللارنى، يۈگلارنى، چاچلارنى سانىغىدەك بولدۇق، مانا بۇ ئىلىم، ئاللاھنىڭ ئىلمى ئالدىدا ھېچنىمگە تەڭ ئەمەس، پۈتۈنلەي يوق ھېسابىدا، بىز ئاخىرى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇپ يەتتۇق، ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىلمى ئۇسۇلدا ئىسپاتلاپ چىقتۇق، بۇ بىزنىڭ ئىمانىمىزنى، ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى، شۇڭا، مەن مۇسۇلمانلارنى بۇندىن كېيىنكى يېڭى كەشپىياتلارنى قولدىن بېرىپ قويماي تىرىشىپ جاپا تارتىپ بىلىم ئېلىپ ئىلىم جەھەتتىن ئىسلامنى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئالغا سۈرۈپ، ئىبسلماى كەشپىيات، ئىسلامىي تەرەققىياتلارنى قولغا كەتۈرۈشكە چاقىرىمەن.

ئاللاھنىڭ ھەربىر مەخلۇق بىلەن بىرگە بولۇشىغا بىر مىسال:

ئاللاھ، قۇرئاندا وهومعكم، ئاللاھ، سىلەر بىلەن بىللە، يەنە ئاللاھ جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن دېگەن. يەنە بىر ئايەتتە ئۈچىنىڭ تۆتىنچىسى، تۆتىنىڭ بەشىنچىسى، بەش بولسا ئالتىنچىسى نەچچە بولسۇن، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە دېگەن. مەخپىي، ئاشكارە، يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. كىشى بىلەن قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ، دېگەن، سەھىھ ھەدىستە، (مۇتتەپەقۇن ئەلەيە ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ) مۇنداق دېگەن: ئاللاھنى كۆرۈشۇگلار خۇددىي قۇياشنى كۆرىشگلارغا ئوخشاش قىستالمايسىلەر، بۇ ھەدىستىن بىر مىسال كەلتۈرەيلى.

ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، مەقسەت، كۆرۈشنى ئوخشاتقان دە - تالاش، قىستاش بولماسلىقتا، ئاللاھنى، مەخلۇققا ئوخشاشتىمىغان، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلارنى قايىل قىلىش ۋە ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش، شۇنداقلا مەسىلىنى چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن، مىسال كەلتۈرۈلدى، قۇياش بولسا، زېمىننى يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇز، زېمىندىن خېلى يىراق بولسىمۇ ئىنسانلار ئۇنى كۆرەلەيدۇ. ئۇنىڭ زەررىچىسى سانسىز بولغاندەك، پايدىسىمۇ كۆپتۇر، ھەربىر شەخس ئۆز جايىدا ياكى ئۆگزىدە ياكى كېچىدە ئايدىڭدا يالغۇز تۇرسا، قۇياش ياكى ئاي ئۇنىڭ بىلەن شەخسەن بىللە بولىدۇ.

بۇ كىشى قۇياشنى ياكى ئاينى ياكى بىرەر يۇلتۇزنى ئۆزىگىلا قاراپ تۇرغاندەك، ئۆزىگە خاس تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇياش پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار بىلەن بىللە، نۇرى بىللە، جامالى بىللە، پايدىسى بىللە، ئەمما، كىشىلەر بۇنى يالغۇز ئۆزى بىلەن بىللە دەپ گۇمان قىلىدۇ، بۇ بىر كىچىك يۇلتۇز خالاس، ئاللاھ دېگەن خالىق، ئۇ ھەممىنى ياراتقان، كُنْ كۇن دېگەن سۆزدىن ھەممىنى ياراتقان زاد، قۇياشنى ئالتە تەرەپ قورشاپ تۇرىدۇ، كۆزلەرمۇ پۈتۈنلەي كۆرەلەيدۇ، ئاللاھ، ھەممىدىن بۈيۈك، چەكسىز زات، ئاللاھنى ئەقلىمۇ چىگرا دائىرىگە ئالالمايدۇ، ئۇ پۈتۈن مەخلۇقنى ئالدىن بىلىپ ياراتتى، ھەممىسىبىلەن بىللە بولالايدۇ، ئاللاھ قۇياشدىن بۈيۈكتۇر، ھەم ئۇلۇغدۇر، پۈتۈن ئالەم ئاسمان - زېمىن، ئاللاھ ئالدىدا كىچىك، يوقلا نەرسىدۇر. شۇڭا، بىز، الله، بىز بىلەن بىللە، ئىلمى بىللە، كۆرىشى بىللە، ئاڭلىشى بىللە، قۇدرىتى بىللە، زاتىنىمۇ بىللە ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر، چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇ زات ماددا، جىسىم ئەمەس، شۇڭلاشقا ئاللاھقا ئىنسانىي تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر بىلەن قاراشقا بولمايدۇ، ئىنسان ئەقلى بۇنى بىلمەيدۇ، ھەقىقىتىنى تاپالمايدۇ، قۇدرەت ھېكمىتىنى بارلىق، بىرلىكىنى ئاران بىلەلەيدۇ، خالاس، ئاللاھۇ ئەكبەر!

بۇ ھەقىقەتنى پەقەت تەپەككۇر قىلغان كىشى كۆزنى يۇمۇپ بەش سەزگۈ ئەزانى يوق قىلىپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئالەمنى ئۇيلىغان كىشى، ئاللاھنى ئەسلىگەن كىشى بىلەلەيدۇ.

بىز پۈتۈن كائىناتنى، پۈتۈن مەخلۇقلارنى بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلاردىكى سىرلارنى بىلىشىمىز لازىم، شۇڭا، بىز بۇ قەلبىمىزنى ئويغۇ بىلەن ئارام تاپقۇزماي، تىرىك قەلبنى قەستەن ئۆلتۈرمەي، مىڭىمىزدىكى **15** مىليارت ھۈجەيرىنى ئىشقا سالايلى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھى، نەپسى، قەلبى بىلەن پەقەت كارى يوق، خەۋەرسىز ھالدا، ئۆز - ئۆزىنىمۇ تونىماي، بۇ ئالەمدىن تەييارلىقسىز يوقالدى، كېيىنكىلەرمۇ بۇلارغا ئەگەشتى، بۇ ئىنسان نەپسى، روھى ئۈچۈن ئىككى تاختا لەۋھە بار، بىرى پۈتۈن ئالەم، ئىككىنچىسى،

ئۆز جىسمىدۇر.

بۇنىڭغا ھەم ئىككى كۆرسەتكۈچ بار، بىرسى ساماۋى كىتابلار، ئىككىنچىسى ھېكمەتلىك ئىلىم، پەلسەپە، روھ ئىلمىدۇر. ئىنسان پۈتۈن كائىناتتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆز جىسمىنى، نەپسىنى، روھىنى بىلمىسە ئۇ پۈتۈن شەيئىدىن خەۋەرسىز قالغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ روھ، نەپسى ئەزەلدىن بىزدىن بۇرۇن مەۋجۇت ئىدى، ھازىرمۇ بىز بىلەن سەپەردە، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا پۈتۈن ۋاقىتتا بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭ ماددىدىن، جەسەتتىن ئايرىلىشى ۋاقىتلىق بىر ئىش.

ئىنسان روھى، ئاڭ تەپەككۇرى، بەكمۇ كۈچلۈك، يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە، مەسىلەن: ئەمەلىيەتتە سانالغان نەرسە مەۋجۇت بولىدۇ، ئەمما، سان، سانلىق مەلۇمات پەقەت تەپەككۇردا، ئىددىيىدە بولىدۇ، ئاڭدا بولىدۇ، ئۇ سانلىق مەلۇماتقا، ۋۇجۇد يوقتۇر.

ئۇنىڭ ئورنى يەنىلا روھ، ئاڭ، تەپەككۇر، قەلب. مەسىلەن: لەۋزى بىلەن بىر ئاۋاز، ئاۋاز دېگەن ھاۋادىكى ھەرىكەت، بۇ ھەرىكەت، ئاۋاز ئاشكارا بولۇشتىن بۇرۇن نەدە ئىدى، ئاشكارا بولغاندىن كېيىن يەنە يوقۇلىدۇ، يوشۇرۇنىدۇ، بۇنى بولسا، نەپسى، ئاڭ، روھ، قەلب، تەپەككۇر، مىڭە ئەستە ساقلايدۇ. ئادەم قەلبى، روھى كۈچى، ۋۇجۇدى يوق بىر نەرسىنى ساقلىيالايدۇ، چۈنكى، بۇ روھ، نەپسى، قەلبى، تەپەككۇرى، پۈتۈن ئالەمدىن تەرەققىي تاپقان، بولىدۇ. ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، بۇ قەلبنى قۇدرەت بارمىقى ئارىسىدا باشقۇرىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: بىز يەۋاتقان غىزا كۆز، قۇلاق بولۇپ، ئاندىن تەپەككۇرغا ئايلىنىدۇ تەپەككۇر بولسا، دانالار، ئۇرۇقتا ئوخشايدۇ، ئۇرۇغ بولمىسا نەتىجە يوق بولىدۇ دېگەن. پۈتۈن ئالەم ئەسلى تەپەككۇر، ئەقىل، روھ، ئاڭدۇر دېگەن. ماددىلار بولسا، مۇستەھكەم بولىدۇ، بېرىكىدۇ، تەركىب تاپىدۇ، پارچىلىنىدۇ، روھ، ئاڭ، تەپەككۇر ئۇنداق ئەمەس.

جىسىم، ماددا ئوزۇقلانسا، چوڭايغاندەك تەپەككۇر، ئاڭ، روھقىمۇ ئوزۇق لازىم بولىدۇ. بۇلارغا، ئوزۇق تولۇق بولسا، تەپەككۇرمۇ چوڭىيىدۇ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەپەككۇر قىلىدۇ، كاللا قىزىمايدىغان بولىدۇ، تەپەككۇرنىڭ ئوزۇقى يەنىلا پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر، قەلبنى خالىي قويۇشتۇر، ھەرخىل پۈتلىكاشاڭدىن خالىي بولۇش، قەلب، روھ بۇ ماددىي جىسمانىي دۇنيادىن تەپەككۇر، سۈكۈت بىلەن يىراقلاشقانسېرى مەنىۋى قۇددۇس، پاك روھى دۇنياغا يېقىنلىشىدۇ، روھىي دۇنياغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئاندىن روھ، ئالىي، پاك روھلار يېقىنلىشىدۇ، ئاندىن بۇ ئىككى دۇنيانى تەپەككۇر قىلىپ، بىر ئاللاھقا بولغان ئىشقى ئاشىدۇ، مانا مۇشۇنداق ھەقىقەتتىن توسالغۇ بولىدىغان نەرسىنى بىز سۆزلەپ ئۆتتۇق، ئاللاھ بەندىنى جۈملىدىن ئۇنىڭ قەلبنى سىناپ، توسالغۇ قىلىپ قويىدۇ، ئەمما ئىنسان بۇنى بىلىپ ئۆتۈشكە قادىر، شۇڭا، ئاللاھ، مۇشۇ توسالغۇنى سۆزلەپ بەرگەن ھەم نەپسىنى، روھنى پاكلىغان كىشى نىجات تاپىدۇ دېگەندۇر. پۈتۈن بەخت، ئازاب، جەننەت، دوزاخدىن تارتىپ ھەممە روھ، قەلبكە باغلىق بولىدۇ. ئاللاھمۇ قەلبكىلا قارايدۇ، قەلب يارىمىسا جايناماز ئۈستىدىمۇ گۇناھ قىلىپ چىقىدۇ، خۇددىي رىياكەش كىشىدەك، نۇرغۇن ھەقىقەتنى جۈملىدىن ئاخىرەت ھەقىقىتىنى، روھ، قەلب بىلىشكە قادىردۇر، ئەمما، ئۇ مۇشۇ ماددى، جىسمانى سىرىتماققا قاملىپ تۇرماقتا، بۇ قەلبنى بۇ سىرتماقتىن، بۇ تۇرمىدىن ئازات قىلىش ھەممىدىن ۋاز كېچىش بولۇپمۇ قەلبى جەھەتتىن ۋاز كېچىشى بىلەن ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىش بىلەن بولىدۇ، روھ، ئىلىم، تەپەككۇر، بۇلار ماددىدىن باشقا نەرسە، قەلب، بۇلارنى ئاشۇ ماددى جىسىمدىن زېمىندىن رىزىقىدىن، ئائىلە ۋاھاكازالاردىن ۋاز كەچكەندە پەقەت ئالدىنى، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، بىلىمگە، تەپەككۇرغا، ئاشۇر روھانى دۇنياغا قاراتسا ئاندىن بۇ ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ، ئەمەللەر نىيەت بىلەت بولىدۇ، ئالىي، ھىممەتلىك بولۇش، ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن، پەيلاسوپ ئالىم سوقرات، قەلبنى، روھنى، تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، بولۇپمۇ ئۇ مۇنداق بىر ھەقىقەتكە ئېرىشكەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە زىت، بىر ـ بىرىگە ئەگىشىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ، كېتىۋاتىدۇ، ئاخىرى ھەممە پۈتۈنلەي كېتىپ پۈتۈنلەي كېلىدۇ، چۈنكى، روھ يوقالمايدۇ، دېگەن. ئۇ مۇشۇ نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنگەن، مانا بۇ قىيامەت شۇ. روھ ۋە قەلب توغرىسىدا پەيغەمبەرلەردىن باشقا نۇرغۇن

ئەۋلىيالار، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرغان. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: روھلار، ئىسلام ئالىملىرى، مۇخلىسلىرى ۋە پاك مۇتتەقىيلەرگە مۇناجات قىلىدۇ، بولۇپمۇ جىمى، راستچىل، توغرا بولغان زاھىدلارغا بۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، نۇرغۇن ئىنسانلار بولۇپمۇ زاھىرى بىلىمگە ئىگە بولغانلار بۇنى بىلمەيدۇ، ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما بۇ ھەقىقەت، ھەقىقەت قارىشى تەرەپ بىلمەي قىلىشى بىلەن خاتا بولمايدۇ، دەپ ئىمام غەززالى رەھمەھۇللە ئەلەيىنىڭ كىمىائو سائادەت دېگەن كىتابىدىن بىر نەچچە سۆزنى دەلىل قىلغاندۇر، بۇنى دۇنيا ئالىملىرى ئېتراپ قىلغان، شۇڭا، بۇ كىتاب نەشىردىن چىققان، ئۇ مۇنداق دېگەن، ھەرقانداق قەلبى پاك كىشىگە دائىم ھالدا، روھى ئىلھام ۋە ھەق بايانلىرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتلەر بەش سەزگۈ ئەزەدىن كىرمەيدۇ، بەلكى، قەلبكىلا كىرىدۇ، ئەمما، نەدىن كەلگىنىنى بىلمەيدۇ ـ دە، ئاللاھدىن، روھىي دۇنيادىن كەلدى دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى، قەلب پەرىشتىسى روھى دۇنيادىن بەش سەزگۈ ئەزا بولسا، ماددى جىسىم دىندۇر، بۇ ئالەمگە تەۋە بولغان نەرسە ئۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى ھەقىقي بىلەلمەيدۇ، بولۇپمۇ زاھىرنى بىلىدۇ، باتىننى ماھىتىنى بىلەلمەيدۇ، **1000** ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلادۇر.

قەلبدە كۆز بارلىقى بۇ بىر ھەقىقەتتۇر، بۇ ئايەتتە، ھەدىستە ئىجمائ قىياستا، ئەمەلىيەتتىمۇ راست ئىسپاتلاندى، قەلبىنىڭ كورلىقىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن، ئامىن!

ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەقىقەتلەر ئۆلگەندىن ئەمەس، ئۇيقىدا، چۈشىدە ئەمەس بەلكى، مۇشۇ دۇنيادا، ئويغاق ۋاقتىدا ئاشكارا بولىدۇ، دېگەن. شەرتى ئاللاھقا ئالدىنى قىلىش، قەلبدە ئاللاھدىن باشقىسى بولماسلىق، ئاخىرەتنى، روھىي دۇنيانى كۆپ ئەسلەپ شۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش، جاپالىق رىيازەت تارتىش، نەپسىنى ئۆلتۈرۈش، شەھۋەتتىن، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن، غەزەپتىن، قەبىھ ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن كۆپ ئۇخلاشتىن خالىي بولۇش، دائىم سەگەك ھالدا زىكرى، پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن تائامنى ئاز يەپ ئىتكاپدا ئولتۇرۇپ خالىي ماكاندا پۈتۈن ئالەمدىن ۋاز كېچىپ بەش سەزگۈ ئەزانى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، زاھىردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، باتىنى كۆز، باتىنى قۇلاقنى ئېچىپ قەلبنى ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈپ پەرىشتە، روھ دۇنياسىغا قارىتىپ تىلدا ئەمەس، دىلدا، قەلبدا ئاللاھ، ئاللاھ، ئاللاھلا... دەپلا ئولتۇرسا بولۇپمۇ قەلبنى ئاللاھقىلا ئېسىپ قويسا، پۈتۈن ئالەمدىن بولۇپمۇ ئۆز جىسمى، ئۆز جىنى، ئۆز نەپسىدىن ئايرىپ پەقەت ئاللاھنىلا كۆرگەندەك تۇرالىسا، باشقىسى كۆللى ئۈزىل ـ كېسىل يوقالسا، ئاجايىپ قۇدرەتلەر، ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلىرى ئاشكارا بولىدۇ، بۇلارنى سۆزدە ئىپادىلىگىلى بولماس، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ئۆلۈپ كەتكەن، سالىھلار روھى ئاشكارا بولىدۇ. ئاشكارا خىتاپ قىلىدۇ، دېگەن. خۇددى رەسۇلۇللاھ ماڭا زېمىنىنىڭ مەشرىق، مەغرىبى قاتلاندى، مەن ھەممىنى كۆردۈم دېگەندەك، قەبرىدە روھنى كۆرگەندەك، ئاللاھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتكەندەك، بۇلار پەيغەمبەرگە مۆجىزە بولسا، ئەۋلىيالارغا كارامەت بولىدۇ.

ئاللاھ خالىسا بۇ پەزلىنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، كىشى ئاشۇ پەزلىنى ئۈمىد قىلىپ، تىرىشسا بولىدۇ، ھەممە مۆئمىن مۇتتەقىلەر ئاللاھنىڭ دوستى، ئەۋلىيادۇر. سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ روسۇللاھنىڭ مۆجىزىسىگە ئۇلاپلا كارامەتنى كەلتۈرگەن، بۇنى ھەقىقي ئالىملار ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت شىئە مەزھىپىدىن باشقا.

ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىھيائولئولوم دېگەن كىتابىدا مۇنداق كۆرسەتكەن، ئاشۇ يولغا ئالىي ماقامنى زاھىد دېگەن كىشى، تەقۋالىقدىن باشقا زىكرىدىن باشقا كىشىلەرگە ئارىلاشماي، تائامنى بەكمۇ ئاز يېيىشى، تەدرىجىي ئاز تويىشى، بەش مىنۇتتىن ئاز ـ ئازدىن ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ئۈچ ۋاخدىن ئىككى ۋاخقا ئەكىلىپ ئاندىن تەدرىجىي ھالدا بىر ۋاخقا ئەكىلىپ، ئاندىن ئۆز ۋۇجۇدىدىغا زىيان سالمىغان ئاساستا ئازايتىپ بىر ھەپتىدە، ئايدا ھەتتا **40 ـ 50** كۈندە بىر قېتىم تائام ئىستېمال قىلغان كىشى نەپسىنى، شەھۋەتنى باسقان كىشى رىيازەتكە چىدىغان كىشى پولاتتەك ئىرادىلىك كىشى بولۇشى لازىم دېگەن. مانا شۇ چاغدا، تەۋەككۇلنى ئاللاھقا قىلىش ۋاجىپتۇر، پەتىھ كەشىپ يەنى بىرەر سىر ئاشكارا بولۇش، غەيب ئىشلار، روھى دۇنيانىڭ ئىشلىرى، روھى تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىبادەت، زىكرىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىشەنچىنى زىيادە قىلىپ، شەكسىز ئىمان ئاتا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ

يەنە ئارقىدىن بىرەر پەتھە كەشىپ بىرىلسە ھەي مەن چېكىنىپتىمەن مەن يارىماپتىمەن، مەن تېخى يارىماپتىمەن. ئاللاھ، ئەدەپلەش ئۈچۈن، ئۇ قائىدىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن، مېنى سەگىتىش ئۈچۈن، بىرىپتۇر دەپ ئۆزىنى ئەيىپلەيدۇ، قايتىدىن ئۆزىنى ئوڭشايدۇ، ھەققى، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە تۇرغان كىشى دۇنيادا پەتھە كەشپىنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئەمما ئاللاھ، بەرسە ئامال يوق، بۇ پەزىلەت بولىدۇ. لېكىن، ئاخىرەتتىن قۇرۇق قېلىش بەكمۇ خەتەرلىك ئىش، شۇڭا، دۇنيادا ھېچ ئىش بولماي، كارامەت كۆرمەي چىققان كىشى ئاخىرەتتە ئەجرىنى تولۇق ئالىدۇ، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، پۈتۈن مۇتتەقىلەر، ئەۋلىيالار كارامەتتىن پاناھ تىلىگەن، ئېزىپ كېتىشىدىن قورققان، بىرەر مۆجىزە، كارامەت كۆرۈشنى پەتھە كەشىپ ئاتا قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ ئىبادەت قىلغان كىشى ئۆز نەپسىگە، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە چوقۇنغان بولىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىن قۇرۇق قول چىقىپ كېتىپ ئاخىرەتتە نېسىۋە بولمايدۇ، ئاللاھ، مەرت، بەرسە ئېلىۋالمايدۇ، ئۇمۇ بىر سىناق، خۇددى مال ـ دۇنياغا ئوخشاش، ھەققە سەرپ قىلسا ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرسا، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلسا، تېخىمۇ ئىبادەت، زىكرىنى كۆپ قىلسا، پۈتۈن خەلقنى يېتەكلەپ زور پايدا يەتكۈزسە بۇ ياخشى، دۇنيانى، پەخرىنى، تەكەببۇرلۇقنى، رىيانى كۆزلىسە پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ، ئازىدۇ، خاتالىشىدۇ. توپتوغرىسىنى الله بىلىدۇ

مانا مۇشۇنداق زاھىرى ۋە باتىننى ھەققەتتىن، نۇرغۇن ئىلىم، كەشپىياتتى ئاللاھ قەلبىنى تونۇپ تۇرىدۇ، يەنىلا ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدۇ، ھەربىر ئىنسان تىرىشسا نىيەت قىلسا، ئەمەل قىلسا، شۇ بويىنچە نەتىجە كۆرىدۇ، ئاددىي مىسال: پەيلاسوپ ئولسپىر لودىچ، يېقىنقى ئالىم، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن نۇرغۇن ئۆلۈكلەرگە يولۇقتۇم، نۇرغۇن تەجرىبە قىلىپ قەلبىمدە، روھىمدا، سىزىمىمدا كۆزەتتىم، مەن شۇنى بىلدىمكى، مۇشۇ ئالەمدە ماددىدىن باشقا بىر روھ دېگەن ھاياتلىق بار ئىكەن، ئۇ روھىي دۇنيا بىزنى ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدىكەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاللاھ، پەرىشتە، روھ، جىن دېگەنلىرى پۈتۈنلەي راسكەن، چاخچاق ياكى كىنايە ئەمەس بەلكى ھەققەتكەن، دېگەن. مانا مۇشۇنداق مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن ياكى ھازىر ھەققەت بىر، ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا، بىز، ئاللاھ ئۈچۈن، دىدارى، جامالى ئۈچۈن، رىزالىقى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ مەنپەئەتى بەختى ئۈچۈن، تىرىشىشىمىز لازىم.

بىلىم ئېلىش، پەيلاسوپ بولۇش، ھېكمەتنى ئۆگىنىش، ئىلىمگە ئەمەل قىلىش، زاھىرى، باتىننى، دۇنيانى چۈشىنىشى، ھەققىي ھەققەتكە توغرىسىنىڭمۇ توغرىسىغا، ياخشىنىڭمۇ ياخشىسىغا ئېرىشىشىمىز، ئالغا قاراپ مېڭىشىمىز لازىم.

## بەدرى ئۇرۇشىدىكى بېشارەتلەر

1 ـ رەسۇلۇللاھقا غەلىبە بىلەن ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن.

2 ـ مۇسۇلمانلار 300 نەچچە تۇرۇپ، 1000دىن كۆپ كاپىرلارنى يەڭگەن.

3. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يېقىن، كاپىرلار يىراق جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، شارائىتى ياخشى ئىدى.

4 ـ كارۋانلار قاچىمىز دەپ چوڭ قوشۇنغا بىرلەشمىگەن.

5 ـ مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى ئاز كۆرگەن، ئاندىن جەڭگە باتۇر كىرگەن.

6 ـ كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى ئاز كۆرگەن ئاندىن سەل قارىغان، كېيىن بولسا، كۆزلىرىگە جىق كۆرۈنۈپ كېتىپ، جەڭدە مەغلۇپ بولغان.

7 ـ يامغۇر يېغىپ مۇسۇلمانلارنى پاكلىغان، قەدەملىرىنى مۇقىم قىلغان، كاپىرلارغا ئازاب بولغان.

8 ـ شەيتان ۋەسۋەسىسى يوقۇلۇپ، مۆئمىنلەر قەلبى خاتىرجەم بولغان.

9 ـ پەرىشتىلەر جەڭگە قاتناشقان، بېشارەت بىلەن چۈشكەن، بەزى ساھابىلەر كاپىرنى چاپماي تۇرسىمۇ

ئۇ يىقىلغان ۋە ئۆلگەن.

**10** ـ مۆئمىنلەر خاتىرجەم بولۇپ، مۇگدەپ قالغان.

**11** ـ رەسۇلۇللاھ، بىر چاڭگال توپىنى ئاتسا ھەممە كاپىرنىڭ كۆزىگە كىرگەن

**12** ـ رەسۇلۇللاھ چۈشىدە غەلىبىنى كۆرگەن ۋە ئالدىن جەڭ باشلىنىشىدىن بۇرۇن كاپىرلار كاتتىۋېشىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى ۋە ئورنىنى كۆرسىتىپ قويغان، ئەمەلىيەت دەل كەلگەن.

**13** ـ ئاخىرى بۇلار غەلىبە بىلەن **70** كىشىنى ئەسىر ئېلىپ، ئىسلامنىڭ تۇنجى غەلىبىسى بىلەن قايتقان، بۇنداق مۆجىزىلەر، بېشارەتلەر تولىمۇ كۆپ.

رەسۇلۇللاھنىڭ، قۇرئاندىن باشقا شۇ چاغدىكى مۆجىزىلىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئاي ئىككى پارچە بولغان، مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرى خەۋەر قىلىنغان ئىدى، بەزى مۇناپىقلار جەڭنىڭ خەۋىرىنى، كاپىرلارغا يەتكۈزۈپ قويماقچى بولسا، خەۋەرچىنى يولدىن توسىۋالاتتى، ۋەھى بىلەن چۈش بىلەن مەخپى سىرلارنى بىلىۋالاتتى. بەزى سەپەردە دەرەخلەر سەجدە قىلاتتى، ھاجەتكە ئولتۇرسا دالدا بولۇپ بېرەتتى، سالامەت قىلاتتى، تۆگىلەرمۇ سۆز قىلاتتى، ئىگىسىدىن قېچىپ، رەسۇلۇللاھنى پاناھ قىلاتتى.، بارماق ئارىسىدىن سۇلار ئېتىلىپ چىقاتتى، **1500** كىشى تاھارەت ئالاتتى ۋە ئۇزلىرى، ھايۋانلىرى ئىچەتتى، كەلگۈسىدىن ۋەھي ئارقىلىق خەۋەر بېرەتتى. ئاللاھ، بىلدۈرسە غەيبنى بىلەلەيتتى، نۇرغۇن خەۋەرلىرى توغرا چىققان، تائام، كۆپىيىپ نۇرغۇن ساھابىلەر تويىشاتتى، ئەمما، تائام شۇ پېتى تۇرۇپ كاملىمايتتى، بەزى كېسەللەر سىلاپ قويسا ساقىياتتى، بەزى ساھابىلەرنىڭ مەيدىسگە قولىنى تەككۈزۈپ قويسا ھەدىسنى كۆپ يادىغا ئالاتتى، ئات تۆپىدە چېلىك ئولتۇرالايتتى، قورقۇنچاق بولسا، باتۇر بولۇپ كېتەتتى. قىيامەت ئالامەتلىرى توپتوغرا چىقتى ۋە يەنە بۇندىن كېيىن شۇنداق بولماقتا، كەلگۈسىمۇ شۇنداق راست توغرا چىقىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوقتۇر.

ساھابىلەرنىڭمۇ كارامىتى بار ئىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالاھىدە پاراسەتلىك ئىدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن نۇرغۇن مۆجىزىگە ئېرىشكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇزى سەجدىدە تۇرۇپ جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلالايتتى. جەڭدە ئالاھىدە پىلان تۈزۈپ نۇرغۇن غەلىبە قىلغان، ئۇنى شەيتان كۆرسە قاچاتتى. ئۇ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغان پارۇق دەپ ئاتالغان. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا **10** كىشىگە جەننەت بىلەن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشلاردىن بىرى، بەزى ساھابىلەر قاراڭغۇدا ماڭسا ھاسىسى نۇر تاشلايتتى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قەلبى نۇر بىلەن تولغاندە!

بەزىسى، قۇرئان ئوقۇۋاتسا پەرىشتىلەر ئاشكارا بولاتتى، بەزىسى جىبرىئىلنى ئادەم سۈرىتىدە رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرەتتى، بەزىسىنىڭ تائاملىرى كۆپىيىپ قېلىپ مۆجىزە بولغان، بەزى جەڭدە پەرىشتىلەرنىڭ جەڭ قىلغىنىنى ئۇقۇپ قالاتتى. تابىئىنلاردىنمۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ كارامىتى بار ئىدى، بۇ ئىش قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، بەزىسىگە نۇر بېرىلىدۇ، بەزىسىگە گۆھەر كۆرسىتىلىدۇ، بەزىسىگە شەيتان كۆرۈلىدۇ، بەزىسى دوزاخ، جەننەتنى چۈشىدە كۆرىدۇ، بەزىسى ئوڭدا روھ بىلەن كۆرۈشىدۇ، بەزىسى دوستىنىڭ كېلىشىنى يىراقتىن بىلىۋالىدۇ، بەزىسى بولسا، سەھەردە گۈللەرگە پۈركۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، بەزىلىرى بولسا، ئۇخلاپ باقمايدۇ، دائىم قىيام نامازدا، رامىزاندا تۇرىدۇ، تائامنىمۇ ئاز يەيدۇ.

ئاللاھ، بۇنداق مۆجىزە، كارامەتنى ئۆزىنىڭ بارلىقى، بىرلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، دىنىنىڭ قىيامەتنىڭ راستلىقى ئۈچۈن، تېپلىشنىڭ ھەقلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئاشىق قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ، ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقلا قەلبنى خاتىرجەم قىلىدۇ. بېشارەت بېرىلىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ تىرىشىپ كۆپلەپ ئىبادەت قىلىۋالىدۇ، بەزى شۇڭگا، زاماننى قاتلاپ بىرىپ بىر كېچىدىلا قۇرئاننى تامام قىلىپ بولىدۇ. ئۇلار ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، تېخىمۇ چېلىك تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. قەلبى گۇمان، شەك بىلەن قاراڭغۇ بولسا، يورۇيدۇ، بەزىسى بۇ سىناقدىن ئۆتەلمەي ئىككى ئالەمدە توگىشىدۇ، نۇرغۇن كىشلەرگە ئىبرەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرۇپ، دىنىنىڭ ھەققىي راستلىقىنى، تېرىلىشنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئاللاھ، ئۇيۇقلاردا ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا مۆجىزىلەرنى كۆرستىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالايدۇ. سوراققا تارتىلمايدۇ. كىشى، ئاللاھنى دىسە جامالىنى كۆزلىسە، ھەقنى دىسە، ئاخىرەتنى كۆزلىسە، ھەق ئۈچۈن خىزمەت قىلسا،

كىشلەرنى يولغا سالسا، بىرەر كەشپىيات، مۆجىزە، كارامەتنى سورىماي ئۆز ئىشى بىلەن چىڭ تۇرۇپ، داۋام قىلىشۋېرىدۇ، ئۇ ئۆلگىچە بىر خىل تۇرىدۇ، پەقەت مەقسىتى ئاللاھ، رىيانى، كىبىرنى مەنمەنلىكنى، مال ـ دۇنيانى دېيىشنى زادى بىلمەيدۇ، شۇڭا، بىز قەلبنى سالامەت قىلايلى.

ئاللاھ، قۇرئاندا، **20** نەپەر سەۋرچان مۆئمىن **200**گە، **100** مۆئمىن **1000**غا تاقابىل تۇرالايدۇ، ھەم قەلبى ساپ بولسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن غەلىبە قىلالايدۇ دېگەن. بەزىلەر بۇ ئايەتنى مەنسۇخمىكى دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئايەتنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى بار. مەسىلەن: ئالاھىدە زەربىدارلار ئەترىتى، ئالاھىدە قىسىم ساقچىلار، ئالاھىدە خادىملاردەك بۇلار ئالاھىدە تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، بۇنداق كىشلەر ئادەتتىكى كىشلەرنىڭ **10**نىڭ ئەمەس **1000**نىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ. **100** كىشى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىشىنى قىلالمايدۇ. يەنىلا ئالاھىدە تەربىيە ئالسا، مەشىق قىلسا، چېنىقسا، ئىلغار ئۇسكۇنە بولسا، ئۇلار **10**نى **100**گە ھەتتا **1000**غا تېتىيدۇ، بولۇپمۇ نەپسىنى، روھنى، ئىددىينى چېنىقتۇرسا، قەلبى ئاللاھ بىلەن خاتىرجەم بولسا، غەلىبىگە شەكسىز ئىشەنسە، ئالاھىدە مۆجىزە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ، يەنە مۇنداق دېگەن، ھەربىر قەۋم ئۆز ھالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ ئۇڭشاپ قويمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزگەرمىسە ئاللاھ ئۆزگەرتمەيدۇ، شۇڭا، ئادەم ئۆزىنى ـ ئۆزى جىسمانى، ماددى جەھەتتىنلا ئۆزگەرتىپلا قالماي مەنىۋى، روھى نەپسى جەھەتتىن ئۆزگەرتىشى، تەربىيلىنىشى، چېنىقىشى لازىم. شۇنداق چېنىقىش بىلەن ساھابىلەر ئۆز ۋاقتىدا **12000** كىشىلىك قوشۇن **100000**كىشىلىك قوشۇننى يەڭگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ ۋاقتىدا **30000** كىشىلىك قوشۇننى **3000** كىشى يېڭىپ، غەلىبە قىلغان. مانا بۇ ئالاھىدە روھىي چېنىقىش، روھى تەربىيلىنىش، روھىي جەھەتتىن ئازاب ياكى خۇشاللىق بولغاندەك، روھى جەھەتتىن باتۇرلۇق، قورقۇنچاقلىق بولىدۇ. غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ، مەن سابىرلار بىلەن بىللە دېگەن، پەرىشتىلەرنىمۇ مەخپىي چۈشۈرگەن، بۇلار روھىي باتۇلۇقنا كۆپايە قىلىدۇ، شۇڭا، قوماندانلار ئەسكەرلىرىنى روھى قەلبى جەھەتتىن كۈچلۈك تەربىيلىشى لازىم. روھقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم، روھى تەسىرمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭغا بىر مىسال: مېكسىكا شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان غىراندى دېگەن جايدا، بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كونتى داراس بولىدۇ. بۇ ئايال ئۇزۇنلۇقى **65** سانتىمېتىر بىر پاقا تۇغۇپ قويغان، بۇ پاقا خۇددى بالىنىڭ چوڭلۇقىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەر ـ ئايال ئىككىلىسى ھۇشىدىن كەتكەن، ئالىملار بۇنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان بولسىمۇ بۇ ئىككىلىسىنىڭ تېنىدە پاقا ھۈجەيرىسى يوق، گىنىمۇ تېپىلمىغان، ماددىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ئەمما بىرلا سەۋەب بۇ ئايال پاقىغا ئۆچ، پاقىنى كۆرسە قاتتىق قورقىدىكەن، ئالىملار بىردەك مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان، بۇ بولسا روھىي قەلب تەسىرىدىن بولغانىكەن دېگەن.

بۇ ۋەقەدە، ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ دېگەن ھۆكۈم چىقىپ تۇرىدۇ، تەبىئەت تەدرىجىي تەرەققىياتلار ھەممىسى بىكار بولغان، شۇنداقلا بىز ھايۋانلارنى ئۆچ كۆرمەسلىكىمىز، بەلكى، ئۇلارنى كۈزىتىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، ئۇلار بىزنىڭ ياخشى ھامراھىمىز، ھالاللىرىنى يېيىشىمىز، ھاراملىرىنى قوغدىشىمىز لازىم، ئۈچ ھاياتلىق بىر گەۋدە، ئاساسىي مەقسەت، روھى تەسىردىن بولغان بۇ ۋەقە ئاساسىي مەقسەت، روھىي تەسىردىن بولغان بۇ ۋەقە بىزنى پۈتۈن ئوقوغۇچىلارنى، باللارنى، ئەسكەر، جەڭچىلەرنى روھى ئىددىيە قەلبى جەھەتتىن قاتتىق تەلىم ـ تەربىيە بېرىشىمىزگە چاقىرىدۇ، بۇنى ئاللاھمۇ قۇرئاندا كۆپ كەلتۈرىدۇ. جەننەت، دوزاخنى قوش بايان قىلغاندەك، ئالىملارمۇ روھى جەھەتتىن كۆپ تەتقىق ئېلىپ بارغان، نۇرغۇن كىشلەر دورا، ئاسماي ئوكۇل ئاسماي روھى تەربىيە بىلەن ساقايتقان، تېخى ئۇلار بىرلىشىپ بازارغا چىقىپ بىر سۈتچىنىڭ جىسمانىي سالامەتلىكىنى تەكشۈرگەن، ئاندىن بۇ كىشى سالامەت چىققاندىن كېيىن ئاندىن تەجرىبىنى باشلىغان، بىر نەچچە كىشى بىلەن دېيىشىپ بۇ سۈتچى سۈت ساتقىلى چىققاندا، بازاردا بىرسى ھوي سىلى بۈگۈن ئاجايىپ تۇرىلا، سىلىگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ چىرايلىرى جايىدا ئەمەس، رەڭگىلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ، دىسە يەنە بىرسى، سىلىگە نېمە بولدى، بۈگۈن كۆزۈمگە ئاجايىپ كۆرۈنىلىغۇ؟ قۇلاقلىرىدا قان قالماپمۇ، دىسە، يەنە بىر دوختۇر مەن خېلى تەجرىبىگە ئىگە، سىلىدە زادى بىر چاتاق بار، بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دېگەن. ئەڭ ئاخىرقى كىشىگە بارغىچە بۇ سۈتچى غەم قىلىپ چىرايىدا راستلا قان قالمىغان ئىدى، ئاخىرقى دوختۇر بۇنىڭغا ئەينەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سىلى چاتاق بولدىلا سىلى زادى بىر نەچچە كۈندە

ئۆلۈپ كېتىلا دەپتۇ، سۇتچى ئۇزۇن يول يۈرمەيلا پالاقتىدە يىقىلىپتۇ، كىشىلەر بۇ كىشىنى دوختۇرخانىغا ئاپارسا، كېسەل چىقماپتۇ، روھى بېسىمغا ئۇچراپتۇ، قورقۇپ كېتىپتۇ، دېگەن، خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ، مانا مۇشۇنداق ئىش، روھىي بېسىم، روھىي قورقۇتۇش، بۇ ساق كىشىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغان بولسا، نۇرغۇن كىشى دورا، ئاسماي ئوكۇل ئاسماي دوختۇردىن ساقىيىپ چىققان، بۇ روھنىڭ راس بارلىقىنى شۇنداقلا روھىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر مىسال، شۇكى، ئالىملار ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ بىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنى سىناق قىلىپ، تەجرىبە ئىشلىگەن، ئۇ كىشىنى تۈرمىگە قاماپ قويۇپ، ئالىملار سوراقچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، سوراق قىلغان، ئۇنىڭغا، نۇرغۇن تەھدى سۆزىنى قوللانغان، ھەم ئۇنى قورقۇتقان، ئەمما جىسمانى جەھەتتىن چېقىلمىغان، ئۆلتۈرۈشنىڭ سۆزى كۆپ سۆزلىگەن، سوراق تۈگەپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا يالغاندىن ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلغان، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يەنە، سېنىڭ يۈرۈكۈڭنى پالانى مېنىستىرغا سوۋغا قىلمىز دېگەن بولسا، يەنە كېيىن سېنىڭ يۈرۈكىڭنى ياكى يۈلۈنۈڭنى سوۋغا قىلىدىغان بولدۇق دېگەن. بەزىدە يالغاندىن ئۇنى قورقىتىپ، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان ۋاخ كەلدى تەييارلىق قىلىۋال دېگەن، ئاخىرى بۇ كىشى تولا غەم قىلىپ، تائام گېلىدىن ئۆتمەي، قورقۇپ روھى بېسىمغا ئۇچراپ ئۆلگەن. ئالىملار شۇنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ئۇ ئەسلىي ئاچ قالغانلىقىدىن ئەمەس روھىي قەلبى ئىددىيە تەسرىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلگەن. مانا بىر ساق ـ سالامەت كىشىنى قۇرۇق گەپ ـ سۆز بىلەن ئۆلتۈرگىلى بولىدىكەن، بۇ ئەسلى روھىي بېسىم، ئىددىيە، قەلبىنىڭ ئىشى، پۈتۈن غەلبە روھدا، ئىددىيىدە، مەغلۇپمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ دۈشمەن بەكمۇ تومۇرچى كېلىدۇ، شۇڭا، بىز روھىي، ئىددىيە ـ تەربىيىنى كۆپ ئىشلىشىمىز لازىم. ئىشەنمىساڭلار دەرھال سىناپ كۆرۈڭلار، ئادەم كىشىنى روھى جەھەتتىن ئازابلاپ گېلىدىن تائام ئۆتكىلى قويمايدۇ، ھېلى يىغلاتقىلى بولسا، ھېلى كۈلدۈرگىلى بولىدۇ، خۇشال قىلغانغا ئوخشاش خاپىمۇ قىلغىلى بولىدۇ. كېسەل قىلغانغا ئوخشاش بەزى كېسەلدىن ساقايتقىلى بولىدۇ، بۇنى ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ، قۇرئاندا ھېلى ئازابنى ھېلى خۇشاللىقنى بىللە سۆزلىگەن، مۆئمىنلەر روھى جەھەتتىن ئىددىيىنى باتۇر قىلسۇن، چېنىقتۇرسۇن ئۈچۈن، تېخى مەن بىللە دېگەن بۇ سۆز كۆپ كېلىدۇ. ئالىملار، شائىرلار، مۇتەخەسسىلەر، خاتىپلار، ۋائىزلار، لېكسىيچىلەر، تەشۇىقاتلار كىشىلەرگە بەكمۇ تەسىر قىلىدۇ، خېلى تەسىر قىلىدۇ، ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئەمەلىي پاكىت، نۇرغۇن ئالىملار روھى جەھەتتىن كېسەل داۋالىغان، دوكتۇر، ئەمىل كوۋەين بۇ ئىشنى تۈنجى بو لۇپ تەجرىبە قىلىپ، نۇرغۇن غەلبە قازانغان، شۇڭا، بەزى دوختۇرلار كېسەل كىشى ئاسان ساقىيىپ قالىدىغان ياكى روھىي جەھەتتىن ساقىيىپ قالىدىغان بولسا، يالغان دورا بېرىپ كېسەلنى ساقايتىدۇ، ئاندىن پۇلنى تولۇق ئېلىۋېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلاردا روھ چوقۇم بار، شۇڭا، بۇ تەسىر قىلىدۇ، شۇنداقلا، مۇھەببەر بار، كۆرگىلى بولمايدۇ.

روھ، ۋىجدان، ئىددىيە، قەلبى، پائالىيەت، نەپسى، ئىنسانلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، بىز بىرەر غەلبىنى قولغا كەلتۈرىشىمىز ئۈچۈن، جىسمانى، ماددى تەييارلىققا يۆلەنمەي، مەنىۋى روھى ئىددىيىگە تايىنىشىمىز لازىم، ئىددىيىمىزنى، روھىمىزنى، قەلبىمىزنى پاكلاپ، روھلاندۇرۇپ، جانلاندۇرۇپ، غەلبىنى قولغا كەلتۈرىشىمىز لازىم.

شۇڭا، ئاللاھ، **20** كىشى **200** گە **100** كىشى **1000**غا تاقابىل تۇرالايدۇ، غەلبىمۇ قىلىدۇ دېگەن. كىشى باتۇر بولسا، ئىددىيىسى ھەل بولسا، قەلبى ئاللاھ بىلەن خاتىرجەم بولسا، ئاخىرەتكە، جەننەتكە، ئاللاھقا ئاشىق بولسا، تەنلىرى، ۋۇجۇدى جىسمانى، ھېرىپ ـ چارچاپ كەتسىمۇ پۇت ـ قوللىرى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ سەزمەيدۇ، سەزسىمۇ بۇنى ئازاب ھېس قىلمايدۇ، بەلكى بەخت دەپ بىلىدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي غەلبە، بۇلارنى بىز شېھىدلار دەيمىز، مەنىسى، باتۇر قەھرىمانلار، ئەزىمەتلەر دېگەن بولىدۇ.

ئاللاھ، بارچە قۇۋۋەتتىن تەييارلىق قىلىشىمىزغا بۇيرىغان، ئىلىم، تېخنىكا، پىلان، قورال كۈچى، ھەرخىل قورال كۈچى، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ۋاكازالارا.

ئۇندىن باشقا روھى، مەنىۋى، ئىددىيە، قەلب جەھەتتىكى تەييارلىق بۇ بەكمۇ مۇھىم بۇلارنىڭ بىرى بولمىسا بولمايدۇ، غەلبە قىلىش ئۈچۈن ئىلغار تەرەققىياتتىن باشقا، روھىي ئىددىيە تەييارلىق بولۇش لازىم، ھەممىنى ئاللاھ ئالدىن بىلگۈچى، شۇڭا، بۇ قۇرئان نەچچىلىگەن كىشىنى، روھنى، ئىددىيە ـ تەربىيە بىلەن

باتۇر قىلغان، تېخى تەسىرى قىلغانلىقىدىن جىنىدىن ئايرىلغان، بىزچۇ؟ قەلبىمىز قارا، قاسماققا تولغان، ئاللاھ، نۇر بەرسۇن ئامىن!

ھەق ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇر كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار
ھەقىقەتنى دەپ دۇنيا لەززىتىدىن قاچقانلار
ئاخىرەتنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيانى ساتقانلار
شۇ ئارقىلىق ئاللاھ رازىلىقىنى تاپقانلار
ئاخىرەتنى دەپ بۇ دۇنيادا بورا تۆپىدە ياتقانلار
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇقىنى توسالماس قالقانلار
ھەق يولىدا كۆرەش قىلىپ شەرىق ۋە غەربنى ئالغانلار
بىزگە ئۈلگە بولۇپ ئۇلار ئۆچمەس ئىزلارنى سالغانلار
بىزگە ئۈلگە بولالماسمۇ؟ ئاللاھ ئۈچۈن رىيازەت تارتقانلار
قەدەممۇ ـ قەدەم ئىز قوغلاپ ماڭايلى بىز
ئەي ئوغۇل ـ قىز ياش باللار
ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ يېزىپ قوللىرى قاپارغانلار
پىنتە دەۋرىدە ھەق يولىدا ماڭمەن دەپ يېتىم قالغانلار
ئەگەر سەۋرە قىلالىسا ئەجرىنى كۆپ ئالغانلار
ھەق ئۈچۈن جان بېرىپ يار ۋەسلىگە قانغانلار

# سۈرە تەۋبە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

سۈرە ئەنفال بىلەن سۈرە تەۋبە مەخسۇس ئۇرۇش توغرىسىدا چۈشۈرۈلگەن سۈرىلەر بولۇپ، بۇ سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرى، سىياسىي خاراكتېرلىكتۇر، سىياسىي توغرىسىدا، سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، «فىزىلال قۇرئان» دېگەن تەپسىردە تەپسىلىي توختالغان. ئۇندىن باشقا نۇرغۇن تەپسىر، ھەدىسلەر بار، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمالى، ھاياتى، سىياسىي پائالىيەتلىرى يېتەرلىكتۇر. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ كۆپ سۆزلىگەن. ئەمما، مېنىڭ بۇ تاللانمىلاردىكى مەقسىتىم ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمەت، پەلسەپە، تەبئىي ـ پەن ساھەسىدىكى، ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى، ئۇندىن باشقا ئىلمى تەتقىقاتلاردۇر ۋە ئىددىيە، روھ، قەلب، ماقام توغرىسىدا بولۇپ، مەن مۇ تېمىلاردىن سىرت ناھايىتى ئاز توختالدىم، سۈرە ئەنفالدىن ئىككى تېما سۆزلىگەنگە ئوخشاش، بۇ سۈرە تۆۋەندىمۇ ئاز تولا سۆزلەيمەن، ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى توغرىسىدا، **﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىلىدىكى، ئايلارنىڭ سانى، ئاللاھنىڭ «لەۋھۇلمەھپۇز» دېگەن كىتابىدا، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقاندىن باشلاپ 12 ئايدۇر﴾** بۇلاردىن تۆتى زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ ئايلىرى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدۇر. قەمەرىيە ئاي ھېسابىدىكى ئايلار **354** كۈندۇر. قۇياش ھېسابىدىكى شەمسىيە ئايلار **365** كۈندۇر، ئارىلىقدا **11** كۈن پەرق بار.

ئىسلام دىنىدا ئايلار سانى، كۈن ھېسابلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىبادەت، تىجارەت، نىكاھ، تالاق، ئىددەت، ھەج، رامىزان، كېلىشىم تۈزۈش، تارىخ، ۋە بەزى جىنايى ئىشلاردىكى ۋاقىت قاتارلىقلاردا، ئاي بولمىسا، كۈن ھېسابى بولمىسا زادى بولمايدۇ. ئايلارنىڭ ئۆتۈشى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئۆمۈرنىڭ ئۆتۈشى ھېسابلىنىدۇ، ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىك دېگەن ئىكەنمىز، ئالتۇندىن بەكرەك ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئەرەبلەرنىڭ ئاي ئىسىملىرى مۇنداق. بۇ ئىسىملار ئىسلام دىنىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن قويۇلغان، بىرىنچى ئاي، مۇھەررەم بولۇپ، بۇنداق ئاتىلىپ قېلىشى بۇ ئايدا ئۇرۇش ھارام، زۇلۇم قىلىش ھارام. ئىككىنچى ئاي، سەپەر بولۇپ، مەنىسى سېرىق دېگەن بولىدۇ، بۇ ئايدا ئۇلارغا بىر كېسەل يۇز بېرىپ چىرايىنى سارغايتىپ قويغان. ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئاي، رەبىئۇلئەۋۋەل، رەبىئۇسسانى دېيىلىدۇ، رەبىئ دېگەن باھار دېگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ئاي باھاردا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئاتاشقان، ئەمما قەمەرىيە ئاي ھېسابى بىلەن بولغاندا، بۇ ئايلار 33 يىلدا بىر قېتىم بىر يىلنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. **5 ـ 6** سى جىمادىيەلئەۋۋەل، جىمادىسسانى بولۇپ، مەنىسى قاتقان، توڭلىغان بولىدۇ، بۇ ئايلاردا زىرائەت قاتىدۇ، قۇرۇيدۇ، مۇز تۇتىدۇ. يەتتىنچى ئاي، رەجەب بولۇپ، بۇمۇ ئۇرۇش ھارام بولغان ئاي، مەنىسى ئۇرۇشتىن توختا دېگەن بولىدىكەن.

سەككىزىنچى ئاي، شەبان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايدا بىر نەچچە قەبىلە شۇئوبقا بۆلۈنگەن ئىكەن، شۇڭا، مۇشۇ ئىسىم قويۇلغان.

توققۇزىنچى ئاي، رامىزان بولۇپ، روزا تۇتقان ئادەم ئۇسساپ گېلى، لېۋى قۇرۇيدۇ، شۇڭا بۇ ئاي مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ.

**10** ـ ئاي، شەۋۋال بولۇپ، بۇ ئاي ئۇلار كۆچكەن ۋاقىتكەن

**11** ـ ئاي، زۇلقەئىدە بولۇپ، بۇ ئايدا ئۇرۇشتىن توختاش دېگەن.

**12** ـ ئاي، زۇلھەججە بولۇپ، بۇ ئايدا ھەج قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق، بۇلار **12** ئاينى مەلۇم غەزەر، مەلۇم ۋەقەگە تاقاپ ئاتىۋالغان، ياۋرۇپالىق دىنسىزلار، رۇملۇقلار مۇنداق ئاتىشىدۇ، بۇ ئىسىملار ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تارقالدى.

بىرىنچى ئاي، نويابىر، بۇ ئەسلى ئۇلارنىڭ ئىككى يۈزلۈك ئىلاھى، بۇ دىنىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ بىر يىلنىڭ ئاخىرلىششى ھەم باشلىنىشى بولغاچقا مۇشۇ ئىككى يۈزلۈك ئىلاھ ئىسمى بىلەن ئاتىغانىكەن، بۇندىن

باشقا سەۋەبمۇ باردۇ.

ئىككىنچى ئاي، فېۋرال بولۇپ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ پاكلىق ئىلاھىنىڭ ئىسمى.

ئۈچىنچى ئاي مارىت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ قۇياش ئىلاھىنىڭ ئىسمى بولىدۇ.

تۆتىنچى ئاي ئاپرېل بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغان ئىيدۇر.

بەشىنچى ئاي ماي بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مەشھۇر شەخس مارد ئاتلاسنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى بولىدۇ.

ئالتىنچى ئاي ئىيۇن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مەئبۇد رەئىسىنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى بولىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن بەرىكەت تىلىگەن.

يەتتىنچى ئاي ئىيۇل، بۇ ئۇلارنىڭ لىيولىيولىس، قەيسەر دېگەن ئادەمنى ئەسلەپ قويغان ئىسمىدۇر.

سەككىزىنچى ئاي ئاۋغۇست، توققۇزىنچى ئاي سىنتەبىر، **10** ـ ئاي ئۆكتەبىر، **11** ـ ئاي نويابىر، **12** ـ ئاي دىكابىردۇر.، ئاۋغۇستدىن باشقىسى ئاي سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇلارمۇ ھەرخىل غەزەر، ھەرخىل مەقسەتتە ئايلارنى مەلۇم بىر ئىشنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ئاتىۋالغانكەن.

مىسىرنىڭ قەدىمى مىللىتى، قىبتىلارمۇ ھەرخىل ناملارنى ئايغا قوللانغان.

**1** ـ توت بولۇپ، بۇ ھېكمەت ئىلاھىنىڭ ئىسمى ئىكەن.

**2** ـ بابە، بۇ زىرائەت ئىلاھىكەن.

**3** ـ ھانۇر بولۇپ، بۇ گۈزەللىك ئىلاھىكەن.

**4** ـ ئاي كىھىك بولۇپ، بۇ نۇر ياخشىلىق ئىلاھىكەن.

**5** ـ ۋمشير بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

**6** ـ ئاي بىر مىھات بولۇپ، بۇ ھارارەت ئىلاھىنىڭ ئىسمىكەن.

**7** ـ ئاي بىر مودە بولۇپ، بۇ ئۆلۈم ئىلاھى ئىسمى

**8** ـ ئاي بىشنىي بولۇپ، بۇ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت ئىلاھى

**9** ـ ئاي، بىئونە بولۇپ، بۇ كان، بايلىق ئىلاھى ئىكەن.

**10** ـ ئاي، ۋبيى بولۇپ، بۇ خۇشاللىق **11** ئاي ھورس يەنى قۇياش، **12** ـ ئاي ۋزورس يەنى ئىدرىسكەن، ھەممىسى ئىلاھى ئىسمىكەن.

مانا مۇشۇنداق ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى ھاكىمىيەت غەلىبە قىلسا، خالىغانچە ئاي، چىسلا، كۈننى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىكەن، بولۇپمۇ ئۆزلىرى ياقتۇرىغان بىر مەنا ياكى بىرە ۋەقە ياكى بىرەر يالغان ئىلاھ، مەبۇد ئىسمىلىرى بىلەن ئاتىغان، قانداق ئاتالغان بولسۇن، بۇ پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان، شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار ئەرەب تىلىنى، بولۇپمۇ ئەرەبچە ئاي ئىسمىلىرىنى قوللىنىشىمىز لازىمكەن، چۈنكى، باشقا ئاي ئىسمىلىرى، بۇت ئىسمىلىرى ئىكەن.

بۇ مەخسۇس ئاي ئىسمىغا خاس ھۆكۈم ئەمەس، بىز پۈتۈن ئاي، كۈن، ھەپتە، بازار، شەھەر، ئۆي ـ ئىمارەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆرپ ـ ئادەتلەردە قۇرئان، ھەدىس ياكى مۇسۇلمانلار ئاتالغۇسىنى قوللىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، ھەربىر سۆزنى، ئىسمنى ئاتالغۇنى، پەرىشتىلەر يېزىپ خاتىرلەپ تۇرىدۇ، شۇڭا، بىزنىڭ پۈتۈن ئىسمىلىرىمىزدا ساۋاب بولسۇن، بىر قېتىم تىلغا ئالساق، شۇنداق لەززەت ئالىدىغان ھەقنى دىلىمىزدا ياد ئېتىدىغان ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، ھېكمەتنى ھەقىقەتنى ئەسكە سالىدىغان ئىسملارنى، ئاتالغۇلارنى قوللىنايلى، ئاللاھ، ھەممىمىزنىڭ دوستى، ئامىن!

سۈرە تۆۋىدىكى، ئى مۇھەممەد، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭلار، بالا ـ چاقاڭلار، ئاكا ـ ئېنى،

ئاياللىرىگلار، ئۇرۇق ـ تۇققان، خۇلۇم ـ خوشناگلار سىلەر كەسىپ قىلىپ تاپقان مال ـ مۇلۇكۇگلار، ئاقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان، تىجارىتىڭلار سىلەر رازى بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ـ ئىمارەتلىرىڭلار، ئاللاھدىنمۇ، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىنمۇ، ئاللاھ يولىدىكى جىھادتىنمۇ، سىلەرگە ياخشىراق دوسىراق بولسا، ئاللاھ ئۆزى، ئەمرىنى يەنى مەككە فەتھىسىنى ياكى ئەجىلىڭلارنى كەلتۈرگەنگە قەدەر ئىنتىزار بولۇپ، كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ﴿ئاللاھ بۇنداق پاسىق كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت ۋە ئۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايەت توغرىسىدا توختىلىمىز.

سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتە، توي قىلىش، تۇرمۇش قۇرۇش، تىجارەت بىلەن ئۆتۈش، ئەگەر ھەقدىن توسمىسا، مۇباھ ئىش، ئەگەر ھەقدىن توسىدىكەن، ئۇنداقتا ھەممىسى رەقىبدۇر دېگەن. شۇنداق، پۈتۈن ھەدىس كىتابلىرىنىڭ كىتابۇننىكاھ دېگەن بابنىڭ شەرھىسىدە ئالىملار تويىنى سۈننەت، ياكى مۇستەھەپ دېگەن، بەزىسى ئىبادەت ئەۋزەل، جىھاد، ئىلىم ئىبادەت ئەۋزەل، نەپسىنى باسسا ئۆزىنى تۇتىۋالسا، بۇ نەپسى بىلەن جەڭ قىلغان بولۇپ، قوش مۇكاپات ئالىدۇ، ئۆلۈپ كەتسە شېھىد بولىدۇ دېگەن.

ئەلۋەتتە، بۇ ئايەتتىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ تۇرمۇش، تىجارەت، ئۆي ـ ئىمارەت، باغ ـ ۋارانلار، ئالداپ قويغانلىقىدىن، جىھادقا چىقالمىغاندا تاپا قىلىپ، كايىغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئائىلىسىنىڭ سەۋەبىدىن ھىجرەت قىلالماي، تاپىغا ئۇچرىغان، ئاللاھ بۇ چاغدا باللىرىڭلار، ماللىرىڭلار، سىلەرگە پىتنە، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەن دېگەن ئايەتلەرنى چۈشۈرگەن. ھەقىقەتتىن نىمە توسسا شۇ شەيتان، شۇ دۈشمەن بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئامالسىز، جاھالەتتە ياشاۋاتقاندەك تۇرىدۇ، بىرلا سەۋەب ئۇ بولسا، ئاشۇ ئائىلە، ئاشۇ تۇرمۇش، بۇلار يا ئۆزىنى يا باشقىلارنى، يا ئاللاھنى رازى قىلالماي، قۇرۇق قول، قۇرۇق ئارزۇ، قۇرۇق پىلان بىلەنلا دۇنيادىن ئايرىلىۋاتىدۇ. دىنىنى، ھەقىقەتنى، قانۇننى ھەقىقىي چۈشىنەلمىگەندۇر. خەلق پىتنىسى قاتارلىقلار، توسقۇنلۇق قىلغاندۇر، مانا مۇشۇنداق ئاخىرى بۇلار تېخى يوق پاتقاقتا ھالاك بولىدۇ، پۈتۈن پۇشتى، ئەۋلادىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ، ئۆزىگە، ئاخىرەتكە، ھەقىقەتكە، ئالىي ماقام ئۈچۈن، جان پىدالىق بىلەن قىلىدىغان خىزمەت، كۆرەشكە چاقىرىۋاتسا، ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ئىشلىرىنى پەرىز قىلىپ نېمىمۇ قىلار؟ ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئاللاھ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن پاكتۇر.

نۇرغۇن ئايەتلەر بۇ دۇنيانى ئاجايىپ سۆكەن، سوۋغا، يامغۇرغا، ئۆسۈملۈككە، دۇنيا زىننىتىگە، كۆپۈككە ئوخشاتقان، بىردەملىكلا ئويۇن ـ كۈلكە، چاخچاقتۇر دېگەن. ئالدامچى مانا مۇشۇ. بۇلارنى قۇرئاندا، كۆرگىلى بولىدۇ، ھەدىستىمۇ دۇنيانى مۇساپىر سايىدىغان يول بويىدىكى سايىغا ئوخشاتقان، ئەلۋەتتە، ئاخىرەت چەكسىز، ئۇنىڭ يىل، ئاي، كۈن سانى يوق، بۇ دۇنيا چەكلىك، چەكسىز، ئالدىدا چەكلىك يوقاپ كېتىدۇ، بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن ئازلا نەرسە، بەلكى يوق نەرسە بولىدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنى ئىككى دۇنيانى كۆزدە تۇتىدۇ، دۇنيا دىن ئۈچۈنلا بولسا، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي زىرائەتگارلىق بولسا، ئاللاھنى رازى قىلىشنىڭ پۈرستى بولسا بولىدۇ. لېكىن، بۇ زامان ئاخىرىدا پىتنە ۋاقتىدا ئۇنداق ئىش يوق، مەسجىددە، جامائەت تاپالمايسەن، پۇلنى ھالالدىن تاپالمايسەن، سىرداشقىدەك دوست تاپالمايسەن، تىكەنلىك دەرەخدىن گۈل ئۈزەلمەيسەن، تېگى يوق پاتقاقدىن چىقالمايسەن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلالمايسەن، ئارام ـ خۇدا ئىبادەت تېخى قىلالمايسەن، ئاخىرى قەلبىڭ كور پېتى ئۆلىسەن.

بۇنىڭ بىردىنبىر چارە ـ ئامالى، ئاللاھنىڭ سۆزىگە كىرىش، قىل دېگىنىنى قىلىش، قىلما دېگىنىنى قىلماسلىق، دۈشمەن، ئالدامچى، غۇرۇر، ئازدۇرغۇچى دېگەن بۇ دۇنيادىن ئائىلىدىن، بارلىقىدىن ۋاز كېچىپ، ھەقكە، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە جان پىدالىق بىلەن شېھىد بولغۇچە خىزمەت قىلىشقا يۈزلىنىش كېرەك، رەسۇلۇللاھمۇ ياخشى ئۈلگە، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەۋلىيالارمۇ ياخشى ئۈلگە، ئۇلاردەك ئاخىرەتكە، تۇرمۇش، جاننى ھەق ئۈستىدە بېيىش لازىم. ھۆكۈمالارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ، ئالىملارنىڭ سۆزىگە، تەجرىبىسىگە قايىل بولۇپ، ئىشىنىش ھەم يول تۇتۇش لازىم. قىلچە ئىككىلەنمەسلىك، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش لازىم. دۈشمەن بەربىر دۈشمەن، ئۇ ھەقنى ياپىدۇ، ھەقدىن توسىدۇ، ئۇ كۈلۈپ كەلسىمۇ ھومىيىپ، ھۆرپىيىپ كەلسىمۇ ئالداپ قەسەم قىلىپ كەلسىمۇ، ئاتا ـ ئانا، دوست ـ بۇرادەرلەر بولسىمۇ ھاكىمىيەت بولسىمۇ قىلچە ئالدانماسلىق لازىم. ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت، بىز ئىشىمىزنى ھەق دەپ ئىسپاتلاپ بولدۇق، قۇرئان،

ھەدىس، ئىجمائ، قىياس، ئەمەلىيەت بىلەن تەجرىبە، خۇلاسە، يەكۈن بىلەن ئىسپاتلاپ بولدۇق، ئەمدى بىز ئۆلگىچە بۇ ھەق يولدا ماڭغىنىمىز ماڭغان، ئىنشائاللا.

مانا مۇشۇ ھەق يولدا مېڭىش ئۈچۈن، يۇقىرىدا، ئاللاھ تىلغا ئالغان ئايەتتە، پۈتۈن نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە، ھېچ بولمىغاندا قەلبىدىن، ئىددىيىسىدىن، روھىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ھۆكۈم قىلىپ جەۋاھىرنىڭ يەنى مۇشۇ تەپسىرنىڭ سۈرە تەۋبە 120 ـ ئايەتتە كىمكى مالنى، ئەھلىنى، بۇ دۇنيانى، مەخلۇق مەشۇقىنى، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ئۈستىگە قويىدىكەن شۇ سەۋەبدىن ھەقدىن توسۇلۇپ قالىدىكەن، ئۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ دېگەن. ئەلۋەتتە، ھەدىستىمۇ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى پۈتۈن دۇنيادىن، ئاتا ـ ئانىدىن، خوتۇن ـ بالا چاقىسىدىن ئۆزىگە دوسراق بولمىسا ئۇ مۆئمىن ئەمەس دېگەن. مانا مۇشۇنداق بىز بۇنى چىڭىتىپ قويىمىدۇق.

بۇ سۆزلەر بىلگەننىڭ جېنىدىن ئۆتتى، بىلمىگەننىڭ يېنىدىن، بۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلەر، ئاللاھنى ھەقىقىي تونىغانلار، جەننەتكە قىزىققانلار، ئاللاھقا ئاشىق بولغانلار، شېھىدلىقنى ئارزۇ قىلىدىغانلار، ھەرگىز بۇ ھۆكۈمنى ئېغىر كۆرمەيدۇ، تەس، قېيىن ھېس قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلار، مۇشۇنداق ھۆكۈمنىڭ بارلىقىدىن بۇ ھەقىقەتنى بىلگەنلىكىدىن ۋە ھاياتىنى مۇشۇ ھەق ئۈستىدە ئاخىرلاشتۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۆزى مەڭگۈ ئىككى ئالەمدە بەختلىك ھېس قىلىدۇ، ئاللاھ، مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەي، ئامىن!

ھەرقانداق بىر شەخش مۇشۇ ھەقىقەت ئۈچۈن، جان پىدالىق قىلىشنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە، بىزمۇ شۇنداق دەيمىز. ئەمما، بىز باشقىلاردەك يالغانچى، كاززاپ بولساق، بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە جاندىن تۆۋەن تۇرىدىغان نەرسىدىنمۇ كېچەلمەي تۇرۇپ، كەچكەن تەقدىردىمۇ يۈرىكىمىز ئازابلىنىپ تۇرۇپ، بىزگە بۇنداق قۇرۇق پو ئېتىشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى نېمە قىلىمىز؟ ئېيتىڭلارچۇ؟

بىزگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدە ياخشى ئۈلگە بار، ئۇ زات نېمە قىلسا، بىزمۇ شۇنى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ زاتنىڭ 23 يىللىق ھاياتى پۈتۈنلەي ئۈلگە، ئۆرنەك بولالايدۇ، ھەدىس دېگەن نام بىلەن قۇرئانغا تەپسىر، شەرھى بولماقتا، پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەت، سۆزلىرى خاتىرلىنىپ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئۈلگە بولماقتا، مەسىلەن: ئۇ زات يەرشارى بويىچە تەنھا، يالغۇز تۇرۇپ، ھەقنى، ئىسلامنى ئاشكارىلىغان، يەنە كېلىپ بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان جايدا، خوجايىن، پادشاھ بىلەن كۆرەش قىلغان، نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت، رىيازەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ قىلچە چېكىنمىگەن، پۇشايمان دېگەن ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. توققۇز ياشلىق قىزچاق ئائىشە ئىسمىلىك ئايالىنمۇ ئۆيىدە قالدۇرۇپ نەچچە قېتىم جەڭگە ئۆزى يولباشچى بولغان. ھېچقانداق بىر خاتىرىگە رەسۇلۇللاھنى جەڭدىن قاچقان دەپ خاتىرلەنمىگەن، بەلكى، باتۇر ئىدى دېگەن. خىيالىڭىزغا ئۇ دېگەن پەيغەمبەر تۇرسا دېگەن ۋەسۋەسە كىرىۋاتامدۇ؟ ئۇنداق بىز خەلىپىگە قارايلى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پاراسەتلىك، قەلبى ئىسلامغا ئېچىلغان زات ئىدى، نۇرغۇن مۇرتەد كاپىرلارنى كۆپىرىدىن توسقان ھەم شۇ يولدا جان بەرگەنگە قەدەر كۆرەش قىلغان. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن قىزىغا سەكراتتا تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەن مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولغاندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ بىر دىرھەم چاغلىق نەرسىسىنى (دەرھەم دېگەن ھازىر 25 كوي) يېگىنىم يوق. مەن ئەسكەرنىڭ تائاملىرىنىڭ ناچارلىرىنى، كىيىملىرىنىڭ ئەڭ كونىراقىنى كەيدىم، مەندە ھازىر مۇشۇ تۆگە بىلەن بىر تون بار، بۇنى مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆمەرگە ئاپىرىپ بەرگىن دېگەن ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، يىغلاپ كەتتى، ياشلار مەڭزىدىن چۈشەتتى، ئۇ تەكرار ھالدا مۇنداق دەيتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ھەقىقىي سىددىق ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىپ، مۇشەققەتكە قالدىم دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇچۇ؟ بۇمۇ ئىككىچى خەلىپە ئىدى، بۇ زاتنىڭ زاھىدلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاھىدلىقى يەنى دۇنيانى قويۇپ، ئاخىرەتكە يۈزلىنىشى، ھەق ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلىشى، بۇ زات ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى، پارۇق ئىدى، باتۇر ئىدى، ھەق ئۈچۈن جان، مال ھەممىنى ئاتايتتى، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ بىرەتتى، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ ئىشتىنىدا 12 ياماق بار ئىدى دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، كەئبىنى تاۋا قىلغىنىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئىشتىنىدا **21** ياماق بار ئىدى دېگەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ زات ئالتۇن ـ كۈمۈشنى چاڭگاللاپ ئۇلەشتۇرگەن، ھەم ئۆزىمۇ مۇسۇلمانلار خەلىپىسى ئىدى. ئۇ زات كىشىلەر مەن خادىملىرىمنى سىلەرگە ماللىرىڭلارنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇۋەتمىدىم، مەن ئۇلارغا دىنىنى، سۈننەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئەۋەتتىم دېگەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ شۇنداق ھەقتە چىڭ تۇراتتى، ھەممىسى جەننەت بىلەن ھايات تۇرۇپ بېشارەت ئالغان، نېمە ئۈچۈن؟

ھەق ئۈچۈن جاننى، مالنى، پۈتۈن بارلىقنى ئاتىيالىغانلىقى ئۈچۈن، ئەزىيەت، رىيازەتنى خۇشاللىق دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيا لەززىتىدىن قاچقانلىقى ئۈچۈن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن، بۇ دۇنيانىڭ نېمىسىنى دەي، ھالاللىرىغا ھېساب تۇرسا، ھاراملىرىغا ئازاب، بۇ بىر ئالدامچى قىلتاق خالاس.

ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئەۋلىيالار، ھۆكۈما، ئالىم، پەيلاسوپلار نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر ھەممىسى پۈتۈنلەي يۇرت ـ ماكان، بالا ـ چاقا، ئاتا ـ ئانا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ جۈملىدىن ئۆز ھاياتى، ئۆز نەپسى، تاتلىق شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بەزىسى ۋەلى بولسا، بەزىسى شېھىد بولدى، بەزىسى غازى بولسا، بەزىسى قازى بولدى، بەزىسى ئالىم بولسا، بەزىسى تالىپ بولدى، ياكى ئابىد بولدى. ھەممىسى ئۆمرىنى بەخت، لەززەت ئىچىدە ئۆتكۈزدى، بىز ئۆزىمىزگە ئۆلگە قىلغۇدەك، ۋايجان، ۋاي ـ ۋۇي دېگەن ئىشلار، رىيازەتلەر ئۇلارغا ھېچ ئىش ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، ھازىر ئۆلگە بولغۇدەك ئالىم ئابىد يوق، بولسىمۇ يوشۇرۇنكەن، بىز ئۆزىمىزگە قاراپ ۋاھ بىز دېگەن مۇسلىمدىن ئۆتۈپ مۆئمىن بولدۇق دەيمىز. بۇ بىر ئۆزىنى ئالداش خالاس، ھەقىقىي مۆئمىن قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار كەتتى، بالىلىرى بىزدىن يىراق، ئەمما قەلب جىلك، مىزان بولۇپ، ھۆكۈم چىقىرىدىغان قۇرئان، ھەدىس مەڭگۈ بار، بۇ يوقالمايدۇ، بىز شۇنىڭغا چۈشىسەك مۆئمىن بولمىسا بۇ بىر ۋېۋىسكا خالاس. ئۇيقۇمىزنى ئاچايلى، ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى، ھەقىقەت ئالدىمىزدا، مىزان تېخى ئالدىمىزدا.

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھنىڭ رازىلىقى، جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر، مانا بۇ ئەڭ بۈيۈك نىجاتلىقتۇر، دېگەن ئايەت توغرىسىدا، بىز يۇقىرىدا ھەق ئۈچۈن، ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد، كۆرەش، خىزمەت ئۈچۈن بارلىقنى، جاننى، مالنى ئاتاش توغرىسىدا سۆزلىدۇق، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەلۋەتتە مانا مۇشۇ رازىلىق ئۈچۈن، ئاللاھ بىزدىن رازى بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئاللاھدىن سانسىز رازى، رازى بولمايدىغانغا ھېچ ھەققىمىز يوق. پەقەت، بىزدىن رازى بولسا، پۈتۈن مۇراد ـ مەقسىدىمىز شۇ، پۈتۈن نىئمەن ياكى ئازاب پۈتۈن لەززەت ياكى مىھنەت، نەپسگە، روھقا، قەلب، ئىددىيگە باغلىقتۇر. ئادەم قەلبى، روھي، ئىددىيە، ھەقىقىي بەختىنىڭ ياكى ئازاب، كۆلپەتنىڭ ئورنى، ماقامدۇر، كىشى قەلبى يورىسا، يايرىسا رازى بولسا، ئىگىسىنى رازى قىلالىسا، ئۆزىنى ھەقىقىي بەختلىك ھېس قىلالايدۇ. خۇددى ئاشىق، مەشۇقنى رازى قىلالىسا ئۆزىنى ھەقىقىي بەختلىك ھېس قىلغاندەك، مەشۇقى رازى بولمىسا، ھەرقانچە راھەت ـ پاراغەت، لەززەت كۆرسىمۇ بەختلىك ھېسابلانمايدۇ، ئاللاھ دېگەن خالىق، ئۇ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، ئەڭ كۆيۈمچان، ياخشىلىق قىلغۇچى، بەكمۇ دوست تۇتقۇچى، پەقەت بىز دوست تۇتساقلا، بىز رازى قىلالىساقلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ، بۇ رازىلىق پۈتۈن كائىناتنىڭ خالىقى ئاللاھنىڭ رازىلىقى.

بۇ رازىلىق ھەق جامالغا ئېرىشتۈرىدۇ، دەرىجىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، كاتتىسى بولىدۇ، شۇڭا، بۇ رازىلىق جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر. بۇ رازىلىقنىڭ قەدرىگە ھەقىقەتچىلەر يېتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىنى، جان ـ مالىرىنى، بارلىقنى، بۇ رازىلىق ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئۆمرىنى ئىخلاس بىلەن زىكرى بىلەن تەپەككۇر ۋەز ـ نەسھەت، ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارغا ۋاقىت بولسىلا كېچە ـ كۈندۈز كېلىپ قالمايدۇ. بايلىق، پېقىرلىق، پۈتلاشمايدۇ. ئۇلار جەننەتكە پەرۋا قىلمايدۇ، دوزاخدىن قورقمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ رەببى ئۇنىڭدىن ئۇلۇغدۇر، شەرەپلىكدۇر، جەننەتنىڭ خالىقىغا قاراش، جەننەتكە قاراشتىن شەرەپلىك ۋە لەززەتلىكتۇر.

مانا مۇشۇ تېمىدا ئەۋلىيالرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال، مەن جەننەتنى دەپ ياكى دوزاخدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلمايمەن، ئۇنداقتا مەن يامان ئىجارىكەش بولۇپ قالىمەن، پايدىنى كۆزلەپ زىياندىن قاچىدىغان، پايدا بولمىسا خوجايىنىنى كۆزلىمەيدىغان يامان ئىشچى بولۇپ قالىمەن.

سىلەر جەننەت، دوزاخ يارىتىلمىغان بولسا، ئاللاھقا ئىبادەت قىلمامتىڭلار، ئاللاھدىن قورقمامتىڭلار، مەن پەقەت ئاللاھقا ئىشتىياق قىلىپ، ئاللاھنى سېغىنىپ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ، ئىبادەت قىلىمەن دېگەن (سۈرە مۇھەممەد)

رابىئە بەسرى، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا، جان تەسلىم قىلغاندا، ئى رابىئە سەن مەندىن رازى، مەن سەندىن رازى ئەمەس دېگەن بۇ نىدانى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئازاب دېگەن.

ئۇ سىلەر ئۇزۇڭلارنى ئەپۇ قىلماڭلار، زادى ئەپۇ قىلماڭلار، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشتا ئىككىلەنمىسەڭلار دېگەن. ئۇ شۇنچە مەشھۇر، تەقۋادار، سوپىيانىسەۋرىنىمۇ سەن ياخش ئادەم ئەمما دۇنياغا بېرىلىسەن دېگەن. بۇنداق ئايال ئەۋلىيالار بەك كۆپ، بۇلارنى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، «ئىھياھ» دېگەن كىتابىدا يازغان، «فىزىلال قۇرئان» تەپسىرمۇ ئۇلگە ئورنىدا يازغان.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ نەچچە يەردە كەلتۈرگەن، رەبىئەگە جەننەت ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دېگەندە، ئۇ ئالدى بىلەن جەننەتنىڭ رەببى ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى دەيمەن، ئاندىن جەننەتنى دەيمەن دېگەن. بۇنداق ئۇلگىلەر پەيغەمبەر، ساھابىلەر، تابىئىنلار، مەشھۇر ئالىملار، پەيلاسوپلاردا بەك كۆپ، بۇنى تولىمۇ سۆزلىدۇق، ھەم كۆپ كىتابلارمۇ چىقتى، ئەمما قايسىمىز ئەمەل قىلدۇق؟ گەپ ئەمەلدە، پەرىشتىلەر يوقنى يازمايدۇ، ئۇلار ئەمەل قىلساق زادى ئازمايدۇ، ھەممىنى ھەتتا ئىنجىقلىغاندىن تارتىپ يازىدۇ، خالىساڭلار ئىككى ئالەم بەختى ئۈچۈن كۆرەش قىلىڭلار.

بىرلا سوئال. ئاللاھ، پۈتۈن ئالەملەرنى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتتى، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن، سامان يولى، قۇياش سىستېمىسى، ئاي شارى ۋە باشقا پىلانىتلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، قۇياشنى، ئۇنىڭ نۇرىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، ھايۋانلارنى، ئۇسۇملۇكنى، جانسىز، جانلىق پۈتۈن مەخلۇقلارنى يارىتىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى.

نەچچىلىغان ئىلمىنت، ماددىلارنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردى. يوقلىقدىن بارلىققا ئەكىلىپ ياراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگەق ئەڭ گۈزەل، قەددى ـ قامەتنى بىرىپلا بولدى قىلماي، بۇ بەش ئەزانى، بەش سەزگۈنى بەردى، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەخلۇقلارنىمۇ ئالدىن ياراتتى، رىزىقىمىزنى مول قىلدى، ھاياتىمىزنى كاتتا قىلىپلا قالماي، يەنە ساقلاپ تۇرۇپ، كېيىنچە بېرىدىغان بولدى.

مەڭگۈلۈك بەختنى تېپىشقا يول كۆرسەتتى، ئەلچى ئەۋەتىپ، يول كۆرسەتتى، كىتاب ئۆگەتتى، ئۆزىنى تونۇتتى، شۈكرىنى ئادا قىلىپ بولالمىغۇدەك ياخشىلىق قىدى، راست، نېمەتنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئەگەر، رازى قىلالىساق، جامالىنى ۋەدە قىلدى. ئۆزى چارە ـ ئامال كۆرسىتىپ، يول كۆرسىتىپ، قادىر بولغۇدەك ئەمەلگە تەكلىپ قىلىپ، يەنە ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى رازى بولىدى، ئۆزى ياراتقان ئىدى، سۆزلىسەك گەپ تولا، ئەمدى بولا، خۇلاسە، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟ زادى نېمە ئىش قىلدىڭلار؟!!!

سۈرە تۆۋبىدىكى، ئۇلاردىن بىر پىرقىسى دىندا فىقھى، ئالىم بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا سەپەرگە ئاتلانمىدى؟ دېگەن ئايەت، مەسىلىسىدە تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېگەن:

پەيغەمبەرلەردىن قالسا، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئۇلاردىن چىققان دىنىي فىقھشۇناس يەنى قانۇنشاناسلار پۈتۈن دۇنيانى كونترول قىلىدۇ. ئۇلار ئارىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىدۇ، دىن جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، ئاللاھ تىلغا ئالغان فىقھى ئالىملارغا قاراپ باقايلى، تۇنجى مەزگىلدە ھەقىقىي فىقھى، ياد ئالغان ئايەتكە ئەمەل قىلغانلار ئىدى. قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىدىلا چىقىپ تۇراتتى، پۇرۇقى پۇراپ تۇراتتى، خۇددى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي دېگەندەك، ئۇلار ئاللاھنى ئۆزە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھاللىرىدا ئەسلەيتتى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلاتتى، ئۇلار ئاللاھدىنلا قورقاتتى، قىيامەت كۈنىدىكى ھېسابدىن قورقاتتى، كېچىلىرى بولسا، ياستۇققا باش قويمايتتى، ئاز ئۇخلايتتى، كۆپ تۇنەيتتى، يىگىنى بولسا، كېيگىنىدەك ناچار ئىدى، پەقەت جان ساقلاش ئۈچۈنلا يەيتتى، ھۆكۈمدە قىلچە

ھەقدىن مايىل بولمايتتى ۋاھاكازالار. مانا مۇشۇنداق تۇنجى مەزگىلدە ئاللاھ قۇرئاندا، سۈپەتلىگەندەكلا ياخشى ئۆتتى، بۇ تابىئىنلار دەۋرىگىچە ياخشى ئۆتتى، جۇملىدىن تۆت چوڭ مەزھەب ئالىملىرىمۇ كىشىلەر ھايران قالغىدەك تەقۋادار، ئىبادەتكار ئىدى. كېيىنچە ھەتتا بىزنىڭ زامانىمىزدا بولسا، شەھۋەتكە بېرىلدى، ھۆكۈمدە ھەقدىن ئازدى، پارا يېدى، دۇنيا توپلىدى، ھەتتا، ئاللاھنىڭ قانۇنىنىمۇ ئىزا تارتماستىن ئۆزگەرتتى، باشقا قانۇن كىرگۈزۈپ، دىنسىزلارنىڭ قانۇننى قوبۇل قىلدى، سەۋەبى بولسا، ئىختىلاپ تۆت مەزھەبدىن بىشقا نۇرغۇن زەيدىيىيە، ئىمامىيىيە، خاۋارىج، راۋابىز، شىيئە دېگەنگە ئوخشاشلار پۈتۈن ئۆمۈر ئىختىلاپ بىلەن ئۆزئارا تاقابىل تۇرۇش، سەندىن مەن ياخشى، سەندىن مەن ئالىم، سېنىڭكىدىن مىنىڭ توغرا، مەن مۇسۇلمان سەن كاپىر دېيىش بىلەن ئۆتتى، تا ھازىرغىچە ئۇ مەزھەب، بۇ مەزھەب، پالانى گۇرۇھ، پۇستانى پارتىيە دەپ تەرەببازا بولۇپ، مىللەتۋاز بولۇپ، ئىتتىپاقسىزلىق يامراپ كەتتى، كاپىرلا ۋە دىنسىزلارچىلىك بىرلىشەلمەي، ئاخىرى ئىككى ئۆچكە تاقاشسا بۆرىگە پايدا بولدى، دىندىن تېخى ئايرىلىپ، دۇنيادىن تېخى ئايرىلىپ، يا ئاللاھنى، يا ئۆزىنى رازى قىلالماي، تەقدىردىن زارلىنىپ ئۆتتى، ئامال يوق، پۈرست كەتتى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇرۇنلا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ساھابىلار، تابىئىنلار، مەشھۇر ئالىملار، پەيلاسوپلار بايان قىلىپ بولغان مەسىلىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، قايتا ئىختىلاپ قىلىپ، قىلغىلى ئىش يوقتەك قۇرۇق ئىختىلاپ ۋە ئىختىلاپلىشىپ، ئالىملار قالدۇرغان ئاشۇ ئىلىم ـ ھېكمەتتىن لەززەت ئېلىپ، ۋاراق تۆپىدە، ئىتتىكاپ قىلىپ ئۆتتى، ھازىر ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر، چۈنكى، بۇلار دۇنياپەرەس بولۇپ كەتتى، گال غېمى، مال غېمى، بالا غېمىدە تاپسام دەپلا ئۆتتى، ئاللاھ، جامالى، جەننەت، ئاخىرەت، ھەق، جان، مالنى پىدا قىلىش، ئېغىزدا بار ئەمەلدە يوقاپ كەتتى، نېمەت تولۇپ كەتتى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، سەپەر ئىشلىرى بۇرۇنقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدۇ، يەنە تېخى شۈكرى قىلىش ئۇيياندا تۇرۇپ، ئىچى ئىچىشتى، ئۇنى، بۇنى يىگىسى ۋە كىيگۈسى كەلدى، كاپىرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن، دۆلەت، راھەتلىرىدىن لەززەت پەيزىدىن سۈرگۈسى كەلدى. ئۇلارنى دوراپ يۈرگۈسى كەلدى، مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە شەيتاننىڭ تۈگمەس ۋەسۋەسىسى كەلدى. ئىبادەت ۋە شەرئى ھۆكۈملەر ئۆرۈپ، ئادەتكە ئايلاندى، بەزىسى ئامال يوق قىلىپ قالاتتى، مەن بۇلارنى مۇبالىغە قىلمىدىم، ئىشەنمىسىڭىز يۇرت ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىڭ. سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، **1960** ـ يىلى ھازىر پۈتۈن دۇنيادا ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتى يوق دېگەن، بىز ئىشنىڭ ياخشىسىنى ئويلاپ تويدۇق، ئەمدى يامىنىنىمۇ ئويلاپ قويايلى، ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى. كەلگۈسىدىكى فىقھى ئالىملار، ھازىرقىدەك بولماستىن ئەسلى بۇرۇنقىدەك بولۇشى، تەقۋالىقدا، ھۆكۈمدە، ئادىللىق قىلىشتا، ئىبادەت ۋە كۆرەشتە، جان ـ مالنى ئايىماسلىقتا، دۇنيا لەززىتىدىن ۋاز كېچىشتە، ھەقىقى، ئاللاھ ئۈچۈن زاھىد بولۇشتا ئەسلىگە قايتىشى لازىم.

ئەمما، ئۇلار قىلىپ تۈگىتەلمىگەن، بىزگە ۋە كەلگۈسى فىقھى ئالىملارغا قالدۇرغان ۋە زېپىنى ئورۇنلىشى، ئۇلارنىڭ ئىشنى داۋام قىلىشى، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشى لازىم. ئىلىمدا ئۇلار قالدۇرغان ھېكمەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، قۇرئاننى، ھەدىسنى يېڭى ئىلىم بىلەن تەپسىرلىشى، ئىزاھلىشى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ تونۇشى، ھېكمىتىنى بىلدۈرۈشى، ئىلمى مۆجىزىلەرنى ئاشكارىلىشى، قۇرئاننىڭ يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان مۆجىزىسىنى بايان قىلىشى لازىم. بۇلار يەنى كەلگۈسى فىقھىلار، كەلگۈسى ئالىملار، يەنىلا نىكاھ، تالاق، قۇللۇق، ئۆشرە ـ زاكات قاتارلىق دە ـ تالاشنى قىلماي، ئۇنى ئېغىزدا ئەمەس، ئەمەلدە ئىجرا قىلىپ، تەپەككۇرنى ئۇ مەسىلىگە ئىسراپ قىلماي، يېڭىدىن ئىلىم ـ پەن ئىگىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ مەسىلە ئاللىبۇرۇن ئېنىقلىنىپ بولدى. ئەمدى بىز نېمە قىلىشىمىز لازىم، ئۇلارغۇ نەتىجىنى، بۇ تۆھپىنى ئىسلامغا قوشۇپتۇ، بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز قانداق قىلىشىمىز لازىم، بىز قانداق تۆھپە قوششىمىز؟ مانا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىگە كېلەيلى.

ئاللاھنىڭ ئەرشىدىن تارتىپ، يەرشارى سىستېمىسىغىچە، كۆرسىدىن تارتىپ زەررىچىگىچە بولغان مەخلۇقلىرى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تەپسىلىي قارىشىمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. قۇرئانمۇ ئايەت، ئۇلارمۇ ئايەت، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكىمۇ ئايەت، ئۆتكەن ئۈممەتكە كەلگەن ئازابمۇ ئايەت ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى ھايۋان، ئۆسۈملۈكمۇ ئايەتلەردۇر، ئاللاھ، ھەممىنى ئايەت دېگەن، يەنى، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، قۇدرىتى، ھېكمىتى، قىيامەتنىڭ راسلىقى ئۈچۈن، مۆجىزە، ئالامەت بار دېگەن.

شۇڭا، بىز دىن بىلەن ئىلىم ـ پەننى ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن قىلىقىنى، قۇرئان كالامىي، مەخلۇقلاردىن ئىبارەت، بۇ رەڭلىك كالامنى، كىتابنى راستلاشتۇرماي، بىر ـ بىرىگە خىلاپ ھالدا چۈشەنمەي، بەلكى، تەتبىقلاش، **99** ئىسىم سۈپەتنى پۈتۈن قۇرئان ئايەتلىرىنى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ چۈشىنىشىمىز لازىم. ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، ئىنسانلار، ئادەم ئورگانىزىم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئىلمى ئۇچۇر ئىلمى، قۇرۇلۇش ئىلمى، تەبىئەت ئىلمى، تۆرەلمە ئىلمى، مىكروسكوپ، تېلىسكوپ، كومپيۇتېر، ئالەم كېمىسى، راكېتا، ھەرخىل بومبا، نۇر ئىلمى، ۋە ئۇندىن باشقا يېڭى كەشپىيات بىلەن قۇرئان، ھەدىسنى شەرھىيلەپ ئىزاھلاپ ھەقىقىي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق فىقھى ئالىم، ئابىد بولايلى!!!

## سۈرە يۇنۇس تەپسىرىدىن تاللانمىلار

ئۈچىنچى ئايەت، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، دېگەن مۇشۇ ئالتە كۈن توغرىسىدا ھېكمەت، قەدىمقىلار، قۇياش، زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ شەرىقدىن غەربكە قاراپ ماڭىدۇ، شۇ ئارقىلىق بىر كېچە ـ كۈندۈز ھاسىل بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئالتە كۈن ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈشلەندۈرۈپ، ئەمەل، ئىبادەتلىرىگە قىلچە توسالغۇ بولماي، ئىمان بىلەن دۇنيادىن كەتتى.

نۇرغۇن كىشىلەر ئىمانسىز ھالدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ قۇرئاننى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى ئىنكار قىلىپ، كاپىر ھالدا كەتتى، ئىش ئۆز پېتى تامام بولدى. ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مانا ئەمدى، بۇ كۈن دېگەن ئىبارەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى، بۇ كۈن يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا بىر ئايلىنىپ چىقىشى بىلەن بولىدۇ، ئۇندىن باشقا يەرشارى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلغىنى ئاشكارا بولدى. قۇياشمۇ سامان يولىنى بويلاپ ماڭاتتى.

ئۇندىن باشقا نۇرغۇن پلانېتلار، يۇلتۇزلار، پۈتۈن سامان يولى ۋە ئاسمانمۇ دائىم ھەرىكەتتە بولىدىغىنى ئاشكارا بولدى. بۇرۇنقى كۆز قاراشلار خاتا چىقتى، ئۇلار مۇسۇلمان ھالدا كەتتى، بۇنىڭدا شەك يوق، ئەمما، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىپ ئالەمگە، ئاسمانغا بولغان كۆز قاراش ئۆزگەردى، تۈپتىن ئۆزگەردى. بەزى كۈن يەنى بىر كۈن، بىر كېچە ـ كۈندۈز دېگەن، يەرشارىنىڭ **24** سائەت بولسا، بەزى پلانېتلارنىڭ يەرشارى بويىچە نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ يىل بولۇپ چىقتى، نەچچە **100** مىڭ يىل، مىليون، مىليارت دېگەن سانلىق مەلۇمات چىقتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىماندا داۋالغۇغانلار بولدى، ھەتتا، بەزىسى ئىماندىن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا يۈز ئۆرۈپ، كاپىرلار، دىنسىزلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى، بىزنىڭ خۇراپىي ئالىملىرىمىز ئۇلارنى قايىل قىلالمىدى، قەلبىگە شىپالىق ئوكۇلنى ئۇرالمىدى، بەلكى، ئىختىلاپنى تېرىپ، قارىسىغىلا كاپىر، مۇناپىق، جوھۇد دەپ ئەيىبلىدى، ئاندىن ئۇلار تېخىمۇ ئىسلامدىن يىراقلاشتى، ھەتتا، دۈشمەن بولدى، بەزىسى شەكتە قالدى، ئارىلىقدا زور ئىختىلاپ كۆرۈلدى، ئاندىن ئىسلام ئالىملىرى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن قۇرئان، ھەدىسكە قاراشقا باشلىدى، دىندا بۇ مەسىلىگە قىلچە توسقۇنلۇق يوقلۇقىنى بايقىدى، بەزى قەستەن ئويدۇرۇپ كىرگۈزۈلگەن بەنى ئىسرائىل ھېكايىلىرىنى قەس قىلغان، ھەسەدلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، باشقىدىن ئىسلامى ئىلمى ئۇسۇلدا قۇرئان، ھەدىسكە شەرھى، ئىزاھات بەردى، ئاخىرى دىنسىزلارنىڭ قەستى ئىشقا ئاشمىدى، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت.

ئۇلار قۇرئان مۆجىزىسىنى مانا مۇشۇ ئىختىلاپىدىن باشلاپ بايقىدى، ئورۇشمىغىچە تونۇشماس دېگەن شۇدە! ئۇلار، قۇرئانغا قارىسا، بەزى بىر كۈن **1666** يىلچە، بەزى بىر كۈن **50000** يىلچە كېلىدىغىننى كۆردى، ئۇلار ھە! تاپتۇق، تاپتۇق ئەسلى ئاللاھنىڭ نەزلىدە كۈن بەك تولا ئىكەن، يالغۇز بۇ زېمىننىڭ كۈنىلا ئەمەسكەن، پۈتۈن سامان يولى ياكى باشقا پلانېت ياكى ئاسمان ياكى كۇرسى ياكى ئەرش ياكى ئاللاھ كىتابىدىكى كۈن ئىكەن، بۇ بىر سىر، ۋاقىت بولۇپ، ئالتە باسقۇچ، ئالتە مەزگىل، ئالتە ۋاقىت دېگەن بولىدىكەن، بۇنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ بىلىدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى، «فىزىلال قۇرئان»مۇ مۇشۇ خىلدا بايان قىلىدۇ، يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن دېگەن ئايەتمۇ شۇنداق، يەتتە پلانېتمۇ، يەتتە سىستېمىمۇ، يەتتە

ئالەمۇ بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ، بۇ ئالتە كۈننىڭ مىقدارىمۇ ئاللاھنىڭ نەزلىدە دېگەن ئىدى.

ئىبنى ئاببا رەھمەھۇللا ئەلەي، ئالتە كۈن، بۇ دۇنيانىڭ تۇنجى كۈنلىرى بولۇپ، ھازىرقى كۈننىڭ **1000** يىلىغا تەڭ، دېگەن. يەنىلا بىز ئىنسانلار تۈپىدە تۇرمىغاندىكىن ھەقىقىنى ئاللاھ بىلىدۇ، دىيىشىم بەكمۇ لايىقتۇر، توغرا، شۇنداق ئاللاھ ئالىمدۇر.

ئۇنداقتا، بۇ ئالتە كۈننىڭ سانلىق مەلۇماتى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئالىملار مۇشۇ ئالتە كۈننى تېپىش ئۈچۈن، پۈتۈن زېھنىنى، قۇرئان، ھەدىس، ئالىملارنىڭ تەپسىر كىتابلىرىغا ۋە ئاسمان ـ زېمىن ھەققىدىكى ئاسترونومىيىگە قاراتتى، شۇ ئارقىلىق رودا قازغۇچە، ئالتۇن تاپقاندەك، نۇرغۇن ئىلىم، كەشپىياتنى تاپتى، قۇرئان مۆجىزىسىنى تاپتى، نۇرغۇن گۇمانلىق، چىگىك مەسىلىلەر يېشىلدى، شۇنداق قىلىپ بۇ يېڭى مەخلۇقلار توغرىلىق قۇرئان، ھەدىستىمۇ دەلىل تاپتۇق، قۇرئاندىن جاۋاب تاپتۇق، ئاللاھ، ئەلۋەتتە ئالدىدىن بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا قاراڭلار، دىسە، كۆزىمىزنى يۇمۇپ، يۈزىمىزنى پەسكە قىلىپ، قارۇغۇلارچە شەيخلەرگە چوقۇنۇپ ئۆتكەنگە پۇشايمان يەپ، ئۆز ۋابالىمىز ئۆزىمىزگە چۈشسە بولاتتى، ئەمما، مېھرىبان ئاللاھ، بىزنى ھىدايەت قىلدى، مانا مۇشۇنداق سىرلىق سانلىق مەلۇماتلار ئايىتى ۋە ھەدىسلەر ۋە بەزى ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆيقۇمىزنى ئاچتى، ئاشۇ ئىختىلاپ ئۆيقۇمىزنى ئاچتى، ئاخىرى بىز نىجات تاپتۇق، ھەقىقەتكە قايتتۇق. نۇرغۇن يېڭى كەشپىيات، مۆجىزىنى تېپىشتىن سىرت، دىنسىزلارنىڭ قەستىنى، بولۇپمۇ، قۇرئان تەپسىرىدىكى قەستنى بىلدۇق، دۈشمەننى بىلدۇق، ھەم پايدا ئېلىپ، ھەم زىياندىن قۇتۇلدۇق، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن يېڭى ئىلىم ـ پەننى بىلسۇن، تەرەققىي قىلغان ئاسترونومىيە، فىقھى بولسۇن، قۇرئاندىكى مۆجىزىنى بالدۇر بايقاپ، كاپىرلار، دىنسىزلارغا تاقابىل تۇرسۇن، كەشپىياتنى بالدۇر بايقاپ غەلىبە قىلسۇن دەپ مۇشۇنداق سانلىق مەلۇماتنى كەلتۈرگەن، ئەمما بىز تا ھازىرغىچە ئۆيقۇمىزنى ئاچماي، قۇرۇق ئىختىلاپنى قىلىپ، ئۆزىمىز بىلەلمەيلا ھەقنى ئىنكار قىلىپ ئۆتۈپتۇق.

ھەق بىز چۈشىنەلمىسەكمۇ يەنىلا ھەق، بىز ئاخىرى بۇ ھەقىقەتكە قايتىمىز، بىز قايتمىساق، ئەۋلادىمىز قايتىدۇ، شۇڭا، ئەمدى بىز يەنە ئۆتكەنكىدەك، خۇراپىلىق قىلماي، ئارقىدا قالماي، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، كەلگۈسىدىكى يېڭى كەشپىيات يېڭى مۆجىزىنى ئاشكارىلاپ ھەق ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىپ خىزمەت قىلايلى.

## ئاللاھ، ئەرش ئۈستىدە ئىشلارنى تەدبىر قىلىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئاللاھ، سۈرە ھۇددا، ئەرش سۇ ئۈستىدە دېگەن بۇ ئايەتتە بولسا، ئىشلارنى تەدبىر قىلىدۇ دېگەن، رەسۇلۇللاھمۇ ئىلىمنى، ۋەھيىنى، سۇغا ئوخشاتقان، ئاللاھمۇ قۇرئاننى، ۋەھىنى، شىپالىق يامغۇرغا ئوخشاتقان، دېمەك، ئاللاھ، ئەرشنى سۇ ئۈستىدىلا ئەمەس بەلكى ئىلىم ـ ھېكمەت، تەدبىر ئۈستىدە توختاتقان، ئاللاھ، ئەرش ئىشلىرىنى، ئاسمان ئىشلىرىنى، زېمىن ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىپ تۇرىدۇ، ئىنساننىڭ تەدبىرىنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بۇزغان بىلەن ئاللاھنىڭ تەدبىرىنى بۇزغۇچى يوق، ئىنساننىڭ، ھايۋاننىڭ، ئۆسۈملۈكنىڭ، پۈتۈن پاكلىقنىڭ ئاساسى، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى سۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ، ئىنسانلارنى بۇ سۇ مەسىلىسىگە سەل قارىمىسۇن دەپ، ئەرشنىمۇ سۇ ئۈستىگە توختاتقانلىقنى بايان قىلغان، ھەم بۇ يەردە، تەدبىر قىلىپ تۇرىدىغىننى سۆزلىگەن. ئاللاھ، ئەشدىن زەررىگىچە پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئىشىنى، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن تەدبىر قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىدا، ھېكمەتلىرىدە، تەدبىر، چارە ـ ئاماللىرىدا قىلچە ئەيب ـ نۇقسان يوق، ئەمما، بۇنى ئالىملار بىلىدۇ، نادانلار چۈشەنمەيدۇ.

ئاللاھ، يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئىشلارنى تەدبىر قىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ رەببىڭلارغا ئۇچقۇشۇشقا ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلى بايان قىلدۇق دېگەن. ئىشلارنى تەدبىر قىلىش، ئاندىن ئىماننى زىيادە قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە قىيامەتكە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ

تەدبىرنى ئايەت ئارقىلىق تەپسىلىي سۆزلىگەن، ئاسمان ـ زېمىنغا قاراڭلار دېگەن، زېمىندا ئايەت بار، بىز ئاللاھنىڭ تەدبىر قىلىشى ۋە ھېكمىتىگە قاراپ باقايلى، زېمىندا نېمە باركىن، خوش، تاپتۇق بۇ يەردە بىر دەرەخ باركەن، بۇ دەرەخنى ياۋروپالىقلار، كاۋچۇك دەيدۇ، فرانسىيىلىكلەر مۇنات دەيدۇ، بۇ ئەستىيك دەرخى يەنى ئۆچۈرگۈچى دەرخى بولىدۇ. بۇ دەرەخ بىرازىلىيىدە، ئامرىكىدا، جەنۇبىي ئامرىكىدا، ئاۋستىرالىيىدە ئۆسىدۇ، ئافرىقىدىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ مۇۋسىدىن ئالمىدەك يېيىلمەيدۇ، ياكى سۈيى ئىچىلمەيدۇ ياكى شىپالىق نەرسە چىقمايدۇ، ياكى ياغ چىقمايدۇ، ئۇنداقتا بۇنى نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر خىل سۈيۇقلۇق چىقىرىلىدۇ، بۇ سۈيۇقلۇق مۇساپىرلارغا تەييارلىق، كاتىپلارغا زىننەت، باغلارنى سۇغۇرۇشتا ئۇتىنى ئۆچۈرۈشتە، توك ساقلاشتا ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كاتىپلار، ئىنژېنىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ياش ـ ئۆسمۈرلەر خالىي بولالمايدۇ. خالىغاننى ئۆچۈرۈپ، خالىغاننى تۈزەتكىلى بولىدۇ، مان بۇ ئۆچۈرگۈچ دەرخى، بۇنىڭ يوغانلىقى بەك چوڭ بولىدۇ. ئەمما، پۈتۈن زېمىندا ئۆسمەيدۇ، بۇ دەرەختىن بىر خىل تازىلىق قىلىش يەنى چىنە ـ قاچىنى، مەلۇم جاينى تازىلاشتا پۈتۈنلەي پاكىز قىلىش ئۈچۈن، ۋە مىكروپنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر خىل ماددا ئېلىنىدۇ، بۇ دەرەخنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى يېڭى تەبئىي ـ پەن ئىشلىرىدا، توك ئىشلىرىدا تولا كۆرۈلىدۇ، ئىنتايىن نازۇك زەررىچە ئىشلىرىدا بىخەتەر توك زەررىچىسى ساقلايدۇ. بۇنىڭغا ئازىراق گۈڭگۈرت قوشسا، سۇ ئۆتمەس سۈزۈك نەرسىنى ياسىغىلى بولىدۇ. بۇ ئاندىن سۇ ئاستى ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، سۇ ئۆتمەس ئاپارات ياسىغىلى بولۇپ، دېڭىزدا كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتىدۇ، ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىدا بۇ دەرەخ مۇھىم رول ئوينايدۇ، بەزى تۇربىلار، ئاشۇ دەرەخ بىلەن گۈڭگۈرت ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ. بۇ دەرەخكە ئازىراق گۈڭگۈرت ئارىلاشتۇرسا، فار ـ فور بۇيۇم ياسىلىدۇ، بۇندىن باشقا نۇرغۇن پايدىسى بار، ھېكمەت تېخى تۈگىگىنى يوق، ئاللاھ، بۇ دەرەخنى گۈڭگۈرت تېپىلىشتىن بۇرۇنلا ياراتقان، توك، تېلېفون، ئاپاراتلار يوق چاغدىمۇ بۇ بار ئىدى، دېمەك، بۇ دەرەخ قانداق بولۇپ يېڭى تەبئىي ـ پەن ئىشلىرىغا ئالدىن تەييارلانغان؟ بۇنى كىم ئالدىن سوۋغا قىلغان؟ تەدبىرلىك ئاللاھ قىلغان.

ئاللاھ، كەلگۈسىنى بىلگەچكە بىزنى بۇندىن كېيىن توكنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئوت ئۆچۈرۈشنى يول قويىدۇ، سۇ ئاستى پاراخوتتا، دېڭىزدا قۇدرىتىمنى كۆرىدۇ، بۇلارنى سۈرەتكە ئېلىپ پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىدۇ، توك ۋە زەررىچىنى مۇشۇ دەرەختە ساقلايدۇ، دەپ بۇ دەرەخنى ئىنسانلار مەنبەپەئى ئۈچۈن ياراتقان، شۇڭا، بۇنىڭغا مۇۋە، ياغ قىلمىغان، بەلكى، ئۆچۈرگۈچ ۋە باشقا ماددىلارنى يارىتىپ، تەدبىرلىك ئورۇنلاشتۇرغان.

بۇنداق مىساللار، ئاسمان ـ زېمىندا يەنىلا كۆپ، خۇددى مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن زىياپەت راستلىغاندەك، ئاللاھ، بۇ زېمىنغا، ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن زىياپەتنى راستلاپ تۇرغان، مەيلى قەدىمى بولسۇن، مەيلى ئەدەبى، مەيلى كونا بولسۇن، مەيلى يېڭى ئىلىم ـ پەن، كەشپىيات بولسۇن، ھەممىگە ماس كېلىدىغان بىر نەچچە خىل پايدىسى بار، مەخلۇقلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى، ھەرخىل، ھەرياڭزا ماددا، ئېلېمېنتلارنى ئالدىن تەدبىر قىلىپ يارىتىپ قويغان، بۇنى ئىنسانلار جۈملىدىن ئۆزىنىڭ دوستلىرى قېزىپ ئالسۇن دەپ، قۇرئاندا زېمىنغا قاراڭلار، يەر ئاستىنىمۇ ئاشۇ يەر ئاستىدىكى نەرسىنىمۇ ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ، يەر ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاننىمۇ، چىقىۋاتقاننىمۇ ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ دېسە، ئىنسانلار ئاددىي ئويلاپ، ئۆزلىرىمۇ بىلىپ تۇرىدىغان يامغۇرنى، قارنى، سۇنى، ئۆلۈكنى ئويلىدى، ئاشۇ ماددا، ئاشۇ بايلىق، ئاشۇ نېفىت، ھەرخىل نېمەتنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى، ئەلۋەتتە، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، بۇنداق مول نېمەتلەرنى، دىنسىزلارغا بەردى، شۇڭا، بەزى خىتابلار، قۇرئاندا ئاشۇلارغا خاس قىيامەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىشلارنى تەدبىر قىلىپ تۇرىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىپ تۇرىدۇ، ئالدىن بىلىپ نۇرغۇن نەرسىنى بىزگە يارىتىپ قويغان، مەسىلەن: ئالەم بوشلۇقىغا تىتان دېگەن ماددا بولمىسا، ئۇ كېمىنى قانداق ياسايدۇ؟ يېقىلغۇ بولمىسا، قانداق چىقىدۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئالدىن تەدبىر قىلغاندۇر.

ئاللاھنىڭ تەدبىرنى چۈشەنسە، ئاللاھغا ئاشىق بولىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەتنى، تەدبىرنى ئۆگەنسە، دۇنيا، ئاخىرەتتە بەخت تاپىدۇ، ئىشلارنىڭ ھېكمەتلىك يوچۇق يوق، پۇختا بولۇشى، ھېكمەت، تەدبىرگە باغلىقدۇر، تەدبىرلىك ئاللاھ، بىزنىڭ تومۇزدا ئۇسسىشىمىزنى بىلىپ ئاق ئۆرۈك پىشۇرۇپتۇ، لېكىن بىز ئىنسانلار ئاز شۈكرى قىلىمىز.

ئىنسانلار ئايىنى گۈزەل دەيدۇ،
ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ئايدىن گۈزەلدۇر.
بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار،
يې ئەھسەنى تەقۋىم پولاتتەك دەلىلدۇر.
ئاي بولمىسا ھىساب بولمايدۇ،
ھىساب بولمىسا ئىنساپ بولمايدۇ.
ئىنساب بولمىسا دىن ساپ بولمايدۇ،
دىنى ساپ بولمىسا، دۇنياغا تويمايدۇ.
ئاي، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر،
پەيغەمبەرگە ئىككى پارچە بولغان كارامەتتۇر.
ئايغا قاراپ ئاللاھقا ئاشىق بولغان قەلب،
دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن سالامەتتۇر.
ئايغا چىقتى ئىنسانلارنىڭ ئالەم كېمىسى،
بىزنىڭ بۇ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشقۇسى.
ئەمما، بۇنى ئىنكار قىلىش خۇراپىيلارنىڭ نىسىۋىسى،
قەلبىمدىكى بۇ ھەققەت ھامىنى بىر كۈن تاشقۇسى.
وَقَدَّرَهُ منازِلَ يەنى ئاللاھ ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىدى دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئاي، قۇياش سىستېمىسىدىكى يەرشارىنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بولۇپ، يەرشارى بىلەن بىرگە قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەرشارىنى **28** ـ **29** كۈندە بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئۆز ئوقى ئەتراپىدىمۇ ئاشۇ كۈندە بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، بەزى جايلىرى نۇر قايتۇرمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدىغان تەرىپى بەزىدە چوڭ بەزى كىچىك بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ، **29** كۈنلۈك ئاي بىر كۈنلۈك يوشۇرۇنىدۇ. **30** كۈنلۈك ئاي ئىككى كۈن يوشۇرۇنىدۇ.

بۇ دەل ئاينىڭ قۇياش بىلەن زېمىن ئوتتۇرىدا تۇرغان ۋاقتى بولۇپ، ئىككى كۈنلۈك ئاي بىلەن **29** كۈنلۈك ئاينىڭ ئارىلىقىدا كۆرۈنمەيدۇ. ئۇندىن باشقا كۈنلەردە تولۇق كۆرۈنۈپ ماڭىدۇ، كەچتە كۆرۈنىدىغان يېڭى ئاي قۇياشقا نىسبەتەن شەرىق تەرەپكە ئۆتتۇاتقاچقا قۇياش پاتقاندىن كېيىن ئاندىن ئارقىدىن كۆرۈنىدۇ.

ئەتتىگەندە كۆرۈنىدىغان **2** ـ **3** كۈنلۈك ئاي، قۇياشقا نىسبەتەن غەرىب تەرەپتە بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئاي كۆرۈنۈپ ئاندىن قۇياش چىقىدۇ. ئەمما، بۇ ئاينىڭ نۇرى قۇياش نۇرى كۈچەيگەنچە تۇرىدۇ، قۇياش نۇرى كۈچەيسە غايىپ بولىدۇ. ئەمما ئاي مەۋجۇد.

**15** كۈنلۈك ئاي قۇياش بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇرىدۇ، زېمىن ئوتتۇرىدا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇياش چىققان چاغدا ئاي غەربدە كۆرۈنىدۇ، قۇياش پاتقان چاغدا ئاي شەرىقدە كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاي ئاستا ھەرىكەت قىلىدىغان تۇرۇپ، قانداق بولۇپ، بۇ چاغدا بىر كۈندۈزدىلا شەرىققە، بىر كېچىدىلا غەربكە ئۆتۈپ قالىدۇ.

ئەسلى زېمىن ئايلانغاچقا شۇنداق بولغان، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدىكى سەككىز كۈنلۈك ئاي، كۈن كىرگەندە

بىرگە چۇش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تاڭ ئاتقان چاغدىكى سەككىز كۈنلۈك ئاي بىرگە كۈن چىقىش ئالدىدا چىڭ چۈش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ **28** ـ **29** كۈندە مەنزىللىرىنى پۈتتۈرۈپ يەرشارىنى بىر ئايلىنىپ چىققاچ، ئۆزىمۇ بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. قۇياش بىلەن زېمىن ئوتتۇرىدا يەنى ئاينىڭ باش ـ ئاخىرىدىكى مەزگىلدە قۇياش يەنى كۈن تۇتۇلىدۇ. ئاي **15** كۈنلۈك بولغان چاغدا زېمىن، قۇياش بىلەن ئاي ئوتتۇرىدا تۇرغان چاغدا ئاي تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، كۈن نۇرىنى زېمىن توسۇۋالىدۇ ـ دە، ئاي نۇر قايتۇرالمايدۇ. كۈن تۇتۇلغاندا بولسا، كۈن نۇرىنى ئاي توسۇۋالىدۇ ـ دە، كۈن تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ قۇياش، زېمىن، ئاينىڭ خەرىتىسى

ئاي شارى، يەرشارىنى ئايلىنىش بىلەن كەم، زىيادە نۇر قايتۇرىدۇ. يەرشارى بۇ ھەمراھ بىلەن قۇياشنى يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئۇندىن باشقا، قۇياشنىڭ توققۇز ھەمراھى بار. بىز بۇلارنى سۆزلىگەن. قۇياش بۇلار بىلەن بىرگە ئۆز ئوبېتىسىدا كۈنىگە **28** مىليون كىلومېتىر تېزلىكدە سەيرە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە بۇلار نۇر ئىلمىدا تەخمىنەن ھېسابلانغان، ئەمما، بۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھەقىقەت، بۇلارنى تېلېسكوپىدا كۆرگىلى بولىدۇ، ياكى باشقا پىلانېتلاردىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ كۆز قاراشقا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن باشقا يەنە، جۇمھۇر ئالىملار قوشۇلدى، ۋە تەپسىرگە، ھەدىسكە، شەرھى يېزىشتا ئوقوغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشتە بۇ ھەقىقەتنى **80** يىلدىن بۇيان سۆزلەپ كەلدى. چۈنكى، بۇ تەپسىر **1923** ـ يىل يېزىلغان، ھازىر **80** يىل بولغان، «فىزىلال قۇرئان»دىمۇ سۇرە مۇلۇكتە بار، تەپسىر مۇنىرمۇ كۆپ تىلغان ئالىدۇ. تەپسىر رازىمۇ شۇنداق، تاپاسىردا، سۇرە نۇھدا ئايغا چىققانلىق بار، ئۇندىن باشقا ئۇششاق دەرسلىك كىتابلىرىدىمۇ سۆزلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، جامالىنى، كامالىنى، ھېكمىتىنى تېخىمۇ رۇشەن بايان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ.

بۇلارغا ھېچقانداق دىنى توسقۇنلۇق يوق، پەقەت، بەزى بىر قەستەن ئويدۇرۇلغان قىسسە، ھېكايە، خۇراپىي كۆز قاراشدىن باشقا، قۇرئان، ھەدىس بۇلارنى قوللايدۇكى، توسمايدۇ، ھازىر بۇ ھەممىگە مەلۇم بۇلارنى سۆزلەش ھاجەتسىزدۇر.

قانداق بولۇپ، بۇلار رېتىملىق ئايلىنىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن زېمىننىڭ بىرلا ھەمراھى بولىدۇ، يەنە بىر ئاي بولسا، ئىشلار قالايمىقان بولامدۇ؟ قانداق بولۇپ ئاينىڭ يېرىمى نۇر قايتۇرمايدۇ؟ بۇنى ئىنسانلار يارىلىشىدىن بۇرۇن كەلگۈسىدە ئىنسانلار دۇنياغا كېلىپ ھېسابلارنى بىر تەرەپ قىلسۇن، قۇدرەتنى كۆرسۇن، ئاسترونومىيەنى ئۆگەنسۇن دەپ ئالدىن بىلگۈچى بىر زاد قىلىدىمۇ؟ قانداق، شۇنداق، ئەلۋەتتە بۇنى ئەقلىسىز جانسىز، تەدبىرسىز تەبىئەت قىلمىدى، چۈنكى، تەبىئەت ئۇ چاغدا تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان، بۇ جانسىز مۇسەخخەر قىلىنغان بىچارە پىلانېتلارمۇ بۇنى ئالدىن پىلانلاپ قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەممىسى ھادىسە بۇلارنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ، بىلىپ مەقسەتلىك ياراتقان، ئاللاھ ئۆلمەيدۇ، مەڭگۈ تىرىك، ھاياتلىق ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇخلاپ قالمايدۇ، مۈگدەپمۇ قالمايدۇ، بۇنداق مەخلۇق، ھادىسە سۈپەتلەردىن ئاللاھ پاكتۇر، بولمىسا، ئاشۇ پىلانېتلار ئوربېتىدىن قېچىپ چىقىپ، ئالەمنى ۋەيران قىلىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ بىر خىل ئىنتىزام، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرستىدۇ. ھەتتا، مۈگدەپمۇ قالمايدۇ، سىز دەرھال گولبۇسنى ئايلاندۇرۇڭ، ئەگەر مۈگدىسىڭىز، ياكى ئۇخلىسىڭىز، يا تاماق يېگىلى ماڭسىزى، ئۇ توختاپ قالىدۇ، خۇلاسە ئاللاھ ھەقدۇر.

ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ، بۇ ئالەمنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار ئورنىدىن قوزغىتۇلغان چاغدا، ۋە ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا، زېمىن قاتتىق تەۋرەت كىشىلەر نېمە بولغاندۇ؟ دېيىشكەن چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا ۋاھاكازالار، بۇنداق ئايەت قۇرئاندا تولا ئۇچقايدۇ. ھەممى مۇشۇ ئالەمنىڭ ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىسىنىڭ پۈتۈنلەي ۋايران بولۇشنى كۆرستىدۇ، قۇياش بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلىدۇ، بۇمۇ ئايەتتۇر. بۇنداق كۆز قاراشنى تا ھازىرغىچە ھېچكىشى، ھېچقانداق ئاسترونوم ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق، بۇنى ئاللاھ ئەزلىدە «لەۋھۇلمەھپۇز»دا يازغان. زېمىنغا چۈشكىلى ھازىر **1400** يىلدىن ئاشتى، ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇنداقلا قاتتىق قورقىتىدۇ، چۈنكى، بىزنىڭ ئۇ كۈنگە ھېچقانداق تەييارلىقىمىز يوق، پەقەت بىز، ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھنى، پۈتۈن مۆئمىنلەرنى، ئەۋلىيالارنى ياخشى كۆرىمىز، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى، ئەپۇ قىلىشىنى رەھمىتىنى كۈتىمىز، گۇماننى ياخشى قىلىمىز، ئەمەلنى ياخشى قىلالىساقلا ئاللاھ، مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەي.

ئامىن!

**ئەي قەلبىنى قاسماق باسقانلار، ئاستىڭلاردا زېمىن، ئۈستۈڭلاردا ئاسمانلار، ئاسمان ـ زېمىنغا ئىنساپ بىلەن قاراڭلار، تەپەككۇردىن قەلبىڭلار ئېرىپ ئاقىرىدۇ.**

ھەقىقەتەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ياراتقان ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلىرىدا ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە دالالەت ئۈچۈن، ئاللاھدىن قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، مۆجىزە ۋە ئالامەتلەر باردۇر. دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بىز بۇ توغرىسىدا بىر ئاز سۆزلىگەن ئىدۇق، بۇ قېتىم يەنە ئازراق سۆزلەپ ئۆتىمىز، بۇ سىزگە تەكرار تۇيۇلىشى مۇمكىن، ئەمما، مېھرىبان ئاللاھ، **750** ئايەتنى كائىنات توغرىسىدا نازىل قىلىپ، بۇ ئىنسانىنىڭ جاھىللىقىنى، نادانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ بىر نەچچە ئورۇندا تەكرار ھالدا ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا ئايەت كەلتۇرگەن. بىزمۇ، مۇشۇ مەقسەتنى ئاز تولا ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. ھەممىمىزگە مەلۇم ئىنسانلار بۇ يەرشارىنى تونۇپ چۈشىنىپ يەتتى، بۇنىڭ دائىرىسىنى، چېگرىسىنى، پۈتۈن جايلىرىنى خەرىتىگە كىرگۈزدى، بۇلارنى بىز سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇ زېمىن بولسا، ئاي شارى بىلەن قۇياشنى ئايلىنىدىغان بىر پىلانېتتۇر، قۇياش بولسا، بۇ زېمىندىن بىر مىليون **300** مىڭ ھەسسە چوڭ، قۇياش بولسا، سامان يولىدىكى **2000** مىليارت يۇلتۇزنىڭ بىرسى بولىدۇ.

سامان يولى سىستېمىسى بولسا، كېچىدە شەرقى شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئاق بۇلۇتتەك كۆرۈنۈش بولىدۇ، بۇمۇ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ قۇياش سىستېمىسىنىڭ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن قىش ـ يازدا ئۇنى بىر خىل كۆرەلمەيمىز. بىز بۇنى **40** يىلدىن بېرى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز، دەسلەپتە **18** مىليون يۇلتۇز بار ئىدى، كېيىن ئىلغار ئۈسكۈنىدە **242** مىليون يۇلتۇزنى بايقىدۇق، ھازىر بولسا **200** مىليارت يۇلتۇز بايقالدى.

ھەممىسىنىڭ قۇياشقا ئوخشاش ھەمراھلىرى بار ئىكەن، بۇ ئىلمگە مىسىرلىق مەشھۇر پەيلاسوپ ئالىم ھەسەن ئەپەندى ئاساس سالغان، شۇندىن باشلاپ بىز مۇستەقىل يېڭى ئىلىم ـ پەنگە ئىسلامىي ئىلىم ـ پەنگە قەدەم قويدۇق. ئاي شارى بولسا، ئاشۇ ئاسترونوم ئىلمىنىڭ ئاچقۇچى، مېھرىبان ئاللاھ، ئىنسانلارنى قاراڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئاي ئارقىلىق، كۈن ئاي تۇتۇلۇش ئارقىلىق، چاقماق ئارقىلىق ئاسمانغا بۇيرىغان، ئەمما، مۇسۇلمانلار گال غېمىدە، مال غېمىدە، بالا غېمىدە دۇنياغا قىزىقىپ ئۆزئارا ئىختىلاپدا ئۆتتى، ئەمدى بىز ئۇيقىمىزنى ئاچايلى، ئېست كاشكى قۇلاق سالغان بولسام ياكى ئەقىل قىلغان بولسام بۇ سەيرى دېگەن دوزاخقا كىرمەس ئىكەنمەن دېگەن كىشىلەردىن بولماسلىقىمىز لازىم. مانا بۇ سامان يولىنىڭ سۈرىتى، سامان يولى سىستېمىسىنىڭ سۈرىتى بار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە **5000**دىن ئارتۇق يۇلتۇزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. باشقا بىر سىستېمىمۇ بار. **37** ـ بەتتە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان بەزى ئاسمان جىسمى ۋە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان يۇلتۇز سىستېمىسى بار. **38** ـ بەتتە جەۋزا يۇلتۇز تۈكۈمى، يىلان يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە باشقا يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ كۆرۈنۈشى كۆرستىلگەن. **39** ـ بەتتە ئىنتىزامسىز كۆرۈنىدىغان زەنجىرسىمان يۇلتۇز تۈركۈمى ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ سۈرىتى بار. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئالەم ئىلمى قىسىملىرىدا كۆرگىلى بولىدۇ. توپتوغرىسىنى قوبۇل قىلىش، بەزى پەرەز ياكى خاتالىرىنى شاللىۋېتىش لازىم. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئەڭ ئىلغار تېلېسكوپلاردا تارتقان بولۇپ، نۇر ئىلمى بىلەن ئۆلچىگەندە **146** يىل نۇر يىلى، نۇر يىلى دېگەن بىر سېكۇنتتا **300** مىڭ كىلومېتىرنى باسىدىغان مۇساپە بولىدۇ. دېمەك، ئاشۇ نۇر تېزلىكىدە (**300** مىڭ كىلومېتىر) **140** مىليون يىل ئۇچسا ئاندىن بۇ يۇلتۇز سىستېمىسىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېخى چېكى يوق بەزى يۇلتۇزغا بىر مىليون **800** مىڭ نۇر يىلىدا يېتىپ بارغىلى، ئۇ جايغا بارسا، يەنە قانداق يۇلتۇز سىستېمىسى ئاشكارا بولىدۇ. بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. مۇشۇ سامان يولىدەك سىستېمىدىن ھازىر **2** مىليونى بايقالدى، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئەررەھمان سۈرىسىدە ئى ئىنسانلار، جىنلار، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئەتراپىدىن قېچىپ چىقىپ بېقىڭلار سىلەر بۇنىڭغا قادىر بولالمايسىلەر دېگەن ئايىتى دەلىلدۇر. بىز ئايەتنى ئەمدى چۈشەندۇق، ئاللاھ ئاسماننى، زېمىننى، قۇياشنى، ئاينى، يۇلتۇزلارنى كۆزۈتۈشكە

بۇيرىغان، ئاندىن بىز ئاسماندىن ھەقىقىي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، **توغرىلىقى، ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار** دېدى. بىز بۇنىڭدىن ئىككى مەسىلىنى چۈشەندۇق، بىرسى، ئاسماننىڭ چوڭلۇقى، كەڭرىلىكىنى بىلدۇق، شۇنداقلا جەننەتنىڭ توغرىسى شۇنداق بولسا، ئۇزۇنى قانداقتۇ؟ دېگەن ئىلىم. ئىككىنچىسى، بولسا، بىز ئاسمان ـ زېمىنغا قاراشتىن كېيىنلا جەننەتكە ئالدىرايدىكەنمىز، چۈنكى، بىز، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ھېكمىتىنى، قۇدرىتىنى، رەھمىتىنى ھەقىقىي چۈشەندۇق، قىيامەتكە شەكسىز ئىشەندۇق، مانا بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئاشۇ كەڭرى جەننەتكە ئالدىرايمىز بۇ تار ۋە خار پىلانىتىدىن قۇتۇلۇپ ئاشۇ جەننەتكە ھەممىمىزنى ئاللاھ، سالامەت ئاپارسۇن، ئامىن!.

ئايەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئاسمانغا قارىدۇق، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن قۇدرەتنى، ھېكمەتنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان تەدبىرنى بايقىدۇق، ئاللاھ، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ، بۇ سىستېمىلارنى، بۇ ئوربىتىلارنى نەچچە مىليون نەچچە مىليارت يىلدىن كېيىن ئىنسانلار ئاشۇ كىچىك پىلانىت زېمىندىن ئىبارەت بۇ دۇنياغا كېلىپ ئەقىل تېپىپ تېلىسكوپنى ياساپ ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، سۈرەتكە تارتىدۇ، سۈنئىي ھەمراھلارنى قويۇپ بېرىپ، سۈرەتكە تارتىدۇ، شۇ ئارقىلىق بۇ ئالەمنىڭ ئىنتىزامدىن پۇختا تەكشۈك قانۇندىن ۋە ھادىسىلىقىدىن پايدىلىنىپ مەندەك بىر ياراتقۇچىنى تاپىدۇ، ھېكمىتىمنى، قۇدرىتىمنى چۈشىنىپ، قىيامەتكە ئىشىنىپ، جەننەتكە ئالدىرايدۇ، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، زىكرى، ئىبادەت بىلەن ياشايدۇ، ئەقلىي تەپەككۇرنى، زېھنى قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، روھىي دۇنيادىن بىلىم ئېلىشقا، سىر ئىلمىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، خىلمۇ ـ خىل سەۋەبلەر بىلەن ماڭا يېقىنلىشىدۇ، ئالەمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ پۇختىلىقىنى بىلىپ رەھمىتىمدىن سۆيۈنۈپ ماڭا ئاشىق بولىدۇ، سېغىنىدۇ، كۆپ ئەسلەيدۇ، دەپ ياراتقان ئىكەن، مانا مۇشۇ سەۋەبدىن ئىنسانلاردىن بۇرۇندىن بۇ ئالەملەرنى ئاشۇنداق گۈزەل ياراتقانىكەن، ئاللاھ، ئالدىن بىلگۈچىدۇر.

خوش بىز يۇقىرىدا ئاسمانلارغا قارىدۇق، ئەمدى بىز ئايەتنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىنغا قارايمىز. ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئېگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن. ئاللاھ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچ ھاياتلىقنى كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش ياراتقان، سەۋەبى ئىنسانلار كۆپرەك تەتقىق قىلىپ قۇدرەتنى تاپسۇن، ھېكمەتنى چۈشەنسۇن، قىيامەتكە ئىشەنسۇن ئۈچۈندۇر. ئىسانلاردىن ئۆۋچى بولغاندەك، ھايۋانلاردىمۇ ئۆۋچى بولىدۇ. ھايۋانلاردىن گۆشخور ئۆۋچى بولغاندەك، ئۆسۈملۈكتىمۇ گۆشخور ئۆۋچى بولىدۇ.

شىمالى ئامېرىكىدا بىر ئۆسۈملۈك بايقالدى. بۇنىڭ قۇلىقى چاشقاننىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدۇ، قۇلىقىدا ئالاھىدە سېزىم بار، خۇددى ئىنسان، ھايۋانلاردا سېزىم بولغاندەك، بۇ ئۆسۈملۈك شۇ سېزىم بىلەن قولىقىنى ئېچىپ ياپالايدۇ. ئۇششاق تۈك بولۇپ، بۇ ئادەم مېڭىسىدىكى نېرۋىنىڭ ئورنىدا تۇرۇلىدۇ. كۈچى يەتكەنچە بىرەر كىچىك ھاشارەت قونۇپ قالسا، توك ئارقىلىق سېزىدۇ ـ دە! قۇلاق ھەرىكەتكە كېلىپ قۇلاق يېپىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىچىدىن يىلان زەھەر چىقارغاندەك بىر خىل سۇيۇقلۇق چىقىرىپ ھاشارەتنى دەرھال سېپىستىدۇ، ئاندىن ئۇ قان، گۆش، يۇمشاق غىزاسىنى سۈمۈرۈپ سۆڭەكنى تاشلىۋېتىدۇ، بۇ خىزمەت تۈگىمىگىچە قۇلاق ئېچىلمايدۇ، تاش ـ تۆمۈرلەرگە يېپىلمايدۇ، خۇددى ھايۋان. ئاللاھ نېمە دېگەن رەززاق ھە! قانتى بار ھاشارەتنى ئۆسۈملۈككە رىزىق قىلىپ بېرەلەيدۇ، ئۆسۈملۈك ھەممىگە رىزىق ئىدى، مانا ئەمدى كۆرەلەيدىغان، ئۇچالايدىغان، پۇتۇن ئەزاسى ساق ھاشارەتنى بۇ رىزىق قىلدى. نۆۋەت ئالدىم، بۇ بىر خىل ئايلىنىش، قىيامەتنى ئەسلىتىدۇ، چۈنكى، ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ زىدىغا ئەگىشىدۇ. بۇ ئۆلۈمگىمۇ چوقۇم بىر ھاياتلىق ئەگىشىپ كېلىدۇ، يۇقىرىقىدەك ئۆۋچى دەرەختىن يەنە بىرسى بولۇپ، بۇ دەرەخ ئىنساننىمۇ ئۆۋلىيالايدۇ، خۇددى يۇقىرىقىدەك ئالجىرىيىدە بىر توپ دەرەخ بولۇپ، بۇ دەرەخ چوڭ ئىكەن، ئۇ يەردىكى خەلق بۇ دەرەختكە چوقۇنىدىكەن، ئۇلۇغلاپ يىلدا بىر قېتىم ھېيد ـ بايرام قىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدىكەن، ھەر يىلى بىر قىزنى بۇ دەرەخكە سوۋغا قىلىدىكەن، بۇ دەرەختىن بىر خىل تاتلىق، لەززەتلىك ماددا، ئېچىملىك چىقىدىكەن، قىزچاق بۇنى ئىچىپ مەس بولىدىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەن قىزچاقنىڭ تېنىنى سېزىپ دەرەخ قۇلاقلىرى، شاخلىرىنى قويۇپ بېرىپ، تىكىنى بىلەن مىخلاپ قىزچاقنى ئۆز ئىچىگە ئالدىكەن، شاخلىرى ئارغامچا بولۇپ، قۇلاقلىرى پەردە بولۇپ، قىزنى كۆرسەتمەي باغلاپ تۇرىدىكەن، بۇ قەۋم بولسا، داپ ساز چېلىپ ئىلاھنىڭ نەزىرسىنى قوبۇل قىلغىنىغا خۇشال بولۇپ، ناخشا توۋلايدىكەن. مانا شۇنداق قىلىپ قىزنىڭ ۋايجانلىرىنى، چىرقىرىغان ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمايلا جان بېرىدىكەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېلىپ

قارىسا سۆگەكلەر تاشلانغان، گۆش، پەي، قان ھېچيەردە يوق، مانا شۇنداق قىلىپ بۇ دەرەخ ئىلاھقا ئايلىنىپ مەبۇدقا ئۆزگىرىپتۇ، شەيتان بۇلارنى گوللاپتۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئالدىدىكى ئۆسۈملۈككە ئوخشاشكەن، ئەمما شېخىدىن كەسسە، قان چىققاندەك قىزىل ماددا چىقىدىكەن، كىشىلەر تېخىمۇ قورقىدىكەن، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد چوقۇنۇپ، ئاخىرى بۇ ھېيت، مۇراسىملىق قائىدە ـ قانۇن بولۇپ قاپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا جان باققان ئىكەن، مانا بۇ بىر سىناق، ئەسلى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىلاھقا ئايلانغان خۇددى ئىسا ئىلاھقا ئايلىنىپ قالغاندەك، بۇنداق ئۆسۈملۈك، بۇنداق دەرخ كۆپ، بىز بۇنى يەنە سۆزلەيمىز، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى سىناقدىن ئىبارەت ھېكمىتىنى بىلىمىز، بۇنداق بۇددا دىنىدىكى خۇراپى ئەقىدىگە رەددىيە بىلدۈرىمىز، قەتئىي قارشى تۇرىمىز، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ.

ئۆسۈملۈك تەتقىقاتچىلىرى بىر خىل ئۆسۈملۈكنى بايقىغان، ئۇنى فالىستىر ياسىر دەپ ئاتىغان. بۇ ئۆسۈملۈك سۇ بويىدا ئۆسىدىكەن، ئادەتتە، ھەربىر ئۆسۈملۈك ئەركەك ـ چىشى بولىدۇ، ئاتىلىق بىر چېچەكتە، ئانىلىق بىر چېچەكتە بولىدۇ، قوغۇن ـ تاۋۇزدەك بەزىسىنىڭ ئاتىلىق بىلەن ئانىلىق بىرلا چېچەكتە بىرلا باشقا بولىدۇ، بۇغدايدەك بەزىسى بىر توپ دەرەخت بولىدۇ، خورمىدەك، ئەمما، بۇ بىز سۆزلەۋاتقان بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئانىلىق چېچىكى غوللۇق بولۇپ، سۇدا لەيلەيدىكەن، ھاۋادىمۇ ئۇچالايدىكەن، ئەركىكى، ئاتىلىق بولسا، سۇ ئاستىدا تۇرىدىكەن، ئۇنداقتا بۇلار قانداق چاگلىشىدۇ؟ ئىنسانلار، ھايۋانلار خۇمار بولغاندەك، بۇ ئاتىلىق چېچەك خۇمار بولغاندا سۇ ئۇستىگە چىقىدىكەن بۇمۇ ئانىلىق چېچەكنى ئىزدەپ لەيلەيدىكەن، ئاخىرى بۇلا تېپىشىپ چاگلىشىش ئاياقلاشقاندا، ئانىلىق چېچەكنىڭ لەيلىگۈچى ئۈزۈلۈپ كېتىدىكەن، بۇ ئىككىسى يەنىلا سۇ ئاستىغا چۈشۈپ ئەۋلاد قالدۇرىدىكەن، مانا بۇلار ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلىرى بولىدۇ، ساناپ كەلسەك، بۇنداق ئۆرۈنۈشنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇلار، ئۆسۈملۈك دۇنياسىدا، ھايۋاناتلار دۇنياسىدا نۇرغۇن گەپ، بىز بۇلارنى تەتقىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى تونۇپ قىيامەتكە، تىرىلىشكە دەلىل تېپىپ، قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم.

سۈرە يۇنۇس، ھەقىقەتەن بىزگە ئۇچۇرۇشۇشنى يەنى قىيامەتنى ئۈمىد قىلمايدىغان ھەم ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان ھاياتى دۇنياغا رازى بولۇپ، قەلبى ئارام تاپىدىغان، ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل قالىدىغان كىشىلەرنىڭ جايى دوزاخ دېگەن ئايەت توغرىسىدا، توغرا، بۇ دۇنياغا تۇرۇپ مۇشۇ دۇنياغا رازى بولىدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېغىزدا ئېتىقاد قىلىپ، قەلبىدە يوق، تەييارلىق قىلمايدىغان كىشىلەر زالىم، پاسىق كېلىدۇ. ئۇلار دوزاخقا لايىق، بۇ دۇنيا ئالدامچى غورۇر، بۇ دۇنيا بىر ئېزىتقۇ، دۇنيا بىلەن ئايال شەھۋىتى شەيتاننىڭ پايتەختى، مەن ـ مەن دېگەن مۆئمىن، مۇتتەقى، شەيتاننىڭ دۇنيانى، شەھۋەتنى، نەپسىنى ئىشقا سېلىشى بىلەن ئازىدۇ. مانا ئىش شۇنداق، ھەممە، بۇ دۇنيادا ئالداندى، ھەممىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار، قىزىقىدىغان نەرسىسى بار، مەسىلەن: ياش قىزلار، ئويۇنچۇققا، ئويۇن ـ تاماشىغا، كۈلكە سورۇنلىرىغا، نەغمە ـ ناۋاغا، ياسىنىش، تارىنىشقا، گىرىم بويۇمغا، گۈزەل كېيىنىشكە، گۈزەل كۆرۈنۈشكە، گۈزەل يىگىتكە، مۇھەببەتكە، ئىشققا، باي ـ باياشات خاتىرجەم تۇرمۇشقا ھەتتا سالامەت بولۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەسلىككە قىزىقىدۇ، ئوغۇللار، بولسا، قورالغا، چېنىقىشقا، مەيدانغا چۈشۈپ ئۆزىنى كۆرستىشكە، مەنمەنلىككە، نام ـ ئاتاققا، شۆھرەتكە، ھۈنەر ـ كەسىپكە، ھەتتا بەختلىك ئائىلىگە قىزىقىدۇ. ھەر قايسىسى ئۆز ئىشىنى توغرا دەپ قاراپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ، ھەر قايسىسى ئۆز تەبىئىتى بىلەن بەزىسى دېھقانچىلىقنى، بەزىسى تىجارەتنى، بەزىسى كادىرلىقنى، ھوقۇقنى، بەزىسى پادىشاھلىقنى، بەزىسى ئىلىمنى، بەزىسى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى، بەزىسى ھورۇنلۇقنى، بەزىسى باتۇر، ئەسكەرلىكنى خالايدۇ. خىلمۇ ـ خىل ئارزۇ، خىلمۇ ـ خىل پىلان، خام ـ چوت، ئىش قىلىپ ھەممىسى ئۆز مەقسىدىگە يېتىدۇ، ئىگىلىنىشچە، ھېسابلاپ كۆرۈلىشچە، مەقسەت قىلغانلار، نىيەت قىلغانلار، ئۆز نىيىتىگە يېتىپتۇ، ياكى بىر قىسمىغا يېتىپتۇ، ئەمما، ئاخىرەت، ئاللاھ جامالى، كامالى، ھېكمىتى، جەننەت، ئالىي ماقام، جان، مالنى ھەق ئۈچۈن پىدا قىلىش، ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىش، بۇلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، قۇلاققا سەت ئاڭلىنىدۇ، ھەممىسى يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرمۇش، تۇرالغۇ جاي، جىنسى، نەسىل قالدۇرۇش بىلەن ئالدىراش، بۇ خۇددى ھايۋانلار، ھايۋاننىڭ ئۆزى، چۈنكى، ھايۋاندىمۇ بۇ ئىشلار بار، بۇ خىل كۆز قاراشنى سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا

ئەلـەيمۇ سۆزلەيدۇ، بولۇپمۇ ئاشۇ دۇنياپەرەسلەرنى بۆلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جايى دوزاختۇر. چۈنكى، بۇلار ئاسمانلارغا، زېمىنغا، يۇلتۇزلارغا، قۇياش، ئاي ۋە باشقا سەييارىلەرنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىشىغا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك دېگەن بۇ ئۈچ ھايتلىققا، جانلىق ۋە جانسىز پۈتۈن كائىناتقا نەزەر سالمىدى، ئىلىمغا ئاشىق بولمىدى، ئاللاھنى، بىرلىكىنى، ھېكمىتىنى تونۇمىدى، بۇ ئالەمنى چۈشەنمىدى، قىيامەتكە ئىشەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىسىز دۇنيا بىلەن بولۇپ كەتتى، دۇنياغا رازى بولدى.

ئاخىرەتتە بۇلار، ئىست !بىز ئاڭلىغان بولساق ئىدۇق، ئەقىل قىلغان بولساق، چۈشەنگەن بولساق ئىدۇق، بۇ كۈنگە ئىشەنگەن بولساق ئىدۇق، بۇ دوزاخقا كىرمەس ئىدۇق، مانا ئەمدى نە چارە، نە ئامال، خوپ بولدى، دۇنياغا تويدۇڭمۇ؟ دەپ تاپا قىلىشىدۇ خالاس. ئىلىم ـ ئىبادەتنىڭ ئاساسى ئىبادەت، ئاللاھغا يېقىن بولۇشنىڭ ۋاستىسى، ئەمەل ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بىز بۇلارنى ھەقىقي چۈشىنىپ ھاياتىمىزنى ھەقىقەت بىلەن ئۆتكۈزەيلى، بىھۇدە ئۆتمىسۇن. (كىم ئەۋلىيا؟)

سۈرە يۇنۇس، راستىنلا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا يەنى ئەۋلىيالارغا، قورقۇنچ يوق، ئۇلار غەم قىلمايدۇ، ئۇ كىشىلەر ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ۋە تەقۋادار كىشىلەردۇر. ئۇلارغا بۇ دۇنيادىمۇ. ئاخىرەتتىمۇ خۇش بېشارەت بېرىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ كەلىمىسى، ۋەدىسى ئۆزگەرمەيدۇ، مانا بۇ ئەڭ بۈيۈك نىجاتلىقتۇر دېگەن ئايەت توغرىسىدا. بۇنداق ئايەت قۇرئاندا كۆپ ئۇچقايدۇ، مەسىلەن: ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار، پەقەت مۇتتەقىيلەردۇر، دېگەندەك، جەننەتتىمۇ مۇتتەقىگە ۋەدە قىلغان، كىشلەر ئەۋلىيالار دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىسا، قەلبى ئاجايىپ سىرلىق، ئۇلۇغ، بىر ئىشنى ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىنساننى ئەسكە ئالىدۇ. چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، يوق يېرىدىمۇ رەنجىتىشنى خالىمايدۇ، ھەم شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۈمىد ئۈزىدۇ، ئۆزى ئايرىم ئۇلارنى ئايرىم كىشى دەپ قارايدۇ، بۇ ماقامغا يېتىشتىن نائۈمىد بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇرئان، ھەدەستە، بۇ مەسىلە ناھايىتى ئاددىي، ئۇلار پەقەت ئىمان كەلتۈرگەن، تەقۋادار كىشىلەر خالاس، ئۇلار ئىماننى شەكسىز كەلتۈرىدۇ، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرىدۇ، رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىدۇ، پەرىز، ۋاجىپ، سۈننەتكە تولۇق ئەمەل قىلىدۇ، پۈتۈن گۇناھدىن ھەتتا كىچىك گۇناھدىنمۇ قادىر تۇرۇپ ئۆزىنى ساقلايدۇ. ھارامدىن ۋە مەكرۇھلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ، ئىش مانا مۇشۇنداق ئاددى. ھەربىر مۆئمىن، مۇتتەقى، ئاللاھنىڭ دوستى، ئەۋلىياسى، ئەمما، بىز چۈشىنىشكە تېگىشلىكى شۇكى، كارامىتى بار، ماقامغا يەتكەن، بېشارەتنى ئالالىغان، دۇئاسى دەرھال ئىجاۋەت بولىدىغان، بارچە زېمىنغا ياخشىلىقى يېتىدىغان، يامغۇر سورالسا دەرھا ياغىدىغان، ياردەمگە قول كۆتۈرسە غەلىبە ئاتا قىلىنىدىغان ئالاھىدە خاس ئەۋلىيالاردۇر، ئام ئەۋلىيالار بەكمۇ كۆپ، بۇلار ئۆزىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ، چۈنكى، بۇ دۇنيادىكى ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىنى ئالدىغان جاي ئەمەس، ھازىر بىز سۆزلىمەكچى بولغىنى دەل خاس ئەۋلىيالار. بىز بۇنى قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياسدىن ئىبارەت تۆت ئاساسي پرىنسىپ بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىمىز، ئەۋلىيا دېگەن بۇ سۆز، ئاللاھنىڭ دوستى دېگەن مەنىدە، بۇ قۇرئاندا، خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلساق، ئۇلار پەقەت مۇتتەقىلەر ئىكەن، مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەردىن ئالاھىدە ھالدا خاس بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەر چىقىدۇ، بۇلارغا ھەممە قايىل بولىدۇ. بۇلار ئىلىمدا، ئەمەلدە، خىزمەتتە، ئەمەلىي نەتىجىدە، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ، ھارامدىن، مەكرۇھدىن، قاتتىق ساقلىنىدۇ. بۇلارنى كىشىلەرمۇ مۇتتەقى دېيىشىدۇ. ئاللاھمۇ مۇتتەقى دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ، دەل مۇشۇلار ئەۋلىيالار شۇ، ئەمما، خاسلىرى ئايرىم. خاس ئەۋلىيالار بولسا، بىر نەچچە قىسىم بولىدۇ، بەزىسى بۇ دۇنيادا ئاشكارا بولماي كېتىدۇ. ئۆزىنى بىر ئامال قىلىپ پەردىلەيدۇ، يوشۇرۇن، مەخپىي تۇتۇپ بۇلار قىيامەتتە ئەجرىنى تولۇق ئالىدىغان ئۇلۇغ كىشلەر، بەزىلىرى بولسا، ئۆزىنى باشقىلارنى پۈتۈن خەلقنى يېتەكلەش ئۈچۈن، كۆرەش قىلىدۇ، ۋاقتى كەلسە كارامىتىنى ئاشكارا قىلىدۇ، چۈش ئارقىلىق بېشارەت بېرىدۇ، دۇئاسى ئىجاۋەت بولىدۇ، ھەرخىل سىرلار ئاشكارا بولىدۇ، بۇلار قەلبىدە كۆرەلەيدۇ، قەلبىدە مەخفىي، باتىن، كۆز بارلىقى، كۆپرىلىق بولسا، ئاشۇ قەلبىتىكى كۆزدە بولىدىغانلىقكى قۇرئاندا بار، بولار كۆزنى يۇمۇپ ھەقنى كۆرىدۇ، نۇرنى كۆرىدۇ، بۇلارنىڭ قەلبىگە ئاللاھ، نۇر بېرىدۇ، بۇمۇ قۇرئاندا كۆپ كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ نۇر بېرىلگەن كىشىنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئاللاھدىنلا قورقىدۇ، كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، تېرىلىرى ئاللاھدىن قورقۇپ تىترەيدۇ، دائىم ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنياغا ئانچە قىزىقمايدۇ، ئاخىرەتكە تولۇق ئالدىنى قىلىدۇ، داڭقى چىقمايدۇ، مەخپىي تۇرىدۇ، كەتكەندە سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، كەلسە چاقىرىلمايدۇ،

قەلبى پاك، ئەمما، ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈشى ناچار بولىدۇ، دېگەن. بۇ ھەدىسلەر تەپسىر كىتابلىرىدا پۈتۈن ھەدىس كىتابلىرىدا بار، جۈملىدىن «سەھاھۇسسىتتە بەيھەقى»، «شۇئىبىسلئىمان» دا كۆپ كېلىدۇ. ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ «ئىھيائ» دا كۆپ سۆزلىگەن.

مۇسلىم خاتىرلىگەن بىر ھەدىستە، ئاللاھ، قىيامەت كۈنى مېنى دوست تۇتقان ۋە مېنىڭ ئۈچۈن دوست تۇتۇشقان ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەر قېنى مەن ئۇلارغا ئۆزۈم سايە چۈشۈرمەن دەپ توۋلايدۇ، ئۇ كۈندە بۇ سايىدىن باشقا سايە يوق، تىرمىزىمۇ خاتىرلىگەن. بىر ھەدىستە ئۇلارغا قىيامەت كۈنى بىر مۇنبەر بولىدۇ، بۇ مۇنبەر نۇردىن بولىدۇ. بۇ ئورۇننى پەيغەمبەرلەر، شېھىدلارمۇ ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ دېگەن. ئۇلار رەھمانتائالانىڭ دوستلىرى بولۇپ، پۈتۈن كىشىلەر قورقسا ئۇلار قورقمايدۇ، پۈتۈن كىشىلەر غەم قىلسا، ئۇلار غەم قىلمايدۇ دېگەن. يەنە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ، مۇنداق دەيدۇ، ھەقىقەتەن مېنىڭ دوستلىرىم، ئەۋلىيالىرىم، مېنىڭ زىكرىم بىلەن مېنى ئەسلەيدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى ئەسلەيمەن دېگەن. بۇ ھەدىسنى بەغۋى خاتىرلىگەن. مانا ئۇلار، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، بەخت بۇنىڭدىن كاتتا بولماس، ئۇلار دائىم ھالدا ئاللاھنى زىكرى بىلەن ئەسلەپ تۇرىدۇ، ھەتتا، باشقىلارمۇ ئۇلارنى كۆرسە، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇلار جەننەت ئۈچۈن، دوزاختىن قۇتۇلۇش ئەمەس، بەلكى، بۇ ئىككىسىنىڭ خالىقى، رەببى ئۈچۈن ئاشىق بولۇپ، ئىشتىياق باغلاپ، ئىبادەت قىلاتتى، خۇددى رەسۇلۇللاھدەك، ۋە بىر قىسىم ساھابىلاردەك، بۇلارغا جەننەت تېرىك ھالدا ۋەدە قىلىنغان. بۇلارنى جەننەتكە كىرىسلەر دېسىمۇ يەنە چېكىنىپ تۇرۇپ، كۆپلەپ ئىبادەت قىلاتتى، پۇت ـ قوللىرى ئىششىپ كەتتى، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە، ئۆينىڭ تورىسىغا ئارغامچا سېلىپ ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى، ئۆيقۇسى كەلسە، تالادا مېڭىپ يۈرەتتى، كۆزلىرىگە كاچات سالاتتى، يەڭگىلىرەكى قايتا ـ قايتا تاھارەت ئالاتتى، ئۇلار ئۆزىنى ئاخىرى مۇشۇ تەقۋالىققا كۆندۈرەتتى، ئەلۋەتتە، بۇ سۆزلەرمۇ ھەرقايسى تەپسىر، ھەدىس كىتابلىرىدا ئۇچرايدۇ، بۇنى پەقەت كىتاب خۇمارلىرىلا كۆرەلەيدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتى جەننەت ئەمەسكەن، بەلكى ئۇنىڭ رەببى ئىكەن، جامالى، دىدارى، بۈيۈك ئاللاھنى كۆرۈش ئىكەن.

خوش، مۇشۇنداق كىشىلەر ھازىرمۇ بارمۇ؟ يەنە چىقالامدۇ؟ مۇشۇ ماقامغا يەتكىلى بولامدۇ؟ بولۇپمۇ ھازىر

ئاللاھ، قۇرئاننى قىيامەتكىچە قوغداپ ساقلايدۇ، قۇرئاندا بۇ ئۇنۋان تىلغان ئېلىنىپ ئەمەلىيەتتە بولماسمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ پەزلى تۈگىمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەرلىك ئىشىنى تۈگەتتى، ئاخىرلاشتۇردى، ئەمدى، پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ پەزلى تۈگىمەيدۇ، ئاللاھ بۈيۈك پەزلى ئىگىسىدۇر. ئەۋلىيالار مەڭگۈ قىيامەتكىچە چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرسى ئۆلۈپ كەتسە ئورنىغا يەنە بىرسى چىقىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئۇلار ئۈزۈلۈپ قالسا، قىيامەت قايىم بولىدۇ.

دەلىل: ئايەتتە، ئەۋلىيالارنى بىز تونۇشتۇردۇق، ئۇلار ئادەم بالىسى، ئۇلار قىيامەتكىچە چىقىپ تۇرىدۇ، قۇرئاندا، پەيغەمبەر ئاياقلاشقانغا دەلىل بار، ئەمما، ئەۋلىيالار ئاياقلاشقانغا دەلىل ـ ئىسپات يوق، بەلكى، مەڭگۈ، قىيامەتكىچە چىقىپ تۇرىشىغا دەلىل بار. ئۇلار، مۆئمىنلەر، مۇتتەقىيلەر، ئىلغار، سابىر كىشىلەر، ھەدىستە بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەمدى پەيغەمبەرلىك تۈگىدى، ئەمما، مۇبەششىراتلار يەنى بېشارەتچىلەر قالدى دېگەن. بۇلار كىم دېگەندە، راست چۈش كۆرىدىغانلار دېگەن. ياخشى چۈش مۆئمىننىڭ راس ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ **46** دەن بىرىگە تەڭ دېگەن، چۈنكى، چۈش ئارقىلىق ئالتە ئاي ۋەھيي كەلگەن.

بۇ **23** يىللىق پەيغەمبەرلىكنىڭ **46** دىن بىرى بولىدۇ. بۇ ھەدىسلەرنى بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزلار خاتىرلىگەن. «ھاكىم مۇستەددەك» دېگەن ھەدىس، كىتابدا ئەۋلىيالارغا بولغان بۇ دۇنيادىكى بېشارەتنى مۇشۇ ھەدىس بىلەن يەنى ياخشى چۈش بىلەن تەپسىرلىگەن، جالالىينمۇ شۇنداق كۆپ تەپسىرلەرمۇ شۇنداق تەپسىرى قىلىنغان، بەزىلىرى نۇر قەلبىدىكى نۇر دېگەن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئالتە بېشارەتنى كۆرسەتكەن، ياخشى زىكرى، كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى، مەدھىيىلىشى، ئەمما، بۇنى ئۇ كىشى مەقسەت قىلمىغان، قۇرئاندىكى جەننەت بىشارىتى، ياخشى چۈش، راست چۈش، جاننى ئالغاندا جەننەتنى كۆرسىتىش، پەرىشتىلەر بىشارىتى، قايسىسى بولمىسۇن بۇ ئەڭ چوڭ بەخت، بىز مۇشۇ مەقسەتتە ياشايمىز، مىشكاتتا شام پەزىلىتىدە مۇنداق ھەدىس بار. شامدىن يەنى ھازىرقى سۈرىيىدىن **40** ئابدال، ئەۋلىياھ چىقىدۇ

دېگەن، ئۇلار بىرسى ئۆلسە بىرسى ئورنىغا چىققاچقا، ئورۇن تولۇقلىغاچقا، ئابدال دەپ ئاتالغان، بۇ ھەدىسنى شارىھ ئىبنى ئاساكىرنىڭ ھەدىسى بىلەن شەرھيىلەپ 360دىن كام بولماسلىقىنى، بىرسى ئۆلسە بىردىن چىقىرىپ تۇرىدىغىنىنى يازغان.

ئىبنى كەسىر دېگەن تەپسىردە بۇ مەسىلىدە مۇنداق ھەدىس بىلەن توختالغان، ئۈچىنچى جىلىد، ئەڭ ئاخىرىدىكى سەھىپە 30 كىشى داۋام قىلىدۇ، ياكى يەتتە كىشى داۋام قىلىدۇ. مانا بۇلار قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، دېمەك، 30 دىن 7 ياكى يەتتىدىن كاملمايدۇ، بۇلار بىلەن ياردەم سورىلىدۇ، يامغۇر ياغدۇرۇلىدۇ، رىزىق بېرىلىدۇ، زېمىن بەرپا بولىدۇ دېگەن بۇنداق ھەدىسلەر كۆپ، ئايەتتىن، ھەدىستىن، باشقا ئىجمائىلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، ئۇسۇلى شاشىنىڭ شەرھىسى ، نۇرۇلئۇنۋاردىمۇ بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغان، كارامەت ھەق، تەپسىر مۇنىيردا بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۇرگەن، ھەتتا ئەسھابۇلكەھپە ئىتلىرىنى ئاشۇ ئىتنىمۇ ئەۋلىيالارغا ھەمراھ بۇلۇپ ماقامغا يەتكەن، ئەۋلىيالارنىڭ خىزمىتىنى قىلسا، ماقامغا يېتىدۇ، دېگەن، ئاشۇ جايدا توپىسىز ھالدا پۈتۈن يۇرت، جامائەتتىن ۋاز كېچىپ تاققا چىقسا دۇرۇس.

پىتنە ۋاقتىدا جامائەتنى تاپقىلى بولمىسا، پۇلنى ھالالدىن تاپقىلى بولمىسا، سىراشقىدەك دوست بولمىسا، جاھان پىتنىگە تولسا، ھاكىمىيەت كاپىر بولسا، بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىنى دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەپمۇ بولسا كىشىلەردىن ئايرىلىش، بويتاقلار ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كىشىلەردىن ئايرىلسا، بولىدىغانلىغا جۇمھۇر ئالىملار ئىتتىپاقتا كەلگەن، بۇنى بىز سۆزلەپ ئۆتكەن قوي يېتىلەپ تاغقا چىقىش ھەدىسىدە بار، ئۇندىن باشقا پىتنە دېگەن بابىدا كەگرى بار، زاھىدلىق، دېگەن بابدا قىيامەت ئالامەتلىرىدە كۆپ دەلىل بار، ئىنساپ قىلىپ كىتاب كۆرۈڭلار، ئالىم بولساڭلار، يەھۇدىيلاردەك ھەقنى يوشۇرماڭلار، كىتابنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ پۈتۈن تەپسىرنى، ھەدىسنى كۆرۈپ ئاندىن ئالدىرىماي، چېچىلماي، ھۆكۈم چىقىرارسىلەر، بىزمۇ سىلى بىلگەننى بىلمىز، نۇرغۇن تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، پەلسەپە كىتابلىرى قولىمىزدا تۇرۇپتۇ، شەخسى كۆز قارىشىمىزنى سۆزلىمىدۇق، پۈتۈن جۇمھۇر ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئەقلىگە ئۇيغۇن ھالدا زامان، ماكانغا لايىق ھالدا بايان قىلدۇق، يەنىمۇ چۈشىنىشلىك بولمىسا بىز تەييار، بۇ ھەقىقەت مەڭگۈلۈك بۇ ماتېرىياللار بۇ ئىلىم بۇ ئەمەلىيەت تەييار، خۇلاسە شۇكى، بۇ ماقامغا، قىمايەتكىچە نىيەت قىلغانلار، تىرىشقانلار، ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتى بىلەن چوقۇم يېتىدۇ.

بىز بۇ ھەقىقەتنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن سۆھبەت قىلىشقا نۇرغۇن ئۆلگىلەرنى نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سىلەر بىزگە تولۇق ئىشىنىڭلار، ئىشىنىڭلار! خوش، بىز يۇقىرىدا كارامەت ھەق دىدۇق، بۇ مەسىلە مۇنداق، ئىنسانلار ئەقلى ئاجىز كېلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىشنى ئاللاھ، پەيغەمبەرگە بەرسە بۇ مۆجىزە دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئىش بىلەن كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىدۇ، بۇ ئىش ئەۋلىيالارغا بېرىلسە، بۇنى كارامەت دەپ ئاتايمىز، بۇ دەل مۆجىزە دېگەن باياندىن كېيىن كارامەت دەپ سۆزلىنىدۇ. ھەرقايسى ھەدىس كىتابلىرىدا جۈملىدىن مىشكاتتا بار. ئەمما، بەزى كارامەتلەر پاسىققىمۇ، دىنسىزغىمۇ ياكى تەلەپكە لايىق ئەمەس كىشىگىمۇ بېرىلىدۇ، چۈنكى، بۇمۇ بىر سىناق، ئاللاھ بېرىدۇ، ئېلىۋالمايدۇ، كىشىلەرنى مۇشۇ كارامەت بىلەن خۇددى مال ـ دۇنيادا سىنىغاندەك سىنايدۇ، ئەگەر بۇ دىنسىزغا، پاسىققا بېرىلسە، بۇ ئەسلى كارامەت ئەمەس، ئاھانەت، ئىستىراج دېيىلىدۇ. بۇ شۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىسىنى تەدرىجىي بابلاش بولىدۇ. خۇددى، دەججالدەك بۇنىڭدىمۇ خېلى كارامەت بار، بۇ ئۇ چاغدا، سېھرىگەرنىڭ ھۆكۈمدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەڭ توغرىسى، ئاخىرەتتە، دەرىجە ئالغىنى ئەڭ ئالىي ماقامغا يەتكىلى دۇنيادا ئاشكارا بولمىغىنى، ئىككىنچى دەرىجىلىك، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىپ، دۇنيانى دوست تۇتماي قەلبىنى باشقىلارنى ئاخىرەتكە قاراتقىلى بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئەۋلىيالارغا غەم يوق، قورقمايدۇ دىدۇق، توغرا، ئاخىرەتتە غەم يوق، قورقمايدۇ، بۇ دۇنيادىچۇ؟ بەزىسى پەيغەمبەرمۇ ياكى ساھابىلارمۇ ياكى ئەۋلىيالارمۇ قورقىدىغان ئىشلار باركەنغۇ؟ خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يىلاندىن قاچقاندەك.

بۇ مەسىلە مۇنداق، ئەۋلىيالار، پەيغەمبەرلەر، ھۆكۈما، ئۆلىمائ، پەيلاسوپلارمۇ قورقىدۇ، غەم قىلىدۇ، چارە ئىزدەيدۇ، ئەمما، بۇ جۇزئى بولىدۇ، كۈللى بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىشلارنىڭ ئىنتىھاسى، ئاخىرقى

نەتىجىسى ئاللاھنىڭ ئىلىكىدە، ئۇ خالىق ھەممىنى ئالدىن بىلىدۇ دەپ قاراپ، ئاللاھقا ئىشلىرىنى تاپشۇرىدۇ، ئاندىن جۇزئىدىنمۇ قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولىدۇ، بۇ ئەھۋال ھەممە كىشىلەردىمۇ بار.

ئەمما، بۇ يەردە خاس بىر ئەھۋال بار، ئۇ بولسىمۇ ھەر قانداق بىر بەندە ئاللاھنىلا ئەسلەپ تۇرالىسا، ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئۇلۇغلىقى، نۇرغا كىرىپ كەتسە، تەپەككۇرنى، خىيالنى، ئوينى، تەسەۋۋۇرنى ھەممىنى بىر يەرگە جەملەپ پەقەت ئاشۇ ئاللاھ بىلەنلا بىللە بولسا، راستىنلا بۇ دۇنيادىمۇ غەم ـ قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم، قورقۇنچ يوقۇلىدۇ. ئۇ، ئاللاھدىن باشقىنى ئۇقمىسا، سەزمىسە، قانداقمۇ غەم بولسۇن، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، كاتتىلىقى، نۇرى، رەھمىتى، بىردەم ئازابى بىلەن ئاگلاش، كۆرۈش دېگەن قۇدرەتنى ئويلاپلا تۇرسا، ئاللاھدىن باشقىسىدىن غەپلەتتە تۇرسا، قەلب بىرلا ئاللاھقا باغلانسا، قانداقمۇ غەم قىلسۇن، قانداقمۇ ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلسۇن، قانداقمۇ قورقسۇن، چۈنكى ئۇ ھازىرمۇ، ئۆلسىمۇ، قىيامەتتە قوپۇرۇلسىمۇ يەنىلا ئوخشاش ئاشۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان تۇرسا، يالغۇز بولسۇن ياكى باشقىلار بىللە باشلىق بولسۇن ياكى پۇخرا، باي بولسۇن ياكى يوقسىز ساق بولسۇن، ياكى كېسەل ياش بولسۇن، ياكى قېرى ھايات بولسۇن، ياكى ئۆلۈك بۇ دۇنيادا بولسۇن، ياكى ئاخىرەت، ئازاب بولسۇن ياكى راھەت ھەممە ئەھۋالدا ئاللاھ بىلەن بىللە بولسا، قانداقمۇ ئۆزگەرسۇن! قانداقمۇ قورقسۇن! ئاھ! بۇ نېمە دېگەن چوڭ بەخت ھە! مەڭگۈلۈك بەخت ـ دە! مانا مەن ئۆزۈمنى دائىم مۇشۇنداق ھېس قىلالىغان بولسام كاشكى، تېرىشايلى، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن بولىدۇ، نەتىجىلەر ئەمەللەر بىلەن بولىدۇ، ئەمەللەر ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھقا گۇماننى ياخشى قىلساق، ئەمەلنى ياخشى قىلساق، ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ، بۇنى ئاللاھ ئۆزى ۋەدە قىلغاندۇر. ئەھۋاللار ئوخشاشمايدىكەن، گاھى ئۇنداق، گاھى مۇنداق، ھەي ھەر خىل توسالغۇ ھەر خىل سەۋەب بولىدىكەن، بولمىسا رەسۇلۇللاھ دېگەندەك پەرىشتىلەر بىلەن ھەممە جايدا كۆرىشەلەيتتۇق، جىن ـ شەيتاننى كۆرەلەيتتۇق، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلايتتۇق، ئىگىز تاغلاردا ئاللاھ!!! دەپ ۋارقىرايتتۇق. بۇ ۋارقىراش مەسىلىكتىن خۇدىنى بىلمەسلىكدىن بولاتتى، مەن بۇ ئەھۋاللارنىمۇ بەزى كىشىلەردە كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، **1000** يىل بۇرۇن يېزىلغان كىتاب بىلەن بۇ ئەمەلىيەت ئوخشاش چىقتى، بۇ بىر مۆجىزە بولدى، ئەمما، بىزمۇ ئازىراقمۇ شۈكرى قىلمايمىز، شۈكرى قىلساقمۇ ئاز قىلىمىز. مانا مۇشۇنداق قەلبىمىزدىكى ھەقىقەتكە ۋە ئىرادىمىزگە پىلان، ئارزۇلىرىمىزغا خىلاپ تەتۈرچە ياشاۋاتىمىز، بىزنىمۇ ئىنسان، ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ جەھەتتە ھايۋانلار بىزدىن كۆپ ياخشى ئىكەن، ئۇلار دائىم زىكىردە، كۆپىنچىسى تۈنەپ چىقىدۇ، پۈتۈن ئالەم، ئاللاھنى ئەسلىسە، بىز غەپلەتتە، ھەتتا بىز بىر تال قۇرتچىلىكمۇ بولالمىدۇقما؟!

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زىكرىنى، ۋاقتى، ئورنى بىكىتىلمىگەن پەرىز، بۇنى ھەممە ھالەتتە دائىم دىيىش كېرەك دېگەن. بىز ئاللاھنى ئەسلىسەك، ئاللاھمۇ بىزنى رەھمەت بەن ئەسلەيدۇ، بىز ئاللاھدىن قورقساق ئاللاھ بىزدىن رازى بولىدۇ. ئاللاھدىن قورقۇپ، قادىر تۇرۇپ، نەپسىنى يېڭىپ گۇناھدىن يانساق بىزگە ئىككى جەننەت بېرىدىغان بولىدى، سۈرە ئەرراھمان، بۇ ئىشلار سىلەرگە ۋە ماڭا ھەرگىز ئېغىر كەلمىسۇن، تەستەك چىڭ تۇيۇلمىسۇن، ئاللاھ ئىنساننى قادىر بولمىغانغا بۇيرىمايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق بولدىغۇ، ماقامغا يەتتىغۇ، ماللارنى، جانلارنى بېرىشمۇ، ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىلاردىن ۋاز كېچىشمۇ تەس ئەمەسكەنغۇ؟ شۇنداق بەدەل تۆلىمىسە ھېچ ئىش يوق، جىم تۇرساق ئۆزىمىزگە، قازانغا نېمە سالسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ، بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگارلىقى، ياخشى ئۇرۇقنى تاللاپ ياخشى يەرگە تېرىيلى، پەرۋىشنىمۇ ياخشى قىلايلى، شەيتان قەلبىمىزنىڭ يايلاق چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، زىرائەتنى نابۇت قىلمىسۇن، ئاللاھدىن تىلەپ قوغدىغۇچىنى ياخشى قويايلى، خالىغان قورالنى زىكرى بىلەن تولۇق ھازىر قىلىپ تۇرايلى، زىياننىڭ ئالدىنى ئىلىپ، پايدىنى كۆزلىگەندە نىجات تاپقىلى بولىدۇ.

كىشىلەر تۆت قىسىم بولىدۇ، بىرىنچى، پۈتۈن ئالەمنى ماددا، ھەرىكەت، شەكىل خالاس، روھ، ئەقىل، ئاڭ يوق، ھېكمەت ئالدىن ئورۇنلاشتۇرلغان تەدبىر دېگەنلەر يوق، ھەممىسى تاساددىپىي ئۆزلىكىدىن دەپ قارايدۇ، مانا بۇلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچ بىلەن ياشايدۇ، ھەممە نەرسىسى تولۇق بو لىسمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئاشۇ يوق دەپ تۇرىۋالغان روھى، قەلبى، ئىددىيىسى غەم بىلەن خاتىرجەمسىز بولىدۇ. بارغانسېرى ئەجەل يېقىنلاپ كەلگەنسېرى قورقىدۇ، راست، ئۇلار قورقۇشقا ئەڭ لايىق.

ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر بولىدۇ، بۇلار ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، قىيامەتكە، روھقا، تىرىلىشكە تولۇق ئومۇمى جەھەتتىن ئىشىنىدۇ. ئەمما، كۆپ ۋاقتىنى غەپلەتتە ئۆتكۈزىدۇ، شەيتان قەلبىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئاللاھنى ئەسلىگەندە غەم ـ قايغۇسى يوقاپ قورقمىغان بولىسىمۇ، ئەمما، كۆپ ۋاقتىتا دائىم غەم ـ قايغىدا ياشايدۇ، قورقۇپ تۇرىدۇ، مەخلۇق قورقۇنچىسىدىن بەكرەك قورقىدۇ، ئامال بولمىغاندا ئاندىن خالىقنى ئەسلەيدۇ، ھەي ئىسىت!

ئۈچىنچىسى بولسا، سالىھ، تەقۋالار، مۆئمىنلەر بولۇپ، كۆپ ھاللاردا دائىم ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرىنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ، غەم بولاردا ئاز قالغاندەك تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر خىل ئەمەس، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ھەقىقىي زىكرىگە بېرىلسە، ئاللاھنى ئۆزى بىلەن بىللە دەپ قارىسا، غەم يوقاپ قورقمايدۇ، ئەمما، بۇ ئەھۋال يوقسا دەرھال يەنىلا غەم ـ ئەندىشىگە، قورقۇشقا قايتىدۇ، بۇ يۇقىرىقىدىن ياخشى ئەھۋالدۇر، چۈنكى بۇلار سالىھدە.

تۆتىنچىسى، ھەقىقىي قەلبىنى ئاللاھقا باغلاپ تۇرىدىغانلار، بۇلارنىڭ ئالدىغا ئىلھام كېلىدۇ، بەزىسىگە كارامەت بېرىلىدۇ، بەزىسى ئۆزىنى پۈختىلاپ كامال تاپقانلار، كارامەتنى قامچا ئورنىدا كۆرىدۇ، كارامەت كەلسە، ھەي مېنىڭ ئىشىم چېكىنىپ كېتىپتۇ دەپ بىلىدۇ، بەزىسى روھ بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ، بەزىسى دوستى بىلەن يوق يېرىدە كۆرۈشىدۇ، بەزىسى ياخشى ھەم راست چۈش كۆرىدۇ، بۇلار دائىم ھالدا زىكرى ۋە بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ئاللاھنىڭ جامالى، كامالى، قۇدرىتى، ھېكمىتى، نۇرى ئىچىدە تۇرىدۇ، پۈتۈن شەيئىدىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ مەست بولىدۇ. كىشىلەر بۇلارنى ساراڭ دەپ ئىللايدۇ.

راست، چۈنكى ئۇلار ساراڭ، مەجنۇن بولغان، مەشۇقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ھەممىنى ئۇنتۇغاندۇر، مەن ئاشۇ مەجنۇنلۇقنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن ھە! ئەمما، ئىمان، ئارزۇ بىلەن بولمايدۇ، بەلكى ئەمەل بىلەن بولىدۇ. دائىم ئاسمان ـ زېمىن ھەققىدە ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر ئىمانىنى ئۆستۈرىدۇ، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، باشقا مەشۇقلار غەمگە سالالمايدۇ، ئاللاھدىنلا قورقىدۇ، شۇڭا، باشقىلاردىن قورقۇشقا چولىسى يوق، ئاللاھ بىلەن بىللە بولغاچقا باشقىلاردەك غېمى يوق، گەرچە بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نىيىتى يوق، ئۇلارنىڭ قورسقى يەنىلا توق، چۈنكى، ئۇلار قىلغان دۇئا خۇددى نىشانغا ئاتقان ئوق، مانا مۇشۇ بەختكە مۇشۇ ھەقىقەتكە ئېرىششتىن باشقا بىزگە ئارزۇ ـ ئارمان يوق. بۇ سۆزۈمنى ئەھۋالنىڭ بىر خىل تۇرماسلىقىغا مىسال قىلىپ، قىسقا بىر ھېكايە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

ئىبراھىم خەۋۋاس دېگەن بىر ئەۋلىيا، بىر چۆلدە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ قېشىدا بىر ھەمراھى بار ئىكەن، بۇ ھېكايىنى شۇ ھەمراھى سۆزلەپ بېرىپتىكەن.

بىر كۈنى كېچىدە بۇ كىشىنىڭ قېشىغا بىر شىر كەپتۇ، ئەمما، بۇ كىشى زادى قورقماپتۇ، ھەمراھى بولسا دەرەخكە چىقىۋاپتۇ، شىر بۇ كىشىدىن قورقۇپ ئاستا كەينىگە يېنىپ كېتىپتۇ، بۇ خۇددى بىر ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلگەندەك ئىشكەن، ئاللاھدىن قورققاندىن ھەممىسى قورقىدۇ، ئاللاھدىن قورقمىغان كىشى ھەممە نەرسىدىن قورقىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ كېچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ ھالەتمۇ كېتىپتۇ، ئەتىسى بولسا، تۇيۇقسىز بىر نەرسە خەۋۋاسنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، شۇئان ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ، ھەمراھى ئۇنىڭغا بۇ نېمە ئىش؟ سىلە ئاخشام شىردىنمۇ قورقمىغان ئەمدى ئۆمۈچۈك چاغلىق نەرسىدىن قورقىدىلىغۇ؟ دەپتۇ، شەيخ خەۋۋاس مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ، شۇنداق، ئاخشام بولسا، غەيىپنى بىر خىسلەت بىر ياخشى ھالەت كەلگەن. مەن ئاللاھنىلا ئويلاپ تەپەككۇردا ئولتۇرغان، شۇ غايىپ دۇنيادىن كەلگەن ھالەتتىن مەن باتۇر بولىدۇم، ئاللاھدىن باشقىسىدىن قورقمىغان ئىدىم،د ھازىر بولسا مەن ئۇ ھالەتتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدىم، غەپلەتتە قالغان ئىدىم، مەن مەخلۇقنىڭ ئەڭ ئاجىزى قورقۇنچاقراقى بولۇپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ شورى دېگەن ئىكەن، شۇنداق بۇ ھېكايە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاشۇ ھالەت بولسىلا قىلىچ بويىنىنى چېپىپ تاشلىسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ، ئاللاھ شۇنداق قىلسۇن ئامىن!

## تارىخقا نەزەر

## ھەرخىل قىزىقارلىق سىرلىق ئىشلار

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋاللىرى 17 خىل ئوخشاپ كېتىدۇ.

1 ـ ھەر ئىككىلىسى ئەلچى قىلىنىپ ئەۋەتىلدى، ھەق دىنغا بىر ئاللاھقا چاقىردى، شۇنچە زالىم پادىشاھلاردىن قورقۇپ قالمىدى، ئىككىلىسى ئوخشاش ئىنكار قىلىندى.

2 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان دەل ئەكسىچە بىر ئاللاھقا چاقىرغان، رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق قىلدى، پۈتۈن ئەجدادلارنى ئازغۇن دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بۇتلارنى چاقتى.

3 ـ فىرئەۋنلەر، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پادىشاھلىقنى تارتىۋالماقچى، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى دېگەن، رەسۇلۇللاھقىمۇ ئەرەبلەر مەككىنىڭ پادىشاھلىقنى بېرەيلى، دېگەن، ئەمما، ئىككىلىسىنىڭ مەقستى دىن ئىدى.

4 ـ ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر دەپ سېھىرگەرنى توپلاپ قارشى تۇرغان، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى، مەككىلىكلەرمۇ رەسۇلۇللاھنى سېھىرگەر دەپ بۆھتان قىلدى، ئاخىرىدا كاھىن، مەجنۇن، شائىر دەپ، قۇرئان ئالدىدا ھەممىسى مات بولدى، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت، ھەممە، ھەقىقەتنىڭ يىلتىزى بىر.

5 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارمۇ قۇل ئىدى، رەسۇلۇلاھقىمۇ شۇنداق بولدى.

6 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۇلاردىن قورقىقان، رەسۇلۇللاھقا ئىمان كەلتۈرگەنلەرمۇ قورقۇپ ئىماننى ساقلاش ئۈچۈن ھەبەشىستاندەك جايلارغا ھىجرەت قىلدى.

7 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق قىلدى.

8 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر بۆلەك كىشىلەر مۇۋاپىق كېلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ ئاللاھقا يۈزلەندى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەمراھلىرى مۇشۇنداق قىلدى.

9 ـ ئاللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مەسجىد سېلىشقا بۇيرىدى، ۋە جامائەت بىلەن بىللە نامازغا بۇيرىدى، رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق قىلدى، نۇرغۇن مەسجىد كۆپىيىپ كەتتى.

10 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە غەلىبە بىلەن ئالدىن بېشارەت بەردى، رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى غەلىبىدىنمۇ بېشارەت بەردى.

11 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغە قارشى دۇئا قىلدى، رەسۇلۇللاھمۇ مەككە ئەھلىگە قارشى دۇئا قىلدى.

12 ـ ئىككىلىسىنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولدى، رەسۇلۇللاھقا مەككە فەتھى بولدى، بەنى ئىسرائىلغە پەلەستىن.

13 ـ بەنى ئىسرائىل دېڭىزدىن ئۆتكەن بولسا، رەھۇلۇللاھنىڭ قەۋمى نۇرغۇن ياردەمگە ئېرىشتى، كېيىنمۇ شۇنداق بو لدى.

14 ـ فىرئەۋىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى، ئەبۇ جەھلمۇ كاپىرلامۇ شۇنداق بولدى.

15 ـ بەنى ئىسرائىل قۇتۇلدى، ئازات بولدى، مۇسۇلمانلارمۇ ئازات بولۇپ، نۇرغۇن ھالاكەتتىن قۇتۇلدى.

**16** ـ بەنى ئىسرائىللار ھاكىمىيەتنى ئالدى، ۋە تەرەققىي قىلدى، مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق قىلدى، نەچچە ھەسسە ئۆتۈپ بولدى.

**17** ـ بەنى ئىسرائىل **70** فىرقە بولدى، مۇسۇلمانلارمۇ ئىختىلاپ قىلدى، تېخى بۇندىن كېيىنمۇ بۇ ئىختىلاپ تۈگمەي كېلىۋاتىدۇ.

مېنىڭ قوشقۇنۇم

**18** ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام مۆجىزىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھمۇ مۆجىزە كۆرسەتتى، ئۇلارغا دېڭىز ئىككىگە بۆلۈنگەن بولسا، رەسۇلۇللاھقا ئاي ئىككىگە يېرىلدى، ئۇلارغا تاشتىن سۇ چىققان بولسا، رەسۇلۇللاھنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ چىقتى، ھەر ئىككىلى پەيغەمبەر ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى، خەلىپىسى، ئىز باسار بولدى، مانا مۇشۇنداق ھېكمەتلەر بولغاچقا، ئوخشاشلىق بولغاچقا، قۇرئاندا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى كۆپ كېلىدۇ، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھمۇ مىراج كېچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەن، ھەم سۆزلەشكەن، تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەرگەن، مۇسۇلمانلار ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن بايان قىلىندى.

سۈرە يۇنۇس، ئەي فىرئەۋن، بىز سېنىڭ جىسمىڭنى، بەدىنىڭنى قۇتقۇزۇپ، سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىمىز، ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن غەپلەتتە دېگەن، ئايەتتىن مۆجىزە ئاشكارا بولغان.

ئۆز ۋاقتىدا فىرئەۋننى خۇدا دەپ قارايدىغانلار ئۇ ئۆلمەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغاچقا، ئاللاھ ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاشكارا كۆرسەتكەن، ئاندىن ئۆلگىنىگە ئۇلار ئىشەنگەن، ھازىر بولسا، تاھازىرغىچە مىسىرلىقلارنىڭ ئېھرام دېگەن يېرىدە بۇرۇنقىلارنىڭ جەسىدى بار ئىكەن، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلار سېسىمىغان، بۇ ئېھرامنىڭ سۈرىتى ـ **105** بەتتە، كۆرسىتىلدى، ئەڭ مۆجىزلىكى شۇكى، ئايەتتە دېگەندەك، بۆلارنىڭمۇ جەستى سېسىمىغان، مۆجىزە ئاشۇ جەسەتنىڭ سىسىماسلىقى بولغان، بۇنىڭغا ئاشۇ ئېھرام قۇرلۇشى، سايىسى ۋە بىر قىسىم ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان، ئەمما، مۆجىزلىكى شۇكى، بۇ ئېھرام ئىچىدە، ئېزىتقۇ بار، ھەر قانداق كىشى كىرسە ئېزىپ قالىدۇ. فىرئەۋننىڭ جەسىدى تېپىلغان.

ئامېرىكىلىقلار، ياۋروپالىقلار بۇ جايدىن ئاسار ئەتىقنى ئوغۇرلاشقا كىرىپمۇ ئېزىپ قالغان، بۇ سىر تا ھازىرغىچە ئېچىلمىدى، بۇ زادى نېمە ئىش؟ ھەقىقەتەن ھازىرقىدەك ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىۋاتقان چاغدا، ھېچ بىر ئىشقا سەۋەب كۆرسەتمەي، قىلالمىسا، ئاشۇ بىر ئېھرامنىڭ، ئاشۇ كىچىككىنە ئېھرامنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرەلمىدى، مانا بۇنىڭغا قۇرئاندا بەدىنىڭنى قۇتقۇزۇپ، مۆجىزە قىلىمىز دېگەن ئايەت ئىشارەت ئىكەن.

بۇنىڭدا، نۇرغۇن سىرلىق مۆجىزە بايقالدى، شۇنداقلا بەزى سەۋەبلەر ئىلمى ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىپ، خۇراپىيلىقدىن قەدىمى بۇددا دىنىدىن ئازاد قىلىندى، خۇددى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن دەرەخ ۋەقەسىدەك، بۇنداق خۇراپىيلىق زېمىنغا تولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئاللاھ، يېڭى ئىلىم ـ پەن مۆجىزىسىنى ئاتا قىلىپ، يەنىلا ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن ئورۇندا قىلدى، ئۆز قۇدرىتىنى ئاشكارىلاپ بارلىق بىرلىكىنى، قۇدرەت ـ ھېكمىتىنى تونۇتتى.

بىز مانا مۇشۇنداق ئىلمى ئۇسۇلدا ئاللاھ ئۆز قۇدرىتىدىن سىرلىق قىلغان ئىشلاردىن باشقا پۈتۈن ئىشلارغا سەۋەبنى ئېنىقلاپ چىقىپ، خۇراپاتلىقنى يوقىتىپ، بىر ئاللاھقا چاقىرىشىمىز ۋاجىپتۇر.

سەۋەبى يوق ئىش يوق، كۆللى سەۋەبنى ئاللاھ قىلغۇچى، ھەممە ئاخىرىدا ئاللاھقا بارىدۇ، شۇڭا، بەزى بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەننىڭ سەۋەبنى سۈرۈشتۈرگەننىڭ زىيىنى يوق.

## سۈرە ھۇد تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

زېمىندا ھەر قانداق بىر جانلىق بولىدىكەن، ئۇنىڭ رىزقىغا ئاللاھ كېپىل، ئاللاھ ئۇ جانلىقلارنىڭ كېلىش، كېتىش، قارارگاھلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەربىر جانلىق «لەۋھۇلمەھپۇز» دېگەن كىتابدا خاتىرلەگلىكتۇر دېگەن ئايىتى توغرىسىدا. بۇنداق ئايەت قۇرئاندا خېلى كۆپ، مەسىلەن: ھەربىر ھايۋان ياكى ئۇچار قۇش سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەت، زەررىدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە ھەتتا بىر تال قۇلاق، ياكى بىر تال ھۆجەيرە، مىكرۇپ، ۋىرۇسدىن تارتىپ ھەممىسى بۇ كىتابدا يېزىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ رەھمانلىق سۈپىتى بىلەن بۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئۆز رەھمىتىدىن يارىتىپ رىزىق بېرىپ كاتتا كىتابدا خاتىرلەپ قويغان، ھەرگىز سەل قارىمىغاندۇر.

بۇ چەكلىك، تۇراقسىز پانى دۇنيا بولغاچقا ئۆزگىرىشچان دۇنيا بولغاچقا، ئىمتىھان، سىناق دۇنيا بولغاچقا رەھمەتنى **100**گە تاللاپ، ئاران بىرنى بەرگەندۇر، ئاشۇ بىر رەھمەتتىن پۈتۈن جانلىق بەھرىمەن بولىدۇ، بىز بۇ ئەھۋالنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، بارلىق بىرلىكىنى،سىرلىق مۆجىزىلىرىنى بايقاش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلىرىگە سەل قارىماسلىقىمىز، ئاللاھنىڭ ئاسمانلاردا، زېمىندا نېمە بار قاراڭلار دېگەن ئايىتىنىڭ ۋە ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلىشىغا قارىمامدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەرگە قارىشىمىز لازىم ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ ئەڭ ئىلغار ئۇسكۈنىنى قولغا ئېلىپ، ئىسلام ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەختىمىز ئۈچۈن، كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. نۇرغۇن دىنسىزلار مۇشۇ بىلىم ئۈچۈن بالىقنى ئاتىدى، ھەتتا بىر نەچچىسى جاندىن ئايرىلىپ قالدى، دېڭىزلارغا غەرىق بولدى، تاغدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى، مۇز، قار تاغلاردا توڭلاپ قالدى، ئالەم بوشلۇقىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى، بىز چۇ؟ ئەسلى بۇ خىزمەت بىزنىڭ ئىدى، بىز بۇ يولدا ئۆلسەك ھاياتىمىزدىن ئايرىلساق ئالاھىدە شېھىد دېگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى، كېچىكتۇق، كېچىكتۇق، كۆپ كېچىكتۇق، شۇنداق بولسىمۇ تېرىشايلى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى، رەھمىتى تۈگەپ كەتمەيدۇ، قېنى ئەمسە، ئاللاھنىڭ قۇشلاردىكى ھايۋانلاردىكى ئاجايىپ قۇدرىتىنى كۆزىتىپ كۆرەيلى. قۇشلارنىڭ سوت مەھكىمىسى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشى، ھازىر ئالىملار قۇشلاردا، ھايۋانلاردا ئالاھىدە ئەقىل ـ ئىدراك بارلىقىنى، پەم ـ پاراسەت بارلىقىنى، پادىشاھلىق تۈزۈمى بارلىقىنى، پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىنسان بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى، مانا بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ بۇرۇنلا **ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەت** دېگەن ئايەتتە ئۇقتۇرغان ئىكەن.

## قۇشلار ھۆكۈملىرى، سوت مەھكىمىسى

ئالىملار شىتلىندا ئارىلىدا بىر توپ قاغىلارنى كۆزەتكەن، بۇلار ئىنسانلارغا ئوخشاش سوت مەھكىمىسگە توپلىشىدىكەن، بەزىسى كەلگىچە كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندا، بىر قاغا ئوتتۇرىدا تۇرىدىكەن، بۇ قاغىنى ئىككى قاغا يالاپ تۇرىدىكەن، قېچىشىدىن توسۇپ تۇرىدىكەن، قالغان قاغىلار ئۆزئارا غاقىلدىشىپ بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ھۆكۈم پۈتۈپ ئۇلارمۇ ئاشۇ يالانغان يالغۇز قاغىغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، ھەممىسى چوقۇپ، تېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، ئاندىن ئۆز يولىغا قاراپ قايتىدىكەن، بۇ ئىش مەشھۇر بولۇپ، شىتلىندا ئاراللىرىنىڭ قاغىلىرى ئىنسانلاردەك سوت مەھكىمىسى قۇرغان دېگەن خەۋەر تارقالغان، دىمىسىمۇ قاغا ئەقىللىق قۇشتۇر، يەنە بەزىلەر غەدىپان دېگەن جايدا بىر توپ قاغىنى كۆزەتكەن بولۇپ، بۇ قېتىممۇ سوت ئېچىلغان، چوڭ بىر قاغا قاتتىق ۋارقىراپ قانات قاققان، قالغان قاغىلارمۇ شۇنداق قىلغان، ئايرىم بىر قاغا بېشىنى پەس قىلىپ تازىم قىلىپ گۇناھىغا ئىقرار بولغان، ئاندىن ئۇلار بۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئالىملار بۇ ۋەقەنى ئۇقۇش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرگەن بولۇپ، ئەسلى بۇ بىر ئوغۇرلۇق دىلوسى ئىكەن، ئۇۋا، چاڭگا ۋە ئۇنىڭدىكى ئۇشىا قىتال چۈۋق ئوغرىلىق دىلوسى ئىكەن.

ئالىملار يەنە قۇشقاچنى كۆزىتىۋېتىپ بىر ئىشنى كۆرگەن، ئىككى قۇشچاق قاتتىق سوقۇشقان، بۇ جىدەل

ئوزۇق تالىششىدىن كېلىپ چىققان، خۇددى دېھقانلار سۇ تالاشقاندەك، ئاندىن بۇلار بىر توپ قۇشقاچ قېشىغا بارغان، ئۇلار بىر ئاز سايراشقاندىن كېيىن بىرسىنى قاتتىق چوقۇپ جازالىغان، ئاندىن كېيىن بۇلارنى كېلىشتۈرگەن، بۇلار يەنە جەدەل يۈز بەرمىگەندەك ئۆز جايىغا قايتىپ ئوتلاشقا باشلىغان، ئالىملار يەنە بىر ئىشنى بايقىغان، بىر قارلىغاچ ئۇۋا ياسايدۇ، بۇ ئۇۋىنى قۇشقاچ ئىگىلەيدۇ، ئاندىن قارلىغاچ كېلىپ قۇشقاچنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلسا قۇشقاچ تولا سايراپ قارلىغاچنى رەت قىلىدۇ، قارلىغاچ بىر نەچچە قېتىم كېلىپ ئۇۋا ئىگىزىدىن ھۇجۇم قىلىپمۇ قۇشقاچنى چىقىرالمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆز ئۇۋىسىنى پۇختا ياسىغانىكەن، كېيىن قارلىغاچ ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئالىملار ئەمدى قارلىغاچ يېڭىلدى دەپ تۇرسا، قارلىغاچ تۇساتتىن ئاغزىدا بىر مونەك لاي ئېلىپ كېلىپ ئۇۋىنىڭ ئۈستىنى ئېتىشكە باشلايدۇ، قۇشقاچ بۇنى ئۇقۇماي يېتىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا قارلىغاچ بۇ ئۇۋىنى پىچەتلەپ ئېغىزنى ئېتىپ قۇشقاچنى جازالايدۇ. مانا بۇ ھەددىدىن ئاشقانلىقنىڭ جازاسى بولدى.

ئەلۋەتتە، مەنمۇ بىر كۈن سۈندۈكنى كۆزۈتۈپ تۇراتتىم، بۇ سۈندۈك قارلىغاچقا قارىغاندا ئەقىلسىز ئىكەن، چۈنكى، بۇ بالىسىغا ئوزۇق ئېلىپ كەلسە، بىر يەردىن كەلگەن بولسا، شۇ جايدىن ئۇۋىسىغا كەلمىسە باشقا جايدىن كېلىپ قالسا، يەنە قايتىپ شۇ دەسلەپتە كەلگەن جايدىن كېلىپ ئاندىن بالىسىغا ئوزۇق بېرىدىكەن، بولمىسا قايتا ـ قايتا يانىدىكەن، شۇنداقلا بۇ ئۇۋا ئۈستىنى ئوچۇق قويۇپ، يامغۇردا بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، مۇداپىئە يوق ئىكەن، شۇ ئارىلىقدا بىر جۈپ قارلىغاچ ھويلىغا قايتا ـ قايتا چۈشكىلى تۇردى، مەن دىققەت بىلەن كۆزەتتىم، قارىسام ئۇلار ئالدى بىلەن بىرەر سامان ياكى چۆپنى چىشلەپ ئاندىن سۈيۈق لاينىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ئاغزىدىكى قىش تۆپىگە لاي قاچىلاپ ئاندىن ئۇچۇپ كەتتى، بۇلار بىر كۈن كەچكىچە شۇنداق قىلدى، قارىسام ئۇلار بۇ سامان، چۆپ، قىشلاردا لاينى ئارىسىغا سېلىپ، ئۇۋا ياسايدىكەن، تۇخۇم تۇغۇشنى ئالدىن بىلىپ، بالىلىرىغا ئۇۋا راسلايدىكەن، بۇلارغا بۇ قۇرۇلۇشنى كىم ئۆگەتتى؟ بۇلاردىمۇ ئەقىل بار، مېڭە ھۈجەيرىسى بار، ئەقىل ـ پاراسەت بار، تىل بار، ئالاقە، ياشاش قائىدىسى بار، ھەممىسى «لەۋھۇلمەھپۇز»دا يېزىلغاندۇر.

ئالىملار قاقىرنى ئەربى لەقلاق دېيىلىدىغان بىر قۇشنى كۆزەتكەن، يېقىن ئىككى ئۇۋىنى كۆزەتكەن، بىر قاقىر توخۇ تۇخۇمىنى ئوغۇرلاپ كېلىپ، خوشنىسىنىڭ تۇخۇمىغا ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، قاقىر تۇخۇمىنى ئۆز ئۇۋىسىغا ئېلىپ قېچىپتۇ، تۇخۇمى ئوغۇرلانغان ئۇۋىدىكى ئەركەك قاقىر بىر توپ قاقىرلارنى باشلاپ كېلىپ، بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بەزىسى ئۇقماي قېلىپ توخۇ تۇخۇمىنى باسسا، ئاندىن توخۇ تۇخۇمىدىن چۈجە چىققاندا ئۆز بالىلىرىغا ئوخشىمىسا ئۇ چۈجىنى چوقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، بۇنى ئۇ ئاشۇ ئوغرى قاقىرغا ئاچچىقلاپ قىلىدىكەن، بۇلاردا بىر خىل قىساس ئېلىش ئەھۋالىمۇ بار ئىكەن، بۇلار ئىنسانغا ئوخشاش شارائىتتا تۇرىدىكەن، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەت دېگەن، ئاللاھ، بەكمۇ راست سۆزلىگەن، سۆزلىسەك گەپ تولا، مىساللار بەكمۇ تولا، مەسىلەن، ئىت، ئاپشاركا ئىت گەپ ئۇقىدۇ، مەشىق قىلدۇرسا زەھەرلىك چېكىملىكنى بايقايدۇ، بۇلارنى ساقچىلار ھازىر دىلونى بېجىرىشدە، سوراق قىلىشتا، يۈتۈپ كەتكەن ياكى قاچقانلارنى تۇتۇشتا قۇتقۇزۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىۋاتىدۇ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۇندىن باشقا ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىپ بەزى كېسەل داۋالاش ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ تېنىدىن پايدىلاندى، بەزى خەتەرلىك جايلارغا بېرىشقا، ئالەم بوشلۇقىغا چىقىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن مايمۇندەك ھايۋاننى ئەۋەتىپ، سىناپ كۆرۈپ ئاندىن ئىنسانلار ئۆزى چىقتى، بۇندىن باشقا نۇرغۇن پايدا ـ مەنپەئەت بار، نۇرغۇن كەشپىياتلار دورا، چارە ـ ئاماللار، ھايۋانلاردا بار ئىكەن، ئەقىللىق ئات، پىل، قۇش، شاتۇت، ئۇۋچى ھايۋانلار بەكمۇ كۆپ، ئەمما، بۇ ئەقىل بۇ پەم بولسا، ئۆز دەرىجىسى بويىچە بولىدۇ، خۇددى باللار مېڭىسىنى، چوڭ ئالىملارنىڭ ئەقلىنى تەپەككۇر قىلىشقا سالالمىغاندەك، دېھقانلار، پەيلاسوپ، مۇتەخەسسىس، ئىنجېنىرلارنىڭ ئەقلىنى، ئىقتىدارىنى ئىشقا سالالمىغاندەك، بۇ ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەقلى بار. ئۆز تۇرمۇشىغا ئۆز جىسمىغا لايىق تۇرالغۇ جاي بار، مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇندىن باشقا زور دەرىجىدە ئەقىل قىلالمايدۇ، ئىشنى پىلانلاپ قىلالمايدۇ، ئىنسانلاردەك تەرەققىي قىلالمايدۇ، خۇددى ماشىنا ئادەم جايىدا توختاپ قالغاندەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسانلارغا زور ئاۋارىچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ھەممىنى ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ كىتابتا خاتىرلەپ قويغان.

## ھايۋانلاردىكى بەزى سىرلىق ھەرىكەتلەر

بەزى ھەسەل ھەرىسى تاتلىق شىرنىلىك نەرسىنى كۆپ يەپ مەس بو لىدىكەن، بۇ ھەرە قالايمىقان ئۇۋىغا ئۇچۇپ كەلگەندە قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان ئىككى ھەرە بۇ ھەرىنى ئۇۋىغا كىرگۈزمەيدىكەن، ئالىملار بۇنى تەكشۈرگەندە ئەگەر مەس ھەرە ئۇۋىغا كىرسە، سىزىمى يوقاپ ھەرىكىتى قالايمىقان بولۇپ، جەدەل چىقىرىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىدىكەن، شۇڭا، ئىككى قاراۋۇل بۇ مەس ھەرىنى كىرگۈزمەيدىكەن، خۇددى ھەسەلنى بۇلغاشتىن ئەنسىرەپ پاسكىنا ھەرىنى كىرگۈزمىگەندەك، بۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئاشخانىسىغا مەسنى كىرگۈزمەي توسقۇبىلىشىغا ئوخشاش بىر ئىش، بەزى ئورمان بۈركۈتى، چۈجە چىقارغاندا، ئۇۋىسى ئەتراپىنى بىر خىل خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك بىلەن ئوراپ قويىدىكەن، بۇنداق بولۇشى، ھەرخىل چۈجىگە زىيانلىق قۇرت، ھاشارەتلەر بۇ ئۆسۈملۈك پۇرىقىنى پۇرىسا چىداپ تۇرالماي، قاچىدىكەن، مېھرىبان ئاللاھ، بۇ ئىلمىنى بۈركۈتكە ئىلھام قىلغاندۇر. بەزى قۇزغۇنلار قەستەن چۈمۈلە ئۇۋىسىغا كېلىپ ئۆزىنى چېقىشقا تۇتۇپ بېرىدىكەن، بۇ ئارقىلىق بەدىنىدىكى بىر خىل زىيانلىق قۇرتنى، مىكروپنى يوقىتىدىكەن. شۇنداقلا چۈمۈلىمۇ رىزىق ئوزۇقىدىن لەززەتلىنىدىكەن، بۇلارنى ئاللاھ، باغلاپ تۇرغاندۇر.

بەزى مۈشۈكلەر بىر خىل خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈكنى پۇراش ئارقىلىق ياكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى چايناش بىلەن ئۆزىدىكى كېسەللىكنى يوقىتىدىكەن، مىكروپنى تازىلايدىكەن، مەسلىكىنىڭ پەيزىنى سۈرىدىكەن، ئۆزئارا پومىلىشىپ ئويۇن چىقىرىپ بەختلىك بولىدىكەن، بەزى كىرپىلەر قەستەن زەھەرلىك ماددىلارنى پۇراپ تېپىپ، قەستەن چايناپ ئاغزىدىن بىر خىل كۆپۈك، شۆلگەي چىقىرىپ بەدىنىدىكى تىكىنىگە سۈركەيدىكەن، شۇ ئارقىلىق بەزى مىكروپنى يوقىتىدىكەن، ھەم بەدىنىنى كۈچلەندۈرىدىكەن، ھەم بۇ تىكىنىنى خۇددى ئىنسانلار قىلىچ، ئوقياسىنى زەھەردە سۇغارغاندەك بۇ زەھەردە سۇغۇرىدىكەن، ئاندىن دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىپ، ئۇۋنى تۇتۇپ يەيدىكەن، بەزى مايمۇنلار قورسىقى ئاغرىسىلا بىر خىل ئۆسۈملۈكنى يەيدىكەن، ئالىملار بۇنى تەتقىق قىلىپ، ئاشقازان دورىسىنى تېپىپ چىققان، بۇ مايمۇن بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ دورا بولىدىغىنىنى قانداق بىلگەن، بۇ خۇددى ئاللاھ قابىلىغا قاغىنى ئەۋەتكەندەك بىر ئىشتۇر.

بەزى مايمۇنلار **1000** ئاياغ دەيدىغان قۇرۇتنى چايناپ ياكى چىشلەپ قورقىتىپ ئۇنىڭدىن تەرلەپ چىققان بىر خىل سۇيۇقلۇقنى بەدىنىگە سۈركەيدىكەن، شۇ ئارقىلىق بەدىنىدىكى بىر خىل پىتنى ياكى زەھەرلىك مىكروپنى يوقىتىدىكەن، ياكى پاشىدىن ساقلىنىدىكەن، ۋە ياكى مەسلىك خۇمارىدىن چىقىدىكەن، بەزى قۇشلار ئۇۋىسى ئەتراپىدا خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك شاخلىرىنى دۆۋلەپ قويىدىكەن، باللىرى تۇخۇمدىن چىقىپ تېتىك ھالدا مىكروپىدىن خالىي چوڭ بولىدىكەن، ھەم تېنى ساغلام بولىدىكەن، بۇنداق خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك يوق ئۇۋىدىن چىققان چۈجە تولىسى ئەي بولماي، ھالاك بولىدىكەن ياكى كېيىن تەجرىبە ئىگىسى بولالماي باللىرىنى، نەسلىنى قۇرىتىدىكەن، چۈنكى، بالا قۇش ئاتا ـ ئانىغا ئەگىشىدۇ.

مانا شۇنداق ئىنسانلار ھايۋانلاردىن ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ داۋالانغاندەك، ياكى ئوزۇقنى ياخشىلاپ ئىشتېينى ئاچقاندەك، بۇنداق ئەھۋاللار ھايۋانلاردىمۇ مەۋجۇد، مېھرىبان ئاللاھنىڭ رەھمىتى ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئازماس ئوقوغۇچىسى بولىدۇ، بۇلار «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلەنگەن، بۇلاردا ئىنسانلارغا نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلار بار.

مېھرىبان ئاللاھ، كۆپىنچە ھايۋانلارنىڭ رەڭگىنى شۇ ھايۋان ياشاشقا ماس كېلىدىغان جايلاردىكى رەڭگە ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ، بۇ ئەسلى ئىككى ئىش ئۈچۈن، بىرى، بۇ بىر نېمەت بولۇپ، بۇ ھايۋانلار مۇشۇ ماس رەڭ بىلەن يوشۇرۇنۇپ ئۇۋنى بىلىندۇرمەي تۇتۇپ يەيدۇ. ئىككىنچىدىن، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ دۈشمەننى ئازدۇرىدۇ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

مانا بۇ ئەتراپقا ماس كېلىش، ھەتتا رەڭنىڭ ماس كېلىشى، ئىتتىپاقلىششى بولىدۇ، كائىنات قانۇنىغا ئەمەل قىلسا، زىيان يوق، ئۈچىنچى، بۇ بىر خىل قۇدرەت، ماددىزىمچىلار تەبىئەت ئالىملىرى دېگەندەك بۇ شۇنداقلا بىر تاساددىپىيلىق ھەم ئەتراپقا ماسلاشقانلىق، تەدرىجىي تەرەققىيات ئەمەس، بەلكى، ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى، كۆيۈنگۈچى، رەھىم قىلغۇچى، تەدبىر قىلغۇچى، پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىن

بىلىپ ھاجىتىنى ئادا قىلغۇچى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىن زامان ماكاننى تاللاپ، زىياپەت بەرگۈچى ئاللاھ تەرەپتىندۇر، شۇڭا، ئاللاھ، بۇلارنى قۇرئاندا ئۆز دەرگاھىدىكى لەۋھە كىتابتا خاتىرلىگەن، ئاللاھ، ھەقىقەتەن رەززاق، ھەقىقەتەن رەھمان، مەن ئاللاھقا گۇماننى تېخىمۇ ياخشى قىلىش بىلەن بىرگە ئەمەلنىمۇ ياخشى قىلىپ، ئاللاھنى رازى قىلىشنى ئىرادە قىلدىم، ئاللاھ، ياخشى ياردەمچىدۇر.

ھەرىنىڭ رەڭگى قىزىل، سىرىق يوللۇق، چېكىتلىك كېلىدۇ، بۇ شۇ ئارقىلىق دۈشمەننى قورقىتىدۇ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئۇۋنىمۇ قورقىتىپ ئاسانلا مەغلۇپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ نەشتىرى بار، تېخى بۇ ئىنسانلارغا زىيانلىق مىكرۇپنى يوقاتقۇچى، چىۋىننى يوقىتىدۇ، ھەرە ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى سۆيۈملۈك دوستى، ئەمما، ئىنسانلار بۇنى بىلمەي ئوت قويىدۇ، زەھەر بىلەن يوقىتىدۇ، بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز، چۈنكى، ئاللاھ، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، بۇنىڭغىمۇ قارلىغاچتەك قۇشلارنى غالىپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىنساننى خاتىرجەم قىلسا، بىر تەرەپتىن بۇ قۇشلارغا رىزىق بولىدۇ. ھايات مانا مۇشۇنداق بو لىدۇ، ئاللاھ، ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن تەدبىرلىك ئىش قىلغۇچى، بىز بۇلارنى ئالدىرىماي ۋاقىت چىقىرىپ كۆزىتەيلى بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەت بار، ھەم پايدىلىق ئىشلار بار.

چاشقان رەڭگى كۈلرەڭ بولىدۇ، بۇ كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى چىقىدۇ، مېھرىبان ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرى بولۇپ، بۇمۇ قۇرۇق قالمىغان، بۇ كېچىسى چىققاچقا رەڭگى كېچىگە ماس كېلىدۇ، ئەگەر ئاق رەڭ بولۇپ قالسا، ئىش چاتاق، ئىنسانلار، مۇشۇكلەر، مۇشۇكياپىلاقلار، ئاغمىغانلار بۇنى دەرھال بايقاپ نەسلىنى قۇرۇتىدۇ، شۇڭا، بۇ جانمۇ رەھمەتتىن ھوزۇرلىنىپ ياشايدۇ.

بۇ چاشقان، ئىنسانلارغا بەك زىيانلىق بولغاچقا مېھرىبان ئاللاھ، ھەم ئىنسانلارغا ھەم مۇشۇكياپىلاققا رەھمەت قىلىپ، مۇشۇكياپىلاقنىڭ رەڭگىمۇ كۈلرەڭ بولىدۇ، كېچىسى بىلىنىپ قالمايدۇ، شۇنداقلا كېچىسى ئاشكارا بولماس، ئازراق سىزىقلار بار، بۇلار كۈندۈزى دەرەخ قېتىغا يوشۇرۇنىشتا، خاتىرجەم ئارام ئېلىشقا پايدىلىق، ئەمما، بۇ رەڭ، بۇ سىزىق كېچىسى ئاشكارا بولمايدۇ، شۇنداقلا مۇشۇكياپىلاقنىڭ كۆزىدە ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى ياسىغان كېچىدە كۆرۈش دۇربۇنىدىنمۇ ئىلغار مىكرۇسكوپ دۇربۇن بار، بۇ كېچىسىمۇ يىراق جايدىن چاشقاننى بايقاپ تۇتالايدۇ، چاشقان رەڭگى كۈلرەڭ بولۇپ، كۆرۈنمىسە شەپىسىدىن پەرق ئېتىپ، دەرھال ھۇجۇم قىلىپ تۇتىدۇ، بۇ يەردە ئاجايىپ باغلىنىشلار، سانسىز قوشۇنلار بار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قوشۇننى ئاللاھدىن باشقىسى بىلمەيدۇ، رەڭمۇ بىر خىل قورال، ھەم بۇ يوشۇرۇنۇش قالقاندۇر، ھەممىسى قۇياشتىن كەلگەن يەرشارىمۇ، ھاياتلىقمۇ، ئىسسىقلىقمۇ، نۇرمۇ، رەڭمۇ ھەممىسى شۇنداقتۇر، مېھرىبان ئاللاھ نەچچە مىليونلار، نەچچە مىليارت يىللار بۇرۇن بۇنى ئالدىن بىلىپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، بۇ تاساددىپىي ئەمەس، بۇ پۈتۈن كائىناتنىڭ باغلىنىشى پۈتۈن كائىنات قانۇنى ھەم ھەمكارلىقى، ھەممىسى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.

بەزى بىلىقلاردىن بىر خىل نۇر، يورۇقلۇق چىقىپ چاقناپ تۇرىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، بۇ بېلىقنىڭ ئۈۋىسى نەسىل قالدۇرىدىغان جايى، مارجان بار جاي، شۇڭا، بۇ بېلىق نۇر ئارقىلىق ئۆزىنى مارجان قېتىغا يوشۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ. بەزى بېلىقلارنىڭ قورسىقى ئاق، ئەمما دۈمبىسى كۆك ياكى يېشىل كېلىدۇ، چۈنكى، بۇ سۇ يۈزىگە يېقىن ياشايدۇ، بۇ مۇشۇ ئارقىلىق بېلىقچى قۇشلاردىن ئىنسانلاردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئەگەر بۇ ئىككى بىلىقنىڭ ئورنى ئالماشسا نۇرلۇقى تۆپىگە، كۆكى پەسكە چۈشۈپ ياشىسا قانداق بولىدۇ، ئىككىلىسى دەرھال ھالاك بولىدۇ، بۇنى بىلىق ئالدىن بىلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق قىلدىمۇ؟ بېلىق شۇنىڭغا قادىرمۇ؟ ياق بۇنى پۈتۈن كائىناتنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى **11000** مېتىر چوڭقۇرلۇقدىكى دېڭىزنىمۇ كۆزىتىپ تۇرغۇچى ۋە شۇ ئىگىزلىكتىكى ئېھتىياجىنىمۇ بىلىپ تۇرغۇچى مېھرىبان ئاللاھ رەھمىتى بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، بۇمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئاشۇ كۆك بېلىق ئۈستىدىن كۆك رەڭ بىلەن ئاستىدىن ئاق رەڭ بىلەن ھۇجۇمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، چۈنكى، ئاستىدىن ھۇجۇم قىلغۇچى يىرتقۇچ كەلسە، كۆزگە كۆن نۇرى ئاق كۆرۈنگەچكە، بېلىق قورسىقىمۇ ئاق بولغاچقا پەرق ئېتەلمەيدۇ دە! ئۈستىدىن كۆك رەڭ بىلەن قۇتۇلپ قالغاندەك ئاستىدىن ئاق رەڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئاشۇ بىر تال بېلىق ساقلىنىپ نەگە بارىدۇ، رەڭدىن قورقماس ھەم پەرق ئېتىش ھاجەتسىز، تورغا چۈشىدۇ، ئىنسانلار تورىغا چۈشىدۇ، ئەي

ئىنسان سەن ھەقىقەتەن بۇ مىساللارنى بىلگەندىن كېيىن يەنە، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمۈتنى ئۈزۈپ يۈرمە، چۈنكى، ئاللاھقا ئىنسانلار بىۇ ھايۋانلاردىن بولۇپمۇ ئاشۇ نىجىس چاشقانلاردىن ھۆرمەتلىكتۇر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بۈيۈك، بىز بۇنىڭغا سەل قارىساق بولمايدۇ، بەندىلەرگە يامان گۇمان قىلىش گۇناھ بولسا، ئاللاھقا يامان قىلىش كۇپرىلىق بولىدۇ، ھەزەر قىل. مانا شۇنداق ھەربىر ھايۋاننىڭ چېكىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھ، خالىسا بىردەمدە ھەممىنى چاندۇرماي ھالاك قىلالايدۇ، رەڭنىڭ نۇغۇن ھېكمىتى بار، بازاردىكى رەزىخت بولسۇن، ياكى ئاياغ بولسۇن ياكى ئۇلاغ بولسۇن، ياكى ئۆسۈملۈك گۈل بولسۇن ياكى ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسى رەڭگە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ئاشۇ قىممەتلىك، نەسىللىك موزاي، رەڭگى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ، خەرىتىگە، سۇرەتكە چۈشسە، قارائالا چۈشسە. باھاسى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ، بولمىسا ئەرزان بولىدى.

ئەلۋەتتە، كۆرۈنۈشى گۈزەل بولسا، خېرىدارلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان يانچۇقىدىكى پۇلنى قەلب باشقۇرىدۇ، ئەگەر قەلىپ بىرەر رەڭنى تاللاپ ياخشى كۆرسە قىممەت بولسىمۇ ئالماي قويمايدۇ، مانا مۇشۇنداق رەڭ مۇھىم، ئورۇندا تۇرىدۇ، ئېزىشتىنمۇ، ئادىشىپ قېلىشتىنمۇ ساقلايدۇ، رەڭ بىر گۈزەللىك بولۇپلا قالماي، ئۇ بىر بەلگە ئالامەتتۇر.

بۆلارنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، بۇ يەتتە خىل رەڭنى قۇياشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ھەم بۆلارنى زېمىن ۋە ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ھەر خىل ماددىلار قوبۇل قىلىدىغان قىلغاندۇر. بۇ نېمە دېگەن ھېكمەت ھە! توشقانلار بوز رەڭ كېلىدۇ، ياكى قارا كېلىدۇ، ئېيىقمۇ شۇنداق، بوز رەڭ ، كۈلرەڭ، قارا بولىدۇ. تۈلكىمۇ شۇنداق، ئەمما ئىككى قۇتۇب بولۇپمۇ شىمالىي قۇتۇبنىڭ ئېيىقلىرى، توشقانلىرى، تۈلكىلىرى ئاق رەڭدە بولىدۇ، پۈتۈن توشقانمۇ، تۈلكىمۇ، ئېيىقمۇ ھەممىسى ئاق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قۇتۇبتا قار بار، مۇز، قار تاغلار بىلەن قاپلانغان، شۇڭا، مېھرىبان ئاللاھ بۆلارنىڭ نەسلىنى قوغداش ئۈچۈن، ھايۋان ياكى ئىنسانىي ئوۋچىلاردىن بۆلارنى مۇشۇ ئاق رەڭ بىلەن قوغدايدۇ. ئەگەر بۆلار قارا ياكى بوز رەڭدە بولسا، دەرھال نەسلى قۇرۇپ تۈگەيدۇ.

بۇ جايدىكى بىر توپ قويلارنىڭ رەڭگى كۆك رەڭ ياكى قارا بولىدۇ. چۈنكى، بۇمۇ چوڭ رەھمەت، قويلار توپلىشىپ ياشايدۇ، بۆلار مۇشۇ رەڭنىڭ پايدىسىدىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي توپ ـ توپ ياشىيالايدۇ، ھەم ئىگىسىمۇ تولۇق سانىنى بىلىپ، قوتانغا ئەكىرىدۇ، ئەگەر بۆلار قارا رەڭدە، كۈلرەڭدە بولماي، ئاق بولسا، چوڭ زىيان كېلەتتى. قارا رەڭ، نۇر، ئىسسىق قوبۇل قىلىدۇ.

قاغا بولسا مەڭگۈ ھەممە جايلاردا ھەتتا ئىككى قۇتۇبتىمۇ قارا تۇرىدۇ، چۈنكى، ھېكمەت شۇنى تەلەپ قىلىدۇ، بىرىنچىسى، بۇنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان دۈشمىنى يوق، يوشۇرۇنۇش ھاجەتسىز، ئىككىنچىسى، بۇنىڭ ئۇۋۇلىرى، ئوزۇقى تاپ، ئۆلۈك بولىدۇ، قارا قاغا كەلسىمۇ بۇنى سېزىپ قاچالمايدۇ، شۇڭا، بۇنى ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ شۇنداق ياراتقان، ھەم بۇ قۇرت يەيدۇ بۇمۇ قاچمايدۇ، قارا رەڭنى بىلمەيدۇ، كۆزى يوقتە. قۇچقاچ بويىندا بىر خىل قارا رەڭ بولىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن، چۈنكى، قارا قۇشقاچ، قارلىغاچ، قارا رەڭدە بولۇپ، بۆلارنىڭ كۆزىگە نۇر تولۇق كېلىپ تۇرىدۇ، ئاق قۇشقاچنىڭ بولسا، كۆزى كىچىك نۇرنى تولۇق يىغالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بويىنغا قارا رەڭ قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

توزدىكى سالاپەت ئۇنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشى، توخۇدىكى، خورازدىكى ساقال، قىزىل رەڭ بۆلاردا ئاجايىپ بىر ھېكمەت بار، بۇ ئۆلارنىڭ مۇھەببەت، توي، جۇپلىشىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك، بولۇپلا قالماي ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ زور مۇناسىۋىتى بار، چۈنكى پۈتۈن جانلىق ئۈچ ھاياتلىق بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، خوجايىن ئىنسان شۇڭا، ھېسابىنى خوجايىن بېرىدۇ، ھاراملىرىغا ئازاب بار، ھالاللىرىغا ھېساب، ھەي بۇ دۇنيانىڭ نېئمىتى دەپ ھالاللىرىغا ھېساب بولسا، ھاراملىرىغا ئازاب بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى يەنىلا ئىلىم ـ ھېكمەت، تەبىئەت ئالىملىرى بۇ رەڭ مەسىلىسىنى ھەرخىل گۇمانى سۆزلەر بىلەن شەرھىيلەيدۇ، ئۆلار تېخى ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ماس كەلگەن، شارائىت شۇنى تەلەپ قىلغان، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان دەيدۇ. ھەممىسى ھەقىقەتتىن قاچماقچى، بۇ ھەقىقەت بولسا، ھەممىنى بىلگۈچى، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغۇچى، پۈتۈن جانلىقنىڭ ئىگىسى، جان تومۇرى، ئۆز قولىدا بولغان ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى تەدبىرلىك ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئاللاھ غالىپتۇر، بۇ جاۋاب ئەلۋەتتە، سەۋەبسىز، ئۆزلىكىدىن تاسادىپىي دېگەن جاۋابدىن

ئەۋزەل.

ئىنسانلار بەزى ھايۋانلاردىن، قۇشلاردىن ئارقىدا قالدى، مەسىلەن: بالدۇرقى ئەسكى كەپىگە ئۇۋا تۈزىدىغان قارلىچاچ، ھازىر بولسا، ئېسىل پىشايۋانلارغا ئۇۋا تۈزىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا يات تۇيۇلمايدۇ، ئۆز ئىشىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ، تېخى بۇمۇ تەكى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، پۇختا بولىدۇ. بىخەتەر بولىدۇ، غەمدىن خالىي بولىدۇ، سوغۇق، ئىسسىق، يامغۇر، بوراندىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

بەزى ھەسەل ھەرىسى بولسا، بۇرۇنقى ئەسكى پو سۇگەتنى، دەرەخنى، تاش ئۆڭكۈرنى تاشلاپ زامانىۋى ساندۇقلارغا يۆتكەلدى، ئەمما بۇلارغىمۇ بۇ ئىش يات تۇيۇلمىدى، بەلكى تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى. نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار باغچىدا كۆنۈپ قالدى، ياخشى كۈتۈنمەكتە، ياۋاشلاشتى، نۇرغۇن زامانىۋى بورداقچىلىق، باقمىچىلىق پەيدا بولدى، زامانىۋى قوتانلار سېلىندى، بۇلارمۇ بۇ ھايۋانلارغا يات تۇيۇلمىدى، ھايۋانلار بۇنى رەت قىلماي، ئىنكار قىلماي، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، ئۆزگىمۇ، ئىنسانلارغىمۇ نۇرغۇن بەخت ئامەت ئېلىپ كەلدى، ئىنسانلارمۇ، ئۇلارمۇ خىلىي خاتىرجەم بولدى، تېخىمۇ تەرەققىي قىلماقتا، نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرمۇ باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىغا ماس كەلدى، قوبۇل قىلدى، يات تۇيۇلمىدى.

ئەمما، بىز ئىنسانلارچۇ، بىزگە پولاتتەك دەلىل ـ ئىسپاتلىق قۇرئان، ھەدىس، ئەمەلىي نەتىجىدىن، ئەقلىدىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبە قىلىپ سىناپ كۆرگەن، پايدىسى، ئىلمى ئاساسىنىڭ پۇختا، مول بولغانلىقى، ئىلمى ئىسپاتقا ئىگە، ھەقىقەتلەر يات تۇيۇلدى، ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلدى، تېنىۋالدى، كۆڭلى قوبۇل قىلسىمۇ ئۆزى ئۇنىمىدى، قوبۇل قىلمىدى، جاھىللىق، خۇراپاتلىق، بىلەن ئىپتىدائىي ھالەتنى ساقلاپ قالماقچى بولدى، نۇرغۇن ئىلىملەر، ئاسترونومىيە، خىمىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، تېبابەت ـ پەن ۋە ئىنسانلار ئادەم ئورگانىزىم، ھايۋانلار ئىلمى، ئۆسۈملۈك ئىلمى ئىش قىلىپ ئۇلار بىلمەيدىغان ھەرقانداق ئىلىم ئۇلارغا يات تۇيۇلدى، ئەسلى ئىسلام دىنى بىلىمگەننى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇراتتى، ئەمما، بۇلار بىلمىگەندىن قاچتى، ئۆزى بىلمەيلا، ئۆزلىرى چۈشەنمەيلا، ھەممىنى خاتاغا چىقاردى، دىنسىزلار دەپ ئەيىبلىدى، ئىككى پىرقە بولۇپ، زور ئىختىلاپ تۇغۇلدى، ھەر ئىككىسى مېنىڭ توغرا دەيتتى، مېنىڭ ھەق سېنىڭ خاتا دەيتتى.

بۇلارنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قېلىشى، ئىددىيىدە، روھىدا، ئەقىدىدە، تەۋھىد، دىنى قانۇندا، پەلسەپەلەردە توغرا بولدى.

بۇنىڭغا ھەممىسى قايىل، چۈنكى، بۇلار تەرەققىي قىلماسلىقى مۇمكىن، ئەمما، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى تۇرغان گەپ، چۈنكى، ھازىرقى ئىلىم، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تاغدەك بايان قىلغان بولسا، بۇرۇنقىلار بىر تال تاشتەك بايان قىلالىغان. ئەمما، سانائەت خاراكتېرلىك يېڭى تەرەققىياتقا قارشى تۇرۇش، تۈپتىن خاتا ئىددىيىنى، پەلسەپەنى، بەزى ئەخلاقنى قانۇن ـ تۈزۈمنى خاتا دەپ قارىساقمۇ مۇنۇ ئىشلارغا قېتىپ ئەمەلىي نەتىجىلىك تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىلغار سانائەتنى رەت قىلساق بولمايدۇ، بەلكى، بۇلارنى چەت ئەللەرگىچە دىننى ئەركىن يولغا قويىدىغان، ناماز، ئىماندىن، رامىزاندىن توسمايدىغان دۆلەتلەرگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش لازىم، ئەمما بۇلار ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىماندىن ئايرىلسا خىزمەتنى دىنسىز زالىملارغا قىلسا، بۇ تۈپتىن خاتا، شوخدىن ئادەم شوخا ئۈزىدۇ، گۈلدىن گۈل ئۈزىدۇ، نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى تىلغا ئالىدۇ، كىشى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئوبدان پەرق ئېتىپ، ھايۋاندىنمۇ كېيىن قالماي، سانائەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە توغرىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. خاتا پەرەزدىن، گۇماندىن، نېرى بولۇشىمىز لازىم.

قانۇن، ئىددىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپە، دىن ئىشلىرىدا قۇرئان، ھەدىسكە بولۇپمۇ ئەسلىگە قايتسا بۇ بەك ياخشى بولىدۇ، بىز بۇ ئەسلىيەتچىلىك بىلەن تەرەققىياتنى پەرق ئېتىشىمىز لازىم. تەرەققىياتقا قىلچە توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ دىن ئۈچۈن، ئىلىم ـ ھېكمەت ئۈچۈن كۈچ قۇدرەت ئۈچۈن پايدىلىق، مەقسەت زەھەرلەنمەسلىكقۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرەت، ھېكمىتى، رەھمىتى، بارلىق، بىرلىكى تېخىمۇ رۇشەن بولسىلا زەھەرلەنمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئالىملار ھازىر شۇنى بايقىدىكى، چۈمۈلىدە تىل بار ئىكەن دىدى. بۇلار كۆپ تەجرىبە ئىشلەپ، سىناپ

كۆرۈپ، بۇلاردىكى جەڭنى كۈزۈتۈپ، كۆرۈپ بەزى يىمەكلىكنى بىرىپ كۆرۈپ، چۈمۈلىنىڭ كۆپەيتكەن ئەزاسىنى كۆرۈپ بۇلاردا تىل بار ئىكەن، خەۋەرلىشىش بار ئىكەن، ئىنتىزام، قوشۇن ئىلمى بار، ئىتتىپاقلىق بار ئىكەن، شۇڭا، بۇلار يوللىرىدا دائىم سوقۇشۇپ ماڭىدىكەن، دېدى. مانا بۇ ئاللاھ بۇرۇنلا سۈرە نەملدە چۈمۈلىنىڭ سۆز قىلغىنىنى ئوچۇق سۆزلىشى شۇدە، قۇرئاندا بۇ ئېنىق خاتىرلەنگەندۇر، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ تىلى بىلەن چۈمۈلىنىڭ تىلى ئورتاقكەن، بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدىكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. چۈنكى، بۇلار ئاۋاز ئىلمىنى تەتقىق قىلىپ، سىيلىشتۇرۇپ، كۆرۈپ شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن، ئەمەلىيەتتە بەزى چۈمۈلە ھەرىگە ئايلىنىدۇ، مانا بۇلارمۇ ھەممە جانلىق ئۇچار قۇش ھايۋانلار سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەت، ھەممىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ، ھەممىسى ئوخشاش «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلەنگەن دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇندۇر.

ھەرىلەر بىر نەچچە خىل بولىدۇ، قارا ھەرە، قىزىل، سېرىق ھەرىلەر ھەر قايسى تۇخۇم تۇغىدىغان مەزگىل يېتىپ كەلسە، ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان بىر ھاشارەتنى ئوۋلاپ كېلىدۇ، بەزىسى ئۈمۈچۈكنى، بەزىسى چىۋىننى، بەزىسى قۇرۇتنى، بەزىسى كېپىنەكنى، بەزىسى يوغان پاشىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ ھاشارەتلەرنىڭ ئەڭ نازۇك ئەمما ئوزۇق قىممىتى يۇقىرى جايىغا تۇخۇمنى تۇغىدۇ، شۇ جايىنى تېشىپ ئاندىن تۇخۇمنى سېلىپ ئاغزىنى پېچەتلەيدۇ، ئىككى ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ھەرە بالىسى تۇخۇمدىن چىقىپ، قۇرت ھالەتتىن ئوزۇقى مول بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەرىگە ئايلىنىپ ئۇچالايدۇ، ئەگەر قىش يېتىپ كەلسە، توڭلاپ تۇرۇپ، ئەتىيازدا چىقىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ نەسلى قۇرىمايدۇ، مانا بۇ ئىلىملارنى، بۇ چارە ـ ھۈنەرنى كىم ئۆگەتتى؟ رىزىقنى كىم بويسۇندۇرۇپ بەردى؟ ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى، ھەممىنى «لەۋھۇلمەھپۇز»غا خاتىرلىگەن، رەھمىتى ھەممە مەخلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاللاھ قىلدى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ھەرە بىر خىل 13 ھالقىلىق قۇرۇتنى تاللاپ تۇرىدۇ، بۇ ئۆزگىمۇ، بالىسىغىمۇ ئوزۇق بولالايدۇ، ئەمما، مۇشۇ ھالقىلارنىڭ ھەممىسىگە ھۇجۇم قىلسا قۇرت ئۆلۈۋەرمەيدۇ، بۇنىڭمۇ ئىنسانلاردەك ئەجەللىك جان تومۇرى، ھالقىلىق نېرۋىسى بار، دەل شۇ جايىغا ھۇجۇم قىلسا دەرھال ئۆلىدۇ.

ھەرىلەر بۇنىڭغا ماھىر بولۇپ، دەل 3 ـ 4چى ھالقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، مانا بۇ ئەجەللىك جاي شۇ، ئەگەر قۇرت ھۇشيار كېلىپ بۇ ھالقىنى يوشۇرۇن تۇتسا ھەر قۇرۇتنى ئىگىزگە كۆتۈرۈپ ئاندىن يەرگە تاشلايدۇ، ئاندىن بۇ 3 ـ 4چى ھالقا ئاشكارا بولغاندا دەل شۇ جايىغا ھۇجۇم قىلىپ، زەھەرنى سالىدۇ دە قۇرت جايىدا جان بېرىدۇ، بۇ ئەجەللىك جايىنى كىم دەپ بەردى، قۇرتقا ئۇۋال بولامدۇ؟ ياق ھەممىنى بويسۇندۇرغان ھەتتا ئىنسانلارنىڭ جەسىدىنى يەپ تۈگىتىدىغان بۇ قۇرتنى ئاشۇنداق باپلاپ قىساس ئېلىش لازىم.

بەزى ھاشارەتلەر رەڭنى ئىشقا سېلىپ ئوۋ ئوۋلايدۇ، بۇنىڭ رەڭگى چېچەك بىلەن يوپۇرماققا ئوخشايدۇ، بەزىلەر بۇنى بىر نېمە دىسە، بەزىلەر بۇنى پەرىششايتان دېگەن تولا ئۆزگەرگەچكە شەيتان ئىتى دېگەن، بۇ ھاشارەت يېشىل قۇلاق ئۈستىدە يېشىل رەڭگە، قىزىل قۇلاق ئۈستىدە قىزىل رەڭگە، سىرىق رەڭگە سېرىق رەڭدە نېمە ئۈستىگە جايلاشسا شۇ رەڭدە بولۇۋېلىپ، دۈشمەننى گوللايدۇ، ھەم ئوزۇقنى تۇتۇپ يەيدۇ، چىۋىن، پاشا ۋە باشقا ھاشارەتنى تۇتۇپ يەيدۇ، قىزىقارلىقى شۇكى بۇ بىر ئۆسۈملۈك ئۈستىدە تۇرسا، ئادەممۇ پەرق ئېتەلمىگۈدەك چاندۇرماي يوشۇرنىشقا، نىقابلىنىشقا شۇنداق ماھىر، بۇنىڭ مىگىسىدە ئالاھىدە رەڭ پەرق ئېتىش ھۈجەيرىسى بار. ئەقىل، پەم ـ پاراسەت بار، ھىيلە قىلىشنى، دۈشمەندىن ھەزەر قىلىشنى، ئوزۇقنى تۇتۇپ يېيىشنى ئوبدان بىلىدۇ. تېخى بۇ شامال، بوران چىقسا چېچەك، يوپۇرماق بىلەن تەڭ مىدىرلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ساختىلىق قىلىدۇ، مانا بۇ پۈتۈن ھايۋاننىڭ چېكىسى يەنى ئۇنىڭ مىڭىسى ماڭلىيى يەنى ئىچكى ھۈجەيرە، ئەقىل ئىقتىدارى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇن، سۈرە يۇنۇسدا پۈتۈن ھايۋاننىڭ مېڭىسى، چېكىسى ئاللاھنىڭ قولىدا دېگەن ئايەت، بۇ دېگەنلىك مىڭىسى دېگەن بولىدۇ، چۈنكىم چېكىسى يوق ھايۋانلارمۇ بار، مەقسەت ئەقلى ئىقتىدارى، ھىيلە، ماھارەت ئىشلىتىشى، ئىلىم ئېلىشى دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىنى، چېكىسىنى كاززاپ، يالغانچى، خاتالاشقۇچى دەپ سۈپەتلىگەن.

ھايۋاننىڭ بولسا، خاتالاشمىدى، يالغانچىمۇ ئەمەس، بۇلار دائىم زىكرى بىلەن شۈكرىنى ئادا قىلىپ

تۇرىدۇ، پۈتۈن كائىنات زىكرى بىلەن تۇرسا، شۈكرى قىلسا، غاپىل ئىنسان گال غېمى، مال، بالا غېمىدە غەپلەتتە يۈرىيدۇ، مەن نۇرغۇن ئايەتتىن شۇنى بايقىدىمكى، دوزاخقا كىرگەن كىشىنىڭ كۆپچىلىكى دۇنيا، مال، گال، بالا غېمىدە شەيتانغا قۇل بولغان مال ـ دۇنيا بىلەن ئايال كىشى، شەھۋەت، ھېسسىيات، نەپسى شەيتاننىڭ ئاساسلىق پايتەختى بولىدۇ. ئەڭ ئىلغار قورالى بولىدۇ.

چىراغلىق چىۋىن، ئامرىكا ھىدنى ئاراللىرىدا بىر خىل چىراغلىق چىۋىن بولۇپ، بۇنىڭ قۇيرۇقىدىن نۇر چىقىدىكەن، بۇ كېچىسى نۇر چىقىرىپ ئەتراپىنى كۆرۈپ نەرسىلەرنى تېپىپ يەيدىكەن، چىشىسى ياكى بەزى نۇرلىرى مۇكەممەل پۈتمىگەنلىرى بولسا، چوڭ ئەركەك چىۋىننىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىپ يول تاپىدىكەن، بىرەر كارۋان قولچىراغدا يول كۆرۈپ ماڭغاندەك بۇلارمۇ ئاشۇ چوڭ چىۋىننىڭ نۇرىدا يول ماڭىدۇ، كۇبانىڭ بەزى ئاياللىرى بۇ چىۋىننىڭ چوڭىنى تۇتۇپ چاچلىرىغا زىننەت قىلىپ قىستۇرۇۋالىدۇ، چۈنكى، بۇ چىۋىن كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ بىر نۇر چىقىرىدۇ، بۇ ئۇلارغا ئاجايىپ گۈزەل زىننەت بولىدۇ، يەنە ئۇلار بۇ چىۋىننى قوغدايدۇ، كېچىسى بولسا، بۇ چىۋىن تويىدىن پايدىلىنىپ چىراغنىڭ ئورنىدا يورۇق چىقىرىپ پايدىلىنىدۇ، ھەققەتەن ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر ئاتا قىلغۇچىدۇر، قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ تۇر ئۇنىڭ يېمەكلىكىدىن كېلىدۇ. ئىنسانلارغا ئەڭ زىيانلىق نەرسىلەرنى، مىكرۇپلارنى يەيدۇ، ئاندىن بۇ قوش پايدا يەتكۈزىدۇ. بەزى ھايۋانلار دېڭىزدا كېمىدەك زور كۈچىمەيلا ماڭالايدۇ، ئۇلار قانىتىنى پالاق قىلسا، بەزى قانىتىنى يەلكەن ئورنىدا شامالغا قارىتىپ قويۇپ، خاتىرجەم سەپەر قىلىدۇ، بەزىسىدە پۈتنى پالاق قىلىدۇ، بۇنداق قىزىقارلىق كۆرۈنۈش دېڭىزدا كۆپ.　　**(چىراغلىق بىلىق)**

بەزى بېلىقلار ئالاھىدە ئۇچۇش ماھارىتى ئىگە بولۇپ، تېز سۇ ئۈزۈۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئۇچۇپ كېتىدۇ، يەنە چۈشۈپ يەنە ئۇچىدۇ، ئالىملار بۇنىڭدىكى كۈچنى تەكشۈرۈپ ئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچنى بايقىغان، خۇددى چۇمۇلە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندەك، بۇ بېلىق سۇ ئاستىدىن ئوزۇق تاپالمىسا ھاۋادىن ئوزۇق تۇتۇپ يەيدىكەن، پەقەت ئوزۇق تاپالمىسا ھاۋا تۇتۇپ يەپمۇ كۈن كەچۈرىدىكەن، سۇ، لاي، بەزى دېڭىز سۈيى ماددىسى، ھاۋا، بىرلەشسە بۇ بېلىققا بىر خىل ئوزۇق بولىدىكەن، بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، بۇنىڭغا ئۇچۇش ماھارىتى بەرگەن، ئۇندىن باشقا بۇ ئۇچۇش ئۇنى چوڭ يىرتقۇچلاردىن، لەھەڭ بېلىقلاردىن قۇتقۇزۇپ قالىدىكەن، ئاللاھ، قۇرۇقلۇقلارنى باشقۇرغاندەك، سامان يولىنى، يۇلتۇزلار ئوربىتىسىنى باشقۇرغاندەك، دېڭىز ئىچىنىمۇ باشقۇرىدۇ، ئۇلارغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قانۇن ـ ئىنتىزام بەلگىلەپ بەرگەن، دېڭىزدىمۇ كۈچلۈك ـ ئاجىزلار بار. پادىشاھلىق ئىنتىزام بار، ئىنساپ بار، ۋەھشى، زالىملارمۇ بار، دائىم ھاياتلىق مۇساپىسىدە كۈرەشلەر بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىسى بىزگە ئوخشاش ئۇممەتلەر.　　**(ئۇچۇۋاتقان بېلىق)**

ھەممە ھايۋانلارنىڭ مىڭىسى، چېكىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، پۈتۈن ھايۋانلارغا رىزىق بېرىشكە ئاللاھ كېپىلدۇر، بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى بولۇپ، ئىنسانلارغا بۇلارنى بىلدۈرۈشتىكى مەقسەت، قۇدرەتىنى بىلدۈرۈش، ئىلىم ـ ھېكمەتنى، تەرەققىياتنى ئۈگىتىش، بارلىقنى، بىرلىكنى، ئادىل قانۇننى، رەھمىتىنى تونۇتۇش، قىيامەت كۈنىنىڭ ھەقلىقنى بىلدۈرۈش، بۇ دۇنيانىڭ زادى **100**دىن بىر رەھمەتكە لايىقلىقنى، ئاخىرەتنىڭ بولسا، **100** ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق رەھمەتكە لايىقلىقنى بىلدۈرۈش، بۇ دۇنيانىڭ تېز يوقايدىغانلىقنى، پۈتۈن ئالەم ئاخىرىدا يوقۇلۇپ ھەقىقىي ھاياتلىق باشلىنىدىغان، مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان، ئاخىرەتنى يەنە ئالەمنىڭ قۇرۇلۇشىدىن خەۋەر تېپىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارچە ئالەمنىڭ ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ماددىلارنىڭ ئىسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇدرەتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. قارا، قاسماق قەلبنى ئاقارتىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەڭگۈلۈك خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈندۇر.

يازسام سۆز تولا، سىلەرمۇ بۇلارنى ھايۋانلار دۇنياسىدىن تەپسىلى كۆرۈڭلار، **305** ـ **308** ـ بەتلەردە مۇنداق ئىشلار بار ئىكەن.

بىر قىسىم زەھەرسىز يىلاننىڭمۇ ئوۋچىلىقى ھەتتا ئىنسانلارنى يۇتۇۋېتىشى، زەھەرلىكى **100** خىلغا، زەھەرسىزى **400** خىلغا يېتىدىغانلىقى، زەھەرسىز يىلانلار زەھەرلىك يىلاننىڭ قېشىدا تۇرۇپ جان بېقىشى بار ئىكەن.　　**(بۇ قۇش 60مىڭ تال ئۇرۇق بىلەن نەقىش چىقىرىۋاتىدۇ)**

**ماشىنچى قۇچقاچ**؛ بۇ قۇچقاچ بىر خىل يىپ توقۇيدىكەن، ئىككى قۇلاق ئەكىلىدىكەن، بۇلار بىر ئۆي تىكىپ تۇخۇمنى ئۇنىڭغا تۇغىدىكەن، بۇلارنى ماشىنچى، توقۇمچى قۇشقاچ دېگەن، بەزى قۇشقاچلار سېۋەت توقۇپ ئۇۋا سالىدىكەن، بەزى ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە قۇلۇپ ئىشىك ئورناتقان، كىرسە چىقسا بۇ ئاچقۇچلۇق قۇلۇپنى سىلىپ ئىشىكنى ئېتىپ تۇرىدىكەن، بەزى ئەركەك قۇشقاچلار ئاچچىقى كەلسە، چىشىسىنى سولاپ قويۇپ ئەدىپىنى بېرىدىكەن، يۇۋاش قىلىدىكەن، ئافرىقىدا بەزىبىر دەرەخ چۆرىسىدە قاتار ئىمارەتكە ئوخشاش **300** دىن كۆپ چاڭگا ئۇۋۇسى تېپىلغان، ھەممىسى بىر ئائىلە قۇشقاچ ئائىلىسى ئىكەن، بۇلار باشقىلاردىن ئىناقراق ئىكەن، ھەممىسى، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەن ئات قاتارلىقلار بار، بۇلارنى ئۆزىڭىز كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىڭ، مانا بۇلارمۇ «لەۋھۇلمەھپۇزدا» بار.

چۇش بەزىلەرگە كارامەتتۇر،
ئۇ روھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر.
ئالامەتكە قايىل بولمىغانلارنىڭ،
كۆرىدىغىنى مەڭگۈلۈك نادامەتتۇر.
ئىبادەت جىسمىغا ئوخشاش ئىلىم روھقا
شەيتان مۇسۇلمانلارغا سالدى نۇختا
سۈرە يۇسۇف قىسسىلەرنىڭ گۈزىلى
مۇشۇنداق قىسسە ئارقىلىق ئەۋلادلارنى تۈزەيلى
گەرچە تۆلىسەكمۇ نۇرغۇن بەدەل
مۇكاپاتنى ئاخىرەتتە كۆرەيلى
يۇسۇف ـ زۇلەيخانى تەرىك ئەتكەندەك
مەخلۇقنى قويۇپ، خالىقنىلا ياخشى كۆرەيلى

بىز خالىققا يېقىن بولۇش ئۈچۈنلا
قۇرئان كالامۇللاھنى سۆيەيلى
خالىقنىڭ ئىلھامىغا شۈكرى قىلىش ئۈچۈن
بىز ئىلىمنى تالىپلارغا بېرەيلى
تەبئىي ـ پەندىن ئىلىمدىن ھەم دىندىن
ھەممىمىز، بىر ھەققەتكە كېلەيلى!
ئىلىم ـ ھېكمەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ،
مەڭگۈلۈك بەخت، لەززەت پەيزىنى سۈرەيلى!!!!

# سۈرە يۈسۈف

## سۈرە يۈسۈف ئۈچىنچى ئايەت، بىز ساڭا ئەڭ ياخشى، گۈزەل قىسسىنى سۆزلەپ بېرىمىز دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئاللاھ، نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا قىسسە يەنى تارىخ، پەيغەمبەرلەر ھاياتىدىن تاللانمىلار سۆزلەپ بېرىدۇ؟ بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

تارىخ، ئىنسانلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىسسىق ـ سوغۇق كۈنلەردىكى مول تەجرىبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخقا قاراپ، ھازىرغا قاراپ، كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئەڭ مەشھۇر ئەڭ تەقۋادار كىشىلەرنىڭ تارىخى ئەڭ ياخشى تارىخ بولىدۇ. بۇ كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولىدۇ، ئەڭ مۇھىمى تارىخدىن ھېكمەتلىك ئىبرەت ئېلىنىدۇ، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغان پەيغەمبەرلەرگە، ئۇلارنىڭ خەلپىسى بولغان ساھابىلەرگە، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىسى تابىئىنلارغا، تاللانغان ئەۋلىيا، سالىھلارغا، ئەمەل قىلغان ئالىملارغا ئەگەشسە توغرا يول تاپالايدۇ.

بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ياخشى بولغان قىسسىنى، تارىخنى بىزگە ئەلچىسى ئارقىلىق سۆزلىگەن، بىزمۇ بۇ ۋەزىپىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنلىشىمىز لازىم، ئۆزىمىزنى ھەم باشقىلارنى بۇ ئۈلگىگە يېتەكلىشىمىز لازىم. بالىلىرىمىزنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق ياخشى ئۈلگىلەر بىلەن تارىخىي ۋەقەلەرنى دەرسلىك پروگرامما قىلىش بىلەن ئىسلامى جەڭگىۋار، ئىلغار، باتۇر، قەيسەر سەۋرچان، شەيتانغا بويسۇنمايدىغان، ئايال پىتنىسىگە باش ئەگمەيدىغان، دۇنياغا قۇل بولمايدىغان، يۇسۇفدەك نەپسىنى باسالايدىغان ھەقنى دەل ۋاقتىدا تاپالايدىغان ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان، ئۆزىنى باشقۇرۇپ ھەق يول ئۈچۈن قىلىچ چاپالايدىغان، ئاشۇ ئۈلگە، ئۈرنەك بولغانلارنىڭ ئىزىنى باسالايدىغان، ۋاقتى كەلسە، جان، مالنى ھەق ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلماي، جان ـ پىدالىق بىلەن ھەق يولغا ئاتلىنالايدىغان، مىجىق، مىس ـ مىس ئەمەس، نېمە دېسە ماقۇل دەپ باشقىلارغا ئەگىشىپ مۇستەقىل يول تاپالماي گاڭگىراپلا يۈرىيدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى، ئىلغار، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، باشقىلار ئايرۇپىلانغا چىقسا، ئالەم كېمىسىنى باشقۇرىدىغان، باشقىلار دېڭىزغا چۆكۈپ غەۋۋاس بولسا، بىز سۇ ئاستى پاراخوتىدا چاپالايدىغان، باشقىلار پەملەپ بولغۇچە بۇلار چەللەپ ئىستىھكاملارنى ئالالايدىغان، مەيدىنى كېرىپ ئوقلارنى ئارىلاپ بېرىپ بايراقنى سېپىل ئۈستىگە قادىيالايدىغان، ئەڭ ئىلغار، تەقۋادار مۆئمىنلەردىن تەربىيىلىشىمىز لازىم. ماددىي، مەنىۋى، جىسمانى روھى تەربىيىنى ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم.

گەپنى دېمەك بەكمۇ ئاسان، بولۇپمۇ يۇقىرقى سۆزلەر خېلى كېلىشتى، بولۇپمۇ بەك ئىلغارلىقتا، ئەمما، شۇنداق بولۇشنىڭ، شۇنداق تەربىيىلىنىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئاشۇ ئۈلگىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش، دائىم ئەسلەپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئەگىشىش، روھىنى، ئىددىيىسىنى كۈچلەندۈرۈش، ھەرخىل ھادىسىلەرگە يولۇققاندا ئاشۇلارغا قاراپ ئىبرەت ئېلىش لازىم. شۇڭا، ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ، ھەرخىل ھادىسىگە يولۇققان ئەلچىلىرىنى بىزگە بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەرگەن، ھەمدە بۇ تارىخنى ھەپتىدە بىر قېتىم تەكرارلاشنى بۇيرىغان، قۇرئان، ھەدىسكە، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەپەككۇر سۆزىنى ئىلغار كۆز قارىشىنى، ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى، مول تەجرىبىلىرىنى ئىزاھات قىلىپ، يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ تەپەككۇر قىلىپ، ئەقلىنى سۇزۇك ئاسمانغا ھەتتا ئەرشدىن ئۆتكۈزۈپ ئاللاھنىڭ نۇرانە جامالىغا قويۇپ بېرىپ، كۆزنى يۇمۇپ، تەنھا خىيال سۈرۈپ، ئاللاھ، دېگەنچە ئولتۇرغاندا، بارچە مەخلۇقدىن ۋاز كەچكەندە، بولۇپمۇ قەلبىدە ۋاز كەچكەندە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىلھاملار، يېڭىچە تەپەككۇرلار ئەڭ ئالىي نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت، مۇشۇ ئاساسدا تەرەققىي قىلغاندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، بۇ قىسسىنى، تارىخنى بۇ ئۈلگىنى مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈن، ئىبرەت ئالىدىغانلار

ئۇچۇن، سۆزلەپ بەرگەن، ئىبرەتنى ئالاھىدە پەرىز قىلغان، تەپەككۇرنى پەرىزگە ئوخشاش ۋاجىپ قىلغان، ئۆلگىلەرگە ئەگىشىشنى ئۇلارغا ئىقتىدا قىلىشنى كۈچلۈك سۈننەت قىلغان، بىزنى بۇيرىغان ئىشلاردا مول پايدىلار بار، توسقان ئىشلاردا بولسا، زىياندىن باشقا تۈگمەس دەرت ـ ئەلەملەر بار. تارىخ ئاجايىپ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئاللاھ، بۇ قىسسىنى ئەزەلدە «لەۋھۇلمەھپۇز»غا خاتىرلىگەن، نۇرغۇن قىسسە، تارىخلارنى قالدۇرۇپ، بىزگە پەقەت ئۆلگە بولىدىغان مول تەجرىبىلىك تارىخنىلا سۆزلەپ بەرگەن، دىنىسىزلار، بۇنداق گۆھەرنى قويۇپ، كەلىلە ۋە دەمنەدەك ھايۋان ھېكايىلىرىنى قوللانماقتا، دۇنيا ئىنسانلىرىمۇ بۇ پايدىنى بىلىپ مىڭ بىر كېچىدەك ھېكايىلەرنى ئەتىۋارلىماقتا، بىز بولساق، بۇلارنى دوراپ يۈرىيمىز، ئىسىت!

ئەمەلىي پاكىت، راست ھەقىقەتتىن تۈزۈلگەن بۇ تارىخنى نېمە ئۈچۈن دەرسلىك قىلمايمىز؟ ئۇندىن باشقا ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانغان قەھرىمان شېھىدلارنىڭ قىسسىسىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلگە قىلمايمىز؟ بۇ مەسىلىدىمۇ ئوخشاشلا ئۆيقىمىزنى ئېچىشىمىز لازىم، ئۆيقىنىڭ ھەممىسى ئۆيقا، ئۇ ئۆلۈمگە ئوخشاش.

## چۈش توغرىسىدا

ياخشى، راست چۈش، يامان، يالغان چۈشنى ئاللاھتائال قۇرئاندا، بىر نەچچە جايدا تىلغا ئالىدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈش كۆرۈشى، رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىگە خاتىرجەم كىرىپ چۈش كۆرۈشى، بەدرى ئۇرۇشىدا دىنسىز كاپىرلارنى ئاز كۆرۈشى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى، پادىشاھنىڭ چۈشى، زىنداندا قامالغان ئىككى كىشىنىڭ چۈشى قاتارلىقلار. ۋەھيىمۇ رەسۇلۇللاھقا ئالتە ئاي چۈش ئارقىلىق كەلگەن، رەسۇلۇللاھ مۆئمىننىڭ راس چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ **1/46** پارچىسى دېگەن. چۈنكى، ئالتە ئاي **23** يىلنىڭ **1/46** ـ رەسۇلۇللاھ يەنە پەيغەمبەرلىك مەن بىلەن ئاياغلاشتى، ئەمدى چۈش ئارقىلىق بېشارەت بېرىدىغانلار قالدى دېگەن. ياخشى چۈش ئاللاھدىن يامان چۈش شەيتاندىن دېگەن، ئۆز ۋاقتىدا ھەرخىل چۈشلەرگە تەبىر بېرەتتى، بۇ ئەھۋاللار چۈش دېگەن بابدا بار، پۈتۈن ھەدىس كىتابلىرىدا بار، چۈشنى بىز ئەمدى بىر نەچچە قىسمغا تەقسىم قىلىمىز.

بىرىنچى خىل، يول، ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن تولا قايماق، ھالۋا، قوي يېغىدەك نەرسىنى يەپ چۈشىدە بۆرنى قاناپ، قان ئالدۇرۇپ، ھەرخىل چۈشلەرنى كۆرىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، قۇرۇق ئىسسىق، ھەسەل، پاقلان گۆشى، گۆلە (قاق) قاتارلىق ئىسسىقلىق نەرسىنى تولا يەپ تەبىئىتى قالايمىقان بولۇپ چۈشىدە قۇياشنى، جەڭنى چۈشەيدۇ، دائىم غەمنى كۆرىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، ھۆللۈك، سوغۇق نەرسىنى تولا يەپ، مۇۋە ـ چېۋە، دوغ قاتارلىق بەلغەم كۆپىيىدۇ، مەفسەللەر ئاجىزلايدۇ، جىسىم سۇيۇلىدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ، تائام يېگىسى كەلمەيدۇ، ئاشقازان ئاجىزلايدۇ، تولا ئۇخلايدىغان ئاندىن ئۇنتىغاق بولىدۇ، بۇنداق كىشى تولا ۋاقىتتا يامغۇر، سۇ كۆل، يۇيۇنۇشنى چۈشەيدۇ.

تۆتىنچىسى، غىزانى كۆپ يېيىشدىن زەھەرلىك نەرسىنى چېكىشدىن ھەرخىل كېسەللىكدىن بۇ كىشى چۈشىدە ھەرخىل خىياللارنى، قورقۇنۇشلۇق كۆرۈنۈشلەرنى، جەڭنى، ئۇرۇشنى، ئۆلۈمنى چۈشەيدۇ.

بەشىنچىسى، مىڭدىكى خىيالى تۈيغۇ، ئېشىپ كەتكەن ئارزۇ، پىلانلار تولا ئويلاپمۇ شۇ ئىشنى چۈشەيدۇ.

ئالتىنچىسى، شەھۋەت، تائام شەھۋىتى، جىنسى نەسىل شەھۋىتى قاتارلىق ئىشلارمۇ نېرۋىغا تەسىرى كۆرسىتىپ ھەرخىل چۈشلەر كۆرسىتىدۇ.

يەتتىنچىسى، غەزەپ ـ نەپرەت، بىرەرسىنى دائىم ئۆچ كۆرۈش، ئاداۋەت تۇتۇش، خىيالدا ئۆلتۈرۈشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ياكى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ تولا ئويلاش ياكى ئايرىلىپ كېتىپ ئۇنتالماسلىق، ھەسرەتتىن خىيال سۈرۈش، ياكى بىرەر ۋەقە ھادىسە تەسىر كۆرسىتىش، قورقۇپ قارا بېسىش، ياكى بىرەر خۇشاللىق كۆرۈنۈش، ساياھەتلەر تەسىر قىلىدۇ، ياكى شەيتان ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئىھتىلام بولۇش قاتارلىقلار بۇ

خىل يەتتە تۈردىكى چۈش، كەسپى چۈشكە ئوخشاش، بىرەر كەسپنى قىلىۋاتقان بولسا، بۇنداق چۈشلەرگە تەبىر كەلمەيدۇ.

بۇلارنىڭ تولىسى يالغان، يامان چۈشلەر بولىدۇ، كىشى بۇنىڭغا غەم قىلىپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىدۇ، يامان چۈش كۆرگەندە بىرەرسىگە دېمەي ئۇنتۇپ كەتسۇن.

سەككىزىنچىسى، راست، ياخشى چۈش بولۇپ، يۇقىرقى ئەھۋاللار يوق، ھېچ سەۋەبى يوق، بەزىسى ئۆز ئەينى راست بولىدۇ، شۇ ئىش كېلىدۇ ياكى بولۇپ بولغان بولىدۇ، بۇنىڭغىمۇ تەبىر كەتمەيدۇ، بۇنىڭ تولىسى بىشارەت، خۇددى رەسۇلۇللاھنى چۈشىدە كۆرۈشتەك، ياكى تەجرىبىدىن چۈشكە دائىم راست ئەھۋال كەلگەندەك، بەزىسىگە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدەك تەبىر كېتىدۇ. ۋەقەلىكى مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇنى ھەقىقىي ئالىملار بىلىدۇ، بىر نەچچە كۈن بەلكى بىر ھەپتە ياكى بىر نەچچە ئاي بۇرۇن چۈش كۆرسە، بۇ چۈش ئۆز ئەينى يۈز بېرىدۇ. ئادەم تەبىئىتى، مىجەزى بىر خىل تۇرمايدۇ، شۇڭا، بۇ چۈشنى ئالدى بىلەن ياخشى ـ يامان، راست، يالغانغا ئايرىش لازىم.، پەرق ئېتىش بەكمۇ مۇھىم، بولمىسا قالايمىقانلىشىدۇ، بولۇپمۇ چۈشنى سىرلىقلاشتۇرۇپ يالغان سۆزلىمەسلىك لازىم، بۇلمىسا ۋابالى ئۆزىگە، گەرچە دىنسىز بولسىمۇ، ئالىم بولسا، مۇتەپەككۇر بولسا، يۇرت، خەلق غېمىنى يېسە، بۇنداق كىشىمۇ بەزىدە راست چۈش كۆرىدۇ، ياكى مەنىلىك، تەبىرلىك چۈش كۆرىدۇ.

دەلىل: سۈرە يۇسۇفدىكى پادىشاھ دىنسىزدۇر.

ئىبنى سىنا شۇڭا، مەن ئۇخلىمايمەن، ئۇخلىسام بىكارغا ئۇخلىمايمەن، بەزى ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنى چۈشۈمدە ھەل قىلىۋالىمەن دېگەنىكەن.

ئىمام غەززالى روھنىڭ بارلىقىغا، دىنسىز، ماددىزىمچىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشتا چۈش بىردىنبىرى ئاساسلىق دەلىل دېگەن.

بەزى ئەۋلىيالار قايتا ـ قايتا چۈش كۆرۈپ، تەبىر بەرسە، ئۆز ئەينى شۇنداق بولىدىكەن، مانا بۇ بىشارەتتۇر.

سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، «فىزىلال قۇرئان» دېگەن تەپسىرىدە بىر چۈش كۆرۈپ راست چىققان، ئارىلىقدا نەچچە دۆلەت بار ئىكەن، شۇڭا، ئۇ كىشى روھى زامان، ماكان، چەكلىمىسگە ئۇچرىماي، باشقا ئەھۋاللارنى كۆرۈپ باشقىلار بىلەن كۆرۈشۇپ يىراق جايلارغا بېرىپ كېلەلەيدىكەن دېگەن.

مۇتەپەككۇرلارنىڭ چۈشى شۇنداق بولىدۇ. ئۇ دائىم چوڭقۇر ئويلانغاچقا، يىراقا نەزەر سالغاچقا، نەزەر ـ دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، كۆز قارشى ئالىي بولىدۇ، پۈتۈن دۇنيانى، پۈتۈن ئالەمنى ئويلايدۇ، مەسىلىنىمۇ شۇنداق دۇنياۋى ھەل قىلىدۇ، سۆز، نۇتۇقلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھى دائىم ئالەمنى ساياھەت قىلىدۇ، ماكان، زامان چەكلىمىسگە ئۇچرىماي، بەزى ئەھۋاللارنى بۇرۇن، يىراق جايلاردىن ئۆز پېتى بىلىۋالىدۇ، مانا بۇمۇ بىشارەت، ياكى چۈشىدە بىرەرسى دەرس ئۆتىدۇ، تەلىم بېرىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، بىز ياخشى ـ يامىنىنى پەرق ئېتىشىمىز لازىم، تولا خام ـ خىيال، دۇنيا، گال، بالا، مال غېمىنى قويۇپ، ئالىي مەقسەتلەرنى پىلانلاپ، يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىنتىلىپ، پۈتۈن قەۋم، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، دائىم ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرەر سوئال ياكى مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، غەمدە ئۇخلاپ قالساق، بىزنىڭ چۈشىمىزدىمۇ بەزى مەفسىلىلەر ھەل بولىدۇ.

دۇرت، دۇئا، سالامنى رەسۇلۇللاھقا يوللاپ، جەننەت ـ دوزاخنى ئويلاپ، ياتساق، ھەقىقەتنى، رەسۇلۇللاھنى چۈشىمىزدە كۆرىشىمىز مۇمكىن، خەيرى ياخشى چۈش كۆرۈڭلار.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىكى ياخشى ئەھۋاللار، ياخشى ئۇلگىلەر، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئوغلى ۋە نەۋرە پەيغەمبەردۇر. كىچىكىدىنلا ياخشى چۈشنى كۆرۈشكە باشلىغان، چۈشنىڭ تەبىرى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يېشىلگەن، ئاللاھنىڭ ئالاھىدە تاللىشىغا، نېمەت بېرىشىگە چۈش تەبىرىنى ئۆگىتىشكە ھەرخىل سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تاللىشىغا ئېرىشكەن، مۇخلىس، سالىھ، سابىر ئەۋلىيالىق ئۇنۋانلىرى

بېرىلگەن، پادىشاھلىقتا قۇللۇقدىن كۆتۈرۈلگەن. نەپسىنى يېڭىپ، خارلىقدىن ئېزىزلىققا ئېرىشكەن، ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى پەيغەمبەر ئەلچىسى تۇرۇپ، گۇناھسىز تۇرۇپ، دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىش، ھەرخىل سىناقلارنى، قۇللۇقنى، زىنداندا ئازابىنى كۆرگەن، قىلچە ۋايسىماي، چىداپ، سابىر ئۆتۈۋانغا ئېرىشكەن، تۆھمەتكە قالغاندا، ئاللاھ بىۋاسىتە پاكلىغان، گۈزەللىكى ئايەت، ھەدىس بىلەن مەشھۇردۇر. زىنداندا چۈشكە تەبىر بېرىشدىن بۇرۇن، تەۋھىدنى تەبلىغ قىلىشقا قىلىشۋالدۇ، ئاللاھنى تونۇشتۇرىدۇ، يەنىلا ھەق خىزمىتىنى داۋام قىلىشۋالدۇ، شۇ جايدىمۇ ياخشى راستچىل دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ، پادىشاھ چۈشىگە توغرا راس تەبىر بېرىپ ئىشلارغا ئۆزىمۇ مەسئۇل بولىدۇ.

ئۇ ئىنسان نەپسىنى ياخشى دېمەيدۇ، ئاقلاپ كەتمەيدۇ، يامانلىققا بۇيرۇغۇچى دېگەن تەجرىبىنى بىزگە قالدۇردى، پادىشاھقا ئۆز ماھارىتىنى، ئىقتىدارىنى ئاشكارىلاپ خىزمەتكە ئۆزى قاتنىشىپ ياخشى ئىشلەيدۇ، قېرىنداشلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ، تاپا قىلمايدۇ، تىللاپ، ئۇرۇپ ئۆچىنى ئالمايدۇ، بەلكى، كەچۈرۈم سورايدۇ، دادىسىغا كۆڭۈلكىنى ئەۋەتىپ، كۆزىنى ئېچىپ، كارامەت كۆرسىتىدۇ، ئاكىللىرىنىڭ پادىشاھ قانۇنىغا ئەمەل قىلماي ئۆز دىنىغا ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىنى بىلىپ، ھىيلە بىلەن ئۇكىسىنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ قانۇنى ئىسلام قانۇنى بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇچ كەلسە، ئىسلامغا ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دادىسىمۇ قاتتىق سەۋر قىلىدۇ، چىرايلىق سەۋرە قىلىدۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا شۈكرى، ھەمدە ئوقۇپ، قورقماستىن ياخشى، سالىھلارغا قېتىلىشنى سورايدۇ.

ھەقىقىي ئەۋلىيا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ دېگەن شۇ، بۇ سۈرىدە ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاس دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن باشقا بەزى تەبىئىي - پەن ئىلىملىرى ھەرقانداق ئىلىم ئۈستىدە بىر ئىلىم بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بىر يۈز بەشىنچى ئايەتتە، ئالەم بوشلۇقى، ئالەم كېمىسىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئاخىرىدا بىز بىر مەسىلىنى سۆزلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، زۇلەيخادىن ئۆزىنى قاچۇرغان، قادىر تۇرۇپ، ھەر ئىككىلىسى قادىر تۇرۇپ، زۇلەيخا قاتتىق تەلەپ قويغان، تۇرۇپ ئىشىكلەرنى تاقاپ قويغان، تۇرۇپ شارائىت تولۇق تۇرۇپ كىشىلەر ئۇقمىسىمۇ ئاللاھدىنلا قورقۇپ، گۇناھى كەبىرە ۋە سەغىرىنىمۇ قىلماي، قاچقاندۇر، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەندۇر، خالىس نىيىتىگە يارىشا ئاللاھ ئۇنى ئۆزى ئاقلاپ قۇتقازغان، يەنىلا ئۇ ئەزىيەتكە قالىدۇ، ياخشىلىققا يامانلىق بولىدۇ، بۇ ئەۋلىيالار خىسلىتى، بىز بۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىشىمىزدا ھەر بىر ئىنسان بۇ دۇنيادا سىناققا دۇچ كېلىدۇ، بولۇپمۇ دۇنيا سىنىقىدىن قالسا، ئايال كىشى، پىنتە سىنىقى، ھېسسىيات نەپسى سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ، ئازاب، بالا - قازا، كىشى سەۋر قىلالايدۇ، چۈنكى، ئامال يوق، ئاللاھقا قايتىدۇ، نۇرغۇن سىناقلارغا دۇچ كەلسىمۇ ئۆتۈپ كەتسىمۇ ياخشىلىق بىلەن مال دۇنيانى كۆپ بېرىش بىلەن بولغان سىناقدىن شۇنداقلا مۇشۇنداق سىناقدىن ئۆتۈش بەكمۇ قىيىن، بەلكى، تولا كىشىلەر ئۆتەلمەيدۇ، خىيالىدا بۇ ئىش ئىنسانلار قۇدرىتىدىن ئىرادىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، قادىر بولغىلى بولمايدىغان ئىش دەپ قارايدۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بۇنداق كۆز - قاراشنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

ئاللاھ بىزگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدەك ئۆلگىنى سۆزلەپ بېرىپ، كىنو، فىلىم قىلىپ ئىشلىسۇن، ھېكايە قىلىپ لەززەت ئالسۇن دېمىگەن، بەلكى، ئىقتىدا قىلسۇن، ئۆزىگە ئۆلگە قىلسۇن دېگەن. رەسۇلۇللاھمۇ بىر ھەدىستە ئاللاھنىڭ ئەرشى سايىسىدا قادىر تۇرۇپ، مۇشۇنداق گۇناھنى تەرك ئەتسە، گۈزەل ھەم ھوقۇقى بار، مال ئىگىسى بولغان ئايال چاقىرسا، ئۇنى تەرك ئەتسە، ئۇ ئاشۇ سايا ئاستىدا بولىدۇ دېگەن. مانا بۇ ھەقىقىي سىناقدىن ئۆتۈش بولۇپمۇ بىرىنچى دەرىجىلىكى ئەڭ ياخشى كۆرگەن، ئۇمۇ ئەڭ ياخشى كۆرگەن، ئىككىلىسى بىر - بىرىنى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرگەن بولۇپ، ئايرىلسا، زادى چىداشمايدۇ، كۆرمىسە تۇرالمايدۇ، ھەقىقىي ئاشىق بولۇپ، ھېچقانداق توسقۇنلۇق يوق، ھالدا ئىككىلىسى بىر كېچىدە بىللە بولۇپ قالسا، بەزى مەسىلىلەر سەۋەبىدىن مۇڭشىدىپ قالسا، ياكى بىللە سەپەرگە چىقىپ قالسا، يالغۇز خالىي جايغا كېلىپ قالسا، ئىككىلىسى بىر - بىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما، ئاللاھدىنلا قورقۇپ گۇناھى كەبىرە، زىنانى زادى قىلماي، بەلكى، كىچىك گۇناھنىمۇ قاراش ياكى قولىنى تۇتۇشتەك گۇناھنىمۇ قىلماي پەرىشتە سۈپەت، ئىپپەتلىك بولالىسا بۇ ئەڭ بىرىنچى سىناقدىن ئۆتكەن بولىدۇ.

ئەمما قەلبىدىكى مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن چىداپ تۇرالماي، قاراپ سالسا، ياكى قولىنى تۇتۇپ

سىلىپ، ئاللاھدىن قورقۇپ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، نەپسىنى باسسا، چوڭ گۇناھدىن ساقلانسا، كىچىك گۇناھدىنمۇ ساقلانسا، بۇ قەلبىگە، نەپسىگە ئازىراق يول قويغان كىچىك گۇناھنى قىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى، بەلكى ئۈچىنچى دەرىجىدە بولىدۇ.

ئەگەر، ئاھ بىر ئامەت كەلدى، قانداق قىلىمىز، ئاللاھ كەچۈرە دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي نەپسىنى يىغىۋالماي، شەيتانغا ئەگەشسە، گۇناھنى قىلسا، ئىشنى بۇزسا، بۇ دوزاخ دەرىجىسىنىڭ ئالىيسىغا ئېرىشىدۇ، تەۋبە قىلمىسا دوۋزاخقا قالىدۇ.

بىلىپ تۇرۇپ قىلسا، تەۋبە قىلسىمۇ تەستە قوبۇل بولىدۇ، قوبۇل بولمايدۇ دېيىشكە تېگىشلىك ئىدى، ئەمما، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، غەزىپىدىن ئىلگىرلەپ كەتكەچكە، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالىغاچقا، بۇنىڭمۇ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما شەرت دەرھال قول يىغىش، ئىككىنچى مەڭگۈ گۇناھقا قايتماسلىق، چىن قەلبىدىن كۆز ياش تۆكۈپ تەۋبە قىلىش، بولۇپمۇ قەلبىدىن چىقىرىپ ئۇنتۇش لازىم، بولمىسا يەنىلا قەلبىدە تەكرارلاپ يۈرىۋەرسە، بۇ ھەقىقىي تەۋبە بولمايدۇ.

پۈتۈن ئىش قەلبىگە مۇناسىۋەتلىك، قەلبىدە ئۆچ كۆرسە ئۆزىنى ئۆزى ئۇرغىدەك بولۇپ كەتسە، شۇ كىشىنى كۆرگەندە تىللاپ، تۈكۈرۈپ قاچالىسا، بۇ ھەقىقىي تەۋبە بولىدۇ. ئەمما ئىككىلىسى تۆۋە قىلسا، ئىككىلىسى مۇھەببەتنى ئاللاھقا تەرەققىي قىلدۇرسا، چىن قەلبىدىن پۇشايمان قىلىپ ئاللاھقا يىلىنسا بۇ قوبۇل، ئاللاھ مۇھەببىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىنلا ياخشى كۆرىدىغان قىلىش ئۈچۈن ياراتقان شۇڭا، بۇ دۇنيادىكى ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇرادىغا يېتەلمەي ئەكسى بولىدۇ، بۇنىڭدا ئەگەر، ئاللاھقا تەرەققىي قىلمىسا، بەك ياخشى بولمىسا، تۇگمەس ئازاب ئىككىلى دۇنيادا ئازاب بولىدۇ. چوڭ گۇناھنى قادىر تۇرۇپ تەرىك ئېتىپ كىچىك گۇناھقا كەففارەت قىلايلى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدەك ئۆلگە بولايلى، بۇ ئىشنى قەستەن پىلانلاپ قىلماي، شۇ ۋاقىتتا دۇچ كەلگەندە، شۇنداق قىلايلى، ئۆزىمىزنى سىناپ باقمەن دەپ ئازمايلى، دەججال قېشىغا نۇرغۇن كىشى نوچىلىق بىلەن كېلىپ دىنىدىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئامال بار، ھەزەر قىلىش، ساقلىنىش لازىم، مانا بۇ سىناق بەكمۇ چىڭ، ئەمما بۇ ھەقىقىي مۆئمىن ئۈچۈن ئاللاھقا، ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشى ئۈچۈن، ھېچگەپ ئەمەس، ئۇلار تەكپۇڭ، كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.

**76** ـ ئايەت، ھەربىر بىلىمدار كىشى ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار، بۇ ھەتتا ئاللاھقىچە بارىدۇ، مانا بۇ ئايەتتە ھەربىر كىشىدىن، ھەربىر ئالىمدىن ھەربىر دۆۋلەتتىن ئۇنىڭدىنمۇ ئالىم، ئۇنىڭدىنمۇ تەرەققىي قىلغان كىشى بولىدۇ دېگەن بولىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئۆز دۆلىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بىلىملىك تەرەققىي قىلالىغان دۆلەتتىكى بەزى تەرەققىياتنى سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇندىن **80** يىل بۇرۇنقى سۆزلەر بولۇپ، شۇ چاغدا باشقىلاردىن قورقماي دېيەلىگەن، ھازىر بولسا، بۇ ئەمەلىيلەشتى، ئاددى ئىش بولۇپ قالدى، بۇ كىشى تىلغا ئالغان بىلىم، تەرەققىيات، سۇ پاراخوتى، سۇ ئاستى پاراخوتى، يەر ئۈستى قاتناش، يەر ئاستى كوچا قاتناش، ھاۋا قاتنىشى، سۇنئىي ھەمراھ، ئالەم كېمىسى، راكىتا، ئالەم ئارا ئۇرۇش، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئۇرۇشىدىكى ئىلغار قوراللار ئۇندىن باشقا ئالەم ئۇرۇشى قاتارلىقلار. تېلېۋىزور، تېلېفون، رادىئو، سىمسىز قول تېلېفون، سۈرەت ئاپاراتى، مىكروسكوپ، تېلېسكوپلار كەلگۈسىدىكى بەزى نەزەرىيىلەر، ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتلىرى، پولات تاۋلاش ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ بۇلار بىزدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، بىز نېمىشقا ئۇخلايمىز دېگەن.

بۇ مەسىلىگە بىز يەنە بىر ئايەتنى قوشۇپ سۆزلەيمىز.

**105** ـ ئايەت، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن مۆجىزە، ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇ مۆجىزىنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن يۈز ئۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەن ئايەتتە، ئالەم كېمىسىگە ئىشارەت، چۈنكى، ئاسمانلاردىكى ئالەم بوشلۇقىدىكى مۆجىزە ئالەمەتلەر ئۈستىدىن پىيادە ياكى ئۇلاغلىق ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، چوقۇم بۇنىڭ ئۈچۈن ئالەم كېمىسى، يۇقىرى ئۇسكۈنە بولۇش لازىم. ئىشەككە مىنىپ، تۆگىگە مىنىپ بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئاللاھ، يۈز ئۆرۈپ ئۈستىدىن ئۆتۈپ

كېتىدۇ دېگەن، قارىمايدۇ، تەپەككۇر قىلمايدۇ دېمىگەن. چوقۇم ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىشنى كۆرسەتكەن، ئەررەھمان سۈرىسىدىمۇ چىقىپ كېتىڭلار قېنى دېگەن، ئاسمانغا ئۇنىڭ ئەتراپىغا قانداق ئۇلاغلىق يەتكىلى بولسۇن، بۇ تەكلىپنى چوقۇم كەلگۈسىنى بىلىدىغان ئاشۇ ئالەم كېمىسىنىڭ كەلگۈسىدە ئالەم بوشلۇقىغا چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغان بىر ئاللاھ، چىقىپ كېتىپ بېقىڭلار قېنى؟ سىلەر چىقالمايسىلەر، ئاسمان ئەتراپىدىن چىقالمايسىلەر دېگەن، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئايەتتە ۋە باشقا ئايەتلەردە ئالەم بوشلۇقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ھەممىدىن مۇھىم، ئەلۋەتتە، يۈز ئۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەنىكمۇ بۇ تەرەققىياتنىڭ دىنسىزلار قولىدا بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەنلىك بولىدۇ. بۇ دەلىل ـ ئىسپاتقا ئاخىرەتتە دەلىل قىلىشقا ئۆزرە قويۇشقا پايدىلىقدۇر، يەنىلا مۇسۇلمانلار بۇ تەرەققىياتتىن قۇرۇق قالمايدۇ، مېھرىبان ئاللاھ، بۇ سانائەت جەھەتتىكى تەرەققىياتنى توسىمىغان، ھەتتا، بۇنىڭغا ئالاھىدە بۇيرىغان، ئاسمانلارغا، زېمىنغا، ھايۋان، ئۈسۈملۈككە قاراشقا بۇيرىغان، بۇنىڭدا ئالاھىدە مىكرۇسكوپ بىلەن قاراش، بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ قۇدرەتنى تونۇش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى، بۇ پەرز كۇپايە بولىدۇ. پۈتۈن كائىناتقا، ئاسمانغا قاراشتىن مەقسەت، ساياھەت قىلىش، ھوزۇر ئېلىش ئەمەس، بەلكى، قۇدرەتنى تونۇش، شۇڭا، ئاللاھ، مۆجىزە، ئالامەت بار، دېگەن. سۇرە مۇلۇكتە قايتا ـ قايتا قاراشقا كۆزلەرنى ئىككى قېتىم قايتۇرۇشقا بۇيرىغان، مانا بۇ تېلېسكوپ ئىلمى، چۈنكى، تېلسكوپدا ئىككى ئۈچ قېتىم ھەتتا بىر نەچچە قېتىم قارىمىسا، ھەقىقەت ئاشكارا بولمايدۇ، مانا ھازىر بۇ مەسىلىگىمۇ دىنسىزلار قاراۋاتىدۇ، بىز مەخپىي مارىلاۋاتىمىز، نۇرغۇن توسالغۇلار تۈپەيلىدىن توسۇلۇپ قالدۇق.

**750** ـ ئايەت، مەخسۇس مۇنۇ مەسىلىدە سۆزلىنىدۇ، پۈتۈن كائىناتتىكى قۇدرەت، ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى توغرا چۈشىنىپ، ئىددىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپەدىن قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىسلامى قىلىشىمىز، قۇرئانغا، سۈننەتكە ئەگىشىشىمىز لازىم.

ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە، ئۇلارنى دوراشقا بولمايدۇ، ئەمما بۇنى خاتا دەپلا سانائەتنى يوقىقا چىقارغىلى بولمايدۇ، بۇمۇ بىر ھەقىقەتتۇر، كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ، تېخى بىز ئۇنىڭ ئۈستىدە، بۇنى توغرا دەپ ئىددىيىنى، پەلسەپەنى توغرا دېيىشكە بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە ئىسلامنىڭ، قۇرئاننىڭ توغرا ئايرىلىقىنى پەرق ئېتىش لازىم، خۇددى تەقدىر مەسىلىسىدە ئاللاھنىڭ قىلىقى بىلەن خالىشى بىلەن ھۆكۈم تەقدىر قىلىش بىلەن بەندىنىڭ قىلىقىنىڭ ئايرىلغانلىقى، ئاللاھ قىلىدىغاننى بىز تالاشماسلىقىمىز لازىم، بىزنى قىلىشقا بۇيرىغاننى بىز ئۆزىمىز چوقۇم قىلىشىمىز لازىم. بىز ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى، قارشى ئەمەس، لېكىن، بىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا، كاپىرلارنىڭ كۇپرىغا، مۇشرىكلارنىڭ شىرىك كەلتۈرۈشىگە ئاسىيلارنىڭ گۇناھلىرىغا رازى بولمايمىز، ئۇنداقتا بىزمۇ مۇشرىك بولىمىز، بۇ مەسىلىنى ئايرىشمۇ بەك مۇھىم، ئۇلار ئەزلى تەقدىردە توغرىنى تاللاپ ماڭالايتتى.

بىز ياخشىنى تاللىدۇق، ئۇلار يامانىنى بىز، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن ئىش قىلىمىز، خىلاپلىق قىلمايمىز، ئۇلار خىلاپلىق قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇلارغا نارازى، تەقدىر قىلىشتا سىناق ئۈچۈن ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا ئاللاھ ئەركىنلىك بەرگەن، بۇ سىناقتىكى خالاش ۋە تەقدىر قىلىش بولىدۇ.

ئەمما قۇرئاندا، قانۇندا بۇنى خالىمايدۇ، بەلكى چەكلەيدۇ، ئاللاھ، كۇپرىغا رازى ئەمەس، ئارقىدا قېلىشقىمۇ رازى ئەمەس، شۇڭا، بىز ئەزلى تەقدىردىكى ياخشى تەرەپنى تاللىشىمىز لازىم، يەنىلا ئاللاھنىڭ تەقدىرى دەپلا كاپىرلارغا رازى بولساق بولمايدۇ، شىرىككە رازى بولسا، ئۇمۇ مۇشرىك بولىدۇ، شەرئى قانۇننى خالاش دېگەن، بىر سۆزمۇ بار، قۇرئانغا ئەمەل قىلايلى، شۇنداقتا بىز توغرا يول تاپىمىز.

ئاللاھنىڭ ئىشىكەن دەپ ئارقىدا قالمايلى، بەلكى، بىزمۇ تاللاپ ماڭايلى، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بىز رازى، ئەمما دىنسىزلارنىڭ غەلىبىسىگە رازى ئەمەس، بۇنىڭغا ئاللاھمۇ رازى ئەمەس، ئۇنداقتا ئۇلار نېمىشقا غەلىبە قىلىپ، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولىدۇ؟ مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ قىلىدۇ، ئاللاھ قىلىپ بېرىدۇ، ئۇلارغىمۇ ئاللاھ قىلىپ بەرگەن دەپ ئۆزى قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ، ئاللاھ، قىلىڭلار دەپ بۇيرىسىمۇ قىلماي ئۇخلاپ تەقدىرگە يۆلىنىپ چارىسىنى قىلماي، ئارقىدا قالدى، ئەزەلدىن تىرىشقان كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يوقىتىش، بۇمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنى. ئەمما، بەزىدە ئاللاھ خالىسا، ئالاھىدە مۆجىزە يۈز بەرسە بۇ ئاجىزلار غەلىبە قىلالايدۇ، يەنىلا ئاللاھقا يارىسا، دۇئاسى ئىجاۋەت بولسا، ئاندىن زالىمنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بۇلار غەلىبە

قىلالايدۇ. شۇڭا، بىز مەجبۇر، ئاللاھ قىلىپ بېرىدىغان ئىشلارنى ئاللاھقا قويايلى، ئۇنداق قىلغان بولسا، مۇنداق بولىدىكەن دەپ تالاشمايلى، ئەمما، بىزنى بۇيرىغان ئىشلارنى بىز ئۆزىمىز قىلايلى، بۇنى يەنىلا ئاللاھ بىزنى بۇيرىسا، بىز ئاللاھقا تاشلاپ قويساق، تەقدىر دەپلا بىز ياخشى تەرەپنى تاللاپ، ماڭمىساق، ئۆزىمىز قول تىقمىساق، نەتىجە هاسىل قىلماي مەڭگۈ مەغلۇپ بولۇۋېرىدۇ، ئەزلىدىكى سىناق، تەقدىرگە يۆلىنىۋالماي، ئۇڭ تەرەپنى خالاش، قانۇنغا ئەمەل قىلىشنى، قىلغان ئىشمىزنى گەرچە بۇرۇن پۈتۈپ بولغان بولسىمۇ خۇددى بۇندىن كېيىن پۈتىدۇ دەپ قىلىشىمىز لازىم، ئۆزىمىز تاللاپ قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئىختىيارلىقىدا پۈتۈۋەتكەن بولسىمۇ شۇ ئىختىيارلىقنى بېرىپ ئالدىن پۈتكەندۇر، ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى ئەيىپ ئەمەس، ئەيىپ بىزدە، بىز تىرىشىپ تەرەققىي قىلايلى، مىڭنى ئاللاھ بىكار ياراتمىغان.

ھەربىر ئىلىم ئىگىسى ئۈستىگە بىر ئالىم ئورۇنلاشقان، ۋە ئاسمان ـ زېمىندىكى نۇرغۇن ئالامەتلەر ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىش دېگەن ئايەتلەرگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ كەمچىلىكى، دىنسىزلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولغانلىقىدەك بىر ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاسماندىكى بىر مۆجىزىنى سۆزلەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ نۇر ئىلمى، نۇر، بۇنى بىز سۈرە نۇردىمۇ سۆزلەيمىز، ئەمما، ھەر جاينىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بار، بىر تال زەررىچە، ئېلېكتىرون، نېيترون، دەك زەررىچە، ھەرخىل ئاتوم زەررىچىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى ماددىسى زەررىچە، نۇر ئىكەن، پۈتۈن ماددا، شەكىل، ھەرىكەت، ھارارەت، ھەممىسى زەررىچە، نۇر ئىكەن، ئەمما، بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ روھ، جاننى بېرىشى بىر سىرلىق ئىش، ئالىملار بۇنىڭدىن ھەيران قالدى.

نۇر ئىلمى بەكمۇ مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئاننىمۇ نۇر دېگەن، مەخسۇس بىر سۈرىنىمۇ نۇر دېگەن، ئۆز ئىسمى ـ سۈپەتلىرىنىڭ بىرسىمۇ نۇر، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر بەرگۈچى دېگەن، مۆئمىنگە نۇر بېرىشنى ۋەدە قىلغان، قەلبىنىڭمۇ نۇرنى قۇرئاندا تىلغا ئالغان، ئىماننىمۇ نۇرغا ئوخشاتقان، ھىدايەت يولىمۇ شۇنداق، قىيامەتتىمۇ مۆئمىننى نۇر بىلەن مۇكاپاتلىغان ۋاھاكازالار.

نۇرنىڭ كارامىتى بەك يۇقىرى بولىدۇ، نۇر ئارقىلىق نۇرغۇن غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى ئۆيغۇتۇش ئۈچۈن نۇر دېگەن بۇ سۆزنى ئالاھىدە تەكرار قىلغان، ئەمما، مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا سەل قارىغان، ئاقىۋەت ئۆزى ھالاك بولدى، مەسلەن: نۇر ئىلمى، رادىيوم دېگەن ماددىنىڭ بىر گرامىنىڭ **1/1000** بىر جايغا تېگىپ قالسا، بۇ جاي خېلى ئۇزۇنغىچە نۇرلىنىپ تۇرىدىكەن، بۇ رادىيوم نۇرغۇن زەررىچىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالايدىكەن، مۇرەككەپ ۋە پارچىلىنىش هاسىل قىلالايدىكەن، بۇ بىر سېكونتتىغا **300000** كىلومېتىر بېسىپ ئۆتىدۇ، ئاندىن بۇ ئاجايىپ بىر كۈچ هاسىل قىلىدۇ، هازىر بۇنداق نۇر ئىلمى ئەڭ ئىلغار ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشۇ رادىيوم نۇردىن پايدىلىنىپ ماددىلارنى ئانالىز قىلىش، ماددا پارچىلىنىش كۈچى هاسىل قىلىنىدۇ، بۇ رادىيوم نۇرى تۆمۈردىن بىر گرامنى پارچىلىسا، **800000** ملىيون ئات كۈچىگە ئىگە بولىدىكەن، بۇ كۈچ پويىزنى، پۈتۈن يەرشارىنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە تۆت قېتىم ئايلاندۇرۇشقا يېتىدىكەن، ئۇندىن باشقا بۇ نۇر ھارارەت هازىرقى توك شۇ، نۇر بولىدۇ. بىر نەچچە يىل توك ئۇچقىدا نۇرغۇن نەرسىلەر راۋاجلاندى، بۇمۇ نۇر، بۇنىڭ كۈچىدە هازىر نۇرغۇن ئىشلار يۈرۈشۈۋاتىدۇ، ھەرخىل زاۋۇت، كارخانا ۋاھاكازالار. ھەرخىل گاز بومبىسى ياسىلىۋاتىدۇ، ئىلغار كومپيۇتېر ياسىلىۋاتىدۇ، سۈنئىي ھەمراھ دولقۇن قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئاشۇ سۈنئىي ھەمراھنى بەزى نۇر ئىلمىغا ئىگە دۆلەتلەر پاچاقلاپ تاشلىدى، مۇنۇ يەرشارىدىن نۇر قويۇپ بېرىپ **5000** ھەتتا **10000** كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى سۈنئىي ھەمراھنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئالەم ئۇرۇشى مۇشۇ نۇردا بولۇۋاتىدۇ، پۈتۈن ھاياتلىقمۇ مۇشۇ نۇردىن هاسىل بولىدىكەن، ئىسسىقلىق سەۋەبچى، خۇددى پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغاندەك، روھ بولسا، ماددىدىن باشقا، بىر مەخلۇقتۇر، بۇ نۇردىنمۇ ئىنچىكە، نازۇك بولۇپ، ئۇنى ئاللاھلا بىلىدۇ، بىز بۇ نۇر ئىلمىغا سەل قارىمايلى، بۇ ئىلىم ئادەم ئورگانىزىمىدىكى مىڭە ئىلمىغا ۋە سىر ئىلمىغا، روھ ئىلمىغا قارىغاندەك، ئانچە قېيىن ئەمەس، ئاشۇ كىشىلەر بىلگەننى ئاللاھنىڭ دوستلىرى، مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر بىلمەسما؟

ئەسلى ئەيىپ بىز بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەك، ئەمدى ئامال قالمىدى، دەپلا ئۈمىدنى ئۈزۈۋېتىمىز، ئاللاھنى ئۇنتۇپ تەۋەككۇلنى ئۇنتۇيمىز، دۇئادىمۇ سورىمايمىز، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى

بىز مۇمكىن ئەمەس دېگەننى مۇمكىن قىلالايدۇ. نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىلالايدۇ، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىپ تىرىشايلى.

# سۈرە رەئدە تەپسىرىدىكى جۋاھىرلاردىن تاللانمىلار

ئاللاھ، ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز كۆتۈردى دېگەن ئايەت، بۇ ئايەتتە تارتىش كۈچىگە شۇنداقلا ئەسىر دېگەن تەسىر كۈچى بار، ئەمما، كۆزگە كۆرۈنمەس، بىلىنمەس بىر ئالەمگە ئىشارەت قىلىنغان، ئەلۋەتتە، ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ پۈتۈن ئاسماننى پۈتۈن ئالەم بوشلۇقنى ھەرىكەت بىلەن تارتىش كۈچى بىلەن ئاشۇ ئەسىر دېگەن ئالەم بىلەن توختاتقان، قالغىنىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئەسىر، ۋاكىئۇم، ھەقىقىي بوشلۇق دېگەن بۇ ئالەم پۈتۈن سىستېمىنى، پۈتۈن جىسىمنى، پىلانىتلارنى جۇملىدىن قۇياش سىستېمىسىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بۇنىڭ ئورنىدا پولات ئارغامچا بولسىمۇ توشمايدۇ، دېمەك، بۇ ئالەم شۇنداق كۈچلۈك، ماددا بولسا، ئەڭ قاتتىق ماددا بولىدۇ، ئەمما، بۇنى ھېچ كىشى سەزگىنى يوق، ئەلۋەتتە، ھەممە نەرسە تۈۋرۈكسىز تۇرغان، ئاسمان ھەرىكەت قىلىۋاتقان، پىلانېتلار چوقۇم بىر ئاللاھ تەرەپتىدۇر، بۇنى مۇشۇ ئىلىمنى بىلگەنلەر تولۇق بىلىدۇ، ھەم چۈشىنىدۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سىلەر كۆرەلمەيدىغان تۈۋرۈك بىلەن توختاتقان دېگەن، تۈۋرۈك بار، ئەمما، بىز كۆرەلمەيمىز، بۇ دەل ئاشۇ ئەسىر دېگەن ئالەم، تارتىش كۈچى بولۇشى مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بۇنى ئاللاھ پەيدا قىلغان ھەم تۈۋرۈكسىز ياكى بىز كۆرەلمىگىدەك تۈۋرۈكسىز توختاتتى، بۇنى ئاللاھ بىزگە بىكاردىن سۆزلەپ بەرمەيدۇ.

ھەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقساق ئاندىن سەۋەبنى قىلغۇچى ئاللاھ، ئاشكارا بولىدۇ. مانا بۇ زاھىر، ئاللاھ ئەقىلگە ئاشكارا دېگەن شۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئاسمانلارغا، زېمىنغا قاراشنى كۆپ تاپىلىغان، ھەتتا، تائام، سۇ، ئىسپىرما، ئۆز ۋۇجۇدىمىز، پۈتۈن كائىناتقا ھايۋان، ئۆسۈملۈككە قارايمىز، ئاندىن ھەممە نەرسىدە بىر خىل نۇرنى، زەررىچىنى، تارتىش كۈچىنى، ھاياتلىقنى كۆرىمىز، مۇشۇ ئارقىلىق بىز ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى بىلىپ ئاللاھنى سۆيىمىز، پۈتۈن ئالەم، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر، ئەگەر نەزەر سالساق، ئاشكارا بولىدىغىنى كارامەتتۇر، كارامەت ئەۋلىيالار قەلبىدە ۋە ياكى ئالىملار بىلىمىدە مانا مۇشۇنداق تەرەققىياتلاردا يۈز بېرىدۇ. بىرەر دۆلەتنى بىرلا ۋاقىتتا ۋەيران قىلىش ياكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك بىر ئايلىق يولنى بىر سائەتتە بېسىپ ئۆتۈش ياكى دېڭىزغا، سۇ ئاستىغا كىرىش، گۆھەر سۈزۈش ياكى نېفىتتەك بايلىقنى قېزىپ پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن تەرەققىيتلار بار، بۇلار ھەممىسى كارامەت ئەمەسمۇ؟ بۇلار، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەقىل، بىلىم بىلەن بەرگەن كارامەتتۇر، ھەممىسى ئوخشاش، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تېشىدىن چىققان سۇ بىلەن بىزنىڭ تۇرۇبىمىزدىن چىققان سۇ ئوخشاش.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ گىلەم تۈپىدە ئۇچقىنى بىلەن بىزنىڭ ئايروپىلاندا، ئالەم كېمىسىدە ئۇچىشىمىز ئوخشاش، ھۆپۈپنىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشى بىلەن ھازىرقى تېلېفون، كومپيۇتېر، يان تېلېفون، جاسۇسلۇق ھەممىسى ئوخشاش، ئۇلار چوڭ قازان قويغان بولسا، بىز پولات تاۋلاۋاتىمىز، ئىسا ئەلەيھىسسالام تىببى پەندە، دوختۇرلۇق قىلغان، ھازىر بولسا، بۇمۇ تەرەققىي قىلدى، پۈتۈن خەلق بۇ تىببىي ئىلىمگە قايىل بولىدۇ، تانالمايدۇ.

بالدۇرقىلارغا كارامەت، مۆجىزە بولغان ئىشنى، ئاللاھ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىگە ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات بىلەن بەرگەن، بۇنىڭغا ھېچقانداق دىنى توسقۇنلۇق يوق، بۇ پۈتۈن جۇمھۇر ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى، بەلكى، ئاللاھ، مۇشۇ مەقسەتتە بۇ قىسسىنى بايان قىلغان، ئاشۇ نۇر ئىلىمنى كۆپ ئەسكەرتكەن، بۇ خىل كۆز قاراش، تەپسىر رازىيدا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ جىۋاھىردا، فىزىلال قۇرئاندا، تاپاسىردا، ئىبنى كەسىر، سۈرە رەئددە، تەپسىر مۇنىيردا بار، ئۇندىن باشقا ھازىرقى پۈتۈن ئىسلام دۆلىتىدە پۈتۈن ئالىملار بۇ ئىشقا ئىتتىپاققا كەلگەن، بولىدىغان توغرىسىنى قوبۇل قىلغان، ۋە ياكى تەكشۈرگەن، ئۆزلىرى كۆرگەن، ئايەت، ھەدىسكە سېلىپ، قانۇنلۇق قىلغان، خاتاسىنى، ئىددىيە ـ ئەخلاق، پەلسەپە، قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى شاللاپ تاشلىغان.

بۇ سۈرىدە، ئالەم ئىلمى، سامان يولى ئىلمى، يۇلتۇز ئىلمى، قۇياش ئىلمى، ئاي، زېمىن ئىلمى، تاغ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ـ ئوكيان ئىلمى سۇ قۇرلۇش، ئۆسۈملۈك ئىلمى دەرەخ، چېچەك، مېۋە ئىلمى، ھەرخىل ماددا، ئىلمىينت ئىلمى، نۇر، ھاۋا، سۇ ئىلمى، تۆرەلمە ئىلمى، ھاياتلىق ئىلمى، ھاۋا، چاقماق، بۇلۇت، يامغۇر،

بوران ئىلمى، ئاتموسفېرا ئىلمى، كېچە ـ كۈندۈز ئالمىشىش، جۇغراپىيە ئىلمى بار. بىز بۇنىڭدىن بىر نەچچىسىنى سۆزلەيمىز، مەسىلەن: تۆتىنچى ئايەتتە، يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار، تۈرلۈك زىرائەتلەر بار دېگەن ئايەت. يەرشارىنى بىلىش ئۈچۈن، يەرشارى ئىلمى قىسمىنى بىلىش لازىم، جۇغراپىيىنى بىلىش لازىم، بۇ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى، چۈنكى، ئاللاھ، زېمىنغا قاراڭلار دېگەن، ھەم ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن مۆجىزە، ئالامەتلەر بار، كۆرۈڭلار دېگەن، ۋە باشقىلار، يەر ئىنسانلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ھاياتى مەنبەسى ھەم قىيامەتكىچە ۋاقىتلىق تۇرالغۇ جايى بولىدۇ. ئادەتتە ھايۋانلارمۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما، بىز ئىنسانلار ئىچىدە مۇشۇ زېمىندىن خەۋەرسىز كىشىلەر نۇرغۇن، مەن بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئاللاھنىڭ: **ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ ئازغۇنراق** دېگەن سۆزىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى دۆت، ئەقىلسىز، ھېچنىمنى بىلمەيدۇ دېگەن سۆزنى ئەسلەيمەن، ئەمما، بۇلار دىنسىز ئىدى.

بىز بۇ ئايەتنى چۈرىدىگەن ھالدا، زېمىندىكى ھەرخىل ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، يەرشارى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، دېڭىز بولسا، نەچچە خىل بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك، ئاچچىق ـ تاتلىق، ئىسسىق ـ سوغۇق، قۇرۇقلۇق بولسا، تاغلىق جاي، قۇرۇقلۇق جاي خورمىلىق، زىرائەتلىك جاي، دەپ بۆلۈنىدۇ. تاغ بولسا، تاش تاغ، كۆپۈك تاغ، ئۆسۈملۈك بار، يايلاق تاغ، دائىم ئوت چىقىپ تۇرىدىغان يانار تاغ، مۇز تاغ، قار تاغ، قاتالىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى سۆزلىسەك گەپ تولا، بىز بۇنى يەرشارى ئىلمىغا، گېئولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك، ئوكيانشۇناسلىق ئىلمىغا قالدۇرايلى، سىزمۇ ئازىراق ھەمكارلىشىڭ، دېڭىزدىن باشقا دەريالار، ھەرخىل بولىدۇ. ئەمما، بۇلار زەيدىن باشقىسى تاتلىق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاشۇ مۇز، قار تاغلاردىن يامغۇردىن ھاسىل بولىدۇ، ياكى بۇلۇتلاردىن ھاسىل بولىدۇ. بەزى دەريا شەرقىدىن غەربكە ئاقىدۇ، ماۋەندى دەرياسىدەك. بەزى غەربىدىن شەرققە ئاقىدۇ، ئەزەر بەيجاندىكى قوش دەرياغا ئوخشاش، بەزى جەنۇبىدىن شىمالغا ئاقىدۇ نىل دەرياسىدەك . بەزى بولسا شىمالدىن جەنۇبقا ئاقىدۇ، دەجلەت دەرياسىدەك ئىش قىلىپ يەرشارى يۇمىلاق بولغاچقا، سۇلار، دەريالار توختىماي ئاقىدۇ.

دېڭىز، ئاساسلىقى ئاچچىق تۇزلۇق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، ئەگەر تاتلىق بولسا، سۇ بۇزۇلىدۇ، سېسىيدۇ، ئاندىن پۈتۈن ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، ھاۋا بۇلغىنىدۇ، ھازىرقىدەك تاتلىق يامغۇر ياغمايدۇ، دېڭىز سۈيى تۇزلۇق بولغاچقا خۇددى تېرىچىنىڭ تېرىسى، ئۆچەيلىرى تۇزلىغاندىن كېيىن سېسىمىغاندەك، سىسىماي بىر خىل ھالدا تۇرىدۇ، بۇ ئاندىن كۈن نۇرى بىلەن پارغا ئايلىنىپ، بۇلۇتنى ھاسىل قىلىدۇ دە! ئون خىل قانۇنىيەت بىلەن يامغۇر بولۇپ چۈشىدۇ، كۈن نۇرى، شامال، بوران، ئىسسىق رايون، سوغۇق رايون، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈش مەلۇم چەكتە توختاش، ئاندىن زىچ ئۇيۇشۇش، تامچىلاپ چۈشۈش، كوركىراپ قۇيۇلۇپ كەتمەسلىك، بەك ئېگىز ياكى پەس بولماسلىق، كۆپ ياكى ئاز بولماي، نورمال بولۇش، تاتلىق بو لۇش، تاغلاردىن ئېگىز جايلاردىن دەريا شەكىللىنىش، يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ كەتمەسلىك، مەلۇم جايدا بىر خىل تاش قەۋەت توسۇپ تۇرۇش، بولمىسا، يەر ئاستى كان ئوت بولۇپ سۇ توشمايدۇ، يېيىلىپ كەتمەي ئېرىق، دەريا ھاسىل قىلىش، كەلكۈن بولماي، نورمال كېلىش، بەزىدە ئاللاھقا قوشۇن بولۇش، ھالاك قىلىش قاتارلىقلار.

ئاتموسفېرا يەنى ھاۋا يەتتە قەۋەت بولۇپ، بۇنىمۇ يەرشارى ئىلمى قىسمىغا ۋە سىنئالغۇ فىلىملىرىگە، سۈرەتلەرگە، تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىغا ھاۋالە قىلىمىز. قىسقىچە ھېكمەتنى سۆزلىسەك، بۇ ئاتموسفېرا ئەڭ مول رىزىق، بۇ رىزىق بولمىسا ھايۋان، ئۆسۈملۈك دەرھال ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، بۇ زېمىننىڭ چاپىنى، چۈنكى، يۇقىردىن كەلگەن نۇرنى، زەھەرلىك نۇرنى قايتۇرىدۇ، مېتئورىت تاشنى كۆيدۈرۈپ ئاقار يۇلتۇز ھاسىل قىلىپ، ئىنسانلارنى قوغدايدۇ، يامغۇر، شامال ھاسىل بولۇشنىڭ ئاساسى ئامىلى، يەرشارىنىڭ ئايلىنىشى، تارتىش كۈچىگىمۇ، تەڭپۇڭغىمۇ زور پايدىسى بار. بۇنىڭدا نۇرغۇن ماددا بار، جۇملىدىن ئازوت، ئوكسىگېن، ۋە باشقىلار، بىز باغ ـ ۋاران، ئېتىزلىرىمىزغا يوپۇرماقدىن يىلتىزدىن بەرگەندەك ئوغۇتنى، ئازوتنى، ھەرخىل ماددىنى بەرسەك پۇل توشمايدۇ، بۇ ھاياتلىق ئاساسى بولغان ئوزۇقلىنىش ماددىلىرى بۇ ئاتموسفېرادىن كەڭرى ئوزۇق ئالىدۇ، شۇنداقلا، كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىدۇ. شەبنەم ھاسىل قىلىپ، سۇغۇرىلىدۇ، چۈنكى، سۇ، ئوكسىگېن، ھىدروگىن خالاس، بۇ ئاتموسفېرادا مول بولىدۇ. ئەگەر چۆللىكلەر بۇ ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ، تۇرمىسا ھاۋانى تازىلىمىسا، ھاياتلىق يەنىلا ئاخىرلىشىدۇ.

بىز ئەمدى ئۆسۈملۈك، ھايۋان، ئېلېمېنت، ماددا، ۋە بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەيمىز، چۈنكى، بۇلار زېمىندىكى نەرسىلەر، ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغان نەرسىلەر، ئۇنىدىن باشقا بۇلاردا ئاللاھنىڭ ھېممىتى، ھېكمىتى، مۆجىزە، ئالامەتلىرى بار، بۇنى بىز تولۇق چۈشەنگەندە ئاخىرەتكە ئىشىنىمىز، ئاللاھقا ئاشىق بولىمىز، ھەقىقىي قەلبىدە چىن دىلىدىن تىل بىلەن بىرگە ھەمدە ئېيتالايمىز. خوش ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، قېنى ئەمسە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى، رەھمىتىگە مەرھەمەت . ئالدى بىلەن ئىنسانلاردىن تۆۋەن ئۆسۈملۈكتىن يۇقىرى تۇرىدىغان ھايۋانلار توغرىسىدا سۆزلەيمىز. پىل، بۇ ھايۋان جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىدا تۇغۇلىدۇ، **25** يىلدا بىرنى تۇغىدۇ، **100** يىل ياشايدۇ.

بۇ پىل، ھىندىستاندا، ئافرىقىدا ئۇچرايدۇ، زىراپە، ھەبەشىستان ئەتراپىدىلا مەۋجۇت، مىسك ئەنبەر چىقىدىغان كىيىك، چۆللەردە، ھالاكەت قۇرۇقلۇقلىرىدا ياشايدۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ نېمە يېسە كىندىكىدىن مىسك خۇشپۇراق چىقىدۇ. بۇركۈت، قۇش، قارچۇغا، ۋە ھەرقانداق گۆشخور قۇشلار ئېگىز تاغ چوققىسىدا ياشايدۇ، شۇ جايغا ئۇۋا تۇزىدۇ، بۇ كۆزۈتۈشنى ئوبدان بىلگەن. (بۇركۈت)

تۆگە قۇش قاتارلىق ھايۋانلار، ئاۋات، قۇرۇقلۇق، ئىنسانلارغا يېقىن جايلارغا چۈجە چىقىرىدۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلار سۇ بويىدا ياشايدۇ. قۇشقاچ، قاغا، ھەرخىل قۇشلار ھۆپۈپلەر ۋە باشقىلار، باغلاردا ئېتىزلاردا ياشايدۇ، بەزىسى ئىنسانلارغا يېقىن ھەتتا ئۆيلىرىدە بەزىسى يىراق، ئاللاھ، ھەممىنىڭ كېلىش ۋاقتىنى، جايىنى، ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان، رىزىقنى ھەممە جايغا ئۇلارغا لايىق ئورۇنلاشتۇرغان، بۇلارنى ئالدىن پىلانلاپ قىلغان، رىزىق ئالدىن تەييار بولمىسا ياكى بۇلار ئۆز جايىدىن ئالمىشىپ قالسا، تۈگىشىدۇ، ھالاك بولىدۇ، ھەممىسى ئىنسانلار ئۇچۈن، ئۇلار يوقالسا، ئىنسانغا زىيان، ئىنسان يوقالسا، ئۇنداق ئەمەس. بەزى يېمەكلىك بولىدۇ، بەزى كۆرگەزمە بولىدۇ، بەزىسى مۇھىتنى ئاسرايدۇ، مىكرۇپنى يوقىتىدۇ، بەزىسى چوڭ ياردەمچى بولىدۇ، مۇشۇكيايپلاق، مۇشۇك، سۇندۇك، ھۆپۈپ، قاغىدەك بەزىسى ھەم زىيانلىق ھەم پايدىلىق بولىدۇ، ھەرە، چىۋىن ۋاھاكازالاردەك پايدىسى مۇھىتنى، ھاۋانى ياخشىلايدۇ، مىكرۇپنى يوقىتىدۇ، باشقا ھاشاراتلەرگە رىزىق بولىدۇ. بولمىسا ئىنسانلار زىيانغا ئۇچرايدۇ، بەزىسى سەپەردە ياردەمچى بولىدۇ، بەزىسى تەجرىبىدە سىناقتا، بەزىسى ئىنسان ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ۋاھاكازالار.

ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مەن ھەقىقەتەن، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، چۈنكى، مەن ھازىر شۈكرىنى ئادا قىلىپ بولالمىغۇدەك نېمەتلەرگە ھەتتا مېنىڭمۇ خەۋىرىم يوق يوغان مەنپەئەتمگە ئېرىشكىنىمدىن ئاندىن بۇ نېمەتلەرگە شۈكرى قىلىش ئۈيىاندا تۇرسۇن، خەۋەرسىز قالغىنىمغا خىجىل بولدۇم. مەن تېخى يەنە نۇرغۇن نېمەتكە خىجىل بولىمەن، ئاللاھ، مېنى ھېلىمۇ ھالاك قىلماي ساق قويۇپتۇ، ئاللاھ راستىنلا ھەلىيم ئىكەن، ئاللاھقا سانسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن، رەسۇلۇللاھقا سانسىز دۇئايى ـ دۇرۇتلار بولسۇن، ساھابىلەرگە، تابىئىنلارغا، شېھىدلارغا، ئەۋلىيالارغا، بىزنىڭ دوستلىرىمىزغا، مۇپەسسىرلارغا، پۈتۈن مۆئمىن ئەر ـ ئاياللارغا، مۇجتەھىدلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى بولسۇن، دىدارى، ماجالى يار بولسۇن، ئامىن! بىز ئەمدى كېيىنكى سۆزىمىزدە ئۆسۈملۈك توغرىسىدا سۆزلەيمىز.

## سۈرە رەئىد تەپسىرىدىن تاللانمىلار

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر بۇلۇتلار

بۇ ھەقىقەتكە تېنىۋالىدۇ جوھۇدلار

بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك

بۇ تەتقىقات ھەقىقەتكە رول ئوينىدى ئۈنۈملۈك

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدەك مۇجتەھىد مۇپەسسىرلەر

ھەممە كىشىدىن بىزلەرگە بەك سۆيۈملۈك
ئۆتسە ۋاقتىم مۇشۇ ئىلىم دېڭىزىدا
باشقىلاردىن مېنىڭ كۆڭلۈرۈم كۆڭۈللۈك
ئىلغار ھالدا تىرىشىپ ئەمەل قىلىپ بىز
ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرگۈلۈك

بىز ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك توغرىسىدا دائىم سۆزلەپ تۇرىمىز، ئەمما، شۇ ئىسىگىزدە بولسۇنكى، ھەرگىز تەكرار ھالدا سۆز قىلمايمىز، شۇڭا، سىز بۇ دېگەن مەن بىلىدىغان ئىلىمكەن دەپلا ئىلىمدىن قۇرۇق قالماڭ، سىز ھەرقانچە بىلسىڭىزمۇ ئاللاھدىن، رەسۇلۇللاھدىن، ئەۋلىيالاردىن، پەيلاسوفلاردىن، سىزدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئالىملاردىن تۆۋەن، يەنى تۆۋەن، شۇڭا، بۇ سۆزىمىزگە دىققەت قىلىپ كىتابىنىڭ ئىچىگە قەلبىڭىز بىلەن ئىچكىرلەپ كىرىپ چۈشۈنۈپ كۆرۈڭ، ئىشارەت قىلىنغان كىتابلارنىمۇ چوقۇم كۆرۈڭ، بىلىم نەدە بولسا، شۇ يەردىن ئىبلىنىدۇ. ئۆسۈملۈك توغرىسىدا ھەرخىل سىز بىلمىگەننى سۆزلەيمىز. خورما، بانان، جۈزە قاتارلىقلار ئىنتايىن ئىسسىق، ئەمما، تۆپرىقى يۇمشاق جايلاردا بولىدۇ. ياڭاق، بادام پىستە قاتارلىقلار سوغۇق جايلاردا بولىدۇ، يانتاق، تەرەنجىۋىن ھەرخىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر چۆللەردە بولىدۇ.

سۆگەت، تېرەك، ئەنجۈرلەر، سۇلۇق جايدا بولىدۇ. توغراق قاتارلىقلارغا سۇ ئانچە لازىم ئەمەس. مېھرىبان ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ ھەر جايغا ئۆزىگە لايىق نەرسىنى بەرگەن، ئەگەر ئۆسۈملۈك بىر خىللا بولسا، يەرشارىنى قانداق كۆكەرتىمىز؟

ئۇندىن باشقا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ئوزۇقىمىز، تامىقىمىز، شارائىتىمىز، كىيىم ـ كېچەكىمىزگە لايىق ئۆسۈملۈكلەر بېرىلگەن، ھەممىسى بىزگە بەكمۇ لازىم. بىزگە ئۇ بولمىسا زادى بولمايدۇ، خۇددى كۆكتاتتەك، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، سۇ، ھاۋا، تۇرالغۇ جاي، ئىنسان بۇلارنىڭ بىرسىدىن ئايرىلسا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ سوۋغىنى كىم ئالدىن تەييارلاپ قويغان؟ كىم بۇلار ئارىسىنى زىچ مۇناسىۋەتلىك قىلغان؟ كىم ھەمكارلاشتۇرغان، كىم تەگ‌پۈگىنى ساقلاۋاتىدۇ؟ كىم ھاياتلىق بېرىۋاتىدۇ، كىم يەنە بىر ـ بىرلەپ يىغىۋاتىدۇ؟ ئاللاھ، ئاللاھ، ئاللاھ.

بىز ئەمدى ئىنسانلارغا بولمىسا زادى بولمايدىغان ئاللاھنىڭ ئەڭ ئالىي سوۋغىسى بولغان ھەر خىل كان، قېزىلما بايلىقلىرىنى بايان قىلىمىز، **110** خىل ئېلېمېنت ماددا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارمۇ ئەڭ چوڭ نېئمەت، ئەمما، بىز بۇلارنىڭ شۈكرىسىنى قىلىش تۈگۈل خەۋىرىمىز يوق ياشاۋاتىمىز. ھەمدۇ ـ سانانى، شۈكرىنى، نېمەتنى بىلگەن تەمنى تېتىغانلار تولۇق تونۇپ يەتكەن ئالىملار قىلالايدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئاللاھدىن ئالىملارلا بەك قورقىدۇ دېگەن، ئىككىسى باراۋەر ئەمەسدە!

ئالتۇن، قۇياش نۇرى ۋە باشقا پىلانېتلاردىن كەلگەن نۇر زەررىچىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇرنى قۇملۇق ۋە تاش تاغ، بەزى ئالتۇن كانلىرىدەك، بۇمۇ يەرشارىدا توزغا ئوخشاش ھاسىل بولۇپ تۇرىدۇ، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن قاتارلىقلار تاغلاردا، يۇمشاق توپا ئارىلاش تاشلاردا ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق قىممەت بويۇملار ئەسلى بىر تاش تۆمۈرگە ئوخشاش، بۈرۈنقىلار تۆمۈر دەپ ئاتىغاندەك، ئۇ ئۆزىنىڭ كاملىق بىلەن ئەتىۋارلىق، نېمە كام بولسا، شۇ ئەتىۋارلىق بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ تۈزچىلىك قىممىتى يوق، ۋاقتى كەلسە قورساق تويمايدۇ. ھازىر ئىنسانلار پۇل ئارقىلىق ئىلىم ـ بىرىم قىلغاچقا، ئۇنى زىننەت بويۇم قىلىپ ئەتىۋارلىغاچقا ئۇندىن باشقا نۇرغۇن پەن ـ تەرەققىياتقا، ئىستېمال قىلىنغاچقا، بۇ قىممەتلىك بولماقتا، ئەمما، ئۇ بەرىبىر بىر تاش، ئۇنىڭ بىلەن روھى، قەلبى، ئىددىيە، ئېتىقادنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئىلىمنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ، قەلبنى خاتىرجەم قىلالمايدۇ، بۇلار ئۇچۇن يەنىلا ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت لازىم، راستىنلا قەلب، ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ئارام تاپىدۇ، بۇ ئايەتتە، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ توغرا ئېيتقان، قەلب ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ئەمەس بەلكى زىكرى بىلەن ئارام تاپىدۇ.

گۈگگۈرت پەقەت ھۆل، توپا جايدا ھاسىل بولىدۇ، سېمونت ۋە باشقا ئەينەك ماددىلار قۇمدا ھاسىل

بولىدۇ. ئەينەك، زەمچە قاتارلىقلارمۇ يەنىلا قۇم ئارىلاش توپىدا بولىدۇ. گۆھەر، مارجان، ياقۇتلار دېڭىزدا مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ تېخىمۇ ئاز، كەم تېپىلىدۇ، شۇڭا، بۇ ئەتىۋارلىق، ھەممىدىن قىممەتلىك ئالماس، ئەمما، بۇنىڭ ماددىسى يەنىلا كاربون (Ⅳ) ئوكسىد ۋە باشقا ماددىلار، بۇنىڭدىنمۇ قىممەت، مۇھىم ماددا رادىيوم بولىدۇ، بۇ بىر خىل نۇر، 110 خىل ئېلېمېنت ماددىلار يەرشارىدا ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن كان، مەدەنگە تەۋەلىرى 242 خىل بولىدۇ، بەزىسى يەرشارىدا ھاسىل بولىدۇ. بەزىسى باشقا پىلانېتتا ھاسىل بولىدۇ، يەرشارىغا چۈرۈلگەن بولىدۇ، ياكى ھازىرمۇ زەررىچە بولۇپ چۈشۈۋاتىدۇ، زىيانلىقى، ئاتموسفېرادا قايتۇرۇلىدۇ، پايدىلىق بولغان زەررىچە ماددىلار دائىم چۈشۈۋاتىدۇ.

بۇلارنى، ھەممىنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ئىنسانلارنى يارىتىشتىن نەچچە مىليارت يىل بۇرۇن ئالدىن يارىتىپ قويغاندۇر، نېمەتنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، ھازىر ئىنسانلارنىڭ شۈكرى قىلغىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، شۈكرى قىلىش تۈگۈل خالىقنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، مانا بۇنداق زالىملارغا دوزاخ ئەڭ لايىقتۇر، چۈنكى ئۇمۇ ئوت، نۇرغۇن تەجرىبە، ئىلىم ـ پەننى ئىنسانلار، ھايۋانلاردىن ياكى ئۆسۈملۈكدىن ياكى قۇياشتەك يۇلتۇزدىن ياكى ئەتراپىدىكى يەرشارىنىڭ مۇھىتى، شارائىتى، ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ھاسىل قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ، پىتتەك بىرەر بايلىق ئاشكارا بولسا، بۇ كەشپىيات نۇرغۇن كەشپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇت، سۇلياۋ ۋە باشقىلار، چۈنكى، بۇرۇن بۇنداق ماددا يوق ئىدى، ياكى ئۇنى پايدىلىق جايغا ئىشلىمەيتتى، بىر كەشپىياتتىن كېيىن نۇرغۇن پايدىلىق كەشپىياتلار ھاسىل بولىدۇ. يەنە تېخى نۇرغۇن بايلىقلار، نۇرغۇن كەشپىيات، تەرەققىياتلار مۇسۇلمانلارنى كۈتۈپ تۇرماقتا، رەسۇلۇللاھمۇ بۇنىڭدىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ، ئىنسانلار شۇنداق بېيىپ كېتىدۇكى، سەدىقىنى قوبۇل قىلغۇدەك كىشى تاپالمايدۇ دېگەن، قىيامەتنىڭ ئالامىتى دېگەن بابدا، تېرمىزىيدا، مىشكاتتا مۇنداق بىر ھەدىس خاتىرلەنگەن. بۇنىڭدىن كېيىن بىر زامانلار كېلىدۇكى، بۇ زاماننى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولماس، بۇ چاغدا ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭ قامچا دەستىسى سۆز قىلىدۇ، ئاياق شوينىسى سۆز قىلىدۇ، ئۆيدىن ئايرىلىپ ئۆيدە بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭ يوتىسىدىكى نەرسە خەۋەر قىلىدۇ دېگەن. مانا بۇ ھەدىستە تېلېفون، چاقىرغۇ ئىشارەت قىلىنغان، بۇ ھەدىسنى تەكشۈرسە بولىدۇ، بۇ ھەدىسنىڭ 1000 يىل بۇرۇن خاتىرلەنگىنى بار، خېتى، سىياسى، قەغىزى شۇ پېتى ساقلانغان، مىكرۇسكوپىدا تەكشۈرسە بولىدۇ. بۇ بىر مۆجىزە، مانا مۇشۇنداق ئىلمىي كەشپىياتلار مۇسۇلمانلارنى كۈتۈپ كەلگەن، يەنىمۇ كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىز ئىلمىي كەشپىيات بىلەن ئايەت، ھەدىسنى ئىزاھلاپ مۆجىزىنى ئاشكارىلاپ كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىشىمىز لازىم، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم.

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ، جوزام كېسىلىدىن يولۋاستىن قاچقاندەك قېچىڭلار دېگەن. ئالىملار بۇنى تەتقىق قىلىپ، نېمە ئۈچۈن يىلان، چايان ياكى تىمساھ دېمەي يولۋاستىن قاچقاندەك دەيدۇ، دەپ بۇ ھەدىسنى تەكشۈرگەن، قارىسا بۇ كېسەلنىڭ مىكرۇپى، ۋىرۇسى يولۋاسقا ئوخشاشكەن، ھەم يوقىتىشى ۋەھشى ئىكەن، رەسۇلۇللاھ بۇنى، باتىننى كۆزدە كۆرگەن ھەم ئاللاھ بىلدۈرگەن، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ، ھەتتا، 187 مىليوننى بىرلەشتۈرسە بىر تال بۇغدايچىلىك بو لىدىغان زەررىدىن كىچىك ھايۋانلارنىمۇ سانى بىلەن ۋاقتى ئورنى بىلەن «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلىگەندۇر.

مەسىلەن: بىز بۇ زېمىندىكى كەشپىيات ۋە تەرەققىياتقا قاراپ باقايلى، ئاخىرى نېمە بولىدى، دىققەت قىلىپ قاراڭلار.

كىچىك يىڭنە ئۈچىدىن 10000 ھەسسە كىچىك بولغان، يەنى 10000نى بىر قىلسا يىڭنە ئۈچىغا تەڭ كېلىدىغان «گىندا» يەنى ئېرسىيەت ھۈجەيرىسىدە ئېرسىيەت مەخپى بەلگە بولىدۇ، بۇ بەلگە نەچچە مىڭلىغان خەت ـ ئالاقە بەلگە بولۇپ، ئالىملار بۇنىڭدىن ھەيران قالدى، مانا مۇشۇ مەخپى بەلگە ئارقىلىق نېمە تېرىساق شۇنى ئالىمىز، قانداق ھايۋان ئۈرۈقلانسا شۇ ھايۋاننى تۇغىدۇ، ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، بولۇپمۇ سۈرىتى، ئەزاسى، ئۆز ئەسلى بويىچە يېتىلىدۇ. بۇ ئاشۇ ئېرسىيەت، مەخپى بەلگە قانۇنىيتى بىلەن بولىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ خەتنى قايسى خەتتات يازغان؟ بۇ بەلگىنى قايسى مۇتەخەسسىس قالدۇرغان؟

ئاللاھ بۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان، بىرنى ئىككىگە قىلىپ كۆپەيتكەن، ھادىسىنى پەيدا قىلغۇچى ئەزەلدە مەۋجۇت بولغان، ئاللاھ قىلدى. ئەقلى بارلار بۇ ھەقىقەتكە بويسۇنۇپ مۇسۇلمان بولۇشتى، جاھىللار بىز يەنە تەتقىق قىلىمىز بۇ كېيىنكى تەتقىقات دەپ جاھىللىق قىلىپ، ئاخىرى شۇ ئازغۇنلۇقتا ئۆلۈپ تۈگىدى، دوزاخ ئەھلى بولسا، نېمە ئامال، ئۇلار بەربىر ئىمان ئېيتمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شۇملۇقى، تاللاش ئەركىنلىكى بار، ئۇنداق بولمىسا، مۆھلەت بولمىسا، دۇنيادىكى كاپىرلار دەرھال يوقۇلاتتى، ئۇلار خالىغانچە يۈرۈشۈۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، بىر ۋاقىت بار، شۇ چاغدا بۇلار بالدۇر كېيىن قالمايدۇ، دەل ۋاقتىدا ھالاك بولىدۇ.

بىز بۇ ئايەتكە ئۇلاپ، دۇنيادىكى ھەرخىل قىزىقارلىق ئاجايىپ - غارايىپلارنى سۆزلەپ قۇدرەتنى، ھېكمەتنى بايان قىلىمىز، شۇ ئارقىلىق قەلبىنى خاتىرجەم قىلىمىز.

ئۆسۈملۈك، دەرەخ، ئوتۇن، يېقىلغۇسىغا قاراپ، نېفىتقا قاراپ ۋە بەزى يېقىلغۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ قۇياشتىن كەلگىنىگە قاراپ، بىزمۇ قۇياشتىن توك ھاسىل قىلدۇق. يەنە بىز، قۇياشتىن ھەرخىل ئاتوم، ۋودرود، يادرو قۇراللارنى، لازىر نۇرىنى كەشىپ قىلدۇق، ئىنسانلارغا پۈتۈم كائىنات ئۇستاز بولىدۇ، چۈنكى، بۇ كائىناتتا ئاللاھنىڭ ئازماس ئوقوغۇچىلىرى بار، مەسىلەن كۆلدۈرگە ئۆسۈملۈكى، سەندە بات ئارالىرىدا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈكنى يىگەن كىشى بەكمۇ قاتتىق كۈلۈپ كېتىدىكەن، ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدىكەن، بەزىسى مەجنۇن قىلىپ قويىدىكەن، بۇ ئۆسۈملۈكنى سەمرىش ئۈچۈن ئاز - ئازدىن ئىستېمال قىلىدىكەن، بۇ خۇددى ھېلىقى كۆلدۈرگە بېلىققا ئوخشاشكەن، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك بۇ ئىككىسىدە ئىنسانلار ئۈچۈن ھەم شىپالىق ھەم زەھەر ھەم غەمگە سالىدىغان ھەم خۇشال قىلىدىغان ھەم سەمرىتىغان ھەم ئورۇقلىتىدىغان ھەر خىل پايدىلىق دورىلار مەۋجۇد. بۇلارنى ئاللاھ، ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

جەنۇبىي ئافرىقىدا بىر قېتىم چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇلار بۇنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا بۇنىڭدىن بىر خىل ماي چىقىدىغانلىقىنى بايقىغان، سىناق قىلىپ كۆرسە بۇ چېكەتكىلەردىن ئايروپىلان ۋە باشقا ماتورلۇق ئۈسكۈنىلەر ئىستېمال قىلىدىغان ياغ چىققان. **100** دە **20** پىرسەنت ياغ ئېلىنغان، يەنى **100** كىلودىن **20** كىلو ياغا ئېلىنغان، مانا بۇ بىر تەرەپتىن ئاپەتنى يوقىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش بولىدۇ.

بۇلار ئەلۋەتتە ئىلىم ھېكمەتنىڭ كۈچ قۇدرىتىدۇر، ئاللاھ، بالدۇرقىلارغا مۆجىزە، كارامەت بىلەن بەرگەن ئىشلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتىگە ئىلىم - ھېكمەت، تەدبىر بىلەن بېرىۋاتىدۇ، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بار، بىز شۇنى كۈتىمىزكى، مۇسۇلمانلار كەشپىياتقا زور نەتىجە قازىنىدۇ، كېچە - كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرغاندەك، مۇسۇلمانلارغا بىر نۆۋەت كېلىشى مۇمكىن، ئۈمىدنى ئالدىراپ ئۈزمەيلى، ئىسىگلاردا بولسۇنكى، ئاخىرقى غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ، ھىممىتى ئۈستۈن بولۇش، ئىمانىنىڭ جۇملىسىدىن، بىز چوڭ - چوڭ، ئالىي ئىشلارنى نىيەت قىلىشىمىز، پىلانلىشىمىز لازىم. دۇئالىرىمىز ئاددىي يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئالى ئىشلار ئۈچۈن، ئالىي ماقام ئۈچۈن ئىجاۋەت بولغۇسى ئىلاھىم.

ئاسمانلاردا، زېمىندا ئاجايىپ - غارايىپ قۇدرەتلەر، مۆجىزىلەر تا قىيامەتكىچە تۈگەپ قالمايدۇ، چۈنكى، ئىبرەت ئالىدىغان قەلبنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئاللاھقا ئاشىق بولىدىغانلار تۈگىمەيدۇ، بۇلار تۈگىسە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئىش ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنداق بولسا، بىز ھازىرقى ئىلمى كەشپىيات، مۆجىزىلەرگە قاراپ يەنە نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلەرنى ئالامەتلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز، شۇ ئارقىلىق قەلبلەرنى خاتىرجەم قىلىشىمىز لازىم.

مەسىلەن: ئاللاھ زېمىندا ئەركەك - چىشىنى قىلدى، بىر جۈپ بار دېگەن توغرىسىدا توختالساق، جانلىق ۋە جانسىز ھەممىسى بىر جۈپكەن، ئىنسانلار ئەزاسى جۈپ بولۇپلا قالماي ئۆزلىرى جۈپ بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇلارنىڭ توك ئېقىممۇ جۈپ يارىلىۋاتىدۇ، ھۈجەيرە ئەسلىمۇ جۈپ، كۆزنىڭ كۆرۈش ئالاھىدىلىكى يەنى يىراق - يېقىننى كۆرۈش، كىچىكلىتىپ كۆرۈش، چوڭايتىپ كۆرۈشمۇ جۈپ، مىكروسكوپ، تېلېسكوپمۇ جۈپ، ھەربىر ئۆسۈملۈك ۋە ھاشارەتلەرمۇ جۈپ، ئاشۇ توك ئېقىممۇ مىنۇس، پىلۇس جۈپ ئوت سىم نۆل سىممۇ جۈپ، زەررىچىلەرمۇ بىر جۈپ، ئاسمان جىسىملىرىدىن كۆپ يۇلتۇزلارمۇ جۈپ ھەمراھلىق

ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھنىڭ ئەھۋالدا جۈپتى بولمىسىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، مەريەم ئانىدەك بۇ ئاتىسىز ئىسانى تۇغدى ئۇنىدىن باشقا دېڭىز مەخسۇلاتلىرىدىن بىر خىل ھايۋان بولۇپ، بۇمۇ ئەركەك ئاتىلىقتا موھتاج بولماي كۆپىيىدىكەن، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئايال پادىشاھىمۇ ئاتىسىز نەسىل قالدۇرىدىكەن، كۆز ئالدىمىزدىكى بىر دەلىل، بىر تال مىكرۇپ ياكى ۋىرۇس يوقۇپ قالسا، بۇ كۆپىيىپ نەچچە مىليارتقا، تىرلىيونغا كۆپىيۈپ جاننى ئالىدۇ. مانا بۇ بىر تال تاق ۋىرۇس ئىدى، مانا بۇمۇ ئاتىسىز كۆپەيدى، ئاللاھ، خالىغاننى قىلالايدۇ، مەيلى جۈپلەشسۇن ياكى جۈپسىز بولسۇن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ. بۇنداق قۇدرەت بولۇپمۇ ئىنسانلار ئەقلىنى ھەيران قالدۇرغان، قۇدرەت بەكمۇ كۆپ، كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆز ئۆيۈمدىكى بىر كارامەتنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي.

مەن كىچىكىمدىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن، بۇ ۋەقەت تا ھازىرغىچە ئەقلىمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مېنىڭ دادام دادىسىدىن بىر خىل تەلىم ئالغان ئىكەن، بۇنى كىشىلەر ئۇدۇم دېيىشىدۇ، يەنى ئېغىزغا سۇ دەپ ئۇدۇم قويۇش، رۇخسەت قىلىش بولسا كېرەك، دادام بۇ تەلىم بىلەن چوغدەك قىزىتىلغان كەتمەنگە يالاڭياق دەسسەيدۇ، پۇتنى تۇتۇپ باقسام پۇتى كۆيمەيدۇ، ئەمما، كېسەل كىشىنىڭ جىسمى كۆيىدۇ، شۇڭا، ئۇلارنى ئاياپ، يەڭگىل دەسسەيدۇ، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بىز بۇ كەتمەننى سۇ قۇيۇپ سوۋىتىمىز، مەن بۇ ئىشنى تولا كۆردۈم، كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەن دادامدىن سېنىڭ ئوقوغۇنىڭ زادى نېمە؟ سەن سېھرىگەرلىك قىلالامسەن؟ دەپ سورىدىم، دادام ماڭا مەن پەقەت سۈرە فاتىھەنى ۋە بىر قىسىم دۇرۇتنى ئوقۇيمەن، ئۇنىدىن باشقا دادامدىن قالغان ئىزنە ئۇدۇم بارمىش، ئۆز ۋاقتىدا بىز ئايەتنى چەك توختۇتۇپ توشقۇزاتتۇق، دىدى. راست سېھرىگەرلىك ئەمەس، چۈنكى، سېھىر دېگەن خىيال قىلدۇرۇش خالاس، كۆز باغلاش، ساختىپەزلىك. ئەمما، بۇ راست ئىش ئىدى، كەتمەننى ئۆزىمىز قىزىتىمىز، بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر سىناق قىلدى، تېخى بەزىسىنىڭ دۈمبىسى كۆيۈپ بىر ئايغىچە ئۇڭدا ياتالمىغانلار بار، دادام ھايات، **2003** ـ يىل **6** ـ ئايدا، دادام تېخى خېلى ياش ئەگەر ئىشەنمىگۈچىلەر بولسا، كېلىپ سىناپ كۆرسە بولىدۇ. قانداق قىلىپ قىززىق كەتمەن پۇتنى كۆيدۈرمەيدۇ؟ سىز ھەرگىز بۇنى پۇتقا تۇخۇم چاپقانلارغا ئوخشاتماڭ، دىنسىزلار سۆزىگە ئەمەس، بىزگە ئىشىنىڭ، قانداق قىلىپ بۇ قىزىقلىق پۇت ئارقىلىق كېسەلنىڭ تېنىگە يۆتكىلىدۇ؟ بۇ ئارىلىقدا قانداق بىر خىسلەت بار؟ مانا بۇ مۆجىزە بولۇپمۇ قۇرئان مۆجىزىسى بولىدۇ، بۇ كارامەت ئاللاھ تەرەپتىن ھەق ئىش ئۇچۇن بېرىلگەن. بىز ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ دۇنيادا ئاجايىپ سىرلىق ئىشلار بەكمۇ كۆپ، بىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەقىقەتنى ئاشكارىلىشىمىز لازىم. قەلبىنى خاتىرجەم قىلىمىز، مەسىلەن: يەرشارى، ئاي شارىغا خۇددى ئايغا ئوخشاش نۇر قايتۇرىدىكەن، سەككىز كۈنلۈك، **15** كۈنلۈك بولۇپ كۆرۈنىدىكەن، قۇياش نۇرىنى، دېڭىز سۈيى، مۇز، قار تاغ، قۇم، تاش ئارقىلىق ئەكسىگە قايتۇرىدىكەن، بۇ خۇددى تولۇن ئايدەك بولىدىكەن، شۇ ئارقىلىق ئالىملار زېمىننىڭ يۇملاق ئېلىپىس تۇخۇم شەكلىدە ئىكەنلىكىنى سۈرەتكە ئالغان، بىز يەنە، نۇر سۆزىگە قايتىپ قالدۇق، مەن يېقىندا بىلگەن بىر خەۋەر شۇكى، نۇر پۈتۈن كومپيۇتېر، ئېلېكتېرونلۇق ھېساب ماشىنىسى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاساسى ئىكەن، كىچىككىنە بىر چېۋىننىڭ بىر تال كۆزى **3000**دىن كۆپ كىچىك كۆزدىن تەشكىل قىلىنغاندەك، كىچىككىنە بىر تال «كىمنىي» دېگەن ماددىغا ئازغىنا جايغا نەچچە مىڭلىغان كىرىستال لامپۇچكا، چىراغ ئورنۇتۇش ئارقىلىق ئىلغار ھالدا ھېسابلاش ماشىنىسى، كومپيۇتېر ياسالدى، بۇمۇ ئەلۋەتتە نۇر، ئاشۇ نۇر ئىلمى بىلىدۇ، ئۇنىدىن باشقا بۇ چېۋىن، كېپىنەك، كۆزلىرىنىڭ تولا بولۇشىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن ئاپاراتقا نۇرغۇن كۆزلەرنى بىكىتىپ، بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن رەسىمنى تارتقىلى بولىدىغان بولدى، تېلېۋېزور قانىلىمۇ شۇنداق. ئىلمىي تەپەككۇر، بىز قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش، پۇراش، ئاڭلاش، سېزىش سېزىمچانلىقى ئىنسانلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىكەن، مەسىلەن: مۈشۈكياپىلاقنىڭ، شەپەرەڭنىڭ، بۈركۈتنىڭ كۆرۈشى، ۋە بەزى قۇشلارنىڭ مىكرۇپنى كۆرۈشىدەك، ئىتنىڭ پۇرىشى ئۇنىدىن باشقا ھەرە، چۈمۈلە، كېپىنەكنىڭ بۇرنىدىكى ئىككى تال نەشتىرى ئارقىلىق پۇرىشىمۇ، ئىنسانلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق، شەپەرەڭنىڭ ئاڭلىشى، بىر قىسىم جانلىقلارنىڭ يەر تەۋرەش، بوران چىقىشىدىن بۇرۇن ئاڭلىشى، ئىشەكنىڭ شەيتاننى كۆرۈشى، خورازنىڭ پەرىشتىنى كۆرۈشىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇد، بۇ ھەدىسنىمۇ رەسۇلۇللاھ تەتقىق قىلسۇن ئۈچۈن دېگەنىكەن، خوش، ئۇنداقتا، بىز بىر نۇختىنى مۇقىملاشتۇرساق، ئىنسان، ھايۋاندىن تەرەققىي قىلغان دېگەن كۆز قاراش پۈتۈنلەي

خاتا، چۈنكى، تەرەققىيات كەينىگە تەتۈر بولمايدۇ، ئاشۇ ھايۋانلار يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىكەن، ئىنسانلار قانداقچە كەينىگە تەتۈر تەرەققىي قىلىپ، ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى؟ ئەسلى بۇ ئىقتىدارنى ئاللاھ، ھەممىگە لايىق مۇناسىپ ھالدا بەرگەن، بىر ـ بىرىدىن ئېشىپ كەتسە ياكى كاملاپ كەتسە ياكى ئالمىشىپ قالسا، چوڭ بالا ـ قازا يۈز بېرىپ ھالاك بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمىتىگە بىر مىسال قىلايلى، بىر خىل قوڭغۇز بولۇپ، بۇ تۇخۇمىنى تۇغۇشنى بىلەنلا ئەركىكى ئاتىسى كېلىپ، بۇ تۇخۇمنى خۇددى مۇشۇك ئاسلىنىنى يىگەندەك، يەۋېتىدىكەن، ئىشلار بۇنداق كېتىۋەرسە بۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇيدۇ، ھېكمەت ئاللاھ، بۇ قوڭغۇزنىڭ چىشىغا بىر خىل خىمىيىۋىلىك سۇيۇقلۇق، پۇراق چىقىرىدىغان ئالاھىدە ماھارەت بەرگەن، چىشى قوڭغۇز تۇخۇمىنى تۇغۇپ بولۇپ، ئەركىكى كېلىشتىن بۇرۇنلا تۇخۇمنى ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويالمايدۇ، ياكى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولسىمۇ ئەركىكى ئۇقۇپ قالىدۇ ـ دە، يەنە يەيدۇ. ئەركەك قوڭغۇز تۇخۇمغا ھۇجۇم قىلغاندا چىشىسى ھېلىقى پۇراقنى چىقىرىپ ئەركىكىنى ئىككى سائەتتىن 4 سائەتكىچە ھوشسىز مەس قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئەسلىگە كەلگىچە تۇخۇمىنى ئۆز جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولىدۇ، مانا شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ نەسلى ساقلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ، مۇشۇ ھايۋانلارغىمۇ رەھىم قىلىپ، ھېكمەت بىلەن ئۇلارغا ئاجايىپ ماھارەت بەرگەن، بۇلارنى ئىنسانلار ئەتراپىدا ياشايدىغان قىلدى، چۈنكى، مەقسەت ئۇلارغا نۇرغۇن پايدا يەتكۈزۈش، مىكروپنى يوقىتىش، تەجرىبە قىلدۇرۇش، تېخنىكا ئۆگىتىش، چارە ـ ئامال، ھىيلە ئۆگىتىش ئۈچۈن.

بىز ئەتراپىمىزدىكى جانلىقلارنى ئاللاھنىڭ بويسۇندۇرۇپ بەرگىنىگە يارىشا، ئىلغار ئۇسكۇنىدە تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. شۇ ئارقىلىق ئاللاھنى، ھېكمەتنى، رەھمەتنى تاپىمىز، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىمىز، قىيامەتكە شەكسىز ئىشىنىمىز، رىزىقدىن خاتىرجەم بولىمىز، ھەرخىل تەجرىبە، تېخنىكىلارنى ئۆگىنىمىز.

ھەرخىل دورا، شىپالىقلارنى ۋە بايلىقلارنى تاپىمىز، ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن بولغاندا 100مىڭ ھەسسە چوڭايتقۇچى يەنى بىر تال چاچنى بىر چوڭ زالدەك كۆرسەتكۈچى، بىر مىللى نەرسىنى بىر كىلومېتىر قىلىپ كۆرسەتكۈچى مىكروسكوپ لازىم. ھېچ بولمىغاندا، 10 مىڭدىن 15 مىڭ ھەسسىگىچە چوڭايتقۇچى مىكروسكوپ بولۇشى لازىم. بۇ بەك قىممەتمۇ ئەمەس، ئۆزىمىز بالىلىرىمىز كەلگۈسى ئەۋلادىمىز ئۈچۈن، دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، نۇرغۇن كور قەلبلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن، ئازغۇنلارنىڭ ھەقنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن، خۇراپىيلارنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن ئۈچۈن، بىز بۇ ئىلغار ئۇسكۇنىلەرنى چوقۇم ئېلىشىمىز لازىم. مىكروسكوپدا ئۇششاق مىكرو جانلىقنى، تېلېسكوپدا ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك قۇدرەت، ھېكمەت، كەشپىيات تۈگەپ قالمىدى، بەلكى، ئەمدى باشلاندى، كاللىمىزنى سىلكىۋېتەيلى.

بىز، مەخلۇقلا بولىدىكەن ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. مەسىلەن: ئاددىسى بىر پىتنى مىسال قىلايلى، بۇ پىت، بۈرگە، بىرىنچىدىن ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ئاللاھ بۇلار بىلەن خالىغان بىر قەۋمنى پاراكەندە قىلالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇش، سىگنال، ئىنسان مەينەت، پاسكىنا يۈرسە مۇشۇنداق ئاپەت يۈز بېرىدۇ، ھەرخىل مىكروپ، ۋىرۇس بولۇپمۇ ۋابا ئۇلارنى يوقىتىدۇ، ئاخىرىدا قۇرت ـ قوڭغۇز يەپ تۈگىتىدۇ، مانا مۇشۇنداق پاجىئەلىك ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ مۇھىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ تازىلىقى، پاكىزلىقى ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم قوشۇندىن ئالدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، پىت، بۈرگىنى، ئاللاھ ئالدىن سىگنال قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، بۇ بىر ھاياتلىق بولۇپ، تۇرۇپلا بىر نوپۇس كۆپىيىپ قالدى، دىققەت قىلمىسا، بۇ تېخىمۇ كۆپىيىدۇ بۇ نېمە ئىش؟

قانداق بولۇپ، پاكىز بىر كىيىم ئىچىدە جانلىق، ھاياتلىق ئىككى بولۇپ قالدى؟ بۇ ھاياتلىق نەدىن كەلدى؟ ئۇ ئەسلى ئىنساندا بار مىكروپ، ۋىرۇسدىن كەلدى، يەنىلا ئۇ ئىنساندىكى ئىسسىقلىق ۋە ئوزۇقلۇقدىن پايدىلىنىپ كۆپەيدى، مانا مۇشۇنداق جانلىقنى، ھاياتلىقنى تەتقىق قىلسۇن ئۈچۈن. ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن بۇ

قوشۇننى ياراتقان.

ئاشۇ قىتئەلەرگە نەزەر سالساق، يەر ئاستىدىن، تاغ ئۆڭكۈرلەردىن، خاڭلاردىن، تاش كۆمۈرنى چىقىرىپ پايدىلىنىۋاتىمىز، بۇ قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

ھازىر ئىلىم ـ پەندە ئىسپاتلىنىشىچە، ئىنسانلار زېمىندا يارىلىشتىن بۇرۇنلا كۆمۈر مەۋجۇت ئىكەن، مەرىخ ئىسمىلىك بىر دەرەخ بولۇپ، زېمىن گۈمۈرۈلۈش ئارقىلىق دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر تاش كۆمۈرگە ئايلانغان، بىزگە مەلۇم بىر خىل سۈيۈقلۇق بولۇپ ئىنسان ياكى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك تىنىگە كىرسىلا ئۇ جىسىمنى تاشقا ئايلاندۇرىدۇ، بۇ دەرەخ يەر ئاستىدا، تاغ ئاستىدا، ئۇزۇن يىل باسۇرۇلۇپ قېلىپ، ھەرخىل يېقىلغۇ ماددىلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ، تاش كۆمۈرگە ئايلانغان، **91** ـ بەتتە، تاش كۆمۈرگە ئايلانغان دەرەخنىڭ دەرەخ شەكلىلىك كۆمۈرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زېمىن، دەرەخ ھەممىسى قۇياشتىن نۇر قوبۇل قىلىدۇ. ئېنېرگىيە، يېقىلغۇ ماددا ھاسىل قىلىدۇ.

ئۆسۈملۈك دەرەخلەر يەر ئاستىغا نېفىت ھاسىل قىلغاندەك، ئەزەلدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، زېمىن قۇياشتىن ئايرىلغان دېگەن نەزەرىيە، ئايەتتە ئىسپاتلانغان، سۈرە ئەنبىيا، تەپسىر مۇنىيردا بار، ھازىرقى توك مەنبەسىمۇ شۇنداق، ھەممىسى نۇر،ھەممىسى نۇر زەررىچىسى، ئۇن ـ سىن بويۇملىرىدىن تارتىپ كومپيۇتېرغىچە ھەممىسى نۇر، ھارارەتتىن راۋاجلىنىدۇ.

يانار تاغمۇ بۇنىڭغا ئاساس بولۇشى مۇمكىن، ھەرخىل پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىز ئايەتتىن دەلىل قىلىپ باقايلى، سۈرە ياسىن، ئاللاھ سىلەرگە يېشىل دەرەختىن ئوت قىلىپ بەردى دېگەن. بۇرۇنقىلار ئوتۇننى ياكى ئىككى دەرەخنى سۈركىسە ئوت ھاسىل بولۇشىنى سۆزلىگەن، ھازىر بولسا، ئاشۇ نېفىتلار، كۆمۈرلەر، يېشىل دەرەختىن ھاسىل بولغانلىقى سۆزلەنگەن، قۇياش نۇرى، ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقى، تېنى، يىلتىزى ئارقىلىق يەر ئاستىغا كىرىپ، نېفىت ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئوتۇن، يېقىلغۇ يەر ئاستىدا باسۇرۇلۇپ كۆمۈر ھاسىل بولىدۇ دېگەن. يەنە، ئاللاھ، لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسىغا قىلغان نەسىھىتىدە ئى ئوغلۇم، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا، يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ جايدىكى تاشنىڭ قېتىدا بىر تال دان بولسا، ئاللاھ، بۇنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن. ھازىر ئىسپاتلانغان مەلۇمات شۇكى، ئاشۇ كان، قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىكى تاش كۆمۈردىن ئاشۇ تاشنىڭ قاتلاملىرىدىن ئىچكى قەۋىتىدىن دەرەخ دانچىلىرى ياكى تاشقا ئايلانغان ئۆسۈملۈك، دانلار چىققان، بۇ بىر مىسال بولماستىن ئەمەلىيەت ئىكەن، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى.

ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر بەرگۈچى دېگەن، يەنىلا نىفىت، كۆمۈر ھەرخىل ئېنېرگىيە يېقىلغۇ، نۇر زەررىچىسىگە ئىشارەتتۇر. ۋە ماتەھتەسارا دېگەن يەنىلا يەر ئاستىدىكى ئاشۇ بايلىقنى تىلغا ئالغان، بۇ توغرىسىدا ئايەت، ھەدىسلەر بەكمۇ كۆپ، ئەمما، ئۇ چاغدا ئىلىم ـ پەن بولمىغاچقا ئايەتنى ھەرخىل تەپسىر قىلىپ باققان، ئاخىرى نۇرغۇن ئايەتنىڭ سىرى ئاشكارا بولدى، شۇڭا، ئالىملار ھازىر قۇرئاننىڭ يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان يېڭىدىن بايقالغان يېڭى مەنىسىنى تەپسىر قىلىپ، مۆجىزە ئىزدىمەكتە. نۇرغۇن پەيلاسوفلار ئىسلامغا كىردى.

ئەلۋەتتە، بۇ نۇر ئۈستىگە نۇر بولغىنى، ئىلاھىم ئەڭ مۇھىم رىزىق، كۆمۈردىن ھازىر بىز ئىسسىنىپلا قالماي، توك چىقىرىمىز، پويىز قاتناش ئىشلىرى، پار ئارقىلىق ئىسسىنىش، نۇرغۇن ئاشخانا، پولات تاۋلاش، تۆمۈرچى ھەتتا ناۋايلارمۇ تونۇرنى كۆمۈردە قىزىتىۋاتىدۇ، كاۋابچى، كاۋابنى كۆمۈردە پىشۇرۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن كان ئىشچىلىرى، تىجارەتچىلەر ھەتتا پۈتۈن دۆلەت بۇ بايلىقدىن زور دەرىجىدە پايدىلاندى، ئەمما، ئىنسانلار تولىمۇ كۇپرىلىق قىلغۇچى، شۈكرىسى يوق مەخلۇق.

ئاشۇ قۇرۇقلۇق قىتئەسىدە نۇرغۇن بايلىقلار بار، شۇڭا، ئاللاھ، **قىتئومموتەجاۋىرات** دېگەن،تەرجىمىسى **بىر بىرگە يېقىن قىتئەلەر** بۇ ئايەتتە، پۈتۈن قۇرۇقلۇقنى قېزىپ تەكشۈرۈش كۆرسىتىلگەن يەنە، ئاللاھ، نۇرغۇن ئايەتتىمۇ يەر ئاستى بايلىقنى تىلغا ئالغان، زىلزال سۈرىسىدە، زېمىن ئىچىدىكى نەرسىنى چىقارغان چاغدا دېگەن. ئۇندىن باشقا بۇنداق ئايەتلەر تولا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنى بىلمەي ھەرخىل سۆزلەرنى قىلىپ،

قۇرئاننىڭ سىرىنى خۇنۇكلەشتۇرگەن، مۆجىزىنى يوقاتقىلى تاس قالغان، مېھرىبان ئاللاھ، قۇرئاننىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى مەڭگۇ ساقلاشقا ۋەدە قىلغان، بۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، بىزگە چوڭ نېمەتتۇر، ئۇنداقتا بىز قاراپ باقايلى، يەنە نېملەر بار. كىرىستال تاش، گۆھەر تاش، قاشتېشى، گۆھەر، ياقۇت، ئالماسلار ھەممىسى **110** خىل ئېلېمېنت، ماددىدىن ھاسىل بولىدۇ، قۇياش ئاساسىي سەۋەبچى بولىدۇ. ھەممىنى ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ، ئىنسانلار زېمىنغا يارىلىشىدىن بۇرۇنلا كەلگۈسىدە ئىنسانلار بۇ زېمىنغا يارالغاندىن كېيىن بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى پايدىلىنىدۇ، نېمىتىمنى تونۇپ قۇدرىتىمنى بىلىپ شۈكرى قىلىدۇ، قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ئارقىلىق نۇرغۇن پەيلاسوفلارنى دىنغا چاقىرىدۇ دەپ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان، ئاللاھ، نېمە دېگەن كۆيۈمچان ھە! بۇ ئىشلارنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلساق، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، ھېكمەت بىلەن ئالدىن تەدبىر قىلىپ، تۇرۇشىغا دەلىل چىقىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ جانسىز، ئەقىلسىز، تەبىئەت، كۆمۈر قانداق بولۇپ، ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىپ قالدى، قانداق بولۇپ ئالدىن تەييارلانغان؟ نېمە ئۈچۈن بۇرۇن ئاشكارا بولمىدى؟ ئۇلارمۇ ئەقىللىقتىغۇ؟ پۈتۈن ماددا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئالدىن تەييارلانغان بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان، ئاللاھ، بۇنى بىر ئايەتتە، ئاسمانلارنى، زېمىننى، قۇياش نۇرىنى، ئاينى ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى دېگەن. بۇنداق ئايەتلەر قۇرئاندا پۈتۈن جايدا بار، بۇلار ھەممىسى ھادىسە بولۇپ، بۇنى چوقۇم پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ بار، شۇنداقلا بۇلارنى ھېكمەت بىلەن پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا بىكاردىن بىرەر نەرسە يارىلىپ قالغان ئەمەس، پۈتۈن مەخلۇقنىڭ بىر ھېكمىتى بار. بۇلار ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇنداقلا بويسۇندۇرۇلغانغا ئاسىيلىق يوق، ھەممىسى پەقەت ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ، ئىشلارنى ئاللاھ باشقۇرىدۇ.

بىز ئەينەككە قاراپ باقايلى، مەن دېمەكچى، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە ئەسلى نۇسقىسىغا، تارىخقا، ئەينەك مىلادىدىن **3000** يىل بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەن، بۇ تارىخنى ئابدۇلئەزىز ئەھمەد ئەپەندى ئىسپاتلىغان. رەسۇلۇللاھمۇ مۆئمىن مۆئمىننىڭ ئەينىكى دېگەن. شۇڭا، بىز ھۆكۈم قىلالايمىزكى، ئەينەك بۇرۇنلا مەۋجۇد، بۇ مەخلۇقمۇ ئاللاھ قۇدرىتىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ. ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمىزنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، نۇرغۇن يېڭى پەن، ئىلىم ئىشلىرىدا ئەينەك چوڭ رول ئوينىدى، مەسىلەن: دۇربۇن، مىكروسكوپ، تېلېسكوپ، سۇنئىي ھەمراھ، رادار، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، سۈرەتلىك تېلېفون قاتارلىقلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بولۇپمۇ ئېكرانغا ئەينەك بولمىسا، زادى بولمايدۇ، بۇ رىزىق، ھازىر پۈتۈن قۇرۇلۇش، قاتناش ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى، مانا بۇمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن، ئالدىن تەييارلانغان، ئالاھىدە سوۋغا، ھەدىيەدۇر، بۇنى كىم تەييارلاپ قويغان، ھازىرمۇ، كىم ھاسىل قىلىۋاتىدۇ، ماددىزىمچىلار قۇياش قۇم دەيدۇ. بىزچۇ، ئاللاھ قىلدى دەيمىز، چۈنكى، ئاللاھ، ئاشۇ قۇياش ۋە قۇمنىمۇ يارىتىپ باشقۇرۇۋاتىدۇ، خالىسا قۇمدا پۈتۈن خەلقنى ھالاك قىلىدۇ، ئىنسانلار دائىم ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن تەھدىدى ئارىسىدا تۇرىدۇ.

ئەينەكنىڭ ئاساسى ماددىسى قۇم جەيىر، تاباشىر، سودا، خلور، كالىدۇر، بۇلارنى يۇقىر گرادۇسلۇق ئوتتا ئېرىتىپ خېمىردەك قىلىپ ئاندىن يېپىپ ئىشلەيدۇ، بۇ ئىلىممۇ يىلدىن يىلغا تەرەققىي قىلماقتا، ئەينەك ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق بولىدۇ. رىزىق دېگەن، ئاشلىقلا ئەمەس، بەلكى، پۈتۈن پايدىلىق نەرسە، قىممەتلىك بايلىقلار رىزىق بولىدۇ، ھەممىدىن ھالاللىرىدىن ھېساب ئالىدۇ، ھاراملىرىغا ئازاب، مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاي شارىمۇ ئۆزىدىكى ئەينەك ماددىسى ئارقىلىق قۇم ئارقىلىق بىزگە نۇر قايتۇرىدىكەن. ھەقىقەتەن ئەينەك ماددىسىنى ئەينەكنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىنى، تەرەققىياتىنى ھەممىنى بىز ئىنسانلارغا ئالدىن تەييارلاپ قويغان، ئاللاھقا سانسىز شۈكرى، ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىمەن. مەن ئاشۇ ئەينەكنى ئۆزۈمگە تۈتۈپ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىمنى بايقاپ ئۆزۈمنى تۈزىتىمەن، ئىلغار ئۈسكۈنىلىك ئەينەكنى ئىستېمال قىلىپ، چوقۇم ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆزىتىمەن، ئىنشائاللاھ، ئاللاھ، مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەي، ئامىن!

ئاللاھ پۈتۈن شەيئىنى جۈپ ياراتقانلىقىنى دېگەن، ھەتتا، ئىنسانلار كۆزىمۇ جۈپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆرۈشمۇ جۈپ، يىراق ـ يېقىننى كۆرۈش، كۈچلۈك ـ ئاجىز كۆرۈش، بەزىلەر يىراقدىن ئېنىق كۆرۈش، بەزىلەر يېقىندىن ئېنىق كۆرۈش، چوڭ نەرسىلەرنى كۆرۈش، كىچىك شەيئىلەرنى كۆرۈش بۇلارنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ئاشۇ ئەينەكنىمۇ ئەركەك چىشى قىلىپ بىر جۈپ ياراتقان، نۇرنى يىغىدىغان ۋە تارقىتىدىغان قىلىپ مىكروسكوپ، تېلېسكوپدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپنى ئىنسانلارغا يارىتىپ بەرگەن. چۈنكى، ئىنسانلار بۇ ئىككى

نەرسىگە، بۇ بىر جۈپ ئىلغار سايمانغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇنى ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ، بۇلارنىڭ ماددىسىنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان، ھەم بۇنىڭ ئىلمىنى ئىنسانلارغا ئىلھام قىلدى، پۈتۈن كائىنات بۇنى تەقەززا قىلاتتى، ئاللاھ نېمە دېگەن بۈيۈك ھە! بىز ھازىر نەزەرىيەدىكى ئەينەك ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، بىز ھەقىقىي مىكرۇسكوپ، تېلېسكوپ ئالدىدا قانداق بولۇپ كېتەرمىز، چوقۇم ھاياتلا بولساق، قۇدرەتتىن ھەيران قېلىپ، بىلىمدىن لەززەت ئېلىپ، سانسىز ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز.

قۇياش نۇرى ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن 96 ـ بەتتە سۈرىتى بار. قۇياش نۇرى زېمىنغا سەككىز مىنۇت 18 سېكۇنتتا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئارىلىق 150 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ نۇردا يەتتە خىل رەڭ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن زېمىن رەڭگارەڭ دۇنياغا ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىلمى دەلىلى ھەسەن ـ ھۈسەن، بۇ ھەسەن ـ ھۈسەن قوشماق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان، يەرشارى يۇمىلاق ئۇنى ئوراپ تۇرغان بۇلۇتلار، يۇمىلاق شۇڭا، كۈندۈزى قايتۇرغان بۇلۇت سۈيى ياكى بۇلۇتتىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر، گۈمبەز شەكىللىك ھەسەن ـ ھۈسەننى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ كۈن، ئاي، زېمىن ھەممىسىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۈن نۇرى بۇلۇتتا، يامغۇردا سۇنۇش ئارقىلىق بىزگە يەتتە رەڭدە كۆرۈنىدۇ، بۇ ئەھۋال بەزىدە ئايدىمۇ كۆرۈلىدۇ، ئايمۇ ئەينەك، بىزگە كۈن نۇرىنى قايتۇرغاچقا يەتتە خىل رەڭ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئاي تولغان، يەنى بىر خىل يۇمىلاق ئايلانما چەمبەر ھاسىل قىلىپ نۇر چىقارغاندا، يۈز بېرىدۇ، بۇ ئۇنىڭدىن قۇياش نۇرى يەتتە خىل نۇر سۇنىدۇ، ئەكسىچە قايتىدۇ، يەر شارى يۇمىلاق بولۇتمۇ شۇنداق دېگەن، خۇلاسىلەر چىقىپ تۇرىدۇ.

خېمىيە، فىزىكا ئىلىملىرىدا بۇ يەتتە خىل رەڭ تونۇشتۇرۇلىدۇ، ھەرخىل تەجرىبىلىرى سۆزلىنىدۇ، بەزى ئالىملار قۇياش نۇرى ئارقىلىق زېمىندىكى بەزى ئېلېمېنت ماددىلارنىڭ نۇرى، نۇر سىزىقى ئوخشاش بولغاچقا ۋە نۇرغۇن ئېلېمېنت ماددىلار بىردەك ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، زېمىن قۇياشتىن ئايرىلغان دېگەن، بۇ خىل كۆز ـ قاراشنى تەپسىر مۇنىيرمۇ سۆزلىگەن، ھەم قوشۇلغان. ھازىر نۇرغۇنلىغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەر ئىجاد قىلىندى، ئەمەلىي سىناقنى، تەجرىبىنى ئىشلىگىلى بولىدۇ، شەك، گۇمان، زادى مەۋجۇت ئەمەس، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە 100 مىڭ ھەسسە چوڭايتقۇچى مىكرۇسكوپلار، (ھازىر مىليون، مىليارت ھەسسە چوڭايتىدۇ) ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تېلېسكوپلار، ئۇندىن باشقا سېپېكتروسكوپ، سۇنئىي رادار، سۇنئىي ھەمراھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئاپاراتتا سۈرەتكە ئېلىپ سانىنى بىكىتكىلى بولىدۇ. ئالەم بوشلۇقىنى سۈرەتكە ئېلىپ، ئاسمان ئىشلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئىلىم، ئىرادە، بەدەل تۆلەش كېرەك. ھېچ بىر كىشى بىكار يېتىپ نەتىجە قازانغان ئەمەس، بەدەل تۆلەپ تىرىشقانلار نەتىجىدىن قۇرۇق قالغان ئەمەس.

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى چۆللۈك، قۇملۇقتىكى كۆيۈك، قاقاس تاغلارغا تاشلايلى، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئۇنداقتا، بۇ چۆللەردە گىيا ئۈنمىسە، ئۆسۈملۈك، دەرەخ بولمىسا، ياكى مۇز تاغ، بۇلاقلار بولمىسا بۇلارنىڭ زادى نېمە ھېكمىتى بار؟

بىرىنچىدىن بۇ چۆللۈك بۇ تاغ، قۇم دۆۋىللىرى يەر شارى تەڭپۇڭنى ساقلايدۇ، تارتىش كۈچىنى ساقلايدۇ، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ۋە ئوربىتىدا بىر خىل ئىنتىزام بىلەن ئايلىنىشقا زور ھېكمىتى بار.

ئىككىنچىدىن، بۇ ھارارەت، ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئىسسىق ھاۋا ئىقمى، سوغۇق ھاۋا ئىقمى بىلەن شامال بۇلۇتنىڭ يامغۇرنىڭ ئاساسى بولىدۇ. نۇرغۇن تۈرك مەنبەسىنىڭ ئاساسى ھاۋا ساپلاشتۇرۇش، ئۆسۈملۈك چاڭلاشتۇرۇشقا زۆرۈر رولى بار.

ئۈچىنچىدىن، بۇ چۆللۈك ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ، ھاۋالار ئالمىشىدۇ، نەملىكنى يوقىتىدۇ، بۇ ھاۋا ساپلاشمىسا نەملىك قۇرىمىسا يەنىلا ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ.

تۆتىنچىدىن، بۇ چۆللەردە، يايلاقلار بار، نۇرغۇن دورا ئۆسۈملۈك، يەنە تېخى ئالتۇن ھاسىل بولىدۇ، تۇز ھاسىل بولىدۇ، نۇرغۇن بايلىقلار بار. (قۇم دۆۋىسى)

بەشىنچىدىن، بۇ قۇملۇقلاردا بۇ سايلىقلاردا جەڭ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر جەڭ شەھەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلسا، زور ئاپەت بار، شۇنداقلا مانۋېر ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەڭ ئىلغار يادرو قوراللىرى سىنىلىدۇ، ئۇندىن

باشقا بۇ قۇملار ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولۇپ، خالىسا بىرەر دۆلەتنى قۇملۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ۋە ياكى بىرەر يۇرتنى قۇم ئاپىتى بىلەن ھالاك قىلىدۇ. بۇ چۆللەر بىزگە ياخشى ئىبرەت بولۇپ، باغلارغا، يۇرت ماكانغا، دەريا ـ ئۆستەڭ، بۇلاقلارغا شۈكرى قىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىزدىگەندىن كېيىن تېپىلغان نەرسىلەر لەززەتلىك بولغاندەك، بۇ چۆللەردە تۇز، زەي ماددىلار ھاسىل بولىدۇ، بۇلارنى سۇلار، يامغۇر، دېڭىزغا توشۇيدۇ، شۇ ئارقىلىق دېڭىز سۈيى بىر خىل ھالەتتە ساقلىنىدۇ. بەزى ئىلغار قورال زاۋۇتنى بىخەتەرلىكنى كۆزلەپ بۇ چۆللەگە ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. بەزىلەر بۇ جايغا يوشۇرنىدۇ. ئۇندىن باشقا، نۇرغۇن ھېكمەتلەر بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن: قۇياش نۇرىنى تارتىپ نېفىت ھاسىل قىلغاندەك، ئاللاھ، ھەقىقەتەن ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر. شىپاسى بار، جەننەتنى ئەسلىتىدۇ.

سۈرە رەئدە، ﴿**ئۇ ئۆسۈملۈكلەر بىر خىل سۇدىن سۇغۇرلىدۇ، ئۇندىن باشقا ماددىسى بىر، تۈپرىقى بىر، ئوزۇقى بىر، ئەمما، ئۇنىڭ رەڭگىنى، تېمىنى بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن قىلىمىز**﴾ ھەقىقەتەن شۇنداق، ھەممىسى كېلىش مەنبەسى بىر بولسىمۇ، رەڭگى، تەمى ئوخشىمايدۇ، يەنە تېخى، بىرسى قوناق، بىرسى بۇغداي، بىرسى پاختا، بىرسى مۇە، بىرسى قوغۇن ـ تاۋۇز، بىرسى ئۈرۈك، ئالما، بىرسى شىپالىق، بىرسى زەھەر، بىرسى ھايۋاندەك، بىرسى ئۆسۈملۈكتەك تۇرىدۇ. ئەمما، ھاۋاسى، سۈيى، تۇپرىقى، ماددىسى، ئوزۇقى بىر. يەنە تېخى، بۇلارنى يىگەن ھەرقايسى ئىستېمالچىلار ئۆز ئالدىغا ماددا ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ھەسەل ھەرىسى ھەسەل چىقىرىدۇ، پىلە قۇرتى، رەخت، يىپ، كالا ـ قويلار سۈت چىقىرىدۇ، ئوخشاشمايدىغان تېپى، ئىنسانلار مۇشۇنداق، قان، ماي، پەي، چاچ، تىرناق، يەتتە خىل ھۆجەيرە، تەر، ياش، بەلغەم قاتارلىقلار بۇ يەردە بىر ئالاھىدە پىلانلىغۇچى، ھېكمەتلىك زات بار. ھەر قايسىسىنىڭ تارىخى ئايرىلىقىدىكى مۇددەت بەكمۇ ئۇزۇن، ئەمما، بۇ ئۈچ ھاياتلىق بىر ـ بىرىگە ماس، مۇناسىپتۇر، بۇنى كىم ئالدىن بىلىپ پىلانلىغان؟ كىم كەلگۈسىنى بىلىپ ھېكمەت بىلەن كۆيۈنۈپ، رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر خىل ئىنتىزامدا باشقۇرغان؟ ئاللاھ!

ئۆسۈملۈكلەر ئوزۇق جەھەتتىن ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

بىرىنچىسى، ھەرخىل ماددا، سۇ، ھاۋا قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ ھەممىمىزگە مەلۇم، كۆز ئالدىمىزدا بار.

ئىككىنچىسى، بۇ خىلى، ئۆسۈملۈك تېنىدىن ئوزۇق ئالىدۇ، يىلتىزى يوق، يىلتىزسىز باشقا ئۆسۈملۈككە تايىنىپ جان باقىدۇ، خۇددى بەزى ئۆسۈملۈكنى باشقا بىر خىلغا ئۇلاپ قويغاندەك.

ئۈچىنچىسى، بۇ مەخسۇس ھايۋانلارنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئەمما، بۇ ئۈچىلىسى ئاللاھ تىلغا ئالغاندەك بىر خىل سۇدىنلا سۇغۇرلىدۇ، ئۈچىلىسىگە سۇ لازىم، شۇڭا، ئاللاھ، سۇنى تىلغا ئالغان، ئوزۇقى ھەرخىل بولىدۇ، بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇنىڭ چېچەكلىرى ئاۋغۇست ئايلىرى چېچەكلەيدۇ، يوپۇرماقلىرى يۇمىلاق كېلىدۇ. يوپۇرماق يۈزىدە ئۇششاق تۈكچىلەر بولىدۇ، بۇنىڭدا بىر خىل سۈيۇقلۇق ماددا بار، مانا بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ سەزگۈ ئەزاسى ۋە قورالى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە چىۋىنگە ئوخشاش ھاشارەت چۈشسە، تۈكچىلەر ئارقىلىق سىزىپ قولاق دەرھال يېپىلىدۇ، قۇلاقتا، تىكەن بولۇپ، ئۇۋنى زادى قاچۇرمايدۇ، قۇلاقلىرىنىڭ گىرەچىسى بولىدۇ، يېپىلىش مۇددىتى ئۇۋغا قاراپ ئۇزۇن قىسقا بولىدۇ، ئوۋ كىچىك بولسا، ئۇزۇنغا قالماي يەنە ئېچىلىدۇ. باشقا بىرەر گۆشسىز ئوۋ چۈشسە پەرۋا قىلماي تۇرىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈك پەقەت ھاشارەتلەرنىلا ئوزۇق قىلىدۇ. يىلتىزى پەقەت ئۇسسا سۇ سۈمۈرىدۇ، شۇنداقلا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇۋنى تۇتقاندىن كېيىن ئاشۇ سۈيۇقلۇق كۆپۈيۈپ بۇ ئۇۋنى دەرھال ھەزىم قىلىشقا باشلايدۇ **(گۆشخور ئۆسۈملۈك)**، كېرەكسىز زاپاس نەرسىلەرنى ئىنسان، ھايۋان تەرەت قىلغاندەك، چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئوۋ كىچىك بولسا، بىر نەچچە سائەت ئوتتۇرىھال بولسا، بىرنەچچە كۈن، چوڭ بولسا، بىر ئايغىچە قۇلاق ئېچىلمايدۇ، ئاشۇ ئوزۇقنى سۈمۈرىدۇ، ئاللاھ، نېمە دېگەن ياخشى رەززاق ھە!

جىم تۇرغان ئۆسۈملۈككە ئۇچۇۋاتقان ھاشارەتنى ئوزۇق قىلىپ بېرىدۇ، بۇ ھاشارەتلەر، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۆشلۈك غىزاسى بولۇپ بېرىدۇ، ئۇ بولسا خاتىرجەم ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ، شۈكرى قىلىدۇ، ئوزۇقى تۈگىسە چىداپ سەۋر قىلىپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، قۇلاق يوپۇرماقلىرىنى ئېچىپ تۇرىدۇ، نەپسى ياماندىن يەنە

بىرسى تورغا چۈشىدۇ. ئالىملار يىگىلى بولىدىغانلا گۆش ۋە باشقا تائاملاردا سىناق قىلسا، ئوخشاشلا رولىنى جارى قىلدۇرغان، تاش ئەينەكتەك ئوزۇق ئەمەس نەرسىگە قىمىرلىماي جىم تۇرغان. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ئۆسۈملۈك ئاشۇ سۈيۈقلۇق ماددىنى ئىنسانلاردەك شۆلگەيگە ئوخشاش چىقىرىدىكەن، بۇنىڭمۇ ھەزىم قىلىش چارىسى بار ئىكەن. سۆڭەك، چاچ، قاتارلىق زاپاس قىسمىنى چىقىرىۋېتىدىكەن، قۇلاق، مۇڭگۈزدە تۈكچىلىرىدە بىر خىل ئالاھىدە سېزىش بولۇپ، دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدىكەن، ھەرىكەت قىلالايدىكەن، بۇ ھەرىكەتلەرنى ئالىملار گۆش پارچىسىنى قويۇش ئارقىلىق قايتا ـ قايتا كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك تەجرىبە قىلغان، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئوزۇققا قارىتا بولغان، خۇددى ئاشقازاندا تائاملار ئىگىز ـ پەس ھەزىم بولغانغا ئوخشاش، قېرى، پىشىپ كەتكەن ھاشارەتلەرنى ئۆزۈندا ھەزىم قىلغان، ياش پاقلانلارنى ئاسانلا ھەزىم قىلغان، بۇ ئەمەلىيەت **102** ـ **103** ـ **104** ـ بەتلەردە ئۈۋچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈرىتى كۆرسىتىلگەن.

بۇنداق ئۆسۈملۈك **100** تۈردىن ئاشىدىكەن، كىردولىنا شەھىرىنىڭ شىمالىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەتتا بەزىسى چوڭ ـ چوڭ ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ، قىزىقتۇرىدىغان كۆرۈنۈشى بار، پۇرىقى بار، جامالى بار، ھىيلە بىلەن ئوۋنى تۇتۇپ يەپ ئىبادەت قىلىدۇ، بۇلارمۇ يەنىلا ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، زىيانلىق ھاشارەتنى يوقىتىدۇ.

بىز بۇنىڭدىن، ئاللاھنىڭ خالىغىنىنى قىلالايدىغانلىقىنى، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ھەممە، ئاللاھنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ھەم رەززاقكەن دەپ ئېتىقاد قىلدۇق، شۇنداقلا يەنە قۇرئاندىكى بىر خىل سۆ دېگەننى، ئەمما، بىر خىل ئوزۇق دىگىنىنى چۈشەندۇق، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، بۇلارمۇ «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلەنگەندۇر، ھەربىر ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ چېكىسى، مېڭىسى، ئەقلى ئىقتىدارى، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئويلىغان جايدىن ئويلىمىغان ئوزۇقنى ئويلىغان مەخلۇققا بېرىدۇ، بىز شۇنى بىلدۇقكى، بىزگە ھارام قىلىنغان جانلىقلار بىزگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىنكەن، تېخىمۇ مۆجىزىلىكى، قىزىقارلىقى شۇكى، قۇرئان كىتاب بۇنداق ئىلمى ھەقىقەتلەرنى سىرلىق ئىشلارنى ئەڭ توغرا بولسا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى، رەھمىتى، رەززاق ئىكەنلىكى، ئىنسانلار بىلىۋالسۇن ئۈچۈن، رىزىقدىن غەم قىلغان كىشى رەززاققا ئىشەنمىگەن بولىدۇ، قولدىن كېلىشىچە ئامال قىلىپ، قويۇپ ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى لازىم.

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر، كائىنات

بۇ ئالامەتنى تېخىمۇ رۇشەن قىلىدۇ، تەرەققىيات

بىڭىسىڭ بولسا، ئىلىم ـ پەندە كۈچ تېپىپ

سەنمۇ ئالەم بوشلۇقىدىكى پەلەكتە يات

سۈنئىي ھەمراھ رادارىدا نىشانلاپ

راكىتانى دۈشمەنلەرگە سەنمۇ ئات

پەيلاسوفتەك يەر ئاستى بايلىقىنى پىلانلاپ

تۈگمەس ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سەنمۇ سات

قايىل بولمىساڭ سۆزۈمگە ھەقىقەتنى بۇرملاپ

خۇراپىيلىق زىندانىڭدا مەڭگۈ يات

يېتىۋەرسەڭ نىجاسەتكە بۇلغۇنۇپ پالاقلاپ

قەيەردە بار سېنى قۇتقۇزىدىغان كۈچلۈك بىر قانات

ئالمىساڭ ئۆتمۈشۈڭدىن ئاچچىق بىر ساۋاق

يوقتۇر ساڭا ئاخىرەتتىمۇ كاتتا بىر ساۋاب،

ھېكمەتنى تېپىشىڭ ئۈچۈن قىلغىنسەن تاۋاب
مېڭىۋەرگىن يولۇڭغا قانچىق ئىت قالدۇ قاۋاپ
گەرچە بولسىمۇ يۈرىكىڭ كۆيۈپ بۇ يولدا كاۋاب
ئارام تاپىدۇ بۇنداق قەلب ئاخىرەتتە ئاللاھقا قاراپ
ئاھ! بۇ نېمە دېگەن ياخشى ساۋاب

# سۈرە مائىدەنىڭ ئاخىرسى

﴿وكل شيئ عنده بمقدار﴾ ھەر نەرسە، ئاللاھنىڭ نەزلىدە ئۆلچەملىكتۇر. ئاللاھ غەيبىنى ۋە ھازىرنى بىلىدۇ، ئۇ ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ئۈستۈندۇر. يەنى ئاللاھدىن پۈتۈن مەخلۇق، كىچىك يوقىلاڭ نەرسىدۇر، ھەممە، پەستۇر، تۆۋەندۇر، ئاللاھ چەكسىزدۇر، ئۇنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھنى ئەقىل دائىرە چېگراغا ئالالمايدۇ، ئاللاھنىڭ زاتى توغرىسىدا ھېچبىر مەلۇمات يوق، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇ نۇر، ئۇ بۈيۈك، ئۇ ئۈستۈن، ئۇ ھەممە جايدا بار، پەردە، بەندىلەرگە نىسبەتەن مەۋجۇت ئاللاھنى ھېچبىر پەردە توسالمايدۇ، ئۇ ئەرشى ئۈستىدە ۋە ئەڭ پەس چوڭقۇر جايدا باراۋەر دائىم بار، ئۇ غايىپ بولۇپ، كېتىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ كېلىشى ھاجەتسىز، كەلسىمۇ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىۋېرىدۇ، بىللە تۇرۇپ كېلىدۇ، ئۇ قادىر، چۈنكى، ئۇ بىللە، يەتتە زېمىن، يەتتە ئاسمان، 70 نۇر پەردە، ئەرش كۇرسى ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئالقىنىدا، زەررىگە ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى، بۇ مەخلۇقلار يوقتى، ئاللاھ كۈن دەپلا ياراتتى، ئاللاھ چەكسىز، مەخلۇقلار چەكلىك بولغاچقا، پۈتۈن كائىنات ئاللاھنىڭ ئالدىدا يوقاپ كېتىدۇ، ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇ ئەزىلدۇر.

بۇنداق ئايەتلەر قۇرئاندا كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: پۈتۈن شەيئى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆلچەملىكتۇر، بىز پۈتۈن شەيئىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق دېگەن ئايەت، پۈتۈن شەيئىنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ قولىمىزدا، بىز يامغۇرنىمۇ ئۆلچەملىك چۈشۈرىمىز. ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابىنى ناھايىتى تېز ئالغۇچى، پۈتۈن نەرسىنى بىز «لەۋھۇلمەھپۇز»غا خاتىرلەپ قويدۇق، ھەممىسى ئايەت، بۇلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، قۇدرىتى، ھېكمىتى، رەھمىتى، ئادىللىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بىز مۇشۇ ئايەتلەرنى چۆرىدەپ پۈتۈن شەيئىنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە مىقدارىنى، كېلىش جايى، ۋاقتى، ئورنى، رەڭگى، شەكلى، پۇرىقى، مۇددىتى، كېتىش، يوقىلىش ۋاقتى، يەنە قايتا ھاسىل بولۇش ۋاقتىغىچە تەتقىق قىلىمىز. شۇ ئارقىلىق بىز نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىگە بولۇپ، قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىمىز، يامان گۇمانىمىزنى يوقىتىپ، ئاللاھقا ياخشى گۇمان قىلىپ، ئەمەلنى ياخشى قىلىمىز، ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھقا ئاجىزلىقىمىزنى، بىچارىلىقىمىزنى، ھال ئېيتىپ، ئىسمى ئەزەمنى ئىزدەپ دۇئايىمىزنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىنى كۈتىمىز، ئىنشائاللاھ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ياردىمىدە غەلىبە قىلىمىز. ئاشۇ پۈتكۈل مەخلۇقلارنى قورشاپ تۇرغان 70 نۇر پەردىمۇ ئۆلچەملىك، ئەمما، بۇنىڭ ئارىلىقىنى، مىقدارىنى، قېلىنلىقىنى، رەڭگىنى، ماھىيىتىنى ئاللاھلا بىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بىزگە مەلۇمات يوق، ئەرشى كۇرسىمۇ شۇنداق، يەتتە ئاسمانمۇ شۇنداق بۇلارنىڭ چېگرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئىنسانلار، جىنلار، بۇنىڭدىن ئاجىزدۇر. بۇلارنىڭ بىلىش چېكى ئاشۇ جايدا ئەلۋەتتە، چەكلىك مەخلۇقنىڭ بىلىمىمۇ چەكلىك، ئالىملار شۇنى بىلدىكى بەزى يۇلتۇزلار تۇركۇمىگە 100 مىليون نۇر يىلى ئۇچسا ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ دېگەن. يەنى نۇر تېزلىكىدە سېكۇنتىغا 300 مىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە 100 مىليون يىل ئۇچسا ئاندىن بارغىلى بولىدۇ. مانا بۇ دۇنيا ئاسمىنىنىڭ كەڭرىلىكى، كۇرسى ئەرش، ھېلىقى 70 نۇر پەردە قانچىلىك بولار ھە!

ئاھ، يائاللاھ، بۇ نېمىدېگەن كاتتا پادىشاھلىق، ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكى، خالىسا يوق قىلىۋېتىپ، مانا باشقا مەخلۇق يارىتالايدۇ، ئەمما بۇ كەڭرىلىك بىزگە نىسبەتەن شۇنداق، ئەمما، ئاللاھقا نىسبەتەن ئاللاھ ئالدىدا زەررىگە ئەرزىمەيدۇ، يوقاپ كېتىدۇ، ئەسلىمۇ يوقتى، ئاللاھ پەيدا قىلدى، ھادىسىنى پەيدا قىلغۇچى بىر ئاللاھدۇر.

بىز يۇقىرىدا دېگەن ئاشۇ مەخلۇقلارمۇ ئۆلچەملىكتۇر، ئۇلار خالىغانچە قالايمىقان يارالغان ئەمەس، ھەربىرى سامان يولىدەك يۇلتۇزلار تۈركۈمى ۋە قۇياش سىستېمىسىدەك سىستېمىلار ھەممىسى ئۆلچەملىك، ئۇلارنىڭ كېلىش ۋاقتى ئورنى جايى ئايلىنىش ئوربېتىسى، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى يەنە يوقىلىشى قايتا ھاسىل بولۇشىغىچە ئۆلچەملىك، ئاتموسفېرادا ھاۋا، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، قار، مېتئورىت تاش، يۇلتۇز، زېمىن، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈك، پۈتۈن كائىنات ھەتتا دوزاخ، جەننەتكىچە ئۆلچەملىك، ئۇلارنىڭ مىقدارى، ئۆلچىمى، شەكلى، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئۆزى خالىغانچە باشقۇرىدۇ، ئىگە

بولىدۇ. ھەممىنىڭ ھېكمىتى بار، تاساددىپىيلىق يوق، ئۆزلىكىدىن دېگەن جاۋابتىن ئاللاھ دېگەن جاۋاب ئەۋزەل، سەۋەبسىزدىن سەۋەبلىك كۈچلۈك بولىدۇ، تەدبىر بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرۈش، تاساددىپىي دېگەندىن ياخشى، ئاشۇ ماددا، شەكىل، ھەرىكەتنى ياراتقۇچى، سۈرەت شەكىللەندۈرگۈچى، ھەرىكەتكە تەسىرى بەرگۈچى، روھ، جاننى ھاياتلىقنى بەرگۈچى ئەلۋەتتە بىر ئاللاھدۇر، ئاللاھ، ئاللاھ، ئاللاھ...!!!

بىز ئەمدى تەپسىلىي توختىلىپ باقايلى، ئالدى بىلەن بىز ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئۆزىمىزگە يەنى ئىنسانلارغا قاراپ باقايلى، ئىنسان، بۇنىڭ پەيدا بولۇشى، ۋاقتى، ئورنى، قارارگاھى، ئۆلچەملىك، ئوزۇقى ئۆلچەملىك، ئۇ، ئانا رەھمى ئىچىدە پەيدا بولغاندىن باشلاپ يوقالغىچە ھەممىسى ئۆلچەملىك، مىقدار بار. كېلىش ـ كېتىش، يەنە كېلىش ھەممىگە ۋاقتى ئۆلچەملىك، ئورنى ئۆلچەملىك، ئۇنىڭ جىسمى باش، پۇت، باش سۆڭىكى ئالتە پارچە بولۇشى، ھەرە چىش بولۇشى، ئىككى كۆز، ئىككى قاش، قاپاق، مەڭزى، بۇرنى، ئېغىزى، ئىڭىكى، مۇرىسى، قولى، گىلى، تىلى، لېۋى، چىشى، كۆكرىكى، قورسىقى، پۇتىغىچە ھەتتا، بارماق ئىزىغىچە ئۆلچەملىكتۇر. ئەگەر سەللا ئىگىز ـ پەس بولسا، مېيىپ ھېسابلىنىدۇ، سەت بولۇپ قالىدۇ، نورمالسىز بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈرىتى، چىراي شەكلى، بارماق ئىزى، ھەممىسى ئۆلچەملىك، بۇ سۈرەت شەكىللەرنى ئاللاھ بەرگەچكە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، بولغاچقا، بۇ نۇسخا بۇ رەڭگارەڭ سۈرەتلەر تۈگەپ كەتمەيدۇ، پەقەت، ئاللاھ ئۆزى تۈگەتسە ئاخىرلاشتۇرسا، بۇ مۇستەسنا، ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، سورالقا تارتىلمايدۇ.

ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەرمۇ بۇلارنىڭ ئەزاسى ۋە شاخ، غوللىرىمۇ ئۆلچەملىك بولىدۇ، كام، زىيادە يوق، بۇلاردىكى ئۆلچەم، پۈتۈن يەرشارىنى تەكشۈك ھالەتتە ساقلايدۇ، ئەگەر بىرەر ھايۋان تۈرى كۆپىيىپ كەتسە دەرھال بۇنى تېزگىنلىمىسە ئاپەت بولىدۇ، مەسىلەن، چېكەتكە ئاپىتى، ئىت ئاپىتى، چاشقان ئاپىتى، يىلان ئاپىتى قاتارلىقلار. مانا بۇلارنىڭ ھېسابىنى ئاللاھ تېز چىقىرىپ تۇرىدۇ، بىر خىل پۇختا ئىنتىزامنى، قانۇننى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئاشۇ قۇرۇقلۇق، تاغ، قۇم، يايلاق، ھەممىسىنىڭ ئۆلچىمى بار، ھېسابى بار، مىقدارى بار، تاساددىپىيلىق يوق، مەسىلەن: يانار تاغ كۆپ بولسا، ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، ياكى باشقا تاغلار ئاز بولسا، قوزۇق كەملىك قىلىپ، يەر تەۋرەپ ھالاكەت يۈز بېرىدۇ، بوراننى كىچىككىنە تېز قىلسا، پۈتۈن نەرسە ۋەيران بولىدۇ، مۆلدۈر، **1 ـ 10** مىنۇت كۆپ ياغسا پۈتۈن زىرائەت تۈگىشىدۇ، يامغۇرمۇ شۇنداق، ئىسسىق ـ سوغۇق ھەممىنىڭ ئۆلچىمى بار، چۈنكى، شامالغا، يامغۇرغا، ئىسسىق ـ سوغۇقنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار. ھەممىنى بىرلا ۋاقىتتا ھېسابلاپ ئارىلىقتىكى زىچ مۇناسىۋەتنى، تەكشۈكنى پەقەت بىر ئاللاھلا ساقلاپ قالىدۇ.

ئىنسانلار رىزىقىنىڭمۇ ئۆلچىمى بار ئىدى. بىزنىڭ بۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشىمىزغا نوپۇسنى تېزگىنلىشىمىزگە قىلچە ھاجەت يوق، بۇلارنى ئاللاھ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بىز دېڭىزغا قارايلى، بۇنىڭ يەرشارى قۇرۇقلۇقنى ئىگىلەپ تۇرۇشىمۇ، چوڭقۇرلىقىمۇ، كەڭلىكىمۇ، ئاچچىق، تۇزلۇق بولۇشىمۇ، ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق، جانلىقلارمۇ ھەممىسى ئۆلچەملىك، مەسىلەن: دېڭىز دولقۇنى، ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن يۈز بېرىدۇ، شۇنداقلا يەرشارى ھەرىكىتىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلىقى، كەڭلىكى، كۆلىمى، ئۆلچەمسىز بولسا، كام ياكى زىيادە بولسا، ئۇ چاغدا ئاي بىلەن يەرشارى ئوتتۇرىدا قالايمىقانچىلىق بولىدۇ. بۇنى پەقەت دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈپ، پەسىيىپ تەڭشەيدۇ، ئەگەر دېڭىزدا ئۆلچەم ئۆزگىرىش يۈز بەرسە پۈتۈن ھاۋا، ئاتموسفېرا، شامال، بۇلۇت، يامغۇردا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ بۇ ئىنتىزام بۇزۇلىدۇ. قاراڭلار. ئايلانمىسى **40** مىليون مېتىر يەنى **40** مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان يەرشارىنىڭ **2/3** قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان بۇ دېڭىزنى چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت ۋە بىر ئىلىم ئىگىسى بولغان ئاللاھ، ئاللاھلا ئۆلچەملىك ياراتقان.

نۇر تېزلىكىمۇ ئۆلچەملىكتۇر، بۇ پۈتۈن يەرشارىنى بىر سېكۇنتتا سەككىز قېتىم ئايلىنىپ بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا **300** مىڭ كىلومېتىردۇر. نۇر تېزلىكى، ئاۋازدىن بەكمۇ تېز بولىدۇ. ئاۋاز تېزلىكى، تاشپاقىغا ئوخشىسا، نۇر تېزلىكى توشقاندۇر، ئاۋازنىڭ تېزلىكى ھاۋادا بىر سېكۇنتتا **1090** قەدەم بولسا، نۇر تېزلىكى **5500** يۈز قەدەم بولىدۇ، بۇ تەجرىبىنى سائەتتە ياكى يۈرەك سوقۇشىدا ئىشلەيمىز. ئالدى بىلەن

چاقماق نۇرى كېلىپ ئاندىن كېيىن سەل تۇرۇپ، ئاۋازنى گۈلدۈرمامانى ئاڭلايمىز. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇمكى، ئاۋاز ھەرىكىتى نۇردىن ئاستا بولىدۇ. بۇنى ئاللاھ ئەزەلدە قۇرئاندا بىكىتكەن، سۈرە رەئدە 12 ـ ئايەتتە، چاقماق نۇرىنى تىلغا ئالغان، ئاندىن كېيىن 13 ـ ئايەتتە گۈلدۈرمامانى، ئاۋازنى سۆزلىگەن. مانا بۇ ئايەت تەرتىپى، نۇر ئاۋازدىن تېز دېگەننى بىلدۈرگەن، ئەمما بىز ئۆلۈكتەك ئۇخلىغان، ئۇندىن باشقا تارتىش كۈچى مىقدارى ئۆلچەملىك بۇ كۈچ قالايمىقان بولسا، پۈتۈن ئالەم قالايمىقان بولىدۇ. بۇلارنى نۇر ئىلمى، ئاۋاز ئىلمى، تارتىش كۈچى قانۇنى، ئىسسىقلىق ئىلمى، خىمىيە، فىزىكا قاتارلىقلاردا كۆرۈۋاڭ، ئەگەر بۇلار ئۆلچەملىك بولمىسا بولۇپمۇ نۇر، ھېچبىر تەرەققىيات بولمايدۇ.


ۋاقىت ئۆلچەملىك، ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت نېمە ئۈچۈن؟ ئۆلچىمى، مىقدارى بولغاچقا، ۋاقىت ۋاقىتلىق بولغاچقا، بىز تاقىۋالغان ئاشۇ سائەتلەر، ئۇلارنىڭ مىقدارى، مىنۇتى، سېكۇنتى، ئۆلچەملىك، بۇ ئۆلچەم پۈتۈن قۇياش سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك، سامان يولىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆزگەرسە بۇمۇ ئۆزگىرىدۇ. يىللار ئۆلچەملىك، ئەلۋەتتە، بۇلارغا سەييارىلەر ھەرىكىتى جۈملىدىن زېمىن ھەرىكىتى سەۋەبچى، توققۇز پىلانېت قۇياشنى ئۆلچەملىك مىقداردا ئايلىنىدۇ، ئارىلىقمۇ ئۆلچەملىك، ھەرقايسىنىڭ ئارىلىقى 2، 4 دىن 8، 16،32، 64، 128 دەك سانلىق مەلۇمات بىلەن قوش ئارتىپ ماڭىدۇ، ئېگىز پەسلىك يوق، ئېگىز ـ پەس بولسا، ئىنتىزام بۇزۇلىدۇ، ئالەم ۋەيران بولۇپ، ھەممە پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ، سىز تېلېسكوپتا ئاسمان جىسىملىرىنى كۈزىتىپ، بولۇپمۇ يەرشارىنى ئايلىنىۋاتقان ئاشۇ سەييارىلارنى، كىچىك مىنئورىت تاشلارنى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنى كۆزىتىڭ، ئاندىن بۇ ئۆلچەمنى تاپالايسىز، ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇيمىز، ئەقلىڭىز بۇ ئىلىمدىن ھەيران قېلىپ، پۈتۈن كائىنات، پۈتۈن ئالەم مۇشۇ ئۆلچەم ئۈستىگە پۇختا ھېساب ئۈستىگە يارىلىپتۇ دەيسىز.

بىزنىڭ ھاياتىمىز پۈتۈم ئالەمنىڭ تىنچلىقى، ئاشۇ پۇختا ھېساب، ئۆلچەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنى كىم ئورۇنلاشتۇردى؟ كىم ئالدىن بەلگىلىدى؟ بۇلار ئۈچ ھاياتلىق بۇرۇنلا خېلى بۇرۇن مەۋجۇت بولغان تۇرسا، بۇنى كىم ئالدىن بىلدى؟ قانداق بولۇپ بۇ ئالەم بۇ نۇر، بۇ ئاۋاز بۇ شامال، بۇلۇت، يامغۇر بىزگە كۆيۈندى؟ رەھىم قىلىپ قالدى؟ سەللام ئاز ياكى كۆپ بولسا، چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنى كىم ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇۋاتىدۇ؟ بۇ ئىنچىكە بىلىمنى قۇرئانغا كىم ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان؟ قۇرئان نېمە ئۈچۈن مۆجىزە بولىدۇ؟ مۇسۇلمانلار ۋەزىپىسى نېمە؟ ھەي ئىنسان، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ، پۇختا ھېساب ئۆلچەمنى ھەتتا، جىڭ، تارازا ئۆلچەمنى ئاللاھ بېكىتتى، قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى بولغاچقا مەڭگۈ مۆجىزە بولۇپ كىشىلەرنى ھەق دىنغا چاقىرىدۇ، مۇسۇلمانلارنى قەلبىنى خاتىرجەم قىلىدۇ، بېشارەت بېرىدۇ، ھەم بۇ ئاگاھلاندۇرىدۇ، مۇسۇلمانلار ۋەزىپىسى بۇ ھەقىقەتنى تېپىپ چىقىش، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش، مەڭگۈلۈك بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

بىز ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئاشۇ پۈتۈن كائىنات، ئۆلچەم ئۈستىگە ئۆلچەملىك يارىتىلغاچقا پۈتۈن مىللەت، پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىلمى ئۆلچەملىك بولغان، ھەتتا مۇزىكا پەدىسىمۇ ئۆلچەملىك، ھەربىر سۆز، ھەرىپ، لەۋزىمۇ ئۆلچەملىك، بۇ سۆزلەرنىڭ ۋەزنى ئۆلچەم تارازىسى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ كائىناتقا، ھاۋاغا، ئاۋاز ھەرىكىتىگە ماس، مۇناسىپتۇر. پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، دۇنيانىڭ ئانىسى، سۇمۇ ئۆلچەملىكتۇر، ھەربىر تېمىم سۇ ھەربىر جىڭ سۇمۇ ئۆلچەملىك بولۇپ، 8/9 ئوكسىگېن بىر ھەسسىسى 1/9 ھىدروگېندىن تەركىب تاپقان، پۈتۈن دېڭىز ۋە دەريالارنىڭ سۈيى سەككىز ھەسسىسى ئوكسىگېن بىر ھەسسىسى ھىدروگېندۇر. 100 دىن 80 نەچچىسى ئوكسىگېن بولۇپ، ئون پىرسەنتى ھىدروگېن بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئۆلچەم بۇزۇلسا، سۇ بۇزۇلىدۇ، ئاندىن پۈتۈنلەي ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، بۇنى رەھمان، رەھىم، ئاللاھ تەكشەپ تۇرىدۇ، ئەگەر قىيامەت ۋاقتى كەلسە، بۇنى بۇزىدۇ ـ دە، دېڭىزلار لاۋۇلداپ ئوت بولۇپ كۆيىدۇ، چۈنكى، ئوكسىگېن، ھىدروگېن كۆيىدۇ.

125 ـ بەتتە قارىنىڭ 12 خىل كۆرۈنۈشى بولۇپ، ھەممىسى ئالتە شەكىلنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى دېگەننى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئالتە چەمبەرنى قوشسا ئالتىدىن 36 گرادۇسنى يەنى 360 كۈننى كۆرسىتىدۇ. بۇلارمۇ ئۆلچەملىك، ئىنسانلار ھازىرغىچە قارىنىڭ شەكلى، تۈرىنى ساناپ 1000غا ئاپاردى، ئەمما ھەممىسى ئالتە بۇرجەك، ئالتە شاخلىق ئىدى، بۇ ئۆلچەمنى

ھەممىنى ھەتتا ھەربىر تال يامغۇر، قارنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھېسابىنى تېز ئالىدىغان ئاللاھ بىكتتى، ئاللاھنىڭ بىلىمى نېمە دېگەن چەكسىز ھە!



يېغۋاتقان بۇ يامغۇرنى كىم بۇ شەكىللىك قارغا ئايلاندۇرىدۇ؟ سوغۇقتا ئايلاندى دېسەك، نېمە ئۈچۈن نەچچە يۈز شەكىلدىكى قارنىڭ ھەممىسى ئالتە قىرلىقلا بولىدۇ؟ بۇ ئالتە بۇرجەك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇنىڭغا پەقەت ئاللاھلا قۇرئاندا جاۋاب بېرىدۇ، ھەممىسى ئۆلچۈم بىلەن لەۋھە كىتابتا يېزىلغاندۇر.

بىز شۇنى بىلدۇقكى، بۇ ئالتە بۇلۇڭ، ئالتە بۇرجەككە چوقۇم ئالتە قىرلىق، ئالتە بۇرجەكلىك نۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ سوغۇقتا قېتىش جەريانىدا بۇ نۇردىن ۋە باشقا ھەرخىل ئامىلدىن ئۇنداق بولغان دېسەك، ئۇنداقتا يەنىلا بۇ سىر تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ، يەنىلا ئاخىرى بۇ ھادىسىنى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھدۇر. ئىسسىق سوغۇقدىن ھاسىل بولغۇچى بۇ شامال، سوغۇق ئالتە قىرلىق ئالتە بۇرجەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئالتە بۇلۇڭلۇق قېلىپى بارمۇ؟ بۇ ئاجايىپ سىردۇر، ئالتە دېگەن بۇ سان ماتېماتىكا ئىلمىدا كامىل سان بولىدۇ، بۇ سان تولۇق سان دېيىلىدۇ، كۆپەيتمىسى **3+2+1=6** ئالتە بولىدۇ، **6** كەر بىر **6**، **3**كەر **2**كى **6**، ئۈچ ساننى قوشسا يەنىلا **6** بولىدۇ.

$6\times1=6$، $3\times2=6$، $2\times3=6$، $1+2+3=6$ باشقا سانلار بۇنداق بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئالتە دېگەن ساننى ئالتىگە كۆپەيتسە $6\times6=36$ بولۇپ، ئالتە دېگەن بۇ سان يوقمايدۇ، مەڭگۈ يوقمايدۇ، چىققان خۇلاسە ساننى ئالتىگە كۆپەيتۋەرسە يەنىلا ئاخىرىدا بۇ ئالتە دېگەن سان يوقمايدۇ، خۇددى ئاشۇ قارلاردا ئالتە بۇلۇڭ يوقمانغاندەك. **36**نى**6**گە،كۆپەيتسە يانا **6** بار،تائاخىر..

ئاللاھ، نېمە ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشقا ئالتە كۈننى تاللىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئالتە ئاي ياز، ئالتە ئاي قىش قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن قۇياش كۈنىنىڭ **360** كۈنىدە ئالتە دېگەن سان بار؟ نېمە ئۈچۈن بۇ قارلارنى ئالتە بۇلۇڭ، ئالتە بۇرجەك قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا ۋەھىي ئالتە ئاي چۈش بىلەن كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن مۆئمىنىنىڭ ياخشى چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ **46** دەن بىرىگە تەڭ بولىدۇ؟. بۇ يەردە ئالتە دېگەن سان بار، نېمە ئۈچۈن ھەرىلەر ئۇۋىسىدىكى كامارنى ئالتە قىرلىق قىلىدۇ،؟ نېمە ئۈچۈن بەزى كىرىستال تاش ئالتە قىرلىق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پۈتۈن مەخلۇقلارنى ئالتە تەرەپ يەنى، ئوڭ، سول، ئالدى، ئارقا، ئاستى ـ ئۈستى، ئالتە تەرەپ قورشاپ تۇرىدۇ؟ بۇ بىر سىر بولۇپ، تا ھازىرغىچە يېشىلمىدى، بەلكىم بۇنىڭ بىلەن ۋە بۇنداق سىرلىق سانلىق مەلۇمات بىلەن ئىنسانلار تەپەككۇرنى قوزغاش، ئەقلىنى زىيادە قىلىش، بىلىملىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلغاندۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ماددا، ئېلېمېنتلارمۇ ئۆلچەملىك بولۇپ، بۇلارنىڭ مىقدارى بۇزۇلسا، ھېچ ئىش ئاقمايدۇ، بولۇپمۇ پارتىلىتىش قوراللىرى، نازۇك بولۇپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ، دورىلار بۇزۇلىدۇ. بىرىنچى جاۋاب، ئاللاھ، ئالىم، ئىككىنچى ئۆلچەم بار، ئۈچىنچى ئالتە كۈندە ياراتتى، بۇ كامىل سان، سۈپەت، قۇدرەتنى كۆرسىتىدۇ.

**زېمىندىكى ئىسسىق ـ سوغۇق** ھاۋامۇ ئۆلچەملىك، ئەگەر بۇ بۇزۇلسا، يەنىلا ھاياتلىق تۈگىشىدۇ، ئۈستىمىزدىكى ئاتموسفېرا **8** كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇمۇ ئۆلچەملىك، ئوكسىگېن، ھىدروگېن، ئازوت، كالىي، فوسفور ھەممىسى ئۆلچەملىك بولىدۇ. بولمىسا، ئىنسان نەپەسلىنەلمەي دەرھال ئۆلىدۇ. خۇددى ئىنسانلار قان بېسىمى، يۈرەك سوقۇشى ئۆلچەملىك بولغاندەك، ئەگەر بۇ ئۆلچەم ئېشىپ كەتسە ياكى بىر ئىككىسى كام بولسا، تۈگىشىدۇ. يەرشارىنىڭ ئەڭ ئىسسىق جايى، ئافرىقا سەھراسىدۇر. بۇ جاينىڭ ئىسسىقلىق گرادۇسى

**122** گرادۇس، ئەگەر بۇ گرادۇس يەرشارىدا بولسا، يەنى پۈتۈن جايدا بولسا، ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

بۇنى بىر قىسىم جايغا، ئاللاھ ئىبرەت ئۈچۈن قىلىپ قويغان، ئىنسانلار ئىچىدىكى ھۆجەيرە ۋە باشقا ماددا ئالمىشىش ئەھۋاللىرىمۇ ئىنچىكە، پۇختا ھېساب بىلەن ئۆلچەملىك بولىدۇ. ئاشۇ ئۆلچەم بىلەن دوختۇرلار كېسەلنى بىخەتەر داۋالايدۇ. قالايمىقان بولسا، ھېچ ئىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئاللاھ ئىنساننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان پەرىشتىلەر بار دېگەن. ھەممىگە ،ھەتتا قارغىمۇ پەرىشتە مۇئەككەل، ھەممىسى ئۆلچەملىك بولىدۇ. بۇلارنى بىر ئاللاھ قىلدى. ھەرىكەت، ھارارەت، نۇر، توك، زەررىچە ھەممىسى ھەتتا پىلانېتلار ئۆلچەملىك ھەرىكەت قىلىدۇ. قۇياش ئەتراپىدىكى پىلانېتلار بىر مىنۇتتا **2000** كىلومېتىر تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇلار سەللا توختاپ قالسا، قىززىقلىق گرادۇسى ئۆرلەپ پارتلايدۇ، گازغا، پارغا ئايلىنىپ ئېرىپ كېتىدۇ. جۈملىدىن بىزنىڭ قۇياشىمىز ۋە يەرشارىمىزمۇ شۇنداق، خۇددى ھاۋا بېسىمى قانلىرىمىزنى ساقلاپ قالغاندەك، ئەگەر ھاۋا بېسىمى بولمىسا قانلار ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك زېمىن قىززىپ كەتسە، بوشاپ ئىچكى قىسمى يانار تاغ بىلەن بىرلىشىپ ئېرىپ كېتىدۇ. ئاخىرى گازغا ئايلىنىدۇ، مانا بۇ ئەھۋال ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ دېگەننى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئاي، كۈن بىلەن بىرلەشكەندەك، زېمىننى تىلغا ئالمىسىمۇ بۇمۇ ئاخىرى شۇنداق بولىدۇ. ۋاقتى كەلسە، ھەممە پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن باشقا ئاسمان ـ زېمىنغا ئايلىنىدۇ، مانا بۇ كۈننىڭمۇ ۋاقتى، ئۆلچىمى بار، بىز بۇ ئىلىم ـ ھېكمەتتىن پايدىلىنىپ قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاشۇ كۈن ئۈچۈن تەييارلىق قىلايلى. بىز يۇقىرقى مىقدار، ئۆلچەم دېگەن تەتقىقاتىمىزدىن شۇنى بايقىدۇقكى، پۈتۈن ئالەم، مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغانىكەن، بارچە كائىناتنى ياراتقان ئاللاھ، ھەقىقى، ساپ دىل، ئىمانى بار، مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشىقلارنى، مانا مۇشۇ مۆئمىن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئالەمدىن ھۆرمەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئالەمنى ياراتقان ھەم ئاشۇ دوستلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە دوزاخنى ياراتقان، دېمەك، ئاللاھنىڭ بۇ ئالەمگە جۈملىدىن ئاشىق، سادىقلارغا مۇھەببىتى بار، بۇلارنىڭمۇ ئاللاھقا مۇھەببىتى بار، بۇلار بىر ـ بىرىنى چەكسىز ياخشى كۆرىشىدۇ. ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، بۇ ئۈچ ھاياتلىق ئارىسىدىمۇ زىچ مۇناسىۋەت ۋە مۇھەببەت بار، ئەگەر بۇ مۇھەببەت ۋەيران بولسا، پۈتۈن ھاياتلىق ۋەيران بولىدۇ. ئىنسانلار ئارا، ھايۋانلار ئارا، ئۆسۈملۈك ئارا ھەتتا جىنسلار ئارا بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت بار، ئەگەر بۇ مۇھەببەت يوقالسىمۇ يەنىلا بۇ ئالەم ۋەيران بولۇپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ، نەسلى قۇرۇپ تۈگىشىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال كائىنات ھادىسىسىدىمۇ بار، ئاسمان ـ زېمىن، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىسسىق ـ سوغۇق، شامال ـ يامغۇر، ئەركەك ـ چىشى، مىنۇس ـ پىلۇس، مىكروسكوپ، تېلىسكوپ، ئىگىزلىك، پەسلىك، سەت ـ گۈزەل ھەرخىل رەڭلەر، خۇشپۇراقلار، ھەممىدە بىر خىل مۇھەببەت بار. ھەم مۇھەببەتكە ھەمكارلىشىش بار، ماددا، ئېلېمېنتلارمۇ شۇنداق مەسىلەن: ئوكسىگېن، ھىدروگېن، كاربون، گۈڭگۈرت بۇلار ئوتۇنغا ئوخشاش يېقىلغۇلاردا بىرلەشمىسە ئوت ھاسىل بولمايدۇ. ئوكسىگېن، ھىدروگېن، ئاشىق ـ مەشۇقتەك كېلىشمىسە سۇ ھاسىل بولمايدۇ.

مەنفىي، مۇسبەت، ئېلېكتېرون، نېيترون، مىنۇس، پىلۇس، ئوت، سۇ بولمىسا توك راۋاج تاپمايدۇ، بۇ ماددىلار خۇددى قوش ئەزادەك گۆش بىلەن ياغدەك، بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن ھەمكارلىشىپ تەرەققىياتقا ئاساس بولىدۇ. بولمىسا، ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ، قاراڭلار، سۇ، ئوت، ھاۋا، ئوتۇن، قازان، چۆيۈن، ئاشلىق، ئىنسان ئارىسىدا ئاجايىپ مۇھەببەت بار.

ئالىملار قەلبى، بۇ سىرلىق دۇنياغا بىر خىل مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئاشىق بولىدۇ. بولمىسا، ھېچ سىر ئېچىلماس، تەرەققىي قىلماس. تەن بىلەن جىسىم بىلەن روھ ئارىلىقىدا يەنىلا زىچ ماسلىق مۇناسىۋەت، مۇھەببەت بار. پۈتۈن دۆلەت، ئۆزئارا مۇناسىۋەت، مۇھەببەت ئورنىتىدۇ، بولمىسا، ئالەم ۋەيران بولىدۇ. ئاشۇ مۇھەببەت، تارتىش كۈچىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاشۇ مۇھەببەت ئىتتىپاقلىقنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاشۇ مۇھەببەت نەسلىنى داۋام قىلىدۇ، ئاخىرى بۇ ساپ مۇھەببەت ئاللاھقا قايتىپ مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. بۇ تۈپ ئاساسىي مۇھەببەت سايىسىدا باشقا مۇھەببەتلەر راۋاج تاپىدۇ. ئەمما، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ئۈستىگە چىقىشى تۈپتىن خاتا، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە توسقۇنلۇق قىلماي، تەرەققىي قىلدۇرسا، بۇمۇ جائىز، خۇددى مۆئمىنلەرگە

ئوخشاش. دىققەت قىلىڭ.

پۈتۈن كائىناتتىكى مۇھەببەتنىڭ ئاساسىي مەقسىدى، تەرەققىي قىلىپ، ئاللاھقا قايتىش، مەڭگۈلۈككە قايتىش، تۇراقسىزدىن تۇراقلىققا قايتىش، ۋاقىتلىقدىن ئەبەدىيلىككە قايتىش، دەرتلىكدىن دەرتسىزگە، ئازابلىقدىن، ئازابسىزغا، پىراقلىقدىن، پىراقسىزغا، مۇرادسىزدىن، مۇرادلىققا قايتىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، مۇھەببەتنى ياراتقان تۇرسا، ئىنسانلار ۋاقىتلىقنى، پىراقلىقنى، ئازابلىقنى تاللىدى، نەچچە مىليوندىن ھەقىقىي زاھىد، ئاشىق بىرلا ئىكەن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلسىمۇ يەنىلا ئۆز ئىرادىسى، ئۆز قەلبىگە، پىلانىغا زىت ياشايدىكەن، ئەلۋەتتە، شەيتاننىڭ مۇھەببىتى بار ـ دە!

ئىبسىڭلاردا بولسۇنكى، چىن قەلبىدىن پەقەت بىر ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھنى سۆيۈش لازىم. ھەقىقىي ساپ دىللىق مۆئمىننى ئاشۇ مۇھەببەتكە ياردەمچى قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھنى رازى قىلىش يۈزىسىدىن ئاللانىڭ دوستىغا دوست بولۇش يۈزىسىدىن ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم. ئۇلارغا ئەسھابۇلكەھپلەرنىڭ ئىتىدەك خىزمەت قىلايلى.

## ئاللاھ ئاسماندىن يەنى بۇلۇتتىن سۇنى چۈشۈردى، ئۇ جايلاردا ئۆز مىقداردا ئاقتى دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بۇنداق ئايەت، قۇرئاندا تولا ئۇچرايدۇ، ھەر قايسىسىنىڭ ئورنى، مەزمۇنى، دەلالىتى ئوخشمايدۇ، بىزمۇ شۇ ئۇسۇل بويىچە ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا ھېكمەت سۆزلەيمىز، سۈرە مۇلۇكتىمۇ ئەگەر زېمىندىكى سۇيۇڭلار سىڭىپ كەتسە، ئىچىگە كىرىپ كەتسە، سىلەرگە ئاقار سۇلارنى كىم كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟ دېگەن ئايەت بار. شۇنداق، ئەگەر سۇلار زېمىن ئىچىگە كىرىپ كەتسە، چىقماسقا كېتىدۇ، چۈنكى، يەرشارىنىڭ ئىچى يانار تاغ ئوتلىرىدەك گاڭ ئوتتۇر، بۇنداق دېڭىزدىن نەچچە ھەسسە دېڭىز بولسىمۇ چىقماسقا كېتىدۇ. ئاللاھدىن باشقا كىم ئۇنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ پەقەت ئاللاھلا، قۇرئان كۆپۈنچە يامغۇرغا ئوخشتىلىدۇ.

يامغۇر سۈيى ئاسماندىن چۈشۈپ، جايلاردا ئاقىدۇ، ئىنسانلار ئېھتىياجى ۋە كائىنات تەرتىپ، تەقەززاسى بويىچە ئاقىدۇ، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر پايدىلىنىدۇ، ئارتۇقى زېمىندا قالىدۇ، بەزىسى تاغلا ئۈستىدە كۆل بولىدۇ، بەزىسى مۇز تاغ، بەزىسى قار تاغ بولىدۇ. بەزىسى بۇلاق بولىدۇ، بەزىسى دەريا، بەزىسى ئۆستەڭ، بەزىسى تاغلار ئارىسىدا جايلىشىدۇ، ئاندىن تاغ قېتىدىن بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىدۇ. بەزىسى زېمىن ئىچكى قىسمىدا زېمىن تومۇرلىرىدا ئاقىدۇ، ئەمما، بۇلار نېفىتقا ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ياكى ئاچچىق ـ تاتلىق ياكى زەيگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، يەر يۇمىلاق بولغاچقا دېڭىزدىن ئىبارەت جايغا بارغانغا قەدەر ئايلىنىپ ئاقىدۇ. سۇ ھەممە جايدا ئاقمىغاندەك، ئىلىممۇ ھەممە قەلبىگە كىرمەيدۇ، پەقەت بۇ لايىق قەلبكە كىرىدۇ. جايلارنىڭ ھەممىسى سۇلارنى قوبۇل قىلمىغاندەك ئىلىمنىمۇ قوبۇل قىلالماس قەلب بولىدۇ. جايلار ئۆز مىقداردا سۇ قوبۇل قىلغاندەك، قەلبلەر ئۆز مىقداردا ئىلىم ۋە پەزىلنى قوبۇل قىلىدۇ. قەلبنىڭ كىرى سۇلار كۆپۈكىگە ئوخشايدۇ، قەلبنىڭ نۇرى دېڭىزدىكى گۆھەردۇر. قەلب چەكسىز بولىدۇ. ئەمما، ھەممىسى بۇنداق ئەمەس، بەزى زېمىن، يامغۇر قوبۇل قىلىپ ئۆسۈملۈك ئۈندۈرىدۇ، بەزى كىشىلەر ئىلىم ئېلىپ پايدا ئالىدۇ ۋە بېرىدۇ. بەزى زېمىن سۇ ساقلايدۇ، ئەمما ئۆسۈملۈك، زىرائەت يوق، شۇنىڭدەك، بەزى قەلب بىلىمنى ئالالايدۇ، ئەستا ساقلايدۇ، ئەمما، ئۆزگە، باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت بەرمەيدۇ، بۇلاردا ھەقىقىي ئىرادە، جۈرئەت يوق.

بەزى زېمىن، سۇنىمۇ ساقلىمايدۇ، ئۆسۈملۈكنىمۇ ئۈندۈرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، بەزىلەر ئىلىمنىمۇ ئالمايدۇ، ئۆزگە، باشقىلارغا پايدا بەرمەيدۇ، بۇلاردا ھايۋانچىلىك قەلب يوق، بۇلار ھايۋاندىنمۇ ئازغۇن بولۇپ، ئىككىلىسى ئوخشاش، تۇرالغۇ جاي، يېمەك ـ ئىچمەك، جىنسى لەززەتكە بېرىلىدۇ. بۇلار زادى ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدۇ، بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ ئازغۇن، چۈنكى، بۇلار يامانىنى پىلانلىدى، مانا مۇشۇنداق ئىنسان، يامغۇر، زېمىن، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بۇلارنى قۇرئان، ھەدىس ۋە پەيلاسوف سۆزلىرى بىردەك باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

چۈنكى، بۇلار بىر زەنجىرگە باغلانغان بولىدۇ. ئاللاھ، نېمىنى مىسال كەلتۈرسە، بىز شۇنى چۈشىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا ئالدىرىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇنى پەقەت ئالىملار چۈشىنىدۇ دېگەن. بىر ئالىم، مەن، ئاللاھ كەلتۈرگەن مىساللارنى چۈشىنەلمىسەم قاتتىق يىغلاپ كېتىمەن، چۈنكى، ئاللاھ بۇ مىساللارنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنىدۇ دېگەن، ئەگەر مەن چۈشىنەلمىسەم ئۇ چاغدا مەن ئالىم ئەمەس، دېگەن ئىدى. بىز ئۆز ئالدىمىزغا كۆرەڭلەپ كېرىلمەي، ئۆزىمىزنى ھەقىقىي ئالىم دېسەك، ئاشۇ مىساللارنى ۋە نۇرغۇن ئىلىملارنى ئىگىلىشىمىز لازىم، ئىلىمنىڭ چېكى يوق.

سۈرە رەئدە، ھەر بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ھۆكۈمى بولىدۇ. ھەربىر ۋاقىتنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ھەممىسى پۈتۈلگەن بولىدۇ دېگەن ئايەت. ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بولغاندەك، كېلىدىغان ۋاقتى ۋە ئورنى پۈتۈلگەن بولىدۇ. بۇنى ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاھ پۈتكەندۇر.

ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى ئەيىپ ئەمەس، ئەيىب بىزدە، ئاللاھنىڭ ئالدىن يېزىپ قويۇشى سەۋەب ئەمەس، سەۋەبىنى بىز قىلىمىز، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازغاندۇر، بۇ بىزگە ئىختىيارلىق بېرىلگەن ئىشلاردۇر. ئەمما، ئاللاھ ئۆزىلا قىلىدىغان ئىشلار ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنى تەقدىر بىر دەيمىز، چۈشىنىڭ، ماقالىلەر خېلى كۆپ، بىز بۇ يەردە ئۇزۇندىن بىرى تەتقىق قىلغان، ئالىملارنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ھايۋان ئۆمرى توغرىسىدا ئازىراق سۆزلەيمىز. چۈنكى، ھەربىر ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىنىڭ ئەجىلى بولىدۇ. بۇ ئەجەلنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ، ئىنسانلار ئادەتتە تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇن ئۆلگىلى تۇرسا، تا **136**، ھەتتا **200** ياشتا ئۆلۈۋاتىدۇ، ھازىر **100** دىن ئاشقانلار بەك ئاز، تولىسى **60** ئەتراپىدا ئۆلۈۋاتىدۇ. توشقان **10** يىل ياشىيالايدۇ. ئەگەر بىخەتەر بولسا، قوي **10** يىلدىن **12** يىلغىچە، ئىتمۇ شۇنداق، توڭگۇز **20** يىل ياشايدۇ، بۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈش، نەسلىنى قۇرۇتۇش لازىم. ئات **30** يىل ياشايدۇ، پىل **100** يىل، شاتۇت **100** يىل، قارغا **100**دىن باشلاپ بىر نەچچە ئەسىر ياشايدۇ، بەزى بېلىقلار **150** يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ، تاشپاقىلار **150** يىلدىن **500** ھەتتا **700** يىلغىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ، ھەسەل ھەرىسى پادىشاھلىقى **7** يىل داۋام قىلىدىكەن، بەزىسى **15** يىل، بۇلار ھەربىر ئالىم تەجرىبە قىلىپ قالدۇرغان تەۋەرۈك ئىلىمدۇر. دىنى ئالىملار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە **110** يىل بولىدۇ. دېھقانلار **140** يىل، ماشىنچىلار **189**، تېۋىبلار **202**، قاسساپلار **211** يىل ياشىيالىغان، بۇ ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر شۇ. قالغىنى ب د ت ھېسابلاش ئورنىدىكى مەلۇماتلاردىن ئىنقىلاپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تەجرىبىگە قارىغاندا، بۇنداق چارىلەر پايدا بېرىشى مۇمكىن. ھارام قىلىنغان زىيانلىق نەرسىنى ئىستېمال قىلماسلىق، مەسىلەن: تاماكا، ھاراقتەك، قايناق چاي ئىچىش لازىم. مۇنچىدا يۇيۇنۇش، ئېغىزنى چىشنى چوتكىلاش، غەزەپ قىلماسلىق، ئاسان تەسىرلەنمەسلىك، ئازاب، خاپىلىقنى كۆپەيتمەسلىك، تائامنى كۆپ ئۇخلىماسلىق، كۆپ يېمەسلىك، تائامنى ئۇزۇن چايناپ يېيىش، ساپ ھاۋادا نەپەسلىنىش، پاكىز يۇرۇش، كېچىسى تائام يېمەسلىك، ئىككى ۋاخ تائام ئارىسىدا بىر نەرسە يېمەسلىك، يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئالاقە قىلماسلىق لازىم. بۇلار بىر تەتقىقات خالاس.

ئەجەل ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ خالىسا ياش، كىچىك ئەزالىرى يېڭى ئۆسمۈرنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ. ئەمما، سەۋەبى يوق ئىش يوق، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، ساقلىنىڭلار دېگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. قولدىن كېلىشىچە كۈچ چىقىرىپ ئاندىن قالسا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش لازىم. ئاللاھ قىلىڭلار دېگەننى بىز چوقۇم قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ مەن قىلىمەن دېگەننى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ تالاشماسلىق لازىم. بۇ ئىككىنى پەرق ئېتىش بەك مۇھىم، بۇنى يەنىلا ئالىملار پەرق ئېتىدۇ. ھەقىقەتنى چۈشۈنۈپ، ئىلىم ـ ھېكمەتنى كۆپ ئالغان كىشى ئۆكۈنمەيدۇ. پۇشايمان قىلمايدۇ، تاپا قىلمايدۇ، ئەمما، قىلىسىمۇ ھەق ئۈچۈن قىلىدۇ، ئاللاھ، ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن، ئامىن!

## سۈرە ئىبراھىم تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

مۇسەننىپ رەھمەتۇللانىڭ بۇ تەپسىرىدىكى مەقسىدى، تەبىئىي ـ پەن، پەيلاسوپلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، ئەۋلىيالارنىڭ روھ توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى، ۋە ئالىي ماقام، تەقۋالىق، زاھىدلىق، ئۇندىن باشقا ئەرشتىن تەھتەسسارانغىچە بولغان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى، رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتۇر. شۇڭا، ھەممە سۈرە، ھەممە ئايەتتە توختالمىغان جۈملىدىن سۈرە ئىبراھىم، تارىخ بولغاچقا، كۆپ سۆزلىمىگەن، پەقەت بىرىنچى ئايەتتە قۇرئان، پەقەت ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقدىن نۇرغا، كۇپرىدىن ئىمانغا چىقىرىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن دېگەن ئايەتكە، تارىختىكى داڭلىق مەشھۇر ئالىملارنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىلمى تەتقىقات تەجرىبىسىنى نەتىجىسىنى سۆزلىگەن. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇيقۇسىنى ئېچىشقا قۇرئاننى مول بىلىم بىلەن ئىزاھلاپ ھەقىقىي توغرا يول بىلەن كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشقا مەڭگۈلۈك دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان، ئىبرەت ئالدۇرغان، ئەسلى بۇ كەشپىيات، نەتىجىلەر ئەرەبلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ئىبنى رەشىددەك پەيلاسوفلارنىڭ قوغلاندى بولغىنىنى سۆزلىگەن.

بىز دوزاخ، جەننەت توغرىسىدا ئىنشائاللاھ ئايرىم توختىلىمىز، بۇ يەردە پەقەت بىر ئىككى ئېپما ئۈستىدە سۆزلەيمىز. ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋە سورىشىڭلارغا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بەردى، ﴿**ئەگەر، ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى سانىماقچى بولساڭلار، ھەرگىز ھېسابىنى چىقىرالمايسىلەر**﴾ ھەقىقەتەن ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى زالىم، تۇزكور كاپىردۇر دېگەن ئايەت ئۈستىدە توختىلىمىز، ئىنسانلار دائىم يېگىلى بولىدىغان نەرسىنى رىزىق دەپ چۈشۈنۈپ كەلدى، بولۇپمۇ ئاش، ماي، سۇ، ھاۋالارنى ئەمەلىيەتتە رىزىق بۇ نەرسىگىلا باغلانغان ئەمەس. ئاللاھنىڭ رىزىقنى، نېمىتىنى سانىغىلى بولمايدۇ، ھېسابىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ، ئىنسانلار بۇ توغرىسىدا سوراققا تارتىلسا، چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ، شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ ھېسابىدا زېغىرلانغان كىشى ھالاك بولىدۇ دېگەن. شۇنداق، بىز تولىمۇ تۇزكور بولدۇق، شۈكرى قىلمىدۇق، ئاللاھ، بىزگە رەھمەت قىلىپ، كەچۈرمىسە، بىز دوزاختا چۈششىمىز ئەمەس، بەلكى چىقالمايمىز، بىز شۇنداقتىمۇ بۇ نېمەتنى، قۇدرەتنى شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ئاز تولا ئەسلەپ ئۆتىمىز، تەپسىلىي سۆزلىسەك بۇنى يېزىپ بولغىلى بولمايدۇ، پەقەت بىر نەچچە ئۆلگە خالاس.

## نېمەت ۋە رىزىق

پۈتۈن ئالەمنىڭ يارىلىشى، بۇ ئەڭ چوڭ نېمەت، ئالەم بولمىسا بىزنىڭ بولغىنىمىزنىڭ ھېكمىتى يوق، **70** نۇر پەردە، بۇمۇ رىزىق، نېمەت، بۇ بولمىسا پۈتۈن ئالەم كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ئەرشى، كۇرسى بۇ بولسا، پۈتۈن نېمەت رىزىقنىڭ پايتەختى بولىدۇ. يەتتە ئاسمان جۈملىدىن بىزنىڭ سامان يولىمىز، قۇياش سىستېمىمىز، بۇ بولمىسا يەنىلا ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، قۇياش ئاساسىي نېمەت ۋە رىزىق بولىدۇ، قۇياش بولمىسا پۈتۈن ئاشلىق، ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، ئۇنىڭ توققۇز ھەمراھى بۇنىڭ ياردەمچىسى، ئالەمدىكى تەسىر كۈچ، تارتىش كۈچى، بۇ بولمىسا ئالەم ھەرىكەتتىن توختايدۇ، بۇنى ئاللاھ، ئۆزى باشقۇرىدۇ، باشقىلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىزدۇر. ھەتتا، ئەۋلىيالارمۇ سۆز قىلالمىغاندۇر.

نۇر، ھاۋا، ئاتموسفېرا، شامال بولسۇن، يامغۇر، ئىسسىق ـ سوغۇق، يەرشارى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، تاغ، قۇم، چۆللۈك، يايلاق، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ماددا، ئېلېمېنتلار، كان، مەدەنلەر، نېفىت ۋە باشقىلار، ھەممىدىن مۇھىمى بىلىم، ئىلمى تەرەققىيات، كىتاب، ھەرخىل ھەر ياڭزا ئوزۇقلار، نېمەت رىزىقلار بار. بۇلارنىڭ بىرسى بولمىسا پۈتۈن تەرتىپ بۇزۇلىدۇ. ھەممىسىدىن بىر تال نەرسە يوقالسا، ئىنسانغا زىيانلىق بولىدۇ، ئەمما، ئىنسانلار يوقالسا، ئۇنداق ئەمەس، دەل شۇنداق ھەممىسى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلغان، شۇڭا، ئىنسانلار ھالاللىرىغا ھېساب بېرىدۇ، ھاراملىرىغا ئازاب كۆرىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى ھەرخىل يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە

مەنبەسى، بۇ بولمىسا، بىز قانداق تائام پىشۇرىمىز، قانداق ئىسسىنىمىز، قانداق پولات تاۋلايمىز، قانداق ماددىلارنى ئېرىتىمىز ۋە باشقىلار، قازان، چۆيۈن، ئالىيۇمىن بولمىسا، قانداق تائام پىشۇرىمىز، بىرىنچى رىزىق مۇشۇلاردۇر. ئاللاھ، خالىغانچە رىزىق بېرىدۇ، ئىنسانلار بۇ چېچىلغان رىزىقنى ھەرخىل يوللار بىلەن تېرىۋالىدۇ. بۇ رىزىق، نېمەت مەسىلىسىدە بىز ئاددىي قارىمايلى، بولمىسا شۈكرى قىلىشنىمۇ بىلەلمەيمىز.

ئۇ كۈندە زېمىن باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمان باشقا بىر ئاسمانلارغا ئالمىشىپ قالىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا، بۇ ئايەت نەچچە ئەسىر بۇرۇن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا بولسا، ئەزەلدىن بار ئىدى، بۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ، چۈنكى، ھازىرقى ئاسترونومىيە ئالىملىرى مۇنداق قارىغان، ئەمەلىيەتتە بۇلار قۇرئاندىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ. زېمىن، قۇياش، ئاي، باشقا سەييارىلەر، ئەسلىدە بىر ئوتلۇق جىسىم ئىدى، ئۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن گاز ئىدى، كېيىن قۇياش شەكىللەندى، ئاندىن قۇياشتىن توققۇز پىلانىت ۋە باشقا سەييارىلەر ئايرىلىپ چىقتى، جۈملىدىن زېمىنمۇ بار، ئاندىن ئاي، بۇلار ئاخىرىدا يەنە بىرلىشىپ قالىدۇ، ئەسلىگە قايتىدۇ، ئاندىن يېڭى بىر زېمىن، يېڭى بىر قۇياش، يېڭى بىر ئاسمان پەيدا بولىدۇ دېگەن. بۇلار بۇ بىلىمنى نەدىن بىلدى؟

بۇلار بۇ ئىلىمنى تېلېسكوپ ئارقىلىق باشقا يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى كۆزەتتى، بىزنىڭ قۇياشىمىزدەك قۇياشنى، زېمىننى، ئايلارنى، سەييارىلەرنى كۆزەتتى، بۇلار شۇنى كۆردىكى ئۇلار بەزىسى تېخى ياش، ئەمدى شەكىللەنگەن ئىدى، بەزىسى ئوتتۇر ياش ئىدى، بەزىسى ۋەيران بولۇۋاتاتتى، پارتلاپ كېتەتتى، ئېرىپ كېتەتتى، يەنە قايتىدىن يېڭى سەييارىلار شەكىللىنەتتى، بۇلار بۇ ئەھۋاللارنى كۆزى بىلەن بىر قانچە يىل تەتقىق قىلىپ كۆردى. ئاخىرى توغرا بولغان خۇلاسە دەپ يۇقىرقى خۇلاسىنى چىقاردى، بۇ قۇرئاننىڭ بىرلا ئايىتىگە توغرا كەلدى. ئۇلار نەچچە ئەسىر كۈچ سەرپ قىلىپ چىقارغان خۇلاسىسى بىر ئايەتكە توغرا كەلدى خالاس. بولۇپمۇ ئايەتتە، مۇنداق دېگەن: كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، يەنە ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بىز سىلەرنى ۋە پۈتۈن نەرسىنى تۈنجى ياراتقان ھالەتكە ئەكىلىمىز دېگەن ئايەت، ئاسمان ـ زېمىن بىر تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، دېمەك، بۇلارنى ئاخىرى يەنىلا ئۆز ئەسلىگە قايتىسا بىرلىشىدۇ، بۇ خىل كۆز قاراشنى تەپسىر مۇنىيردا پەيلاسوف، فىقھشۇناسلارنىڭ رەئىسى ۋەھبەتوززۇھەيلىمۇ، سۈرە ئەنبىيادا سۆزلىگەن، نۇرغۇن ئالىملار قوشۇلغان.

ئەڭ توغرا بولغان كۆز قاراش، قۇرئان بىلەن ھەدىسكە نېمە دېگەن مۇۋاپىق ھە! قۇرئان مۆجىزە بولۇپ، بۇنىڭ مۆجىزىسى مەڭگۈلۈك، بۇ تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، قىيامەت ئالامەتلىرى، قىيامەت بېشارەتلىرى ئالدىن سۆزلەنگەن ئايەت، ھەدىسلەر شۇ چاغدىمۇ ھەتتا قىيامەت كۈنىمۇ مەڭگۈ، قىيامەت كۈنىدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ مۆجىزىلىك تۇرىدۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەرلىرى راستىقا ئايلىنىدۇ. مانا شۇنداق قۇرئان، پۈتۈن ھاياتلىق، ئۆزۈلىدۇ، ئاخىرلىشىدۇ دەيتتى، ھازىر **3000** مىڭ خىل ئۆسۈملۈك، ئىككى مىليون خىل ھاياتلىق بار، ئالىملار بۇلاردىن ئۆلمەيدىغىنىنى تاپالمىدى، شۇنىڭدەك بۇ ئاسمان ـ زېمىن ھامىنى بىر كۈن باشقا ئاسمان، باشقا زېمىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ھازىر پۈتۈن دۇنيا خەلقى، قىيامەتنى ئېتىراپ قىلدى، پۈتۈن ئالەم ھامىنى بىر كۈن ئەڭ ئاخىرى ۋەيران بولىدۇ، يەنە قايتا باشلىنىدۇ، دېدى، بۇنى پۈتۈن دۆلەت، باللارغا دەرسلىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئاجايىپ مۆجىزىدۇر.

ئۇ كۈنى پۈتۈن ئالەم ۋەيران بولىدۇ، ئاسمانلار تۆشۈك بولىدۇ، دەپتەردەك يۆگىلىدۇ، قاتلىنىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ، تاغلار، دېڭىزلار ۋەيران بولىدۇ. ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، بۇ زېمىن نەگە بېرىپ قالا؟ بۇ كىچىككىنە زېمىن ۋەيران بولۇپ، يەنە ئىنسانلار بۇ زېمىندىن چىقىدۇ، بۇ زېمىن ئاخىرى ھېساب ئېلىش ئورنىغا، دوزاخنىڭ يېنىغا بارىدۇ، ھېسابدىن قۇتۇلۇپ سىراتتىن ئۆتەلىسە، جەننەتكە بارىدۇ، بولمىسا دوزاختا قالىدۇ، قۇرۇلۇش، ئاشۇنداق بولىدۇ. مەڭگۈلۈك ئازاب ياكى راھەت، لەززەت دۇنياسى قۇرۇلىدۇ، ئۆلۈممۇ ئۇ كۈندە ئۆلتۈرۈلۈپ ئاخىرلىشىدۇ، ئاللاھ، بۇ كۈننىڭ قورقۇنچىسىدىن ساقلىسۇن، مۇرادىمىزغا يەتكۈزسۇن، ئامىن!

## ئاللاھ ئىشقى

يۇرۇگۇمنى ئۆرتەيدۇ بىللە بولغان چاغدىكى پىراق
يار قۇچىقىمدا تۇرۇپ ۋىسال تاپالمايمەن بىراق
كۆزۈمگە كۆرۈندى ياردىن باشقا ھەممىسى تۇپراق
توسقۇنلۇق قىلغانىنىڭ تىقىلسۇن بۇرنىغا قۇم - تۇپراق
كىمكى مەن ئاللاھقا ئاشىق بولاي دىسىلا
بولۇر كائىنات ئۇنىڭغا قاپقان ۋە تۇزاق
ئارزۇيۇم، ئۇمۇدۇم، مەقسىدىم شۇكى
يار ۋەسلىگە يەتسەم دەيمەن پاتىراق
ئەمما توسالغۇدىن بىرسىلا قالدى
ئۇ بولسىمۇ قەلبىمدىكى قاسماق ۋە قاسراق
بۇ قاسماقنى تۆكۈشنىڭ چارىسى بىرلا
ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ بىلەن خالىي جايدا مۇڭداشماق
ئەيىۇھانناس! ئاگلاڭلار ئامۇخاس!
كالا جىنىدا بالىسىدىن ئايرىلسا مۆرەپ تۇرالماس
بىر لەھزە ئايرىلسام مەھبۇبەمدىن
قايتا كۆرمىگىچە كۆڭلۇم زادى ئارام تاپماس
ئاللاھ ھەممىگە كۇپايە ھەممىدىن بولغىن خالاس

# سۈرە ھىجر تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بىز ھەربىر شەيئىنى يەنى ئۆسۈملۈكنى ئۆلچەملىك ئۈندۈرىمىز دېگەن ئايەت توغرىسىدا، بۇ ئايەت بىر مۆجىزىدۇر. بۇنداق ئايەت قۇرئاندا كۆپ، بولۇپمۇ بىز سۈرە ئەرراھمان، سۈرە ئەنكەبۇتلاردا سۆزلەيمىز.

ھازىر تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، **300000** خىل ئۆسۈملۈك تېپىلغان، ھەممىسى ئۆلچەملىك، ۋاقتى، ئورنى، مىقدارى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، غولى، شېخى، يوپۇرمىقىدىن باشقا ئۇنىڭ ھەرخىل بولۇشى، ھەر جايغا ماس كېلىشى، قۇلاقتىكى ھاۋا تۆشۈكچىسى، يىلتىزى، ماددا سۈمۈرۈشى ھەممىسى ئۆلچەملىكتۇر. خۇددى ۋەزنە جىڭدا قويغاندەك، سانتىلاپ ئۆلچەپ قويغاندەك، راست، تويتوغرا، سۆز شۇكى، بۇلارغا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بۇلارنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەممە، ئالLAھقا شۈكرى قىلىدۇ، تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ. بىز يۇقىرقى ئۆلچەملىك ۋەزنىنى قۇلاقتىلا ئاڭلاپ قويماي، قاراپ بېقىشىمىز لازىم. قېنى، مەسىلەن: **19** ـ **20** ـ بەتلەر تەنتاۋىينىڭ كىتابىدا سۈرىتى بار.

پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىمىز لازىم، كۆز بىلەن كۆرۈشىمىز لازىم؟ ئەگەر شارائىت بولمىسا، كىتابنى ئوقۇشىمىز لازىم، تېنى، غولى، يىلتىزى، ھەممىگە قارىشىمىز لازىم. تەمگە، رەڭگىگە ۋاھاكازالار، ئالىملار، بولو، ئالما، كۆۋەز، سەنۇبەر قاتارلىق ئالتە خىل ئۆسۈملۈك قۇلىقىنى تەتقىق قىلغان، ھەممىسىنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ كۆرگەن، بۇلار ئاخىرى ھەر بىر قۇلاق بىخ قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى، پۈتۈن دائىرىسىنى، يېرىم دائىرىسىنى، ئايلانمىسىنى، ئارىلىقىنى ئۆلچەپ گرادۇسىنى، سانلىق مەلۇماتىنى تاپقان، ئاخىرىدا بۇلار ھەربىر ئۆسۈملۈك ئالاھىدە بىر مۇتەخەسسىس، ئىنجىنىر، ھېسابقا پۇختا كىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى سەزگەن، بۇلار تېپىپ چىققان بۇ ئىلىم قۇرئاندا بۇرۇنلا بىر ئايەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن ئۆسۈملۈكنى ئۆلچەملىك پۇختا ھېساب بىلەن ئۆستۈرگەنلىك، ئەلۋەتتە، بۇ بىر مۆجىزىدۇر، بۇ مۆجىزىنى تېخىمۇ پۇختا بىلىش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈك ئىلمى قىسمىنى، بوتانىكا قىسمىنى، بىئولوگىيىنى ئوقۇش كېرەك، ئاندىن بىز قۇرئاننى ھەقىقي چۈشىنەلەيمىز. مۆجىزىنى تېپىپ چىقىپ، قەلبلەرنى ئارام تاپقۇزىمىز، **21** ـ **22** ـ بەتكە قاراڭ، بىئولوگىيە بىرىنچى قىسمىدا بار.

يوپۇرماقنىڭ ئايلانما ئارىلىقتىكى سانلىق مەلۇمات جەدۋىلى راستلا ئۆلچەملىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

تەنتاۋى **22** ـ بەتتە كۆرسىتىلگەن قوشۇش ئۇسۇلى ئوڭدىن سولغا بولىدۇ، ئۈستىدىن ئاستىغا بولىدۇ، ئوڭدىن سولغا **2** سانلىقنى قوشساق ئاستىدىكى ئۇنىڭ تەڭلىمى بولىدۇ، يەنە بۇ ئاستىدىكى ساننى قوشساق ئاخىرقىسى تەڭ بولىدۇ. ئوڭدىن سولغا قوشۇپ، ئاستى تەڭ بولىدۇ. ئوڭدىن سولغا قوشۇپ يەنە بىر سان تەڭ بولىدۇ. تۆتىنچى، بەشىنچى قاتارنى قوشسا ئالتىنچى قاتار تەڭ، ئالتىنچى قاتارنى ئوڭدىن سولغا قوشساق ئاخىرى تەڭ، بىر ـ بىرىنى قوشۇپ، تەڭ چىقىرىلىدۇ، تەڭ چىققان ساننىنى يەنە ئاخىرىغا قوشىمىز.

مەسىلەن: بىرىنچى قاتار ئوڭدىن سولغا قوشۇش **1+1=1، 2 +2=3**

ئىككىنچى قاتاردىكى بىرىنچى ئىككى دېگەن ساندىن باشلاپ تەڭلىمىسى بولىدۇ.

**13+8+3+2 + 2+1 + 1**

**13=5+8=3+2+2+1 5=2+3=2+1**

ئەمدى ئىككىنچى قاتار ئوڭدىن سولغا، ئۆزئارا قوشۇلسا ئىككى سان ئارىلىقىغا ئۈچ سان تەڭ چىقىدۇ. **1+1 21=13+8+5+3+2**گىچە

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتار سان ئۈستىدىن ئاستىغا قوشۇلىدۇ. مىسال:

$$\frac{34+13}{47}=\frac{21+8}{29}=\frac{13+5}{18}=\frac{8+3}{11}=\frac{5+2}{7}=\frac{3+1}{5}=\frac{2+1}{3}=$$

ئەمدى بۇ تۆتىنچى قاتارمۇ ئوڭدىن سولغا قوشۇلسا، ئۈچىنچى سان تەك بولىدۇ.

47+29+18+11+7+4+3

= = = = =

تۆتىنچى، بەشىنچى قاتارمۇ ئۈستىدىن ئاستىغا قوشۇلسا، ئالتىنچى قاتار سان ئۈنىڭ تەڭلىمىسى بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق مۆرەككەپ تېپىشماقتەك توپتوغرا سانلىق مەلۇماتلار بۇ قۇلاق يوپۇرماق ئارقىلىق ئايلانما گرادۇسىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنى ئالىملار سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئۆلچىمىنى تېپىپ چىقتى، گاھ ئوڭدىن سولغا، ئۈستىدىن ئاستىغا قوشۇپ كۆرسە ئوخشاش تەك چىققان، بۇ ئالتە دانە يوپۇرماقنىڭ كارامىتى بۇ بولسا، قالغان ئىشلاردا نېمىلەر باردۇ؟ ھە! ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا مىزان ئورناتقان بولۇپ، ھەممە نەرسە ھەتتا ئۆسۈملۈكمۇ شۇ مىزاندا ئۆلچىنىدۇ، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئېغىر ـ يېنىكلىكى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، پايدا ـ زىيىنى، مۇيسى، مۇيسىزى ھەممىسى «لەۋھۇلمەھپۇز»دا يېزىلغان بولىدۇ. مانا ئەمدى ئالىملار بۇنى سەزگەن، ئەمما، مۇسۇلمانلار ئۇخلاپ قالغان، تا ھازىرغىچە ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدى، شۇڭا، بىز ئۇيقىمىزنى ئېچىپ، تەپەككۇر نەزىرىمىز بىلەن قاراپ، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ھېكمىتىنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم.

بۇ ئىنسان، ھايۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆلچەم مەيلى قۇلاقتا بولسۇن، ياكى يۇلتۇزدا، مەيلى شاختا بولسۇن، ياكى قوۋزاختا، ھەممىسى ئىنسان، ھايۋان ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ماددىنى ئاز، كۆپ سۈمۈرۈش، قايسىسىنى سۈمۈرۈش، قايسىسىنى ئايرىش، يەنە قانداق زاپاس قىسمىنى چىقىرىپ تاشلاش، قايسى جايغا ماس كېلىش، قانداق مۇھىتقا ماس كېلىش، مۇھىتنى قانداق ياخشىلاش، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈندۇر، بۇ جانسىز ياكى ئەقىلسىز، تەدبىرسىز ھۆجەيرە، بۇ ھېچ ئىش قولدىن كەلمەيدىغان ئىنسانلارغا مۇتلەق بويسۇندۇرۇلغان مەخلۇق قانداق بولۇپ، بۇ پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆزلىگەن؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسانغا كۆيۈنۈپ قالىدۇ؟ ئەگەر ئۆسۈملۈكلەرمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش مېڭىپ يۈرسە، قاچسا، ئۇ چاغدا بىز بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىگەن بولاتتۇق، جاپا تارتاتتۇق، ئەمما، مېھرىبان ئاللاھ، بىزگە كۆيۈنۈپ رەھىم قىلىپ، ئۇنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇنداقلا، دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېڭىشى ھاجەتسىز، پۈتۈن رىزىقى، ئوزۇقىنى بىز ئاپىرىپ بېرىمىزدە! چۈنكى، ئۇ بىزگە پايدىلىق، شۇڭا، بىز ئۈچ ھاياتلىقلار، بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈنىمىز، ھەمكارلىشىمىز، بۇنى ئاللاھ، قىلغاندۇر، ھەممىنى بىز ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، بۇ قۇرئاندا ئوچۇق سۆزلىنىدۇ.

ئاللاھنىڭ مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئىنسان ياراتىمەن دېگەن سۆزى توغرىسىدا. بۇنداق ئايەت كۆپ كېلىدۇ، سەيىيد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ تەپسىرىدە سۈرە ئەرراھماندا، ئىنسان جىسمىدا 20 خىلدىن كۆپ تۇپراقتا تەۋە ئېلېمېنت ماددىنىڭ بارلىقىنى سۆزلىگەن. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيي مۇنداق دېگەن، مېھرىبان ئاللاھ، ئىنساننى مۇشۇ تۇپراقدىن ياراتىپ، يەنە ھايات كەچۈرسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ تۇپراقتا تاشلىغان، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچ ھاياتلىق بىر ـ بىرىگە ماس، مۇخالىپسىز ھالدا زېمىندا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ھەممىسى تۇپراقدىن ئوزۇق ئالىدۇ، پۈتۈن جىسمى، ۋۇجۇدى تۇپراقدىن شەكىللەنگەن، بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، نەچچە يۈز مىليارت زېمىندىن پەقەت مۇشۇ يەرشارىغا ئىنساننى تاشلىغان، تا ھازىرمۇ ئىنسان جىسمى تۇپراقدىن ھاسىل بولماقتا، ئەمما، پەرق، ھەيكىلى لايدىن سۇغا ئۆزگەردى، يەنى ھۆجەيرىگە .تۇپراقتا بار ئېلېمېنت ماددىدىن ئىنسان جىسمىدا نەچچىسى بار؟ بۇلار قانداق رول ئوينايدۇ؟ راست لايدىن يارالغانمۇ؟ ھېكمىتى زادى نېمە؟ بۇ مۇشكۇل سوئالغا جاۋاب مۇنداق. ھازىرقى ئەڭ توغرا بولغان ئىلىم ـ پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسان ھەقىقەتەن تۇپراق، لايدىن يەنى ئازىراق سۇدىن يارىتىلغان، تا ھازىرغىچە شۇنداق، ئىنسان جىسمىدا مۇنداق ماددىلار بار.

1 ـ ھاك تاش، بۇ سۆڭەككە غىزا بولىدۇ، ئىچكى جاراھەتنى داۋالايدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، بۇ ئۈزۈمدە، سۈتتە، بولۇپمۇ قايمىقى بار سۈتتە، چامغۇر، پىياز، ئۆرۈكتە، ئەنجۈر، پەمدۇر قاتارلىقلاردا بولۇپ،

سۈڭەكنى ياخشىلايدۇ ۋاھاكازالار.

**2** ـ ماگنىي، بۇ ماددا موسكۇل، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، ياردەمچى بولىدۇ، يوچۇقنى ئېتىدۇ، بۇ ئېلېمېنت، چامغۇر، تەرخەمەك، پەمىدۇر، ئاپلىسىن، ئارپا، قوناق، بۇغداي، لىيمونلاردا بار.

**3** ـ گۈڭگۈرت، بۇ ماددا قاننى تازىلايدۇ، رىماتىزىمغا قارشى ئۈنۈمى بار، بۇ ئېلېمېنت، چامغۇردا، قىزىل پالەكتە، پەمىدۇردا، سەۋزە، پىيازدا بار.

**4** ـ فوسفور، بۇ ماددا، نېرۋىغا ۋە ئۇنىڭ ھۆجەيرىسىگە ئوزۇق بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق نېرۋا ھۆجەيرىسى سەزگۈگە ئىگە بولىدۇ. قاراڭغۇ دۇنيا نۇر بىلەن يورۇيدۇ، بۇنى بىز بەزى ھاشارەتتە كۆزىمىز بىلەن ئۇچۇراتتۇق، گاڭ فوسفور بولۇپ قاراڭغۇدا نۇر چىقىدىكەن.

بۇ ماددا دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدا، بېلىقدا، تۇخۇم سېرىقىدا، چامغۇردا، تەرخەمەكتە، جاڭدۇ، ماشىدا بولىدۇ.

**5** ـ تۆمۈر، بۇ ماددا قان كۆپەيتىدۇ، قىزىل رەڭنى مۇشۇ ماددا بېرىدۇ، قان ئازلىقنى يوقۇتىدۇ، ماددىلارنى تارتىش، جەلىپ قىلىش كۇچىگە ئىگە. بۇ ماددا چامغۇر، بەسەي، يىمىش، تۇخۇم سېرىقى، پەمىدۇر، ئالما قاتارلىقلاردا مەۋجۇد.

**6** ـ خلور، تۇز، بۇ ئېلېمېنت ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، ئاشقازاننى سوپۇندەك تازىلايدۇ، بۇ مادا بەسەي، سەۋزە، چامغۇر، سۈت، بېلىق، تۇرۇپ، پەمىدۇر قاتارلىقلاردا بار.

**7** ـ ماددا ئادەتتىكى تۇز.

**8** ـ سودا تۇزى، بۇلار بەدەننى چىڭىتىدۇ، كۈچ بېرىدۇ، تائامغا تەم قوشىدۇ، زاپاس قىسمى سۇ بىلەن سۇدۇك بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، كىشىنى ئۇسسۇتۇپ چاي، سۇ ئىچكۈزۈپ بەدەننىڭ نەملىكىنى ساقلايدۇ.

**9** ـ قۇم بۇ ماددا قان ئارقىلىق كۆزدىكى كىرىستال تەنچىگە بارىدۇ، ئەينەك ماددىسى بولۇپ، سۈرەتنى ئاپاراتتەك كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇندىن باشقا جايلاردا بار، بەزىدە ئۆت، يۈرەكتە تاش بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

**10** ـ كۆمۈر ماددىسى، كاربون، دائىم چىقىپ تۇرىدۇ.

**11** ـ ئوكسىگېن، بۇ دائىم ئىچىگە كىرىپ تۇرىدۇ، بۇ بولمىسا، ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ.

**12** ـ ۋىتامىن، **13** ـ ئاخسىل، **14** ـ كالتسىي، **15** ـ يەنلا ئىنساندا تۇپراق، كۆل ماددىسى بار، كۆيۈپ كەتسە كۆل بولىدۇ.

**16** ـ ھىدروگىن، قارا پىگمېنت، ھەرخىل ئېنىرگىيە، ماي ماددىسى بار، ئازوت بار، يوت بار، كىسلاتا، ئىسپىرت ماددىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. مانا مۇشۇ ماددىلار زېمىندا بار، **116** خىل ئېلېمېنت ئىچىدە ئىنساندا **26** دىن كۆپرەكى تېپىلىدۇ، بۇ ماددا ئېلېمېنتلارنى ئاللاھ، باغلاردا، زىرائەت، كۆكتاتچىلىق جايلىرىدا، ئېلغار زاۋۇت ئارقىلىق سەي ـ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، ئاشلىق، ھايۋان ئارقىلىق ئىنسانغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئىنسان، ئانا رەھمىدىكى چاغدىن باشلاپ، بۇ ماددا ئېلېمېنتنى سۈمۈرۈشكە، ئوزۇقلىنىشقا باشلىسا، تا ئۆلگىچە بۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ماددىلار بىز ئىستېمال قىلىدىغان تائاملاردا تولا ئۇچرايدۇ، ئاددىيسى بۇغدايدا **16** خىل ماددا تېپىلىدۇ، ئەگەر تاسقاپ كېپىكنى چىقىرۋېتىپ ئىستېمال قىلسا، **4** خىل ماددا يوقاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ تۆمۈر، فوسفورلار يوقاپ كېتىدۇ، بۇ قالغان ماددىنى كۆكتاتلاردىن ئالىمىز، پۈتۈن ئوزۇق، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكدىن كېلىدۇ. ھايۋانلارمۇ ئاخىرىدا ئۆسۈملۈكنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئۆسۈملۈك بولسا، زېمىندىن، ھاۋادىن، قۇياش نۇرىدىن ئوزۇق قوبۇل قىلىدۇ. ھەممىسى، ئاخىرىدا نۇر زەررىچىسىگە قايتىدۇ، مانا مۇشۇنداق تۇپراقدىن، سۇدىن، لايدىن ھاسىل بولۇپ، يەنە بىرلىششى جەزمەندۇر.

چۈنكى، بۇنى ئالدىن ئالاھىدە لايىھەلەپ ئورۇنلاشتۇرغان، ئاشۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، ئاللاھ، مۇقەددەس مۆجىزە، قۇرئاندا شۇنداق تەكىتلەپ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن. مانا بۇ ھەقىقەت بىر

مۆجىزىدۇر، بۇ مۆجىزىنى تېخىمۇ روشەن بىلىش ئۈچۈن، قۇرئان تەپسىرىنى، تەبئىي - پەن جەھەتتىن، سانائەت تەرەققىيات خاراكتېرلىرنى چوقۇم بىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ تۆرەلمە ئىلمىنى، تىببىي پەننى كۆرۈشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ جىسمىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. ئاندىن بىز قۇرئاندىكى ئىنسانىنى تۇپراق، لاي، سۇدىن ياراتتۇق دېگەن ئايەتنى چۈشىنەلەيمىز.

## ھەقىقەتەن مەزكۇر ئىشلاردا پاراسەت ئەھلى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ئادىللىقى، ھېكمىتى ئۈچۈن، نۇرغۇن دالالەت، مۆجىزىلەر بار دېگەن ئايەت توغرىسىدا

مۇتەۋەسسىمىين دېگەن پاراسەت ئەھلى بولۇپ، بۇلار قەلبى ۋە نۇرى، روھى سىزىم بىلەن ئاللاھنىڭ ئىلهامى بىلەن ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلەيدۇ، پەرەز قىلالايدۇ، كۆپىنچىسى توغرا چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق ئىدى، ھەم مۇنداق دېگەن:

سىلەر مۆئمىننىڭ پاراسىتىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ، ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ دېگەن. بۇنى تىرمىزىي خاتىرلىگەن ھەدىس. ئۇلار مول تەجرىبىگە ئىگە، بەزەن ئالامەت بىلەنمۇ ھۆكۈم قىلالايدۇ، ئەمما بۇلار غەيبىنى بىلگەن بولمايدۇ، غەيبىنى ئاللاھلا بىلىدۇ، ۋە ئاللاھ بىلىدۇ دېگەن كىشى بىلەلەيدۇ.

شۇڭا، مۇسۇلمان، مۆئمىن ئەقىل - پاراسەتچىلەر تارىخقا قاراپ ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قانداق ھالاك بولغىنىغا قاراپ، ئاندىن مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى ياكى روناق تېپىشىغا ھۆكۈم قىلىشى ياخشىغا بۇيرۇشى، ياماندىن توسۇشى، ۋەز - نەسىھەت قىلىش لازىم.

ئاللاھنىڭ، ئەرشدىن تارتىپ پەرشكىچە( ئاستىن ئالەمگىچە ) بولغان پۈتۈن مەخلۇقلىرىغا قاراپ، ھېكمىتىگە، رەھمىتىگە قاراپ بۇلارنى تولۇق چۈشەندۈرۈشى، تەۋھىدنى مۇقىملاش، ئىلغار ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. قاتناش، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، پۈتۈن قاتناش ئەھۋاللىرىنى كۆزۈتۈپ پۈتۈن دۆلەتكە قاراپ ئۆزىنى سىپلىشتۇرۇپ، ئەقىل - پاراسەتنى ئىشلىتىشى لازىم، ئىلغار بولۇشى لازىم. دۈشمەن ئەھۋالىدىن ھۆكۈم قىلالىشى لازىم، كەلگۈسى تەرەققىيات ۋە ئىلمىغا قاراپ ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىشى، ئېھتىيات قىلىدىغىنىدىن ئېھتىيات قىلىشى، بۇيرىيدىغىنىنى بۇيرىشى لازىم.

نۇر ئىلمى، توك ئىلمى، ئۈچۈ ئىلمى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، ئالدىن مۆلچەرلەپ ئىش بېجىرىش لازىم. ھەرگىز ئارقىدا قېلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئەقىل - پاراسەت ئەھلىگىلا ئالامەت بار دېگەن. بۇلارنىڭ يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ تەجرىبىسى، نەتىجىسى، روھى، قەلبى، نۇرى، ئىلهام ئارقىلىق ئالدىدا تۇرۇشى لازىم. ئەمما، مۇسۇلمانلار ئۇخلاپ قالدى، بۇنداق پاراسەت ئەھلى، دىنىمىزلاردىن چىقىپ قالدى، بىز زور دەرىجىدە ئارقىدا قالغان بولساقمۇ يەنىلا ئۈمىد بار، ئاخىرقى غەلبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ، ئەقىل - پاراسەت ئەھلى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك توغرا خەلىپە تاللىشى، ھاكىمىيەتنى توغرا باشقۇرۇشى، ئادىل بولۇشى، خەلقنى كۆزۈتىشى، جەمئىيەت ئامانلىقى، دۆلەت بەختەرلىكى ۋە باشقا ئىشلاردا چوقۇم ئەقىل - پاراسەتنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئىشلىتىشى لازىم.

بىز تۆۋەندە بەزى مەشھۇر پەيلاسوفلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، خۇلاسىلەپ قىلغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. ھېكمەت، ئەزەلدىن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا خاس، پۈتۈن ھېكمەت قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەگەر توپتوغرا بولسا، شۇنداقتىمۇ سۆز، لۇغەت قوللىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىز يەنىلا بۇ ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ ئۆتىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە قۇرئان، ھەدىس، ئالدىدا بىز مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىمىز ئالدىدا پۈتۈن سۆز ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئەمما بىز بۇ سۆزلەرنى كەلتۈرۈشىمىز، قۇرئاننىڭ مۆجىزلىكىنى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىشىنى، شۇنداق تۇرۇپ مۇسۇلمانلار قەدرىنى بىلمەي ئۇخلاپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى.

ھەقىقەتنى تولۇق چۈشۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش لازىم. قىلىدىغىنىنى زادى قىلىش، قىلمايدىغىنىنى زادى قىلماسلىق، قانچىلىك بەدەل كەتسىمۇ ھەقتە چىڭ تۇرۇش

لازىم. ساڭا ئازا بەرگەن ئىش، ئەگەر قۇدرىتىڭدە كۈچ تاقىتىڭدە بولسا، ئامالىنى قىلىپ باق، بولمىسا جىم تۇر زىيان تارتىسەن. ئىسىڭدە بولسۇن بۇ دۇنيا نەپسىڭ، ئارزۇ قىلغان ئىشلار خاتا چىقىدۇ، سەن تەس كۆرگەن قىلىشنى خالىمىغان ئىشلاردا بەدەل كېتىشىدىن قورقىقان ئىشلاردا زور پايدا بار، نەپسىڭ، ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن مەغلۇپ بولماسلىقىنى خالىساڭ، جەڭگە غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسى بىلەن كىرگىن، ئەمەلىيەت روھىدا، جىسمانى ئۇرۇش ئاغزاكى تىللاش، ۋە ئەيىبلەش ھېساب ئەمەس، بەلكى، قەلبى، روھ، ئىددىيە، ھېسساپ. سىنى بىرەرسى ئەيىپلىسە ئالدىرىماي ئويلاپ باق، چۈنكى، ئۇ سېنىڭ ئەيىنىكىڭ بولۇپ بەرگەن. ئەيىنەكنى جىجىلىماي، سەت قىلىقنى تۈزەت، بەزىدە ئەينەكنىمۇ تاپالماي قالىسەن، كىشى ئالدى بىلەن ئۆز ئەيىبىنى سۈرۈشتۈرۈشى بەك زۆرۈر، كىشىلەردىن ئۆزىگە بەكرەك قاتتىق تەلەپ قويىدىغان كىشى ھەقىقىي فىقھى بولىدۇ.

دائىم ھالدا كۆز ئالدىڭدا ئۆلۈم بولسۇن، بۇ ۋەتەندىن ئايرىلىش تۈيغۇسى بولسۇن، كىشلەر چوڭ سانىغان نەرسىگە پەرۋا قىلما، قەلبىڭگە پەسكەش پىكىرلەر كىرمىسۇن، دىققەت قىل. كىشلەرگە كاتتا بىلىنگەن ئەرىش، ئاللاھقا زەررىچە ئەمەس، ئەرشدىن پەرشكىچە ھەممىنى تاشلاپ، ئاللاھ دېمىگەن ئەر ئەمەس، تاشقى كۆرۈنۈشى كۆزۈڭگە شۇنداقتۇر. ئاللاھنىڭ دوستىنى كۆتۈرگەن ئەمەلىيەتتە يەر ئەمەس. ھېكمەتنى تەلەپ قىلىپ، پارىغ بولغاندىن كېيىن يەنىلا توختاپ قالما، ئىلمنى خەتمە قىلدىم دەپمۇ توختاپ قالما، چۈنكى، ئىلىم چەكسىز دېڭىزدۇر. سەن بىر سوئال قويۇپ ياكى ساڭا قويۇلۇپ، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالماي ئۇخلاپ قالساڭ، پەيلاسوف، ئەللامەت بولالمايسەن، تارتىنچاقلىق كىبىر، ئەجەبلىنىش رىيادىن ساقلان، ھەممىسى ئۇنتۇلۇشدىن باشقا ئىلىم دۇشمەنلىرى، سەن تونۇنۇلۇشنى ياخشى كۆرسەڭ، كىشلەر سەندىن ئەجەبلىنىپ كەتسە، سېنىڭ پەسكەشلىكىنىڭ ئالامتى شۇ، سەندە كىبىر بولمىسا، چوڭچىلىق بولمىسا، مانا بۇ ئۆزىلا ئۇستۇنلۇك بولىدۇ.

## ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ سۆزلىرى

ھەقىقەتەن خالىس ياخشىلىق بارچە ھېكمەت شۇ، يامانلىق، مەئسىيەت، نادانلىقنىڭ ئۆزى شۇ دېگەن، مال، بالا ـ چاقا، يۇز ـ ئابرۇي، دۇشمەننى مەغلۇپ قىلىشلار ياخشى ـ يامانغا ياتمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇلاردىكى ياخشى ـ يامانلىق ئەھۋالىغا ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە ئاشۇ بىز دېگەن خالىس ياخشى ـ يامانغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزىسى ياخشى، بەزىسى يامان بولىدۇ، ئىش ئەمەلىيەتتىن ئۆلچىنىدۇ. كۆپىنچە، مال ـ دۇنيا، يۇز ـ ئابرۇيلىقلار شەقى بولىدۇ، كۆپىنچە يوقسىزلار، سائادەتمەن بولىدۇ، بايلىق، مال ـ دۇنيا بىلەن ئەمەس، نەپسىنىڭ بىھاجەت بولۇشى بىلەن بولىدۇ، ئاخىرەتكە تۇرغان بۇ دۇنيادا زىيان تارتىشى مۇمكىن، بۇ دۇنياغىلا تۇرغان ئاخىرەتتىن چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

بۇ دۇنياغا تۇرغانلارمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ خالىغىنىنى يەيدۇ، ئاخىرەتكە تۇرغانلارمۇ يەنىلا ئاچ ـ يالىڭاچ قالمايدۇ، ئۇنداقتا، ئۆلۈپ، بارىدىغان ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئاخىرەتنى تاللىغان ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

ھەربىر قەلب، سۇ، ئاسمان، نۇرنى قوبۇل قىلغاندەك، ۋە ئۇنىڭ شەكلىنى، سۈرىتىنى قوبۇل قىلغاندەك ئاللاھنىڭ نۇرىنى، ئىلاھى قۇدرەت، جامالىنى قوبۇل قىلىدۇ، سۇدا، يۇلتۇز نۇرى بولغاندەك، قەلبىدە ئىلاھى نۇر بولىدۇ. قەلب، چەكسىز دۇنيا، مۆئمىنىنىڭ قەلبى رەھماننىڭ ئەرشى دېگەن سۆز بار. قەلب توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەر بولۇپ، مەن بۇ سۆزلەرنى مۇشۇ ئورۇنغا قوشۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم، خاتاسىنى تۈزۈتۈپ قويارسىلەر. چۈنكى، بۇ مەن شەخسەن يازغان سۆزلەر ئىدى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ بۇ ئەقىل ـ پاراسەتچىلەر دېگەن ئايەتكە ھېكمەتنى كەلتۈرشى، ھۆكما، پەيلاسوف، ئالىملاردىن بولىشىمىزغا چاقىرىش، ئاشۇنداق پاراسەت تېپىش، ۋە ئىلمىدىن خەۋەردار قىلىش، نۇرغۇن پەيلاسوف، مەشھۇر ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئوقۇپ كۆرىشىمىزگە چاقىرىشتۇر، بىز بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆرۈپ چىقىشىمىز لازىم، چۈنكى، بۇلار قۇرئان، ھەدىسنىڭ ئىزاھاتى بولالايدۇ.

ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى داۋام قىلمىز، يېقىننى قويۇپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشى، ئۆز تۇخۇمىنى قويۇپ، باشقا قۇشنىڭ تۇخۇمىنى باسقان قۇشقا ئوخشايدۇ، ئاخىرى نەسلى قۇرۇپ تۈگىشىدۇ. كېلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى بەك يېقىن، ئۆتۈپ كەتكەننىڭ ھەممىسى بەك يىراق بولىدۇ. كىشى نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى تولا تىلغا ئالىدۇ، كىشى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ. دۈشمەنلىگىدىن بىر قېتىم ھەزەر قىلساڭ، دوستۇڭدىن **1000** قېتىم ھەزەر قىلغىن، چۈنكى، دوستۇڭ دۈشمەن بولسا، خەتەرلىك، ياخشى ئادەم يامانغا ئۆزگەرسە باشقا ياماندىن ئېشىپ چۈششى مۇمكىن. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق كەلمەيدۇ، ئەمما، نەپسى تويمىسا يامانلىقمۇ يىراق ئەمەس، خۇددى شەبنەم بىدىنى قوي ئوتلاپ قورسقى يېرىلىپ ئۆلگەندەك.

قاتتىق كۆڭلەرنىڭ مۇسىبەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشتىن ياخشى كۆڭلەرنىڭ، مول تۇرمۇشنىڭ، مال ـ دۇنيانىڭ، خاتىرجەملىك سىنىقىدىن ئۆتۈش قىيىن، مۇھەببەت، ئىشقى ئازابىنى يەڭگەن كىشى باشقا ئازابقا پىسەنت قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن قۇرۇق شاختا ئانار بولىدۇ، سىقىپ سۈيىنى ئىچسە يۈرەكلەرگە داۋا بولىدۇ، تۆت چوغ بىرلەشسە چۆگۈن قاينايدۇ، كۆل ئاستىغا باسۇرۇلغان چوغ ھامىنى بىر كۈن يېنىشى مۇمكىن، ئەمما، بۇ قېتىم كۆل بىلەن باسۇرغىلى بولماس. قەلبلەر چەكسىز دۇنيانى كېزىپ ئاخىرى ئاللاھ دېگەن زىكرى بىلەن ئارام تاپىدۇ. جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمىغاندەك، مەخلۇق ۋىسالىدىن كەچمىگىچە خالىقنىڭ ۋىسالىغا يەتكىلى بولماس، پۈتۈن كائىنات بۇ ۋىسالغا تosقۇنلۇق بولىدۇ، بۇ توسۇقدىن ئۆتمىگۈچە زادى بولماس.

جېنىدىن، ئاللاھقا ئاشىق، سادىق چىققان تۇرسا، ئىنسانلار نېمە قىلىدىغاندۇ؟ كىشى قەلبى زاھىرىدىن باشقا بىر ئالەمگە باغلانغاندا، سىرلار ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، ھەممىسى ئاللاھ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ھەقىقىي بىر مۆئمىننىڭ پاك، زاكىر قەلبى، ئاللاھقا، پۈتۈن يەرشارىدىن مۇھىمدۇر.

بۇ دۇنيا، ئىنسانلارنىڭ روھىنى، قەلبىنى، ئىدىيىسىنى سىناش، تاۋلاش ئۈچۈن يارىتىلغان. بۇ بىر سىناق، مۇسابىقە مەيدانى، كەتكەنلەر بىر چەتتە نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ھازىرقىلار كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇلارمۇ ئۇزۇن قالماي چىقىپ كېتىدۇ، چۈنكى، كېيىنكىلەر مەيداندىن چىق!، بىز چۈشىمىز دەيدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر مەيدان مۇسابىقە ئاخىرلاشسا، ئاخىرى بىر كۈن ھەممىسى نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ، يا ياخشى، يا يامان ئىككىدىن باشقىسى زادى ئەمەس.

مەن كۆرگەن كىتابلاردا ۋە ياكى ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ئاشىقلار مەخلۇقدىن تەرەققىي قىلىپ، خالىققا يۆتكەلگەن، ئىشقى، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ خالىسا، ئۆزگە خالىسا مەخلۇققا ئاشىق قىلىپ قويىدۇ، ئاللاھ، ھەممىمىزنى ئۆزگىلا ئاشىق، سادىق قىلغاي ئامىن!

ياخشى كۆرسە ئەيىب ـ نۇخسانلىرى، ياخشى بىلىنسە، تەرلىرى ئەتىر پۇرىسا، بۇنى بىز مۇھەببەت دەيمىز. كۆرگىسى كەلسە، سېغىنسا، بۇنى ئىشتىياق دەيمىز، زادى بىر سېكۇنت ئايرىلسا چىدىيالمىسا، پۈتۈن قەلبىنى كونترول قىلىۋالسا، بۇنى بىز ئىشق، ئاشىق دەيمىز. مۇھەببەت كور قىلىپ قويىدۇ، ئىشق مەجنۇن قىلىپ قويىدۇ، ئاللاھقا ئاشىق بولغانلار مۇشۇنداق ئالامەتنى ئىزدىسۇن، كىشى مەھبۇبىسىنى نېمە دىسە شۇنى قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن كىشى دىگىنىنى قىلىدۇ، توسقىنىدىن يانىدۇ.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشى قىيامەتنى كەلتۈرىدۇ، چۈنكى، چىن قەلبىدىن ئاللاھ، دىيىلمىگەندە، قىيامەت قۇرۇلىدۇ، بۇ كىتابتىكى قەلبلەر تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، ئالى ماقام، مۆئمىن، مۇتتەقىنىڭ زاكىر قەلبى، ئىككىنچى، مۆئمىن قەلبى، بۇ ئىككى ماقام، ئۈچىنچى، مۇناپىق قەلبى، تۆتىنچىسى، كاپىر قەلبىدۇر.

قەلبلەر ھەرخىل، ھەرياگزا بولسىمۇ مۇشۇ تۆت سىنىپقا تەۋەدۇر.

مۆئمىننىڭ قەلبى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ

ھەقىقىي ھاياتلىق قەلبنىڭ ھاياتلىقىدۇر

مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبى ئاللاھ بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ (الله باقي ، ئاخىرەت مەڭگۈدۇر)

قەلبنىڭ ۋۇجۇدى ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگەندۇر، (يەنى الله كۆن دەپ ياراتقان)

ھەقىقىي قەلب، ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىغا زىكرى بىلەن تۇتىشىدۇ (يەنى ئاخىرەتتە كورىدۇ)

كۆرىدىغان قەلب، كور قەلبنىڭ ئەكسىچە، بارچە ۋۇجۇدىدىن ئاللاھنى كۆرىدۇ يەنى ئالامەتنى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قەلب مەھبۇبىلا ئارىسىدىن پەقەت ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە سۆيىدۇ، ئاللاھقا ئاشىق قەلب، ئاشىق ـ مەشۇقنى ئۇنتۇپ قالمىغاندەك ئاللاھنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئاللاھقا ئاشىق قەلب، ئاللاھ دېگەن زىكرىدىن لەززەت ئالىدۇ.

ئاندىن باشقا **99** ئىسىم ـ سۈپىتىدىن ھوزۇر ئالىدۇ، زاكىر قەلب، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ياكى ئازابىنى ئەسلىگەندە، ئۇ يۇمشايدۇ، ئېرىيدۇ، ئىختىيارسىز بارچە ئەزالىرىنى تىترىتىپ كۆزلەردىن ياش تۆكىدۇ. قەلب تۆمۈر داتلاشقاندەك داتلاشقاندا، ئاللاھنى قويۇپ، باشقا مەھبۇبىنىمۇ ئەسلەپ قالىدۇ، بۇ چاغدا، مۆئمىننىڭ قەلبى، ئاللاھ تەرەپكە ئىلتىجا بىلەن قايتىدۇ، گۇناھقا تەۋبە قىلىدىك مۇراد ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرىدۇ.

قەلب تولا يۆتكەلگەچكە، قەلب دەي ئاتالغاندۇر، قەلب رەھماننىڭ بارماقلىرى ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇ خالىغان تەرەپكە بۇرىيالايدۇ. ئۇنداقتا، ئاللاھ ئۆزى تەرەپكە بۇرىمىغان قەلب زاكىر قەلب ئەمەس، لېكىن، قەلبنىڭ ئاللاھنى زىكرى قىلىشىدا ئىختىيارلىقى بار! قەلب مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ سىرلىقىدۇر، قەلبدىكى بۇ سىرلارنى ئاللاھدىن باشقىسى بىلمەيدۇ، قەلب ئىگىسىنىڭ قىلمۇاتقان ئىش ـ ھەرىكىتى سىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، قەلب، ئىرادە قىلمىسا، كۆكسى بىرەر تەرەپكە يۈزلەنمەيدۇ، كۆكسىدىن ئىبارەت باغرىغا بىر كىشىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، مەن ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن دېگەن ئىنسان، دىلى بىلەن تىلى بىر ئەمەس كاززاپتۇر.

بارچە ئەزالار، قەلبنىڭ كونتروللىقىدا بولىدۇ، ئەمەللەر، قەلبتىكى نىيەت دۇرۇس بولسا قوبۇل بولىدۇ، نىيەت دۇرۇس بولمىسا ئەمەل كىتاب، سۈننەتكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ قوبۇل بولمايدۇ.

دەلىل، رىياخورنىڭ نامىزى كىتاب، سۈننەت بويىچە بولسىمۇ ئۇ ئەمەلىيەتتە مەخپىي شىرىك بولىدۇ، بىر مەسجىدكە ئىمام بولۇش بىلەن ياكى جامائەت بولۇش بىلەن جەننەتكە كىرىمەن دېگەن قەلب ئاخماقدۇر، پۈتۈن پائالىيەتنى كىتاب، سۈننەتكە توغرىلاش لازىم.

بەزى بىر قەلبنىڭ كۆرسە ھالى يوق، كۆرمىسە كارى يوق،

مۆئمىننىڭ قەلبى بۇنداق قەلبدىن توق!

يا رەببىم! قەلب ئىشكەن، مەندە چارە يوق، سېنىڭ ئىلكىڭدە قەلبكە تىگىدىغان ئوق

كۆزى كۆرۈشكە تەييار تۇرغان قەلب، ھىدايەت قەلبىدۇر، ئالىم قەلبدۇر.

كور قەلب، ئەگەشمە قەلبدۇر، ئازغۇن قەلبدۇر

ھەق سىڭمەيدىغان قەلبدىن جاڭگال يەر ياخشى، ھېس قىلمايدىغان قەلبدىن تاش، چالما ياخشى

ئويغانماس قەلبدىن، ئۆلۈكلەر ياخشى، دائىم ئويغاق قەلب، بارچە قەلبدىن ياخشى

قەلبىم ئويغاق تۇرسۇن دىسەڭ، ئوقما ناخشا، قەلبىڭدىكى زىكرى بىلەن بولمىغىن باخشە.

قەلبنىڭ سەپىرى بارچە سەپەردىن تېز

سەن ئويغاق قەلب بىلەن ئالەملەرنى كەز

ھەقىقىي زاكىر بولاي دىسەڭ سەن
بارچە مەخلۇقلاردىن قەلبنى ئاللاھقا ئۈز
زاكىرنىڭ قەلبى ئاللاھنى كۆرىدىغان كۆز
لېكىن ئۇ، بۇ توغرىلىق كىشىگە قىلماس سۆز
مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاش ئۈچۈن
يات كىشىنى كۆرمەيدۇ ھەرگىزمۇ ئۆز
ئۆلۈك قەلب ئۆسۈملۈكتەك تېرىلىپ تۇرىدۇ
قۇرئاندەك سۈيىدىن ئايرىلسا دەرھال ئۆلىدۇ
ئۆلۈك قەلب ئاخىرەتتە ئۆلگەننىڭ ۋابالىنى كۆرىدۇ
ئويغاق، تىرىك قەلب زىكرى بىلەن ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ
ھەقىقىي قەلب، قەلبىگە سۇ سىپلىپ قەلبىنى قىلىدۇ جەلىپ
ئاللاھ يولىدا ھەققەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ قالمايدۇ ھېرىپ
يامان ئىرادىلىك قەلبدىن ھايۋاننىڭ قەلبى ياخشى
ئىرادىسىز قەلبدىن ئۆلۈكنىڭ قەلبى ياخشى
مەقسەتسىز قەلبدىن ئىتنىڭ تەلپى ياخشى
قەلبىنىڭ رىياخورلىقى فەرەجىنىڭ (ئەۋرەتنىڭ) زىناخورلىقىدىن يامان
مەخپى شىرىكنىڭ جازاسى گۇناھدىن ئېغىر ھامان
بەزى قەلبنىڭ ئويغىنىشىدىن ئۆلۈكنىڭ ئويغىنىشى يېقىن
بەزى قەلبنىڭ ئۇيقۇسىدىن ئۆلۈكنىڭ ئۇيقۇسى يەڭگىل
ئويغىنىپ ھەرىكەت قىلمىغان قەلب، چىكىلداپ تۇرۇپ ماڭمىغان سائەتكە ئوخشايدۇ.

ئويغانماس قەلبكە ھەققەتنى تاشلىغانلىق، شىمالىي قۇتۇبنىڭ مۇزىنى ئېرىتىش ئۈچۈن قۇياش نۇرىنى تاشلاتقانغا ئوخشايدۇ.

قەلبنى قايىل قىلغىلى بولسىمۇ، ھەرىكەت ۋە ئەمەل قىلدۇرغىلى بولمايدۇ
قەلبىگە شەيتان ۋەسۋەسە بىلەن ھۇجۇم قىلسا
قۇرئان ۋە زىكرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن تاقابىل تۇرۇشى كېرەك
بۇ ئۇرۇش قەدىمى ئۇرۇش بولۇپ، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ
ھەق بىلەن باتىل مەڭگۈ كېچە ـ كۈندۈزدەك تېرىكىشىپ تۇرىدۇ
ھەققەت ھامىنى ھەققەتتۇر.
ھەققەت غالىپتۇر، باتىل مەڭگۈ مەغلۇپتۇر
چۈنكى، ھەقتائالا، ئىككىلىسىنى ياراتقاندۇر

ھەقىقىي ئەقىدە ئىگىسى بولغان بىر قەلب، تەنھالىقتىمۇ، ئائىلىدىمۇ، جامائەتتىمۇ، دۆلەتتىمۇ، ئالەمدىمۇ، مەخپىيلىكتىمۇ، ئاشكارا، خالىي جايدىمۇ، خالىيسىزلىقتىمۇ، ھۆكۈم قىلىنغان خالىدىمۇ

پۈخرالىقتىمۇ، خۇشال، بايلىقتىمۇ، خاپىلىق، پېقىرلىقتىمۇ، بىر خىل قەلب بىلەن ياشايدۇ، بىر خىل ئەمەل قىلىدۇ. ئۆلچەم قارىشىنى، قىممەت قارىشىنى تەسەۋۋۇرىنى يۆتكىۋەتمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ بىر كىشىدە ئىككى قەلب قىلمىدى.

قەلب خۇشاللىقىدىن، بەختتىن، لەززەت ئالىدۇ

شۇڭا، ئۇ قەلب دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ، خاپىلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ، ئاللاھ بىللە بولسا، ھەممىنى يېڭىدۇ.

خۇشاللىقىدىن، بەختتىن، لەززەت ئالمىغان قەلب، دەرەت ـ ئەلەم، خاپىلىقىدىن، ئازابىدىن ھەسرەتلەنمىگەن قەلب

خۇشاللىقتا خۇرسەن بولمىغان، دەرت ـ ئەلەم خاپىلىقتا ھەسرەتلەنمىگەن، ئازابلانماس قەلب، جانسىز تاش چالمىدىنمۇ بەتتەردۇر.

ئاللاھ بىلەن بىللە بولۇپ، كامالەتكە يەتكەن قەلب، بۇنىڭدىن مۇستەسنا

ئاللاھ بىلەن بىللە بولغان قەلب، سەۋرچان، باتۇر قەلبدۇر،

شەيتان بىلەن بىللە بولغان قەلب، ۋايجان توۋلايدىغان ناچار قەلبدۇر

قەلبىنىڭ ھەقىقىي خەلقىنىڭ ھەققىدىن ئارتۇقتۇر،

قەلبگە ئازا بېرىش، خەلققە ئازار بېرىشتىن ياماندۇر

قەلبدە دەردى بار كىشىنىڭ چىرايى ساماندەك تۇرىدۇ

ئاھ... ئۇنىڭ ھالى ھەممىدىن بەك ياماندەك تۇرىدۇ

ھەممە دەرتمەنلەر ماڭا نىسبەتەن بالامدەك تۇرىدۇ

قەلبدە دەردى يوق كىشى خان، خاقاندەك تۇرىدۇ

دەرتكە سەۋر قىلالمىغان كىشى ئۆز كاچىتىغا ئۇرىدۇ

دەرت، ئازابقا سەۋر قىلغان كىشى تاغدەك مۇستەھكەم تۇرىدۇ

قەلبدە دەردى بار كىشى دەرتلىك قەلبدىن ھال سورايدۇ.

كۆيۈۋاتقان قەلبنىڭ مۇددەتلىك توختاپ تۇرىشى، كۆل ئاستىدىكى چوغقا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەر قاچان يېنىشى مۇمكىن.

قەلبگە كەلگەن ۋەھى بىر، قەلبىنىڭ يولى بىر، قەلبىنىڭ يۈزلىنىشى بىر،

قەلبىنىڭ بويسۇنۇشى بولغان ئاللاھ بىر

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قەلب ئىككى ئىلاھقا چوقۇنمايدۇ، ئىككىلىسىنى بىر ۋاقىتتا ياخشى كۆرمەيدۇ، ئىككى خوجايىنغا خىزمەت قىلمايدۇ، يولنى ئىككىگە بۆلۈۋەتمەيدۇ.

بۇنداق بولمايدىكەن، بىر قەلب ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا، مۇناپىقلىشىدۇ.

ھەقدىن قالسا ئازغۇنلىقىدىن باشقا نەرسە بولمىغاچقا، ھەقىقەت يولىدا ماڭمىغان ئىنسان قەلبى ئەلۋەتتە ئازغۇنلۇقتا ماڭىدۇ

ھەقىقەت بىر ھەقىقەتتۇر، يەنە بىر ھەقىقەت مەۋجۇت ئەمەستۇر، ئۇنداقتا، بىرلا ھەقىقەتتىن بۆرۈلۈپ يەنە بىر ھەقىقەتكە بارغىلى بولماس

چۈنكى، ئىككىنچى بىر ھەقىقەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس

ھەقدىن قايتقان كىشى ئىككى ئالەمدە باسىدۇ نەس

چۈنكى، ھەقدىن ئايرىلغان كىشىگە، قەلبىگە شەيتان قىلىدۇ قەس

ھەقىقىي مۆئمىننىڭ قەلبى، بۇ دۇنيادىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتى، بەرزەختىمۇ تىرىلگەندىن كېيىنكى ھېساب بېرىدىغان ماقامدىمۇ، ۋە ھاياتنىڭ داۋامىدىمۇ ئاللاھ بىلەن بىر خىل تۇرىدۇ، بىر خىل تونۇش، بىر خىل مۇئامىلە، بىر خىل ئەمەلدە بولىدۇ.

چۈنكى، ئاللاھ، بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ بىر خىلدۇر، ئۆزگەرمەس.

ئەۋلىيانىڭ قەلبى، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھنىلا ئەسلەپ تىلىنى، دىلىنى، زىكرىدىن خالىي قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە باش ئەگمەيدۇ، بولۇپمۇ باتىلغا، ئۇ قەلب ئاللاھقا ئاشىق ئىشتىياق باغلايدۇ ئۇ قەلب جەننەت، دوزاخ بولمىغان بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھنى ياخشى كۆرەتتى، ۋە قورقاتتى.

قەلب بىلەن ئەقىل، ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدۇ.

قەلبىنىڭ ئارام تېپىشى، سېغىنىشى، ئارزۇسى، مەقسىدى، مۇرادى، قايتىشى، ئىلتىجاسى، زىكرى، قانائىتى، ئاللاھقىلا خاس بولغىنىدەك، قەلبىنىڭ قورقۇشى، تىترىشى، باش ئىگىشى، تەسلىم بولۇشى، بويسۇنۇشى، غەم ـ قايغۇسى، ھەزەر قىلىشى، ئېھتىياتى، تەزەررۇئى، بىر ئاللاھقىلا خاستۇر

قەلبىنىڭ مۇھەببىتى، ئىشقى، ئىشتىياقى، دوستلۇقى، رازىلىقى، ئاللاھ ئۈچۈن بولغىنىدەك، قەلبىنىڭ دۈشمەنلىكى، غەزەپ ـ نەپرىتى، ئۆچ ئېلىشى، يامان كۆرۈشى، ۋە ھۇجۇملىرىمۇ ئاللاھ يولىدا بولۇشى كېرەك.

قەلب، ئاللاھنى ھەقىقى، لاياقىتىدە تونىيالمىغىنىغا، ھەقىقىي لاياقىتىدە ئىبادەت قىلالمىغىنىغا ئىقرار بولغاندا، ئاندىن تەقۋالىشىدۇ، بولمىسا لەقۋالىشىدۇ.

ئاشۇ قەلب ئوڭشالسا، پۈتۈن جەسەت ئوڭشىلىدۇ.

ئاشۇ قەلب بۇزۇلسا، پۈتۈن جەسەت بۇزۇلىدۇ.

ئوي ـ پىكىر، تەپەككۇر، ئەقىل، ھېس ـ تۇيغۇ، ئورنى باشتا بولىدۇ

ئىرادە، مەقسەت، خالاش، قەلبدە بولىدۇ، مۇھەببەت كۆكۈلدە بولىدۇ.

ئارزۇ، يامان خىيال، گۇمان، گۇناھ نەپسدە بولىدۇ.

قەلبىنىڭ پەرشتە ئولتۇرغان ئوڭ تەرىپى ئالاھىدە ياخشى تەرىپى، شەيتان ئولتۇرۇپ ۋەسۋەسە قىلىدىغان سول تەرىپى نەپسى شۇ

ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش، ئىسسىق ئۆتۈشۈش، ھوزۇرلىنىش، لەززەت ئېلىش، قانائەتلىنىش، ئارام تېپىش قەلبدە بولغىنىدەك، شۈنداقلا، يامان كۆرۈش، غەزەپلىنىش، زېرىكىش، نەپرەتلىنىش، بىئاراملىق، ئىچى سىقىلىش، ئېچىشىش، ھەسرەتتىن تولغۇنۇش، كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش چىقىشلارمۇ قەلبدە بولىدۇ. چۈنكى ياش قەلبدە.

ئىرادىلىك قىلىدىغان، تېتىك، روھلۇق قىلىدىغانمۇ قەلب، ئىرادىسىز، ھورۇن، لاتا كىگىز قىلىپ، چۈشكىچە ئۇخلىتىدىغانمۇ يەنىلا قەلب، ھەي قەلب، ئويغان قەلب

قەلبىنىڭ باتۇرلىقىدىن ئىنسان باتۇردۇر، ۋە سېخىدۇر، قەلبىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن ئىنسان قورقۇنچاق ۋە بېخىلدۇر.

قەلبىنىڭ تارتىشىدىغان يېرى بولمىسا، ئىنسان بىر يەرگە مىخلىشىپ قالمايدۇ،

ئىنسان قەلبى كۆچۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى كۆچىدۇ.

قەلبتىكى ئىلىم بىلەن زىكرىنىڭ لەززىتىگە ماددى لەززەت يېتەلمەيدۇ،

چۈنكى، ماددى لەززەت، بېشىدا مۇشەققەتكە، ئاخىرىدا نىجىسلىققا ئاپىرىدۇ.

ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن زىكرى ئالى ماقامغا يەتكۈزىدۇ

قەلبىدە بولۇپتۇ بىر كۈن، بولۇپتۇ بىر قېتىم، بولۇپتۇ بىر مەرتىۋە دېگەن رۇخسەت بولمىسا، قارىشى تەرەپ ئىككىنچى شەخس مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

ئىنسانلار قەلبىنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىدىن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ،

ھەققەت يولىدىكى مەقسىتىگە يېتەي دىسەڭ، قەلبىڭ تاش بولسۇن، ساڭا يەتكەن بالالارغا سەۋرچان، چىداشلىق بولسۇن

ئىككىلەنگەن قەلب، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

قەلب ھەققەت يولىنى تاللىشى كېرەك، قەدەم تاشلىدىمۇ، ئالغا قاراپ چامدىشى كېرەك.

ھەقتىن چېكىنگەن قەلبنى رىجىم قىلىش ئۈچۈن چالما كېرەك.

قەلب، دەرت ـ ئەلەمگە قالغاندا، ئاللاھنىلا ئەسلەيدىكەن.

قەلب خۇشال ـ خۇرام يايرىغاندا، قالايمىقان دەسسەيدىكەن

ئۇ تۈمۈردەك داتلاشقاندا، گۇناھنى قەسلەيدىكەن

ئاللاھقا يۈزلەنگەندە، تەۋبە ئۈچۈن قەدىمىي گۇناھنى ئەسلەيدىكەن

قەلبىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى كىرسە، كىبىردىن يوغىنايدىكەن

ئەگەر ئاللاھنىڭ زىكرى كىرسە، زەررىچە كىبىرمۇ يوقايدىكەن

زاكىر قەلب، ئاللاھدىن جەننەتكە كىرمەي تۇرۇپمۇ لەززەت ئالىدۇ

قەلبكە بېرىلىدىغان ياردەم، قەلب بالالارغا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ

چۈنكى، بالاسىز قەلبگە ياردەم كەتمەيدۇ

قەلبلەرنىڭ ئۇيغىنىشىمۇ ئاسان قولغا كەلمەيدۇ

مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبگە پۇتكۈل ئالەم ھەمكارلىشىدۇ، چۈنكى، بارچە ئالەمدىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى كۆرۈنىدۇ.

قەلبنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانلىقى، دۈشمىنى غەپلەتتۇر.

قەلبنى غەپلەتتىن ئويغۇتۇش ئۈچۈن (قۇرئان تەسرى لازىمدۇر) قۇرئاننى ئەسلەپ تۇر.

قۇرئان، قەلبنى تېرىلدۈرىدۇ، ۋە قەلبنىڭ تارىسىنى قاتتىق چېكىدۇ.

قۇرئان قەلب بىلەن بىرگە پۈتۈن ئەزانى، تېرىلەرنى تىترىتىدۇ

تەسىر كۈچىنىڭ موللىقىدىن كۆزلەردىن ياش تۆككۈزىدۇ.

شۇنداقلا، قۇرئان، خۇش بېشارەت بىلەنمۇ قەلبنى ئارام تاپقۇزىدۇ

خۇش بېشارەت بىلەن خۇشال بولسا، ئازاب خەۋەرلىرى بىلەن قورقتىپ، ھەزەر قىلدۇرالايدۇ.

مەن قەلبگە، قۇرئاننىڭ زىيان قىلغىنىنى بىلمىدىم، مەن قەلبنىڭ قۇرئاندىن زېرىككىنىنى بىلمىدىم، مەن قەلبنىڭ قۇرئان دېگەن زىكرى بىلەن ئارام تاپقىنىنى سەزدىم، قەلبنى قۇرئاندىن، زىكرىدىن باشقا نەرسىنىڭ ئارام تاپقۇزغىنىنى سەزمىدىم، قۇرئان، قەلب بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ.

سالامەت قەلب، قۇرئاننى مەڭگۈ تاشلىمايدۇ، قۇرئان، ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۇغا ئوخشايدۇ، قەلب

ياخشى تۇپراقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، 30 پارە قۇرئان 6000 دىن ئارتۇق ئايەت، بىر قەلبگە سىڭىپ كېتەلەيدۇ.

قەلب تارىسى، قۇرئان بىلەن چېكىلسە، لەززەتلىك بولىدىكەن

كۆز ياش بىلەن ئوقۇلغان قىرائەت، قەلبنىڭ مۇڭلۇق كۈيىكەن

رىياسىز ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ، مەسجىد ئۆيىكەن

بېشارەت ماقامىغا يەتكەندە، ياخشى چۈش كۆرۈركەن

قەلبنى كېلىۋاتقان ھەسەتلەر پاسكىنا قىلىدۇ

قەلبنى كېتىۋاتقان جەسەتلەر پاكىز قىلىدۇ

قەلب، مەسجىددە ۋە ئىلىم مەجلىسىدە تۈزۈلىدۇ

قەلب، بازارغا تولا بارغان ھامان بۇزۇلىدۇ

قەلب، نەپسى بىلەن ھاۋايى ـ ھەۋەس تەرەپكە مايىل بولسا، ھالاك بولىدۇ

ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ھېساب بېرىشتىن قورققان ۋە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ھەزەر قىلغان قەلبكە ئىككى جەننەت بېرىلىدۇ

ئالدىرمايمەن، سەۋر قىلىمەن، چىدايمەن، تېخى قەلبىمنىڭ مەڭگۈ دەرتسىز، ھەسرەتسىز، ئازابسىز، غەم ـ قايغۇسىز، خاپىلىقسىز، كۆز ياشسىز، خۇشال ـ خۇرام، ئازادە، بەختلىك كۈنلىرى ئالدىمدا، ئەمما، ئازابقا لايىق گۇناھلىرىمنى يادىمدا، ئەستەغپۇرۇللا!!!

قەلبنى يارىدار قىلغان شەخس، كېيىنكى مەزگىلدە شۇ يارىغا تۇز سېپىدىكەن

قەلب، مۇھەببەتتىن ئايرىلغان ئازابقا بەرداشلىق بېرەلىسە، قالغان ئازابقا چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

مۇھەببەتلىك قەلبنىڭ ئايرىلىشى، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن باشلانغان، بۇ ئەھۋال جەننەت ئەھلىدە ئاخىرلىشىدۇ، دوزاخ ئەھلىدە داۋام قىلىدۇ.

قەلبنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىشى، گۇناھ ئەمەستۇر، پۈت ـ قولنىڭ جىم تۇرماسلىقى گۇناھتۇر

قەلبنىڭ كۆيۈپ ئېچىشقىنىغا كۆز ياش داۋادۇر

بەزى قەلبنى مايىل قىلىش ئۈچۈن كېتىدىغىنى بىر پارچە تاۋاردۇر

قەلبنىڭ ھەقتىن دۇنيانى دەپ مايىل بولۇشى چوڭ بالا ـ قازادۇر

ئەزەلدىن قەلبنى ئۆلتۈرۈپ كەلگىنى، دۇنيا ۋاباسىدۇر

نەچارە، نە ئامال، بۇ، ئاللاھنىڭ قەدەر قازاسىدۇر

ئۆلگەن قەلبنىڭ قۇرئان بىردىن ـ بىر داۋاسىدۇر.

مەن، قۇرئان، ھەدىستىكى تارىخقا قاراپ، ھازىرقى جەمئىيەتكە قاراپ، قۇرئاننىڭ كەلگۈسىدىكى بېشارىتىگە قاراپ، ھەقىقىي مۇتتەقى زاكىر قەلبنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى، ھەتتا 1000 دىن بىرسىنىڭ بەكمۇ تەستە چىقىدىغانلىقىنى سەزدىم، بۇنى ئويلىسام ھەلا قەلبىم ئېچىشىپ، كۆزۈم ياش تۆكىدۇ، قەلبىمنىڭ ئەڭ يېقىن تۇققانلىرى بولغان ئاشۇ كور قەلبلەرگە قاراپ كۆزۈم قانداقمۇ ياش تۆكمەي تۇرالايدۇ؟!! ئاھ! يا رەببىم!!!!

يۇمشاپ ئېرىگەن قەلب، قۇرئانغا بېرىلىدۇ،

قاسماق بېسىپ قاتقان قەلب، دۇنياغا بېرىلىدۇ.

شەيتان ئىگىللىۋالغان قەلب، كۆرەڭلەپ كېرىلىدۇ،

ئاللاھ ئىگە بولغان قەلب، ھەق ئىشلىرىنى بىجىرىدۇ.

ئاللاھقا ئاشىق بولغان قەلب، بارلىقىدىن ئايرىلىپ، تەنھا بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھقا ياسىق بولغان قەلب، بۇ ھەقىقەتنى ئۆچ كۆرىدۇ.

پاسىق قەلب، بۇ دۇنيانىڭ لەززەت، راھەتنى تاللايدۇ

ئاللاھقا ئاشىق قەلب، دۇنياي سىرىتمىقىدىن قۇتۇلۇشنى خالايدۇ

ئويغانغان، ھەرىكەتچان، ئىرادىلىك قەلب، مۇراد ـ مەقسىدىگە يېتىدۇ

دىلغۇل بولۇپ، ئىككىلەنگەن قەلب، ئاشۇ سىرتماقتا ئۆلىدۇ

قەلبنىڭ ئويغىنىشى، ئىرادىلىك بولۇشى، ھەرىكەتلىنىشى، ئىلمىنىڭ مول بولىشىدۇر، قەلبنىڭ ئاجىزلىششى، ئۆلۈشى، ھەرىكەتتىن توختىشى، بىلىمسىزلىكتۇر

ئىلىم ـ مەرىپەت، قەلب ھاياتىنىڭ ئوزۇقىدۇر.

دۇنياغا بېرىلگەن ئاچ كۆز قەلب، قەلبلەرنىڭ ئەڭ بۇزۇقىدۇ.

قەلب، ئۆزىنى دۇنيا سىرتمىقىدىن، زېمىن سىرتمىقىدىن، رىزىق سىرتمىقىدىن، ئائىلە سىرتمىقىدىن، ئاللاھقىلا ئاجرىتالمىسا، ئەۋلىيا بولالماس.

ئەلۋەتتە، ئالىي ماقامغا يېتىش ئۈچۈن، زور بەدەل كېرەك، پانىي دۇنيا ئۈستىگە باقى دۇنيانى تاللىغان قەلب، بەكمۇ زېرەك. ئىزدىسىمۇ تېپىلماس، يول بۇنىڭدىن بۆلەك.

قەلبنىڭ رىزىقىدىن غەم قىلىشى، رەززاققا ئىشەنمىگەنلىكىدىندۇر

رەززاققا ئىشەنمىگەن قەلبنىڭ رىزىقىدىن غەم قىلىپ چېچىغا ئاق كىرىپ كېتىدۇ

ئاللاھدىن قورقمىغان قەلب، كىشىلەردىن قورقۇپ غەمدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ھەممىسىدىن خاتىرجەم قەلب، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلغان قەلبىدۇ

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، يۆلەنگەن قەلب، مەخلۇققا يۆلىنىۋالمايدۇ، تاماۋ قىلمايدۇ.

ئاللاھقا ئاشىق قەلب، كىشىلەردىن كەلگەن رىزىقنى رەززاق الله يەتكۈزدى دەپ بىلىدۇ.

ئاللاھ... ئاللاھ... يا ئاللاھ... دەپ چاقىرىۋالسا، ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىدۇ

ئاللاھلا ئۆلتۈرەلەيدۇ دەپ ئىشەنگەن، قەلب ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.

جانلارنى ئاللاھلا ئالالايدۇ دەپ چۈشەنمىگەن قەلب، ئۆلۈمگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت، ئادىل، ھاكىم دېگەن سۈپەتلىرىگە ئىشەنگەن، قەلب ئاللاھنىڭ بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولىدۇ.

«غَنِيٌّ» يەنى باي ئاللاھ بىلەن بىللە بولغان قەلب، پېقىرلىقدىن قورقماس، باي قەلبدۇر، ئۇ، بىھاجەتتۇر.

تەقۋادار مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبى قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنىڭ جامالىدىن لەززەت ئالغاچقا، جەننەت ھۆرلىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتە بولىدىغان تۇرمۇشنى خالىمىغان يەردە، بۇ دۇنيادا ئاللاھدىن، نۇردىن، كالامدىن، زىكرىدىن لەززەت ئالغان تۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك، پاسكىنا، نىجىسلىققا تولغان بۇ جىنسى مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇشنى قانداقمۇ خالىسۇن!!!

ئاللاھنى ئۆزىگە كۈزەتچى قىلغان قەلب، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ

مەنپەئەتنى ۋە زەرەرنى ئاللاھلا يەتكۈزەلەيدۇ دەپ تونىغان قەلب، كىشىلەرگە تاپا قىلمايدۇ، ئەمما،

زەردىنىڭ كۆپۈنچىسى قەلبنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ يول تاللاشتا ئىختىيارلىق بەرگەنلىكتىكى ھېكمىتىنى چۈشەنگەن قەلب، ھەق يولنى تاللايدۇ، ۋە ھاياتىنى شۇ ھەق ئۈستىدە داۋام قىلىدۇ.

رەھمان، رەھىم بىلەن بىللە بولغان قەلب، قەلبىگە ئازار بەرمەي، مېھرىبان بولىدۇ.

پادىشاھلارنىڭ پادىشاسى ئاللاھ بىلەن بىللە بولغان قەلب، پادىشاھقىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ.

ئاللاھنىڭ، كاپىرلارنى دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرىدىغىنىنى چۈشەنگەن قەلب، كاپىرلارغا تاشىدەك قاتتىق بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ، سەۋرچان، ياخشىلىق قىلغۇچى، زاكىر، مۇتتەقى، ئالىم مۆئمىنلەر بىلەن بىللە بولىدىغىنىنى چۈشەنگەن قەلب، ئاشۇ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بىللە بولىدۇ.

مۆئمىننىڭ قەلبى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە توشۇپ تەقۋالاشقاندا، ئاللاھنى كۆرىدۇ.

ھەققەت سۆزۈك ئاسماندىكى قۇياشتەك، رۇشەن تۇرسىمۇ قەلبلەر نېمىشقا بۇ ھەققەتنى تاللىمايدىغاندۇ؟ زادى نېمىشقا؟

ھەقىقىي زاكىر قەلب، ھەرى خىل شەيتانلارنىڭ گۇللىشى، بۇ دۇنيانىڭ ئالدىشى سەۋەبىدىن ئاللاھقا ئاسىي بولۇشنى ئاللاھدىن يۈز ئۆرۈشنى، ئاللاھنى ئۇنتۇشنى، ئىبادەتسىز ئۆتۈشنى خالىمايدۇ.

پېقىرلىق، موھتاجلىق، غەم ـ قايغۇ، دەرت ـ ئەلەملىك، خاپىلىق، قاتتىق ئازابلىق كۈنلىرىدە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، ئاللاھنى ئەسلەيدىغىنىنى چۈشەنگەن قەلب، ھېچنەرسىگە موھتاج بولمىغان باي چاغدىمۇ غەمسىز، دەرت ـ ئەلەمسىز، خاپىلىقسىز، ئازابلانماستىن، راھەت كۆرىدىغان، لەززەت ئىچىدىكى خۇشال ـ خۇرام كۈنلەردىمۇ ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىدۇ.

مانا بۇ ھەقىقىي مۇتتەقى مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبىدۇر. ئەي قەلب، باشقا كۈن كەلگەن خاپىلىق كۈنلەردە، ھەممىسى ئاللاھنى ئەسلىگەچكە، سەن خۇشال كۈنلەردە ئەسلىگىن! نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۇخلاپ كەتكەن كېچىدە يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ زىكرى ئېيتقان كىشىنىڭ ئەجرى كاتتا بۈيۈك بولىدۇ؟

چۈنكى، ئاللاھنى ئەسلىمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان زاكىر، قاراڭغۇ ئۆيدىكى چىراغدۇر. ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغان زاكىر قەلب، تىرىك، ھايات قەلبدۇر. ئاللاھنى ئۇنتۇپ زىكرى قىلمايدىغان قەلب، ئۆلۈك ماماتا قەلبدۇر.

قەلب خالىقنى تونىسا، رەززاققا ئىشەنسە، ئاللاھنى، ئاللاھ... ئاللاھ... ئاللاھ... دەپ ئەسلىمىسە، ئۇنىڭ يارالغىنىنىڭ، ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ، ئويغانغىنىنىڭ بىلمىلىك بولغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن!

مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبى، ئاللاھنىڭ مۆجىزىسىنى چاقماقتىنمۇ تېز كۆرىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئالتە تەرەپ قورشىمايدىغان چەكسىز بۈيۈكلىكىنى چۈشەنگەن قەلب، قەيەرگە بارسا، ئاللاھ بىلەن بىللە بولىدۇ.

مۆئمىننىڭ ئاشۇ قەلبى، يوچۇقسىز قەۋەت ـ قەۋەت بىتۈننىڭ ئىچىدىمۇ، مۇستەھكەم قورغان ئىچىدىمۇ ئىگىز ـ ئىگىز تاغلار، ئۈستىدىكى ئەركىن ھالىتىدىمۇ ئاللاھ بىلەن بىللە بولىدۇ.

ئەسكەرلەر بىلەن جەڭگە قاتناشقان قۇماندان ئۆلۈپ كەتكەن ئەسكەر توغرىسىدا گۇناھكار بولمىغاندەك، ئۆزىمۇ زور بەدەل تۆلىگەن، ھەقىقەتچى قەلب، ھەرىكەتچان قەلب، يەنە بىر قەلبنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىگە گۇناھكار بولمايدۇ.

بۇ ھەقىقەتلەرنى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ، چۈشەنمەي تەسىرلەنمەي، ھەرىكەتلەنمەي، ئۆتۈپ كەتكەن كور قەلب، غاپىل قەلب

قۇدرەتىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزىلەر ئۈستىدىن ئالەم كىمسى بىلەن پەرۋاسىز تېزلا ئۆتۈپ كەتكەن دەھرى كاپىرغا ئوخشايدۇ.

قەلبى توغرىسىدا كۆپ ماتېرىيال قازدىم، قەلبىم بىلەن ئالەملەرنى كەزدىم

مەندىمۇ بىر قەلب بولغاچقا، قەلب توغرىسىدا قەلبىمدىكىنى يازدىم.

ئىنسان قەلبى قۇشقاچتەك جىم تۇرالماس، قىنى ساپ بولسىمۇ، قەلبى ساپ بولماس، خالىقنى دائىم ئەسلەپ تۇرالماس، چۈنكى، توسالغۇ، پەردە، مەخلۇقنى ئۇنتالماس، نادانلىقدىن چارە ـ ئامال تاپالماس، يا ئالىمنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماس، قۇرئانغا ئالىم بولغاندا، قەلبى بولىدۇ، غەمدىن خالاس، مەقسەت شۇنداق ئىكەن، قىلمايلى بىزدە ـ تالاش.

قەلب ئۆزى گۆش بولغىنى بىلەن ئازابقا بەرداشلىق بېرىشتە چۆيۈندىنمۇ قاتتىقكەن!

بارچە لەززەتتىن قەلبنىڭ زىكرىدىن ئالغان لەززىتى تاتلىقكەن، 20 ـ 21 ـ ئەسىردىكى قەلبلەرنىڭ زىكرى لەززىتى تايىللىقكەن!

قەلبىدىمۇ غايەت زور تارتىش كۈچى بار ئىكەن!

زاكىر قەلبداشلار ھەر يەردە بولسىمۇ قەلبى بىر يەردە، ئۆلۈك قەلبلىكلەر بىر يەردە بولسىمۇ قەلبى ھەر يەردە

چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرسە، تەرلىرى ئەتىر پۇرايدۇ

قەلبىدە ياخشى كۆرمىسە ئەتىرسى سېسىق پۇرايدۇ

بەزىدە قەلب ئىنكار قىلسىمۇ، پۇت ـ قول قوبۇل قىلىدۇ

بەزىدە قەلب ئىنكار قىلسىمۇ پۇت ـ قول قوبۇل قىلىدۇ

بۇنداق قوبۇل ئىگىسى ھەسرەت ئىچىدە ئۆلىدۇ

بەزىدە قەلب قوبۇل قىلسىمۇ پۇت ـ قول ئىنكار قىلىدۇ

بۇنداق ئىنكار ئىگىسى ساۋابنى كۆرىدۇ

دۇنيادا توسالغۇ بولغاچقا مۇرادىنى ئاخىرەتكە قويىدۇ، ئالدىرىمايدۇ! تېخى ئۆلارمۇ بۇ دۇنياغا تويىدۇ.

بەزى قەلب ئەۋلىيا بولۇشنى خالايدۇ، ئەمما، جۈپتى ئۈچۈن، ھەمراھ بولۇشنى خالايدۇ. ھامىنى بىر كۈن ھەقىقەتنى تاللايدۇ، ھەقىقەتتىن ئايرىلسا، ئۆز ـ ئۆزىنى خارلايدۇ، مېنىڭ قەلبىم بۇنداق قەلبىدىن زارلايدۇ، بۇ دۇنيادا ھەممە قەلب، يىغلاپ قاخشايدۇ.

قەلبلەر ھەرخىل ھەر ياڭزا بولىدۇ.

زاكىر قەلبىدىن باشقىسى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئۆلىدۇ

زاكىر قەلب ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ

مانا بۇ قەلب، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتنى سۆيىدۇ

ئۇيغانغان ھەرىكەتچان قەلب، توختىماستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان سائەتكە ئوخشايدۇ.

ھەقىقەتچى قەلب، سائەتكە ئوخشاش سېكۇنتلاپ، مىنۇتلاپ، سائەتلەپ، كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ نەتىجە چىقىرىپ تۇرىدۇ. ھەرگىز بىر قەدەممۇ ئارقىغا چېكىنمەيدۇ.

ئەر زاتىدىكى ھەقىقەتچى قەلب، زاكىرىينلەرنىڭ ماقامىغا يېتىش ئۈچۈن، گەرچە ئۆلگىدەك ياخشى كۆرسىمۇ، ھارام دېگەن چەكلىمە بولغاچقا، ئۆزىنى يات بولغان نىكاھ، ھارام بولغان ئايالنىڭ قولغا

تۈتقۇزماسلىقى لازىم.

ئايال زاتىدىكى قەلبمۇ شۇ ماقام ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ، نىكاھ ھارام بولغان ياكى نىكاھسىز ھارام بولغان ئەرنىڭ قولىغا ئۆزىنى تۇتقۇزماسلىقى لازىم.

قەلبىنىڭ قەلب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىمان بولۇشى كېرەك، ئىمانلىق قەلب، ئىمانسىزدىن قىلىدۇ نەپرەت، ئىمان مۇناسىۋىتى تۇتاشسا پۈتۈن مۇناسىۋەت تۈتىشىدۇ، ئىمان، ئىتىقاد، ئەقىدە، تەۋھىد مۇناسىۋىتى ئۈزۈلسە، پۈتۈن مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ، جۈملىدىن، ئاتا ـ بالىلىق، قانلىق، نەسەبلىك، ئۇرۇق ـ تۇققانلىق، زېمىنداشلىق، ۋەتەنداشلىق، قەۋمداشلىق، مىللەتداشلىق، لۇغەت تىللىق، قەبىلىلىك، تەبىقە، مەرتىبىلىك دېگەندەكلەر پۈتۈن ئۈزۈلىدۇ. نىكاھداشلىقمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ شەرتىمۇ ئىمان

ئالىي ماقام ئۈچۈن نەپسىدىن كېچىش كېرەك، دۇنيا ئۈستىگە ئاخىرەتنى تاللىغان قەلب، ھەممىدىن زېرەك، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل تۆلەش كېرەك. ئىزدىسىمۇ قەلب تېپىلماس يول بۇنىڭدىن بۆلەك

ئەۋلىيانىڭ قەلبى، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانغا باش قويغىنىنى كۆرۈپ، راھىبلارنىڭ بۇتقا سەجدە قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئاللاھتائالاغا يەر پۈستىدىن يەر يادروسىغىچە بېشىنى پاتۇرۇپ سەجدە قىلغىسى (قايتا باش) بېشىنى كۆرمىگىسى كېلىدۇ.

قەلب، جامالىنى كۆرمىسە، ياخشى كۆرۈپ قالمايدۇ، بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن قەلب، ھىجابنى ئىنكار قىلمايدۇ.

ئويغاتقۇچى قەلب، ئۆز ۋۇجۇدىدىن نۇرلۇق ئوت چىقىرىدىغان قۇياشتۇر، ئەگىشىپ ئويغانغان قەلب، قۇياش نۇرىنى قايتۇرغۇچى ئايغا ئوخشاشتۇر.

ئەزەلدىن ئەبەدكە يامغۇرلار تاتلىق ياغقىنىدەك، مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبىدىن لەززەتلىك تاتلىق زىكىرلەر يېغىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، يامغۇر ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۇرۇشتىن بۇرۇن زاكىر قەلبنى تىرىلدۇرۇپ بولىدۇ.

ئىنسان قەلبى خۇددى چىلبۆرە،

ئۇنى ئوگشايدۇ قۇرئاندىكى سۈرە،

قەلب قۇرئانغا بېسىلغاندا،

قالمايدۇ ئاللاھدىن باشقا بىر جۆرە

بەزى قەلبلەر باركى، ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ، ۋە قىينايدۇ. قاتتىق ئازابلارغا لىۋىنى چىڭ چىشلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، بۇ ئازابنى ئۇ قەلبگە ئاللاھ سالمىغاندۇر، بەلكى، ئۆزىگە ئۆزى قىلىدۇ. چۈنكى، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ئىختىيارلىق بەرگەن مېھرىبان ئاللاھ، بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن ۋە سىرىتمىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئىختىيارلىق بېرىپ بولغان، يەنى تاللاش يولى بەرمەمدۇ؟

بەزى قەلبلەر ئاللاھقا چىن دىلىدىن ئىشەنگەچكە، رازىقلىقىغا ئىشەنگەنچكە، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، يۆلۈنۈپ، ئىشلىرىنى ئاللاھقىلا تاپشۇرغاچقا، بارلىقىنى ئاخىرەتكە بېغىشلاپ، دەرىت ـ ئەلەم ئىچىدە ئازابلانسىمۇ، مۇراد ئىشلىرىنى ئاخىرەتكە قالدۇرۇپ، زىكرى ئىبادەتلەردىن، قۇرئان تەپسىرلەردىن لەززەت ئېلىپ، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، ھاياتىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ.

ئەمما، مۇشۇ قەلبمۇ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش ئۈچۈن، دۇئاسىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، گۇناھىنىڭ مەغفىرەت، كەچۈرۈم بولۇشىنى سوراپ، قەلبىدىكى زارداپ بولغان كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇشنى خالايدۇ.

قايسى قەلب، تەنھا جايدا ئاللاھدىن قورقۇپ كۆز ياش تۆكۈشنى خالىمايدۇ؟

قاسماق بېسىپ قاتقان قەلب

ھەرقانداق قەلب ئىگىسىنىڭ ئۆلۈشى، قىيامىتى شۇدۇر

قىيامەت، ئاللاھ دېگەن زىكرە چىن قەلبىدىن دېيىلمىگەندە قۇرۇلۇدۇ.

قىيامەت، قەلبى قاسماق بىرسىپ، قاتقان، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن خالىي قالغان ئەڭ ئەشەددى يامان كىشلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ھەر ۋاقىت، ھەر دائىم، ھەر جايدا پەيغەمبەرنىڭ سۈننەت ئادىتى بويىچە ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبى، ئاخىرەتتە پەيغەمبەرنىڭ قەلبى بىلەن بىر ماقامدا بولىدۇ.

ئالىم بولغان، زاكىر قەلب، ئاخىرەتتە ئاللاھنى كۆرگەندە، گەرچە قورشاپ كۆرەلمىسىمۇ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ لەززەت ئېلىپ كۆرەلەيدۇ.

ئالىم ئەمەس، ئابىد، زاكىر قەلب، ئاللاھنى كۆرگەندە، لەززەت ئالسىمۇ، ئالىمغا يەتمەيدۇ، بىرىنچى دەلىل، ئىلىم ـ مەرىپەت، قەلبىنىڭ نەزەر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئىككىنچى دەلىل، ئالىم بىلەن تۇرك ئابىدنىڭ مۇشۇ دۇنيادىمۇ قۇدرىتىگە تولغان رەڭگارەڭ ئالەملەرگە قارشى ئوخشىمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككىلىسى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئالىم قەلبى، ئاللاھنىڭ سۈپىتىگە ئىگە بولغان قەلبدۇر، ئابىد قەلب، بەندىنىڭ سۈپىتىگە ئىگە بولغان قەلبدۇر. ئىلىم الله نىڭ سۈپىتى.

ئالىم قەلب، بۇ ئىككى سۈپەتكە ۋە باشقا سۈپەتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئابىد قەلب، دەل ئەكسىچە، قۇللۇق دېگەن سۈپەتكىلا ئىگە بولىدۇ.

ئاللاھدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئالىم قەلبلەر بەك قورقىدۇ، چۈنكى، ئىلىم، قەلبنى يۇمشىتىدۇ، تۇرىكلىك ئۈنتۈلدۈرىدۇ، قەلبنى قاتۇرىدۇ.

ئالىم قەلبىدىن ئەۋلىيا چىقىدۇ، جاھىل قەلبىدىن شەقى چىقىدۇ

يەرشارىغا تۇنجى قېتىم قەدەم تاشلىغان ئادەم ئاتىنىڭ قەلبىمۇ مۇسۇلمان، مۆئمىن، مۇتتەقى چۈشۈپ، تەۋبە بىلەن زىكرى ئېيتقان

كۆپىنچە ئويغاق تۇرۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن كۆپ زىكرى ئېيتقان قەلب، يۇمشاپ، ئېرىپ قورقۇپ تىترەيدۇ.

كۆپ ۋاقتىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزگەن قەلب، قاسماق بىرسىپ، قورقماس بولۇپ قېتىپ قالىدۇ.

چۈنكى، ئۇيقا ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى بولغاچقا، كۆپ ئۇخلىغان قەلب، تولا ھالدا ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي زاكىر قەلب، ئۇخلىغان چاغدىمۇ شەيتان غالىب كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، شەيتان ئۇنىڭ چۈشىگە كىرەلمەيدۇ.

ئەمەللەر قەلبدىكى نىيەت بىلەن بولغاچقا، قەلب نىمىگە ئىشىق، ئىشتىياق بولسا، شۇ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

قەلب، نىمنى بەك ياخشى كۆرسە، شۇ نەرسىنى كۆپ تىلغا ئالدۇرىدۇ.

بىز سۆزلەپ كەلگەن بۇ قەلب، مۆئمىننىڭ كۆكسىدىكى يۈرەك، كاپىر، پاسىقلارنىڭ كۆكسىدىكى يۈرەك بۇ قەلبدىن بۆلەك. چۈنكى، يوقتۇر بۇ قەلبدە ئاللاھ دېگەن تىلەك

بۇ شەيتانلارغا گۆل بولغان قەلب، چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

ئىنسان قەلبىنى ئاللاھدىن، ھەقدىن، زىكرىدىن گوللايدىغان شەيتانلار بەك كۆپ، بىرىنچى، قەلبدە ۋەسۋەسە قىلىدىغان ئىبلىس شەيتان، ئىككىنچى، ھەقتىن توسقۇچى ئىنسان شەيتان، مۇھەببەت شەيتان،

ئۈچىنچى، دۇنيا دېگەن شەيتان، تۆتىنچى، مەشغۇللۇق شەيتان، بەشىنچى، مال ـ دۇنيا شەيتان، ئالتىنچى، بالا شەيتان، يەتتىنچى، ئەمەلسىز ئىلىم شەيتان، سەككىزىنچى، ئارزۇلۇق ئۆمۈر شەيتان، توققۇزۇنچى، ئالدامچى، غورۇر شەيتان، 10 ـ باشلىقلىق، سىياسەت شەيتان، 11 ـ هاۋايى ـ هەۋەس شەيتان، 12 ـ شەھۋەت شەيتان، 13 ـ نېمە ھەقتىن توسسا شۇ شەيتان.

(1)

يۈرەكنى قەلب دېدۇق، قەلبتىكى سۆز بىلەن قەلبنى جەلىب قىلدۇق

قەلبتىكى تەسىرنىڭ مەڭگۈلىكىدىن، بىز كۆپ يىغلاپ تېخىچە توختىمىدۇق

بىر ئاللاھنىلا ياخشى كۆرەلمىگەچكە، بىز ھەقىقىي زاكىرغا ئوخشىمىدۇق

ئەمما، ھەقىقىي زاكىر بولۇش ئىرادىمىزدىن، بىر مىنۇتمۇ توختىمىدۇق

ھەرىكەتلىنىپ ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدۇق، ئەمدى بىز بۇ مۇنازىرىنى بولدى قىلدۇق

يا رەببىم! ئاخىرى بىز ئاخىرەتنى ھەقىقىي تاللىدۇق

ئاخىرەتنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇنيا تەرەپكە قىلچە قاراپ قالمىدۇق

گەرچە دۇنيادىن ئايرىلىپ ئازابلانساقمۇ، قىلچە پۇشايمان قىلىپ سالمىدۇق

تەقۋالىق ئوزۇقىنى ئوبدان راسلاپ، ئالىي ماقام سەپىرىگە جابدۇدۇق

رازىلىقىڭ ئۈچۈن ئوقغان قۇرئان كەرىمگە، بىز بۇ دۇنيادا ئەجىر ئالمىدۇق

سەن بىزگە يەتكۈزمىگەن غەيرىنىڭ قولىدىكى زىرىقلەرگە بىز تامانى سالمىدۇق

هارام دەپ چەكلەنگەن ھەرقانداق نەرسىگە بىز قوللىرىمىزنى سالمىدۇق

سەن هارام دەپ كۆرسەتكەن گۈزەل قىزلارنى نىكاھلاپمۇ ئالمىدۇق

غەيرىنىڭ قولىدىكى گۈزەل قىزلارغا بىز چاڭگالنى سالمىدۇق

بۇ ئازابنىڭ دەردىنى تارتىپ تېخى ھارمىدۇق

ئاخىرەتتىكى ئۈمۈدنى بىز تېخى ئۈزۈپ قالمىدۇق

دەرت، ھالىمىزنى سەندىن غەيرىگە تاشلىمىدۇق

ئاخىرەتنى تاللاشتا ئويلىنىپ باش قاشلىمىدۇق

ھەقىقىي مۇئمىنىنىڭ زاكىر قەلبىنى بىز مەڭگۈگە تاشلىمىدۇق

ئەلھەمدۇلىللاھ غەيرىنىڭ زاكىر قەلبىگە خەنجەر سانجىمىدۇق

يا رەببىم! ھەممە ئىشىمىزنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇق،

قاتتىق ئازابقا قالماسلىقىڭ ئۈچۈن، باشقىلار قەلبىگىنى ئوغۇرلاپ كەتمىسۇن

دوزاخ ئازابىغا قالماي دېگەن قەلب، نامەھرەمگە كۆز سالمىسۇن ۋە شۇنىڭدەك مۇئەننەس قەلب، ئۆزىنىمۇ كۆرسەتمىسۇن

ئىرادەڭدە، ئىغىزىڭدا گۇناھ قىلمايمەن دەپ تۇرۇپ، قەلبىڭدىكى مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن نەپسى، ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىڭدىن گۇناھ قىلىپ سېلىشىڭ مۇمكىن،

ئاللاھ غەفۇرۇر رەھىيم، چىن قەلبىڭدىن تەۋبە قىلغىن! ئەي قەلب، پۇشايمان بىلەن تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ھەرگىز گۇناھقا قايتمىغىن.

قايتا ـ قايتلاپ گۇناھ قىلغاندا، قەلبىنىڭ قارىلىقىغا مۆھۈر بېسىلىپ كېتىدۇ.

مۆھۈر بېسىلغان قەلب، ھەقنى كۆرمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ، سۆزلىمەيدۇ، بۇنداق قەلبىدىن ھەقنىڭ زىكرىنى ئۈمۈد قىلغىلى بولامدۇ؟

شۇ تاپتا قەلبىم قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇرىۋاتىدۇ

ئاھ ! قەلبىم ئاچچىق ئېچىشىپ كۆزلىرىم ياش قۇيۇۋاتىدۇ

يا رەببىم! يا ئاللاھ! يا رەھمان! يا وَدُودُ!!

قەلبىدە بىر خىل، دىلىدا بىر خىل، تىلىدا بىر خىل، ئەمەلدە بىر خىل، خۇشاللىقىدا بىر خىل، دەرت ـ ئەلەم، خاپىلىقىدا بىر خىل بولغان قەلبنى ھەرگىز چۈشەنگىلى بولماس، ئۇنىڭغا ھەم ئىشەنگىلى بولماس، مۆئمىن قەلبى بىر خىل تۇرىدۇ.

قەلب ئۆلۈمدىن قاچمەن دەپ قاچالمايدۇ

ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا چارە ـ ئەمەل تاپالمايدۇ

يا ئۆلۈمدىن خاتىرجەم ياتالمايدۇ

بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ساتالمايدۇ

بۇنداق قەلبلەر ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ

قورقۇنچاق ئاجىز قەلب، ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

ئىككىلەنمەس ئالىم، باتۇر قەلب، ھەر قانداق مەقسەتكە يېتەلەيدۇ،

يامغۇر سۈيىدە ئۇسۇملۇك ياشىرىپ تۇرغاندەك، قۇرئان تەسىرىدە قەلب، ياشىرىپ كۈچلۈنۈپ تۇرىدۇ.

قەلب، ئۆز قەلبىدىشىدىن ھال سوراپ، سېغىنىپ، ئەسلەپ تۇرغىنىدەك، شۇ قەلبدە قەلبىدىشىغا دائىم ھۆججەم قىلىپ تۇرىدۇ.

قەلب تۇرۇپلا ئۆز قەلبىدىشىنى ئەسلەپ قالىدىكەن، كۆزلەردىن ياشلار تامچىغاندا ئەسلىگە كېلىپ قالىدىكەن.

مەن مەشرىقتىكى بىر قەلبىنىڭ مەغرىپتىكى قەلبىدىشىغا ياردەم سورىغىنىنى كۆردۈم، چۈنكى، مەغرىپتىكى قەلبداش مەشرىقتىكى قەلب ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

توۋا! توۋا! توۋا! يائاللاھ، يا سُبْحَان يارەھمان، مەن قەلبىدىن ھەيران قالدىم، قەلب ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىكەن، ھەي قەلب!

ئەۋلىيالىق، قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى تۈگىمەيدۇ، ئاللاھ **360**دىن ئارتۇق قەلبنى ئەۋلىياھلىقا ياراتقان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسى ئۆلسە ئورنىغا يەنە بىرنى يۆتكەپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى، رەسۇلۇللاھ، ئابداللار دەپ ئاتىغان، **40**قى شام يەنى پەي تەختى دەمەشىق، سۈرىيىدە بولىدۇ، **40**قى تەخمىنەن

بۇ قەلبلەر ئادەم، ئىبراھىم، مۇسا، مىكائىل، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبلىرىدە بولىدۇ، **50** يىلدىن ئۇمۇر كۆرسە **2000** يىل داۋام قىلىدۇ، دېمەك، يەنە **600** يىل بار. شامدىلا **355** دىن ئارتۇق قەلب تۈگىسە، ئاندىن چىقىرىدۇ، بۇ قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. يەنى **600** يىلغىچە چىقىپ تۇرىدۇ. (ئىبنى ئەساكىردىن ) لىكىن زەئىپ

قەلب ھەقىقەت ئىشىغا بېرىلىپ كەتسە، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى سەزمەيدىكەن.

ھەقىقىي ئاشىق، زاكىر قەلب، زىكرىگە بېرىلگەندە ئاسمان كۆمتۈرۈلسىمۇ، زېمىن تەۋرىنىسىمۇ،

تاغلاردىن ۋولقان پارتىلىسمۇ بارچە بايلىقى كۆيۈپ تۈگىسىمۇ، بارچە ئادەملىرى ئۆلۈپ تۈگىسىمۇ ئاللاھ! ئاللاھ! يا ئاللاھ دېگىنىچە ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ، ئاللاھنىڭ خالىغىنىنى قىلالايدىغان قادىرلىقىغا ئىشەنچ قىلىدۇ.

ھەقىقەتچى قەلب، بارچە ئالەملەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن ئاللاھنىڭ پەيدا بولماستىن ئەزەلدىن ـ ئەزەل تا ئەبەدىل ـ ئەبەد مەۋجۇدلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقلىقىنى ۋە 99 ئىسىم ـ سۈپىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

قەلب، ئۆز قەلبىدە شېرىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ، كېيىن ئۆچقاشقان چاغدا، ھاياجانلانغانلىقىدىن نەپەس ئالالماي قالىدىكەن، مۇرادىغا يەتكەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ قالىدىكەن.

بىر قەلب، ئىككىنچى بىر قەلبنىڭ دەردىدە كۆپ ئەسلەپ، ئاھ تارتىپ ھەسرەتلىنىشىدىن ئاللاھ ئىگەم ئۆزى ساقلىسۇن، ئامىن!

ئەمما، بۇ ھەقىقەت ئەزەلدىن ئەبەدگە داۋام قىلماقتا، بۇ جەننەتتە چوقۇم ئاخىرلىشىدۇ.

قەلب، گەرچە ئىجاۋەت ئۇزراپ كەتسىمۇ ئۇمۇد ئۈزمەسلىكى لازىم. چۈنكى، ئاللاھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن ئىجاۋەت قىلغاندۇر.

بەزى ئىجاۋەتنى ئاخىرەتتە قىلىدۇ، ياكى زىيىنىنى كۆتۈرىدۇ.

قەلبنىڭ تەدبىرى، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە تاقابىل تۇرالمىغاچقا، قەلب، رەھمانىنىڭ بارمىقى ئارىلىقىدا بولغاچقا، مەجبۇرىي ۋە ئىختىيارى دەرت ـ ھەسرەت ئازابىنى تارتىدۇ، ئاللاھقا زاكىر قەلب، ئاللاھنى رازى قىلغان قەلب بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

قەلبنىڭ ئويغانغانلىقىنىڭ ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈشى كېرەكدۇر.

ئويغىنىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىگەن قەلب، ئۆلۈك قەلبدۇر، ھەق يولغا قەدەم تاشلاپ بولۇپ، يېنىۋالغان قەلب، ئەڭ بۇزۇق قەلبدۇر، قۇرئان قەلبنى قىلىپلاپ تۇرىدۇ. قەلبنىڭ قىلىپى قۇرئاندۇر

قەلبنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، قاتۇرۇپ، ئازدۇرغۇچى دۇنيادۇر!

ھەقىقىي زاكىر قەلب، دۇنيا ھېرىسمەنلىكىدىن جۇدادۇر، سەن دۇنياغا ھېرىسمەن بولساڭمۇ، ساڭا خالاپ بېرىدىغىنى يەنىلا خۇدادۇر.

ئەي چېچەن قەلب، ھۇشۇڭنى تاپ، ئىسىڭنى يىغ! خۇدۇڭنى بىل، دۇنيانى تاللىغان قەلب، ئاللاھنىڭ خالىغان ئازغىنا مۇددەتلىك مۆھلەتلىك نېمىتىگە ئېرىشسە، ئاخىرەتنى تاللىغان قەلب ھەممىگە ئېرىشسە، سەن نېمىشقا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى تۈگىمەس، چەكسىز، مۇددەتسىز، مۆھلەتسىز باقى بولغان ئىنتاھاسى يوق نېمەتنى تاللىمايسەن! ئىسسىت.

ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئى مۆئمىنلەر، ئى ئىنسانلار دېگەن نەچچە يۈزلەرچە نىدالىرىغا لەببەي مانا مەن تەييار، يارەببىم دېمىگەن قەلب، ھەقىقىي مۆئمىن ئەمەس.

نېمەتتىن پايدىلىنىپ ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتمىغان قەلبدە ئىنساپ بولمايدۇ

ئەقىدىسىنى مەخپىي شېرىكتىن تازىلىمىغان ئىنساپسىز قەلبدە دىن ساپ بولمايدۇ

دىنىنى، ئەقىدىنى، ئىنساپ ـ ئەخلاقنى يوقاتقان قەلبدە ئىمان بولمايدۇ

شۇنداق قەلبلەرنى قەلبگە سالمىغىچە قەلبىم ئارام تاپمايدۇ

ئاھ! قەلبىمنى ھەقىقىي چۈشەنگەن قەلب، ھەرگىز مەندىن قاچمايدۇ

قەلبىمگە ئارام ـ بەخش بىرىدۇكى، دەرت، ئازابنى سالمايدۇ

قەلبنى تەتقىق قىلمەن دەپ يا كۆزۈمدىن ياش توختمايدۇ

ئەينەككە قاراپ باقسام، چىرايىم زادى ئۆزۈمگە ئوخشمايدۇ

يا رەببىم! يارەببىم! يا رەببىم! مۇشۇ نىدا بىلەن ئارام تاپتى قەلبىم

بۇ ھەقىقەتنى باشقىلارمۇ بىلسۇن دەپ تەۋرىنىشكە باشلىدى مىنىڭ قەلىمىم

مانا بۇ ھەقىقەت ئۈچۈن رازى مەن تىتىلىپ كەتسىمۇ نازۇك جەسىدىم

بۇ ھەقىقەت ئۈچۈن جاندىن، دۇنيادىن ئايرىلسام، ھەسرەت چەكمەڭلار ئەي قەۋم ـ قېرىنداشلىرىم

ھەق قەلبىگە سىڭگەندە ئويغۇنۇپ تۇرىدۇ

ئۇ ھەقىقەت تەرەپكە ئۇرنۇپ تۇرىدۇ

ھەقىقەت يولىدا يانماستىن چىڭ تۇرالىسا، ئەجرىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ.

ئالىي ماقامغا يېتەلىگەن قەلب، ئاللاھنىڭ جامالىنى دائىم كۆرىدۇ.

مىنىڭ قەلبىم شۇ ھەقىقەتنى مەڭگۈ سۆيىدۇ.

قەلب دۇشمەن بىلەن بالا ـ قازاغا يولۇقمىسا سىنالمايدۇ، بۇ سىناق دۇنيا بولغاچقا، يولۇقماي قۇتۇلالمايدۇ.

قەلبلەردىن شۇنداق رەزىل قەلب باركى، دۇنيا راھەت لەززەتلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى ھەتتا جىنىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ.

ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك لەززىتى ئۈچۈن، بىر سىنتچىلىك چىقىم قىلمايدۇ

مەن يەرشارىنىڭ بىر تەرىپىدىكى قەلبلەرنىڭ دەرت ـ ئەلەمدىن، ھەسرەتتىن ئاچچىق تولغۇنۇپ، كۆز ياش تۆكۈپ ئازابلانغىنىنى يەنە بىر تەرەپىدىكى قەلبلەرنىڭ بولسا، راھەتتىن لەززەتلىنىپ خۇشال ـ خۇرام قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرگىنىنى كۆردۈم.

مانا بۇ قەلبلەرگە نىسبەتەن تەڭشەلمىگەن ئالەم، بۇ ھەقىقەتنىڭ دوزاخ بىلەن جەننەتتىمۇ داۋام قىلىشىدىن ھەيران قالمىسۇن ئادەم

زاكىر قەلبلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيادىن ياردار پېتى كېتىپ قالىدۇ

چۈنكى، ئۇ ئەجرىنى ئاخىرەتتە چوقۇم ھەسسىلەپ ئالىدۇ

ئاھ! ياردار قىلغۇچىلار، ئۇ كۈندە چوقۇم ھەسرەتتە قالىدۇ

زەررىچە ئىمان بولمىغان قەلب، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ

مۆئمىننىڭ قەلبى ئاسماندىن زېمىنغا چۈشكەن نەرسىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، زېمىندىن ئاسمانغا ياخشى ئەمەللىرنى ئۆرلىتىدۇ.

بۇ قەلب، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ.

ئىنسان قەلبىنىڭ ھايۋان قەلبىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەرقى، ئەقىل، ئىرادە، ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ.

قەلب ئۆز ئەقىدىسىنى باشقا قەلبگە تاڭماسلىقى كېرەك، ئۆز ئەقىدىسىدىن قىلچىلىك يانماسلىقى كېرەك، ئالىي ماقامغا يېتەي دىسە، ئۇ ھەق يولدىن باشقا يولغا قايتماسلىقى كېرەك.

ئەزەلدىن ھەقنىڭ دۇشمىنى كۆپ بولغاندەك، ھەق يولدىكى قەلبنىڭ دۇشمىنى كۆپ بولىدۇ، ھەق ھامىنى باتىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت بولىدۇ.

بىر ئىنساننىڭ ئىچىدە ھەرگىز ئىككى قەلب يوقتۇر، بىر قەلبگە بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى نەرسە ھەرگىز سىغمايدۇ

ئەگەر مەن باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى غەيبنى بىلىپ قالسام، تېخىمۇ ئازابلىنىشىم مۇمكىن، شۇڭا، غەيبنى بىلدۈرمىگەندۇر، ئەلمۇئمىن (يەنى ئاللاھ)

ياخشى قەلب ياخشىلىقتا ئارام تاپىدۇ

يامان قەلب يامانلىقتا ئارام تاپىدۇ

ھەر ئىككىلىسى ئەملى ئۈستىدە ئەزرائىلنى تاپىدۇ

ئىككىلى قەلب، ئاخىرەتتە جازاسىنى تارتىدۇ

يامان قەلب گۇناھنى ئۈز بوينىغا ئارتىدۇ

ياخشى، زاكىر قەلب، جەننەتتىكى ياتاقلاردا مەڭگۈ ياتىدۇ!

ئالى ماقامغا يەتكەن قەلب، ئاللاھنىڭ جامالىغا قانىدۇ

ھەي ئىسست، ھازىرقى قەلبلەر بۇ ھەققەتكە تانىدۇ

ئاخىر بىر كۈن ۋابالى ئۈزىگە يانىدۇ

ياردەمسىز، شاپائەتسىز ئۈزى تەنھا قالىدۇ

كويزا ـ كىشەن، تاقاقنى ئۈز بوينىغا سالىدۇ

دەرتلىك ئازاب ئىچىدە مەڭگۈلۈككە قالىدۇ

كاشكى يا ھەسرەت ـ نادامەت دەپ جار سالىدۇ

مۆئمىن بۇنىڭدىن نەئۇزۇبىللاھ دەپ نېرى قاچىدۇ.

ئەي قەلب، سېنى رەززاق ياراتقاندىكىن سەن رىزىقتىن غەم قىلما، سەندەكتىن نەچچىنى يېسە تويمايدىغان ھايۋانلارغىمۇ ئاللاھ رىزىق بېرىدۇ، ئۇلار ئۈز رىزىقنى كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. سەۋەبىنىمۇ قىلالمايدۇ. يا توپلاپ يىغالمايدۇ، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى رەززاق ھە!

قەلب، سوراق توقمىقى ئالدىدا تىنالماي قالىدىكەن

شۇ ۋاقىتتا بار ئىلتىجانى ئاللاھقىلا سالىدىكەن

بۇ سۆزلىرىم مۆئمىن قەلبنى تەسلىم قىلىدۇ

بۇ سۆزلەرنى جاھىل قەلبنى مەسخىرە قىلىدۇ

قەلب بالاغەت، ئىلمى بىلەن تەسرگە ئىگە بولىدۇ

بالاغەت ئىلمىنى ئىگىلىگەن قەلب، تەپسىرگە ئىگە بولىدۇ

يەنە قەلبنىڭ ئىگىلەيدىغىنى ئىلمىي مەنتىقىدۇر

مەنتىقىسىز قەلب، سۆز جەھەتتە قەلبلەرنىڭ مايمىقىدۇر

قەلب بىرىلسە ئىلمى ھەدىس تەپسىرلەرگە

موھتاج بولماس مەرتىبىلىك تەخسىرلەرگە

ئالىي ماقامغا يەتمەكنىڭ كويىدىلا

تائام بىرۈر پىقىر، مىسكىن ئەسىرلەرگە

هارامدىن قاچماق ئۈچۈن قاراپ سالماس قىزچاق بار قەسىرلەرگە

ھەق سۆز بىلەن تاقابىل تۇردۇم غاپىل قەلبكە

ھەق سۆزلەرنى سېتىپ ئاللماس ئالتۇن ـ كۈمۈشكە

ئەمدى ئويغانمىغان قەلبنى بۆلەيمىز ئۆلۈمنىڭ بۆشۈكگە

دەرھال ئۇنى تاشلايمىز بىز لەھەدنىڭ (قەبرە) تۆشۈكگە

بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قەلبنى سىناشقا ئىمتىھان ئېلىشقا يارايدۇ

مۆئمىن قەلبنى سىناش ئۈچۈن كېلىدىغان بالانىڭ كۆپىنچىسى كاپىرلار تەرەپتىن كېلىدۇ ـ دە، كاپىرلار شۇ سەۋەبتىن ئازابقا لايىق بولىدۇ. ھېكمەت شۇ يەردە، سىناق، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش بەك مۇھىم، مۇكاپات شۇ يەردە

ئالەم سودىسىدىكى تاللاش، ئالىيسىنى تاللاش بولغاندەك، زاكىر قەلبنىڭ تاللىشى پانىي دۇنيانى قويۇپ، باقى ئالەمدىكى ئالىي ماقامنى تاللاشتۇر.

تەكرار ئۇنتىغانلىقنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، زاكىر قەلب، دائىم تەكرار ئۈستىدە تۇرىدۇ

قادىر تۇرۇپ كەچۈرگۈچى، ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگەن قەلب، ئەپۇچان كېلىدۇ.

ئاخىرەتتىكى ئاقىۋەتىدىن غەم قىلمىغان قەلب، كۆپ كۈلىدۇ.

ئاخىرەتكە ھەقىقىي ئىشەنگەن ۋە ئۇنى چۈشەنگەن قەلبكە غەم تولىدۇ

رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىمۇ ئاخىرەتتىن غەم قىلىپ چىچىغا ئاق كىرىپ كەتكەن

ئاخىرەتنىڭ غىمىدە تۇر دېگەن پەرماندىن كېيىن، ئۇيقۇدا ئارام ئالماي كەتكەن

جەننەتكە كىرىشكە بېشارەت ئالغان، قەلبلەرمۇ ئىبادەت قىلىدىكەن، چۈنكى، ئۇ قەلبلەر ئاللاھقىلا ئاشىق ئىكەن

ئاشىق قەلب، مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا چوقۇم يېتىدىكەن.

زاكىر قەلبنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى باشقىلارنىڭ قورقۇتۇشى زىيادە قىلىۋېتىدۇ.

ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دەۋرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلەرنى كۆرۈپمۇ ھىدايەت تاپمىغان، ئىمان ئېيتمىغان قەلبلەرگە قاراپ (ھازىرقى) ئاللاھنىڭ ھازىرقى ئۇرغۇنلىغان مۆجىزىلىرىگە قاراپ، ھىدايەت تاپمىغان قەلبلەرگە قاراپ شۇنى ھېس قىلدىمكى قەلبنى ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىمۇ ھىدايەت قىلالمايدۇ.

پەقەت ئاللاھ خالىسا، قەلبىمۇ ھىدايەتنى خالىسا، ھەق يولنىلا تاللىسا، ئاندىن ھىدايەتكە تەييار تۇرسا، چېكىنمىسە، بۇ قەلبنى ھىدايەت يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھقىلا ئاشىق بولغان قەلب، باشقا ئىشىق، ئىشتىياقتىكى قەلبدەك دەرت تارتمايدۇ، ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئازابلانمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، ئۇ مۇراد ـ مەقسىدىگە يېتىدۇ.

ئېسىت! كاشكى، مەھبۇبەمنى ياخشى كۆرگەندىن ئاللاھنى بەكرەك ياخشى كۆرسەمچۇ!

قەلبنىڭ بۇ پۇشايمىنى تېخى ئاخىرەتتىمۇ بارغۇ (ئاھ خۇدا)

قەلبنى ئاللاھنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ ئەسلىگىلى قويمىغان ئاشۇ يارغۇ

ئەي قاتقان قەلب، خوپ بولدىمۇ ئەمدى تويدۇڭمۇ؟!

ئەي قەلب سەن تېخى كۆپ تويسەن، جىن تويسە، شۇ پېتى ئۆلسەن
ھەق زىكرىگە قايتمساڭ، ئازابىنى كۆرىسەن
مەن دىمسەممۇ سەن بۇنى ئۇبدان بىلسەن
ھەق ئۈچۈن نەسىھەت قىلدىم، سەن مېنى چۈشەنسەڭ
ئىككىلەنمە يولۇڭدا ھەقنى چۈشەنسەڭ
ئىككىلەنمە يولۇڭدا ھەقكە ئىشەنسەڭ
ئەجرنى تولۇق ئالىسەن، جاپالىق ئىشلىسەڭ
كارىم يوق، كېيىنچە بارمىقىڭنى چىشلىسەڭ
خالىغىنىڭچە ماڭ، يولۇڭغا بۇنى بىلمىسەڭ
ھەق سۆز قەلبىنى قۇتقۇزىدۇ، قاراڭغۇ زۇلمەتتىن
ئىشەنمىسەڭ، ئىزدەپ كۆر بۇنى ئەمەلىيەتتىن
سەن قەلبىڭنى قۇتقۇزاي دىسەڭ زۇلمەتتىن،
يانما ھەرگىز ھەق يولغا قىلغان نىيەتتىن
ساقلا نەسىھەتنى كۆپ قىلىپ كەتكەچكە
تارتقۇەتتىم ئەمدى قەلەمنى دۈۋەتتىن (سياهدان)
خام ـ خىيالنى قىلىۋەرمە ھەق سۆزگە كىرمەستىن
سۇ ئىچكىلى بولماس ھەرگىز تېگى تۆشۈك چېلەكتىن

ھازىرقى ئائىلىنىڭ ساۋابى يوقاپ تۇرغاچقا، تۆشۈك چېلەككە ئوخشاتتىم
ھەق سۆزلەرنى كۆپ قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قاخشاتتىم
ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام قانداق قىلاتتىم؟
ھەقنى چۈشەنگەچكە ھەق يولغا دەرھال ماڭاتتىم
بۇ ھەقىقەتتىن ئايرىلسام كۆپ پۇشايمانغا قالاتتىم
ئاقىۋەتتە ئۆز ـ ئۆزۈمنى تۈگمەس ئازابقا سالاتتىم
كاشكى ھاكىمىيىتىم بولغان بولسا، ھەق دۈشمىنىنى يالاپ ماڭاتتىم
يەر ئاستىغا ئورۇنلاشقان قاراڭغۇ زىندانغا سالاتتىم
ھەق دۈشمەنلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ئىنتىقامنى ئالاتتىم
شۇنداقتىمۇ ھاكىملىقنى تاشلاپ زاكىرىيىن بىلەن بىللە قالاتتىم
ھەق تەرەپكە ئۆرلەشكە زىكرى قاناتىم

ھەرقانداق بىر قەلبنىڭ باللىق، ياشلىق دەۋرى بولغاندەك، نادانلىقدىن داتلاشقان جاھالەت دەۋرى بولىدۇ.

ھەق ھىدايەت سىگگەندىن كېيىن ھەق يولغا ماڭغان قەلب، ھەقكە مەنسۇپ قەلب، ئۆز ھالىتىدە قالغان

قەلب جاھالەتكە مەنسۇپ قەلب

ھىدايەت ئۇكۇلى بۇرۇن قەلبكە ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۇرۇلغان بولسا، ھازىر، زاكىر قەلبلىك ئالىملار ئارقىلىق ئۇرۇلىدۇ.

قەلبىگە ھەق ھىدايەتنىڭ كىرگەنلىكى ئەمەلىيەتتىن تونۇلىدۇ.

ھازىرقى قەلبلەرنىڭ ھەق يولدا ئەمەلەلىيەتتە ماڭماي، ئېغىزدا ماڭغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ، بۇنداق قەلبلەرنى ئاللاھنىڭ غەزىپى ئۇرىدۇ

قەلبنىڭ تاتلىق لەززەتلىكىنى قەلب ئۆزى سەزگەندەك، زىكرىنىڭ تاتلىق لەززەتلىكىنى زاكىر قەلب ئۆزى سېزىدۇ.

مۆئمىننىڭ زاكىر، ساپ قەلبى، يەرشارىدىن ئاسمانغىچە، ئاسماندىن پەرشىكىچە، ئەرشىدىن 70 مىڭ نۇر پەردىگىچە، بۇ پەردىدىن ھەق تائالاغىچە، سەيرە قىلىپ ئۇزۇپ ئۆتەلەيدۇ، ئالىي ماقامغا يەتكەندە ھەقنىڭ جامالىنى كۆرەلەيدۇ. يەنى ئاخىرەتتە

ئىنساننىڭ نەپسىنى، بالاسى قاتتىق كۈنلەر تاۋلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىكى نىجىس، پاسكىنا كىرنى تازىلاپ تۇرىدۇ.

ھەربىر قەلب، بۇ دۇنيادىن سىنالماي چىقىپ كېتىمەن دەپ خام ـ خىيال قىلمىسۇن! ئۇ دائىم سىناققا تەييار تۇرسۇن.

قەلبىتىكى ھەقىقەت قەلەمگە چۈشكەندە، ئاجىزلاپ قالىدىكەن، قەلەمدىكى ھەقىقەتتىمۇ قەلب، يا رەببىم دەپ سالىدىكەن.

قەلب، قەلبىدىشىنى سېغىنغاندا، تەقەززا بولىدىكەن، قەلبداش سېغىنغان قەلبنىڭ ھالىغا يەتمىسە قەرزدار بولىدىكەن.

قەلبنىڭ زىكرى بىلەن مالائىكىلەر دەپتىرىنى تولۇقلايدىكەن، قەبرىستانغا كىرگەندە مۇنكىر ـ نەكىرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىكەن.

قۇرئاندەك زىكرىنى قەلبىگە قويغاندۇر

قەلب قۇرئاندەك زىكرىنىڭ قورغاندۇر

تەۋھىد زاكىر قەلبنىڭ ئادىتىدۇر

زاكىر قەلب، تەۋھىدچىنىڭ ھالىتىدۇر

ئاللاھنىڭ، ئىلىم ھېكمەتنى چۈشەنگەن قەلب

ئاخىرەتنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىدۇ

ھەقىقەتكە مەجبۇرلانغان قەلب، ھەق يولدىن يېنىۋالىدۇ

قەلبنىڭ قەلبىگە بولغان نەپرىتىگە ئۆچلىكىگە، ھېچنەرسىنىڭ نەپرەت، ئۆچلىكى يەتمەيدۇ.

قەلب، ھەربىر قەدەمدە سىناققا دۇچ كېلىدۇ، قەلبنىڭ ھەقىقىتىنى نەپسى ئۆچ كۆرىدۇ، قەلبنىڭ ھەققانىيلىقىنى نەپسى ئۆچ كۆرسە، ھەقىقەتچى قەلب، نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىنى ئۆچ كۆرىدۇ، قەلبنىڭ ھەقىقىتى بىلەن نەپسىنىڭ شەھۋىتى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ، مۆتتەقى، مۆئمىننىڭ زاكىر قەلبىنى نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەس، شەھۋىتى ئۈستىدىن ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

ئەي قەلب، ئىشەنچلىك يولدا ماڭاي دىسەڭ

سېنى ۋە يولنى ياراتقان زاتنىڭ يولىدا ماڭ

يولدىن ئازماي دىسەڭ، يول بەلگىسىگە قاراپ ماڭ

يول بەلگىسىنى بىلەي دىسەڭ، قۇرئاننى ئالغاچ ماڭ

قەلب دۇنيا، بالالىرىغا ئاخىرەتنىڭ ئۈمۈدى بىلەن سەۋر قىلالايدۇ، ئاخىرەتنى ئۈمۈد قىلمىغان قەلب، نەپسىنىڭ ئازابىدا ياشايدۇ.

ئاخىرەتنىڭ ئىتىقادى زاكىر قەلبىنىڭ ئوزۇقى

بۇنداق ئېتىقادسىز قەلب، قەلبلەرنىڭ بۇزۇقى

ئۆز ھۆرلۈكىنى ۋە ئەركىنلىكىنى يوقاتقان قەلب، ئازابقا قالىدۇ

باياشات تۇرمۇشتىن كىبرلەنگەن قەلب، ھەقىقەت نۇرىغا ئېچىلمايدۇ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ جاپا بىلەن دوزاخقا كىرىدىغان قەلبمۇ بار

ھېچ بىر مۇشەققەتسىز راھەت بىلەن جەننەتكە كىرىدىغان قەلبمۇ بار،

قانائەتلىك دەلىلى يوق قەلب، ئۆتمۈشكە ئەگىشىدۇ، قىممەت قارشى يوق قەلب، جاھىل قەلبدۇر.

ئاللاھنىڭ ھەق بومبىسى تەگكەن قەلب، ھەق ئۈچۈن پارتىلايدۇ، ئاللاھ غەيبنى بىلگەچكە نىشاندىن ئاداشمايدۇ

قەلبداش قەلبدىشىغا يالغان سۆزلىسە، قەلب، قەلبدىشىغا ئىشەنمىسە، دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ.

بىر قەلبنىڭ يەنە بىر قەلبتىكى گۇمانى بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى، قەلب قەلبتىكى سىرنى سەزمەسلىكى مۇمكىن.

قەلبتىكى سىرنى ئىش ـ ھەرىكەتتىن بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن! مەن قەلبنىڭ دېھقانچىلىق قىلغىنىنى يا تىجارەت قىلغىنىنى كۆرمىدىم شۇنداق تۇرۇقلۇق قەلبلەرنىڭ زىكرى ئېيىقىنىنى سەزمىدىم.

قەلب دائىم زىكرىگە خالىيدۇر

زىكرى ئېيتقان قەلبنىڭ ماقامى ئالىيدۇر

چىڭ تۇت پۇرسەتنى ئۆمۈ پانىيدۇر

ئەتە قۇرۇلىدىغان ئالەم مەڭگۈ باقىيدۇر

مۆئمىنىنىڭ ساپ قەلبى، ئەتە ئۈچۈن نىمە تەييارلىغانىغا قارايدۇ.

ئۇ ئاخىرەتنىڭ بازىرى ئۈچۈنلا باش تارايدۇ

ئالىي ماقامغا يەتمەك ئۈچۈن، ئاللاھ.... دەپلا سايرايدۇ.

بىرەر ھەقىقەتنى بىلىۋالسا، كۆڭلى يايرايدۇ

قەلب رىشتى ئاسانلىقچە ئۈزۈلمەس

قەلبى كور كىشلەر بۇنى بىلمەس

قەلبلەرنىڭ كورلىقىدىن ھەقىگە قىلچە ياردەم بەرمەس

قەلب رىشتىنى ئاللاھقا باغلايلى،

مەخلۇقلاردىن ئەمدى بولدى بەس

لىكىن بىز سۇيىزىم ھەرگىز ئەمەس.

ئۇلار بىدئەت بىلەن ،بولدى نەس.

# سۈرە نەھلە تەپسىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار

بسم الله الرحمن الرحيم

ئاللاھ سىلەرنىڭ مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ئات، قېچىر، ئىشەكلەرنى يارىتىپ بەردى. ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان مەخلۇقلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەت مۆجىزە، مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ تۇرماقتا، ئۆز ۋاقتىدا قۇرۇقلۇقتا قاتناش، ئات، ئىشەك، تۆگە ئىدى، دېڭىزدا بولسا قولۋاق، كېمە ئىدى، ھاۋادا قاتناش يوق ئىدى، ئۈچۈش بىر خىل شېرىن چۈش ئىدى، ئاللاھنىڭ ئەزلى بولغان بۇ كالامى ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان بۇ مەزگىل، ئىنسانلار ئات ـ ئىشەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان چاغ ئىدى، شۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىدۇ دېگەن. رەسۇلۇللاھمۇ كېيىنكى چاغلاردا ئات ـ تۆگە مىنىلمەيدۇ دېگەن. بۇنداق ئايەت، ھەدىسلەرنى ئۇلار ياخشى چۈشىنەلمەيتتى، پەقەت ئۇلار كوچىلاپ سۇرۇشتە قىلمىغان، ئىمان ئېيتىپ شەكسىز ئىشىنەتتى، خالاس. بۇ ئايەتتىكى ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر، ئىسلام دىنى تارقىلىپ، قۇرئان تامام بولۇپ، **17** ـ ئەسىردىن كېيىن **18** ـ **19** ـ ئەسىرلەردە ئەمەلىيلەشتى، راستىنلا ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر مەيدانغا كەلدى. قۇرۇقلۇقلاردا ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت، قول ھارۋىس، ئىشەك ھارۋىسى، قەدىمقى ماشىنا، ئاندىن يۈك ماشىنىسى، ئاپتۇبۇس، پويىز ھەم سۇدا ھەم قۇرۇقلۇقتا ماڭىدىغان ئۇچار ماشىنلار مەيدانغا كەلدى. ھەتتا، كۆنۈپكا ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئادەمسىز ماشىنا بارلىققا كەلدى، تانكا، زەمبىرەك ۋاھاكازالار.

دېڭىزدا بولسا، پاراخوت، سۇ ئاستى پاراخوت، سۇ ئۈستى قۇرلۇشى، ھەتتا نەچچە يۈز ئايرۇپىلان، تانكا سىغىدىغان ئاۋىياماتكا، خۇددى دېڭىز يۈزىنى قۇرۇقلۇقتا ياكى كىچىك ئارالغا ئوخشۇتۇپ قويىدىغان چوڭ پاراخوت بارلىققا كەلدى. **(11000)** مېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆكەلىدى، ھاۋادا بولسا، ئايرۇپىلان، گاز شارى، راكىتا، سۈنئىي ھەمراھ، ئالەم ئايرۇپىلانى، ئالەم كېمىسى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. كەلگۈسىدە بۇلارنىڭ سۈرئىتى نۇر تېزلىكىگە يېتىشى مۇمكىن، ئەمما، بۇ ھازىر بىر چۈشتەك تۇيۇلىدۇ. خۇددى بۇرۇنقىلار ئۈچۈشنى چۈش دەپ قارىغاندەك، ئەمما، ئاللاھ، يەنىلا سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئايەتتە، چەكسىزلىك بار، ئۇ بولسىمۇ مەڭگۈ شۇنداق، مەڭگۈ بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ھەتتا، جەنەت، دوزاختىمۇ خىلمۇ ـ خىل ئىنسانلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ شۇنداق. ئاشۇ ئىلغار قاتناش قورالىرىنىڭ ماددىسىنى ئاللاھ ياراتقان، پەيدا قىلغان، ھەم شۇ ئىنجىنىر، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىمۇ ئاللاھ ياراتقان، ئاللاھ، قابىلىغا ئەقىل كۆرسەتكەندەك بۇلارغىمۇ ھايۋان ياكى تەجرىبە ئارقىلىق ئەقىل ئىلھام كۆرسەتتى، چۈنكى، بۇ پۈتۈن خەلققە پايدىلىق ـ دە!

ئاللاھ، شەيتان بىلەن دەججالغائاھانەت كارامىتى بەردىكى بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى.

بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئەڭ تېز ئەڭ ئىلغار تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، شۇڭا، بىز ئايەتكە توغرا چۈشەنچە بىلەن قاراپ خۇراپىيلىقنى قەتئىي تازىلىشىمىز لازىم.

ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەر بىلمىگەن، ئاللاھ ياراتقان يېڭى كەشپىياتلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىلمەكچى بولسىڭىز، شەھەرلەرگە بېرىپ قاراڭ، كۆزىڭىزگە كۆرۈنگەن پۈتۈن نەرسە بولۇپمۇ ھايۋان بىلەن زىرائەتتىن باشقىسى ھەممىسى ئاللاھ كېيىن ياراتقان بالدۇرقىلار بىلمىگەن نەرسىلەردۇر.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نۇر ئىلمى، توك ئىلمى، زەررىچىلەر ئىلمىدىن كەلگەن، توك چىقىرىش دېگەن قاراڭغۇ زۇلمەتتىن نۇر چىقىرىش دېمەكتۇر. ئەلۋەتتە، نۇردا ھىدايەت بار، ھەم تەرەققىيات بار، ئىككى ئالەم بەختى بار دېگەن گەپ توك ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش، بولۇپمۇ قايتا ھاسىل بولىدىغان تۈگىمەس ئېنېرگىيە ۋە ئۇنى باتارىيە ئارقىلىق ساقلاش، سەپەرگە ئىستېمال قىلىش، قۇياشتىن ھاسىل قىلىش، چىقىم ئاز، كىرىم كۆپ قىلىش، ئەسلى رىزىق، ئەسلى نېمەت مۇشۇ شۇ، شۇڭا، ئاللاھ

سىلەرگە ئاللاھ قۇياشنى يەنى نۇرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى دېگەنكەن.

بىز يۇقىرىدا دېگەن پۈتۈن قاتناش ئەسلىھەلىرىگە سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ، ئېنىرگىيەدىن كېلىدۇ. ئوت، نۇر، گاز ۋاھاكازالار

بۇلار نېفىت، كۆمۈر، ۋە تۆمۈر، مىسلاردىن شامال، سۇ ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىش قاتارلىقلار، يادرو ئېلېكتېر ئىستانسىسى دېڭىز سۈيىنى يېقىلغۇغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار، بۇلار قۇرئاندا ئوچۇق سۆزلەنگەن، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا دەپ سۆزلىگەن، بۇ ئوكسىگېن، ھىدروگىن كۆيۈش ھادىسىسى بولىدۇ.

يېقىلغۇ بولمىسا ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ، ھەتتا، ئالىملارمۇ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ ئىلغار نەرسىنى پىلانلىيالمايدۇ، چۈنكى، ئاخىرى نەتىجىلىك بولمايدۇ.

ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى، ئىنسانلار چەكسىز ئالەم بوشلۇقىدا سەپەر قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا، پۇل تاپقانلار كىرا قىلىپ ساياھەت قىلىشتى، مانا بۇ پۈتۈن نەرسىلەر دېڭىز، ھاۋا، قۇرۇقلۇق قاتناشلىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى يېمەك ـ ئىچمەك زاۋۇتلىرى ھەرخىل ئىلغار قورال ـ ياراقلار ئۈندىن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاللاھ ياراتتى. بۇلارنى ئۇلار بىلمەتتى، ئاللاھ يەنىمۇ بىز بىلمىگەننى يارىتىدۇ، قىيامەت كۈندىن كېيىنمۇ يارىتىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ، ھەرىپ قالمايدۇ، ئاللاھنىڭ خەزىنىسى تۈگەپ قالمايدۇ، خۇددى سانسىزلىغان بارماق ئىزى ۋە ئوخشاشماس چىرايلار تۈگەپ قالمىغاندەك، ئاللاھ نېمە دېگەن بۈيۈك، ئۇلۇغ ھە! ئاجايىپ قۇدرەت ئىگىسى، بىز ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يېتەلمىدۇق، شۇڭا، لايىقىدا ئىبادەت قىلالمايمىز.

ئاللاھ، ئەپۇ قىلمىسا، كەچۈرمىسە، كەرىملىك سۈپىتى بىلەن رەھىم قىلمىسا، بىز چوقۇم زىيان تارتىمىز، ئاللاھ ھەممىمىزنى ئەپۇ قىلغاي، ئامىن!

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇرۇنقىلار بىلمىگەن نەرسىدىن توكنى مىسال قىلايلى. ئاللاھ بۇ نۇر، زەررىچە بولغان توكنى نۇرغۇن جايدا ئىشارەت بىلەن سۆزلىگەن. بولىسمۇ ئىنسانلار زادى بىلەلمىگەن ئىدى.

ھەتتا، ھاسىسىدىن نۇر چىققان ساھابىلارمۇ پۈتۈن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئىبنى ئاببا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بەزى ئايەتنى مەن ھەقىقىي تەپسىر قىلسام سىلەر مېنى كاپىر دەپ رىجىم قىلىسىلەر دېگەن. شۇنداق بۇ ئىلغار نەزىرىيەنى قوبۇل قىلالمايتتى. ھەم بۇنىڭ بىر ۋاقتى باردە! چۈنكى، رەسۇلۇللاھ بېشارەت بەرگەن، قىيامەت ئالامىتى قىلغان نۇرغۇن ئىشلار بار، ئەمما، بۇ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلىيەتكە ئۆزى ئاشۇرمىغان ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى باردە.

ئاللاھ، بىلدۈرسە، غەيبنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلمەي، ھۆپۈپ بىلىپ كەلدى، ئاللاھ بىلدۈرمىسە غەيبنى كىم بىلەلىدى، ھەممە، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، باشقۇرۇشى ئاستىدا ب ولىدۇ. نۇر يەنى زەررىچە توك، قۇرئان ـ ھەدىستە نۇرغۇن يەردە كېلىدۇ، ھەم مىسال قىلىنىدۇ. ھەتتا، پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان.

شەيتانلار ئوتتىن يارىتىلغان، بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇق، نۇر مەسىلىسى خېلى كۆپ، بۇلار ھەممىسى توك ئىلمى ئەمەسمۇ؟

توك، بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئاشۇ قاتناشقا ۋە چىراغ، ئۆي سايمانلىرى ھەرخىل زاۋۇت، پولات تاۋلاش، ھەتتا كالا ئەمچىگىدىن سۈت سېغىشقىمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ.

دېھقانچىلىق، زىرائەت، يېزا ـ ئېگىلىك ئىشلىرىغا، تىلگراف، تېلېفون، سىمسىز تېلېفون، تېلېۋېزور، رادار، تىلېسكوپ، مىكرۇسكۇپ، كوچا ئاپتوبۇسى، كوچا پويىزى، لازىر نۇر قورالى، لازىر نۇر ئارقىلىق داۋالاش، رېنتگېن، ئۇرۇق چاڭلاشتۇرۇش، سورت يېتىشتۈرۈش، تۆرەلمە ئىلمى، ئوپراتسىيە، تازىلىق ئىشلىرى، تاتلىق سۇ ئىشلەش، قۇدۇق، سۇ تارتىش ۋاھاكازالار بولۇپ، نەچچە مىڭ خىل ئىشلاردا ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ، مۇھىمى ئۈچۈر ئىلمى، كومپيۇتېر، باشقا نەشر ئىشلىرى قاتارلىقلار...

ھەتتا بۇ نۇر، توك ئارقىلىق ماشىنا ئادەم ياسالدى، گەرچە بۇلار ئادەمدەك ئىقتىدارلىق بولمىسىمۇ،

ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ئىش پائالىيىتىنى قىلالايدۇ، بەزىلىرى قاچىلانغان سان ـ سىپىر ئارقىلىق سۆز، لۇغەت ئارقىلىق سۆز قىلالايدۇ. ئەمما بارنى سۆزلەيدۇ، يوقنى بىلمەيمەن دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇك ئىشلىرى بولۇپ، قەدىمقىلار بىلمەيتتى.

يېقىنقى **200** يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان نۇرغۇن ئەقلنى ھەيران قالدۇرىغان نەرسىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ زادى خەۋىرى يوق ئىدى، مانا بۇ، ئاللاھ سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ دېگەن ئايەتنىڭ راستلىقى، مۆجىزلىكى، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالىغىنى، يەنىمۇ شۇنداق، بولىدىغانغا ئىشارەتتۇر. ئاللاھ مەڭگۈ سىلەر بىلمىگەننى يارىتىپ تۇرىدۇ.

شۇڭا بىز، بىز بىلمىگەن نەرسىنى بىلىشكە، شۇ نەرسىنى كۆرۈشكە، شۇ نەرسە ئارقىلىق دۇنيانى، دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىشىمىز لازىم.

ئۈيقۇ دېگەن ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى بولدى بەس ئەمدى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **96** ـ **99** ـ بەتلەردە پاراخوت، گاز شارى، ئايرۇپىلان قاتارلىق نەرسىلەرنى سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ، **80** يىل بۇرۇنىلا سۆزلىگەن، ھازىر بولسا، ئالەم كېمىسى، راكىتا، سۈنئىي ھەمراھ، ئىلغار تېخنىكىلىق تىك ئۇچارلار بار، بۇلارنى بىز تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىدىن، سۈرەتلەردىن كۆرۈۋاللايمىز. پايدىلىق نەق سۆز شۇكى، بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىز لازىم، مەنپەئەتنى بىلىشىمىز، دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، شۈكرىنى ئادا قىلىشىمىز، كەلگۈسىدىكى كەشپىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن ھېچ كىشى توسقىنى يوق.

ئەمدى بىز سۈرە نەھلدىكى توققۇزىنچى ئايەت، ئاللاھ سىلەرگە زەيتۇن، خورما قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ دېگەن ئايەتنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئاسماندىن شاراپ چىقىرىپ بېرىدۇ دېگەن، يەنى شاراب، سۇ، يامغۇر بىلەن بىللە سۆزلەنگەن توغرىسىدا ئازىراق توختىلىمىز، ھەممىمىزگە مەلۇم ئۆسۈملۈك، زىرائەت، دەرەخ، پۈتۈن ئىنسانلارغا تونۇشلۇق، ئەمما، ئۇلار بۇنىڭغا زەڭ قويمايدۇ، پىكىر، تەپەككۇر قىلمايدۇ. بىز بۇ يەردە ئاجايىپ بىر بىئولوگىيە ئىلمىنى سۆزلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ، ئۆسۈملۈك، خۇددى ئىنسان، ھايۋاندەك تىنىپ تۇرىدۇ، كاربون چىقارماي ئوكسىگېن چىقىرىدۇ، بىز بولساق، كاربون چىقىرىمىز، ئوكسىگېننى سۈمۈرىمىز، ئۆسۈملۈك ئىنساندەك تەرلەيدۇ، ئىنساننىڭ تەرلىرى سېسىق بولىدۇ، پەقەت سەن ياخشى كۆرگەندىن باشقا .ئۆسۈملۈك تەرلىرى بولسا شىپالىق، خۇشپۇراق بولىدۇ.

پەيلاسوپ، تىببىي ئالىم سانكتوربوس، ھەربىر ئىنسان بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بىر كىلوگرام تەر چىقىرىدۇ دېگەننى، دۇنيا بويىچە ئىلان قىلغان، بۇنىڭغا ھەربىر ئىنسان قوشۇلغان ۋە ئېتراپ قىلغان.

ئەمدى بىز ئۆسۈملۈككە كەلسەك، بۇلار نەچچە خىل بولىدۇ. بەزى ئۆسۈملۈك ئىنسانغا نىسبەتەن **17** ھەسسە ئارتۇق تەرلەيدىكەن، نەملىكنى خورىتىپ تۇرىدىكەن، ئاشۇ ئۇسسۇزلۇقنى زېمىندىكى نەمدىن يىلتىز ئارقىلىق ئالىدىكەن، قاندۇرىدىكەن، بۇنىڭ ھېكمىتى يەنىلا ئىنسانلار ئۈچۈن ئوكسىگېن ھاسىل قىلىپ، خىزمەت قىلىش ۋە ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش ۋە باشقىلار. ئەرۇم دېگەن دەرەخ شۇنداق بەك تەرلەيدۇكى، بىر مىنۇتتا بىر نەچچە قېتىم تامچە ھاسىل قىلىدۇ. كىنارىيا ئارالىرىدا بىر خىل دەرەخ بولۇپ، دائىم سىم ـ سىم يامغۇردەك تامچە چۈشۈپ تۇرىدىكەن، بەزى دەرەخلەر كېچىسى تەرلەپ تامچە ھاسىل قىلىپ، كۈندۈزى توختاپ قالىدىكەن، كىشىلەر سەھەردە كېلىپ ئۇ شارابدىن ھوزۇر ئالىدىكەن.

جەنۇبىي ئامرىكا ئورمانلىقىدا نۇرغۇن دەرەخلەر شاراب ھاسىل قىلىدىكەن، بۇنى مۇساپىرلار ئىچىپ قانىدىكەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللاھ ئەلەي، بۇ تەپسىرنى يېزىۋاتقان مەزگىلدە، بىر ۋەقە يۈز بەرگەن، ئۇ، بولسىمۇ ئىككى كىشى سەپەرگە چىققان، چۆلدە ئۇسساپ ھالى قالماي ماغدۇردىن كەتكەن بولۇپ، پىيازغا ئوخشاش بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كولاپ يىگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇلار كۆن كىرگىچە ئۇسسىمىغان، ئاندىن بۇ ئىككىسىدىن بىرسىگە تەسىر قىلىپ، مۇشۇنداق چۆلگە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ئۆسۈملۈكنى ئۈندۈرگەن زات چوقۇم رەھمدىل ئىكەن دەپ بۇرۇنقى بارلىق خاتالىقلىرىغا تەۋبە قىلىپ، سالىھ كىشىلەردىن بولۇپ، مەسجىددىن

چىقماي ئىبادەت قىلغان، راست، ئاللاھ، ھەممىنى ئۆز جايىغا ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بالدۇر ـ كېيىن، يىراق ـ يېقىن قىلمايدۇ، چوقۇم بۇ كائىناتنىڭ بىر باشقۇرغۇچىسى ئاللاھ ھەق! چوقۇم ھەق! ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچ ھاياتلىق قۇرئاندا بىللە سۆزلىنىدۇ، بولۇپمۇ كائىنات، ئاسمان ـ زېمىن، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ئىلمىدىن كېيىنلا سۆزلىنىدۇ، خۇددى ئاسمان شارابىدىن كېيىنلا زېمىن، ئۆسۈملۈك شارابىنى سۆزلىگەندەك، قۇرئاننى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپلا قالماي ئەكسى مەنىسىنى بىلىش، ئايەت تەرتىپىنى، سۈرە تەرتىپىنى چوكقۇر چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، كاتتا مۆجىزە ئاشكارا بولىدۇ. نۇرغۇن پايدىلىق بولۇپمۇ قەلبكە پايدىلىق، شىپالىق، بىلىملەر ھاسىل بولىدۇ. قېنى ئەمىسە، خالى جايدا تەپەككۇر قىلايلى!

سۈرە نەھلە، ﴿**ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەر مېزىلىك گۆش ۋە زىننەت بويۇمى چىقىرىسىلەر دېگەن**﴾ ئايەت توغرىسىدا

بۇ زىننەت بويۇمى، گۆھەر بولۇپمۇ مارجان گۆھەر، بۇنى بىز سۈرە ئەررەھماندا كەڭرى سۆزلەيمىز، ئىنشائاللا، شۇنداقتىمۇ ئازىراق سۆز قىشتۇرۇپ قويايلى.

مارجان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدا ئالتە ياكى سەككىز تەرەپ بولىدۇ، بۇ ئۆز ئىختىدارى بىلەن بىر قىسىم ماددىلارنى ۋە بەزى جانىدارلارنى گۆھەر تاشقا ئايلاندۇرىدۇ، بۇنى مارجان دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھايۋان دەرەخ، ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاجايىپ گۈزەل نۇر چىقىرىدۇ، بولۇپمۇ كېچىلىرى بۇ ھايۋان تۈزلۈق دېڭىزدا بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى **120** مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، قانچىكى سۇ يۈزىدە بولسا، شۇنچە نۇرلۇق گۆھەر ئىشلەپ چىقىرىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىشى كۆپ بولىدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى بىر نەچچە مىيل دائىرىسىدە بولىدۇ. بۇنى دولقۇنلار يۆتكەيدۇ، لاي، قۇم، چاڭ ـ توزان، شامال تارقىتىدۇ، بۆلەرمۇ ئەركەك ـ چىشى بولۇپ چاڭلىشىدۇ. سۇ، تۇز، لاي ۋە بەزى جانلىقلارنى ئىستېمال قىلىدۇ.

ھەيدار ئىسىملىك بىر ھايۋان بولۇپ، بۇ ھايۋان مارجان ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ تاتلىق سۇدىمۇ بولىدۇ، كىچىك كۆلچەكلەردە بولىدۇ، ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ھايۋاننى ئۈزۈنىسىغا بولسۇن ياكى توغرىسىغا بولسۇن قانداق پارچىلىسا شۇ پارچىسى يەنە بىر ھايۋاننى ھاسىل قىلالايدۇ، نەچچە پارچە قىلسا، شۇنچە ھايۋان كۆپىيىدۇ، ياز كۈنلەردە ئۈچ پارچە قىلسا، تۆت كۈندىن كېيىن ئوتتۇز پارچىغا، باش ۋە قۇيرۇق چىقىدۇ، قۇيرۇق تەرىپىگە بەدەن قىسمى ۋە باش، باش قىسمىغا بەدەن ۋە قۇيرۇق ھاسىل بولۇپ، باشتىكى قىسمى ئەڭ بۇرۇن كامىل ھايۋان بولالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ ھايۋانغا ھەيدار دېگەن ئىسىم قويغان. بۇ ھايۋان ھەممە جەھەتتىن مارجان ھايۋىنىغا ئوخشاش، مارجان ھايۋىنى كۆپىنچە قىززىق ھارارەتلىك دېڭىزدا بولىدۇ، قىزىل دېڭىزدىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ تۈرى **100** خىلدىن ئاشىدۇ، بۇ ھىندى ئوكيان، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى، ئوكيان ۋە باشقا جايلاردا **1000**دىن ئارتۇق مارجان ئاراللىرى بار. بۇ ساياھەتچىلەرنى بەكمۇ خۇشال قىلماقتا، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇلغا ئىگە قىلىپ بولۇپ ئاندىن بازارغا سېلىنىدۇ.

نۇرغۇن تەجرىبە قىلىپ كۆرۈپ، بۇ مارجان ھايۋىنىنى ئۆسۈملۈك دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنى كېسىپ سىناق قىلسا، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك خۇسۇسىيىتى بار ئىكەن، شۇڭا، بۇنىڭغا ئۆسۈملۈك ھايۋان دەپ قوش ئىسىم قويغان، ھايۋان بىلەن ئۆسۈملۈك ئوتتۇرىسىدا ئەڭ يېقىن زىچ مۇناسىۋەت مارجان ھايۋاندا ياكى ئۆسۈملۈكدە مەۋجۇد، بۇنىڭ شەكلى ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، ئەمما بۇنىڭدا ئاشقازان بار ئىكەن، ئېغىز بار ئىكەن، نۇرغۇن قول، پۇتىنىڭ ئورنىدا تۈرىدىغان تۈكچە، نەيچە بار. ئەقىل ـ ئىدراك، پەم بار ئىكەن، ئۈۋۈچى ئىكەن، نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىدىكەن، بۇ ھايۋانلار خۇسۇسىيىتى، ئەمما، بۇ شەكىل جەھەتتىن ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ قالماستىن بەلكى بۇنى كېسىپ پارچىلاپ قۇرۇقلۇقتا تىكسە، ئۆسۈملۈك دەرەختەك ئۈنگەن، بۇ، ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى بولۇپ، بۇنى ئاللاھ، **قۇرئاندا** مارجان، گۆھەر دەپ تىلغا ئالغان، ھەم بىر نەچچە جايدا سۆزلىگەن، بولۇپمۇ دېڭىزدا بۇ ھايۋان بەزىلىرى تاق ياشايدۇ، بەزىلىرى توپلىشىپ نەچچە مىڭ مارجان ھايۋىنى سانسىز بۆلار بىر تۈتاش چىقىدۇ، بەزىدە مۇستەقىل ئايرىم خوجايىن بولىدىغىنى بار.

بىرەر مارجان هايۋىنى ئۆلسە، بۇ باشقىلار ئۇچۇن ئورۇن ـ كۆرپە، ئاساس بولۇپ بېرىدۇ. بۇلار شۇنداق ئىتتىپاقكى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ پايدا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، ئەمما، بۇ نادان ئىنسان، زىياننىلا يەتكۈزىدۇ. ئەمما، كائىنات قانۇنىغا ئەمەل قىلغان بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بۇ هايۋان 30 مېتىر چوڭقۇر ياشايدۇ، بەك كۈن نۇرىغا يېقىن ئەمەس، ھەم بەك چوڭقۇر ئەمەس، ئاللاھ بۇنىڭغىمۇ يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۆز ئوزۇقىنى بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدۇ، ھەممىسى بىر تاش خالاس، ئەمما، ئىنسان گۈزەللىككە بولۇپمۇ نۇرغان ئىنتىلىدۇ، شۇڭا، بۇ ھەم بەك ئاز، كام بولغاچقا ئەتىۋارلىق نەرسە بولۇپ قالغان، ئەمما ھەقىقەت، ئىلىم، نۇر، ھىدايەت ئالدىدا بۇ ھېچنېمە ئەمەس، مانا بۇ، ئاللاھ، قۇرئاندا تىلغا ئالغان زىننەت بويۇمى، مارجان، گۆھەر بولىدۇ. زېمىندا ھەقىقەتەن مۆجىزىلەر كۆپ، سۇ ئەررەھماندىمۇ كۆپ ۋە باشقا تەبئىي ـ پەن بولۇپمۇ ئۆسۈملۈك ئىلمى قىسمىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە نەزەر سېلىڭلار بۇ نەرسىلەر لەۋھە كىتابتا ۋە قۇرئاندا سۆزلەندى.

## ئاللاھ، زېمىندا رەڭگىنى خىلمۇ ـ خىل قىلىپ ياراتقان نەرسىلەرنىمۇ مۆجىزە بار دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئاللاھ ياراتقان رەڭگارەڭ مۆجىزىلىك دۇنيادىن بىز كېپىنەكنى مىسال قىلىمىز، باشقىلىرىنى سىزگە قالدۇردۇق، كېپىنەك، ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولۇپ، خالىغان بىرەر قەۋمنى ھەددىدىن ئاشسا، كېۋەزلىرىنى ھالاك قىلىدۇ، ئەمما، بۇ جاندار شەپەرەڭدەك جانلىقلارغا ئوزۇق بولىدۇ. بىزگە نىسبەتەن مۆجىزە بولىدۇ، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەت، ھاياتلىق تەتقىقاتى بولىدۇ، بۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئۈممەت، كائىنات قانۇنىغا بويسۇنىدۇ.

**كېپىنەكتىكى ۋە ئۇنىڭ رەڭگىدىكى سىرلىق ئىشلار**: ئالىملار كېپىنەكنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىك قانىتىدا 99 مىڭ ئۆينى بايقىغان، بۇ كىچىك كاتەكچە ئۆينىڭ سانى مۇنداق ھېسابلانغان، بۇ كىچىك ئۆيلەر 165 سەپ ئىكەن، بۇ سەپنىڭ ھەر بىرىدە 600دىن ئۆي بار ئىكەن، بۇلارنى ھېسابلاپ كۆرسە، بەزىسى بىر مىليون 500مىڭ ئۆيگە يەتكەن، بۇ كىچىك ئۆيلەر رەڭگارەڭ رەڭگە تولغانىكەن، بەزىلىرى ھاۋاغا ۋە ياكى باشقا ماددىغا تولغان، ئاشۇ رەڭلىك رەڭگە تولغان ئۆيگە كۈن نۇرى چۈشسە بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلىدىكەن. بەزىسى كۆك، بەزىسى ئاق، بەزىسى سېرىق، خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك ئىكەن، بەزى دۆۋلەتلەردە مەخسۇس مۇشۇ خىلدىكى كېپىنەكنى ساياھەت قىلىدىكەن، بۇ خىلدىكى كېپىنەكنى مەخسۇس باغچىدا باقىدىكەن، مانا بۇ ئاللاھ ياراتقان رەڭگارەڭ دۇنيا، مانا بۇ قۇدرەت، مانا بۇ مۆجىزىدە ! بۇ كىچىك ئۆيلەرنى كىم سەپكە تىزدى؟ كىم بەزىسگە ھاۋا بەزىسگە ماددا، بەزىسگە رەڭ قاچىلىدى؟ بۇ زادى كىمنىڭ قوشۇنى ۋە مۈلكى؟

ئاللاھ... ئاللاھ... ئاللاھنىڭ مۈلكى، مانا مۇشۇنداق رەڭگارەڭ دۇنيادىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ سىرلارنى قۇدرەت، ھېكمەتلەرنى رەھمەتلەرنى بىز تاپماي كىم تاپىدۇ؟ ئاللاھ، بۇنىڭغا قۇرئاندا ئىشارەت قىلغاندۇر. شۇڭا، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى دېڭىزدىكى سۇنى، رەڭ قىلىپ دەرەخنى سىياھ قىلىپ يازسىمۇ تۈگىمەيدۇ، بولۇپمۇ ئاشۇ ئەقىلنى ھەيران قىلىدىغان سىرلىق ئاجايىپ قۇدرەتلەر تۈگىمەيدۇ. بىز كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ئىكەنمىز، كۆز ئالدىمىزدىكى ئاشۇ قۇدرەتنى، ئاشۇ قاردىكى گۈزەل كۆرۈنۈشنى زادى كۆرمەپتۇق، بىز كۆرمىگەن بۇنداق كۆرۈنۈش بەكمۇ تولا، بىز پەقەت بىرگە مىسال قىلدۇق، قالغىنىنى سىز تەكشۈرۈڭ.

تەكشۈرۈشنىڭ چارىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرسى مىكرۇسكوپ ئارقىلىق يۇقىرىدىكىدەك مۆجىزىنى كۆزىتىش، ئىككىنچىسى بولسا تېلىسكوپ ئارقىلىق رەڭگارەڭ كەڭرى ئاسماننى، ئالەم بوشلۇقىنى كۆزىتىش، ئاسمان، سامان يولى ۋە باشقا يۇلتۇزلار تۈركۈمى، قۇياش سىستېمىسى، توققۇز پلانېت، سەييارىلەر ھەرىكىتىنى ۋە بۇنىڭدىن ئاجايىپ پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىنتىزام، ئوربېتىلار، يوللار، ئاھ! بۇ نېمە دېگەن گۈزەل، رەڭگارەڭ دۇنيا ھە! ئەزەلدىن ئىنسانلار كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى ئىشلاردا قەلبى ئېرىيدۇ، ئەقلى ھەيران قېلىپ، زور ئۆزگىرىش تاپىدۇ، تەسىر قىلىدۇ، قايتىدىن ئادەم بولىدۇ، ھەتتا بەزىسى ئابىد بولۇپ، مەڭگۈ مەسجىدە بولىدۇ.

ھىدايەت ئوكۇلى ئاشۇ سىرلىق مۆجىزىلەردە، بۇ ئىشلارنى بۇرۇن، ئىبراھىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا مۆجىزە، قۇدرەتتىن بېرىلگەن، ھازىر بولسا، بۇ ئىشلار ئىلىم ـ پەن بىلەن بېرىلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ بىلگىنىنىڭ مىليوندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ، ئەمما بەرىبىر بىلىش ـ دە!، ئىلىم ـ دە!

خوش، بۇ كېپىنەكتىكى رەڭنىڭ نېمە ھېكمىتى بار؟

بۇ بىر قۇدرەت، بۇ بىر سىر، بۇ بىر مۆجىزە، بۇ بىر تەتقىقات، ئۇندىن باشقا گۈزەللىك، ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولىدۇ، بۇ كېپىنەك شۇ ئارقىلىق بەزى ئەھۋالغا دۇچ كەلسە، دۈشمەندىن ساقلىنىدۇ، يەنى ئۇ قانىتىنى يايىدۇ ياكى بەزى گۈلگە قونۇپ شۇ گۈلنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولۇۋالىدۇ ـ دە! دۈشمەندىن ساقلىنىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ نەسىل قالدۇرىدۇ، قۇرتلايدۇ، كېپەزنى يوقىتىدۇ، ئاخىرى، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، دۇئاغا قول كۆتۈرگىزىدۇ، مانا بۇ رەڭنىڭ ھېكمىتى، ئۇندىن باشقا رەڭ ئىلمى بار، نۇر تەتقىقاتى نۇرنىڭ سۇنۇشى، نۇرنىڭ قايتىشى ۋاھاكازالار. شەپەرەڭ بەلكىم مۇشۇ رەڭ مۇشۇ نۇر مۇشۇ ماددىلارنىڭ ئەكس ساداسىدىن پايدىلىنىپ يۈنى يېيىشى مۇمكىن، ئەڭ ئاددىيسى، مودا قوغلىشىدىغانلار، پوسۇن، نۇسخا ئالدى، كىيىمنى ئوخشاش ئۇسۇل، ئوخشاش شەكىل، ئوخشاش رەڭدە تىكىپ كەلدى، نۇرغۇن ئىقتىسادى كىرىم بولدى، بەزىسىدە بىر خىل پۇراق بولۇپ، بۇ پۇراق دۈشمەننى قاچۇرىدۇ، بولۇپمۇ دەل دۈشمەننى باسقىنى ئەمەس، بۇ ئاجايىپ پىلانلانغان ھېكمەت ـ دە!

بەزى كېپىنەككە بۇ خىل ماددا قورال بېرىلمىگەن، ئەمما، شۇنداق كېپىنەكنىڭ رەڭگى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ دۈشمەننى قۇرق ھەيۋە بىلەن قاچۇرىدۇ، ھۇجۇمدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، خۇددى زەھەرسىز يىلان زەھەرلىك يىلاننىڭ پايدىسىدا ياشىغاندەك، بۇ خۇددى مەلۇم ئالاھىدە خادىم، باشقا مىللەت، باشقا دىن، باشقا ئەسكەرنىڭ كىيىمنى، بەلگىسىنى تاقاپ ئىش بېجىرگەنگە ئوخشاشكەن، ئەلۋەتتە، ئاللاھ، مەخلۇقلاردىن غاپىل ئەمەس، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئۈممەت ـ دە!

رەڭلەرنىڭ مۇنداقمۇ ھېكمىتى بار، بۇ تىببىي ئىلىمدا كۆرسىتىلگەن، كۆك نۇر، ئاسمان كۆكى، دېڭىز رەڭگى ۋە باشقا مۇشۇنداق رەڭلەر، نېرۋىنى تىنىشلاندۇرىدۇ، كۆزنى كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئادەمگە بىر خىل ھوزۇر بېغىشلايدۇ، ۋە باشقىلار، بىنەپشە رەڭ، ئۇيقۇسىزلىقنى تۈگىتىپ ئۇخلىتىدۇ، سېرىق رەڭ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، سۇرە بەقەردىمۇ سېرىق رەڭ قارىغۇچىنى خۇرسەن قىلىدۇ دېگەن، بۇ نېرۋا كېسىلىگە شىپادۇر، نېرۋىنى تېنىشلاندۇرىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئەكسى بولۇپ قالىدۇ. قىزىل رەڭگە كەلسەك، بۇ تولا قارىسا كۆزگە زىيانلىق، شۇنداقلا سىزىمنى يوقىتىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ، بۇلار ھەممىسى نېرۋا بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ، چۈنكى، رەڭ، نۇر، سىزگە ئەمەس، ھۇجەيرىڭىزگە بەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالىملار سىناق قىلىپ كۆردىكى، مەجنۇن، ساراڭنى كۆك ياكى سېرىق رەڭلىك ئۆيدە قويسا، نېرۋىسى تىنىشلانغان، ئەمما قىزىل رەڭلىك ئۆيدە قويسا، كۈچىيىپ كەتكەن، مانا مۇشۇنداق نۇرغۇن كېسەلگە رەڭلەر شىپا بولىدۇ، ھەم تېخىمۇ زىيادە قىلىۋېتىدۇ، بۇ رەڭگارەڭ دۇنيادىكى رەڭنىڭ ھېكمىتى. رەڭ قۇياشتىن كېلىدۇ، نۇردىن كېلىدۇ. رەڭنى يەنىلا نۇر ئاقىلىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. تىببىي ئالىملار ،رەڭ ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ كۆرگەن، نۇرغۇن نېرۋا كېسىلىنى ساقايتقان، ھېچ بولمىغاندا، گۈزەل كۆرۈنۈش بىلەن ئاغرىقنى، دەرت ـ ئەلەمنى يوقاتقان، رەڭ مۇھىم بولغاچقا، جەننەت تائاملىرى ۋە كىيىملىرىمۇ شۇنداقلا باغ گۈللىرى رەڭگارەڭ بولىدۇ. ئۇ مەڭگۈلۈك بەختلىك ئورۇن، بۇ كائىنات ئىنتىزامىنى پەقەت مېھرىبان ئاللاھلا ئالدىن پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرغان، چۈنكى، ئىنسان، قۇياشتىن خېلىلا كېيىن يارىتىلغان ـ دە!

مەيلى بىز رەڭنى كۆزىتەيلى ياكى نۇرنى ياكى شەكىلنى ياكى ماددىنى، نېمىلا بولمىسۇن، ھەممىسى ھادىسە بولۇپ، بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل چىقىپ تۇرىدۇ، ئالامەت بولىدۇ، ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، قەلبنى خاتىرجەم قىلىپ، ئوت، تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلىغاندەك، قەلبىدىكى گۇمان ياكى شەك ياكى خاتا چۈشەنچىنى تازىلايدۇ. بىز ئاندىن خاتىرجەم ھالدا، قەلبنى، روھىمىزنى، كۆڭلىمىزنى مۇقىم توختۇتۇپ ئىلىم، ئىبادەت، ئاللاھقا بولغان ئىشىق بىلەنلا ياشىيالايمىز.

مانا بۇ ئاخىرقى نىشان، مانا بۇ ئاخىرقى مەقسەت، چۈنكى، ئاللاھنىڭ جامالىدىن ئارتۇق مۇكاپات يوق، ئاللاھقا ئاشىق بولۇشتىن باشقا كاتتا يول ۋە ئەمەل يوق، ئاللاھ ھەممىمىزگە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

ھەيران قالمەن قارىسام تۆپراق،     (تۆپراق)
بۇ تۆپراقتىن چىقار خۇشپۇراق.
بۇ قۇدرەتكە تېنىڭ قالغانلار،
قەبرىدە يەيدۇ تۆمۈر توقماق.
ھەيران قالمەن قارىسام تۆپراق،
بۇ تۆپراقتىن چىقار مول بۇلاق.
بەزىسى ئىسسىق بەزىسى سوغۇق،
بۇ قۇدرەتكە تانغاننىڭ ئالدى ـ ئارقىدا توساق.
ھەيران قالمەن قارىسام تۆپراق،
بۇنىڭ ئاستىدا بايلىقلار توشاق.
دېڭىزلىرىدا مارجان گۆھەرلەر،
بەزىسى چوگدۇر بەزىسى ئۇششاق.
ھەيران قالمەن قارىسام تۆپراق،
مېنىڭ بۇ سەپىرىم بەكمۇ ئۇزاق.
يول ـ يولدا باردۇر قاپقان ۋە توزاق،
شۇڭلاقتىمۇ مەن بۇ ئىلىمغا ئىشتىياق

## سۈرە نەھلە، بىز سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قورسىقىدىكى يەنى نىجاسەت بىلەن قان ئارىسىدىن چىققان شاراب، ساپ سۈتتىن سۇغىرىمىز، بۇ ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن كاللىرىدىن سىلىق ئۆتىدىغان شېرىن، ساپ شاراپتۇر دېگەن ئايەت توغرىسىدا

سۈتنىڭ ھاسىل بولۇشى، مەيلى ئىنسان ياكى ھايۋان بولسۇن، ئالدى بىلەن يېگەن يېمەكلىك ئاشقازانغا ياكى قېرىنغا كىرىپ ھەزىم بولۇشقا باشلايدۇ، ئاندىن سۈيۈقلۇقنى جىگەر سۈمۈرىدۇ، زەھەرنى ئۆت سۈمۈرىدۇ، تومۇر ئارقىلىق ئايلىنىپ سۈيدۈكنى بۆرەك، دوۋساقتا توشۇيدۇ، ھەربىر ھۈجەيرە قاندىن ئوزۇق ئالىدۇ، شۇ ئارىلىقدا سۈت ئىشلەپ چىقارغۇچى ھۈجەيرە سۈت ماددىسىنى سۈمۈرۈپ، تومۇر ئارقىلىق يېلىنغا توشۇيدۇ، قان بىلەن سۈت زادى ئارىلاشمايدۇ، چۈنكى، يولى باشقا، زاۋۇت باشقا، توشۇغۇچى باشقا، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ، مانا شۇنداق قىلىپ سۈت، نىجاسەت بىلەن قان ئارىلىقىدىن سۈزۈپ چىقىرىلدى. ئاللاھمۇ، قۇرئاندا ئالدى بىلەن پەرەس، يەنى ئىچىغان نىجاسەتنى تىلغا ئېلىپ، ئاندىن قاننى سۆزلىگەن، بۇ بىئولوگىيە ئىلمى بولۇپ، ئاللاھ، بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، بۇ قۇدرەتنى تونۇشىمىز ئۈچۈن، بايان قىلغان، بىز ئەمدى ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى سۆزلەيمىز.

ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، بىئولوگىيە كىتابىدا كەڭرى سۆزلىنىدۇ، ئىنسانلار، ھايۋانلار، قۇشلار ھەممىسىنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بولىدۇ. ئوزۇقنى قوبۇل قىلىش، ئاندىن چىقىرىش ۋاھاكازالار. ھەممىسىنىڭ ئېغىزى بولىدۇ، ھايۋانلىردىكى چىش ئورنىغا قۇشلارغا تۇمشۇق بېرىلگەن. ھايۋانلاردا ئاشقازان،

قىرىن، ئۈچەي، تېرە، تۈك بار، قۇشلاردا پوكان بار، قۇشلاردا پەي بار، ئەزالار ئوخشاپ كېتىدۇ.ك ھايۋانلار ھاملدار بولىدۇ، تۇغىدۇ، ئىمىتىدۇ، قۇشلار تۇخۇملادىدۇ، چۈجە چىقىرىدۇ، تەربىيلەيدۇ، ھەممىسى نەسىل قالدۇرىدۇ، كۆپىيىدۇ، ئۆلىدۇ. بۇلار ئۆزئارا ئوخشاشلىقتا ۋە ھەمكارلىقتا ئىگە.

بۇ تەبئىي ـ پەن كىتابىدىمۇ كۆرسىتىلىدۇ، بۇ بىر ھەقىقەت، بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، پەقەت بىز خۇراپىيلىق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىبرەت كۆزىمىز بىلەن قارىساق، نۇرغۇن ھەقىقەتنى بىلىۋالىمىز.

بىز بۇ جايدا ھەزىم قىلىش، ماددىلارنى توشۇش، كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىش قاتارلىقلارنى سۆزلەپ يۈرىيمىز، بىز پەقەت مۇشۇ قۇدرەتنى تونىساقلا بولىدۇ. مانا بۇ ئىلىم، تەۋھىد، مانا بۇ قۇدرەت، مانا بۇ ئىسلام مائارىپى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىلىمنى ئوقۇشى پەرىز كۇپايە.

ئاللاھ بۇ ئىلىمنى ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئىلىمنى، تۆرەلمە، ھاياتلىق ئىلمىنى قۇرئاندا كۆپ سۆزلىگەن. «لەۋھۇلمەھپۇزدا»دا خاتىرلىگەن. بىزگە تەلىم بەرگەن، بىز شۇنى تونۇپ يەتسەك، خۇراپىيلىقنى چۆرۈپ تاشلىساق، تەرەققىي قىلساق، ئىككى ئالەم بەختنى قولغا كەلتۈرسەك، ئاللاھنىڭ دوسلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن قەلبىمىز خاتىرجەم ھالدا ياشاپ، ھاياتىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، گۇماننى ياخشى قىلىپ، ئەمەلنى ھەم ياخشى قىلىپ، خاتىرجەم كۆزىمىزنى يۇمغان ھالدا كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ جان تەسلىم قىلساقلا بولىدۇ.

بىز سۈتنىڭ ھاسىل بولۇشىنى سۆزلىدۇق، قالغىنىنى كىتابلاردىن تەپسىلىي كۆرۈڭلار ۋە چۈشىنىڭلار، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا نەسىل قالدۇرۇشنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، نەسىل قالدۇرۇش، بۇنىڭ كۆرۈنۈشى ئاناتومىيىدە، بىئولوگىيە كىتابلىرىدا كۆرسىتىلگەن.

ئاللاھ، بۇ نەسىل قالدۇرۇش، كۆپىيىش ئىشلىرىنى قۇرئاندا كۆپ سۆزلەيدۇ، جۈملىدىن سۈرە لەيلدە ئەركەك ـ چىشىنى ياراتقان زات بىلەن قەسەمكى دېگەن، سۈرە ياسىندىمۇ بىر جۈپ يارىتىش ئەھۋالى، ھەتتا ئۆسۈملۈكنىمۇ جۈپ ياراتقانلىقى سۆزلەنگەن. ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچ ھاياتلىق دائىم ھالدا كۆپىيىپ، يوقۇلۇپ تۇرىدۇ، ئاخىرى خۇددى قاپلارغا قاچىلانغان دانلار، ئۆلۈك دانلار تىرىلىپ ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك، ئىنسان، ھايۋان ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. مانا بۇ قىيامەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇشۇ كۆپىيىش، نەسىل قالدۇرۇش، ئاشۇ قىيامەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى، شۇ قىيامەتتە مۇشۇ نەسىل، مۇشۇ ھاياتلىق قايتا پەيدا بولىدۇ. ھەم مۇشۇ بىرىنچى يارىلىش، ئىككىنچى يارىلىشقا دەلىل، كۆپىيىش سىستېمىسىنى ۋە بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى بىز كېيىن سۆزلەيمىز، شۇنداقلا، بۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن كىتابىدا تولا سۆزلىنىدۇ.

سۈتكە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىلىم ـ پەننى سۆزلەپ ئۆتىمىز، ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شۇنى بايقىدىكى، ئىنسانلار مۇزىكىدىن ھوزۇر ئالغاندەك، تۇرۇپلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ھايۋانلارمۇ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ مۇزىكىدىن ھوزۇر ئالىدۇ، ھەتتا بەزى ئالىملار سىناپ كۆردىكى، ئىسكرۇپكا، نەيگە ئوخشاش مۇزىكا چېلىپ تۇرۇپ ساغقان كالىدىن كۆپ سۈت چىققان، چۈنكى، كالا سۈتنى ئىچىگە تارتىۋالماي كۆپ سۈت بەرگەن. ئىككى مو يەرگە گۈل تېرىپ، بىرسىدە مۇزىكا چالغان، يەنە بىرسىدە بولسا چالمىغان، ئەمەلىيەتتە مۇزىكا چالغان گۈل، ئۆسۈملۈكلەر تېز ئۆسكەن، بالدۇر ئېچىلغان، سەۋەبى شۇكى، ئۆلاردىكى بولۇپمۇ يوپۇرماقدىكى ھاۋا تۆشۈكچىسى، يەنى كاربون سۈمۈرىدىغان ئوكسىگېننى چىقىرىدىغان تۆشۈكچە، ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق يوغانغان بولۇپ، كاربوننى كۆپ سۈمۈرگەن، ئۇندىن باشقا پايدىلىق ماددىلارنى كۆپ سۈمۈرۈپ، زىيانلىقنى تېز چىقىرالىغان، شۇڭا، تېز ئۆسكەن، بالدۇر ئېچىلغان، ئۇندىن باشقا، بۇ ھاياتلىقتىمۇ ھۆجەيرە بار، بەلكىم، بۇلارمۇ ھوزۇر ئالغاندۇ، بۇلارنىڭ ئۆلۈشى يەنىلا قايتا تىرىلىشى كىشىگە قىيامەتنى ئەسلىتىدۇ.

بىز بۇ جايدا، ھايۋان توغرىسىدا ئازراق توختىلىمىز، ھاشارەتكە ئوخشاش قىسىم؛ بۇلار مۆكەممەل بىر يىل ياشىيالمايدۇ، چۈنكى، ئىسسىق ـ سوغۇق ئۇلارنى ھالاك قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار يەنە قىيامەت قايىم بولغاندەك، تۇخۇملىرىدىن چىقىدۇ، ھاياتنى ۋاقىتلىقمۇ بولسا داۋام قىلىدۇ، ئۇلاردا قېلىن تېرە يوق، قاتتىق

سۆگەك يوق، ئۆت، يۈرەك، دوۋساق يوق، ئۇلارنىڭ جىسمى كىچىك بولۇپ، بەدەن تۆشۈكچىسى دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ، بۇ، ھاشارەتلەر تۈرى. چوڭ ھايۋانلارغا كەلسەك، بۇلاردا تېرە، تۈك، گۆش، پەردە پەي، تومۇر، نېرۋا، سۆگەك، قوۋۇرغا، ئۈچەي، يۈرەك، ئاشقازان، قېرىنلار بار. بۇلار ئىسسىق ـ سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلالايدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇلارمۇ ھالاك بولىدۇ، ھازىر شۇ ئىسپاتلانىدىكى ھاۋا، سۇدا بولىدۇ. يامغۇر ئارقىلىق ياكى دولقۇن ياكى بوران ئارقىلىق سۇغا ھاۋا كىرىدۇ، ئاندىن بېلىقلار نەپەس ئالالايدۇ، ئالىملار قاتتىق قاينىتىلغان ئاندىن سوۋۇتۇلغان، ھاۋا يوق سۇغا بېلىقنى قويۇپ بەرسە، بېلىق ئۆلگەن. ئاللاھ ھەممىگە ئۆز لايىقىدا مۇھىت، شارائىت بەرگەن، شۇنداقلا ئوزۇقنىمۇ بەرگەن، ئۇلارغىمۇ ئۆزىگە لايىق ئەزا بەرگەن، ھەرخىل قورال بەرگەن، بەزىدە ئۆتكۈر چىش مەگىن بولسا، بەزىدە تۇمشۇق بار. بەزىسىدە قانات بار، بەزىسىدە زەھەر بار، بەزىسىدە سېسىق پۇراق بار، ھەممىسى ھىيلە قىلىشنى بىلىدۇ. قۇرۇقلۇق، ھاۋا، سۇ قاتارلىق ئۈچ جايغا لايىق، مۇشۇ ئۈچ ماكاندا ياشايدىغان جانلىقلارغا ئالدىن بىلىپ شارائىت، مۇھىتتىن، ئوزۇقدىن باشقا ئەزا، ئىقتىدار، ئەقىل ھىيلە بەرگەن. مەسىلەن: بۈركۈت، ئۆتكۈر تىرنىقىدا سۇدا ئۈزەلمەيدۇ، بەلكى، شاخلاردا مۇقىم تۇرالايدۇ. ئۆردەك، غازلار بۇنىڭ ئەكسىچە سۇدا ئۈزىدۇ، ئاللاھ، قۇرئاندا، جۈملىدىن بۇ سۈرىدە سۈتنى چىقىرىپ بېرىشنىلا سۆزلىگەن بولسىمۇ، بۇ دائىرىگە پۈتۈن نېمەت، پۈتۈن ھايۋان، پۈتۈن قۇشلار كىرىدۇ. بىرنى تىلغا ئېلىپ، نۇرغۇنىغا ئىشارەت قىلىنغان، مېھرىبان ئاللاھ بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن، پۈتۈن ئالەمنى يارىتىپ بەرگەن، جۈملىدىن چاھارپايلارنى باشقا ھايۋانلارنى، گۆشخور ھايۋانلارنى، ۋەھشىي قۇشلارنى، گۆشخور قۇشلارنى، سۇ ھايۋانلىرىنى، ھاشارەتلەرنى، پۈتۈن جانلىقلارنى ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. بۇلار ئازلىق قىلغاندەك، يەنە تېخى شۇ ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىنغان نەرسىلەرنى ۋە ئۇلاردىكى مول تەجرىبىلەرنى يارىتىپ نۇرغۇن پايدا ھاسىل قىلىپ بەردى.

بۇ نېمەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاشۇ كائىناتلارنى، ئاشۇ ھايۋانلارنى يارىتىش، تەربىيەت قىلىش، پۇختا ئىنتىزام ئورنىتىش، پۈتۈن كائىناتقا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى ماس ھالدا ھەمكارلىق قىلىش، يەنىلا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىمۇ تىرىلدۈرۈش، ئوزۇقنى بېرىش ۋە ئۇلارنى ئوزۇق قىلىش، بۇ ئىشلارنىمۇ مېھرىبان ئاللاھ باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلانسا، ھەممىسى ئاللاھقا قاتىدۇ، بۇ ئۈچ ھاياتلىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلار كۆپ، بۇلار گەرچە پۈتۈن ئالەم بويىسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، بەكلا ئاجىز. مەسىلەن: بىر تال مىتئورىت تاش، ئاتموسفېرادىن ساق چۈشسە ياكى يەر تەۋرەش، ئىش قىلىپ قايسىسى يۈز بەرسە، بۇلار پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ، زەنجىرسىمان باغلىنىشنى چۈشەنسە، بۇ يەردىكى ئىشلارغا باشقا پىلاننىتتا تۇرۇپ قارىسا، ئاندىن بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنەلەيدۇ، نەزەر دائىرىسىنى، تەپەككۇرنى كېڭەيتىش لازىم.

مەسىلەن: كالا، تۆگە، قوي، ئۆچكىدەك چاھارپايلارنىڭ تۇۋۇقى يېرىق، مىجەزى ياۋاش، پاكىز ئوت ـ چۆپ يەيدۇ، پايدىدىن باشقىسى يوق، ئات، خېچىرنىڭ تۇۋۇقى تۇم كېلىدۇ، خۇددى ئىشەكتەك بۇلارمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ مەگىنى ئۆتكۈر چىشى، تىرنىقى بار. گۆشخور قۇشلارنىڭمۇ تۇمشۇقى، قانىتى، تىرنىقى بار، سۇ ھايۋىنىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ياشاش ئادىتى ۋە قورالى، پەمى بار. شارائىت، قورال، ئوزۇقى بار. ھايۋانلار ئىچىدە ئىككى پۇتلاپ، تۆت پۇتلاپ، ھەتتا بىر نەچچە پۇتلاپ ماڭىدىغىنى بار، بەزىسى يۇمۇلايدۇ، ئۈملەيدۇ، سىرىلىپ ماڭىدۇ، كۆزەتسەك، نۇرغۇن ھەيران قالارلىق ئىشلار مەۋجۇد، مەسىلەن: پىل، تۆت پۇتلۇق، ئىككى مەگىنى بار، بۇرنى بار، بۇنى خارتوم دەيدۇ. پاشا بۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپتۇر، چۈنكى، پاشىنىڭ ئالتە پۇتى بار، پىلغا ئوخشاش بۇرنى بار، ئىككىدىن تۆت قانىتى بار، قۇيرۇق، ئېغىز، گال، قورساق، ئىچكى بوشلۇق، ئۈچەي، ھەزىم قىلىش ئەزاسى، ئۇندىن باشقا، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماس جايلار بار. مانا، ئاجىز پاشا، پىلغا خوجايىن بولۇپ، قېنىنى شورايدۇ، كېسەللىك يۇقتۇرىدۇ، ئەمما، پىل بۇنى تۇسالمايدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالايدۇ.

بەزى ھايۋانىنىڭ بىرلا سەزگۈ ئەزاسى بار، مەسىلەن: سىلاش سېزىمچانلىقى، بۇلار قۇرت تۈرلىرىدۇر. بۇلار لايدا، سۇدا، قاردا، مۇئەلەردە، دانلاردا، ياغاچلاردا، تاپلاردا، ھايۋانلار ئىچىدە ياشايدۇ، بۇلارغا پۇراش، تېتىش، ئاڭلاش، كۆرۈش سېزىم يوق. ئىشەنمىسىڭىز ۋارقىراپ كۆرۈڭ، بىرەر تال قۇرت قورقامدۇ قېنى، بۇلار ئاشۇ بىر خىل سېزىم بىلەنلا ياشىيالايدۇ، ھېكمەتلىك ئاللاھ، بۇلارغا بۇ قالغان سېزىمنى ياراتمىغان، نۇرغۇن

ھايۋانلار بار، ئاڭلاش، پۇراش، سىلاش، تېتىش، كۆرۈش سېزىمىنىڭ ھەممىسى بار، ھەتتا بەزىسى ئىنسانلاردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلارغا مۇھتاج، ئېھتىياجلىقتۇر، بەزى ھايۋانلارغا بەش سەزگۈ ئەزانىڭ ھېچ قايسىسى بېرىلمىگەن، ئۇلار پەقەت دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ياشايدۇ، قاراڭغۇ جايلاردا ياشايدۇ.

بۇلار يەنىلا سىزىمسىز ھاياتنى داۋام قىلالايدۇ، بۇلار تېخى بەش سېزىم بېرىلگەن ھايۋانلاردىن بەختلىك، خاترجەم بولىدۇ. ئەمما، بۇلارمۇ ئۆلىدۇ، روھ بار دە! قاراڭلار بەش سەزگۈ ئەزانى كىم شارائىت، مۇھىت، ماكانغا، ئورۇقا قاراپ بەلگىلىدى؟ ھەممىنى ھېكمەتلىك ئاللاھ قىلدى، بۇندىن باشقا جاۋاب يوق.

## ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارلىرى

ھايۋانلارنىڭ بەزىسى يۇملايدۇ، قار قۇرتىدەك بەزىسى بېغىرلايدۇ، باشقا قۇرۇتلاردەك. بەزىسى ئۆمىلەيدۇ، بەزىسى يىلاندەك سىيرىلىدۇ، ئۆمىلەيدۇ. بەزىسى چاياندەك ماڭىدۇ، بەزىسى چاشقاندەك قاچىدۇ. بەزىسى چۈشەن، پاشىدەك ئۇچىدۇ، بەزىسى شەپەرەڭدەك ئۇچىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتلاپ ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت، بەزىسى ئالتە، بەزىسى نۇرغۇن پۇتلاپ ماڭىدۇ. بەزىسى ئىككى قاناتلىق ئۇچىدۇ، بەزىسى تۆت قاناتلىق، بەزىسىنىڭ ئالتە پۇتى، تۆت قانىتى بار، خۇددى پاشىدەك، بەزىسىنىڭ مەگىنى چىشى بار، بەزىسىنىڭ نەشتىرى بار، بەزىسىنىڭ تۇمشۇقى بار، بەزىسى تۈز، بەزىسى ئىلمەك، بەزىسى ئۇچلۇق، بەزىسى تومن، بەزىسى ئۇزۇن، بەزىسى قىسقا، بەزىسىدە پادىشالىق بار، بەزىسى توپ ـ توپ ياشايدۇ، بەزىسى پىرقە، بەزىسى ئەقىللىق بەزىسى دۆت، بەزىسى خىزمەت قىلىدۇ، بەزىسگە خىزمەت قىلىنىدۇ، بەزىسى پاك، بەزىسى نىجىس، بەزىسى غالجىر، بەزىسى ياۋاش، بەزىسى زەھەرلىك بەزىسى شىپالىق، بەزىسى مۈڭگۈزلۈك، بەزىسى مۈڭگۈزسىز، بەزىسى قۇيرۇقى ئۇزۇن، بەزىسىنىڭ ئۆزى يوغان قۇيرۇقى قىسقا، بەزىسى ئۇنداق بەزىسى مۇنداق ۋاھاكازالار.

مۇشۇ تەتقىقات ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تونۇش، ھېكمىتىنى چۈشىنىش، پەرىز كۇپايە بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ، يەتتە ئاسمان، ئەرش ئۇستىدىن كايىپ ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلىدىغىنىغا قاراپ باقمامدۇ؟ دەپ كايىغان، يەنە، ئاللاھ، سۈرە يۇسۇفدە، ئاسمان ـ زېمىندا نۇرغۇن مۆجىزە، ئالامەتلەر بار، ئەمما، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن ھالدا ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەن. زېمىننى سەيرە قىلىپ كۆرۈڭلار، ئاسمان ـ زېمىندا نېمە بارلىقىغا قاراڭلار دېگەن. بىز قاراپ باقايلى، سۆزىمىزنى داۋام قىلساق، بەزى ھايۋانلار مۇستەقىل ئىككىلا كۆزگە ئىگە، بەزى ئۆمۈچۈكتەك ئالتە جۈپ كۆزگە ئىگە، بەزىسى چۈمۈلىدەك **400** كۆزگە ئىگە، بەزىسى چىۋىندەك **4000** كۆزگە ئىگە، بەزى بىر خىل كېپىنەكدىن چوڭ ھاشارەت بولۇپ **27000** كۆزى بار ئىكەن، كېپىنەكنىڭ **600** دىن **1200** كۆزى بار. **(سۈرەتتىكى چىۋىننىڭ 4000 كۆزى)**

ھەربىر كۆز ئايرىم ئەزا، قەۋەت، پەردىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بۇلارنى نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭايتقۇچى مىكرۇسكوپىدا كۆزۈتۈپ بايقىغان، ئىشەنمىسىڭىز سىزمۇ كۆزۈتۈپ كۆرۈڭ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ھەممىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا بولىدۇ.

مانا بۇلار ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپ ـ غارايىبلاردۇر، مانا بۇلار مۆجىزىلەردۇر، ئويلاپ بېقىڭلار، ھەربىر كۆزدە نەچچە پەردە بار، ھەربىر كۆزگە نەچچە مىڭ ھۈجەيرە مەسئۇل، بىز ئىنسانلار بۇ مۇرەككەپ ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاراپ، كومپيۇتېر ۋە ئۇندىن باشقا نازۇك ئىنچىكە ئەسۋابلارنى ئىشلەپ چىقارغىلى تۇردۇق، ھەممىسى ھەر جەھەتتىن بىزگە پايدىلىق، قۇدرەت، بىز زېمىننى ساياھەت قىلالمىساق، چېكەتكىگە قاراپ باقايلى، بۇنىڭ بېشى ئاتقا، پۇتى تۆگىگە، قۇيرۇقى يىلانغا، قانىتى بۈركۈتكە، قورساق قىسمى چايانغا ئوخشايدۇ.

بۇ بىر نەچچە ۋەھشى ھايۋاننىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ، خالىسا مۇشۇ قوشۇن بىلانلا پۈتۈن ھاياتلىقنى ئاخىرلاشتۇرالايدۇ، ھالاك قىلالايدۇ. بىز ئۆزىمىزگە قارايلى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانلار تۆرەلمە

ئىلمگە، بىئولوگىيگە، هاياتلىق ئىلمگە، ئاناتومىيگە، ئىنسانلار ئورگانىمىزم، ئەزاسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قۇراشتۇرۇلۇشىغا قارايلى، بۇ ئاجايىپ قۇدرەت، مانا بۇ تەۋھىد مانا بۇ ئىسلام مائارىپى، مانا دۇنيا ۋە دىنىي تەرەققىياتتۇر.

ئاللاھ، قۇرئاندا، ئىشەكنى تىرىلدۈرگەن قىسسىگە ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قۇشلارنى تىرىلدۈرۈپ بەرگەن ۋە ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا مۆجىزە، ئالامەت كۆرستىشكە ۋەدە بەرگەن، هەزىم، سۈت ئىشلىرى، تۆرەلمە ئىلمى، يارىلىش باسقۇچىنى سۆزلىگەن، رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن سۆزلىگەن، ھەتتا، رەسۇلۇللاھى، جىبرىئىل، ئىلغار، ئەڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوپراتسىيە قىلغان، بىز ئوپراتسىيە، ئاناتومىيە ئىلمىغا قاراپ باقايلى، زادى نېمىلەر بار، قانداق قۇدرەت بار، ئوپراتسىيە، ئاناتومىيە ئىلمى، كۆرۈنۈشىنى، سۈرەتنى ئالدىڭىزدا قويۇڭ، بىز مەيلى ئىنسان بولسۇن ياكى ھايۋان ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىگە قاراپ باقايلى، ئۇنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم بولۇنۇشى، قانات قىلىنىشى، پاسىل قىلىنىشى، كىرىشمىسىگە ئوپراتماس ماددا قىلىنىشى، ھەممىسى ئىنساننىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى، ئېگىلىپ تۇرۇپ رۇكۇ قىلالىشى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر تۈز بولسا، قانداق بولاتتى؟

بىز ھەربىر مەسلىگە قاراپ باقايلى، ئۇلار قانداق ئالاھىدە ئورۇنلاشقان، ئارىلىقدا ئوپراتماس سۆيۈقلۇق ماددا بار، ئىچكى قىسمىدا يىلىك بار، بۇ ھەممىسى قاراڭغۇ بالىياتقۇدا قىلىنىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، كەلگۈسىدە سىرتقا چىقىپ ماڭىدۇ، ئىش، ئەمەل قىلىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ دېگەنلەرنى ئالدىن بىلىدىغان زات قىلغان، ئەمەلىيەتتە تۆرەلمە، بالا بالىياتقۇدا تىنمايدۇ، ماڭمايدۇ، ئاڭلىمايدۇ، مەسپەللىرى كارغا كەلمەيدۇ، بۇلار ئالدىن قىلىنغان، بىز مىڭگە قاراپ باقايلى، بۇ **6** ـ **7** پارچە بولىدۇ، ئارىلىقى، ھەرە چىش ھالەتتە قۇراشتۇرۇلىدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم ئاجرىتىپ ئوپراتسىيە قىلىنىدۇ، مىڭە، نەچچە پارچە دائىرىگە بۆلۈنىدۇ، ھەربىر بۆلەك ئالاھىدە خىزمەتكە مەسئۇل، نۇرغۇنلىغان ھۈجەيرە دائىم خىزمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا، ئاق قان، قىزىل قان ھۈجەيرىسى ئىنسانلار ئۇخلاۋاتسىمۇ خىزمەتتىن توختىمايدۇ، يۈرەك توختىمىغاندەك، بۇلار ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ، پۈراشقا **10** مىڭدىن ئارتۇق ھۈجەيرە مەسئۇل، ئاڭلاشقا جۈملىدىن ئاۋاز دولقۇنىنى پەرق ئېتىشكە نەچچە مىڭى مەسئۇل، كۆرۈشكە **8** ـ **9** رەڭنى پەرق ئېتىشكە **600000** ھۈجەيرە مەسئۇل بولىدۇ. بۇلار قانداق ئاڭلايدۇ؟ قانداق سېزىدۇ، بۇ بىر سىر، بۇنى ئالىملار بىلەلمىدى، چۈنكى، بۇ ھۈجەيرىنى ئوپراتسىيە قىلغىلى بولمىدى، ھەممىسى بىر ئىنتىزامغا بويسۇنىدۇ، قۇماندانغا بويسۇنىدۇ، بۇ ھەقىقەت.

بىز ھەممىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز لازىم، كومپيۇتېرلىق سۈرەتكە قاراپمۇ بولسا، چۈشىنىشىمىز كېرەك، بولغاندا مىكرۇسكوپدا كۆرىشىمىز لازىم. ھەتتا، بۇ كىچىك دۇنيادىن كېيىن، تېلىسكوپدا كەڭرى چوڭ دۇنيانى كۆزىتىشىمىز لازىم.

ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتقا ئورناتقان ئىنتىزامىنى كۆزىتىپ، قۇدرەت، رەھمەت، ھېكمەتلىرىنى تونۇيلى.

بىز قارايدىغان بولساق، ھەربىر ئەزا يەنە بىر ئەزاغا خىزمەت قىلىدۇ، مەسىلەن: چوڭ ـ كىچىك مىڭە پۈتۈن بەدەنگە نازارەتچى، ۋە قۇماندانلىق قىلىدۇ، بۇيرۇيدۇ، سېزىدۇ، ئىنكاس قىلىدۇ، بۇ بىر ئۈچۈر ئورنى، بۇنىڭغا يۈرەك خىزمەت قىلىدۇ، ماددا، قان توشۇيدۇ، بولمىسا مىڭمۇ قاراڭغۇلۇشۇپ ئىشلىمەيدۇ. يۈرەككە بولسا، جىگەر، ئۆپكە، قان ـ تومۇرلىرى خىزمەت قىلىدۇ، جىگەرگە بولسا، ئاشقازان، تال، ئۆت، بۆرەك، قان ـ تومۇرلىرى خىزمەت قىلىدۇ، قوۋۇرغا قوغدايدۇ، ئۆپكىگە بولسا، كۆكسى قوۋۇرغا، كاناي، توسۇق پەردە، بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكى خىزمەت قىلىدۇ. سىلەر كۆرىسلەر، قوي ئۆلتۈرسەڭلار، ئۆپكىدىن بۇرۇن بىر پەردە گۆش بار، مانا بۇ ئۆپكىگە خىزمەت قىلىدۇ، ھەتتا پۈتۈن دەرەخمۇ شۇنداق، دوختۇرلامۇ شۇنداق، بۇرنىدىكى قانمۇ، تۈكمۇ خىزمەت قىلىدۇ. قان ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ، سويۇتىدۇ، ئىسسىتىدۇ، تۈك بولسا، بۇرنىنىڭ ئەگىر دوقمۇشلىرى بىلەن چاڭ ـ توزاڭنى ئېلىپ قېلىپ، قاقاچ قىلىدۇ ـ دە، ئۆپكىگە يەتمەيدۇ، كاربون (IV) ئوكسىدنى چىقىرىپ ئوكسىگېننى كىرگۈزىدۇ، خۇشپۇراقنى، زەررىچىنى سېزىدۇ، پۈت ـ قول بولسا، ھەممىسىنىڭ خادىمى بولىدۇ. ھارماي ئىشلەيدىغىنى بولسا، يۈرەك، بۆرەك، جىگەر، ئۆپكە قاتارلىقلار، بۇلارنى

ئاناتومىيىدىن تەپسىلىي كۆرۈش كېرەك. پەي، تومۇر، قان ئايلىنىش، مۇسكۇل، گۆش سۆڭەككە كېيىلىش، ھەربىر ئەزانى ھەتتا كۆپىيىش سىستېمىسىدىن تارتىپ تەپسىلىي كۆزىتىش لازىم. ئاندىن بىز قۇرئاندىكى ئايەتنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيمىز، شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، رەھمىتىنى، ھېكمىتىنى بىلەلەيمىز. بۇ پەرىز كۆپايە، چۈنكى، بۇ ماددىي، جىسمانىي، مەنىۋى ۋە روھىي جەھەتتىن نۇرغۇن پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاددىيسى، سالامەتلىكنى بىلىۋالىمىز، ئەزانى تونۇيمىز، خۇراپىيلىقدىن قۇتۇلىمىز، ئاللاھ، ھەممە قەلبنى ھەققە ئاچقاي، ئامىن!

بىز ئەمدى ئاللاھنىڭ ئۇلار قۇشقا قارىمامدۇ؟ دېگەن ئايىتىنى چۆرىدەپ ھايۋانلارنى كۈزىتىمىزى.

تۆگە قۇشقا قاراپ باقايلى، بۇ قۇش ھەم ھايۋان ھەم قۇشدىن قۇراشتۇرۇلغانىكەن، بۇ ھايۋان قۇش شۇڭا، تۆگە قۇش دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قۇش **30 ـ 40** تۇخۇم تۇغۇپ، ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ. بىر قىسىمنى توپا ئاستىغا كۆمۈپ قويىدۇ، بىر قىسىمنى ئاپتاپتا قالدۇرىدۇ، بىر قىسىمنى بولسا تەربىيلەيدۇ، چۈجە چىقىرىدۇ، چۈجە چىققاندا ئالدى بىلەن ئاپتاپتىكىنى چېقىپ ئىچىپ كۈچلىنىدۇ، ئاندىن كۆمۈلگىنىنى ئېچىپ يەيدۇ، بۇ ئارىلىقدا بۇ تۇخۇمغا چۈۋىن، پاشا، كۇمۇت، ھاشارەتلەر ئولىشىدۇ، بۇلار بۇنىمۇ يەيدۇ، شۇ ئارقىلىق بۇلار ئۆۋچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، قارا، بۇ نېمە دېگەن ياخشى تەربىيلەش، ياخشى ھېكمەت ھە! ئالدى بىلەن ھەزىم بولۇشى ئاسان تائام، ئاندىن تەدرىجىي گۆشلۈك غىزالار، بۇ تۆگە قۇشى شۇنداق ئاخماق، دۆت تۇرسا، بۇ ئىلىمنى كىم ئۆگەتتى؟ ئەمەلىيەتتە تۆگە قۇشنىڭ دۈشمىنى ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، بېشىنى بىر تاشقا تىقىۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرىدىكەن، خەتەر يوق دەپ ئويلايدىكەن، دۈشمەن بولسا ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ ئۇ بولسا جىم تۇرىدۇ، مانا بۇ ئاخماق، دۆت قۇش بۇ ئىلىمنى نەدىن ئالدى؟ ئاللاھدىن

بىز كۆز ئالدىمىزدىكى توخۇ، كەپتەرلەرگە قارايلى، ئۇلار قانداق ئۇۋۇسىغا تۇخۇم تۇغىدۇ؟ قانداق تۇخۇم چاقىدۇ؟ باللىرىنى تۇخۇمدىن قانداق چىقىرىدۇ؟ قانداق تەربىيلەيدۇ؟ بۇ يەردىمۇ بىر ئىلىم، رەھمەت، ھېكمەت بار؟ ئۆمۈچۈكمۇ قانداق تۇخۇم تۇغىدۇ، باللىرىنى قانداق چىقىرىدۇ، بۇ باللار قانداق قىلىپ تەلىمسىز، تەربىيىسىز ھالدا تور توقۇيدۇ؟ يا ئازمايدۇ؟ بۇ ئىلىمنى كىم بەردى؟ ياراتقان ئاللاھ بەردى.

غاز، ئۆردەكلەرچۇ، تۇخۇمدىن چىقىپلا سۇدا ئۈزىشىدۇ، تەلىم ـ تەربىيە يوق، قورقۇشمۇ يوق، بىز كۆرۈپ باقساق، توخىنىڭ ئەركىكى خوراز بالا بېقىشقا ياردەم بەرمەيدۇ، ئانىسىلا مەسئۇل، كەپتەر ۋە باشقا قۇشلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، توخۇنىڭ باللىرى كەپتەر دىن كۆپ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، توخۇ باللىرى گۆچلۈك قاناتلىق چىقىرىدۇ، ئانىسى بىلەنلا مۇستەقىل ياشاپ كېتەلەيدۇ، خۇددى بىز كۆرۈۋاتقاندەك، ئەمما، كەپتەردەك قۇشلارنىڭ باللىرى ئاجىز، تۈكسىز چىقىدۇ، بۇنىڭغا ياردەم كېتىدۇ، بولۇپمۇ بۇلاردا چۈجىدەك ھەرىكەت يوق، ئۇۋىسىدىلا ياتىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئېھتىياجىغا قارىتا ئىلھام قىلىدۇ.

بۇلارنى مېھرىبان ئاللاھ، بىزنى كۆرسۇن، كۈزەتسۇن، تەكشۈرسۇن دەپ ئۆيىمىزدە قىلدى، بەزىسىنى ئۆي ئەتراپىدا قىلدى، ھازىر پۈتۈن ھايۋان، ئىنسانلارنىڭ كۆزىتىشىدە بولۇۋاتىدۇ، ھايۋانلار ئىككى قىسىم بولىدۇ، بىرى مۇستەقىل خوجايىن، ئىنسانلاردىن ئايرىم ياشايدۇ، بىرگە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇلار ۋەھشى، ياۋايى ھايۋانلار، بۆغ، كىيىك، پىل، يولۋاس، زەھەرلىك ھايۋانلاردەك، يەنە بىر خىلى، ئىت، ئېشەك، تۆگە، قوي، ئات، كالا قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئىنسانلار ئىچىدە ياشايدۇ، ھەمكارلىشىدۇ، ياۋايى، ۋەھشىي بولسا، تېنى ساغلام، گۆشلۈك، ئەقىللىق، چېچەن كېلىدۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، مۇستەقىل خوجايىندۇر، بۇ ھەممىدىن بەختلىك ئىنسانلار ئارىسىدىكى بولسا، بويسۇندۇرۇلغان، شۇنچە چوڭ، كۈچلۈك بولسىمۇ ئەقىل يوق، ئىدراك يوق، ھىيلە يوق، بۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئوزۇقى شۇڭا، ئىنسانلارغا تاپشۇرۇلغان، بۇلار ئىنسانلارغا موھتاج، بۇلار ئۇلار بەرگەننى يەيدۇ، شۇڭا، ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىدۇ، ھەم ئامالىمۇ يوق، چۈنكى، ھاكىمىيەت، ئەقىل، بىلىم ئىدراك، تەرەققىيات ئىنسانلاردا، ئۇلار پادىشاھ، ئۇلار خوجايىن بولىدۇ.

ئىنسانلار مۇشۇنىڭدەك ئىككى خىل بولىدۇ. قۇللار، ئىزىلگەنلەر چىداپ ئىشلەيدىغانلار، ھاكىم، بەگ، پادىشاھ، زالىملارغا خىزمەت قىلىدۇ. ئاز ـ تولا ئوزۇق ئالىدۇ، ئۆلمەسلىككە جان باقىدۇ، زالىملار بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىدۇ، ئويلىشىدۇ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ، چۈنكى، بىلىم، ئەقىل، كۈچ شۇلاردا. زالىملار بۇلارنى قەستەن بىلىمسىز قويىدۇ، بىلىمنى، ئەقلىنى تارتىۋالىدۇ، ئاندىن ھاكىمىيىتىنى، ھوقۇقىنى،

ھۆرلۈكنى ئېلىۋالدۇ ـ دە! بىر ئۆمۈر قۇللۇقتا قالدۇردۇ، دەسسەپ ئىشقا سالدۇ. شۇڭا، ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ھۆرلۈككە ئېرىشىش لازىم.

ھەربىر قەۋم ئۆز ھالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ، ھەربىر قەۋم ئۆزى قىلىدىغان، قولىدىن كېلىدىغان ئىشتا ئىختىيارى، ئەركىنلىككە ئىگە، بۇلار بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىشى لازىم. ئاللاھقا، تەقدىرگە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئاللاھ، بۇيرىغاننى تەقدىرگە، ئاللاھقا دۆڭگىسە، بۇ بۇيرۇقنى كىم ئىجرا قىلىدۇ؟ ئەقىل تاپايلى، بىلىم ئالايلى، تەرەققىي قىلايلى، ئۆيقىمىزنى ئاچايلى،بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلايلى.

## بىشارەتتىكى ئالامەت

تەتقىقاتىمىز سۈرە نەھلىدۇر،
بۇنى چۈشىنىدىغىنى ئىلىم ئەھلىدۇر.
ھازىر قۇدرەتكە تانغانلار،
جوھۇت، كاپىر دەھرىيىدۇر.

قۇدرەتكە دەلىلدۇر ھاشارەت،
ئۇلاردا باردۇر نۇرغۇن ئالامەت.
ئىلىم ـ پەننىڭ كۈچى ئاستىدا،
بولۇپ قالدى ئۇلار بىزلەرگە كارامەت.

ئىلىمغا ئاشىق بولغانلار،
تاپۇر بۇ يولدا نۇرغۇن ھالاۋەت.
ئىلىم بىلەن تەرەققىي قىلمىغانلار،
كۆرىدۇ ئاقىۋەت نۇرغۇن نادامەت.

خۇراپىي ئالىملارغا كەلسەك،
ئۇلارنىڭ پاتقىقى تېگى يوق جاھالەت.
بىز ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
قىلىپ تۇرايلى ئىلمىي ساخاۋەت.

سۈرە نەھلە، پەرۋەردىگارىڭ، ھەسەل ھەرىسىگە مۇنداق ئىلھام ۋەھىسىنى قىلدى، يەنى تاغلاردىن، دەرەخلەردىن، ئىنسان، ئىمارەتلىرىدىن، ئۆي تۆتقىن، ئاندىن ھەر تۈرلۈك مېۋىلەردىن يىگىن، رەببىڭنىڭ يولىغا بويسۇنغان ھالدا كىرگىن، بۇ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئىچىدىن رەڭگى خىلمۇ ـ خىل شاراب، ھەسەل چىقىدۇ. بۇنىڭدا، ئىنسانلارغا شىپالىق بار، مەزكۇر ئىشلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، مۆجىزە بار

### دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بۇ ئايەتتە ۋە مۇشۇ ئايەتكە ئوخشاش ئايەتلەردە مۇنداق بىر ھەقىقەت بار، ئۇ بولسىمۇ، ھەربىر بىر ھايۋان، ھاشارەت، جانلىق، ئاللاھنىڭ يارىتىشى، رىزىق بېرىشى، باشقۇرۇشى، ئىلھام، ۋەھىي قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارغا يەم ئۆگىتىشى، ئەقىل ئۆگىتىشى، پۈتۈن ھايۋاننىڭ مىڭىسى، چېكىسى، ئەقلى ئىقتىدارى، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى، ئاللاھ، ھەربىر جانلىقنىڭ پەيدا بولۇشىنى، جايىنى، ماكانىنى، ۋاقتىنى، تۇخۇم سانىنى، چۈجە سانىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئالدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاجايىپ مېھرىبانلىق، رەھمەت، ھېكمەت قاتارلىقلارنى تونۇتۇش، شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا ئاشىق بولۇش، ھەقىقەتى بار، بىز يەنىمۇ سەگەك تۇرايلى.

ھەسەل ھەرىسى باشقىلار دېگەندەك ئەيىۋب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدىن چۈشكەن قۇرت بولماستىن، بەلكى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىلا بار ئىدى، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مەخلۇقنى ياراتقاندا، بار ئىدى. بۇ ھەرە، ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى ۋە رەھمىتى بولۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، بۇ ئىشلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋمگە مۆجىزە بار دېگەنىكەن، بىز چوڭقۇر تەپەككۇر قىلايلى، بۇ ھەرە جۈپ بولۇپ ياشايدۇ، نەسىل قالدۇرالايدۇ، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى بار، ئالاھىدە مۇنتىزىم تۈزۈم بار، ئىنتايىن پاكىز، ساپ نەرسىنى تېخنىكىلىق زاۋۇتمۇ بۇ ئىشنى قىلالمايدۇ، ئاشۇ ماددىنى بىرلەشتۈرسە ھەسەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمما، بۇ ھەر چېچسا ھەسەل بولىدۇ. پۈتۈن دۇنيا بۇ ھەرىنىڭ پوقىنى ئىشلەپ چىقىرىشىدىن ئاجىز كەلدى، ئاللاھ نېمە دېگەن بۈيۈك ھە! بۇ ھەرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، زىرائەتلەرنى، مېۋىلەرنى، گۈللەرنى چاڭلاشتۇرۇش، زىرائەت، مېۋىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزمەستىن ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىش، ئۇندىن باشقا پادىشاھلىق تۈزۈم، پاكىزلىق قانۇنىغا بىردەك ئەمەل قىلىش، ئايال (چىشىسى) ئەركەكسىز نەسىل قالدۇرۇش قاتارلىقلار. (ھەسەلنى ئېغىزدىن ياندۇردۇ)

بىز قاراپ باقايلى، بۇ ھەرە شۇنداق ئەپچىل كۆنەك ياسايدۇ، قەۋەت ـ قەۋەت ياسايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆنەك كامىرى ئالتە بۇرجەك بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كەڭ، ئازادە بولۇپلا قالماي، ھەسەل كۆپ پاتىدۇ، بوشلۇق قالمايدۇ، بۇ تېخنىكىنى كىم ئۆگەتتى؟ ئاشۇ ئىلھام ۋەھىسىنى قىلغان ئاللاھ... ئاللاھ!!.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋھەرلىرىنىڭ **150** ـ بېتىدە بۇ كۆنەكنىڭ سۈرىتى بار. بۇ كۆنەك، ھەسەل ھەرىسى بار جايدىلا بار، كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ. شۇنى كۆزىتىش كېرەككى، بۇ ھەسەل ھەرىسى ھاكىمىيىتىدە بىر ئايال خانىش بار، بۇ بۇيرۇق قىلىپ نىجاسەتكە قونغان ھەرقانداق ھەرىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، شۇنداقلا مەس كەلگەن ھەرىنىمۇ ئۇۋىسىغا كىرگۈزمەيدۇ. ئەگەر بۇ خانىش ھامىلدار بولماقچى بولسا، ئۆز جايىدىن باشقا بىر ئۇۋىدىن جۆرە تاللايدۇ. ئەگەر ئۇ ھامىلدار بولۇۋالسا، ئۇۋىسىدىكى پۈتۈن ئەركەك ھەرىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن ھەسەل باللىرىغا قالىدۇ، بولۇپمۇ ئۆلتۈرۈدىغىنى جىنايەتچىلەر.

مۇشۇ ئارقىلىق خاندانلىقنى ساقلىماقچى، ھاكىمىيەتنى قوغدىماقچى، نەسلىنى قۇرتماي، ياش ئەۋلاد يېتىشتۈرمەكچى بولىدۇ. بەزىسى كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغىدەك جايىنى ئۇۋا قىلىدۇ، ئەمما ئۇۋىسىنى يامغۇر، نەمدىن ساقلايدۇ، چۈنكى، كۆنەككە نەم تەگسىلا تۆگىشىدۇ.

بەزىسى تاغلاردا، ئۆڭكۈرلەردە، يېرىقلاردا بولىدۇ. زېمىن ئۈستىدە ۋە ئاستىدا، دەرەخ ئىچىدە بولىدۇ، كۆپىنچە ھەسەل ساتقۇچىلارنىڭ ساندۇقىدا كۆرىمىز، بۇ ھەرىمۇ تۇخۇم تۇغۇپ ئاندىن قۇرۇت ھالەتتە تۇرۇپ، ھەرىگە ئايلىنىدۇ، ئوزۇقى كۆنىكىدە تەييار، ھەسەل ھەرىسىنىڭ بۇ ماددىنى قوبۇل قىلىشى ۋە باشقا بىر خىل شېرىن شاراپ ياسىشىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانلار نۇرغۇن ئىچىملىك زاۋۇتى قۇردى، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك كارخانىلار دۇنياغا كەلدى، ھەتتا بەزى دۆلەتلەر ھاۋادىن ئازوت ئايرىپ قورالغا ۋە زىرائەت ئوغۇتى قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا ئىشلەتتى.

پۈتۈن تەرەققىيات ئاشۇ ئاللاھنىڭ ئازماس ئوقوغۇچىلىرىدىن پەيدا بولۇۋاتىدۇ، ئىنسانلار ئۆگىنىۋاتىدۇ، قىزىقارلىقى شۇكى، ھەسەل ھەرىسى ئىككى كىلومېتىرى يىراققا ئوزۇق ئىزدەپ كېتىدۇ، ئەمما بېرىپ كەلگۈچە ئېزىپ قالمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھ يېتەكلەيدۇ. بۇ يولنى كۆرۈش، پۇراش، ئاڭلاش ۋە ھاۋانىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقىدىنمۇ پايدىلىنىپ پەرق ئېتىدۇ، بۇ ھەرىدە قارا، قىزىل، سېرىق تۈكلەر بار، بۇ تۈكلەر چېچەكنىڭ

رەڭگى بىلەن مۇناسىۋەتلىككەن، شۇنداقلا بۇ ئالاھىدە سىزىم بولۇپ، چوڭ ياردەمچى قورال ئىكەن، بۇنى مىكرۇسكوپتا كۆزىتىڭ.

ئاللاھنىڭ بۇ ھەرىگە بەرگەن رەھمىتى ۋە نېمىتى، بۇنى ياراتتى، جاي بەردى، بولۇپمۇ ئالتە بۇرجەك قىلىپ كەڭرى قىلدى، ھاۋا ئۆتۈشۈپ باللىرىغا زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى، شۇنداقلا، ھەسەل كۆپ سىغىدۇ، قاتمۇ ـ قات قىلدى، ئەركىن يۈرۈش، خالىغان باغدىن ھوزۇرلىنىش، پۈتۈن مېۋە، گۈللەر چېچەكلەردىن ئىستېمال قىلىش، ئاندىن تۆت پۇت، ئىككى قول، تۆت قانات بەردى، چېچەك شىرنىسىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن، خارتۇم، نەشتەر بەردى، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدىغان قورال بەردى، بۇنىڭ ئىچىگە ئەڭ ئالىي زاۋۇتنى قۇردى، گەرچە بۇلار كىچىك بولسىمۇ كۆپ بولغانلىقىدىن ئىنسانلارنى ھەسەل بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. زاۋۇت كىچىك بولسىمۇ تارماق شىركىتى كۆپ بولسا، مالنى يېتىشتۈرەلەيدۇ، ھاجەتتىن چىقالايدۇ، ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئەڭ ئۆتكۈر سەزگۈ قورالى بولىدۇ. قاتتىق ـ يۇمشاق، مېزىلىك، سېسىقنى تەگمەيلا بىلەلەيدۇ، شۇڭا، نىجاسەتكە قونمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت ۋە تەجرىبە ئۆلگىسى بولىدۇ. بۇ بىر ھاكىمىيەت، پادىشاھلىق ـ دە! تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **153** ـ بەتتە سۈرەتلىرى كۆرسىتىلدى، ئەركەك، چىشى (خادىم) خانىشى، پادىچى، كۆزەتچى ئەسكەرلەر بار.

ساقى سۇ توشۇيدۇ، تەربىيەتچى ئەۋلاد تەربىيلەيدۇ، پادىچى گۈل چاڭلىرىنى ۋە ھەسەل يىغىدۇ، ئىنجېنېرلار قۇرۇلۇش، ئۆي جاينى لايىھەلەيدۇ، خادىملار ئىشلەيدۇ، بەزىدە ئىككى قوشۇن ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ، بۇ بىر ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولىدۇ. ئاللاھ، بۇ قوشۇننى باشقۇرغاندەك، ئىلھام قىلغاندەك پۈتۈن قوشۇننى باشقۇرىدۇ، ۋە ئىلھام قىلىدۇ، ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ، بولمىسا، ئازراقلا ئەقىل بەرسە ياكى غالجىر قىلىپ قويسا، ياكى باشقىلار ئىنسان بويسۇندۇرالمايدۇ، ھەممە، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئەمما، مۇسۇلمانلار بۇ نېئمەتتىن بىخەۋەر، ئىلمسىز تۇرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بۇ بىلىمنى زۆرۈر ئېلىشى كېرەك، ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى بىلىپ ئاندىن ھەمدە شۈكرى قىلىش لازىم. بۇ قارىسىغا ئېيتقاندىن ياخشى، ھاشارەت توغرىسىدا بىز كېيىن توختىلىمىز.

سۆزىمىز تېخى تۈگەپ قالغىنى يوق، چۈنكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ھېكمىتى چەكسىزدۇر، قۇرئاننى پۈتۈن دەرەخنى قەلەم، پۈتۈن دېڭىزنى سىياھ قىلىپ يەنە يەتتە دېڭىزنى قوشسىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇندىن كېيىن نۇرغۇن ئىلغار تەپسىرلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا شۈكرى قىلىش ئۈچۈن، مۇنداق بىر ھېكايىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ھېكايە پادىشاھ ئالدىدىكى ئۈچ شەخس ئوتتۇرىدا بولىدۇ. يەنى، قۇرت، كېپىك، ئىنسان ئارىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە بولۇپ، كىشى قەلبىنى ئارام تاپقۇزىدۇ، كېپىك، قۇرتقا مۇنداق دەپتۇ، قۇرت بولسا، ئېسىل بىر ئالما ئىچىدە ئىكەن، ئەي قۇرت، سەن بۇ جايدا ئېسىل ھەم پۇختا بىر قورغان بىنا ئىچىدە نېمەت ئىچىدە تۇرۇپسەن، بۇ خۇددى، ئاللاھ، مۇتتەقىيلەرگە ئاتا قىلغان جەننەت ئىكەن، سۈلىرى تاتلىق، لەززەتلىك، ئاسمىنى، زېمىنى، نېمەت بىلەن تولغان ھەم راھەت ھەم ئوزۇق، مۇشەققەت دېگەن ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ماڭا قارا، مەن بولسام، مۇشەققەت ئىچىدە ياشايمەن، تېخى شىر، يولۋاسدىن قېچىپ يۈرىمەن، غەمگە تولغانمەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە بۆلاردىنمۇ ئەقىللىق، پەم ـ پاراسەتلىك بىر زالىم بار، بۇ بولسىمۇ ئىنسان، ئۇ دائىم مېنى قوغلاپ ئارام بەرمەيدۇ، سەن بولساڭ، جەننەتتە مەن بولسام دوزاختا تۇرۇپتىمەن، ئەمەلىيەتتە سېنىڭ پەزىلىتىڭ يوق، مېنىڭ گۇناھىم يوق، بۇ قانداق ئادىللىق؟ ھېچ بىلەلمىدىم دەپتۇ.

قۇرت ئۇنىڭغا، ھەي دوستۇم، سەن چوڭ خاتالاشتىڭ، نېمەتكە تۈز كورلۇق قىلۋاتىسەن، ئويلاپ باققىنە، ئاللاھ سېنى يوقلۇقتىن بارلىققا ئېلىپ چىقىپ ياراتتى، ئوزۇق، رىزىق بېرىپ چوڭ قىلدى، ساڭا، ئەقىل ـ ئىدراق، پەم بەردى، تېرە، تۈك، سېزىم، قۇۋۋەت بەردى، پۇت ـ قول بەردى، تۇرمۇش ئىشىڭنى ئاسان قىلدى، ساڭا زېمىننى كەڭرى يايلاق قىلىپ بەردى، خالىغانچە يەپ ـ ئىچىسەن، ئەركىن ئويناقشىپ يۈرىسەن، پۈتۈن ئىنسان ساڭا خىزمەت قىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئەتىۋارلايدۇ، مەنچۇ، مېنى پارازىت قۇرت دەپ زەھەردە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلار ئۆلتۈرمىسىمۇ قىش كەلسە، تۈگىشىمەن، سەن تۈز كورلۇق قىلما، ئاللاھقا شۈكرى قىل دەپتۇ، نۆۋەن ئىنسانغا كەپتۇ، بۇ ئېچىنىشلىق ھالدا، دەردىنى تۆكۈشكە باشلاپتۇ، ئەي كېپىنەك،

ئەرزگە سەندىن مەن لايىق، قۇلاق سال: ساڭا بولسا، ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىننى پۈتۈن بويسۇندۇرۇپتۇ، سېنىڭ غىزايىڭ تولۇق، سۈيۈڭ تولۇق، ئورنىڭ مۇقىم، كىيىمىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە، مەنچۇ؟ مەن ھەرقانداق نەرسىنى يېسەم ياكى كىيسەم ياكى ئورۇن تۇتسام نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن قىلىمەن، نۇرغۇن خاپىلىق، دەرت ـ ئەلەملەرگە قالىمەن، نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرىمەن، نۇرغۇن ئەمەل تەكلىپلەر ئۈستۈمدە، بۇنى جان ـ جەھلىم بىلەن ئورۇندىمسام بولمايدۇ.

مەن ئەڭ مۇشكۇل سىناقتا تۇرىمەن، سىلەر بۇنىڭدىن خاتىرجەم، ھەممىدىن مېنىڭ ھالىم خاراب دەپتۇ، كىيىك، جاۋاب بېرىپ، ئەي ئىنسان سەنمۇ تۈز كورلۇق قىلما، ئىككىمىزنىڭ ئىشى قۇرتتەك ئىكەن، مەن جىق سۆزلەپ ئولتۇرماي، ئەقلىڭ بولغاندىكىن ئۆزۈڭنى سورا، تەپەككۇر قىلىپ كۆر، ئاللاھ، سېنى ياراتتى، ساڭا ئەقىل، گۆھەرنى بەردى، ئىككى قول، ئىككى پۇت بەردى، ماڭا بولسا، تۆت پۇت بەردى، ئىككى قولۇم يوق، شۇڭا مەندە سەندەك قۇدرەت يوق، مەن ئوزۇقۇقا تۆت پۇتلاپ چاپىمەن، سەن بولساڭ ئىككى پۇتلاپ بېرىپ ئىككى قولدا نوچىسىنى ئالىسەن، بەزىدە مېنىمۇ تۇتىسەن، سەن پۈتۈن زېمىننىڭ خوجايىنى، ئاللاھ، ساڭا پۈتۈن ئالەمنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەممىسى تۇرۇپ سەن يوقاپ كەتسەڭ، ھېچ زەرەر يوق، ئەمما، بىرلا مەخلۇق يوقاپ كەتسە، ساڭا زىيان، چۈنكى، ھەممىسى سەن ئۈچۈن يارىتىلغان، ئەلۋەتتە، پادىچى پادىشاھ ھېساب بېرىشى كېرەك. سەن شۇنىڭ ئۈچۈن تەكلىپ قىلىندىڭ، ساڭا، ئاللاھنىڭ خىزمەت بېرىشى، بۇيرۇشى، توسۇشى، سەن ئۈچۈن چوڭ بىر شەرەپ، ئۇلۇغ ئاللاھ، بۇيرۇپ، ئاللاھ، توسسا سەن بۇنى شەرەپ بىلەن قىلىشىڭ كېرەك. ئى ئىنسانلار، ئى مۆئمىنلەر دېگەن ھامان قۇلاق سال، ياخشىغا بۇيرۇيدۇ، ياماندىن توسىدۇ، ساڭا ئاللاھ، بىۋاستە ئىگە بولدى، خالىغىنىنى سىلەردىن دوست تۇتتى، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئىنسانلار ئېرىشتى، تېخى يارامىلىق بولغىنى ئاخىرەتتە جامالىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق نېمەت نەدە بار، ھۇ تۈزكور دەپتۇ، ئىنسان خىجىل بولۇپ، قىزىرىپ كېتىپتۇ، پادىشاھ، ئاخىرىدا پۈتۈن مۇنازىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، پۈتۈن يېتەرلىك ھۆججەت ئاللاھقا خاس، قىيامەت كۈنى ئاللاھ، ھېسابنى راستىنلا ئاسان ئالىدىكەن، چۈنكى، ھەممە ئىش پۈتۈپ بوپتۇ، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھچى ھەممىسى تەق ئىكەن، ھېچ بىر كىشى ئۆزرە قويالمايدىكەن، مەن سىلەرنىڭ ھېكايەڭلارنى شۈكرى قىلىشنى، شۇنداقلا رەھمەت، نېمەتنى تونۇشنى، قەدرىنى بىلىشنى تونۇدۇم، قىيامەتنى ئەسلىدىم، ھېسابنى ئەسلىدىم ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئامىن! دەپتۇ.

## سۈرە ئىسرا تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بىرىنچى ئايىتىدە، سۈرە ۋەننەجمىدە رەسۇلۇللاھنىڭ يەتتە ئاسمان ئۈستىگە ئۆرلىگىنى تىلغا ئېلىنىدۇ. پۈتۈن ھەدىس كىتابلىرى تىلغا ئالغان ۋە ھەدىسى مەشھۇر، سەھى دەپ قارالغان ئىسرا، مىئراج ۋەقەسى بار، بۇ ھەدىستىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئاسمان سەپىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭغا جۇمھۇر ئالىملار، مۇسۇلمانلار شەكسىز ئىشىنىدۇ، بەزىسى روھى بىلەن دىسە، بەزىسى جەسىدى بىلەن دەيدۇ. جەسىدى بىلەن چىققانلىقى سەھىيراق، بۇ سەپەردە ئاللاھ تەرەپتىن رەھمەت نامازنى ئېلىپ چۈشكەن، روھى دۇنيا بىلەن ئۇچراشقان، دوزاخ ـ جەننەتنى كۆرۈپ كەلگەن. بۇ بىر ساياھەت، بۇ ۋەقەنى بىزگە سۆزلەپ بېرىشى، سىناش ئۈچۈن، ۋە شۇنداقلا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەمگە بولغان ئىلىم ـ مەرىپەت، روھىي دۇنيا بىلەن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈندۇر. ئۇندىن باشقا، يەتتە ئاسمان، كۇرسى، ئەرشى مەسىلىسىدە تەپەككۇرنى، ئەقلنى زىيادە قىلىش، ئويلىنىش كېلىپ چىقىدۇ، ئەمدى بىز، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى قانداق بىلىمىز؟ سەپەر ئۈچ قىسىم بولىدۇ، مۇشۇ مەقسەتتە، بۇ ۋەقە سۆزلىنىدۇ.

بىرىنچى سەپەر، ئەۋلىيالارنىڭ، ماقام ئاشقانلارنىڭ روھىي، باتىنىي سەپىرى، بۇ سەيرى باتىننى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلام دىنىدا ئەۋلىيالار كارامىتى ھەقدۇر، بۇ سەپەرنى بىز ئاز ـ تولا سۆزلىدۇق، يەنە سۆزلەپ تۇرىمىز، بۇ سەپەردە زېمىنىنىڭ مەشرىق، مەغرىپىنى بىلگىلى يەتتە ئاسمان، ھەتتا كۇرسى، ئەرشنى بىلگىلى بولىدىكەن، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. بۇ ھازىر زاھىدلار ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ توغرىسىدا مەۋجۇد، ئەمما، ساختا باتىللىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئىككىنچى سەپەر، كۆز، ئەقىل سەپىرى، ئىلغار تېلېسكوپتا كۈزۈتۈش بىلەن دۇنيا ئاسمىنىنى كۈزىتىپ، سەپەر قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاسماندىكى ھەرخىل قۇدرەتنى تونۇغىلى بولىدۇ، ئەمما، بۇ ماددىي ئىش، روھىي دۇنيادىن باشقا ئىش بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىل سەپەر، ئالەم بوشلۇقىغا بولغان سەپەر، گەرچە بىز رەسۇلۇللاھ، جىبرىئىل بىلەن چىكىپ چىققان يەتتە ئاسمان، ھەتتا بىرىنچى ئاسمانغا يېتەلمىسەكمۇ ئاشۇ بىرىنچى دۇنيا ئاسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم بوشلۇقى، پىلانېتلارغا سەپەر قىلىشنى ئويلىشىشىمىز لازىم.

بۇ سەپەرگە، بۇ ئالەم بوشلۇقىنى، كۈن، ئاينى، ھاۋا تەۋەلىكىنى بويسۇندۇرۇشتا دىنى توسقۇنلۇق يوق، بۇنى يەنى بوشلۇقتا سەپەرنى سۈرە نۇھدا كۆرۈڭ، ئۇندىن باشقا «فىزىلال قۇرئان»، تەنتاۋى، مۇنىير، رازىيلاردا بار. ھەتتا مۇھەممەد سالىھ ئىككى پارلىق تەپسىردە ،سۈرە نۇھتا يازغان.

خوش، ئەمدى بىز بۇ ئالەم بوشلۇقىغا قىلىدىغان سەپەرنى قانداق قىلىمىز؟ ئالدى بىلەن بىزنىڭ ۋە ئاشۇ ئالەمنىڭ ماددىسىنى بىلىشىمىز لازىم. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك بىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەم بىر پۈتۈن شەيئى، ئاتوم، ئېلېكتىرون، نېيترون، زەررىچىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ھارارەت، ئوت، نۇرغا قايتىدۇ، ھەممىسى شۇنداق، ئەمما، بۇلاردا فىزىكىلىق، خېمىيىلىك ئۆزگىرىش بولغاچقا، بەزىسى قاتتىق بەزىسى يۇمشاق بولىدۇ. بۇ ئېلېمېنت ماددا **110** دىن ئاشتى.

ھەممىسى ئاشۇ زەررىچىدىن تەركىب تاپقاندۇر، ھەرىكىتى ئەڭ تېز بولغىنى قاتتىق بولىدۇ. خۇددى چۆيۈن تاشلاردەك، ھەرىكىتى ئاستا بولغىنى، سۇس بولغىنى، چىچىلاڭغۇ سۇيۇغلۇق بولىدۇ. بۇلارنى مىكرۇسكوپدا بىلگىلى بولىدۇ. خېلى ئۇزۇن تەتقىق قىلىش لازىم، ماددىنى ئىگىلەش بەكمۇ مۇھىم. ئاندىن بىز بۇ سەپەر ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇقدىن باشقا ئىلغار ئالەم كېمىسى ھازىر قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئىشنى ئىنتايىن باي دۆلەتلەر قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا، پۇل بولسا، كىرا قىلىپ ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ، بۇ كېمىگە يېقىلغۇ لازىم، شۇنداقلا ماددىسى، تىتاندەك قاتتىق بولۇش، يېنىك بولۇش لازىم. راكىتادا مەلۇم ئوربىتىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، تېلېسكوپدا ئارىلىقنى توغرا ئۆلچەش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇر ئىلمى لازىم بولىدۇ. سەللا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ھالاك بولىدۇ. ئاسماننىڭ ئۆزىگە يېتىشىدىن جىنلار توسۇلغان،

ئىنسانلارمۇ چەكلىنىش مۇمكىن، ئەمما، ئالەم بوشلۇقىدىن چەكلەنمىگەن، بەلكى، قۇرئاندا سەيرى قىلىش بۇيرۇلغان، ئالەم كېمىسىگە ئىشارەت قىلىنغان جايلاپ كۆپ، بۇ بىر ئەمەلىيەتتۇر. بىز كەلگۈسى پەرەزنى تەتقىق قىلىۋاتمايمىز، بەلكى، رىئاللىقتا ئايلىنىپ بولغان بىر ئىشتۇر، بىز بىلمىگەنلىكىمىز ئۇچۇنلا ھەقىقەتنى ئىنكار قىلساق خۇراپىيلىق قىلساق بولمايدۇ، ھەممىگە دەلىل ـ ئىسپات لازىم بولىدۇ. ئىككىلى تەرەپ ھۆججەتنى، ئەقلى ۋە نەقلى ئەمەلىي پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويسۇن.

## سۈرە ئىسرا، ھەربىر شەيئى ئاللاھنى مەدھىيىلەش بىلەن ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ، يەنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىپ ئىتائەت قىلىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

توغرا، ھەر بىر شەيئى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەت بولغاندەك، ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى بىلدۈرىدۇ، قۇدرەت ـ ھېكمىتىنى بىلدۈرىدۇ، دۇنياۋى ھۆكما، پەيلاسوفلارنىڭ سۆزلىرى مۇشۇ، ئايەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسلەن: ھۆكما، ئالىم شىررازى، كائىنات توغرىسىدا مۇنداق دېگەن.

پۈتۈن مەۋجۇداتتا ھاياتلىق بار، ئۈستۈنكى مەۋجۇداتلار نۇرىنىڭ مىقدارى ئاستىنقى مەخلۇقلاردا ھاياتلىق بولىدۇ، ھاياتلىق، نۇر، ھارارەت مىقدارىدا بولىدۇ، ئىنسان ئۇچۇن، ھايۋان ئۇچۇن، ئۆسۈملۈك ئۇچۇن ھاياتلىق بار. پۈتۈن مەۋجۇدات ئۇچۇن ھاياتلىق بولمىسا، ئۇنىڭدا نېمە بار؟ ھاياتلىقنىڭ بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى يوشۇرۇن ھاياتلىق توغرىسىدا ئۇنى بەرگۈچى ھەقىقىي ئاللاھدۇر. ھەر بىر شەيئىنىڭ ئاللاھ بار، ئاللاھ بىر، ئاللاھ پاك دېگەن تەسبىھىسى قال تىلى بىلەن ئەمەس، ھال تىلى بىلەن بولىدۇ. ئىنچىكە كۆزەتسە، بۇ تەسبىھ، رىيازەت ئەھلىگە ئاشكارا بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەقىقىي زاكىرغا ئاشكارا بولىدۇ، نەپسىنى، قەلبىنى، روھىنى، زىكرى بىلەن كۆندۈرگەن، كىشىلەرگە ئاشكارا بولىدۇ، بۇ بىر كارامەتتۇر، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئالامەتتۇر.

بۇ تەسبىھنى سىلەر چۈشەنمەيسىلەر دېگەن. بۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، پەرىشتىلەر بىلەلەيدۇ، پەيغەمبەرلەر بىلىدۇ، ئەۋلىيالار بىلىدۇ، ھەقىقىي مۇتەپەككۇر، ئالىملار، ھەر بىر شەيئىنى ئىنچىكە كۆزەتكۈچىلەر بىلىدۇ. خالىي جايدا ئاللاھ... ئاللاھ... ئاللاھ دېگىنىچە تېنىچ سۈكۈتتە تۇرغانلارغا ئاشكارا بولىدۇ. مىكرۇسكوپ ئاستىدا كۆزەتكۈچىلەرمۇ بۇنى بىلدى، ئاشۇ شەيئىلەر ھەتتا زەررىچىلەر بىر جۈپ بولىدۇ، كائىنات قانۇنى بويىچە ئاللاھقا بويسۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدى، ھەتتا دىنسىز بىر ھاملدار ئىچىدىكى ھۆجەيرىلەرمۇ زىكرى ـ تەسبىھ بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇپ، تۆرەلمە ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، بۇ نېمەتكە كاپىرلار تېنىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، ئاخىرەتتە، پۈتۈن ئەزا سۆزلەپ گۇۋاھچى بولىدۇ، دىنسىزلار ئامالسىز قالىدۇ، سىلەر باغلارغا، تاغلارغا، دەريالارغا، چۆل، قۇملۇقلارغا، زىرائەت، ئۆسۈملۈك، ھايۋان، ھەر بىر شەيئىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقساڭلار، تەپەككۇر قىلساڭلار، ئاندىن پۈتۈن كائىناتتا ھاياتلىق بارلىقىنى ئاللاھقا بويسۇنىدىغانلىقىنى تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىلەر، ئەمما، چۈشەنمەيسىلەر، بۇنىڭ ئۇچۇن، رىيازەت، بەدەل، ۋاقىت كېتىدۇ.

بىز قاراپ باقايلى، پەرىشتىلەر ھارماي دائىم تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەرشى، كۇرسى، يەتتە ئاسمان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ خالىشى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەربىر سەييارە يۇلتۇزلار ئۆز ئوربىتىسىدا ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىدۇ، ئۆز ئوربىتىدا مەلۇم ۋاقىتقىچە سەيرى قىلىدۇ. جۇملىدىن قۇياش سىستېمىسىغا قاراڭ، گۈزەل يوللارغا قاراڭ، پۇختا ئىنتىزامىغا قاراڭ، ھەممىسى تەسبىھ ئېيتىپ ئاللاھنى ياد ئەتتۇرىدۇ. ھاۋا، شامال، شامال يۆنىلىشى، بۇلۇت، يامغۇر، قار، ئىسسىق ـ سوغۇق، سۇ، تۇپراق، ماددا، ئېلېمېنت ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق خىزمىتى بار، رولى بار، ئىنتىزامى بار، ھەممىسى ئاللاھنى بار، بىر، پاك، ھېكمەتلىك دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۆز ئىشىدا قىلچە بۇيرۇقتىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بالدۇر ـ كېيىن، ئاز ـ كۆپ بولمايدۇ، دەل جايىدا، دەل ۋاقتىدا ئۆلچەملىك بولىدۇ، ئىنسانلاردىن باشقا ھايۋانلار ئۇلار تېنىدىكى ھۈجەيرە ۋە ماددىلارمۇ تەسبىھدە، قۇرت ـ قوڭغۇز، پاشا، كۇمۇتىدىن تارتىپ ھېكمىتى بار يارىتىلدى، ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ، تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئۇلارمۇ بىزدەك ئۇممەتتە ـ دە!

**10** ـ ئەسىر، مىسىردا ياشاپ ئۆتكەن ھەقىقەتچى، زاھىد، شەيخ خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ شەيخ ئابدۇللا ۋەھھاب رەھمەھۇللا ئەلەي شەئرانىغا قىلغان جاۋابىنى بۇ جايغا كەلتۈرۈشنى لايىق كۆردۇم، چۈنكى، مېنىڭ بۇ ئىلمى ئىسپاتلىرىمنى جا سوپىلار، خۇراپىيلار ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقەتچى، ھەقىقىي زاھىد، شەيخ خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەينى بۇ جايدا كەلتۈردۇم. سوپى بولسا، مۇشۇنداق ھەقىقەتچى، تەرەققىي قىلغان زاھىد بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ئۈزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىدۇ، خۇراپىيلىقى ھەممىنى تۇگەشتۈرىدۇ، ئەينى چاغدا ئاشكارا بولمىغان، كېيىن ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان چاغدا ئاندىن شۇ زاتنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەن، بۇ ئىش بىر مۆجىزە بولىدۇ. دىن ئۈچۈن مۆجىزە ھەم تەرەققىيات بولىدۇ. شەيخ شەئرازى رەھمەھۇللا ئەلەي، خەت يازالماس، ئوقىيالماس، ئىلىممۇ ئالمىغان بىر شەيخ، خەۋۋاسقا مۇنداق دەپتۇ، پۈتۈن مەۋجۇداتتا ھاياتلىق بو لسا، جانلىقلار، جانسىزلاردىن قانداق پەرق قىلىنىدۇ؟ ئارتۇقچىلىقى نەدە؟ دەپ سوراپتۇ.

خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ مۇنداق دەپتۇ، جانلىقلار جانسىزلار ئۈستىدىن شەھۋەت نەپسى بىلەن پەرقلىنىدۇ ھەم ئارتۇق قىلىنىدۇ.

ئۇ جىق سۆزلىمەي بىر نەچچە ئايەت، ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، قۇلاق سال، رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلغاندا ھەر بىر ئەنسارى تۆگىنى توسۇۋالغان، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇ مەلۇم جايغا بۇيرۇلغان دېگەن. ئاندىن شۇ جايغا مەسجىد سالغان، مانا بۇ تۆگە، ھايۋان، ئەمما، ئۇ بۇيرۇلۇپتۇ، ئەقىل بار ئىكەن. بۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئوبدان بىلىدىكەن، بۇندىن باشقا تۆگە سالام قىلغان، دەرەخ سالام قىلغان ئىشلار كۆپ، خۇتبە مۇنبىرى ئاۋاز قىلىپ كەتكەن. قۇرئاندا ھەر بىر ئۈچار قۇش ۋە ھايۋانلار سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەت دېگەن، ئاندىن يەنە ھەر بىر ئۇممەتكە ئاگاھلاندۇرغۇچى ئۆتتى دېگەن. بۇ ئالەمگە خاس بولۇپ، ئۇلاردىمۇ بار ئىكەن يەنى ھايۋانلاردىمۇ ئاگاھلاندۇرۇغۇچى بار ئىكەن، خۇددى جىنغا ئوخشاش. ھايۋانلاردا ئەقلى چۈشىنىش كام بولغاچقا ئۇلار ئاللاھنى تونۇشسا، ئاسان ھەيران قالىدىكەن، خۇددى ئەقلى كام كىشىلەر ئاسان ھەيران قالغاندەك، مەسىلەن: ھەسەل ھەرىسىگە ۋەھى، ئىلھام قىلغانلىقىنى سۆزلىدۇق، مەسىلەن: چۈمۈلە قوشۇننى سۇلايمان قوشۇنىدىن ئاگاھلاندۇردى، بۇلاردا ئەقىل بار ئىكەن، ھۆپۈپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

بىز جانسىز دەپ تونۇپ كەلگەن زېمىن توغرىسىدا

قۇرئاندا شۇ كۈنى زېمىن؛ ئۈستىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدىكەن، مانا بۇ ئەقىل، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن جانسىز دەپ قارالغان تېلىسكوپ، مىكرۇسكوپ، دۇربۇن، تېلېفون، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلار بار، بۇلار نۇر ئىلمى ھەممىسى ئۆلچەملىك ھەرىكەتتە تۇرىدۇ، باشقۇرۇلىدۇ، قۇماندان ئاللاھ. بىر پەيلاسوف ئاستىن ئالەمدىكى ئەقىل ئۈستىدىن كەلگەن پۈتۈن ئەقىل، ئەقىلنىڭ مەنبەسى بولغان ئاللاھدىن كەلگەن دېگەن، پۈتۈن كائىناتتا ئەقىل بار، پەم بار، ھاياتلىق بار، بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى يوشۇرۇن، بۇنى ئالىملاردىن باشقىسى چۈشىنەلمەيدۇ.

مانا بۇلار سىرلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلار كىتابىنى كۈزۈتۈپ ياۋرۇپالىقلار بۇرۇن تەرەققىي قىلغان، مۇسۇلمانلار ئۇخلىغان، ھىلىھەممۇ ئۇيقۇدا تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ مەسىلىنى تولۇق دېگەن. ھەم مۆجىزە كۆرسەتكەن، ئەمما، كىشىلەر بۇنى ئۆز پېتى قويۇپ قويغان، قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ مۆجىزىمۇ كائىناتتا يۈز بەرگەن، باشقا دۇنيادىن كەلگەن ئەمەس، بەزىسى زېمىندا، تاشتا، دەرەختە بەزىسى ھايۋاندا بەزىسى ئايدا كۆرسىتىلگەن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىنسانلارنى، بارلىق كائىناتنى كۈزەتسۇن، تەتقىق قىلسۇن، تەكشۈرسۇن ئۈچۈن، قۇرئانمۇ مۇشۇ تېمىدا دائىم سۆزلەيدۇ. ئەمما، بىز خەتلىك قەغەز كىتابقا قاراپ شۇنىڭغىلا ئەھمىيەت بەردۇق، پۈتۈن كائىناتتەك رەڭلىك ھەممە تىلدا سۆزلىگۈچى چوڭ كىتابقا قارىمىدۇق. شۇڭا، ئاللاھ پۈتۈن كائىناتقا قاراشقا، ئاسمان ـ زېمىنغا قاراشقا بۇيرىغان، ئىنسانلار يەنىلا ئۇخلىغان ئاندىن ھەممە شەيئى سىلەردەك ئۇممەت، ھەممىسىنى ئاللاھقا زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىدۇ دېگەن. بۇ بىر قىزىقتۇرۇش ھەم ئەمەلىيەتتۇر. ئەڭ مۆجىزىلىكى شۇكى، ئايەت، ھەدىس، تەبئىي ـ پەن جەھەتتىن مۆجىزە بولۇپ چىقتى. ئۆزىمۇ ئەزەلدىن مۆجىزە ئىدى، ئەمما، ھازىر كەشىپ قىلىندى، شۇنداقلا ئىلغار تەرەققىي قىلالىغان زاھىدلار

كارامەتلىك كىشلەرنىڭ سۆزىمۇ مۆجىزە بولماقتا، مەسىلەن: پەيلاسوف ئەھمەد ئىبنى مۇبارەك، ساۋاتسىز، خەت يازالماس، كىتاب ئوقىيالماس، ئۇستازى ئابدۇلئەزىز دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيدىن مۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان، بۇ ئىككى جەھەتتىن مۆجىزە، بىرسى بۇ كىشى ئەۋلىيا، كارامىتى بار، ئۆزى ساۋاتسىز. ئىككىنچىسى، بۇ كىشىنىڭ سۆزى ئەڭ ئىلغار ئىلىم بىلەن ئوخشاش، مۇۋاپىق چىققان، ئۆز ۋاقتىدا بۇ كىشلەرنى بەزىلەر مەجنۇن، ساراڭ دېگەن بولسا، ھازىر ھەيران قالدى، تالىپ سورىدىكى، تاشقا ئوخشاش جانسىزلار قانداق تەسبىھ ئېيتىدۇ؟ ئۇستاز جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ زىكرى ـ تەسبىھىسى، سۆزى دائىمدۇر، كېچە ـ كۈندۈز توختىمايدۇ دېگەن. مانا بۇ سۆز ئىلىم ـ پەندىكى زەررىچە، ئاتوم قانۇنىغا، ھەرىكەت قانۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ سۆزى ئېينىشتېيندەك ئالىملارنىڭ نەزەرىيىسىگە ئوخشاش چىققان، ھەممىسى قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىسىدۇر. ئۇستاز سۆزىنىڭ داۋامىدا رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ تەرەپتىن سوراپ، پەردىنى كۆتۈرۈپ كۆرگەن ھەم روھىي بىلەن بىلگەن. ھەتتا ئاڭلىغان، كۆرگەن دەپ ئاندىن چۈشەندۈرگەن. ھەر بىر شەيئى مەيلى ئۇ جانسىز دەپ قارالسۇن، ئاللاھنى، رەببىنى تونۇيدۇ، بىلىدۇ، ھەم بارلىقىغا ئالامەت بولىدۇ. قورقىدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ، خۇددى بىزدەك دېگەن، ئەمما ئارىلىقتا پاسىل بار، چېگرا بار، پەردە بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما، بۇ پەردە قىيامەت كۈنى ئىنسانلار، ھايۋانلار بىللە قوپۇرۇلغاندا كۆتۈرۈلىدۇ. ئەۋلىيالاردىن كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن، ئۇ بىزگە نىسبەتەن جانسىز، ئەمما، ئاللاھقا جانلىق، ھاياتلىق بار دەكتۇر، ھەممىسى باراۋەر، نىسبەتەن ئالىمدۇر.

ئىنسانلار خىيالىدا جانسىز مەخلۇق ئۇستىدە ماڭىدۇ، ئەمما، ئۇمۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ۋاقتى كەلسە، ئاللاھدىن ۋەھى قوبۇل قىلىپ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ دېگەن.

مانا ھازىر زېمىندىكى **110** خىل ماددا، ئىلمىنتنى ئىشقا سېلىپ، جانلىققا ئوخشاش قىلغىلى تۇردۇق، ئاللاھ، ئاجايىپ ئۇستۇن تەرەققىيات ئىگىسىدۇر.

تىلكامىرا كۆرگەندەك، سىن ئالغۇلار سۈرەتنى، ئاۋازنى ئېلىۋالغاندەك ئىشلار بار، پۈتۈن ئىشلار ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يەتمەيدۇ، بۇنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىز.

**بىز مۆجىزە، ئالامەتلەرنى ئۇيۇقتا ۋە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرسىتىمىز** دېگەن ئايەت، مۆجىزە، ئاللاھ، ئەقىلنى ھەيران قالدۇرۇپ خالىغىنىنى قىلىدۇ، چەكسىز ئەركىنلىك ئىگىسىدۇر.

## روھ توغرىسىدا

ئالەمنىڭ تەركىبى زەررىچە ماددا،
ماددىنى بىلمىگەن ئالىم بەكمۇ ساددا.
بارچە ماددىنىڭ ھەرىكەت قۇۋۋىتى،
ھەق دەرگاھىدىكى ئالەمىي ئەرۋاھدا.

# سۈرە ئىسرا ئىككىنچى قىسىم

**ئۇلار سىلىدىن روھ توغرىسىدا سورىشىدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى، روھ، رەببىمنىڭ ئەمرى، (پەرۋەردىگارىم، روھنى ماددىسىز ياراتتى، روھنىڭ ئىشىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ). سىلەرگە پەقەت ئىلىمدىن ئازلا بېرىلدى** دېگەن توغرىسىدا

روھ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدىغان بولدى، ئەمما، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، ھېكمىتى، قۇدرىتى قاتارلىقلارغا دالالەت قىلىدىغان جايىدا ئازىراق ئىنسانلار بىلەلەيدۇ، مەسىلەن: پەرىشتە، جىن، ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھى قاتارلىقلار ئەرۋاھ دېيىلىدۇ. پەرىشتە، جىن توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق، ئەمما، ھەقىقىي ماھىيىتىنى يەنىلا ئاللاھ بىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھىي توغرىسىدا، رەسۇلۇللاھ خېلى كۆپ سۆزلىگەن، قۇرئاندىمۇ روھ توغرىسىدا مەلۇمات كۆپ، ھەدىستىمۇ شۇنداق، بەزىسى مۆجىزە قىلىنغان، بەزىسى كارامەت ئىش قىلىپ ئۇلار بىر ئالامەت.

بىز يۇقىرىدا روھ توغرىسىدا روھنىڭ بارلىقى توغرىسىدا توختالغان. بۇ روھ، راستىنلا ئىنچىكە بىر نازۇك مەخلۇق، سىرلىق بىر ئىش بولۇپ، ئىلىمنى، ئاللاھقا تاپشۇرغان بەكمۇ ياخشى ئىش، ئەمما، سىلەرگە ئازراق ئىلىم بېرىلدى دېگەن توغرىسىدا. بىزمۇ ئازراق توختىلىمىز. ئىككى ئالەمنى ئېتىبارغا ئالغاندا، ئاللاھ روھنى ماددىدىن بۇرۇن ياراتقان، بۇ دۇنيانى ئېتىبارغا ئالغاندا، ئاڭ، روھنى ماددىدىن كېيىن كىرگۈزىدۇ، ئەمما، ئۇ مەۋجۇت ـ دە! ماددا تەركىب تاپىدۇ ھەم پارچىلىنىدۇ، ئەمما، يوقاپ كەتمەيدۇ، روھ ئەسلا تەركىب يوق، پارچىلىنىش يوق، ئۇنداق بولغان ئىكەن، يوقىلىشى يوق، ئەبەدىيلىك مەخلۇق، قانداقلا بولمىسۇن، ئاللاھ ئۇنى ياراتتى، بۇمۇ ھادىسە، مەخلۇقتۇر. چۈنكى، ھادىسىنى، مەخلۇقنى قوبۇل قىلغان ئۆزىمۇ ھادىسە، مەخلۇق ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ھادىسىنى قوبۇل قىلغان، زېمىن ئۆزىمۇ ھادىسە، مەخلۇق بولغاندەك، بۇلارنى ئاللاھ ئەزەلى ئەبەدىي بولغان، يەككە ـ يىگانە، بۈيۈك ئاللاھ ياراتتى، ھەم باشقۇردى، شۇنداقلا بىزگە ئازراق ئىلىم بەردى، شۇڭا، بىز روھ توغرىسىدا ئازىراق توختىلىۋاتىمىز.

روھنىڭ ماھىيىتى، ھەقىقىتى ئاللاھقا مەلۇم، بىز بىلمەيمىز، پەرىشتە، جىن توغرىسىدا مەلۇمات كۆپ بولسىمۇ، يارىلىۋاتقانلار روھى ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھى توغرىسىدا بىز ھېچ مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، پەقەت بىرەر ئالامەت، نىشان بىلەن سۆزلەيمىز، مانا بۇ بىزگە ئازلا ئىلىم بېرىلگىنى، روھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن جەسەتكە خۇددى توك ماشىنا ئادەمگە ئۇلانغاندەك، تۇتىشىپ كېتىدۇ، خەۋەرگە قارىغاندا ئېغىزدىن كىرگۈزۈپ ئېغىزدىن چىقىرىدىكەن، قۇرئاندا، روھ ھەلقۇمغا كەلگەندە كىم شىپالىق قىلىدۇ؟ دەپ كېتىدۇ دېگەن ئايەت بار، دېمەك، روھنى ئېغىزدىن چىقىرىدىكەن، قانداق چىقىرىدۇ؟ بۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىسى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما، روھ ئالىملىرىغا، سوپىلارغا بىر خىل سۈرەتتە كۆرۈنگەن خەۋەر بار، پەيغەمبەرلەر ئۆز ئەينى بىلەلەيدۇ، ھەم تونىيالايدۇ، بۇ پالانى بۇ پالانى دېگەنگە قارىغاندا، روھدىنمۇ شۇ كىشىنى تونىغىلى بولىدىكەن، مەلۇم سېزىم ياكى سۈرەت بولىدىكەن، بۇنى ئالىملار، روھانى ئالىملار ئۆزى بىلىدۇ ياكى سوراپ بىلىدۇ، بۇ توغرىسىدا كېيىن توختىلىمىز.

ئاز ئىلىم بىلەن ئىجمالىنى بىلگىلى بولىدۇ، كۆپ ئىلىم بولسا، ئاندىن تەپسىلىي بىلگىلى بولاتتى، شۇڭا، روھ توغرىسىدا ماددىنى چۈشەندۈرگەندەك، تەپسىلىي توختالالمايمىز، ئەمما، ئازلا توختىلىمىز. سىز توغرىسىنى، ئاللاھ بىلىدۇ دەپ ئايەت، ھەدىسكە يۆلىنىڭ.

روھنى ماددا بىلەن بىرگە تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ھەر قانداق بىر ماددا نۇر، زەررىچىگە، ئاتومغا قايتىدۇ، پۈتۈن ماددىدا بوشلۇق بولىدۇ، خۇددى ئەينەكتىن نۇر ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇقماي قالىمىز، نۇر ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ ـ يۇ، روھ ئەلۋەتتە، ئۆتۈشۈپ كېتىدۇ، پوتۇلكا، ئەينەك ياكى بىر ھىم تاش ئىچىدىن ئەزرائىل بىلىندۇرمەي جاننى، روھنى ئېلىپ كېتىدۇ، ئەينەك بوتۇلكا ساق قالىدۇ، دېمەك، ئۇلارغا ماددا توسالغۇ بولالمايدىكەن، چۈنكى، بوشلۇق بار، كاۋاك بار، شۇڭا، ماددا پارچىلىنىدۇ، روھ ئۇنداق ئەمەس، مادا يوقىمىغان يەردە روھ قانداق يوقسۇن؟ ئۇ يوقىماي قايتا ھاياتلىق پەيدا قىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇ ئالەمنى، بۇ

دۇنيانىمۇ دېمەيمىز، ئۇ دۇنيامۇ دېمەيمىز، بۇ ھاياتى بەرزەخ دېيىلىدۇ، ئارىلىقدا توسۇلۇپ تۇرغان ھاياتلىق بولىدۇ.

روھ توغرىلىق قۇرئان، ھەدىسىدىن باشقا نۇرغۇن پاراگىلار بار، جىنكەشلەر سۆزلىرى، ئىسرائىلىيە ھكايىسى بار، ئەمما، بۇلار ئېتراپ قىلىنمايدۇ، چۈنكى، يالغان ئارىلاش بولۇپمۇ بەك كۆپ، بىز پەقەت ئىشەنچىلىك مەلۇماتقا ئىشىنىمىز، مەيسىلەن: ھەقىقەتچى، راستچىل، تەرەققىي قىلغان خۇراپىي ئەمەس، ئۇندىن باشقا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدەك زاھىدلار، پەيلاسوپ، ئالىملار، ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەيدەك ئالىملارنىڭ سۆزلىرى ئېلىنىدۇ، ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي روھنى ھازىر بولىدۇ دېگەن. ئەمما، شەرت، خالىي جايدا ئاللاھ... ئاللاھ دەپ پۈتۈن ماددىي دۇنيادىن ئالاقىنى ئۈزۈش، ئىبادەت، رامىزان بىلەن تۇرۇپ ئاز تائام يېيىش، ناچار ئەخلاقدىن ساقلىنىش، خۇددى پەرىشتە سۈپەت بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئاندىن، پەرىشتە ياكى پەيغەمبەرلەر ياكى ئۈز ماقامىدىكى بىرەر روھ سۆز قىلىدۇ دېگەن. ئايەت، ھەدىس، ئىجمائ بولمىسا، رەت قىلىنىدۇ، ئەمما، ساھابىلەردە يۈز بەرگىنى راست.

بۇلار سەيرى باتىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى، يەنى ماددىدىن خالىي ئىچكى سەپەر قىلىش، روھى سەيرە قىلىش، بۇلار ئەۋلىيالارغا كارامات بولىدۇ، پاسىقلارغا بېرىلسە، تەدرىجىي باپلاش بولىدۇ، ئەمەل، نىيەت بىلەن بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ياۋرۇپادا، ئامرىكىدا، بۇ روھ ئىلمى بىر مەھەل ئەۋجى ئالغان، بۇمۇ بىر قۇدرەت، مۆجىزە بولغان، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ ـ دە! بىزمۇ قۇلاق بىلەن روھنى ھازىر قىلىش، كۆرۈش، ھەتتا قەبرىستانلىقتا كۆرۈش ئەھۋالىنى ئاڭلىدۇق، ئىشەنچلىك كىشىلەر ئېيتىپ بەردى، ئىسلام دىنىدىمۇ قەبرىستانلىققا سالام قىلىنىدۇ، دېمەك، روھ بار، ئۇلار سالام قايتۇرىدۇ. تەپسىر مۇنىيىردا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىستانلىقتا روھ بىلەن پاراڭلىشىپ قايتقانلىق ۋەقەسى سۆزلىنىدۇ. بۇ بىر كارامەت بولىدۇ، ئاجايىپ قۇدرەت، بۇنى ئىنكار قىلسا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە تانغان بولىدۇ. بۇ راست، بۇ ھەق، بۇنىڭدا شەك يوق، سىزنىڭ ماقامىغا يېتىشىڭىزدە بولۇپ قالدى. ئىبادەتنى، بۇ ماقام ئۈچۈن قىلسا، تۈپتىن خاتالىشىدۇ، ئاخىرەتكە قۇرۇق قول بارىدۇ، ئەمما، ئاللاھ ئۆزى بەرسە بۇ ياخشىلىق بولىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بولىدۇ، كامالەتكە يېتىۋالسا، يەنىلا بەرمەيدۇ، چۈنكى، لازىمى يوق، ئىبادەت دېگەن ئاخىرەت ئۈچۈن، ئاللاھ ئۈچۈن، دىدارى ئۈچۈن قىلسا بولىدۇ، باشقا ئىشلار ھېچ گەپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ھازىر قىلىپ، بىلىم ئېلىش ياكى روھىي دۇنيادىن بىلىم ئېلىپ، تەرەققىي قىلىش توغرىسىدا پەقەت ئازمىسلا، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر خاتىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن، بىر خاتىرىدە تىرىك، راست گەپ شۇكى بىر قېتىم ئۆلۈپ كەتكەن، (ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئۆلۈپ كەتكەن دەيدۇ) ئەمما، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەيرى قىلىش، بىلىم بېرىشنى كارامەت قىلغان دېگەنلەرمۇ بار، جۇمھۇر ئالىملار ھايات دەيدۇ، چۈشىدىغان جايى، ئورنى، ئادىمى ئەڭ تەقۋا بولسا بولىدۇ، مانا مۇشۇ تەرەققىيات ئۈچۈن، مۇشۇ ئالىي ماقام، ئالىي نىيەت، ئاللاھنىڭ جامالى ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن، بىز ئالتە خىل روھ ھازىر قىلىش ئىلمىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، خالىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ، ئەمما، ماقام سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە ئەمەس، يەنە بىر گەپ شۇكى، ھەر بىر روھ ئۆز خىلىغا، ئۆز ماقامىغا چۈشىدۇ، ئۈستىنى ئاستىغا، ئاستىنى ئۈستىگە چۈشـــمەيدۇ. خىل ـ خىلى بىلەن بولىدۇ، تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن 93 ـ بەت، ئالتە خىل روھ ھازى قىلىش، شۇنداقلا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ ئىمام غەززالىنىڭ روھنى ھازىر قىلىشى سۆزلىنىدۇ، ئاللاھ، پاك، ئالىي نىيەتلىك قىلغاي ئامىن!

بىرىنچى يول مۇنداق، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، روھ ئالىملىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ ئالتە خىل يولنى بايان قىلغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ. (تۇغرىسىنى الله ئۆزى بىلىدۇ)

بىرىنچى، ھەر قانداق روھ ھازىر قىلغۇچى، ئاجىزلىقىنى ئاللاھقا تەگلىسۇن، چۈنكى، ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈن ئالەمنى ئاللاھ باشقۇرىدۇ، روھ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، شۇڭا، بۇ كىشى ئەدەب ـ ئەخلاقتا ياخشى بولۇپ، سۈكۈتنى ياخشى قىلىشى، بۇنىڭدىكى ئەدەبكە رىئايە قىلىشى لازىم. روھ مۇنداق ھازىر قىلىنىدۇ، ھازىر قىلغۇچى ھەمراھلىرى بىلەن ئەھلىي بىلەن بىرگە ئۈچ پۈتلۈق بىر تاماق شىرەسى تەييارلايدۇ، ھەممىسى

قوللىرىنى شىرە ئۈستىگە قويىدۇ، ئەمما، بىرەر نەرسىگە يۆلەنمەي تىك ئولتۇرىدۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ قولى يەنە بىرگە تۇتۇشۇپ تۇرۇشى لازىم. مۇشۇ ھالدا جىم ھالەتتە سۈكۈتتە **15** مىنۇت ئولتۇرىدۇ، ئەگەر جىم بولسا، تاراق ـ تۇرۇق بولمىسا، ئەتىسى قىلسا بولىدۇ، ھەتتا ھازىر بولغىچە گەپ بۇلارنىڭ يارىشىدا، ماقامغا لايىق بولۇشىدۇ، ئەگەر روھ ھازىر بولسا، شەپە بولسا، روھدىن سوئال سورىسا بولىدۇ، يا خەت ئارقىلىق، يا سۆز ئارقىلىق، روھ بۇلارغا ھەئە دىسە بىرنى يا ئىككىنى ئۇرۇش بىلەن مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ، ياكى ھەرىپكە ئىشارەت قىلىپ ئۇرىدۇ، مەسىلەن: بىرىنچى، بىرنى ئۇرسا ئەلىف، ئىككىنى ئۇرسا ب، ئۈچىنى ئۇرسا، ت، ئەلىف ب ت مۇشۇنداق تەرتىپ بىلەن ئۇرىدۇ، ئاندىن بۇ ھەرىپنى قۇراشتۇرۇپ خەتنى ئوقۇسا مەقسەت ئايدىڭلىشىدۇ، تولا ھاللاردا تۈنجى قېتىمدا خاتالىق كۆرۈلىدۇ، ھېچقىسى يوق، ئەمدى ئىككىنچى يولغا قاراڭ.

ئىككىنچى، سەن ھەمراھلىرىڭ ياكى ئەھلىڭ بىلەن تائام شىرەسى، داستىخان چۆرىسىدە ئولتۇرىسەن، قوللىرىڭلار ئاۋۋالقىدەك تۇرىدۇ، ئەمما، بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا بىر چەينەك ھازىر قىلىنىدۇ، چۆرىسىگە بولسا، چۆرگىلىتىپ ھەرىپلار يېزىلىدۇ، مەسىلەن: چۆرگىلىتىپ يېزىپ ئۈزۈن ھالدا چەينەكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ. (خەت) ھېلىقى ھېرىپلەر چىرايلىق، ئوچۇق يېزىلىش لازىم. ا ب ث گە ئوخشاش بۇ ھەرىپ يېزىلغان قەغەزنى چۆرگىلىتىپ  چەينەك چۆرىسىگە قويۇلىدۇ. ئاندىن يېرىم سائەت ياكى **15** مىنۇت داۋام قىلىنىدۇ، ئەمما، شەرتى ھەممە بىلەن ئاللاھقا ئاجىزلىقنى بىلدۈرۈپ، سالىھ بىر روھنى تەپەككۇر قىلىپ، سۈكۈتتە تۇرىدۇ، ئاندىن روھ ھازىر بولسا، شەپە بولسا، سوئال سورىسا بولىدۇ، روھ، چەينەك جوغىسىنى مىدىرلىتىپ، ھەرىپلەرنى ئىشارەت قىلىدۇ، ئاندىن مەقسەت ئېنىق بولىدۇ، بۇ ھەرىپلەر پۈتۈلۈپ ئوقۇلىدۇ، ئەگەر، ھازىر بولمىسا، ھەپتە، ئاي ھەتتا يېرىم يىل قىلىنىدۇ، تاكى تەلەپكە لايىق بولغۇچە روھ ھازىر بولغۇچە تۈنجى قېتىم بىھۇشلۇق، قورقۇنچ يېتىشى مۇمكىن، ئەمما، سەۋر قىلىش لازىم، رىيازەت كېتىدۇ! قىسقا قىلىپ، ئاندىن يەنە قىلسا بولىدۇ،

ئۈچىنچى يول شۇكى، روھلار بۇ ئەھۋاللارنى كۆرسە ياكى شىرەنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرسە ياكى ھەرىپنى كۆرسە، ئۆزى ئىشارەت قىلىدۇ، ياق ياكى ھەئە بىلەن بۇمۇ ئۇرۇش بىلەن بولىدۇ، يول مۇنداق، ئۈچ بۇلۇڭلۇق بىر ياغاچقا ئېلىپ بۇنىڭغا ئۈچ پۇت قىلىنىدۇ، ئاندىن بۇنىڭ بىر پۇتىغا قوغۇشۇندىن بولغان بىر قەلەم قويۇلىدۇ، بۇ قەلەم قەغەز ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئاندىن ۋاستىچى قولنى بىر چەتتە قويۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن قەلەم ئۆزى ئېلىنىپ خەت يېزىلىدۇ، سوئال بولسا، جاۋاب بېرىلىدۇ، بۇمۇ ھەرىپ بىلەن ياكى خەت بىلەن بولۇشى مۇمكىن، ھەر قانداق تىل بۇلۇۋېرىشى مۇمكىمىن، بولغاندا ئەرەب تىلى بولسۇن. چۈنكى، كىشى ئۆلۈشى بىلەنلا مۇسۇلمان بولسا، تىلى ئەرەبگە ئۆزگىرىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئەرەب تىلغا ۋە باشقا تىللارغا ماھىر، جىنلارمۇ، ئەرەب تىلىنى بىلەلەيدۇ، چۈنكى، ئۇلار قۇرئاننى چۈشىنەلىگەن.

تۆتىنچى يول مۇنداق، ۋاستىچى، ئاق قەغەزنى قويۇپ، ئاندىن قەلەمنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ، ئۆزى بولسا تەپەككۇر بىلەن سۈكۈت قىلىدۇ، چىداپ سەۋر قىلىش لازىم، ئاندىن قەلەم ھەرىكەتكە كېلىپ بۇ كىشىنىڭ ئىختىيارسىز خەت يېزىلىدۇ، سوئال قويسا، جاۋاب بېرىدۇ، كىتاب، تۈزمەكچى بولسا، ئاخىرغىچە يېزىلىپ چىقىدۇ. ھەرخىل نەقىش، سۈرەتلە كەلتۈرۈلىدۇ. خىلمۇ ـ خىل بىلىم پەيدا بولىدۇ، ھەتتا تىبابەت ئىلمى ھازىر قىلىپ كېسەللەر ساقايتىلدى.

بەشىنچى يول شۇكى، قۇرۇق ئاق قەغەز بىر قۇتا ئىچىگە سېلىنىدۇ، ئاندىن قۇتىنى پېچەتلەپ ۋاستىچى، قۇتا ئۈستىگە قولىنى قويۇپ تۇرسا، ئاندىن ھېلىقى بىز دېگەن ۋاقىت ئىچىدە خەت پۈتۈپ چىقىدۇ، ياكى سۈرەت سىزىلىدۇ، بۇلارمۇ بىر ھەيران قالارلىق ئىشلار بولۇپ، دەسلەپتە قورقۇنچ باسىدۇ.

ئالتىنچى يول شۇكى، بىز بۇنى سۆزلەپ ئۆتكەن، ئۇ بولسىمۇ ماگنىت ئارقىلىق، توك ئارقىلىق ئۇخلىتىش، نۇرغۇن سۈرەتلەر، نۇرلار ۋە نۇرنى ئىنسان، نۇرانى قوللار، كۆرۈنۈش، سۈرەتلەر ھازىر بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، بىر ئالىم، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن بۇ قۇرۇق سۆزمۇ، نېمە، سەن قىلىپ باقتىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مەن قىلىپ باقتىم. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يولنى ئاللاھ ماڭا ئاسان قىلدى، مەن بىر كۈنى ياخشى بىر قەۋم بىلەن ئولتۇراتتىم، ئۇلار ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا

توغرىسىدا سۆز قىلدى، روھنى سورىدى، بۇ مېنىڭ كىتاب تۈزۈۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، ئۇلار بىلمەي قالدى، توساتتىن چەينەك ھەرىكەتكە كەلدى، قارىسام شەپە، بەلگە مۇنداق دېگەن بولىدىكەن، مەن بىر مىسكىن ياش، ئاللاھنى تونىغان ياش، ئەمما، ئاللاھنىڭ جامالىغا ئىشتىياق بولۇشنى قەست قىلمىغان ھەم تەييارلىقنى پۇختا قىلالمىغان ياش دەپ سۆزلىدى، مەن ئۇنىڭدىن مەخپىي ھالدا، بىر نەچچە مەسىلىنى سورىدىم، ئۇ توپتوغرا مۇۋاپىق جاۋاب بەردى، مەن قاتتىق ھەيران قالدىم، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدە! [والله ۇعلم]

ھەقنى، دىننى مەقسەت قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھ، ئالىي روھىي ئۇستاز بەرسۇن، ئامىن!

يۇقىرقى ئالتە خىل يولنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى بىرىنچى، دەيكىنىس دېگەن مۇسەننىف ئالىم بىر كىتاب يازىدۇ، ئەمما، ئۇ بۇ كىتابنى يېزىپ بولالماي، ئالەمدىن ئۆتىدۇ، بۇ 1870 ـ يىل بولغان ئىش بولۇپ، بۇنىڭ ئاخىرىنى جېيمىس دېگەن كىشى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، خەت پوچۇركىسى دىيكىنس دېگەن ئالىمنىڭ بولىدۇ، قىلچە چاندۇرمايدۇ، جېيمىس بۇ كىشى سانائەتچى بولۇپ، ھېچقانداق ئىلىم يوق ئىدى، ئەمما، جېيمىس دېگەنبۇ ئادەم، دەيكىنىس دېگەن ئالىمنىڭ روھىغا ۋاسىتىچى بولغان ئىكەن، دىيكس دېگەن ئالىمنىڭ روھى جېيمىس دېگەن بۇ كىشىنىڭ قولى ئارقىلىق كىتابنى پۈتتۈرگەن ئىكەن، بۇ ئەھۋال ياۋرۇپا، ئامېرىكا، لوندون، بوستۇن شەھەرلىرىنى زىلزىلىگە سالغان ئىدى، ھازىرمۇ بۇ شەھەرلەرنى ئاختۇرسا، بۇ توغرىلىق ماقالە، ژورناللار كۆپ تېپىلىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر ئىشەنمەي، جىمىسنى خىجىل قىلغان، جېيمىس، دىيكنس دېگەن ئالىمنىڭ روھنى ھازىر قىلىپ، ھەر كۈنى يەتتە سائەت سۆھبەت داۋام قىلغان، 1200 ۋاراق خەت يازدۇرغان، ئاندىن كىشىلەر ئىشەنگەن، ھەتتا بۇلار بۇ ئىشنى پەلسەپە كىتابلىرىغا دەلىل ئورنىدا كىرگۈزگەن، بىزمۇ بۇ ئەھۋال قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلگەچكە شەكسىز ئىشىنىمىز، بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى خالاس. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىشىنى دېمەكچى.

كىشىلەر بۇلار دىنسىز تۇرسا، ئازاپدىن خالىي بولالمىسا، خەت يازغىلى، سەيرە قىلغىلى قانداق قادىر بولىدۇ، بۇ روھلار مەڭگۈ ئازابقا لايىقتۇر دېيىشى مۇمكىن، ئەمما، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، ئاللاھ، شەيتانغا، دەججالغا بەزى پاسىق كىشىلەرگىمۇ ھەتتا بۇ دۇنيانى كۆزلىگەن كىشىلەرگىمۇ كارامەت بەدى، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، بۇلار ۋە روھى قۇدرەتنى ھېچ كىم ئاللاھدىن تارتىۋالالمايدۇ، قۇرئاندا مۆجىزنى چىقىرىپ تۇرۇش ۋەدە قىلىنغان، ئاللاھ، خالىغان كىشىگە خالىغان جايغا بېرىدۇ، ئازابلاشقا ۋاقىت يېتىپ ئاشىدۇ، شۇڭا، بۇ ئىش مەڭگۈ داۋام قىلمىدى. ۋاقىتلىق بىر مۆجىزە بولىدۇ خالاس. مەن ھەيران قالدىم، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي شۇنداق دەپتۇ، ئاللاھ ئالىم

ئىككىنچى مىسال شۇكى، بەزى روھانى مەزھەپتىكى ئالىملار، جۇملىدىن ئالبانىيەدىكى دوكتۇر سىرياكس سىناق قىلغان بولۇپ، بۇ قەلەمنى تۇتۇپ تۇرغان، قەغەزگە سۆز يېزىلغان، بۇ كىشى، 19 قېتىم قۇرۇق قول نەتىجىسى بولماي، ئۇلتۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغان بولۇپ، 20 ـ قېتىم تۇيۇقسىز قورقۇنۇشلۇق ئىش يۈز بېرىپ، بەزى سوغۇق، بەزى ئىسسىق شامال چىقىپ قولنى مىدىرلاتقان، بۇلارمۇ قوغۇشۇن قەلەم، قەغەزنى قويۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، تۇيۇقسىز سول قولى سەكرەپ خەت يازغان، ھەرىكەت، بۇ كىشىنىڭ ئىختىيارسىز بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە سول قولىدا خەت يازالماس ئىكەن، بۇ دوكتۇرمۇ بىر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇغان، نۇرغۇن روھانى ماقالە يازغان، بۇلار ھىلىھەممۇ ئارخىپ ئامبىرىدا تۇرماقتا، پەيلاسوف ۋېلىيام كوركوسمۇ سىناق قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشكەن، بۇنىڭدىكى روھ، قەلەمسىز خەت يازغان. ( مەن ئۇ دىنسىز، غەيرى مۇسۇلمان بولسا، ئىشەنمەيمەن ) تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىشەنچىلىك، بۇ كارامەت ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن.

بارۇن دېگەن ئادەم روھنىڭ ھەقىقىتى دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان، مەن روھىي ئىشلارنى تەجرىبە قىلدىم، سىناپ كۆردۈم، دەسلەپتە قەلەم قەغەزنى ئىشقا سالدىم، كېيىنچە قۇتا ئارقىلىق خەت يېزىلدى، بەزىدە بىر كۈندە 10 قېتىم ھەتتا 20 قېتىم سىناپ كۆردۈم، كېيىنكى قېتىمدا قەغەزنىلا ئالدىمدا قويدۇم، ماقالە، كىتابلار يېزىلىۋەردى، ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى كۆرمىدىم دېگەن. بۇلار توققۇزى تەل تۇرسا، مەقسىتى پۇل بولمىسا، نېمە دەپ يالغان سۆزلىسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلار دوكتۇر، پىرافىسسور، پەيلاسوف، ئالىملار دەڭ تېخى.

بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا پەيلاسوف ۋاللاس، پەيلاسوف ئوكسىئون ۋە ئوكسپورد، زوللنىر، ئالبانىيىلىك دوكتۇر جەيبىيە، ئامرىكىلىق ئوقۇتقۇچى ئوۋەيت كوۋەس،بۇلار قاتتىق ئىھتىيات بىلەن گۇمان، شەك، تۆھمەتنى ئېلىپ تاشلاپ، ئىش كۆرگەن، شەكسىز ئىسپاتلاپ چىققان، قانۇنشۇناس ئالىم، سارجان كوكس بۇ ئىشنى سىناپ كۆرۈپ، پەيلاسوف بولۇپ قالغان، پەيلاسوف ۋاللاس مۇنداق دېگەن. سوتچى ئىدموننىڭ ئوغلى لاۋرا، ۋاستىچى ئارقىلىق بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، **10** خىل تىلدا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، ئىسپانىيە، فرانسىيە، يۇنان، ئىتالىيە، پورتگالىيە، لاتىنچە، ھىندىچە، ئىنگلىزچە، ئۇندىن باشقا خىلمۇ ـ خىل تىلدا سۆزلىدى، بۇ مۇددەت بىر سائەتكىمۇ يەتمەيدۇ دېگەن. بەلكى، بۇنىڭغا جىن چاپلاشقان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئىش توغرىسىدا نۇرغۇن غۇلغۇلا بولۇپ، پەيلاسوفلار، دوكتۇرلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاندىنمۇقىم ئىسپاتلىغان، ئاندىن كېيىن گېزىت ـ ژۇرنال، ماقالىگە رۇخسەت قىلىنغانىكەن. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى **1962** ـ يىلمۇ بولغان، بۇ تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ۋاپاتىدىن **22** يىل كېيىن، ئەمما، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **30** ياشقا كىرگەن چاغدىلا، بۇ ئىشنى ئىسپاتلاپ چىققان، ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ﴿وعادوالمانهواعنه﴾

ئەگەر سىلەرگە بىرەر پاسىق خەۋەر بەرسە ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار دېگەن ئايىتى بويىچە ئېنىقلاپ كۆرگەن، ئاندىن قۇرئان ئايىتىگە، ھەدىسلەرگە سالغان، ئايەتتە ﴿**ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسا، يانىلا ئۆزىنىڭ ئىشنى قىلىدۇ، چەكلەنگەن ئىشنى قىلىدۇ**﴾ دېگەن بار، بۇ ھېلىقى يازغۇچىنىڭ روھى قايتۇرۇلغاندا، كىتابنىڭ ئاخىرىنى يازغان ئىش، ئۆز ئەينى ئايەتنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆز ئىشنى قىلغان، يەنىلا چەكلەنگەن قانۇنسىز ئىشنى قىلغان، يەنە، ئاللاھ؛ ﴿**ئوقۇغىن، بۈگۈن ئۆز نەپسىڭ گۇۋاھلىققا كۇپايە**﴾ دېگەن ئايەتنى دېگەن، نەپسى، روھ كۇپايە قىلىدۇ، گۇۋاھچى بولىدۇ. يەنە، ئاللاھ، روھ توغرىسىدا سىلەرگە ئازراق ئىلىم بېرىلدى دېگەن، بىز مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئازراق توختىلىۋالىمىز، بەزى روھانى كىتابدىن روھلارنىڭ پۇشايمىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ، مانا بۇ؛ ﴿**ئىست مۇسۇلمان بولسامچۇ دېگەن**﴾ ئايەتنى كۆرسىتىدۇ، كاپىرلار مۇسۇلمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ دېگەن.

قۇرئاندا، ئۆز ۋۇجۇدى، قول ـ پۇت، گۇۋاھلىق بېرىش سۆزلىنىدۇ، روھ توغرىلىق سۆزلەر كۆپ، ھەدىستىمۇ رەسۇلۇللاھ روھقا سۆزلىگەن، جىننىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىگەن،« ئۇلار ئاياقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتىدۇ» دېگەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قەبرىدە جاۋاب ئالالىغان، جۈملىدىن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، تەپسىر يېزىۋېتىپ، ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ روھىنى ھازىر قىلغان، ھازىرمۇ بەزى ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىمىز بىزگە روھ بىلەن كۆرۈشكىنىنى سۆزلەپ بەردى، بەزىلەر قەبرىستانلىقدا كۆرۈشكەن، بەزىلەر ئۆيدە، پەرىشتە، جىن، ئۆلگەنلەر روھى بۇ ئۈچىنى قوشسا ئەرۋاھ بولىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئۈچ روھ توغرىسىدا (كىتابۇل ئەرۋاھ) روھلار كىتابىنى يازغان، زاھىد يولىدىكى كىشىلەردە بۇ ئىش كۆپ، ھەقىقي ئادىل راستچىللىرىدا ئاز، بولۇپمۇ كارامەت كۆرسىتەلەيدىغىنى يوق دىيەرلىك، بەزىسى ئۇنىماي قويىدۇ، بەزىسى قورقىدۇ، ئەمما، بۇ ئەمەلىيەت، بۇ راست، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياسقا ئۇيغۇن، پەرىشتە، جىن، روھ بۇ ئۈچى چوقۇم مەۋجۇد، ئاللاھ خالىسا، بۇلار ئاشكارا بولۇۋېرىدۇ. بۇ بىر ئالاھىدە ئەھۋال، سىز باش قاتۇرماڭ.

ئەمما، روھ ھازىر قىلغۇچىلار مۇنداق ئەدەپكە رىئايە قىلىشى لازىم. خالىي بولۇش، قەلبى تەسكىن تاپقان بولۇش، سۈكۈت، قىزىقىش، راستچىل بولۇش، ئىرادىلىك بولۇش، ئۆزگىرىشچان بولماسلىق، سەۋرە قىلىش، غەۋغادىن خالىي جايدا بۇلۇش، پىكرىنى چاچماسلىق، ئاللاھقا ئاجىزلىق بىلەن ئىلتىجا قىلىپ، كۈتۈش، روھلارغا ھۆرمەت قىلىش، خۇددى تىرىك ئادەمگە ھۆرمەت قىلغاندەك، ھۆرمەت قىلىش لازىم. سىناقنى تەجرىبىنى ھەر كۈنى **15** مىنۇتتىن ئوشۇق قىلماسلىق، بۇ ئىشنى بىر ئاي، ئىككى ئاي، ھەتتا يىرىم يىل قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىن قىلماسلىق، چۈنكى، ئالتە ئاي ئۇزۇن ۋاقىت، بەزىلەرگە تۈنجى قېتىم ئاشكارا بولغان، بەزىلەرگە **20** ـ قېتىم كۈچ ـ قۇۋۋەت، روھى، يۈرىكى ئاجىز كىشىلەر بۇ ئىشنى قىلماسلىق لازىم. ئەگەر بىز دېگەن سۆزگە كىرمىسە ۋابالى ئۆزىگە، چۈنكى، ھەر خىل روھى كېسەل بولىدۇ، جىن چاپلىشىدۇ، ۋاھاكازالار، ئەڭ ياخشىسى بۇرادەر بىلەن ئەھلى بىلەن ئولتۇرۇش، يالغۇز بولسا، زەرەر يېتىدۇ، كىمكى ئۆزىدە پۇختا تەييارلىق ئىرادە بولمىسا قىلمىغىنى تۈزۈك.

ئەگەر بۇ ئىش ئاشكارا بولسا، پەسكەش ئىشلار ئۇچۇن، هاۋايى ـ هەۋەس، نەپسى ئۇچۇن ئەمەس بەلكى، ئۇلۇغ ئىشلار ئۇچۇن، مۆجىزە ئۇچۇن، بولۇپمۇ قۇرئان مۆجىزىسى ئۇچۇن ئىشلەتسۇن، روھلارنى هازىر قىلىش كۇنىنى، روھلار بىكىتىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئىلكىمىزدە ئەمەس، ئەگەر خەتنى ياكى ھەرپىنى، ئىشارەتنى چۈشىنەلمىسە، قايتا ئەدەپ بىلەن سورىسۇن، تولا هازىر قىلىشمۇ زىيانلىق بولىدۇ. نىرۋىسىسىدا ئاجىزلىق بولسا، مەجنۇن قىلىپ قويىدۇ، كىچىك باللارغا زىيان قىلىدۇ، بۇ ئىش بىرەر كىشىنىڭ ماقامىغا يېتىپ كامال تاپقانلىقى ياكى نۇقسان بارلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، مەقسەت ئەمەلدە، قىيامەتتىكى نەتىجىدە، بەزىدە ئالىي ماقامدىكى روھ، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ جايلارغا هازىر بولالايدۇ. تۆۋەن تەبىقىدىكى روھلار، بىرلا قېتىمدا بىر جايغا هازىر بولالايدۇ، بۇلار زېمىنغا بەك يېقىنكەن، پاك، ئالىي روھلار ماددىدىن بەكلا ئۈستۈن بولۇپ، بۇلار پاك ماددىدىن، نىجاسەتتىن پاك، ئاق قەلبىكلا مۇناجات قىلىدۇ، بۇ قەلبىدە كىبىر بولماسلىق شەرت، مەنمەنلىك بولماسلىق، تېخىمۇ شەرت.

ئەرۋاهلار، پەرىشتە، جىن، ئۆلگەن روھلاردىن ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

بىرىنچى، تۆۋەن تەبىقىدىكى روھلار بولۇپ، بۇلار دۆتىرەك كېلىدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇلار ماددىغا، زېمىنغا يېقىن، يامانلىق كۆپ، نىجىس بولۇشى تۇرغانلا گەپ. بۇ جىن بۇلىشى مۇمكىن

ئىككىنچى، ئۈستۈن تەبىقىدىكى روھلار بولۇپ، بۇلار ماددىدىن خالىي، ماددىغا ھاكىمىيەت ئىگىسى بولالايدۇ، ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، رەزىللىكدىن نېرى بولىدۇ. ئۆزىمۇ سالىھ، سېخى، ئىسلاھاتنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشىلەرگە سالىھ پىكرنى ئىلھام قىلىدۇ، تەرەققىياتى ئەقلىيدۇر، بەزىسى هۆكما بولىدۇ، ئىلمى تولۇق، نۇقسان يوق، بەزىسى ھېكمەتلىك، پەزىلەت، كامالەت، ئىلىم، ھەممە توشقان بولۇپ، بۇلار، پەقەت ھەقىقەتنى، مەرىپەتنى ئىزدىگەن، كىشىلەرگىلا ئىلىمنى تاشلايدۇ، شەرت شۇكى، تالىپ، دۇنيالىق ئىشلاردىن قەلبىنى، نىيىتىنى نېرى قىلىشدۇر، بۇ ئىككىنچى ماقامدىكى ئالىي روھ.

ئۈچىنچى، ئالىي ھەم پاك روھ بولۇپ، بۇلار كامالەتكە يەتكەن، ئەيىب ـ نۇقساندىن خالىدۇر. ماددىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بۇلار پەقەت ئالىي نىيەتلىك پەزىلەتلىك، خار سۈپەتتىن خالىي، پەرىشتە سۈپەت ئېسىل كىشىلەرگە مۇناجات قىلىدۇ، ئويغاق ۋاقىتىدا سۆز قىلىدۇ، ئەگەر لايىق بولسا، ئۆلۈم ئىنسان تەبئىيتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، بۇ دۇنيادا قانداق بو لسا، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق قويىدۇ. مەسىلەن: ئالىم، ئالىم پېتى، زالىم، زالىم پېتى، ۋەھشى، ۋەھشى پېتى، شائىر، شائىر پېتى قويىدۇ، راست، قارا ـ تۇركلەر ئاخىرەتتە ئالىم بولۇپ قالسا، بۇ دۇنيادا ئوقىغانىنىڭ نېمە پەزىلىتى بولىدۇ؟ ئەمما، بەزى بىر مەسىلىلىرىنى بىلىپ قالىدۇ، چۈنكى، پەردە كۆتۈرلۈپ كېتىدۇ، لېكىن، بۇ ئالىم، پەيلاسوف بولۇپ قالمايدۇ، بەربىر ئالىملارمۇ يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولىۋېرىدۇ. كىم ئەمەلنى ياخشى قىلسا، شۇ هۆرمەتلىك بولىدۇ، لەززەتنى ئالىملار بەكىرەك ئالىدۇ، چۈنكى، ئۆلارنىڭ دۇئاسى، سورايدىغىنى، تەرەققىي قىلغاندۇر. ھەدىستە، ئىنسان نېمە ئۈستىدە ئۆلسە شۇ ئىش ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ دېيگەن. ئىنسان قىلىۋاتقان ئىش، ھەرىكەت ئۈستىدە جان ئۈزىدۇ، ئاللاھ، ئىككى پىرقىنى، ئىش، ئەمەلنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ يانماس ھالەتكە ئەكىلىپ جېنىنى ئالىدۇ، يەنە ئازىراق ئۆمۈر كۆرسە ئۆزگىرىپ قالامدۇ؟ دېيىش خاتا، چۈنكى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ مەڭگۈ ئۆزگەرمىگىدەك ھالەتتە، روھنى ئالىدۇ ـ دە! ئىنسان شۇ ئىش ئۈستىدە قوپۇرىلىدۇ، ئەگەر، پەرزەن قايتۇرۇلسا، يەنە شۇ ئىشنى قىلىدۇ.

كىمكى ئەما بولسا، ئاخىرەتتىمۇ ئەما قوپىدۇ دېگەن ئايەت، باينىڭ قەلبى ھەقىدىن ئەما بولسا دېگەن بولىدۇ، كۆپىنچە، نىجىس روھلار هازىر بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، بۇلار بەكلا يېقىن، پەستە بولىدۇ، بەلكى، بۇلار جىندۇر، بۇ دۇنيادا ئىنسانلار ھەر خىل، ھەرياڭزا، ھەر تائىپە بولغاندەك، روھلارمۇ ھەر تائىپە بولىدۇ، ئەگەر، هازىر بولغان روھدىن شەكلەنسەك، ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئورنىنى، يۇرتىنى، مەلۇم بەلگىسىنى سوراپ باق، ئۇنىڭ يېشىنى سوراپ باق، قەسەم قىلدۇر، ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ مەن پالانىنىڭ روھى، بۇراست دېسۇن، كۆپۈنچىغۇ پاسىق روھ يالغان قەسەم قىلىۋېرىدۇ، قورقمايدۇ، كۆپىنچە تۇرك روھ، ئالىمغا، ئالىم روھ تۇرككە چۈشمەيدۇ، رەزىللىرى پەزىلەتلىكگە چۈشەلەيدۇ، خىل ـ خىلى بىلەن بولىدۇ، ئالىي روھلار تالىپلارغا چۈشۈپ، ئىلىم بېرىشى مۇمكىن، ئاللاھ خالىسا بولىۋېرىدۇ، بەزىدە رەزىل روھلار ئۈستۈن ماقامدىكى روھلارنىڭ ئىسمىنى قولىنىۋالىدۇ، بۇمۇ ئىنسانلار ئۈچۈن تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق، تەتقىق قىلىش لازىم.

پىكىر، تەپەككۇر يۇقىرى كىشىلەر ۋاستىسىزلا ئالاقە قىلالايدۇ، روھلارنى كېلىشىدىن تونۇپ قويىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە بولىدۇ. ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ پەتىۋا كىتابىدا، روھ، جىن توغرىسىدا پەتىۋالار بار، كۆرۈپ قويۇڭ.

شەخسىيەتچىلىك ياكى كېلىشىدىن تونۇپ قېلىش، رۇخسەت يوق، ئورنى، ماقامى بەكلا تۆۋەن بولۇش، ماس، مۇۋاپىق بولماسلىق، بەزىدە جازالاش ئۈچۈن ئۈستۈن، ئالىي روھ ئاستىغا ئەۋەتىلىدۇ، ھاۋا، ئاۋازنى يورۇتقاندەك، پىكىرنى نۇر ئەسەرىي ئالەم يورۇتىدۇ، روھقا ئاپىرىپ ئۇلايدۇ، ئاندىن روھدىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. پىكىرنىڭ چېكى يوق، روھ پىكىرنىڭ چېكى بولۇپ، زېمىندا توختايدۇ، بۇ كومپيۇتېر تورلاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەر بىر روھ ئاللاھ رۇسەت قىلسا ئەركىن بولالايدۇ. پايدا ـ مەنپەئەت بولسىلا، ساياھەت قىلالايدۇ، بۇلارمۇ بۇ ئىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ماقامى ئۈستۈن كىشىلەر ھەيۋەتلىك بولۇپ، تۆۋەن روھلار يېقىن كېلەلمەيدۇ، ھەتتا بۇلاردىن شەيتانمۇ قاچىدۇ، خۇددى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاچقاندەك، ھايات، تىرىك كىشلەرنىڭ روھلىرى شۇلار ئۇخلىغاندا ھازىر بو لىدۇ. بۇندىن كېيىن كېلىدىغان كىچىك باللار روھلىرىنى ھازىر قىلغىلى بولمايدۇ، كېسەل، قېرى كىشىلەرنىڭ روھىنى ھازىر قىلىش زەرەرلىك بولىدۇ، ئىككى تەرەپ زىيان تارتىدۇ، ماقامى ئۈستۈن روھلار چاخچاق مەجلىسگە ھازىر بولمايدۇ، خۇددى پەزىلەتلىك كىشى، بۇ دۇنيادىمۇ خالىي تۇرغاندەك، ئويۇن ـ تاماشا قىلىنسا ياكى كەيىپ قىلىنسا، ئالىي روھلار كېتىپ، پاسكىنىسى قالىدۇ، ئاندىن بۇلار جىنكەش بولۇپ قالىدۇ، خۇددى خىتايدەك بۇلارنىڭ جىن بىلەن ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇنى قۇرئان بىلەن ھەل قىلىمىز.

بۇ سۆزلەر، روھ ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىپ ئېلىندى، مەسىلەن: ئىمام غەززالىي رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، چۈنكى، بۇلار ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىقىدىن خەۋىرى يوق، بۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ھەقىقي ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشىنى بىلسە، ھۆر، ئەركىن ئارام ئالىدىغىنىنى بىلسە، ئەڭ ئالىي بولغان دەرىجە ئەمەلىي ئىبادەتكە خالىي بولاتتى، توي قىلماي كىشىلەرگىمۇ ئارىلاشماي ياشايتتى دېگەن. بۇ سۆزلەرگە ئىلمدا توشقانلار ئىشىنىدۇ، تۇركلەرمۇ ئىشىنىدۇ، چۈنكى، بۇلار ئالىملار يېتەكلىشىدە بولىدۇ، ئەمما، بىر قىسىم چالا موللىلار قۇرئاننىڭ باتىنى تەپسىردىن ياكى روھ توغرىسىدىكى تەپسىردىن ياكى تەبئىي ـ پەن تەپسىردىن تولۇق خەۋىرى يوق، ئىنكار قىلىدۇ، بۇ كىتابنى چۆرۈۋېتىشى مۇمكىن، نادانلىق پايدا بەرگەن ئەمەس، ئى بۇرادەرلەر، مەن ھېچقانچە ئادەم ئەمەس، ئەمما، سىلەر قۇرئانغا، ھەدىسكە، ئىجمائ، قىياسقا، پەيلاسوفلار تەستىقى چۈشكەن ھەقىقەتكە، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىڭلار لازىم. زېمىننى ساياھەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار، كۆزىتىڭلار، تەپەككۇر قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىپ، مەن بىلمەن دېگەن مەنمەنلىكدىن، تەكەببۇرلۇقدىن چۈشۈپ تۇرۇپ، تارتىنماي مەسلىنى ھەل قىلىڭلار، ئىلىم دېگەن، چەكسىزدۇر، زاھىر ئىلىم باتىنى بىلىمنىڭ يېرىمىغا تەڭ ئەمەس. مۇسا ئەلەيھىسسالام، خىزىردىن دەرس ئالغاندۇر، دېمەك، پەيغەمبەر، ئەۋلىيادىن دەرس ئالدى، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار.

قۇرئاننىڭ ھەرخىل تەپسىرلىرىنى بولۇپمۇ روھ توغرىسىدا باتىنى بىلىم توغرىسىدا، تەبئىي ـ پەن توغرىسىدا، قەدىمقى ۋە ھازىرقى تەپسىرلەرنى بىللە ئېلىپ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئارىلىقنى زىتلەشتۈرمەي كۆرۈڭلار، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت، ئىنسانلار خاتالىشىدۇ، ئىلھام شۇڭا شەرىئەتكە ئاساس قىلىنمايدۇ، بۇ سۆز، نۇرۇلئەنۋاردا بار، شۇڭا، راستىنى، توغرىسىنى قوبۇل قىلىش، خاتاسىنى تۈزىتىش لازىم. پەقەت قۇرئان، ھەدىسلا خاتادىن ساقىت، بۇ مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس گۆھەردۇر، ئەڭ توغرىسىنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ خالاس. ھەرقانداق سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلمىسە، چۆرۈۋەت.

بىر ھەقىقەت دۇنيادىكى بارچە تىلدا سۆزلەنگەن

دۇنيادىكى بارچە تىللار بىر تىلدا سۆزلەنگەن

بارچە تىللارنىڭ سۆزىدە بىر مەنە سۆزلەنگەن

تىللارنى قورال قىلىپ ئىنسانلار مەقسەتكە يۈزلەنگەن

توختالدۇق بۇ كىتابنىڭ بۆلەك ـ بۆلەكتىن
قوشۇپ قويدۇق ئازغىنا سۆز چىن يۈرەكتىن
مۇراد ـ مەخسەدكە چوقۇم يېتىمىز
قوللىرىمىز ئۈزۈلمىسلا دۇئا ـ تىلەكتىن
مەخلۇققا بولغان ئىشق خالىققا بولغان ئىشقنىڭ كۆرۈكى،
بارچە كائىنات ئاللاھنىڭ گۈزەللىكى، قۇدرەت كامالىنىڭ كۆزنىكى
ئاللاھ... زىكرى بىلەن تېرىلگەن قەلب مەڭگۈ ئۆلمەس
بۇ قەلبنىڭ شەيتاننى دۈشمەن تۇتقىلىمۇ چولىسى تەگمەس
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قەلب شەيتانغا باش ئەگمەس
خالىققا ئاشق بۇ قەلبكە مەخلۇق ئىشقى تەگمەس
مەخلۇقنىڭ ئىشقى بۇ قەلبگە تەگسىمۇ
خالىقنىڭ ئىشقىغا كۆرۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس
مەجازى ئىشقنى ئىلاھىي ئىشققا تۇتاشتۇرمىغانلار
دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بولىدۇ نەس
قەلبىڭگە مەجازىي ئىشق تۇتاشسا
ئىلاھىي ئىشققا قىلىپ باقىن قەس
خالىقنىڭ مۇھەببەت ئىشقى ئالدىدا
مەخلۇقنىڭ ئىشقىنى قىلغىن بولدى بەس
ئەمما بۇ ئاسان ئەمەس، چىن ئاشىققا قىيىنمۇ ئەمەس
مەخلۇق ئىشقىنى خالىق ئىشقى بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل كەس

ئىنسانلارغا نېمەتتۇر تاغلار
بولۇپمۇ ئەۋلىيالارغا نېمەت غارلار
ئىبادەتكە ئايرىلغاننىڭ لەززىتىنى بىلمەس
جىنسى ھېسسىياتقا بېرىلگەن ياش باللار
ھەقدىن توسىدۇماللار
بۇ توسالماس توسۇ باللار
ئەدەبىلئەبەد ھەقتە چىڭ تۇرمىغۇچە
زادى ئارام تاپماس بۇ جانلار
چوڭقۇر پاتقاقتا پېتىپ قەلب
خىلمۇ ـ خىل بولۇپ قالدى خىياللار

ئۆزى سەزمەي توي تۇمۇشنى قىلىپ قەلب
مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ قالدى جۇۋانلار
ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت ئىكەن
قايىل بولدى بۇنىڭغا خان ـ خاقانلار
ھەق يولدا ماڭغان دۇنياغا پەرۋاسىز
گەرچە بولسىمۇ ئۇچىسىدا جۇل ـ جۇل چاپانلار

ئاللاھ رازىلىقى، ئىشقى ئۈچۈن ھەقىقىي ئاشىق، چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن بىر مەشۇقنى تەرك ئەتسە، بۇ ياخشى كۆرگەن 10 ئايالنى تەرك ئەتكەندىن دەرىجە جەھەتتىن ئەۋزەلدۇر.

## سۈرە كەھپە يەنى ئەۋلىيالار غارى

بىز سۈرە كەھپىنى كۆزىتىشدىن بۇرۇن، سۈرە ئىسرادىكى بىر ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز، ئۇ بولسىمۇ سەن قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا سەن بىلەن ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىغا پەردە قىلىپ قويىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرئان ھەقىقىتىنى بىلەلمەيدۇ دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

قۇرئان ھەقىقىتىنى، مۆجىزىسىنى، سىرلىرىنى بىلىشىدىن توسۇپ تۇرىدىغان پەردە بەش خىل بولىدۇ دېگەن. يەنى بۇلار، جىسمىي، خۇلقى، ئەقلىي، ئىلمى دىنى پەردىلەر، جىسمى پەردە دېگىنىمىز، ئىنسان ئاجىز بولسا، جىسمى كېسەل بولسا، قۇۋۋىتى خوراپ كەتسە، ئىلمىنى چۈشىنەلمىسە، ئىلىم بىلەن ئەمەلگە تەڭ ماسلىشالمىسا، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن لەززەت ئالالمىسا، بۇ ئەھۋالمۇ جىسمىي پەردە، توساق بولۇپ، ھەقىقەتتىن توساپ قويىدۇ، بولۇپمۇ قۇرئان مۆجىزىسىدىن توسۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، ئاللاھ، □الوتنۇ پادىشاھ قىلغاندا، ئۇنىڭغا، ئاللاھ، جىسمىدا، ئىلمىدا، بەست بېرىپتۇ دېگەن. ئىلىم بىلەن جىسمنى قوشۇپ سۆزلىگەن. ئەلۋەتتە، روھ، ئەقىل، تەپەككۇرنىڭ ماددا جىسىم بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار، بۇلار گۆش بىلەن ياغدەك بىر تۇققان، بىر ـ بىرىدىن پايدا ئالىدۇ. ئەمما، روھ، ماددىغا موھتاج بولمايدۇ دېگەنلەرمۇ بار.

ئىككىنچى پەردە، خۇلقى پەردە بولۇپ، بۇ، ئىنسانلاردىكى شەھۋەت، ئاداۋەت، ھەسەت، تەكەببۇرلۇق بولۇپ، بۇلارمۇ پەردە بولۇپ، قۇرئان ۋە باشقا ھەقىقەتتىن توسۇپ قويىدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەتتىن توسۇپ، تۇگىمەس ھەسرەت ـ نادامەتكە قالدۇرىدۇ، توغرا يولدىن، ھەقىقەتتىن، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، دەلىل، ئۇلارنىڭ قەلبى قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبىدىن قارىيىپ كەتتى، جەزمەن ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىپ قالىدۇ دېگەن. مانا بۇ دۇنيادىكى ھەقىقەتتىن پەردىلەنسە، ئاللاھنىڭ جامالىدىن پەردىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى پەردە، ئەقلى پەردە بولۇپ، ئەزەلدىن ئەقىلسىز، پىكرى كام، مەرىپىتى يوق، مۇئەللىمنىڭ تەلىمى، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئەدەبلىك قىلىش، كائىناتتىنىڭ ھادىسىسىمۇ بۇلارغا تەسىر قىلمايدۇ، ئەمما، بۇلار بەكلا خام بولۇپ، ئاز ساندىكىسى بولسىمۇ، ساختا ئىشلىتىدۇ، چەكتىن ئاشۇرىدۇ، بۇلارمۇ ھەقىقەت، مەرىپەتتىن توسۇلۇپ قېلىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خىجىللىقتا ياشايدۇ. دەلىل شۇكى، ئاللاھ، قۇرئاندا باشتىكى ھايۋانى كۆز كور بولماس، بەلكى قەلب كور بولىدۇ دېگەن. مانا بۇ ئەقىلسىز بولۇپ قالىدۇ.

تۆتىنچى پەردە، ئىلمى پەردە بولۇپ، بۇ دېگىنىمىز ئىنسان ئازراق بىلىم ئېلىپلا ئىلمىنى خەتمە قىلىدۇ ـ

دە!، دەرس بېرىش ئىشلىرىدىن ئىلمى مەنسەپىدىن يەنى مۇتەخەسسىس، ئىنجىنىر، دوكتۇر، پىرافىسور، پەيلاسوف دېگەنلەر بىلەن ياكى پەننى سانائەت، بىرەر كەشپىيات بىلەن ياكى ئىنسانلارنىڭ مەدھىيىسى، ماختىشى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ھۆكمالاردىن ھەقىقىي ئەمەلىي بار، تەقۋا پەيلاسوفلاردىن ئىلىم ئالمايدۇ، مەن مۇكەممەل پۈتتۈم، مەن يەنە نېمىنى بىلمەسمەن، دەپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىلىم چەكسىزدۇر. قولىدىكى ئازغىنا كىتاب بىلەن بىرەر كاتتا تەپسىر بىلەن كۇپايىلىنىدۇ، باشقىلارنى ياكى كىتابلارنى ياقتۇرمايدۇ، تېخى ئۆزىنىڭ قولىدىن بىر تال ماقالە يېزىش كەلمىسىمۇ، پەيلاسوفلار تەپسىرشۇناسلار ئۇستىدىن باھا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خاتا، بۇ توغرا دەپ ھۆكۈم قىلىپ كېتىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزى تورۇكلۇك، مانا بۇ خۇراپىيلىق، بۇ پەردىمۇ ھەقىقەت، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن توسۇپ قويىدۇ، دەلىل: ھەممىسى ئۆز نەزلىدىكى ئىلىم بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاخىرى بۇلارغا زاڭلىق، مەسخىرە قىلغانلىقنىڭ جازاسى چۈشىدۇ، ھالاك بولىدۇ دېگەن ئايەت بار، بۇلارنىڭ قەلبى، مۇتەكەببىرلىك بىلەن، كورلۇق بىلەن، غورۇر بىلەن پېچەت ئورنىتىپتۇ، كۆزى كور بولۇپتۇ، ئېرسىيەت كېسىلى، جاھالەت، ھاكىمىيتى، پىسخىكىسىنى ئىگىلەپتۇ، خۇراپاتلىق چىرماپتۇ، بۇلار ئاللاھ دېگەندەك مۇنداق بولىدۇ.

**﴿ئايىتىمىزنىڭ ھەقىقىتىدىن زېمىندا ھەقسىز مۇتەكەببىرلىك قىلغانلارنى چۆرىۋېتىمىز، ئۇلار ھەرقانداق بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىمۇ ئىشەنمەيدۇ﴾** دېگەن، راست، بۇلارغا كائىناتنى، ئاسترونومىينى، روھ ئىلمىنى، تەبئىي ـ پەننى كۈچىنىڭ بارچە چۈشەندۈرسىمۇ ئىشەنمەيدۇ، جاھىلدۇر. زەڭ قويمايدۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلانمايدۇ، ئاخىرى بۇلارمۇ مۇشۇ ئىلمى پەردە بىلەن ھەقدىن توسۇلىدۇ.

بەشىنچى پەردە، دىنىي پەردە بولۇپ، بەزىسى خىرىستىئان، بەزىسى يەھۇدىي، بەزىسى بۇددا، بەزىسى كاتولىك، بەزىسى شامان دىنى بەزىسى ھىندى، بەزىسى مەجۇسى ئىش قىلىپ ھەممىسى مېنىڭ توغرا دەپ ئىسلامغا، قۇرئانغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزگە ئوخشاش بالىلىرىنىمۇ شۇنداق تەربىيلەيدۇ، ئاخىرى بۇ پەردە بۇلارنى ھەقىقەتتىن، قۇرئان مۆجىزىسىدىن توسىۇد، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بەزىسى دوكتۇر، پەيلاسوفلار ئىسلامنى چۈشۈنۈپ، ئۇلارنىڭ يالغان تۆھمەتلىرىگە ئىشەنمەي، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىچىدىكى دىنى پەردە بولسا، بىرسى مەن خاۋارىج دىسە، بىرسى مەن شىئە راۋاپىز دېگەن. بىرسى مەن سۈننىي دىسە، بىرسى مەن شىيئە دېگەن، بىرسى مەن ئىمامىيە دىسە، بىرسى مەن زەيدىييە دېگەن. تېخى سۈننىي مەزھەپ ئىچىدىمۇ بىرسى مەن ھەنىفىييە دىسە، بىرسى شافىي دېگەن، بىرسى ئەھمەدىي دىسە، بىرسى مالىكي دېگەن، مانا شۇنداق قىلىپ دىن مەزھىپى، يول مەزھىپى، ھەر خىل ئىختىلاپلار قۇرئان ھەقىقىتىدىن توسۇپ، ئارىغا زور بۆلگۈنچىلىك سالدى، بۇنىڭ سەۋەبچىسى خەلق ئاشۇ نادان ئالىملار بولدى، دىن، ئەقىدە، ئاخىرەت، ئاللاھ، جەننەت، دوزاخ، چوڭ پەرىزدە ئىختىلاپ يوق، بولۇپمۇ پۈتۈن دىن ئىچىدە ئىختىلاپ يوق، پەقەت كىچىككىنە قانۇن، ئىبادەت، تۈزۈم جەھەتتىن ئىلمىي تەتقىقات بار ئىدى، ئەمما، كىشىلەر بۇنى يوغىنىتىپ، ھەل بولۇپ بولغان مەسىلىنى يەنە قايتا باشتىن ئىختىلاپ قىلىپ، جېدەل چىقىرىپ، ئۆزىنى، ئۆزگىنى ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ، ئاندىن قۇرئان ھەقىدىن توسۇلۇپ قالدى، بۇلارنىڭ ئەسيادى ئاشۇ ئىختىلاپىدا بولۇپ، ھە،دىسە، ۋاھابى دەپ ئۆزى بىلمىگەن بىلىمنى باشقىلار دىسە، ياكى قىلمىغان بىرەر ئىشنى باشقىلار قىلسا، شۇنىلا ۋاھابىي دەپ ئەيىبلەپ كومۇنىست، دىمگۇرات، كاپىتالىست، سوتسىيالىزم بىلەن دىنسىزلار بىلەن پەقەت كارى بولمىدى، ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ، ئىختىلاپنى توسقان، ئاشۇ دىنسىزلارنى دىنغا چاقىرىشقا بۇيرىغان، ئەمما، بۇلار ئىختىلاپىدىن لەززەت ئالدى، دىنى خىزمەتتىن زېرىكتى، ھاكىمىيەتتىن قورقتى، ئۆز كۆڭلىدە بىرەر مەزھەپتە تۇرسا ياكى بىرەر دەرسنى بەرسە، توغرا قىلغان بولۇپ، خالىقنى رازى قىلغان بولىمەن دەپ قالدى، ۋاراق ئۇستىدە، ئىتتىكاپ قىلىپ، قۇرۇق ئىختىلاپنى قىلىپ، بەزىدە تەسۋىنى ئويناخشىتىپ رىيا قىلىپ قويۇپ، ئاللاھ! ھەق! دەپ ۋارقىراپ يۈرۈۋەردى، تەرەققىيات، ھاكىمىيەت، دىنسىزلاردا تۇرۇۋەردى، ئاھ! بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش، ئازابلىق كۈنلەر، ھەقىقىي ئىسلام دىن بۇنداق ئەمەس، بۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاشۇ بەش خىل پەردىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلەر بۇ پەردىدىن ساقلانغانلار چۈشۈنۈپ يېتەلەيدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى بۇ پەردىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!

# سۈرە كەھپە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

كەھپە، پەلەستىنگە يېقىن ئۇسسوس شەھىرىدىكى غار، ئەۋلىيالار جايلاشقان غار بولۇپ، بۇ سۈرىنى ئاللاھ، مۇشۇ غار ئىسمى بىلەن ئاتىغان، بۇ سۈرە، ئەۋلىيالارغا ئىلىم، ئىبادەتكە، ھەق دىن ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئىشارەت قىلىدۇ، چۈنكى، بۇ سۈرىدە ئەسھابۇلكەھپە سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇلار دىن ئۈچۈن، ئىمان ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ جامالى ئۈچۈن، ئاخىرەت ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، بالا ـ چاقىسىنى تاشلاپ، كاپىر، دىنسىز ھاكىمىيەتتىن قۇتۇلۇپ، خالىس ئىبادەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ غارغا جايلاشقان، ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بۇلارغا كارامەت بېرىپ، 309 يىل ئۇخلاتقان، بۇمۇ بىر خىل كارامەت بولىدۇ. ئاللاھ شۇ ئارقىلىق قىيامەتنى ئەسلەتتى، تىرىلىشى، ھەق دىگەننى بىلدۈردى.

ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ۋاقتى ئۇخلاپ ئۆتسىمۇ، ئىبادەت ھېسابلاندى، چۈنكى، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن بولىدۇ. ھەتتا، بۇلارغۇ خىزمەت قىلغان، گۈزەتچىلىكتە تۇرغان ئىتمۇ ماقامغا ئېرىشتى، ئەلۋەتتە، بۇلار خالىسا جەننەتكە بىللە كىرىدۇ، مانا بىز مۇشۇ ئىتچىلىك بولالمىدۇق، چۈنكى، بىز ئىلىمىمىزغا لايىق ئىبادەت قىلالمىدۇق، مۇراد ـ مەقسەت، پىلان، ئارمان، ئارزۇيىمىزغا لايىق قەلبىمىز خاتىرجەم بولغۇدەك ھاياتىمىزنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزەلمەيۋاتىمىز. ئالىملار بىردەك، ئەۋلىيالارغا خىزمەت قىلسا، مۇشۇ ئىتتەك ماقامغا يېتىدۇ دېگەن. شۇنداقلا، جۇمھۇر ئالىملار، يەتتە دەۋرىدە ئۇزۇلەتتى، يەنى تويسىز، يۇرت ـ ماكانسىز ھەممىنى تاشلاپ ئىماننى قوغداپ، ئاللاھقا خالىس، ئىسلام، ئىبادەتكە ئاتلىنىشنى ۋاجىپ دەپ قارىغان، دەلىل، مۇشۇ سۈرىدە كۆپ، ئاللاھ بۇ ھېكايىنى بىزگە بىلىم قىلىپ كۆرسۈن، ھېكايە قىلىپ لەززەت، ھوزۇر ئالسۇن، تارىخنى بىلسۇن دەپلا سۆزلىمىگەن، بەلكى، ئۈرنەك، ئۈلگە قىلغاندۇر، ئالىملار بىردەك بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىدىن مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغىنى بولسا، ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمەلدىن قالمىغىنى يەنىلا كۈچكە ئىگە دېگەن، بۇ سۈرە مەنسۇخ ئەمەس.

بۇ ئىتتىپاقتا كېلىش، يەنى يەتتە دەۋرىدە تويسىز ئۆتسە بولىدۇ دېگەنگە ئىتتىپاقتا كېلىش، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياستىن ئېلىنغان، بۇ تەپسىر مۇنبىردا سۆزلىنىدۇ. دەل مۇشۇ سۈرىدە سۆزلىنىدۇ. ئەسھابۇلكەھپە بىزگە ياخشى ئۈلگە، بۇنى سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ «فىزىلال قۇرئان»دا سۆزلىگەن. ھەدىسلەرمۇ خېلى كۆپ، ئەمما، ئالىملار يەتتە ھەدىسنى، يەتتە بابنى، قىيامەت يېقىنلاشقان بابنى، دەججال بابىنى ئۇقۇماي، نىكاھنى، تىجارەتنى ئوقۇپ، بۇ ھۆكۈمگە قارشى تۇردى، ئۆلما بولساڭ، دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، دىن ئۈچۈن بولۇپمۇ ئاخىرەت ئۆلىماسى بول، بۇ ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ سۆزىدۇر.

بۇ سۈرىدە يەنە، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسى سۆزلەنگەن. بۇمۇ بىزگە ياخشى ئۈلگە، چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ پۈتۈن، ھەممىنى تاشلاپ، ئىلىمغا ئاتلانغان، ئاخىرى مەقسەتكە يەتكەندۇر، خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا، ئەھلىسىز، ۋەتەنسىز، خالىي جايدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، ئىلىم بىلەنلا مەشغۇل ، ئۇندىن باشقا يەنە زۇلقەرنەيىن رەھمەھۇللا ئەلەي سۆزلىنىدۇ بۇمۇ بارلىقىنى تاشلاپ ئاللاھ ئۈچۈن، دىن، ئاخىرەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. (بەزىلەر ئۇ ئەمەس، زۇلقەرنەيىنلا دەيدۇ) يەنى ئىسكەندەر دىمەك چۈنكى الله ۋەرەسۇل دىمىدى

پۈتۈن زېمىننى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتكۈزۈۋالدۇ، ھەتتا، يەجۈجى ـ مەجۈجلارنىمۇ قامال قىلدۇ. پۈتۈن سەپىرى جىھاد، ئىلىم، كۆرەش بىلەنلا بولىدۇ. بۇ سۈرىدە، يەنە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿**سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزالىقىنى تىلەپ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار يەنى ئاجىز، كەمبەغەل، ئۆزىنى ھەققە ئاتىغان مۇسۇلمانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، بۇ دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننىتىنى دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالما، بىز دىلىنى غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىن ئاشقان ئادەمنىڭ سۆزىگە ئەگەشمىگىن**﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە بىز ئىككى مەسلىنى تىلغا ئالىمىز.

بىرسى، كەمبەغەلنى يوقسىز دەپ تاشلىما، بۇ دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننىتىنى كۆزلىمە دىگىنى، ئىككىنچىسى، زىكرىنى مۇھىم دېگەن قەلبى زىكرىدىن غەپلەتتە قالغان كىشىگە قۇلاق سالماسلىققا بۇيرىغان، بۇ ئىشلار پۈتۈنلەي ئەۋلىيالار ئىشى، بۇلار بۇ دۇنيادىن ئانچە كۆپ نېسۋە ئالالمايدۇ، يوقسىز ئۆتىدۇ، ئەمما، قەلبى

زىكرى بىلەن مەشغۇل، مانا بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، ئاخىرەتكە يۈزلىنىش، ئەمما، بۇ دېگەنلىك تەرەققىي قىلماسلىق دېگەن بولمايدۇ، بەلكى، بۇ دۇنيا ئۈستىگە ئاخىرەتنى تاللاش، ئاخىرەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرسۇن دېمەكچى. يەنە، ئاللاھ 45 دىن 47 گىچە بولغان ئايەتتە بۇ دۇنيانى بىر ئۆسۈملۈككە ئوخشۇتۇپ، كىشى دەرھال خۇشال بولۇپ تۇرسا، ئاندىن قۇرۇپ تۆگەپ شاماللار ئۇچۇرۇپ كەتكەنگە ئوخشاتقان يەنى بۇ دۇنيا رەزىل، پەسكەش، نىجىس، ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ دېگەن. ئاندىن ماللار، باللار، بۇ دۇنيادىكى زىننەت، بۇنىڭغا ئالدانماڭلار، ئەمەلىيەتتە بولسا، باقى قالىدىغان مەڭگۈلۈك ياخشى ئەمەللەر ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزلىدە، تېخىمۇ ياخشىدۇر ۋە ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر دېگەن. بۇ ئايەتتىمۇ دۇنيادىن ۋاز كەچتۈرۈپ، نەپسىنى پاكلاپ، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلدۇرغان، ئاخىرىدىلا قىيامەتنى ئەسلەتكەن، يەنى 47 ـ ئايەت، يەنى، ئاللاھ بۇ سۈرىدە 50 ـ ئايەتتە، شەيتان بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى سۆزلەپ، شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرغان، چۈنكى، ئالى ماقامغا يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم شەيتاندىن نېرى بولۇش، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇش لازىم. ھەتتا، ئۇنى دۈشمەن تۇتقىلى چولىسى تەگمىگىدەك، ئاللاھ ئىشقى بىلەنلا بولغۇدەك بولۇش لازىم. ئاللاھ، بۇ سۈرىدە، 31 ـ ئايەتتىن، 46 ـ ئايەتكىچە ئىككى كىشى بىرى دۇنياپەرەس يەنە بىرى ئاخىرەت ئۈچۈن ياشىغان كىشىنى مىسال قىلغان، دۇنياپەرەس كىشى ئىككىلى ئالەمدە ۋەيران بولغان، ھالاك بولۇپ پۇشايمان قىلغان، مۆئمىن، ئاخىرەتكە تۇرغىنى بولسا، بەخت تاپقاندۇر، بۇ مىسالمۇ يىنتە دەۋرىدە بولۇپمۇ مۇشۇنداق كاپىر، دىنسىز ھاكىمىيەت، قىيامەت ئالدىدىكى يىنتە دەۋرىدە دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئاللاھ ئۈچۈنلا ياشاشقا ئىلىم، ئىبادەت، كۆرەشكە ئۆزىنى بېغىشلاشقا دەلىلدۇر. كىشىنى ئازدۇرىدىغىنى شەيتان، بۇنىڭ ئاساسى پايتەختى ياردەمچىسى دۇنيا بىلەن ئايال كىشى بولماي نېمە؟ بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئەمما چىدىماق تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، ھەر خىل پەتنۋالار ئالداپ ئاخىرى ئۆزىمىزنى تۆگەشتۈردۇق. بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش، رىيا قىلماسلىقنى تاپىلىغان، مانا بۇ مۇھىم بىر ئىش، يەنە، ئاللاھ، بۇ سۈرىنىڭ ئارقىدىنلا سۈرە مەريەمنى سۆزلىگەن، بۇ ئايال كىشى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى، بۇلار يەھيا ئەلەيھىسسالاممۇ تويسىز، جايسىز، ۋەتەنسىز ئاللاھ دەپ ئاخىرەت دەپ ياشىغان، ئاللاھ بۇلارغا بىزنى ئىقتىدا قىلىشقا بۇيرىغان، بۇنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنىدۇ، بىزنىڭ مەقسىدىمىز، دىنىمىزدا ئەركىنلىك بار دېمەكچى، ئىككىلىسى جايىزدۇر.

يەنى، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك تۇرمۇش ۋە تۇرمۇشسىزلىق ئىككىلىسى جايىز، ئاساسى مەقسەت ئىمان، ئاللاھنىڭ جامالى، مانا بۇ غايە، ئەمما، بۇ مەقسەتتىن مۇشۇ رەزىل دۇنيا، مۇشۇ بالا ـ قازا، تۇرمۇش توسۇپ قويىدىكەن، ھەقىقەتتىن، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن ئىبادەتتىن خالىس خالىي جايدا ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشىشتىن توسۇپ قويىدىكەن.

بۇ مەسىلىنى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي رۇشەن ئىزاھلاپ سۆزلىگەن. مەسىلىنى تۈپتىن چۈشىنىپ تەتقىق قىلماقچى بولسىڭىز، ھەر قايسى دىن كىتابلىرىنى، تەپسىرنى، ھەدىس شەرھىسىنى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ جەۋھەرلىرىنى «كىتابۇلئەرۋاھ»، «ئىھيائولۇمۇددىن»، «تەزكىرەتۇلئەۋلىيا» نى ۋە باشقا نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرۈشىڭىز لازىم. (ئەلۋەتتە، ئۇ كىتابلاردىمۇ خاتالىق كۆپ، ئېھتىيات قىلىڭ) بىز سۆزىمىزگە كەلسەك، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بىر قىسىم ئەۋلىيالارنىڭ سۆزىنى بولۇپمۇ خەت ئوقىيالماس، يازالماس، ساۋاتسىز كىشىنىڭ پەيلاسوفلارغا ئۇستاز بولغىنىنى سۆزلىگەن، جۈملىدىن خەۋۋاس شەئرانى، شەيخ دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيلەر بۇلارنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگىنى سۆزلەنگەن. بىز بۇلاردىن بىر نەچچىنى كەلتۈرىمىز.

خەت يازالماس، ۋە ئوقىيالماس، ئەمما پەيلاسوفقا ئۇستاز بولغان شەيخ دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيدىن فىقھشۇناسلارنىڭ بەزىسى مۇنداق سورىغان، شەيخ زەرروق مۇنداق دەپتۇ: ئىستىلاھ بىلەن بولغان تەربىيە ئۈزۈلۈپ قالدى، ئەمدى ھىممەت بىلەن ھال بىلەن تەربىيىلەش قالدى، سىلەر قۇرئان كىتابنى، ھەدىس، سۈننەتنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇنى زىيادە ياكى كام قىلماڭلار دەپتۇ. بۇ نېمە دېگىنى؟

شەيخ جاۋاب بېرىپ، ھەقىقىي مەقسەت، زاتىنى پاكلاش، زۇلمەتنى زاۋال تاپقۇزۇش، باتىل ئالاقىنى ئۈزۈش، بۇنىڭ يوللىرى ئۈچ قىسىم ئىدى، بىرىنچىسى، ئىلگىرىكى سەلەپى ئالىملار بولۇپ، بۇلار دەسلەپكى ئۈچ

ئەسىردە شۇنداق ياخشى ئىدى، ۋاقتىنى تالىپلارنىڭ نەپسىنى پاكلاشقا سەرپ قىلمايتتى، پەقەت ئۇلار مەخپىي سىر ئىگىسىگە ئۇلارنىڭ قۇلىقىغىلا سۆز قىلاتتى، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوق ئىدى.

ئىككى خىل يول شۇكى، ئەۋۋەلقى ئۈچ ئەسىردىن كېيىن نىيەت بۇزۇلدى، شەھۋەت ئومۇملاشتى، ئاندىن شەيخلەر تالىپ، مۇرىتلىرىنى خالىي جايدا تۇرۇشقا بۇيرىدى، بۇلار پۈتۈن باتىل ئىشلاردىن، باتىل جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، خالىي بولىۋالدى، تائامنى ئاز يەيتتى. ئاندىن، ئۇيقۇسى، شەھۋىتى ئاز بولاتتى، دائىم ھالدا ئۆلۈمنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتى، بارچە ئەقىل، تەپەككۇر، سۆكۈتلەر يالغۇز ئاللاھقىلا باغلىناتتى، باشقىسى يوقىلاتتى.

ئۈچىنچىسى،3 ـ قىسىم يول بولسا، ھەق بىلەن باتىل ئارىلاشتى، راست بىلەن يالغان ئارىلاشتى، نىيەت بۇزۇلدى، غەرەز، ھەققە زىت، مۇخالىپ بولدى، بۇلار ئاخىرى ئاللاھنىڭ تەدرىجىي بابلاشتىكى كارامەتلىرىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭغا مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنىمۇ ئالدىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شەيخ زەرۇخ رەھمەھۇللا ئەلەي، زىيادە سۆز قىلماستىن قۇرئان كىتاب، ھەدىس، سۈننەتنى لازىم تۇتۇشقا بۇيرىغان دېگەن. مانا بۇ ئەڭ توغرا، لايىقىدا جاۋاب بولغان، بەزى فىقھىشۇناس ئالىملار بۇ شەيخدىن يەنە مۇنداق سورىدى، باي بولۇپ ھەق يوللىرىغا پۇل چىقىرىپ شۈكرى قىلىش يولى ئەۋزەلمۇ؟ ياكى يوقسىز بولسىمۇ رىيازەت تارتىپ ھەق ئۈچۈن ئىبادەت بىلەنلا سەۋر قىلىپ ئۆتسە ياخشىمۇ؟ جاۋاب مۇنداق بولدى.

ھەر ئىككىلىسى توغرا، ئىككىلى يولغا ئۆزىگە لايىق پەزىلەت بار، شۇنداقلا ھەر ئىككىلى يولنىڭ زالالىتى بار، قايسىسى ئاللاھقا يېقىن بولالىسا شۇ توغرا مەقسەت، ئازماسلىقتا. تائامنى ئاز يەپ، قورساقنى ئاچ قويۇپ، كېچىلىرى ئىبادەت بىلەن ئۇيقۇسىز ھالدا، رىيازەت تارتسا، چىداپ سەۋر قىلسا، ئاللاھ بۇنىڭغا پەتىھ كەشىپ يەنى غائىب سىر بىلىمنى بېرىدۇ، ئەمما، بۇ ئىلىمنى تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشى كېرەك، بولمىسا، بۇ زور ئازغۇنلۇقتا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە جامالىدىن باشقىنى زادى بىلمەسلىك لازىم. بايلىق ئىگىسىمۇ شۈكرى قىلىپ قەلبىدە زاھىد بولۇپ يۈرسە، ھارامدىن شۈبھىدىن ساقلانسا، بۇنىڭ ئەجرى مۇكاپاتتا، چۈنكى، بۇنىڭغا سىر ئاشكارا بولمايدۇ، بۇنىڭ ئىبادىتى خالىس، ساپ بولالايدۇ، ئەمما، بۇمۇ ئازماسلىقى لازىم. بولۇپمۇ، پىتنە، جاھالەت، كاپىر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئازماسلىق لازىم، بۇنداق ئازغۇنلۇقدىن پەقەت ئاشۇ خالىيلىق ياخشى بولىدۇ، بۇ ئىككى يول ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي بىلەن ئىمام شارلىي رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ يولىدۇر. ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، فەتھى كەشپكە ھەقىقىي ساپ، سادىق، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرىدىغان ئىخلاسمەن، گۇناھدىن خالىي كىشى يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەپسىنى رىيازەت بىلەن قىيناپ چىداپ، خالىي جايدا ئولتۇرغانلار ئىچىدە بۇ بىلىمگە ياخشىلاردىن سىرت، پاسىقلارمۇ ئېرىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلارنى قۇرئان، ھەدىسكە سېلىڭلار دېگەن.

«دۇرۇلخەۋۋاس پەتۋايى سەييىد خەۋۋاس» دېگەن كىتابتا شەيخ خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەيدىن شەيخ شەئرانى رەھمەھۇللاھ ئەلەي مۇنداق سورىغان: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھقا مۇنداق دېگەن ئىكەن، مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىنى دىلىمدا كۆرگىنىمدە مۇنداق مۇناجات قىلىپ سورۇدۇم، ئەي رەببىم، كىشىلەر سىلىگە قانداق يېقىنلىشىدۇ؟

رەببىم مۇنداق جاۋاب بەردى، مېنىڭ قۇرئان كالامىم بىلەن.

مەن يەنە چۈشىنىپمۇ ياكى چۈشەنمەيدۇ؟ دېدىم.

رەببىم ماڭا ھەم چۈشىنىپ ھەم چۈشەنمەي دېدى. شەئرانى رەھمەھۇللا ئەلەي، سۆزىنى داۋام قىلىپ، مەن بۇ سۆزنى چۈشىنەلمىدىم، چۈشەندۈرۈپ قويسىلا دېدى. خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېدى. چۈشىنىپ دېگىنى شەرىئەت ئالىملىرى شۇ، بۇلار شەرىئەتكە ئالىم، بۇلار ئەمەل قىلسا يېقىنلىشىدۇ، چۈشەنمەي دېگىنى گەرچە ئۇلار ساۋاتسىز بولسىمۇ، فەتھى كەشىپ ئارقىلىق چۈشىنىدۇ، مانا بۇ چۈشەنمەي دېگىنى، بۇلار قەلبى ساپ بولغاچقا، سۆزلىرى ۋەھىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەگەر قەلبى ساپ بولمىسا سۆزلىرى ۋەسۋەسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ دېگەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ قۇرئانى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار قەلبى

جەھەتتىن باتىنىي جەھەتتىن بىلمىسىز، بەزى كىشىلەر بولۇپ، بۇلار گەرچە شەرىئەتكە ئالىم بولمىسىمۇ ئەمەل ياخشى، سۆزلىرى پەيلاسوفتەك چىقىدۇ، جۈملىدىن جاۋاب بەرگۈچى خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەيدەك، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالايدۇ. بۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

يەنە مۇنداق سوراپتۇ، بۇ يولدا پەيغەمبەرلەر ياكى سالىھ كىشىلەر، پىرلار ۋاستە قىلىنامدۇ؟

خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي، ياق! ياق! ھەرگىز ۋاستە قىلىنمايدۇ، سەن ئۆزۈڭ بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ۋاستە قىلىپ سالمىغىن، مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن ياكى باشقىسى بولسۇن، ۋاستە قىلما ھەرگىز قىلما، پەيغەمبەرلەر ئىسلام دىنىغا بولغان دەۋەتتە ۋاستە قىلىنغان، ئىبادەتتە ياكى دۇئادا ۋاستە بولمايدۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزىگە ئەمەس، ئاللاھقا دەۋەت قىلغان، ئاللاھنىڭ مەقسىتى بولغان، ئىمان بولسىلا پەيغەمبەر ۋاستىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، سەن ئىمان ئېيتتىڭمۇ، ۋاستە قالمايدۇ، چۈنكى، چاقىرىق، ئىلىم ۋاستىسى تۈگىدى، ئاخىرلاشتى، سەن ئەمدى ئىمان بىلەن قۇرئان بىلەن ئاللاھقا يېقىن بولىۋېرىسەن، ئاللا ھەقتائالا ساڭا جېنىڭدىنمۇ جان تومۇررۇڭدىنمۇ يېقىندۇر، نەدە بولساڭ بىللە بولىدۇ.

مۇنۇ ئايەتكە قۇلاق سال: ﴿**ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە، ئاللاھ جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ سىلەرگە يېقىن**، يەنە مۇنداق دېگەن: **سەندىن بەندىلىرىم مەن توغرىلىق سوراپ قالسا، دىگىنكى، مەن ئۇلارغا بەكمۇ يېقىن، قاچان دۇئا قىلسا، مەن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىمەن**﴾ دېگەن، بۇنداق ئايەت بەك كۆپ، ئىبادەتتە، دۇئادا ئاللاھ بىلەن ئارىلىقدا ۋاستە قىلىنسا قەتئىي بولمايدۇ، دۇئا دېگەن ئىبادەتنىڭ يىلىكى، دۇئامۇ ئىبادەتتۇر، ھېچبىر پەيغەمبەر ياكى رەسۇلۇللامۇ ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئىبادەت قىلسا، ۋاستە قىلمىغان، پەقەت ئۆزىنى، ئىسىم ـ زاتىنى، ئىسمى ئەزەمنى چاقىرغان، ساھابىلارمۇ شۇنداق، تابىئىنلارمۇ شۇنداق ھەقىقەتچى ئىدى. كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر دۇنيادىكى ئىشلىرىنىڭ ۋاستە بىلەن راۋاجلانغىنىنى مىسال قىلىپ، ئاللاھقا ۋاستە ئارقىلىق يېقىن بولۇشنى ئويلىغان، ئاندىن ئۇلۇغ ئۆتكەن شەيخ، ئۇستازلارنى ۋاستە قىلغان، مانا بۇ ئەمەلىيەتتە توغرىدەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، تۈپتىن خاتا ئىدى. بۇ ئۆز ئەينى بۇددا دىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئۇلارمۇ ئاللاھ بار، بىر دېگەن، ئەمما ئىبادەت شەكلى، ئۇسۇلى ئوخشىماچقا ئاللا ۋە رەسۇلۇللاھمۇ دېگەندىن چەتنەپ كەتكەچكە خاتا، تۈپتىن خاتالىشىپ، مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىندى، چۈنكى، ئۇلارمۇ مەشھۇر ئۇلۇغ كىشلەرنىڭ روھىغا چوقۇنۇپ، قەبرىسىگە چوقۇنۇپ، بىر نەرسە تىلەپ مۇشۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىن بولىمىز دېگەن، بۇ خىل كۆز قاراش ئىسلام دىنىمۇ بارلىققا كېلىپ ئاللاھ بىلەن ئارىسىغا ۋاستەقىلىپ، بىز مۇشۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىن بولىمىز دېگەن. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ مەن سىلەرگە جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن دېگەن تۇرسا، ئاللاھ ئالىمىمۇ؟ ئەۋلىيالار ئالىمىمۇ، ياكى سوپىلار ئالىمىمۇ؟ بىز قۇرئان، ھەدىسكە مۇستەھكەم ئېسىلىشىمىز لازىم. بەزىلەر ئۇنداقتا؛ بۇلار مۇنداق سىرغا ئېرىشىپتۇ ياكى ماقامغا ئېرىشىپتۇ شۇنىڭغا قارىغاندا بۇلارنىڭ توغرا دىيىشى مۇمكىن، ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، ماقامغا يەتكەن كىشىمۇ خاتالىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ماقامغا يېتىشى خاتالىقنى توغرا قىلىپ قويمايدۇ، ئىبنى كەسىر دېگەن تەپسىردە ئەگەر بىرسىنىڭ سۇ يۈزىدە ماڭغىنىنى، ھاۋادا ئۇچقىنىنى كۆرسەڭمۇ ئۇنى قۇرئان، ھەدىسكە باس!، ئەگەر ئۇيغۇن كەلسە، ئاخىرەتنى كۆزلىسە قوللا، بولمىسا جايىدا قوي، ھېسابىنى ئاللاھ ئالىدۇ، كارىڭ بولمىسۇن دېگەن.

تەپسىر مۇنىيرىدىمۇ ۋاستە مەسىلىدە خېلى توختالغان بولۇپ، ۋاستە ياكى پالانىنىڭ ھەققى ھۆرمىتى دېگەن بۇدۇئالار خاتا دېگەن. چۈنكى، ئاللاھدا بىرەر كىشىنىڭ ھەققى يوق، شۇنداقلا ۋاستە يوق، ئەمما، شاپائىتى، دۇئاسى، بەرەكاتى دېگەن بۇ سۆزلەر دۇرۇس دېگەن. بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەت، ھەدىسنى دەلىل قىلغان، ۋەسىيلە دېگەن جايىدا سۆزلەنگەن. بىزنىڭ بۇ ۋاستە دېگەن سۆزىمىز ھازىرچە توغرا چۈشىنىلسىمۇ، كېيىنچە بۇددا دىنىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دېمىگەن ياكى كۆرسەتمىگەن بۇ ئىشنى قويۇپ توغرىسىنى تىلغا ئېلىشىمىز لازىم.

جىبرىئىل، رەسۇلۇللاھقا ئىلىمدا ۋاستە بولدى، رەسۇلۇللاھ بولسا، پۈتۈن خەلققە ئىلىمدا، دەۋەتتە، ۋاستە بولدى، ئەمما، بۇنى ئاللاھ خالىدى ۋە تاللىدى، لېكىن، رەسۇلۇللاھ ياكى باشقا كىشىلەر ئىبادەتتە، دۇئادا ۋاستە قىلمىدى، پەقەت ئىلىمدا ئۇستاز قىلىپ قويىدى خالاس. بۇ ئانچە مۇرەككەپ ئىشمۇ ئەمەس، ئىلىم ئىلىشلا ئۇستاز ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ، ئىبادەت، دۇئالار ۋاستىسىز بولىدۇ خالاس. (ۋەسىيلە

ۋاستىسى، ئىبادەت، ئىتائەت.)

يەنە مۇنداق سوئال قويغان، ئىنسانلار ئاللاھنى قويۇپ، سالىھ كىشىلەرنى ۋاستە قىلىپ ياكى ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ، تېخى ئۇلار نامى بىلەن قەسەم قىلىپ كېتىشىدۇ، بۇ نېمە ئىش دېگەندە، خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي، جاۋاب بېرىپ، مانا بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتكە تولغان بولۇپ، ھەقدىن ئۇزۇلۇپ قالغان، بۇلار ھەتتا پىقىر، يوقسىزغا بىرەر بانا كۆرسىتىپ ياراتماي بىر نەرسە بەرمەيدۇ، ئەمما، شەيخ ياكى بىرەر ئەۋلىيا، باي بولسىمۇ جېنىنى پىدا قىلىدۇ، بۇ قۇرئاندىن چەتنىگەنلىك دېگەن. بۇ ھەدىيە، ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، ئاشۇ بىر شەيخ ئۈچۈن بەرگەنلىك بولىدۇ دېگەن. بۇ خۇددى قۇربانلىق ياكى قان قىلىش ئىشقا ئوخشاش ئىش، بەزىلەر ئاللاھ ئۈچۈن دەپ قويۇپ، بىرەر قەبرىستانلىقتا قوي، كالا، توخۇلارنى ئۆلتۈرۈپ يەپ قايتىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، پىقىن خوشىنىسىغا ھېچنېمە يوق، پىقىرلارغا ھېچنېمە يوق، قان قىلىش، بىر ئىبادەت بولۇپ، خالىس، ئاللاھقا بولۇش كېرەك، ئەگەر ئۇنى بىرەر دەرەخ ياكى ئۇلۇغ جاي ياكى مازاغا ئاتاپ قىلسا، بۇمۇ بۇددا دىنىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ. قۇرئان، ھەدىستىن چەتنەپ شېرىككە چۈشكەن بولىدۇ، نەدە بولساڭ ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىپ، تەقۋادار بولغىن، شېرىك ئىشلارنى قىلما، رىيا قىلما. ئىسلام دىنىدا نۇرغۇن يوللار، ھەر خىل ناملار بىلەن قەلبىنى، نەپسىنى پاكلاش ئۈچۈن ئۇتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، دەسلەپتە بۇ توغرا ئىدى، مەسىلەن: رابىيە بەسىر، ھەسەنۇلبەسرى، زۇننۇن مىسرى، جۇنەيدە، خەۋۋاس، شەئرانى، دەبباغ، ئىبنى مۇبارەك، ئىمام جەئفەرى سادىق، ئىمما غەززالى، ئەھمەد روپائى، ئابدۇلقادىر جەيلانى، ئەھمەد بەدۋىي، ئىبراھىم خەۋۋاس، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم، سوپىيانۇسەۋر، رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمەئىندەكلەر، توغرا يول تۇتقان، ئاللاھ ھەممىگە رەھىم قىلسۇن، كېيىن ھەممىسى بىر خىل خاتا يوللارنى كىرگۈزۈپ، خۇراپاتلاشتۇرۇپ، قۇرئان، ھەدىسنى قويۇپ، ھەرخىل قىسسە، رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ دىندىن چەتنەپ كەتكەن، قەسكە ئۇچراپ كەتكەن بولۇپ، ئۆز ئىشىنى توغرا دەپ قىلغۇبىرىدۇ، چۈنكى، ئازراق سىر ئىلمى، ماقام بار ـ دە! ئەمما، بۇ ئىشلار پاسىققىمۇ بېرىلىدۇ، شۇڭا، بىز پۈتۈن خەلقنى قۇرئان، ھەدىسكە قايتىشقا چاقىرىمىز، توغرىسىنى قوبۇل قىلىپ، خاتاسىنى شاللاش لازىم. بۇ بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. بەلكى، توغرىسى، قۇرئان، ھەدىس، ئەھلى سۈننىيلەر شۇ، ئۇلارنىڭ توغرىسىمۇ، خاتاسىمۇ لازىم ئەمەس، چۈنكى، توغرىسى بىزدە بار، قۇرئان، ھەدىس.

ئاي نۇرىنى بۇلۇت توستى،

بۇ قاراڭغۇ ـ زۇلمەتنى قوشتى.

بۇ زۇلمەتتە تۇرغۇم يوق پەقەت،

مېنىڭمۇ سەۋر ـ تاقىتىم توشتى.

قەلبى ساپ، نۇرلۇق كىشىنىڭ سۆزى ۋەھيىگە ئوخشايدۇ، قەلبى قاراڭغۇ، قاسماق كىشىنىڭ سۆزى ۋەسۋەسگە ئوخشايدۇ.

ھەقىقەت كىرمىدى ئىمامlar قەلبىگە،

ئىمامlar يارىمايدۇ ھەقنىڭ تەلپىگە.

قايسى ئىمام مايىل بولسا ھەقنىڭ تەرىپىگە،

يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇنى ئاخرەتنىڭ شەرىپىگە.

جاھالەتتىكى خەلقدىن ئىلىم بىلەن ئەمەس، ئەمەل بىلەن پەرقلىنىش كېرەك.

زېمىن يۈزىدىكى بارچە نەرسە زىننەت،

سېنى يولغا سالىدىغىنى بىردىنبىر سۈننەت.

ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن،

ھەق يولىدا ماڭغىنىڭغا قىلىپ قالما مىننەت.

تېنىڭنىڭ سالامەت تۇرۇشلا بىر نېمەت،

نېمەتلەرگە شۈكرى قىلمىساڭ كېلىپ قالىدۇ نىقمەت (ئىنتىقام).

بۇ سۆزنى مەنلا دېگەن ئەمەسمەن،

بۇ قەدىمقىلاردىن قالغان بىر ھېكمەت.

تەدبىرىڭنى بۇزۇدۇ تەقدىر قىسمەت،

خالىساڭ قولۇڭنى ئۇچۇق قوي خالىساڭ قىسۇەت.

سېنى گۈللاپ كېتىدۇ، ماللاردىكى يا بالىلاردىكى زىننەت،

بېخىللارنىڭ جايى بولۇر، ئاخىرى ھوتمەت (دوزاخ ئىسمى).

قۇرۇق بانا سۆزلىرىڭنى بىر چەتتە قويىۋەت،

ھەق يول تولا تاللىساڭ بىرنى سۆز قىلماس ھۆكمەت.

ھەق دىن ئۈچۈن ئىلىم پەنمۇ بىرىدۇ قۇۋۇەت،

ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى بىلەن خۇراپاتلىقنى تۈگىتىۋەت.

ھەق يولىمىزغا قۇرئان، ھەدىس پولاتتەك ھۆججەت،

قەلبىڭدىكى شۈبھى شەكنى تۈپتىن يوقىتىۋەت.

پۈتۈن مەزھەپ قايتىپ كەلدى ھەقىقەتكە ئاقىۋەت

سۈرە كەھپىدىكى بىز ھەققەت زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى زىننەت قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ قايسىنىڭ ئەملى ياخشىراق ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىشىمىز ئۈچۈندۇر، ئۇلار زىننەتكە بېرىلەمدۇ؟ ياكى ئاخىرەتكىمۇ؟ ئەمەلنىڭ كۆپ بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ياخشى بولۇشى مۇھىم، كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، زېمىن ئۈستىدىكى بارچە نەرسە راستىنلا زىننەت، بۇلارنى بىز ساناپ تۈگىتەلمەيمىز. ئاسمان، قۇياش، يۇلتۇز، ئاي، كېچە ـ كۈندۈز، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھەرخىل تاغ، يايلاق، باغ ـ بوستان، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، زاھىرى، باتىنى، گۈزەللىكنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىز بۇلاردىن بىر نەچچە گۈزەللىك، زىننەت ئۈستىدە توختىلىمىز. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى زېمىننى نەزەرىيە جەھەتتىن ساياھەت قىلدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى، قۇرئاندىكى سۆزنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىمىز، ئەلۋەتتە، **14** ئەسىر بۇرۇن بۇنداق سۆزنى ئالدىن بىلىپ قىلالىغۇچى پەقەت بىرلا ئاللاھدۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ پۈتۈن زېمىننى بولۇپمۇ ئاشۇ مەنزىرىلىك تاغلارنى، دېڭىزلار، ساياھەت قىلمىغان، بۇنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق بىلىپ، ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن، ئاللاھ بۇ سۆزنى مۆجىزە سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلاپ تۇرماقتا.

سۈدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈزەللىك زىننىتى، بىز يۇقىرىدا ئىككى قۇتۇبتىكى قار ئەھۋاللىرىنى، ئۇلاردىكى مەنزىرىنى، زىننەتنى ئاللاھدە ھېكمەتنى سۆزلەپ ئۆتكەن، ھەتتا، قاردىكى گۈزەل كۆرۈنۈشنى ئىككى قېتىم سۆزلىدۇق، ئۇندىن باشقا قار تاغلىرى، قار ـ مۇز تاغلارنى بۇلارنىڭ كۆچىشى، سەيرە قىلىشىنى سۆزلىدۇق، دېڭىزدىكى ھەرخىل رەڭ ئەھۋالىنى مىكرۇسكۇپلۇق سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كۆرۈنۈشلىرىنى سۆزلىدۇق. ئىسسىق ـ سوغۇق دائىرىسىنىڭ رەڭگىنى تونۇشتۇردۇق، ئەمدى بىز ئەقلنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر زىننەتنى سۆزلەپ ئۆتىمىز. تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **144** ـ بەتتە، شىمالىي ئامېرىكىدىكى سىبىرىق تاشلىق جايىدا يۇقىرى ھارارەتلىك قىزىق بۇلاقنىڭ كۆرۈنۈشى بار، يېڭى زېلاندىيىدە ۋە باشقا جايلاردا قارلىق، سوغۇق جايلاردىمۇ مۇشۇنداق بۇلاق بار ئىكەن، قار ـ مۇز تاغ ئارىسىدىن قىززىق ھارارەتلىك بۇلاق چىقىپ تۇرىدىكەن، قارلار بۇ سۇغا چۈشۈپ ئېرىپ سۇنى كۆپەيتىپ، ئىنسانلارنى، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى سۇ بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن، ئاللاھ نېمە دېگەن ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ھە!

يانار تاغ ئارىسىدا بولسا، مۇزدەك بۇلاق چىقىرىدۇ، قارلىق مۇز تاغ ئارىسىدا بولسا، قىززىق ھارارەتلىك بۇلاق چىقىرىپ بېرىدۇ، ئىنسانلار ئېھتىياجى شۇنداقدە!

بىز ئۈستەڭ بويلىرىدىكى ياكى بەزى تاغلاردىن بۇلاق چىققىنىنى كۆرىمىز، ئەمما، بۇنداق ھەر ياگزا بۇلاقلارنى زېمىننى ساياھەت قىلىپ كۆرگەن كىشىلەرلا كۆرەلەيدۇ، ئاچچىق بۇلاق، تاتلىق بۇلاق، سوغۇق بۇلاق، ئىسسىق بۇلاق، تاغ ئۈستىدىكى بۇلاق، يايلاقتىكى بۇلاق، دەرەخ ئارىسىدىن چىقىدىغان بۇلاق، ھەتتا بەزى جايلاردا دەرەخ شاخلىرىدىن چىقىدىغان بۇلاقلارمۇ بار، بىز ئىچىۋاتقان ئاشۇ تۇربىدىكى سۇلارمۇ بىر بۇلاق، بۇ بىر زور نېمەتتۇر.

بۇلاقنىڭ سوغۇق بولۇشى، ئۇزۇندىن بۇيان چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە، يەر ئىچى ياز پەسلىدە سوغۇق تۇرىدۇ، ئەمما، قىززىق بۇلاق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يەر ئاستى چوڭقۇرلىغانسېرى تېمپېراتۇرىسى قىززىقلىق گرادۇسى ئاشىدۇ، **30** مىلدىن ئاشقاندا گرادۇس **1000**دىن ئاشىدۇ، زېمىننىڭ ئىچكى قىسمى پۈتۈنلەي ئوت بولىدۇ، بۇ قۇرئان، ھەدىستە بۇرۇنلا سۆزلەنگەن.

بىز بۇنى چۈشىنىۋالساق، بۇلاقنىڭ قىززىق چىقىشىنى ئاسانلا چۈشىنىمىز، بۇمۇ بىر خىل زىننەتتۇر، ھەم شىپالىق ئامىللار بار، بۇ كىشىلەر ئويلىغاندەك، ئۇنداق سىرلىق ئىشمۇ ئەمەس، قانداقلا بولمىسۇن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە رەھمىتىدۇر.

ھايۋان ۋە باشقا نەرسىدىكى زىننەت، بىز مۇشۇ زىننەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلساق، يەنىلا قۇياش نۇرى يەتتە خىل رەڭدىن تەركىب تاپقان، جىسىمدا ئەسلى رەڭ يوق، ھەربىر جىسىم بۇ يەتتە خىل رەڭنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، ئەگەر بۇ رەڭ، بۇ نۇر ئېشىپ قالسا، ئەكسىگە قايتىدۇ، نۇرنىڭ قايتىشى، سۇنۇش سەپەرلىرى بىزگە مەلۇم. پۈتۈن فوتو ئاپاراتتا رەسساملىق قىلىۋاتقانلار ئاشۇ نۇرنىڭ پايدىسىدىن بولۇۋاتىدۇ.

پۈتۈن ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگى شۇ يەتتە خىل رەڭدىن قۇياش نۇرىدىن ئىبادەتتۇر، بۇلارنى ماس مۇناسىپ ھالدا ئېھتىياجغا لايىق ھېكمەت بىلەن شەكىللەندۈرۈش مىقدارىنى بەلگىلەش، ھەر خىل قىلىش، پايدىنى كۆزلەپ زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بۇلارنى ھېچكىشى قىلالمايدۇ، جۈملىدىن بالىلار رەڭگى، ھايۋان رەڭگى دېگەندەكلەرنى پەقەت ئاللاھ خالىغانچە ئېگىز ـ پەس قىلىپ، سەت يا گۈزەل قىلىپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ئايەتتىكى بىز قىلدۇق دېگەن مەلۇمات شۇ بۇنىڭغا ھەممە پۈتۈن كىشىلەر قايىل، قايىل بولمايمۇ ھەددى ئەمەس، بىز بىر تامچە سۇنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۇ تامچىسى **500** مىليارتتىن ئارتۇق جەۋھەر، ماددىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇلار ئىككى ئېلېمېنتقا بىرى ئوكسىگىنغا، يەنە بىرى ھىدروگىنغا قايتىدۇ.

بۇلار بولسا، مۇسبەت ۋە مەنفى توك زەررىچىسىگە قايتىدۇ، مەنفى، مۇسبەت زەررىچىنى بىر سېكۇنتتا نەچچە يۈز مىليارت قېتىم ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

مەيلى سۇ ياكى ھاۋا بولسۇن ياكى تۆمۈر ياكى تاش ياكى ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋان بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ نۇر زەررىچىسىگە قايتىدۇ، بۇلارنىڭ سانى **110** خىلدىن ئاشتى، ھەممىسى يەنىلا نۇر زەررىچىسى، مانا بۇ ئالەمنىڭ گۈزەللىكى مانا بۇ سەۋەبى، باشقۇرۇش، ئورۇن ۋاقتىنى بەلگىلەش، مىقدارىنى بەلگىلەش، پايدا ـ زىياننى بەلگىلەش، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، كاربون دېگەن ماددىدىن كۆمۈر چىقارغان بولسا، ئالماس گۆھەرنىمۇ مۇشۇ ماددىدىن چىقارغان، ئازىراق تۆمۈر ماددىسى قوشۇلغان بولسا، قىزىل ياقۇتنى ھاسىل قىلىدۇ خالاس، بۇلارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى زاۋۇت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئىنسانلار بەزى بىلىمنى ئىگىلەپ سۈنئىي ياساپ باققان بولسىمۇ، ناھايىتى قىممەت توختاپ قالدى، زور بەدەل كەتتى، بۇلار ئاخىرى ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى قىلماي بولمايدىكەن دەپ تونۇپ يەتتى.

مانا بۇ زەررىچىنىڭ، نۇرنىڭ كارامىتى، گۈزەللىك زىننىتى، نەچچە تېرىلىيون ھەتتا سانسىز خىلغا يەتتى، خۇددى بارماق ئىزى ئوخشاشمىغاندەك. ھازىرقى تەبئىي ـ پەن ئالىملىرى ئېيتقاندەك، بۇرۇنقى كاتتا پەيلاسوفلارمۇ ماددا ئەسلى يوق، ئۇ بىر نۇر دېگەن، ماددىغا نۇردىن باشقا مەۋجۇدلۇق يوقكەن، ھەر بىر مەخلۇق مەيلى زېمىن مەيلى ئاسمان مەيلى نۇر بولسۇن، ئەسىر دېگەن ئالەمدىكى بىر ھەرىكەت خالاس.

بۇنىڭدىن بەكلا ئېچكىرلەپ كىرىشكە ئىنسانلاردا قۇدرەت يوق، ئىنسانلار چوقۇم بىلىشتىكى ئىلىم دائىرىسىنى چەكلىك، دۇنيادىكى چەكلىك بىلىم دائىرىسىدە توختىتىشى لازىم. چۈنكى، بۇنىڭ ئەقلىمۇ چەكلىك، دېمەك، توختاش، چەكلىك دائىرىسى بار دېگەن بولىدۇ. بۇ چەكتىن ئاشسا ئېزىپ كېتىدۇ، چەكسىز ئىلىم، ئاللاھقا خاس. ئىنسانلار مەلۇم دائىرىدە توختاپ ئاندىن بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ دېيىشى لازىم.

زاھىر بىلىم بىر دېگىز بولغاندەك، باتىنى روھى بىلىممۇ بىر دېگىز، ھەر ئىككىسىدە ئىنسانلار خالىغانچە ئۈزۈپ يۈرۈپ چەكلىك ئىلىمنى ئالىدۇ، سىر ئىلىمدىن بىر ئىككى ئىشلار بىلدۈرۈلسە، بۇ پۈتۈن باتىنى بىلىمنى بىلگەنلىك بولمايدۇ، يەنىلا شۇنىڭمۇ چېكى بار، ئاللاھ ئالىم، بۇنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ دەيدىغان جايى بار! ئاساسەن مەخسەد، ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاللاھقا بويسۇندۇرۇش، مانا بۇ ئىبادەتنىڭ مەنىسى، مانا بۇ مەقسەت.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئاشۇ نۇر زەررىچىدىن ئاشۇ **110** خىلدىن ئارتۇق ئېلېمېنت ماددىلاردىن تەركىب تاپقان، بۇ رەڭگارەڭ دۇنياغا قاراپ باقساق، ئاندىن ئاللاھ دېگەن سۆزنى دۇنيادىكى زىنىنەتنى چۈشىنەلەيمىز. بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى ۋە رەھمەتنى بايقايمىز، رەڭگارەڭ دۇنيا، رەڭگارەڭ ئۆسۈملەككە ماس ھالدا ھەر خىل ھايۋانلار بار، بۇلارنىڭ رەڭگى شۇ جايدىكى مۇھىتقا ماسلاشقان بولۇپ، تۇرمۇشىدا ياشاش ئۇسۇلىدا، زور ئۇنۇمى بار، ھەر بىر ھايۋان رەڭنى، قۇياش نۇرىدىن قوبۇل قىلىدۇ، بەزىسى ئانىنىڭ قورسىقىدىلا نەچچە خىل رەڭنى قوبۇل قىلىپ بولىدۇ، بۇ يەنىلا قۇياش نۇرى، ئانىنىڭ تېنىدىكى نۇر، نۇر توشۇغۇچى ھۈجەيرە ياكى ئۆسۈملۈك، يېمەكلىك ئوزۇقتىكى رەڭ بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئىرسىيەت، گېنى سەۋەبىدۇر، ئىش قىلىپ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھۈجەيرىلەرگە بولغان قوماندانلىقى سۈرەت ئاتا قىلىشى مۇھىم ئامىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن دۇنيادىكى سانلىق مەلۇماتنى ھەر بىر تۇخۇم، ھەربىر جانلىق ھەربىر زەھەرلىك ياكى زەھەرسىز دېگەندەك پايدا ـ زىيانلىق نەرسىنىڭ ساننى تېز ھېسابلاپ چىقىدۇ، نورمال تەڭشەپ تۇرىدۇ، تەڭپۇڭ ھالەتنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، پۈتۈن ئالەم ۋەيران بولىدۇ.

ماددا، ئېلېمېنت، نۇر، ھەرىكەت، شەكىل، سۈرەت، مۇھىت، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھەر خىل ھادىسىلەر ئۆزلىگىدىن بولمايدۇ، ئۆزلىگىدىن ماس كېلىپ تەڭپۇڭنى ساقلىيالمايدۇ، چۈنكى، بۇلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، ئۆزئارا ئالاقە ئورناتمىدى، تونۇشمايدۇ، ھەممىسى ئۆز غېمىدە، گال غېمىدە يۈرىيدۇ، بۇلار ئارىسىنى مېھرىبان ئاللاھ تەڭپۇڭ ھالەتتە ماسلاشتۇرىدۇ، ئاخىرى ئۆز بېكىتكەن بىر ۋاقىت كېلىدۇ دە، پۈتۈنلەي يوقىتىپ، باشقا بىر ئالەم مەڭگۈلۈك ئالەمنى قۇرىدۇ، شۇنداق بولمىغاندا، ھېچبىر تەرەپنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولمايدۇ، ھەقىقىي مەقسەت ھەل بولمايدۇ، سىناقنىڭ نەتىجىسى چىقمايدۇ، بۇ سىناقنى، بۇ نەتىجىسىنى، ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى، ئەمما، بۇ ئىجرا قىلىش ئىنساننىڭ ئۆزىنى قايىل ۋە ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنيانى ياراتتى، ۋاقىتلىق ياراتتى، گۇۋاھچى تەخ بولغاندا، دەلىل ـ ئىسپات ھازىر تۇرغاندا، نام، ئەمەل، دەپتەرلىرى ئېچىلغاندا، ھېچ بىر ئۆزرە قالمايدۇ، قاچىدىغان جاي يوق، ھەممە، ئاللاھقا بويسۇنۇپ تەسلىم بولىدۇ.

بۇ چەكلىك دۇنيا، چەكسىز ئاخىرەت ئالدىدا يوق نەرسە، ئەزەلدىنمۇ يوقتى، يەنىلا يوق بولۇشى مۇقەررەر. بىز بۇ رەڭگارەڭ دۇنيادىن زىنىنەت ئىزدەۋاتىمىز، بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبىنى ئېنىقلاۋاتىمىز، ئاساسى ئامال، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بولسىمۇ، يەنىلا سەۋەبىنى قانداقلىقىنى، كەيپىياتىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئاللاھنى تېخىمۇ چۈشىنىۋاتىمىز، بارلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىۋاتىمىز، ئاخىرى ئاللاھقا ئاشىق ـ بىقارار بولىمىز، ئىنشائاللا.

خوش، ئۇنداقتا، بىز ئاشۇ ئېلېمېنتنى، ماددىلارنىڭ تۈرلىرىنى، رەڭگىنى، ئاللاھدىلىكىنى دەرسلىك قىلىشىمىز لازىم. بىز بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلسەك، رەڭگىنى تونۇۋالساق، ھايۋان، ئۆسۈملۈك تەركىبىنى بىلىۋالىمىز، ھۆكۈم قىلالايمىز، ھەر خىل دورا ئىشلەپ چىقىرالايمىز، دورا ئوخشاشلا ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بۇ ئۈچ ھاياتلىققا لازىم، ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ پەن پەرىز كۇپايە، چۈنكى، بۇ ھاياتلىق، ھاياتلىقدىن مۇھىم نەرسە بولمىسا كېرەك، ئاددىي بىر مىسال: بىز داد دەپ ئاتايدىغان بىر خىل ئۆزگىرىش بار، مەدەنلەردىن تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىماپ، سىنىك قاتارلىقلار ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن بىرلىشىپ، ئوكسىدلىشىدۇ، بۇنى ئالىملار تۆمۈر، ئوكسىد، سىنىك، ئوكسىد دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئوكسىدلىنىش قىززىقلىق

گىرادۇسغا ئەگىشىپ يۇز بېرىد، مەسىلەن: سىماپ ئوكسىدى ئادەتتە قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ.

ھەر قاچان گىرادۇس ئۆرلىسە، بۇنىڭدىكى رەڭمۇ ئۆزگىرىدۇ، قىزىل، كۈلرەڭ، قارا بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا گىرادۇس يۇقىرى ئۆرلىسە ئاق بولىدۇ.

بۇ خىل كۆز قاراشقا رەسۇلۇللاھ **14** ئەسىر بۇرۇنلا ئىشارەت قىلغانىكەن، دوزاخقا **3000** يىل ئوت قالىغان ھەدىس بار، ھەتتا رەڭگى قىزىل، ئاق، قارىغا ئۆزگەرگەن، مانا بۇ گىرادۇستىن رەڭنىڭ ئۆزگىرىشى بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ راستىنلا راست ئېيتقان، ئالىملار، ھايۋاننى تەتقىق قىلماقچى بولۇپ، ئۆي ھايۋىنىنى ئويلاشقان، ئەمما، بۇ ھايۋانلار بويسۇندۇرۇلۇش ئاستىدا بولغاچقا، تۇرار جايى ئەركىن ئەمەس، ھەم بىر خىل ئەمەس، گاھ ئېغىلدا بولسا، گاھ تالادا، گاھ ئىش ـ ئەمگەكتە بولىدۇ، يەنىلا تەتقىق قىلىشقا ۋەھشىي، ياۋايى ھايۋاننى تاللىغان، مەسىلەن: زىراپە، تاغىل ئىشەك، يىلپىز، سىنجاپىدەك تېرىدە تۈك ئۈنگەن سۈت ئەمگۈچى ھايۋاننى تەتقىق قىلغان، كۈلرەڭ، قارا رەڭ، قىززىلىق گىرادۇس يۇقىرى جايدا بولغان، ئاق سېرىق، قىزىل رەڭلەر كۆن نۇرى ھارارىتى ئاجىز بولغاندا بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۈمبىسى كۈلرەڭ ياكى قارا رەڭ بولغان، بۇلار بۇنىڭغا سىنجاپ دېگەن ئالا تاغىل قىچىردەك ھايۋاننى دەلىل قىلغان، بۇنىڭ دۈمبىسى، ئۈچىسى كۈلرەڭ، قورسىقى، كۆكسى قىزىل رەڭ، ئۇنىڭ ئاياغ قىسمى ئاق رەڭ بولغان، قۇيرۇقى بولسا، قارا بولغان، بۇ ئادەتتە كالا، ئىشەكتىمۇ يۈز بېرىدۇ، ئەمما، دالىدا ئوتلىغان ياۋايى بولۇشى لازىم.

مەدەنلەرمۇ، ئېلېمېنتلارمۇ، ھايۋانلارمۇ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ ھەممىسى كۈن نۇرى، نۇر ھارارەت بىلەن رەڭگى خىلمۇ ـ خىل بولغان ۋە شۇنداقلا باشقا ـ باشقا نەرسە ھاسىل قىلغاندۇر، سەۋەب شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا ئاساسى ئامىل، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بۇنى چەتتە قالدۇرماسلىق لازىم. چۈنكى، ھېكمەت شۇكى، رەڭنىڭ نۇرغۇن ھېكمىتى بار، گۈزەللىك، زىننەت، باھاغا، ساياھەتكە، تاماشا، ھوزۇرغا مۇناسىۋەتلىك، پۈتۈن دۇنيادىكى تىجارەت رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ مودا بولغان نەرسىلەردە.

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **148** ـ بەتتە ھەبەشىستان ئىشىكىنىڭ سۈرىتى بار، **149** ـ بەتتە، تۆز، كېپىنەكنىڭ سۈرىتى بار، بۇلارنىڭمۇ رەڭگى كۈن نۇرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەركەكلىرىنىڭ رەڭگى روشەنكەن، كۈچلۈك ئىكەن، چۈنكى، رەڭنى سۈمۈرۈشى كۈچلۈك، ئەمما، بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، ياشاش مۇھىتى، رەڭ سۈمۈرۈش، نۇرنى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىقلار، ئالدىنئالا ئاللاھ تەرىپىدىن ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ماس مۇناسىپ ھالدا، پايدىلىق قىلىنىدۇ، ھەرگىز زىيانلىق يوق، ھەممىسى يەنىلا ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، بۇ ماددا، ئېلېمېنت، مەدەن، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسى بىر نۇر، رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مانا بۇ بىر خىل ئىنتىزام، قانۇن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بىز ئەمدى ھەقىقىي ھەمدە ئېيتىمىز، تىلىمىزنىڭ ئۈچىدىلا ھېچبىر نېمەتنى بىلمەستىن ئەمەس، بەلكى، دىلىمىزدا، قەلبىمىزدە، روھىمىزدا ئېيتىمىز. قالغان زىيارەتنى سىزلەرگە قالدۇردۇق. رەڭنىڭ زىننىتى، پايدىسى، ھەتتا ماددا ئېلېمېنتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، قايسى ھايۋان قايسى ئۆسۈملۈكنىڭ كۈن نۇرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقنى رەڭگە قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. قارا رەڭ كۈچلۈك نۇرنى قوبۇل قىلغاندىن ھاسىل بولىدۇ، يەنىلا كۈچلۈك نۇرنى قوبۇل قىلالايدۇ، دەلىل، بىنالار ئۆگزىسىگە قاراڭ، مۇنچا تۈڭلىرى قارا رەڭدە سىرلانغان بولىدۇ، سەۋەبى نۇرنى سۈمۈرۈش. سېرىق، قىزىل ئۈنىڭدىن تۆۋەن، ئاق بولسا، ئەڭ تۆۋەن رەڭدە بولىدۇ، شۇڭا، ئىككى قۇتۇپتا ئاق ئېيىق، ئاق توشقانلار ياشايدۇ، بۇلارمۇ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىر نەچچە ئىشنى ئالدىن ئالغان بولىدۇ، ئەقىللەر مەڭگۈ ھەيران قالىدۇ، ئاخىرى ئاللاھقا ئاشىق بولغاندا ئىشىق بىلەن مەرىپەتنى بىلگەندە، ئاندىن ئاللاھ زىكرى بىلەن قەلب ئاراپ تاپىدۇ، رەڭ بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، مەڭگۈلۈك ئاخىرەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاللاھ ئاخىرەتنى مۆئمىن دوستلىرىنىڭ كۆڭلى، قەلبى، ئارزۇسى بويىچە تەييارلىغان، باغۇ ـ بوستانلار، مەنزىرىلىك تاغلار، ئېقىن سۇلار، مەي، سۈت، ھەسەل، شەھلا كۆزلۈكم، نۇرلۇق يۈزلۈك، خۇما كۆزلۈك ھۆر ـ جانانلار بۇلاردىكى زىبۇ ـ زىننەت، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت، گۆھەرلەر، ھەر خىل مەنزىللەر، بىساتلار، ھاۋا مۇھىتى، تۇپرىقى، مەڭگۈلۈك خىل كېلىشى، ئىسسىق ـ سوغۇق بولماسلىق، ئۇيقا، ئۆلۈم بولماسلىق، پاسكىنا، نىجاسەت بولماسلىق، قاتارلىقلار بار، بىز

بۇلارنى جەننەت دېگەن تېمىدا سۆزلەيمىز، ئىنشائاللاھ.

ئاللاھ، بۇ سۇرىدە، بۇ زىننەتنى، بۇ ئالامەتلەرنى قارىغۇچىلار، تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئۈچۈن زىننەت قىلدۇق دېگەن. بۇ زىننەتتە چوقۇم ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بار، ھېكمىتى بار، ئەمما، بۇلارنى خۇراپىيلارچە، كۆزىنى يۇمۇۋالغان قارىغۇلار بىلمەيدۇ، بەلكى، پىكرىنى ئەركىن قويۇپ بەرگەن، بىر مولىلاق بىلەن تەپەككۇر ئەرشىگە بارغان ئالىملار بىلەلەيدۇ، ھەم بۇ ئىلىم دېڭىزىدىن گۆھەر سۈزەلەيدۇ، بىز مۇشۇنداق مۇتەپەككۇر ئالىملاردىن تاللاپ، بىلىم ئېلىۋاتىمىز، ھەقىقەتەن ئاللاھ بىزگە شۈكرى قىلىپ بولالمىغۇدەك نېمەت بەردى، ئەمما بىز تۈز كورلۇق قىلدۇق، ھەي ئىسىت!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كىتابىنىڭ **155** ـ بەتتە، ئۇ ئالەمنىڭ بۇ ئالەمنىڭ زىننىتىنى چۈشىنىش جامالىدىن ئىدراك ئېلىش ئۈچۈن ئەقىلگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك يول بەش دېگەن، بىرىنچى يول، پەيغەمبەر قولىدا ئاشكارا بولغان ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزە، ئىككىنچى يول، ئىلىم ئۈگەنمىگەن بولسىمۇ ئۆزى ساۋاتسىز بولسىمۇ قەلبى ساپ، نۇر بىلەن تولغاچقا، سۆزلىرى ۋەھيگە ئوخشاپ كېتىدىغان سالىھ، ئەۋلىيالاردۇر، بۇلاردىكى ئاجايىپ ـ غارايىبلار. ئۈچىنچى يول، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىنساندىكى ئەقىل، قابىلىيەت، كەشپىياتلار. تۆتىنچى يول، مۇشەققەت، رىيازەت، تەجرىبە ـ ساۋاقلار، خۇلاسە، ھېكمەتلەر تارىخ قىسسە، تەلىم ئېلىش، دەرس ئوقۇش، ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، يۇقىرى ئۇنۋان، دوكتۇر بولۇش، ئەللامە بولۇش، بىرىنچى، پەيغەمبەر يولى بولسا، پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلىرى بىلەن زېمىننى ئەقلىنى شۇ تەرەپكە بۇرىيالايدۇ، قارىتىدۇ، گاھ تاشتىن بۇلاق چىققان، گاھ ھاسا يىلان بولغان، گاھ ئۆلۈك تىرىلگەن، گاھ كېسەللەر، ئەمالار ساقايغان، گاھ ئاي ئىككى پارچە بولغان، گاھ، ھايۋان، ئۆسۈملۈك سۆز قىلغان، گاھ قۇرئان مۆجىزىسى يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغاندەك، ئىنسانلار ئەقىللىرى ھەيران ھالدا بىلىم ئالىدۇ، بويسۇنىدۇ، ئىسلامغا كىرىدۇ، ھەقىقەت نۇرىدىن قەلبىگە قاچىلايدۇ، ئاخىرى شەكسىز ئەبەدىيلىك بەختكە ئېرىشىدۇ، بىز مانا مۇشۇ خىزمەت ئۈچۈن، قۇرئاندىكى سىرلىق ھېكمەت، مۆجىزىلەرنى تەتقىق قىلىۋاتىمىز، ئالەمگە سەپەر قىلىۋاتىمىز، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىمۇ مۇشۇ ئىلىم ـ پەنگە ماس ھالدا قىلىپ بېرىپتۇ، ئاندىن ئۇنى قۇرئاندا سۆزلەپ، بىزگە ئىشارەت قىپتۇ، مەسىلەن: بۇلاق چىقىشى، تۇرىدىن سۇ چىققاندەك، دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈش، سۇ ئاستى پاراخت، ئۈچار گىلەم، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئۇچۇرۇش، ئايرۇپىلان، ئالەم كېمىسىگە ماس.

رەسۇلۇللاغا ئاينى يېرىپ بېرىشى، ئاي شارىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى زىيارەت قىلىشقا ئىشارەت ئىدى، قۇرئان بولسا، ئەمەلىي مۆجىزە بولۇپ، مەڭگۈ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ مەلۇم سۇرىسىدىلا جۈملىدىن سۇرە رەئىدەگە ئوخشاش سۇرىدە پۈتۈن پەن سۆزلىنىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، رەھمىتىنى، ھېكمىتىنى بايان قىلىش، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنى، ئىسلام دىنىنى، خۇراپاتلىقدىن قۇتقۇزۇش، تەرەققىياتنى قوللاش، دىنى دۇنياۋى تەرەققىياتنى قوللاش، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر.، ئىلىم ـ پەن، دىن ئۈچۈن ئاخىرەت ئۈچۈن كۆرەش قىلسا، ئۇمۇ دىن بولىدۇ. ئاخىرەت بولىدۇ، مەسىلەن: سىنئالغۇدا ئىسلامى دەرس ئۆتۈلسە، قۇرئان تىلاۋىتى ئوقۇلسا، سۈنئى ھەمراھدا دۈشمەننى قارىغا ئېلىش، ئاتومدا ھالاك قىلىش قاتارلىقلار، ئەگەر بۇ شەيتانغا ياردەمچى بولسا، قىزىل، سېرىق لېنتىغا ئوخشاش، ئامېرىكا فىلمىلىرىگە ئوخشاش ئۇنداقتا، بۇ شەيتان بولىدۇ. مەقسەت، ئاشۇ كائىناتنى ھەق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، باتىلغا تاقابىل تۇرۇش، خۇلاسە گەپ شۇكى، ئىنسانلار ئەقلىي يەتمىگۈدەك ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا مۆجىزە قىلىپ بەرگەن. دەل ئاشۇ ئىشلار ھازىر ئىلىم ـ پەن بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىلىممۇ بۇ ئەقىلمۇ ئاشۇ ئۇستۇن ئالەمدىن ئىلھام بىلەن كەلگەندۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سورىقىدا تارتىلمايدۇ، بۇلار سورىقىدا تارتىلىدۇ. بىلمىگە سەل قارىماسلىق لازىم.

ئىككىنچى يول شۇكى، سالىھلار قولىدا، ئەۋلىيالار قولىدا ئاشكارا بولغان ئاجايىپ ئالامەتلەر، مەرىپەت يۇلتۇزى دەپ نام ئالغان، پەيلاسوف، شەيخ، ئەھمەد ئىبنى مۇبارەك، ئىبرىز نامىلىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ. بۇ كىشى ئىلىم ئالمىغان، ساۋاتسىز، ئەمما، ئۆزى ئابىد بىر كىشىنىڭ يەنى شەيخ ئابدۇلئەزىز دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر نەچچە سوئال سورايدۇ، بۇ كىشىدىن، قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا

ئېرىشىپ شاگىرىت بولىدۇ. مانا بۇ پەيلاسوف، ساۋاتسىزغا تالىپ بولغان، ئاللاھ بىلدۈرسە ھۆپۈپمۇ سۈلايمان ئەلەيھىسسالام بىلمىگەننى بىلدى، ئاللاھ، بىلدۈرمىسە سۈلايمەن ئەلەيھىسسالام ھۆپۈپ بىلگەننىمۇ بىلمىدى، دېگەندەك، ئىشىدە! ئىسىگىلاردا بولسۇن، كېچىسى ئۇخلىمايدىغان كىشىدىن تارتىنماي، كىبىر قىلماي، سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىلىم ئېلىشقا تىرىشىڭلار، ئۇلار سىلەر بىلمەيدىغان روھ، سىر بىلىملىرىنى بېرىدۇ، بۇ بىر كارامەت مۆجىزە.

پەيلاسوف بۇ كىشىدىن مۇنداق سوراپتۇ، نېمە ئۈچۈن، كىشىلەر كىشىلەر ئاللاھنى قويۇپ، سالىھ، ئەۋلىيالاردىن قورقىدۇ، ھەم تارتىنىدۇ، ھەم بۇلار بىلەن قەسەم قىلىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنى قويۇپ، بۇلارنىڭ رازىلىقىنى تىلەيدۇ؟

شەيخ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاللاھ ئۇزۇۋەتكەن سەۋەب بار، ئۇلار قەلبى قاراڭغۇ، خۇراپاتلىق تولغان، ئاشۇ شەيخلىرىنى ھۆرمەت قىلغانچىلىك ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەنچىلىك ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايدۇ، ئەگەر شەيخ يېنىدا ئولتۇرسا، مۆگدەپمۇ قالمايدۇ، ئاللاھدىن قورقۇپ بىر كېچە تۈنىمەيدۇ، ھەدىيىلىرىنىمۇ ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئاشۇ شەيخلىرى ئۈچۈن قىلىدۇ، پېقىرلار بىر چەتتە قالىدۇ، ئۇلارنىڭ سالىھ كىشىلەرگە يېقىنچىلىق قىلىشى، ئۆز ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئەسھابۇلكەھپە ئىتچىلىك بولالمىغان، ئۇلار شەيخنى زىيارەت قىلىۋالسا بولىدى، ناماز ۋاقتىنى ئاخىرىغا سۈرەيدۇ، ھەتتا ئوقىمايدۇ، تېخى ئۇلار مەس بولدۇق دېيىشۇد، بېھۇشلۇق داۋاسى قىلىدۇ، ئەمما، ئاش، نان، كىيىم ـ كېچەك ئىشلىرىدا جايىدا گالدىن قۇرۇق قالمايدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن بېھۇشلۇق يوق.

ھەممە، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە دەپ تۇرۇپ، پادىشاھلاردىن، زالىمدىن قورقىدۇ، ئەندىشە قىلىدۇ، ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلالمايدۇ، بەزىسى زالىمغا پايدا ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ مۇنبەردە ماختايدۇ، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ پاسىقنى ماختىغان كىشى، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە گىرىپتار بولىدۇ دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، مۇسۇلمانلارغا بولسا، توغرا نەسىھەت قىلمايدۇ، گاھ بىرەر ئىختىلابنى داۋا قىلسا، گاھ پادىشاھلىقنى مەدھىيىلەيدۇ، گاھ يىتكەن نەرسىنى سۈرۈشتە قىلسا، گاھ بىرەرسىگە كايىپ دادلايدۇ، غەيۋەت قىلىۋالىدۇ، ئەمما، ھەق ئۈچۈن، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن، بىرمۇ سۆز يوق، دۇنيا ئۈچۈن، مۇلاھىزە قىلىشىدۇ، ئاخىرەتتىن گەپ ـ سۆز يوق، بىر خىللا قېلىپقا كىرىۋالىدۇ، قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ، ھەق گەپ كىرمەيدۇ، يا چىقمايدۇ، پەقەت دۇنيا غېمىدە ھەقىقەت يوق، پۈتۈنلەي ئۆرپ ـ ئادەت، بويىچە بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئىشلىرى كۆرۈنىشىدە توغرا بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە خاتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ قەلبىنى قاسماق باسقان بولۇپ، ئاللاھدىن ھەقىقەتتىن يىراق، ئاندىن بۇلار ئاللاھنى قويۇپ، مەخلۇقاتلارنى ئىزدەيدۇ دېگەن.

شەيخ شەئرانى بولسا، خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەيدىن مۇنداق سورايدۇ، نېمە ئۈچۈن ۋىردەلەر، زىكرى ۋەزىپىلەر بۇلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بۇلار تەرەققىي قىلمايدۇ دەپ سورىغاندا، شەيخ خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ، بۇلارنىڭ مەقسىدى سېھىر ئىلمىنى ئېلىش، پەقەت شۇ ياكى رىزىق، يۈز ـ ئابرۇي، ياردەم، ھەر خىل دۇنياۋى ھاجەتلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار مەقسەتكە يەتتى، ئەمما، قەلبى، روھى، نەپسى شۇ پېتى قالدى، بۇلاردىن ئەمەلىيەتتە بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ سۆزى ئەلادۇر. قۇرئانغا قۇلاق سال، كاپىرلار ئېيتتى، بىز بۇ بۇتقا يەنى بۇنىڭ روھىغا چوقۇنىمىز، مەقسىتىمىز، ئاللاھقا يېقىن بولۇش دېگەن، ئەمما، بۇ مۇسۇلمانلار بۇ سۆزنى يەنى ئاللاھ... ئاللاھ.. ئاللاھلا دېگەن بۇ سۆزنى قىلمايدۇ، ئاغزىنىڭ ئۈچىدا دىسىمۇ يەنىلا مەقسەتلىرى بىرەر ئىش يۈز بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، مانا بۇ ئاخىرىدا ئۆز نەپسى شەيتىنى ئۈچۈن، ئىبادەت قىلغان بولىدۇ دېگەن. مانا مۇشۇنداق ئىلمى ھەقىقەت بىر ساۋاتسىز كىشى تەرىپىدىن ئاشكارا بولغان، ئۇلار ھەقىقىي ئابىد ئىدى، ئاخىرەتكە يۈزلەنگەن دۇنيا تاماسى يوق ئىدى، پەقەت ئاللاھ... ئاللاھ... ئاللاھ...

بۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ ئىلىم ۋە ئەقىلگە زور تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ مەڭگۈلۈك نەمۇنە ئۈلگە بولۇپ، مۆجىزە بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى يول، ئىنسان ئەقلى، قەلبى، تەپەككۇرى، گەرچە بۇ پەيغەمبەر يا ئەۋلىيا بولمىسىمۇ نۇر، ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن نۇر ئارقىلىق ھەممىنى بىلەلەيدۇ، ھەر قانداق نۇر، ئاللاھ نۇرىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئىنسان خالىي بولۇپ، زىكرى ئېيتىپ، تەپەككۇر قىلسا، ئاجايىپ نۇرلار، سىلار ئاشكارا بولىدۇ، ئەمما، چىداپ سەۋر قىلىپ، سۈكۈتتە خىلۋەتتە تۇرۇشى لازىم. مەقسەت يەنىلا بۇ ئەمەس بەلكى، تەرەققىي قىلىش، ئاللاھ... ئاللاھ جامالى، ئاخىرەت، ھەقىقەت، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ، گۇناھسىز ئىبادەتتە ئۆلتۈرۈش خالاس. بۇنداق كىشىلەر ئىككى پۈتى زېمىندا تۇرسىمۇ قەلبى ئەرشكە ئېسىقلىق بولىدۇ. دائىمىن ئەرشىدىن يەتتە ئاسماندىن باشلاپ چوڭقۇر جايغىچە تەپەككۇر قىلىپلا يۈرىدۇ، مانا مۇشۇنداق كىشىلەر كەشپىياتقا ئېرىشىدۇ، مەيلى ئۇ سىر، روھ ئىلمى بولسۇن ياكى تەبئىي ـ پەن كەشپىياتى بولسۇن، مۇتەپەككۇرلارغا خاس، بۇلار ھەر خىل توسقۇنلۇقنى يەڭگەن بولىدۇ، جۈملىدىن زېمىن، گال، مال، بالا، رىزىق، سىرتىمىقدىن خالىي تۇرىدۇ، روھى ئەركىندۇر.

تۆتىنچى يول، ئىلىم، دەرس، مەكتەپ، تۈزۈم بولۇپ، ئىسلام مائارىپىنى ئەڭ ئىلغار ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. خۇراپاتلىقنى يوقىتىپ، ھەقىقىي قۇرئان بۇلىقىدىن سۇ ئىچكۈزۈپ، يىللارنى بىكار ئۆتكۈزمەي، نەخ مەسىلىگە توختىلىپ، تۈگەپ بولغان ئىختىلابنى قايتا قوزغىماي، دىننى، ئىلىمنى، دۆلەتنى ھەقىقىي تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئەڭ ئىلغار مىكرۇسكۇپ، تېلىسكوپ، رادار، سۈنئىي ھەمراھ، ئالەم قاتنىشىنى ئالغا سۈرۈپ، بالىلارنى ئەمەلىيەتچان ئوقۇتۇش لازىم. ناچار ئوقۇتقۇچىنى شاللاش، ھەقىقىي بىلىم ئىگىسىنى قويۇش لازىم. ۋىجدانلىق، راستچىل، ئەمەلىيەتچان، سادىق، ئاللاھ دەيدىغان، ئاخىرەت دەيدىغان، يەۋالىدىغان ئەمەس، يىدۇرىدىغان نوچى دەيدىغان، ھەق ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، ئىسلامى ھاكىمىيەت ئۈچۈن جان ـ پىدا قىلالىغۇدەك بارلىقىدىن ۋاز كېچەلىگىدەك، ئالدامچى، دۇنياغا شەيتانغا باش ئەگمىگىدەك قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئاساسىي مەقسەت، مانا بۇ نىشان، مانا بۇ غايە، مانا بۇ ئىسلامى دۆۋلەت، ۋە ئائىلە بۇنداق بولمىغاندا، غار ياخشى، ئىبادەت، ئىلىم، زىكرى ياخشى، قىيامەتنى، ئۆلۈمنى كۈتكەن ياخشى خالاس.

بەشىنچى يول، ساياھەت، زېمىننى ئايلىنىش، ھەقىقىي كۆرۈش، بىلىش، پۈتۈن زېمىننى، تاغۇ ـ دەريالارنى، باغۇ ـ بوستانلارنى، ھەر خىل سىرلىق مۆجىزىلەرنى بولسا، پۈتۈن دۇنيانى ساياھەت قىلىش لازىم.

پۈتكۈل پەيلاسوفلار، ھۆكما، ئالىملار، پۈتۈن زېمىننى ئايلىنىپ چىققان، شۇ ئارقىلىق كاللىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، بىز ھازىر فىلىم ئارقىلىق كىتاب، نەزەرىيە ئارقىلىق ساياھەت قىلمىغاچقا، رىيازەت يوق، قەدىرسىز بولۇپ، يەنىلا قەلبىمىز ئېچىلمايۋاتىدۇ، نەزەر دائىرىمىز تار، كەڭرى ئام ھۆكۈمنى تار، خاس چۈشىنىۋالىمىز، پەقەت بىز مەنىلا دەيمىز، ئاندىن ئىختىلاپ تېرىيمىز، مەنمەنلىك ئاخىرى بېشىمىزغا چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈرنىغا ساياھەتنى باشلايلى، قېنى ئەمىسە، تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **160** ـ بەتتە، قىزىل، سېرىق، يېشىل رەڭلىك شىمالىي قۇتۇب نۇرىنىڭ كۆرۈنۈشى بار، **16** ـ بەتتە **1872** ـ يىل **14** ـ ئاپرىل بېرلىندا ئاشكارا بولغان شىمالىي قۇتۇب نۇرىنىڭ گۈزەللىكى بار، **163** ـ بەتتە، **1865** ـ يىلى مەلۇم جايدا **1831** ـ يىلى بىرپىلفوتتا ئاشكارا بولغان ناھايىتى گۈزەل شىمالىي قۇتۇب نۇرى بار، مانا بۇ بىز سۆزىمىزنى باشلىغان زىننەت، گۈزەللىك، بىز سۆزىمىزنى مۇشۇ گۈزەل زىننەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز، بۇ نۇر ئەڭ گۈزەل كۆرۈنۈش بولۇپ، بۇ نۇرنى ئىنتايىن ئاز كۆرگىلى بولىدۇ. ئاۋۋال چاقماق چېقىپ ئاندىن ھەر خىل رەڭدە كېپىنەك ياكى يەلپۈگۈچ ياكى يايسىمان نۇر پەيدا بولۇپ، ھەرىكەتلىنىدۇ، سەكرەيدۇ، قىزىل، يېشىل، كۆك، توق سېرىق نۇرلارنى چىقىرىپ تۇرىدۇ، بۇ نۇر **100** مىل يەنى **160** كىلومېتىر ئېگىزلىكتە يۈز بېرىدۇ. ھەر بىر كىشى قېنىپ ئاشكارا كۆرەلەيدۇ، ئەمما، بۇ نۇرنى كانادا، شوتلاندىيە، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، بەزىدە ئامرىكىدا كۆرگىلى بولىدۇ. گاھ شىمالدا، گاھ جەنۇبدا يۈز بېرىدۇ، بۇ نۇرنى كىشىلەر قۇتۇب نۇرى دەپ ئاتايدۇ، ئەلۋەتتە بۇ نۇر كۈن نۇرى سەۋەبىدىن كېچە ئاسمىنىدا ئاتموسفېرا ئىگىز ـ پەسلىك تۈپەيلىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق دېيىش ھاجەتسىز، ھېكمىتى، زىننەت، گۈزەللىك نۇر ئىلىمنى كىشىلەر تەتقىق قىلسۇن ئۈچۈن، خۇراپاتلارچە ئۇخلاۋەرمىسۇن ئۈچۈن، ئاللاھ پات ـ پات ئاشكارا قىلىپ تۇرىدۇ، خۇددى كۈن ئاينى تۇتۇلدۇرۇپ تۇرغاندەك، بىز بۇنى كىتابىدىن كۆرگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆرەلمىدۇق، ئەمما بۇ نۇرنى سىنئالغۇدا كۆرەلەيمىز، بىز بۇنى قۇرئانغا ئىزاھات قىلدۇق، مەقسەت ئاللاھنىڭ نۇرىدۇر.

بىز نۇرنى تەتقىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ نۇرىنى قەلبگە كىرگۈزۈپ، خاتىرجەم قىلىپ دۇنيادا ئەڭ ئىلغار نۇرنىي كەشپىياتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئاخىرەتتە بولسا، ئاللاھنىڭ نۇرنىي جامالىنى قولغال كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئاللاھ خالىسا، ئاللاھ دىدارىنى بەرگەي. ئامىن!

نېمەتكە لايىق شۈكرى قىلمىدۇق،
ئىلىمغا لايىق ئەمەل قىلمىدۇق.
دوزاخقا كىرىشكە ئىشەنچ تولۇق،
جەننەتكە چىقىشقا ئىشەنچىمىز يوق.
ئاختۇرۇپ قېزىۋەتسەڭمۇ زېمىننى،
مەندەك تۇز كور بەندە ھېچيەردە يوق.
شۇ تاپتا قىلغان گۇناھىم ئۈچۈن،
كۆكسۈمگە يىسەم زەھەرلىك بىر ئوق.
ھەممە نەرسەم تولۇق قورسۇقۇم توق،
ئەمما، يېنىمدا ھەققىي سىرداش يوق.
ھەققىي سىرداشنىڭ يوقلىقىدىن،
ئاھ! كۆڭلۈم بەكمۇ سۇنۇق.
ئازابىدىن ئىچىم سىقىلىپ كەتتى،
ئاھ! تار كەلدى ماڭا كەڭرى ئۆيۈم.
قاتتىق ھېرىپ ـ چارچاپ قاپتىمەن،
سۆزۈمنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا مادارىم يوق.
قانداق قىلىمەن مەن زادى قانداق قىلىمەن ھېچ ئامالىم يوق،
ھەممە ياخشى مەن يامان.
باشقىلار بۇغداي مەن سامان،
ھەممە كىشى بەكمۇ خاتىرجەم.
ئەمما مېنىڭ ھالىم بەكلا يامان

**مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلغان قىسسىسى توغرىسىدا:** ئازىراق تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز، بىز بۇ قىسسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ يۈرمەيمىز، پەقەت، باشقىلار بىخەۋەر قالغان سىرلىق، ھېكمەتنى سۆزلەپ بېرىمىز، بۇ قىسسىدە، مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىلىم ئالغان، ئاللاھدىنلا ئالماي، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىزىردىن ئالغان، بۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىش، چۈنكى، رىيازەت لازىم. شۇنداقلا، پۈتۈن ئىلىم ئەھلىگە مۇتەكەببىرلىكنى، كىبىرنى چۆرۈۋېتىشنى ئۆگەتكەن، ئىلىم چەكسىزدۇر.

ئاللاھ سۆز قىلغان، رەسۇلۇللاھ باشقا بىر نەبىي پەيغەمبەردىن بىلىم ئالسا، بۇنىڭدىن ئەۋزەل كىشىمۇ تۆۋەن تەبىقىدىن بىلىم ئالسا بولىدۇ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

جۇملىدىن ئارقىدا قالغان بۇرۇنقى خۇراپىي موللىلار تەرەققىي قىلغان ياش ئالىملاردا ئوقۇشى كېرەك، يەنە بۇ قىسسىدە مۇنداق بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ زاھىرى بىلىم بىلەن باتىنى بىلىم زىت ئەمەس، بەزىلەر

خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشنى مۇسا ئەلەيھىسسالام رەت قىلسا، ئىككى بىلىم زىتكەن دەپ چۈشەنگەن، ئەمما، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ، بىزمۇ ھەممىمىز چۈشەندۇق، قايىل بولدۇق، ئىككى بىلىم بىر تال چاچ مىقدارى، بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسكەن.

ئەمما، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن زاھىرى بىلىمنى بىلگەن كىشى، باتىننى بىلمەيدۇ، باتىننى بىلگەن كىشى زاھىرنى بىلمەيدۇ دېگەن مەنا بار، ئاللاھ خالىسا ئىككىلىسىنى بىلىدۇ، ئىبراھىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردەك، ھەممە، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، خالىسا بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، خالىسا بېرىپ ئاندىن ئېلىۋالالايدۇ، شۇنداقلا بۇ قىسسىدە زامان، ماكانغا قاراپ، زۆرۈرىيەتتە ھۆكۈمنى ئۆزگەرتكەن، شۇنداقلا، بۇ قىسسىدە زالىم پادىشاھقا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرۇش بار، جاھاننى ئىسلاھ قىلىش بار، پۈتكۈل ئىشلار ئىلىمغا باغلاقلىق، كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بىز ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، بىر قىسسىنى بايان قىلىمىز، بۇ سۆزنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي **188** ـ بەتتە، سۆزلىگەن، بىر دېھقان، شەيخ ئالىمغا مۇنداق دەپتۇ، ئەي ئۇستاز، ئاللاھ سىلىگە قۇرئاننى، ئىلىمنى، ھېكمەتنى بېرىپتۇ، كىمگە ھېكمەت بېرىلسە نۇرغۇن ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ. مەن بۇ دۇنيادىن بەكلا ھەيران قالدىم، مېنىڭ بۇ ھەيرانلىقىمنى تۈگىتىپ قەلبىمگە شىپالىق ئاتا قىلسىلا، ئاللاھقا ھەققىي شۈكرى قىلغان بولسىلا ئاللاھ سىلىدىن كۆپ رازى بولسۇن، دەپتۇ، ئالىم، قېنى سۆزلىسىڭىزنى دەڭ، ئاڭلاپ باقاي دەپتۇ، دېھقان، ئەپچىل بىر جاينى تېپىپ، ئالدىرىماي سۆزنى ئۇچۇق، راۋان سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مەن بىر كۈنى باغ ئارىلاش دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىدىم، مەن ئاسمانغا، قۇياشقا پۈتۈن زېمىنغا قاراپ خىيالغا پاتتىم، قارىسام قۇشلار ئۇستۇمدە ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، بۇلاردا تۇۋاق بولماستىن يەڭگىل پۈت بار ئىكەن، يەڭگىل پەي، قانات بار ئىكەن، ئۇلار شۇنچە ئەركىن، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك دائىرىسى مېنىڭدىن نۇرغۇن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەن، مەن بىرلا مەنزىلنى ئىگىلەپ تۇرىدىكەنمەن، سەللا دىققەت قىلمىسام باشقىلار ھەققىنى يەيمەن، قۇشلار بولسا، خالىغان جايدا ئوزۇق ئالىدىكەن، خالىغان ماكاننى جاي قىلىدىكەن، بىز بولساق بۇلارغا قۇلدەك ئىشلەپ، ئاشلىق، مېۋە تەييارلاپ بېرىدىكەنمىز، مەن يەنە قارىسام ھايۋانلارمۇ بىزنى ئىشلىتىپ ئۆزى خوجايىن بولۇپ خاتىرجەم تۇرىدىكەن، بۇلار قانات بىلەن ئۇچالمىغان بىلەن بىزنى خادىم قىلىدۇ، بىز ھەر تەرەپكە قاتراپ بۇلارنىڭ غېمىنى قىلىمىز، توغرا، ئاللاھ ھەممىنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بېرىپتۇ، بۇلارنىڭمۇ بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن قىلىدىكەنمىز، قىلساق ئۆزىمىزگە قىلىمىز، كىم تېرىسا شۇ ئورىدىكەن، بۇ سۆزلەرنى دەپ يۈرمەي، مېنىڭ ئەڭ ھەيران قالىدىغان يېرىم، تېخى ئالدىمدا قاراڭ ئۇستاز مەن راستىنلا ھەيران قالدىم، مەن ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئىنسانلار، بۇلارنىڭ ئەھۋالنى كۆزۈتۈپ باقتىم.

ئالەمنىڭ قۇرغۇچىسى ئاللاھ، مېھرىبان، رەھىم قىلغۇچى دەيسىلەر، ئەمما، مەندە بىر شۈبھى بار، قەلبىم ئارام تاپمىدى دەپتۇ، ئۇستاز، ئاغزىڭنى يۇم، بۇنداق قالايمىقان سۆز قىلما دەپتۇ، دېھقان، ئالدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن؛ ئۇستاز ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بۇ سۆزلىرى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ، دەپتۇ، ئۇستاز قېنى دەپ باقە ئاڭلاپ باقاي دەپتۇ. دېھقان ئۇنداق بولسا، چىداپ تۇرۇپ گېپىم تۈگىگىچە ئاڭلاپ تۇرسىلا، سۆزنى بۆلۈۋېتىش، مۇنازىرە قائىدىسىگە خىلاپ دەپ سۆزنى باشلاپتۇ، قارىسىلا ئۇستاز، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۆزى ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، يەنە ئۆزى جاننى ئالىدۇ، ئاخىرىدا ئىنسانلار نۇرغۇن ئازابقا قالىدۇ، بۇ نېمە ئىش؟ قارىسىلا ئۇستاز، ھايۋانلارغا شىر، يولۋاسلار، قارچۇغا قۇشلار، باشقا ھايۋان، قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، قىلچە رەھىم ـ شەپقەت زادى يوق، قارىسىلا ئۇستاز، ۋابا كېسىلىگە بەزىدە ئىنسانلارنى بەزىدە ھايۋانلارنى رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ كېتىدۇ، قارىسىلا بىر باي بىلەن بىر كەمبەغەل خوشنا ئولتۇرىدۇ، باينىڭ بولسا، ھەممە نەرسىسى تولۇق، **99** كالىسى بار، كەمبەغەلنىڭ بولسا بىرلا كالىسى بار، بالىسى بار. بايغا ھېچ ئىش يوق، ئاشۇ كەمبەغەلگە كەلسەك، مۇسىبەت ھارماي شۇنىڭغا كېلىدۇ، بۇ زادى نېمە ئىش، سۆزلىسەم گەپ تولا، ئەمدى بولا، سىلى بىر جاۋاب بەرسىلە، قەلبىم ئارام تاپسۇن، بۇ رەھمەت، كۆيۈنۈش، قېنى زادى قېنى؟ دەپ سوراپتۇ.

ئۇستاز: بىر ئاز ئويلىغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، بۇلار قىلغان ئىشىدىن، يېمەك ـ ئىچمەكتىن، سوراققا تارتىلىدۇ، دېھقان ۋاي ئۇستاز مەن بۇ

ئايەتنى كىچىكمىدىنلا بىلەتتىم، ماڭا تىخىمۇ تەپسىلىي رۇشەن كەڭ دائىرىلىك چۈشەنچە بەرسىلە، مىنى ئۇنداق ئاللاھنىڭ ئايىتى، ئازابى بىلەن قورقىتىپ تەھدىد سېلىپ تەقدىر بىلەن گوللاپ بىلمىسىز قويمىسىلا دەپتۇ، ئۇستاز، ئاندىن ھەرقانداق بىر ئالىم ئۇستىدە يەنە بىر ئالىم بار، بۇ سۆزۈڭگە مەندىن ئالىمراق بىرسى جاۋاب بەرسۇن دەپتۇ، ئاندىن شۇ ئارىلىقدا بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈزەل بىر قۇش پەيدا بولۇپتۇ، ھەي، مەن ئىككىڭلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم دەپتۇ قۇش، بۇلار ھەيران قىلىپ، ئوھۆي بۇ نىمە ئىش، قېنى سىلە جاۋاب بەرسىلە دەپتۇ، قۇش تازا گۈزەل قىياپەتكە كىلىپ سۆزنى داۋام قىپتۇ.

ئەي ئۇستاز، سىلە خىزىر قىسسىسىنى ئوقىغانمۇ؟ دەپتۇ قۇش، ئۇستاز: ھەئە، ئوقۇغان دەپتۇ، قۇش: ئۇنداقتا بۇ قىسسىدىكى ئىلىم ـ ھېكمەتنى ئويلىسىلا، خىزىر ئاشۇ بىچارە كەمبەغەلنىڭ كېمىسىنى تىشۋەتتى، يەنىلا مۇسىبەت يوقسۇزغا كەلدى، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ يەنىلا كەمبەغەلنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۇندىن كېيىنكى ياخشىلىق ئۈچۈن، بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، كەمبەغەل كېمىسى ساق قېلىپ، كۈننى، تۇرمۇشنى ياخشى ئالدى، زالىمنىمۇ زۇلۇمدىن ساقلاپ قالدى، ھەم بۇ نازۇك قەلب، ئاللاھقا ئىنتىزار بولدى، ئاخىرەتتە بولسا، ئەزگۈچىدىن ئىزىلگۈچىلەر ياخشى بولىدۇ، قاراڭ، خىزىر ئەلەيھىسسالام بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى، بۇنىڭدىن ياخشىنى ئاللاھ بېرىشى تۇرغان گەپ، ياماننىلىقنى بولسا، مەن كىمنى ئەيىپ قىلىپ قويىدۇم دەپ ئۆزىگە نىسبەت بەردى، ئاللاھ ياخشىراقنى بېرىشنى ئىرادە قىلدى دەپ ياخشىلىقنى ئاللاھقا نىسبەت بەردى، مانا بۇ ئەڭ گۈزەل ئەدەب، ئاللاھمۇ ئۆلۈم بىلەن نۇرغۇن ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىدۇ، زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بەزى دۆۋلەتنى ئېچىنىشلىق ھالاك قىلىدۇ، بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، ھېكمەت بار، زالىمنى شۇ سەۋەبدىن جازالايدۇ. مەزلۇمغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ... ئاللاھ دىگۈزىدۇ، بەلكى، بۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شورى بولۇشى مۇمكىن، گۇناھى كەچۈرۈم بولىدۇ، باشقا ئادىل ياخشى بىر دۆلەت قۇرۇلۇشى مۇمكىن ياكى ئاخىرەتتە ئوبدان بېرىدۇ، ۋە ياكى پۈتۈن دۇنياغا زالىم، مەزلۇمنى ئاشكارا ئىلان قىلىپ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى سىنايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زېمىن ئەھلى ئىككى قاش بولىدۇ، پۈتۈن ھېكمەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بىز بۇنى بىلمەيمىز، ئاللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، خىزىر ئەلەيھىسسالامدا سەن بىلمەيدىغان ئىلىم بار، ئېلىپ كەل دەپ بۇيرىدى، ئىلىم چەكسىز، شۇڭا، بىز توختىماستىن بىلىم ئالساق، ئاندىن بۇ ئىشلارنى چۈشىنىمىز، ئاللاھ چوقۇم مۇراد ـ مەخسەدكە يەتكۈزىدۇ، پۈتۈن كىشىلەرنىڭ بىلىمى، ئاللاھنىڭ ئىلمى ئالدىدا يوق نەرسە، پۈتۈن كىتاب، قۇرئان، ھەدىس ئالدىدا ھېچنىمگە ئەرزىمەيدۇ، پەقەت تەپسىلات بولىدۇ، ئىزاھات بولىدۇ خالاس، ئاساسي، تۈپ ئاساسى مەنبە، ھەممە ئاخىرىدا بارىدىغان ئىلىم قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى بولىدۇ.

ئەمدى، سۆزىمىزگە كەلسەك، ئاللاھ خالىغان مەخلۇققا، خالىغان نەرسىنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ، بەزىسىگە ئوت ـ چۆپ، بەزىسىگە ئاشلىق، بەزىسىگە گاڭ گۆش، بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى، ئەمما بۇ ئىشلارمۇ ھېكمەت بىلەن بولىدۇ، گۆشخور ھايۋانلار، قۇشلار، ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مۇھىتنى، ھاۋانى تازىلايدۇ. ئاشۇ خەتەرلىك ۋابانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھەممە، ئاللاھنىڭ كۆيۈنىشى، رەھىم قىلىشى، مەخلۇققا ئوخشاشمايدۇ، بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاتساق، تۈپتىن خاتالىشىمىز، نەزەر دائىرىنى، تەپەككۇرنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەڭ مەندىن دۇنياۋى قاراپ ئاندىن توغرا چۈشىنىشىمىز لازىم.

ئەگەر ئىنسانلار **100** يىل ئۆلمىسە، پۈتۈن زېمىن تار كېلىپ، ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق بولىدۇ، گۇناھ مەئسىيەت بولىدۇ، ئەگەر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ تۈرىنى، رىزقىنى بۇنىڭدىن سەللا كۆپ ياكى ئاز قىلسا، پۈتۈن دۇنيا يەنىلا ھالاك بولىدۇ. ئەڭ مۇۋاپىق تەڭپۇڭنى ئاللاھ ئۆزى بىلىپ، ئىشلارنى بېجىرىدۇ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى ئاللاھ ئۆزى بىلىپ تەڭشەپ تۇرىدۇ، سىلەر بۇنىڭغا ئىچىڭلارنى پۇشۇرماڭلار دەپتۇ، بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئۇستازمۇ،دېھقانمۇ خۇشال بولۇپتۇ، بۇنداق قىسسىنى بىز كىتابنىڭ بېشىدىمۇ سۆزلىگەن، بۇ بىر سىر ئىلمى بولۇپ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئۆزى ئالىم، ئاجايىپ ماقامنى بايان قىلغان، روھ ئىلمى بولىدۇ.

خۇلاسە گەپ شۇكى، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنئالا ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، بىز بۇنى چۈشەنگىچە ئارىلىقدا گاڭگىراپ قالىمىز، رەسۇلۇللاھمۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق

ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆزلىگەن، چۈنكى، ئىنسان ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارمۇ ئوخشاش ئەمەس، زامان، ماكان ئوخشاش ئەمەس، بەزىسى ئىسلامى خاندانلىق بولسا، بەزىسى كاپىر، بەزىسى ئىلىشمان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئان، ھەدىسنى ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىپ، تولۇق چۈشىنىشىمىز لازىم. ھەر قايسىسىنى ئۆز ئورنىدا قويىشىمىز لازىم، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلماي، ناسىخ، مەنسۇخ يەنى كۈچكە ئىگە ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالغان ھۆكۈمنى ئايرىپ، مەسىلىنى چىرايلىق رەۋىشتە بىر تەرەپ قىلايلى.

ئايەت، ھەدىسنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، زىددىيەتلەشتۈرۈپ، ئىختىلاپ تېرىمايلى، كەڭ مەزمۇنلۇق، ئەتراپلىق ئام سۆزنى تارايتىپ، خاسلاشتۇرۇپ، مېنىڭ توغرا سېنىڭ خاتا، پەقەت مەنلا دەپ ئۆزىنى، ئۆزگىنى گۇناھقا، پاتقاققا تىقىپ، ھالاك قىلمايلى، تالاشقان مەسىلە، مۇستەھەپچاغلىق بولسا، ئىتتىپاقلىق پەرىزدۇر.

بىز ئەمدى، بۇ سۈرىدىكى يەئجۇج ۋە مەئجۇج توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى بايان قىلىمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: **1900** ـ يىللىرى ئىدى، مىسىر، شام، سۈرىيە ۋە باشقا دۆۋلەتلەردىن بولۇپ، نۇرغۇن دىنىي ئالىملار، زىيالىيلار ۋە باشقا دىن تەتقىق قىلغۇچىلار، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان يەئجۇج ۋە مەئجۇج زادى كىم؟ ئۇلار ئادەم بالىسىمۇ ياكى باشقا تائىپىمۇ؟ ئۇلار نەدە؟ ھازىر پۈتۈن زېمىن، يەرشارى چېگراغا ئۆلىنىپ بولدى، ئاستى ـ ئۈستىنى قىزىپ تەكشۈرۈپ، ئالتۇن، كۆمۈر، رودا، نېفتلارنى قىزىپ پايدىلىنىۋاتىمىز، گىئولوگىيە، ئارخولوگ ئالىملارمۇ خېلى كەڭرى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئەمما بۇنداق تائىپىنى ئۇچراتمىدى، ئەمەلىيەتتە زۇلقەرنەيىن بۇلارنى تاغ ئارىسىغا قامال قىلغان، كۆمۈپ قويمىغان، ئۆلدىمىكى دېسەك، يەنە چىقىدۇ دەپ كۆرسەتمە بەرگەن، بۇلار زادى كىم؟ نەدە؟ بۇنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ، بۇ مەسىلىگە ھېچكىشى تولۇق جاۋاب بېرەلمىدى، بەزىلەر ئۇلارنى ئاللاھ، دەججالنى كۆرسەتمىگەندەك كۆرسەتمىگەن دېگەن بولسىمۇ باشقىلار، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ شۇنداق دېدىمۇ؟ قۇرئاندا، ئاللاھ، مەن كۆزگە كۆرسەتمەيمەن دىمەپتىغۇ، بەلكى، ئۇلار ئېگىز جايلاردىن يۈرۈشۈپ كېلىدۇ دەپتىغۇ؟، شۇ چاغدىكى كىشىلەر كۆزۈرۈپتىدىغۇ، دېگەندەك رەددىيە بەردى، بۇ مەسىلىنى مەن پۈتۈن دىنى كىتاب ۋە تارىخنى ئاختۇرۇپ نۇرۇغۇن بەدەل تۆلەپ تولۇق ئىسپاتلاپ چىقتىم، مەن شەكسىز ئېيتىمەنكى، يەئجۇج ۋە مەئجۇج چىڭگىزخان ئەۋلادى بولغان مۇڭغۇللار، خەنزۇلارنىمۇ يىراق دىگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ دەلىلىم بەش خىل تەتقىقات نەتىجىسىدە قولغا كەلدى، بۇ تائىپىنىڭ ئاتالغۇسى، نامى، شەھەر، تۇرالغۇ جاي، جۇغراپىيىلىك ئورنى، بۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بۇزۇقچىلىقى، بۇ تائىپىنىڭ توساقنى ئېچىشى، ئۇندىن باشقا ئېگىز جايدىن يۈگۈرۈشۈپ دېگەن سۆز، ھەق ۋەدە قىيامەتنىڭ يېقىن بولۇشى ۋاھاكازالار، يەئجۇج ۋە مەئجۇج دېگەن بۇ كىشىلەر ئادەم بالىسى بو لۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلى ياپىسقا تۇتىشىدۇ، بۇنىڭغا پۈتۈن تەپسىرشۇناسلار قوشۇلغان، ئەبۇلپىدا دېگەن ئالىمنىڭ تۈرك قەبىلىسىنى يەئجۇج دەپ ئاتىشى پۈتۈن تارىخشۇناسلارنى ھەيران قالدۇرغان.

مۇڭغۇللار، تۈركلەر، خەنزۇلار، يەئجۇج ۋە مەئجۇج بولۇشى مۇمكىن، بۇلار نىسبەتەن، جۇڭگو زېمىنىدا تۇرىدۇ دەپ كۆرسەتكەن، بۇ مەسىلە، مىللەت تارىخى دېگەن كىتابتا ئىغۋانۇ دېگەن كىتابتا بار ئىكەن، شۇنداقلا تاراخشۇناسلار ئىسلام تارىخشۇناسلىرى دەلىللەپ كۆرگەن بولۇپ، بۇلار ئۆز ۋاقتىدا زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا قاتتىق بۇزۇقچىلىق قىلغانىكەن، ھەتتا ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرۈپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ئاندىن كېيىن بۇلارنى زۇلقەرنەيىن قامالغا ئالغانىكەن، كېيىن بولسا، ئاببا س ئەۋلادى دېگەن كىشى( ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ دەۋرى ) ئىسلام خەلىپىسى بولغان چاغدا رەسۇلۇللاھ دۇنيادىن كېتىپ **700** يىلدىن كېيىن چىڭگىزخان قوشۇن تارتقان، مانا بۇ مۇڭغۇل قوشۇنى قايتا ئەرەبنى قاخشاتقان، بۇ بۇخارىنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىللەيدۇ. رەسۇلۇللاھ زەينەپنىڭ قېشىغا غەم قىلىپ كىرىپ كېلىدۇ، ئاندىن لا ئىلەھە ئىللەللاھ ئەرەبلەرگە بىر يامانلىقدىن ۋاي، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ توسىقدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلىپ بوپتۇ، دەپ قولىنى ھالقا قىلغان.

ئاندىن بۇ ئايال، يا رەسۇلۇللاھ، قېتىمىزدا ياخشىلارمۇ تۇرساق ھالاك بولامدۇق؟ دەپ سورىسا، ئاندىن رەسۇلۇللاھ شۇنداق، ئەگەر نىجىس، گۇناھ كۆپىيىپ كەتسە دېگەنىكەن، بۇ ھەدىستە بىر قېتىم چىقىشقا

ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، 700 يىلدىن كېيىن چىققان، ئۇندىن باشقا ئايەت، ھەدىسكە قارىغاندا، بۇ تائىپە يەنە بىر قېتىم چىقىدۇ، بۇلار بۇ قېتىم جۇڭگو بىلەن بىرلەشتى، جۇڭگونىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان ئىچكى ۋە تاشقى مۇڭغۇللار خەرىتىسى بار.

دارولئولومدا مۇددەرىسلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى، مۇھەممەد پەخرۇددىن رەھمەھۇللا ئەلەيھىنىڭ خەرىتىنى كۆرسىتىپ، مۇڭغۇللار جايىنى يەئجۇن ۋە مەئجۇج شەھىرى دەپ ئاتىغان، تارىم دەرياسى، شىنجاڭ، قەشقەرمۇ چۈشۈرۈلگەن خەرىتە بار. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا بۇ جاينى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، ئالىملارنىڭ دېيىشىچە، سەمەرقەنت، ھىندى، ئەزەربەيجان ئەتراپىدا ، يەنى مۇڭغۇللار دۆلىتىدە زۇلقەرنەيىن سوققان سېپىل بار ئىكەن، بۇمۇ ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر.

يەنە، ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىغا قويىشىچە، مۇڭغۇللار، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېگىز جايلاردىن زېمىننىڭ ئۈستۈن تۆپىلىكىدىن ھۇجۇم قىلىپ باشقا، ئەللەرگە كىرگەن، مانا بۇ قۇرئاندىكى ئۇلار ئېگىز جايدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىدۇ دېگەن ئايەت شۇ، بۇ بىر مۆجىزە بولماقتا، شۇنداقلا ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئاقتاي بىلەن باتۇرلار باشلاپ ماڭغان قوشۇن بىز پەيغەمبىرىڭلار ئاگاھلاندۇرغان يەئجۇج ۋە مەئجۇج دېگەن تائىپە شۇ دېگەنىكەن، (ئىبنى كەسىرنىڭ بىدايەت ۋە ناھايەت دېگەن كىتابىدا بار) چىڭگىزخانمۇ ئەرەب ئەللىرىگە پەيغەمبىرىڭلار تۇرۇۋكلەرنى جىم قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەرنى جىم قويسىلا دېگەن. بىز تۈرك، سىلەر مېنىڭ ئەلچەمنى ئۆلتۈرۈپ تىجارەت ماللىرىمنى بۇلاپسىلەر، سىلەرنى كەچۈرمەيمەن دەپ قوشۇن تارتىپ چىققانلىقى، تارىخدا خاتىرلەنگەن، ئىشەنمىسىڭىز مىكروسكوپ، بىلەن ۋە باشقا ئىلغار ئۈسكۈنە بىلەن تارىخ كىتابلىرىنى دۇنيا تارىخىنى ئوقۇپ قەغىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، چىڭگىزخان يازغان خەتلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ، بۇنى پەقەت دۇنياۋى ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلار مەككىگە، مەدىنىگە، بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرەلمەيدۇ دېگەن. راستىنلا چىڭگىزخان، تاتار، تۈرۈك قوشۇنلىرى زېمىننىڭ شەرىق، غەربلىرىنى ئايلانسىمۇ، يەنىلا بۇ ئۈچ مۇقەددەس جايغا كىرەلمىگەن، بۇمۇ بىر مۆجىزە، بولماختا، ئايەتتە، بۇلارنى ئېگىز جايدىن چۈشىدۇ دىسە، راستىنلا ئېگىزلىكدىن ھۇجۇم قىلىپ چۈشكەن، پاساد تېرىيدۇ دىسە، دەل مۇشۇلار پاساد تېرىغان، ئۇنداق بولمىغاندا، زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پاساد تېرىغان زادى كىم، بۇنىڭغا بۇ مۇڭغۇللاردىن باشقا پاكىت يوق، شۇنداقلا، بۇلار ئىنتايىن مەينەت بولۇپ، ئالدىغا كەلگىنىنى يەۋېرىدۇ، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلاردا بۇددا دىنىي ئەقىدىسى بار، ئەدەپ ـ ئەخلاق دىنى كىتابلار يوق ئىدى، بۇلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان، بۇلارغا خوشنا تۇرغان خەنزۇ، ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىنچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، خەنزۇلاردىن بەكلا ئاز، مۇڭغۇللار بولسا شۇ پېتى قالغان. ئۇلارمۇ كېيىن مۇسۇلمان بۇلۇدۇ ،**بەدايەت دېگەن كىتابدا**

ئىبنى مەسكۇيىيەنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى دېگەن كىتابىدا، يەئجۇج ۋە مەئجۇجنى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان دەپ ئورنىنى كۆرسەتكەن، پايتەختى بېيجىڭ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇلار شۇنداق ھەددىدىن ئاشقانكى، پادىشاھى تېمۇچىنىنىڭ لەقىمىنى چىڭگىزخان دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ سۆز شۇ تىلدا دۇنيا پادىشاھى دېگەن بولىدىكەن، بۇ مەينەت تائىپە، جۇڭگو خەنزۇلىرى بىلەن روسلار بىلەن بىرلىشىپ يەنە قانداق چىقىدۇ، بىلگىلى بولمىدى، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئايەت، ھەدىس، ئالىملار تەتقىقاتى، تارىخ، جۇغراپىيە دەلىللىرى بىلەن بىز بۇ تائىپىنى مۇڭغۇللار دەپ ئاتىدۇق.

پەرق پەقەت ئاتالغۇسى ئۆزگەرگەن خالاس، ئۇنداق بولمىسا بۇلار كىم؟ بۇلار نەدە؟ ج بۇلار مۇڭغۇل، بۇلار، جۇڭگو، تىبەت، مۇڭغۇلىيىدە، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ قانداق بايان قىلسا، شۇنداق چىققان، دەل مۇڭغۇللار باشقا مىللەت زادى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئاندا زۇلقەرنەيىن شەرىققە قىلغان سەپىرىدە ئۇچراتقان ئىككى توساق ئارىسى دەل مۇشۇ شەرىقدە، بۇ جاي ئەرەبلەرگە نىسبەتەن شەرىق بولىدۇ ـ دە!

رەسۇلۇللاھ دېگەن ئومومىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشىمۇ بۇ تائىپىنىڭ كۆپلۈكنى كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ ھازىر مۇڭغۇللار بىلەن خەنزۇلارنى كۆرسىتىدۇ، زېمىندا بۇنىڭدىن ئارتۇق نوپۇس يوق، شۇنداقلا بۇلاردا ئىسلام دىنى زادى يوق، بەزىلەر ئۇنداقتا بۇلار قىيامەت ئالامىتى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن، توساق تېشىلىپ بولسا، قىيامەت

قايىم بولمايدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن.

جاۋاب شۇكى، ئارىلىقدا چوقۇم پاسىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ چىقىشىنى قىيامەت ئۆزى شۇ دېمىگەن، بەلكى، ۋاي دېگەن، ئازابنى كۆرىمىز، ئاندىن ئوموميۈزلۈك چىقىشى مۇمكىن، ئەمما يەنىلا ئۇلارنىڭ كۆپىيىشى، قوشۇن توپلىشى ئۈچۈن، شارائىت ۋاقىت كېتىدۇدە!!.

بۇنداق يېقىن لەۋزى، قۇرئان، ھەدىسدە كۆپ، ئاللاھمۇ قىيامەت يېقىن قالدى، ئاي يېرىلدى دېگەن. رەسۇلۇللاھمۇ مەن بىلەن قىيامەت ئارىسى مۇشۇنداق دەپ ئىككى بارماق ئارىسىنى يېقىن قىلغان، ئەمما قىيامەت بولمىدىغۇ، بۇ يېقىنلىقنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

نەچچە يۈز يىلمۇ، نەچچە مىڭ يىلمۇ، نەچچە مىليونمۇ، ئاللاھ بىلىدۇ، بىز سانىغان **1000** يىل ئاللاھ نەزلىدە بىر كۈندۇر، ئىشقىلىپ، ئاخىرى بۇلار زور قوشۇن بولۇپ، بىر چىقىدۇ، بۇ ئەھۋالمۇ زېمىن ئىچىدە، يەر ئاستىدا ئەمەس. يەر ئۈستىدە بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا بۇلار ئادەم بالىسى، ھەم بۇلار زېمىندا تارىلىدۇ، بۇ ئېنىق، بۇ مەسىلىنى خۇراپىيلارچە روشەن چۈشىنچىنى يوق قىلمايلى، دەلىل ـ ئىسپات تولۇق، قۇرئان، ھەدىس، ئالىملار بىرلىككە كەلدى، بۇنىڭغا شەك قىلماڭ، ئۇنداق بولمىسا سىبىز دەلىللەپ سوئالغا جاۋاب بېرىڭ، بۇ ئاسان ئەمەس، پۈتۈن كىتابنى، تارىخنى ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنى پەقەت دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتتا **20** ـ **30** يىل دەرس ئۆتكەن ئالىملار قىلالايدۇ، بۇ مەسىلىنى تەپسىر مۇنىيرمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، سەييىد قۇتۇبمۇ «فىزىلال قۇرئان» دېگەن تەپسىرىدە ئوتتۇرىغا قويىدى، توغرىسىنى، ھەقىقەتنى، ئاللاھ بىلىدۇ. قانداق بولمىسۇن مۇسۇلمانلارغا ئالدىنئالا بىر بالاسى، ئاپەت، خەۋەر بېرىلدى، ئاگاھ بولۇڭلار دېمەكچى.

بۇ مەسىلىگە بولسۇن ياكى باشقا مەسىلىگە بولسۇن، بالا تالىپلار ئاقساقاللىق قىلماڭلار، دۇنياۋى مۇتەپەككۇر، تەپسىرشۇناسلار ئۈستىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى سۆكۈپ، ئەيىبلىمەڭلار، بولۇپمۇ ئىسلام دۆلىتىدە ھەقىقي ئىسلام مەكتەپتە، بىلىم ئالالمىغان چالا ساۋات مولللار، قەسكە ئۇچراپ كەتكەن، ئۆزگەرتىلگەن كىتابلارنى تولا ئوقۇغانلار، قۇرئان دېگەن ساپ بۇلاقنى بۇلغىماڭلار، ئاددى ئىشنى سىرلىق قىلماڭلار، كېيىن بىز ئىسلام ئالىملىرى خىجىل بولمىز، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس ھەقىقي ئەمەلىيەتتىن باشقا رىۋايەتكە ئىشەنمەڭلار، ئاساسى ئاجىز بىر قىسىم رىۋايەتلەر ساختا، يالغان ھەدىسكە ئالدانماڭلار، **600000** ھەدىستىن پەقەت يەتتە مىڭى راست، سەھى ئىكەن، قالغانلىرىدا مەسىلە بار ئىكەن دېگەن. بۇ سۆزنى سىلەر بىلىسىلەر، كاللاڭلارنى سىلكىپ نەزەر ـ دائىرىنى كېڭەيتىپ، تەپەككۇر قىلىڭلار، سەل كەڭ قورساق بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقي ئىلىم ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

بىز بۇ سۈرىدىكى تاللاش، سۆزىمىزنى ئاخىرقى ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز، بۇ ئايەت توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە تەپەككۇرلار بىزنى قايتىدىن تەبئىي ـ پەن ساھاسىگە باشلاپ كىرىدۇ، ئايەت مۇنداق.

**﴿ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئەگەر دېڭىز سۈيى سىياھ بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ دېڭىز سۈيى تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى كەلتۈرسەكمۇ﴾**

دىمەك، ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىز، كالامى، سۆزىمۇ چەكسىز، يەنە بىر سۈرىدە، سۈرە لوقماندىغۇ دەيمەن. پۈتۈن دەرەخلەر قەلەم بولسا، دېڭىز سۇلىرى سىياھ بولسا، يەنە يەتتە دېڭىزنى قوشسىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ دېگەن. يەتتە ئەمەس **70** ھەتتا **700** بولسىمۇ شۇنداق، ئاللاھ يەتتە دېگەن سانىنى دېگەن، خۇددى يەتتە ئاسمان دېگەندەك، ئەمەلىيەتتە ئىلمى سۆزى چەكسىز، ئۇنداقتا، چەكسىز سۇ، سىياھلارمۇ توشمايدۇ، بۇ ئايەتلەر شۇنى كۆرستىدۇكى، قۇرئان، تەپسىرى شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىيىپ كەتكەن، تا قىيامەتكىچە يېڭى ـ يېڭى تەپسىرلەر مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى، يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

راست،! ئايەت، ئاللاھنىڭ سۆزى، پۈتۈن كائىنات مەخلۇقلارمۇ ئاللاھنىڭ ئايىتى، سۆزىدۇر. بۇ ئىككى كىتاب ئارىسىدا زىتلىق يوق، شۇنداق بولغاچقا، ئاللاھ ئىنسانلار چۈشىنەلىگىدەك تىلدا ئاسان قىلىپ كائىنات توغرىسىدا ھەقىقەت توغرىسىدا قانۇن، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىنتىزام، تارىخ، كەلگۈسى، مەڭگۈلۈك ئالەم

توغرىسىدا، پۈتۈن ئىلىم توغرىسىدا سۆزلىگەن. ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى ۋە پۈتۈن مەخلۇق توغرىسىدا ھادىسىلىكى ئاخىرىدا يوقىلىشى، ۋە يەنە باقى، ئەبەدىيلىك توغرىسىدا سۆزلىگەن، نۇرغۇن بېشارەت بەرگەن، غەيبنى ئالدىن سۆزلەپ مۆجىزە كۆرسەتكەن، بىز بۇلارنى پۈتۈن تەپسىردە ئاز تولىدىن سۆزلەپ ئۆتتۇق، ھازىر بىز پەقەت مۇشۇ چەكسىز بىلىم، چەكسىز سۆزلىرىدىن بولغان كائىنات توغرىسىدا ئىلمى تەرەققىيات توغرىسىدا ئاز ـ تولا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

پۈتۈن ئالىملار قوشۇلغان، جۈملىدىن ئاسترونومىيە ئالىملىرى قوللىغان، بىر ھەقىقەتنى يەنى، ئاسترونومىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، پەيلاسوف جىينىس ئەپەندىنىڭ سۆزىنى مىسالغا ئالىمىز. بۇ كىشى نۇرغۇن ۋاقتىنى، ئۆمرىنى، ھاياتىنى سەرپ قىلىپ، ئېرىشكەن بۇ ئىلمى ھەقىقەت، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ قوللىشىغا ھەتتا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

مەن ئىككى ئېغىز سۆز قوشۇپ قوياي، بۇ ئاسترونومىيە توغرىسىدا تەپسىر «مۇنىير»، «فىزىلال قۇرئان» ئۇندىن باشقا كىتابلارمۇ خېلى كۆپ سۆزلىگەن. سەييىد قۇتۇب، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئىسلامنى تونۇپ، ئاللاھنى تونۇپ، ئىمان كەلتۈرگەن مۇسۇلمان ئالىم كورسى مورسىيون دوكتۇرنىڭ سۆزىنى كەلتۈرگەن، بۇنداق ھەقىقەت كۆپ، بىز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئۇ ئالىم مۇنداق دېگەن.

بىرىنچى، كائىنات ئىلمىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېخى يېڭى ئۇ تېخى بوۋاق ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، گېئولوگىيە ئالىملىرى شۇنداق دېگەنكى، ئىنسانلار زېمىندا ياشىغىلى **300000** يىلدىن ئاشمىغان دېگەن. ئۇنداقتا زېمىندا ئون نەچچە ئەسىر كىشىلەر ياشىغان بولىدۇ، مەيلى بۇ توپتوغرا بولسۇن ياكى خاتا، ھەممىسى زېمىننى، ئالەمنىڭ مەركىزى، پۈتۈن مۇشۇ زېمىن ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ كەلدى، ھازىر بولسا، بۇ يەرشارى ھېچنىمىگە تەڭ ئەمەسكەن. يەرشارىنىڭ ئۆمرىگە تەخمىنەن **2000** مىليون يىل بولغان بولۇشى مۇمكىنكەن. ھازىرقىلار تۆت مىليارت يىل دەيدۇ.

تۆتىنچى، بۇندىن كېيىن نەچچە مىليون يىل مۇشۇ ھالەتتە تۇرىشى مۇمكىن، زېمىنمۇ مۇشۇ ھالدا قۇياشنى ئايلىنىشى مۇمكىن دېگەن. ئەمما، ھازىر ئالىملار قۇياش نۇرىنىڭ ئۆچىشىگە، پارتىلىشىغا، سوقۇلۇشىغا، باشقا پىلانىت بىلەن سوقۇلۇشىغا ئىشىنىدۇ.

بەشىنچى، كەلگۈسىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى ئىنسانلاردىن نەچچە مىليون ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ.

ئالتىنچى، ئىنسانلار زېمىندىكى تارىخىغا بوۋاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندەك، ئىلىم ـ مەرىپەتتىمۇ بوۋاق ھالەتتە تۇرماقتا، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، جىنسىدىن باشقىسىدىن خەۋەرسىز، جۈملىدىن ئالەم، كائىناتتىن خەۋەرسىز يۈرىشىدۇ. كەلگۈسىدە ئۇنداق ئەمەس، ھەم ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك.

يەتتىنچى، پۈتۈن جىسىم چەكلىك، بۇ جىسىمنىڭ ئارقىسىدا بىر چەكسىزلىك بار، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئاسمان، پۈتۈن سىستېما چەكلىك بولىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىر چەكسىزلىك بار دېگەن. دېمەك، بۇ، ئاللاھ بار دېيىشنى بىلەلمىگەن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە ھەم بار، ئوخشىشى يوق ـ دە!.

توققۇزىنچى، ئۇستاز ھوۋەيىل، ئاسترونومىيە ساھەسىدە، ئالەم بوشلۇقى بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق چەكسىزمۇ ئەمەستۇ، تېلىسكوپلىرىمىز ئىلغارلاشسا چوقۇم چەكلىرىنى، چېگرىسىنى تېپىپ، مەركەز تۇرغۇزىمىز دېگەن.

**10** ـ سىمىسىز ئۇسكۇنىدىن نۇر چىقىپ خەۋەرلەر چىقىپ، يەرشارىنى تېزلا ئايلىنىپ يەنە بىر نۇختىغا قايتىپ كېلىدۇ. بەلكىم، بىز مۇشۇنداق بۇ ئالەمنى ئايلىنىپ ئاخىرى بىر نۇختىغا قايتامىز.

**11** ـ ئەگەر، ئەڭ ئىلغار تېلىسكوپنى ھەتتا دىئامېترى نەچچە يۈز مېتىر كېلىدىغان تېلىسكوپنى قويساق، بۇ كائىناتنى، پۈتۈن ئاسمان جىسمىنى تولۇق كۆرىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، يەنىلا نەچچە يۈز مىليون يىلدىن بۇيان بىزگە نۇرى يېتىپ كەلمىگەن يۇلتۇز يەنە چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بەرىبىرى بۇ

ئىلمدا چەكلىك تۇرىدۇ.

**12** ـ نۇر ئادەتتە **300000** كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بىر سېكۇنتتا شۇنداق، زېمىننى سەككىز قېتىم ئايلىنىدۇ، بۇ نۇر پۈتۈن كائىناتنى **100** مىليون، ھەتتا مىليارت قېتىم ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. بىر سېكۇنتتا سەككىز قېتىم ئايلانغان زېمىن مۇشۇنداق بولسا، **100** مىليارت يىل ئايلانغان بۇ كائىنات قانداقتۇ، زادى قانداقتۇ؟ بۇنىڭ چېكى زادى نەدە؟ مانا بۇ مەسىلىنى قۇرئان بىرلا ئايەتتە دەپ بېرىدۇ. كۇرسى ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرىدۇ، ئەرشنى بولسا پەرىشتىلەر ئەتراپىدا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بىز ھەيران قالمايمىز، يەنىلا ئاشۇلار ھەيران قالىدۇ.

**13** ـ قۇياش، زېمىندىن بىر مىليون **300000** ھەسسە چوڭ.

**14** ـ سامان يولىدا قۇياشتەك **2000** مىليارت يۇلتۇز بار، بەزى سىستېمىدا بولسا، نەچچە مىليون يۇلتۇز بار.

**15** ـ تېلىسكوپدا كۆزىتىلىشىچە، ئالەم بوشلۇقىدا دائىم ھالدا يۇلتۇزلار شەكىللىنىۋېتىپتۇ، يەنىلا ۋەيران بولۇۋاتىدۇ، بۇ قۇياش، بۇ زېمىن، ئاشۇلاردىن بىر تال دان خالاس. ھازىر بولسا، دىئامېتىرى **300** مېتىردىن ئاشىدىغان دۇنياۋى ئالىملار كۆزۈتۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان تېلىسكوپلار ئورنىتىلدى، خالىسىڭىز بېرىپ كۆرۈڭ.

**16** ـ جەۋزا دېگەن يۇلتۇز قۇياشتىن **25** مىليون ھەسسە چوڭ، قۇياش بولسا زېمىندىن بىر مىليون **300000** ھەسسە چوڭ، ئەڭ كىچىك يۇلتۇز بىزنىڭ زېمىنىمىزچىلىك كېلىدۇ، ئەڭ چوڭ يۇلتۇز تېخىچە بېكىتىلىپ بولمىدى.

**17** ـ قۇياش ھەربىر سۇڭ يەردىن نەچچە يۈز ئات كۈچى ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ، بەزى يۇلتۇزلار ھەربىر سۇڭ يېرىدىن **300** مىليون ئات كۈچى ئىسسىقلىق چىقىردۇ.

**18** ـ قۇياش ھەر كۈنى تەخمىنەن ھەر مىنۇتتا **250** مىليون توننا ماددا سەرپ قىلىپ تۇرىدۇ، كۈندە بولسا **360** مىڭ مىليون توننا.

**19** ـ ئالەمنىڭ ئۆمرى بەش مىليارتتىن **10** مىليارتقىچە.

**20**. قۇياشمۇ يەنە نەچچە مىليارت يىل ياشايدۇ بەلكىم، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلمى پەرەز، بەزىسى ئىشەنچىلىك ھەقىقەت، ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.

قۇرئان، پەقەت پەرەزدىن، گۇماندىن خالىي ئەڭ توغرا، ئىشەنچىلىك ھەقىقەتنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئىلىم بىلەن پەننىڭ پۈتۈن مەخسىتى مۇشۇ دېگىلى بولمايدۇ. قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى، بۇ تۇپتوغرا، خاتاسى يوق. ئىنسان سۆزى خاتاسىنى توغرىسىنى قوبۇل قىلىپ قويىدۇ، ئاخىرىدا تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. قۇرئان بۇنداق تۈزىتىشدىن شەك، گۇمان، پەرەزدىن خالىيدۇر.

## سۈرە مەريەم تەپسىرىدىكى ئەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

ئالەملەرگە ئالامەتتۇر مەريەم ئانا،
مەريەم ئاندەك ئىپپەتلىك بول سەنمۇ بىر ئانا.
ئىپپەتسىزلىكنى يەتكۈزمىگىن ھەرگىز ماڭا،
مەريەم ئانىنىڭ يولىنى تاپلايمەن مەن ساڭا.
مەريەم ئاندەك ئالىم، ئابىد بولالمىغاچقا،
نۇرغۇن بالا ـ قازالارغا يولۇقتۇم مانا.
تۆت بالا بىلەن كالا ئايىغىدا ئۆملەپ يۈرۈپ،
ئىبرەت بولالمىدىممۇ؟ ئېيتى مەن ساڭا.
قىيامەت ئالامىتى يېقىنلاشقاندا،
مەريەم ئاندەك ئابىد بولساڭ، بولسەن دانا.
ئىلاھىي ئىشىق يېتىپ قالغاندا ساڭا،
ئاتا قىلغاي ئىلاھىم جامالىنى ساڭا
تۇت بۇ يولنىڭ ئارغامچىسىنى ئىككى قولۇڭدا،
پۇشايمان قىلىپ قالمىغىن ھەرگىز يولۇڭدا.
ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرەي دېسەڭ سەن،
ياتما ھەرگىز كېچىسى يۇمشاق ئورنۇڭدا.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جاۋاھىر دېگەن تەپسىرىنىڭ **10** ـ **11** ـ **12** ـ بەتلىرىدە مۇنداق يازىدۇ، مەن تەپسىر قىلىپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن بىرسى كىرىپ كەلدى، ئۇ ياۋرۇپادا بىلىم ئاشۇرۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئەي ئۇستاز، ھازىر قايسى ۋاقىت، باشقا ئەللەر بولسا، ئالەمگە سەپەرنى باشلىۋەتتى، ئالەم كېمىسى بىلەن ساياھەت قىلماقتا، ئىلغار ئۇچار ئەسۋابلار، ئايرۇپىلانلار بىلەن ھەر تەرەپكە ئاتوم بومبىسى تاشلاپ پۈتۈن دۇنيانى ئىگەللەش ئالدىدا تۇرىدۇ، دۇنياۋى ئۇرۇشنى قوزغاپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە، سىلى بولسىلا بۇ قەدىمقى رىۋايەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ خۇراپاتلاشتۇرۇپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇپىلا، جىبرىئىل، مەريەم ئانىغا چۈشتى، ۋاھاكازالار. ئۇندىن باشقا روھ توغرىسىدا «كىتابۇلئەرۋاھ»نى تۈزۈپىلا، بۇلارنىڭ بۇنداق جىددى پەيەتتە نېمە مۇناسىۋىتە بار؟ قانداق رولى بار؟ ئادەمنىڭ قەلبىگە ئارامچىلىق بولغۇدەك ئەڭ ئىلغار يولنى كۆرسىتىپ چىقىش يولىنى كۆرسەتكۈدەك كەلگۈسىدە يارامىلىق مۇتەپەككۇرلارنى دۇنياغا چىقارغۇدەك ئېسىل سۆزلەرنى يازسىلا دەپ تۇرۇۋالدى.

مەن ئۇنىڭغا، سۆزۈمگە قۇلاق سال، مەيلى سەن پۈتۈن دۇنيانى، سامان يولىنى، ھەتتا ئاسمانلارنى بويسۇندۇرساڭمۇ، يەنىلا سېنىڭ روھىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، خالىسا ئۇنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ھەممىدىن مەھرۇم قويىدۇ، خالىسا ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت قويۇپ، سېنى ئى ئاللاھ جېنىمنى بىر ئالساڭ دېگۈزۈۋېتىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنى زۇلمەتتىن نۇرغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئىلاھى كىتابنى ئاشۇ جىبرىئىل، مەريەم ئانىغا چۈشكەندەك، چۈشۈپ ئەكەلگەن، ئارىلىقدا ھېچ پەرقى يوق، بىز ھەممىگە ئىشىنىمىز، روھنىڭ رولى بولمىسا، بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن ھەرىكەت توختايدۇ، روھ ئاساسى ئامىل، بۇنى بىل،

بولۇپمۇ روھ، ئاتوم بومباڭدىنمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ، جەڭنى كىشى قەلبى، روھى بىلەن قىلىدۇ، قورال ھېچنىمىگە كار قىلمايدۇ، چۈنكى، روھسىز ھاياتلىقسىز نېمە قىلالايسەن؟

ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئاللاھدە مۆجىزە، كارامەت بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق، ھەقىقىي مۇتەپەككۇر ھەقىقىي پايلاسوف، ھۆكما، ئالىملار روھنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئاندىن روھى ئىلھام بىلەن شۇنداق ماقاملارغا يېتەلىگەن، روھ يەنى ھاياتلىقنى سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ جايدا سىنىڭ سوئالىڭغا يارىشا شۇنداقلا پەرىشتە بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەتكە تېخىمۇ رۇشەن قىلىش ئۈچۈن، قۇرئان مۆجىزىسىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەرۋاھ دېگەن كىتابنىڭ **83** ـ بېتىدىكى يەتتىنچى مەجلىس، روھلار مۇناجاتىنى بۇ جايغا يېزىشنى لايىق كۆردۈم، قۇلاق سال، ئەرۋاھلار پەرىشتە، ئۆلگەنلەر روھى، جىنلاردىن ئىبارەتتۇر. مەيلى قايسى بولسۇن، ئالى ماقامغا لايىقى ۋە تۆۋەن ماقامدىكىسى بولىدۇ، پەرىشتە دېگەن ئايرىم، پاك، ئاللاھدە روھدۇر، شۇڭا بىز، بۇ جايدا ئاساسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھى ۋە ياكى ئەتراپىمىزدىكى روھلار، جىنلار توغرىسىدا مۇناجاتىنى سۆزلەيمىز، بۇ نۇرغۇن تەجرىبە ۋە سىناقلاردىن كېيىن قولغا كەلگەن نەتىجە. بۇ تەتقىقات، جىنكەشكە ئوخشىمايدۇ.

ئەرۋاھلار مۇناجاتىدا مۇنداق بايانلار بار بولۇپ، سوئال روھدىن سورالغان، بۇنىڭغا روھلار جاۋاب بەرگەن، سوئال: ئەرۋاھلارنىڭ كۆرۈنىشى، بىرەر كىشىگە مۇمكىن بولامدۇ؟

بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇيقۇدا تولا كۆرۈلىدۇ، ئويغاق ۋاقىتتا بولسا، كەم بۇنداق ماقامدىكى كىشىلەر بەكمۇ ئاز، ئەمما، زېمىننى ساياھەت قىلساڭلار چوقۇم تاپىسلەر.

ئەرۋاھلار بىرلا تەبىقىدىكى كىشىگە كۆرۈنەمدۇ ياكى ئوخشاش بىر تەبىقىدىكى كىشىلەرگە كۆرۈنەمدۇ؟

روھلار قانداق تەبىقىدە بولسۇن ھەر قانداق تەبىقىدىكى كىشىلەرگە كۆرۈنىدۇ، ئەگەر ئۇ خالىسا، ئاندىن رۇخسەت بولسا.

روھنىڭ ئاشكارا بولۇشتىكى غايىسى نېمە؟

غايە نەچچە خىل، بەزىسى ئېسىل كاتتا بولىدۇ، بەزىسى ناچار، پەسكەش بولىدۇ، بۇ روھلار ئاشكارا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ روھىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

يامان روھنىڭ ئاشكارا بولۇشى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار قاماقتا، ئازابتا تۇرسا؟

ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، روھ ئازابلىنىپ تۇرۇپمۇ ئاشكارا بولالايدۇ، خۇددى بىر روھ بىرلا ۋاقىتتا نەچچە جايدا ھازىر بولغاندەك، بۇ يامان روھلارنىڭ ئاشكارا بولۇشى، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بولىدۇ. ياكى ۋەسۋەسە ياكى قىلغان ئىشنى يەنە سېغىنىش ئۈچۈن.

سالىھ روھنىڭ ئاشكارا بولۇشتىكى مەقسىدى نېمە؟

ئۆزىنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر، شۇنداقلا ئۇنى يوقىتىپ قويغۇچىلار ئۈچۈن تەسەللى بېرىش، ئۇ ياخشى كۆرگەن ياكى پايدا نەپ ئالغان كىشىگە ياخشى نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئاشكارا بولىدۇ، ئاجايىپ يېڭىچە بىلىم، كەشپىيات، ھېكمەت، شېئىرنى ئىلھام قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

روھلار نېمە ئۈچۈن ئومومىيۈزلۈك كىشىلەرگە ئاشكارا بولمايدۇ؟ بۇنداقتا ئىنكار قىلغۇچىلارنى تېخىمۇ قايىل قىلغىلى بولاتتى، ئاندىن بۇلار تانالمايتتى، ئەمەسمۇ؟

ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ئىگىسى بار، بۇ سىناق دۇنيا، ئۇ خالىسا بولىدۇ، بولمىسا بولمايدۇ، روھلار دېگەن دائىم ئىنسانلارنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاشكارا بولسا، مەلۇم جىسىمغا باغلىنىپ خاسلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئەركىنلىك يوقىلىدۇ، ئىنكار قىلغۇچىلارغا كەلسەك، بۇلارنىڭ ئالدىدا قانائەتلىنەرلىك دەلىل ـ ئىسپات بار ئۇلارنىڭ قەلبى قايىل بولسىمۇ ئۆزى ئىنكار قىلىپ تېنىۋالىدۇ، جوھۇدلۇق قىلىدۇ، ئۇلار كىبىرىدىن چۈشىسە ئىدى، ھەقنى تاپاتتى، گەرچە ئۇلارغا روھلار ئاشكارا بولسىمۇ، يەنىلا بىرەر بانا ـ سەۋەب، يېڭى ئاتالغۇلارنى تېپىپ ئىنكار قىلىۋېرىدۇ. بۇلار يېقىندا بىلىپ قالىدۇ.

روھلارنىڭ ئۈستۈنكى ئالەمدىكى كۆرۈنۈشى، بۇ تۆۋەن ئالەمدىكى كۆرۈنۈشىدىن كۆپ بولامدۇ؟

شۇنداق ھەم بەكلا ئاسان، ئىنسان قانچە يۇقىرى ماقامغا ئۆرلىسە، تەرەققىي قىلسا، بۇ ماددى دۇنيادىن قۇتۇلسا، قەلبىنى، روھىنى، نەپسىنى پاكلىسا، شۇنچە ئاسان روھلار مۇناجاتىغا يېتىپ بارىدۇ، غەيب دۇنيادىن بىلىم ئالىدۇ، بولۇپمۇ ئۈستۈن ماقامدىكى روھلاردىن.

روھلار ئاشكارا بولسا، ئىنسان قاتتىق قوقۇپ، چۆچۈپ كېتىدىكەن، بۇ راستمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

ئەسلى ئۇنداق قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئىنسان ئۆزى شۇنداقكەن، ئاقىل ئىنسان مۇلاھىزە قىلىشى كېرەككى، روھلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تېرىكلەرگە قارىغاندا خەتىرى ئاز، بۇلار بىرەر كىشىگە ئازار بەرمەكچى بولسا، ئاشكارا بولۇشىغا ھاجەت يوق، بەلكى، ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى كونترول قىلىۋالىدۇ، ھەر خىل ۋەھىمىنى خىيال قىلدۇرىدۇ، ناچار ئىشلارنى ئۇنىڭ پىكىر قىلىش جايىغا تاشلايدۇ، ئاخىرى ئۇنى ياخشىلىقدىن مەھرۇم قويىدۇ. (جىن بولىشى مۇمكىن)

روھ ئاشكارا بولغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەمدۇ؟

ھەئە، سۆزلىشىدۇ، تېخى مۇنداق سورىيالايدۇ، ئۇ كىم؟ ئىسمى نېمە، نېمىنى مەقسەت قىلىدۇ؟ قانداق ھەمكارلىشىش لازىم، قاتارلىقلار، ئەگەر روھ، دەرت ـ ئەلەمى بار بولۇپ قالسا، غېمى بولۇپ قالسا، بۇ سۆزلىشىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ، خۇشال بولىدۇ. ئەگەر خاتىرجەم، سالىھ بولسا، پايدىلىق نەسىھەتنى قىلىدۇ، قانداق نەسىھەت قىلسۇن يەنىلا قۇرئان، ھەدىسكە يېتەيدۇ.

روھلار قانداق جاۋاب بېرىدۇ؟

سوئال سورىغۇچىغا تېرىك كىشىلەردەك لەۋزى جاۋاب بېرىدۇ، ياكى پىكىر يۆتكەش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ، ۋە ياكى خەت، ھەرىپ قاتارلىقلار، تاراق ـ تۇرۇق ئۇرۇشلار ئارقىلىق سۆزلىشىدۇ.

قاناتلىق كۆرۈنگەن روھقا راست قانات بارمۇ؟ ياكى ئۇ بىر خىيالى كۆرۈنۈشمۇ، قانداق سەير قىلىدۇ؟

روھلارغا قاناتنىڭ كېرىكى يوق، چۈنكى ئۇلار، قاناتسىزمۇ خالىغان يەرگە يۆتكىلەلەيدۇ، ئۇ كۆپىنچە كىشىگە تەسىر قىلغۇدەك پوسۇندا ئاشكارا بولىدۇ، بەزى ئادەتتىكىدەك بەزىسى ئاق تونلۇق، بەزىسى قاناتلىق ۋاھاكازالار. چۈشكە مىسال قىلىڭ.

بىزگە كۆرۈنگەن مېھرىبان روھلار، ئۆز ھەيئىتىدىكىدەك ئۆز ئەينى راست شۇلارمۇ؟ ياكى شۇنداق كۆرۈنەمدۇ؟

كۆپىنچە ئۆز ئەينى شۇلار شۇ.

پىكىر قىلىش، سۈكۈت، كۆپىنچە بىزنىڭ روھ ھازىر قىلىشتىكى ئۇسۇلىمىز، ئەمما بەزىدە بىز تەپەككۇر قىلغان ئۈچقۇشقا ئۇمۇد قىلغان روھ قېلىپ، پىكىر قىلمىغان روھلار كېلىۋالىدۇ، تېخى ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى بەكلا ئاسان، بۇ نېمە ئىش.

مەيلى ئويغاق بولۇڭ، ياكى چۈش بولسۇن، قايسى روھنى تەپەككۇر، خىيال قىلسا، شۇ روھ ئاشكارا بولۇۋەرمەيدۇ، روھلارغا مۇتلەق خالىغان كىشىگە ئاشكارا بولۇش ئىمكانىيىتى يوق، ئۇمىد، سەۋەب بىلەن رۇخسەت ئېلىشى لازىم. سىلەر تەپەككۇر قىلماستىن، ئويلىماستىن چۈشتە ئاشكارا بولغان روھقا كەلسەك، يەنىلا ئازراق ئالاقە بار، ھېچ بولمىغاندا ئاڭلىغان، كۆرگەن، سۆزلەشكەن، بولۇپمۇ ئالەمي غەيبدە ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن، روھى دۇنيادا.

نېمە ئۈچۈن چۈش كېسەل ۋاقتىدىلا تولا يۈز بېرىدۇ؟

جەسەت، جىسمى كېسەل ۋاقتىدا ئاجىزلايدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا روھلار تېخىمۇ ئەركىنلىشىدۇ، ئۆزئارا قانغىچە ئالاقە باغلايدۇ.

نېمە ئۈچۈن چۈش تولىسى كېچىسى يۈز بېرىدۇ؟

بىرىنچىدىن، ئۇخلاش كۆپىنچە كېچىدە بولغاچقا، روھمۇ شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن، ئىككىنچىدىن، سىلەر كۈندۈزى يۇلتۇزنى كۆرۈمەي كېچىسى كۆرىسىلەر، شۇنىڭدەك بولىدۇ، ئەگەر روھ نۇرانى بولۇپ كۆرۈنسە، شۇنداق بولىدۇ. كۈندۈزى بولسا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار قاتتىق نۇرلار تەسىر قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالاقە قىلىدىغان روھلار ئىشتا.

روھقا ۋاستىچى بولغانلار تەبئىي ھالەتتە كۆرەمدۇ؟ ياكى پىكىر ھالەتتە كۆزنى يۇمۇپ كۆرەمدۇ؟

كۆپىنچە تەبئىي ھالەتتە كۆرىدۇ، بەزىدە روھى نەزىرى بىلەن كۆرىدۇ، بەزىدە قەلب كۆزىدە كۆرىدۇ.

روھلار ئۆزى قانداق قىلىپ مەنزىرىلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ؟ يەنى قانداق قىلىپ كۆرۈنگىدەك بولالايدۇ؟

روھ، روھقا روھانىي جىسمى بىلەن كۆرۈنىدۇ، ياكى كۆرۈش ماقامى بېرىلگەنلەر كۆرۈۋېرىدۇ، شۇنداقلا روھانى جىسىمدىن پايدىلىنىپ ئىنسان ياكى ھايۋان سۈرىتى بىلەن چۈشىدە ياكى ئويغاق ۋاقتىدا كۆرۈنىدۇ، گاھى نۇرلۇق چاغدا گاھى قاراڭغۇدا.

روھنى روھانىي جىسمى بىلەن ماددىدىن پايدىلىنىپ قويۇق، قاتتىق ھالەتتە كۆرسەتتى دىيىش دۇرۇسمۇ؟

ياق، روھ، ئۇچۇق روھانىي جىسمنى قاتۇرۇش ھاجەتسىز، ئۇ ۋاستىچىغا كۆرۈش مۇمكىن بولغىدەك ھالەتتىلا روھانىي جىسمى بىلەن كۆرۈنىدۇ، روھمۇ بىر مەخلۇقدە، بەزىدە نۇرانى بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئالىي ماقام.

ھەر قانداق ئىنسان روھلارنى كۆرەلەمدۇ؟

چۈشىدە شۇنداق، ھەممىسى كۆرەلەيدۇ، ئوڭدا ئۇنداق ئەمەس، روھ دېگەن ھاياتلىق سۈيۈغلۇقى دىيىش بىر تەشبىھ. (ۋاستىچى جىنكەش شۇدۇر)

ۋاستىچىغا روھنى كۆرۈش خۇسۇسىيتى قانداق بەرپا بولىدۇ؟

ۋاستىچى ئوچۇن، ئاسان روھنىڭ سوئالى بىلەن ئۇنىڭ سوئالى جاۋابى بىلەن جاۋابى ماس كېلىش، ئۇندىن باشقا ۋاستىچىدا شۇنىڭغا لايىق قابىلىيەت بولىدۇ، ھەممە جەھەتتىن بىلىم، ئەخلاق جەھەتتىن يارامىلىق بولىدۇ، بۇنداق كىشى بەكمۇ ئاز، بۇ بەك نازۇك ئىش.

روھ، ئىنسان ھەيئىتىدىن باشقا ھەيئەت بىلەنمۇ ئاشكارا بولامدۇ؟

ھەئە، ئىنسان ھەيئىتى ئەسلى ھەيئەت شۇ، ئەمما، بەزىدە روھ زاھىرنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەمما، ئىچكى ئەھۋالى ئۇنداق ئەمەس.

روھلار بەزىدە ئاقار يۇلتۇزدەك، نۇردەك كۆرۈنەمدۇ؟.

ئۇ نۇرنى ئۆزىنىڭ بارلىقىغا بەلگە قىلىدۇ، ياكى ئاۋاز چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ نۇر يالقۇنلار، روھ ئەمەس، بىر چاقماق خالاس.

سېپىق جايدىكى ياكى قەبرىدىكى بىر خىل گازدەك ئەھۋال، تۇتۇندەك ئەھۋال روھنىڭ ھازىر بولۇشىغا دەلىل بولامدۇ؟

ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئىشنى ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغۇ، بۇ بىر نادانلىق، ئۇ دېگەن بىرئوت، ماددا ئىشى.

روھلار، ھايۋاننىڭ ھەيئىتىدە كۆرۈنەمدۇ؟

پەس روھلارنىڭ شۇنداق قىلىشى تۇرغان گەپ، جىندەك، ئەمما بۇ ۋاقىتلىق، چۈنكى روھلار جىسىمغا كىرىپ ئۆزىنى قاماشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، روھنى پەقەت روھلار چۈشىنىدۇ ۋە ئوبدان بىلەلەيدۇ، ئىلىم، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بىزگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن بولسا، ھەم توغرىسنى ھەم خاتاسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەققىي توغرىسى قۇرئان، ھەدىستە بار. بۇ سۆزلەر قۇرئان، ھەدىسكە زىت بولماستىن، بەلكى، مۆجىزە بولماقتا، نۇرغۇن ھۆكما، ئۆلما، پەيلاسوفلارنى سۆزى ۋە قىياسىغا ئۇيغۇن، بۇ ئىلىممۇ خۇددى تەبئىي ـ پەن

ئىلمىدەك قۇرئانغا ئىزاھات بولماقتا، كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىپ، ئاخىرەتكە ئىشەندۇرىدۇ. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ، بۇنداق ئىلىمدىن خەۋەرسىز قالغان، بۇ ئوقۇغۇچى ھەيرانلىق بىلەن قايىل بولدى، چۈنكى بۇنىڭ ئالدىدا روھ بىلەن سۆزلەشكەن پەيلاسوپ ئالىم تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي تۇراتتى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي سۆزىنىڭ ئاخىرىدا روھانىي ۋەقەدىن ئىككىنى سۆزلەپ بۇ كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلغان، ئۇندىن باشقا مېنىڭ مەقسىتىم دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مېنىڭ مەقسىتىم شۇكى، باشقا ئەللەردە ھەر خىل ھېكايە، رىۋايەت توقۇلما، خىياللار دەرسلىك قىلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن باللىرىنى يارامىلىق قىلىپ چىقماقچى، سىرلارنى ئېچىپ ھەيران قالدۇرۇپ، يېڭى كەشپىياتنى قولغا كەلتۈرمەكچى، مەنمۇ شۇلارنى مەقسەت قىلدىم. ئۇلارنى ئويغا سېلىپ، مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرماقچى، مۇتەپەككۇرلاردىن قىلماقچى، ئاخىرى بۇ ئىش ئۇلارغا نەتىجە بەردى، ھەتتا، تەدبىر بولۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى، مەن سۆزلىگەن بۇ ئىش بولسا، ئەمەلىي ۋەقەلىك، مۆجىزە تۇرسا، بۇ ئەڭ لايىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ماقامدىكى بىرەر كىشى بۇ سىرنى ئېچىپ، قۇرئان، ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس، بارچە مەقسەت، ئاللاھ... ئاللاھقا ئاجىزلىقنى بىلدۈرۈپ، ئىبادەت قىلىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، تېنچلىق ـ ئامانلىق، خاتىرجەملىك قەلبى روھى خاتىرجەملىك، ئىلغار تەرەققىيات، ئىلاھى رازىلىق ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىم ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، سوئالغا جاۋاب تاپماي ئۇخلىساڭ ھۆكمە، پەيلاسوپ بولالمايسەن.

## مەريەم ئانىنىڭ تۇغۇتى

ئاللاھ قۇرئاندا، مەريەم ئوغلى ئىسا دېگەن بۇ سۆزنى كۆپ تىلغا ئالىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىغا نىسبەت بېرىدۇ، دادىسىز تۇغۇلغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەھۇدىي ۋە ناسارالر، ئانا ئەسلى دادىسىز تۇغسا قىز تۇغۇشى لازىم. ئەمما، مەريەم ئوغۇل تۇغقان بۇنىڭدا چوقۇم مەسىلە بار دەپ ھەر خىل گۇمانلارنى قىلغان، بۆھتان قىلغان.

ئالىملار بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ تەپەككۇر قىلىپ، ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان، ھەر قايسى تەپسىرشۇناس ئالىملار بىردەك بۇ مەسىلىدە ئاللاھ قۇرئاندا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىلىشىدا خۇددى ئادەمدەك دېگەن، دېمەك، ئادەممۇ ئاتىسىزلا يارالغان، ئىككىلىسىنىڭ ئاساسى ئامىلى پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ئاللاھ، كُنْ يەنى ھۇجۇدقا كەل دېگەن سۆزنى قوللانغان، پۈتكۈل كائىنات ھۇجۇدكا كەلگەن بۇ سۆز ئەلۋەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشقا قادىر، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق، ئىشەنچلىك ئىسپات بولماس، بىز، ئاللاھقا شەكسىز ئىشىنىمىز، قۇرئان مۆجىزىلىك كىتاب تۇرۇپتۇ، كىم يەنە نېمە دېيەلىسۇن، ئەمەلىي ھەقىقەتكە تېنىش، قەلبى قاسماقلىق، يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتى بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، بىز مۇشۇ چەكسىز قۇدرەتتىن بىرەر دەلىل ـ ئىسپات تاپىمىز، قۇرئاندا، مەريەم ئانىغا قۇرۇق خورمىدىن چىقىرىپ بېرىپ، خورما دەرىخىنى ئېغىقىن دېگەن سۆز بار ۋە بۇلاق ئاقتۇرۇپ بېرىپ شاراپ ئىچ دېگەن سۆز بار، مانا بۇ تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشى، بۇ دېگەنلىك ئۆسۈملۈكتە ۋە دېڭىزدا، ھايۋانلاردا چوقۇم دەلىل ـ ئىسپات بار دېگەنگە ئىشارەتتۇر. دەل شۇنداق، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئۆز ـ ئۆزىدىن چاڭلىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئەركەك ـ چىشى بولسىمۇ شۇنىڭدەك دېڭىزدا بىر خىل ھايۋان بولۇپ، بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك، ئۈچ پارچە قىلىنسا يەنىلا ھەر بىر پارچىسى پۈتۈن ھايۋان بولالايدىكەن، تېنىدە ئالاھىدە شۇ ئەزانىڭ ھۈجەيرىسى بولىدىكەن.

ئاللاھمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا ھۈجەيرىنى پارچىلاپ، بەزى ئانىلار رەھمىدە قوش كېزەك باللارنى يارىتىدۇ، 2،3 ھەتتا 4نى تۇغقانلار بار، ئەلۋەتتە، قالغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى بالىغا يەنىلا ئاتىسى دادا بولغاندەك، يەنىلا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئاتا، دادا بولىدۇ.

ئاللاھ زېمىندا پات ـ پات، ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭى ئىشلارنى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ ئىلمى تەپەككۇرىنى ئۆزى تەرەپكە بۇرايدۇ، ئەمما، ئىنسانلار يەنىلا غەپلەتتە قالىدۇ.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ چىشىسى، خانىشى ئەركىكىگە موھتاج بولماي نەسىل قالدۇرالايدىكەن. مەسىلەن: مىكرۇپ، ۋىرۇسلارمۇ يۇقۇپلا قالسا، ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي كۆپىيىدۇ، ئەركىكىگە مۇتاج بولمايدۇ، ئالىملار تەتقىق قىلىپ بەزى بېلىقلار ئەركەك بېلىققا موھتاج بولماي كۆپەيگەن، بۇ بېلىق تەرسا دەپ ئاتىلىدۇ، تۇتىيا دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانمۇ شۇنداق كۆپىيىدىكەن، بۇ كالفورنىيە شتاتىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. نۇرغۇن ھايۋانلار، قۇشلار، بېلىقلار تۇخۇملىرى ئاتىسىز بارلىققا كېلىپ، ئاتىسىز كۆپەيگەن. بۇ ئەھۋاللارنى پۈتۈن دۇنيادىن چىقمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ، تەتقىقاتنى يەنىلا ئالىملار قىلسۇن، بۇ قۇرئان مۆجىزىسى بولماقتا، گەرچە ئاللاھ ئالاھىدە مۆجىزە، ئالامەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ بىر ھاياتلىق تەتقىقاتى بولۇپ قالدى، ئەسلى بۇ ئىلىم، بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنى، ھاياتلىقنى تەتقىق قىلسۇن ئۈچۈن دىيىلگەن.

ئاللاھ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى مۇكەممەل بىر ئىنسان سۈرىتىدە مەريەم ئانىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن، ئاندىن روھىنى پۈدىگەن، ئاندىن ھامىلدار بولغان، بۇ ئىش يۇقىرقى، ئاللاھنىڭ ئاجايىپ سىرلىق قۇدرىتى ئالدىدا باراۋەر، ئوخشاشتۇر، ھەتتا، بىز نۇرغۇن ئەركىكىگىنى كۆرمەيمۇ، ئۇرۇقدىن ھامىلدار بولۇپ توغقىنىنى كۆرىمىزغۇ؟ ئىلاھى روھدىن ئەركەك يېقىن كەلمەي شۇ سۈرەتتە كۆرۈنۈپ روھ پۈۋدىسە، ھامىلدار بولسا، ھەيران قالماڭ، ئىزدىسەڭ بۇنداق قۇدرەت بەكلا كۆپ، ئەڭ ياخشىسى ھېكمەت سۈرۈشتە قىلماي، ئاللاھقا، قۇرئانغا شەكسىز ئىشىنىش، ئەمما قارشى تەرەپكە دەلىللەپ ئىسپاتلاپ بېرىش، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش، مۆجىزە بىلەن ئىسلام دىنىغا چاقىرىش. بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، بىز ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، ئاچچىقلانماي، ئاللاھ دېگەندەكلا، چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرە قىلىپ، ئۇلارنى ھەقىقەتكە چاقىرايلى، مەن بۇ يەردە خىرىستىئان دىنىنىڭ يەھۇد، ناسارالارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىلىق قىلغان سۆزلىرى ۋە بۇلارنىڭ بەزى تۈزۈملىرىنىڭ بۇددا دىنىدىن كەلگىنىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچى، ئالدىدا قويۇپ قويغان، قالدۇرغان بۇ مەسىلىنى چوقۇم يازمىسام بولمايدۇ، مەن ئەسلى بۇنى قالدۇرغان ئىدىم، كېيىنكى بىر ماگىستىر بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ بۇ تېمىنى ھەرگىز قويۇشقا بولمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈرە مائىدە، ئال ئىمران، مەريەم قاتارلىق سۈرىلەرنىڭ تەپسىرىدە بار بولغان بارلىق دەلىل ئىسپاتلارنى توپلاپ بىرلەشتۈرۈپ بۇ جايدا يازىمەن، تېمىسى.

**خىرىستىئان دىنىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئوخشاشلىقى جەمئىي 110** دىن ئارتۇق، مەسىلىدە ئىككى دىن ئوخشاشكەن.

ئەسلى قۇرئان تىلغا ئالغان ئىنجىل، تەۋراتنى ھەقىقىي بىر خىل ئىسلام دىنىنى ئۇلار ئۆزگەرتكەن، ئەسلى ھەممىدىن پۈتۈن دىن بىرلا ئىسلام دىنى ئىدى، كىتابلار ئىلاھى مۇقەددەس ئىدى، ئەمما، ئۇلار ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن ئۇ كىتابلارنى ئۆزگەرتتى، ئۆز قولى بىلەن يازغان جايلارنى بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى دەپ جار سالدى، كۆرسەتتى.

دەل بۇ ئۆزگەرتىش، ئىسا توغرىلىق بولسۇن، مەيلى بەزى ئېتىقادى مەسىلىدە بولسۇن، بۇددا دىنىدىن كىرگۈزۈلگەنىكەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى دىنىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆزگەرتىش مەنبەسى بۇددا دىنى بىلەن ئوخشاشكەن، بۇ مەسىلىنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، نۇرغۇن كىتاب كۆرۈپ تەۋرات، ئىنجىلنى ھەتتا بۇددا نوملىرىنى ئوقۇپ تاپقان، ئاندىن بۇ **100** نەچچە ئوخشاشلىقنى جەدۋەل قىلىپ چىققان.

ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار بۇنى سىلەرمۇ كۆرۈپ دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىن بۇددا دىنىنى، خىرىستىيان دىنىنى، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىڭلار، كىتابلىرىنى ئوقۇڭلار، مۇخلىسلىرى بىلەن، ئالىم، ھۆكمالىرى بىلەن سۆھبەتتە بولۇڭلار، ئاندىن چۈشىنىسىلەر، بولمىسا چىرايلىقچە بۇ كىشىگە ئىشىنىڭلار، مېنىڭچە تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئەڭ ئىشەنچلىك، بۇ دۇنياۋى مەسىلە، بۇ تەپسىر پۈتۈن دۇنياغا بولۇپمۇ ئاشۇ چەت ئەللەرگە كۆپ تارقىغان، ھېچ كىشى ئېتىراز بىلدۈرمىگەن ھەقىقەتتۇر، بۇ دۇنياۋى خەلقئارالىق مەسىلە.

خىرىستىئان دىنىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئوخشاشلىقى ئىككى كىتابتا مۇنداق دىيىلگەن. تەنتاۋى

رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋھەرلىرى، سۈرە مائىدە ئاخىرى **225** ـ بەت **235** ـ بەت، ھىندى بۇددا دىنىنىڭ كىتابلىرىدا، جۈملىدىن خىرىستىئان دىنىدىكى بۇددا دىنىنىڭ ئەقدىسى دېگەن كىتابتا ئۈندىن باشقا «ۋلىن الهند» دېگەن كىتابتا «تەھلىيلولئىمان» دېگەن كىتابتا قەدىمقى دىن دېگەن كىتابتا شۇنىڭغا ئوخشاش **48** خىل كىتابنىڭ ھەممىسىدە يەھۇد، ناسارالارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىلىق خىرىستىئان دىن توغرىلىق دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش پاكىتتىن **100** نەچچىسى بايقالدى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە، ھىندى دىنىدىكىلەرنىڭ كەرىشنەت توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن ناسارالارنىڭ خىرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىلىق قىلغان سۆزلىرى **46** خىل ئوخشاش بولسا، بوزا، يەنى بۇددا توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى بىلسا، **48** خىل ئوخشاش، سۈرە مەريەم **24** ـ بەتتە، بابلىينىلەرنىڭ بىيىل توغرىسىدىكى سۆزى **15** خىل ئوخشاش، جەمئىي **109** خىل ئوخشاشلىق بار ئىكەن، بىز بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلمىز، بۇ دەلىل قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتكە ئۇيغۇن، ئاللاھ، ئىسادىن سىلەر ئانا ـ بالا بىزنى ئىلاھ دەڭلار، دېگەنمۇ دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئى ئاللاھ سەن پاك، بىز ئۇنداق دېمىگەن دەپ بۇلارنى ئىنكار قىلىپ يالغانچى قىلىدۇ، بۇ تەپسىر دەل شۇ جايىدا بار. بۇددا دىنىدىكىلەر كەرىشنە دېگەن كىشىگە ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ چوقۇنىدۇ، خۇددى ناسارالار ئىسا ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەندەك، بۇ ئىككى دىن ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقلار، ئاساسى مەنبە بۇددا دىنىدىن كېلىپ، ئاندىن ئىنجىل، تەۋراتنى ئۆزگەرتكەن، بۇددا دىنىنىڭ ئەسلى بولسا، ئىسلام دىن، كېيىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى، ئادەمدىن باشلاپ، ھەممىسى ئىسلام دىنى ھېسابلىناتتى، كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

بىرىنچى، بۇددا دىنى ھىندى مۇخلىسلىرىنىڭ كىتابىدا مۇنداق؛ كەرىشنەت، ئۇ مۇخلىس قۇماندان، يېتەكچى، پادىچى، ئاللاھنىڭ ئوغلى (نەئۇزۇبىللە ناسارامۇ شۇنداق دېدى) ئىككىنجى يەنە بۇ ئىككى دىندا بار بولغان ئۈچ تەن تەلىماتى، ئاللاھ، كەرىشنەت روھۇلقۇددۇس، جىبرىئىل ئىچى بىرلەشكەن دېگەن، سۆز بولۇپ، خىرىستىئان دىنىدىكىلەرمۇ مۇنداق قارايدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام، مۇخلىس، پادىچى، قۇماندان، سالىھ ۋاستىچى ئاللاھنىڭ ئوغلى (ئاللاھ پاك) ئىككىنچى ئۇقتۇم يەنى ئۈچ تەن بىرلەشسە كەرىشنەت دىياپاك دېگەن قىزدىن تۇغۇلغان، ئاللاھ ئۇنى پاك، ئىپپەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تالىلغان دېگەن سۆز بار. ناسارالار بولسا، مەريەمنى شۇنداق دەپ قاراپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام مەريەم قىزدىن تۇغۇلغان، ئاللاھ ئۇنى پاك، ئىپپەتلىك دەپ تاللىغان.

ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ كىتابىدا دىيپاكىنىڭ قېشىغا پەرىشتە كىرىپ، بۇ پاك ئوغۇل بىلەن ئالەم پەخىرلەنسە بولىدۇ دېگەن، ناسارالار مۇنداق دېگەن، مەريەم ئانا قېشىغا پەرىشتە كىرىپ، ساڭا سالام ئەي رەب نېمەت بەرگۈچى دېگەن.

ئۈچىنچى، كىرىشنەت تۇغۇلىشنى ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن بىلگەن دىسە، بۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشنى مەشرىقدىكى بىر يۇلتۇزنىڭ ئاشكارا بولۇشىدىن بىلگەن دېگەن.

تۆتىنچى، كەرىشنەت، تۇغۇلغاندا، زېمىن تەسبىھ ئېيتتى، ئاي ئالاھىدە نۇرلاندى، روھلار، پەرىشتىلەر خۇرسەن بولدى، بۇلۇت يامغۇر تۆكتى دېگەن، ناسالارمۇ ئىسا تۇغۇلغاندا پەرىشتىلەر خۇشال بولىدى، بۇلۇت يامغۇر تۆكتى دېگەن.

بەشىنچى، كەرىشنەت، مۇلكانىيەت نەسلىدىن بولسىمۇ خار، پېقىرلىق ئۈستىگە تۇغۇلدى دېگەن، بۇلارمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇلكانىيەت نەسلىدىن بولسىمۇ بىر غاردا خار، پېقىرلىق ئۈستىگە تۇغۇلدى دېگەن.

ئالتىنچى، كەرىشنەت غارنى بىر ئۇلۇغ نۇر بىلەن يورۇتتى، ئانىسى دىياپاكىنىڭ يۈزىمۇ نۇرلاندى دېگەن. ناسارالار، ئىسا غارىنى ئۇلۇغ نۇر بىلەن يورۇتتى، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە يۇسۇپ نەججارمۇ نۇرلاندى دېگەن.

يەتتىنچى، كەرىشنەت، ئانىسى تۇغقاندىن كېيىن يىغلىدى، ئارقىدىن قورقتى، ئۇ ئانىسىغا سۆز قىلىپ خاتىرجەم قىلدى، ئىسا ئانىسغا كىچىك سۆز قىلىپ، خاتىرجەم قىلدى.

سەككىزىنچى، بىر كالا كەرىشنەتنىڭ ئىلاھلىقىنى بىلىپ، سەجدە قىلدى، پادىچىلار ئىسانى تونۇپ، سەجدە قىلىشتى دېگەن. (ناسارا سۆزى)

توقۇزىنچى، كىشىلەر كەرىشنەتكە ئىمان كەلتۈردى، ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، نۇرغۇن ھەدىيەلەر، سوۋغا قىلىشتى، كىشىلەر ئىسانىمۇ شۇنداق قىلغان.

10 ـ ھىندى پەيغەمبىرى خارد بىر ئىلاھ بولىدىغان كىچىك بالىنى تۇغۇلدى دەپ بىلىپ، ۋەزنى كوكۇلىسىنى ئەۋەتتى، ئۇ يۇلتۇز تەكشۈرۈپ راست تۇغۇلغانلىقىنى ئېنىقلىدى، ئىسا تۇغۇلغاندا، مەجۇسى دىندىكى ھىيردوسلار كېلىپ يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى كىچىك بالا قېنى؟ دېگەن.

11 ـ كەرىشنەت تۇغۇلغاندا، ئانىغا نىدا قىلىپ پادىشاھ چىقىمدىن قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىسا تۇغۇلغاندا، شۇنداق قىلغانىكەن، ئىككى كىتاب ئوخشاش سۆزلىمەكتە.

12 ـ بۇددىزىمچىلارنىڭ كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن، كەرىشنەت، پادىشاھقا لايىق تۇرۇپ، پېقىر تۇغۇلغان، ئىسا پادىشاھلىققا لايىق تۇرۇپ، پېقىر تۇغۇلغان دېگەن.

13 ـ دىياپاكىغا ئەلچى كىرگۈزگەن چاغدا مۇنداق دېدى، قوپ، بالىنى ئال، تېز بول دەپ، ئىككىسى دەريانى كېچىپ، كاكۇلغا قاچتى، چۇنكى، پادىشاھ قوغلىغانىكەن، خىرىستىئان دىنىدا مۇنداق دېيىلگەن. مەريەمگە ئەلچە كىرگۈزۈپ، يۇسۇپ نەججار ئۇنىڭغا قوپ بالىنى ئال، دەپ ئىككىسى قاچقان، چۇنكى، پادىشاھ زالىم.

14 ـ ھاكىم بۇ ئىلاھى كىچىك بالا كەرىشناتنىڭ تۇغۇلغىنىنى ئاڭلاپ، شۇ كېچىسىدىكى پۈتۈن ئوغۇل بالىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىلىقمۇ دەل شۇنداق سۆز بار

15 ـ كەرىشنەت تۇغۇلغان شەھەر، مەترە دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندى بۇددا مۇخلىسلىرى تا ھازىرغىچە بۇ جاينى ئۇلۇغلايدۇ، ئىسا تۇغۇلغان جاي يەھۇدىيلار قالدۇرغان مەترە دېگەن جاي شۇ دەپ بۇ جاينى ئۇلۇغلايدۇ، دېيىلگەن.

16 ـ قۇددۇس رامانىڭ تۇغۇلۇشى كەرىشنەتتىن بۇرۇن پادىشاھ قەسلەپ ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، يەھيانىڭ (يوھەننانىڭ) تۇغۇلۇشى ئىسادىن ئاز مۇددەت بۇرۇن، ھىيدرورۇس دېگەن پادىشاھ ئىككىلىسنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، بۇ ھەتتا ئىسادىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن دېيىلگەن.

17 ـ كەرىشنەت پادىچىلار ئارىسىدا تەربىيلىنىپ كېيىن ئۇستاز قېشىغا ئاپرىلسا، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان، ئۇلار بۇ بالىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىگەن. ئىسا، ئۇستاز، مۇئەللىم قېشىغا ئېلىپ بېرىلسا، نۇرغۇن ھەرىپلەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل مەنىسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ ھەيران قالدۇرغان، بۇلار بۇ سوئالنى بىز ئوقالمايمىز دېگەن.

18 ـ كەرىشنەت ساياھەت قىلىپ كىتىب بارسا، كاللار ئۆزىگە پادىشاھ قىلىۋالغان بولۇپ، نەگە بۇيرىسا شۇ يەرگە باراتتى، ئىسانى ئادەم ئايلىرىدا باللار پادىشاھ قىلىۋالغان، كىم بۇلارنى ئوتتۇرىدىن ئۆتسە سەجدە قىلدۇرغان. (ناسارالار سۆزى)

19 ـ بىر كۈن كەرىشنەت ئويناۋاتسا، بۇرادەرلىرىنى يىلان چېقىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، كېيىن ئۇ ئىلاھى كۆزى بىلەن بۇلارنى تېرىلدۈرگەن، ئىسا توغرىسىدىمۇ شۇنداق مەلۇمات بار ئىكەن.

20. كەرىشنەت ھەمراھلىرى ئوغرىلىق قىلىپ قويسا، ئوغرىلارنى بۇلارنىڭ موزايلىرى بىلەن قېتىلىپ غارغا قامايدۇ، كەرىشنەت بولسا شۇلارغا ئوخشاشنى موزاي بىلەن بىللە يارىتىدۇ، ئىسا، ئۆزى بىلەن بىللا ئوينايدىغان باللار مۇكۇۋالسا، ئۇلاردەك ئوخشاش باللارنى يارىتىپ بىللە ئوينايدۇ دېيىلگەن.

21 ـ كەرىشنەت ئاق كېسەلنى بەدەننى ساقايتاتتى، ئىسامۇ شۇنداق قىلاتتى دېيىلگەن. ئىككى كىتاب ئاجايىپ ئوخشاش تۈزۈلمەكتە.

22 ـ بۇددا دىنىدا مۇنداق دېيىلگەن، كەرىشنەت ئولتۇراتتى، بىر پېقىر خوتۇن كېلىپ، قاچىسىدىكى خۇشپۇراقدىن چېچىپ قويدى، قالغىنىنى بېشىغا سەپتى، ئىسا كېسىلىدىن ساقايغاندا، بىر يوقسىز خوتۇن قاچىدا خۇشپۇراقتى ئەكىلىپ سەپتى، ئاشقىنىنى بېشىغا قۇيدى.

23 ـ كەرىشنەت كرىسقا مخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئىسا كىرىسقا مخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن دىيىلگەن.

24 ـ كەرىشنەت ئۆلتۈرۈلگەندە، نۇرغۇن مۇسىبەت يۈز بەرگەن، كۈن، ئاي، قاراڭغۇ بولۇپ كەتكەن، ئاسمان، ئوت، كۆل، تاش ياغدۇرغان، شەيتانلار زېمىندا ھەددىدىن ئاشقان، ھاۋا بوشلۇقىدا نۇرغۇن ئەرۋاھلار جەڭ قىلغىنىنى كۆرگەن، ئىسا ئۆلتۈرۈلگەندە نۇرغۇن مۇسىبەت يۈز بېرىپ، كۈن قاراڭغۇ بولغان، چىركاۋ ئاخىرغىچە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن، قەبرىلەر ئېچىلىپ قېلىپ، نۇرغۇن روھلار قوپقان.

25 ـ كەرىشنەتنىڭ بېقىنى نەيزىدە تىشۈپتىلگەن، دىيىلگەن، ئىسانىڭ بېقىنىمۇ نەيزىدە تىشىلگەن دىيىلگەن.

26 ـ كەرىشنەت ئۆزىگە ئوق ئاتقان، ياچاقچىلارغا سىلەر مىنىڭ شەپقىتىم بىلەن كىتىڭلار دېگەن، ئىسا ئۆلتۈرۈلگەندە، كىرىسقا مىخلىغان كىشىگە سەن كەت، سەن مەن بىلەن فىردەۋىستە بىللە بولىسەن دېگەن.

27 ـ كەرىشنەت ئۆلۈپ، كېيىن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تېرىلگەن، دىيىلىدۇ ئىسا ئۆلۈپ كېيىن تېرىلگەن دىيىلىدۇ.

28 ـ كەرىشنەت جەھىيمگە چۈشكەن، ئىسامۇ شۇنداق دىيىلىدۇ.

29 ـ كەرىشنەت ئاسمانغا ئۆرلەپ كەتكەن بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرگەن دىيىلىدۇ، ئىسامۇ شۇنداق.

30. كەرىشنەت ئاخىر زاماندا قايتىپ كېلىدۇ، زېمىنغا چۈشىدۇ، كۈن قاراڭغۇ بولىدۇ، يۇلتۇز تۆكۈلىدۇ، زېمىن قاتتىق تەۋرەپ كېتىدۇ دىيىلىدۇ، ئىسا ئاخىر زاماندا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ قورال تۇتۇپ، ئىشەككە مىنىپ چۈشىدۇ، كۈن، ئاي، تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇز تۆكۈلىدۇ، دىيىلىدۇ. ئىككىلىسى ئوخشاش سۆزلىمەكتە.

31 ـ ـ ئوخشاشلىق كەرىشنەت ئاخىرقى كۈندە ئۆلۈكلەرنى جازالايدۇ، ئىسامۇ ئاخىرقى كۈندە ئۆلۈكلەرنى جازالايدۇ.

32 ـ بۇددىزىمچىلار ھىندىلار كەرىشنەت خالق، ھەممىنى ياراتقان دەيدۇ، ئۇ بولمىسا ھېچ شەيئى بولمايتتى دىيىشىدۇ. ئىسامۇ ھەممىنى ياراتقان، ئۇ بولمىسا ھېچنېمە بولمايتتى دېگەن.

33 ـ كەرىشنەت الف ب ئۇ ئەۋۋەل ئوتتۇر ئاخىرى دىيىلىدۇ دېگەن. ئىسا الف ب ئۇ ئەۋۋەل ئوتتۇر ئاخىر دىيىلىدۇ دېگەن دېمەكچى.

34 ـ كەرىشنەت زېمىندا خەتەرگە قارىماي يامان روھلار بىلەن جەڭ قىلغان، تەلىم بەرگەن، ئاجايىپ ئالامەتلەرنى كۆرسەتكەن، ئۆلۈكنى تېرىلدۈرگەن، بەرەسنى ساقايتقان، گاس، ئەمانى ساقايتقان، مەزلۇمغا ياردەم بەرگەن دېگەن، ئىسامۇ شۇنداق دىيىلگەن.

35 ـ ـ ئوخشاشلىق، كەرىشنەت باشقا تالىپلاردىن ئەرجۇنانى ياخشى كۆرەتتى، ئىسا باشقا تالىپلاردىن يوھەننانى ياخشى كۆرەتتى.

36 ـ ئەرجۇنا ھازىر بولغاندا، كەرىشنەت ئۆزگىرىپ يۈزى قۇياشتەك بولۇپ كېتەتتى، ئۇ ئىلاھلىقنى جەم قىلغاندۇر، ئەجۇنا بېشىنى تۆۋەن تۇتۇپ، مەن سېنىڭ ھەققىڭنى كۆردۈم، دەپ كېتەتتى، رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن دەيتتى. ئىسا توغرىسىدىمۇ يەئقۇپ ئۇنىڭ بۇرادىرى يوھەننا بىلەن تاغقا ئۆرلىگەن، ئۇ ئۆزگىرىپ يۈزى كۈندەك بولۇپ كەتكەن، كىيمى قاردەك ئاقارغان، ئۇ سۆزلىسە بۇلۇت سايە تاشلىغان، بۇلۇتمۇ سۆزلەپ كەتكەن، تالىپلار قورقۇپ كەتكەن دىيىلىدۇ.

37 ـ كەرشنەت كىشلەرنىڭ ياخشىسى ئىخلاس نەسىھەتنى ئۇگەتكەن، ئۇ پاك، ئىپپەتلىك ئىنسان سۈرىتىدە بولغان، ئۇ رەھمەن بىلەن چۈشكەن، ئۇ بۈيۈك كاھىن دېگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىمۇ ناسارالار شۇنداق دېگەن.

38 ـ كەرشنەت ئۆلۈغ بىر ھامادۇر، ئۇنىڭ ئاشكارا بولۇشى، ئىلاھى سىرلاردۇر، دىيىلگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىمۇ ئۆز ئەينى مۇشۇ سۆز بار.

**39** ـ كەرىشنەت ئۈچ تەن بىرلەشمە تەلىماتىدىكى بىر تەن، بىرگەۋدە ھېسابلىنىدۇ بۇنى يەنىلا ئىلاھ دېگەن. ئىسانىمۇ خۇدا، جىبرىئىل، روھ، ئىسا ئۈچى بىرگەۋدە، ئۈچ تەن بىلەن بىرلەشكەن، دېگەن سۆزلەر بار. بۇ ئۆزگەرگەن ئىنجىلدا دېيىلىدۇ.

**40**. كەرىشنەت ئىمان، ئىخلاسقا تۇرغان كىشىنى خالىي بولۇشقا بۇيرىغان، ئارزۇ قىلغان نەرسىنى، شەھۋەتنى تاشلاشقا بۇيرىغان، پۈتۈن خىيال ئاللاھدا دېگەن.

ئىسامۇ شۇنداق بۇيرىغان، زاھىدلىقنى بۇيرىغان، ئاللاھدىن باشقىنى ئۇنتۇپ دېگەن.

**41** ـ كەرىشنەت ئەرجۇناغا ۋە باشقىلارغا مەيلى يەڭلار، كىيىڭلار، ئىچىڭلار، نېمە قىلىڭلار ھەممىسى ئىخلاس بىلەن مېنىڭ رىزالىقىم ئۈچۈن بولسۇن دېگەن. ئىسا ؟؟؟مۇ شۇنداق بۇيرىغان ئەمما بۇ ئاللاھ دېگەن ئۈچۈندۇر.

**42** ـ كەرىشنەت پۈتۈن كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، مېنى دەپ مېنىڭ ھەققىمدە چۈشكەن، ھەممىسى مېنىڭ ئۈستۈمدە، ھەممىسى ماڭا نىسبەتەن بىر يىپتا بولىدۇ دېگەن. ناسارالار ئىسا، ئۈچۈن ھەممىسى ھەممە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ بۇلۇپ باقمىغان غەيىبنى ئۆزگەرتىدۇ دېگەن.

**43** ـ مەن نۇر، مەن قۇياشتا، مەن ئايدا، مەندە قاراڭغۇلۇق يوق، ئىسامۇ، مەن ئالەم نۇرى، مەندە زۇلمەت يوق دېگەن.

**44** ـ مەن ھەق، مەن رەب، مەن يول ئىگىسى دېگەن، ئىنجىلدىمۇ، مەن يول مەن ھەق، ھايات مەندە دېگەن. (ئىككى دىن ئوخشاش كېتىۋاتىدۇ، بۇنى بىلىڭ)

**45** ـ كەرىشنەت، مەن ئىسلاھات، مەن ئىپتىدائى مەن ئوتتۇر مەن ئاخىر، مەن خالىق مەن پىنائ، مەن ھالىك دېگەن، ئىسا مەن ئەۋۋەل، ئاخىر مەن ئۆلۈمگە مەسئۇل، مەن ھەممىنى تۇگەشتۈرىمەن دېگەن. (شۇلارنىڭ دىنىدا شۇنداق بار ئىكەن)

**46** ـ كەرىشنەت يېقىن تالىپى ئەرجۇناغا سەن گۇناھىڭنىڭ كۆپلىكى بىلەن غەم قىلما، مەن سېنى قۇتقۇزىمەن، ماڭا ئېسىل، تەۋەككۇل قىلىپ، ماڭا چوقۇن، مەندىن باشقىنى تەسەۋۋۇرۇ قىلما دېگەن، سەن ئاخىرى قۇياشقا موھتاج بولمايدىغان جايغا بارىسەن. ئىسا، ھاۋارىغا سېنىڭ خاتالىقىڭ كەچۈرۈمدىرۇ، سەن قەلبىڭنى ماڭا بەرگىن، سەن ئاخىرى قۇياشقىمۇ موھتاج بولمايسەن دېگەن. مانا بۇ **46** خىل ئوخشاشلىق، پۈتۈن دۇنيادا تانغىلى بولماس ھەققەت، بىز شۇنى ئىلان قىلىمىزكى، خىرىستىئان دىنى ئۆز ئەينى بۇددا، ھىندى دىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن، چۈنكى، بۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى مۇشۇ مەنبەگە تايىنىپ تۈرۈپ بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتكەن، بۇ ئەمەلىيەت، بۇ ھەققەت، قۇرئان، مۆجىزە بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاخىرەتە ناسارالاردىن، خىرىستىئان دىنىغا كىرگەنلەردىن تانىدۇ، ئىنكار قىلىدۇ، يالغانچى قىلىدۇ. چۈنكى، بۇلار بۇددا دىنىدا مۇشرىكلاردۇر. بۇنى، ئاللاھ بىرلا ئايەتتە بايان قىلغان، پولاتتەك دەلىل ـ ئىسپات تۇرۇپتۇ، ئەمما، بۇنىڭغا خىرىستىئانچىلار تېنىۋالىدۇ، ئۇلار كور، ئازغۇن.

بىز ئاللاھقا، قۇرئانغا شەكسىز ئىشىنىمىز، رەسۇلۇللاھقىمۇ ئىشىنىمىز، ئەزەلدىنلا زېمىندا بىرلا ئىسلام دىنى، ھەقىقىي دىن، قالغىنى ئۆزگەرگەن، ھەقىقىي ئىسلامى كىتاب قۇرئان، قالغىنى ئۆزگەرگەن، قۇرئان بولسا، ئۆزگەرمەس مۆجىزە، **750** ئايىتى مۆجىزە بولماقتا، يەنە تېخى نۇرغۇن كەلگۈسى مۆجىزىلەر بار، ئەمما، ئىنسانلار ئۆزگەرتىپ يازغان تەۋرات، ئىنجىل، بۇنداق ئەمەس، بىز يەنىلا ئىزدەنگۈچىلەرنى، جاھىللارنى، نادانلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، بۇ ھەققەتنى بايان قىلدۇق، بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي يەنىلا ھىندى مۇخلىسلىرىنىڭ بوزا بۇددا توغرىسىدا دېگەن سۆزى بىلەن ناسارالارنىڭ ئىسا توغرىسىدا دېگەن سۆزىنىڭ يەنىمۇ **48** خىل ئوخشاشلىقنى سۆزلەيمىز، قېنى كۆرۈڭ، بۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەر دۇنياۋى دىنىي كىتابلارنى ئەمەلىيەتتىكى چوقۇنغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىزدەنسۇن، ئەمما، ۋاقىت ئۇزراپ جاھالەتتە ئۆلمىسۇن، ئەجەل بەكمۇ يېقىن، بىزگە ئىشىنىڭلار، بۇ دۇنياۋى خەلقئارالىق مەسىلە، بۇنى سوراپ كۆرۈڭلار، بۇ تەپسىرنى، بۇ ئەسىرنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلدى، توردا ئېنىقلاڭلار.

ھىندى، بۇددىزىمچىلارنىڭ بوزا بۇددا توغرىسىدىكى سۆزى ئارقىدىنلا يەنىلا ئىسا توغرىسىدىكىنى سۆزلەيمىز، ئالدىدىكى ئۇسلۇبقا ئوخشاش. (باش تەرىپى بۇددا، ئاخىرى ناسارالار)

بىرىنچى، بۇددا مۇخلىسلىرى مۇنداق ئېيتىدۇ. بوزا مايا دېگەن قىزچاقدىن ئىنسان چېقىلمىسىمۇ قىلمىسىمۇ تۇغۇلغان دېگەن، ئىسا توغرىسىدا بۇ مەلۇمات خېلى ئېنىق، مەريەمدىن دادىسىز تۇغۇلغان.

ئىككىنچى، بوزا بۇددا روھولقۇددۇسنىڭ مايا قىزچاققا چۈشۈش ۋاستىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن، ئىسا، روھۇلقۇددۇس، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى بىلەن مەريەمدىن ھاسىل بولغان.

ئۈچىنچى، بوزا، روھلار تەۋەسىدىن قىزچاق مايانىڭ رەھمىگە(باللىياتقۇ) كىرگەندە، بۇ رەھمە سۈزۈك كىرىستالدەك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بوزا ئاندىن بىر تال گۈلدەك ئاپىرىدە بولغان، ئىسا، ئاسماندىن چۈشكەندە رەھمگە كىرىشى بىلەنلا مەريەمنىڭ رەھمى سۈزۈك كىرىستالدەك نۇرلاندى، ئىسا بولسا، گۈزەل گۈلدەك ئاشكارا بولدى دېيىلگەن.

تۆتىنچى، بوزانىڭ تۇغۇلۇشىغا ئۇيۇقدىكى بىر يۇلتۇز ئاشكارا بولۇپ، بەلگە بەرگەن، بۇ يۇلتۇزنى مەسىھ يۇلتۇزى دەپ ئاتايدۇ، ئىسا، توغرىسىدىمۇ خىرىستىئانلار شۇنداق دېگەن.

بەشىنچى، قۇددۇس، روھ چۈشكەن، مايا قىزچاقدىن بوزا، مىلادىيە كالان ئىيى، **25** چېسلا تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. ئىسا، مۇشۇ ئايدا تۇغۇلغان دېيىلىدۇ.

ئالتىنچى، بوزا، تۇغۇلغاندا، ئاسمان قوشۇنلىرى خۇشال بولۇپ، بۇ پاك مۇبارەك بالا تۇغۇلدى، دەپ خۇش بېشارەت بېرىدۇ، نۇر بېرىدۇ دېگەن. ئىسا، تۇغۇلغاندا پەرىشتىلەر شۇنداق قىلغان.

يەتتىنچى، ھۆكمالار بوزانى شۇ كۈنلا تونۇۋالىدۇ، ئىلاھلىق سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئىلاھلار ئىلاھى دەپ ئاتىغان. ناسارالار خىرىستىئانلارمۇ شۇنداق دېگەن، ئۆز ئەينى ئوخشاش.

سەككىزىنچى، ئۇلار بوزاغا كىچىك چاغدىلا قىممەت باھالىق ئالتۇن جەۋھەر ھەدىيە قىلدى، ئىساغىمۇ شۇنداق قىلغان دېيىلىدۇ.

توققۇزىنچى، بوزا، كىچىك چېغىدىلا ئانىسىغا مەن ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى دېگەن. ئىسا، ئانىسىغا كىچىك تۇرۇپلا، مەن ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغى دېگەن.

**10** ـ بوزا، قورقۇتقۇچى بولۇپ تۇغۇلغان، ئۇ تۇغۇلغاندا، پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، پادىشاھلىقنى قوغدىماقچى بولغان. ئىسا، تۇغۇلغاندا، پادىشاھ ھىيدروس، ئەنسىرەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ئەگەر بۇ بالا ھايات قالسا، خەتەرلىك دېگەن.

**11** ـ بوزا، مەدرىسكە بارغاندا، ئۇستازنى ھەيران قالدۇرغان، ئەمما، ئۇ بۇرۇن دەرس ئالمىغان، ئۇنىڭ بىلىمى خىلمۇ ـ خىل ئىكەن. ئىسا، ئۇستازنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇستاز يۇسۇفكە مەن بۇ بالىنى ئوقىتالمايمەن دېگەن. ھەرپكە مەنا بەرگەن.

**12** ـ بوزا، **12** ياشقا كىرگەندە، چېركاۋغا كىرىپ ئۆلمالاردىن ئىلىم سورىغان، ئۇلار جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇ ئىزاھلاپ بەرگەن. ئىسا، **12** ياشتا ئىرۇسالىمدىكى چېركاۋغا كىرىپ، ئالىملارنى ھەيران قالدۇرۇپ، مەسىلىنى ئىزاھلاپ بەرگەن دېيىلىدۇ.

**13** ـ بوزا بىر قېتىم چېركاۋغا كىرگەنگە، بۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتى ئالدىدا سەجدە قىلغان دېيىلگەن. ئىسا، بىر ھەيكەل سۈرەت يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان.

**14** ـ ئۇلار بوزانىڭ نەسەبى، مولكانىيەت دېگەن، بۇ نەسەب، زىكرى قىلىنغان بورازا دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگەن. ناسارالر ئىسانى مولكانىيەگە تۇتاشتۇرىدۇ.

**15** ـ بوزا، ئىبادەتنى مەقسەت قىلىپ، ساياھەت قىلغان، شەيتان ئاشكارا بولغان، ئۇ نۇرغۇن تەجرىبىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئىسامۇ ساياھەت قىلغاندا، شەيتان ئاشكارلىنىپ نۇرغۇن تەجرىبىنى،

سىناقنى باشتىن كەچۈرىدۇ دېگەن.

16 ـ ـ ئۇخشاشلىق، بۇددالار مۇنداق دېگەن، شەيتان بوزاغا سەن ۋاقتىڭنى ئەرزىمەس پەس ئىشلارغا سەرپ قىلمىغىن، سەن يەتتە كۈندىن كېيىن دۇنيانىڭ پادىشاھى بولىسەن دېگەن، ئىبلىس، ئىساغا، ئەگەر سەن ماڭا سەجدە قىلساڭ، مەن ساڭا پۈتۈن دۇنيانى ئاتا قىلىمەن دېگەن.

17 ـ بوزا، شەيتان سۆزىگە قۇلاق سالماي، كۆزۈمدىن يوقال دېگەن، ئىسامۇ شەيتاننى قوغلىغان، يوقال دېگەن.

18 ـ شەيتان بوزانى تەرىك ئەتكەندە، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرغان، ئىبلىس ئىسانى تاشلىغاندا، پەرىشتىلەر كېلىپ خىزمەت قىلغان.

19 ـ بوزا، بەك ئۇزۇن رامىزان تۇتقان، ئىسامۇ بەك ئۇزۇن رامىزان تۇتقان دېيىلىدۇ، بۇ ئىككى دىن بەكمۇ ئوخشاش.

20. بوزا، مۇخلىس سۇغا چۆمۈلگەن روھۇللاھ ھازىر ئىدى، ئۇ ئەسلى ئىلاھ ئەمەستى، كېيىن روھ بىلەن بىرلەشتى دېگەن، يوھەننا، ئىسانى ئوردۇن دەرياسىغا چۆمۈلدۈردى، روھوللاھ ھازىر ئىدى، كېيىن ئۇچ تەن بىرلىشىپ دادا، بالا، روھولقۇددۇس، ئىلاھلاشتى دېگەن، ھەر ئىككى دىن ئوخشاش قارىغان.

21 ـ بوزا، كۆنلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزگەرگەن، ئۇ تاغ تۆپىدە تۇراتتى، بىر نۇر چۈشتى، ئاندىن ئۇ قۇياشتەك بولۇپ كەتتى، ھەر قانداق كىشى ئۇنى كۆرسە، بۇ ئىنسان ئەمەس، ئىلاھ دەيتتى. ئىسانىڭ ھەيئىتى ئۆزگەرگەن، بۇ ئاخىرقى كۈن ئىدى، يەئقۇب يوھەننا بار ئىدى، ئۇلار تاققا چىقتى، كېيىن ئىسا قۇياشتەك نۇرلاندى، ھەرقانداق كۆرگەن كىشى ئىلاھ دەپ چوقۇناتتى دېگەن.

22 ـ بوزا، ئاجايىپ غارايىب مۆجىزە، كارامەت كۆرسەتتى، ئىسامۇ ئاجايىپ ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان كارامەت كۆرسەتتى.

23 ـ كىشىلەر بوزاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن قىردەۋس دېگەن جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.، كىشىلەر ئىساغا چوقۇنۇش بىلەن قىردەۋسنى ئارزۇ قىلىدۇ دېگەن.

24 ـ بوزا ئۆلگەندە، دەپنە قىلىنغان بولسىمۇ قەبرە، كېپەنلەر ئۆزلىگىدىن ئېچىلىپ كەتكەن دېيىلىدۇ. ئىسامۇ ئۆلگەندە، قەبرىگە قويۇلدۇ، كېيىن قەبرە ۋە كېپەن ئىلاھى قۇۋۋەتتىن ئېچىلىپ كەتتى دېيىلگەن. (سۇبھاناللا، ئىلاھمۇ ئۆلەمدۇ؟ بۇ باتىل دىنلار)

25 ـ بوزا، ئاسمانغا جەسەدى بىلەن چىقىپ كەتتى، زېمىندا خىزمىتى تۈگىدى، ئىسامۇ شۇنداق بولدى دېيىلگەن.

26 ـ بوزا يېقىندا زېمىنغا قايتىپ چۈشۈپ، تىنچلىقنى، بەرىكەتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ دېگەن، ئىسامۇ قايتا زېمىندا تىنىشلىقنى، بەرىكەتنى قايتۇرىدۇ دېگەن.

27 ـ بوزا، ئۆلۈكلەرنى جازالايدۇ، ئىسامۇ شۇنداق دېگەن.

28 ـ بوزا، الف ب ئۇ پىداسى يوق ئىنتىھاسى يوق، ئەزلى، ئىسامۇ الف ب ئۇ ئىپداسى يوق، ئىنتىھادى يوق ئەزلى دېگەن.

29 ـ بوزا، مۇنداق دەيدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى گۇناھلار مېنىڭ ئۈستۈمگە، پۈتۈن ئالەم خاتالىقدىن قۇتۇلىدۇ دېگەن. ئىسا مۇخلىس پۈتۈن گۇناھقا مەن قۇربانلىق بولىمەن، پۈتۈن ئالەم خاتالىقدىن مەن سەۋەبىدىن قۇتۇلىدۇ دېگەن.

30. بوزا، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىڭلار، گۇناھىڭلارنى ئاشكارا ئېتراپ قىلىڭلار دېگەن، ئىسامۇ شۇنداق دېگەنىكەن. شۇڭا، خرىستىئانلار چېركاۋىدا، پوپ ئالدىدا تەۋبە قىلىدىكەن.

31 ـ ئۇلار بوزانى نۇرلۇق سايە ئەمەس، شەيتان بولسا، يىلان دېگەن. ئۇلارمۇ ئىسانى نۇرلۇق زات

دېگەن، شەيتاننى يىلان دەيدۇ.

**32** ـ كۆنلەرنىڭ بىرىدە بوزانىڭ تالىپى ئاناندا قۇدۇق بويىدا كەندىلاس قەبىلىسىدىن بىر ئايالغا ئۇچراپ قېلىپ، سۇ سورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايال بوزانىڭمۇ ئوقوغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ، كۆنلەردىن بىر كۈنى ئىسا، قۇدۇق بويىدا بىر ئايالدىن سۇ سورىغان، بۇ ۋەقەمۇ ئوخشاش ئىكەن.

**33** ـ بوزا، ئەسلى قانۇننى بىكار قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل قىلىش ئۇچۇن كەلگەن. ئىسامۇ ئەسلى قانۇننى مۇكەممەل قىلغان، قارىمۇ قارشىلىق يوق دېيىلگەن.

**34** ـ بۇددىزىمچىلار پۈتۈن ئەمەل، ئىش ـ ھەرىكەت، ھەتتا ياخشىلىق قىلىش، مۇھەببەتتىن تارتىپ، بوزانىڭ تەلىمى بىلەن بولىدۇ دېگەن، ئىسا، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارغىمۇ ياخشى قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارغا بەرىكەت تىلەڭلار، پۈتۈن ئىشىڭلار مەن دېگەن پىرىنسىپ بويىچە بولسۇن دېگەن دېيىلىدۇ.

**35** ـ تۇنجى كۆنلەردە بوزا بېشارەت بەرگەن، تەلىم بەرگەن، بىنارىس شەھىرىگە بارغان، ئاندىن تۆت كىشى ئەگىشىپ مۇرت بولغان، كېيىن نۇرغۇن ئەر ـ ئايال ئەگەشكەن دېيىلىدۇ. ئىسامۇ تۇنجى كۈنىدە بېشارەت بىلەن تەلىم بەرگەن، تۆت كىشى مۇرت بولغان، كېيىن **12** بولغان، نەگە بارسا نۇرغۇن ئەر ـ ئايال ئەگىشىۋالغان دېيىلىدۇ.

**36** ـ بوزا، ئوقوغۇچىلىرىغا دۇنيانى تەرك ئېتىشكە بۇيرىغان، كېيىنكىلەر بولسا، پېقىرلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى، دېيىلىدۇ. ئىسامۇ، زاھىدلىققا بۇيرىغان، كېيىنكىلەر بولسا، مالغا بېرىلدى، پېقىرلىقىدىن قورقتى.

**37** ـ بوزانىڭ مۇقەددەس قانۇنىدا جۇمھۇر كىشىلەر بوزاغا ئىشىنىش ئۇچۇن مۆجىزە تەلەپ قىلغان دېيىلىدۇ. ناسارالارنىڭ كىتابلىرىدا جۇمھۇر كىشىلەر ئىساغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۇچۇن، مۆجىزە تەلەپ قىلغان دېيىلگەن.

**38** ـ بوزانىڭ زېمىندىكى كۈنى ئاخىرلاشقاندا، ئۇ، بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى بىلىپ، ئاناندىغا مۇنداق دېگەن، ئەي ئاناندا، مەن يوقالسام يەنە بىر بوزا مەۋجۇت بولمايدۇ، سۆز مەن دېگەن سۆز شۇ بولسۇن، پەرىزمۇ شۇنداق بولسۇن دېگەن. ئىسامۇ شۇنداق دېگەن، مەن سىلەر بىلەن بىللە دېگەن سۆزمۇ بار.

**39** ـ بوزا، بۇددا تەلىماتىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بۇيرۇلغان، كىمكى نەپىقە قىلالمىسا، روھىنى بەرگەن بولىدىكەن، چۈنكى، نەپسى مالغا، بېخىل بولىدىكەن، بوزا، بۇ دۇنيانىڭ شەھۋەت، لەززەتلىرىدىن قۇتۇلغاچقا ئىلاھلىق مەرتىيىگە يەتكەن، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ دۇنيادىكىلەر باشقىلار ئۇچۇن جاننى بەرسۇن، ئىسامۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىيدۇ، ھەتتا، جاننى بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇمۇ شۇنداق قىلىپ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، لەززەتتىن قېچىپ، مەرتىيىگە يەتكەن دېيىلىدۇ.

**40** ـ بوزانىڭ مەقسىتى، ساماۋى پادىشاھلىقنى كۈچەيتىش، ئىسا شۇ زاماندا تەۋبە قىلىڭلار ئاسمان پادىشاھلىقى يېقىن دېگەن.

**41** ـ بوزا، مەن بۈيۈك شەرىئەتنى ياخشى كۆرىمەن، مەن بىنارىس شەھىرىگە بېرىپ، زۇلمەتكە نۇر بېرىمەن، يېڭى ھاياتلىقنى ئاچىمەن دېگەن. ئىسامۇ نۇرغۇن تەجرىبىدىن كېيىن شەيتاندىن ئاجراپ، كوپېرناموم دېگەن جايغا بارغان، ئۇ، تەۋبە قىلىڭلا، ئاسمان پادىشاھلىقى ئاز قالدى، قۇرۇلىدۇ دېگەن، نۇر ئاتا قىلغان دېيىلىدۇ.

**42** ـ بوزا، تالىپى ئاناندىغا مېنىڭ سۆزۈم ھەق، ئەگەر ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ھەق شەك يوق، قەتئىيدۇر دېگەن، ئاساسى قانۇن مۇساغا بېرىلگەن، كېيىن ھەق ئىساغا بېرىلگەن، ئىسا مۇنداق دېگەن، مەن ھەقنى سۆزلەيمەن، ئاسمان ـ زېمىن چوقۇم زاۋال تاپىدۇ، ئەمما، مېنىڭ سۆزۈم مەڭگۈلۈكتۇر دېگەن.

**43** ـ بوزا مۇنداق دېگەن: ئىنساندا شەھۋانى نەپسى بىلەن قىلغان ئىشىدىن يامان ئىش يوق، ئاياللار

بىلەن بىرلەشكەندە، كۆزۈڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، سۆز قىلساڭلار قەلبىڭگە ھەزەر قىلىڭلار، ئىسا. سىلەر بىلىسىلەر، قەدىمىلارمۇ زىنا قىلما دېگەن. مەن شۇنداق دەيمەنكى، كىمكى ئايال كىشىگە ئىشتىھا بىلەن قارىسا، زىنا قىلغان بولىدۇ، دىل كۆزى كۆرمەيدۇ، ھەزەر قىلىڭلار. (ئىسا، يەسۇئ دېيىلىدۇ)

**44** ـ بوزا مۇنداق دېگەن، ئاقىل، ھۆكىمائ كىشى توي قىلمايدۇ، توي تۇرمۇشنى بىر ئوت دىسە بولىدۇ، زىنادىن نېرى بولۇڭلار، ناسارالاردىمۇ ئەر ـ ئايالغا يېقىن يولۇقماسلىقى كېرەك، ئامال بولمىسا، نەسلىنى قوغدىسا توي قىلسۇن دېيىلگەن.

**45** ـ بوزا، تەلىماتىدا مۇندا دېيىلگەن، كىمكى غەم قىلسا، دەرىت تارتسا، ئازار يىسە، بۇ چوقۇم گۇناھ قىلغان گەپ، بۇ شۇ گۇناھقا كەففارەت، يەسوئ، كېتىپ بارسا، ئوقوغۇچىسى يا مۇئەللىم بۇ نېمە ئىش، بۇ كىشى تۇغما ئەماكەن، دىسە، ئۇ ئاتا ـ ئانىسى گۇناھكار ئىكەن دېگەن.

**46** ـ بوزا، كىشىلەرگە تەپەككۇرنى ئۆگىتەتتى، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بىلىۋالاتتى، پۈتۈن مەخلۇقنىڭ تەپەككۇرىنى بىلىشكە قادىر دېيىلىدۇ، ئىسانىمۇ شۇنداق دېگەن، ئوخشاش قارايدۇ.

**47** ـ بۇددىزىمچىلارنىڭ كىتابىدا بوزا، كۆزى كۆزى خاپا سالسا، كۆزىنى ئويۇپ تاشلىغان دېگەن. ئىسا، كۆزۈڭمۇ خاپا سالسا، ئۇنى ئويۇپ تاشلىۋەت دېگەن ئىكەن.

**48** ـ بوزا، ئىبادەت ئۈچۈن، ساياھەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، كىنتاكو دېگەن ھايۋانغا مىنگەن، پەرىشتىلەر كۆرپە سالغان، ئىسامۇ ئىرۇسالىمغا ئىشەك مىنىپ كىرگەن بولۇپ، پەرىشتىلەرمۇ يولغا كۆرپە سالغان، ئىككىسىنىڭ يولىدا گۈل، دەرەخلەر سېلىنغان.

مانا بۇ ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق، بىز بۇ **48** خىل ئوخشاشلىق بىلەن جەزمەن خىرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىن تارتىپ، ئاللاھ كايىب، غەزەپ قىلىپ كەلگەن، قارشى تۇرۇپ، مەڭگۈ دوزاخقا ھۆكۈم قىلىپ كەلگەن، بۇددا مۇشرىكلىق دىنىدىن پايدىلىنىپ شۇ دىنىنى مەنبە قىلىپ ئىسا ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى ئۆزگەرتكەن.

تەۋرات، ئىنجىلنى ئۆزگەرتكەن، ئىنجىلدا بولسا، بۇلارنىڭ ئەسكىلىكى يوق، چۈنكى، بۇلار ئىنجىلدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ئەسكىلىكنى قىلغان، ئۆز ئەينى مۇشرىكدۇر، بىز چوقۇم كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىمىزكى، ھەقىقىي يول دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنى، ھەق، راست كىتاب، قۇرئان، ھەقىقىي يول، مۇسۇلمان، مۆئمىنلەرنىڭ يولى، بۇنىڭدا شەك يوق، قۇرئان مۆجىزە، قۇرئان مەڭگۈلۈك، قۇرئان بۇرۇنقى ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

ناسارالارنىڭ بۇ خىرىستىئان دىنىنىڭ مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇنقى ئاشرىيون مىللىتىنىڭ بىيىل ناملىق شىرىك بۇددا دىنىغا **15** خىل ئوخششى بار.

بىرىنچى، بابىلىيىلەرنىڭ ئەلەملىك ھېكايىسى بار، مەسىھىيىلەرنىڭمۇ شۇنداق ھىكايىلىرى بار.

ئىككىنچى، بىيىل، ئەسىر قىلىنغان، ئىسامۇ ئەسىر قىلىنغان.

ئۈچىنچى، بىيىلغا سوت مەھكىمىسىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان، ئىسامۇ ھاكىم تەرىپىدىن مەھكىمىدە سوتلانغان.

تۆتىنچى، بىيىل، قاتتىق ئۇرۇلغان، ئىسامۇ قاتتىق ئۇرۇلغان.

بەشىنچى، بىيىل، سوت مەھكىمىسىگە يالاپ ئاپىرىلىدۇ، ئىسامۇ مەھكىمىگە كىشەن بىلەن سۆرەپ ئاپىرىلىدۇ.

ئالتىنچى، بىيىل بىلەن ئىككى كىشى بىللە ئاپىرىلىدۇ، بىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىرى قويۇپ بېرىلىدۇ، ئىسا بىلەنمۇ ئىككى كىشى ئاپىرىلىپ، بىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بىرى قويۇپ بېرىلىدۇ.

يەتتىنچى، بىيىل، ئىگىز جايغا ئۆرلىگەندە، شەھەر تەۋرەت كېتىدۇ، نۇرغۇن ۋەقەرلەر يۈز بېرىدۇ. ئىسا

ئۆلگەندە، زېمىن تەۋرەيدۇ، چېركاۋ يېرىلىدۇ، كۆپ ۋەقە يۈز بېرىلىدۇ.

سەككىزىنچى، بىيلىنىڭ كىيمىنى ئوغرى ئالىدۇ، ئىسانىڭ كىيمىنى ساقچىلار ئىلىۋالىدۇ.

توققۇزىنچى، بىيلىنىڭ يۈرىكىدىن ئاققان قاننى بىر ئايال سۈرتۈپ قويىدۇ، ئىسا نەيزە يىگەندە قېنىنى ئايال كىشى تازىلايدۇ.

10 ـ بىيل، قۇياشتىن نېرى رابىيە دېگەن جاينىڭ ئاستىغا كىرىدۇ، نۇر يوقاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئىسامۇ شۇنداق بولىدۇ قەبرىدە.

11 ـ رابىيە زېمىندا بىيلنى قاراۋۇللار ساقلىغان، قاراۋۇللار، ئىسا قەبرىسىنى ساقلىغان.

12 ـ بىيل بىلەن بىرگە باشقا ئىلاھلار ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن، ئىسا قەبرىسىدە مەريەم ئۆلتۈرگان دېيىلگەن.

13 ـ ئۇلار بىيلىنى ئىزدىگەن، خۇسۇسەن بىر ئايال ئاھ ئۇرۇپ يىغلىغان. ئايالار كېلىپ، ئىسانى ئىزدىدى، جۈملىدىن مەريەم كېلىپ يىغلاپ كەتتى.

14 ـ بىيل، تېرىلىپ قۇياشتەك قوپتى، كېيىن ئۆرلەپ كەتتى، ئىسا تېرىلدى، ئۇ يەكشەنبە كۈنى قەبرىدىن چىقتى.

15 ـ بابىلىيىنلەر باھار پەسلىدىكى بۇ ئاينى ھېيت قىلغان، چۈنكى، ئۇلار يارەمگە شۇ چاغدا ئېرىشكەن. ناسارالارمۇ شۇنداق، بۇ ئاينى ھېيت قىلىۋالدى، ئىككىلى دىندا يەكشەنبە كۈنى ئىبادەت قىلىدۇ.

ئىككىلى دىندا بۇت، ھەيكەل قويۇلۇپ، چوقۇنىدۇ، خۇلاسە گەپ شۇكى، بۇ قەدىمقى بۇددا، شېرىك ئەقىدىدىكى دىندىن كىتابدىن پايدىلىنىپ مەنبە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلار تەۋراد، ئىنجىلنى ئۆزگەرتتى، دىننى ئۆزگەرتىپ، بۇددا دىنغا ئايلاندۇردى، ئاخىرى ھەممىسى مۇشرىك بولۇپ، خاتالاشتى. ئاللاھمۇ بۇنى ئالدىن بىلگەچكە، قۇرئاندا، ئۇلارنى كاپىر، دىنسىز، مۇشرىك، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچى دەپ ھۆكۈم قىلدى، قاتتىق نارازى بولدى.

ئىسلام دىنى قۇرئان قانۇنى بولسا، بۇنداق يالغان تۆھمەتلەردىن پاك، خۇراپاتتىن پاك، ھەقىقىي ھەق دىن، بۇ دىن ئەقىلگە، تەرەققىياتقا، ياكى ئىلىم ـ پەن بىلەن مۇۋاپىق چىقىپ، مۆجىزىسىنى كۆرسەتمەكتە، بۇ دىنغا نۇرغۇن ئىزدەنگۈچىلەر، دوكتۇر، پەيلاسوفلار كىرمەكتە، مۆجىزە ئۇلارنىڭ قەلبىنى تىترەتتى، باش ئەگدۈردى، بولۇپمۇ قۇرئان شۇنداق، ئامىركا، كانادا، ياپونىيە، گىرمانىيە، ئىسپانىيە پۈتۈن ياۋرۇپا ئەللىرىدىن ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرى، مۇتەخەسسىلەر، ئىنجىنىرلار بۇ دىنغا كىردى، بىز بۇنىڭ بىلەن بىرەر كاتتا مەشھۇر ئىنساننىڭ بۇ دىنغا كىرىشى بىلەن بۇ دىننى ھەق دېمەكچى ئەمەس، دىنغا چوقۇنغۇچى بىلەن باھا بەرمەيمىز، بەلكى، شۇ دىننىڭ ئۆزى قانۇنى، كىتابى، يولى، پىرىنسىپى، ئىنتىزام، تۈزۈمى، ئەخلاقى، مۆجىزىسى كىشىنى قايىل قىلارلىقى، قەلبنى خاتىرجەم قىلالىشى بىلەن باھا بېرىپ ھۆكۈم قىلىمىز. مۇشۇ مەسىلىدە، ئىسلام دىنى قۇرئان، ھەقىقىي تەلەپكە لايىقدۇر، بۇنىڭدىن ئىسلى، كاتتىسى، ئۇلۇغى يوق، بۇنى بىزلا مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز بىلەن دەۋالمىدۇق، بەلكى ھەقىقەت شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بارلىق پەيلاسوف، ھۆكمالارنى، دوكتۇر، ماگىستىر، ئاسپىرانتلارنى، بۇ دىننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئىزدىنىپ بېقىشقا چاقىرىمىز، چۈنكى، بىز قىلچە ئەنسىرەپ قالمايمىز، ئىشەنچىمىز يۈزدە يۈز. بىز بۇ دىنغا، ئاللاھقا، قۇرئانغا، ھەدىسكە شەكسىز ئىشىنىمىزكى، بۇ ھەقىقەت، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەتتۇر. بۇ مەڭگۈ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، بىزنىڭ ئىتىقادىمىزمۇ مەڭگۈ شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەڭگۈلۈك بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار مەڭگۈلۈك ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىپ چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلغانلار مەڭگۈلۈك بەختلىك بولىدۇ.

ئەمما، ئەزەلدە يوق بولغان، ئاندىن پەيدا، ئاخىرىدا يوق مەخلۇققا، تەبىئەتكە، تاشقا ياكى يۇلتۇز، ئاي، كۈنگە ياكى پەرىشتە، پەيغەمبەرگە ياكى ئۇلۇغ، مەشھۇر كىشىلەرگە چوقۇنغانلار ياكى ۋاستە قىلغانلار، شۇلار، بۇلارنىڭ ئېتىقادى يوقايدۇ ـ دە، بەختىمۇ يوقايدۇ، بۇنى بىزى بۇرۇنلا سۆزلىگەن.

ئېتىقاد قىلىنغان نەرسە يوقسا، ئاندىن ئىتىقاد يوقايدۇ، ئاندىن پۈتۈن ئازۇ، ئۇمىد، مۇراد ـ مەقسەت،

بەختى يوقايدۇ. ئەمما، ئىسلام دىنىدا، قۇرئاندا، ئاللاھ... ئاللاھ مەڭگۈلۈك، ئۇ ئەزلى ئەبەدىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر، قۇرئاننى قانۇن قىلغانلار، شۇ قانۇن ئىچىدە ئۆزىنى بۇ ھاكىمىيەتكە بېسىپ ياشىغانلار مەڭگۈ بەختلىكدۇر، بۇ بىر ھەقىقەتتۇر. بىزلا بىر ئىنسان دەۋالغان سۆز ئەمەس، بۇ مەسىلىنى ئىنساپ قىلىپ، ئادىللىق بىلەن ئويلىنىڭلار، بولۇپمۇ قۇرئاننى چوقۇم كۆرۈپ بېقىش، چوقۇم چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش لازىم. شۇ چاغدا ئاندىن بىز مۆجىزىگە ئېرىشىپ، قەلبىمىز خاتىرجەم بولۇپ، ئەبەدى بەخت ئىچىدە ياشايمىز، تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، ئۇندىن باشقا بۇددا كىتابلىرى نوم، قىسسە، رىۋايەتلەر ياكى پەلسەپەلەر ھەرگىز قۇرئانغا يەتمەيدۇ. ئاددىيسى ئوقۇشتا، ئاڭلاشتا قۇرئاندىن ھېچكىم زېرىكمەيدۇ، بەلكى بېرىلىپ ئاڭلايدۇ. قايتا ـ قايتا تەكرارلانسا، يەنىلا زېرىكمەيدۇ، ھەر قېتىم ئىلىم ـ ھېكمەت ئالىدۇ، خۇشال بولىدۇ، ياكى گۇناھلىرىغا ئىتراپ قىلىپ، پۇشايمان قىلىپ، قايتىدىن ياخشى ئادەم بولىدۇ.

دېمىسىمۇ قۇرئان قايتىدىن كىشىنى ئادەم قىلىپ تۈزىدۇ، ئادەم نۇرغۇن، بۇ بىر بۇلاق، بۇلغانمىغان بىر ئىسلامى بۇلاق، بۇنىڭدىن سۇ ئىچكەنلەر مەڭگۈ قاغجىمايدۇ، يەنە ئىچكۈسى كېلىدۇ، ئاخىرەتتە قانىدۇ، ئاندىن مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، قۇرئان دىل كورلۇق كېسىلىگە، دۆتلۈك كېسىلىگە، مۇناپىقلىققا شىپا، ئازغۇنلۇققا شىپا، بۇنداق سۈپەتنى مەڭگۈ يېزىپ بولالمايمىز، قىسقىسى قۇرئاننى بىر ئوقۇپ، چۈشىنىپ ئەمەل قىلىڭ. بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس مۆجىزە، ھەتتا قىسقا بىر سۈرە، ئۈچ ئايەتنى كەلتۈرەلمەيدۇ، باشقا كىتابلار ھەرگىز بۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئەزەلدىنلا ئۆزگىرىپ بولدى، يەنىلا ئۆزگىرىشى مۇمكىن، چۈنكى، ساقلاشقا ۋەدە يوق، قۇرئاندا، بولسا، كۈچلۈك قەسەم بىلەن ۋەدە بار، بۇمۇ بىر مۆجىزىدۇر، بىز دەل قۇرئان مۆجىزىسىنى يېزىۋاتىمىز.

قۇرئان مۆجىزىسى ئىلاھى بىلىم، ھېكمەت، سىرنى سۆزلەش، تارىخى غەيبىنى سۆزلەش، كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىش، پۈتۈن كائىناتتىن ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت بىلەن خەۋەر بېرىش، سىرلىق تەبئىي ـ پەنگە ئىشارەت قىلىش جەھەتتىن، روھ، ئالەم، ئەرۋاھ توغرىسىدىن پەرىشتە، جىن، ئۆلگەنلەر روھى توغرىسىدىن، ئۇندىن باشقا قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىش، يىغلىتىش جەھەتتىن قانۇن ـ ئىنتىزام، پىرىنسىپ جەھەتتىن، ئەدەب ـ ئەخلاق جەھەتتىن، تەرەققىيات جەھەتتىن، باشقا بىر ئالەمنى قۇرۇش، بۇ ئالەمنى ۋايران قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، قانداق جەھەتتىن بولسا، قۇرئان مەڭگۈ مۆجىزە بولماقتا، بولۇپمۇ ھاياتلىق، ماددا جەھەتتىن ئۆزگەرمەس، ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەسلىك بىلەن ھازىرمۇ مۆجىزە سۈپىتىدە تۇرماقتا، بۇنى پەقەت قۇرئاننى ھەقىقي چۈشەنگەن كىشىلەرلا چۈشىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن تەپسىرنى ئوقۇپ كۆرۈش لازىم، كونا ۋە يېڭى جۈملىدىن بۇ سۈرە مەريەمدىكى ئۇندىن باشقا سۈرىدىكى ئىسا، مەريەم توغرىسىدىكى مۆجىزىمۇ ئاز ئەمەس.

قۇرئان، ئادەم يوق، يالغۇز كىشىنىڭ قىسسىسىنى كۆرگەندەك بايان قىلغان، چۈنكى، ئاللاھ، كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ جەھەتتىمۇ چوڭ مۆجىزە بولغان، كەلگۈسىمۇ شۇنداق، مەسىلەن: كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، زېمىن قاتتىق تەۋرىگەن چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان، تاغلار ئېتىلىپ، يوقىلىپ، يۇلغان بولغان چاغدا دېگەندەك، كەلگۈسىدىكى ئاجايىپ سىرلىق ئىشنى پۈتۈن ئالەمنىڭ ۋايران بولۇشنى ئاندىن مەڭگۈلۈك ئالەمنى قۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار بۇ كىتابنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىنمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى ـ دە! بىزنىڭ مەقسىدىمىز، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دىنلار بىلەن جۈملىدىن بۇددا، خىرىستىئان، لاما، كاتولوگ، مەجۇسى، شامان دىنى، زېمىن يۈزىدىكى ھەرقانداق دىن بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ دىننى يەنى ئىسلام دىنىنى، قۇرئاننى ئەڭ ئالىي ئورۇنغا ئېلىپ چىقىش، بۇنداق دېيىش بەلكىم توغرا ئەمەستۇ، چۈنكى، بۇرۇن ئۆزى ئالىي، ئۆزى ئۇلۇغ، ئۆزى ھەقىقەت، بۇنى بىرەر كىشىنىڭ ئالىي ئورۇنغا ئېلىپ چىقىشىغا بۇ دىن موھتاج ئەمەس، بىز پەقەت ئاشۇ ھەقىقەتنى تونۇشتۇرساق، نادان كىشىلەرگە بىلدۈرسەك دەيمىز.

بۇ دىننى ئاقلاپ، ئادۋوكاتلىق قىلمىساقمۇ، بۇ دىن پاك، ئۆزى ھەق دىندۇر. بۇنىڭ مۆجىزىسىنى بايان قىلمىساقمۇ، ئىسپاتلاپ چىقمىساقمۇ بۇ دىن مۆجىزىلىك دىن، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ، بىزگە قىلچە ھاجىتى

يوق، بىز پەقەت بۇنى بىلمۇالىمىز، ئاندىن باشقىلارغا بىلدۈرىمىز خالاس. ئىشىق قىلىمىز خالاس. ھەقىقەت، مۆجىزە، ئۈستۈنلۈك بۇ دىندا ئەزەلدە بار، بىزنىڭ ئادۇۋكاتلىق قىلىشىمىزغا موھتاج ئەمەس، پەقەت بىز قارشى تەرەپنىڭ رەزىللىكىنى باتىل قىلىقنى بايان قىلماقچى، چۈنكى، ئۇلار باتىل، بۇ دىن ھەق.

بۇ، خەلقئارالىق مەسىلە بولۇپ، ئەڭ چوڭ دىنلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتتۇر، ئىزدىنىشتۇر، كىچىك مەسىلە ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل كېتىدۇ، نۇرغۇن زىيارەت كېتىدۇ، ھەم سۆھبەت ھەم ماتېرىيال كېتىدۇ. شۇڭا بىز تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگە كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمىز، ئاللاھ رازى بولسۇن.

بۇ مەسىلىنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ۋە باشقا ئالىملار ئىزدىنىپ ھەقىقەتنى ھەقىقەتتە ئىسپاتلاپ چىقىپ بولدى، چۈنكى، بۇ دىن، قۇرئان ھەق بىز ئاللاھقا ۋە قۇرئانغا شەكسىز ئىشىنىمىز. بارلىق ئىزدەنگۈچىلەرگە تەلەپ شۇكى، ئادىل بولۇڭلار، ئىنساپ دىل بىلەن قاراپ تەرەپبازلىقتا، پۇل ـ مالغا، يۈز ـ ئابرۇيغا بېرىلمەڭلار. ھەقنى تاپالمىساڭلار، زۇلۇمدىن قورقۇپ توختاپ قالماڭلار، چۈنكى، ھەق دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ، ھەق، باتىل، مەڭگۈ كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ، باتۇرلۇق بىلەن ھەقتە چىڭ تۇرۇڭلار.

يا سىلەر ھەقنى تاپىسىلەر، يا ھەق سىلەرنى تاپىدۇ، چۈنكى ئىزدەنگەن تاپىدۇ.

## سۈرە مەريەم 2 . قىسىم

نەسىھەت، ئاگاھلاندۇرۇش، روھلار مۇناجاتى

سۈرە مەريەم، **ئەي ئىنسانلار، جىنلار، ھەممىڭلار دوزاخقا كىرىسىلەر، ئاندىن مۇتتەقىلەرنى قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى تىزلانغان ھالدا قالدۇرىمىز** دېگەن توغرىسىدا، ئالىملار بۇ ئايەتتە ئىختىلاپ قىلىشتى، تەپسىرشۇناسلار ئايەتنى، ھەددىس بىلەن تەپسىر قىلىپ، بۇ دېگەنلىك دوزاخ ئۈستىدىكى كۆۋرۈك شۇ، بۇنىڭغا ھەممە كىشىلەر بارىدۇ، مۆئمىنلەرنى ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ دېگەن. بەزىلەر، جۈملىدىن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئالەيمۇ دوزاخقا ھەممىسى ھەتتا مۆئمىنلەرمۇ چۈشىدۇ، ئەمما، بۇلارغا ئوت، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش سوغۇق بولۇپ بېرىدۇ دېگەن. بۇنداق قىلىش يەنىلا مۆئمىننى خۇشال قىلىش ئۈچۈن دېگەن. ئەمما، قورقۇنۇشلۇق يېرى، ھەممىسى بىر قېتىم كىرىدىكەن، مۇتتەقىينى قۇتقۇزىدىكەن، مۇتتەقىي دېگەن ئەۋلىيالار شۇ، ئايەتتە، ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالىرى مۇتتەقىيلەر دېگەن. يەنە، ئاللاھ، سۈرە يۇنۇسدا، ئەۋلىيالارنى سۈپەتلەپ، ئۇلارنى مۇتتەقىيلەر دېگەن. قۇرئاندا، مۇتتەقىيلەرنى نۇرغۇن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەيدۇ، جۈملىدىن، ئۇلار ئاچچىقنى بېسىۋالىدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ. كېچىسى ئاز ئۇخلاپ كۆپ قىيامدا تۇرىدۇ، سەھەر ۋاقتىدا مەغپىرەت سورايدۇ، ئاللاھدىنلا قورقىدۇ.

خالىس پۇل ـ مال خەجلەيدۇ، تەقۋادارلىق سۈپەتلىرى قۇرئاندا بەك كۆپ بولۇپ، بۇ سۈپەتكە ئېرىشمىگۈچە دوزاخدىن قۇتۇلۇش قېيىن، مۆئمىن دېگەن نامدىن كېنىيرەك ئاندىن مۇتتەقى بولىدۇ. ساھابىلار بىرەر كىشىنىڭ كۈلگىنىنى كۆرسە، سەن دوزاخقا كىرىشكە ئىشىنسەن، شۇنداقمۇ؟ دىسە، ئۇ كىشى شۇنداق دېگەن، ئاندىن سەن جەننەتكە چىقىشقا ئىشەنچ قىلالامسەن دىسە، ئۇ ياق دېگەن، ساھابە، ئەمسە نېمىشقا كۈلسەن! ساڭا جەننەتكە كىرىشكە ۋەھى كەلدىمۇ؟ يا. دوزاخدىن قۇتۇلۇشقا بېشارەت كەلدىمۇ يا؟ دەيتتى. بەزى ئالىملار دوزاخدىن، ئاللاھدىن قورقۇپ، نەچچە يىل كۈلمەي ئۆتۈپ كېتەتتى، بېشىدا ئۇيغاتقۇچى ئەزان سائىتى بولمىسىمۇ ئاللاھدىنلا قورقۇپ، كېچىسى ئۇيقىسى كەلمەي دەل ۋاقتىدا قىيامدا تۇرالايتتى.

تۇت بۇ يولنىڭ ئارغامچىسىنى ئىككى قولۇڭدا،

پۇشايمان قىلىپ قالمىغىن ھەرگىز يولۇڭدا.

ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرەي دىسەڭسەن،

ياتما ھەرگىز كېچىسى يۇمشاق ئورۇندا.

ھەي، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر ھازىرقى زاماندا يوق. ھازىرقى كىشىلەر، ئايەتنى خاتا چۈشىنىۋالىدۇ، دوزاخدىن چىقىشنى تىلغا ئېلىپ، كىرىپ قالغىنىدىن خەۋىرى يوق، ئاھ! زەررىچە ئىمان بولسا، دوزاخدىن چىقىدىكەن، بەش پەرزنى قىلسا، ئۇ مۇسۇلمان، يەتتە جۈمئە ئوقۇسا، جەننەتكە چوقۇم كىرىدۇ، دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئاشۇ ئىمانى بار كىشىنىڭمۇ دوزاخقا كىرىپ قالغىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ھەسەنۇلبەسرى رەھمەھۇللا ئەلەي، كاشكى مەن ئاشۇ زەررىچە ئىمان بىلەن دوزاخدىن چىقىپ، جەننەتكە كىرىدىغان بولالىغان بولسام پۈتۈن دۇنيانى ماڭا بېرىشىدىنمۇ ياخشى ئىش بولاتتى دېگەن. شۇنداق، بۇ دېگەن دوزاخدىن چىقىش، جەننەتكە كىرىش بىشارىتى ـ دە! ئەمما، ھازىر قايسىمىز مۇشۇ بېشارەتنى ئالالىدۇق؟ نېمىگە شۇنچە خاتىرجەم بولىمىز، كىم بىزنى سەن دوزاخدىن چىقالايسەن، سېنىڭ ئىمانىڭ دېگەن ئات، تۆگىدەك دەپ خۇش خەۋەر بەردى؟ ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، ئىسلام دىنى بەش نەرسىنىڭ يەنى بەش پەرزنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى دېگەن. ئۈستىگە! ئۈستىگە! قۇرلغان ئۇ بەش نەرسە، بەش پەرز، ئىسلام دىنى ئەمەس بەلكى تۈۋرۈكى، كىشىلەر شۇ بەش پەرزنى قىلساق، ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغان بولىمىز دەپ قالغان، ئەمما، بۇ سۆزنى چۈشەنمىگەن، ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئايرىم قۇرۇلغان بولۇپ، ئىككىسى ئىككى نەرسە ئىدى، ئىسلام دىنى ئايرىم بەش پەرز، ئايرىم ئىدى، بۇ بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى دېگەنلىك، ئىككىلىسى بىر دېگەن بولمايدۇ، قانداقمۇ تۈۋرۈك ئۆزى ئۆي بولىدۇ. بەش پەرزنى قىلغان

كىشى بەش نەرسىنى بەرپا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ يەنە ئىسلام دىنىنى قۇرۇشى لازىم، ئۇ بولسا، پۈتۈن ھۆكۈم، ھەتتا داۋادىن تارتىپ، جىھادقىچە نۇرغۇن ئىشلار بار، مانا بۇ ئىسلام پەرزلەر بولسا، تۆۋرۈك، ئىككىسى، ئىككى نەرسە، بەش تۆۋرۈك، بەش پەرز، ئىسلام دېگەن بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئاندىن شۇ بەش ئىش ئۈستىدە بولىدۇ، ئايرىم بولىدۇ، بۇنى كىشىلەر خاتا چۈشەندى، خۇددى لائىلەھە ئىللەللا دىسە جەننەتكە كىرىدۇ، دېگەندەك، بۇ راست، ئەمما، بۇ گەپ ھېچقانداق بىرەر ھۆكۈم، پەرز قىلىنىشدىن بۇرۇن 12 يىل جەرياندا دېيىلگەن، مۇشۇ 12 يىل جەرياندا شۇنداقتى، ئەمما، بۇمۇ ئاسان ئەمەس.

بىز ئويلاپ باقساق، بۇ بىر سۆزلا ئەمەس، بەلكى، بىر يول، بىردىن ـ بىر ئېتىقاد ئىدى. مۇشۇ سۆزنى ئاشۇ بۇددا شېرىك دىنىنى تاشلاپ دىنىنى، ئېتىقادنى ئۆزگەرتىپ ئاندىن دەيتتى، بىر دىندىن باشقا بىر دىنغا ئۆتۈپ كېتەتتى، ئاندىن بۇلا قاتتىق ئازابقا قالاتتى، ھەتتا بەزىسى ئوتتا كۆيدۈرۈلسە، بەزىسى چوغدا سۆرىلەتتى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاشقا باسۇرۇلغان قىسسىسى ھەممىگە مەلۇم، بۇ ئازابلار ئاشۇ بىر جۈملە سۆزدىنلا بولغان، بۇ بىر يول، بۇ بىر دىن ئىدى، ئېتىقا ئىدى، ئەمما، بۇنى كىشىلەر چۈشەنمەي ھەتتا ئالىملارمۇ ھازىرقى مەزگىلدىمۇ شۇ سۆزنى دەپلا قويسا، جەننەتكە كىرىدۇ، تاغدەك ئىمان ھاسىل بولىدۇ دەپ قارىدى، بۇ پۈتۈنلەي خاتا، ئايەت، ھەدىسنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەنگەن. مەسىلەن: ئۇ چاغدا رەھمەت ئايەتلىرى، ھەدىسلەرنى، ئىبادەتنى كۆپلەپ قىلسۇن، دەپ ساھابىلارنىڭ قەلبىگە شىپالىق ئۈچۈن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ كۆپ سۆزلىگەن، چۈنكى، بۇ رەھمەت خەۋىرىگە موھتاج، ياردار قەلبلەر بەك كۆپ ئىدى، مەسىلەن: زەررىچە ئىمان بولسا دوزاخدىن چىقىدۇ، رەسۇلۇللاھ شاپائەت قىلىش، ئاللاھ بەندىلەرگە ئانا بالىسىغا رەھىم قىلغاندىنمۇ بەك رەھىم قىلغۇچى، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىش قاتارلىقلار. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋھەرلىرىنىڭ 47 ـ بەتتە، نەسھەت نامىلىق بىر تېما قويۇپ، مۇنداق دېگەن، توغرا، ئىش، شۇنداق، ئېتتىپاققا كەلگەن سەھىھ ھەدىس، ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەن بۇ رەھمەت ھەدىسلىرىگە، ئايەتلىرىگە ئالدانما، مەغرۇر بولما، يۆلەنمە، ئۇلارغا يۆلىنىۋېلىپ، ئىماندىن، دىندىن، تويپتىن قۇرۇق قالما، ئىسىڭدە بولسۇن، قۇرئان پۈتۈنلەي تەھدىد بىلەن تولغان، سەن بىرەر سەھىھ ھەدىس بىلەنلا بايىقىدەك ئايەتنى ھەتتا پۈتۈن دىنىنى بىكار قىلما، ئۆزۈڭنى ئۆزگىنى ھالاك قىلما، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بۇ سۆزنى قىلىش ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئوچۇق قىلدۇرۇش، تېخىمۇ زىيادە كۆپ ئىبادەت قىلدۇرۇش، يۈرەكنى، قەلبنى ھەققە مايىل قىلىش ئاسىي ئۈمۈدنى ئۆزگەن، ئۈمۈتسىزنى ھەق تەرەپكە چاقىرىش، تەۋبە قىلدۇرۇش ئىدى. ئۇلار شۇنداق كۆپلەپ ئىبادەت قىلاتتى، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلسىمۇ ئۇلار يەنىلا پۈتلىرى ئىششىپ كەتكۈچە ئىبادەت قىلدى. ھەتتا، رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق قىلدى، مەن شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمامدىم دېگەن، بەزىلەر تورىسىغا بەزىلەر تۆۋرۈككە ئارغامچا تارتىپ شۇنىڭغا ئېسىلىپ ئىبادەت قىلاتتى. بۇلارنىڭ مەقستى جەننەتلا ئەمەس ئىدى، بەلكى، ئىلاھى ئىشق، ئاشىقلىق، ئاللاھنىڭ جامالى ئىدى. ئەمما، بەزى كىشىلەر بۇ ھەق سۆز بولسىمۇ بۇ سۆزگە يۆلىنىپ شاپائەتكە يۆلىنىپ دوزاخقا بىر قېتىم كىرىپ ئاندىن چىقىشنى ئويلاپ ئولتۇرىدۇ، ئەگەر تاشنى تاشلىسا، 70 يىلدا تېگىگە چۈشۈپ بولالمايدىغان دوزاخقا بىر قېتىم چۈشمەكچى بولۇۋاتىدۇ، تېگىگە چۈشۈپ چىقىش ئۈچۈن ئاخىرەت يىلىدا 140 يىل كېتىدىكەن، ئاھ! بۇلار دوزاخدىن قورقماقدىغاندۇ؟، ئۇ يىللار بۇ يىللار بويىچە قانچىلىك چىقار؟

سالامەت كۆۋرۈكدىن ئۆتۈپ كېتىشنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايدۇ؟ ئىسلام دىنى شۇلار ئويلىغاندەك دىنمۇ؟ قۇرۇق سۆزلامۇ،؟ بىرەر ئەمەلىيەت ئىشلىرى يوقمۇ؟ مال، جاننى بەدەل قىلمامدۇ؟ ئۇلار تويپتىن خاتالاشتى، ئايەتكە قاراڭلار، ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ مېلى، جېنى باراۋىرىگە جەننەتنى سېتىپ بىرىدۇ دېگەن، بىكارغا ھېچ ئىش يوق.

يا ئاللاھ، سىلەرگە بۇرۇنقىلارنىڭ دەرتلىك، ئازابلىق كۈنلىرى كەلمەي تۇرۇپ، سىلەر سىنالماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشنى خام ـ خىيال قىلامسىلەر، دېگەن. ھەتتا، بۇرۇنقىلار پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان، مۆئمىنلەرمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟ دېيىشىپ كەتكەن، ھەتتا، بەزىلەرنىڭ بېشىدىن ھەرە قويۇپ، ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن، بەزى پەيغەمبەرلەرنى قەۋمى ئۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىدىن قان چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار قاننى سۈرتۈۋېتىپ تۇرۇپ، ئى ئاللاھ، ئۇلارنى كەچۈرگىن، چۈنكى، ئۇلار بىلمەيدۇ دېگەن. بەزىلەر تۆمۈر تارغاقنى قىزىتىلىپ، تارغىقى ئارىسى تارالغان، جۈملىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل

قەۋمىنى ئىسلامغا چاقىرىپ نۇرغۇن رىيازەت تارتقان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، بولسا، ئوتقا تاشلانغان، ھەتتا، رەسۇلۇللاھقىچە شۇنداق بولغان، رەسۇلۇللاھمۇ ئۈچ يىل تاغ، جىلغىسىغا قامالغان، ئىككى چىشى كاپىرلار تەرىپىدىن تاش بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن، تاپىئىگە ئىمان، ئىسلامغا چاقىرىپ بارسا، تاش ئېتىپ يۈز ـ كۆزىنى قانغا بويىغان، پەرىشتە تاغنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، سەن خالىساڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا بۇيرۇلدۇم دېگەندە، رەسۇلۇللاھ، ياق، مەن ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھنى بىر بىلىدىغان، شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ ئۈنىمىغان، دۈشمەن سۇيىقەست قىلىپ، زەھەرلىك قوينى يېدۈرگەن، نۇرغۇن جەڭلەرگە ئۆزى باشچى بولۇپ، چىققان، ئاچ ـ يالىڭاچ قالسىمۇ، ۋايىسىرىمىغان، مانا بۇ رەسۇلۇللاھ، ساھابىلەرچۇ بۇلارنى سىز شۇلارنىڭ ھاياتىدىن تاللانمىدىن كۆرۈڭ، تابىئىنلار مۇشۇ كېيىنكى ئەۋلىيالار رىيازەتمۇ شۇنداق، ئۇلار ئىبادەتتە، ئىلىمدا كېچىسى قىيامدا، كۈندۈزى رامىزاندا ئىدى، شۇڭا ئۇلار نۇرغۇن بېشارەتلەرنى ئېلىپ، كارامەت كۆرسىتىپ كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىپ ئۆتتى. ئاللاھ ھەممىدىن رازى بولسۇن، ئامىن!

سۆزىمىزگە كەلسەك، ئۇلار ئالىممۇ؟ بىزمۇ؟ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئالىممۇ؟ بىزمۇ؟

قايسىسى ئاسان، قايسىسى قىيىن، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پۈتۈن كىتابنى باشتىن ـ ئاخىرى ئوقۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئويغاق قەلب بىلەن ئادىل بولۇپ، ئىنساپ قىلىپ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ، ھەق دىننى راستىنى تاللاپ، ئاجىزلىرىنى شاللاپ، ياكى جايىدا قويۇپ، ھەقىقىي تەقۋادار كىشى بولۇشىمىز لازىم.

يۇمشاق، لەززەتلىك سۇننەتنى ئېلىۋېلىپ، قىيىن، تەس، زىيان بولىدىغان ھۆكۈمنى قويساق بولمايدۇ، بىز ھەقىقىي تەقۋادار بولالمىساق، دوزاخدىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇق، شۇڭا، ئۆيقىمىزنى ئېچىپ دىنغا بولغان خاتا چۈشەنچىنى چۆرۈپ تاشلاپ، لايىقىدا ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھقىمۇ لايىقىدا ئىبادەت قىلالمايمىز.

شۇنداقتىمۇ قادىر بولۇشىمىزچە، ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلايلى، ئاللاھ، بىزنى ئىبادەت ئۈچۈن ياراتتى، ئىبادەت قىلايلى. ئاللاھ، بىزنى ئىبادەت ئۈچۈن، ئاجىزلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئاللاھقا ياخشى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ياراتقان، ئىبادەت دېگەن، يۇقىرىسى زېمىنغا خەلىپە بولالىشىدىن تارتىپ، تۆۋىنى، يولدىن ئازارنى تازىلاشقىچە بولىدۇ. ئىمان دېگەن، بىر چۈمۈلە سۆز بولماستىن 77 نەچچە شاخچە بولىدۇ، بۇنىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۆزى دېگەن سەھىھ ھەدىس.

بۇ 77 شاخچا، كىتابلاردا تەپسىلىي كۆرسىتىلىدۇ، بۇنى پۈتۈن قىلمىغۇچە ھەقىقىي ئىمان يوق بولىدۇ. بۇ شاخچىلار پۈتسە، ئاندىن ئىمان ھاسىل بولىدۇ، شۇنىمۇ دەپ قويايلى، ئىمان، ئىسلام ھاسىل بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، بۇ مۇھەببەتنى بولمىسا يەنىلا سىلەر مۆئمىن ئەمەس دېگەن، توغرا، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت باغلاش، مال، جاننى بېرىش، نېمە دېسە شۇنى قىلىش، ئاشىق بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش پەرىزدۇر.

قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياسدىن ھۆكۈم ئىلىندى، مۇھەببەت، پەرىز، پۈتۈن ئىبادەت، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش يۈزىسىدىن بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا بىز ھەقىقىي مەقسەتكە يېتىمىز. ئاللاھمۇ ئىشقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان، بىز بۇ تېمىنى سۆزلەپ بولغانىغۇ دەيمەن. ئاخىرىدا تەقۋادار بولۇپ، دوزاخدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر چارىسىنى سۆزلەپ قويىمەنكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا باش قاتۇرمىغان كىشى، مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاتىرلىگەن، بىز ئاللاھنى رازى قىلىمىز دەيدىكەنمىز، شەخسىيەتچى بولماستىن، باشقىلار ئۈچۈن جاننى قۇربان قىلىشىمىز كېرەك. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەردەك، مەنلا دېمەي، ھەممىمىز دېيىشمىز لازىم. ئىلىمنى ئىشق بىلەن ئوقۇپ، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆز ئاتا ـ ئانىمىزدەك ئۇلارغا كۆيۈنۈشمىز لازىم. جەننەتكە پەقەت ئاللاھقا ئىبادەتنى ياخشى قىلغان، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشى كىرەلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش لازىم. باشقىلارنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇپ، نۇرغا، ئىمانغا، ئېلىپ چىقىشىمىز لازىم. ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. بەزىلەر ئوقۇتقۇچى، بەزىلەر مۇتەخەسسىس، بەزىلەر پەيلاسوپ، بەزىلەر ئىنژېنېر بولىدۇ. كىم قولدىن قانچىلىك ئىش كەلسە، شۇنچىلىك

مۇسۇلمان، مۆئمىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشى كېرەك. ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى كەلگۈسى ئۈچۈن، باش قاتۇرۇشى لازىم. كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن، باش قاتۇرۇشى، تۆھپە كۆرسىتىشى، ئۈلگە، ئۆرنەك بولۇشى لازىم. بۇنىڭدا ھېچ بولمىغاندا دىنىمىزلارنىڭ ئارقىدا قالماي، ئالدىدا بولۇشى لازىم، قاراڭلار، پۈتۈن دۇنياغا قاراڭلار، پۈتۈن مىللەت دىنىغا قاراڭلار، پەقەت بىزلا ئارقىدا، بىزلا ھورۇن، بىزلا تەرەققىياتتا كېيىن، بىزلا ئوقۇتمايمىز، ئىست، ھەي ئىست!!! ئاللاھ قەلبىمىزگە ھىدايەت، نۇر ئاتا قىلغاي. ئامىن!!!

سۈرە مەريەمدىكى بىز شەيتاننى كاپىرلارغا، ئىمانسىزلارغا ئەۋەتىمىز، شۇڭا شەيتانلار ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ، ھەقدىن توسىدۇ، دېگەن توغرىسىدا. ئالىملار كۆپ ئىزدەندى، تەتقىق قىلدى. شەيتان كىم؟ شەيتان قانداق مەخلۇق؟ ئۇ قاچاندىن بېرى مەۋجۇد؟ ئۇ ئۆلەمدۇ؟ دېگەندەك، ئىنسانلارغا قۇرئاندىن، ھەدىستىن ئېلىنغان ھۆكۈم ۋە چۈشەنچىگە قارىغاندا، ئاللاھ شەيتاننى ئادەمدىن بۇرۇنلا پەرىشتە قاتارىدا ياراتقان، پەرىشتىلەر بولسا، نۇردىن يارىتىلغان، بۇ ھەدىستۇر، شەيتان بولسا، ئوتتۇر. ئوت،! بۇ ئايەتتە بار. ئۇتتىن يارالغان شەيتانغا ئەگەشسەڭ ئوتقا چۈشكەندەك ھالاك بۇلسەن

شەيتان ئادەمگە سەجدە قىلمىغان، پەرىشتىلەر قاتارىدا بار ئىدى، بۇ، ئاللاھدىن ئۆلمەسلىكنى سورىغان، ئاللاھ بۇنىڭغا قىيامەت كۈنى قۇرلۇشدىن بۇرۇن سۇر چېلىنغىچە ئۆلمەسلىكنى بەرگەن، ئەمما، كېيىن بۇمۇ ئۆلىدۇ. ئەمما، بۇ ئايەتتە، شەيتانلار دەپ كۆپلۈك كەلدى، ئۇندىن باشقا ئايەتتىمۇ ئۇنىڭ باللىرى، قوشۇنلىرى دېگەن ئايەت بار. دېمەك، بۇ كۆپەيگەن، جىنسى مۇناسىۋەت بار، ئەركەك ـ چىشى بولىدۇ. بۇلارمۇ بىر تائىپە، مەخلۇق، ئەمما، باللىرى ئۆلەمدۇ؟ بەلكى، ئاشۇ كارامەتكە ئېرىشكەن شەيتاننىڭ باللىرى ئۆلمەيدىغاندۇ. بۇنىڭ نەسەبى جىنغا تۇتىشىدۇ، بۇمۇ ئايەتتە بار. ئەمما، بۇ كارامەتكە ئېرىشكەن ـ دە! جىنلار ئۆلىدۇ، ھەم كۆپىيىپ تۇرىدۇ، ئەمما، ئۇلار بىر روھدەك مەخلۇق، ئەمما ئۆلۈم بىلەن بولغان ئارىلىقدىكى پەرقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئۆلۈم تەكلىپنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، بەزى ئەركىنلىكدىن توسۇپ تۇرىدۇ خالاس. ئۇلارمۇ ھاياتى، بەرزەختە تۇرىدۇ، بەلكى،جىنلاردا مۇسۇلمان، كاپىرلار بار، ياخشى ـ يامىنى بار، ئەلۋەتتە، شەيتاننىڭ باللىر، قەۋمى، قەبىلىسى بولىدۇ. بۇمۇ ئايەتتە بار، شەيتانلارمۇ تۇرۇك، نادان تۇغۇلۇپ، كېيىن ئۇقۇپ ئىلىم ئالىدۇ، چۈنكى، ئۇلار جىنلار، رەسۇلۇللاھدىن قۇرئاننى ئاڭلاپ قەۋمگە يەتكۈزگەن، ئۇلاردىمۇ ۋەسۋەسە تېخنىكىسى، ئازدۇرۇش، ھىيلە ـ مىكرى بولىدۇ. ئالىملىرى، بوۋىسى، ئالىملارغا كېلىدۇ، بۇلار شەرىئەتكە قۇرئان، ھەدىس، فىقھى قانۇنلارغا پىششىق ئالىم بولۇپ، ھارامنى قىلدۇرىدۇ. ھېچبولمىغاندا پەتۋانىمۇ بولسا ئالغىنى سالىدۇ. ھەر بىر كىشىدە بىردىن شەيتان زادى ئايرىلمايدۇ، ئۇندىن باشقىسى كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ. پۇرسەت تاپسىلا ئازدۇرىدۇ، بۇنىڭ ھىيلە ـ مىكرى بەك كۆپ، شۇڭا، ئاللاھ، بۇنى دۇشمەن تۇتۇشنى پەرىز قىلغان. ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇنىڭ تەلەتى بەك سەتتۇر، ئاللاھ، زەققۇم دەرىخىنىڭ، مېۋىسىنى شەيتان بېشىدەك دېگەن. مەلۇمكى، بۇ ئىنتايىن سەتتۇر، ئەمما، قانداقلىقىنى بىز كۆرەلمەيمىز، ئەمما، بىزگە نامازغا تۇرغاندا، ھەرخىل ئىشلار كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ، ھەتتا، ھەق ئىشلارمۇ كۆرۈنۈپ كېتىپ، نامازدا ئىلىم ئېلىش، كىتاب يېزىش، دەرس بېرىش ئىشلىرى كۆرۈنۈپ، نامازدىن ئازىمىز. دەل ئاشۇمۇ شەيتان، شەيتان پۈتۈن كائىناتنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، بىزنى ئازدۇرىدۇ. ئىسمىمىزگە سېلىپ ئازدۇرىدۇ، گاھ مال، گاھ بالا، گاھ ئايال، گاھ ئەر، گاھ پۇل، گاھ كىتاب، گاھ دېھقانچىلىق، گاھ سۇ، گاھ ئوت بولۇپ كۆرۈنۈپ، بىزنى ئازدۇرىدۇ. ۋەسۋەسە بولسا، قەلبىمىزگە قىلىنىدۇ، بۇنى ئاللاھ، سۈرە ناسدا بايان قىلغان، شەيتان باشقا، پۈتقا، قولغا ۋەسۋەسە قىلماي، قەلبگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شەيتاندىنمۇ قاتتىق ھەزەر قىلىدىغان نەرسە نەپسى، شەھۋەت، ھېسسىياتتۇر، بۇ قاچمايدۇ، زىكىر، ئىلىم، ئىبادەت بىلەن شەيتاندىن قۇتۇلساق، پەرىشتە سۈپەت بولۇپ، تەقۋادار بولالايمىز. بۇ ئىككىسى، نەپسى، شەھۋەت، گۇناھنىڭ بېشى، كىبرى بولسا، يولى رىيا ئاساسى.

بىز ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، بىر ئەۋلىيا، شەيتاننىڭ ئادەمدىكى ئورنىنى بىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئاللاھدىن سوراپتۇ، ئاللاھ، دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، چۈشىدە مۇنداق كۆرسىتىپتۇ، بىر نۇرانى ئادەم ياتقۇدەك، ئۇنىڭ سول مۈرىسىدە قارا پاقىدەك، يىلاندەك ياكى چاياندەك بىر نەرسە تۇرۇپ، نەشتىرىنى دائىم ئادەم قەلبىگە سانجىپ ۋەسۋەسە قىلغۇدەك، قاچان، ئاللاھنى چىن قەلبىدىن ئەسلىدە، دەرھال قاچىدۇ، غەپلەتتە قالغان ھامان يەنىلا ۋەسۋەسە قىلۋاتىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئورنى، رەسۇلۇللاھمۇ شەيتان ئادەم يېنىدا،

قان تومۇرلىرىدا ئاقىدۇ دېگەن، بىز بۇنى ئۇقۇپ بىلىپ ۋەسۋەسە يوللىرىنى بىلىپ، دۈشمەننى دۈشمەن تۇتمىساق، چوقۇم ئىماندىن قۇرۇق قالىمىز. ئىسىڭلاردا بولسۇنكى، شەيتان بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئۆزۈڭلارنى، باشقىلارنى سىناپ يۇرمەڭلار، رەسۇلۇللاھ، جەددال قىشىغا مەن ـ مەن دېگەن مۇسۇلمانلار بىرىپ ئىماندىن يېنىپ كېتىدۇ دېگەن. ئامال بار نېرى بولۇش لازىم. ئاللاھمۇ قۇرئاندا، زىنادىنلا ئەمەس، شۇ ئىشنىڭ باشلامچىلىرىدىنمۇ توسىغاندۇر، دۈشمەنگە ئۈچقۇشۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئۇچقۇشۇپ قالغاندا، ھەقتە چىڭ تۇرۇپ، سەۋر قىلىڭلار. دەل مۇشۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي **51 ـ 52** ـ بەتلەردە روھانى مەزھەبلەرنىڭ روھلار مۇناجاتىدىن سوئال ـ جاۋابنى كەلتۈرگەن، بۇنىڭدا روھلار جاۋاب بەرگەن، ۋاستىچىلار سوئال سورىغان. دەل، شەيتاننى بەزى روھلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئەۋەتىدىغانلىقى، بۇ سۆزدە ئىسپاتلانغان، بىز بۇنىڭدىن تاللاپ بىر نەچچىنى سۆزلەيمىز.

ياخشى روھ يامان روھدىن قانداق ئايرىلىدۇ؟

بۇ جاۋابنى روھلار بەرگەن بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دېگەن. ياخشى روھلار يامان روھدىن سۆزدىن ئايرىلىدۇ، ئۈستۈنكى ياخشى ماقامدىكى روھلار، ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ياخشىغا بۇيرۇيدۇ، پەسكەش، يامان روھ بولسا، ئۇ دائىم قالاق، دۆت تۇرىدۇ، قىلغۇاتقان سۆزىدە ئىلىم، پەزىلەت بارمۇ ـ يوقمۇ؟ بىلگىلى بولىدۇ دېگەن.

روھتىكى ئىلىم ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلىكىمۇ؟

ياق، ئىلىم بولغاندىلا مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولمايدۇ، بەزىدە ئىلىم بىلەن بىرگە رەزىل بولىدۇ، ۋەھىمىگە قالىدۇ، دۇنيادا رەزىل ئۆتكەن كىشىنى رەزىللىك، خۇددى ھاۋادەك قورشاپ تۇرىدۇ، بۇلار ئەڭ خەتەرلىك، چۈنكى، بۇلاردا كىبرى، ھەسەد بار، ناچار ئەخلاق بار دېگەن.

بىز ماقامى ئۈستۈن بىر روھنى ھازىر قىلساق، بۇلار زېمىندا تونۇلىدۇ، ئۇلار ئۆزى ھازىر بولامۇ؟ ياكى نائىب ئورۇن باسارنى ئەۋەتەمدۇ؟

مۇمكىن بولسا، ئۆزى ھازىر بولىدۇ، بولمىغاندا، باشقىسى كېلىدۇ.

نائىبلارمۇ ئورۇن باسار روھلارمۇ شۇلاردەك ھاجەتتىن چىقىپ، مەسىلىنى ھەل قىلالامدۇ؟

بىلىڭلاركى، روھلار قانچە ئۈستۈن ماقامدا بولسا، ئۇلارنىڭ پىكىر بىرلىكى زىيادە بولىدۇ، ئۇ چاغدا بىرەر شەخس مەسىلىگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرمەيدۇ، بىلىڭلاركى ئۈستۈن روھلاردىنمۇ سىلەرگە پەقەت سىلەر بىلگەن تونىغان روھلار تەلىم بېرىدۇ، تائىبلىقنى سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاتساڭلار بولىدۇ دېگەن.

ئۈستۈن روھلار تۆۋەندىكى روھلارغا نېمە ئۈچۈن يالغاننى دىيىشكە، پاساد تېرىشقا يول قويىدۇ؟

بۇ ئۈستۈنكى روھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋالىدۇ، ئاندىن تېگىشلىك جازاسىنى يەيدۇ. سىلەر بۇنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىڭلار بىلەن بىلىۋېلىڭلار.

روھلار زېمىندا قەستەن زالالەتنى چاچامدۇ؟

ياق، بەزى سالىھ روھلار، ئاجىزلىقىدىن كامچىللىق، نۇقسانلىق يۈز بەردۇرۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ، بەلكى، بۇزۇن روھلار ۋەسۋەسە قىلىدۇ.

يامان روھلار روھانى ۋاستە بىلەن پىتنە، ئاداۋەتنى تېرىيدۇ؟

شۇنداق، قاتتىق ھەزەر قىلىش لازىم. ھىيلە ـ مىكرى بەك كۆپ.

يامان روھلار بۇنداق قىلالىسا، ئىشنى ئايرىش بەك قىيىنغۇ؟

ياق، قىيىن ئەمەس، سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ، ئالىممۇ، نادانمۇ ياخشىمۇ، يامانمۇ پەرق ئېتەلەيسىلەر.

ئۈستۈن روھ يامانلىقدىن توسامدۇ؟

شۇنداق، بۇنىڭدا شەك يوق، ھىيلە ـ نەيرەڭدىن، يامانلىقدىن توسىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە، بىرەر خۇسۇسىيىتى بارمۇ؟

بۇ روھنىڭ ئادىللىقى ئۈستۈن روھ، پەقەت ئىسلاھنى، نەسىھەتنى ياخشى كۆرىدۇ، روھلارنى تەرەققىي قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

نېمىشقا ئاللاھ يامان روھقا زىيارەتكە رۇخسەت قىلىدۇ؟

بۇ سوئال، خۇدى ئاللاھ، نېمىشقا ئىنساننى يالغان سۆزلەشكە، يامان ئىش قىلىشقا يول قويىدىغاندۇ؟ دېگەنگە ئوخشىدى، ياخشى ـ ياماندا ئىختىيارلىق بار، ئاخىرى بۇلار جازاسىغا ئۇچرايدۇ دېگەن، بەلكى بۇ پاسىق روھتۇر.

ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكۈچى روھلار پىكىرنى تەقلىد قىلامدۇ؟

قىلالايدۇ، ئۇلار بۇنىڭدا تېخى ئۇستا.

بەزى كىشىلەر چۈشەنچىسى تۆۋەن روھلار سۆزى بەكمۇ گۈزەل بولسا، ئىلمى قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەر قانداق ھۆكۈم ئالىدۇ؟

ئۇلار كىبرى قىلماي ماڭا روھ ھازىر بولدى دەپ، مەنمەنلىك قىلماي، ئاجىزلىقنى ئېتراپ قىلىپ، باشقا چېچەن ئالىملار قېشىغا بېرىشى لازىم. ھۆكۈمنى شۇلار چىقىرىدۇ.

كۆپىنچە ۋاستىچىلەر، سالىھ روھنى مەلۇم تەسىرىدىن بىلەلەيدۇ، ياماندىن ئايرىيالايدۇ، بۇ توغرىمۇ؟

ۋاستىچى، روھلار تەسىرىدىن سېزىۋالىدۇ، سائادەتمەن روھ، خاتىرجەم، چوڭ سۈپەت گۈزەل كېلىدۇ، ئەكسى بولسا، خىلمۇ ـ خىل داۋالغۇشتا بولىدۇ، بۇلار نېرۋىسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇششاق سۆزلەيدۇ.

ۋاستىسىز روھنى ھازىر قىلىش ئىنسانغا بېرىلەمدۇ؟

ھەئە، پىكىر ئارقىلىق، سۈكۈت ئارقىلىق، مۇناجات قىلىدۇ دېگەن.

روھلار دائىم ھازىر بولامدۇ؟

بۇ شۇ روھلار بار ئەھۋالغا باغلىق.

بىرىنچىسى ھۆرلۈك، ئۇندىن قالسا، ئۇلۇمدىن كېيىنكى سىلەر بىلمەيدىغان بەزى ئىشلار، بەلكى بۇ ئىلاھى توسۇشتۇر، ياكى ماقام ئوخشاش ئەمەستۇ، ياكى باشقا ئىشلار.

نېمە ئۈچۈن ھازىر بولۇشدىن چەكلىنىدۇ؟

ئۇنى جازالاش، قىساس ئېلىش ياكى ھازىر قىلغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك، لايىق ئەمەس.

شۇنچە كەڭرى چەكسىز ئالەمدە روھلار قانداق قىلىپ، قانداق ھالدا چاقىرىقنى ئاڭلاپ دەرھال كېلەلەيدۇ؟

بۇنى ئىزاھلاش بەك قىيىن ئىش، روھلار ئىچىدىكى پىكىر جەزىبىنى سىلەر بىلمەيسىلەر، مىنىڭ قارىشىمچە روھلار بىر خىل توك، ئېلېكتىرگە ئوخشاش مەنىۋى ئالاقە قىلالايدۇ، شۇ ئارقىلىق ئاڭلايدۇ دېگەن.

ھاۋا ئاۋازنى كۆتۈرگەندە، روھلار ئالىمى ئاۋازنى كۆتۈرەمدۇ؟

ھەئە، پەرق شۇكى، ماددا ھاۋادا چەك بار، ئەمما، روھلارنىڭ پىكىر ئېقىمىدا چەك يوق دېگەن.

روھلار ئىختىيارى ھازىر بولامدۇ، ياكى مەجبۇرىمۇ؟

ئۇلاردا مۇتلەق ئەركىنلىك يوق، ئۇنىماسلىقمۇ ھەددى يوق، ئەمما، بۇلار رۇخسەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۈستۈن روھلار بەزىدە پايدىلىق بولسا، خالىغانچە چۈشىدۇ.

تۆۋەن تەبىقىدىكى روھلارنىڭ ھازىر بولۇشىدا زەرەر يېتەمدۇ؟

يامان روھلار زىيان قىلالمايدۇ، ئەگەر ۋاستىچى روھ ھازىر قىلغۇچى ھەيۋەتلىك بولالىسا، ئەمما، يالغۇز كىشى ھازىر قىلماسلىقى كېرەك.

سالىھ روھلارنى ھازىر قىلىشنىڭ شەرتلىرى بارمۇ؟

بار، ھەيۋەت، باتىنى، ئىچى خالىيلىق، نىيەت سۈزۈك، دۇرۇس، رەھمەت يوللاش، ماددىدىن خالىي بولۇش، ئەخلاق.

بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرلىشىشى نىيەتنى، پىكىرنى بىرلەشتۈرۈشتە روھنى ھازىر قىلىشقا ياردەم بېرەمدۇ؟

شۇنداق، پايدىسى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نىيىتى، پىكرى بىرلىككە كەلمىسىمۇ ھازىر بولۇشقا زىيان يوق.

روھلار ھازىر بو لۇشقا مەلۇم كۈنلەر، سائەتلەر بولامدۇ؟

بولىدۇ، شۇنداق، چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ مەشغۇل بولىدىغان ۋاقتى بار، سىلەر خالىغان چاغدا ھازىر بولالمايدۇ. (بۇلار جىنكەش سۆزى بولۇشى مۇمكىن)

روھلار ھازىر بولۇش بىلەن خۇشال بولامدۇ؟

بۇ غايىگە باغلىق، ياخشى ئىش بولسا، خۇشال بولىدۇ.

كۆ پ روھلارنى ھازىر قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولامدۇ؟

بولىدۇ، سىلەردە كۆپ ۋاستىچى بولۇشى لازىم. بولمىغاندا، بۇنىڭغا لايىق ۋاستىچى بولۇشى لازىم. بولمىسا بىرسىلا ھازىر بولىدۇ.

بىر روھ بىر ۋاقىتتا بىر نەچچە جايغا ھازىر بولالامدۇ؟

شۇنداق، ئەگەر ئۈستۈن مەرتىۋىلىك روھ بولسا.

روھمۇ پارچىلىنامدۇ؟

ئۇلار بۆلۈنمەيدۇ، پارچىلانمايدۇ، ئەمما، ئۈستۈن روھ بولسا، قۇياش بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن جايغا نۇر چاچقاندەك، بۇلارنىڭ پىكرى، قۇۋۋىتى شۇنداق بولىدۇ دېگەن.

ئەڭ يۇقىرى بولغان پاك روھنىمۇ ھازى قىلغىلى بولامدۇ؟

شۇنداق، ئەمما، بۇ بەك كام، بۇنداق روھلار بەك پاك، سۈزۈك، كىبىر يوق، قەلبكە مۇناجات قىلىدۇ دېگەن.

ئۆلگەندىن كېيىن قانچىلىك ئارىلىقتا شۇ روھنى ھازىر قىلغىلى بولىدۇ.

شۇ ۋاقىتتىمۇ ھازىر قىلغىلى بولىدۇ، گەرچە ئۆلۈپ بىر سائەتتىمۇ ھازىر قىلغىلى بولىدۇ. **1000** يىلدىن كېيىنمۇ شۇنداق.

روھنىڭ ھازىر بولۇشىغا جەسەت توسقۇنلۇق قىلامدۇ؟

ياق، ئالاقىسى، توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، ئەمما، ماددىغا، جەسەتكە كۆكۈل بۆلمىگەن روھ، ماقامى شۇنچە ئۈستۈندۇر. قانچە ماددىغا، جەسەتكە كۆڭۈل بۆلسە، روھى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ دېگەن.

تىرىكلەر روھنى ھازىر قىلغىلى بولامدۇ؟

ئۇخلىغاندا بولىدۇ.

تىرىك كىشىنىڭ ھازىر بولغان روھى ئۆلۈكنىڭ روھىدەك ئاسان جاۋاب بېرەلەمدۇ؟

ياق، چۈنكى، مادا ئالاقىسى دائىم ئەركىنلىكنى بوغىدۇ.

تېرىك ئىنساننىڭ روھنى ھازىر قىلىش بىلەن پىكرنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟

بۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال، ئەمما، ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

كىچىك بالىلار روھنى ھازىر قىلغىلى بولامدۇ؟

ياق، ئۇلار دائىم داۋالغۇش ھالەتتە.

روھلارنى خىزمەتكە سالغىلى بولامدۇ؟

بولىدۇ، مەسىلەن: كىتاب يازدۇرۇش، مەسىلىگە جاۋاب بېرىش، ياكى مەلۇم يەردىن بىر نەرسە ئەكىلىش.

روھلارنى قانداق ئايرىيمىز؟

سۆزنىڭ چۈشەنچىسىدىن سوراپ ئايرىيسىلەر. ئەرگە ئۇ يالغان سۆزلىسە، بىلمەيدىغان ئىشلاردىن جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، بۇ ئىشلار گەرچە يۈزدە يۈز توغرا بولمىسىمۇ بىر قىسمى قۇرئان، ھەدىسكە مۆجىزە بولماقتا، بىز شەيتاننىڭ ۋە روھلارنىڭ قانداق كېلىشى، قانداق ئازدۇرۇشنى بۇنىڭدىن بىلىۋالىمىز، بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسىدۇر. قۇرئان مۆجىزىسىدۇر. باشقا بىر ئالەمدىن خەۋەر بەرسە، بۇنىڭغا پۈتۈن ئالەم ئىشىنىشى لازىم كەلدى.

بۇ سۆزلەردە روھلار نېمە ئىش ئۇستىدە ئۆلسە شۇ ئىش ئۇستىدە قوپىتىدىكەن، بۇ ھەدىسكە مۆجىزە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنى يەنە قىلغىسى كېلىشى ئايەتكە مۆجىزە، ھازىر بولۇش، ياخشى - يامانغا ئايرىلىشىمۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ.

ماددىدىن خالىي بولۇشى، پارچىلانماسلىقىمۇ مۆجىزە بولۇپ، قۇرئان، ھەدىس، پەيلاسوفلار سۆزىگە ئوخشاش، روھلار سىلەرنىڭ تونۇشۇڭلار بويىچە ئىلىم بېرىدۇ دېگىنى بىز ئاڭلىغان ياكى سۆزلىگەن، يا كىتابتا كۆرگەن بولۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ، بۇ مۆجىزە بولۇپ، بىز نۇرغۇن پەرىشتىنى بىلمىز، تونۇيمىز، ئاڭلىغانمىز. ئۇلارنىڭ بىر سۆزى شۇكى، سىلەر بىلمەيدىغان روھلار دۇنياسى بار دېگەن بۇ سۆز رەببىڭلار قوشۇننى ئاللاھدىن باشقىسى بىلمەيدۇ دېگەنگە ئوخشاش، مۆجىزە، ئايەت بولدى. روھلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىشىمۇ قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىسى رۇخسەت بىلەن چۈشىشىمۇ شۇنداق. ئاللاھ ھەممىنى باشقۇرىدۇ، ئىشقىلىپ بۇ سۆزلەر بۇ ۋەقەلەر بىر مۆجىزە بولماقتا، بىز كېيىن يەنە سۆزلەپ تۇرىمىز. توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، مەقسەت ئاشۇ، جىنكەش ياكى دوكتۇرلار سۆزىدىن قۇرئان، ھەدىسنى مۆجىزە دېمەكچى.

# سۈرە تاھا تەپسىرىدىن تاللانمىلار

ئاسان قىلغىن بىزلەرگە ئىلاھا،
تەتقىقاتىمىز سۈرە تاھا.
نادانلارغا سۆز قىلساڭ دەيدۇ ھا... ھا،
سۆھبەتنى ئالىملار بىلەن قىلغىن.
چۈنكى، ئۇلار سۆزۈڭگە دەيدۇ پاھ... پاھ!،
يېڭى ئىلىم ـ پەندىن كەشپىيات چىقسا.
سۆزلەپ كېتىمىز بىزمۇ ۋاھ... ۋاھ!،
ئىلمىدىكى مەقسىتىڭ ئاللاھ رىزالىقى بولسۇن.
كۆزلىمىگىن سەن دۇنيانى ھەم قىلما تاما

ئالتۇن ـ كۈمۈش تېپىلىدۇ، گېئولوگىيىدە،
مۆجىزىلەر تېپىلىدۇ، بىئولوگىيىدە.
نۇرغۇن مەسىلىنى پۇل ـ مال ھەل قىلالماس،
ئاساسى ئامىل پىسخولوگىيىدە.
ئىزدەيسەن چارە ـ ئامال كۆپ جايلاردىن،
ھەقىقەتكە ئېرىشكەنلەر ئۆتتى داۋانلاردىن.
زەن سېلىپ قاراپ باق، قېنى سەن قەيەردە،
دۈشمەنلەر بومبا بىلەن ئۇچسا ئۈستۈڭدە.
ئۇخلىغان پېتى يېتىۋېرەمسەن نەم يەردە؟
راھەت، لەززەتنى ئۇلار سۈرىۋېتىپ،
شۈكرى قىلماي ئارتىپ قويىدى قەرىزنى گەردەنگە.

سۈرە تاھادا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ، بىز بۇ قىسسىدىن بىر نەچچە سىرلىق ھېكمەتنى بايان قىلىمىز. دەلىل ئېلىش ئۇسۇلىمىز ئىشارەت بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ، بۇ سۈرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوتنى، نۇرنى كۆرسەتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام مەن شۇ ئوت ئۈستىدە يول، ھىدايەت تاپىمەن دېگەن، ئۇ ئوت يېنىغا بېرىپ قارىسا، ئۇ نۇر ئىكەن، ئىلاھى نۇر، ئاندىن ئۇ ئىككى ئالەملىك ھىدايەت تاپتى، دۇنيالىقتىمۇ يول تاپتى، ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ يول تاپتى، مانا، ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتى ئىككى ئالەم ئۈچۈن يول تېپىش، شۇ نۇر بىلەن قەلبى نۇرلاندى، ئاللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ سۈرىدە زىكرىگە بۇيرىدى، ئىككىڭلار زېمىندا ئاجىزلاشماڭلار دىدى. شۇنداقلا، نامازنى، مېنىڭ زىكرىم ئۈچۈن ئوقۇ دىدى. بۇ ئىككى مۆجىزە، بۇ، ئۇتنىڭ سىرى ئىدى، بۇ سىر نامازدا يۈز بېرىدۇ، زىكرىدە يۈز بېرىلىدۇ، كۆپىنچە شەيخلەرمۇ تالىپنى زىكرى بىلەن نامازغا بۇيرىيدۇ، چۈنكى، سىر شۇ جايدا بىلىنىدۇ. ئاللاھتائالا، مۇسا، ھارۇن

ئەلەيھىسسالاملاردىن زىكرى بىلەن نامازنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى، بۇ ئىككى خىل ئىبادەت قەلبتىكى مۇھەببەتنى زىيادەت قىلاتتى، ئاللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆردى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى ياخشى كۆردى، مانا بۇلار، بىر بىرنى ياخشى كۆرگۈچى ھەم مەھبۇبىدۇر، بۇ ئوت، بۇ نۇر قەلبنىڭ ئوتى، قەلبنىڭ نۇرى، ئىشقى، ئىلاھى مۇھەببەتكە ئىشارەتتۇر، ھىدايەت شۇ يەردە، بىزچۇ؟ بىز قانداق قىلىمىزى؟ قانداق ئاشىق بولىمىز؟

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېگەن: ئەي سىردىشىم، سەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلاي دىسەڭ، ئىشىك كەڭرى، ئىشەنچىلىك، مەن ساڭا ئىلىمدىن، چۈشەنچىدىن شۇنداق دەيمەنكى، ئەمما، مەن ساڭا تەپسىلىي شەرھىيلەپ بەرمەيمەن، ئۆز تەجرىبەمنىمۇ دەپ بەرمەيمەن، چۈنكى، چەكلىمە بار. لېكىن، ساڭا شۇنداق دىيەلەيمەنكى، سەن ھەر كۈنى بىر سائەت ۋاقتىڭنى چىقىرىپ ھەر قانچە جىددى ئىشىڭ بولسىمۇ قويۇپ، بىر سائەتلەپ ئولتۇرغىن، تەپەككۇر قىل، سۈكۈتتە تۇر، بەش سەزگۈ ئەزانى ئىشتىن بوشات، سەن رەببىڭنى ھازىر تۇرغاندەك ياكى سەن رەببىڭ ئالدىدا ھازىر تۇرغاندەك، زىكرى ئېيتقىن، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، ئۇ دائىم ھازىردۇر.

پەقەت، شۇ رەببىڭنى ئاللاھنىلا ئەسلە، باشقىنى ئەمەس، قەلبىڭدە، ئاللاھدىن باشقىسى ياخشى كۆرۈلمىسۇن، ئەگەر، بىرەرسىگە ئاشىق بولساڭ، ئىشقىنى ئاللاھقا يۆتكە، مەخلۇق ئىشقى خالىق ئىشقىغا كۆۋرۈكتۇر. تىرىشقىن، ئامال قىل، سۇسلاشما، ھارما، بەش نامىزىڭدا ئاللاھنىلا ئەسلەپ، خىتاب قىلىپ، تۇرغاندەك ئوقۇ، خۇددى سەن سۆزلىشىۋاتقاندەك، ساڭا سۆز قىلىنىۋاتقاندەك ئوقۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ئاسان ئەمەس، ئەمما، چىن ئاشىققا قىيىنمۇ ئەمەس، مەن سەندىن پەقەت مۇشۇنى تەلەپ قىلىمەن، مەيلى ناماز ياكى زىكرى ياكى تىلاۋەت، پۈتۈن ئىشىڭدا، دەرسىڭدە، ئىش ـ پائالىيىتىڭدە، ھەربىر ھەرىكىتىڭدە، ئاللاھ قەلبىڭدە بولسۇن، سەن ئاللاھ ئالدىدا تۇرىسەن، مەن مۇشۇنى تەلەپ قىلىمەن، چۈنكى، كەسكىن ئېيتىمەنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتى، نۇرى، سىېنىڭ قەلبىڭدىمۇ يالقۇنلايدۇ، سەنمۇ ئىككى ئالەم، يول تاپىسەن، مەڭگۈ بەختلىك بولىسەن، مانا بۇ فەتىھ كەشپىنىڭ باشلىنىشى، ئىنسانلار ھەرخىل، ماقاملار ھەرخىل، ئاخىرىدا نېمە بولۇشنى مەن بىلمەيمەن، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى، رەھمىتىگە باغلىق ئىشتۇر.

ئوت ۋە نۇر ئىككىلىسى بىردۇر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ ئوتنى نۇر دېگەن، چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتمىكى دەپ ھېس قىلىپ قالغان، ئەمەلىيەتتە بۇ نۇر، ئىلاھى نۇر ئىدى. مۇسلىم خاتىرلىگەن. بىر ھەدىستە ئىلاھى **70** مىڭ پەردىنى نۇر دېگەننىڭ ئورنىدا ئوت دەپ بايان قىلىپ، رەسۇلۇللاھ بۇ ئوت تارتىلسا، ئىلاھى پەردە تارتىلسا، پۈتۈن مەخلۇق ئاللاھنىڭ نۇرىدىن كۆيۈپ كۈل بولىدۇ دېگەن، ئەلۋەتتە ئىلاھى نۇردىن بولغان، نۇر پەردە پۈتۈن كائىناتنى، ئاللاھنى ئەمەس، پۈتۈن مەخلۇقاتنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئاللاھنى ئەقلىمۇ چەك ـ چېگراغا ئالالمايدۇ. ئۇنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، پۈتۈن كائىنات شۇ نۇر بىلەن قورشالغان بولۇپ، ھەممە مەخلۇق ئاللاھ ئالقىنىدا قۇدرىتى، مۆجىزىسى ئىچىدە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، ھەممىسى يوق ئىدى، يەنە يوقۇلىدۇ. ئاللاھ، رەھمەت قىلىپ قايتا يارىتىپ مەڭگۈلۈك ئاتا قىلىدۇ، بۇ ھەدىس تەبئىي ـ پەندىمۇ بىر مۆجىزە بولماقتا، راست، بىزنى ئاللاھدىن توسۇپ تۇرىۋاتقان پەردە، نۇر ئۆتكەن، بۇ پەردە ئاللاھقا نىسبەتەن ئەمەس، بىزگە نىسبەتەن پەردە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ كۆرىشىنى، بىلىشىنى ھېچنېمە توسالمايدۇ، پەقەت بىزنى تۇسۇپ تۇرىدىغان پەردە خالاس. ئاسمان، قۇياش سىستېمىسى، ھەربىر پىلانېت، قۇياش، ھەتتا مۇشۇ زېمىنمۇ بىر نۇر، ئوت ئىكەن، بۇنى ئالىملار يېقىندا ئىسپاتلاپ چىقتى، ھەممىسى ھارارەت، ھەممىسى نۇر، زەررىچىگە قايتىدۇ، راستىنلا بۇ ئوت، بۇ نۇر يوقالسا، ھەممىنى كۆيدۇرۇپ تاشلاپ، روھلار ئالىمى قالىدۇ، ئەمما، روھلارغا ماددىسىز ۋۇجۇدلۇق يوق، ئاخىرىدا يەنىلا بۇ ماددىنى قايتىدىن ھاسىل قىلىپ، ھاياتلىق بېرىپ قوپۇرىدۇ، بۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، بۇنى كۆپ سۆزلىدۇق.

مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىككى ئالەملىك يول تاپتى، بىزچۇ، بىزمۇ نۇردىن ئىككى ئالەملىك يول تاپتۇق، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى ماددىسى نۇر، ئوت ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، نۇر، ھارارەت، ئىسسىق ـ سوغۇق بىر ـ بىرىگە نىسپىيلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ھاياتلىق نۇردا ھارارەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلدۇق، ھەممە ھەرىكەت

ھەممە نۇر زەررىچىگە مۇھىم بىر ئامىل يېڭى ئىلىم ـ پەن، تەسىرلىك بىر كۈچ دېگەن. ئالەمنى بىلدۇق. مانا بۇ ئۇتتىن، نۇردىن، ھەر خىل سايمان، ئۇسكۇنە، قاتناش قوراللىرىنى ياسىدۇق، ھەتتا، پويىز، ئايرۇپىلان، ئالەم كېمىسى ۋاھاكازالار. يەنىلا بۇ ئۇتتا، بۇ نۇردا ئېنېرگىيىنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن قاتناش ئىشلىرىنى زاۋۇت ئىشلىرىنى ئۇندىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز، مانا بۇ نۇر، ئوت گاھ ئىسسىقلىق، ھارارەت قىلدۇق، گاھ توڭلاتقۇ قىلدۇق، گاھ دېڭىزغا چۆكسەك، گاھ ئاسمانغا، ئالەم بوشلۇقىغا چىقتۇق، مانا بۇ نۇر مانا بۇ ئوت، مەيلى شامال مەيلى بۇلۇت، مەيلى يامغۇر، ھاياتلىق، ھايۋان، ئىنسان، ئۆسۈملۈك ھەممىسى بۇ نۇردىن بۇ ئوتتىن زادى ئايرىلالمايدۇ. خۇلاس گەپ شۇكى، بىز ئىككى ئالەملىك يول، ھىدايەت تاپتۇق، ئاللاھ بۇ قىسسىدە مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دېگەن ئىنسان، قولىدىكى ھاسا دېگەن ئۆسۈملۈك، يىلان دېگەن ھايۋانغا ئايلاندى، بۇ نېمە ئىش؟ (بۇ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بىئولوگىيە دېگەن شۇ)

ئاللاھ بۇ ۋەقەدە بىر ماددىنى يەنە بىر ماددىغا بىر نەرسىنى ئازىراق ئىش قوشۇپ، يەنە بىر نەرسىگە ئۆزگەرتىشكە ئىشارەت قىلغان، مەسىلەن: ھاسىغا ئىلاھى قۇۋۋەت ئارىلىشىپ يىلانغا ئۆزگەرتىلدى، خۇددى شۇنىڭدەك، جىم تۇرغان جانسىز تۆمۈر، ئىلىم ـ پەن، ئىلاھى سۇغا ئارىلىشىپ، جاھاننى، ئالەمنى ئايلىنىدىغان پۈتۈن دۇنيانى كۆرىدىغان ئاڭلايدىغان نەرسىگە ئايلاندى، زېمىننىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ يەنە بىر چېتىدىكى ئىشلارنى كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى بولىدۇ. پۈتۈن دۇنيانى بىر نەچچە سائەتتە ئايلانغىلى بولىدۇ، مانا بۇ نۇر، مانا بۇ ئوت، مانا بۇ ئىلاھى قۇدرەت، ئىلىم ـ پەن، ئەقىل، تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، قاتارلىقلاردىن نۇر، ئوت، توك، ئېلىكتېرى چىقىرىلىپ، جانسىز نەرسىنى جانلىقدەك ھەتتا، نەچچە يۈز مىليون ئات كۈچىگە ئىگە قىلغىلى بولدى، مانا بۇ ھەقىقەتكە، ئاللاھ ھاسىنى يىلانغا ئۆزگەرتىپ ئىشارەت قىلغان، فىلىم قىلىپ كۆرسۈن، قىسسە قىلىپ سۆزلەپ يۈرسۈن ئەمەس، ئىبرەت ئېلىپ، تەپەككۇر قىلىپ، ئۆزىگە، ئۆزگىگە پايدا يەتكۈزسۇن ئۈچۈن، بايان قىلغان.

ئاللاھ، نېمە ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا نۇرنى بېرىدۇ؟ ئەجابا باشقا مۆجىزە بېرىشنى بىلمەمدۇ، مەسىلەن: كۈن، ئاي، يۇلتۇز، جىن، روھ قاتارلىق، ئاللاھنىڭ سانسىز قوشۇنلىرى تۇرسا، ئەجەبا نۇرنى بەردى، بۇ نېمەتتىن، ھېكمەت نېمە؟

پۈتۈن ھاياتلىق، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى ماددىسى، نۇر، ئوت، ھارارەتتۇر، بۇلار ئارقىسىدا ئەسىر، ۋاكئۇم دېگەن ئالەم بار، تارتىش كۈچى، تەسىرلىك ئالەم بار، پۈتۈن كائىنات ئارقىسىدا چەكسىز قۇدرەت بار. بىزدىكى ئىشلار ھەتتا ئۆي ئىشلىرىدىن تارتىپ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، كان ـ كارخانا، زاۋۇت ھەممىسى نۇرغا، ئوتقا، ئېنېرگىيىگە موھتاج، بۇ نۇرسىز ھېچ ئىش ئاقمايدۇ، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، بۇ نۇر قىسسىسىنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن، قولىمىزغا بىزمۇ لازىر نۇرنى، كومپيۇتېر نۇرنى، ئېلىكتېر نۇرنى، بومبا نۇرنى، سۈنئىي ھەمراھ نۇرنى، ئالەمنى تەكشۈرگۈچى ئاپارات نۇرنى، نۇر تىزگىنلىگۈچى دەستىنى ئېلىشىمىزغا بۇيرىيدۇ، بىز شۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك مۆجىزە كۆرسىتىپ، ئىمانغا چاقىرالايمىز. نىجات تاپالايمىز، دۈشمەننى بويسۇندۇرالايمىز، بۇ نۇرنى قولغا ئالماي بولمايدۇ.

نۇر ئىلىمنى ئىگىلىمەي، زادى بولمايدۇ. ئوت، نۇر، نېمە ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چەت جايدا، كىشىلەردىن خالىي يالغۇز جايدا بېرىلىدۇ؟

مانا شۇنداق پىتنە، جاھاندا، مەسجىددىن، جامائەت تاپالمىغاندا، سىرداشقىلى دوست تاپالمىغاندا، پۇلنى ھالالدىن تاپالمىغاندا، قەلبىدىكى مەقسەت، ئارمان، ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندا، غەپلەتتە تۇرغىسى كەلمىگەندە، پۈتۈن بارلىقىدىن ۋاز كېچىپ ساياھەتكە ئاتلىنىپ خالىي ماكاننى ئورۇن تۇتۇپ، ئىلىم، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولسا، بۇ نۇر چوقۇم بېرىلىدۇ. ئىككى ئالەم ھىدايىتى چوقۇم يۈز بېرىدۇ. بىز مەسىلىنى بايان قىلىپ بولغان، شۇنداقتىمۇ بۇ قىسسىدە مۇشۇ ئىشارەتتىمۇ بار ئىكەن، سۆزلەپ قويدۇق، خالىسىڭىز تويسىز، ماكانسىز، غەمسىز، جاپاسىز چىداپ سەۋرە قىلىپ، خالىي بولۇڭ، يالغۇز تەپەككۇر قىلىڭ، زىكرى بىلەن شۇغۇللىنىڭ، رىزىقنى ئاللاھ بېرىدۇ. يامغۇر بىلەن زىرائەت بولىدىغان غارنى تاللاڭ، ياكى قوي بېقىڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭ. ئاللاھ خالىسا، 40 كۈندە بىر ئىپتار قىلىسىز، ئاللاھ، كۈپايە ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ قادىردۇر،

مۇمكىن ئەمەسنى مۇمكىن قىلالايدۇ.

ئەمدى بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام، فىرئەۋنگە دەلىل قىلىپ سۆزلىگەن تەۋھىد پارىسىدىكى بىر ئايەتنى تەتقىق قىلىمىز. بۇ ئايەت، فىرئەۋن، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن رەببىڭ دېگەن كىم ئۇ؟ دېگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ رەببىمىز ھەر بىر شەيئىگە يارىلىشىنى ئاتا قىلغان ۋە شۇ يارىلىش يولىنى كۆرسەتكەن، ھىدايەت قىلىپ يېتەكلىگەن زاتتۇر دېگەن. بۇ ئايەتە، پۈتۈن مەخلۇقنى ئاللاھ ياراتقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يولنى كۆرسەتكەن ۋە يېتەكلىگەن دېگەن.

دېمەك، ھەر بىر شەيئىنىڭ يولى، يېتەكلىنىشى بار، ھىدايىتى بار، ئۇ شەيئى شۇ يۇل بىلەن ئاللاھنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، يارىلىشتىكى شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، بىر خىل قانۇن ـ ئىنتىزام بويىنچە بويسۇنىدۇ، مانا بۇ ھەممە شەيئىنىڭ، ئاللاھقا زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىشى، بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاللاھ، ئەرشنى ياراتتى، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق يارىلىشى، شەكلى، سۇرىتى، ھەرىكىتى بولىدۇ. قالغىنى بىزگە نامەلۇم، ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. كۇرسىمۇ شۇنداق، يەتتە ئاسمانمۇ شۇنداق، سامان يولىغا كەلسەك، بۇلار دائىم ھەرىكەتتە، ئۆز ئوربىتىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يېتەكلىشىگە دائىم موھتاج، ئەگەر بىرلا ۋاقىت ھەرىكەتتىن چەتنەپ ياكى توختىسا، پۈتۈن ئالەم ۋايران بولىدۇ.


بۇ سىستېما ئىچىدە **2000** مىليارت سىستېما بار، بۇنىڭ جۇملىسىدىن قۇياش سىستېمىسى توققۇز پىلانىتنى ھەمراھ قىلىپ، دائىم ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇمۇ ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا پەيدا قىلىشىغا سۇرەت، شەكىل ئاتا قىلىشقا، ھىدايەت، يول كۆرسىتىشكە موھتاج، ئەگەر بىرەر پىلانىت ياكى بىرەر جىسىم سوقۇشۇپ كەتسە، پۈتۈن ھاياتلىق جۇملىدىن ئىنسان ھايۋان ئۆسۈملۈك ۋايران بولىدۇ، تۈگىشىدۇ. بىز بۇ يەردە بىئولوگىيە ساھاسىدىكى ھاياتلىق ئىلمى توغرىسىدا تۆرەلمە ئىلمىنى تەپسىلىي سۆزلەيمىز.



تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ كىتابىنىڭ **102** ـ بېتىدە، ئۆسۈملۈك، ھاياتلىقنى ئۇنىڭ ھۈجەيرىسىنى، كۆپىيىشىنى، ئەۋلاد قالدۇرۇشىنى سۆزلىگەن. **103** ـ بەتتە بىلىقنىڭ نەسىل قالدۇرۇشىنى چاڭلىشىشىنى سۈرەتلىك تونۇشتۇرغان، **104** ـ بەتتە بولسا، ئۆسۈملۈك، ھايۋاندىن سىرىت دەل بىزدىن ئىبادەت ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىش، چاڭلىشىش، نەسىل قالدۇرۇش، ئانا رەھمىدىكى بالا تۆرەلمە ئەھۋالىنى سۈرەتلىك بايان قىلغان، بىز دەل مۇشۇ تۆرەلمە ئىلمىنى بايان قىلىمىز. مانا بۇ ئايەتنىڭ سىرى،


ئاللاھنىڭ يارىتىش، كۆپەيتىشى، سۈرەت ئاتا قىلىش، ھىدايەت بېرىشىدۇر. ھېسسىيات شېرىن بولغان ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىت بىلەن ئەردىن مەنى (ئىسپېرما) چىقىدۇ، ئايالدىنمۇ ئىسپېرما چىقىدۇ، ئەردە ئىسپېرما ھۈجەيرىسى بولىدۇ، سۈرىتى شۇنداق. بۇ ھۈجەيرىنى**10000** ھەسسە چوڭايتسا، ئاران پىتتەك بولىدۇ. ئانا تەرەپتە تۇخۇمچە بولىدۇ، ئاندىن ھۈجەيرىلەردىن بىرسى بۇ تۇخۇم ئىچىگە كىرىدۇ، قالغىنى چۈشۈپ كېتىدۇ. چاڭلىشىش ئاخىرلاشقاندا، بۇ ھۈجەيرە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئالىملار شۇنچە ئىزدەنگەن، تەتقىق قىلغان بولسىمۇ قايسىسى دادىسى، قايسىسى ئانىسى، قايسىسى بالىسى ياكى ئاكىسى، ئاچىسى، ئىنىسى، سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ھەتتا ئىچكى ئەزاسىنىمۇ ئوپراتسىيە قىلىش مۇمكىن بولمىغاچقا ئەركەك ـ چىشىلىقىنى قانداق ئەزاسى بارلىقىنى بىلەلمىدى.

مانا شۇنداق بۇ ھاياتلىق، ئىنسان ۋۇجۇدىدىن چىقىپ، ئىككىگە كۆپەيدى، ئاندىن مۇشۇ جۈپ سانىنى ئاساس قىلىپ، ئاخىرغىچە جۈپ كۆپىيىدۇ، چۈنكى، ئىنسانلار ئەزاسى ئىكەن. بۇلار ئىككىدىن **4**، **8**، **16**، **32**، **64**، **128**، **256**، **512**، **1024** ھەتتا بۇ كۆپىيىش مۇشۇ ھالەتتە نەچچە مىليارت، تىرلىيونغا كۆپىيىپ ئاندىن ھەربىر ھۈجەيرە ئاللاھنىڭ يارىتىش، ھىدايەت يولىغا سېلىشى، قوماندانلىق قىلىشى ئاستىدا سۈرەت ھاسىل قىلىدۇ، ئاق مەنىيلىك ھالىتىدىن قانغا، گۆشكە يۆتكىلىپ، مۇسكۇل، سۆڭەك ھاسىل قىلىدۇ. ئەر ـ ئاياللىق ئېرسىيەت گىنىغا ئاساسەن ھاسىل بولىدۇ. يار ئەر يا ئايال چىقىدۇ، ئاللاھ خالىسا ئەسلى قانۇننى بۇزۇپ، بىز يۇقىرىدا دېگەنگە ئوخشاش، پاقا ياكى باشقا نەرسە ھاسىل قىلالايدۇ. ياكى ئەر ـ ئايال ياكى ئەما ياكى مېيىپ ياكى قوشكېزەك ياكى **3** ـ **4**نى بېرەلەيدۇ. خالىغان ئەركىنلىك كۈللىسى ئاللاھدا بولىدۇ. ھەتتا، دىنسىز كاپىرلارنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ ھۈجەيرىمۇ ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، ئەمما، ئۇلار ھەقىقەتكە تېنىۋالىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا، پۈتۈن ئەزاسى، قول، پۇتى، تىلى، ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ، مانا بۇ ئايەتمۇ مۆجىزە

ئايـەتتۇر. خـۇددى ئادەم بـالىلىرىدىن ئـەھدە مىيساق ئالغان ئايـەت مۆجىزە بولغـانىدەك، ئـالىملار بـىردەك شۇ چاغدىكى باللاردەك مۇشۇنداق ھۈجەيرە ئىكەن دېگەن.

كۆرۈنىشى مانا بۇ ھۈجەيرە تۇخۇم ئىچىگە كىرىشى 

بۇ چاگلىنىشى پۈتۈپ بولغىنى   

بۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن ھالىتى، تۆتكە، سەككىزگە بۆلۈنگەن كۆرۈنۈشى 

بۇ نەچچە تېرلىيونغا بۆلۈنگىنى.......................................تىرلىيۈنغچە

ئاندىن رەسمى بىر بوۋاق بالا سۈرىتىگە كىرىدۇ، ئوزۇقنى ئاتا رەھمىدىـن، كېـيىنكى نەيچىسى ئـارقىلىق ئالىدۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىن سۈت، ئاش، گۆش، كۆكتات ئالىدۇ. بۇ ئىلمىنى بىئولوگىيەدە تەپسىلىي كۆرۈڭ. مانا بـۇ يارىلىشى، تـۆرىلىش سۈرىتى، شـەكلى، ماددىسـى، ھـەرىكىتى، ھاياتلىق ئاتا قىلىنىشى، ئىنسـاندا ھۈجەيرىدىن باشقا روھ، جان بار. جاننى، روھنى ئالغاندىن كېيىنمۇ بۇ ھۈجەيرىلـەر ھايات قالىدۇ، خـۇددى بالدۇر ھايات تۇرغـانىدەك، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، شۇڭا، گۆش، قۇرۇتلايـدۇ، ئۇلار زەررىچىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىز بۇ ئىلمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، توخۇ، پاقا، چاشقانلارنى تـەتقىق قىلىساق بولىدۇ، تەجرىبە ئىشلىسەك بولىدۇ. بۇ يەردە چوقۇم بىر يېتەكلەشنى تاپىمىز، ھېچنېمە ئۆزلىكىدىن بولمايدۇ، بۇنى تەۋھىدچىلار كۆپ سۆزلەپ كېتىدۇ، بىز بولدى قىلساقمۇ بولىدۇ. ئىش قىلـىپ، ئاللاھنى تونـۇش، رەھمىتـىنى، ھېكمىتـىنى بىلىش، ئاندىن چىن قـەلبىدىن شۈكرى، ھـەمدۇ ـ سانا ئوقـۇش لازىـم. قارىسـىغا ئـىش قىلـىش، نـادانلارنىڭ ئىشى، بىـز ئوقۇشقا، ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلگـۈچىلەر، دوكـتۇر، پەيلاسوف بولۇشنى ئۈمىد قىلغۇچـىلار، ھـەقىقىي دىنىـي ئـالىم بولـۇپ، پـۈتۈن خـەلقنى يېتەكلـەپ يـول كۆرسـىتىپ، قـانۇن، ئىدىيـە ـ ئـەخلاق، پىرىنسىپـىنى تونۇشتۇرغۇچىلار مەسىلىگە ئاددىي قارىماي، چوقۇم ۋايىغا يەتكۈزىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئـەڭ تـەرەققىي تاپقان دۆلەتتە ئىشلەنگەن ئىلغار ئۈسكۈنە، مىكرۇسكۇپ، تېلىسكوپ بولۇشى لازىـم. ئۆيىمىزدە دۇنيادا پۈتۈن دۆلەتكە تورلاشقان كومپيۇتېر بولۇشى لازىم. ئەمەلللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ. مەقسەت قىلسا يـەتكىلى بولـىدۇ. ئاللاھ، كۇپايە، ئاللاھ مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەي ئامىن!

بـىز ئىككـىنچى تىمـىدا، بـىر ھېكمـەتنى بايـان قىلىۋېـتىپ ئـۆتىمىز، بـۇ بولسـىمۇ بىـر ئـالىم، تـەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن نېمە ئۈچۈن جۇملىدىن قۇشلار، توخۇ، ئۆردەك تۇخۇملىرى چوڭ بولىدۇ؟ ئەمما ئايـاللار تۇخۇمى، بەزى ھايۋانلار تۇخۇمى كىچىك بولىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: قۇشلار تۇخۇمىنىڭ بەك چوڭ بولۇشى، ئۇنىـڭ ئوزۇقى ئىچىدە بىللە بولىدۇ، ھەم ئۇنىڭ ئىچىدە ھۈجەيرە بىللە بار، ئىچىدە چاگلىشىپ، ئىچىدە كۆپىيىپ، ئوزۇقلىنىپ ئاندىن مۇكەممەل چۈجە دۇنياغا كېلىدۇ. ئـەمما، ئانىلار ۋە بـەزى ھـايۋانلار تۇخۇمـى كىچىـك بولىدۇ، ھۈجەيرىسى كېيىن كېلىش بىلەن چاگلىشىدۇ، ئوزۇقنى بولسا، ئاندىن ئالىدۇ، ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ ئېغىر كەلمەيدۇ، مەشىق بولۇپ كېتىپ، ئانىمۇ كۆنۈپ قالىدۇ، كۆتۈرۈشكە دەسلەپتە يەڭگىل بولـىدۇ، ئوزۇقـنى ئۈتـتۈرلۈق ئانـدىن ئېلىپ، ئاندىن زىمىغا چۈشىدۇ، بۇ ھېكمـەت بىلـەن ئـىش قىلغۇچـى ئاللاھنىڭ ئـالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سوئال بولسا، جاۋاب چوقۇم تېپىلىدۇ. شۇڭا، سەن، ئاللاھدىن سوراشنى بىل، جاۋابنى، ئىجاۋەتنى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ، ئاللاھ قادىر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ كىتابىنىڭ **115** ـ بەتتە، پىلە قۇرتىنى **117** كېيىنەكنى سۈرەتلىك بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى سۆزلىگەن، بىـز بۇنـى سىلەرگە تاپشۇرۇق قىلىدۇق، چۈنكى، بۇ تـەبئىي ـ پەن كىتابىدا سۆزلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا بەرگەن رەھمىتى، ھېكمىتى بۆلارنى يارىتىشى، شەكىل، سۈرەت ئاتـا قىلىشـى، ھىدايـەت بىلـەن يولغـا سېلىشـى، ئـەقىل، پـەم ـ پاراسـەت بېرىشـى، ھەممىسـىنىڭ چېكىسىنىڭ يەنى مىڭىسى، ئەقىل ـ ئىقتىدارىنىڭ ئاللاھ قولىدا ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى تېمىدىن بىلىۋالىمىز.

بۇ بولسىمۇ، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ ھەمكارلىقى، ئىنسانلار ھەرخىل تېخنىكا ۋە ئىشلاردا ھايۋانغا

تەقلىد قىلغان، بۇ ئىش ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا، نۇرغۇن ئىلغار ئۈسكۈنىلەر، قوراللار، ماشىنا ئادەملەر، ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىنماقتا، قېنى بىز بۇلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1 ـ نۇرغۇن ھايۋانلار يەر ئاستىدا كەپىلەردە ياشايدۇ، ئىنسانلار بۇنى تەقلىد قىلىپ غارنى كەپە تۇتتى.

2 ـ كېپىنەك، ۋەھشىي كالا ۋە باشقىلار يايلاقتا ئەركىن ياشايدۇ، ئىنسانلار بۇنىمۇ تەقلىد قىلغان.

3 ـ چۈمۈلە، ئۆي، ماكان تۇتتى، قورۇلۇش قىلدى، جەڭ قىلدى، پادىشاھلىق تۈزۈم ئورناتتى، نەچچە يۈز مىليون نوپۇسنى باشقۇردى، بۇنىمۇ ئىنسانلار ھەتتا چوڭ دۆلەتلەر تەقلىد قىلدى.

4 ـ بەزى ھايۋانلار دېڭىز بويلىرىغا ياغاچتىن ئەخلەت ـ چاۋاللاردىن قورۇلۇش قىلدى، ھازىر ئىنسانلارمۇ تەقلىد قىلدى.

5 ـ يەرشارىنىڭ شىمالىي رايونىدىن دېڭىز ئارقىلىق قار پارچىسى، مۇز پارچىسى بىلەن كۆچتى، سەپەر قىلدى، ئىنسانلارمۇ دېڭىزدىن ـ دېڭىزغا، قىتئەلەر ئارا سەپەر قىلدى.

6 ـ قۇرۇقلۇقلاردا، دېڭىزدا نۇرغۇن ھايۋانلار ئوۋلايدۇ، ئىنسانلارمۇ بۇنى كۆرۈپ ئوۋلاشنى ئۆگەندى.

7 ـ ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ، ئىنسانلار بۇنى تەقلىد قىلىپ، توقۇمىچىلىق قىلدى.

8 ـ بەزى بېلىقلاردا ھەرە چىشلىق قانات، قورال بار، ئىنسانلار بۇنى كۆرۈپ، ھەرە قىلدى، قورال ياسىدى.

9 ـ نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ ئۈچىسىدا جەڭ كىيىمىدەك تېرىسى بار، بۇنى كۆرۈپ ئىنسانلار جەڭ كىيىمى بىلەن ئوقدىن مۇداپىئە قىلدى.

10 ـ توڭگۇز يەرنى ئاغدۇرۇپ نەرسە ئىزدىدى، ئىنسانلار بولسا، يەرنى ئاغدۇرۇپ يەر تېرىدى، ئۇندىن باشقا، ئارخلوگلار يەرنى قېزىپ تەكشۈردى.

11 ـ مۈشۈك، سېسىق پۇراقتىن ساقلىنىدۇ، بەزى مېزىلىك، خۇشپۇراقتا ئۆزىنى داۋالايدۇ، ئىنسانلارمۇ تەقلىد قىلدى.

12 ـ ئىت، ھەزىم بولۇش ئاسان بولىدىغان نەرسىنى شۇنداقلا ئاشقازنىنى داۋالايدۇ، تېبابەتچىلەر بۇنى تەقلىد قىلدى.

13 ـ قاغا، قاقرلار مەجلىس ئاچىدۇ، سوت ئاچىدۇ، ئىنسانلارمۇ شۇنداق.

14 ـ قاغا دائىم ھەزەر قىلىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلارمۇ شۇنداق، تۈلكە مجەز، ساختىپەز ئىنسانلارمۇ بار.

15 ـ ئىت، غالچىلىق قىلغاندەك، ئىنسانلارمۇ غالچا كېلىدۇ، ياكى ۋاپادار خىزمەتچى، مالاي كېلىدۇ.

16 ـ گۆشخور ھايۋانلارنى كۆرۈپ، ئىنسانلارمۇ زۇلۇم قىلىشنى گۆشخورلۇقنى ئۆگەندى.

17 ـ ئات، يىلپىزدا كىبىر بولغاندەك، ئىنسانلاردىمۇ كىبىر بار.

18 ـ ھەسەل ھەرىسى ئاجايىپ قۇرۇلۇش قىلىدۇ، ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىدۇ، ئىنسانلارمۇ شۇنداق، ئىنسانلار ئىچىملىك ئىشلەيدۇ.

19 ـ بەزى بېلىقلار، توك چىقىرىدۇ، نۇر چىقىرىدۇ، ئىنسانلار بۇنى تەقلىد قىلىپ، توك چىقىرىشنى بىلىۋالدى.

20. نۇرغۇن ھايۋانلار گۈزەل ئاۋازنى، زىننەتنى ئىشقا سالىدۇ، ئىنسانلارمۇ شۇ، ناخشا ئېيتىدۇ، ياسىنىدۇ.

21 ـ ئەڭ چاتاق، ئوسال، گۇناھ يېرى شۇكى، دىنسىزلار ئۆز ئەينى ھايۋانلارنى دوراپ نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلىشماقتا، بۇ ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

22 ـ دېڭىز ھايۋىنىدىن سۇ ئۆزۈشنى ئۆگەندى.

23 ـ ھاۋا قۇشلىرىدىن ئۇچۇشنى كەشىپ قىلدى.

24 ـ پىلە قۇرتىدەك، يىپەك توقۇشنى، يىپ ئىگىرىشنى ئۆگەندى، بۇ قۇرت ئەشكەن يىپ، 300 مېترغا يېتىدىكەن.

25 ـ بەزى ھايۋانلار ئۇچەككە كىرىدۇ، توڭلايدۇ، بۇنىڭدىن ئىنسانلار قان، يۇلۇن، ھەتتا نۇرغۇن نەرسىنى ئۇرۇقنى توڭلۇتۇپ، كېيىن نۇرغۇن پايدا ئالماقتا.

26 ـ چىۋىن، چۈمۈلە، كېپىنەك كۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە جايغا نۇرغۇن كۆزنىڭ تەشكىل قىلغىنىنى كۆرۈپ، لازىر نۇرنى، كرىستال لامپىنى، كرمنىيگە ۋە باشقا نەرسىگە قاچىلاپ، كومپيۇتېر ۋە باشقا ئېلېكتېر سايمانلىرىنى ياسىدى، گىن ۋە باشقا نۇرغۇن كلون تېخنىكىلىرى بار.

سۆزلىسەك گەپ تولا، ئەمدى بولا، بىز ئاخىرىدا چۈمۈلىنى بايان قىلىمىز. بۇنىڭ يەر ئاستىدا ياسىغان قۇرۇلۇشى 16 قەۋەتلىك بولۇپ، ئىنتايىن مۇستەھكەم، پۇختا.

1 ـ ـ قەۋەتكە ئىشكى جايلاشقان بولىدۇ.

2 ـ قەۋەتكە چۈمۈلە كىرىش، تەكشۈرۈش قەۋىتى.

3 ـ قەۋەت، قاراۋۇل تۇرىدىغان ئۆي.

4 ـ قەۋەت، ئىشچىلار ئارام ئالىدىغان ئۆي.

5 ـ قەۋەت، ئىككىنچى قېتىمقى ئىشچىلار ئارام ئېلىش ئۆيى.

6 ـ ـ قەۋەت، يېمەكلىك سۇنۇش ئۆيى.

7 ـ قەۋەت، ئوزۇق ـ تۈلۈك ساقلاش ئامبىرى.

8 ـ قەۋەت، ئەسكەرلەر تۇرىدىغان جاي.

9 ـ قەۋەت، پادىشاھ، مېھمانخانىسى.

10 ـ قەۋەت، چۈمۈلىگە سۈت يەتكۈزىدىغان بىر خىل ھايۋاننى ساقلاش ئۆيى.

11 ـ قەۋەت، زاپاس ئامبار.

12 ـ قەۋەت، تۇخۇم ساقلاش، ۋە ئۇنى چىقىرىش ئۆيى.

13 ـ قەۋەت، كىچىك باللار ئۆيى.

14 ـ قەۋەت، كىچىك چۈمۈلىلەر ئارامگاھى.

15 ـ ـ دەپنە قىلىش، ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۆيى.

16 ـ پادىشاھ، يوشۇرنۇش ئۆيى.

مانا بۇ كۆرۈنۈشنى تىلكامىرادا تارتقان، چۈمۈلە تۈرى، 30 دىن ئاشىدۇ، قاتتىق جايلاردا بۇنداق قۇرۇلۇشنى سۈرەتكە ئېلىش قىيىن ئەمەس. ئىنسانلار بۇ قۇرۇلۇشنى تەقلىد قىلماقتا، ھەم ئۈستىدە ھەم ئاستىدا 16 قەۋەت، ئىنسانلار بۇنى نەچچە يۈز قەۋەت قىلدى. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ كىتابىنىڭ 124 ـ بېتىدە بۇ كۆرۈنۈش بار. 16 قەۋەت سۈرەت بار، ئىنسانلار ئۇندىن باشقا كۆلدۈرش، خۇشال قىلىش، غەم قىلىش، تېرىقچىلىق، ئۇزۇق يىغىش، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك، پادىشاھلىق، ياۋايىلىق، خالىلىق، ئارىلىشىش، ئىنجىنىرلىق، سەپەر قىلىش، يۆتكىلىش، ھىجرەت قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، جۇپلىشىش، كۆپىيىش، ئەۋلادقا كۆيۈنۈش، رەھم ـ شەپقەت، ئىزدىنىش، ئالاقە قىلىش، گورۇھلۇق، تەرەببازلىق، شەھۋەت، نەپسى، ھەسەد قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلاردا ھايۋانلارغا تەقلىد قىلدى. ھايۋانلارمۇ بۇرۇن يارىتىلغان، ساۋابلىقى، ياخشىسى، قوللاشقا

تېگىشلىك بولىدۇ. ناچار، يامان ئىشلار رەت قىلىنىدۇ، ئازاب قىلىنىدۇ. مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئىگىز - پەسلىك يوق، ئوخشاش قىلىپ بېرىش مېھرىبانلىق بولىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشقا قارىغاندا، چۇمۇلىلەر ئىچىدە ئاللاھ، يېتەكلىگەن بىر ئىنجىنىر چوقۇم بار. قۇرۇلۇش لايىھىلىگۈچى بار ئىكەن، ئەقىل - پاراسەت بار ئىكەن.

بىز تاپىنىمىز ئاستىدا دەسسەپ يۈرگەن ھەققەت نۇرغۇن، كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ، ئاللاھ، بىلدۈرمىسە بىلمەيمىز، كۆرمەيمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، قاراڭلار، تەپەككۇر قىلىڭلار دېگەن. ئەمما، بىز ھايۋاندەكلا يەپ - ئىچىپ ئۇخلاۋاتىمىز ئىسىت!

قەلبىمگە يېقىپ قالدى ئىلىم - پەن،
قەلبىمگە لەززەت سالدى ئۇ خۇددى شىكەر - قەنت.
دىن بىلەن ئىلىم - پەن خۇددى روھ بىلەن تەن،
نادانلىقدىن ئارىلىقنى زىدلاشتۇرما! سەن.
بىرلەشسە دىن بىلەن ئىلىم - پەن،
تەرەققىي قىلىدۇ بىزنىڭ ئانا ۋەتەن.
زىدلاشتۇرۇپ دىن بىلەن ئىلىم - پەننى سەن،
ۋەتەنگە ۋە دىنغا بولما خائىن سەن.
مېنىڭ تەتقىقاتىم دىن ۋە ئىلىم - پەن،
بۇ خىزمەت ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىمەن.
قەيەردە بولسا، يېڭى ئىلىم - پەن،
شۇ تەرەپكە تۆت پۇتلاپ يۈگۈرىمەن.
ئىلىم پەننىڭمۇ خاتاسى بولۇر،
مېغىزىنى يەپ شاكىلىنى تاشلايمەن.
بولسا، ھەققەت يۇقىر چەككە يەتكەن،
دەل شۇ ھەققەتنى كىتابقا تاللايمەن.
ئىلىم دېڭىزىدىن جەۋھەر سۈزۈپ مەن،
نادانلارنى ھەققەتكە باشلايمەن.
دىن بىلەن ئىلىم - پەننى بىرلەشتۈرۈپ مەن،
ئەل ئىچىدىن خۇراپاتلىقنى تازىلايمەن.

## سۈرە تاھادىكى، ئى مۇھەممەد، پەرۋەردىگارىم ماڭا ئىلىمنى زىيادە قىلسلا دېگىن، دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بۇ ئايەت قەدىمي خۇراپاتلىقدىن بىرنى يوقاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئىلىم - پەن بىلەن دىنى زىددىيەت، بىر -

بىرىگە رەقىب زىت بولۇپمۇ، ئادەم، جەننەتدىن ئىلىم دەرىخىنى يەپ قويۇپ، قوغلانغان دېگەن كۆز قاراش بار ئىدى. كېيىن، ئايەت، ھەدىس، ئىجائ، قىياس بىلەن بۇ خۇراپاتلىق يوقۇتىلدى، ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنىدا ئىلىم پەرىز دېگەن، ھەدىس، سەھىدۇر. بۇ ئايەتكە ئوخشاش ئايەتلەر بەكمۇ تولا، ئىلىم ئەھلى بىلەن ئىلىمسىز كىشىلەر باراۋەر ئەمەس، مۆئمىنلەر دىن ئىلىمغا ئەمەل قىلغان كىشى دەرىجىدە ئالاھىدە، ئۈستۈن مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ، بۇمۇ ئايەت، ئاللاھمۇ ئەرشىدىن زېمىنغا بولغان تەلىماتنى، يولىيورۇقنى، ئىلىم بىلەن ئوقۇغىن دېگەن سۆز بىلەن باشلىغان. ئىنسان، جىنلارمۇ تۈنجى ھاياتنى، ئىلىم ئوقۇش بىلەن باشلايدۇ، پۈتۈن ھاياتلىق پۈتۈن كائىنات، ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىلىم ـ ھېكمەتسىز بىرمۇ ئىش تاساددىپىي ئەمەس. بەلكى، ئالدىنئالا كۆرستىدۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر، بۇ ئىشمۇ ئىلىمنىڭ زۆرۈرلىكى، ئىلىم دېگەن دوزاختىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز دوزاختىكى مۇنازىرىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ، قۇرئاندا، كۆپ جايدا تېپىلىدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىلىم بىلەن كىتاب بىلەن ئەۋەتكەن، نۇر، ھىدايەت يولىغا باشلاش، ئىلىمسىز بولمايدۇ، ئەمەل، ئىش ـ ھەرىكەت، پىلانسىز، ئىلىمسىز بولمايدۇ، ھاكىمىيەت پادىشاھلىق ئەلنى باشقۇرۇش ئىلىمسىز بولمايدۇ. ئەمەل بەندىنىڭ سۈپىتى بولسا، ئىلىم ئاللاھنىڭ سۈپىتى، پۈتۈن تەرەققىيات، ئىلىم بىلەن بولۇۋاتىدۇ، پۈتۈن غەلىبە ئىلىم بىلەن بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن گورۇھ، مەزھەب، ئېقىم، ھەرخىل دىن، ھەرخىل پارتىيەلەرمۇ ئىلىم بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ھۆكۈم قىلىدۇ. ئېسىگىلاردا بولسۇنكى، ھۆكۈم قۇرئاندا ئېنىق كۆرستىلگەن. ھەدىستىمۇ ئالىملارغا، تالىپلارغا پۈتۈن شەيئى مەغپىرەت سورايدۇ دېگەن. گۇناھىغا كاپاراتتۇر، پەرىشتىلەر ئالاھىدە قوغدايدۇ، قاناتلىرىنى يولىغا سالىدۇ، پەرىشتە سۈپەت ئالىمغا ئىلھام كېلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئايەتتىمۇ پەيغەمبەرلەر كاتتىسى ئەرشىگە چىققان، روھى ئالەمنى ساياھەت قىلغان، زاھىرى، باتىنىي، ئىلىمنى تولۇق ئالغان، زامان ئاخىرى مەڭگۈلۈك مۆجىزە ئىگىسى بولۇپمۇ قۇرئان ئىگىسى بولغان، رەسۇلۇللاھنىمۇ ئىلىمىمنى زىيادە قىل دەپ سوراشقا، تىلەشكە بۇيرىغان، ئىلىم شۇنداق، ئالىم بولماقچى بولغانلار چۈشىنىدۇ.

قۇرئان، ھەدىسدىن باشقا ساھابىلەر، تابىئىنلار ھەتتا ھازىرغا قەدەر ئىلىمنى قەدىرلەپ ئىلىمنى سۆيۈپ، ئىلىم ئۈچۈن جاننى، مالنى، بارلىقنى قۇربان قىلغانلار، ئاز ئەمەس. ئىلىمنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، پەيلاسوف بولۇپ، يەنە ئىلىمغا قانماي ئىلىمى خىزمەتكە قانماي كۆزى ئوچۇق كەتكەنلەر نۇرغۇن، ئارزۇ ـ ئارمان، مۇراد ـ مەقسەتلىرى چالا قالغانلار ئاز ئەمەس، بىز چوقۇم بۇنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلىشىمىز لازىم.

ئالىملار، پەيغەمبەرلەر ۋارىسى دېگەن ھەدىس بار، ئەلۋەتتە، ئالىملار ۋارىسمۇ مۇشۇ ھۆكۈمدە بولىدۇ. بىز بۇ توغرىسىدا سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمىز. ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر، زىيادە قىلىش ئاللاھقا ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىل دېگەنلىك ئىلىم بار دېگەن بولىدۇ. بار ئىلىمغا زىيادە قىلىدۇ، يەنىلا چەكسىز، ئېشىپ تۇرغان ئىلىم بىلەن ئاللاھنىڭ ئىلمى، ئىلگىرى ـ ئاخىرىنى، ھازىرنى، كەلگۈسىنى بىلىپ بولۇپ، سانسىزلىغان كائىنات مەخلۇقاتلارنى بىلىپ بولۇپ، يەنە ئېشىپ قالىدۇ، چەكسىز قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزمۇ ئىلىمنى خەتمە قىلىپ بولدۇم دېمەي، يەنىلا ئىلىمنى زىيادە قىلىشنى سورىشىمىز لازىم، ئىلىمنى خەتمە قىلدىم دېيىش خاتا، بىدئەتتۇر.

پۈتۈن ئالەم ئاللاھقا بويسۇنۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ پۈتۈن ئالەمنى بىر ـ بىرىگە ماس ـ مۇناسىپ ھالدا ياردەملىشىپ بىر ـ بىرىگە خىزمەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن: ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بىر ـ بىرىگە ياردەمچى، خىزمەتچى، پۈتۈن سىستېمىلار، يۇلتۇزلار، پىلانېتلار، سەييارىلەر بىر ـ بىرىگە ياردەمچى، ۋە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ھايۋان ئارىسىدا كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئىنسانلارمۇ بۇ ئاساسىي كائىنات قانۇنىدىن چىقمايدۇ، مەيلى ئۇ خالىسۇن، ياكى خالىمىسۇن، بەرىبىردۇر. ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە چوقۇم خىزمەت قىلىدۇ، ھەمكارلىشىدۇ، بۇنداق قىلمايمۇ، ئامالى يوق. مەسىلەن: چارۋا باقسۇن ياكى زىرائەت تېرىسۇن ياكى ھۈنەرۋەن بولسۇن ياكى تىجارەتچى بولسۇن ياكى بىرەر سانائەتنى كەشىپ قىلسۇن ياكى بىرەر بايلىقنى تاپسۇن ياكى گاز، توك، ئوت، نۇر، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون، سۇنئىي ھەمرا، ئالەم كېمىسى، دۇنياۋى تورلاشقان ئۈچۈر بولسۇن، ھەممىسى چوقۇم ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىنسانلار پايدىسى، تەرەققىياتى ئۈچۈن بولىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق بولمايمۇ ئامالى يوق، ئۇلار شۇنىڭغا موھتاج، قانداق مىللەت قانداق تىل، قانداق دىندىن بىرەر ئىنسان بىرەر ئىشنى بايقىسا ياكى كەشىپ قىلسا، چوقۇم ئۇ پۈتۈن

دۇنيا ئىنسانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، پايدىسى بولىدۇ. بۇنى ئاللاھ، پۈتۈن كائىناتقا ئورناتقان.

دېمەكچى بولغىنىمىز، سەن ئوقۇپ ئىلىم ـ پەننى ئىگىلەپ، بىرەر نەتىجە قازانساڭ، ياكى يېڭى كەشپىيات ياراتساڭ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى بۇنىڭدىن پايدىلانسا، بۇنىڭ ساۋابىنى قانداق ھېسابلىغىلى بولسۇن؟ مانا بۇ ئىسلام دىنى، مانا بۇ ھەقىقەت، مانا بۇ مائارىپ، ئاللاھنى تونۇپ، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھقا گۇماننى ياخشى قىلىپ، ئاندىن ئىبادەت، ئەمەلنىمۇ ياخشى قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىپ ياشاش، ھەقىقىي ھاياتنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش، مانا بۇ ئىسلام دىنى، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئىلىم ئالغانلار مۇشۇ نىيەتنى قىلىشى لازىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىھياۋ دېگەن كىتابدا ئى ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە رەھىم قىلسىلا دېسە، ئۇ كىشى ئابدال، ئەۋلىيالار قاتارىدىن قوپىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھمۇ پۈتۈن كىشىنى كۆزدە تۇتۇپ دېگەن. ئاساسىي مەقسەت پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش، پەيغەمبەرلەرمۇ پۈتۈن كۆپچىلىكنى ھەممە مىللەتنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىگەن، ئۇلار يالغۇز شام، سۈرىيە، پەلەستىن، ئىراق، ئەرەبكە ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا ئەۋەتىلگەن، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنياغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن.

ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار دېگەن، ئاللاھ پۈتۈن ئالەمنى ياراتتى، ھەممىگە رەھمەت ياخشىلىقنى قويۇپ تۇرىدۇ، رىزىق بېرىدۇ، ھىدايەتنى كەڭرى چاچتى، مەيلى دىنسىز بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولسۇن، يېڭى ئىلمى كەشپىياتلارنى ئىلھام قىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ، ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، ماددىنى يارىتىپ بەردى.

مۇسۇلمان ئالىملار، پەيغەمبەر ۋارىسى بولغان ئىكەن، چوقۇم پۈتۈن خەلقنى ھىدايەتكە يېتەكلىشى زۆرۈر، شۇنداقلا پۈتۈن خەلققە قانۇن ـ تۈزۈم، ھۆكۈم، ئىدىيە ـ ئەخلاق، ئىلىم ـ ھېكمەت، يېڭى كەشپىيات، تەرەققىياتنى بىلدۈرۈشى، باشچى بولۇشى، ئۈلگە، ئۆرنەك بولۇشى لازىم. ئەمما، بۇ ئىشنى بولۇپمۇ خەلقكە، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى، يېڭى كەشپىياتنى دىنسىزلار قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا پايدا يەتكۈزسىمۇ مەقسىتى ئۆز نەپسى بولغاچقا، مەقسىتىگە يېتىۋاتىدۇ، بۇلار ئورنىدا مۇسۇلمان ئالىملار بولغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى ھە! تۈگىمەس ساۋابلار، ئىسىت! ئەمما، بۇلار ئۇخلاۋاتىدۇ، خۇراپاتقا ئەگىشىپ، مەنمەنلىك بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۆزىنى، ئۆزگىنى ھالاك قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما، بىر قىسىم ئىسلام دۆۋلەتلىرىنى ئاز ساندىكى دىنى مۇتەپەككۇر ئالىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ مەسىلىگە ئۈچ مىسالنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتتى. **153 ـ 156** ـ بەتلەردە، دېڭىز ئاستىدىكى نېفىت، قۇرۇقلۇقتىدىكى ھاياتلىق، ھاۋا، ئالەم قاتنىشى قاتارلىقلار.

بىرىنچى مىسال: ئامرىكا، ئالبانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر شۇ مەزگىلدە دېڭىز ئاستىدىن كۆپلەپ نېفىت چىقىرىپ، پۈتۈن خەلقكە زور پايدا ھاسىل قىلغان، مانا بۇ بىر ئىلىم ـ پەن بىلەن بولغان، ئاللاھ بۇ نېفىتقا قۇرئاندا بولۇپمۇ مۇشۇ سۈرىدە، **ۋەما تەھتەسارا** دەپ يەنى ئاللاھ پۈتۈن زېمىن يەر ئاستىدىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ ئىشارەت قىلغان ئىكەن، ئۇ بولسا، دەل نېفىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ۋە زور بايلىق ئىكەن، نېفىتتىن ھازىر تەرەققىي قىلغان دۆلەت **250** خىلدىن ئارتۇق نەرسە ئايرىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاجىز دۆلەت **200** خىل نەرسە ئايرىۋاتىدۇ، ھەممىسى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى ئۈچۈن پايدىلىق، ئويلاپ بېقىڭلار، بۇنى تاپقان ئالىم، ئىجاد قىلغان، كەشىپ قىلغان ئالىم، شۇ قۇدۇقنى، نېفىتنى بايقىغان ئالىم، مۇسۇلمان، مۆئمىن بولسا، چوقۇم بۇنىڭ ساۋابىنى ئاللاھلا ئۆزى ئالاھىدە بېرەتتى، چۈنكى، بۇ سانسىز تۇرسا، بۇنىڭ ھېسابىنى ئاللاھلا بىلىدۇ، ئەلۋەتتە، مانا بۇ ساۋاب مانا بۇ خىزمەت، مانا بۇ ھەقىقەت.

ئىككىنچى مىسال: زېمىن يۈزىدىكى، قۇرۇقلۇقتىكى ھاياتلىق سىرى بۇ مەسىلىنى ئاللاھ بۇرۇنلا قۇرئاندا سىلەر زىرائەتكە، باغلارغا، مېۋە بەرگەندە ۋە پىشقاندا قاراڭلار دېگەن. يەڭلار دېمىگەن. تائامغا قاراڭلار دېگەن، ئايەت، ھەدىستە، قىيامەتتە قايتا تىرىلىش، ئۆسۈملۈككە ئوخشىتىلغان، تەپەككۇرنى ۋاجىپ دەپ كۆرسەتكەن، ئەمما، بۇ مەسىلىگە بىز سەل قارىدۇق، مەنمەنلىك، ئىختىلاپ بىلەن گال، مال، بالا، نەپسى بىلەن بولۇپ، دىنسىزلار مىكرۇسكوپىدا قارىدى. ئۇلار بۇنىڭدا ئەركەك ـ چىشىسىنى، ھاياتلىقنى بايقىدى، دەل سۈرە ياسىندىكى ھەر بىر ئۆسۈملۈك جۈپ، ئەركەك ـ چىشى بولىدۇ دېگەن ئايەتنى ئىسپاتلاپ چىقتى، ئەمما،

بىز بۈنىڭغا ئېنىقلىدۇق، تا ھازىرمۇ ئېنىقلىغانلار كۆرۈلدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقىقەت، بۇ جەۋھەرگە **1920** ـ يىللىرى يېزىلغان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە **2003** ـ يىلغىچە خۇراپاتلىق تۈگىمىدى. ئۇلار بۇ ھاياتلىقنى باكتېرىيىنى، مىكرۇپنى، ۋىرۇسنى بايقىدى، ئۆسۈملۈك ھۆجەيرىسىنى بايقىدى، ئاندىن زىرائەت، باغ ـ ۋاران، چارۋا ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى، خىلمۇ ـ خىل چاڭلاشتۇرۇش، سورتلاشتۇرۇش، ئېخىنكىلىق باشقۇرۇش، كېسەلنى داۋالاش، دورا ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرىدا ئالغا قاراپ ئىلگىرلەپ ھازىرغىچە ئالدىدا تەرەققىي قىلدى.

بىز بۇ پەرىز كۆپايىنى دىنىسىزلارغا تاشلاپ قويدۇق، ھەممىنى تاشلاپ قويدۇق، بۇ ئىلمىنى، پەننى، ئىلغار ئۇسكۈننى، بۇ دېگەن شەيتان، شەيتاننىڭ ئىشى دەپ شەيتانغا قۇل بولۇپ، ھالاك بولدۇق. ئاخىرى بۇ شەيتان بىزنى قۇل قىلدى، بويسۇندۇردى، مانا ئەمدى ئامال يوق، بۇ شەيتانغا تەسلىم بولىدۇقمۇ، ھەي ئىسست، ئەسلى خۇراپاتلىقدىن ئويغىنىپ ئۈيقۇمىزنى بالدۇر ئاچقان بولساق، بۇ شەيتاننى بىز بويسۇندۇراتتۇق، رەسۇلۇللاھنىڭ شەيتىنى ياخشىغا بۇيرىغاندەك بىزمۇ بۇنى دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇراتتۇق، يەنىلا تەرەققىي قىلمىساق، ئامال يوق، بەربىر دۇنيادا، دىندا زىيان تارتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، مۇشۇ ئايەتكە ئىلمىمنى زىيادە قىلىپ بەرسىلە دېگەن بۇيرۇققا ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. قېنى ئۈچىنچى مىسالغا قاراپ باقايلى.

ئۈچىنچى مىسال: ئايغا سەپەر، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە باشقا جايلاردىكى يېڭى ئىلىم ـ پەننى بۇ ئايەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھاۋا، ئالەم بوشلۇقىغا ئۆتتۇق، گەرچە ئىنسانلار ھەقىقىي ئاسمان ئالىمىگە بارالمىسىمۇ يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھاۋاغا، ئالەم بوشلۇقىغا جۇملىدىن بەزى پىلانېتقا، ئايغا باراالدى، بۇ ئەمەلىيەت، بۇنى ئاسترونومىيە ئىلمى، ئالەم ئىلمى يوق كىشلەر قەتئىي ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز، سىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قالماڭلار، ئۇلار تېخى بۇ ئىلىمدا گۆدەك بالا، ھەقىقەت قارشى تەرەپنىڭ ئىنكار قىلىشى ياكى بىلمەي قېلىشى بىلەن خاتا بولۇپ قالمايدۇ، دىندا، بۇنىڭغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق يوق، بىرەر ئايەت يا ھەدىستە ئايغا، ئالەم بوشلۇقىغا چىقالمايدۇ دەپ يوق، بۇ ھەممىسى ئىنسانلار ئۆزى پەرەز قىلغان، گۇمان خالاس. ئەمەلىيەتتە ئايەت، ھەدىستە، ئالەمگە سەپەر قىلىشى ئىشارەت بىلەن سۆزلەنگەن، مەسىلەن: بىر ئالەمدىن بىر ئالەمگە يۆتكىلىش سۆزلىنىدۇ، ئەررەھمان سۈرىسىدىمۇ بۆسۈپ چىقىپ بېقىڭلار دېيىلىدۇ. ئۇندىن باشقا سۈرە يۇسۇفتىمۇ بۇنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ھازىر ئىنسانلار ئالدى بىلەن سۇنئىي ھەمراھنى، راكېتا ئارقىلىق ئالەم بوشلۇقىغا ئاندىن ئايغا ئاندىن باشاق پىلانېتلارغا چىقاردى، ئاندىن ئادەم ئولتۇرغان ئالەم كېمىسى ئايغا چىقتى، بۇ ئەمەلىي، ئىشەنچلىك خەۋەر، بۇنى ئالىملار ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئەگەر يەنىلا شەك قىلسىڭىز، تېلىسكوپلاردا ئەمەلىي مەشغۇلاتلارنى كۆرۈپ بېقىڭ، سەييارىلەرنى كۆزۈتۈپ بېقىڭ، ئاندىن ئىشىنىسىز، كۆپ چىقمىسىمۇ كەچ بولىۋەرگەندەك، سىز ئىشەنمىسىڭىزمۇ بۇ ھەقىقەت ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

ئايغا قىرىق سائەتتە يېتىپ بارغان ئىدى، ئاندىن بۇنىڭدىنمۇ تېزلەشتى، يەنىمۇ تېزلەشمەكتە، بۇندىن كېيىن بىر نەچچە سائەتتە بېرىشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلمنى زىيادە قىلىپ بېرىشتۇر، ماددىنى ئاسان قىلىپ بېرىشتۇر.

يېقىلغۇ ئېنېرگىيىنى چىقىرىپ بېرىشىدىن كەلگەن، بۇ ئىشلار ئاللاھدىن باشقىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، رەببىم دەپ سوراش لازىم. ئايغا چىقىش مەسىلىسىنى ئالەم ئىلمى قىسمىدىن ئوقۇسىڭىز ئاينىڭ قانداقلىقى، ئارىلىقى، ماددىسى، ھاۋاسى، تەرتىۋى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، كىمنىڭ قانچىنچى يىلى چىققانلىقى، قانداق ئىلمى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى، نېمە ئۈچۈن نۇرى كام زىيادە بولىدىغانلىقى، ھەممىسى تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

نۇرغۇن سوئاللارغا بۇنىڭدىن باشقا جاۋابمۇ يوق، بەلكى، بەزى خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا نۇرغۇن تارىخى مەسىلىنى سۆزلەپ، مۇسۇلمان دۆۋلەتلەرنىڭ

ئارقىدا قالغانلىقىنى، كېيىنچە ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتىنى ئىسلاھ قىلغانلىقىنى، بۇ مەسىلىدە جۇمھۇر ئالىملارنى ئىجمائقا كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلغان. مەن بۇ مەسىلىنى سۆزلەپ يۈرمىدىم، چۈنكى، بۇ مەسىلە، تارىخدا كۆپ سۆزلىنىدۇ.

تارىخى يىلمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىسا، ئاللاھ، قۇرئاندا تارىخنى سۆزلىمىگەن بولاتتى، ئەمما، بىز بۇ كىتابقا جەۋھەرلەردىن تاللاۋاتىمىز، ئاساسىي مەقسەت، ئوقۇشنى مۇشۇ ئايەت ۋە باشقا ئايەت، ھەدىسنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پەيلاسوفلار سۆزىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، دەرس تۈزۈمگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ تېز، ئەڭ مول بىلىمنى كىرگۈزۈش، پۈتۈن دۇنيا ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. دېمەكچى، ساپ ئەدەبىيات، ماتىماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، ئارخلوگىيە، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئۇچۇر، تارىخ، قۇرۇلۇش، مۇھىت قاتارلىق يېڭى پەننى كىرگۈزۈش لازىم دېگەن.

قۇرئاندىكى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئەر ـ ئاياللىڭ چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويۇپ، ئاللاھقا ئاسىي بولغان قىسسىسىگە يەنە بىر قېتىم نەزەر، ئاللاھ، نېمە ئۈچۈن بۇ قىسسىنى بۇ سۈرىدە بايان قىلدى؟

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا شۇ دەرەخنى ئىستېمال قىلىپ ئاسىي بولغان بولسا، ھازىر ئىنسانلار نۇرغۇن چەكلەنگەن نەرسىنى يەپ قويۇپ، ئاسىي بولماقتا، شۇنىڭ بىلەن بۇلار دىندا، دۇنيادا نۇرغۇن ھالاكەتكە يۇزلەنگەن، بىز بۇ يەردە، نۇرغۇن مەسىلىنى چۈشەندۈرىمىز، ئىنساننى ئاگاھلاندۇرىمىز، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاناتومىيە رەڭلىك ئاتلىسىنى، مودېلىنى، سۈرىتى، ئىچى ـ تېشىنى تولۇق بىلىشى لازىم. بىز مۇشۇ مەسىلىنى بايان قىلىش بىلەن بۇلارغا ئىبرەتنى سۆزلەيمىز.

بەلكىم بۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدىسى بولۇشى مۇمكىن، بۇ مەسىلىنى، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى سىلەر دوختۇرخانىدا كۆرۈلسە، خىلمۇ ـ خىل كېسەل بولۇش، كۆرۈنۈشنى كۆرىسىلەر، ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆرىسىلەر، مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىشى ئىدى، چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئاندا ياخشىلىققا بۇيرىغان، يامانلىقتىن توسغان، بۇنى بىز ئەڭ مۇھىم جايغا ئورۇنلاشتۇرىشىمىز لازىم. خۇددى، دوختۇرخانىدىن ئەمما، ئىش ئۆتۈپ بولۇپ، ئاندىن پۇشايمان قىلماسلىقى ئۈچۈن، بىكەتكە، قانتاشقا ئورۇنلاشسۇن.

**1** ـ بەدەننى ساغلام قىلىش، مۇسابىقىگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ھەربى ئىشلار ئۈچۈن، چېنىقىش سۈرىتى كۆرسىتىلىدۇ.

**2** ـ چىشنى تازىلاشتا، مىسۋاكنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى كۆرسىتىلىدۇ.

**3** ـ باش، بويۇننى، چېڭىتىش ھەرىكىتى كۆرسىتىلىدۇ.

**4** ـ ئىڭەك سۆڭىكىنى چېڭىتىش سۈرىتى.

**4** ـ ئىنسان ئېغىرلىقى ئەگەر **70** كىلوگرام كەلسە، **45** كىلوگرام سۇ بولىدۇ، **25** كىلوگرام باشقا قان، تۇز، ئاقسىل، ۋىتامىن ۋاھاكازالار بولىدۇ. بۇنى تەكشەش لازىم.

**6** ـ ئومۇرتقا سۈرىتى، مۇسكۇل، ئىسكىلىت كۆرسىتىلىدۇ.

**7** ـ قان ئايلىنىش ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك تومۇرلار.

**8** ـ نەپەسلىنىش سىستېمىسى كۆرسىتىلىدۇ. ھاراق ـ تاماكىدىن ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

**9** ـ يۈرەك، بۆرەك، دوۋساق ئەھۋاللىرى.

**10** ـ ئىنسان ھەيكىلى، ئىچكى كۆرۈنۈشى، نېرۋا سىستېمىسى.

**11** ـ كۆرۈش، ئاڭلاش سىستېمىسى كۆرسىتىلىدۇ.

**12** ـ تېرە قىسمى، تۈك ئەھۋالى، سىلاش سېزىمى.

**13** ـ پاكلىق، تازىلىق، ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلىدۇ.

14 ـ مىكروۋسكوپدا تارتىلغان كېسەللىك ۋىرۇس، مىكروۋپلار سۈرىتى كۆرسىتىلىدۇ. ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

15 ـ ھەر خىل كېسەللەنىڭ قەبىھ سۈرىتى، كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، يۇقۇش مەنبەسى كۆرسىتىلىدۇ.

16 ـ ساغلام ئەقىل، پاكلىق، ئەدەب ـ ئەخلاق، خەتلىك تونۇشتۇرۇلىدۇ.

17 ـ تۆرەلمە ئىلمى، تۆرەلمە كۆرۈنۈشى، كۆپىيىش سىستېمىسى كۆرنۈشى.

18 ـ ھاراق ـ تاماك، كوكايىن، مورفىن، زەھەرلىك يوپۇرماقلار، خىروئىنلار كۆرسىتىلىدۇ، زىيانلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

19 ـ مېڭە قىسمى، نېرۋا سىزىم تۇتاشلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

20. ئىنسان مېڭىسى، ھايۋان مېڭىسى سېلىشتۇرۇلىدۇ.

21 ـ باللار كېسەللىكى، ئۇنىڭ سەۋەبى.

22 ـ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسى.

23 ـ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، سۈيدۈك ئايرىش سىستېمىسى، يېمەكلىك تۈرلىرى، پايدا ـ زىيىنى كۆرستىلىدۇ.

24 ـ ھەر خىل ھالال ـ ھارام، ھايۋان، قۇشلار كۆرستىلىدۇ.، بۇلارنىڭ پايدا ـ زىيىنى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

25 ـ جاھىل كىشى يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ، خۇددى ھايۋاندەك، ئاقىل كىشى ياشايدۇ، مەختى ئاللاھدۇر.

26 ـ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە پايدىسى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

27 ـ تاماكىنىڭ يۈرەككە، قان ـ تومۇرغا، ئۆپكىگە، نېرۋىغا زىيان سالىدىغانلىقى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

28 ـ قورساق ئاچسا، يېيىش ئاز يېيىش، توق قورساقتا يېمەك.

29 ـ ئوزۇق، يېمەكلىكنىڭ ناچارلىقى، مەينەتلىكى نۇرغۇن كىچىك باللارنى ھالاك قىلىدۇ، كېسەل قىلىدۇ.

30. تائام ئۈستىگە تائام، ئىككى تائام ئارىلىقىدا تائام يېمە.

31 ـ قالايمىقان تۈكۈرمەك.

32 ـ تائامنى بەك چايناپ، ئاسان ھەزىم قىلىش نېرۋىغا پايدا.

33 ـ تائامنى خاس چىنە ـ قاچىدا، قوشۇقتا يېيىش.

34 ـ ساپ ھاۋادىن، نۇردىن پايدا شىپا ئېلىش

35 ـ ئۇيقۇنى ئۆلچەملىك ئۇخلاپ، ئاز ئۇخلاش، قالايمىقان ئەمەس.

36 ـ تازىلىققا دائىم قولنى يۇيۇشقا دىققەت قىلىش.

37 ـ مۇنچىغا كۆپ كىرىش، تەر تۆشۈكچىسىنى ئېچىش لازىم.

38 ـ ئۆي، ھويلا ـ ئارامنى تازىلاش، مۇھىتقا سەل قارىماك.

39 ـ تائامنى چىۋىندىن، مىكروۋپدىن ئېچىشتىن ساقلاك.

40. كۆكتاتنى يۇيۇپ، ئاندىن پىشۇرۇپ يەك.

41 ـ يۇقۇملۇق كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش لازىم.

**42** ـ بۇ نەسھەتنى، بۇ كۆرۈنۈشنى چوقۇم ئىجرا قىلىش، كىتاب، ئېلان، گېزىت ـ ژۇرنال، ماقالە، تەشۋىقات بىلەن ھەتتا سىنئالغۇدا مەخسۇس فىلىمدىن ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش لازىم.، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايەت، ھەدىسلەر مۆجىزىسى بايان قىلىنسۇن، سىرلار ئېچىلسۇن. بولۇپمۇ، ئالەم ئىلمى، ئاسترونومىيە كۆرۈنۈشى، ھەرخىل قورال ـ ياراقلار، ھەر خىل مۇسابىقىلار، ھەر خىل چېنىقىش ئىشلىرى چوقۇم تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ھىدايەت بەرسۇن، ئامىن!

## سۈرە ئەنبىيا تەپسىرىدىن تاللانمىلار

بىز بۇ سۈرىدە ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە، يەر قاتلام نەزەرىيىسى، ھاياتلىق قاتارلىق قۇرئان مۆجىزىسى ئۈستىدە توختىلىمىز. قۇرئان ئەزلى ئاللاھنىڭ كالامى، بۇ سۆزلەر خۇددى يېڭىدىن ئويدۇرۇپ چىققاندەك، تاساددىپىي توغرا كېلىپ قالغاندەك، تېخى ھېلىلا چۈشكەندەك تۇرىدۇ. بۇنداق ئايەت **750** دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاساددىپىي ئەمەس، بەلكى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ مۆجىزە قىلىپ، چۈشۈرگەن ھەقىقەتتۇر. بۇ ئايەتنى تەپسىر «فىزىلال قۇرئان»، «مۇنىير» «تەنتاۋى» ئۇندىن باشقا پۈتۈن كىتابلار، جۈملىدىن قۇرئاندىكى پەننى تەسەۋۋۇر دېگەن كىتابلار بىردەك ئاسترونومىيىگە دەلىل قىلىدۇ، جۇمھۇر ئالىملار ئاسترونومىيە، ئالەم ئىلمى قىسمى قىلىپ تەپسىر قىلىدۇ. قېنى، بىز بۇ مۆجىزە ئايەتنى تەپسىر قىلىپ باقايلى، بۇ ئايەت بولسا، كاپىرلار، دىنسىزلار ھەقىقەتەن ئاسمان ـ زېمىننىڭ بىر تۇتاش ئىكەنلىكىگە قاراپ باقامدۇ؟ بىز ئىككىلىسىنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋەتتۇق دېگەن. مانا بۇ بىر مۆجىزە **1400** يىل بۇرۇن ئاسماندىن چۈشكەن، بۇ ئىلاھى سۆز **19** ـ ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان، يېڭى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

ھازىرقى ئالىملار قۇياش ئەسلى غايەت زور ئوت شارى ئىدى. زېمىن ۋە ئۇنىڭ سەييارىلىرى توققۇز پىلانىت قۇياشتىن ئايرىلغان دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك بىزگە يۇلتۇز بولۇپ كۆرۈنگەن، ھەربىر يۇلتۇز، قۇياش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بار، پىلانېتلىرى بار، بۇنى ھازىر تېلىسكوپىدا كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق قۇياشنى، زېمىننى، پىلانېت، ھەمراھلارنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. سامان يولىدىلا **2000** مىليارت قۇياش بار بولۇپ، كام دېگەندە **300** مىليوندىن كۆپرەك زېمىن بار، پەقەت مۇشۇ زېمىندا بىز ئىنسانلار ياشاۋاتىمىز، بۇ ئايەتتە، بۇ مەسىلە ئېنىق تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاسمان ـ زېمىندىن يەنى قۇياشدىن ئايرىلغان ئاسمان دېگەن نېمە؟ ئالەم بوشلۇقى چۇ؟

نۇر، قاراڭغۇلۇق، يۇلتۇز، قۇياش، سەييارىلەر. خوش، زېمىن نۇرىدىن قاراڭغۇلۇقتىن ئەمەس، دەل ئاشۇ قۇياش دېگەن يۇلتۇزدىن ئايرىلغان بولىدۇ. قەدىمقىلار زېمىننى ئاسماندەك چوڭ دەپ قاراپ، ئىككىلىسىنى ھاۋا، شامال، يامغۇر بىلەن ئايرىغان دېگەن، ھازىر بولسا، زېمىننى سۇنئىي ھەمراھدا سۈرەتكە ئالدى، ئۇندىن باشقا يۇلتۇز، قۇياشلار زېمىنلارغا قىياس قىلدى، شۇ ئارقىلىق زېمىننىڭ بۇ كەڭرى ئالەمدە بىر تال زەررىچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، دېمەك، بۇ زېمىن بىر تاللا يۇلتۇز، قۇياشدىن ئايرىلغان.

قۇياش بولسا، ئۇنىڭدىن چوڭ قۇياش سىستېمىسىدىن ئايرىلغان، بۇ ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەرگىچە بارىدۇ، بىگ باڭ چوڭ پارتىلاش نەزەرىيىسىگە تاقىلىدۇ، قانداقلا بولسۇن، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىننى ئۆرنەكسىز يوق يەردىن بار قىلغان، بىز بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمىز، چۈنكى، ئاللاھدىن باشقىسى ھەممىسى ھادىسىدۇر. ئاللاھ ئۇنى پەيدا قىلىپ، ياراتقان، بۇ راست ھەقىقەت، بۇ بىر چوڭ مۆجىزە بولۇپ، ئەڭ ئىلغار تېلىسكوپتا كۆزۈتۈپ نەچچە يىل كۈچ سەرپ قىلىپ دۇنياۋى ئالىملار مىڭ تەسلىكتە ئىسپاتلاپ چىققان بۇ ئىلىم بىرلا ئايەتتە **1400** يىل بۇرۇن ئاسماندىن چۈشكەن، ئۆزى بولسا، ئەزەلدە بار ئىدى.

ئاللاھنىڭ سۆزى ئەزلىيدۇر. ئۇ مەخلۇق ئەمەس، رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، راست ھەق پەيغەمبەر، ئۇنداق بولمىسا بۇ ھەقىقەتنى قانداق بىلگەن؟ بولۇپمۇ **1400** يىل بۇرۇن قانداق خەۋەر بېرىدۇ؟ بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز بۇ ئويدۇرما ياكى تاساددىپى دېسىڭىز سىز قۇرئاننى ئوقۇپ كۆرۈڭ، ئەسلىي نۇسخىنى

1400 يىل بۇرۇنقى نۇسخىسىنى مىكرۇسكۇپدا ئىلغار تارىخى ئاسارى ـ ئەتىقىنى تەكشۈرگۈچى ئۇسكۇنە بىلەن تەكشۈرۈپ، ئىنقىلاپ كۆرۈلۈك، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. بۇنى ئالىملار نەچچە قېتىم ئىسپاتلاپ بولدى، ئىلغار ئۇسكىنىدە تەكشۈردى. قۇرئاننىڭ ئەسلى نۇسخىسى شۇ پېتى تۇرىدۇ، ساقلىنىۋاتىدۇ. خۇددى، ئاخشام يا هازىر چۈشكەندەكلا، يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، ئايەتتە، كاپىر، دىنسىزلارغا تاپا قىلىنغان، خىتاپ قىلىنغان، ئۇلار قاراپ باقامدۇ؟ دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئاسترونومىيە ئىلمى تونجى قىلىپ دەسلەپتە كاپىرلار قولىدا بولدى. بۇ قانداق قىلىپ تويتوغرا كېلىپ قالىدۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، قۇدرىتىگە تېنىۋالغان كاپىر، دىنسىزلارغا تاپا قىلغان، ئۇلار قاراپ باقامدۇ؟ دېگەن بۇ ئىلىمنىڭ شۇلار قولىدا بولۇپ، ئاندىن مۇسۇلمانلارغا يۆتكىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، بەلكى، بۇنداقتا، دىنسىزلار تېنىۋالالمايدۇ.

چۈنكى، بۇ ئىسپات، بۇ مۆجىزە، بۇ ئالامەت شۇلار قولىدا ئاشكارا بولغان، مانا بۇ ئەڭ كۈچلۈك هۆججەت بولىدۇ. ئەمما، مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭدىن يەنە قۇرۇق قالمىدى، ئاللاھ، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بۇ ئايەتتە يەنە بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇ بولسا، بىر خىل ساقلىنىپ قالغان، ئوخشىشىنى ئىنسانلار كەلتۈرەلمەيدۇ. يەنە بىر مۆجىزە بولسا، نۇر ئىلمى، ئوت ئىلمى، فىزىكا ـ خىمىيە تەتقىقاتى، هارارەت ئىلمىدۇر. چۈنكى، بۇ قۇياشتىن زېمىن ئايرىلىش مەسىلىسى بولدى ئەمەسۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھ هاياتلىقنى تىلغا ئالغان.

ئالەمدىن كېيىن نۇر، هارارەت ئىلمىدىن كېيىنلا هاياتلىق مەسىلىسىنى ئىنسان، هايۋان، ئۆسۈملۈكنى تىلغا ئالغان بولۇپ، مۇنداق دېگەن: بىز هەربىر هايات نەرسىنى سۇدىن قىلدۇق دېگەن، بۇ ئايەت باشقا جايدا مۇنداق كېلىدۇ. ئاللاھ، هەر بىر هايۋان تۈرىنى سۇدىن ياراتقان دېگەن مانا شۇنداق ئۆسۈملۈكمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ هاياتلىقمۇ سۇدىن، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، پۈتۈن هاياتلىق سۇدىن كەلگەن دېگەن نەزەرىيىگە يېڭى ئىلىم ـ پەنگە ئۇيغۇندۇر. ئەمما، تەپسىلاتى ئاللاھقا مەلۇم بىز ئۇقمايمىز، قالغان ئىشلارنى گۇمان بىلەن سۆزلەيمىز، ئەمما، ئاللاھ، راست، هەق سۆزلەيدۇ. قۇرئان، هەقىقەتنىلا بايان قىلىدۇ، ئۇ يالغاننى، خاتانى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئىنسان سۆزى ئۇنداق ئەمەس، قانداق بولمىسۇن، پۈتۈن هاياتلىق سۇدىن دېگەن هۆكۈم توغرا چىققان، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولغان.

شۇنداقلا، بۇ قۇرئاندىكى هاياتلىق، ئىنسان، هايۋان، ئۆسۈملۈك تەتقىقاتىدۇر، بىئولوگىيە ئىلمى بولىدۇ، يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: بىز زېمىننىڭ تەۋرەتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تاغلارنى قىلىپ بەردۇق، مانا بۇمۇ بىر مۆجىزە، هازىرقى گېئولوگىيە ئىلمىدا تاغ، زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇشىدا مۇهىم رول ئوينايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، تاغ، ئاللاھ تەرەپىدىن تاشلانغانمۇ ياكى گۈمۈرۈلۈش بىلەن هاسىل بولغانمۇ؟ ياكى قۇرۇقلۇق يۆتكىلىش بىلەن هاسىل بولغانمۇ؟ ياكى باشقا پلانېتلار سوقۇلۇش بىلەن هاسىل بولغانمۇ؟ ياكى يانار تاغلار پارتىلاپ هاسىل بولغانمۇ؟ خىلمۇ ـ خىل نەزەرىيە بار. قۇرئاندىمۇ ئىبارەت، لەۋزى ئوخشاشمايدۇ، بىر جايدا ياراتتۇق دىسە، بەزى جايدا چۈشۈردۇق دېگەن، بولۇپمۇ سۈرە هەدىدە، بىز تۆمۈرنى چۈشۈردۇق دېگەن، بەزى جايدا جۈملىدىن مۇشۇ سۈرىدە قىلىپ بەردۇق دېگەن. توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. بىز تۆپىدە تۇرمىغان، شۇڭا، بىز قۇرئان، هەدىسكە تايىنىمىز، قالغىنىنى قىياس قىلىمىز خالاس، قانداق بولمىسۇن، بۇ زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇشتا، مۇهىم رول ئوينىسا، بۇنى ئاللاھ قۇرئاندا بىز قىلىپ بەردۇق دىسە، بۇ يەردە بىر تەۋهىد، ئاللاھ بار، ئاللاھ بىر دېگەن هۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئۆزلىگىدىن دېگەن بۇ ساختا سۆزدىن ئاللاھ قىلدى دېگەن بۇ سۆز ئاجايىپ لايىق ۋە ئەۋزەلدۇر. هېكمەت، تەدبىر، رەهىم قىلىش، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش بار، بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ بىز تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ دېگەن ئايىتى بەكمۇ مۆجىزە بولماقتا، ئالىملار بۇنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق راستلا قوزۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان، بۇلار پۈتۈنلەي ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىننى، قۇياش، ئاينى، ئىنسان مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلغان.

بۇ جايدا زېمىننىڭ ئوتلۇق شار جىسىم بولۇپ چىققانلىقى، نەچچە مىليون يىلنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ئاندىن سوۋىغانلىقى ئالتە باسقۇچتا بولغانلىقى، زېمىننىڭ قاتلام نەزەرىيىسى، هەتتا يادروسى، ئىچكى ئەهۋالى، يانار تاغ ئەهۋاللىرى، ئاندىن هاياتلىق ئەهۋاللىرى سۆزلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات

بىلەن ئېنىقلاندى، كۆپۈنچىسى بولسا، گۇمانىي پەرەزدۇر، راستىنى ئاللاھ بىلىدۇ. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دېگەن: ئاللاھ، چوقۇم بار، بىردۇر. ئۇ پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ۋە ھېكمەت بىلەن تەدبىر قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئالەمنى، ئاسماننى ياراتتى، زېمىننى ئاسماندىن يەنى قۇياشتىن ئايرىدى، ھاياتلىقنى بولسا، زېمىندا ھاسىل بولغان دېڭىزدا ياراتتى، دېڭىز سۈيى بولسا، ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېندىن ھاسىل بولغاندۇر، ئاندىن بۇ ھاياتلىقنى قۇرۇقلۇققا، ھاۋاغا تەرەققىي قىلدۇردى، ئادەم ئاتىنى ئاللاھ ياراتتى، تۇپراقتىن، سۇدىن، ئوتتىن، ھاۋادىن ياراتتى، ئۆز ۋاقتىدا بىز تۆۋەندە تۇرمىغان ئىدۇق. كەيپىياتىنى بىز بىلمەيمىز، ئاسماندىمۇ؟ زېمىندىمۇ؟ نەدە ياراتقان بولسا، ئۆزى ياراتتى، بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇ زات، تاغلارنى، زېمىننى تۇتۇپ تۇرغۇچى قوزۇق قىلدى، ئۇ زات، پۈتۈن ئالەمنى شۇنداق قوغداپ تۇرىدۇ.

ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، بىرلىكى، رەھمىتى، ھېكمىتى بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى بۇرۇنقىلار ئىمان كەلتۈرۈش، ئىشىنىش بىلەنلا سۆز قىلماي تەپسىر قىلغان، ھازىر بولسا، بۇنى تەپسىلىي تەپسىر قىلىش قىلىش، ئىزاھات بېرىش، چۈشەندۈرۈش ۋاقتى كەلدى. توغرا، ئاللاھ قىلدى، بۇ راست، مەقسەت قانداق، كەيپىياتتا قانداق ئۇسۇلدا قىلغانلىقىنى، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشتۇر. بۇنىڭدا، ھېكمەت، رەھمەت تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. تەۋھىدگە، تەدبىرگە، دەلىل - ئىسپات تېپىلىدۇ. ھەقىقىي ئىنساپخور ئالىملار ئىمان ئېيتىدۇ. قۇرئان مۆجىزىسى ئاشكارا بولىدۇ، قەلبىپ خاتىرجەم بولىدۇ، بۇرۇنقى تەپسىرىدىكى **18** مىڭ ئالەم بەكلا ئاز، ھازىر بولسا، ھاياتلىق تۈرى، ئىككى مىليوندىن ئاشتى، ئۆسۈملۈكلا **300000** خىلنى ئىگىلەيدۇ دېگەن. شۇنداق، بۇرۇنقىلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تاشتەك بايان قىلغان بولسا، ھازىر تاغدەك بايان قىلىنىدۇ. بۇرۇنقىلار شامچىلىك بايان قىلسا، ھازىر بو لسا، قۇياشتەك بايان قىلىنىدۇ، بۇرۇنقىلار ئالەمنى كىچىك پەرەز قىلسا، ھازىر بولسا، چەكسىزلىكى، كەڭرىلىكى، ئاللاھنىڭ مۈلكى شۇنداق كەڭرى دېگەن ئىسپاتلار ھەتتا **100** مىليون يىل نۇر تېزلىكىدە ئۇچسا يېتىپ بارغىلى بولمايدىغان يۇلتۇزلار ئاشكارا بولدى، چۈنكى، بۇ تېلىسكوپىدا كۆرۈلدى.

بۇرۇنقىلار تۇخۇم، مەنىي (ئىسپېرما)، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلاتتى، ھازىر بولسا، ھەممىسى ھاياتلىق، ھاياتلىق تېپىلدى، بۇرۇنقىلار نەدىمۇ بۇنداق ئىلغار ئۇسكۇنىگە ئىگە بولسۇن، نەدىمۇ چىۋىننىڭ **4000** كۆزى، كېپىنەكنىڭ **1200** كۆزىنى بىلەلىسۇن؟ قانداقمۇ تىببىي پەندە ھازىرقىدەك مىكرۇپ، ۋىرۇسنى يوقىتىپ، كېسەل داۋالىيالىسۇن؟ قانداقمۇ ھازىرقىدەك دۇنيا ئىشىدىن ئۆيىدە ئولتۇرۇپ خەۋەردار بولالىسۇن، قانداقمۇ تېلېفون، كومپيۇتېر بىلەن ئالاقە قىلالىسۇن، قانداقمۇ ئالەمدە ئۇچالىسۇن، ئەڭ ئىلغار قوراللارنى ئىشقا سالالىسۇن، بۇنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمىز. بۇنداق دېگەنلىكىمىز، ئۇلارنى سۆككەنلىك ئەمەس، بەلكى، بىز ئۇلاردىن پەخىرلىنىمىز، چۈنكى، ئۇلارمۇ تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ، دۇنيادىن ئايرىلدى، بىز ئۇلارچىلىك خىزمەت، ئىبادەت، نەتىجە قىلالمىدۇق، ئاللاھ، ئۇلاردىن رازى بولسۇن، ئەمما، بىز تەرەققىياتنى، ئىلىم - پەننى ئۇ چاغدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئاشتى، يەنىلا بىز شۇ چاغدىكى ئېپتىدائى، خۇراپىي ئەقىدىدە تۇرۇپ، بىدئەت، ھارام دەپ ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆلتۈرگەندەك ئىش قىلمايلى دېمەكچى. قۇرئان، ئالەم نەزەرىيىسى، ئاسمان، قۇياش، پىلانېت، سەييارىلەر، زېمىن، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، تاغلار، ھاياتلىق، كەلگۈسى خەۋەر، پۈتۈن ئالەمنىڭ ۋەيران بولۇشى، يەنە بىر مەڭگۈلۈك ئالەمنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئەڭ چوڭ مۆجىزە بولۇپ تۇرماقتا، پۈتۈن دۇنياۋى ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا، ئەمما، بىز بۇنىڭغا سەل قاراپ، نەخ پاكىتقا، ئەمەلىي دەلىل - ئىسپاتقا بولۇپمۇ، تېلىسكوپدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان مىكرۇسكوپدا تەكشۈرگىلى بولىدىغان ئەمەلىيەتكە تېنىۋېلىپ، ئۆزىمىز بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، ھەممىنى خاتا دەپ قاراپ، باشقىلار كۆزىگە ئەڭ خۇراپىي كۆرۈنۈپ، ئىسلام دىنىنىمۇ قەدىمىي خۇراپاتقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇق، بۇ ئىلىمنىڭ تېخىمۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، قۇدرىتىگە، مۆجىزىسىگە، بولۇپمۇ قۇرئان مۆجىزىسىگە تېخىمۇ چوڭ ياردىمى بولىدىغىنىنى ئويلاپمۇ قويمىدۇق، ئىسىت! بىز چوقۇم ئىدىيە، پەلسەپە، ھۆكۈم، قانۇن بىلەن تەرەققىيات، سانائەت، يېڭى ئىلىمنى، پەننى ئايرىشىمىز لازىم. ھەق - ناھەقنى ئايرىشىمىز، راست - يالغاننى پەرق ئېتىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە تەكشۈرشىمىز لازىم. ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن: بىرەر يېڭىدىن يېمەكلىك ياكى ئىچىملىك چىققاندەك بىر ئىشقا ئوخشاش، بىز ئۇنى چوقۇم تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك، بۇ بىر مىسالدۇر.

بىر ئالىم تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن مۇنداق سوراپتۇ، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا قىيامەت، ھېساب يېقىنلاشتى دەپتۇ، بۇنداق ئايەت بەك كۆپ، مەسىلەن: قىيامەت يېقىن قالدى، ئاي يېرىلىپ بولدى، دېگەندەك ھەدىستىمۇ كۆپ كېلىدۇ. ھەتتا بۇ سۆز نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا بىردەك دېيىلىپ كەپتۇ، بەزى زاھىد، ئەۋلىيالار، ئۆز ۋاقتىدىكى چاغنى قىيامەت ۋاقتى كەلدى دەپ گۇمان قىلغان، تا ھازىرمۇ شۇنداق قاراش بار، دەل مۇش چاغنى قىيامەت ۋاقتى، ئاخىر زامان دەيمىز. ئەمما نەچچە مىڭ يىل ئۆتۈپتۇ، ھەتتا رەسۇلۇللاھدىن كېيىن **1400** يىل ئۆتتى، قىيامەت زادى بولمىدى، پۈتۈن ئالامەت كۆرۈلۈپ بولدى دەيمىز، ئەمما، بۇ قىيامەت زادى قېنى؟ بۇنى ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەر دەپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەپتۇ: توغرا، ئايەت، ھەدىسلەر، ئەۋلىيالار بېشارەتلىرى قىيامەتنى يېقىن دەپ سۆزلىگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، چۈنكى، بۇ مەسىلىنى، بۇ ئالەمنىڭ ۋەيران بولۇش، مەڭگۈ ئالەمنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىنى، بۇ زەررىچىلىك كىچىك ئىنسانلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ھەم بۇ ئىلىم بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىگە ئەرشدىن قاراش كېرەك، كەڭ نەزەرىيە بىلەن كۆرۈش لازىم.

بىز سانىغان **1000** يىل ئاللاھقا بىر كۈندۇر، پۈتۈن ئالەم ئاللاھ ئالدىدا زەررىچىگە ئەرزىمەيدۇ، پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيالار، مانا مۇشۇ ئىلاھى قۇدرەت، ئىلاھى كۆز، ئىلاھى نەزەرىيەدىن قارايدۇ، كىم ئۆلسە، ئۇ شۇنىڭ قىيامىتى بولىدۇ. بۇ ھەدىستۇر، چوڭ قىيامەتنى كۈتۈش ھاجەتسىز، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. كېلىدىغان نەرسە بەك يېقىن، ئۆتكىنى يىراقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نادان، ئۇنۇتقاق، جاھىل، ئازغاق ئىنساننى شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش لازىم، شۇنداق تۇرۇپمۇ بۇ ئىنساننىڭ ئىشىنى كۆرمەمسەن؟ خۇددى قىيامەت يوقتەك جەننەت - دوزاخ يوقتەك خىيالىدا يوق ياشايدۇ، قۇرئان، ھەدىس، پەيلاسوفلار ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغىنى تېخى، سەن بۇ چوڭ قىيامەتنى يىراق سانىما، ساڭا يىراق بولسا، بۇ ئاللاھقا بەك يېقىندۇر.

بىز يىراق سانايمىز، ئەمما، ئاللاھ يېقىن سانايدۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن، بىزمۇ يېقىن سانىشىمىز لازىم. بەلكى، بۇ قىيامەت، پۈتۈن ئالەم ۋايران بولىدىغان، قۇياش سىستېمىسى كۇل بولىدىغان، ۋەيران بولغان چاغدا بولىدىغاندۇر، بۇنىڭغا نەچچە مىليون يىل كېتىشى مۇمكىن، ئەمما، ئاللاھ خالىسا بىر سۇقۇشۇپلا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولىدىغاندۇ، بۇلار ئاللاھقا مەلۇم، مەن بىلمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن، چوڭ قىيامەتنى، چوڭ سوت مەھكىمىسىنى، جەننەت - دوزاخنى كۈتۈش ھاجەتسىز، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. بۇ يەردە ئاڭغىچە ھاياتى پەرزەخ بار، قەبرە ئازابى ياكى راھتى بار، روھلار ئازابى بار! بۇ مەسىلىنى ئايەت، ھەدىس ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى، ئەتىگەن - ئاخشامدا جەننەت ياكى دوزاخ تەڭلىنىدۇ، قەبرىدە راھەت يا ئازاب بولۇپ تۇرىدۇ، تا قىيامەتكىچە شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ پەقەت ھېسابنىڭ، سوراق - سوئالنىڭ، ئازاب - راھەتنىڭ بىر مۇقەددىمىسى خالاس. بۇنىڭ داۋامى ئاخىرى مەڭگۈلۈك ئالەمدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاڭغىچە يەنىلا كىچىك قىيامەت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەھۋالغا ئەتراپلىق قارىساق، كەڭ جايدىن نەزەرىيىنى كەڭ قىلىپ، چوڭ كۆز بىلەن قارىساق، كەلگۈسىگە قارىساق، چەكلىك، چېكى بار، ھامىنى ئاخىرلىشىدۇ. مەڭگۈ چەكسىز ئالەم ھامىنى قۇرۇلىدۇ، بۇ راست، ھەق، مانا مۇشۇ مەندىن ئېيتقاندا، قىيامەت بەك يېقىن، بۇ دۇنيا بىر ۋاقىتلىق تاماق ۋاقتى خالاس. بىر قېتىملىق مۇسابىقە مەيدانى خالاس، ئاخىرى بۇ مۇسابىقە مەيداندىن چىقىپ ھەممىسى نەتىجىسىنى كۈتىدۇ، ياخشى - يامان مۇكاپىتىنى كۆرىدۇ. بۇنى ئاللاھ، ئۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئەۋلىيالار، پەيلاسوفلار، ھۆكما، ئالىملار بىردەك بىر خىل كۆز قاراشتا بولغان، ئەمدى، سەن، مەن تۈزگەن ئەرۋاھلار دېگەن كىتابىتىكى روھلارنىڭ سۆزىگە، جاۋابىغا قارا، روھلار شۇنداق دېگەنكى، بىز يەنىلا دەسلەپكى ئەخلاق، ئىش، ئەمەل ئۈستىدە ياشايمىز دېگەن. بۇنداق دىگىنى، شۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىمىز دىگىنى، مانا ئىنسان بارچە ياخشى - يامان ئىشىنىڭ جازا، مۇكابىتىنى كۆرىدۇ. روھلار شۇنداق دېگەنكى، قىساس، ئادىل ئىشتۇر. روھلار ئارىسىدىمۇ قىساس بار دېگەن. بۇ ھەدىسكە ئۇيغۇن، ئۇلار شۇنداق دېگەنكى، بۇ خىل ئازابتا بولىدۇ، ھېرىسمەن كىشى، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئارزۇ - ئارمان، كۆپۈككە ئوخشاش يوققا چىقىدۇ، نەق ئەمەل بار نەرسە كۆرۈلىدۇ، يوق نەرسە يېزىپ قويۇلمايدۇ دېگەن. روھلار مۇناجاتىدا سوئال - جاۋابىدا مۇنداق يېزىلىدۇ.

## روھلار قەبرە ئىچىدە جەسەت بىلەن بىرلىشەمدۇ؟

جەسەت بىر كىيىمگە ئوخشايدۇ، روھلار بۇ كىيىم ئىچىدە مەھبۇس تۇرمىدە تۇرۇپ، ئازابلانغاندەك، ئازابلىنىدۇ، بۇ ئازاب، روھ، تەن، جەسەت، ئىككىسىگە بولىدۇ دېگەن. ھەدىستىمۇ چالا تاپانغا ۋاي دېگەنكە قارىغاندا، جەسەت ئازابلىنىدۇ، بۇ ئازاب تاھارەتتە تاپىنىنى چالا يۇغانغا بولسا، قالغان ئىشتا نېمە بولا؟ روھلار ئەلۋەتتە، ئازاب، راھەتتە بولىدۇ، دېمەك، روھ، تەن، جەسەت ئىككىلىسى ئازابلىنىدۇ، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولماقتا، بۇنى تەبئىي ـ پەندىمۇ ئىسپاتلاپ چىقتى، بۇنى بىز سۆزلەپ بولغان، روھلار يەنە دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام، مەغفىرەتنىڭ روھلارغا شۇنداق خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن، بۇمۇ ھەدىستە ئىسپاتلانغان، بىر مۆجىزە، روھلار شۇنداق ئېيتىدۇكى، كىشىلەر بۇ دۇنيادا دوست، مۇھەببەت، ئاشىق ـ مەشۇق ياكى ئۆچ ـ ئاداۋەت، رىقابەت، جەڭ دېگەندەك ئىشلاردا بولىدۇ. بۇ ئىشلار روھلاردا ئۆزگەرمەيدۇ، شۇ پېتى قوپىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىسمۇ شۇنداق كۆرىلىدۇ، كىشى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ، كىشى ئۆلگەن. ئىش ـ ئەمەل ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، خۇي ـ پەيلى، مىجەزى، ئالىم، تۇرۇكلىكى، ياخشى ـ يامانلىقى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ئاخىرى بۇلار ئۇنىڭ جازا، مۇكاپىتىنى كۆرىدۇ. مانا شۇنداق بۇرۇھ ئىلمىدىمۇ ئازاب، راھەت، قەبرىدە، ھاياتى بەرزەخدە چوقۇم بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، بۇ ئايەت، ھەدىستە تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ يىراق ئەمەس، نەخ ھازىرقى ئىشتۇر.

خۇلاس: قىيامەت راستلا بەك يېقىن، كىم ئۆلسە، ئۇ شۇنىڭ قىيامىتى بولىدۇ، بىز قىيامەتكە ئالدىراپ نېمە قىلارمىز. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ھەممە جەھەتتىن، قۇرئان مۆجىزىسىگە قىزىققان.

ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، قۇرئاننى مۆجىزە دېديا،
بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز سۇرە ئەنبىيا.
ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر، ئاتموسفېرا،
بارچە ھاياتلىققا نېمەتتۇر بۇ ھاۋا.

ھاۋاسىز ھاياتلىققا يېتىدۇ قازا،
قېنى ئەمىسە، تەپەككۇر بىلەن قارايلى تازا.
ئىلمىي تەپەككۇرنى قىلمىغان كىشىلەرگە،
كۆزگە كۆرۈنمەي يېتىپ كېلىدۇ بالا ـ قازا.
مىكرۇپ، ۋىرۇسدىن ۋابا تەگكەندە،
تەن ۋە جىسىم بولۇپ كېتىدۇ، تالا ـ تالا.
نادان، جاھىل خۇراپىيلار بۇ ئازابنى تېتىغاندا،
ئاھ! ياردەمچى قەيەردىكىن دەپ قالار.
ھەركىم قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ دېگەن بار،
خۇراپىيلىقىمىز تۈپەيلىدىن كەلدى بۇ بالا.
ئىلمىي زاھىر ئىلمىي باتىنى تەبئىي ـ پەننىڭ ئالدىدا،
سەنمۇ بالا مەنمۇ تېخى بالا دېدىم مانا.

سۈرە ئەنبىيادا مۇنداق ئايەت بولۇپ، ھەممىسى يەنى ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش، ئاي، ھەربىر پىلانېت، يۇلتۇزلار ئۆز پەلىكىدە سەيرى قىلىدۇ دېگەن. بۇ ئايەتكە ئوخشاشلا سۈرە ياسىندا، سۈرە رەئىدەدە، ۋە باشقا ئايەتلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ، جۈملىدىن يوللۇق ئاسمان بىلەن قەسەمكى دېگەن، شۇنداقلا مەشرىق ـ مەغرىب يەنى ھەممىنىڭ مەشرىقلىرى، مەغرىپلىرى ياكى قۇياش، ئاينىڭ قىشتىكى، يازدىكى مەشرىق ـ مەغرىپلىرى دېگەن، يەنە يۇلتۇزلار ئورنى بىلەن قەسەم قىلغان، شۇنداقلا، سىلەر كۆرىدىغان ۋە كۆرمەيدىغان نەسىلەر بىلەن قەسەم دېگەن، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈش، سەيرە قىلىش، يوقىلىش، پەيدا قىلىش نەزەرىيىسى قۇرئاندا خېلى ئوچۇق سۆزلەنگەن، ھەدىستىمۇ كۆپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىلغار ئۇسكۈنە، تېلېسكوپ بولمىسا، ئالەم قاتنىشى بولمىسا، راكىتا، ئالەم كېمىسى بولمىسا بۇلار ئاسترونومىيىگە ئالىم بولمىسا، رەسۇلۇللاھ ساۋاتسىز تۇرسا، قانداق بولۇپ، 19 ـ ئەسىردە كەشىپ قىلىنغان بۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن، قۇرئان، ھەدىستە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ؟ مانا بۇلار قۇرئاننىڭ ئېنىق مۆجىزىسىدۇر، ئاسمان گازدىن ھاسىل بولغان سۆزمۇ قۇرئاندا بار، دېمەك، ئالەم، ئاسمان، ئالەم بوشلۇقى، يۇلتۇزلار، سىستېمىلار، ئوربېتىلار قۇرئاندا سۆزلىنىدۇ. جۇغراپىيە، يەر قاتلاملىرى نەزەرىيىسى، ماددا، زەررىچە، نۇر ئىلمى قاتارلىقلار، بۇلار ئاجايىپ سىرلىق مۆجىزە، يەرشارى ئايلىنىدۇ دېگەن. نەزەرىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەنىلا قۇياش ماڭىدۇ، سەيرە قىلىدۇ دېگەن، نەزەرىيىمۇ قۇرئاندا دېگەنەدەك راست، ھەققەت بولۇپ چىقتى، قۇياشمۇ ھەر كۈنى تەخمىنەن 28 مىليون كىلومېتىر ماڭىدۇ، ئۆز نىشانىغا قاراپ سەيرە قىلىدۇ، بىز بۇ مەسىلىنى سۆزلەپ بولغان، بۇ جايىدا ئىشارەت قىلىمىز خالاس.

يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، بۇ سۈرىدە بىز ئاسماننى بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق دېگەن، بۇ ئۆگزە دەل ئاتموسفېرا، قۇرئاندا بۇلۇتنىمۇ ئاسمان دېگەن. سۇلارنى بۇلۇتتىن چۈشۈردۇق دېگەننى ئاسماندىن دېگەن، دېمەك، بۇ ئاسمان دەل ئاتموسفېرا شۇ، بۇ بىزگە راستلا بىخەتەر ئۆگزە بولماقتا، تاشقى ئالەمدىن، ئايدىن كەلگەن، ئۇندىن باشقا يەرشارى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن مېتئورىت تاشلار، ئۇششاق سەييارىلەر، دائىم ھالدا زېمىننىڭ تارتىش كۈچى بىلەن زېمىنغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ سۈرئىتى بەكلا تېز بولغاچقا، تېزلا سۈركىلىشىدىن ئوت كېتىپ، كۆيۈپ كېتىدۇ، بۇ دەل ئاقار يۇلتۇز شۇ. ئەگەر ئاتموسفېرا دەك بىخەتەر ئۆگزە بولمىسا، ئېغىرلىقى بىر توننىدىن ئاشىدىغان بۇ تاشلار پۈتۈن ھاياتلىقنى ئاخىرلاشتۇراتتى. ئادەتتە، چېلاندەك بىر تال مېتئورىت تاش زېمىنغا چۈشسە، بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى پولات تاختىنى تېشىۋېتىدۇ، ئەگەر بىر نەچچە توننا تاشلار چۈشۈۋەرسە قانداق بولار؟

مانا بۇ بىخەتەر ئۆگزە، راستىنلا قۇرئاندا سۆزلەنگەن ئىكەن، بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىدۇر. شۇنداقلا، بۇ ئاتموسفېرا تاشقى ئالەمدىن كەلگەن قۇياشدىن كەلگەن، ئىنسانلارغا زىيانلىق بىر خىل نۇرنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپ ھالاكەتتىن توسۇپ قالىدۇ، يەنىلا بۇ بىخەتەر ئۆگزە بولماقتا، يامغۇرنى پەسكە قايتۇرىدۇ، مەلۇم دائىرىدە بولۇت توسۇلۇپ قېلىپ، پەسكە يامغۇر قايتىپ چۈشىدۇ، يەنىلا بۇ بىخەتەر ئۆگزە بولىدى، شۇنداقلا بارچە ئۇچۇرنى رادىئو، تېلېفون، سۈنئىي ھەمراھ، قاتارلىقلارنى ھەر خىل قانالLARدىمۇ تارقالغان سىگنال، دولقۇن، چاستوتى، ئالاقىنى دەل شۇ ئاتموسفېرا قاتلىمى پەسكە قايتۇرىدۇ، بولمىسا يۇقىرقىلار ئىشلىمەيدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، بۇ ئاسماننى زاتىر رەجئى دېگەن سۈرە تارىقدا قايتۇرۇش ئىگىسى بولغان ئاسمان دېگەن. **(يەرشارىنى قۇرشاپ تۇرغان بىخەتەر ئۆگزە)**

قەدىمقى ئالىملار بۇ ئايەتنى يامغۇرلۇق ئاسمان دېگەن، ھازىرمۇ شۇنداق، ئەمما، بۇ قايتۇرغۇچى ئاسمان نۇرنى سىگنالنى، دولقۇننى، خەۋەر ئۇچۇرنى قايتۇرىدۇ، ئاشۇ مېتئورىت تاشنى قايتۇرىدۇ، بۇمۇ قۇرئاندىكى بىر مۆجىزە بولىدۇ. پۈتۈن ھاياتلىقتا بۇ ھاۋا بەكمۇ لازىم، بىز ئاتموسفېرانىڭ ئەڭ زىچ جايىدا ياشايمىز، ئەگەر سەللا شالاڭ بولسا، ھاياتىمىزدىن ئايرىلىمىز، خۇددى ئېگىز تاغقا چىققانلار ئوكسىگېن ئالغاچ چىققاندەك كۆنگە قالىمىزى. ئاتموسفېرا يەتتە قەۋەت بولىدۇ، بۇ ئىلىمنى سىز تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىدىن كۆرۈڭ، ئايەتنى تېخىمۇ رۇشەن چۈشىنىسىز، ئەلۋەتتە، بىز دۇنيا ئىنسانلىرى جۈملىدىن مۇسۇلمانلار، بۇ بىخەتەر ئۆگزىنى بۇلغىماي قوغدىشىمىز لازىم. ھەر قايسى دۆلەتلەر بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. بولمىسا پۈتۈن ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، بۇ قۇرئاننىڭ ئاجايىپ مۆجىزىسى بولۇپ، بىخەتەرلىكنى مۇھاپىزەتنى ئېنىق تىلغا ئالغان،

قۇرئاننىڭ ھەربىر ئايىتى، ھەربىر سۆزى، لۇغىتى ئاجايىپ مۆجىزە، سىرلىق، چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ئەزلى سۆزىدۇ، مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ، شۇنداق بو لىدۇ. بۇ جەزمەن ھەقىقەتتۇر.

بۇ ئاسمان ئاتموسفېرا يەنىلا ئۈچۈش ئىشلىرى ئۈچۈن، قۇشلار ئۈچۈن، مۇھىت ئۈچۈن، پۈتۈن ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئۈچۈن، ھاۋا قاتنىشى ئۈچۈن بىخەتەر ئۆگزە بولماقتا، بولۇپمۇ بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، نۇردىن بىخەتەر ئۆگزە ئەگەر بۇ ھاۋا ئاتموسفېرا بولمىسا ھەممە كۆيۈپ تۈگەيدۇ، ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. قۇرۇپ تۈگەيدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئاتموسفېرا، ھاۋا، ھاۋا يولى، رەڭدىكى ئۇزۇن ـ قىسقا بولغان دولقۇنلار، قاناللار، ئۈچۈر سىستېمىسى، بۇلارمۇ بىخەتەرلىككە كېپىل بولالايدۇ. ھەر خىل ئۆرۈش، بولۇپمۇ ئالەم ئۇرۇشى، ھاۋا ئۇرۇشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. يەرشارىنىڭ ئايلىنىشى، باشقا پىلانىت، ھەمراھ، ئاي، ۋە باشقا پىلانېتلار بىلەن بولغان تارتىش كۈچى، ئالاقىسى جەھەتتىمۇ بۇ ھاۋا، ئاتموسفېرا، چوڭ رول ئوينايدۇ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ، بولمىسا، پۈتۈن سىستېما ۋەيران بو لىدۇ. ھەر خىل مۇز تاغلار، قار تاغلار، سۇ ئامبارلىرى بىلەن بۇ ھاۋانىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار. مۇھىم ئالاقىسى بار، ئەگەر بۇ ھاۋا سوغۇق بولمىسا، يەنىلا ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ ھەممە قۇرۇپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، مانا بۇ بىخەتەر ئۆگزە، قۇرئان مۆجىزىسى.

سۈرە ئەنبىيا، ئى مۇھەممەد، بىز سەندىن ئىلگىرى ھەر قانداق بىر ئەلچىنى ئەۋەتسەك، ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەھى قىلدۇق، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ ئايەتمۇ كاتتا مۆجىزە بولماقتا، چۈنكى، دۇنياۋىي ، دىن، تەتقىقاتچىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان بىر مەسىلە، پۈتۈن دىن تەۋھىدنى ئاللاھنىڭ بارلىقنى، بىرلىكىنى تىلغا ئالغانكەن، مەيلى، ھازىر بولسۇن، ياكى قەدىمكى بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھنى بار دېگەن. ئەمما، چوقۇنۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولماي، شېرىك كەلتۈرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن، ۋەھى قىلىنغان ئىكەن، مەسىلەن: ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن **4800** يىل بۇرۇنقى خرىستىئان دىنى، مىلادىدىن **600** يىل بۇرۇنقى بۇددا دىنى، ھىندى دىنى مىسىرلىقلارنىڭ قەدىمكى دىنى، دىننى ئاللاھنىڭ بارلىقنى، بىرلىكىنى، ئوچۇق سۆزلەنگەن، ئەمما، ئىبادەت شەكلى توغرا بولماي ئۆزگىرىپ كەتكەن، جۇڭگودىكى بۇددا دىنىمۇ شۇ يوسۇندا، زېمىننىڭ ھەر قايسى جايدىكى دىنلارمۇ ئاللاھنى بار دەيدۇ. بىرلىكنى ئېتراپ قىلىدۇ، ئەمما بۇلار ھەقىقىي ئاللاھ رازى بولىدىغان مۇقەددەس ئىلاھى كىتاب قۇرئاننىڭ تەلىپ بويىچە يول تۇتمايدۇ، ئۇنى قانۇن قىلمايدۇ، ئىبادەت شەكلىدە ۋاستە، شېرىك بار، شۇنىڭ ئۈچۈن خاتا. ئۇلار مۇشرىك دەپ دىنسىزلار قاتارىدا دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، چۈنكى، بۇلار شەيتانغا ئوخشاش، ئاللاھنى بىلسىمۇ، تونىسىمۇ، ئەمىر ـ پەرمانىغا خىلاپ ھالدا يولدىن چىققان، ئۆز ئالدىغا قانۇن، پىرىنسىپ تۈزۈپ، ئۆزىنى، ئۆزگىنى ئازدۇرغانلاردۇر. ئەمما بۇلارنىڭ كىتابلىرىدا ئاللاھ بار، بىر دېگەن، سۆزلەر بار، مانا بۇ ئايەتنىڭ مۆجىزىسى بولىدۇ. قەدىمقى مىسىرلىقلارنىڭ دىنى كىتابلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ. پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان خالىق ھەق، ئۇ پاك، ئۇ مۇقەددەس، ئۇنىڭدا ھېكمەت، قۇدرەت بار، باشقا ئىلاھلار ئۇنىڭغا سۈپەت خالاس دېگەن. دېمەك، بۇلار شېرىك ئەقىدىدە خاتالاشقان، بۇلار بۇ نەرسىلەرگە ئاللاھقا يېقىن بولۇش ئۈچۈن چوقۇنىمىز دەپ قارىغان، بۇ ئايەتتىمۇ بار، دېمەك، بۇلار ئاللاھنى بار، بىر دېگەن بولسىمۇ ئۆرپ ـ ئادەت، ئىبادەت، ئەخلاقتا خاتالىشىپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلاردۇر.

چۈنكى، بۇلار ئاللاھنىڭ سۆزىنى قويۇپ، ئۆز نەپسى ـ خاھىشىغا چوقۇنغان، ئاتا ـ بوۋىسىغا ئەگەشكەن، بۇلار مۇشرىك دېيىلدىۇ. يەنى ئاللاھقا ۋاستە ئارقىلىق شېرىك كەلتۈرۈپ دىندىن چىققانلار، بۇلار دوزاخ ئەھلى بولىدۇ.

قەدىمىي پارىس دىنىدىكىلەر، ئارىيىن قەبىلىسى، سىلتىيون، پىلاندەك، ئەھلى زەر دەشت قاتارلىقلار، ھەق دىن سۈپىتىدە ئاللاھ بار، بىر دېگەن. نۇر، زۇلمەت، ھەق، باتىل، ياي، پىقىرلىق، قانۇنى ئىستىقامەت، كامىل ھۆكۈم، ئىبادەت، تاھارەت، ساقلىق، مەڭگۈلۈك قانۇنلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلار ئاللاھ، دېگەن ئاتالغۇنى ئالماشتۇرۇپ، ئاللاھ دېگەننىڭ ئورنىدا، ياخشىلىق ئىلاھى نۇر، ئىنسانلارنى ياراتتى، دەپ قارايدۇ، پەرىشتىلەرنى ناماز، دۇرت، زىكرى، ئىبادەتنى، پاكلىقنى، دىنى پەرىزلەرنى تىلغا ئالىدۇ، قىيامەت كۈننى، روھلارنى قايتا تېرىلىشنى تىلغا ئالىدۇ، بۇ ئەقىدىسىز، ھېچقانداق دىن، دىن بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلار مۇنداق دىدى، ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش، ئاي، نۇر، ئوت، سۇ، شامال، بۇلۇت، ھەممىنى بىر ئىلاھ ياراتقان، بىز شۇ

ئىلاھقا چوقۇنمىز، سەجدە قىلمىز، ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭغا شەكىل يوق، ئوخشاش يوق، ئۇ مەلۇم چېگرالىق ماكاندا ئەمەس، ماكان ئورۇنغا موھتاج ئەمەس، بىز ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تىل بىلەن سۈپەتلەپ بېرەلمەيمىز، ئەقلىمىز ئۇنى تاپالمايدۇ، ئۇنىڭ **1000** ئىسمى بار، ئۇنىڭ بىرسى ياخشىلىق ئىلاھى روھ، ھەكىيم دېگەن مەنىدە بولىدۇ. زەردەشتنى ئەلچى دەپ ئېتراپ قىلىدۇ، ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش، قىيامەتكە ئىمان كەلتۈرۈش تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمقى مىسىرلىق، پارىسلىق مەجۇسىيلار، بۇددىزىمچىلار، ھازىرقى ھەممىسى ئاللاھ بار، بىر دېگەن، بۇ دۇنياۋى دىن تەتقىقاتى بولۇپ، پۈتۈن دىنىنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان خۇلاسە سۆز. ئاللاھ بار دەيدۇ، بۇ تېما ھەرگىز ئۆزگەرمىگەن، ئاخىرەت، ئاسمان ـ زېمىن، ئەرشى، كۇرسى ھەممىسى شۇنداق، ئەمما، قانۇن، ئىبادەت تۈرى، شەكلى، ئوخشاشماي قېلىپ، ئۆزگەرگەن، ئۇلار ئاخىرى ئىسلامدىن چەتنەپ كەتكەن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ھىندىلار دىنىنى پەيدا دېگەن كىتابنى، خىرىستىئان دىنىنى، بۇددا دىنىنى، لىيونسو دىنىنى، بابىل دىنىنى، كونفشيوس دىنىنى، مەجۇسى دىنىنى ھەر خىل دىنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى تەكشۈرگەن، ئاخىرى قۇرئاندىكى بەزى مۆجىزىلىك ئايەتنى دەلىلەپ چىققان، راستلا ئاللاھ، پۈتۈن ئەلچىگە ئاللاھ بىر دېگەن، ئىبادەت تۈرى ئوخشاشمايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا قۇرئان، ئىلاھى مۇقەددەس كىتاب، ئاساسىي قانۇن بولۇپ، بۇنىڭدىن چەتنىسە بۇنى يول قىلمىسا، بۇ قۇرئان بىلەن پۈتۈن قەدىمى دىنىنى كىتابنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسا، ئۇ كاپىر، دىنىسىز ھېسابلىنىدۇ. پەقەت، ئاللاھقا بىز دېگەندىن كېيىنلا، قۇرئانغا كېلىشى لازىم، بۇ مۆجىزىلىك كىتاب كۆپايە. ﴿**بىز ئوتقا ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە سالامەت بول دېدۇق**﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەۋھىدنى بايان قىلىش، ھەقنى سۆزلەش جەريانىدا زالىم پادىشاھ ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ھۆججەتنى قويۇپ قويسا، زالىملار بېسىم ئىشلىتىپ ئوتقا سالغان، ئاللاھ، سالامەت بول دېمىگەن بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوت ئىچىدە توڭلاپ قالىدىكەن.

بۇ ئايەتتە بىزگە زور ئۈلگە بار، ھەق دىن ئۈچۈن، ئاشۇنداق ئوتقا، سۇغا، دېڭىزغا ھەرقانداق خىيىم ـ خەتەرگە قارىماي بىر خىل چىڭ تۇرۇش، ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىش، قىلچە تەۋرەنمەسلىك بار، سەيىيد قۇتۇب بۇ ئايەتتە مۇنداق دېگەن. ئوتنىڭ سوغۇق بولۇشىنى، ئالىملار تەبئىي ـ پەن بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، ئەمما، بۇ خاتا، چۈنكى، بۇ ئادەتتىن ـ تاشقىرى مۆجىزە، ئىشتۇر، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ئاللاھ، كۈن، يەنى ۋۇجۇدقا كەل دېگەن بۇ سۆزنى ئوتقا دېگەن تۇرسا، كۆيۈشنى يەنى سوغۇق بول دېگەن تۇرسا، ئوتنىڭ سوغۇق بولماي نېمە ھەددى، بۇ پەرمان يېتەرلىكتۇر، بۇنى تەكشۈرۈش ھاجەتسىز دېگەن. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا مۇنداق قارىغان، بۇ ئايەتتە ئوتنى، نۇرنى، تەبئىي گازنى باشقۇرۇشقا ئىشارەت قىلىنىدۇ.

ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئاللاھ خالىسا ئوتنىمۇ سوغۇق قىلىش ئىشلىرىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، خۇددى توك ئارقىلىق توڭلاتقۇ ئىستېمال قىلغاندەك، ئاللاھ بۇ ئايەتتە زور نېمەتكە، مول بىلىمگە ئىشارەت قىلغان، بۇ ئېنېرگىيىنى ئىسسىق ـ سوغۇق ھەممە ئىشقا ئىشلىتىش ئىلمى بولىدۇ دېگەن. شۇنداقلا ماددىنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىش كۆرسىتىلىدۇ. بۇمۇ قۇرئان مۆجىزىسى، ئوت ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق بولغان بۇ ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۆجىزە بولغان، بىزگە ئىلىم ـ پەنسىز بۇ ھاسىل بولمايدۇ، ئەمما، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەپسى ئۈچۈن ئەمەس، دىن ئۈچۈن، ھەق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، جىھاد قىلغان، كۆرەش قىلغان، بىزمۇ جەڭ قىلساق، تىرىشساق، ئەمەل قىلساق، لايىقىدا شۈكرى قىلساق، ئىككى ئاقىبەتكە يولۇقمىز، يا غەلىبە، غەنىيمەت، يا شېھىدلىق مەڭگۈلۈك بەخت، بۇ چاغدا ئوت بىزگىمۇ سوغۇق بولىدۇ. بۇ ئوت، ئاخىرى بەختنىڭ كۆۋرۈكى بولىدۇ، بىز شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەكلا مەڭگۈ بەختىمىزنى تاپىمىز، مۇجاھىدلارغا ئىككى ياخشىلىق ۋەدە قىلىنغان، بۇلار ئوتتىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، شۇ چاغدا ئوت ئۆزلىگىدىن سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ دېگەن. راست، ئاللاھ، ئاخىرەت، ئاللاھنىڭ جامالى، مەڭگۈلۈك بەخت ئۈچۈن بۇ ئوت سوغۇق تۇيۇلىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھقا يارامىلىق كىشىلەر مۇتتەقىيلەر، ئەۋلىيالار، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، يەنىلا بۇ ئوت سوغۇق بولۇپ بېرىدۇ. بۇمۇ كارامەت بولىدۇ. دەججالغا كەلسەك، بۇ بىر باپلاش، مىكرىدۇر، بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئاجايىپ قۇدرىتى مۇمكىن بولماس ئىشلارنى مۇمكىن قىلالىشى، بايان قىلىنغان. ھەقىقىي مۆئمىن، ئاللاھقا، شۇ ئىتىقادىدا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىر دەپ تونۇيدۇ. بىز

دەل مۇشۇ ھەقىقەتنى، قۇدرەت، ھېكمەت، رەھمەتنى ئىزدەۋاتىمىز، ئەسلىنى، كەيپىياتى سەۋەبى، ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتىمىز. شۇ ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاپ، ئاشىق بولۇشنى پىلان قىلدۇق، ئەمما، ئاشىق، ئىشىق دېگەن بۇ نېمەتنى ئاللاھ خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، مەيلى خالىقىقا بولغان ئىشقى بولسۇن، مەخلۇقىقا بولغان مەجازى ئىشقى بولسۇن، ئىككىلىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، خالىغانغا بېرىپ، خالىغاندىن ئېلىۋالىدۇ. ئىنسان بۇ ئىشنى، بۇ ئىشقنى باشقۇرالمايدۇ، قەلب ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، مۇھەببەت كور قىلىپ قويىدۇ، گاس قىلىپ قويىدۇ، ئىشق، مەجنۇن قىلىپ قويىدۇ دېگەن گەپ بار.

سىلەر ئاللاھقا مەجنۇن دېگەن نامنى ئالغىچە زىكرى ئېيتىڭلار دېگەن ھەدىس، ئەسلى ئاشىق بولۇڭلار دېگەن بولىدىكەن، بۇ ئاشىق بولۇش كۆپ ئەسلەش، زىكرى ئېيتىش، ئىبادەت، ئىستىقامەت قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئاللاھنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى تونۇش، سېغىنىش، چۈشىنىش، ئىشىنىش، جان ـ مالنى ئايىماي سەرپ قىلىش، ئىتائەت قىلىش، دىگىنىنى قىلىش، توسقاندىن يېنىش بىلەن ھاسىل بولىدىكەن.

بۇ ھەدىس، تەپسىر مۇنىيردا سۆزلىنىدۇ. خۇلاسە گەپ شۇكى، ئاللاھقا ئاشىق بولسا، مەجنۇن بولسا، يەنىلا ئوت سوغۇق بولىدۇ. بۇ ئىشقى ـ مۇھەببەت ئالدىدا زەھەرلىك ئاتوم بومبىسى مىزىلىك، سالقىن ھاۋادەك تېتىيدۇ، ھېچنىمىگە كار قىلمايدۇ، چۈنكى، ئىككى ياخشىلىق يا غەلىبە، غەنىيمەت، يا شېھىدلىق تۇرسا، ئۆلسە بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ مەشۇقى ئاللاھقا ئۇچقىشىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ بۇ ئوت بۇ گاز بۇ توك سوغۇق، سالقىن بولمىسۇن؟ ئاساسىي ئامىل، ئاساسى سەۋەب، دىلىدا شۇنىڭ ئۈچۈن مەقسەت نەپسىنى پاكلاپ قەلبىنى سۇزۇش.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ سۈرىدىكى قىسسىلەرنى يېزىۋاتقاندا، بىر ئالىم كىرىپ، ئەي ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ھازىر پۈتۈن ئالەم تەرەققىي قىلماقتا، ھاۋادا ئۇچماقتا، سۇ ئاستىدا ئۈزمەكتە، قۇرۇقلۇقلاردا خالىغانچە تېز سۈرئەتتە قاتناماقتا، سىلىنىڭ بۇ قىسسىنى يېزىشلىرى بىلەن بۇ تەرەققىياتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي خۇرسەن بولۇپ كېتىپ، قۇلاق سېلىڭ: دەل سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىشلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دىققەت قىلىڭ، بۇ قىسسىدە مۇنداق ئىشلار سۆزلىنىدۇ، ئاللاھ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئىككى خىسلەت بەرگەن، بىرى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئىشتىياق، ئاشىق بولۇش، ئىخلاس قىلىش، مۇڭلۇق زىكرى بەردى، ئۇ تەسبىھ ئېيتسا، قۇشلار، تاغلار، دەريالارمۇ قېتىلىپ تەسبىھ ئېيتاتتى، بۇنىڭدا ئىنسان، ھايۋان، ئۇسۇملۈك، دەريا، تاغلار ئارىسىدا زىچ باغلىنىش چىقىپ تۇرىدۇ، شاماللار ئاۋازى، قۇشلار، دەرەخلەر ئاۋازى، سۇلار ھەرىكىتى، كىشى نېرۋىسىنى، قەلب تارىسىنى چېكىدۇ، بۇنىڭدا ئاۋاز ئىلمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەلب ئاللاھدە تەسىرلىنىدۇ، زاكىر، مۇتەپەككىر، ئىلىم ئالغۇچى، ھاۋانى، ئاتموسفېرانى پىكىر ھەرىكىتى، سىر ھەرىكىتى، ۋىجدان، نەپسى، قەلب ھەرىكەت ئورنى دەپ تونۇيدۇ، بۇنىڭدا ھاۋا ئىلمى كۆرستىلىدۇ. ئىككىنچى خىسلەت بولسا، جەڭ كىيىمى ياساش، بۇ بەكمۇ مۇھىم ئىش، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە روھانىي، جىسمانىي ئاسمان ـ زېمىن جەھەتتىن ھەقىقىي مۇجاھىدقا ئايلانغان، جەڭنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش، ئەسكەر باشقۇرۇش، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش، يەنىلا زىكرىدىن توسالمىغان، مانا بۇ مۇسۇلمانلارغا ھاۋا، قۇش، تاغ، باغ، يايلاق، جەڭ، جەڭ كىيىمى، قورال، زىكرى ـ تەسبىھ، قەلبىنى ئىسلاھ قىلىش، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئىشلىرىدا ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق بېرىلدى، بىز خۇددى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىگە ئوخشاش شۈكرى قىلىشىمىز، ھەق ئۈچۈن، ئاللاھ، ئاخىرەت، جامالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ئاللاھ بۇ زاتقا شەيتانلارنى، جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، قۇرۇلۇش ئىلمىنى ئاسان قىلدى، شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، پادىشاھلىق، ئەسكەر باشقۇرۇش، ئىشقا سېلىش، دېڭىزلاردىن گۆھەر سۈزۈش، قۇرۇقلۇق، دېڭىز بايلىقىنى ئېچىش، تۆمۈر، پولات تاۋلاش ئىشلىرىنى ئاتا قىلدى، ھاۋانى، قۇشلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، قۇشلار، ھايۋانلار تىلىنى ئاتا قىلدى. پۈتۈن دۇنياغا، شەرق ـ غەربكە پادىشاھ قىلدى. بۇلارمۇ بىزدە بار، ھازىر بولسا، شامال بويسۇندۇرۇلۇپ، ئايرۇپىلان، ئالەم كېمىسى سەپەر قىلماقتا، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۈچار گىلەمنى ھاۋا قاتنىشى ئىگىلىدى، ئۆز ۋاقتىدىكى دېڭىز، سۇ ئاستى ئىشلىرىمۇ ئۆز ئەينى بويسۇندۇرۇلدى، ھازىر **11000** مېتىر

چوڭقۇرلۇقتا چۆكۈپ، گۆھەر، مارجان سۈزۈۋاتىدۇ، ھەرخىل ھايۋانلار دېڭىز مەھسۇلاتلىرى بېرىلدى، ھەرخىل بايلىقلار ئېچىلدى، نېفىت تېپىلدى، ھايۋانلار ھاۋا تەۋەلىكى بويسۇندۇرۇلدى، ھۆپۈپكە ئوخشاش تېلېفون، سۈنئىي ھەمراھ، كومپيۇتېر تور ئۇچۇرى، خەۋەر بەرمەكتە، ئۆز ۋاقتىدىكى كارامەت، مۆجىزىلەر ھازىر ئۆز ئەينى ئىلىم ـ پەن بىلەن بېرىلدى، بۇ ئەمەلىيەت، ئەلۋەتتە، شامالنى بويسۇندۇرۇش ئىشى ئاجايىپ مۆجىزە بولماقتا، ئەلۋەتتە يوق نەرسە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، شامال بولىدىكەن، ئۇ مەۋجۇت نەرسىنى چوقۇم بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ دېگەن ئۇقۇم كېلىدۇ. قۇرئان، بۇنىڭغا بۇرۇنلا ئىشارەت قىلغان، ھاۋانى، قۇشلارنى بىللە تىلغا ئالغان، خۇدى سۈرە مۇلۇكتە بىللە سۆزلىگەندەك، دەل بۇ ھاۋا، شامال تەتقىقاتى، جۇغراپىيە ئىلمى شۇ ئىدى. ھاۋانى، شامالنى بويسۇندۇرۇپلا قالماي، ھاۋادىن ئازوت، ئوغۇت ياساۋاتىمىز. ئوكسىگېننى، ھىدروگېن كۆيدۈرگەننى بىلىۋالدۇق، ئاخىرى بىزمۇ قۇشلاردەك سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك، ھەتتا ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھەم تېز ئۇچتۇق، ھاۋا ئىلمىدىن نۇرغۇن ئۇچۇرنى، تېلېفون، سىگنال ۋاھاكازالارنى قوبۇل قىلدۇق، دۇنياۋى ئالاقە ئورناتتۇق، مانا بۇ نۇر، ھاۋا، پولات، تۆمۈر ئىلمى، ئەمما بۇلار ھايۋانلاردىن، قۇشلاردىن ئايرىلىپ قالمايدۇ، دائىم بىللە، شۇنداقلا بۇ سۈرىدە ئىشغال قىلىش، دۆلەتنى كېڭەيتىش، ھاكىمىيەتنى پۇتۇنلەي ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىش، ھەتتا جىنلاردىن تارتىپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىشلىرنى كۆرسىتىلىدۇ. دۆلەت بويىچە ئىش، ئەمگەك تۈزۈمى، قۇرۇلۇش ئىلمى، ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىلمى كۆرسىتىلىدۇ. ھاۋا، شامال، ئوت، تۆمۈر، قۇشلار، ھايۋانلار تەتقىقاتى كۆرسىتىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيانى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، ھەممىنى ئىدارە قىلىش كۆرسىتىلىدۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇرۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىزنى باشقۇرغان، ئاللاھ بۇ سۈرىنى بۇ قىسسىنى مۇشۇ مەقسەتتە ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ سۆزلىگەن، سۆزلىسەم گەپ تولا ئەمدى بولا، بىز ئاشۇ داۋۇت، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىگە ئوخشاش شۈكرى قىلىشىمىز لازىم. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدەك سەۋر قىلايلى.

بۇ سۈرىدىكى يەنە بىر مۆجىزە ئايەت شۇكى، ئاللاھ مۇداق دېگەن: ﴿**ئۇ كۈندە بىز ئاسماننى خەت پۈتۈلۈش ئۇچۇن تۇمار، قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز**﴾ دېگەن. شۇنداقلا ھەر بىر مەخلۇقنى دەسلەپتە تۇنجى قېتىم ياراتقاندەك، ئۆز ئەسلىگە قايتۇرىمىز دېگەن. ئۇ كۈندە ئاسمان ـ زېمىن باشقا ئاسمان ـ زېمىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ دېگەن. ھەممىسى ئاللاھقا ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ. بىز بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا زېمىننى قۇياشتىن ئايرىلغان دېگەن، ھازىر بولسا، ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ دېدۇق، دېمەك، خۇلاسە شۇ بولىدۇكى، زېمىن، يەنىلا قۇياش بىلەن ئاخىرىدا بىرلىشىپ قالىدۇ، مانا بۇ كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا دېگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئاللاھ شۇ چاغدا ئىنسانلارنى ھېساب ئۇچۇن تىرىلدۈرۈپ سىرات كۆۋرۈكى ئارقىلىق دوزاختىن ئۆتكۈزىدۇ، بۇ زېمىن ئاخىرى بېرىپ دوزاخقا يېقىن جايغا بېرىپ قالىدۇ، مۆئمىنلەر، مۇتتەقىيلەر جەننەتكە كېتىدۇ، كاپىر دىنسىزلار دوزاختا قالىدۇ، دېمەك، ئوتتا قالىدۇ. ھەممىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ئىلىم ـ پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كۈن نۇرى چوقۇم ئۆچىدۇ، ھەممە پىلانېتلار ئاخىرى بىرلىشىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال تېلىسكوبلاردا كۆزىتىش بىلەن كۆرۈلگەن. **60** مىليون پىلانېت، يۇلتۇزلار شۇ ھالەتتە ۋەيران بولغان، مانا بۇ قىيامەت كۆرىنىشى ئىدى، دائىم يوقۇلۇپ پەيدا بولماقتا، قۇياش سىستېمىسى شۇنىڭغا قىياس قىلىنماقتا، ئايەتمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، ئاخىرى ھەممە نەرسە بىرلىشىپ ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بولۇپمۇ ئاسماننى يۆگەش ئايىتى پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى بولغان ۋاكىئوم، ئەسىر دېگەن تەسىر كۈچكە ئىگە نۇردىنمۇ ئىنچىكە بولغان ئالەمگە ھەممە ئالەم ئاخىرى قايتىدۇ، شۇ ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ دەل يۆگىلىپ كېتىشتۇر، پۈتۈن ئالەم بۇ ئالەم ئىچىگە كىرىپ كەتسە، ئەلۋەتتە تۇماردەك يۆگىلىپ كېتىدۇ، ئاللاھ، ئاندىن باشقا ئاسمان، باشقا زېمىن يارىتىدۇ، مەڭگۈلۈك ئالەمنى قۇرىدۇ، مانا بۇلار قۇرئاننىڭ ئاجايىپ مۆجىزىسىدۇر، پۈتۈن ئاسترونومىيە ئالىملىرى ھەيران قالماقتا، ئۇلار بۇ ئايەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى **1400** يىل بۇرۇنقى ھالىتىنى تەكشۈرگەن ئاخىرى قايىل بولغان. (ئاسمان يوگىلىش مۆجىزىسى بۇتۇربىتىدە بار www.55A.NET)

قۇرئاننىڭ ئالەم نەزەرىيىسى پۈتۈن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، چۈنكى، بۇ قەتئىي شەكسىزلىك بىلەن جەزىم قىلىپ ھۆكۈم سۈرۈلگەن، چوقۇم ۋەيران بولىدۇ. چوقۇم باشقا ئالەم قۇرۇلىدۇ، چوقۇم ئىنسانلار تىرىلىدۇ دېگەن. بۇنىڭغا نۇرغۇن دەلىلەر تۇنجى يارىتىش، ئالەم يارىلىش، قايتا تىرىلىش، ئۆسۈملۈك، روھ، ھاياتلىق

ئۇندىن باشقا دەلىل ـ ئىسپاتلار كۆرسىتىلدى. قۇرئان بولسا، ھەممىگە كۇپايە، چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ مۇقەددەس مەڭگۇ ئۆزگەرمەس مۆجىزىلىك سۆزىدۇر. كىشىنى قانائەتلەندۈرىدۇ، شۇنداق بولمىسا، ھەقىقىي جەننەت قۇرۇلمىسا، قانداقمۇ قەلب خاتىرجەم بولسۇن، ئاللاھ دىدارىنى ئاشىقلارغا بەرمىسە، قانداقمۇ قەلب خاتىرجەم بولسۇن؟ پۈتۈن ئېقىملار، مەزھەب، گورۇھ، پارتىيە، دىن ئارىلىقىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىنمىسا قانداق توغرا بولسۇن؟ چوقۇم بۇ ئالەم قۇرۇلۇشى لازىم، بولۇپمۇ مەڭگۈلۈك بولۇشى لازىم، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇغان، بىزگە ھەر جەھەتتىن قۇرئان، قۇرئان مۆجىزىسى كۇپايە، پۈتۈن ئەمەل، ئىتىقاد، ئىشەنچ، قانائەت، ھەممە جەھەتتىن قۇرئان كۇپايە بولىدۇ.

بۇ سۈرىدىكى يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، ئاللاھ مۇنداق دېگەن، ھەقىقەتەن بىز ساماۋى كىتابلارغا، زېمىنغا مېنىڭ سالىھ، مۇسۇلمان بەندىلىرىم ۋارىس بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتتە ئابىد قەۋمگە يېتەرلىك مۆجىزە بار دېگەن. ئاندىن سېنى، بىز ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق، دېگىنىكى، ماڭا مۇنداق ۋەھيى قىلىندى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، سىلەر تېخى مۇسۇلمان بولمامسىلەر دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي دۇنيا خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ، راست دېگۈچى، ھېكمەت بىلەن سۆزلىگۈچى، قاراڭلار، خەرىتىگە قاراڭلار، راستلا قەدىمكى ئىسلام دۆلىتىگە، ئىسلام زېمىنغا، يەنىلا سالىھ كىشلەر ۋارىس بولۇپتۇ، قاراڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىلدا تۇرۇپ، كېيىن شام، سۈرىيىگە بارغان، ئاندىن مەككىگە ھىجرەت قىلغان.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلايمەن ئەلەيھىسسالاملارمۇ شام، سۈرىيىدە تۇرغان، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار مىسىردا تۇران، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام سۈرىيىدە تۇرغان، يەھيا، ئىسا، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار، ھىجازدا تۇرغان، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام نەينۇ دېگەن جايدا تۇرغان، لۇت ئەلەيھىسسالام شام، سۈرىيىدە تۇرغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئالجىرىيە ئاراللىرىنىڭ بىر يېرىدە تۇرغان، ئىدرىس ئەلەيھىسسالاممۇ مىسىردا تۇرغان، پەيغەمبەر ئادەم ئاتىنىڭ جايى ئېنىق ئەمەس. توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

بەزىلەر مەككە ئەتراپى دەيدۇ، مانا بۇلار پۈتۈنلەي ھازىرقى مۇسۇلمان دۆلەتلەر راستىنلا مۇسۇلمان زېمىنغا يەنىلا مۇسۇلمان، سالىھلار ۋارىس بولغان، ئاللاھ بۇنى **1400** يىل بۇرۇنلا دۇنيا خەرىتىسى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا دېگەن، ھازىر بۇ دۇنياۋى تەكشۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىپ، بۇ ئايەتنىڭ مۆجىزىلىكى ئاشكارا بولغان، قاراڭلار سىلەرمۇ قاراڭلار. راستىنلا ۋارىسلار، سالىھلار، راستىنلا بۇ مۇسۇلمانلار يۇرتى، مۇسۇلمانلار شەھرى، بۇ ئايەتنىڭ ئاجايىپ جۇغراپىيىلىك مۆجىزىسى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشىگە رەسۇلۇللاھنىڭ راست ئەلچى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ.

ھەقىقىي تەپەككۇر قىلالايدىغان ئالىم، بۇنىڭغا قايىل بولىدۇ، بۇمۇ قۇرئان مۆجىزىسى بولماقتا، بولۇپمۇ ئاللاھ بۇنى قەدىمىي كىتابلارغا پۈتكەنىكەن، بۇ ئاجايىپ سىرلىق بىلىمدۇر، ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر. باللارغا خەرىتە ئىلمىنى بىلدۈرۈش لازىم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام دىنى غېرىپ باشلانغان، ئۇ يەنە بۇندىن كېيىن غېرىپلىقا قايتىدۇ، شۇ چاغدا غېرىپلارغا خۇش مۇبارەك دېگەن ھەدىس بار. ئۇ، بۇ ھەدىسنى تەتقىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە باشتىكىگە ئوخشاش ساپ ھالىتىگە قايتىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارىلىشىنى ئۈمۈد قىلغان، چۈنكى، ئۇ ئالىم چۈشىدە بۇ ھەدىسنىڭ تەپسىرىنى كۆرگەن، يەنى دەسلەپكىدەك تارقىلىدۇ. كىشلەرگە پايدا يەتكۈزىدۇ، ئاشۇنداق ساپ كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ، قايتا غەلىبە قىلىش مۇمكىن دەپ قارىغان، كېيىن راست ئىسلام دۆلەتلىرى كۆپلەپ مۇستەقىل بولۇپ، تەرەققىي قىلغان، ئىلىم، سانائەت، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە مۇستەقىل بولغان، بۇ چۈش راستىنلا رېئاللىقا ئايلانغان، بۇ **1927** ـ يىللىرى يۈز بېرىپ ئۇزۇن قالماي رېئاللىقا ئايلانغان، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ. مانا ھازىر كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلەر تۇرۇپتۇ، گەرچە ئۇلار يۈزدە يۈز تەلەپكە لايىق بولمىسىمۇ ئىسلام دۆلىتىنى ھاسىل قىلىپ تۇرۇپتۇ، تەرەققىي قىلىپتۇ، بۇ ئەمەلىيەت.

بىز ھەربىر ئايەت، ھەدىسنى قايتىدىن چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ، ئويلانساق، قانۇن، ئەخلاق، تۈزۈم،

ئىدىيە، پەلسەپە جەھەتتىن سىياسىي جەھەتتىن تەبئىي ـ پەن جەھەتتىن، زامان، ماكان ھالقىغان ئاجايىپ خۇش بېشارەت جەھەتتىن كەلگۈسى خۇشخەۋەر جەھەتتىن غەلىبە جەھەتتىن، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، روھ، ھاياتلىق ئىلمى جەھەتتىن چوقۇم مۆجىزىنى تېپىپ چىقىمىز.

دىمىسىمۇ قۇرئاندىكى پەننى تەسۋۋۇر دېگەن كىتاب چىقتى، ئۇندىن باشقا، نۇرغۇن كىتابلا چىقتى، بۇ توغرىسىدا سىنئالغۇ فىلىملىرى چىقتى، ئاجايىپ سىرلىق مۆجىزىلەر ئاشكارا بولماقتا، بىز بۇ مۆجىزىگە موھتاج ئەمەس، شەكسىز ئىشىنىمىز، ئەمما، نادانلارنى، دىنسىزلارنى قايىل قىلىش، قەلبلەرنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، بىز دىن ئۇچۇن ئاللاھ رىزالىقى ئۇچۇن ئاخىرى ئۆزىمىز ئۇچۇن، خىزمەت قىلىشىمىز لازىم، كىمكى جىھاد قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ دېگەندەك ھەممىسى ئۆز مەنپەئىتىمىز ئۇچۇندۇر. ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەت، پەقەت بىز موھتاج.

# سۈرە ھەجنىڭ تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

ئاللاھ، ئىنسانلارنى سۈرە ھەجنىڭ ئەۋۋىلىدە، قىيامەت زىلزىلىسى بىلەن قورقىتىدۇ، قىيامەت چوقۇم ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق دېگەنگە دەلىل قىلىپ، ئىنسانلارنى تۇپراقدىن، سۇدىن، قاندىن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ، ئۆلۈك ھالەتتىن تىرىلدۇرىدۇ، ئاندىن يەنە ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن يەنە تىرىلدۈرۈشكە ۋەدە قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتكە بىئولوگىيە جەھەتتىن تۆرەلمە، ھاياتلىق ئىلمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاللاھ ھەق، ئۇ چوقۇم ئۆلۈكنى ئۆز ھالىتىدە تىرىلدۇرىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر، قىيامەت چوقۇم يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق دېگەن. راست، ئىنسانلار تۆرەلمە ئىلمىگە زەن سېلىپ قارايدىغان بولسا، ھايۋان، ئۆسۈملۈككە قارايدىغان بولسا، بۇ ئالەمنىڭ جۇملىدىن ئۆزىنىڭ تۈنجى يارىلىشى ئاندىن قايتا دۇنياغا كېلىشىگە جەزمەن ئىشىنىدۇ، ئىلمى تەپەككۇر، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشلار ئۇنۇملۇك نەتىجە بېرىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قۇرئان چۈشۈشتىن 900 يىل بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن پەيلاسوپ سوقراتنىڭ سۆزىنى بۇ جايغا كەلتۈرگەن، بۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ. سوقراتنىڭ بۇ سۆزىنى پەيلاسوپ سىنتىلاۋى تەرجىمە قىلغان.

سوقرات مۇنداق دېگەن: بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ھەر قانداق نەرسە بولۇپمۇ زىت نەرسە ئۆزىنىڭ زىتىغا ئەگىشىدۇ، قارمۇقارشىلىق دائىم ئالمىشىپ تۇرىدۇ، گۈزەللىك، سەتتىن، ئادىللىق، زۇلۇمدىن، ئويغۇنۇش، ئۇيقىدىن، ئۇخلاش، ئويغىنىشدىن، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئاجىزلىقدىن، ئاجىزلىق، كۈچ قۇۋۋەتتىن، ھاياتلىق ئۆلۈمدىن، ئۆلۈم ھاياتلىقدىن چىقىۋاتىدۇ، بىر ـ بىرىگە ئەگىشىۋاتىدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ ئاساسى قانۇنى ۋە قائىدىسى، مەۋجۇدلۇق يوقلۇقتىن كەلگەن، يوقلۇق يەنە مەۋجۇدلۇقدىن كەلدى، بۇ يوقلۇقدىن يەنە چوقۇم مەۋجۇدلۇق كېلىدۇ. مەن يوقلۇقدىن ھاياتلىققا ئېرىشىپ، مەۋجۇت بولدۇم، ھازىر يەنە كېتىۋاتىمەن، چوقۇم مەن يوقلىشىدىن كېيىن يەنە مەۋجۇت بولىمەن، قايتا تىرىلىمەن دېگەن. راست، ھازىرقى پەن ئالىملىرىمۇ بۇ ئالەم يوقلۇقدىن پەيدا بولغان، بۇ يەنە ئاخىرىدا يوقىلىدۇ، چوقۇم ۋەيران بولىدۇ، ئاندىن باشقا بىر خىل دۇنيا قايتىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ مۇقەررەر دېگەن. ئەمما بۇلار پەيدا قىلغۇچى، يوق قىلغۇچى، ۋاقىت توختاتقۇچى، ھېكمەت، تەدبىر ئىگىسى بولغان، سۈرەت، شەكىل ئاتا قىلغۇچى ئاللاھقا ۋە مۆجىزىلىك قۇرئان دېگەن بۇ كىتابقا سەل قارىغان، ئىسىت.

مەقسىتىمىز شۇكى، قۇرئان يەنى ئاللاھ قۇرئاندا كائىنات ئىشلىرى ئەقلى ھۆكۈمنى توغرا چۈشەنچىنى دەلىل قىلماقتا، قايىل قىلماقتا، ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئامال يوق قايىل بولىدۇ، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننى، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھەر خىل ئىلمىينت پەيدا بولۇش، يوقىلىش، يەنە پەيدا بولۇشقا دەلىلدۇر، بىز شۇ ئالەم ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. شۇ ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى ئىستېمال قىلىۋاتىمىز، بۇلار كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ.

بىز قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس، پەيلاسوپلار سۆزى، ھۆكمالار، ئۆلمالار پىكرى، ئۆز ئەقلىمىزنىڭ ئىشەنچىسى نەزەر ـ دائىرە، پىكىر، قۇۋۋىتى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق شەكسىز بىر ھەقىقەتكە چوقۇم دېگەن. جەزىم قىلىش، ئىشەنچكە ئىگە بولدۇق. مانا ھازىر ئوتقا تاشلايمەن، دېڭىزغا تاشلايمەن، توكتا ئۆلتۈرىمەن، كاللاڭنى ئالىمەن دېسىمۇ بۇ ئىماندىن ئاخىرەت ئىشەنجىسىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز، مىڭ جېنىمىز بولسىمۇ بېرىشكە رازى بولىمىزكى، بۇ ئىماننى بۇ ئېتىقادنى بۇ قەلبنى بۇ ئىشەنچنى ھەرگىز يوقاتمايمىز، ئىنشائاللا.

ئاندىن كېيىن بىز سىلەرنى كىچىك بوۋاق ھالەتتە چىقىرىمىز دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئازىراق توختىلىمىز. بىز بۇ مەسىلىنى بىئولوگىيە ساھەسىدە خېلى ئوچۇق سۆزلىگەن، شۇنداقلا بۇ مەسىلىنى تەۋھىدچىلەر روشەن سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز بۇ جايدا ئەقلنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەسىلىنى سۆزلەيمىز، ئۇ بولسا، تۆۋەندىكىچە، نەسىل قالدۇرۇش ئىككى قىسىم بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئەركەك، چىشىسىز نەسىل قالدۇرۇپ، كۆپىيىش، بۇ بىر قىسىم ھاياتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: مىكرۇپ، ۋىرۇس، قۇرۇت، ۋە بەزى چېچەكسىز ئۆسۈملۈك بەزى ھاياتلىقى بولۇپ، بالىغ بولغاندا، ئۆسۈپ يېتىلگەندە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن بۇ مۇكەممەل ئۆزىگە ئوخشاش ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، ئاخىرغىچە شۇنداق بولىدۇ. ئۆز تېنىدىن

تاق جىسىمدىن نەسلىنى كۆپەيتىدۇ، بەزى بىر قىسىم ھايۋان ئۆزى بىرلا تۇرۇپ بۆلۈنۈپ بىر نەچچە ھايۋاننى ھاسىل قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا تۇرلىرى كۆپىيىپ تەرەققىي قىلالايدۇ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، مانا بۇ ئىشلار مەريەم ئانىنىڭ دادىسىز ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغقانلىقىدەك ئىش، بەزى ھايۋان قۇرمىغا يەتسە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن كىچىك ھايۋانلار چىقىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، نەسىل قالدۇرىدۇ، ئۇ ھايۋان بو لسا، ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما، بۇ كىچىك ھايۋانلار چوڭ بولسا، يەنە شۇنداق بولىدۇ، ئىچىدىن چىقىدۇ.

بەزىبىر ھايۋانلارنىڭ تېنىدە ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن بۇ ئۆسمە يوغىناپ بۇ ھايۋاندىن ئايرىلىپ يەنە بىر مۇستەقىل ھايۋاننى ھاسىل قىلىدۇ، تا بۇ ھايۋان ئۆلۈپ تۈگىگىچە شۇنداق بولىدۇ، ئاندىن ھاسىل بولغان ھايۋاندىن يەنىلا شۇنداق ھايۋان پەيدا بولىدۇ. خۇددى ئىنسانلاردىن پىت چىققاندەك گۆش سېسىسا قۇرۇت چىققاندەك ئىش، مانا شۇنداق بۇ ھايۋانلارنىڭ قايسىسى ئىنىسى، سىڭلىسى، قايسىسى ئاچىسى، ئاكىسى، قايسىسى دادىسى، ئانىسى، قايسىسى بالىسى، نەۋرىسى بۇلار ئۆلمەمدۇ؟ ئۆلىدۇ، نېمە ئۈچۈن، قانداق بولۇپ ھاياتلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ قالدى؟ بۇ بىرىنچىدىن ھاياتلىق قاچىلامدۇ؟ ياقمۇ؟ بۇلار بىر سىر، بۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ، قۇرئاندا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئاللاھ، ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇلارنى كۆرۈشكە بەندىلەرنى تەكلىپ قىلدى، ھەتتا بۇ ئىشلارنى قىيامەتكىچە قايتا تىرىلىشكە دەلىل قىلدى. قۇدرەت، كۈچ، ھېكمەتنى كۆرسەتتى، بۇ دۇنيادا سىرلىق ئىشلار بەك كۆپ بولۇپ، پەيلاسوفلارمۇ ھەيران قالدى، سىرلىرىنى ئاچالماي ھەسرەتتە كەتتى، ئىلىم چەكسىز دېگىنىز، بۇنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئىككىنچى خىل نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىدىغان ھاياتلىق، بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ئەركەك ـ چىشىسى بولغىنى، بۇلارمۇ ئىككى قىسىم بولىدۇ، بىرى بىر جۈپلىشىش ئارقىلىق نەسىل قالدۇرىدۇ، بۇ تۇخۇم ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ. تۆرەلمە بالا تۇخۇم ئىچىدە بولىدۇ، ئالدى بىلەن تۇخۇم چىقىپ ئاندىن تۇخۇمنى باسسا ئاندىن تۆرەلمە ئىچىدە يېتىلىپ، ئاندىن تېشىغا چىقىدۇ، ھاشارەتلەر، بېلىقلار، قۇشلار، توخۇلاردەك بەزى ھاياتلىقلار ئانا رەھمىدە تۇخۇم چىقىلىپ، تۇخۇمدىن چىقىپ ئاندىن سۇرەت شەكىل قىلىپ، روھ، جان ئاتا قىلىنىپ مۇكەممەل بولۇپ ئاندىن رەھىمدىن چىقىدۇ، چىقىپ ئاندىن سۈتكە ۋە باشقا يېمەكلىككە موھتاج بولىدۇ. بۇلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردۇر، جۈملىدىن ئىنسان، بىز بۇ ئايەتتە دەل ئىنسان دېگەن كىچىك تۆرەلمە توغرىلىق توختالماقچى، بۇنى بىز خېلى ئېنىق سۆزلىگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىم ئوخشىمىغان جايلىرىنى سۆزلەيمىز، بىز كۆگەن توخۇ تۇخۇمىدەك ئانىنىڭمۇ تۇخۇمى بولىدۇ، بۇ ئىنسان تۇخۇمى نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭايتىلسا، ئاندىن كۆرۈلىدۇ، خۇددى ھۈجەيرىسى **10000** ھەسسە چوڭ قىلىنسا پىتتەك بولغاندەك، مانا بۇ تۇخۇمدىن نەچچە مىليون، مىليارت ھۈجەيرە ھاسىل بولۇپ، نەسىل قالدۇرۇپ كۆپىيىپ، ئاندىن ئىنسان سۇرىتىنى ھاسىل قىلالايدۇ. ھەممىسى ئاللاھنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ، ئۆز لايىقىدا سۇرەت ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ، بۇ تۆرەلمىگە قايتىدىن جان، روھنى ئاتا قىلىدۇ، دەل شۇ چاغدا بۇ تۆرەلمە مىدىرلايدۇ، بۇ تۆرەلمە قان ۋاقتى، كىچىك بالىنىڭ قان تېپىغا ئوخشىمايدۇ، كىچىك بالىنىڭ بولسا، تۇغۇلغاندىن كېيىنكىگە ئوخشاشمايدۇ، مۇشۇنداق ئۆزگىرىش، خىلمۇ ـ خىل مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بولغاچقا، ئانىلار خۇيلۇق بولۇپ ھۆ قىلغىسى كېلىپ، سېزىك بولۇپ، بەزى تائامدىن خوشى كېتىپ، بەزى بىر خىل تائامنى قاتتىق سىسېغىنىپ، ھەر خىل ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇ دەل بالىنىڭ ھەر خىل كەيپىياتى، قان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە بالا بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنى ھەممە بىلىدۇ، مەسىلەن: بالىغا جان كىرىش، ئۆزگىرىش، ئەزا، شەكىل ھاسىل قىلىش، قان دەۋرى، ئۆزگىرىش، ئوزۇقنى ئانىدىن ئېلىش ئەھۋاللىرى بار، ئوزۇقنى بولسا، كىندىك تومۇرىدىن ئالىدۇ، كىچىك بوۋاقلارنىڭ پۈتۈن بىر ئىنسان بولۇپ يارىلىشى، گۈزەل يارىلىشى، ساق يارىلىشى ياكى مېيىپ تۇغۇلىشى، ئەركەك ـ چىشىلىق، بەختلىك بولۇش، بەختسىز بولۇش، قانداق رەڭ قانداق سۇرەت، قانداق تىلدا بولۇشى، قايسى ۋاقىتتا قايسى جايغا كېلىشى، رىزىقى، ئەملى، ئۆمرى، يېتىلىشى، ھەر خىل كېسەل ۋە باشقا ئاپەتتىن ساقلىنىش، كېيىنكى ئامتى ئوك كېلىشى ياكى پىشكەللىككە يولۇقشى، قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشى، قانداق ئەمەللەرنى قىلىشى ھەممىسى ئاللاھقا مەلۇم. ئاللاھ بۇلارنى بىلىپ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلاردا جۇزئى ئەركىنلىكنى بەرگەن، خالىغىنىنى قىلالايدۇ. ئەمما، ئاللاھ، ئۆزىلا قىلىدىغان ئىشلارنى پەقەت ئۆزى قىلىدۇ، بۇنى بىزگە بىرىش تۈگۈل بىلدۈرۈپمۇ قويمايدۇ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىزگە قىل دەپ بۇيرۇغلۇق، بۇلارنى ھەر

بىر ئىنسان قىلىدۇ. مېنىڭچە مەككىگە تۇغۇلغۇم بار، مەدىنىدە تۇرغۇم بار، ئەمما، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، مەندە بۇ ھوقۇق بولمايدۇ، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ كىتابنى يېزىش، ھەقنى يەتكۈزۈش، ئەمەل قىلىش ھوقۇقۇم بار. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ، ئالدىن ياراتتى، ئاللاھ ياراتمىسا، ھېچنىمە يوق بولاتتى، ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى ئېيتىمەن. (بۇلاق )

ئاللاھ پەيدا قىلدى هاياتلىقلارنى،
ئاندىن پەيدا قىلدى ماماتلىقلارنى.
بۇ هاياتلىق، ماماتلىق ئارىلىقىدا،
ھەيران قالدۇردى ئاللاھ ساۋاتلىقلارنى.
ھەيران قالدۇردى مىنى، بوۋاقلار،
بولۇپمۇ هايۋان بالىسىدىكى تۇۋاقلار.
هاياتلىق ئىلمىنى كۆپ تەتقىق قىلغىن،
سەن ئۈچۈن بولغانمىدى نۇرغۇن بۇلاقلار.
ئىلىم دېڭىزىدا ماڭغىن بىر ئۆمۈر،
يېرىلىپ كەتمىسۇن ھەرگىز قولۋاقلار.
ئىلىم يولى بەك مۇشكۇل سەپەر،
يېشىلىپ كەتمىسۇن بەلدىكى بەلۋاغلار.
ئىلىمغا ئەمەل بەكمۇ زۆرۈردۇر،
ئالداپ قويمىسۇن سېنى توزاقلار.
كۆرىدىغان كۈنۈڭ تېخى ئالدىڭدا،
توختىتىپ قويمىسۇن سېنى توساقلار.
ئىلمىڭغا لايىق ئەمەل قىلمىساڭ،
كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ سېنى دوزاخلار.
ئەمەل قىلىشقا قىزىقتۇرالماسمۇ؟،
جەننەتتىكى مەڭگۈلۈك بۇلاقلار.

## سۈرە ھەجدىكى، بىز ئىنساننى پايناپ تاشلانغان ھۆشىدىن مۇكەممەل ۋە غەيرى مۇكەممەل قىلىپ ياراتتۇق، بەزىسى كامىل بەزىسى ناقىس دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بىئولوگىيىنى خېلى كۆپ سۆزلىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىم كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇدرەتنى بايان قىلىمىز. بىزگە مەلۇم، ئىنسانلار بەزىدە گاس، بەزىسى كور، بەزىسى توكۇر، بەزىسى مېيىپ يارىلىدۇ. بەزىسى ئۈچ پۇتلۇق بەزىسى بىر كۆزلۈك بەزىسى يۈرىكى تېشىدا دېگەندەك ئاجايىپ قۇدرەتلەر مەيدانغا چىقىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دىققەتنى ئىنسان زېھنىنى، ئەقىل، تەپەككۇرلارنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىدۇ، بىر مەھەل غۇلغۇلا قىلدۇرۇپ، ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلار جۈملىدىن ئالىملار بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىدۇ، ھايات سىرىنى ئاچىدۇ، نۇرغۇن يېڭى كەشپىياتنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ، بۇ

ئـەھۋاللار خـۇددى قوشـكـېزەك مەسلىسىگـە ئوخشـاش، ئـاللاھ، بـۇ نـادان، جـاھىل خۇراپـىي ئىنسـانلارنى ئىتتىپاقلىششقا بۇيرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىرسىيەت كېسىلى بار، بۇ جاھىل ئىنسان ھەر خىل تىل، ھەرخىل مىللـەت، ھـەر خـىل رەڭ، ھـەر خـىل دىـن، ھـەر خـىل گـورۇھ، پـارتىيە بولغـانلىقى ئۈچـۈن، بـىر ئـاللاھنىڭ يـاراتقىنىنى شـۇ ئـاللاھنىڭ بۇيـرۇقىنى بـىر ئـادەمنىڭ بالىسـى ئىكـەنلىكى، بـىر ئىنسـانلىقىنى، ئىتتىپـاقلىق، كۈچلۈكلۈكنى ئۇنتۇپ، يەنىلا ئىختىلاپ، ئۆچ ـ ئاداۋەت، ئۆزئارا جىـدەل ـ ماجىرا بولۇپىمۇ ئۇرۇق ـ تۇققانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەچكە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، چاتما، قوشكېزەكلەرنى ياراتقان. مانا ئەمىسە، بىرلىشىش دېگەن مۇنداق بولىدۇ، مەن بىرلىشىشكە ئۇنىمىغاندىكىن مۇشۇنداق بىـر قىلىپىمۇ قويالايمەن، ھـەتتا، ئاجراتسا ئۆلىدىغان قىلىپمۇ قويىمەن، دەپ چاتماق، قوشكېزەك بالىلارنى ياراتقان. بۇ ئەڭ كۈشلۈك بۇيـرۇق، رۇشەن ئىشارەتكى، ئىنسانلار چوقۇم بىرلىشىشى، ئىتتىپاقلىششى لازىـم. بـۇ قـۇدرەت، بـۇ بـىر ھاياتلىق، تەتقىقاتى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق دەرھال قۇرئان، ھەدىسكە مۇراجەت قىلىنىدۇ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. تەپـەككۇر قىلىش بىلەن ئاللاھنى تونۇغىلى بولىدۇ. شۇ بانادا نۇرغۇن ھەقىقەتكە ئېرىشۋالىدۇ، قوشكېزەكلەر بەزىسى كۆكسى تۇتاش، بەزىسى باش، بەزىسى پۇت، بەزىسى قول، مۇرە، يوتا، بەزىسى قورساق، بەزىسى كاسا، ھەرخىل تۇتاش تۇغۇلۇپىمۇ قالىدۇ. بەزىسى ئاجراتسا ئۆلىدۇ، بەزىسى ھايات كەچۈرەلەيدۇ، بەزىسى مېيىپ بولىدۇ.

بىز بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدىن ئاللاھنىڭ بىر نەچچە قۇدرىتىنى جۈملىدىن قوشكېزەكلەر مەسىلىسىنى بايان قىلىمىز، قوشكېزەك سەۋەبى؛، ھۈجەيرىلەر، قوش تۇخۇم، قوش چاڭلىششىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ياكى ھېلىقى ھايۋان پارچىلىنىپ ئىككىگە، ئۈچكە بۆلۈنگەندەك پارچىلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئاللاھ ماھىر ياراتقۇچى، مەقسەت، قۇدرەت، ھېكمەت، تەدبىر، ئەركىنلىك، ئادەتتىن تاشقىرى ئەركىنلىك، خالىغىنىنى قىلالايدۇ، دېگەننى بىلدۈرۈش، رىزىقنى خالىغانچە بېرىشى ھەتتا بىر ئانا رەھمىدە ئىككى، ئۈچ بالىغا يەنىلا ئانىغا زىيان يەتكۈزمەي، رىزىق بېرىشى، ئاجايىپ قۇدرەتلىرىنى كۆرسىتىش، تەۋھىد، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھەق دېگەننى بىلدۈرۈش ۋە باشقا ھېكمەت سەۋەبلىرىدىندۇر. بىز بۇ مەسىلىدە ئىزدىنىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قارىشىمىز لازىم. ھازىر يەرشارى بويىچە ئۇچرىلاشقان پۈتۈن دۇنيانى ھەتتا ئالەمنىڭ بىر چەتلىرىنىمۇ كۆزەتكىلى بولىدىغان دەۋىردۇر، كۆز، قۇلاق، ھەقىقەتەن ئۇزاردى، تەپەككۇر قىلساقلا ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەتلەرنى بايقايمىز. مېنىڭچە، ئاللاھقا ئاشىق بولماقچى بولغان كىشى، ئىلىمغا ئاشىق بولۇشى لازىم.

1 ـ ھىندى دۆلىتىدە، رادىيا، دودىيكا دېگەن ئاچا ـ سىڭىل دىگىلى بولمايدىغان قوشكېزەك ئىككى قىز تۇغۇلۇپ، توققۇز ياشقا يەتمىگەن چاغدا ئاجرىتىلغان، كېيىنمۇ خېلى ياشىغان، مىڭە، يۈرەك، باش، جان، تومۇر بىر بولمىسا ئاجراتسا ھايات قالىدۇ، ئەگەر ئاللاھ، خالىسا، ئەمما، بۇ جايلار بىر بولسا، ئۇ ئىككىگە بۆلۈنسە دەرھال ئۆلىدۇ،.

2 ـ جۇڭگودا قوشكېزەك ئىككى ئوغۇل 17 يىل بىرگە ياشىغان، بۇلارنىڭ كۆكرەك سۆڭىكى دومباق ھالدا تۇتاش بولۇپ، قىيىنچىلىق بولمىغان، ئاجرىتىلغاندىن كېيىن يەنە ياشاپ ئۆتكەن.

3 ـ سىيام شەھرىنىڭ بانكوك يېزىسىدا، ئىككى ئوغۇل بىرلا تۇغۇلغان، بۇلارنىڭ كۆكسى تۇتاش، تۇتاشلىق گۆشتىلا بولغان، بىرى شانغۇ، يەنە بىر ئانغۇ بولۇپ، كېيىن ئامرىكىغا بېرىپ، ئايرىلغان، كارولىنا شتاتىدا ياشاپ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن، بۇلار توي قىلغان بولۇپ، شانغۇنىڭ 10 بالىسى بولغان، ئىككىسى گاس، ئانغۇنىڭ 12 بالىسى ھەممىسى ساق تۇغۇلغان، كېيىن ياۋرۇپاغا كۆچكەن، شانغۇنىڭ ئوڭ كۆزى ئاغرىپ پۈتۈن بەدىنى ئاجىزلاپ 1874 يىل ھاياتىدىن ئايرىلغان، بۇ ئۆلۈپ، ئىككى سائەتتىن كېيىنلا ئانغۇمۇ سۆيدۈكى توختاپ، نەپسى بوغۇلۇپ، تەڭلا ئۆلگەن. يېشى 63 ياش.

4 ـ ھىندىنىڭ لوكسنو شەھرىدە لالو ئىسىملىك بىر بالا تۇغۇلۇپ بۇنىڭمۇ قورسىقىدا بىر بالا تۇتاش چۈشكەن، دەسلەپتە ئىككىلىسى تەڭ ئىكەن، كېيىن بىرسى يوغىناپ بىرسى كىچىك قالغان، خۇددى ئۇكىسىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ يۈرگەن، ئاخىرى بولالماي، ئايرىۋېتىشكە بارغان، قانداق بولغىنىدىن خەۋەر يوق.

سۆزلەپ كەلسەك بۇنداق ئىشلار بەك كۆپ، بۇ ئەھۋاللا هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكتىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بەك تولا، بۇ سىرلارنى ئالىملارمۇ يېشىپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت قۇرئان، ھەدىس، ئىلمى تەتقىقات، روھى كەشپىياتلار يېشىپ بېرىدۇ، ئەڭ ھەيران قالارلىقى بىرلا تۇغۇلۇپ بىرلا ئۆلگىنى ئەسلى مۇراد ـ مەخسەد شۇنداق بولسا، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بىرلا ئۆتسە مەيلى، بۇ هاياتلىق بولسۇن، مەيلى هاياتى بەرزەخ بولسۇن مەيلى قەبرە ئىچى، مەيلى بىللە قوپۇش، قىيامەتتە بولسۇن ئەڭ ياخشىسى جەننەتكىچە بىللە، بىرگە بولۇش، نېمە دېگەن بەخت ھە! بولۇپمۇ بۇ ئاشىق ـ مەشۇق ئۈچۈن ئەڭ زور بەختتۇر، ئاللاھقا يارىساقلا ئاللاھ بىزدىن رازى بولسىلا بىزنى چوقۇم رازى قىلالايدۇ، ئاللاھ قادىردۇر.

## سەن زېمىننى قۇپقۇرۇق كۆرىسەن، بىز ئۇنىڭغا يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرسەك، ئۇ ئۆسۈملۈك بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ، يۇمشاپ ئۆرلەيدۇ، كۆتۈرىلىدۇ، خىلمۇ ـ خىل گۈزەل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرىدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بىز هايۋان ۋە ئۆسۈملۈك توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىگەن بولساقمۇ، يەنىلا ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ سىرلىق ئىشلار تۈگىگىنى يوق، ئۆسۈملۈك تۈرى **320000**غا يەتتى، بەلكى ئاشماقتا، بۇلارنىڭ تۇرۇقى، پۇرىقى، تەمى، رەڭگى، پايدىسى، زىيىنى ھەر خىل بولىدۇ. كىيىم ـ كېچەك بولىدىغىنى، ئىنسان، هايۋانغا ئوزۇق، غىزا بولىدىغىنى، يېقىلغۇ ياكى دورا بولىدىغىنى، شاراب، مېۋە ـ چېۋە بولىدىغىنى، ھەر خىلى بار. ھەر قانداق ئۆسۈملۈك بولسۇن، كۈن نۇرى، نۇر، ھارارەتتىن خالىي ئەمەس، زېمىندىكى ھەر خىل ماددىلارنى مەسىلەن: كالتسىي، كالىي، فوسفور، خلور، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، كىسلاتا، ھەر خىل تۇز قاتارلىقلارنى سۈمۈرىدۇ، ئازوت، كالىي قاتارلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ، رەڭگارەڭ، خىلمۇ ـ خىل تەم، يېمەك ـ ئىچمەك ۋاھاكازالار، ئىشلەپ چىقىرىدۇ، بۇ ئەڭ چوڭ زاۋۇت ھەم كىيىم ـ كېچەك ھەم يېمەك ـ ئىچمەك زاۋۇتى، بۇ زاۋۇتسىز ئىنسان ۋە هايۋان هاياتىدىن ئايرىلىدۇ، ھەممە تۈگىشىدۇ.

بىز ئاددى بىر مىسال قىلساق، بەسەيگە كېلەيلى. بۇنىڭدا فوسفور، تۆمۈر، مانگان، گۈڭگۈرت، ۋىتامىن بار. نۇرغۇن دورۇلۇق قىممىتى، شىپالىق رولى بار. ئىچ سۈرۈكنى پەسەيتىدۇ، ھەم قەۋزىيەت، ئىچ قېتىشنى ساقلايدۇ، ئەڭ ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ ياغ بىلەن بىرلەشسە تېخىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ئىنسانلارمۇ بۇنى ياغسىز ئىستېمال قىلمايدۇ، بۇ ئاشقازاننى سوپۇندەك تازىلايدۇ، مانا بۇ ئاددى زاۋۇت، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، قۇدرىتى، رەھمىتى بىلەن ئىنسانلرغا نەچچە خىل ماددىنى يەتكۈزىدۇ، شىپالىق دورا بولىدۇ. بۇنداق مىسالنى يېزىپ سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاشۇ **320000** خىل ئۆسۈملۈك، ھەممىسى پايدىلىق، ئىككى مىليوندىن ئارتۇق هايۋان تۈرى ھەممىسى پايدىلىق، پۈتۈن كائىنات ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىلغان، بويسۇندۇرۇلغان، ئەمما، بۇ ئىنسان شۈكرى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا خالىقىغىمۇ، ئاللاھقىمۇ تېنىۋالدى، بۇلار چوقۇم جازاسىنى تارتىدۇ.

نېمەتكە لايىق شۈكرى قىلالمىدۇق،
ئىلىمغا لايىق ئەمەل قىلالمىدۇق.
دوزاخقا كىرىشكە ئىشەنچ تولۇق،
جەننەتكە چىقىشقا ھېچ ئىشەنچ يوق.
ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق، تەۋەككۇل قىلدۇق.

يەر شارىدىكى هايۋانلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر بىر ـ بىرىنى ئۇقماي ئۆزئارا ئالاقە قىلىشماي ئاجايىپ زىچ ھەمكارلىشىدۇ، ياردەملىشىدۇ. بۇنى ھېكمەتلىك رەھىم قىلغۇچى ئاللاھ، ئورۇنلاشتۇرغان، نەپەسلىنىش، ئىنسانلاردا بولغاندەك، هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكتىمۇ بولىدۇ، هايۋانلار بىز كۆرۈپ تۇرغاندەك ئۆپكە ئارقىلىق، ئېغىز ـ بۇرۇن ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ، چاھارپايلار، قۇشلار، تاشپاقىلار، بېلىقلاردەك پۈتۈن هاشارەت، قۇرت ـ

قوڭغۇزلارمۇ نەپەسلىنىدۇ. ھەتتا، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار قانلىرىدا ئېقىپ مېڭىۋاتقان ئاق قان، ھۈجەيرىلىرىمۇ نەپەسلىنىدۇ، ئۇلارمۇ ئوكسىگېننى سۈمۈرىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى بىز ھاۋادىن نەپەس ئالغاندەك ھېس قىلغىنىمىزدەك، شۇنداق ھېس قىلىدۇ. ئوكسىگېن، ھايۋان، ئىنسان تېنىگە كىرگەندىن كېيىن بۇزۇق ھاۋا بىلەن بىرلىشىپ، كاربونغا ئايلىنىدۇ. كاربون بولسا، قىشتا ئەينەككە پۈۋدىسە بىلىنىشىدۇ، سۈرەتنى تۇتقىنى دەل كاربون، ئىنسان، ھايۋان كاربون چىقىرىپ ئوكسىگېن سۈمۈرىدۇ، ئۆسۈملۈك بولسا، دەل ئەكسىچە ئوكسىگېن چىقىرىپ كاربوننى سۈمۈرىدۇ، بۇ خۇددى ئۆسۈملۈك، قىغلاردا تېز ئايىنغاندەك، سىپىسىق ھاۋادا نەپەسلىنىدۇ، بىزگە ئوكسىگېن چىقىرىدۇ.

ئۆسۈملۈك، قۇلاق، يوپۇرماقلىرىدىكى ھاۋا تۆشۈكچىلىرىدە نەپەسلىنىدۇ، ھەر بىر قۇلاقتا **12** دىن **600** گىچە ھاۋا تۆشۈكچىسى بولۇپ، بۇ تۆشۈكچىمۇ ئېچىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مىكرۇسكوپدا كۆزەتكىلى بولىدۇ. ئالىملار بۇ ھاۋا، ئوكسىگېن، كاربون، ئازوت قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، ئىلغار ئۈسكۈنىدە مىقدارىنى بەلگىلىگەن، يەرشارىدىكى ئىنسانلار ھەر يىلدا **160000** مىليون كۇپ مېتىردىن كۆپرەك ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ تۇرىدۇ، ھايۋانلار بۇنىڭدىن **4 ـ 5** ھەسسە ئارتۇق سۈمۈرىدۇ، ھەر بىر ئىنسان كۈنىگە **250** گرام كاربون (IV) ئوكسىد چىقىرىپ تۇرىدۇ،ئۇنىڭدا **75** گرام ساپ كاربون بار، **6** مىليارت نوپۇسقا بۈنى كۆپەيتسەڭىز ئومۇمىي كاربوننىڭ مىقدارى ھېسابلىنىپ چىقىدۇ. ئاددىيسى چوڭراق بىر دۆلەتتىكى ئىنسانلار ھايۋاندىن باشقا ھەر يىلدا **400000** توننىدىن كۆپرەك كاربون چىقىرىدۇ، ھايۋانلارنى قوشسا بەش ھەسسە ئارتىدۇ، يەنى **2** مىليون توننا كاربون چىقىرىپ تۇرىدۇ، پۈتۈن يەرشارىداقانچىلىك بولۇپكېتەرھە!

ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە قارا، بۇ مەسىلىنى ئۆسۈملۈك، دەرەخلەر بىلەن ھەل قىلغان، ئۇلارغا بىز ۋە ھايۋانلار چىقارغان نەرسە كېرەك، بىزلەرگە بولسا، ئۇ ئۆسۈملۈك چىقارغان نەرسە كېرەك، بۇ ئاللاقنى ئاللاھلا قىلغاندۇر.　　　**(ئۆسۈملۈك قۇلىقىدىكى ئېغىز)**

ئىنسانلار بۇ ئەھۋالدىن يېقىندا خەۋەر تاپتى، ھەتتا خەۋەر تاپمىغان نادان ئىنسانلارمۇ بار، ئاللاھ يەنىلا رەھىم قىلىپ، بۇ كاتتا رىزىقنى ئاتا قىلىپ تۇردى، ھامىنى بىر كۈن بۇ نېمەتتىن بۇ رىزىقدىن ھېساب ئالىدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئىلمىدا بۇنى جىگلاپ، ئۆلچەپ مىقدارىنى تاپتى، ئاللاھ بۇلارنى ئالدىن بىلەتتى، پەرىشتىلەر بۇ ھېسابقا بەك پۇختا، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ھەممىدىن ئۈستۈن، پەرىشتىلەردە مۇشۇ زېمىننى سۆزلىتىدىغان، ھەر قانداق ئاۋازنى چىقىرالايدىغان، سۈرەتنى كۆرسىتەلەيدىغان بۇ زېمىننى خەۋەر قىلغۇچى، ئەھۋالنى بايان قىلغۇچى قىلالايدىغان. قار، يامغۇر، قۇملار سانىنى ھەتتا ئاتوم، زەررىچىنى سانىيالايدىغان ئىلىم بار، تەرەققىيات بار، ھەربىر تېرە، بارماق، ھۈجەيرىدەك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئىنسان ئالدىدا قويسا، لام ـ جىم دىيەلمەي تەسلىم بولىدۇ. ھەقىقي مۆئمىن مانا شۇ كۈندىمۇ قورقۇپ مۇشۇ سانسىز نېمەتنىڭ ھېسابىدىن قورقۇپ، ئاللاھدىن قورقۇپ، جامالىنى، ساۋابىنى، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، گۇماننى ياخشى قىلىپ، ئەمەلنى ئۇنىڭدىن ياخشى قىلىپ ياشايدۇ، جان، مال بىلەن ھەق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مانا بۇ شۈكرى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئىنسان تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئايەتكە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر بېيتىنى كەلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزى ئۆز ھېكمىتىنى، پەلسەپەنى سۆزلىگەندۇر، بېيت مۇنداق،

ئەي ئىنسان، كېسىلىڭ ئۆزەڭدە بۇنى كۆرمەيسەن،

داۋايىڭ ئۆزۈڭدە بۇنى سەزمەيسەن.

بۈيۈك ئالەم ساڭا جۈغلانغان،

سەن ئۆزەڭنى كىچىك چاغلايسەن

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېگەن: ئىنسان روھى بىر پادىشاھ، چۈنكى، ئۇ جەسەتنى زېمىندا توختۇتۇپ ھۆكمىران بولىدۇ، بەش سەزگۈ ئەزالار بەش ۋەزىردۇر. چۈنكى، بۇلار خەۋەر يەتكۈزۈپ، خەۋەرنى چىقىرىدۇ، خەۋەرنى تۇتاشتۇرغۇچى، مەلىكەت، تۆۋەندىكىچە كۆزگە بولسا، نۇر، زۇلمەت، يىراق ـ يېقىن، رەڭ، شەكىل، ھەجىم، چوڭ ـ كىچىك، ھەرىكەتلەردۇر. سىلاشقا بولسا **10** ئىش بار. قىززىق ـ سوغۇق، ھۆل ـ

قۇرۇق، ئېغىر، يەڭگىل، يۇمشاق ـ قاتتىق، سىلىق، يىرىك قاتارلىق. تېتىشقا بولسا توققۇز خىل، تاتلىق ـ ئاچچىق، چۈچمەل، تەلۋە، زەھەردەك ئاچچىق، تەملىك، قاڭسىق، تەمسىز لاۋزا، تۇزلۇق، تۇسسىز، قۇلاققا بولسا، ھايۋان، جانلىق ـ جانسىز ئاۋازى، مۇزىكىلىق، مۇزىكىسىز، مۇڭلۇق، مۇڭسىز، چىڭ بوش ھەرخىل ئاۋازلار باردۇ. پۇراش بولسا، مېزىلىك، خۇشپۇراق، سېسىق، نىجىس پۇراقنى پۇرايدۇ.

مانا بۇ **36** خىل ئالەم، بۇ ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇلغاندۇر، بۇنىڭغا پەقەت بەش سەزگۈ ئەزالار ئىگە بولىدۇ. پايدا ـ مەنپەئەت ئالىدۇ، ئىنسان مېڭىسى، نېرۋىسى بىر تاختىغا ئوخشاش، بۇنى ئاللاھ، ئىنسانلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ كىچىك تاختىغا نەچچە مىڭلىغان خەتلەر يېزىلىدۇ، سۈرەتلەر سىزىلىدۇ، ئاۋازلار ئېلىنىدۇ، تارىخ، ئۆلگە، ئۆرنەك، ئىبرەت، ھازىر، كەلگۈسى نۇرغۇن بىلىم تەرەققىياتلار يېزىلىدۇ.

خاپىلىق، خۇشاللىق، بايلىق، يوقسىزلىق، ھەتتا ھېچنېمە قالماي يېزىلىپ بولىدۇ، قەلب بۇنىمۇ باشقۇرىدۇ، بۇ تاختىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، قارايدىغان بولساق، دائىم ھالدا مەشۇقنىڭ سۈرىتى، كۆرنىشى بەك رۇشەن كۆرنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئاللاھقا ئاشىق بولغىن، ئاشىقنىڭ داۋاسى مەشۇقنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىش، بۇ ئىنسان مېڭىسىدىن ئىبارەت تاختىغا سىزىلغان، سۈرەت، كۆرۈنۈش، ماددىي دۇنيادىن كەلگەن، يەتتە خىل رەڭدۇر، بۇلارنى كۆز، ھۆجەيرىلىك كۆرۈش ھۆجەيرىسى ئايرىپ تىزىدۇ. بۇ خەرىتىگىلا پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىن خەرىتىسى پاتىدۇ. مانا بۇ ئىنسان دۇنياسى، **36** خىل ئالەمنى باشقۇرغۇچى بەش ئەزانى كونترول قىلغۇچى تاختا، ئىنسان مېڭىسى بۇنى يورۇتقۇچى قەلب، يۈرەك، باش پادىشاھ، قۇۋۋەت، ھەرىكەت، كۈچ، روھ، جاندۇر. بۇ توكقا ئوخشايدۇ، بۇ توك ئۈزۈلسە، ماشىنا ئادەم كېرەكدىن چىقىدۇ، قاراڭغۇ بولىدۇ. بىر ئىنسان تاختىسى شۇنداق بولسا، «لەۋھۇلمەھپۇز»دەك ئىلاھى تاختا قانداقتۇ ھە! ئەلۋەتتە، ئۇ تاختىغا پۈتۈن ئالەم ئالدىنقىسى، كېيىنكىسى، باش ـ ئاخىرى، پەيدا بولۇش، يوقىلىش، يەنە مەڭگۈلۈك پەيدا بو لۇش، ئەرشى، كۇرسى، يەتتە ئاسمان، سامان يولى سىستېمىسى، ئۇندىن باشقا سېستىمىلار، يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى، قۇياش سىستېمىسى ۋە باشقىلار، پۈتۈن يەرشارى ئۈنىڭدىكى ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ھايۋان تۈرى، **400** مىڭ خىل ئۆسۈملۈك، ئالتە مىليارتتىن كۆپ ئىنسان نوپۇسى نەچچە مىليارت ھايۋانلار نوپۇسى بۇلارنىڭ رىزقى، ئەجەلى زامان ماكانى ھەتتا قار، يامغۇر، زەررىچە، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى يېزىلغاندۇر، كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك ئىشلار يېزىلغاندۇر. بۇ ئىنسان تاختىسى ئۇ تاختا (لەۋھۇلمەھپۇز) ئالدىدا بىر زەررىمۇ ئەمەس.

ئەگەر ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىلسە، ئىنسان، ئاللاھ ياراتقان ئەڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك، سىرلىق مەخلۇقاتتۇر. بولۇپمۇ ئىنساننىڭ قەلبى سىرلارنىڭ قەبرىسىدۇر، ئالىملار، ئىنسان توغرىسىدا جۇملىدىن ئەقىل، تەپەككۇر، جىسمانى روھى ئەقلى ئىقتىدار، پەم ـ پاراسەت، تاشقى، ئىچكى جەھەتتىن نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. سانائەت جەھەتتىن، تىببىي جەھەتتىن نۇرغۇن نەتىجىگە ئېرىشتى، ئىنسان مېڭىسىگە تەقلىد قىلىپ، كومپيۇتېر ياسىدى، ئىنساننىڭ ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ قەلبى روھى جەھەتتىكى كارامەتلەردۇر.

مەن بۇ جايدا كىتابىدىكىدىن باشقا، ئۆز قۇلۇغۇم بىلەن ئاڭلىغان كارامەتلەردىن بىر نەچچىنى سۆزلەپ بېرىمەن. كىتابلاردا ئەۋلىيالار كارامىتى، ھەق دەپ بەلگىلەنگەن، ھەم ئۇلارنىڭ ھاۋادا ئۇلتۇرۇشى، سۇ يۈزىدە مېڭىشى، ئۆلۈكنى دۇئا بىلەن تىرىلدۇرۇشى كېسەللەرنى ساقايتىشى، دۇشمەننى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلارنى ھالاك قىلىش، بەزى غەيبىدىن خەۋەر بېرىشى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەن بولسام ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان كارامەتنى بايان قىلىمەن. مېنىڭ قىيامەتلىك يېقىن بىر دوستۇم، بىر قېتىمقى كېچىلىك سۆھبەتتە مۇنداق دېگەن: ئەمەلىيەتتە بۇ دوستۇم قىلچە يالغان سۆزلىمەيدۇ، ھەم مەقسىتىمۇ نام ـ ئابرۇي، دۇنيا، تائامدا ئەمەس، پايدا ـ مەنپەئەت ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنى دائىم روھلار قورشاپ تۇرىدۇ، كېيىنچە ئالىي ماقامدىكى روھلار كېلىپ كۆرۈشتى، مەن ئۇلارغا دۇئايى ـ سالام يوللاپ تۇرىمەن، ئۇلار ماڭا نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەن سالىھ كىشىنىڭ قەبرىسگە يېقىن قالغاندا، سېزىۋالىمەن، ھىد، پۇراقلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. مەن جىننى قوغلاپ نۇرغۇن بۇتقا ئايلانغىلى تاس قالغان دەرەخلەرنى چىقىرىپ قالىۋەتتىم، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىش راستۇر. مەن باشقىلارنىڭ سورۇن ھالقىسىدا ئولتۇرسام، ئۇلار ئىچىدىن قەلبى ساپ، ئاقلارنى بىلەلەيمەن، ئۇلار ئالدىغا

سىرىق، كۆك گۆھەرلەر قويۇلىدۇ، ئەمما، ئۇلار بۇنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ماقام يوق دە! مەن تاڭ سەھەردە ئوت ئىچىدە بەزىدە گۇللەر ئىچىدە قالىمەن، چۈنكى، مەن بامدادتىن ئىككى سائەت بۇرۇن قوپۇپ قۇرئان ئوقۇيمەن، ھۆرلەر سايە تاشلايدۇ، بۇنى سىزىمەن، ھەقىقەت چۈشىگە توغرا تەبىر بېرەلەيمەن، باشقىلارنىڭ قەلبىنى كۆزىدىن بىلەلەيمەن، كۆزنى يۇمۇپ دىلىمدا كۆرىمەن، قەلبىدە راس كۆز بار، روھلار راستىنلا ھازىر بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ماقام لازىم، پۇل، رەختىنىڭ باھاسىغا يېتىشى لازىم. ھەقىقىي كىشى، پەرىشتىمۇ، جىنمۇ، ئۆلگەنلەر روھىمۇ بۇنى خۇددى كەپتەرۋاز پەغەزگە كەپتەر قوندۇرمۇ؟ پەختەكمۇ؟ بىلەلىگەندەك بىلەلەيدۇ، ھەقىقىي ئىنسان دائىم ھالدا ھەتتا ئۇخلاۋېتىپمۇ قەلبى توختىماي ئاللاھ... ئاللاھ... ئاللاھ دېيەلەيدۇ، ئۇنىڭ كۆزى ئۇخلىسىمۇ قەلبى ئۇخلىمايدۇ. شەيتان دائىم تەخ تۇرىدۇ، ئۇ سەللا كاۋاك تاپسا، شۇ زامان سەكرەيدۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي، ئارام ئالماي، ئازدۇرۇشقىلا مەسئۇل، نامازدا كۆزگە كۆرۈنگەن، مەھبۇب ياكى دېھقانچىلىق يا تىجارەت مېلى، ياكى ھەق ئۈستىدە تۇغان نەرسىلەرمۇ شەيتان بولىدۇ. شەيتان ھەق بىلەنمۇ ئازدۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئالىم، ئۇ پۈتۈن كائىناتنىڭ سۈرىتىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ كىشىنى ئازدۇرىدۇ. نامازنى سەۋەنلىك بىلەن ئوقۇتىدۇ، شەيتان پايتەختى، دۇنيا بىلەن ئايال، ئۇ مۇشۇ ئىككى نەرسە بىلەن ھەممىنى ئازدۇرىدۇ، ھەقىقىي زاكىردىن شەيتان قاچىدۇ، ئەگەر ئىخلاس بوش بولسا، ياكى شەيتانغا پۇرسەت بولسا، ئۇ قاچمايدۇ، بەلكى، تېخىمۇ ئالىم، ھىيلە ـ مىكرى تولا، بوۋسى كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ تەربىيلىنىدۇ، گەپنىڭ خۇلاسىسى، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن زىكرى ئىبادەت قىلىش، نەپسىنى يېڭىش، كېچىسى تۈنەش، قۇرئاننى ئوقۇپ، ئەمەل قىلىش دېدى.

ئاللاھ، خالىغىننى قىلىپ، سوراققا تارتىلمايدۇ، ئاللاھمۇ ئۇ سىرلار ئارقىلىق بەندىسىنى ئۆزى تەرەپكە، ھەق تەرەپكە تارتىدۇ، ئاشىق، سادىق قىلىدۇ، ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنى سىنايدۇ، چۈنكى، بۇ كارامەت، مېنىڭ بۇ ئىشلارنى يېزىپ قويۇشۇممۇ ھەقىقىي كارامىتى بار كىشىلەرنى، باشقىلارنىڭ بىلمەستىن ئەيىبلەپ نارازى قىلىپ قاغىشى، خاپا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداقلا كىتابنى ئاز كۆرۈپ ئىلمىدىن بولۇپمۇ باتىنى روھىي ئىلمىدىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە تېنىپ، ئىماندىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى كۆزدە تۇتتۇم، ھەم بۇ جايدا سۈرە ھەجدە ئەۋلىيالار سۆزلىرى سۆزلىنىدۇ، دەل ھازىر سۆزلەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر بۇنى توغرا چۈشىنىشىنى، خۇراپىيلىق دېمەسلىكىنى مەقسەت قىلدىم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كىتابىنىڭ **52** ـ بەتتە، **55** ـ بەتلەردە مۇنداق دېگەن: ئىنسانغا، ئاللاھتائالا پەتىھ كەشىپ يەنى غەيىب ئىلمى، روھ ئىلمىدىن ئازراق ئىلىم بىلدۈرسە ئۆزىنى باشقىلار ئالدىدا تۈرۈكتەك ھېس قىلىدۇ. ئىلمى يوقتەك ھېس قىلىدۇ، زاھىرى ئىلىم باتىنى ئىلىمنىڭ ھەقىقىي ئىلمىنىڭ ئالدىدا يوق نەرسىكەن دەپ بىلىدۇ. جۇمھۇر ئالىملار ئىلىمنى چەكسىز دېگۈز دېگەن. زاھىرى ئىلىمنىڭ چېكىگە يېتەلمىگەن يەردە باتىنىي ئىلىمنىڭ چېكىگە قانداق يەتسۇن؟ دېگەن، ئاللاھ بۇ ھەقىقەتكە خالىغان كىشىنى تاللايدۇ.

مۇسۇلمانلار جاھىل خۇراپىي شەيخلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئالدانماسلىقى، تەرەققىي قىلىشىدىن چېكىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. شەيخ بولسا، دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيدەك شەيخ خەۋۋاس، شەھرانى رەھمەھۇللا ئەلەيلەردەك بولسا، ھەقىقەتچى بولسا بولىدۇ. بۇلارنىڭ كۆز قارىشى ھەقكە زىت ئەمەس، ھەتتا، تەبئىي ـ پەندە بايقالغان ھەقىقەتكىمۇ زىت ئەمەس، مەسىلەن: دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەي ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ، ئاسماندىن مۆلدۈر، تاغ ياغدۇرىدۇ دېگەن ئايەتكە ئاسماندا تاغ بار دېگەن. ھازىر بولسا، ئۇچار كېمىدە، ئايرۇپىلانلار، سۇنئىي ھەمراھلاردا بۇ قار تاغ، مۇز تاغ بايقالدى، ئۇنىڭ سۆزى دەل توغرا چىقتى دېگەن.

«فىزىلال قۇرئان»، تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن دېگەن بۇ يېڭىچە تەپسىرنى سۆزلەپ بەرسەم خېلى كۆپ كىشىلەر جۇملىدىن موللاملار ئىنكار قىلدى، ياكى قەلبىدىمۇ بولسا رەت قىلدى. ئەمما، كىتاب ئوقىمىغان، تەبئىي ـ پەندىن ساۋادى يوق، بۇ پىشقەدەم دوستۇم ماڭا سەن بۇ كىتابنى مەخپىي ساقلا، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، سەن خوش، خوش دەپ قويۇپ، ئۆز ئىشىڭنى قىل، چۈنكى، ئۇلار سۆزۈڭنى چۈشىنىپ بىلەلمەيدۇ دېگەن. بۇ كىشى قانداق بولۇپ، بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلدى؟

قەلبىدىكى كۆزى ئەينەك، ئاپاراتى بىلەن كۆرۈپتۇ، شۇنداق، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ سۆزىگە

كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇنداق كاتتا ئەۋلىيالار سۆزىنى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەيدەك مۇسەننىپىنىڭ سۆزلىرىنى كەلتۈرگەن، نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى بۇ ھەقىقەتلەر ھازىرمۇ شۇ پېتى راست، توغرا چىقىۋاتىدۇ، بۇ بىر مۆجىزە بولماقتا، ئەمما، مەن تۈزكور بولۇپ، ئىلىمغا لايىق ئەمەل قىلالمىدىم، ئاللاھ، مېنى ئۆز رەھمىتى بىلەن كەچۈرەر، ئامىن.

بىز، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا كەلسەك، ئۇ ئەۋلىيالار سۆزى توغرىسىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ، ھازىر مۇسۇلمانلار چوقۇم ئاسمان ـ زېمىن، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئۈچ ھاياتلىق، ئىنسان قەلبى، روھى، زاھىرىي، باتىنىي بىلىملەرنى چوقۇم ئىگىلىشى لازىم دېگەن. بىزگە نۇرغۇن مۇشكۈللۈكلەر، ئىلىم ئارقىلىق يېشىلىپ ئاسان بولىدۇ، پۈتۈن كائىنات، ئىنسان خىزمىتى ئۈچۈن يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنى ئىلىم ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر ھۆكمالار، پەيلاسوفلار، دوكتۇر، ماگىستىرلار، شەيخلەر بۇ نادان ئىنساننى تەربىيە قىلماقتا، بىزنىڭ نەپسىمىز، روھىمىز، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ دائىم ھالدا نېمەت بىلەنمۇ نىقمەت، ئىنتىقام بىلەنمۇ راھەت، ئازاب بىلەنمۇ پايدا ـ زىيان بىلەنمۇ تەربىيىلىنىدۇ. ئۆلگەنگە قەدەر مۇشۇ ئۇسۇلدا تەربىيىلىنىدۇ، ھەتتا، بۇ پەس، چۈپەي، تار ئالەمدىن كەڭرى، ئالىي، مەڭگۈلۈك ئالەمگە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ ئالەمدە خۇددى قۇياشىنىڭ يەتتە خىل رەڭگى بىرلەشكەندەك، بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىق بار، ئۇلار خۇددى بىر كىشىنىڭ قەلبى ئۈستىدە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا شۇنداق ئىدى، ئۇ جايدا ئەسلا شۇنداق. ئاللاھ بىزگە ئىلىم ۋە ئەخلاقنى ئىخلاس ۋە ھىممەتنى تاقىتىمىزگە چاغلىق بېرىدۇ، ئاشىق چوقۇم مەشۇقىغا يېتىدۇ، بۇ دۇنيادا ئاجايىپ ئالىي ماقاملارغا يەتكەنلەر باركى يۇقىرقى پەيلاسوف، ئالىم، ئەھمەد ئىبنى مۇبارەك، شەيخ دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيدىن بىر ھەدىس توغرىلىق سورىغاندا، ئۇ بىر كېچە سەۋر قىلىپ تۈر مەن ساڭا رەسۇلۇللادىن سوراپ ئاندىن جاۋابىنى بېرەي دېگەن، خۇلاسە شۇكى، ئۇ چۈشىدە كۆرشەلىگەن. ئىككىنچى كۈنى ئاڭلىغانلىرى بىلەن جاۋاب بەرگەن، مانا شۇنداق ئالىي ماقاملارغا يەتكەنلەر باركى، ئۇلار دائىم بىزنى تەربىيە قىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا، دۇنيادىن ئايرىلغان، ئەمما ئۆزى مەڭگۈ ھايات كىشىلەرنىڭ روھلىرىدىن بىلىپ، ئېلىپ تەربىيە قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئاجايىپ سىرلىق دۇنيادا غارايىپ سىرلىق ئىنسانلار بار ئىكەن، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلالايدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ بۇ كىتابىنى «فىزىلال قۇرئان»نى مۇنىيرنى بۇنىڭغا ئوخشاش كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشەنگەن، كىشىلەر چوقۇم بىر خىل كۆز قاراشتا، بىر خىل مەزھەپتە، بىر پارتىيىدە شەرىق، غەربتە بولسۇن بىر خىل قەلبدە، بىر دىن، بىر مىللەت، بىر پىكىر، بىر خىل لايىھە ئۈستىدە بولالايدۇ. ئىختىلاپقا چولىسى يوق، چۈنكى، بۇلار نۇرغۇن ئىلمى پەنلەرنى ئۆگىنىشى ۋە ئۆگىتىشى لازىم. بۇلار ۋاقتىنى، تەرەت، ھەيز، نىكاھ، تىجارەت، نۇرغۇن ئىختىلاپ مەسىلىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى، كائىناتتىكى ئىلمى ھەقىقەت، سىرلىق قۇدرەت، ھېكمەت، رەھمەت ئۈستىدە، ئالىي بىلىم ئالىي پىلان ئۈستىدە ئۆتكۈزىدۇ، دائىم ئۇنۇملۇك خىزمەت بىلەن مەشغۇل مۇسۇلمانلار غىمنى يىمىسە، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن ھەدىس بويىنچە، ئۇلار دائىم دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىنى كۆزلەيدۇ، بۇ بەختكە يېتەكلەيدۇ، ئۆزى بولسا، باشچى بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى مۇبارەك، شەيخ دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيدىن مۇنداق سورايدۇ: بۇ كىشى ئاللاھنىڭ كارامەت بىلەن بىلدۈرىشى ئارقىلىق پەتىھ كەشپىدە يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىننى خالىي جايدىكى بەندىلەر قىلىقلىرىنى بىلەلىگەن، شۇنداقلا ھاياتى بەرزەختىكى ئۆتنى ھەر تۈرلۈك ئازابنى كۆرگەن، روھلارنى كۆرگەن، يۇلتۇز، پەلەك، ئوربىتلارنى بايقىغان، ئەمما، ئۇ بۇلارنى ھېچنىمگە تەڭ دەپ قارىماي، كۆزگە ئىلمىغان يەنى بۇ ھېچ ئىش ئەمەس، ئاللاھ دېگەن. بۇنىڭدىن كاتتا ئۇلۇغ زات، بۇ بىر ئىلىم خالاس دېگەن. ئۆزىنى چوڭ تونىماي يەنىلا كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھلا، ئاللاھ جامالى بولسا بولدى دېگەن، بۇنداق پەتىھ كەشپىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن، قاچقان ئىدى. كىمكى بۇنداق ئىشلارغا بېرىلسە، ئاللاھدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، زۇلمەتتە قالىدۇ دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىھ، سىر ئىلمى كارامەت بېرىلمىگەن كىشى خاتىرجەم دېگەن. بۇنداق ئىشلار بېرىلگەن كىشى، چوڭ خەتەر ئىچىدە قالىدۇ. ئاللاھ ساقلىمىغانلار ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، ئەجرى كۆيىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ شەھۋەت لەززەتلىرى ئايال كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۈرلۈك جايلار، بۇ نادان ئىنساننى، ئاللاھدىن، ئاخىرەتتىن توسۇپ قويغان تۇرسا، ئۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار ئەلۋەتتە

توسۇپ قويىدۇ، ھەيران قېلىپ، ھالاك بولىدۇ دېگەن.

كىمكى يۇقىرقىدەك ئىشلاردا بولسا، كىشىلەرنى چۆرىسىگە شۇ سەۋەبدىن يىغسا شەيتان بىلەن بىللە ئۇ سېھرىگەر، كاھىنلار بىلەن بىر قاتاردا بولىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن ئاللاھ ساقلىسۇن، ئامىن! بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بىر ماقام بولۇپ، بۇ نۇرانى ماقام پەرىشتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ ماقاممۇ ئاللاھنىڭ ساقلىشى بىلەن ياخشى بولمىسا ھەممىسى ئازىيىدۇ دېگەن. بۇنداق كىشىلەر دائىم سەجدىدە تۇرۇپ ئاللاھدىن شەيتاننى نېرى قىلىشنى سورايدۇ، يىغلايدۇ. بۇ ماقام، سىر، روھىي ئىلىم، پەتىھ كەشىپ توغرىسىدا شەيخ خەۋۋاس رەھمەھۇللا ئەلەي بىلەن شەيخ شەئرانى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دېگەن. (ھەممىنى بىردەك قارىغان) ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى، بۇ دۇنياغا كېلىپ ياخشى ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنى، ئۆزىمۇ سەزمەي چىكەتكىنى شۇنداقلا ھېچكىم سەزمەي بىلىنەشتۇرمەي، چىكەتكىنى بۇنىڭ ئەجرى تولۇق بولۇپ، زەررىچىمۇ كاملىمايدۇ، بۇ ياخشىسى ئەگەر ئاشكارا بولۇپ قېلىپ، خەلق قوللاپ كېتىپ سوۋغا ـ سالام زىيارەت كۆپىيىپ كېتىپ قالسا، ئۇ بۇ دۇنيادىن ئىناۋەت شۆھرەت، ئەجرىنى ئېلىپ بولۇپ، قۇرۇق قول چىقىپ قالىدۇ، ئاخىرى ئازابقا قالىدۇ، ھەدىستە كىشىلەرگە تونۇلغان كىشى بالاغا خاس قالىدۇ، دېگەن يەنى جازاسىنى تارتسا ئاندىن ساق چىقىدۇ. بولمىسا ئۇ قۇرۇق قول چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئەۋلىيا ئۆزىنى بىرەر ئىش بىلەن نىقابلايدۇ، مەسىلەن: دىۋانە، قەلەندەر، مەدىكار ياكى ھاجەتخانا تازىلاش ياكى سەرگەندار قاتارلىقلار، ئۇلار كىشىلەر كۆزىدىن نېرى بولىدۇ، خالىي جايغا قاچىدۇ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن نېرى بولىدۇ، قەلبى ئاللاھ بىلەن مەشغۇل، پەتىھ كەشىپ كارامەت ئىككى قىسىم بولىدۇ. بىرىسى، بەراكات، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن، ئەگەر پۈتۈن شەھەر ئەھلى ئىمان كەلتۈرۈپ تەقۋادار بولسا ئىدى. ئۇ چاغدا بىز ئاسمان ـ زېمىندىن بەرىكەتنى ئاچاتتۇق دېگەن. بۇ يەردە پەتىھ، بەرىكەت بىلەن كەلگەن، يەنە بىر جايدا بىز ئۇلارغا قاتتىق ئازابدىن بىر ئىشىك ئاچتۇق دېگەن. بۇ پەتىھ، ئازاب بىلەن بىرگە كەلگەن بولۇپ، بۇمۇ ئىككى قىسىم بولغان، ئەگەر بۇ كارامەت سېنى ئەدەبلەش يۈزىسىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بولسا، بۇ ياخشى، بۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئىنايىتى بولىدۇ. قالغان گەپ سېنىڭ ئازماسلىقىڭدا شەيتان بىللە بار، ھەزەر قىل، ئىككىنچىسىدە قىزىقىش بىلەن مال ـ دۇنيا نىيىتىدە ياكى يۈز ـ ئابرۇي ياكى دۈشمەندىن ساقلىنىش، ھەيۋەتلىك بولۇۋېلىش بىلەن ياكى كىشىلەرنى ئالدىغا توپلاش. مەنمەنلىك ۋاھاكازالار بولسا، بۇنداق كىشى دۇنيادىن قۇرۇق قول چىقىدۇ، ئەجرى يوق، بۇنىڭدىن ھەزەر قىل، كىمكى ئەمەلنىڭ نەتىجىسىنى مۇشۇ دۇنيادا سورىسا ياكى رازى بولسا، پاناھ تىلىمىسە، بۇ جازا، مۇكاپات دۇنياسى بولمىغاچقا بۇ كىشى ئازغان بولىدۇ. نەتىجىسىنى تېز ئالغان بولىدۇ. نەپسانى شەھۋەت، قىزىقىشدىن خالىي بولغان، ئۆزىنى، ئۆزگىنى توغرا يولغا سالغان، ھەقىقەتكە يەتكۈزگەن، ھىدايەت، مەرىپەت سەۋەبى بولغان گۇناھدىن توسالغان، كېچىسى مۆگدەتمەي، ئۇخلاتماي ئىبادەت قىلدۇرالىغان، كارامەت ياخشى بولۇپ، بۇنى قوبۇل قىلىش ئەدەبدۇر. قوبۇل قىلمايمۇ ھەددى ئەمەس، ئاللاھ خالىغىننى قىلىدۇ، ئەمەل قىلىپ نەتىجىسىنى بۇ دۇنيادا ئالغان كىشى خۇددى قورسىقىدىكى بالىنى چالا تاشلىغان ئايالدەك ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، قىينالغىنى بىكار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھدىن، جامالىدىن، ھەق، مەرىپەتتىن، ئاخىرەتتىن توسۇپ قويىدىغان ئىشلاردىن قېچىش، پاناھ تىلەش لازىم. ئەمەلنى خالىس ئاللاھقىلا قىلىش لازىم. رىيادىن، ئاڭلىتىشدىن، كۆز كور قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. نەپسىدىن، شەھۋەتتىن، مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابرۇيدىن ساقلىنىش لازىم، پەقەت، ئاللاھ... ئاللاھلا جەننەتتىكى جامالىنىلا مەقسەت قىلايلى.

ئەي چېچەن ئاقىللار، سىلەر خۇددى ئالەم، ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش، پەلەك، يۇلتۇزلاردەك، خالىس ئەمەل قىلىڭلار، ئۇلار مەڭگۈ ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىپ كەلدى، ئاسىي، گۇناھكارمۇ ئەمەس، شۇنداق تۇرۇپ، ئەمەلنىڭ، ئىتائەتنىڭ ئەجرىنى سورىمىدى، شۇنىڭدەك ئەمەلنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان كىشىلەرگە زور پايدا، ياخشىلىق يەتكۈزۈپ، ئاللاھقا زىكرى ـ تەسبىھ، ئىبادەت قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئەجرىنى پەقەت ئاللاھقىلا قويىدىغان، ئاخىرەتتە ئېلىشنى ئويلايدىغان، ئاللاھ جامالىنىلا كۆزلەيدىغان، ھەتتا جەننەت ـ دۇزاخ دەپ يۈرمەي خالىق، رەب دەپلا نىيەت قىلىدىغان ئالىم، ئابىدلار نىجات تاپىدۇ، رازى قىلىشمۇ ئاسان، چۈنكى، بۇلار ئاخىرەتنى كۆزلىگەن، نەپسىدىن خالىي بولىدۇ. ئەپۇچان كېلىدۇ، سوۋغا ـ سالامنى، تەشەككۈرنى، ئوشۇق خۇشامەتنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بۇلار ئاساسەن قۇرئان،

ھەدىس، ئىجمائ، قىياس بويىنچە رەسۇلۇللاھنىڭلا سۈننىتىنى ئىجرا قىلىدۇ، مۇبالىغە، سىرلىقلاشتۇرۇش، تەكەللۇپتىن خالىي، ھەممىگە لايىق كېلىدۇ، ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتەلەيدۇ، ھەممىنى ئاللاھ باغلاپ تۇرىدۇ.

بۇ ماقامدا ساھابىلەرنىڭ مۇنۇ سۆزى ياخشى ئۈلگە، ئەگەر بىزدىن ھىجاپ، پەردە كۆتۈرۈلۈپ، غەيىب بىلدۈرۈلسىمۇ، يەنىلا ئىشەنچنى زىيادە قىلمايتتۇق، يەنى ئوخشاش، بىز ئۆزگىرىپ قالمايمىز دېگەن. ئۇلار شۇنداق كۆرگەندەك، ئىشىنەتتى، مەسىلەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قەبرىگە بېرىپ، سوئال سوراپ، جاۋاب ئېلىپ يانغىنى، ئىبنى كەسىر دېگەن تەپسىرنىڭ ئىككىنچى دەپتىرى 78 ـ بېتىدە بار، بۇ ۋەقە بىر ياش يىگىت توغرىسىدا بولۇپ، بۇ يىگىت چىرايلىق ياش قىزچاق قېشىدىن ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاللاھنى ئەسلەپ، شەيتاننى يېڭىپ گۇناھدىن ساقلىنىپ، شۇ ئايەتتىن تەسىرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئاندىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز چۈشۈرۈپ، سوئال سورايدۇ، بۇ يىگىت، ئاللاھدىن قورقسا، ئاندىن گۇناھدىن يانسا، ئاللاھ ئىككى جەننەت بېرىدۇ دېگەن بويىچە ماڭا رەببىم ئىككى جەننەت بەردى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇلار، كۆرگەندەك ئىشەنگەچكە بۇ پەردىنى ئۇلاردىن كۆتۈرۈش، يېپىش ئوخشاش، بەرىبىر بولىدۇ دە! شۇ ماقامدا ئىمان، ئىشەنچ بولسا، ئاندىن روھلار سۆزلەيدۇ، ھاياتى بەرزەخمۇ ئاشكارا بولىدۇ. بۇ كارامەت بىلەن ئۆزىنى، ئۆزگىنى ھەقكە چاقىرىش، دىنسىزلارنى ئىسلامغا چاقىرىش لازىم.

ئەمما، بۇ يولغا كىرىدىم دەپ، كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈشتىن توسۇلۇپ قالماسلىق لازىم. يەنىلا بۇ ئابىدلارمۇ مۇسۇلمانلار غېمىنى يېيىش لازىم. ھېچبولمىغاندا، دىنسىزلارچىلىك كەشپىيات، تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، بايلىق جەھەتتىن ياكى كەشىپ، تەرەققىيات جەھەتتىن پايدا يەتكۈزۈش لازىم.

مەسىلەن: ئىدسون جىنىدا توك لامپىسىنى كەشىپ قىلدى، مانا ھازىر پۈتۈن دۇنيا خەلقى جۈملىدىن مۇسۇلمانلارمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ، بۇ توك، ئېلىكتېر بىكىتىلمىگەن ئۆي، بىنا، ھەتتا ئېغىل، ھاجەتخانىمۇ قالمىدى، ھەتتا بۇ نۇر ئىلمىدىن كومپيۇتېردەك ئىلغار ئۇسكەن ياسالماقتا، ئىنسانلار جەمئىيىتى تۇرمۇشى پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچە، يول، قاتناش، زاۋۇت، كان ـ كارخانا، پۈتۈن ئىش مۇشۇ توك بىلەن، چىراغ، نۇر بىلەن بولماقتا، ئەگەر ئىدسوننىڭ ئورنىدا بىرەر ئەۋلىيا، ئالىم، ئابىد بولغان بولسا ھېچ بولمىغاندا مۇسۇلمان بولسا، بۇ نېمە دېگەن كاتتا ساۋاب ھە! تۈگمەس ئەجىر، ئۈزۈلمەس تۆھپە، ئەجىر دېگەن شۇ، بۇ ھەدىستىمۇ بار.

بىز مۇسۇلمانلار مۇشۇنىڭدەك دۇنياۋى كەشپاتنى، ئىلغار تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرىشىمىز لازىم. بۇ ئىش چوقۇم قولىمىزدىن كېلىدۇ، شۇلارغا بولغان ئىلھام، روھلار، پەرىشتىلەر چۈشكەن مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا بولماسمۇ؟ خالى جايدا تەپەككۇر قىلىپ، ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، سىرلىق بىلىمنى بىلگەن بۇ مۇسۇلمانلار ئاددى، ماددىي، جىسمانى تەرەققىياتنى بىلەلمەسمۇ؟ بىز تەپەككۇر قىلساق، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ غېمىنى يېسەك، تەرەققىيات، غەلىبە، بىرلىشىش ئۈچۈن دۇئا قىلساق، چوقۇم غەلىبە قىلىمىز. ئەمدى، نۆۋەت مۇسۇلمانلارغا كەلدى. خۇددى كېچە ـ كۈندۈز خاس ئېلىشقاندەك، دىققەت قىلىپ، ھۇشىمىزنى يىغىپ قايتا ئۇخلاپ قالماي، ئۆزئارا تۈگىگەن مەسىلىنى قايتا ئىختىلاپ قىلماي، ۋاقتىمىزنى ئالى، ئەڭ يۇكسەك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلايلى. بىزدىن ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ، پۈتۈن ئەجداد، ئاتا ـ بوۋىلار، پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئەۋلىيالار، پۈتۈن مۇسۇلمانلار، دۇنيا ئىنسانلىرى، ئاجىز، غېرىپ، مىسكىنلەر، يوقسىزلار ھەممىسى رازى بولسۇن، بىزمۇ رازى قىلىيالى، تىرىشايلى.

بىز ئىلىمنى، كەشپىياتنى، ئاللاھنىڭ سۈپىتى، قۇدرەت، ھېكمەت، رەھمىتى، ھەق دىنى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانلارغا پايدا ـ مەنپەئەت، ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن، ئالىي ماقامغا يېتىش ئۈچۈن ئالايلى، ئاللاھنىڭ قۇدرەت سىرلىرىنى كائىنات سىرلىرىنى، ئاسمان سىرلىرىنى، سامان يولى ۋە باشقا يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى، زېمىن، يەرشارى قاتلام نەزەرىيىسى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، قۇرۇلۇش، ئۇچۇر، روھ، زاھىرى، باتىنىي سىرلار توغرىسىدا ئالايلى.

ئىلىم چەكسىز، بۇنى خەتمە قىلىپ بولدۇم دېمەيلى، توختىماي ئىزدىنەيلى، كىبىر، مەنمەنلىكنى، شەخسىيەتچىلىكنى، ئۆچ ـ ئاداۋەت، تەرەببازلىقنى، ئىختىلاپنى تۈپتىن قۇرۇتايلى، كەلمەسكە قوغلاپ ئۇنىڭغا ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلمايلى، كونا، قالاق، خۇراپىي، ئارقىدا قالغان تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭىچە ئوقۇتۇش

تۈزۈمى، يېڭىچە دەرسلىك پىلانلاپ، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەڭ ئالىي، يۈكسەك نىشانىنى، مەقسەتنى، غايىنى، ئىلغار تەرەققىياتنى كۆزلەپ تىرىشىپ ئالغا باسايلى.

دۇنياپەرەس، شۆھرەتپەرەس، ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسگە بېرىلگەن، رىياخور ئەۋلىيانىڭ ھاۋادا ئۇلتۇرغان كارامەت كەشپىدىن، ئىدىسوننىڭ توك لامپۇچكا چىراغ بىلەن ئالەمنى يورۇتقان كەشپىياتى مىڭ ياخشى، ھەر خىل كەشپىيات بىلەن بولىدۇ تەرەققىيات.

ھاياتلىقتا ئىگە ئىكەن ئۆسۈملۈك،
بۇلارمۇ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ ئۆلۈملۈك.
ئەللىك يىلدىن كېيىنمۇ تىكسەڭ ئۈنى،
ھاياتلىقتا ئېرىشىدۇ ئۈنۈملۈك.
باھار پەسلىنى باشتىن كەچۈرسە ئۆسۈملۈك،
كۆزلىرىمىزگە كۆرۈنۈپ كېتىدۇ سۆيۈملۈك.
ئارىلىقتىكى ئالاقىنى باغلاپ تۇرغان،
باردۇر بىر زات ئۇچ ھاياتلىقتا كۆيۈملۈك.
نېمەتلەرگە شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
چۈنكى، بىزمۇ ئاخىرى بولىمىز ئۆلۈملۈك.
ئۇچ ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى بولىدۇ ئەجەللىك،
ئۆلچەملىك ياشىشىمىز يەتمىش ياكى ئەللىك.
ئۆلۈم پەرىشتىسى بىزنى تاپىدۇ بىر كۈن،
ئۆلۈم پەرىشتىسى بىزنى تاپىدۇ بىر كۈن.
ئۇنىڭمۇ كېلەر ۋاقتى قەرەللىك،
ئاسىي، جاپىنىڭ جان بەرمىكى بەكمۇ ئەلەملىك.
دوزاخ بىلەن ئۇنىڭ ئارلىقى قالدى بىر قەدەملىك،
ئۆلۈم پەرىشتىسى نەسەبنى ئايرىماس.
گەرچە بولساڭمۇ سەن مەدىنىلىك ياكى يەمەنلىك،
مۇنبىكىر نەكىر ئالدىغا سوراققا بارغاندا.
ئەسقاتمايدۇ بۇ دۇنيادىكى مەنمەنلىك،
بەلكىم ئەسقىتىپ قالار غەمكىنلىك بىلەن مىسكىنلىك.

سۇرە ھەجدە، مەزلۇمغا ياردەم بەرگەن ئايەتتىن كېيىنلا مۇنداق دېگەن، ئاللاھ كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئىچىگە، كۈندۈزنى كېچە ئىچىگە كىرگۈزىدۇ دېگەن، گاھ كېچىنى كۈندۈزدىن گاھ كۈندۈزنى كېچىدىن سۇغۇرۇۋدۇ، ئۇزارتىپ قىسقارتىپ تۇرىدۇ. قىساس، ئادىللىق، قانۇندىن كېيىن بۇ سۆزنى قىلىشى، ئاللاھنىڭ قانۇنى كائىنات قانۇنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خۇدى كېچە ـ كۈندۈز قانداق قىساس ئالغان بولسا، شۇنداق ئادىل قىساس ئېلىپ ياردەم بېرىشنى دېگەن. ئاللاھنىڭ مەقسىتى ئەي بەندىلىرىم، سىلەرمۇ ئاشۇ قانۇن بويىچە ئادىل بولۇڭلار دېگەن. بىز قاراپ باقايلى، بۇ كېچە ـ كۈندۈز قانداق قىساس ئېلىشىدۇ. كېچە ـ

كۇندۇزنىڭ ئۇزۇرۇپ قىسقىرىشى، مىسىردا تۆت سائەت، ھىندى، جۇڭگو ئەتراپىدا ئىككى سائەت، قەشقەر ئەتراپىدا ئۈچ سائەت، ئالتە سائەت، سىندى، پارىس شەھەرلىرىدە تۆت سائەت، قارا دېڭىز ـ ئوكيانىدا ئالتە سائەت، پارىژ، بېرلىندا سەككىز سائەت، شىمالىي دېڭىزدا **10** سائەت، ئۇندىن كېيىن **12**، **14**، **16**، **18** سائەتكىچە ئۇزۇن ـ قىسقا بولىدۇ، ئېكۋاتور ئەتراپىدا **12** سائەت بولىدۇ، ئىككى قۇتۇپتا ئالتە ئاي كېچە ئالتە ئاي كۈندۈز بولىدۇ. بەزى جايدا بىر ئاي كېچە بولسا، بىر ئاي كۈندۈز بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ بۇ قىساسنى ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىشنى ئۇتتۇرىغا قويىدى، خۇددى شۇنىڭدەك قىساس، زۇلۇم، ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. ئىلىم ـ پەن، تەرەققىياتمۇ، كەشپىياتمۇ شۇنداق، گاھ ئۇ تەرەپ، گاھ بۇ تەرەپ بولۇشى مۇمكىن، خۇددى كۈن، ئايمۇ تۇتۇلۇپ تۇرغاندەك، بىزلەرگىمۇ بىر نۆۋەت تېگىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈيقىمىزنى ئېچىپ، يېڭى ئىلىم ـ پەن كەشپىياتىنى كۈتۈۋالايلى.

ئاللاھنىڭ قانۇنىنى پۈتۈن كائىنات قانۇنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۇقۇش، سېلىشتۇرۇش، ئورتاقلىقنى، مۇۋاپىقلىقنى، ماس مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقايلى، ئىلىم ـ ھېكمەت، تەپەككۇردىن كېلىپ چىقىدۇ. بىز بۇ ئاددى كاللىمىزنى تېخىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىپ، قاماپ، قورۇپ، دۆتلەشتۈرمەي، سۆزۈك ئاسمانغا، ئەرشكە قويۇپ بېرىپ، ئەركىن پىكىر تەپەككۇر قىلدىغان، ئەتراپلىق ئويلايدىغان، كەڭ نەزەر دائىرىلىك، يۈكسەك ئالىي ماقامغا نىشانلايدىغان قىلىشىمىز لازىم.

ئەمەللەر، نىيەت بىلەن بولىدۇ، نىيەت يەنىلا ئىلىم بىلەن بولىدۇ، بىلمىسە نىمىنى نىيەت قىلىدۇ؟

ئاللاھ، ئاسماننى زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلاپ تۇرىدۇ، ئەمما، ئاسمان ـ زېمىن باشقا ئاسمان ـ زېمىنغا ئايلىنىپ قالىدىغان، ئۆزگىرىپ قالىدىغان، چۈشۈپ كېتىدىغان، يۇلتۇزلار تۆكۈلىدىغان چاغ بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى، ئۇ چاغدا ئاللاھ چۈشۈپ كېتىشكە رۇخسەت بېرىدۇ. بۇ ئايەتتە غايەت زور تارتىش كۈچى كۆرسىتىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ، ئاسماننى تارتىش كۈچى ئۆزئارا ماسلىشىش، ھەرىكەت قىلىش، ئەسىر دېگەن ئالەم تەسىرىدىن ساقلاپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە پەرىشتىلەر مەسئۇل، ئۇلار دائىم نورمال تەڭپۇڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ھازىر مانا مۇشۇ تارتىش كۈچىنى تاپقاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئالەم، توك، ئېلېكتېر ئىشلىرى راۋاناشتى، مەسلەن: سىملىق، سىمسىز تېلېفون، رادىئو، كومپيۇتېر ئۈچۈرلىرى، سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىقلار. ھەممىسى ئالەمنى قاپلاپ تۇرغان تارتىش كۈچىدىن، ھاۋا يولىدىن، زەررىچىدىن، نۇر تېزلىكىدىن پايدىلانماقتا، بۇ مەسىلە، قۇرئاندا **1400** يىل بۇرۇنلا ئاسماندىن چۈشۈپ بولغان. بۇ تارتىش كۈچىنى نيوتون تاپتى، مۇسۇلمانلار ئىختىلاپتا ئۆتتى، ئۇخلاپ ئۆتتى، ئەمدى، ئۇخلاشقا بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ، رەسۇلۇللاھ، ئورنۇڭدىن تۇر ﴿قم﴾ دېگەن، سۆزنى ئاڭلاپ دۇنيادىن كەتكىچە ئۇخلىمىغان.

## قارىمامسەن؟ ئاللاھ، ئاسماندىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، ئاندىن زېمىن ياپيېشىللىققا ئايلىنىدۇ دېگەن توغرىسىدا

ئاللاھ، بۇ ئايەتنى ئىنتىقام، قىساس، ئادىللىق بايانىدا سۆزلىگەن بولۇپ، يامغۇر ئارقىلىقمۇ تەڭشەش ئېلىپ بارىدۇ. ھالاك قىلالايدۇ. بۇنداق قىلىش يەنىلا، ئۇممەتنى ئويغىتىش، ھۇشىنى تاپسۇن، تەۋبە قىلسۇن، تەرەققىي قىلسۇن دېگىنى بولىدۇ. پەيلاسوفلارمۇ قايسى بىر ئۇممەت نەپسى، شەھۋەت كەينىگە كىرىپ، لەززەتكە بېرىلىپ، غەپلەتتە ئۆتسە، دۆت، خۇراپىي قالسا، شۇ زامان ئاشۇ ئۇممەت ئۈستىگە ۋابا ياغدۇ، جەڭ يامغۇرلىرى، ئوق، قورال، بومبا، يامغۇرلىرى ياغدۇ دېگەن. ئارقىدىنلا پۈتۈن مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەر ۋەيران بولۇپ تۈگىشىدۇ. **2002** ـ يىلقى ئىراق ۋەقەسى بۇنىڭ مىسالى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بىرلىشىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئىلغار يادرو قورال ياسىشى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنىگە تاقابىل تۇرۇشى لازىم. بۇ يامغۇر مۇشۇنداق ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ دۇنياغا ئاتموسفېرا ئۈستىدىن قارايلى، ھەممىنى بىردەك نەزەردە تۇتايلى، شۇ چاغدا تەپەككۇرغا باي بولۇپ، توغرا ئىش قىلالايمىز.

بىز ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، يامغۇر، ئۈچ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى ھەم ھاياتنىڭ داۋامى بولىدۇ. زېمىن قانداق يېشىل بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ قۇرۇپ قالىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلساق، دۇنيا ـ ئاخىرەت ھەتتا قىيامەت مەسىلىسىنى تاپالايمىز.

ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكتىكى ھاياتلىق، ھاياتلىقنىڭ مېخانىكىلىق ھەرىكىتى، ھايۋان بىلەن ئۆسۈملۈك ئوتتۇرىدا زور دەرىجىدە ئىگىز ـ پەس بولىدۇ. ھايۋانلار تېز ھېس قىلالايدۇ، ئاڭلاش، كۆرۈش، سىلاش، پۇراش، سېزىمى تېز، بۇلار توك ئېقىمىنى تېز سېزىۋالىدۇ، ھەم تېز ھەرىكەت قىلالايدۇ. ئۆسۈملۈك دەل جايىغا تەگمىسە ئالدىراپ سەزمەيدۇ، ئەمما، بۇنىڭدىمۇ ھايۋانغا ئوخشاش توقۇلما بولىدۇ، ھۈجەيرە ھەرىكىتى بولىدۇ، ئالاقە، سېزىم، ئۈچۈر يەتكۈزۈش بولىدۇ. بۇمۇ ئۆلىدۇ، تىرىلىدۇ، نۇرنى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتنى، ئوزۇقنى سېزەلەيدۇ. بۇ ئەھۋاللار مىكروسكوپ بىلەن تەكشۈرۈلسە ئېنىق كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كرىسكوغراپ، كرىسكوگراف دېيىلىدىغان بىر ئۈسكۈنە ياسىلىپ، بۇ نەرسە 50 مىليون ھەسسە چوڭايتالايدۇ، بۇنىڭدا ھاياتلىق سىرلىرى بولۇپمۇ ئۆسۈملۈك ھاياتلىق سىرلىرى ئەينەن ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئۈسكۈننى ھىندى مېخانىكچىلىرى ياسىغان بولۇپ، بۇنى مېنىڭ ئىنستىتوتىمدا سىنىدى، تەجرىبە ئېلىپ باردى، مەن كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قارىسام بۇنداق ئىشلارنى قايسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى يۇقىرى بولسا، ئىلىم ـ پەن كەشپىيات ئىلغار بولسا، شۇ دۆلەت قىلالايدىكەن، ئاندىن ئۇ تېخىمۇ ئىلغار تەرەققىي قىلىدىكەن. بىز ئىنستىتوتتا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكتىكى نۇرغۇن تەبىئىي ئۆزگىرىشنى، دورا قىممىتىنى، شىپاسىنى، زەھەرلىكىنى تاپتۇق. تەبىئىي پەندە خېلى ئىلغارلىشىپ قالدۇق. شۇڭا، مەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنى، كارخانا، شىركەتلەرنى، ئىقتىساد ئىگىسى بولغان خوجايىنلارنى، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلارنى ئىلىمغا ئاشىق بولغان تالىپلارنى ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈننى ئېلىشنى، شۇ ئارقىلىق تەتقىق قىلىشنى، نۇرغۇن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىمەن. بىز پۈتۈن دۇنيانىڭ، دۇنيا ئىنسانلىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. يالغۇز، دۇئا، تىلەكتىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي نەتىجە، پايدا يەتكۈزۈش، ياردەم بېرىش، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ياد ئېتىشىمىز لازىم. ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار.

ھازىرقى ئىلغار ئۈسكۈنىدە تەكشۈرۈلىشىچە، ئۆسۈملۈك سېزىمى، ئىنكاسى، ھايۋان ھەتتا ئىنسانلارغا يەتتى. ئۇلارنى كېسەل قىلىپ قويغىلى، داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. بۇ بىز ھەر يىلى كۆرىدىغان قوغۇن، قوناققا ئالا چۈشۈش كېسىلىگە ئوخشايدۇ.

دورا ئارقىلىق نۇرغۇنلىرىنى ساقايتقىلى بولىدۇ، ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. تېخنىكىلىق باشقۇرۇپ، دورا، ئوغۇتنى ۋاقتىدا سېلىپ، مول ـ ھوسۇل ئالغىلى، كېسەل، قۇرۇتتىن مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاللاھنىڭ خالىشى، ئەركىنلىك، چەكسىز، مەسىلەن: غوزا قۇرۇتى، كېپىنەك ئارقىلىق چۈشىدۇ. ئەمما بىز ئۇنى تىزگىنلەپ بولالمايمىز. بۇنى ئاللاھ كېچىدە كېپىنەكنى شەپەرەڭگە ۋە باشقا قۇشلارغا ئوزۇق قىلىپ بېرىپ، يوقاتسا ياكى تۇخۇمنى تىزگىنلىسە، ئاندىن ئامالى بولىدۇ. بولمىسا، بىز ئامال قىلالمايمىز، ئەمما، سەۋەبىنى قىلىپ باقىمىز، ئۇنىڭ بەرسە ئەجەب ئەمەس، بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟

ئاللاھ، بىر ئايەتتە ﴿**ئەگەر بىز ئىنسانلارغا رىزىقنى، مال ـ دۇنيانى كۆپ بەرسەك، ھەددىدىن ئاشىدۇ**﴾ دېگەن. دېمەك، بىزنىڭ ھەددىمىزدىن ئېششىمىزنىڭ، ئىمانسىز چىقىپ كېتىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئاشۇ كېپىنەك بىلەن چېكەتكە ئالىدىكەن. ئالىملار ئۆسۈملۈكنى نەم قىلىپ توك ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپتە ئۆلمىگەن، كېيىن قايتا ـ قايتا سىناق قىلسا، ئۆسۈملۈك ئۆلۈپ قېلىپ، سېزىمنى يوقاتقان، نۇر سېزىقىمۇ يوقىغان، مانا بۇ ئۆلۈم ئىدى. كېيىن بۇ تىرىلمىگەن، ئەمما، ئۇرۇقى يەنىلا ئۈنىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭمۇ توك ئېقىمى، سېزىمى، ئىنكاسى بار. ئۆلۈپ كېتىش، ھەتتا كۆيۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ تېنىدە سۇ، ئوكسىگېن ۋە باشقا توك ئۆتكۈزگۈچى ئامىل بار، شۇنىڭ ئۈچۈن، يول بويىدىكى توك سىمىدىن دەرەخنى نېرى قىلىدۇ. ئالىملار تېخىمۇ ھەيران قالغان ئىش شۇكى، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئىككىسىدە دورا ئەھۋالى، داۋالاش ئىشلىرى، كېسەللىك ئەھۋالى ئوخشاش ئىكەن. ئەمما، ھۈجەيرىسى ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. ئالىملار تەتقىق قىلىپ، بەزى ئۆسۈملۈكنى زەھەرلەپ باقسا، ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈپ قالغان، خۇددى ھايۋاندىن قان چىققاندەك ئۇنىڭدىن بىر خىل سۇيۇقلۇق ئاققان، بۇ ئىش خۇددى زەھەر ئىچكەن ئادەم يەتتە ئەزايىدىن قان چىقىپ ئۆلگەنگە

ئوخشاشكەن. بەزى گۆشخور ئۆسۈملۈكنى زەھەرنى قايتۇرۇپ داۋالىغىلى بولىدىكەن، ئەمما، كېيىن ئاجىز بولۇپ قالىدىكەن، بۇ ئۈچ ھاياتلىق تەتقىقاتى ئىنسانلار ئۈچۈن زور پايدىلىق بولىدۇ.

## قۇرئاننىڭ ئەبەدىيلىكى

ئاللاھ قۇرئاندا ئۆز قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى بارلىق بىرلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن كائىناتنى، ئاسمان ـ زېمىننى، ئارىلىقىدىكى تارتىش كۈچىنى، ئالاقىنى، مۇناسىۋەتنى، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، چاقماقنى، نۇر، زۇلمەتنى، تاغلار، باغلارنى، دەريا، ئۆستەڭ، قۇملۇقلارنى، قۇرۇقلۇق، دېڭىزلارنى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى، ھاياتلىق ـ ماماتلىقنى، ئالەمنىڭ يارىلىشى، ۋەيران بولۇشى، قايتا بىر ئالەم قۇرۇشنى، ئەبەدىيلىكنى، روھ، ئىدىيە، تارىخ، پەلسەپە، ھېكمەتنى تىلغا ئالغان. دۇنيا ئالىملىرى، مۇتەخەسسىس، ئىنجېنىر، تەتقىقاتچىلار دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىدۇ. بۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ئامال يوق، ئۇلار پەقەت بەش سەزگۈ ئەزاغا تايىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىلمى چەكلىك، شۇنداق بولسىمۇ، بۇلار ئاخىرى قۇرئان دېگەن ھەقىقەتكە قايتىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، راست، توغرا ھەقىقەتنى تاپسا، بۇ دەل قۇرئان، بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە بولۇپ چىقىدۇ. ھەممىسىنىڭ قايتىدىغان جايى، دەرگاھى، ئاللاھنىڭ دەرگاھى بولغاندەك، بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ قايتىش جايىمۇ قۇرئان بولىدۇ. قۇرئان ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەق بولسىلا قوللايدۇ، خاتاسى رەت قىلىنىدۇ.

**سۈرە ھەج، ئى ئىنسانلار بىر مىسال كەلتۈرۈلدى، قۇلاق سېلىڭلار. تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلار ۋە باشقا بارچە مەخلۇقلار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ بىر تال چىۋىننى يارىتالمايدۇ، چۈنكى يارىتىش ئەمرى قىلىش ئاللاھقىلا خاس، ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىرەر شەيئىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى قايتۇرالمايدۇ، ھەر ئىككىلىسى، بۇتمۇ، چىۋىنمۇ ئابىدمۇ، مەبۇدمۇ، ئاجىزدۇر دېگەن توغرىسىدا**

بۇ ئايەت بىر مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار تەتقىق قىلىپ كۆرگەن، چىۋىن ئالدى بىلەن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ ماڭسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شالىنى ئېقىتىپ باشقا ماددىغا ئۆزگەرتىپ ئاندىن ماڭىدىكەن، بۇ ماددىنى، چىۋىننى ئۆلتۈرۈپمۇ ئالغىلى بولمايدىكەن، بۇ بىر مۆجىزە بولدى، ئۇندىن باشقا ئاللاھ، بۇ ئايەتتە بارچە ئىنسانلارنى چاقىرىپ، دىققىتىنى شۇ تەرەپكە مايىل قىلىپ، ئاندىن مىسال كەلتۈرگەن، ئاددىيسى بىر چىۋىننى ياكى بىرەر ھاياتلىقتا ئىگە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقنى يارىتىپ بېقىشقا بۇيرىغان، شۇنداقلا بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلالمايدۇ دەپ كەسكىن ھۆكۈم چىقارغان، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، ھازىر دۇنيا بويىچە پۈتۈن ئالىملار بىردەك ھاياتلىق يارىتىشقا ھەتتا بىر جانسىز نەرسىنىمۇ يوقدىن بار قىلىشقا ئاجىزلىقنى ئېلان قىلدى، ئىقرار قىلدى.

بۇ ئايەت، ھاياتلىق تەتقىقاتى، ھايۋان تەتقىقاتى، ھېكمەت، ئىلىمنىڭ ئىشىكى بولۇپ قالدى. ھاشارەتلەرنى كۆزىتىش، ھايۋاناتلار دۇنياسىنى كۆزىتىش لازىم كەلدى. بىز قارىساق، راستىنلا چىۋىن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇرۇتلىتىپ، ئېچىتىپ، سېسىتىپ ئېلىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇنى قايتۇرالمىدى. نۇرغۇن ئىنسانلارنى كېسەل قىلىپ، كېسەل يۇقتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، ھېچكىم قايتۇرالمىدى. نۇرغۇن ھايۋانلارنى ئېلىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇلارنى قايتۇرالمىدى، چىۋىن سۇغۇقتا توڭلاپ كەتسە، ھېچكىم قايتۇرالمىدى، يەنىلا ئاللاھ، ياز پەسلىنى ئەكىلىپ، ئۇلارنى قايتۇردى، قايتا تۇخۇمدىن چىقىرىپ، ھاياتلىق بەردى، بۇ ئىشمۇ ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمىدى، بۇ بىر ئاددىي مىسال بولسىمۇ پۈتۈن ھاشارەت، پۈتۈن قۇشلار، پۈتۈن ھايۋانلار مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. بۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەپسىلىي سۆزلەپ يۈرمەيدۇ، ئەگەر بىرمۇ ـ بىر سۆزلىسە، بۇ قۇرئاننى نەچچە تۆگە، كالىمۇ سۆرەپ ماڭالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، قۇرئاندا، قۇرئاننى يېزىشقا توغرا كەلسە، پۈتۈن دېڭىز ۋە شۇنداق يەتتە دېڭىز سىياھ بولسا، ئازلىق قىلىدۇ، تۈگەپ كېتىدۇ دېگەن.

بىز بۇ تېمىنى چۈشەنسەك، ئاندىن پۈتۈن ھايۋانلارنى بۇ مىسالغا ئوخشىتىپ ھۆكۈم قىلالايمىز، ھەم تەتقىقات قىلالايمىز، دەلىل ـ ئىسپات ئالالايمىز، مانا بۇ تەبىئەت ئىلمى، مانا بۇ ھاياتلىق ئىلمى، مانا بۇ ھايۋانلار ئىلمى، مانا بۇ ھاشارەت ئىلمى، بىئولوگىيە، زوئولوگىيە دېگەن شۇ، ئۆز ئەينى شۇ. بىز ئۇخلاپ

قالغان بۇ دەرسنى چەتئەللەر ئۆتتى، ئەسلى بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز ئىدى. مەسىلەن: بىر مۇتەخەسسىس، ئۇستاز، ئوقۇغۇچىلىرىغا چۈشىن بىلەن ئاتنىڭ پەرقى نىمە؟ دەپ سوئال قويىدۇ، بىرسى، ئات چوڭ، چۈشىن كىچىك دېسە، ئۇستاز، ئەگەر چۈشىننى مىكرۇسكوپىدا چوڭايتساق ئاتدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ چاغدا بۇ جاۋاب خاتا بولىدۇ دىسە، يەنە بىر ئوقۇغۇچى، چۈشىننىڭ قانىتى بار، ئاتتا يوق دېدى، ئۇستاز، ئاندىن ئەگەر چۈشىننىڭ قانىتى كېسىلسىچۇ؟ دېدى. بىر ئوقۇغۇچى چۈشىندە ئالتە پۇت بار ئىكەن، ئاتتا تۆت پۇت بار، دېسە، ئۇستاز ئەگەر ئىككى پۇتى كېسىلسىچۇ؟ دېدى، ئاندىن بىر ئوقۇغۇچى ئاتتا تۈك بار، چۈشىندە يوق دېدى. ئۇستاز، خاتا، چۈشنىگە قارا دېدى، ئاندىن مىكرۇسكوپنى ئالدىغا قويۇپ بەردى، قارىسا چۈشىندىمۇ نۇرغۇن تۈكلەر كۆرۈندى. ئۇستاز سوئالنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، چۈشىننى مىجىڭلار دېدى. ئاندىن قارىسا، ھېچنېمە يوق، پەقەت تېرە، سېسىق سۇيۇقلۇقتەك ماددىلار قاپتۇ، ئۇستاز، ئاندىن بىلىڭلاركى، چۈشىن بىلەن ئاتنىڭ پەرقى شۇكى ئات سۆڭەكلىك ھايۋان، قان بار، چۈشىن، سۆڭەكسىز، قانسىز ھايۋان، ئات ئومۇرقىلىق ھايۋان، چۈشىن ئومۇرتقىسىز ھايۋان، پەرقى شۇ يەردە دېگەن، سۆڭەك بولسا، قان بولىدۇ، سۆڭەك بولمىسا قان بولمايدۇ دېگەن. شۇنداق قىلىپ ھايۋانلار ئىلمىنى ئەڭ قىزىقارلىق ئۇسۇلدا دەرسلىك قىلىشقا باشلىغان. ئوقۇغۇچىلارمۇ خۇشاللىق بىلەن دەرسكە سەھەردە بېرىپ، مول ئىلىملەرنى قىزىقىپ ئالغان. ئۇستاز بۇ توغرىسىدا، تەبىئەت ئىلمى دېگەن ئەسىرىنى يازغان، بۇ ئەھۋال، قۇرئان، ھەدىسكە مۇۋاپىق بولۇپ، بۇ ئىلمنى ئەسلى بىز ئوقۇتۇشىمىز كېرەك ئىدى. شۇ ئارقىلىق ئاللاھ، ۋە رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ساۋاب تاپاتتۇق، نۇرغۇن پايدا تاپاتتۇق، قاراڭلار دېسە، تەپەككۇر قىلىڭلار دېسە، بىز كۆزىمىزنى يۇمۇپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ دۇنيانىلا، نەپسىنىلا ئويلىدۇق، يەنىلا كۆنىمىز ئوخشاش ئۆتتى، تاپقىنىمىزنى بولسا ئۇلار ئاسانلا ئالدى. ئۇنداق بولسا، بىز بۇ ئىلمىدىن ئازىراق ئالايلى. ئايەتتىكى چاقىرىق بويىچە باشقا ئايەتتىكى بۇيرۇق بويىچە، ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارالغىنىغا قارىمامدۇ؟ دېگەن ئايەت بويىچە، نۇرغۇن سۈرىلەرنى، ھايۋان ئىلمى بىلەن ئاتىغان، ئىشارەت بويىچە ئاز ـ تولا ھايۋان تەتقىقاتىغا قارايمىز. ھايۋانلار تۆت قىسىم بولىدۇ.

بىرىنچى، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار، مەسىلەن: ئىنسان، چاھارپايلار، قۇشلار، تاشپاقىدەك ئۆمىلىگۈچى، بېلىق تۈرلىرىدەك، بۇ بەش تۈرلۈك ھايۋانلار ئىسكىلىتى سۆڭەكلىك ھەيكەلنى قاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلار، تۆگە، كالا، قويلار، ئات، قېچىر، ئىشەكلەر، گۆشخورلار، شىر، يولۋاسلار، گۆشخور ئۇچى قۇشلار، يىلان، چايانلار، دېڭىزدىكى كىت، لەھەڭ بېلىقلار.

ئىككىنچى، بوغۇملۇق ھالقىسمان ھايۋانلار بولۇپ، ھاشارەتلەر، ئۆمۈچۈكلەر تۈرى، كۆپ پۇتلۇقلار تۈرى، قاسىراقلىق ھايۋانلار، قۇرت، تۈرلىدۇر. ھاشارەتلەر، چۈشىن ئالتە پۇتلۇق، ئىككى قاناتلىق بولىدۇ، ياكى تۆت قاناتلىق بولىدۇ، پاشا، كېپىنەك، بۇلار ئىنسانلارغا، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كەلگەچكە بۇ دەرسنى ئوقۇش پەرىز كۆپايە. ئۆمۈچۈكلەر تۈرىگە كەلسەك، سەككىز پۇتى، ئالتە جۈپ كۆزى بولىدۇ، قانىتى بولمايدۇ، تۈكلىرى يەنىلا بار، بۇ ئۇسكۇندە كۆرۈنىدۇ. بەزىسىنىڭ پۇتلىرى ھەر تەرەپتە **20** دىن **40** پۇتى بولىدىغان ھايۋانمۇ بار، بۇنى كىشىلەر **80** پۇت دېيىشىدۇ. بۇنداق ھايۋانلارمۇ بەك كۆپ، قاسىراقلىق ھايۋانلار، ياغاچ قۇرتىدەك، ئۇندىن باشقا ئىنگىلىز تىلىدا كىرايفىش دېيىلىدۇ. بۇلارمۇ بوغۇملۇق بولىدۇ، ھالقىلىق بولىدۇ. قۇرۇت تۈرىگە كەلسەك، بۇلارمۇ بەك كۆپ، بۇلار زىمىت قۇرۇتى، يۆگىمەچ قۇرۇتى قاتارلىقلار. بۇلاردا پۇت يوق.

ئۈچىنچىسى، پۈرژۈنسىمان، يۇمشاق تەنلىك ھايۋان بولۇپ، چەتئەلچە دىيۇل دېگەن ھايۋان، مۇشۇ تۈردە بولىدۇ. بۇلاردىمۇ سۆڭەك بار. ئومۇرتقا يوق، ھالقىمۇ يوق، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىزدا.

تۆتىنچى، دېڭىز يوسۇنلىرى بولىدۇ، دېڭىز يۇلتۇزى، دەل بەشۋار شەكلىدە كېلىدۇ، بۇلارمۇ ھەر خىل ھەر ياڭزا بولىدۇ، ئەڭ كىچىك مەخلۇق بۇلارنى ھايۋاناتلار دۇنياسى دېگەن فىلىمدە كۆرۈپ، ئۈچرىتىسىز، ئەمما، شەيتانلار سىزنى بۇنداق ھەقىقەتنى كۆرگىلى قويماي، ئۆزىگە ئوخشاش شەيتانىنىڭ نەرسىسىنى، شەيتان كۆرۈنۈشنى، ھارام ئەۋرەتنى كۆرستىدۇ، ۋاھاكازالار.

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **78** ـ بەتتە، دېڭىزدا ياشايدىغان بىر نەچچە ھايۋانلارنىڭ جۈملىدىن دېڭىز

يۇلتۇزى، مارجان، گۆھەر دېگەن ھايۋانلار سۈرىتى كۆرسىتىلدى.

مانا بۇ ھايۋانلار تۈرى، سانى 2 مىليوندىن 70 مىليونغىچە يېتىدۇ، ئاللاھ، بۇلارغا بىر نەچچە سۆزە ئىسمى بىلەن بىر نەچچە ئايەت بىلەن ئىشارەت قىلغان. قارىمايدىغانلارغا، پىكىر تەپەككۇر قىلمايدىغانلارغا ھەقىقىي ئەمەلىي دەرس قىلىپ ئۇقمىغانلارغا، سوئال ئارقىلىق كايىغان، بۇ ئەھۋال قۇرئاندا كۆپ، ئايەت، ھەدىس، ئىجماﺋ، قىياس بىلەن ئىسپاتلاندى، بۇ ئىلىم، ھاياتلىق ئىلمى بولغاچقا، ئىنسانلار ھاياتقا، مال ـ مۈلكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، دۆلەت، ھەتتا دۇنيا تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغاچقا، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا، قۇرئاندا ئاللاھىدە سۆزلىنىپ، تەكتلەنگەچكە، بۇ ئىلىم، پەرز كۇپايە، چوقۇم پەرز كۇپايە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىلىمدا نۇرغۇن ئىلىم، ھېكمەت، قۇدرەت، رەھمەت، سىرلار بايقىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىلىمنى ئافغانىستان، پارىسلار، پاكىستان، ئىران، ھەتتا سەئۇدىي ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەر مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىشى قىلمىغان، بىز پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر بىر شەخسىنىڭ بۇ ئىلىمنى ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەر قايسى كۇللۇ كىتاب ۋە شەخسى ھەتتا مەخپىي ئاچقان مەكتەپلەر بۇ ئىلىمنى چوقۇم ئوقۇشى لازىم. چۈنكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن كىبىسەلنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ۋابا يولىنى توسقىلى بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا بولىدۇ، بولمىسا ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ. ئىش قىلىپ، ھاياتلىقنى ساقلاپ قالغىلى، كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ، ھېكمەتنى، سىرلارنى ئاچقىلى بولىدۇ. غالجىر ئىتنى ئۆلتۈرگەندەك، بىزمۇ بۇ زەھەرلىك مىكروپ، ۋىرۇسلارنى ئۆلتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئىلىم، پەرز كۇپايە، بۇ جەڭ ۋاجىپتۇر، ھەر بىر دۆلەت باشلىقى، ئاتا ـ ئانىلار، مۇئەللىم، ئوقۇتقۇچىلار، ئۇستازلار، مۇتەخەسسىسلەر بۇنىڭغا چوقۇم كۈچ چىقىرىش لازىم. يېقىندىن ياردەم بېرىشى لازىم. چۈنكى، بۇ ئۆلارنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھەم مەسئۇلىيىتى، كىمكى، جەڭچىنى جابدۇتسا، ئۇمۇ جەڭ قىلغاندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ھاياتلىقنى قۇتقۇزسا، پۈتۈن كىشىنى قۇتقۇزغان بولىدۇ. كىمكى بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلسا، ئۇ شېھىد بولىدۇ. كىمكى ئىلىم يولىغا قەدەم قويسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كەففارەت، بىلگەنلەر چوقۇم بىلمىگەنلەردىن دەرىجىدە ئارتۇق تۇرىدۇ. ئاللاھدىن راستىنلا ئالىملار بەك قورقىدۇ، پۈتۈن كائىنات، ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان، پۈتۈن تەرەققىيات، ئىلىم بىلەن بولىدۇ، غەلىبە، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا باغلىق بولۇپ قالدى.

چۈشەندەك ھاشارەتلەرنىڭ ئالتە پۇتى بولىدۇ، قانىتى بولىدۇ، بېشىدا ئىككى تال مۈڭگۈزى بولۇپ، شۇ مۈڭگۈز ئاساسلىق سېزىمى ھېسابلىنىدۇ، دائىم بۇ مۈڭگۈزنى ئادالاپ، تازىلاپ تۇرىدۇ. بۇلاردىمۇ تەن، باش، قورساق، ئىچكى ئەزا بولىدۇ. ئەقىل، پەم ـ پاراسەت، ھىيلە ـ مىكىر بولىدۇ. تۇخۇم تۇغىدۇ، ئەمما، ھاشارەتلەر، قۇشلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئىككىسىنىڭ چوڭ پەرقى بار.

بىرىنچى، قۇشلار تۇخۇمغا كۆيۈنىدۇ، تەربىيەلەپ بېسىپ بالا چىقىرىدۇ، ئاندىن بالىسىنى تەربىيىلەيدۇ. ئەمما، ھاشارەتلەر، چۈبىن، چېكەتكىلەر، تۇخۇمىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدۇ، بالىلىرى بىلەنمۇ كارى يوق. ئاللاھقىلا تاپشۇرىدۇ، مۇجاھىدلار بالىلىرىنى مۇشۇنداق ئاللاھقا تاپشۇرۇشى لازىم. بۇلار ئارىسىدا تۇخۇمغا كۆيۈنۈش، بالىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن تاشلىۋېتىش پەرقى بار.

ئىككىنچى، قۇش بالىلار تۇخۇمدىن كامىل، مۇكەممەل، پۈتۈن چىقىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش چىقىدۇ، ئەمما، ھاشارەتلەرنىڭ بالىلار تۇخۇمدىن قۇرت ھالەتتە چىقىپ، كېيىن يېتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن قانات چىقىرىپ ئۇچىدۇ، ھەرە، كېپىنەك، چۈبىن، پىلە قۇرتىدەك ھاشارەتلەر ئىچىدە ھەسەل ھەرىسى، چۈمۈلە قاتارلىقلار ئوزۇق توپلايدۇ. چۈنكى، بۇلار، بىر يىل مۇكەممەل ياشايدۇ، بۇلارغا ئوزۇق لازىم.

ئەمما، چۈشەندەك، چېكەتكىدەك، پاشىدەك بىر يىل مۇكەممەل ياشىيالماس ھاشارەتلەر ئوزۇق يىغمايدۇ. شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئوزۇقى كەگرى بار، غەم ـ قايغۇ يوق، قانداق بولمىسۇن، بىر يىل كامىل ياشىغىنى پەم ئىشلىتىپ ئوزۇق توپلىدى، ياشىمايدىغىنى دۆتلۈك قىلماي، ئوزۇق توپلىمىدى. ئەمما، بۇ نادان ئىنسان مەڭگۈ قالىدىغاندەك، ئوزۇق يىغىپ، يەنە نەپسى تويمايدۇ، ئاللاھ بەرىسىمۇ ھېكمەت بىلەن بېرىدۇ. بەرمىسىمۇ ھېكمەت بىلەن بەرمەيدۇ، تەپەككۇر قىلساق، ھايۋاناتلار دۇنياسىدا نۇرغۇن مۆجىزە، سىرلار بار، ھېكمەت ۋە رەھمەت بار، ئۆي ئەڭ ئاجىز، سەككىز پۇتى بار، قانىتى يوق، ئاران ئالتە جۈپ كۆزى بار ئۆمۈچۈك، ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئالتە پۇتلۇق، ئىككى قاناتلىق، 4000 كۆزلۈك چۈبىننى گۆشلۈك غىزا قىلىدۇ. رىزىقدىن قىلچە غەم

قىلمايدۇ، چۈنكى، بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالدى، ئاللاھ، كېپىلدۇر. تەۋەككۇل ھايۋاندا ۋايىغا يەتتى، مىكرۇسكۇپدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق چىۋىننىڭ **2000** دىن **4000** غىچە كۆز بارلىقى بايقالدى، ئىشەنمىسىڭىز ھازىر **150** مىليون ھەسسە چوڭايتقۇچى مىكرۇسكوپ بار، كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ، تەتقىق قىلىڭ. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگىمۇ باشقىلار ئىتراز بىلدۈرگەن، رەت قىلغان، ئىشەنمىگەن، كېيىن كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قايىل بولغان، چۈنكى، ئۇلاردا ھەممە ئۇسكۈنە تولۇق بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار بىزدەك خۇراپىيمۇ ئەمەس ـ دە!

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **84** ـ بەتتە، چىۋىندە **4000** كۆز، چۈمۈلىدە **400** كۆز بارلىقى سۆزلەنگەن. مانا بۇ قۇرئاننىڭ بىر سۈرە ئىسمىنى سۈرە نەملە، چۈمۈلە سۈرىسى دەپ ئاتىشى، چىۋىننى تىلغا ئېلىپ، مىسالغا قولاق سېلىڭلار، دېيىشىنىڭ سىرى. ئاللاھ ھېكمەتسىز بىرەر نەرسە ياراتمايدۇ، قۇرئان، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا تىلغا ئالمايدۇ. بۇ مەسىلە، پۈتۈن ئالىملارنى قىزىقتۇرۇپ، پۈتۈن ھايۋانلار دۇنياسىنى كۈزۈتۈشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىشكە سالدى، ئىنسانلار رەڭگارەڭ دۇنيادىن نۇرغۇن بىلىم ئالدى. ئەقىل ھەيران قالدى، قىزىقارلىق ئىشلار بەكمۇ كۆپ. مەسىلەن: بىزنىڭ ئۆيدە **2003** ـ **6** ـ ئاي مەزگىلىدە مۈرىسىدە بىر كوكۇلا بار موزاي تۇغۇلدى، بىز ھەيران قالدۇق، خالاس. ئانچە تەسىر قىلمىدى بولغاي، ياكى يۈرىكىمىز قېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش قىزىقارلىق ھايۋانلار دۇنياسىنى، تەبىئىي ـ پەن كىتابلىرىدىن كۆرۈڭ. مەسىلەن: مەن بىر نەچچىنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتىمەن. بۇ ئىشلار تەبىئىي ـ پەن، تېخنىكا ساھەسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، قىزقارلىق ئىشلار دېگەن تېمىدىكى كىتابدىن ئېلىندى. بۇنداق كىتاب ھەممە تىللاردا يېزىلدى. كومپيۇتېر، ئۇچۇردا دۇنيادىكى ھەر خىل ئىشلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. (WWW.SULTAN.ORG) بۇ تور بېتىدىن كۆرۈڭ.

جۇڭگونىڭ فۇجىيەن ئۆلكىسىدە، شىتىڭ گۇڭشەن ئاۋمىين دادۈيىسىدە **1979** ـ يىل بىر ئىنەك دۈمبىسىدە ئۈچ پۇتى بار بىر موزاي تۇغقان. بۇ ئۈچ پۇت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇپ، بىرسى **51** سانتا، بىرسى **20** سانتا، بىرسى **9** سانتا كەلگەن. پۇتلىرى ھەرىكەتچان بولۇپ، ھەر تەرەپكە ھەرىكەت قىلالايدىكەن، بۇ موزاي ئادەمگە ئالاھىدە ئامراق چىققان، جۇڭگونىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىمۇ دۈمبىسىدە پۇتى بار بىر كالا بار بولۇپ، پۇتلىرى ئىككى بوغۇملۇق ئىكەن، پۇت ئۇچىدا خۇددى ئادەمنىڭ بىلىكىگە ئوخشاش سۆڭەك، ئىلمىكى بار ئىكەن، بۇ ئىلمەكمۇ ھەرىكەت قىلالايدۇ. ھىندىستاننىڭ بىھار دېگەن يېرىدە، ئادەم گۆشىگە ئامراق بىر مايمۇن پەيدا بولۇپ، دائىم قەبرىلارنى، كىچىك باللارنى چىشلەپ گۆشىنى ئۈزۈپ قاچقان، ھەمدە مېزىلىك ئىشتىھا بىلەن يىگەن، بۇ **100** دىن ئارتۇق كىشىنى يارىدار قىلغان.

ئامرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھرىدە، لانا ئىسىملىك بىر مايمۇن بولۇپ، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تەربىيلىشى بىلەن بۇ مايمۇن ھېسابلاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ بەزى بىر ئىنگىلىز گىرامماتىكىسى ۋە باشقا مەسىلىلەرگە جاۋاب قايتۇرالايدىكەن. بۇ **100** دىن ئارتۇق جۈملىنى بىلىدىكەن. (بۇلار، سۇيىقەست پىلانلىدى، بىرزمۇ تاقابىل تۇرايلى)

ئەنگلىيە ھايۋاناتلار باغچىسىدا ئىككى ئورانگۇتان مايمۇن بولۇپ، بۇلار ئەركىن ھالدا تېلېۋىزور ئېچىپ كۆرەلەيدىكەن، تۈگىشىدە ئۆچۈرۈپ قايتىدىكەن. بۇلار ئادەم سۆزلەشكەن كۆرۈنۈشكە ئەمەس بەلكى مۇشتلاش فىلىمگە قىزىققان، بولۇپمۇ ھايۋاناتلار دۇنياسىنى سېغىنىپ كۆرگەن، بولۇپمۇ ئۆزىگە ئوخشاشنى.

**1979** ـ يىلى **12** ـ ئايدا، ھىندونوزىيىنىڭ سۇماترا ئارىلىدا ياغاچ كېسىش ئىشچىلىرى ئىككى يىلانغا يولۇققان، بۇ يىلانلار ناھايىتى يوغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى **25** مېتىر كېلىدىكەن، بۇلار ئېلىشىش جەريانىدا بىرسى قېچىپ كەتكەن، بىرسىنى ئۆلتۈرگەن، ئىچىدىن تېخى سېيسمىغان ئىشتان ـ كۆڭلەكلىكى ساقلا جەسەت چىققان، يىلان بۇ ئادەمنى پۈتۈنلا يۇتىۋەتكەن.

ئىسپانىيىدە بىر ئىشچىغا توساتتىن ئىككى باشلىق بىر يىلان ئۇچراپ قالغان، يىلان ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ كىشى قاچقان بولسىمۇ قاياققا قاچسا شۇ تەرەپدىن يىلان بېشى كۆرگەن، ئالدى ئارقىغا ئوخشاش ماڭغان، بۇ يىلان ئەسلى ئىككى باشلىق ئىكەن، ئۆزى زەھەرلىك ئىكەن، كېيىن بۇ كىشى يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تەتقىقاتچى ئالىملارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئالىملار بۇ سىرنى ئاچالمىغان. بۇ بىزگە ئىككى باشلىق پويىز تېخنىكىسىنى ئۈگەتتى.

1980 ـ يىللىرىمۇ ئاۋستىرالىيىنىڭ سىلبورىنى ئۆملىگۈچى ھايۋانلار باغچىسىدا قورقۇنۇشلۇق ئىككى باشلىق بىر كەسلەنچۈك تۇخۇمدىن چىققان، بۇ تۆت كۆزى، ئۈچ قۇلىقى، بار ئىكەن. ئىككى قۇلىقى ئىككى باشنىڭ يان تەرىپىدە، بىر قۇلىقى بولسا، تۇتاشقان باش قىسمىدا ئىكەن، بۇ ئۇزۇق يىسە ئىككى ئېغىزىدا تەڭلا يەيدىكەن.

ياپۇنىيىنىڭ كاگوسما ناھىيىسىدە بىر تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇلار ئەركەك ـ چىشى ئىككى يىلاننى ئوزۇقسىز تاشلاپ، سىناق قىلغان، نەتىجىدە بۇ يىلانلار ئۈچ يىلغىچە ئۆلمىگەن، ئۇلار پەقەت سۇلا ئىچكەن، **1100** گىرامدىن **470** گىرامغا چۈشۈپ قالغان، ئەمما تۆت سانتا ئۇزراپ قالغان.

جۇڭگو، شىنجاڭدا، سويۇم قوي دەپ ئاتىلىدىغان قويلار ئارىسىدا **280** جىڭ كېلىدىغان بىر قوشقار چىققان، بۇ قوشقاردىن قويلارنى نەسىللەندۇرگەن.

ماراكەشنىڭ جەنۇبىدا **400** مىڭ تۇياقدىن ئارتۇق ئۆچكە، مايمۇندەك دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ئوتلايدىكەن، ئالىملار بۇ ئۆچكىلەرنى تاغ رايونلىرىغا تارتىشنى پىلانلىغان، نەسلىنى كۆپەيتكەن.

ئافرىقىدا بىر كالا بولۇپ، بۇ كالا، تۆت پۇتى بىلەن مېڭىشىدىن باشقا، يەنە تۆت پۇتىنىڭ تۇياقىدا يېقىن يېرىدىكى ھاۋا خالتىلىرى، ھاۋا تۆشۈكچىسى ئارقىلىق سۇ ئىچىدىكەن، بۇ خالتا بىۋاستە قېرىنغا تۇتاش بولۇپ، بۇ كالا بىردەم سۇدا تۇرسىلا سۇغا قانىدىكەن.

ئەنگلىيىدە بىر چېچەن ئات، پۇتبولنى ئۆگەنگەن، ئۇ پۇتى بىلەن تېپىش، باش، قاپاقلىرىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇپ، دەل جايىغا تەككۈزگەن.

جۇڭگو، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە، مىڭيىن ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزىدا بىر چوشقا 27نى بىر قېتىمدا تۇغقان.

سوۋېت ئىتتىپاقى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى، كاللىئا شۆبىسىنىڭ گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىپ ئاخىرىدا ئاپشاركا ئىت، رودا ۋە مېتاللارنى تاپالايدۇ دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بىر خىل بۆرە ئىت، شېغىل، لاي ياكى غازاڭ ئارىسىدىن رودىلارنى تاپالايدىكەن، چۈنكى، ئىتلار **200** دىن ئارتۇق نەرسىنى پۇراپ پەرقلەندۇرەلەيدۇ. ئادەمدىن نەچچە ھەسسە پۇراش سېزىمى ئارتۇق، پۇراشقا **220** مىليون ھۈجەيرىسى مەسئۇلدۇر، ئادەمدە بۇ ئاز.

ئامېرىكىدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، ئاپشاركىنى ۋەزىپە ئۆتىگەندە بىللە ئېلىپ چىقىدۇ، شۇنداقلا، يىراقلارغا پاراشوت بىلەن ئىتنى بىللە تاشلايدۇ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتنىمۇ پاراشوتتىن سەكرەشنى مەشىق قىلدۇرىدۇ. پاراشوتنى يۇدۇپ مېڭىش، ئارغامچا ئارقىلىق پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈش، ئېگىز جايدا چېلىك ئېسىلىۋېلىش، پاراشوتنى ئۆزىگە ئاچتۇرۇپ، سەكرىتىش قاتارلىق.

ئافرىقىدا بىر خىل غەلىتە چاشقان بولۇپ، مۈشۈكنى كۆرسە، قاچماستىن بەلكى، سويۇق زەھەرلىك ئىس، سېسىق پۇراق چىقىرىدىكەن. مۈشۈك مەس بولغاندا، كانىيىنى ئۈزۈپ قېنىنى شوراپ گۆشىنى كۈندە ـ كۈندە يەيدىكەن.

دۇنيادا **35** مىڭ خىل ئۆمۈچۈك بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدىغىنى شۇلار. ئېغىرلىقى **85** گرام، ئۇزۇنلۇقى **24** سانتا كەلگەن.

گۋاتىمالا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونىدا، بىر قۇش بولۇپ، ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم سايرايدىكەن، ۋاقىتنى ھەرگىز ئىگىز ـ پەس قىلمايدىكەن، ئۇلار بۇ قۇشنى سائەت قۇشى دەپ ئاتايدىكەن. سۆزلەپ كەلسەك، گەپ تولا، بىز سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىنى ئاشۇ ئاق تورنا بىلەن تۈگىتىمىز.

## ئاشىق ئاق تۇرنا

بۇ ئىش ياپۇنىيىنىڭ چىۋەنلو باغچىسىدا يۈز بەرگەن. قار ياغقان بىر كۈنى بىر ئىشچى ناھايىتى تەسلىكدە مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر ئاق تۇرنىنى ئۇچرىتىپ، بۇ قۇشنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن. بۇ چىشى ئاق تۇرنا بولۇپ، ئۆزى مەشۇق تۇرنا ئىكەن، كىشىلەر بۇ تۇرنىنى قەپەزگە ئەكىرىپ قويىشىغىلا بىر ئەركەك ئاق تۇرنا ھاۋادا پەيدا بولۇپ شۇنچە كۆپ ئادەملەرگە پىسەنت قىلماي، قورقماستىن باتۇرلارچە قەپەزنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، مەشۇقى بىلەن سۆھبەتتە بولغان. ئالىملار بۇلار چوقۇم بىر جۈپكەن دەپ يەكۈن چىقارغان. بىر چەپتە ئەتراپىدا بۇ ئەركەك تۇرنا قەپەزنى چۆرگىلەپ كېتەلمىگەن، ئالىملار بۇ چىشى تۇرنىنى قويۇپ بەرمىگەن، ئاخىرى بۇ ئاشىق ئاق تۇرنا قەپەزگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، تاتلاپ ئۇسسۇپ يارىدار بولۇشقا قارىماي قەپەزدىن تۆشۈك ئېچىپ، مەشۇقى بىلەن مۇرادىغا يەتكەن. ئالىملار ھەيران بولۇپ، ئاشىق - مەشۇقلۇق، مۇھەببەت، ھايۋانلاردىمۇ بولىدىكەن دەپ خۇلاسە چىقارغان، مانا بۇ قۇرئاندىكى ئۇلارمۇ سىلەردەك ئۇممەت دېگەن ئايەت ھەم مىساللارغا قاراڭلار، قۇلاق سېلىڭلار، تەپەككۇر قىلىڭلار دېگەن سىرلار شۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋھەرلىرى، ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، كىشىلەر دائىم گوشتا، سۈتتە قۇرۇت پەيدا بولغىنىنى كۆرىدۇ. ئاندىن بۇ قۇرۇت، چىۋىنگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئىش ئىنسانلار كۆز ئالدىدا يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭدا ھاياتلىق تەتقىقاتى باشلىنىدۇ. خۇراپاتلىق، ھەر خىل بۇزۇق ئەقىدىلەر بىكار قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، سەگىتىپ تۇرىدۇ، سەللا غەپلەتتە قالسا، زور زىيان كۆرۈلىدۇ، بولۇپمۇ ئاشۇ مېزىلىك، تاتلىق گۆشلەر سېسىپ تاشلاندۇق ئەخلەتكە ئايلىنىپ قېلىپ، يەنىمۇ كىشىلەرنى سېسىق پۇراق زېرىكتۈرىدۇ. (تەنتاۋى جەھەرلىرى 86 ـ بەتتە، چىۋىنىنىڭ قۇرۇت ھالىتى، غوزەك ھالىتى، ئاندىن مۇكەممەل يېتىلگەن ھالىتى كۆرسىتىلىدۇ) ئاللاھ، بۇ ھاشارەتلەرنى بىكار ياراتمىغان، چوقۇم ھېكمىتى بار، بۇ بىر زور قوشۇن بولۇپ، ھالاك قىلىش خالىسا، ھالاك قىلالايدۇ، رەھمەت قىلىشنى خالىسا، مىكرۇپ، ۋىرۇسنى تازىلايدۇ، بىزنىڭ مۇھىم تەتقىقاتىمىز، شۇڭا، ئاللاھ، بۇلارنى قۇرئاندا تىلغا ئالغان، رەسۇلۇللاھمۇ، قانىتىدا شىپا، زەھەر بار دەپ، تىلغا ئالغان. ئالىملارمۇ كۆپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىر ئاددىي مىسال خالاس، بۇندىن باشقا ئىككى مىليون ھەتتا، بىر نەچچە مىلىيارتقا يېتىشى مۇمكىن، ھەممىسىنى ئىنسان كۈزۈتىشى لازىم.

ئاددىي كېپىنەكنىڭ تۈرىلا 200 نەچچە مىڭدۇر، بۇلار خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلەرمۇ 300000 مىڭدىن ئاشتى، ھەتتا بۇلارمۇ ھاياتلىققا ماس ھالدا، نەچچە مىليونغا يەتتى، ئاللاھ سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ھەممىسى پايدىلىق ئۈچۈن.

ئاللاھ بىزلەرنى ئۆز نەسلىمىزنى، ئىسپىرمىنى تەتقىق قىلدۇرالماي، ھايۋاناتلار دۇنياسىنى كۆرسىتەلمەي تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ھەيران قالدۇرۇپ، ھايۋانلارنى، ھاشارەتلەرنى، ھەر خىل ـ ھەرىياڭزا يارىتىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىپ، ھۆجەيرە ھالەت، ئاندىن كېيىن قۇرۇت، ئاندىن كېيىن بىر ھالەت، ئاندىن كېيىن ساق، كامىل ھالەتكە ئەكىلىدۇ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ تەبىئىتىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، ئاخىرى بۇلارنىڭ بەزىسى گۈزەل، يېقىملىق بەزىسى قورقۇنچلۇق، بەزىسى ياۋاش، بەزىسى ياۋايى، ۋەھشى بەزىسى شىپالىق بەزىسى زەھەر بەزىسى قاناتلىق بەزىسى قاناتسىز بەزىسى كۆپ پۇتلۇق، بەزىسى ئاز بەزىسى باغدا، بەزىسى تاغدا، بەزىسى چۆلدە، بەزىسى شەھەردە، بەزىسى ئىنسانلار بىلەن بىللە بەزىسى نېرى جايدا، ھەر خىل ـ ھەرىياڭزا ھاياتلىق، ھايۋاناتلار دۇنياسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئۆلىماسى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگە بۇ سۇرىدىكى چىۋىن مەسىلىسى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ سەن بەك جىق سۆزلىۋەتتىڭ دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئالدىرىماي، چېچىلماي، كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، مۇنداق جاۋاب بەرگەن.

قۇرئان، ئاللاھنىڭ كالامى، بۇ كىتاب چەكسىز ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆپ تەرەپلىملىك ھېكمەتلىرى بار، نۇرغۇن ئىلىمغا بىرەر ئايەت بىلەنلا بىرەر مەسىلىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا ئىشارەت ئارقىلىق خەۋەر بېرىدۇ. ھەممىنى تىلغا ئېلىپ يۈرمەيدۇ، قۇرئاندا، بۇنداق مەسىلە ئاز ئەمەس.

1 ـ بىز بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا خېلى ئېنىق سۆزلىدۇق.

2 ـ چوقۇم تەتقىق قىلىنىشى لازىم. بولۇپمۇ قۇلاق سىلىڭلار، دېگەن بۇ تېمىدا چۈشەن مەخسۇس تەتقىق قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئەزاسى، خۇسۇسىيىتى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى، كۆزلىرى ۋاھاكازالار.

3 ـ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىس، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئىلىم ـ پەن كەشپىياتلىرىنى چوقۇم ئوتتۇرىغا قويىشىمىز لازىم.

4 ـ بۇ تەتقىقات چوقۇم خۇراپات ھېكايىدىن بەكىرەك ئۇنىۇم بېرىدۇ، كىشىنى قايىل قىلىدۇ، زەرەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

5 ـ چۈشەن مەسىلىسىدە مىكرۇپ، ۋىرۇس، ۋابا قاتارلىق نۇرغۇن يېڭى تەتقىقات ۋە باشقا ئالاقىدار ھايۋانلار سۆزلىنىدۇ.

6 ـ بۇ ئىلمى بايان بولۇپ، بۇ پەن پۈتۈن دۇنيادا دەرسلىك قىلىنىپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئاساسى.

7 ـ مۇسۇلمانلار تەتقىقاتتىن چەكلىنىپ قالسا، دىننى كىشەنلەپ قويىدۇ، ئەركىن، چۈشىنىشلىك مەسىلىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، ئاددىي مەسىلىنىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ، چۈشەنچىسىز قىلىۋالىدۇ.

8 ـ بىز خۇراپاتنى تەقلىد قىلماي، ئىبرىسىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭىچە پەن، مائارىپنى ئوتتۇرىغا قويايلى، پۈتۈن ھاياتلىقنى ئەمەلىيەتتە چۈشىنەيلى.

9 ـ شۇ ئارقىلىق نېمەتنى تونۇيلى، شۈكرى ۋاجىب، كۆپرىلىق قىلمايلى.

10 ـ چۈشىنىڭ ئوپېراتسىيىسىدە، ئاناتومىيىدە ئۇندىن باشقا ھاياتلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلىشىدا نۇرغۇن سىر بار. ئالىملار بۇ سىرلارنى بىلىش، بىلدۈرۈش لازىم. مەسىلەن: ئىنسانمۇ ھازىر ئەلەق، زىگوت قۇرتىدەك، ئاندىن مۇكەممەل سۈرەتكە يۆتكىلىدۇ، بۇمۇ بىر قېتىم قۇرۇت قۇرۇت بولىدۇ، بۇ تەتقىقات نۇرغۇن ھايۋان، ھاشارەتتە تېپىلىدى، ئاللاھ، ئىنساننىڭ يارىلىشىنى ھايۋان يارىلىشىغا بىر نەچچە جەھەتتىن ئوخشاشتى، خۇسۇسىيىتى، تەبئىيىتى، ماددىسى، يارىلىشى، شەكىللىنىشى، جۈپلىشىش، ھۆجەيرىسى ۋاھاكازالار. ئىنسان بۇ تەتقىقاتنى قىلسا، كۆپ جەھەتتىن ئۆز مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغان بولىدۇ. يەنىلا پايدىسىنى ئۆزى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ چۈشەن، ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە، ئەنئام قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىشىغا ئۆزەيىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەكنىڭ تېرىلىشىگە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قۇشلارنىڭ تېرىلىشىگە، ئۆسۈملۈككە ھەر قانداق ھاياتلىق تۈرىگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

ئالىملار كۆپ كۈچ چىقىرىپ، سالات، تاھارەت، بەيئى، نىكاھ، تالاق، مىراس قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى، قۇرئان، ھەدىس، ئىجماھ، قىياس بىلەن تۈزىگەن بولسىمۇ كۆپىنچە تالىپلار بەلكى بۇ ئىلىمدىن يېڭى پەن تېخنىكىدىن خەۋىرى يوق، ئالىملار قۇرئاندىكى بۇ تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قۇرئاندا ئاسمان ـ زېمىنغا قاراڭلار دەيتۇ قانداق قارايمىز؟ دەپ سورىسا ياكى ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھەتتا پۈتۈن كائىنات توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى، ئاسترونومىيىگە ئائىت ئايەتلەرنى، جۇغراپىيىگە ئائىت ئايەتلەرنى، تۆرەلمە ئىلمىنى، ھەتتا يېڭىچە پەن توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى ھەققىي، تەپسىلىي ئىزاھلاپ شەرھىيلەپ چۈشەندۈرۈشنى سورىسا، گاڭگىرايدۇ، بىلەلمەيدۇ. يەنىلا ئىجمالى تومتاق مەسىلىنى، قەدىمقى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، كىشلەر تولا ئاڭلاپ يادا بۇلۇپ كەتكەن ھەتتا كىچىك باللارمۇ بىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ، ياكى بەزىسى ئىشەنچىسىز رىۋايەت، قىسسىنى سۆزلەيدۇ. بۇ مەسىلە بىلەن دىنسىزلارغا ياكى يېڭىدىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن داشۆسىڭگە ياكى ماگىستىر، دوكتۇرلارغا ھەرگىز تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، قۇرئاننى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ئۇلارنى قايىل قىلىپ، قۇرئاننى ھەققىي چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ كىتابنىڭ ئىلاھى كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مۆجىزە ئارقىلىق بۇ ھەق دىنغا چاقىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ، ئۆزگىنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، شەكسىز ئىمان بىلەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش ئۈچۈن، نەزەر ـ دائىرىسىنى كەڭ قىلىپ، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن، مۇشۇنىڭدەك تەپسىرنى ئوقۇش لازىم. جۈملىدىن «تەنتاۋى رەھمەھۇللا

ئەلـەي جەۋھـەرلىرى»، «فـىـزىلال قۇرئـان»، «تەپسـىـر مۇنىيـر»، «كـەبىير»، «قۇرئـانىدىكى پـەننى تەسەۋۋۇرلار»، يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان قۇرئان مەنىسى قاتارلىقلار، ئۇندىن باشقا ھەدىسنىڭ يېڭىچە مۆجىزىلىك كىتابلىرىنى ئوقۇش لازىم. يېڭىدىن تۈزۈلگەن ھەرخىل پەلسەپە، دىن ئالىملىرىنىڭ سۆھبىتى، ھەرخىل دىن، پۈتۈن دىن كىتابلىرى، تەبئىي ـ پەن كىتابلىرى، ھېكمەت، پەلسەپە قاتارلىقلارنى چوقۇم كۆرۈش لازىم. كومپيۇتېردا تورلىشىپ پۈتۈن دۇنيا بىلەن دۇنيا ئالىملىرى بىلەن ئالاقە ئورنۇتۇش، دۇنياۋى ئىلغار كىتابلاردىن خەۋەردار بولۇش، ۋاقتىدا مۇشكۈل سوئالغا جاۋاب تېپىش لازىم. بۇ ئىلىم چوقۇم پەرىز كۇپايە، قۇرئان، ھەدىس دەلىلى بىلەن پەرىز كۇپايە بولىدۇ، بۇ ھەق.

ئىسمىمنى سورىساڭ ئەبۇ مۇھەممەد ئەمىين،
كۈندۈلۈك مەشغۇلاتىم قۇرئان كەرىم.
كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق تىرىشىمەن،
قىلارمەنمىكىن دەپ قەلبىمنى سەلىيم (سالامەت).
خاتالىق كۆپتۇر ئىنسان بولغاچقا مەن،
ئالدىراپ ـ تېنەپ دەپ كەتمىگىن يۈزى قىلىن.
سەن تەۋبە قوبۇل قىلىپ، كەچۈرمىگەن بىلەن،
تەۋبەمنى قوبۇل قىلىپ كەچۈرىدۇ ئاللاھ دېگەن ھەلىيم (مېھرىبان ئەپۇچان).
تۆھمەتلەر دېگەن چاپلىشىپ تۇرىدىكەن ،
تۆھمەتنىڭ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتمىدى تەلىيم.
ۋاقتى كەلگەندە ھېچ چارە ـ ئامال قىلالمايمەن،
قەلبىمنى ئوبدان بىلىدۇ ئاللاھ دېگەن ئەلىيم.
ھەقىقەت دېگەن ھامىنى ھەققەت ئىكەن،
رازى مەن بۇ يولۇمدا كەتسىمۇ مىلىم.
مال ـ دۇنيا دېگەن ھېچنېمىگە كار قىلمايدىكەن،
چىن دىلىمدىن رازى مەن كەتسىمۇ جىنىم.
بارچە كائىنات ماڭا غەزەپتە ئىكەن،
پەرۋايىم پەلەك، ئاللاھ بولسىلا ھەبىيبىم.

## سۈرە مۇئمىنۇن تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

### بىز ئىنسانىنى لاي جەۋھىرىدىن ياراتتۇق، ئاندىن مەنىي (ئىسپېرما) سۈدىن ئاندىن لەختە قاندىن دېگەن ئايەت توغرىسىدا

مانا بۇ بىئولوگىيە، مانا بۇ تۆرەلمە ئىلمى، ھاياتلىق ئىلمى، قۇرئاندا كۆپ ئورۇندا لايدىن، تۇپراقدىن، سۇدىن قاندىن دېگەن ئىبارىلەر بار، مەقسەت ئىنساندا نۇرغۇن ماددا، ئېلمېنت ھاسىلدۇر. سىلەر بۇنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىڭلار دېيىشتۇر.

بۇ ئايەتتە ئىلىمغا ھىدايەت بولۇپ، بىز ئىنساننى تارىخىي، جىسمانىي، روھىي، تەبئىتى، خۇسۇسىيىتى، ماددى ـ مەنىۋى جەھەتتىن تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئاندىكى كېلىش ئورنى ئوخشاشمايدۇ، دالالىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بۇ مەسىلىنى بىز كۆپ سۆزلىدۇق. ئىنساننىڭ ھەيكىلى، ئىسكىلىتى، مودىلى ئاناتومىيىسى، رەڭلىك ئاتلىسىنى كۆزىتىڭلار. ئاندىن قۇرئاننىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشىنىسىلەر، ھەر قانداق بىر بىلىمنى مۇشۇ مەسىلىگە ئوخشاش ئىپتىدائىي تارىخىدىن باشلاپ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلايلى، سەرپ، نەھۋە، بالاغەت، فىقھى ھەدىس، تەپسىر، ئۇسۇل، پەلسەپە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئۈسۇملۈك ئىلمى بولسۇن، ھەتتا روھ بىلىمىدىن تارتىپ تەپسىلىي ئىگىلەيلى. ئوقوغۇچىلارغا باشتىن باشلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇتۇشىمىز لازىم. تالىپ ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنداق چۈشىنىشلىك، ئەتراپلىق، ئويلىنىپ ئوقۇشى لازىم. نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن بۇ سوئالنى ئايىماسلىق، تارتىنماسلىق، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق لازىم. شۇ چاغدا بىز ھەقىقىي ئىلىمغا ھىدايەت يولىنى ئاچالايمىز. **100** مىڭلىغان نېمە ئۈچۈننى، مىليونلىغان نېمە ئۈچۈنلەرنى تولۇق چۈشىنىپ، جاۋاب تېپىشىمىز لازىم. كىتاب قويماي ئوقۇپ، ئىلىم قويماي ئىگىلەپ، سوئالغا جاۋاب تاپمىغىچە ئۇخلىماي، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش، ئاندىن دوكتۇرلار مۇنازىرىسىگە كىرىش لازىم. شۇ چاغدا سىز قۇرئاننىڭ، دىنىسىزلار بىلەن بولغان مۇنازىرىسىدىكى مەقسىتىنى تولۇق ئادا قىلالايسىز.

سىلەر رەقىبىڭلارنى بوش چاغلىماڭلار، چۈنكى، ئۇلار سىلەر ئىزدەنمىگەن، تەتقىق قىلىپ باقمىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ بولدى، ئەمدى سىلەر خىلىي كۆپ ئارقىدا قالغان بولساڭلارمۇ، يەنىلا تىرىشىپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، مەيدانغا كىرىشىڭلار لازىم. ئاللاھ، زالىم، كاپىلارنى ھىدايەت قىلمايدۇ، چوقۇم ئاخىرقى غەلىبە مۆئمىنلەرگە، مۇسۇلمانلارغا خاس.

بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى، تارىخنى بايان قىلغاندەك، بىزمۇ ئومومىيۈزلۈك بىلىمنى مۇشۇنداق باشتىن باشلاپ چۈشەندۈرەيلى، مەسىلەن: فىقھى قانۇن ئوقۇتساق، باللارغا قىسقىچە فىقھى تارىخنى ئاساسچىلارنى، قۇرئان كىتاب، سۈننەت، ھەدىس، ئىجمائ، قىياستەك تۆت ئاساسىي پىرىنسىپنى قىسقىچە تونۇشتۇرايلى، ئاندىن باش، ئوتتۇرا، ئاخىرىنى تولۇق بىلدۈرەيلى، يېرىمدىن چۈشۈپ يەنە يېرىمنى يېرىم قالدۇرمايلى. تەرەققىياتسىز كونا قالدۇق ئۇسۇلنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەر ئادەمنى ئۆز ئورنىدا، ئۆز قابىلىيىتى، ئىقتىدارىغا قارىتا ئوقۇتۇب، خىزمەتكە قويايلى، پىلان، مەقسەتنى ئالماشتۇرۇپ، زورلاپ ئوقۇتۇب، ئىقتىدارسىزلارنى خىزمەتكە قويمايلى، تار نەزەرىيە بىلەن قاراپ باللارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئىسلامنى رۇمكىغا سېلىپ، بوغۇپ قالاق ئادەت، خۇراپاتلىقنى تېڭىپ، ھەممىنى ھارام، بىدئەت دەپ قارىسىغا جۆيلۈپ، بىلمەستىنلا دىنسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەر خىل مەزھەپ، ئېقىملار بىلەن قارلاپ، ئەيىبلەپ ئۆزىمىزنى، ئۆزگىنى ھالاك قىلمايلى، بۇنداق ئىشلاردا مۇسۇلمانلار ئاز زىيان تارتمىدى، ئۆزىمىزنى ئېتراپ قىلىپ، ئىبرەت ئالايلى، ئەمدى ھەممىنى تۈزەتەيلى.

بىز، ئايەتنىڭ تېمىسىغا قايتساق، بىئولوگىينى خېلى كۆپ سۆزلىگەن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋھەرلىرىنىڭ **104** ـ، **106**، **109** ـ بەتلەردە ئادەم ھەيكىلىنى، ئىسكىلىتىنى، مودىلىنى كەلتۈرۈپ، ھەرخىل ئەھۋاللارنى بايان قىلغان، بۆلارنىڭ ھەممىسى سۈرەت، شەكىللىنىش، جان، روھ كىرىش، سۆڭەككە گۆش

كىيگۈزۈش، ھەر خىل ماددىلاردىن تەشكىل قىلىش، ھۈجەيرىلەر ئۆزگىرىشى، ئىستېمال قىلىدىغان ئوزۇق، قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ.

ئىنسان بېشى، باشتىكى ئەزالار، بەش سەزگۈ ئەزا، ئۇندىن باشقا تېرە، نېرۋا، مۇسكۇل، پەي، تومۇر قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ.

ئۆپكە، نەپەس يولى، ئاۋاز يولى، ئاۋاز ئەزاسى، سۈيدۈك يولى چىقىرىش سىستېمىسى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ.

بۇلار تەبئىي ـ پەن كىتابلىرىدا، بىئولوگىيىدە، زوئولوگىيە پەنلىرىدە كۆپ سۆزلىنىدۇ. رەڭلىك كۆرۈنۈشى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. ھەر خىل ئالاھىدىلىكى، ھېكمەتلىرى، سوئال جاۋابلار بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتكە ئالاقىدار پۈتۈن ئىنسان تەتقىقاتى سۆزلىنىدۇ. ماددى، مەنىۋى، جىسمانىي، روھىي جەھەتتە سۆزلىنىدۇ. كەلگۈسى ھاياتلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى، ئېتىقادى، مۇھەببىتى، ئىشقى، تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ ئەڭ ئالىي پەن ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيادا ھەرخىل كارامەتلىك ئىنسانلار مەيدانغا چىقىپ ئۆتتى، ھازىرمۇ كەلگۈسىدىن يەنە چىقىدۇ، پەيغەمبەرلەر، شېھىد، سىددىق، سالىھ، ئەۋلىيالاردىن باشقا نۇرغۇن ئۆلىما، ھۆكما، پەيلاسوف، دوكتۇرلار، مۇتەخەسسىس، ئىنجىنىرلار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەر خىل ھەرياڭزا مەشھۇر كىشىلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، باشلىنىشى، تارىخى، داۋامى، ئاخىرى بولىدۇ، تۆھپىسى بولىدۇ، جەمئىيەتتە ئىنسانلار تارىخىدا ئوينىغان مۇھىم رولى بولىدۇ. بۇ ئىنسانلار تەتقىقاتىمۇ بىر دېڭىز، بۇمۇ چەكسىز بىر ئىلىم، چۈنكى، ئىنسانلاردا سىلەر بىزدە بار قەلب، يۈرەك بار ـ دە! بۇ چەكسىزدۇر. ئاددى بىر ئىنساننىڭ كەچۈرمىشىنى يازسا، بىر توم كىتاب بولۇپ چىقىدۇ، پۈتۈن ئىنسانلار ئەھۋالى نېمە بولار؟ ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، نەتىجىسى، ئوينىغان رولى، يازغان كىتابى، ئەسەرلىرىچۇ تېخى، بىز ئىنساننى مانا مۇشۇنداق كەڭ مەنىدە، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭغا ئاساسچى قۇرئان، ھەدىس بولىدۇ. پەيلاسوفلار، دوكتۇرلار، تەتقىقاتچى ئالىملار ئىزاھلايدۇ. بىز بولساق، ھە ـ ھۇ دەيمىز، بارنى ئالىمىز خالاس.

مەن بۇ جايدا يۇقىرقى مەشھۇر كىشىلەردىن باشقا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى قالتىس كىشىلەردىن بىر نەچچىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

ئەلۋەتتە، بۇلار پەيغەمبەر، ئەۋلىيالاردىن باشقا كىشىلەردۇر، دۇنياۋى داڭلىق پەيلاسوف، دوكتۇرلاردىن، كەشپىياتچىلاردىن باشقا كىشىلەردۇر. ھازىرقى پادىشااھ، زۇڭتۇڭلاردىن باشقا كىشىلەردۇر. مەسىلەن:

ئالتە ياشلىق ئەدەب، **80** ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىرازىلىيىدە ئالتە ياشلىق لېۋىسيانو فىلېر دېگەن ئوغۇل بالا دۇنياغا داڭلىق بىر كىتاب يېزىپ چىققان، دادىسى جەمئىيەتشۇناس، ئانىسى پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدىكەن، شارائىت تولۇق بولغاچقا بۇ بالا شۇنداق كاتتا يازغۇچى بولۇپ قالغان.

جۇڭگو پۇشەن شەھرىدىكى **10** ياشلىق ۋۈداكى، يىغىنچاقلاپ چىققان دەرىجە سانلارنى ھېسابلاش ئۇسۇلى، ماتېماتىكا ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇرغان.

ھىندىستاندا، ساشىنتارا ئىسىملىك ئاجايىپ ھېسابلاش ماھىرى بار ئىكەن، بۇ كىشى، ئېلېكتېرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىمۇ بېسىپ چۈشكەن، ماتېماتىكا ئالىملىرى بۇ كىشىدىن ھەيران قالغان، بۇكىشى مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئىكەن.

## 14 ياشلىق دوكتۇر

گېرمانىيىدە **14** ياشلىق بىر بالىغا پەلسەپە بويىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن، كىشىلەر قايىل بولۇپ، بۇ ئاجايىپ سىرلىق ئىشقا دىققەت قىلىشقان، ھەممە، بۇ ئالاھىدە بىر تالانت ئىگىسى، بۇ تۇغما قابىلىيەت

دېگەن. دادىسى بولسا، مۇنداق دېگەن، بۇ بالىدا ئالاھىدە بىرەر سىر يوق، بىز ئىنسانلار ئەقلىمىز ھەيران قالسىلا، بۇ بىر سىر، بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىش دەيمىز. ئەمەلىيەتتە بالامنىڭ بۇ ئۈنۋانغا ئېرىششى مۇنداق.

1 ـ گۆدەكلىك ۋاقتىدىكى ئەقلى ـ قۇۋۋىتىنى ئىسراپ قىلماسلىق، ئەقلىنى بىكار قويماسلىق، تىل، مېڭىش ـ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى كىچىك سانىماي زېرىكمەي ئۆگىنىش.

2 ـ كىچىكىدىن باشلاپلا پىكىر قىلىش، ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش، ھەرخىل رومان، ھېكايە، قىسسە، تارىخنى سۆزلەپ بېرىش.

3 ـ ئەستە قالدۇرۇش، ياد ئېلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش، ئۇرغۇن مەسىلىنى ئۆزىنى دىگۈزۈش، قايتا سوئال سوراش، ھەرخىل بىلىمنى ئۆزىگە سۆزلىتىپ، ئىمتىھان ئېلىپ تۇرۇش.

4 ـ بايقاش ئىقتىدارىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش، بەزى ئىشلارنى قەستەن خاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈزەتكۈزۈش، ئەگەر ئۇ بىرەر مەسىلىنى بايقاپ، خاتالىقنى تېپىپ تۈزەتسە، چوڭلار قايىل بولۇپ، ماقۇل دېيىش، ئاندىن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئۆسۈپ، ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، تەپەككۇر قىلىش ئۆسىدۇ.

5 ـ نەزەر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، پات ـ پات سىرىتقا ئېلىپ چىقىش، بىلىمنى ئاشۇرۇش، دۇنياۋى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش قىلىش.

6 ـ كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈش، مەسىلىگە ئومۇمىي جەھەتتىن قارايدىغان قىلىش، خاسلاشتۇرماسلىق، ئەتراپلىق ئوي‌لايدىغان بىرلا ئىشقا ئىسلۇۋالمايدىغان، ھەرخىل ئېھتىمال، پەرەزلەرنى قىلالايدىغان قىلىش.

7 ـ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش، سۇسلاشتۇرماسلىق، سورىغان سوئالىغا ۋاقىت‌رىماي، دەرھال چۈشەندۈرۈپ، جاۋاب بېرىش، خاتا بولسا، ۋارقىراپ رەت قىلماسلىق، ئىلمىي ئۇسۇلدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، مۇنازىرە قىلىشنى، مۇلاھىزە قىلىشنى ئۆگىتىش.

8 ـ كىچىكىدىن تارتىپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ياخشى ئەخلاقى خىسلەت، ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەتنى پىششىق بىلدۈرۈش،، خوش، بىز بۇ سەككىز قائىدە، پىرىنسىپقا بىر نەچچىنى قاتساق، بىزنىڭ بالىلىرىمىزمۇ 14 ياشتا دوكتۇر بولالامسىمۇ، 34 ياشتىمۇ بولسا دوكتۇر بولا، شەخسەن مەن، بۇ قائىدىگە بىر نەچچىنى قاتتىم.

9 ـ ئۇنى ئىسلام دىنى تەربىيىسىنى بېرىش، ئىمان، ئېتىقاد، ئىسلام تەربىيىسىنى كۈچەيتىش.

10 ـ قۇرئان، ھەدىس، ئۇنىدىن باشقا دىنىي ماتېرىيالالارنى تولۇق تېپىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش، چۈشەندۈرۈش، تەتقىق قىلدۇرۇش، كۆز قارىشىنى ئاڭلاش.

11 ـ شارائىتنى تولۇق ھازىرلاپ بېرىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەلنى تۆلەشتىن يانماسلىق لازىم.

12 ـ ھەرخىل دوكتۇر، پەيلاسوفلار كىتابلىرىنى ئوقۇتۇش.

13 ـ ئۇيانىدىن خەلق ئاممىسىدىن نېرى قىلىش.

14 ـ ياخشى ئەخلاقلىق ئالىملارغا ھەمراھ قىلىش، ھەم شۇنداق ئالىملاردا ئوقۇتۇش، سۆھبەت، مۇنازىرىسىدە بولۇش.

15 ـ دۇنيالىق ماددى، جىسمانىي بىلىمگە، ئاخىرەت ۋە روھ ئىلمىنى، باتىنىي سىر بىلىمنى قوشۇپ ئۆگىتىش، بىلىم چەكسىز ئۇنى بىلىمدىن ئەمدى بولدى قىل دەپ توسۇپ قويماسلىق، ھەرخىل توسۇلغۇنى ئۇنىڭ غېمىنى يىدۇق دەپ ئۆزىمىز سېلىپ قويۇپ، بىلىم ئېلىش ئەركىنلىكىدىن توسۇپ قويساق بولمايدۇ. ئىلىم، ئىبادەت ئۈچۈن جىھاد، كۆرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق توسقۇنلۇق كار قىلالمايدۇ. ئۇلار ئەركىندۇر. ئەلۋەتتە، ئىلمىنىڭ چېكى بولمىسىمۇ چارە ـ ئامال قالمىغىچە ھەرخىل خىزمەتمۇ ئىلىم ئېلىشتىن كىتاب

ئوقۇشتىن توسۇپ قويمايدۇ، ئاساسىي تۆپ ئامىل، بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا، جاپالىق تىرىشىشىمىزدا، ياتماس ئىرادىنىڭ بولۇشىدا، ئاندىن ئاللاھ ئىگەم نىيەتكە بېقىپ ياردەم قىلىدۇ، خالىسا مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ، خالىسا خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ.

ئەلۋەتتە، بىزمۇ ئاڭلىدۇق، سەككىز ياشلىق پۈتۈن قارى 30 پارە قۇرئاننى ياد ئېلىپ بولغان بالىلار خېلى كۆپ ئىكەن، سۈرۈشتە قىلسا، ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس، جاپالىق تىرىشىش، دائىم مەسئۇل بولۇپ ئوقۇتۇش، كۆڭۈل بۆلۈشتىن، جاپالىق تىرىشىشىدىن كۆپ بەدەل تۆلەشتىن قولغا كەلگەن نەتىجە ئىكەن. ئاللاھ خالىسا بىرەر بانا ـ سەۋەب بىلەنمۇ بىرىدۇ، بۇ بىر رەھمەت، بىز تىرىشساقلا سۈرۈشتە قىلالمىساقلا، بەدەل تۆلەشىدىن يانمىساقلا، ئىلمى تالىم، ئوقوغۇچىنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا غەمگە سالمىساقلا كۆڭۈل قويۇپ نىيەت قىلىپ ئوقۇتساقلا نەتىجە بولىدۇ. ئەمما، بالىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىمۇ مۇھىم بىر ئامىل، لېكىن بۇ، دۆتلۈك بەك ئاز، بۇلار مېيىپ ھېسابىدا بەكلا ئاز، قارىساق كۆپ بالىلار، كۆپ ئوقوغۇچىلار مەقسەتكە يەتكەن، ھېچبولمىغاندا ماگىستىر بولغانلار ئاز ئەمەس.

سەۋەب قىلىش، ئاندىن تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقا دائىم دۇئا قىلىش، ئىلمىغا قولمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىش، شارائىتنى تولۇق قىلىپ بېرىش، ئاندىن نەتىجىسىنى كۈتۈش لازىم. ھورۇنلارچە ئوڭدا يېتىپ ياكى ئىشلارنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرالماي، ھەقىقىي ئالىمنى ئۇستاز قىلالماي، نەتىجىنى كۈتۈش، خام ـ خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## نۇر مۆجىزىسى

ئادەم بەدىنى ئەتراپىدا بىر خىل نۇر بايقالغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئادەم تېنىنىڭ ئەتراپىدا كۆزەتكىلى بولىدىغان بىر خىل نۇرنى بايقىغان، بىر پروففېسورنىڭ دېيىشىچە ئەرلەر ئاياللارنى ئەرلەرنى كۆرگەندە نۇرلىنىپ كېتىدۇ، بۇ خىل نۇرنى مۇرەككەپ رېنتگىن نۇرى بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئىككى ئادەم دىدار كۆرۈشكەندە بولۇپمۇ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، قەلبداش ئىككى كىشى كۆرۈشسە، بۇ نۇر ئالاھىدە جانلىنىپ كېتىدۇ، ئاشىق ـ مەشۇق بولسا، بۇ نۇر پوجاڭزا ئاتقاندەك رەڭگارەڭ چاقناپ كېتىدىكەن، بۇ نۇردىن پايدىلىنىپ توي قىلغان ياكى قىلمىغان ياكى توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقنى بىلگىلى بولىدىكەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ بىر كەشپىيات، قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن بولۇپ، مۆجىزە بولدى. قۇرئاندا، ئۇلارغا نۇر بېرىمىز، ئۇ نۇر بىلەن كىشلەر ئارىسىدا ماڭىدۇ دىگە ئايەت بار. شۇنداق قەلبىگە نۇر بېرىش شەكسىز ھەق، ئاخىرەتتىمۇ نۇر بېرىلىشى قۇرئاندا كۆپتۇر، ئىش قىلىپ ئىنسانلاردا نۇر بار، بۇ مۆجىزە ئاخىرى ئىلغار ئۈسكۈنىدە ئاشكارا بولغان. ئەلھەمدۇلىللاھ

بىز يۇقىرقى ئىنسانلار تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى، ۋە تېمىسىغا قايتساق، قالتىس ئادەملەر بەك كۆپ، ئەلۋەتتە، بۇلارمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى، گال، مال، بالا، تۇرمۇش غېمىدە ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، بىرەر نەتىجە، تۆھپە، نەمۇنە، ئۈلگە قالدۇرۇشقا ۋاقتى يوق، ئەمەلىيەتتە كىمكى ۋاقتىنى، جېنىنى، مېلىنى، ھاياتىنى ئايىماي جان ـ دىل كۆيدۈرۈپ كىشىلەرنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ ياخشىلىق قىلىشنى خالىسا، ئاللاھ، مۇنداق كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، بۇنداق كىشى چوقۇم نەتىجە چىقىرىدۇ، ھەر خىل يېڭى كەشپىياتلار بىلەن ئۆزىگە، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدۇ. بۇنداق كىشى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىلا ئەمەس، بەلكى دىنسىزلار جەمئىيىتىمۇ تېپىلىدۇ. مەسىلەن: ئامرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شتاتىدىكى سېئاتو شەھرىدە 11 ياشلىق خې سىمې، ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرستىتىنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقوغۇچىسى بولغان، دادىسى دوختۇر، ئانىسى بىئولوگىيە ئالىمى، بۇ بالا ئىككى ياشتىلا لۇغەت كۆرەلەيدىغان بولغان، ئۈچ ياشتا قامۇسنى ئوقۇغان، توققۇز ياشتا بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئاندىن ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرستېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ئەلا نەتىجىدە مەكتەپ پۈتتۈرگەن.

غەربىي گېرمانىيىدىكى فرانكفورتتا، فرانىيس ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، بۇ ئادەم ئالاھىدە ئاڭلاش سىزىمىغا ئىگە ئىكەن، ئېلېكتېرونلۇق ئۆلچەش ئەسۋابىدىنمۇ سەزگۈر ئىكەن، ئۇ ئېلېكتېرونلۇق بىرلەشمە

كارخانىسىدا ئاۋاز ئۆلچەش خىزمىتىنى قىلىدۇ، شۇ شىركەت مەخسۇس **500** مارىك پۇل تۆلەپ، بۇ كىشىنىڭ قۇلىقىنى خەۋپسىزلەندۈرگەن.

ياپونىيىدىكى ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى يوجى يىگجى، چەمبەر تۇراقلىق سانىنى يادىلاشنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىن **20** مىڭ خانىغا يەتكۈزۈپ، نۆۋەتتە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم بولۇپ، مۇكاپات ئالغان، ئەمما، بۇ كىشى دائىم ئىشتىن سىرتقى چاغدا مۇشۇ ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن مەشغۇل بولغان، ئەلۋەتتە، نېمىنى مەقسەت قىلسا شۇنىڭغا يېتىدۇ.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ نوۋىساد شەھرىدە موتافىزاكى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، **10** مىڭ خىل سەي قورۇشنى ئەستە ساقلىغان، بۇ كىشىگە ئاشپۇزۇل دوكتۇر دېگەن نام بېرىلگەن. تېخىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئەنگىلىيىلىك گىئورگىي كېنىم بېرىبىل جاپالىق ئۆگىنىپ **36** خىل تىلنى سۆزلەيدىغان بولغان.

**1981** ـ يىلى، تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە **15** ياشلىق بىر قىزچاقنى دوختۇرخانىغا ئەكىلىدۇ، قىزچاقنىڭ دائىم قورسىقى ئاغرىپ بىئارام قىلغان بولسىمۇ يېزىنىڭ دوختۇرخانىسى توغرا دىئاگنوز قويالمىغان، ھەمدە داۋالاپ ساقايتالمىغان، بۇ پايتەختتىكى دوختۇرلار بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ قورسىقىدىن تېرىك ئۈچ يىلاننى ئېلىپ تاشلىغان، بۇ يىلانلار بۇ جايدا ياشىغىلى بەش يىل بولغانىكەن، دوختۇرلار سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ، بۇ بالا يىلان تۇخۇمى بار سۇنى ئىچىپ قېلىپ، شۇ ئارقىلىق يىلان قورساقتا پەيدا بولغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، قۇرئاندا، ئاتامىلىرىڭلارغا قاراڭلار دېگەن، يەڭلار دېمىگەن، بىز كۆزىمىزنى يۇمۇپلا نېمە كەلسە، يەۋەرمەيلى، ئاغزىمىزغا نېمە كەلسە دەۋەرمەيلى، قاراپ بىر ئىش قىلىش لازىم.

پاكىستاننىڭ سىندى ئۆلكىسىدە نادا نايمىسى پىر كەنتىدە بىبور ئىسىملىك بىر ئايال **147** يىل ئۆمۈر كۆرگەن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ **120** ياشقا كىرگەندە ئاق چاچلىرى قارىداپ گۈزەل قىزچاقتەك قارا چاچلىق مومايغا ئايلانغان، ئاندىن كېيىنلا چۈشۈپ كەتكەن چىشلىرى يېڭى باشتىن قايتا چىققان، كۆرۈش سېزىمى كۈچلۈك، ئاڭلاشمۇ جايىدا بولغان.

بىرازىلىيىنىڭ جەنۇبى رىئوگراندى ئوبلاستىدا **160** ياشتىن ئاشقانلار كۆپ ئىكەن، ماننوئىل ئىسىملىك بىرسى **162** ياشتا ئىكەن، بۇ مەدىكار ئىكەن، بەش سەزگۇ ئەزاسى نورمال ئىشلىگەن.

ئامرىكىدا **33** ياشقا كىرگەن راۋئىل **800** جىڭدىن ئاشقان، فىرانسىس بولسا، **1076** جىڭ كېلىپ، ئېغىرلىق چېمپىيۇنى بولغان.

ئاللاھ خالىسا بىر تال ھۆجەيرىنى ئاشۇ ئىسپېرما سۇنى **1000** جىڭدىن ئارتۇق قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋال ھايۋانلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: كىت **50** توننا كېلىدۇ، **100** مىڭ جىڭ، مانا بۇ ھايۋانمۇ بىلىقنىڭ كىچىككىنە بىر تۇخۇمىدىن چىقىدۇ، تېمساھ، كالا، تۆگە ۋاھاكازالار.

ھىندىستان زۇڭتۇڭى رىپر، بىر ئايالغا باتۇرلار ئوردىنى بەرگەن، چۈنكى، بۇ ئايال ئورمانلىقتا ئۆتۈپ كەتكىچە، بىر يولۋاسقا ئۇچراپ قېلىپ، باتۇرلارچە چاناپ ئۆلتۈرگەن، ئۆزىمۇ يارىدار بولغان، ئەمما قىلچە قورقمىغان، جەڭ ئەسلى روھ، ئىددىيىدە بولىدۇ ـ دە!، ئەگەر بۇ قورقۇپ ۋارقىراپ قاچقان بولسا، يولۋاسقا يەم بولاتتى.

ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنى شەھرىدە **16** ياشلىق بىر قىزچاق بولۇپ، ئىسمى يېگىس ئىكەن، بۇ قىزچاق گەرچە سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسىمۇ پەقەت سۇغا چۆكۈپ كەتمەيدىكەن، سۇ ئۈستىدە خاترجەم گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇۋېرىدىكەن، ئەمما ھەرگىز سۇ ئاستىغا چۆكەي دېسىمۇ چۆكمەيدىكەن.

تۈركىيە، شۇرۋاس ئۆلكىسىنىڭ يىردەزىل ناھىيىسىدىكى داۋرالان كەنتىدە خەدىچە ھۆلگەر ئىسىملىك بىر ئايالغا **1982** ـ يىل **100** ياشقا كىرگەندە **10** تال يېڭى چىش چىققان، مۇخپىر ئۇنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمنى **15** ياشلىق ۋاقتىمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن، تېنىم ساغلام، بەش سەزگۇ ئەزايىم

ساق دېگەن.

ئاللاھ خالىسا ئۆمۈرنى ئۇزۇن، خالىسا قىسقا قىلىدۇ، خالىسا كۈچلۈك، خالىسا ئاجىز خالىسا ئېغىر، خالىسا يەڭگىل، خالىسا ئۇزۇن، سېمىز، خالىسا قىسقا، پاكىنەك، ئورۇق قىلىپ قويىدۇ، بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، بىز سۆزىمىزنى بىر نەچچە ھەيران قالارلىق ئىنسانلار دۇنياسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز، مەقسەت، ئىنسانلارنى ھەرخىل تەتقىق قىلىش. ئاللاھ، سۈرەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

جۇڭگو يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقى شىمالدىكى تاغلىق رايۇنىدا ئىككى باشلىق بىر ئادەم دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئىسمى جاڭ زېپىڭ، ئۆزى دېھقان، ئىككى باشنىڭ بىرسى چوڭ، نورمال، بىر بەك كىچىك بولۇپ، ئاساسى باش ۋە پارازىت باش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، پارازىت، كىچىك باش ئاساسى چوڭ باشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولغان، كىچىك باشتىمۇ چاچ، كۆز، قاش، كىرپىك، بۇرۇن، ساقال، كالپۇك، لەۋ، چىش، تىل قاتارلىق ئەزالار بار ئىكەن.

ئاساسي باشتا بىر نەرسە يېسە، ياكى سۆز قىلسا، كىچىك باشتىكى ئېغىزمۇ ماكىلداپ تۇرىدىكەن، كۇنمىڭ مېدىتسىنا ئىنىستىتوتى تارمىقىدىكى بىر دوختۇرخانا بۇ كىشىنى تەكشۈرۈپ ئاندىن كېيىن بۇ كىچىك پارازىت بېشىنى كېسىپ تاشلىغان، ئالىملار تەتقىق قىلىپ، بۇ باشتىمۇ مېڭە، مېڭە قېتىقى بارلىقىنى ئەمما تولۇق تەرەققىي قىلمىغانلىقىنى ئۇزۇندىن بۇيان چوڭ باشقا ئەگىشىپ خۇددى دورامچى، ئەگەشكۈچى دۆلەت ياكى شەخس، تەرەققىي قىلالمىغاندەك تەرەققىي قىلالمىغان، بۇ باشنى بولسا، بويۇن تومۇرى، قان ئارقىلىق ئۇزۇق بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، ئاساسي كونتروللۇق چوڭ باشقا ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن، بۇ كىشى كېيىن ساقىيىپ نورمال بولغان.

جۇڭگو سىچۇەن ئۆلكىسىدە شاۋەت گۇڭشىسىدا **1970** ـ يىلى لىيرۇچاڭرۇڭ ئىسىملىك بىر بالا تۇغۇلۇپ، بىر ياشقا كىرگەندە، قېرىشقا باشلىغان، چاچلىرى ئاقىرىپ يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ كەتكەن، **10** ياشتا ماڭسا، قېرى ئادەمنىڭ سىياقى كۆرۈنۈپ ھەمدەپ ھاسىرايدىغان بولۇپ قالغان، چەتئەلدە بەش ياشلىق بىر قىزچاقمۇ مومايدەك قېرىپ، چېچەك يۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئالىملار تەكشۈرۈپ بۇبالىدا قېرىلىق ئالامىتى بولغاچقا كېسەلگە قارشى تۇرالماي ئۆلدى دېگەن. ئافرىقىنىڭ ئوكنى دېگەن جايىدا فىلىنس ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا يەتتە ياشتىلا چېچى چۈشۈپ تاقىر باش بولۇپ قالغان، چىشلىرى پەقەتلا تۆكۈلگەن، يۈزى قورۇلۇپ **80** ياشلىق بوۋايدەك بولۇپ قالغان، مانا بۇ قىيامەت ئالامەتلىرىدە قورقۇنچىدىن كىچىك باللارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار قېرىپ كېتىدۇ دېگەن ئايەت، ھەدىسنىڭ ئالدىن بېرىلگەن سىگنالى بولۇپ، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، بۇ ئىش راست بولىدىكەن دېگەننى بىلدۈرىدۇ، بىز ئاندىن قىيامەتكە ۋە ئايەت، ھەدىس، مۆجىزىسىگە شەكسىز ئىشىنىدىغان بولىمىز، بىزنىڭ ئۈچ ھاياتلىق تەتقىقاتىمىزنىڭ ئاساسى مەقستى قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىش نەزەرىيىسىدۇر.

بىيجىڭ شەھىرىدىكى داشىڭ ناھىيىسىنىڭ داشىنجۇاڭ گۇڭشىسىدا بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، **15** ياشلىق بىرسىنىڭ يەنى قىزىنىڭ سۈيدۈك يولى ئاغرىپ ئىششىپ قالغان، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتسە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ھادىسە يۈز بەرگەن، ئۇنىڭ سۈيدۈك يولىدىن بىر تۇگۇنچەك ئۆسۈپ چىقىپ، بۇ قىز ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قالغان، تېخى بۇ ئوغۇل، پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن، كېيىنچە يەنە بىر سىڭلىسىمۇ شۇنداق ئوغۇل بالىغا ئۆزگەرگەن، بۇنداق ئىش دۇنيادا بەك كۆپ بولۇپ، ئىككى جىنسلىق يالغان ئىككى جىنسلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بەزىلەرنىڭ بىرلىشىپ كېتىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ، ئىقتىدارى ئۆز پېتى بولىدۇ. ھەيز كۆرىدۇ، ئىچىدە بالىياتقۇمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا ئەرلىكمۇ ساپمۇساق بولىدۇ. بۇ خىل ھادىسە بالا، تۆرەلمە قورساقتا سۈرەتكە كىرىش جەريانىدا ھۈجەيرىلەر پارچىلىنىش ھادىسىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ ئىش قوشكېزەك باللار ياكى قوش ئەزالىق باللارغا ياكى بىرەر ئەزاسى ئارتۇق چىقىش مەسلىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىسلام دىنىدا بۇ كىشىنى خوناسا دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە باب توختۇتۇپ قانۇن تۈرغۇزۇلغان بولىدۇ، بۇنى فىقھى مەسلىسىدە چۈشىنىڭ، بۇنداق باللار ئاساسلىقى **10** ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئاندىن قوش جىنسلىق بولۇشقا باشلايدۇ، ئاللاھ خالىسا، قانداق ياراتسا شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا ھۈجەيرە ياكى

بىرەر سەۋەب، ئىللەت كۆرسەتسەك، نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىنسانلاردا بولماي، بولۇپمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى بولماي، نېمە ئۈچۈن ئاز ساندا بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پۈتۈن يەرشارىدا بولماي، ئاز دۆلەت، رايونلاردا بولىدۇ؟ بۇ بىر مېيىپ مەسىلىسىگە ئوخشاش ئىش بولۇپ، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ زېھنىنى تەپەككۇرنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىپ، ئىنسانلارنى تەتقىق قىلسۇن، بۇنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنسۇن، قۇدرەت، رەھمەتنى بىلسۇن، شۈكرى قىلسۇن دەپ شۇنداق قىلىدۇ. خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، ئىنسان ئويلانسا سانسىز نېمەتلەرگە ھەرگىز شۈكرى قىلىپ بولالمايدۇ، ئاللاھ رەھمەت قىلمىسا، ھېچكىم جەننەتكە كىرمەيدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، گۇماننى ياخشى قىلىپ، ئەمەلنى ياخشى قىلىپ، مول نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەيلى، ئاللاھ ياردەم بەرسۇن، ئامىن!

بىز ئەمدى سۈرە مۇئمىنىنىڭ بىز مەخلۇقلاردىن غاپىل ئەمەس، دېگەن ئايەتتىكى تەتقىقاتتىن تاللايمىز، ئاللاھ، مەيلى قەدىمقى بولسۇن مەيلى ھازىرقى بولسۇن، مەيلى كەلگۈسىدىكى بولسۇن، مەيلى ئەرشى، كۇرسى مەيلى ئەڭ تۆۋەن جاي بولسۇن، مەيلى چوڭ مەيلى كىچىك، جانلىق، جانسىز پۈتۈن مەخلۇقلاردىن ھەرگىز غەپلەتتە غاپىل ئەمەس، دائىم ئۇنىڭ كېلىش ۋاقتى، ئورنى، شەكلى، مىقدارى، ھاياتى، قەلبى، روھى، جىسمانى ئوزۇق، رىزىق قاتارلىق ئىشلارنى كېلىش، كېتىش، ئەجەلى يەنە قايتا تېرىلىش ۋاقتى، ئورنىنى كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك جاينى ئالدىن بىلىپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ دائىم كۈزۈتۈپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر دوكلاتىنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىلمى چەكسىز، بىز ئالەم بوشلۇقى پىلانىتلار، يۇلتۇزلار سىستېمىسى، ئوربىتىلارنى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى ھاياتلىق، ماماتلىقنى تەتقىق قىلساق، كۆزەتسەك، دەرسلىك قىلىپ ئوقۇساق، ئاشۇ چەكسىز ئىلمدىن بىر زەررىچە ئالالىساق، چوقۇم، ئالاھ، ئىلمىنىڭ مەخلۇقلاردىن غاپىل ئەمەسلىكىنى بىلىۋالىمىز، قۇدرەت، ھېكمەت، رەھمەتنى كۆرۈۋالىمىز.

بىز بۇ قېتىم ھايۋانلارنى قوغداپ مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان رەڭ توغرىسىدا توختىلىمىز. بۇنىڭ ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى پايدا، ياخشىلىقنى بىز بىر قۇر سۆزلىگەن. ھازىر بولسا، پەقەت ھايۋانلار مۇشۇ رەڭدىن پايدىلىنىپ مۇداپىئە قىلىدىغانلىقنى ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقنى، ئوزۇق تۇتىدىغانلىقنى دۈشمەندىن ساقلىنىپ، ھاياتنى قوغدايدىغانلىقنى، ئاللاھنىڭ راستىنلا غاپىل ئەمەسلىكىنى ھەر ھايۋانغا ئۆزى لايىق ماكانغا لايىق رەڭنى بەرگەنلىكىنى سۆزلەيمىز، ھايۋان ئىككى قىسىم بولىدۇ.

بىرسى گۆشخور، يىگۈچى، ئىككىنچى، باشقىلارغا ئوزۇق، يەم بولىدىغان يېيىلگۈچى ھايۋان، بىرىنجىسى دائىم ھالدا خىلمۇ ـ خىل چارە ـ ئامال بىلەن ئوزۇق تۇتۇشى، ھاياتنى ساقلىشى لازىم، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى، ئەقىل، يەم ـ پاراسەت بېرىشى، رىزىقنى مول قىلىپ بېرىشى بىلەن بۇلار ئاچ قالمايدۇ، چارە ـ ئامالنى قىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى بولسا، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش، قېچىش، يوشۇرۇنىشى، يا ئۈچۈش بىلەن ئۈچالمىسا مۇلاھىزە قىلىپ ئەقىل ئىشلىتىپ ئامال تېپىش بىلەن ياكى ئۆزىنى قارىغۇچىلاردىن يوشۇرۇن دالدىغا ئېلىش، مۇكۇۋېلىش بىلەن يا كېچىدە ئاشكارا بولماسلىق، كۈندۈزى ئوزۇق تۇتۇش ياكى كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ كېچىسى ئوۋغا چىقىش بىلەن ياكى زېمىن ئاستىغا يوشۇرۇنۇش ياكى دەرەخ قوۋزىقى، قۇلاق، يوپۇرماق ئارىسىغا ياكى گۈللەر، چېچەكلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇش بىلەن ياكى باشقا ھايۋانلار سۈرىتىگە كىرىۋېلىش بىلەن ياكى سېسىق پۇراق چىقىرىش، گاز قويۇپ بېرىش بىلەن باشقا رەڭگە كىرىۋېلىش بىلەن خىلمۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆزىنى قوغدايدۇ، مېھرىبان ئاللاھ، بۇلارغا ئۆزىگە لايىق چارە ـ ئامال، ئەقىل ـ پاراسەت رەڭ بەرگەن بولۇپ، بۇلار، بۇ نېمەتكە دائىم زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىپ شۈكرى قىلىدۇ.

پۈتۈن كائىنات، ئاسمان ـ زېمىن، قۇلاق چېچەك، دېڭىز سۈيى، قاراڭغۇ كېچە، بۇ بىچارىلەرنى قوغدايدۇ، ماسلىشىپ بېرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا غوجىسىنىڭ غوجىسى جايلايدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ھايۋانلارنىڭ رېڭىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇنىشى، ئۆزىنى قوغداش، ئوزۇق تۇتۇپ يېيىش مەسىلىسىگە 32 مىسالنى كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن بىر نەچچىنى تاللاپ ئالىمىز، شۇ ئارقىلىق بىز راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلمى ھېكمىتى چەكسىز، پۈتۈن مەخلۇقدىن غاپىل ئەمەسكەن، ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۆزى بىلىدۇ دەپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمىز، ئى

ئاللاھ، سىلى ئوبدان بىلىلا دەپ دۇئا قىلىمىز.

1 ـ سىلاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھاشارەت، يازدا، باھاردا گۈل ـ چېچەكلەر رەڭگىدە بولۇۋېلىپ، يوشۇرنۇپ تۇرىدىكەن، قىشتا بولسا، ئۇششاق تاشلارغا ئوخشاش بولۇۋالىدىكەن، ئوزۇقى بولسا دەل شۇ جايدا ئىكەن، باشقا جايدا ھەم ئوزۇق يوق ھەم يوشۇرۇنۇش ئەپلىك بولمايدىكەن.

2 ـ ھاسا تاياق ئىسىملىك ھاشارەت، ئەگەر دۈشمىنى ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، دەرەخ شېخىدا سۇنغان قۇرۇق شاخ بولۇۋالىدىكەن، ھۇجۇمچى، بۇنى پەرق ئېتەلمەي ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئەگەر بۇ ھاشارەت، گۈل ـ چېچەك ئارىسىدا بولسا، يەنىلا رەڭدىن پايدىلىنىپ گۈلگە ئوخشاش بولۇۋالىدىكەن.

3 ـ قۇرتلارنىڭ بەزىسى دۈشمەننى سەزسە، لاي، تاش، توپا رەڭگىدە بولۇۋالىدىكەن.

4 ـ خاناپىس ئىسىملىك ھاشارەت، ئۆسۈملۈك دانچىسىنىڭ شەكلىگە كىرىۋالىدىكەن، بۇ ئۆسۈملۈك ئۇنىڭ ئوزۇقى ئىكەن، بۇ قۇش، پايدا ئالغان.

5 ـ يۇقىرقى ھاشارەتنىڭ بىر تۈرى دائىم ھالدا سۆگەت قۇلىقىدا، كۆك رەڭدە يېشىل رەڭدە بولۇۋېلىپ دۈشمىننى ئالدايدىكەن.

6 ـ رەقسىمىس ئىسىملىك بىر ھاشارەت، ياغاچ تۇۋرۇكلەرگە چاپلىشىپ، كۆلرەڭگە كىرىۋالىدىكەن، ئاندىن كېيىن قارىسا، سېرىق بولىدىكەن.

7 ـ ھاشارەتلەر ئىچىدە رەڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قوغدايدىغان ھەم ئوزۇق تۇتۇپ يەيدىغان كىشىلەرگىمۇ ھوزۇر بېرىدىغىنى، كېپىنەكلەر تۈرى ئىكەن.

8 ـ بەزى كېپىنەكلەر يېشىل، كۈلرەڭ، سېرىق رەڭلەرگە كىرىۋېلىپ، كۈندۈزىمۇ ئۆسۈملۈك چېچەكلىرىدىن يوپۇرماق قۇلاقلاردىن پەرقسىز تۇرىدىكەن. (تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ 116 ـ 117 ـ بەتلىرىدە بۇ ھاشارەتنىڭ يوشۇرنۇش سۈرىتى بار.)		(بىلىقنىڭ يوشۇرنىۋېلىشى)

9 ـ بەزى كېپىنەكلەر، لاي، تام، سېمونت رەڭگىدە بولىدۇ.

10 ـ كېپىنەك تۇرىدىكى ھاشارەتلەر قوغدىنىپلا قالماي، بەلكى رەڭدىن پايدىلىنىپ ئوزۇق تۇتۇپ يەيدۇ، كېچىسى بىر خىل كۈندۈزى بىر خىل بولۇۋالىدۇ.

11 ـ بەزى ھاشارەتلەر سېسىق پۇراق چىقىرىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ، ئوزۇقىنىمۇ مۇشۇ پۇراقتا تايىنىپ تۇتىدۇ.

12 ـ بەزى ھاشارەتلەر ئۆزىنى، بالىلىرىنى ھەرخىل ئۆز رەڭگىدىكى ئۆسۈملۈكنى ئۇۋىسىغا ئەكىلىپ ياكى دۈشمىنى قاچىدىغان زەھەرلىنىپ قالىدىغان سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ، بۇ ئەقلىنى كىم بەردى؟ كىم ئوقۇتتى؟

13 ـ سەھرالاردا، چۆللەردە، دەرەخ بولمىغاچقا بۇ يەردىكى جانلىقلار شۇ جاينىڭ رەڭگىدە بولىدۇ، ئىتتىك قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، بۇ نېئمەتنى كىم بەردى؟ ھەرخىل رەڭدىكى تۇپراقتا شۇ جايغا لايىق رەڭدە ھايۋانلار ياشايدۇ. خۇددى بوز توشقاندەك.

14 ـ ھەر قانداق ئېيىق، توشقان، قارا، كۈلرەڭ بولىدۇ، ياكى بوز رەڭدە بولىدۇ. بولۇپمۇ توشقان بوز رەڭدە بولىدۇ. ئەمما، شىمالىي قۇتۇپ، جەنۇبىي قۇتۇپدا مۇزلار، قارلار بولغاچقا، بۇ جاينىڭ ئېيىق، توشقانلىرى ئاق رەڭدە بولىدۇ، بۇ زادى كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى؟ ئالىملار بۇ جايدا كۈن نۇرى كۈچلۈك بولمىغاچقا بۇلارنىڭ رەڭگى ئاق بولغان دەيدۇ، بىز دەيمىز. بۇ ئوخشاشلىقنى شۇ قانۇننى چوقۇم ھېكمەتلىك مېھرىبان ئاللاھ قىلدى دەيمىز.

ئاللاھنىڭ ھېكمىتى كۆپ تەرەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسسىق جايلاردا دەل ـ دەرەخ ئورمانلار كۆپ، بۇلار ھەرخىل رەڭدە بۇ جايدىكى ھايۋانلار، ھاشارەتلەرمۇ ھەرخىل رەڭدە بولىدۇ. بۇلارنى كىم ئورۇنلاشتۇردى،

بولۇپمۇ شۇ ھايۋاندىكى رەڭنى قوبۇل قىلىشنى كىم بەردى؟ ئاللاھ، ھايۋاناتلار دۇنياسى بىلەن ئۆسۈملۈك دۇنياسىنى كۆزەتسەك ئارىلىقنى ماس ـ مۇناسىپ قىلىپ، سىلىشتۇرساق، كەڭ، ئەتراپلىق نەزەر بىلەن قارىساق، نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى بايقايمىز. بۇ يالغۇز رەڭدىلا ئەمەس، شۇ ئۈچ ھاياتلىقدىكى پۈتۈن ئىشلاردا بار، بولۇپمۇ بىز بۇنى قۇرئان ئايىتىنىڭ چۈشەنچىسى، تەپسىر قىلايلى.

ھىجرىيە **4** ـ ئەسىردە، جۇنەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىر مەزلۇم ئايال ئەرز قىلىپ كېلىدۇ، بۇ ئايال ئەي ھەزرىتىم، مېنىڭ ئېرىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمگە يەنە قوشلاپ بىر خوتۇن ئالغىدەك؟ مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ مەندىن نېمە ئۈچۈن رازى ئەمەس، ئەگەر ياتلارغا يۈز ئېچىش ھارام بولمايدىغان بولسا، مەن سىلىگە يۈزۈمنى كۆرسىتىپ قوياتتى، سىلى مېنىڭ گۈزەللىكىمنى بىلۋالغان بولاتتىلە، بۇ دىياردا مەندىن گۈزەل ئايال يوق، دەپ گېپىنى داۋام قىلىۋاتسا، بۇ شەيخ ھۇشىدىن كېتىپتۇ، ئايال كىشى ئاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپتۇ، ھازىر بولغان مۇرىتلىرى سىلىگە نېمە بولدى، بۇ ئايال گېپىنى تۈگەتمەي تۇرسا، ھۇشىڭىزدىن كەتتىڭىزغۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

شەيخ، ئاللاھ، ماڭا بۇ ئايالنىڭ تىلى بىلەن خىتاب قىلدىكى، بۇ ئايال شۇنچە گۈزەل بولسا، خالىق ئاللاھ قانچە گۈزەل، سەن يەنىلا خالىققا ئىشق باغلا دەۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئايالنىڭ جامالىنى پەقەت ئىگىسىلا لايىق بولغان ھەققىي بار ئېرىلا كۆرەلىسە، باشقىلار مەھرۇم بولسا، چوقۇم خالىق ئاللاھنىڭ جامالىنى لايىق بولغانلار، ئىتائەت قىلغانلار، ياخشى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلار كۆرىدىكەن. ئاشىق، سادىقلاردىن باشقىسى كۆرەلمەيدىكەن، بۇ دۇنيانىڭ كۈللىسى، گۈزەلكەن، بۇ گۈزەللىكنى پەقەت پىكىر، تەپەككۇر قىلغانلار، تاپالايدۇ، ھەم كۆرۈپ ھوزۇر ئالالايدۇ، باشقىلار بۇنىڭدىن مەھرۇم، مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ ھۇشۇمدىن كەتتىم دېگەن، بىز بۇ ھېكايىنى سۆزلىشىمىزدىكى مەقسەت، تەپەككۇر قىلغان گۈزەللىككە ئاشىق بولغان ئىلىمغا ھېرىسمەن بولغانلار، ئاللاھقا ئاشىق، سادىق بولماقچى بولغانلار، چوقۇم ئىلىمنى ئالالايدۇ، بىز يۇقىرىدا دېگەن گۈزەللىك، رەڭلەر ھېكمىتىنى بىلەلەيدۇ، يۈرىكى، قەلبى، روھى خاتىرجەم بولىدۇ. گال، مال، نەپسى غېمىدە ئۆتكەنلەر مەڭگۈ ئاۋارە بۇ غەمدىن ئۆلىسمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

چۈنكى، كىشى قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە جان بېرىپ، يەنە شۇ ئىش ئۈستىدە قوپىدۇ، بۇ ھەق ئايەت، ھەدىس، روھلار بىلىمى بىلەن ئىسپاتلاندى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ رەڭگارەڭ دۇنيانى كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ، بۇ يەردە بىر ئالىم، ھېكمەتلىك پىلانلىغۇچى ئاللاھ بار ئىكەن دېگەن. ئىلىم، تەۋھىدقا ئىگە بولىمىز، ئۇندىن باشقا رەھمەتنى تونۇپ، شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن كۆپلەپ ئىبادەت قىلىۋالىمىز، ۋاقتىمىزنى زايا قىلمايمىز. شۇنداقلا، دارۋىن، لاماركلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئۆزلىگىدىن تاسادىپىي دېگەن سۆزلىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئاللاھ قىلدى، ھېكمەت، تەدبىر، پىلان، ئالدىن بىلىش، تەقدىر، سۈرەت ئاتا قىلىش، رەھمەت قىلىش، كۆيىنىش، روھ، جان ئاتا قىلىش، قايتا تىرىلدۈرۈش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئەلۋەتتە، بۇ تەتقىقاتقا بىز لايىق، بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، مەجبۇرىيىتىمىزدۇر. بىز بۇ، رەڭ تەتقىقاتىنىڭ ئارقىسىدا ھەقىقەتەن سىلەرگە ھايۋانلاردا ئىبرەت بار دېگەن ئايەتتىكى تەپرىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆسۈملۈك، ھايۋان، رەڭ، كائىنات سىرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەپەككۇر قىلىپ، بۇ جايدىكى پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ، سۈرەت ئاتا قىلىش، روھ، جان، ئەقىل ـ پاراسەت بېرىش، پۈتۈن كائىناتتىنى باشقۇرۇش، تاسادىپىيلىقنى ئاغدۇرۇپ، ئالاھىدە پىلان، تېخنىكىسى بىلەن ئورۇنلاشقانلىقنى ئىسپاتلاپ ئايەت، ھەدىسىدىن سىرىت دۇنيادىكى خەلقئارا پەيلاسوف، دوكتۇر، ئالىملار سۆزلىرى بىلەن دارۋىن، لامارك مەزھىپىنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ چەتئەللەر بۇنى ئىنكار قىلىپ بولدى.

بىز يۇقىرىقى ئۈچ ھاياتلىق تەتقىقاتىمىزدىن ئاللاھنى، رەھمىتىنى، ھېكمىتىنى، سىرىنى، يەنە تىرىلىشنى تاپقاندىن سىرىت، بۇ ئەخمىقانە، ئەپسانە، گۇمانى قاراشتىكى مەزھەپنى ئاغدۇرىمىز، كۈچلۈك رەت قىلىمىز، بۇ دارۋىن مەزھىپ ئاساسى تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1** ـ ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات.

**2** ـ بۇ تەرەققىيات ۋارىسلىق، ئېرسىيەتتىن نەسلىگە يۆتكىلىش.

3 ـ ئۇمۇمىيۈزلۈك ھاياتلىق باقى قىلىشنى تالىشىش، مەنمەنلىك.

4 ـ كۈچلۈكلەر مەڭگۈ قىلىشقا لايىق، ئاجىزلار يوقىلىش. مانا مۇشۇنداق نەزەرىيە بىلەن كۈچلۈكلەر ياشاش، ئاجىزلار ئۆلۈش، كۈچلۈكلەر لايىق، ئاجىزلار يوقىلىش دېگەن پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، ئامېرىكىدەك زومىگەر دۆلەتلەر ئاجىزلارنى يۆلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاجىز، يوقىلىش كېرەك، چۈنكى، يەنە باقى قىلىش، كۈچلۈكلەرنىڭ دەپ خالىغانچە زۇلۇم قىلدى، ئەنگىلىيە ئىمپېرىيىسىمۇ شۇنداق قىلدى.

بۇنىڭ تەرەققىيات نەزەرىيىسى، نۇرغۇن ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەرنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ، دىنىدىن چىقاردى، ياكى دىنىدىن، ئىماندىن ئاجىزلاشتۇردى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئاشۇ گۇمانى كۆز قاراش بىلەن تەربىيىلىدى، ھەم ھازىرمۇ تەربىيىلەۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ مەزھەبنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، ھازىر بەزى دۆلەتلەردىن تۈپتىن يوقۇلۇپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش يۈزىسىدىن دۇنياۋى پەيلاسوف، دوكتۇر، ئالىملاردىن 20 كىشىنىڭ سۆزىنى ئىسپات قىلىپ كەلتۈرىمىز.

1 ـ چۇستاپ لوبون مۇنداق دېگەن: ماددا ئەبەدىيلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاساسى قانۇنغان بويسۇنىدۇ، پۈتۈن كائىنات ئاخىرى يوقىلىدۇ، ھەممىسى قۇياش سىستېمىسىغا ئوخشاش تېز سۈرئەتتىكى ھەرىكەتتىن ھاسىلدۇر، بۇ سىستېما ھامىنى بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ دېگەن. دارۋىن نەزەرىيىسى بولسا ماددىغا ئالاقىدار بولۇپ، ئۇلار ئاساسى ماددىزىمچىلار، دېمەك، ماددا يوقىغاندەك، بۇلارنىڭ كۆز قارىشى، نەزەرىيىسى، مەزھىپى يوقىلىدۇ.

2 ـ فرانسىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇستاز ھىنرى بۇنكارى مۇنداق دېگەن: بىز ئاساسى قانۇنىيەتكە قارايدىغان بولسا، شۇنى كۈچلۈك تەكىتلەيمىزكى، بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز تەخمىنەن دېيىلگەن، ئۇنداقتا نەتىجىمۇ تەخمىنەن بولىدۇ، بۇنىڭ ھەقىقىي ئاساسى يوق، بۇ سۆزگە قېتىلىپ دوكتۇر جىلىيە مۇنداق دېگەن. ئاساسىي قانۇنىيەتمۇ مەلۇم ھادىسە تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىشى مۇمكىن، كائىناتتا ئالەم بوشلۇقىدا ھايۋان، ئۆسۈملۈكتە زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ، بۇرۇنقى پۈتۈن نەزەرىيە، كۆز قاراش، گۇمانى سۆزلەر يوقىلىدۇ دېگەن.

3 ـ ئۇستاز چۇستاپ جۇلىيە مۇنداق دېگەن: دارۋىن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەزھەپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قانائەتلەندۈرۈشدىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇنداقلا تۈرلەرنىڭ ئەسلىدە بار بولغان مۇكەممەل، تۇراقلىق سۈپەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئىلھاملارنى يەنىلا يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان تۈرلەرنى ۋە بۇندىن كېيىنكى پەيدا بولۇش ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىدىن قانائەتلەندۈرۈشدىن ئاجىز كېلىدۇ.

ئاندىن ئۇستاز جۇلىيە مۇنداق دېگەن: بۇ مەزھەپ مەڭگۈ كامچىل، تولۇق ئەمەس، گۇمانى پەرەزدىن خالى ئەمەس، سۇ ھايۋىنىنىڭ قۇرۇقلۇققا، قۇرۇقلۇق ھايۋىنىنىڭ ھاۋاغا يۆتكىشىگە قارىتا بۇلار توغرا ئىزاھات بېرەلمەيدۇ. شۇنداقلا، بۇنىڭغا ھاۋا كېلىماتىمۇ، شارائىتمۇ ماس كەلمەيدۇ، ئۆملىگۈچى ھايۋانلار، ئۇچار قۇش بولماي تۇرۇپ ئۇچالمىسا، ئۇچار قۇش بولۇپ ئاندىن ئۇچتى، دېسەك، شارائىت، مۇھىت ماس كەلمىسە، بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش قېيىن، بۇ ئايرىم ـ ئايرىم مەسىلە، ھاۋا، قۇرۇقلۇقتا قۇرۇقلۇق مۇھىتى ھاۋاغا بىر ـ بىرىگە زىت، ماس كەلمەيدۇ، قانداق تەرەققىي قىلغان؟ ئارا تۈرلەر قېنى؟

4 ـ پەيلاسوف دوخرى مۇنداق دېگەن: ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش، يۆتكىلىش، بۇ ئاساسىي ئەسلىدە بار بولغان ھەقىقەت قائىدىسى بۇنى تەرەققىي قىلدى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، تەرەققىي قىلىش نېمە ئۈچۈن توختاپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ چېكى بارمۇ؟ بۇ چەكنى كىم توختاتقان؟ بۇ يەردە ئەركىنلىك يوقمۇ؟ بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش، ئەزا ھاسىل بولۇش، زېمىندىلا بار، بۇ مۇكەممەل سۈپەتكە تەۋە.

5 ـ دوكتۇر چۇستاپ جۇلىيە مۇنداق دېگەن: ھاشارەتلەر تۈرى، دارۋىن دېگەندەك قۇرۇقلۇقدىن تەرەققىي قىلماستىن، بەلكى، بۇ ھايۋانلاردىنمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، مەسىلەن: كېپىنەك قۇرۇتتىن بۇرۇن بولغاندەك، تۇخۇمدىن توخۇ بۇرۇن بولغاندەك، تۇخۇم بۇرۇن بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئەركەك ـ

چىشى ئىككى تۇخۇم بۇرۇن دىگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇخۇمنى بىسىپ تەربىيە قىلمىسا تۇخۇ چىقمايدۇ، توخۇ باشقا قۇشلاردىن كەلگەن بولسىمۇ يەنىلا بۇرۇن يەنە كىلىپ ھايۋانلاردا ئۇچۇش، ھاشارەت ھۇجەيرىسى، گىنى بولمىسا، نەدىن تەرەققىي قىلىدۇ؟ بۇنىڭ يەنىلا بىر ئاساسى، كىلىش مەنبەسى بولىدۇ، ئىرسىيەت، گىن مەسىلى راست، بۇنىڭغا ھەممىسى قايىل، ئۇنداقتا چوقۇم قۇشلار، ھاشارەتلەر بۇرۇن بار دىيىلىدۇ. ئۆمىلىگۈچىلەردە ئۇچۇش، ئىرسىيەت گىنى يوقتۇر.

قارىسام ئۈستۈمدە تۇرۇپتۇ ئاسمان،

ئۇ ئەسلى گاز ماددىسىدىن قاتقان.

بىز چالا ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋىرىپتۇق،

قارىسام دىنسىزلار پەلەككە چىقىپ ياتقان.

بىزنىڭ ئۆلۈكتەك ئۇخلىشىمىزدىن،

قەلبىمىزنى قاپقارا قاسماق باسقان.

نە چارە نە ئامال ئەمدى بەك كىچىكتۇق،

جاھىل خۇراپىيلىق پاتقىقىغا بەلگىچە پاتقان.

دىنسىزلار مەقسىتىگە يىتىش ئۈچۈنلا،

قۇرۇپ تۇرىدۇ يوللىرىمىزغا قاپقان.

نادان كىشىلىرىمىز بىلمىسىزلىكتىن،

ئىمانىنى ئەرزىمەس پۇچەك پۇلغا ساتقان.

شەيتان ۋەسۋەسە قىلىدۇ سۆزلىرىك يالغان،

ئىمانىمنى قىلدىم شەيتانغا قالقان.

چۈنكى مەن بۇنى ئىزدىنىپ ئاران تاپقان،

يازاي مەن ھەقىقەت بىيىتلىرىنى.

گەرچە ئىچىپ قالسامۇ ئۇماچ بىلەن تالقان،

پەيلاسوپ ئىز باسارىدىن بولاي دەيمەن.

چۈنكى، بۇ يولنى نۇرغۇن ھەقىقەتچىلەر سالغان.

6 ـ ئالىم خون بايىر بۇ توغرىسىدا مۇنداق دىگەن: ئىنسان مايمۇندىن تەرەققىي قىلدى دىيىش بىر ساراڭ، مەجنۇننىڭ سۆزى، بۇ ئىنسانلار تارىخىغا قىلىنغان ھاقارەت، ئۇنداقتا، پۈتۈن مايمۇن تەرەققىي قىلماي، نىمە ئۈچۈن يەنە نەسلى قالىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن مايمۇن يۇرىكى ئوك ياندا بولىدۇ؟ ھەرقايسى دىن مۆجىزىلىرىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ بۇ كىشى ئالبانىيىلىك پەيلاسوپ بولۇپ، بىئولوگىيە، تۇرەلمە ئىلمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، فىزىئولوگىيە ئىلمىدىمۇ خىلى نوپۇزى بار.

7 ـ ئالبانىيىلىك پەيلاسوپ، ئىنسانلار تەبىئىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، فىيركو مۇنداق دىگەن: ئىنسانلار تەبىئىتى، تارىخىنى مايمۇنلارغا يىقىن قىلىش، تۈپتىن باتىل بولۇپ، بۇ يىقىنمۇ كەلمەيدۇ. بۇ كۆز قاراشقا فىرانسىيىلىك پەيلاسوپ دوكاتىرفىرفاج قوشۇلغان، ئىككىسىنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش چىققان.

8 ـ پەيلاسوپ ئىيلى دوسىيون مۇنداق دىگەن: بۇنىڭ بۇ سۆزى ئاللاھ ۋە ئىلىم دىگەن كىتابىدا بار، 1912 ـ يىل نەشرى، دارۋىننىڭ تەبىئىي تالانىش ۋە سۇپەتنىڭ يۆتكىلىشى دىگەن بۇ غەرەزلىرىنىڭ ئاساسى يوق، ئىلمى قىممىتى يوق، بۇ ئىزاھاتقا ھىچكىشى موھتاج ئەمەس، ئەگەر خالىساق، بىز بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق

سۆزنى قىلالىتتۇق، ئەمما، بىز ئىنسانىنى ھايۋان دېمەيمىز.

9 ـ بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئۇستاز جورجى يوھىن مۇنداق دېگەن: بىئولوگىيە بىلەن پسىخولوگىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدىكى نەتىجە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسى باتىلكەن، بۇ نەزەرىيە بۇندىن كېيىنمۇ تېخىمۇ باتىل ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇندىن كېيىن بۇ نەزەرىيە خۇراپاتقا ئايلىنىدۇ.

10 ـ پەيلاسوف ئىدمون بىرايىھ، ھاياتلىق ئىلمىدا مۇنداق دېگەن: ئۆردەك، غازغا ئوخشاش نۇرغۇن ھايۋانلار يارىلىشىدىلا مۇھىتقا ماس كېلىش، شۇ شارائىت، مۇھىتقا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئەزاسىنى ھاسىل قىلىپ بولىدىكەن، بۇ يەردە چوقۇم سىرتتىن كەلگەن بىر پىلان ئالدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ كېيىن ئۆزگەرمەيدىكەن، غاز، ئۆردەكلەر قانداق بولۇپ، ئۈچۈشقا، تەرەققىي قىلماي سۇ تەرەپكە تەرەققىي قىلىدۇ؟ بۇنداق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سوئاللار بەك كۆپ.

11 ـ ئالبانىيىلىك پەيلاسوف بىلوجىر مۇنداق دېگەن: مەن ۋارىسلىق، ئىرسىيەتتە سۈپەتنىڭ بىر ھايۋاندىن يەنە بىر ھايۋانغا يۆتكىلىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، شۇنداق بولغانىكەن، دارۋىن نەزەرىيىسى ئەمەلدىن قالىدۇ دېگەن. دېمىسىمۇ ئالبانىيىدە دارۋىن سۆزى ئەمەلدىن قالدى.

12 ـ فىزىئولوگىيە ئالىمى دوبۋار بىمەندىمۇ رەت قىلغان.

13 ـ فرانسىيە دۆلەت مائارىپى ئىدارىلىرىمۇ بۇ مەزھەبنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دارۋىن تاساددىپىي ئۆزلىگىدىن دېگەننى كۆپ سۆزلىگەن، ئەمما بۇ ھاياتلىق ئىلمىدىن بىرمۇ تاساددىپىيلىق ئۆزلىگىدىن يوق دېگەن.

14 ـ دوكتۇر ئىدۋارد ھارتمان، بۇ دارۋىن مەزھىپىگە رەددىيە بەرگەن.

15 ـ پەيلاسوف لىين بۇردو مۇنداق دېگەن: بىز بۇ يەردە بىر قەستەنلىك مەقسەتنى ئېتراپ قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇ روھانى تەدبىر بولمىسا، پۈتۈن جەمئىيەت، سىستېمىسى ۋەيران بولىدۇ.

16 ـ ئۇستاز خون فىير مۇنداق دېگەن: بۇ تەبىئەت دۇنياسىدا بىرەر مەقسەت، غايە يوق دىگۈچىلەر بولسا، مەن شۇنىڭ ئەكسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاكارلايمەنكى، مەقسەت، غايە، پىلان، تەدبىر چوقۇم بار!!

17 ـ كامىيل پىلامرىيون مۇنداق دېگەن: مەۋجۇدلۇق دەرسى بىزگە شۇنى بىلدۇرىدۇكى، بۇ جايدا بىر نىزام بار، غايە بار، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش بار، بۇ سۆزۈمگە بۈيۈك ئالەم ھەتتا زەررىچىلەرمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ.

18 ـ فىرانسىيىلىك پەيلاسوف لوجىيىل ھەرقانداق ھەرىكەت كۈچى، قۇۋۋەت ئەۋۋەلكى ئەبەدىي ئەزەلى بىر كۈچ قۇۋۋەتتىن كەلگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىر مەركىزى بولىدۇ دېگەن.

19 ـ فرانسىيە مائارىپى شۇنداق ئىلان قىلغانكى، ھەر قانداق كائىنات، جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇدات، بىر غايە ئۈچۈن قويۇلغان، ئۇنىڭ بىر مەركىزى بولۇپ، بۇ كائىنات دەل شۇ يادرونى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ دېگەن.

29 ـ ئۇستاز مىيلىن ئىدۋارىد، بىز ھەر قانداق جانسىز ۋە جانلىق كائىناتنى بولۇپمۇ ھاياتلىق ئىلمىدا ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى قايتىدىن تەتقىق قىلساق، ئىلغار ئۇسكۈنىنى ئىشقا سالساق، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرسەك، چوقۇم ھەر خىل ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. يېڭىدىن ھەرخىل ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇرۇنقى نەزەرىيە ئەمەلدىن قالىدۇ دېگەن. مانا مۇشۇنداق پۈتۈن غەرب ئەللىرى بۇ مەزھەبنى باتىل دەپ ئىلان قىلدى. تەبىئەت دەرسگە يېڭىدىن قايتا روھ ، ئىددىيە بىلەن قەدەم قويىدى، بىز شۇنى جاكارلايمىزكى، قۇرئان، ھەدىس، ئىسلامى ھۆكۈم، ئىجمائ، ئىنتايىن توغرا بولۇپ، ھەممە، ھەرخىل نەزەرىيەنى سۆزلەپ بېقىپ، ئاخىرى مۇشۇ ھەقىقەتكە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ يوقۇلۇپ كېتىدۇ ياكى خۇراپاتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

پالانى پەيلاسوف، پوكونى دوكتۇر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى، قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى ياكى بىر ھەرپىدىن

چىقىپ كېتەلمەيدۇ، يازغان ئەسىرىمۇ تايىللىق، ئەڭ توغرا ھەقىقەت بولسا، قۇرئان ئىزاھاتى بولالايدۇ خالاس.

قۇرئان، ئاللانىڭ سۆزى، كائىناتنى ياراتقان ئالدىن بىلىپ تۇرىدىغان زاتنىڭ سۆزى، بۇ سۆز ئالدىدا ھەر قانداق سۆز ھېچنىمگە ئەرزىمەيدۇ.

بىز دائىم قۇرئاننى، ئۇنىڭ تەپسىرىنى، ھەدىسنى، ھېكمەت، پەلسەپەلىرنى ئوقۇپ بەرسەك، پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق كىتابلارنىڭ، ئىلىملارنىڭ قۇرئان دېڭىزىغا چۆكۈپ، يوقاپ كەتكىنىنى بايقايمىز. بۇ كىتابتىكى ئىلىم ھەقىقەت، ھېكمەت، مۆجىزە، سىرلارنى يازسا، دېڭىزمۇ تۈگەپ كېتىدۇكى، يەنىلا بۇ ھېكمەت، ئىلىملار ئېشىپ قالىدۇ. بۇ مۇبالىغە ئەمەس، ئارتۇق ماختاش ئەمەس، نەق ھەقىقەتتۇر. بولۇپمۇ روھ، قەلب، ئىددىيە، ھەقىقىي بەخت، ھەقىقىي سىر، قۇرئاندىن باشقا كىتابلاردا ئاختۇرۇپ قېزىۋەتسىمۇ ھەرگىز تېپىلمايدۇ، بەلكىم بۇ ئىلاھى كىتابدىن پايدىلانسا تېپىلىدۇ خالاس.

سۇرە مۇئمىنۇن، ھەربىر گورۇھ ئۆز ئالدىدىكىگە خۇشال دېگەن ئايەت، يەنى ھەربىر پارتىيە، ھەربىر تەشكىلات، ھەربىر مەزھەپ، ھەربىر دۆلەت ياكى شەخس، ھەربىر ئالىم، ئۆز ئالدىدىكىگە خۇشال، ھەربىر دىن ئەھلىمۇ شۇنداق، پۈتۈن ئىنسانلارمۇ شۇنداق، بۇ ئايەتتە يۇقىرقى ھەربىر گورۇھ مېنىڭ توغرا، ھەقىقەت، سېنىڭ خاتا دەپ، ئىختىلاپ قىلىدىغىنى بايان قىلىنغان، ئەڭ توغرىسىنى ياراتقان ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ ئالىممۇ؟ ئىنسانلارمۇ؟

ئاللاھ!، ئۇنداق بولغانىكەن، ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياسنىڭ توغرا بولىدۇ. ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدىكى قەلبنى خاتىرجەم قىلالايدىغان پەيلاسوفلارنىڭ ئەمەلىي ھېكمەتلىك سۆزىمۇ توغرا، ئەلۋەتتە، ھەممىنى جۇغلاپ كەلسە، قۇرئانغا قايتىدۇ. بىز بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدىن بىر قانچە پەيلاسوف، ئالىملارنىڭ سۆزىنى ۋە بىر ھېكايىنى ئالدۇق، ئالدى بىلەن پىل ھېكايىسىنى بايان قىلىمىز. پىلدىن خەۋىرى يوق ئالتە ئەما، پىل ئالدىغا كېلىپ، پىل زادى نېمىگە ئوخشايدۇ، بىلىپ بېقىڭلار دېيىشە، بىرىنچىسى، كېلىپ پىلغا ئۇسسۇپ يىقىلىپ چۈشۈپ، ھەي قېرىنداشلار پىل بىر تامغا ئوخشايدىكەن، دەپتۇ. ئىككىنچى ئەما كېلىپ، پىلنىڭ چىشىنى تۇتۇپ پىل دېگەن بىر نەيزىگە ئوخشايدىكەن دەپتۇ. ئۈچىنچى ئەما كېلىپ پىلنىڭ بۇرنىنى تۇتۇپ، ھەي، پىل دېگەن يىلانغا ئوخشايدىكەن دەپتۇ. تۆتىنچى ئەما كېلىپ، پىلنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ، ھەي، پىل دېگەن چوڭ دەرەخكە ياكى تۈۋرۈككە ئوخشايدىكەن دەپتۇ، بەشىنچى ئەما كېلىپ پىلنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ، ھەممىسى خاتالىشىپتۇ، پىل دېگەن ئەسلى شامالدۇرغۇچنىڭ پالىقىغا ئوخشايدىكەن، دەپتۇ. ئالتىنچى ئەما كېلىپ، پىلنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ، ھەي دۆتلەر ھەممىڭنىڭ خاتا، پىل دېگەن ئارغامچىغا ئوخشايدىكەن دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار دە ـ تالاشقا چۈشۈپتۇ، ھەممىسى مېنىڭ توغرا، سېنىڭ خاتا دەپ قەسەم قىلىشىپتۇ، چۈنكى، ھەر قايسىسى بىر ئاساسقا يۆلەنگەن، ئىككىنچىسى خاتا دەيتتى، مېنىڭ توغرا دەپ جېدەل قىلاتتى شۇنداق قىلىپ بۇلار ئالتە فىرقە بولۇپ، ئۆز ئەسلىدە قالىدۇ، ئەمما، كۆزى بار ئادەملەر پىل توغرىسىدا زادى سېنىڭ مېنىڭ دېمەي ئىختىلاپ قىلماي، بىرلىككە كەلگەن، بۇ ھېكايىگە ئوخشاش يەنە بىر ھېكايە بار، بىر گاس بىلەن بىر ئەما چوڭ تېپتىكى بىر تىياتىرغا كىرىپتۇ، بۇلار ئويۇندىن قايتىپ چىقىپ، ئەما، بۈگۈنكى ئويۇندا ناخشا بەك ياخشى، ئاجايىپ ياخشى ناخشىلار ئوقۇلدى دەپتۇ. گاس بولسا، ياق سەن خاتالاشىنىڭ بۈگۈنكى ئويۇندا ئۇسسۇل قىززىدى دەپتۇ. بۇلار ئۆزئارا سوقۇشۇپ، ئىختىلاپ قىلىشىپتۇ، چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە ئىدى، ئەگەر بۇ گاس، ئەمالار ئالدىدىكى ئەقىل ئىدراكنى ئىشقا سالغان بولسا، ئويلىنىپ باشقا ئەزاسىنىمۇ ئىشقا سېلىپ، ئەھۋالنى ئىنچىكە كۆزۈتۈپ تەكشۈرگەن بولسا، ئۆزىنى بىسۇۋېلىپ ئاچچىقنى يېڭىپ، ئىستىلاپ قىلماي، ئويلانغان بولسا، ھەممىسى ھەقىقەتنى تاپاتتى، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشمايتتى، بىرلىككە چوقۇم كېلەتتى، خۇددى مۇشۇ ئىشقا ئوخشاش ھەر قايسى دىن، مەزھەب، گورۇھ، پارتىيىلەر ئەقىل ئىشلەتسە، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىختىلابنى قويۇپ تۇرسا، قارشى تەرەپكە ئالدىراپ خاتا ھۆكۈم چىقارماي تۇرۇپ، سۆھبەت، مۇنازىرە ئۆتكۈزسە، بەلكى، بۇلار بىلىپ قالاتتى، چۈنكى، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت، ھەممىنى بىرلەشتۈرەتتى، توغرىسى دېگەن بىر بولىدۇ، ھەرگىز ئىككى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىسلام ئىچىدىكى چوڭ تۆت مەزھەپ، ھەنىفىييە، شافىئى، مالىكى، ھەمبەلىيەلەرمۇ، شىئە، خاۋارىج، راۋاپىز مۇئتىزىلەت، جۇھەيمىتە، تەئتىيل ۋاھاكازالار، بىر ھەقىقەت ئۈستىگە كەلسە بولاتتى، ھېچبولمىغاندا ئەھلى

سۈننى مەزھەپ بولغان، تۆت مەزھەپ ئىچىدە بولسا ياخشى بولاتتى، بولغاندا بۇ تۆت مەزھەپمۇ بىرلىككە كەلسە، بىر ئاللاھنىڭ ئىسلام دىنى بولغاندىكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەق دىنى، ھۆكمى بىر بولغاندىكىن بۇ تۆت يولنى بىرلا يول قىلىپ، پۈتۈن يەرشارىدا ئىككى مەزھەپ قالسا بولاتتى، بىرسى ئىسلام، بىرسى كاپىر، دىنسىز، مانا بۇ ئىككى مەزھەپ ئىككى گۇرۇھ، مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ، بۇلار ئاخىرەتتىمۇ ئىككى جايدا بولىدۇ، مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەد بىرلەشمەيدۇ، مەقسەت بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، بۇ سۆزنى دەلىل ـ ئىسپاتنى چىرايلىق سۆزلەپ قويۇش، ئۇقۇپ قويۇش، دەرس بېرىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى دەرھال پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي ھەمكارلىشىپ، بىرلىشىپ نەتىجە ھاسىل قىلىشتۇر.

ئۆزىمىزگە، باشقىلارغا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ، غەلىبە قىلىش، ھاكىمىيەتنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئادىل بىر خىل ھەققانىي ھۆكۈمنى قوللىنىشتۇر، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە، دىن جەھەتتىن ئىسلام، قانۇن كىتاب جەھەتتىن قۇرئان، يېتەكچىلىككە، رەسۇلۇللاھ ئەڭ مۇۋاپىقدۇر.

بىز بۇ جايدا ھەرقايىسى ئۆز ئالدىغا مېنىڭ توغرا دەپ ئۆز ئالدىدىكىگە خۇشال بولۇش، باشقىنى رەت قىلىش توغرىسىدا توختىلىپ ئاساسىي توغرىسى بىرلىشىش، بىرلا ھەققەتكە كېلىش دېگەن پىرىنسىپنى تەكىتلىمەكچى، بۇ توغرىسىدا دۇنياۋى، يەرشارى ھۆكمالىرى، پەيلاسوفلىرىنىڭ سۆزىنى كەلتۈرىمىز، چۈنكى، بۇلارمۇ ھەرقايىسى ئۆز ئالدىغا زامان، ماكانغا قاراپ تۇرۇپ كىشلەرنى توغرا يولغا باشلىغان، ھەقىقەتنى خىلمۇ ـ خىل چارە ـ ئامال بىلەن شەرھىيلىگەن، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، بەخت ـ سائادەت يارىتىشنى كۆزلىگەن، پەيلاسوف سوقرات مۇنداق دېگەن:

**1** ـ ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ پىكرىدە، نىيىتىدە، ئىش ـ پائالىيىتىدە، مايىللىقىدا، پۈتۈن ئەھۋاللىرىدا مەڭگۈلۈك بىر بەخت ـ سائادەتنى مەقسەت قىلىدۇ.

**2** ـ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، قىيىنلىق بىلەن ئاسانلىق، ھەق بىلەن باتىل، مەڭگۈ بىر ـ بىرى بىلەن ياندىاش كېلىدۇ.

**3** ـ ئىلىم ـ ھېكمەت، پەزىلەتنىڭ ئاساسى.

**4** ـ ئەمما، كۆپچىلىكنىڭ ياخشىلىقى خاس ياخشىلىقدىن بۇرۇن ئىلگىرى بولىدۇ، ھەم ئۈستىدە تۇرىدۇ. خاس كىشىنىڭ ياخشىلىقى پۈتۈن كىشلەر ياخشىلىقدىن كېيىن بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنداقلا، ھەممە لايىق تېز مەقسەتكە يېتىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتنى ئۈستۈن بىل

**5** ـ گۈزەللىك، جامال، ئەخلاقنىڭ يېرىمى. ئەكسىمۇ شۇنداق

**6** ـ يەر يۈزىدىكى شەرىئەت، قانۇن، ساماۋى ئاسمان، شەرئىدىن داۋاملاشقان، ئەگەر بۇ قانۇن، ساماۋى قانۇندىن چەتنىسە، ھالاك بىلىدۇ. تا ئاشۇ قانۇنغا، ئاشۇ نىزام، تۈزۈمگە ئۇيغۇن بولغانغا قەدەر، خاتالىشىدۇ. پەيلاسوفلار ھاياتى، ھېكمەت ۋە ئىمتىياز ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن.

پەيلاسوف فارابى، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: پۈتۈن ئۈممەت، يا لۇغەت، تىل بىلەن بىرلىشىدۇ، يا دىن بىلەن بىرلىشىدۇ، يا يېقىنچىلىق، قۇدا ـ باجىلىق، نەسەب بىلەن بىرلىشىدۇ، يا ۋەتەن، مىللەت داۋاسى بىلەن بىرلىشىدۇ، يا كېلىشىم، توختام، سۈلھى بىلەن بىرلىشىدۇ، يا ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى جەمئىي قىلىپ بىرلەشتۈرگۈچى پادىشاھ، ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىدۇ، يا بىرسى خوجايىن بىرسى قۇل بولۇپ مەجبۇرىي بىرلىشىپ ياشايدۇ، بۇ قۇللۇق، خالىرىق بىر پىرقىسى ئامالسىز دۆتلۈك، نادانلىق، خۇراپىيلىق تۈپەيلىدىن ئېزىلىپ مەزلۇم بولۇپ ياشايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پاسىق، پاسىد، مەدەنىيەتتۇر، پەزىلەتلىك ياخشى مەدەنىيەت ھەرگىز ئەمەس، مەن بۇلارنى تۈپتىن خاتا دەيمەن، مېنىڭ نەزىرىمدىكى ھەقىقەت مۇنداق، ھەقىقى، ھەققانىي پەزىلەتلىك مەدەنىيەت، نۇرغۇن جامائەتتىن ھەرخىل مىللەت، ھەرخىل تىل، ھەرخىل رەڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ يەرشارىدىكى جامائەتتىن مۇرەككەپلەشكەن، ئۇيۇشقان، ئەڭ توغرا دىن ئۈستىدە يەنى ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئەڭ توغرا بولغان قانۇن، ھاكىمىيەتنى قوللاپ يەنى ئاللاھ ۋە قۇرئاننى بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك بىر ھەقىقەت ئۈستىگە جەم بولۇش، سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن بۇ سۆز مەيلى

ھەق تەلەپ دەۋاسىدا بولسۇن، مەيلى مىللەت، دىن، مەزھەپ دەۋاسىدا بولسۇن مەيلى ئىختىلاپ دەۋاسىدا، ھۆكۈم دەۋاسىدا بولسۇن قەتئىي بولماسلىقى، تەرەببازلىق مەۋجۇت بولماسلىقى، مەنمەنلىك قەتئىي بولماسلىق لازىم. بۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بەزىسى يۈرەك بولسا، بەزىسى باش مېڭە، بەزىسى ئاشقازان بولسا، بەزىسى سۆڭەك، بەزىسى جىگەر بولسا، بەزىسى بۆرەك، بەزىسى خادىم بولسا، بىرسى كارخانىچى بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز قابىلىيىتىنى، ئۆز كارامىتىنى كۆرسۈتۈپ، بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش لازىم. ھەر ياڭزا تەتقىقات، ھەر ياڭزا ھۈنەر، سانائەت، ھەر خىل تىجارەت بولۇشى لازىم. ئەمما، مەقسەت بىرلا، ھەقىقەت بولۇشى لازىم. ئىش باشقا خىزمەت باشقا، ئەمەل باشقا، ئەمما، دىل، قەلب، يۈرەك، روھ، ئىددىيە بىرلا بولۇشى، بىر قەلب ئۈستىدە بولۇش لازىم. ئاشۇ ئەزالاردەك خىزمەت ۋەزىپىسى باشقا ئىتتىپاقلىقى بىر بولسۇن.

يەنى زەررىچىدەك تارقالغان بولسىمۇ يەنىلا ئاخىرىدا پىلانېت، ئاسمان جىسىمىدەك بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش لازىم. بىر خىل پۇختا ئىنتىزام، پۇختا قانۇن بىلەن داۋام قىلىش لازىم. مانا بۇ كائىنات قانۇنىغا ماس ھالدا، ئۇيغۇن كېلىشتۇر، يۇنان پەيلاسوفى ئارستوتىل مۇنداق دېگەن: پەزىلەت دائىم ھالدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت، نادانلىق بىلەن دۆتلۈك، ئىلىم كۆرۈشى ئوتتۇرىدا، باتۇرلۇق بولسا، زۇلۇم بىلەن قورقۇنچاق ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، خۇددى ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرىھال بولغاندەك، ھەربىر ھۆكۈمەت، دۆلەت، باللارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. چۈنكى، بۇلار كەلگۈسىدىكى ھۆكۈمەتتۇر، ئائىلىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، چۈنكى، بۇ ئاشۇ ھۆكۈمەت، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئائىلىسى بولىدۇ. باللارنى تەربىيىلەش، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنى تەربىيىلەش، بۇلارنى قەلبىي، روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن مۇكەممەل تەربىيىلەش لازىم. ماتېماتىكا، پېداگوگىكا، ئىنژېنېرلىق، مۇتەخەسسىسلىك، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ھەممە جەھەتتىن تەربىيىلەش لازىم.

تەربىيە ياخشى بولسا، ئىلىم كاتتا بولسا، قابىلىيەت، ئىقتىدار بولسا، خىزمەت تولۇق بولسا، ھەممە ھەمكارلىشىپ ئۆز ئىشىنى قىلسا، ئاندىن ئىختىلاپقا چولى يوق بولىدۇ، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق بولىدۇ.

پەيلاسوف ئەللامە ئىبنى سىنا، «قانۇن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: ھامىلدارلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، تۇغۇتى يېقىنلاشقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئوزۇقنى مول قىلىش، جىسمانىي چېنىقىشنى ياخشى قىلىش، تازىلىق، پاكلىققا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم، ھەرخىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەل بولۇپ داۋالانغاندىن كېسەلدىن ساقلىنىش، ئانا سۈتىنى ئىمكان قەدەر ئۆلچەملىك قىلىش، زەرەرلىك ئامىلدىن ساقلىنىش، ساغلام، كۈچلۈك، پاكىز، گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلەش لازىم. يامان ئەخلاقلار بولسا، بالىغا چوقۇم تەسىر قىلىدۇ، بۇنداق ئىشلارنى مۇئەللىملا كۈچەپ ھەل قىلالمايدۇ، بالا بېقىش، بالا تەربىيىلەشمۇ مۇھىم ئىلىم بولۇپ، ھەممە كىشى مۇشۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، راست، رەسۇلۇللاھمۇ بالا تەربىيىلەشكە باغلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاتا ـ ئانىسى، يەھۇدىي، ناسارا قىلىۋېتىدۇ دېگەن. ئەلۋەتتە، مۇشۇمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە كەلگەن تەقدىرنىڭ جۈملىسىدىن، ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، بۇ سىناق دۇنيادۇر.

ھىندى ئالىمى جاجادىس مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان.

**1** ـ ئىنسانلار ئەقلى، روھىي، نەپسى بولۇپمۇ نەپسىنى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشىش، بۇ تەربىيىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم، ئاجىز، قورقۇنچاق بولۇش، روھقا، ئىددىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك.

**2** ـ ھەق، راست يولنى تاللاش، ئۇنىڭدا ئىككىلەنمەي مېڭىش، ئۇ يولنىڭ ھېكمىتى، پەزىلىتى، ياخشىلىقى ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈپ ماقالىلارغا يېزىپ يۈرۈپ، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي دەرھال مېڭىش، نەتىجىسىنى ھاسىل قىلىش لازىم، بىلىشلا، سۆزلەشلا، يېزىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەمەل قىلىش مۇھىم!!!

**3** ـ دىننى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم، ھەرخىل خۇراپىيلىقنى، مۇتەئەسسىپلىكنى، مەزھەپ، ئېقىم پارتىيە، گۇرۇھلىقنى تاشلاش لازىم. مەنمەنلىك، تەرەببازلىقنى تاشلاش لازىم.

**4** ـ دىنىنىڭ ئاساسى، كەڭ قورساق بولۇش، دىنى ئەقىدىدىكى ئىختىلاپ، شەرىئەت جەھەتتىكى بەزى

ئىختىلاپلار، دۈشمەنگە پايدىلىق، سىلەرگە زىيانلىق بولمىسۇن، كىچىككىنە ئىختىلاپنى دەپ ئۆز قېرىندىشىڭلارغا ئاسىي بولۇپ، دۈشمەن كۈچى بىلەن ھەمكارلاشماڭلار، دوست، مۇھەببەت ئۈستىدە بىرلىككە كېلىڭلار دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ئىنسان قەيەردە؟ دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: ئىلىم ئەھلى، ھۆكۈمەت ئەھلى، سىياسەت ئەھلى، سانائەت ئەھلى، تىجارەت ئەھلى، تىبابەت ئەھلى، ھەربىر ئەھلى ئۆز خىزمىتى ئۈچۈن يارىتىلغان، ئۇلار بىر ھەقىقەت ئۈستىگە بىرلىشىپ، ئۆز خىزمىتىنى قىلىشى لازىم.

پۈتۈن دۇنيانى، دۇنيا ئەللىرىنى كۆزۈتۈپ، تەتقىق قىلىپ،توغرىسىنى تاللاپ، خاتاسىنى شاللاپ، تەرەققىي قىلىشى لازىم، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىلمىي سۆھبەت قۇرۇپ، تەجرىبە، ئۈلگە ئالماشتۇرۇش لازىم. دۇنيا ئىنسانلىرى بەزى ئىشلاردا بىردەك ئىتتىپاقلاشمىسا، ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ دېگەن. توغرا، بۇنىڭ مىسالى، ۋابا كېسىلى شۇ، ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دېگەن: ۋاپا، مېھرى ـ مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چېچىش، ھەممىدىن ئەلا دېگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن: قەيەردە ئىناقلىق، يېقىنلىق بولسا، شۇ ئىشتا مەنپەئەت بار، ئۇنىڭغا كۆڭۈل قوي، ئىتتىپاقسىزلىق، ئۆچ ـ ئاداۋەت، مەنمەنلىك، تەرەببازلىق، بار ئىشتا زىيان بار، ئۇنىڭدىن نېرى بول.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى ياكى ئىككى دۆلەت ياراشسا، ھامان پايدا بار، قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل يەر سۇ بىلەن ياراشقانلىقتىن، ئارىسىدىن نۇرغۇن، خىلمۇ ـ خىل گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلدى، قېرىنداش ياكى دوستلار يارىشىپ ئۆتسە، ئىناق ـ ئىتتىپاق يۈرسە، بىلگىنكى، ئۇلار ئارىسىدىن نۇرغۇن كېرەكلىك قەۋم ـ قېرىنداشلار پەيدا بولىدۇ.

ئەبۇ نەسىر فارابى مۇنداق دېگەن:

سېنىڭ ئالدىڭدا باشقىلار ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىدىغان كىشىگە ئىشەنمە، چۈنكى، ئۇ باشقىلار ئالدىدا سېنىڭ ئۈستىڭدىمۇ غەيۋەت قىلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق دېگەن:

كۆزدىن يىراقلاشسا، كۆڭۈلدىنمۇ يىراقلىشىدۇ، كۆزگە يېقىن بولسا، كۆڭۈلگىمۇ يېقىن بولىدۇ. ئەمما، كۆڭۈلگە بەك يېقىن بولۇپ، ئاشىق بولغاندىن كېيىن يىراقلاشمىقى قىيىن.

ھۈسەيىنخان تەجەللى مۇنداق دېگەن:

مۇھەببەتلىك دوستلارنى ياد ئېتىپ خەت ئەۋەتمەسلىك ۋاپا يولىنى قارا قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەلىشىر ناۋائى مۇنداق دېگەن:

پۇل، مال ـ دۇنيا، نەپسىنى دەپ قېرىنداشقا جاپا قىلغۇچى بولما.

ئەگەر كىمكى بىۋاپادۇر،

ئاڭا كۆڭۈل باغلىماق خاتادۇر.

ھەرقانداق ھۆكۈما، ئۆلما، پەيلاسوفلارنىڭ بۇ توغرىسىدىكى سۆزى، ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى بىر ئايىتىگە تەڭ ئەمەس. قۇرئاندا، ھەدىستا ھەقىقىي بالاغەتلىك، پاساھەتلىك ھېكمەتلەر مول. ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات، شۇنداقلا ھېكمەتلىك سۆز قىلغۇچىدۇر. بىز، پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرىدىن بىلىم ئېلىپ، نەزەر ـ دائىرىمىزنى، پىكىر، تەپەككۇرىمىزنى كېڭەيتسەكمۇ، يەنىلا ئاساسىي قانۇن جەھەتتىن ئەمەل قىلىش جەھەتتىن، يېتەكچى جەھەتتىن يەنىلا قۇرئان، ھەدىس كۇپايە، ھەممىسى ئاخىرى بۇ ھەقىقەتكە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، پەيلاسوفلار سۆزىنى ئايەت ئاستىدا قويۇپ، ئىزاھات قىلغان، بىز سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قۇرئانغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز.

## «ئاللاھ سىلەرگە قۇلاق، كۆز، يۈرەك قىلىپ بەردى، سىلەر ئاز شۈكرى قىلىسىلەر» دېگەن ئايەت توغرىسىدا

بۇ توغرىسىدا بىز بۇرۇن كۆپ سۆزلىگەن، بولۇپمۇ، ئاناتومىيىلىك رەڭلىك ئاتلاسىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئەزالارنىڭ سۈرىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇق، ھازىرمۇ (تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار **172 ـ 173** ـ بەتتە، قۇلاق، كۆز، يۈرەك، قان ئايلانمىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلدى، تەپسىلاتىنى بىئولوگىيىدە كۆرۈپ چۈشىنىڭ)

مېھرىبان ئاللاھ، يۈرەكنى يارىتىپ، ئىچكى قىسمىنى تۆتكە بۆلۈپ، قاننى نورمال ئايلىنىدىغان قىلدى، پۈتۈن ھاياتلىقنى بۇ جايغا مەركەز قىلدى، بۇ جاي بۇزۇلسا، ھەممە بۇزۇلىدۇ، تۈزۈلسە، تۈزۈلىدۇ. ھەتتا بۇ جايغا ھۇجۇم قىلسا، ھايات ئاخىرلىشىدۇ. ئاق قان، قىزىل قان ھۈجەيرىلىرى بۇ جايدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ كاربوننى چىقىرىپ تۇرىدۇ، ھەرخىل ماددىلارنى، ھۈجەيرىلەرگە يەتكۈزىدۇ. ئېنېرگىيىنى ساقلايدۇ، پۈتۈن ھەرىكەتنى كونترول قىلىدۇ، ھەتتا، مىڭىمۇ بۇ ئەزاغا موھتاج، بۇ قەلب، يۈقىرىقىدىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارغا مەسئۇل.

مەسىلەن: نۇرلىنىش، قەلب كۆزىنى ئېچىش، باتىننى بىلىش، قەلبى جەھەتتىكى پەتىھ كەشىپ، ئىشقى ـ مۇھەببەت، ۋىجدان ۋاھاكازالار. قەلب چەكسىز كېلىدۇ، بۇنىڭغا پۈتۈن ئالەم سىغىدۇ، ئەمما، بۇ ئىشلار مەنىۋىدۇر، ئەمەلىيەتتە، ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن بىر لوقما خالاس. مەنىۋى، روھىي جەھەتتىن ئاجايىپ كارامەتلىك، بۇ قەلبنى ماقامغا يەتكەن ئەۋلىيالار تەتقىق قىلالايدۇ، ئەگەر ئاللاھ، غەيبنى بىلدۈرسە،. قەلبدىكى ئەڭ چوڭ ئۇلۇغ نەرسە ئىشىق، ئىلاھى ئىشىق، بىز بۇ توغرىسىدا سۆزلەپ قالدۇق، ھەقىقىي خۇشاللىق، بەخت ـ سائادەت ئاللاھقا ئاشىق بولۇپ، مۇرادىغا يېتىش، ئۇنداقتا بۇنىڭ چارىسىنى بىلىش، تونۇش ۋە باشقىلار، ئاشىق ـ مەشۇقنى بىلىپ، تونۇپ ئاندىن ئاشىق بولغاندەك، ئالدى بىلەن بارلىق ئاشىق بولماقچى بولغانلار ئالدى بىلەن بارلىق بىرلىكنى تونۇشى، ئىلمىنى ئىگىلىشى لازىم، ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ھەرخىل ياخشى سۈپەتلىرىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ، ئىشقى ئوتى كۈچەيگەندەك، ئاللاھنىڭ سۈپىتىنى تونىسا، بىلسە، ئىشقى كۈچىيدۇ، ياخشى كۆرۈشىدىن ئىشىققا يۆتكىلىدۇ. ئاشىق، مەشۇقنى سېغىنغاندەك ئاللاھنى سېغىنىش، ياد ئېتىش لازىم. ئاشىق، مەشۇق ئۆيىنى ئايلىنىپ نېرى كېتەلمىگەندەك ئاللاھقا ئاشىق كىشى، ئاللاھنىڭ ئۆيى، مەسجىددىن نېرى بولماي، دائىم ئايلىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئاشىق، مەشۇقى ئۈچۈن، كېچە ـ كېچىلەرنى كۆز يۇمماي، مەشۇقنى ساقلاپ ھېلى چىقىپ قالارمۇ، بىر ئېغىز سۆزمۇ بولسا قىلىۋالارمەن، كەچۈرۈم سورىۋالارمەن دەپ تۇرغاندەك، ھەقىقى، ئاللاھقا ئاشىق كىشى كېچىلەرنى ناماز، قىيام بىلەن ئۇخلىماي ئۆتكۈزىدۇ.

ئاللاھقا مۇناجات قىلىدۇ، كەچۈرۈم سورايدۇ، ئاشىق، مەشۇقى ئۈچۈن جان، مال پىدا قىلىدۇ، نېمە دېسە قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھقا ئاشىقمۇ جان، مالنى ئاللاھ يولىدا ئايىماسلىقى لازىم، ئاللاھ بۇيرىغاننى قىلىپ، توسقاندىن يېنىشى لازىم. ئىتائەت قىلىش لازىم. ئاشىق، مەشۇقى ئۈچۈن نۇرغۇن دەرت ـ ئەلەم، ئەزىيەت تارتىدۇ، ئەمما، قىلچە پۇشايمان قىلمايدۇ، ئاللاھقا ئاشىق كىشى، ئاللانىڭ ئازابلىق سىناقلىرىدىن قىلچە نارازى بولماي، رازى بولىدۇ، پۇشايمان قىلمايدۇ.

ئاشىق، مەشۇقى ئۈچۈن قاراڭغۇ، تېنچ جايدا، خالىي ياش تۆكۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ، دەردىنى چىقىرىدۇ، ئىچىنى بوشىتىدۇ، ئاللاھنىمۇ خالىي جايدا ئەسلەپ، ياش تۆكسە، ئىچى بوشايدۇ، قەلب، ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن خاتىرجەم بولىدۇ.

ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ بىر ئىلمى چۈشەندۈرۈش، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، مەخلۇقمۇ ئاللاھقا تەڭ ئەمەس، سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ دېگەن پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان، خالىسا يوق قىلالايدىغان ئاللاھ!!!

ئارىلىقىدا تاللاش يوق، ئىشقى، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، خالىسا ئۆزىگە ئاشىق قىلىدۇ، خالىسا ئالدى بىلەن مەخلۇققا، بولۇپمۇ قۇدرەتتىن ياراتقان گۈزەل قىزغا ئاشىق قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، مانا بۇ مەجازى ئىشىق، ھەقىقىي ئىلاھى ئىشقىنىڭ كۆركى دېگەن شۇ، بىز بۇ جايدا قەلبنىڭ نېئمىتىنى سۆزلەۋاتىمىز، مانا بۇ ئىشلار قەلبدە يۈز بېرىدۇ، ئەمما، سىلەر ئاز شۈكرى قىلىسىلەر، قەلبنىڭ ئىشلىرىنى، بىلىمنى سۆزلىسە تۈگمەيدۇ.

كۆز، قۇلاققا كەلسەك، كۆز ئۈچۈن، ئاللاھتائالا، يەتتە پەردە قىلىپ بەرگەن، كىرىستال تەنچە قىلىپ بەرگەن، بۇنى خۇددى ئاپارات، تىلكامىرا دېسە بولىدۇ. ئاندىن سۈرەتنى، ھەرخىل رەڭنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن **600** مىڭدىن ئارتۇق ھۈجەيرىنى كۆۈشكە مەسئۇل قىلدى، بۇ ھۈجەيرىلەرنى چوڭ مېڭىگە مەسئۇل قىلدى. بۇ ھۈجەيرىلەر چوڭ مىڭىگە يوللاپ بېرىپ ئاندىن مىڭە ئىنكاس قايتۇرىدۇ، بۇ ئىشلارنى يەنىلا يۈرەك، روھ، جان بولمىسا قىلالمايمىز. **(كۆزنىڭ فوتو ئاپاراتتەك سۆرەتنى خاتاسىز كۆرۈشى)**

ئاللاھ، بۇ ئەزانى يارىتىپ، شۇنىڭغا لايىق كۆرىدىغان نۇر، رەڭ، ھەرخىل نەرسىنى، بىلىمنى ياراتتى، ئوزۇقنى ياراتتى. ئاندىن ئاللاھ، ئالىملارغا ئىلھام قىلىپ، بۇ كۆرۈشنى دۇربۇن، مىكروسكوپ، تېلېسكوپ، سپېكتوروسكوپ، تىلكامىرا، كومپيۇتېر، سۈنئىي ھەمراھ، ئالەم كېمىسى ۋە باشقىلار بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، مانا ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز، پۈتۈن ئالەمدىن خەۋەر تېپىۋاتىمىز، يەنىلا ئاز شۈكرى قىلىمىز.

قۇلاق، تاشقى، ئوتتۇرا، ئىچكى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، نۇرغۇن پەردىلىرى بار، ئاۋاز، ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە ئىچكى قۇلاققا يېتىدۇ، ئاندىن ئاڭلاشقا مەسئۇل نەچچە مىڭلىغان ھۈجەيرىلەر بۇ ئاۋازنى مىڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئاندىن مېڭە بۇ ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرىدۇ، ئىنكاس قايتۇرىدۇ، بەش سەزگۈ ئەزا ھەممىسى مۇشۇنداق، بىز بىئولوگىيىنى تەتقىق قىلساق، بىز ئىنسانلارغا ئاللاھ، ئاجايىپ ـ غارايىپ نېمەتلەرنى قىلىپ بەرگىنىنى بىلەلەيمىز. ئاندىن بۇ جايدىكى سىلەر ئاز شۈكرى قىلىسىلەر دېگەن ئايەتنى چۈشىنىمىز، كۆپ شۈكرى قىلىدىغان بولىمىز، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، بۇ قۇلاق ئاڭلاشقىمۇ كۆپ تەرەققىي قىلدى، تېلېفون، پوچتا تېلېگراف، كومپيۇتېر، سىمسىز، سىملىق ئالاقە، ھەرخىل ئۈچۈرلار بار، مانا ھازىر پۈتۈن دۇنيانى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئىلىم ئالىمىز، تەرەققىي قىلىمىز، سودا ـ ئالاقە قىلىمىز، ئەمما، راستىنلا ئاز شۈكرى قىلىمىز، بىز مانا بۇ ھەقىقەتنى سۆزلەپ قويماقچى خالاس.

## ھەقىقىي مىزان، شۇ قىيامەت كۈنى ھەقتۇر دېگەن ئايەت توغرىسىدا

راست، ئاللاھ ئادىل، بۇ ئاللاھنىڭ مىزانى، ئادىللىق مىزانى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى تارتىدىغان مىزاندۇر، خاتالىق، سەۋەنلىك، غاپىللىق، ئېزىش، ئۇنتۇش، مەۋجۇت ئەمەس، نەچچە مىڭ گۇۋاھچى تەخ تۇرىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھازىرلىقى، گۇۋاھلىقى كۆرۈپ تۇرۇشى كۇپايە، بۇ مىزان، بىر تال ئاتومدىن پارچىلانغان ئېلېكتېرون، نېترونغا دەك زەررىچىنىمۇ تارتىدۇ، زەررىچىلىك ياخشى ـ يامانىنى ھەرگىز چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن، كىچىك دەپ سەل قارىماڭلار، زەررىچىلەر بىرلىشىپ ئاتوم بومبىسى بولىدۇ، ئايەتنىڭ ئىبارىتى، دالالىتى، يۇقىرقى ھەقىقەتكە ئاپىرىلىسىمۇ ئىشارەت دەلىلى بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ھەق مىزان يوق دېگەنى كۆرسىتىدۇ، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولۇپ قالدى.

چۈنكى، بۇ يەرشارىنىڭ ھەرىكىتى، تارتىش كۈچى بىر خىل ئەمەس، جىڭ، تارازا، مىزانلار، تارتىش كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يەرشارىنىڭ ئېكۋاتورى ئىككى قۇتۇبى، ھەرىكەتتە بىر خىل بولمىغاچقا، جىڭ، تارازا، مىزان بىر خىل بولمايدۇ.

تارتىش كۈچىمۇ بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن: ئىنگىزدىن پەسكە چۈشكەن تاش پارىژدا بىر سېكۇنتتا بىر مېتىر تېزلىك بىلەن چۈشسە، مىسىردا ئۇنىڭدىن ئاستا بولىدۇ، چۈنكى، مىسىر پارىژغا باققاندا، ئېكۋاتورغا

يېقىن، ھەرىكەت تېز، تارتىش كۈچى ئاجىز بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىككى دۆلەتتىكى جىڭ، مىزان بىر خىل ئوخشاشمايدۇ، ئىككى جايدا بىرلا جىڭدا بىرلا نەرسە تارتسا، ئوخشاش كەلمەيدۇ، مانا بۇمۇ بۇ دۇنيادىكى مىزاننىڭ ھەق ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇقلۇقتا تارتىلغان نەرسە، دېڭىزدا ئوخشاش كەلمەيدۇ، تارتىش كۈچى ئوخشاش ئەمەس، شۇنداقلا باشقا پىلانېت، سەييارىلەردە ئەسلا ئوخشاشمايدۇ، جىڭ، تارازا، مىزانلارنىڭ ئۆزىدىكى ھەرخىل سايمانلاردىمۇ مەسىلە بار، بۇمۇ ئوخشاشمايدۇ، پۈتۈن دۆلەتلەر، رايونلار، يېزىلارمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللانمايدۇ، ھەرخىل مىللەت، ھەرخىل مىزاننى ئۆلچەم قىلىدۇ، جىڭ، تارازىدىكى ساختىلىق، ئالدامچىلىق، ئېزىقىش، ئۇنتۇش، بۇنىڭ سىرتىدا، بۇنى پەقەت مۇشۇ پەننى ئوقىغانلار چۈشىنەلەيدۇ.

ئۇندىن باشقا، ھاۋا، ئاتموسفېرا مەسىلىسى بار، ئاتموسفېرا ھاۋاسى يەر يۈزىدىن **48000** مېتىر ئېگىز، يەنى **50** كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.، ھەر **150** مېتىردا بىر دەرىجە بىر گرادۇس ئىسسىقلىق پەسلەيدۇ، قانچە يۇقىرى ئۆرلىسە شۇنچىلىك پەسلەيدۇ، ھەتتا بۇ **8000** مېتىرغىچە بولىدۇ، يەرشارىغا ھاۋا بېسىمىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئالىملار بۇنى سىماپتا، سۇدا ئۆلچەپ كۆرگەن، بۇ خىمىيە، فىزىكا پەنلىرىدە بار. ھاۋا، ئاتموسفېرا، ئېگىز - پەس بولسا، ھارارەت، قىززىقلىق گرادۇس، ئېگىز - پەس بولسا، بۇ يەرشارىدىكى مىزان، جىڭ، ئېگىزى - پەس بولىدۇ. تارتىش كۈچى بىلەن ھاۋا بېسىم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەر دۆلەتتىكى ھەربىر قىئەدىكى جىڭ، مىزانلار بىر خىل ئوخشاش كەلمەيدۇ، بىر دۆلەتتە، بىر قۇرۇقلۇقتا، **50** كىلو ئالتۇن ئېلىپ، شۇ جىڭدا باشقا دۆلەتتە باشقا بىر قۇرۇقلۇقتا تارتسا، چوقۇم ئېگىز - پەس كېلىدۇ، بىر خىل ئوخشاش كەلمەيدۇ، مانا بۇ مىزان، تارازىنىڭ ھەقىقىي ھەق ئەمەسلىكى، تۇراقسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ مەسىلىگە قۇرئان بۇرۇنلا ئىشارەت قىلغان.

بۇ يالغۇز يەرشارىدىلا ئەمەس، پۈتۈن سىستېمىلاردا، پىلانېت، سەييارىلەردە بولىدىغان ئەھۋال، چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ ھەرىكىتى، تارتىش كۈچى ئوخشاش ئەمەس، ئۇنداق بولغانىكەن، جىڭ، تارازا، مىزان ئوخشاش بىر خىل ئەمەس. ئاللاھ، شۇنداقتىمۇ بۇ مىزاننى بىز ئۈچۈن، تەبىئەت ئۈچۈن، سانائەت ئۈچۈن، تىجارەت ئۈچۈن ئورنىتىپ ئۆز رەھمىتى بىلەن ھالال قىلىپ بەرگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ، ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى مىزانىدەك ئادىل، توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مىزان تۇراقلىق، بۇ ئالەمنىڭ مىزانىغا ئوخشاشمايدۇ، بۇ زېمىندا بولسا، تۇراقسىز بولىدۇ. مەسىلەن: زېمىن ھەرىكىتى ئېكۋاتوردا زېمىننىڭ ئوتتۇرى قىسمىدا بىر سېكۇنتتا **465** مېتىر سۈرئەت بىلەن ئايلىنىدۇ، مىسىردا بولسا، **419** مېتىر، پارىژدا بولسا، بىر سېكۇنتتا **305** مېتىر سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، بارغانچە ئىككى قۇتۇبقا يېقىن بولغانسېرى سۈرئەت ئاستىلايدۇ، ئاندىن تارتىش كۈچى پەرقلىق بولىدۇ - دە، جىڭ، تارازا، مىزان بىر خىل ئوخشاش كەلمەيدۇ، ئىشەنمىسىڭىز ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرۈڭ، گولىبۇسنى ئايلاندۇرۇپ ھەرىكىتىنى كۈزۈتۈڭ، ۋاھاكازالار.

ئىككى قۇتۇپ ئەتراپىدا تارتىلغان نەرسىدىن ئېكۋاتوردا تارتىلسا، خېلىلا كامىلايدۇ، يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ، چۈنكى، يەر مەركىزى، ئېكۋاتورنىڭ ھەرىكىتى تېز، تارتىش كۈچى ئاجىز، ھاۋا بېسىمىمۇ خىلىېلى پەرقلىنىدۇ. ھەر **1000** گرامدىن **3**، **5** گرام كامىلايدۇ، ئالىملار ئەگەر يەرشاي ھازىرقى ھەرىكىتىدىن **17** ھەسسە ئارتۇق ئايلانسا، پۈتۈن نەرسە ئېغىرلىقىنى يوقىتىدۇ دېگەن. بۇ ئەھۋال يەنىلا ئېكۋاتوردا بولىدۇ، چۈنكى، ئىككى قۇتۇب، يەنىلا ئاستا ھەرىكەتلىنىدۇ، ھەر جەھەتتىن قىيامەتتىكى مىزان ھەق، بۇ دۇنيادىكى مىزان ناھەق، ئەمما، بۇنى ئىستېمال قىلماي ئامال يوق، شۈكرى، بىز مىزان توغرىسىدا سۆز قىلىۋاتىمىز، مىزان ئەلۋەتتە چوڭ نېئمەن، چۈنكى، پۈتۈن نەرسىنى ئۇنىڭدا جىڭلاپ، تارتىپ بىر تەرەپ قىلىمىز، ئۆلچەيمىز، مىقدار بەلگىلەيمىز، ھەتتا كۆللى شەيئىنى، قورال ياساشمۇ جىڭدا ئۆلچىنىدۇ، شۇنداق قىلىۋاتىمىز. ئاتوم بومبىسىنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ھەتتا، ھازىر ھاۋانىمۇ تارتتى، ھاۋا سۇدىن **700** ھەسسە يەڭگىل بولسا، گاز، سۇدىن **1728** ھەسسە يەڭگىل كېلىدۇ، پۈتۈن شەيئىنى مۇشۇنداق سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ توغرىسىدا بىر ھېكايە كەلتۈرىمىز، بىر پادىشاھ، زەرگەرگە ئالتۇن بېرىپ، بىر تال تاج بۇيرۇپتۇ، تاج پۈتكەندە پادىشاھ بۇ ئالتۇنغا بىرەر نەرسە قوشۇپ ئالتۇننى ئالداپ ئېلىۋالغانمىدۇ دەپ گۇمانلىنىپتۇ، ئەمما، دەلىل - ئىسپات بولمىغاچقا، مىزان، سەر ئوخشاش بولغاچقا گەپ سۆز قىلالماپتۇ، ئاخىرى بولالماي، بىر

پەيلاسوپ ئالىمنى چاقىرتىپ، ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، بۇ ئالىم قاتتىق ئويلىنىپ سۇدىن پايدىلىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىپتۇ، شۇ تاجنىڭ ئوخشىشىدا ساپ ئالتۇندىن بىر تاج ياسىتىپتۇ، ئاندىن ھېلىقى تاجنى كەلتۈرۈپ سۇغا سالسا، ساپ ئالتۇن ئېغىرراقى ئىش قوشۇلغان تاج، سۇدا يەڭگىل كېپتۇ، ئەسلى كۈمۈش، ئالتۇندىن يەڭگىل ئىكەن، ئىش قوشۇلغان تاج يا يەڭگىل يا ئېغىر كېلىپ قالىدىكەن، ئەمما مىزاندا ئوخشاشىكەن، ئاخىرى زەرگەر ئىقرار قىپتۇ، پەيلاسوپ بۇ مەسىلىدىن پايدىلىنىپ كىمە ئىجاد قىپتۇ، بېلىق، سۇدا شۇنداق بولىدۇ. سۇ ئاستى پاراخوت ياسالدى، بېلىق سەۋەب.

ھەرقانداق نەرسە يەڭگىل بولسا، سۇدىمۇ چۆكمەيدۇ، ھاۋادىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، مانا بۇ مىزان، ئۆلچەم مەسىلىسى، پاراخوت، ئايرۇپىلان ۋە باشقا ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇردى، ھەممە نەرسە ئۆلچەملىك دېگەن بابقا قاراڭ، بىز پەقەت ئاشۇ ئادىل توغرا بولغان قىيامەتتىكى مىزاندا رەسۋا بولماي ياخشى ئەمەللىرىمىز، يامانلىقنى بېسىپ چۈشۈشنى مەقسەت قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياماندىن نېرى بولۇپ، ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش لازىم. ئەگەر گۇناھ، مەئسىيەت بولۇپ قالسا، دەرھال تەۋبە قىلىپ، قەتئىي قىلماسلىق لازىم. مىزاننىڭ ئوڭ تەرىپى لىق، سول تەرىپى قۇرۇق بولغانلار نىجات تاپىدۇ، تەك كەلگەنلەر خىجىل بولۇپ، ئاللاھنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئىنتىزار بولىدۇ. ئاللاھ، ھەممىمىزنى كەچۈرۈم قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى جىق قىلدۇرۇپ، ئالىي ماقاملارغا يەتكۈزسۇن، جامالىنى ئاتا قىلسۇن ئامىن!.

گۇمانىي ياخشى قىلىپ، ئەمەلنى ياخشى قىلايلى!!!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋاھىرىنىڭ **190 ـ 192** بەتلىرىدە ئاللاھتائالانىڭ ئۆز رەھمىتى بىلەن ئىسسىق ـ سوغۇقنىمۇ مىزانلاپ ئۆلچەپ نورمال ھالدا يارىتىپ تۇرۇشىنى سۆزلىگەن، دۇنيادا ھەرخىل، ھەرياڭزا قۇشلار، ھاشارە ۋە باشقا ئېنىرگىيىگە موھتاج جانلىقلار بار، بۇلار، ئۆزلىرىگە لايىق ئىسسىقلىققا، ئېنىرگىيىگە موھتاج بولىدۇ، بولمىسا ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ، بۇنى ئالدىن بىلىپ، ئالدىن ئۆلچەپ، مىزاندا تارتىپ، تەڭشەپ ئاتا قىلىدۇ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكدىن سىرىت، پۈتۈن يەرشارىنىڭ، پۈتۈن ئالەمنىڭ ھەرىكىتىنى، تارتىش كۈچىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، بىر خىل تەڭپۇڭدا ساقلايدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ مەسىلىگە **11** مىسالنى كەلتۈرگەن، كۆپىنچىسى قۇشلار، جانلىقلار، ھاشارەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، تۇخۇمدىن چىقىشى، بالا تەربىيىلىشى بولۇپ، ئاللاھ، زامانىنى، ماكانىنى، شارائىتنى يارىتىپ ئاندىن بۇ ھايۋاناتلارغا ئەقىل ـ پاراسەت بېرىپ، يەنىلا ئۇلارنىڭ چېكىسى، مىگىسىنى ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئاللاھ، مىزان بىلەن سىستېمىلارنى تارتىش كۈچىنى زېمىندىكى ماددىلارنى تارتىپ تەڭشەيدۇ.

## قۇرئان ھەقىقىي بۇلاق

تۇتتى بىر كۈچ توساتتىنلا قۇلاقتىن،
سۇ ئىچ دېدى، قۇرئاندىكى بۇلاقتىن.
بۇ دۇنيادىكى كارامەتنىڭ ئەۋلاسى،
ئىبادەت قىلىشتۇر، ساقلىنىش بىلەن بىرگە گۇناھدىن.
قەلبىم ئازابقا قاتتىق بەرداشلىق ئىكەن،
ئېرىيتتى، ئۇنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ بىر يۈرەك پولاتتىن.
ئىشقىنى بانا قىلىپ يانمىساڭمەن گۇناھدىن،
سۆزلەپ يۈرمە كىشىلەرگە ئۇياتتىن.
مەرىپەتتە، ھەقىقەتتە، پەزىلەتتە توشاقدىن،

ئۇ قەلبكە بىرۇر لەززەتنى ھەرخىل بۇلاقدىن.
ھەق دىن سۆزلىسە ھەققەتنى بۇياقتىن،
ئاقماس پەتىۋانى ئىزدەرسەنمۇ ئۇياقتىن.
ھەققىي ھەققەت بولغاچقا بۇ دىن،
ھەققەتچىلەر قورقۇپ قالمىدى قاماقتىن.
قاماق ئۇستىگە قىينالدى ئۇلار تاماقتىن،
شۇنداقتىمۇ پەرۋا قىلماس ئۇلار تاياقدىن.
تاللىساڭ سەن ھەققەتنى ھەققەتتىن،
تېپىلمايدۇ سالاي دىسەڭ ئاستىڭغا بىر تال پالاستىن.
ئېلىۋالساڭ نىسۋەڭنى بۇ دۇنيادا شۇ تاپتىن،
بولۇپ كېتىدۇ سەندىن شۇئان خالاس دىن.

سۈرە نۇر (قۇياش، سۇ، تۇپراق، ئۇرۇق)
ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى نۇر، قۇرئاننىڭ بىر ئىسمى نۇر،
بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى يەنىلا نۇر، ئالەمنىڭ ئەسلى مەنبەسى نۇر.
پەرىشتىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىمۇ نۇر، پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، تەرەققىياتى نۇر،
رەسۇلۇللاھنىڭ سورىغىنىمۇ يەنىلا نۇر، مۆئمىن قەلبىگە بېرىلىدىغان ھىدايەتمۇ نۇر.
سىرات ئۇستىدە ئۆتكۈچە رول ئوينايدىغىنى نۇر.
دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زۇلمەتتىن قۇتقۇزغۇچى نۇر،
ئاشىق قەلبىنى جەزبىگە سالىدىغىنى نۇر،
ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى، راۋاج تاپىدىغانمۇ نۇر.
ئاددىي كېسىلەللەرنى تەكشۈرگۈچى ئۇسكۈنىمۇ نۇر،
پۈتۈن جاھاننى، ھەتتا ئۆيلىرىمىزنى يورىتقانمۇ نۇر.
مانا بۇ ھەققەتكە ئىشارەت قىلغان سۈرە نۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىدا نۇر ئىلمىغا، ھەرخىل نۇر ئىلىملىرىغا ئىشارەت بار، بىز چوقۇم زاھىرى، باتىنىي دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتلىق نۇر ئىلمىنى بىلىشىمىز لازىم. نۇر بىزنى چوقۇم زۇلمەتتىن قۇتقۇزىدۇ، ئاللاھ، ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە نۇر بەرسۇن، ئامىن!

سۈرە نۇردىكى، **بىرىتاق ئەرنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، تۇل ئايالنى ئەرگە بىرىڭلار دېگەن** ئايەت توغرىسىدا توختىلىمىز. پۈتۈن ئالىملار بۇ بۇيرۇقنى مۇستەھەپ ئۇچۇن دېگەن، بولمىسا تۇللارنى ئۆيلۈك قىلىش ۋاجىپ بولۇپ قېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر گۇناھكار بولىدۇ. شۇنداقلا نىكاھ، سۈننەت، ھەتتا مۇستەھەپ، بەزىدە مۇستەھەپمۇ ئەمەس، ئالتە سەھھە ھەدىس شەرھىدە كۆرسىتىلىدۇ. نىكاھ بابىدا بار. ئالىملار بۇ توغرىسىدىمۇ ئىختىلاپ قىلغان، ئەبۇ ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەزھىپىدە، پىتنە، بۇزۇقچىلىق، ھارامغا چۈشۈپ قېلىش، كۆزدە تۇتۇلۇپ، نىكاھ، ئىبادەتكە ئايرىلىشدىن ئەۋزەل دېگەن، شافىئىي، مالىكى، ھەنبەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەزھىپىدە ئىبادەتكە، جىھادقا، ئىلىم، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ئايرىلىش، دىن ئۇچۇن بىر ئۆمۈر خىزمەت

قىلىش، نىكاھدىن ئەۋزەل دېگەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن ساھابىلەر، تابىئىنلار بەزى ئەۋلىيالار، جۈملىدىن ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم رەھمەھۇللا ئەلەي، رابىئە بەسىر، فارابىي دېگەن (ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ تويى قىلمىغان) پەيلاسوفلارمۇ تويسىز ئۆتكەن، بۇلار، نۇرغۇن ئايەت، ھەدىس ۋە ئەقلىي پەلسەپەنى ئىسپات قىلغان، ئەمما، پىتنە دەۋرىدە تويسىزلىق، ھەتتا ئۆزلەت ۋاجىپ، بۇ ئىنتىپاققا كەلگەن مەسىلە، تەپسىر مۇنىيردا بار. ساھابىلاردىن: ئەبۇزەر، جابىر، ھۇزەيپە رەزىي... تابىئىندىن ھەسەنۇلبەسەري رەھ....لار زاھىد بولغان

بۇ مەسىلىگە ئىمام غەززالىنىڭ مۇنۇ جاۋابىنى بەك لايىق كۆردۈم. ئەگەر نىكاھلىنىشىنىڭ پايدىلىرى بولۇپ، زىيىنى بولمىسا، بولۇپمۇ دىن، ئىمانغا زىيىنى بولمىسا، نىكاھ ئەۋزەل، ئەگەر پايدىسى بولماي، زىيىنى كۆپ بولسا، پۇلنى ھالالدىن تاپقىلى بولمىسا، جامائەتنى تاپقىلى بولمىسا، سىرداش دوست تاپقىلى بولمىسا، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولمىسا، باللارنى ھەقىقىي ئەركىن ئىسلامى تەربىيلىگىلى بولمىسا، ئەر ـ ئايال، دىن ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە ياردەمچى بولالمىسا، بۇ چاغدا تويسىز ئۆتۈش، ئالىم بولۇش، ئابىد بولۇش، زاھىد بولۇش ھەممىدىن ئەۋزەل، ئەگەر ھەر ئىككىلىسى تەڭ مەۋجۇت بولسا، قەلبىگە قارايمىز، ھارام، زىناغا چۈشۈپ قالغىدەك، نەپسى شەيتىنى كۈچلۈك، شەھۋەتپەرەس بولسا، پۇل ـ مالنى ھالالدىن تاپالىسا، نىكاھ ئەۋزەل، بۇ ياخشى، ئەگەر پۇل ـ مالنى ھارامدىن تېپىپ، ئىماندىن ئاجرىسا، زىنادىن قورقمىسا، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرالىسا، ئىپپەتلىك ئۆتەلىسە، بىر ئامال قىلىپ شەھۋەتنى يېڭەلىسە، بۇ چاغدا تويسىزلىق ياخشى، نەپسى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلسە، ئۇ شېھىد دېگەن. مەقسەت، ئاللاھنى رازى قىلىش.

ئالىملار ئىككىنچى بىر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشتى، شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قىز بالا بولسۇن ياكى ئايال كىشى بولسۇن، ۋەلىسىز نىكاھ بولمايدۇ دېدى، ۋەلى دېگەن ئىگە بولغۇچى، دەۋالاشقۇچىسى.

ئەبۇ ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەگەر قىز كىچىك بولمىسا، ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالىسا، ساق بولسا، ئاجىز، مېيىپ بولمىسا، ۋەلىسىز نىكاھ بولىدۇ دېدى.

مالىكى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەگەر تۆۋەن تەبىقىدىكى، سەت، كۆرۈمسىز ئايال بولسا، ۋەلى كەتمەيدۇ، ئەگەر ھۆرمەتلىك، ئىناۋەتلىك، گۈزەل قىز بولسا، ۋەلى لازىم بولىدۇ دېگەن. چۈنكى، بۇلاردا كۆپ دەۋالىششى بولارمىش. ئەڭ ياخشىسى بىرەر قېتىم توي قىلغان، ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولغۇدەك ئىقتىدارلىق، لاياقەتلىك قىز بولسا، ئەقلى، ئىلمىغا توشقان بولسا، ۋەلىسىز بولىدۇ. ئىككى گۇۋاھچى بولۇشى، يەنىلا شەرت بولىدۇ، ئەگەر، مېيىپ، ئاجىز بولسا، ئەقلى ئاجىز، نادان بولسا، كىچىك قىزچاق بولسا، چوقۇم ۋەلى كېتىدۇ. چۈنكى، زىيان بولسا، ئۆزىگە بولۇپ قالىدۇ، ئىنسانلار ۋە ئۇلاردىكى ئىقتىدار، قابىلىيەت، ئوخشاش بولمىغاچقا، ئالىملار كۆز قارىشى ئىختىلاپلاشتى.

بۇ سۈرىدە، **مۆئمىنلەر ئۆز ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرمەڭلار، سالام قىلىڭلار** دېگەن تۇغرىسىدا. بۇ ئەڭ گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقتۇر، بۇ ئەخلاق، دىنسىزلاردىمۇ ئومۇملاشتى. چۈنكى، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت ـ دە! ئەمما، ئەپسۇس، بىزنىڭ بەزى نادان، قالاق مۇسۇلمانلىرىمىزدا ھايۋانلارچە قىلىق تېخى مەۋجۇد. ئۇلار خۇددى ئىشەكتەك ئۇسسۇپلا كىرىۋېرىدۇ، ئىشىكنى چېكىپ كىرىش، مۇنداق ھېكمەتلەر ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، سالام قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھمۇ رۇخسەت سوراشقا، بىر سالام قىلاتتى، كىرىپ بىر قېتىم سالام قىلاتتى، خوشلاشقاندا بىر قىلاتتى، ئىككىنچى، ئەۋرەتنى كۆرۈپ قالمايمىز، ئۈچىنچى، ئائىلىسى ئىچىدىكى بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ قالمايمىز، تۆتىنچى، كىم، بۇ كىشى ئېنىق بولىدۇ خالىسا رۇخسەت قىلىدۇ، كىرىدۇ، خالىسا قايت دەيدۇ، كېتىدۇ. بەشىنچى، ئەگەر ئۆيگە كىرگۈچى ياخشى كۆرىدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭغا گۈزەل كۆرۈنۈش بولۇپ قالسا، ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ، ياسىنىدۇ، ئەگەر ئۆيگە كىرگۈچى دۈشمەن بولسا، بۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تۇرىۋالىدۇ، كۈلۈشىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالماسلىقى كېرەك، ئۇندىن باشقا، نۇرغۇن ھېكمەتى بار، مەخپى ئىشلار كۆپ.« ئاللاھ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇر ئاتا قىلغۇچىسى، ئاللاھنىڭ نۇرى، خۇددى بۇ ۋەقەگە ئوخشايدۇ، بىر تەكچىدە، سۈزۈك شىشە، پانۇس، ئاندىن چىراغ بار، مۇبارەك دەرەخنىڭ يېغىدا يانىدۇ، ئوت تەگمىسىمۇ يورىغلى تاس قالىدۇ دېگەن» توغرىسىدا. راستىنلا، ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىننى نۇر بىلەن قاپلايدۇ. شۇنداقلا پۈتۈن ئالەمنى نۇردىن ياراتقان، ھەممە نەرسە نۇر، زەررىچىگە

قايتىدۇ، كۆزگە كۆرۈنگىنىمۇ نۇر، رەڭ، رەڭ نۇردىن كېلىدۇ. بۇ رەڭ نۇرنى يەنىلا نۇر بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئالىملار بۇ مىسال توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىلەر، بۇ مىسال، رەسۇلۇللاھقا قارىتىلغا، يەنى بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرى، تەكچە بولسا كۆكسى شۇ، شىشە، پانۇس، قەلبى شۇ، چىراغ، پەيغەمبەرلىك، دەرەخ، پەيغەمبەرلىك دەرىخى، رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرى ئوت، نۇر قوشۇلمىسىمۇ يانغىلى تاس قالاتتى دېگەن، بەزىلەر مۇنداق دېگەن، تەكچە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىچى چوقۇم شۇ، شىشە قەلبى شۇ، چىراغ، نۇر شۇ، شەرىقتە ئەمەس، غەربتىمۇ ئەمەس دىگىنى، يەھۇدىمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس دىگىنى دېگەن. مۇبارەك دەرەخ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇ، مانا بۇ ئىككى قەلب، نۇردىن ئەلا نۇر بولدى.

بەزى ئالىملار بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مىسال دېگەن، تەكچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇ، شىشە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، چىراغ بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ، چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئاندا، رەسۇلۇللاھنى چىراغ دېگەن. شەرىقتىمۇ ئەمەس، غەربتىمۇ ئەمەس دىگىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەھۇدىمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس، دىگىنى شۇ، قۇرئاندا كۆپ، بەزى ئالىملار بۇ مىسالنى ھەرقانداق مۆئمىنگە قارىتىلىدۇ. بۇ نەزەر ـ دائىرىلىك پىكىر قىلالايدىغان قەلبى پاك ئويغاق مۆئمىنلەرگە ئىشلەيدۇ.

تەكچە، نەپسى شۇ، شىشە، قەلبى شۇ، چىراغ، ئىمان شۇ، قۇرئان، مۇبارەك دەرەخ، ئىخلاسىدىن ئوت يېقىلىدۇ، شەرىقمۇ، غەربمۇ ئەمەس دىگىنى ئوتتۇرھال دىگىنى. بەزى ئالىملار بۇ مىساللانى پۈتۈن ئىدراكلىق ئىنسانلارغا ئام دەپ قارايدۇ.

بەزىلەر بۇنى ئەقىلگە مىسال قىلىدۇ، ئۇ باشقا ئىلىمدىن خالى بولىدۇ، ئاندىن، ئىلىم بىلەن نەقىشلىنىدۇ، ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن نۇرغا تولغان، پانۇس شىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئىلىمنى ئۆز پىكرى بىلەن تونۇيدۇ، تەپەككۇر خۇددى زەيتۇن يېغىدەك ئەقىلنى يورىتىدۇ، ئەقىل، بۇ ياغسىز يورىغىلى تاس قالىدۇ، ئەگەر يورىسا ئىلىم قوشۇلسا، ئۇ چاغدا نۇرىن ئەلا نۇر بولىدۇ دېگەن. قۇرئاننى، رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىدەك چۈشىنىڭ توغرىسى شۇ

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ، ئاللاھنىڭ نۇرى، ھىدايىتى، سۆزۈك زەيتۇن يېغىنى ئوت تەگمىسىمۇ يورىغىلى تاس قالىدۇ، ئوت تەگسە نۇردىن ئەلا نۇر بولىدۇ. شۇنىڭدەك مۆئمىن قەلبى، ھىدايەتنى تونۇيدۇ، ئەگەر، ئىلىم بىلەن بىرلەشسە، ئۇ چاغدا نۇرىن ئەلا نۇر بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھتائال بۇ ئايەتتىن پۈتۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى نۇرغا بۇرىغان، نۇرغا قاراتقان، ئوي ـ پىكىر، تەپەككۇرغا سالغان، ئالىملارمۇ ئۆز ئەقلى ـ قابىلىيىتى بىلەن خىلمۇ ـ خىل تەپسىر قىلغان، ھۆكما، پەيلاسوف، ئالىملار نەزىلدە جۇملىدىن ئارستوتىل، ئەپلاتۇن، سوقرات، فارابى، ئىبىن سىنا، غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، رازى، ئىبنى رەشد قاتارلىقلارنىڭ نەزىلدە ئەقىل يا قۇۋۋەت بىلەن بولىدۇ ياكى ئەقىل پىل بىلەن ئەمەلىيەتچان بولىدۇ، يا پايدا ئالغان ئەقىل بولىدۇ، يا ئۆزى پائالىيەتچان بولىدۇ دېگەن. بۇ سۆزنى پەقەت يەنىلا ھۆكمالار بىلىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ سۆزلەرگە بىردىن مىسال تۈزۈپ چۈشەندۈرىدۇ، مەسىلەن: بىر ياش يىگىتنى تەسەۋۋۇر قىلايلى، بۇ يىگىت، زەكى، چېچەن، پىكرى ئۆتكۈر، زېھنى كۈچلۈك، نەزەر ـ دائىرىسى كەڭ، كۈزىتىشى كۈچلۈك، مەسىلىگە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ، ئەتراپلىق ئويلىنىدۇ. بۇ بىر ھالەت، ئىككىنچى ھالىتى، بۇ يىگىت، تىجارەت قىلدى، كۆپ پايدا ئالدى، بۇ ئىككىنچى ھالىتى، ئاندىن بۇ باي يىگىت ئۆز قابىلىيىتى، ئۆز بايلىقىنىڭ مىقدارىدا تىجارەت قىلدى، بۇ ئۈچىنچى ھالىتى، بۇ ئۈچ ھالەتنى بىز تەرتىپ بويىچە مۇنداق ئاتايمىز، بىرىنچىسى، قۇۋۋەت، بايلىقى، مانا بۇ قۇۋۋەت ئەقلى شۇ، ئىككىنچىسى، ئەقلى بايلىقى، بۇ ساپ ئەقىل، كەسىپ ئەقلى شۇ. ئىشنى ئىش ئۈستىدە، تەجرىبە بىلەن ئۆگىنىش، ئۈچىنچىسى، پايدا كۆپ بولۇش، بۇ پايدا ئالغان، ئىلىم ئالغان، كۆپ كىتاب كۆرگەن، ئەقىل، بۇندىن باشقا ئىككىنچى مىسال: ئىلگىركىدەك بىر چېچەن ياش يىگىت بار، بۇ يىگىت، پادىشاھ بالىسى بولسا، بۇ قۇۋۋەت، ئەقىل شۇ، ئاندىن پادىشاھ بالىسىنى ۋالى قىلسا، بۇ كەسپى ئەقىلغا تەمسىل بولىدۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھ ئۆلسە، بالا ۋارىس بولسا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلۋالسا، بۇيرۇق قىلالىسا، بۇ پايدىلانغان ۋارىس، پايدىلىق ئەقىل شۇ، خۇددى شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئەقلى دەسلەپتە ئىلىمنى، تەسەۋۋۇرنى ئېلىشقا تەييار تۇرىدۇ، بۇ قۇۋۋەت شۇ. ئاندىن بۇ ئىنسان ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، پۇرايدۇ، تېتىيدۇ، سىلايدۇ، كۆرۈلگەن، سىلانغان، ئاڭلانغان، پۇرالغان،

تېپىلغان بۇ 36 خىل كائىنات بولسا، ئەقىلگە كىيىم بولىدۇ. بىز كۆرۈۋاتقاندەك كىچىك بالىلار ۋە ئەقلى، بۇ ئىشلارنى قوبۇل قىلىش تەييارلىقىدا تۇرىدۇ، بۇ ئەقىل بۇلارنى قوبۇل قىلىش ئالدىدا قۇۋۋەت، ئەقىل بولسا، ئاندىن كېيىن بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، كەسپىي ئەقىل بولىدۇ. بىرەر كۆرۈنۈشنى كۆرسە ياكى بىرەر ئىلمىنى ئالسا، قۇۋۋەت بىلەن ۋە ئەمەلىي پىشىلى بىلەن ئەقىل قىلىدى دەيمىز. ئەگەر ئىلىم توشسا، ۋايىغا يەتسە، ماتېماتىكا، تەبىئەت، ئەدەبىيات، خىمىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، سىياسەت، جەمئىيەت، ئەخلاق، پەلسەپەلەرنى ئۇقسا، ئاندىن ئىنسانلار تاقەت قىلالايدىغانلا ئىلمىنى ئالسا، بۇ ئىلىم ئۈچۈن، ئەقلنى ئىشقا سالسا، بۇ پىشلى ئەقىل بولىدۇ. بۇ ئىلملارنى زېھنىدە ساقلاپ، ئەستە تۇتۇپ، پەيلاسوپ، هۆكما بولسا، باتىنى، روهانىي ئىلمىنى قوبۇل قىلسا، پىشلى ئارقىلىق پايدا ئالغان، ۋە پايدا بەرگۈچى، ئەقىلگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئەقىل، كاتتا ئالىم، چوڭ هۆكما، پەيلاسوفلاردا بولىدۇ. پائالىيەتچان كۈچگە ئىگە ئەقىل بولسا، دەرىجىدىن تاشقىرى تالانتلىق، ئاللاھ ئالاھىدە سوۋغا قىلغان ئەقىل بولۇپ، بۇ ئەقىل نۇرغۇن ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ، كەشپىيات يارىتىدۇ، بۇنداق ئەقىل، ئىلمىنى ماددىدىن ئەمەس، بەلكى، ئىلهامى كۈچىدىن ئالىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ماددى دۇنيادىكى ئىلىم بۇ ئەقىلگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق ئەقىل ھەممىنى، ئومۇمنى، پۈتۈنلا جەمئىي قىلىپ تۇپلىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەقىل، بىر نۇر، قۇياش دېسەك، بىزدىكى ئەقىل، بىر كۆز خالاس، بىزدىكى كۆز كۆۋشكە تەييار، ئاشۇ ئەقىل نۇر چاچسا، ئاندىن بىزدىكى ئەقىل يورۇيدۇ، ھەممە ئەقىل ئىلهام، ۋەھى ئالدىدا تىز پۈكىدۇ، ۋەھى دېگەن ئاللاھنىڭ سۆزى، يەنى توغرىسىنى دېگەندە، ئەقلنى ياراتقۇچىنىڭ سۆزى بولىدۇ، ئەقىللەر، مۇشۇ ئىلاھى ۋەھى، ئىلهامدىن مۇشۇ پاك بۇلاقدىن سۇ ئىچىدۇ.

ۋەھىنىڭ ئۆزى، قۇرئاننى ئەقلى هۆكۈم، ئەقلى يەكۈننىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى قىلىدۇ، قۇرئانغا تايىنىدۇ، ھەدىس بولسا، قۇرئاننىڭ باياناتى، شەرھى، ئىزاھاتى بولىدۇ. ئاندىن مۇجتەھىدلەر، ئەقلى، تەپسىلاتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجتىهاد لازىم، فىقھى لازىم بولىدۇ.`

## بىلىش نەزەرىيىسى

ئاللاھ، بىزنى ئانىلار قورسىقىدىن چىقاردى، ئاشۇ سۈرەت ھاسىل بولۇش، جان كىرگۈزۈش مەزگىلىدە، مېڭە، يۈرەكنى بەردى، ئوي ـ پىكرى، قابىلىيىتىنى بەردى، ئوي ـ پىكر، قابىلىيىتنى بەردى، شۇنداقتىمۇ بىز ھېچنېمىنى بىلمەيتتۇق، ئەمما، شۇ چاغدىن باشلاپلا، بىلىشكە تەييار تۇرىمىز. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن تەربىيىلەشكە باشلىسا، ئۈچ كۈن كېچىككەن بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئىلىم بۆشۈكتىن، تۆشۈككىچە دېگەن ھەدىس بار، ئاللاھ، بىزگە كۆز ـ قۇلاق، يۈرەك، مېڭە بەردى، بىز ئەمدى ساپ، پاك قەلبىمىز بىلەن ئىلىم ئالىمىز، ماددىي بىلىم ئالىمىز، بىز ئالغان ئاشۇ مەلۇماتلار، ئەقلىمىزنىڭ ئۆزى شۇ، ئەقىلگە بۇندىن باشقا سۈپەت يوق، ئەقىل، قەلب، مېڭە پائالىيىتىگە، سەزگۈ ئەزاسى، خادىم بولىدۇ. مەسىلەن: ئەينەكتە ئۆزىمىزنىڭ سۈرىتىدىن باشقا، سۈرەت بولمىسا، بىز ئاشۇ سۈرەتنى يەنى ئۆزىمىزنى ئەقىل قىلىساق، چۈشەنسەك، ئۇنداقتا، بىز ھەم ئەقىل، ھەم ئاقىل ھەم ئەقىل قىلىنغان نەرسە بولىمىز. ئىنسان، ئۆزى ئەقىل قىلسا، ئۇ ھەم ئەقىل، ئاقىل ھەم ئەقىل قىلىنغان مەئقۇل بولىدۇ. ھەممىسى بىردۇر، زىددىيەت يوق، ھەممىسى بىر نەرسىدۇر. دېمەك، خۇلاسە شۇكى، بىز بىلگەن نەرسە، ئەقىل شۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئەقىل قىلىپ باقتۇق. ئەگەرسۈرەت ئورنىغاباشقانەرسەقۇيۇلسا دەل شۇنەرسە ئەقىل قىلىنىدۇ

ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر ئاتا قىلغۇچى دېگەن ئايەتكە يەنە بىر نەزەر، بۇ ئايەت، ئاسماندىن، زېمىنغا چۈشكىلى 14 ئەسىر بولدى، ئەمما، ئۆزى بولسا، ئەزەلدە بار ئىدى، بۇ بىر مۆجىزە ئايەتتۇر. چۈنكى، يېڭى ئىلىم ـ پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پۈتۈن ئالەم نۇر، زەررىچىدىن، ئاتومدىن تۈزۈلگەن دېدى. ھەممە نەرسە ئەسلىگە قايتۇرۇلسا، نۇرغا قايتىدۇ، ئاللاھ، راستىنلا ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر بەرگۈچى، بىز ھازىر پۈتۈن نۇر ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، شۇنداقلا، نۇر، ئىسسىق ھارارەتتىن ھاسىل قىلىندۇق، يەنىلا نۇرغا موھتاجمىز. بىز، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، جانلىق ۋە جانسىز، ئاسمان ـ زېمىن، ھەربىر تاش، چالمىمۇ نۇر، زەررىچىدىن ھاسىل

بولغان. بۇنى پەقەت، ئالىملار، يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئالىملىرىلا بىلەلەيدۇ، ئىلغار مىكرۇسكۇپدا تەتقىق قىلىدۇ، بۇ ھەقىقەتنى، قۇرئان ئوتتۇرىغا قويىدى. ھەممىسى نۇر، نۇر نۇرغا پەردە بولغاندۇر، مانا ئەمدى بىز، رەسۇلۇللاھنىڭ نۇر پەردە بار، دېگەن ھەدىسىنى چۈشەندۇق، نۇر ئاشۇنداق پەردە بولىدۇ. ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر.

بىر تامچە سۇنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ تەكشۈرىمىز، سۇمۇ، بىر نۇر خالاس، بۇ، ئوكسىگېن، ھىدروگېن ماددىسىدىن تۈزۈلگەن، ھەر ئىككىلى ماددىدا ئاتوم زەررىچىسى بار، بىر تامچە سۇنى **15** سانتىمېتىر چوڭايتسا، ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنىدۇ، ئۆز ئەينى شۇ، ئەگەر **170** ھەسسە چوڭايتسا، ھەسەن ـ ھۈسەن يوقاپ، سۇ ئۆز ھالىتىدە كۆرۈنىدۇ، ئەگەر **100** مىيىل،يەنى **160** كىلومېتىر چوڭايتسا، ئۇ چاغدا بۇ بىر تامچە سۇ، توپتەك بولىدۇ ـ دە، سۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، ئەسلى ماددىسى، جەۋھەرلىرى كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئۇششاق ھاياتلىق بايقىلىدۇ، شۇ چاغدا خېمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن بۇ سۇنى ئىككى قىسمغا يەنى ئوكسىگېن ۋە ھىدروگېنغا ئىگە بولىمىز. ئەگەر، نەچچە مىليون ھەسسە چوڭايتقۇچى مىكرۇسكۇپدا تېخىمۇ چوڭايتساق، بۇ سۇ، ھىدروگېن، ئوكسىگېندىن ئىبارەت ئىككى ئېلمېنتتىن تۈزۈلگىنىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ نۇر زەررىچىلىرى كۆرۈنىدۇ، شۇ چاغدا، بىز بۇ سۇنى نۇر دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز، توك زەررىچىسىنى بايقايمىز.

بۇ تەتقىقاتقا ئىلغار ئۇسكۇنە بىلەن، خېمىيە ئىلمى لازىم بولىدۇ. ئەگەر، بۇ بىر تامچە سۇنى تېخىمۇ چوڭايتساق، ئۇ چاغدا، بىز بۇ سۇ ئىچىدە چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنى كۆرىمىز، خۇددى سەييارىلەر ئۆز ئوربىتىسىدا مېڭىۋاتقاندەك، مۇسبەت توك زەررىچىسى ئەتراپىدا مەنفى توك زەررىچىسى بىر سېكۇنتتا **6000** مىليارت قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇ ئىشلارنى ئاشۇ ئىلغار ئۇسكۇنىدە كۆرۈنۈشكە، سۈرەتكە ئېلىپ، ئاندىن ئاستىلىتىپ، ئۇققىلى بولىدۇ. خۇلاس گەپ شۇكى، بۇ جايدا ئەمدى نۇر، توك زەررىچىسى قالدى، ئوكسىگېن، ھىدروگېن، يەنىلا نۇر زەررىچىسى بولىدۇ. ھەممىسى شۇنداق، ئەمما، بۇ ئاتوم زەررىچىسى بىر خىل بولسىمۇ، خۇددى بىر ھاۋادىن نۇرغۇن تىل، نۇرغۇن ئاۋاز، نۇرغۇن ئاھاڭ چىققاندەك، نۇرغۇن ئېلمېنت، ماددىلار ھاسىل قىلىندى، ئىنسانلار ئېھتىياجى شۇنداق بولغاچقا، مېھرىبان ئاللاھ، بۇلارنى ياراتتى، ئاشۇ نۇردىن، زەررىچىدىن، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، ئالماس، مەدەن، ئاشلىق، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنى ياراتتى.

بۇ كىچىك مىكرو ئالەم ئاشۇ چوڭ ماكرو ئالەمگە ئۆز ئەينى ئوخشايدۇ، ئاللاھ، ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچى، ئاللاھدىن ئىبارەت رەھمانتائالانىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن دېگەن.

**116** خىلدىن ئارتۇق ئېلمېنت، ماددا ھەممىسى نۇر زەررىچىسىدۇر، مەيلى سۇ بولسۇن ياكى لاي ياكى تاش ياكى چالما ياكى رەخت بولسۇن، ياكى يۇڭ، پاختا ياكى ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسى نۇر زەررىچىسىدىن بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئانالىز قىلىپ، نەرسىلەرنى پارچىلاپ، بۇزۇپ، سىناپ كۆرۈڭ، خېمىيىلىك ئۇسۇلدا تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، بۇ بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، قۇرئان مۆجىزىسىگە دالالەت قىلىدۇ، ئاللاھ، ھەممە شەيئىنى جۈپ ياراتتۇق دېگەن ئايەت، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت دېگەن ئايەت بار، راستكەن، ھەتتا، ئاشۇ توك زەررىچىسىمۇ مىنۇس ـ پىلۇس، مۇسبەت ـ مەنفى بولۇپ، ئوت سىم، نۆل سىم بولۇپ ھەممىسى جۈپ ئىكەن، ئاللاھ، راست سۆزلىگۈچىدۇر، بۇ ئىلىم **14** ئەسىر بۇرۇنلا مۇشۇ سۈرىدە سۆزلەنگەن، بولۇپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بۇ مىسالدا سۆزلەنگەن.

بۇ سۈرىدىكى قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچقۇچى قۇشلار توغرىسىدا توختىلىمىز. قۇشلار تىلى ئۇلارنىڭ تەسبىھسى توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىدۇق، يەنىمۇ سۆزلەيمىز، بىز ئالدى بىلەن ھازىر، قۇشلار سەپىرى ئۈستىدە توختىلايلى.

بۇ جەھەتتە، قۇشلارنى ئىككى قىسمغا بۆلىمىز، بىرى، ئۆز جايىدىن يۆتكەلمەي شۇ بىر ماكاندا ياشاپ ئۆلىدىغىنى بولىدۇ. بۇلارمۇ بەك كۆپ، ئىككىنچى خىلى، سوغۇق، ئىسسىق ماكان تاللاپ ياشايدۇ، بىر نەچچە ئايدا بىر كۆچۈپ تۇرىدۇ، بىر يىلنى بىر جايدا ئۆتكۈزەلمەيدۇ.

ئاللاھ، مانا مۇشۇ ئىشنى بىزگە كۆرسىتىپ، نېئمىتىنى بىلدۈرمەكچى، تەتقىقاتنى باشلاتماقچى، سەپەرداش قۇشلار نەچچە مىڭ مىلنى بېسىپ ئۆتىدۇ، يولدىن ھەرگىز ئازمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، ھادى يېتەكلىگۈچى بار، بۇ قۇشلار يول، رىزىقى جەھەتتىن ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئاندىن كۈپايىچىگە ئېرىشىدۇ خالاس. بۇ قۇشلارمۇ بەزىسى قىشلىق، بەزىسى يازلىق سەپەر قىلىدۇ، بەزىسى ئىسسىق ھاۋادا ياشايدۇ، بۇلار سوغۇق چۈشكەندە ئىسسىق جاي ئىزدەپ سەپەر قىلىدۇ، بەزىسى سوغۇق جايدا ياشاپ، سوغۇق جاينى ئىزدەپ سەپەر قىلىدۇ. (سەپەردە يۇلتۇزلاردىن پايدىلىنىدۇ)

قۇشلار سەپىرىدە ئىككى قانىتىغىلا تايىنىدۇ، قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدا چىقىم كەتمەيدۇ، قۇشلار ئادەتتە ياخشى ئوزۇق، ساپ ھاۋا، ئىسسىق جاينى ياخشى كۆرۈپ، بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن سەپەر قىلىشىدۇ، بۇ ئىلمىنى ئۇلارغا ئاللاھلا بەرگەن، بۇلار ئاللاھنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئىنسانلار تىجارەت ئۈچۈن، ئىلىم ئۈچۈن، ساياھەت ئۈچۈن، جىھاد ئۈچۈن سەپەر قىلغاندەك، قۇشلارمۇ شۇنداق سەپەر قىلىدۇ. ئىنسانلار گاھ ياۋرۇپاغا، گاھ ئافرىقىغا، گاھ ئاسىياغا، ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ، بىر زېمىننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما، ھايۋانلار بۇ قۇشلار بولسا، پۈتۈن جايدىن ھەممىسى بىرلىشىپ ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ، ئالىملار شۇنى تەتقىق قىلغانكى، بەزى قۇشلار يەرشارىنى 17 سائەتتە ئايلىنىپ بولىدۇ، دېمەك، كۆچۈپ بارسا ياكى كەلسە، پەقەت بىر كۈنلا كېتىدىكەن، ئاللاھ نېمە دېگەن بۈيۈك ھە! بەزى قۇشلار بولۇپمۇ سىفنومىيا دېگەن قۇش، بىر سېكۇنتتىغا نەچچە مىڭ قېتىم قانات قاقىدىكەن، بەزى بىر مۇنۇتتا 2000 قېتىم قانات قاقىدىكەن، ئەگەر ئىنسانلارغا مۇشۇ قۇۋۋەت بېرىلسە، ئەتىگەنلىك تاماقنى نيۇيورۇكتا يەپ، كەچلىك ياكى چۈشلۈك تاماقنى بېيجىڭدا يەيدۇ، يەرشارىنى نەچچە سائەتتە بىر ئايلىنىپ چىقالايدۇ، ھەر يىلى ھەج قىلالايدۇ، ئەمما، ئىنسانلار بۇ ئىشقا ئاخىرى يەتتى، ئۇچار ئەسۋاب، ئۇسكۇنىلەر شۇ دەرىجىگە يەتتى، ئەمما، بۇلار ئاز شۈكرى قىلىدۇ، بەلكى، يوق. بىز بۇ قۇشلار سەپىرىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن ھەر خىل مېڭىش سۈرئىتىنى ئۆلچەپ چىقىمىز، بۇ ئەڭ تېز، يۇقىرى سۈرئەتتىكى ئۆلچەم، ئىنسان بەك تېز ماڭسا، سائەتتىگە 12 مىيل ماڭىدۇ، ئۇلاغلىق ماڭسا، 22 مىيل ماڭىدۇ. ئات 39 مىيل ماڭىدۇ. ۋېلىسىپىت 75 مىيل ماڭىدۇ، موتسىكلېت 112 مېيىل، پويىز سائەتتىگە 120 مېيىل ماڭىدۇ، بەلكى، تېز ئايروپىلان سائەتتىگە 288 مېيىل ماڭىدۇ، ئەمما، تېز سۈرئەتتە ماڭسا، بۇ باشقا، تېزلىك ئوخشاشمايدۇ. بۇمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا، نۇر تېزلىكىگە يېتىشى مۇمكىن، سۈرئەتتە ھازىر ھەممىدىن تېزرەكى نۇر، بۇ بىر سېكۇنتتا 300 مىڭ كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، توسالغۇ بولمىسا ۋاكىئومدا شۇنداق.

**ئاللاھ، ئاسماندەك، تاغدەك بۇلۇتتىن مۆلدۈر چۈشۈرىدۇ، ياكى تاغدەك مۆلدۈر چۈشۈرىدۇ** دېگەن ئايەت توغرىسىدا. بۇ ئايەت دېڭىز، ئوكيان، ھاۋارايى، ئاتموسفېرا، سۇ قۇرۇلۇش ئىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ توغرىسىدا، سۈرە رەئىدىدە ۋە ھەربىر شەيئى ئۆلچەملىك دېگەن ئايەتتە سۆزلىگەن ئىدۇق. ھەتتا بىز قارىنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئالتە تەرەپ ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. بۇ جايدا بولسا، ئوخشىمىغان بىر ھەقىقەتنى سۆزلەيمىز، بۇ ئايەتمۇ مۆجىزە بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ تەتقىقاتىنى ئۈچ پەسىل قىلىپ سۆزلەيمىز، بىرىنچى پەسىلدە، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىنى، ئىككىنچى پەسىلدە بولسا، يېڭى ئىلىم - پەن كەشپىياتچىلىرى بولغان، تەبىئىي - پەن ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىنى سۆزلەيمىز. ئاخىرىدا بولسا، ئىسلام ئالىمى، مۇستاپا بەگنىڭ ياۋرۇپالىق 250 ئالىم ئالدىدا بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى سۆپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان، ھەقىقەتنى سۆزلەيمىز، كېيىن بىز پۈتۈن يەرشارىغا ئومۇمى نەزەر سالىمىز. بىرىنچى پەسىلى، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەۋلىيا، شەيخ، دەبباغ بىلەن پەيلاسوف، ئالىم ئىبنى مۇبارەك، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويغان. كۆز قارىشى توغرىسىدا ئەڭ ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ كۆز قاراش، تەبىئىي - پەن ئالىملىرى ھازىر ئىسپاتلاپ چىققان ئىلىم - پەنگە ئوخشاشكەن، ئەمەلىيەتتە شەيخ دەبباغ، ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز، بۇ زاتقا مۇنداق نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئاللار قويۇلغان قار توغرىلىق مۆلدۈر توغرىلىق كۆز قاراش جاۋاب قانداق؟

قار ئۆز ئورنىدىلا ئاشۇنداق يېشىلىپ چۈشەمدۇ؟ چۈشۈش ئورنى نەدە؟ نېمىدىن چۈشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سوغۇققا خاس قىلىنىدى؟ نېمە ئۈچۈن تاغقا خاس كۆپ چۈشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىدە يالغۇز قار، بەزىدە يامغۇر بىلەن چۈشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سوغۇق تاغقا شۇنداق چۈشىدۇ، يايلاق، ئىسسىق جاي ئۇنداق ئەمەس؟ مانا مۇشۇنداق سوئاللار بۇ سوئاللارغا ھازىر بولسا، خىلمۇ - خىل جاۋاب بېرىلىپ، كىتابلار تۈزۈلدى، مەسىلەن:

**100** مىڭلىغان نىمە ئۈچۈن ۋاھاكازالار، تەبئىي ـ پەن ئالىملىرى خىلمۇ ـ خىل جاۋابلارنى بەردى، ئەمما، بۇ جاۋابلار يەنىلا ئاشۇ بۇرۇنقى ئالىملار جاۋابى بىلەن ئوخشاش چىقتى، بەزىسى پەرەز بولسا، خاتاسىنى شاللاپ تاشلايمىز خالاس.

ئىسلام ئالىملىرى بۇرۇنلا بۇ مەسىلىگە مۇنداق جاۋاب بەرگەن، ئەمەلىيەتتە ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەت، بۇ ئىلىمدىن پايدا ئېلىشنى خالىماي ئۆلار تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ئۇسۇل، ئىلىم ـ ھەدىسنى ئوقۇيدۇ، بۇلار ئىچىدىن ئەڭ داڭلىق مەشھۇر ئالىم سيومى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ھېچ بىر ئەسىردە ئېتىراز بىلدۈرمىدى، بۇ ئىلىمنى قوللىغان، ئەمما، قار، يامغۇر توغرىلىق، بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالمىغان، سەۋەبىنى يەشمىگەن، بەزى ئالىملار دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن پارلار سوغۇق قاتلامغا يەتسە، بۇلۇتقا ئايلىنىدۇ دېگەن، ئاندىن يامغۇر مۇشۇ سەۋەبدىن چۈشىدۇ دېگەن. ئەگەر سوغۇق، قاتتىق بولۇپ كەتسە، بولۇپمۇ يەرگە چۈشكىچە سوغۇق بولسا، قار ئېرىمەيلا چۈشىدۇ، ئىسسىق جايغا يولۇقسا يامغۇر بولىدۇ دېگەن. ئىبنى مۇبارەك بۇ توغرىسىدا سورىغاندا، شەيخ دەبباغ رەھمەھۇلل ئەلەي، مۇنداق جاۋاب بەرگەن، جەزمەن قارنى شامال ھاسىل قىلىدۇ. قار قىلىپ چۈشۈرىدۇ، بۇ كۆپىنچە دېڭىز سۈيىدىكى يامغۇردۇر. ھاۋادا، بوشلۇقتا، سوغۇق، بۇنى يۇڭدەك قىلىپ چۈشۈردۇ، مانا بۇ قارنىڭ ئەسلى دېگەن، مانا بۇ ھازىرمۇ شۇنداق ئىسپاتقا ئىگە بولدى، سۇ، شامال، سوغۇق قارنى ھاسىل قىلىدۇ، سەۋەبچىسى ئاللاھ.

ھازىرقى ئالىملار بۇنى ئايرۇپىلاندا سۈرەتكە ئالدى، سۈنئىي ھەمراھدا سۈرەتكە ئالدى، تېلېسكوپدا كۆزەتتى، مۇشۇ ئەمەلىي مۆجىزە بولۇپ قالدى، چۈنكى بۇ، قۇرئاندا ئاشۇ ئىسلام پەيلاسوفلىرى سۆزىدە نەق تېپىلدى، ئىشەنمىسىڭىز تەكشۈرۈپ، ماترىيالىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، سوغۇق جايلارغا خاس بولۇش توغرىسىدا مۇنداق جاۋاب بەرگەن، ئەگەر قار، سوغۇق جايدىن ئىسسىق جايغا، ئىسسىق شامالغا يولۇقسا، ئۇ چاغدا قارلىقى سۇنۇپ يامغۇر بولۇپ قالىدۇ، ئېرىپ كېتىدۇ، شۇڭا، سوغۇق جايدىلا ياغىدۇ، ئىسسىق جايدا بولسا، يامغۇر ياغىدۇ دىگە. ئەمما، قار، يامغۇر بىللە چۈشۈشىدە بولسا، ئىسسىق ـ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىغا يولۇقىدۇ، ئېرىگىنى يامغۇر بولسا، ئېرىمىگىنى قار پېتى چۈشىدۇ، ياكى شامال ئىككى خىل سۇنى كۆتۈرىدۇ، بىرسى قار بولسا، بىرسى يامغۇر بولۇپ چۈشىدۇ دېگەن. تاغلاردا تولا قار يېغىشى، سوغۇق كۆپ، ھەم ئېگىز، ئېرىگىچە چۈشۈپ بولىدۇ دېگەن.

يەنە مۇنداق سوئال قويۇلغان، تەپسىرشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ئاسماندا تاغ بارمۇ، شۇ تاغدىن ئاندىن بۇلۇت بولۇپ مۆلدۈر چۈشەمدۇ؟

ئۇنداق ئەمەس، ئاسمان، بۇ جايدا ئۈستۈڭلار شۇ، ھاۋا بوشلۇقى شۇ، بۇ تاغ بۇلۇت شۇ، بۇلۇتتىن دېڭىز يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ بولۇت ھاسلى بولغان مۆلدۈر تاغ شۇ دېگەن ئىدى. ھەممىنى شامال كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ يەنە پەسكە تاشلايدۇ دېگەن.

مانا ھازىر ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى مۇشۇنداق ئوخشاش جاۋاب بەرگەن، مۆلدۈر ھازىر ئىسپاتلىنىشىچە بەزىسى تۇگمىدەك، بەزىسى ئالمىدەك يەزىسى چوڭراق بولىدۇ، ئاق ياغىدۇ، سەۋەبى شامال، دېڭىز سۈيى سوغۇق دېگەن. بۇلار، بۇ شەيخنىڭ سۆزىگە ھەيران قالغان، بۇ كىشىدە بۇنداق ئىلغار ئۇسكۈنە بولمىسا، بۇ ئىلىمنى قانداق بىلگەن؟ بۇ بىر مۆجىزە، كارامەت بولۇپمۇ قۇرئان، بۇ ئايەتتە يامغۇر، بۇلۇت، قار مەسىلىسىنى، مۆلدۈر مەسىلىسىنى تەپسىلىي سۆزلىگەن، بۇنى ئالىملار ئەڭ ئىلغار ئۇسكۈنىدىن تېلېسكوپدىن پايدىلىنىپ سۈرەتكە ئېلىپ، ئاندىن چۈشەندۈرەلىگەن، ئىسلام ئالىملىرى بۇ ئايەتنى مۆجىزە قاتارىدا قويۇپ، قىلىم ئىشلىگەن.

مۆلدۈر ئەسلى قارغا ئوخشاش ئالتە بۇرجەك، گۈزەل قاتىدىكەن، ئاندىن ئېرىش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن يادروسى قالىدىكەن، يۇمىلاق ياكى ئۈچ قىرلىق بولۇپ قالىدىكەن، ئالىملار تەكشۈرۈپ ئالتە قىرنى، ئالتە بۇرجەكنى تاپقان، بۇنى پەقەت مۆلدۈر، قارنى، يامغۇرنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئوبدان بىلىدۇ. **1819** ـ يىللىرى فرانسىيىنىڭ غەربىدە **1869** ـ يىللىرى تېپلىس شەھىرىگە چۈشكەن مۆلدۈر سۈرىتى كۆرسىتىلدى، يادروسى، ئالتە بۇرجىكى بار، بۇمۇ ئۆلچەملىك چۈشىدىكەن، مۆلدۈر، ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولۇپ، ئەگەر خالىسا بىرەر چوڭ دۆلەتنى بىر نەچچە مىنۇتتىلا ھالاك قىلىۋېتىدۇ، بۇنىمۇ جايى، زامانى، ۋاقتى، مىقدارىنى ئۆلچەپ

چۈشۈرىدۇ، ھېسابسىز، تاساددىپىيلىق قەتئىي يوق.

**ئاللاھ، بۇلۇتنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئارىسىنى زىچلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى دۆۋە ـ دۆۋە تاغقا ئوخشاش قاتۇرىدۇ** دېگەن ئايەت بويىچە، ئۈچ خىل سۈرەت كەلتۈرۈلدى، ئاسماندىن يېنى تاغدىن مۆلدۈر چۈشۈرىدۇ دېگەن ئايەت بويىچە بۇلۇت تاغ شەكلىگە كىرىپ ئاندىن مۆلدۈر چۈشىدىكەن. مۆلدۈر يېغىش ئۈچۈن، ئاشۇ قانۇن لازىمكەن، بۇ ھەقىقەتنى 14 ئەسىر بۇرۇنلا قۇرئان سۆزلىگەن، ئەمما، بۇنى ھازىر ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنىدە كۆرگىلى بولۇۋاتىدۇ، تېخى نۇرغۇن، بىلىپ بولالمىغان مەسىلە بار، تاغدىن مۆلدۈر چۈشۈرىدۇ دىگىنى ھاۋادا، بوشلۇقتا يۈز بېرىدۇ، شەيخ دېگەندەك قار تاغ، مۇز تاغ ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن مۆلدۈر ياغىدۇ.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ ئىشنى بۇرۇن قانداق بىلگەن؟ بۇ بىر كارامەت بولۇپ، ھەقىقىي ئەۋلىيالارغا ئاللاھ بىلدۈرىدۇ، ھازىر بولسا، ئىلغار ئۈسكۈنىدە بىزمۇ بىلدۇق، ئەمما، بۇ باشقا، مېنىڭ ئەڭ ئېچىنىدىغىنىم شۇكى، مەن يېزىۋاتقان بۇ ھەقىقەت مۆجىزىلىرى، بۇندىن 80 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىلمى ھادىسىلەر، ئۇندىن كېيىنكى 80 يىل ئىچىدە قانداق تەرەققىياتلار يۈز بەردى، بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما، ھازىرقى كىشىلەر مۇشۇ سۆزنىمۇ چۈشىنىپ بىلەلمەيۋاتىدۇ، كېيىنكى 80 يىللىق ئىشلارنى ئەسلا بىلمەيدۇ، بەلكى، بۇ ھقىقەتنى بەزى ئىنسانلار يەنە 50 يىلدىن كېيىن بىلىشى مۇمكىن، بەلكى، بىلەلمەي ئۆلىدىغانلار خېلى كۆپ، بەزىسى ئىنكار قىلىدۇ خالاس. بىز مانا شۇنداق كەيىندە قالغان، بىر ئەسىر 100 يىلدىن كېيىن ۋە ئۆتكەنكى 80 يىل ئىچىدىكى ئىشلارنى كەلگۈسىدىكىلەر قانداق بىلەر؟ بۇ ھەقىقەتەن، ئېچىنىشلىق ئىشلاردىندۇر.

ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر ئاتا قىلغۇچى دېگەن بۇ ئايەتكە، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق تەپسىر قىلغان. قېنى بىز قاراپ باقايلى، زېمىنغا، يەرشارىغا قانداق نۇر ئاتا قىلىندى، نۇر دېگەن گۈزەللىك، ھاياتلىق، رەڭ دېگەن، مەنىلەرگە ئىگە. بىز ئاتموسفېرادىن قارايدىغان بولساق، يەرشارىدىكى يەتتە قىتئەگە قانداق نۇر، گۈزەللىك بېرىلدى، بۇنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

مەسىلەن: يەرشارىنىڭ ئۆسۈملۈك رايونلىرى، بۇ سۈرەت، جۇغراپىيىلىك خەرىتىسى بىلەن بىرگە تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ 56 ـ بەتتە كۆرسىتىلدى، شۇنداقلا يەرشارىنىڭ ھايۋانلار رايونىمۇ كۆرسىتىلدى، تەپسىلىي بولسا، مۇنداق، تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ 57 ـ بەتتە ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسى بىلەن كەلتۈرۈپ بۇ خەرىتە ئىچىگە شۇ جايغا ماسلاشقان ئۆسۈملۈك، ۋە ھايۋانلار بىلەن بىرگە كەلتۈرگەن، بىز بۇ خەرىتىنى كۆرۈپلا، ئافرىقىدا مۇنداق ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر بار ئىكەن دەپ بىلىۋالالايمىز. رەڭلىك سۈرىتى بولسا ياكى بۇ تەپسىر تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ رەڭلىك سۈرەت بىلەن يېزىلغىنى ياكى كومپيۇتېردىكىسى بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ئۇنداق بولمىغاندا بىز يەرشارىنى كۆزىتىشىمىز، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى بىلىشىمىز لازىم. 61 ـ بېتىدە بولسا، ياۋرۇپا قىتئەسىنىڭ خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن، ئىچىگە بولسا، شۇ جايغا ماس، مۇۋاپىق كەلگەن ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ئاتالغۇسى، نامىلىرى بىلەن بېرىلگەن، 63 ـ بېتىدە، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ خەرىتىسى، 65 ـ بەتتە بولسا، شىمالىي ئافرىقا خەرىتىسى، 67 ـ بەتتە بولسا، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكىلار خەرىتىسى، 68 ـ بەتتە بولسا، ئاۋستىرالىيىنىڭ خەرىستى، خەرىتە ئىچىدە ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر كەلتۈرۈلگەن.

كىتابنى نەشر قىلىش جەريانىدا بىزمۇ بۇ خەرىتىلەرنى بېرەلىسەك بەك ياخشى بولاتتى. ھەرقانداق كىشى بۇ خەرىتىلەرگە قاراپ، بۇ بەش قىتئەدە ياشايدىغان ھايۋان ۋە بۇ جايلاردىكى ئۆسۈملۈكلەردىن تولۇق خەۋەردا بولىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ زېمىنغا راستىنلا نۇر، گۈزەللىك بەرگىنىنى بىلىۋالىدۇ، نېمەتلەرنى تونۇپ، شۈكرى قىلىدۇ. ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ شۇنداق ئىدى. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، شۇ بەتلەرنىڭ ئارقىسىدا بۇ ھايۋانلار بىلەن ئۆسۈملۈكدىن تولۇق خەۋەر بەرگەن، بىز بۇ مەسىلىنى سىلەرگە تاپشۇردۇق. بۇ توغرىسىدا ماتېرىيال كۆپ، كۆرۈۋېلىڭلار.

ھايۋانات ھاياتلىق تۈرى نەچچە مىليوندىن، ئۆسۈملۈك نەچچە يۈزمىڭدىن ئېشىپ كەتتى، ئاللاھ، يەنىلا خالىغىنىنى قىلىۋاتىدۇ، بىز بىلمىگەننى يارىتىۋاتىدۇ، چۈنكى، ئۇ زات، ھېرىپ قالمايدۇ، ھەربىر ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكتە چوقۇم ھېكمەت بار، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئەلۋەتتە، ھەممىسى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن، زېمىنغا نۇر، گۈزەللىك بېرىلدى، شۇنداقلا نۇر، ھارارەت، ئېنېرگىيە بېرىلدى. بۇرۇن

بىرىلمىگەن قىززىقلىق ئېنىرگىيلەر، يەنىلا يەرشارىدىن، جۇملىدىن كۆمۈردىن، نېفىتتىن، شامالدىن، تۆمۈر، مىسدىن ئېلىنىپ يەنىلا يەرشارىغا بېرىلدى، قۇياشتىن ئېلىنىپ بېرىلدى. ھەقىقەتەن بۇ ئىلمنى بۇ تەرەققىياتنى ئاللاھ ياراتتى، ئىنسانلارغا ئىلھام قىلدى، ئەقىل بەردى، شارائىتنى يارىتىپ بەردى، ئاندىن، ئىنسانلار كەسىپ قىلىپ، مەنپەئەتلەندى، مانا بۇ ئەھۋاللار ھەتتا نۇر ئىلمى، لازىر نۇرى ۋە نۇر ئىلمى بىلەن ياسالغان، يەنىلا نۇر دىسكا بىلەن ئىشلەيدىغان نۇر توك بىلەن راۋاج تاپىدىغان، كومپيۇتېرمۇ مۇشۇ ئايەت ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ خالاس.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ھايۋانلار دۇنياسىدىن ۋە ئۆسۈملۈك دۇنياسىدىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە سىرلىق، قىزىقارلىق ئىشلارغا دائىر بىر نەچچە مىسال كەلتۈرگەن، بىز بۇنىڭدىن بىر نەچچىنى يېزىپ قويىمىز.

بەلكى، بۇ ئىشلار بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزىرىمىز كەڭرىتىپ، كۆزقۇتىشىمىزنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق ئويلايدىغان قىلىشى مۇمكىن، ئىنشائاللا.

## يېشىل ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا

گۈللەر پادىشاھى دېگەن نام بېرىلگەن بىر گۈل بولۇپ، ئىسمى ناپرىسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ گۈلنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىر ئەللىك سانتا، ئېغىرلىقى يەتتە كىلوگرام، رەڭگى قىزىل ئەلۋەتتە، بۇ قۇياش نۇرىدىن كەلگەن رەڭ، پۈتۈن گۈللەر شۇنداق، بۇ گۈل بىر ئايدا ئاران ئېچىلىپ بولىدىيۇ، ئەمما، ئۈچ كۈندىلا توزۇيدۇ، مانا بۇ دۇنيانىڭ مىسالى، بۇ مىسال قۇرئاندا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ گۈل، شۇنداقلا باشقا گۈللەر، ھاشارەتلەر ئارقىلىق چاڭلىشىدۇ، ئەركەك - چىشىسى چېچەكتە بولىدۇ. ھېسابلاشلارغا قارىغاندا، دۇنيادا چېچەكلەيدىغان ئۆسۈملۈكلا **300** مىڭ خىلدىن ئاشىدىكەن، بۇ گۈل، ئۇزۇم ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، يىلتىزى يوق، غولى، يوپۇرمىقى يوق، بىر تاللا گۈل ئېچىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

تانزانىيىنىڭ بەزى رايۇنلىرىدا مۇجۇيىخۇۋا ئىسىملىك بىر گۈل بولۇپ، بۇ گۈل بىلەن ئۈيقۇ دورىسى ياسىلىدىكەن، بۇرۇنقىلار بۇ گۈلنى يېمەكلىككە ئارىلاشتۇرۇپ ئۆۋلىغان، ئافرىقىنىڭ شىمالىي رايۇنىدا بىر گۈل تېپىلغان بولۇپ، **100** يىل ياشىيالايدىكەن، يىل بويى ياپيېشىل تۇرىدىكەن، قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇندىن قورقماي بىر خىللا تۇرىدىكەن، بۇ بىزگە جەننەتنى ئەسلىتىدۇ، ماگنولىيىدە بىر گۈل بولۇپ، **100** كۈندە ئۈچ قېتىم ئېچىلىدۇ، ھەر بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت گۈلى بولىدۇ، بۇنى ماتېرىيالدىن كۆرۈڭ، ھىندونوزىيىدە بىر گۈل بولۇپ، ھۆپپىدە ئېچىلىش بىلەن يانار تاغدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىكەن، كىشىلەر بۇ بالادىن ئامان قالىدىكەن، بۇ سىگنال گۈلى دەپ تونۇلغان، ھەرقانداق گۈل ۋە ئۆسۈملۈكلەر، ئىسسىق - سوغۇقنى ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاش سېزەلەيدۇ، بەزى گۈل ياكى ئۆسۈملۈكدە ئۆخلاتقىلى، زەھەرلىگىلى بولسا، بەزى گۈل ياكى ئۆسۈملۈكتە كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ. بەزىسىدە ھېسسىياتنى قوزغىسا، بەزىدە ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. بىزىسى خۇشپۇراق بۇرىسا، بەزىسى سېسىق، ئاچچىق پۇرايدۇ، ھەممىنى بىر تۇپراق بېرىدۇ، بىر قۇياشىدىن پايدا ئالىدۇ، بۇ قۇدرەتنى ھەقىقىي قەلبى ئويغاق ئالىملار بىلىۋالىدۇ، قەلبى ئەما، كىشىلەر چۆكۈپ كەتكەن كېمە، قىرغاقتا چىقالمىغاندەك، مەڭگۈ مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ.

گىرمانىيىدە تىكەنسىز بىر ئەتىرگۈل تېپىلغان، بۇ خۇددى پىتنە دۇنياسى بولغان، ئايالللار ئىچىدىن رابىيە بەسرىدەك، بىر ئايال ئەۋلىيا چىققانغا ئوخشاش ئىشتۇر، ئافرىقىدىكى كىگالى دېگەن جايدا، بىر دەرەخ بولۇپ، شامال چىققاندا ئادەمدەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ قوڭغۇراقتا ئوخشاش مېۋىسىدە بولۇپ، ئىچىدە ئۇششاق دانچىلار ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىكەن، ھىندىستاندا بىر دەرەخ بولۇپ، ئۆزى توكلۇك ئىكەن، ئەگەر بىرەرسى بۇ دەرەخ يېنىدىن ئۆتۈپ، تۇتۇپ سالسا، توك تېپىدىكەن، ئالىملار تەكشۈرسە بۇ دەرەخ توك ساقلاش ۋە توكنى چىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەن، مېھرىبان ئاللاھ توك ئىلمىنى ئىنسانلارغا ھەر خىل يول بىلەن ئۆگىتىپ، ھەتتا دەرەخكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۆسۈملۈككە قاراڭلار دەپ خىتاپ قىلسا، بىز ئۇخلاپ ئۆتتۇق، تا ھازىرمۇ ئۇخلاۋاتىمىز، بىرازىلىيە، ئاۋستىرالىيىلەردە بىر خىل دەرەخ

بولۇپ، بۇنىڭ مۇنىسى ۋە غولى نەچچە تونىنا سۇنى ساقلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەرەخ چۆلگە جايلاشقان بولۇپ، مۇساپىرلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئالىملار تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن دەرەخنىڭ نېفىت ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى بىلدى، ئاللاھ، ئاجايىپ مېھرىبان زاتتۇر.

بسم الله الرحمن الرحيم

الله... الله... الله... دېگىنە،
ئالاي دىسەڭ سىرلىق ئىلىم قېشىمغا كەلگىنە.
بەرسەم ساڭا سىرلىق ئىلىم، چىن دىلىڭدىن كۈلگىنە،
ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلايلى بىز يۈرگىنە.
ئالەمدىكى سىرلارنى بىر - بىرلەپ كۆرگىنە،
بارچە ئالەملەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكىنە.
ئېلىپ قولۇڭغا ئېلېكتىرونلۇق ئىلغار ئۈسكۈنە،
مەقسەت ھەقىقىي مەشۇق ئاللاھنىلا سۆيگىنە.
ئاللاھنىلا سۆيەلىسەڭ، قەلبىڭدىن باشقىنى قويغىنە،
سەن نېمە ئۈچۈن ئاللاھقىلا ئاشىق بولالمايسەن.
قەلبىڭدىكىنى ماڭا بىر دېگىنە؟ بىر دېگىنە؟،
سەن بۇ دۇنيادىن ھەقىقىي ئىنساندەك كېتەي دېسەڭ.
مەجازى ئىشقىنى قويۇپ، ئىلاھىي ئىشقىنىڭ غېمىنى يېگىنە،
ئىشقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بۇنى ئوبدان بىلگىنە.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئى ئاللاھ، ئۆزۈڭگە ئاشىق قىلى دىگىنە،
ئەي نادان ئىنسان ھەممىدىن ۋاز كېچىپ بۇ يولغا كىرگىنە.
گەرچە بۇ دۇنيادا زىيان تارتساڭمۇ سۆزۈمگە كىرگىنە،
بۇ زىيان زىيان ئەمەس، دەرت - ئەلەمگە كۈلگىنە.
خوش! ئەمىسە، بىز سەپىرىمىزنى باشلايلى يۈرگىنە،
ھەقىقىي مۇراد - مەقسەت ئاخىرەتتە بۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنە.
بۇ بىر مەيدان مۇسابىقىدە چوقۇم ئۇتۇپ چىققىنە،
بۇ دۇنيادا نەپسىڭ ئالدىراتسىمۇ ئاخىرەتنى كۈتكىنە.

## سۈرە فۇرقان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

**بۇ سۈرىدىكى مۇنۇ ئايەت توغرىسىدا ۋەخەلەقە كۇللى شەيئىن فەقەددەرەھۇ تەقدىيرا تەرجىمىسى ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتتى، ھەربىر شەيئىگە ئالاھىدە تەقدىر ئورۇنلاشتۇردى دېگەن.**

بۇ ئايەتكە قارىغاندا، مەيلى چوڭ مەيلى كىچىك، مەيلى كاتتا، مەيلى چۈپەي، مەيلى پاكىز مەيلى نىجىس، ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ئۆزى ياراتتى، ئاللاھدىن باشقا بىرەر خالىق يوق ئەلۋەتتە، بەندىلەر قىلىقىنىمۇ

ئىشلىرىنىمۇ ئاللاھ ياراتتى، بەندىلەر كەسىپ قىلىدۇ خالاس.

چۈنكى، بۇ ئىشلارمۇ كۆللى شەيئىگە كىرىدۇ، ئەڭ چوڭى، ئەرش، **70** نۇر پەردىدىن تارتىپ ئەڭ كىچىكى ھۈجەيرە، ۋىرۇس، مىكرۇپ ۋە زەررىچىلەردىن تارتىپ ھەممىنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ ياراتتى،تەقدىر بەلگىلىدى، يېتەكلىدى، ھەر نەرسىگە ئۆزىگە لايىق ھېكمەت ئورۇنلاشتۇردى، ئىبادەتنىڭ ھېكمىتىنى سۈرۈشتە قىلماي مۇتلەق بويسۇنۇپ، قىلغان بىلەن كائىناتنىڭ ھېكمىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكى، ھېكمىتى، رەھمىتىنى تونۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بىزگە مەن ھەكىيم دېگەن، تەپەككۇر، ئەقىل، تەدبىر، نەزەرنى ۋاجىپ قىلدى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ۋاجىبنى ئورۇنداش ئۈچۈن يېزىغا پىيادە چىقىدۇ، ئۇ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆمۈچۈك بىلەن ھەسەل ھەرىسىنى كۆرۈپتۇپ، مۇنداق دېگەن. ئىنسانلار بىنا، قورۇلۇش سالمىغان بۇ جايدا ئۆمۈچۈك، بىناكارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇ مېنى ھەيران قالدۇردى، تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، مۇشۇ جايدىمۇ ئۆمۈچۈك، چۈشىنەلەرنى ئۇۋلايدۇ، بۇنىڭ، پەقەت سەككىز پۇتى، **6** جۈپ كۆزى بار ئىكەن، چېۋىنده بولسا، قانات **4000** كۆز بار. چېۋىن تورغا چۈشكەن ھامان، ئۇ دەرھال تورنى ئۇنىڭ بېشىغا يۆگەيدۇ، ئاندىن زەھەرلەيدۇ، ئۆزى ۋە باللىرىغا ئوزۇق راستلاپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالار ئوقۇپ، خاتىرجەم ئارام ئالىدۇ، (تەنتاۋى جەۋھەرلىرى **149** ـ بەتتە ئۆمۈچۈكنىڭ تور يېپىنى، ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئەزاسى كۆرسىتىلگەن) بۇ ئەزا مىكرۇسكوپ ئارقىلىق ئىنتايىن چوڭايتىلغان، بۇنداق كۆرۈنۈشنى ۋە بۇ ئىشلارنى سىنئالغۇ فىلىملىرىدىن كۆرسەك تېخىمۇ رۇشەن، تەپسىلىي بولىدىكەن، شۇنداقلا، بۇ بەتتە، ھەسەل ھەرىسىنىڭ مىكرۇسكوپ بىلەن چوڭايتىلغان نەشتىرىنىڭ سۈرىتىمۇ بار، بۇ خۇددى بىر قاپاق ئوتتۇرى بوغۇقلۇق نەشتەر ئۈچى ئۇچلۇق، بۇ، ھاشارەت، ئۇسۇملۇك ۋە چېچەكلەرنى ئىستېمال قىلىپ، بىزگە ھەسەل ئىشلەپ چىقىرىدۇ، بۇ بىزگە مەلۇم، بۇنىڭ بىناكارلىقنى، كۆنەك ئەھۋالىنى بىز سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇ جايدا پەقەت بىر نەچچە ئىشلار سۆزلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئىككى ھايۋاندىكى سانائەت، ھەرقانداق سانائەت، پايدىنى كەلتۈرۈش، زىياندىن قېچىش، مۇداپىئە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئىنسانلار سانائىتىمۇ شۇنداق، بۇ ئىككى ھايۋاندىكى پايدىلىق سانائەت، تور توقۇش، ھەسەل چىقىرىش، ئوزۇق ئېلىش، ھايات كەچۈرۈش، نەسىل قالدۇرۇش، زەرەردىن ساقلىنىش بولسا، زەھەرلەش، مەس قىلىش، قوغدىنىش ۋاھاكازالار.

(تەنتاۋى جەۋھەرلىرى **150** ـ بەتتە) ئۆمۈچۈك سۈرىتى بولۇپ، بۇ ئۆمۈچۈك بېشىدا ئىككى تال نەشتەر بار، چاقسا ھەر ئىككىلىسى بىلەن چاقىدۇ، بۇ نەپ ئېلىش خالاس، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر چوڭ نەشتەر بولۇپ، زەھەرنى مۇشۇ نەشتەر چىقىرىدۇ، بۇ ھايۋانلاردىمۇ ئالاھىدە ئەقىل، پەم ـ پاراسەت، نىيەت، مىڭە ھۈجەيرىسى بار، سېزىم بار، مېڭىش، تۇرۇش، كۆرۈش بار، ئوزۇق يولى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنى، ئايرىم زەھەر ئامبىرى ئايرىم، ھەر قايسىنىڭ نەيچىسى ئايرىم نەشتىرى ئايرىم پايدا مەنپەئەت قوغلىشىش، زىياندىن قېچىش بار، بۇلارنىمۇ ئاللاھ ھېكمەت بىلەن يارىتىپ بىزگە كۆرسەتتى.

بۇ ئىككى جانلىقنى سۆزلەش بىلەن بىرگە بىر ھېكمەتنى سۆزلەپ ئۆتىمىز، ئىنسان، سانائەتنى زاۋۇتتا بۇلۇۋاتىدۇ، بۇ ئۆمۈچۈك، سانائىتى بولسا، ئۆز ۋۇجۇدىدا بولىدى، بۇ ئۆمۈچۈك تور تاشلاش، توقۇمىچىلىق قىلىش ئارقىلىق چىۋىننى ئوۋلاپ، باشقا ھەرخىل ھاشارەتنى قۇل قىلدى، خۇددى شۇنىڭدەك ئىلغار سانائەتكە ئىگە دۆلەتلەر بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ۋە باشقا ھەرخىل سانائەتكە ئىگە دۆلەتلەر بىلمىگە ئىگە دۆلەتلەر، باشقىلىرنى قۇل قىلماقتا، قېنىنى شورىماقتا، چۈنكى، سانائەت بار، تور بار، ئىلىم كۈچ بار ـ دە!

قېرىنداشلار بۇنداق ھېكمەتلەر بەك كۆپ، يالغۇز بۇ ئىككى ھايۋان بىلەن توختاپ قالماي، پۈتۈن دۇنيانى، ھايۋان، ھاشارەت، ئۇسۇملۇكنى تەتقىق قىلايلى، چۈنكى، ئاللاھ، ھەممە نەرسىنى ئۆزى ھېكمەت بىلەن بىزگە پايدىلىق قىلىپ ياراتتى، ئاندىن بىزگە نۇرغۇن ئايەت بىلەن قاراڭلار، كۆرۈڭلار، ساياھەت قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىڭلار دېگەن، بىز قارىغىلى ئۇنىمساق، كۆپ جايدا تاپا قىلغان، كايىغاندۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەممە نەرسە بىزگە بويسۇندۇرۇلغان، ئەتراپىمىزدا ئەگىشىپ يۈرىيدۇ، خۇددى مېنى كۆر، قۇرئانغا ئەمەل قىل دېگەندەك.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنە مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئىككى خىل كىتابى بار، بىرى ئاسماندىن

چۈشكەن ۋەھى بىلەن پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن ساماۋى كىتاب، بۇ كىتابنى ئىنسانلار ئۆز تىلى، ئۆز ئەقلى ـ قابىلىيىتى بىلەن ھەرخىل چۈشەندى، ھەقىقىتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئىككىنچى كىتابى بولسا، ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، رەڭگارەڭ، گۈزەل دۇنيا، ھەممە تىلدا سۆزلەيدىغان، رەڭلىك كىتاب بولغان مۇشۇ ئالەم، بۇنى كۆز كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدۇ، خالىقىغا ئىشىنەلەيدۇ، ساماۋى كىتابدا كىنايە، مەجاز، ئىجاز بولسا، بۇ رەڭلىك كىتاب ھەممىسى ئوچۇق، چۈشىنىش ئاسان، ھەممىسى ئامال يوق تەسلىم بولىدۇ. بىز ئامال بار بۇ ئىككى كىتابنى بىر ـ بىرىگە زىتلاشتۇرماي، تەتبىقلاپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئوقۇشىمىز لازىم. بۇ سۆزنى سەييد قۇتۇب رەھمەھۇللاھ ئەلەي ئۆز تەپسىرىدە كۆپ تىلغا ئالغان. راست، بىز قۇرئان، ھەدىسنى ھەر زامان، ھەر ماكان كائىناتقا تەتبىقلاپ ئوقۇشىمىز، بۇ ئىككى كىتابنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھرىبان ئاللاھ، ساماۋى كىتابدا بۇ ئالەمدىن ئىبارەت رەڭلىك، كۆپ تىللىق كىتابقا قاراشقا بۇيرىغان.

بىز، ئايەت تېمىسىغا قايتساق، بۇ ئايەتتە، بىز، ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن شەيئىگە قاراشقا ئاشۇ تەقدىر مەسىلىسىنى يېتەكلەش مەسىلىسىنى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، يېزا، شەھەر، ئاسمان ـ زېمىن ھەممە نەرسىگە قارايمىز، بىز يۇقىرىدا ئىككى ھاشارەتنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ، بۇلارغا زىياندىن قاچىدىغان پايدىنى قولغا كەلتۈرىدىغان قىلىپ ياراتقىنىنى كۆردۇق، ئەمدى بىز دېڭىزغا شۇڭغۇپ بىر تال بېلىقنى كۆرۈپ باقمىز، ئاللاھ بۇ بېلىققا توك ساقلاش، توك ھاسىل قىلىش، ئۇ توكنى ئىستېمال قىلىش ئىقتىدارىنى بەرگەن، بۇ بېلىق، بۇ توكنى ئىستېمال قىلىپ دۈشمىنىنى يېڭىدۇ، زىياندىن ساقلىنىدۇ ياكى قاچىدۇ، بۇ توكنى ئىستېمال قىلىپ ئوۋ ئوۋلىيالايدۇ، جان باقىدۇ، خۇددى ئىنسانلار كېمىدە ئوۋچىلىق قىلىپ پايدا ئالغان ۋە زىياندىن، قورال، كېمە ئارقىلىق قاچقاندەك، ئاللاھنىڭ يارىتىشى ئوخشاپ كېتىدۇ، (تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ 153 ـ 154 ـ بەتلىرىدە بىرازلىيە ۋە كومگودىكى توك بېلىقنىڭ كۆرۈنۈشى بار.) مانا بۇ بېلىق ۋە بەزى ھايۋانلار ئۆسۈملۈكلەر، ئىنسانلارغا توك ھاسىل قىلىش، ئۇنى ساقلاش، ئېھتىياجىغا قارىتا يەنە چىقىرىش، ئىستېمال قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. راستىنلا ھەممە شەيئىنى ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن يارىتىپ، بىزگە ئۈلگە قىلغان. ھەر تۈرلۈك پايدىلارنى يارىتىپ بەرگەن، ئاخىرىدا ھەممە نېمەتلەردىن ھېساب ئالىدۇ، ئى ئاللاھ، بىزنى بولغاندا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلار قاتارىدىن قىلغىن، ھېچ بولمىغاندا ئاسان ھېساب بېرىدىغانلاردىن قىلغىن، ئامىن!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەت دائىرىسىگە مۇنداق بىر مەسىلىنىمۇ كەلتۈرگەن، ئاللاھ ھەممىنى ياراتتى، مۆجىزىلىك پەيغەمبەرنى، كارامەتلىك ئەۋلىيالارنى شۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلالايدىغان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان، پاسىق، دەججاللارنىمۇ، كىشىلەرنى سىناش ئۈچۈن ياراتتى، ئەمما، كىشىلەر ھازىر قايمۇقۇپ، ھەيران قېلىپ، ئېزىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشىنىۋالاي دېسىڭىز كىتابۇلئەرۋاھ دېگەن كىتابىمنى ئوقۇڭ، شۇنداقتىمۇ ئاز تولا چۈشەنچە بېرەي، ئەۋلىيالار كارامىتى ھەق، بۇ، ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ھەق ئىش، ھېكمىتىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما، بۇلار ئاللاھنىلا بىلىدۇ، ئاخىرەتنىلا كۆزلەيدۇ، دۇنياپەرەس ئەمەس، كىشىلەرنى ئازدۇرمايدۇ، كىتاب، سۈننەتتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ.

ئەمما، بۇ يەردە بىزنى ئېلىشتۇرۇۋاتقان، بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئەۋلىيالار، بەلكى، پاسىق كىشىلەر، قارىساق ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرى بار، كارامىتى با، ئەمما، ئۆزى كىتاب، سۈننەتكە زىت، ھەقىقىي مۆئمىن ئەمەس. بىز بۇنىڭغا ھەيران قالمايلى، چۈنكى، ئاللاھ، ئىتىدراج ئارقىلىق پاسىق كىشىلەرگىمۇ كارامەت، ھەرخىل ئىشلار بېرىلىشنى ئۇقتۇرغان، بۇ بىر ئىستىدراج، تەدرىجىي بابلاش، دۇنيادىن قۇرۇق قول چىقىرىش، ئاخىرىدا دوزاختا كۆيدۇرۈش، مەسىلەن: شەيتان بۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلىرى بار، قىيامەتكىچە ئۆلمەسلىك، قان ـ تومۇرلاردا مېڭىش، ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنىشىدە خىيالىمىزغا، قەلبىمىزگە كىرىپ بىزنى ئازدۇرۇش، ۋەسۋەسە ۋاھاكازالار.

دەججال، ئىبنى سەييياد، كاھىنلار بۇلارنىڭ ھەممىسى، پەرىشتە، پەيغەمبەر، سالىھ، مۆئمىن، مۇتتەقى، ئەۋلىيالارغا زىت قارىمۇقارشىدۇر. مانا بۇ جەڭگاھ مانا بۇ سىنىپى كۆرەش، بۇ بىر مەيدان سىناق، مۇسابىقە مەيدانى، ئاقىۋەت مۇتتەقىيلەرنىڭ بولغاچقا، ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ.

سلەرگە بىر نەچچە مىسال قىلىپ بېرەي، مەسىلەن: ھۆپۈپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مەن، سەن

بىلمىگەننى بىلىپ كەلدىم، دېدى. راستىنلا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى بىلمىدى، غەيبنى بىلمىدى، سىلەرچە ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەلمۇ؟ ھەتتا، رەسۇلۇللاھ بەزىدە غەيبنى بىلمىدى، پەقەت ئاللاھ بىلدۈرگەننى بىلدى، ئىبنى سەيياد بولسا، رەسۇلۇللاھ، قەلبىدە يوشۇرغاننى بىلىۋالغان، دوخ دەپ دۇخاننى بىلگەن، بۇ ئىش ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بىلدۈرەمدۇ؟

خىزىر، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلمىگەن ئىشلارنى بىلدى، بۇمۇ خىزىر، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەل دېگەنى بىلدۈرەمدۇ؟

ئاللاھ، ئۆمۈچۈككە، تور توقۇش، توقۇمىچىلىقنى ئۆگەتتى، سانائەت بەردى، بۇ ئىش ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئەۋزەللىكىنى، پاكلىقىنى، ھالاللىقنى بىلدۈرەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەربىر ئىشنى ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىرەرسى ھاۋادا ئۇچسىمۇ، سۇ يۈزىدە ماڭسىمۇ، غەيبدىن خەۋەر بەرسىمۇ، قۇرئان، كىتاب، ھەدىس، سۈننەتكە زىت، مۇخالىپ بولىدىكەن، ئاللاھقا تاپشۇرۇپ كارىمىز بولمىسۇن، جايىدا قويايلى.

ھەقىقى، راستچىل، مۇتتەقى، ئاللاھ، ئاخىرەتنى كۆزلىسە، پۈچەك دۇنيادىن ئۆزىنى پاك تۇتسا، ئىلغار خىزمەت قىلسا، ياخشى ئۈلگە بولالىسا، كىتاب، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولسا، قەلبىمىز خاتىرجەم بولسا، بىز، مانا مۇشۇنداق دىنى داھى، رەھبەرگە ئەگىشەيلى، بىزنى ھەرخىل ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار، سانائەتلەر، ئىلىم، بىلىملەر ھەيران قالدۇرمىسۇن. ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت، بىز ھەقنى كۆزلىسەك، چوقۇم ئازمايمىز، ئاللاھ، توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، قۇرئان، بىردىنبىر ھەقىقەت شۇ، بۇ ھەقىقەتتىن قالسا، ئازغۇنلۇقدىن باشقا نېمە بار؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز توغرىسىنى خاتاسىغا قاراپ خاتاغا چىقارماسلىقىمىز، خاتاسىنى توغرا ئىشلىرىغا قاراپ توغرىكەن دەپ كەتمەسلىكىمىز. بەلكى، توغرىنى توغرا، خاتاسىنى خاتا دەپ توغرىسىنى تاللاپ، خاتاسىنى شاللاپ، ھەقىقەتچى بولايلى، ئاللاھ، ھەقىقەتچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەممە ئىشلارغا، ئەمەللەرگە بىلىم، سانائەت، تەرەققىياتلارغا قۇرئان كۇپايە، بىز ئۇنىڭدىن باشقا بىر يول ئىزدىمەيلى، ئاۋارە بولۇشدىن سىرت ئېزىپ كېتىمىز. ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتتى، دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا، دەرھال، زېھنىمىزگە چاشقان كېلىدۇ، چۈنكى، بۇنىڭ زىيىنى كۆپ، بۇنىڭ يارىلىشىدا نېمە ھېكمەت بار؟

بۇ، ئاللاھنىڭ ئىلغار قوشۇنى بولۇپ، ئىنسانلارنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلار بېخىل بولماي، تاپقىنىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇلار خەتەر ئىچىدە تۇرسا، كۆپ تەرەققىي قىلىدۇ، ھەرخىل مۇداپىئە سىستېمىسىنى بىلىدۇ. ئاللاھقا مۇتلەق بويسۇنىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ھېكمەت، ئاللاھقا خاس، شۇنىڭ ئۈچۈن مۈشۈكنى، مۈشۈكياپىلاقنى ۋە ئۇندىن باشقا چاشقاننى ئىستېمال قىلىدىغان جانلىقلارنى ياراتتى، چاشقان، ئىنسانلار ھاياتىدىكى مۇھىم تەتقىقات، كۆزۈتۈش، تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش ئورنى، شۇنداقلا، ھالاك قىلغۇچى قوشۇن، ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، چاشقان ئاپىتى بىلەن پۈتۈن ھاياتلىقنى ئاخىرلاشتۇرالايدۇ. چاشقان پۈتۈن يەرشارىدا بار مەخلۇق، بۇ، ئىنسانلارغا ھەمرا بولۇپ كەلدى، ھەرخىل تۈرلۈك ـ تۈرلۈك زىيان، ئاپەتلەرنى سالدى، بۇ چاشقان، ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ، ئۈچ ئايلىق بولۇپلا ھاملدار بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ھاملدار ۋاقتى **21** كۈن، بۇ تۇغۇپ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىنلا چاڭلىشىدۇ، تۇغۇلۇشىدا تۈكسىز، يالىڭاچ تۇغۇلىدۇ، گاس، ئەما تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ ھالەتتە يەتتە ھەپتە تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن چوڭ بولۇشىغا، ئەزاسى ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ، ھەربىر چىشى چاشقان بىر يىلدا بەش قېتىمدىن كۆپ ھاملدار بولىدۇ. ھەربىر ھاملدار بولغاندا ئالتىدىن توققۇزغىچە تۇغىدۇ، بەزىسى **20**نىمۇ تۇغىدۇ، ئوزۇق ياخشى بولسا، ھاۋا ـ كېلىمات ماسلاشسا، بۇنىڭ كۆپىيىشى تېز بولىدۇ.

چاشقان كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، كۈندۈزى ئامال بولمىسا ھەرىكەت قىلىدۇ، كۆپىنچە ئۇخلايدۇ، بۇنىڭ كېچىدە كۆرۈش قابىلىيىتى يۇقىرى، بۇ ئوزۇقلارنى ئۇۋا ئىچىگە توپلايدۇ، ئۇۋىسىنى ئامال بار، ئوزۇق بار جايغا كولايدۇ، بەزىسى تەجرىبىلىكلىرى، يىراققا ئۇۋا كولاپ ئوزۇق ئاپىرىدۇ، باھاردا، كۈزدە، قىشتا، يازدا ئۇۋا ئالماشتۇرىدۇ، ئوزۇقى قالمىغاندا بۇ گۆشخور بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا كىچىكلىرىنى ياكى ئۆلگەنلىرىنى ئۆزئارا يەۋېتىدۇ، بەزىدە يوغان چاشقان، ئىنسانلارغا، بالىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ياكى ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنى ئاچارچىلىق غالجىرلاشتۇردى. بۇ، بەزى ھايۋانلارنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرىدۇ، تۇخۇمىنى ئۆۋلايدۇ،

بۇنىڭ يېمەيدىغىنى ئاز، ئۇ بەزىدە توخۇ تۇخۇمىنى ئوغۇرلاپ يەيدۇ، بۇ چاشقاننىڭ سالغان زىيىنىنى ھېسابلاپ چىقىش ئاسان، بىر دانە چاشقاننىڭ كۈندە يەيدىغىنى ئۇندىن سىرىت ئىسراپ قىلىش، بۇزۇپ - چېچىشى، زاپاس ساقلىشىنى ھېسابلاپ ئاندىن چوڭ بىر دۆلەتتە **15** مىليوندىن ئارتۇق چاشقان بار دەپ پەرەز قىلساق، بۇنىڭ سالىدىغان زىيىنى بىر يىلدا ئىككى مىليون دوللاردىن ئاشىدۇ، ئۇندىن سىرت بۇ تۇرالغۇ جايلارنى بۇزىدۇ، ھەر ئىگىز بىنالار ئۆرۈلىدۇ، بەزىدە ئوت كېتىشكە سەۋەبچى بولىدۇ، ئەڭ خەتەرلىكى ۋابا كېسىلى، يۇقۇملۇق كېسەل، كۆپىنچە چاشقاندىن كېلىپ چىقىدۇ، بولۇپمۇ چاشقاندىن چىققان بۈرگە چاقسا، كېسەل بولماي قالمايدۇ، ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللەر مۇشۇ نىجىس سەۋەبىدىن بولىدۇ، شۇڭا، ئالىملار چاشقاننى بولۇپمۇ ئاق چاشقاننى تەتقىق قىلماقتا، بۇنىڭدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كېسەلنىڭ، زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى، ھەرخىل دورا ياساپ چىقتى، بولۇپمۇ ئاق چاشقاننى تاماكىدا زەھەرلەپ ئۆلگەننى كۆرسىتىپ تاماكا ھارام دېگەن ھۆكۈمنى ئەمەلىي كۆرسەتتى، پۈتۈن خەلق بۇ تەجرىبىنى كۆردى، ئەگەر چاشقان بولمىسا ئىككى جانغا زامىن بولاتتۇق.

ئاللاھ ئەلچىسى ئارقىلىق چاشقاننى ھەرەمدە بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، بۇنى يوقىتىش ئۇسۇللىرى كۆپ، ئەڭ ياخشىسى مۈشۈك، مۈشۈكياپىلاق، ئاغمىغانلار، ئاللاھ بۇ چاشقاننى نۇرغۇن جانلىققا رىزىق قىلدى، ئەگەر بۇ چارە ئاقمىسا، ئۆز ئامبارلىمىزنى سېمونت بىلەن سۇۋاپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتەيلى، يەنىمۇ بولمىسا، زەھەرلىك دورا قويايلى، ئەمما، بۇنى ئىستېمال قىلىشدا، ھايۋانلارنى، باللارنى ئاسراش، مۇھىم، چۈنكى، بۇ ئىنساننى ئۆلتۈرىدۇ، قاپقان، ھەرخىل چاشقان تۇتۇش سايمانلىرىنى ئىشلىتىش لازىم. گۈڭگۈرت بىلەن نېفتالىن ماددىسىنى چاشقان بار جايغا قويۇپ قىسا، بۇ جايغا چاشقان كەلمەيدۇ، پۈرىقىدىن قاتتىق قورقىدۇ، بۇ خەتەرلىك ئەھۋاللارنى ئاللاھ، قۇرئاندا فىرئەۋن ۋەقەسىدە بايان قىلىپ، چېكەتكە، پىت، بۈرگە، پاقا، چاشقان، توپان، چېۋىن، ئۆمۈچۈك ۋاھاكازالارنى سۆزلەپ بۇلارنى تەتقىق قىلىشا بۇيرىغان، چۈنكى، مەقسەت بىزگە زىياننى نېرى قىلىپ، پايدىنى قولغا كەلتۈرۈپ بېرىش.

## بەزىڭلارنى بەزىڭلارغا سىناق قىلىپ ياراتتۇق، سىلەر سەۋر قىلالامسىلەر؟ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

راست، ئاللاھ بىرىنى بىرىگە سىناق قىلدى، باينى پېقىرغا، پېقىرنى بايغا، كۈچلۈكنى ئاجىزغا، مېيىپنى ساققا، چىرايلىقنى سەتكە، ئالىمنى جاھىلغا، ئاشىقنى مەشۇققا سىناق قىلدى، ھەتتا بىر دۆلەت ئىككىنچى بىر دۆلەتكە سىناق، بۇ سىناق مەيدانى ھەممە نەرسە سىناققا يارايدۇ. سەۋر قىلغانلار ساۋاب تاپتى، بولمىسا ئازاب، ئاللاھ خالىسا، دىنسىزلارنى ئۆل دېسىلا ئۆلەتتى، ئەمما، جەڭنى، جىھادنى پەرز قىلىپ، كىشلەرنى سىنىدى، شېھىد ناللىدى، گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلدى. ئاندىن كېيىن، كىم جىھاد قىلسا، ئۆزىگە قىلدۇردى، ھەممە ئىش شۇنداق ياخشى - يامان ئەمەللەر، ھەممىسى مۇشۇ قانۇن بويىچە ماڭىدۇ، ئۆزىگە قىلىدۇ خالاس. ئەڭ چوڭ پىتنە سىناق، ئايال مەسىلىسى، بۇنى رەسۇلۇللاھ، سەھىھ ھەدىستە سۆزلىگەن، بولۇپمۇ ئاللاھ، مۇھەببەت سېلىپ، ئىشتىياق سېلىپ، ئاشىق قىلىپ سىنايدۇ، راستىنلا بىر - بىرىگە سىناق بولالايدۇ، سەۋر قىلالىسا ئۆزىگە ئاشىق قىلىدۇ، سەۋر قىلماي ئامال يوق بەرىبىر ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلار بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، ئاھ مانا بۇ سىناق. بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا سەۋر قىلالامسىلە؟ دېگەن يەرنى، سەۋر قىلساڭلار ياخشى دېگەندۇر. پۈتۈن كائىناتنى زىددىيەت، قانۇنى بىلەن ياراتتى، ياخشى - يامان، ئەسكى - بەلەن، سەت - گۈزەل، بىر نېمەت، بىرى نىقمەت، كېچە - كۈندۈز، قاراڭغۇ، نۇر، ياز - قىش، ئىسسىق - سوغۇق، قېرىلىق - ياشلىق، كۈچلۈك - ئاجىزلىق، ھاياتلىق، ئۆلۈم، ئىمان بىلەن كۇپرى، ھەق بىلەن باتىل، ھەتتا، ئاسمان - زېمىن، بەخت - خۇشاللىق، ئازاب - خاپىلىق، دەرت - ئەلەم، مەقسەت، بىرىنى بىرىگە سىناق قىلىش ئىكەن، ھېكمەت ئاللاھقا خاس، ئىنسانلارنى غەم، خاپىلىق، كېسەل، پېقىرلىق، ئىلمسىزلىك، دۈشمەن قورشاپ تۇرىدۇ، ھېكمەت بار، كۆپىنچە كېسەل بولسا، تۆۋبىگە سەۋەب بولىدۇ. گۇناھدىن توسىدۇ، زىيانلىق تائامنى يېيىشدىن توسىدۇ، ھارامدىن توسىدۇ، ئۆلۈمنى ئەسلىتىپ، ياخشىلىق قىلغىلى سالىدۇ. پېقىرلىق بولسا، باي بولۇشقا، پىششىق بولۇشقا، كامىل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشكە، سەۋرچان بولۇشقا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئىسراپ يوقىلىدۇ، مەنمەنلىك، كىبرى يوقىلىدۇ، ھېكمەت بار! ھەربىر ئازاب، جاپا

دەپ گۇمان قىلغان ئىشلاردا چوقۇم ھېكمەت بار، بىز بۇنى سۆزلەپ ئۆتكەن.

بەزىڭلارنى، بەزىڭلارغا سىناق قىلدۇق دېگەن بۇ ئايەت دائىرىسىگە دۆلەت، شەخس، ھەتتا ئىنسان، ھايۋان تېنىدىكى ھۇجەيرە، ھاياتلىق قوغدىغۇچى ھۇجەيرە بىلەن مىكرۇپ، ۋىرۇسلار كىرىپ كېتىدۇ. ھەممە بىر ـ بىرىگە سىناق بولالايدۇ، نەتىجە ئاخىرىدا چىقىدۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئاللاھ سوراق بەلگىسى بىلەن بىزگە سەۋرنى ۋەسىيەت قىلغان، لېۋىمىزنى چىشلەپ سەۋر قىلالىساق، چوقۇم بىزگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە كۆپ ياخشىلىق بار، سەۋر دەرىجىسى بىر نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بەزى سەۋر پەرىز بولىدۇ. جەڭدە ۋە باشقىلار بەزىسى ۋاجىپ بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، سەۋر، چىداش، قۇرئاندا بۇيرۇلغان ئىش، ئاللاھ، سابىرلار بىلەن بىللە دەپ بار. دېمەك، سابىر دېگەن بالادىن كېيىن سەۋر قىلىپ، سەۋر بالادىن كېيىن بولۇپ ئاندىن سابىر بولىدۇ. ئېغىزدا، خەتتە، دېمەك ئاسان، ئەمما چىداش، سەۋر قىلىش، راستىنلا قېيىن، بولۇپمۇ ئەڭ يېقىن بەك ياخشى كۆرىدىغان كىشىدىن ئايرىلغاندا، چىداش، سەۋر قىلىش قېيىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭ ساۋابىمۇ زور، ئاللاھ، مانا مۇشۇنداق سابىر بىلەن مۇجاھىد سابىر بىلەن چوقۇم بىللە، دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ، ئۆزى ياردەم بېرىدۇ.

**1929** ـ يىل **1** ـ ـ نويابىر، بۇ تەپسىرنى يېزىۋاتقان چاغدا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن، دارىلئۇلۇم ئوقۇتقۇچىسىدىن بىر ياش مۇنداق سوئال سوراپتۇ.

پۇتكۇل ئالەمنى ئالاھ يارىتىپتۇ، بۇنىڭدا شەك يوق، چۈنكى، ئالەم ھادىسە بولۇپ، پەيدا قىلىپ ياراتقۇچىسىز ھاسىل بولمايدۇ، مېنىڭ سورايدىغىنىم، بىز، ئاللاھنىڭ بارلىقنى، ۋۇجۇدىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىمىز؟ ئەقلىمىز يېتەلمىسە مەۋجۇدلىقىغا قانداق ھۆكۈم قىلىمىز؟

بۇ ئەڭ مۇھىم سوئال بولدى، قۇلاق سال: سەن، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغىن، زاتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلما، بۇنى ئەقلىڭ تاپالمايدۇ دەپتۇ. ياش يىگىت شۇ زامان، مېنى بۇنداق تەھدىد بىلەن قورقۇتماڭ، ھەدىس بىلەنمۇ بولدى قىلماڭ، مەن چوقۇم بۇ مەسىلىنى تەپەككۇر قىلىش، باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك بىلىمگە ئىگە بولىمەن، مېنى بۇنىڭدىن ھېچ كۈچ توسالمايدۇ. ماڭا خۇراپىيلىق ئەمەس توغرا، راست ھەقىقەت، ھەقىقي جاۋاب لازىم دەپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي كۈلۈپ قويۇپ، بولىدۇ ئەمىسە، ئاڭلا: بەشنى بەشكە كۆپەيتسە نەچچە بولىدۇ؟ دېسە، **25** بولىدۇ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ياش يىگىت ئاندىن خۇددى مۇشۇنداق مەسىلىلەر ھېساب ئىلمىدا ئىنجىنېرلىق ئىلمىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ جاۋابلار، پىلانلار زېھنىدە مەنىۋى جەھەتتىن بولامدۇ؟ ياكى ئەمەلىيەتتە بولامۇ؟ دېسە، مەنىۋى جەھەتتىن بولىدۇ، زېھنىدە ئۆزى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇدلۇقنى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياش يىگىت. ئاندىن، ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولىدۇ، مەيلى بىز تەسەۋۋۇرۇ قىلايلى ياكى ئەقىل قىلايلى، ياكى قىلالمايلى، ئۇ ھەقىقەت راست، مەۋجۇد، خۇددى شۇنىڭدەك، ئاللاھ راست بار، ئۇ مەۋجۇد، ئۇ چەكسىز، تەڭداشسىز، پاك زات، زېھنىمىزدە تونۇيمىز، ئەقلىمىز بارلىقنى قۇدرىتىنى، ئالامىتىنى بىلىدۇ، زاتىنى بولسا، قانداقلىقىنى بىلمەيدۇ. تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، چۈنكى، بىز زېمىنغا نىسبەتەن يوق نەرسە، زېمىن، زېمىن، ئاسمانغا، ئاسمان ئەرشكە، ئەرش، ئاللاھنىڭ ئالدىدا يوق نەرسە، ئەزەلدىمۇ ئاللاھدىن باشقىسى يوق ئىدى، كېيىن، ئاللاھ، ئۇلارنى ياراتتى، ئۇنداق بولغانىكەن، بىزنىڭ ئەقلىمىزغۇ يوقلا نەرسە، قارا، نەزەر سال، تەپەككۇر قىل، پۈتۈن ئالەم ئەرشى كۇرسى، يەتتە ئاسمان، ئالەم بوشلۇقى، سامان يولى سىستېمىسى، نەچچە مىليونلىغان، مىليارتلىغان يۇلتۇز، قۇياشلار، نەچچە مىليارت زېمىنلار، بۇلارنىڭ بەزىسى بىزدىن شۇنداق يىراقكى، نەچچە يۈز مىليون يىل نۇر تېزلىكىدە ئۇچساقمۇ، قېشىغا يېتىپ بارالمايمىز. مانا بىز شۇنچىلىك ئىنسان، بىزدىكى ئەقىل ئەلۋەتتە، بىزگە چۇشلۇق بار، چەكلىك، بىز ئاشۇ ئالەملەرنى، ئەرشى كۇرسىنى، ئەقىل قىلىپ، تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز يۇ؟ قانداقمۇ پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان، چەكسىز ئاللاھنى ئەقىل قىلىپ، تەسەۋۋۇر قىلالايمىز؟

بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، شۈكرى دېگىن، تۇۋا قىلغىن، ھېلىمۇ بىز، ئاللاھنىڭ بارلىقنى بىلىپ، تونۇپ قولچىلىق قىلىپ، ئىبادەت قىلالايمىز، بۇمۇ بىزگە ئۇشۇق كېلىدۇ. راست، سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا، ئاللاھنى تونۇش پەرز، ئەمما، زاتى توغرىسىدا مەلۇماتنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ بىزگە بەرمىدى، پەقەت

ئوخششى يوق خالاس. ئۇنى، ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئۇ بۈيۈك، چەكسىز، ھەممە، ئاللاھنىڭ قۇدرەت بارمىقىدا توختۇتۇغلۇق، بۇ سۆز مۇسلىم دېگەن ھەدىس كىتابىدا بار.

پۈتكۈل ئالەم، ئاللاھنىڭ ئالدىدا زەررىچە ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمىتى خالاس، بىز مانا مۇشۇ ھالغا كەلسەك، پۈتۈن ئالەملەر بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئالقىنى ئىچىدە يوقۇلۇپ كېتىمىز، زاھىدلار بۇنى پىنا دەيدۇ، يوقىلىش نەزەرىيىسى، پەقەت ئاللاھلا قالىدۇ خالاس.

ياش يىگىت، قانائەت قىلىپ، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ ئاندىن سوئالنى باشلىدى، سوئال، ئاللاھ، ئۆزى تەقدىر قىلىپ ئۆزى يارىتىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن، دۇنيادا ياى ئاخىرەتتە ئازابلايدۇ؟

ئېسىڭدا چىڭ تۇت، ئاللاھ ئالەمنى رەھمەت يۈزىسىدىن ياراتتى، رەھمىتى، غەزىپىنى بېسىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يارىتىپ، نېمەت بېرىپ، ئاندىن گۇناھ قىلسا شۇ گۇناھقا لايىق ئازاب بەلگىلىدى، تەۋبە قىلسا، كەچۈرىدىغان بولدى. بەزى ئازابلارنىڭ بىز يۇقىرىدا دېگەندەك تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ھېكمىتى بار، خۇددى كەمبەغەل، مىسكىننىڭ كېمىسىنى خىزىر ئەلەيھىسسالام تېشىۋەتكەندەك، ئاساسى تۈزۈم، قۇرئان، ھەدىسكە قارىغاندا، ئازاب، گۇناھ سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، يەنىلا يارىتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى، ئاللاھنىڭ بۇ گۇناھنى ئالدىن بىلىشى، يارىتىشنى توسۇپ قويسا بولمايدۇ. ئالدىن بىلىش، ئەيىب ئەمەس.

مانا بۇ تەقدىر، يارىتىش، ۋە ئازابلاش، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىدۇ، بۇ ئېيىپ ئەمەس، ئەيىپ، گۇناھ ئىنسانلاردا، قۇرئاندا پۈتۈنلەي ئازا، گۇناھ، ئاسىيلىق، زۇلۇم تۈپەيلىدىن بېرىلىدىغىنى كۆرسىتىلگەن، مەيلى ئۇ، دۇنيادا بولسۇن ياكى ئاخىرەتتە.

ئازاب ھەم بۇ دۇنيادا ھەم ئەخىرەتتە بولامدۇ؟

شۇنداق، ئايەتكە قارا، ئاللاھ، مۇنداق دېگەن: ﴿**بىز كاپىر، دىنسىزلارغا بەرگەن بالا ـ چاقا، مال ـ مۈلۈكنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، بىز بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئازابلايمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ جېنى كاپىر ھالدا چىقىدۇ**﴾ ئاللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: بىز بۇ مۇناپىقلارنى ئىككى قېتىم ئازابلايمىز، ئاندىن ئازابنىڭ قاتتىقىغا ئاپىرىمىز، بۇ دەل ئاخىرەتتىكى شۇ پۈتۈن زالىم ئۈممەتنى ئاجايىپ قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلىدى، بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ئاخىرەتتە دوزاخقا ھۆكۈم قىلدى. قەۋرە ئازابى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا بار، يالغۇز ئازابلا ئەمەس، ياخشىلىقمۇ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بىرلا بېرىلىدۇ. قۇلاق سال، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئىبراھىمغا بىز ئەجرىنى، دۇنيادا بەردۇق، ئۇ ئاخىرەتتىمۇ سالىھ كىشىلەردىندۇر**﴾ دېگەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ، دۇنيادىمۇ پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر قىلدى، ئاخىرەتتە بولسا، ئۈستۈن دەرىجىدە قىلدى. بۇ دۇنيادىكى ئازاب، پەيغەمبەرگە، ئەۋلىيالارغا كەلگەن بولسا، دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈلگە، ئۈرنەك قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. سابىرنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ئەگەر، مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا كەلگەن بولسا، گۇناھنى كەچۈرۈش ئۈچۈن، سابىر دېگەن نامنى بېرىش ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

زالىم، كاپىر، مۇناپىقلارغا بولسا، قوش ئازاب خالاس. چۈنكى، ئۇ مەغپىرەت قىلىنمايدۇ، ئازاب ئۇلارنىڭ گۇناھى چېكىدىن ئاشقاچقا بۇ دۇنيادىلا ئاشكارا بولۇپ، ئاخىرەت ئازابىغا تۇتىشىدۇ، خۇددى زالىم بولغان بۇرۇنقى ئۈممەتكە ئوخشاش. ھەممىسى ھالاك قىلىنىپ دوزاختا ياتتى، خۇلاسە گەپ شۇكى، ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىدۇ. سوراققا تارتىلمايدۇ، بىز بىرەر ھېكمەت، سەۋەب كۆرسىتىپ، شۇ بويىچە چۈشىنىپ تۇرساق، ئاللاھ، خالىغىنىنى قىلىپ، بىزنى يەنىلا ھەيران قالدۇرۇپ سىنايدۇ. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى تولا، چارە ـ ئامال كۆپ، ئۇ قەۋىيۇن، يەنى كۈچلۈك، ھەكىيم، ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مول بىلىم لازىم. بەلكى، مەنمۇ ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن، يەنىلا قۇرئان، ھەدىس جاۋاب بەرگىنى تۈزۈك، سىلەر كىتابنى كۆپ كۆرۈپ، تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھ، ھەربىر ئىنسانغا ئۆزى بىلىپ مېڭە، ئەقىل، پەم، قابىلىيەت بەرگەن، ئىلىم چەكسىزدۇر، ھەربىر ئالىم ئۈستىدە يەنە بىر دانا ئالىم بار.

دوستلۇق مۇھىم، مۇھەببەت مۇھىم، ئىتتىپاقلىق مۇھىم، ئەمما، دوستنى تاللاپ، ئاللاھنىڭ دوستىنى

دوست تۇتمىسا، ئاخىرەتتە مۇنداق دەپ قالىدۇ، قىيامەت كۈنى زالىم كىشى بارمىقىنى چىشلەپ، ئىستت مەن پەيغەمبەر يولىنى تۇتسامچۇ، پالانى پاسىقنى دوست تۇتمىساامچۇ، دەپ كېتىدۇ، (بۇ پۇشايمان ئەسقاتمايدۇ) دوست تۇتۇش، مۇھەببەت، بىر نەچچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ۋە بىر نەچچە قىسىم بولىدۇ. ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش، ئاشىق بولۇش پەرىز، بۇ، قۇرئان، ھەدىستە كۆپ سۆزلىنىدۇ. بىزمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئاتا ـ ئانا، دوست ـ يارەنلەر، بالا ـ چاقىلار ھەقدىن توسمىسا، ياخشى كۆرسە بولىدۇ. ئەگەر ھەقتىن توسۇپ قويسا، مۇھەببەت ئورنىغا نەپرەت ياغىدۇ، مەيداننى ئايرىش لازىم. ئەر ـ ئاياللىق مۇھەببەت ئىسلام دىنىدىمۇ مەۋجۇد، بۇ قۇرئاندا سۈرە يۇسۇپدە سۆزلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى توغرىسىدا بايان قىلغان جايىدا بار. ھەدىستە بولسا، كۆپ ئۇچرايدۇ. مەخسۇس باب بار، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت، دوستلۇق قاتارلىق، ئەمما، بىر پەرق شۇكى، ئىسلام دىنى مۇھەببەتكە يول قويىدۇ، ئەمما، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا يول قويمايدۇ، ياخشى كۆرۈش، گۇناھ ئەمەس، پۇت ـ قولنىڭ جىم تۇرماسلىقى گۇناھ بولىدۇ، خەت ـ ئالاقە قىلسا، ئەلچى كىرگۈزسە ھەق، ئادىل سۆزنى دېسە بولىدۇ، ئەمما، قەبىھ، پاھىشە بولۇشقا يول يوق، ئەمدى بىز، ئاشىق ـ مەشۇق مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر بۇلار ھەقىقىي بولسا، بۇ دۇنيادا كۆپىنچىسى مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، ئەگەر بۇلار، ئاللاھنى رازى قىلسا، ئاخىرەتتە ئاللاھ بۇلارنى چوقۇم رازى قىلىدۇ. دەلىل، جەننەتتە خالىغىنى بولىدۇ، ئاللاھ خالىغىننى قىلىدۇ، مۇرادىغا يەتكۈزۈشكە قادىردۇر، بىر ھەدىستە ئەگەر بىرەرسىگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، مۇھەببىتىنى ئاشكارا قىلالمىسا، ئىپپەتلىك ھالدا دەرىت تارتىپ ئۆلۈپ كەتسە، بۇ كىشىگە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام غەززەلى رەھمەھۇللا ئەلەي، «ئىھيائ ئۆلۈمۇ»ددىن دېگەن كىتابىدا خاتىرلىگەن. پۈتۈن ئالەم، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىشقى ئۈستىگە يارىتىلغان. ھەدىس، زەئىپ بولسىمۇ، مەنىسى سەھىھ، ئازابقا مەغپىرەت بار.

ئاساسىي مەقسەت، دوست تۇتۇشنى بىلىپ، چۈشىنىپ لايىقىدا ھەقىقنى دوست تۇتۇش، دۈشمەننى دۈشمەن تۇتۇش، ئىككىسىنى ئايرىش، پەرق ئېتىش كېرەك. بولمىسا، زىيىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بار، يۇقىرىقى ئايەتتە پەقەت دوستنىڭ زىيىنى سۆزلەنگەن، ئىسىت دېگەن دەل ئەكسىچە پايدىسى كۆپ دوستلارمۇ بار، يەنە بىر ئايەتتە، ھەممە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولسا، ھەقىقىي مۇتتەقىيلەر ئۇنداق ئەمەس دېگەن. بۇلار بىر ـ بىرىگە شاپائەت قىلىشىدۇ، دۇنيادىكى ئەھدە ـ ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلىپ، تانمايدۇ، ئەھدە، ۋەدىنىڭ چوقۇم سورىقى بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ رىزالىقىدا دوست تۇتۇشۇپ قالسا، ياخشى كۆرۈشسە، گەرچە ئۇلار دۇنيادا بىر جايدا بولمىسىمۇ، ئاخىرەتتە بىر ئورۇندا قويىدۇ دېگەن. (مشكات)، ئىنسان، ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىللە دېگەن ھەدىس مۇتتەپەقۇن ئەلەيدۇر)

نۇرغۇن ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇراد مەقسىتىنى ئاللاھقا، ئاخىرەتكە قويىدۇ، بۇ دۇنيادا پەقەت ئاللاھنى، دىنىنى، ھەقنى دەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇلار ئاخىرەتتە مۇراد ـ مەقسىتىگە چوقۇم يېتىدۇ. بۇنىڭغا ئاللاھ قادىر، يا ئۆزىنى بېرىدۇ، يا يارىتىپ بېرىدۇ، يا سۈرىتىنى بېرىدۇ، خالىغىنى بولىدۇ. ئاللاھ، قادىردۇر، پەقەت شەرت، ئاللاھنى رازى قىلىش، ھەقىقىي مۇتتەقى، مۆئمىن بولۇپ، دۇنيادىن ئايرىلىشدۇر.

دوستلۇق يەنە تۆت خىل بولىدۇ.

1 ـ تېز ھاسىل بولۇپ، تېزلا يوقايدىغان دوستلۇق، بۇ خىل دوستلۇققا شەھۋەت، ھېسسىيات سەۋەب بولۇپ، تېزلا پەيدا بولىدۇ، شەھۋەت ئىشى ئاخىرلاشسا، تېزلا يوقايدۇ، ئۆچىدۇ، بۇ خىل دوستلۇقتا ياشىغان ئىنسانلار خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، شەھۋەتپەرەس.

2 ـ تېز كېلىپ ئىنتايىن ئاستا، كېيىن يوقايدۇ، بۇ خىل دوستلۇق ئەقلىيە دوستلۇق، مەسىلەن: مەلۇم ئالىمنى، ئۇستازنى، پەيلاسوفنى ياخشى كۆرىمىز، بۇ ئاسان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى مەلۇم بولسىلا دوستلۇق ھاسىل بولىدۇ، ئەمما، بۇ دوستلۇق، مۇھەببەت بەكمۇ ئۇزۇندا، كېيىنچە نۇرغۇن سەۋەبلەر بىلەن يوقايدۇ، بەلكى، ئاللاھ ئۈچۈن بولسا، ئاخىرەت ئۈچۈن بولسا، مەڭگۈ يوقمايدۇ. بۇ خىل دوستلۇق پۈتۈن مىللەتنى قاپلىدى، ئەمما، ئەڭ ئەۋزەل كاتتىسى ئىسلامى بولغىنى، ئاللاھ، ئاخىرەتنى مەقسەت قىلغىنى بولدى، بۇ خىل دوستلۇقتا ئىسلام دىنىغا پۈتۈن دىن، مىللەت، يېتەلمەيدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

3 ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ، تېزلا يوقايدۇ، خۇددى، تىجارەتچىلەر دوستلۇقىدەك، بۇلار ئايدا، يىلدا بىر نەچچە يىلدا بىر نەچچە قېتىم مۇئامىلە قىلىپ كۆرۈپ، تەجرىبىدىن ئۆتكەندە ئاندىن دوستلىشىدۇ، بۇ دوستلۇق بىرەر خىيانەتنى ياكى ئالداش ساختىلىقنى كۆرگەن هامان ئاخىرلىشىدۇ، مانا بۇ ئاستا هاسىل بولۇپ، تېز يوقاش.

4 ـ ئاستا پەيدا بولۇپ، ئاستا، كېيىن يوقايدۇ، بەلكى يوقىمايدۇ، چۈنكى، بۇ دوستلۇق ئۇزۇن يىللاردا هاسىل بولغان، كۆپ مۇئامىلە، كۆپ سەۋەب، كۆپ ياخشىلىقدىن كېيىن هاسىل بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دوستلۇقنى ئاسانلىقچە يوقاتقىلى بولمايدۇ. بىرەر كەمچىلىك كۆرۈلسىمۇ نۇرغۇن پەزىلەت يوق قىلىۋېتىپ، كەچۈرۈۋشتە، ئەپۇ قىلىش، هاسىل بولىدۇ، يۈز ـ ئابرۇي، مال ـ دۇنيا، جامال ئۈچۈن هاسىل بولغان دوستلۇق، مۇهەببەت ئاشۇ نەرسىلەر يوقاپ ئاندىن يوقايدۇ.

ئەگەر، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىمان، دىن ئۈستىدە بولغان دوستلۇق، مۇهەببەت بولسا، بۇ مەڭگۈ يوقىمايدۇ، بەلكى، تەرەققىي قىلىپ چىڭىيىدۇ. دوستلۇقنى، مۇهەببەتنى مانا مۇشۇ هەقىقەت، مۇشۇ ئىمان ئۈستىگە قۇرۇش كېرەك. ئاندىن پۇشايمان ئورنىدا خۇشاللىق، زىيان ئورنىدا پايدىلىق بولۇپ، مەڭگۈ قەلب خاتىرجەم بولىدۇ. بۇنداق دوستلۇق، بىر ـ بىرىدىن تانمايدۇ، بىزار بولمايدۇ، مەڭگۈ بەختلىك بولىدۇ، بۇنداق دوستسىز جەننەتمۇ چۆلدەرەپ قالىدۇ، بۇنى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، جەننەت ئىچىگە دوستلارنى، هەمراهلارنى ئۆز قۇدرىتىدىن كۆپەيتكەن، ئۆزىنى مەن دوستۇڭلار دېگەن، ئاھ، بۇ دوستلۇقدىن بۇ مۇهەببەتتىن ئۈستۈن نېمە بار؟ بىز مانا مۇشۇ دوستلۇق، مۇشۇ مۇهەببەت، مۇشۇ ئىشق ئۈچۈن هەرىكەت قىلىمىز. ئىنسانلاردا بۇنىڭدىن يۇقىرى غايە بولمىسا كېرەك.

سېنىڭ زىكرىڭ يا رەببىم، شاراپتۇر،

سېنىڭدىن باشقا هەممىسى خۇددى ساراپتۇر. (خىيالداسۇكۇرۇنگەن شو)

چىن قەلبىسىز ساڭا ئىشقى دەۋا قىلغانلار،

يول بويىدىكى قانجۇق ئىتتەك قاۋاپتۇ.

ئىلاهى ئىشقتىن مەي ئىچۈرسە يۈرەكتىكى ئىشق ئوتىنى ئۆچۈرسە.

قەلبىمدىكى مەجازى ئىشقنى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىشقىغا كۆچۈرسە.

## تەنبىھ

دوست تۇتۇشتا نادان، جاهىلدىن هەزەر قىلغىن، سىرىڭنى بەرمە، چۈنكى، كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ دۈشمىنىڭ بولسا، بەكمۇ خەتەرلىك، بۇ ئىشلار ئاز ـ تولا باشتىن ئۆتتى، ئەقىللىق دۈشمەن نادان دوستتىن ياخشى، چۈنكى، دۈشمەندىن ئەقىل، ئىبرەت هاسىل بولىدى، ناداندىن هېچنېمە هاسىل بولمايدۇ، پەقەت زىيان خالاس.

خۇددى سەن يىگەن ئېسىل تائام شارابدىن، شارابدىن كېسەل چىققاندەك، دوستۇڭدىنمۇ دۈشمەن چىقىشى تۇرغانلا گەپ، كۆپ سىرداشما، هەقىقىي بولسا، سىرداش، سىر بېرىشنىڭ پايدىسى زىياندىن ئارتۇق بولسا، هېچ گەپ يوق، ئەمما، پايدىسىز زىيان بولسا، سىر بەرمە، بۇ توغرىسىدا ئايەت، هەدىستە چەكلىمە بار، مەسىلەن: سىرنى ئاشكارىلاش بىلەن نۇرغۇن كىشى مۇناپىق بولىدى، تەپسىردىن كۆرۈڭ، بىز ئۆز گېپىمىزگە كەلسە، دوستلۇق، مۇهەببەت مەسىلىسى قۇرئان، هەدىس، ئىسلام دىنىدا ئاساسىي مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ توغرىسىدا قۇرئان، هەدىس، ئىجمائ، قىياسىدا، پەلسەپەلەردە دەلىل، ئاساس كۆپ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئەقىلدە شۇنداق، دوستلۇق، مۇهەببەت ئىنسانلاردا ئەمەس، بەلكى، هايۋانلاردىمۇ مەۋجۇد، ئۆسۈملۈك هەتتا،

جانسىز ماددىلاردىمۇ مەۋجۇد، ھەممىسى ئەركەك ـ چىشى، بىر جۈپ بولۇپ ياشايدۇ. دوستسىز، مۇھەببەتسىز كىشى، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر، مۆئمىنلەرگە، پەيغەمبەرگە، ھەتتا ئاللاھقا ئاشىق بولغانلار پەرىشتىدىنمۇ ئۈلۈغ تۇرىدۇ. ئەي ئىنسانلار، مال ـ دۇنيانى دوست تۇتقاندىن كۆرە، ئىلىم، ھەقىقەتنى دوست تۇتۇش لازىمن. بۇندىن كېيىن مۆئمىنلەرنى دوست تۇتۇش لازىم، ئاندىن تەرەققىي قىلىپ، ئاللاھقا ئاشىق بولۇش لازىم. ئاللاھنىڭ جامالىنى پەقەت، ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلەر، سېغىنغانلار، ئاشىق بولغانلار، ئاللاھ يولىدا جان پىدا قىلغانلارلا كۆرەلەيدۇ. قەلبىڭلاردا توغرا دىگەن ئىش خاتا بولۇشى مۇمكىن، ياكى مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان بولۇشى مۇمكىن، ھېچبولمىغاندا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە ئۆزگىرىشىڭلارمۇ توغرا، ئەۋزەلرەكى چىقىپ قالىدۇ.

پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاللاھ يولىدا دوستلىشىپ، مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، زەررىچىدەك ئۆيۈشۈپ، ئاتومدەك كارامەت كۆرسىتەيلى!!!

بۇ چەكلىك دۇنيانى سېنىڭ ـ مېنىڭ دىمەيلى، ئىگىسى بار، بارلىق پىتنە، مال ـ دۇنيا بىلەن ئايال كىشىدە بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنى تالاشقانلىق پىتنىنى تالاشقانلىق بولىدۇ، ئاللاھ، پىتنىدىن ساقلىسۇن ئامىن!!!

(ئادىل ئاقىل)

بولاي دىسەڭ ئىمانىم كامىل،
بولغىن سەن دائىم ھەققە مايىل.
قىلساڭ ھۆكۈم ئىككى تەرەپ ئاراسىدا،
مەڭگۈلۈك بولسۇن ھۆكۈمىڭ ئادىل.
ھەق خىزمىتىنى ئىشلىگىن بىجانىدىل،
ئەمەللىرىڭدە بولغىن ساپ دىل.
دۇنيانى قويۇپ، ئاخىرەتنى تاللىساڭ،
ھەممىنىڭ نەزىرىدە بولسەن ئاقىل.
بىرىپ تۇرغىن نىمە سورىسا سائىل،
ئەمما، ئۆزۈڭ بولما ھەرگىز سائىل.
گەرچە سەن سۆزلىسەڭمۇ ھەققەتنى،
بىلىپ تۇرۇپ بولمايدۇ كىشلەر سۆزۈڭگە قايىل.
بولمىسۇن ھەرگىز سىرداشىڭ نادان، جاھىل،
نادان، جاھىلنىڭ قىلغان ئىشى پۈتۈن باتىل.
مەن تۇرمىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرسەم،
جاھىللاردىن كۆپ چىقىپتۇ قاراقچى قاتىل.
ھاكىمىيەتكە خىزمەتنى قىلالايدۇ ئاقىل،
ئەگەر بولسا ھاكىمىيەت ئىسلامىي ئادىل.
ئەۋلىيالارغا قىلسام خىزمەت بىر ئۆمۈر،
يىتەرمەنمىكىن دەپ ئاللاھنىڭ پەزلىگە نائىل

# سۈرە فۇرقان

**رەببىڭنىڭ سايىنى قانداق سوزغانلىقىغا قارىمامسەن؟ دېگەن ئايەت توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز.** ساية دېگەن نېمە؟ كېچە چۈ؟ نۇر چۈ؟

ئەي چېچەن كىتاب خۇمارى، ئويلان، تەپەككۇر قىلغىن، بىز، سايە تەتقىقاتىنى بۇرۇن سۆزلەپ بولغان، نۇر تەتقىقاتىنى سۈرە نۇردا سۆزلەپ بولغان، شۇنداق بولسىمۇ ئويلان، كىتابلارنى كۆپ ئوقۇ، بۇ دۇنيا توغرىسىدا، ماددا توغرىسىدا، نۇر، قاراڭغۇلۇق توغرىسىدا ئويلان، ئالدى بىلەن سەن نۇرنىلا تاپىسەن، ئاندىن يەنىمۇ ئويلانساڭ، قاراڭغۇنى تاپىسەن، ئاندىن يەنىمۇ ئويلانساڭ، قاراڭغۇ دۇنيانى، سايىنى، كېچىنى بايقايسەن، قارا، بۈيۈك نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قارا، ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا مەڭگۈ سايە، كېچە يوق، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز مەڭگۈ يورۇيدۇ، پەقەت، ۋەيران بولمىسىلا. بۇنىڭ مىسالى: بىزگە نۇر بەرگەن قۇياشتۇر، بۇلارنىڭ سانى ھازىر بىلىشىمىزچە نەچچە مىليارتتىن ئاشتى، بۇ پەقەت بىلگىنىمىز خالاس.

بۇ قۇياشتىن چوڭ، ھەتتا 25 مىليون ھەسسە چوڭ قۇياشلارنى بىز سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇنداق ئالەمدە مەڭگۈ سايە، كېچە يوق، ئۇنداقتا، بۇ سايە، بۇ كېچە، قاراڭغۇلۇق، مۇشۇ زېمىندا ۋە بۇنىڭ ئوخشىشىدا مەۋجۇت ئىكەن، بۇمۇ بىزگە چوڭ نېمەت. بىلگىنكى، پۈتكۈل ئالەم، ئۈچ قىسىم بولىدۇ.

**1** ـ نۇرلۇق جىسىم، يۇقىرقى قۇياشتەك.

**2** ـ قاراڭغۇ جىسىم، زېمىن، ئاي، مارىستەك، بۇلار نۇر قايتۇرۇپ، نۇرلۇق كۆرۈنىدۇ. ئارقا تەرەپ بولسا، يەنىلا كېچە، سايە بار.

**3** ـ سۈزۈك، نېپىز ئالەم، بۇلاردىن نۇر ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئالماس، ئەينەك، ھاۋادەك. سايە، كېچە، قاراڭغۇ دېگەن بۇ ئۇقۇم، بۇ مەنا شۇكى، زېمىننىڭ سايىسى، قۇياشقا قارشى تەرەپ ئەمەس، بەلكى، ئارقا تەرەپ، قۇياشقا قاراپ تۇرغان تەرەپ نۇرلۇق، كۈندۈز، قۇياش كىردى دەيمىز. پەردىلەندى، زېمىن سايىسى، كېچە، قاراڭغۇلۇقى شۇ. مەيلى، بۇ پىلانېتلاردا ياشىغۇچى بولسۇن، ياكى بولمىسۇن، ھەممىسى ئوخشاش، بىز پەقەت مۇشۇ زېمىندا تۇرىمىز، بۇ كېچە، بۇ سايە، چوڭ رەھمەت، نېمەتتۇر. كېچە بولۇش، سوغۇق بولۇش، قار چۈشۈش، مۇزلاش، سۇ ئامباللىرىنىڭ ساقلىنىشى، پۈتۈن دۇنيانى سۇ بېسىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ھەرخىل ۋىرۇس، مىكرۇپ، ۋابالارنىڭ تازىلىنىش، ھېساب ـ كىتاب، مەخپىي ئىشلار، ئاشۇ سايىدىن بولىدۇ. بۇ ئەھۋال پۈتۈن پىلانېتلاردا بولىدۇ، ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىك يوق.

بىز مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلساق، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى، ھېكمىتىنى، پۇختا سانائىتىنى بايقايمىز. سايىنى قانداق سوزدى، يەنە قانداق مايىل قىلدى، سايە دېگەن نۇرنىڭ پەردىسىدىن كەلدى. قارىساق، نۇر ياكى قاراڭغۇلۇق ئارىلىقىدا، سۈزۈك دۇنيادا نۇر ئۆتىشىدۇ، مانا بۇ ئالەم، بۇ ئالەمنىڭ ھەرىكىتى بولمىسا، زېمىن ئايلانمىسا، نۇر ياكى سايە يوق، كېچە يوق، ھەممىسى توڭلايدۇ، ياكى كۆيۈپ تۈگەيدۇ. بۇنى ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە رەببىڭ دېگەن يەنى، كۆيۈنۈپلا، تەربىيىلىگۈچى، ئىگە بولغۇچى دېگەن بولىدۇ. ئەگەر، زېمىن ئالماس، ئەينەكتەك، ھاۋادەك نۇر ئۆتىشىدىغان سۈزۈك ئالەم بولسا، ئۇ چاغدا بۇ كېچە بولمىغان بولاتتى، سايە بولمايدۇ. ھاۋانى ئاتموسفېرانى سۈزۈك قىلمىسا، يەنىلا نۇر كۈندۈزى بولمايتتى، ھەممە يوقىلاتتى، ئاللاھ، بۇ جايدا ئاسترونومىيەنى سۆزلەپ، بىز بۇنىڭغا قۇياشنى دەلىل قىلدۇق دېگەن. بۇ ئىشلارغا قۇياشنىڭ مۇھىم مۇناسىۋىتى بار، قۇياش، ئاساسى ئامىل، بۇنىڭ توققۇز پىلانېت ھەمراھىنى بىز سۆزلەپ ئۆتتۇق، بەزىلەر 11 دېگەن، بۇ بىر تەتقىقات بولۇپ، نۇر ئىلمىنى مەقسەت قىلىدۇ، خالاس.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى دېگەن ئايەت توغرىسىدا توختىلىپ، گەرچە بۇ ئالتە كۈن توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، بۇ ئالتە دېگەن سان، ئىسلام دىنىدا ھېساب، ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ، ھەم شۇ ئىلمىغا ئىشارەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق

كاتتا ئىشتا، ئېنىقسىز كەلسە، تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ. بارچە دېققەت، ئاشۇ ئالتە دېگەن سانغا قارايدۇ، بۇ تەتقىقات، ماتېماتىكا ئىلمىغا ئاساس سالىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ئالتە دېگەن سان ھەرخىل جايدا، خىلمۇ ـ خىل سىرلىق بايان قىلىنىدۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ توغرىسىدا بىز يۇقىرىدا ئالتە بۇرجەك قارنى سۆزلىدۇق. بۇ قېتىم ئالتە دېگەن سان، ماتېماتىكا ئىلمىدا مۇكەممەل، كامىل سان دېگەننى سۆزلىدۇق، ئۇندىن باشقا، مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەيمىز.

ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇللا ئىبنى مەرۋان دېگەن خەلىپە تەرەپىدىن رۇم پادىشاھىغا شۇئىبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلچە بولۇپ بارىدۇ، پادىشاھ، بۇ چاغدا مۇنداق سوئال سورايدۇ، سەن دەپ باققىنە، ئاخىرەت نېمەتلىرى تۈگمەيمىش، ئالسا كاملىمايمىش، بۇ مۇمكىن بولامدۇ؟ بۇنى ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالامدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

بىر تال شامنى مىسال قىلاي، ئەگەر سەن **1000** تال شامنى ئاشۇ بىر تال شامدىن ياندۇرساڭ، ئۇ بىر تال شام كاملامدۇ؟

ياق، بەلكى نۇر تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ نۇر ئىلمى، شۇنداقلا بىر پەلسەپە قاراش، ئاندىن، پادىشاھ سوئالنى داۋام قىلىپ، جەننەت ئەھلى تائام يەپ، شاراپ ئىچىپ، تاھارەت قىلمايدىكەن، ھەتتا بۇرنىنمۇ تاشلىمايدىكەن، تەرلىسە خۇشپۇراق ئەتىر تەرلەيدىكەن، بۇمۇ مۇمكىن بولامدۇ؟ دۇنيادا ئوخششى بارمۇ؟

قۇلاق سال، ئانا قورسىقىدا باللار ئوزۇقلىنىدۇ، ئەمما تاھارەت قىلمايدۇ، سەنمۇ شۇ باللار جۇملىسىدىن، ئەگەر تەرەت قىلىپ قويسا، ئانا ئۆلۈپ قالىدۇ، پادىشاھ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ جىممىدە بولۇپ قالدى، ئاندىن ئۇ مۇنداق سوئال سورايدۇ. ئاللاھ ئەزەلدىن بار ئىكەن، بىر ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەرسى يوق ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

شۇئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ بەكلا ئاسان، قۇلاق سال، سانلارنىڭ ئەزلىسى، تۈنجىسى بىر، باشقا سانلار ئاشۇ بىر دېگەن ساندىن كەلگەن، ئەگەر بىر دېگەن بۇ سان بولمىسا ھەممە سانلار بولمايدۇ. بىر يوقالسا، سانلارمۇ يوقىلىدۇ، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئالەم، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن كەلگەن، ئاللاھ بولمىسا ئالەم بولمايتتى.

ئاللاھ بىر، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە يوق، ھەتتا، ئالدىدا دېگەن ئاشۇ سۆزمۇ يوق، ئاشۇ ۋە زامان ۋاقتىمۇ يوقتى، پەقەت ئاللاھلا بار دېگەن، مانا بۇ نۇر ئىلمى، تۆرەلمە ئىلمى، ماتېماتىكا ئىلمى، ساھابىلەر بۇرۇنلا بۇ ئىلملەر ئارقىلىق پەلسەپە سۆزلەپ، دىنسىزلارنى گاچا قىلغان.

ئۇلار بىزگە ئۈلگە، بىزمۇ يېڭى تەبئىي ـ پەن ئىلمى ئارقىلىق ھەقىقەتلەرنى ئىسپاتلاپ، دىنسىزلارنى گاچا قىلىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى، قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىش، ھەممىدىن مۇھىم، قەلب، خاتىرجەم بولۇپ، ئويغانسا، پۈتۈن جەسەت ئويغىنىدۇ، قەلب بۇزۇلسا، ھەممە بۇزۇلىدۇ. پۈتۈن ئىلىم، ھەقىقەت، تەرەققىيات، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس، ئىسلام پەلسەپىسى، ئەمەلى، ھەقىقەتلەردە مەۋجۇد، ئەمما، كىشىلەر بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ھالاك بولماقتا، ئەگەر يەنىلا ئويغانمىسا، بۇ دۇنيادا ھالاك بولغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ ھالاك بولۇشى، جەزىملىك ئىشتۇر.

## سۈرە فۇرقان، ئاللاھ، ئىككى دېڭىزنى ئەۋەتتى، بىرسى تاتلىق، بىرسى ئاچچىق، تۇزلۇق، ئىككى دېڭىز ئارىلىقىدا توسما قىلدى دېگەن ئايەت توغرىسىدا

دېڭىز دېگەن بۇ سۆز قۇرئاندا بەك كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ سۈرىدە شۇنداقلا سۈرە ئەررەھماندا، ئىككى دېڭىز ۋە توسما بارلىقى سۆزلىنىدۇ. سۈرە نەھلىدىمۇ دېڭىز سۆزلىنىدۇ، پۈتۈن ھاياتلىقنى سۇدىن ياراتقانلىقنى سۆزلەيدۇ. سۇ، ھاياتلىق ئاساسى دېگەن ھەقىقەتمۇ بار. بىز، ئاللاھ، تەكرار سۆزلەپ كۆڭۈل بۆلگەن مۇشۇ

دېڭىز ـ ئوكيان تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلمىز، دېڭىز، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، قار، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئوكسىگېن، ھاۋا، ئاتموسفېرا بۇلار زەنجىرسىمان، بىر گەۋدە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ئىنسانلار بۇ مەسىلىنى بايقاشتىن بۇرۇنلا رەتلىك ئىنتىزام بىلەن سۆزلەپ ئۆتكەن، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلىگەن، مۇقەددەس مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس كىتابى قۇرئاندا بۇرۇنلا سۆزلىگەن. بولۇپمۇ سۇ، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى ئاساسى مەنبەسىنى تىلغا ئالغان، بۇ نېمەتلەرنى قوغداشقا بۇيرىغان.

مەيلى دېڭىز ياكى قۇرۇقلۇق ياكى ھاۋادا بولسۇن، ھارام قىلىنغان ھايۋانلار قوغداشقا، قوغدىلىشقا تېگىشلىك ھايۋانلار شۇ، مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ ھەممىسى ھېكمەت بىلەن ئىنسانلارغا پايدىلىق يارىتىلغان. بۇ يەرشارىغا، بۇ ئالەمگە، ئاللاھ بىز ئىنسانلاردىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ. مەيلى بىلىپ، چۈشىنەيلى ياكى كىچىك بالىدەك بىلمەيلى، رەھىم قىلىۋېرىدۇ، كۆيىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ مۇشۇ تەرىپىنى كۆزلەپ ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار دېگەن. ئۇنداقتا بىز دېڭىز ـ ئوكيان تەتقىقاتىمىزنى باشلايمىز. دېڭىز توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلەپ ئۆتتۇق، بۇ قېتىم دېڭىز ھايۋانلىرى توغرىسىدا سۆزلەيمىز. يەرشارىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىنى دېڭىز، تەشكىل قىلىپ تۇرىدۇ، چوڭقۇرراقى **11000** مېتىردىن ئاشىدۇ. ئاچچىق، تۇزلۇق، تاتلىق دېڭىزلار بار، ھەممىدىن گۆھەر، مارجان چىقىدۇ، دېڭىز ئىچىدىمۇ ئوت ـ چۆپلەر مەۋجۇد، يەر ئۈستى بولسا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بىلەن زىننەتلىنىدۇ، يەر يۈزىدىلا ھايۋانلار، جانلىقلار ياشايدۇ، يەر ئاستىدا بەكمۇ ئاز جانلىقلار ياشايدۇ.

دېڭىز بولسا، ھەربىر مېتىر ئارىلىقىدا سانسىز جانلىقلار ياشايدۇ. ھەربىر كۇب مېلدا تەخمىنەن **23** تېرلىيوندىن ھەتتا **888** تېرلىيوندىن ئارتۇق جانلىق ياشايدۇ.

بۇ كۆزىمىز كۆرگىنى خالاس، ئۇششاق مىكرو جانلىقلارنى ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس، دېڭىز يۈزىدە، دېڭىز ئاستىدا، ئارىلىقىدا بۇ ئۈچ رايۇندا، چەكسىز جانلىقلار ياشايدۇ. دېڭىز يۈزىدىكى، دېڭىز ئەھلىگە مەلۇمدۇر. ئوتتۇرىدىكى، ئاستىدىكى بولسا، دائىم ھالدا كەشىپ قىلىنىۋاتىدۇ، يېڭىدىن تېپىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ، يەنىلا بۇ ئالەمدە بىز بىلمىگەننى يارىتىۋاتىدۇ، بۇ دېڭىز ـ ئوكيان دۇنياسىغا ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلار، قۇدرەت، ئالامەتلەر جايلاشقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بىزنى بۇ ئىشلارنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، ساياھەت قىلىشنى، قاراپ بېقىشنى، تەپەككۇر قىلىشنى، كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېڭىز، كېمە، مارجان، يامغۇرلارنى كۆپ سۆزلىگەن. **150** ئايەتتىن باشقىسى پۈتۈنلەي قىسسە، ۋە ئاجايىپ كائىنات، تەبىئەت ئىشلىرىدۇر، خالاس. ئۇنداقتا بىز بۇ ھايۋانلارنى كۆزۈتۈپ باقايلى.

دېڭىزدا ئېغىرلىقى **50** توننىدىن ئاشىدىغان كىتلار بار، لەھەڭ، تىمساھ ۋە باشقىلار، بۇلارمۇ جۈپلىشىدۇ، چاڭلىشىدۇ، تۇخۇمدىن، ھۇجەيرە خورۇموسۇمدىن چىقىپ، يوغىنايدۇ. بۇلارنىڭ رىزىقىنىمۇ ئاللاھ بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار رىزىق تويلاپ، كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. بەزىسى **60** قەدەم كېلىدۇ، بەزى بېلىق بولسا، **70** قەدەم كېلىدۇ، يەنى **14** مېتىر، بەزى بېلىقلار دېڭىزدا ئۈزۈنسىغا، توغرىسىغا ئۈزۈپ يۈرىيدۇ. كۆيۈنگەن كىشىگە كۆيۈنىدۇ، غەزەپ قىلىپ، تاجاۋۇز قىلسا، ئۆچ كۆرۈپ ئىنتىقام ئالىدۇ. بەزىسى ئىنسانلارغا ياردەم قىلىدۇ، بەزىسى بولسا، يۇتتۇۋېتىدۇ، ئاللاھ خالىغىنى بولىدۇ. بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ دۇنيانى ئالىملار كىتاب قىلىپ يازدى، فىلىم قىلىپ ئىشلىدى، ھەتتا، ئىسلام ئالىملىرى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى سۆزلەپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئىمانغا كىرگۈزدى، مانا ھازىر قولىمىزدا تۇرۇپتۇ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ئىنشائاللا، چوقۇم تەرەققىي قىلىمىز. **(14 مېتىر كېلىدىغان بېلىق)**

بۇنداق ئىشلارنى كەلگۈسىدە ئاددى دەپ قارايمىز، بىزمۇ شارائىت بولسا، نى ـ نى ئىشلارنى قىلالايمىز. ئاللاھ، مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەي، ئىنشائاللا.

دېڭىزدا بىر خىل جانلىقلار بولۇپ، دېڭىز سۈيىنى يېپىشقاق قىلىۋېتىدىكەن، بۇنىڭ، دېڭىزغا، دېڭىز ھايۋانلىرىغا، شۇنداقلا پۈتۈن زېمىنغا زور پايدىسى بار ئىكەن.

ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، يەنە بىر قىسىم جانلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ سانى بەك كۆپ،

ھەتتا ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇلار دېڭىزنى ئاجايىپ گۈزەل رەڭگە كىرگۈزۈۋېتىدىكەن، ھايۋانلار، ئىنسانلار بۇنىڭدىن ھوزۇر ئالىدىكەن، ئۇندىن باشقا پايدىسى ئۇستىدە ئالىملار ئىزدىنىۋاتىدۇ، خالاس. دېڭىزدا بولسا، ھاشارەتلەرمۇ، ھەتتا بەزىسى سۇتلۇك، ئەمچەكلىك، ھايۋانلارمۇ ياشايدىكەن، ئەمما، بۇلار قۇرۇقلۇقتا يېقىن تۇرىدىكەن، ساخاپ ئىسمىلىك بىر دېڭىز ئۈچقۇسى بار ئىكەن، بۇ خۇددى ئىشەكتەك ئاۋاز چىقىرىدىكەن، ئىككى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 قەدەم كېلىدۇ، ھاۋادا، سۇدا ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ. مانا بىز ئىنسانلارغا، سۇدىمۇ، ھاۋادىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشاش، سەپەر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. ھەتتا، بەزى تەجرىبە، ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

دېڭىز شۇنچە كەڭرى دۇنيا، پۈتۈن قۇرۇقلىقدىن ئىككى ھەسسە كەڭرى بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى 11000 مېتىر چوڭقۇر، ئالىملار 3000 مېتىر چوڭقۇرلۇقدىن بېلىقلارنى تاپتى، بۇ جايغا كۈن نۇرى قەتئىي بارمايدۇ. كۈن نۇرى 200 مېتىردىلا يوقاپ بولىدۇ، ئۇنداقتا، بۇ بېلىقنىڭ ۋە بۇنىڭ ئوخشىشىنىڭ كۆزى يوق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، نۇر بولمىسا كۆز بولغانلىنىڭ نېمە پايدىسى، ئەمما، ئالىملار بىر خىل ھايۋاننى تاپتى، بۇ ھايۋاننىڭ كۆزى بولۇپ، قاراڭغۇدا ئىشلەتمەيدۇ، ئەمما، دېڭىز يۈزىگە يېقىن بارغاندا ئىشلىتىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ زاپاس رەھمەت قىلىش ـ دە! بەزى دېڭىز ھايۋانلىرى رەڭسىز بولۇپ، سۈپسۈزۈك ئىكەن، خۇددى فوسفوردەك دائىم نۇر چىقىرىپ تۇرىدىكەن، مانا بۇ دېڭىزغا نىسبەتەن چىراغ، يۇلتۇزدۇر. ئالىملار بۇ جايدا ئۇستىدىن يۇلتۇزلارنى، ئاستىدىن بۇ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ھەيران قالىدۇ، ئەگەر مۇسۇلمانلار بولسا، تەكبىر ئېيتىپ كېتىدۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر!، بۇلار قىزىقارلىق كۈزۈتۈش جەريانىدا ئاجايىپ گۈزەل جانلىقلارنى بايقايدۇ. بەزىسى قىزىل، بەزىسى قارا، بەزىسى ئاق، بەزىسى نۇرلۇق، بەزىسى نۇر قايتۇرىدۇ، بەزىسى كۆزى يوق، بەزىسى بولسا، سەزگۈسى تولۇق، بەزىسىنىڭ بولسا، ھەممە سەزگۈ ئەزاسى يوق، ئەگەر ئۆلجىنى كۆرسە، نۇرنى قويۇپ بېرىپ بۇنى تۇتىدۇ، دۈشمەن كەلسە، چىراغنى، نۇرنى ئۆچۈرۈپ، يوشۇرنىدۇ. بولۇپمۇ مارجان بار جايغا يوشۇرۇنسا، ئىككى نۇر ئارىلىشىپ كېتىپ، دۈشمەن ئېزىقىپ كېتىدۇ. بەزى بۇ نۇر ئارقىلىق دۈشمەن كۆزىنى نىشانلاپ قويۇپ بېرىپ، ھېچنىمنى كۆرمەس قىلىپ قويۇپ، غايىپ بولىدۇ. دېڭىز شىپويونى ناملىق بىر ھايۋان بولۇپ، ئىنتايىن ھىلىگەر كېلىدۇ، بۇنىڭ تورلىرى بار، بېشى يوغان، بۇ ھايۋان ئۆزى يوشۇرنۇپ تۇرۇپ، بۇ تور ئارغامچىسىنى قويۇپ بېرىدۇ، بۇ خۇددى ئوت ـ چۆپتەك تۇرىدۇ، ئۆزى قىزىل بولۇپ، بېلىق ۋە باشقا جانلىقلار كەلسە، دەرھال تۇتۇپ يەيدۇ، دېڭىز ئاستىدا بولسا، بۇ تور ئارغامچا نۇر چىقىرىپ بۇ ھايۋان ئۈچۈن قولچىراغ بولىدۇ. ئاللاھ، قۇرئاندا ھەممە نەرسىنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ قولىمىزدا، بىز بۇنى ئۆلچەملىك قىلىپ تۇرىمىز، ھەممە نەرسە ئۆلچەملىك دېگەن. **(سۈرەتتىكى دېڭىز،گۆھەرمارجان،ھايۋىنى)**

ئاللاھ بۇ مەخلۇقلاردىن غاپىل ئەمەس، ئۆزى كۆپايە قىلىدۇ، رىزىق بېرىدۇ، كۆيۈنىدۇ، يەنىلا بۇ جانلىقلارنىڭ نەسلىنى قوغداپ كۆپەيتىدۇ، ئاز ياكى كام، ئارتۇق قىلىپ قويمايدۇ، تەكشۈك ھالنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بىرنى بىرىگە رىزىق قىلىپ ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ، ئۆزى ئادىل، ئادىللىقنى ياراتتى، ھەم بۇيرىدى، ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ.

دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئادەتتە 600 قەدەم چوڭقۇرلۇقدا ياشىيالمايدۇ، ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا ياشايدۇ، ئاتلانتىك ئوكيان دېڭىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2000 ھەتتا 12000 قەدەمدىن ئاشىدۇ. بۇ جايدا بولسا، ئۆسۈملۈكدىن باشقا ھەرخىل يېمەكلىك ماددىلار بار ئىكەن، ئۇندىن باشقا كان بايلىقى تېپىلغان، ئەڭ چوڭقۇر جاينى ئۆلچەپ 39000 قەدەم چىقارغان، بەزىلەر 38000 قەدەم ھېسابلىغان. 12000 مېتىردىن چوڭقۇرراق ئىكەن، ئالىملار دېڭىزلارنى نەچچە ئارالغا بۆلگەن، ساپ كان ئاراللىرى، يانار تاغ ئاراللىرى، مارجان، گۆھەر ئاراللىرى، بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك، بەزىسى ھالقا شەكىللىك، بەزىسى كۆل، بەزىسى ئۇزۇنچاق، بەزىسى ئۈچ بۇرجەك، بەزى ئاراللار تاغ، بەزىسى تاش، بەزىسى قۇم، ئالىملار تەكشۈرۈپ 100000دىن كۆپ ئاراللارنى بايقىغان، بۇنىڭدىن 1000 ئارال مارجان، گۆھەر ئاراللىرى ئىكەن، (تەنتاۋى جەۋھەرلىرى 220 ـ 221 ـ بەتتە، مارجان، گۆھەر كۆرۈنۈشى بار، دەرەخ شەكىللىك ئىكەن).

جەنۇبى ئامرىكىدا بۇنداق ئارال كۆپ ئىكەن، مېھرىبان ئاللاھ، ئىنسانلارغا بۇ جانلىق ھايۋانلاردىن

سىرىت بۇنداق گۈزەل گۆھەرلەر بىلەن نېمەت ئاتا قىلغان، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن ماددا، ئىلمىيىنتلار بىلەن نېمەت بەرگەن، سەپەرلىرىنى پاراخوتلار بىلەن ئاسان قىلغان، ئۇندىن باشقا بۇ دېڭىز سۈيى تۇزلۇق، ئاچچىق بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، بۇ سۇ سىپسمايدۇ. هايۋانلارمۇ سىپسمايدۇ، ئۆلگەن تاپلىرىمۇ سىپسمايدۇ ـ دە، ۋابا كېسىلى بولمايدۇ. بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئاشۇ هايۋانلار ئۈچۈن ھەتتا پۈتۈن يەرشارى ئۈچۈن پايدىلىق، يامغۇر بولسا، مۇشۇ سۇدىن كېلىپ چىقىدۇ، سۇ هاياتلىق مەنبەسى دۇنيانىڭ ئانىسى.

سۇ بىر خىل سىپسماي تۇرسا، هاۋامۇ ساپ، پاكىز تۇرىدۇ. دېڭىزدىكى تۇز، خۇددى كۆزدىكى تۇز سۈيىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر بۇ تۇز بولمىسا، كۆز قارچۇقى سىپسىيدۇ ـ دە، كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ تۇز بولمىسا سۇ سىپسىيدۇ، هاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، ھەيران قالارلىق، قىزىقارلىقى شۇكى، ئاشۇ ئاچچىق، تۇزلۇق دېڭىز ئاستىدىن ياكى يېنىدىن تاتلىق سۇ چىقىدۇ. تاتلىق بۇلاق چىقىدۇ، بۇ خۇددى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئىش.

ئىككى سۇ ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، ئاقار تومۇرلىرى بىر ئەمەس، باشقا ـ باشقا يوللار بىلەن ئاقىدۇ، نىل، پورات، دەجلەت، پارس قولتۇقى، ئوتتۇر ئاق دېڭىزلار، دېڭىز ـ ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ. ئەمما، بۇ سۇلار بۇ دېڭىزنى تاتلىق قىلالمايدۇ، بەلكى ياشلاپ تۇرىدۇ، تۇز توشۇيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، دېڭىز سۈيى بۇ تاتلىق دېڭىز دەريالارنى ئاچچىق قىلالمايدۇ. ئارىلىقنى ئاللاھ ئايرىپ تۇرىۋاتىدۇ، بۇ جايدا بىر ئوخشاشلىق بار، يەر ئاستىدا بولسا، ھەرخىل كان، ماددىلار، بايلىقلار ئاقىدۇ، بىر ـ بىرىگە ئارىلاشمايدۇ. هاۋادا بولسا، ھەرخىل كۆرۈنۈش، ئاۋاز دولقۇنلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشمايدۇ. ئايرىم ـ ئايرىم يوللار بار، بۇ نېمەتنى كىم پىلانلاپ قىلىپ بەردى؟ ئاللاھ!

هاۋادا نۇرغۇن زەررىچىلەر ئۈچۈپ يۈرىيدۇ. نۇرۇغۇن ئۆسۈملۈك، ئاتلىق، ئانلىق چاڭلار ئۈچۈپ يۈرىيدۇ، ئەمما، بىر ـ بىرىگە زادى ئارىلاشمايدۇ. ئۆز جايىنى تېپىپ چاڭلىشىدۇ. ۋاقتى، ئورنى، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلەنگەن، بۇلار خۇددى ئاللاھ مۇشۇ ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىنى توسۇپ تۇرغاندەك، ئارىلاشمىغاندەك، هاۋامۇ، بىر دېڭىز، دېڭىز ئاستىدا يەنە دېڭىز، يەر ئاستىدىمۇ بىر دېڭىز چەكسىز ئالەم بوشلۇقىمۇ، دېڭىز، بۇ دېڭىزلار ئارىسىدا توسما، چېگرا بار، باتىنى ئىشلارمۇ چەكسىز، زاھىرى ئىشلارمۇ دېڭىز، بۇ ئىككى ئوتتۇرىسىدىمۇ توساق بار، خۇددى ئاۋاز، سۈرەت، ئارىلاشمىغاندەك، ھېچقايسىسى ئارىلاشمايدۇ، ھەممە دېڭىز ئوتتۇرىدا توسما، توساق بار، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بۇنى كىم قىلدى؟ دېگەن بۇ سوئالغا قۇرئاندىكى مۆجىزىلىك ئايەتتىكى ئاللاھ دېگەن بۇ جاۋابىدىن ئەۋزەل جاۋاب يوق، قەتئىي يوق.

## سۈرە شۇئەرا پەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى توغرىسىدا قۇرئان مۆجىزىسى توغرىسىدا توختالغان. قۇدرەتكە دەلالەت قىلغان، ئۆسۈملۈك توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگەن، مەن بۇ سۆزدىن بىر نەچچىنى تاللاپ ئالدىم.

ئىنسانلار ئوكسىگېن سۈمۈرۈپ، كاربون چىقىرىش ھەممىگە مەلۇم، بىر ئىنسان ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن **250** گرام كاربون چىقىرىدۇ، بىر دۆلەتتىكى ئىنسانلار **400000** توننا كاربوننى ھەر يىلدا چىقارسا، بىر يىلدا( **2000000** ) **2** مىليون كۆپ مېتىر ئوكسىگېننى سۈمۈرسە، هايۋانلارنى قوشساق، بۇ بەش ھەسسە كۆپەيسە بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئۇزۇن ئۆتمەي هاياتلىق تۈگىشىدۇ دېگەن خۇلاسە چىقىرىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى مېھرىبان ئاللاھ، ئۆزى ھەل قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ يەرشارىغا، ئىنسانلارنى ياراتقان، دەل ئۆسۈملۈك بىزگە ئوكسىگېن ئىشلەپ چىقىرىپ، كاروبون (IV) ئوكسىدنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر دۆلەت دەرەخ، ئۆسۈملۈكنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرىشى لازىم، ئالاھىدە قانۇن تۈرغۇزۇشى لازىم. **(ئوكسىگېن سۈمۈرۈپ كاربون (IV) ئوكسىدنى چىقىرىش)**

بۇ مەسىلىنى مېھرىبان ئاللاھ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان، قۇرئاندا، ئەنجۇر، زەيتۇندەك ئۆسۈملۈك بىلەن قەسەم قىلىپ، دەرەخ، ئۆسۈملۈكنىڭ بەكمۇ مۇھىم ۋە ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلغان. قۇرئاندا، ئۆسۈملۈك، چار پايىلارنى نەسلىنى قۇرتقان كىشىنى ئەيىبلەپ دوزاختا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى تەپسىر ئوقۇغان كىشى ئوبدان بىلىدۇ، ئۆسۈملۈككە، تائاملارغا قايتا ـ قايتا قاراشقا بۇيرىغان، تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرىغان، ياخشى باشقۇرۇپ، ھەققىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان، رەسۇلۇللاھمۇ باغدىن چىققان كىرىمنىڭ **1/3**نى يەنە باغقا سەرپ قىلىشنى بۇيرىغان، **1/3**نى سەدىقە قىلىشقا، **1/3**نى ئۆزى يېيىشكە بۇيرىغان، باغ، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىياھ، ئىسلام دىنىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەتتا، بىزگە بېرىدىغان مۇكاپات، ئاخىرەتتىكى جاي، جەننەت يەنى باغ دېگەن مەنىدە بولىدۇ. بىز بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ، بۇ باغدىن، ئۆسۈملۈكدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايمىز، بۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىمىز، بىزگە بېرىلگەن سوۋغا، ئالاھىدە نېمەت، بىز بۇنى ياخشى ئاسراپ شۈكرى قىلىشىمىز لازىم.

گەرچە جەننەتدە كاربون، گاز، زەھەرلىك نەرسىلەر بولمىسىمۇ، يەنىلا باغ لازىم بولغان، چۈنكى، بىز ئىنسانلار بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان، ھەم شۇنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر، مەقسىتى، ئارزۇ، ئۈمۈدى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولسا، چوقۇم ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشىدۇ. خۇددى، رابىئە بەسرى رەھمەھۇللا ئەلەيدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىز، بۇ رەھمەت، ھېكمەتنى بايان قىلىش، بىلەن بىرگە بۇ ئالاھىدە بۈيۈك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كىم قىلدى؟ دېگەن، سوئالغا. ئاللاھ دەپ جاۋاب بېرىش، ئەلۋەتتە بۇ جاۋاب ئۆزلىگىدىن، تاساددىپى دېگەن جاۋابدىن **1000** ھەسسە، ھەتتا سانسىز ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىگىنى يوق، ئۆسۈملۈك مەيلى ھاياتلىقتا ئېرىشسۇن ياكى كۆپەيسۇن ياكى چاڭلاشسۇن، ياكى ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشسۇن، قۇياشقا، كۈن نۇرىغا موھتاج بولىدۇ. يامغۇر، سۇغا موھتاج بولىدۇ، بۇ، كۆپ، كۈچلۈك بولسا ياكى ئاز، كام، ئاجىز بولسا بولمايدۇ، دەل تەڭپۇڭ بولۇشى لازىم. بۇنى كىم قىلدى؟

يەنىلا ئاللاھ، ئاللاھ بىزگە كۆيۈنۈپ رەھمەت قىلدى، بۇ مەسىلىنى قۇرئاندا تەكرار بايان قىلدى، بىزمۇ تەكرار سۆزلەپ سالدۇق، بىز ئەتراپلىق ئويلاپ، نەزەر ـ دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىپ، يىراققا قارايدىغان بولساق، ئەرش كۇرسى، يەتتە ئاسمان، ھاۋا، ئاتموسفېرا، بۇلۇت، شامال، قۇياش، سامان يولى، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، يامغۇر، قار، تاغ، مۇز تاغ، قار تاغ، چۆل ـ باياۋانلار ھەتتا مىكرو جانلىقلار ھەممىسى بىر تۇتاش ئالاھىدە پىلانلانغان ئۆلچەملىك تەڭپۇڭ بىلەن يارىتىلغان.

بىز قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى چىقىرىپ كىتابدىنلا كۆرۈپ قويماي، ئەمەلىي تەكشۈرۈشىمىز لازىم. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئىككىسى ئىككى ئىشتۇر، قاراڭلار، ئۆسۈملۈكدىنمۇ خۇددى دېڭىزدىن پار ئۆرلىگەندەك پار ئۆرلەپ تۇرىدۇ، ئالىملار تەتقىق قىلىپ، دەرەخ، ئۆسۈملۈك كۆپ جايدا يامغۇر كۆپ بولىدۇ دېگەن. كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئۆرلىگەن پار، ھاۋا بوشلۇقىدا بولۇتنى ھاسىل قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ. تارتىش كۈچى كۆپ بولىدۇ، بۇنداق جايدا جانلىق، ھايۋانلار كۆپ بولغاچقا، ھەممىسى زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتقاچقا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىمۇ بۇ جايغا ياغىدۇ، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ بولىدۇ، غاپىل ئەمەس، ھېكمەت بىلەن ھەممىنى ئۆلچەملىك قىلغاندۇر. (تەنتاۋى جەۋاھىرلىرى 8 ـ بەت) ھەرخىل چېچەكلەرنىڭ سۈرىتى بىلەن بايان قىلغاندۇر. ھەر بىر چېچەكنى يەنىمۇ پارچىلاپ ئىزاھلاپ، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئاندىن مۇنداق دېگەن.

بۇ، سۈرە شۇئەرائ دەرسى، قۇرئان ئىلمى دەرسى، دىن دەرسى، ئاللاھنىڭ ھېكمەت دەرسى، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتىكى مۇھەببەت دەرسى، دۇنيالىق، تەرەققىيات دەرسى، ئاخىرەتكە تەييارلىق دەرسى دېگەن.

مانا بۇ ھەققىي تەۋھىد دەرسى بولىدۇ، مەن ھەربىر تالىپنىڭ نەزەرىيەدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈشىنى، بۇ بىئولوگىيەدىن قېتىقىنىپ چىن قەلبىدىن ئۆگىنىپ، ئاللاھنى تونۇشنى يۇقىرقى دەرسنى بىلىشنى، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قىلچە سۇسلاشماي، بوشاشماي، جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىشنى، چىن قەلبىمدىن ئۆتۈنۈپ تەلەپ قىلىمەن، بۇ ئىلمى لەززەت، روھى ھېكمەت، لەززەت، ھەرقانداق ماددى، جىسمانى لەززەتدىن مىڭ ئەۋزەل دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپىدىن خەۋەر تېپىشىمىز لازىم، ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز

لازىم.

قۇرئان كەرىم، قىسسە، تارىخنى كۆپ سۆزلەيدۇ، بىز بۇ توغرىسىدا توختىلىپ بولغان، شۇنداقتىمۇ بۇ جايدا يەنى سۈرە شۇئەرائدىكى قىسسە توغرىسىدا سۆزلەيمىز. قىسسە، تارىختا بىز ئىبرەت ئالساق، چىن قەلبىمىز بىلەن قارىساق، ھېكمەت، پەزىلەت، ئۈلگە، ئۆرنەك كۆپ، قۇرئان سىرلىرىغا يەنىلا قەدىمقى ئۇستاز، ئالىملىرىمىز ئالىمكەن، بۇلاردىن پەقەت شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىدىن ئالغان ھېكمىتىنى بايان قىلىمىز. بۇ سۆزنى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىھيائ دېگەن كىتابىدا سۆزلىگەن.

ئابدۇلقاھىر دېگەن تەقۋادار، سالىھ كىشى شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق سوراپتۇ: سەۋرە ئەۋزەلمۇ؟ مېھنەتمۇ؟ ياكى تەمكىنلىكمۇ؟

شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ، تەمكىنلىك دېگەن پەيغەمبەر دەرىجىسى بولىدۇ، تەمكىنلىك مېھنەتتىن كېيىن بولىدۇ. ئالدى بىلەن مېھنەت ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىنىدۇ، ئاندىن سەۋرە قىلسا، ئاندىن كېيىن تەمكىنلىك ئاتا قىلىنىدۇ.

قارا، ئاللاھتائالا ئىبراھىم، مۇسا، ئەييۇپ، سۇلايمان، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسەللەملەرنى ئالدى بىلەن مېھنەت ئارقىلىق سىناپ ئاندىن سەۋر قىلدۇرۇپ، ئاندىن تەمكىنلىك بەرگەن، ئاندىن مۇنداق سوئال قويۇلۇپتۇ:

## كىم ھەقىقىي ئالىم؟

ئىلىمنى ھەقىقەتلەپ ئاندىن ئۆگۈتۈپ ئاندىن ئەمەل قىلسا، بىرلا ئىلىمدا چەكلىنىپ قالماي، كۆللى ئىلىمغا تۇتۇش قىلسا، ئىلىمنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلسا، مانا بۇ كىشى ئالىم، بۇ ئالىم بىلسە سۆزلەيدۇ، بىلمىگەننى ئالىمغا تاپشۇرىدۇ. مەنلا ئالىم دەپ باشقىلارنىمۇ بىلسە كېرەك. دېمىگەن كىشى ئىختىلاپ بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، جېدىلى تۈگىمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ، باشقىلارنىڭمۇ بىلىشىنى ئىنكار قىلىدى ـ دە! ئۆزى باشقىلار بىلگەننى بىلمەي، ئىختىلاپ قىلىۋېرىدۇ، ئاخىرى ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ دۆتلەشتۈرۈپ، ئۆچ ـ ئاداۋەتكە كىرىپ قالىدۇ، مەڭگۈ قايىل بولماي، گۇماندا قالىدۇ، مايىلدىن سۆزلىسە ئۇيالدىن سۆز ئېچىپ، تەپەككۇر تېمىسىنى بۇرمىلايدۇ، بۇنداق كىشى ئىلىمغا، تەپەككۇرغا، ئوقۇشقا، ھەتتا مۇنازىرە سۆھبىتىگە لايىق ئەمەس.

قۇرئان قىسسىلىرىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم، دۇنياۋى، خەلقئارا پايلاسوف، ھۆكما، ئالىملارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەرقانداق بىر پەيلاسوف داڭلىق ئالىم، بۇ گۆھەردىن پايدىلانغان، ھەممىنىڭ سۆزلىرى، مول بىلىملىرى، ھېكمەتلىرى، قۇرئان، بولۇپمۇ قىسسە، تارىخىدىكى ئىبرەت ئالدىدا ئۆلگە تەك.

بىز قىسسىدىن ئېلىنغان يۇقىرقى ھۆكۈمگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز، راستىنلا مېھنەتتىن كېيىن سەۋرە قىلىپ ئاندىن كېيىن تەمكىنلىككە ئېرىشىمىز، بۇنى پەقەت قىسسە، تارىخقا نەزەر سالغان، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان كىشىلەر بىلەلەيدۇ.

بىز، ئاندىن مېھنەتكە، بالا ـ قازاغا سەۋر قىلىپ، تەمكىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، نەپسىمىزنى، قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ، پولاتتەك ئىمان بىلەن دۇنيادىن ئايرىلىشىمىز لازىم. بۇ تېمىمۇ مەخسۇس توختىلىشقا ئەرزىيدۇ، بۇ بەكمۇ مۇھىم، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، مەن ـ مەن دېگەن ئالىم، ئابىدلار ۋەيران بولدى ئەمەسمۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ كىتابىنىڭ **30** ـ **31** ـ بەتلەردە سېھىر توغرىسىدا توختىلىپ، سېھىر دېگەن ھەقدىن توسقان ئىش، بولۇپمۇ قەلبنى ھەقىقەتتىن توسسا شۇ سېھىر دېگەن. بۇ توغرىسىدا ئىبنى كەسىردە سەككىز خىل سېھىر توغرىسىدا شۇنداقلا سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ھۆكۈملەر بار.

بىز بۇ جايدا كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، شۇ ئارقىلىق پۇل تاپىدىغان، سېھىرگەرلىككە ئائىت مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئىشقا ئىشەنمەسلىككە، توغرىسىنى تونۇپ، ئىلمى

نـەزەر بىلـەن قاراشـقا رىغبەتلەندۈرمـەكچى، سـاختىلىقنى ئاشـكارىلاپ، سـەھرىنىڭ مـاددى، خىمىـيىۋىلىك ئىشلىرىنى سۆزلەيمىز، ئۆلۈك موزاي ياكى قويـنى خـۇددى تىـرىك جانلىقدەك ئاۋاز چىقـرىش، شـۇ جـانلىقنىڭ گېلىغا پاقا سېلىپ، ئاندىن ئاۋاز چىقرىلغان، بۇنى بىلمىگەنلەر ھەيران قېلىپ، ئىشىنىپ قالىدۇ، ئىككى تال شامنىڭ بىرىنى يورۇتۇپ، بىـرىنى ئۆچۈرۈش، بـۇ سـەھرىگـەرلەر فوسفور ماددىسـىنى ئىستېمال قىلىـش بىلـەن ئـېلىپ بـارىدۇ، ياندۇرمـاقچى بولغـان شـامنىڭ پىلىگـىدە فوسـفور بولـدۇ، بۇنـىڭ ئـوت ئېلىشـى تېـز بولـۇپ، ئۆچۈرۈلگىنىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ پۈۋدىسە ئۆچكىنى ياندۇ. ھەسەن ـ ھۈسەن چىقرىش، بـۇ بـەكمۇ ئاددى بولۇپ، كۈن نۇرى كۈچلۈك چاغدا، دۈمبىسىنى قۇياشقا قارىتىپ، ئېغزىدىن سۇنى پۈركسە سۇ نۇر قايتۇرۇپ، ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنۈپ كېتىدۇ، قەغەزنى زەمچىگە چىلاپ قورۇتۇپ، يەنە چىلاپ، قۇرۇتۇپ، بىر نەچچە قېتىم ھەتتا، تۆت قېتىم شۇنداق قىلىپ، ئاندىن ئوتقا تۇتسا، شامغا تۇتسا، كۆيمەيدىغان بولىدۇ، سېھرىگەرلەر بۇ چارىنى ئىشلىتىپ پۇل تاپىدۇ.

سـۇنى قـاينىتىپ ئـاندىن ئەيـنەك، فوسـفور ماددىسـىنى ئىشـقا سـېلىپ، ھاۋاسـىزلاندۇرۇپ، بـۇ سـۇنى ئۈزۈنغىچـە نـۇر چىقىرىدىغان قىلىـدۇ. بـارۇد دېگـەن تـۇز بىلـەن شام ماددىسى بىلـەن چېچـەكنى ئۈزۈنغىچـە، سېرىق مىسنى ئىستېمال قىلىپ، ئەينەكنىڭ ياردىمىدە ئوت تەككۈزمەي ئوت ئالدۇرۇش ئەھۋاللىرىنىمۇ ئۇلار قوللىنىدۇ، تۇز، زەپىران، پاختا، ئۆيدىكى چىراغلارنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايىنى باشقا رەڭگە ئۆزگەرتكىلى بولـىدۇ، چۈنكى، ئۆي شـۇ رەڭگە كەلگـەن، تالاغا چىقسا بـۇ يوقاپ كېـتىدۇ، تـۇز بىلـەن زەئپىرانىنى قـاينىتىپ، پاختىنى چىلاپ، ئـاندىن چىـراغ بىلـەن بىرگـە يورىـتىدۇ، چاقماقتاشلىق بىلـەن كـۆزدىن كىرگۈزۈپ، ئېغزىدىن، بۇرنىدىن چىقرىش، ھەممىسى ئويۇن، چاقماقتاشلىق، سـاختىلىق خـالاس. يـازدا سـۇنى مۇزغـا ئـايلاندۇرۇش ئىشـى، تـۇز ۋە باشـقا مـاددىلارنى ئىشـقا سـېلىپ قىلىـنىدۇ، زەرنـيخ دېگـەن نەرسـىنىڭ توپىسىنى سۇغا چىلاپ، خەت يازسا رەڭ چىقمايدۇ، ئاندىن ئۇنـى ئوتقا تۇتسا، يېشىل كۆرۈنىدۇ، ئۇندىـن باشقا چارىلارمۇ بار، زەمچە، نوشادىر دېگەن تۇز، تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، لۆڭگـە يـاكى يـاغلىقنى يول قىلىپ ئورتقا سالسا، ئۇ كۆيمـەيدۇ، زەرنىيخـنى يۇقـىرقى نەرسىگـە ئارىلاشـتۇرۇپ، قولغا سۈركەپ ئوتـنى تۇتسا، قولى كۆيمەيدۇ، مانا بۇ چوغ تۇتۇش چارىسى. ساختا كەتمەن دەسسەشمۇ شۇنداق، ھەقىيقىيسىمۇ بار.

كەپتەر تۇخۇمىنىڭ ئىچىدىكىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە نۇشادىر ماددا قاچىلاپ، ئېغزىنى ئېتىپ، ئاق ياغدا ياغلاپ، كۈن نۇرىدا قويسا، تۇخۇم ئۆزلىگىدىن ھاۋادا ئۇچۇپ كۆتۈرۈلىدۇ، نۇشادىرنى ئىشقا سېلىپ، كېچىسى ئوقوغۇلى بولىدىغان، كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغان، خەت يـازغىلى بولـىدۇ. گۈڭگۈرت ئارقىلىق بۇرگـە، چاشقاننى قاچۇرسا بولـىدۇ، فوسفور، زەيتۇنـنى ئىشـقا سـېلىپ، نـۇر چىقـىرىش ئىشـى بـار، سـەھرىگـەرلىك ھـەددىدىن ئېشىپ، بەزىلەر، پەيغەمبەرلىك داۋاسى، بەزىلەر ساختا ئەۋلىيا بولۇۋالغان، چۈنكى، كىشىلەر نادانلىقدىن ھەيران قېلىپ، ئەگەشكەن، بۇ مەسىلە، كۆپ سۆزلەنگەن.

# سۈرە نەملە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەر

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىلا ھايۋاناتلار دۇنياسىنى تەتقىق قىلىش، ئۇ ئىلمنى پۇختا ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنى نەملە يەنى چۈمۈلە دەپ ئاتاش كىچىك ئىش ئەمەس، بۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، بولۇپمۇ چۈمۈلە چوڭ بىر ئائىلە نوپۇسى، چوڭ بىر دۆلەتنىڭ نوپۇسىدىن كۆپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق چۈمۈلىلەر، بىر پادىشاھلىق تۈزۈمگە بويسۇنۇپ ياشايدۇ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇلار پۇختا قۇرۇلۇش ياسايدۇ، ئوزۇق توپلاپ، قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ، مەن كۆپچىلىكنى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىشلىگەن چۈمۈلە ۋە ئۇندىن باشقا ھايۋانلار قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى فىلمنى بىر كۆرۈپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىمەن.

بىز، ئەمدى بۇ سۈرىدىكى ھۆپۈپنىڭ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مەن سەن بىلمىگەن خەۋەرنى بىلىپ كەلدىم دېگەن سۆزى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارايلى!

**1** ـ ئاللاھ بىلدۈرمىسە، ھېلىغۇ غەيبىكەن، بىر ھۆپۈپ قۇشچىلىك نەرسە بىلگەن ئىلمنى پەيغەمبەرمۇ بىلەلمىگەن، ئاللاھ بىلدۈرسە ھەممىسى بىلەلەيدىكەن.

**2** ـ تەپسىر مۇنىيردا بۇ ئايەتتىن مۇنداق ھۆكۈم ئېلىنغان، ھۆپۈپنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا مەن سەن بىلمىگەننى بىلىپ كەلدىم دېگەن سۆزىنى ئاللاھ، بىزگە خەۋەر قىلغانغا قارىغاندا، ئىلمى ئاشقان، تەرەققىي قىلغان، تالىپ، ئۇستازى ئالدىدا مەن سىلەر بىلمىگەننى بىلىپ كەلدىم دېيىشى دۇرۇس، ئۇستازىمۇ تەسلىم بولۇشى كېرەك، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەت دېيىلگەن.

**3** ـ بۇ جايدا، ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن ھۆپۈپ، پەيغەمبەرگە تەلىم بەرگەن، سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئالاھىدە بىر تاللا ھۆپۈپ دېگەن، چۈنكى، مىليونلىغان ھۆپۈپ ۋە باشقا قۇشلار ئارىسىدىن پەقەت شۇ بىر ھۆپۈپنى يۇتتۇرۇپ قويغان ۋە ئىزدىگەن، بۇ ئايەتتىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىلىدۇ.

**40** ـ **50**دىن ئارتۇق سانائەت تۈرلىرىنى ئىنسانلار، ھايۋانلاردىن ئۆگەنگەن، مەسىلەن: بىناكارلىق، قۇرۇلۇش، توقۇمىچىلىق، ئوۋچىلىق، ۋە باشقىلار بىز بۇنى سۆزلەپ بولغان، ھايۋانلار، ئىنسانلاردىن بۇرۇن يارىلىپ، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۈلگە، ئۆرنەك بولۇپ، تەلىم بەرگەن، ھېلىھەممۇ، ھازىرمۇ ئىنسانلار ھايۋانلاردىن كۆپ پايدىلىنىۋاتىدۇ.

ئەڭ ئىلغار سانائەت ئىشلىرىدا ھايۋاندىن پايدىلاندى، پۈتۈن دۆلەت، ھايۋاناتلار ئىلمنى، بىئولوگىيىنى ئاساسى دەرسلىك قىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ بۇنى قۇرئانادا، بەكمۇ كۆپ سۆزلىگەن، قاغىنى قابىلغا ئەۋەتىپ، بىلىم بەرگەن، مانا ئەمدى بىز ھۆپۈپنىڭ پەيغەمبەرگە تەلىم بەرگىنىنى تەتقىق قىلىۋاتىمىز. مانا بۇ دۇنياۋى، خەلقئارالىق ئۇچۇر ئىلمى، تۇر ئىلمى، كومپيۇتېرغا ئىشارەتتۇر، چۈنكى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ھۆپۈپنىڭ ئۇچۇرى، خەۋىرى بىلەنلا بىر دۆلەتنى ئىشخال قىلىپ، پادىشاھىنى خوتۇن قىلدى، بۇ تارىخنى ئاللاھ بىزگە نېمە ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىدۇ؟ بولۇپمۇ ھۆپۈپ مەسىلىسىنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈمۈلە بىلەن سۆزلىششى، ئۇچار گىلەمدە، ئاسماندا، ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇشى، دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈشى، پولات تاۋلاش قاتارلىقلار.

بىز ئۆيقىمىزنى ئېچىپ، ھۇشىمىزنى تېپىپ، سەگەك بولۇپ ئويلانساق، ھايۋانلار ئىلمى، ئۆسۈملۈك ئىلمى كان، مىتالچىلىق ئىلمى، ماددا، ئىلمېنت، خېمىيە، فىزىكا ئىلمى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇش ئىلمى، ئىنسانلارغا مۇھىم، ۋاجىپتۇر.

# چۈمۈلە توغرىسىدا

چۈمۈلە، نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېمىگە سېلىنغان، بۇ ئۈممەت ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، ھەرخىل تېخنىكا، تەجرىبىلەرنى ئۆگىتىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، بۇ ئۈممەتنى ئىنسانلار بىلەن بىللە قىلدى، مانا ئەمدى، بۇلار بىزنىڭ مۇھىم تەتقىقاتىمىزغا ئايلاندى، چۈمۈلىلەردە پادىشاھلىق تۈزۈم بار، تەدبىر، سىياسەت بار، ھەر بىرىدە 400دىن كۆز بار، مىكرۇسكوپىدا كۆرۈنىدۇ. بۇلار ئىككى قەبىلە، ئىككى دۆلەت بولۇپ، ئۇرۇشمۇ قىلىدۇ، ئۆز زېمىنىنى قوغدايدۇ، مەخسۇس ئەسكەرلىرى بار، ئىشچىلىرى بار، ئامبارچىسى، تەربىيچىسى، دېھقانلىرى بار. (تەنتاۋى جەۋاھىرلىرى 160 ـ 162 ـ 163 ـ بەتتە چۈمۈلىلەر تېرىغان زىرائەت كۆرۈنۈشى، قورۇلۇشى، ئىچكى ـ تاشقى كۆرۈنۈشى بار 16 ـ 17 قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ)، بۇ بىزنىڭ 100 قەۋەتلىك قورۇلۇشىمىزغا ئوخشاشتۇر، ئۆزئارا تىلنى بىلدۈرىدۇ، ھەتتا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ سۆزىنى چۈشىنىپ كەلگەن، بەزىلىرى پەقەت چىشى بولۇپ، ئەركىگى مەۋجۇت ئەمەس، مانا بۇ قۇرئاندىكى« قالەت» يەنى چۈمۈلە مۇنداق دېدى دېگەن، پېلنى ئايالچە كەلتۈرۈشتىكى ھېكمەت، بۇلارنىڭ تۆرى مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، ھەر قايسىسىنىڭ ئالاھىدە سۈپىتى، خۇسۇسىيىتى بولىدۇ.

چۈمۈلە ئۆمرى يەتتە يىل بولىدۇ، مەملىكىتى، 15 يىل داۋام قىلغانلىرى بار، ھەربىر جۇمھۇرىيەتكە ئالاھىدە پادىشاھلىق تۈزۈم بولىدۇ، بەزىسىنىڭ قانىتى بولىدۇ، مانا بۇ پادىشاھ، ئەگەر ھامىلدار بولسا، قانىتى سۇنىدۇ، چۈنكى، ئۇ بىر بەلگە بولۇپ، باشقا رولى يوقتۇر، ھەممىسى ئۆز ھۈنىرىنى، ئىش ـ ئەمگەكلىرىنى پادىشاھقا بويسۇنۇپ تۇرۇپ قىلىدۇ.

ئىسپىرىت ماددىسىنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ، مەست بولۇپ كەتكىنىنى ئۇۋىسىغا كىرگۈزمەيدۇ، بولمىسا، قالايمىقان قىلىدۇ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلار ئەسىر بولۇپ قالسا، كاتىباشلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، ئۆلارنى كۈتىدۇ، بۇلار قورۇلۇشنى پىلانلاپ قىلالىغانغا قارىغاندا، ھېساب، ماتىماتېكىنى بىلەلەيدۇ ياكى ئۆزىگە خاس ھېساب بار، ھەممىسى ئەۋلادقا كۆيۈنىدۇ، كىچىكلىرىنى تەربىيلەيدۇ، قوغدايدۇ، بىخەتەر جايدا ساقلايدۇ، بۇ ئاجايىپ ئىتتىپاق، ئۇۈم، زور كۈچكە ئىگە، بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ چوڭلىقىنى كۆتۈرگەن، نەرسىگە، تاشلارغا سېلىشتۇرۇپ، چۈمۈلە بىلەن ئۇ، كۆتۈرگەن نەرسىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ ئالىملار مۇنداق قارار قىلغان، چۈمۈلە ئىنساندىن 3000 ھەسسە كۈچلۈك، چۈمۈلە كۈچىنى سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلار ھەربىرى بىر تونىنا نەرسىنى كۆتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلالىشى كېرەككەن، چۈمۈلە ئاغزىدا چىشلەپ كۆتۈرگەن نەرسىنى ئۆزىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئوشۇق كەلگەن، ئىنسانلار چىشىدا بىر تال چىنىنىمۇ كۆتىرەلمەيدۇ، ئىنسان، چۈمۈلىدەك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدىكى نەرسىنىمۇ كۆتىرەلمەيدۇ، (200 جىڭنى) بەزى چۈمۈلىنىڭ مېڭىشىنى سەكرىشىنى ھېسابلىغاندا، ئىنسانلار 140 مېتىرغا بىر چامدىسا بولىدىكەن، خۇلاسە سۆز شۇكى، چۈمۈلە ئىنساندىن كۈچلۈك، ھايۋانات ئالىملىرى مۇنداق دېگەن، ھەم بۇ ئەمەلىيەت، ھەربىر ھاشارەت كۆزى، ئاز دېگەندە 10 ـ 12 ھەتتا بىر نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ كۆزدىن تەشكىل تاپقان.

ئاددىيسى، چۈمۈلىدە 200دىن 400 گىچە كۆز بار، ھەممىسى بۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە بەزىسى قارىغۇ بولۇپ، بىر تالمۇ كۆزى يوق، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ ھېكمەت بىلەن يارىتىدۇ، كېپىنەكنىڭ بەزىسىدە 600دىن 1200 كۆز بار، بەزى ھاشارەتتە 10000دىن ئارتۇق كۆز بار، بۇلار مىكرۇسكوپىدا بايقالغان. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ كۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈش پەردىسىگە كىرىستالغا كۆرۈش، كۆرگەن سۈرەتنى نېرۋىغا يوللاش ھۆجەيرىسى، سۈزۈش، رەڭنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن، ھەممىسى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالايدىكەن، بىر تال كۆزىنىڭ چوڭلۇقى، بىر ملىلىنىڭ نەچچە مىڭدەن بىرگىمۇ تەڭ ئەمەسكەن، نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭايتسا ئاندىن بىر تال يىڭنە ئۇچچىلىك بولىدىكەن، بۇ تەپسىردە كېپىنەكنىڭ چوڭايتىلغان كۆز سۈرىتى بار، ئاللاھ، نېمىدېگەن بۈيۈك ھە!

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىنى نەملە، چۈمۈلە دەپ بىكار قويمىغان، پەيغەمبەرنىڭ ھايۋان، ھاشارەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى بىكار سۆزلىمىگەن، قۇرئان، ئاددى كىتاب ئەمەس، ئۇ ئىلاھى كىتابتۇر، ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، قۇرئاندىكى ئاتالغۇ، ئىسىم، تارىخ، بەزى ئىشارەتلەر بەكمۇ مۇھىم بولۇپ، بىز

مۇسۇلمانلارغا بۈندىن كېيىن زور ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات، كۈچ، غەلىبە ئېلىپ كېلىدۇ، ئەبەدىيلىك مۆجىزە ئىگىسىدۇر.

ھەسەل ھەرىسىنىڭمۇ بەش تال كۆزى بولۇپ، ئوتتۇرىدا كىچىك ئۈچ تال ئىككى چەتتە چوڭ ئىككى تال كۆز بار، بۇ كۆزلەر 1400 كۆرۈش ئاپاراتىغا ئىگە، فوكىسقا ئىگە، بىز ئىنسانلار ئېلېكتىرونلۇق زاپچاسلارنى مۇشۇنداق توپلاشتۇرىمىز، بولۇپمۇ كومپيۇتېرنى، ئاللاھ، بۇ ھاشارەتلەرنى قۇرئاندا بىكار تىلغا ئالمىغان، ئاللاھدە بىر دىن سۈرىنىڭ ئىسمىنى مۇشۇ جانلىقلار بىلەن ئاتىغاندۇر، ھېكمەت تېخى تۈگىمىدى، ھاشارەتلەردىكى ئىككى تال نەشتەر ئاللاھدە سەزگۈ ئەزا ھېسابلىنىدۇ، بۇلاردا ھاۋا، نۇر، يولى ئارقىلىق خۇشپۇراق ئارقىلىق ئالاقە بولىدۇ، ئىنسانلار 1750 ـ يىللىرى ھەتتا 1800 ـ يىللىرى سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق ئالاقە قىلىپ بولغان، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي كىتابىنىڭ 158 ـ بەتتە، ئىنسانلار 300000 كىلومېتىرى ئارىلىقدىن ئالاقىسىنى ۋاكىئومدا بىلەلەيدۇ، ھاۋا بوشلۇقدا بولسا، نەچچە مىڭ كىلومېتىر بولىدۇ دېگەن، مانا ھازىر ئىنسانلار كۈچەيتكۈچى بولسىلا، يەرشارى بويىچە ھەتتا باشقا پىلانېتتا، ئاي شارىلىرىدا بولسىمۇ ئالاقە قىلالىدى، ھايۋاندىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئاشۇ مۆڭگۈز پەردىلەردە، شۇ ئالاقە بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ط س تا سن دىكى طا (تە) تەيىرىگە طير يەنى قۇشقا س بولسا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەتتۇر دېگەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇشلارنى تەتقىق قىلغان، ھەم ئىز ـ دېرىكىنى قىلغان، بىز بولساق، قۇرئاندا ئۇلارنىڭ ھىدايىتىگە، ئىقتىدا قىل دېگەن ئايەت بىلەن پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان، بولۇپمۇ ئاشۇنداق ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلاردا ئەمەلىيەتتە چوقۇم ئىقتىدا قىلىشىمىز لازىم. ئەمدى، ئۆيقىدىن ئويغىنىدىغان ۋاقتى كەلدى، بۇ توغرىسىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى چوقۇم تەتقىق قىلىشىمىز، ھۆكۈم چىقىرىشىمىز، مۆجىزىسىنى ئىزدەپ تېپىشىمىز لازىم. قۇرئاندا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تال ھۆپۈپنى سۈرۈشتە قىلىشى سۆزلىنىپ، بىزگە، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن قۇشلارنى سۈرۈشتە قىلىشىمىزغا يول ئېچىلغاندۇر.

رەسۇلۇللاھمۇ ھايۋانلارغا كۆڭۈل بۆلگەن، مىسال قىلغان ئۆسۈملۈكمۇ شۇنداق، بۇ توغرىسىدا نەچچە مىڭ ھەدىس خاتىرلەنگەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولسا، ئاسمان ـ جىسىمنى، ئاسترونومىيىنى سۈرۈشتە قىلغان، بىزگە ياخشى ئۈلگە. رەسۇلۇللاھ، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي لايىقىدا تەۋەككۇل قىلالىساڭلار، سىلەرگە، قۇشلارغا ئوخشاش رىزىق بېرىلەتتى، ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ، كەچتە توق قايتاتتىڭلار دېگەن، مانا بۇ قۇشلار تەتقىقاتى، رەسۇلۇللاھ، قۇشلارنى تولۇق چۈشەنمىسە، بۇ ئىلىمنى بىلمىسە، قانداق مىسال قىلىدۇ؟ ئاللاھ، سۈرە فىلدا بىر توپ قۇش بىلەن دۈشمەنلەرنى ھالاك قىلغىنىنى سۆزلىگەن، بىز سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك قۇشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ باقايلى، بۇ تەپسىردە قۇشلار سۈرىتى ئېنىق كەلتۈرۈلگەن، تەتقىقات مەقسەت قىلىنغان ۋە ئىلىم شۇنداقلا ھارام ـ ھالاللار، پايدا ـ زىيانلار ئايرىلىشى كېرەك. قوغدايدىغان قۇشلارنى ئايرىپ قوغداش كېرەك. سۈرەت بۇ جايدا دۇرۇس بولغان.

مۇسەننىپنىڭ سۈرۈشتىسى

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ:

بارچە ئالەم بىر ھەقكە بويسۇنۇپ، بىر ھەقىقەتكە باغلانغاچقا، مەن پۈتۈن ئالەمنى، ئاسمان ـ زېمىننى ھەتتا ئەرشىدىن تەھتەساراغىچە سۈرۈشتە قىلىمەن، ھەم بۇلار بۇ تەپسىرىمدە سۆزلىنىدۇ. ئىلىم چەكسىز بولغاچقا، قەلبىم بىرەر چېگرىدا توختاپ قالمايدۇ، بىلمىگەننى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ، مەن ئاسمان، ئالەم بوشلۇقى، ھەرخىل سىستېما، قۇياش، ئاي، پىلانېتلاردىن كېچە ـ كۈندۈز، ھاۋا، بۇلۇت، يامغۇر، قار، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، باغلاردىن، تاغلاردىن، ھايۋانلاردىن، ئىلمى لەززەت ئالىمەن، قاتتىق ھەيران قالىمەن.

ھەربىر قۇش ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان، ئەزالارغا، غىزالارغا، قانائەت قىلىدۇ، خۇشال بولىدۇ، باشقىسىنى

تاماشا قىلمايدۇ، بەزىلىرى توخۇ، كەپتەردەك بالىلىرىغا قاتتىق كۆيۈنىدۇ، بەزىلىرى كۈچلۈك قاناتلىق بولۇپ، ھاۋادا ئۇچىدۇ، تىرناقلىرى بىلەن شاخلارنى قاماللايدۇ، ئوۋلايدۇ، بەزىلىرى ئۆردەك ـ غازلاردەك، پۇتلىرى پالاقلىق، بەزىلىرى ھۆپۈپتەك ئۇزۇن تۇمشۇق بولۇپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ يەيدۇ. بەزىلىرى دان، مېۋىلەردە قانائەت قىلىدۇ، بەزىلىرى مەخسۇس گۆشخور بولىدۇ، بەزىلىرى مەخسۇس سۇدا، دېڭىزلاردا ياشايدۇ، بەزىلىرى ئېسىل باغلاردا تاماششا قىلىدۇ، ھەممىسى، ئۆز ئالدىدىكىگە خۇشال، باشقىسىنى تاما قىلمايدۇ، ئاللاھقا شۈكرى قىلىپ، تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇيدۇ.

مەن قەلبىمدىن، ئەي دوستۇم، سەن ماڭا بىر دېگىنە، سەن زادى قانداق ئالەم؟

ئۇ مۇنداق دېدى، مەن رەببىمنىڭ نۇرىدىن بىر پارە، مەن بۇ زېمىنغا ئەۋەتىلدىم، ھەربىر ئادەم باللىسىنىڭ قەلبى بۇ زېمىنغا ئەۋەتىلدى، مانا بۇ جەسەت دېگەن جىسمىغا قويۇلدى، بۇ جىسىم قەلبىنىڭ ئۇۋ سايىمنى بولىدۇ، قەلب ھەممىنى كونترول قىلىدۇ، بىز بۇ ئالەمدىن غىزا، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، لىباسلارنى، تۇرالغۇ جاي، قورغان، قورۇلارنى ئىستېمال قىلىمىز، كۈچ تاپىمىز، موسكۇللىرىمىز ھەرىكەت بىلەن كۈچ تاپىدۇ. ئەقلىمىز، پىكىر، تەپەككۇر بىلەن كۈچ تاپىدۇ، نەپسىمىز بولسا، گۈزەللىك، زىننەتلىرىدىن لەززەت ئالىدۇ، ئەقىل نەپسىنى باشقۇرالىسا، نىجات تاپىدۇ، بىز ئاندىن بۇ تار ھەم خار پاسكىنا ئالەمدىن پاكىز، ئازادە، كەڭ ـ كۇشادە مەڭگۈلۈك باقىي ئالەمگە يۆتكىلىپ كېتىمىز. ھەربىر قەلب ئىگىسى بۇ يەرشارىدىن ئالغان ئىلمىي ئەخلاق ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىدا دەرىجە، مەنزىللەردە ئۈستۈن، تۆۋەن بولىدۇ خالاس، دېدى. مەن ئاشۇ قەلبىم بىلەن قۇشلارنى سۈرۈشتە قىلدىم.

قۇشلار ئومۇرتقۇلۇق ھايۋان، تۇخۇمدىن چىقىدۇ، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىزلاردا ياشايدۇ، ئاللاھ، ھەممىسىگە ئۆزىگە لايىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئۇلار ھاۋادا، جاپا ـ مۇشەققەتسىز ئەركىن پەرۋاز قىلىدۇ، ئۇلاردا چىش يوق، تۇمشۇق بىلەنلا ئوزۇقلىنىدۇ، ئاشقازان ئورنىدا كۈچلۈك ھەزىم قىلىش ئەزاسى بار، دان، گۆش، غىزالار، پوكاندا يۇمشاپ، ئاندىن ھەزىم قىلىش ئورنىغا بارىدۇ، مەشغۇلات ئاسانلىشىدۇ، قۇشلار پەيدا بولۇپ، تا ئۆلۈپ يوقىغىچە ئاللاھنىڭ ئىلھامىدىن ئايرىلمايدۇ، بۇيرۇققا شەرتسىز ھېكمەت سۈرۈشتۈرمەي ئەمەل قىلىدۇ، ئۇلاردىن. توخۇ، كەپتەردەك ئۆي قۇشلىرى بار، بۇلار بىزگە، ھەممە جەھەتتىن مەلۇم، غاز، ئۆردەكتەك پالاقلىق سۇ ھايۋانلىرى بار، توزغا ئوخشاش باغچا قۇشلىرى بار، تۆمۈر تۇمشۇقتەك، ھۆپۈپتەك زەھەرلىك زىيانداشنى يوقاتقۇچى بار، بۇلبۇلدەك، شاتۇتتەك، تىلى گۈزەللىرى بار، قاغىدەك تاپ يەپ، ۋابانى تازىلايدىغانلار بار، بۈركۈتتەك، ئۇۋچى قۇشلار بولۇپ، ھەممىسى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىلغان.

كۈندۈزى قېچىپ قۇتۇلغان زىيانلىق ھاشارەتلەرنى شەپەرەڭدەك، مۇشۇكياپىلاقدەك كېچىدە يوقاتقۇچى ئۇۋچىلار بار، بۇلاردا ئالاھىدە كېچىدە كۆرۈش ماھارىتى، مىكرۇسكوپلۇق ئىقتىدار، ئالاھىدە ئاڭلاش سېزىمى بار، قۇشلار موسكۇلىنىڭ تۈزۈلۈشى، ھەربىر ئەزاسى، سەزگۈ ئەزالىرى ئالاھىدە كۆرۈش، پۇراش، ئاڭلاش ئىقتىدارلىرى، تېز سۈرئەتتە ئۇچۇشلىرى، يولدىن ئازماي خەرىتىنى بىلەلىشى، مېھرىبانلىق قىلىشى، سوت، ھۆكۈم چىقىرىش، پادىشاھلىق تۈزۈملىرى، ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن پايدىلىرىدىن ھايۋانات ئالىملىرى قاتتىق ھەيران قېلىپ، بەزىلىرى ئاللاھنى تونۇپ، مۇسۇلمان بولدى، مۇسۇلمان بولغانلىرى ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھقا مىليون شۈكرى، ئاللاھ نېمىدېگەن ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، نېمەنچە رەھىمدىل، كۆيۈمچان ھە! دەپ كەتتى، ئەمما، نادان، جاھىل، تۇرۇك، خۇراپىيلار، بۇ ئىلىم ـ ھېكمەتتىن، رەھمەت، نېمەتتىن خەۋەرسىز ئۇخلاپ كەتتى، ھەي ئىسىت!

ئاللاھ، سۈرە ئەنئامدا ھەرقانداق بىر ھايۋان ئۆملىگۈچى ۋە ئۇچار قۇش بولىدىكەن، ئۇلار سىلەردەك ئۈممەت دېگەن. بۇ سۈرىدە بولسا، چۈمۈلە بىلەن ھۆپۈپدىن ئىبارەت بىرى ئۆملىگۈچى يەنە بىرى ئۇچقۇچى قۇش، ئىككى ئۈممەتنى تىلغا ئالغان، بۇ ئىككى سۈرىنى ئاجايىپ بىرلەشتۈرگەن، مەقسىتى بۇ ئىلىم، مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىگە پەرىز كۈپايە، دېمەكچى ئىدى. سىلەردە ئۈممەت دېگىنى ئۇلارنىڭمۇ بۇ زېمىندا ھوقۇقى، ھەققى بار، يەيدىغان رىزقى، تۇرار جايى بار، قوغداشقا تېگىشلىكنى قوغداڭلار، يېيىشكە تېگىشلىكنى يەڭلار، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن زىيانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پايدىلىق ئىش قىلىڭلار، دېمەكچى. شۇ چاغدا بىز پەيغەمبەرلەرگە ۋارىس بولالايمىز، بىز تەييارغا ھەييار، بۇزۇپ ـ چاچار ۋارىسلاردىن بولماي،

ئاشۇلارنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىش ـ ئىزلىرىغا ۋارىس بولىشىمىز لازىم. مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلايلى! ئىنشائاللا

بسم الله الرحمن الرحيم

سۈرە نەملىدە ھۆپۈپنىڭ، سۇلايمان ئەلەيىسسالامغا ئۇچۇر ئېلىپ كېلىشى، چۈمۈلە سۆزىنى شامال، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈشى، جىنلار خەۋىرى، دېڭىز ئاستى خىزمىتى قاتارلىقلار بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ھازىر، سىمسىز تېلېفوننى ئىشقا سېلىپ، ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىۋاتىدۇ، يەرشارىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ، يەنە بىر تەرىپىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ، بۇ ئايەتتىن پادىشاھ بولغان كىشى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىشى، ئۇچۇر ئىگىلىشى، دۈشمەنىنىڭ ئىشىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشى، تەييارلىق قىلىش لازىم، ئىشەنچىلىك خەۋەر، ئۇچۇر، دۆلەت ئىشلىرىدا تىجارەت ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ دېگەن.

مەن دەيمەنكى، بۇ تەرەققىي قىلىپ، ھازىر ئالەم قاتنىشى، سۈنئىي ھەمراھ، باشقا پىلانېتقا چىقىش، رادىئو ـ تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى بار، ھازىر بولسا، يەرشارىدىكى ھەتتا ئالەم كېمىسىدىكى كىشى بىلەنمۇ بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۆزلەشكىلى بولىدۇ. پۈتۈن قوراللارنى كومپيۇتېردا باشقۇرلىدۇ.

كومپيۇتېرغا كەلسەك، ئىنگلىز، خەنزۇ ئەرەب، ھىندى قاتارلىق ھەرخىل تىلدا سىستېما چىقتى، **Windowsxp** سىستېمىسى، خاترە كومپيۇتېر، يەنى چامدان قول كومپيۇتېر چىقىپ، سىمسىز تورغا كىرىپ، پۈتۈن يەرشارى بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولىدۇ. بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرالايدۇ، ھەرخىل تور بېتىدىن فىلىم، كىتاب، ماقالە، پەتىۋا، خۇتبە، سۆھبەت، مۇنازىرىلەردىن پايدىلىنىدۇ، بىۋاستە پەتىۋا ئالالايدۇ، ئۇ بىر دۇنيا بولۇپ، ھەممە نەرسە بار، ھەتتا شەھۋانى نەرسىلەرمۇ بار بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر كومپيۇتېر تورىنىڭ يېرىمى ھالال، يېرىمى ھارام دېگەن. پۈتۈن بۇزۇقچىلىق، كۇپرىلىق، پاسىق، پاجىرلىق، خاتا ئەقىدە، خاتا پەتىۋالارمۇ، ھەتتا ئۆزگەرتىلگەن كىتابلارمۇ شۇنىڭدا بار، ئەلۋەتتە، بۇ نېمەتنى ياخشى ـ يامانغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەقدىسى توغرا بولۇپ، قۇرئان، ھەدىس بويىچە ئىشلىتىپ، ئىسلام دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسە، تېلېۋىزورنى بىۋاستە نەخ مەيداندىن كۆرسە توغرا بولغان، تەرەققىياتنى قۇرئان، ھەدىس قوللايدۇ. ئەمما، ئۇنى قۇرئان، ھەدىس چەكلىگەن ئىشلارغا ئىشلەتسە، قەتئىي ھارام بولىدۇ، بۇ بىر نېمەت خۇددى تىل، كۆز، ئەزالاردەك كومپيۇتېردا تەرەققىياتتا گۇناھ يوق، ھەرخىل تىلدا لۇغەتتە، گۇناھ يوق، گۇناھ، ئاسىيلىق، ئۇنى ئىشلەتكۈچىدە، سۆزلىگۈچىدە بولىدۇ، توغرىسىغا ئىشلەتسە ساۋاب بولىدۇ، ئەجىر ئالىدۇ. ھازىر ھەربىر دىنى ئالىم، كومپيۇتېر، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلغار نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرىدىن ئىلغار ھالەتتە تۇرۇشى لازىم، بۇ تۈتۈن، نۇر، ھېساب بىلەن بولىدىغان ئۇچۇر، بۇ ئۈچ ئىش قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، نۇر، ھەتتا پەرىشتىمۇ نۇردىن ياراتتى، **ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا، نۇر ئاتا قىلغۇچى،** قۇرئان، نۇر ئۇنىڭدىكى بىر سۈرىنىڭ ئىسمى نۇر، ئاللاھنىڭمۇ بىر ئىسمى نۇر، مۆئمىنلەر بەختىمۇ نۇردا بولىدۇ. ئاينى، ھېسابنى بىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، مانا ھازىر بىر ھۆپۈپ ئېلىپ كەلگەن ئۇچۇر توغرىسىدا توختىلىۋاتىمىز، پۈتۈن دۇنيادىن خەۋەردار بولۇۋاتىدۇ، كۆز، قۇلاق بولۇۋاتىمىز. ئۇندىن باشقا كومپيۇتېرنىڭ يۇقىر پايدىسى، پۈتۈن قۇرئان تەپسىرلىرىنى بىر تال دىسكىغا قاچىلىغىلى بولىدۇ. ھەربىر تەپرىسىنمۇ مۇستەقىل دىسكا، سىستېما قىلىپ ئىشلىگىلى بولىدۇ، پۈتۈن ھەدىس، ۋە شەرھىنى بىر تال دىسكىغا پاتقۇزغىلى بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە بار، بەش يۈەنلىك بىر تال دىسكىغا **10000** يۈەنلىك كام دېگەندە **20000** يۈەنلىك كىتاب پاتىدۇ، بۇ كىتابلارنى خالىغانچە ھايىت ـ ھۆيت دېگىچە بىر سېككۇنتتا خالىغىنىمىزنى تاللاپ كۆرۈپ، جايىغا ئېلىپ قويالايمىز، كىتابنىڭ تېگى يۈزى، ئۆزىمىز خالىغان. كۆزگە زىيان قىلمايدىغان رەڭدە كۆرگىلى بولىدۇ، خەتنى چوڭ ـ كىچىك قىلغىلى بولىدۇ، قەلەم تۇتماي، ئايەت، ھەدىسلەرنى تاللاپ، كومپيۇتېر دەپتىرىگە ياكى كىتاب قىلغىلى بولىدۇ. كۆپەيتىش ماشىنىسى بىلەن

كۆپەيتكىلى بولىدۇ، ئىلغار ئىشلەنگەن مەڭگۈلۈك مۆجىزە ناملىق بىر دىسكا بولۇپ، بۇنىڭدا پۈتۈن يەرشارى قۇرۇقلۇق دېڭىز، ئۆسۈملۈك، ھايۋان ھەممە نەرسە رەڭلىك تونۇشتۇرۇلىدۇ، 700دىن ئارتۇق كىچىك ھەرىكەتلىك فىلىم ئىچىدىن چىقىدۇ.

تەپسىر، ھەدىس تەتقىقاتىدا ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچى بولالايدۇ، قۇرئان، ھەدىس ياكى فىقھى تارىخىدىن ياكى لۇغەتتىن ھەر بىر سۆزنى ياكى جۈملىنى ياكى ئايەت ھەدىسنى سېكۇنتتا ئىزدەپ تېپىپ بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

بىلمىگەن لۇغەتلەرنى ئۆستىگە نۇر بەلگىنى چېكىش بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ، مەن بۇنى مۇبالىغە قىلغىنىم يوق، ئەمەلىي كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلارنى ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان مەشغۇلاتنى يېزىۋاتىمەن، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالدىدا كومپيۇتېر بار كىشى ياكى كۆرگەنلەر شەكسىز ئىشىنىدۇ. يەنە تېخى ھەرخىل پىلاستىنكىلارنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. سۈرەت تارتقىلى، ئۈنى چوڭايتقىلى، لايىھەلەپ كىرىشتۈرگىلى، ھەرخىل قىلغىلى باشقا سۈرەت بىلەن كىرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

فىلىم ئىشلىگىلى بولىدۇ، تىلكامىرا ئارقىلىق كۆزەتكىلى، ئەمەلىي سۈرەتكە ئېلىۋالغىلى بولىدۇ، قارشى تەرەپ بىلەن ئارىلىق يىراق بولسىمۇ بىر ـ بىرىنى كۆرۈشۈپ سۆزلەشكىلى بولىدۇ. دەپ كەلسەم گەپ تولا، ئەمدى بولا، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، ئەڭ ياخشىسى كۆرۈپ بېقىڭ، ئۆيىڭىزنى ئېچىڭ، دەس تۇرۇڭ، تەرەققىي قىلىڭ، مەن بۇ ئەسەرنى مۇشۇ مەقسەتتە تەرجىمە قىلدىم، ئاھ، نادان، بىچارە، مەزلۇم خەلق، ئاللاھ سىلەرگىمۇ بىر كۈن كۈچ ـ قۇدرەت ھاكىمىيەت ئىقتىساد، ھوقۇق، ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات، ياخشى ئەمەل، تەقۋالىق ئاتا قىلا، ئامىن! ئەڭ مۇھىمى، ئەمەل، تەرەققىياتىڭمۇ مۇھىمى تەقۋالىق، ئىمان، ئىسلام، ياخشى ئەمەل، ئىخلاس، مەن نۇرغۇن پەيلاسوف، دوكتۇر، ماگىستېر، ئوقۇتقۇچى، تەتقىقاتچى، مۇجاھىد، دەۋەتچى، تالىپ، ۋائىزلارنى كۆردۈم، كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىنىمۇ كۆردۈم، دائىم قۇرئان، ھەدىس، كائىناتتىكى مۆجىزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، فىلىم ئىشلەپ، تارقاتقانلارنى كۆردۈم، تەقۋا بولمىسا، ئۆزى ئەمەل قىلمىسا، ئاللاھقا يىلىنمىسا، قۇرئان، ھەدىسكە چۈشمىسە، كېچىسى قىيام بولمىسا، سەھەردە تۇرمىسا، سالىھ، ياخشى ئالىملار بىلەن بىللە بولۇپ تەقۋالىققا قاراپ، ئالغا ئىلگىرلىمىسە، ھەممىسى بىكار ئىكەن، مۇھىمى ئىمان، تەقۋالىق ئىكەن.

سۈرە نەملە، ئايال پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاللاھ بىزگە مۇنداق بايان قىلىدۇ، **ھەقىقەتەن پادىشاھلار قوشۇن باشلاپ، شەھەرگە كىرسە، پاساد تېرىيدۇ، ھەممە ھالاك بولىدۇ.**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ ئايەتتە مۇنداق توختىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ھالاك بولىدۇ، نېمە ئۈچۈن پاساد تېرىيالايدۇ؟ چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ مىجەزى، تەبىتى، كۆيۈش، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، ئىنسانلار، ئېلمىنتلار، ئىمارەتلەر ھەممىسىدە مۇسبەت توك زەررىچىسى بولىدۇ، يەنى ئېلېكترون، مەنفى توك زەررىچىسى بولىدۇ، ھەممە نەرسە ھىدروگېن سۇدا، كاربون ماگنېت، فوسفور، گۈڭگۈرت، خلور، تۆمۈر ئوكسىد، ھىدروگېن، ئوكسىگىندەك ماددىلاردىن تەركىب تاپقان، بۇ ماددىلارنى كانلاردىن، زېمىندىن تاپقىلى بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئىستېمال قىلىدۇ، ئاندىن ھايۋان، ئاندىن ھەر ئىككىسىنى ئىنسان ئىستېمال قىلىدۇ، پۈتكۈل دۇنيادا زەررىچىلەر ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار بۇ ماددىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۈچۈر ئىلمىنى، يول قۇرۇلۇش، سۇ قۇرۇلۇش، توك قۇرلۇش، قانتاش، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋادا ئەركىن سەپەر قىلىش، زىرائەت ئەھۋاللىرىنى ھەتتا، قورال ـ ياراق ئىشلىرىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، مانا ئەمدى، بىرەر پادىشاھ ياكى قوماندان، گېنىرال بىرەر شەھەرگە قوشۇن باشلاپ كىرسە، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، ھەممە ھالاك بولىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، سۈرە نەملىنىڭ 70 ئايەتلىرىنى چۆرىدەپ، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە، بىزگە بەرگەن نۇرغۇن نېمەتلەرگە شۈكرىنىڭ ۋاجىپلىقى، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئاللاھقا تەشەككۈرنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ.

**1** ـ ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىش.

2 ـ ئاسماندىن، بۇلۇتتىن سۇ چۈشۈرۈش.

3 ـ ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆندۈرۈش.

4 ـ گۈزەل، مېۋىلىك باغۇ ـ بوستانلارنى بەرپا قىلىش.

5 ـ پەرشارنى، ئىنسان، ھايۋانلارغا قارارگاھ قىلىش.

6 ـ ئۆڭكۈرلەردا، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۇ ئاقتۇرۇش.

7 ـ زېمىننىڭ تەۋرىمەسلىكى ئۈچۈن، سۇلارنىڭ ئېقىشى ئۈچۈن تاغلارنى يارىتىش.

8 ـ دېڭىز بىلەن دەريانىڭ ئاچچىق سۇ بىلەن تاتلىقنىڭ ئارىسىغا توسۇق قىلىنىش.

9 ـ تەزەررۇئ چېكىپ، يىلىنگۈچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىش.

10 ـ ئىنساندىن زەرەرنى، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىش، ئاسان قىلىپ بېرىش.

11 ـ ئىنسانلارنى ئەسىرمۇ ـ ئەسىر، ئۈممەتتىن كېيىن ئۈممەت، جامائەت قىلىش.

12 ـ ئىلگىرىكىلەردىن كېيىن، كېيىنكىلەرنى ۋارىس قىلىپ، ياشتىن تەسەررۇپ قىلىش.

13 ـ شامالارنى ئەۋەتىش، پەيدا قىلىش، ئىسسىق ـ سوغۇق يارىتىش، ساپ ھاۋا قىلىش.

14 ـ ئىلىم ـ پەن ئىلھام قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، پۈتۈن ئىشلارنى ئاسان قىلىش.

15 ـ مانا مۇشۇ ئىشلارنى قىلالىغان زات، چوقۇم ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە شەكسىز قادىردۇر، يەنە تىرىلدۈرۈپ، جەننەت ئەھلىنى بولسا، ئۆز پەزلى، رەھمىتى بىلەن مەڭگۈلۈك كۆڭلىدىكىدەك بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، دوزاخ ئەھلىنى بولسا، ئادىللىقىدىن جازالايدۇ، يەنە ئىنسانلار شۈكرى قىلمايدۇ، ئۇلار ئەمەلارچە ياشايدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي جەۋاھىرىنىڭ 8 ـ توم، 13 ـ جىلد، 234 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: يۇنان پەيلاسوفى، تايلىس، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى سۇ دېگەن. چۈنكى، ھەممە نېرىگە بۇ كىرگەن، سىڭگەن سۇ بولمىسا ھالاك بولغان. پەيلاسوف ئەنكسىماس بولسا، ھاۋا دېگەن. ئەنكسىمەندەر بولسا، ئۇمۇمى ماددا، سۇ بىلەن ھاۋا بىر قىسمى دېگەن دىمقراتىس بولسا، ئالەمنىڭ ئەسلىسى پارچىلانماس بىر خىل ماددا، زەررىچە دېگەن. فىيساغورس بولسا، ئالەمنىڭ ئەسلى ھېساب بىلەن سان، چۈنكى، ھەممىسىدە پۇختا ئىنتىزام، رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، شەكىل بار دېگەن.

ئەنكسا غورس بولسا، ھېساب، ھېسابلىغۇچىسىز نىزام، نىزامنى بەلگىلىگۈچىسىز بولمايدۇ، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى ئەقىل دېگەن.

ئاندىن سوقرات، ئەفلاتۇن، ئارستوتىللار، يۇقىرقى سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت، زەررىچە، ماددا، ئەقىل، نىزام، ھېساب، ھەممىسى ھادىسە، بۇنى قىلغۇچى، پەيدا قىلغۇچى، ئۆزى، ئەزلى ئەبەدى بىر ئىلاھ، چوقۇم بار ئىكەن، بۇ ئالەم شۇ زاتتىن، شۇ زات تەرەپتىن كەلگەن، يارىتىلغان دېگەن.

بۇ، يۇنان پەلسەپىسى، رۇملۇقلار بۇنىڭغا ئەگەشكەن، كېيىن، ياۋرۇپالىقلارمۇ بۇ خىل كۆز ـ قاراشتىن چىقىپ كېتەلمىگەن، ھىندىلىقلار بولسا، يۇقىرقى كۆز ـ قاراشلارغا خىلمۇ ـ خىل ئەگەشكەن، بۆلۈنۈپ كەتكەن.

بىز دەيمىزكى، بۇ پەيلاسوفلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مېنىڭ توغرا دەپ تۇرىۋالىدۇ، خۇددى بىر ئايەتتە ھەربىر گورۇھ، پارتىيە ئۆز ئالدىدىكى نەرسىگە خۇشال دېگەندەك، ھەممىسىنى جۇغلىساق، مۇنۇ بىر ئايەتچىلىك بولمايدۇ:« ئاللاھ، ئاسماندىن سۇنى چۈشۈردى، ئاندىن شۇ سۇ سەۋەبلىك گۈزەل باغۇ ـ بوستانلارنى بەرپا قىلىپ بەردى،» بىز ھەممىنى ئاشۇ خالىق ياراتقۇچى، ئەزلى، ئەبەدى بولغان، نۇرغۇن گۈزەل سۈپەتلىرىگە ئىگە بۇلغان ھەممىگە قادىر مېھرىبان ئاللاھ قىلدى دەيمىز.

بارچە پەيلاسوفلارنى بىرلەشتۈرسە، بىر ئايەتكە تەڭ كەلمەيدۇ، چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى، مۆجىزە، ھىدايەتتۇر، ئۇنىڭدىن ئەۋزەل، ئارتۇق پەلسەپە، بالاغەت، لوگىكا، مەنتىق، ھېكمەت، بالاغەت، ئۇسۇل، قانۇن ـ نىزام، پىرىنسىپ يوق، **1929** ـ يىلى **6** ـ ئايدا يازغان ئىكەن.

گۈزەل باغلارنى قىلىپ بەردى، زېمىندا ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە نۇرغۇن مۆجىزىلەر بار، ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىمۇ بار دېگەن، ئايەتلەرگە مۇنداق تەپسىر قىلدى،

ھەرقايسى دۆلەتلەر، رايون، ئۆلكىلەر، كۆپلەپ كۈچ چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن باغچىلارنى ياسىدى، ئەلۋەتتە، بۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقىدە، بىز ئىسلامى تۇس ئالغان باغچىلارنى ساياھەت قىلغاندا، تەتقىق قىلغاندا، ئارام ئالغاندا، دەرس ياكى يېزىقچىلىقنى شۇ جايدا قىلغاندا، نۇرغۇن مۆجىزىنى بايقايمىز. ئۇسۇملۇكلەر باغچىسىدىن باشقا ھايۋاناتلار باغچىسىمۇ بار، مەن تەتقىق قىلسام، خۇددى ئىنسانلار ئۆزئارا مۇھەببەت تۇتۇشقاندەك، بىرىنىڭ كۆڭلىنى بىرى ئالغاندەك، بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىپ، ھەدىيە قىلىپ، شېئىر ئېيتىش، نەزمە، قوشاق قوشۇپ، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسۇل ئارقىلىق گۈزەل كىيىملەرنى كىيىپ، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى چېچىپ، گىرىم، پەرداز قىلىپ ئەيىبنى يوشۇرۇپ، سالاپەتلىك، ئەخلاقلىق، مەردانە، نوچى كۆرۈنگىنىدەك، ھايۋانلاردا مۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇسۇملۇكلەر بۇ خىل ئىشلارغا ياردەم بېرىدىكەن، خۇددى قىزىل ئەتىرگۈلنى ئىنسانلار سۆۋغا قىلغاندەك، مەن نۇرغۇن ھاشارەتلەرنىڭ، قۇشلارنىڭ ئۆز مەھبۇبى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنى پەردازلاپ، خۇشپۇراق گۈللەردىن ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ، ھەرخىل سايراپ، خۇشال بولۇپ، سالاپەتلىك ھالدا ئۇچراشقىنىنى كۆردۈم، ئۇلار ئۆزئارا سىگنال قويۇپ بېرىپ، بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشىدىكەن، خۇددى ئىنسانلار تېلېفون، چاقىرغۇ قىلغاندەك، ئىنسانلار ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، سەزگۈلىرىدە ئەلۋەتتە، ھايۋانلاردىن نەچچە يۈز، نەچچە مىليون ھەسسە تۆۋەن تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە، سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار، قايسىڭلار خىروئىن ياكى بىرەر جىنايەتچىنى ئىتتەك پۇراپ تاپالايسىلەر، قايسىڭلار شەپەرەڭدەك دەل كېچىدە كۆرەلەيسىلەر، بىر قىسىم ھاشارەت، قۇشلاردەك بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان زەھەرلىك مىكرۇپ، ۋىرۇسلارنى تاپالايسىلەر؟ ھېچكىم بۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇلاردىكى ئالاقە، كۆيىنىش، كۆڭۈل ئاياش، مۇھەببەت، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، مانا بۇ ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكىگە دەلىلدۇر. چۈنكى، مەيلى ئىنسان مەيلى ھايۋان بولسۇن، تەتقىقاتىدىن كېيىن ياكى ئىزدىنىش، كۆزىتىشىدىن كېيىن بارچە مۇھەببەت ئىشقى ئاللاھقىلا بولىدۇ، ھەممە ئۇنىڭغا قايتىدۇ.

## ئەمەلىي تەتقىقاتتىن بىر نەچچە ئۈلگە

بېرتانىيە پايتەختىدىكى بىر باغچىدا بىر خىل دەرەخنى ئۇچراتتىم، بۇ دەرەخ شۇنداق گۈزەل، يەنى سۆرۈن ئىكەن، چۈنكى، بۇ دەرەخ نۇرغۇن سۇنى ئۆزىدە ساقلايدىكەن، بىرەر شاخنى كەسسە ياكى تەشسە، ئىچىشكە بولىدىغان سۇ چىقىدىكەن، ھەربىر شېخى مۇشۇنداق مۇستەقىل سۇنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. قۇشلارمۇ بۇنىڭدىن بەكلا پايدىلىنىدىكەن. (تەنتاۋى جەۋاھىرلىرى **240** ـ بەتتە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن)

يەنە بىر باغچىدا ئەركەك تۇز، چىشى تۇزغا كۆڭۈل قويۇپ، قاناتلىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئۆزىنى ياساپ ناھايىتى گۈزەل ھالەتتە چىرايلىق سايراپ، چىشى تۇزغا بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى، چىشى تۇز ناز قىلىپ، قېچىپ باقتى، كېيىن بۇلار بەختلىك ھالدا مۇھەببەتلەشتى، سۇبھانەللا، ئاللاھ قادىرۇدۇر. كېپىنەكلەر بولسا، سىگنال بىلەن ئۇچرىشىدىغانلار بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىلمۇ ـ خىل گۈزەللىكىنى ئىشقا سالىدۇ، رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىشىدىن سىرت، خۇشبۇي، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرىتىدۇ، ئۆزئارا ھەدىيە قىلىشىدۇ، گۈزەل باغلارنى تاپسا، باشلاپ ئېلىپ بارىدۇ، بۇلار تېخىمۇ كۆڭۈللۈك، ئۆمۈچۈك. ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرسى كۆرىدىغىنى، بۇلار بەك كۆپ، بۇلار تو توقۇپ ناھايىتى گۈزەل توقۇيدۇ، ئاندىن مەھبۇبىغا ئاتاپ ئوۋلىغان نەرسىدىن ياخشىنى ئېلىپ قويىدۇ، مەشۇقى كەلگەن ھامان ھەرخىل ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزئارا بىلىشىدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئۇسۇل ئوينىغىلى تۇرىدۇ، مەشۇقىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەدىيىسىنى بېرىدۇ ـ دە، ھەدىيىنى يەپ بولۇشىغا، مەھبۇبىغا ھۇجۇم قىلىپ مۇرادىغا يېتىدۇ. (تەنتاۋى

رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: تىمساھ، ئاشقىلقىدىن، مەشۇقىغا بولغان مۇھەببەتتىن كۆز يېشى قىلىدۇ، چىشىدىن رەنجىگەندە يىغلايدۇ، مانا بۇ تىمساھ كۆز يېشى) ئىككىنچى خىلى بولسا، كور ئۆمۈچۈك بولۇپ، بۇ خىلمۇ يەنىلا تور توقۇيالايدۇ، ئەمما، قارشى تەرەپ كۆرەلمىگەچكە ئۇ ئۇسۇل ئويىنمايدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ توقۇغان تورىدىن بىر تالنى چېكىپ بىر خىل ئاۋاز چىقىرىدۇ، سۆزلىشىدۇ، ھەدىيىنى سوۋغا قىلىدۇ. ھەدىيىدە ئۆزى يۆگىگەن يىپەك يىپ بار ـ دە، قارشى تەرەپمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك، ھەممىمىزگە مەلۇم، شاتۇت، بۇلبۇل، نۇرغۇن قۇشلار، ھايۋانلار، گۈزەل ئاۋازى، گۈزەل كۆرۈنۈشى بىلەن مەشۇقىنى جەلىپ قىلىدۇ. ئادىسى خوراز، ساقلى بىلەن تاجىسى، گۈزەل پەيلىرىنى ئىشقا سالىدۇ، ئەمما، ھازىر ئىنسانلار قانۇنسىز، يولسىز ھايۋانلارنى دورىغىلى تۇردى.

مۇھەببەتنى ئىسلام قانۇنى يولىغا قويغان ئاساستا ئېلىپ بارماي، ئەنە ئاشۇنداق ئۆز جۇپتىگە ئەكىلەپ باشقىغا تاجاۋۇز قىلدى. ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەس، پۇت ـ قولنىڭ جىم تۇرماسلىقى، ئىشنىڭ قانۇنسىزلىقى گۇناھ، مەئسىيەتتۇر. قۇرئان، ھەدىس بويىچە سوۋغا ـ سالام، ھەدىيە ئۆزئارا دوستلۇق، مۇھەببەت، كۆيىنىش، ھالال ئىشلارمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما، بۇلار تورنى، بۇلبۇلنى قويۇپ، توڭگۇز بىلەن ئىشەكنى دوراپ كەتتى، خۇددى قىيامەت مۇشۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغاندەك، مەقسەت، باغلارنى، ئۆسۈملۈكنى، ھايۋاناتلار، قۇشلارنى ھەتتا، ھاشارەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلىپ، زېمىندىن ئۆزىمىزدىن بارچە ئالەمدىن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، ھېكمەت، رەھمەت، پەزلىگە دەلىل تاپساق، بۇ كاتتا ئىش بولاتتى، ئاللاھ، ھەممىمىزنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزسۇن ئامىن!

بۇ سۈرىدە، قىيامەتكە يېقىن، ئاللاھ، بىر ھايۋاننى چىقىرىپ، سۆز قىلدۇرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ ھايۋاننىڭ سۈپىتى، چىقىش ۋاقتى، ئورنى، قانداق سۆز قىلىش، كەيپىياتى، ھەممىسى ئاللاھقا مەلۇم، بىز بىلمەيمىز. بۇ پەقەت قىيامەتنىڭ ئالامىتى، بەلگىسى خالاس. قۇرئان مۆجىزىسى، چۈنكى، ئاللاھدىن باشقىسى بۇنداق كەلگۈسى ئىلمىنى، غەيبنى بىلمەيدۇ، ھەم سۆزلىيەلمەيدۇ. بىر ھايۋاننىڭ سۆزلىشى دىققەت، نەزىرىڭىزنى قوزغىمىدىمۇ؟.

بىز ھازىر سۈرە نەملە، **83** ـ ئايەتتىكى، يەرشارى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ ئايەتتە، ئاللاھ، تاغلارنى، تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ۋەھالەنكى ئۇ بۇلۇتتەك چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ھەممىنى پۇختا ياراتقان ئاللاھنىڭ ھۈنىرىدۇر دېگەن. قەدىمقى مۇپەسسىر ئالىملار، بۇ ئايەتنى قىيامەت كۈنى تاغلار ئېتىلغان، يۇڭدەك بولۇپ كېتىپ، زېمىن قاتتىق تەۋرەپ، شۇ چاغدا تاغلار بۇلۇتتەك چۆرگىلەيدۇ دېگەن. ھازىرقىلار بولسا، بۇ ئايەتتە ئىبارەت ۋە دالالەتتە بولسا، شۇنداق مەنا بار، ئەمما، قۇرئاندىن ئۇسۇل، قائىدىسىدە، تۆت خىل دەلىل ئېلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىبارەت، دالالەت، تەلەپ، تەقەززادىن باشقا ئىشارەتتىنمۇ دەلىل ئېلىنىدۇ.

بىز بىرىنچىدىن ئىشارەتتىن دەلىل ئالغاندا، بۇ ئايەت، يەرشارىنىڭ ئېلىپىس شەكىللىك، يۇمىلاق ۋە چۆرگىلەپ تۇرۇشىنى، قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىشىنى، قۇياش بولسا، پۈتۈن ھەمراھلىرى بىلەن تەك بىرگە يۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئايەتتە، ئاللاھ، ئەتقەنە كۇللى شەيئى دېگەن، ۋخرب دېمىگەن، يەنى ھەممە نەرسىنى پۇختا قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ھۈنىرى دېگەن، خاراب قىلغۇچى دېمىگەن، قىيامەت بولسا، خاراب، ھالاكەتلىك بولىدۇ، بۇ ئايەتتە بولسا، پۇختا دېگەن سۆز بار، شۇڭا بىز، بۇ ئايەتتە ئىككى خىل مەنا بار، بىرسى قەدىمقىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى تەپسىرى يەنە بىرى بولسا، دەل ھازىرقى قۇياش سىستېمىسى، يەرشارىنىڭ ئايلىنىشى، بۇ، قۇرئاننىڭ كاتتا مۆجىزىسى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۆزنى مۇندىن **75** ـ يىل ئىلگىرىلا سۆزلىگەن، ھازىر، **2005** ـ يىلى بولسا، ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات، ۋاقتى، نۇرغۇن پەيلاسوف، دوكتۇر، شەيخ، ئۇستازلا بۇ مەسىلىنى ئەقلى، نەقلى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بولدى، ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تىلشۇنىزور، تور بەتلىرىدە بۇ مەسىلەر، قۇرئان مۆجىزىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنماقتا.

# ئەقىدە

مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز،

باشقىلاردەك سۇپەتكە تانمايمىز.

قار ـ يامغۇردەك ئوق ياغسىمۇ كۆكسىمىزگە،

بۇ ئەقىدىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز.

ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى بولغان مېنىڭ ئەقىدەم.

مەن ئاللاھقا، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە، قىيامەت كۈنىگە، ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ پېتى تىرىلىشىمگە، تەقدىرگە، ھېساب، مىزان، جەننەت، دوزاخقا شەكسىز ئىشىنىمەن، ئىمان كەلتۈرىمەن، دىلىم بىلەن تەستىقلايمەن، تىلىم بىلەن ئىقرار قىلىمەن، ئىنشائاللا، ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلى بىلەن ئەمەلىيىتىمدە كۆرسىتىمەن، مانا بۇنى ئالىملار ئىمان دەيدۇ، ئېتىقادى بۇزۇق بولسا، ئەمەلىي بولسىمۇ ئۇ مۇناپىق بولىدۇ. تىلىدا ئىقرار قىلمىسا، ئۇنى كاپىر دەيدۇ، شەرىئەت؛ مۇشۇ ئەمەلنى قىلمىسا كاپىر دەپ، تەرىك ئەتسە، ئىماندىن چىقىپ كېتىدىغان،ياكى قىلىپ سالسا ئىماندىن چىقىرىپ كاپىر قىلىۋېتىدىغان ئىشلاردىن باشقا ئەمەللىرىدە مەسىلە كۆرۈلسە، بۇنى بىز پاسىق دەيمىز. ئەمما، نامازنى قەستەن تەرىك ئەتسە، ئۇنى كاپىر دەيمىز، ئىماننىڭ مەنىسى لۇغەتتە ئىشىنىش بولۇپ، ھازىرقىلار، ئىشەنسىلا ئۆزىنى مۆئمىن دەيدىغان بولۇۋالدى، بۇلار ئەمەلىيەتتە لۇغۇي مۆئمىن بولۇپ، ھەقىقىي مۆئمىنلەر، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دېگەندەك بولۇشى، يۇقىرقى ئىزامدا چىڭ تۇرۇشى لازىم، تىلىدا ئىقرار قىلسا، قەلبىدە چىن دىلىدىن ئىشەنسە، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بېرەلىسە، مانا بۇ مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ.

نام ـ ئاتاقتا مۆئمىن بولغانلار ياكى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان دۆلەتتە، تۇغۇلۇپ قالغانلار، ياكى مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قېلىپ، نېمىنىڭ ئىسلام، ئىمان ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلار ھەقىقىي مۆئمىن ئەمەس.

سۆزىمىزنىڭ بېشىغا كەلسەك، ئاللاھ بار، بۇنىڭغا بارچە ئالەم ئۆزى گۇۋاھ، شۇنداقلا ئاشۇ ئالەملەردە دەلىل بار، پەيغەمبەرلەر بولسا، ئادەتتىن ـ تاشقىرى مۆجىزىلەر بىلەن قايىل قىلاتتى، پەيلاسوفلار، ھۆكمالار، ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ، پەلسەپە، لوگىكا، مەنتىقە ئارقىلىق ئاللاھ بار، بىر دەپ قايىل قىلاتتى، مەسىلەن: پۈتۈن ئالەم، كائىنات، ھادىسە، ئۇ پەيدا بولغان. ئۇ يوق تۇرۇپ، ئۆزىنى پەيدا قىلالمايدۇ، چۈنكى، ئۆزىمۇ يوق تۇرسا، ئەزلى ئەمەس، ھادىسە تۇرسا، ئۇنداقتا، بۇ ئالەمنى بۇ دۇنيانى ۋە ئىچىدىكى نەرسىلەرنى پەيدا قىلغان بىر ئاللاھ چوقۇم بار. ھەرقانداق ھەرىكەتلەنگۈچى، سىرتتىكى كۈچنىڭ تەسىرىدىن ھەرىكەتلىنىدۇ، بۇ ئالەم، ئالەم ئىچىدىكى شەيئىلەر، سىستېمىلىق ئورۇنلاشقان، نىزام، تەكشۈك، ھېساب، شەكىل، كېلىپ ـ كېتىشلەر ھەتتا چىراي، گۈزەللىك ۋە بارماق ئىزى قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە شاھىدتۇر.

ھازىرقى ئالىملار بولسا، قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، خۇددى بۇرۇنقى ئالىملار، پەيغەمبەر دەلىللىرىدىن **1000**نى توپلاپ كىتاب قىلغاندەك، **1000** دىن ئارتۇق مۆجىزىنى، دەلىل ـ ئىسپاتلارنى توپلاپ، كىتابچە قىلدى، ھەتتا، ھەر قايسى دۆلەتلەر، رايونلار، مەزھەپ، ئېقىم، پارتىيە، گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، دەۋەتچىلەر، كېچە ـ كۈندۈز، كۈچ چىقىرىپ خىزمەت قىلىپ، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزور، ھەتتا كومپيۇتېر تور بەتلىرىدە كەڭ دائىرىلىك نەچچە تىللىق قىلىپ، پۈتۈن يەرشارىدا ھەتتا، باشقا پىلانېت، تاشقى ئالەمدە ياشاۋاتقانلارغىمۇ يەتكۈدەك قىلىپ تارقاتماقتا، مانا مەن بولسام، ھەممىنى كۆردۈم، ئاڭلىدىم، خىزمەت قىلىپمۇ باقتىم.

ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىدە شەك يوق، ھەتتا بۇنداق دېيىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بىز ھازىر ئاشۇ ئاللاھقا بولغان ئەقىدىمىزنى بايان قىلىمىز. ئۇ ئاللاھ بار، بىر زات بار، زاتى بار، مەۋجۇد، لېكىن قانداقلىقى، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، خالاس. بىزنىڭ ئەقلىمىز ئۆزىنىڭ زاتىغا، سىپاتىغا، ئىلمىگە

زادى يېتەلمەيدۇ، ئەقىل، ئاللاھنى چەك دائىرىگە ئالالمايدۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر،! چۈنكى، ئۇ زاتنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇ ماددا ئەمەس، مەخلۇق ئەمەس، خالىق، ئۇنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھقا، مەخلۇققا ئوخشاش، تەرەپ بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزغىمۇ مۇساپە، مىقدار بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، ئۇ بىزگە يېقىن، بىز بىلەن بىللە، ھەقىقەتتە بىللە، ئەلۋەتتە، ئەزەلدە ئاللاھلا بار، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئاللاھ، ئەزەلى، ئەزەلدە بار، ئەزەلدىن بۇنى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، ئۆمۈر يىل توختاتقىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەزەل، ھەم ئەبەدىيدۇر، ئەۋۋەل ـ ئاخىر ئەلۋەتتە، مەخلۇقلار ئاللاھدىن باشقا ئايرىمدۇر. مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ زاتىغا كىرىۋالمايدۇ، ئاللاھنىڭ زاتىمۇ مەخلۇقلار ئىچىگە كىرىۋالمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاللاھ، مەخلۇق ئەمەس، ماددا ئەمەس، بۇ ئالەم، ئۇ ئالەم ھەممىسى ماددا، مەخلۇق، مەۋجۇداد، ھادىسىدۇر.

ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، شۇڭا ئۇ زات ئالتە تەرەپ قورشاپ تۇرىدىغان، بۇ چەكلىك ماددى ۋە مەنىۋى روھى ئالەملەرگە زادى ئوخشىمايدۇ، بارلىق ئالىملار، كىمكى ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى يا شەخسنى ئوخشاتسا، كاپىر بولىدۇ دەپ ئىجمائ ئېتىقادقا كەلگەن، شۇڭا، بىز ئاللاھنى مەخلۇقلارچە ئويلاپ چۈشەنسەك ئازىمىز، ئەقىدە مەسىلىدە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ھوقۇققا ئىگە، ئىجمائ، قىياسمۇ بۇ مەسىلىگە ئىشلىمەيدۇ، چۈنكى، ئەقىل يەتمەيدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئالەملەرنى ياراتتى، بارلىق مەخلۇقلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدە، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولغان قولىدا، ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئاللاھ، ئەزەلدە بىرەر نەرسىگە موھتاج ئەمەس، ئەزەلدە، ئاللاھلا بار ئىدى، شۇڭا، ئۇنى بىرەر جايدا دېگىلى بولمايتى، چۈنكى، شۇ جايمۇ يوق ئىدى، زامان، ماكاننى ئاللاھ ياراتقان، بەزىلەر، ئاللاھ ئەرشدىن تارتىپ، بارلىق مەخلۇقلارنى يارىتىپ، ئۆزگىرىپ قالغىنى يوق، ھازىرمۇ ماكان، ئورۇن يوق دەيمىز دەيدۇ.

ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە خۇسۇسەن سەلەف، سالىھلار ئاللاھ بار، بىر، ئەزەل، ئەبەدى، ئەۋۋەل ـ ئاخىرى، ئۇ مەخلۇقلارنى ياراتتى، قۇدرىتى چەكسىز زات، ئۆز كالامىدا قۇرئاندا ئەلچىسى، ھەدىسىدە ئەرش ئۈستىدە دېدى، بىز مۇشۇنداق دەيمىز.

ئاللاھ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئەرشى ئۈستىدە، ئاللاھ ئۇنى ياراتمىسىمۇ ھەممىدىن ئۈستۈن، ياراتسىمۇ ئۈستۈن، موھتاج ئەمەس، ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەمەس، تۇتىشىپ قالغان ئەمەس، ئەرش، ئاللاھنى كۆتۈرمەيدۇ، بەلكى، ئاللاھ، ئەرشنى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان، پەرىشتىلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، پۈتۈن مەخلۇقنى ھەتتا، ئەرشنىمۇ قورشاپ تۇرىدۇ، ﴿وكان الله بكل شيئ محيطا﴾ ئاللاھ ھەممنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئوخشىشى يوق، ئەرشكە موھتاج ئەمەس، ئۇ ئۈستۈن!! ئاللاھ، ئەرشى ئۈستىدە دېگەنلىك، ئۈستىگە چىقىۋالغانلىق ئەمەس، بەلكى، ھەممىدىن، ھەتتا ئەرشدىنمۇ ئۈستۈن دېگەنلىكتۇر، ئەرش پۈتۈن مەخلۇقلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا يوق نەرسە دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر، ئاللاھ پۈتۈن مەخلۇققا، ئەرشكە، يوقال! دېسە يوقىلىدۇ، خۇددى كۈن دېسە يارالغاندەك، سىز ئاللاھنى ھەرگىز مەخلۇققا قىياسەن بېرىپ ئويلاپ قالماڭ، ئۇ ئاللاھدۇر، خالىق، راززاق، مۇقەددىم، مۇئەخخىردۇر. قۇرئان، ھەدىستە نېمە دېسە، شۇنى دەڭ، خالىغانچە ئۆزگەرتمەڭ، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق قولى، كۆزى، قۇلىقى بار، ئوخشىشى يوق، بۇنىڭ مەنىسى، لۇغىتى، بىزگە مەلۇم، كەيپىياتى قانداقلىقى بىزگە نامەلۇم، ئىمان ۋاجىپ، كەيپىياتىدىن سوئال سوراش، بىدئەتدۇر. بۇ بارلىق ئەھلى سۈننى، سەلەف، سالىھلار سۆزىدۇر. ئاللاھ ئۆزىگە لايىق كۆز بىلەن كۆرىدۇ، قۇلاق بىلەن ئاڭلايدۇ، ئوخشىشى يوق، قولىغا قۇدرەت ياكى نېمەت، مەنا بېرىمىز دېسىڭىز، خۇددى مۇئتەزىللەردەك ئازغان بولىسىز، يەداھۇ دەپ ئىككىلىك لەۋزە بىلەن ئاللاھنىڭ ئىككى قولى دەپ كەلسە، ئىككى قۇدرەت، ئىككى نېمەت دەپ تەرجىمە بېرەمسىز؟ بۇ توغرا ئەمەس، ئاللاھ، ئىبلىسقا مۇنداق خىتاپ قىلغان، **مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئادەمگە سەجدە قىلىشىڭدىن نېمە توستى؟** دېمەك، بۇ ئايەتتە، شەيتاننى قۇدرەت بىلەن يارىتىپ، ئاللاھ، ئادەمنى قۇدرەت ھەم ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، شۇڭا، ئۆز قولى بىلەن ياراتقانلىقىنى ھەم تىلغا ئېلىپ، ئادەمنى شەيتاندىن ئەۋزەل دېگەن، ئەگەر بۇ ئايەتتىكى قول دېگەن يەرگە، قۇدرەت، مەنا بەرسىڭىز، ئاللاھ، شەيتاننىمۇ، ئادەمنىمۇ ھەممە مەخلۇقلارنى قۇدرىتى بىلەن ياراتقان ـ دە، ئاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ بۇ يەردىكى پەزىلىتى يوقايدۇ.ئادەمنىڭ، ئاللاھنىڭ قولى بىلەن يارالغان پەزىلىتى قېنى ؟! قول دېگەن چۇقۇم قول.

شۇڭا، ئاللاھ، ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئادەم، پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ، شەيتان، ھۆرمەت، سالام، سەجدىسى قىلىدۇ.

ئەبۇ ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، «فىقھۇلئەكبەر» ناملىق ئەقىدە كىتابىدا كىمكى، قۇرئان، ھەدىستىكى قول دېگەن يەرگە قۇدرەت، نېمەت، مەنا بەرسە، ئۆزگەرتىپ تەئۋىل قىلسا، مۇئتەزىلەردەك ئاللاھنىڭ قول دېگەن سۈپىتىگە تانغان بولىدۇ دېگەن. شۇڭا، ئۆزىگە لايىق قولى بار، ئوخششى يوق. بەزىلەر بۇ ئايەت، مۇتەشابىھ ھەدىسمۇ شۇنداق بىز سۆز قىلمايمىز، دەيدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەلىل بار؟

بىز ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، سەلەف، سالىھدەك قۇرئان، ھەدىس نېمە دېسە شۇنى دەيمىز، ئۆزگەرتمەيمىز، دەلىلىمىز ئۆزى تۇرۇپتۇ.

ئاللاھ، ئەرش ئۈستىدە تۇرۇپ بىز بىلەن ئاسمان ئەھلى بىلەن بىللە، بىرلا ۋاقىتتا، بىللە بولالايدۇ، ئوخششى يوق، ئەرش ئۈستىدە بولۇشى بىلەن بىز بىلەن بىللە بولۇشى زىت ئەمەس، چۈنكى، ئۇ خالىق، ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر، ئوخششى يوق، مەخلۇق، ماددا، جىسىم ئەمەس. جىبرىئىل پەرىشتە بۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ بىر يەردە بولسا، يەنە بىر يەردە يوق، كەلسە كېتىدۇ، كېلىش ئالدىدا يوق، كەتسە، غايىپ بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ زات، بىرلا ۋاقىتتا ئەرش ئۈستىدە، ئاسمان ئۈستىدە، ھەممە ئۈستىدە، شۇنداقلا بىز بىلەن بىللە، ئاسمان ئەھلى بىلەنمۇ بىللە، شۇنداقلا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشۈپ، چىقىپ كېتەلەيدۇ، قادىردۇر، ئەمما، بۇ ئىشلار مەخلۇققا مۇمكىن ئەمەس، ماھالدۇر، خالىققا، ئاللاھقا مۇمكىن، ئۇ قادىردۇر.

ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللا ئەلەي، سۈرە ھەدىد تەفسىرىدە مۇنداق بىر ھەدىسنى يازغان، قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھ، تۆت پەرىشتىنى تۆت تەرەپتىن ئەۋەتىپتۇ، بۇلار، ئاسمان ـ زېمىن ئوتتۇرىدا ئۇچرىشىپ، بىرسى دەپتۇ، مېنى ئاللاھ ئەرش ئۈستىدىن ئەۋەتتى، ئاللاھ شۇ جايىدا قالدى دېسە يەنە بىرسى، مېنى ئاللاھ يەتتە قات زېمىن ئاستىدىن ئەۋەتتى، ئاللاھ شۇ يەردە قالدى دەپتۇ، يەنە بىرسى، ئاللاھ مېنى مەشرىقدىن ئەۋەتتى دېسە، يەنە بىرسى ئاللاھ مېنى مەغرىپنىڭ بىر چېتىدىن ئەۋەتتى، ئاللاھ شۇ جايىدا قالدى دەپتۇ، دېمەك، بۇلار بۇ چەكلىك ئالەمدە ئاشۇنداق چۈشىنىپ قالدى، ئاللاھ، بىر ئۇ مەخلاۇققا ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئۇ، بىرلا ۋاقىتتا تۆتىلى تەرەپتە ئەڭ چەت تەرەپلەردە بولالايدۇ، بۇ، ئاللاھقا زىت كەلمەيدۇ، مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما، بۇ مەخلۇققا جىبرىئىلغا مۇمكىن ئەمەس ماھالدۇر. بۇ ھەدىس، سەھىھ بولغاچقا ئىبنى كەسىر تەفسىرىگە يازغان، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلى سابۇنى بۇنىمۇ، يەنى بۇ تەفسىرنى سەھىھ بولمىغان زەئىپ ھەدىسلەردىن قىسقارتقان كىشىمۇ بۇ ھەدىسنى سۈرە ھەدىد تەفسىرىدە قالدۇرغان، ھەدىس قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز، ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئۇ ھەممە جايدا بار، قاياققا قارىساڭلار ئۇ شۇ تەرەپتە دېگەن ئايەت، قىبلە توغرىسىدا چۈشكەن.

ئاللاھ، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىپ ـ كېتەلەيدۇ، شۇنداقلا بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ، كېتىۋېرىدۇ، كېلىۋېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرش ئۈستىدىن ئۈستۈندۇر. كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا، دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆزىگە لايىق بولغان ھالدا چۈشىدۇ، ئاسمان ئەھلى بىلەن بىللە تۇرۇپ چۈشىدۇ، چۈشۈۋېتىپ ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، ئەمرى كېلىدۇ، رەھمىتى چۈشىدۇ دەپ ئايەت، ھەدىسنى ئۆزگەرتمەيمىز، بۇرمىلىمايمىز. ئاللاھنىڭ رەھمىتى دائىم چۈشۈپ تۇرىدۇ، بىز ئاللاھنىڭ فەزلى، رەھمىتىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز. رەھمەتنىڭ چۈششىنى كېچىگە خاسلاشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز. رەھمەت دائىم چۈشۈپ تۇرىدۇ، ھەدىسكە قارىغاندا، ئاللاھ، **100** رەھمەتتىن بىرىنى ئىنسان، ھەتتا ھايۋانلار ئارىسىغىمۇ ئورۇنلاشتۇرغان، كىمكى، رەھمەت چۈشىدۇ دەپ مەنا بەرسە، ئاللاھنىڭ چۈشۈش سۈپىتىنى يوق قىلغان بولىدۇ. چۈشەلەيدىغان قۇدرەتكە تانغان بولۇپ، ئىماندىن ئاجرايدۇ، مۇئتەزىللەر مەزھىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ھەممىگە قادىر، چۈشەلەيدۇ، كېلەلەيدۇ. بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ، شۇنداقلا ئەرشىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، ھەممە مەخلۇقلار بىلەن بىللە، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.

ھەربىر ئىنسان ئۆگزىسىگە چىقسا ياكى يالغۇز جايدا تۇرسا، قۇياش ياكى ئاي ياكى بىرەر بەلگىلىك

يۇلتۇز، شۇ كىشىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك، ئۆزى بىلەن يالغۇزلا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، ھەممە، كىشى شۇنداق، ئەنە شۇنىڭدەك، ئاللاھ، بۇ چەكلىك مەخلاۋقلاردىن ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك زات، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن بىللە بولالايدۇ. زاتى بىلەن بىللە دەپ قۇرئان، ھەدىستە كەلمىگەچكە بىز، ئاللاھ، بىز بىلەن زاتى بىلەن بىللە ياكى بىللە ئەمەس دېمەيمىز، ئاللاھ، ھەممە بىلەن بىز بىلەن بىللە دەيمىز، خالاس. جۇمھۇر ئالىملار، ئىلمى كۈچ ـ قۇدرىتى، كۈزۈتۈشى، نۇسرىتى بىلەن بىللە دەپ، ئىجمائ، ئېتىقادقا كەلگەن، بەرىبىر ئۇنىڭ ئوخششى يوق، مەخلاۋققا قىياس قىلىنمايدۇ. بۇ مەسىلىلەردە بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتمەيدۇ، قۇرئان، ھەدىسلەر كۇپايە خالاس. ئاللاھ، ۋە رەسۇلۇللاھ نېمە دېسەن شۇنى دەيمىز. مەيلى بىرەر سۈپەتنى ئىسپاتلاپ مۇقىملىسۇن، ياكى نەپى بولۇشىسىز قىلىپ يوققا چىقارسۇن، بىز شۇنىلا دەيمىز. ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، چۈشىدۇ دېسە بىزمۇ شۇنداق دەيمىز. ئوخششى يوق دېسە، بىزمۇ شۇنداق دەپ، مەخلۇققا خاس سۈپەتلەرنى يوققا چىقىرىمىز، مەسىلەن: ئۇنى ئاستى ـ ئۈستى، ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ ئارقا دەپ ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، بۇلار مەخلۇقنىڭ سۈپىتىدۇر.

ئۇ ماددا، جىسىم ئەمەس، ھەممىنى ياراتقان زات، قۇرئاندا، ئۇ زاتنى ئۇخلىمايدۇ، مۈگدىمەيدۇ، خوتۇن بالىسى يوق، يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، دەپ كېلىدۇ. بىز مۇشۇنداق دەيمىز. قالايمىقان سۆزلىمەيمىز. ئاللاھنى مەخلۇقدىن نېرى قىلىمىز، ئوخشاتمايمىز، دەپ خالىغانچە سۆز قىلمايمىز، مەسىلەن: بىرەر پادىشاھنى، ئۇلۇغ كىشىنى سىز پاھىشۋاز، بۇزۇق ئەمەس، سىز تاز ئەمەس، دېسە، بۇ ئەمەلىيەتتۇر، ئەمما ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، ئەمما، سۆزى توغرا، لېكىن خالىغانچە سۆز قىلسا بولمايدۇدە!.

ئاللاھ، ئۇلارنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىدۇ، ھىيلە بىلەن بابلايدۇ، ئۇلار ئۇنۇتقاندەك ئۇنتۇيدۇ، دېگەندەك سۈپەتلەر كېلىدۇ. بۇ بولسا، جازالاش مەنىسىدە، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك، بىز بۇ سۈپەتلەردىن، ئاللاھ، ھىيلە ـ مېكىر قىلغۇچى، ئۇنۇتقۇچى، ئالدىغۇچى دەپ سۈپەتلىمەيمىز، بۇ بولسا، پەس، رەزىل سۈپەت، ئەمما، كاپىر، مۇناپىقلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش، ئۇلارنىڭ سۆزى، قىلىقى بىلەن بىللە كەلسە، ئۆزىگە لايىق مەنا بېرىمىز، بۇنى ئەرەبلەر، لەۋزى، بىر خىل مەنىسى نەچچە خىل دەپ ئاتايدۇ. ياكى توغرا چۈشىنىمىز. مەسىلەن: مۇناپىقلار، ئىسلامنى ئاشكارىلاپ دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرۇپ ياشىغاندەك، ئاللاھمۇ ئۇلارغا تاشقى كۆرۈنۈشدە بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا قىلغان مۇئامىلىنى قىلىپ، ئاخىرەتتە بولسا، دوزاخقا سېلىپ، ئەدىۋىنى بېرىدۇ، مۇناپىقلار، مۆئمىنلەرنى زاڭلىق قىلغاندەك، ئاخىرەتتە بولسا، ئۇلار يەنە مۆئمىنلەر بىلەن ئارىلىشىپ مېڭىۋالىدۇ دە! يول ئۈستىدە ئۇلار نۇردىن ئايرىلىپ قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. مانا بۇ، مەسخىرە.

بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، فىرئەۋن بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغۇلىشى بىلەنلا يوقاتماقچى بولۇپ، نۇرغۇن بالىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئۆيىدە باقىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر. مەقسەت، خالىغانچە ئىسىم ـ سۈپەتنى مۇقىملاش ياكى يوققا چىقىرىشنى قىلمايمىز. قۇرئان، ھەدىستە نېمە كەلسە، دېسە، دەيمىز، يوققا چىقارسا، يوققا چىقىرىمىز، جىم تۇرسا، سۈكۈت قىلسا، جىم تۇرۇپ، سۈكۈت قىلىمىز، بىلسەك ئەمەل قىلىمىز، بىلمىگەننى دېمەيمىز. ئاللاھقا تاپشۇرىمىز، ئىلمى ئەخلاقنىڭ ياخشىسى، يۇقىرى بىلىم بولسا، بىلمىگەننى، ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ دېيىشتۇر.

ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىسىم ـ سۈپىتى، ئاللاھنى ۋە شۇ سۈپەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مەسىلەن: رەھمان، ئەلىيم دېسەك بۇ ئىككى سۈپەت بىر ئاللاھنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئاندىن رەھىم قىلىش، بىلىش، دېگەننى، ئىككى سۈپەتنى كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسىم ـ سۈپەت ئۆزى، ئاللاھ دېگەنلىك ئەمەس، ئۇنداق بىلسا، 99 ئىسىم ـ سۈپەت 99 ئاللاھنى كۆرسىتىپ قالىدۇ، بۇ خاتا، ئاللاھ بىردۇر. ئىسىم ـ سۈپەتتىن ئاللاھنى كۆرسەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، رەھمان دېسە، بۇ ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، بىز بۇ ئىسىملارنى ئۆز ئەينى ئاللاھمۇ دېمەيمىز، ئاللاھنى كۆرسىتىپ بەرمەيدىمۇ دېمەيمىز. بەلكى، بىز بۇ ئىسىملارنى ئاللاھنىڭ سۈپىتى، ئاللاھنى كۆرسىتىپ شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دەيمىز. ئاللاھ بىر، سۈپىتى، ئىسمى 99 دۇر. ئاللاھنىڭ سۆزى مەخلۇقنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ، خۇددى خالىق بىلەن مەخلۇق ئوخشاشمىغاندەك، ئاللاھ بىلەن مەخلاۋق ئوتتۇرىدا قانداق پەرق بولسا، ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن مەخلۇق سۆزى ئوتتۇرىدا شۇنداق پەرق بار، بىزنىڭ سۆزلىرىمىز، گال، لەۋ، چىش، تىل، ھاۋا، ماددا ئارقىلىق سۈركۈلۈش

هاسىل قىلىپ چىقىدۇ، ھاۋادا تارقىلىپ قۇلاققا تېگىدۇ، بۇنى ئاڭلاشقا مەسئۇل ھۇجەيرىلەر نېرۋىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن بىز بۇ ئاۋازنى پەرق ئېتىمىز.

ئەمما، ئاللاھ، بىز مەخلۇققا زادى ئوخشاشمايدۇ، ئاللاھنىڭ قانداق كەيپىياتتا سۆزلىشىنى بىز ئەقلىمىز بىلەن بىلەلمەيمىز. ئاللاھنىڭ سۆزىنى پۈتۈن كائىنات، جانلىق ـ جانسىز ھەممىسى چۈشىنىپ بىلەلەيدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ سۆزى بىز يۇقىرىدا دېگەنەدەك ماددا، ھاۋا، مەخلۇقدىن پەيدا بولغان ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزلىشى، ئەزلى بولۇپ، بۇ، ئاللاھنىڭ سۈپىتى، ھادىسە ئەمەس، ئاللاھ، ۋۇجۇدقا كەل دېسە، نېمىنى خالىسا شۇ يارىلىدۇ، پەيدا بولىدۇ، يوقال دېسەك يوقىلىدۇ. بۇ خالىققا مەنسۇپ سۆزدۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ، ئۆزگە لايىق رەۋىشتە نىدا قىلىدۇ، بۇ نىدا، بۇ سۆز مەخلۇقنىڭكىگە زادى ئوخشاشمايدۇ، (ليس كمثله شيئ)

قۇرئان كەرىم بولسا، ئاللاھنىڭ كالامى، ئاللاھنىڭ سۆزى، بۇنى جىبرىئىل، رەسۇلۇللاھقا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەرەب تىلى ئارقىلىق چۈشۈرگەن، رەسۇلۇللاھدىن ئاڭلىغان كاتىپلار يازدى، كېيىن بۇ مۇتىۋاتىر يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك قەتئىي خەۋەر سۈپىتىدە بىزگە يېتىپ كەلدى، تېخى ئۇ چەكسىز مۆجىزە، بىلىمگە ئىگە، چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلەن چۈشكەن، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئىسمى ـ سۈپىتى بار، ئىلمى بار، غەيىب ئىشلار بار، قانۇن، پىرىنسىپ، ھىدايەت، شىپا بار، قۇرئان، بسم الله دىن باشلاپ، ۋەنناسقىچە ھەممىسى ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزىدۇر.

ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى بولغاچقا، ئىلمى بولغاچقا، ئىسىم ـ سۈپىتى بولغاچقا، ئاللاھنىڭ ئىلمى، سۆزى، بىلىشى، كۆرۈشى، كامال ھاياتى، ئىرادىسى قاتارلىقلار، ئىسىم، زات بولۇپ، ئەزلى ئەبەدى بولغاچقا، قۇرئان، ھەرگىز مەخلۇق، ھادىسە ئەمەس، چۈنكى، بارلىق دەرەخلەر قەلەم بولسا، دېڭىزلار سىياھ بولسا، يەنە يەتتە دېڭىز قېتىلسا، ئاللاھنىڭ سۆزى، كەلىمىسى تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئاشۇ قەلەملەر، سىياھلار تۈگەپ كېتىدۇ، بۇ ئايەتتۇر. مانا بۇ دەلىلكى، قۇرئان، مەخلۇق ئەمەس، خالىقمۇ ئەمەس، بەلكى، خالىق، ئاللاھنىڭ سۈپىتى، سۆزى، بىزگە ئاتا قىلغان پەزلى، نۇر، شىپا، ھىدايەت، قانۇن ـ نىزامدۇر.

ئۇنى مەڭگۈ ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئوخشىشىدىن بىر ئايەتمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ زاتى، خالىشىغا باغلىق ئەمەس، بولۇشىسىز، نەپى كەلمەيدۇ. يەنى ئىجابى بولىدۇ، سەلبى بولمايدۇ، مەسىلەن: ئاللاھ بىلىدۇ، كۆرىدۇ، دېسەك، خالىسا كۆرمەيدۇ، بىلمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئىسىم ـ سۈپەت پېئىلى بولسا، خالىشىغا، ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ، ئىجابى ھەم سەلبى بولىدۇ. مەسىلەن: يارىتىدۇ، خالىق ياراتقۇچى خالىسا ياراتمايدۇ، رىزىق بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، دېگىلى بولىدۇ.

## قۇرئان كەرىم توغرىسىدا بىر مۇھىم مەسىلە

ئەگەر سىز، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، قۇرئاننى مەخلۇق دېيىش، دېمەسلىك توغرىسىدا سۆز قىلماي سۈكۈت قىلدى، بىزمۇ سۈكۈت قىلىمىز دېسىڭىز، بىز دەيمىزكى، ئەنە شۇنىڭدەك قۇرئاننى مەخلۇق ئەمەس، دەڭ ياكى دېمەڭ، دەپمۇ سۆز قىلمىدى، سۈكۈت قىلدى، سىز سۈكۈتنى دەلىل قىلىپ، سۆز قىلمىسىڭىز، بىزمۇ سۈكۈتنى دەلىل قىلىپ قۇرئان مەخلۇق ئەمەس دەڭ دەيمىز.

ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئاندا ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ زاتى، ئىسىم ـ سۈپىتى، ئىلمى بار، غەيىب ئىلىم بار، تۈگىمەس ھېكمەت بار، ئۇ تۈگىمەيدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپىتى ئەزلىدۇر، شۇڭا، ئۇ مەخلۇق ئەمەستۇر.

ئاللاھنى بار، بىر دەپ ئېتىقاد قىلغان ئىكەنمىز، قۇرئاندىكى يوليورۇقنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، ئىبادەت قىلغاندا، ئاللاھنى ئۈستىمىزدە تۇرغاندەك، ئەمما ئۇنى چەك ـ چېگرا دائىرە قورشىمايدۇ، بىز پۈتۈن ئالەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىمىز، ئاللاھ، بىز ناماز ئوقۇغاندا، ئالدىمىزدا تۇرغاندەك، بىز مۇناجات قىلۋاتقاندەك، ھەربىر خىتابلىرىمىزنى مەسىلەن: ئى رەببىم، ئى ئاللاھ، دېگەندە، ئۇنى ھەقىقىي ئەسلەپ تۇرۇپ، قىلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئەقىل ئۇنى قورشىيالمايدۇ، ئۇ مەخلۇققا زادى ئوخشىمايدۇ،

بىز ئۇنى ئەسلىسەكلا، ئۇ بىزنى ھەردائىم ئەسلەگلىك، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىز ئۈزىۋەتمىسەكلا، ئۇ ھەرگىز ئۈزىۋەتمەيدۇ، مانا ھازىر شۇ تاپتا، ئۇ مېنى ۋە سىلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ، سۆزىمىزنى ئاڭلاۋاتىدۇ، مۇشۇ خەتلەرنىڭ چېكىتىنىمۇ كۆرۈۋاتىدۇ، كەيپىياتنى بىلمەيمەن.

بىز، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە مۇنداق ئىمان كەلتۈرىمىز، ۋە ئېتىقاد قىلىمىز، ئاللاھ، ئۇلارنى نۇردىن ياراتتى، (مۇسلىم رىۋايىتى) ئىككى، ئۈچ، تۆت، ھەتتا **600** قاناتلىق ياراتتى، ئۇ قاناتنىڭ كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسراپىل، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملارنى باش، كاتىباش قىلىپ ياراتتى، ئۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم خىزمەت تاپشۇردى، بەزىلىرى ۋەھىگە مەسئۇل، بەزىلىرى قار ـ يامغۇر، شامال ۋاھاكازالار، بەزىسى جاننى ئېلىشقا بەزىسى سۈرنى پۈۋدەشكە، يەنە بەزىلىرى مۆئمىنلەرگە ياردەم بولۇپ، قوشۇن تارتىپ چۈشىدۇ، بەزىسى ئەمەللىرىمىزنى ھەتتا، سۆزلىرىمىزنى، ھەتتا ھەربىر ۋايساش، تىنىقلىرىمىزنىمۇ يازىدۇ، بەزىسى قەبرىدە ئازابقا مەسئۇل، مۇنكىر ـ نەكىر شۇ، بەزىسى ھېسابقا مەسئۇل، بەزىسى جەننەتكە، بەزىسى دوزاخقا، ئەنە شۇنىڭدەك يەتتە ئاسماندا ئايرىم ـ ئايرىم ئىبادەت قىلىدىغانلىرى بار، ھەتتا ئەرشنىمۇ كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىرى بار، سىز پەرىشتىگە ئىمانىم بار دەپلا يۈرمەي، ھەربىر ئىش قىلغاندىمۇ ئەملىمنى، مۇشۇ سۆزۈمنى كاتىپ يېزىۋاتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش لازىم. مانا ھازىر مەن بىلەن بىللە ئۇلارمۇ يېزىۋاتىدۇ، خۇددى، ئاللاھقا ئىشىنىش، مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇش مېۋىسىنى بەرگەندەك، بىز ئۇنىڭ دىدارىنى، جەننەتنى، ۋەدىسىنى دەپ بەدەل تۆلىگەندەك، ئىبادەتنى شۇ ئاللاھقىلا قىلغاندەك، پەرىشتىگە ئىشىنىشىمۇ نۇرغۇن مېۋە، نەتىجە چىقىدۇ، قەلب، خاتىرجەم بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى چىقىدۇ، نۇسرەت، ياردەم، غەيرەت كېلىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز.

يەنە بىز مۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز، ئاللاھ، پەيغەمبەرلەرنى يەنى ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئىنسانلارغا تەلىم بەردى، ئاللاھ قانداق تونۇشنى قانداق بويسۇنۇپ، ئىبادەت قىلىشنى ئۈگەتتى، بىز، ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلى، ياردىمى بىلەن تونىدۇق، سەھىھ ھەدىستە ئاللاھ، **124000** پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، قۇرئاندا بەزىسنى يەنى **25**نى تىلغا ئېلىپ، قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەن، نۇرغۇنلىرىنى سۆزلەپ بەرمىگەن، **310** نەچچىسى رەسۇلۇللاھ، يەنى قولىدا كىتاب بار، ئومۇمى خەلقنى دەۋەت قىلىش بىلەن چاقىرغان ئەلچى، قالغىنى نەبىي، يەنى رىسالە ياكى چۈش ياكى ئىلھام، ۋەھى بىلەن خەلقنى چاقىرغان، رەسۇلۇللاھدىن بىر دەرىجە كېيىن تۇرىدىغان ئەلچىدۇر. سەھىھ سۆز شۇكى، ئەۋۋىلى نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر، ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئەڭ ئەۋزەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، چوڭ شاپائەت ھوقۇقى شۇ زاتقا بېرىلىدۇ، يارىلىشى كېيىن بولسىمۇ، جەننەتكە ئەۋۋەل كىرىدۇ، ئۈممىتىمۇ شۇنداق، **120** سەپ جەننەت ئەھلىدىن **80** سەپ كىشى مۇشۇ پەيغەمبەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن بولىدۇ. ئەھمەد رىۋايىتى، شۇنداقتىمۇ بىز، ئۇ ئەۋزەل بۇ تۆۋەن دەپ ئىختىلاپ قىلمايمىز، ھەممىسى ئاللاھنىڭ دوستى، يېقىن بەندىلىرىدۇر. بىز ھەممىنى ياخشى كۆرىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز، دۇرت ـ سالام يوللايمىز، بىرەرسىنىڭ ئارىلىقنى ئايرىۋەتمەيمىز، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىمىز.

ئاللاھ، ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرگە نۇرغۇن كىتاب نازىل قىلدى، ئەڭ چوڭى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئاندۇر، ھەممە ساماۋى كىتابە، فۇرقان دەپ ئاتىلىدۇ، ھەق ـ باتىلنى ئايرىغۇچى سوھوفى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، سوھوفى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە باشقىلار، ئاللاھنىڭ قۇرئان ئارقىلىق بىزگە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، تەۋرات، ئىنجىل، پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگەن، شۇڭا بىز بۇ كىتابلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز، ئەگەر بۇ كىتابلاردىن بىزگە بىرەر خەۋەر ياكى ھۆكۈم كەلسە، بىزنىڭ قۇرئان، ھەدىس، شەرئىتىمىزگە مۇۋاپىق، ئۇيغۇن كەلسە، بىز ھۆرمەت قىلىمىز، ئىشىنىمىز، يەنىلا بىزدىمۇ بولغاچقا ئۇنى كېرەك قىلمايمىز. ئەگەر ئۇلاردىن كەلگەن ھۆكۈم، خەۋەرلەر يالغان بولسا، قەتئىي رەت قىلىمىز، رەددىيە بېرىمىز، ماقالە ئېلان قىلىپ سۆكىمىز، خۇددى ئۇلار داۋۇد، يۇسۇف، سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارغا بۆھتان چاپلىغاندەك، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى پەتىۋا قىلىپ، ھالال قىلىۋالغاندەك، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتكەندەك، ئەگەر ئۇ خەۋەر يا راست ئەمەس يا يالغان ئەمەس، ئوتتۇرىدا تۇرسا، سۈكۈت قىلىمىز، بۇنداق خەۋەرنىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈپ، قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلسە، ياخشى تەرىپى بولۇپ، يامان تەرىپى بولمىسا، ئىبرەت، تەمسىل سۈپىتىدە كەلتۈرىمىز، ئەمما، قاتتىق ئېھتىيات قىلىمىز. بىز ئۇ كىتابلارغا ئىشەنسەكمۇ، ئاللاھ چۆرشۈرگەن دەپ ئېتىقاد

قىلساقمۇ، لېكىن، ئەمەل، ھۆكۈم پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى قۇرئان، ھەدىس بويىچە قىلىمىز، ئۇ كىتابلار تۇرۇپ تۇرىدۇ خالاس.

بىز ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىگە مۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز:

ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، بىزگە قۇرئان، ھەدىستە نېمە دېگەن بولسا، بىز شۇنى راست، ھەق دەپ بىلىمىز، بۇ دۇنيا چەكلىك دۇنيا، ئاخىرقى بىر كۈن ئاخىرلىشىپ مەڭگۈلۈك دۇنيا قۇرۇلىدۇ، ھەممە ئىنسان، ھايۋان، تىرىلىپ قوپىدۇ، مانا بۇ كۈن ئاخىرقى بىر كۈن دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن، كۈن كېچە بولمايدۇ، مانا بۇ كۈن قىيامەت دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى، ھەممە، دەس تۇرۇپ ھېسابقا تەييار بولىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن غايىمىز، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز شۇ كۈندە بولىدۇ، ئىنشائاللا، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇرنى پۈۋدىشى بىلەن ھەممىسى ئۆلۈپ، يەنە بىر پۈۋدىشى بىلەن ھەممىسى تىرىلىپ قوپىدۇ، ھەتتا، ھاۋايىۋانلارنىمۇ قوپۇرىلىدۇ، ھېساب ئېلىنىدۇ، بۇ دۇنيا، ئاسمان ـ زېمىن، پۈتۈن نەرسە يوقىلىدۇ، بۇنى ھازىر تەبئىي ـ پەن ئالىملىرىمۇ، ئاسترونومىيە ئالىملىرىمۇ پەن ئارقىلىق ئىسپاتلىدى، مەسىلەن: قۇياشنىڭ ھامىنى نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ، بۇ سىستېمىلار ھامىنى ۋەيران بولىدۇ، دېگەندەك، شۇنداق بۇ نەقلى ۋە ئەقلى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان، مۇھىم بىر ھەقىقەت، بۇ كۈننىڭ بولىشىغا ئىشىنىش، مۇشۇ دۇنيادىمۇ ئەڭ مۇھىم بىر ئىش، بۇ ئېتىقاد، ئەڭ چوڭ، ئۇلۇغ مېۋە، نەتىجە بېرىدۇ، نەچچە مىليارت كىشى، مانا مۇشۇ كۈننى دەپ بەدەل تۆلەيدۇ، قىلىدىغاننى قىلىدۇ، قىلمايدىغاننى قىلمايدۇ، ھارام دەپ نەخ پايدىدىن، لەززەت، راھەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاشۇ كۈننى كۈتىدۇ، بۇ كۈنگە بولغان ئېتىقاد مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ بەك مۇھىم، تەڭپۇڭلۇقنى، ئادىللىقنى ساقلايدۇ.

ئەنە ئاشۇ كۈنى بىز مۇشۇ جەسەتلىرىمىز بىلەن قوپىمىز، نۇرغۇن پەيلاسوف روھ قوپىدۇ، تەن قوپمايدۇ دەپ ئىسلام ئۆلىمالىرى، سەلەف خەلەپ ئالىملىرى بىردەك ئۇلارنى دىنسىز دېدى، بىز قۇرئانغا ئىشىنىمىز، ئۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى، شۇ كۈنى ھەممىنى تىرىلدۈرىدىغان زاتنىڭ سۆزى، ئۇ زات، سۈرە ياسىننىڭ ئاخىرىدا چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنىمۇ قوپۇرىمەن دېگەن، زېمىندىن چىقىرىپ يەنە زېمىنغا كىرگۈزۈپ، يەنە زېمىندىن چىقىرىمەن دېدى، ھەتتا، بارماق ئىزىنىمۇ ئىنچىكە بارماقلارنىمۇ ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دېدى، تىرىلەر پىشىپ تۆگىسە، ئازابنى تېتىسۇن ئۈچۈن، يەنە تېرە ئالماشتۇرىمىز دېدى. رەسۇلۇللاھ بولسا، سىلەر يالىڭاچ، يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ، ھەتتا، خەتنە قىلىنىقسىز قوپۇرىسىلەر دېدى، بىز مانا مۇشۇ دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەن ھەم روھ بىلەن بىللە قوپىمىز دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. مانا بۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشدۇر. بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەت، ھەدىسلەر بار بولۇپ، شۇ جايدا كۆرۈڭ. بىز تىرىلىپ ھېساب بېرىمىز، ھالال ئىشلىرىمىزغا ھېساب بار، ھارام ئىشلىرىمىزغا ئازاب بار، ئاللاھ، ئاسان قىلا، ھېساب، ھەق، نام ـ ئەمەللەرنى مىزانغا سېلىپ تارتسا، ھەق مەيلى بىزنى تارتسۇن، مەيلى ئەمەللەرنى چىرايلىق ياكى سەت سۈرەتكە كەلتۈرۈپ تارتسۇن، مەيلى باشقىچە تارتسۇن، مىزان، ھەق ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

## جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسى

بىز ھازىر جەننەت ـ دوزاخ بار، يارىتىلىپ بولدى دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. بۇنى ئايەتتە تەييار قىلىندى دېگەن، رەسۇلۇللاھمۇ مىراجدا كۆرگەن، جەننەت بولسا، ھەممىدىن ئۈستۈنى ئەرشى، ئەرش بولسا، فىردەۋس دېگەن جەننەتنىڭ ئۆگزىسى دېگەن، ھەدىستە جەننەت ئۈستۈن دېگەن،

جەننەتنىن ئالىيە دېگەن ئايەتتىمۇ جەننەت يەتتە ئاسمان ئۈستىدە، دوزاخ بولسا، دەل ئەكسىچە، ھەممىدىن ئاستىدا دەيمىز. سۈرە تىيندا، ئەسفەل، ئاستىن دېگەن خاتىرە بار، جەننەتنىڭ كەڭلىك بولسا، قۇرئاندا مۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ، جەننەتنىڭ توغرىلىقى، ئاسمان ـ زېمىنچە، سۈرە ھەدىد، ئۇزۇنلۇقى قانچىلىكتۇر ھە! ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، دوزاخنى تولدۇڭمۇ دېسە، يەنە بارمۇ دەيدۇ، بۇنىڭدىن، دوزاخنىڭ

ھەقىقەتەن بەك چوڭ، كەڭلىكىنى، ئۇنىڭ يېقىلغۇسى تاشنى تاشلىسا، 70 يىلدا تېگىگە يېتىپ بارالمىسا، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك ھە! جەننەتتىن، قۇرئاندا سەككىسىزى تىلغا ئېلىنىدۇ، سۈرە ئىبراھىمدا تۆتى سۆزلىنىدۇ، شۇڭا ئالىملار جەننەت تۆت ئىشىكى سەككىسىز دەيدۇ، سەككىز ئىشىكى بارلىقى ئېنىق، بۇ بىز ئۈچۈن بەرىبىر، مەيلى، تۆت ئىشىكى، سەككىز بولسۇن، مەيلى ئۆزى سەككىز بولسۇن، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، جەننەت ئەھلىنى ئۇلار خالىغانچە لەززەت بىلەن ھوزۇرلاندۇرىدۇ، دوزاخنىڭمۇ يەتتە ئىشىكى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ يەتتە ئىشىكى بار، بۇ ئىشىكدىن كىرىدىغانلار تەقسىم قىلىنغاندۇر.

جەننەت، باغ مەنىسىدە، بۇ لۇغىتى، شەرىئەتتە، ئۇ مۆئمىنلەر جايى، مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەڭگۈلۈك جايىدۇر. قىسقىسى مۆئمىنلەرنىڭ خالىغىنى بار، كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، خىيالىغىمۇ كەلمىگەن نېمەتلەر بار، ھەتتا، ئاللاھنىڭ جامالى، دىدارىمۇ بار. دوزاخ بولسا، ئوتتىن ئىبارەت قايناق سۇ، زەققۇم دەرىخى، توقماق، قامچا، خارلىق، دەرتلىك ئازابلا خالاس. ئوتى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىززىق ئوتتىن 69 ھەسسە ئارتۇقدۇر. قاتتىق قول، زابانى پەرىشتىلەر مەسئۇلدۇر. ھەر ئىككى جاي، جەننەت ـ دوزاخ گەرچە پەيدا قىلىنغان، يارىتىلغان، يەنە يوقاشقا، تۈگەشكە تېگىشلىك مەخلۇق بولسىمۇ، باش ـ ئاخىرى بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئاللاھ بۇ ئىككى جاينى مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك قىلىشۋەتتى، مەڭگۈ، ئەبەدى دەپ باقىي سۈپەتكە ئىگە قىلىپ، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى، ئاللاھ ئەڭ راست سۆزلىگۈچى ۋەدە بەردىمۇ چوقۇم ئىجرا قىلىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، خىلاپلىق قىلمايدۇ، بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز، ئىككىلى جايدا تۇرغانلار مەڭگۈلۈككە ئىگە بولۇپ مەڭگۈ تۇرىدۇ، كاپىرلار، مۇناپىقلار مەڭگۈ دوزاختا قالىدۇ، چىقمايدۇ، پاسىق، فاجىر، ئاسىي، گۇناھكارلار ھەتتا گۇناھى كەبىر قىلغانلار شاپائەت بىلەن ياكى كۆيۈپ، گۇناھى تۈگەپ ئاندىن جەننەتكە چىقىرىلىدۇ.

خۇددى زەررە چاغلىق كىبىر بولسا، دوزاخقا كىرگەندەك، زەررىچە چاغلىق ئىمان، ياخشى ئەمەل بولسا، بۇ كىشى ئاخىرى جەننەتتە بولىدۇ، ئىمان، ياخشى ئەمەل، ياخشى ئەخلاق، تەقۋالىق بىلەن، زىيادە بولۇپ كۈچىيىدۇ، كۈپرىلىق، مۇناپىقلىق بىلەن يوقايدۇ. گۇناھ، مەئسىيەت، ئاسىيلىق بىلەن كامالايدۇ، ئاجىزلىشىدۇ. ئىمان، مۆئمىن ئىنساننىڭ سۈپىتى، ئىمان ئىسلام بىللە كەلسە، ئىمان ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى، ئىمان مەنىۋى ئەقىدە، يەتمىش نەچچە شاخچە، ئىسلام بولسا زاھىرى ئەمەلگە قارىتىلىدۇ، ئاشۇ يەتمىش نەچچە شاخچىدا ئىسلاممۇ بار، ئىسلامدا مۇناپىقمۇ بولىدۇ، مۇناپىققا مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئەمما، ئىمان، مۆئمىن دېگەن بۇ سۈپەتكە مۇناپىقلار كىرەلمەيدۇ، چۈنكى، بۇ ئەقىدە ئىددىيە ئىشى، ئۇلارنىڭ زاھىرى كۆرۈنۈشى، مۇسۇلمان ئىچكى قەلبى، ئىددىيىسىدە كاپىر بولغاچقا، مۆئمىن دېيىلمەيدۇ، دېيىلسىمۇ دۇنيا مۆئمىنلىرى، زاھىرى مۆئمىن دېيىلىدۇ. ئاخىرەتلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىمىز، ئەقىدىمىزنى رۇسلاپ، ئىمانىمىزنى كۈچەيتىپ، قۇرئان، ھەدىستىكە ياخشى ئەمەل قىلىپ، شەرتسىز بويسۇنۇپ ئاشۇ دوزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتنى قولغا كەلتۈرەيلى!

ئاللاھ ھەممىمىزگە مەغپىرەت قىلىپ، ئەپۇ قىلىپ، دىدارىنى، جامالىنى بەرگەي ئامىن! ئاخىرىدا تەقدىر توغرىسىدا ئازىراق توختىلايلى.

تەقدىر، بۇ توغرىدا چوڭقۇرلاپ كېتىشنى ئىسلام دىنى توسىدۇ، چۈنكى، بۇ مەسىلىدە ئىنسان ئەقلى ئاجىز كېلىپ، ئەقىل يەتمەيدۇ، ئەمما، پەقەتلا تەقدىردىن، بىلىمسىز قال دېمەيدۇ، ئايەت، ھەدىس، ئالىملار چۈشەنچىسىنى بىلىش لازىم، بۇمۇ بىر تەقدىر، بۇ مەسىلە، ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدىغان ئىلمىغا چېتىلىدۇ، شۇڭا، بۇ مۇرەككەپرەك، قىيىن ئىشتۇر، ھەر ھالدا بىر چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەيلى، تەقدىر، لۇغەتتە، ئالدىن پىلانلانغان، مۆلچەر، پىلان، ئۆلچەم، مىقدارلاش دېگەن بولىدۇ. شەرىئەتتە بولسا، ئاللاھنىڭ «لەۋھۇلمەھپۇز» غا ھەممىسىنى ئالدىن بىلىپ يازدۇرۇشى، پۈتىشىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، مەسىلەن: شۇ ئىنسانلارنىڭ قاچان، قەيەرگە، ئەركەك ياكى چىشى يارىتىلىشى، چىراي، شەكىل، بارماق ئىزىنىڭ قانداق بولۇشى، ساق، مېيىپ بولۇشى، ئاسمان ـ زېمىن، كېچە ـ كۈندۈز، قار ـ يامغۇر، كۈن، ئاي، كىرىپ چىقىشىدەكلەر بۇلارنى ئاللاھ، مەجبۇرى ئۆز ئىلمى، ھېكمىتى بىلەنلا يازغاندۇر، ھېچ بىر ئەيىپ ـ نۇقسان يوق. ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان

ئىشلار بار، بۇنى ئاللاھ نېمە قىلىشىمىزغا قاراپ ئالدىن بىلىپ، يازغاندۇر، مەجبۇر ئەمەس، ئۆز ئىختىيارى، ئەمەلنى قىلساق، ئاللاھ بۇنى ئالدىن كۆرۈپ بىلىپ مۇشۇنداق قىلىدۇ دەپ يازىدۇ، مەسىلەن: بىر مەكتەپ مۇدىرى ياكى مۇئەللىم، بەزەن ئوقۇغۇچىغا نۆل ياكى 30 نومۇر قويۇپ قويىدۇ، ئاخىرىدا ئىمتىھان نەتىجىسى دەل شۇنداق چىقىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئاشۇلار نومۇرنى تۆۋەن قويمىغان بولسا، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەتتىم دېيىشى لايىق ئەمەس، ئۇلاردا قىلچە ئەيىب ـ نۇقسان يوق، پەقەت ئالدىن مۆلچەرلەپ، پىلانلاپ بىلىپ شۇنداق قىلغان، سەۋەنلىك ئوقۇغۇچىدا، بۇ ئاددىي مىسال، ئاللاھ، چەكسىز بىلىم ئىگىسىدۇر، ئالدىن غەيبنى بىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، ھەممىنى ئالدىن يازدى، ئاللاھنىڭ ئىلمى، بۇرۇن بىلىش، كېيىن قىلىش ئەمەس، يەنە، ئاللاھ، قۇرئاندا ئۇنى قىلىڭلار بۇنىڭ قىلىڭلار، ئۇنى قىلماڭلار بۇنى قىلماڭلار دەپتۇ، ئىختىيارى ئەركىنلىك بولمىسا بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، خالىساڭ مۆئمىن بول خالىساڭ كاپىر دېدى، ئەمەلىيەتتىمۇ يارىتىلغان كىشىلەر ئۆز ئىختىيارى، ئۆز مەيلى بويىچە كاپىر ھالدا ھايۋاندەك ياشاۋاتىدۇ. قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارغا كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. بولمىسا، پۈت ـ قولىنى ياراتقاننىڭ ھېكمىتى بولماي قالىدۇ، ئەمما، مۇشۇ ئىختىيارى ئىشلارمۇ ئالدىن يېزىلىپ بولىدۇ، نېمە يېزىلىدۇ؟ دەل بىزنىڭ قىلغىنىمىزى يېزىلىدۇ. تېخى ئەمەلىيەتتە بولمىغان بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمىدا بار، كۆرۈلىدۇ، شۇڭا، ئالدىن يېزىلغان ئاشۇ ئىشلار دەل جايىدا يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ خاتالاشمايدۇ، توپتوغرا يازغان، شۇ ئەمەلنىڭ بولۇشىنى بىلىپ، بىزنىڭ ئەملىمىزنى يازغان، يوقنى يېزىپ قويمايدۇ. قولىمىزدىن كېلىشىچە كىتابىمىزغا يۆلىنىۋالماي، سەۋەبنى قىلىمىز، رەسۇلۇللاھمۇ شۇنىڭغا بۇيرىغان، ئەمەل قىلىڭلار، ئاسان قىلىنىدۇ دېگەن، سەۋەبنى قىلىپ ئاندىن تەۋەككۇل قىلىمىز، تەقدىر دەيمىز. ئىشلاردىن كېيىن تەقدىر دېيىشىمىز، قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈندۇر. تاپا ـ تەنە قىلىشماسلىق ئۈچۈندۇر. خۇشاللىقتا بارغا كۆرەڭلىمەسلىك، قولدىن كەتكىنىگە قايغۇرماسلىق، ئەمەلىيەتتە ئاسىي جىنايەتچى بەربىر ئاسىي ھېسابلىنىدۇ، گەرچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى تەقدىر بىلەن يەڭگەن بولسىمۇ، يەنىلا گۇناھكار ئاسىي بولدى ـ دە!

چۈنكى، خاتالىق، سەۋەنلىك، جىنايەت ئۆزىدىن سادىر بولدى، تەقدىرگە ئارتىپ قويغىنى يوق، ھەدىسدىكى مەقسەت، بىرىنچى، تەۋبە قىلغۇچى گۇناھسىز، ماڭا تاپا قىلما دېمەكچى. ئىككىنچى، بوغۇلۇق بولدى، سەن بۇنى بىلسەن، ئەمدى گەپ قىلما، تاپا قىلما. ئۈچىنچى، ئاسىيلىقدىن كېيىنكى جازالاش چارىسى يەنى جەننەتدىن قوغلاشنى مەن بىلمەيتتىم، ئاللاھ خالىغانچە جازالايتتى، بۇ يەردە ئاللاھ شۇنى خالىدى، بېكىتتى، ھەممىمىزنى قوغلىدى، شۇڭا مېنى ئەيىبلىمە دەپ يەڭگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەربىر تەقدىرنىڭمۇ بىر سەۋەبچىسى بو لىدۇ، ياخشى سەۋەبچى بولۇشقا تىرىشىپ، يامان سەۋەبچى بولۇشدىن ھەزەر قىلايلى، ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلىنى سوراپ، ياخشى كىشى بولۇشقا ياخشى ئەمەل قىلىشقا تىرىشايلى، تەقدىرگە شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز، خۇددى مۇشۇ ھەدىستىكىدەك.

پۈتۈن كىشىلەر بىزگە ياخشىلىق قىلماقچى بولسا، ئاللاھ پۈتكەننى قىلالايدۇ، زىيان سالماقچى بولسىمۇ شۇنداق، چۈنكى، ھەممىنى ئاللاھ پەيدا قىلدى، ياراتتىدە!

دوزاخ ئەھلىنى يارىتىشدىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى ئالدىن بىلىدۇ، يەنىلا يارىتىۋېرىدۇ، بۇ دەل ئۇلارنى دوزاخقا ياراتقانغا ئوخشاش، ئەمما، سەۋەب، جىنايەت، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزىدە، ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى، يارىتىشنى توسۇپ قويسا بولمايدۇ ـ دە!

بىر تال شامنى يېقىشدىن بۇرۇن كۆيۈپ تۈگەپ كېتىشىنى بىلسىز، لېكىن، يەنىلا مەلۇم ھېكمەتتىن ئۇنى يېقىۋېرىسىزغۇ.

بەربىر، ئاللاھ ياراتتى، ياراتمىسا ھېچ ئىش يوق ئىدى، شۇڭا، جەننەت ئەھلى ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەملىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلىدۇر. دوزاخ ئەھلىگە بېرىلگەن جازا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر.

سىز «لەۋھۇلمەھپۇز» غا قارىۋالماي، تەقدىرگە يۆلەنمەي، كىرامەن، كاتىبىينىڭمۇ قاراپ قويۇڭ، شۇلارغا يازدۇرۇشنى چىڭ تۇتۇڭ، ياخشى ئوقۇڭ، ياخشى ئەمەل قىلىڭ، ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئىنسان قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە جان ئۈزىدۇ، قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، خۇددى

مۇناپىقلار مۇشۇ دۇنيادا قەسەم قىلىپ، قۇتۇلۇپ، ئاخىرەتتىمۇ قەسەم قىلىپ باققاندەك.

شۇڭا، ياخشى ئوقۇپ، كاتتا بىلىم ئېلىپ، كاتتا ئەمەلنى تاللاش كېرەك، ياخشىسى ئومۇمى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پەيغەمبەر، ساھابىلەر ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. تىرىشىڭ، تەقدىرگە يۆلەنمەي، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دېگەنى سەللەمنا دەپ قىلىڭ، توسقاندىن يېنىڭ. تىرىشىسىڭىز، تىرىسىڭىز تىرىغاننى ئورىسىز، ئەتىدىن ئىبارەت قىيامەتكە نېمە تەييارلىغىنىڭىزغا قاراڭ، مىساللار:

بىر ئوغرى ئوغرىلىق قىلىپتۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قولىنى كېسىڭلار دېسە، ئوغرى، يا ئۆمەر مەن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوغرىلىق قىلدىم سەن تەقدىرگە قارشى چىقماقچىمۇ؟ دەپتۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قولىنى كەستۈرۈپ بولۇپ، بىزمۇ تەقدىر بىلەن كەستۇق دەپ، ئۇنداق تەقدىرگە مۇنداق تەقدىر بىلەن تاقابىل تۇرۇپتۇ، ئۇ ۋابا بار جايدىن كەتكەن، بەزى ساھابىلەر قارشى چىقىپ، ئاللاھدىن كەلگەننى كۆزىمىز، ئۆلۈم، ئەجەل پۈتۈلمىسە ھېچ ئىش يوق، يولۇڭغا مېڭىۋەر، سەن تەقدىردىن قاچماقچىمۇ؟ دەپ تۇرۇۋالغاندا، ئۇ، مەن ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچماقچى دەپ بۇ جايغا كىرمەيدۇ، كېيىن ۋابا بار جايغا كىرمەڭلار، ھەم ئۇ جايدىن بولۇپ قالساڭلار چىقماڭلار دېگەن ھەدىس يېتىپ خۇشال بولۇپ تەكبىر تۇۋلاپ كېتىپتۇ، سىز يا كېسەل مۇناسىۋەت بىلەن تاتلىق كالا گۆشىنى نۇرغۇن مېۋە - چېۋىلەرنى يېمەيدىغان پايدا قىلىدۇ دەپ ئاچچىق دورىنى يەيدىغان كىشىلەرنى نۇرغۇن كۆرىسىز، بۇلار نېمە ئۈچۈن تەقدىرگە يۆلەنمەيدۇ؟ ھامىنى بولغۇلۇق بولىدى دەپ تەقدىرگە يۆلەنگەن كىشىگە سىز يامان ئاقىۋىتىڭىزنى قانداق بىلىسىز؟ نېمە ئۈچۈن ئىلىم يوق نەرسىگە يۆلىنىسىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە يۆلىنىمەن دەپمۇ يۆلىنەلمەيسىز، بەرىبىر ئەمەل بىلەن ياخشى ياكى يامان كىشى بولۇشقا تېگىشلىك بولىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ دۇنيانى تاللاپ ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولۇڭ، بۇ دۇنياغىلا تۇرۇپ، ھەممىدىن قۇرۇق قالماڭ، دەيمىز. ئاللاھ، خالىغاندىن كېيىن سىلەرمۇ خالىيالايسىلەر، دېگەن ئىكەن، ئىختىيارلىق بىزدىمۇ بار، ئاللاھ نېمە دېسە شۇنى قىلايلى، توسقۇندىن يانايلى، بىلگەننى دەيلى، بىلمىگەننى ئاللاھقا تاپشۇرايلى، بۇ مەسىلىنى كوچىلىماي، قۇرئان، ھەدىسكە ياخشى ئەمەل قىلايلى، بۇ مۆكاپات، جازا، ئەمەللىرىمىزگە پۈتلاشمايدۇ، بىز مۇشىنچىلىك بىلدۇق، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلەلەيدۇ، خۇددى چىرايىمىزنى بارماق ئىزىمىزنى بۇرۇنقىلارغا، ھازىرقىلارغا ۋە كەلگۈسىدىكىلەرگە ئوخشاتماي ياراتقاندەك، بۇنىڭدىن ئاللاھ ھەممىنى بۇرۇنقىنى ھازىرنى كەلگۈسىنى ئوبدان بولىدۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، شۇڭا قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇپ، مۇتتەقى بولۇشقا تىرىشايلى، ئامىن!

مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز،

باشقىلاردەك ئىسىم - سۈپەتكە تانمايمىز.

قار - يامغۇردەك ئوق ياغسىمۇ كۆكسىمىزگە،

بۇ ئەقىدىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز.

وقل الحمد لله سيريكم آياته فتعرفونها دېگىنى، پۈتكۈل ھەمدۇ - سانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ سىلەرگە پات يېقىندا ئۆزىنىڭ بارلىق، بىرلىككە دەلىل، مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنى سىلەر تونۇيسىلەر، مۆجىزىنى ئوبدان تونۇيسىلەر دېگەن. بۇ ئايەتتىن، **1** - ئاللاھ يېقىندا بىزگە مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ، **2** - بۇ شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇنىدىن كېيىن دېيىلگەن بولسا، بىز شۇ مۆجىزە ئۈستىدە، شۇنداقلا بۇنىدىن كېيىنمۇ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. **3** - سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر دېگەن سۆز، شەكسىز مۆجىزىلىكىنى تونۇيمىز. ئۇنداقتا، بىز تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ بۇ ئايەتتە يازغان **30** ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مۆجىزىسىنى شۇنداقلا ھازىر، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ تاپقان بىر نەچچە مۆجىزىلىرىنى كۆرەيلى. **مۆجىزىلەر**

**1** - ئاللاھتائالا، قۇرئاندا سىلەرگە مېنىڭلار ئۈچۈن، ئات، خېچىر، ئېشەكلەرنى يارىتىپ بەردى، يەنە بۇنىدىن كېيىن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ دېگەن. ئەلۋەتتە، ساھابىلار، تابىئىنلار بىلەلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يارىتىپ بەردى، كەشپىياتچىلار كەشىپ قىلىپ تاپتى، يەنە بۇنىدىن كېيىنمۇ بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئەڭ چوڭ مۆجىزىدۇر.

2 ـ رەببىڭگە قارىمامسەن، ئۇ سايىنى قانداق يايدى، ئەگەر خالىسا، سايىنى جىم تۇرغۇزالايدۇ دېگەن ئايەتتە، فوتوگراف، رەسىم تارتىش ئاپاراتى ئارقىلىق ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ سايىسى، كۆلەڭگىسىنى جىم تۇرغۇزغان يەنى سۈرەتكە تارتىۋالغىلى بولىدىغانغا ئىشارەت بار.

3 ـ سۈرە ياسىندا، قۇياش، ئاي، زېمىننى تىلغا ئېلىپ، ئاندىن كېيىن ھەممىسى ئۆز پەلەكىدە سەيرە قىلىدۇ دېگەن، بۇنىڭدىنمۇ بولۇپمۇ يەسبەھۇن دېگەن پېئىلنى كۆپلۈك كەلتۈرىشىدە زېمىنىنىڭمۇ سەيرە قىلىشى، چىقىپ تۇراتتى، ھازىر ھەممە مۇپەسسىرلەر بۇنىڭغا ئىتىقادقا كەلدى، ئىتتىپاققا كەلدى.

4 ـ يەنە، ئاللاھ، بۇ سۈرىدە مۇشۇ پىلانېت، قۇياش، ئاي، زېمىننى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سەيرىسىنى سۆزلەپ ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئالامەتتۇركى، ئەۋلاتلىرىنى لىق تولغان كېمىدە كۆتۈردۇق دەپ، دېڭىزدىكى كېمىنى تىلغا ئالغان، بۇنىڭدىن خۇددى ئالەم بوشلۇقىدا، پىلانېتلار ھەرىكەت قىلغاندەك، ۋاكىئۇمدا ئۈزگەندەك، كېمىمۇ دېڭىزدا ئۈزىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ماددىسى بىر، ئىلاھى، ئاللاھ بىر، يارىلىشى، باشقۇرۇلۇشى بىر، بويسۇنۇشى بىر دېگەنگە ئىشارەت بار، ئوخشىشىنى ياراتتۇق دېگەن بۇ پاراخوت، ئاۋىياماتكىلارغا ئىشارەت.

5 ـ سۈرە قەمەرنىڭ بېشى، قىيامەت يېقىن قالدى، ئاي يېرىلىپ بولدى، دېگەن ئايەتتە، 1 ـ ئاينىڭ يېرىق ئىكەنلىكى، بۇ ھازىر ئىسپاتلاندى، 2 ـ ئاي شارىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن يېرىلىپ ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشى، 3 ـ ئاينىڭ يەرشارىدىن يېرىلىپ، ئاجرىغان پىلانېتلىقى، چۈنكى، ئاللاھ، بىز زېمىنىنىڭ ئەتراپىدىن كاملىتىمىز دېگەن. شۇنداقلا، رەسۇلۇللاھقا يېرىلغان.

6 ـ سۈرە ئەنبىيادا، كاپىرلار، قارىمامدۇكى، ئاسمانلار ۋە زېمىن بىر تۇتاش ئىدى، بىز ئارىلىقنى ئايرىۋەتتۇق دېگەن، بۇنىڭدىن قۇياش، ئاي، زېمىن بىر ئىدى، كېيىن ئايرىلغان دېگەنگە ئىشارەت بار، بۇنى دوكتۇر ۋوھبەتوزۇھەيلىمۇ تەپسىر «مۇنىير»دا مۇشۇ سۈرىدە شۇنداق يازغان.

7 ـ ئاللاھ، ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ۋەھالەنكى، ئۇ گاز، تۇمان ھالەتتە ئىدى دېگەن ئايەتتە، ئاسمان ماددىسى گاز، تۇمان، شۇنداقلا ۋاكىئۇم، بىر خىل تەسىرلىك ئالەمنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى پەقەت، ئەقىللا ھېس قىلالايدۇ دېگەننى ئىشارەت قىلىدۇ.

8 ـ ئاللاھ، سىلەرنى تۇپراقدىن ياراتتى دېگەن ئايەتتە، ئىنسانلار جىسمى، ئەزاسى، ھېس ـ تۇيغۇسى، ماددىسى، تۇپراق بولۇپ، ئۆسۈملۈك، ھايۋان جىسمى ئارقىلىق بىر ئىنسان ھالەتتە ئۆزگىرىدۇ، شۇ ماددىلار ئىنسان تېنىگە كىرىدۇ، ھەم تېپىلىدۇ.

9 ـ بەلكى، ئۇلار يېڭى يارىلىشدىن شەكتە بولىدۇ دېگەن ئايەتتە، ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىدىن باشقا، جەدىد يېڭى دېگەن سۆزدىن ھازىرمۇ ئىنسانلار تېنىدە ھۇجەيرىلەر ئۆلۈپ، يەنە يېڭىلىنىپ تۇرۇشى، ئۆلۈك ماددىلاردىن يېڭى ھاياتلىق يارىلىپ تۇرۇشى چىقىدۇ.

10 ـ قان، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك، توڭگۇز گۆشى ھارام قىلىندى دېگەندىن ھازىر نۇرغۇن تەتقاتلار ئاشكارىلاندى، گەرچە بىز ھېكمەت سۈرۈشتە قىلماي، ئەمەل، ئېتىقاد قىلساقمۇ، ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماپتۇ دېگەندەك ئارتۇق ئىلىم ـ ھېكمەت زىيان قىلماس. نۇرغۇن كېسەللىكلەر مۇشۇ پاسكىنا، نىجىس نەرسىدىن تارقايدىكەن، ئەڭ ئاددىيسى مەددە قۇرۇتى قاتارلىقلار، بۇنى ھازىر بۇ تور بەتلىرىدە كەڭ تارقاتماقتا.
www.55A.NET sultan.org

11 ـ ئىت يالاپ قويغان نەرسىنى يەتتە قېتىم يۇيۇۋېتىشىدە بولۇپمۇ قۇملاپ يۇيۇشىدا مۆجىزە ئاشكارىلاندى، زەھەرلىك مىكرۇپ، شۇنداق قىلغاندا تازىلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ مىكرۇف، ۋىرۇس، يوقىتىشنىڭ بىر خىل چارىسى، ۋە شۇنداقلا ئالدىنى ئېلىشمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

12 ـ چىۋىننىڭ بىر قانىتى زەھەر دېگەن بۇ ھەقىقەتمۇ ئاشكارىلاندى.

13 ـ توختام سۇدا، تاھارەت قىلماسلىق ۋە شۇ جايدا يۇيۇنماسلىقدىن مۇشۇ ھەدىسدىن ھەقىقەتەن مەينەت، پاسكىنا جايدىن ھەرخىل كېسەل، مىكرۇپ، ۋابا، تارقايدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

**14** ـ ۋابا كېسەلى توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ يولىيورۇقى ھازىرمۇ دۇنيادا ئىلغار ئورۇنىدا تۇرماقتا، كىرگۈزمەسلىك، چىقارماسلىقنى ھەرقانچە بەدەل كەتسىمۇ ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ، ۋابا كېسىلىدىن يولۇاستىن قاچقاندەك قېچىڭلار دېگەن، بۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، ۋابانىڭ شەكلىمۇ خۇددى يولۇاسقا ئوخشاپ كەتكەن، بولۇپمۇ جوزام، تېرە كېسىلى.

**15** ـ ئاللاھ، تەۋبە قىلغۇچىنى ۋە پاكىزلارنى دوست تۇتىدۇ دېگەن ئايەت بار، شۇنداقلا ئىسلام دىنىدا كۆپ يۇيۇنۇشنى، تاھارەتنى تەكىتلەيدۇ، بۇنىڭدىن ھازىر بىر خىلى تاشقى پاكىزلىق، ئىچكى پاكىزلىقنى ئېلىپ كېلىپ پاكىز كىشىلەر كېسەلدىن خالىي بولۇپلا قالماستىن، گۇناھدىنمۇ، مەئسىيەتتىنمۇ خالىي ئىكەن، ھەرخىل مەنىۋى، روھى كېسەل بولمايدىكەن، شۇڭا ئاللاھ، تۆۋبىگە پاكلىقنى ئىچكى تاشقى پاكلىقنى جۈپلەپ كەلتۈرگەن.

**16** ـ قۇرئاندا، ھەممە نەرسىنىڭ جۈپلىكى سۆزلىنىدۇ، مەسىلەن: سۈرە ياسىندا، ئۆسۈملۈك، بىز ۋە بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەر جۈپ دېيىلگەن (وۆنبتا فيها من كل زوج بهج) بىز ئۇ باغلاردا ھەرخىل گۈزەل جۈپ نەرسىلەر ئۈندۈردۇق، دېگەن مانا بۇ خىل ئەركەك چىشىلىق ۋە باغۇەنچىلىك، ئۇرۇق سورتلاش، ھازىر كەشىپ قىلىندى، بۇ بىر مۆجىزە.

**17** - (وأرسلنا الرياح لواقح) بىز چاڭلاشتۇرغۇچى شامالارنى ئەۋەتتۇق دېگەن. مانا ھازىر نۇرغۇن ئۆسۈملۈك، كۆكتات، مېۋىلەر، شامال ئارقىلىق چاڭلىنىشىدۇ، يامغۇرمۇ بار تېخى.

**18** ـ سۈرە فىلدا، پىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلغاندا، قۇشلار ئاتقان ئاشۇ تاشلاردا ۋابا، مىكروپ بولۇشى مۇمكىن، دېگەن، سەييىد قۇتۇبمۇ مۇشۇنداق تەپسىرلىگەن، بۇنىڭدىن، ئاللاھ خالىسا، ۋابا ئارقىلىق ئۇممەتنى كۆللى ھالاك قىلىدۇ.

**19** ـ (كل شيء عنده بمقدار) ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ نەزىدە ئۆلچەملىك دېگەن بۇ ئايەتتىن نۇرغۇن مۆجىزە چىقتى، ھەتتا، قار شەكلى، قار ـ يامغۇر جىك، تۇننا بويىچە چۈشىدۇ، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆلچەم، مىزان بويىچە بولىدۇ. ھەتتا، دەرەخ قۇلىقىمۇ شۇنداق، مۇزىكا سازلىرىغىچە.

**20**. يەرنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، زېمىنغا ئىگىز، پۇختا تاغلارنى بېكىتتى، ياراتتى، قىلىپ بەردى دېگەن ئايەت، مانا ھازىر، يەرشارىنىڭ مۇقىملىقى، تەگپۇگلۇقىنى، بىخەتەرلىكىنى بىردىنبىر تاغ ساقلاۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى.

**21** ـ ئاللاھ، زېمىننى يايدى دېگەن، ئايەتتىدىن قۇرۇقلۇق كۆچۈش ئەھۋالى، ھازىرمۇ كۆچۈۋاتىدۇ، ھېلى بىر تاغ چۆكۈپ كەتسە، يەنە بىرسى ئاشكارا بولۇپ، تۇرىدۇ، ئاللاھ، خالىغاننى قىلىدۇ، شۇنداقلا قۇرۇقلۇق، بىر ـ بىرىدىن ئاجرىغانكەن.

**22** ـ يەئجۇج ـ مەئجۇجنىڭ قۇرئاندىكى، ھەدىستىكى ھەرخىل سۈپىتى، ئورنى، يۈرۈش قىلىشىدىن، مۇڭغۇل، ختايلار شۇمىكى دېگەن پەرەز قىلىنىدۇ، ئايەتتە ئىشارەت بار. لېكىن ھەدىسەتە، قىيامەت ئالدىدا چىقىدۇ دېيىلگەن.

**23** ـ مۇئمىنلەرگە دوستلۇقتا ئەڭ يېقىنى ناسارالار ئىكەنلىكى، سۆزلەندى، بۇ ئايەتتە، بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ باشقا ياندىن پەقەت ناسارالار ئىسلام دىنىغا ئەڭ كۆپ كىرگەن، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغىسى، ئىنشائاللا، بۇمۇ بىر مۆجىزە.

**24** ـ ئاللاھ، قۇرئاندا، رەببىڭ، يەھۇدىيلارغا قىيامەتكىچە ئۆلارغا ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقنى تېتىتىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىدۇ دېگەن، ئايەت مەڭگۈ مۆجىزە ئورۇنىدا تۇرماقتا، يەھۇدىيلارنى مۇسۇلمانلار، فىرانسۇزلار، روسلار، ۋە باشقىلار دائىم ئازابلاپ تۇرىدۇ، جۇملىدىن گېتلىردەك.

**25** ـ قۇرئاندا ئۇلار روھ توغرىلىق سورىشىدۇ، دەڭكى، روھ رەببىمنىڭ ئەمرى، ئۇنى پەقەت ئاللاھلا ئۇبدان بىلىدۇ، سىلەرگە پەقەت ئازلا ئىلىم بېرىلدى دېگە ئايەتتە، ئىنسانلار ئاسترونوم، بىئولوگىيە، خىمىيە،

فىزىكا، دېڭىز، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، ماددا، ھاياتلىق ئىلىملىرىنى تەتقىق قىلىپ، تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا روھ توغرىسىدا بىرئازمۇ ئىلىم يوق تۇرماقتا.

**26** ـ رەسۇلۇللاھ، ئۇممىتىمدىن ئىككى سىنىپ كىشىلەر دوزاختا كىرىدۇ، مەن ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم، بىرى قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلار بولۇپ، كىشىلەرنى ئىزىپ، زۇلۇم قىلىپ ئۇرىدۇ، يەنە بىرى كىيىم كىيگەندەك ئەمما ئۆزى يالىڭاچ، ئۆزلىرىمۇ مايىل، باشقىلارنىمۇ پىتنىگە مايىل قىلغۇچى، چاچلىرىنى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك قىلىۋالىدۇ، (مۇسلىم) بۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا، پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ دېگەن، مانا بۇ خىل كىشىلەر كېيىن ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئاشۇ ئاياللار ھازىرمۇ مەۋجۇد، **1930** ـ يىللىرى ۋە ھازىرمۇ مەۋجۇد، **2005** ـ يىللىرى مانا بۇ مۆجىزە.

**27** ـ چىۋىن، پاشا، كۆمۈتىلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللەر ئاخىرى رەسۇلۇللاھ دېگەندەكلا ئاشكارا بولدى. ئۇلار، مىكرۇپ، ۋىرۇسنى يىگەچكە زەھەر بار ئىكەن.

**28** ـ ئاللاھ، ئەرلەرنى ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇق قىلدى، ياۋرۇپالىقلار ئاياللارنى ئەرلەرگە تەڭ ئورۇنغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، شۇنچە تىرىشسىمۇ پۈتۈن ئىلىمنى ئۆگەتسىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق بولۇپ، دائىم ئاياللار ئىلىم، ئەقلىدىن، باتۇرلۇق، سېخىيلىق، تەدبىر، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ۋەزىپە ئۆتەشتە بىر دەرىجە ئارقىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

**29** ـ ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرگە تەڭ، ئەگەر بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، يەنە بىرسى دەپ بېرىپ، ئىسگە ئالىدۇ دېگەن، ئايەتتىن ئاياللار مېڭىسى سۆز قىلىۋاتقاندا، ئەرلەرنىڭكىدەك ئىشلەۋەرمەيدىكەن، توختاپ تۇرىدىكەن، ئەرلەر سۆزلىگەچ بىر نەرسىنى تەپەككۇر قىلالايدىكەن، بۇنى ھازىر ئالىم، دوكتۇر زىندانىمۇ، ھارۇن يەھيامۇ مەخسۇس فىلىم قىلىپ ئىشلەپچىقاردى.

**30**. قىيامەت كۈنىسى، ئاسىي، گۇناھكار، گۇۋاھلىق بەرگەن، پۇت ـ قول، تېرىلىرىگە نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بېرىسىلەر دەپ سورسا، ئۇلار، كۈللى شەيئىنى يەنى ھەممە نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ، بىزنىمۇ سۆزلەتتى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇ ئايەتتە كۈللى شەيئىنى دېگەن يەنى پۈتۈن نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ دېگەن، بۇنىڭدىن بارلىق ئىنسان، ھاۋايىدىن باشقا جانسىز مەخلۇقمۇ سۆزلەيدۇ دېگەن چىقىدۇ. رادىئو ـ تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، **MP3**، كومپيۇتېرلار.

**31** ـ (سنريهم ژياتنا فۆ الژفات وفۆۋنفسهم) دېگەن ئايەت، يەنى قۇرئاننىڭ ھەقلىقى، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى، ئۇلارغا ئاشكارا بولغانغا قەدەر ئۇلارغا مۆجىزىلىرىمىزنى ئۇپۇقلاردا، ئاسمانلاردا، زېمىندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىدا كۆرسىتىپ تۇرىمىز دېگەن. بۇ ئايەتتە بىر قانچە مۆجىزىلەر بار، مەسىلەن:

بىرىنچى، ئۇپۇقتا كۆرسىتىمىز دېگەن بۇ سۆزدىن تېلېۋىزورغا، سۈنئىي ھەمراھقا، كومپيۇتېر تور بەتلىرىگە ئىشارەت بار، ئايەتتىن ئىشارەت جەھەتتىن دەلىل بار.

ئىككىنچى، ئاسمانلاردا ئاجايىپ ـ غارايىپ مۆجىزىلەر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئۇلۇغلۇقى، ئىلىم ـ ھېكمىتى ئاشكارا بولماقتا.

ئۈچىنچى، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىمۇ، رېنتگىن، كومپيۇتېرلىق تەكشۈرۈش، **CT** ۋە باشقا سايمانلار ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ مۆجىزىلەر ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ، مەسىلەن: ھۈجەيرە مەسىلىسى، مېڭە قۇرۇلمىسى، ھەرقايسى ئەزالار، ئىچكى ئەزالار، قان ـ تومۇرلىرى، بالىياتقۇدىكى يەنى بۇ زاۋۇتتىكى بالىنىڭ يارىلىشى قاتارلىقلار، بۇنى ھازىر نەخ مەيداندا كۆرۈۋاتىمىز.

**32** ـ ئايەت، ھەدىستە دېيىلگەن بالىنىڭ باسقۇچ ـ باسقۇچقا يۆتكىلىپ يارىلىشى، سۈرەتكە كېلىشى قاتارلىقلار ۋە ئۈچ قاراڭغۇلۇق ھازىر، ئۆز ئەينى ئاشكارا بولدى.

**33** ـ رەسۇلۇللاھ، مەنى (ئىسپېرما) سۈيىنىڭ ھەممە يېرىدىن بالا تۆرەلمەيدۇ دېگەن، مۇسنەد ئەھمەددە بار، مانا ھازىر مەلۇم بولدىكى، ئىسپېرما سۈيىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تاللا ھۈجەيرە تۇخۇم ئىچىگە كىرىپ

چاڭلىشىدۇ، ھەممىسىدىن بالا يارىتىلمايدۇ، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولۇۋاتىدۇ، بۇلارنى رەسۇلۇللاھقا كىم دەپ بەرگەن، ئاللاھ!!!

**34** ـ رەسۇلۇللاھ، كەمنەت (موگونىڭ) سۈيىدە كۆزگە شىپا بار دېگەن. بۇ مەسىلىمۇ ھازىر تەتقىق قىلىپ، ھەرخىل كۆز ئاغرىقىغا ئاشۇ سۇنى تېمىتىپ ساقايتىدىغان دورا ياسالدى.

**35** ـ ھەدىستە، دېڭىز ئاستىدا ئوت بار، يەنە دېڭىز بار، يەنە دېڭىزنىڭ ئاستىدا ئوت بار، دەپ خاتىرلەنگەن (مشكات)، مانا ھازىر يەرشارىنىڭ ئىچكى قىسمى پۈتۈنلەي ئوت ئىكەن، بۇنىڭ ئەقلى دەلىلى يانار تاغلاردۇر.

**36** ـ رەسۇلۇللاھ، ھەدىستە، ئاسمانلاردا سۇ بارلىقىنى، بىر تامچە چۈشۈپ كەتسە، پۈتۈن زېمىننى سۇ بېسىپ كېتىدۇ دېگەن، ھازىر بولسا، ئىنسانلار باشقا پلانىتىدىن ھاياتلىق ۋە سۇ ئىزدەۋاتىدۇ، ئەگەر تېپىلىپ قالسا، بۇ ھەدىس شۇ سۇغا ئىشارەت قىلغان بولىدۇ، ئەمەلىيىتى بولسا، ھەقىقىي ئاسماندۇر.

**37** ـ قۇرئاندا، ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھنىڭ، ھايۋانلاردىن تارتىپ يارىتىشىدا مۆجىزە بار دېيىلگەن، بۇ ئايەتتە ئىككىلىك ئالماش ئىشلىتىلگەن، ئالىملار بۇ ئايەتتىن چوقۇم باشقا پىلانېتلاردا ھاياتلىق بار دەپ قارىدى، بۇنى ۋوھبەتوززۇ ھەيلىيمۇ «تەپسىر مۇنىير»دا يازغاندۇر.

**38** ـ سۈرە ۋاقىئەدە، يۇلتۇزلار ئورنى، ئورۇنلىرى بىلەن قەسەمكى، دەپ بار، بۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ئورنى بەك مۇھىملىقى، شۇنداقلا ئورنى ئوخشاش ئەمەسلىكى، يىراق ـ يېقىنلىقى چىقىدۇ، مانا ھازىر، بىزدىن نەچچە نۇر يىلى يىراق ۋە ئەڭ يېقىن يۇلتۇزلار تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

**39** ـ (والسماء ذات البروج والسماء ذات الحبك) يەنى، يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەمكى دېيىلگەن، مانا ھازىر بۇ يوللار، يەنى ئوربىتىلار، سەييارە، يۇلتۇزلارنىڭ سەيرە قىلىش يوللىرى، تېلىسكوپلاردا ئاشكارىلاندى.

**40**. ھەممىس ئۆز پەلەكىدە سەيرە قىلىدۇ دېگەن ئايەتتىن، ئاشۇ ئوربىتىدا بىزگە جىم تۇرغاندەك ھالەتتە كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارمۇ سەيرە قىلىدۇ، ھەتتا پۈتۈن ئاسمانمۇ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ.

**41** ـ (والسماء ذات الرجع) يەنى قايتۇرۇش ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن قەسەمكى دېگەن، بۇ ئايەتنى قەدىمقىلەر يامغۇرلۇق ئاسمان دەپ تەپسىر قىلغان، چۈنكى، يامغۇر، دېڭىزدىن ئۆرلەپ، يەنە زېمىنغا قايتىدۇ، ھازىر بولسا، ئالىملار بۇ ئاتموسفېرا بولۇپ، يەتتە ئاسمان دائىرىسىدىن باشقا، چۈنكى، ئاللاھ، بۇ ئاسماننى بىر سۈپەت بىلەن يەنى قايتۇرۇش ئىگىسى دەپ قەيىد قىلغان، يەنى ئالاقدار قىلىپ قويغان، ھازىر بولسا، ئاتموسفېرا، يامغۇرنى، ھەرخىل رادىئو ـ تېلېۋىزور، سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرلىرىنى، سىگناللارنى يەرشارىغا قايتۇرىدۇ، تاشقى ئالەمدىن، قۇياشتىن كەلگەن زەھەرلىك نۇرلارنى تاشقى تەرەپكە قايتۇرىدۇ دېدى. مېتئورىت تاشلارنى بولسا، يەنە كۆيدۈرۈپ ئېرىتىپ كەينىگە قايتۇرۇپ، زېمىنغا يولاتمايدۇ دېدى.

**42** ـ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە تاش ياغدۇرغان ئايەت، سۈرە مۇلۇكتىكى ئۇستۇڭلارغا تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىۋېتىشىدىن قورقماي ئەمىن يۈرەمسىلەر دېگەن ئايەتتە، شەيتانلارنى ئاسمان خەۋىرىنى ئاڭلىغىلى چىققاندا، ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن رجىم قىلىدىغان، سۈرە ساففاتتىكى ئايەتتە، يەرشارى ئەتراپىدىكى، مېتئورىت تاشلار، ھەرخىل ئۇششاق سەييارىلەر چىقىپ تۇرىدۇ.

**43** ـ (والارگ ذات الپدى) يەنى يېرىق ئىگىسى بولغان، زېمىن بىلەن قەسەمكى دېگەن، بۇ ئايەتنى قەدىمقىلار، تېرىخچىلىق ئۈچۈن يېرىلدى دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

ھازىر بولسا، بۇ يېرىق قەدىمكى دەۋردە، زېمىن ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەرگە ھايات كەچۈرەلىگىدەك ھالەتكە كەلگەن چاغدىكى زور توپاندىن كېيىنكى يېرىلىش بولۇشى مۇمكىن دېگەن ۋە شۇنداقلا ئالىملار، دېڭىز ئاستىنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن جايلاردىن ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان قايناق سۇلارنى بايقىغان، كېيىن تەكشۈرسە، ئاشۇ جايلاردا يېرىق بولۇپ، يەر ئاستىدىكى ئوتنىڭ قىززىقلىقىدىن بۇ سۇ قايناپ كەتكەنىكەن، بۇ دەل بىز يۇقىرىدا دېگەن ھەدىستە، دېڭىز ئاستىدا ئوت بار دېگەننى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا،

ۋاقتى كەلگەندە، قۇرئاندىكى، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغاندا دېگەن ئايەتكىمۇ ئۇيغۇن، ئالىملار بۇ يېرىقلارنى خەرىتىدە دېڭىز ئاستىنى سۇسىز ھالەتتە كۆرسىتىپ سىزىپ بەرگەن، ھەققەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، سىز بۇنداق مۆجىزىلەرنى كۆرەي دېسىڭىز، تور بەتلىرىگە كىرىپ، قۇرئان مۆجىزىلىرى دېگەن تېمىنى كۆرۈڭ، مەن بۇ تەپسىرگە مۇنۇ مۆجىزىلەرنى قوشۇپ يېزىۋاتىمەن.

**44** ـ سۈرە مۇئارىجدا، مىقدارى **50** مىڭ يىل كېلىدىغان بىر كۈندە، ئۇلار پەرىشتىلەر، ئاللاھ تەرىپىگە ئۆرلىشى يېزىلغان، ئالىملار بۇ ئايەتتىن نۇر تېزلىكىنى ئالغان، چۈنكى، پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، (مۇسلىم رىۋايىتى) شۇنداقلا، كىلومېتىر ھېساۋاتى ئالەم بوشلۇقىدا ئىشلىمىگەچكە، بىر سېكۇنتتا **300** مىڭ كىلومېتىر تېزلىك بىلەن سەيرە قىلىدىغان نۇر تېزلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ نۇر يىلى ھېساۋى بويىچە ھېسابلاۋاتىدۇ، مانا بۇلارنى مۇنۇ ئايەتتىن ئالغاندۇر، تەپسىر بايان.

**45** ـ قۇرئاندا، قۇياش، سىراجا يەنى ئۆزىدىن ئوت چىقىدىغان چىراغ دېيىلگەن، ئاي بولسا، قەمەرەن، مۇنىيرا دېيىلگەن، سىراج دېمىگەن، بۇنىڭدىن قۇياشتىن بولسا، ئۆزىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدۇ، ئاي شارى بولسا، ئۆزىدىن ئوت چىقماي، بەلكى، قۇياش نۇرىنى قايتۇرۇشى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنى ھەدىستە، ئاينىڭ يېرىلىشى ۋە بىر پارىسى تاغ ئۈستىدە تۇرغان دەپ خاتىرىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر ئاي شارى ئوت بولغان بولسا، شۇ چاغدا ئوت كېتەتتى، ھەممىسى كۆيۈپ كېتەتتى، بۇنىڭدىن، ئاي، زېمىنغا ئەڭ يېقىن پىلانېت ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

**46** ـ ئاي شارىنىڭ ئىنسانلار ھېسابىنى بىلسۇن دەپ يارىتىلىشى، شۇنداقلا يەر شارىغا ئىنسانلار بۇندىن كېيىن كېلىپ تۆرۈلۈپ ھېسابىنى ئۇقىدۇ، كېچىسى نۇرىدىن پايدىلىنىدۇ، دەپ نەچچە مىليارت يىل يەنى ئىنسانلاردىن نەچچە مىليارت يىل بۇرۇن يارىتىلىشىدا ئەلۋەتتە، ئاللاھ بارلىقى، بىرلىكى، ئالدىن بىلىپ تۇرۇشى، قۇرئاننىڭ ھەقىقىي ئاللاھنىڭ سۆزى ھەق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

**47** ـ (لتركبون □بقا ىن □بق) دېگەن ئايەتتە، يەنى قەۋەتمۇ ـ قەۋەت سەپەر قىلىسىلەر دېگەن، بۇ ئايەتنى ئىنسانلار، ئالىملار بۇرۇن ئىنسانلار بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسپىرمىدىن قانغا، ئاندىن گۆشكە، ئاندىن سۆكەك، ئاندىن ئىنسان، ئاندىن ئۆلۈم، ئاندىن تىرىلىش، ئاندىن جەننەت ياكى دوزاخ دەپ تەپسىرلىگەن، بەزىلەر رەسۇلۇللاھنى قەۋەتمۇ ـ قەۋەت ئاسمانلاردا سەيرە قىلىشى بىلەن تەپسىرلىگەن، ئەمما، ئايەت كۆپلۈك لەۋزى بىلەن كەلگەن. ھازىرقى ئالىملار بولسا، بۇ دېگەنلىكى، سىلەر تەرەققىي قىلىپ، قەۋەتمۇ ـ قەۋەت، پىلانېتمۇ ـ پىلانېت، سەپەر قىلىسىلەر، ئالەم بوشلۇقىغا چىقىسىلەر دېگەنگە ئىشارەت دەپ تەپسىرلەيدۇ، بۇ ئېنىقلا مۆجىزىدۇر.

**48** ـ سۈرە نۇر، **43** ـ ئايەتتە، ئاللاھنىڭ تاغدەك بۇلۇتتىن مۆلدۈر ياغدۇرۇشى ياكى ئاسماندىن تاغ ياغدۇرۇشى يېزىلغان، بۇ ئايەتتىن مۇز تاغ چۈشۈشى ياكى تاغدەك بۇلۇتتىن مۆلدۈر يېغىشى، دېمەك، بۇلۇت تاغسىمىغان ھالەتكە كەلمىسە، مۆلدۈرنىڭ چۈشمەسلىكى دەل تاغدەك بولغاندا، مۆلدۈر چۈشۈشى يېزىلغان، بۇ ئايەتنى زىندانى، بىر فىلىم قىلىپ ئىشلىگەن، كۆرۈپ بېقىڭ.

**49** ـ ئاللاھ، قۇرئاندا سۆزلىگەن، رەسۇلۇللاھ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن چېكىپ چىققان يەتتە ئاسماننىڭ ھەقىقىتىنى ھېچكىم بىلەلمەيۋاتىدۇ، بۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلار، جىنلار، ئۇ ئاسمانلارغا يېتەلمەيدۇ، ھەم چىقالمايدۇ، چېكلىنىدۇ، بۇ سۈرە جىندا خاتىرلەنگەن، بۇ ئايەت، ھەدىسلەردىن ئىنسانلار تېخىمۇ كەڭ تەپەككۇر قىلىپ، ئەقلى ئىقتىدارىنى، بىلىمنى ئاشۇرىدۇ. فىردەۋسنى سوراڭلار، ئۇ ھەممە جەننەتلەردىن ئۈستۈن ھەم قاپ ئوتتۇرىسىدا دېگەن ھەدىستە، ئاسمانلار ھەتتا كۈرسىمۇ گۈمبەز شەكلىدە يۇملاق دېيىلگەن. چۈنكى، بۇ جەننەت ئۈستىدە ئەرشى بار، بۇ سۆزلەر ھازىرقى تېلىسكوپ ئارقىلىق كەشىپ قىلىنغان، كەشپىياتلارغا نېمە دېگەن ئۇيغۇن ھە!، نەرسە ئۈستۈن، ئوتتۇرىدا بولسا، يۇملاق گۈمبەز بولىدۇ.دېمەك ئاسمان جىسىملىرى يۇملاق.

**50**. ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بىز تۇنجى قېتىم ياراتقاندەك، ئەسلىگە قايتۇرىمىز، قۇياش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، دېگەن ئايەت (وجمى الشمش والقمر) قۇياش بىلەن ئاي بىرلىشىدۇ، بۇ چاغدا قۇياش

سىستېمىسى ۋەيران قىلىنىدۇ. بۇمۇ ھازىرقى ئاسترونوم ئىلمىدا تەتقىق قىلىنىپ، كەشىپ قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ سىستېما ھامىنى ۋەيران بولىدۇ. **قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا** دېگەن ئايەتلەر ھازىرقى تەبئىي ـ پەن ئالىملىرىنىڭ قۇياش نۇرى ھامىنى ئۆچۈپ قالىدۇ، بۇ ئالەم ھامىنى ۋەيران بولۇپ، ئاخىرلىشىدۇ دېگەن، كەشپىياتقا ئۇيغۇن، بۇ قۇياش فىزىكىسى ئىلمى ئەلۋەتتە.

**51** ـ قاتتىق يەر تەۋرىمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدىغان ۋە ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ، قارا ـ تۇرۇكلەرنىڭ، جاھىل، نادانلارنىڭ قولىغا مۇنبەرلەر، خەلقلەر قېلىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئازدۇرمىغىچە، زىنا كۆپىيىپ كەتمىگىچە، قىيامەت قۇرۇلمايدۇ دېگەن، بۇ ھەقىقەتلەر دائىم ئاشكارا بولماقتا، مانا ھازىر دەل ئاشۇ پىتنە كەلمەكتە، قىيامەت مۇشۇنداق ئەڭ ۋەھشىي يامان كىشىلەر ئۈستىگە قۇرۇلۇشى مۇمكىن.

**52** ـ تېرمىزىنىڭ ھەدىسىدە، مۇنداق دېيىلگەن. رەسۇلۇللاھ، كىشىلەر قامچىسىنىڭ دەستىسىگە، ئاياغىنىڭ تاپىنىغا سۆزلىمىگىچە ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن يوتىسىدىكى نەرسە، ئۆيدىكى ئىشلارنى خەۋەر بەرمىگۈچە، ھايۋانلار ئىنسانلارغا سۆزلىمىگىچە، قىيامەت قايىم بولمايدۇ دېگەن، مانا ھازىر بۇ ئىشلار بولۇپ بولدى، چاقىرغۇ، تېلېفون، كومپيۇتېر، ئۈچۈر، سىگنال سايمانلىرى بۇ ئىشلارنى كۆرسەتتى.

**53** ـ **«تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ»** سۈرە نەبئى، بۇ، ئاتموسفېرا، جۇغراپىيە، گېئولوگىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن تاغلارنىڭ يەر ئاستىغا قوزۇق شەكلىدە قېقىلىشى، يەرشارىنى تۇتۇپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

**54** ـ **14** ئەسىر بۇرۇنلا، ئىسلام دىنى ھارام قىلىپ يېيىشنى چەكلىگەن ۋە يېيىشكە رۇخسەت بەرگەن ھايۋانلار، قۇشلار تىزىملىكى، ھازىرقى ب د ت، خەلقئارالىق دوكتۇر ئالىملارنىڭ بىرلىشىپ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ۋە چەكلىگەن، قوغدايمىز دېگەن ھايۋانلار، قۇشلار تىزىملىكى، ئوخشاش چىققان، ئەمەلىيەتتە، بۇلار نۇرغۇن ئەقلىي، جىسمانىي، ئىقتىسادىي چىقىم قىلغان، بەدەل تۆلەپ تەجرىبىدىن كېيىن شۇنداق قارار قىلغان.

**55** ـ جوزام كېسىلىدىن، يولۋاس، شىردىن قاچقاندەك قېچىش دېگەن ھەدىستە، دەل بۇ كېسەلنىڭ، مىكرۇپ، ۋىرۇسنى تەكشۈرۈشتە، سۈرىتى شىر، يولۋاسقا ئوخشىغان، بۇنى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ تەرىپىدىن قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈپ دېگەنىكەن.

**56** ـ سۈرە ئەرراھماندىكى، ئاچچىق ۋە تاتلىق دېڭىز سۇلىرىدىن گۆھەر، مارجان چىقىشى خاتىرلەنگەن، بۇرۇنقىلار ئاچچىقدىن چىقىدۇ، تاتلىقدىن چىقمايدۇ، بۇ ئايەتتىكى سۆز، ئەرەبلەر ئادىتى بويىچە شۇنداق دېيىلگەن دەپ يازغان، بۇ خاتا، ئاللاھ، ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇكى، ھازىر ئىسپاتلاندىكى، ھەر ئىككى دېڭىزدىن ئاچچىق ـ تاتلىقدىنمۇ ئۈنچە ـ مارجانلار، گۆھەر چىققان، شۇنداقلا، بۇ ئايەتتىن مارجان بىرخىل ھايۋان بولۇپ، دەرەخكە ئوخشاپ كېتىدىكەن، بۇنى بىزى بۇرۇن سۆزلەپ بولغان، يەنە، ئەررەھماندا سۈرىتى بىلەن كەلتۈرۈپ يازىمىز.

**57** ـ ئىككى دېڭىز ئارىسىغا ئىلاھى كۈچ ـ قۇدرەتتىن بىر توسما قىلىپ، ئىككى سۇنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلماسلىقى، تاجاۋۇز قىلماسلىقى يېزىلغان، ھازىر تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىدا قۇرۇقلۇق توسمىسى ياكى بىر خىل ئاق سىزىقنى بايقاپ، ئىلاھى قۇدرەتتىن توسما باركەن دەپ بىلدى.

**58** ـ سۈرە نۇردا، قاتمۇ ـ قات دېڭىز دولقۇنلىرى ئاستىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن نۇرى، بۇلۇت توسقاندا، قولنى چقارسا بارماقلىرى كۆرەلمەسلىك، ئەنە شۇنىڭدەك كاپىرلار ياخشى دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمەيدۇ دېگەن. ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندىكى، **200** ـ **300** مېتىر چوڭقۇرلۇقدا، بۇ خىل ھادىسە بارلىقىقا كەلگەن، دولقۇن ئارىسىدا قۇياش نۇرلىرى يوقايدۇ، شۇنداقلا، بۇلۇتنىڭ توسۇپ تۇرۇشى شەرىت، بۇ ئىشلار **14** ئەسىر بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان، ئۇ چاغدا غەۋۋاسلار يوق ئىدى.

**59** ـ سۈرە غاشىيە، ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا قارىمامدۇ؟ دېگەن ئايەت، ھازىر، بىئولوگىيە ئالىملار تەكشۈرۈپ، تۆگىنىڭ كۆزىدە بوراندا قۇم كىرمەس پەردە قاپ بارلىقىنى، پۇتىدا ئالاھىدە قومدىمۇ سەپەر قىلالايدىغان قابىلىيەت بارلىقىنى، ئۇسسۇزلۇقا چىدامىلىق ۋە ئۇنىڭ ئۇسقىنى، يۈك كۆتۈرۈشى، قاتارلىق نۇرغۇن

مۆجىزىلەرنى تاپتى.

**60**. سۈرە ھەجدىكى، چۈشىنىشنىڭ ئىبلىپ قاچقان نەرسىنى مەيلى بۇت مەيلى ئىنسان قايتۇرالمايدىغانلىقى يېزىلغان. ئالىملار تەكشۈرۈپ، چىۋىن ئۇ نەرسىنى شۇ چاغدىلا باشقا ماددىغا ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، قايتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئۆلتۈرسىمۇ ئۇ ماددىنى تاپالمىغانلىقىنى بىلدى.

**61** ـ ھىجازدىن ئوت چىقىپ، تۆگىنىڭ بويىنىدەك سوزۇلۇپ ماڭمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ دېگەن ھەدىس، (بۇخارى)

بۇ ئەھۋال ئۆز ئەينى ھىجازدا يۈز بەرگەن، شۇنداقلا بۇ يانار تاغنىڭ پارتىلىشىنى، كۆپلەپ چىقىشىنى، نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ چىقىچىشىنى، قېزىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**62** ـ قۇرئاندا، تىلغا ئېلىنغان ئۆمۈچۈكدە، پاشىدا، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار ئاشكارا بولغان. ھەتتا، ئۆمۈچۈك ئىشلەپ چىقارغان يىپىدا، بىر كىلوگرام يىپ يەرشارىنى نەچچە قېتىم يۆگەشكە يېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى، ھەتتا ئۆمۈچۈك يىپىدىن **4000**نى بىرلەشتۈرۈپ پىششىقلىسا، ئاران ئەركىشىنىڭ بىر تال ساقىلىغا ياكى چېچىغا تەڭ بولغان، مانا بۇ ماددىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مۇرەككەپلىكى، پاشىدىكى كارامەت، كېسەل يۇقتۇرۇش ۋاھاكازالار.

**63** ـ سۈرە نەھلە، ھەسەل ھەرىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشى، ھەسەلدىكى شىپالىق، باشقا ھەرىلەردىكى ئۆۋا ياساش ئەھۋاللىرى، قۇندۇزنىڭ ئۆي سېلىشى، توسما توسۇشى، چۈمۈلىلەرنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش، پادىشاھلىق تۈزۈمى، ئۇرۇش قىلىشلىرى قاتارلىقلار فىلىم قىلىپ ئىشلەندى.

**64** ـ ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام قانۇنى، پىرىنسىپ، نىزام، جازا، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، تىجارەت، ھەتتا ئۇرۇش قىلىش تۈزۈمى، ئىشغال جەريانىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار، دىنىسىزلانىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. ھازىر بولسا، ئۇ ئىلىم ـ ھېكمەتلىرى بىلەن مۆجىزىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىنسانلار نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقلىقىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قايتىدۇ، ھەتتا، رەسۇلۇللاھ، بىر ھەدىستە، گەرچە سەن ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ ئۈستىدە بولساڭمۇ سۇنى ئىسراپ قىلما دېگەن. بۇ تېخى تاھارەتتە، ئىبادەتتە دېيىلگەن سۆز ئىدى، مانا ھازىر پۈتۈن ئىسلام ۋە باشقا ئەللەر بۇ تەتلىماتقا ئاساسەن، سۇ دۇنيانىڭ ئانىسى، سۇسىز ھاياتلىق مۇمكىن ئەمەس بولغاچقا، بىر تامچە سۇنىمۇ ئاسراپ، ئۈنۈملۈك جايغا ئىشلىتىش، سۇ ئىنشاتى قۇرۇلۇش، سۇ ئېلىكتىر ئىنستانسىسى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى.

**65** ـ ئىسلام دىنىدا ئاياللار بىلەن ئەرلەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش چەكلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ، مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن دېگەن، ئالىملار تەكشۈرۈپ شۇنى بايقىدىكى، ئىنسانلارنىڭ بەش سەزگۈ ئەزاسىدا، ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش، سىلاشتا بولغان ھۈجەيرىلەردىن نۇرغۇنى ھېسسىياتنى قوزغاشقا مەسئۇل ئىكەن، شۇڭا، بۇ ھەدىس ھازىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

**66** ـ (الحب يصم) تەرجىمىسى، سېنىڭ بىرەر نەرسىگە بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىڭ، سېنى كور، گاس قىلىۋېتىدۇ دېگەن، بۇ ھەدىس زەئىيپ بولسىمۇ، ئىبنى كەسىر تەپسىرگە ئالغان، ھازىر كۆرۈلۈۋاتىدۇكى، مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ياكى دىنسىز كاپىرلار، ئىشقىۋازلىقى دەردىدىن ھالاك بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، ھەقنى كۆرەلمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ.

**67** ـ لوقمان ھەكىم بىر ئايەتتە بالىسىغا نەسىھەت قىلىش جەريانىدا، ئاللاھنىڭ ئىلمىنى چۈشەندۈرۈپ، زېمىنىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتتە بولسۇن، بىر تاش ئىچىدە بولسۇن، شۇ جايدىكى بىر تال دانىنىمۇ ئاللاھ كەلتۈرۈلەيدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن. بۇنى ئاللاھ، قۇرئاندا بىزگە يەتكۈزگەن، بىز شۇنداق ئېتقاد قىلىمىز، مانا ھازىر ئاشۇ كۆمۈر كاڭلىرىدەك، قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى تاشلار ئىچىدىن دەرەخ، ئۆسۈملۈك دانىچىلىرى بايقالغان، بۇ ئاجايىپ مۆجىزىدۇر.

**68** ـ قۇرئان كەرىم، ۋە ھەدىس، رەسۇلۇللاھنىڭ كەلگۈسىدىكى غەيىپ ئىشلاردىن بەرگەن، مۆجىزىلىرى

تېخى ئاشكارا بولمىدى، پات يېقىندا ياكى مۇندىن كېيىن بۇ ئىشلار ئەمەلىلىشىدۇ، مەسىلەن: كۆنىنىڭ كىرگەن تەرىپىدىن چىقىشى، زېمىندىن بىر ھايۋان چىقىپ سۆز قىلىشى، دەججال، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشى ۋە باشقا ئىشلار ھەممىسى ھەق، بىز ئىشىنىمىز.

**69** ـ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىدىن قىسقا ئۈچ ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار دېگەن، بۇ خىتاپ مەڭگۈ مۆجىزە ئورنۇندا تۇرىدۇ، مەيلى، جىن، ئىنسانلار ھەممىسى ھەرقانداق زاماندا بۇنى كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئەمما، ئۇ ئەرەب تىلىدا چۈشۈرۈلدى، شۇڭا بۇ جەھەتتە ئېلان قىلىندى، ئۆتمۈشتىكى غەيب، كەلگۈسى غەيىب، ئىنسانلاردىكى، ھايۋانلاردىكى ئىچكى ـ تاشقى ئىشلار، بىئولوگىيە، پىسخولوگىيە، ئاسترونومىيىلىك ئالەم توغرىسىدا، توغرا مەلۇمات، پۈتۈن ئالەم ئۈستىدىكى ھۆكۈم، يارىتىش، قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسەت قاتارلىق، ئىنسانلار كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدىغان قىسقىسى، مەخلۇقتا مۇمكىن ئەمەس، ئىشلار قۇرئاندا خاتىرلەنگەن، مەسىلەن، سۈرە كەۋسەردە، رەببىڭگە، ئىبادەت قىل دىدى، ۋە شۇنداقلا، دۈشمىنىنى ئەبتەر، دىيىش، ئەبتەر كېيىن زىكرى يوق، ئەسرى ئۆچۈش مەنىسىدە، «رەب» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى مەخلۇق ھەرگىز سۆزلىيەلمەيدۇ.

شۇڭا، قۇرئان، ھەدىس، مەڭگۈلۈك مۆجىزە سۈپىتىدە تۇرىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ھىدايەتچىمىز، يول باشچىمىز، نۇر، شىپايىمىز، ھەممىگە شۇلار كۇپايە.

**70.** ئاخىرىدا مەن مۇھىم بولغان بىر ئىشارەتنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئاللاھ، نۇر بىر ئىسمى نۇر قۇرئاننىڭ بىر ئىسمى نۇر، قۇرئاندىكى بىر سۈرىنىڭ ئىسمى نۇر، مۆئمىن قەلبىگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئېسىل سوۋغا نۇر، ھىدايەت نۇر، قەبرە ئىچىدە مۆئمىننى خاتىرجەم قىلىدىغىنى نۇر، سىرات ئۈستىدە ئۆتكۈزىدىغىنى نۇر، جەننەتتە بېرىلىدىغىنى نۇر، مۆئمىنلەر يۈزى نۇر، ئالدى ـ ئارقىدا ئويناخشىپ تۇرىدىغىنى نۇر، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى موللاق ئاتقۇزۇپ، ھۇشىدىن كەتكۈزگەن نۇر، پەرىشتىلەر ئەسلىسى نۇر، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى، ئاسمان، ئەسلى نۇر، زەررىچە نۇر، رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سورىغىنى نۇر، مەسجىدگە ماڭغاندىكى دۇئادا نۇر، ئىسلام دىنىدا نېمە ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىرى، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيادا بولسۇن، ھاياتلىق ـ ماماتلىق ھەتتا يەنە بىر قېتىمقى ھايتلىقدىكى دۇنيادىمۇ نۇردىن ئايرىلمايدۇ؟ نۇر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

ئىككىنچى بىر سى، ھېساب، سان ـ سىفىر، ئاللاھ، ھېسابنى، ساننى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، پۇختا ئىنتىزام ئۈچۈن، ئاينى ياراتقان. خۇلاسە شۇكى، بۇ يەردە، پۇختا ئىنتىزام، ھېساب، نۇرلا بار، ئويلاپ بېقىڭ، تەرەققىيات، قورال كۈچى، بومبا، ئاتوم، راكىتا، قاتناش ۋاستىسى، ئۇچۇر، ئالاقە، سىگنال، ھەتتا كومپيۇتېر، ھەممىسى نۇر، توكمۇ نۇر، زەررىچىمۇ نۇر، مۇھىمى ئەڭ ئىلغار تەرەققىيات، ئۇنىۋېرسال سايمان كومپيۇتېر دەل نۇر. نۇردىن يەنى كىرىستال تەنچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان لامپۇچكا، نۇر ۋە ھېساب، سان ـ سىپىرلاردۇ. ئاساس مەنبەسى مانا شۇ نۇر، ھېساب، نۇر بىلەن ھېساب، ساندا، ماتېماتىكىدا پۈتكۈل تەرەققىيات بولغان، مۇھىم ئاساسى، نۇر، توك خالاس.

قۇرئان، ھەدىس، ئىسلام دىنى مۇھىتى، تۇرمۇش، مانا شۇ تەرەققىياتلارغا ئىشارەت قىلىدۇ، ئىسلام دىنى ۋە ئەھلى بۇ تەرەققىياتنى ئىلگىرلەشنى، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنى ئەلۋەتتە خالايدۇ، ئەمما، بىر قىسىم نادان كىشىلەر، ئالىملارنى، پەيلاسوفلارنى، دوكتۇرلارنى، شەيخ، ئۇستازلارنى ھاقارەتلەپ، ياۋرۇپاغا پالىغان، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى.

گەرچە، قۇرئان، ھەدىس، تىببىي ياكى تەبئىي ـ پەن، ئاسترونوم، فىزىكا ـ خىمىيە، تەرەققىياتى كىتابى بولمىسىمۇ، ئۇ دىنىنىڭ ئەقىدە، تەۋھىد، ئىبادەت كىتابى بولسىمۇ يۇقىرىقىدەك ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چۈنكى، بۇ ئىلاھى سۆز، يولىيورۇق، تەلىمات بولغاچقا، ئۇزىنىڭ ھەقلىقىنى، ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى، مۆجىزىلىكىنى، ھەممىدىن ئۈستۈنلىكىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى مۆجىزە سۈپىتىدە ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنى ئىسلام ئۆلىمالىرى خۇسۇسەن ئۇيقۇدىن ئويغانغان نامدا بار، ئالىملار، موللا، سوپىلار بۇنى ئوبدان چۈشىنىشى، ئويغىنىشى، كاللىسىنى سىلكىشى، تەرەققىي قىلىشى، غالىپ بولۇشى،

مەغلۇبىيەتكە خاتىمە بېرىشى زۆرۈر.

ئاللاھ، مانا مۇشۇنداق ئۆزىدىن قورقۇچى ئالىملارنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇشۇنداق ھەقىقەتپەرۋەر ئالىملار، پەيغەمبەر ۋارىسى ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىياتى، كەشپىياتىدىن بىر قانچىنى تاللايمىز.

1 ـ 1930 ـ يىللا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيىنىڭ دەۋرىدە بەش مىليوندىن ئارتۇق سىمسىز ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنە بار ئىكەن، بۇنىڭدىن ب د ت ئاجايىپ پايدىلانغان.

2 ـ سىمسىز ۋە سىملىق، فوتو ئاپارات، سۈرەتكە تارتىش ئەسۋابى كەشىپ قىلىنغان.

3 ـ رادىئودىن سىرىت، سۈرەتنىمۇ خەلقئاراغا تارقىتىپ، نەخ مەيداندىن كۆرۈنۈشنى بەرگىلى بولغان.

4 ـ توك مەنبەسى ۋە باشقا يېقىلغۇ مەنبەسى بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىش.

5 ـ توك ئارقىلىق پۇتۈن ئەل، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان.

6 ـ زىرائەتنى خىمىيۇلىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇش، ھاۋادىن ئازوتنى قوبۇل قىلىپ، ئوغۇت ياساش ۋە باشقىلار.

7 ـ ھەرخىل توقۇمىچىلىق، تەرەققىياتى، كەشپىياتى.

8 ـ سۈنئىي كىيىم ـ كېچەك، سۈنئىي خىروم، سۈنئىي ئىشلار بەك كۆپ.

9 ـ نېفىت بايلىقى، تەرەققىياتى.

10 ـ تەبئىي گاز بايلىقى، ياнار تاغدىكى نۇرغۇن بايلىقلار.

11 ـ كۆمۈر بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى توك

12 ـ ئۇچۇش تەرەققىياتى، ھەتتا ئالەم بوشلۇقىغىچە راكىتا باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

13 ـ شامال، سۇ، كۆمۈردىن، ئوتتىن باشقا، قۇياش ئېلىكتىر ئىستانسىسى بارلىققا كېلىش.

14 ـ مۇندىن كېيىن نۇرغۇن قىززىق، ئىسسىق بۇلاقلاردىن توك چىقىرىلىدۇ، گاز ئىشلىنىدۇ.

15 ـ بىر گرام مىس تۆمۈردىن 8000 مىليون ئات كۈچى توك بار.

16 ـ زىرائەت، باغۋەنچىلىكتىكى تەرەققىيات، ئۇرۇق سورتلاش.

17 ـ تاشقى ئالەم كىشىلىرىگە سىگنال بەلگە قويۇپ بېرىش. بۇ پىلاندا بار.

18 ـ ئاشلىقنى، يېمەكلىكنى، خىمىيۇلىك ئۇسۇلدا ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش.

19 ـ تۇگۇلتىش تەرەققىياتلىرى، بۇنىڭدا ھەتتا ئۇرۇق، ئىنسان ئەزالىرى، قانلىرىنى ساقلايدۇ.

20 ـ سۇدا يەنى بىر قوشۇق سۇدا، ئۇنىڭدىكى زەررىچىدە 133 مىليون ئات كۈچى، توك زەررىچىسى بار ئىكەن، ئەگەر بىر خىل مەنبە، ئېنېرگىيە، ئىنسانلارغا كەشىپ قىلىنسا، سۇ كۇيايە بولۇپ، كۆمۈر، ئوت، شامال قۇياشتىنمۇ ھاجەت يوق بولىدىكەن، مانابۇ دېگىز، ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغاندا دېگەن ئايەت بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ھازىر 2006 ـ يىلمۇ يوق.

21 ـ ھازىرقىنى قاتساق يەنى 1930 ـ يىلىدىكى تەنتاۋىنىڭ بۇ سۆزىگە ھازىرقى 2006 ـ يىلىدىكى ئىشلارنى قاتساق، مۇنداق تەرەققىياتلار بار.

22 ـ ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر، ئۇچۇر ـ ئالاقە، ھەرخىل تەتقىقات.

23 ـ كومپيۇتېر ئىشلىرى، ئىنتېرنېت تور ئىشلىرى.

**24** ـ يادرو قورال ئىشلىرى، ئۇرۇش ئەھۋاللىرى.

**25** ـ ھەرخىل قۇرۇلۇشلار، سۇ، توك يول ۋاھاكازالار.

**26** ـ نېفتتىكى **300** خىلدىن ئارتۇق بايلىقلار.

**27** ـ ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت، گۆھەر مارجان تەرەققىياتى.

**28** ـ خەلقئارالاشقان بازار، تىجارەت، تەرەققىياتى.

**29** ـ دېڭىز قاتنىشى، دېڭىز ئاستى تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرى.

**30** ـ ھازىرقى يېزىقچىلىق، كىتاب كۆرۈش، بىر تەرەپ قىلىش، نەشىر قىلىپ بېسىپ تارقىتىش، كۆپەيتىش ئىشلىرى. ساناپ كەلسەك، بۇ بەك كۆپ، يەنە بۇندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، سىلەر بىلمەيدىغاننى يارىتىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىشلار ھەرخىل بىدئەت ئەمەس، بەلكى، تەرەققىيات ۋاستە ۋەسىلىدۇر.

بۇرۇنقى نادان، ئەخمەق، جاھىللار شۇنداق دەپ بىدئەت دەپ، ئۆزىنىڭ خۇراپاتلىقى تۈپەيلىدىن ھازىرمۇ دۈشمەن ئاستىدا مەغلۇپ پېتى ياشاۋاتىدۇ.

ئەمدى ئويغۇنۇپ، خۇراپاتلىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك، چېكىنىش ئەھۋاللىرىغا خاتىمە بېرەيلى. بىدئەت دېگەن ئەقىدە، ئىبادەتتە بولىدۇ، ئىسلام دىنى، قۇرئان، ھەدىس قوللىغان مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان، ئىجمائ، ئىتتىپاققا كەلگەن، ئىش ھەرگىز بىدئەت بولماس، بىدئەتكە مانا بىز خۇددى ساھابىلەر، تابىئىنلار، ھەقىقەتچى ئالىملار، قارىش تۇرغاندەك قارشى تۇرىمىز. لېكىن، بىز تەرەققىيات، ۋاستە ۋە سىلىلەر غەلىبىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ۋاز كەچمەيمىز، بۇ بولسا ھەقىقەت، ئەمەلىيەت، كۆزىڭىز بولسا، كۆرۈپ قويۇڭ.

# سۈرە قەسەس تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ ئالدىدا مۇنداق دەيدۇ، بۇ سۈرە تارىخنى كۆرسىتىدۇ، تارىخ مۇھىم پەندۇر. تارىخدىن خەۋەرسىز كىشى، دىنىنىڭ يېرىمىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلەردە تارىخنى دەرسلىك قىلىش مۇھىم، تارىخ ئىلمى كەلگۈسىگە بولغان قەدەمنىڭ ئىسلاھاتى، شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ جايدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدىن قۇرئاننىڭ ئىشارىتىدىن بىر نەچچىنى كەلتۈرىمەن.

1 ـ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، چۈمۈلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان، بۇنىڭدىن ھاۋا ئارقىلىق سىگنال ئارقىلىق ئۈچۈرنى يەتكۈزۈش چىقىدۇ.

2 ـ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئىلىمدا، تەرەققىياتتا، ئەلچىلىكتە، پادىشاھلىقتا، تەدبىر، ھېكمەتتە ۋارىس بولغان، بۇ مىراس ئىلمى شۇنداقلا ياخشى ۋارىسلىق مەسىلىسى بار.

3 ـ قۇشلار تىلى ئۆگىتىلگەن، بۇنىڭدىن ھايۋاناتلار، قۇشلار تەتقىقات، بىئولوگىيە مەسىلىسى ھەرخىل تەرەققىيات بار، شۇنداقلا شامالنى قاتقاندا، ئۈچۈش تەرەققىياتى چىقىدۇ.

4 ـ تەختنى كىم ئەكىلىدۇ؟ دېگەن ئىشلارغا قارىغاندا، مۇستەبىتلىك قىلماي، ۋالىيلىق، ھاكىملىق، پادىشاھلىق ئىشلىرىنى مەسلىھەت، مۇشاۋۇرىلىق بىلەن ئېلىپ بارغان، زالىملارچە زۇلۇم قىلمىغان.

5 ـ بۇ جىننىڭ ئېغىر تەختنى كۆتۈرۈپ تېز سۈرئەتتە يۆتكەپ ئەكىلىشى، مەيلى ھاۋادا بولسۇن، قۇرۇقلۇقدا بولسۇن، دېڭىزدا بولسۇن، ئاشۇنداق نەچچە توننا ئېغىرلىقدىكى نەرسىلەرنى تېز سۈرئەتتە يۆتكەش مەسىلىسىنى، تەرەققىياتنى، يول قۇرۇلۇشىنى، ئۈچۈر قۇرۇلۇشىنى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەملىكەتلەر ئارا، خەلقئارا قاتناشنى كۆرسىتىدۇ.

6 ـ جىنلار بىنا سېلىشى، ھەيكەللەرنى، ئېغىر، چوڭ قازانلارنى سېلىشى، ياسىشىدا، بىناكارلىق ئىلمى چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا مەدەن كانلارنى ئىشقا سېلىش، پولات تاۋلاش زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلىش، قۇيمىچىلىق ئىلمى بار، شۇنداقلا، گۈزەل ـ سەنئەت ئىلمى، نەققاشلىق بار.

7 ـ قۇشلار تەتقىقاتى، شامالنى بويسۇندۇرۇپ، ئۈچار گىلەمدە ئۈچۈش ئىشلىرى، ئايرۇپىلان، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىش، تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇرۇش تاكتىكىسى، ئەلچە ئىشلىرى، دۆلەت ئالاقىسى، خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، ئادىل سىياسەت بار.

8 ـ ئىسلامى سانائەتنى باش يېتەكچى قىلىپ، شۇنىڭغا ئەگىشىش، بۇنداق دېيىش، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا تەلىم بەرگىنى، ھايۋانلارغا ئىلھام قىلغىنى، ئۆسۈملۈك، مەدەنلەرگە ئىلمىنىت ماددىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇغىنى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش.

9 ـ بۇ سۈرىدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە، يەنىلا ئىلمى تەرەققىيات، ئىلاھ يوليورۇق، كۈچ ـ قۇدرەت، ھاسىنىڭ يىلانغا ئۆزگىرىشى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدە ماسلىششىنى كۆرسىتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىنسان، ھاسا، ئۆسۈملۈك، يىلان ھايۋاندۇر، شۇنداقلا قولدىن چىققان نۇر، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن نۇر ئىلمى، تەرەققىياتقا ئىشارەتتۇر.

تاشنى ھاسا بىلەن ئۇرۇپ سۇ چىقىرىشى، ھازىرقى سۇ قۇرۇلۇشى، قۇدۇق قېزىشنى، سۇنى ئادىل تەقسىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. زۇلۇمغا سەۋر قىلىپ، ئېتىقادنى يوقاتماي، كۆرەش قىلسا، شۇنداق غەلىبە قىلىدۇ، ئۇلار چۆلدە تەۋەككۇل قىلغاندەك، تەۋەككۇل قىلسا، شۇلاردەك ئىلاھى رىزىق يەيدۇ، تەييارنى يەيدۇ.

تارىخى ۋەقەلەردىن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىلمى ـ ھېكمەتلەر چىقىپ تۇرىدۇ، ۋەز ـ نەسىھەت چىقىدۇ، يۇقىرىقىدەك، تەرەققىياتلارغا ئىشارەت بار بولۇپ، ئىنسانلار تەپەككۇرىنى، ئەقلىنى ئاشۇرىدۇ، كەشپىيات ھاسىل قىلىدۇ. تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، دىن، دۇنيالىق، نېمەتتىن پايدىلىنىپ، شۈكرىسىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، چۈنكى،

ئاسىيلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھەممىگە مەلۇم.

ئۇنداق بولسا، بىز بۇ سۈرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تاللايمىز

بالاغەت

بالاغەت، ئەرەب تىلىدا مۇھىم پەن بولۇپ، بۇنى ئىگىلىمىسەك، قۇرئان، ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى ئاسان تونىيالمايمىز، سۆزنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق چۈشىنىش سىرلىرىنى قانداق بايقاش، بۇ بەكمۇ مۇھىم، بۇ پەن، ئىلمى مائانى، ئىلمى بايان، ئىلىم بەدئىي دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، قۇرئاننىڭ، بالاغەت جەھەتتىكى مۆجىزىسى، ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ جايدا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بالاغەتنى تىلغا ئالغان، چۈنكى، ئۇ، مىسىر مەملىكەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەزھەر جامئەسىنىڭ باش رەئىسى، مەكتەپتە بۇ پەننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇنىڭ بۇرچى، قېنى، قۇرئاندىكى بۇ سىردىن بىر نەمۇنە.

﴿وأوحينا إلى أم موسى أن أرضعيه فازا خفت عليه فألفيه فىاليم ولاتخافى ولاتحزنى إنَّاراده إليك وجاعلوه من المرسلين﴾ تەرجىمىسى، بىز مۇسانىڭ ئانىسىغا مۇنداق دەپ ۋەھيى قىلدۇق، ئۇنى ئىمىتكىن، قورقساڭ ئۇنى دەرياغا تاشلىغىن، قورقما، غەممۇ قىلما، بىز ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز، ۋە ئۇنى مۇرسەل پەيغەمبەر قىلىمىز دېگەن، بۇ ئايەتتە، ئىككى بۇيرۇق، ئىككى نەھى، ئىككى خەۋەر، ئىككى بېشارەت بار. ئىككى بۇيرۇق بولسا، ئۇنى ئىمىت، دەرياغا تاشلا، ئىككى ۋەھى بولسا، قورقما، غەممۇ قىلما، ئىككى خەۋەر بولسا، ۋەھى قىلدۇق، ئەگەر قورقساڭ، ئىككى بېشارەت بولسا، ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز، ئۇنى پەيغەمبەر قىلىمىز. قۇرئان، ھەدىستە بۇنداق سىرلىق بالاغەتلەر ناھايىتى كۆپ، لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول، قاپىيىلىك بىر خىل توختاشلار، ئەينى چاغدىمۇ قەدىمدە ئۆز مەنىسىنى، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ھازىرمۇ شۇنداق، ئىككى مەنا بەرسە، ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. بۇرۇنقىلارمۇ توغرا چۈشۈنۈپ، قەلبى خاتىرجەم بولۇپ، ئىمان بىلەن كەتتى، ھازىرقىلار بولسا، سىرلىق مۆجىزىلەرنى بايقاپ، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىۋاتىدۇ، ئىلىم مول بولۇپ كەتتى، ھەقىقەت ئاشكارا، ھازىرقى گەپ تەقۋالىقتا قالدى.

قۇرئان ئۇسلۇبى شۇكى، ياخشى ـ ياماننى، جەننەت ـ دوزاخنى، ئۆتمۈش، كەلگاسىنى، نېمەتنى ۋە ئىنتىقامنى، مۇكاپات ـ جازانى، خۇددى كېچە ـ كۈندۈزنى، ئاسمان ـ زېمىننى بىللە تىلغا ئالغاندەك، نۇر بىلەن زۇلمەتنى بىللە تىلغا ئالغاندەك، جۈپ ھالەتتە، ئىنسانلارنى شۈكرى قىلىشقا چاقىرىدۇ، تەپەككۇرغا چاقىرىدۇ، بۇ سۈرىدە، ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى دائىم قىلىۋەتسە، قانداق قىلاتتىڭلار، نۇر بىلەن قاراڭغۇنىمۇ سىلەرگە كىم كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ دەپ شۈكرىگە چاقىرغان، بىز بۇنىڭغا تەپسىر قىلىپ شۇنداق دەيمىزكى، بۇ دۇنيا يەنى يەرشارىدا ھايۋان، ئۆسۈملۈكتە ئۆز ئىچىمىزدە، ئاشۇنداق جۈپلۈك، ئازاب، راھەت، نېمەت ۋە نىقمەت بار قېنى، زېمىندا بولسا، تاغلار، جاڭگاللار، چۆللەر، يايلاقلار، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ئىمارەت، ۋە خارابلىق، مولچىلىق، ۋە قەھەتچىلىك، تاتلىق ۋە ئاچچىق، تۇزلۇق ۋە تۇزسىز، ياخشى ھاۋا، ناچار ھاۋا، تاشلار ۋە قۇملار، قاتتىق ـ يۇمشاق، قىززىق ـ سوغۇق، سۇيۇق ـ قويۇق، يىراق ـ يېقىنلار بار. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىمۇ بۇ خىل ھادىسە بار، قىسقىسى بىزگە پايدىلىق ۋە زىيانلىقلىرى بار، خۇددى شىپا ۋە زەھەر بولغاندەك. ئۆز ئىچىمىزدا بولسا، كور ۋە كۆرىدىغان ئادەم، گاس ۋە ئاڭلايدىغان، گاچا ۋە سۆزلەيدىغان، ساق كىشىلەر ۋە پالەچ ۋە ساقلار، كېسەل ۋە ساقلار، قەلبى كېسەل نىجىسلار ۋە پاكلار، ئەزالىرى كېسەللەر ۋە ساقلار، باي ۋە پېقىرلار، ئۇلۇغ ۋە خارلار، سېخي ۋە بېخىللار، چېچەن، ھۇشىشا ۋە گالۋاڭ، ئالىم ۋە نادان، جاھىل، ئاقىل ۋە ئەھمەق، چاققان ۋە ئېغىر، مىسمىس، سەگەك ۋە ئۇخلاڭغۇ، ھورۇن ۋە تىرىشچانلار بار، خۇددى گۈزەل ۋە سەتلەردەك.

مانا، ئاللاھتائالا، گاھ جەننەتنى، گاھ دوزاخنى، گاھ ياخشىنى ئۆلگە، گاھ ياماننى، گاھ كېچە ـ كۈندۈزنى، گاھ نۇر، زۇلمەتنى، گاھ ئۇنى گاھ بۇنى ئەسكەرتىپ، ھەققە چاقىرىپ، شۈكرى قىلىشنى ئۇقتۇرغاندەك، گاھ نېمەتنى، گاھ نىقمەت، ئىنتىقامنى ئەسلىتىپ، ھەققە چاقىرىپ شۈكرى قىلىشقا ئۆزىنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە، ئىلىم ـ ھېكمىتىگە دەلىللىگەن. شۇڭا بىز، مەيلى نېمەت مەيلى نىقمەت بولسۇن ھەدىستە دېيىلگەندەك، ھەمدۇ ـ سانا، شۈكرى قىلىپ، بولمىسا سەۋر قىلىپ، پۈتۈن ئىشىمىزنى ياخشىق قىلايلى!

﴿وربُّك يخلق مايشاء ويختار﴾ رەببىڭ خالىغانچە يارىتىپ، خالىغاننى تاللايدۇ دېگەن ئايەت توغرىسىدا

رەب، تەربىيە قىلىپ، پەرۋىش قىلىش، يارىتىش دېگەن بۇ سۆز، ئاللاھنىڭ نۇرغۇن ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئۆستىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھ ئاجايىپ يارىتىش، رىزىق بېرىش، تەربىيىلەش، ئىگە بولۇشقا ئىگە زات، ئەلچىسى، ئۇنىڭ ئەلچىنىڭ خەلىپىسى، ۋە ئەگەشكۈچىلەر مۇشۇنداق ئەخلاققا ئىگە، يەنى پەرۋىش ۋە تەربىيىگە.

بىز بۇ مەسىلىنى بىر مىسال كەلتۈرۈش بىلەن چۈشەندۈرىمىز. پىل ھەممىمىزگە مەلۇم، يوغان، كۈچلۈك، تېرىسىمۇ قېلىن ھايۋان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاللاھ بۇ پىلنىڭ دۇمبىسىگە مەلۇم ھاشارەت، قۇرتلارنى غالىپ قىلىپ قويىدۇ، بۇ نەرسىلەر پىلدىن رىزىق يەيدۇ، ئۇنىڭغا ئازار بېرىدۇ، پىل چىدىيالماي، دەرەخلەرگە، تاشلارغا ئۆزىنى سۈكەپ، بۇ دۈشمىنىدىن زادى قۇتۇلالمايدۇ، ئاللاھقا زار - زار قاخشاپ يىلىنىدۇ، مانا شۇ پەيتتە، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر قۇشلار توپىنى ئەۋەتىدۇ، بۇ قۇشلار پىل دۇمبىسىگە قونۇپ، بۇ زىيانداش ھاشارەت، قۇرۇتلارنى تازىلايدۇ، ئوزۇقلىنىدۇ، پىلمۇ بۇ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ قۇشلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، بىز ئىنسانلارمۇ ئەنە شۇنىڭدەك ھەمكارلىششىمىز لازىم. بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز لازىم، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر، مەيلى ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋان ياكى ئىنسان بولسۇن بۇ خىل ھادىسىدىن خالى ئەمەس.

ئاللاھ، قۇددۇس، ئەيىب - نۇقساندىن خالى زات، ئىلىم - ھېكمەت، بىلەن ئىش قىلغۇچى، قۇرئاننىڭ سۆزى بىزگە بەرگەن، ھىدايەت، قانۇن - تۈزۈمى، ئاللاھ، السلام مؤمن يەنى ئاشۇنداق تىلغا ۋە ئاشۇ قۇشلارغا ئەمىنلىك، خاتىرجەملىك بەرگۈچى، مۇھەيمىن يەنى كۈزەتكۈچى، ھايۋان، ئىنسان ھەممىنى ئۇبدان كۈزۈتۈپ دەردىگە، ھالىغا يېتىپ تۇرىدۇ، ئەزىز، غالىبتۇر، خالىغىنىنى قىلىۋېرىدۇ، ئاجىز ئەمەس. مۇتەكەببىر ئەنە شۇنىڭدەك يەنى پىلنى كىچىككىنە بىر ھايۋان بىلەن باش ئەگكۈزگەن، بويسۇندۇرغان، باشقۇرغۇچى، كىبىر ئىگىسى، قاھھاردۇر.

ئىنسانلارنىمۇ مىكرۇپدەك كىچىككىنە مەخلۇق قوشۇنى بىلەن زار - زار قاخشىتىۋېتىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ. فتاح ئەنە شۇنداق رىزىق ئىشىكىنى ئاچقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئاللاھنىڭ رىزىق بېرىش ئۇسۇلىدىن مەڭگۈ ھەيران قالىسەن.

وهاب بەك بەرگۈچى، خۇددى پىلغا قۇشنى، قۇشقا قۇرتنى بەرگەندەك، ئەلىيم، ھەممىنى ئۇبدان بىلگۈچى، مۇشۇ خىل ھادىسىلەرنى ھەممىنى بىرلا ۋاقىتتا بىلىپ تۇرىدۇ، قۇدرىتى بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

قابض خالىغىنىنىڭ جېنىنى ئالغۇچى، بۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، رافع كۆتۈرگۈچى، ئەنە كۆردۈڭ، قۇرتنىمۇ پىل ئۈستىدە كۆتۈردى، ئەگەر خالىسا بىر قۇلنى ياكى مەھبۇبنى پادىشاھ قىلالايدۇ، خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قىلغاندەك، معز ئەزىز قىلغۇچى، مذلّ خار قىلغۇچى، فعال لمايريد خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر.

بىز بۇ مىسال ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن بۇ دەرسىمىزدىن پۈتۈن دۇنياغا ئاللاھ ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ، سىلەر بۇ مۇنداقكەن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ؟ دېيەلمەيسىلەر، دېسەڭلارمۇ كارىڭ نېمە دېگەن جاۋابقا ئېرىشىسىلەر. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، سىلەر سوراققا تارتىلىسىلەر، ئاللاھ سىنايدۇ، سىلەر ئاللاھنى سىنىمايسىلەر، ھەممىنى ئاللاھ باشقۇرۇپ جازا - مۇكاپاتىنى ئۆزى بېرىدۇ، ھەممە ئۇنىڭ قولىدا، بىز پەقەت خار - زار، تەزەررۇئ چەككۈچى، ئاجىز، پېقىر بەندە خالاس.

يەنى بۇ ئايەتتە كېچىنى، زۇلمەت قاراڭغۇنى ياكى كۈندۈزنى نۇرنى قىيامەتكىچە دائىم قىلىۋەتسە قانداق قىلاتتىڭلار، كىم سىلەرگە نۇر، يورۇقلۇق، كۈندۈزنى ياكى كېچىنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ دېگەن ئايەتتە، ئاللاھتائالا پۈتۈن ئاسمان زېمىن، قۇياش، ئاي، كېچە - كۈندۈز، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنى ئىنسانلارغا يارىتىپ بەرگەن، ھەربىر ئىنسان خۇددى بىر ئايال، ئاتا - ئانىسىنى، ئاكا - ئۇكىسىنى، ئېرى، بالىرىنى

ھەممە جامائەت قەۋمنى مەن ئۆچۈن، مېنى قوغداش، ھمايە قىلىش، ياردەم بېرىش ئۆچۈن يارىتىلغان دەپ قارىغاندەك، بۇ مەخلۇقلار مەن ئۆچۈن، بىز ئۆچۈن دەپ قارشى ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭكىدەك كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. قوغدىشى، ئاسرىشى لازىم. بولۇپمۇ يەرشارىنى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى، ئەتراپىدىكى مۇھىتنى، ھاۋا ساپلىقىنى قوغدىشى لازىم. ئاللاھ، يارىتىپ بەرگەن نېمەتتىن ئىلمى ئۇسۇلدا پايدىلىنىشى كېرەك، مەسىلەن: بىز ھازىر قۇياشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەيمىز.

1 ـ قۇياشسىز يەرشارى مەۋجۇت بولمايدۇ.

2 ـ قۇياش، يەرشارىنىڭ سەيرە قىلىشىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.

3 ـ تارتىش كۈچى ئارقىلىق يەرشارىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

4 ـ ئىسسىق ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

5 ـ كېچە ـ كۈندۈزنى ھاسىل قىلىدۇ.

6 ـ ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھاياتى ئۈچۈن بىر ئېنېرگىيە بەك مۇھىم.

7 ـ زىرائەتلەرنىڭ ئۆنۈشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ھەتتا پىشىشى ئۈچۈن مۇھىم.

8 ـ ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ھاسىل بولىدىغان، شامالنى ئاشۇ ئىسسىق چىقىرىدۇ.

9 ـ بۇلۇت، يامغۇر، پارلارنى ئاشۇ قۇياش قىززىقلىقى ھاسىل قىلىدۇ.

10 ـ بارلىق كۆكتات، مېۋىلەرنى قۇياش پىشۇرىدۇ.

11 ـ نېفىت ھاسىل بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

12 ـ ھاۋا ساپلاشتۇرىدۇ.

13 ـ ھەرخىل ماددىلار ئۇنىڭدىن يەرشارىغا يېتىپ كېلىدۇ.

14 ـ يەتتە رەڭ قۇياشتىن كېلىدۇ ۋە شۇ نۇر بىلەن پەرقلىنىدۇ.

15 ـ شەرىق، غەرىب، جەنۇب، شىمالنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

16 ـ مۇزلارنى ئېرىتىپ، ئۆستەڭ ھاسىل بولىدۇ.

17 ـ ئۇنىڭ نۇرىدىن توك ھاسىل قىلىنىدۇ.

18 ـ قۇياش نۇرى سەۋەبىدىن سۈرەتكە تارتىلىدۇ، فىلىم ئىشلىنىدۇ.

19 ـ بارلىق ئېنېرگىيە ھاسىل بولۇشقا ئاساسى سەۋەب بولىدۇ.

20. زەررىچىدىن ئاتوم بومبا ياسىلىدۇ، فىزىكا ئىلمى، نۇر ئىلمى ۋە باشقىلار مەجۇد، ھەتتا كۈن نۇرىدا داۋالىنىۋاتىدۇ؛

كل شيئ هالك إلا وجهه ئاللاھدىن باشقا ھەممىسى يوقىلىدۇ دېگەن ئايەت، پەلسەپەنىڭ پۈتۈن تەبىئەت ئىلمىنىڭ ئاساسى ۋە توغرىلىغۇچى، چۈنكى، يۇنان پەيلاسوفلىرى، ئاسمانلار، پىلانېتلار، ئەزلى دېگەندى، ئىسكەندەرىييەمۇ رۇملۇقلار ھاكىمىيەت دەۋرىدە مۇشۇنداق قاراپ، ئاسمان جىسىملىرى يوقىمايدۇ. ئۇ ئەزلى، بارلىق نەرسىلەر، سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوتتىن كەلگەن، بۇ ئەسلى ماددىلارمۇ يوقىمايدۇ، كۈن، ئاي ۋاھاكازالارمۇ يوقاپ كەتمەيدۇ دەپ قارىغان. كېيىنكى مەزگىلدە، بىر خىل ئالىملار چىقىپ، ئۇ خاتا دەپ جاكارلىدى، ھەتتا، ئىسلام پەيلاسوفلىرىغا ئوخشاش، ئاللاھلا ئەزلى، ئەبەدىيدۇر. باشقا بارلىق مەخلۇقلار ھادىسە، ھەم يوقايدۇ، گەرچە كۆرۈنۈشتە ھەربىر ماددا يەنە بىر نەرسىگە ئۆزگىرىپ، ئەسلىسى يوقاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر ھادىسە، پەيدا قىلىنىپ يارىتىلغان، شۇنداقلا يوقاپ كېتىدۇ. پەقەت، ئاللاھ، ئەۋۋەل ـ ئاخىر، مۇقەددىم، مۇئەخخىر، ئەزلى، ئەبەدى، بۇ زات يوقاپ كەتمەيدۇ، باشقا ھەممىسى يوقايدۇ دەپ قارىدى،

ئاخىرەت، جەننەت، دوزاخ، بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، گەرچە بۇلار يوقاشقا تېگىشلىك مەخلۇق بولسىمۇ، ئاللاھ بۇلارنى مەڭگۈلۈك قىلدىم دېدى.

بۇ ئايەتكە نىسبەتەن يەنە بىر تەتقىقات بار، ئۇ بولسىمۇ رادىيوم توغرىسىدا.

رادىيوم، پۇتۇن پەيلاسوف، تەتقىقاتچى ئالىملارنى ھەيران قالدۇرغان ماددا بولۇپ، بارلىق ماددىلارغا قارىغاندا، پارچىلىنىشى ۋە يوقىشى تېز ۋە كۈچلۈكتۇر، ئاجايىپ نۇر چىقىرىدۇ. بىر گرام رادىيومنىڭ مىڭدەن بىرىمۇ شۇنداق تېز سۈرئەتتە پارچىلىنىپ، نەچچە مىليون زەررىچىنىڭ نۇرىنى چىقىرىپ ئاخىرى يوقاپ كېتىدۇ، رادىيومنىڭ ئۆزى تۈگۈل، ئۇنى قويغان ئورۇنمۇ نەچچە زامان يورۇپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەممە ماددا پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما، رادىيوم ناھايىتى تېز ھەم كۈچلۈك، ئالىملار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر تۆمۈردىن بىر گرامنى بىر سېكۇنت ئىچىدە پارچىلاپ بولالىسا، يەنى پارچىلاپ توگىتىپ بولالىسا، توك چىقىرالىسا، **6800** مىليون ئات كۈچىگە توغرا كەلگۈدەك توك چىقىرالايدۇ. نەچچە ۋاگونلۇق پويىزنى يەرشارىنى بەش قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەنە كۈچى ئېشىپ قالىدۇ، ئەمما، ھازىر، تۆمۈر، مىسلارنىڭ پارچىلىنىشى، توك زەررىچە چىقىرىش، ناھايىتى ئاستا، شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا خېلى ياخشى تەرەققىي قىلدى. مانا بىز كۆرۈۋاتقان ئاسمان ـ زېمىن، كۈن، ئاي، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئېلېمېنت، ماددىلار نۇر، ھارارەت، ماگنېتلار ھەممىسى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىدىغان ماددا، ئاخىرىدا ئەرەبچە [ۋشير] يەنى تەسىرلىك ئالەم، ۋاكئۇم دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۇنياغا قايتىدۇ، بۇ خىل ماددىنىڭ رەڭگى ياكى پۇرىقى ياكى ۋەزنى يوق، ئەمما، ئالىملار بۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ھېس قىلغان، ئۇ شۇنداق كۈچلۈككى، پۈتۈن سىستېمىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، بۇمۇ ئەلۋەتتە ھادىسە بولۇپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىدۇ، پەيدا بولغان، ھەم يوقايدۇ، دەل شۇنى ياراتقان، ھەرىكەتلەندۈرگەن، تەسىرلىك كۈچىنى، ھەرىكەت كۈچىنى چىقارغۇچى ئاللاھ ئۆزىدۇر، ئۇ خالىقدۇر. مانا ھازىر بىز مۇشۇ ئايەتكە قايتىپ كېلىمىز، ھەممە نەرسە يوقايدۇ، پەقەت ئاللاھلا مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ مەڭگۈ قالىدۇ دېگەن. شۇڭا، بۇ ئايەت پۈتۈن پەلسەپە ۋە تەبىئەت ئىلىملىرىنى، ماددا، ئېلېمېنت ئىلىملىرىنى توغرىلىغۇچىدۇر ۋە ئاساسى مىزاندۇر.

# سۈرە ئەنكەبۇت تەپسىرىدىن تاللانمىلار

﴿أولم يـروا كـيف يـبدء الله الخلق ثُمَّ يعيده. قل سـيروافى الارض فانظروا كـيف بـدأ الخلـق﴾ تەرجىمىسى: ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلارنى تۇنجى قېتىم قانداق ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە يارىتىشقا قادىرلىقىغا قارىمامدۇ؟، دىگىنكى، زېمىندا سەيرە قىلىپ قاراڭ بېقىڭلار، ئاللاھ، مەخلۇقاتلارنى قانداق ياراتتى، دېگەن ئايەتلەردە، مەخسۇس سەيرە، ساياھەت قىلىشقا پۈتۈن دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە قاراشقا تۇنجى قېتىم قانداق ياراتقان، ئىككىنچى قېتىم يەنە قانداق يارىتىدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ، ئوچۇق قىلىپ ئەمر ـ پەرمان چىقارغان. دائىم تاڭ ئاتسىلا يەپ ـ ئىچىڭلار دېگىنى يوق. ئانچە ـ مۇنچە قاراپ قويۇڭلار، بۇ مەسىلىگىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىڭلار، چۈنكى، ھەقىقىي ھاياتلىق ئۆلگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئاخىرەت ھاياتلىقى، ئەگەر بىلسەڭلار، ھەقىقىي ھاياتلىق دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىن ۋە دۇنيا ئۈچۈن، ئىلىم ۋە تىجارەت ئۈچۈن، ئويغۇنۇش ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن، ھەر قايسى مەملىكەتلەرنى ئايلىنىش كېرەك. ئاللاھ، شۇڭا، پۈتۈن يەرشارىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولۇپمۇ پۇل ـ ماللىرى، ئەقلى بار مۇسۇلمانلارغا ھەجنى پەرز قىلغان، قاراپ باقامدىكى دەپ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: بىز قايسى بىر ئالەمگە قارىساق، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، ئىلمى، ھېكمىتى، شۇ زاتنىڭ ياراتقانلىقى ۋە يەنە يارىتىدىغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ، مەسىلەن: ئاسمانلار، ئىنتىزامىغا قارىساق.

ئادەتتە سانلار نىزامى مۇنداق بولىدۇ.

**1، 2، 4، 8، 16، 32، 64**... ئاخىر، ياكى **3، 6، 12، 24، 48، 96**... ياكى **2، 4، 8، 16، 32**... ياكى **2، 4، 6، 8، 10، 12**... جۈپ، ياكى **1، 3، 5، 7، 9، 11، 13، 15**... تاق

خۇددى شۇنىڭدەكلا ئىنسانلار يارالغاندا، ھۇجەيرىلىرى شۇنداق كۆپىيىپ ماڭىدۇ. بىز بۇنى رۇشەن، چۈشىنىشلىك يازغان. ھازىرقى ئاسترونوم ئالىملار، بۇ خىل ئىنتىزامنى، ئاسمان جىسىملىرى، پىلانېتلاردىمۇ بايقىدى، مەسىلەن: زۆھرە، زېمىندىن كېيىن ئۈچىنى ئورۇندا، مارىس، ئالتىنچى ئورۇندا، باشقا بىر پىلانېت ئون ئىككىنچى ئورۇندا، يۇپىتېر **24** ـ ئورۇندا، ساتۇرۇن **48** ـ ئورۇندا، ئۇران **96** ـ ئورۇندا، نېپتون **192** ـ ئورۇندا، يەنە بىرسى **284** ـ ئورۇندا، بۇ ئىنتىزام ئاخىرىدا مۇنداق:

| 3 | 6 | 12 | 24 | 48 | 96 | 192 | 284 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| زۆھرە | يەرشارى | مارىس | پىلوتون | يۇپىتېر | ساتۇرۇن | ئۇران | نېپتون |

بۇ خىل سانلىق مەلۇمات ھەرقايسى قۇياش ۋە باشقا سىستېمىلاردا سامان يولى سىستېمىسىدا ۋە تا ئاخىرىنى ئاللاھ ئۆزى بىلگەنگە قەدەر، داۋاملىشىدۇ، ئاسترونوم ئالىملار ئاسمان جىسىملىرى ۋە سىستېمىلار، پىلانېتلار ئارا بۇ خىل نىزام، سانلىق ھېسابىقا قاتتىق ھەيران قالدى. يەرشارىدا بولسا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلاردىكى پۇختا ھېساب، مىقدار، نىزاملارغا ھەيران قالماقتا، چىراي شەكلىمىز، بارماق ئىزىمىزدىن تارتىپ، ھەتتا ئېلېمېنت، ماددىلاردىكى پۇختا ئۆلچەم، نىزام، سانلىق مەلۇماتلارغا تېخىمۇ ھەيران قالدى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ جايغا بارلىق **116** خىل ماددا، ئېلېمېنت جەدۋىلىنى ئەكەلگەن، ۋە ئۇلارنىڭ رەت نومۇرى، ئاتوم نومۇرى، ۋە باشقىلار، بۇ خىل جەدۋەل، خىمىيە، فىزىكا جەدۋەللىرىدە مەۋجۇد، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىمىيە دەرسلىكىدە بار، پەرقى شۇكى، ئۇلار دىنسىز، ئىلاھسىز، تەدرىجىي تەرەققىياتچىلار، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بولسا، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، مەخلۇقاتلارنى قانداق ياراتقانلىقى، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئىسلامدۇر. ئېلېمېنتلار جەدۋىلىنى خىمىيە كىتابلىرىدىن كۆرۈڭ.

بولۇپمۇ مۇشۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيھىنىڭ كىتابىدىكىسى، چۈنكى، بۇ ئىسلامدۇر. ئۇ يەنە، قورال ۋە بومبا ياساش ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي يازغان، ماددا ئىسمى بولسا، خلور، ئوكسىگېن، ئازوت، فوسفور، گۈڭگۈرت، سىنىك، تۆمۈر، مىس، كالتسىي، ناترىي، سىماپ، ھىدروگېن، تۇز، تىتان، كاربون، رادىيوم قاتارلىقلار.

مانا قاراڭلار، زېمىننى سەيرى قىلىڭلار، ئالىم، مۇتەخەسسىس، دوكتۇرلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇڭلار، ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈڭلار، بۇ ماددىلاردىن قانداق نەرسىلەرنى ياراتتى؟ يەنە قانداق قىلىپ ئىككىنچى قېتىم يارىتىدۇ؟ مۇشۇ بىرىنچى قېتىم پەيدا قىلغان زات، ئەلۋەتتە، ئىككىنچى قېتىم ناھايىتى ئاسانلا يارىتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاللاھقا ھەممىسى ئاسان، بۇ ۋاجىپنى چوقۇم ئورۇندىغانلار، دىن، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن غەلىبە ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. الله دىن باشقىسى ھادىس ،مەخلۇقتۇر.

إن أوهن البيوت لبيت العنكبوت ھەقىقەتەن ئۆيلەرنىڭ ئاڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى، دېگەن ئايەتتىكى ئۆمۈچۈك مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئۆمۈچۈك، قۇرئان، لوح المحفوظ دېكى قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى، ھىدايىتى، نۇر، يېتەكچى، قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسى ئۆمۈچۈك دەپ ئاتالدى. بۇ ئەلۋەتتە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ، ھايۋانلار تەتقىقاتى بىز كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە، مانا ھازىر بىز ئۆمۈچۈكنى تەتقىق قىلىمىز.

ئۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىلا بار ئىدى، يەنە كېلىپ، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغاچقا، كىمگە بىر جۈپ ئېلىشۋالغان، بۇ ئاتالغۇ بولسا، ئەينى چاغدا «لەۋھۇلمەھپۇز»دا بار ئىدى، بۇ، ئاللاھتائالا ئالاھىدە ئىلھام قىلغان، توقۇمچى ھايۋان، ئىنسانلار بۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ھارۇن يەھيا ئالاھىدە فىلىم قىلىپ ئىشلىگەن، ئاللاھ، بۇ مەخلۇقنى سەككىز پۇتلۇق، ئالتە جۈپ كۆزلۈك ياراتقان، تور توقۇشنى بولسا، كىچىككىدىنلا ئىلھام قىلغان بولۇپ، كىچىك، چوڭى ئوخشاش سەۋىيىگە ئىگە، تۇغما قابىلىيەت، خۇددى ئۆردەك تۇخۇمدىن چىقىپلا سۇ ئۈزگەندەك، ھەرىلەر، چۈمۈلىلەرمۇ تۇغۇلۇپلا، ئۆز ئىشلىرىنى قىلغاندەك، بۇ ھايۋانمۇ مەكتەپسىز، تەلىم ـ تەربىيەسىزلا ئۆز ھۈنىرىنى قىلىدۇ، ئومومىيۈزلۈك ھاشارەت، ھايۋانلار ئەنە شۇنداق، ھەرگىز خاتالىق، سەۋەنلىك يۈز بەرمەيدۇ. ئەمما، ئىنسانلاردا بۇ خىل ھادىسە بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ، رەبbim، ئۈممىتىمدىن خاتالىق، سەۋەنلىكنى كۆتىرۋەتتى، (خاتالاشقان مەسىلىلەردە شۇنداق) يەنى گۇناھىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ دېگەن. ئەگەر، پۈتۈن توقۇمچى ئىشچىلار سىپىدىن ئەڭ ماھىرلارنى تاللاپ، ئۆمۈچۈك بىلەن مۇسابىقىگە سالسا، ئەلۋەتتە ئىنسان ئېزىپ قالىدۇ ـ دە، يېڭىلىدۇ. بۇ ھايۋان دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش، شۇنداقلا، ئوۋلاش ئۈچۈن، بۇ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر، يۆتكىلىشنى خالىسا، شاختىن شاخقا كۆۋرۈك سالىدۇ. تەتقىقاتچى ئالىملار، نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، بەدەل تۆلەپ، مۇنداق بىر ئىشنى بايقىغان، ئۆمۈچۈك بىر سۇ بار ئۆستەڭگە دۇچ كېلىپ، يەنە بىر قىرغاقتا ئۆتۈش ئۈچۈن، ئېگىز بىر شاخقا چىقىپ تۇرۇپ، ئاغزىدىكى تورنى قويۇپ بېرىپ، يەنە بىر قىرغاقتىكى شاخقا ئىسىلىۋېلىپ، تورنى ئۈزۈۋېتىدۇ ـ دە، غەلىبە قىلىدۇ. ئالىملار بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەيران قالىدۇ، بۇنىڭغا بۇ ئىلھام نەدىن كەلگەن. ھەربىر ھايۋاننىڭ چېكىسى، مىڭىسى، ئەقلى ئۆز قولىدا بولغان ئاللاھ، ئىلھام قىلغان ئەلۋەتتە.

ئۆمۈچۈك يېگەن غىزاسىدىن يەنە يىپ ئىشلەپ چىقىرىدۇ، ھەربىر چىققان يىپ ئايرىم ـ ئايرىم يولدىن چىقىدىغان بولۇپ، (4000000000) 4 مىليارت يىپنى بىرگە قوشۇپ، پىششىقلاپ ئىشلىسە، بىر تال ساقىلىمىزغا تەڭ كېلىدۇ. بۇ ماددىنى مۇشۇنداق پارچىلىيالىغان، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ماددىنى تېز سۈرئەتتە پارچىلاشتا، بىزگە نۇرغۇن تەرەققىيات ۋە مەنپەئەتلەر بار، مەسىلەن: توك ھاسىل قىلىشتەك نەچچە كىلوگرام تۆمۈر، مىسدىن نەچچە مىليون، مىليارت پۇللارنى توك چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن يىغىۋالغىلى بولىدۇ. نەچچە مىليارت ئات كۈچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. نۇرغۇن تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ئىشلارنى قولايلىق قىلغىلى بولىدۇ، ھەتتا بىز توك ئارقىلىق ماڭىدىغان ئاپتۇۋۇز، پويىزلارغا چىقىپ، سەپەر قىلىۋاتىمىز. مىليونلىغان زاۋۇتلارنى توك بىلەن ماڭدۇرۇۋاتىمىز، مانا بۇ، ئۆمۈچۈكنىڭ ماددىنى پارچىلاش تېخنىكىسى بولۇپ، مۇشۇنداق ئىنچىكە، نازۇك بىر تېخنىكا ۋە تەرەققىيات بولغاچقا ئاللاھ، بىزنى كۆرۈپ ئويلانسۇن ئۈچۈن بۇنى تىلغا ئالغان.

مەن، جامالولئالەم دېگەن كىتابىمدا بۇ مەسىلىلەرنى شۇنداقلا چۈملە قۇرۇلۇشنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ

ئالتە بۇرجەك قۇرۇلۇشنى، نۇرغۇن توقۇمىچى قۇشلارنى تىلغا ئالدىم، ئەلۋەتتە، چۈنكى، بۇ ئارقىلىق ئىسلام ئۇممەتلىرى، ئۆلىمالىرى ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، غەلىبە قىلالىدىكى دەپ، مانا بۇ تەنتاۋى رەھمەھۇللانىڭ سۆزى، ھازىر بولسا، ھارۇن يەھيا، مۇشۇ ئىشلارنى VCD، DVD فىلىم قىلىپ تورىدا تارقاتتى، ھەتتا، بىر نەچچىسى ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى، بۇ مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ، ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابلارنى ۋە شۇ فىلىملارنى مەڭگۈ ساقلاش مۇھىم ئەۋلادلار ئۈچۈن دەرسلىك قىلىنسۇن. ئۆمۈچۈك، چۈنكە ئوخشاش نۇرغۇن ھاشارەتلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ياشىغاچقا، بۇ دېھقانلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ باغۋەنلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، ئۇنىڭ چىقارغان يىپى، بىر خىل چاپلىشاڭغۇ بولۇپ، بۇ تورغا ئۇسسىگەن ھاشارەت، ئۇنىڭ ئۇۋلىشىدىن زادى قۇتۇلالمايدۇ. دەرھال ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى چىرماپ، خۇددى جىنايەتچىنى باغلىغاندەك باپلايدۇ.

ئۆمۈچۈكلەر ئوخشاشمايدىغان بولۇپ، بەزىسى تور توقۇيدۇ، بەزىسى ئۇۋا ياسايدۇ، بەزىسى تورنى توقۇپ، تۆپىگە چىقىپ ئۇچار گىلەم قىلىپ خۇددى بۇلۇتتا ئولتۇرغاندەك، شامالدا ئۇچىدۇ، بەزىسى قۇمغا تور تۇقۇپ، قۇملارنى چاپلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۈستىگە ئېلىپ ياتىدۇ ـ دە، بۇ تور ئۇنىڭغا سايە بولىدۇ، شۇنداقلا يوشۇرنۇش ئورنى بولۇپ، نىشان كەلسە، ھۇجۇم قىلالايدۇ. بەزىسى سۇ يۈزىدە، كېمىدە ماڭغاندەك، ئۈزۈپ ماڭىدۇ، چۈنكى، ئۇ تورنى بىر قىسىم قۇلاقلار ئۈستىگە توقۇپ، قۇلاقلارنى چاتىدۇ، قاراڭلار، بۇ ھاۋادا، قۇرۇقلۇقدا، چۆل، سەھرادا، سۇلاردا، باغلاردا، ئېغىللاردا، ئۆيلەردە ھەممە يەردە ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن، خىزمەت قىلالايدۇ. جان باقالايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ يارىتىش، ئىلھام قىلىشى، بىزگە تەلىم بېرىشى، بىزمۇ باللىرمىزنى ئاشۇنداق ھاۋا، قۇرۇقلۇق، سۇ، دېڭىز، چۆل، باغ، تاغ، ھەممە يەردە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان تەربىيلىشىمىز لازىم. دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىپ، نىشانغا يېتىپ، غەلىبە قىلىشى كېرەك.

ئۆمۈچۈكنىڭ ھاشارەتلەر بىلەن بولغان پەرقى، بۇنىڭ سەككىز پۇتى بار، باش قىسمىدا ئالتە جۈپ كۆز بولۇپ، ھەممە تەرەپنى كۆزۈتۈپ ئوۋلايدۇ، ئۆملىگۈچى ھايۋان بولۇپ، ئۇچالمايدۇ. ھاشارەتلەر بولسا، بەزىسىنىڭ ئىككى كۆزى بولسا، بەزىسىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزى ئىچىدە نەچچە مىڭ كۆز بار، بەزىسىنىڭ ھەتتا 27 مىڭ كۆزى بار، قانىتى بار ئۇچالايدۇ، چۈمۈلە، ھاشارەت تۈرىگە كىرىدۇ، چۈنكى، قانىتى بو لىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قانىتى چوڭ بولغاندا، چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ 400دىن ئاشىدۇ، بۇ خىل ھادىسىلەر مىكرۇسكوپدا ئاشكارا بولىدۇ. مەن ھەيرانمەن، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار، ئاللاھنىڭ بۇنداق قۇدرىتى، ئىلىم ـ ھېكمىتىدىن ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكمەت، مۆجىزىلەردىن قۇرۇق قالدۇ. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ياشاپ، خۇددى ھايۋاندەك يەپ ـ ئىچىپلا تۇغۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، ھەي ئىسىت! ئاللاھ بىزگىمۇ ئەقىل ـ پاراسەت، پەم بېرەر، ئامىن!

بۇ تەپسىر پۈتۈنلەي رەڭلىك سۈرەتلەر، يەنى ئالەم بوشلۇقى، ھەر خىل سىستېمىلار، قۇياش سىستېمىسى، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئۆز ۋۇجۇدىمىزىكى ئىچكى ئىشلاردىن تارتىپ، سۈرەتلىك چۈشەندۈرۈلگەن، ھەتتا سۈرە بەقەردە بولسا، كالىلار ئەھۋالى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى، سۈرە نەملىدە بولسا، چۈمۈلىلەر، سۈرە نەھلىدە بولسا، ھەسەل ھەرىلىرى، سۈرەت ئەنكەبۇتتا بولسا، ئۆمۈچۈك ئەھۋاللىرى، پۈتۈنلەي سۈرەت ئارقىلىق كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، دەل مۇشۇ ئۆمۈچۈكنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ يىپ چىقىرىش ئېغىزى، يىپ ئىشلەش ئېغىزى، سۇيۇقلۇق چىقىرىش، زەھەرنى ئىشقا سېلىپ ئوۋنى، دۈشمىنىنى بىھوش قىلىش ئەھۋالى، ھەتتا، بىر كىلوگرام ئۆمۈچۈك يىپى، يەرشارىنى يۆگەشكە ئىككى قېتىم يېتىدىغانلىقى، رەڭلىك سۈرەتلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن. ھازىر بولسا، بۇ خىل ئىشلار، كومپيۇتېرلاشقان بولۇپ، بۇ تەپسىرنىڭمۇ كومپيۇتېر دىسكىسى بار، ھەربىر سۈرەت رەڭلىك بولۇپ، سۈرەتنى چوڭ ـ كىچىك قىلغىلى بولىدۇ. ھەتتا ھەرىكەتلىك ئەمەلىي سۈرەت، فىلىم كىرگۈزۈلگەن.

(تەنتاۋى جەۋھەرلىرى 151 ـ، 153، 155 ـ بەتلەردە، ئۆمۈچۈك سۈرىتى، ھەسەل ھەرىسى، ئۆمۈچۈك پۈتىنىڭ تىرنىقى چوڭايتىلغان سۈرىتى، ئۇ توقىغان تور سۈرىتى، ئوۋلاش ئەھۋاللىرى ھەتتا بىر ئالىمنىڭ ئۆمۈچۈك تور شەكلىدە ئۆيگە ئىشىك ئورنىتىشى سۈرەتلەنگەن.)

بۇ خىل ئىشلارنى كۆگەن ۋە بۇ تەپسىرنىڭ ئۈتتۇرلۇق نەشرگە چىقىشى سەۋەبىدىن ئوقۇپ تۇرۇۋاتقان بىر

ئالىم، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بىلەن مۇشۇنداق سۈرەتلەرنى تەپسىرگە كىرگۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىپ، سەھىھ بولغان ئۈچ ھەدىسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، سۈرەت سىزىش ھارام تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ دەپ سورايدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ كېتىپ، ئالدىرىما، دوستۇم، ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن، مەن ترمىزى خاتىرلىگەن ۋە ھەسەن سەھىھ دېگەن بىر ھەدىسنى بىلىمەن، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئۈچ ھەدىسنى، ئۈچ خىل راۋىيدىن ئۈچ ساھابىدىن سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلا.

بىرىنچىسى، سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان زەيددىن خالىد، ئاغرىپ قېلىپ ئۇنى يوقلاپ كىرگەنلەر تەكىيدە، بىساتلاردا سۈرەتنى كۆرىدۇ ـ دە، سىز مۇنداق ھەدىسنى سۆزلەۋاتاتتىڭىز، ئەمدى بولسا، ئۆيىڭىزدە سۈرەت تۇرىدىغۇ دەپ سورىغاندا، ئۇ، مەن رەسۇلۇللاھدىن شۇنداق ئاڭلىغان، بۇ راست، ۋە شۇنداقلا كىيىم، بىسات، پەردە قاتارلىقلاردا رەقەم، سۈرەت بولسا، ئىبادەت مەقسەت قىلىنمايدۇ، بۇتقىمۇ ئوخشاشمايدۇ، بۇنىڭغا مەيلى دېگەن.

ئىككىنچىسى، ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبى تەلھە ئەنسارۇدىدىنىنىڭ ھەدىسىدىمۇ

(إلا ماكان رقمافي ثوب) يەنى، بىسات، كىيىملەردە بولغان سۈرەت مۇستەسنا، ترمىزى.

ئۈچىنچىسى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئائىشە ئانىمىز ئۈچۈن بىر پەردە بولۇپ، ئۇنىڭدا سۈرەت بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ، بۇنى مەندىن نېرى قىلىڭلار، نامىزىمغا دەخلى ـ تەرۇز بولۇۋاتىدۇ دېگەن، لېكىن ئۇنى يىرتىپ، پارچىلاپ تاشلىمىغان. مانا بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئالىملار مۇنداق دېگەن.

بېشى كېسىۋېتىلسە، ياكى ئاياق ئاستىدا بولسا، ياكى كەينىمىزدە بولسا، ناماز جايىز، بۇ بىر خىل پەتىۋا بولۇپ، ھاراملىقتا دەلىل بولغان، ئۈچ ھەدىس، سىزما سۈرەتنى، ھەيكەلنى كۆرسىتىدۇ، بولۇپمۇ بۇتنى دەلالەت قىلىدىغان نەرسىلەر، فوتو ئاپارات، تېلېۋىزو بولسا، فىلىم بولسا، بۇنداق سىزىلغان سۈرەت بولماستىن ئۆز ئەينى ئەمەلىيەتنى ئالغان، خۇددى ئەينەككە چۈشكەندەك، ئۇنى ئۆزى كۆرگەندەك، ئىش، بۇ مەخلۇقنىڭ سۈرەت سىزىشى بولماستىن، خالىق، ئاللاھ، مۇسەۋۋىرى، ئاللاھ ئۆزى سىزغان، گۈزەل كۆرۈنۈش، بۇنى توسقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ فوتو ئاپارات، تېخىمۇ مۇستەسنا دېگەن. ئەمما، شەرىت، شۈكى، ھارام قىلىنغان سۈرەتلەر، بۇتلار، يالىڭاچ رەسىم، يات ئەر، ئايال سۈرىتى كۆرسىتىلىدىغان ئىشلار بولسا، ھارام ياكى بەزى مەكرۇھ بولىدۇ. ئەمما، زۆرۈر، ھاجەت، خۇددى پاسپورت، كىملىككە ئوخشاش ياكى تىببىي ئىلىم ياكى ھالال ـ ھارام ياكى مۇھىم ئىلانلار، تۇتۇش بۇيرۇقى، ياكى كېسەللىك ئەھۋاللىرى ياكى مۇشۇ تەپسىردەك مول بىلىم، ھالال ـ ھارامنى ئايرىش، قوغدايدىغىننى قوغداش، يەيدىغىننى يېيىش، ھەرخىل مۆجىزىلەرنى بىلىش، ئىلىم ـ ھېكمەت ئۈچۈن، تەتقىقات ئۈچۈن ئۇنىڭغا چوقۇنماستىن بەلكى، ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇنى ياراتقان ئاللاھ، ئاللاھنىڭ ئىلمى ـ ھېكمىتىنى بىلىش ئۈچۈن، فوتو ـ ئاپارات، فىلىملەر شەرتلىك ھالدا دۇرۇس بولىدۇ. دەلىل، ئالدىنقى ئۈچ ھەدىس شۇ، بۇنى ترمىزى، ھەسەن سەھىھ دېگەن خالاس دېدى.

شۇنى ئاگاھلاندۇرىمىزكى، بۇ پەتىۋاغا تايىنىپ، خالىغانچە سۈرەتكە چۈشۈشكە، خاتىرلەشكە بولمايدۇ. مەلۇم سەۋەب بولۇشى، شۇ سەۋەب، پەتىۋانى لايىق بولۇشى، چەكلەنمىگەن بولۇشى لازىم. دىققەت قىلىڭ، بۇت، ھەيكەل، سىزما سۈرەتلەر، جانلىق بولسا، ھارام بولىدۇ.

# سۈرە رۇمنىڭ تەپسىرىدىن تاللانمىلار

ئالىم ئۈستىدە ئالىم بولغاندەك، ئىلىمنىڭ ئۈستىدە يەنە ئىلىم بار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بسم الله نىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ، بۇ ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشى ئۈستىدە ئويلىنىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بەكمۇ رەھىم قىلغۇچى، شۇ سۈپىتى بىلەن بىرگە رەھمەتنىمۇ خۇددى ئاتا ـ ئانىلار، بالىلىرىنىڭ ياخشى ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشى، شەھۋەتكە بېرىلمەسلىكى، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەسلىكى ئۈچۈن، پۇل، خىراجەتنى ئازىراق بېرىپ، بەزىدە بېرىپ بەزىدە ئېلىۋالغاندەك، گاھ كېچىنى بېرىدۇ، گاھ كۈندۈزنى، ئەگەر بىرنى بېرىۋەرسە، دائىم كېچە ياكى دائىم كۈندۈز قىلسا، دائىم يامغۇرنى ياغدۇرىۋەرسە، ئەلەۋەتتە ھالاك بولىمىز.

ئەنە شۇنىڭدەك گاھى باي، گاھى كەمبەغەل، گاھى گۈزەل، گاھى سەت، گاھى ياش، گاھى قېرى، گاھى ساق، كېسەل، گاھى ھايات، ئۆلۈم، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ تۇرىدۇ. ھەتتا، گاھى غەلىبە بولسا، بەزىدە مەغلۇپ بولىمىز، خۇددى دىنسىزلار غەلىبە قىلىۋېلىپ، زېمىنىمىزنى ئىشغال قىلىپ، تا ھازىرغىچە مەغلۇپ بولۇپ، دىن دۇنيالىقتا، تەرەققىياتتا چېكىنىپ كەينىدە قالغىنىمىزدەك، ئەمما، بۇ ۋاقىتلىق مەسىلە: يا بىرلا ئويغىنىپ مەجبۇرىي، ئىختىيارى بىرلىشىپ غەلىبە قىلىمىز، ياكى ئاخىرەتتە غەلىبە قىلىمىز. چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ۋاقتى، ئازغىنە مۆھلەتتۇر.

ئۇ، ال م دېگەن بۇ ئايەتتە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئالىملار، ساھابىلاردىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە **1930** ـ يىلغىچە بۇ ئايەت مۇتەشابىھ توغرىسىدا خىلمۇ ـ خىل پىكىردە بولدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ساھابىلەر، تابىئىنلار، بۇ، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاچقۇچى دېگەن، يەنى باشلىنىشى، كېيىنكىسى، ئالىملار بولسا، بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى، سىرلىق بىر ئىش بولۇپ، ئاللاھلا بىلىدۇ دېدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، بۇ ھەرپلەر، ئومۇمى **28** ھەرپنىڭ يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بىر سىر، **14** ھەرپ قاتتىق ئوقۇلسا، **14** ھەرپ يۇمشاق، **14** ھەرپ تەشتىتلىك بولسا، **14** ھەرپ تەشتىدسىز قاتتىق ئوقۇلىدىغان **8** ھەرپنىڭ تۆتى مۇشۇنداق سۈرە باشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان، دەپ سىرلىق دېدى، يەنە بەزىلەر ئىككى قولىمىزدا **28** بارماق مەسپەللەر بار، ھەربىر قولدا **14**دىن مەسپەل بار.

بەزى ھايۋانلار مۇشۇنداق بەزى ئومۇرتقىسىمۇ شۇنداق، قاراگىلار، ئاي مەنزىلىمۇ **28**، **14**تى يورۇق، **14**تى قاراڭغۇ، بۇ **28** ھەرپىنىڭ **14**تى قۇياش ھەرپ، **14**تى ئاي ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى ئىدغاملىق، تەشدىدلىك، تەشتىدسىز، ئەنە شۇنىڭدەك سىرلار بار، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: ئەمدى مەن مۇشۇ ئۈچ خىل ئۆلگە بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، بۇ ئايەتلەر مۇشۇ ئالەمدەك ئالامەتتۇر. ھەرپلەر بولسا، سۈرە ئىچىدىكى مۇشۇنداق ھەرپلەر بىلەن باشلانغان مەلۇم ئايەتكە مەلۇم، مۇھىم بىر ئىشقا ئىشارەتتۇر.

ئەرەب تىلىدا ئىشارەت ئارقىلىق سۆز قىلىش مەۋجۇد،خۇددى ھازىرمۇ ب د ت دەك. مەنىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بولىدۇ. بۇنداق سۆزلەر، بۇنداق ئىشارەت، مەخپى شىپىر، دۇنيادا بەك كۆپ بولۇپ، قەدىممۇ بار ئىدى، مانا بۇ، قۇرئان، ئىسلام دىنىنىڭ بىر خىل مۇشۇنداق يولى، بىز بۇنى بۇرۇنقى سۈرىلەردە سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇنداق ا ل م (أولم يروا ياكع الم تر ياكع ألم تروا) دەك، يەنى ئۇلار قارىمامدۇ؟ سەن قارىمامسەن، سىلەر قارىمامسىلەر دەپ بېقىڭلار دېگەندەك مۇھىم ئىشلارغا بولۇپمۇ ئاسمان جىسمى، ئوربىتىلار، سىرلىق مۆجىزە، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بىئولوگىيە ياكى دېڭىز، قۇرۇقلۇق، زور غەلىبە، مەنپەئەتكە، زور دەرىجىدىكى تەرەققىيات، قورال كۈچى، ئۇرۇش ياكى تارىخدەك ئىشلارغا ئىشارەتتۇر دېگەن.

يەنە بىر ئالىم، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيگە، كىتابىڭنىڭ نەرىگە قارىسا، ئىلىمغا، تەرەققىياتقا، غەلىبىگە قىزىقتۇرۇلغان، تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپسەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ، قۇرئاندا، ئەرراھماندا بىر ئايەتنى 31 ـ قېتىم سۆزلىگەن. قۇرئاننىڭ نېرىگە قارىساڭ، تەۋھىد، كائىنات ئىلمى، ئاسمانلارنى، زېمىنلارنى يارىتىش، تارىخى مەسىلىلەر سۆزلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىز ئۇقسا زېرىكىدىغان تەكرار ئەمەس، بۇ بالاغەت، ئىتناپ بولۇپ، سۆزنى بەزىدە ئۇزۇن، بەزىدە قىسقا، بەزىدە نورمال، باراۋەر قىلىمىز، سۈرە ئەرراھماندا بولسا، 31 دىن ئارتۇق نېمەتلەرنى تىلغا ئالغاچقا، 31 قېتىم بۇ خىتابنى سۆزلىگەن، بۇ تەكرار ئەمەس، ئەمما، بىر قىسىم قارا تۇرۇك، نادان، جاھىلغا، تەكرار ھېس قىلىنىدۇ، ئۇزۇن سۈرىلەردە بولسا، قىسسە، تارىخلار سۆزلىنىدۇ. كېيىن، يادىغا ئاسان بولۇشى، ئىبرەت، ئەسلەتمە يۈزىسىدىن سۈرە فەجرىگە ئوخشاش، قىسقا سۆزلىنىدۇ. بىر نەچچە ئايەتتە، ئاد، سەمۇد، فىرئەۋن قىسسىلىرى سۆزلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، بىرەر مەسىلە، مۇھىم بولسا، بىزمۇ ئۈچ قېتىم تەكرارلايمىز. ياكى قارشى تەرەپ ئاسان چۈشىنەلمىسە، شۇنداق قىلىمىز. مەن يېزىۋاتقان بۇ تەپسىر جەۋھەرلىرى بولسا، نۇرغۇن رىيازەت، ئىلىم ئېلىش، دەرس بېرىش، ئەمەلىي تەجرىبە، تەتقىقات، نۇرغۇن ئالىملار بىلەن بولغان سۆھبەت، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈش، بىلىم ئاشۇرۇش، ئاللاھنىڭ ئىلھامى، قەلب سىرى، ئىلھامدىن كەلگەن، بولغاچقا، بۇ دەرىسلەرنى، تەپسىرنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ تۇنجى قېتىم، ئاڭلىنىۋاتقان، بۇرۇندىن ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان كائىنات مەسىلىلىرى بولۇپمۇ بىدئەت دەپ قارشىلىشىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارشى، يېڭىچە بىر نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويسام، ئۇلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى ئاسان دەمسىز؟ چۈشىنىش ئاسانمۇ؟ شۇنداقلا بۇ مەسىلە، تەرەققىيات، غەلىبىگە بەك مۇھىم بولغاچقا، خىلمۇ ـ خىل ئۇسلۇبدا، خىلمۇ ـ خىل يوللار بىلەن گاھ ئۇزۇن گاھ تەكرار، گاھ قىسقا، گاھ ئىشارەت يولى بىلەن مەنمۇ قۇرئان ئۇسلۇبىنى ئۆزۈمگە ئۇسلۇب، يول قىلىپ شۇنداق يازدىم، بۇ ئاقىللارغا تەكرار بىلىنمەس، ئاجايىپ ـ غارايىپ تېخىمۇ شۇنداق.

(وعدالله لايخلف الله وعده) مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ دېگەن، بۇ ئايەتكە بىز سۈرە رۇم توغرىسىدا توختىلىپ بولۇپ، ئاندىن سۆز قىلىمىز.

سۈرە رۇم بولسا، چوڭ بىر ئىمپېرىيە ئىسمى بىلەن ئاتالغان، ئەھلى كىتابلارنى كۆزدە تۇتاتتى، بۈنىڭدىن خەلقئارالىق دۆلەت، ھەربىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، باشقا دۆلەتلەر ئۇرۇشىغىمۇ سەل قارىماسلىق، ئوبدان كۆزۈتۈپ تەھلىل قىلىش، مەخسۇس ئۇرۇش ئىشلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان، سىياسىي تەھلىلچىنى سايلاپ چىقىش لازىم. بۈنىڭدا مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىگە ئىسلام دۆلىتىگە زور پايدا بار.

مۆئجىزە، ئەدنەلئەرزە دېگەن بۇ سۆز بۇرۇنقى، قەدىمقى تەپسىردە، يېقىن مەنا بېرىگىلىك، يەنى مەككىگە ياكى رۇملۇقلار زېمىنىنىڭ، پارىسلارغا يېقىن جايىدا دېيىلگەن. ھازىرقى جۇغراپىيە ئالىملىرى بولسا، رۇم خەلقى، يېڭىلگەن ئۇ جاينى يېرۇسالىمنى، يەرشارى بويىچە ئەڭ چوڭقۇر ئويمانلىق، بۇ دېگەن چوڭقۇر ئويمانلىق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ دەپ تەپسىر قىلدى. قۇرئاننىڭ يەنە بىر مۆجىزىسى ئاشكارىلاندى، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ، ساھابىلەر، جۇغراپىيە ئوقىمىغان.

ئىككىنچى مۆجىزە بولسا، رۇم خەلقى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، پارىسلار ئۈستىدىن يەنە غەلىبە قىلىدۇ دېگەن ئايەت، بۇ ئايەت، مۇشرىكلەر، مۇسۇلمانلارنى، پارىسلار بولسا بۇددا دىنىدا، تۇرۇك ئۈممىتى، بىز مۇشۇنداق رۇملۇقلار، ئەھلى كىتاب، سىلەر مۇشۇنداق، ئۇنداق بولغانىكەن، بىزمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلىمىز، دېگەندە، بۇ ئايەت چۈشكەن، مۇشرىكلار ئىشەنمەي ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن 100 تۆگە تىكىشىپ قول باغلاشقان، دەل يەتتە يىلدىن كېيىن رۇم غەلىبە قىلىپ، بىر مۆجىزە ئاشكارا بولغان. شۇنداقلا، مۇشرىكلەرگە قارشى چۈشكەن بۇ ئايەتتە، مۇسۇلمانلارمۇ ھەممىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، ھەقكە ياردەم بەرگۈچى دېگەن بار، راستىنلا مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ۋە رۇملار ئۈستىدىن ئايەت چۈشۈپ، توققۇز يىلدىن كېيىن غەلىبە قىلدى. بۇمۇ بىر مۆجىزە ئىدى، كېيىنچە نۇرغۇن رۇم زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، زور غەلىبە ئېلىپ كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، كېيىنچە سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ دەۋرىدىمۇ رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبە قىلغان، ئايەت مەڭگۈ مۆجىزە بولۇپ تۇرماقتا.

بۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ دېگەن بۇ ئايەت، شۇ چاغدا چۈشكەن

بولۇپ، ئاللاھ، قانداق ۋەدە بەرگەن بولسا، ئىجرا قىلىدۇ، مەيلى ئاخىرەتتە ۋە تىرىلدۈرۈش، ھېساب، مىزان، جەننەت، دوزاخ، ئىنتىقام، دىدارىنى، جامالىنى مۆئمىنگە كۆرسىتىش بولسۇن چوقۇم ئىجرا قىلىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ، مۇسۇلمانلارغا ئەنە شۇنداق ۋەدىنى بەرگەن ئىدى، ئىجرا قىلدى، ۋەدىسىدە تۇردى، قۇرئاننى ساقلايمىز دېگەن ئىدى، راستىنلا ساقلىدى، قوغداپلا قالماستىن ئۇنىڭ مۆجىزىسىنى ھەر زامان ئاشكارىلاپ تۇرىۋاتىدۇ، چۈنكى، بۇمۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئىدى، ھەر جايدا بىردىن پەيغەمبەر ۋارىسى، ئۆلىما، ھادى، يېتەكچى، دەۋەتچىنى چىقىرىشنى ۋەدە قىلغان ئىدى، بۇمۇ ئۆز ئەينى ئىجرا بولۇۋاتىدۇ، ئەمما، مۇسۇلمانلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرىزگە سەل قارىمىسۇن، ئىلىم ئېلىش، ئۇنى تارقىتىش، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى، پەيغەمبەر ئەلچىسى ئارقىلىق نۇرغۇن قىيامەت ئالامەتلىرى ۋە باشقا مۆجىزىنى، كەلگۈسى، غەيبنى سۆزلىگەن ئىدى، بۇمۇ شۇنداق ئىجرا بولدى.

ئەنە شۇنىڭدەك ئاللاھ، قۇرئاندا رەھمانتالائالانىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى، زىددىيەتنى كۆرمەيسەن، دېگەن، توپتوغرا شۇنداق بولۇپ، مەيلى ئىنسان ياكى ھايۋان، ئۈسۈملۈك بولسۇن بۇلاردا بىر خىل ئېرسىيەت گېنى بولۇپ، نېمە بولسا شۇ چىقىدۇ، يەنى ئىنساندىن ئىنسان، ھايۋانلاردىن يەنى كالىدىن كالا، ئاتتىن ئات، ئېشەكدىن ئېشەك چىقىدۇ. قۇشلارمۇ شۇنداق، ئۈسۈملۈكمۇ شۇنداق، قوناق ھامىنى قوناق، بۇغدايدىن مەڭگۈ بۇغداي چىقىدۇ، چۈنكى، بۇمۇ ئاللاھنىڭ بىر ۋەدىسىدۇر.

ئەنە شۇنداق، ئاللاھ **12** ـ پارىنىڭ بېشىدا ھەرقانداق ئۆمىلىگۈچى ھايۋان، جاندارنىڭ رىزىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزى كېپىل بولغان، ۋەدە قىلغان، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاللاھ، غەزەپىدىن ھالاك بولۇشنى ياكى قەھەتنى ئىرادە قىلغان جانلىقدىن باشقا بارلىق جانلىق، رىزىق يەۋاتىدۇ، بەزىسى ھاۋادا، بەزىسى قۇرۇقلۇق، دېڭىزدا، بەزىسى بولسا، ھايۋان تېنىدە، بەزىسى بولسا، تاغ، بەزىسى باغلارغا، بەزىسى سەھرايى كەبىردە بەزىسى بولسا، بىزنىڭ تېنىمىزدە رىزىق يەۋاتىدۇ.

ھەممىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئوزۇق مەنبەسى بار، جانلىقنى ياراتقان ئاللاھ، ئالدى بىلەن ئۇ يەيدىغان، ئىچىدىغان سۇ ۋە ئوزۇق، رىزىقدىن يارىتىپ، ئاندىن ئۇنى ياراتقان، خۇددى زېمىنغا ئىنسانلار پايدىلىنىدىغان نەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زىمىغان تاشلىغاندەك، بەزىسگە گۆشلۈك، بەزىسگە سۈتلۈك ئوزۇق، ھەتتا ھاۋاي تاقىم ئارالىرىدا بىر قىسىم كالىلار بولۇپ، بۇلار قەتئىي سۇ ئىچمەيدۇ، چۈنكى بۇ جايدا ئۇلار ئىچكىدەك سۇمۇ، بۇلاقمۇ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ يوق، ئەمما ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى ئاللاھ، بۇ چارپايلارغا، سۈيى ئۆزىدىن بىر خىل ئۆسۈملۈكنى، ئوت ـ چۆپنى شۇ جايغا ياراتقان، ئۇلار بۇ ئۆسۈملۈك بىلەن ھەم ئاچلىقنى ھەم ئۇسسۇزلۇقنى بىراقلا قاندۇرىدۇ. ئاللاھ نېمە دېگەن ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ھە! نېمە دېگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى ھە! بۇ ھايۋانلارنى شۇ ئۆسۈملۈككە، بۇ ئۆسۈملۈكنى شۇ ھايۋانغا ئورۇن، ماكان، زامان ھەممىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ياراتقان ئاللاھ، ئەنە شۇنداق ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، غەم قىلماڭ.

«ومن ۋياتـه ۋن خلقكم من تـراب» ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە بىر مۆجىزىلىك دەلىل سىلەرنى تۇپراقدىن ياراتقانلىقدۇر، دېگەن ئايەت توغرىسىدا.

بۇ ئايەت ھازىرقى دارۋىن ۋە باشقا نەزەرىيىلەرگە قارشى، بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقدىن ياراتقان، ئەمما، بۇ ئايەتتە بولسا، سىلەرنى دەپ ھەممىزگە خىتاب قىلىنغان، ئالىملار بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ، ئىنسانلار ھازىرمۇ تۇپراقدىن يارىلىۋاتقانلىقى ئىسپاتلاندى، چۈنكى، ئىنسان ئىستېمال قىلغان بارلىق يېمەكلىك، مەيلى ھايۋان مەيلى ئۆسۈملۈك، مېۋە ـ چۆۋە ھەممىسى تۇپراقدىن كەلگەن، ئاشۇ ئۆلۈك ماددىدىن يەنى **110** خىل ئېلېمېنت، ماددا ئىچىدىن ئاللاھتائالا ھەر دائىم ئىسپېرما ھۈجەيرىسىنى يارىتىپ تۇرىدۇ، بۇ ھۈجەيرىلەر چاڭلاشقاندىن كېيىن، نەچچە مىليارتقا كۆپىيىپ، **120** كۈندە، تۆت ئايدا روھ، جاننى پۈۋدىگەندەك ھالەتكە، سۈرەتكە كېلىدۇ ـ دە، ئاللاھ، روھنى سېلىپ، يەنە بىر مۇكەممەل ئىنسان قىلىپ چىقىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ ئىنسان تۇپراقدىن يارىتىلىدۇ.

ئالىملار يەنە تەكشۈرۈپ بارلىق ئىنسانلار يەنى ئاللاھ، ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ياكى شېھىدلىق ماقامى

بەرگەنلەردىن باشقا بارلىق ئىنسانلار ئۆلۈپ ئاخىرىدا قەبرىدە چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، ھەر نەرسە ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ ھەقىقەت. يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، ئىنسان تېنىدە تۇپراقتا بولغان **110** خىل ئېلېمېنت ماددىلاردىن **30**دىن **75** گىچە يېقىن ماددا بار، بۇ مەسىلىنى سەيىيد قۇتۇبمۇ سۈرە ئەرراھماننىڭ تەپسىرىدە يازغاندۇر.

مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ئىنسان جىسمىنى يۇقىرى ھارارەتلىك قىززىق سۇدا قاينىتىپ بەرسە، ئاخىرىدا بۇ جىسىم تۇپراققا ئايلانغان ئىكەن.

يۇنان پەيلاسوفلىرى سوقرات، ئەفلاتۇن قاتارلىقلار ئىسلام پەيلاسوفىدىن ئىبنى سىنا، فارابى، ئىبنى رەشىدلار ۋە بارلىق ئىسلام ئالىملىرىمۇ ئىنسان چوقۇم تۇپراقدىن يارىتىلدى دەپ قارىدى، بىزگە ئاللاھنىڭ كالامى، قۇرئان، يېتەرلىكتۇر.

ئاللاھ، ئۆلۈكدىن، تىرىكنى ئاشۇنداق چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. قاراڭلار، جانسىز ماددىدىن يارىتىلغان بۇ ئىنسان ئاجايىپ بىر زاۋۇدقا، مىخانىكا ئۈسكۈنىسگە ئايلانغان، بولۇپمۇ ئاياللار بالىياتقۇسى چوڭ تېپتىكى بىر زاۋۇدقا ئوخشايدۇ.

ئاللاھ، بۇ زاۋۇتتىن چىقارغان بىر دانە بوۋاقنى پۈتۈن خەلق بىرلىشىپمۇ، ئوخشىشىنىمۇ ياسىيالمىدى. خىلمۇ ـ خىل ماشىنا ئادەم ياسالغان بولسىمۇ ھەرگىز بۇ بوۋاققا يېقىنمۇ كەلمىدى. ھەيرانمەن، ئۇلار شۇنچە قىلىپمۇ زور بەدەل تۆلەيدۇ، بىر بوۋاقنىڭ ئوخشىشىنى ياسىيالمىغان تۇرۇپ، بۇ بوۋاقنى چوقۇم ياراتقۇچى، ياسىغۇچى بار، دەپ ئىقرار قىلمىدى، ياكى قەلبىدە ئىقرار قىلىسىمۇ تېنىۋالىدۇ. بىز ھازىر ئىنسان تېنىدىكى يۈرەك، قان مەسىلىسىنىلا يازىمىز، ئىنسان جىسمى **500** موسكۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ موسكۇل، ئەزالارغا قانلا يەنى **15** كىلوگىرام قان ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ھەتتا، مىڭە ھۈجەيرىسىگە قاندىن ئوزۇق يېتىپ بارىدۇ. بۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئىشقا سالغۇچى ئاساسى، مۇھىم رول ئوينىغۇچى، قەلب، نۇر، يۈرەكتۇر، قەلب بولسا، **15** سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ، شۇنچە كىچىك ئەمما، ئۇ، باش مەركەزدۇر. قەلب، يۈرەك، بىر مىنۇتتا **70**، بىر سائەتتە **4200**، بىر يىلدا بولسا، **36792000** قېتىم سوقىدۇ، ئەلۋەتتە، مۇشۇ سوقۇشىدىن ئۈچ قېتىم ياكى ئىككى قېتىم توختاپ قالسا، ئىنسان ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ، ھەربىر سوققاندا **44** گىرام قاننى بېسىم بىلەن ئاتىدۇ، ۋېنا ئارتېرىيە قاتارلىق كۆك، قىزىل تومۇرلار، بىرسى سۈمۈرۈپ، بىرسىنى ئىتىپ تۇرىدۇ، كۆك تومۇرغا بىر تەرەپدىن كىرىپ، بىر تەرەپدىن چىقىپ ئالمىشىش ئېغىزلىرى بار، بۇنى ئاناتومىيىدىن كۆرۈڭ، قان ئۈچ مىنۇتتا پۈتۈن بەدەننى ئايلىنىپ بولىدۇ. ئۆپكە بولسا، ئادەتتە، بەش لېتىر سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىنسان بولسا، بىر سائەتتە **1200** قېتىم تىنىدۇ، مۇشۇ ئارىلىقدا ئۇ **60000**لېتىر ھاۋانى تازىلاپ ئوزۇق قىلىدۇ، بۇ ھاۋانى، ئوكسىگېننى قىزىل قان دانىچىلىرى ئوزۇق قىلىدۇ، بۇنىڭغا ۋىتامىن ياردەمچى بولىدۇ.گۆش، سۆڭەكنى، مۇسكۇللارنى يېپىپ تۇرغان تېرە بولسا، ئۈچ قەۋەتتىن تەركىب تاپقان، ھەربىر كۇۋادرات سانتىمېتىر يەنى بىر سانتىسى **12000** تۆشۈكچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۆشۈكچە بىلەن كېرەكسىز ماددىنى چىقىرىدۇ، ھاۋا ئىسسىغاندا تەرلەرنى سىرتقا چىقىرىدۇ، ئاندىن، ئىنسان يېڭى ئوكسىگېننىڭ سۇغا موھتاج بولۇپ ئۇسسايدۇ، ئۆلۈكسىمان ھۈجەيرىلەر بولسا، چاچ، تۈك، تىرناق بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر قارا پىگمېنت، چاچ، تۈك ئارقىلىق چىقىپ كەتمىسە، ئىنسان نەچچەئايدىلا قاپقارا بولۇپ قالىدۇ.**(ئاستىدىكى تىرە،قان ھۈجەيرە سۈرتى)**

مانا شۇنداق، ئىنسان چوڭ بىر زاۋۇت، ئۈنىڭدىكى ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، ئاياللار بالىياتقۇسى، جىنسىي ئەزالارنى سۆزلىمىدۇق، ئەلۋەتتە، بۇلارنى كۆرۈپ باقايلى دېسىڭىز، ئادەم ئاناتومىيىسىنى كۆرۈڭ، فىلىم كۆرۈڭ، ئاللاھ خالىسا، بىز يەنە بايان قىلىمىز. دېمەكچى بولغىنىمىز، بۇ زاۋۇتنى، بۇ ئۈسكۈنىنى ياراتقان، پەيدا قىلغان، ئىنتىزامغا سالغان، باشقۇرغۇچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئاللاھ چوقۇم بار.

**سىلەرنىڭ تىللىرىڭلارنىڭ ۋە چىراي، رەڭ، شەكلىڭلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا، ئىنسى ـ جىنلار ئۈچۈن مۆجىزە بار دېگەن ئايەت توغرىسىدا**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ توغرىسىدا توختىلىپ، ئەلۋەتتە بىز چىراي، بارماق ئىزىنىڭ ئوخشىماسلىق

مۆجىزىسىنى يازغان، ھازىر بىز، رەڭ توغرىسىدا سۆزلەيمىز، ئەلۋەتتە، بۇ رەڭ ئىنسانلارغا خاس ئەمەس، ئوخشماسلىق ۋە ئوخشۋەلىش، ھايۋانلاردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، بىز ھازىر ھايۋانلارنى تەتقىق قىلمىز، يەنى، بىر تاكتىكا، ھىيلە ـ مىكىر چارىسىنى ئۆرگۈن قورالسىز، زەھەرسىز كېپىنەكلەرگە، قوراللىق زەھەرلىك كېپىنەكلەرگە ئوخشاپ كەتكەچكە، ئاجىزى كۈچلۈكنىڭ سايىسىدا ئۆزىنى قوغداپ جان باقىدۇ، ئامېرىكا ئورمانلىقىدا، چوڭ ئىككى يىلان بايقالغان بولۇپ، بۇلار ئوخشاش ئىكەن، ئەمما بىرسى زەھەرلىك، بىرسى زەھەرسىز ئىكەن، زەھەرسىز، زەھەرلىكنىڭ سايىسىدا ئوخشىۋېلىپ، ئۆزىنى قوغدىغان، ھەتتا ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئوخشاتقان، خۇددى قۇرۇقلۇق جەڭچىلىرى، بېشىغا دەرەخ، قۇلاق قىستۇرۇپ ئۆزىنى يوشۇرغان، دېڭىز ئەترىتى پاراخوتلىرىنى دېڭىز سۈيىنىڭ رەڭگىدە قىلىۋالغاندەك، يەنە بەزى قۇشلارمۇ شۇنداق، يۇقىرقى بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىگە (تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **39** ـ **40** ـ بەتلىرىدە سۈرەت بار، بىر جۈپتىن سۈرەت بار، **48** ـ بەتتە، ناماز ئوقوغۇچى يەنى رۇكۇ، سەجدىدە تۇرغان ھالەتتە تۇرغاندەك تۇرىدىغان ھاشارەت، چېكەتكە سۈرىتى بار)، ھەققەتەن ھەيرانمەن، مانا مۇشۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رەڭ، شەكىللەر مەۋجۇد، (**49** ـ بېتىدە بىر قىسىم ھاشارەتلەر، بەزىسى قۇلاق، بەزىسى يوپۇرماقنىڭ بەزىسى بىخ سۈرىتىگە بەزىسى سۇنۇپ كەتكەن پۇتاق بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلغانلىقى سۈرەتلەنگەن) بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ، ھەتتا، ئىنسانلارمۇ ئۆزىنى ھەرخىل ياسايدۇ، بەزى چاغدا سۈرەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ باشقا بىر ئىنساننىڭ يەنى خاتىرجەم، تېنىچ ئىنساننىڭ سۈرىتىدە ئۆزىنى قوغدايدۇ، بەزىسى بولسا، ئالدامچىلىق قىلىدۇ، بەزىسى بولسا، سۈرەت كىرىشتۈرۈپ ئالدامچىلىق قىلىدۇ، بەزىسى بولسا، كىشىلەرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ، رەسۋا قىلىدۇ، خىلمۇ ـ خىل ئىشلار دۇنيادا مەۋجۇد، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ خىل ھادىسىلەر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر.

تىل توغرىسىدا ھەممىزگە مەلۇمكى[ۋشىر] يەنى تەسىرلىكى ماددا ئاندىن زەررىچە، نۇر ئاندىن **110** خىل ماددا، ئېلېمېنت، مانا بۇ ماددىلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەرىكەت سەۋەبىدىن ئەسلى بىر زەررىچە بولغان، بۇ ماددىلار خىلمۇ ـ خىل كائىنات مەخلۇقات، مەۋجۇداتلارغا بۆلۈندى، ئاسمان ـ زېمىن، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۇ ۋە گۆھەر، ئۈنچە ـ مارجانلار ۋاھاكازالار. ھەتتا، گۆھەر، ئالماستا كاربون بولىدۇ. خۇددى ماددىلار ئۆزگەرگەندەك، ئەسلى بىر بولغاندەك، ئىنسان تېنىقىدىن يەنى ھاۋادىن سەرپ بولغان ئاۋاز، ئاۋازدىن چىققان ھەرپىلەر، كەلىمە، لەۋزىگە بۆلۈنۈپ، خىلمۇ ـ خىل ئاھاڭ، خىلمۇ ـ خىل ئاۋاز، تىل لۇغەتلەرگە بۆلۈندى، بىر ماددىدىن نەچچە خىل نەرسىنى ياراتقان ئاللاھ، بىر ھاۋادىن بىر ھەرپىدىن بىر خىل گۆشبولغان تىلدىن نەچچە خىل تىل، لۇغەتنى بەرپا قىلدى، مۆجىزە ئورنىدا قويىدى، ئاۋاز بولسا، ماددىنىڭ ئورنىدا تۇردى، ھەرىكەت، ھەر ئىككىلىسىدە مەۋجۇددۇر. ئاللاھ، ئالەمنى ماددى مەنىۋى لەۋزى قىلىپ ياراتتى، بۇلار ئوتتۇرىدا زىچ مۇناسىۋەت، بىر ـ بىرىدىن شاخلاپ چىقىش، پۇختا ئىنتىزام بار.

جىسىم بولسا، ئۆسۈپ يېتىلگۈچى ۋە ئەكسى بولىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلگۈچىنىڭ ھېس، ھەرىكەتلىكى بولىدۇ ۋە ئەكسى بار، ھېس، ھەرىكەتلىكى بولسا، ناتىق، سۆزلىگۈچى، غەيرى ناتىق بار، ئۆسۈپ يېتىلمەيدىغىنى بولسا، مەدەنلەردۇر، ئەمما ھەرىكەت بار، ھېس بىلەن ھەرىكەت ھاياتلىقى بىرسى ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بۇلار غەيرى ناتىق، سۆز قىلالمايدۇ.

ناتىق، سۆزلىگۈچى، ئەقىللىقى بولسا، ئىنساندۇر، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، مەدەن **110** خىل ماددا، ئېلېمېنت، پۈتۈن كائىنات، بىر ـ بىرىگە زىچ ماس ھالدا يارىتىلغان، ھەممىسى ناتىق، ئەقىللىق ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلغان، (ئەگەر ئۇ، ئۆشىنى تاپسا،) بىز ھازىر مۇش ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئاسان تونۇشى، ئايرىشى، قەلبىدە بىر ـ بىرىگە ئورۇن بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ھەرخىل مىللەت، تىل، رەڭگە بۆلۈنگەنلىكىنى، بولۇپمۇ تىلى، لۇغىتى توغرىسىدا توختىلىۋاتىمىز. تىل، ئەلۋەتتە خەتلىك يەنى يېزىقتا ۋە لەۋزى يەنى سۆزگە يەنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈندۇ. تىل، لۇغەتلەر، بىر ئەسلىدىن كۆپەيگەن، تەرەققىي قىلغان، ئەسلى، تىل ئەرەب تىلى دېگەن رىۋايەتلەر بار، تىل تەرەققىياتى، بەزىسى، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن بەزىسى كەسپى، ئىجادىيەت، كەشپىيات، ھەرخىل ئامىللار سەۋەبىدىن بولىدۇ.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىلدا گۇناھ، ئەيىپ بولماستىن، گۇناھ، ئەيىپ بولسا ئۇنى سۆزلىگۈچىدە، قانداق تىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يا ياخشى يا يامان، يا ساۋاب يا ئازابقا لايىق سۆزلىنىدۇ. ھەممىسىنى پەرىشتىلەر خاتىرلەپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر پۈتۈن تىللەرنى، لۇغەتلەرنى بىلەلەيدۇ، سۈرە قافتا، ئىنسان بىر لەۋزىنى ئېغىزدىن چىقارسا، ئۇنى كۈزۈتۈپ تۇرغان پەرىشتە خاتىرلەيدۇ دېگەن. تىل ھازىر مۇنداق كۆپىيىپ، نەچچىگە بۆلۈندى، ھىندى تىلى، زەنگى، قارا تەنلىك تىلى، بۇ تىللار ئوتتۇر ئافرىقا جايلىرىدا مەۋجۇد، قەدىمى ئامېرىكا تىلى، ئامرىكىدا، ئاسىيا، شەرىق، شىمال، سىپالىن ئارىلىدىكى تىل، ئىسىم، پىل، ھەرىپلىرىدە پەرق يوق، جۇڭگو، خىتاي تىلى، تۈركىيە، مۇڭغۇلىيە، قەفماسىيە، ئىفرانىيە تىللىرى، ئارىيە، سامىيە، گىرمان، ئىيسلاندى، نورۋېگىيە، سوۋىت، دارىماركى، ئىنگىلىز، ھولاندى تىللىرى، سېرۋىيە، بۇلغارىيە، رۇسىيە، ھىندىيە، پارىس، ئەرمىنىيە، يۇنان، لاتىن تىللىرى مەۋجۇد.

پارىس تىلى، ماددىين، ساسان، يېڭى پارىس تىلىغا بۆلۈندى، لاتىنى تىلى بولسا، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتىگالىيە، رۇمىنىيگە بۆلۈندى، ساسىيە تىلى بولسا، قەدىمى مىسىر تىلىدۇر. ئۇندىن باشقا بابىلىيە، ئاشۇرىيە، ھەبشىيە، سۈريانىيە، ئارامىيە، پىينىقىيە، ئەرەب تىللىرى بار.

يەككە ـ يىگانە بىر ئاللاھ، پۈتۈن ئالەم، ماددىسىنىڭ ئەسلىنى بىر قىلدى، پۈتۈن تىللار ئەسلىنى بىر قىلدى، ئەسلى بىر تىلى، بىر گۆش تىلى ،بىر ماددىسى، بىر ھاۋا، خىلمۇ ـ خىل مەخلۇق، خىلمۇ ـ خىل تىل، لۇغەتلەر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىنسانلار چىراي گۈزەللىكىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىغاندەك، ئاۋاز، ئاھاڭدىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، شۇنداقلا، تىل لۇغىتى بىلەنمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، خۇددى بارماق ئىزىدەك، لۇغەت بولسا، خۇددى چىراي شەكلىدەك، نەچچە مىڭغا يەنى **5000**غا يەتتى، ياۋرۇپادا **587**، ئاسىيادا **937**، ئافرىقىدا **276**، ئامرىكىدا **1624**، ئىنگىلىزلار يالغۇز **25000** كەلىمە لۇغەتنى ئىشلىتىدۇ. ئەرەبلەر **80** مىڭنى، ئىتالىيە **25000**نى، فرانسىيە **30000**، ئىسپانىيە **20000** كەلىمە لۇغەت، سۆزنى ئىستېمال قىلىدۇ. يۇنان، لاتىن، گىرمان تىلىدىنلا **32000** سۆز، كەلىمە لۇغەت ئېلىنغان، ھەم ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئىسپانىيە، پۇرتىگالىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، رۇمىنىيە تىللىرى بىرلەشتۈرلۈپ، لاتىن تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنگلىز، ئالبانىيە، نىمساۋىيە، ھولىندىيە تىللىرى، گىرمان تىلىنىڭ ئەسلىگە قايتىدۇ، ھازىر، ئىنگىلىز دېيىلىدۇ.

ئىنسانلار بۇ تىللارنى ئۆگىنىش جەريانىدا نۇرغۇن ئىلىمگە ئېرىشىدۇ، قايسى تىلدىكى دۆلەت ياكى مىللەت تەرەققىي قىلىپ، دۇنياغا خوجا بولسا، غەلبە قىلسە، شۇ تىل پۈتۈن دۇنياغا يامراپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئىنسانلار موھتاج بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدارنى، ئىختىيارنى، ئاللاھ، ئىنسانلارغا بەرگەن، ھەر قەۋىم، مىللەت، ئۆزىنى ـ ئۆزى ئوڭشاشقا، ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنمىسا، ئىرادە قىلمىسا، تېرىشمىسا، ئاللاھ، ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ، ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ. خۇددى بىرەر قەۋم، مىللەت، نېمەتكە ئاسىيلىق، تۇزكورلۇق قىلىپ، كۇفرى، گۇناھ بىلەن ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتىۋەتسە، ئاللاھ، نېمەتنى ئازابقا، ھالاكەتكە ئۆزگەرتىۋەتكەندەك ئۆزگەرمىسە، ئۆزگەرتىۋەتمەيتتى، سىلەرمۇ ئۆزگەرمىسەڭلار، تەرەققىي قىلمىساڭلار، ئاللاھمۇ ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. كىم تېرىشسا تاپىدۇ، تېرىغاننى ئورىسەن، ئەتىگە نېمە تەييارلىدىڭ قاراپ باق. ئۆزۈڭنى، دىنىڭنى، دۇنيارىڭنى، مىللىتىڭنى، ھەتتا ئاخىرەتلىك ئەمەللەردىن تارتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاسانلاشتۇر. مىسال: ئايرۇپىلاندا ئۇچۇپ بېرىپ ھەج قىلغاندەك، ئىنتېرنېت تورىدا دەۋەت قىلغاندەك، دوكتۇرلار مۆجىزلەرنى دۇنياغا ئىلان قىلغاندەك، خەلقئارالىق تەپسىر، ھەدىس دەرىس ئۆتكەندەك، خەلقئارالىق پەتىۋا مۇنبىرى قۇرغاندەك، كومپيۇتېر دىسكىسى، بارلىق ماتېرىياللار، پۈتۈن كىتاب تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋاھاكازالارنى بىر تال دىسكىغا پاتقۇزغاندەك، نېمە دېگەن ئەرزان، نېمە دېگەن ئاسان ھە! قۇرئان، پۈتۈن تىللاردا تەپسىر، تەرجىمە قىلىندى، ئۇ قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسەت، لوگىكا، مەنتىق، پەلسەپە، ھېكمەت، ئىلىم بۇلىقى، ئىلىم كانىدۇر.

سىلەرنىڭ ئۇيقۇڭلارمۇ مۆجىزە دېگەن ئايەت (ومن آياته منامكم) ئەلۋەتتە، ئەسھابۇلكەھپىلەرنىڭ ئۇيقۇسى

مۆجىزە بولىدۇ. شۇنداقلا، كارامەت، بېشارەتچىلەر ئۆيقۇسىمۇ مۆجىزە، كارامەت، ئۇندىن باشقا، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۆيقىلار بار. سەييىد قۇتۇبمۇ بۇ مەسىلىنى سۈرە يۇسۇفدە يازغاندەك، چۈش تۇغرىسىدا توختىتىلىپ، ئىنسان، چۈش ئارقىلىق، زامان، ماكان، توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەقىقىي ئەھۋاللارنى كۆرىدىكەن، چۈنكى، مەن ئامېرىكىدا تۇرۇپ، جىيەن ئوغلۇمنىڭ كۆز ئاغرىقىنى چۈشۈمدە كۆردۈم، بۇ كېيىن راست چىقىپ قالدى دەپ يازغان.

بىز ھازىر، ئۆيقا، چۈش تۇغرىسىدا دۇنيادىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مۆجىزىلىك، سىرلىق ئىشلارنى يازىمىز. بۇ ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ بۇنى (ئايەت) مۆجىزە قىلدى، بىزگە، قۇرئان كالامىدا ئۇقتۇردى، قاراڭلار.

ئىبن سىنا ئېيتقاندەك، ئوگۇشلۇق بولغان، راست چۈش ئۆيقۇدىكى چۈش ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بەزىلەر راستىنلا بىكارغا ئۇخلىمايدۇ. ئۆيقۇدا، چۈشىدە كۆرگەن نەرسىنى كۆندۈز ۋە ئەمەلىيەتتە خۇددى كېچىنى مەنسۇخ قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرغاندەك، مەنسۇخ قىلىۋېتىدۇ.

## بۇ ھايدا نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ بار

بېرلىندا، بىر ئائىلە بولۇپ، فىردەرىيك ئىسىملىك ئائىلە باشلىقى يوقاپ كېتىدۇ، ساقچىلار ئائىلە ئىچىدىكىلەرنى قاتىلمىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇتىدۇ، ئەمما، دەلىل ـ ئىسپات بولمىغاچقا قويۇپ بېرىدۇ. ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ جايدىكى بىر ياغاچچىنىڭ چۈشىگە بۇ ئادەم كىرىپ، جەسىدىنىڭ ئورنىنى دەپ بېرىدۇ، ياغاچچى بۇ چۈشنى ئۈچ قېتىم كۆرۈپ، ئاخىرى شۇ جاينى كولاپ جەسەتنى تاپىدۇ، سۆڭەكدىن باشقا نەرسە يوق، پەقەت كۈمۈش سائەتلا بار ئىدى، گۇۋاھچىلار بۇ سائەتنىڭ دەل ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ساقچىلار ئائىلىدىكىلەرنى يەنە تۇتۇپ، سوراق قىلىدۇ، ئاخىرى بىر بالىسى، ئانامنى قوغداپ ئۆلتۈرۈپ سالدىم دەپ ئىقرار قىلىدۇ. دېمەك، دېلو ئون يىلدىن كېيىن ئۆيقا چۈشى ئارقىلىق پاش قىلىنغان.

ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدا، بىر قۇرغۇلۇش ئەترىتى، سېلىنغىنىغا **31** يىل بولغان بىر بىنانى چېقىش جەريانىدا چوڭ بىر تاشنىڭ قېتىدىن چوڭ پاتمىچۇقدىن بىرسى چىقىدۇ، ئۇلار بۇنى ئۆلدىمىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇرۇشىغا، پاتمۇچۇق مىدىرلايدۇ، بۇلار ئۇنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ بارىدۇ، **31** يىل يېمەي ـ ئىچمەي ھايات تۇرغان بۇ پاتمۇچۇق زىلزىلە قوزغايدۇ، ئاخىرى ئالىملار تەكشۈرۈپ، بۇ ھايۋاننىڭ قىشلىق ئۆيقۇغا كىرىش دەپ دەلىللەيدۇ.

نۇرغۇن ھايۋانلار ئەنە شۇنداق قىشلىق ئۆيقۇغا كىرىپ كېتىدۇ، مەسىلەن: يىلان قىشتا ھەرىكەت قىلمايدۇ، يازنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇمۇ قىشلىق ئۆيقۇدا يېمەي ـ ئىچمەي ياشايدۇ.

ئۆچەككە كىرىشتە شەپەرەڭ قاتارلىقلارمۇ شۇنداق، بۇ خىل ھادىسە، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانغىلا خاس بولماستىن، بىر قىسىم ھاشارەتلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

قىشلىق ئۆيقۇغا كىرگەن ھايۋانلار ناھايىتى ئاز تىنىدىكەن، بىر مىنۇتتا ئاران ئۈچ ـ تۆت قېتىم تىنىدىكەن، قىشتىكى **100** كۈن، يازدىكى ئۈچ كۈنگە تەڭ ئىكەن. بۇ جەرياندا بۇ خىل ھايۋانلار ئۆز ـ ئۆزىنى ئىستېمال قىلغاندەك، ئۆيقۇدىن ئويغانغاندا، يېرىمى قالىدىكەن، ئەلۋەتتە، ئىنسانلارمۇ يازغا قارىغاندا قىشتا كۆپ ئۇخلايدۇ، بولۇپمۇ ئىككى قۇتۇپ تەرەپتە ياتقانلار، شىمالى قۇتۇپتا بىر قىسىم بېلىقلار بولۇپ، قىش كېلىشى بىلەنلا ئۇلارنى قار ئوراپ تۇرىدىكەن، ئۇلار قار ئىچىدە قىشلىق ئۆيقۇغا كىرىدىكەن، ياز كېلىپ قارلار ئېرىسە ئۇ يەنە ئەسلىگە كېلىپ ھايات كەچۈرىدىكەن، بۇ خۇددى ئۆلۈك تىرىلگەندەكلا ئىش.

مىسىرنىڭ نىل دەرياسى قىرغىقىدا، لاي بېلىقى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېلىق بولۇپ، سۇ دەريادىن

بەكلا كاملاپ كەتسە، ئۆزىنى لايىغا ئوراپلا ئۇيقۇغا كېتىدىكەن، ئەگەر تاشقىن، كەلكۈن كېلىپ سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆز ئەسلىگە كېلىدىكەن، ئاللاھ، ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. راستىنلا ئۇيقۇلاردا مۆجىزە بار ئىكەن، بۇنىڭدىن بىر ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، قادىرلىقى، ئىلىم ـ ھېكمىتىنى كۆردۇق، (تەنتاۋى جەۋھەرلىرى **65** ـ **66** ـ بەتتە، پاتمىچۇق، بېلىق سۈرىتى بار)

ئەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇن چۈشۈن، ھەرىدەك ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمى قىشتا توڭلاپ، ئەتىيازدا ھاياتلىق ئاتا قىلىنىپ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك توڭلاپ، ئۇخلاپ تۇرىدۇ، باھاردا بولسا، ھاياتىنى، تۇرمۇشىنى بەختلىك ئائىلىسىنى باشلاپ نۇرغۇن مېۋە، نۇرغۇن ئەۋلاد قالدۇرىدۇر، كۆپىيىدۇ.

ئەنە شۇنداق بۇغداي، قوناق، گۈرۈچلەرمۇ قىشتا ئۇخلاپ، باھاردا ھاياتىنى داۋام قىلىدۇ، تۇغۇپ نەسىل قالدۇرىدۇ، كۆپىيىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە بىز ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئاساسى، ئۇرۇقلارمۇ خۇددى ئىنسان، ھايۋانلاردە، تېنىدە نەپەس ئالىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھاياتلىق بار، بىر جۈپ ھۈجەيرە بار، بۇلار خۇددى قۇش، يەنى توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر باھار كەلسە، زېمىن قوينىغا كىرسە، ئىسسىقلىق ۋە ئوزۇقا ئېرىشسە، دەرھال ھاياتلىققا قەدەم قويىدۇ، ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىك يوق، ئاللاھ بۇنى بېكىتتۇەتكەن، بىر خىل قانۇنىيەت.

ئالىملار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر بىر دان، ئۇرۇقچا، ئۆز قېپى ئىچىدە ھاياتلىق ھۈجەيرىسىنى ساقلاپ، ئۆزىگە لايىق نەپەسلىنىدۇرىدۇ، بۇھاياتلىق زىيانداش ھاشارەت ياكى ئوت ياكى ئاپەتكە ئۇچرىمىسا، **800** يىل داۋام قىلالايدۇ، بۇ جەرياندا، ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ، كاربون (IV) ئوكسىدنى چىقىرىدۇ.

ئەگەر ھاياتلىققا ئېرىشىپ، يەنى باھاردا تېرىلغاندا، ئۈنۈپ قالسا، دەل ئەكسىچە، ئوكسىگېننى چىقىرىپ، كاربوننى سۈمۈرىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، سىز ئىشەنمىسىڭىز، بىر تال قوناقنى، كۆكۈاش ۋاقتىدا كۈزۈتۈڭ، مىكرۇسكوپدا كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ ئۆز ئەينى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىلىسى چاڭلاشقان، ياكى ئېنىرگىيە، ئىسسىقلىق، ئوزۇقا موھتاج بولۇپ، بۇ ئوزۇقا ئېرىشسىلا جۈپلىشىپ، چاڭلىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئىنسانلار، ھايۋانلار، تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنسا، غىزاغا ئايلىنىدۇ خالاس.

ئەمما، بەزى مېۋە ئۇچكىلىرى ئارىسىدىن چىقسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدەك بەزى ئۇرۇقلار ھايۋانلار ئىچىدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئۈنىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ھەممىسى ئۇخلايدۇ، ھاياتلىق بولىدىكەن ئەنە شۇنداق بەزىسى قىشتا بەزىسى يازدا، بەزىسى كېچىسى بەزىسى كۈندۈز بەزىسى بىر نەچچە يىل بەزىسى بىر نەچچە ئاي بەزىسى بىر نەچچە سائەت ئۇخلايدۇ. ئايەتتە، ئىنسانلار ئۇيقۇسى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئۇيقۇنىڭ پەرقى بولمىغاچقا، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلمى، ھېكمىتى، قۇدرىتى بولغاچقا، ھەممىنى يازدىم، ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيقۇ تەتقىقاتى، ئوقوغۇچىلار ھەممىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

خۇددى ئىت، بەش كۈن ئۇخلىمىسا، ئۆلگەندەك، ئىنسانمۇ ئۇيقۇدىن ئايرىلسا، ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇيقۇمۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى، شۇڭا، بۇنى چەكلىك **6** ـ **7** سائەت ئۇخلاش بولۇشى، كۆپ بولماسلىقى لازىم، كىچىك باللار **10** ـ **11** ھەتتا **14** سائەت ئۇخلايدۇ، ئەمما، قېرىلار بولسا **3** ـ **4** ـ **5** سائەت ئۇخلايدۇ، نورمال ئۇيقۇ **6** ـ **7** سائەت. ئەگەر سەككىز سائەت ئۇخلىسا، ئۆمۈرنىڭ ئۈچتىن بىرىدە ئۇخلىغان بولىدۇ، ھېسابلاپ كۆرۈپ **8/24** ئۇخلاش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئورۇن ياخشى، ھاۋاسى ساپ بولۇشى لازىم، يېنىدا ۋاقىت توشقاندا تەھەججۇدقا، بامداتقا ئويغۇتىدىغان جاراڭلىق سائەت بولۇشى لازىم. ئويغۇنۇپ، ئاز ـ تولا چېنىقىش لازىم، چۈنكى، بۇنىڭ پايدىسى كۆپ، ناماز ياخشى چېنىقىشتۇر، قوش پايدا، موسكۇللار چىڭىيىدۇ، نەپەس ئاشىدۇ، قان تازىلىنىدۇ، يۈرەك كۈچلىنىدۇ، پۈتۈن پەدەن ھارارەتكە تولىدۇ، تېرە پائالىيتى جانلىنىدۇ، ھەزىم ياخشى بولىدۇ، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق چىقىرىش ئەزالىرى ياخشىلىنىدۇ، ھورۇنلۇقدىن قۇتۇلىدۇ، تەرەققىياتقا ھەرىكەت قىلىپ، ئۇيقۇڭىزدىن ئويغىنىڭ، ئۇيقۇ راھەت، پايدىلىق، ھەم شۇنداقلا دۈشمەندۇر.

﴿ظهرالفساد فىالبرّ والبحر بماكسبت أيدى الناس ليذيقهم بعض الذى عملو العلهم يرجعون﴾ ئىنسانلار قىلغان گۇناھ، مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتىمۇ، دېڭىزدىمۇ پىتنە ـ پاساد، ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ، ئۇلارنى تەۋبە قىلىپ ھەقكە قايتسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بەزى جازاسىنى تېتىتتى.

بىز بۇ ئازابنىڭ بىر قىسمىنى مىسال يۈزىسىدىن كەلتۈرىمىز، ئىنسانلار بالايىئاپەتنى ئۆزى سەۋەبىدىن دەپ بىلسۇن، گۇناھ، كۇپرى، پاسىقلىقدىن ھەزەر قىلسۇن ئۈچۈن ئاددىي بىر مىسال: ئاللاھنىڭ قوشۇنى سانسىز، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى ھەممىسى قوشۇن، سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان ھاقارەتلەيدىغان ئەمما كۆندە بىزار بولغان چاشقاننى مىسال ئالىمىز.

ئەنگلىيىدە بىر قېتىملىق چاشقان ئاپىتىدە يۈز بەرگەن زىيان 250000000 يەنى 25 مىليون يۈەندىن ئاشقان، زىيانغا ئۇچىرىمىغان كىشى قالمىغان، ھۆكۈمەت دەرھال بۇ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلىپ، زور بەدەل تۆلەپ، چاشقان بىلەن نەچچە ئاي جەڭ قىلغان، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر. بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنۇشلىقى شۇكى، چاشقان ناھايىتى نىجىس، پاسكىنا جايدا تۇرغاچقا، 14 ـ ئەسىردە، قارا ئۆلۈم ناملىق ۋابا كېسىلىنى كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان، مىكرۇپ، ۋىرۇس تارقىتىپ، 25 مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان.

ئەنگلىيە تىببىي ئۇنىۋېرستىتى تەتقىق قىلىپ، بىر جۈپ چاشقان جۈپلىشىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ، بىر يىلدا 10000غا يېتىدۇ، بۇ بىر جۈپ چاشقان، ئەۋلادلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر يىلدا 1500 دوللار زىيان سالىدۇ دېگەن.

ئەنگلىيە مۇتەخەسسىسلىرى 70 مىليون يۈەن زىيان سالغانلىقىنى بىر يىلدا شۇنچە كۆپ زىياننى ھېسابلاپ چىققان. ئىقتىسادى زىياندىن باشقا ئۆلار نۇرغۇن ئىمارەت، قۇرۇلۇشنى ئۆرۈپ تاشلىغان. ئۇ تېخى يەيدىغان نەرسە تاپالمىسا، غالجىرلىشىدۇ، ئۆز باللىرىنىمۇ يەيدۇ، 14 كىلوگرام كەلگەن بىر چاشقاننى ھايۋاناتلار باغچىسىغا قويۇپ قويغان، چوڭلۇقى بىر قوزا ياكى كۈچۈكتەك كېلىدۇ، ئۇندىن باشقا بۇنىڭدىن ۋە باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن نۇرغۇن يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقايدۇ. ئەلۋەتتە، كېسەل يۇقۇش يوق دېگەن بۇ ھەدىس بىلەن جوزام كېسىلىدىن قېچىش، ۋابا بار يەرگە كىرمەسلىك، ساقلار كېسەلخانىغا چۈشمەسلىك، كېسەللەر ساقلار جايىغا چۈشمەسلىك، ھەدىسلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئالىملار نەچچە خىل يول بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

بىرىنچى، ھەممە كېسەل يۇقمايدۇ، بۇ كېسەل يۇقۇش يوق، دېگەن ئام سۆزگە ئۇيغۇن، بىز ئاشۇ كېسەللەردىن جوزام، ۋابادەك خاس ئالاھىدە كېسەلنىڭ يۇقىشىنى چىقىرىۋالىمىز، مانا بۇ ئۇسۇل قائىدىسىدە ئامدىن خاسنى چىقىرىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى، كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزىلا يۇقمايدۇ، ئەمما، ئاللاھنىڭ قازائى ـ قەدەر خالىشى، ئىلمى، ھېكمىتى بىلەن يۇقۇۋېرىدۇ، ئاللاھ خالىغاننى قىلىدۇ.ل ھەدىسنى مۇشۇنداق چۈشۈنۈش لازىم. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئەرەبلەرنىڭ كېسەل تەقدىرسىزمۇ ئۆزى يۇقۇۋېرىدۇ، دېگەن خۇراپىي ئادەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، شۇلارغا قارشى بۇ ھەدىسنى دېگەن، شۇنداقلا، مەددە، ھۆۋقۇش دېگەن نەرسىلەرنىمۇ بىللە قوشۇپ قويغان.

خۇلاسە كالام، مۇنۇ ئايەت، ھەدىسلەر بىلەن ۋە ئەمەلىيەت، تەجرىبە پۈتۈن ئالىملار بىرلىككە كېلىش بىلەن كېسەل يۇقىدۇ، يۇقىدىغان ۋە يۇقمايدىغان كېسەل بار، ۋابانىڭ يۇقىشى مۇقەررەر، شۇنىڭدەك نۇرغۇن كېسەللەر يۇقتۇرىدۇ، كېسەل ئاشۇ گۇناھ، پاسىقلىق سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن سۇ، غىزا، ھاۋا، چاڭلىنىش، جۈپلىشىش، كۆرۈشۈش، بىللە ئالاقە باغلاپ، بىللە غىزالىنىش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ قاچىسىدا تائام يېيىش، چاشقان، چىۋىن، پاشا، كۇمات ياكى مەلۇم تەشكىلات، پارتىيە، گۇرۇھنىڭ قەسلىشى ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئىچ سۈرگۈ، تەيفود كېسىلى، ئۆپكە ياللۇغى، تېبىركىلىيۇز، تېرە كېسىلى، قىچىشقاق، جىگەر راكى، ھازىر چىققان سارىس، بىر قىسىم قىزىتما زۇكام قاتارلىقلار يۇقىدۇ. ئاق كېسەلمۇ قېنى خىل كەلسە بىللە تويى قىلىپ جۈپلەشسە يۇقىدۇ، قورقۇنۇشلۇقى، ئەيدىز كېسىلى، يەنە قانداق يۇقۇملۇق كېسەللەر ئاشكارا بولىدۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز. لېكىن، بىز مۇنۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ھەرقانداق بىر قەۋمدە، گۇناھ، پاسىقلىق، زىنا ئاشكارا بولسا، ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان كېسەللەر يۈز بېرىدۇ، بۇ مۆجىزىنى توردىن كۆرۈڭ سۈرىتى بار. كېسەلنىڭ يۇقىشىنىڭ مۇنداق ئالدىنى ئالىمىز.

1 ـ سۇنى قايىنتىپ ئىچىش، توكلاتماسلىق.

2 ـ كۆكتات، سەيلەرنى خام يېمەسلىك.

3 ـ مېۋە، يېشىل يېمەكلىك، گۆشلەرنى سىرىتتىن ئەكىرگەندە قاتتىق يۇيۇش، ئىسسىق سۇدا يۇيۇش بولسا، قايناق سۇدا بىر مېنۇت قويۇش، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىش.

4 ـ سۇتنى ياخشى قايىنتىپ ئىچىش.

5 ـ چىنە ـ قاچا، قازان ـ قۇمۇشلارنى قىززىق سۇدا ياخشى يۇيۇش لازىم.

6 ـ ھەدىستە كۆرستىلگەندەك سۇ، نان، مېۋە ـ چېۋە، قازان، قاچا، ھەتتا تاختىلارنىمۇ يېپىپ قويۇش.

7 ـ تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكنى كەم يېيىش، يا يىمەسلىك.

8 ـ يېيىشدىن بۇرۇن ۋە كېيىن قولنى ياخشى يۇيۇش.

9 ـ ئۆي، ئاشلىق ئامبىرى، ئاشخانىلارنى ياخشى تازىلاش، بولۇپمۇ چاشقاندىن.

10 ـ ئېغىل، ھاجەتخانىدىن چىقىپ، قولنى يۇيۇش.

11 ـ ھاجەتخانا، ئېغىللارنى يىراق سېلىش، پاكىز تۇتۇش.

12 ـ شەھەرلىكلەر مۇھىتنى ئاسراش، تازىلىقا دىققەت قىلىش.

13 ـ يۇقۇملۇق كېسەللەرنى ئايرىمخانىدا داۋالاش.

14 ـ ئورۇن ـ كۆرپە، بولۇپمۇ كېسەل ياتقان ئورۇنلارنى دىزىنفېكسىيلەش.

15 ـ سۆزلىسەك، گەپ تولا ئەمدى بولا، ھەرقانداق كېسەل يۇقۇش ئامىللىرىدىن نېرى بولۇڭ، ئاللاھ ساقلىسۇن. ئامىن!!!

# سۈرە لوقماننىڭ تەپسىرىدىن تاللانمىلار

بۇ قېتىم تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىكى بسم الله نىڭ تەپسىرىگە ئاللاھنىڭ 99 ئىسىم ـ سۈپىتىنى يازغان. ئاللاھ بۇنىڭدىن ئۆزىگە بسم الله دا ئۈچ ئىسمىنى تاللىغان.

الله الرحمن الرحيم

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن(رەزىيەللاھ ئەنھۇ) ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن، ئاللاھنىڭ بىرسى كام 100 يەنى 99 ئىسىم ـ سۈپىتى بار. كىم ئۇنى يادىلىسا، يەنى ئەمەل قىلالىسا، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن. ئۇ ئىسىملار بولسىمۇ تۆۋەندىكىچە:

هُوَاللهُ الَّذِىْ لاَإِلَهَ إِلاَّهُوَ اَلرَّحْمنُ اَلرَّحِيْمُ اَلْمَلِكُ اَلْقُدُّوْسُ اَلسَّلاَمُ اَلْمُؤْمِنُ اَلْمُهَيْمِنُ اَلْعَزِيْزُ اَلْجَبَّارُ اَلْمُتَكَبِّرُ اَلخَالِقُ اَلْبَارِئُ اَلْمُصَوِّرُ اَلْغَفَّارُ اَلْقَهَّارُ اَلْوَهَّابُ اَلرَّزَّاقُ اَلْفَتَّاحُ اَلْعَلِيْمُ اَلْقَابِضُ اَلْبَاسِطُ اَل ـ خَافِضُ اَلرَّافِعُ اَلْمُعِزُّ اِل ـ مُذِلُّ اَلسَّمِيْعُ اَلْبَصِيْرُ اَلْحَكَمُ اَلْعَدْلُ اَللَّطِيْفُ اَلْخَبِيْرُ اَلْحَلِيْمُ اَلْعَظِيْمُ اَلْغَفُوْرُ اَلشَّكُوْرُ اَلْعَلِيُّ اَلْكَبِيْرُ اَلْحَفِيْظُ اَلْمُقِيْتُ اَلْحَسِيْبُ اَلْجَلِيْلُ اَلْكَرِيْمُ اَلرَّقِيْبُ اَلْمُجِيْبُ اَلْوَاسِعُ اَلْحَكِيْمُ اَلْوَدُوْدُ اَلْمَجِيْدُ اَلْبَاعِثُ اَلشَّهِيْدُ اَلْحَقُّ اَلْوَكِيْلُ اَلْقَوِيُّ اَلْمَتِيْنُ اَلْوَلِيُّ اَلْحَمِيْدُ اَلْمُحْصِي اَلْمُبْدِئُ اَلْمُعِيْدُ اَلْمُحْيِي اَلْمُمِيْتُ اَلْحَيُّ اَلْقَيُّوْمُ اَلْوَاجِدُ اَلْمَاجِدُ اَلْوَاحِدُ اَلصَّمَدُ اَلْقَادِرُ اَلْمُقْتَدِرُ اَلْمُقَدِّمُ اَلْمُؤَخِّرُ اَلأَوَّلُ اَلأَخِرُ اَلظَّاهِرُ اَلْبَاطِنُ اَلْوَالِي اَلْمُتَعَالُ اَلْبَرُّ اَلتَّوَّابُ اَلْمُنْتَقِمُ اَلْعَفُوُّ اَلرَّؤُوْفُ مَالِكُ اَلْمُلْكِ ذُوالْجَلاَلِ وَالإِكْرَام اَل ـ مُقْسِطُ اَلْجَامِعُ اَلْغَنِيُّ اَلْمُغْنِيُّ اَلْمَانِعُ اَلضَّارُّ اَلنَّافِعُ اَلنُّوْرُ اَلْهَادِيُ اَلْبَدِيْعُ اَلْبَاقِيُ اَلْوَارِثُ اَلرَّشِيْدُ اَلصَّبُوْرُ (الأكرم الله اكبر)

2001 ـ يىلى ۋاپات تاپقان ئاتاقلىق ئەقىدە ئالىمى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ھەدىسنى زائىب كۆرۈپ، قۇرئاندىلا 99 ئىسىم ـ سۈپەتنى قواعد نامىلىق كىتابىدا توپلىغان. ۋە نۇرغۇنلىغان قائىدە ـ تۈزۈملەرنى سەلەف سالىھ يوللىرىنى بايان قىلىپ، ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى، ئىمام نەۋۋىلارنىمۇ ئىجتىھاددا خاتالاشقانلار، بەزى سۈپەتلەرنى تەئۋىل قىلىپ خاتا كەتكەن، ئەمما، ئۇلارغا ئەجىر بار، ئەپۇ قىلىنىدۇ، دەپ يازغان، ئىمان ۋاجىب تەسلىم بولۇش كېرەك. كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، مەنىسى مەلۇم، ئۇشۇقچە سوئال، بىدئەت، ئاللاھ ۋە رسۇلۇللاھ قانداق بايان قىلسا، نېمە دېسە، شۇنى دەيمىز. سۈكەت قىلسا سۈكۈت قىلىمىز، ھەرخىل تەئۋىل قىلىشقا بولمايدۇ، دەلىلسىز ئىش يوق دەپ باشقا مەزھەپلەرگە قارشى «ئەھلى سۈننى ۋەلجائەنىڭ ئەقىدىسىنى» كىتاب قىلىپ يازغان. ئىبنى باز رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ تەكشۈرۈپ، داڭلاپ، تەقرىز يېزىپ بەرگەن، ئەقىدە مەسىلىلىردە ئىسىم ـ سۈپەتتە، ئەقىدە ۋاستە، ئىبنى تەيمىييەنىڭ، ئەقىدەتۇ تتاھاۋى، فقه ـ الاكبر لەر بولىدۇ. ئۇسەيمىن رەھمەھۇللانىڭمۇ بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق توغرا بولغان ئەقىدە كىتابلارنى دەرسلىك قىلىشىمىز لازىم.

ئەقىدە دېمەك، ئىمان دېمەك، ئەقىدە توغرا، ساپ بولمىسا، ھەممىسى خاتا بولىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىسىم ـ سۈپەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

كىشىلەرنىڭ بۇ ئىسىملاردىن ئالىدىغان نېسىۋىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچى، شۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىش، كەشپىدىن بىلىش، ئىلىم ئەلادىن بىلىش، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش، خاتالاشماي ھۆججەت تۇرغۇزۇش، ئۇلارغا، ئاللاھنىڭ سۈپىتى ئاشكارا بولۇش، بۇ سۈپەتلەرنى كائىناتتىن كۆرۈش، بۇنداق بىلىش بىلەن ئاتىلارغا، ئەجدادلارغا تەقلىد قىلىشنىڭ ئارىلىقىدا، ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار، بۇ مۇكاپاتتا كاتتا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى بولسا، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ، بۇ سۈپەتلەر ئىشتىياق، ئىشىق ھاسىل قىلىپ، ھەقكە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ماكان جەھەتتىن ئەمەس، سۈپەت، مەنىۋى جەھەتتىن يېقىنلىشىدۇ. خۇددى مەلەك مۇقەررەبىدەك ھالەتتە تۇرىدۇ. قەلب ھەقنى ئۇلۇغلاش، كاتتىلاش، دائىم ئۇنى ئەسلەش، ھەر

نەرسىنى كۆرسە، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى شۇنىڭدىن تېپىش، گاھ لەززەتلىك تەسىرلىنىش بىلەن ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ، قەلبىدە ئاللاھدىن باشقىغا ئورۇن قالمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئاللاھنىڭ رەھىم، سېخى، ئەپۇ، ئادىل دېگەندەك سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئاللاھنىڭ مۇشۇنداق ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش، رەببانى ئالىم بولۇش، يەنى، ھەققە يېقىن بولۇش، پەرىشتىلەرگە ھەمراھ بولۇش، ھەقنى دوست تۇتۇش، دۈشمەننى دۈشمەن، مۇھەببەت ـ نەپرەت بولۇشتۇر، ئىمان كامال تېپىشتۇر.

بۇ يەردە بىر نەچچە مەسىلە بار:

1 ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا رەھمەت قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە بىر مىسال خالاس، ئەمەلىيەتتە ئىككى رەھمەت ئارىسىغا خۇددى خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىدىكى پەرقتەك پەرق بار، چۈشىنىمىزى خالاس، مەنىسىنى بىلىمىز، ئەمما، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم.

2 ـ ئەنە شۇنىڭدەك بىلىش، كۆرۈش، ئاڭلاش، ئەرشىدىن ئۇستۈن، قولى، كۆزى دېگەنلەرمۇ ئاللاھقا ئۆزىگە لايىق بولىدۇ، بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىز بىلەلمەيمىز، چۈنكى، ئوخشىشى يوق.

3 ـ كامىللىققا پەقەت ئاللاھ ئىگە، ئۇنىڭ ئەيىب ـ نۇخسانلىرى يوق، پەرىشتە بولسىمۇ، پەيغەمبەر بولسىمۇ، ھەممىسى قۇل، ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئەيىپ ـ نۇقسانى، كەمتۈك يەرلىرى بار.

4 ـ بەندىنىڭ، ئاللاھقا يېقىن بولۇشى، بىللە بولۇشى، سۈپەت بىلەن بولىدۇ، ماكان ئەمەس، زامان ئەمەس، پەقەت مەنىۋى جەھەتتىن بۇنىڭ ھەقىقىتى، ماھىيىتى، كەيپىياتى ئاللاھقا مەلۇم، بىز بىلەلمەيمىز، نېمە دېسە شۇنى دەيمىز، ئاللاھ ئالىم، ئىمان ۋاجىب، كەيپىياتتىن سوئال قىلىش بىدئەت.

5 ـ ئاللاھنى پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا ئوبدان تونۇيدۇ، بىلىدۇ، ئەگەر بىز، ئاللاھنى تونىدۇق، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ھەقىقي بىلىمەن، تونۇدۇم دېسەك، بۇمۇ توغرا، مەن ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇيالمىدىم دېسە، بۇمۇ توغرا، چۈنكى، ھەقىقىي جەھەتتە، ئاللاھ ئۆزى، ئۆزىنى تونۇيدۇ.

ئى ئاللاھ، بىزگە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تونۇت، ئامىن!!!

6 ـ ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى، ماھىيىتىنى، كەيپىياتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىزگە پەقەت، ئايەت، ھەدىس، ئەسەر بىلەن خەۋەر بېرىلگىلىك، بىز ئەگەر چۈشەنەلىسەك، ئەلھەمدۇلىللا، ئەگەر بىلەلمىسەك، ئاللاھقا تاپشۇرىمىز، بىزگە پەقەت، مەلۇم چۈشەنچە بېرىلگىلىك، ئەمەلىي، ھەقىقىتى بولسا، بىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ. ئاللاھ، بىز تونۇغان ئۇلۇغ دەپ قارىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە، سانسىز ھەسسە ئۇلۇغدۇر. چۈنكى ئەقلىمىز چەكلىك، ھېچنەرسىگە يېتەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەقىقىي تونۇيالمايدۇ. چەك ـ چېگرىغىمۇ ئالالمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، روھ، پەرىشتە، جىن، ئۆلۈم، جەننەت، دوزاخلارمۇ بىزگە ئەقلىمىزنىڭ مىقدارى بىلەن مىسال، تەمسىل كەلتۈرۈلۈپ چۈشەندۈرۈلگەن، ھەقىقىي ماھىيىتى بولسا، كەيپىياتى بولسا، كۆرگەندە، شۇ تۇرمۇشتا ياشاپ، تەمىنى تېتىغاندا، ئاندىن يەنە تېخى تەستە بىلەلەيمىز.

بۇ دۇنيادا پەقەت ئىسمىلا بار، جەننەتكە كىرگەندىن ياكى دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىسىز، ھازىر، سەللەمنا تەسلىم بولۇپ، ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەل قىلىش لازىم خالاس.

ئىسىم ـ سۈپەت توغرىسىدا مۇنداق تەقسىماتلار بار.

1 ـ ئاللاھنىڭ زاتىنىلا كۆرسىتىدىغىنى بار، ئاللاھ ھەقدەك، ھەق نۇر دېگەندەك.

2 ـ زاتنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا، سەلبىيلىكى يوق يەنى ئەكسىنى يوققا چىقىرىدۇ. مەسىلەن: اَلسَّلاَمُ غني أحد دېسەك، سالامدىن ئەيىپ ـ نۇخسان يوقلىدۇ غني دېگەندىن موھتاج، پەرقلىقى يوق دېگەن مەنامۇ

چىقىدۇ. أحد دېگىنى ھەم زاتىنى، بىرلىكىنى بىر دېگەن مەنادىن باشقا ئوخشىشى يوق، ئىككى ئەمەس دېگەن بولىدۇ.

3 ـ زاتىنى كۆرسىتىپ شۇنداقلا ئىزافىلىكى، بايانى باشقا بىر نەرسىگە ئىشقا ئالاقدار بولىدۇ. مەسىلەن: علي أول آخر ظاهر باطن دېسەك ئۈستۈن دېسەك ھەممىدىن ئۈستۈن دېگەن بولىدۇ. ئەۋۋەل دېسەك، ھەممىدىن سابىق دېگەن، ئاخىر دېسەك، ھەممىدىن ئاخىر، باقى مەنىسىدە يەنە بىر ئىشقا ئالاقدار كېلىدۇ.

4 ـ يەنە بىر خىل ئىسىم ـ سۈپىتى بولسا، زاتىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەلبىيلىكمۇ بار، ئىزافىلىكمۇ بار، يەنى ئەكسىنى يوقىقا چىقىرىپ، نەفى قىلىپ، يەنە بىر ئىشقا ئارقىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: ملك عزيز دېسەك، پادىشاھنىڭ پادىشاھى دېسەك زاتىنى كۆرسىتىپ ئاندىن ئۇ ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەس دەپ سەلبى مەنا بېرىمىز، ئاندىن ھەممە خەلق ئۇنىڭغا موھتاج دەپ ئىزابى مەنا بېرىمىز. ئەزىز، غالىپ دېسەك، زاتىنى كۆرسىتىپ ئاندىن ئاجىز ئەمەس، ئوخشىشى يوق دېگەن سەلبى مانا بېرىپ ئاندىن ھەممە ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ، ئۇنىڭغا يېتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئىزابى مەنالەر بېرىلىدۇ.

5 ـ ئىسىم زات، زاتىيە سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملار، عليم حي سميم بصير كليم قادىر ئىرادە حق قاتارلىق زاتىنىلا، سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملار بار.

6 ـ زاتىنى كۆرسىتىپ ئاندىن ئىلىم دېگەن سۈپەتكە ئىزافىلىك قايتىدىغان سۈپەتلەر خەبىر دېسەك، ئىلمنى، شۇنداقلا باتىنىي ئىشلارنىمۇ بىلىدۇ دېگەن، يەنە بىر قوشۇمچىنى چىقىرىدۇ، شەھىد، دېمەك، زاتىنى ئاندىن گۇۋاھلىق ئىلمىنى ئاندىن ئاشكارا نەرسىنى بىلىش دېگەن مەنالەرنى بىلدۈرىدۇ، مجيب دېسەك زاتىنى ئاندىن ھېساب ئىلمىنى ئاندىن سانلىق مەلۇماتلارنى قورشاپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

7 ـ زاتىنى، قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ ئاندىن يەنە ئىزافىلىكى، يەنە بىر ئىشقا ئالاقدار كېلىدىغىنى بار، مەسىلەن: قەھھار دېسەك، زاتىنى ئاللاھنى كۆرسىتىپ، دەلالەت قىلىپ، ئاندىن قۇدرىتىگە ئالاقدار كېلىپ، ئاندىن قۇدرەت، تەسىر قىلغان نەرسىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. غەلىبىنى كۆرسىتىدۇ.

8 ـ زاتىغا، ئىرادىگە ئاندىن فعلييه گە، قىلىقىغا ئىزافىلىك ئىسىملار، رەھمان، رەئۇف، ۋەدۇد دېسە، دوست تۇتقۇچى، ئىسىم ـ سۈپەت، زاتىنى، ئاللاھ دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ، ئاندىن ئىرادە قىلىش، مۇرادقا قايتىدۇ، ئاندىن ھاجەتنى قاندۇرۇش، ئېھسان، ئىنئام بېرىش، دوستلۇقنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئالاقدار ئىشلار بار، بىرلا نۇختا شۇكى، ئوخشىشى يوق، ھەممە مۆئمىنلەر دوستلۇقى تاغدەك ئەرشىدەك بولسا، يەنە ئاللاھنىڭ زەررىچىلىك دوستلۇق مۇھەببىتىگە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ خالىق، ئاللاھ ئۇ، بۇلار مەخلۇقلاردۇر.

9 ـ ئىسىم ـ سۈپەت فعلييه قىلىقىغا قايتىدىغىنى بار. خالق بارئ مصور رزاق قابض مبدئ معيد بىر تۋاب قاتارلىقلار، ئىسىم ـ سۈپەت فعلييه بولىدۇ. بۇ ئىسىملار زاتىنى دەلالەت قىلىدۇ، ئاندىن يارىتىش، رىزىق بېرىشتەك قىلىقىنى كۆرسىتىدۇ، پەرقى، ئىسىم ـ زاتى، خالىشىغا باغلىق ئەمەس، نەفى كېلىپ يوققا چىقىرىلمايدۇ، سەلبىيلىكى يوق، ئۇ مەڭگۈ كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، بىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر خالىسا، بىلمەيدۇ دېيىلمەيدۇ. ئىسىم ـ سۈپەت پېئىلى بولسا خالىشىغا باغلىق بولۇپ، سەلبىي بولىدۇ، مەسىلەن: يارىتىدۇ، خالىسا ياراتمايدۇ، رىزىق بېرىدۇ خالىسا بەرمەيدۇ، ئەزىز قىلىدۇ، خالىسا قىلمايدۇ دېگەندەك.

ئەگەر بىرسى ئەقىدە، ئىسىم ـ سۈپەت توغرىلىق بۇ تەپسىر ئىلىملىرىنى نېمە ئۈچۈن باشتا يازماي مۇشۇ ئورۇندا سۆزلىدىڭ؟ دېسە.

ئاللاھ، بۇ سۆزنى ھېكمەت سۆزلىگۈچى، ھېكمەت بېرىلگەن، لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن ئاتاپتۇ، مۇشۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىنى قىلىشقا ئورۇنغاندا، تۆيۈقسىز مۇشۇ مەسىلىلەر قەلبىمگە كەلدى ـ دە، ئاندىن يازدىم، ھەر جايىنىڭ ئۆزىگە لايىق ماقامى بار بولۇپ، بۇ سۈرىدە مەخسۇس ھېكمەت بار، ۋەز ـ نەسىھەت، دەۋەت بار.

ھېكمەت ئىلمى، ئىلىمنىڭ جەۋھىرى، خۇلاسىسى بولۇپ، پەلسەپە، پەيلاسوف دېگەن ھىكمەتنى سۆيگۈچى، سۆيۈش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇرۇنقى يېتەكچى ئالىملارنى شۇڭا، پەيلاسوف سۆزلىرىنى بولسا، پەلسەپە دېگەن.

شۇڭا بىز، بۇ سۈرىدە ئىنشائاللا، ھېكمەت بىلىملىرىنى سۆزلەيمىز.

ئىلىم ـ ھېكمەت پۈتۈن مىللەت دىنلاردا پۈتۈن مەملىكەت، ھەرقايسى جايدىكى مەۋجۇت بولۇپ ئەڭ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغىنى، ئىككى ئالەمدە بەختلىك قىلىدىغىنى ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىدا بار، قۇرئان، ھەدىس ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ نۇر بۇلاقدىن ئېلىنغان ھېكمەت بولسا، يېزىپ قويىمىز.

لوقمان ئەلەيھىسسالام، قۇرئاندا مۇشۇ سۈرىدە مۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇ بالىسىغا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىش، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى توغرىسىدا تەۋھىد دەرسلىكى بەردى، بۇ ھەممىمىزگە مۇھىم بىر ئۈلگە بولغۇسى، چۈنكى، ئۆز بالىسىنى تەربىيىلەش بەكمۇ قىيىن ئىش ئىكەن. ئاندىن ئۇ، تەۋھىدكە زىت بولغان ئىشدىن توسۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشدىن توسدى، ئاندىن ئاللاھنى كامىل ئىلىم، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن سۈپەتلىدى، ھەرقانچە ئىنچىكە، مەخپى نەرسىنى، ئىشلارنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى دېدى، ئاندىن ئۇ ئەڭ مۇھىم ئىبادەت نامازنى تىلغا ئېلىپ، نەپسىنى باشقۇرۇشنى، كامال تاپقان بىر ئىشنى نەسىھەت قىلدى، ئاندىن ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشدىن ئىبارەت بۇ جەمئىيەت، ئىسلاھاتنى يولغا قويدى، ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلغان دەۋەتچى ئەزىيەتكە، ھەق دۈشمەنلىرىگە دۇچ كېلىدۇ، شۇڭا، ئۇ سەۋرگە ۋەسىيەت قىلدى. كۆرەڭلىمەسلىك، ئەڭ چوڭ گۇناھ بولغان كىبىرىدىن توسدى، لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتى، نەسىھىتى، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە تىببىي ئىلىم، ھەممىگە مەلۇم، ئۇنداقتا، ئۇ كىم، قەيەرلىك، قايسى مىللەتتىن، قاچان ياشاپ ئۆتكەن؟

توغرا جاۋاب شۇكى، ئاللاھ ئالىم، ئەگەر ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ دەپ بەرگەن بولسا، بۇ سەھىھ، توغرا بولىدۇ. جىم تۇرغان بولسا، ھېچقانداق ئىلىم ـ ھېكمەت بولمايدۇ، بىلسەك پايدا يوق، بىلمىسەك زىيان يوق، قالايمىقان جۆيلىمەڭ.

تەپسىر ئالىملىرى تارىخقا تايىنىپ ھەرخىل سۆزلەرنى قىلدى، بەنى ئىسرائىللار ئۇنى بىزدىن دېدى، چۈنكى، ئۇ ياخشى كىشى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياشىغان دېدى. بەزىلەر ئۇنى قارا تەنلىك، ھەبەشىستانلىق قۇل ئىدى دېدى. بەزىلەر ئۇنى ماشىنچى دېدى. بەزىلەر ياغاچچى دېدى، بەزىلەر پادىچى دېدى. سۇبھانائللا، ئاللاھ، ئۆزى بىلىدۇ، بەلكىم ياغاچچى، ماشىنچىلار دېگەن گەپ بولۇشى مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئىنسان بالىسى، ھەم بالىسى بارلىقى قۇرئاندا تىلغا ئېلىندى، ھېكمىتى، دۇنياغا تارالدى، بىر قىسمى ئۆزىنىڭ بولسا، بىر قىسمى قوشۇپ قويۇلغان، سەھىھ سۆزنى تاپماق قىيىن.

يۇنانلىقلار ئۇ بىزگە مەنسۇپ دەپ، بىر قىسىم كىتابلارنى دەلىللىدى، ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن بىر قانچىنى يازغان، مەسىلەن: بىر كۈنى لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خوجايىنىدىن بىر دېھقان نېمە ئۈچۈن مەن كۆپ ئەجىر قىلىپ ئىشلىگەن يەر بەك بولماي، ئىشلىمىگەن يەردىن كۆپ ھوسۇل چىقىپ قالىدۇ دەپ سوراپتۇ، خوجايىن بۇ دېگەن تەبىئەت ئىشى دەپتۇ. لوقمان ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ، خوجايىننى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەڭ، بۇ دېگەن كىچىك مەسىلە، بۇنىڭغا ماۋۇ قۇلۇممۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ دەڭ دەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ.

لوقمان ئەلەيھىسسالام دېھقانغا يەر دېگەن بالىلىرى كۆپ بىر ئەرگە تەگكەن بالىلىرى بار تۇل خوتۇنغا ئوخشايدۇ، ئەر قانچە قىلغان بىلەن بۇ خوتۇن ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا كۆيىنىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك يەرمۇ ئۆزى خالىغان يېرىدىن ھوسۇلنى كۆپ بېرىدۇ دەپتۇ.

خوجايى بىر قېتىم، ئايالدىن ئاچچىقى كېلىپ قېلىپ، يارىشىۋېلىش مەقسىتىدە بازاردىن تاتلىق يېمەكلىك سېتىۋېلىپ، لوقمانغا بۇنى دوستۇمغا، ھەبىيبىمگە بەر دەپ ئەۋەتىپتۇ، لوقمان ئەلەيھىسسالام تائامنى ئىتقا بېرىپتۇ، خوجايى كېلىپ خوتۇنىدىن تائام توغرىلىق سورىسا، خوتۇنى مەن ھېچنېمە كۆرمىدىم دەپتۇ، لوقمان ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ، تائام قېنى دەپ سوراپتۇ، لوقمان ئەلەيھىسسالام سىز ياخشى

كۆرىدىغان ھەببىڭىز، ئىتتىڭىزغا بەردىم، چۈنكى ئۇ سىزگە سادىق، ئۇرىسىڭىزمۇ يېنىڭىزغا كېلىۋالىدۇ، ئەمما، بۇ ئايالىڭىز سەۋەبسىز تالاق خېتىنى سورىدى، شۇڭا، بۇنىڭغا بەرگىم كەلمىدى دەپتۇ، ئايال ئاچچىقلانغان بولسىمۇ ھەقنى ئاڭلاپ قايىل بوپتۇ، كېيىن لوقمان ئەلەيھىسسالام خوجايىنغا سىز دوستىڭىزنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ، باشقا بىر ئايالنى ئالايمىكىن دېگەن خەۋەرنى تارقاتسىڭىز، خوتۇنىڭىز قورقۇپ سىزگە ياخشى ئىتائەت قىلىدۇ، كېلىشىپ قالىسىلەر دەپتۇ. خوجايىن يېقىن دوستلىرىنى چاقىرىپ، لوقمان ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ياخشى گۆش سېتىۋال دېسە، لوقمان ئەلەيھىسسالام تىللارنى يەنى، كالا، قوي، ئۆچكە تىللىرىنى ئەكەپتۇ، مېھمانلار باشتىن ـ ئاخىرى تىلنىلا يەدۇق، بۇ نېمە ئىش دېسە، خوجايىي لوقمان ئەلەيھىسالامنى چاقىرىپ نېمە ئۈچۈن ياخشى گۆش سېتىۋالماي تىلنىلا سېتىۋالدىڭ؟ دېسە، ئۇ، چۈنكى، ئەڭ ياخشى گۆش تىل، چۈنكى، ئۇ ئالاقىنى باغلايدۇ، ئالاقىلىشىش قورالى، ئىلىم ئاچقۇچى، ھەقنى سۆزلىگۈچى، ھۆججەت تۇرغۇزغۇچى، ئىلىم ھاسىل قىلغۇچى، ھېكمەت تىلىدا سۆزلىنىدۇ دېسە ھە راست دەپتۇ. ئەتىسى يەنە ئەمدى ئەڭ ناچار، قەبىھ گۆش سېتىۋال دېسە، يەنە تىللارنى ئەكەپتۇ، خوجايىن نېمە ئۈچۈن ئەمدى يەنە تىلنى سېتىۋالدىڭ؟ دېسە، لوقمان ئەلەيھىسسالام، چۈنكى، تىل يا ئەڭ ناچار نەرسە، چۈنكى، ئۇ دەل ئەكسىچە باتىلنىمۇ سۆزلەيدۇ، باتىل ئىلىمنىمۇ ئۆگىتىدۇ، كۈپرى سۆزنى قىلىدۇ، غەيۋەت قىلىدۇ، سۇخەنچىلىك قىلىدۇ، ئاداۋەت، ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ئاساسى، ئار ـ نومۇس، ھەتتا دۆلەت ئارىسىدىمۇ شۇ سەۋەبىدىن كېلىشىم بۇزۇلۇپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ، كەلسە ـ كەلمەس غەلىتە سۆزلەپ شەھۋانى ناخشا ـ مۇزىكا چىقىرىدۇ دەپ، بارلىق ئەيىبىنى سۆزلەپتۇ، ئۇلار ھەق، راست دەپتۇ.

كېيىن، ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەدە تېببىي ئىشلاردا، شۆھرەت قازىنىپ دۇنياغا بىر كېتىپتۇ، پادىشاھلار ھوزۇرىغا ئاپىرىپ پايدىلىنىپتۇ، جاھان كېزىپ نۇرغۇن ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇپتۇ، ۋەز ـ نەسھەت تەرىقىسىدە ھېكمەت تەمسىللەرنى يېزىپتۇ، مۇھەممەد بەگ شۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، **1906** ـ يىلى نەشر قىپتۇ.

(لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى، ئۆمرى نامەلۇم)

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئاللاھ، ئىنسانلارغا زاھىرىي، باتىنىي يەنى ئىلىم ـ ھېكمەت، روھى لەززەتنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ھېكمەت ئىلمى دۇنيادا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ يامىنىنى كۆرمىدىم، قۇلاق سېلىڭ.

**بىز لوقمانغا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلدۇق**

**ئىلىم ـ ھېكمەت بېرىلگەن كىشى، نۇرغۇن ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ. (ئايەت)**

ئىلىم ـ ھېكمەت، ھۆكما، ئالىمنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسگە ئوخشايدۇ، قەيەردە تاپسا، ئۇ ئۆزى لايىق. ئاندىن يەنە ھېكمەت چىقىدۇ. (ھەدىستىن)

ئەسەردىن بولسا، تۆت خەلىپە ئۇندىن باشقا ساھابە، تابىئىنلار ۋە كېيىنكىلەر بولۇپ، نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلغان، بۇنى تارىخدىن كۆرۈڭ. شۇنداقلا، زاھىدلار تەبىقىسى دېگەن كىتابدا **200** ئالىمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بار، لېكىن ئۇلار سوپى ئەمەس ئىدى، كېيىنكىلەر شۇنداق ئاتىۋالدى، ھەقىقىي زاھىد، ئۆزىنى سوپى دېسە، ئاچچىقى كېلىدۇ، چۈنكى بىدئەت سۆز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي **140**دىن **158** ـ بەتكىچە پۈتۈنلەي شېئىر، تەمسىل قاتارلىق ھېكمەتلەرنى كەلتۈرگەن، مەن ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىغا ماسلىشىدىغانلىرىنى تاللايمەن.

**1** ـ ئاللاھ غەزىپى ساڭا چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئىبادەت، ئىستىقامەتتە چىڭ تۇر.

**2** ـ تولا داۋالاشما، غەزەپكە يولۇقۇپ قالىسەن.

**3** ـ دۇنيا ئەھۋالىنى ياخشى بىلسەڭ، ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەيسەن.

4 ـ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئازلىقى، خارلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ.

5 ـ زىياپەتتە ياخشى تائام ئالدىڭغا قويۇلسا، ئالدىراپ كەتمە، سۆزنى تېز ئىچكەن ئادەم تېز ئۇسسايدۇ، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن.

6 ـ ئەگەر، سەن ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئەمەل قىلالىساڭ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئىسىل پەزىلەتكە لايىق بولىسەن.

7 ـ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈغىنى تونۇشمۇ بىر نېمەتتۇر.

8 ـ رەببىڭ سەندىن ئىنتىقام ئالمىسۇن دېسەڭ، كىشىلەرنى قورقۇتما.

9 ـ زۇلۇم قىلىپ باي بولساڭ، كېيىن زۇلۇمغا ئۇچراپ پېقىر بولىسەن.

10 ـ ئاللاھ خالىغاننى ئەزىز، باي، خالىغاننى پېقىر، خار قىلىدۇ. بۇ ئىرادىگە ئىتراز، چاخچاق قىلغىلى بولمايدۇ.

11 ـ سېنى ئاللاھ سىنايدۇ، سەن ئاللاھنى سىنىمايسەن، ئۇ خالىغىننى قىلىپ سوراققا تارتىلمايدۇ، سوراق قىلىدۇ، نېمە قىلدىڭ دېمەيدۇ. بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟ دەيدۇ.

12. ئاقىل بولساڭ، بالاڭنى ياخشى تەربىيلە، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ،يامان كىشىلەردىن يىراق قىل، چۈنكى، ئۇ ئاق دەپتەر شۇنداق قىلالىساڭ، دۇنيا ئاخىرەتتە ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلىسەن.

13 ـ شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، پۇتكۈل مەخلۇقلارنى ياخشى كۆرۈپ، كۆيۈنۈپ يارىتىپ، تۇرىدىغان ئاللاھنىڭ قولىدا، تەقدىر بار ۋە تەدبىرلەر بار.

14 ـ بىلگىنكى پېقىرلىقتىن كېيىن دۆلەتكە، خارلىقتىن كېيىن، ئىززەتكە ئېرىشسەڭ، بالدۇرقى كۈنۈڭنى ئۇنۇتماي شۈكرى قىل، مال ـ مۈلۈكنى ساقلاپ بېخىللىق قىلىپ، ھەقنى توسما، چۈنكى، ئۇ ساڭا ئامانەت، ياخشى ئادا قىل، ئۇمۇ سەندىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ، ساڭا پەقەت ئاخىردا ياخشى ـ يامان ھۆكۈم چىقىرىلىش قالدۇ خالاس.

15 ـ ھەق يولغا، ھىدايەت تاپقان كىشىدىنمۇ ئۇلۇغ كىشىنى تاپالامسەن؟

16 ـ كىمكى، قانۇن ـ تۈزۈم شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلسا، يامان جازالىنىدۇ.

17 ـ كۇفرىدىن چوڭ گۇناھ يوق، دوزاخ ئوتىدىن چوڭ جازا يوق.

18 ـ ھەققىي ئادالەت بەلگىلىمىسى، ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

19 ـ بەزى چاغلاردا سوئال سورىمىسا گەپ قىلما.

20. چوڭلار ئىشقا بۇيرىسا، خاتا بولمىسىلا، ئىجرا قىل، بولمىسا خەتەرلىك.

21 ـ ئىلىم ـ ھېكمەتتە، بىرەرسىنىڭ ئۈلۈغلۇقىنى ھېس قىلساڭ، ئۇنىڭغا چوڭچىلىق قىلما، چۈنكى سەن، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن چوڭ بولالمايسەن.

22 ـ ئالىملار مەجلىسىدە ئالدىراپ سۆز قىلما، چۈنكى، سەندىن ئالىمراقى باردۇر.

23 ـ نۇرغۇن جايلاردا بىر خىل سۆز قىلىش نادانلىق، ھەرخىل جايلاردا، لايىقىدا سۆز قىلىش دانالىق.

24 ـ بىرەرسىنى ياخشى ئەمەلدىن توختىتىپ قويما، بولمىسا سەن ياخشىلىقنىڭ دۈشمىنى بولىسەن.

25 ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلمىساڭ، ئىززىتىڭ، ئىشەنچىلىكلىكىڭ ئاشىدۇ.

26 ـ ھەققىي ئالىم، ئۇستاز ياكى ئىمام باشلىق بىلەن بەسلەشكەن كىشى، ھەققىي ئەخمەق بولىدۇ.

27 ـ بىرەر ئۆيگە كىرسەڭ، شۇ ئۆيدىكى گۈزەل ئاياللاردىن قاتتىق ھەزەر قىل، كۆز ـ قىرىڭنى سالما، مايىل بولما، ئەنە شۇنداق قىسقا لەززەت، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمرىنى نابۇت قىلدى، زىنا ئۆيى،

خارابلىق جايى، زىنانى مەقسەت قىلغان قەلب، خاراب، زىناخور بولسا، توغرا يولنى تاپالمايدۇ، غەزەپكە يولۇقىدۇ.

28 ـ ئاقىل بولساڭ، ئۆز ئۆيۈڭنىڭ تەدبىرىنى ياخشى قىل، ياخشى ئىگە بول، دەيۈز بولما، يولىدا كۈنلە، ئىككى ئائىلەمىندە شېرىكىڭ بولغان ئايالىڭغا ياخشىلىق قىل، يۇمشاق دىللىق، سوغا ـ سالاملىق بولۇپ، قەلبىنى ئۇت.

29 ـ ئىلىمىڭدىن ئەجەبلەنمە، چۈنكى، ئىلىم دېگەن قىرغىقى يوق چەكسىز دېڭىز، سەن بىر گۆھەرگە ئېرىشسەڭ، باشقىلار مىڭغا ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن، ئىلىم ـ ھېكمەت گۆھەر، مەرۋايىتتىنمۇ قىممەتلىك، چۈنكى، گۆھەر مەۋجۇت بولغان ماددى تاش، ھېكمەت بولسا، ۋۇجۇدى كام مەنىۋى ئۇلۇغ نەرسە.

30. باش بولساڭ، كەينىڭدىكىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولغۇدەك بول، قازى بولساڭ، ياخشى ئاڭلاپ، غەزەپلەنمەي توغرا ھۆكۈم قىل.

31 ـ سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ ياكى چەكلىشىنىڭ، ئىدارە قىلىشىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئىرادىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بولسۇن، ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ.

32 ـ ئازماسلىقىڭ ئۈچۈن، پىكىر، تەپەككۇر، كۆز قاراشتا مۇستەبىدلىك قىلما، ھەم سېنىڭ دوستلىرىڭ ئالدىدا شەخسىيەتچىلىك قىلما.

33 ـ قاتتىق بولما، سۇنۇپ كېتىسەن، يۇمشاق بولما سىقىلىپ كېتىسەن.

34 ـ ئىقتىسادتا بېخىللىق ياكى ئىسراپچىلىق قىلماي ئوتتۇرىھال بول.

35 ـ ساڭا باشقىلار ئىتائەت قىلغاندا، قادىر بولالايدىغانغا تەكلىپ قىل.

36 ـ ئىككى تەرەپكە ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئادىل ھۆكۈم قىل، بىر يانغا يان باسما.

37 ـ ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلغان بولساڭ ئىككىنچى شۇ ئىشنى تىلغا ئالما.

38 ـ كىم تېرىشسا، ئىخلاس قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىپ بېرىدۇ.

39 ـ بۇگۈنكى پۇرسەتنى ئەتىگە قويما، تېرىشقان تاپىدۇ.

40. ھاياتىڭدا ئىنتىزامچانلىق بىلەن ئۆزۈڭنى كونترول قىلالىساڭ، زور غەلىبە قىلغان بولىسەن، شەھۋەتكە بويسۇنغان خار، مەغلۇپتۇر.

41 ـ چوڭلار ئالدىدا ھەقنى دېسەڭمۇ، تاكاللاشقان بولىسەن، ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇت، سۆزى توختىغاندا پۇرسەت تېپىپ سۆزلە.

42 ـ مۇنازىلەشكەندە، كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەخلاقلىق بىلەن مۇنازىرىلەش.

43 ـ قېرىندىشىڭ ساڭا يامان گەپ قىلسا، سەن ياخشى گەپ قىل.

44 ـ باشقىلار گەپ قىلۋاتسا، گېپىنى بۆلمەي، بېرىلىپ ئاڭلا، سۈكۈت، گۆھەردىن قىممەتلىك، سۆزلىسەڭ قىممەتلىك سۆزلە.

45 ـ پېقىرنى ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى ھاقارەتلىمە، بۇ ئالىيجاناپنىڭ ئىشى ئەمەس.

46 ـ كىشىلەر ئارىسىدا ھەقىقەتنى بۇرمىلىما، بولمىسا، زور ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

47 ـ ساڭا باشقىلار ئاشكارىلىغان سىرنى سەن باشقىلارغا ئاشكارىلىما.

48 ـ [سىرىڭ] يەنى ھاياتى تەرجىمھالى ياخشى بولمىغان كىشى ئازغۇن، سەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئازما، ئىبرەت ئال.

49 ـ تارىخ دېگەن كەلگۈسىگە تۇتۇلغان ئەينەكتۇر، ياخشى كۆرۈپ باق.

50. ھەر قانداق قەۋم بىلەن ياشىساڭ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋال.

51 ـ سۆزلىرىڭ دائىم قىسقا توغرا، پايدىلىق بولسۇن.

52 ـ توغرا يول تاپاي دېسەڭ، ياماندىن يىراق بول، مەخلۇققا بولغان تامادىنمۇ يىراق بول، ئۇ داۋاسى يوق كېسەل، پېقىر قىلىۋېتىدۇ.

53 ـ ئۆزىنىمۇ بارچە غېمىنىمۇ ۋاقتىنىمۇ دۇنياغىلا قاراتقان كىشى قىلچە لەززەت ئالالماي كېتىدۇ، كىشىلەردىن قورققان كىشى، غەمدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، لەززەتنى، باتۇرلار تېتىيالايدۇ.

54 ـ كۈندۈزدىكى ئەمەل ۋاقتىنىمۇ شەھۋەتكە بەرگەن كىشىنىڭ ئائىلىسى ۋەيران، خاراپ بولغاندەك، بۇ دۇنيادىكى بارلىق ۋاقتىنى شەھۋەتكە بەرگەن كىشى ئاخىرەتتە ۋەيران، خاراپتۇر.

55 ـ دوستۇڭنىڭ تەبىئىتىنى، مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۇقماقچى بولساڭ، ئۆتمۈشىنى سورا.

56 ـ ھاياتلا بولساڭ، خۇشخۇي، ئەخلاقلىق بول.

57 ـ كىشىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت سالغان كىشى يالغۇز قالىدۇ، ھەمراھ تاپالمايدۇ.

58 ـ تېشىڭدا ياخشى بولغاندەك، ئىچىڭدىمۇ ياخشى بول.

59 ـ ئىنسان قېرىسا كىچىكلىكىگە قايتىدۇ. كۆزى، سۆزى، قۇلىقى، ئەقلى، ئەستە تۇتۇشى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەممىسى شۇ.

60. شۇڭا ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، قېرىلارغا كۆيۈن.

61 ـ ئەمەللىرىڭدە ئاللاھقا ئىخلاس قىل، بۇ قۇلچىلىقىڭنىڭ سەممىيىتى.

62 ـ رەببىڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشلار بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق ئىزدىمە، تەقدىردىكى سىرنى كوچىلىما، بۇ ئەقلى ئىدراكىدىن تاشقىرى ئىشتۇر.

63 ـ بىرەرسى مەسلىھەت سورىسا، ساماۋى كىتاب قۇرئاندىن مەسلىھەت بەر، مۇسۇلمان بولۇپ، كارامەت بېرىلگەن بىر زاھىد مۇنداق دېگەن:

مەن ئىسلام دىنىنى نەپسىمگە دەڭلىسەم، ئۇ ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىسلام دىنى توغرا ئىكەن دەپ مۇسۇلمان بولغان.

65 ـ ئاياللارغا مەسلىھەت سېلىپ، قارشىسىنى قىلساڭ، غەلىبە قىلىسەن.

66 ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى، ئاللاھقىلا ئەرز قىلسۇن، چۈنكى، ئۇ ھەقنى ئاشكارىلاپ باتىلنى يوقاتقۇچىدۇر.

67 ـ ياخشى باشلىنىشقا ئېرىش، ئاخىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

68 ـ تىلىڭنى ئوبدان ساقلا، چۈنكى، ئۇ ھەممە يامانلىقنىڭ سەۋەبچىسى، قىيامەت كۈنى ھەربىر لەۋزىدىنمۇ ھېساب بېرىسەن، ھالاللىرىغا ھېساب، ھاراملىرىغا ئازاب دېگەن شۇ.

69 ـ يېشىڭ كىچىك چاغدا يېشى كىچىك قىزچاقنى ئال، بەختلىك بولىسەن، پات يېقىندا بالاڭ قولۇڭنى بىكارلايدۇ، زاھىد بولىسەن.

70. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلساڭ، سەنمۇ شۇ ياخشىلىققا ئېرىشىپ، يەنە جەننەت بېرىلىدۇ.

71 ـ قېرىندىشىڭنىڭ ھەققىنى قېرىنداشلىق ھەققىگە تايىنىپ ئېلىۋالما.

72 ـ ئىرادەم كۈچلۈك بولاي دېسەڭ، ئايال كىشىنى قەلبىڭگە غالىب قىلما.

73 ـ ئايال كىشىگە مايىل بولۇپ، ئازساڭ، دىنىڭ، شەرىئىتىڭ بىلەن ئويناشقان بولىسەن، ئايال كىشى

دېگەن قارارى يوق، ئاققان سۇغا ئوخشايدۇ، سىرىڭنى بەرمە، ئۇ شېرىن دۇشمەن، شەھۋەت نەپسى ھالاكەتتۇر.

74 ـ ھاراق ئىچكۈچى، خارلىق، خاراپ ئىچكۈچىدۇر.

75 ـ قورقۇنچاقلىق ھاياتنى ئۇزارتالمىغاندەك، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ.

76 ـ ئىبادەت بىلەن ئۆيۈڭنى لازىم تۇت، ياخشىلىقنا بۇيرۇغۇچى ئالىمنى زىيارەت قىلساڭ، يېقىن دوستۇڭنى كېسەلدىن يوقلىساق مەيلى.

77 ـ بىر پۇرسەت قولدىن كەتسە، ئۇمىد ئۇزمەي ئىككىنچىنى چىڭ تۇت.

78 ـ ھەيبىنىڭ يوقالماسلىقى ئۈچۈن كىچىك باللار بىلەن ئوينىما.

79 ـ يامانلىقنى سۆزلىسەڭ، ئاقىۋىتى ئۆزۈڭگە قايتىپ كېلىدۇ.

80. نەپسنى باشقۇرۇش دېگەن ھاۋايى ـ ھەۋەسدىن توسۇشتۇر.

81 ـ سەن ھەرگىز تىكەندىن ئۈزۈم ئۈزەلمەيسەن.

82 ـ ھەربىر ئىنسان باشقىلار بىلەن ئەمەس، ئۆزى بىلەن مەشغۇل بولسۇن.

83 ـ ھەقىقىي بەخت، مال ـ دۇنيا بىلەن بولمايدۇ، بەلكى، ئەقىل نۇرى، پەزىلەت، ئېسىل ئەخلاق، قانائەت، رازىلىق بىلەن بولىدۇ. خۇددى، بايلىق پۇل بىلەن ئەمەس نەپسنىڭ بىھاجەتلىكى بىلەن بولغاندەك.

84 ـ ئۇستازىڭنىڭ ئاچچىقى بىسىققىچە نېرى تۇر.

85 ـ قانچە قاتتىق كۈنگە قالساڭ، شۇنچە ئۇمىد ئۈزمە. چۈنكى، بىر مۇشكۈللۈك، قىيىن ئىش بىلەن ئاسان بىللە.

86 ـ ۋەكىل تۇتماقچى بولساڭ، ئىشەنچىلىك، ئاقىلنى تۇت.

87 ـ كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئىشىنىپ قالما، ھالاك بولىسەن.

88 ـ كىشىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقنى دوستىدىنمۇ، دۈشمىنىدىنمۇ سورىما.

89 ـ قىلغۇاتقان خىزمەتتە ھورۇنلۇق قىلساڭ، ئاقىۋىتى زور زىيان.

90. توشقان ئالىم بولغاندا، قەلب سەھىپىلىرىگنى تەكشۈرۈپ باق، يا قوشۇلىدۇ، يا ئېلىنىدۇ. ھېچبولمىغاندا تەكرار بولىدۇ.

91 ـ ئالىم دېگەن دۇنيالىقتا پېقىر بولسىمۇ، ئۇستۈن مەنزىلگە ئىگىدۇر، ئىلمىنى ھۆرمەتلە، ئوبدان ھمايە قىل، سېنىمۇ ھمايە قىلىدۇ.

92 ـ نەرسە يېسەڭ بىللە تۇرغانلارغىمۇ بېرىپ يە.

93 ـ ئىنسان، يېيىش ئۈچۈنلا يارىتىلمىغان، بەلكى، ئۇ پاك، ئېسىل ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈنلا، يەپ قويىدۇ، بۇ ھاياتنى ئەبەدىي ھاياتقا ئۇلايدۇ.

94 ـ ھەرقانداق زامان، ماكانغا يولۇققان ھادىسە ئۆزگىرىدۇ، ۋە ئاخىرىدا يوقايدۇ. شۇڭا، ئاخىرەت دۇنياسىدا كېچە ـ كۈندۈز، زامان يوق.

95 ـ مۇھەببەت كور ۋە گاس قىلىۋېتىدۇ، مەھبۇبىنىڭ قەبىھلىكىنىمۇ گۈزەل كۆرسىتىدۇ.

96 ـ ئوغرىلىق قىلما، بولمىسا جاھانغا ئىبرەت بولۇپ قالىسەن.

97 ـ باي، پېقىرنى خارلىسا، ئۇنى ئاللاھ خارلايدۇ، يا دۇنيادا يا ئۇ دۇنيادا.

98 ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىل، شەيتانغا ئاسىي بول، نىجات تاپىسەن.

99 ـ شېرىكىگە ھېسابنى غەلتە قىلما، خىيانەت قىلغان بولىسەن.

100. كىشلەرگە ئىچىگىدىكىدىن ئەكسى بويىچە مۇئامىلە قىلساڭ،ئۇلارنى ئالدىغان بولىسەن.

101 ـ ھالالدىن تاپقان بىر يۇەن، ھارامدىن تاپقان 1000 يۇەندىن ياخشى.

102 ـ تۆيۈقسىزمۇ ئۆلۈم بولغاچقا، كۆنلىرىڭنى بىكار قىلىۋەتمە.

103 ـ ئۆز ئۆيۈڭدە ئەركىن ھالدا يېگەن بىر پارچە نان، مەھبۇس بولۇپ ياكى خارلىق، ئاھانەت ئاستىدا يېگەن گۆش پولودىن ياخشى.

104 ـ قەلبىڭگە مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرسەتمە، مال ـ دۇنيا يىغىشقىمۇ ھېرىسمەن بولما، چۈنكى، ئۇ تەقسىم قىلىنىپ بولغان.

105 ـ مال ـ دۇنيا، پۇل ـ پۈچەككە خۇشال بولغىنىڭ، دۇنيانى دوست تۇتقىنىڭ شۇ.

106 ـ دائىم ئىشلاردا چۈشۈڭگە تاينىۋالما، ئۇخلىغىڭمۇ قاراپ باق.

107 ـ ياخشى ئەمەلدە يوغان تاش ئىزىدا چىلك تۇرغاندەك چىلك تۇر.

108 ـ يالغانچىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىما، رەددىيە بەر بولمىسا باشقىلار سەن سەۋەبلىك راستكەن دەپ قالىدۇ ـ دە، سەنمۇ بىر كاززاپ ھېسابلىنىسەن.

109 ـ كۆن چىققىچە يېتىپ قالماي، سەھەر تۇر، بۇ بەك پايدىلىق.

110 ـ ئاقىلدا تەدبىر بولغاچقا، كۈچ ـ قۇۋۋەتمۇ بولىدۇ.

111 ـ سەن بىر كىشىنى ئالداپ قويساڭ، سېنى ھەممە كىشى ئالداپ قويىدۇ.

112 ـ پاسىق، يامان كىشىلەرگە سۆز قىلما، مۇئامىلىمۇ قىلما، شېرىك بولۇپ قالىسەن.

113 ـ ئىشەنچىلىك كىشىنى ئامانەت قويغاندا بىلىسەن، ئادىلنى ئۇ مەنسەپكە ئولتۇرغاندا بىلىسەن، دوستنى قاتتىق كۆڭگە قالغاندا بىلىسەن، باللىرىڭنىڭ ياخشىسىنى سەن موھتاج بولغاندا بىلىسەن، ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلىشنى سەنمۇ قېرىغاندا بىلىسەن، مەشۇقنىڭ ئىشقىنى ئايرىلغاندا بىلىسەن، ياشلىق، ساقلىق بايلىق، ھاياتلىقنىڭ قەدرىنى شۇلارنىڭ ئەكسىدە بىلىسەن.

114 ـ ياخشى ئىنسان دائىم ئاللاھنى، ئاخىرەتنى ئەسلەيدۇ.

115 ـ جەننەت، قۇربان بېرىشكە تەييار كىشىگە تەييارلانغان.

116 ـ ئىنسان بەختى، جىسمانى ئوزۇقتا ئەمەس، روھىي ئوزۇقتا، ئازابمۇ شۇدۇر.

117 ـ ياشلىق گۈزەل، ئەمما، ئۇ جاپالىق چېنىقىشقا تولغان.

118 ـ ھەرگىز غەيۋەت قىلىپ قالما.

119 ـ سەندىن پايدىلىنىشنى غەزەر قىلمىغان ئاقىل كىشىنىڭ سۆزىنى تاشلاپ قويما.

120. ئۆيۈڭدىمۇ قالايمىقان سۆز، ھەرىكەت قىلما، چۈنكى، ئۇلار ساڭا ئىقتىدا قىلىدۇ.

121 ـ دائىم قەلبىڭنى ئايال كىشىگە ئالاقدار قىلىپ قويما ھاياتىڭ نابۇت بولىدۇ.

122 ـ ئەخلاقلىق، گۈزەل ئايال، مۇنكەر ئىشنى قىلمىسىلا ئاقىل ھېسابلىنىدۇ.

123 ـ ئاقىل كىشى دېگەن ئاخىرەت تەييارلىقىنىلا قىلىدۇ.

124 ـ سېنى شەيتان ئازدۇرالايدىغان ھەرقانداق يولدىن يىراق بول.

125 ـ سەن ئەڭ ئۆتنۈشقا تېگىشلىك ئىش، بەك ئېسىڭدە قالغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنتۇشنى بىل، پەقەت

ئۈنتالمىساڭ، ئۇنى ئەسلىمەسلىككە تىرىشقىن.

126 ـ ھەق يولغا بېخىللىق قىلما، يا سەندىن مال ـ دۇنيا كېتىپ قالىدۇ يا سەن كېتىپ قالىسەن.

127 ـ يېقىنلىرىغا ياخشىلىق قىلمىغان كىشى باشقا قۇشنىڭ تۇخۇمىنى باسقان قۇشقا ئوخشاش، ئىزى ئۆچۈپ كېتىدۇ.

128 ـ ئەدەپ ـ ئەخلاق يامان كىشىگە كىشىلەر ئالدىدا قوپاللىق قىلما.

129 ـ ھارام ئىشلارنى قىلىش، ئاخىرەتتىكى نىسىۋەڭنى قىرىپ تۈگىتىدۇ.

130. بۇ ئىلىم ـ ھېكمەتنى ئوقۇغان ئاقىل كىشى، ئەمەل قىلىپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلايدۇ، تېخىمۇ مۇھىم دەپ قارىغاننى يادىغا ئېلىپ، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

(تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي 1930 ـ يىلى) (2006 ـ يىل 1 ـ ئاي، تەرجىمە)

## پەلسەپە دېگەن ھېكمەتنى سۆيۈش دېگەن بولىدۇ

گەرچە سەن جاپالىق ئىشلىسەڭمۇ ساڭا موھتاج كىشىنى چۈشىنىپ ھاجىتىدىن چىقمىساڭ، ياخشى ھېسابلانمايسەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق توختىلىدۇ.

ئاللاھ، ھېكمەتنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، كىمگە ھېكمەت بېرىلسە، نۇرغۇن ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ. بۇ ئايەتتە ھېكەت يالغۇز لوقمان ئەلەيھىسسالامغىلا بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى، ھېكمەت، ئىسلام دىنى ئىلمى بولۇپ، ئاللاھ مەيلى غەرىپ، مەيلى باشقا مىللەتتىكى ئىنسان بولسۇن، ئىلھام قىلىۋېرىدۇ. ھېكمەت، ئالدىنقى ئايەتتە تىلغان ئېلىندى، يەنە تېخى رەسۇلۇللاھقا ئىلىم ـ ھېكمەت بېرىلگەن.

رەسۇلۇللاھمۇ ھېكمەتنى تىلغا ئېلىپ، ماختىغان، كېيىنكى نۇرغۇن ئالىملار، زاھىدلار، ئىلىم ـ ھېكمەت، شېئىر، تەمسىل بىلەن نەسىھەت، ۋەسىيەت قالدۇرغان. شۇڭا، كىمگە ئىلىم بېرىلسە، ھېكمەت بېرىلىدۇ، ھەربىر ئىلىم، مەسىلەن: مەنتىق، لوگىكا، بالاغەت، تەپسىر، ھەدىس، شەرھىيلەش، فىقھى، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، سىياسەت ۋاھاكازالار. ھەرقانداق بىلىمدا چوڭقۇر تەتقىق ئېلىپ بارغان ئەقىل، ھەممە ئىشتا ئىشلىگەندەك ئاخىرىدا ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپەگە ئېرىشىدۇ. پەلسەپەنىڭ، ھېكمەتنىڭ، نۇرغۇن شەرتلىرى بار، بىز بۇنىڭغا نەمۇنە، ئۈلگە قىلىپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بىر قىسىم پەيلاسوپ، ھۆكما، ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى مىسال كەلتۈرىمىز.

يۇنان پەيلاسوفى سوقرات، ئوقۇغۇچى سىمياسقا مۇنداق دەيدۇ: بۇ يەردە بىر نەرسە بار، ئىسمى مۇتلەق ئادىللىق، مۇتلەق گۈزەللىك، مۇتلەق ياخشىلىق، ئەقىل مۇشۇ نەرسىلەرگە بىر ۋۇجۇد بارمۇ؟

سىمياس، شۇنداق، ھەقىقەتەن بۇ نەرسىلەر مەۋجۇدتۇر.

سوقرات، سەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟

سىمياس، ياق، كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم.

سوقرات، بىز ئۇلارنى ھېسسى ئەزالىرىمىزنىڭ بىرەرسى بىلەن چۈشىنەلەمدۇق؟ زېھنىڭگە مەنسۇپ بولغان مەنىلەرنى ئىدراك قىلالامسەن؟ ئۇنى بىز جىسمىمىز بىلەن ئويلاپ چۈشىنەمدۇق؟

قارا، تەپەككۇر قىلغاندا بەدەنگە جىسمىغا بولغان ھاجەتلەردىن خالىي بولىمىز.

مەن شۇنى دەيمەنكى، زېھنىي مەنا، شەيئىلەر ھەقىقىتى ئىنسانغا جىسمانى ماددى، ھېسسى دۇنياسىدىن خالىي بولغاندا، خالىس ئەقىلگە تايانغاندا، ئاندىن ئاشكارا بولىدۇ.

سىماس، سەن دېگەن سۆزلىرىڭدە توغرا ھەقىقەتكە ئېرىشىپسەن.

سوقرات، پەيلاسوفلار خالىس، ساپ ئەقىل ئارقىلىق توغرا يول تۇتقان ھالدا، ئۆز غايىلىرىگە يېتىشنى ئۆزلىرىگە ۋاقىپ قىلىۋالدى، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

چۈنكى، جىسىم نەپسى بىلەن روھ بىلەن ھەمراھدۇر. ماددى جىسىمنىڭ ئېھتىياجى بىزنى شەيئىلەر ھەقىقىتىنى ھەقىقەت ئارقىسىدىكى نەرسىنى ئىزدەش، تەتقىق قىلىشىدىن توسۇپ قويىدۇ، ھەرخىل ئىللەت، سەۋەب، ئاپەتلەر بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ، ماددى شەھۋەتلەرگە بىزنى ئاپىرىپ تۇرىدۇ، بۇ چوڭ بالادۇر. ھەقىقىي ئىلىمنى ھاسىل قىلىشىمىز، ھەقىقەتنى تېپىشىمىز، نەپسىمىز دۇنيالىق ماددى جىسمانى مەشغۇلاتلاردىن خالىي بولغاندا، ئاندىن ھاسىل بولىدۇ دېگەن.

ئەفلاتۇن مۇنداق دەيدۇ:

مۇكەممەل جەمئىيەت مۇنۇ ئۈچ تەبىقىدىن شەكىللىنىدۇ.

بىرىنچى، ئىشلەپچىقارغۇچى قوشۇن يەنى دېھقان، سانائەتچى، ھۈنەرۋەنلەر، بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى غىزا ھاسىل قىلىش، كۆپچىلىك، جامائەت چىقىمىنى كۆتۈرۈش.

ئىككىنچى، ئەسكەر، قوشۇن، ساقچىلار. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، مۇداپىئە قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى قوغداش، ۋە كېڭىيىش.

ئۈچىنچى، ھۆكما، پەيلاسوف، ئالىملار، بۇلار ھۆكۈمگە ئىگە بولۇش، توغرا مەسلىھەت بېرىش، تەدبىر قىلىش، ئىختىلابنى، زىددىيەتنى جىدەل - ماجرانى تۈگىتىش، ۋاقتى كەلگەندە چىقىش يولى كۆرسىتىشكە مەسئۇل.

ئىنسانلار دۇنياسىغا كەلسەك، بۇلارنىڭ نەپسى ئۈچۈن يۇقىرقى ئۈچ تەبىقىگە قىياسەن ئۈچ كۈچ - قۇۋۋەت بولىدۇ. بىرىنچى، شەھۋانى كۈچ - قۇۋۋەت، بۇنىڭ خىزمىتى تائام، شاراپ، جىنسىدەك ماددى، جىسمانى ھاجەتنى ھاسىل قىلىش مەركىزى، قورساق، گال، يامانلىقى شۇكى، يامان ئىشلارغا مايىل بولۇش، ياخشى تەرىپى بولسا، ئىپپەتلىك بولۇشدا.

ئىككىنچى كۈچ قۇۋۋەت بولسا، غەزىپى كۈچ - قۇۋۋەت، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جىسمىنى مۇداپىئە قىلىش، ئازاردىن ساقلاش، قارارگاھ، قەلب، يۈرەكتىكى تەسىرى بولسا، قان - تومۇردا ياخشى تەرىپى بولسا، باتۇرلۇقتا سەۋر قىلىشتا بولىدۇ.

ئۈچىنچى كۈچ - قۇۋۋەت بولسا، پىكىر، تەپەككۇر، ئەقلىي كۈچ قۇۋۋەتتۇر. ئەقىل، قەلبىدە يۈرەك قۇماندان، پىكىر، ئەسلەش، ئويلاش باشتا بولىدۇ. ئۇ ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ئىنسانلار ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ، يول كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، ياخشى تەرىپى بولسا، چېچەنلىك، ھوشيارلىق، ئىلىم - ھېكمەتتۇر.

ئەمدى بىز دۇنيادىكى ئىنسانلارنى ئويلايدىغان بولساق، ئۇلار، دەل ئۈچ سىنىپ بولۇپ شەكىللەنگەن، بىرىنچىسى بولسا، شەھۋانى كۈچ - قۇۋۋەت، ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىۋېلىپ، مال - دۇنيا يىغىش، لەززەتكە بېرىلىش بىلەنلا بولىدۇ، يەپ - ئىچىش، تۇرالغۇ جاي، جىنسىي ھەۋەس خالاس، بۇلار ھايۋانغا ئوپمۇئوخشاش.

ئىككىنچى سىنىپ بولسا، غەزەپ قورشىغانلار بولۇپ، دائىم باتۇر بولۇشنى، ئېلىشىشنى، دەۋالىشىشنى، شۆھرەت قازىنىشنى، غەلىبە قىلىشنى، يۈز - ئابرۇينى ئويلاپ، دوست - دۈشمەن دەپلا ئىش قىلىدىغانلاردۇر.

ئۈچىنچىسى بولسا، ئەقىل، پىكىر، تەپەككۇر، ھاكىمىيەتلىك قىلىدىغان، ئىسىل كىشىلەردۇر، ئۇلار دائىم ئىلىمنى ھېكمەتنى سۆيىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا، ئۇلار پەيلاسوف دەپ ئاتالغان. ھەربىر سىنىپ ئۆز ئىشىغا خۇشال بولۇپ، مېنىڭ توغرا سېنىڭ خاتا دەيدۇ، ئۇنداقتا، بىز زادى كىمنىڭكىنى توغرا دەيمىز؟ بۇنىڭغا ئەمەلىي تەجرىبە جاۋاب بېرىدۇكى، شەھۋانى ئىشلار، غەزەپلىك ئىشلار، كەسپى ئىشلار ھەممىسى باش -

ئاخىرى ئازابلىق، دەرىت ـ ئەلەملىك بولىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت بولسا، باشتىن ـ ئاخىرى لەززەتلىك، خۇشاللىق، كىشى قانماي ئۆتىدىغان ئىسىل نەرسە، مەن ئىلىم ـ ھېكمەتنى تاللايمەن، چۈنكى ئۇ ھاكىمدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا نۇرغۇن پەلسەپە، پەلسەپەۋى ھېكايىلەرنى يازغان، بەزىسىنى خاتاغا چىقىرىپ، بەزىسىگە قۇرئان، ھەدىسنى دەلىللەپ بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزمۇ بۇنى قوللايدۇ دەپ ئەسكەرتىش بەرگەن، ئۇ ئەرەب پەلسەپەسىنى ۋە پەلسەپە، پەيلاسوف، ئىلىم ـ ھېكمەت، ھەرخىل ئىلىم ـ پەن توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسانلار كۆڭلى، نەپسى يېگىلىقنى ياخشى كۆرۈش، گۈزەللىكنى سۆيۈش، ئۇنى ئىزدەش، ئۇستىگە يارىتىلغان، مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىلمى تەتقىقات ئىزدەش جايلىرى مۇنداق خىلمۇ ـ خىل يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئاسمانلار، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى بوشلۇق، بۇلۇت، يامغۇر، چاقماق، بوران، شامال، ئىسسىق ـ سوغۇق، يەرشارى، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، مەدەنلەر، **110** خىل ئېلېمېنت، ماددىلار، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، سىرلىق ھادىسىلەر، تارىخى ۋەقەلىكلەر، كەلگۈسىگە نەزەر، خىيالى پىلانېتلار، ئۆلۈم، روھ، كەلگۈسى دۇنيا ۋاھاكازالار. ئۇنىڭ قىززىقمايدىغىنى يوق.

بۇنى ئالدىن بىلگەن، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ، ئىنسانلارغا توغرا بولغان نۇرغۇن ئىلمى كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ، قۇرئاننى چۈشۈرگەن، ئەلچىسى بۇنى تەپسىر ۋە شەرھىيلىگەن، مانا مەن ھازىر قۇرئان تەپسىر قىلىۋاتىمەن، مەن نۇرغۇن ئايەت، ھەدىس، ئەسەر ۋە ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن پەلسەپە، ھېكمەتتىن ھازىر بىر قانچە، ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە پەنلىرىنى تونۇشتۇرىمەن.

## پەلسەپە

مەن بۇ پەلسەپە، ئىلىم ـ ھېكمەت توغرىسىدا توختىلىشدىن بۇرۇن، مۇھىم بىر ئەسكەرتىش، تەنبىھ بېرىپ قويماقچى، بىز بارلىق ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە، ئەقىدە، ئەھكام، سىياسەت قاتارلىق مەسىلىلەردە قۇرئان، ھەدىسنى ئاساسىي مەنبە قىلىشىمىز لازىم. پەلسەپە، ئەقىل ئارقىلىق چىقىرىلغان خۇلاسە سۆز بولۇپ، بەرىبىر كېلىش مەنبەسى ئىنسان ئەقلى، ئەگەر ئۇ، قۇرئان، ھەدىس نۇردىن ئېلىنغان بولسا، شەرىئەتكە خىلاپ كەلمىسە، ئىسلام قانۇنى قوللىسا، ئېتراپ قىلسا، ئۇ توغرا ب ولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىزگە قۇرئان، ھەدىس كۇپايە، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە لازىم ئەمەس، پەلسەپەمۇ بەزىدە كىشىلەرنى مۇنۇ ھېكايە ئالدىغاندەك ئالداپ كېتىدۇ، ئەقلىنى ھەيران قالدىرىدۇ. ھازىرقى بارلىق دىنسىز ھاكىمىيەت ئاستىدا كادىرلىق قىلىۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان مەمۇرىي خادىملار مۇنداق بىر ھېكايىنى دەلىللەپ ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، گۇناھسىز دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خاتا، ئۇ ھېكايە بولسا، تام، قوۋزۇقتا نېمە ئۈچۈن مېنى يېرىۋېتىسەن دەپتۇ، قوۋزۇق بولسا، تامغا مېنى قاققان توقماقدىن سورا دەپتۇ، دېگەن ھېكايە. مەقسىتى، گۇناھ، جىنايەت، جاۋابكارلىق توختىماقتا، قوۋزۇقتا نېمە گۇناھ، دېمەكچى ـ دە، ئۆزلىرىنى گۇناھسىز ھېسابلاپ، زالىم كاپىرلارغا خىزمەت قىلىۋېرىدۇ، بۇ ئەڭ چوڭ ئازغۇنلۇق، ئۇلار، قۇرئاندىكى مۇنداق ھۆكۈمنى ئاڭلاپمۇ چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ.

ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن بىللە دوزاختا كۆيىدۇ، بىر ـ بىرىگە لەنەت ئېرىشىدۇ. رەببىمىز ئۇلار بىزنى ئازدۇرۇپتۇ، ئۇلارغا ئىككى چەندان ئازاپ بەرسىلە دېسە، ئاللاھ، ھەممىڭلارغا شۇنداق ئازاب بولىدۇ دېگەن، چۈنكى، ئۇلار بولمىسا، چوڭلارمۇ نېمىنى ئازدۇرىدۇ؟ يەنە تېخى، پەيغەمبەرنى دوست تۇتسامچۇ؟ پالانىغا ئەگەشمىسەمچۇ دېگەن ئايەت بار، خالىقتا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق دېگەن، سەھىھ ھەدىس بار، مۇشۇ دەلىل بىلەن يۇقىرقى نەزەرىيە خاتا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئايەت گۇۋاھ، ھەدىس گۇۋاھ، ئۇلار بىر ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇلار بولمىسا چوڭلار نېمىنى ئازدۇرىدۇ، توقماقنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەلىلى بار، مىسال: قوۋزۇق بولمىسا، نېمىنى قاقىدۇ؟ ھەتتا، قوۋزۇق مەۋجۇت بولمىغان بۇلسا، توقماقمۇ مەۋجۇت بولمايتتى.

ئۆچىنچى، ئاشۇ مەمۇرلار بولمىسا چوڭ ئامىرلار بولمايتتى. خۇددى خەلق بولمىسا ھاكىمىيەت بولمىغاندەك.

تۆتىنچى، كۆسەينىڭ ئۈچى تونۇرغا كىرگەچكە بالدۇر كۆيىدۇ، ئۇلار زالىملارغا، كاپىرلارغا ياردەمچى بولدى، ئىئانە قىلدى، ھەتتا دىندىن چىقتى.

بەشىنچى، ھاكىمىيەت تەرىپىدىن، مەمۇر ھەتتا شۇنى قوللىغان قانۇن - تۈزۈمنى قوغداپ، قوللاپ، مەسىلىلەرنى شۇلار بىلەن ھەل قىلغان، ئۇلارغا ئەرز قىلغانلارمۇ شۇلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا دوست، نۇرغۇن ئايەت، ھەدىس، ئەسەر، ھېكمەت دەلىللىكى، ھەممىسى بىر گۇرۇھ، ئوخشاش جازالىنىدۇ. چوقۇم تىكەندىن مېۋە ئۈزگىلى بولمايدۇ.

خۇلاسە گەپ شۇكى، مۇشۇنداق قالايمىقان ھېكايە، ئەپسانە، رىۋايەت، يالغان زەئىپ ھەدىسلەر ئالداپ كەتكەندەك، ئازدۇرغاندەك، سىلەرنى پەلسەپە ئالداپ كەتمىسۇن، ئازدۇرمىسۇن، چوقۇم ھەربىر ئىشتا دۈچ كەلگەن مەسىلىنى، ئېتىقاد، ھۆكۈم جەھەتتىن ئىبادەت جەھەتتىن، قۇرئان، ھەدىسكە توغرىلاپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ، دەلىلىنىمۇ ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ، بولمىسا يەنە خاتا بولىدۇ.

پەلسەپە، ھېكمەتنى سۆيۈش، پەيلاسوف، ئىلىم - ھېكمەتنى سۆيۈپ ياخشى كۆرگۈچى دېگەن بولىدۇ. بۇ يۇنان تىلى بولۇشى مۇمكىن، ھازىر كىشىلەر بىرەر ئىلىمدا نەتىجە قازانغان ھۆججەت كەلتۈرۈش ئىلمىدا ياكى مەنتىق لوگىكىسىدا ماھىر بولسا، ئۇنى پەيلاسوف دەيدۇ، ياكى نۇرغۇن كىشىلەر ساختا بىلىم، كىنىشكە ئېلىۋېلىپ، دوكتۇر، پىرافىسور، ماگىستىر، پەيلاسوف بولۇۋالىدۇ. ھازىر كىشىلەر دەۋاتقان پەيلاسوف، توغرا باھا ئەمەس، كۆپىنچىسى ئازغۇن، ھەقدىن يىراق تۇرىدۇ، ھەقىقىي پەيلاسوف دېگەن، ئىلىم - ھېكمەتتە، ماتىماتىكىدا، تەبىئەت، ئىلاھىيات ئىلمىدا، ھەرقايسى پەنلەردە، دۆلەت ئىشلىرىنى ياخشى تەدبىر بىلەن ئىدارە قىلىشىدا، سىياسەتتە بولۇپمۇ، ئەھلى سۈننىلەر ئەقىدىسىدە بولسا، مانا بۇ ھەقىقىي پەيلاسوف، سۆزلىرى بولسا پەلسەپە، پەيلاسوفلار باشلىقى، رەئىس ئىبنى سىنا ئەمەل قىلىشنى شەرت قىلغان، بۇنى ھېكمەت مېۋىسى دېگەن، پەلسەپە ئۈچۈن، ئىنچىكە كۆزىتىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈش، ئەتراپلىق ئويلىنىش، نەزەر - دائىرىسى كەڭ بولۇش، توختىماي ئىزدىنىش، دائىم تەپەككۇر قىلىش، توغرا ئانالىز قىلىپ، تەھلىل قىلىش، توغرا دەلىللەپ ھۆكۈم قىلىش، ئومۇمىي سۆزلەشدەك نۇرغۇن شەرتلەر لازىم.

دۇنيادا نۇرغۇن پەيلاسوف، نۇرغۇن پەلسەپە كىتابلىرى بار، ئەڭ توغرىسى، ھەق بولغىنى دىن قوللىغىنى، قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلگىنى، قۇرئان نۇرىدىن ئېلىنغىنى شۇ. پەلسەپەگە ئۈچ دەرىجە بولۇپ، بىرىنچىسى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىشنى ياخشى كۆرۈش، ئىككىنچىسى، ئىلىمنى كامىل قىلىش، ئەلۋەتتە، كامالەت، ئاللاھقا خاس، بىز دېگىنى ئىنسان تاقىتى ئىچىدە، ئۈچىنچى، ئەمەل قىلىش، بۇ مۇھىم، چۈنكى مېۋىسىدۇر، بەزى كىتابلاردا مەسىلەن: ئىخۋانۇلساپا دېگەن كىتابدا پەلسەپەنىڭ ئەۋۋىلى، ئىلىملارنى ياخشى كۆرۈش، ئوتتۇرى ئىنسانىيەت، تاقىتى يەتكەن مىقداردا مەۋجۇداتلار ھەقىقىتىنى تونۇش، ئاخىرى بولسا، ئىلىمغا مۇۋاپىق سۆزلەش، ۋە ئەمەل قىلىشتۇر دېيىلگەن. بۇنىڭغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئەمەلىي ئىزچىللاشتۇرساق، پەيلاسوف، دۇنيادا بىرسى ياكى ئىككىسى چىقىشى مۇمكىن.

بىز ھازىر ھېكمەت، پەلسەپە ئىلىملىرىنى تەقسىم قىلىمىز، بۇ تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ماتىماتىكا قىسمى، لوگىكا، تەبىئەت ئىلمى، ئىلاھقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىم، ماتىماتىكا بولسا، تۆت قىسىم بولىدۇ، بىرىنچىسى، سانلار ئىلمى ئىككىنچىسى، ھاۋا، مېتېئورولوگىيە، ئىنجىنىر ئىلمى، ئۈچىنچىسى، ئاسترونومىيە، تۆتىنچىسى، مۇزىكا ئىلمى.

بىرىنچى، سانلار ئىلمى دېگەن، ھېساب بولۇپ، بۇ ئىلىم مەرىپەت مەنبەسى، ھېكمەتنىڭ بېشى، پەلسەپە ئەسلى بولىدۇ. ئۇ بولسا، سانلار ئىلمى، ماھىيىتى، كەيپىياتى، خۇسۇسىيىتى، شەكىل، سۈرەت، سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېۋىسى بولسا، كىشى زېھنىنى ماددا، جىسمىدىن خالىي نەرسىگە نەزەر تاشلاتقۇزىدۇ، تەپەككۇر قىلدۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ھاۋا ئۆزگىرىشى، يامغۇر ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى، كەيپىياتى، نۇرى، مىقدارى، دائىرە، شەكىل،

بۇلۇت ۋاھاكازالار.

ئۈچىنچى، ئاسترونومىيە، پەلەك ئىلمى دېيىلىدۇ، بۇ، ئاسمان جىسمى، يۇلتۇزلار، ئۇلارنىڭ ئوربىتىلىرى، سەيرە ئورنى، شەرىق، غەرب، سامان يولى سىستېمىسى، ھەرخىل قۇياش سىستېمىسى، قۇياش يىلى، ئاي يىلى قاتارلىقلارنى ئىگىلەيدۇ.

تۆتىنچى، جۇغراپىيە، يەرشارى ئىلمى، قۇرۇقلۇقى، شەكلى، دەۋر قىلىشى، يەتتە قىتئە، ئىقلىم، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، مەدەن، ئىسسىقلىق دەرىجىسى ۋاھاكازالار.

بەشىنچى، مۇزىكا ئىلمى، بۇ ئىلىمدا يەنىلا سان، مىقدار، ئاۋاز تەتقىق قىلىنىدۇ، ئاھاڭنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئاڭلىغۇچىلار قەلبىدە قانداق تەسىر پەيدا قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭغا قارايدۇ، بۇنىڭ تەسىر كۈچى يۇقىرى، شۇڭا، ئۇ كىشىنى ئالدايدۇ، شەرىئەت تولىسىنى چەكلەيدۇ.

مەنتىق، لوگىكا ئىلمى، بۇ ئىلىم شەيئىلەر ماھىيىتىنى تونۇش دائىرىسىنىڭ پاسىتتىن سەھنى ئايرىشنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭ يوللىرى تەسەۋۋۇر ۋە تەستىق، مۇشۇ ئىككى يەرگە ئايرىدۇ. كىشىنى ئويغا سالىدۇ، تەپەككۈرنى ئاشۇرىدۇ، بۇ ئىلىم مۇنداق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى، كۈللىيات جىنسى، نەسلى، پەسلى تۈر، خاس، ئام، ئارىزلار.

ئىككىنچى، جەۋھەر كەم يەنى قانچىلىك دېگەن مىقدار، كەيپىيات، جىسىم، ئاناسىر ئېلېمېنت، ۋە سۈپەتلەر.

ئۈچىنچى، نەقىيز يەنى تەتۈر ئەكسى، مۇمكىن نەقىيز يەنى مۇمكىن ئەكسى، ئىجابى، سەلبى، خۇددى مۇسبەت ـ مەنفىدەك.

تۆتىنچى، قىياس، قىياس سۈرىتى، بۇ ئېھتىمالى شەرتى، زەننىي گۇمان، يېقىن، شەكسىزلىك دېگەننى ۋە قىياس ماددىسى بەش تۈر.

**1** ـ بۇرھان، يەنى ھۆججەت، خۇددى كۆز كۆرگەن، ئاڭلىغان ياكى تەجرىبىدىن ئۆتكەندەك

**2** ـ جىدەل، مۇنازىرە، خۇددى تۆت مەزھەپ فىقھىسىدەك ھەرقايسى ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، جايىدا قالىدۇ.

**3** ـ خىتابەت، كىشىنى قىزىقتۇرۇش، ۋەز ئېيتىشتەك.

**4** ـ سەپسەتە، بۇ مۇنازىرىنىڭ غەلىتىسى، ھەقنىڭ خىلاپى، كىشىنى باتىل بىلەن قايمۇقتۇرۇش.

**5** ـ شېئىر، بۇ تەمسىل، تەشبىھنى نەپرەتلەندۈرۈش ياكى قىزىقتۇرۇش، ھېكمەت، تەمسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: بۇرۇنقىلاردەك كېيىنكىلەرمۇ مەنتىقكە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، قىزىقىۋاتىدۇ، دەرسلىك قىلىۋاتىدۇ، نەچچە قىسمىنى ئېلىپ، نەچچە قىسىملارنى قوشۇۋاتىدۇ، مەنتىق بولسا، ھازىر زامانىمىزدا دەرسلىك قىلىنىۋاتىدۇ، مەسىلەن: ھىجرىيە **700** ـ يىلى، ۋاپات بولغان ئەسىرۇددىن ئەبھەرىنىڭ ئىساغوجى نامىلىق كىتاۋى، نەسىرۇددىن توسىنىڭ تالىپى، **700** ـ يىلىدىكى ئالىم ئۆمەر ئىبنى ئەلىنىڭ (ئە ششە مسيه فى الفوائدلمنتقييه) دېگەن كىتابلىرى دەرسلىك بولۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن شەرھىيلەر بار، ئەمەلىيەتتە مەنتىق ئىلمى، ھازىر مېۋىسىز دەرەخ بىزگە ئۇنىڭدىن چوڭراق پايدىلار تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن بۇ كونا پروگراممىا، ئۇسلۇب، دەرس قائىدىسىنى ئۆزگەرتمەيمىز؟

ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم، مۇكەممەل، بىر يولغا ماڭايلى، خىيالنى ئاز قىلىپ، نەخ پايدىنى ئالايلى، ئەلۋەتتە، سەلەف ئالىملارمۇ مەنتىق، كالام ئىلمىدىن توسقان، تېخى بەزىلەر دىنسىز بولىدۇ دېگەن. ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۆتىدىل ئورۇندا سۆز قىلىپ، ياخشىدىن يامىنى كۆپ دېگەن، ھەر ھالدا توغرىسىغا يول قويغان، سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز ئەقىدە كىتابلىرىغا قاراڭ.

تەبىئەت ئىلىملىرى سەككىز قىسىم بولىدۇ.

1 ـ ھيولي ئەسلى ماددا جەۋھەر، سۈرەت، شەكىل، ھەرىكەت، زامان، ماكان، جىسىم، ماددىغا خاس ئىشلار تەتقىقاتى.

2 ـ ئاسمان ۋە ئالەم، ئالەم شەكلى، نىزامى، پەلەكلەر، پىلانېتلار قەۋەت سانى، تەبىقىسى، سەيرلىرى.

3 ـ كائىنات ۋە پاساد، بۇ ئىلىمدا مەدەن، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلار، 110 خىل ئىلىمېنت ماددىدىن قانداق شەكىللەنگەن؟ مۇشۇ مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىدۇ.

4 ـ ئۈستۈن ئالەم تەسىرى، ھاۋا كېلىماتى، ئىسسىق ـ سوغۇق، بۇلۇت، يامغۇر، شامال، مۆلدۈر، قار، چاقماق، ھەسەن ـ ھۈسەن، نۇر، زۇلمەت، پار ئىلىملىرى بار

5 ـ مەدەن ھاسىلى بولۇشى، تۇپراق، لاي، قاتتىق زېمىن، تاش، گۆگۈرت، ئەينەك، قاتتىق ـ يۇمشاق. دېڭىز ئاستى، گۆھەر، مارجان، تاغ، ئۆگكۈر، قۇم بارخان، ئالتۇن ـ كۈمۈش، كۆمۈر ۋاھاكازالار تەتقىقاتى.

6 ـ ئۆسۈملۈك ئىلمى، بىئولوگىيە قىسمى، ئۆسۈملۈك جىنسى، تۈرى، خۇسۇسىيىتى، پايدا ـ زىيىنى، زەھەر، دورىسى، مەرتىۋىسى، تاغ، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئۆسۈملۈكلىرى، سۇ يۈزى، سۇ ئاستى، باغلار ۋاھاكازالار.

7 ـ ھايۋاناتلار تەتقىقاتى، ئاجايىپ ـ غارايىپلار، تەبىئىتى، مىجەزى، مۇھەببەت تۇرمۇشى، ئوزۇق ئەھۋالى، تۇرمۇش ئەھۋالى، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار، سۈت ئەمگۈچى، تۇخۇمدىن چىققان، تۇغۇلغانلىرى، گۆشخورلىرى قاتارلىقلار.

8 ـ ھەممىنىڭ پادىشاھى، ھەممە ئۈزىگە بويسۇندۇرۇلغان، ئىنسانلار تەتقىقاتى، جىسىم تەركىبى، ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش، سىلاشدىن ئىبارەت بەش سەزگۈ ئەزا، مىڭە قىسمى، روھى قىسمى ئەقىل ـ ئىدراك، پىكىر، تەپەككۇر بەش سەزگۈ ئەزالارغا تەقسىم قىلىنغان، مەلۇمات تەتقىقاتى.

مەسىلەن: سىلاش يولى بىلەن ئون تۈرنى بىلىش، مەسىلەن: قاتتىق ـ يۇمشاق، ئىسسىق ـ سوغۇق، سىلىق ـ قوپال، تېتىش يولى بىلەن توققۇز تۈرنى، ئاچچىق ـ تاتلىق، چۈچۈك، تەلۋە، لاۋزا، ئىسسىق ـ سوغۇق ۋاھاكازالار. پۇراش بىلەن ئىككىنى، مېزىلىك، سېسىق، ئاڭلاش بىلەن بەش تۈرنى، مۇڭلۇق، مۇڭسىز، كۈچلۈك، ئاجىز، مەخپى، ئەر ـ ئايال، ئىنسان، ھايۋان ياكى نەرسە ئاۋازى، كۆرۈش يولى بىلەن ئون تۈرنى بىلگىلى بولىدۇ. ئومۇمى مەلۇمات، 36 نۇر بولىدۇ. ھېس، ئىدراك ئەزالىرىنى ياراتقان ئاللاھ، مەلۇمات، مەدرۇكاتنى ياراتقان، خۇددى يېمەكلىكنى يارىتىپ، ئاشقازان ياراتقانىدەك، مانا شۇنداق مىجەز، ئەخلاق، ۋىجدان، غەزەپ، شەھۋەت مەسىلىلىرىنى، ئۆلۈم مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىنسان ئىلمى دائىرىسىدا بولىدۇ. ھەممىنى ئىنسان تەتقىقاتى، ئىلاھىيات ئىلمى دىگىنى، كۈللى مەۋجۇدات، مەخلۇقاتنى تەتقىق قىلىپ، ھەقىقەتكە تاقەتنىڭ يېتىشى بىلەن يېتىپ، ئەقلى، مەنتىقىسى، ئۇسۇل بىلەن ئاللاھ بار، بىر دېيىش. كۈللى مەۋجۇداتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشى، ھادىسە بولۇشى، باقى، پانى بولۇشى، ۋۇجۇدى، ماھىيىتى، بىرلىك، كۆپلۈكى، مۈكىن، مۇمتەنىھ، قەدىمى، ئەزلى ھادىسە، سەۋەبى، مۇسەببەبلىرى، ئاندىن ئىلمىنىڭ كۈللىسى، باشلىنىشى، ئاخىرلىششى، ھەق، ئادىل بىر ئاللاھنى بار، بىر دېيىش، ئىسپاتلاش، ئەقىل، نەپسى، روھ، پەرىشتە، جىن تەتقىقاتى، ئىككى ئالەم تەتقىقاتى، ئىككىنچى ئالەمگە بۇ ئالەمنى تۇتاشتۇرۇش قاتارلىقلار. ئېبنى سىنا بۇ ئىلىمنى تەبىئەتدىن كېيىنكى تەبىئەت ئارقىسىدىكى بىلىم دەپ ئىشارەت بەرگەن. كىتابلىرىدا ئۇتتۇرىغا قويغان، ئىبنى رەشىدمۇ كىتاب يازغان، ھازىر بولسا، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئەقىدىگە سىغىپ كىرىپ، خاتالىق سادىر قىلغان، شۇبھى پەيدا قىلغان، ئۆز ۋاقتىدىمۇ ئىمام غەززالى، «تە هافه تولفه لاسفه» دېگەن كىتابىدا نۇرغۇن جايلارنى خاتاغا چىقىرىپ، قالغان قىسمىنى توغرا دەپ تەنبىھ بەرگەن.

ھازىر تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ، چۈنكى، بۇ ئەقىدە، ئىمان مەسىلىسى، ئىددىيە مەسىلىسى، بۇ

ئىشلاردا ئەقدە، ئىمان، ئىددىيە مەسىلىسىدە قۇرئان، ھەدىسىدىن باشقىسى توغرا بولۇپ كەتمەيدۇ، قۇرئان، ھەدىس، نۇردىن چىقارغان بولسا، مۇخالىق كەلمىسە، توغرا بولىدۇ. ئەقىل، قىياس، جەدەل، مۇنازىرە، ئىجمائ، قىياسقا يول يوق. يەنى ئەقدىدە.

يۇقىرقى بارلىق بىلىملەرنى ئوقۇپ، ماھىر بولۇپ، ئەقلى دەلىل چىقىرىش بولسا، نەقلى دەلىلنى كۈچەيتىدۇ خالاس. قايىل قىلىش كۈچى ئاشىدۇ، ئىلىم زۆرۈر، بىلگەنلەر بىلمىگەنلەر بىلەن باراۋەر ئەمەس، ئەمەلىيەت ئىلمى بولسا، مۇنداق تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەخلاق ئىلمى ۋە ئەمەلىيىتى، بۇ ئىلىم شەھۋەت، غەزەپ، ئەقىل، ئىپپەت، باتۇرلۇق، ئادىللىق، پەزىلەت، رەزىل، بېخىل مەسىلىلىرى، ئەھلىنى، جايىنى، ماكانىنى، ۋاقتىنى تەرتىپكە سېلىش، تەدبىر قىلىش، نىزام، بەلگىلىمە چىقىرىپ باشقۇرۇش، سىياسەت، شەھەر، دۆلەت، جىنىس، مىللەت، دىن، قانۇن ـ تۈزۈم، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرى، دۇئا قانۇنلىرى، جەڭ تەدبىرلىرى، نىشان، غايە، مۇراد ـ مەقسەت، ئىلىم، مائارىپ، خىزمەت، ھوقۇق، ئىشچى، دېھقان، ھۈنەر، كەسىپ، ئىبادەت، مالىيە، ئىقتىساد، جىسمانى، قەلبى، ئىددىيە مەسىلىلىرى، ئەسكەر باشقۇرۇش ۋاھاكازالار تەتقىق قىلىنىدۇ.

## سۈرە سەجدە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ سۈرىدە، ئاللاھتائالا، تۆتىنچى ئايىتىدە، ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى، ئۆزىنىڭ ئەرشىدىنمۇ ئۈستۈنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاندىن **5** ـ ئايەتتە، ئاللاھ، ئاسماندىن ـ زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتلار ئىشلىرىنى) تەدبىرى بىلەن ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىشلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سىلەر ساناۋاتقان مىقدارى ئۇزۇنلۇقى **1000** يىل كېلىدىغان بىر كۈندە ئۆرلەيدۇ دېگەن، بىز دىققىتىمىزنى مۇشۇ ئايەتكە قويايلى.

بۇ ئايەتتە، ئاشۇنداق يىراق مۇساپە، تېز سۈرئەتتە ئۆرلەش، بىزنىڭ **1000** يىلىمىز، بىر كۈنگە توغرا كېلىش، تىلغا ئېلىنغان، يىراق مۇساپە بىزگە نىسبەتەن شۇنداق بىز بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىمىزدا مۇساپە يوق، ئۇ بىللە، ئوخششى يوق، تېز سۈرئەتتە ئۆرلەش، نۇر تېزلىكى، چۈنكى، پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، شۇنداقلا نۇر يىلى مۇساپىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، دەلىل، ئىشارەت بار. مېنىڭ بەك قىزىققىنىم مىقدارى، ئۇزۇنلۇقى **1000** يىل كېلىدىغان بىر كۈن دەل مۇشۇ سۆز، ھازىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، ھازىر دەل بىزنىڭ **1000** يىلىمىز، يەرشارىنىڭ **1000** يىلى، بىر كۈنگە توغرا كېلىدىغان، پىلانېتلارمۇ ئاشكارا بولدى، ھەتتا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن، ھەتتا ئالىملار ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان ئالتە كۈندىمۇ ئىختىلاپ قىلىشتى، توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچى، دېمەكچى بولغىنىمىز، بۇ ئايەتتە، كۈن، زامان، ۋاقىت، ئايلىنىش، دەۋرى، يەرشارىدىن ئاستا، يەشارىنىڭ **1000** يىلى بىر كۈنگە توغرا كېلىدىغان پىلانېت، جىسىمنىڭ بارلىقى ياكى چوڭ جىسىمنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت باردۇر.

بۇ ھازىر تېلىسكوپدا ئاشكارا بولغان، بىر يېڭى ئىلىم ـ پەن، قۇرئاندا، **1425** يىل بۇرۇن بۇ سۆزلەر تىلغا ئېلىنىشى، كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ.

مەن، قۇرئانغا ھەقىقەتەن قول قويىمەن، چىن قەلبىمدىن قايىلمەن، سۇبھانەللا، ئۇ دېگەن ئاللاھنىڭ سۆزى ـ دە! سىزچۇ؟ تەپەككۇر قىلىڭ، ئىزدىنىڭ، ھەقنى تېپىڭ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتكە، قۇياش سىستېمىسىنى بايان قىلدى، ئۇندىن باشقا ئىنسانلار بايقىغان ۋە تېخى بايقىيالمىغان سىستېمىلارنى سۆزلەپ، ئۇن خىل ماددىنى جەدۋەتلىلىك چۈشەندۈرۈپ، كەڭ دائىرىلىك مول بىلىم بىلەن تەپسىر قىلغان، ئاشۇ چوڭ سىستېمىدىن ئىنسان دېگەن بۇ ئالەمنى چىقىرىپ، مۇرەككەپ بايان قىلغان.

ئالتىنچى ئايەتتە، ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق، ھېكمەتتىگە مۇۋاپىق جايىدا ياراتتى دېگەن ئايەتتە،

توختىلىمىز، ئىنساننى لايىدىن ياراتتى، ھەممىمىزگە مەلۇم، كائىنات، ئاسمان، يۇلتۇز، ئوربىتىلار گۈزەللىكى، ھەرخىل مەنزىرە گۈزەللىكى، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئالىم، ئابىد، ئەخلاقلىق، ساھىپ جامالار، ھايۋانلار ئىچىدىكى، قۇشلار ئىچىدىكى گۈزەللىك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **15** ـ جىلد **207** ـ **208** ـ بەتلەردە ئاجايىپ گۈزەل، ھەتتا نەيزە شەكىللىك ئۆسۈملۈك قۇلىقىنى سۈرىتى بىلەن كەلتۈرگەن، خۇددى ئۈزۈم ياكى يۈگمەچ گۈلدەك، گىرەلىشىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشىنى كەلتۈرگەن، **209** ـ بەتتە مۇشۇنداق.

بۇنى پەقەت ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تەتقىقاتچى ئالىملار، بىئولوگلار ئوبدان چۈشىنىدۇ. يۇقىرقى بىلىملەردىن خەۋەردار كىشىلەرلا ھوزۇر ئالىدۇ، ئەقلى ھەيران قىلىپ، سۇبھاناللا دەپ كېتىدۇ. **(دوكتۇر ھارۇن يەھيا)**

فرانسىيلىك بىر بىئولوگ، ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم، خورما دەرىخىنىڭ پۈتۈن ئۆسۈملۈكىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغىنىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خورما، قۇرئاندا، ھەدىستە، مەخسۇس باب قىلىپ تىلغا ئېلىنىدۇ، بىز نۇرغۇن قېتىم دېدۇق، ئۆسۈملۈك دەرسلىكىنى، ئىسلام دىنى، قۇرئان، ھەدىس، كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمىر ـ پەرمانلار بىلەن بۇيرۇيدۇ، ئەمما، مۇسۇلمانلار يولىيورۇق، بۇيرۇققا سەل قاراش، غەپلەتتە ئۇخلاش ئۇلارنىڭ ئادىتى بولغاچقا، يەنىلا بۇ ئادەتنى قىلىۋاتىدۇ، ئاخىرى بېرىپ، ھەممە ئىشتا ھەتتا دېھقانچىلىق، باغۇەنچىلىك تېخنىكىسىدىمۇ دىنسىزلارغا موھتاج بولدى. گۈزەل، چىرايلىق ياراتتى دېگەندىن كېيىن، ئىنساننى لايىدىن ياراتتى دېگەن بۇ ئايەت توغرىسىدا بىز كۆپ توختالغان، ھەتتا ئىنسان جىسمىدا بار بولغان ماددىلارنىمۇ تىزىپ چىققان. **(مەپسەللىك ئۆسۈملۈك)**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ جايغا خۇددى ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدىن گۈزەل سۈرەتنى كەلتۈرگەندەك، ئىنساننىڭ بارلىق سىستېمىلىرىنى، قۇرۇلۇشلىرىنى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، بۇنى ئادەم ئاناتومىيىسىنى كۆرسىگىز بىلىسىز.

ئاللاھ، پۈتۈن كائىناتلارنى يارىتىپ، ئۆز قولى بىلەن بۇ رەڭلىك كىتابلارنى بىزگە سۇنۇپ، ئاندىن تىلاۋەت قىلىنىدىغان ساماۋى كىتابى، قۇرئاندا؛ قاراڭلار، كۆرۈڭلار، تەپەككۇر قىلىڭلار، ئەقىل قىلىڭلار، بۇنىڭدا ئەقىل قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن دەلىل، ئالامەت بار دەپ بۇيرىغان، تازا قاراڭلار، مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ قاراڭلار، تېلىسكوپ، مىكرۇسكوپلاردا قاراڭلار، سەيرە، ساياھەت بىلەن قاراڭلار، ئىبرەت ئېلىڭلار.

ئىنسان جىسمىنىڭ تەبىقىسى، قەۋەت سانى، قۇياش سىستېمىسىنىڭ قەۋەت، تەبىقىسىگە ئوخشاش، مەسىلەن: قۇياش ۋە شۇنىڭدە يۇلتۇز مەركەزدە تۇرۇپ سەيرە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا زۆھرە، يەرشارى، مارىس، يۇپىتېر، ساتۇرۇندەك توققۇز پىلانېت ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇندىن باشقا پىلانېت ھەمراھلارمۇ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ سىستېمىنى سامان يولى ئۇنى ئاسمان بوشلۇقى ئەسىر دېگەن ئالەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دەل شۇنىڭدەك مېنىڭ ۋە سىنىڭ جىسمىڭ مۇشۇنداق توققۇز قەۋەتتىن تەركىپ تاپقان، سۆڭەك، يىلىك، گۆش، قان تومۇرلىرى، قان، پەي، موسكۇل، تېرە، چاچ، تۈك، تىرناقلار، يىلىك بولسا قۇياشتەك مەركەزدە تۇرىدۇ.

پىلانېت، ھەمراھلارنى ئەسىر تارتىش كۈچى چېتىپ تۇرغاندەك، پەي، موسكۇللار مەپسەللەرنى چېتىپ تۇرىدۇ، ماس ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ بوشلۇقلىرىدا گۆش، ياغلار تۇرىدۇ، ئۇلارنى ساقلايدۇ، بۇلارغا ئارىسىدىكى قان ـ تومۇرلىرى ئوزۇق يەتكۈزىدۇ، تېرە بولسا، پەردە ھالەتتە يېپىپ، گۈزەللىك ھاسىل قىلىدۇ، چاچ، تۈك، تىرناقلار بولسا، ئۇشۇق ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، كېرەكسىزنى شاللايدۇ، خۇددى سىستېما شۇنداق قىلىپ، يولدىن چىققان ئۇشۇقلىرىنى يوقىتىپ تۇرغاندەك، مىقداردا كەيپىياتتا ھەر جەھەتتە ئىككى سىستېما ئوخشاش.

ئەمدى بىز ئاسماندىكى ئوربىتا، يوللارمۇ ئىنسان جىسمىغا ئوخشاش دېگەننى دەلىللەيمىز. مەسىلەن: ئالىملار، قۇياش، ئاي چۈشىدىغان ئوربىتا، يوللار 12 ئايغا تەڭ دېگەننى ئىسپاتلىغان، خۇددى سائەتلەرگە ئوخشاش، ئەنە شۇنىڭدەك يەرشارىمۇ قۇياش ئەتراپىدا 12 مەنزىلگە چۈشىدۇ، ئىنساندىمۇ مۇشۇنداق 12 مەنزىل بار، مەسىلەن: ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى بۇرۇن، ئىككى چىقىش ئېغىزى، يول، ئىككى كۆكرەك، ئېغىز، كىندىك قاتارلىق، 12 بۇرۇج 12 مەنزىل چىقىش ـ كىرىش، بېرىش ـ كېلىش بار.

خۇددى ئاسمان بۇرۇجلىرى، ئوربىتىلار ئالتىسى غەرب، ئالتىسى شەرىقتە بولغاندەك، بۇ ئىنسان جىسمىدىكى مەنزىلمۇ ئالتىسى ئوڭدا، ئالتىسى سولدا بولىدۇ. ئېغىز، كىندىكنى بىر كۆپلۈككە بويسۇندۇرۇدۇق خالاس. مانا بۇ ئوخشاش، رەھمانتائالانىڭ يارىتىشىدا ئىگىز ـ پەسلىكنى، ئوخشاشماسلىقنى تاپالمايسەن، ئاللاھ بۇ مىقدار، ھەيئەت، شەكىل، سۈرەت، گۈزەللىكى پۈتۈن مەخلۇقلاردا ئوخشاش ياراتقان.

بۇ بەزى كىشىلەرنى خاتا نەزەرىيىگە ئېلىپ باردى، ئۇلارنى شەيتان ئازدۇردى، ئۇلار توختايدىغان چەكتە توختىماي، يولدىن چىقىپ، ھەقدىن يىراقلاشتى، ئەمەلىيەتتە، بۇ ھادىسىلەر، شەيئىلەر، كائىنات، مەۋجۇدات ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ئىلمى، ھېكمىتى، قۇدرەت، رەھمىتىنى تونۇتىدۇ، ھەتتا، ئەما، گاسمۇ ھېس قىلالايدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك بىز ئۆز جىسمىمىز ئەمدى ھاۋا ۋە زېمىن قاتلاملىرىغا سېلىشتۇرىمىز. قۇياش ۋە پىلانېتلار ئۈستۈن تۇرغاندەك، بىزنىڭ بېشىمىزمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ، پۈتۈن ھېسسى تۇيغۇمىز، سېزىمىمىزنى ئۇ كونترول قىلىدۇ. نۇرلۇق ئالەم ئاستىدىكى ھاۋانى، كۆكرەك قەپىسى بېسىپ تۇرىدۇ، تىنىق، ھاۋاغا تۇتاش بىر قىسىم كۆز بولسا، باشتا بولۇپ، ئاشۇ ئۈستۈن پىلانېت نۇرىغا تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ.

قورساق قاتلاملىرى بولسا، پۈتۈن سۇيۇقلۇق، سۇلارنى يېيىپ تۇرىدۇ، خۇددى ھاۋادىن يەڭگىل سۇ ئۇنىڭ ئاستىدا بولغاندەك، ئۈچ قاتلام نۇر، ھاۋا، سۇ، زېمىن ئۈستىدە تۇرغاندەك، بۇ ئۈچ قاتلاممۇ قورساق ئاستى، زېمىن ئۈستىدە قارار ئالدى. زېمىن ئۈستىدىكى قاتلاملاردىن پار، شامال، بۇلۇت، يامغۇر ۋە باشقىلار ھاسىل بولغاندەك، ئىنسان قاتلاملىرىدىمۇ قەۋەتلىرىدىمۇ ھەرخىل سۇيۇغلۇق، يەل، شامال، ھۆللۈك ۋە باشقا ماددىلار ھاسىل بولىدۇ. جەسەت قۇرۇلۇشى بولسا، زېمىنغا ئوخشاش، مەسىلەن: سۆڭەك، تاغقا ئوخشاش، يىلىك، مەدەنگە ئوخشاش، قورساق ئىچى، دېڭىزغا ئوخشاش، ئۈچەيلەر بولسا، دەريالارغا، قان ـ تومۇرلىرى بولسا، ئۈششاق، كىچىك ئېرىقلارغا، گۆش، تۇپراققا، تېرە يەر يۈزىگە، تۈك ئۈنگەن جاي، مۇنبەت تۇپراققا، ئۈنمىگەن جاي بولسا، ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن جايغا، يۈز قىسمى ئالدى تەرەپ، گۈللەنگە ئىمارەتكە، ئارقى تەرەپ، خاراپ جايغا، يۈزنىڭ ئالدى تەرەپ مەشرىقكە، ئارقىسى مەغرىپكە، ئوڭ تەرىپى جەنۇبقا، سول تەرىپى شىمالغا، نەپەس بولسا، شامالغا، سۆزلىشى، ئاۋازى، گۈلدۈرمامىغا، كۈلىشى، كۈندۈزگە يىغلىشى يامغۇرغا، غەم ـ قايغۇسى كېچىگە، زۇلمەتكە، ئۇيقىسى ئۆلۈمگە، ئويغىنىشى ھاياتلىققا، بالىلىق كۈنلىرى باھار كۈنلىرىگە ياشلىق كۈنلىرى ياز كۈنلىرىگە، قورامىغا يەتكەن 40 ياشتىكى كۈنلەر، كۈز كۈنلىرىگە، قېرىلىق كۈنلىرى بولسا، قىش كۈنلىرىگە، ھەرىكەتلىرى، سەيرە، ساياھەت بولسا، سەييارە، پىلانېتلار ھەرىكىتىگە، تۇغۇلىشى، ھازىر بولۇشى بولسا، يېڭى چىققان، بايقالغان پىلانېتقا، ئۆلۈپ، يوقىلىشى بولسا، كىرىپ كېتىپ يوقالغان پىلانېت، يۇلتۇزغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىلمىنىت، ماددىلارغا بولغان قىززىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق، مۇرەككەپ ۋە پارچىلىنىشقا، ئىنسانلارمۇ ئوخشايدۇ، مەدەنلەردىكى ئەھۋالغىمۇ ئوخشايدۇ، ئۆسۈملۈككىمۇ ئۆز ئەينى ئوخشاپ كېتىدۇ، ھايۋانلارمۇ شۇ، چۈنكى، ھەممىسى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇلغان، شۇڭا، ئىنسانلار بۇلارنى ئوبدان بىلىشى، چۈشىنىشى، تەتقىق قىلالىشى لازىمدەك، ئاندىن ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ پايدىلىق، ئىش قىلغىلى، تەرەققىي قىلغىلى، كەشپىيات تاپقىلى بولىدۇ. ئەلھەمدۇلىللا، ئاللاھ خالىق، ئۇ قادىر.

كائىنات ئاشۇنداق بىر ـ بىرى ماس ھالدا ياردەمدە پۇختا يارىتىلغان، زىددىيەت يوق.

## ئىسلام دىنىدا ئوقۇشقا تېگىشلىك پەنلەر

1 ـ پرف مۇرۇ سوامل تەركىب نحو كافي ئه لفي

2 ـ بالاغەت، تەلخىس، جواهرالبالاغ بالاغەت ۋەز ـ نەسىھەت.

3 ـ ئۇسلۇپ، فىقھى، ئۇسۇل شاشى نورالأنوار ئەلۋەجىز رىسالە، المع ۋاھاكازالار.

4 ـ فىقھى يەنى تۆت مەزھەپ فىقھىلىرى، ھىدايىدەك تۆتلى مەزھەپ فىقسىھى بار.

5 ـ ئۇسۇل ھەدىس، مۇسەلھۇلىئە ھادىس، مۇقەددىمە توئىبنى سىلاھ ۋاھاكازالار.

6 ـ ھەدىس، رىسالە كىتابلار مشكات لېكىن زەئىب بار، سەھىھ ئالتە كىتاب، جەمئىي **120** پارچە كىتاب بار. ئاساسلىقى **50** پارچە چىقىدۇ، بۇخارى ۋاھاكازالار.

7 ـ ئۇسۇلۇتتەفسىر، ئىبنى تەمىيەنىڭ يەنى تەپسىر قائىدىسى بار، ئۇسەيمىنىڭمۇ بار.

8 ـ تەپسىر ئەقدىسى، ساپ مۇفەسسىرنىڭ تەپسىرىنى ئوقۇش لازىم.

«جالالى»، «دۇررولمەنسۇر»، «تەپسىر بەيزاۋى»، «مۇنىير» «ئىبنى كەسىر»، «فىزىلال قۇرئان» تەنتاۋى تەپسىر قۇرتەبى، تەپسىر تەبرى **30** جىلد، ئەسەر بىلەن قىلىنغان.

9 ـ ئەقىدە، بۇنىڭغا ئەقىيدە تاھاۋى، ۋاستىييە، الوبابە ئەقىيدە ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، ئۇسەيمىنىنىڭ قواىدلار بار.

10 ـ ھېكمەت، ئىسلام پەلسەپىسى، تەمسىل، ئىبرەتلەر.

11 ـ ئىسلامى شېئىرلارنى ئۆگىنىش.

12 ـ تەۋھىد، ئىمان مەسىلىلىرى، كىتابۇتتەۋھىدلەر.

13 ـ سىياسەت، جەڭ تەدبىرلىرى، تازىلىق، ھوقۇق تۇتۇش ئىلمى.

14 ـ لۇغەت، قامۇس، مۇنجىدلكەبىيردەك ئىسلامى بولسۇن قەس قىلغىنى بولمىسۇن.

15 ـ مۇۋارىس، فرائىز، يەنى مىراس ئىلمى.

16 ـ ئەۋلادلارنى ئىسلامى تەربىيىلەش.

17 ـ پىداگوگىكا يەنى قانداق ئوقۇتقۇچى، قانداق ئوقوغۇچى بولۇش ئىلمى، مائارىپ باشقۇرۇش.

18 ـ قۇرئان، ھەدىس، مۆجىزىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تەبئىي ـ پەن.

19 ـ مۇنازىرە، جىدەل ئىلمى، مەنتىق، لوگىكا مەسىلىلىرى.

20. تارىخ، پەيغەمبەرلەر تارىخى، رەسۇلۇللاھنىڭ مەخسۇس تارىخى، تۆت خەلىپە تارىخى، ساھابىلەر، تابىئىنلار ھاياتىدىن تاللانمىلار، بۇنىڭغا مەكتەبۇتتارىخ دېگەن دېسكا يېتەرلىك، بەدايەت ۋە نەھايەت، ئىبنى كەسىرنىڭ ۋە باشقا تەتقىقات كىتابلار.

21 ـ ئەدەب ـ ئەخلاق، پەزىلەت، ۋەز ـ نەسىھەت كىتابلىرى.

22 ـ زاھىدلىق كىتابلىرى، يەنى تەزكىيەتۇننەفسى، نەپسىنى پاكلاش.

23 ـ چۈش تەبىرى، ئىبنى سىرىيتىنىڭ بار، نابلىسىنىڭ بار.

**24** ـ تىببىي كىتابلار ۋە تىببىي پەنلەر.

**25** ـ ئىسلام تۈسى ئالغان تەبئىي ـ پەن، بۇ پەن يەنە **15** پەن بولىدۇ، مەسىلەن: ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، بوتانىكا ۋاكازالار، خۇددى تەنتاۋى، هارۇن يەهيانىڭكىدەك بولسۇن.

**26** ـ هەرخىل فىلىم ئىسلامى ئۇن ـ سىن فىلىملىرى، ئۇن ـ سىن نەشرىياتى، مۆجىزىلىك فىلىملەر، تارىخى فىلىملەر، ئەدەپ ـ ئەخلاق فىلىملىرى.

**27** ـ كومپيۇتېر، بىلىمى هەرخىل كىتاب ۋە ئىلىم، دىسكىلىرىنى ئىشلىتىش، خەت بېسىپ چىقىرىش، تور بەتلىرىنى ياساش، توردا سەيرە قىلىشلار خالاس. ئىلىم چەكسىزدۇر.

سۈرە ئەهزاپ تەپسىرىدىن تاللانمىلار

قۇرئان قەلبىگە شەك ـ شۈبهىگە، دەت ـ ئەلەمگە، ئەقىيدىگە هەرخىل كېسەللەرگە شىپادۇر.

ئاللاهنىڭ غەيرىگە ئاشىق بولۇشدىن هەزەر بول.

بىز هازىر رەسۇلۇللاهنىڭ توققۇز خوتۇنلۇق بولۇشى، ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

بىر تالىپ، ئەي ئۇستاز نىمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاه شەرىئەت هارام قىلغان تۆتتىدىن ئوشۇق خوتۇن ئېلىشقا يول قويىمغان تۇرسا، ئۆزى توققۇزنى ئېلىپ، باشقىلارنى تۆتنى ئېلىشقا، ئوشۇق ئالماسلىققا بۇيرۇيدۇ؟ ئۆزى قىلمىغانئىشنى باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ بۇ زادى نىمە ئىش دەپ سوراپتۇ.

ئۇستاز مۇنداق دەپتۇ: رەسۇلۇللاه بۇ ئاياللارنى يەنى ئائىشە، مەيمۇنە، سوفىيىە، هەفسە، هىند، زەينەپ، جۇۋەرىيە، رەملە، سەۋدەت رەزىيەللاهۇ ئەنهالار رەيهان، مارىيە قاتارلىق ئاياللارنى تۆتتىدىن ئوشۇقنى ئېلىش هارام بولۇشدىن ئىلگىرى ئالغان دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تالىپ، ئۇنداق بولسا، ساهابىلارنى قول ئاستىدىكى ئون ياكى سەككىز ياكى بەش خوتۇندىن تۆتنى ئېلىپ قېلىپ، تۆتتىن ئوشۇقنى تالاق قىلىۋېتىشكە بۇيرىغان، نىمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۆزى قىلمايدۇ؟

ئۇستاز، بۇ سوئالغا ئۈچ جاۋاب بار، قۇلاق سال:

بىرىنچى، مۇسۇلمانلار خالىغانچە تۆتنى ئېلىش ياكى تالاق قىلىش ياكى ئالماشتۇرۇپ، يەڭگۈشلەشكە رۇخسەت قىلىنغان، رەسۇلۇللاهقا كەلسەك، ئاشۇ توققۇزنىلا قولدا چىڭ تۇتۇش، ئالماشتۇرۇشقا ياكى ئۇنغا يەتكۈزۈشكە قەتئىي رۇخسەت يوق، بۇنى ئايەتتە بىلسەڭ، شۇڭا، ئۇلارنى تالاق قىلمايتتى ياكى ئورنىغا ئالمايتتى.

ئىككىنچى، ئەگەر، رەسۇلۇللاه ئاياللىرىدىن بىرەرنى تالاق قىلسا، سىياسەت بۇزىلاتتى، تەدبىر يامانلىشاتتى، ئارىلىقتا تەپرىقچىلىق بولۇش هاسىل بولاتتى، هېچ بىر ئايال ياكى ئاتا ـ ئانىسى، قەبىلىسى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاه بىلەن قۇدا بولۇشقانىغا ناهايىتى خۇشال بولۇپ، بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلۈم بىلەن تەڭ بىلەتتى. بۇ خىل ئەهۋالنى سەهەر بولغان بىر ھەدىستە يەنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ قىزى هەپسىنىڭ ياكى رەسۇلۇللاهنىڭ ئاياللىرىنى تالاق قىلىشنى چوڭ بىر جەڭدىنمۇ مۇهىم، چوڭ بىلىپ كەتكەن، هەدىستە كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، سەن دەپ باققىنە قېنى، قايسى بىرسىنى تالاق قىلالىسۇن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ قىزى ئائىشەنىمۇ؟ ياكى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ قىزى هەپسىنىمۇ؟ ياكى ئەبۇ سوپيياننىڭ قىزى ئۇممە هەبىبەنىمۇ؟ ياكى ئەسەدىيە قەبىلىسىدىن زەينەب رەزىيەللاهۇ ئەنهادىنمۇ؟ ياكى يېتىم باللىرى بولغان يېقىن تۇققان ئۇممۇ سەلمەنىمۇ؟

ئەبۇ بەكرى بولسا تۇنجى مۇسۇلمان بولغان، ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ يېقىن دوستى، غاردىكى هەمراهى،

ئىقدىساتنى ئىسلامغا ئىشلەتكۈچى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازات قىلغۇچىسى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ياردەمچىسى، باتۇر، ئۆز ۋاقتىدا بۇ كىشىنىڭ ئىسلامى بىلەن ھەمزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسلام زور ياردەمگە ئېرىشكەن، ئەنە شۇنىڭدەك ھەربىر ئايالنىڭ قەبىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇققان، جەمەتى، نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. قايىسسسسنى تالاق قىلالايدۇ. ئەگەر بىرەرسىنى تالاق قىلسا، زور ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، رەسۇلۇللاھ بۇ جايدا، باشقا ساھەبە، مۇسۇلمانلارغا قەتئىي ئۇخشىمايتتى، شۇڭا، ئۆزى توققۇزنى چىڭ تۇتۇپ، باشقىلارنى ئايەتكە ئاساسەن تۆتنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرىغان، شۇنداقلا بۇ خىل ھادىسە، رەسۇلۇللاھنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئاللاھ رۇخسەت قىلغان، باشقىلارنىڭ ئاقساقاللىق قىلىشى، ئارىلىشىشى، ئىتراز بىلدۈرۈشى قەتئىي چەكلىنىدۇ، شۇنداقلا ھېچكىم ئۇ چاغدا بۇنداق سوئال قويمايتتى، سەللەمنا، لەببەي دەپ تەسلىم بولۇپ، ئەمەل قىلاتتى. بارلىق ۋۇجۇدى، جان، مالنى ئاتاپ ئاللا ۋە رۇسۇلۇللاھنى رازى قىلىشنىلا ئويلايتتى. شۇنداقلا، رەسۇلۇللاھ سەۋدەتتىن ئىبارەت خوتۇننى تالاق قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال كېلىپ، يا رەسۇلۇللاھ، بۇ سىلىنىڭ جەننەتتىكى ئاياللىرى دەپ توسۇپ قويىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ئايالنى، ئاللاھ ئۆزى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئالدىن يوليورۇق بېرىپ، ئېلىپ بەرگەن تۇرسا، ئۈممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىگە بولۇش، ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن، يېتىم باللىرىغا قاراشنى مەقسەت قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، ئالغان تۇرسا، بۇ ئىشنى قانداق بىكار قىلالىسۇن؟ ئەنە شۇنىڭدەك ھەربىر ئايالدا مۇھىم سەۋەب، ئۆزرە، مۇھىم ئامىل بار ئىدى، ئەگەر بىرنى تالاق قىلسا، كېيىنكى ئاقىۋەت بەكمۇ ئوسال بولاتتى، بۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئوبدان بىلەتتى، ھەتتاكى، رەسۇلۇللاھ ئەمەل قىلمىغان ئەمەس. دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ئاياللىرى ئىچىدە ئىختىيارلىق بەردى، ئەمما، ھەممىسى بىردەك رەسۇلۇللاھنى تاللاپ، بىرسىمۇ ئايرىلمىدى، چارە ـ ئامال تۈگەپ، ئىككى ئالەملىك بىر جۈپ بولۇپ، بەختتكە ئېرىشكەن تۇرسا، قانداق بۇ ئەھدىنى بۇزىدۇ، ئەگەر سەن پەرزەن، ئايال بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى بولساڭ، ئاجرىشامتىڭ؟ تالىپ، ھەرگىز ئاجراشمايتتىم، ھە شۇنداق، قارا، ھەتتا ئاللاھ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىنى كېيىنمۇ يەنى دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ باشقىلارغا ھارام قىلدى. خۇددى رەسۇلۇللاھ دادىنىڭ ئورنىدا بولغاندەك، ئۇلار ئانىمىز ئىدى، كىممۇ بۇ ئىشنى قىلىشقا پېتىنالىسۇن؟ قارا، ئۇ دېگەن رەسۇلۇللاھ، ئۇ دېگەن بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز تۇرسا، ھېكمەتنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

بۇنىڭغا بىز نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن دەپ ئىتراز بىلدۈرمەيمىز، ئاقساقاللىق قىلمايمىز، بىزنىڭ تارىخدىن بىلىشىمىزچە ئەگەر پەرزەنتتىن بىرەرسى، ئايالدىن بىرەرسىنى ئالالىغان بولسا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خەلىپىلىككە بىز لايىق دەپ تۇرۇۋالىپ، زور پىتنە پاساد كېلىپ چىقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھارام بولۇشى ئەۋزەل ئىشتۇر. شۇنداقلا، ئىنسان ئۆمرى ئاخىرلاشقاندا، ئىبادەت، ئىستىقامەت، تەۋبە ـ ئىستىغفار بىلەن بولۇشى زۆرۈر، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ئەلۋەتتە، زاھىدلارغا ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ، نۇرغۇن ئىلملارنى پۈتۈن يەرشارىغا تارقاتتى، ئىلىم، ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ، ھاياتىنى ئىسلام دىنىغا قۇربان قىلدى، مەسىلەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىمىز، **18** ياشتا تۇل قېلىپ، ئاتمىش نەچچە ياشتا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، تا شۇ چاغقىچە **3000**غا يېقىن ھەدىسنى دۇنياغا تارقاتتى، رەسۇلۇللاھ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەك ياخشى كۆرەتتى ئەمەسمۇ؟ ئىجمائ بولسا، قۇرئان، ھەدىسدىن قالسىلا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسى، پۈتۈن مۇجتەھىد، ئالىملار، ساھابىلەر، تابىئىنلار، كېيىنكىلەر بىردەك ئىتتىپاقتا كېلىپ، بۇ توققۇز خوتۇنلۇق، رەسۇلۇللاھقىلا خاس، بۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ ئىجمائقا كەلگەن.

بەزى ئەقىدىسى بۇزۇق مەزھەپلەرنىڭ بۇ ئىجمائدىن چىقىپ، ھازىرمۇ توققۇز خوتۇنلۇق بولۇش دۇرۇس دېيىشى، ئىككىدىن، ئۈچدىن، تۆتتىن ئالساڭلار بولىدۇ دېگەن ئايەتتىكى، ئەتىپەۋۋىسىنى جەمئى قىلغان. ئىككى، ئىككىدىن، تۆتتىن، بۇنى بىرلەشتۈرسەك، بۇ ئايەتتىمۇ توققۇزنى ئېلىش دۇرۇس دېيىشى قەتئىي خاتا، بۇ خۇددى مۇنۇ يالغانچىلىققا ئوخشايدۇ. ۋاقدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاتىبى مۇھەممەد بىن سەئىد دېگەن كىشى، ئۈچىنچى ئەسىردە تەبىقاتۇلكەبىر ناملىق، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا كىتاب يېزىپ مۇنداق بىر يالغان ھەدىسنى قىستۇرۇپ سالغان، رەسۇلۇللاھ پولوغا ئامراق ئىدى، شۇڭا توققۇز خوتۇنغا شەھۋەت مۇناسىۋىتى كۈچلۈكتى دەپ يېزىلغان، بۇ ھەدىس يالغان بولۇپ، پولو سېتىش ئۈچۈن توقۇپ چىققان

مۇشۇنداق يالغان ھەدىس، زەئىپ ھەدىسلەر تۆت سەۋەبدىن باشقا مىللەتلەر، چەتئەللەردە رەسۇلۇللاھنى ئەيىبلەپ شەھۋەتپەرەس دەپ گۇمان قىلىپ قالغان، ئۇسۇل ھەدىسنى، ھەدىس تەتقىقاتىنى بىلمەي، نۇرغۇن يالغان ھەدىس، ئەپسانە رىۋايەتنى ياكى ئۆزى توقۇپلا ياكى ئىسرائىلىيە، يەھۇدى، ناسارالار قەستىنى كىشىلەرگە سۆزلەۋېرىپ، كىتابتا يېزىۋېرىپ، نۇرغۇن خاتا چۈشەنچە، خاتا گۇمان، زور ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ خىل ئەھۋالنى **16** ـ جىلد، **50** ـ بەتتە خاتىرلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ پەنگە يەنى ئۇسۇل تەپسىر، ئۇسۇل ھەدىس دېگەن بۇ پەنلەرگە تالىپ، ئۇستازلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى مۇھىم دەرسلىك قاتارىدىن چىك تۇتۇپ، دەرسلىك قىلىشنى ئۈمۈد قىلىمەن، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك دىنىسىزلار قەس قىلىۋاتقان، خۇتبە مۇنبىرى بىلمەسزلەر قولىدا بولۇپ قالغان، ھەقىقەتچىلەر بىر چەتتە بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالغان، مۇشۇنداق پىتنە ـ پاساد دەۋرىدە بۇ پەن تېخىمۇ مۇھىم. ئەمدى بىز ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، يالغان ھەدىس توقۇپ چىققۇچىلار، بىرىنچى، بىدئەتچىلەر، ئەگەر ئۇلار بىرەر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا، بۇ خىل كۆز ـ قاراشنى ھەدىسكە ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە تارقاتقان، بۇ خەتەرلىك ئەھۋال. ئىككىنچى، خاۋارىجلار، بۇلارمۇ بىرەر مەسىلىگە، كۆز قارىشىنى بىرلەشتۈرسە، ھەدىسكە ئۇرۇپ سۆزلىگەن. ئۈچىنچى، راۋافىزلار، بۇلار بىرەر ئىشنى ياخشى كۆرسە، ھەدىس توقىغان. تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن خەلىپىلىكنى ئارزۇ قىلغانلار، مەخسۇس پۇل بېرىپ ھەدىس ياكى ساھابى سۆزىنى يالغاندىن توقۇغىلى سالغان.

بۇ خىل ئىشلارنى ھەرقايسى مەزھەپ ئېقىمدىن تەۋبە قىلىپ قايتقان كىشىلەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن، بىر قىسىم يالغان ھەدىسلەرنى مىسال قىلىپ بەرگەن. بەزىلەر كىشىلەرنى قۇرئانغا ياكى زاھىدلىققا قىزىقتۇرۇپ، دۇنيادىن يۈز ئۆرۈتۈپ، يالغان ھەدىس توقىغان، بۇ خىل ھادىسلەر، سوپىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇپ سۆزلەپ يۈرىيدىغان ھېكايىلىرى خەتەرلىكى، ئەقىدە مەسىلىسىگە يالغاننى قوشتى، شېرىك ئىشلار، بەزىلەر خەلىپە، ئەمىر، پادىشاھ، سۇلتانلارغا يېقىن بولۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇلارنى مەدھىيلەپ ياكى ئۇلار ئامىراق، ئەمما، دىندا ئاساسى يوق ئىشلارغا ھەدىس توقۇپ بەرگەن. بەزىلەر بىرەر مەزھەپ ياكى ئاچچىقنى كەلتۈرگەن كىشىنى سۆكۈپ، ئەيىبلەش ياكى ماختاش ئۈچۈن ھەدىس توقىغان، خۇددى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافئى، مېنىڭ ئۈممىتىمگە ئىبلىسدىنمۇ يامان دېگەندەك، سۇبھانالللا، بۇ ھەدىسنى ئەلۋەتتە باشقا مەزھەپدىكى كىشىلەر توقىغان، ھەتتا بەزىلەر زاھىد، سوپىلارنى ئەيىبلەيدۇ ۋە يالغان ھەدىس توقۇپ سالغان، مەسىلەن: [شرارکم سزابکم] يەنى ئەڭ يامىنىڭلار تۇل، خوتۇنسىز، تويسىز ئۆلتۈرگىنىڭلار بۇمۇ يالغان ھەدىس.

بەزى دىنسىزمۇ قەس قىلىپ، يالغان ھەدىس توقىغان، مەسىلەن: ئىبنى ئەبلئوبائ دېگەن دىنسىز **4000** ھەدىسنى يالغاندىن توقۇپ، ھالالنى، ھارام، ھارامنى ھالال قىلدىم دېگەن، مۇھەممەد ئىبن سۇلايمان دېگەن ئەمىر، بۇ كىشىنى كاللىسىنى ئېلىشقا بويرۇپ، خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇنىڭ يالغان ھەدىسىنى خۇددى بۇغداي ئۈنىدىن كېپەكنى تاسقاپ چىقارغاندەك، چىقىرىۋېتىمىز دېگەن. بەزىلەر بەك ياخشى لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول، ھەدىسكە ئوخشاپ كەتسە، شۇنىمۇ ھەدىس قىلىۋالغان، بەزىلەر ئۆزلىرى گۇمان قىلىپ، خاتالىشىپ ھەدىسمىكى دەپ سۆزلەپ سالغان، ئاندىن باشقىلار ھەدىس ئورنىدا خاتىرلىگەن. بەزىلەر بولسا، ھېكايە، تارىخ، قىسسە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆزىنى، كىتابنى ئىشەنچلىك قىلىپ يالغان ھەدىس توقىدى، بۇلار بەك كۆپتۇر، بۇ خىل ئەھۋاللارنى، ئۇسۇل ھەدىسنى ئوقىغان كىشى، ئوبدان بىلىۋالىدۇ، بىز ھازىر **54** ـ بەتتىكى يالغان ھەدىس توقۇغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئوقۇيمىز.

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دېگەن: يالغان ھەدىس توقىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، قازى ۋەھب ئىبنى ۋەھبى، مۇھەممەد كەلبى، بۇنىڭ تېخى تەپسىرى بار، ئەمما يالغانچى دېيىلدى، دارغا ئېسىلغان، مۇھەممەد ئىبنى سەئىدشامى، ئەلۋەتتە يالغان ھەدىس توقىسا، دارغا ئېسىلىدۇ، چۈنكى ئۇ كاپىر، دىنسىز بولىدۇ. ئەھمەد جۇۋەيبارى، مەئمۇن ھەرۋىر قاتارلىقلار. يالغان ھەدىس توقۇپ، ئاندىن تەۋبە قىلغان، بىر كىشى ھەرەمدە يۈيۈقا ئېسىلىپ، قاتتىق يىغلاپ كەتكەن، بۇ كىشىدىن سورالغاندا، ئۇ مەن ئەللىك ھەدىسنى يالغاندىن توقۇپ، كىشىلەر قېتىغا كىرگۈزۈۋەتتىم، كېيىن بۇ ھەدىسلەرنى چىقىرالمىدىم دەپ يىغلاپ كەتكەن، ئەلۋەتتە، يالغان ھەدىسلەر دەپ بىر كىتاب بولۇپ، مەن بۇ كىتابدا **2000**دىن ئارتۇق يالغان ھەدىسلەرنى كۆرۈپ

چىقتىم، ئەمما، كىشىلەر ھازىرمۇ بۇ ھەدىسلەرنى نومۇس قىلماي، ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ، كىشىلەر ئارىسىغا سۆزلەپ يۈرىيدۇ ئەلۋەتتە، ئايەت ياكى سەھىھ توغرا ھەدىسنى بىلمىگەندىكىن يالغاننى سۆزلىمەي قانداق قىلىدۇ. ئۇ دېگەن كاتتا ئۆلىمالار تۇرسا، سۇبھانالله، ئالله ھەممىمىزنى كەچۈرگەي، ئەپۇ قىلىپ مەغپىرەت قىلسۇن. ئامىن!، (ئالله خالىسا، يالغان ھەدىسلەردىن **2000**نى توپلاپ، رەتلەپ، تەرجىمە قىلىپ، يالغان ھەدىسلەر توپلىمىنى تۈزۈپ چىقىمەن.)

بىز بۇ مەسىلىلەرنى دىن ئىشلىرىدا شۈبھى پەيدا بولسۇن، ھەدىسكە ئىشەنمىسۇن دەپ يازمىدۇق، مەقسىتىمىز دىققەت قىلسۇن، يالغان ھەدىسنى بىلمەي سۆزلەپ خۇددى توقۇپ چىققۇچىغا ئوخشاش، گۇناھكار بولۇپ، دوزاخقا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ شۇنداقلا ئۇسۇل تەپسىر، ئۇسۇل ھەدىسنىمۇ ئوقۇپ، تەستىق قىلسۇن دەپ سۆزلىدۇق، بۇ دېگەن بۇرچىمىز، ۋەزىپىمىز، دىن خىزمىتى، ئەمدى بىز دەسلەپكى سۆزىمىزگە كېلەيلى.

## مۇسۇلمانلار كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش يەنى تۆت خوتۇنلۇق بولۇش

ئىسلام دىنىدا بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۆتگىچە خوتۇن ئېلىشنى يولغان قويغان، ئۇ سەۋەبلەر بولسا، تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، جەڭ بولۇپ كېتىپ، ئاياللار يېتىم باللىرى بىلەن قالسا، ئۇلارغا ئىگە بولۇش يۈزىسىدىن خۇددى رەسۇلۇللاھدەك.

ئىككىنچى، ئاياللار ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئەرلىرىدىن ئايرىلىپ، بەك كۆپىيىپ كېتىپ، ياكى ئاياللار تويى قىلغىلى ئۇنىماي خۇددى بەزى دۆلەتلەردەك زور پىتنە ـ پاساد، پاھىشە ئاشكارىلىنىپ كەتسە، تۇللارنى مەجبۇرى ئۆيلەپ قويۇش، يېتىشمىسە خوتۇنى بارلار بولسىمۇ بىر ئىككىدىن ئېلىپ بېرىپ، بۇ پاساد، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئۈچىنچى، ئايالى تۇغماس چىقىپ قېلىپ، قويۇپ بېرىشكە بولمايدىغان قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان ياكى قويۇپ بەرسە زور ئاقىۋەت، پىتنە ـ پاساد كېلىپ چىقىدىغان ياكى بىر ئىككىنى تۇغۇپ توختاپ قالغان ئەھۋالدا، يەنە بىر ئايالنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئايالى كېسەل بولۇپ قېلىپ، ياكى پالەج، ساراڭ بولۇپ قېلىپ ياكى يۇقۇملۇق كېسەل ياكى ئاق كېسەل دېگەندەك، قويۇپ بېرىشكە، يۈز ئۆرۈشكە بولمايدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە بىر ئايالنى ئېلىپ، بۇرۇنقى ئايالىغىمۇ ئوبدان قاراپ ئۆتسە بولىدۇ.

بەشىنچى، دىنى ئەمىر، پادىشاھ، قوماندان بولۇپ، بىرەر دۆلەت، قەبىلە، مىللەت بىلەن دوستلۇقنى، كېلىشىمنامىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزئارا يارىشىش، باردى ـ كەلدى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن مۇسۇلمان ئايالنى ھەدىيە قىلسا، ياكى قۇدىلاشماقچى بولسا، ئايال مۇسۇلمان بولسا، نىكاھلاپ ئالسا بولىدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھمۇ، كېيىنكىلەرمۇ قىلغان.

ئالتىنچى، ئىقتىسادى ياخشى بولۇپ، دۆلەتلەر ئارا، مەملىكەت، رايۇنلاردا سەپەر قىلىدۇ، ئايالىمۇ يەنە بىر ئايالغا نىكاھلىنىشنى قولىلاپ، ئاچچىقى كەلمەيدۇ، چۈنكى، مال ـ مۈلۈك يېتىشىدۇ، بۇ چاغدا بۇ مۇسۇلمان، باي مۇسۇلمان ئەۋلادىنى كۆپەيتىش، دىندا ياخشى ئوقۇتۇش، كامىل مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەشكە كۈزى يەتسە، ئەگەر ئۆزى خالاپ ياخشى كۆرسە، شەھۋەتنىلا مەقسەت قىلماي، قانۇنلۇق ھالدا ئالسا بولىدۇ. ئادىللىق قىلىش مۇھىم شەرتتۇر.

بەزىلەر ئايالى بالدۇر قېرىپ كېتىش، تۇغۇش قابىلىيىتىدىن بالدۇر قېلىش، مەسىلەن: ئايال كىشى **50** ياشتا تۇغۇتتىن توختاپ قالسا، ئەر كىشى **70** كىچە توختىمايدۇ، شۇڭا بۇ چاغدا يەنىلا ئىقتىسادى يار بەرسە، پېقىرلىق ھالىتى كۆرۈلمىسە، بالىسىنى ياخشى ئالىم، ئابىد قىلالىسا، تەربىيىلىسە رۇخسەت قىلغان، يەنە

بىرنى ئالدۇ.

بەزىلەر ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، دىنى خىزمەت، ئىلىم، ئىبادەتتىن توختاپ، ئەقىدە، ئىلىم ـ ئىبادەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى زىنا، پاھىشىگە، ھارامغا كېلىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولۇپ قالسا، ھارامغا چۈشۈپ قالسا، ئىشىق، مۇھەببەت كور ، گاس قىلىۋېتىدۇ ـ دە!، مۇشۇ خىل ئەھۋالدا يەنە بىر مەشۇقىنى نىكاھلاپ ياكى چۆرىلىككە ئالسا، رۇخسەت دەيدۇ. لېكىن بۇنى بانا، سەۋەب قىلماڭلار.

كۆپ خوتۇنلۇقنىڭ پايدىسى شۇكى، نەسىل كۆپىيىش، مۇسۇلمانلار كۆپىيىش، زىنا، گۇناھ ئاز بولۇش، كېپىل يوق كىشىگە كېپىل بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، يېتىمگە ئىگە بولۇش، مېيىپ ئاياللارنىمۇ خارلىماسلىق، ئەرلەر ئاز، ئاياللار كۆپ بولغاندىكى پىتنە ـ پاسادنى يوقىتىش، ئادىللىق قىلىش، ھەمكارلىشىش، زور بىر ئىسلامى ئائىلە قۇرۇشتۇر. كاپىر، پاسىق پاجىرلىققا رۇخسەت يوق ئەلۋەتتە.

شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، ئىماندىن چىقارسا، پىتنە ـ پاسادقا سالسا، ھەقدىن، دىندىن توسسا، ياخشى ئىلىم، ئىبادەتتىن توسسا، ھارامنى يېيىشكە، جازاننى قىلغىلى سالسا، ئوغۇرلۇققا سالسا، قاتىللىققا سالسا، دىنسىزلارغا بويسۇنۇپ، خالىققا ئاسيي بولۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلغىلى سالسا، ھىجرەت، جەڭدىن توسسا، دۇنيا راھىتىنى، ئاخىرەت ئۈستىگە تاللاش بولۇپ قالسا، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ھەتتا بىرسىمۇ دۇرۇس ئەمەس، بۇ نىكاھنى ھارام، مەكروھ، دېسە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن زاھىدلىق ياخشى، قاتتىق ئويلىنىڭ، يول كەڭرى، كۇفرىغا رۇخسەت يوق.

ئەگەر سىز ئىماننى تاللامسىز؟ خوتۇنىنىمۇ ياكى ئەرنىمۇ دېسە، سىز ئەلۋەتتە ئىمانغا تۇرىسىز، توي قىلمايسىز، ئەھۋالىڭىزغا، جەمئىيەتكە، دۆلەت قانۇن ـ تۈزۈمگە قاراپ ئىش قىلىڭ، قۇرۇق خىيال قىلماي، خاتا پەرز قىلماي، قۇرئان، ھەدىسكە قاراڭ.

وخاتم النبيين يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر ئاخىرى، تۈگەنچىسى، ئەڭ ئاخىرقىسى دېگەن مەنىدە، رەسۇلۇللاھمۇ سەھىھ ھەدىستە مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دېگەن.

ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا، رەسۇلۇللاھدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەر بولۇپ، قىيامەت ئالامىتى بولۇپ، جەددالنى ئۆلتۈرگىلى چۈشىدۇ، يەنىلا مۇشۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئەمەل قىلىدۇ، ھەتتا، شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلاردىن، ئالىمدىن بىرنى چىقىرىپ، ئىمام قىلىپ، ئۆزى ئىقتىدا قىلىدۇ دەپ بار.

مەقسەت، مۇشۇ ئايەت ۋە ھەدىس، مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى **1426** يىل بولدى. ۋە بۇنىڭدىن كېيىمۇ بىرەر كىشى ھەقىقي قۇرئان كىتابدەك كىتاب بېرىلىپ ياكى ئىلھام، چۈش، ۋەھى كېلىپ، رەسۇلۇللاھدەك پەيغەمبەر بولۇپ كەلمىدى، بۇندىن كېيىنمۇ كەلمەيدۇ. بۇ زور مۆجىزە، غەيبىدىن خەۋەردۇر، بىز مۇسۇلمانلار ھەممىمىز شۇنداق جاكارلايمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەتئىي پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، پەقەت ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ دەپ قارايمىز، بۇ باشقا مەسىلە، بۇ بىزنىڭ ئەقىدە، ئېتىقادىمىز، بۇ بىر مۆجىزە خالاس.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەڭلار، ئەتىگەن ـ ئاخشام تەسبىھ ئېيتىڭلار دېگەن ئايەتتە مۇنداق دېگەن: بۇ زىكرى ـ تەسبىھ، ئىستىغفار ئەلۋەتتە، قۇرئاندا، ھەدىستە كەلگەندەك، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئەمەل قىلغاندەك بولۇشى لازىم. دەلىللىنمۇ شۇلاردەكلا چۈشىنىشىمىز لازىم، ھەتتا، زىكرى ـ تەسبىھ كۆپ بولسا، سالامەتلىكىمۇ پايدىلىق بولۇپ، بۇ كۆپ زىكرى، كۆپ تىنىق، كۆپ نەپەسلىنىش، ئەلۋەتتە، زور پايدىلىق بولۇپ، مۆجىزە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەمما، بۇ ھازىرقى سوپىلار، بىر قىسىم خاتالاشقان، رىياخور، زاھىدلار دېگەندەك ئەمەس، ئۇلار ئازغان، ئەقىدە، ئىبادەت، ئىلمى مەجلىس سورۇنلىرىغا نۇرغۇن قەبىھ بىدئەتلەرنى ئارىلاشتۇرغان، بۇ خەتەرلىك سوپىلار ھەرگىز كىتابتا كەلگەن، شەيخلەر سۆزلەپ بەرگەن پەزىلەت، مەرىپەت، ماقام، مەرىپەتكە يېتەلمەيدۇ، ھەممىسى يالغان، پەقەت بىر قىسىم ناھايىتى ئاز بولغانلىرى ھەقكە يېقىن بولغانلىرى، توغرا

بولغان، توغرا تەپەككۇر قىلغان، خالىي ئىبادەت قىلغان، ئالىم، زاھىدلار يېتەلەيدۇ، باشقىسى پۈتۈنلەي ئۆز ـ ئۆزىنى گوللاپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ياشايدۇ، ئۇلاردەك ئەخمەق بولماس دېگەن.

ئى پەيغەمبەر، بىز سېنى گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىگە چاقىرغۇچى، نۇرلۇق چىراغ، قۇياشتەك پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق دېگەن، قۇياشتىنمۇ سىراج دەپ ئاتىغان، رەسۇلۇللاھنى قۇياشقا ئوخشاتقان. ئۇنداقتا، رەسۇلۇللاھ زادى نېمىدە قۇياشقا ئوخشايدۇ؟

1 ـ قۇياش بىر چىراق، ئۆز ـ ئۆزىدىن نۇر چىقىدۇ، شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھمۇ بىر چىراق، مەشئەل، ئۇنىڭدىن نۇرلار چىقىپ تۇرىدۇ.

2 ـ قۇياش نۇرى پۈتۈن دۇنياغا تارقىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ دىنى، ھەدىس، سۆز ـ ھەرىكىتىمۇ شۇنداق.

3 ـ قۇياش نۇرى پۈتۈن ئالەمگە رەھمەتتۇر، رەسۇلۇللاھمۇ پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەتتۇر.

4 ـ قۇياش نۇرى پۈتۈن ھايتلىققا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە ھاياتلىق بېغىشلايدۇ، سەۋەب بولىدۇ، رەسۇلۇللاھمۇ، سۆزلىرىمۇ، ئۆلۈك قەلبكە ھاياتلىق بېغىشلايدۇ، ھەممىمىزگە مەڭگۈلۈك پاك ھاياتلىق بېغىشلايدۇ.

5 ـ قۇياش نۇرى، مۇزلارنى، توڭلارنى ئېرىتىپ ئاقتۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھمۇ، سۆزلىرىمۇ نۇرغۇن قاتقان قەلبلەرنى ئېرىتىدۇ، قاتمال، خۇراپىي كىشىلەرنى ئۆزگەرتىدۇ.

6 ـ قۇياش نۇرىدىن نۇر قوبۇل قىلىپ، رادىئاتوردا ساقلاپ، توكدىن ئىبارەت يەنە بىر نۇر مەيدانغا كەلدى، ئەنە شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرلۇق ھەدىسلىرىنى، مۇھەددىس ئالىملار قەلبىدە ساقلاپ، ھېكمەت، فىقھىدىن ئىبارەت، يەنە بىر نۇر مەيدانغا كەلدى.

7 ـ قۇياشتىن كەلگەن ئىسسىقلىق، سوغۇق ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئېلىشىپ، شامال ھاسىل بولۇپ، يەرشارىنىڭ غەرب، شەرق، جەنۇب، شىماللىرىغا ساياھەت قىلىپ، تەسىر كۆرسەتتى، يىراق ـ يېقىن جايلارغا يۇقىرى ـ تۆۋەن گىرادۇس بىلەن يۆتىلىش ھاسىل قىلىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ دىنى سۆزلىرى، يولىيورۇقلىرى، باتىلغا قارشى كۆرەش قىلىپ، يەرشارىنىڭ تۆت تەرىپىگە تەڭ يېتىپ، قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى، بوراندەك تېز تارقىلىپ، كونا، خۇراپىي دىنلار، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى گۇمران قىلىپ تاشلىدى. خۇددى شامال، گرادۇس دەرىجىگە بۆلۈنگەندەك، يىراق ـ يېقىن جايلاردا كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولدى، شامال، يامغۇردىن بېشارەت بەرگەندەك، ئالدىن خوش بېشارەت بەردى.

8 ـ قۇياش نۇرىدىن پۈتۈن زېمىن، پۈتۈن ھاياتلىق پايدىلانغاندەك، ئىسلام دىنىدىن قۇرئان، ھەدىسدىن پۈتۈن زېمىن ئەھلى، پۈتۈن ھاياتلىق پايدىلىنىپ بەھرى ئالدى.

9 ـ قۇياش نۇرى، يېڭى ـ يېڭى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇندۇرۇپ تۇرغاندەك، ھەدىس شەرىپ نۇرى، يېڭى بىر ئەۋلاد قەھرىمانلارنى، ئىز باسارلارنى، ھەققەتچىلەرنى دائىم تەربىيلەپ ئۆستۈرۈپ تۇرىدۇ.

10 ـ قۇياش نۇرى يەر ئاستى نېفىت، گاز، ئېنىرگىيە، يېقىلغۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغاندەك، ھەدىس نۇرىمۇ ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، جەننەتكە بولغان قىزىقىش، ئىشتىياق مۇھەببەت، ئىشقىنىڭ، مۇسۇلمانلار قەلبىدە ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

11 ـ يەرشارىدىكى نۇر، ئىلمىنىت، ماددىلارنىڭ ئەھۋالى، قۇياشنىڭ نۇر ئەھۋالىغا تەپسىر بولىدۇ. قۇياش نۇرى، ھەمراھلىرى سىستېمىسىنىڭ ئەھۋاللىرى، سامان يولىغا تەپسىر بولغاندەك، ھەدىس نۇرى بولسا، قۇرئاننىڭ تەپسىرى بولىدۇ، تېخىمۇ ئىزاھلاپ شەرھىيلەپ چۈشەنچە بېرىدۇ.

12 ـ قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ، كېسەل داۋالاش، شىپالىق دورا ياساشقا بولغاندەك، تىبوننىھ بوۋ كتابوالتبابە يەنى ھەدىس شەرىفلەرنىڭ تىبابەتكە ئائىتلىرى، رۇقىيە، كىتابەت ئارقىلىق يەنى ماددى، مەنىۋى تىبابەتكە ياكى كىتابەتكە تەۋە كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. دوختۇرلۇق ئىلمىدا زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، بۇنىڭغا، ئىسلام دىنى، ھەدىس باش قوماندان ئورنىدا.

**13** ـ قۇياش نۇرىدىن ۋە باشقا نۇردىن، ئىش قىلىپ، نۇر، زەررىچە، توكقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن، كومپيۇتېردەك، يېڭى كەشپىياتلار ئوتتۇرىغا چىققاندەك، قۇرئان، ھەدىسلەردىن يېڭى مۆجىزىلەر، دائىم ئاشكارا بولۇپ تۇرماقتا.

**14** ـ قۇياش، ئاساسى مەركەزدە تۇرۇپ، قوماندان ئورۇندا تۇرغاندەك، ھەمراھلىرىنى قوغدىغاندەك، رەسۇلۇللاھمۇ شۇنداق، ھەدىسلىرىمۇ ئاساسى قوماندانلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، كىشىنى ھىمايە قىلىدۇ.

**15** ـ قۇياش نۇرىنىڭ ئىسسىق، يېقىملىقىدىن ئۆسۈملۈك، گۈللەر شۇ تەرەپكە مايىل بولىدۇ، شۇنىڭدەك، ھەدىس، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى، ھەدىس نۇرىمۇ مۇڭلۇق، قۇلاققا ياقىدۇ، پايدىلىق، ئوزۇق بار، شۇڭا، ئىنسانلار، قۇرئان، ھەدىس تەرەپكە مايىل بولىدۇ.

**16** ـ قۇياش نۇرى، زۇلمەتنى يوقىتىپ، جاھاننى نۇرلاندۇرۇپ يورىتىدۇ، ھارارەت بېرىدۇ، رەسۇلۇللاھمۇ، سۆزلىرىمۇ باتىلنى يوقىتىپ، خۇراپاتلىقنى، بىدئەتنى يوقىتىپ، يورۇقلۇق، ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، بىزلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

**17** ـ گەرچە، زېمىننىڭ بىر تەرىپىدە كېچە، زۇلمەت، قاراڭغۇ بولسىمۇ سايە بولسىمۇ قۇياش نۇرى ئۆچۈپ قالماي، يەنە بىر تەرەپنى يورۇتۇپ، يەنە ئەسلىگە كېلىپ تۇرغاندەك، مەلۇم ۋاقىت، باتىل، بىدئەت، مەلۇم زېمىندا ئەۋج ئالسىمۇ، سۈننەت، ھەدىس نۇرى ئۆچۈپ قالمىغاچقا، ئۇ ھامىنى ئاخىرى ئەسلىگە كېلىپ، يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ، ھىدايەت قىلىپ، ھەققە يېتەكلەيدۇ.

**18** ـ قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىدىن بۇلۇتلار، يامغۇر تامچىسى تۆككەندەك، قۇرئان، ھەدىسنىڭ تەسىرىدىن قەلبلەر ياش تۆكىدۇ.

**19** ـ قۇياش نۇرى، زۇلمەتكە، كېچە ـ كۈندۈزگە قارشى دائىم جەڭ، كۆرەش قىلىپ، تۇرغاندەك، قۇرئان، ھەدىس نۇرى، ھىدايىتى، شىپاسى، باتىلغا، پاسادقا، ھەرخىل كېسەلگە قارشى مەڭگۈ كۆرۈش قىلىپ تۇرىدۇ.

**20**. قۇياش نۇرىنىڭ قىززىق تەسىرىدىن، نەرسىلەر ئاستا ـ ئاستا چىرىپ، ئاجىزلاپ تۈگىگەندەك، قۇرئان، ھەدىس تەسىرىدىن جىن ـ شەيتانلار ئاجىزلاپ، ئاستا ـ ئاستا يوقاپ تۈگەيدۇ، قۇياش نۇرىدىن، زەررىچىدىن بومبا، ھەتتا ئاتوم بومبىسى ياسىلىپ دۈشمەنگە قارشى پارتىلىغاندەك، قۇرئان، ھەدىس، قۇرئان زىكرى، ھەرخىل ئىبادەتلەر، ئىلمى ھېكمەت تەلىماتلار، فىقھىلار، جىن ـ شەيتانغا قارشى بومبىغا ئوخشاش يوقىتىپ تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ ئۆزى بىر يول بەلگىسى بولغاندەك، قۇرئان ھەدىسنىڭ ئۆزى بىر يول بەلگىسىدۇر. ئەگەر، يەرشارى قۇياش نۇرى تەرىپىدىن يەنە بىر تەرەپكە مايىل بولسا، قاچسا، ئۇ نۇر ئاجىزلاپ، قىش پەسلىدىكى سوغۇق يېتىپ كېلىدۇ ـ دە، نۇرغۇن نەرسە توڭلايدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك، ئىنسانلار، قۇرئان، ھەدىس نۇردىن يولىيورۇقدىن ئىسلام دىنى، ھەققەت تەرەپدىن باشقا باتىل تەرەپكە قاچسا، بۇ دىن، بۇ نۇر، بۇ ھەققەت، ئاجىزلاپ خۇددى قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندەك، مۇسۇلمانلارغا دۇنياۋى بالايى ـ ئاپەت يېتىپ كېلىدۇ، نۇرغۇن نەرسە توڭلاپ تۈگەشكەندەك، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار، ئىسلامى دۆلەتلەر، نېمەتلەر، پۇرسەتلەر قولدىن كېتىپ تۈگىشىدۇ.

خۇددى، قۇياش نۇرىدىكى زەررىچىدىن بىرلەشمىسىدىن ئاتوم بومبىسى ياسىلىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى، نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتتى، غەلىبە قىلغاندەك، ئەنە شۇنىڭدەك، قۇرئان، ھەدىس بىزنى ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ساھابىلەر، تابىئىنلار بىرلىشىپ، ئاتومدەك تەسىر كۆرسىتىپ، دۈشمەننى يوقاتتى، بىزلەرمۇ بىرلىشىپ، زەررىچە بىرلىشىپ، ئاتوم بولغاندەك، مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ، ب د ت دۆلەت قۇرۇپ، پۈتۈن يەرشارىنى باشقۇرۇشى لازىم ئىدى.

قۇياش نۇرى نۇرغۇن پاسكىنىلىقنى ناچار ھاۋانى تازىلاپ يوقاتقاندەك، رەسۇلۇللاھ، ئىسلام دىنى، قۇرئان، ھەدىسمۇ نۇرغۇن باتىل، خۇراپات، بىدئەتلەرنى تازىلاپ يوقىتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتۇر. ئىزدەنسەك، بۇنداق ئوخشاشلىقلار نۇرغۇن، دېمەكچى بولغىنىمىز، مۇشۇ سەۋەبلەردىن ۋە ئاللاھ ئۆزى ئالىم قالغىنىنى بىز بىلمەيمىز، ئاللاھ ئالىم، ئاللاھ، رەسۇلۇللاھنى قۇياشقا ئوخشاتقان، نۇرلۇق چىراغ دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ توغرىسىدا ناھايىتى كەڭ توختالغان، ئەمما، مەن قىسقارتىپ تاللاپ ئالدىم، چۈنكى، بۇ تاللانما ئەمەسمۇ. قالغىنىنى سىلەر كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قويىدۇق، تېخىمۇ رۇشەن ئىزاھلاپ، ئاساسقا ئىگە بولغاندىكىن، بۇنى پۇختىلاپ، زور ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئېرىشىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە غەلىبىگە ئېرىششىڭلارنى، مەرھەمەتلىك ئاللاھدىن سورايمەن، ئامىن!

## سۈرە سەبەئ تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

يعلم مايلج فى الأرض ومايخرج منها

ئاللاھ، زېمىنغا كىرگەن ۋە ئۇنىڭدىن چىققان، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن بۇ ئايەت، ۋە بۇنىڭ ئوخششى قۇرئاندا خېلى كۆپ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتە توختىلىپ، يەرشارى مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىغا قويىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، قۇرئاندا زېمىننى تىلغا ئالدى، ھەربىر كىرىپ چىققاننى تىلغا ئالدى، بۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەخلۇق بىلىپ بولالمايدۇ، شۇڭا، قۇرئاننىڭ ئوخششىنىمۇ مۇنداق كەلتۈرەلمەيدۇ. زېمىنغا كىرىپ كەتكەن، زېمىندىن چىققان نەرسە، ئىچىدە نۇرغۇن قەدىمى ئەسەر، نۇرغۇن سۆرەت بار، ئۆلار بۆرۈن كىرىپ كېتىپ، ھازىر چىقماقتا، بۇنى، ئاللاھ ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ ـ دە، ۋاقتى كەلگەندە، نۇرغۇن نەرسىنى زېمىندىن چىقىرىدۇ، خۇددى نېفىتنى، گازنى چىقارغاندەك، ئاسارە ـ ئەتىقىنى چىقارغاندەك، تۆمۈر ماددىسىنى كىرگۈزۈپ، يەنە تۆمۈر قىلىپ چىقارغاندەك، نۇرغۇن سىرلىق مۆجىزىلەر بار، بىز زېمىن توغرىسىدا يەنىمۇ تەپسىلىي توختىلىمىز.

## زېمىننىڭ شەكلى توغرىسىدا

ئىنسانلار دەسلەپتە زېمىننى بىپايان چەكسىز كۆرەتتى، ئاسماننى بولسا، گۈمبەزدەك، زېمىنغا كۆمتۈرۈگلىك دەيتتى، كېيىن، دېڭىز سەپىرى باشلانغاندا، زېمىن بولسا، چەكسىز دېڭىزدا، سۇدا ئۈزۈپ يۈرىدىكەن دېيىشتى. يەنە بەزىلەر، زېمىننى كالا كۆتۈرىدۇ، بېلىق كۆتۈرىدۇ دېيىشتى، كېيىن بولسا، زېمىن چوقۇم چەكلىك مەخلۇق، ئۇ مەركەزلەشكەن يۇمىلاق شەكىلدە ئۆزى تۇز، خۇددى كېسىلگەن دەرەختەك، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان يىلتىز بار دېيىشتى، بەزىلەر بولسا، ئۇنى سەككىز تۇۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ دېيىشتى، مىلادىدىن بۇرۇن، يەنى 600 يىل بۇرۇن، بىرسى چىقىپ، زېمىن تۇۋرۈككە ئوخشايدۇ دېيىشتى، پەيلاسوف ئەفلاتۇن چىقىپ، زېمىن تۆت چاسا، خۇددى كەئبىگە ئوخشايدۇ دېدى. كېيىن غەرب ئالىملىرى زېمىننى يۇمىلاق ئىلىپىس شەكلىدە دېدى، كېيىن ھىندى ئالىملىرى بولسا، زېمىننىڭ بىر تەرىپى بەكمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنلىك، يەنە بىر تەرىپى بەكلە پەس دېدى، بىر چېتىنى ئاسماندا، بىر چېتىنى بەكلا پەستە دېيىشتى، يەنە ھىندى ئالىملىرى زېمىن ناھايىتى چوڭ، تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشايدۇ دېيىشتى.

ئەرەب ئىچىدىن چىققان، جۇغراپىيە ئالىمى ئىدرىس، 1100 ـ يىلى، زېمىن تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، تېگى سۇ ئاستىغا چۆكۈكلۈك دېدى، مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى بىتلومىس، 1200 ـ يىلى، زېمىن خۇددى ئەنجۈر شەكلىدە، ئۈزۈپ يۈرىدۇ دېگەن.

1520 ـ يىلى، ئەنيانۇس چىقىپ، زېمىن ئىنسان قەلبىگە ئوخشاش دېدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن زېمىن، ئاللاھنىڭ يۈرىكى دەيدىغان نەزەرىيە چىقىپ، كۇفرىلىق، دىنسىزلىق ئەۋج ئالدى، كېيىن، دانىت دېگەن ئالىم چىقىپ، زېمىن ئامۇتتەك، قاپاقتەك، بىر تەرىپى سوزۇلغان دېدى.

كېيىن 1819 ـ يىلى، سىنت لويىز چىقىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا، زېمىن ئاساسى جەھەتتىن ئىلىپىس شەكلىدە، ئۇ نۇرغۇن ئۆششاق جىسىملاردىن ھاسىل بولغان دېگەن. 1913 ـ يىلى،

مارشا. جاردىر چىقىپ، زېمىننىڭ ئىچى كاۋاك، ئۇنىڭ قاپا ئوتتۇرىدا قۇياش تۇرىدۇ دەپ جاكارلىدى، كېيىن مورىيە، بۇگۇنكى ئاسترونوم ئىلمى دېگەن كىتابىدا يەنە بىر خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تا ھازىرغىچە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، ھەممىگە مەلۇمكى، تەپسىر بەيزاۋىدا، تەپسىر رازىيدا، تەپسىر فىزىلالدا، مۇن تەپسىردە ۋە باشقا مەلۇم ئاسترونوم كىتابلىرىدا، ئەڭ يېڭى تەپسىر مۇنىيىردا ھازىرقى سۇنئىي ھەمراھدا تارتىلغان سۈرەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاردا زېمىن ھازىرقى گولۇبۇس، يەنى تۇخۇم شەكلىدە دەپ ئېتىقادقا كەلدى. قانداق بولسا مەيلى، ئۇ ھادىسە، ئاللاھ ياراتتى، بىز ئۇنىڭ ئۈستىدە سىنىلىمىز خالاس. بۇ بىر مۇسابىقە مەيدانىدەك، بىر ئالەم، بىز كېتىمىز، يەنە بىر ئالەمگە كېتىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز. بىلسەك، پايدىسى يوق، بىلمىسەك زىيىنى يوق، ئىلىم شۇنداقتىمۇ تەتقىق قىلىپ باقىمىز، بۇ يەردە مۇھىم بىر ئامىل بار، ئۇ بولسىمۇ سۇنئىي ھەمراھ، ئۇچار كېمە، ئايرۇپىلاندا نىشاننى ئوبدان پەرقلەندۈرۈپ، ھۇجۇم قىلىش، خەۋەر تارقىتىش، ئۇچۇر قوبۇل قىلىش، بۇلار دەلمۇ ـ دەل چىقىش لازىم، سەللا خاتالاشسا، نىشاندىن ئېزىپ قېلىپ، زور بەدەل تۆلەپ غەلىبە، مەنپەئەت، پايدىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ، شۇڭا، بۇ جۇغراپىيە ئىلمىنى بىلىش بەك مۇھىم بولۇپ قالدى. قۇرئاندىمۇ كىچە ـ كۈندۈز، ئالمىششى، زېمىن، ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشى، كىرىپ چىققان نەرسىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ، تاغلار سۆزلىنىدۇ، ئۇنىڭغا قارىمىغىنىمىزغا تاپا قىلىدۇ. شۇڭا بىز، تەپسىلىي ئوقۇمىشىز لازىم ئىكەن، بۇ جۇغراپىيە ئىلمى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بايىقى نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆز ھالىتى بويىچە زېمىن سۈرىتىنى كەلتۈرگەن، **137** ـ بەتتىن، **140** ـ بەتكىچە **16** پارچە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن، زېمىن شەكلى ئۆزگىرىپ تۇرىشىمۇ مۇمكىن، ئاللاھ ئالىمدۇر.

ئەمدى، ئالىملار زېمىندىكى بايلىقلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: تۇپراق بايلىقى، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، قارا تۇپراق بۇنىڭغا نۇرغۇن زىرائەتلەن تېرىلىدۇ، ئاز سۇغۇرۇلسىمۇ ئوبدان بولىدۇ، قۇم تۇپراق بۇنى ناھايىتى تولا سۇغارمىسا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشى تۇپراق، ھىندى زېمىنلىرى بولۇپ، نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ئوغۇتسىز، چىقىمسىز تېرىلىپ كەلمەكتە، تاغقا يېقىن، تۇپراقلارمۇ شۇنداق ئوغۇت، قىغسىزلا تېرىلىدۇ. نۇرغۇن زېمىنلار، سو قويماستىن يامغۇر بىلەن تېرىلىدۇ، بۇنى مەن كۈنمىگدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، يانار تاغدىن ھاسىل بولغان، تۇپراقتا نۇرغۇن بايلىق، پايدىلىق ماددىلار بار بولۇپ، بۇ جايدىكى زىرائەتمۇ ناھايىتى ياخشى ھوسۇل بېرىدۇ، ئاللاھ، زېمىندىن نېمىلەر چىقىپ، كىرىپ تۇرىدۇ ئوبدان بىلىدۇ. يەر تەۋرەش بولسا، ھەر يىلدا **30000** قېتىمدىن ئاشىدىكەن، ئېغىر، يەڭگىل بولۇپ، نۇرغۇن پايدا، زىيان كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئېغىرراق تەۋرىگەندە، ئىگىز جايلار پەسلەپ، پەس جايلار ئېگىزلىشىپ، شۇ يۆلىنىشى ئۆزگىرىدىكەن، نۇرغۇن بالايى ـ ئاپەتلەر كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئىنسانلار دائىم تەھدىد ئىچىدە تۇرىدۇ، ھەممە، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، زېمىن ئىچى ناھايىتى يۇقىر ھارارەتلىك، قىززىق بولغاچقا، نۇرغۇن ماددىلارنى ئېرىتىپ تۇرىدۇ، بەزىدە، زېمىن پوستى قەۋىتىنىڭ بىسىمى يەڭگىللەپ، ئىچىدىكى ماددىلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېتىلىپ چىقىدۇ ـ دە، يانار تاغ ھاسىل بولىدۇ، يانا تاغدىن چىققان قىززىقلىق، نەچچۋە مىڭ گرادۇستىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ماددىلار ئېتىپ چىقىدۇ، بايلىقلارمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە، ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىدىن كۆمۈر، يېقىلغۇسىمۇ چىقىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، كۆمۈر، دەرەخدىنلا ھاسىل بولماسىدىن، زېمىندا ئىچكى قىسمىدىمۇ ئەزەلدىن بار ئىكەن، **1883** ـ يىلى ئاۋسىراليىنىڭ جەنۇبىدا كارىكتۇا ئارىلىدا بىر يانار تاغ پارتىلاپ، **300** يېزىنى ۋەيران قىلىپ، **36000** كىشى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، تاغدىن ئېتىلىپ چىققان توپا ـ چاڭ ماددىلار **40** كىلومېتىر ئېگىزلىككە يەتكەن.

ياۋرۇپانىڭ غەرب تەرىپىدە، قىزىل شەپەق ھاسىل قىلغان، ئەتراپىنى بولسا، قىزىل لاي قاپلاپ كەتكەن، بۇنداق قورقۇنۇشلۇق ئىشلار دائىم يەرشارىدا بولۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، ئۆزىنى ئەنە شۇنداق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، زېمىنغا نېمە كىرىپ نېمە چىقىپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ، مانا بۇلار، زېمىندىن چىقىۋاتقان نەرسىلەردۇر، بىز جۇغراپىيىنى ئوبدان ئوقىساقلا، نېمىلەر چىقىۋاتىدۇ، نېمىلەر زېمىن ئىچىگە كىرىۋاتىدۇ بۇنى بىلىمىز، ھەممە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، بارلىق، بىرلىكى، رەھمەت، ھېكمىتى، ئىنسانلار پايدىس ئۇچۇن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، ئەمما، ئىنسانلار شۈكرى قىلمايۋاتىدۇ، جازاسىنى تارتىش ۋاقتى ئاز قالدى، ئەمدى بىز كۆمۈر ئۈستىدە توختىلىمىز.

نېمەتكە شۈكرى قىلمىغانلىق زاۋال تېپىشنى تىلىگەنلىكتۇر.

**ئاللاھ، زېمىنغا كىرىپ ـ چىقىدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن ئايەت.**

بىز ھازىر كۆمۈر ئۈستىدە توختىلىۋاتىمىز. كۆمۈر توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بۇنى قاچان زېمىنغا ياراتتى، تارىخنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، زېمىن بىلەن بىللە يارالدىمۇ تېخى ھازىرقى ئالىملار، كۆمۈرنىڭ ئەسلى مەنبەسى دەرەخ بولۇپ، دەرەختە ئوكسىگېن، ھىدروگېن، كاربون ماددىلىرى بولۇپ، زېمىن گۈمۈرۈلۈپ دەرەخلەر كۆمۈلۈپ قېلىپ، خىمىيۋىلىك ئۆزگىرىشتىن كېيىن، كۆمۈرگە ئايلانغان دېدى، بۇنىڭغا نەچچە مىڭ يىل كېتىدۇ، ئەلۋەتتە، پىششىق كۆمۈر، تاش كۆمۈر، ھاراريتى يۇقىرى، ئوتى ئاز، پار، كۆمۈر، تۈتىنى، گېزى ئاز ھاراريتى يۇقىرى، گاز كۆمۈر، ئۇندىن باشقا بىز ئىشلىتىۋاتقان كۆمۈرلەر تۈرى، ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىسىنى ھازىر تونۇرلاردا ئىستېمال قىلىپ، نان، سامسا، كاۋابلارنىمۇ پىشۇرىۋاتىدۇ، بەزىسى قاتتىق كۆيىدۇ، گېزى كۆپ، بەزىسى گازسىز، چوغى، ھاراريتى كۈچلۈك، قىزىقارلىقى شۇكى، كۆمۈردە ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن باشقا، نۇرغۇن ماددىلار بولۇپ، ھەرخىل پايدىلانغىلى بولىدۇ، توك چىقارغىلى، ئۇغۇت ياسىغىلى، تىببىي دورا چىقىدۇ، كېسەلگە شىپالىق دورا چىقىدۇ، ھەتتا، ئەتىر ماددىسى بار، سوپۇن ماددىسىمۇ بار، خۇددى نېفىت ماددىسىدىن ھەرخىل نەرسە چىققانغا ئوخشاش. **16** ـ جىلد **144** ـ **146** ـ بەتكىچە، مۇشۇ بەتلەردە، كۆمۈرنىڭ ئورنىنى، كاندا تەكشۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، خۇددى كۆمۈر قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرەخ كۆتىكى ياكى دەرەخ شاخ، غوللىرىنىڭ كۆرۈنىشىدەك جايلار ئاشكارىلانغان، مانا مۇشۇ سۈرەتلە كەلتۈرۈلگەن. **(كۈن نۇرىدىن ئېنېرگىيە ھاسىل بولۇش)**

بەزىسى ئەمەلىي، بەزىسى قىياس، پەرەز تارتىلغان، خۇددى، ئاسمانلاردا پىلانېتلاردا نۇر، ئوت، ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغاندەك، ھايۋانلاردىمۇ ياغ، ئېنېرگىيە، يېقىلغۇ بولغاندەك، ئۆسۈملۈكمۇ بىر ئېنېرگىيە، يېقىلغۇ مەنبەسى، شۇنداقلا، يەر ئاستىدا بار كۆمۈرمۇ شۇنىڭدەك ئىكەن، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر ئاتا قىلغۇچى، قاراڭلار، دۇنيادىكى زور بايلىق، زاپاس قالدۇرۇلغان، بايلىق، نېفىت **250** خىل ماددا ئايرىپ ھەر خىل تەرەققىيات ئىشلىرىغا سەپەر، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، زىرائەت، دېھقانچىلىق، ئائىلە سايمانلىرى، قاتناش قوراللىرى، ھەرخىل ئىشلەپچىقىلىۋاتقان ئېلېكتېر سايمانلىرىغا ئەنە شۇ نېفىتتىكى نەرسىلەر ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ، ئەلۋەتتە، زېمىنغا كىرىپ كېتىۋاتقان، ۋە زېمىندىن چىقىۋاتقان، ئاشۇ نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاجايىپ يېرى شۇكى، بىر خىل تاشدىن زەيتۇن يېقىلغۇسى، نېفىت ئىشلەپ چىقىرىلىدىكەن، ئېرىتىپ ئاقتۇرۇلىدىكەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتكە كەڭ مەزمۇنلۇق توختالغان بولۇپ، زېمىندىن چىققان بارلىق بايلىقلار، ئاسارە ـ ئەتىقە، ھەرخىل تاش، قاشتېشى، گۆھەر، مارجان، ئالماس، نېفىت، كۆمۈر، گاز، يانار تاغ بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بايلىق ۋە ئاپەت، يەر تەۋرەش، زېمىن ئىچكى قاتلام، دېڭىز ئەھۋالى، زېمىن پوستى، قەۋەت ھەرىكىتى، ھاۋا بېسىمى، ئاتموسفېرا، ھەرخىل تاغلار، قۇم بارخانلىرى، قۇملاردىكى بايلىق، كېپەك ئالتۇن، چۆللەردىكى ھېكمەت، ئىككى قۇتۇپ، مۇز ئوكيان، ھەرخىل ئىنسانلارغا يېمەكلىك، ئىچمىلىك، كىيىم ـ كېچەك چىقىدىغان ئۆسۈملۈك، ھەرخىل ھايۋانلار توغرىسىدا، ئىش قىلىپ، زېمىنغا كىرىپ ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەرسە ئۈستىدە توختالغان، ھەممىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ، ئىلىم، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

بىز مۇسۇلمانلار، بۇ ئىلىمدا دىنسىزلارنى بېسىپ چۈشىشىمىز، نېمەتتىن بەھىر ئېلىپ، دۈشمەندىن غالىپ كېلىپ، دىن، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن، تەرەققىي قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ، ئىلىم ـ ھېكمەت، نېمەتكە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە چاقىرىدۇ.

سۈرە سەبائ **14** ـ ئايەتتىكى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈم ئەھۋالى، جىنلارنىڭ غەيبنى بىلمەسلىكى، بىر تال ياغاچ قۇرۇتى، بۇ ئۆلۈمدىن خەۋەر بېرىپ، جىنلارنى ئازابدىن، ئەمگەكدىن قۇتۇقۇزۇپ قويۇشى، بۇنىڭدا، يەنىلا ھاشارەت ئىلمىنى تەتقىق قىلىش، ئىلمى تەتقىقاتلاردا بولۇپمۇ ھاشارەت ئىلمىنى تەتقىق قىلساق، ھازىرقى باغۋەت، زىرائەت، دېھقانچىلىق ئىلمىدا زور پايدا، ھوسۇل ئېلىپ، بىزمۇ مۇشەققەتتىن، زىياندىن ساقلىنىپ قېلىشىمىز چىقىپ تۇرىدۇ، ئايەت، ئەنە شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، بۇ قۇرۇتنى ئۇنىڭ ياشاش جايى، ئۇۋىسى، دۈشمىنى بولغان چۈمۈلە بىلەن بىللە تەتقىق قىلىپ، خۇددى چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش، قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرىنى تاپقان، چۈنكى، بۇ ھاشارەتنى ئاللاھ، قۇرئاندا تىلغا ئالدى ـ دە، بۇ خىل تەتقىقاتنى ياۋروپالىقلار قىلىپ، نۇرغۇن پايدا ئالدى، پەقەت دۇنيالىقدا ئالدى خالاس، ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار تەتقىق قىلساق، بۇنىڭدا بىر خىل سىياسەت، دۆلەت باشقۇرۇش، تۈزۈم، ئىتتىپاقلىق، تىرىشىش، تىرىشىپ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلسا، ئاشۇ قۇرت، قاتتىق ياغاچنى ۋەيران قىلغاندەك، زور نەتىجە چىقىدۇ، نۇرغۇن ئىلمى ھېكمەت بار ئەلۋەتتە.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا يەنىلا ئادىتى بويىچە، روھ مەسىلىلىرىنى سۆزلىگەن، بىز بۇ كىتابىنىڭ باش تەرىپىدە سۆزلەپ ئۆتكەن، بۇ بىر تەتقىقات بولۇپ، روھ ئىشلىرى ئىنسان ئەقلىدىن، تەتقىقاتىدىن يىراق ئىشتۇر، بىز بۇنداق ھېكايىلەرگە ئىشىنىپ ئۆز ئەقىدىمىزدىن بۇرۇلۇپ كەتسەك بولمايدۇ. بەلكى، بۇ خىل ھادىسىلەر، جىنلاردا بولۇشى مۇمكىن.

## پەرىشتە ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر روھى توغرىسىدا

قۇرئان، ھەدىسىدىن باشقىسى قەتئىي دەلىل بولالمايدۇ، ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئالدىنىمىز، ئازىمىز خالاس، ئەمما، جىن توغرىسىدا توختالساق، ئۇلار، غەيبى مەخلۇق بولۇپ، ئاللاھ ياراتتى، ئۇلار بىزنى كۆرسىمۇ بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز، رەسۇلۇللاھ، كۆرەلىگەن، ئەمما، جىنكەشلەر بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن نەرسە، ئىلىم قوبۇل قىلىدۇ، بۇ ھەدىستە خاتىرلەنگەن، ئۇلارمۇ توي قىلىدۇ، كۆپىيىدۇ، ئەركەك ـ چىشى بولىدۇ، سۆزلىشىدۇ، ھەرخىل تىل، ھەرخىل مىللەت، يۇرتلارغا ئايرىلىدۇ، باللىرىنى تەربىيلەيدۇ، ئىبلىسىدىن باشقىسى ئۆلۈپ تۇرىدۇ، ئاسمان خەۋىرىنى ئوغۇرلىمىقاچى بولغاندا، ئاقار يۇلتۇزلار كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ، ياخشى ـ يامان، مۇسۇلمان، كاپىرلار بار، جازا، مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئەرەب تىلىنى بىلىدۇ، قۇرئاننى چۈشىنىدۇ، ۋاھاكازالار، قۇرئان، ھەدىستە كەلگەننگە ئىشىنىپ، سۈكۈت قىلسا، سۈكۈت قىلىپ كوچىلىماي ياشاڭ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدە ئاتالغان، سەبائ شەھرىنى ئۇنىڭ پايتەختى بولغان مەئرەب شەھرىنى مىلادىدىن **1400** يىل بۇرۇنقى، مىلادىدىن **600** يىل كېيىنكى خەرىتىسىنى، قەدىمقى بۇ شەھەر خەرىتىسىنى تېپىپ، تۇنجى كەشپىياتچى، تارىخشۇناس ئالىملارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىپ، بۇ جايدىن چىققان، ئاسار ـ ئەتىقە، نەقىشلەردىن دەلىللەپ، بۇ جايدا راستىنلا توپان، كەلكۈن ئاپىتى، يۈز بەرگەنلىكىنى، نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى توپان بالاسىنى، قۇرئاننىڭ تارىخى مۆجىزىسى قاتارىدا ئىسپاتلاپ چىققان، بۇنداق تارىخ بىلىمنى مۇسۇلمانلار يەنىلا ئۇقماي، قىزىقماي، ئالبانىيىلىك ئالىمنىڭ بۇنى تېپىپ چىققىنىنى يازغان، قاتتىق ئەپسۇسلانغان، مانا مۇشۇنداق تارىخ، جۇغراپىيىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىسىنى تېپىپ چىقىش، قۇرئاننى، ئاللاھنىڭ كالامى، ئەلچىسى، ھەدىس، راست سۆزلەيدۇ، دېگەن ئىسپاتلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دېگەن.

راستىنلا بۇ تارىخى ۋەقەلىك، قۇرئان مۆجىزىسى دېگەن تېمىدا دۇنياغا ئېلان قىلىنغان، تور بەتلىرىدە تارىخ جەھەتتىن، جۇغراپىيە جەھەتتىن، مىللەت، ھەرخىل ئۇرۇش جەھەتتىن، ئاسارە ـ ئەتىقە جەھەتتىن، ئاسترونوم، بىئولوگ، خىمىيە، فىزىكا قاتارلىق ھەرخىل پەنلەر جەھەتتىن مۆجىزە ئېلان قىلىندى، بۇنى بىز كۆردۇق.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنە بۇ سۈرىدە سۆزلەنگەن زالىملار، ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەر توغرىسىدا توختىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت، مەزھەپ، ھەرقايسى دىن، ئەقىدە جەھەتتىن قاتتىق خۇراپىيلاشقان، ئەشەددىي تەقلىد كۈچى يۇقىرى، ئاتا ـ بوۋىسى، ئەجدادىغا ئەگىشىپ، نۇرۇغن پىتنە ـ پاساد، نۇرغۇن زۇلۇم، نۇرغۇن بىدئەت، خۇراپاتلىقنى پۈتۈن دۇنيادىكى رەزىل كىشىلەردىن بولۇپمۇ ھىندىلاردىن تېپىپ يازغان، شۇنداق زالىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەمالارچە تەقلىدى ئەگىشىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلدۇرغان،

بىر ئايەتنى پۈتۈن زالىملارنى خۇراپىي دىنلارنى، خۇراپىي تەقلىدچى مىللەتلەرنى ئۆلارنىڭ قىلىقىنى سۆزلەپ تەپسىر قىلغان.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن، يەنىلا تارىخ بىلىش، جاھاننى كۆرۈش، مىللەت، دىن، مەزھەپ، ھەرخىل ئەقىدە، ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەتقىق قىلىش مۇھىم، سەيرە، ساياھەت كېتىدۇ. ساياھەتمۇ تەرەققىياتنىڭ بىر سەۋەبچىسى، مەقسەت، كۆزىمىزنى ئېچىش، ئويغۇنۇش، تەرەققىي قىلىش، بىرلىشىش، غەلىبە قىلىشتۇر.

# سۈرە پاتىر تەپسىر جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار

مَا يَفْتَحِ اللّٰهُ لِلنَّاسِ مِن رَحْمَةٍ فَلاَمُمْسِكَ لَهَا

ئاللاھ، ئىنسانلارغا ئېچىۋەتكەن رەھمەتنى توسۇپ قالغۇچى يوقتۇر، بۇ ئايەتتە، ئاللاھ، مۇسۇلمانلارغا دېمەي، ئىنسانلارغا دېگەن بولۇپ، بۇ كەلىمە، مۇسۇلمان، غەيرى مۇسۇلمان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانداق بىر دۆلەت، مىللەت ئىچىدىن بىرەر ئىنسان چىقىپ، بىرەر يېڭى كەشپىيات تاپسا، مانا بۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولىدۇ، چۈنكى، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ۋە باشقا ئىنسانلار پايدىلىنىدۇ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ باش سەۋەبچىسى، مۇھىم ئامىل بولغان، توك، ئىدىسوننىڭ قولىدا كەشىپ بولدى. ئاتوم، ئېينىشتېيىننىڭ قولىدا كەشىپ بولدى، ئۇندىن باشقا، نۇرغۇن تەرەققىيات، سانائەت، كەشپىياتى، تىبابەت كەشپىياتى، زىرائەت كەشپىياتلىرى ئاشكارىلاندى، (ھەتتا كومپيۇتېرغا قەدەر كەشىپ قىلىندى) مانا بۇلار، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئېچىۋەتكەن رەھمىتى، ئەمدى گەپ، بۇ رەھمەتكە شۈكرى قىلىش، قىلماسلىق، بۇ نېمەتلەرنى ياخشىغا ئىشلىتىش، ياكى يامانغا ئىشلىتىش قالدى، ھالاللىرىغا ھېساب، ھاراملىرىغا ئازاب بار خالاس.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتىكى رەھمەتلەر قاتارىغا ئىلمىنىت، ماددىلارنىمۇ كىرگۈزدى. ئىلمىنىت، ماددىلار ئىچىدە مۇھىم بىر ماددا ئازوت بار، ھاۋانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بۇ ماددا، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھاياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، بۇلۇتنى كۆتۈرۈش، دېڭىزدىكى كېمىنىڭ سەيرى قىلىپ مېڭىشى، ئۆيلىرىمىزدىكى بىزگە زىيانلىق ماددا، مىكرۇپلارنى قوغلاش، قۇياش نۇرىنىڭ زىيانلىقىنى توسۇپ تۇرۇش، ھەتتا، ئازوت بولمىسا، ھاۋامۇ قارا كۆرۈنەتتى، ھايۋانلار موسكۇلنى ھاسىل قىلىش، ئۆسۈملۈكنىڭ مۇھىم ئوزۇق مەنبەسى بولغان بۇ ئازوت، رەھمەت قىلىنغان ماددا بولۇپ، مانا بۇ ماددىنى ئالبانىيىلىك ئالىم، فىرتىزھابىر، توك ئوچاق ئارقىلىق، يەنى **460** گىرادۇس توگلىتىش ئارقىلىق ھەرقانداق ھاۋادەك ۋە باشقا كۆزگە كۆرۈنمەس ماددىنىمۇ قاتۇرۇپ، مۇزلىتىپ تۇتقىلى بولىدىغان جىسىمغا ئايلاندۇرۇپ، قىزىتىشقا كەلسەك، **14450** گرادۇس، قىزىتىش ئېلىپ بېرىپ، بۇ قۇياش قىززىقلىقىدىن **3000** گىرادۇسدىن ئارتۇق بولۇپ، ھەرقانداق ماددىنى ئۆز ئەسلىگە، زەررىچە ھالەتكە كەلتۈرۈۋېتىدۇ، مۇشۇ ئىككى ئۇسۇل ئارقىلىق مانا ئىلغار سايمان، توك ئوچىقى بىلەن ھاۋادىن ئازوتنى ئايرىپ، ھازىرقى بىز ئىشلىتىۋاتقان، ئاق ئوغۇتلارنى ئىشلەش تېخنىكىسىنى **1930** ـ يىللىرىلا كەشىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بۇ مۇھىم بولغان ئوغۇت ماددىسىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولىدۇ، ھەتتا كۆپلەت ھوسۇل ئالىدىغان بولدى. بۇ ئوچاق ئارقىلىق كاربوننى ئالماسقا ئايلاندۇرغىلى، كۆمۈرنى گرانىت ۋە ھەرخىل ماددىلارغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، بۇ ئازۇت دېگەن ماددىنى ئايرىشتا، بىر تەرەپدىن ئوغۇت قىلىش بىلەن زىرائەت، باغلارنى ئوغۇتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا ماددىلارنى ئىشلەپ، ئوزۇق مەنبەسى، دورا، داۋالاش مەبەسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قورال ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان، مانا مۇشۇنداق ئىلغار كەشپىيات، گاھ سويۇتۇش، گاھ قىزىتىشقا قايتىدۇ، بۇنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىز مۇنداق بايان قىلىمىز، پار، بىز كۆرگەن پار، ھور بولسا، ھاۋادىن **1728** ھەسسە يەڭگىل، ھاۋا بولسا، سۇدىن **800** ھەسسە يەڭگىل، شۇنداق تۇرۇپ، پار، سۇغا ئايلىنىدۇ، يامغۇرمۇ شۇ پاردىن چۈشىدۇ، سۇ بولسا، توڭلاپ، مۇز ياكى قارغا ئايلىنىدۇ، ئەنە شۇنداق پاردىن ئېغىر بولغان، ھاۋانىڭ بىر جۇزئىسى بولغان ئازوت، بۇمۇ قاتىدۇ، سويۇتۇش بىلەن قاتۇرغىلى، قىزىتىش بىلەن ھاۋادىن ئايرغىلى بولىدۇ. خۇددى ئوكسىگېننى سۇدىن، ھاۋادىن ئايرىۋالغىلى بولغاندەك، سىز ئوكسىگېننى، تۇڭگى بىلەن ساتقىننى كۆرىسىزغۇ، توكنى ئىستىمال قىلىپ، مۇشۇنداق كەشپىياتلار بارلىققا كەلدى، مەيلى ئوزۇق مەنبەسگە مەيلى ئۇرۇش قورالى مەنبەسگە، مەيلى باشقا ئىشلارغا بولسۇن، بۇ خىل، كەشپىيات گەرچە دىنىسىزنىڭ قولىدىن چىقسىمۇ، ئالەمگە رەھمەتتۇر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

ئامرىكىلىق بىر ئالىم، تۈزنى، خىلور ماددىسىنى دېڭىز سۈيىدىن، زېمىن تەبىقىلىرىدىن ئايرىشنى كەشىپ قىلدى، خۇددى، ئازوتنى ئايرىغاندەكلا ئىش ئىدى. خلور، تائام تۇزى بىلەن ئارىلاش ماددا بولۇپ،

بىز ھازىر مۇشۇ ماددىنىڭ پايدىسىنى يازىمىز.

1 ـ خلور دېگەن بۇ ماددىدىن بىر تامچىنى 80 لېتىر سۇغا يەنى ئىچىملىك سۇيىگە سالسا، سۇنى پۈتۈنلەي مىكرۇپ، ھەرخىل زىيانلىق جانلىقلاردىن تازىلاپ، پاكىز قىلىۋېتىدۇ.

2 ـ ۋاراق، قەغەزنى ئاقارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3 ـ تىبابەتتە، دورا ياسىغلى بولىدۇ، ئوپىراتسىيىدە مەس قىلىدىغان دورا ياسىلىدۇ.

4 ـ ئۆزىلا زەھەرلىك گاز بولۇپ، ئۇرۇشتا قورال قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

5 ـ زەھەرلىك گاز بومبىسى، گاز قورالى ياسىغلى بولىدۇ.

6 ـ دېھقانچىلىق ئىلمىدا زىيانداش ھاشارەتنى يوقىتىدىغان دورا بولىدۇ.

7 ـ ئۇندىن باشقا ھەرخىل ماددىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەرخىل پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن تائامغا تۇز سالىمىزدە، بۇ ماددا ئارقىلىق مىكرۇبدىن سالامەت قالىمىز، ھىدروگېن دېگەن بۇ ماددا، ھاۋادا كۆيدۈرۈلسە، ئوكسىگېن بىلەن بىرلىشىپ، سۇ ھاسىل بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئازوت بىلەن بىرلەشسە، نۇشادىر ماددىسى ھاسىل بولىدۇ، ھېدروگېندىن كۆيدۈرگۈچى بومبا ياسىلىدۇ، بۇ ماددا، كۆيگۈچى ئېنېرگىيىدە ئاساسەن بولىدۇ.

ئالىيۇمىن، ھەممىگە مەلۇم بولۇپ، ھەرخىل ئۆي سايمانلىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى، ھەتتا ئايرۇپىلان ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ماددا، كۇمۇش، ھاۋادا قارىداپ كەتكەندەك، تۆمۈر داتلاشقاندەك، داتلاشمايدۇ، قارىدىمايدۇ، ھەتتا، تۆمۈرنىمۇ داتلاشماس ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈر، ئەينەك، مىس، گەج، سېمونېت، ھاك، نېفتتىن چىققان ھەرخىل ماددا، سۇلياۋ، ھەممە ماددا 110 خىل ئېلمېنت بولۇپ، بۇلار پۈتۈنلەي ئىنسانلار پايدىسى ئۈچۈن، ئاللاھ ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ ئېچىۋەتكەن نەرسىلەردۇر، بۇ ماددىلارنى تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن دورا ياسالدى، مەيلى مۇسۇلمان كەشىپ قىلسۇن، مەيلى دىنسىز بولسۇن، ئاللاھ، تىرىشقانغا بېرىۋېرىدۇ، ئىزدەنگەن تاپىدۇ، تېرىغان ئورىدۇ، دۇنيانى مەقسەت قىلسا، شۇ ئاخىرەتنى مەقسەت قىلسا، ئۇمۇ شۇ، ئەگەر ئاللاھنىلا مەقسەت قىلسا، ئۇمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاددىي بىر پېقىر بالا، كەشپىياتىدىن بىرنى تېپىپ مىليونىر بولۇپ كېتىدۇ، ئىلىم ھامىنى خارلىمايدۇ، يۇقىرىقىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئەمىن قىلغۇچى، پايدا ـ زىيان كۆرسەتكۈچى، ھەر نەرسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇچى، ئەزىز قىلىپ، ئۈستۈن كۆتۈرگۈچى، خار قىلىپ، پەسكە تاشلىغۇچى، باي ـ كەمبەغەل قىلغۇچى، رەھمەت ئىشىكىنى ئاچقۇچى، تۈز كورنى جازالىغۇچى، ئادىل بىر ئاللاھدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللاھ ئەلەي، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىۋەتكەن كەشپىياتلار ئۈستىدە توختىلىپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ:

بىز يۇقىرىدا ھەرخىل ماددىلاردىكى رەھمەتنى، كەشپىياتنى كۆردۇق، ھازىر بىز، باشقا كەشپىيات ۋە بايلىقلارنى كۆرۈپ باقايلى.

1 ـ شىمالىي قۇتۇبدا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نېفت قاتارلىق نۇرغۇن بايلىقلار ئاشكارا بولدى، ھەتتا 726 خىل ئۆسۈملۈك تېپىلدى، ھەرخىل ھايۋاناتلار بايلىقى، بۇنىڭ سىرتىدا بۇمۇ رەھمەتتۇر.

2 ـ جەنۇبى قۇتۇبدا بولسا، بۇنىڭدىنمۇ مول بايلىق ۋە كەشپىيات بارلىقى كەلدى، كىشىلەر ئۈچۈش كەشپىياتىنى تاپتى، ھاۋا يولى ئارقىلىق ئالاقىلىشىش، تېلېگراف ئىشلىرى، سىملىق، سىمسىز تېلېفونلار كەشپ قىلىندى، 1930 ـ يىللىرى ھازىر 2005 ـ يىلى بو لسا، تۈل خوتۇندىمۇ يانفون بولۇپ كەتتى، ھەر ئۆيدە ئىلغار كومپيۇتېر، سەپەر قىلىش، ئالاقىلىشىش، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تىجارەت، ئىلىم، بايلىق، كەشپىيات، ھەر جەھەتتە زاپاس تۇرىدۇ، ئەمما، كىشىلەر تەقۋا ئەمەس، لەقۋا، ھورۇندۇر، شۈكرى قىلىش تۈگۈل، ئىگىسى خالىق ئاللاھنىمۇ تونىمايدۇ، سۇبھاناللا، ئاللاھ ھەممىمىزنى كەچۈرگەي ئامىن!!!

ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، **1930** ـ يىللىرى، ئالىملار بىر قىسىم خىمىيىۋىلىك ئۇسۇلدا، يېمەكلىك تەييارلاپ، ئىنسانلارغا زىيانلىق ئاپەت بولمىسۇن دەپ، تەرىك ئەتكەن، مۇشۇ يىللاردا، بىر دوكتۇر، تائامنى ئاشقازاندا ئاسان ھەزىم قىلىش دورىسى كەشىپ قىلىپ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، مۇكاپات قىممىتى **8000** دوللار كېلەتتى، بۇ دورىنى ياساپ ساتقان شىركەت، دوختۇر، دوختۇرخانا، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئالغان پايدىنىڭ ھېساۋى يوق، ئىلمى كەشپىياتنىڭ ئەنە شۇنداق پايدىسى كۆپ بولۇپ، ھاياتلىق مەنبەسى، داۋالاپ جاننى قۇتقۇزۇش، ئوزۇق مەنبەسى، قورال كۈچى مەنبەسى، مۇداپىئە، كىيىم ـ كېچەك، قاتناش، ھەر جەھەتتىن پايدىسى زور، بولۇپمۇ، بارلىق دۇنيا ئىنسانلىرىغا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئايەتتە، ئىنسانلارغا دەپ كەلتۈرۈلگەن، ئاشۇ يىللاردا خىمىيىۋىلىك ئۇسۇلدا، ئىنساننى تاماق يېمىسىمۇ ئوكۇل كۈچى ئارقىلىق بىر نەچچە كۈن تائام، شارابسىز داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان، ئاشۇ يىللاردا جەنۇبىي ئافرىقىدا، ئامېستىردامدا مەخسۇس ئالماس تازىلاش، نەقشلەش كەشپىياتى چىقىپ، ئالماسلارنى ئارىلاشما ماددىلاردىن تازىلاپ بېرىپ، نۇرغۇن ئىشچىلار تەرەققىي قىلغان، **(17** ـ جىلد **60** ـ **61** ـ بەتتە سۈرىتى بار).

يەنە بىر كەشپىيات، ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، قوناق شېخىدا خۇددى ھازىر كېۋەز شاخلىرىدىن پەنەركە ئىشلىگەندەك، بورا قومۇشدىن قەغەز ياسىغاندەك، قوناق شېخىدىن خىمىيىۋىلىك ئۇسۇلدا، قەغەز ئىشلەپ چىقىرىش كەشپىياتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت، دەپتەر، خاتىرىلەر ئىشلەپ چىقىرىلىپ، نۇرغۇن قۇلايلىقلار بولغان. ئەڭ پايدىلىق بىر كەشپىيات، يەر ئاستى تەبئىي گاز بايلىقى، خۇددى تاغلاردا، يەر ئاستىدا كۆمۈر بولغاندەك، نېفىت بولغاندەك، تەبئىي گاز بولۇپ، بۇ جۇڭگو زېمىنىدا ئەڭ كۆپ، ئۇلار **1000** مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قېزىپ، بۇ گازدىن پايدىلانغان، ئامېرىكا بۇنىڭدىن پايدىلانغىلى تۇرغىلى **50** يىل بولدى، **10000** مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تېشىپ، بۇ گازنى چىقىرىش، تېخنىكىسىغا يەتتى، ئائىلىلىكلەرگە تۇرۇبىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ چۆل، جاڭگال زېمىنلارمۇ ناھايىتى قىممەتلىك بولۇپ قالدى، بۇ سىزنىڭچە ئاشۇ ئاللاھ ئاچقان رەھمەت ئەمەسمۇ؟ ئويلىنىپ بېقىڭ، بۇ سۆزنى قىلغىلى ھازىر **80** ـ يىل بولدى، **1925** ـ يىللىرى ھازىر بولسا **2006** ـ يىلغا **1** ئاي قالدى، ھازىر بولسا، بۇ تەرەققىيات نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر، ھەممىگە مەلۇمكى، قەشقەر، خوتەن، لوپنور چۆلىدىن، تەكلىماكان جايلىرىدىن بېيجىڭ، شاڭخەيگىچە بۇ تەبئىي گاز تۇرۇبىلاشتۇرۇلدى، لېكىن بىزگە يوق.

سائەت، ۋاقىت، چېسلانى بىلىش، مۇھىم بىر ئىش بولۇپ، ئەينى يىللاردا بىر ئالىم، ۋاقىت، چېسلادىن باشقا قۇياش يىلى، ئاي يىلىنى پەرقلەندۈرىدىغان بىر سائەت كەشىپ قىلغان بولۇپ، مايىسىز نەچچە يۈز يىل ماڭالايدۇ، ھازىر بولسا، بىر قىسىم ئالاھىدە قىسىمنىڭ سائەتلىرى، قەلەملىرى، ۋاقىت، چېسلا، ئورۇن، جەنۇب، شەرق، كومپاس، سۆزلىشىش ئەسۋابى، ئۈچۈر سىگنالى بېرىش، ھەتتا بەزىسى بومبا بولىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

**1930** ـ يىللىرى سۈرەتلىك تىل لۇغەت ئۆگىتىدىغان بىر ئاپارات كەشىپ قىلىنىپ، بازاردا سودا قىلغىلى بولىدىغان، تىل لۇغەتنى ئۇستازسىز ئۆگەنگىلى بولىدىغان بولغان، ھازىر سىز كۆرۈۋاتىسىز، ئېلېكتىرونلۇق لۇغەت، ئېلېكتىرونلۇق كىتاب چىقتى، نەچچە تىلنى كىرگۈزۈپ بىر ۋاقىتتا تىل لۇغەتنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۆزئارا تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. يانچۇققا پاتىدۇ، قۇلايلىق، ئەرەب تىلىممۇ بار. دېڭىز ئاستىنى خۇددى كۈندۈزى قۇرۇقلۇقنى كۆرگەندەك كۆرىدىغان سايمانلار كەشىپ قىلىنىپ، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، گۆھەر، مارجان، دېڭىز ئاستى يانار تاغ، يەر تەۋرەش ئەھۋاللىرى تەتقىق قىلىنماقتا، ھازىر بۇ تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

بىز بۇ كىتابتا تولىمۇ سۆزلەپ كەتتۇق، نۇرغۇن كەشپىياتلار ئاشكارىلاندى، كۆپىنچىسىنى قۇرئان، ھەدىس، مۆجىزە يۈزىسىدىن ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن، ئەمما، بىز مۇسۇلمانلار بۇنى بىدئەت دەپ تېخىمۇ خۇراپىيلىققا ئەزۋەيلەپ، دوكتۇر، پەيلاسوفلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ياۋرۇپاغا قوغلاپ، ئۇلار پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ، بىزنىڭ ساماۋى كىتابلىرىمىزنى كۆرۈپ پايدىلاندى، ئاخىرى ئۇلار غەلىبە قىلىپ، بىز بېشىمىزنى يەپ، مانا ھازىر يەنىلا ئۇلار خوجايىن، بىز مەدىكار، قۇل بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز، يەنە تېخى ئۆيقىسىنى ئاچماي، مۇشۇنداق ئىلغار كەشپىيات، تەرەققىيات ئەھۋالىنى سۆزلىگۈچىنى ھەر قىسىم

مەزھەپ، پارتىيىگە مەنسۇپ قىلىپ، ئەيىبلەپ تىللايدۇ. نادانلىقىڭمۇ خۇددى ئىلمىدەك چېكى يوق ئىكەن، ئەقىدە، ئىبادەتتە، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھدىن باشقا بىرسى نەرسە پەيدا قىلسا، بۇ بىدئەت بولىدۇ. ئەمما، سانائەت، ھۈنەر ـ كەسىپ، دۇنيا تەرەققىياتى، ۋەسىلە، ۋاستە، تەرەققىيات دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلار، بىدئەت بولمايدۇ. ياخشى سۈننەت دېگەن بىر ئۇقۇممۇ بار، ئەگەر ئىسلام، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس، مۇسۇلمان جامائە قوللىسا، بۇ ياخشى دەپ قارالسا، ئۇمۇمغا پايدىلىق بولسا، دەرىجىگە قارىتا يا ۋاجىپ، يا سۈننەت، يا مۇباھ ياخشى ئىش دەپ قارىلىدۇ، رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئويلاپ كۆرۈڭ.

ئەمدى بىز يۇقىرقى ئايەتنىڭ ئەكسى بولغان، ئەگەر ئاللاھ، رەھمىتىنى ساقلاپ تۇتۇپ قالسا، ئاچقۇچى يوق دېگەن ئايەتتە توختىلىمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ توغرىسىدا **1929** ـ يىلدىكى بىر قېتىملىق سوغۇق، توڭلاشنى، مۆلدۈر ئاپىتىنى يازغان، نۇرغۇن زىيان كېلىپ چىققان، نۇرغۇن كىشى ئۆلگەن، خىزمەت، ئىشلار نورمالسىز بولۇپ كەتكەن، ئەلۋەتتە، تارىخ بېتىنى ۋاراقلىساق، نۇرغۇن ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك، بوران ـ چاپقۇن ئاپەتلىرى ھەتتا **100000** كىشى ئۆلۈپ تۈگىگەن ۋابا كېسەللىمۇ بار، يەر تەۋرەپ، كەلكۈن ئاپىتى ۋاھاكازالار.

مەن ھازىرقى كۈنلەردىمۇ **2005** ـ يىلى، پاكىستاندا يەر تەۋرەپ **70000** ئادەم ئۆلگىنىنى كۆردۈم، بۇنداق تەبئىي ئاپەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەگەر، ئاللاھ، غەزەپ قىلسا، ئازاب قىلسا، رەھمىتىنى ئاچمىسا، ئۇنى ئاچقۇچى يوق، ئاللاھنىڭ بۇنداق كائىنات خاراكتېرلىك ئازاب ياكى رەھمەت قىلىش، تەقدىر پۈتۈن تەدبىرنى بۇزۇپ چىقىدۇ، ئىنسانلار دائىم بىر تەھدىد ئاستىدا تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئاللاھ، چوقۇم بار، بىر، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

والله خلقكم من تراب ثمَّ من ن□فهجعلكم ۆزواجا ئاللاھ سىلەرنى تۇپراقدىن ياراتتى، ئاندىن ئىسپىرما سۇدىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى بىر جۈپ ئەر ـ ئايال قىلدى، ئەركەك ـ چىشى قىلدى دېگەن ئايەت، ئەلۋەتتە بىز بۇ توغرىسىدا كۆپ توختالغان. قۇرئاندا، يەنە كەلگەچكە، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنىلا ئۇسلۇبىنى باشقىچە قىلىپ تەپسىر قىلغان.

ئۇ بۇ قېتىم يەنىلا بىئولوگىيە ئىلمىنى ئىشقا سېلىپ، ئادەم ئاناتومىيىسىدىن رەڭلىك سۈرەتلەرنى تاللاپ، **74** ـ بەتتە ئىنساننىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى، **76** ـ بەتتە ئاشقازان، **12** بارماق ئۈچەي، جىگەر، تال قاتارلىق ئەزالار پائالىيىتىنى، **78** ـ بەتتە، نەپەس يولىنى، ئۆپكە سۈرەتلىرىنى، **81** ـ بەتتە، بۆرەك، سۈيدۈك چىقىرىش سىستېمىسىنىڭ سۈرىتىنى، **82** ـ بەتتە، نېرۋا، سىزىم، قان ـ تومۇرلىرى ئەھۋالىنى، **83** ـ بەتتە، مېڭە سۈرىتىنى، **84** ـ بەتتە، بىر تال بېلىقنىڭ نېرۋا، سېزىم سىستېمىسىنى سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ، ئاجايىپ كەڭ مەزمۇندا سۆزلىگەن، ئەگەر بۇنى ھەقىقىي چۈشىنىپ ئوقۇغان كىشى، بىئولوگ بولۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە، ھەربىر سىستېما توغرىسىدا سۆزلەپ، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، ئىلىم ـ ھېكمىتىنى ئاشكارىلاپ، ئايەتتە كەلگەندەك سەممىيلىك بىلەن تۇپراقدىن، سۇدىن كەلگەن بىز ئىنساننى سۈرەتلەپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ بەكمۇ قايىل قىلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىكى ئىككى دېڭىز باراۋەر ئەمەس دېگەن ئايەتكە، يەنە بىر قېتىم دېڭىز ئىچىگە يۈزلەنگەن بولۇپ، دېڭىزدىكى ئاجايىپلاردىن كەلتۈرۈلگەن سۈرەتلىك بايان قىلغان، كېمە ئەھۋالىنى، پاراخوت ئەھۋالىنى يازغان، نەچچە مىڭ تونىنا ئېغىرلىقتىكى پاراخوت ناھايىتى تېز سۈرئەتتە سەپەر قىلىشنى مىسال قىلغان، ھازىر بولسا، دۇنياغا داڭلىق ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋىياماتكا ھەممىگە مەلۇم، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن، بۇلۇتتىن سۇنى، يامغۇرنى چۈشۈرگىنىگە قارىمامسىلەر دېگەن ئايەتكە **104** ـ **111** ـ بەتكىچە سۈرەتلىك ھالدا، نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ دەرەخ، ئۆسۈملۈك، ھايۋان ئەھۋاللىرىنى، قۇشلارنى كەلتۈرۈپ سۆزلىگەن، ئەرەبچىنى بىلسىڭىز، بىر كۆرۈپ باققۇلۇق، ئەلۋەتتە، ھازىر ھارۇن يەھيانىڭ قۇرئان پەلەك، قۇرئان دېڭىز، قۇرئان زېمىن، قۇرئان ئىنسان قاتارلىق نەچچە قىسىم فىلىملىرى بار، ئەنە شۇلارنى كۆرسىڭىزمۇ تور بېتىدىن كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىلىم ئىزدەپ بارمايدۇ، ئاپىرىپ بېرىلمەيدۇ، ئۇنى سىز ئىزدەيسىز، ئېلىپ كېتىسىز.

ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىن، دېڭىز، ئىنسان، يامغۇر ۋاھاكازالارنى تىلغا ئېلىپ، ئاخىرىدا ئەنە شۇنداق ئاللاھدىن ئالىملارلا قورقىدۇ دېگەن ئايەتنى تىلغا ئالغان، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتكە، ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن، بۇ ئايەتنى يەنى ئىككى ياخشى كۆرگۈچى بىر ـ بىرىگە مەھبۇب بولىدۇ، ئاللاھ، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى، ۋەدۇد يەنى دوست تۇتقۇچى دېگەن ئايەت ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى كەلتۈرۈپ، قانداق ئالىم، ئاللاھدىن بەك قورقىدۇ، ئىلىمنى كامىل ئېلىپ، ئەمەل قىلىدىغان، ئەقىدىسى، تەۋھىدى ساپ، پىكرى يۇقىرى، دائىم ئىزدىنىش، تەتقىقاتتا ئامىراق ئالىم دەپ مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ.

مۇھەببەتنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، ئاشىق ـ مەشۇق ئىلىمنى سۆزلەپ، لەيلى دېگەن ئايالنىڭ ئاشىقى، ئابدۇقادىر مەجنۇننى ۋە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى يازىدۇ، مەجنۇن بۇ شېئىردا ئەگەر ئۇ لەيلىنى زىيارەت قىلالىسا، بىر قېتىم كۆرەلىسە، شۇنچە يىراق زېمىنمۇ يېقىن كۆرۈنىدۇ، ھەتتا، لەيلى بىلەن مۇڭداشقان، بىللە ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق گۈزەل كۆرۈنىدۇ، ھەتتا، ئارىلىقتىكى شۇ پاراڭلارنى يەنە بىر تەكرارلىسا دەپ كېتىدىغان، ئۆز ھاياتى، جېنىنى تەقدىم قىلىش روھىنى ئىپادىلەپ، ئاندىن ئۇ بۇ دۇنيادا بۇنداق ئاشىقلار ساماندەك، يەنى مەھبۇبى ئۈچۈن مەشۇقنىڭ جېنى ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچىلەرنى يېزىپ،يەنە بەزىلەرنىڭ ئىلىم ئىشقلىق كېسىلى، تەتقىقات، ئىزدىنىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا نى ـ نى ئىگىز چوققىلارنى، دېڭىز، تاغلارنى، قورقۇنچلۇق ئورمان، چۆللەرنى كېزىدىغانلىقنى، ھەتتا نەچچىسىنىڭ قۇربان بولۇپ كەتكىنىنى، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ دىنسىز، كاپىرلىقنى، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئالىم، موللا دېگەنلەرنىڭ پەقەت بىر كۆنلۈك كۈنى ئۆتسە، قورسىقى تويسا، جان باقسا، مائاشنى ئالسا، مەنسەپدىن چۈشۈپ كەتمىسە، ھايۋاندەك ياشاۋېرىشنى ئەيىبلەپ، ھەقىقىي ئالىم ئاللاھدىن قورقىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۈستۈن ئالەم، ئاستىن ئالەم، ئۆزىدىن تارتىپ تەتقىق قىلىدۇ، ئىزدىنىدۇ، ھەقىقىي ئاللاھنىڭ ھېكمەت، رەھمەت، قۇدرەت كۈچىنى تېپىپ چىقىپ، ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ، سېغىنىدۇ، ئەسلەيدۇ. ئەقىدىسىنى رۇسلاپ، بارلىقنى بېغىشلايدۇ، بولمىسا، ھازىرقى كىشىلەردەك ئىبادەت ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ دېگەن، ئۇ يەنە، بىز ئاشۇ ئالىم ئاشۇ ئاشىقتەك بەدەل تۆلەيلى، لەززەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى، يۇقىرىسى، ئاللاھنى تونۇش دېگەن، بەختنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئاللاھنىڭ دىدارىغا قاراش، ئىشق، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئىلىمنىڭ كاتتىسى، ئاللاھ توغرىسىدا، ئىسىم ـ سۈپەت توغرىسىدا، ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، پايدىنىڭ، ئەجرىنىڭ كاتتىسى، كەشپىيات ھاسىل قىلىشى دېگەن.

ئەلۋەتتە، ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسى مەلۇمنىڭ يەنى بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ دەرىجىسى، مەرتىۋىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ھاشارەت، تەتقىقاتىدىن، ئىنسان تەتقىقاتى ئۈستۈندە، ئۇنداقتا، تەۋھىد ئىلمى، ئىمان ئەقىدە ئىلمى، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، قۇدرىتى، تەۋھىدكە تەۋە مۆجىزە تەتقىقاتى، ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى، بەخت ـ سائادىتىنى ئىزدەش ئىلمى ھەممىدىن ئۈستۈن، يۇقىرى تۇرىدۇ، نەزەرىيىنى بىر دەرىجە ھەتتا، بىر نەچچە دەرىجە كۆتۈرۈش كېرەك، مىسال: رابىئە رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ ئىستىغفارىمىز، يەنە نۇرغۇن ئىستىغفارغا موھتاج بولىدۇ، مەن، ئاللاھدىن مەغپىرەت، كەچۈرۈم سورىشىمنىڭ يالغان بولۇپ قېلىشى، سەۋەنلىكى ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم مەغپىرەت، ئەپۇ، كەچۈرۈم سورايمەن دېگەن.

سوپيان سەۋر ئۇنىڭدىن ئىمانىڭنىڭ ھەقىقتى نىمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ، مەن، ئاللاھقا ئۇنىڭ دوۋزىخىدىن قورقۇپ ياكى جەننەتنى ياخشى كۆرۈپ ئىبادەت قىلمايمەن، ئۇ چاغدا بەرسە خوش بولىدىغان بولمىسا خاپا بولىدىغان يامان ئىشلەمچى، مەدىكارغا ئوخشاپ قالىمەن، مەن، ئۇنى، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق، ئىشتىياق بولۇپ، ئۆزىدىنلا قورقۇپ ئىبادەت قىلىمەن دېگەن، يەنە ئۇنىڭدىن مۇھەببەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا سورىغاندا، ئۇ مۇنداق شېئىر ئوقىغان.

ئى ئاللاھ، مەن سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەنكى،

سېنى ئەسلەش بىلەنلا سەندىن باشقىسىدىن مەشغۇلمەن.

سەن بۇ مۇھەببەتكە ئەھلى سەنكى، ھېجابنى كۆتۈرۈپ،

دىدارىڭنى كۆرسەتسەڭ، مەن سېنى بىر كۆرسەم.

پۈتۈن پەزلى، تەشەككۇر ھەمدە ساڭىلا خاس، مەندە ھېچ نەرسە يوقتۇر، ھەممىسى سېنىڭ پەزلىڭ دېگەن.

ئەبۇ سۇلايمان دېگەن كىشى، كىمكى بۇ دۇنيادا ئۆز نەپسى بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇ دۇنيادىمۇ نەپسى بىلەن مەشغۇلدۇر، كىمكى، بۇ دۇنيادا رەببى بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇ دۇنيادا، ئاخىرەتتىمۇ رەببى بىلەن مەشغۇلدۇر دېگەن.

ئەلۋەتتە، يېيىش، ئىچىش، نىكاھ، تۈرلۈك ۋاھاكازالار، ھەممىسى مەخلۇق، ھادىسە، ئاللاھ دېگەن ئاللاھ، يا رەببىم، دىدىڭنى ئاتا قىلغىن، ئامىن!

مەقسەت، ئىلىم ـ ھېكمەتنى سۆيۈش، ئىلىم ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىلىم ـ ھېكمىتىگە، ئىشق ـ مۇھەببەت ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنىلا ئەسلەش، ئاللاھنىڭ يولىدا دىنسىزلارچىلىك قۇربان بېرىش، شېھىد بولۇش ئارقىلىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە غەلىبە قىلىپ، بەخت ـ سائادەتمەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ دىدارىغا ئېرىشىش لازىم، ئاللاھدىن ئالىملار قورقىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن راست.

ئاللاھ قىيامەت كۈنى نۇرغۇن كىشىلەرگە، سىلەرگە مەن ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەت ئالدىغان ئۆمۈر بەرمىگەنمىدىم؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن يەنى ئەلچى، پەيغەمبەر كەلدى، ئۆلۈم ئالامىتى، بەلگىسى، ئاق چاچ كەلدى، چاچ ساقالغا ئاق كىردى، ياكى پات ـ پات ھەرخىل ئاپەت، مۇسىبەت كەلدى، ئاللاھنىڭ قامچىسى كەلدى، ئاندىن بەزىلەر شاش ئاتتەك بولۇپ كەتتى، قامچىمىز كېسەل بالاسى، دېمەك، ياخشىلىنىدۇ، بەزىلەر قېلىن، قوتۇر ئېشەكتەك جاھىللىق قىلدى، دېگەن بۇ ئايەت، بىر ئۆمۈر تەتقىقات بولۇپ، ئىنسانلار تۇغۇلۇپلا ئۆلگىلى تۇرسا، تا **200** ياشقىچە ياشاپ ئۆتتۇۋاتىدۇ، بۇرۇن بولسا، نەچچە مىڭ يىلغىچە ياشىغان بولسا، ھازىر كۆپىنچىسى بىر ئەسىر ئىچىدە **100** يىل ئىچىدە ئۆلۈۋاتىدۇ، **60** ـ **70** ياش ئۆمۈر بەرسە، مۇشۇ خىتاپقا لايىق بولۇپ قالىدۇ، ئىنسان ھەممىدىن ئىبرەت ئېلىشى، زېرەك، سەگەك تۇرۇشى لازىم، تۇيۇقسىز ئۆلۈممۇ يوق ئەمەس، بەربىر ئۆلىدۇ ـ دە، ئىبرەت شۇنداق بولىدۇكى، باشقىلار يامانلىق دەپ قارىغان ئەلەملەرمۇ بىزنىڭ سائادىتىمىز ئۈچۈندۇر، مەسىلەن: بۇ ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن دەرت ـ ئەلەم لازىم، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئەلەملىرى، ئازابلىرى بولغاچقا، بىز، تائام، شاراب، باشقا ئوزۇقلار بىلەن ھاياتىمىزنى ساقلايمىز، ئىسسىق ـ سوغۇق ئەلەملىرىدىن ياخشى كېيىنىپ، جىسمىمىزنى ساقلايمىز، ئىشق ـ مۇھەببەت، ھېسسىيات، جىنسى ئەلەملەردىن ئەۋلادنى ساقلايمىز، نەسلى قۇرىمايدۇ، پېقىرلىق ئازابىدىن قېچىپ، باي بولۇپ، مالغا ئېرىشىمىز، خارلىق ئەلىمىدىن قېچىپ، ئىززەت ـ ئىكرامغا ئېرىشىمىز، گاللۇاڭ، مىسكىنلىق ئەلىمىدىن، چېچەن، چاققانلىقتا، بېخىللىق ئەلىمى سەۋەبىدىن سېخىيلىقتا، قورقۇنچاق، ئاجىزلىق ئەلىمى سەۋەبىدىن باتۇر، كۈچلۈكلۈككە، كېسەلدىن ساقلىقتا، بەنى ئىسرائىلدەك قۇللۇقدىن ھۆرلۈككە، ئېزىلگەن مىللەتتىن ئەركىن، كۈچلۈك دۆلەتكە، ھاكىملىقتا، بىلىمسىزلىك، چېكىنىش، ئارقىدا قېلىشتىكى زىيان، ئازاب ئەلەملەرنى تېتىغاندىن كېيىن، ئەڭ تەرەققىي قىلغان، قۇدرەت تاپقان دۆلەتكە ئىگە بولۇپ، قېلىشىمىز مۇمكىن، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق،يالىڭاچ، تۈرلۈك جايسىز، ۋەتەنسىز دېگەن ئازاب، ئەلەم، تائام، شاراب، كىيىم، جان، ۋەتەن دېگەن نېمەتنىڭ ئالدىدا كەلگەن، ھازىر بىز مۇسۇلمانلار، ئىلىمدا، غەلىبىدە، تەرەققىياتتا، قورال كۈچىدە، ئىتتىپاقسىزلىقتا، كەشپىياتتا ئارقىدا تۇرىۋاتىمىز، ئىنشائاللا، كېيىنچە تېرىشىشىمىز، ئاخىرىدا چوقۇم تەرەققىي قىلىمىز ئىتتىپاقلىشىپ، غەلىبە قىلىمىز، ئاللاھ، ھەممىمىزگە ئىلىم ـ ھېكمەت بەرسۇن، ئامىن!!!

سۈرە ياسىن تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇرۇن يازغان بارلىق ئىلىم ـ ھېكمەت، ھەممە پەنلەرنىڭ خۇلاسىسىنى، بۇ سۈرىدە يەنە بىر تەكرار كەلتۈرگەن، چۈنكى، ياسىن، قۇرئان يۈرىكى، رەسۇلۇللاھ، ئۈممىتىنىڭ قەلبىدە بۇ

سۈرىنىڭ يادا بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغان، بۇ سۈرىدە تەۋھىد، ئەقىدە، تارىخ، قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، قەبرىدىن قانداق قوپۇش، ھېساب، مىزان، جەننەت، دوزاخ، ئىلىم ـ ھېكمەت، تەبئىي ـ پەن، كائىنات، ئاسمان جىسىملىرى، ئوربېتىلار، ئۆسۈملۈك ۋاھاكازالار سۆزلىنىدۇ.

ياسىن دېگەن بۇ ئىككى ھەرىپنىڭ مەنىسى، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئى ئىنسان دېگەن بولىدۇ دېسە، بەزىلەر، ئى مۇھەممەد دېگەن بولىدۇ دەيدۇ، كېيىنكى خىتابنى دەلىل قىلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئۆز ئۇسلۇبى بويىچە، [ي] بىلەن [س] سۈرە ئاخىرىدىكى ﴿وَنَسِيَ خَلْقَهُ﴾ دېگەن ئايەتتىكى يس غا ئىشارەتتۇر.

چۈنكى، بۇ ئايەت، دىنسىزلارنىڭ قىيامەت كۈنى تىرىلىشىمىزنى ئىنكار قىلىپ، چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى مىسال قىلىپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپتە تۇنجى قېتىم يارىلىشىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئاللاھ، ئۇلارغا ئۆزى مۇنداق جاۋاب بەرگەن، ئۇلارغا دېگىنكى، سىلەرنى ئۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى دەسلەپتە ياراتقان، پەيدا قىلغان زات، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ، دېگىن دەپ جاۋاب بەرگەن، بۇ [يس] ئەنە شۇ ھەقىقەتكە مۇھىم ئەقىدىگە ئىشارەتتۇر، ئاللاھ بىزنى بۇ مەسىلىگە ئاگاھلاندۇرىدۇ، بىز بۇ سۈرىدىكى ھەقىقەتلەرنى، كائىنات ئىلىملىرى، بىئولوگىيە بىلىملىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، دىنسىزلارغا ياخشى ئۇسلۇبدا تاقابىل تۇرۇپ، مۇنازىرە مەيدانىدا چوقۇم، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، قىيامەتنى چوقۇم قۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىمىز لازىم.

ئۇنداقتا، بىز بۇ سۈرىدىكى ئىلمى ھەقىقەتلەرگە قۇلاق سالايلى، [يس نَسِيَ] دىن باشقا [ۋوليس الوي] دىكى [ي] بىلەن [س] غىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ، [ليس] دە [يس] دېگەن بۇ ئىككى ھەرىپ بار، بۇ ئايەتمۇ بەكلا مۇھىم، قۇرئان، بىزنى پۈتۈن كائىنات، ئاسمان ـ زېمىن، ھەممە نەرسىگە ھەتتا، يېشىل دەرەختىن قانداق ئوت چىقىدۇ، بۇرۇن مەرىخ ئىپار دېگەن بۇ ئىككى دەرەخنى بىر ـ بىرىگە سۈركىسە، ئوت چىقاتتى، ئاللاھ، يېشىل دەرەختە سۇ بىلەن ئوتتەك ئىككى نەرسىنى بىرلەشتۈرگەن، يېشىل دەرەخدىن ئوت چىقىرىشنى بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىشى، خېمىيە ئىلمىغا ئىشارەتتۇر، ئەلۋەتتە، شۇڭا، بۇ سۈرىدە مەيلى دۇنيادىكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بولسۇن، مەيلى، ئاخىرەتتىكى ئىشلار بولسۇن، بىزنىڭ بىلۋېلىشىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، شېھىد قىلىنغان كىشىنىڭ مۇنۇ سۆزى دەپ بېرىلگەن، [ياليت قومۇ يىلمون] كاشكى مېنىڭ قەۋمىم بىلسىچۇ دېگەن بۇ سۆز دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ، كاشكى سىلەرمۇ بۇ ھەقىقەتنى بىلسەڭلارچۇ، ئىنسانلار يەنىلا غەپلەتتە، شۇڭا، بۇ سۈرىدە [ياچسرە ىلۇ البىاو] يەنى مۇشۇنداق بەندىلەرگە ھەسرەت ـ نادامەت دەپ كەلتۈرۈلگەن.

[والشمس تجرۇ لمستقرلها] قۇياش ئۆز قارارگاھىدا سەيرە قىلىپ ماڭىدۇ، دېگەن ئايەت توغرىسىدا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ:

بىز ئالدى بىلەن ئاللاھ تەقدىر قىلغان سۈرئەتنى بىلىشىمىز لازىم، ئادەتتە، نۇر تېزلىكى، بىر سېكۇنتىغا **300000** كىلومېتىر سۈرئەتتە ماڭىدۇ، يەرشارىنىڭ ئايلانمىسى **40** مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، يۇقىرقى نۇر تېزلىكى بىر سېكۇنتتا زېمىننى سەككىز قېتىم ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، رادىئو ـ تېلېۋېزورلارنى شۇ چاغدىلا قوبۇل قىلالايمىز.

يەرشارى قۇياش ئەتراپىنى بىر سائەتتە **65533** مىيل يەنى **140** مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك تېزلىك، سۈرئەت بىلەن ئايلىنىدۇ، قۇياش بولسا، بارلىق ھەمراھلىرى بىلەن سامان يولى سىستېمىسىدا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە سەيرە قىلىدۇ، بىر كۈندىكى باسقان مۇساپىسى، ئوربېتىلار دېگەن فىلىمدە كۆرسىتىلگەن.

ئادەتتە، يەنى **1930** ـ يىلى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، بىر سېكۇنتتا **2000** مىيل (**3500** كىلومېتىر)دىن كۆپرەك سۈرئەتتە ماڭىدۇ، فرانسىيە ئايروپىلانى شۇ چاغدا بىر سائەتتە **3023** مىيل تېزلىكتە ئامرىكىنىڭ **3000** مىيل، دېڭىزدا ئۈچىدىغان ئايروپىلان **24581** مىيل سۈرئەتتە، ئاپتوموبىل **160** مىيل يەنى سائىتىگە **300** كىلومېتىر تېزلىكتە ماڭىدۇ، بەزى قۇشلار يەرشارىنى نەچچە سائەتتىلا ئايلىنىپ بولىدۇ، **169** ـ بەتتە ھەرخىل قاتناش قوراللىرىنىڭ سۈرىتى، سۈرئەت تېزلىكى بىلەن چۈشۈرۈلگەن، ئاستا ۋە تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلغان ھەممە نەرسە بار، تاشپاقا، قۇلۇلىدىن تارتىپ، ھەممە ھەرىكەتتە.

شۇ چاغدىكى پويىز بىر سائەتتە 68 مىيل يەنى 120 كىلومېتىردەك ماڭاتتى، پاراخوت، موتسكلىت.

خۇلاسە، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز قاتناشلىرى، خىلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىنسانلار تېخىمۇ زىيادىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى، مانا ھازىر، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلدى، مەقسەت، پەلەك، ئاسترونومىيە ئىلمىنى ئىگىلەشتۇر، قۇياش فىزىكىسى، نۇر ئىلمى، جۇغراپىيىلەر، 196 ـ بەتتە، قۇياشنىڭ تۆت پەسىلنى قانداق ھاسىل قىلىش، يەرشارى نەگە بارغاندا، قىش، ياز بولۇشى، ئوربېتىلار سۈرئىتى چۈشۈرۈلگەن، 198 ـ بەتتە (ئىلغار تېلىسكوپ)

قۇياش سىستېمىسى بارلىق ھەمراھلىرىنىڭ سەيرە ھالەتتىكى سۈرىتى، ئوربېتىلارنى كۆزەتكەن 6 مىلىيون رىيال قىممىتىدىكى يەنى 12 مىلىيون يۈەن جۇڭگو پۇلى قىممىتىدىكى تېلىسكوپىدا كۆزىتىش ئەھۋالى، سۈرەتلىك بايان قىلىنغان.

بۇ ئىلمغا ئەلۋەتتە كىچە ـ كۈندۈز شېرىك، دەلىل شۇكى، ئۇلارغا ئالامەتتۇر، مۆجىزىدۇر، كېچە ـ كۈندۈزنى چىقىرىپ، سۇغۇرۇۋالىمىز، ئەگەر ئۇلار قاراڭغۇدا قالىدۇ دېگەن ئايەت.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتە، كېچە ـ كۈندۈز ئىلمىنى، كۈندۈز قانداق كېتىدۇ، كېچە قانداق كېلىدۇ، قانداق زىيادە كام بولىدۇ، بۇنىمۇ سۈرەتلىك چۈشىنىڭ، بۇ بىر نۇر ئىلمى، ھەرقانداق نۇردا ھارارەت بولىدۇ، نۇر، كۈندۈز كەتسە، قاراڭغۇ، سوغۇق قالىدۇ.

ئەمما، ھازىر بىر خىل كەشىپ ئاشكارا بولىدۇكى، ئاللاھ، بەزى ئىنساننى غەزەپسىز ياراتقاندەك، بەزى مەخلۇقلارنى ئەركەكسىز ياكى ئەركەك ـ چىشىسىز كۆپەيتكەندەك، بىر قىسىم يۇلتۇزلار نۇرى بار، ھارارىتى، قىززىقلىق گىرادۇسى يوق يارىتىلغان، بۇ دېگىنىمىز ئەلۋەتتە، نۇر قايتۇرىدىغان ئايلارنىڭ ئوخششى ئەمەس، ئۆزىدىن نۇر چىقىدۇ، ھارارىتى يوق پىلانېتلار بار ئىكەن، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر، ئامېرىكىدىكى ۋىلسىن تېغىدىكى كۆزۈتۈش تېغىدا، ئىلغار تېلىسكوپ بولۇپ، شۇ چاغدا 1930 ـ يىللىرى دوكتۇر جىينانز، بۇ سىستېمىلاردا بىر قىسىم يۇلتۇز، پىلانېت باركى، ئەگەر يەرشارى ئۇنىڭغا يېقىن بارسا، نۇردىن چىققان سوغۇق، پۈتۈن دېڭىزنى توڭلىتىپ قويىدۇ دېگەن، مانا شۇنداق ئىسسىق چىقارغان ھارارەتلىك پىلانېتتەك، سوغۇق چىقىرىدىغان پىلانېتمۇ بار ئىكەن.

خەۋەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىمىز، ئاسترونوم ئىلمى تەتقىقات ھەيئىتىنىڭ باش رەئىسى، دوكتۇر جيانس مۇنداق دېگەن، بەزى قۇياش سىستېمىسىدەك سىستېمىلار بىزدىن شۇنداق يىراقكى، بىزگە ئۇنىڭ نۇرى 140 مىلىيون يىلدىن كېيىن يېتىپ كېلىشى مۇمكىن دېگەن، سىز بىلىسىز، نۇر دېگەن بىر سېكۇنتتا 300000 كىلومېتىر تېزلىكتە سەيرە قىلىدۇ، قۇياش زېمىندىن مىليون ھەسسە چوڭ بولغاندەك، قۇياشدىن نەچچە يۈز مىليون، مىليارت ھەسسە چوڭ يۇلتۇزلار بار، ئەمما، ئۇلار بىزدىن شۇنداق يىراق بولغاچقا، كۆزىمىزگە شۇنداق كىچىك كۆرۈنىدۇ.

كائىنات ئىلملىرىدا ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەر بار.

بىر دوكتۇر مۇنداق دەيدۇ: بۇ زېمىننىڭ باشلىنىشى بار، شۇنداقلا، ئاخىرلىششىمۇ بار، بۇ يەردە چوقۇم تەدبىر، پىكىر ئارقىلىق باشقۇرغۇچى بىر زات بار.

ۋشهدۆن لاولە ولاالله ۋۆشهدۆن محمدا عبدە ورسولە

سىغىنىش ئايرىلغاندا بولىدىكەن، دىدار مۇكاپىتىمۇ ئاسان قولغان كەلمەيدۇ.

والقمرقدرناه منازل ئايغا بىز مەنزىللەر بېكىتتۇق، ئۇ ئاخىرى قۇرۇپ قالغان كونا خورما شېخىدەك بولۇپ قالىدۇ دېگەن ئايەتتە، بىزنى بىر كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندۇر، شۇڭا بىز ھازىر تېلىسكوپ ئارقىلىق قاراپ باقىمىز.

199 ـ بەتتە، قۇياش سىستېمىسىدىن كېيىنلا تۇنجى چىققان ئاينىڭ تۆت كۈنلۈك ئاينىڭ 200 ـ 201 ـ بەتلەردە سەككىز كۈنلۈك 15 كۈنلۈك تا ئاخىردا راستىنلا ئەگمەك شاختەك ھالەتتە تۇرغان ئاخىرقى ئۈچ

كۆنلۈك ئاينىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرگەن.

بىز بۇ مەسىلىلەرنى كۆپ سۆزلەپ كەتكەن، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، بۇ سۈرىدە بىر ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن دەپ، بارلىق كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتلەپ يەنە بىر كەلتۈردۇق، ئاي شارى قۇياش نۇرىنى زېمىنغا ياندۇرۇپ يورۇتىدۇ، قۇياش سەيرىسى، زېمىن، ئاي ۋە باشقا ھەمراھلار سەيرىسى بۇ يىلغا ۋاقىتتا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

سُبْحَانَ الَّذِى خَلَقَ ٱلْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّاتُنبِتُ ٱلْأَرْضُ وَمِنْ أَنفُسِهِمْ وَمِمَّا لاَيَعْلَمُونَ

ھەممە نەرسىنى جۈپ ياراتقان، زېمىن ئۈندۈرگەن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كەلگەن ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ جۈپ ياراتقان ئاللاھ، پاكتۇر دېگەن ئايەتتە، ئاللاھلا بىر يەككە ـ يېگانە، بارچە مەخلۇق جۈپتۇر، بولۇپمۇ بىز بىلمەس جۈپلەر، يەنە كەشىپ بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، ئەسىر دېگەن بوشلۇق، ئالەم، ۋاكىئوم، زەررىچە، سەلبى، مەنفى، ئىجابى، مۇسبەت، توك زەررىچىسى، باشقا سېستېمىلار، سامان يولى سىستېمىسى، قۇياش سىستېمىسى، ھاۋا، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھەممىسى جۈپ، جانلىقلارنى بىز ئەركەك ـ چىشى، بىر جۈپ دەيمىز، باشقا نەرسىمۇ بىر جۈپ، بۇ ئايەتتە، مەخسۇس ئۆسۈملۈك جۈپ دەپ تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن بىر مۆجىزە چىقىپلا قالماستىن، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى، ئۇرۇق سورتلاش، چاڭلاشتۇرۇش ئىلمى چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئايەتتە، ئۆسۈملۈكنى تەتقىق قىلىش، ئۆزىمىزنى تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا تېخى بىز بىلمىگەن نەرسىنىمۇ ئىزدەش چىقىپ تۇرىدۇ، خۇددى يېقىندىن كەشىپ قىلىنغان ئۆششىشاق ھايۋان، مىكرۇپ، باكتېرىيىلەرمۇ جۈپ ئىكەن، بۇنى بىز بىلمىگەن ئىدۇق، توك زەررىچىسى ھەتتا، نۇرغۇن كەشىپ قىلىنغان ۋە بۇندىن كېيىن كەشىپ بولىدىغان نەرسىمۇ جۈپ بولىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، توكنى كەشىپ قىلغان ئىدىسون ۋە ئۇنىڭ باشلىقى، ھەمراھلىرى كەشىپ قىلغان فوتوگراف ئاپاراتى، ھەرىكەتلىك سۈرەت يەنى فىلىم توك ئۇچقى، توگلاتقۇ، شامالدۇرغۇچ، سېمونت تارتىدىغان تۈگمەن قاتارلىق نەچچە يۈز كەشپىياتنى تىلغا ئېلىپ، كىشىلەر ئۇنى شۇنداق ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، تاس قالدى ئىلاھ بىلىۋالغىنى، چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارغا زور پايدا ئېلىپ كەلدى، ھەتتا، مۇسۇلمانلارغىمۇ بىر قىسىم بىدئەتچى، خۇراپىي موللامدىن چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىز بۇ كائىنات ئىلمىنى ئوقىساق، ئاللاھنىلا ماختايمىز، چۈنكى، ئۇ ياراتتى، ئاشۇ كەشپىياتنىمۇ ئۇ ياراتتى، بەندىلەر كەشىپ ۋە كەسىپ قىلدى، ئىجاد قىلىش، يارىتىش، ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ،رەھمىتى بىلەن خالىغان بەندىگە ھېكمىتى، تەقەززاسى بويىچە ئىلھام قىلىدۇ، ئىدىسون، كىشىلەرگە توك كەشىپ قىلىپ بەرگەن بولسا، ئاللاھ، شۇ ئىدىسوننىمۇ كەشىپ، كەسپىنىمۇ بىللە قوشۇپ ياراتقۇچى، شۇنداقلا، جېنىنى ئالدىغۇ،! ھاياتلىق تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئاللاھ خالىق، بىزگە ھەممىنى يارىتىپ بەرگۈچى، بىزنى ئوقىسۇن، مۇسۇلمانلارمۇ كەشىپ قىلسۇن دەپ، قۇرئاندا مۇشۇنداق سىرلىق مۆجىزىلەرنى سۆزلەپ بەردى، ئەمما، بىز ئەسھابۇلكەھپىدەك ئۇخلىدۇق.

ھەرقانداق بىر ئالىم، كەشپىياتچى، سانائەتچى كىشى، شۇنداق ماختالسا، قوللانسا، ئۇلۇغلانسا، يەتكۈزگەن پايدىسىنىڭ مىقدارىدا مەرتىپىگە ئېرىشسە، ئويلاپ بېقىڭلار، ئاللاھ، قانداقراق، ئۇ زات ھەممىدىن بۈيۈك، ئۇلۇغ، ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك، ئوخشىشى يوق، شېرىكى يوق، ئاشىق بولۇشىمىز، ياخشى كۆرۈپ ئىبادەت قىلىشىمىز لايىق زاتتۇر، ئاشۇ زات، قۇرئان كالامدا بىزگە مۇشۇ مۆجىزە، ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ زاتنىڭ رەھمىتىگە قاراڭلار، بىز ھازىر ئۆسۈملۈك ۋە قۇلاقنى تەتقىق قىلىمىز.

قۇرئاندا، قۇلاقلار، «لەۋھۇلمەھپۇز»دا خاتىرلەنگەن دەپ چىقىدۇ، زەررىدىن چوڭ يا كىچىك ھەممىسى خاتىرلەنگەن، **211** ـ بەتتە، ھاياتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يېگى يېشىل قۇلاق، قۇلاقنىڭ ئۇچۇق سۈرىتى، كۆزدىكى قۇرىغان قۇلاق كۆرۈنۈشى بار، قۇلاقنى مىكرۇسكوپدا تەكشۈرگەندە، ئوكسىگېننى چىقىرىپ، كاربوننى سۈمۈرىدىغان ئېغىزلىرى كۆرۈنگەن، خۇددى بىز ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ، كاربون، گازنى چىقىرىپ تۇرغاندەك، بەزى قۇلاقتا، بىر كۋادرات سانتىمېتىردا **12** ئېغىز، بەزىدە **24** بەزىسىدە بەش ئالتە يۈز بەزىسىدە **160000**

ھەتتا بەزى قۇلاقتا بۇنداق ئېغىزدىن بىر سانتىدا **708750** ئېغىز بار ئىكەن، يەنىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرسە بەزى قۇلاقتا، بىر مىليون ئېغىز بار ئىكەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا بوتانىكا ئىلمىنى ئۆز ئەينى بايان قىلغان، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، قۇلاق، ئۇرۇق چاڭلاشتۇرۇش، ھاۋا، ھەرخىل ماددا، ئىلمىينت قاتارلىقلارنى رەسىمى، جەدۋىلى بىلەن بىللە سۆزلەپ چۈشەندۈرگەن، بۇنى سىز بىئولوگىيە، خىمىيە، بوتانىكا ئىلمىدە بىلىسىز، ئەمما، پەرقى شۇكى، بۇ تەپسىر، قۇرئان، ئىسلام دىنى ئىلمى، ئۇلارنىڭ بولسا، دىنسىزلىق، ئەقىدە مەسىلىسى بار، ئۇلار دىنسىزلىققا چاقىرىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، دەلىل بىلەن قايىل قىلىپ، دىنغا، ئىسلامغا، غەلىبىگە، بەخت ـ سائادەتكە بارلىق كائىناتتىكى ئىلمىنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇشقا چاقىرىدۇ.

ئۇ ئاندىن جۈپ ھايۋانلار تەتقىقاتىغا چۈشۈپ كەتتى، ھايۋانلار توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگەن ئىدۇق، ھازىر بىز پەقەت بىر نەچچە گۈزەل جۈپلۈك ھايۋانلار سۈرىتىنى كەلتۈرۈپ قويىمىز، كۆزىڭىز ئېچىلسۇن دېگەن، **218 ـ 226** ـ بەتكىچە ھەرخىل ھايۋانلار سۈرىتىنى چۈشۈرگەن.

توزنى تەقلىد قىلغان، تۆگە قۇشى، پۈتۈن جىسمىنى ئۆز بوينى بىلەن كۆرەلەيدىغان ئەينەك ھاجەتسىز، بوينى ئۇزۇن بىر قۇش سۈرىتى.

اَلْيَوْمَ نَخْتِمُ عَلَى أَفْوَاهِهِمْ وَتُكَلِّمُنَاَ أَيْدِيهِمْ وَتَشْهَدُ أَرْجُلُهُم بِمَاكَانُواْ يَكْسِبُونْ

قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ (يەنى جىنايەتچىلەرنىڭ) ئاغزىنى پېچەتلىۋېتىمىز، بىزگە قوللىرى سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ دېگەن ئايەت، گەرچە بۇ ئايەت قىيامەت كۈنىگە خاس بولسىمۇ، بۇ دۇنيالىقتىمۇ پۇت ـ قولنىڭ قىلغان جىنايىتىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە ئىشارەت بار، ئۇنداقتا، ھازىر، پۇت ـ قول قانداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، قول قانداق سۆزلەيدۇ؟

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ياپونىيە، ئامېرىكىدەك تەرەققىياتى ئىلغار دۆلەتلەردىكى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى، بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈپ بىر نەچچە قاتىللىق، ئوغرىلىق دىلولىرىنى ئېنىقلاپ نەتىجە قازانغان، مىساللارنى كەلتۈرۈپ بارماق ئىزلىرىنى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، بىزمۇ بۇنى سۈرەتلىك بايان قىلمىز قاراڭلار!

شۇنداق ھازىرمۇ بۇ خىل تەكشۈرۈش ياكى ئالدىن مۇھىم گۇماندارلارنى سىياسىي تەرىپى بارلارنى سۈرىتى، بارماق ئىزى، قىسقىچە تەرجىمھالى بىلەن ساقچى ئورگانلار ئارخىپ قالدۇرماقتا، بىرەر دىلو، جىنايەت سادىر بولسا، دەرھال تەكشۈرۈپ، پۇت ئىزى، بارماق ئىزى، تىل كامىرادا تارتىلغا سۈرەت، ئاپشاركا ئىتلارنى ئىشقا سېلىپ، دىلونى پاش قىلماقتا، بۇ ئايەت مۆجىزە ئورۇنىدا تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇ قولنى سۆزلەيدۇ دەپ **1426** يىل بۇرۇن خەۋەر بەرگەن.

ومن نعمره ننكسه فى الخلق أفلا يعقلون

**بىز بەزى كىشىگە ئۆمۈرنى ئۇزۇن بېرىمىز، يارىلىشىدا ناكا، ئەزاسى كام، مېيىپ قىلىپ قويساق قانداق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئەقلى يوقمۇ؟ دېگەن بۇ ئايەت، ئۆمۈر تەتقىقاتى بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق ئاقساق ـ چولاق، مېيىپلاردىن ئىبرەت ئالدۇرىدۇ، ئۇلارنىمۇ سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، خىيال قىلىپ بېقىڭلار. (كۆز، قۇلاقلىرى يوق ئىنسان)**

ئىنسانلار، ھايۋان، ئۆسۈملۈك بولۇپ نەچچە مىليون جانلىقنى تەتقىق قىلدى، مەخسۇس ئۆمۈر ئۇزارتىش ھەيئىتى قۇدرىتى، قانداق قىلساق ئۆمۈرنى ئۇزارتارمىز دەپ تىرىشتى، ئەمما، ھەممىسى ئۆلدى، نەچچە مىليون، مىليارت جانلىقلار مۇنۇ ئايەتكە ئاساسەن جان ئۈزدى، (ھەربىر نەپسى ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمنى تېتىيدۇ).

ئەمما، ئاللاھ، ئاسانلىق بەرسە، كەشپىيات ئاتا قىلسا، تىبابەتتە دوختۇرلۇق ئىلمىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىنسانلار مەلۇم ۋاقىتقىچە جېنىنى ساقلاپ قالدى، ئەمما، بەربىر ئۆلدى، ئۆلمىسە بولمايتتى،

ئۆمۈر تـەتقىقاتىدا ئىنسانلار ئادەتتە نورمال ئەھۋال ئاستىدا 60دىن 100 ھەتتا 140 ياشقىچە ياشىدى، ئۆلۈۋاتقانلارغا قارىساق، تۇغۇلۇپلا ھەتتا ئانا قورسىقىدا ئۆلگىلى تۇرسا، تا 100 يىلغىچە ئۆلۈپ تۇگەۋاتىدۇ.

بىر قىسىم ھايۋانلار ئىنسانىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، مەسىلەن: تاشپاقا 200 يىل ياشايدۇ، ئالبانىيىدىكى بىر بېلىق تۆرى 150 يىلغىچە، ئاق باشلىق بۈركۈت 118 يىل، قۇش 104 يىل ياشىدى، بەزى قاغا، نەچچە يۈز يىل ياشايدۇ دېگەن بار، ئىشەتك 35 يىل، ئات 40 يىل، كالا 25 يىل، مۈشۈك 40 يىل، توخۇ 30 يىل، ئۆردەك 75 يىل، شىر ـ يولۋاس 25 يىل، پاقىنىڭ بەزىسى 36 يىل، تىمساھ 40 يىل ياشىيالايدۇ، ھەممىسىگە مەلۇم، ئەجەل كەلسە ئۆلىدۇ، ئۆمرى قىسقا مەخلۇق، ھاشارەتتۇر، مەسىلەن: چىۋىن، 30 كۈن ياشايدۇ، بەزى ھاشارەتلەر ئۈچ سائەتتىن، نەچچە كۈنگىچە ياشايدۇ، دەرەخلەر كۆپ بىخەتەر، رەقىبى يوق بىر خىل ھاشارەت 35 يىل ياشىيالايدىكەن، قولدىن كەلگەن بارلىق سەۋەبلەرنى قىلمىز، كېسەل بولساق، داۋالىنىمىز، ئاچ قالساق، تائام يەيمىز، پاكىز، خۇشال ـ خۇرام، كەڭ قورساق، بەختلىك، ئانچە ـ مۇنچە چېنىقىش، ھەرىكەت قىلىش، ساياھەت قىلىش، باغچىلاردا ھوزۇرلىنىش، كۆكتات، سەيلەردىن ئوزۇقلىنىش، ماددىلارغا دىققەت قىلىپ، كام ماددىنى تولۇقلاش، ھەرخىل دورا ـ دەرمەك ئىستېمال قىلىشلاردەك سەۋەبنى قىلىپ باقىمىز، ئاخىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى، تەدبىرىمىزنى بۇزۇپ يەنە ئۆلىمىز، ئۆلۈم چوڭ ھەقىقەت، ئىبرەت ئال، تەييارلىق قىل.

بىز بۇ يەردە قۇياشقا، يېشىل دەرەخدىن چىققان ئوتقا مۇناسىپ ھارارەت ئۈستىدە مۇنداق تېما قويىمىز، كەلگۈسى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ تېمىدا تەتقىق قىلسۇن.

1 ـ ھارارەت، قىززىقلىق نۇر ئىلمى

2 ـ نۇر، نۇر تېزلىكى، توك تەرەققىياتى.

3 ـ مەنىۋى ۋە ماددى نۇر ئىلمى ماتارىپقا يېتەكلەيدۇ.

4 ـ نۇر، ھارارەتنىڭ بەش سەزگۈ ئەزادا سېزىلىشى، سېزىم.

5 ـ ھارارەت ماددىسى، ھېسسى ۋە مەنىۋى بولىدۇ.

6 ـ ھېسسى ھارارەت، مۆتىدىل ۋە غەيرى مۆتىدىل بولىدۇ.

7 ـ مۆتىدىل بولسا، ئۇ پايدىلىق مەنپەئەت.

8 ـ پايدىلىق ھارارەت يا جۇغلىغۇچى، ئۆستۈرگۈچى يا تەسىر قىلغۇچى، ئىدارە قىلىپ باشقۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

9 ـ ھارارەت، لاي، خېمىردەك جۇغلايدۇ.

10 ـ ئۆسۈملۈكنى، ھايۋاننى ئۆستۈرىدۇ، تەسىر كۈچى بار.

11 ـ ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز قاتناشلىرىدا تەدبىر قىلىپ باشقۇرىدۇ.

12 ـ دېڭىزغا، ھاۋاغا، پارغا، شامالغا تەسىر بېرىدۇ، يۇقىرقىلارنى بىز مۆتىدىل ھارارەت دەيمىز.

13 ـ مۆتىدىل ئەمەس ھارارەت بولسا، زومىگەر كېلىدۇ.

14 ـ جىسمىمىزغا تاجاۋۇز قىلغان زومىگەر ھارارەت، قىزىتما كېسەل قىلىدۇ.

15 ـ شەھەر، باغ ـ ۋاران، ھاۋا كېلىماتى، قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، زومىگەرلىك قىلغان، ئوت ئاپىتى چىقارغان، توك ھارارىتى بولسا، ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ، بۇلار مۆتىدىل ئەمەس.

16 ـ مەنىۋى ھارارەت، قىززىقلىق، ئىسسىقلىق، ھېسسى ھارارەتتەك مۆتىدىل ۋە غەيرى مۆتىدىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

17 ـ ئەگەر ئۇ مۆتىدىل، نورمال بولسا، چوڭ ـ چوڭ ئۇلۇغ ئىشلارغا، مۇھىم نەتىجە، كەشپىياتقا تەسىر

كۆرستىدۇ.

18 ـ ياكى ئائىلە، جەمئىيەت، دۆلەت، دۇنيانى باشقۇرىدۇ، ياكى ئۇنى ئۆستۈرىدۇ، ئۇستۇن كۆتۈرىلىدۇ.

19 ـ ياكى بۇ مەنىۋى ھارارەت، مۇھەببەت تۇرلىرى، ئۆزئارا ئىسسىقچىلىق سىلىپ، ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرىدۇ.

20. ئەگەر بۇ مەنىۋى ھارارەت، نورمال مۆتىدىل بولمىسا، ئۇ چاغدا، ئىش تېخىمۇ چاتاق بولۇپ، غەزەبنى، ئۇرۇش، جەڭنى، ئىتتىپاقسىزلىقنى، ھەرخىل مەنىۋى كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ، نۇر، ھارارەت، توك ئىلمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، زور تەرەققىيات، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاللاھ، قۇرئاندا، نۇر، ھارارەت، ئۇ مەسىلىسىنى خىلمۇ ـ خىل بايان قىلىدۇ، قۇياش، قۇياش نۇرى، ھىدايەت نۇرى، چاقماق نۇرى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى مولىلاق ئاتقۇزغان ئىلاھى نۇر، مۇسا ئەلەيھىسسالام سەپەردە كۆرگەن نۇر، مۆئمىنلەر نۇرى، قىيامەتتىكى نۇر، سىرات ئۇستىدە، قەبرە ئىچىدە ۋاھاكازالار، پەرىشتىمۇ نۇردىن ئىدى.

# سۈرە سەففات تەپسىرىدىكى بەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى، يۇلتۇزلار نۇرى بىلەن زىننەت قىلدۇق، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچى ھەربىر جىن، شەيتاندىن ئۇنى قوغدىدۇق، ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنەرسىنى ئاڭلىيالمايدۇ، ئۇلار قوغلىنىشى ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن قوغلىنىدۇ، ئېتىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ئازابتا بولىدۇ. **6 ـ 9** ـ ئايەتلەر.

ساھابىلەر، تابىئىنلار ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئايەتكە تەپسىر قىلىپ، يۇلتۇز ئورنىدىن قوزغالمايدۇ، يۇلتۇزدىن چىققان نۇر، ئۇلارنى قوغلاپ ھالاك قىلىدۇ دېگەن. بۇ ھازىرقى دەۋىردە، تېلىسكوپ ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، ئۆزىدىن نۇر، ئوت چىقىدىغان يۇلتۇزلاردىن ئوت، گاز، ئاجراپ، ئاندىن سوۋۇپ، مېتئورىت تاشقا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ئاستموسفېرا قاتلىمىدا سۈركىلىش ھاسىل قىلىپ، ئوت كېتىدۇ دەپ يازغان. مانا بۇ كۆزىمىزگە ئاقار يۇلتۇز بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇ مېتئورىت تاش، زېمىنغا يېقىن كېلىپ، ئاتموسفېراغا كىرىپ قالىدۇ؟ بۇ دەل شەيتاننى، جىننى قوغلاپ كۆيدۈرۈش ئۈچۈن، بۇلارغا مەخسۇس پەرىشتىلەر مەسئۇلدۇر. ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مۆجىزىلىك، سىرلىق تەرىپى شۇكى، تابىئىنلار دەۋرىدىكى تەپسىر، ھازىرقى زامانىۋى ئۈسكۈنە ئارقىلىق تەكشۈرۈپ چىقارغان يەكۈنگە ئۇيغۇن چىقىپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ يۇلتۇزدىن نۇر، ئوت ئاجراش، تېز سۈرئەتتە زېمىن تەرەپكە سەيرە قىلىش، يەنە ئاقار يۇلتۇز بولۇش، بىز قارىساقمۇ بۇ ئاقار يۇلتۇزلار بىرەر نەرسىنى قوغلىغاندەك قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، بىز قۇرئان، ھەدىسكە ئىشىنىمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: ئاسماندىكى بۇ زىننەتكە نىسبەتەن كىشىلەر تۆت خىل ھالەتتە بولىدۇ.

بىرىنچىسى بولسا، خۇددى ھايۋانلاردەك ئەقىل قىلمايدۇ، ئىبرەت ئالمايدۇ، نەزەر سالمايدۇ.

ئىككىنچىسى بولسا، گۈزەللىكنى ھېس قىلىدۇ، ھېسسىي، ماددى تەرەپىدىن ھېس قىلىدۇ، چۈشىنىدۇ، ئەقىل قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى بولسا، بۇ گۈزەللىك، بۇ پۇختا ئىنتىزام، ھېساب، تەدبىر، پىكىر، ھەرىكەت قانۇنى، سىرلارنى تاپىدۇ.

تۆتىنچى بولسا، ئاۋۋالقى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەقلى كۆزى كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، باشقىلارنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئاجايىپ ـ غارايىبلارنى ھېس قىلىدۇ، ئاسمان، يۇلتۇزلار تۈركۈمى، سامان يولى، قۇياش سىستېمىسى، پۇختا سەيرە قىلىش، قىلچە خاتالىق يوق دەپ چوقۇم بۇنى ئاللاھ ياراتتى دەيدۇ.

بۇلار تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىسى قارايدۇ، ئەقىل قىلمايدۇ، خۇددى ھايۋان، كالا.

ئىككىنچى دەرىجە بولسا، قارايدۇ، ئەقىل قىلىدۇ، ھايۋاندىن پەرقى بار.

ئۈچىنچىسى قارايدۇ، ھەرىكەت، نىزام، ھېسا، تەدبىرنى تاپىدۇ.

تۆتىنچىسى بولسا ماددى، ھېسسى ئالەمنىڭ ئارقىدا بىر كۈچنى پىلانلىغۇچى، باشقۇرغۇچىنى، ياراتقۇچى ئاللاھنى تونۇپ يېتىدۇ، ئاللاھ بار دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئەنە شۇنىڭدەك قۇرئان ئوقوغۇچىلارمۇ تۆت دەرىجىگە، تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بۇلارنى ھازىرلا كۆرگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، لەۋزى بىلەنلا، تىلاۋەت بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ، مەنىسىنى ئۇقمايدۇ، قارىسىغا

ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ دەل بىرىنچى قىسىمغا، بىرىنچى پىرقىگە ئوخشايدۇ.

ئىككىنچى، كىشىلەر ئىككى سىنىپ بولسا، قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بالاغەتلىك، پاساھەتلىك لەۋزى گۈزەللىكىگە قىزىقىدۇ، ئىلمى بايان، ئىلىم، بەدئىيلىك، تەشبىھ، كىنايە تەمسىل مىساللىرىغا قاراپ ھەيران قالىدۇ. خۇددى، ئىككىنچى پىرقە، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ھېسسىي ماددى تەرىپىنى چۈشەنگەندەك، ھوزۇرلانغاندەك.

ئۈچىنچىسى بولسا، ھەقىقىي تەتقىق قىلىدۇ، تەپسىر قىلىدۇ، چۈشىنىدۇ، چوقۇم بۇلارنى ۋە بارچە كائىناتنى، ۋۇجۇدىنى دەرسلىك قىلىش لازىم. ئىككى كىتابنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىش لازىم، دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، ئالىي قىسىم بولسا، زاھىرى، باتىنىي، موھكەم، مۇتاشابىھ مەنىسىنى، سىرلارنى، ئىشارەتلەرنى، كەلگۈسى خەۋەرلەرنى، ئىلمىي مۆجىزىلەرنى تېپىپ چىقىدىغانلار، ئىلگىرىكى ئىككى قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشىنى كىچىك چاغدىلا قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن تەرەققىي قىلىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە، سىرلارنى مەخپىي مەنىلىرنى تېپىپ چىقىدۇ، ماددى، ھېسسىي، زاھىرى تەرىپىگىلا قاراپ تۇرمايدۇ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىدۇ، خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدۇ، سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، قۇرئان، ھەدىس، تەدبىردىن، نۇردىن پايدىلىنىدۇ، ئاللاھ، ھەممىمىزنى مۇشۇنداق ئالىي دەرىجىگە ئىگە قىلسۇن، ئامىن!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يۇنان، رۇم، ئەرەب، ئالبانىيە، ئىنگىلىز، فرانسىيە قاتارلىق شەرىق، غەرب ئەللىرىنىڭ بارلىق پەيلاسوفلىرىنى تۆت دەرىجىگە ئايرىپ مۇنداق دەيدۇ.

بىرىنچى تائىپىسى، تايلىس، دىمگراتىس قاتارلىقلار، بارچە ئالەمنىڭ ئەسلى پارچىلانماس، يوقالماس بولغان، ھاۋا، سۇ، ئوت، زېمىن، تۇپراقدۇر، بۇ يەردە، ئىلاھى پەرىشتەكىلىش، پەيغەمبەر، تەقدىر دېگەنلەر يوق دەپ قارىدى، بۇلار ئۆز ئەينى ھايۋانغا ئوخشاش تۆنجى پەرق ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى تائىپە، بىزگە ھەقىقىي ئىلىم يوق، بىز مەڭگۈ ھەيرانلىقتا بارلىق نەرسە ئەسلىگە قايتقاندا، خىيالى دۇنياغا قايتىدۇ، ھەربىر ئادەم خالىغانچە، كۆز قاراش قىلسا بولىدۇ دېدى. بۇلار، سەپسەتچىلەر، ئەخمەقلەردۇر.

ئۈچىنچى، تائىپە بولسا، پىياغورس قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ھېساب بار، نىزام بار، ئىنچىنىرلىق بار، مۇھەببەت ـ نەپرەت بار، تارتىش كۈچى، ئىتتىرىش كۈچى بار، بارلىق ئالەمنىڭ ئەسلى ھېساب، مۇھەببەت ـ نەپرەت دېدى.

ئاندىن تۆتىنچى تائىپە، سوقرات، ئەفلاتون، ئارستوتىل قاتارلىقلار، ھېسابلىغۇچىسىز ھېساب بولمايدۇ، ئىنتىزام بىكۇتكۇچىسىز نىزام بولمايدۇ، مۇھەببەت ـ نەپرەت، ھادىسىلەر، بۇ ئالەم بارلىق كائىنات بىر قىلغۇچىسىز، ياراتقۇچىسىز بولمايدۇ دەپ، بىر ئاللاھقا ئىقرار قىلدى.

دارۋىنچىلار بولسا، ھېسسى ماددا ئالدىدا توختاپ قالغان، ئەمما، ئۆزى توختاشقا تېگىشلىك جايىدا توختىماي، ئالا ـ جوقا سۆزلىگەن، كەلسە ـ كەلمەس جۆيلىگەن كىشىلەردۇر. ئاللاھ بار، بىر دېگەن پەيلاسوفلارمۇ ئەمەل، ئېتىقاد، ئەخلاقى، سىياسەتنى، قۇرئان، ھەدىسكە ياكى ئۆز ۋاقتىدىكى ساماۋى، دىنىي كىتابلارغا ئۆزىنى باسمىسا، قانۇن قىلمىسا، يەنىلا دىنسىز دەپ قارىلىدۇ، خۇددى مەككە مۇشرىكلىرىدەك ئۇلارمۇ، ئاللاھ بار، بىر دەيتتى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ تۆت دەرىجىنىڭ جەمئىسىنى مۇنۇ تۆت دەرىجە ئاساسىدىن ئالغاندۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئەۋۋەل يۇلتۇزلارغا قاراپ، كاپىر قەۋملىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارغا قارشى ھۆججەت قىلىپ يېگىشىنى مەقسەت قىلىپ، بۇلار مېنىڭ ـ سېنىڭ رەببىم دېدى. ئاندىن ئايغا، ئاندىن قۇياشقا يۆتكەلدى، ئاخىرى بۇ ئۈچ دەرىجىدىن يۆتكىلىپ، مەن بارلىقمنى ئالەمەلرنى ياراتقان، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان ئاللاھقا قاراتتىم دېگەن، ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىگە كۆتۈرۈلگەن، بىز مۇسۇلمانلار مانا بۇ ئۇلگىگە

مانا بۇ دەرىجە، مەرتىۋىگە ئىقتىدا قىلىشقا بۇيرۇلغان. سىلەرمۇ لەۋزى ئۈستىدە زاھىرى مەنە ئۈستىدە توختاپ قالماڭلار، قۇرئان، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادا، دىندا، ئاخىرى تەرەققىي قىلىپ، ئاللاھ تەرىپىگە يەتتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىشى ئۈچۈن، يەنى روھى ئۆرلىشى ئۈچۈن، يەتتە ئاسمان ئۈستىدىكى جەننەتتە قارار تېپىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەندۇر.

بىز ھازىر كائىناتتىكى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئالامەتتىن بەھرى ئالغان ئالىملار توغرىسىدا ۋە بىز قانداق قىلىمىز؟ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىمىز دېگەن توغرىسىدا توختىلىۋاتىمىز.

ئۇنداقتا، بىز ئۆزىمىزگە بىر ئۇسلۇپ ھازىرلايلى، مەسىلەن، مۇنداق: ئىنسانلار مائارىپ، مەرىپەتتە ئىگىز ـ پەس بولىدۇ. ئەمەل، خىزمەتتە ئىگىز ـ پەس بولىدۇ، مۇكاپاتمۇ شۇنداق، بىز قانداق تائىپىگە مەنسۇپ بولىمىز؟

ئاللاھ، قۇرئاندا، دىگىنكى، مەن سىلەرگە بىر ئىشنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلايكى، ئىككىدىن ـ ئىككىدىن ياكى يالغۇز تەنھا تۇرۇپ، تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىڭلار، بىز مۇشۇ ۋاجىپنى ئىجرا قىلىمىز.

ئىنسان، ھېسسى، ماددى نەرسىلەرنى ئەقىل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى توغرا تونۇپ، ئاندىن ئەقلى ئىشلارنى تەپەككۇر قىلسا، ئەقلىگە مەنسۇپ ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭ ئىللەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىزدەنسە، يول ئىككى بولىدۇ، بىرى ئوڭ، بىرى سول ئوڭ تەرەپتىكى يول بولسا، ھىدايەت توغرا يولغا ئاپىرىدۇ، سول تەرەپ بولسا، دەل ئەكسىچە، ئازغۇنلۇق، گۇمراھلىققا ئاپىرىدۇ، چۈنكى، ئالەم، كائىنات ئىشلىرى ئىككى تۈر بولىدۇ. بىرسى، كۇللىيات، يەنە بىرسى جۇزئىيات بولىدۇ.

كۇللىيات دېگىنىمىز، ئىلاھى، ئاخىرەت، پەرىشتە، يەنە بىر ئالەم، پۈتۈن كائىنات مەسىلىلىرىنى ئەقىدە تەرەپىدىن تەتقىق قىلىش، ماددا، ھېسسى دۇنيانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىش، ئىنسان بۇ مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلغانسېرى، تەتقىق قىلغانسېرى ھىدايەت تېپىپ، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلۇپ، شەكسىز ئىشەنچىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ، كارامەت كۆرىدۇ.

جۇزئىيات مەسىلىلەرنى، كىچىك مەسىلىلەرنى كۆز ئالدىدىكى ماددى، زاھىرى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلسا، تەپەككۇر قىلسا، ھەيران قالىدۇ، شەكلىنىدۇ، گۇمانلىنىدۇ، ئاخىرىدا، ماددىزىمچى تايلىسىدەك، دارۋىنىدەك، ماركىستەك، دىنسىز بولۇپ چىقىدۇ، ئۇ كۆڭلىدە مۇنداق مەسىلىلەرگە سوئال قويىدۇ، كىچىك باللار نىمە ئۈچۈن گۇناھسىز ئازابلىنىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن يامانلىق، ياخشىلىقنى بېسىپ چۈشىدۇ، نېمىشقا باتىل ئەھلى دىنسىزلار، دىندارلاردىن غالىپ كېلىدۇ. نېمىشقا بۇ پېقىر مۇسىبەت كۆرىدۇ، بۇ بايغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، نېمىشقا بۇ دۆت كىشى باشلىق بولۇپ قالىدۇ، نېمىشقا بۇ ئاجىز، كۈچلۈك نېمىشقا بۇ قۇرت كىچىك بۇ تۆگە چوڭ، نېمىشقا پىل چوڭ تۇرۇپ، تۆت پۇتى بار، پاشا، كۇمۇتىنىڭ ئالتە پۇتى ئىككى قانىتى بار؟ يىلان، چايان، توڭگۇزنى نىمە ئۈچۈن ياراتتى، دېگەندەك ھېكمىتىنى بىر ئاللاھلا بىلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، جۇزئى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، شەك ئۈستىگە شەك، بىلىمسىز كېسەل ئۈستىگە كېسەلنى زىيادە قىلىدۇ.

بۇ ئىلىم ـ ھېكمەتنى پەقەت جۇزئى، ھېسسىي، ماددىي نەرسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۇللىي، مەنىۋى ماددا ئارقىسىدىكى ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ، ئەقلى ئىشلاردا تەپەككۇر قىلغانلارلا تاپالايدۇ.

ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلايدۇ، مەن نەدىن كەلدىم، قانداق كەلدىم، مېنى كىم پەيدا قىلدى، ئۆز جىسمى، ھەيكىلى، نەپسى، روھىغا ۋۇجۇدقا قانداق چىقتى، ئانا رەھمىدە قانداق چاڭلاشتى؟ قانداق سۈرەت ھاسىل بولدى، روھ نەدىن كەلدى، بۇ دۇنياغا قانداق قىلىپ چىقىپ قالدى، كىم چىقاردى؟ ئۇ ئۆسىدۇ، باللىق بولىدۇ، قېرىيدۇ، چاچ ـ ساقىلىغا ئاق كىرىدۇ، ئاجىزلىشىدۇ، يەنە كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىدۇ، نەگە كېتىدۇ؟ ئۇ، بۇ جەرياندا، ياراتقۇچىنى تېپىۋالىدۇ، ئۇ زات، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ياراتقۇچى، سۈرەت سىزغۇچى، رىزىق بەرگۈچى دېگەنلەر، ئاندىن ئۇ ئاناتومىيىگە قارايدۇ، بىئولوگىيىگە، ئاسترونومىيىگە، كائىناتقا، ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەمگە قارايدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ، خۇددى

بايىقىدەك نەدىن كەلدى، نەگە بارىدۇ، بېشى بار ئىكەن، ئاخىرى بولىدۇ، بۇ ھادىسىكەن، ياراتقۇچى بولىدۇ. چۈنكى، ھادىسە يوق ھالىتىدە ئۆزىنى پەيدا قىلالمايدۇ، بۇنداق پۈختا ھېساب، ئىنتىزام، سەيرە، ھەرىكەتلەر، كېلىپ ـ كېتىشلەر، ساماۋى كىتابلار، سىرلىق مۆجىزىلەر، بولۇپمۇ، قۇرئان، ئاخىرى ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ، تەپەككۇر نەتىجىسىدە بىر ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ساماۋى كىتابلاردىن بايىقىدەك چىگىش سوئاللارغا جاۋاب تاپىدۇ.

ساماۋى كىتابلاردا مۇنداق ھېكايىلەر بار، ئىبرەت ئۈچۈن، كەلتۈرۈپ قويىمىز، چۈنكى، دىنىمىز توسمايدىغان قىسمىدىن. بىر پەيغەمبەر، بۇلاق بېشىدىن ئۆتۈپ سۇ ئىچىپ، تاغ چوققىسىدا ئولتۇرسا، بىر پارىس كېلىپ، بۇلاق بېشىغا چۈشۈپتۇ، ئۇ ئارام ئېلىپ بولۇپ، پۇل بار ھەميانىنى ئۇنتۇپ كېتىپ قاپتۇ، كېيىن باي، بىر پادىچى كېلىپ، ھەميانىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ، ئارقىدىن بىر قېرى شەيخ ئوتۇن يۈدىگەن ھالدا، كېلىپ، بۇلاق بېشىغا چۈشۈپتۇ، ناھايىتى كەمبەغەل بۇ قېرىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئىچىدە ھەي ئىبىستى، ھېلىقى ھەميانىنى بۇ قېرى ئالسىچۇ دەپ قاپتۇ، ئارقىدىن، پارىس، پۇل يوقلىقىنى سېزىپ، يېنىپ كەپتۇ ـ دە، بۇ قېرى ئادەمنى سوراق قىلىپتۇ، بۇ شەيخ مەن ئالمىدىم دېسە، ئىشەنمەي، ئۇرۇپ، ئازابلاپ، ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن كېتىپتۇ، پەيغەمبەر شۇ چاغدا، ئى رەببىم ئاللاھ، بۇ نېمە ئىش، بۇمۇ ئادىللىق بولامدۇ؟ دەپ، بايىقى ماددى زاھىرى تەرىپىگە قاراپ، تەپەككۇر قىلغانلاردەك، ھېكمەت سوراپ دۇئا قىپتۇ، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشەنمەپتۇ، ئاللاھ، ئاندىن ۋەھى قىلىپ، بۇ پارىسنىڭ دادىسىنى بۇ شەيخ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇڭا، بۈگۈن بۇ پارىس بۇ شەيخنى دادىسىنىڭ قىساسىنى ئۆزى ئۇقماي ھەميانىنى دەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، پارىسنىڭ دادىسى بولسا، ھېلىقى پادىچىدىن شۇ پۇلچىلىك قەرزدار ئىدى، شۇڭا پۇلنى پادىچىغا بۇيرۇدۇم، بۇلار مېنىڭ ئادىللىقىم دېگەن، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر جىم تۇرۇپ تۇرغان.

يەنە بىر پەيغەمبەر كېتىپ بارسا، نۇرغۇن كىچىك باللار، سۇغا چۈمۈلۈپ ئويناۋاتقىدەك، ئارىدىن بىرسى ئەما بولۇپ، ئولتۇرۇپ قاپتۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئى ئاللاھ، بۇ بالىنىمۇ ساق قىلساڭ دەپ دۇئا قىپتۇ، ئاللاھ دۇئانى ئىجاۋەت قىلىپ، بالىنى ساق قىپتۇ، بالا ساقىيىۋېلىپلا بىر كىچىك بالىنى سۇغا چۈمدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن يەنە بىرگە ھۇجۇم قىپتۇ، باللار قورقۇپ قېچىپتۇ، پەيغەمبەر، دەرھال قول كۆتۈرۈپ، ئى ئاللاھ، بۇ بالىنى ئۆز ئەسلىگە قايتۇرۇپ، ئەما قىلساڭ، دەپ دۇئا قىپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مەن ئۆز ئىلىم ـ ھېكمىتىم بىلەن ئالدىن بىلىپ ئۇنى ئەما ياراتسام، سەن مېنىڭ تەقدىرىمگە قارشى دۇئا قىلىپ، ماڭا نارازى بولدۇڭ، ئەمدى كۆردۈڭمۇ، بىلدىڭمۇ، تەقدىرنىمۇ چۈشەندىڭمۇ دەپ كايىپتۇ، ئەنە شۇنداق ھېكايىلەر، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئارىلىقىدىمۇ يۈز بەردى، بىز بۇ مەسىلىنى بۇرۇنمۇ بىر قېتىم يازغان، مەقسەت، تەقدىرنىڭ سىرىنى، كائىنات ئىشلىرىنى ماددا، زاھىرى كۆرۈنۈشىنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئىلىم ـ ھېكمەت ھەقىقىتىنى، شەيئىلەر ھەقىقىتىنى بىرلا ئاللاھ، ئۆزى بىلىدۇ، ئۇ سىنايدۇ، بىز سىنىلىمىز، ئۇ سوراق قىلغۇچى، بىز سوراققا تارتىلىمىز، ئۇ ھېساب ئالىدۇ، بىز بېرىمىز خالاس.

يۇقىرقى ئايەتتە، مۇنداق ئىشارەتمۇ بار.

ئاسمانلارنى ۋە ئۇنىڭ زىننىتىنى ئاللاھ قوغدايدۇ، شەيتاندىن ساقلىدى، شەيتاننى يىراق قىلدى، ئەمما، زېمىندىكى زىننەتتىن شەيتاننى نېرى قىلمىدى، ئۇنى ساقلىمىدى، بەلكى، شەيتانىنىمۇ بۇ زىننەتتىن ساقلىمىدى، قوغدىمىدى، بەلكى، شەيتاندەك ئازدۇرغۇچى قىلدى، بىر قىسىم ئىنسى ـ جىن، شەيتان نەپسى، ھاۋايى ـ ھەۋەس، دۇنيا زىننىتى، ئالدامچى بولۇپ، كىشىلەرنى ھەقىقەتتىن، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن، زور پايدىدىن، ئاخىرەتتىن، جەننەتتىن ھەتتا خالىق بولغان رەببىدىنمۇ ئالداپ ئازدۇرۇپ تۇرىدۇ، چوڭ توسقۇن، ھاڭ بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا، بىز سىلەرنى دۇنيادىن، دۇنيا زىننىتىدىن، مال ـ دۇنيانىڭ ئازدۇرىشىدىن، ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسى شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرىمىز. ھەدىستە، دۇنيادىن، ئايال كىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار دېگەن، چۈنكى، بىر قىسىم ئاياللارمۇ شەيتان ھەم زىننەتتۇر.

بۇ ئايەتتىكى ئاسمان، بىز بۇرۇن چۈشەندۈرگەن ئاسمان شۇ، رەسۇلۇللاھ چېكىپ چىققان ئاسمان، روھ ئۆرلىگەن ئاسمان، يەتتە ئاسمان، بۇ ئاسمان توغرىسىدا توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىز بىلمەيمىز. بۇ ئايەتتە، دۇنيا ئاسمىنىنى يۇلتۇز بىلەن زىننەتلىگەن، ئۇنداقتا، يۇلتۇز، ئاسماندا ئاسمان دېگەن نېمە؟ ئالىملار

بۇنى بوشلۇق دەپ ئاتاپ باقتى، ئەمما، ئايەتتە بوشلۇق، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى نەرسە دەپ كېلىپ، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىنى بوشلۇق قىلىپ ئىپادىلىدى، ئالىملار يەنە، ۋاكىئوم، يەنى ئەرەب تىلىدا (ۋشير) يەنى ئەسىر تارتىش كۈچىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى، پۈتۈن ئاسمان جىسىملىرىنى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىغۇچى، بىر تەسىرلىك ماددا، ئالەم دېيىشتى، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ۋەزنى بار، ئالىملار تەخمىنەن مىسال قىلىپ، قىياس قىلىپ، بىر مىللىمېتىردا يەنى ئەسىرنىڭ ئاشۇ ئالەمنىڭ بىر مىللىمىتىردا **1000** توننا ئېغىرلىقتىكى زىچلىق، قېتىش ماددا بار دېگەن. يەنى، بىر مىللىمېتىرنى **1000** توننا دەپ ھېسابلىغان، ئەگەر بۇ ماددىغا ئايلانسا، پولاتتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، قاتتىق ماددا بولىدىكەن، چۈنكى، بۇ ئالەم، بارلىق سىستېمىلارنى زىچ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا پولات ئارغامچا بولسا، زېمىننى نەچچە ئايلاندۇرۇشقىمۇ يەتمەيدۇ دېدى.

بۇ ئەسىر دېگەن ئالەم، ماددا ئۆچۈن ئالىملار مۇنداق دېدى: (ۋاكىئوم، ھەقىقىي بوشلۇق) ئەسىر دېيىلگەن.

**1** ـ ئۇ سۈزۈك، **2** ـ ماددىغا سۈركىلىش يوق.

**3** ـ قاتتىق، قېتىشىش، قويۇق، زىچ.

**4** ـ پۇختا، مۇستەھكەم، چىداملىق.

**5** ـ ھارارىتىمۇ يوق، ئاۋازىمۇ يوق، پۇراق، رەڭ يوق.

**6** ـ تارتىش كۈچىنى، ماگنىتلىق دولقۇننى، توك دولقۇننى، نۇرنى، ئۆچۈر سىگنالىنى، ياخشى يەتكۈزگۈچى.

**7** ـ ماددىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە توشۇپ تۇرۇشنى، چېكىتىش رولى بار.

**8** ـ خىمىيۋىلىك تارتىش كۈچىنىڭ ۋاستىچىسى.

**9** ـ ھەربىر ماددىنىڭ بوشلۇقىغا ئۇ لىق تولغان.

**10** ـ بۇ كۈچنىڭ توغرىسىنى ئېنىقلىغىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

چۈنكى، بىز مۇسۇلمانلار بىلمىگەن نەرسە ئۈستىدە سۆز قىلمايمىز، بىلگەننى دەيمىز، بىلمىگەننى ئاللاھقا تاپشۇرۇمىز، نيۇتون دېگەن ئالىم، تارتىش كۈچىنى بايقىغاندا، بۇ توغرىدا مۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلانغان.

بۇ تەسىرنى بىر تۇتاشتۇرغۇچى، يەتكۈزگۈچى، تەسىرلەندۈرگۈچىسىز ئالەملەرگە قوياشتىن ياكى باشقا سىستېمىلاردىن ئۆزى يۆتكەلگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، تارتىش كۈچى خۇددى بىر مۇستەھكەم پولات ئارغامچىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا نېمىلەر بار؟ بۇ بىز ئىنسانلار ئەقلىدىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر، بەزىلەر ئاسمان جىسمىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى بۇ ئەسىر ئىسىملىك ئالەم ۋەزنى ئېغىر، ھەرىكىتى تېز، زىچ بىر زەررىچىلەردىن تەركىب تاپقان دەپ باقتى.

جورجى توكس سىرئولسىپىر لودىج، ماكسول، ماك كولاگ قاتارلىق ئالىملارمۇ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاتوم تەتقىقاتچىسى، نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئىگىسى ئېينىشتېين، ئەسىر دېگەن بىر ئالەم بوشلۇقدىكى خىيالغا ئوخشايدۇ، ئۆزى مەۋجۇد، ئەمما، قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەن، ئۇ تەسىر بار، شۇڭا، ئالىملار ئۇنى ئەسىر دەپ ئاتىغان، يەنى تەسىر كۆرسەتكۈچى دېگەن مەنىدە.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: بۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئاللاھ، قۇرئاندا دېگەندەكلا، ئاسمان مەۋجۇد، قۇرلۇشى پۇختا، كۈچلۈك، قاتتىق، ئۇ يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن، جىنلارمۇ چىقالمايدۇ، قۇرئان ئايەتلىرى بولسا، بۇگۈنكى زامانىۋى كەشپىيات، يېڭى ئىلىم ـ پەنلەر تاپالمىغان

شەرھىيلەش، ئىزاھلاپ بېرىشكە كۆچى يەتمىگەن بارلىق پەيلاسوفلار نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالغان ھەققەتلەرنى مۆجىزىلىك، سىرلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ياكى بىر قىسمىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ، بۇنى پەقەت تەتقىق قىلغان، ئىزدىنىپ كۆرگەن كىتاب خۇمار ئالىملارلا بىلەلەيدۇ، ئاللاھدىن ئالىملارلا بەك قورقىدۇ.

بۇ مەسىلىگە ئالاقدار بولغان نۇر مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز. نۇر دېگەن بۇ نەرسە، ئاشۇ ئالەم بوشلۇقىدا ۋاكىئۇمدا ھەرىكەت قىلىپ تۆرىدىغان ھەرىكەتچان زەررىچە، بۇ نۇرنىڭمۇ مۇساپىسى بولغاندەك، مەسىلەن: بىر سېكۇنتتا 300000 كىلومېتىردىن ئارتۇق ماڭىدۇ، خۇددى مۇساپىسى بولغاندەك، ۋەزنى، ئېغىرلىقى، مىزانى بولىدۇ. مەسىلەن: تۆمۈردىن ياكى مىسدىن چىقىۋاتقان توك كۈچىنى مىليون ياكى مىليارت ياكى ئاددى نەچچە يۈز مىڭ ئات كۈچىگە تەڭ دەيمىز. دېمەك، شۇ ئاتلار كۈچى سەرپ قىلغان ئىشلارنى قىلىدۇ دېگەن بولىدۇ، زاۋۇتلارنى، كان ـ كارخانا، چىراغ، شامالدۇرغۇچ، ھەتتا پويىزلارنى ماڭدۇرىدىغان كۈچنى مۆلچەرلەيمىز، ئەنە شۇنىڭدەك ھازىر بىز ئۇنى ۋەزنىگە سالماقچى، باشقا ماددىلارنىڭ ۋەزنى، ئېغىرلىقى بولغاندەك، نۇرنىڭمۇ ئېغىرلىقى، ماددى، ھېسسى تەرىپى بار.

ئاددى مىسال: شام، چىراغ، بېنزىن، ھەتتا كۆيدىغانلار نەسىلەر كۆيدۇرسە يوقاپ كېتىدۇ، مانا بۇ نۇرنىڭ، ھارارەتنىڭ ئېغىرلىقى، ۋەزنى شۇ، بىت كىلو بېنزىن دېگىنى بىر كىلو نۇر، ئوت، ھارارەت دېگىنى، نۇر زەررىچىسىنىڭ بېسىمى بىلەنمۇ ئۆلچىنىمۇ، دوكتۇر جېيمىس جانىز مۇنداق دېگەن:

ئالىملار ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، ھەرقانداق ئېنېرگىيە، ئىسسىق، نۇر، ھارارەت مەنبەسى خوراپ تۈگىگەندەك، قۇياشتىنمۇ نۇر، ھارارەت كاملىماقتا، قۇياش يۈزىنىڭ ئۈچ كۋادرات سانتىمېتىردىن ھەر سېكۇنتتا 4000000 توننا نۇر، ھارارەت، ئېنېرگىيە كاملاپ، خوراپ تۈرىدۇ، بىر مىنۇتتا، 250000000 توننا نۇر، ھارارەت، ماددا خوراپ تۈرىدۇ دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: سۇبھانالللا، ماشائاللا، قۇرئان ھەققەتەن مۆجىزە، راستىنلا رەببىم ئالللاھنىڭ سۆزى، بارچە كائىنات يوقاپ، ئاخىرلىشىپ تۈرغاندەك، بارلىق ھاياتلىقمۇ ئاخىرلىشىپ تۈرغاندەك، بېشى بار ھادىسە بولغان ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغان بۇ ئوتلۇق جىسىم قۇياشمۇ، مۇشۇنداق كاملاپ ئاخىرى تۈگەيدۇ، يوقايدۇ، نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ، بۇ مۇقەررەر، ئايەتتە، سۈرە كۇۋۋىرات كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا دەپ ئېنىق كەلتۈرۈلگەن. يەنە تېخى، ئاي بىلەن كۈن بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا دېگەن يەنە بىر ئايەتتە، ھەر نەرسىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش خاتىرلەنگەن، ئۇنداقتا، بەزى ئالدامچى يالغان پەيلاسوف، دوكتۇرلار قۇياش مانچە مىليون، مىليارت يىل ئۆچمەيدۇ، ئۇ دېگەن ئېنېرگىيە مەنبەسى، ئۆز ـ ئۆزىدىن تولۇقلايدۇ، باشقا پىلانېتلارغا سوقۇشۇپ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار سوقۇشۇپ، تولۇقلايدۇ، ئۇنداق قىلىدۇ، مۇنداق قىلىدۇ، دەپ جۆيلىشى، سىلەرنى ئالداپ قويىمىسۇن، قۇياش چوقۇم ئۆچىدۇ، چوقۇم يوقايدۇ.

پەلسەپە مەنتىق قائىدىسىدە، بېشى بار ھادىسە، نەرسە ھامىنى يوقايدۇ، دېگەن. ھەدىستە، ئاي بىلەن قۇياشنى بىرلەشتۈرۈپ، دوزاخقا سېلىپ، دىنىسز كاپىرلارنىڭ ئازابىنى كۈچەيتىش خاتىرلەنگەن.

دېمەك، بۇ ئاسمان زىننىتى، ئاسمان ئۆزىمۇ ۋەيران بولىدۇ، يوقايدۇ، بۇلار ئايەتتە ئاسمان يېرىلغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ قالغاندا، يۇلتۇز تۆكۈلگەندە، كۈن نۇرى ئۆچكەندە دەپ خاتىرلەنگەن، ئەممە پارىسىنى كۆرۈڭ، ئاخىردا بىز نۇر يوقامدۇ؟ ياقمۇ؟ دېگەن ئۈستىدە توختىلىمىز.

بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، نۇر ھەرىكەت قىلىپ تۈرغۇچى، بىر سېكۇنتتا نەچچە يۈز مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، قۇياشتىن ۋە باشقا قۇياشتىن باشقا نۇر، ئوت چىقىپ تۈرغۇچى يۇلتۇزلاردىن نۇر چىقىپ نەچچە مىليون يىلدا بۇ زېمىنغا يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئاددىيسى، قۇياش بىزدىن 150 مىليون كىلومېتىر يىراق تۈرىدۇ، قۇياشتىن نۇر ھارارەت چىقىپ، سەككىز مىنۇت 18 سېكۇنتتا يەنى 500 سېكۇنتتا بىزگە يېتىپ كېلىدۇ، مۇشۇنداق تېزلىك سۈرئىتى بىلەن ئالەم بوشلۇقىنى ۋاكىئۇمنى ئەسىر دېگەن ئاشۇ ئالەمنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىزگە يېتىپ كېلىدۇ. بىز ئىنسانلاردىن باشقا ئالەمگىمۇ يېتىپ بارىدۇ، مۇشۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىش جەريانىدا شۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە نەچچە مىليون يىللاردىمۇ بۇ نۇر ئۆچۈپ

قالمايدۇ، يوقاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ نۇر، زەررىچە، جەۋھەر ماددا ھېسابلىنىدۇ، ماددىلار ئەسلىسى بولغان ساپ ماددا، بۇ نۇرنى ئاللاھ ياراتقۇچى، يوقاتسا ئەلۋەتتە يوقلىدۇ، بولمىسا يوقاپ كەتمەيدۇ، ئاشۇ نۇر، ماددا يوقمىغان يەردە، روھ، يەنى بىزدىكى جان نەگە يوقاپ كەتسۇن؟ ئۆلۈكلەر چوقۇم قىيامەت كۈنى روھى، جېنى كىرگۈزۈلۈپ قوپۇرىلىدۇ.

تەنتاۋى بۇ تەتقىقاتىدا

جەۋزا يۇلتۇزلار تۈركۈمىدە بەزى يۇلتۇزلار يەنى قۇياش بىزنىڭ قۇياشىمىزدىن **25** مىليارت ھەسسە چوڭلۇقىنى، بىزنىڭ قۇياشىمىز بولسا، يەرشارىدىن بىر مىليون **300** مىڭ ھەسسە چوڭلۇقىنى دەيدۇ. قۇياشىمىز نۇرى ئۇ يۇلتۇز نۇرى ئالدىدا خۇددى كۈندۈزى قۇياش نۇرى ئالدىدا كىچىك شام يېقىپ قويغاندەك ئىش دېگەن، بۇ كائىناتتا، ئاسمان ئۈز ئىچىگە ئالغان يۇلتۇزلار تۈكۈملىرى ئىچىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەت مۆجىزىلەر بار، گىرەلەشكەن، بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتتى بار، سىستېمىلار بار، ئوربېتىلار، ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئاسماننى زىننەتلىدى، بۇنى سىلەر ئىلغار تېلىسكوپىدا كۆرۈڭلار. ئىنشائاللا دېگەن.

## سۈرە (ص) سات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

ھەر ئىشتا ئىنساپ قىلىش كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ھەقنى سۆزلىتىدۇ.

ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىدىغان مۆجىزە ئۆز جىسمىڭىزدا بار.

يَدَاوُدُ إِنَّا جَعَلْنَاكَ خَلِيفَةً فِي الاَرْضَ فَاُحْكُم بَيْنَ اُلنَّاسِ بِاُلْحَقِّ وَلاَ تَتَّبِعُ اُلْهَوَى

**ئى داۋۇد، بىز سېنى زېمىندا خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەر ئارىسىدا ھەق بىلەن ھۆكۈم قىل، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشمە، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ.**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتە، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىنى، زەررىچىلىك ياخشى - يامانغا جازا، مۇكاپات بېرىشىنى، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىشلارنى ئادىل بېجىرىشىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى، تۆت خەلىپىنىڭ ئادىللىقىنى، شۇرەيھ ىفازىينىڭ خەلىپە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى ھۆكۈمدە ئادىل بولۇشىنى، تارىخدىكى ساھابە، تابىئىن، ئۇندىن كېيىنكى ئادىل قازىلارنى كەلتۈرگەن، بىردىن ئەمەلىي تارىخ ئارقىلىق مىسال كەلتۈرگەن، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام توغرىسىنى تېپىپ ئادىللىق قىلىشى، ھەممىگە مەلۇم خەلىپە بولۇش، قازى بولۇش، ھوقۇق، ئەمەل تۇتۇش جەريانىدا ئادىل بولۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن، تەكەببۇر بولماسلىق لازىم، ھۆكۈم چىقارغاندا، ئىككى تەرەپكە تەڭ قۇلاق سېلىش لازىم، ھۆكۈم قىلىۋېتىپ، غەزەپ قىلماسلىق لازىم، قازى، ھاكىملار قەتئىي پارا ئالماسلىق لازىم، كىتابدا كەلگەن ھۆكۈمنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم، ئۆز تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئادىل ھۆكۈم قىلىش، يان باسماسلىق، ئادىل گۇۋاھلىق بېرىش، ھەقىقەتتە باش كەتسىمۇ چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر تىببىي ئىلمنى، بىئولوگىيە، پسىخولوگىينى، رازۋېتچىك ئىلمىنى، ئىز قوغلاش، دىلو پاش قىلىش، دەلىل - ئىسپاتنى زامانىۋى ئۇسكۈنە بىلەن ئىسپاتلاش، مەسىلەن: بارماق ئىزى، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش، پىتنە - پاساد، قۇرۇق يالغان تۆھمەت سۆزلەرگە قەتئىي ئىشەنمەي، ئەمەلىي دەلىل - ئىسپات بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، چېقىمچى، سۇخەنچىنى ياندىن نېرى قىلىش لازىم.

بىز مۇسۇلمانلار، ئوقۇتقۇچىلار، قانداق ئىمام، باشلىق، قانداق قازى، خەلىپە، دىنى رەھبەر تەربىيلەشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم، ئۇلارنى زادى قانداق تەربىيلەيمىز؟ كىملەرنى ئۈلگە قىلىمىز؟ ئۇلارنى زادى كىم تەربىيلەيدۇ؟ كىم ئىمام بولۇشقا، كىم خەلىپە، قازى، ئەمىر بولۇشقا، كىم ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى بولۇشقا لايىق، قىش دېگەن قەلبدىن چىقىدۇ، ئاتا - ئانا، ئۇستاز تەربىيىسى بەك مۇھىمدۇر. ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ كىتابى، قۇرئان، پەيغەمبەر سۈننىتى، ھەدىس، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئادىل قازى، خەلىپە، دىنىي رەھبەرلەر، ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، شۇلارنىڭ ھاياتىدىن تاللانمىلارنى، تارىخنى بولۇپمۇ ھەقىقىي ئادىل توغرا ئەقىدىسى ساپ تارىخنى لازىم تۇتۇش كېرەك.

ئادىل ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، ئادىل رەھبەر بولۇش ئۈچۈن، ھازىرقى ئىلىم - پەننى ھەرخىل تەتقىقاتنى بىلىش شەرت، بولۇپمۇ كىشىلەر يەنى جىنايەتچىلەرمۇ قاتتىق ساختىلاشتى، تەرەققىي قىلدى، خەلقئارالاشتى، ھەتتا، ھەمكارلاشتى، بىزمۇ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەرەققىي قىلىشىمىز، كۈچ تېپىشىمىز، خەلقئارالىششىمىز، ھەمكارلىششىمىز لازىم. نەپسىنىڭ، ھاۋايى - ھەسەنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكتە رەسۇلۇللاھنى، ساھابىلەرنى دورىشىمىز لازىم. چۈنكى، جىنايەتچىلەر ئادىل قازىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، پارا بېرىشتىن باشقا، نۇرغۇن قەبىھ ۋاستىلەرنى ئىشقا سالىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى قاتتىق ھەزەر قىلدۇرىدىغان ئايال كىشى، ھەرخىل پىتنە - پاسادلاردۇر. كىشىنى ئازدۇرىدىغىنى، دۇنيا، ئايال، مال - دۇنيا، نەپسى، ھاۋايى - ھەۋەس، شەيتان قوشۇمچە مەۋجۇد، ئىنسان ئىككى ئېغىزغا كېپىل بولسا، يەنى ئېغىزنى، گېلىنى، قورسىقى، يەنە بىرسى ئەۋرەت، مۇشۇ ئىككى ئېغىزغا چىڭ ساقلاشقا كېپىل بولسا، ئۇنىڭغا

جەننەت بىلەن كېپىل بولغىلى بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئاچلىق، نامراتلىق دەردىنى تارتىشىنى، ئاچ قورساق، خەندەك كولاشلىرى، نەچچە يۈز ساھابىلەر ئاچ قېلىپ، ئۇسسۇز قېلىپ، ئۇلارغا تاماق، سۇلارنىڭ مۆجىزە يولى بىلەن كۆپىيىشى، ئائىلىسىدە يېگۈدەك نەرسە يوق، تاماقتا ئوت ياقالماسلىقى، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، جەڭ كىيىمىنى يەيدىغان تائام ئۈچۈن، يەھۇدىينىڭ نەزلىدە گۆرۈگە قويۇپ، شۇ چاغدا جان ئۈزۈشى، ھېچ مال ـ دۇنيا قالدۇرماسلىقى، نۇرغۇن ۋەسىيىتى، مال ـ دۇنيا، ئايال، نەپسى، شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ھەزەر قىلدۇرۇشى، ئەمەلىي ۋە ئىغزاكى يوليورۇقلىرى، ساھابىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاددىي يەپ، ئاددىي كىيىپ، تەقۋالىق بىلەن ئادىل خەلىپە بولۇشى، قازىلىرى بولسا، تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشى لازىم ـ دە، ئەلۋەتتە، بۇ ئادىللىقتا ئاشۇ نەپسىنى يېغىش، ئاددىي يەپ ـ ئىچىش ئادىتى، كىيىش، ئاددىي قۇرۇلۇش قىلىش لازىم كېلىدۇ. دىن خىزمىتىنى قىلغان كىشى، كەسىپ قىلمىغاندىكىن قول ئېلىكدە بىرەر نەرسە بولمايدۇ، ئۇ نامرات، پېقىر كېلىدۇ، ئۇ ئاخىرەتكە تۇرغاندىكىن، دۇنيادىن قۇرۇق قېلىشى تۇرغانلا گەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋرە قىلىش مۇھىم.

مانا مۇشۇ، ئەمەلىي دىنى خىزمەت، جاپالىق ئىشلەش، تائەت ـ ئىبادەتكە سەۋر قىلىش، ياكى ئاشۇنداق نەپسىنى يېغىشدا ھارامدىن ۋاز كېچىشدە سەۋر قىلىشنىڭ مۇھىملىقىدىن، ئاللاھ بۇ سۈرىدىكى [پ] ساد ھەرپىنى بىر سەپىرىگە ئىشارەت قىلغاندۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ساد ھەرپىنى ئاشۇ ئادىللىقتىكى سەۋرگە ئىشارەتتۇر دېگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، كەلتۈرگەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ئىشلىرى، بولۇپمۇ، تاماق ئىستېمال قىلىش، ئاز يېيىش، قورساقنى ئاچ قويۇشتەك ئەھۋاللىرىغا مۇناسىپ يېڭى ئىلىم ـ پەن كەشپىياتىنىڭ ھەدىس بىلەن ئوخشاش چىقىشى، ئۇنداقتا مۇسۇلمانلار بارلىق ئىشلىرىدا بولۇپمۇ تۇرمۇش، يەپ ـ ئىچىش، سالامەتلىك، داۋالىنىش، تېببىي ئىشلاردا ھەدىستكە، ئىسلام يوليورۇقىغا مۇراجىئەت قىلىشى لازىم، دەپ، سۈرە شۇئەرادىكى ئەگەر كېسەل بولسام، رەببىم شىپالىق ئاتا قىلىدۇ دېگەن ئايەت، سۈرە ئەئرابدىكى يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار دېگەن ئايەت، تائام توغرىسىدىكى نۇرغۇن ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ، ئاندىن ھازىرقى، تېببىي ئالىملار، دوكتۇرلارنىڭ نەسىھىتىنى بىزلەرگە تەقدىم قىلغان.

ئالىملار، تېبابەت ئۇسۇلىدا داۋالاش، ئەزانى بىر خىل كېسەلدىن يەنە بىر كېسەلگە گىرىپتار قىلىشى مۇمكىن دېگەن، ياكى بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە يۆتكەش، ئۇنداقتا، داۋالىنىش چارىسى، ئاللاھ شىپالىق ئاتا قىلىدۇ، دېگەن ئۇسۇل بويىچە، تەبئىي ھاۋا، نەپەس تەبئىي، شارائىت، مۇھىت تەبئىي، يەرلىك يېمەكلىكلەر، مۇھىم داۋادۇر. دوكتۇر كەيسىر مۇنداق دېگەن: بەزى ئەھۋاللاردا دورا، ئوكۇلدا داۋالىنىش، كېسەلدىن خەتەرلىكرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئىنسانلار ئامال بار، كېسەلدىن ساقلىنىشى، ئۆزىنى ئاسرىشى، كېسەل بولۇپ قالسا، تەبئىي ئۇسۇلدا داۋالىنىشى ياخشى دېگەن.

دوكتۇر، ھەيىج، كېسەل داۋالاشنىڭ ياخشى چارىسى، ئۇ كېسەل ئىستېمال قىلىۋاتقان زەھەرلىك ماددىنى توختىتىش، كېسەل ئامىلىنى ئۈزۈپ تاشلاش دېگەن.

دوكتۇر كانتانى، مۇنداق دەيدۇ: كېسەلنى داۋالاش چارىسى، پايدىلىق ماددىلارنى، ئوزۇقلارنى ياخشى يەتكۈزۈش، ئىنسانغا زىيانسىز دورىلارنى ئىشلىتىش، بۇلغانغان ھاۋادىن نېرى قىلىپ، ئوكسىگېننى ياخشىلاش دېگەن.

دوكتۇر كوھىن، كېسەللەرنىڭ ھەممىسى بىر سەۋەبدىن بولىدۇ، داۋالاش چارىسىمۇ بىرلا سەۋەب كۆپايە قىلىدۇ دەپ كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان نەرسە، ئىنسان جىسمىدا شۇ جىسمىغا نا تونۇش جىسىملارنىڭ مىكرۇپ، ھايۋانلارنىڭ كىرىۋېلىشى، بىرلىشىپ چۇجۇم قىلىشىدۇر، داۋالاش چارىسى بولسا، شۇ ناتونۇش جىسىملارنى، مىكرۇپ، ھايۋانلارنى كىرگۈزمەسلىك، ياكى ئىنسان جىسمىغا زىيانسىز ھالدا، ئۇلارنى يوقىتىش بىگەن.

ئالىملار بىردەك، كۆكتاتلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئىستېمال قىلىش، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دەپ قارىغان، ئاللاھ، بۇ ئىلىمنى بىزگە،

ھەسەل ھەرىسى سۈرە نەھلدە كۆرستىپ بەرگەن، رەسۇلۇللاھمۇ نۇرغۇن ئۈسۇملۇك، مېۋىلەرنى تىلغا ئېلىپ شىپا بار دېگەن.

قۇرئان كەرىم سۈننىتى، رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتىدا بىزگە، تېبابەت جەھەتتىن نۇرغۇن تەلىماتلار بېرىلگەن، مەخسۇس تېبابەت كىتابۇتتىببىي دەپ، باب، پەسىل قىلىپ يېزىلغان، بۇلار ئىچىدىن بىر قىسىم مۆجىزىلەر ئاشكارىلاندى. گۇناھ، مەئسىيەت، زىنا، پاھىشە كۆپىيىپ كەتكەن قەۋمدە ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان كېسەللەر ئاشكارىلىنىدۇ دېگەن، ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى مەن تور بېتىدىن كۆردۈم، ئامېرىكا، ئافرىقا ئەللىرىدە قالايمىقان يەپ ـ ئىچىش، زىنا، پاھىشە بولۇپ، ئۇلاردا ھەقىقەتەن كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللەر ئاشكارىلانغان، ئۇلارنىڭ بىر مىسالى ئەيدىز.

بۇ تور بېتىدە ئاشۇ ھەرخىل كېسەللەرنىڭ سۈرئىتى، رەڭلىك ھالدا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىنى قورقىتىدۇ، زىنا، پاھىشىمۇ، گۇناھ، مەھسىيەتمۇ، ئىسراپخورلۇقمۇ، ھەرخىل كېسەل پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ داۋاسىز كېسەللەر يۈز بېرىدۇ، بىز ئىبرەت ئېلىشىمىز، مەسخىرە قىلماي، ئۆزىمىزگە پۇختا، ھېزى بولىشىمىز لازىم.

دوكتۇر ھىندى ھەيدى مۇنداق دېگەن: ئىنسانلار ئۆز ھاياتى، سالامەتلىكى ئۈچۈن، يېمەك ـ ئىچمەككە قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ھاياتلىق، سالامەتلىك، غىزا ئۈستىگە قۇرۇلغان، بۇنىڭدىكى كىچىككىنە خاتالىق، قورقۇنۇشلۇق، قەبىھ كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ دېگەن.

ياۋرۇپالىق تېۋىپلار، ئىنسانلار، گۆش، تۇخۇم، سۈت، بېلىق قاتارلىق ئاقسىل ماددىسى كۆپ تائاملارنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىغا ناھايىتى كۆپ زىيان سالىدۇ دېگەن، نېرۋا، قان كېسەلى، قاندا ماي كۆپىيىپ كېتىش، جىگەر، بۆرەك، ئاشقازان كېسەللىرى، يېيىشكە نان، چاي، كۆكتات، سەي، مېۋە ـ چېۋە يەيدىغان نامرات دېھقانلارغا، سەھرادىكى كىشىلەرگە قارىغاندا، شەھەردىكى تۇرمۇشى ئالىي ئۆتىدىغان كادىرلاردا، باي، تىجارەتچىلەردە تۆت ھەسسە ئارتۇق ئىكەن، بۇندىن باشقا، ئۇششاق كېسەللەرمۇ كۆپ، سەۋەب، لەززەتلىك تائاملارنى كۆزى تويماي، نورمىدىن ئارتۇق يېيىش، قورسىقىنى بەك تويغۇزۇپ، ساپ ھاۋادا تىنالماسلىقتۇر، نەپەس ئالالماسلىق، مۆئمىن بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر، مۇناپىق يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ دېگەن ھەدىسكە ئوخشاش، ھەدىس، تەلىمات، يولىيورۇقتا بويسۇنمىغانلىقتا، نەپسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، راھەتتىن قورسىقى چىقىپ كەتكەن، سېمىز ئالىملارنى ئاللاھ ئۆچ كۆرىدۇ دېگەن ھەدىس بار، بۇ ھەدىس، مۇسنەد ئەھمەدتە بار.

ئىسلام دىنى يۇقىرقى لەززەتلىك ھالال تائاملاردىن چەكلىمەيدۇ، ئەمما، ھېسابىدا نورمال بولۇشنى، ئىسراپ قىلماسلىقنى، يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن ياشىماي، ئېسىل ھاياتتا ياشاش ئۈچۈن، تائەت ـ ئىبادەت ئۈچۈن، يولىدا يېيىشنى تەكىتلەيدۇ.

دوكتۇر چاستون دورپىل، تائامنى ھەددىدىن ئارتۇق يەۋېتىش، ئىنسان جىسمىدىكى زەھەرلىك جاراھەتتۇر دېگەن.

پەيلاسوف سىنىكى، ھاياتىمىز ئەسلى ئۇزۇن ـ قىسقا ئەمەس، ئەمما، بىز ئۆز قولىمىز ئارقىلىق ئۇنى قىسقارتىۋېتىمىز دېگەن، بۇ ئەلۋەتتە، جىنايەت، گۇناھ، زەھەرلىك ماددا، ئەپيۇن، كوكايىن، خىروئىن، تاماكىلارنى، ھاراقلارنى ئىستېمال قىلىشنى ئاشۇنداق نەپسنى يىغالماي، ئۆز ـ ئۆزىنى كېسەل قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ھازىرقى ئالىملار، سۈنئىي ئۇسۇلدا، ئېلىپ بېرىلغان زىرائەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى، پارنىكلىق كۆكتاتلار، خىمىيىۋى ئۇسۇلدىكى ئوغۇتلاش، بىر قىسىم ئىنسانلارغا پايدىلىق، قۇشلارنى ھاشارەتلەرنى، ھەرخىل دورىلار، بىلەن يوقىتىۋېتىش، ئىنسانلارغا چوڭ زىيان سېلىشتۇر دەيدۇ. بۇنىڭدىن قانداق ئاپەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟ بىز بىلمەيمىز، بەلكى، يۇقىرقى پەيلاسوف دېگەندەك، ئۆز ئۆمرىمىزنى، ھاياتىمىزنى، ئۆزىمىزنى قىسقارتىۋاتقان بولىشىمىز مۇمكىن.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى مەجبۇرىي پۈتۈلگەن كائىنات ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئۆز

ئىختىيارى ئۆزىمىز قىلغان ئىشلار بولسۇن، ھەممىسى «لەۋھۇلمەھپۇز»دا پۈتۈلگەن. ئاللاھ، ئالدىن بىلىپ يازغان، تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. يۇقىرقى ئىشلار بەلكىم، ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلماسلىق، ئادىل بولۇشقا كىرىدىغاندۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىكى ئىبلىس شەيتاننىڭ مۇنۇ سۆزىنى، ئاللاھ بىزگە نېمە ئۈچۈن كەلتۈرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئومومىيۈزلۈك يەرشارى بويىچە ئازدۇرىمەن، دېگەن سۆزى، قاراڭلار، راستىنلا خەلقئارالىق، ئومومىيۈزلۈك ئازدۇردى، كاپىرلار، دىنسىزلار، مۇناپىقلار زادى ئازدى، ئۇلار بىرلىشىپ خەلقئارالىق بىرلىشىپ، ب د ت نى، مۇسۇلمانلارغا قارشى قۇرغاندەك، ئىسلامغا قارىش ھۇجۇم قىلىپ، راستىنلا ئازدى.

ئەمما، مۇسۇلمانلارمۇ ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ ئازدى، ئىتتىپاقلاشمىدى، كاپىرلاردىن قورقتى، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلمىدى، ئاللاھ، ئۇلارغا زاپاس بايلىقلارنى يارىتىپ بەرسىمۇ، ھەر تەرەپلىمە كىرىم يولىنى ئېچىپ بەرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا نامراتلىقدىن قورقتى، يۈز ـ ئابرۇي، باشلىقلىق، راھەت، نەپسى ئۇلارنى ئالداپ، ھەر قىسىم پەتۇالارنى چىقىرىپ، ئۆزىنى، ئۆزگىنىمۇ ئالداپ ئازدى. بۇ پەتۇالارنى ئايەت، ھەدىسنى، ساھابىلەردەك، تابىئىنلاردەك چۈشەنمىدى، ئۇلار بىلمەسىمىدى؟ دەلىلنى قايىل قىلسىمۇ، تارىخقا قاراپ باق، ساھابىلار، تابىئىنلار قانداق چەشەنسە سەنمۇ شۇنداق چۈشەن.

مەقسەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ، مۆئمىنلەر ئۆزئارا دوستلۇق، كۆيۈنۈش، رەھىم ـ شەپقەت قىلىشدا بىر جەسەتكە ئوخشايدۇ، ئەگەر بىر ئەزا كېسەل بولسا، پۈتۈن جەسەت، قىززىپ ئۇيقۇسىز قېلىپ، بىئارام بولىدۇ، دېگەن، (بۇخارى، مۇسلىم).

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆئمىن بولمىغىچە، جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولمايسىلەر، ئەگەر، ئەمەل قىلساڭلار، سىلەرنى دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشقا سىلەرنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، سالامنى ئاراڭلارغا كۆپ قىلىڭلار، (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى)

مېنىڭ ئۈممىتىم يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى ياخشىمۇ يا ئاخىرى ياخشىمۇ بىلگىلى بولمىغاندەك، بۇ ئۈممىتىمدىن ئاخىرىدىمۇ ياخشىلار چىقىدۇ دېمەكچى. بۇنداق ھەدىسلەر، ئايەتلەر بەك كۆپ، ئېتىقاد قىلىش، دوستلىشىش، سالامنى شەخسلەر ئارا ئەمەس، دۆلەتلەر ئارا، خەلقئارا قىلىش، دۇناي بويىچە مۇسۇلمانلار باردى ـ كەلدى قىلىش، ھەمكارلىشىش، يالغۇز جەك، ئۇرۇش ئىشىدا ئەمەس، بەلكى، ئىلىم، كەشپىيات، تەرەققىيات، تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ، بارلىق ئىشلاردا، ئۇلار بىر جەسەتتەك، ھەمكارلىششى، كۆيۈنىشى لازىم.

قاراڭلار، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون، كومپيۇتېر تور بېتى، قاتارلىق ئالاقىلىشىش، ئۈچۈر مۇلازىمەتى، دۇنيا مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرگىسى، خۇددى بىر جەسەتتەك ھەمكارلاشتۇرغۇسى، سالامنى دۇنياۋى، خەلقئارالىق قىلدۇرغۇسى، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، غەلبە ئاتا قىلغۇسى، بىز بارلىق مۇسۇلمانلارنى، دىنىي ئۆلمالارنى بارلىق، مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغان ھەر قايسى مەزھەبلەرنى تور بېتى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ھەمكارلىششقا، ئىتتىپاقلىششقا، ئۆزئارا كۆيۈنۈشكە، پايدا يەتكۈزۈشكە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار غەلىبىسى ئۈچۈن، جەننەتنى ئاللاھنىڭ جامالى ئۈچۈن، خىزمەت قىلىشقا، جان، مېلى بىلەن بەدەل تۆلەپ، ھەق ئۈچۈن تەييار تۇرۇشقا چاقىرىمىز، ئاللاھ ئاسان قىلسۇن، ئامىن!!!

# سۈرە زۇمەر تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىكى بسم الله نىڭ تەپسىرىدە مۇشۇ سۈرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئاللاھ رەھمەت يۈزىسىدىن كائىنات كىتابىنى قولىمىزدىكى ئوقۇلۇۋاتقان كىتاب بىلەن شەرھىيلەپ بىزگە مەلۇمات، يولىيورۇق بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر دانە چۈمۈلىنىڭ **400** كۆزى بارلىقىنى، بىر دانە چىۋىننىڭ **4000** كۆزى بارلىقىنى، ئىلھام قىلغاندۇر، ئىلىم ـ ھېكمەت، كەشپىياتلار ئاتا قىلغاندۇر.

بۇ بەلكىم بسم الله نىڭ **114** قېتىم تەكرارلىنىشىنىڭ سىرىدۇر، ئىنسانلار ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇب بەش خىسلەتتىن بولىدۇ، ناھايىتى گۈزەل بولۇش، يېتىشكەن ئالىم بولۇش، كۈچلۈك، باتۇر بولۇش ياكى ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشى كىشى ياكى ياخشى كۆرگۈچى بىلەن مەھبۇب ئوتتۇرىدا ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان باشقىلارغا نامەلۇم بىر سىر بولۇشتۇر، ھەممىسى، باقى ئەمەس، ئەزلى ئەمەس، ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى بار، بۇ بىز مۇنۇ ئايەتتىن تاپىمىز. ئاخىرى قايتىدىغان جاي، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر، دېمەك، گۈزەللىك، ئىلىم ـ ھېكمەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ھەممىسى ئاللاھ تەرەپىدىن كەلگەن، ئاللاھ تەرىپىگە قايتىدۇ، ئۇنداقتا، بۇ بەش خىسلەتنىڭ ئىگىسى، ئاساسى، مەنبەسى، مېھرىبان ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ دىدارى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش، ناھايىتى شەرەپلىكتۇر.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئاللاھدىن ئالىملارلا قورقىدۇ، شۇنداقلا، ئالىملار پەيغەمبەر ۋارىسى، ئالىملارلا ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقلارنى تەتقىق قىلىپ، ئىزدىنىپ يۇقىرقى بەش خىسلەتنى تېپىپ چىقىپ، بىر ئاللاھنىلا ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ، ئاسمان، پەلەك، زېمىن، دېڭىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئىلىم ـ ھېكمەت بارىدا ئىزدىنىپ، ئىلىم بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، نادانلارغا يېتەكچى بولۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەت، ئىبادەت، ئەقىدىلەردە يول باشچى بولۇپ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۈرۈقىنى كەڭ چېچىپ، ئاللاھ مۇھەببىتىگە، رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، مەشغۇلاتى پۈتۈنلەي ئىلىم بىلەن رىزىقىغا ئاللاھ كېپىل، ئىككىنچى، تائىپە كىشلەر، كېچىسى ناماز بىلەن قىيامدا تۇرىدۇ، كۈندۈزى رازمىزان، زىكرى ـ تەسبىھ، ئاللاھنى ئەسلەش، ئاللاھقا بولغان ئىشتىياق، مۇھەببەت ئىشقى بىلەن ئاۋارە، ئۈچىنچى كىشلەر بولسا، تەقۋادار ياخشى كىشلەر بولۇپ، مۇستەھكەم ئېتىقادى چىڭ، ئىمانى كۈچلۈك، بۇلارغا بەك ئەرزىيەت كېلىپ تۇرىدۇ، بۇلار ئەنە شۇ مۇسىبەتكە سەۋر قىلىدۇ، باشقىلارغا ھەقنى ۋەسىيەت قىلىشىدۇ، باتىلغا قارشى كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ.

تۆتىنچى كىشلەر بولسا، بۇلارنىڭ بارلىق ئەخلاقى، ئەقىل، ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە، بۇلار ھەربىر سۆزنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ھەقىقەتنى سۈزۈپ چىقىپ، قوبۇل قىلىدۇ، ۋە ئاندىن بۇ سۆزنى قىلىدۇ، **سۆزنى ئاڭلاپ ياخشىنى قوبۇل قىلىپ، ئەگىشىدۇ** دېگەن ئايەت بار.

بەشىنچى تائىپە كىشىلەر بولسا، خەلىپە، ھاكىم باش بولغانلار، بۇلار خۇشخەۋەر بېرىشكە ياكى ئاگاھلاندۇرۇشقا، جازالاشقا مەسئۇل، مۇداپىئە ۋە ھۇجۇمغا مەسئۇلدۇر.

ئالتىنچى تاپىئە كىشىلەر بولسا، قەلبى، كۆكسى كەڭ ئېچىلغان، دائىم ئاللاھدىن رازى، ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىگە، بىزگە ئاللاھ كۇپايە دەيدىغانلار، تەۋەككۇلچىلەر، راستىنلا ئۇلارغا ئاللاھ كۇپايە. **ئاللاھ ئۆز بەندىسىگە كۇپايە قىلمامدۇ؟**

ئاخىرقى كىشىلەر بولسا، تەپەككۇرى، نەزەر ـ دائىرىسى، كۆزقارىشى، ئىلىم دەرىجىسى، خىزمەت ئەمەلىيىتى، ھەممىدىن دەرىجە جەھەتتە، بىر نەچچە دەرىجە يۇقىرلاردۇر، بۇلار ئاللاھنىڭ جامال، دىدارىغىلا ئېرىشىدۇ، ئۈستۈن ماقامغا يېتىدۇ، بەلكى، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھنىڭ يېقىن دوستلىرىدۇر، ئاللاھ، ھەممىمىزنى ئاشۇ تەكراردەك رەھمىتى بىلەن شۇلاردىن قىلسۇن. ئامىن!

**قارىمامسەن، ئاللاھ، ئاسماندىن، بۇلۇتتىن سۇنى چۈشۈردى، ئاندىن ئۇنى زېمىن ئىچىدىكى بۇلاقلارغا كىرگۈزدى، سۇ خۇددى ئىنسان تومۇرىدا قان ئاققاندەك، يەر ئاستىدا تومۇرلاردا ئاقىدۇ، بۇ بۇلاق سۈيى ئاسمان سۈيى سەۋەبلىك خىلمۇخىل، رەڭگى خىلمۇ ـ خىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى.**

بۇ جايغا بارلىق ئىسسىق ـ سوغۇق، بۆلاقلار كۆرۈنۈشى كېلىدۇ، بۇلاقلار سانى خىلى، تۈرى، بەكمۇ كۆپ، بىز بۇلارنى سۆزلەپ ئۆتكەن،

ھازىر بىز ئاشۇ سۇ ئۈستىدە توختىلىمىز. ئىچىشكە يارامىلىق سۇ، ئاللاھ، ئىنسان جىسمىغا پايدىلىق ماددىلارنى سۇ بىلەن يەتكۈزىدۇ، سۇ بولسا، يەر ئاستى تومۇرلاردا، يەر ئۈستى ئېرىقلاردا ئېقىپ، ھەرخىل ماددىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئىنسان جىسمىدا ئېقىپ، ئوزۇق يەتكۈزىدۇ، سۇدا كاربون، كالتسىيدىن تەركىب تاپقان ئاز تولا تۇزى بار، سۇ، كاربون، ماگنېتدىن تەركىپ تاپقان سۇ، خلور ماددىسى ئارىلاش سۇ، ۋە باشقا ماددىلار ئارىلاشقان سۇلار، ئەلۋەتتە، سۇدا ئوكسىگېن تولۇق بار، سوغۇق ئىچىملىك قىلغان سۇ، ئىنسانلار سانائىتى بىلەن ئىش قوشۇلۇپ، شىپالىق رولىنى ئوينايدىغان سۇ، ھەرقانداق سۇدا، ئىچىش ئۈچۈن، بىر لېتىر سۇدا 50 گرام تۇزدىن ئوشۇق تۇز بولماسلىق كېرەك، مانا بۇ ماددىلارنى ئىنسان جىسمى قۇرۇلۇشى موھتاج بولغاچقا، ئاللاھ، سۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

بىز بۇ ئايەتكە ئاساسەن بارلىق بۇلاق ۋە باشقا سۇلارغا قارىشىمىز لازىم. بەزىسى دەريا، بەزىسى ئۆستەڭ، بەزىسى ئېرىق، بەزىسى بۇلاق، بەزىسى زەي سۇ، بەزىسى قىززىق بۇلاق، بەزىسى سوغۇق، بەزىسى چۆلدە، بەزىسى تاغدا، بەزىسى دەرەخ شاخلىرىدا بولىدۇ.زېمىن ئاستى، زېمىن ئۈستىدە توختىماي ئاقىدۇ، ئىنسانلار ئىچىدۇ زىرائەت تېرىيدۇ، ھايۋان، ئۆسۈملۈك پايدىلىنىدۇ، ھەرخىل ماددىلاردىن پايدىلىنىدۇ، تۇز ماددىسىنى ئايرىيدۇ، سانائەتتە ئىستېمال قىلىدۇ، سۇ دۇنيانىڭ ئانىسى، ھاياتلىق مەنبەسى، بىر تامچە سۇنىمۇ ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ، مەدەن سۇلىرىغا تەۋە سۇلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، قىززىق ھارارەتلىك بۇ ئادەتتىكى قىززىقلىق دەرىجىسىمۇ يۇقىرى، گاز سۈيى، كىسلاتالىق سۇلار، كاربون كىسلاتاسى ئېرىتىلىپ، قوشۇلغان سۇ، تۆمۈر ماددىسى، كاربون بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن سۇلار، ھاۋادىلا قايناپدۇ، كىسلاتا سۈيى، توك ساقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ، بەزى سۇلار بىر قىسىم كاربوندىن تەركىب تاپىدۇ، خلور، تۇز، كالتسىي، ماگنېت، تائام تۇزى قاتارلىق ماددىلار بىرلەشكەن سۇ، گۈڭگۈرت سۈيى، بۇ سۇدا، گۈڭگۈرت ماددىسى بولىدۇ، كاربون بىلەن بىرلەشكەن تۆمۈر ماددىسى بار سۇ، تۆمۈر سۈيى دېيىلىدۇ، بۇلاقلار، يامغۇرلار، دېڭىز سۈيى، ھەرخىل ماددا بار سۇ، ھەممىسى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەت بار دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئىلمدا، بۇ سۇلاردا ماددى ۋە ئەقلى مەنپەئەتلەر بار. ماددىسى بولسا، بۇنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ.ئەقلى دېگىنىمىز، تەپەككۇر ئىزدىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، كەشپىيات ھاسىل قىلىشىمىز، پايدىنى تېپىپ چىقىشىمىز، ئاخىرىدا بىر ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، ئىلىم ـ ھېكمىتى، قۇدرىتى، بىزگە بولغان رەھمىتىنى تېپىش، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتلەرنى قىلىپ، يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشىشتۇر، (ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ ئۈستىدە بولساڭمۇ، تاھارەت ئالغىچە ئىسراپ قىلما)، ھەدىس. مانا بۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرلۇشىبۇ سۇرىدىكى كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزۈش ئايىتى بولسا، يۇكەۋۋىر دېگەن لەۋزى بىلەن يەرشارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغاندۇر، يەرشارى سۈرىتى، كېچە ـ كۈندۈز ئەھۋالى بار سۈرەت چۈشسۈن، بۇ خىل كۆزقارىشنى رازى مۇھەممەد ئابدۇ، سەييىد قۇتۇب، دوكتۇر ۋەھبۇتۇززەھەيلىلەر تەپسىرلىرىدە يازغان، ئاللاھ، سىلەرنى بىر نەپسىدىن يەنى ئادەمدىنلا كۆپەيتىپ، ياراتتى، ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى شۇ نەپسنىڭ ئۆزىدىن ياراتتى، دېگەن ئايەتتە، بىز كۆپ توختالغان، ئەمما بۇ جايدا تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، تۆرەلمە ئىلمىدا بار بولغان، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئەھۋالى، سۇنىڭ ھەممىسىدىن بالا بولمايدۇ دېگەن، ھەدىستىكى مۆجىزە (مۇسنەد ئەھمەد)، ئاللاھنىڭ قۇماندانلىقى، سۈرەت ھەسىل قىلىشى، شەكىل ئاتا قىلىشى، سۆڭەككە گۆش كىيگۈزۈشى قاتارلىق مۆجىزىلەردىن باشقا، ئىنسان جىسمىدا بار بولغان، 50 ھېكمەتنى يازغان،

1 ـ ئاللاھ، ئىنسان ئەزالىرى بىرلا قىلماي، پارچە ـ پارچە قىلغاندۇر، ھاجەتنىڭ مىقدارى بويىچە ئۇزۇن ـ قىسقا، توم، يۇملاق، ئىنچىكە، ئىچى كاۋاك ياكى ئىچى پۈتۈن، كىرىشى ـ چىقىش ئېغىزلىرىدەك بۇنىڭدا ھەرىكەت، خىزمەت، ئەمەللەر ئاسان بولىدۇ.

2 ـ مەفسەللەر ئورناتتى، ھاجەتكە بېقىپ، شەكىل، چوك ـ كىچىك قىلدى، ئەزالارنى بىر ـ بىرىگە چاتتى، بۇ مەسپەللەرنىڭ مەلۇم مىقداردا سانى بولۇپ، بىرسى ئوشۇق، كام بولسا، ھەممە بۇزىلىدۇ.

3 ـ كىرىشكەن سۆگەك، مەفسەل جايى بىر تەرەپ ئوشۇق، زىيادە، يەنە بىر تەرەپ كام، يۇمىلاق بولىدۇ. سىز يەۋاتقان قوي گۆشلىرىنى سۆگەكلىرىنى ئادەم ئاناتومىسىنى كۆرۈڭ، بۇ توغرىسىدا ئىشلەنگەن فىلىملەرنى كۆرۈڭ،، ئىمان كۈشلىنىدۇ.

4 ـ ئىنسان، پۈتۈن جىسمىدىن ئۆزى خالىغان جايىنى، خالىغان بىر ئەزاسىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ، سىناپ كۆرەڭ.

5 ـ بارلىق ئەزالار ھەرىكىتىگە، ھەتتا جىنسى ئەزا، ھېسسىيات ئورنىغمۇ ئۆزى ئىگە بولالايدۇ، شۇڭا ئۇ مەسئۇلدۇر.

6 ـ باش سۆگىكى يۇمىلاق، ئالتە پارىسى بار، بۇنىڭمۇ گىرەلەشمىسى بار، ئىغىزىڭىزنى ئىچىپ ـ يېپىپ، كۆزىڭىزنى ئوينىتىپ بېقىڭ، قاتتىق ئويلىنىڭ!!!

7 ـ بويۇن، يەتتە ئومۇرتقىدىن تەركىپ تاپىدۇ، يۇمىلاق ئىچى كاۋاك، بىر ـ بىرىگە شۇنداق چىرايلىق گىرەلەشكەن، لىڭشىپ بېقىڭ، مانا مەن ھازىر لىڭشىپ سىناپ باقتىم، كۆردىڭىزمۇ؟ قازان سۆگىكى بارلىق ئومۇرتقا، دۇمبە، كۆكرەك، تاغاق، ئىككى قول، يوتا، پاچاق سۆگىكى، پۇت بارمىقى، قول بارمىقى، بارلىق **248** پارچە سۆگەك بىر ـ بىرىگە تۇتاش، بۇلارنىڭ ئاجايىپ ئايرىم ـ ئايرىم خىزمىتى بار، مەن ھەقىقەتەن ھەيران قايىلمەن. ئىسكىلىتقا قاراڭ، شۇنداقلا ئەمەس، تەپەككۇر بىلەن قاراڭ.

8 ـ ئىككى كۆز بۇنىڭ ئىچىش ـ يېپىش دەرۋازىسى، كىرپىكلەر.

9 ـ كىرپىكلەر قارا بولۇپ، كۆزگە زىننەت شۇنداقلا كۆرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

10 ـ ئۇ توك زىيادە، كام بولمايدۇ، بولمىسا زىيان كەلتۈرىدۇ، ياكى ئۇ ئىگىز ـ پەس چىقمايدۇ، ئۆز جايىدىن باشقا جايغا چىقسا، ئالۋاستى بولىسىز، سۇبھانالالا.

11 ـ كۆز سۇيىدە كىرىپ كەتكەن نەرسىنى ئېرىتىپ چىقىرىش ماددىسى بار.

12 ـ ئىككى قاش، زىننەت، كۆزنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچى.

13 ـ قاش، تۈكمۇ زىيادە، كام بولمايدۇ، بولمىسا زىيانلىق، ئۇ نۇرنى توسۇپ تۇرىدۇ، ئۆزگە تارتىۋېلىپ، كۆز نۇرىنى ئازلىتىدۇ، تەرنى بېسىپ تۇرىدۇ. تەردىن ساقلايدۇ.

14 ـ چاچ ـ ساقال ئىنسانلارغا بېقىپ ئۆزۈن، قىسقا قويۇش بىلەن زىننەت، گۈزەللىك بولغاچقا، ئۆسۈپ تۇرىدۇ، ئىنسان ئۇنى ئۆزىگە لايىق يارىشىغىدا، ئۇزۇن ـ قىسقا قويالايدۇ.

15 ـ قاش، كىرپىك، باش ئەزالىرى ئومۇمىي زىننەت، چاچ ـ ساقال بولسا، خاسىراق، بولسا، بولمىسا يارىشىغى بولۇۋېرىدۇ، مۇسۇلمانلار، ساقال بىلەن بەلگىلىك.

16 ـ ئىككى لەۋ، خۇددى ئىككى ئىشىك، ئېچىش ـ يېپىش ئەركىنلىكى سىزدە.

17 ـ ئۇ چىشىنى يېپىپ تۇرىدۇ، قىزىللىقى بىلەن تېرىدىن پەرقلىنىپ، گۈزەل بولىدۇ، گۈزەللىككە ھۆسۈن قوشۇپ، ئۇ بولمىسا ياكى پۈچۈق بولسا، ئاھ، قانداق سەت بولىسىز ھە!

18 ـ ئىككى لەۋ، سۆزگە، نۇتۇققا ياردىمى بولىدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇ ھالال مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىدۇ، پايدىسى كۆپ.

19 ـ تىل، سۆزلەشكە، تېتىشقا، تائامنى ئېغىزدا ئاسان بىر تەرەپ قىلىشقا، مەسئۇل، ئاسان ھەزىم قىلىشمۇ بار.

20. تىل، ئاللاھ قورالى، ئىلىم مەنبەسى، ئاللاھنى ئەسلەش، زىكرى ھالىتى.

21 ـ چىشلارنىڭ بىرلا سۆگەك بولماي، ھەرە چىشىدەك پارچە، دانە ـ دانە بولۇشى، بىر ـ بىرىگە يېقىن، تېزلىشى، پايدا ـ مەنپەئەت بىلەن گۈزەللىك بىرلەشكەن.

**22** ـ ئۆتكۈر چىشلىرىڭىزدا لەززەتلىك تائاملارنى غاجىلىغاندا، ئاللاھنىڭ رەھمەت، ھېكمەت، قۇدرىتىنى ئەسلەپ قويۇڭ.

**23** ـ ئۇ، يۇمشاق ئەمەس، قاتتىق، ئۇپراپ كەتمەيدۇ، سانى **32**

**24** ـ ئۇنىڭ ئۈچى گويا تىزىلغان گۆھەر، ئۇنچە ـ مارجانلار، ئۆزى ئاق، ئەتراپىدىكى مۇھىت قىزىل نۇر ئۇستىگە نۇر.

**25** ـ ئېزىق چىش، ئوتتۇر چىش، ئايرىم ـ ئايرىم خىزمەتكە ئىگە، شۇنداقلا، گۈزەللىك، ئۇتتۇر چىشىدا بولىدۇ، ئۇ غاجايدۇ، چىشلەيدۇ، ئېزىق چىش، ئېزىدۇ، چىشىڭىزنى ئاسراڭ، مىسۋاك قىلىڭ.

**26** ـ ئېغىزدا مەلۇم سۈيۈغلۇق بولۇپ، ھاجەت چۈشكەندە، ئاشكارىلىنىدۇ، تائامنى ئاسان ھەزىم قىلىشقا گالدىن ئاسان يۇتۇشكە پايدىسى بار، ئاغزىڭىزغا سۇ يىغىلىپ باققانمۇ؟

**27** ـ تائام يېيىلمىسە، بۇ شۆلگەيىنىڭ ئوشۇقى سۆزلىگەندە ھۆللۈكنى ساقلاپ قالىدۇ، ئېغىز تىللىرى ئىلاستىكىلىققا ئىگە، يەنى ئۇزراش، قىسقىراشتا، كەڭ ئېچىلىش، يېپىلىشدا ئۆز جايىغا كەلسە، قاتلىشىپ، قالماي، چىرايلىق شۇ پىتى تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ سوزۇلۇپ، ئۇزىراپ ئۆز ئەسلىگە كەلمىسە، زىيادە بولۇپ قالىدۇ، قاتلىشىپ قالىدۇ، گۈزەللىك يوقايدۇ، بۇ خىل ئىلاستىكىلىق بارلىق ئەزالاردا مەۋجۇد.

**28** ـ ئەگەر، ئېغىز قۇرۇپ قالسا، ئىنسان ھالاك بولىدۇ، ئىككى ئۈچ سائەت سۆزلىسىمۇ، ھۆللۈك تۈگەپ كەتمەيدۇ.

**29** ـ تېتىش سېزىمچانلىقى، ئىنسانغا مۇۋاپىق نەرسىسى بىلەن نامۇۋاپىق نەرسىنى ئايرىيدۇ، كىشىگە لەززەت بېغىشلايدۇ، ئەگەر بۇ مۇھاپىزەتچى بولمىسا، ئىنسان ھالاك بولىدۇ.

**30**. تېتىش، ئىسسىق ـ سوغۇق، تاتلىق ـ ئاچچىق، ھەتتا ھالال ـ ھارامنى ئايرىيالايدۇ، مېھرىبان ئاللاھ، بۇ سەزگۈ ئەزالارغا ئۆزىگە لايىق ئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسىنىمۇ ياراتقان.

**31** ـ قۇلاق تۆشۈكى، ئۇنىڭدىكى مەلۇم ماددا، ھەرخىل زىيانلىق، ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاشۇ ھۆللۈك شۇ، سۈپرىسى بولسا، ئۇنى قوغدايدۇ، ئاۋازنى يىغىپ كىرگۈزۈپ، مىڭىگە يوللاپ بېرىدۇ.

**32** ـ جىسمىڭىزدا يەنە بىر سېزىم، زىيادە بولىدۇ، ھەرخىل ئاۋازلارنى پەرق ئېتىسىز.

**33** ـ قۇلاق، كۆزدىكى سىرلىق مۆجىزىلەرنى ئوقىدۇق، ئاناتومىيىنى كۆرۈڭ، ئۇ ئىلىم مەنبەسى.

**34** ـ ئاۋاز پەردىسى، گال، كىچىك تىل، تىل ياردىمى، سۆزى، ھاجەتكە بېقىپ چىقىرىش، توختاش قۇدرىتى.

**35** ـ ئاۋازلارنى قاتتىق، بوش، كۈچلۈك، ئاجىز چىقىرىش، ئۇزۇن ـ قىسقا قىلىش، ئوخشىتىپ سۆزلەش، ئاۋاز ئارتىسلىقى، تەرجىمانلىق ئەھۋاللار بار.

**36** ـ ئىككى ئاۋاز، ئىككى تىلدىكى ئوخشاشماسلىق، شۇنىڭدەك، ئىككى سۈرەتمۇ ئوخشاشماسلىق، ئىككى ئاۋاز ئوخشاپ قالسىمۇ، تېلېفون ئارقىلىق، نۇرغۇن زىيان كېلىپ چىقىدۇ.

**37** ـ ئىككى قول يارىتىش، ئىككىن جەينەك، ئەگەر بىرلا ئۇزۇن بولسا، قانداق قىلىسىز؟ بەش بارماق خالىسىڭىز بىرنىلا مىدىرلىتالايسىز.

**38** ـ قول، خىزمەتتىن باشقا كىرىم ـ چىقىمغا، سوۋغا بېرىشكە مەسئۇل، سودىدا ئاساسى باغلىغۇچى، ئېلىپ بەرگۈچى.

**39** ـ ئۇ كاتىپ، مانا مېنىڭ قولۇم بولمىسا، بۇنى سىزگە قانداق يېزىپ يەتكۈزىمەن.

**40**. ئۇنى ئاچسا، بىر خىل خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنى يۇمۇپ ئۇرسا توقماق بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن قورال كۈچىنى، كومپيۇتېر ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ، قول ئالاھىدە نېمەت.

**41** ـ ئۇ چۆمۈچ بولالايدۇ، ئۇ ھەممىنى قىلالايدۇ، ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئاساسى، دېھقانلار شاپائەتچىسى.

**42** ـ تىرناق يارىلىشى، زىننەت، ئەمەلگە كۈچ قوشىدۇ، ئۇششاق نەرسىنى تېرەلەيدۇ، قەلەم تۇتالايدۇ، خەت باسالايدۇ ۋاھاكازالار.

**43** ـ ئۇ قاشلايدۇ، بۇنىڭ ئورنىدا ياسالغان سايمانلار ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، سىز قىچىشقاق بولۇپ باققانمۇ؟ ئايالىڭىز، دۈمبىڭىزنى قاشلامدۇ؟

**44** ـ كۆرۈش، ئاڭلاش، تېتىش، پۇراش، سىلاش، سېزىمچانلىقى، بۇلارنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاددىيسى سىلاش سېزىمى بولمىسا، كىچىك باللار ئوتتا كۆيۈپ كېتىدۇ.

**45** ـ بارماق ئىزى، گۇۋاھچى ئورۇندا تۇرىۋاتىدۇ.

**46** ـ ئاياللار، بالىياتقۇسى، چوڭ بىر زاۋۇتتەك، ئالاھىدە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**47** ـ ئىنسانلار، جىنسى ئەزالىرى، بۇلاردىكى ھېكمەت ئىلمى، قۇدرەت، مۆجىزلەر فىلىملەردە كۆپ، تۆرەلمە ئىلمى قىسمىدا بار، بىزمۇ بۇرۇن خېلى كۆپ يازغان، ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ دۇنيادىكى مۇرادى، ۋىسال بۇ بولسا، ئەۋلاد قالدۇرۇش سەۋەبچىسى.

**48** ـ ئىنسانلار جىسمىدىكى يۈرەك، قەلب، ماددى قىسمى مۇھىم، پۈتۈن ئوزۇقنى ئۇ يەتكۈزىدۇ، ھايات ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، مەنىۋى قىسمى بولسا، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم، ئۇ ئەقىل، ئىلىم، ئىرادە، نىيەت، مۇھەببەت ئورنى، ئاساسى، قۇماندان، ئۇ ئوڭشالسا، ھەممىسى ئوڭشىلىدۇ.

**49** ـ قان ـ تومۇرلار، مۇسكۇللار، پەيلەر، گۈزەل تېرە، ئىنسان باغرى، سۈتلۈك كۆكرەك، ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى، بارلىق ئەزالار گۈزەللىكى، ئاھ! ئەر ـ ئايال ئىنسانلار بەزىدە بىر ـ بىرىنى ئازدۇرغۇچى، شەيتانلار، بىر ـ بىرىگە شۇمبۇيىدۇر، مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

**50**. سىز يۇقىرقى سۈرەتنى كۆرۈپ، فىلىم كۆرۈپ، ئەمەلىي ئۆزىڭىز كۆرۈپ، ھايۋانلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ، گۆش، سۆڭىكى، قوينى باش سۆڭىكى، مېڭە، ئىچى ئەزالار، چىقىرىش سىستېمىسى قاتارلىق بارلىق ھاياتلىق تۈرىنى تەتقىق قىلىپ، بىئولوگىيىنى ئوقۇپ مۇشۇنداق ئايەت، ھەدىسلەرگە قارىسىڭىز، ئاللاھنىڭ رەھمەت، ھېكمىتىنى، قۇدرىتىنى تېپىپ، ئۇنى سېغىنىپ، ئىشتىياق، ئاشىق بولىسىز، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىلا ئەسلەپ، ئاللاھ رازى بولۇپ، ئۇمۇ بىزنى ياخشى كۆرسە، نېمە دېگەن ئالىي مەرتىۋە ھە! مانا بۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىز.

**بىلىدىغان بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر ئەمەس (ئايەت)**، سۆزنى ئاڭلاپ ياخشىغا ئەگىشىدىغان بەندىلىرىمگە بېشارەت بەر، ئالىملار ئاللاھدىن قورقىدۇ. ئاللاھ ئىلىم، ئىمان، ئەمەل بېرىلگەنلەرنى دەرىجىدە ئۈستۈن قىلىدۇ.

قاراڭلار، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن باراۋەر ئەمەس، تەرەققىي تاپقانلار، دۇنيانىڭ خوجايىنى، پادىچىسى بولدى، تەرەققىي قىلالمىغان، ئىسلام دۆلىتىمۇ ئۇلارغا غالچا بولدى، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى بولمىغاچقىلا، قورال كۈچى، سانائەت كۈچى يوق، كاپىرلارغا موھتاج بولۇپ، ئۇلاردىن قورقۇپ، ئىماندىنمۇ ئايرىلغىلى تۇردى، ئۇنداقتا، بىلىش، ئىلىم ئېلىش، تەرەققىي قىلىش، كەشپىيات تېپىش، ئۆزگە، ئۆزگىگە پايدا يەتكۈزۈش، ئىسلام دىنىدا پەرىز كۈپايە بولىدۇ.

ئەقىدە، ئىبادەتتە، ئەلۋەتتە، ساھابىلەرگە، تابىئىنلارغا، سەلەف، سالىھ كىشىلەرگە ئەگىشىمىز، بۇنىڭدا، بىدئەت پەيدا قىلىشقا، ئىختىلاپ قىلىشقا بولمايدۇ، رەسۇلۇللاھ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، مەزھەپنىڭ ياخشىسى، ھازىر قايسى مەزھەپكە ئەگىشىمىز؟ بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلار بىلەن باراۋەر ئەمەس، توغرىسى بىر بولىدۇ، ھەق بىرلا.

بۇنىڭغا ھەرقايسى دوكتۇر، ئالىملاردىن مۇنداق جاۋاب كەلدى، ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى كۇپايە، شۇنىڭغا ئەگەش، ئەگەر ئۇنىڭدىن تاپالمىساڭ، يەنى سەن چۈشىنىپ تاپالمىساڭ، ئىجمائ،

قىياسقا ئەگەش، ئەگەر پۈخرا، قەۋم دەرىجىلىك بولساڭ، ئىماملىك، باشلىقلىك قايسى مەزھەپتە بولسا، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە بولسىلا، تۆتىلى مەزھەپنىڭ بىرىگە چۈشسە، ئەگەش، ئىختىلاپ قىلما.

ئەگەر سەن، تالىپ، ئوقۇغۇچى بولساڭ، بىرسىنى بولۇپمۇ، يۇرتىڭدا خەلق ئېتىقاد قىلىدىغان مەزھەپنى ئاساس قىلىپ، فىقھى ئوقۇيسەن، قالغانلىرىنىمۇ كۆرۈپ، تەتقىق قىلىپ، پىشىپ يېتىلىسەن، بۇرۇنقى داڭلىق ئالىملارمۇ، ئەنە شۇنداق قىلغان، ئىبنى تەيمىيە، ھەمبەلىييىدە ئوقۇپ، ئوقۇتۇپ، خەلىپە، قازىلار بۇيرۇقى بىلەن ئىختىلاپ قىلماي ئۆتتى، كېيىن بولسا، شافئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەزھىپىدە ئۇنىڭ ئوقوغۇچىسى، ئىبنى كەسىر، ئىبنى قەيىم، جەۋزى رەھمەھۇللا ئەلەيلەر يېتىلىپ چىقتى، ئۇلار ئۆزىنى بىرەر مەزھەپكە مەنسۇپ قىلۋالمىدى، سەنمۇ شۇنداق تەربىيىلىنىپ چىقىسەن. كېيىن، ئەگەر سەن ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى، مۇپتى، ئالىم، دوكتور بولساڭ، ئەلۋەتتە، بىر مەھەپكە يېتىۋالمايسەن، تەرەببار بولمايسەن، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، جۇمھۇر، ئىتتىپاق دەيسەن، كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ، ئايەت، سەھىھ ھەدىس بولۇپمۇ مۇتىۋاتىر ھەدىس بىلەن دەگسەپ كۆرۈپ، ھەدىس يەتمىگەنگە يەتكۈزۈپ، ئۇنۇتقان بولسا، ئەسلىتىپ، ئاجىز، زەئىپ يالغان ھەدىس بولسا، ياكى مەنسۇخ ھەدىسلەر بىلەن ھۆكۈم قىلغان بولسا، سەھىھ، كۈچلۈك، ناسىخ يەنى كۈچكە ئىگە ھەدىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، تۈزىتىن، تۆت خەلىپىگە ئۆتۈپ، رەسۇلۇللاھقا ئۆتۈپ، ئەڭ توغرىسىنى ھەقنى، راستىنى، ئىشەنچىلىكىنى كىشلەرگە ئاسان ساۋابى مول، ئاللاھ رازى بولىدىغان، تەقۋا دېگەن سۈپەتكە ئىگە قىلىدىغان، ھۆكۈمنى ئالىسەن، دىندىن چىقىرىدىغان كۈپرى ئىشلار بولمىسا، ئەقدە ئىشىدا پۈتلاشمىسا، قەبىھ، بىدئەت پەيدا قىلمىسا، ئامال بار، ئىختىلاق قىلما، بولۇپمۇ، دەللى بولغان كىشلەر بىلەن، ھەقىقەتەن، توغرىنى، ھەقنى تاپقان، ئالىم بىلەن نادانلار باراۋەر ئەمەس. بۇ ئايەت، ھەدىس، تەپسىر، فىقھىگىلا ئەمەس، بارلىق ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىمۇ ئام، كۈچلۈكلەر، ئاجىزلارنى يوقىتىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتكە مۇنداق دەيدۇ: مەن يازغان بارلىق بۇرۇنقى ئىلىم ـ پەن ۋە بۇندىن كېيىن يازماقچى بولغىنىم، بۇ ئايەتكە تەپسىر بولىدۇ، ھەممە جەھەتتىن بىلىدىغان، بىلمەيدىغان بىلەن باراۋەر ئەمەس، خۇددى، بىر كەشپىياتچى، ئاددى دېھقان بىلەن باراۋەر بولمىغاندەك، ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىي قىلىۋاتقان ياكى قىلىپ بولغان دۆلەتلەر ئىچىدە، **25000** ئادەم ئىچىدە، بىر كىتاب تۈزەلەيدىغان، يېزىپ چىقالايدىغان، ئاپتور، مۇئەللىپ بولىدىكەن، بىر كىچىك دۆلەتتە **4500** مۇئەللىپ، ئاپتور بولىدىكەن، كىتاب سانى بولسا، **24860** بولىدىكەن، بۇلار توختىماي ئىزدىنىپ، كەشىپ قىلىپ، ھەر جەھەتتە، تەرەققىي قىلىپ، زېمىندا ھەقىقىي ياشىغاندەك، ياشاپ، ئەسەر ئىز قالدۇرسا، مۇسۇلمانلار بولسا، يەنىلا، خۇراپىي، بىدئەت ئىچىدە تۇرۇپ، بۇ ئىلىم پەننى بىدئەت دەپ، ئۆز بويىنغا ئۆزى پالتا چېپىپ، دىنسىزلارغا موھتاج بولماقتا، ئۇلاردىن قورقۇپ، ئىماندىنمۇ ئايرىلماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇگۈندىن باشلاپ، بارلىق مۇسۇلمانلار، ھۇشنى تېپىپ، سەگەك تۇرۇپ، ئۆز ھالىنى ئۆزى ئوڭشىسۇن، بۇ سۆز **1930** ـ يىلى دېيىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھازىرمۇ بىز مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايىدا، ياۋرۇپا ئەللىرىگە بولغان زىيارەت، تەتقىقات، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئالىملار، دوكتۇرلار بىلەن بولغان سۆھبەت، شۇ جايدىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئالىي مەكتەپ دەرىسلىك تۈزۈلمىسى لايىھەسى، ئوقۇتقۇچى سەۋىيىسى، دەرىسلىك پەنلەر تۈزۈلمىسى، دەرس سەتكىسىدىن تارتىپ بايان قىلىدۇ. ئۇلاردىكى تەرەققىيات، كەشپىيات، مەجبۇرىي مائارىپ، سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى، نەتىجىسىنى يازىدۇ.

ئۇلاردىكى ئىرادە، روھ، بەدەل تۆلەشلەر، قەھرىمان بولۇشلارنى يېزىپ، بىز مۇسۇلمانلارغا ئەپسۇسلانغان، بىز دېگەن، ئاللاھ دەپ ماڭمىز، ئاللاھ! ئاللاھ! دەپ بېقىڭا، جەننەت، مەڭگۈلۈك ئالەم، ئىككى ئالەم بەخت ـ سائادىتى، ئەجىر، ساۋابلار، سۇبھاناللا، لَاحَوْلَ وَلَاقُوَّتَ إِلَّابِاللهِ ئەي مۇسۇلمانلار ئۇمىد ئۈزمەڭلار، ئاللاھ، دۇنيادا بەرمىسە، ئاخىرەتتە بىرەر ئۇستۇن مەرتىۋە ئۇستۇنلۇك غەلىبە ئىلىم يولىدا.

سىزگە زىيانلىق تۇيۇلغان بەزى ئىشلار،

سىز ئۈچۈن دۇنيا، ئاخىرەتتە پايدىلىقتۇر.

سىزگە ئازاپ، دەرت ـ ئەلەم تۇيۇلغان ئىشلار،

ئەمەلىيەتتە سىز ئۈچۈن رەھمەتتۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن، بىر ئوقوغۇچى مۇنداق سوئال سوراپتۇ، ئىنسان، تۆرەلمە ھالەتتە، قاراڭغۇ ـ زۇلمەتتە تۇرسا، چىققاندىن كېيىن، بۇ ماددى قاراڭغۇلۇقدىن قۇتۇلۇپ، شەيتان ۋەسۋەسسى دېگەن، مەنىۋى قاراڭغۇلۇققا ئۇچقايدىكەن، ئاللاھ، رەھمان، رەھىم تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، كۇلۇپ كېتىپ، قۇلاق سال، بۇ ئۈچ قاراڭغۇلۇق، ئەمەلىيەتتە تۆرەلمە ئۈچۈن، بىر مۇھاپىزەتچى ئۇنى ئوبدان ئاسرايدىغان، قوغدىغۇچى ئەگەر ئۇ بىراقلا، قۇياش نۇرىغا يۈزلەنسە، يارىلالمايدۇ، ھالاك بولىدۇ. بۇنى كۆتىرەلمەيدۇ، بۇنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ئەنە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ھەم شۇنداق ئۇسۇلدا يارىتىشنى خالىغان، ئېتىراز بىلدۈرەلمەيمىز، ھەددىمىز ئەمەس. ھازىر بۇ ئۈچ قات قاراڭغۇلۇق، نۇرنى قوبۇل قىلسا، تۆرەلمە، ھالاك بولۇش بولسا، قۇرئان، ئارقىلىق ئالدىن غەيبىدىن خەۋەر قىلىنغان، مۆجىزە بولۇپ قالدى، ئىنسان، ئەنە شۇنداق زېمىنغا چىققاندىن كېيىنمۇ، نەچچە قات بۇلۇت، ھاۋا، ئاتموسفېرا، چاڭ ـ توزاڭ، كېچە بولۇشتەك قاراڭغۇلۇقلاردا مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، قوغدىلىدۇ، ئۇ، قۇياش نۇرىغا دائىم ھالەتتە تەڭشىلىپ تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ئۇنى زەھەرلىك نۇرلاردىن ساقلايدۇ. بۇنى پەقەت، ئاسترونوم، ئاتموسفېرا ئىلمىنى ئوقۇغانلار بىلەلەيدۇ، ئىنسان ئەنە شۇ ماددى نۇردىن بىراقلا ئۇچقاپ ياكى دائىم ئۇچقاپ ھالاك بولۇشدىن قوغداپ ساقلانغاندەك، روھى تەرەپتىكى ئەقلى، ئىلىم ـ مەرىپەت، نۇردىنمۇ، ھالاك بولۇشدىن، ساقلىنىدۇ، ئۇ دائىم يۇقىرى ئۆرلەشكە، رەببىنىڭ تەجەللىسىگە، نۇرغا، ئىلىم نۇرىغا، ھەقىقەت نۇرىغا ئۆرلەيدۇ، ئالدىرايدۇ، ئەمما، ئۇ خۇددى قۇياش نۇرىدا دائىم تۇرالمىغاندەك ياكى تۆرەلمە ھالەتتە، بىرلا يۈزلەنسە، ھالاك بولغىنىدەك، ھەق نۇرغا ھەقىقى، ئاللاھ ئاتا قىلىدىغان نۇرغا بىرلا يەتسە، دائىم تۇرسا، ھالاك بولىدۇ، تۇگۇشۇپ كېتىدۇ، بۇنىمۇ ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، ماددى نۇردىن قوغداپ قالغاندەك، ئۇسۇل بىلەن بۇ مەنىۋى نۇردىنمۇ ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرىدىنمۇ، ئۆز نۇرىدىنمۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسسى، ئازدۇرۇپ تۇرۇشى بىلەن پات ـ پات ئۈزۈپ قويۇپ، ئالىي مەرىپەت، ئالىي ماقام، ئالى نۇردىن توسۇپ قويىدۇ، بۇنىڭدا ئىنسان، ئاستا ـ ئاستا يېتىلىپ چىقىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئامال قىلىدۇ، ھالاك بولمايدۇ، شۇنداقلا، سېغىنىدۇ، ئىشتىياق بولىدۇ. ئىلىم ـ ھېكمەت شۇ، ئاسانمۇ ئەمەس، بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە سىناققا يارايدۇ، بىز سىنىلىمىز، ئاللاھ سىنايدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا يەنە، ھاۋا ئىلمىنى ئاتموسفېرانى، نۇرنىڭ سۇنىشىنى، نۇر ئىلمىنى تەپسىلي يېزىپ، ئاندىن ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىنى پەلەك قاراڭغۇلۇقنى يازىدۇ، ئەمەلىي تەجرىبە سۈرىتىنى كەلتۈرىدۇ، ئۇ يەنە بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلار بىلەن، باراۋەر ئەمەس دېگەن، ئايەتكە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسانلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەدەنلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى، ياخشىسى، ئىسلامدىمۇ ياخشى، ئەگەر ئۇ دىندا فىقھشۇناس ئالىم بولسا، دەپ ئىنسانلارنى مەدەن، بايلىققا ئوخشاتقان، بۇ ھەدىستىن كان بايلىقنى، مەدەننى تەتقىق قىلىش، تەپەككۇر قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ، ئوخشىتىشقا تېگىشلىك نەرسىنى بىلمىسە، ھەدىسنى قانداق چۈشىنىدۇ؟

ئاللاھ، ئىلمىيىنت، ماددىلارنى ئىنسانلار ئېھتىياجىغا بېقىپ، تەرەققىياتىغا بېقىپ چىقىرىپ بېرىدۇ، بولمىسا، زايا كېتىدۇ، ئالىم، ھۆكمالار، ئالتۇن، مەرۋايىت، گۆھەرگە ياكى رادىيۇمغا ئوخشايدۇ. ناھايىتى كام، ئەمما، قىممىتى زور، پايدىسى كۆپ، ئۆزى كام تېپىلىدۇ. بۇ ماددىنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئىنسانلار شۇ ئىلىمغا يەتكەندە، ئاللاھ، ئاندىن بۇ ماددىنى ھەم پايدىلىق ھەم زىيانلىق بولغان بۇ ماددىنى ۋە باشقا ماددىلارنى ئاشكارىلاپ بەرگەن، بۇ تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، چوقۇم بىر ئاللاھ تەرىپىدىن بولۇۋاتىدۇ.

بىز ھازىر ئاسمان، يۇلتۇز، قۇياش، نۇرغا مۇناسىۋەتلىك، مەدەن، ئىلمىيىنت، ماددا، رادىيوم ئۇستىدە

توختىلمىز. ئۇ ناھايىتى كام بولغاچقا، 1000 كىلو ئالتۇنمۇ ئۇنىڭ بىر كىلوسىغا تەڭ ئەمەس.

ئۇ خۇددى جاھالەت ئىچىدىكى دىنى ئۇقۇغۇچى، ئالىم، نۇرى چاقنىغاندەك، قاراڭغۇ زۇلمەتتىمۇ نۇر چاقنايدۇ، ئەگەر، نامرات بىر ئىنسان بۇ ماددىدىن كىچىككىنە ئېرىشىپ، خالىسا، ئۇ مىليونىر بايلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ماددىدىن مەلۇم جايغا ئازىراق قويساق، بۇ جايغا يېقىن كەلگەن ئىنسان ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇنى تۇتۇپ، سالغان كىشى، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايرىلىدۇ. ئۇنى تۇتۇپ، سالغان كىشى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەزالىرى تىتلىپ كېتىدۇ، ئەما بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۆلىدۇ. ئالىملار بۇ ماددىنى بىۋاستە تەتقىق قىلالمايدۇ، پەقەت، پەرزەنت ياكى باشقا ئۇسكۈنە ئارقىلىق كۆزىتىپ يەكۈن چىقىرىدۇ.

رادىيوم، كېچىسىمۇ چىراقتەك، نۇر چىقىرىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ۋەزنى، ئېغىرلىقى زادى كاملمايدۇ، ئەگەر، پويىزنىڭ كۆمۈر قالايدىغان ئوچىقىغا ئازىراقلا چۇشسە، ئۇنى تېز سۈرئەتتە يەرشارىنى ئايلاندۇرالايدۇ، بەزى ئالىملار رادىيومنى سېلىپ، ساقلىغان، ساندۇقلارمۇ ئۇنىڭ تەسىرىدىن نەچچە ۋاقىتقىچە يورۇيدىغان بولۇپ قالغان، شۇنداقلا، زەھەرلىك قورالغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر، ئۇ،توك سانائىتىگە ئىشلىتىلسە، ئاجايىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە توك چىقىدۇ، بۇ ماددىنىڭ ۋەزىپىسى، تېز پارچىلىنىش، پارچىلاش، كۈچلۈك ھەرىكەت ھاسىل قىلىش، ئۇندىن باشقا شىپالىق تىببى دورا ياسىغىلى بولىدۇ. ئۇ، 1896 ـ يىلى، ئاشكارا بولدى، ئۇنى فىرانسىيىلىك تەتقىقاتچى ئالىم باكورىل تەتقىقات جەريانىدا تۇيۇقسىز، تاسادىپىي بايقاپ قالغىنان، رادىيوم ئارقىلىق بەزى ماددىنى باشقا بىر ماددىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا نۇرغۇن سىرلىق ئەھۋاللار بار، ئەگەر ئىسلام ئالىملىرى رادىيومدەك قىرىندىشىغا پايدا، دۈشمىنىگە زىيان بولۇپ، ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ، دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلىسە، سىرلىق ياشيالىسا، تەسىر قالدۇرالىسا، خۇددى ماددىنى ئۆزگەرتكەندەك، دىنسىزلارنى مۇسۇلمانغا، پاسىقلارنى، سالىھقا ئۆزگەرتەلىسە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولالىسا، شىپالىق دورا بولالىسا، ئەستىن زادى چىقمىسا، نېمە دېگەن ياخشى ھە!

ئاللاھ، بىزلەرنى ئاشۇنداق ئېسىل دىنىي رەھبەرلەردىن قىلسۇن ئامىن!

ئىلىم توغرىسىدا مۇنداق ھەدىسلەر بار، ئالىمنىڭ پەزلى، ئابىد ئۈستىگە خۇددى سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىنىڭ ئۈستىدىكى مېنىڭ پەزلىمگە ئوخشايدۇ، (تىرمىزى)

يەنە بىر ھەدىستە، پەرىشتىلەر ھەتتا، بېلىقتىن تارتىپ، مەغپىرەت سورىشى، بىر فىقھى ئالىم شەيتانغا، مىڭ ئابىددىن قاتتىق چىڭ تۇرالايدۇ دېگەن، بىز يۇقىرىدا دېگەن مەدەنگە ئوخشاتقان ھەدىس.

ئىلمغا بولسا، جەننەت يولى ئاسان بولىدىغان ھەدىس، (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى)

ئاللاھ، ياخشىلىق ئىرادە قىلغان كىشىنى دىندا فىقھى ئالىم قىلىدۇ، (بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى)

ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىققان كىشى، ئاللاھنىڭ يولىدا بولىدۇ. (تىرمىزى)

يەنە بىر خاتىرىدە، ئۆتكەن گۇناھقا كەففارەت بولىدۇ دېگەن بار.

ھېكمەتلىك سۆز، مۆئمىننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى دېگەن، ھەدىسنى تىرمىزى خاتىرلىگەن. ئۇندىن باشقا، ئىلىمنى يوشۇرۇپ، يۈگەنلىشى، (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى)

كىشىلەرگە، ئۇلار بىلەلىگىدەكنى سۆزلەپ بېرىڭلار (بۇخارى)

سەن ئۇلار چۈشىنەلمەيدىغان سۆزنى قىلساڭ، پىتنە چىقىدۇ (مۇسلىم)

تىرمىزىدا، ھەدىسنى يېزىۋېلىشقا بولىدىغان ھەدىس بار، ئىلىممۇ شۇنداق.

ئالىملار كۆتۈرۈلشى بىلەن ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەققىي ئالىم قالماي، قۇرۇق جازا، سەللىسى يوغان ئاۋازى كۈچلۈكلەر قېلىپ، كىشىلەر، نادان كىشىلەرنى باش قىلىدۇ ـ دە، ئۇلار ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئازدۇرىدۇ، (بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى خاتىرلىگەن)

بۇ مۆجىزە ھەدىس بولۇپ، ھازىر ئۆز ئەينى كۆرۈۋاتىمىز، مۇنبەردىكى كاززاپ، يالغان ھەدىس، ئەپسانە

رىۋايەت، خاتا ھۆكۈملەرنى ئاڭلىغىنىمىدا، ئۇلارنى دەرھال كاللىسىنى ئېلىپ، ئورنىغا ھەقىقىي ئالىمنى ئېلىپ چىقسام دەيمەن، لېكىن، قەيەردە بار؟ بىز ھازىر دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز.

مەيلى ئوقوغۇچى بولسۇن، ياكى ئوقۇتقۇچى بولسۇن، پايدىلانسۇن ئۈچۈن، بۇ نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئىسلام دىنىدىكى بالا تەربىيىلەش كىتابلىرى ئارقىلىق، قۇرئان، ھەدىس تەلىماتى، ئىسلام دوكتۇرلىرىنىڭ تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يوليورۇقى بىلەن كىچىك باللارنى ياخشى تەربىيلەپ، ئاندىن ئۇلارغا، باشلانغۇچىدىن تارتىپ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە، ئۆز لايىقىدا دىنىي دەرسلىك، ئەقىدە دەرسلىكىنى ياخشى بېرىش لازىم. تەۋھىد، ئىمان دەرسلىكى، ئىسلام مۆجىزىلىرىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، ئىماندىن يانماس، تەربىيىلەش كېرەك.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن بارلىق **30**غا يېقىن پەنلەرنى ئىگىلىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. شارائىت بار، دىنىي ئالىملار باللارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي، ئۇلارنى ئۆز ئىشىغا سالماي، ۋاقتىدا مەكتەپ پۈتتۈرۈشى لازىم، ئەلۋەتتە، مەكتەپ، شارائىتى ياخشى، بىز ھازىر ئۆيدىكى شەخسى ئوقۇتۇۋاتقان كىشىلەرنى دېمەكچى، ھەقىقەتپەرۋەر، ۋىجدانلىق، جۇشقۇن، مۇھەببەت ـ نەپرىتى بار، تەربىيىلەش لازىم. بوشاڭ، مەغلۇبىيەتچىلەردىن قىلماسلىق كېرەك. ياخشىسىنى تاللاپ، ئىمتىھان ئېلىپ تۇرۇپ، ھەرخىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، بولسا، شارائىت يار بەرسە، كومپيۇتېرغا تايىنىپ، ياخشى، ئىلغار ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، تېز ئۇسۇلدا يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيلەپ چىقايلى! يەنىلا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەقىقىي ئالىم بولۇشىدا، تەقۋا بلۇشىدا، ئوقوغۇچىنىڭ ئىرادىلىك، ياخشى نىيەت، ئىخلاس قىلىشىدا، ئەڭ مۇھىمى، ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشى، ياخشى ئىش ئىدى، ئەمما، ھازىر يەنە مەن ئامال يوق، مۇشۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ياخشى پىلانلارنى ئەمەلىيەتتە، بىرەر قېتىم، قىلىپ باققان بولسامىۇ، ھازىر قۇرۇق نەزەرىيە ئۈستىدە مۇشۇ بەتكە يېزىۋاتىمەن، ئەمما، ئۈمىد بار، كەلگۈسى ئاللاھقا مەلۇم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا ئالبانىيىلىك پەيلاسوف كانتىنىڭ باللارنى قانداق تەربىيلەش، ئوقوغۇچىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى قانداق تەربىيلەش، ئىلىمنى قانداق قىلغاندا، مۇكەممەل ئېلىش، ياخشى نەتىجە چىقىرىپ، كەشپىيات ھاسىل قىلىپ، تەرەققىي قىلىش توغرىسىدىكى كىتابنى مىسال قىلىدۇ، ئەمما، ھازىر بولسا، بۇنىڭدىن ئىلغار ئۇسۇلۇبلار، پروگراممىلار، دەرسلىك تۈزۈلمىسى بار بولۇپ، ئەگەر، سىز ئىنتېرنېت تورىغا كىرىپلا، ئىزدەنسىڭىز، نۇرغۇن ياخشى نەزەرىيەلەر بار، ئەمما، ئىلىمغا ساختىلىق زادى ئىشلىمەيدۇ، ئىقتىدار، ئىلىم بولۇشى كېرەك، كۆپ تىرىشايلى، ھازىرقى كۈندە، **2006** ـ يىلى، تەبىئىي ـ پەن تەرەققىياتتا، مىسىر، ئەزھەردىن ئەقىدە، تەقۋالىقتا مەدىنە، مەككىدىن ئۈلگە ئېلىپ، تەرەققىي قىلساق بولىدۇ، توغرىسى، مىزانى، قۇرئان، ھەدىس ئەلۋەتتە، **1930** ـ يىلدىن باشلانغان پېداگوگىكا دەرسلىكى بەك مۇھىم، ئالىملار توختىماي ئىزدەنگەچكە، ئەمەلىي تەجرىبە بەك مۇھىم، شۇڭا، خاتا ئۆرپ ـ ئادەتتىن، خۇراپىيلىقدىن، ئاتا مىراسلىقدىن قۇتۇلۇپ، ياخشى تەرەققىي قىلايلى، كەلگۈسى غەلىبە ئەلۋەتتە، ئاخىرىدىمۇ بولسا، مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن سۇ چۈشۈرىشىگە، زېمىنغا بۇلاق قىلىپ كىرگۈزۈشىگە، قارىماسمەن، دېگەن بۇ ئايەتتە، يەنە توختىلىپ، قاراش ئۈچۈن، مۇنداق ئۇسكۈنە، ئەسۋاب بولۇشى كېرەك، ئامېرىكىلىقلار، **12** يىل بولدى، يەرشارى، ھاۋارايىنى، ئاتموسفېرانى باشقا پىلانېتلارنى، ئاسمان جىسمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئالەم بوشلۇقىغا، سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش، راكېتا ئارقىلىق ئېلىپ چىقىش، ئۈچۈش لازىملىقنى پىلانلاپ، ئىجرا قىلىۋاتىدۇ دەپ يازغان، ۋە بىر قىسىم مۇنداق تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يازدى، بەزى يۇلتۇزلار بىزدىن قىرىق **40** تېرلىيون كىلومېتىر يىراقتا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نۇرى بىزگە تۆت يىل يەتتە ئاي ئالتە، كۈندە يېتىپ كېلەلەيدۇ، دېگەن.

بىر قىسىم يۇلتۇزلار بىزدىن نۇرى مىڭ ئەسىردىمۇ يېتىپ كېلىپ، بولالمىغىدەك يىراقتا تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ يۇلتۇز پارتىلاپ ۋەيران بولۇپ، ئۆچۈپ تۈگىگىلى **999** ئەسىر بولغان بولسا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئاجراپ چىققان نۇر، بىزگە يېتىپ كېلەلەيدۇ ـ دە، بىز ئاشۇ نۇرنى يۇلتۇزكەن دەپ كۆرەلەيمىز، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەنبەسى ئۈزۈلگەن بۇ نۇر يوقايدۇ ـ دە، بىز يەنە

كۆرەلمەيمىز.

سۈرە ۋاقىئەدىكى، ئايەت ئۇتتۇرىغا قويغان ئاسمان كەڭرىش نەزەرىيىسى، ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىي نەزەرىيىسى، ئاسمان كەڭرىش نەزەرىيىسى، بىر قىسىم ھەدىسنىڭ ئىشارىتى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ مۇنداق سۆزلىرى، راستىنلا **1996** - يىلى، ئەمەلىيەتكە چىققان، مەن قۇرئان مۆجىزىسى دېگەن تېمىدىكى ئىنتېرنېت تور بېتىدىن، **1996** - يىلى، بالدۇرقىلار بايقاپ، كۆرۈپ باقمىغان، نەچچە يۈز يۇلتۇزلار تۇركۇمى، سامان يولى سىستېمىلار ئاشكارا بولغان، ئاسمان دائىم كەڭرىسىپ تۇرىدىكەن، سىستېمىلار يوقىلىپ، يەنە سىستېمىلار ھاسىل بولۇپ، تېخىمۇ كۆپىيىپ تۇرىدىكەن، بىزگە نۇرى يېتىپ كېلىپ بولالمىغان نۇرلار كۆرۈنۈپ، يۇلتۇزلار، سىستېمىلار ئاشكارا بولىدىكەن، بۇنى ئاشۇنداق ئىلغار تېلىسكوپ ئالدىدا ئولتۇرغانلاردا بىلەلەيدۇ.

ئاللاھ، بىزلەرگىمۇ ئىلغار تېلىسكوپ، ئىلغار مىكرۇسكوپ ئاتا قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشتىياق قىلغۇزۇپ، ئاشىق زاكىرلاردىن قىلسۇن، ھەقىقىي ئالىم، ئابىد، زاھىدلاردىن قىلسۇن، ئامىن!

## سۈرە غافىر تەپسىرىدىكى بەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىكى حم ھام مىمنى ئاستىدىكى يەھملونە لئەرشى دىكى ھام مىم گە بِحَمْدِرَبِّهِمْ دىكى يەنى ھەمدى دىدىكى ھام مىم غا ئىشارەت بولۇپ، ئەرشنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، بىر مەخلۇق ئالتە تەرەپ ئۆنى قورشايدۇ، ئەرشنى پەرىشتە بىلەن قوشۇپ، ئاللاھ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ، ئەرشدىنمۇ ئۈستۈن، ئوخششى يوق، ئۇ زاتنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، چەك ـ چېگرا، دائىرىگە ئالغىلى بولمايدۇ، ئاشۇ پەرىشتىلەر، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ، ئۇلار يەنە ئۆزىنى، ئاللاھقا ھېچ لايىقىدا ئىبادەت قىلالمىغاندەك، ھېس قىلىدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق، لايىقىدا ھېچبىر مەخلۇق ئىبادەت قىلالمايدۇ، ئاللاھ، بىز ۋە پەرىشتىلەر ئۇلۇغ دەپ ئېتىقاد قىلغىنىمىزدىنمۇ چەكسىز ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك زاتتۇر، بۇ ھام مىم ئاشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت دېگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر. بىرىنچىدىن تەكرار كەلگەن سۆزنى ئالىمدىم، ئىككىنچىدىن، بۇ سۈرە، تارىخى خاراكتېرلىك بولغاچقا، ئۈچىنچىدىن، روھى مەسىلىنى بالدۇرقىدەك كۆپ ئالمىدىم، چۈنكى، كىشىلەر چۈشەنگىدەك سۆز قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ سۈرىدىن ناھايىتى ئاز تاللاندى.

**ئاللاھ سىلەرگە مۆجىزىلىرىنى، دەلىل، ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، سىلەر، ئاللاھنىڭ، قايسى بىر ئايىتىگە تېنىۋېلىپ، ئىنكار قىلىسىلەر.**

راستىنلا، ئاللاھ، كائىناتتا ئاسمان جىسىملىرىدا، ئالەم بوشلۇقىدا ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا، زېمىندا، قۇرئان، ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ، بۇندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن مۆجىزىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا بىز ئىشىنىمىز، لېكىن، كاپىرلار، دىنسىزلار ئىنكار قىلىۋېرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئايەتتە، بۇ ئالامەت، مۆجىزىلەرنىڭ قايسى بىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئايەتمۇ مۆجىزىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تېنىۋېلىشى سىزنى سۈسلاشتۇرمىسۇن، يالغۇز قالسىڭىزمۇ ھەقىقەت دېگەن ھامىنى ھەققەت.

**ئۇلار دوزاخقا، ئوتقا، ئەتىگەن ـ ئاخشام تەرەپلەردە دەگلىنىپ تۇرىدۇ** دېگەن ئايەت، ئالىملار، بۇ ئايەتنى ۋە بۇنىڭ ئوخششىنى قەبرە ئازابىغا دەلىل دېگەن، بۇندىن باشقا نۇرغۇن ھەدىسمۇ بار، ھەدىسلەر ئوخشاشمايدۇ، كىشىلەرمۇ ئوخشاشمايدۇ، بەزى كىشىنىڭ روھى، جەننەتتە ساياھەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زېمىنغىمۇ چۈشەلەيدۇ، ئالاقە ئۈزۈلمەيدۇ، بەزىسى قايتۇرۇلۇپ، زېمىندا تۇرىدۇ، قەبرىسى نۇرلىنىدۇ، بەزىسى دوزاختا تۇرغاندەك تۇرىدۇ، زۇلمەت، ئوت، توقماق، يىلان ـ چايان ۋاھاكازالار.

روھ بىلەن تەن، ئالاقە باغلاپ تۇرىدۇ، گەرچە، تەن، جىسىم، كەلكۈندە، دېڭىزدا، سۇ ئىچىدە بولسىمۇ، خۇددى فىرئەۋىن قوشۇنىدەك يەنىلا ئۇلار ئوتقا تەگلىنىدۇ، ئاللاھ، قادىر، چۈنكى، بۇ ماددى دۇنيادىن ئالاقە ئۈزۈلۈپ، ھاياتى بەرزەخ دېگەن يەرگە كەتتى، ئۇيەردىكى ئازاب، روھ ھەم جىسىم، تەنگىمۇ بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئالەمدىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، ئەمما، روھ بىلەن تەن ئالاقىسى ئۈزۈلمەيدۇ، بىز ئەھلى سۈننىيلەر ئازاب، روھقا ھەم تەنگىمۇ بولىدۇ دەپ قارايمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەت، ھەدىسلەردىكى قەبرە ئازابىنى ئىمام غەززالى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ سۆزلىرىنى ئىخۋانۇسسافا دېگەن كىتابىدىن، ئۇندىن باشقا روھانىي مەزھەپلەر سۆزىنى چۈش، ئۇيقۇ مەسىلىلىرىنى، روھ توغرىسىدا **1882** ـ يىلى يۈز بەرگەن، بىر ھادىسىنى **19** جىلىد، **29** ـ بەتتە سۆزلەپ، ئەقلى تەپەككۇر، دەلىللىرى بىلەن قەبرە ئازابىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان، بۇ ئازاب ياكى راھەت مەنىۋى ئىشتۇر، باشقا دۇنيادا بولغاچقا، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز خالاس، ئوشۇقچە كوچىلىمايمىز، ئاللاھ، قادىر، قۇرئان، ھەدىس ھەق، راست، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ نېمە دېسە شۇ ھەق بىز تەسلىم بولىمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ، ئىنسانىنىڭ يارىلىشى، تۆرەلمە

مەسىلىلەرنى ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەملەرنى سۆزلەپ، ئارقىدىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، ھايۋان تەتقىقاتىنى باشلايدۇ ـ دە، ئۆملىگۈچى ھايۋانلار قاتارىدىن، تۇخۇمدىن چىقىدىغان زەھەرلىك ۋە زەھەرسىز بارلىق يىلانلارنى سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ، 34 ـ 43 ـ بەتكىچە بايان قىلغان.

بۇ بىر خىل ھايۋان ئىلمى تەتقىقاتى بولۇپمۇ، يىلان، بۇ ئىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا، تەجرىبىگە، زەھەر ئىلمىغا، ھەتتا قەبرە ئازابىغا پايدىسى بار، يىلان ئاشۇنداق بولسا، ئۇ يىلانلار قانداقتۇ ھە! دېگەن قورقۇنچ تېخىمۇ ئاشىدۇ، ئەلۋەتتە، يىلاندىن ۋاقتىنى توغرىلاپ تۇرۇپ، ئۆلتۈرگىلى بولىدىغان زەھەر ياسىلىدۇ، رەقىبىنى مەخپىي يوقاتقىلى بولىدۇ، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، بىز بۇ توغرىسىدا سۆزلىگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەيدىن بىرسى مۇنداق سوراپتۇ: دەججالدىن، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، تا رەسۇلۇللاھقىچە، ئاندىن تا بىزگىچە پاناھ تىلەۋاتىمىز، ئەمما، ئۇ چىقمىدى، ئۇغۇ ھامىنى چىقىدۇ، مېنىڭ مەقسىتىم، دەججال چىقمايدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىگەنلەر مەۋجۇت بولمىغان نەرسىدىن، ئاشكارا بولمىغان، خۇددى تېخى يۈز بەرمىگەن، يوق نەرسىدىن پاناھ تىلىگەندەك بولۇپ قالىدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر، ئەلۋەتتە پايدىسىز ئىشىدىن خالىي، ھېكمەتسىز ئىش قىلمايدۇ، ئۇنداقتا، بۇ دەججالدىن بىر ئۆمۈر پاناھ تىلەش قانداق ئىش، بۇنىڭ زادى نېمە ھېكمىتى بار؟ دەپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: دەججال مەۋجۇد، ئۇ بار، ئۇ چوقۇم چىقىدۇ، ۋاقتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، چىقىپ قالسا دەپ پاناھ تىلەيدۇ، بۇ خۇددى چوقۇم يۈز بېرىدىغان، دوزاخدىن پاناھ تىلەپ، جەننەتنى سورىغاندەك ئىشتۇر، ئەمدى، ئۇنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ياكى بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئۇنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىش بولسا، دۇئانى قىلىۋېرىشىمىز، مۇنداق بىر ھېكمەت ئۈچۈن، ئۇ بولسىمۇ، بۇ پاناھ تىلەش، ھەدىستە ئىشارەت بار. ئاشۇنداق تېشى ياخشى، ئىچى باتىل، كاززاپلاردىن تېشى مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك، ئىچى فىرئەۋنىدەك، مۇناپىق كىشىلەردىن تاشقى كۆرۈنۈشى دىنىي ئالىمدەك، ئىچكى ئەھۋالى بولسا، قارا ـ تۇرۇك، نادان، كاززاپ موللىدىن، مۇنبەر ئۈستىدە، خۇددى ئالىمدەك راستچىل، تەقۋادەك ئەمەلىيەتتە نەپسى بالاسى، كاززاپ، كەسىپخور، تۇرۇك، بىدئەتچى ئىمالاردىن ئەنە شۇنداق دەججالدىنمۇ پاناھ تىلەشكە ئىشارەت بار.

ئۇ، بۇ تەپسىردە مۇنداق بىر سۆزنى دېگەن:

بىر ئىنگلىز، جۇڭگوغا ساياھەتكە بېرىپ، ئۇ دۆلەتتە، قەبرە بېشىغا پىشۇرۇلغان تائامنى قويۇپ قويىدىغان، ھاراق، شاراپ قويۇپ قويغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىپ، سىزنىڭچە بۇ تائامنى بۇ ئۆلۈك قاچان يە؟ دەپ كۈلۈپتۇ، جۇڭگولۇق كىشى، سىلەر ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ بېشىغا گۈل قويىسىلەرغۇ، ئاشۇ كىشىلەر قويۇپ گۈلنى پۇرىغان چاغدا، بۇلارمۇ تائامنى يەيدۇ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كېيىن بۇ كىشىگە بىر چىركاۋدىكى پوپ، بارلىق پائالىيەت ۋە خادىملارنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، بىر توپ جۇڭگولۇق خىرىستىئانلارنى كۆرسىتىپ، بۇلارغا ئىشەنمەڭ، چۈنكى، بۇلار بىزنىڭ دىنىمىزنى كەسىپ دەپ قاراپ، جان بېقىش ئۈچۈن بۇ دىنغا كىرگەنلەر، مال ـ دۇنياغا تۇرغانلاردۇر دېگەن.

مەقسەت، بىزنىڭ دىنى ئالىملىرىمىز، ئۇنداق قاملاشمىغان تايىنى يوق، قايىل قىلارلىقى يوق، ئەقلى، نەقلى دەلىلى يوق، جاۋاب بەرمەي ئەمەلىي تەتقىقات، تەجرىبە، نەقلى دەلىل، ئىسپات ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان مۆجىزىلىك ئەقلى دەلىل، قايىل قىلارلىق ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە، سىرلىق مۆجىزىلەر بىلەن راستىنى، ھەقنى راۋۇرۇس توغرا چۈشەندۈرۈشى، تەسىرلىك جاۋا بېرىشى، ئاشۇنداق سوئالنى پۇرسەت بىلىپ، دىنغا چاقىرىپ، ئەكىلىشى لازىم.

ئەنە ئۇلاردەك دىنىي كەسىپدار بولماسلىقى، ئاشۇ ناھەق، باتىل دىندىكى مەنسۇخ بولغان ئەمەلدىن قالغان دىندىكى بىر پوپچىلىك بولالماي، دىننى چۈشەنمەي، دىنى كەسىپدارلار دېسە، ماقۇل دېمەسلىكى لازىم.

ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ، دىنىمىزنى چۈشىنىشى، كەسىپ قىلماسلىقى، ئاشۇ پوپ، راھىبلار جېنىدا مۇنداق دەۋاتسا، مەن دېگەن ھەق، توغرا، راست دىنىنىڭ ئۈستىدە،

ئاللاھ دەپلا ماڭمەن، ئۇلاردەك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيمەن، ئەلۋەتتە، مەن بۇلاردىن دىنى زاتلىرىدىن، بارلىق خادىملىرىدىن، ھاكىمىيەت تۈتقانلىرىدىن، ئىلغار پارتىيە ئەزاسىدىن، قەھرىمانلاردىن، نەمۇنچىسىدىن، نەچچە ھەسسە ئىلغار بولسۇن، مەن ئاللاھ ئۈچۈن، ئاخىرەت ئۈچۈن، جەننەت ئۈچۈن تىرىشىشىم كېرەك، ئىلىم ئېلىشىم كېرەك، قايىل بولۇپ، تەسىرلىنىپ قالماي، قايىل قىلىپ، تەسىرلەندۈرۈشۈم كېرەك دەپ، تەپەككۇر قىلىشى، ئەڭ ئىلغار ئالىم، ئابىد، زاھىد بولۇشى كېرەك دېگەن.

بىز ئالامەت مۆجىزىلىرىمىزنى پات يېقىندا كائىناتلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا كۆرسىتىمىز، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلگەنگە قەدەر، شۇنداق قىلىمىز، دېگەن ئايەتنىڭ مۇقەددىمىسىدە، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت، ئاللاھ تەرىپىدىن بىزگە بېرىلگەن ۋەدە، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، چوقۇم ئوپۇقلاردا، ئالەم ئەتراپىدا ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ھەم كۆرسەتتى، بىز ۋە دىنىمىزلارمۇ قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى چوقۇم بىلىپ قالىدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن، بىز مۇسۇلمانلار قاتتىق تىرىشىپ، بۇ مۆجىزە ئالامەتلەرنى بايقاپ، تېپىپ چىقىشىمىز لازىم، مۇنداق ھەدىس بىلەن ئۈمىد ئۈزمەسلىك كېرەك، ئىسلام غېرىپ باشلاندى، يەنە غېرىپلىققا قايتىدۇ، بىرىنچىدىن، ۋاقتىنى بىلمەيمىز، بەلكى خېلى ۋاقىت بادۇ، ئىككىنچىدىن مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام ئوخشىشى يوق، ئاجايىپ تارقاپ غەلىبە قىلغاندەك، يەنە شۇنداق تارقىشى، مىسلىسىز ئاجايىپ ـ غارايىپ كىشلەر كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدە، غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، چۈنكى، قىيامەت كۈنگىچە ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ، غەلىبە قىلىدىغانلار، يەنى بىر تائىفە كىشلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغىمۇ ۋەدىلەر باردۇر.

يەنە بىرسى، قىيامەت يېقىن دېگەن ئايەت، ھەدىسدىن ئۈمۈتسىزلىك پەيدا قىلماسلىقى لازىم، نۇرغۇن ئايەت، نۇرغۇن ھەدىسلەر، قىيامەت خۇددى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدىلا يۈز بېرىدىغاندەك دەججال ھازىرلا چىقىدىغاندەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامىمۇ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ يېقىنلىقنىڭ بىز چۈشەنگەن، بىز كۈنگەن، بىز ئادەتلەنگەن يېقىنلىق ئەمەس، ئۇنداق بولۇپ قالسا، قىيامەت ھازىرلا قوزۇلۇپ كېتەتتى، بۇ يېقىنلىق، ئاللاھنىڭ نەزلىدىكى ساماۋى نەزەرىيە بولۇپ، بىز سانىغان **1000** يىل، بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ، يەرشارى يارالغىنىدا، نەچچە مىليارت يىل بولغان بولسا، شۇنڭغا نىسبەتەن يېقىنلىق بولىدۇ، ئۇنداق چۈشەنگەندە، ساماۋى نەزەرىيىدىن قارىساق، بىز سانايدىغان يىلدىن نەچچە مىڭ، نەچچە مىليون يىل بولۇشى مۇمكىن، بەش مىليارت ياكى بىر نەچچە مىليارت يىلغا نىسبەتەن بىر مىليون ياكى نەچچە يۈزمىڭ ياكى نەچچە مىڭ يىللار ئەلۋەتتە يېقىن، ئاز قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، راستىنلا يېقىن قالدى، ۋاقتى بىزگە نامەلۇم، ئەمما، بىز بۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكىمىز لازىم، چۈنكى، بۇ خەۋەرنى ئۈمىد ئۈزسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ تىرىشسۇن، شۇ كۈنگە ئاشۇ ئۈزۈن سەپەرگە، ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلىسۇن دەپ خەۋەر قىلغان، جىددى تەييارلىق لازىم ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈمىد ئۈزمەڭلار دېگەن، بۇيرۇقلار، ئەمىر ـ پەرمانلار تۇرسا، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قاتتىق تىرىشىپ، بۇ ئايەتتە بېرىلگەن ۋەدىگە شەكسىز ئىشىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ۋە كۆزۈتۈپ، ھېچبولمىغاندا باشقىلار تېپىپ چىققان، ئاشكارىلانغان، كەشىپ قىلغان مۆجىزىلەرنىمۇ بولسا، چۈشۈنۈپ، كۆرۈپ يەتكۈزەيلى، ئۇنداقتا، بىز مۇستەھكەم تەۋھىدكە، توغرا ئەقىدىگە شەكسىز ئىشەنچكە، يانماس ئىرادىگە ئىگە بولىمىز، بوران ـ چاپقۇن ئالدىدا تەۋرەنمەي، تىك تۇرالايمىز، بىر كۈچ دائىم بىزنى ھەيدەپ تۇرىدۇ ـ دە، بىز ئاندىن ئىشلارنى نەتىجىلىك قىلالايمىز، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، بىز مۇشۇ ئايەت ئۈستىدە ئۇندىن باشقا، ئايەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلايمىز.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان، [كتاب فيلت ژيائه قرژنادربيًّا] يەنى بۇ كىتابنىڭ ئايەتلىرى، ئەرەب تىلى ھالەتتە تەپسىلى بايان قىلىندى، دېگەن مۇشۇ ئايەتتە، توختىلىمىز. خۇددى بارلىق ئىلمىنت، ماددىلار ئەسلى نۇر، زەررىچە ۋە ياكى ئەسىر، ۋاكىئومدىكى بىر ماددىغا قايتقاندەك، ھەربىر ھەرىپ، لۇغەت، تىللارمۇ ئەسلى ھاۋا دېگەن ماددىغا قايتىدۇ، ھەرىپلەر، ماددىلار ئوخشاپ كەتكەندەك، ئاللاھنىڭ تىللاردا ئوقۇلىدىغان قۇلاقتا ئاڭلىنىدىغان قۇرئان ئايىتى بىلەن كۆزلەرگە كۆرۈنىدىغان، كائىنات ئايىتى ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ، ئاللاھنىڭ

كالامى، ئوخششى يوق، بۇ بىر مىسال.

مەقسەت قىلىنغان بولسا، **«سەنۇرىيهىم ئاياتىنا»** دىكى ئايەت، كائىنات ئايەتلىرىدۇر، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ تەپسىلىلىكى ئۈستىدە نۇرغۇن ئالىملار بالاغەت، پاساھەت جەھەتتىن توختالغان، مەن ھازىر كائىناتتىكى ئايەت يەنى مۆجىزە، دەلىل، ئالامەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمەن، قۇرئان بولسا، تىللاردا ئوقۇلىدىغان قۇلاقتا، ئاڭلايدىغان ئايەت، مۆجىزلىرى بىلەن، ئاسمان ـ زېمىندا، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا يارىتىلغان، كۆزلىرىمىز ياكى ئىلغار ئۈسكۈنىمىز كۆرىدىغان ئايەت، مۆجىزلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىمايدۇ، ھەر ئىككىلىسى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى، مۆجىزە ئالامەتلىرى، بىز تىلدا ئوقۇيدىغان بۇ ئايەتلىرىنى چوقۇم، ئاللاھ ئۆز قولىدا سىزغان، يازغان، رەڭلىك كائىناتتىكى ئايەتلىرىگە ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى ئايەتلىرىگە مۆجىزە ـ ئالامەتلىرىگە تەتبىقلاپ، نەزىرىينى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر ئىككىلىسىنى دەرىسلىك قىلىپ ئوقۇشىمىز لازىم. ئاللاھ، قۇلاق بىلەن كۆزنى ياراتتى، بۇ ئىككى ئەزا، ئىلىم مەنبەسى، قۇلاقلار ئۈچۈن، نۇرغۇن تىللار، لۇغەتلەر بار، ئەرەب تىلى شۇ تىللاردىن بىرسى، بىز ئەرەب تىلى بىلەن قۇرئاننى ئاڭلايمىز، ئەرەب تىلى، لەۋزىدىمۇ خەتتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، قۇرئاننى ئاللاھ قوغدايدۇ.

ئاللاھ كۆزلىرىمىز ئۈچۈن، بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئاسمان ـ زېمىن، پىلانېتلارنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزنى ياراتتى، تىللاردا، قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇپ، قۇلۇقتا ئاڭلىغاندەك، كائىنات ئايەتلىرىنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، دەرسلىك قىلىمىز، بۇ ئايەتلەر رەڭلىك بولۇپ، ھەرقانداق بىر تىلدىكى مىللەت، ھەتتا، گاس ـ گاچىلارمۇ، ئەمالا بولمىسا، چۈشىنەلەيدۇ، بىلەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ، كۆز بىلەن قۇلاقنى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئالغان، يۈرەك بىللە سۆزلىنىدۇ. سۈرە ئىسرادا ھەققەتەن كۆز ـ قۇلاق، يۈرەك، چوقۇم سوراققا تارتىلىدۇ دەپ بايان قىلغان.

بىز قۇرئان ئايىتىنى، لەۋزەن ئوقۇپلا بولدى قىلماي، تەپسىرلەردە، تەپسىلى توختالغاندەك، كائىنات ئايەتلىرىنى، مۆجىزە ئالەمەتلىرىنىمۇ تەپسىلىي دەرسلىك قىلىمىز، چۈنكى، ئاللاھ، بۇ ئايەت، مۆجىزىلەرگە ۋەدە قىلدى.

ئاللاھ، قۇرئاندا، سىلەر ساناۋىدىغان **1000** يىل ئاللاھنىڭ نەزىدە بىر كۈنچىلىك، ئۇ پەرىشتىلەر مىقدارى **50000** يىلچە، كېلىدىغان بىر كۈندە، ئۆرلەيدۇ، دېگەندەك، سۆزلەرنى قىلدى، بىز ئاندىن بۇ زېمىننىڭ بىر كۈنى **24** سائەت، بىر يىلى **360** كۈن بولسا، بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سامان يولى سىستېمىسىنىڭ بىر ئايلىنىشى، بىزنىڭ ساناۋاتقان **300** مىليون يىلغا تەگلىكىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىشىنى، نۇرغۇن سىستېمىلارنىڭ ئايلىنىشى، بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن يا كۆپ، يا ئاز بولۇشىنى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغىنىنى بايقىدۇق.

قۇرئان ئايىتى ئەنە شۇنداق، كائىنات ئايەتلىرىگە ئىشارەت قىلىپ، خۇددى يول بەلگىسى بىزنىڭ قاياققا مېڭىشىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك، مول ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىشارەت قىلىپ، نۇرغۇن مۆجىزە، ئالامەتلەرگە ئىشارەت قىلدى، ئەپسۇس مۇسۇلمانلار بۇ ئىشارەت، بەلگە، كۆرسەتمىلەرگە پەرۋا قىلماي، بېشىنى قوينىغا تىقىپلا، ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن، ئەمدى بىزنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى، ئاللاھ خالىسا.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسۇلمانلار، ئى دىنىي ئالىملار، ئاللاھ بۇ جايدا، قۇرئاندا، مۇنداق نەچچە ئونلىغان پىئىللارنى كەلتۈرگەن خەلق، ئاللاھ ياراتتى، جەئەلە قىلدى، بارەك ئاللاھ بەرىكەت بەردى، [وستوۋ] ئاللاھ ئاسمانلارنى يارىتىشقا يۈزلەندى، ئەرش ئۈستىدىنمۇ ئۈستۈندۇر. بىز ئىختىيارى كەلدۇق دېدى، [و قازاھوننھ] ئاللاھ ئاسمانلارنى يەتتە قەۋەت قىلىپ، قۇرۇپ چىقتى، [بە وھا] ئاللاھ ۋەھى قىلدى. [زە]
[يينا] بىز ئاسمانغا يۇلتۇزلار بىلەن زىننەت بەردۇق، ئايىتىمىزنى كۆرسىتىمىز، دېگەندەك، نەچچە ئونلىغان پىللارنى كەلتۈردى، بۇ پىللار، قىلىقلار، ئاللاھنىڭ ئىدى.

سىلەر تاھارەتتە، نامازدا، زاكاتتا كەلگەن، يۈزلۈڭلارنى يۇيۇڭلار، مەسىھ قىلىڭلار، بوينۇڭلارغا تەيەممۇم قىلىڭلار، دېگەندەك پىللارنى، بەندىلەر قىلىقنى قانداق تەتقىق قىلغان بولساڭلار، ئۇسۇللارغا سەلىپ، دە ـ تالاش قىلغان بولساڭلار، نەچچە يىللار بەدەل تۆلەپ چىڭ تۇرغان بولساڭلار، مۇشۇ پىللارغىمۇ، رەببىڭلارنىڭ

قىلىقى بولغان مۇنداق پىللارغىمۇ تەتقىق قىلىپ قويۇشلار، ئۇسۇللارغا سىپلىشلار، ئىزدىنىشلار، دە ـ تالاش قىلىپ، مۇنازىرە قىلىشلار. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەر تالىشىۋاتقان ئىختىلاپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر، ئالىلقاچان ساھابىلەر، تابىئىنلار دەۋرىدە داڭلىق مۆتىۋەر، ئالىملار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، ھۆكۈم چىقىرىلىپ بو لغان، ئەمدى يەنە نېمە دەپ ئىختىلاپ قىلىسىلەر، بىكار قالغان بولساڭلار، ئىشىڭلار بولمىسا مۇنۇ ئايەت، پىللارنى قاراڭلار دېگەن ئەمىر ـ پەرمانلارنى تەتقىق قىلىڭلار، بۇ ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار دېگەن.

ئۇنداقتا، بىز ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ئايەت، مۆجىزە، دەلىل، ئالامەتلىرى ئۇستىدە توختىلىمىز، بۇ ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، كۆزلەرگە كۆرسىتىمىز، بىز پەقەت، سۇرەتنى كۆرسىتىمىز، سىلەر ئەمەلىيەتتە قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى چىقىرىپ، ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئۆزۈڭلەرگە قاراڭلار، تەپەككۇر قىلىڭلار، دوختۇرخانىلارغا كىرىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار، بىز بۇ كىتابدا نۇرغۇن توختالغان بۇ قېتىم قىسقىچە ھالەتتە، يەرشارى ئۇستىدە توختىلىمىز.

يەرشارى دېگەن بۇ سۆز، قۇرۇقلۇقدىن، دېڭىزدىن ئۇنى قورشاپ تۇرغان ھاۋا، ئاتموسفېرادىن ئىبارەت، بىز ياشاۋاتقان كەڭ ئاسماندا، ئۈزۈپ يۇرگەن بىر پىلانېتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئاتموسفېرا، ھاۋا قاتلىمى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئىچكى قىسمىدىن ئىبارەت تۆت رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر جايدا ئالاھىدە مۆجىزلەر باردۇر، قۇرئاندا، قۇرۇقلۇق دېڭىز، تاغلار، تېرىلغۇ يەرلەر، دېڭىزلار، ھاۋا تەۋەلىكى، ئالاھىدە ئوچۇق سۆزلەنگەن، ئىچكى قىسىم ب ولسا، يەردىن چىقىدىغان، كىرىدىغان نەرسە، بايانىدا شۇنداقلا، يەتتە زېمىن دېگەن نەزەرىيىدە بار، يەتتە زېمىن دېگەن بۇ ئۇقۇم بولغاچقا، يەر ئاستى بايلىقنى ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. يەر يادروسىنى تەكشۈرۈش قۇلايلىقى بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بىخەتەر ئۆگزە بولغان، يامغۇرلۇق ھاۋا قاتلىمى بولسا، **78** پىرسەنت، ئازوت **21** پىرسەنت، ئوكسىگېن، كاربون تۆت ئوكسىد قاتارلىق ماددىلاردىن تەركىپ تاپقان. ئەلۋەتتە، باشقا ماددىلاردىمۇ بار، ھەممىسى ھاياتلىق ھاجەتلىرىگە لايىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دېڭىزلار بولسا، زېمىننىڭ پەس جايلىرىغا ئورۇنلاشتى، چۈنكى، مېھرىبان ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن مۇز تاغلارنى، دەريا ھاسىل بولىدىغان تاغلارنى، ئىگىز چوققىلارنى، دېڭىز سۈيى تۇرىدىغان جايلارنى ئۆزى ئىگىز ـ پەس قىلدى. دېڭىز سۈيى، زېمىننىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، چوڭقۇرلىقى **11000** مېترغا يەتكەن جايلارمۇ بار، سۇ بولسا، ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۇزغا ئوخشاش باشقا ماددىلارمۇ بار، قۇرۇقلۇق بىزگە مەلۇم، چۈنكى، بىز ئۇنىڭ ئۇستىدە زېمىننىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ئوت، يانار تاغ بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، يۇقىرى گرادۇسلۇق بۇ ئوتتىن سامان يولى سىستېمىسىدىن، ئاسمان جىسمىنىڭ گاز، تۇمان ھالەتتىن ھاسىل بولۇشىدىن، زېمىننىڭ قۇياش ھەمراھى بولۇشى، باشقا يۇلتۇز سىستېمىسىنى كۇزۇتىشىدىن زېمىن، ئاي، دېگەن ھەمراھلار، قۇياشتىن ئايرىلغان بولۇشى مۇمكىن، يەنە، ئاخىرىدا ھەر نەرسە ئەسلىگە قايتىپ، بىرلىششى مۇمكىن، زېمىننىڭ تاشقى پوستى سويۇپ، نەچچە مىليارت يىللاردا ھاياتلىق ياشىغىدەك بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، قۇرئاندا، ئاسماننىڭ ئەسلى گاز، زېمىننى ئاسماندىن ئايرىغان، قۇياش بىلەن ئاي بىرلىشىپ قالىدىغان، كۈن نۇرى ئۆچىدىغان خەۋەرلەر بار.

ئاللاھنىڭ قىلىقى، بىلىمى بولغان، بۇ يارىتىشنى ھېچكىم ئۆز ئەينى بىلەلمەيدۇ، چۈنكى، تارىخنىڭ ئىنسانلار ئەقلىدىن يىراق بۇرۇنقى قىسمى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن سۆزلەنسە، بۇ مۆجىزە بولغاندەك، ئىنسان تارىخىدىن بۇنداق مۆجىزىنى سۆزلىيەلمەيدۇ، ئۇنداق بولۇپ قالسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىمۇ ئىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بىر پەرەز، نەزەرىيە خالاس. شۇڭا بىز، قۇرئان، ھەدىسكە تەگلەيمىز، ئۇيغۇن كېلىپ، مۆجىزە بولسا، ئالىمىز، بولمىسا، جايىدا قويىمىز. چۈنكى، قۇرئان، ئۆزگەرمەس، ھەقىقەتنى، تۇپتوغرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئىنسان نەزەرىيىسى، كۆزقارىشى، ئىلمى تەتقىقاتى بولسا، توغرا ھەم خاتانى قوبۇل قىلىدۇ، ھازىر توغرىدەك بولسىمۇ، كېيىنچە ئۆزگىرىشلەر تۇپەيلىدىن خاتا بولۇپ چىقىدۇ، خۇددى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي دېگەن بەزى سانلىق مەلۇماتلار ئۆزگەرگەندەك، ئۇ ئالىملارنىڭ ھازىرقى ھايتلىقلارنى بۇرۇنقى، قەدىمقى تاش قاتىمدىن، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن چىقىرىلغان، تۇنجى، ئوتتۇرانجى، ۋە ھازىرقى ھاياتلىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن، بىر قىسىم ھاياتلىق، جانلىقلار سۇرەتلىرىنى **120 ـ 124** بەتلەردە سۇرەتلىك بايان قىلغان، بىر قىسىم تاش قاتمىلار سۇرىتىنى ئىنسانلار ئىستېمال قىلغان، تاش قوراللارنى سۇرەتلىك بايان قىلغان، توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۇچىدۇر.

(دارۋىننىڭ كا ززا پىلىقى)

ئۇ، يەنە، زېمىندىكى جۇملىدىن مىسىردىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنى نەچچە مىليون نېفىت قۇدۇقلىرىدىن ئىنسانلارنىڭ ئېلىۋاتقان پايدىلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈش، تەبىئىي گاز، ئۈنچە ـ مارجانلار قاتارلىق سانائەت بويۇملىرىنى، كەشپىياتلارنى سۈرەتلىك بايان قىلغان بولۇپ، بۇلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، زېمىنغا كىرىۋاتقان، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان نەرسىنى بىلىدۇ، سىلەر ئۈنچە ـ مارجانلارنى چىقىرىسىلەر، بۇنداق ئايەت، ھەدىسلەر بەك كۆپ بولۇپ، فىقھى، ئايىتى **150** بولسا، بۇنداق تەرەققىيات، دۇنيا، ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىك، مۇسۇلمانلار غەلىبىسى، مۆجىزە، ئايەت، ئالامەت ئايەتلىرى **750** دىن كۆپ، شۇڭا، بىز ئىككى ئايەتنى بىرلەشتۈرۈپ، خۇددى، ساھابىلەردەك، ئون ئايەت ئوقساق، ئەمەل قىلىپ، بولۇپمۇ فىقھىغا ئەمەس، بەلكى، مۇشۇنداق ئايەت، يەنى مۆجىزە ئالامەت ئايەتلىرىنى كۆپ دەرسلىك قىلىپ، تەۋھىد، ئەقىدە، نەزەر ـ دائىرە، كۆزقاراش، ئىشەنچ، ئىرادە، ئۈمىد ھاسىل قىلىشىمىز، بۇ دىنغا ئىنسانلارنى كۆپلەپ ئەكىرىپ، ئۇلارنى ھالاكەت يولىدىن ئاشۇ دەھشەت دوزاخدىن قۇتقۇزۇش لازىم. ھېچبولمىغاندا، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن، بىز ئالىم ھېسابلىنىمىز ـ دە، ياخشى يېتەكچى بولايلى.

قۇرئان، ئەرەب تىلى بىلەن چۈشۈرۈلگەنلىكى ئايىتىمۇ ئەرەب تىلىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ راست سۆزلىگۈچى، بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز. ئەگەر، قۇرئاندا، ئەرەبچىدىن باشقا تىل، لۇغەت تېپىلىپ قالسا، بىرىنچىدىن، ئاشۇ تىلمۇ ئەسلى ئەرەب تىلى بولۇپ، قۇرئان چۈشكەندىن كېيىن، قايتۇرۇلۇپ كېلىندى، ئىككىنچى، ئۇ تىل ئەرەب تىلى بولمىسا، ئەرەبلەر ئىستېمال قىلىش بىلەن ئەرەب تىلى بولۇپ قالدى. خۇددى ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ئەرەب تىلى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئۇمۇ، ئەرەب تىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن ئاز بىر قىسىم يەنە غەيرى تىللار، لۇغەتلەرنىڭ بولۇشى، قۇرئاننىڭ ئەرەب تىلى بولۇشىنى، يوققا چىقارمايدۇ، تۆتىنچىدىن، رەسۇلۇللاھ، پۈتۈن كىشىلەرگە، پەيغەمبەر ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارغا ئەسلى تىلى ئەرەب بولسىمۇ، باشقا تىللار كىرىپ قېلىش، تەبىئىي ئەھۋال، چۈنكى، ئاللاھ، ھەربىر ئەلچىنى شۇ قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتتى، بۇ ئايەتتە بار، رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ ھەدىسىدە پۈتۈن ئالەمگە ئەۋەتىلگەن، باشقا بىر پەلانىتتا بىر ئىنسى ـ جىن بولىدىكەن، رەسۇلۇللاھ شۇنىڭغىمۇ ئەلچى بىز ئۇلارنىمۇ ئىسلام دىنىغا چاقىرىمىز، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **131**دىن **137** ـ بەتكىچە جەدۋەللىك قىلىپ، ھەربىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ تىللىرىنى لۇغىتى، تىلى، مەنىسى، قەبىلىسى بىلەن بىللە، كەلتۈرۈلگەن، ئۆزىگىز كۆرۈڭ، بۇ لەۋزە تىللار **100**دىن ئاشىدۇ. ئۇ يەنە بىر تىل، بىر مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، پۈت تىرەپ تۇرۇشىغا تەرەققىي قىلىشقا، يوقاپ كەتمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا، مۇسۇلمانلار تىلىنى قوغدىشى كېرەك، بولۇپمۇ ئەرەب تىلىنى مۇستەھكەم ساقلىشى لازىم، ئاللاھ، قۇرئان بىلەن بىرگە ھەرقايسى جايلاردا پۈتۈن يەرشارىدا ئەرەب تىلىنىمۇ ساقلاۋاتىدۇ، سۈيقەستلەر كار قىلمايۋاتىدۇ، لۇغەت ئارقىلىق قىلىنغان سۈيقەستىدىن ھەزەر قىلى، سەن ئاللاھنىڭ قوشۇنىدىن بىر ئەزانىڭمۇ مەجبۇرىيىتىڭ بار، قۇرئان بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ قوغدىلىشى ئېنىق، رۇشەن بىر مۆجىزە ھەم ھەقىقەتتۇر، قۇرئانلا بولىدىكەن، بۇ تىل ئۆزگەرمەيدۇ، قۇرئان بەراكاتىدىن بۇنىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ سەۋەبىدىن قوغدالغان سەۋەبىدىن بۇ تىلدىكى ھەرقانداق تەرەققىيات، كەشپىياتلارمۇ قوغدالدى، باشقا تىلدا ئاشكارا بولغان، كەشپىيات، تەرەققىيات بولسا، بۇ تىلغا كىرىپ تۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرى ئاشكارىلىنىدۇ ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا يېتىدۇ، ئاللاھ، ھەممىگە قادىر، راست، ھازىر دەل ئاشۇنداق، بىز ئۇيغۇرلار ۋە بەزى مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا كومپيۇتېر **WINDOWSXP**يوق بولغان بولسا، ئەرەب تىلىدا بار بولۇۋاتىدۇ، قانداق سەۋەب بولسا بولسۇن، ئاللاھ ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، ئۇ قادىردۇر.

ئۇ يەنە، ئاللاھنىڭ بىز، زېمىن ئۈستىدە تاغلارنى ئورناتتۇق، دېگەن ئايىتى ئۈستىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز بۇ توغرىسىدا كۆپ توختالدۇق، يەنە توختىلمىز، بۇ قېتىم، بىز جۇغراپىيىلىك مۆجىزىدىن باشقا يەنى، تاغنىڭ زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇش رولى، قوزۇق شەكلى دېگەندىن باشقا، بىر ۋەقەنى يازىمىز، ئۇ بولسىمۇ جەنۇبىي ئامرىكىدا **1545** ـ يىلى، بىر كۈمۈش تاغ ئاشكارىلىنىپ، بۇنى قىزىل تەنلىك، سېرىق تەنلىك، بىر ھىندى ئامرىكىلىق تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىش جەريانىدا تېپىۋالىدۇ، بۇ خەۋەر بىلەن تەرەپ ـ تەرەپىدىن بۇ كۈمۈشنى تالىشىپ، كىشىلەر قاتتىق سوقۇشۇپ كېتىدۇ، كىشىلەر نۇرغۇن بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ، بۇ

بايلىق **1825** ـ يىلغىچە سېتىلىدۇ، قىممىتىنى مىليارت، تىرلىيون ھېچ ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ، دېمەكچى بولغىنىمىز، بىز قۇرئانغا ئۇنىڭ يولىيورۇق بۇيرۇقىغا بويسۇنساق، قاراڭلار دېسە، قارىساق، ئۇلار نېمىشقا قارىمايدۇ دەپ، تاپا قىلغىلى چۈشەنسەك ئىدۇق، ئاشۇنداق ئالتۇن ـ كۈمۈش، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىق كان بايلىقلىرىنى تاپقان بولاتتۇق، ھېلىھەممۇ كېچىكمەيمىز دېگەن. قاراڭلار، بۇ زات بىزنى مال ـ دۇنياغا قىزىقتۇرۇپ، ئىزدىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ، بىز ئەسلى، ئاللاھ بۇيرىدى دەپ، ئاللاھ رىزالىقىدا تەتقىق قىلىشىمىز، ئىلىم ـ ھېكمەت، مۆجىزىنى رەھمەت، نېمەتنى تېپىشىمىز لازىم. ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولۇپ، نۇرغۇن ھېكمەت بىر نەرسە ئاستىدا بولىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت، قۇدرەت، كۈچ، تەۋھىد، ئىمان، ئەقىدە، بايلىق، تەرەققىيات، غەلىبە، ھەممىسى بۇ بۇيرۇق ئاستىغا ئورۇنلاشقان، بۇنى بىز بىلمەيمىز، بىلسەكمۇ، بىر ئىككى تەرىپىنى بىلىمىز، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلگۈچىدۇر.

ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن (ھەدىس)

ئىلىم ئېلىش، ئىبادەت بىلەن ئەمەل قىلىش، تەۋبە قىلىش، قەرزنى بېرىش، رەھمەت، نېمەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىلىم ـ پەندە تەرەققىي قىلىش، بۈنىڭدىن مۇستەسنا، مۇزىكا، ئىلىمدا پايدا بەرسىمۇ، ئەمەلدە پايدا بەرمەيدۇ.

قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قارشى، قۇلاق، كۆز، تىللىرى قىلغان ئەمەللىرىنى سۆزلەپ بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلار تېرىلىرىگە نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بېرىسىلەر دېسە، ئۇلار ھەممە نەرسىنى كۈللى شەيئىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنىمۇ سۆزلەتتى دەيدۇ. سۈرە ياسىندا بولسا، پۇت ـ قوللارنى خاس كەلتۈردى، ئاللاھ، نېمە ئۈچۈن پۈتۈن ئەزالاردىن پۇت ـ قولنى ئالاھىدە خاسلاپ سۆزلىدى؟

بۇ ئايەتتە، مۆجىزە كۆپ بولۇپ، بىرىنچىسى، بىز دەپ ئۆتكەن كۈللى شەيئىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ، بىزنىمۇ سۆزلەتتى، دېگەن سۆزدىن بولۇپمۇ كۈللى شەيئىدىن بارلىق سۆزلىگۈچى مەخلۇقلار، ئىنسان، جىن، پەرىشتە ۋە جانسىز نەرسىلەرمۇ كىرىدۇ، مەسىلەن: رادىئو ـ تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ قاتارلىق ھەممىسى كىرىدۇ، بۇ ئايەت شۇنداق سۆزلىگۈچى نەرسىگە ھەتتا، بۇندىن كېيىن كەشىپ بولىدىغان بۇرۇنقىلارنىڭ سۆزى خاتىرلەپ قويغان، تاملارنىڭ سۆزلىشىگىمۇ كىرىپ كېتىدۇ، سۈرە زىلزىلىدىمۇ، زېمىن ئۈستىدىكى ئىشلاردىن سۆزلەپ بېرىشى، خاتىرلەندى، سانائەتلەرمۇ زېمىندىن چىقتى، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، مۆجىزە بولسا، سوئالغا جاۋاب بولىدۇ، گەرچە ئايەتتىكى پۇت ـ قولنىڭ تېرىسىنىڭ سۆزلىشى، گۇۋاھلىق بېرىشى، ئاخىرەتنى كۆرسەتسىمۇ دەلالەت قىلسىمۇ، يەنىلا تەپەككۇر قىلغان، ئىنسان زېھنىگە بۇ دۇنيادىمۇ سۆزلىشى گۇۋاھلىق بېرىشى كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ئايەتتە ئالاھىدە تېرە، پۇت ـ قوللار سۆزلەندى، بارلىق جىسمىدىن ئەزالاردىن بۇلارنى ئايرىپ سۆزلىدى، قارىساق راستىنلا، پۇت ئىزى گۇۋاھلىق ئورنىدا تۇرىدۇ، قوللار، بارماقلار ئىزى بولسا، ھەقىقىي سۆزلەيدىغان شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى، ئورنىنى، ئادرېسىدىن تارتىپ، سۆزلەيدىغان قىلغان ئىشنى يەنى جىنايەت پاكىتىنى، قورال تۇتتىمۇ، پىچاقمۇ ياكى ئىشكىنى ياكى قۇلۇپنى تۇتتىمۇ دېگەننى سۆزلەيدۇ، دەلىل ـ ئىسپات، پاكىت بولۇپ بېرىدۇ. بۇ بارماق ئىزى، شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ چەكسىز ئىلمىنى، ئالدىن بىلىپ تۇرۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، بۇ تېرە ئىزلىرىنى سىزىقچىلارنى بۇرۇنقىلارغىمۇ ھازىرقىلارغىمۇ، كەلگۈسىدىكىلەرگىمۇ ئوخشاشتماي ياراتتى، بىرلا ۋاقىتتا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ چوڭ بىر مۆجىزە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۈرە قىيامەتتە بۇ بارماقلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، ھەر كىشىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىنىمۇ تېرىلدۈرۈش، خاتىرلەنگەن، بۇ بۈنىڭدىنمۇ، ئىنسانلار بارماقلىرى، بىر ـ بىرىگە زادى ئوخشاشماسلىق چىقىپ تۇرىدۇ، بىز ئىنسانلار راست ـ يالغان سۆزلىسەكمۇ، ئاللاھنىڭ پىئلى بولغان، بۇ بارماق ئەزالار، مەخلۇق ئالامەتلىرى راستىنى، ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئادىل گۇۋاھلىق بېرىدۇ، بۇ دۇنيادىلا بۇ ئايەتنىڭ مۆجىزە بولىشى، بۇ كەشپىياتنى **1400** يىل بۇرۇنلا سۆزلەپ بولۇشى، شۇنداقلا، پۇت ـ قوللارنىڭ راستىنلا گۇۋاھلىق بېرىشى، قىيامەت كۈنىمۇ گۇۋاھلىق بېرىشنى سۆزلىشىنى، زېمىننىڭ سۆزلىشىنى، ئاللاھنىڭ راست، ھەقنى سۆزلەپ بېرىپ، خەۋەردار قىلىشىنى، قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى، ئاخىرىدا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى، يولى، ئەمەللىرىنىڭ توغرا، ھەققەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، قەلبى، ئىنساپ قىلغان كىشى ئۈچۈن، بۇ ھەققەتەن ئاجايىپ بىر مۆجىزە،

ھەقىقەتتۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **19** ـ جىلد **154** ـ بەتتە، ئالقان، بارماق ئىزنى، **156** ـ بەتتە، ياچاقسىمان ئىگىلگەن بارماق ئىزنى **157** ـ بەتتە، ئوڭغا ۋە سولغا ئىگىلگەن ئىككى خىل بارماق ئىزنى، **158** ـ بەتتە، يادروسىمان، يۇمىلاق بارماق ئىزنى، **159** ـ **160** ـ بەتلەردە، ئىككى جۈپ مېڭۋاتقان ۋە جەم تۇرغان پۇت ئالقىنى، ئىگىك ۋە تۇزدىن ئىبارەت پۇت ئىزلىرىنى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، قاراڭ، بىزمۇ رەڭلىك كەلتۈردۇق. مانا بۇلار بىزگە يەتكەن، ھازىرچە مۇشۇنچىلىك كەشىپ قىلىنغان مۆجىزە، بۇندىن كېيىن، يەنە قانداق مۆجىزىلەر چىقىدۇ؟ بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ.

يۇقىرقى ئايەتلەردىن قىيامەت كۈنى، ئىنسان، جەسەت جىسمى، تېنى بىلەن ئەزا تېرىلىرى بىلەن قوپىدۇ، بۇ جەسەت تېرىلىش ئەھلى سۈننى ۋەلجاماەنىڭ ئەقىدىسى، بىز، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ نېمە دېسە، شۇنى دەيمىز، سۈكۈت قىلسا، سۈكۈت قىلىمىز، ئىسپاتلىسا ئىسپاتلاپ، نەفى، مەنفى، سەلبى قىلسا، بىزمۇ شۇنداق، ئەمما، فارابىدەك بىر قىسىم پەيلاسوفلار روھ قوپىدۇ، جىسمىمىز قوپمايدۇ دەپ ئازغان، قۇرئان، ھەدىس ھەقتۇر.

ئاللاھنىڭ بىرلىك، بارلىقى، قىيامەتنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تېرىلىشنىڭ ھەقلىكىگە، دەلىل، ئالامەت شۇكى، سەن زېمىننى قۇرىغان ئۆلۈكتەك، گىياھسىز كۆرىسەن، ئۇنىڭغا سۇنى چۈشۈرگىنىمىزدە، ئۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، جانلىنىپ كۆپىيىدۇ، ئۆلۈك، قۇرغاق زېمىننى تېرىلدۈرگەن ئاللاھ، ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تېرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر دېگەن ئايەت. باشقا سۈرىدە سىلەرمۇ شۇنداق ئۆسۈملۈك تېرىلگەندەك قەبرىدىن قوپۇرۇلىسىلەر، كه زالكه توهشه رون دەپ بار. ھەدىستە بولسا، ئۆلگەندىن كېيىنكى تېرىلىشنى، خۇددى باھاردىكى كۆك، يېشىللىققا ئوخشاتقان. تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي مۇنداق دەيدۇ:

بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، قۇرئان ئايىتى، شۇنداقلا، كائىنات ئايىتى تەپسىلى بايان قىلىندى، بىز ئۆسۈملۈكنى تەتقىق قىلىپ، كۆزەتسەك، ئۆلگەندىن كېيىن تېرىلىشكە شەكسىز ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ، ئەلۋەتتە، ھازىرمۇ ئىشىنىمىز، مەقسەت، تېخىمۇ قەلبنى خاتىرجەم قىلىش، باشقىلارنى، ئەۋلادلارنى قايىل قىلىپ، ياخشى تەربىيىلەش، ئىككى ئايەتنى تەپسىلىي چۈشەنسەك، تەتقىق قىلساق، ئىزدەنسەك، چوقۇم قەلبىدە شەك، گۇمان قالمايدۇ، ئۇنداق بولسا، مەن بۇ جايدا ئاجايىپ بىر مۆجىزىنى سۆزلەي.

پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى بول بېرىت، مائارىپ مىنىستىرى ئۇستاز سىربون قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن بىز شۇنى بايقىدۇقكى، سېسىق سۇلاردا ياشايدىغان ئانفامىئوريا ئىسىملىك بىر ناھايىتى كىچىك، كۆزگە كۆرۈنمەس بىر ھايۋان بار، شۇنداقلا، ئوت ـ چۆپ، ساماندەك ئۆسۈملۈكلەردە بار بولغان باكتېرىيە، بۇ خىل ھايۋانلار، كۆزۈتۈش ئەينىكىدە، مىكرۇسكوپىدەك چوڭايتىپ كۆرۈش ئۈسكۈنىسىدە كۆرگىلى بولىدۇ، بىر تامچە سۇدا، نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە مىليون بىرلىشىپ ياشايدۇ، بەزى باكتېرىيىلەر، ئۆگزىدىكى ئۆسۈملۈكتە بولىدۇ، ئەگەر، بۇلاردىن سۇ ئايرىلسا، پارغا ئايلانسا، ھاياتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ ـ دە، قۇرۇپ قالىدۇ، مىكرۇسكوپىدا خۇددى دانىچىلاردەك يېشىل قۇمدەك كۆرۈنىدۇ، بولۇپمۇ، ياز پەسلىدە، تومۇزدا شۇ ھالەتتە تۇرىدۇ، ئەگەر، سۇ پەيدا بولسا، يامغۇر ياغسا، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا مىدىرلايدۇ، ھاياتلىققا ئېرىشىپ، رىزىق، ئوزۇق ئىزدەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى بار، مىكرۇسكوپىدا تېخىمۇ ئېنىق، روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. سۇدىن ئايرىلسا، يەنە شۇ ھالەتتە خۇددى ھايۋانلار قىشلىق ئۇيقۇغا كەتكەندەك، قاتقان ھالدا تۇرىدۇ، ئاددى كۆزىمىزگە بولسا، تۇپراقتەك كۆرۈنىدۇ، بىر تامچە سۇ تېمىتساق، يەنىلا تېرىلىدۇ، ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، بۇ ئاجايىپ مەخلۇقتۇر، ئەنە شۇنىڭدەك، بۇغداي دانلىرىمۇ ھەر قانداق دانلار ئۆز ئىچىدە نەچچە مىڭ، مىليون ھاياتلىق ھۇجەيرىسىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، تۇپراقتا، سۇغا ئېرىشسە تېرىلىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئالىملار، دانلارنى **28** يىل قۇرۇق ھالدا كۆزىتىپ، قاقلاپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن نەم قىلسا، يەنىلا ھاياتلىق قايتىپ كەلگەن، ئۇلار تېخىچە ھەيران **219** ـ بەتتە، باكتېرىيە ۋە سۇدىكى ئۇششاق ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، **223** ـ **227** ـ بەتكىچە، ھەرخىل ئۇششاق ھايۋان، باكتېرىيە، ئۆسۈملۈك، دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشكەن، **223** ـ بەتتە، بىر تال ھۈجەيرە مۇناسىپ، لايىقىدا جايىغا چۈشۈپ قالسا، بىر كىچە ـ كۈندۈزدە بىر تېرىلىيوندىن ئارتۇق كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقى، ئەمما، ئۇلار ناھايىتى كىچىك، ئۇششاق بولغاچقا، يەنىلا كۆزىمىزگە ئاستا

ئۈسكەندەك، يوغانغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقى خاتىرلەندى.

ئالىملار، تېلىسكوپىدا يىراق جايدىكى پىلانېت، يۇلتۇزلارنى بايقىغاندەك، مىكرۇسكوپىدا مۇشۇنداق ئۇششاق جانلىقلارنى بايقاپ، ئاشۇنداق تۇپراقتا ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىگە قايتا جان، روھ، ھاياتلىق ئاتا قىلىنىشىنى كۆرسەتتى، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر، ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداقلا تىرىلدۇرىدۇ، ھەممە مەخلۇقلار، ھاياتلىق، جانلىقلار بىر ئۇممەتتەك، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى، ئاللاھنىڭ نەزلىدە بىرلا جاندەك بولىدۇ. ئەگەر سىز بۇ خىل تەتقىقاتنى ئۆزىڭىز قىلسىڭىز، چوقۇم تىرىلىش ھەق! دەپ ۋارقىراپ كېتەتتىڭىز، شارائىتىڭىز يار بەرسە ھازىرقى مىلىيون، مىليارت ھەسسە چوڭايتىدىغان مىكرۇسكوپلاردىن پايدىلىنىپ بىر كۆرۈپ بېقىڭ، قۇرۇقلۇقدا، دېڭىزدا بۇنداق ئەھۋاللار، ئۆلۈپ ـ تىرىلىشلەر ناھايىتى كۆپ، بىز مۇشۇلاردىن بىرسى، ئەمدى بىز سىلەرمۇ شۇنداق تىرىلىسىلەر دېگەن ئايەتنى، سۇ تامسا، سۇ چۈشسە ھاياتلىق پەيدا بولۇشىنى، تىرىلىشنى، باھاردىكى يېشىللىقتا ئوخشاتقان ھەدىسنى، قىيامەت كۈنىمۇ سۇ چۈشكەندىن كېيىن، تىرىلىپ قوپىشىمىزنى، ھەقىقىي چۈشەندۇق. ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات، ئەقلىي دەلىل بىلەن نەقلى دەلىلنى كۈچەيتتى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا مۇنداق بىر ئاجايىپ ئىشنى يازىدۇ، تەۋفىق دوست پاشا دەيدىغان بىر تونۇشى، مىسىر ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بىلەن لوندونغا بېرىپ، روھ، نەپسىنى تەتقىق قىلىدىغان، شۇنداقلا، جىنكەشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، **1912** ـ يىلى، بۇلار بىر نەچچە كىشى، بۇ جايغا چۈشۈپ، تەكشۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ راستىنلا روھلار بىلەن ياكى جىنلار بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشنى بايقايدۇ، تېخى ئۇلار، روھ يەنى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۈرئىتىنى، روھى تەرەپتىن غۇۋا تارتقۇزۇپ، ئېلىپ كېلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىشەنمىسە سۈرەتنى بېرىدۇ، بۇ ئىش راست، شەكسىز راست دەپ چىڭ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **221** ـ بەتتە، يەنى مۇشۇ تەپسىرگە بۇ ئەھۋالنى كىرگۈزىدۇ، يۇقىرقى ئىلىم ـ پەن، تەرەققىيات، ئۆسۈملۈك، ئۇششاق ھايۋان تەتقىقاتىدىن باشقا، بۇ ئەھۋال بىلەن روھنىڭ ھەقىقىي بولىشىنى، ئۆلگەندىن كېيىن، چوقۇم تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، ماقالىدە ئىلان قىلىدۇ. كىتابۇلئەرۋاھ دېگەن كىتابقىمۇ كىرگۈزدى، ئۇ ئەلچىلەر، ئۇ تەۋفىق پاشا ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ. ئەمما، مەن، كىشىلەرگە چۈشەنگىدەك سۆز قىلىش، ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات بىلەن كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك دەپ قارايمەن، شۇنداقلا، بۇ ئەقىدە مەسىلىسى، ئۇ يا جىننىڭ ئىشى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا، بۇمۇ بىر روھ دۇنياسىغا دەلىل بولىدۇ. ياكى بۇ بىر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئالاھىدە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش بولۇشى، شۇ ۋاقىتتىدا يۈز بېرىپ، كېيىن يوق بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق روھ توغرىسىدىكى سۆزلەرنى كۆپ يازغان بولساممۇ، بۇ قېتىم توختاپ قالدىم، بۇ نازۇك ئىش، چوڭ ئىشتۇر، روھ ئىشى ئاللاھقا خاس ئىشتۇر.

بىز ئەقلى جەھەتتىن يۇقىرقىدەك قايىل قىلالايمىز، شۇلار، قۇرئان، ھەدىس كۇپايە، ئاللاھنى ياكى تىرىلىشنى ياكى روھنى يا پەرىشتىنى ئېنىق كۆرسۈتۈپ بېرەلمەيمىز. ئۇنداق بولسا، ئەقىدە، ئىمان، غەيبكە ئىشىنىش نەدە قالىدۇ؟ بۇ دېگەن سىناق دۇنيا، بۇ بەلكى، بىر قېتىملىق ھادىسىدۇر، ئاللاھ ئالىمدۇر.

**بىز ئايەتلىرىمىزنى دەلىل، مۆجىزە ئالامەتلىرىمىزنى ئۇپۇقتا ۋە ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردا كۆرسىتىپ تۇرىمىز** دېگەن ئايەتتە، ئالىملار دائىم بىرەر مۆجىزە، دەلىل تاپسا، مۇشۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ ـ دە، ئاللار، راستچىلدۇر دەيدۇ، ھەتتا، ئالىملار بۇ ئايەتنى زاھىرى مەنىسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئايىتىمىزنى ئۇپۇقتا كۆرسىتىمىز دېگەنلىك، يىراقدىن كۆرۈشكە ئىشارەت، تېلېۋىزور ھەتتا كومپيۇتېرغا ئىشارەتتۇر.

چۈنكى، مەيلى قۇرئان ئايىتى بولسۇن مەيلى مۆجىزە ئايەت بولسۇن، ئۇپۇق ئارقىلىق كۆرسەتتى دېدى. شۇنداقلا، ئۇپۇق ئارقىلىق سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كۆرۈنۈشنى، بۇ ئايەتكە ئىشارەت جەھەتتىن تەپسىر قىلدى، ئۇسۇل، قائىدىدە ئىشارەت، دەلىلى بار، ئايەتتە، ئۇپۇق ئۆز ۋۇجۇدىمىز تىلغا ئېلىندى، راستىنلا ئۇپۇقلاردا، ئاسمانلاردا يېڭى بايقاشلار يېڭى مۆجىزىلەر ئاشكارىلاندى، قۇرئان، ھەدىسدىن ئۇپۇق ۋە ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئاشكارىلانغان مۆجىزىلەر نەچچە يۈزدىن ئېشىپ مىڭلارغا يەتتى.

ئاسمان ماددىسى دۇخان، يەنى گاز، ئوبىتا يوللار، ئاتموسفېرا، بۇلۇت، يامغۇر، دېڭىز ئاستى، ئۆزىمىزدىكى ئىچكى ئەزالار، ئانا رەھمىدىكى تۆرەلمە مۆجىزىلەر، ئاللاھ، ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، ئەنە شۇنداق قىيامەت ۋەدىسىدىمۇ تۇرىدۇ، ئايەتتىكى ™ ھەرىپى، پات يېقىندا دېگەن بولغاچقا، بۇ، ھازىر ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋاقتىدا يوق مۆجىزىلەر ئاشكارا بولغىنى، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنمۇ توختىماي كەشىپ قىلىنىشنى، ئاشكارىلىنىشنى، ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ تەرەققىياتلارغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئەمدى، نۆۋەت بىزگە كەلگەندۇ، تېرىشايلى! بۇ كېچىمۇ ئاخىرلىشىدۇ، بىز يەنە نۇر، يورۇقلۇقۇقا ئېرىشىمىز، يىراقنى كۆزلەڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىكى چاغدا، ئاجىز چاغدا كىسرا قەيسەرلەرنى ھالاك قىلىپ، مال ـ دۇنياسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئولجا ئېلىشىنى سۆزلەپ بېرىشى، شۇنداقلا، بۇ كۈنلەر كېلىشىدىن بۇرۇن ۋاپات تېپىشى، شۇ ئىشلارنىڭ راستىنلا بولۇشى، مۆجىزىدىن باشقا، ناھايىتى ئۇزۇن پىلانلاشنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، قۇرئاندا ئەتە ماۋۇ ئىشنى قىلىمەن، دېسە، ئىنشائاللا، يەنى ئاللا خالىسا دەپ قويۇپ پىلانلاش، دۇرۇس قىلىنغان، ئۈمۈدۋار بولۇڭ.

**275 ـ 278** ـ بەتكىچە، **20** ـ جىلد باشلىنىشىدىن بۇرۇن، مۇشۇ بەتلەردە كېيىنكى ئالىملار، نەشىر قىلغۇچى ئورۇنلار، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن ئىراق، باغداد، ئىراندىن دەمەشىق، سۇرىيەلەردىن كەلگەن ئالىم، فىقھى مۇپتىلارنىڭ تەقرىزدىن بەشنى قوشۇپ نەشىر قىلغان، ئۇلار، بۇ خەتلىرىدە، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينى ماختاپ، دۇئايى ـ سالام يوللاپ، بۇ كىتابنى تەپسىر جواهرالقران نى ماختاپ، مەدھىيلەپ، كۆپ تەشەككۇر ئېيتقان، بۇ كىتاب، بارلىق ئىنسان بىلىدىغان، بىلەلىگەن، بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئىلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئاپتۇ، مۇشۇنداق پەيتتە بىز ئۈچۈن مول بىلىم بېرىپلا قالماي، تەبئىي ـ پەن، ئىلىم ـ ھېكمەت، تەرەققىياتقا دەلىل تېپىپ بەردى، بىزنى توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى.

ئىددىيىمىز ئازاد بولدى، بۇ بىدئەت ئەمەس، ئەسلى خۇراپىي، بىدئەتچى بىز ئىكەنمىز، دېيىشىپ كەتتى، شۇنداق، تەپسىلاتىنى ئاشۇ خەتلەردىن كۆرۈڭ، مېنىڭ بۇ تاللانمىلار كىتابىممۇ بۇ تەپسىر ئۈچۈن بىر ئىلاندۇر، خالاس. ئىنسان بالىسى خاتالىشىدۇ، ياخشىسى تەۋبە قىلغىنىدۇر، مەغپىرەت سوراڭ، تىللىماڭ، ئەيىبلىمەڭ.

# سۈرە شۇرا تەپسىرىدىكى بەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

**1412** ـ ھ **1991** ـ تۆتىنچى بىسىلىشى، ھازىر **2006** ـ يىلى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **16** ـ بەتتە ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھادى يەنى يېتەكلىگۈچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى، ھايۋانلارغىمۇ ئىلھام قىلىپ، رەھمەت قىلغۇچى، دېگەنلەر ئۈستىدە توختىلىپ، دېڭىزغا بارىدۇ، ئۇ بېلىقنى مىسال قىلىپ، ئاللاھ ئۇ بېلىقنىڭ جىسمىنى سۇغا لايىق، سۇ ئۈزۈشكە لايىق، چۆكۈپ ئۆرلەشكە لايىق ياراتقان بولۇپ، بېلىق ئىچىدە لەيلەتكۈچى خالتا بار، بۇ خالتا لىق ھاۋاغا تولغان، خۇددى ئىچىگە يەل بېرىپ قويغاندەك، بېلىق، چۆكۈشنى خالىسا، يەلنى چىقىرىدۇ ـ دە، چۆكىدۇ، ئۆرلەشنى خالىسا، ھاۋانى ئىچىگە سۈمۈرىدۇ ـ دە، ئۆرلەيدۇ، ئىلغار تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر، تۈنجى بولۇپ سۇ ئاستى پاراخوتىنى ئەنە شۇ ئۇسۇلدا ياسىغان، ئىچىگە سۇ تولسا چۆكىدۇ، سۇنى چىقارسا ئۆرلەيدۇ، **ھەقىقەتەن بىز مەخلۇقاتلاردىن غاپىل ئەمەس**، ئايەت.

ھەربىر ھايۋاننىڭ چېكىسى، مېڭىسى ئاللاھنىڭ قولىدا، قاراڭ، قۇشلار بۇنىڭ ئەكسى، ئۆزىگە لايىق قانات، تىرناق، ئۆتكۈر كۆزلەر، ئۇنىڭ جىسمى ھاۋاغا لايىق لايىھەلەنگەن، بۇ تەتقىقاتتىن ئۇچۇشنى كەشىپ قىلدۇق، ئاللاھ شۇڭا قاراڭلار دەپ بۇيرىغان.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنە مۇنداق دەيدۇ: مېھرىبان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ، يىلان ـ چايانلارنى بىر قىسىم مەينەت، نىجىس ھايۋان، ھاشارەتلەرنى، ھاۋانى تازىلاش، مىكرۇپنى تازىلاش ئۈچۈن، ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاشۇ پاسكىنا جايدا ياراتتى، سىز ھەرگىز چۈشىنى، ھەرە باشقا ھاشارەتنى تۆمۈرچىنىڭ، ياغاچچىنىڭ دۇككىنىدىن تاپالمايسىز، ئەلۋەتتە بۇلار، قاسساپ بازىرىدا، قۇشخانىدا، مەينەت، پاسكىنا جايلاردا بولىدۇ، ئاللاھ، ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، كائىنات ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ، ھەممىسى، ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئالاھىدە مەخسۇس شۇۋراى مەسلىھەت دەپ ئاتالدى، **مۆئمىنلەرنىڭ ئىشلىرى ئۆزئارا مەسلىھەت بىلەن بولىدۇ دېگەن** ئايەت. مەسلىھەت سېلىش، سىلەرگە ئامانەت قالدى دېگەن ھەدىس، رەسۇلۇللاھ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى تۇرۇپ، ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، بىزنى ئىقتىدا قىلسۇن، ئۆگەنسۇن دەپ، ساھابىلەردىن مەسلىھەت ئېلىشى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىشى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە ئىشىنى ئالتە كىشى ئوتتۇرىغا مەسلىھەت بىلەن سايلاشقا قويۇشى، ساھابىلەر بىلەن مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، مەسلىھەت قىلىشى، ساھابىلەر ئارىسىغا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كىچىك بولسىمۇ ئىلىم بولغانلىقىدىن ئارىلاشتۇرۇشى، كېيىنكى خەلىپە، سۇلتانلارنىڭ مەسلىھەت يىغىنى ئېچىشى، بىزگە مەسلىھەت سېلىشنى ئورتاق يىغىن ئېچىپ، پىكىر، كۆز قاراشلارنى ئېلىپ ئەڭ توغرىسىنى قىلىش، مېنىڭ ئۈممىتىم خاتا، زالالەت ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش ياخشى دېگەن. ھەدىسكە ئاساسەن، چوقۇم ئىتتىپاقلىشىش، جەم بولۇش، بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش لازىم. ب د تنى مۇسۇلمانلار قۇرۇشقا ھەقلىق، قۇرئاندىكى بىرلىشىڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار، مۇتەكەببىرلىك قىلماڭلار، ھەممىڭلار قۇرئانغا ئېسىلىڭلار، ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، جەم بولۇڭلار، ئارىلىقىڭلارنى ئەپلەشتۈرۈڭلار، ئاداۋەت ساقلىماڭلار، دۈشمەنگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىڭلار دېگەن بۇيرۇقلارمۇ مۇشۇنى كۆرسەتسە كېرەك، بىز تاھارەت، تەيەممۇم، زاكات مەسىلىلىرىنىلا تەتقىق قىلماي، مۇنداق بۇيرۇق، ئەمىر ـ پەرمانلارنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز، تەرتىپكە سېلىشىمىز، ھۆكۈم چىقىرىپ، ئەمەل قىلىشىمىز لازىم، ھەممىسى ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى، چىن دىلىڭىزدىن ئىنساپ قىلىڭ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **56** ـ سەھىپىدە، بارلىق پەيلاسوپلاردىن قۇرئان ئايىتى بولۇپمۇ، ئىككى ھەرىپ، يەنى حٰمٓ عٓسٓقٓ دېگەن، ئىككى ھەرىپ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ، مەنىسى، ياخشى كۆرۈش، ئۇ بولسىمۇ بارلىق ھەقىقەتچى پەيلاسوپلار بىردەك، مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن، كائىنات، مەۋجۇدات، مەخلۇقات، ماددا، جىسىم ھادىسىلەر ھەرگىز ئىلاھ بولالمايدۇ، بۇلارنى ياراتقان، پەيدا قىلغان، مىزان، نىزامغا، تەرتىپكە سېلىپ، تەدبىر، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچى، ھەقىقىي ئىلاھتۇر، ئۇ ئاللاھدۇر. ئاشۇ خالىقى ئاللاھقا

بولغان ئىبادەت، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت بىلەن بولىدۇ دېگەن.

بۇ يەكۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، يۇلتۇزلارنى، ئاي، كۈنلەرنى ئىلاھ ئەمەس، مېنىڭ رەببىم ئۇلار ئەمەس، مەن ئۇلارنى ياراتقان زات تەرىپىگە يۈزلەندىم، دەپ مۇنداق بىر سۆزنى قىلىدۇ، **لائۇھىببۇلئافىلىين** مەنى مەن بۇنداق ھادىسە خاراكتېرلىك، يوقاپ كېتىدىغان مەخلۇقلارنى دوست تۇتمايمەن، ياخشى كۆرمەيمەن، يەنى ئىبادەتنى ئۇلارغا قىلمايمەن دېگەن. ئۇ نېمە ئۈچۈن، ئىبادەت قىلمايمەن، دېمەستىن ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيمەن دەيدۇ، حُبَّ ئىككى ھەرىپ، دەل مۇشۇ شۇدۇر.

ھەرقانداق ئىبادەت قىلغۇچى، يا ئازابىدىن قورقۇپ، يا رەھمەتنى، جەننەتنى ئارزۇ، ئۈمىد قىلىپ، تاما قىلىپ قىلىدۇ، بىرى قورقۇپ، بىر ئۈمۈتتە ياكى ئىككىلىسى بار، بۇلار بولسا، تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغانلار، چۈنكى، بۇلار، زىياندىن قېچىپ، پايدىنى قوغلىشىپ، ئىبادەت قىلدى، رەببىنى سېغىنىپ، دۇئا قىلدى، بۇلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغانلار بولسا، رەببىگە ئىشتىياق باغلاپ، ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى، ئىشقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ. شۈكرى ئۈچۈن، ئىبادەت قىلىدۇ، مەقسىتى رەببىنى ئەسلەش، شۈنىڭ ئۈچۈن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا مەن بۇلارنى ياخشى كۆرمەيمەن، يەنى ياخشى كۆرۈپ ئىبادەت قىلمايمەن. مەن ياخشى كۆرۈپ ئىشتىياقتا ئاشىق بولۇپ، سېغىنىپ، شۈكرى قىلىپ، ئىبادەت قىلىدىغان زات، ھەممىنى ياراتقان بىر ئاللاھدۇر، دەپ ھەقىقىي ئىلاھ بولۇشقا تېگىشلىك زات ئاللاھنى ئىبادەت غايىسى بولغان، مۇھەببەتنى ئوتتۇرىغا قويغان، مانا بۇ ھەبىب دېگەن ئىككى ھەرىپ، مۇشۇ ھەقىقەتنى كۆرستىدۇ دەپ يازدى.

سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ نەزەرىيەنى، سۈرە مۇھەممەدنىڭ تەپسىرىدە «فىزىلال قۇرئان»دا ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ تۆت ئۆستەڭ چىقىدىغان ئايەتنى بۇ دېگەن، نەپسى، يېمەك ـ ئىچمەك، نىكاھقا قىزىقىدىغانلارغا بۇ دېگەن قىزىقتۇرۇش، بۇلاردىن يۇقىرىسى بولسا، سۈرە مەريەمدىكى مۇنۇ كىشىلەر، ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەل قىلغان تەقۋادار كىشىلەر ئاللاھ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، **96** ـ ئايەت.

ئۇلار ئاشۇ مۇھەببەت، دوستلۇق ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىدۇ، دىدار، ئاللاھنىڭ جامالىنىلا كۆزلەيدۇ، ئىككىلىسى توغرا بولسىمۇ، بۇلار يۇقىرى تۇرىدۇ، دەپ رابىئەنىڭ سۆزنى كەلتۈرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئىبادەتنى قورقۇپ ئەمەس (دوزاخدىن)، جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ ئەمەس، ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈپ، ئىشتىياق باغلاپ، شۈكرى ئۈچۈن قىلىش، جەننەت، دوزاخ بولمىسىمۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش نەزەرىيىسى، رەسۇلۇللاھمۇ پۇتلىرى ئىششىغىدەك ئىبادەت قىلغان، ئىلگىرى ـ ئاخىرى گۇناھلىرى، مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، ئۆزلىرىنى نېمانچە قىينايلا؟ دېسە، مەن شۈكرى قىلىدىغان بەندە بولمامدىم دېگەن.

جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن كىشىلەرمۇ، تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىپ كەتكەن، مەقسەت، ئىشىق ـ مۇھەببەت، ئاللاھنىڭ دىدارىنى، جامالىنى كۆزلەشتۇر، ئاللاھ بىزلەرگىمۇ جامالىنى كۆرسەتكەي، ئامىن!

ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جاندار، ھاياتلىقلارنىڭ يېيىلىش، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دەلىل، ئالامەتتۇر، ئاللاھ، ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى جەمئىي قىلىپ يىغىشقا قادىردۇر، سۈرە شۇۋراى **29** ـ ئايەت.

قەدىمقى ئالىملار، مۇپەسسىرلەر، بۇ ئايەتتىكى ئىككىلىك زەمىرنى يەنى ئىككىلىك، ئالماشنى چۈشەندۇرۇشتە بۇنىڭدىن ھۇمادىن بىرلىك مەقسەت دەپ تەپسىر قىلىپ، خاتالاشقان، ئۆز كۆز قارىشىنى ئايەتكە تەڭشەپ، زاھىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەنىسىنى بۇرمىلىغان، ساھابىلەرنىمۇ دورىمىغان، ئۇلاردا مەسىلە يوق، ھازىرقى ئالىملار مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۆجىزە قاتارىدا سانايدۇ، چۈنكى، بۇ ھۇما ئىگىلىك، كىشىلىك ئالماش، ۋە دابىبەت دېگەن، لەۋزى يەنى ئۆمىلىگۈچى جاندار دېگەن لەۋزى، يەرشارىدىن باشقا پىلانېتلاردا چوقۇم ھاياتلىق بار، جانلىق بار، مەيلى بىز تاپالايلى، ياكى تاپالمايلى، بۇ يەرشارىدىكى ھاياتلىق ئامىللىرىغا ئۇيغۇن كەلسۇن، كەلمىسۇن، چوقۇم بار دېدى، بۇنىڭدا كەلگۈسىدە مۆجىزە بار. دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغدەك

كېمىلەر، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، قۇدرىتىگە دەلىلدۇر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىپ قويىدۇ ـ دە، كېمىلەر دېڭىز ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ، بۇنىڭدا قاتتىق كۆڭۈلدە سەۋر قىلغۇچى، كەڭچىلىكتە شۈكرى قىلغۇچى، ھەربىر مۆئمىن ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار، 32 ـ 33 ـ ئايەت.

بۇ ئايەتتە، سەۋر قىلىپ، شۈكرى قىلىپ، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىبرەتنى تېپىپ چىقىش كۆرستىلدى، بۇ ئايەت، دېڭىز ۋە كېمە ـ پاراخوت تەتقىقاتى، بۇ جايدا بىز كۆز ئالدىمىزغا تاغدەك كېتىۋاتقان كېمە، پاراخوت، ئاۋىياماتكىلارنى كەلتۈرسەك، ۋە شۇ دېڭىزدا ئەمەلىي سەپەر قىلساق، چوقۇم سەۋرگە ۋە شۈكرى قىلىشقا لايىق بولاتتۇق. ھىلىھەممۇ بۇ نېمەتتىن پۈتۈن يەرشارى ئەھلى بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، شۈكرى قىلىش لازىم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ قېتىم 60 ـ بەتتە، ھارارەت، ئىسسىقلىقنىڭ، ھاۋا بېسىمىغا بولغان تەسىرىنى شامال ھاسىل بولۇشىنى 61 ـ بەتتە شامال چىقىش نەزەرىيىسىنى ئىسسىق ـ سوغۇق، ھاۋا ئېقىمىنى مەسۇم شامالىلىرىنى، 62 ـ بەتتە، يەرشارىنىڭ ئايلىنىشىنىڭ شامالغا بولغان، تەسىرىنى، شامالنىڭ جەنۇب، شىمال، شەرىق، غەرب تەرەپكە بولغان يۆنىلىشىنى 64 ـ بەتتە يەرشارىدىكى شامالىلار يۆنىلىشىنى 65 ـ بەتتە، يەرشارى خەرىتىسىنى كەلتۈرۈپ، يۇقىرقى ئەھۋاللارنى سۈرەتلىك تونۇشتۇرغان، مانا بۇ قائىدە، ئىنتىزام، بىلىملەرنى، شامال، بۇلۇت، يامغۇر ئىلمىنى ئوقۇغاندا، بىر زاتنىڭ ئالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ھىلىھەممۇ دائىم پۇختا نىزام بىلەن باشقۇرۇشىنى سەزگەندە، چوقۇم شۈكرى قىلماي تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا، بۇ زور غەلىبە، ئۇرۇشلاردا ئەسقاتىدۇ، ھەربىر ئەسكەر بولۇپمۇ دېڭىز ئارمىيىسى بۇ ئىلىملارنى چوقۇم بىلىشى لازىم، ئۈچقۇچىلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، شامال ئارقىلىق ئۈچار گىلەمدە ئۈچۈش نەزەرىيىسىدىن، ئايروۇپىلان، ئالەم كېمىسىگە تەرەققىي قىلغاندەك، شامال بىلەن يەلكەنلىك كېمىدە مېڭىشىدىن ھازىر ھەقىقىي تاغدەك پاراخوتلارغا، ئاۋىياماتكىلارغا، سۇ ئاستى پاراختلارغا تەرەققىي قىلدۇق، بۇ خىل كەشپىياتلارنى، قۇرئان، ھەدىس، بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن، مۇسۇلمانلار، قاراش، كۆزىتىش، ئىبرەت ئېلىش، كەشپ قىلىشلاردىن يۈز ئۆرىگەن، ھەركىم قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ، بۇ خىل جازامۇ بۇ سۈرىدە سۆزلىنىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي 69 ـ بەتتە مۇنداق دەيدۇ: دېڭىز، شامال، كېمە دەرسلىكىنى ئوقۇغان ۋە ماڭغان كىشى، ئاستىن ئالەمدىن ئۈستۈن ئالەمگە نەزەر تاشلاپ، ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنى، بىز ئاسمانلاردا مەنزىللەر، يوللار، ئوربېتا ئورناتتۇق، قارىغۇچىلار ئۈچۈن، ئۇلارنى زىننەت قىلدۇق، ئاسماننى قۇدرەت كۈچىمىز بىلەن قۇرۇپ چىقتۇق، بىز ئۇنى كېڭەيتىپ تۇرىمىز، سۈرە ۋاقىئە، ئاللاھ ئاسماننى كۆتۈردى، ئېگىز قىلدى، ئۇنىڭغامىزان ئورناتتى، يوللۇق ئاسمان بىلەن قەسەمكى، دېگەندەك، ئايەتلىرىنى ئەمەلىي كائىناتتىكى ئايەت ئالامەتلىرىگە تەتبىقلاپ، ئاسماندا سەيرە قىلىۋاتقان سەييارىلەرگە قارايدۇ، ئويلىنىدۇ، ئۇلار قانداق سەيرە قىلدىغاندۇ؟ قايسى يوللاردۇر ئۇ؟ دەپ سوئال قويىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن، گەرچە بۇرۇن كۆپ سۆزلەپ يازغان بولساممۇ، بۇ قېتىم قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەرنىڭ يىلى، ئارىلىقى، ھەجمى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بېرىمەن.

قۇياش بولسا، كېچە ئاسمىنىدا كۆزۈڭگە كۆرۈنىدىغان، ئەتراپى خالىيراق، چوڭراق يۇلتۇزدەك، سامان يولى سىستېمىسىدىكى بىر يۇلتۇز، ئۇ بىزگە يېقىن ئەمەس، بىز ئۇنىڭ ھەمراھى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇنىڭغا بەك يېقىن تۇرىمىز، ئەلۋەتتە، سەن ئاشۇ يىراقتىكى بىر يۇلتۇزنىڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنمەي قالغان، يەرشارىدەك بىر پىلانېت، ھەمراھىدا بولغان بولساڭ، بۇ قۇياشنىمۇ كۆزۈڭگە ئاشۇ يۇلتۇزدەكلا كۆرۈنەتتى، يەرشارىدىن ئىبارەت بۇ ھەمراھلار كۆرۈنمەي قالاتتى، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، مېركۇرى بولسا، قۇياش ئەتراپىنى تەخمىنەن 88 كۈندە ئايلىنىپ بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ بىر يىلى ئۇ قۇياشتىن 57 مىليون كىلومېتىر يىراقتا تۇرىدۇ، زۆھرە بولسا، 108مىليون كىلومېتىر يىراقتا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھەجمى يەرشارىچىلىك كېلىدۇ.

ئۇ يۇلتۇز ۋە نىسرا يۇلتۇزى دەپ ئاتالغان يۇلتۇز شۇ، ئۇيغۇرلار زۆھرە، چولپان دەپ ئاتىۋالىدۇ، مارىس بولسا، يەرشارىچىلىك بولۇپ، زېمىن، قۇياش تەرەپىدىن ئۈچىنچى بولسا، بۇ تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ قۇياشدىن 225 مىليون كىلومېتىر يىراقتا تۇرىدۇ، يەرشارى بولسا، تەخمىنەن 150 مىليون كىلومېتىر يىراقتا، ئۇ، قۇياشنى 669 كۈندە ئايلىنىپ بولىدۇ، بۇ ئۇ نىڭ بىر يىلى، يۇپىتىر بولسا، 1300 ھەسسە چوڭ بولۇپ،

ئايلانمىسى **140000**مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ، قۇياشتىن **770** مىليون كىلومېتىر يىراقتا، ئۇنىڭ قۇياشنى بىر ئايلانغا بىر يىلى يەرشارىنىڭ **12** يىلىغا، **12** قېتىم ئايلىنىپ چىقىشىغا تەڭ، ساتۇرۇن، قۇياشتىن **1400** مىليون كىلومېتىر يىراقتا، ئۇ زېمىندىن **718** ھەسسە چوڭ بولۇپ، ئۇ، قۇياشنى زېمىن كۈندىن **10759** كۈندە، يەنى توققۇز يېرىم يىلدا بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۇرانۇس، قۇياش ئەتراپىنى، يەرشارى يىلى بويىچە **84** يىلدا بىر ئايلىنىپ چىقىۇد، قۇياشدىن **708** مىليون پەرسەخ يىراقتا تۇرىدۇ، ھەجمى، يەرشارىدىن **69** ھەسسە چوڭ، نېپتون، قۇياشتىن **1107000** پەرسەخ يىراقتا، بۇ پىلانېت **125** يىلدا بىر قېتىم قۇياشنى ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇندىن باشقا ھەمراھلار بولۇشى، كەشىپ قىلىنىشى مۇمكىن، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن سەييارىلەر بار، توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ھازىرقى كۈندە سانلىق مەلۇماتلار ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ھەمراھلار ئارىلىقنى ساقلاپ، سوقۇلۇپ كەتمەي، بالدۇر ـ كېيىن ئايلىنىپ بولسىمۇ تېز، ئاستا ماڭسىمۇ، بىزنىڭ ھاياتىمىزغا تەھدىد سالماي، پۇختا نىزام بىلەن ماڭىدۇ، سەيرە قىلىدۇ، بۇ ھەممىنى پۇختا ياراتقان، ئاللاھنىڭ ھۆنىرىدۇر، ياراتقۇچىسىز پەيدا بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھادىسە، باشقۇرغۇچىسىز، تەدبىرسىز بۇنداق پۇختا نىزامغا ئىگە بولۇپ قالمايدۇ، چۈنكى، ئۇ جانسىز، ئەقىلسىز، بۇلار كىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن؟ خۇددى ئاي شارىدەكلا بىزنىڭ پايدىمىز ئۈچۈن بۇ پىلانېتلار سۈرئىتىگە قاراڭ، يوللار، ئوربىتىغا قاراڭ، ئۇنى بىر كۈچ ئىتتىرىۋاتىدۇ، ئايلاندۇرىۋاتىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچى، مۆجىزىلىك قۇرئان شاھىددۇر. ئاللاھ قوبۇل قىلسا، شەكسىز ئىمانىم بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ يەردە خۇددى بۇرۇن يازغان ۋە بۇندىن كېيىن يازىدىغان بارلىق ئىلمىنىڭ خۇلاسىسى، جەۋھىرى مۇشۇ جايدا دېگەندەك، مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، تەۋھىد جەھەتتىن بىز يۇقىرىدا مۆجىزىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان، بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھقا شەكسىز ئىشىنىش، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش، چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن، شېرىك كەلتۈرمەسلىك، بەندىلەرنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغىنى پەقەت ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەت، ۋاستە، ۋەسىيلىمۇ شۇ ئىبادەت، ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىدا ۋاستە يوق، پەقەت شۇ بىر ئاللاھنىلا كۆزلەشنى مەقسەت قىلىپ بۇ جايدا ئىبنى مۇبارەك بىلەن شەيخ دەبباغ رەھمەھۇللا ئەلەيلەر ئارىسىدىكى بىر سۆھبەت خاتىرىسىنى بىزگە تەقدىم قىلىدۇ.

ئىبنى مۇبارەك رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ شەيخدىن مۇنداق سورايدۇ: كىشىلەر، بولۇپمۇ سوپىلار، ئاللاھنى قويۇپ، سالىھ، شەيخ، تەقۋا بەندىلەرنى ياكى ئۆز شەيخ ئۇستازلىرىنى، پىرلىرىنى ئەسلەپ ئۇلاردىن ياردەم سورايدىكەن، ئاللاھ بىلەن ئارىسىغا ۋاستە قىلىدىكەن، ۋەسىيلە يېقىنچىلىق ئىزدەيدىكەن، تېخى قەسەم قىلىشىلىرى، ئەگەر ئۇلارغا ئاللاھدىنلا ياردەم سوراڭلار ۋەسىيلىنى ئىبادەت بىلەن قىلىڭلار، مازايى ـ ماشايىخلارغا چوقۇنماڭلار، ھەممىگە بىر ئاللاھ كۇپايە، ۋاستە قىلىۋالماڭلار دېيىلسە، بۇ سۆزلەر جايىغا چۈشمەيدۇ، ئۇلار جاھىللىق بىلەن تۇرىۋالىدۇ، بۇ دېگەن ئىلھام بىلەن بولغان، بالدۇرقىلار نېمە قىلسا شۇنى قىلىمىز دەيدۇ: ئەمەلىيەتتە، ئىلھام ئەجدادقا بولغان تەقلىدچىلىك تۈپتىن خاتا، شېرىك ئەقىدىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھەددىدىن ئېشىپ، سەن تېخى ئاللاھ دېيىشكە لايىق ئەمەس، سەن شەيخىم، پىرىم دەپتۇر، مەن ئاللاھ دېسەم كۇپايە دەپ ئوچۇق شېرىككە چاقىرىدۇ، ئۇلار، ھەرقانداق قىلغىنى بىلەن بىدئەت، شېرىك ئېتىقاد بولغاچقا، ئاللاھدىن يىراق تۇرىدىغۇ دەيمەن؟ دەپتۇ. سالىھ ئەۋلىيالار پېشۋاسى شەيخ دەبباغ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ، شەرىئەت ئايرىم نەرسە، ھەقىقەت، تەرىقەت ئايرىم نەرسە دەپ كىشىلەرنى گۇللايدىغان، پاك شەرىئەتتىن چىقىپ، بىدئەت خۇراپىيلىققا پاتقان بۇنداق كىشىلەر كاززاپ، ئالدامچى، نىجىس كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ داۋاسى نىجىس بولغاندەك، زاتىمۇ نىجىسدۇر، ئۇلار ئىبادەتلىرىنى ئۆزگە قارشى چىققان ھەقىقەتچى ئالىملارنى قاغاش ئۈچۈنلا قىلىدۇ، ھەقىقىي ئەۋلىيا، شەيخ، ئۇستاز بولغان كىشى دېگەن، بىر خالىقنىلا ئەسلەيدۇ، ھەم شۇ زاتىنىلا ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ دۇئاسى يا دەرھال سورىغىنى بېرىلىپ ئىجاۋەت بولىدۇ، يا شۇ زىيان كۆتۈرۈلىدۇ، بۇمۇ بەرگەنگە ئوخشاش، ياكى ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ، بۇ ئەڭ كاتتىسى، نوچىسى، ياكى ئاللاھ ئىجاۋەت قىلماسلىق سىرىنى تەقدىردىكى بىر سىرنى كۆرسىتىپ قويىدۇ ياكى ئەۋلادلاردەك باشقىلارغا بېرىدۇ، ئىشقىلىپ، ھېكمەتنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. مەيلى شەيخ، ئۇستاز بولسۇن

مەيلى مۆرت، تالىپ بولسۇن، ئۇلاردا، تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بولىدىكەن، قىلغان داۋاسى بىكار، قۇرۇق داۋادۇر، ئۇلار ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ئازدۇرغانلاردۇر.

ئاللاھ، ئۇنىڭغا، سانسىز نېمەتلەرنى بەرسە، ئۇ قەتئىي بەرمەيدۇ، بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، مانا مۇشۇنداق 360 كۈنگە، 360 سەۋەب بولۇپ، ھەممىسى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرماي، بەلكى ئەكسىچە يىراقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قىلغان ئىشنى توغرا، ياخشى دەپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئەڭ زىيان تارتقۇچى بولىدۇ. ئۇ سەۋەبنىڭ بىر قىسمى مۇنداق:

1 ـ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سالىھ كىشىلەرگە ئاللاھ رىزالىقىنى، دىدارىنى كۆزلەپ بەرمەي، شۇ كىشىنىڭ رازى بولۇشىنى كۆزلەپ بېرىش.

2 ـ ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىبادەت ئارقىلىق ۋەسىيلە، يېقىنچىلىق ئىزدىمەي، ئاشۇ سالىھ ياكى نامدا سالىھ كىشىلەر بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدەيدۇ، ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ، ھاجىتىنى شۇلارغا قويىدۇ، بۇ ئاللاھدىن ئەڭ يىراق كىشىدۇر.

3 ـ سالىھ كىشىنى ياكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەقىقي بولغان پەرىز ياكى ۋاجىپنى ياكى قازاسىنى تەرىك ئېتىدۇ، مۇستەھەپكە توغرا كەلمەس بەلكى بىدئەتنى چوڭ بىلىدۇ، ئەمما، ھەقىقي شەرئەت تەكلىپلىرىگە سەل قارايدۇ.

4 ـ مال ـ دۇنيا، رىزىق ياكى ئۆمۈرگە نىسبەتەن زالىمدىن قورقىدۇ، ئەگەر، ئىتائەت قىلمىسام، جىسمانى، ئىقتىسادى زىيان يېتىدۇ دەپ ئاللاھدىن ئىبارەت ھەقىقي رازاقنى ئۇنتۇيدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە بېقىندى بولۇپ قالىدۇ، بۇلار، ئاللاھدىن يىراق، پەقەت، ئاللاھدىنلا قورققان، ئاللاھقا يېقىندۇر.

5 ـ رازاق، ئاللاھنى قويۇپ، بەندىدىن بولۇپمۇ ئاشۇنداق زالىم، پاسىقلاردىن تاما قىلىدۇ، ئۆزى ئۆيدە قەلبى جاھاندا بولىدۇ.

6 ـ كاپىرغا، زالىمغا، پاسىققا، بىدئەتچىگە ياردەمچى بو لىدۇ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ، بۇلارمۇ زىياندا.

7 ـ مۇسۇلمانلار بىلەن كارى يوق، بولۇپمۇ نامرات، پېقىرلا بىلەن ئۇلارنى ياخشىغا بۇيرۇپ، يامانىدىن توسىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، ئۆز نەپسى بىلەنلا بولىدۇ.

8 ـ ئاللاھقا قىلغان ئىبادەتلەرىدىمۇ دۇنيانى مەقسەت قىلىپ قالىدۇ، يا دۇنيانى تائەت ـ ئىبادەت ئۇستىگە قويۇپ قالىدۇ، بۇ ئاخىرەتنى قويۇپ، دۇنياغا ئۇرغانلىق بولىدۇ.

9 ـ دۇنيانى، نىجىس، پەسكەش، تۆۋەن يوللار بىلەن تىلەيدۇ، ساھابىلاردەك، جىھاد، تىجارەت، زىرائەت قاتارلىق ھالال يول بىلەن تىلىمەيدۇ، تۆۋەننى تاللايدۇ، مۇشۇ دۇنيالا بولسا بولىدۇ.

10 ـ ئىبادەتنى دۇنيادا مولچىلىق ئۈچۈن، سالامەت تۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رەھىم قىلىشى ئۈچۈن، زىياندىن مۇداپىئە ئۈچۈن قىلىدۇ، ئاللاھنى، دىدارىنى ھەقىقي ئاخىرەتنى كۆزلىمەيدۇ، بەلكى، ئىبادەتلىرىدە ئۆزىگە مۇخالىپ كىشىلەرنى قاغايدۇ، دىنسىز كاپىرلار ئۇنىڭ تىلىدىن، ئەيىبلىشىدىن سالامەت قالىدۇ.

11 ـ مەسجىددەك جايلاردا ئۆزى بىلىپ، بىلمەي ئاسىيلىق قىلىدۇ، بۇ مەئسىيەتنى، جىنايەتنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ، بۇنداق كىشىمۇ تەۋبە قىلمىسا، ئۆزىنى ئۇڭشىمىسا، ئاللاھدىن يىراق.

12 ـ بىدئەت، خۇراپى مەسلىسى، بۇنىڭدىن نېرى بولىسمۇ باشقىلارنى توسمايدۇ.

13 ـ ئايالنى، ئەھلىنى، يېقىنلىرىنى گۇناھسىز ئۇرىدۇ، ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدۇ.

14 ـ قىلغان ياخشى ئىشىغا ۋە ئېھسانىغا، نەپىقىسىگە مىننەت قىلىدۇ.

15 ـ ھەسەد قىلىدۇ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنىڭ يۇقىرلاپ كېتىشىنى كۆرەلمەيدۇ.

16 ـ گۇناھنى، ئاسىيلىقنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ، تەۋبە قىلىمەن دەيدۇ.

**17** ـ دۇنيانى هارامدىن توپلايدۇ، مەقسەت پاكلىمايدۇ.

**18** ـ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىرايدۇ، بۇ ھەرقانچە قىلسا، ئاللاھدىن يىراق.

**19** ـ سالىھ ئالىملار بىلەن ئارىلاشماي، پاسىق كىشىلەر بىلەن، ئاللاھنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت، مەرىپەت نۇرىدىن پەردىلىنىپ قالغانلار بىلەن ئارىلىشىدۇ، ئاخىرى ئۆزىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**20**. تۆت خەلىپە ئوتتۇرىدا ساھابىلەر، تابىئىنلار ئوتتۇرىدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ، ئىتتىپاقلاشمايدۇ.

قالغان سەۋەبلەرنى مۇشۇلارنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىڭىز تېپىڭ، پەيغەمبەر، پەرىشتە بولسىمۇ، ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىدا ۋاستە قىلىۋالما، بۇ قىلىق، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسى باشلىنىشى، شېرىك ئىشتۇر.

سۈرە زۇخرۇف تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بىر ئېغىز سۆز بولسىمۇ بىدئەتتىن ھەزەر قىل، بىدئەت، زالالەت بولۇپ، دوزاختا باشلايدۇ.

ئەمما، تەرەققىيات، ئىلىم ـ پەن، كەشپىيات، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق غەلىبە، جەننەتكە باشلايدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئۆز ئادىتى بويىچە، بۇ سۈرىدىكى حم (ھام ميم) مۇشۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان سەككىز رەھمەتكە يەنى، سەككىز قېتىم تىلغا ئېلىنغان بسم الله نى قوشساق ئون بولىدىغان رەھمەتكە ئىشارەتتۇر دەيدۇ.

كىمكى، مېھرىبان، راھمان ئىگىسى بولغان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن يەنى قۇرئاندىن يۈز ئۆرىيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت، غالىپ قىلىمىز. شەيتان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ، دېگەندەك، رەھمان يەنى ئاللاھنىڭ رەھمان ئىسمى چىقىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىغا ئىشارەتتۇر دەيدۇ.

مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئىشارەتنى ۋە شۇ مەزمۇنلارنى قاتتىق تەتقىق قىلىش، مۇھىم دەپ بىلىش لازىم، بۇ خىل ئىشارەت، تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسكەرتىشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلگۈچىدۇر.

ئامال بار، ئەيەت مۇناسىۋىتى ئىمان كەلتۈرۈڭ، كوچىلىماڭ، بىلسىڭىز دەڭ، بىلمىسىڭىز ئاللاھقا تاپشۇرۇڭ، قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى، بۇ ئايەت بولسا سىردۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنى مۇنداق مەقسەتلەرگە بۆلىدۇ.

**1** ـ پەيغەمبەرلىك يەنى ئەلچى ئەۋەتىش ئىشىنى كۆچەيتكەن.

**2** ـ نەقلى، ئەقلى، تەبئىي دەلىللەر بىلەن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش.

**3** ـ كاپىرلارنىڭ ئوسال، يامان پىسخىكىسىنى، خۇي ـ پەيلىنى بايان قىلىش.

**4** ـ ئۇلارنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، بىز ئاتا ـ بوۋىمىز، ئەجدادىمىز قانداق ماڭغان بولسا، بىزمۇ شۇلارغا ئەگىشىمىز دېيىشلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن شېرىك، بىدئەت، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققان، ھازىرمۇ شۇنداق.

**5** ـ كاپىرلار، شۇنداق تەرسا، جاھىل، نادانلىقى كۈچلۈك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز ئېتىقادىدا قاتتىق چىڭ تۇرىدۇ.

**6** ـ ئىش ئاشۇ دەرىجىگە بارغاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ، ھەتتا، كاپىر ھالدا جېنىنى ئالىدۇ. **1000** يىل ئۆمۈر بەرسىمۇ، مۇسۇلمان بولماسلىقىنى، ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ.

**7** ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ، رەسۇلۇللاھقا، بىز مۇسۇلمانلارغا، تەسەللى ۋە ئىبرەت بېرىدۇ.

**8** ـ يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى دەرىجە، يالغۇز ماددى، زاھىرى تەرەپتىلا ئەمەس، بەلكى، مەنىۋى، ئىلمى، دىنىي تەرەپتە بولىدۇ.

**9** ـ كىم ئەقلىنى بۇلغاپ، ئەقلىنى تاشلاپ، ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن شۇغۇللانمىسا، ئەقىدىنى رۇسلىمىسا، ھەقتىن يۈز ئۆرىسە، ئۇنىڭغا شەيتان ئىگە بولۇۋېلىپ، تا جەھەننەمگە بىللە كىرىدۇ.

**10** ـ كىم بۇ دۇنيادا باتىل، مەئسىيەت، زالالەت، بىدئەت ئۈستىدە دوستلاشسا، شېرىك بولسا، ئاخىرەتتىمۇ ئازابتىمۇ شېرىك بولىدۇ، بىللە تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن سىلەر ئازابدا شېرىك دېگەن ئايەت بار.

**11** ـ ۋەز ـ نەسىھەت چۈشىنىشكە تەييار تۇرغان كىشىگە پايدا بېرىدۇ.

**12** ـ ئاللاھ، پەيغەمبىرىگە نۇسرەت بىلەن ۋەدە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن، قەۋمىدىن، دىن، قۇرئان، ئىسلام توغرىسىدا سوراققا تارتىدۇ، **سىلەر يېقىندا سوراققا تارتىلىسىلەر.** ئايەت.

**13** ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بىزگە نۇرغۇن ئىبرەت، ئۈلگە بېرىپ، ئاندىن ماددى، زاھىرى سەۋەبلەر، ئەقلى مائارىپقا سەۋەب بولالمايدۇ دېگەننى كۆچەيتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ زاھىرىنى بىلىش، ئاخىرەتتىن خەۋەر تاپقانلىق ئەمەس.

**14** ـ مۇنازىرە، جىدەل، ئىختىلاپ، ھەقكە قارشىلىق، شۇملۇقتۇر.

**15** ـ بۇ سۈرىدە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىشى بايان قىلىنغان، بۇ سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ سۆزلەنگەن، بىز بۇنىڭغا شەكسىز ئېتىقاد قىلىمىز.

**16** ـ يامان كىشىلەر گەرچە دوست بولسىمۇ، ئاخىرەتتە بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاداۋەتتە بولىدۇ، بىر ـ بىرىگە لەنەت قىلىدۇ، ئازابنىڭ زىيادە بولۇشىنى سورايدۇ، ئاخىرىدا ئۇلار، ئۆزئارا شېرىك بولىدۇ، مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئاندىن باشقا، ئاللاھنىڭ پاكلىقى، ئىسىم ـ سۈپىتى، ئەپۇچان بو لۇش، كەڭ قورساقلىق بار.

بۇ كۈندە، دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت ئاللاھ يولىدا دوستلاشقانلار، تەقۋادار مۆئمىنلەر ئۇنداق ئەمەس. **67** ـ ئايەت.

ھەدىستە، ئاللاھ يولىدا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر، دوستلاشقانلار، گەرچە بۇ دۇنيادا بىرسى ـ مەشرىقتە، بىرسى مەغرىپتە قويۇلسىمۇ، ئاخىرەتتە، بىرگە قوپىدۇ دەپ كۆرستىلگەن، مىشكاتتا بار. قىيامەت كۈنى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلى، ئۆز قولى بىلەن دوزاخدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى قۇتقۇزىدۇ، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، خۇسۇسەن رەسۇلۇللاھ شاپائەت قىلىدۇ، شۇنداقلا، ئاللاھ يولىدا دوستلاشقانلارمۇ بىر ـ بىرىگە شاپائەت قىلىدۇ، مۆئمىن، مۇتتەقىيلەر دوستلاشسا، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرسە، مۇھەببەتنى ئىمان ئۈستىگە قۇرسا، دۇنيادىلا ئەمەس، بەلكى، ئاخىرەتتىمۇ زور پايدىسى بولىدۇ، بىز مۇسۇلمانلار ئىككى ئالەملىك دوستلىشىمىز، ياخشى كۆرۈشىمىز، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىمىز، ئۇنداق بولسا، ھەر جەھەتتىن دىنىسىزلارنى بېسىپ چۈشەيلى.

**سىلەر دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان، جەننەت ئەنە شۇدۇر. 72** ـ ئايەت.
بۇ ئايەتتە، ياخشى ئەمەل سەۋەبلىك، جەننەتكە كىرىش كۆرستىلدى، ھەدىستە بولسا، مۇنداق دېيىلىدۇ، سىلەر جەننەتكە ئەمەللىرىڭلار بىلەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلى بىلەن كىرىسىلەر، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مۇنداق ياراشتۇرىدۇ.

ئايەتتە كۆرستىلگەن ئاشۇ ياخشى ئەمەللەر، ھەدىستە، كۆرستىلگەن ئاللانىڭ رەھمەت، پەزلى شۇدۇر، ئىنسانىنىڭ يارىلىشى، ھەتتا، ياخشى ئەمەللىرى شۇ ئەمەللىرىگە بېرىلگەن شارائىتلار، ھەممىسى ئاللاھنىڭ رەھمەت، پەزلىدۇر.

ياراتمىسا، مەۋجۇت بولمايتتىڭ، ئەلچى ئەۋەتمىسە، ھىدايەت تاپمايتتىڭ، ئەقىل ـ پاراسەت بەرمىسە، ھۆكمىران بولمايتتى، شارائىت بەرمىسە، ئەمەل قىلالمايتتىڭ، ھەتتا، جېنىڭنى ئالمىسا، جەننەتكە قانداق

باراتتىڭ، ئى رەببىم بىزنى رەھمەت پەزلىڭ بىلەن ياراتتىڭ.

**ئىنسانلار (كاپىرلارنىڭ، دىنسىزلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى، تەرەققىيات غەلىبىسىنى كۆرۈپ، كۆپىرلىققا قىزىقىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى كۇپىردا بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى ئىنكار قىلغان دىنسىز كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىنى ۋە ئۆگزىگە چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن، قىلىپ بېرەتتۇق، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار كۈمۈش تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، يۇقىرقىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان ماتائ نەرسىلەردۇر. ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئاخىرەت، جەننەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەر، تەقۋادارلارغا خاستۇر. 33 ـ 35 ـ** ئايەتكىچە

بۇ ئايەتتىن، كاپىرلارغا بەرگەن نېمەت، باياشات تۇرمۇش، تەرەققىيات، كەشپىياتلار، تېخى ئاز بولۇپ قالغانلىقى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگەن بولسا، تېخىمۇ كۆپ بېرىلەتتى، چۈنكى، ئۇ دېگەن، بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ماتالىرى، ئاخىرەت، جەننەت، ئاللاھنىڭ جامالى ئالدىدا بۇلار يوق نەرسىلەردۇر، تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، بۇ ئايەت كىشىنى تەقۋا، زاھىدلاشتۇرىدۇ. كۆزگە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تاش، تۆمۈردەك كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ، ئاقىۋەتنى ئۇلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ كۆيۈپ تۇرۇشىنى ئۇبدان بىلىدۇ، كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار دوزاخقا كىرگەندە، ھېچبىر نېمەت، باياشات تۇرمۇشنى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ھېس قىلىشىدۇ، بۇ دۇنيادا بولسا، بىر چاشكا ۋاقىتچىلىك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ چەكسىز ئاخىرەتكە بۇ چەكلىك دۇنيانى سېلىشتۇرسا، يوقاپ كېتىدۇ، يوقلالاڭ نەرسىدۇر، بەزىلەر شۇنداق سوئال قويىدۇ.

ئاللاھ، مۇسۇلمانلارنىڭ، كاپىر، دىنسىزلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا مال ـ دۇنيانى، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى، كەشپىيات، تەرەققىياتلارنى ئاز بەرگەن بولسا، كاپىرلارنىڭ دىنسىزلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا، مال ـ دۇنيا، باياشات تۇرمۇش، ئالتۇن ـ كۈمۈش، كەشپىيات، تەرەققىياتلارنى، غەلىبە، كۈچلەرنى قورال كۈچلىرىنى كۆپ بەرسە بولمامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلمايدۇ؟ يەنىلا نېمە ئۈچۈن دىنسىزلار كۈچلۈك؟ ئۇلار باي، باياشاتتا، تەرەققىياتتا تۇرىدۇ؟ مۇسۇلمانلار چېكىنىپ ئارقىدا قالدۇ؟ بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويىدۇ.

ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىلدى:

ئىمان، ئېتىقاد، ياخشى ئەمەللەر، پەقەت ئاللاھ، ئاللاھنىڭ جامالى، ئاخىرەت، جەننەت ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلسا، ئۇلار پۇل ـ مال، ئالتۇن ـ كۈمۈش، باياشات تۇرمۇش، تەرەققىيات، غەلىبە ئۈچۈن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەل، ئىبادەت قىلغان بولىدۇ ـ دە، بۇ قوبۇل ئەمەس، ئىخلاس، ئاخىرەت ئۈچۈن بولماي، ئاللاھ ئۈچۈن بولماي، ئاللاھنىڭ رىزالىقى، دىدارى ئۈچۈن بولماي، دۇنيا ماتالىرى، يۈز ـ ئابرۇي، غەلىبە ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ. بۇ دېگەن سىناق دۇنيا، ھەممە نەرسە، سىناققا يارايدۇ، ئاللاھ سىنايدۇ، سەن، ئاللاھنى سىنىمايسەن، ئاللاھ سوراققا تارتىلمايدۇ، سەن سوراققا تارتىلىسەن، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سەن ئۇنداق قىلالمايسەن، ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، مۇسۇلمانلارنى ئاشۇنداق سىنايدۇ، بەلكىم بۇمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى، جىنايىتى ئۈچۈن جازالىغاندۇ ياكى ئۇلار ھەقىقىي تەلەپكە لايىق مۆئمىنلەردىن بولالمىغاندۇ، خۇددى سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي دېگەندەك، (ئۆزىنىڭ شورى) يا مەجبۇرى، ئىختىيارى بىرلىشىدىغاندۇر، لازىم بولسا، ئىزدەيدىغاندۇ، باشقا كەلسە باتۇر بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ، كۈچ تاپىدىغاندۇ، ئاللاھ ئالىم.

**ئاللاھ، بۇلۇتتىن سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەي، پايدىلىق بولىدىغان ئۆلچەم مىقداردا يامغۇر ياغدۇردى، ئۇنىڭ بىلەن بىز گىياھ ئۈنمەس، قاقاس، ئۆلۈك زېمىننى تىلدۇردۇق، سىلەر ئى ئىنسانلار، مۇشۇنداق ئۆلۈك يەردىن ئۆسۈملۈك چىقىرىلغاندەك، قەبرەڭلاردىن چىقىرىلىسىلەر، 11 ـ ئايەت.**

بىز يۇقىرىدا ئۆسۈملۈك تەتقىقاتىدا، ھاياتلىق تەتقىقاتىدا، بىئولوگىيىدە، مىكرۇسكوپلۇق تەكشۈرۈشلەردە ھەقىقەتەن خۇددى ئاشۇ تۇپراق رەڭگىگە كىلىپ قالغان باكتېرىيە، جانلىقلار، سۇ تامسا، تىرىلگەندەك، قاپلارغا، ساڭلارغا قاچىلانغان ئاشلىقلار خۇددى ئۆلۈك تىرىلگەندەك، قىشلىق ئۇيقۇدىن ھايۋانلار ئويغانغاندەك، باھا پەسلىدە ھاياتلىققا ئېرىششى، ھەدىستە بۇنى قىيامەت كۈنى ئىنسانلار تىرىلىشىنىڭ ئالامەت بەلگىسى قىلىشى، ئۆسۈملۈك تەتقىقاتىدا ھەقىقەتەن ئۆلگەندىن كىيىن تىرىلىشىنىڭ ھەقلىقنى، تاپقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ توختالدۇق. ئىنسان ئەقلى شۇنچىلىك، بۇلار يا بۇندىن كېيىنمۇ مۆجىزە، ئالامەتلەر ئاشكارا بولار، قەبرىسىدىن قوپۇرىلىشىمىزنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىسپاتلىغىلى بولماس، ئۇنداق بولسا، ئىمان ـ ئېتىقاد نەدە، قەيەردە قالدى، ئىنساپ قىلسىڭىز ئىمان كەلتۈرىسىز، ئىمان ـ ئېتىقادىڭىز كۈچىيىپ قالار، بولمىسا ھېسابىنى ئاللاھ ئالار.

بۇ ئايەتتە، مېتئورولوگىيە ھەقىقەتەن يامغۇر ئۆلچەملىك مىقداردا چۈشىدۇ، خۇددى جىڭلاپ ۋەزنىگە سىلىپ، قويغاندەك ھاجەتكە بېقىپ چۈشىدۇ، ئاپەت، بالانى ئىرادە قىلىش مۇستەسنا، چۈشكەن يامغۇرلارنى ھەقىقەتەن ھازىر بىر كىۋادرات جايغا چۈشكەن يامغۇرنى ئۆلچەپ، جىڭلاپ كۆرۈك، بىر شەھەرگە نەچچە توننا يامغۇر ياغقىنىنى ھېسابلاپ تاپقىلى بو لىدۇ. بۇنىڭدىن شامال، بۇلۇتنىڭ نەچچە يۈز، نەچچە مىليون، مىليارت توننا يامغۇرلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇچۇرۇپ، سەيرە قىلدۇرۇشىنى، ئاللاھ ئۆزى خالىغان جايغا ياغدۇرۇشى، بۇنىڭدىكى ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرەت، مۆجىزىلەرنى بىلگىلى بولىدۇ، ئاللاھ، ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبدۇر. شۇنداقلا، بۇ جايدا توساتتىن بولۇت، يامغۇر پەيدا قىلغۇچى، ھاجەتچى قاندۇرغۇچى، ئاپەتتىن ساقلاپ، چالما ئۆيلەرنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن ساقلىغۇچى، ئۇلارنى يەنە بىر بۇيرۇق بىلەن ئېلىپ كەتكۈچى، ئىش قىلىپ، بىر باشقۇرغۇچى، ئىنتىزامغا سالغۇچى، چوقۇم بار، ئۇ بولسىمۇ مېھرىبان ئاللاھ، ياراتقۇچى خالىق ئاللاھدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ قېتىم **223** ـ **224** ـ **225** ـ بەتلەردە، ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى، ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق، ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈشى، ئۇرۇقنىڭ كۈچى، يىلتىزى، ئاستىن ـ ئۈستۈنگە مېڭىپ قېلىشى، يەنىلا ئۇ ئۆزىنى رۇسلىشى، قۇياش نۇرىنى سىزىپ، ئۇ تەرەپكە يۈپۈرماق، غوللارنىڭ مېڭىشى، يىلتىز بولسا، ماددا، ئوزۇق تەرەپكە مېڭىشى قاتارلىق ئىشلارنى بەزى دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى بولسا، ھاۋا، شاخ ئوتتۇرىدا ئۆسۈپ، يەنىلا ئۈستۈنگە ئەمەس، پەسكە، تۇپراققا قاراپ پېتىپ كىرىشىنى سۈرەتلىك بايان قىلىدۇ، بۇ جايدا، ئاللاھ، ئۆلچەملىك يامغۇرنى سۆزلىسە، سۈرە ھىجىردە ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈشىنى بايان قىلغان، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **227** ـ بەتتە يوپۇرماقنى ئۈنىڭ بىخ ئۈرۈپ چىقىشىنى، كەچ تەرەپتە، بىزگە ئوخشاش يۇمۇلۇپ ئۇخلايدىغىنىنى، ئارام ئالىدىغىنىنى، قۇياش كۆتۈرلۈپ، كۈندۈزدە بولسا، ئويغىنىپ، يەنە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى سۆزلەيدۇ، باھار ئاخىرلىشىپ، كۈز كەلسە، قىش كەلسە، ئوزۇق مەنبەسى ئۈزۈلۈپ، سارغىيىپ، سولىشىپ، قۇرۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، يەرنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن ئۈستىگە چىقىپ كەتمەي، يەرگە چۈشىدۇ، ئۇ يەنە ھايۋانغا ئوزۇق يا ئۆسۈملۈككە ئوزۇق بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئۆز ئەينى «لەۋھۇلمەھپۇز» دا، قۇرئاندا خاتىرلەندى. **ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە يەنى قۇرئان ئايىتى، كائىنات ئايىتىگە مۆجىزە، ئالامەتلىرىگە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمان بو لغانلاردۇر، ئۇلارغا ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار دېيىلىدۇ. ئۇلارغا ئالتۇن لىگەنلەردە ئالتۇن جاملاردا تائام، شارابلار تۇتۇلىدۇ، جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر، مەڭگۈ تېخى ئاللاھنىڭ دىدارى، جامالى بار، 69 ـ 71 ـ** ئايەتلەر.

بۇ ئايەتكە مۇنداق بىر ئايەتنى قوشۇپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئاياللاردىن، باللاردىن، ئۇرۇق ـ تۇققانلاردىن، تۆۋەن دەرىجىدە بولۇپ قالغانلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك، ئاتا ـ ئانا، ئەر ـ ئايال، ئۇرۇق ـ تۇققان، دوستلار قاتارىغا كۆتۈرۈپ، بىللە قېتىپ قويۇش، يۇقىرقىلارنىڭ ئەمەللىرىنى بولسا، قىلچە كاملاتماسلىق سۆزلەنگەن، بۇ ئايەتنى بىز كېيىن كەلتۈرىمىز.

شۇنداق قوللىغان، ياردەم بەرگەن، دۇنيادا بىللە ئۆتكەن ياخشى كۆرۈشكەن، ۋەدىلەشكەن ئىككى ئالەملىك دوستلاشقانلار، ئەر ـ ئاياللار، جەننەتتە بىللە بولىدۇ. سەن ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە دېگەن، بۇ ھەدىس. مۇنداق چاغدا دېيىلگەن. بىر ساھەبە، قىيامەت قاچان؟ دەپ سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ،

سەن قىيامەتكە قانچىلىك نەرسە تەييارلىدىڭ، دەپ سورايدۇ، ئۇ ساھابە، مەن ھېچنەرسە تەييارلىيالمىدىم، ئەمما، مەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى يەنى سىلىنى ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ، مۇشۇ ھەدىسنى دېگەن، بۇ ھەدىس، ساھابىلەرگە پۈتۈن دۇنيانى بەرگەندىنمۇ بەكرەك خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى، چۈنكى، بۇ جايدا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولۇش، بىللە تۇرۇش بار ئىدى، ئايەتتىمۇ، بىللە بولۇش، قوشۇپ قويۇش، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتى دەپ كەلگەن، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، جەننەت ـ دوزاخ، بارلىق سۈپەتلىرى، قەۋەت سانى، ئورنى، ھەممىسىنى ئايەت، ھەدىستىن دەلىللەپ كەلتۈرىدۇ، مەقسەت، بىز، بارلىق بىلىملەرنى تەتقىق قىلغاندەك، ئىزدىنىپ، كەشپىيات تاپقاندەك، مۆجىزلەرگە ئېرىشىپ، قەلبىنى خاتىرجەم قىلغاندەك، ئاخىرەت، تېرىلىش، جەننەت ـ دوزاخ توغرىسىدا ئۇ ئالەم توغرىسىدا، قەبرە، ھاياتى بەرزەخ توغرىسىدىمۇ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، كۆز كۆرگەندەك ئىشىنىش، بۇ تۇرمۇشنىمۇ چۈشىنىش، تەييارلىق قىلىپ قويۇشنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇ، ئاساسى مەنبە، قۇرئان، ھەدىس بولسۇن.

# سۈرە دۇخان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمىلا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، چۈنكى، بۇ گاز، تۇمان، تۈتۈن مەنىسىدە بولۇپ، يەنە بىر سۈرىدە ئاسماننىڭ گاز، تۇماندىن يارالغانلىقى سۆزلىنىدۇ، نېمە ئۈچۈن، بۇ سۈرە دۇخان دەپ ئاتىلىدۇ؟ بۇنىڭدا بارلىق ئالەمنىڭ ئەسلى ماددىسى، تۈنجى ھالىتى، گاز، تۇمان، تۈتۈن، ئۇنىڭمۇ ئەسلى بولسا، نۇر زەررىچىسى، ۋاكىئومدىكى تەسىرلىك ئالەم، بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بېگ باك نەزەرىيىسى،يەنى چوڭ پارتىلاش نەزەرىيىسى، ئايەت ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. گازدىن، قورال كۈچى چىقىدۇ، بۇ ئازاب بولىدۇ. بۇ سۈرىدىكى دۇخانمۇ ئازابلاش، بالا مەنىسىدە.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشىدىكى ۋە گازنىڭ زىيان، پايدىسىنى سۆزلەيدۇ، گاز قورالى، زەھەرلىك گاز، تەبئىي گاز، ئېنېرگىيىلەر، ئۇندىن باشقا، گازغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرگە ھەتتا، نېفىتقىمۇ بۇ ئىسىم ئىشارەت قىلىدۇ، **(ئۇ تۈتۈن، گاز، كىشىلەرنى قورشاپ، ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر 11 ـ** ئايەت**)**

قۇرئاندىكى **114** ئىسىم، ئاتالغۇلار بىكار قويۇلغان، ھېكمەتسىز ئاتالغان ئەمەس، بۇنى بەزى باشتىلا سۆزلەپ بولغان

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاللاھ، دۇخان، گازنى قۇرەيشلەرگە ئازاب قىلدى، ئىلمى تەرەققىياتقا سەل قارىغان مۇسۇلمانلارغا ئازاب قىلدى، ھازىر، بۇندىن كېيىن يەنە ئۇيقىسىنى ئاچمىغان، سەگەكلەشمەيدىغان، بىدئەت، خۇراپىيلىقتا ئۆزى تۇرۇپ، تەرەققىياتنى بىدئەت دەپ ئەيىبلەيدىغان كىشىلەرگە يەنە ئازاب قىلىشى مۇمكىن، ئاللاھ ساقلىسۇن، **(28** ـ بەتتە ئۆز ۋاقتىدىكى ئىنگلىز ئەسكەرلىرىنىڭ گاز شارىنى چۈشۈرۈۋاتقان ۋە چۈشۈپ بولغان چاغدىكى سۈرىتىنى كەلتۈرۈپ، بۇ گاز شارى **235** مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، ئايلانمىسى، **37** مېتىر كېلىدۇ، تېز سۈرئەتتە ماڭىدۇ دەيدۇ. بۇ ۋەقە **1931** ـ يىلى **9** ـ ئاپرېل يۈز بېرىدۇ.

ئۇ بۇنىڭغا ئۇلتۇرۇپ باققان بولۇپ، سائەتكە **95** كىلومېتىردىن **120** كىلومېتىرغىچە ماڭىدىكەن، ئالبانىيىدىن ئافرىقىغا **24** سائەتتىلا بارغان، ئۇ **30** ـ **31** ـ بەتلەردە، قۇرئاندا، گازنى، تۇمان، تۈتۈننى ئازاب دەپ سۆزلىنىشى، ھازىرمۇ بۇ گازنىڭ ھەر تەرەپدىن مۇسۇلمانلارغا ئازاب بولۇشى مۆجىزە بولىدۇ دەيدۇ. **11** ـ ئايەتتە، قاتتىق ئازاب دېگەن.

بۇ گاز شارىدىن پايدىلىنىپ، گاز قورالىنى، ھەرخىل بومبىنى تاشلىغىلى بو لىدۇ، زىيانسىزلا غەلبە قىلغىلى بولىدۇ دېگەن. ئۆز ۋاقتىدا ئامرىكىلىقلار، ئىنگلىزلار بۇ گازدىن **20** سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر قورال ياساپ ئاتقان، گازدىن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياسىغان، ئاشۇ گاز شارىدىن پايدىلىنىپ، بومبا تاشلىغان، بۇ بومبا پارتىلاپ، يىراق مۇساپىلەرنىمۇ زەھەرلىگەن، قاتتىق ئازاب كەلگەن، يۈرەك، ئۆپكە، مېڭە، قان ـ تومۇردىن تارتىپ زەھەرلەپ، بىر نەچچە سائەتتىلا جاننى ئالغان، مۇسۇلمانلار ۋە باشقا رەقىبلەر دەرھال تەسلىم بولىدۇ ـ دە، ھازىرمۇ خىمىيىۋىلىك قوراللار ئارقىلىق، زەھەرلىك گاز ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش ناھايىتى كۆپ، تېرورچىلارنى زەھەرلىك گاز ئارقىلىق ھۇشىدىن كەتكۈزۈش، كۆزدىن ياش ئاققۇزۇش بومبىسى تاشلاش، ھەتتا، ئەزالىرى تالا ـ تالا بولۇپ، شۇ ۋاقتىدىلا جاننى ئالىدىغان بومبا ياساش ئاددى، ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، لېكىن، سىز، بىز يەنىلا خەۋەرسىز، ئاتوم بومبىسى ھەممىگە مەلۇم، يادرو قوراللار مۇشۇنداق مۇسۇلمانلار تېخىچە بۇ جەھەتتە يەنىلا ئارقىدا تۇرۇۋاتىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ ئارزۇسى، مەقسىتى تېخىچە ئەمەلگە ئاشقىنى يوق، شۇڭا، مەنمۇ بۇلارنى تاللاپ يازدىم، توغرا بولسا، تېخى ياخشى، خاتا بولۇپ قالسا، يەنىلا مۇسۇلمانلار ئويغۇنىدۇ.

# سۈرە جاسىيە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بسم الله دىكى رەھمان، رەھىم دېگەن ئىككى سۈپەتتىن، مۇنداق رەھمەتلەرنى ھېس قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنى بىر ئىنساننى قاتتىق كۆزۈتۈپ، تەپەككۇر قىلىپ، ئاندىن ھاۋاغا قاراپ قۇشلارغا قاراپ، ئاھ! مەن نېمىشقا ئاشۇ قۇشچىلىك ئۇچالمايمەن، نېمە ئۈچۈن ئاسماندا پەرۋاز قىلمايمەن دەپ سوئال قويىدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى، قۇدرىتىنى، رەھمىتىنى ئەسلەپ، تەپەككۇر قىلىدۇ ـ دە، مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسانغا ئۇچ، پەرۋاز قىل دېيىلسە، باشقا بىر پىلانېتقا يۆتكەل دېيىلسە، ئۇ نادانلىقىدىن نادان ھالەتتىلا ئۇچىدىكەن ـ دە، ئاندىن يەرشارىدىكى ھاياتلىق مەنبەسىدىن، ئوزۇقىدىن، رىزىقىدىن ئايرىلىپ، ھېچ نەتىجە چىقىرالماي، باشقا پىلانېتتىنمۇ ئوزۇق تاپالماي، شۇ زامان ئۆلىدىكەن، ئۇ يەرشارىدا تۇرۇپ، ھايات كەچۈرگەچ، ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈرسە، دەرس ئوقۇپ، بىلىم ئالسا، تەرەققىي قىلسا، كۈچ تاپسا، ئاندىن ئۇ زېمىندىن باشقا جايغا چىقىش ئۈچۈن، ئوزۇق ئالسا، زامانىۋى ھالەتتە ئۇچسا، يەنە قايتىپ چۈشەلىسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىقكەن، ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ بۇ زېمىندا ۋاقىتلىق قاملىپ تۇرۇشى، رەھمەتكەن دەيدۇ.

ئۇچۇش ئاسان ئەمەس، ئامېرىكا ئايغا چىققاندا، **24** مىليارت دوللار بەدەل تۆلىگەن، جۇڭگو **2005** ـ يىلى بوشلۇققا چىقىشتا، بىر مىليات بەدەل تۆلىدى.

**ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆئمىنلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر، ئالامەتلەر بار، 3 ـ ئايەت.**

**كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر چۈشۈرىشىدە، ئۇنىڭ بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرشىدە، شامالالارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشىدە، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە نۇرغۇن دەلىللەر، ئالامەتلەر بار، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.** بۇ سۈرىدىمۇ ئوقىلىدىغان ئايەت بىلەن كائىنات ئايەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن.

بىز بۇ توغرىسىدا كۆپ توختالغان، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ قېتىم، بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن مەزمۇندا يەرشارى، قۇياش توغرىسىدا ئون سوئال ـ جاۋابنى يازىدۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئالمىشىشىنى يازىدۇ، تۆت پەسىل، ئاي مەسىلىلىرىنى جەدۋەللىك بايان قىلىدۇ، بىز بۇ جايدا يەرشارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ، تۆت پەسىل ھاسىل قىلىشى، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىپ، كېچە ـ كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇشىنى سۈرەتلىك كەلتۈرۈپلا كۇپايىلىنىمىز. قاراڭلار، بۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان بىر ئاللاھ چوقۇم باردۇر. ئاللاھۇ ئەكبەر.

**ئاللاھ، ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىپ، ئىزدىنىشىڭلار ئۈچۈن، يەنى، تىجارەت، ھەج قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىلارنى، گۆھەر، مارجانلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھقا شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، 12 ـ ئايەت.** راست، بۇ ئايەتنى ئوقۇپ كېتىپ بېرىپلا چۈشەنگىلى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا ئىككى ئايەتنى يەنى، قۇرئان ئايىتىنى، كائىنات، دېڭىزدىكى ئايەت، ئالامەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر نەچچە ئاجايىباتلارنى يازىدۇ، **62** ـ **75** ـ بەتكىچە سۈرەتلىك كەلتۈرىدۇ.

**1** ـ **62** ـ بەتتىكى، سۈرەتتە، دېڭىزدا، بىر خىل بېلىق بولۇپ، رەڭگى شەكلى، خۇددى تاشقا ئوخشايدىكەن، بۇ بېلىق، شۇنداق تاشلارنى تېپىپ شۇ جايدا ئوتلايدىكەن، رىزىقى شۇ جايدا ئىكەن، بۇ بېلىق شۇ ئارقىلىق دۈشمىنىدىن، ئۆۋلىنىشىدىن ساقلىنىپ قالىدىكەن، بۇ بېلىق گەرچە ئۈنچە ـ مارجان بولمىسىمۇ، مۇشۇ تەتقىقات جەريانىدا ئاشكارىلانغان، دېڭىز دېگەن، قۇرۇقلۇقتىكى نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق دۇنيا، چۈنكى ئۇ، **10000** مېتىر چوڭقۇر قۇرۇقلۇقتىن ئىككى ھەسسە چوڭ.

**2** ـ يەنە بىر خىل ئاجايىپ ھېكمەت بار بېلىق بولۇپ، بۇنىڭ قورسىقى، قانىتى يوق، پەقەت ئۇ، ئۇچ بۇرجەك بولۇپ، ئۈزۈن نەرسىسى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۈزىدۇ، چۆكىدۇ، لەيلەيدۇ.

2 ـ خۇددى كالاچ، ئاياققا ئوخشاش تۆت بۇرجەك بىر بىلىق بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە، يىڭچىكە لەگلەك قۇيرۇقىدەك ئىككى قۇيرۇق بار ئىكەن، سۇبھانالللا، بۇلار ھەممىسى سۈرەتلىك، قۇرئان، دېڭىز فىلمىنى كۆرۈڭ.

4 ـ خۇددى يۇقىرقىغا ئوخشاش، تۆت بۇرجەك تۆت تەرىپىدە مۇڭگۈزلۈك بىر بىلىقنىڭ كۆرۈنۈشى بار.

5 ـ قالغان بەتلەردە، پۇتۇنلەي ئۈنچە ـ مارجانلار سۈرئىتى، مارجان ھايۋانلىرى، مارجان دەرىخى، سۈرەتلىك كەلتۈرۈلگەن.

دېڭىز، دېڭىز ھايۋانلارى، بېلىقلار، ئۈنچە ـ مارجانلار، زىرىكمەي تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشىڭىز لازىم، بۇ توغرىسىدا ھازىر ھارۇن يەھيا نۇرغۇن فىلىم ئىشلىدى، بەزىلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى.

**ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ئۇلۇغلۇق، تەكەببۇرلۇق، كاتتىلىق، بۈيۈكلۈك، بىر ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئۇ غالىب، كۈچلۈكتۇر** دېگەن ئايەت.

ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، كاتتىلىقىنى، غالىب، كۈچىنى، ئىلىم ـ ھېكمىتىنى تەتبىقلاش، بىزنى ھېكمەت بىلەن پەرۋىش قىلىش، كائىنات، ئاللاھتىن قورقۇپ، ئاللاھقا بويسۇنۇپ، بىزنىڭ مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشى، ئاللاھنىڭ كاتتا، ئۇلۇغلۇقىنى، قۇدرەت كۈچىنى، قۇياش، نۇر، شامال، بوران، بۇلۇت، يامغۇر، دېڭىز، كەلكۈن، دەريالارغىچە ئەمىر ـ پەرمان قىلىپ، قانداق كۆيۈنگىنىنى، قۇدرەت كۈچىنى شۇنداق تۇرۇپ، رەھمەت پەزلى بىلەن كۆيۈنىشىنى، بىز گېئولوگىيىلىك، جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشنى كەڭ دائىرىلىك ئېلىپ بارساقلا، ھەتتا، سۇنئىي ھەمراھلارنى ئىشقا سالساق، ئاندىن تولۇق بىلەلەيمىز، ئىككى ئايەتنى بىر ـ بىرىگە تەتبىقلايمىز، سۈرەتكە قاراڭ، **101** ـ **115** ـ بەتتىكى، ئاللاھ غالىب، ھەممىگە قادىردۇر.

**103** ـ بەتتە، ھاۋا كېلىماتى ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، يېرىقلار ھاسىل بولغان ئاجايىپ تاشلار، يامغۇر تاسرىدىن ئېرىگەن تاشلار، ھەرخىل غارلار، سۇ ئېقىش جايلىرى، ھاڭلار سۈرئىتى بار، **104** ـ **105** ـ بەتتە، ئۆستەڭلەر، بۇلاقلار ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان مەنزىللىك سۇلار، ساياھەت رايۇنى، شاماللاردىن ھاسىل بولغان تاشلار گۈزەللىكى، يىلان باغرى ئەگىتمە دەريالار، دېڭىز توسمىسى، كۆللەر، تاغ ئۈستىدىكى كۆللەر، ئاجايىپ چوڭ، قويۇق ئورمانلار، ئىنسان ئارقىلىق رەتلەنگەن دەرەخزارلىق، باغۇ ـ بوستانلار، ھەرخىل ئېسىل قۇرۇلۇشلار ئۈستىدىن تارتىلغان، شەھەر مەنزىرىسى، مۇز تاغلار، قار تاغلار، مۇز، قار تاغلارنىڭ دېڭىزدا ئېقىشى، قىش ـ ياز ئوخشاش رايۇنلار، ئىسسىق بەلۋاغ، دېڭىز يۈزى بارلىق مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىڭ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئاجايىپ سىرلىق ھاياتلىق، ئاھ، نېمە دېگەن گۈزەل، ماشائالللا، كېيىنكى سۈرە ئەھقاف، قۇم بارخانلار مەنزىرىسى.

## سۈرە ئەھقاف تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

**ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار، قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا، بىر ـ بىرىگە جىم تۇرۇڭلار دېيىشتى، تىلاۋەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار، ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتتى. 29** ئايەت.

ئىسلام ئۆلمالىرى، جىنلار، ئىنسانلاردەك قەبىلە، مىللەت، ھەرخىل مەزھەبدە، ھەرخىل دىندا، ئېتىقادتا بولىدۇ، ئۇلاردىنمۇ يەھۇدى، ناسارا، مەجۇسى، بۇددا دىنىدا، دىنسىز، كومۇنىست بولىدۇ، مۇسۇلمانلىرىدا بولسا، بىدئەتچى، خۇراپىيلىرى بولىدۇ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە تەكلىپ قىلىنغان، سۈرە جىندا، ئەررەھماندا باشقا ئايەت، ھەدىسلەردە كۆرستىلگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، جىنلارغىمۇ ساۋاب، ئازاب بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شۇنداق، دوزاخقا كىرگەندەك، مۆئمىنلىرى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن.

بۇ تەپسىرىدىكى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مەقسەت قىلغان كۆپىنچى روھ مەسلىسى، جىن بولۇشى مۇمكىن، پەرىشتىلەر بىلەن ئۇلۇك روھلىرى، كارامىتى بار كىشىدىن باشقىلارغا سۆزلىمەيدۇ، ئىلھام باردۇر.

بۇ خىل روھ، جىن مەسلىسىگە مۇسۇلمانلاردىن باشقا ياۋروپا تەتقىقاتچى، ئالىملارمۇ مۇنداق دېيىشكەن، ئەتراپىمىزدا بىزدىن باشقا بىرنى قورشاپ تۇرغان، باشقا بىر ئالەم مەخلۇقلار بار، ئۇلار بىزدىن نەچچە ھەسسە تەرەققىي قىلغىلىق، بىزدەكلىرىمۇ بار، ياخشى ـ يامانلىرى بار دېگەن. ئۇلار بۇ سۆزنى تەتقىقاتتىن ئىزدىنىشدىن پەلسەپلىرىدىن، تارىخدىن ئەمەلي جىنكەشلىرىدىن، سىرلىق ئىشلاردىن، جىننى تۇتۇۋېلىش، جىنلار چاپلىشىش، سېھىر مەسىللىرىدىن، دوختۇرلار تەتقىقاتىدىن، ئۆلۈم، جان قاتارلىقلاردىن قاراپ، ماددى، زاھىرى نەرسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى، سوقرات، ئەفلاتۇندەك پەيلاسوفلىرىنىڭ كىتابىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل دىنلارنى تەتقىق قىلىپ دېگەن، نۇرغۇن تەتقىقاتقا بىز مۇسۇلمانلار بەكلا ئارقىدا، ھەتتا، قانداق تەتقىق قىلىشنى، ئىزدىنىشنى، سوئال قويۇشنىمۇ بىلمەيمىز، بىرەر نەرسىنى بىلمىگەنلىكنى، بىلىۋېلىشىمۇ بىر ئىلىمدۇر، دۇئالا بولسا، ئىجاۋەتتىن غەم قىلمىغاندەك، سوئاللار بولسا، جاۋاب چوقۇم چىقىدۇ.

**كاپىرلار دوزاخقا توغرىلىنىدىغان كۈندە، ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن سىلەرگە نېمەت بېرىلىپ بولدى، سىلەر، لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتى دۇنيادىكى چاغدىلا بەھرىمەن بولۇپ، تۈگەتتىڭلار، سىلەر زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە چوڭچىلىق قىلىپ، ئىماندىن باش تارتتىڭلار، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خار قىلغۇچى، ئازابتا جازالىنىسىلەر، 20** ـ ئايەت

گەرچە، بۇ ئايەت، كاپىرلار توغرىسىدا دېيىلگە بولسىمۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ ئايەتتىن ئۆزىگە دەلىل ئالاتتى، ئاددى يەپ ـ ئىچىپ، ئاددى كىيىپ، ھەتتا، كىيىمنىڭ ئون نەچچە يېرىدە ياماق بىلەن ئۆتەتتى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتە توختىلىپ، ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ، رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئاندىن **139** ـ بەتتە، تۆت خەلىپىنىڭ ئادىللىقى، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشى، ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا قوشقان تۆھپىسىنى يازىدۇ، ئۇلارنى بىردەك مەدھىيلەيدۇ، **141** ـ بەتتە بولسا، ھىجرىيە **41** ـ يىلدىن **132** ـ يىلغىچە بولغان، بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىك دەۋرىدىكى ئىسراپچىلىق، بۇزۇقچىلىقنى يازىدۇ، **143** ـ بەتتە بولسا، ھىجرىيە **132** ـ يىلدىن **218** ـ يىلغىچە بولغان بەنى ئابباس دۆلىتىنىڭ ئىسراپ، بۇزۇقچىلىق، لەززەت، دۆلەت كۆرۈش، راھەت ـ پاراغەتلىرىنى يازىدۇ، **144** ـ بەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بۇزۇپ ـ چاچقان پۇللار، ھەتتا، **13** مىليون دىنار چىقىم قىلغانلىقىنى يازىدۇ.

**145** ـ بەتتە بولسا، ھۆر، غىلمانلار يەنى دېدەك، چۆرىلەر سانى بىرلا كىشىنىڭ **300**دىن ئاشقان نەچچە مىڭ قۇل ـ غولاملار خىزمەتتە بىرللا قورغان ئۈچۈن، **20** مىليون دەرھەم خەژلەشلەر، ۋەزىرلەرنىڭ ئىسراپىھلىقىمۇ بار، ھەتتا، ئۇلار نەچچە مىڭ قۇل ـ غولاملارنى، ئاياللىرى، دېدەك چۆرىلىرىدىن كۈنلەپ،

بوشىتىۋېتىپ، ئاندىن ئوردىدا خىزمەتكە سالغان، ئۆزئارا سوۋغا ـ سالاملارغا چىرايلىق دېدەك، چۆرە قىزلارنى ئېلىپ بارغان، ئوردا ئىچىدە ناخشا ـ مۇزىكا، سازلار، كۈلكە ـ چاخچاقلار، شېئىرلار كەڭرى، كېيىم ـ كېچەك، لىباس، تونلار زاپاس تۇراتتى، ھەتتا، بىر ساندۇقتا، 200دىن ئارتۇق قىممەت باھالىق تونلار كىيىلىپ باقماي تۇرۇپ كەتكەن، قەسىرلەر، قورغانلار، ئۈنچە ـ مارجان، گۆھەر، توققۇزى تەل ھەممىسى تەييار، بارلىق لەززەتلىرىنى تولۇق ئېلىپ بولغانلارنى يازىدۇ، مۇنتەسىر بىللاھدىن تارتىپ، مۇستەكفى بىللاھقىچە ئون خەلىپىنىڭ سۈيقەستكە ئۇچراپ، پىچاق، قىلىچ، نەيزە، زەھەردە ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئاخىرىدا بۇلار، تۆكۈشىپ، ئورنىنى يا ھەققەتچىلەر، يا دىنسىزلار ئىگىلىلىشىنى يازىدۇ، بۇ تارىخلار، ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەت دېگەن كىتابىدا ھەققى، ئادىل، ئىتىقادى توغرا يېزىلغان، مەخسۇس، تارىخ كىتابلىرىنى، تارىخى فىلىملىرىنى كۆرۈڭلار، تارىخ مۇھىم بىر پەن، بۇنى بىزگە ئاللاھ ئۆزى تەلىم بېرىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ قېشىغا بىرسى كىرىپ، سەن غەيۋەت قىلۋاتامسەن، ياكى تەپسىر يېزىۋاتامسەن؟ نېمە دەپ ئۇلارنىڭ يامان، ئۇسال ئەھۋاللىرىنى يېزىپ، مۇسۇلمانلارغا يامان كۆرسىتىسەن؟ دەپ سوراپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاللاھ، قۇرئاندا، رەسۇلۇللاھ ھەدىسىدە، نۇرغۇن تارىخى ۋەقەلىكنى ياخشىنى ياخشى، ياماننى يامان دەپ بېرىدۇ. مەن رەسۇلۇللاھقا، قۇرئانغا ئەگەشتىم، ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى دورىماسلىق ئۈچۈن، ئاشۇ ئايەتكە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، تارىخدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، ئىسراپ قىلماسلىق، تەڭ بەھرىمەن بولۇش، نېمەتنى قەدىرلىتىش شۈكرى قىلسۇن ئۈچۈن، بۇلارنى سۆزلەپ يېزىپ قويدۇم. ئەسلى سىلەر ئۇقغان بولساڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ بەتلىرىدە ئۆز ئەينى بار ئىدى، ئايەتنى، ھەدىس بىلەن ئەسەر بىلەن پەلسەپە، ھېكمەت بىلەن ماددى، زاھىرى، مەنىۋى، باتىنى مەنىلەر بىلەن ئىشارەت، دەلىللەر بىلەن ئىلھام بىلەن، ئەمەلىي تەتقىقات، تەجرىبە، ئالەملەرگە ئۇچۇش، ھەتتا تارىخ بىلەن تەپسىر قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، تېخىمۇ چۈشەنگىلى، نەزەر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، چوڭقۇر تەتقىق قىلغىلى، ھەتتا، تەبئىي ـ پەن تەرەققىيات ئارقىلىق سىرلىق مۆجىزىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ تەپسىرنى يۇزەكى ئوقۇپلا، بولدى قىلماي، ئەمەلىي تەتقىق قىل، ئىزدەن، بارلىق پەنلەردىن تولۇق خەۋىرىڭ بولسۇن دەپ تاپىلايدۇ.

## سۈرە مۇھەممەد تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

محمد صلى الله عليه وسلم وعلى آله وصحبه أجمعين

بۇ ئىسىم بولسا، بىرىنچىدىن بىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان، ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئىسمى، بۇ سۈرىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتاش، مۇشۇ زاتنىڭ بارلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى، تەرجىمھالىنى، تارىخىنى تولۇق بىلىشكە ئىشارەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ پەيغەمبەر ئىسمى، قۇرئاندا، مەڭگۈ ساقلانسا، بۇ زاتنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى، دىنىنىڭ ھەقلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا، ھەق دىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، بىر مۆجىزە سۈپىتىدە تۇرىدۇ، مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىسىم بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، پەيغەمبەر خەلىپىلىرىنىڭ بولۇپمۇ مۇشۇ زاتنىڭ تۆت خەلىپىسىنىڭ تارىخىنى، ئىش ـ ئىزلىرىنى، ھاياتىدىن تاللانمىلارنى تولۇق بىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىشارەتتۇر، مانا بۇ خۇددى تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قۇرئاندىن ئۇسۇل ئىلمىدىكى ئىشارەتتىن دەلىل ئېلىش ئارقىلىق، تەپسىر قىلىپ، تەبئىي پەنگە دەلىل ئالغىنىغا ئوخشاش، بۇ ئىسىمدىن، ئىشارەتتىن دەلىل ئېلىش ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئاندىن ئىبارەت، دەلالەت، ئىقتىزائ، ئىشارەت قاتارلىق تۆت خىل دەلىل ئېلىنىدۇ. بۇ كىتابدىكى دەلىللەر، كۆپىنچىسى ئىشارەت دەلىللىدۇر، بەزىسى ھەقىقىي مۆجىزىدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللاھ ئەلەي، بۇ قېتىم، بسم الله الرحمن الرحيم نىڭ تەپسىرىدە، ئۆلۈمنۇ رەھمەتتۇر ۋە ئادىللىقتۇر دېگەن تېمىدا توختىلىدۇ، ئەگەر، بارلىق ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈك قاتارلىق ھاياتلىقلار نەچچە مىڭ يىل ياشاۋەرسە، بىر تال ھايۋانمۇ ئۆلمىسە، ئۇ چاغدا ئىنسان، ھايۋان بولۇپمۇ ئىنسانلار نىمە يەيدۇ؟ ئەگەر ئۇلار مەۋجۇت بولغان ھاياتلىقدىن بىرنى يىسە، يەنە ئۆلۈم كېلىدۇ، ياشاۋەرسە، ئۇلار زېمىنغا پاتامدۇ، پاتقان تەقدىردىمۇ، قانداق چىداپ ياشاپ، بولالايدۇ؟ قىرىمامدۇ، كېسەل بولمامدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، يىلان ـ چايان، يىرتقۇچ ھايۋانلار، شىر، يولۋاسلار، بۈركۈت، تىمساھلار، لەھەڭ، كىتلار، بېلىقلار ئۆلمەي ياشاۋەرسە، بىر نەچچە يىلدىلا، زور قالايمىقانچىلىق، بالايى ـ ئاپەتلەر يېتىپ كېلىدۇ، دېڭىز سۈيىمۇ بېلىق بولۇپ، قېتىپلا قالىدۇ، ئىنسانلار، دات ـ پەرياتت چېكىپ، ھايۋانلار ئۈچۈن، ئوزۇق مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۆلمىسە، قانداق بولار ھە!؟، ئۆلۈم رەھمەتتۇر، ئادىللىقتۇر، شۈكا، ئاللاھ، پاشىدەك، بۈرگىدەك جانلىق، ھاشارەتلەرنى يارىتىپ، كېسەل، ۋابا تارقىتىپ، جاننى ئالىدۇ، ھەممىسى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى، **209** ـ **211** ـ بەتكىچە سۈرئىتى بار.

**بىلگىنكى، ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئىبادەتكە لايىق، ئىتائەتكە لايىق زات، بىرلا ئاللاھدۇر، 19 ـ ئايەت.** تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتتە، تەۋھىدنى ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىنى، ئايەت، ھەدىسدىن باشقا، ئىلىم ـ ھېكمەت، پەلسەپە، ئەقىل بىلەن ئىسپاتلايدۇ، ئۇ پەلسەپەنى مۇنداق باشلايدۇ.

ئەقلىي ئالەم، ساماۋىدۇر، زېمىنغا مەنسۇپ ئەمەس، زېمىن نۇرىدىن ئىبارەت، ھېسسىي نەرسىنى ئاسماندىن قوبۇل قىلدىمۇ، ئەقلىدىن ئىبارەت مەنىۋى نۇرنىمۇ شۇنداقتۇر. ئەنە شۇنىڭدەك، روھ، جان، ھاياتلىقمۇ ساماۋىدۇر، بۇلارنى زېمىن ھاسىل قىلىشىدىن ئاجىزدۇر. ساماۋىيلىقنى ئىسپاتلاش، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىنى ئىسپاتلاشتۇر، ساماۋى ئاتالغۇلار (مەسلەن: ئاللاھ، پەرىشتە، جەننەت، ئەرش كۇرسىدەك) ئاشۇ ئاسماندىن، ئۈستىدىن زېمىنغا چۈشمىسە، ئىنسانلار قانداق بىلەلەيدۇ؟ ئىنسانلارنى بۇ تاز زېمىندىن ساماۋى ئالەمگە يۆتكەيدىغان پەرىشتىلەر چوقۇم باردۇر.

بۇلارنىڭ ئىلھام، تەدبىرلىرىگە ئىشلارنى ئىدارە قىلىپ، باشقۇرۇشلىرىغا، ئىككى ئالەمدە يەنى ئۈستۈن ساماۋى، ئاستىن ئالەمدە، دەلىللەر، ئالامەتلەر كۆپتۇر.

ئەقلى ئالەم، جىسمىي ئالەمدىن ئامدۇر، مەۋجۇدلۇق ئەسلىدۇر، ۋۇجۇدقا دەلىل كەتمەيدۇ، يوقلۇققا دەلىل كېتىدۇ، بىز ۋە پارچە ئالەم، مەۋجۇت بو لۇپ تۇرۇۋېتىمىز، ئالەملەر ھادىسىدۇر، ھادىسە پەيدا بولۇشدىن بۇرۇن ئۆزى يوقتۇر، يوق تۇرۇپ ئۆزىنى پەيدا قىلالمايدۇ، ئۇنداقتا، ئۇنى پەيدا قىلغۇچى بولۇشى كېرەك، ئۇ ئاشۇ بىر ئاللاھدۇر، ماددىلار يوقالماستىن، بار ھالەتتە تۇرۇپ، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىدۇ، ئىنسانلار يوقالدى دەپ چۈشىنىپ قالغىنى، بىر كىشى پارچىلىنىش، جەم بولۇپ، ئۇيۇشۇش، تارقىلىپ، بۆلۈنۈپ كېتىش ياكى ئەسلىگە قايتىش، پارچىلىنىشىنى، تارقاقلىششىنى، بار ھالەتتە تۇرۇپ، يەنە بىر ھالەتتكە ئۆتۈشنى ياكى ئەسىر، ۋاكئۇم ئەسلىگە قايتىشنى، ئىنسانلار يوقىلىش دەپ چۈشەنگەن، مۇرەككەپ تەركىب تاپقان ۋە پارچىلانغان ماددا، يوقىمغان ھالەتتە، تەركىبلىكى، پارچىلىنىشى بولمىغان روھ، جان، ھاياتلىق قانداق يوقسۇن؟ ئۇ يەنە، ئاخىر بىر كۈن، ۋاقىت، ئەجەل توشقاندا، قايتىپ كېلىپ، ماددا، جىسمنى تىرىلدۈرىدۇ، بۇنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دەيمىز.

ۋۇجۇد، مەۋجۇدلۇق، يوقلۇقدىن كەلمەيدۇ، يوقلۇق، ۋجۇدنى ھاسىل قىلالمايدۇ، خۇددى قولدا يوق نەرسىنى بەرگىلى بولمىغاندەك، ئۇنداقتا، بۇ ئالەملەرنى ئەزەلدە مەۋجۇت بولۇپ، تۇرغان ئەبەدى مەۋجۇت بولالايدىغان كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ھاياتلىق بەرگۈچى بىر ئاللاھ، ياراتقان، ياراتقۇچى، ئەزلى، ئەبەدى خالىق ئاللاھ. يارالغان ھادىسە، چەكلىك مەخلۇقلارغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. ھەرقانداق ھاياتلىق، ھاياتلىقدىن كېلىدۇ.

ئاللاھدىن باشقىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەس، نۇرغۇن مەخلۇقلار مەۋجۇدتۇر، بىز ئىشىنىشىمىز. كۆرمەكمۇ ئاسان ئەمەس، بۇ دېگەن سىناق دۇنيادۇر، جازا، مۇكاپات، ھامىنى بىر كۈن يۈز بېرىدۇ. ئىنسانلار ئادىللىقنى ياخشى كۆرىدۇ، بارلىق مىللەت، مەزھەپ، دىن، ئېتىقاد، پارتىيىلەر، دۆلەتلەر، پادىشاھلىق ئارىسىدا، ئاشۇ ئادىللىقنى ياراتقان ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتنىمۇ ياراتقان، ئادىل ئاللاھنىڭ ئادىللىقى، ئادالىتى، ئادىللىق بىلەن چوقۇم ھۆكۈم قىلىدۇ، بۇ ھېساب كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ. چوقۇم بىر تەسىر تەسىرلەنگۈچى بولىدىكەن، شۇ تەسىرنى بەرگۈچى بو لىدۇ، ھەرقانداق ھەرىكەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبلىك بولىدۇ، تارتىش كۈچى بولىدىكەن، تارتقۇچى بولىدۇ، تارتىش كۈچى بىر ئارغامچا بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا كىم باردۇ؟ ھېساب، سانلار بولىدىكەن، ھېسابلىغۇچىمۇ بولىدۇ، پۇختا ئىنتىزام بولىدىكەن، بۇلارنى نىزامغا سالغۇچى، ئالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرغۇچى بولىدۇ، سۈرەت، شەكىل بولىدىكەن، بۇ سۈرەتنى سىزغۇچى بولىدۇ.

ئۇنداقتا، ئالەملەرنى پەيدا قىلىپ، ياراتقۇچى، شەكىل، سۈرەتكە كىرگۈزگۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، پۇختا ئىنتىزامغا سالغۇچى، ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە ئوخشاتماي، چىراي، شەكىل ھەتتا بارماق ئىزىنىمۇ ئوخشاتماي ياراتقۇچى، بارچە ئالەملەرنى باشقۇرغۇچى، مانا مەن بار دەپ قۇرئان كالامىدا مەڭگۈ ئىلان قىلىپ تۇرغۇچى، ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاجايىپ سىرلىق مۆجىزىلەرنى چىقىرىپ تۇرغۇچى، ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرغۇچى، بىر ئاللاھ چوقۇم باردۇر.

تەرەققىيات، كەشپىياتلاردىكى سانائەت نەرسىلىرىنى، ئىنسانلار ياسىغاندەك، ئىنسانلارنى ئانا رەھمىدىن ئىبارەت بۇ زاۋۇتتىن ياساپ چىقارغۇچى چوقۇم باردۇر. ئىنسانلار كىچىك بىر بوۋاقنا ئوخشىتىپ، ماشىنا ئادەم ياسىيالمايۋاتىدۇ ـ يۇ، ئۆزىنى ياسىغۇچى ياراتقۇچى ئىگىسى، پەرۋەردىگارى ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ.

بۇلار ئۆلمەسلىككە شۇنچىكىلىك تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، جاننى ئالغۇچى پەرىشتىلەر، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بۇلارنى مەڭگۈلۈك ئالەمگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆلۈم بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. ئاللاھ، ئاشكارا بولۇپ، سىناق بىكار قىلىنىشقا ئاز قالدى. ھەقىقىي ئىشەنگۈچى مۆئمىن، مۆجىزە تەلەپ قىلمايدۇ، مۇكاپاتنىڭ كاتتىسى، ئەنە شۇلار ئۈچۈندۇر.

بەش سەزگۈ ئەزالارنى ئەقىل بىلەن ياراتقۇچى، مېنى تونۇسۇن دەپ شۇنداق قىلغاندۇر، ئۇنداقتا، ئەقلى دەلىل، نەقلى دەلىلنى كۈچەيتىدۇ، ئىلىم ـ ھېكمەت، ئىماننىڭ زىيادە بولۇشى، كۈچىيىشىگە پايدىلىقتۇر، ئەقىدە قەلبىدىكى ئىلىمدۇر.

ماددى، زاھىرى، ھېسسىي سېزىم ئارقىسىغا، مەنىۋى، باتىنىي، ئەقلىي سېزىم ئورۇنلاشقاندۇر، خۇددى، ئاشكارانىڭ يوشۇرىنى بولغاندەك، بۇ تار ئاستىن ئالەمنىڭ، كەڭ ئۈستۈن ئالىمى بولغاندەك، بۇ، ۋاقىتلىق، چەكلىك يوقىلىش، ئالەمنىڭ ۋاقىتسىز، چەكسىز مەڭگۈلۈك ئالىمى چوقۇم بار. ھەقىقىي ھاياتلىق ئۆلگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ، **ئەگەر ئۇلار بىلسە، ئاخىرەت دۇنياسى ھەقىقىي ھاياتلىقتۇر**، ئايەت.

مەۋجۇدلۇقى يوق نەسلەرنى ئىنسان ئۇنچە ئارزۇ قىلىپ تەلەپ قىلماس، ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنچە بەدەلمۇ تۆلىمەس، ئۇ نەرسىلەرمۇ يوق ھالەتتە، بۇنچە تەسىر قىلماس، مەڭگۈلۈك ھاياتلىق، مەڭگۈلۈك كېسەلسىز، قېرىلىقسىز، سالامەتلىك، جەننەت تۇرمۇشى، دائىملىق ئارزۇ ـ ئۇمۇدىمىزدۇر. ئۇ مىليونلىغان، مىليارتلىغان بەدەللەرنى بەرگۈزدى، مىليونلىغان، مىليارتلىغان كىشىلەر بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى ئاتىدى، بولۇپمۇ ئەڭ ئەقىللىق، نورمال ئالى مەرتىۋىلىك كىشىلەر، پەيلاسوفلار، قۇربان بەردى، ئاللاھ، ئۇنىڭ جامالى، جەننەت ـ دوزاخ چوقۇم باردۇر.

تارتىش كۈچىمۇ، تەسىرىمۇ، مەخلۇقنىڭ سۈپىتى بولغاچقا، ھەممىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر، ئاۋاز، نۇر، سۈرەت، ھەرىكەتتۇر. ھەرىكەتنىمۇ ياراتقۇچى، تەسىر بەرگۈچى، ئاللاھدۇر. ھەممىگە پەرىشتىلەرنى مەسئۇل قىلىپ قويىدۇ، ئەقىل ۋە ئەقلى ئالەم، ئىلھام، ۋە ۋەھيي مەۋجۇدتۇر، پەرىشتە، روھ، جىنلار مەۋجۇدتۇر، ئىنسان ئەقلى بۇلارنى تاپالمايدۇ، پەيلاسوف، پەلسەپە، ئەقىل دېگەنلەر، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى، ئىلھامى، قۇرئان، ھەدىس ئالدىدا يوق نەرسە، يوق بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئەقلى بىلەن بىر نەرسىنى بۇ توغرا،

ھەق دېگەندىن كېيىن، يەنە ئىلھام قىلىنسا، سىناق قىلىنسا، ئۇلار دەرھال يېنىۋالىدۇ، نەزەرىيىدىن يۆتكىلىدۇ، ئىلھامىمۇ توغرا، خاتا بولىدۇ. پەيغەمبەرگە بولغان ئىلھام، ۋەھيىگە ئاللاھ ئىگە، پەرىشتە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇ ھەرگىز خاتا بولمايدۇ، بۇنى بىز شەرىئەت ئاساسى قىلىپ ماڭىمىز، ئەمما، ئەۋلىيالارمۇ خاتالىشىدۇ، ئىلھاملىرىمۇ خاتالىشىدۇ، ئۇلارمۇ گۇناھ قىلىدۇ، شەيتان چېقىلىدۇ، جىن، شۇڭا، ئۇلارنى ئىلھامنى ئاساس قىلمايمىز، مانا بۇ ئۇسۇل قائىدىسى، ئۇلۇغى بولسا، ئاللاھنىڭ سۆزى قۇرئاندۇر.

# سۈرە فەتھى تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ ئىسىم، غەلىبە، ئىشغال قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەتتە، ئىلىم ـ پەندە، كەشپىياتتا، تەرەققىياتتا، قورال كۈچىدە غەلىبە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، كەلگۈسىدە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، دۇنياغا ساقچى بولۇپ تۇرۇشقا ئىككى ئالەملىك غەلىبىگە ئىشارەتتۇر.

ئۇرۇش، تەييارلىق، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق جەڭ قىلىش، باللارنى، ئەۋلادلارنى يارامىلىق تەربىيلەش، چېنىقتۇرۇش، قورقۇنچاق قىلماي، باتۇر يېتىشتۈرۈش، بارلىق ئىلىم ـ پەندىن خەۋەردار قىلىش، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر تەربىيلەش، گېنېرال، قوماندان تەربىيلەشكە، مانا مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك مۆجىزىگە ئىگە كىتابلارنى مەھكەم ساقلاپ، كۆپلەپ نەشىر قىلىپ، مەكتەپلەردە شەخسىي ئۆيلەردە دەرسلىك قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ، مەڭگۈلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشارەتتۇر.

مەن بۇ جايدا، ئۇرۇشقا، غەلىبىگە، ھۇجۇم، مۇداپىئەگە مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەگە توغرا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچى، ئۇ بولسىمۇ پەلەستىن ۋە باشقا جايلاردىكى ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ۋەقەسى بولۇپ، كىشىلەر بۇ توغرىسىدا بىلمىسىز ھالەتتە تۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ قۇترىتىشى، يامان كۆرستىشى سەۋەبلىك ھەرخىل سۆزلەرنى قىلىشىدۇ، تېخى ئۇلار، قەھرىمان، شېھىدلارنى دوزاختا ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن بولۇپ، ئەگەر ئۇلار، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىدە، دۇنيادىن زېرىكىپ، شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچى، بىز غەيىپنى بىلمەيمىز، ئەمما، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۇلار ھەرگىز ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈسى يوق، ئۇلار دېگەن پىدائى قىسىم، ئىلغار جەڭچىلەر، مەلۇماتلىق كىشىلەر، ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك مول بىلىمگە ئىگە كىشىلەر، بۇ تەشكىلاتقا بولۇپمۇ بۇ شېھىدلىققا ئۆزىنى تېزىملىتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، ئۇلار چوقۇم، سىز، بىزنى قوبۇل قىلمايدۇ، بىزمۇ يارىمايمىز، ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆز ئىچىدىكى دوكتۇر، ئالىملار، مۇپتىلار، قازى، مۇتەخەسسىس، ئالىملار، فىقھشۇناس ئالىملار ھەممىسى بىرلىكتە نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، ھۇجۇم ئۇچۇن ئەمەس، چارە ـ ئامال يوق، مۇداپىئە ئۇچۇن يولغا قويغان.

مەككە، مەدىنە، باغدات، سۈرىيە، مىسىر، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئالىملاردىن پەتۋا كومىتېتىدىن سورايدۇ، قاتاردا تۇرۇشلۇق قەرزاۋىيمۇ شەخسەن پەتۋا بېرىدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ نۇرغۇن ئايەت، ھەدىسلەردىن يەنى جان، مېلىنى بېرىپ، جەننەتنى سېتىۋېلىش، پەقەت، ئاللاھ دىدارىنى، جامالىنى كۆزلەش، ئەسھابۇلئۇخۇردەك ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇش، ۋە ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە يازغان، ئوھۇد ۋەقەسىدىكى كارامەت بېرىلگەن غۇلامنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش چارىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، مۇجاھىد بىر توپ كاپىلار ئارىسىغا يالغۇز كىرىپ كېتىش، قورغان ئىشكىنى يالغۇز ئېچىش، باتۇرلارچە قەھرىمان بولۇپ، قۇربان بېرىش، جاننى تىكىپ قويۇپ، بەزى چاغلاردا ئۆلۈمگە قارىماي، بەدەل تۆلەش، (مۇسلىم)دىكى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىمۇ، يەنى ئۆز ئۆلمۈگە سەۋەب بولسىمۇ، ھىجرەت سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرىشتەك ئايەت، ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ تۇرغان، دەلىللىرى تولۇق ھالەتتە، چىقىرىلغان پەتۋالىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، شەخسىيەتچىلىك قىلماي، دۇنياۋى، خەلقئارالىق قاراپ، خەلقئارا ئالىملارغا مەسلىھەت سېلىپ، كېڭىشىپ، چىقارغان قارارلىرىدۇ، شۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ، تەپسىلىسىنى سۇلتان ئورگە تور بېتىگە كىرىپ پەلەستىننى باسسىڭىز كۆرىسىز.

**بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى بىز ساڭا رۇشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق، دېگەن ئايەت توغرىسىدا**

بىز مۇسۇلمانلار ئىككى ياخشى ئاقىۋەتنى كۈتىمىز، يا شېھىد بولۇپ جەننەتكە كىرىشى، يا دۇنيادىمۇ غەلىبە قىلىپ، خۇشال بولۇپ، يەنە شېھىدلىقنى كۈتۈش، ياخشىلىق يەتسە، ھەمدۇ ـ سانا، شۈكرى قىلىپ،

مۇسىبەت يەتسە، سەۋر قىلىپ، ھەممە ئىشىمىز ياخشى، ئاللاھنىڭ بىزگە ئورۇنلاشتۇرغان بارلىق قازايى ـ قەدەرلىرىگە رازى بولىمىز، تەقدىرىگە رازى، ئەمما، بىز زالىم كاپىر، مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشىغا نارازى، شېرىككە رازى بولسا، مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ، بىز ئۇلار تەرەپنى تاللىساق، ئۇلار سولنى تاللىغان، شۇڭا بىز تەقدىر دەپلا كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمايمىز، تەقدىرگە رازىمىز، كۇپىرلىقتا نارازىمىز، خالىقتا ئاسيي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇقتا ئىتائەت قىلىش يوق.

بىز مۇسۇلمانلارنى كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىشتا، زادى ئىككىلەنمەيمىز، ئەمما، ئۆزىمىزنى قەتئىي ئەپۇ قىلمايمىز، بۇنداق ياشاشقا رازى ئەمەسمىز، توختىماي تىرىشىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن، نەتىجە ئىزدەيمىز، غەلىبە ئالدىمىزدا، ئاللاھ، مۇرادىمىزغا يەتكۈزەر، ئامىن!

رەسۇلۇللاھنىڭ غەلىبىسىگە كەلسەك، ئۇ زات، ھايات چېغىدا تۆت خەلىپە دەۋرلىرىدە بولۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، شەرىق ۋە غەربدە، ئىسلام قوشۇنى ئاللاھنىڭ غەلىبە ئاتا قىلىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام نۇرىنى، ئادىللىق، ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرىنى تارقاتتى، بۇ ئىزلار تا قىيامەتكىچە ئۆچمەيدۇ.

ھىجرىيە **96** ـ يىلى، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم.

كاشغەرى يەنى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ئىسلامنى ئېلىپ كىرگەن، بۇنى ئىبنى كەسىر بەدايەت ۋە نەھايەت دېگەن تارىخ كىتابىدا مۇشۇ يىلنامىدا سۆزلىگەن، بۇ ئاددى مىسال: دېمەكچى بولغىنىمىز، پۈتۈن ئىشغال قىلغان ئاشۇ رايونلار تا ھازىرغىچە ئىلسام دىيارلىرى، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان، ئىسلام ئىزى ئۆچمىگەن جاي بولۇپ قالدى، مانا بىزگىمۇ بۇ غەلىبە تەسرى كەلدى، مۇسۇلمانلار يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى غەلىبە قىلغان بولسا، ئىدى، تا قىيامەتكىچە ئىزى ئۆچمەيتتى، مەيلى سىز غەلىبە ياكى بىر ئەسەر ياكى بىر كەشپىيات قالدۇرۇڭ، مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ئىنسانلىرىغا پايدىلىقلا بولسا، مەڭگۈلۈك ساقلىنىدۇ، قوغدىلىدۇ، ئىزى ئۆچمەيدۇ، بۇ مۇشۇنداق مۇھىم غەلىبىدۇر.

مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانغا ئىمان قوشۇلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەمكىنلىك، خاتىرجەملىك چۈشۈردى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ قوشۇنلىرى، ئاللاھنىڭدۇر. يەنى، پەرىشتىلەر، جىنلار، ھايۋانلار، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھەممىسى، ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، **4** ئايەت.

بىز قوشۇن توغرىسىدا خېلى كۆپ توختالدۇق، دېمىسىمۇ، غەلىبە ئۈچۈن، قوشۇن مۇھىم رول ئوينايدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئايەت، ئۇرۇش ئۇستىدە، جەڭ مەيدانىدا ۋە باشقا جايلاردا مۆئمىنلەر قەلبىگە بولۇپمۇ ساھابىلەر قەلبىگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەن، مۆجىزلەر، ئالامەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇلار دائىم قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ئايەت يەنى قۇرئان ئايىتى ۋە مۆجىزە ئالامەت ئايەتلىرىنى تولا كۆرۈپ تۇراتتى، ئايەتنىڭ غەيىبدىن خەۋەر بېرىشى، رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋەر بېرىشى، سىرلىق مۆجىزىلىرى، سۇلار، تاماقلار كۆپىيىشى، ئاز قوشۇن كۆپ كىشىلەرنى **300** كىشى **1000**كىشىنى يېڭىش، ئاينىڭ ئىككىگە پارچىلىنىشى، بۇنداق مۆجىزىلەر مەككىدىن، مەدىنە ئىككى جايدا ئاز ئەمەس، كېيىنكىلەر **1000**نى توپلىدى.

تابىئىنلار دەۋرىدىكى جەڭلەر، **40** مىڭ كىشىلىك قوشۇن، **120** مىڭ ھەتتا، **200** مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يېڭىش، جەڭچىلەر ئاتلىق ھالدا دېڭىزدىن ئايىغى ھۆل بولماي ئۆتۈپ كېتىشلەر كۆپ كۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ قەلبى ھەقىقەتەن خاتىرجەم بولاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سورىغاندەك قەلبىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، شۇنداق ئىشلار لازىمكەن، بۇنى بىلگەن ئاللاھ، قۇرئاننى بىردىنبىر خاتىرجەم قىلغۇچى، شىپا قىلدى، مانا ھازىر مۇشۇ تەپسىردە مۇشۇ تاللانما كىتابتا، سۆزلەنگەندەك، دۇنيادا سىرلىق مۆجىزىلەر ناھايىتى كۆپ، قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرى، قەلبلەرنى خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئان تەپسىرلىرىنى، ئايەتلىرىنى، كائىنات ئايەتلىرىگە تەتبىقلاپ، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىپ، خەلقئارا ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئۇلار تاپقان، قۇرئان مۆجىزىلىرىنى، كىتابدىن، تور بېتىدىن كۆرىشىمىز، دائىم ئىزدىنىپ تۇرىشىمىز، گەرچە بىز مۆجىزە تەلەپ قىلمىساقمۇ، بۇ كەپىسىز قەلبىمىزنى توخۇ پېيىدەك

يۇمىلاپ تۇرىدىغان، قۇچقاچىدەك شاخدىن ـ شاخقا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىش، باشقىلارنىمۇ قايىل ۋە خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى.

ئىنسان ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى، مۆجىزىلەرنى، سىرلىق ئىشلارنى كۆرسە، بولۇپمۇ قۇرئان، ھەدىس، ئىسلام دىنىغا، ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىمانى زىيادە بولۇپ، كۈچىيىدۇ، ئېتىقادى چىڭىيىدۇ، ئىمان، ئېتىقاد قوشقىڭىز يوقمۇ؟

ياخشى ئىبادەتلەرنى كۆپلەپ قىلىپ، گۇناھدىن نېرى بولغاندا، ئىمان ئاران قوشۇلىدۇ، زىيادە بولىدۇ، كۈچىيىدۇ، ئۇنداقتا، ئىلىم ـ ھېكمەت، مۆجىزىلىك، سىرلىق ئالامەتلەرنى تاپساق، ئىمان تاپىدىكەنمىز، تىرىشايلى، ئىمان لازىم بولسا تىرىشايلى.

غەلىبە ئۈچۈن يېڭىلمەس قوشۇن لازىم بولىدۇ، قوشۇنلار، ئاللاھقا خاستۇر، بىزگە ئاللاھ كۇپايە قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر نەتىجە، نۇرغۇن تىرىشچانلىق ۋە چىداشچانلىق بەدىلىگە كېلىدۇ.

ئاسمان ـ زېمىندىكى قوشۇنلار، ئاللاھقا خاستۇر دېگەن، تۆتىنچى ئايەتتە، يەنە بىر توختۇلۇش، ئۇ، بۇ قېتىم خىيالىمىزغا كېلىپ باقمىغان قوشۇنلارنى سۆزلەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئۆز جىسمىمىزدىكى قانلاردىكى ھۇجەيرىلەر، بىر تامچە قاندا، بەش مىليوندىن ئارتۇق قىزىل قان ھۇجەيرىسى، **9000** ئاق قان ھەجەيرىسى بولىدۇ، يىگىنىڭ ئۈچىچىلىك مىقداردا، بۇنچە كۆپ سانلار بولسا، پۈتۈن قانلاردا قانچىلىك بولار؟ ئۇندىن باشقا، موسكۇل، نېرۋا، ئىسپېرما ھۇجەيرىلىرى بولىدۇ، ئىنسان جىسمى بىر دۇنيا، شەھەرگە جەڭ مەيدانىغا ئوخشايدۇ، قىزىل قان ھۇجەيرىسىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، شەھەر ئىچىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ، تارقىتىش، زىيانلىق نەرسىنى چىقىرىپ تاشلاشتۇر. ئۇ ئوكسىگېننى ئۆپكە دېگەن شەھەردىن ئەكىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت، شەھەرلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۇ ئاندىن خۇددى كېرەكسىز ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغۇچىدەك، كاربون(IV) ئوكسىدنى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئۆپكىگە ئېلىپ كېلىدۇ ـ دە، ئۆپكە بۇلارنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ، مېھرىبان ئاللاھ قىلدى، ئوكسىگېننى سۈمۈرگەن كاربوننى يەنى تېشىمىزغا تىنساق، چىقىدىغان، ھاۋا، ئەينەكنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدىغان كاربوننىڭ چىقىشى، ئوكسىگېننىڭ كىرىشى، بىر ـ بىرىگە توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، ئوكسىگېن كىرگەن ھامان ئۇنى چىقارماس، كاربون چىققان ھامان، ئۇنى كىرگۈزمەس ئەزا بار، ئاشۇ قىزىل قان ھۇجەيرىسى بۇ خىزمەتلەرنى ئۆتەيدۇ، ئاق قان ھۇجەيرىسىگە كەلسەك، بۇلار مەملىكەت، شەھەرلەرنى قوغدىغۇچى، پىدائى قىسىم، ئىلغار جەڭچىلەر، ئەتراپىمىزنى يەنى شەھەر ئەتراپىنى ھاۋادىن، ئۇندىن باشقا كېسەل ۋىرۇسى، مىكرۇپلار بىلەن زەھەرلىگۈچى ھايۋانلاردىن كەلگەن، زىيانداش ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل دۈشمەنلەر كەلسە، بۇ قوشۇن، دەرھال ئاتلىنىدۇ ـ دە، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ھايات ـ ماماتلىق جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىسمىمىزدىن ئىبارەت جەڭ مەيدانى قىززىپ كېتىدۇ، مانا بۇ كېسەلدىن قىززىشىمىز، ئىنسان جىسمىمۇ بۇ ناتونۇش جىسىم، ھايۋانلاردىن بىزار، مىكرۇپ، ۋىرۇسلار ئىنسان جىسمى بىلەن چىقىشالمايدۇ، ئاق قان ھۇجەيرىسى بولغان قوشۇنغا جىسىم ۋە ئىستېمال قىلغان تائاملارمۇ كېسەلگە قارشى ئىممۇنېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، تەڭ تاقابىل تۇرىدۇ، ئەگەر كۈچى زادى يەتمىسە، تاشقى ئالەمدىن زەھەرلىك قورال، دورىنى ئېلىپ كېلىپ، دۈشمەننى بىراقلا يوقىتىمىز، جەڭ ئاخىرلىشىدۇ ـ دە، مەملىكەت تېنىچلىنىدۇ، خاتىرجەم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىمىز، بەزى مىكرۇپلار دائىم ئىنسان جىسمىغا كىرىپ، كېسەل قىلمايدۇ، ھۇجۇممۇ قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار مەخسۇس ئىنسان ھاياتىدىن ئايرىلغاندا جىسمىنى تۇپراققا ئايلاندۇرىدۇ، چىرىپ، قۇرۇتلىتىپ تۈگىتىدۇ. مىكرۇپلار، ۋىرۇسلار خۇددى رەزىل قاتىلدەك، ھۇجۇم قىلىپ، ھاۋادىن، سۇدىن، ھايۋانلاردىن، يېمەكلىكلەردىن، تېرە تۆشۈكچىلىرى ياكى ئېغىزدىن كىرىپ، كۆپىيىپ، توپلىشىپ ھۇجۇم قىلىدۇ، خۇددى لىمپا تىبرىكلىيوزدەك، مەلۇم نازۇك جىسمىمىزغا ئۇيۇشۇپ، ئۆرلەپ چىقىدۇ، ئاغرىتىدۇ، ئاندىن يۇتقۇنچاق ھۇجەيرىلىرى بۇلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، يوقىتىش ئېلىپ بارىدۇ، **55 ـ 59 ـ** بەتكىچە، بۇ خىل ھادىسىنى سۈرەتلىك تونۇشتۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بىئولوگىيىدە، دەرسلىك قىلىش جەريانىدا چىقىدىغان كۆرۈنۈشلەر، تىببىي مەكتەپلەردە، ئىنستوتلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، خۇلاسىلىساق، مانا بۇلار، بىر قوشۇن، ھەممىسى، ئاللاھقا خاستۇر، خالىسا دۈشمەن قوشۇننى غالىپ قىلىپ، جاننى ئالىدۇ، ئۆلۈممۇ بىر

رەھمەتتۇر، خالىسا ئاق قان ھۆجەيرىسى قوشۇننى ئىشقا سالىدۇ، دورا بومبىلار بىلەن پارتىلىتىدۇ، دوختۇر قوشۇنىمۇ بار.

ھەدىستە مۇنداق بار، دورا، ئاللاھدىن، رۇخسەت ئىزنى سورايدۇ، شىپالىققا بۇيرۇلسا، شىپا قىلىدۇ، كېسەل ساقىيىدۇ، رۇخسەت بېرىلمىسە، ئۇ خۇددى تائامنىڭ زاپاس قىسمىدەك چۇشۇپ كېتىدۇ ـ دە، داۋالاش ئۇنۇم بەرمەيدۇ، ھەرقانداق كېسەل بولىدىكەن، داۋاسى بار، شىپاسى بار، ئەمما، ھەممە قوشۇننى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قوماندان، باشقۇرغۇچى، تەدبىر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھدۇر، ھەممە، ئاللاھقا خاستۇر، ئۇ پاكتۇر، ئاسمان ـ زېمىن، ھەتتا ئۆز جىسمىمىزدىكى بارلىق قوشۇنلار ئاللاھنىڭ بولۇپ، بۇ دۇنيا دائىم جەڭ ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يەنە، پەرىشتە، جىندىن باشقا مۇنداق قوشۇنلىرى بولىدۇ، بىز سۈرە نۇردا سۆزلىگەندەك، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر ئاتا قىلغۇچى، بىز نۇر مەسىلىسىنى خېلى سۆزلىدۇق، ئالەم ئەسلى نۇر زەررىچىسىدىن، مەنفى، مۇسبەت زەررىچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلار بىر ـ بىرىنى يەنى مۇسبەت زەررىچىنى مەنفىسى نەچچە مىليارت قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، بۇلارمۇ سۈرەتلىك كۆرسىتىلىدۇ، خېمىيە ئىلمىدا بار، دېمەك، مۇسبەت، مەنفى زەررىچىلەر توك، نۇرلارمۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولىدۇ، ئۇلارمۇ بىر جۇپ ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

بۇ قوشۇنلار ھەرخىل ماددا، ئىلمىي ھاسىل قىلىپ، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ھاياتى ئۈچۈن نۇرغۇن ئوزۇق تەييارلايدۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۆزگىرىشلەرنى، خىمىيۋىلىك ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىلمىي، ماددىلارنىڭ قىلىۋاتقان جەڭ كۆرۈنۈشىنى دائىم كۆرىمىز، ھازىرچە، لازى نۇر، ئاتوم بومبىسى، يادرو قوراللار غالىپ كەلدى، ئۇلارمۇ ئىنسانلارنى قوغدايدۇ، ھەم يوقىتىدۇ، زىيان پايدىسى بار. بۇ يەردە سېسىپ، چىرىتىپ، يوقاتقۇچىمۇ بار، ھەرقانداق بىر قۇش ياكى ھايۋان، ھاشارەت، ئۆز باللىرى، يېقىنلىرى ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، ھاياتلىق جېڭى قىلىدۇ، شىر، يولۋاس، ۋەھشى يىرتقۇچ قۇش، قارچۇغا، گۆشخور ھايۋانلارمۇ ھاياتلىق جېڭى قىلىدۇ، ئۇلارمۇ نۇرغۇن ھاياتلىقنى نابۇت قىلىدۇ، بۇلار ئوتتۇرىغا ھاشارەت، چىۋىن، ھەرىلەر، ئۆمۈچۈكدىن تارتىپ جەڭ ئورۇنلاشقان، ھەممىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغۇچى، ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئۆزى ئالدىنى ھازىرنى، كەلگۈسىنى بىلىپ ئىش كۆرگۈچى، كائىنات سىرلىرىنى تەقدىرنى بىلگۈچى ئورۇنلاشتۇرۇغۇچى بىر ئاللاھتۇر، بىز، بەرىبىر ئاخىرى مۇشۇ نۇقتىغا قايتىپ كېلىمىز، ئاللاھۇ ئەكبەر.

ئۇ يەنە، ئىنسانى قوشۇن، ئىنسانلار كەشىپ قىلغان سۇنئىي قوشۇن، ماددى، ھېسسى قوشۇن، مەنىۋى، ئەقلى قوشۇن، قەلەم كۆرىشى، ئەلەم كۆرىشى، ئىددىيە، ئەقىدە كۆرىشى، مەدەنىيەت كۆرىشى، تەشۋىقات كۆرىشى، زامانىۋى قوراللىق ئۇرۇشلار، ھەرخىل كۆرەشلەرنى ئارىلىقتىكى جەڭلەرنى، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھاياتلىق جېڭى، ئەقىدە، ئىددىيە جېڭى، دۇنيا ئۇرۇشلىرى توغرىسىدا ھەممىسى مېنىڭ راست، مېنىڭ توغرا، مېنىڭ ھەق، مەن ـ مەن دەيدۇ. ئاخىرى بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ۋە كەلگۈسىدىكى جەڭلەر، ئۇرۇشلار، ئىختىلاپلار ئارىسىدا بىر ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، قىيامەت چوقۇم قۇرۇلۇشى ھەق، باتىل، بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. ئۆسۈملۈك دۇنيادىلا ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ تۇرغاچقا، بۇلارنى قىيامەت كۈنى تىرىلدۈرۈش، قوپۇرۇش تىلغا ئېلىنمايدۇ، ئەمما، ئىنسان، ھايۋانلار چوقۇم تىرىلىدۇ، بۇلار ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئاللاھ ھەق، قىيامەت ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق.

**تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق توختىلىدۇ.**

**ئاللاھ، ئۆز ئەلچىسىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىپ قىلىش ئۈچۈن، ھەق دىن بىلەن ھىدايەت بىلەن ئەۋەتتى، ئايەت.**

بۇ ھەقىقەتەن مۆجىزە بولۇپ، تارىخ ئۇقۇغانلار ئوبدان بىلىدۇ، ئىسلام دىنى، شەرىق ـ غەرب، پۈتۈن زېمىنغا تارقالدى، ئىسلام قوشۇنى، ئەقىدە، ئىددىيە، ئادىللىق، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ـ پەزىلەر جەھەتلەردىن ئۇرۇش، مەملىكەت، دۆلەت باشقۇرۇش، دۇنياۋى خەلىپىلىك تۈزۈمى، يەنى پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن يەرشارى، پۈتۈن دۆلەت، مەملىكەتلەر بىرلا مەركەزگە قاراشلىق ھالدا، باشقۇرۇلىدۇ، بىر تۇتاش

باشقۇرۇش، ئاللاھقىلا بويسۇنۇش، ھەتتا، باشقا بىر پىلانېتتا (پەرەز) ياشاۋاتقانلارمۇ مۇشۇ ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنۇش، ئۇندىن باشقا نۇرغۇن جەھەتلەردە غەلىبە قىلدى، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئەمما، مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسى، راھەت ـ پاراغەت، باياشات تۇرمۇش، كاپىر، دىنسىزلار بىلەن بىرلىششى، ئۇلاردىن قورقۇشى، ھەقىقىي تەلەپكە لايىق مۆئمىنلەردىن بولالماسلىق، قۇرئان، ھەدىسنى قانۇن قىلالماسلىقدەك، سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى، ھەم بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ شورى، ھەرھالدا، ئايەت يەنىلا مۆجىزە ئورنىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولسىمۇ، ئىسلام دىنى غەلىبە قىلىۋاتىدۇ، بىز مەسىلىنى، مۇسۇلمانلارغا بولۇپمۇ ھەقىقىي ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەس، خۇراپىي بىدئەتچى نامىدىكى مۇسۇلمانلارغا قاراپ ئەمەس، بەلكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە قاراپ، قۇرئان، ھەدىسكە ھەق تارىخقا قاراپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، باھا بېرىشىمىز لازىم، ئېتىقاد قىلىشىمىز لازىم، بۇ نۇقتىدىن قارىساق، ئىسلام دىنى ھەر جەھەتتە، غالىپ، يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنداق دەپ كېتىشىمىز ھاجەتسىز، بىز ئىسلام دىنىنى ئادۇۋكاتتەك ئاقلىمىساقمۇ، ئۇ ئۆزىلا ئادىل، غالىپ، كۈچلۈك، توغرا، ھەق دىن، ئۇ، ئاللاھ رازى بولۇپ تاللىغاندىن، ئۇ ھەر جەھەتتىن ئىلاھلىق تۈزۈمى، ئىبادەت تۈزۈمى، ئەقىدە، ئېتىقاد، ئىتائەت، دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسەت، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى جەمئىيەت، دۇنيا قارىشى، ئىلىم، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، تەرەققىيات، كەلگۈسى پىلان، ھاياتلىق، ماماتلىق، مەڭگۈلۈك ئىشلاردا ھەممىدىن غالىپ، ئۇ مەڭگۈ غالىپ.

**ئاللاھنىڭ نەزلىدىكى ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر**،(**ئايەت**) مەن بولسام، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىدىغان چاكار، ئاللاھنىڭ ئەڭ تۆۋەن، ئاددىي بىر بەندىسى خالاس، ئىسلام دىنى، ھەق دىن.

**مۆئمىنلەر ئۆزئارا مېھرىبان، كاپىرلارغا بولسا، قاتتىق قول (ئايەت)**

مۆئمىنلەرگە كەمتەر، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتسىمۇ، دىنسىزغا بولسا، غالىپ، كۈچلۈك، ئەشەددى باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرىدۇ، بۇ ئىمان بىلەن كۇپرى ئۇرۇشى، ئېتىقاد كۆرىشى، مۆئمىنلەر بىر جەسەتتەك... ھەدىس

مۆئمىنلەر بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىر بىناغا ئوخشاش ھەدىس

بۇنداق ئايەت، ھەدىسلەر بەك كۆپ بولۇپ، بىز بۇ توغرىسىدا توختىلىپ بولغان بولساقمۇ، بۇ سۈرىدىكى جەڭ، ئۇرۇش، غەلىبىگە مۇناسىۋەتلىك قىسقىچە توختىلىمىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ناھايىتى ئۇزۇن توختالغان، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئائىلە، رايۇن ئارا، مەملىكەت، دۆلەت ئارا، خەلقئارا بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇش، ئەمما، دىنسىز، كۇپپارلارغا بو لسا، قاتتىق قول بولۇش، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان قاتتىق قوللىقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قاتتىق قول بولۇش، ئىسلام دىنى غەلىبىسى، ئىسلام تەرەققىياتى، مۇسۇلمانلار غەلىبىگە ناھايىتى زور مۇھىم بىر ئامىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايەت، ھەدىس، ئىجمائ، قىياسلار، مۇتەپەككۇر ئالىملار، دوكتۇر، پەيلاسوفلار بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىلمۇ ـ خىل ۋاستىلەر بىلەن ئەۋلادلارنى، جەڭچىلەرنى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى بار، تەربىيلەۋاتىدۇ، سېنىڭ ئۆزئارا ۋە خەلقئارا مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭ بولسۇن، مۇسۇلمان سېنىڭ دوستۇڭ.

## سۈرە ھۇجرات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ ئىسىم، رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدگە يېقىن سالغان ھۇجرىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ، قۇرئان كەرىمگە كىرىشى، مەخسۇس بىر سۈرىنى بۇنداق ئاتاش، ھۇجرات دېيىش، قۇرۇلۇش ئىلمىغا، ئۆيلىرىنى ئىسلامغا لايىق، ھاجەتخانا، مۇنچىلىرىنى تەلەپكە لايىق، شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەملىك قىلىش، ھاجەتكە چۈشلۇق قىلىش، شەھەر مۇھىتىنى، تازىلىق مۇھىتىنى، قۇرۇلۇش مۇھىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، باللار **10** ياشقا كىرگەندە، ياتاق ئايرىشتەك ھەم، بىر ـ بىرىگە خاس ھۇجرا قىلىپ بېرىش، ئۇلارغىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم

ياتاق ئايرىپ بېرىشتەك، ئەگەر ئاياللىرى تۆت بولسا، ئۇلارغىمۇ ئادىللىق بىلەن بىردىن ھۇجىرا قىلىپ، بېرىشلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، يۇقىرقى ئىشلار توغرىسىدا ئىسلام دىنىمۇ مۇھىم يولىيورۇقلار بار.

مەسىلەن: ئالدى بىلەن ھاجەتخانا، مۇناچىلارنى ئوبدان پىلانلاش، ئۆي سېلىشتا، يەرشارى بويىچە بارلىق زېمىننىڭ خاراكتېرىنى بىلىش، ئاندىن شۇلارنىڭ مۇھىتىغا قارىتا، شارائىتىغا قارىتا، پەتۋا بېرىش لازىم، ئىچكىرى ئۆلكىلەردەك يامغۇر كۆپ ياغىدىغان رايونلارغا، سەن ئۆيىنى قىشلاردا، سېمونت، بېتوندا قاتۇرۇپ سالما، چىنە قىش سېلىشقا بولمايدۇ، دېسىڭىز، ئۇلار سىزنى تاش، چالمىدا رىجىم قىلىشۋېتىدۇ.

بۇ سۈرە ئەخلاق سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ يەردە، قۇرئاننى ئىنسانلارغا ئۆگۈتكەن، رەھمانىتائالا، ئەخلاق ـ پەزىلەت، رەھمىتىنى بايان قىلىپ، ئەخلاقتا تەربىيە بېرىۋاتىدۇ، پەزىلەت، ئېسىل خىسلەت ئۆگىتىۋاتىدۇ.

بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئەخلاق، ئەدەپ ساقلاش، ھەتتا ئاۋازنىمۇ ئۈستۈن كۆتۈرمەسلىك، بۇ ئەسىر ئاخىرلاشقاندا، خەلىپىلەر، سۇلتانلار، ئۇستازلار، ئاتا ـ ئانىلار، چوڭلار، بۇ ئەخلاق مۇناسىۋىتىگە كىرىدۇ، مۇئەللىملەرنى، دوكتۇر، ئالىملارنى ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى، پەيلاسوفلارنى، يول كۆرسەتكۈچى مۇشاۋىرلارنى، سىياسىيونلارنى، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق كەشپىياتقا، ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا، دۇنيا ئىنسانلىرىغا پايدا يەتكۈزگەن كەشپىياتچى، تەتقىقاتچى ئالىملارنى ھۆرمەتلەش، ئۆز مەرتىۋىسىدە قويۇش، لايىقىدا كۈتۈش، مۇكاپاتلارنى تەسىس قىلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسكەرلەر، گېنېرال، قۇماندانلارغا بويسۇنۇشى شەرت، شۇ چاغدا بۇ سۈرە ئوتتۇرىغا قويغان ب د تلىق نەزەرىيىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى، دۆلەتلەرنى ئىناق، ئىتتىپاق ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە باشلاپ كىرگىلى بولىدۇ، سۈلھىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىككىنچى، ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل،راستنى راست، يالغاننى يالغانغا ئايرىمىغىچە، ئارىلىقدا توشۇلغان، ئېلىپ كېلىنگەن سۆزلەرگە ئىشەنمەسلىك، غەيۋەت، سۇخەنچىلىككە يول قويماسلىق، پاسىقنىڭ خەۋىرىگە ئىشەنمەسلىك، ئۇنداق بولغاندا، پۈتۈن دۇنيادا يا دۆلەتتە، يا ئائىلە ئارا، كىشىلەر ئارا، زور قالايمىقانچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، پاتپاراقچىلىق، ھەتتا ئۇرۇش پارتلايدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، بۇ سۈرىدە مەخسۇس كېلىنگەن خەۋەرلەرنى ئىسپاتلاپ، ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بۇيرىغان، بۇ دائىرىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نىڭ مەن دېمىگەن سۆزنى دەپ ماڭا تۆھمەت، يالغاننى توقىغان كىشى يەنى يالغان ھەدىس توقۇغۇچى، دوزاختا كىرىدۇ (ھەدىس)، ھەدىسنىڭ يالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ياكى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ، ياكى ئۆزى ئۇقماي كىشىلەرگە يەتكۈزگۈچىمۇ ئىككى يالغانچىنىڭ بىرى يەنى يالغان ھەدىس توقۇغۇچىغا ئوخشاش، يالغانچى بولىدۇ، ھەدىس.

ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئاندىن يالغان ھەدىسنى ياكى يالغان ئىسرائىلىيە توقۇلمىلىرىنى، ئەپسانە، ھېكايە، رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بىلىپ تۇرۇپ، ئېتراز بىلدۈرمىگەن، رەددىيە بەرمىگەن كىشىمۇ، يالغانچى، كاززاپ، چۈنكى، شۇنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەر يالغاننى راست دەپ قالىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئايەت، ھەدىس، ھېكمەت، قىياسلار دەلىللى بىلەن بۇ دائىرىگە يەنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاپ كۆرۈش، راست ـ يالغاننى، كۈچلۈك ـ ئاجىزنى ئايرىش دائىرىسىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىمۇ كىرىدۇ، چۈنكى، ئۇمۇ بىر خەۋەر، قۇرئان، رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە، تا قىيامەت كۈنىگىچە مۇتىۋاتىر خەۋەر، يەنى ئىشەنچىلىك، قەتئى شەك يوق، ئاللاھ، ئۇنى قوغدايدۇ، ھەدىس بولسا، كېيىنكى ئەسىرلەردە، تابىئىنلاردىن كېيىن يېزىلغاچقا، ئۇنىڭ بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىينى ئىبنى ئەساكىردەك زەئىپلىرىنى، رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇلئەنبىيا»دا يازغان نۇرغۇن ھېكايە، ئەپسانە، چۆچەك، توقۇلما يالغانلىرىنى ئېنىقلاش، تېپىپ چىقىشمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ، بۇنى بىز ئۇسۇل فىقھىدىن كېيىن دەرسلىك قىلىدىغان پەن، ئۇسۇل ھەدىس، ئولومۇلھەدىس دەپ ئاتايمىز. شىنجاڭدا ئالىملار بۇ ئىلىمغا سەل قاراپ كەلگەن، ياكى سەۋىيىسى يەتمەي كەلگەن، ئۇلارغىمۇ ئەقىدە، ئۇسۇل، تەبئىي ـ پەن، كومپيۇتېرلاردا دەرس بېرىش لازىم، ئەمما، ئۇلار ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن، تەكەببۇرلار، ئازنىغا

ھەقىقەتچىچىلىرىدىن باشقىسى پۈتۈنلەي بىدئەتچى، ئازغۇن.

ئۈچىنچى، سۈلھى، كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرغۇچى، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتماسلىق، يالغۇز ئىككى كىشى ئارىسىدا ئەمەس، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىمۇ بار، بۇنداق ئايەت، ھەدىسلەرنى بىز خەلقئارالىق چۈشىنىشىمىز لازىم. ئاللاھمۇ قۇرئاندا ئىككى تائىپە دەپ تىلغا ئالىدۇ، مانا بۇ ب د تلىق نەزەرىيە بۇنداق نەزەرىيىنى 1400 يىل بۇرۇنلا قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ خىل قانۇنغا مۇسۇلمانلار ئەمەس (كېيىنكى مۇسۇلمانلار دېمەكچى، بەلكى، كاپىر دىنسىزلار ئەمەل قىلىپ، دۇنياغا ساقچى بولۇپ، مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىقلار كېلىۋاتىدۇ، يەنىلا تېخىچە ئۇيقۇسىنى ئاچقىنى يوق، تەپەككۇر بىلەن ئويلاپ باق، ئۇلارنى يەنى مۇسۇلمانلارنى زادى نېمە بىرلەشتۈرمىدى؟ ھەممىسى ئىسلام قانۇنىدا چەكلىنىدىغان سەۋەبلەر شۇ.

تۆتىنچى، ئىسلام قېرىنداشلىقىنى قوغداش، بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھەقىقىي ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇش پرىنسىپى، ئەمما، ھازىر مۇسۇلمانلار ئىچىدە، ھەقىقىي نەسەب جەھەتتىمۇ ئۆلگە قىلىپ، كۆرسەتكىدەك، ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار يوق بۇلارنى سەن تارىخ بېتىدىن ساھابىلەر، تابىئىنلار ئارىسىدىن تاپالايسەن، بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىشتۇر، ئاللاھ، تاقەت يېتىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

بەشىنچى، مەسخىرە، زاڭلىق، غەيۋەت، ئازار بېرىش، جاسۇسلۇق، لەقەم بىلەن ئاتاش، ئۆچ كۆرۈش، ھەسەد قىلىشلار قەتئىي چەكلىنىدۇ، بۇلارنى بىز دېمىسەكمۇ بۇ دېگەن ھازىر خەلقئارالىق چەكلىنىدىغان ئىشلار، مەن بىر قىسىم دىنسىز كاپىر، زۇڭتۇڭ، رەئىس، رەھبەرلەردە بار بولغا ئەخلاقنى مۇسۇلمانلاردا كۆرمىگىنىمگە، ئۇلاردا يوق بولغان بىر قىسىم ناچا ئەخلاقلارنىڭ مۇسۇلمانلاردا تېپىلىپ قالغىنىغا، ئۇلاردىكى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، بەدەل تۆلەش، قۇربان بېرىش، ھەتتا، جېنىنى بېرىپ، قەھرىمان بولۇشلارنىڭ مۇسۇلمانلاردا تېپىلمىغىنىغا قاتتىق ئېچىنىمەن، ۋە ئەپسۇسلىنىمەن.

بىز دېگەن كىم؟ بىز كىمنىڭ قوشۇنى؟ بىزنى كىم تەربىيلەيدۇ؟ كىم سوراق قىلىپ، ھېساب ئالىدۇ، بىزنىڭ ئۆلگىمىز كىم؟ كىملەر؟ زادى كىملەر؟ بىز ئەسلى قانداق قىلىشىمىز، قانداق ياشىشىمىز لازىم؟ بىزنىڭ ئەسلىمىز قانداق ئېسىل خىسلەت، پەزىلەت، ئەخلاققا ئىگە؟ كەلگۈسى ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيلەيمىز؟ قەلبىڭىزدىن، ئىنساپ قىلىپ، ۋىجدانىڭىز بىلەن جاۋاب بېرىڭ.

**شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا، پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلار، لەببەي، سەللەمنا دەپ تۇرغانلار، دىللىرىنى ئاللاھ تەقۋالىق ئۈچۈن سىنىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋاب، جەننەتكە ئېرىشىدۇ. 3 ـ ئايەت.**

پەيغەمبەرلەر، ئاشۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى ساھابىلەر، تابىئىنلار، تەقۋادار، باتۇر، يېتىشكەن ئالىملار، بىزنىڭ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ياخشى ئۆلگىسى، بىز ئۆزىمىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭغۇزۇپ، ئىش ـ ئىزلىرىنى، تارىخلىرىنى جانلىق ھالدا، خۇددى قانۇن ـ تۈزۈم ئۆگەنگەندەك، دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇشىمىز لازىم.

بۇنى كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق، چۈنكى، بۇ ئىشلار ئەمەلىيلەشمىدى، كەچۈرۈڭلار، ئەپۇ قىلىپ، ئاللاھدىن گۇناھىمىز ئۈچۈن مەغپىرەت سوراپ قويۇڭلار، بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمۈدىمىزمۇ شۇ، بۇ دۇنيادىن ئېتتەك ئۆلۈپ كەتمەي، بىرەر ئەسەر قالدۇرساق، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئوقۇپ، پايدىلىنىپ، ھىدايەت تېپىپ، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشسە، بىزلەرگە دۇئا قىلسا، بىز ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى، كەچۈرىشى، مەغپىرەتكە ئېرىشسەك دەيمىز، چۈنكى، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا ئامال، يول قالمىدى.

ئىككى تائىپە مۆئمىنلەر ئۇرۇشۇپ قالسا، ئارىلىقنى ياراشتۇرۇڭلار، كېلىشتۈرۈڭلار، سۈلھى قىلىڭلار دېگەن، بۇ ئايەتكە تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئۇمەۋىييە، ئابباسىيە، ئوسمان ئېمپىرىيىسىدەك تارىخى ۋەقەلىكلەرنى ئەمەلىيەتتە، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، دۆلەت ئارا ئىشلارنى، مىسىر ھۆكۈمىتىنى، بۇ ئالەمدىكى ھەرقايسى مەزھەپ، پارتىيە، تەشكىلاتلارنى بۇ توغرىسىدىكى ھەقىقىي ئىسلام تۈزۈمىنى، نىزام، قانۇننى، ھەرقايسى پەيلاسوف، ئىسلامى دوكتۇر، ئالىملار، گېنىرال، قوماندانلار نۇتۇقلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىشلەنگەن خىزمەتلىرىنى، ب د ت نىڭ مۇھىم رولىنى، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئىختىلاپىنىڭ زىيىنىنى،

ئىتتىپاقلىق، كېڭىشىش، يارىشىپ ئۆتۈشىنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ، ناھايىتى كەڭ مەزمۇندا سىياسىغا دائىر بارلىق بىلىملەرنى چىقارغان، سەۋىيەم چەكلىك، ئاجىز كەلدىم. ھەرقايسىڭلارنىڭ تارىخنى، ئەمەلىيەتنى، خەلقئارا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تەھلىل قىلىپ، بۇ ئايەتنى ۋە باشقا ئايەت، ھەدىسلەرنى باش ئاساسى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشىڭلارنى، ياخشى ئىبرەت ئېلىپ، ئۈلگە بولۇشۇڭلارنى سورايمەن، سىلەرگە تاپشۇردۇم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا **110** ئىسلام دۆلەتلىرىنى، يەنى ۋاپات بولغانغا قەدەر، دۆلەتلەر ئىسملىكىنى، پايتەختىنى، سايلانغان خەلىپە، سۇلتان، پادىشاھلارنى، سانىنى، ھىجرىيە تۇنجى قۇرۇلغان ۋە ئاخىرلاشقان ۋاقتىنى جەدۋەللىك كەلتۈرگەن، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، ھازىرمۇ بۇنداق ئىسلام دۆلەتلىرىنى پۈتۈن ئەھۋالى، ھەتتا، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېرىبىدىن تارتىپ، تونۇشتۇرۇپ يازغان كىتابلار ئاز ئەمەس، بۇنداق ئەھۋالدىن خەلقئارا ۋەزىيەتتىن، مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت، بولۇپمۇ ئالىملار چوقۇم خەۋەردار بو لۇپ، تۇرۇشى زۆرۈر، بۇ، ب د ت لىق، خەلقئارلىق نەزەرىيىگە پايدىلىق.

مىسال: خەلىپە خۇلەفائ راشىدىنلار پايتەختى، مەككە مەدىنە، سانى تۆت، تۇنجى قۇرۇلغان ۋاقتى **11** - يىلى، ئاخىرلاشقان ۋاقتى **40** - يىلى، ئۇمەۋىييە دۆلىتى، پايتەختى، دەمەشق، سۇرىيە، سايلانغان پادىشاھ سانى **14**، ھ **132** - **41**

ئاباسىيلار پايتەختى، باغداد، سانى **37**، **132** - يىلدىن **566** يىلغىچە.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى، پايتەختى، ئاستانە، سانى **35**، **699** - **1940** - يىلى، يەنى ھىجرىيە **699** - يىلدىن **1340** - يىلغىچە داۋاملاشقان، تا ئاخىرغىچە ھەممىسى جەدۋەتلىك كەلگەن.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا يەنە مۇنداق بىر سۆھبەتنى تىلغا ئالىدۇ، **22** - جىلد، **195** - سەھىپە.

بىر يىغىندا، مەن، جۇڭگو، تۈركىستان، قەشقەر شەھىرىدىن سەييد مەنسۇر ئەمىن خان دېگەن كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، يېشى ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا، تۈركى تىلى، پارس، فرانسۇز، ئەرەب تىلى، يەنە ئازىراق ئىنگىلىز تىلىنى بىلىدىكەن، دېمەك، بەش تىلنى بىلىدىكەن، ئەگەر ئەرەب تىلىغا، يەرلىك تىلنى ئارىلاشتۇرمىساق، تەپسىرنى، لۇغىتىنى سورايدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن، سىز بۇ جايغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز دېسەم، ئۇ، مەن كاشىغىردا يەنى قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇۋاتىمەن، بىزنىڭ دىيارلىرىمىزدا كونا، يېڭى ئىلىم - پەن بەكلا ئاز، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ناھايىتى جاھالەتتە، نادانلىق، پاتقاقتا پاتقان، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالىنى تىلىمدا ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، مەن ھازىر، شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، بارلىق خەلقىمنى، يۇرت، دىيارىمنى زامانىۋى ئىلىم - پەن ئارقىلىق مۇشۇنداق كاتتا ئەسەر ئارقىلىق ئويغۇتۇشنى، تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئىددىيىسىنى ھەل قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئىلىم - مەرىپەتكە چۆمدۇرۇشنى مەقسەت قىلىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلاردا مۇنداق سەۋەبلەر بار.

ھاكىمىيەتنىڭ نادان قالدۇرۇشى، دىنسىزلىقنى تەسىر قالدۇرۇشى، دىنسىزلار بىلەن بىللە ئۇزۇن تۇرۇش، ئۆزدىكى بىلىمسىزلىك، نادانلىق، يات دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، ئەقىدە جەھەتتە، بىدئەتلىشىش، خۇراپىيلىشىش، جاھاننى كۆرمەسلىك، كۆزى ئېچىلمىغان، ئىش ئۇقمايدىغان نادانلار، ئىنشائاللا، ئەمدى ئىشلار ياخشى ب ولۇپ كېتىدۇ، سىزنىڭ بۇ جەۋاھىر ناملىق تەپسىرىڭىز قۇرئان ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن ناملىق كىتابىڭىز، كۆزۈمنى ئاچتى، ئىددىيەمنى ھەل قىلدى، قىلچە شەك قالمىدى، نۇرغۇن كەشپىيات، تەرەققىياتلارغا يول ئېچىپ، دەلىل تېپىپ بەردى، قايسى بىر ئىسلام دۆلىتىگە بارسام، سىزنىڭ بۇ ئەسىرىڭىز ۋە باشقا ئىلمى ماقالىڭىزنى كۆردۈم، ھەتتا، ئافغانىستان پادىشاھى ئامانۇللاھخان، بۇ كىتابىڭىزنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ، سىزنىڭ بۇ ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تۈرىك، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغىنىنى كۆردۈم، ئىنشائاللا، كەلگۈسىدە ئىشلار ياخشى بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ خالىسا، ئاندىن مەن ئۇنىڭدىن يەنە سوئال سورىدۇم، يۇرتۇڭلاردا قانچىلىك مۇسۇلمان بار؟ ئۇلارغا كىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ؟

بىز تۈرىك تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار ئون مىليوندىن ئاشىمىز، جۇڭگو دۆلىتىدىكى باشقا

ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلار 70 مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بولۇپمۇ خۇيزۇلار، جۇڭگو تىلى بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئەمما، مۇھەممەدىييە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەممىمىزگە جۇڭگو پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ.

ھۆكۈمەت، دىن ئىشلىرىدا سىلەرنى سىقىپ چەكلەيدىغان ئىشلار بارمۇ؟ سىلەر ئەركىنلىككە ئىگىمۇ؟

بىز سۆز جەھەتتىن، ئېتىقاد جەھەتتىن، مەنا جەھەتتىن ئەركىن، ئەمما، سىياسەت، ھۆكۈمەت قۇرۇش، قۇرئاننى قانۇن قىلىش جەھەتتىن ئەمەلىيەت جەھەتتىن، ئۇنداق ئەمەس، تاشقى ئىسلام دۆلەتلەرگە يەنى زىيارەتچىلەرگە كۆرسەتكەن، ئىلان قىلغاندەك، ئەمەس دېدى.

مەن يەنە، مىسىر، تۈركىيىدىن باشقا قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلدىڭىز؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ، تۈركىيىگە بارغىچە، ئافغانىستاننى، ئىراننى زىيارەت قىلدىم، ئافغانىستاندا، ئالتە ئاي تۇردۇم دېدى، كېيىن ئامانۇللاخاننىڭ ياردىمىدە ئافغانىستاندىكى مەكتەپتە ئوقۇپتۇ، ئۇ مېنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىمنى پارس تىلىغا، تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قەۋمى، خەلقى، يېڭى ئىلىم - پەن دەرسلىكىنى، دىندىن چىققان دىنسىزلىق دەيدىكەن، خۇددى سوپىدەك.

تەنتاي رەھمەھۇللا ئەلەي، دېگەن بۇ ۋەقە، 1932 - يىلى، 18 - نويابىر، ھىجرىيە 1350 - يىلى، رامىزان، 10 - ئايلىرى يۈز بەرگەن، شۇ چاغدىن تا ھازىرغىچە بىز يەنە شۇ نادانلىق، جاھالەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز، بېسىم خېلىلا ئېغىرلىدى. قانچە قاتتىق كۈنگە قالساق، شۇنچە ئۈمىد ئۈزمەي، ئۈمۈدۋار بولايلى، بىر تەسلىك بىلەن ئاسانلىق بىللە، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەينىڭ ئەسەرلىرى ۋە باشقا خىزمەتلەر سەۋەبىدىن ياپۇنىيىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مۇسۇلمان ھالەتتە ياشايدىكەن، مۇسۇلمانلار بارلىققا كەلگەن، ئەنە شۇنداق پۈتۈن يەرشارىنى ئىسلام قاپلىدى، ھازىر شۇنداق، پۈتۈن دۇنياغا، پۈتۈن دۆلەتلەرگە، دەۋەتچىلەر بېرىپ، ئىسلامغا چاقىردى، قۇرئان، ھەدىس، مۆجىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرخىل ئىلىم - پەن بىلەن نەدىن دېسە، شۇ يەردىن چىقىپ، قايىل قىلىپ، مۇسۇلمانلار سانى ئاشتى، ھازىر، مۇسۇلمانلار يوق، بىرمۇ شەھەر يوق، ئىسلام دىنى بولسا، رادىئو - تېلېۋىزور، سۈنئىي ھەمراھ، كومپيۇتېر تور بەتلىرىدە بارلىق تىللاردا كەڭ تارقىماقتا، ئاللاھ خالىسا، مۇسۇلمانلارمۇ بىرلىشىپ قالا، ئۇيقىنى ئېچىپ تەرەققىي قىلار، ئاخىرى بىر كۈن غەلىبە قىلا، ھېچ بولمىسا، ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندە غەلىبە قىلا، قىيامەتتىنغۇ غەلىبە قىلا، بۇ دۇنيا دېگەن قىسقا ۋاقىت، مۇھىمى مەڭگۈلۈك جاي، ئاللاھ، مۇراد - مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزسۇن، ئامىن!

# سۈرە قاف تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تالالانمىلار

ق نىڭ ئىشارىتى بۇ سۈرىدىكى، قاف ھەرپىنى بەزىلەر، قۇرئان ئىسمى دېگەن، بۇ قاف ئەسلى، سۈرە ئاخىرىدىكى **مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقۇدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن** دېگەن ئاخىرقى **45** ـ ئايەتكە ئىشارەت.

مېھرىبان ئاللاھ، بۇ ئۇممەتنىڭ، قۇرئان مۆجىزىلىرىدىن غەپلەتتە قېلىشىنى، ئالدىن بىلىپ، قۇرئاننى قويۇپ، ھەدىسنى قويۇپ، فىقھى ئىختىلابى مەسىلىلەر بىلەن بولۇپ كېتىشىنى ئالدىن بىلىپ، قاف دېگەن ھەرپىنى قۇرئاندىكى قافقا ئىشارەت قىلىپ، ئى بەندىلىرىم، سىلەر قۇرئاننى لازىم تۇتۇڭلار، سىلەرگە بىردىنبىر مۆجىزە قۇرئان شىپامۇ، قۇرئان ھىدايەت، يېتەكچىمۇ، قۇرئان دەپ ئاگاھلاندۇرغان [ق] بىلەن تەنبىھ بەرگەن.

بۇ [ق] ھەرپى، يەنە **22** ـ ئايەتتىكى، لەقەد دېگەن قاپقىمۇ ئىشارەت بولۇپ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: **ئى ئىنسان، سەن بۇنىڭدىن غەپلەتتە ئىدىڭ، ئەمدى كۆزۈڭدىن پەردىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈر** دېيىلىدۇ. گەرچە، بۇ ئايەت، قىيامەت كۈنىدىكى ئىشلارنى بايان قىلغان بولسىمۇ، ئىبارەت، دەلالەتلىرى، شۇ ئەھۋاللارنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما، ئىشارەت مەنىسى، بىر تەپەككۇر قىلغۇچى ئالىم، ئىنسان زېھنىگە مۇنداق نەزەرىيىنىمۇ كەلتۈرىدۇ، بۇ ئايەتنى بولۇپمۇ، ئاخىرقى بىر جۈملىنى ئېلىپ، ئايرىم چۈشەنسەك، بۈگۈن كۆزۈڭ ئۆتكۈردۇر، دېگەن سۆزدە، ھەدىد دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ ھەدىد دېگەن سۆز، تۆمۈر دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئىشارەت قىلغان مەنىسى بولسا، زېھنىمىزگە سالغان مەنىسى بولسا، ئى ئىنسان، سەن نۇرۇغۇن مۆجىزىلەردىن يېڭى كەشپىياتلاردىن غەپلەتە ئىدىڭ، ئاللاھنىڭ كائىنات ئالامەتلىرىدىن غەپلەتتە ئېدىڭ، ئەمدى، پەردەڭنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، مانا بۈگۈن كۆزۈڭ تۆمۈرلەشتى، ھەدىد دېگەن تۆمۈرلەشتى دېگەن مەنىدە بولىدۇ، بۇ لەۋزەن ئىشارەت مەنىسى، ئۆتكۈر بىلەن تۆمۈر دېگەن ئىككى مەنىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، بۇ ھەدىد، تۆمۈر دېگەن مەنا بەرگەندە، يەنى ئايەتتىن ئىشارەت، دەلىل قىلغاندا، كۆزۈڭ تۆمۈر يەنى دۇربۇن، تېلكامىرا، مىكرۇسكوپ، تېلىسكوپ، سۈنئىي ھەمراھ، ھەتتا، كومپيۇتېردا، خەلقئارالىق بىر ـ بىرىنى كۆرۈشكىچە ئىشارەت قىلىدۇ، بۇ ئايەتتە، كۆزنىڭ كۆرۈشىگە، ئۆتكۈر بولۇشىغا، تۆمۈردەك ئاشۇ ئۈسكۈنىلەر ياردەم بېرىدۇ دېگەن ئىشارەت، مەنا بېرىلىدۇ، شۇنى بىلىۋېلىڭكى، بۇ ئايەتنى بۇرمىلىغانلىق ئەمەس، ئۇسۇل قائىدىسىدىكى ئىشارەت، دەلىل ئېلىشتۇر. **(كومپيۇتېر توردا دۇنيانى كۆرۈش)**

**ئۇلار، ئاسماننى قانداق تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى يۇلتۇز بىلەن بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟** دېگەن **6** ـ ئايەتتە، ئاللاھ، سىلەرنى ئاسمانغا قارىمامدۇ؟ دەپ سوراۋاتىدۇ، قارىمىغانغا ئەيىبلەۋاتىدۇ، لەببەي دەپ بىر قاراڭلار، تېلىسكوپلاردا قاراڭلار، چوقۇم ئىمان، ئېتىقاد مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، پايدا ئالىسىلەر، بىز بۇ توغرىسىدا كۆپ توختالدۇق.

يەتتىنچى ئايەتتىن توققۇزۇنچى ئايەتكىچە، يەر يۈزىنى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا سوزۇپ، كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە ئۇنىڭ تەۋرىمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى قىلدۇق، ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق، بۇنى بىز، ئاللاھقا قايتقۇچى ھەربىر بەندىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، شۇنداق قىلدۇق، بۇ ئايەتلەردە بىرىنچىدىن قۇرۇقلۇقنى، ئاللاھنىڭ سوزۇپ ياپغانلىقى، بىر ـ بىرىدىن ئاجرىغان نەزەرىيىمۇ ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ، تاغلارنى تەۋرىمەسلىك ئۈچۈن بېكىتتۇق دېگەن، ئايەتتىكى ھازىر ئاشكارا بولغان تاغنىڭ زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇش رولى كۈچلۈك دېگەن نەزەرىيىگە، شۇنداقلا يايدۇق، ياراتتۇق، قىلدۇق دېگەن. بۇنداق سۆزلەرنى مەخلۇق قىلالمايدۇ، شۇڭا، قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيمىز، پەقەت، بىر ئاللاھلا شۇنداق دېيەلەيدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدى، بۇلار ئايەتتىكى مۆجىزە ئالامەتتۇر، بىز ھازىر تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق، دېگەن جايدا توختىلىپ ئۆتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمەلىيەتتە يەرشارىنى خىلمۇ ـ خىل، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرۈشىمىز، ساياھەت قىلىشىمىز لازىم. ھېچبولمىغاندا، ھىدايەت، قانۇن ـ تۈزۈم بولغان، شەرىئەت كىتابىنى كۆرگەندەك، پەلسەپە، ھېكمەت كىتابىنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزنىڭ ئاناتومىيە كىتابلىرىنى كۆرگەندەك، تەبىئەت كىتابلىرىنىمۇ كۆرۈشىمىز

لازىم. كىتابدا، توردا، ئېسىل مەنزىرىلەردە، فىلىملەردە ساياھەت قىلساقمۇ بولىۋېرىدۇ، يوقىدىن ياخشى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ يەردە، خورما، ئانار، ياڭاق، لىزا، ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئۈرۈك، شاپتۇل، بېھى، لىمون، پىستەك، سەنۇبەر، قاتارلىق نۇرغۇن مېۋىلىك تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلاردىكى ھېكمەتنى يېزىپ چىقىدۇ، مانا بۇ تەۋھىد مانا تەبىئەت ئىلمى، سىز كۆز ئالدىڭىزدىكى بىر تال ئانارنى ئېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، قىزىللىق، سۈزۈك سۇ، ئىچكى قىسىمدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئۈرۈق، توپىنىڭ ئىچىدە مېغىز، شۇنداق رەتلىك تىزىلغان، چۈۋۈلۈپ كەتسە، قايتا تىزالامسىز؟ بىر تال مەدەكنى (قوناقنىڭ دېننى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى قالغان غولى) قوناقلارمۇ شۇنداق، بۇغدايمۇ شۇ، ئىمام غەززالى، ئاسمان جىسمىدا توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: مەيلى ئۇ يۇملاق ياكى ئۈچ بۇرجەك ياكى تۆت ياكى ئالتە قىرلىق بىلسۇن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئاسماننىڭ قەۋەت سانى، خۇددى پىيازدەك ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇلتۇز، جىسىملار خۇددى ئانار دانىچىلىرىدەك ھەر ئىككىلىسى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا بەرىبىر، كۆن دېسە، يارالغان نەرسىلەر مۇھىمى ئۇلار ھادىسىلەر بولسا، ئاللاھ ياراتقان بولىدۇ دېگەن. شۇنداق، ئۇلارنى ئاللاھ ياراتتى، شۇنداق تېزىپ چىقتى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ قېتىم، بىر نەچچە ھېكمەتنى يازىدۇ.

**1** ـ ئاشلىق دانىلىرى ئۈستىدە بىر خىل قاپلارنى كۆرىسىز، مېھرىبان ئاللاھ، بۇ دانلارنى قۇشلاردىن جاندارلاردىن ئىنسانلارغا ساقلاپ بېرىدۇ، سىز قوناقنىڭ غازاڭ بىلەن ساقلىنىشىنى بىلىسىز، بەزىدە يەنە قۇشلار يەۋالىدىغۇ؟ بۇغداي، خالتا ئىچىدە بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ غولى يەنى سامان بولىدىغان شېخى نازۇك، ئىنچىكە، بۇنداق بولۇشى، قۇشلار قونالمايدۇ، قونسا، يىقىلىپ كېتىپ، تىك تۇرمايدۇ، قۇشلار قورقۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ ـ دە، دانلار بىزگە قالىدۇ، بۇغداي ـ قوناقدىنمۇ ئوبدان ساقلانغان، غولى بولسا، ئوبدان سامان بولغان، ئۇنىڭدىكى ئويمانچاقلار بىكار ئەمەس، بىر ـ بىرىگە تىزىلىپ تۇرىدۇ، بۇغداي، مۇشۇ ھېكمەتتىن ئۇچىدا **15** سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، كۆتەككچە بولمايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، تىل تۇرۇۋېلىپ، قۇشلار يەپ كېتىدۇ، شۇنداقلا نۇرغۇنى يەرگە تۆكۈلۈپ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، قانداق ئۇرىسىز؟ ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ ئاللاھ، ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇردى.

**2** ـ دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر گەرچە جانلىق ھاياتلىق بولسىمۇ، ھايۋانلاردەك ماڭمايدۇ، ئۇنداق بولۇپ قالسا، بىز ئۇلارنى نەدىن قوغلاپ تۇتۇپ، ئوزۇق ئالىمىز؟ ئۇلار جىسىم تۇرۇپلا ئوزۇق ئالىدۇ، بالىلىرىنى باقىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ، كۆپىيىدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنى باقىمىز.

**3** ـ ئۆسۈملۈكلەر يىلتىزى، كەڭ تارقاپ تۇرىدۇ، ئەتراپقا ماڭىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇ، ئوزۇقنى ياخشى ئالىدۇ، شۇنداقلا يىقىلىپ چۈشمەي، تىك تۇرالايدۇ، شامالغا بەرداشلىق بېرىدۇ، سۇلارنى، نەملىكنى ياخشى سۈمۈرىدۇ، خۇددى بۇلارنى بىرسى شۇنداق يۆلەپ تۇرىۋاتقاندەك، قوناقنىڭ يىلتىزىغا قاراڭ، ئۇنى ئاللاھ يۆلەيدۇ، ئەگەر يىتىپ كەتسە قانداق بو لىدۇ؟ ھە! بىلىسىزغۇ؟

**4** ـ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ھەرخىل بولىدۇ، بەزىسى ئىنچىكە، بەزىسى ئۇزۇن، كەڭ، قوناقنىڭكىدەك، بەزىسى دەرەخنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزىسى بەسەي، چامغۇردەك بولىدۇ، خىلمۇ ـ خىل بولۇشىدا، ھەرخىل ھېكمەت بار، بۇلار، يامغۇرغا مۇناسىۋەتلىك، يىلتىزغىمۇ مۇناسىۋەتلىك، كۈن نۇرىدىن ئالىدىغان ئازوت، ھاۋادىن ئالىدىغان ئازوتقا مۇناسىۋەتلىك، ھەممىسى كاربوننى سۈمۈرۈپ بىزگە ئوكسىگېن چىقىرىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بىر ئىشنى نۇرغۇن ھېكمەت بىلەن قىلىدۇ.

**5** ـ خورما ئۇرۇقى ۋە باشقا ئۇچكىلەر، بۇلار بىز ئىنسانلار ئۈچۈن گۆھەر، ئالماس، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىنمۇ مۇھىم، چۈنكى، بۇ نەرسىلەر بىر تاش، تۆمۈر، كام مادىدا خالاس. ئۇلار بولمىسىمۇ ئىنسان ياشاۋېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك بولۇپ قېلىشى، كام تېپىلىشىدا، ھەممە نەرسە كېلىدىغان تەڭداش قىممەت بويۇمى بولۇپ قېلىشىدا، پۇلغا ياراشتا، نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارغا ئىستېمال بولۇشىدا خالاس. ئەمما، جاننى ساقلاش ئۈچۈن، كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن، ئۇلار يېمەكلىك بولالمايدۇ، دورا بولالمايدۇ، بۇ ئۇرۇقلار، ئۇچكىلەر بولسا، ئاشۇ مېۋىلەرنىڭ ئاساسى داۋامىدۇر، كۆپىيىشى بىزگە ھاياتلىق سەۋەبچىسىدۇر، بارلىق مېۋە ئۇچكىسى شۇنداق، تېخى ياغ چىقىدۇ ۋاھاكازالار.

ئۇرۇق، ئۇچكىلەر قاتتىق بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمىسا، مېۋىنى، ئېتنى ساقلاپ تۇرالمايدۇ، بىز

ھېچنېمە يېيەلمەيمىز، ئۇ مېۋە قېپىچۇ تېخى، مېۋىنى ساقلايدۇ، سۈيىنى ساقلايدۇ، يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ھېچنېمە بولمايدۇ، دانلار قېپى، غىلاپچىلارمۇ ئۇنىڭ ۋە بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، بۇنى كىشىلەر بىلمەي يەيدۇ.

**6** ـ ھەربىر دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈك، كۆكتات، سەيلەرمۇ غولى ئاسمانغا، كۈن نۇرىغا، ھاۋاغا قاراپ ماڭىدۇ، يىلتىزى بولسا، پەسكە قاراپ ماڭىدۇ، ئەگەر يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ قالسىمۇ تولغىشىپ ماڭىدۇ، بۇلارنى كىم ھىدايەت قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ يولغا سالدى، غول قانچىلىك ئۆسسە، يىلتىزمۇ شۇنچىلىك يوغىنايدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى يۆلەپ، چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك يىلتىزى، دورا، شىپا بولۇپ، ئۇنىڭ غولى، تېنى، مېۋىسى، ئاشلىق دانلىرى ھاياتىمىزنى ساقلاپ تۇرغاندەك، بۇ دورىلارمۇ ھاياتلىقنى ساقلايدۇ، قۇلاقلار، شاخ ـ شۇمبىلىرى بولسا، لازىملىق نۇرنى ئۆتكۈزۈپ، لازىم بولمىغىننى توسۇپ تۇرىدۇ، ئىسسىق ـ سوغۇققا قارىتا رول ئوينايدۇ، ھەرخىل ماددىلارنى سۈمۈرۈپ تۇرسا، زىيانلىقنى چىقىرىپ تۇرىدۇ.

**7** ـ قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى، كاۋىلارنى يوغان قىلدى، دەرەخ ئۈستىگە ئېلىپ قويمىدى، ئىش بۇنداق ئەكسى بولسا، زور قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، ھېكمەت بۇزۇلىدۇ، چۈنكى، مېۋە، كىچىك دەرەخ، ئۇ كۆپ بولسىمۇ، كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، سېسىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار يەرگە تەگسىلا خۇددى ئۈزۈمدەك سېسىپ كېتىدۇ، قوغۇن ـ تاۋۇز يەردە تۇرمىسا بولمايدۇ، بۇلارنى دەرەخ ئۈستىگە ئېلىپ قويسا، چۈشۈپ كېتىپ يوقىلىدۇ، تېخىمۇ ئۇسساپ كېتىدۇ، بۇلار، كۆپ سۇغا موھتاج بولۇپ، شۇڭا، بۇلارنىڭ ئۆسۈملۈك غولىنى، ئاللاھ، دەرەختەك قاتتىق قىلمىدى، يىلتىزنىمۇ قاتتىق قىلمىدى، بەلكى، بۇ پىلەكلەر يىلتىز خۇددى بىر شىلەنكىدەك، سۇلارنى، ئوزۇقلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزىدۇ، دېھقانلارمۇ كۆپ سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ، سىز، پىلەككە، ئۈزۈم بارىڭغا يۆگىمەچ گۈلىنىڭ تېنىگە قاراڭ، ئۇلار ھاياتلىق ئىگىسى، ئۇلار جانلىق سەزگۈگە ئىگە، ئۇلار پەسكە ئەمەس، يۇقىرىغا يامىشىدۇ، چاڭزىدا بىر تەشتەك گۈلنى قويسىڭىز، ئۇلار ئاپتاپ سۇنغۇسى كېلىپ، قۇياش نۇرى تەرەپكە مايىل بولىدۇ، قىرىلىپ مايىل ئىگىلىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆز جېنىدا نۇرنى سېزىدۇ، لېكىن، ئىنسانلار ھىدايەت، ھەق نۇرنى سەزمىدى. سۆزلىسەك بۇ كىتاب دەرەخ، ئۆسۈملۈك ھېكمەتلىرى بىلەن توشۇپ كېتىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئاساس سىلىپ بەرگەندىن كېيىن، سىز بۇ ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ يوليورۇق، ئەمرى بىلەن قاراڭ، تەتقىق قىلىڭ، ئىزدىنىڭ، بولسا، مىكرۇسكوپ، تېلىسكوپ ، كومپيۇتېر ئېلىپ، چوڭ ـ كىچىك ئالەملەرنى كۈزىتىڭ، ئالىملار، دوكتۇرلار تەتقىقاتىنى كۆرۈڭ، مۆجىزە، ھېكمەتلەرنى كۆپ ئوقۇپ، ئىمانىڭىزنى كۈچەيتىڭ، ئۇ زىيادە بولىدۇ. غەپلەتە ئۇخلاۋەرسىڭىز، كاملاپ يوقاپمۇ كېتىدۇ، شەيتان سىزنى ھەرخىل سوئال قويدۇرۇپ، جاۋابىدىن توسۇپ، ئىمان ـ ئېتىقادىدىن قۇرۇق قالىسىز.

ئاللاھ، بىز مۇسۇلمانلارغىمۇ ئىزدىنىشنى، تەتقىق قىلىشنى، كەشىپ قىلىشنى، تەرەققىي قىلىشنى، ئىلىم ـ ھېكمەتنى، ئىمان ـ ئېتىقادنى بەرگەن، ئۆيقۇمىزدىن ئويغىنىپ، سەگەكلەشتۈرۈپ، ئىككى ئالەم بەختىنى ئويلايدىغان، كۆزلەيدىغان قىلسۇن، ھېلىمۇ بىزنىڭ يارىماسلىقىزمىغا، ئاللاھ خېلى كۆپ بەردى، ئاللاھقا، سانسىز شۈكرى، ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن، ئامىن!

**ئىنسانلار ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە كىرامەن كاتىبىيىندەك ئىككى پەرىشتە بولۇپ، ئىنسان ئاغزىدىن قانداق بىر سۆزنى چىقارسا، پەرىشتىلەر ئۇنى كۈزۈتۈپ تۇرىدۇ، خاتىرلەيدۇ، 7 ـ 8 ئايەت.**

بىز مۇسۇلمانلار بۇ پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرلىشىگە، قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولۇشىغا، ياخشى، ھەتتا بىر ئېغىز سۆزنىمۇ خاتىرلىشىگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئېتىقاد قىلىمىز، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللا ئەلەيگە، سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، يېنىدىكىلەر بىزگە ۋەسىيەت قىلسىلا دېسە، ئۇ، سىلەرگە نېمىنى ۋەسىيەت قىلاي، مانا ھازىر پەرىشتىلەر مېنىڭ كېسەل دەردىدىن ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان ئاھ، ئىنجىقلىرىمنىمۇ خاتىرلەۋاتىدۇ دېگەن. زادى ئېغىزدىن چىققان بىر مەنىلىك سۆز، تىنىقنىمۇ خاتىرلەپ تۇرىدۇ، ئۇ ياخشى، ياكى ـ يامانغا كىرىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەممىنى دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئىنسانلار، بولۇپمۇ دىنسىزلار بۇنى ئاڭلىسا، قانداق مۇمكىن بولىدۇ دەپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ھازىر ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇ، تىلكامىرا، كۈزۈتۈش ئەسۋابى، ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىسى، سۈنئىي ھەمراھدا كۈزۈتىشدەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇرق،

ھەممىگە مەلۇم، جىنلار بولۇپمۇ پەرىشتىلەر بىزدىن نەچچە ھەسسە ھەتتا سانسىز ھەسسە تەرەققىي قىلغىلىق يارىتىلغان، ئۇلارنى، ئاللاھ، مەخسۇس نۇردىن ئالاھىدە ياراتقان، بىز ئۇلارنى تېلىسكوپ، مېكرۇسكوپلاردىمۇ كۆرەلمىدۇق، كۆز كۆرگىلى بولمايدىغان ھۇجەيرە، زەررىچىلەرنى كۆرسەكمۇ، ئۇلارنى كۆرەلمىدۇق، چۈنكى، ئۇلار ماددى ئالەمدىن، ماددا، جىسىمدىن باشقىچە بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارغا ماددا، توساقلار كار قىلمايدۇ، كىرىپ ـ چىقىۋېرىدۇ، ئۇچالايدۇ، چۈشەلەيدۇ، مەسىلەن: ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەزرائىل، ھەرقانچە، نەچچە قەۋەت بىتون، سېمونت ئىچىدىكى مۇقىم ئېتىلگەن نەرسىلەر ئىچىدىكى ھاياتلىق، جانلىقلارنىڭ جېنىنى ئېلىۋېرىدۇ، قىلچە شەپە چىقارمايدۇ، بىرەر نەرسىگە تاقىشىپ، پۇتلىشىپ قالمايدۇ، پۇراق ياكى رەڭ، ئاۋازلارنى چىقارمايدۇ، ھەربىر پەرىشتە، ئۆز خىزمىتىگە ماھىر، كۆپكە قادىر يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار بىزدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن، بىز ئاددى ئىنسان، خېلى ئىشلارنى خاتىرلەپ ئۈنئالغۇغا، سىنئالغۇغا ئېلىپ، خېلى ئىشلارنى خاتىرلەپ، مىكرۇسكوپلاردا تەكشۈرۈپ، دىلو پاش قىلىۋاتساق، دەلىل ـ ئىسپاتلارنى، جىنايەتچى ئالدىغا قويۇۋاتساق، ئۇ پەرىشتىلەر، ئاللاھ قوشۇنلىرى، ساقچىلىرى، بۇ ئىشلارنى قىلالماسمۇ؟ بۇ خىل نەزەرىيەنى سەييىد قۇتۇبمۇ تىلغا ئالغان، ئاللاھ، ھەممىگە قادىردۇر.

قۇرئاندا قارىمامسىلەر؟ قاراڭلار، ئىبرەت بار، ئاللاھ، سىلەرگە كۆز قىلىپ بەردى، سەيرە قىلىپ، ساياھەت قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار، دېگەندەك، ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ، بۇ سۈرىدىمۇ ئاسمانغا قارىمامدۇ؟ دەپ سورىغان، ئەيىبلەپ ئۇلارنىڭ بىخەۋەر يۈرگىنىنى ئىنكار قىلغان.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي دەيدۇ: ئاسمانغا قاراشقا بۇيرىغان تۇرسا، ئىمانغا، ئىسلامغا، ئېتىقادقا، بۇ كۆز مۇناسىۋەتلىك تۇرسا، مۆجىزىلەرنى بۇ كۆز بايقايدىغان تۇرسا، ئالامەت، ئايەت بىلەن قۇرئان ئايىتىنى مۇشۇ كۆز كۆرسە، ئۇنداقتا، بۇ كۆز مۇھىم نەرسە بو لۇپ، بۇنى بىز بىر كۆرۈپ تەتقىق قىلىپ باقايلى، نۇرغۇن سۈرەت ئاپاراتى كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەر، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى، ئالاھىدىلىكىنى، ئىقتىدارىنى، تۈزۈلۈشىنى بىلمەيدۇ، نۇرغۇن ئىنسانلار كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىمۇ، ئۆز كۆزىنى بولسا كۆرمەيدۇ، تەكشۈرمەيدۇ، بىز ئاۋۋال كۆزنى كۆرۈپ باقايلى، **29** ـ **33** ـ بەت، كۆز كۆرۈنۈشى، كۆرۈش تەجرىبىسىنى، نۇرنىڭ سۇنۇشىنى، كۆزدىكى **600** مىليوندىن ئارتۇق كۆرۈشكە مەسئۇل ھۇجەيرە سۈرىتىنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: كۆز بولسا، كۆرۈش، سېزىش، مۈگگۈزلۈك پەردىلىرى، شىللىق پەردە، كىرىستال تەنچە، ۋاھاكازالار بولۇپ، **15** تۈردىن، جۈزئىدىن ھاسىل بولغان.

كۆزدە ئالاھىدە فوتۇ ئاپاراتىنىمۇ ئىلغار تېخنىكا قوللىنىلغان بولۇپ، نۇرنى، سۈرەتنى ئۇ قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىدۇ، سۈرەت بىرى تەتۈر، بىرى ئوڭ بولۇپ كۆرۈش نۇقتىسىغا ئاخىرى توغرا بولۇپ كۆرۈنىدۇ، كۆز، نۇر بىلەن كۆرۈپ، نۇرنى كۆرىدۇ، كۆزدىكى **600** مىليون ھۇجەيرە، كۆرۈش سېزىمىغا مەسئۇل بولۇپ، يەتتە رەڭنى ۋە ئۇندىن كۆپ خىل رەڭنى كۆرۈپ تونۇيدۇ، ھۇجەيرىلەر بۇ سېزىم، سىگنالنى نېرۋىغا، مېڭىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئاندىن، ئىنسان، كۆرۈش سېزىمىغا ئىگە بولىدۇ، ھۇجەيرىلەر قانداق كۆرىدۇ؟ ئۇلار قانداق سېزىدۇ؟ ئۇلار قانداق بولۇپ، يەتتە رەڭگە مەسئۇل بولۇپ قالدى؟ ئاللاھ ئالىمدۇر، تېخى ھۇجەيرىنى ئىنسان جىسمىدەك پارچىلاپ، ئوپراستىيە قىلىپ باقمىدى، ئەمما، مىكرۇسكوپ بىلەن ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى كۆزەتتى، **33** ـ بەتتىكى بولسا، مەخسۇس ھۇجەيرە پائالىيىتىدۇر، ئامرىكىلىق بىر دوكتۇر، تەتقىقاتچى، بىر تال ھۇجەيرىنى نەچچە مىليارت، تىرلىيون ھەسسە يوغانتىپ، ھەتتا، نيۇ ـ يورك شەھىرىنى بېسىۋالغۇدەك چوڭايتىپ، ئاندىن بۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ دۇنياغا كىرىپ قالغانداك بولۇپ كەتكەن، خۇددى، چوڭ بىر ئالەمگە كەلگەندەك بولغان، ھەيران قالغان.

كۆزدىكى ھېكمەت ۋە ئاجايىپ پۇختا سانائەتنى بىز سۆزلەپ بولغان بولساقمۇ، قۇرئاندا كۆپ كەلگەچكە، بۇ قېتىم قىسقىچە توختالدۇق، بىئولوگىيە، ئاناتومىيىلەرنى كۆرۈپ قويۇڭ، ئۆز كۆزىڭىزنى بىر كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ بېقىڭ، بۇلارنى ئاشۇ ئاسمانغا قاراڭلار دېگەن ئاللاھ قىلدى، كۆرۈشكە، بىلىشكە تېگىشلىك مۆجىزە ئالامەتلەرنىمۇ يارىتىپ قويۇپ، ئاندىن كۆزنى ياراتقان، كۆز كامار نېمە، كۆرمىسە بىكار نېمە دېگەن شۇ ـ دە، ھازىر بۇ كۆز كۆرۈشتىن سىرىت، ئىمانغا، ئېتىقادقا، مۆجىزە ئالامەتلەرگە شەكسىز ئىشەنچكە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئەمدى بىز كۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كۆزىمىزدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ھېكمىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاللاھنىڭ بۈيرۈقىغا بويسۇنۇپ، ئاسمانغا بىر قاراپ باقايلى، بىز بۇ قېتىم كۆزىمىزنى تەكشۈردۇق، قولىمىزغا تېلىسكوپ ئالدۇق، شۇڭا، يالغۇز قۇياش سىستېمىسىدىلا توختاپ قالمايمىز، قۇياش دېگەن ئۇز ھەمراھلىرى بىلەن سامان يولى سىستېمىسىدىكى بىر تال يۇلتۇز، ئۇ، بۇ سامان يولى سىستېمىسىدىن، قۇياش، سامان يولى سىستېمىسىدىكى يۇزدىن **50000** يىل نۇر يىلى يىراقتا ئۇزۇپ يۇرىيدۇ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە سۇرئىتى نەچچە مىليون كىلومېتىر تېزلىكتە ماڭىدۇ، بۇنداق قۇياش سىستېمىسىدىن سامان يولىدا نەچچە تېرلىيون بار، ئىنسانلار بەزىسىنى بايقىمىدى، بەزى كىچىك بىر يۇلتۇزلار ئەسلى كۆزىمىزگە كۆرۈنگەندەك، ئەمەس بولۇپ تېلىسكوپدا كۆزەتسە، ئۇ بىزنىڭ قۇياشىمىزدىن **15000** ھەسسە ئارتۇق نۇر چىقىرىدىكەن، ھەتتا بەزىسى، **60** مىڭ ھەسسە كۈچلۈك ئىكەن، كۆزىمىزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم يۇلتۇزلار، قۇياشىمىزدىن بىزدىن قۇياش **150** مىليون كىلومېتىر يىراقتا تۇرغاندەك، **200000** ھەسسە يىراقلىقتا ئىكەن، يەنى بىزدىن يىراقلىقنى **150** مىليون كىلومېتىرنى **200000** ھەسسىگە كۆپەيتسەك، چىقىدۇ، بۇ دېگەن كۆزىمىز كۆرگىنى، تېلىسكپدا بولسا، بىزدىن **100** مىليون نۇر يىلى يىراقتا تۇرىدىغان يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئاشكارا بولىدۇ، نۇر يىلى دېگەن، بىر سېكۇنتتا **300** مىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە ساق بىر يىل ماڭسا، ئاندىن بىر نۇر يىلى بولىدۇ، **37** ـ **38** ـ سەھىپىدە بىزدىن يىراق تۇرىدىغان نۇرغۇن سىستېمىلارنى يازغان، نەچچە يۇزمىڭ نۇر يىلى يىراقتا تۇرىدۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **گۈزەل، چىرايلىق ئۆسۈملۈك ئۆستۈردۇق**، دېگەن ئايەتتە، يەنە توختىلىپ، **43** ـ بەتتە، دەرەخ ئۇرۇقىدىكى ھۈجەيرىنىڭ بۆلۈنىشى، كۆپىيىش ئەھۋالىنى **44** ـ بەتتە بولسا، يەتتە سەككىز خىل دەرەخ ھۈجەيرىسىنى سۈرەتلىك كەلتۈرىدۇ، **47** ـ بەتتە بولسا، ھەققىي بىر دەرەخ، ياغاچ ھاسىل بولۇش جەريانىنى سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ تەپسىلى يازغان، **49** ـ بەتتە بولسا، دەرەختىكى يىل ھالقىلىرىنى يازىدۇ، بۇ ھالقىلار بىلەن نەچچە يىللىق ئۆمۈرنى بىلگىلى بولىدۇ، مانا بۇ بوتانىكا، بۇ تەبىئەت، بۇ بىئولوگىيە، بۇ خىل ئىسىم سىزگە تونۇش ئىلىمنىڭ ئىسمىنى قانداق ئاتىسا بولىۋېرىدۇ، تۈنجى كەشىپ قىلغۇچىلار، دەرىسلىك تۈزگۈچىلەر، شۇنداق ئاتايدۇ، چۈنكى، تىلى شۇنداق، ئەگەر بىز كەشىپ قىلىپ تاپقان بولساق، دەرىسلىك تۈزۈپ چىققان بولساق ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلغان بولساق، ئىسمىنى بىز قوياتتۇق، ئەمدى، بۇ خەلقئارالىق ئاتالغۇ بولۇپ قالدى، تىلدا گۇناھ يوق، جىنايەت، گۇناھ، ئەيىب بولسا، ئۇنى خاتا سۆزلىگۈچىدە، خاتا ئەقىدە، خاتا ئىددىيىگە كەلتۈرۈپ قويغۇچىدا بولىدۇ. سوراققا تىل ئەمەس، ئەنە شۇلار تارتىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى بۇرمىلىغان، ھەقىقەت بىلەن كىشىلەرنى قوشۇپ، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ، كىشىلەرگە باتىل ئەقىدە تاڭغان، ياكى ھەقىقەت بىلەنمۇ كىشىلەرنى ئازدۇرغان، خۇددى شەيتان بىر ئۇقۇغۇچىغا دەرسىنى، قۇرئاننى، تەتقىقاتنى ئەسلىتىپ، نامىزىدىن ئازدۇرغاندەك، كىشىلەر نادان بولغاچقا، كۆز ئالدىدىكى ھەقىقەتنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپ، چوڭ ھەقىقەتتىن، ھەقدىن ئۇلارنى بۇرمىلىغىلى، ھەتتا توسقىلى بولىدىكەن، چۈنكى، ئۇلار نادان باللار بولسا، ئاق دەپتەر نېمە يازسا، قوبۇل قىلىدۇ، بىز ھازىر بۇ ئىلىملار ئارقىلىق، بۇلارنى يەنى ئۆسۈملۈك دەرەخلەرنىمۇ خۇددى ئىنسان، ھايۋان ھۈجەيرىسىدەك، ھۈجەيرە ئارقىلىق ياراتقىنىنى كۆردۇق، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئۆسۈملۈكنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئوخشاتقىنىنى مىسال قىلغىنىنى چۈشەندۇق، نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئېرىشتۇق، زىرائەت، باغۋەنلىك، تېنىكىغا ئېرىشتۇق، ئۇرۇقلارنى قانداق چاڭلاشتۇرۇش، سورتلاشتۇرۇش، قانداق قىلغاندا كۆپ ھوسۇل ئېلىشنى بىلدۇق، ئاللاھ، ھەممە نېمەتنى، ئىلىم ـ ھېكمەت ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغاچ، قاراڭلار، كۆزىتىڭلار، ئىبرەت ئېلىڭلار، ئۇلار قارىمامدۇ؟ دەپتىكەن، ئاللاھ تەرەپكە قايتقۇچى، (الحمدلله) بەندە ئۇچۇن ئىبرەت بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **ئىنسان ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر سۆزنى پەرىشتىلەر كۈزۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنى يازىدۇ**، دېگەن ئايەتنى، ئىمام غەززالىنىڭ ئىھيائ ناملىق كىتابىدىن تىلنىڭ ئاپەتلىرى تېمىسىدىكى مۇنداق مەزمۇنلار بىلەن تەپسىر قىلىدۇ، دىققەت قىلىڭكى، ئاغزىڭىزدىن چىققان سۆزلەرنى يېزىۋاتىدۇ، تىلنىڭ ئاپتى مۇنداق:

**1** ـ مەسخىرە ۋە زاڭلىق بۇ سۈرە ھۇجراتتا چەكلەنگەن.

**2** ـ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇش، بۇ مۇناپىقنىڭ ئالامىتى، ئاراڭلاردا قىلىنغان سۆز سىلەرگە ئامانەتتۇر دېگەن ھەدىس بار.

**3** ـ يالغان ۋەدە، بۇ مۇناپىق خىسلىتى، ئايەت، ھەدىس بار

**4** ـ سۆزدە ۋە قەسەمدە يالغانچىلىق، ئايەت، ھەدىس بار.

**5** ـ ياپتا، ساختا، كىنايە، ماجاز بىلەن يالغان سۆزلەش.

**6** ـ غەيۋەت قىلىش، بۇمۇ ئايەت، ھەدىستە چەكلەنگەن، بۇ تىلدا ئەمەس، سۇپەتلەش قىلىقتىمۇ يۈز بېرىدۇ، ھەدىس، ھېكايە سۆزلىگۈچى، ئارقىسىدا سۆزلەش، غەيۋەت ئەمەس، نەسىھەت، چۈنكى، بۇ خىل ھادىسە، ئۇسۇل ھەدىس ئىلمىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، خاتا پەتىۋالارمۇ شۇنداق.

**7** ـ سۇخەنچىلىك، بۇمۇ قاتتىق چەكلەنگەن ئىش.

**8** ـ مەدھىيلەشمۇ ئورۇنسىز بولسا، پاسىققا بولسا چەكلىنىدۇ، ئاللاھنىلا مەدھىيلەڭ.

**9** ـ سۆزنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ئەيىبلەش ياكى خاتا سۆزلەش، بولۇپمۇ ئەقىدە مەسىلىسىدە، تىل خاتالىقى، خەتەرلىك بولىدۇ، ئېغىزغا كېپىل بولۇڭ، ئاللاھنىڭ زاتى، كەيپىياتى توغرىسىدا سوئال قىلىش خاتالىق، بىدئەت، ئوقوغۇچى بولساڭ، ئۇستازىڭ ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

**10** ـ چەكلەنگەن ناخشا، پاھىشە سۆزلەر ھارام، تۆھمەت، پىتنە تېرىش چەكلىنىدۇ.

**11** ـ يالغان گۇۋاھلىق بېرىش.

**12** ـ ئىلمسىز مەسىلىلەرگە پەتىۋا بېرىش بۇ ئازغۇنلۇق.

**13** ـ تېلېفونلاردا خەۋەر قىلىپ، ئادەم چېقىش، يات قىزلار بىلەن مۇھەببەت پاراڭ سېلىش.

**14** ـ ئايالالار، گۈزەل ئاۋازى بىلەن ئىلانغا، ئاۋازغا، دېكتورلۇققا چىقىش، بۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ئېرى ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۈچۈنمۇ زور بالايىئاپەت.

**15** ـ ھەدىسنى يالغاندىن توقۇش ياكى يەتكۈزۈش، يالغاننى ئۆزىدىن باشقا نۇرغۇن ئاپەتلەر بار، ھەزەر قىل، پەرىشتە خاتىرلەۋاتىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا قۇرئاننىڭ بالاغەتلىك مۆجىزىسىدىن بىرنى تىلغا ئالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ نۇرغۇن ئالىملار، دوكتۇرلار، تىلشۇناسلار بىرلىشىپ، جەھەننەمنىڭ كەڭرىلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ باقماقچى بولۇپتۇ، بىرسى، سۆزلەرنى يېزىپ تۇرىدۇ، بەزىسى، جەھەننەم بەكلا كەڭرى دېسە، بەزىسى جەھەننەم سىلەر گۇمان قىلغاندىمۇ بەك كەڭرى دەيدۇ. بەزىسى بولسا، ئۇنىڭ كەڭرىلىكىنى ئىنسان ئەقلى ئۆلچىيەلمەيدۇ، دېسە، بەزىسى، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا سىغىنىدۇ دېسە، بەزىسى ئاسمان ـ زېمىنمۇ ئۇنىڭدا كىچىك كۆرۈنىدۇ دەپتۇ، بەزىسى، ئۇنىڭ كەڭلىكىدە سۆز قىلالمايسىلەر دەپ ئۆزىمۇ بۇ سۆزى قىلىپتۇ، كەڭ دېمەكچى ـ دە، مۇشۇنداق قىلىپ، بۇلار جەمئىي **15** جۈملە سۆز قىلىپتۇ، ھەممىنى جۈغلاپ قىسقارتىپ، مەنىسى مول، لەۋزى قىسقا، بالاغەتلىك تۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن قۇرئاننىڭ بۇ سۈرىدىكى **بىز، ئۇنىڭغا تولدۇڭمۇ دەيمىز، ئۇ يەنە بارمۇ؟** دەيدۇ دېگەن ئايەتنى كەلتۈرۈپتۇ، ئۇلار ھەممىسى كۈلۈپ كېتىپ، قۇرئان ھەقىقەتەن بالاغەتلىك، ئۇ بالاغەت جەھەتتىن مۆجىزە ئورۇندا تۇرىدۇ.

چۈنكى، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، مانا بىز دوكتۇر، پىرافېسور، تىلشۇناسلار بىرلىشىپ، بىر ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىدۇق، تېخى ئۇ مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىز دېيەلىسەكمۇ، كۆز بىلەن كۆرمىدۇق، بۇ جەھەننەم دېگەن غەيىب تۇرسا، بىز بۇنى بىلمەي تۇرۇپ جۆيلىيمىز، ئۆتكەننى، ھازىرنى، كەلگۈسىنى، ئوبدان بىلىدىغان ئۇنى ياراتقان زات، ئاللاھ ئۆزى سۆزلىگەن تۇرسا، مەخلۇققا مانا مۇشۇنداق جەھەتلەردىن يارىتىش سۆزى جەھەتتىن كائىنات ئىشلىرى جەھەتتىن، قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى زادى كەلتۈرەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلار ياراتمىغاندەك، كۆرۈپمۇ، بىلىپمۇ باقمىغان تۇرسا، بىز ھازىر

نەچچە كىشىنى يىغلاتقان، گۇناھىدىن تەۋبە قىلدۇرغان، ھەتتا، بىھۇش قىلىپ، جېنىنى ئالغان، تەسىرلىك بىر ئايەتنىڭ ئوخشىشىنى دېيەلمىدۇق، ئۇ ھەقىقەتەن، ئاللاھنىڭ سۆزى، ھەق، راست، جەھەننەم راست بولغاچقا، شۇنداق تەسىر قىلىدۇ دېيىشتۇق.

# سۈرە زارىيات تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

كاپىرلارنىڭ جىنىنى غەزەپ بىلەن ئىلىشمۇ، ئۇلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر، ئەگەر ئۇلارغا ئۆمۈر بەرسە، گۇناھ، مەئسىيەت زىيادە بولۇر، بۇ دۇنيا دوزاختا نىسبەتەن ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتۇر.

شەيئىلەر ھېكمىتىنى بىلىش سۆيۈملۈكتۇر،

ئۇنىڭ شىپاسى مۇشكۇل سوئالغا ئۇنۇملۇكتۇر.

ھېكمەتنى سورىماستىن، تەقدىرگە ئىشەن،

چۈنكى، شەيئىلەر لەۋھۇلكىتابتا پۈتۈلگىلىكتۇر.

ئۇنىڭغا سەن قىلماقچى بولغان ئىش پۈتۈلگەن،

شۇڭا ئۇ سېنىڭ شۇ ئىشنى قىلىشىڭنى كۈتۈگلۈكتۇر.

ئىككى ئالەم ئىشلىرى سەۋەبلىكتۇر،

تىرىشىپ ئوقۇپ، سەنمۇ بولغىن دوكتۇر.

ئاللاھ، بۇ سۈرىدە شامالالار بىلەن قەسەم قىلغان، ئەلۋەتتە، ئاللاھ قەسەم قىلغان نەرسە بەك ئۇلۇغدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ، بۇندىن كېيىنكى سۈرىلەردە، قەلەم كىتاب، يۇلتۇز، يۇلتۇز ئورۇنلىرى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، بىز يۇقىرىدا شامال توغرىسىدا خېلى توختالغان، بۇنىڭ مۇھىملىقىنى جۇغراپىيە، شامال يۆنىلىشلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر ئوبدان بىلىدۇ، شامالمۇ ھاياتلىق ئاساسلىرىدىندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، بۇ سۈرىدە مۇنداق دېگەن، **زېمىندا ۋە ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردا، ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىپ ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىنى، قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئالامەت مۆجىزىلەر بار، بۇنى كۆرمەمسىلەر؟ ئاسماندا، سىلەرنىڭ رىزىقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار، 20 ـ 22 ـ ئايەتلەر.**

ئاۋۋال بىز، ئاخىرقى ئايەتتىكى مۇناسىۋەتنى قىسقىچە بايان قىلىمىز، رىزىقنى ھالالدىن يەپ، شۈكرى قىلسا، ئىگىسىنى تونۇپ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسا، ئۇ ئاشۇ ساۋاب جەننەتكە كىرىدۇ، ئەگەر ئۇ، ئىگىسىنى تونىمىسا، شۈكرى قىلمىسا، ھارامدىن يېسە، جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە، مەئسىيەت، تۇرمۇش، رىزىقنىڭ جەننەت، ساۋاب بىلەن مۇھىم مۇناسىۋىتى بولىدۇ، چۈنكى، ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشىمۇ، ھالالدىن يېيىش، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئايەتتە، رىزىق بىلەن ساۋابنى بىللە كەلتۈرگەن.

بىز ھازىر، **21** ـ **22** ـ ئايەت ئۈستىدە ئىزدىنىمىز، بۇ توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىدۇق، پۈتۈن تاللاپ ئالغىنىمىزمۇ شۇ تېمىدا بولدى، ئەلۋەتتە، ھەر قېتىمقى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، قاراڭلار، ئاللاھ زېمىندا ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردا ئالامەت، كارامەت مۆجىزە بار دەپتۇ، يىراق ئەمەسكەن، كۆرۈپ باقايلى، ئالدى بىلەن مىكروسكوپىنى قولىمىزغا ئېلىپ قارايمىز، ئاددى، نورمال بىر ئىنساندا بولىدىغان بەش لېتىر قاندا، **25** تىرلىيون قىزىل قان ھۈجەيرىسى بولىدۇ، بۇ خىل ھۈجەيرىنى، بىز قوشۇن، ئاللاھقا خاس دېگەن جايدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، بۇ ھۈجەيرىلەرنى، بىرىنى، بىرىنىڭ يېنىغا تىزسا، تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى **187000** كىلومېتىر بولىدۇ، ھەر سېكۇنتتا ئوندىن سانىساق، توختىماي سانىغاندا، **80** مىڭ يىل كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ **25** تىرلىيون ھۈجەيرىنى بىرىنى، بىرىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ تىزساق، ئېگىزلىكى، **62** مىڭ كىلومېتىر بولىدۇ، يەنى، يەرشارىنى بىر يېرىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، **40** مىڭ كىلومېتىردىن **22** مىڭ كىلومېتىر ئاشقاندىكىن، سائىتىگە **70** كىلومېتىر ماڭسا، يۈز كۈندە بېسىپ بولىدۇ، بۇ ھۈجەيرىلەر، كۈۋادرات شەكلىدە تۆت چاسا ساقلىنىپ، تىزىلسا، **1400** كۈۋادرات مېتىرغا توغرا كېلىدۇ، بىر قوشۇق كېلىدىغان مېگە ھۈجەيرىسىدە، دۇنيا قامۇسىدەك، نەچچە مىليون قامۇس ئورۇنلىشىدۇ، ئەنە شۇ ھۈجەيرىلەر، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، قان تومۇرىمىزدا لىق ـ لىق ئاقىدۇ، بۇ ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى ئالامەت ئەمەسمۇ؟

ئەمدى بىز بىئولوگىيە ساھاسىدە ئەڭ يېقىن بولغان ئىلمى تەتقىقاتى مۇشكۇل بولغان نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، دوكتۇر، پىرافېسسورلارنى ھەيران قالدۇرغان مېڭە ئىلمىنى، مېڭىدىن ئىبارەت باش شتاپ قوماندانلىق مەركىزىنى تەتقىق قىلىمىز، بۇمۇ، ئاللاھ ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ياراتقان ۋە بۇندىن كېيىن كۆرسىتىپ قويىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئالامەتتۇر، ئاللاھ، ۋەدىسىدە تۇردى، مانا ھازىر بۇ تەتقىقات ئەمەلىيلەشتى، مېڭە ئىنساننىڭ باش قىسمىغا جايلاشقان، شەكلى ياڭاققا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئېغىرلىقى ئادەتتە **1300** گىرامدىن **1800** گىرامغىچە كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى **1400** گىرام كېلىدىغان سەككىز قىسمىغا بۆلۈنگەن **12** رايۇندىن تەركىپ تاپقان، **14** مىلياردتىن ئارتۇق نېرۋا ھۈجەيرىسىدىن تەركىب تاپقان، ماددا ئوزۇقلارنى بولسا، يۈرەك ھەرىكىتىدىن، قاندىن ئالىدىغان ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ نازۇك قوماندانلىق مەركىزىدۇر. ئۇنىڭ ھۈجەيرىلىرىدىن ئادەتتە، ھەرىكەت، بەش سەزگۈ ئەزالارغا مەسئۇلدۇر، ئوي - پىكىر، ئەستە ساقلاش، تەپەككۇر ھۈجەيرىلىرى، ئۇخلىغاندا ئارام ئالسىمۇ، كۆپىنچىسى خۇددى يۈرەكتەك، قاندىكى ئاق قان، قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىدەك، ئارام ئالماي، خىزمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز چۈش كۆرىسىز، روھى مەلۇماتقا ئېرىشىسىز، خۇددى ئەمەلىيەتتەك، ئېھتىلام بولۇپ، جۇنۇپ بولىسىز، بەزىدە تاھارەتمۇ قىلىپ قويىسىز، تېخى مېڭىدە ئالاھىدە سۈيدۈكنى چىقىرىشقا مەسئۇل ھۈجەيرە بولۇپ، سىز ھاجەتخانىدا ھەرقانچە ئۇزۇن ئولتۇرسىڭىزمۇ، نېرۋىڭىزدا تاھارەت قىلىش ئېھتىياجى ھاسىل بولمىسا، قەتئىي تاھارەت قىلالمايسىز، چۈشىڭىزدە سىز تاھارەت قىلىپ چۈش كۆرسىڭىز، ئاشۇ نېرۋا ھۈجەيرىسى ھەرىكەتكە كېلىدۇ - دە، چىقىش دەرۋازىسى ئېچىلىپ، كۆرپىگە تاھارەت قىلىسىز، روھ بىلەن نېرۋا بىرلىشىپ، چۈش ئارقىلىق لەززەت ئالالايسىز، بۇنداق چۈشلەر سۈرە يۈسۈفدە بايان قىلىنغان، مەقسەت، ئىنساننىڭ بەش سەزگۈ ئەزالىرىغا، ھەرىكەتكە، مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاشۇ سەزگۈلەر بىلەن سېزىم بىلەن مەلۇماتقا ئارىلىقنى باغلاپ ئالاقىلاشتۇرۇشقا، ئۈچۈر يەتكۈزگۈچى ھۈجەيرىلەر بار.

كۆرۈشكە مەسئۇل **600** مىڭ ھۈجەيرە، ئاڭلاش، تېتىش، پۇراشقا مەسئۇل ھۈجەيرىلەر، ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئارقا تەرەپكە جايلاشقان، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا، بۇ ئۈچۈرلارنى بىر تەرەپ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئىنتىزاملاشتۇرۇش، خاتالاشتۇرماسلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئەستە ساقلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا مەسئۇل ھۈجەيرىلەر جايلاشقان، بۇلارنى بىز مۇنداق رايونلارغا بۆلىمىز، ھېسقا، يەنى سېزىمغا مەسئۇل رايون، كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش، سىلاش سېزىملىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، موسكۇل ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولىدىغىنى بار، ھەرىكەتكە مەسئۇللىرى بولسا، بارلىق ئەزالارنى بىر - بىرىگە زىت ئەزالارنى، قول - پۇتلارنى، تىل ۋە ھەتتا ئاشۇ مېڭە جايلاشقان باشنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ئىنسان، بىر تال بارمىقىنىمۇ ئايرىپ ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ، بىر - بىرىگە زىت ھەرىكەتنىمۇ قىلالايدۇ، بۇ رايون، سول تەرەپ، ئوڭ تەرەپ جىسمىغا ئوڭ تەرەپ سول تەرەپ جىسمىغا ئالمىشىپ مەسئۇل بولىدۇ، خۇددى **x** بەلگىسىدەك، بۇ رايون ئادەمنىڭ پېشانە رايونىدا مەۋجۇد، بۇلارنى سىز ئاناتومىيىدە، بىئولوگىيىدە كۆرىسىز، ئۆزئارا ئالاقە باغلىغۇچى، بىر - بىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى ھۈجەيرىلەر رايونى بولسا، ھەرىكەت سېزىمغا مەسئۇل ئەمەس، كارىمۇ يوق، چۈنكى، بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سېزىم بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئەستە تۇتۇش بىلەن تەپەككۇر، پىكىر قىلىشنىڭ ئالاقىسىنى باغلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئالەقە ئۈزۈلۈپ قالسا، چوڭ بالايى - ئاپەت يېتىپ كېلىدۇ، ئاددى بىر مىسال قىلساق، سىز كۆز بىلەن بىر تال ئەتىرگۈلنى كۆردىڭىز، قىزىللىق، گۈزەللىككە مەسئۇل ھۈجەيرە مېڭىگە بۇ ئۈچۈرنى يەتكۈزدى، سىز ئاندىن ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ ھە! بۇ گۈل بەك قىزىلكەنغۇ، دەپ بۇرنىڭىز بىلەن پۇرىدىڭىز، پۇراشقا مەسئۇل ھۈجەيرىلەر گۈلدىن چىقىپ دىماققا ئۇرۇلغان زەررىچىلەردىن ناھايىتى خۇشپۇراق سېزىمنى مېڭىگە يوللاپ بېرىدۇ، ئۆزئارا ئالاقە باغلايدىغان ھۈجەيرە دەرھال، باش شتاپقا خەۋەر قىلىدۇ، مەركەز ئويلىنىپ، پىكىر قىلىپ، ئاندىن ئېسىگە ئايالىڭىز، مەھبۇبىڭىزنى ئالىدۇ - دە، ۋاھ، بۇ گۈلنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ، بىر خۇشال قىلايچۇ، دېگەن پىلاننى تۈزىدۇ، ئاندىن مەركەزدىن چىققان بۇ پىلاننى، يۈرەكتىكى نىيەت، ئىرادە تەستىقلايدۇ، قوشۇلىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاساسى مەركەز، قارار چىقىرىش پىلانىغا تامغا بېسىش ئورنى، ئاندىن ئالاقە ھۈجەيرىسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەرىكەتكە مەسئۇل ھۈجەيرىنى ئىشقا سېلىپ، سىز ئاستا پەملەپ گۈلنى قولىڭىزدا ئۈزىسىز، پۇتىڭىز ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆزلىكىدىن بىرسى ئىتتىرگەندەك، ئۆيگە قاراپ ماڭىسىز - دە، گۈلنى مەھبۇبىڭىزگە بېرىسىز، بۇ خىل مەنزۇى

ۋە ماددى كۆڭۈل ئېچىلىشلەشنى كۆرگەن مەھبۇبىڭىز، ناھايىتى خۇشال بولىدۇ، ماددىسى بىر تال گۈل بولغىنى بىلەن، كۆزگە كۆرۈنمەس، مەنىۋى، روھى تەرىپى بولسا، چىن يۈرەكتىن چىققان سەممى مۇھەببەت، مانا مۇھەببەت نەقىل، تەپەككۇر، روھدىن ئىبارەت مەنىۋى ئالەممۇ، ئىنسان دۇنياسىدا مەۋجۇد، بۇلارنى كۆز بىلەن كۆرمىسەكمۇ، شەكسىز ئىشىنىمىزغۇ، ئاندىن كېيىنكى تەسىرات، ئۆزئارا ئۇچۇر يوللاش، ھېسسىياتقا مەسئۇل ھۈجەيرىلەر كارامىتىنى سۆزلەپ، يۇرمىسەممۇ، سىز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، قولاقتا ئاڭلىدىڭىز، ئانا رەھىمدىن ئىبارەت، زاۋۇتتىن يەنە بىر مېڭە، يەنە بىر مۇھەببەت ئىگىسى بولغان يۈرەك بارلىققا كېلىدۇ، شۇلارمۇ دەسلەپكى ھالىتىدە يەتتە خىل ھۈجەيرىدىن ھاسىل بولىدۇ، مېھرىبان ئاللاھ، ھەممىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان، بىز ئۇ زاتنى ۋاقتىنچە بۇ دۇنيادا كۆرەلمىسەكمۇ، بارلىقىغا، بىرلىكىگە، ئاخىرەتتە كۆرىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ خالىسا.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **165** ـ **167** ـ بەتلەردە، مېڭە قۇرۇلمىسى، مېڭە رايونى، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، سىز بۇلارنى ئادەم ئاناتومىيىسى، بىئولوگىيە، ئادەم قىسمى، **100** مىڭلىغان نېمە ئۇچۇنلەردە كۆرىسىز، ياكى ھارۇن يەھيانىڭ قۇرئان، ئىنسان دېگەن فىلىمىدىن كۆرىسىز، بىزمۇ، سۈرەتنى تەييارلىدۇق، ئاللاھ خالىسا.

مېھرىبان ئاللاھ راست سۆزلىگۈچىدۇر، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا راستىنلا ئالامەتلەر، مۆجىزىلەر باردۇر، ئاللاھ، رەھمەت پەزلى بىلەن بۇ نازۇك مەركەزنى، يۇمشاق سۈيۇقلۇقتا ئورۇنلاشقان ئاشۇ ھۈجەيرىلەرنى، رايۇنلارنى قاتتىق باش سۆڭىكى بىلەن قوغداپ تۇرىدۇ، مۇھاپىزەت قىلىدۇ، بەزى ھادىسىلەردە قاتتىق جايلارغا تېگىپ كەتسىمۇ، ھەتتا، يېرىلىپ كەتسىمۇ، يەنىلا ساق قالدۇق، ئەگەر بۇ قاپمۇ بوش، نازۇك بولسا، بىز دەرھال ھاياتىمىزدىن ئايرىلىمىز، ياكى پالەچ بولۇپ قالىمىز، كەلگۈسى چاغلاردا مېڭە ئوپېراتسىيىسىنى قىلىشنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، بۇ قاتتىق باش سۆڭەكنى بىرلا پارچە قىلماي، ئالتە پارچە قىلغان، ھازىر بولسا، بۇلارنى پارچىلاپ، مېڭە ئوپېراتسىيىسىنى قىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ، ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئالدىن بىلىپ ئىش قىلغۇچىدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، مەن سىلەرگە شۇنى ۋەسىيەت قىلىمەنكى: قۇرئان، ھەدىستە تىلغا ئالغان بارلىق نەرسىنى تەتقىق قىلىش لازىم، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى، بىئولوگىيە ساھاسىدە، زېمىن تەبىقىلىرىنى جۇغراپىيىدە، ئاسمان جىسمىنى بولسا، ئاسترونومىيىدە، تىببىي ئىلمىنى، ئاناتومىينى، ئىلىم چەكسىز ھېكمەت پەلسەپەگىچە، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئالىي مەكتەپلەردە، دەرسلىك قىلىشىمىز، ئىسلامىيلاشتۇرۇپ، تەۋھىد، ھېكمەت، رەھمەت، قۇدرەتنى تونۇتۇشىمىز لازىم. مانا ھازىر بىز، قۇرئان ئايىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تەتقىق قىلىۋاتىمىز، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى مۆجىزە ئالامەتلىرىنى ئۆز جىسمىمىزدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈۋاتىمىز.

بىز ئەمدى، ھايۋانلار دۇنياسىغا نەزەر تاشلايمىز. ھايۋانلار ھۈجەيرىسىنى، ھۈجەيرە تەركىبىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىككى قىسىم بولىدۇ، بۇ بولسىمۇ، تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار، كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار بولىدۇ.

كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار بولسا، ئومۇرتقىلىق، ئومۇرتقىسىز دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئومۇرتقىلىقى، بېلىق، ئۆمىلىگۈچىلەر، قۇشلار، ئىمىتكۈچى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا بۆلۈنىدۇ، شۇنداقلا، يىلان، تىمساھتەك تۇخۇمدىن چىقىدىغانلىرى بولىدۇ. ئومۇرتقىسىز بولسا، دېڭىز يۇلتۇزىدەك، قۇرتتەك ھايۋانلار، **179** ـ بەتتە، تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋانغا مىسال قىلىپ، سۇ كۆلچىكىدە، سېسىق سۇلاردا، سۇدىكى تاشلاردا ياشايدىغان مىكرۇسكوپىدا كۆزۈتۈپ ئۇنىڭ بىرەر مۇئەييەن شەكىل، سۈرەت تاپالمايدىغان ناھايىتى كۆپ پىروتوپلازمىدىن ھاسىل بولۇپ، شەكىللىنىدىغان بىر خىل تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋاننى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ھۈجەيرە يادروسى، ئېغىز بوشلۇقى، تېرىسى، چىقىرىش سىستېمىسىدىن تارتىپ يازغاندۇر.

**180** ـ بەتتە، ئىنسان جىسمىدا ئۇيقا كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان، ئىنسانلار قېنىدا ياشايدىغان تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋاننى سۈرەتلىك كەلتۈرىدۇ، بۇ ھايۋاننىڭ ھۈجەيرە يادروسىنى سىزىپ بېرىدۇ، بۇ خىل ھايۋان، نېرۋا كېسەللىنىمۇ پەيدا قىلىدىكەن، مىكرۇپ، ۋىرۇسلار، تاق ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار بولۇپ، تېرىدىن ياكى قاندىن ياكى ئېغىزدىن كىرسە، بۇ دەرھال كۆپىيىپ، جىگەر كېسىلى، جىگەرنى سېستىش، كاردىن

چىقىرىش، تۈبرىكلىيۇز، يۇقۇملۇق تىرە كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا، ۋاباغا ئايلىنىپ جاننى ئالىدۇ. بۇ خىل ھايۋاننىڭ سۈرىتىنى دوختۇرلار كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدۇ.

كۆپ ھۆجەيرىلىك ھايۋانلاردىن تۆگە، كالىنى ھەممىسى ئوبدان بىلىسىلەر. شۇڭا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **181 ـ 185** ـ بەتكىچە، ھەرخىل كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، دېڭىز ھايۋانلىرىنى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، بەزىسى خۇددى قاپاققا، كوزىغا ئوخشايدۇ، بەزىسى، ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ. مارجان ھايۋانلىرى، بەزىسى بەش پۇتلۇق بولۇپ، دەرەخنىڭ شېخىنى كېسىپ، كۆتىكىنى ئاسمانغا قىلىپ توختۇتۇپ قويغانغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە لايىق ئېغىزى بار، چىقىرىش جايلىرى بار بولۇپ، كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز. كېيىنكى بەتلەردە، سەكسەن پۇت، چايانلارنى، دېڭىز قۇلۇلىسىنى، ھەتتا تاشقا ئايلانغان قاتمىلارنى كەلتۈرگەن، سىز بۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەمنى، زېمىننى ئۆز جىسمىڭىزنى ھەقىقىي تەتقىق قىلىپ، كۆزەتسىڭىز، خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك خۇشال بولىسىزى، نۇرغۇن قۇدرەت، ئالامەتلىرىنى، رەھمەتلەرنى، ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى بايقايسىز، ئەگەر قەلبىڭىزدىن ئىنساپ قىلسىڭىز، تەپەككۇر قىلىپ، ھەقكە بويسۇنسىڭىز، توساقلاردىن بۆسۈپ ئۆتەلىسىڭىز، چوقۇم بىر ئاللاھ بار، بىر، ئۇ نېمە دېگەن رەھىم قىلغۇچى، مېھرىبان ھە! دەپ دۇنيادىكى ئەڭ تەقۋا ئىلغار نەمۇنىچى ئۆلگىلەردىن بولۇپ قالىسىز.

(تۆر) تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

كائىنات تەتقىقاتى، كائىنات ئىلمى، جۇغراپىيە بولسا، مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، تۇر تېغى بىلەن قەسەم قىلدى، رەسۇلۇللاھ عليه وسلم بىز ئوھۇد تېغىنى ياخشى كۆرىمىز، ئوھۇد تېغى ھەم بىزنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ھەمكارلىق، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ھە! ئىلىم ـ مەرىپەت، ھىدايەت نۇرى، ئەسەرمۇ ـ ئەسەر، كىتاب بىلەن بولىدۇ، قۇرئان كالامۇللامۇ كىتاب، ھەدىس، فىقھە، تارىخ، كائىنات ئىلمىمۇ كىتاب، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، كىتاب بىلەن قەسەم قىلدى، **3** ـ ئايەت، فِي رَقٍّ مَّنْشُورٍ قەغەزگە قەغەز، كەشپىياتقا ئىشارەتتۇر، گېزىت ـ ژۇرنال، ماقالىمۇ بار، ۋە باشقا كىتاب يېزىلغان، تەرەققىيات مەتبەلەرگە ئىشارەتتۇر، بۇ خىل تەرەققىياتمۇ يېقىنقى مەزگىللەردە ئاجايىپ تەرەققىي قىلدى، ئىلىمنى، دەۋەتنى ئۈستىگە ئالغان، بۇ ئىشقا دىنىي توسقۇنلۇق يوقتۇر، ئاللاھ، قەسەم قىلغان ھەرقانداق نەرسىگە سەل قارىماڭ، تېخى بۇندىن كېيىن قانداق مۆجىزىلەر چىقىدۇ، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

ھازىر بىزنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنىمىز، ئوت بولۇپ ياندۇرۇلىدىغان دېڭىز بىلەن قەسەمدىكى دېگەن ئايەت، يەنە تېخى، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا دېگەن ئايەتمۇ بار. غازات ياكى ھەج، ئۆمرىدە باشقا ئىشلاردا كىشى دېڭىز سەپىرى قىلمىسۇن، چۈنكى، دېڭىز ئاستىدا ئوت بار، ئوت ئاستىدا يەنە دېڭىز بار دېگەن ھەدىس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن خاتىرلەنگەن ھەدىس بولۇپ، بۇنداق ھەدىس، مۆجىزە ئورۇندا بولغاچقا، سەھىيلىكدە مەسىلە بولمايدۇ، چۈنكى، مۆجىزىلىك ھەدىسنى پەيغەمبەردىن باشقىسى يالغاندىن توقۇپ چىقىرالمايدۇ، بۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن ئىسپاتلىغان بىر مۆجىزە ھەدىستۇر، ئايەت، ھەدىستە ئۇچۇق قىلىپ، دېڭىزدا، ئىچىدە ئوت بار دېيىلگەن، ئەلۋەتتە، سۇدىمۇ ھىدروگېندەك ئوت بار، زەررىچە بار، ياكى سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسى بار، ھازىر بىز دېمەكچى بولغان مۆجىزە، زېمىن ئىچكى قىسمىدىكى ئوت بولۇپ، ئالىملار ئىسپاتلاپ چىقتى، يانار تاغ بولسا، شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇ، دېڭىز ئاستىدىكى يەرشارى ئىچكى قىسمى بولسا، گرادۇسى يۇقىرى ئوتتۇر، بۇ يېرىق ئىگىسى، زېمىن بىلەن قەسەمكى دېگەن ئايەت بىلەن بىرگە مۆجىزە سانىلىدۇ. ھەدىسنىڭ مەنىسى بولسا، دېڭىز ئاستىدا ئوت، يەنە ئاستىدا دېڭىز دېگىنى، دېڭىز، يەرشارىنى قورشاپ تۇرىدۇ، يەرشارىنىڭ ئىككى تەرىپى دېڭىز بولسا، ئوتتۇر قىسمى، ئىچكى قىسمى ئوتتۇر، ئىككى تەرەپتە، دېڭىز بار، ئوتتۇرا قىسمى، ئىچكى قىسمى ئوت دېگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر كېچىدە بارلىق ئاسمان ئىككى ئالەم ئىشلىرىنى بىلىپ چۈشكەن زات بۇنى بىلىدۇ، كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئەمما، بۇنى ئوچۇق دېمەسلىكتە، مۇنداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، سۈرە تالاقنىڭ ئاخىرىدىكى يەتتە ئاسمان يەتتە زېمىن مەسىلىسىدە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توختىلىپ، ئەگەر مەن بۇ ئايەتنى ھەقىقىي تەپسىر قىلىپ بەرسەم، سىلەر مېنى تاش، چالمىدا رىجىم قىلىۋېتىسىلەر دېگەن، ئىبنى كەسىر تەپسىرىدىن.

شۇنداق، ئۇلار تېخى مۇسۇلمانلار تۇرسا، كىشىلەر چۈشەنگىدەك سۆز قىلىش لازىم، بولمىسا كاززاپقا چىقىرىلىدۇ، ئەمما، ئاستا ـ ئاستا ھەقىقەتنى مانا مۇشۇنداق ئاشكارىلاش لازىم، ئىنساپ قىلىدىغان ئالىملار، ھەقكە بويسۇنىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

## سۈرە نەجمە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

ئاللاھ، بۇ سۈرىدە، يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ قەسەم كاتتا قەسەمدۇر، بىز دائىم پەلەككە نەزەر سالايلى، بولۇپمۇ تېلىسكوپىدا، سۈرە ئاخىرىدا يەنە يۇلتۇزنى تىلغا ئالدى، كېچىدىمۇ يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقىن، ئاللاھ ئەينى چاغدا **1400** يىل بۇرۇن، ۋە ھازىر ۋە بۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىن، يۇلتۇز، دېڭىز ھېچنېمە قويماي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇشىنى، ئالامەت، ئايەتلەرنى كەشىپ قىلىپ، چىقىشنى ئالدىن بىلىپ، مۇشۇنداق قەسەم بىلەن كەلتۈرۈپ، يەنە شۇ يۇلتۇزنى تىلغا ئېلىپ بۇ سۈرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، بالاغەت ئىلمىدا مۇھىم سۆزنى باشتا باشلاپ، يەنە شۇ سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش كۆرسىتىلىدۇ. خۇددى بىز ھەمدۇ ـ سانا ئاخىرىدا دۇئا قىلغاندەك، ئاستىن ـ ئۈستۈن ئىكى ئالەم تەرەققىياتى، بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك خۇددى بىر ـ بىرىگە سەييارىلەر جەھەتتىن ئوخشاپ كەتكەندەك، يۇلتۇز ئىلمىدا غەيىپنىلا داۋا قىلمىسا، سېھرى قىلمىسا، ئۈنىڭدىن ۋاقىت بىلىش، جايلارنى بىلىش، زىننەتنى بىلىش، ئاللاھ قاراڭلار، ئىبرەت ئېلىڭلار، ئاللاھنى تونۇڭلار دېگەندىكىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاسماننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتى، ئۇ زاتمۇ تەۋھىد جەھەتتىن ئاسمان جىسمىنى، قۇياشنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىنى، ئاللاھقا ئاپىرىپ، قېنى سەن، كۈننى مەغرىپدىن چىقىرىپ باققىنە دەپ قايىل قىلغان، رەسۇلۇللاھ بولسا، ئاسمانغا چىقىپ چۈشتى، ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسەتتى، بىزمۇ بۇ جەھەتتىن تەۋھىد، ئەقىدە، كەشپىيات، ئىلىم ـ پەن، تەرەققىياتلارغا ئېرىشسەك، ياخشى ـ دە، ھازىر، ئالەم بوشلۇقى ئۈرۈشى ئالدىدا تۇرساق، قېنى ئەمسە، ئۆز ئادىتىمىز بويىچە، بۇ ھادىسىلەرنى پۈختا ئىنتىزام بىلەن قىلغۇچى، ياراتقۇچى، سانلار ھېسابىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى يەنە بىر كۆرۈپ باقايلى.

**214** ـ بەتتە، يۇلتۇز ئارىلىقىنى، تېزلىكىنى، نۇر سۈرئىتىنى، كىلومېتىر بىلەن قىلغىلى بولمىغاچقا، ئالىملار، نۇر يىلىنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بىر سېكۇنتتا **300** مىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىش، مۇشۇ ۋاقىت بويىچە نۇر يىلى بېكىتىدۇ، بۇنى چۈشەنمىسىڭىز، سىمسىز دولقۇنلار، يەرشارىنى ئايلانغىنىنى، رادىئو ـ تېلېۋىزور ئەھۋالىنىغۇ بىلەسىز؟ مۇشۇ تېزلىكتە نۇر، كائىنات ئەتراپىنى نەچچە يۈز مىليون نۇر يىلىدىمۇ ئايلىنىپ بولالمايدۇ. بۇ، قۇياش سىستېمىسى، بۇ زېمىن، كائىناتقا نىسبەتەن بىر تال زەررە خالاس، سەن بىز دېگەن يوق گەپ، تېلىسكوپىدا تەكشۈرۈلۈشىچە، ئىنسانلار، ئاسمان بوشلۇقىدا ھازىرچە نەچچە مىليارت زېمىننى، مۇشۇ بىز ياشاۋاتقاندەك زېمىن، پىلانېتنى بايقىغان، چۈنكى، بۇ بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىز، ئاشۇ سامان يولى سىستېمىسىدىن بىر تال ئەزادۇر، ئۇنىڭدا، نەچچە مىليارت قۇياش سىستېمىلىرى باردۇر، ھەممىسى، بىزنىڭ قۇياشىمىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزىسى بولسا، نەچچە مىليون ھەسسە چوڭ، بەزىسى كىچىك ھەربىرىنىڭ نەچچە ھەمراھى بار، بەزىسى، ئۆزىدىن ئوت چىقىرىدۇ، نۇر چىقىرىدۇ، بەزىسى بولسا، نۇر قايتۇرىدۇ، بەزىسى بولسا يوشۇرۇن، ھازىرچە ئىنسانلار كۆرگەن تېلىسكوپىدا كۆرگەن يۇلتۇزلار مۇنداق ساننى ئىگىلەيدۇ، مەن ئېزىپ قالمىدىم، قايتا ـ قايتا كۆزۈتۈپ يازدىم، ئوقۇپ بېقىڭ. بۇ سان تەنتاۋى جەۋھەرلىرىنىڭ **214** بەتتە بار **.2000000000000000000000000** مەن چىتتىرتېرلىيونغىچە بىلمەن، بۇنى ھېچ ئوقىيالمىدىم، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ۋاپات بولغىلى ھازىر **65** يىل بولدى، ھازىر قانداق سانلار بار، بۇنى تور بېتىدىن كۆرۈڭ، مانا بۇ كەڭ ئالەم، بىر ئاللاھقا ئالامەتتۇر.

سىزگە بىر قانچە سوئال قويۇپ قوياي.

بۇ ھادىسىلەرنى كىم پەيدا قىلغان؟ ئاسمان دېگەن نېمە؟ يۇلتۇزلارچۇ، ئۇ نېمىشقا ئۆز شەكلىنى، ھالىتىنى بۇزماي ماڭىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ، نېمىشقا ئايدىن بىرسى بار، نېمە ئۈچۈن،

زېمىندىن يەنە بىرنى تېپىپ چىقىپ كەتمەيمىز؟ بىز نەگە بارارمىز، نېمىشقا ئۆلىمىز؟ ئۆلۈم، روھ، ئۇ ئالەم زادى قانداق، نېمىشقا قۇياشقا ئەزامىز، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، يەنە بىر نەرسە يوقمۇ؟ نەپسى، روھ، مۇھەببەت، تەپەككۇر، جىن، پەرىشتە، مەنىۋى دۇنيالار ھەيرانمەن، دېڭىز، تاغ، شامال، يامغۇر، قار، ئۇ نېمىشقا ئالتە قىرلىق، نېمىشقا يەر تەۋرەيدۇ؟ ھەسەن ـ ھۈسەن زادى نېمە، چاقماق، نۇر، بوران ـ چاپقۇن، مولچىلىق، بالايىئاپەت، تەقدىرچۇ، سىرلىق ئەھۋاللار، نۇر، نۇر زادى نەدىن كەلگەن، نەگە بارىدۇ، ئالەمنىڭ چېكى بارمۇ، ھاياتى بەرزەخ، قەبرە، ئاخىرەت، تىرىلىش، ھېساب، جەننەت ـ دوزاخ بۇلارنى كىم چۈشەندۈرىدۇ؟ كىم ياراتتى، ئىنسانلار زېھنىگە نەدىن كەلگەن؟ دەلىلى بارمۇ؟ بۇنداق يۈز مىڭلىغان، مىليونلىغان سوئاللارغا ئىسلام دىنى، ئىسلام كىتابى، ئىسلام ئالىملىرى مۇشۇنداق كىتابلار توغرا، ھەق جاۋاب بېرەلەيدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللاھ ئەلەيھىدىن بىرسى، مۇنۇ ئايەتنى دەلىللەپ مۇنداق سوراپتۇ، **ئاللاھ، ئىنساننى كۈلدۈرەلەيدۇ، يىغلىتالايدۇ** دېگەن **43** ـ ئايەتتىن باشلاپ، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، ئادنى، سەمۇدنى ھالاك قىلىشقىچە تىلغا ئېلىپ، ھازىرقى بالايىئاپەتنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ دېگەن رەھمان، رەھىم تۇرسا، ئەپۇ قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى، دوست تۇتقۇچى، مېھرىبان تۇرسا، بۇ نېمە تەقدىر دەپ سوراپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇلل ئەلەي ئۇنىڭغا، بۇ توغرىسىدا كۆپ سورالدى، كۆپ جاۋابمۇ بېرىلدى، ھەممىسى رەھمەتتۇر، ئىككىنچى سوئال سورىمىغدەك بىر جاۋاب بېرەي، ئۇ بولسىمۇ مۇنۇ ئايەت.

ئاللاھ قىلغان ئىشدىن سوراقتا تارتىلمايدۇ، ئۇلار سوراقتا تارتىلىدۇ دېدى. شۇنداق بولسىمۇ تېخىمۇ رۇشەن جاۋابقا ئېرىشىپ قەلبىنى خاتىرجەم قىلاي دېسەڭ، مۇشۇ تەپسىرنىڭ باشتىن ـ ئاخىرى، مۇشۇ تېمىدىكى جايلىرىنى مۇندەرىجىدىن ئاختۇرۇپ كۆر، بۇ كىتابدىن قايسى بىر تېمىدا كۆرەي دېسەڭ، شۇ تېما تېپىلىدۇ، شۇنى بىلگىنكى، سەن بىلمەيسەن، ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ زات ناھايىتى پاك، ئاللاھ خالىسا، سۈرە ھەدىيدە بىز يەنە توختىلىمىز، شۇ جايدا كۆرۈشەيلى دەپ خوشلىشىپتۇ، بىزمۇ شۇ جايدا تاللارمىز، ئاللاھ خالىسا.

**ئاللاھ، ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن بىر جۈپ ئەركەك چىشى ئىنساننى ياراتتى، ھېساب ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى يەنە بىر قېتىم يارىتىدۇ، 47** ـ ئايەت، بىز بۇ توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدۇق، بۇ ئايەتكە سۈرە ئەلەقنى قوشۇپ، تۆرەلمە ئىلمى تەتقىق قىلىنىدۇ، يەنە بىر تېرىلىشكە سوئال قويغۇچىغا تۇنجى قېتىم ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى زات تېرىلدۈرىدۇ دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، شۇنداقلا، تۆرەلمە ئىلمى، ئانا رەھمى ئىچىدىكى مۆجىزىلەر، ئالامەت، كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن جاۋاب بېرىلىدۇ. قۇرئان ئۆزى مۆجىزىدۇر، شاھىتتۇر، بىز بۇنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلاپ چىقتۇق، بىزدە قىلچە شەك قالمىدى، ئەمدى مەسىلە، قەلبىدە شەك بارلارنى قايىل قىلىش، ھەقكە ئەكىلىشتە قالدى، ئۇلاردىن بىرسى مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، ئىمان بىلەن دۇنيادىن چىقسا، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت، پۈتۈن دۇنيادىن ياخشى ئىش بولىدۇ، ئاللاھ، ھىدايەت قىلار، ئامىن!

## سۈرە قەمەر (ئاي) تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بىز بۇ جايدا، ئاي شارىنى تەتقىق قىلىشمىز كېرەك، چۈنكى، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ئاي، ئاللاھ، قۇرئاندا ئايىنى مەخسۇس بىر سۈرە ئىسمى قىلدى، نۇرغۇن جايلاردا ئايىنى نەچچە مىليارت يىل بۇرۇنلا ئىنسانلار كېلىشىدىن بۇرۇن، ئالدىن بىلىپ ياراتقان، نۇردىن پايدىلانسۇن دېگەن، شۇنداقلا ئۇ، يەرشارىنى ئايلىنىش بىلەن 28 ـ 29 مەنزىللەرگە چۈشۈپ، 30 كۈنلۈك بىر ئايىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، يىللارنى، ھېسابنى بىلۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ئايىنى ياراتتۇق دېگەن، ئۇ مەۋجۇد، يوق ئەمەس، ئۇ بىر ئىككى ياكى ئۈچ ئەمەس، يەرشارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ بولۇپ، قۇياش نۇرىنى قايتۇرۇش بىلەن بىزگە نۇر چاچىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، ئۇنى كۈندەك چىراق دېمەي، نۇرلۇق ئاي دېگەن.

بۇ جايدىكى مۆجىزە، مۇنۇ باشتىكى ئايەتتە، ئاينىڭ يېرىلىشىنى كۆرسەتكەن، ئۇ قىيامەت كۈنى يېرىلىپ ۋەيران بولامدۇ ياكى ئۇ ھەدىستە كەلگەندەك يېرىلىپ بولغان، بۇخارى، مۇسلىمدا خاتىرلىنىشىچە، ئاي يېرىلىپ بولغان، رەسۇلۇللاھقا مۆجىزە سۈپىتىدە ئىككى پارچە قىلىپ، مەككە خەلقىگە كۆرسەتكەن.

ئالىملارنىڭ كۆزىتىشىچە، سۈنئىي ھەمراھدا تارتقان سۈرەتتە، ئايدا چوڭ يېرىق بارلىقى ئىسپاتلانغان، ئۇ ئون بەش كۈن كېچە، ئون بەش كۈن كۈندۈزدەك بولغاچقا، سوغۇق بولىدۇ، بەلكىم ھاۋا يوقتۇر، ئىنسانلار ئاي شارىغا چىقىش ئۈچۈن، نەچچە مىليون دوللار زىيان تارتىپ، بەدەل تۆلەيدۇ، ئاشۇ تەرەققىيات، ئىلىم كۈچىنىڭ بەلگىسىدۇر، ئاي توغرىسىدا خېلى كۆپ توختالغان، شۇ جايغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئاللاھ بۇ سۈرىدە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى بىز مۆجىزە، ئالامەت قىلدۇق، ۋەز ـ نەسىھەت ئالدىغان بارمۇ؟ دېگەن، ئاندىن كېيىن، قۇرئاننى يادلاشقا ۋە چۈشىنىشكە ئاسان قىلدۇق دەپ، يەنە شۇنداق دېگەن، ئاندىن ئاد، سەمۇد، لۇت قەۋملىرىنى سۆزلەپ، شۇنداق دېگەن، يەتتە قېتىم سوراق ھالەتتە شۇنداق دېگەن بولۇپ، مەقسەت، ئەمىر ـ پارمان بولۇپ، بۇيرۇقنى، سوراق، لەۋزى بىلەن كەلتۈرسە، كۈچلۈك بو لىدۇ.

دېمەك، بۇ سۈرە بىزگە بارلىق ئىلىمنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئاچقان، قۇرئان، ھەدىس، تەپسىر، تارىخ، كائىنات، ئاسمان جىسمى، بارچە ئالەملەرنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇش لازىم، ئۇنداق بولمىسا، قۇرئان نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى تىلغا ئالىدۇ؟ نېمىشقا قەسەم قىلىدۇ؟ مۇھىم بولغانلىقىدىن، ھەقىقەتەن بىز ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق، تەقدىر بىلەن ياراتتۇق دېگەن مەنىسىمۇ بار.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، مۇنداق سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ، ھەممە نەرسىنى ئۆزى تەقدىر قىلسا، بىزگە نېمە ئامال، نېمىشقا سىنايدۇ؟ نېمىشقا ئازابلايدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ئاللاھ، ھەممىنى ئالدىن بىلىدۇ، ئەمما، بۇنى ئۇلار بىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەيدۇ، ئاددى بىر مىسال قىلاي، بىر خوجايىن ناھايىتى گۈزەل، كۆركەم، كەڭرى، باغۇ ـ بوستانلار بار، توققۇزى تەل بىر داچا سالسا، ئاندىن كەڭ قورساقلىقى، ئەپۇچانلىق، سېخىلىقى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەركىن قويۇپ بەرسە، ئېچىۋەتسە، ئۇلار تازا تاماشا قىلىپ، بىرسى مەس بولۇپ ياكى بىر ئەما كىشى پۈتلىشىپ يىقىلسا، تامغا ئۇسۇۋالسا، باش كۆزلىرىنى يېرىۋالسا، ئاندىن بۇنىڭ شۇملىقىنى، يامانلىقىنى خوجايىندىن كۆرسە، توغرا بولامدۇ؟ ئاللاھ، ئىنسانلارنى بۇ كەڭ ئالەمگە قويۇپ بەردى، سىناشنى خالىدى، ئەركىنلىك بەردى، مەجبۇرى پۈتكىنى يوق، ئىنسان خۇددى ئاشۇ ئەما، مەستلەرگە ئوخشاش ئۆزى، ئۆزىگە قىلىدۇ، ئاللاھدا، ئۇ زاتىنىڭ ئالدىن بىلىشىدە ئەيىپ ـ نۇقسان يوق، پۈتۈن جىنايەت، گۇناھ، نۇقسان، خاتالىق ئىنساننىڭ ئۆزىدە، ئىنسانلار خۇددى كىچىك بالا، ئاقىۋەتنى بىلمەيدۇ، ئەتراپلىق ئويلاپ يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، رەھىم قىلىپ، ئەپۇ قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا تەربىيە قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ. رەھىم قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇرئاندەك مۆجىزىلىك كىتابنى چۈشۈرگەن، ھازىر نېمە قىلساڭ كارى يوقتەك قىلىدۇ، ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە، بىرلا تۇتىدۇ، قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، تەقدىرنى بانا ـ سەۋەب قىلىپ، جىنايەتنى ئۈستىگە ئالمىغان كىشىلەرنى، قۇرئان، ھەدىس ئەيىبلەيدۇ،

ئاللاھنىڭ بىلىشى، ئالدىن بىلىشى، ئالدىن كۆرۈشى، ئاندىن يېزىپ قويۇشى، ئەيىب ئەمەس، ئۇنىڭ يارىتىشى ئەيىب ئەمەس، ئالدىن بىلىشى، ئۇنىڭ يارىتىشىنى توسۇپ قويمايدۇ، دوزاخ ئەھلىنى ئۇلارنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى بىلىپ تۇرۇپ يارىتىۋېرىدۇ، بۇ ئۇلارنى دوزاخ ئىچىگە ياراتقاندەك ئىش، جەننەت ئەھلىمۇ شۇنداق، لېكىن، گۇناھ، ئاسىيلىق، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۆزىدە، سەۋەب ئۆزىدە، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تەقدىردە پۈتتى خالاس، بۇنى بىز خېلى كۆپ دېگەن، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلمى، ھېكمىتى بىلەن پۈتۈلگەن، تەقدىر، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سەن ياخشى مۆئمىن بولۇشنى بىل. شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ. سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت، ئۆستەڭلەردە بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ. بۇ ئاخىرقى ئىككى ئايەتتە، ئىككى خىل ماقام، مەرتىۋە سۆزلەنگەن، بىرىنچىسى جەننەت، ئىككىنچىسى بولسا، كۆڭۈلدىكى جاي، ئاللاھ بىلەن بىللە بولۇش، جامالىنى كۆرۈپ تۇرۇش، بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇراد ـ مەقسەت بولماس، يەنە بىرسى، تەقۋادارنى سۆزلىدى، قۇرئان، ھەدىستە، كىم تەقۋا، بۇنى سۈپىتى، قىلىقى، ئەخلاقى، ۋەزىپىسى بىلەن قوشۇپ سۆزلەيدۇ، تەقۋا دېگەن، ئەۋلىيا دېگەن شۇ، سۈرە يۇنۇسدا شۇنداق دېگەن، سۈرە تۆۋبىدىمۇ ئەۋلىيالار، يەنى ئاللاھنىڭ دوستى تەقۋادارلار دېگەن.

ئاللاھقا، تائەت، ئىبادەتتە بويسۇنغاندەك چەكلىگەنگىمۇ بويسۇنسا، تائەتكە سەۋۋرى قىلغاندەك، گۇناھ، مەئسىيەتتىنمۇ سەۋرە قىلالىسا، ئىلىم، ئىبادەتتە كامال تاپالىسا، ياخشى، ئابىد، زاھىد بولۇپ، تەقۋا سانىلىدۇ، بۇنى، قۇرئان، ھەدىسدە كۆرۈڭ، ئى، ئاللاھ، جەننەتكە لايىق ئەمەسمىز، دوزاخدىن قۇتۇلالمايمىز، سېنىڭ ئەپۇ قىلىپ، كەچۈرۈشىڭدىن باشقا ئامالىمىز يوق، بىزنى كۈچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلغىن، ئامىن!

# سۈرە ئەررەھمان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ ئىسىم، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپىتى بولۇپ، بىزنىڭ بارلىق مۇراد ـ مەقسىتىمىز، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە جامالىدۇر، بىز بۇ كىتابدا، شۇ ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، قۇدرىتى، رەھمىتى، ئىلىم ـ ھېكمىتىنى، قۇرئان مۆجىزىلىرىنى مەقسەت قىلدۇق. بۇمۇ ئەلۋەتتە، رەھمان، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن، شۇنداقلا بۇ ئەملىمىزمۇ رەھمان، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىندۇر، بۇ سۈرىدە باشتىكى ئايەتتىلا قۇرئاننى ئاللاھ ئۆز تەلىم بەرگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ ئىلمى بار، سۈپىتى بار، ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىدۇ. ئالتىنچى ئايەتتە بولسا، دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاللاھقا سەجدە قىلىشى كۆرسۈتۈلۈپ، بۇنىڭدا ئۆسۈملۈكنىمۇ ھاياتلىق بارلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان، شۇنداقلا، ئىنسانلار ئىچىدە ئۆسۈملۈكچىلىك ئاللاھنى ئەسلەيدىغان، سەجدە قىلىدىغان بەندە بولماستىن، بەلكى، ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغانلار ئۈچۈن بىر تاپا ـ تەنە قىلىشتۇر، **14** ـ **15** ـ ئايەتتە بولسا، ئىنسانلارنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئەسلى ماددىسى، جىنلارنى بولسا، ئوتتىن ياراتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەسلى ماددىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ئىنسانلارنى تەتقىق قىلىپ، بۇ مۆجىزە ئىسپاتلاندى، ئەمما، جىنلار بىزنىڭ تەتقىقات دائىرىمىزدە ئەمەس، بۇ مەسىلىنى سەييىد قۇتۇبمۇ بۇ سۈرىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

**بۇ سۈرىدە، ئى ئىنسانلار، جىنلار، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى بىر نېئمىتىگە تېنىۋالىسىلەر؟** دېگەن بۇ تاپا قىلىش **31** قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن، ئىنسانلار، جىنلار ناھايىتى تۈزكور كېلىدۇ، نېمەتنى قەدىرلىمەيدۇ، شۈكرى قىلمايدۇ، دېگەن چىقىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئايەت ھەرگىز تەكراردەك تۇرمايدۇ، چۈنكى، بۇ سۈرىدە، نەچچىلىگەن نېمەتلەر سۆزلىنىدۇ. ھەربىر نېمەتنى بىر بايان قىلىۋېتىپ، ئاندىن بۇ ئايەتنى سۆزلەيدۇ، مەسىلەن: نېمەتلەر.

**1** ـ قۇرئاننى نازىل قىلىش، ۋە ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئىلمى، ئىسىم ـ سۈپىتى، غەيىبدىن بېرىلگەن خەۋەرلەر بار، سىرلار بار.

**2** ـ ئىنسانلارنى، جىنلارنى ياراتقان، نېمەت، ئۇلار جىسمىدىكى نېمەتلەر.

**3** ـ ئۇلارغا سۆزلەش، نۇتۇقنى بىلدۈرۈش، ئەقىل ئاتا قىلىش.

**4** ـ قۇياش، ئاينى بويسۇندۇرۇش، يەنى نۇرنى بويسۇندۇرۇش.

**5** ـ زىرائەت، دەرەخلەرنى يارىتىپ بېرىش، ۋە بويسۇندۇرۇپ بېرىش.

**6** ـ ئاسماننى ئىگىز كۆتۈرۈش، پۇختا بىنا قىلىپ بېرىش.

**7** ـ زېمىننى، مەخلۇقلارغا قويۇپ بېرىش، يارىتىپ بېرىش.

**8** ـ ئۇنىڭدا ھەرخىل جانلىق، باغۇ ـ بوستان قىلىپ بېرىش.

**9** ـ مەغرىپ، مەشرىق قىلىپ بېرىش، بولمىسا ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ.

**10** ـ ئاچچىق، تۇزلۇق دېڭىز قىلىپ بېرىش، بولمىسا سۇ سېسىيدۇ. تاتلىق سۇ قىلىپ بېرىش، بولمىغاندا ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ.

**11** ـ ئىككىدېڭىز ئوتتۇرىغا ماددى ۋە مەنىۋى توسما قىلىپ بېرىش، بىر ـ بىرىگە ئارىلاشمايدۇ.

**12** ـ دېڭىزدىن گۆھەر، مارجان ۋە يېڭى گۆشلەر چىقىرىش.

**13** ـ دېڭىز سۈيىنى بويسۇندۇرۇش، شامالنى بويسۇندۇرۇش، كېمە، پاراخوتلارنى مېڭىش، بۇمۇ زور نېمەت.

**14** ـ ئاسمان ـ زېمىن ئەھلى، ئاللاھقا موھتاج.

**15** ـ ھەممە، يوقلىپ، ئاللاھ، زاتى، جامالى مەڭگۈ قالىدۇ. بىز مانا شۇ ئېتقاد، ئەقىدىدە بولغاچقا، بەخت بولسا ئەقىدىگە ئالاقىدار بولغاچقا، بىز مەڭگۈ بەختلىك.

**16** ـ گۇناھكارلاردىن، ئاسىيلاردىن ئىنتىقام ئېلىش.

**17** ـ ھېساب ئۈچۈن، جازا، مۇكاپات ئۈچۈن قىيامەتنى قۇرۇش.

**18** ـ مۆئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش.

**19** ـ بۇ سۈرىدە تۆت جەننەت سۈپىتى بىلەن سۆزلىنىدۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە، تەقۋا، مۆئمىنلەرنىڭ.

**20**. دۇنيا، ئاخىرەتتىكى بۇ نېمەتلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئەگەر سىلەر، ئاللاھنىڭ رەھمەت، نېئمىتىنى سانىماقچى بولساڭلار، ھەرگىز ساناپ بولالمايسىلەر ئايەت.

مانا شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەت، **31** قېتىم سۆزلىنىدۇ، بۇ يەنىلا تەكرار ئەمەس، سىزگە نېمەت تەكرار ھېس قىلىنمىغاندىكىن، بۇ ئايەتمۇ تەكرار ھېس قىلىنمىسۇن، ئى ئاللاھ، بىز سېنىڭ ھېچبىر نېئمىتىڭگە تانمايمىز، تۆزكور ئەمەسمىز، ساڭا سانسىز شۈكرىلەر، ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن.

**ئاسماننى ئېگىز كۆتۈردى، ۋە مىزان ئورناتتى دېگەن بۇ ئايەت بىلەن قۇياش، ئاي ئۆز پەلەكلىرىدە مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەيرە قىلىدۇ دېگەن ئايەتنى بىرلەشتۈرسەڭ**، بۇ پۇختا ھېساب، مىزانلار، ئاسترونومىيىنى، قۇياش سىستېمىسىنى ۋە باشقا سىستېمىلارنى كۆرسىتىدۇ،بۇ ئوقۇغان كىشىگە ئاشكارا بولىدۇ. نۇر تېزلىكى، ۋاكىئوم، تارتىش كۈچى، سىستېمىلار، ئوربىتىلار ئارىلىقى، تەكشۈكلۈق، بۇ مىقدار ئۆلچەملەر راستىنلا بىر زاتنىڭ مىزان، تارازا بېكىتكىنىنى كۆرسىتىدۇ، مۇئەييەن ھېساب، ئۆلچەم، ۋاقتى توشىدىغان ئەجەل بېكىتكىنىنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ، ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر.

بۇ ھېساب، بۇ مىزان، تارازا، ئۆلچەملەر ئاسمان ـ زېمىن، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، دېڭىز، ھەتتا قىممەتلىك تاشلاردىمۇ بار بولۇپ، ئاللاھ، يامغۇر، قارنىمۇ ئۆلچەملىك چۈشۈرىمەن دېگەن. بىز قاردىكى ئالتە بۇرجەكنى ئالتە قىرلىق بولۇشىنى كۆرگەن، ھازىر بىز **33** ـ بەتتە بولسا، ئالتە قىرلىق ئالماسلار، گۆھەر تاشلارنى بايقايمىز، ئاللا، بۇلارغىمۇ مىزان بېكىتتى، **36** ـ **37** ـ بەتتە بولسا، بېلىق، ئۇلارنىڭ جىسمى، شەكلى، دېڭىزدا ئۈزۈشى، لەيلىشى، چۆكىشى قاتارلىقلارغىمۇ پۇختا ھېساب، مىزان بار، مىقدار بار، ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ نەزلىدە ئۆلچەملىكتۇر.

**39** ـ بەتتە بولسا، قۇرۇقلۇق ئۆمۈچۈكلىرىنىڭ دەرەخلەرگە ئۆلچەملىك تور توقۇشى، دەرەخ شېخى قانداق بولىشىدىن، تۆز ياكى ئەگرى بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تور توقۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆت بۇلۇڭنى ئۆلچەملىك ھېسابقا سېلىۋېلىپ، ئاندىن توقۇيدىكەن، ئارىلىقنى ناھايىتى پۇختا ھېسابلاپ، قەتئىي ئازمايدىكەن، ئۇ يەنە بىر قىسىم پۇختا نىزام، مىزان، ھېساب، ئۆلچەم بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى كەلتۈرىدۇ، ئاپتاپپەلەس، قوناق، بۇغداي، ئانار، كېۋەزدىن تارتىپ، چوڭقۇر تەكشۈرسەڭ، پۇختا ئۆلچەم،مىقدارنى كۆرىمىز، بۇ ئىنتىزام، قەتئىي ئېزىپ قالمايدۇ، ھەممىسى شۇ، تارازا، ئۆلچەمگە، پۇختا ھېسابقا بويسۇنىدۇ، **49** ـ بەتتە بولسا، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئالتە بۇرجەكلىك ئۇۋىسىنى، يەنى ھەسەل چۈشىدىغان تۆشۈك، ئالتە بۇرجەك، ئەنە شۇ ئىنجىنېرلىق ھېسابنى ئاللاھ ئىلھام قىلغان، **53** ـ بەتتە، ئافرىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بىر جايدا، بىر خىل ئاق چۈمۈلىنىڭ ئىنساندىن ئۈچ ھەسسە ئېگىز بىر قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرگەن، بۇلار ئۇنى پۇختا ھېساب، مىزان، ئۆلچەم بىلەن ئالاھىدە لايىھىلىگەن، بۇنى ئاللاھ ئىلھام قىلغاندۇر، چۈنكى، ئۇ زات ئاسمان ـ زېمىنغا تارازا، مىزان ئورناتتى.

ئاللاھ، قۇرئاندا، ئايىنى مەخسۇس ھېساب، يىللارنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى تىلغا ئالغان، شۇنداقلا، سۈرە فەجىردە، تاق ۋە جۈپ سانلار بىلەن قەسەمكى دېگەن. بۇنىڭدىن بىز، ھېساب، ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ ئىنجىنېرلىق ئىلمىنىڭ پۇختا مىزان، ئۆلچەم، مىقدارنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى قوراللار، ئىلغار بومبىلار، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار، ئالەم كېمىسى، ئۇندىن باشقا سۈنئىي ھەمراھ، بولۇپمۇ كومپيۇتېرنىڭ شۇ ھېساب، سانلىق مەلۇمات ۋە نۇردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى

ھەممىسى سان ـ سىپىردىن خالى ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز، ئاللاھ، قەسەم قىلغان نەرسە ھەققەت، بۇ بۈيۈكتۇر.

ئىككى دېڭىز، ئاچچىق ـ تاتلىق سۇ ئارىسىدا توسما قىلدى، بۈنى ئالىملار قۇرۇقلۇق توسمىسى بومۇ ئەلۋەتتە زور رەھمەتتۇر، ۋە مۆجىزىدۇر دېگەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئالىملار بۇنىڭ ئەسلى مۇنداق مەندە، ئايەتتە بولسا، ئىككى سۇ ئۇچرىشىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئارىلىقتا توسما بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىش ئۇچۇن تاجاۋۇز قىلالمايدۇ، دەپ بايان قىلىنغان، بەيزاۋىيدا بولسا، مەلۇم رۇم، پارىس دېڭىزىدا، ئىككى سۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، ئاندىن يەنە بىر ـ بىرىگە رەڭگى، تەمى ئارىلاشماي ئايرىلىپ كېتىدۇ، دەل ئاشۇ جايدىن سەدەپ ئىسىملىك بىر ھايۋان چىقىدۇ، مانا شۇ ھايۋان ئىچىدىن گۆھەر، مارجان چىقىدۇ دەپ يېزىلغان.

كېيىنچە ئالىملار، ئىلغار ئۈسكۈنە بىلەن تەكشۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان ئاشۇ ئارىلىقدا بىر خىل توسما بارلىقىنى، بۇ توسمىدا، ئاق سىزىقچە كۆرگىنىنى بايقىغان، بۇ ئىشلارنى زىندانى، ھارۇن يەھيالار مەخسۇس فىلىم قىلىپ ئىشلىدى، قۇرئان دېڭىز دېگەن فىلىمنى كۆرۈڭ.

ئۇندىن باشقا، بۇ ئىككى دېڭىزدىن ئىككى خىل سۇدىن تاتلىق ـ ئاچچىق بولسۇن، گۆھەر، مارجان چىقىدۇ دەپ خاتىرلەندى، قەدىمكى ئالىملار بولسا، ئاچچىقدىن چىقسىمۇ تاتلىقدىن چىقمايدۇ، بۇ جايدىكى ئايەتتىكى ئىككى كىشىلىك ئالماش، زىمىر بىرنى خالايدۇ دېگەن. ئەمما، ھازىر بولسا، ھەر ئىككىسىدىن گۆھەر، مارجان تېپىلغان، بۇمۇ قۇرئان مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ، مارجان، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بىر خىل ھايۋان، ئۇنىڭ ئىچىدە گۆھەر، مارجان شەكىللىنىدۇ، بۇلار بۇ تەپسىردە دائىم ھالدا سۈرەتلىك بايان قىلغان، توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

## سۈرە ۋاقىئە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ قىيامەتنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇنداق ئىسمىدىن، قۇرئاندا **52**سى بار، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق مەنىسى باردۇ. بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى چوقۇم يۈز بەرگۈچى قىيامەتتۇر، بۇ سۈرە بىلەن سۈرە ئەررەھماندا، ئالاقە مۇناسىۋىتى بولسا، ئىنسانىنى يارىتىشىدا، زىرائەتنى يارىتىشىدا، يۇلتۇزلار ئورنى بىلەن قەسەم قىلىشىدا، قىيامەت مەسىلىسى، جازا، مۇكاپات قاتارلىقلار، بۇ ئىلىم ئىككى سۈرە، ئىككى ئايەت مۇناسىۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بارلىق **114** سۈرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تونۇشتۇرغان، بۇ سۈرىدە **75** ـ ئايەتتە بولسا، ئاللاھ، يۇلتۇزلار جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ كاتتا قەسەمدۇر، چۈنكى، يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ ئورنى، سەيرە قىلىشى، ئوربىتىلىرى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى، شۇنچە كەڭ، بىپايان ئالەم، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ جايدا بىز ئوربىتىلار، يۇلتۇزلار ئورنىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. سۈرەتكە قاراڭ، تەپەككۇر قىلىڭ. شۇنداقلا بۇ ئايەتتىن يۇلتۇزلار ئورنى ھەرگىز بىر خىل ئەمەس، ئاستىن ـ ئۈستۈن، يىراق ـ يېقىن، چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. بۇ ئۇلۇغلۇقىنى، پەلەكنى دەرسلىك قىلغانلار بىلىدۇ.

**57** ـ ئايەتتىن **73** ـ ئايەتكىچە، تا ھازىرغىچە ئاللاھ، ئىنساننى تۆنجى يارىتىش، زىرائەت، ئۆسۈملۈكنى يارىتىش، بۇلۇتتىن سۇ چۈشۈرۈش، دەرەختىن ئوت چىقىرىش قاتارلىق قۇدرەتلەرنى سۆزلەپ، يەنە بىر قېتىم تىرىلدۈرۈشنى دەلىللىگەن، بۇ جايدا بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن نۇرغۇن تەتقىقاتلار چىقىرىلىدۇ.

**60 ـ 61 ـ ئايەتتە، ئاللاھ، بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۆلۈمنى بەلگىلىدۇق، يەنى ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىنى، ئەجەل بىكىتتۇق. سىزلەرنى ھالاك قىلىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرۇشىدىن ۋە سىلەرنى سىلەر بىلمەيدىغان بىر شەكىلدە يارىتىشىمىزدىن ئاجىز ئەمەسمىز.**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، ئۆلۈم، رەھمەت دېگەننى كۆپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆلۈم، ئۆمۈر مەسىلىسىدە توختىلىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر پەيلاسوفلار، تېۋىب، ئالىملار ئۆمرىنى ئۇزارتىشنى، ھازىرقى

بىر ئەسرى **100** ياشنى **150**، **200** ياشقىمۇ بولسا كۆتۈرۈشنى ئويلايدۇ، ئەمما، بەك قېرىپ كەتكەنلەر بولسا، بولۇپمۇ بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، ئۆلۈشنى ئويلايدۇ، ئىمان بىلەن دۇنيادىن خوشلۇشۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ خىل ئۈمىد، ئارزۇ ياشلاردىمۇ تېپىلىپ قالىدۇ.

بۇ ئايەت بىلەن **ھەربىر جان ئىگىسى، ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ** دېگەن ئايەتنى بىرلەشتۈرسەك، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە پۈتۈن يەرشارىنى، پۈتۈن جانلىقلارنى كۆرمىگەن ھەم تەتقىق قىلالمىغان، شۇنداقتىمۇ، مۇشۇنداق ھەقىقەت ئۈدۈللا سۆزلەنگەن، ھازىر بولسا، نەچچە مىليارت، مىليون ھاياتلىق ئىگىسى، جانلىقلار تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ، ئۆمۈرلەر تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ، قانداق قىلساق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرمىز دەپ ئىزدىنىۋاتىدۇ، ئەمما، ئايەتتە كەلگەندەك، ھەممىسى ئۆلۈم تەمىنى تېتىۋاتىدۇ، بۇ ئۆلۈم بىردىنبىر ھەقىقەت، بولۇپمۇ، ئاللاھ ۋاقتىنى نەدە ئۆلۈشنى بىلمەيسەن، دېگەن ئىدى بىلمىدۇق، ئەتە نېمە قىلىشىنىمۇ بىلمىدۇق، بۇ رۇشەن مۆجىزىدۇر. (بۇ سۈرىدە، جان، روھ، ھەلقۇمدىن چىقىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن) ئۆمۈر تەتقىق قىلىش جەريانىدا بولسا، **110**، **130**، **150** ھەتتا **200** ياشقا كىرگەنلەرمۇ تېپىلغان، خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە سەلمان پارىس **200** ياشتىن ئارتۇق ياشىغاندەك ئىشلار بار، بۇ ناھايىتى كام، مۇشۇ جەريانىدا يەنە بىر ئايەت، مۆجىزە بولغان، ئۇ بولسىمۇ، ئادەم قېرىغاندىمۇ ھەرخىل كېسەل، ئاجىزلىق سەۋەبىدىن كىچىك بالىدەك بولۇپ قېلىش، بىلگەن نەرسىنى ئۇنتۇش، ئەستە ساقلاشتىن قېلىشلار.

سۈرە ھەدىد تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

**(تۆمۈرنىڭ يەرشارىغا چۈشۈپ شەكىللىنىشى)**

بۇ ئىسىم، تۆمۈر دېگەن مەنىدە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سۈرىدە، تۆمۈرنىڭ پايدىسى، مەنپەئەتى، قورال كۈچى، ئۇنىڭدىكى ئازاب تىلغا ئېلىنغان. ھەدىد دېگەن بۇ سۆزدىكى ھەربىر ھەرىپ كۆرسىتىدىغان ھېساب، يەنى ئەبجەد ھېسابى جۇممەل **26** بولىدۇ. تۆمۈرنىڭ، ئاتوم رەت نومۇرىمۇ **26** بولۇپ چىققان، بۇ، قۇرئاندىكى بۇ ئىسىمنىڭ سىرلىق مەنىسى، قۇرئان سىرىدۇر. شۇنداقلا، قۇرئاندا تۆمۈرنى ياراتتۇق دەپ كەلمەي، بۇ سۈرىنىڭ **25** ئايىتىدە تۆمۈرنى نازىل قىلدۇق، يەنى چۈشۈردۇق دەپ سۆزلىگەن، خۇددى، پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن كىتاب نازىل قىلىش، چۈشۈرۈش تىلغا ئېلىنغاندەك، تۆمۈرنى چۈشۈردۇق، نازىل قىلدۇق دەپ كېلىدۇ، مۇھەممەت سالىھ، بۇ جايدا ياراتتۇق دەپ تەرجىمە قىلغان، خۇددى بىر قىسىم ھايۋانلارنى چۈشۈردۇق دەپ كەلگەن ئايەتنى ياراتتۇق دەپ تەرجىمە قىلغاندەك، ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق مەنىسىمۇ بار، ئەمما، ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى، نازىل قىلىش، بىز دېمەكچى بولغان سۆز، قۇرئاندىكى بىر ئېغىز لەۋزە سۆزدىكى مۆجىزىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، ئالىملار، تۆمۈرنىڭ بۇ زېمىندا يارالمايدىغىنىنى، ماددىلاردىن ھاسىل بولماسلىقىنى، بەلكى، باشقا پىلانېتتىن چۈشكەنلىكىنى، تۆمۈر ماددىسى زېمىنغا چوقۇم تاشقى ئالەمدىن، ئالەم بوشلۇقىدىن چۈشكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان، ئۇنداقتا، بۇ ئايەت يەنە بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. خۇددى، قۇرئان ئۆزى پۈتۈنلەي مۆجىزە بولغاندەك، بىرىنچى ئايەتتە بولسا، بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىنىڭ ھەتتا، بىر تال ئوت، ئۈسۈملۈككىچە ئاللاھقا تەسبىھ، زىكرى ئېيتىشى سۆزلىنىدۇ، بىز ئىنسانلار بولساق، بارچە نېمەتتىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ، بولۇپمۇ ھازىر تائام، كىيىم، سەپەر، قۇرۇلۇش، ھەرقايسى قۇرۇلۇشلار ھەممە جەھەتتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور نېمەتلەر بار، شۇنداقتىمۇ شۈكرى يوق، بولسىمۇ ئاز، ساھابىلەر يېيىشكە ئارپا نان يەپ، خورما، سۇ بىلەنلا جان بېقىپ شېھىد بولسا، پۈتۈن يېرىنى ياپقىدەك كېپەنلىك يوق، بېشىنى ياپسا پۇتى ئېچىلىپ قالغان، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرۇپ، ئاجايىپ بەدەللەرنى، قۇربانلارنى بېرىپ، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن، بىز بولساق، ھەممە نېمەتتىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ، ھېچ ئىش قىلالمىدۇق.

بۇ سۈرىنىڭ باش تەرىپىدە ئەزلى، ئەبەدى بولغان يەنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىش، قۇدرىتى ئۆزگە لايىق رەۋىشتە ئەرشتىن ئۈستۈن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز بىلەن بىللە بولۇشى، ئەمما، بۇ ئارىلىقتا يەنى ئەرشتە ھەم بىز بىلەن بىللە بولۇشىدا ھېچ زىدلىق يوقلۇقى، چۈنكى، ئۇ زاتنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، چۈنكى، ئۇخشىشى يوق دېگەندەك، ئەقىدە مەسىلىلىرى سۆزلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئايەتلەردە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ئەقىدىگە چوقۇم كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

ئەقدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەل بولىدۇ، 1000 يىل ئىبادەت قىلسىمۇ ئۇ يەلدۇر، دۇنيادىكى بارلىق ئەقدىلەرگە ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى بەگدۇر.

ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتىدا، ئىلىم ـ پەننى ئاساسى ئورۇندا قويۇپ، چىڭ تۇتقاندەك، مەككە ـ مەدىنە جاماسىدە، ئۇنىۋېرستلىرىدا ئەقدە، ئىلىمنى ئاساسى ئورۇندا قويۇپ چىڭ تۇتىدۇ، بىز بولساق، ئىككىلىسىنى چىڭ تۇتايلى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يۇقىرىدا ۋەدە قىلغان ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئاللاھ رەھمان، رەھىم تۇرۇپ، ئەپۇ قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى، دوست تۇتقۇچى تۇرۇپ، نېمىشقا ۋابا، بالالارنى بېرىدۇ، نېمىشقا ھالاك قىلىدۇ، نېمىشقا دېگەندەك سوئاللارغا، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سورالمايدۇ دېگەن ئايەتتىن باشقا بۇ جايدا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ، كائىنات نىزامى بىلەن شۇنداق قىلىدۇ. ھالاك قىلىش، خاراپ قىلىش، ئىسلاھ قىلىش ئۆچۈندۇر. ياز قىلىش، قىش قىلىش، ئىسسىق ـ سوغۇق لازىم بولغاندەك، كېچىگە كۈندۈز لازىم بولغاندەك، ساقىقا كېسەل، ھاياتقا ئۆلۈم لازىم بولىدۇ، بۇ ئالەمنى ۋەيران قىلسا، يەنە مەڭگۈلۈك ئالەمنى قۇرىدۇ، بۇ ياخشى ـ دە، ئاللاھ، نۇرغۇن روھلارنى، سۈرەتلەرنى يېڭى ـ يېڭى مۆجىزىلەرنى، ئىلىم ـ ھېكمەت، كەشپىياتلارنى ھازىرلاپ قويغان، ئۇلارنى چوقۇم ۋاقتى كەلگەندە ئاشكارىلايدۇ. جازالاش، ئادىللىق بولىدۇ، مۇكاپات بولسا، رەھمەت، پەزلى، بۇ جانلار، روھلار دۇنياسىغا بېرىپ، جايىنى تاپىدۇ، بىر بۆلۈك ھالاك قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى مىكرۇپ، ۋىرۇس ۋاباسى بىلەن يوقىتىدۇ، ئاندىن بۇ ۋىرۇسلارنىمۇ يوقىتىدىغان قەۋمنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئۇ قانداق قىلسا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

شەرىئەت نىزامى بار، ئۇ بولىسمۇ، كائىنات نىزامىغا ماسلىشىدۇ، ئەمما، ئىنسان بۇنى دەلىل قىلالمايدۇ، بىر مۆئمىننى ئۆلتۈرگەن قاتىل، دوزاختا كىرىدۇ، ئەمما، ئۇ، ئى ئاللاھ، سەن مىليونلىغان كىشىلەرنى ھالاك قىلدىڭ، ئۆلتۈردۈڭ، سەن دېگەن خالىق ئاللاھ، خالىغىنىڭنى قىلىسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭ، بىرلا كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، مەن سېنىڭ ياردەمچىڭ بولىمەن دېسە، تېخىمۇ ئاسىي بولىدۇ. ئاللاھ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشى تۇرغان گەپ، ماڭا شېرىك، ياردەمچى ھاجەتسىز، مەن قىلسام ئۇ مۆئمىننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئالدىن بىلىپ، ھېكمەت بىلەن قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شورىنى، جىنايىتىنى، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى بىلىپ قىلىمەن، سەن بولساڭ، ھېچنېمىنى بىلمەيسەن، بولۇپمۇ ئالدىن بىلمەيسەن، سەن بۇ قاتىللىقنى شەخسى مەنپەئەت، شەخسى غەزەردە، ئىنتىقام ئۈچۈن ئاچچىقنى چىقىرىش ئۈچۈن، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، شەيتانغا ئەگىشىپ قىلدىڭ، بولۇپمۇ مېنىڭ دوستۇم بولغان مۆئمىننى ئۆلتۈردۈڭ، شۇڭا سەن دوزاختا لايىق، مەن بولسام مەڭگۈ ئىلاھ، خالىق، ھېكمەتكە لايىقمەن، مەدھىيىگە لايىقمەن دەيدۇ. دېمەك، ئاللاھ، شەرىئەت، نىزامىغىمۇ قاراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ھەدىستە، ئاللاھ بەندىسىگە ئانا، بالىسىغا كۆيۈنگەندىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدۇ، رەھىم قىلىدۇ دېگەن بار. ئانا، كىچىك بالىسىنى ھېچقانداق ئىشنى ئېغىر كۆرمەي، ۋايىسماي ئاسراپ كۆيۈنىدۇ، جان ـ دىلى بىلەن قوغدايدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ، بۇ ئاددى مىسال: ئاللاھ، ھەممىدىن پاكتۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ بۇنداق مەنىۋى، ماددى كۆيۈنۈش، رەھىم قىلىشتىن نەچچە ھەسسە ھەتتا سانسىز كۆيۈنىدۇ، رەھىم قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ، ھەممىنى ياراتتى، ھەتتا، كاپىرلارنى ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ، دوزاختا ياراتماي يەنىلا دۇنياغا چىقىرىپ، بارچە نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلار ئەلچىگە بويسۇنماي، پىسەنت قىلماي ھەقكە قاراپمۇ قويماي ئۆلگەندە ئاندىن مەڭگۈ جازالىدى، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت تۇرغۇزۇپ جازالىدى. مۆئمىنلەر بولسا، جەننەتكە ھەم بۇ دۇنيادىمۇ رەھمەت، پەزلەتكە ياردەمگە ئېرىشتى، ھەتتا، تەقۋادارلار، ئاللاھنىڭ جامالى، دىدارىغىمۇ ئېرىشىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىزنى ياراتالامدۇ؟ ھىدايەت قىلالامدۇ؟ ئۇلار بىزنى ئاللاھ يارىتىۋاتقاندا، ئەركەك ـ چىشىلىقىمىزنىمۇ بىلمەيدۇ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى رەھمەت، نېمەتنى قانداق سانىغىلى جۈرئەت قىلالايسەن، چۈنكى ئۇ سانسىزدۇر. ئاللاھ، مېھرىباندۇر، تۆۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ، بۇ نادان، جاھىل، غەرەز ئوقماس بەندىلەرنى ئاشۇنداق تەربىيلەيدۇ، روھىنى تەربىيلەيدۇ، ئاقىۋەتكە قاراپ، تەۋبە قىلىشنى بىلىپ تۇرۇپ ئالدىن جازالىمايدۇ، بولمىسا، ھەربىر گۇناھكار شۇ چاغدىلا ھالاك بولىدۇ. ئۇ باي ھەم كەمبەغەل قىلىپ تۇرۇپ ئىماننى بېرىدۇ، خالىسا باي قىلىش بىلەنمۇ ئىماندىن

ئـايرىيدۇ، ئـۇ بىزگـە كـۆيۈنۈپ، قۇرئـاننى چۈشـۈردى، يـەنىلا ئىنسـانلار ھـەددىدىن ئاشـتى، ھـازىر بىزلـەر، ئىنسانلارنى ھالاك قىلمىغانغا، سۈرىتىمىزنى توڭگۇز، ئىت، ئىشەككە ئۆزگەرتىۋەتمىگەنگە شۈكرى قىلايلى، بىزدەك ئاسىيلارنىڭ ئاللاھدا نىمە ھەققى بار، سوئال قويۇشقا نىمە ھەققى بار، بۇنداق ئىتىراز بىلدۈرۈش ئاسىيلىقتۇر، ئەمما، ھەقنى بىلىش، باشقىلارغا بىلدۈرۈش، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن نېسۋە ئېلىش، بۇلار بولسا، ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئالىملارلا ئاللاھدىن قورقىدۇ، مەقسەت، ئىمان ـ ئېتىقاد، توغرا نىيەت، ئىخلاس، سەممىيلىك، تەقۋالىق، چىن قەلبىدىن شەكسىز ئىشەنچ بولسا، بۇ نىمە دېگەن ياخشى ھە! بىز مانا مۇشۇنى دېمەكچى، بۇ يەردە ھالاك قىلىش، ئازاب قىلىش، يوق قىلىش بولسا، خۇددى پالاپ تۇرۇپ، جازالاپ تۇرۇپ، بىرنى ئۆلتۈرۈپ مىڭغا ئىبرەت قىلىش قاتارلىق ھېكمەتلەر ئۈچۈنمۇ بولىدۇ، بۇ تارىخ ئارقىلىق تا قىيامەتكىچە ئىبرەت بولىدۇ، شۇڭا، ئاللاھ، تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن، ئانچە ـ مۇنچە ئىجرامۇ قىلىپ تۇرىدۇ، بۇلار ھەممىسى ئىلاھى تەربىيىدۇر. بىرنىڭ جېنىنى ئېلىپ بىرنى تۇغۇلدۇرغاندەك، جازا، ئىبرەت بىلەن بىرنى ھالاك قىلسا، يەنە بىرنى ئىز باسار قىلىدۇ، ھەممىسى خۇددى بىرلا جانغا ئوخشايدۇ، دوختۇرنىڭ ئوپراتسىيە بۆلۈمىدە كۈندە نەچچە قورساقنى كېسىشى، ئەزانى يېرىشى بولسا، ئاشۇ كېسەل بىمارلار مەنپەئەتى، پايدىسى ئۈچۈندۇر، بىز بۇ ئالەمنىڭ سىناق دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، ھەممە سىناش ئۈچۈندۇر.

ئەڭ مۇھىمى بولسا، مەڭگۈلۈك ئايرىلماس ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. بۇ مۇھەببەت پىراقسىزدۇر، شۇ دەرىجىگە ئۆرلىسۇن ئۈچۈن، ئاللاھدىن، چىن دىلىدىن رازى بولسۇن ئۈچۈن، تەرەققىي قىلسۇن ئۈچۈن، ئاللاھ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ.

**سېنى بۇ دۇنيا ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن، شەيتان ۋە ئايال كىشى ئايالغا ئەر كىشى قوشۇمچە بولمىسۇن، ھەممىسى يوقلىلىدىغان پانى مەككارلاردۇر.**

ئاللاھ، شۇڭا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېگەن:

بىلىڭلاركى، بۇ ھاياتى دۇنيا بىر ئويۇن، تاماشىدۇر، ئازدۇرغۇچى، ئالدامچى، ئالدى تەرىپى زاھىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ، باتىنى ئارقا كۆرۈنۈشى بولسا، تەقۋادار مۆئمىنلەرگە كۆرۈنىدۇ، ئۇلار ئاشۇ مەڭگۈلۈك مادىدا ئارقىسىدىكى ئەبەدىيلىككە قىزىقىدۇ، ئاللاھ، قۇرئاندا رەسۇلۇللاھ صلى الله عليه وسلم ھەدىسىدە، ئالىملار، دوكتۇرلار، پەلسەپەدە بۇ ھەقىقەتنى دائىم سۆزلەيدۇ، شەيتاننىڭ قىلچىلىك دەلىل ـ ئىسپات ھۆججىتى بولمىسىمۇ، ئاشۇ دۇنيانى ئىنسان، جىن، شەيتاندىن بولغان ياردەمچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، سىز، بىزلەرنى دائىم ئازدۇرىدۇ. ئىمان قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىلىم قانچە يۇقىرى بولسا، شەيتاننىڭمۇ شۇ دەرىجىدىكى ئالىمى، كۈچلۈكى كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئازدۇرىدۇ، ئاللاھ، ھەممىمىزنى شەيتاندىن، ئۇنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!. شۇنى بىلىڭلاركى، روھ، ھاياتلىق بۇ ئالەمگە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇ ھامىنى مەڭگۈلۈك جايىنى تاپىدۇ، ئاڭغىچە ئازماڭلار.

# سۈرە مۇجادىلەتتىن سۈرە مۇلۇككىچە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ پارىدىكى بارلىق بسم الله الرحمن الرحيم نىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ، مۇنداق رەھمەتلەرنى بايان قىلىدۇ، بۇ ئون سۈرىدە، ئون قېتىم بۇ رەھمەت ئايىتى تىلغا ئېلىنىدۇ، چۈنكى، ھەربىر سۈرىدە، مۇھىم رەھمەت، نېمەت سۆزلىنىدۇ، سۈرە مۇجادىلەتتە بولسا، ئائىلىنى قوغداش، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىش، دۆلەتنى قوغداش، ئەر ـ ئايال ئارىسىدا ئۈنسە ئۈلپەت، قېرىنداشلار ئارا ئۈنسە ئۈلپەت، مەجلىس ئەدەپلىرى، قازى، ھاكىملار ئادىللىق قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ.

سۈرە ھەشىردە بولسا، خۇددى ئىلگىركىدەك دۆلەتنى قوغداش، ئائىلىنى قوغداش، دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش، دىنسىزلارنى ئىسلام يۇرتىدىن پالاپ، قوغلاش، يا قۇل قىلىش سۆزلىنىدۇ.

سۈرە مۇمتەھەنەتتە بولسا، مۇشۇ ئۇسلۇپتا ماڭىدۇ، دۈشمەننى دوست تۇتماسلىق، مۇھەببەت ـ نەپرەت، بىرلىكنى ساقلاش، ئىمتىھان ئېلىپ، سىناشلار تىلغا ئېلىنىدۇ.

سۈرە سەفتە بولسا، بۇ رەھمەت، نېمەتنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىدۇ، دۆلەت، ئائىلىنى ئوبدان قوغدىغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە بىر سەپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، خۇددى مۇستەھكەم بىنا، مانا مۇشۇنداق مۇسۇلمانلار بىر سەپ بولالىسا، چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

سۈرە جۇمئەدە بولسا، خۇددى ئۇرۇشتا سەپتە بىرلىككە كەلگەندەك، نامازدىمۇ، سەپتە بىرلىككە كېلىش، رەھمىتى سۆزلىنىدۇ، دۈشمەنگە قارشى بىرلىك، ئىبادەتتىكى بىرلىكدىن خالى ئەمەس، ئىبادەت ۋە بارلىق ئىشلاردا پۇختا ئىنتىزام بولسىلا، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتىمۇ پۇختا ئىنتىزام بولىدۇ. ئىبادەت ۋە مۇئامىلىدىكى قەلب يېقىنچىلىقى، جەڭ مەيدانىدىمۇ ئەسقاتىدۇ، بولۇپمۇ ھەر ئىككى بىرلىك سەپلەردە، ئاللاھنىلا ياد ئېتىشتۇر.

تەنتاۋى بۇ جايدا مۇنداق ندا قىلىپ توۋلايدۇ، ئى ئەرەب مۇسۇلمانلىرى، مانا بۇ رەببىڭلارنىڭ سىلەر ئوقۇۋاتقان كىتابى، سىلەرگە نومۇس، ئېسىت سىلەرگە، قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك، سېرىق تەنلىك مۇسۇلمانلار، ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەب مۇسۇلمانلار، مىسىر ۋە باشقا دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلار، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋرۇپا، ئامرىكىدىكى بارلىق يەرشارىدىكى مۇسۇلمانلار، سىلەر بىر ئۇممەت، بىر مىللەت، بىر دىن، ئەگەر يەنىلا ئىتتىپاقلاشمىساڭلار، بىرلىشىپ ھەمكارلاشمىساڭلار، سىلەرنىڭ جاھىلىيەتتىن نېمە پەرقىڭلار، سىلەر خۇددى ئاللاھ قۇرئاندا ئەيىبلىگەن يەھۇدى، ناسارا مۇشرىك، دىنسىزلاردەك ئۇلارى بىردەك، ئىتتىپاق گۇمان قىلىسەن، ئەمەلىيەتتە، بولسا، قەلبى مۇتەپەررىقتۇر، دېگەنگە ئوخشاپ قالىسىلەر.

سىلەرنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىڭلار، بۇ ئايەتكە چۈشۈپ قالدى، مانا بۇ بىرلەشتۈرۈش، ھەمكارلاشتۇرۇش، غەلىبە قىلدۇرۇش، ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلامنىڭ مەقسىتى، قۇرئان، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چۈشكەن. ئەگەر سىلەر تىل، رەڭ، مىللەت، ۋەتەن، مەزھەپ سەۋەبىدىن بىرلەشمىسەڭلار، ئىتتىپاقلاشمىساڭلار، ئۆزئارا ياردەمدە بولماي، دۈشمەننى دوست تۇتساڭلار، مەڭگۈ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئازابتا، موھتاجلىقتا ياشايسىلەر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ يەنى مۇجادىلەتنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدىمۇ مۇشۇ تېمىدا توختالغان.

ئاللاھ، مۆئمىن دوستىنى تاشلاپ، كاپىر، دىنسىزنى دوست تۇتقانلارغا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلدى، ئۇلارنى مۇناپىق دەپ ئاتاپ، دوزاخ ئاستىغا سالدى، شۇنداقتىمۇ بۇ خىل بالا، ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇسىبىتى بولۇپ قالدى دېگەن، بۇ سۆزگە، بۇ چاقىرىققا ھازىر **75** يىل بولۇپ قاپتۇ، بۇ چاقىرىق، ھازىرمۇ كەلگۈسىدىمۇ چوقۇم لازىم ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ، قۇرئاننى مۇشۇنداق چاقىرىق بىلەن مەڭگۈ ساقلايدىكەن، مەنمۇ بۇ چاقىرىقنى تاللاپ ئالدىم، ئاللاھ خالىسا، ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ باش تەرىپىدە بولسا، بىر ئايالنىڭ مەسىلىسگە مەخسۇس، ئاللاھ قۇلاق سېلىپ، پەتۋا بەرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ، ئەينى چاغدا شۇنداق ئىدى، ساھابىلەر كېچىسى مۇڭداشقان، گەپ ـ سۆزلەرگىمۇ ئەگەر شەرىئەتكە مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئايەت چۈشەتتى، ھەدىس سۆزلىنەتتى، مۇناسىۋەت قويۇق ئىدى، ۋەھىي زامانى ـ دە! ساھابىلەر، تابىئىنلار، قۇرئاننى شۇنىڭ ئۈچۈن تويتوغرا چۈشىنىدۇ، بىز ھازىر، قۇرئان، ھەدىسكە يۈزلىنىمىز، قۇرئاننى ساھابىلاردەك، تابىئىنلاردەك چۈشىنىش ئۈچۈن، تەپسىر قۇرتەبى، تەپسىرى يەنى مۇھەممەد ئىبنى جەرىير تەبىرىنىڭ ۋە ئىبنى كەسىردەك ئەسەر بىلەن يېزىلغان تەپسىرنى كۆرۈش لازىم.

مەقسەتكە كەلسەك، ھازىرمۇ، ئاللاھ، ئەرش ئۈستىدىن بىز قىلىشقان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۆزگە لايىق ھالدا، بىز بىلەن بىللە، دىققەت قىلىڭ، بۇيرۇقا بويسۇنىڭ، دائىم ئاللاھ ئاڭلاۋاتىدۇ، مانا كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىڭ، دىمەكچى، ھەربىر مەسىلىنى ئاشۇلاردەك قۇرئان، ھەدىس بىلەن ھەل قىلىڭ، ئاللاھ، ھىدايەت قىلسۇن ئامىن!

## سۈرە ھەشىر تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

ھاياتلىقنىڭ ئەسلى بۇ ئالەمگە مەنسۇپ بولمىغاچقا، ھەقىقىي ھاياتلىق ئۆلگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ.

بىز بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدە توختىلىمىز.

**ئەگەر قۇرئاننى تاغقا نازىل قىلساق، ئۇ، ئاللاھدىن قورقۇپ يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى دېگەن ئايەت.**

ئىنسانلارغا كايىش، تاپا ـ تەنە قىلىشنى كۆرستىدۇ، جانسىز تاغ، شۇنداق بولۇپ كېتىدۇكى، بۇ ئىنسان غەپلەتتە قېلىشىدىن قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدىن قۇرئان ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ، ئىنسان قەلبى قاتتىقلىقىدىن، كۆپرىغا يېقىن بارغاندا، خۇددى كۆپپارلارغا قۇرئان تەسىر قىلمىغاندەك، تەسىر قىلمايدۇ. ئۆرىپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدىن قاتتىق ھەزەر قىلىش كېرەك.

ئاللاھ، مۆئمىنلەرنى سۈپەتلەپ، ئۇلارغا ئايەت، تىلاۋەت قىلىنسا، ئاللاھ، ئەسلەنسە، قەلبى ئېرىپ، كۆزلىرى ياش تۆكىدۇ، تېرىلىرى، تەنلىرى تىترەپ كېتىدۇ، دېگەن بۇنداق سۈپەتلەر تېپىلمىسا قانداق بولارمىز؟ ئاللاھ، ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە ئىمان، توغرا ئېتىقاد، تەقۋالىق ئاتا قىلسۇن ئامىن!

سىز بىزلەرمۇ سەۋەبىنى قىلىپ، قاتتىق تىرىشايلى، ئەلۋەتتە، بارلىق ئىشلارغا ئىلىم لازىم بولىدۇ. مانا بۇ جايدا، ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئەرەبچە كەلگەن مەنىلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى خالىدىم، چۈنكى بۇ ئايەتنى، رەسۇلۇللاھ ياد ئېلىشقا، ئوقۇپ تۇرۇشقا بۇيرىغان، رەھمان بولسا، ئاللاھقا خاس ئىسىم بولۇپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بارلىق مەخلۇقلارغا رەھىم قىلىشنى كۆرستىدۇ، خۇددى بىز بۇ كىتابدا بايان قىلىپ كەلگەندەك، يارىتىش، ھىدايەت قىلىش، ئەلچە ئەۋەتىش، مەڭگۈلۈك ئاخىرەت، بەختكە ئىگە قىلىش، ئاسىيلارنى كەچۈرۈم قىلىشلار، رەھىم بولسا، مەخسۇس مۆئمىنلەرگە، ئاخىرەتتە رەھمەت قىلىش، دۇنيادا ياردەم بېرىشنى كۆرستىدۇ.

مەلىك بولسا، پادىشاھ مەنىسىدە بولىدۇ، ئاللاھ، زاتى، سپاتى، ئەپئاللىرىدا مەڭگۈلۈك باقىيلىقىدا موھتاج ئەمەس، ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، شېرىك ۋەزىرى، مەسلىھەتچىسى، ياردەمچىسى يوق، تەنھا، يەككە ـ يىگانە پادىشاھلار، پادىشاھىدۇر، ئاللاھدىن باشقا مەخلۇقلارنى مەلكۇلمۇلۇك، شانىھانشاھ، يەنى پادىشاھلار پادىشاھى دەپ ئاتاشقا قەتئىي بولمايدۇ، قۇددۇس بولسا، ئەيىب ـ نۇقساندىن پاك، مەخلۇقلارنىڭ، بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن پاكتۇر، ئۇ ئىسىملاردىن بەندىلەرنىڭ ئالىدىغان نېسىۋىسى، ئاللاھنى شۇ سۈپەتلەر بىلەن كامال تاپقان زات دەپ ئېتىقاد قىلىش، ھەممىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، شۇنداقلا، ئۆزى مېھرىبان، رەھمدىل بولۇش، ئۆزى نەپسى شەھۋەتتىن پاك تۇتۇش، پەقەت ساپ مۇھەببىتىنى ئاللاھقىلا بېغىشلاپ، ھايۋانى غەرەزدىن پاك بولۇشى لازىم. مۆئمىن، ئاللاھنىڭ بىر قىسىم ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن ئەخلاق قوبۇل قىلىشى، نېسىۋە ئېلىشى لازىم.

السلام ئاللاھ مەڭگۈ سالامەتلىك ئۇنىڭدىن كېلىدۇ، ئۇ سالامەت قەلب بىلەن كەلگۈچىنى مۇكاپاتلايدۇ، زاتى ئەيىبىدىن، سۈپىتى نۇقساندىن، قىلىقلىرى يامانغا نىسبەت بېرىشىدىن سالامەتتۇر.

مۆئمىن، ئەمىن قىلغۇچى، خاتىرجەم قىلىش، ئۇنىڭغا مەنسۇپ، ئىنسانغا خاتىرجەملىك سەۋەبلىرىنى ئاتا قىلغۇچى، قەلب پەقەت، ئۇنىڭ بىلەنلا خاتىرجەم بولىدۇ، ئەمىن بولىدۇ.

مۇھەيمىن، ئەمەللەرنى، ئەجەللەرنى، رىزىقلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، ئىنساننىڭ بۇ ئىسىمدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى، ئۆزىنى، ئەمەللىرىنى، ئىچكى سىرلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشتۇر.

عزيز غالىپ، كۈچلۈك، ھاجەتلەر ئۇنىڭغا چۈشىدۇ، ئۇ زاتىنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن، يېقىنلىشىش قىيىندۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ئىززەت، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئۆزىلا ئەزىز قىلغۇچىدۇر.

اَلْجَبَّار بويسۇندۇرغۇچى، باشقۇرغۇچى، خالىغىنىنى مەجبۇرى قىلالىغۇچى، چاڭگىلىدىن ھېچكىشى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، زالىملارنىمۇ بويسۇندۇرىدۇ، ھەممە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىزدۇر.

اَلْمُتَكَبِّرُ چوڭچىلىق، ئۇلۇغلۇق، تەكەببۇرلۇق، ئاللاھقىلا خاستۇر، ھەممە، ئۇنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلىكتۇر. كىبىر بىلەن بىرلەشتۈرسە، ھەممە، ئاللاھ ئالدىدا يوقىلاڭدۇر، ئاللاھنىڭ زاتى، جامالى ئالدىدا، دۇنيا ـ ئاخىرەتمۇ ھاقارەتلىكتۇر، بارچە كائىنات مەخلۇقاتلار، ئەرشىدىن تارتىپ پەرشىكىچە، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئالقانلىرىدا زەررىگە ئەرزىمەيدۇ.

اَلْخَالِقُ ياراتقۇچى، اَلْبَارِئُ ئىجاد قىلغۇچى، ئەيىبىدىن سالامەت ياراتقۇچى، اَلْمُصَوِّرُ شەكىل، سۈرەت ئاتا قىلغۇچى، ئۇخالىق. مىقدار تەقدىرگە تەسۋىر، سۈرەتكە ئىگە، يوقتىن بار قىلغۇچى، ماددىلارنى ياراتقۇچى، سۈرەت، شەكىل ھاسىل قىلىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى بىر ئاللاھدۇر.

اَلْخَالِقُ اَلْبَارِئُ لْمُتَكَبِّرُ، نۇر، ئەزىيم دېگەن سۈپەتلەردە، بەدىلەر نېسىۋىسى يوق، ئەخلاق قوبۇل قىلىش يوق، چۈنكى، بۇ سۈپەتلەر ئاللاھقىلا خاستۇر، بىلىڭلاركى، ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى تولۇق چۈشىنىش، مەنىسىنى بىلىش، ئەمەلىي تەتبىقلاش لازىم.

مەنىسىنى بىلمەي ئوقىسا، بىرىنچى جاھىل بولىدۇ، بىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىماي ئوقىسا، ئىككىنچى جاھىل، نادان، ئۇنى بىلىپ، چۈشىنىپ، تەپسىر قىلىپ، ئەمەلىيەتكە، كائىناتلارغا تەتبىقلاپ ئوقۇسا، ئەمەل قىلسا، ئۇ ئالىم، سىلەر چۈشەنسەڭلار بۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردا، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەردىلا تاپالايسىلەر. مەسىلەن: ھاياتلىق مەنبەسى بولغان سۇ، مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ، ئى ئىنسان، مەن، سەن ئۈچۈن يارىتىلدىم، تەركىبىم ئىككى خىل ماددا، سۈرەت، شەكىلگە مەنمۇ كېلىگىلىك، مەن، ئاسمان ـ زېمىنغا نۇر ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نۇرغۇن نۇر زەررىچىلەرنى ئۆز ئىچىمگە ئالىمەن، مەن ھادىسە، مەن يەنە يوقايمەن، چۈنكى، ئەزلى، ئەبەدى، ئەۋۋەل ـ ئاخىر، پەقەت بىر ئاللاھدۇر. مەندىكى ھاياتلىق سىرلىرىغا، مەنبەلەرگە، ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، سىلەر كىيگەن پاختا مۇنداق نىدا قىلىدۇ، ئى ئىنسان! سەن مېنى كىيىسەن، ئەمما سەن مېنى تەتقىق قىلمايسەن، نەدىن كەلدىم، قانداق ماددىلاردىن تەركىب تاپتىم، بۇنى بىلمەيسەن، مەن كۆيدۈرگۈچى ماددىدىن تەركىپ تاپتىم، لېكىن، خۇددى ئىبراھىم ئەلەيسسالامغا ئوت سوغۇق، سالامەت بولۇپ بەرگەندەك، مەنمۇ ساڭا سوغۇق، سالامەت بولۇپ بەردىم، سەن ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتا كۆيمىگەنگە ئوخشاش ئىشلاردىلا بولىدۇ، دەپ ئويلىما، مانا مەندەك نەرسىلەردە بارلىق كائىناتلاردا ئۇنداق مۆجىزىلەر، ئالامەتلەر كۆپ، سېنى ئۇلار ھەر تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدۇ، زېمىن ساڭا جاي بەردى، ئۇنى قورشاپ تۇرغان تاشلار ساڭا ياغمىدى، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىماي ساڭا ھاياتلىق بېغىشلىدى، كائىنات سوقۇشۇپ كەتمەي تەرتىپ بىلەن ئايلىنىپ، سېنى تەھدىتتىن سالامەت قىلدى، سەن بۇلاردىن خەۋەرسىز، شۇنداقتىمۇ، ئاللاھ، ساڭا كۆيۈندى، رەھىم قىلدى، نېمەت بەردى، ئاخىرىدا ھالاللىرىغا ھېساب بار، ھاراملىرى ئازاب، ئى ئىنسان، ساڭا بارچە كائىنات، شۇنداق

خىتاپ قىلىپ تۇرىدۇ، سەن ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپىتىنى، رەھمەت، قۇدرىتىنى، ئىلىم - ھېكمىتىنى، ھەممە جايدىن تاپالايسەن، پەقەت ئىزدەنسەڭلا چوقۇم تاپىسەن.

سۈرە مۇمتەھىنەت، بۇ سۈرە، مۇھاجىر ئاياللاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، سىناپ بېقىش بۇيرۇلغانلىقىدىن، شۇنداق ئاتالغان، بۇ ئىسىم ئەلۋەتتە تەپەككۇر قىلغۇچى، زېھنىگە مۇنداق ئىمتىھانلارنى سالىدۇ، ئوقوغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىش، ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن ئىمتىھان ئېلىش، لايىقەتلىكلىرىنى، دوكتۇر، ئالىملارنى تاللاش ئىمتىھانى، ئەسكەر، جەڭچى تاللاش، ئالاھىدە زەربىدارلار ئەترىتى تاللاش ئىمتىھانى، ئومۇمى پەندىن ئىمتىھان ئېلىشلارنى ئەسكە سالىدۇ، ئىمتىھان ئېلىش، سىناپ كۆرۈش، ئىسلام دىنىدا دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ دۇنيامۇ سىناق دۇنياسى، نەتىجىسى ئاخىرەتتە بولىدۇ، رەسۇلۇللاھمۇ جەڭگە سىناپ بېقىپ سالاتتى، ئۇرۇشقا ماھىر باتۇرلارنى قۇماندان قىلاتتى. شۇنداق بولالمىسا، بولامتى ئەمسە؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۆزىمىزدىن، ئائىلىمىزدىن، ئەۋلادلاردىن، ھەر جەھەتتىن ئىمتىھان ئېلىپ بېقىشىمىز لازىم. ئەقىدە، ئىمان، تەۋھىد، ئىبادەت، مۇئامىلە، جەمئىيەت، ئەخلاق، تارىخ قاتارلىقلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، سىناپ بېقىشىمىز لازىم. ھازىر ئۆتەلىسەڭ، ئاخىرەتتىمۇ ئۆتەلەيسەن، ئىنسان ئۆلگەن ئىش ئۈستىدە قوپۇرىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ باش تەرىپى، مۆئمىنلەرنى خەۋىرىنى كاپىرلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان كىشى توغرىسىدا چۈشكەن بولۇپ، بىزنى قاتتىق سىر ساقلاشقا، مەخپى ئۇسۇلدا ئالاقىلىششقا، ئاجىز ھالەتتە، نوچىلىق بىلەن ئىشلارنى ئاشكارىلىماسلىققا، دۈشمەن ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا، قاتتىق كۈزۈتۈش، خەلقئارا ۋەزىيەتتىنمۇ خەۋەردار بولۇشقا، مەخپى رازۋېتكا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، بىزنىڭمۇ ئالاھىدە مەخپى ساقچىمىز بولۇشى لازىم. دۈشمەننىڭ ئازدۇرۇشىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا مۇنداق بىر ۋەقەنى مىسال قىلىدۇ، تۈركىيىلىك بىر ياخشى كىشىنىڭ بالىسى، فىرانسىيىدە بولۇپ، بۇ كىشى، بالىسىنى يوقلاپ بارغاندا، بالىسى مۇنداق دەپ بەرگەن، مەن بىر زىياپەتتە ئولتۇرسام بىرسى ماڭا تاماكا تەڭلىدى، مەن ئۇنىڭغا، مەندە رامىزان بار، دېسەم، ئۇ، ۋاي - ۋۇي، تېخى سەن شۇ كونا ئەقىدىدىمۇ، سەن دېگەن ھازىر كىم؟ ئەقلىڭ نۇر چاچتى، تەرەققىي قىلدىڭ، مول بىلىم ئالدىڭ، تاشلا بۇنداق ئادەتلەرنى دەپتۇ، ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا بۇددا دىنىنىڭ باشلىقى بۇ يىگىتكە ئەتە پالانى جايدا مەن بىلەن كۆرۈشكىن دەپتۇ، ئەتىسى بارسا، بۇ كىشى، سەن نېمىلەرنى كۆردۈڭ دەپ سوراپتۇ، ئۇ يىگىت، مەن بۇ جايدا پاكۇلتىت رەئىسىنىڭ ئىبادەت قىلغىنىنى كۆردۈم دەپتۇ. ئۇ بۇددىست، رەئىسى مەن سېنى كۆرسۇن دەپ چاقىرىدىم، بىلگىنكى، فىرانسىيە ئالىملىرى خۇددى باشقا ئالىم، دوكتۇرلاردەك، دىنغا قارشى، ئۇلار دائىم دىننى يوقىتىشنى ئويلايدۇ، سەن ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىل، دىنىڭدىن قايتما، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ساڭا تەسىر قىلمىسۇن دەپ تاپىلايدۇ، قاراڭلار بۇ بىر بۇددا دىنىدىكى كىشىنىڭ ۋەسىيىتى، ئۇلار بىز مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلغۇدەك بولۇپتۇ، سۇبھانالللا، بىز ئۇلارنى خرىستىئانلارنى، يەھۇدى، ناسارالارنى بۇ دىنغا قاچان قايىل قىلىپ، دەۋەت قىلارمىز؟ ئەلۋەتتە، يەنىلا بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم، تىل بىلىش لازىم بولىدۇ. مەن، مىسىردا مۇنداق خەۋەرنى كۆردۈم، فىرانسىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى ئالىملار، پاكۇلتېت رەئىسلىرى، ئەدىبلەر، شائىرلار ھەممىسى بىرلىشىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە چاقىرىق قىلغان، مۇسۇلمانلارنى قۇل قىلىشنى بۇيرىغان، ئۇنداق بولمىسا، ئۆزلىرىگە كېلىدىغان زىياندىن ئاگاھلاندۇرغان، تارىخدىن دەلىل كەلتۈرۈپ قايىل قىلغان، قاراڭلار، ئۇلار دائىم مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىشنىلا ئويلايدۇ، پەقەت يوقىتىپ، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشنى ئويلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئى ئوقوغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار، سەگەك تۇرۇش، ئىسلامنى كەڭ تارقىتىش، گەرچە، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىساقمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىزنى ئۆچۈرمەسلىككە تىرىشايلى.

بۇ سۈرىدە مەخسۇس ئاياللاردىن، قىزلاردىن ئەقىدە، ئىمان، ئېتىقاد جەھەتتىن ئىمتىھان ئېلىش كۆرسىتىلدى، رەسۇلۇللاھمۇ ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆردى، ئاياللارغا مەخسۇس بىرىپ دەۋەت، دەرس، دىن تەلىماتلىرىنى بىرەتتى، ئايرىم ۋاقىت، ئايرىم كۈن ئاجرىتىپ، تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى، ئاياللارمۇ ھەرخىل سوئاللارنى سوراپ، جاۋاب ئالاتتى، سۈرە ئەھزاپتىمۇ پەيغەمبەر ئاياللىرى شۇ ئۆيدە ئوقۇلغان ئايەت،

ھەدىسلەرنى يادلاشقا بۇيرۇلغان، رەسۇلۇللاھ، سۈرە نۇرنى، سۈرە ئەھزابنى ۋە مۇشۇنداق سۈرىلەرنى ئاياللارغا، باللارغا مەخسۇس ئۆگىتىشكە بۇيرۇلغان، ئەر ـ ئايال، دىن، ئىمان ئىشلىرىدا، ئىبادەت، ساۋاب ئىشلىرىدا باراۋەر، قۇرئاننىڭ ئاياللارغا ئائىلە ئىشلىرىغا بەكلا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلىمىز، مەقسەت، ئاياللار بىزنىڭ ئانىمىز بولغاندەك، ئەۋلادلار ئانىسى، ئۇ بىرىنچى ئۇستاز ھېسابلىنىدۇ، باللارنى ئاۋۋال ئانا تەربىيلەيدۇ، ئۆزى ئوقىتىدۇ، گەرچە بىر قىسىم قىز ئوقوغۇچىلار لاياقەتلىك چىقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاياللارنى، قىزلارنى بارلىق ئىلىم ـ پەنلەردە ياخشى تەربىيلەش لازىم، بۇ، ئاللاھنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى، ئامال بار، كۈچ چىقىرىپ پىتنىدىن يىراق بولۇپ، تىرىشايلى، ئۇنداق بولمىسا، تېخىمۇ چوڭ پىتنىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

سۈرە سەف، مۇسۇلمانلار، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ، بۇ جايغا كەلگەندە، نامازدىكى، جەڭلەردىكى، سەپلەرنى ئەسلەيدۇ، بەزىلەر تارىخدىكى، غازىلار سېپى، ساھابىلەر سەپلىرىنى ئەسلەپ، كۆز يېشى قىلىشىدۇ. ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىدى، بىزمۇ بىر بەندە ھە! بىز ھازىر نېمە؟ زادى نېمە؟

باي، دېھقان، كارخانچى، تىجارەتچى، تېرىچى، پاختىچى، لوبەن، ھۈنەرۋەن، موللا، سوپى، قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق ناملار. قارا، قارا دوستۇم، ئاللاھقا يارامىلىق، ئاخىرەتتە پايدىلىق نام، ئاتالغۇلار، مانا مۇنداق بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىدلار، سالىھلار، ئەۋلىيالار، تەقۋادار، مۇتتەقى، ئەمەل قىلغان ئالىم، مۆئمىن، مۇسۇلمان، زاكىر، شاكىرلار، سادىق سابىرلار ۋاھاكازالار. مانا مۇنداق نام ـ ئاتاقلار، ئىسىم، لەقەملەر بېرىلسە، پايدا قىلىدۇ. ئاللا، مۇشۇ دوستلىرىنىڭ سەپلىرىدىن قىلغاي، ئاخىرەتتە مۇشۇ سەپلەر قاتارىدىن مەرتىۋە، دەرىجە بەرگەي، ئامىن! ئەمما، پەرىشتە يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، سىز، بىزمۇ تەقۋاللىقتا تىرىشايلى.

بىز يۇقىرىدا، كاپىر، دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان سۇيىقەستىنى بايان قىلغان، بۇ سۈرىدە **8** ـ ئايەتتە بولسا، ئاللاھ، مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى يەنى ئاللاھنىڭ ئىسلام دىنىنى نۇرلۇق شەرىئىتىنى، ئېغىزلىرى بىلەن پۈۋدەپ ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى، مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر، يەنى ئىسلام دىنىنى، ئاشكارىلىغۇچىدۇر، ھەم مەڭگۈ ساقلاپ قوغدىغۇچىدۇر، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى خۇددى، قۇياش نۇرىنى ئېغىزى بىلەن ئۆچۈرمەن دەپ پۈۋدىگەنگە ئوخشايدۇ.

ئەمما، ئاللاھ ئۆزى ئىگە، لېكىن، بىز ئاللاھ ئىگە دەپ قاراپ ئولتۇرماي، ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا كىرىش، ئىسلام دىنىغا ياردەم بېرىش، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش، ئۇنداق ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قارشى چىقسا، مۇنداق چارە ـ ئامال بىلەن تاقابىل تۇرىشىمىز لازىم.

ئۆز ئۇستۇمىزدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز لازىم، ئۇستىمىزدىكى پەرزنى ئۇنتۇپ، ئاللاھ ئىگە، ئاللاھ ساقلايدۇ، دېگۈچىلەردىن بولساق تەۋەككۈل قىلماي يۆلەنگۈچى بولىمىز، ئېتىقاد جەھەتتىن ئىشەنچ قىلغان بولماي، بەلكى، بۇ خىل ئېتىقادنى بانا، سەۋەب قىلىۋالغان بولىمىز، ئاللاھ، بىزلەرنى قورقۇنچاق، ھورۇنلۇقدىن ساقلىسۇن، ئامىن!

شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ قىيامەتكە قەدەر بىر تائىپە، مۆئمىن، ھەق ئۇستىدە غەلىبە قىلىپ تۇرىدۇ دېگەن، ئاللاھمۇ بۇ سۈرىدە **10 ـ 11** ـ ئايەتلەردە، **ئىككى ئالەملىك پايدىلىق بو لغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق دەرت ـ ئەلەملىك ئازابدىن قۇتقۇزىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ ۋە ئەلچىسىگە چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن بەك ياخشى** دېگەن، سىلەرنىڭ بۇ تىجارەتنى قىلغىڭلار يوقمۇ؟ بىرەر مال، تىرىدە،پاختىدا پايدا ئۈچۈرىنى ئاڭلىساڭلار، تېز ھەرىكەت قىلاتتىڭلار، ئالدىرايتتىڭلار، ئەجەپ بۇ قېتىم ئەڭ ئىشەنچلىك، راست سۆزلىگۈچى سىلەرنى ياراتقان زات، ئاللاھ بۇ ئۈچۈرنى بەرسىمۇ جىم تۇرىسىلەرغۇ؟ ھېچ بولمىسا تەييارلىقمۇ يوققۇ؟ ئەركەك مۇسۇلمانلار، بۇ چاقىرىققا تەييار تۇرۇشى لازىم. ۋاقتى كەلسە، ئۇ، بۇ دېمەي، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپلا ئاللاھقا ئۈچقۇشۇشقا ئالدىرىشى كېرەك. سىلەرنى جەننەت، ئاللاھنىڭ جامالى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ، ئوبدان تەييارلىق قىلىڭلار، ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيلەپ، ئىسلام قوشۇنى قۇرۇپ چىقايلى.

بەشىنچى ئايەتتە، ئۇلار ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئاللاھ، پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ، بۇنى ئاللاھ ئالدىن ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن بىلىپ، شەقىيلىقنى پۈتىدۇ، بۇ ئايەت، ئاللاھ ئازدۇرغاننى ھىدايەت قىلغۇچى يوق، ئۇلارنىڭ قەلبىگە پىچەت ئۇرىۋەتتى، بەربىر ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ دېگەن، ئايەتلەرگە توغرا چۈشەنچە بېرىدۇ.

مەنىسى، ئۇلار ئازغۇن بولغاندىكىن، ئىزىشنى، ئاللاھ ئالدىن بىلگەچكە، ئۇلارغا ئېزىشنى، شارائىتنى خالىدى، يەنىلا بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى، بىلىشى، يارىتىشنى توسمايدۇ، بىلىپ تۇرۇپ يارىتىشى، ئۇلارنى ئازغۇن ئىچىگە ياراتقانغا ئوخشاش، ئەمما، ئۇلار ئۆزى ئازدى، ئۆزى سەۋەبلىك مانا مۇشۇنى يازدى، يوقنى يېزىپ قويمايتتى، كۈپرىغا لايىق پاسىقلارنى بىلىپ ھۆكۈم قىلدى، ھىدايەتمۇ قىلمايدۇ، ئۇلار شۇنىڭغا لايىق ئىدى، ئۇلارنىڭ پاسىقلىق، ئازغۇنلۇق، ھەقدىن بۇرۇلۇش، ئوڭ تەرەپنى قويۇپ، سول تەرەپنى تاللىۋېلىشتەك قىلمىشلىرىنى ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى، شۇڭا ئۇلارنى بەربىر بولغاندىكىن، ھەقتىن بۇرىۋەتتى، پىچەت ئۇرىۋەتتى، شارائىت بەردى، ھۆكۈم قىلىۋەتتى، توغرا چۈشىنىڭ.

سۈرە جۇمئە، بۇ ئىسىم ئەلۋەتتە، توپلىشىش، ئۇيۇشۇش، بىرلىششكە ھەپتىلىك مۇھىم دەرسلىككە، مۇھىم سۆھبەتكە، تەشۋىقاتقا ئىشارەت قىلىدۇ.

بۇ سۈرە ساقلىنىدىكەن، جۇمە، مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ، ئۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتىمىز، تەلىمات ئورنىمىز جۇمئە نامىزى توغرىسىدا، نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن، بۇ كۈننىڭ پەزىلىتى، خاسىيىتى، بۇ كۈندىكى دۇئا ئىجاۋەتى، چۈشىدىغان پەرىشتىلەر ۋاھاكازالار، غۇسلى قىلىش، بالدۇر كېلىش، ھەتتا بۇ نامازنى قەستەن دۇنيانى كۆزلەپ، دىنسىز ھاكىمىيەتتىن قورقۇپ، ئۈچ قېتىم تەرك ئەتسە، مۇناپىق بولىدىغان ھەدىسلەر بار. بۇ كۈندىكى ماددى، مەنىۋى ئىبادەت، مۇئامىلە، تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى پەزىلەتلەرنى ئوبدان چۈشەنگەن دىنسىزلار مەخسۇس مۇشۇ كۈندە مۇسۇلمانلارغا بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقوغۇچىلارغا ئۆز ئەزالىرىغا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قاتتىق چەك ساقلايدۇ، ھېزى بولىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندىمۇ بۇ ئىبادەت پائالىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنۇمنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلالايمىز، ئەپسۇس، بارلىق مۇنبەرلەردە، ساۋاتسىز خۇراپىي، بىدئەتچىلەر ئولتۇرۇقلۇق، مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىنىمۇ مۇھىم ئورۇندا قويۇپ ئويلىششى لازىم.

بىز بۇ سۈرىدىن مۇنداق بىر تېمىنى تاللايمىز، ئۇ بولسىمۇ زادى كىم ئەۋلىيا؟ كىم ۋەلى، ئاللاھنىڭ دوستى **6 ـ 7** ـ ئايەتتە ئاللاھ، يەھۇدىلارنى ئىششككە ئوخشىتىپ بولۇپ، مۇنداق دېگەن. ئى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، ئېيىقتىكى ئى يەھۇدىيلار، ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىڭ، ئاللاھنىڭ دوستلىرى يەنى ئەۋلىيا دەپ داۋا قىلىدىغان بولساڭلار، بۇ داۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇنداقتا، سىلەر جەننەتكە ئاللاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە راھەت ـ پاراغەتكە تېزىرەك بېرىش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ، تىلەپ بېقىڭلار دېگەن، كېيىن ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى، يالغانچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ تەلەپ قىلمايدۇ، ئاللاھ، بۇنداق زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر دېگەن، قاراڭلار، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، ئاخىرەتتىكى ھېسابىدىن قورقىدۇ، بۇلار، مۇسۇلماندەك قورقمايدۇ، بەلكى، ئۆلۈپ بېرىشىدىن قورقىدۇ، ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي ئاللاھنىڭ دوستى، ئەۋلىيا بولغان بولسا، ئۇنچە قورقمايتتى، يەنە بىر ئايەتتە بولسا، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ دوستى بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرسە، نېمە ئۈچۈن، سىلەرنى ئازابلايدۇ، دېگەن، بۇ ئايەتتىن ياخشى كۆرگەن دوست، دوستنى ئازابلىمايدۇ دېگەن مەنا چىقاتتى، سۈرە يۇسۇفتە بولسا، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، ئاللاھدىن ئۆلۈمنى سورايدۇ، ھەقىقىي ئەۋلىيا شۇنداق بولىدۇ، سالىھلار قاتارىدىن قىلىشنى سورايدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە، ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار، پەقەت تەقۋادارلار دەپ كەلگەن، سۈرە يۇنۇسىمۇ شۇنداق كەلگەن، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، تەقۋادار مۇسۇلمان، مۆئمىنلەر ھەقىقىي ئەۋلىيالاردۇر.

ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ ئىگىسى، ۋەلىسى، دوستى دېگەن ئايەت بار، ئەۋلىيا، يالغۇز كىشىلەر داۋا قىلىۋاتقان، ئالاھىدە ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت بېرىلگەنلەرلا ئەمەس، بەلكى، ئومۇمى ئەۋلىيالار ئۆزىمۇ

ئۇقمايدۇ، بۇنىڭ ئەجرى كاتتا بولىدۇ، بۇ سۈرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، جېنىنى ھەق ئۈچۈن بېغىشلىغان بولۇپ، دائىم ئۆلۈمگە تەق تۇرىدۇ، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، جەننەتكە ئۈچقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئاللاھ كەلگۈسىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەۋلىيالىق داۋاسى قىلىشىنى ئالدىن بىلىپ، ئۇلارنىمۇ قېنى ئۆلۈمنى سوراپ بېقىڭلار، راھەتكە تېزىرەك بېرىڭلار، قېنى دەپ بۇ خىل پاسىلنى، ھەق، باتىلنى ئايرىش، تەكلىپنى بەرگەن. ئاللاھ، ھەقىقەتەن زېمىندا سىرلارنى بىلىدىغان، رەببىنىلا ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھقىلا ئاشىق، ئاخىرەتنىلا كۆزلەيدىغان، ئاللاھنىڭ جامالىغا قاراپ تۇرۇشنى بىردىنبىر مۇراد ـ مەقسەت قىلغان، سەممىي، سادىق، ئەۋلىيالارنى ياراتتى.

ئەمما، ئۇلار ھەرگىز يالغانچى ئەمەس، بىدئەتچى تېخىمۇ ئەمەس، ھەقىقىي ئالىم، ئابىد، زاھىدلاردۇر، ئۇلار ئۆلۈمنى سورىيالايدۇ.

ئاللاھقا ئىشىنىپ، قۇرئان، ھەدىس بويىچە ماڭغان ئەقىدە، ئېتىقادىدا ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە بولغان، ئىبادەت ئەمەللىرىنى، مۇئامىلىلىرىنى شەرىئەت يولىيورۇقى بويىچە، ئېلىپ بارغان، بارلىق بۇيرۇق چەكلىمىلەرگە قادىر بولۇشچە، ئەمەل قىلغان، تەقۋادار كىشى گەرچە كارامەت بېرىلمىسىمۇ، يەنىلا ئەۋلىيا، ئاللاھنىڭ دوستى، بۇلار ئامىدۇر. كارامەت بېرىلگەن ھەقكە دەۋەت بېرىلگەنلەر بولسا، خاس كىشىلەردۇر، ئاللاھدىن باشقىنى زادى كۆزلىمەيدۇ، ئاسماندا ئۇچىسىمۇ، ئوتتا كۆيىسىمۇ، سۇ يۈزىدە ئايىغى نەم بولماي، يۈگۈرۈپ ماڭسىمۇ غەيبىدىن داۋا قىلىپ، بەزى ئىشلارنى بىلىپ قالسىمۇ، كىسەللەرنى بىر سىلاپلا ساقايتىدىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا قۇرئان، ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇنىڭغا ئەگەشمەيمىز، ئېتىقاد قىلمايمىز، ئۇنى، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئۇ كارامەتمۇ، يا ئاھانەتمۇ، دەججال شەيتانغا بەرگەندەك، سىناقمۇ، تەدرىجى ھالاك قىلىشمۇ، بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىز پەقەت قۇرئان، ھەدىسكىلا ئېتىقاد قىلىپ، ئەمەل قىلىپ، گەرچە بىرەر سىرلىق ئىشلارنى كۆرمىسەكمۇ، كارامەت بېرىلمىسىمۇ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىۋېرىمىز، قالغىنىنى قىيامەتتە بىلىمىز، ئاللاھ ئالىمدۇر.

سۈرە مۇنافىقۇن، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان، قۇرئاننى ئوقۇپ، بۇ سۈرىگە كەلگەندە، مۇناپىقلار توغرىسىدا توختىلىدۇ. تەپەككۇر قىلىدۇ، چارە ـ ئامال بىلەن ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىمۇ بۇ خىسلەتتىن ساقلايدۇ، چۈنكى، ھەزەر قىلىشقا بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا مەخسۇس يولىيورۇق، بۇيرۇقلار بار. ھازىر ئۇلار، ئاجايىپ تەرەققىي قىلىپ كەتتى، خۇددى بۇ مۇناپىقلار زامانىدەك، شۇنداقتىمۇ ھەزەر قىلغىلى بولىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرىمايدۇ، ئۇلار، تېلېفون ئارقىلىق تېلېفوننى نازارەت قىلىش، كومپيۇتېرنى كۆزىتىش، ئاۋاز، سۆزلەرنى خاتىرلەش، سۈنئىي ھەمراھقىچە جاسۇسلۇق قىلىدۇ. بىزمۇ، بۇ خىل ئىلىم ـ پەندىن پايدىلانساق، تاقابىل تۇرساق، ھەزەر قىلىشنى بىلسەك بولىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق كىتابلار يېزىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ، يالغۇز تەۋھىد، مۆجىزىنى ئاتا قىلماستىن، بۇ ئىلىم ـ پەن، تەرەققىياتلاردىن بىز مۇسۇلمانلارغىمۇ نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارنى، قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بەردى، نېمەتتىن پايدىلىنىپ، شۈكرى قىلمىسا، ئۇ تېزلا قولدىن كېتىپ قالىدۇ، ھۇششا تۇرۇڭ.

مۇھىم بىر ئەسكەرتىش، بىز مۇسۇلمان، بىزنى ھېچكىشى كاپىر، دىنسىز دېمەيدۇ، ئەمدى، بىرلا ئىش قالدى، ئۇ بولسىمۇ، مۇناپىق بولۇش، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ مۇناپىق ئەمەسلىكىمنى دۇنيادىن مۇناپىق بولماي كېتىشىمنى بىلسەم، بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق، بەخت بولماس، چۈنكى، بۇ دېگەن، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىشكە ئوخشايدۇ، شۇنداق، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر، دىنسىزلىق ئوتتۇرىدا پەقەت مۇناپىقلىق قالدى. ئەگەر، سىلەرمۇ مۇناپىق بولمىساڭلار، مۇسۇلمان ھېسابلىنىپ، جەننەتكە كىرىسىلەر، چۈنكى، سىلەر مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىسىلەر، ئەمما، بۇ ۋەسكا جەھەتتىن نامدا بولماستىن، ھەقىقىي بولۇش، لۇغەت جەھەتتىن بولماستىن، ھەقىقىي بولۇش، دۇنيالىق ئۈچۈن بولماستىن ئاخىرەت ئۈچۈن بولۇش لازىم. ھەربىر سۆز، داۋانىڭ ئەمەلىيىتى، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججىتى بولىدۇ، قېنى ھۆججەتىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار دەيدىغان كۈندىن قورقۇڭ.

سۈرە تاغابۇندا، كىشىنى مۇناپىق بولۇپ قېلىشتىن تېخىمۇ ھەزەر قىلدۇرىدۇ، قاراڭ. ئى مۆئمىنلەر، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلارمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات

قىلىڭلار، (دۈشمەن دېگەن، خوتۇن، بالا بولسىمۇ ئېھتىيات قىلىش لازىم) ئەگەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، ئۆتتۈەتسەڭلار، ئاللاھ، سىلەرنى كەچۈرىدۇ، مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار، ماللىرىڭلا، پىتنە، سىناق، ئازدۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار، **15** ـ ئايەت.

سىلەر شۇ ساۋابنى، ئاللاھنى، جامالىنى كۆزلەڭلار، بۇ ئايەتلەر بىر قىسىم ساھابىلەر مەككىدە، بالىلار، ماللار خاپىلىقىدىن ھىجرەت قىلالمايدۇ، كېيىن قالىدۇ، ئۇلار چىققاندا، بۇرۇن چىققانلار دانا، ئالىم بولۇپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە، ئاخىرەتتىمۇ ئۈستۈن دەرىجىگە ئېرىشىپ بولىدۇ. قۇرئان، مەخسۇس ئۇلارنى مەدھىيلەپ ماختايدۇ، ئۇلار، خوتۇن ـ بالىلىرىغا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، مانا بۇ خاتالىق، سەنلەر سەۋەبىدىن بولدى دەپ ئۆلتۈرگىلى يۈگۈرىدۇ، دەل شۇ چاغدا بۇ ئايەت چۈشكەن، ئاندىن ئۇلار ئەپۇ قىلغان. بۇ ئايەتتىكى ئەھۋاللار، مەڭگۈ شۇنداق بولۇپ تۇرىدىكەن، ھەدىسلەردىمۇ دۇنيادىن، ئايال كىشىدىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ، پىتنە، سىناق، ھەتتا كۇپۇرلۇق كېلىپ چىقىدىكەن، زاھىد بول.

ئەنە شۇنداق پىتنە ـ پاساتقا، كۇپۇرلۇققا، ئاسىيلىققا، ساۋابدىن مەھرۇم قويۇشقا سە ۋەب بولىدىغان، ھەق، ھىدايەتتىن، ئىلغار خىزمەتتىن توسۇپ قويىدىغان، ئايالنى تالاق قىلسۇن دەپ سۈرە تالاق، بۇ سۈرىگە ئەگىشىپ كەلدى. نۇرغۇن ھەقىقەتچى زاھىدلار، شۇنداق دەلىللەيدۇ، ئەمما، بۇنى سەن توي قىلىشىدىن، بالىلىق بولۇشىدىن بۇرۇن ئويلىشىڭ لازىم، ئۇ چاغدا سەندە بۇ ئىلىم نىمە قىلسۇن، ئۇزۇن گەپنى قويۇپ، مۇشۇ سۈرىنىڭ خۇلاسىسى، ھۆكمىنى ئاڭلا.

**1** ـ تالاق قىلىنغان ئايال، ھەيزى كۆرسە، ئىددىتى ئۈچ ھەيز كۆرۈش.

**2** ـ خۇسۇسى بەزى زۆرۈر ئەھۋالدىن باشقا چاغدا ئىددەت، مەزگىلىدە، ئۆيدىن سىرتقا چىقمايدۇ.

**3** ـ ئىددەت توشۇش ئالدىدا، ئەر يا چىرايلىق قويۇپ بېرىش، ياكى قايتا يارىشىۋېلىش لازىم. بۇ ئۇنىڭ ئىختىيارى.

**4** ـ مەيلى ياراشسۇن، مەيلى قويۇپ بەرسۇن، گۇۋاھچى كەلتۈرسۇن.

**5** ـ ھەيزى كۆرمەيدىغان، ھەيزىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئاياللار، ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، ئون كۈنى يوقتۇر.

**6** ـ ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى، ئېرى ئۆلگەن بولسىمۇ، تۇغقان ھامان توشىدۇ.

**7** ـ بالا ئېمىتكەن ئايالغا ئېمىتىش ھەققى بېرىش لازىم.

**8** ـ بايلار بايچە، پېقىر پېقىرچە نەپىقە بېرىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا، يەتتە ئاسماننى يارىتىپ، يەتتە زېمىننىمۇ شۇنداق يەتتە قىلىپ ياراتقانلىقى بار، بۇ مەسىلىدە بىز توختالغان، بۇنىڭ توغرىسىنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، بۇ يەتتە دېگەنلىك، خاسلىق ئەمەس، يەتتىدىن ئارتۇق ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، بۇ جايدا، ھازىر بۇنداق زېمىندىن **300** مىليوندىن ئارتۇقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ، بىز پەقەت، قۇياش سىستېمىسىدىكى بىر دانە زېمىندا ياشاۋاتىمىز، ئۇ يەتتە پىلانېتمۇ يەتتە قۇرۇقلۇقمۇ، يەتتە قەۋەتمۇ زادى قايسى يەتتە بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ. سىلەر بۇ يەتتىدىلا توختاپ قالماي، ئاللاھ، ئاساس سېلىپ، بەرگەندىن، سىلەرگە نامەلۇم، كۆزۈڭلار كۆرمەيدىغان يەنە زېمىنلارنى سۆزلەپ بەرگەندىكىن، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار تېپىڭلار. بۇ ئايەتتە، ئاشۇنداق كۆپ زېمىن، پىلانېتلارنىڭ بارلىقىغا، پەلەك ئىلمىغا ئىشارەت باردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەگەر مەن بۇ ئايەتنى ھەقىقىي تەپسىر قىلىپ بەرسەم، مېنى چالما، تاشلاردا رىجىم قىلىۋېتىسىلەر دېگەن. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى، سىلەر تەتقىق قىلىپ، ئىزدەنگۈچى، بىز بولساق ئەجەل توشسا ئاخىرەتكە كەتكۈچى.

سۈرە تەھرىمدە بولسا، ئاللاھ، ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ئۆزلىكىمىزدىن ھارام قىلىۋالماسلىقىمىز بار،

ئەگەر ھالال ـ ھارام ئىككى ھۆكۈم تاقشىپ قالسا، ھالالنى ئال، چۈنكى، ئاللاھ ئاسانلىنى ئىرادە قىلىدۇ، شۇنداقلا، ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى ھالالدۇر. بۇ ئۇسۇل قائىدىسى، ئۇسەيمىيىن رص نىڭ سۆزى، تەقۋالىق، ئاللاھ ئاتا قىلسا، رەھمەت پەزلى بىلەن ئاسان ئىشلاردىمۇ بولۇۋېرىدۇ. سەن تەس ئىشنى قىلغانغا تەقۋا بولۇپ قالمايسەن، بەزىلەر قېيىننى تاللىساڭ، تەقۋا بولىسەن، قىيامەتتە ھېسابىنى ئاسان بېرىسەن دەيدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ

بۇ ئىختىلاپلار ئارىسىدا قىيامەت كۈنى ھۆكۈم قىلىدۇ، ئىجتىھاددا توغرا قىلغانلار، ئىككى خاتالاشقانلار، بىر ئەجىر ئالىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى، مەقسەت، ئۆزىچىلا سوپى بولمەن، تەقۋا بولىمەن دەپ قۇرئان، ھەدىس، مۇسۇلمانلار ئىجماسىدىن چىقىپ، شەرىئەت نۇرىدىن، تەرىقەت، ھەقىقەت، ئۇ، بۇ دېگەن. زۇلمەتكە چىقىپ، ئاخىرىدا ئىماندىن، ساۋابدىن قۇرۇق قېلىپ، ئۆزىنى بولسا، توغرا يولدا گۇمان قىلىپ، ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچى بولمايلى دېمەكچى، توغرىسى قۇرئان، ھەدىس.

يەنە بىر مەسىلە، بۇ سۈرىدە، **5** ـ ئايەتتە، رەسۇلۇللاھقا ئەگەر ئايالىنى قويۇۋەتسە، ھازىرقى ئاياللىرىدىن ياخشى بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى، قىزلارنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، دېگەن ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ، ئاياللىرىنى ماختايدۇ، خەدىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار، ئائىشەنىڭ پەزلى، قالغان ئاياللار ئۈستىگە، خۇددى قالغان تاماق ئۈستىدىكى شورپىغا ئوخشاش دېگەن. مەقسەت، بۇلارنى ئەڭ ياخشى دېگەن تۇرسا، ئايەتتىكى ئۇلاردىن ياخشى قايسى ئايالنى ئېلىپ بېرىدۇ؟ بىر ھەدىستە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيى، مەريەم، ئاسىيەنىڭ ئۆيى قېشىدا دېگەن بار، مانا مۇشۇنداق دەلىلگە ۋە ئايەتتىكى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەسا يەنى مۇمكىن دېگەن سۆزمۇ بىر ۋەدە بولۇپ، ئاللاھ، چوقۇم ئىجرا قىلىدۇ دېگەن. دەلىل بىلەن بەزى ھەدىسلەردە مەريەم، ئاسىيە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچىسى، ماڭا بېرىلىدۇ دېگەن بار. ئەنە شۇنداق دەلىللەر بىلەن ئايەتتىكى قىز مەريەم، چوكان بولسا، ئاسىيەنى كۆزدە تۇتىدۇ، بۇلار قىيامەتتە رەسۇلۇللاھقا ئېلىپ بېرىلىدۇ، دېگەن. ئىبنى كەسىر، تارىخ ۋە تەپسىردە كەلگەن.

**8 ـ ئايەتتە، ئى مۆئمىنلەر، ئاللاھقا سەممى تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمۈددىكى، ئاللاھ، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ** دېگەن توغرىسىدا

بۇ جايدىكى نەسۇھا، يالغانچى، كاززاپلار دېگەندەك، بىرەر كىشىنىڭ ئىسمى ئەمەس، ئۇنىڭ ھەممىسى ھېكايە، چۆچەك، بۇ نەسۇھ دېگەن سۆز نەسىھەت دېگەن مەندە، ئىگىسىنى نەسىھەت قىلىپ گۇناھدىن توسقىدەك، قايتا گۇناھ قىلمىغۇدەك تەۋبە دېگەن بولىدۇ، يەنى، سەممىي، بۇنداق تۆۋبىگە مۇنداق شەرتلەر لازىم بولىدۇ.

**1** ـ ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھقا قاتتىق پۇشايمان قىلىش، ئاللاھدىن كەچۈرۈم بولۇشنى، ئەپۇ قىلىشنى، مەغپىرەت سوراش

**2** ـ پەرىزلەرنى ئادا قىلىش، بەزىسىنى قايتا قىلىش، تولۇقلاش، نەپلە ئىبادەت ئارقىلىق نۇقسانىنى تولۇقلاش.

**3** ـ زۇلۇمنى، يەنى ھەققىنى قايتۇرۇش، رازى قىلىش.

**4** ـ كىشى ھەققى بولسا، قايتۇرۇش، رازى قىلىش، ھەتتا، ماددى، مەنىۋى بولسۇن، ھەممىنى قايتۇرۇش.

**5** ـ ئىككىنچى گۇناھقا قايتا بارماسلىق، قەتئىي قىلماسلىق.

**6** ـ ئاللاھقا ئاسىي بولغاندا، نەپسىڭنى پەرۋىش قىلغاندەك، تائەت ـ ئىبادەتتىمۇ نەپسىڭنى پەرۋىش قىلىش، تەربىيىلەش، باشقىلارنى تەجرىبەڭ بىلەن قايىل قىلىپ، گۇناھدىن توسۇش.

## سۈرە مۇلۇكدىن ۋەلمۇرسەلاتقىچە بولغان تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي بۇ سۈرىلەردىكى بسم الله الرحمن الرحيم توغرىسىدا توختىلىپ، مۇنىداق رەھمەتلەرنى يازىدۇ.

سۈرە مۇلۇكتىكى رەھمەت، بارلىق پادىشاھلىق، ھۆكمىرانلىق، پەقەت ئاللاھقا خاس بولۇش، ھەممە، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە، ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت، ئىنسانلار ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى ئاللاھقىلا چوقۇنۇش، بويسۇنۇش لازىم. شۇنداقلا، بۇ سۈرىدە، ئىنساننى رەزىل ئەخلاق، يامان ئەمەللەردىن تازىلايدۇ، چۈنكى بۇ سۈرىدە قاتتىق ئازاب، ئۇلارنىڭ دەردى، ئۆتمۈشنى يەنى ھالاك بولغانلارنى ئەسلىتىش بار، ئىلىم، رەھمىتى بار. شاماللارنى بويسۇندۇرۇش، قۇشلار تەتقىقاتى بار.

سۈرە قەلەمدە بولسا، قەلەمنىڭ ئۆزى چوڭ رەھمەتتۇر، ئىلىملار، كىتابلار قەلەم بىلەن نەشر بولىدۇ، ئۇ، مائارىپنىڭ ئاساسى، شۇڭا، ئاللاھ، قەلەم بىلەن قەسەم قىلغاندۇر.

يۇلتۇز، قۇياش، ئاي بىلەن قەسەم قىلغان بولسا، قەلەم، ئۇلاردەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەگەر تۈنجى قېتىمقى «لەۋھۇل» قەلەم بىلەن قەسەم قىلسا، بۇ تېخىمۇ كاتتا بولىدۇ، بۇ سۈرىدە بېخىللىقنى سۆكۈپ، سېخىيلىققا قىزىقتۇرۇلغان، تارىخ جەھەتتىن ئاچچىق ساۋاق بار.

سۈرە قەلەمدە، بىر بۆلۈك كىشىلەر ھالاك بولسا، بۇ سۈرە ھەققىدە پۈتۈن ئالەم ھالاك بولۇش بار، بۇ يامانلىقنىڭ تۈزكورلۇقنىڭ ئاقىۋىتىنى تېخىمۇ رۇشەن بايان قىلىدۇ، قىيامەت كۆرنىشى باردۇر. كىتابنىڭ ئوڭ، سول تەرەپىدىن كېلىشى، ئالدىن ئۇقتۇرۇلغان بۇ زور نېمەتتۇر، قۇرئان توغرىسىدا ئاللاھ دېمىگەننى دېسە، جان تومۇرنى ئۈزۈۋېتىدۇ، بۇ، ئىسلام مۇسۇلمانلار ئۈچۈندۇر، سۈرە مائارىجدا بولسا، نۇر، پەرىشتە ئىلمى، نۇر تېزلىكى، ئىنساننىڭ بىر قىسىم يامان ئاقىۋىتى سۆزلىنىدۇ. ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئون نەچچە قانۇن سۆزلىنىدۇ، نەپسنى تەربىيىلەش، ئۇنى پاكلاش، تەرەققى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۆرلىتىش، ئەمەللىرى بار، شۇڭا بۇ سۈرە مائارىج، سۈرە نۇھدا بولسا، ھەققەت، باتىلنىڭ كۆرىشى، كۇپرى ئىمان، تائەت، مەئسىيەت، نېمەت، ئازاب سۆزلىنىدۇ. تارىخدىن ئاچچىق ساۋاق، ئىبرەتلەر بار، سۈرە مۇددەسسىر، مۇززەممىلدە بولسا، نەپسى، روھ نۇرلىنىشى بار، كېچە قىيامى سۆزلىنىدۇ. نەپسنى ئۆلتۈرۈش چارىسى، ۋەھى، ئىلھام مەسىلىسى، سۈرە قىيامەتتە تاپا، مالامەت قىلغۇچى، نەپسى سۆزلەنسە، سۈرە ئىنساندا كامال تاپقان نەفسى سۆزلىنىدۇ، كېيىن بولسا، ئارام تاپقان نەپسىمۇ سۆزلىنىدۇ.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان، ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئاللاھ، ھەر نەرسىگە قادىردۇر دېگەن بىرىنچى ئايەتنى، 30 ئايەت ھەممىسى تەپسىرلەيدۇ. ئىلكىدە مۇلۇك، پادىشاھلىق بولۇش دېگەنلىك، كېيىنكى ئايەتلەردىكى كائىناتنى يارىتىش، ئۆلۈم، ھاياتلىق يارىتىش، سىناش، يەتتە ئاسماننى يارىتىش، ئۇلارغا زىننەت بېرىش، شەيتانلارنى باشقۇرۇپ، مۇلكىدىن قوغلاش، جەھەننەمگە سېلىش، ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەلچى ئەۋەتىش، ھېساب، سوراق ـ سوئال قىلىش، گۇناھلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش، جەننەتنى بېرىش، قەلبىدىكى سىرلارنى بىلىش، زېمىننى بويسۇندۇرۇش، رىزىق بېرىش، شۈكرى قىلمىسا ئىگىسىنى تونىمىسا، تاش ياغدۇرۇش، قۇشلارنى ھاۋادا ئۇچۇرۇپ، تۇتۇپ تۇرۇش، ھىدايەت ھەق يول كۆرسىتىش، قۇلاق، كۆز، يۈرەك يارىتىپ بېرىش، قايتا تېرىلدۈرۈش، دوستىغا ئىگە بولۇش، دۈشمىنىنى ھالاك قىلىش، ھاياتلىق مەنبەسى دۇنيانىڭ ئانىسى، سۇلارنى ئاقتۇرۇپ بېرىشلەر، ھەممىسى ئاشۇ پادىشاھلىقتا، مۇلۇككە تەۋە ھەم تەپسىر بولىدۇ. بۇلارمۇ رەھمەتتۇر.

ئۆلۈمنى يارىتىش، ئۇنى ئايەتتە ھاياتتىن بۇرۇن كەلتۈرۈش سەۋەبى ۋە ھېكمىتى مۇنداق، ئۆلۈممۇ رەھمەتتۇر، نېئمەتتۇر، ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلاردا ھاياتلىق قىيىن بولىدۇ. ھەم ھاياتلىق يولى ئېتىلىپ قالىدۇ، ئۇزۇن قالماي زادى ھالاك بولىدۇ، نۇرغۇن ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ھاياتلىقلىرىنى ئۇششاق جانلىقلارنى ئۆلۈم بىلەن تىزگىنلىمىسە، پۈتۈن زېمىنغا يامراپ، ئازاب سالىدۇ، ئۆلۈم خالى قىلىشتۇر، ھاياتلىق بولسا، زىننەتتۇر، ئەگەر خورما ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلىشىدىن توسۇپ تۇرمىسا، ئۇچۇپ يۈرگەن، ھەممە

هاياتلىق چاڭلاشسا، ئۇ چاغدا زېمىنغا سىغماي قالىدۇ. ھەممىسى، ئۆسۈملۈك، ئۇرۇق، دەرەخ بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر كىشىلەر يەۋاتقان بىلىقلار، هايۋانلار يەۋالغان، بىلىقلار ئۆلۈۋاتقان، يوقۇلۇۋاتقان بېلىقلار، هايات قالسا، پۈتۈن دېڭىز، بىلىق بولۇپ، قېتىپ قالىدۇ، هاياتلىق يەنىلا ئاخىرلىشىدۇ.

ئەگەر، ھەرە، چىۋىن، بۈرگىدەك، چاشقاندەك نەرسىلەرنى يوقىتىپ تۇرمىسا، ئۇلار ئۆلمىسە، قانداق بولارسىز ئەگەر مىكرۇپ، ۋىرۇسلار يوقىتىلماي بىر ھەپتە داۋام قىلسا، كۆپەيسە، بىر ئاي كۆپەيسە ھەممىسى ۋابادا ئۆلىدۇ، هاياتلىق يەنىلا ئاخىرلىشىدۇ، داۋالاش ئۇنۇم بەرمەيدۇ.

بىر قىسىم ۋابا مىكرۇپى، ۋىرۇسلار، **20** يىلدا ئاران **20** مىنۇتلا كۆپىيىدىكەن، ئەگەر بىر يىل كۆپەيسە، بەش دېگەن سانىنىڭ ئالدىغا **21** نۆلنى قويسا بولىدىغان سانلاردا، نەچچە تونىنا كۆپىيىدىكەن، بۇ چاغدىمۇ، هاياتلىق يەنىلا ئاخىرلىشىدۇ، ئۆلۈم بۇنى تېزگىنلەيدۇ.

پىل نەسلىنى ئاللاھ تېزگىنلەيدۇ، ئۇ **20** يىلدا بىر قېتىم تۇغىدۇ، ئەگەر ئۇ يىلدا تۇغسا، ئۇزۇن قالماي بىر نەچچە ئەسىردىلا، زېمىنغا پىللار تولۇپ كېتىدۇ، چېكەتكە، زىرائەتلەرنى يەيدۇ، تاپالمىسا، ئۆز ـ ئۆزىنى يەيدۇ ياكى بىر خىل قۇشلار ئۇنى يەيدۇ.

بۇنداق بولمىغاندا، ئىنسانلار نېمە يەيدۇ؟

بەزى جانلىقلار، دېڭىزدا يىلىغا **60** مىليون تۇخۇم تۇغىدىكەن، ئەگەر بۇلار ئۆلۈپ، ئوزۇق بولۇپ تۇرمىسا، بۇ جانلىق يەرشارىنى ئىگىلەيدۇ، ئۆلۈم رەھمەتتۇر، بىر قىسىم هايۋانلار، يەنە بىرخىل هايۋانلاردا جان بېقىپ ياشايدۇ، ئۇنىڭ رىزىقى شۇلارنى يېيىش، ئەگەر ئوزۇق مەنبەسى يوقالسا ياكى ئۆلمىسە، ئۇلار ئۆلىدۇ، خۇددى مىكرۇپ، ۋىرۇس ئۆلمىسە، بىز ئۆلگەندەك، ئۆلۈم، مۆئمىننى ئارام، راھەت ئالدۇرغۇچى، جەننەتكە ئاپارغۇچى، مەڭگۈلۈك ئالەمگە ئاپىرىدۇ، ئاللاھ بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، ئۇ رەھمەت، ئۇ نېمەتتۇر.

ھەقىقەتەن، دۇنيا ئاسمىنىنى، يۇلتۇزلار بىلەن زىننەت قىلدۇق دېگەن ئايەتكە تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي ئىلگىركى بىز شەيتانلارنى ئاسمان خەۋىرىدىن ئايرىدۇق دېگەن ئايەتنى قوشۇپ، مۇنداق دەيدۇ. بىز بۇ زىننەت توغرىسىدا كۆپ توختالدۇق، سۈرەتلەرنىمۇ كەلتۈردۇق، بۇ جايدا بۇ زىننەت، شەيتانغا ئازاب، رىجىم بولدى، ئاخىرەتكە ھەم ئازاپ تەييارلىدۇق، شەيتانلار ئاجايىپ ـ غارايىپىدىن ئايرىلغاندەك، ئەگەر سەن بۇ كىتابىدىكى ئاسمان خەۋىرىنى، ئاسترونومىيە ئىلمىنى سۆزلىسەڭ، بىر قىسىم كىشىلەر ماختايدۇ، قوللايدۇ، ئىمانى كۈچىيىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر يۈز ئۆرىيدۇ، پەرۋا قىلمايدۇ، بەلكى، سېنى ئەيىبلەپ، تىللايدۇ، ئەنە شۇلار بۇ ئېسىل خەۋەردىن ئاشۇ شەيتانلار ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتكەنلەر، قۇلىقى گاس، قەلبى كورلاردۇر. كارىڭ بولمىسۇن، جېدەل قىلما، ئاخىرەتتە ئۇ، ئېسىت، ئىلىم بولغان بولسا، يا قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان بوسلام بۇنداق ئاقىۋەتكە، بۇنداق ئازابلىق كۈنگە قالماس ئىدىم دەپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىز، قۇرئان، ھەدىس، ئىسلام دىنى توغرىسىدا مۇسۇلمانلار پايدىسى ئۈچۈن سۆزلىدۇق.

**ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان هالدا، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىمامدۇ؟ ئۇچىۋاتقان قۇشلارنى، قاناتلىرىنى ئاچقان، يىغقان چاغدا، ئاللاھ، ئۆز قۇدرىتى بىلەن ساقلايدۇ، ئۇلار چۈشۈپ كەتمەيدۇ.**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ ئايەتكە، سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇ ئەتىگىنى تاماق ۋاقتىدا بىر ئايلىق ئاخشىمى بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، دېگەن ئايەتنى ۋە شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق دېگەن ئايەتنى، شاماللار يۆنىلىشىدە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئالامەت بار دېگەن ئايەتنى، هايۋاناتلار، قۇشلار تەتقىقاتى مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ. مانا بۇ هاۋا ئىلمى، شامال ئىلمى، قۇشلار تەتقىقاتى، ئۇچۇش تەتقىقاتى، ئۇچۇش ئىلمى، ئىنسانلار بۇنداق ئۇچۇشقا ئۇچقان نەرسىلەرگە قاراشقا تەكلىپ قىلىنسا، ئاندىن ئۇ خۇددى ئۇچۇشقا تەكلىپ قىلىنغاندەك بولىدۇ. زېھنىگە ئۇچۇش كىرىۋالىدۇ. خۇددى، ئۆز ۋاقتىدا **16** ـ ئەسىردە ئىتالىيىلىك ئەر جىيمىس، ئۇچماقچى بولۇپ، قۇشلار قانىتىدەك چوڭ ئىككى قانات تەييارلاپ دېڭىزدىن ئۆتىمەن دەپ، سەكرەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، كېيىن، ئالبانىيىلىك بىر راھىب، ئۇچىمەن دەپ، ئۆلۈپ كېتىدۇ، كېيىن، فرانسىيە مەركىزى ئۇچۇشنى قارار قىلىپ، ئازتولا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

ئىسلام ئالىمى، ئاباس ئىبنى فرناس، سەھىيھۇلجەۋھەرى دېگەن كىتابىنىڭ ئىگىسى، بۇمۇ ئۇچۇشنى سىناش جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ تۆت كىشى ئۇچۇشقا ئۇلگە بولۇپ قالىدۇ، كېيىن، ئىنسانلار قۇشتەك قاناتتا ئۇچۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنداق ئالاھىدە لايىھىلەش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىنساندا يوقلىقىنى، ئىنساننىڭ بېشىمۇ قۇشلار تۇمشۇقىدەك ھاۋادا ئۇچۇشقا ماس ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، **1713** - يىلى، قۇشتەك ئۇچۇش ئەمەلدىن قالىدۇ، كېيىن، بىز يۇقىرىدا سۇرە دۇخاندا سۆزلىگەن گاز شارى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. **1782** - يىلى كەشىپ قىلىنىدۇ، بۇ خۇددى سۇدا كېمە ياسالغاندەك، چوقۇم ھاۋا، ئاتموسفېرا بېسىمى، لەيلىتىش كۈچى، كۆتۈرۈشى لازىم ئىكەن دەپ، ھاۋادىن يەڭگىل قىلىش ئۇچۇن ھەجمىنى چوڭ، نەچچە يۈز مېتىر قىلىپ ياسىلىدۇ، لەيلىتىش كۈچىدىن پايدىلىنىدۇ، بۇ ھازىر فىزىكا ئىلمى ساھەسىدە سۆزلىنىدۇ.

كېيىن **1891** - يىلى، لىلىيەنتال ئىسىملىك بىرسى، يەنە قۇشلاردەك ئۇچىمەن دەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، كېيىن، ئامرىكىلىق ئاكا - ئۇكا ئىككى ياش ۋەيلبور ۋە ئورفىل رايىت دېگەنلەر **1905** - يىلى، **38** مىنۇتتا **24** مىيل مۇساپىنى، يەنى **46** كىلومېتىر مۇساپىنى ھاۋادا ئۇچۇپ نەتىجە قازىنىدۇ، بۇلار تۇنجى بولۇپ، ئۈلگە بولغانلار بولۇپ قالىدۇ. كېيىن بۇلار نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارغا يولۇقۇپ، قوۋورغىلىرى سۇنۇپ، ئاخىرى **1909** - يىلى ئۇچۇشتا سىناقدىن ئۆتىدۇ، دۆلەت بۇلارغا **25** مىڭ ئامېرىكا دوللار بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ، شۇ چاغدا ۋەيلبور رايىت بىر سائەت **45** مىنۇت **22** سېكۇنت ئۇچۇپ، **61** مىيل مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. كېيىن، ئالبانىيىلىكلەر، گاز شارىنى كەشىپ قىلىدۇ، كېيىن بۇ ئۇچۇشلار تۇنجى قېتىم ئايروپىلان ياسالغىچە تەرەققى قىلىدۇ. **1910** - يىلدىن ھازىرغىچە **100** يىل جەريانىدا بۇ ئۇچۇش، خىلمۇ - خىل ئايروپىلان، ھەتتا **500** كىشىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانىغا، ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانىغا، تىك ئۇچار ۋە مەخسۇس ئۇرۇشتا، رادارغا چۈشمەي ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا، مانا ھازىر، سۇنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش، ئالەم كېمىسى بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا، ھاۋا، ئاتموسفېرادىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئالەم بوشلۇقىغا چىقىشقا قەدەر تەرەققىي قىلدى، بىر سېكۇنتتا، ھاۋا تەۋەلىكىدە، **10** كىلومېتىر سۈرئەتتە تېز ماڭالىغىدەك بولدى.

ھازىر، پەقەت يېقىلغۇ كۈچىگە تايىنىپلا، ئۇچۇۋاتىدۇ، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، خىيالى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغاندەك، بۇ تېزلىك تېخىمۇ سۈرئىتى ئاشسا، نەچچە سېكۇنتتىلا يەرشارىنى ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ. مانا ھازىرمۇ نەچچە سائەتتە ئايلىنىپ چىقىۋاتىدۇ، كىشىلەر تەرەققىي قىلسا، تۇرمۇشى ياخشىلانسا، بۇنىڭدىن كېيىن، ئالەم بوشلۇقىغا پۇلى بار، ئىقتىدارى بار شەخسلەر ساياھەت قىلىدۇ، مەخسۇس ھازىرقىدەك بېكەتلەر، ساياھەت قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى تەسىتقلىنىدۇ. كىشىلەر كىرا بېرىپ، ساياھەت قىلىدىغان بولىدۇ، ئاللاھ خالىسا، ئەنە شۇنداق تەتقىقات، تەجرىبە، ئىنسانلار پايدىسى ئۇچۇن، ھەرخىل دورا، زىرائەت ئۇرۇقلىرنى بوشلۇقتا تەجرىبە قىلىپ، پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىش ئۇچۇن، ئۇرۇشلاردا، ھۇجۇم قىلىشدا، كۈچ تېپىش ئۇچۇن، پۈتۈن يەرشارىنى، ھاۋا، دېڭىز، قۇرۇقلۇقنى بىرلا جاينى كۆرگەندەك كۆرۈپ، كۇزۇتۇپ، ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن، ئاللاھ، بىزنى ئۇچۇشقا تەكلىپ قىلغان، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان، قۇشلارنى تەتقىقات ئورنى قىلغان، بىزلەرگە بولسا، قارىمامدۇ؟ دەپ تاپا قىلىپ، كايىغاندۇر. (كۆز سۈرىتى)

**ئۇلارغا دېگىنكى، ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، سىلەرگە قۇلاق، كۆز، يۈرەكنى يارىتىپ بەردى، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكرى قىلىسىلەر .** بۇ ئايەت، بىئولوگىيە تەتقىقاتى، ھاياتلىق ئىلمى، تۆرەلمە ئىلمى، ئاۋاز ئىلمى، نۇر، ھەرىكەت ئىلمىغا مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى، بۇنىڭدا يۈرەك، كۆز، قۇلاق تىلغا ئېلىنىدۇ. مانا بۇلارنى سىز ئاناتومىيەدىن، بىئولوگىيەدىن ھازىرقى ئىلغار فىلىملەردىن كۆرىسىز، ھەققىي چۈشىنەلەيسىز، بۇ كىتابتىكى رەسىم، سۈرەتكە قاراڭ.

يۈرەك ئۆزىلا قاننى ئايلاندۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە، قاندىكى ئاق قان، قىزىل قان ھۈجەيرىلىرى ئۆزلىرىمۇ توختىماي ھەرىكەتتە بولىدۇ، ئۆز خىزمىتىنى ئورۇنلايدۇ، قۇلاق بولسا، تاشقى، ئوتتۇرا، ئىچكى قۇلاق دەپ ئايرىلىدۇ، ئاۋاز دولقۇنىنى، سېزىم ھۈجەيرىلىرى نېرۋىغا، مېڭىگە قانداق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟ ئاندىن بىز ھەرخىل ئاۋازلارنى قانداق پەرقلەندۈرەلەيمىز؟ بۇلارنى ئوبدان ئويلىنىپ، سىزدە مانا شۇنداق بىلىم بولمىغاچقا،

ئۆز ئەزالىرىڭىزدىن خەۋەرسىز يۈرگەچكە، ئاز شۈكرى قىلىسىزدە.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **221** ـ بەتتىن، **232** ـ بەتكىچە، كۆز، نۇر، ھارارەت، ئىسسىقلىق، گىرادۇس ئۆلچىگۈچ، تېرمومېتىر، نۇرنىڭ سۇنۇشى، ھەسەن ـ ھۇسەن ئەھۋالى، نۇرنىڭ قايتىش، سۈرەتنى توشۇشى، يەنى سىز ئەينەككە قاراڭ، قانداق بولۇپ، سۈرىتىڭىز ئەينەككە چۈشۈپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن فوتو ئاپارات سىزنىڭ، سۈرىتىڭىزنى ئىچىگە تارتىۋالىدۇ؟

مانا بۇ نۇر، نۇرنىڭ سۇنۇشى، نۇر قايتىشى. نۇرنىڭ خۇددى، تېلېۋىزوردا كۆۈنگەن سۈرەتلەرنى توشۇپ يۈرگەندەك، سۈرەتنى، ئاۋازنى ئۈچۈرۈپ، توشۇپ تۇرىدۇ، سۈرەتلەر ئېقىپ يۈرىيدۇ. بۇلار بولسا، قۇرئاندىكى، نۇر، ئىسلام دىندىكى قايتا ـ قايتا سۆزلىنىدىغان نۇر، ئاسمانغا زىننەت، نۇر، نۇرنى نۇر بىلەن كۆرىدىغان كۆزگە مۇناسىۋەتلىك، كۆزنى قىلىپ بېرىپ، نۇرنى بەرمىسە، قانداق كۆرىدۇ؟ كۆزنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ كۆرۈشى، رەڭلەرنى پەرق ئېتىشى، سېزىم ھۈجەيرىلىرى، نېرۋا، مېڭە ھۈجەيرىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئۇنىڭ مودىلىنى، سۈرىتىنى، خەرىتىسىنى، سېزىم يوللىرىنى، ئالاقىسىنى، ئاناتومىيىدىن كۆرۈڭ، فىلىمدىن كۆرۈڭ، سۈرەتكە قاراڭ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ كۆز، بۇ ئاسمان زىننىتى، نۇر مەسىلىلىرىگە **225** ـ بەتتە، مىكرۇسكۇپنى، كېيىن يېقىنلاشتۇرغۇچى سايمان، تېلىسكوپنى سۈرەتلىك سۆزلەيدۇ، بۇلارمۇ ئىسلام دىنىدا ئاللاھ، بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان، بۈيرۈغان ھازىر بولسا، مۆجىزە خاراكتېرلىك قىززىق نۇختىغا ئايلانغان مەسىلە بولۇپ قالغان ئىشلاردۇر.

ئىككى ئالەمدە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلار چوقۇم بۇيرۇلغان، سىز، بىز يەنىلا سەل قاراۋاتىمىز، شۇڭا شۈكرى ئازدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قۇشلار توغرىسىدا يەنە بىر توختىلىدۇ، بارلىق ھايۋانلارنى يەنە بىر تەقسىم قىلىپ سۆزلەپ بولۇپ، قۇشنى مۇنداق بايان قىلىدۇ، قۇشلارنىڭ تۇخۇمدىن چىقىشى، بۇ باشلىنىشى، بۇ خىل قۇدرەت، ئىلاھى ئىلھامنى بىز توخۇ مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ خىل تەتقىقاتتىمۇ مۆجىزلەر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چىقىپ تۇرىدۇ، ئاندىن قۇشلار، قارلىغاچ، بۆدۈنە قۇشى، بۇلبۇل قاتارلىقلاردەك كۆچىدىغان، ھىجرەت قىلىدىغانلىرى بار. قىش پەسلى يېتىپ كېلىشىلا، ھاشارەت، ئوزۇقلىرى تۈگىسە، ئافرىقىدەك ئىسسىق جايلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ، بۇلارغا مەخسۇس ئىلھام، يول خەرىتىسى، يۇلتۇزلار يول باشلايدۇ. ئاندىن قۇشلار، يىرتقۇچ، گۆشخور ۋە يىرتقۇچ ئەمەس، دانلا يەيدىغان دەپ ئىككى قىسىم بولىدۇ، يىرتقۇچلار، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن، ئىنسانلار پايدىسى ئۈچۈن ئىككى قىسىم بولىدۇ، بىرسى كۈندۈزى ئوۋلايدۇ، قارچۇغا، بۈركۈتتەك، يەنە بىرسى بولسا، كېچىسى ئوۋلايدۇ، مۈشۈكياپىلاقتەك، **236** ـ **241** ـ بەتكىچە، بۇ خىل قۇشلارنىڭ سۈرىتى كەلتۈرۈلگەن، ھارام ـ ھالالنى قوغدايدىغان قۇشلارنى يەيدىغان قۇشلارنى ئايرىۋالسۇن، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ئىلمى، ھېكمىتىنى تەتقىق قىلسۇن، ئېتىقاد، ئىمانى كۈچەيسۇن دەپ، ئاسمانغا قارىغاندىكىن، كىتابقا كەلتۈرگەن، ھاۋا، دېڭىز، قۇرۇقلۇق قۇشلىرىنىمۇ سۆزلەيدۇ. بۇ قۇشلار دۇنياسى.

سۈرە قەلەم، قەلەمنىڭ كاتتىلىقىدىن ئاللاھ، قەلەم بىلەن قەسەم قىلغان، نۇن بولسا، توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى، رەببىڭنىڭ نېئمىتى دېگەن سۆز بىلەن يۇنۇسنى، رەببىنىڭ نېئمىتى تاپمىغان بولسا، ئۇ ئۆسۇملۈكسىز دالىغا تاشلىناتتى دېگەن، نېمەتلەرگە ئىشارەتتۇر، نېمەتنى قەدىرلەش، شۈكرى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سەن بۈيۈك ئەخلاق ئۈستىدە دېگەن بۇ ئايەت، رەسۇلۇللاھنىڭ، بارلىق ئىش ـ ئىزلىرىنى، سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشنى، ئۇ زاتقا ئەگىشىپ مېڭىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت، سۆھبەت، ئەلچى، ئۇرۇش، خەلقئارالىق مۇناسىۋەت، دەۋەت، ئىبادەت، مۇئامىلە جەھەتلەردىن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، بىز مۇشۇ ئەخلاققا ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ئەخلاق ئەيلى تۇغما، ئاللاھ بەرگەن ئەخلاق بولسۇن، مەيلى كەسپى يېتىلگەن ئەخلاق بولسۇن، ئىسىل خىسلەت، ئىسلام دىنى ئەخلاقتا گۈزەل بولۇشقا دائىم بۇيرۇيدۇ، سىلەرنىڭ ياخشىڭلار، ئەخلاقتا گۈزەل، ياخشى بولغىنىڭلار. (ھەدىس)

ئەمدى بىز بۇ سۈرىنىڭ ئاساسى مەقسەتلىرىگە كەلسەك، بىرىنچىسى، دەل مۇشۇ ئەخلاق مەسىلىسى، بۇ توغرىسىدا ئايەت، ھەدىس نۇرغۇن يېزىلغان، كىتابلار، فىلىملەر بار.

ئىككىنچى مەقسەت بولسا، كۇپپار، پاسىقلارنىڭ ناچار، يامان ئەخلاقى، ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى سۆزلىنىدۇ. قەسەمخورلۇق، پەسكەش، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقان، گۇناھكار، قوپال، ھارامدىن بولغان، ھارام ئىش قىلغۇچى قاتارلىق ناچار، يامان ئەخلاقلار بۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى جازاسى سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى مەقسەت بولسا، باغلارنى، ھوسۇلنى، كەمبەغەللەر، پېقىرلار ئۇقماستا يىغىۋالىمىز دەپ، ئاللاھنى ئېسىدىن چىقارغان، ئاخىرىدا ھالاك بولغان، قىزغانچۇق، بېخىل قەۋمنىڭ مىسالىنى سۆزلەپ ئىبرەت بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇرتاق، تەڭ بەھرىمەن بولۇش سۆزلىنىدۇ.

تۆتىنچى مەقسەت بولسا، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك قېچىپ چىقىپ كەتمەي، ئۇمىد ئۈزمەي، دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش، خۇددى نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردەك سەۋر قىلىپ، تا ئاخىرغىچە غەلىبە قىلغىچە داۋام قىلىش سۆزلىنىدۇ.

مانا بۇلار ئىرادىلىكلەر، سابىرلار، ئاللاھنىڭ سادىق دوستلىرىدۇر.

سۈرە ھاققە بولسا، مەخسۇس، قىيامەت كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ، كىشىنى ئاشۇ كۈنگە، ئۇزۇق راستلاپ، تەييارلىق قىلدۇرىدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن ئىشلاردىن توسۇپ، زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ چوقۇم قۇرۇلىدىكەن.

بۇ سۈرە، ئاساسلىق ئىككى مەقسەتكە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى مەقسەت بولسا، تارىخدا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ھالاك بولغانلار، ئاخىرەتتىمۇ قاتتىق ئازابقا قالغانلارنى سۆزلەپ، ئىبرەت ئالدۇرىدۇ.

ئىككىنچى مەخسىتى بولسا، ئاخىرەت كۆرۈنۈشىنى، ئازاب كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىدۇ، ياخشى ـ يامانىنىڭ، جازا ـ مۇكاپاتىنى كۆرسىتىدۇ، ئاساسلىق مەقسەت، شۇ ئەمەسمۇ؟!

ئاخىرىدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەققى، راست ئەلچىلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن بارلىق مۆجىزىلەر، نەقلى، ئەقلى دەلىللەر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنى، قىيامەت كۈنىنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنىڭ، ھېساب، مىزان، جەننەت ـ دوزاخنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ، ھەممىگە گۇۋاھچىدۇر.

سۈرە المعارج بولسا، مەخسۇس پەرىشتە، روھ ئۆرلىشىنى، نەپسىنىڭ، روھنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى نۇر تېزلىكىنى سۆزلەيدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىمىز، ئۆرلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبلىپ بارىدىغان ئىشلارنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ.

**1** ـ ناماز، بۇ مۇئمىننىڭ مىئراجى دىن تۈۋرۈكى

**2** ـ ئۇنى ۋاقتىدا دائىم شەرتلىرىنى تولۇق قىلىپ، ئادا قىلىش.

**3** ـ ھوزۇر، قەلب بىلەن ئاللاھدىن قورقۇپ، بىرىلىپ قىيامەتنى، ئازاب، نېمەتنى ئەسلەپ تۇرۇپ ئوقۇش.

**4** ـ ھېساب، جازا كۈنگە ئىشىنىش، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش.

**5** ـ ئاللاھ بەرگەن ئامانەت قويغان ماللاردىن زاكات ۋە نەپلە سەدىقە ئۈچۈن سېخىلىق بىلەن خەژلەش.

**6** ـ ئەھدە، توختام، ۋەدىلەرگە رىئايە قىلىش.

7 ـ ئامانەتنى جايىغا تاپشۇرۇش، قايتۇرۇش، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئامانەتلەرنى، تەكلىپلىرىنىمۇ ئادا قىلىش.

8 ـ ئەۋرەتنى هارامدىن ساقلاش، هارامدىن يىراق بولۇش.

9 ـ ئادىل گۇۋاهلىق بېرىش، هەقنى سۆزلەش.

10 ـ مەخسۇس ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، مانا بۇ خىل ئىشلار، ئىنساننى زەنجىر ـ كىشەن بىلەن باغلاپ، قامىۋالغان تۇرمىدىن قۇتقۇزىدۇ، ئازاد قىلىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەڭگۈلۈك يۇقىرى ماقامغا ئۆرلىتىدۇ، جەننەتكە قاراپ ئالغا!!!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق مىساللارنى، هېكايىلەرنى سۆزلەيدۇ، ئىبرەت ئالدۇرىدۇ، ئابدۇلمەلىك دېگەن خەلىپە رۇم پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ، ئۇ، پادىشاھ شۇئبىنى دىن سىلەر، ئاللاھنىڭ ئىپداسى يوق، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر نەرسە يوق، ھەممىنى ئۇ ياراتقان دەپ ئېتقاد قىلىسىلەر، يەنە تېخى، ئىنسان، جەننەتتە يەپ ـ ئىچىدۇ، ئەمما، تاھارەت قىلمايدۇ دەيسىلەر، جەننەتنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ دەيسىلەر. بۇلارغا بۇ دۇنيادىن مىساللار كەلتۈرۈپ باقسۇن، ئەقلىمىز ئاسان چۈشەنسۇن. قايىل بولۇپ، توغرا ئېتقاد قىلايلى دەپتۇ. شۇئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنداق بولسا، قۇلاق سال، بارچە سانلارنىڭ ئەۋۋىلى بىردۇر، ھەربىر ساندا بىر باردۇر، بىر دېگەن سان سەۋەبىدىن جۇپ ـ تاقلار هاسىل، سانلار يوقسىمۇ بىر دېگەن سان يوقمايدۇ. ئەگەر، بىر بولمىسا ياكى يوقاپ كەتسە، بارلىق سانلار بولمايدۇ هەم يوقايدۇ، بىرنىڭ ئالدىدا هېچنېمە يوق، دېمەك، ئاللاھ بار، ئۇ بىر ئۇنىڭ ئالدىدا هېچنېمە يوق، ئۇ ئەزلى، ھەممىنى ئۇ ياراتقان، ئۇ بولمىسا يوقاپ كەتسە، ھەممە بولمايتتى، يوقايتتى، ھەممە يوقاپ كەتسىمۇ، ئاللاھ مەڭگۈ باقىيدۇر. ئۇ بىزلەر بىلەن بىللە، ئەركەك ـ چىشىنى ياراتقان، ئوخشىشى يوق، بىرلا زاتتۇر، ئاللاھ، ئۇستۇن، پاكتۇر.

جەننەتتە يەپ ـ ئىچىپ، تاھارەت قىلماسلىق، ئانا رەھمىدە بالا تۆرەلمە مەسلىسىدە ئۆز ئەينى باردۇر، ئەگەر، ئۇ تاھارەت قىلىۋەتسە، ئانا ـ بالا هالاك بولاتتى، ئاللاھ، هېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇردى، بىز ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىرلىقىغا ئىشىنىمىز.

جەننەت نېمەتلىرى تۈگىمەسلىككە كەلسەك، بىر تال شامنى مىسال قىلىمەن، ئەگەر سەن ئۇنىڭدىن 1000 تال شامنى تۇتاشتۇرساڭمۇ، ئۆزىنىڭ نۇرى زەررىچە كاملاپ كەتمەي، بەلكى، نۇر زىيادە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئاددى مىسال، ئاللاھ، بۇيۈكتۇر، ئۇ بىرەر نەرسىنى يارىتىشنى خالىسا، كۇن، ۋۇجۇتقا كەلسە دېسىلا، بارلىققا كېلىدۇ. رۇم پادىشاھى ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئەجەب سېنى تونماي قاپتۇ، نېمىشقا سېنى پادىشاھ قىلمىغاندۇ؟ دەپتۇ. شۇئبىنى يۇرتقا قايتسا، خەلىپە بارلىق ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ بولۇپتۇ، ئۇ، شۇئبىدىن، رۇم پادىشاھى، بۇ سۆزنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ شۇئبى، ياق، بىلمەيمەن، خەلىپە، ئۇ سېنى ماڭا هەسەد قىلدۇرماقچى، مېنى بولسا، ساڭا زىيان سالدۇرۇپ، سېنىڭ جېنىڭنى ئالدۇرماقچى، ئۆلتۈرگۈزمەكچى، دۇشمەننىڭ بۇنداق هىلىسىنى ئوبدان بىلىشىمىز، هۇشيار تۇرىشىمىز لازىم دەپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل ـ مال بېرىپ يولغا ساپتۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، مەن بولسام، شۇئبىيىدەك ئاخىرەتتە ئۆرلەش، دەرىجە ئۆرلەش، مىئراجغا، بۇ دۇنيادىكى بىر نەچچە ئۆرلەش، تەرەققىي قىلىشلارنى، مىسال قىلىمەن، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار مەنىۋى ئاخىرەتتىكى ئۆرلەشنى ئەقلىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، رۇشەن چۈشىنىۋالىدۇ دەپ، مۇنداق مىساللارنى ئۆرلەش، تەرەققىياتقا كەلتۈرىدۇ.

1 ـ ئۆسۈملۈكلەر، هايۋانلار، ئىنسانلار ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇپ، ئۆسۈپ ـ يېتىلىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، بولۇپمۇ، ئىنسان بىر تال ئىسپېرما هۈجەيرىسىدىن كامىل بىر ئىنسان بولۇپ يېتىلىدۇ، ئەقىل تاپىدۇ، هەتتا، تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم ـ هېكمەتتە، ئىلىم ـ پەندە يېتىشىپ، مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى، مەدەن، بايلىقلار، كان بايلىقلار ئالتۇن ـ كۇمۇشلەر، ئۈنچە ـ مارجانلارمۇ شۇنداق يېتىلىدۇ، ئالتۇن، تۇزدەك هاسىل بولىدۇ. تۇز ئۈچ يىلدا هاسىل بولسا، ئالتۇن 100 يىلدا يېتىلىدۇ، بۇ بىر تەرەققىيات، باسقۇچ يۇقىرى

ئۆرلەش ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ ئىنسانلار ئىلىم ـ پەندە كەشپىياتقا يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، خۇددى، قاتناش، يول، سۇ، ئۇچۇر، ئالاقە، قورۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بارغاندەك.

3 ـ ئىقتىسادى تەرەققىيات بارلىققا يۇقىرى ئۆرلەش، نۇرغۇن نامرات كىشىلەرنىڭ دۆلەتلەرنىڭ مىليونىرلىقىنى، بايلىق پادىشاھى بولغىنىنى كۆرىسەن.

4 ـ گۈزەللىك، كىيىنىش، ئالى تۇرمۇش، ئالى ئىمارەتتە تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى ئۆرلەشلەر.

5 ـ ۋاكىئۇم، ئەسىر دېگەن ماددىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئالماس، گۆھەر بولغىنىنى كۆرىسەن، مەن بۇنىڭغا ھازىرقى بىر تەرەققىيات، يۇقىرى ئۆرلەشنى يەنى، كومپيۇتېرنى مىسال قىلىمەن، بۇ ھەممە جەھەتتىن ئۇنىۋېرسال، يۇقىرى ئۆرلەش، تەرەققىي قىلىشتۇر.

6 ـ ئاخىرىدا ئىنسان ئەخلاقتا، تەلىم ـ تەربىيىدە يېتىلىپ، تەجرىبە ـ ساۋاق ئېلىپ، يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئېسىل خىسلەت، پەزىلەتلەرگە ئېرىشىدۇ، ھەتتا، پەرىشتىلەر دوستىغا ئايلىنىدۇ.

7 ـ مۇھەببەت، دوستلۇقتا ياخشى كۆرۈشتە، ئاستا ـ ئاستا، ئۆزئارا تەرەققىي قىلىش، يۇقىرى ئۆرلەشلەر، ئاخىرىدا ئاشىق بولۇپ، جاندىن ئايرىلىدۇ، ياكى بۇ مەڭگۈ ئايرىلماس، ھەممىگە ھەممىدىن گۈزەل، خالىق، رەببى، بىر ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ئاجايىپ، ياخشى ئۆرلەش، ياخشى تەرەققىي قىلىشتۇر.

ئىنسان ئاخىرى ئىلىم ـ ھېكمەت، ياخشى ئەمەل، ئەخلاق، ئېسىل خىسلەت، پەزىلەتتە يۇقىرى ئۆرلەپ، مۇسۇلمانلارغا، ئومۇمغا، كەشپىياتتا، تەرەققىياتتا پايدا يەتكۈزۈپ، دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى خەلىپە بولۇپ، ئاخىرى مەڭگۈلۈك كەڭ پاكىز، ئازادە، جەننەتكە، ئاسمانلار ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ. تەرەققىي قىلىدۇ، بۇ ئاخىرەتتىكى ئۆرلەش، ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆرلەش

ئەمدى سىز، بۇ مەنىۋى ماددى، ھېسسى ئۆرلەشلەرنى رۇشەن چۈشىنەلەيسىز، ئۇنداق بولسا، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە، يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى دەرىجە، يۇقىرى، ئالىي مۇكاپات ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ جامالى ئۈچۈن، كۆرەش قىلايلى!

مۇسۇلمان يولى ئىمان ـ ئېتىقاد،

ئاخىرى مەقسەت دىدار، جەننەت.

تەييارلىق قىل، ئۆلۈمگە ھارماي ـ چارچىماي،

زىيان يوقتۇر ئىككى دۇنيادا ساپ بولسا نىيەت.

سۈرە نۇھ بولسا، كىشىگە ناھايىتى بۇرۇنقى تارىخلارنى ئەسلىتىدۇ، تارىخدىن قالغان، يادىكارلىقلارنى قېزىپ تاپقۇزىدۇ. ئومۇمىي يۈز بەرگەن توپان بالاسىنى كەلكۈننى ئەسلىتىدۇ. شۇنداقلا، تۇنجى كېمە ياسىغۇچى، سۇنىڭ لەيلىتىش، كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بىز ئىنسانلارنى ساقلاپ قالغۇچى، ئاللاھدە كەشپىياتچى، يېتەكچى، تېنىشلىقپەرۋەر، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، تۇنجى پەيغەمبەر، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن يىل ياشاپ، قەۋمنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان، بۇ يولغا، قاتتىق بەرداشلىق بېرىپ، سەۋرە قىلىپ، ئىرادىلىك بولۇپ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ ياردىمىدە غەلىبە قىلغان، ئۇنىڭ دەۋرىدىكى بۇددا دىنى، ئاساسلىقى ياخشى، سالىھ كىشلەرنىڭ سۈرىتىدىن مەيدانغا كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى، سۈرەتنى چەكلەيدۇ، ئۇ ھەق يولدا تەنھا كۆرەش قىلىپ، نەتىجە چىقارغان، ئاللاھ، بۇ تۇنجى ئەلچىنىڭ بالىسى، ھەققە بويسۇنماي، ئىمان ئېيتمىسا، كاپىرلار سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەچكە، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزىۋەتكەن، ئۇ سېنىڭ ئەھلىڭ ئەمەس دېگەن. بۇ بىر مەيدان ئايرىش، سىلى بىزنىڭ بالىلىرىمىزدىن مۇنداق مۆرتەد، كاپىر، مۇناپىقلار چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەش، ئاللاھ، ئاسان قىلا، ئامىن!

بۇ سۈرىدە، كاپىرلار قاتتىق ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ، ھازىرمۇ بۇلار، بىر ـ بىرىگە

ۋەسىيەت قىلىشقاندەك، بۇ خىل ئادىتىنى ئاتا مىراس قىلىپ، داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلاردىن ھەزەر قىلىڭلار.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاخىرىدا ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ھالاك قىلىۋېتىشنى سورىغان، شۇنداقلا، ئۇلار يەنىلا كاپىر، پاسىقلارنى تۇغىدىكەن دېگەن. ئالىملار بۇ جايدا، نۇھ ئەلەيھىسسالام، بۇ خىل غەيىب ئىشنى قانداق بىلگەن؟ دەپ سوئال قويۇپ، مۇنداق جاۋابلارنى بېرىپ باققان.

بىرىنچى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر، ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھى، ئىلھام بىلەن بىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، بۇ كاپىرلارنىڭ ئىچىدە ياشىغاچقا، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد، ئىسلام دىنىنى بالىلىرىغا يامان كۆرسىتىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن توسىغان، ھەرگىز ئەگەشمەسلىكنى ۋەسىيەت قىلىپ ئۆلگەن، مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي تەجرىبىدىن بىلگەن دەپ جاۋاب بېرىلدى.

ئۈچىنچى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى، كاپىر ھالدا ھالاك بولۇشنى سەزگەن، شۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كېمە ياسىغان تۇرسا، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىزگە پايدىلىقى بولسا، ياخشى ئىبرەت ئېلىپ، تەقۋا بولۇش

سۈرە جىنىدىن، بۇ سۈرە، ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان، ماددى دۇنيادىن باشقا بىر ئالەم، باشقا بىر مەخلۇقنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، نېمە ئۈچۈن؟ ئاللاھتائالا، قۇرئان ئىسمىنى، سۈرە ئىسمىنى، ھېكمەتسىز ئاتمايدۇ، بۇنىڭدىمۇ بىر ھېكمەت بار، ئىلىم بار. ھەربىر ئىسىم، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، تەپەككۇر قىلغىلى سالىدۇ، نەزەر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇر ئويغا ئىنچىكە كۆزىتىشكە، ئەتراپلىق ئويلىغىلى سالىدۇ، بەزىسى سۈرە بەقەر، كالا دەپ چارپاي ئىسمى بىلەن ئاتالسا، بەزى سۈرە، نەملە، چۈمۈلە، نەھلە ھەسەل ھەرىسى، ئەنكەبۇت ئۆمۈچۈك دېگەندەك ھاشارەتلەر بىلەن ئاتالغان، بەزىسى بولسا، ئۇنىڭدىمۇ ئىنچىكە بولغان، نۇر بىلەن بەزىسى يۇسۇف، ھۇد، نۇھ دېگەندەك پەيغەمبەر ئىسمى بىلەن بەزىسى تەۋبە دەپ، ئەخلاق ئىسمى بىلەن بەزىسى، شەمسى، قەمەر، نۇجۇم، كۇن، ئاي، يۇلتۇزدەك پىلانېت ئىسمى بىلەن بەزىسى ئەللىيل، پەجىر، زوھادەك ۋاقىت ئىسمى بىلەن بەزىسى، ھەدىيد، تۆمۈر دەپ، مەدەن، ماددا، ئېلېمېنت ئىسمى بىلەن بەزىسى بەلەد، بۇرۇج دەپ ماكان ئىسمى بەزىسى، تىين، ئەنجۇر دەپ ئۆسۈملۈك ئىسمى بىلەن بەزىسى بو لسا، مۇشۇنداق روھى ئالەمگە مەنسۇپ بولغان، جىنلار بىلەن ئاتالدى، ئويلاپ بېقىڭ، بۇلار نېمىنى بىلدۈرىدۇ.

مانا بۇلار، كائىنات، ئاسمان ـ زېمىن، يۇلتۇز، پىلانېت، ئاسترونومىيە، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، بىئولوگىيە، ماددا، ئېلېمېنت، بېرىكىش، پارچىلىنىش، فىزىكا ـ خېمىيە، ۋاقىت، ماكان، جۇغراپىيە، ھېساب، نۇر، ئاۋاز، سۈرئەت، ھەيئەت ئىلىملىرىنى كۆرسەتكەندەك، بۇ ئىسىم، نەپسى، روھى، مەنىۋى، باتىنىي بىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ، بىز روھى بىلىملەرنىمۇ مەنىۋى بىلىملەرنىمۇ، نەپسىنى قانداق قىلغاندا، ھاۋايى ـ ھەۋەسدىن توسقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ، ئۇنى پاكلاش، ئەدەپلەش، نەپسگە قارشى ھەرىكەت، ئەمەل قىلىش، شەيتانغا، جىنلارغا تاقابىل چارىسى، بولۇپمۇ شەيتاننى قاتتىق تەتقىق قىلىپ، ئىلاھى يولىيورۇقىقا قاراپ، قۇرئان، ھەدىسنى ئاساسى مەنبە يېتەكچى قىلىپ، ئۇنى ئوبدان چۈشىنىپ، تولۇق خەۋەردار بولۇپ، شەيتاندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ھۇجمدىن ساقلىنىش، ئىماننى ئوغۇرلاتماسلىق، مۇھىم بىر ئىش، مانا مۇشۇنداق ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن، مۇھىم بولغان ئىلىم، روھى، جىن، شەيتاننى تىزگىنلەش، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، كەينىگە كىرىپ، ئېزىپ كەتمەسلىك، ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ، بۇلارنىمۇ ئويلىنىپ قويۇڭلار، بىلىپ قويۇڭلار دەيدۇ.

بۇ سۈرىدە مەيلى ئىنسان، مەيلى جىن، مۇنداق تەتقىقات قىلىشى، جىنلار سۆزىدىن چىققان، ئۇلار تىلنى بىلىدۇ ـ دە.

1 ـ جىنلار، قۇرئاننى ئاڭلاپ، چۈشەنگەن، جىم تۇرغان، ئۇنى ئاجايىپ توغرا يولغا باشلىغۇچى دەپ ماختىغان، بىر قىسمى ئىمان كەلتۈرگەن، شېرىك ئېتىقادنى تاشلىغان.

2 ـ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ، بار، بىر، ئۇ بالا، ئايال تۇتۇشدىن پاك ئىكەن، ئۇنىڭ ئوخششى يوق دېگەن.

3 ـ جىنلاردىنمۇ ئىنسانىدەك ھەددىدىن ئاشقان، ئاللاھقا بۆھتان چاپلايدىغان، مۇشرىك، بۇددا دىنىدىكىسى بار.

4 ـ ئۇلار، ئىنسى ـ جىننى راستچىلمىكى دەپ ئېتىقاد قىلىپ قالغان، ئەمەلىيەتتە، ئىنسى ـ جىنلار كاززاپ چىققان.

5 ـ بىر قىسىم ئىنسانلار، جىنلارغا چوقۇنۇپ، چوڭ بىلىپ، ئېتىقاد قىلىپ، پايدا ـ زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ، ئۇلارغا تېخىمۇ ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، ئازغۇنلۇقنى زىيادە قىلغۇەتكەن.

6 ـ جىنلار خۇددى ھازىرقى كومنېستلاردەك ئاخىرەتتە تىرىلىش يوق دەپ ئېتىقاد قىلىپ قېلىپ، كېيىن توغرىغا يانغان، ھەقنى تېپىپ، ھەققىي توغرىسىغا قايتقان.

7 ـ جىنلار، ئاسمان خەۋىرىنى تەلەپ قىلىپ، چىققان بولسىمۇ، يۇقىرىغا ئۆرلىگەن بولسىمۇ، چەكلەنگەن، توسالغان.

8 ـ جىنلار ئۇغۇرلىقچە گەپ ئاڭلىماقچى بولسا، يۇلتۇز نۇرى، ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ.

9 ـ جىنلار، غەيبنى بىلمەيدۇ، بۇ بۇرۇنمۇ سۆزلەنگەن، بۇ جايدا بولسا، جىنلار ئۆزى بىلمەيمىز دەپ ئىقرار قىلغان.

10 ـ جىنلاردىنمۇ ياخشى ـ يامان، مۇسۇلمان ـ كاپىر، ھەرخىل مەزھەپ، مىللەت بولىدۇ، يۇرت، ماكان، قەبىلە بو لىدۇ.

11 ـ جىنلار ئەگەر ئاللاھ ئۇلارغا بىرەر ئىشنى ھالاك ياكى زىيان بالالنى ئىرادە قىلىپ قالسا، قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىنى بىلىدۇ، باشقىلارغا قانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلىسۇن؟

12 ـ ئۇلار، ھىدايەتنى قوبۇل قىلدى، ئىمان ئېيتتى، ئاندىن ئۇلار، ياخشى ئەمەل، ساۋابنىڭ كېمىيىپ كەتمەسلىكىنى، زىيادە بولۇشنى بىلدى.

13 ـ مۇسۇلمانلار، جەننەتكە، كاپىر، پاسىقلار، دوزاخقا كىرىشنى ھەق باتىلنى بىلىۋالدى.

14 ـ كىمكى، ياخشى ئىبادەت، ئېتىقادنى مەقسەت قىلسا، ئاللاھ، كەڭرىچىلىك، مولچىلىق بېرىدۇ، ئاسانلىق بېرىدۇ، ئەكسىنى قىلسا، ئازابلايدۇ دېدى.

15 ـ مەسجىد، ئاللاھقا خاس، كىم ئۇ جايغا كىرسە، شېرىك كەلتۈرۈشكە، رىيا قىلىشقا، باشقا مەئسىيەتنى قىلىشقا بولمايدۇ.

16 ـ رەسۇلۇللاھ، قىيامدا تۇرغاندا، ئۇلار، قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن، شۇنداق قىزىقىپ، بېرىلىپ ئاڭلىغان، بۇ خىل ئىشلار ئىنسانلاردىمۇ بەزىدە يۈز بېرىدۇ، ھەقىقەتچىلەر، خۇسۇسەن شۇنداق بولىدۇ، يەنە بۇ سۈرىدە، مۇنداق ئىشلارمۇ بار.

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ، بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغىلا دۇئا قىلىش، شېرىك كەلتۈرمەسلىك.

ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھمۇ زىيان، پايدىغا ئىگە بولالمايدۇ، ھەقىقىي ئىگە بولغۇچى، مەڭگۈ ھايات، بىر ئاللاھدۇر، ئۇ زات بولسا، ئەلچى، دەۋەت ۋەزىپىسى بار.

ئۈچىنچى، ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلتىجا قىلىدىغان جاي يوق، ئاللاھ غالىب، كۈچلۈك، قوشۇنى كۆپتۇر.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھمۇ قىيامەت ۋاقتىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ بىلدۈرمىسە، غەيبنىمۇ بىلمەيدۇ، ئاللاھ بىلدۈرسە بىلىدۇ.

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ، جىنلارغىمۇ پەيغەمبەردۇر.

ئىنسانلاردىن جىننى يوق دەيدىغانلار بار، دىنسىزلاردەك بەزىسى بولسا، چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلىپ، زىيان پايدىنى جىندىن كۈتىدىغانلار بار. بەزىلەر، جىنكەش بولۇۋېلىپ، جان باقىدۇ.

بىز، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر، قۇرئان، ھەدىستە نېمە دەپ كەلسە، شۇنى دەيمىز، بىلگەنى دەيمىز، بىلمىگەننى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ راست، ھەق، توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، ئاللاھ ئالىمدۇر.

سۈرە مۇزەممىل ۋە مۇددەسسىر بولسا، گەرچە رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا ھازىر راھەتكە بېرىلىپ، نېمەتكە چۆمۈلۈپ، ئىسسىق يوتقانغا يۆگىنىپ، دىنسىزلاردىن قورقۇپ، جان باقار كوچىغا كىرىۋالغان سىز، بىزلەرنى ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقان نادان خەلقىمىزنى ھەقكە دەۋەت قىلىشىمىز، ئىسلام نۇرىغا چاقىرىشىمىزنى، ئىددىيىنى ئازات قىلىپ، توغرا ئېتىقاد، ئەقىدىگە ئىگە قىلىشىمىزنى، ئۇلارنىڭ قاتقان قەلبىنى ئېرىتىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە قاندۇرۇشىمىزنى، بىز ئالىم، مولال داۋاسىنى قىلغاندىكىن، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى قاندۇرۇشىمىزنى، ھەقىقىي ئىسلام ئۆچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، جان تىكىپ خىزمەت قىلىشىمىزنى قىلچە قورقماي، ھەق يولىدا تەۋرەنمەي، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىپ، تا ئاخىرىغىچە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇپ مېڭىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ سۈرىدە كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا، ئاللاھدىن ياردەم سوراشقا، كۈندۈزمۇ دەس تۇرۇپ، دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشقا، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىشكە بۇيرۇلغان، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئەمدى بۇ بۇيرۇقلارنى سىلى، بىز پەيغەمبەر ۋارىسلىقىنى داۋا قىلىدىغانلار، ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

سۈرە مۇزەممىلنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، خۇلاسىسى مۇنداق:

**1** ـ كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇش، بولۇپمۇ سەھەردە.

**2** ـ قۇرئان ئايىتىنى دانىمۇ ـ دانە ئوچۇق، بىر ـ بىرلەپ ئوقۇش.

**3** ـ كېچە ـ كۈندۈز ھەمدۇ ـ سانا، تەسبىھ، تىلاۋەت، ناماز، دەرس بىلەن بولۇش.

**4** ـ پەقەت، ئاللاھقىلا يۈزلىنىش، باشقىغا ئەمەس.

**5** ـ بارلىق ئىشلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئۇنى ۋەكىل قىلىش، ئىگە قىلىش.

**6** ـ دىنسىزلار تەرەپىدىن كەلگەن، ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىپ چىداش.

**7** ـ ئۇلار جاھىللىق قىلسا، چىرايلىقچە تەرىك ئېتىپ تۇرۇش، مۆھلەت بېرىش.

**8** ـ ئۇلارغا ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ ئۆزى تېتىيدۇ.

**9** ـ ئۇلارغا ئازىراق مۆھلەت بېرىش، بۇ دۇنيا ئاز مۆھلەتتۇر.

**10** ـ بۇلاردىن بىر قىسمى مەنسۇخ قىلىنغان بولۇپ، كېيىن، قىيامدا تۇرۇشنىڭ ئورنىدا، قۇرئان تىلاۋىتى ياكى ئازىراقمۇ بولسا، قىيامدىكى قىرائەت بېكىتىلگەن. قىيام، كېچىسى ناماز ئوقۇش، تەھەججۇت نامىزى، ياخشى ئەمەللەر بولۇپ، قىلغانلار مۇكاپات ئالىدىغان، قىلمىغانلار سەن نېمە ئۈچۈن قىلمىدىڭ دەپ پەرىز، ۋاجىپقا جازا بەرگەندەك جازالىمايدىغان بولدى. مۆھلەتمۇ ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدى، بۇ مەسىلىلەر، فىقھى مەسىلىلەر بولۇپ، فىقھى كىتابلاردا كۆرۈۋېلىڭ.

**سۈرە جىننىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە ئايەت يەنى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھەر شەيئىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگەللىگۈچىدۇر، 28 ـ ئايەت.**

ئاللاھ، ئىككى ئالەم پادىشاھى، ياراتقۇچى، ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرغۇچى، بۇ ئايەتتە شۇنداق بولسىمۇ، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ سانىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشى خاتىرلەندى، ئاللاھ، بىزگە بۇ ئايەت ئارقىلىق، مۇنداق تەلىم بېرىدۇ، يەرشارىغا خەلىپە بولغان زېمىننى باشقۇرۇۋاتقان ياكى بىرەر دۆلەتكە سۇلتان بولغان كىشى، چوقۇم ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ھۆكمىران بولۇۋاتقان بارلىق ئۇممەت، پايدا ئېلىۋاتقان بايلىقلاردىن خەلق،

نوپۇس، تۇرالغۇ جاي، يەردىن تارتىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشى، ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىم. ھەر كۈنى دېگۈدەك، كۆرۈپ، كۈزۈتۈپ، دوكىلات ئاڭلاپ تۇرۇشى لازىم. مانا بۇ زېمىننى، دۆلەتنى باشقۇرۇش چارىسى، پايتەختنى ساقلاپ تۇرۇش چارىسى، ئۇنداق بولسا، مەن سىلەرگە ئاددى مىسال كەلتۈرەي.

**1910** ـ يىلى، دۇنيا نوپۇسى، بىر مىليارت **600** مىليون ئىدى، **1932** ـ يىلى بولسا، **2** مىليارت نوپۇسقا يەتتى، **20** يىلدا **40** مىليون قوشۇلدى، بۇلار مۇنداق، ئاسىيادا **900** مىليون، ياۋرۇپادا، **50** مىليون، ئامرىكىدا **220** مىليون، ئافرىقىدا **150** مىليون، ئاۋستىرالىيىدە **8** مىليون كىشى ياشايدۇ. ياۋرۇپا ئەللىرىدىن خەۋەر بېرەي، روسىيىدە **150** مىليون، ئالبانىيىدە **63** مىليون، بىرتانىيىدە **43** مىليون، ئىتالىيەدە **41** مىليون، فرانسىيەدە **40** مىليون، ئىسپانىيەدە **22** مىليون، يۇناندا **6** مىليون، پۇرتىگالىيەدە **6** مىليون، بۇلغارىيەدە **5** مىليون، ياۋرۇپادىكى تۈركىيەدە **2** مىليون، لىئوكسىمبۇرگدا **260** مىڭ نوپۇسى بار دۆلەت ئىدى، مانا بۇ **1932** ـ يىلى، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتلار.

ھازىر دۇنيا نوپۇسى، **6** مىليارتتىن ئاشتى، **80** يىلدا **4** مىليارت نوپۇس قوشۇلدى، ھەرقايسى قىتئەلەردىن، دۆلەتلەردىن خەۋىرىم يوق، لېكىن جۇڭگودا بىر مىليارت **40** مىليون نوپۇس بار، بۇ پەقەت ئىنسانلار سانى، ئەلۋەتتە، ھازىر شارائىت تولۇق بولغاندىكىن، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش لازىم، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىرى.

سۈرە مۇددەسسىردە بولسا، بىزنىمۇ مەقسەت قىلغان رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن مۇنداق ئالتە بۇيرۇق بار.

**1** ـ دىنسىزلارنى غەپلەتتە قالغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش.

**2** ـ ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىش، ئۇلۇغلاش.

**3** ـ كىيىمنى ھەر جەھەتتىن پاكىز تۇتۇش.

**4** ـ ئازابقا ئاپىرىدىغان گۇناھنى تەرك ئېتىش.

**5** ـ كۆپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بەرمەسلىك، مىننەت قىلماسلىق.

**6** ـ ئەزىيەتكە، پىتنە ـ پاسادقا سەۋر قىلىش، يەنىلا شۈكرى قىلىش.

ئەلۋەتتە، ئىسلام ھۆكۈملىرى مۇشۇ يوللار، ئۇسلۇپ ئارقىلىق ئاۋۋال پەيغەمبەر ۋە ئائىلىسى، ئاندىن باشقىلارغا كەڭ تارقايدۇ، خاس، ئاملىشىدۇ.

بۇنى ئوبدان چۈشەنمەي، بۇ دېگەن رەسۇلۇللاھقا، ئائىلىسىدىكىلەرگە خاس ئىدى دېسىڭىز بولمايدۇ، خۇددى ھېجاپ، روپاش مەسىلىسىدەك، بۇ ئاۋۋال خاسلىشىپ، ئاندىن كىشىلەرگە ئاملاشقان، شۇڭا، ساھابىلەر، تابىئىنلار ئارىسىدا، كېيىنكىلەردە تا ھازىرغىچە بۇ خىل ھۆكۈم ئىجرا بو لۇپ كېلىۋاتىدۇ، سىز كۆزىڭىز بىلەن كۆراۋاتىسىز، قۇرئان، ھەدىسنى ساھابىلاردەك، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ، بولمىسا، ئالغان دەلىلىڭىز پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن: سۈرە نۇردىن مۇئمىنلەر، ئاياللارغا تىكلىپ قارىمىسۇن دېگەن جايدىن ھېجاپ، روپاش بولمىسىمۇ بولىدىكەن، دېگەن ھۆكۈمنى بەزىلەر ئالدى. لېكىن، ساھابە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سۈرە ئەھزابدا، سۈرە نۇردا، ئاياللار بىر كۆزنى ئوچۇق قويۇپ، يۈزنى يۆگىسۇن دېگەن. بىز مانا مۇشۇنى ئالىمىز، سىلەر ۋە دوكتۇر ئالىملار قۇرئاننى ساھابىلەردەك چۈشىنەلمەيسىلەر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، ئۇلارنىڭ چوڭلۇقىنى، پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ دوزاخ پەقەت، ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. **31** ـ ئايەت.

بۇ ئايەتتە توختىلىپ، بىز بۇرۇن بۇ قوشۇن توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگەن، شۇنداقتىمۇ مۇئمىن كىشى مۇشۇنداق قوشۇنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى زور بولغان ئاللاھقا ئېتىقاد قىلسا، بىر تەرەپتىن قاتتىق قورقىدۇ، گۇناھدىن يانىدۇ، چۈنكى ئۇ، دائىم قوشۇنلار ئارىسىدا قورشاۋدا قېلىقلىق، يەنە بىرسى، بۇ زات تەرىپىدە تۇرغان كىشى، مەڭگۈ غالىپ، چۈنكى، پۈتۈن كائىنات، ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاللاھنىڭ قوشۇنى يەنە بىرسى، دۆلەت

باشقۇرغۇچى، جەڭگە ئاتلانغۇچى، چوقۇم قوشۇن بىلەن بىللە بولۇشى، زور قوشۇنى بولۇشى لازىم. مۆئمىنلەرمۇ ھېچبولمىغاندا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە پەردە بولغىدەك يارامىلىق، سەۋرچان، بىر قىسىم قوشۇننى ئېلىپ چىقمىسا، ئاللاھ ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ، مەقسەت، بۇ جايدا ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا بىر قىسىم قوشۇنلارنى بايان قىلىمىز.

ئاسمان قوشۇنى، سىزگە مەلۇم، پەرىشتىدىن سىرت، يۇلتۇزلار، جىن، شەيتانلارنى قوغلايتتى، ئىنسى ـ جىننىڭ ئاسمانغا چىقىشىدىن توسۇپ تۇرىدۇ، يۇلتۇزلار ھەتتا، ھاۋاسىزلىقمۇ بىر قوشۇندۇر. يۇلتۇزلاردىن كۆز بىلەن نەچچە مىڭنى كۆرگىلى بولىدۇ، تېلېسكوپ بىلەن نەچچە يۈز مىليوننى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەگەر تېلېسكوپ، ئېلېكتېرونلۇق بولسا، ئىلغار بولسا، سانىنى ئاللاھ بىلىدىغان بىزگە سانسىزلىغان يۇلتۇز، سامان يولى سىستېمىسى، يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى كۆرۈنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ھاۋا ئارمىيىسى، ئەگەر خالىسا، بىر تال قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى يەرشارىغا سوقتۇرسا، قىيامەت قايىم بولىدۇ. قىيامەتنى قايىم قىلىش، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بېرىدىغان ئىشتۇر دېگەن ئايەت بار.

بىزنىڭ بۇ قۇياشىمىزدىن نەچچە مىليون ھەسسە چوڭ ھەم نۇرلۇق يۇلتۇزلار بار، ئۇلار بىزدىن ناھايىتى يىراقتا، سۇھەيل ئىسىملىك بىر يۇلتۇز، قۇياشتىن **2500** ھەسسە نۇرلۇق ئىكەن، ئەگەر ئۇ زېمىنغا قۇياشتەك يېقىن كېلىپ قالسا، ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدۇ. سىماكى رامىھ ئىسىملىك يۇلتۇز ئەڭ تېز ماڭىدىكەن، بىر سېكۇنتتا نەچچە يۈز مىل مۇساپىنى باسىدىكەن، ئۇ قۇياشتىن سەككىز مىڭ ھەسسە نۇرلۇق، ھەجمى بولسا، **80** ھەسسە ئارتۇق، ئۇنىڭ نۇرى بىزگە **200** يىلدا يېتىپ كېلىدىكەن، دېمەك، ئۇ يوقالسىمۇ، **200** يىلغىچە نۇرى بىزگە كېلىپ تۇرىدىكەن، بىز ئۇنى بار دەپ تۇرۇپ، دۇنيادىن كېتىپ قالىمىز، ئۇ يوق ئىدى. (**14**مىتربېلىق)

ھايۋانلاردىن بولغان قوشۇن، دېڭىزغا قاراڭ. تىمساھ، ھەرخىل لەھەڭلەردىن سىرىت، بىر خىل كاشىلۇت ئىسىملىك بىلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى **70** قەدەم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىتتىك، ئۆتكۈر چىشى، مەڭگىنى بولۇپ، دېڭىزدىكى جانلىقلارنى ۋەھشى قىرىۋېتىدۇ، ئۇ بىر قېتىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ پاراخوتىغا ھۇجۇم قىلىپ، دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋەتكەن، يەنە بىر قىسىم بېلىقلارمۇ بولۇپ، ئۇزۇنلىقى **90** قەدەمدىن تارتىپ، **120** قەدەم كېلىدۇ، ئېغىرلىقى **50** توننا كېلىدۇ، ئاجايىپ دېڭىز ئارمىيىسى، ئۇششاق بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئىسمى قەرىسيولبەھر دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دېڭىزنىڭ نەچچە مىل رايونىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بىر كۇۋادرات مىلدا تەخمىنەن **23888000000000000** چىتتىرتېرلىيون ھايۋان تۇرالايدۇ. ھەقىقەتەن، ئاللاھنىڭ قوشۇنىنىڭ سانىنى ئاللاھلا بىلىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز ھاشاراتلەرگە قاراڭ، ئەگەر مىكرۇپ، ۋىرۇسلارنى، ھۈجەيرىلەرنى سۆزلەپ قالساق، زادى بېشىڭىز قايىدۇ. بۇ، ئاسمان ـ زېمىن، يۇلتۇز، ھايۋان، ئۆسۈملۈككىچە بولغان قوشۇنلارنى، شۇلارنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇغانلار ئوبدان بىلىدۇ.

بۇ سۈرە، قىيامەتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالدى، ئۇنى ئەسلەپ قويۇڭ، دەرسلىك قىلىپ ئوقۇڭ، بۇ سىز بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىلىم، چۈنكى، بۇ مەڭگۈلۈك تۇرمۇش، نۇرغۇن كىشىلەر قىيامەتكە ئىشەنمىسىمۇ چۈشەنمەيدۇ، بۇمۇ ئايرىم پەن بولۇپ، ئالىملار چوڭ قىيامەت، كىچىك قىيامەت ئىسىملىك كىتابلارنى يېزىپ، دوكتۇر بولدى، سىز ئۇ كىتابلارنى كۆرۈپ قويىمامسىز؟ بىلىۋېلىڭ، چۈنكى، سىزدىمۇ مالامەت قىلغۇچى، تاپا قىلغۇچى نەپسى بار.

بۇ سۈرىدە، ئاي نۇرى ئۆچىدىغان، چۈنكى، قۇياش بىلەن ئاي بىرلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بار، ئەلۋەتتە، ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ ـ دە، ئالىملار ئاي، قۇياشتىن ئايرىلىپ چىققان، كېيىن نۇرى ئۆچۈپ، قۇياش نۇرنى قايتۇرىدىغان بولۇپ قالغان دەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ، ئاينى ئۆچۈرۈلگەن، ئۇ ئەسلى ئۆزىدىن نۇر چىقىراتتى، كېيىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتتى دېگەن.

قۇرئاندا، كۈننى سىراج ۋە ۋەھھاجا ۋە زىيائا دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئۆزىدىن ئوت، نۇر چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاينى بولسا، نۇر، مۇنىرا دەپ ئاتايدۇ، ئۇ بولسىمۇ، نۇرلۇق، نۇرنى قايتۇرىدۇ دېگەن مەنىدە، بۇ، قۇرئاننىڭ لەۋزىدىكى لۇغەت مۆجىزىسى.

**ئىنسان، بىزنى ئۆزىنىڭ چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى جەمئى قىلالمايدۇ، قايتا تىرىلدۈرەلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئى قىلىمىز، ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ئەڭ نازۇك بارماقلىرىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، 3 ـ 4 ـ ئايەت.**

بۇ ئايەت، بىئولوگىيە ئىلمىغا، يەنە بىر نەزەر سالدۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئاناتومىيىگە قاراڭ. ئىنسان جىسمىدىكى 248 پارچە ئۇستىخان، سۆڭەكلەردىن بىر نەچچىنى كەلتۈرىمىز، باش سۆڭىكى، ئالتە، ئۇستۇن ئىڭەك، چىش تەرەپ 14 پارچە، ئاستى 16 قوۋزۇقتا ئوخشاش سۆڭەك بىرلا، ئاستىن ئىڭەكتە ئىككى پارچە ئاستىن ـ ئۇستۇن چىشىدا 32 چىش بار.

سۇلۇپ ئومۇرتقا24، داس بوشلۇقى 3، قوۋۇرغا 24، ئىككى تاغاق، ئىككى مۇرە، ئىككى بىلەك، ئاستىن ـ ئۇستۇن ئىككى دەندان، ئىككى ئالقان، بىغىشىدا 16 تاغاق سۆڭىكى 8، بارماق سۆڭىكى 30دۇر. ئىككى يوتا، ئىككى تىز، ئىككى پاچاق، ئىككى تاپان، قەدەم بىغىشى 9، تاغاق سۆڭىكى 10 بارماقلىرىنىڭ مەفسەللىرى 28، ئەۋرەت سۆڭىكى ئىككى.

ئاللاھ بۇلارنى جەمئى قىلىپ تىرىلدۈرىدۇ، دېمەك جىسىم تىرىلىدۇ.

قۇرئاندىكى يەنە بىر مۆجىزە، ئۇ بولسىمۇ، بارماق ئىزى، بۇ سۈرىدە ھەربىر كىشىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرىنى قايتا تىرىلدۈرۈش تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇنچە قەۋرىلەر ئارىسىدىن ھەربىر كىشىنىڭ بارمىقى ئېلىشىپ كەتمەي، ئۆز جايىغا كەلگىنىگە قارىغاندا، چوقۇم بارماقلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ دېگەن مەنىدە بولىدۇ، كىشىنى شۇنداق ئويغا سالىدۇ. خۇددى سۈرە ياسىندا ۋە باشقا جايلاردا سۆزلىگەندەك، بارماق ئىزلىرى ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇ گۇۋاھچى بولىدۇ، كىملىك ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى مۆجىزىدىن سىرت، بارماق ئىزى، ئۆزىلا بىر ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، زادى بىر زاتنىڭ ئالدىدىكىلەرگە، ھازىرقىلارغا، كېيىنكىلەرگە ئوخشاتماي يارىتىۋاتقانلىقىنى ئالدىن بىلدىغان مول، چەكسىز ئىلمىنى، ھېكمىتىنى كۆرسىتىدۇ. بارماق ئىزلىرىغا قاراڭ، بىز بۇنداق مۆجىزىلەرنى تولا سۆزلەپ كەتتۇق، بۇ جايدا مۇنداق بىر مۆجىزە بار، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ، قۇرئان، ھەدىس، ئىسلام دىنى جاۋاب بېرىۋاتقان ئاللاھ دېگەن ئۇقۇم بىلەن ھەل قىلىۋاتقان، ئاللاھ قىلدى دەپ جاۋاب بېرىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر، سوئاللار نېمە ئۈچۈنلەر بار، قېنى كىم جاۋاب بېرىپ باقىدۇ؟ ھېچكىم يوق، زادى شۇ ئاللاھ دېگەندە توغرا جاۋاب چىقىرىلىدۇ، بولمىسا مەڭگۈ جاۋاب يوق، بۇ زور مۆجىزىدۇر.

بۇ سۈرىنىڭ 23 ـ ئايىتىدە، ئوچۇق قىلىپ، مۇنداق دېيىلىدۇ. ئۇلار، يەنى تەقۋادار مۆئمىنلەر پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ، ئۇندىن باشقا زىيادە دېگەن بىر ئايەتمۇ ھوسنا، ۋە زىيادە دېگەن ئايەتلەرمۇ ئاللاھنىڭ جامالى دەپ تەپسىر قىلىنىدۇ، پاسىقلار، كاپىر، دىنسىزلار رەببىنى كۆرۈشىدىن پەردىلىنىپ قالىدۇ دېگەن، بولمىسا بۇ، ئۇلار دىنسىزلارغا ئازاب بولمايتتى دېگەن. سەھىيە، مۇتىۋاتىر ھەدىستە قىيامەت كۈنى، ئاللاھنى مۆئمىنلەر كۆرىدۇ دېگەن، بىز مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز، ئۇ ھەدىسلەرنى يېزىپ ئولتارمىدىم، چۈنكى سىلەر بىلىسىلەر.

مەقسەت ھەممىدىن ئەۋزەل، ئارتۇق، يۇقىرىسى بولمىغان بىردىنبىر مۇكاپات، ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش، ئاللاھ، ھەممىمىزگە جامالىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلار، ئامىن!

**36 ـ 40** ـ گىچە بولغان ئايەتلەردە بولسا، ئاللاھ تۇنجى قېتىم يارىتىش ئارقىلىق شۇ يارىتىشنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، يەنى بىر قېتىم ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەنىيدىن ئىسپېرما سۇيىدىن بۇنى بىر تال ھۈجەيرىدىن كامىل بىر ئىنساننى يارىتىشنى كۆرسىتىدۇ، تېخى بىر جۈپ ئەركەك ـ چىشى قىلغانلىقىنى دەيدۇ، بۇ ئايەتتە ئالدى بىلەن تىبابەت ئىلمى، ئاناتومىيە ئىلمى، تۆرەلمە ئىلمى، شۇنداقلا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۆسۈملۈك ئىلمى، ھاياتلىق ئىلمى، بىئولوگىيە، ھايۋانلار تەتقىقاتى ئىلمى، تەربىيەت ئىلمى، پىداگوگىكا، سىياسەت ئىلمى، نېرۋا، مېڭە ئىلمى قاتارلىقلار بار. ھەممە كىشى بۇنداق ئىلىم بىلەن ئاللاھنى تاپقان، تونىغان بولسا، ياۋرۇپالىقلار، دىنسىزلار تەرەققىي قىلغانلار، تونىسا بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جايدا يەنە بىر مۇھىم ئىلىم بار، ئۇ بولسىمۇ روھ، جان، ئۆلۈم قايتا

تېرىلىش، ماددا ئارقىسىدىكى مەنىۋى ئىلىم، ئەنە شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان، پەيدا قىلغان، ئىنتىزامغا سالغان، بىر ئاللاھ توغرىسىدىكى تەۋھىد، ئىمان ئىلمى، ئەقىدە ئىلمى، يەنى، ئىسلام دىنى ئىلمى بار، مانا مۇشۇ ئىلھاملارنى قوشساق، ئاندىن ھەقىقىي توغرا بولىدۇ. (شۇنداق بولغان بولسا، ئۇلارمۇ ئاللاھنى تونۇيتتى)

سۈرە ئىنسان يەنى بىزنى دەۋاتىدۇ، ئۆزىڭىزنى ئوبدان بىلىڭ، بولۇپمۇ ئۆز ئەزالىرىڭىزنى نەدىن كەلگىنىڭىزنى نەگە بارىدىغىنىڭىزنى بىلىۋېلىڭ، ئىنسانلارنى ئوبدان تەتقىق قىلىڭ، كۆزىتىڭ، كۆڭۈل بۆلۈڭ، قانداق قىلغاندا پايدا مەنپەئەت بېرىمەن دېگەننى ئويلاڭ، چۈنكى، سىزمۇ بىر ئىنسان، سۈرىنىڭ بىرىنچى مەقسىتى بولسا، ئىنساننىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، ئاللاھ ئۇنى قانداق ياراتقانلىقى، شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئەر - ئايال ئارىلاشما سۇدىن يارىلىشىنى شۇنداقلا، بۇ سۇدا نۇرغۇن تۇپراق، ماددا، ئېلېمېنتلار بارلىقىنى يەنىلا، تۇپراقدىن كەلگىنىنى ھازىرمۇ تۇپراقدىن، سۇدىن يارىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بالىنىڭ قىز، ئوغۇل بولۇشىغا ئەلۋەتتە، ئەر سەۋەبچى دېگەننى، ئەرنىڭ تىككەن ئۇرۇقى ئۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

ئىككىنچى مەقسىتى بولسا، ئاشۇ ئىنسان، ئىككى قىسىم بولىدۇ. شۈكرى قىلغۇچى، ئىگىسىنى تونۇغۇچى، نەگە بارىدىغىنىنى بىلگۈچى، مۆئمىن مۇسۇلمان ياكى دەل ئەكسى بولغان، كاپىر، تانغۇچى، جوھۇد، ئىنسان مانا بۇلارنىڭ ئاقىۋىتى، كۆرىدىغان جازا، مۇكاپاتنى كۆزلەيدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ باشلىنىشنىڭ ئاخىرى باردە!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، ئارىلاشما مەنىدىن ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنى ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلدۇق دېگەن ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدۇق، شۇ قايىل قىلارلىق، يېتەرلىك قۇلاق بىلەن كۆزنىڭ كۆرۈنۈشىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈڭ. بۇ ئايەتتە، قۇلاقنى كۆزدىن بۇرۇن كەلتۈرگەن، چۈنكى، قۇلاق ئاڭلىماي، كۆز كۆرسىمۇ، سىز دەرسنى چۈشەنمەيسىز، ئىلىم ئالالمايسىلەر، ئەمما، قۇلاق بولسا، ساق بولسا، دەرسنى چۈشىنىسىز، ئاڭلايسىز، شۇڭا، سىز، دوكتۇر، ئالىم، شەيخ، ئۇستاز بولالايسىز، ئىككىلىسى مۇھىم، مەقسەت، قۇلاق ئىلمغا تېخىمۇ مۇھىم، شۇڭا بۇرۇن سۆزلىنىدۇ. يەنە بىر مەسىلە، بۇ ئارىلاشما ماددىدا مۇنداق ئېلېمېنتلار بار، ئوكسىگېن، ھىدروگېن، كاربون، ئازوت، گۈڭگۈرت، فوسفور، بوتاسىيوم، كالتسىي، ماگنېيت، تۆمۈر، سېنكلار بار. كۆپىنچىسى كۆيىدىغان يېقىلغۇ ئېنېرگىيە ماددىلىرى، بۇ ماددىلاردىن مەنىي (ئىسپېرما) سۇيى تۇغۇلىدۇ. ئاللاھ، بۇ ئۆلۈك، جانسىز ماددىلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، ئىنسان جىنسى ئۇرۇقدانلىرى، نەچچە مىليون ئۇرۇق ھۈجەيرە ئىشلەپ چىقىرىدۇ، ئاللاھ، جان ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ، ئاخىرىدا بۇ سۇدىن، ئىسپېرما ھۈجەيرىسىدىن ئىنسان دېگەن ھاياتلىقنى، روھ، جان پۈۋدەپ، باشقا بىر مەخلۇق قىلىپ يارىتىدۇ، بۇ ماددىلار، كۆيۈش ماددىلىرى شۇڭا ئىنسان ئاچچىقلايدۇ، تۆمۈر ماددىسى بولغاچقا، قان، قىزىل كۆرۈنىدۇ، قىزىل قان، ھۈجەيرىسى شۇ رەڭدە، مانا شۇنداق ماددا، ئېلېمېت، تۇپراق ئىلمىنى، تۆرەلمە ئىلمىنى بىلىسىڭىز، ئاللاھنىڭ راستىنلا ئارىلاشما سۇدىن بالىنى ياراتقىنىنى كۆرىسىز، يەنە بىر قېتىم دەل تۇنجى قېتىم ياراتقان زاتنىڭ، قايتا تېرىلدۈرۈشىنى سەكسىز تونۇپ يېتىپ، قىيامەتكە بولغان ئىمانىڭىز كۈچىيىپ، ئىككى ئالەم بەختى ئۈچۈن، كۈچ چىقىرىسىز، ياخشى، تەقۋادار كىشلەردىن بولۇپ قالىسىز، ئاخىرەتتە، ئاشۇ جەننەتكە شارابەن تەھورالارغا، ئاللاھنىڭ جامالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، كۆرەش قىلىسىز.

بۇ كىتاب بولسا، بىر ئىلان، مۇقەددىمە، مۇندەرىجە ئورنىدا تۇرىدۇ، قالغان مول بىلىملەرگە سىزنى تەكلىپ قىلىمىز، ئىلىم چەكسىز بولسىمۇ، سىز بىزدە چەكلىمە بولمىسا قانداق تۇرار؟ (مەقسىتىم، دارۋىندەك، چەكدىن ئاشماق) ئەقىل توختايدىغان بىر چەك - چېگرا بار.

سۈرە مۇرسەلات بولسا، ئالدىدىكى تېمىلارنى كۈچلەندۈرىدۇ، بۇ ئىسىم بولسا، شاماللار ئىسمىدۇر، پەرىشتىلەر مەسلىسى سۆزلىنىدۇ، بۇلار بىلەنمۇ ياخشى تونۇشۇڭ، چۈنكى ئۇلار، بىزنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك دوستىمىز، ئۇلار دائىم ئىنسانلار خىزمىتىدە تۇرىدۇ، ياردەمگە تەيياردۇر، بۇ سۈرىدە، يەنە تارىخدىن ھالاك بولغانلاردىن ئىبرەت ئالدۇرىدۇ، ئاندىن، يەنە بىز سىلەرنى خار سۇدىن ياراتمىدۇقمۇ؟ دەپ، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تېمىلارنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ ئىلىملار نۇرغۇن شاخقا بۆلۈنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەكرار كەلگەنلىك ئەمەس.

شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلار قاراپ باقتىمۇ؟

مۇسۇلمانلار بۇنى چۈشەندىمۇ؟ يەنىلا خەۋەرسىز، ئاللاھ، بۇ سۈرىدە ئۆز رەھمىتىمدىن زېمىننى ئۆلۈك ۋە تىرىك ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلىپ ياراتقىنىنى كۆرسەتكەن، زېمىن بىزنىڭ ماكانىمىز، ھاياتلىق جايىمىز، ئۇ ئىنسان ئانىسى، ئاخىرەت ئۈزۈقى راستلايدىغان جايىدۇر، خۇددى، مۇسابىقە مەيدانىدەك، بىز نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، بەزى ئۇزۇن، بەزىسى قىسقىچە ئوبدان ئويلىنىڭ.

# سۈرە نەبەئنىڭ ئاسقىچە تەپسىرىدىكى جەۋھەرلەردىن تاللانمىلار

بۇ ئاخىرقى ئىككى پارە، 29 ـ 30 ـ پارىلەر بولسا، خۇددى قۇرئاننىڭ خۇلاسىسى، ئاساسلىق مۇقەددىمە، مۇندەرىجىسىگە ئوخشايدۇ، لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول، شۇڭا، سۈرە ھۇد، سۈرە ئەھزاپ، سۈرە كەھپە، سۈرە تاھالاردا، تەپسىلىي كەلگەن، قىسسە، تارىخلارغا شۇنداقلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ۋە شۇنداقلا بۇ سۈرىلەر، پۈتۈن زېمىن ئەھلى، نامازلاردا تەكرار ھەركۈنى ئوقۇيدىغان سۈرىلەردۇر، ئىمامىلار بۇ سۈرىلەرنى تەپسىر قىلغاندا، بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق ھەقىقەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىشى لازىم ئىدى.

قەۋم، جامائەتكە ھەقىقەتنى، مۆجىزىلەرنى ئاشكارىلاپ، ئىماننى كۈچەيتىشى لازىم ئىدى، قۇرئان، ئالدى ـ ئاخىرىغا تەپسىردۇر. بىراق، ئەپسۇس، بۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بولۇپ قالدى، ئاللاھ خالىسا، يەنىلا ئۈمىد بار، ئاللاھ ۋەدىسىگە ئاساسەن، بۇ ئەھۋاللارنىمۇ بىز ئۆز ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ياخشى ھالەتكە ئۆزگەرتىپ بىرەر، ئامىن!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ 37 سۈرىدىكى تەكرار كېلىدىغان بسم الله الرحمن الرحيم دا تىلغا ئېلىنىدىغان رەھمەتلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ، ھەربىر سۈرىدىكى رەھمەتلەرگە قاراڭ، سۈرە نەبادا بولسا، زېمىننى ھاياتلىققا ھازىرلاپ بېرىش، تاغلارنى قوۋزۇق قىلىپ، مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش، شۇنداقلا، ھازىر بۇ تاغ مەسىلىسىنىڭ مۆجىزىگە ئايلىنىشى، قۇياش، سۇ، ئۆسۈملۈك، قىيامەت مەيدانى، جازا، مۇكاپاتنى بايان قىلىشلار سۆزلىنىدۇ. بۇلار مەۋجۇدلۇق، ھاياتلىق ئامىللىرى بولغان رەھمەتلەر، سۈرە نازىئات بولسا، بۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ، نەپسى، روھلارنىڭ سەپىرىنى پاك، ۋە نىجىس روھلارغا مىسال كەلتۈرىدۇ. ئاسمان ـ زېمىن، نۇر ۋە زۇلمەت ئاخىرىدا پانى دۇنيالىقنى سۆزلەيدۇ. سۈرە ئەبەسە بولسا، بىر تامچە نىجىس سۇدىن، كامىل بىر ئىنسانغا تەرەققىي قىلىپ، ئۆلۈپ ـ تىرىلىشنى ئاخىرىدا بىر ئىنسانغا تەرەققىي قىلىپ، ئۆلۈپ ـ تىرىلىشنى ئاخىرىدا ياخشى ـ ياماننى بايان قىلىدۇ.

سۈرە تەكۋىر بولسا، بۇ ئالەمنى يوقىتىپ، مەڭگۈلۈك ئالەمنى قۇرۇشنى سۆزلەپ، بۇنىڭ بىلەن قۇرئان مۆجىزىسىنى ھەرخىل ئىلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، رەھمەتنى سۆزلەيدۇ، ئىنسانغا، ئاللاھنىڭ خالىشىدىن كېيىن، جۇزئى ئىختىيارلىق بېرىدۇ.

سۈرە ئىنفىتار بولسا، بۇنى تولۇقلاپ، ئالەمنىڭ ۋەيرانلىقىدىن كېيىنكى مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ، نېمەتنى ئەسلىتىدۇ، ئاخىرىدا، بۈيۈك ئاللاھقا قايتۇرىدۇ، مانا مۇشۇنداق ھەربىر سۈرە، قىيامەت كۆرۈنۈشىنى، جازا ـ مۇكاپاتنى، ئىككى ئالەم قۇرۇلۇشىنى سۆزلەيدۇ. ھەتتا، كەۋسەر بولسا، مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن زور نېمەتتۇر.

فەلەق، ناس سۈرىلىرى بولسا، شەيتاندىن قالقان زىكرى ـ تەسبىھ، تىلاۋەتلەر، خۇددى ئوق، بومبىدۇر، قالغان رەھمەتلەرنى ئۆزىدىن تەپسىلى كۆرۈڭ.

سۈرە نەبەئگە كەلسەك، بۇ سۈرىدە، تاغنىڭ قوۋزۇقلىقى سۆزلىنىدۇ، بۇ ھازىر جۇغراپىيە، گېئولوگىيە ئىلمىدا مۆجىزە ئورۇندا تۇرماقتا، بىرىنچىدىن، زېمىننى تەۋرەت كېتىشىدىن ساقلاپ تۇرۇشى، چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشى، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى ئاشكارا بولدى.

ئىككىنچىدىن، تاغ، ئۆز ئەينى قوۋزۇققا ئوخشاش، ئاستىغىمۇ قېقىلغان، بولۇپمۇ، يانار تاغدىن ھاسىل بولغان تاغلار شۇنداق، بىز، قۇرئاننىڭ باشقا ئايىتىگە ئاساسەن، تاغ، زېمىننى بىردىنبىر تۇتۇپ تۇرغۇچى دەپ قارايمىز.

ئىككىنچى مۆجىزە بولسا، قۇياشنى سىراج، چىراغ دەپ ئاتاپ، ئاينى نۇر، مۇنىرا دېگىنى، بۇنى بىز دېگەن، يامغۇر ئەھۋاللىرىنى بولسا، زىندانى مەخسۇس فىلىم قىلىپ ئىشلىگەن، ھەتتا، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە

قىلىندى، بۇ، مېتئورولوگىيە، ھاۋا تەتقىقاتى بولۇپ، قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن، ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىنغاندىن كېيىن، بارلىق ئىشلار ناھايىتى ئاسان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار، بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەن، قىيامەتكە، تىرىلىشكە بولغان ئېتىقادلار ئاسانلىشىدۇ، ئىسلام دىنى، ئۆز ئەمەلىيىتىدىكىدەك ھەق، ئەزەلدىن ھەق توغرا ھالەتتە تۇرىدۇ، مەقسەت، بىزنى، باشقىلارنى شۇ ھەققە يەتكۈزۈش، ئۇ ھەقىقەتكە ئادۇۋكاتلىق قىلىش ئەمەس، ئۇ ئاقلاشنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئادۇۋكات لازىم ئەمەس، ئەسلىدىن ھەق، توغرا، ئادىل، مەسىلە بىزنىڭ ھەقنى تېپىشىمىزدا، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇشىمىزدا، ئاللاھ، ھەق ئۈستىدە ئىمان بىلەن جاننى ئالا، ئامىن!

**ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسمان بىنا قىلدۇق، سىلەر ئۈچۈن يېنىپ تۇرىدىغان چىراق، قۇياشنى ياراتتۇق، 12 ـ 13 ـ ئايەت.**

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا مۇنداق مۆجىزە بار، بۇ بولىسمۇ، ئايەتتىكى شىدادا دېگەن سۆز، قاتتىق مۇستەھكەم دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئالىملار، ۋاكئومنى ئەرەبچە ئەسىر دېگەن ئاشۇ ئالەمنى ناھايىتى قاتتىق دەپ سۈپەتلىدى، ئەگەر، ئۇ ماددا بولۇپ قالسا، ھەممىدىن قاتتىق ماددا بولىدۇ، ئۇ دېگەن، بارلىق سامان يولى سىستېمىسىنى، يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىنى، قۇياش سىستېمىلىرىنى، پىلانېت، يۇلتۇزلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، تارتىش كۈچى بىلەن ساقلاپ، رېتىملىق ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا پولات ئارغامچا بولىسمۇ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى، مانا بۇ ئايەتتىكى قاتتىق دېگەن سۆز، ئاشۇ مۆجىزىگە ئىشارەتتۇر دېگەن، شۇنداقلا، سۈرە مۇلۈكتىكى، ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا، ئىگىز ـ پەسلىكنى كۆرمەيسەن دېگەن ئايەت، يەتتە ئاسماننى سۆزلەپ، ئارقىدىن كەلگەن، كۆزۈڭنى قايتۇرغىن، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن؟ دەپ كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە بولسا، يەتتە ئاسماندىن كېيىن، قۇياشنى تىلغا ئالدىۇ، مەقسەت مۇنداق بىر ھەقىقەت، مۆجىزىلەرگە ئىشارەت باردۇر، بۇ كېيىنكى يىللاردا ئاشكارىلانغان.

پىرىنھوپىر ئىسىملىك بىر ئالىم، قۇياشدىن كەلگەن يەتتە رەڭنى تەتقىق قىلىدۇ، بۇ رەڭلەر ئارىسىدا مەلۇم سىزىقچىلار بايقىلىدۇ، بۇ سىزىقچىلارغا A B D C F E F G Hدەپ ھەرىپلىك بەلگىلەرنى قويىدۇ، بۇ سىزىق كېيىن، پىرىنھوپىر سىزىقى دەپ مەشھۇر بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئايەتتىكى بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن دېگەن جاي بولۇپ، پوتور دېگەن سۆز، «خوتوت» سىزىق مەنىسىدە ئىشارەت قىلىنغان، ئىنچىكە كۆزىتىش نەتىجىسىدە بۇ سىزىقلار، يوچۇقلار ئاشكارا بولىدۇ. ئەمما، بىر ئايەتتە بولسا، ئىگىز ـ پەسلىكنى ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن دېيىلىدۇ. مۇستەھكەم، پۇختا، قاتتىق دېگەن سۆز، ۋاكئومغا ئىشارەتتۇر.

ئالىملار، سپېكتىرىسكوپ دېگەن ئۈسكۈنە بىلەن يەنى ئۈچ تەرەپدىن كۆرۈش، كۆزىتىشكە ئىگە ئۈسكۈنە بىلەن، زېمىندىن چىققان ھەرخىل يېقىلغۇ، ماددىلارنى كۆيدۈرۈپ بۆلاردىن چىققان نۇر ئارىسىدىكى سىزىقلارنى تەكشۈرۈپ، دەل قۇياشدىن چىققان رەڭ ئارىسىدىكى سىزىقلار ئوخشاشلىقىنى بايقايدۇ، بۇ يېقىلغۇ ماددىنى ئوت قويىدىغان جايغا تادىيوم دېگەن ماددىنى قويۇپ، بۇنىڭ رەڭگىنى تەكشۈرسە، ئۇنىڭدىكى سېرىق سىزىق، پرونھوپىر سىقىزىقىدىكى D بەلگە بار سىزىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ تادىيوم دېگەن ماددىنى قويسا، A سىزىققا توغرا كېلىدۇ، ھەربىر يېقىلغۇ ماددا شۇ سىزىقلارغا توغرا كېلىپ قالىدۇ.

ئالىملار بۇنىڭدىن مۇنداق قارار چىقىرىدۇ.

قۇياش، مەدەن، كان، ئۇ، گاز، ئېنېرگىيە، يېقىلغۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا تۆمۈر، مىس، سىنىك، كالتسىي، سودىيوم، ھىدروگىن، ئوكسىگېن، ئازوت قاتارلىق ماددىلار بار، ئۇ سامان يول سىستېمىسىدىكى بىر ئەزا، ئاسماندىن ئايرىلغان يەرشارىدىكى بۇ ئېلېمېنت ماددىلار قۇياشقا ماس، ئۇيغۇن كەلگەنگە قارىغاندا، يەرشارىمۇ چوقۇم قۇياشتىن خۇددى ئاي شارىدەك ئايرىلغان، دەپ قارار چىقارغان، شۇنداقلا، يەرشارىدا بار بولغان ماددىلار ئىچىدە شۇ رەڭلەر تېپىلىدۇ. ھەتتا، قۇمدىمۇ قان قېتىدىن نەچچە خىل شۇنداق رەڭلەر بايقىلىدۇ، قاراپ بېقىڭ. يەرشارى ئىچى بولسا، پۇتۇنلەي، ئوتتۇر، يانار تاغ بار، ئالىملار شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن يۇلتۇزلاردا بار بولغان، ماددا ئېلېمېنتلارنى تەكشۈرۈپ تاپتى، لېكىن، ئۇ بايلىقلارنى زېمىنغا ئېلىپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس. بولمىسا، يەرشارىدىن چوڭ ھەجىمدىكى ئالتۇن، يۇلتۇزلار بار.

مانا بۇلار، ئاسمان، يۇلتۇز، قۇياش، رەڭ، نۇر تەتقىقاتى، ئايەت قايتا ـ قايتا قاراشقا بۇيرىغان، ئاشۇ قاتتىق، مۇستەھكەم، پۇختا يوللار، ئوربىتىلار، ئالەم ماددىسى، گاز، تۇتۇن، ئاتموسفېرا، شامال يۆنىلىشى، يامغۇر قاتارلىقلاردا ئايەت تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سىرلىق مۆجىزىلەر بار.

ئايەتتە بولسا، شۇنداق ئىشارەتلەر بار.

ئاسماننى، يەتتە، بىخەتەر ئۆگزە، قاتتىق گاز، تۇتۇن، ئىشكى بار قىلىپ سۆزلەش، يۇلتۇزنى زىننەت، نۇر، قۇياشنى چىراق، ئۆزىدىن نۇر چىقىرىدۇ دەپ ئاينى بولسا، نۇر، مۇنىير دەپ ئاتاش، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن مەسىلىلەر بار. قاراڭلار دەپ بۇيرۇقلار بار، (لەتەركەبۇننە تەبىقەن ئەن تەبەق) سىلەر قەۋەتمۇ ـ قەۋەت سەپەر قىلىسىلەر دېگەن ئايەت، ئالەم بوشلۇقىغا ئىشارەتتۇر، ئۈپۈقتا ئەنە شۇنداق مۆجىزە، ئالامەتلەرنى ئاللاھ ۋەدىسىگە ئاساسەن كۆرسەتتى، بۇلار، دىنسىز كاپىرلار قولىدا ئاشكارا بولدى، دەل قۇرئاندىمۇ كاپىر، دىنسىزلارغا قاراڭلار، قارىمامدۇ؟ دېيىلگەن. بۇ ئۇلارغا قارشى ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات بولۇپ، قىيامەت كۈنى، بۇ تەرەققىيات ئۇلارغا قارشى دەلىل، ھۆججەت بولىدۇ، مۇسۇلمانلار بولسا، ئىككى ئالەمدە، پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىشىۋېرىدۇ، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **ئاشلىقلارنى، ئوت ـ چۆپلەرنى، دەرەخلەرنى قويۇق باغچىلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بۇلۇتلاردىن مول يامغۇرنى ياغدۇردۇق 14 ـ 16** ـ ئايەتلەر دېگەن ئايەتتە توختىلىپ، **16** ـ بەتتە چوڭ دەرەخ، كىچىك دەرەخ، ئۆسۈملۈك، غولسىز ئوت ـ چۆپنى كەلتۈرگەن، **17** ـ بەتتە بولسا، دەرەخ، يىلتىزى ۋە شاخلارنى **18** ـ بەتتە، شاخلار يۆنىلىشىنى **19** ـ بەتتە، قۇلاقلار تۈرىنى **20** ـ بەتتە، چېچەكلەرنى، ئۆزئارا چاڭلىششىنى، **21** ـ بەتتە، ئامۇتنى، **22** ـ بەتتە، چاڭلاشتۇرۇش، بىر باغدىكى ئاتلىق چاڭ زەررە ئۈستىدە، ئانىلىق بولسا، پەستە تۇرۇشنى، قوناقنى ھەرخىل گۈللەرنى، يىللىق ۋە يىلسىز يەنى كامىل بىر يىل ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلارنى، نەچچە يىللا تۇرالايدىغان ئەجەل توشسا تۈگەپ كېتىدىغان، دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ تونۇشتۇرغان، بۇ ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى، ھاياتلىق تەتقىقاتى، چاڭلىشىش، كۆپىيىش، سورتلاشتۇرۇش ئىلمى، بىر تەرەپتىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىلىم ـ ھېكمىتى، قۇرئان مۆجىزىسىنى بايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن باغۋەنلىك، ئۇرۇق سورتلاش مەسىلىسىنى سۆزلەپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ئۈچۈن، مەسىلىلەرنى تەپسىلي، رۇشەن سۆزلەيدۇ. ئاللاھ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسۇن ئامىن!

سۈرە نازىئات، سۈرە [نبۇ] قىيامەت خەۋىرى دېگەن بولاتتى، بۇ سۈرە بولسا، نازىئات يەنى جاننى، روھنى ئالغۇچى پەرىشتىلەر مەنىسىدە بولۇپ، بۇ ئىككى ئىسىم بولسا، قىيامەتتىن جاننى ئالغۇچى پەرىشتىدىن خەۋەردار بولۇش، ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇش، قىيامەتكە، ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھامىنى ئۇلار جېنىڭىزنى ئالىدۇ. ھامىنى بىر كۈن، قىيامەت كۈنى، تىرىلىپ ھېساب بېرىسىز، قۇرئان سىزگە ئىككى ئالەملىك ياخشى ھەمراھدۇر. بۇ سۈرە، قىيامەت كۆرۈنۈشىنى ئۆز ئەينى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ ئۇنى قۇرۇشقا، قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىرلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، **27** ـ ئايەتتە بولسا، بۇنى مۇنداق دەيدۇ: **(سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟)** ئاللاھ، ئاسماننى ياراتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۇكسەك قىلدى، ۋە كەم ـ كۈتىسىز قىلدى، كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزنى يورۇق قىلدى، ئاندىن كېيىن، زېمىننى يايدى، بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى، تاغلارنى مۇقىم قىلدى، ئاللاھ، بۇلارنى بىز ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار مەنپەئەتى، پايدىسى ئۈچۈن ياراتتى، قىيامەت كۈنى ئىنسان ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ. **27** ـ **35** ـ ئايەتلەر، ئاسمانلارنى يارىتىش، ئېگىز كۆتۈرۈش، تۈۋرۈكسىز توختىتىش، ئىنسانلارنى يارىتىشدىن مۈشكۈل، ئەمما، بۇلار، ئاللاھقا ئاسان، ھەممە يارىتىشدا ئوخشاشتۇر.

بىز، ئەمدى ئاللاھ، ئاسماننى ئېگىز، يۇكسەك قىلدى، كەم ـ كۈتىسىز قىلدى دېگەن ئايەت ئۈستىدە توختىلىمىز. ئەلۋەتتە، سىز، كۈندۈزى كۆك، ئاتموسفېرا رەڭگىنى، كېچىسى بولسا، يۇلتۇزلار نۇرى بىلەن قاراڭغۇ زۇلمەتنى كۆزىڭىز بىلەنلا كۆرۈپ، بۇ ئاسماننىڭ يۇكسەكلىكىنى، ناھايىتى ئېگىزلىكىنى، تۈۋرۈكسىز، پۇختا تۇرغىنىنى بايقايمىز، ھازىر سىز تېلىسكوپ بىلەن مۇنداق قاراڭ، سىزگە مەلۇم، نۇر تېزلىكى بىر سېكۇنتتا **300**مىڭ كىلومېتىرنى بېسىپ ئۆتىدۇ، قۇياش نۇرى بىزگە سەككىز مىنۇت **18** سېكۇنتتا يەنى **500** سېكۇنتتا يېتىپ كېلىدۇ، سەپەر قىلساق، تەخمىنەن **354** يىلدا يېتىپ بارىمىز، ئەگەر نۇر تېزلىكىدە

ماڭساق، سەككىز مىنۇتتا بارىمىز. ھازىر بولسا، تەرەققىيات بىر سېكۇنتتا سەككىز كىلومېتىر بولدى، مەقسەت، قۇياش بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان يۇلتۇز، بەزى يۇلتۇزلار نەچچە مىڭ، نەچچە يۈزمىڭ، نەچچە يۈزمىليون يىللاردا ئاران بىزگە نۇرى يېتىپ كېلىدىغان يىراقلىقتا، سىز نۇر يىلىنى بىلدىڭىز، ئەنە شۇنداق يىراقتا تۇرىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە، ئاسماننىڭ ناھايىتى يىراقتا، كەڭ ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ كەڭرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاللاھ، يەنە يارىتىپ، كەڭرىتىپ تۇرىدۇ. راستىنلا ئۇنى ئىگىز، كەڭ قىلدى، ناھايىتى پۇختا، كەم - كۈتسىز، ھېساب بىلەن ئىنتىزام بىكىتتى، يوللار قىلدى.

ئۇ مۇنداق بىر ھېكايىنى كەلتۈرىدۇ. مىسىردىكى بىر دېھقان، ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بېرىدۇ. مەن بىر كېچىدە، زىرائەتلىرىمگە سۇ تۇتىۋاتقان ئىدىم، مەن سۇنى قويۇپ بولۇپ، بىكار بولۇپ، ئۆيگە قايتىشىمدا، شەيتان ماڭا ۋەسۋەسە قىلىپ، بۇ سۇنىڭ تاشقىنىنى، بىر دۈشمەننىڭ يېرىگە قويۇپ بېرىپ، زىرائەتلىرىنى غەرىق قىلىۋېتىشنى ئويلىدىم، كەتمەننى شۇنداق كۆتۈرۈپ قارىسام، يۇلتۇزلار نۇرلىرى سۇدا كۆرۈنۈپ، كۆزۈمگە چۈشتى، قاماشتۇردى، ئاھ! يا ئاللاھ، سەن شۇنچە گۈزەللىكنى ماڭا سۇدا كۆرستىپسەن، سەن نېمە دېگەن ئۇلۇغ، كاتتا زاتسەن، توساتتىن، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقى، دىلىمغا چۈشۈپ، يۈرىكىم سىقىلىپ، ئاللاھدىن قورقتۇم، شۇنچە كەڭ، ئېگىز ئالەمنى، گۈزەل ياراتقان كاتتا ئاللاھقا قانداق ئاسىيلىق قىلاي؟ ياق، ياق ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن، دېدىم دە بۇ گۇناھ، مەسىيەتنى قىلماي، ئۆيگە قايتتىم، مەن تېخىچە خۇشال دېدى.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، قاراڭلار، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى، ئۇلۇغلىقى، قۇدرىتى، ئىلىم - ھېكمىتى، مۆجىزە ئالامەتلەر، كىشىنى شۇنداق قىلىپ قويىدۇ، بۇنى تېلىسكوپىدا كۆرسەڭ، نېمە بولۇپ كېتەرسەن، ئۇ دېگەن بىر ئاددى دېھقان، ئەنە شۇنداق مەئسىيەتتىن، گۇناھدىن يانىمىز، تائەت - ئىبادەتلەرنى، جان - دىلىمىز بىلەن ئىخلاس قىلىپ قىلىدىغان بولىمىز، بىز شۇ مەقسەتتە بۇلارنى يازدۇق دېگەن.

ئۇ، شۇندىن كېيىن، ئاللاھ، زېمىننى يايدى، سۇ، بۇلاقلارنى چىقاردى، ئۆسۈملۈك قىلدى دېگەن ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ. تېخى بۇ ئايەتتە تاغلارنى بېكىتتى دەپ كېلىدۇ، ئاجايىپ مۆجىزە، قاراڭ، ھازىرقى ئالىملار، يەرشارى ئۈستىدە مۇنداق دېيىشىدۇ. تۇنجى قېتىم، قۇياش سىستېمىسىغا ئەزا بولۇپ، قۇياشتىن ئايرىلىدۇ، ئاستا - ئاستا نەچچە مىليون يىللاردا سوۋۇيدۇ، ھەرخىل ماددىلار بارلىققا كېلىدۇ. كېيىن بولسا، زېمىن قاتىدۇ، تاشقى پوستى ھاسىل بولىدۇ، ئاندىن ھازىر بىر قىسىم تاش قاتمىلىرى قېزىلغان، قەدىمكى ھاياتلىق تۈرلىرى ئاشكارا بولىدۇ، ئەمما، بۇ ھاياتلىق قانداق ھاسىل بولغان؟ بۇ تېخىچە ھەيران قالدۇرىدىغان مەسىلە، ئاندىن كېيىن، دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر ھەرخىل ھايۋاناتلار ھاسىل بولغان، كېيىن، زېمىن قاتتىق تەۋرەپ، تاغلار ھاسىل بولىدۇ، يانار تاغلار پارتلايدۇ، توپان بالاسى يۈز بېرىدۇ، بۇ قېتىم باسۇرۇلۇپ قالغان دەرەخ، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار، كۆمۈر، نېفىتنىڭ، گازلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ بولسا، بىز ياشاۋاتقان ھالەت شۇ، بۇندىن كېيىن، نېمە بولۇشىنى بىلمەيمىز دېگەن. بۇلار، ئەنە شۇنداق تۆپىدە تۇرغاندەك، ئۈستىدە بىللە قاتناشقاندەك، خىيالى پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇلار يەتتە باسقۇچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ، زېمىننى يايدى، سوزدى، سۇ، دېڭىز، بۇلاق، دەرەخ، ئۆسۈملۈك قىلدى، ھاياتلىقنى بولسا، ئاللاھدە مەڭگۈلۈك روھ، دۇنيادىن سوۋغات قىلدى، ئۇ ھامىنى ئۆز جايىغا قايتىدۇ، مەڭگۈلۈككە ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتەن زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، تاغلارنى بېكىتتى، بۇ ئەھۋاللارنىڭ يىل مىقدارىنى، دەۋر تەرتىپلىرىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، گەرچە ئۇلار بىزگە شۇنداق بىر نەزەرىيە، تەپەككۇر ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئويغا سالغان بولسىمۇ، ئەمما، قۇرئان توپتوغرا، ھەقىقەت، مۆجىزە، سىرلارنى سۆزلەيدۇ، ھەرگىز خاتالاشمايدۇ، تۈزۈتۈشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىنسان ئىلمى، نەزەرىيىسى چىقارغان يەتكۈنلىرى بولسا، توغرا، خاتا بولىدۇ. تۈزۈتۈشنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل نەزەرىيىنى ئۆز ئەينى مۇشۇ ھۆكۈم ۋە يەكۈن، قۇرئاننىڭ مۇشۇ ئايىتىگە تەپسىر، ئايەت، مۇشۇنى خالايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، قۇرئان ئايىتى، ئىشارەت قىلغان مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. قۇرئان، توغرا يولغا، توغرا ھەقىقەتكە، توغرا ھۆكۈمگە، توغرا نەزەرىيىگە، توغرا تەتقىقاتقا، ھەق مۆجىزە، ئالامەتلەرگە، ئىلىم - ھېكمەتكە باشلايدۇ. بىز، قۇرئانغا، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىگە قەتئىي ئىشىنىمىز، بىر قىسىم ئىنسانلار بايقىغان ھۆكۈملەر، نەزەرىيىلەر، تەتقىقات نەتىجىسى، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ئۇ، مەڭگۈ ھەق، توغرا.

سۇرە ئەبەسە، بۇ سۇرە، رەسۇلۇللاھ، مەككە كاتىباشلىرى، بايۋەتچىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىۋاتقان چاغدا، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئەما ساھابە، بۇ ئەھۋالنى كۆرمەي، رەسۇلۇللاھنى توۋلاۋېرىدۇ، رەسۇلۇللاھ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قالىدۇ، دەل شۇ چاغدا چۈشىدۇ، ئۇ كاتىباشلار، مۇشرىك، دىنسىز ھېسابلانغاچقا، ئۇلارنى بۇ ئەما مۇئمىنگە تەڭ قىلمايدۇ، توغرا، بىر مۆئمىن، ئاللاھنىڭ نەزلىدە پۈتۈن زېمىندىنمۇ مۇھىم، مىزان ئۆلچەم، ساماۋى بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى، قارا تەنلىك مۆئمىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، مۇئەززىنلىككە سايلايدۇ. مىزان، تىل، رەڭ، مىللەت، مەزھەپ، قەبىلە، نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق، ئىمان ـ ئېتىقاد بىلەن ئۆلچىنىدۇ، مانا بۇ سۇرە، دەۋەتچىلەرگە مۇھىم يولىيورۇق بولىدۇ، ھۆر مۇشرىكدىن، قۇل مۆئمىن باي، دىنسىزدىن پىقىر مىسكىن مۇسۇلمان ياخشى، ئاسىي، پاسىق ھۆكمىراندىن، ئىتائەتچان، تەقۋا مۇسۇلمان ياخشى، ئۆزى گۈزەل، ئەخلاقى ناچار پاسىق ئايالدىن، سەت بولسىمۇ مۇسۇلمان ئايال ياخشى، بىز ئۇنى ياخشى، بۇنى ياخشى دەيمىز، ھەممىدىن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، ئىسلام دىنى ياخشى دىگىنى ياخشى، توغرا دىگىنى توغرا، ھەق دىگىنى ھەق، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ياخشى، ياخشى باھانى، نەتىجىنى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ. ئاللاھ، بىزلەرنى ياخشىلار قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!

بۇ سۇرىنىڭ ئاخىرىدىكى، ھەربىر ئىنسان، قېرىندىشىدىن ۋە ئاتا ـ ئانىسىدىن، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن قاچىدۇ دېگەن ئايەتنى، پەقەت ئاللاھقىلا يۈزلىنىڭلار دېگەن ئايەتنى، ئاللاھ تەرىپىگە قېچىڭلار دېگەننى، سۇرە تاغابۇندىكى، سۇرە تەۋبىدىكى ئايەتنى (دوزاخدىن ساقلىنىلار دېگەننى) پىتنە ھەدىسىنى، يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئىككى يۈز يىلدىن كېيىن ئەڭ ياخشىڭلار، مالدىن، بالىدىن، ئەھلىدىن يەڭگىل بولغىنىڭلار دېگەن ھەدىسنى، **بۇ ھەدىسنى ئىبنى كەسىر بىدايەتتە يازىدۇ.** ئۇندىن باشقا ئاخىر زامانغا پىتنە ـ پاساتقا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، **ئىلىم، ئاياللار بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق زايا كەتتى** دېگىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ تۇللارنى مەجبۇرى ئۆيلەپ، ئەرگە بەرمىگىننى، تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ قايسى ئەۋزەل دىگىننى، تاللىشىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن باشقا ئۈچ مەزھەپ تويدىن، ئىبادەت، ئىلىم، جىھادقا چىقىش، ئۆزىنى ئاتاش ئەۋزەل دېگىننى، توي قىلىشنى خالىماي تۈرۈپ مەجبۇرلانسا، بۇنداق نىكاھ مەكرۇھ دېگىننى، شەيخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييەدەك تويسىز زاھىد، ئابىد، ئالىم، مۇجاھىدلارنى بىر قىسىم ئاز ساندىكى ئۆزىنى ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد، دەۋەتنى مەقسەت قىلغان زاھىدلار، ئۆزىنى ئاتىغانلار دەلىل كەلتۈرىدۇ، ئەمما، ئاشۇ ئاز سانغا رۇخسەت بار، ئومومىيۈزلۈك تويسىزلىق دۇرۇس ئەمەس، ئاز ساندا جائىز.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۇرىدىكى ئىنسان لەنەت قىلىنسۇن، ئۇ نېمە دېگەن كاپىر، ئۇ نېمىدىن يارىتىلدى؟ نىجىس سۇدىن يارىتىلدى، ئاللاھ ياراتتى، چىقىش يولىنى ئاسان قىلدى، ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خالىغان جايغا قەبرىگە ئالدى، خالىغان چاغدا تىرىلدۇرىدۇ دېگەن ئايەتلەرگە مۇنداق دەيدۇ: بىز بۇ كىتابدا، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى، قۇدرىتىنى، مۆجىزە، ئالامەتلىرىنى كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق، ئەگەر سۆزىمىزگە ئىشەنمىگۈدەك بولسىڭىز، مەن، ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتىكى بىر سوئالغا مۇنداق سوئاللارنى قويىمەن، قېنى كىم جاۋاب بېرىپ باقىدۇ؟

**1** ـ ئەي ئىنسانلار، ئاشۇ سۇ، مەنىي سىلەرنىڭ جىسمىڭلار توغرىسىدا، ئوزۇق، رىزىق، قەددى ـ قامەت، پۇختا نىزام ئۇستىدە تەپەككۇر قىلالامدۇ؟

**2** ـ ئاشۇ مەنىي سۇ، ھەيز قېنى، بالا ھەمرىيى قاتارلىقلار، بۇ بالا بۇندىن كېيىن ھاۋاغا چىقىدۇ، نەپەس ئالىدۇ، سۆزنى، ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ دەپ ئۇنىڭغا قۇلاق، ئۆپكە قىلىپ قويالامدۇ.

**3** ـ دۇنياغا چىقىپ، نۇرلارنى كۆرىدۇ، نۇردىن پايدىلىنىپ سۇرەتنى پەرق ئېتىدۇ دەپ كۆزنى سىلەر يۇقىرىدا كۆرگەن ئاشۇ ئاجايىپ كۆز، قۇلاقلارنى قىلىپ قويالامدۇ؟ ھۇجەيرىلەرنى ئاتا قىلالامدۇ؟

**4** ـ بۇ تۆرەلمە، دۇنياغا چىقسا، ئوزۇققا موھتاج بولىدۇ، ئائىلىسى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمى، ئەمەلىي قۇۋۋەت بولمىسا بولمايدۇ، دەپ بەش سەزگۈ ئەزالارنى بېرەمدۇ؟ ئۆزلىكىدىن بولدىمۇ؟

**5** ـ ھەرىكەت، سېزىم، ئەزالارنى ئۇلارغا مەسئۇل ھۇجەيرىلەرنى بەردىمۇ، بۇ تۆرەلمىگە ئوتتۇز ئىككى چىشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغانمۇ؟

6 ـ بىز يۇقىرىدا يازغان 50 ھېكمەت، ئىنسان جىسمىدا بار، بارلىق سۆڭەك ھەرىكىتى بار، بۇلارنى ئاشۇ مەنى سۇ قىلدىمۇ؟

7 ـ تىل، قىزىل كېكىردەك، تېتىش، گال ھەزىم قىلىش ئورنى، ئاشقازانلارنى قىلالىدىمۇ؟ شۇ سۇ شۇ ھەيز قېنى قىلدىمۇ؟

8 ـ يەنىلا كەلگۈسىدە ئەۋلادلارنى داۋام قىلدۇ دەپ، شۇ سۇ، شۇ قان، ئاشۇ ئانا رەھمى ئىچىدىكى قىز بالا، ئىچىدىكى بالىياتقۇنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇردىمۇ؟

9 ـ ئۇنىڭ چىرايىنى، بارماق ئىزىنى، بۇرۇن، ھازىر، كەلگۈسىدىكىلەرگە زادى كىم ئوخشاشمايدىغان قىلدى؟

10 ـ ھەزىم قىلىش، كىرگۈزۈش، چىقىرىش، مۇسكۇللارنى قىلدىمۇ، ئون ئىككى بارماق ئۈچەي، جىگەر، ئۆت، بۆرەكلەرنى قىلدىمۇ؟

12. مېڭە سېزىمنى، مېڭە ھۇجەيرىسىنى، تەپەككۇرنى، ئەقلنى قىلالىدىمۇ؟

13 ـ قايتا ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، توي قىلدۇ، باللىق بولىدۇ دەپ، ئالدىن بىلىپ، 20 يىل بۇرۇن كىم ئۇ سۇغا، قانغا، جىنسىي ئەزالارنى، نەپسى، شەھۋەتنى، مۇھەببەتنى، دوستلۇق، كۆيۈنۈشنى ئالدىن سېلىپ قويدى؟

14 ـ كىم يۈرەكنى قىلىپ بەردى، زادى كىم قىلدى؟ كىم ئۇنى ئاشۇنداق قاننى ئايلىنىدىغان، ھۇجەيرىلەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان، جەڭ قىلىدىغان قىلدى؟ كىم ئۇنىڭغا ئالدىن سۈت ھازىرلىدى؟ چىققاندىن كېيىن، بارلىق ئوزۇق، رىزىقلارنى كىم قىلدى، ئاتا ـ ئانىمۇ؟ دۆلەتمۇ، ب د ت مۇ؟ يا شۇ نىجىس سۇمۇ، قانمۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭا، زادى كىم؟!

ئاللاھ... ئاللاھ... بىر ئاللاھ قىلغان، بۇندىن 100 مىڭلىغان سوئاللار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارغا پەقەت بىر ئاللاھ بىلەن جاۋاب بېرىمىز، ئىسلام دىنى توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئەقلى، نەقلى دەلىللەر، ھۆججەت، ئىسپات بىلەن كىشىنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرىدۇ، بولۇپمۇ قۇرئان، ھەدىس.

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابنى تاللىدىم، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلھەمدۇلىللا

ھەربىر شەيئىدە باردۇر كارامەت، بۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئالامەت

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، 24 ـ ئايەتتە، توختىلىپ، ئاللاھ، بۇ ئايەتتە، ئىنسان تائامنى يېسۇن دېمىگەن، چۈنكى، تائام دېگەن، ئاللاھ، قارىسۇن، ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىسۇن دېگەن. بۇنداق بۇيرۇقلارنى موللىلىرىمىز، يېسۇن دېگەنگە ئۆزگەرتىپ، يەپ ـ ئىچىپلا ئۆتتى، ئاخىرىدا، ئۇمۇ يوق، قاراڭ، ئايەتكە قاراڭ، ئاندىن بۇيرۇقنا بويسۇنۇپ، تائامغا قاراڭ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى سۇغا، يامغۇرغا، تۇپراققا، ئۆسۈملۈككە، زىرائەتكە قاراڭ، مىكرۇسكوپىدا قاراڭ، تەتقىقاتتا قاراڭ، ھېچبولمىغاندا، قاراپ چىققانلارغا، پايدا ئالغانلارغا، تەرەققىي قىلغانلارغا قاراڭ. نۇرغۇن دورا، ئوغۇت، ئوزۇق سېتىۋالسىز، زىرائەت ئۆرۈقىدىن باشقا ھايۋان ئوزۇقىنىمۇ سىتىۋالسىز، شۇلارغا قاراڭ. سىز ئۈچۈن ھازىر ھەر ئىككى خىل ھايۋانلار بار، شۇلارغا قاراڭ. قاراپ ئىبرەت ئېلىپ، ئاندىن يەڭ، تېخى ئۇلگۈرىسىز دەيدۇ. ئۇ 60 ـ بەتتىن 74 ـ بەتكىچە، خىلى كۆپ ئۆسۈملۈكلەرنى تازا قاراپ بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، سۈرەتلىك كەلتۈرۈپ، تەپسىلى يازىدۇ. بۇ جايدىكى قۇدرەت، ئىلىم ـ ھېكمەتنى يازىدۇ. ئاخىرىدا بۇ تەتقىقاتلاردىن مۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى يازىدۇ، مەن ئاشۇ ئاجايىپلاردىن بىر نەچچىنى تاللىدىم.

1 ـ ئىنسانلار ئىسسىقتا غار، كەپىلەردە، ئۆيلەردە، ئىشكنى تاقاپ ئارام ئالغاندەك، لەسىپ ئىسمىلىك بىر ئۆسۈملۈك، ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق ۋاقتىدا، بىر خىل شامدەك ماددا چىقىرىپ، ئىشىك ئېغىزلىرىنى پېچەتلەپ، سوزىلىدىكەن، ئاندىن قۇلاقلىرى ئۇنى يايىدىكەن، سايىۋەن بولىدىكەن، يامغۇر ياغسا ئەسلىگە قايتىدىكەن، بۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن ئالىم بىلىدۇ.

**2** ـ بەزى ئۆسۈملۈكلەر نۇرنى قوبۇل قىلىش ئەمەس، بەلكى، نۇرنى قايتۇرۇش، رەڭگى بىلەن ئىسسىقدىن ساقلىنىدۇ، نۇر قوبۇل قىلىنماي، قايتۇرۇلسا، خۇددى هازىر مەككە، كەئبە چۆرىسىدىكى تاش، مۇزلۇق، سۆرۈن تۇرغاندەك، سوغۇق تۇرىدۇ.

**3** ـ ئىنسانلار تەرلەپ كېتىپ، ئۇسساشىدىن قورقىاندەك، تەقتىيق ئىسىملىك ئۆسۈملۈك ئۇسساشىدىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇ تېرىلمەيدۇ، كاربوناتلىكالىيوم ماددىلار بىلەن هارارەتتىن ساقلىنىدۇ.

**4** ـ ئىنسانلار كۆنلۈكتە ئىسسىقدىن ساقلانغاندەك، دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەر قۇلاقلىرى بىلەن هارارەتتىن ساقلىنىدۇ.

**5** ـ ئىنسانلار سۇ ساقلىغاندەك نۇرغۇن ئۆسۈملۈك تېنىدە يەر ئاستىدا، يىلتىزىدا سۇ ساقلايدۇ.

**6** ـ ئىنسانلار ئۇسسىسا هۆللۈكنى، نەمنى شورىغاندەك، بەزى ئۆسۈملۈكلەر سۇ ئاز بولسا، ئۇسسىسا، شەبنەمنى، هاۋا نەملىكنى شۈرايدۇ. ئىنسانلار ئېغىر يۈكنى تاشلىۋەتكەندەك، بىر قىسىم ئۆسۈملۈك قۇلىقىنى تاشلايدۇ، هەتتا بەزىسى يالىڭاچلا يارىتىلىدۇ، چىقىم ئاز بولىدۇ.

**7** ـ ئىنجىنىرلار سۇلارنى ئۆلچەپ تۇرۇپ، ئېرىق، ئۆستەڭدىن ئارتۇقنى چىقىرىپ تۇرغاندەك، سۇلارنى تەڭشەپ تۇرغاندەك، فالايا هارىس ئىسىملىك ئۆسۈملۈك تېنىدە ئۆلچىگۈچ هۈجەيرىلىرى بولىدۇ، ئەگەر سۇ قىسمى جىقراق بولۇپ كەتسە، نۇرغۇن نەملىكنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، بەزىدە بىر توپ دەرەخ، بىر كۈندە **500** لېتىر سۇنى چىقىرىدۇ، چۈنكى، ئۇ تومۇرلىرىغا سىغمايدۇ.

**8** ـ قىزىقارلىقى شۇكى، ئاللاھ، خۇددى قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلىرىگە ئۆزىگە لايىق شارائىت بەرگەندەك، دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىگە ئۆزىگە لايىق شارائىت، مۇهى بەرگەن. ئۇ، قۇلاقلارمۇ سۇدا بولسا، ئۆپكە بولماستىن بۇرۇن بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتا، سۇ يۈزىگە چىقسا ئۆپكە رولىنى ئوينايدۇ. ئىككى شارائىتقا، ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بېرىلگەن، شۇنداقلا بىز يۇقىرىدا سۇنى ئۆلچەپ تۇرىدۇ دېگەندەك، بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئوكسىگېننى، كاربوننى ئۆلچەپ تۇرۇپ، ئۆزىگە لايىق قوبۇل قىلىپ، ئوشۇقنى چىقىرىپ تۇرىدۇ، سىز يۆگىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك، باراڭلارنى كۆرىسىز، ئۇلار ئەجەپ سىزىمغا ئىگە ئىكەنغۇ؟ نۇرنى هېس قىلالايدۇ، نەيچىلىرىدە ئۆزىگە لايىق سۇلارنى توشۇيدۇ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى كۆرگەنسىز، ئۇلارنى كىم شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان؟

**9** ـ خۇدى ئىنسانلار ئوۋ ئوۋلىغاندەك، هاشارەتلەرنى ئوۋلايدىغان ئۆسۈملۈكلەر بار، ئۇلار بۇ خىل ئوۋلاش بىلەن ئازوتلارنى تولۇقلايدۇ، هۈجەيرە ئارقىلىق سېزىپ، قۇلاقلىرىنى يېپىۋېلىپ، ئوۋلايدۇ. مىسىردا خامولولمائ ئىسىملىك بىرسىلا بار ئىكەن (ئوۋچىدىن) بۇلار سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز ئۆسۈملۈك ئۇندۇردۇق دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن هەرخىل پايدىلىنىدۇ. بۇ جايدا سىياسەت جەهەتتىن پايدىلىنىدۇ، بۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپلار بەك كۆپ، پەقەت سىزگە شۇلارنى كۆرۈش شارائىتى بولسىلا، بارلىق ئۆسۈملۈك، هايۋانلار هەممىسى تارتىش كۈچىگە ئۈچرايدۇ. زېمىن ئۇلارنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ، سۇ تۇرغان يەردە بۇلار يىلتىزى بىلەن چىڭ تۇرىدۇ، بۇلار ئىنسان، هايۋان ئۈچۈن زور نېمەت، رەهمەت، شۇنداق كەڭرى بولۇپ، هايۋانلار تۈرىلا **300** مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۆسۈملۈك بولسا، **200** مىليون، هايۋان، ئوزۇقلىرىنى ئۆسۈملۈكدىن ئالىدۇ، ئىنسان بولسا، هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكدىن ئالىدۇ، تائام، شاراپ، كىيىم ـ كېچەك، شۇلاردىن كېلىدۇ. مانا بۇلار، رەهمەت، نېمەتتۇر، قۇدرەت، هېكمەتتۇر، بىزلەرگە شۈكرى ۋاجىپتۇر. ئاللاهقا سانسىز شۈكرى.

## سۈرە تەكۋىر، كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىشى

بۇ سۈرە، قىيامەتتە يۈز بېرىدىغان ئالەمەتلەرنى قىيامەت ئالدىدا ئالتە ئالامەتنى يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئالتە ئالامەتنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئالەمەتنىڭ ۋەيران، ھالاك بولۇشىنى، بۇ تار، پەس ئالەمدىن مەڭگۈلۈك كەڭرى ئالەمگە كۆچۈشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەيدۇ. ئايەتتە، بالىلارنى تىرىك ئۆلتۈرگەن، پىلانلىق تۇغۇتچى، ئاز تۇغۇپ ساز تۇغۇپ دەيدىغان نەسلىنى تىزگىنلىگۈچىلەرگە قاتتىق رەددىيە باردۇر، قىيامەت كۈنى مەخسۇس سوراققا تارتىلىدۇ. ئاخىرىدا بولسا، قۇرئاننىڭ، ئاللاھ تەرىپىدىن پەرىشتە ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەنلىكى، مۇتلەق باشقا يوچۇق ئىزدىگۈچىلەرگە رەددىيە بار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىشى، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈشى، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىشى، تاغلار گۇمران بولۇشى، فىزىكا ـ خىمىيە، قۇياش فىزىكىسى، جۇغراپىيە، ھاياتلىق ئىلىملىرىغا ئىشارەت قىلىدۇ. تەپسىلى تەتقىق قىلىشنى مەخسۇس دەرسلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

كۈن نۇرىنىڭ ئۆچىشى بولسا، ئېنېرگىيە تۈگەمدۇ ياكى باشقا سىستېمىغا سوقىلامدۇ، ياكى ئۆز ھەمراھلىرى سوقۇلۇپ پارتىلامدۇ، ياكى ئۆزى پارتىلاپ ۋەيران بولۇپ، ئەسلى ھالىتىگە، گازغا ئايلىنىپ قالامدۇ، غەربكە كىرگەن قۇياش قانداق بولۇپ، شەرقىدىن چىقىدۇ؟ بۇلارنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. يۇلتۇزلار ئۆزئارا سوقۇلامدۇ، تارتىش كۈچى تۈگەپ ئالەم ۋەيران بولامدۇ، پارتىلامدۇ، قانداق تۆكۈلىدۇ، نەگە تۆكۈلىدۇ، بۇلارنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بۇنداق زور ئالامەتلەر يۈز بەرسە، ئالەم ۋەيران بولسا، زېمىندىكى تاغ، دېڭىز ۋەيران بولۇشى ئاسانلا گەپ، كەيپىياتنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. سۈرىدىكى مەقسەت، ئىنساننى شۇنداق بىركۈندىن ئاگاھلاندۇرۇش، قورقۇتۇش، ئاسترونوم ئالىملىرىمۇ بۇنداق بىر كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىگە شەكسىز ئىشىنىپ بولدى. بۇندىن كېيىن، قۇرئان مۆجىزىسى، ئىسلام نەزەرىيىسى كۆز قارىشىغا ئۇيغۇن بولۇپ قالىدىكەن دەپ، ئۆزگەرتىسە ئۇققىلى بولمايدۇ، ئەمما، ھازىر بىردەك پۈتۈن ئالىملار چوقۇم ئالەم ۋەيران بولىدۇ، دېيىشتى. مەلۇم مىقداردىن كېيىن كۈن نۇرى ئۆچۈپ قالىدۇ دېدى.

سۈرە ئىنفىتار بولسا، ئاسمان يېرىلغان چاغدا دېگەن مەنىدە بولىدۇ، بۇ ئىككى سۈرە ھامىنى بىر كۈن ئىنسانلار دەھشەتلىك، قورقۇنۇشلۇق بىر كۈنگە قالىدىغىنىنى بىلدۈرىدۇ. سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئاسمانلار ۋەيران بولسا، يۇلتۇزلار تۆكۈلسە، ھەربىر يۇلتۇز زېمىندىن نەچچە ھەسسە چوڭ تۇرسا، نۇرغۇنلىرى ئۆزىدىن قۇياشتەك ئوت چىقىرىدىغان تۇرسا، كۈن نۇرى ئۆچۈپ قالسا، تاغلار ئوتقا ئايلانسا، مانا شۇ چاغدا ھايات بولۇپ قالسىڭىز قانداق بولارسىز، بۇ ئالەم ئەرشىدىن، كۇرسىدىن جەننەت ـ دوزاخدىن باشقا ھەممىسى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ۋەيران بولىدۇ. مەڭگۈلۈك ئالەم ھازىرمۇ تەييار، قۇرۇقلۇق، جەننەت ئۈستىڭىزدە، سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دوزاخمۇ شۇنداق، سىز بولسىڭىز، غەپلەتتە مۇنداق كۈنلەردىن خەۋەرسىز، ھېسابدىن، جازا، مۇكاپاتتىن خەۋەرسىز، خۇددى ھايۋانلاردەك يەپ ـ ئېچىپلا، كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپ ھاياتىڭىزنى، ئاستا ـ ئاستا ئاخىرلاشتۇرۇۋاتىسىز، ئەجەل كەلسە، سىزدىكى ئالەملەرمۇ ۋەيران بولىدۇ، تېنىڭىز قۇرتقا يەم بولىدۇ.

بۇ سۈرىلەر گەرچە قىسقا بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، قۇرئان مۆجىزىسىنى، بارچە ئالەمنىڭ ۋەيران بولۇش خەۋىرىنى، ئىككىنچى بىر مەڭگۈلۈك ئالەمنى قۇرۇشنى، ھېساب، جازا، ھەتتا ئىككى مۇرىمىزدە كاتىپلىق ۋەزىپىسى ئۆتەيدىغان پەرىشتىلەردىن خەۋەر بېرىدۇ. ھەرقانداق بىر شىركەت ياكى كارخانا ياكى ئىدارە يۇقىرىدىن تەكشۈرۈشكە چۈشسە، ھېساب ئېلىشقا چۈشسە، دەككە ـ دۈككىگە چۈشىدۇ، قاتتىق چۆچۈپ قورقىدۇ، سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئىشلىرىنى رەتكە سالىدۇ، دەماللىقمۇ بولسا، كۆزۈتۈشدىن قورقىدۇ، ئەنە شۇنداق، ئاللاھ سىزگە ئەڭ راست تەكشۈرۈش كۈچىنى ئىككى كاتىپنىڭ دائىم ئىشلىرىڭىزنى خاتىرلەپ تۇرۇشىنى، ھەتتا، بىر ئېغىز سۆزنىمۇ خاتىرلىشىنى ئوقتۇردى، مەقسەت، چۆچىمىدىكى، قورقۇمىدىكى، ھايا قىلامدىكى، يۈرت چوڭلىرىدىن داموللا، دوكتۇرلاردىن ھايات قىلغانچىلىكمۇ بولسا، ھايا قىلسۇن، ئىشلىرىنى ئوڭشىسۇن خاتالىقىنى تۈزەتسۇن، تەۋبە قىلسۇن دەپ شۇنداق قىلغاندۇر.

سۈرە مۇتەففىفىن بولسا، دۇنيادىكى بارلىق سودا ـ ئالاقىدە ئادىل بولۇش، راستچىل بولۇش، تارازا، جىڭلاردا ئادىل بولۇش، ساختا قىلماسلىقتەك دۇنيادىكى مۇئامىلە، سىياسەتلىرىنى سۆزلەيدۇ، ئىسلامى ھالەتتە، جىڭ، مىزانلارنى، ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىدارىسىغا، ھەق مەسىلىلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ. خۇددى بۇرۇنقى سۈرىلەردەك، ھەق، باتىلنى، جازا ـ مۇكاپاتنى، ياخشى ـ ياماننى سۆزلەيدۇ. مۇھىم بىر جاي بولسا، جەننەتنى سۆزلەپ كېلىپ، **(قىزىققۇچىلار ئاشۇ جەننەتكە قىزىقسۇن دەپ كېلىدۇ.)** ئىنسان ھەممىگە قىزىقىدۇ، كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغان نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ، دەل شۇنداق مۇكاپات، نېمەتلەر جەننەتتە بولغاچقا، پەقەت شۇنىڭغا قىزىقسۇن، باشقىسى ھەرگىز قىزىقىشقا ئەرزىمەيدۇ دەيدۇ. بۇ دۇنيادا ئىسلام دۆلىتىدىن، دىنسىز كاپىر دۆلەتلەر، مۆئمىن مۇسۇلمانلاردىن، كاپىرلار كۈلۈپ، زاڭلىق قىلىپ، مەسخىرە، ھاقارەت قىلىپ ئۆتكەن بولسا، قىيامەت كۈنى مۆئمىن، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، كۈلىشىدۇ، ئىنتىقام ئالىدۇ، بۇ چوقۇم كېلىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا، يۇقىرقى ئۈچ سۈرىدىن مۇنداق بىر تەمسىل، مىسالنى كەلتۈرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، بۇ دۇنيا كاتتا چوڭ، گۈزەل بىر قەسىرگە ئوخشايدۇ، نەقىشلىرى، بىساتلىرى، باغۇ ـ بوستانلار، يېمەك ـ ئىچمەك تولۇق، ئۆگزىسى بولسا، گۈزەل نەقىش چىراقلار بىلەن بېزەلگەن، ئۇ بولسىمۇ ئاسمانلار، يۇلتۇزلاردۇر.

ئاللاھ، ئىككى ئالەم پادىشاھى، ياراتقۇچىسى، پەرىشتىلەر بولسا چاكار، قۇل، بەندىلەر، ئەسكەرلەردۇر. ئىنسانلار بۇ قەسىرنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولۇپ، خالىغانچە ھوزۇر ئالىدۇ، تاماشا قىلىشالىدۇ، ئاخىرىدا بۇلار، ياخشى ـ يامان ئاقىۋەتكە، يۇقىرى ـ تۆۋەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ، بۇ قەسىرنى سىناق مەيدانىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، ياخشىلارنى يۇقىرى نومۇر ئالغانلارنى، دوستلىرىنى مەڭگۈ سىناقسىز جاپا ـ مۇشەققەتسىز، تەكلىپسىز بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، يامان ئاقىۋەتكە، ناچار نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر بولسا، دەل ئەكسىچە، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولالمىغۇدەك ئېغىر ئازابقا قالىدۇ، خەتەرلىكى، مەڭگۈ شۇنداقتۇر، تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ ئۆتەڭدە، ئالدىنىپ قېلىشتىن ھەزەر قىل.

سۈرە ئىنشىقاق، ئەلۋەتتە بۇمۇ ئاسمان يېرىلىشىدۇر. ئىنسان قاتتىق غەپلەتتە بولغاچقا، دىلى، قەلبى قاتتىق قېتىپ كەتكەچكە، بۇ خىل تەنبىھ قايتا ـ قايتا كېلىدۇ. ئاللاھ، بۇ سۈرىدىمۇ خۇددى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئايەتلەردە ئاسمان، يۇلتۇز، كېچە ـ كۈندۈز، قۇياش، ئاي بىلەن قەسەم قىلغاندەك، شەپەق نۇرى بىلەن كېچە بىلەن ئاندىن تولغان ئاي بىلەن قەسەم قىلىپ، بۇ قەسەمنىڭ جاۋابىغا مۇنۇ ئايەتنى كەلتۈرىدۇ، **تولغان ئاي بىلەن قەسەمكى، جەزمەن سىلەر بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر، 19 ـ ئايەت.**

نېمە ئۈچۈن ئاي بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭ جاۋابىغا بۇ ئايەتنى كەلتۈرىدۇ؟

جاۋاب مۇنداق، بىر مۆجىزە، ئىلىم ـ ھېكمەت بولغانلىقىدا، ئۇ بولسىمۇ ئالىملار بۇ ئايەتكە ئىنسان، مەنى سۇ ھالەتتىن قانغا، ئاندىن گۆشكە، ئاندىن سۆڭەككە، ئاندىن بالا، ئاندىن سەبى، ئاندىن بالاغەت، ئاندىن قېرىلىق دەپ تەپسىر قىلسا، يەنە بەزىلەر، بۇ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىش دېگەنلىك ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا ئاندىن يەنە ئۆلۈشكە، قەبرىدىكى ھاياتى بەرزەخكە يۆتكىلىشنى ئاندىن يەنە تېرىلىپ قوپۇشقا، ئاندىن يا جەننەت يا دوزاخقا يۆتكىلىدۇ دېگەن. بەزىلەر بولسا، بۇ دېگەن بە ھەرىپىنى پىچ ئەمەس، بەلكى زەۋەر ئوقىساق، ئۇ چاغدا خىتاپ، رەسۇلۇللاھقا بولۇپ، ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، سەن قەۋەتمۇ ـ قەۋەت سەپەر قىلىسەن، زېمىندىن دۇنيا ئاسمىنىغا ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى... ئاسمانغىچە سەپەر قىلىسەن دېگەن بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ، ھازىرقى بارلىق ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر بىرلىشىپ، بۇ ئايەتنى، بە ھەرىپىنى پىچ ھالدا قويۇپ ئوقۇيمىز، يەنى كۆپلۈك ھالەتتە تۇرىدۇ، بۇ چاغدا ئايەت مۇنداق ئىلمى ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئى ئىنسانلار، سىلەر ھامىنى بىر كۈن تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق قەۋەتمۇ ـ قەۋەت سەپەر قىلىسىلەر، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىسىلەر، ئادەملىك ئالەم كېمىسىگە چىقىپ، زېمىندىن ئايغا ئاندىن مارىسقا، ئاندىن باشقا پىلانېتلارغا قەۋەتمۇ ـ قەۋەت سەپەر قىلىسىلەر دېگەن مەنىدە بولىدۇ. مانا بۇ قۇرئان ئايىتىنىڭ ئىشارىتى دېگەن.

بىز يۇقىرىدا تولىمۇ جىق سۆزلىدۇق، ئايەتتىن ئىشارەت ئارقىلىق دەلىل ئېلىش ئۇسۇل قائىدىسى، بۇ خىل نەزەرىيىنى ھازىرقى تەپسىرلا ئەمەس، قەدىمقى تابىئىنلار دەۋرىدىيلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەسۇلۇللاھ، قەۋەتمۇ ـ قەۋەت ئاسمانغا سەپەر قىلغان دەپ يازغان، سىز ئويلىنىپ كۆرۈڭ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسلام دىنىدا ئاسمانغا چىقىش نەزەرىيىسى مەۋجۇد، رەسۇلۇللاھنى مىئراجدا ئاسمانغا چىققان دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، جىنلار ئاسمانغا چىقىشىدىن، سۈرە ساففاتتا چەكلىنىدۇ، سۈرە ئەررەھماندا بولسا، قېنى ئاسماننى بۆسۈپ ئۆتۈپ بېقىڭلار دېگەن بۇيرۇق بار، ئاسمان خەۋىرى بىزدە دائىم مەۋجۇد، بۇ ئايەتتە بولسا، ئايدىن كېيىنلا يەنى ئاي بىلەن قەسەم قىلىپلا ئارقىدىن جاۋابدا بۇ ئايەتنى سۆزلىدى. قەۋەتمۇ ـ قەۋەت سەپەر قىلىش سۆزلەندى، ئاندىن بۇ سۈرىدىن كېيىنلا سۈرە بۇرۇجنى كەلتۈرۈپ، يوللىرى بار، بۇرۇجلار ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن قەسەم قىلدى، بۇرۇج، بۇ يوللار، ئوربىتىلار ئەلۋەتتە، ئاشۇ سەپەردىن، ئالەم بوشلۇقىغا بولغان سەپەر، سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش، تېلىسكوپىدا تەكشۈرۈش بىلەن ئاشكارا بولىدۇ. ئاللاھ، قەسەم قىلغان نەرسە ناھايىتى مۇھىم، زور پايدا ـ مەنپەئەت، ئەھمىيەتكە ئىگە، مانا شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، قۇدرىتى، ئىلمى ـ ھېكمىتى، ئاشكارا بولىدۇ. مانا بۇ ئاسترونوم، پەلەك ئىلمى، مانا بۇ بوشلۇققا ۋاكئۇم ھەقىقىي بوشلۇققا سەپەر، بارلىق ئىلمى تەرەققىيات يىغىندىسى، كۈچ ـ قۇدرەت نامايەندىسى، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتتۇر.

سۈرە بۇرۇجدا، تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنىلا نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى، ئوربىتىلارنى ئۇلارنىڭ مەنزىللىرىنى، نۇر تېزلىكىنى، ھەجىملىرىنى، نۇرنىڭ بىزگە نەچچە يىلدا يېتىپ كېلىشىنى تەپسىلى يازىدۇ، مەن بۇ توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگەچكە تەكرار ئالمىدىم، سىز پەقەت ئاسمان بىلەن بۇرۇجلار بىلەن يوللىرى بار دېگەن سۆزگە، ئاللاھ قىلغان قەسەمگە قاراڭ، بۇ چوقۇم ئەھمىيەتلىك، بىز ئىنسانلارغا پايدىلىق دەپ قارىسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، سۈرە تارىققا قاراڭ.

ئاللاھ، سۈرە تارىقتا، يەنە ئاسمان بىلەن تارىق ئىسىملىك يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇ قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان يورۇق يۇلتۇزدۇر، ئالىملار، سۈنئىي ھەمراھ، تېلىسكوپ، ئالەم كېمىسىگە چىقىش ئارقىلىق، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بۇ جەرياندا بۇلار نۇر چىقىرىپ، نۇرى ئىككى تەرەپكە سوقۇلغاندەك، ئاندىن تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر يۇلتۇزنى بايقىغان، مانا بۇ يۇلتۇز بۇ ئايەتتىكى يۇلتۇزغا ماس، ئۇيغۇن كېلىپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ بىرىنچىدىن ئايەت لەۋزە، تارىق،بۇ يول كېچە يول يۈرگۈچى، شۇنداقلا ئىشىكنى قاققۇچى، تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز چىقىرىش مەنىسىدە بولىدۇ. ئاخىرىدا بولسا، ساقىب يەنى زۇلمەتنى بۆسۈپ ئۆتكۈچى مەنىسىدە كەلگەن، دەل ئاشۇ يۇلتۇز، تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز چىقارغان نۇرى بولسا، تۇرۇپ، توختاپ يەنە نۇر چىقىرىش بىلەن زۇلمەتنى بۆسۈپ ئۆتكەن، بۇ خىل ئەھۋاللار، فىلىمدە تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن، سىز بۇنى بىر كۆرۈپ بېقىڭ.

بۇ جەرياندا ئالىملار مۇنداق بىر ئەھۋالنىمۇ بايقايدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار بىر پىلانېت، ئىككى قۇياشنى ئايلىنىدىكەن، دېمەك، ئۇنىڭ ئىككى قۇياش يۇلتۇزى بار ئىكەن، ئىككى قېتىم كۈن كىرىش، چىقىش بولىدىكەن، دېمەك، ئىككى مەشرىق، ئىككى مەغرىب بار دېگەن بو لدى. ئايەتكە قاراڭ، سۈرە ئەررەھمان 17 ـ ئايەت، ئاللاھ ئىككى مەشرىق ۋە ئىككى مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر دېگەن. بۇنى ئالىملار يازدىكى، قىشتىكى ئىككى دېسە، بەزىلەر، قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئىككى مەشرىق، ئىككى مەغرىبى دېگەن، ئەمما، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىككى قۇياشلىق ئىككى يۇلتۇزلۇق پىلانېت، ئىككى مەشرىق، مەغرىب بار ئىكەن.

بۇمۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، ئاللاھ، بۇ سۆزنى مۇتلەق ئام دېگەن، خاسلاشتۇرمىغان، بىز ئەمدى سۈرە تارىققا قايتىپ كېلەيلى.

ئاللاھ، بۇ سۈرىدە، ئىنساننى نېمىدىن يارالغىنىغا قارىسۇن دەپ بۇيرۇيدۇ، ئەر ـ ئايال سۇلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئارىلاشما مەنىي (ئىسپېرما)دىن ئىنساننى ياراتقىنىنى سۆزلەيدۇ.

بۇ بىز يۇقىرىدا كۆپ سۆزلىگەن سۆزلەر، شۇنداقتىمۇ، سىز يەنە بىر قاراڭ، ئۇلار قانداق چاڭلىشىدۇ؟ قانداق بولۇپ، خروموسوم ئارقىلىق ئەركەك ـ چىشى بولىدۇ؟ ئەزالار قانداق ھاسىل بولىدۇ، گۆش، سۆڭەككە قانداق كەيدۈرىلىدۇ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟ تا تۇغۇلغانغا قەدەر تەتقىق قىلىڭ،

قاراڭ، بۇ تاھارەت، زاكات مەسىلىلىرىدىكى بۇيرۇقتا ئوخشاش بۇيرۇق، سىز بۇ مەسىلىگە مىكرۇسكوپتا قاراڭ، ھېچ بولمىغاندا ھارۋىن يەھيانىڭ پىلىملىرىدەك پىلىمگە قاراڭ، سۇرەتكە، بىئولوگىيە، ئانانومىيىگە قاراڭ، مانا بۇ تۆرەلمە ئىلمى، بۇ ئىلىمدا مۇنداق نەتىجە چىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، شۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا دېگەندۇر. شەك ـ شۈبھىسىز ئاللاھ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يەنى، يەنە بىر قېتىم تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. **8** ـ ئايەت. **11** ـ ئايەتتە، ئاللاھ، قايتۇرۇش ئىگىسى بولغان، ئاسمان بىلەن قەسەم قىلدى، ئالىملار بۇ دېگەن يامغۇر شۇ، يامغۇر، دېڭىزدىن پار بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ ئاندىن قۇرۇقلۇققا قايتىدۇ، بۇنى ئاسمان، بۇلۇت قايتۇرىدۇ، شۇڭا بۇ مەنا، يامغۇرلۇق بولۇت بىلەن قەسەم قىلغان بولىدۇ دېگەن.

يامغۇرلۇق ئاسمان، يامغۇرلۇق بۇلۇت دەپ تەپسىر قىلدى، ھازىرقى ئالىملار، ئاسمان زادى نېمىلەرنى قايتۇرىدۇ؟ بۇلارنى تەتقىق قىلىپ مۇنداق بىلىمگە ئېرىشتى، توغرا، يامغۇرنى زېمىنغا قايتۇرىدۇ، قايتىش بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ، قاراڭ، تاشقى ئالەمدىن كەلگەن زەھەرلىك نۇر تېشىغا قايتىدۇ، يەرشارىغا ھۇجۇم قىلالمايدۇ، قايتىدۇ. قىزىل بىنەپشە نۇر قايتىدۇ، زېمىندىن چىققان سىگناللار قايتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفوندا سۆزلىشىمىز، ئالاقىلىشىشنى قىلالايمىز. سۈنئى ھەمراھ بىلەن ئالاقىلاشقىلى بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئاتموسفېرا قەۋىتى، ھاۋا قەۋىتى، بۇلۇت قاتارلىق قايتۇرغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ دېگەن، بۇلارنى سىز ئوربىتىلار دېگەن پىلىمدىن كۆرەلەيسىز، ھازىر بولسا، ئاتموسفېرا قەۋىتىگە قاراڭ، ئەگەر، يامغۇرنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ، سىگنال، ئۈچۈر قايتمىسا، ئالاقە ئۈزۈلىدۇ. بۇ مۇھىم بولغاچقا، ئاللاھ قەسەم قىلغاندۇر. **12** ـ ئايەتتە بولسا، يېرىلىپ، گىياھلارنى ئۈندۈرگۈچى زېمىن بىلەن قەسەم قىلدى، ئايەتنىڭ ئۆز مەنىسى زاھىردا، يېرىق ئىگىسى بولغان، زېمىن بىلەن قەسەمكى دېگەن بولىدۇ. ئالىملار بۇنىمۇ تەكشۈرۈپ، بۇ دېگەنلىك زېمىننىڭ تۈنجى يېرىلىشى مۇمكىن، ھاياتلىققا، ياشاشقا مۇھىت ھازىرلىغاندىكى تۈنجى يېرىلىش بولۇشى مۇمكىن دېدى. بەزىلەر بولسا، ھازىرمۇ كۆرىسىز، ئۇ دېگەن ئۈسۈملۈك، دەرەخ، زىرائەتلەر ئۈرۈقى ئۈچۈن يېرىلىش دېگەن. **(دېڭىز ئاستىدىكى يېرىقلار)**

ئالىملار ئىنچىكە كۈزىتىپ، ئاخىرى بۇ يېرىقلارنى تاپتى، ئۇ بولسىمۇ، نەچچە مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىز ئاستىدا يېرىق بارلىقنى، بۇ يېرىقلار زېمىننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوتقا يېقىن ئىكەنلىكنى، شۇ سەۋەبدىن يېرىقنى بويلاپ سۇلار قايناپ تۇرىدىغىننى، ئاشۇ ئوت، دېڭىز سۈيىنى قاينىتىپ، قىززىقلىقتا ئايلاندۇرغىننى كۆرگەن، دېڭىز ئاستى يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزىپ قويۇپ، بۇ يېرىقلارنى خەرىتىلىك سىزىپ قويغان، كۈنلەردىن بىر كۈن بۇ يېرىقدىن ئوت، يانار تاغ پارتلاپ، دېڭىز خۇددى ئاللاھ سۈرە تەكۋىردە دېگەندەك ئوت بولۇپ لاۋۇلدىشى مۇمكىن ئىكەن.

مانا مۇشۇنداق مۆجىزە، سىرلارنى قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، ئىنسانلار ئۇنى خاتا گۇمان قىلىپ قالمىسۇن دەپ، بۇ سۈرىنىڭ **13** ـ **14** ـ ئايىتىدە يۇقىرقى سىرلىق، مۆجىزىلىك قەسەمنىڭ جاۋابىدا مۇنداق دېگەن. قۇرئان، شەك ـ شۈبھىسىز، ھەق، باتىلنى ئايرىغۇچى، پەقەت ھەقنىلا سۆزلىگۈچى سۆزدۇر. ئۇ چاخچاق ئەمەستۇر دېگەن، قاراڭ. راستىنلا ئۇ چاخچاق ئەمەس، ئۇ سىرلىق مۆجىزىگە تولغان، ئەنە شۇنداق كائىنات ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈم، يەكۈنلىرى بولغاچقا، ئۇنى ئىنسانلار تۈزەلمەيدۇ، ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاللاھ، ئۆزى ئاسمان ـ زېمىن، كائىنات، ماددى، مەنىۋى سىرلارنى، ئاقىۋىتىنى تولۇق بىلگەچكە، شۇنداق رۇشەن بايان قىلىدۇ، مەن ياراتتىم، مەن قىلدىم، ئۇ مۇنداق بولۇپ كېتىدۇ دەيدۇ. مەسىلەن: كۈن نۇرى ئۆچىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدايدۇ، ئاسمان ئەسلى گاز تۇمان ئىدى، دېگەندەك مانا بۇنداق سۆزلەرنى ئىنسان ھەرگىز دېيەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ.

سۈرە ئەئلا، بۇ ئىسىم، رەببىڭ ئەنە شۇنداق ئىلىم ـ ھېكمەتتە، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە يۇكسەك ئۇلۇغلۇقتا، ئۈستۈندۇر دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز، سەجدە قىلغاندا، بۇ سۆزنى دەيمىز، رۇكۇدا ئەزىيم دەپ ئۇلۇغلىغان بولساق، سەجدىدە ئەئلا يەنى ئەرشىدىنمۇ ئۈستۈن دەپ بۈيۈك بىلىمىز.

ئەمما، ئۇ مەخلۇقتا ئوخشىمىغاچقا، ئوخشىشى بولمىغاچقا،يەنىلا ئەرشىدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، بىز بىلەن بىللە بولالايدۇ، بۇ زىت ئەمەس، بۇ سۈرىدە، ئاللاھ، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتتى، ئۇلارنى بىجىرىم،

چىرايلىق، مۇناسىپ شەكىلدە قىلدى، باراۋەر قىلدى. ئۇ مەخلۇقاتلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى، ھىدايەت قىلدى، ئوت ـ چۆپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى قارامتۇل، قۇرۇق ئوت ـ خەسكە ئايلاندۇرۇدى، **1 ـ 5** ـ ئايەت، دېگەن بىز بۇ ئايەتلەردە قىسقىچە توختىلىمىز.

قاراڭلار، ئىنسانلار تەبىئىتى، خىلمۇ ـ خىل بولغاچقا، ئاللا، ئۆسۈملۈك، زىرائەتلەرنى، ئاشلىق، مېۋە ـ چېۋىلەرنى خىلمۇ ـ خىل ئۆستۈرۈپ بەردى، ھايۋانلار تەبىئىتىگىمۇ خىلمۇ ـ خىل قىلىپ بەردى.

باھاردىكى، يازدىكى، كۈزدىكى، قىشتىكى ئوت ـ چۆپلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ئەگەر بۇ ئوت ـ چۆپلەر پەسىلنى ئالماشتۇرۇپ بېرىلسە، يازدا قىشنىڭ، قىشتا يازنىڭ بېرىلسە، زور ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ، مۇمكىنمۇ بولماي قالىدۇ، ئاللاھ، ئۇ ئوت؛ ـ چۆپلەرنى شۇنداق قۇرتمىسا، قىشتا توڭلاپ قېلىپ، ئۇلاغقا بەرگىلى بولمايدۇ، پايدا قىلىش نىسبىتى ئاز بولۇپ قالىدۇ. تەبىئىتى، شارائىت، مۇھىتى ئوخشاشمىغاچقا ئاللاھمۇ ھاجەتلەرنى خىلمۇ ـ خىل قاندۇرغۇچىدۇر.

ئاللاھ، بۇ سۈرىدە، ھەدا (ھىدايەت)، يەنى يېتەكلىگۈچى، يول كۆرسەتتى دېگەن، قاراڭلار، قىش پەسلىدە قۇشلار كۆچىدۇ، ئىسسىق بەلۋاغلارغا بېرىپ، دان، ھاشارەت، ئوزۇقلارنى تېپىپ يەيدۇ، ئۇلارنى كىم يېتەكلىدى؟ ئاللاھ

ھەربىر ئۆسۈملۈك غولى، يىلتىزى، ھۈجەيرىسىنى، نەپەس ئېلىشى، ئوكسىگېن چىقىرىپ، كاربوننى سۈمۈرىشى قاتارلىقلارنىمۇ ئاللاھ قىلدى. ئۇلارنى چاڭلاشتۇرغۇچى، ئەۋلادلارنى كۆپەيتكۈچى، يەنىلا ئاللاھ. ھەربىر ھايۋانلارنى يارىتىپ، ئۇلارغا ئوزۇق يوللىرىنى ئىلھام قىلىپ، مېڭە، چېكىسىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ. خۇددى ئىنسانلارغا ھەرخىل بايلىقلارنى قېزىشنى، ئۇنى قانداق ئىستېمال قىلىشنى تەرەققىيات، كەشپىيات يوللىرىنى ئىلھام قىلغاندەك، رىزىقىمىزغا كېپىل بولغاندەك، ھايۋانلارغىمۇ ئىلھام قىلىدۇ، رىزىقىغا كېپىل بولىدۇ، ئۇلار مەيلى ھاۋا، مەيلى قۇرۇقلۇق، مەيلى دېڭىزدا بولسۇن، مەيلى تۇخۇمدىن چىقسۇن، مەيلى تۇغۇپ، سۈت ئېمىتسۇن، ئۇلارغا قانداق قىلىشنى، قانداق ھايات كەچۈرۈشنى، قانداق جۈپلىشىشنى، قانداق كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشنى، باللىرىنى قانداق ئاسراشنى، قوغداشنى، رەھىم قىلىشنى، قانداق ھەمكارلىشىشنى، ھەتتا، چۈمۈلىدەك، پادىشاھلىق، ئەسكەر تۈزۈمى، ئۆزئارا ئورۇش، ھەتتا ھەرخىل سانائەت، ئىش ـ ئەمگەك، ھىيلە ـ مىكىرلارنى، دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەتتى، ئىلھام بىلەن يول كۆرسەتتى، مانا بۇلار، بىرلا ئايەت، بىرلا سۆز، ھەدا يەنى يېتەكلىدى ، يول كۆرسەتتى دېگەن ئايەتكە تەپسىر بولىدۇ. بۇلارنى ئاشۇ خىل بىلىم، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ھېچبولمىغاندا شۇنداق تەپسىرلەرنى ئوقوغۇچى بىلەلەيدۇ.

دوكتۇرلارنىڭ بىر نەچچىسى، بۇ ئىلھاملارنى كۆرۈپ، چوقۇم بۇ كائىناتنى پەيدا قىلغۇچى، بىر باشقۇرغۇچى، ئىلھام قىلغۇچى، يېتەكلىگۈچى، ھاجەتلىرىنى قاندۇرغۇچى، تەرتىپلىك، پۇختا ئىنتىزامغا سالغۇچى، ئاللاھ بار، ئۇ بىردۇر دەپ، شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇپ، مۇسۇلمان بولغان، ئۇلارنىڭ جۈملىدىن، پەيلاسوف، سىبىنسىر، دوكتۇر كۇرسى مورسىيۇن، كۇرسى مورسىيوننى، سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەي، دەل مۇشۇ سۈرىدە سۆزلەيدۇ. ئاللاھ، ھەرە، شەپەرەڭ، كېپىنەك، پەرۋانىلەرگە ئالاھىدە سىگنال تارقاتقۇچى، سېزىم قوبۇللىغۇچى ئورناتقان، ئۇلار يۇقىرى تېخنىكىلىق ئالاھىدە سىگنال سېزىمنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاڭلاش، كۆرۈشكە ئىگە، سىز ئىتتەك پۇراش سېزىمىغا ئىگە ئەمەس، بۈركۈت، مۇشۇكياپىلاقتەك بىر قىسىم مىكرۇپلارنى كۆرۈپ يەيدىغان قۇشلاردەك ئالاھىدە كۆرۈش سېزىمىغىمۇ ئىگە ئەمەس. شەپەرەڭدەك، ئاڭلاش سېزىمىغا ئىگە ئەمەس، سىزدە قول تېلېفوندىن باشقا ئۆز ئەزالىرىڭىزدىن ئاشۇ ھاشارەتلەردەك ئالاھىدە سىگنال ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئەزالىرىڭىز يوق، مانا بۇلارنى بىر ئاللاھ قىلىپ بەرگەن.

سىز، قۇشلارنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلاردىن ئۇچۇشنى بەكلا ئېغىرنى، بەكلا يەڭگىلنى كۆرىسىز، قاغىدەك، قارلىغاچتەك يىراققا سەپەر قىلغىننى، قۇچقاچتەك، پاختەكتەك ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلمايدىغىننى كۆرىسىز، بەزى قۇشلار، بىز نامازدا سەپ تارتقاندەك سەپ ـ سەپ بولۇپ ئۇچىدۇ. بەزىسى بولسا، جامائەت توپى بولۇپ، توپلىشىپ ئۇچىدۇ، بەزىسى، شامالغا قارشى ئۇچۇش بىلەن بەزىسى شامال يۆنىلىشىگە ئەگىشىش

بىلەن يول، ماكاننى تاپىدۇ، بەزىسى، يۇلتۇزلار ئورنى بىلەن نىشاننى بايقايدۇ، بەزىسى بەك ئېگىز، بەزىسى پەس، بەزىسى تېز بەزىسى ئاستا ئۇچىدۇ، ئىش قىلىپ، بۇلارنى تەتقىق قىلىپ، كۆزەتسىڭىز، ئاجايىپ - غارايىپ مۆجىزە، سىرلارنى بايقايسىز.

مەخسۇس قۇشلار دېگەن فىلىمنى بىر كۆرۈپ قويۇڭ. ئاندىن سىز ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قانداق يېتەكلىشىنى، قانداق ئىلھاملارنى قىلىشىنى بىلەلەيسىز، بىز ھەسەل ھەرىسى، ئۆمۈچۈك، چۇمۇلە، قارلىغاچ، توقۇمىچى قۇشلار قاتارلىقلارنى سۆزلىدۇق، ئۇلارنىڭ ئۇۋۋا ياساش، ئوزۇق، ھايات كەچۈرۈش مۇساپىسىدە مۆجىزە، سىرلار، ئىلھام كۆپتۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **131** - بەتتە بولسا، ئاللاھنىڭ قۇرئان سۈرىسىدىن بىر نەچچە سۈرىنى، ھاشارەتلەر ئىسمى بىلەن ئاتىشىغا شۇنداقلا، بۇ ئايەتتە، ئۇلارغا ئىلھام قىلىپ يېتەكلىشىگە مۇناسىۋەتلىك، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى، ئىلمى - ھېكمىتىنى، سانائىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ بىر ئالاھىدە مۆجىزىنى سۈرەتلىك كۆرسەتكەن، ئۇ بولسىمۇ **200000** خىل ھاشارەتلەر ئارىسىدىن كۆز ئالدىڭىزدا ئۇچۇپ يۈرىيدىغان كېپىنەك تورى، كېۋەزلەرگە، غوزىلارغا زىيان سالىدىغان قۇرت ئاپتى كەلتۈرىدىغان پەرۋانە، كېپىنەكتۇر، ئاللاھ، بۇ ھاشارەتنى سىز، بىزنى كۆرسۇن، تەتقىق قىلسۇن، ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىلسۇن دەپ كۆز ئالدىمىزدىلا زىيان سالدۇرغاندۇر. بۇنىڭدا، مۇنداق سىرلار ئورۇنلاشقان، ھېكمەتكە قاراڭ، مىكرۇسكوپ ئارقىلىق بۇ خىل ھاشارەتنىڭ كۆزىنى كۆزەتكەندە، ھەربىر كۆزى **600**دىن **1200** كۆزگە ئىگە ئىكەن، خۇددى چۇمۇلە، چىۋىندەك كۆپ كۆزلۈك ئىكەن، ئالىملار مىكرۇسكوپنى كۆپەيتىپ، تەكرار كۆرسىتىپ قويدىمكى دەپ باشقا نەرسە سالسا، مىكرسكوپ ساق، ئۇ ئەزەلدىن بىر نەرسىنى كۆپ، تەكرار كۆرسەتمەيدۇ.

مىكرۇسكوپنىڭ ئالاھىدىلىكى، كىچىك، ناھايىتى كىچىك نەرسىنى ئېلىكتىرونلۇق توكقا تايىنىپ، كومپيۇتېرغا تايىنىپ، نەچچە مىليون ھەتتا، مىليارت ھەسسە چوڭايتىدۇ، ھەرگىز ئىككى كۆرسىتىپ قويمايدۇ، بۇ ھاشارەتنىڭ راستىنلا **1200** كۆزى بار ئىدى. بۇ كۆزلەر ئاشۇ كىچىك ئىككى كۆز ئىچىگە جايلاشقان، بۇنىڭ، فوتو ئاپاراتتا تارتىلغان سۈرىتى (جەۋھەرنىڭ) **131** - بەتتە بار. چوڭايتىلغان كۆز سۈرىتى بار، كۆرۈپ بېقىڭ. بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ قانداق ھېكمەت بار، بىرىنچىدىن، ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئىلىم - ھېكمىتى، ئىلغار سانائەت، ھۈنرى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنى بىر زات ئالاھىدە لايىھىلەيدۇ. پۇختا ئىنتىزام بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ، ئىككىنچىدىن، ئاللاھنىڭ ھۈنىرى، سانائىتى مەڭگۇ ئىنسانلارنىڭكىدىن، مەخلۇقلارنىڭكىدىن سانسىز ھەسسە ئىلغار، يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلار بۇنى كۆرسە، تېخى ئىلمى تەرەققىيات، كەشپىياتلار مەڭگۇ ئاخىرلاشمىغۇدەك دېگەن ھېس - تۇيغۇغا كېلىپ، يەنىمۇ ئىزدىنىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ، كەشپ قىلىدۇ. خۇددى ئۆيدەك چوڭ كومپيۇتېرنى، خاتىرىدەك دەپتەرچىلىك، ئالقانچىلىك قىلغاندەك. تۆتىنچىدىن، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ، ھايۋان، ھاشارەت، قۇشلار، ئۆسۈملۈكلەر، ماددا، ئىلمېنت، ئۆز جىسمىمىزدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان سىرلىق مۆجىزىلەرنى تاپىدۇ، ئاجايىپ - غارايىپ ئالامەتلەرنى بايقايدۇ، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلسا، قاتتىق تېرىشىدۇ، كۆرۈپ باقمىغان خىيالغا، كەلتۈرمىگەن نەرسىگە قىزىقىدۇ.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **132** - بەتتىن باشلاپ، تا سۈرە غايىشەگىچە ھاشاراتلەرنى سۈرەتلىك بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تۈرلىرىنى، قىسىملىرىنى، پايدا زىيىنىنى، قانداق ئوزۇقلىنىشىنى، ھايات ئۈچۈن، چاڭلىشىش، جۇپلىشىش ئەھۋاللىرىنى كۆپ پۈتلىقلىرىنى، پۈتسىزلىرىنى، زەھەرلىك، زەھەرسىزنى، ئۇلاردىكى ئاجايىپ سىرلارنى بىرمۇ بىر بايان قىلغان.

ئەمدى بىز، سۈرە غاشىيەنى تەتقىق قىلىمىز، بۇ ئىسىم، قىيامەت ئىسمى بولۇپ، دىنسىزلارنىڭ دەھشەتلىك، قورقۇنۇشلۇق ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، بولۇپمۇ يەھۇدىيلار، ناسارالار، بۇددا دىنىدىكىلەر، نۇرغۇن جاپا تارتىپ، ئىبادەت قىلىدۇ، راھىب، پوپ، مۇناخ بولىدۇ، ئاخىرىدا قىززىق ئوتقا كىرىدۇ.

ئايەت، قىيامەت كۆرۈنۈشنى، ياخشى - يامانىنى، ھەق - باتىلنى، جازا - مۇكاپاتنى سۆزلەپ بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇ كۈننى چوقۇم قۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىگە، دەلىل يۈزىسىدىن مۇنداق دېگەن، ئۇلار تۆگىنىڭ

قانداق يارىتىلغىنىغا، ئاسمان قانداق كۆتۈرۈلىشىگە، تاغلارنىڭ قانداق تىك تۇرغۇزۇلغىنىغا، زېمىنىنىڭ قانداق يېيىلغىنىغا قارىمامدۇ؟ 20 ـ ئايەتكىچە قاراڭ، بۇ ئايەت ئەلۋەتتە بىر سەھرادىكى ئەرەبلەرگە خىتاب قىلىنغان، ئۈستىگە قارىسا، ئاسماننى، پەسكە قارىسا زېمىننى، ئالدىغا قارىسا تاغنى، ئاستىدا بولسا، ئاجايىپ تۆگىنى كۆرەتتى، ئاندىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دەلىل تاپاتتى.

قېنى بىز، بۇيرۇقتا بىنائەت قاراپ باقايلى، نەزەر سالايلى، ئاسمان كۆتۈرۈلۈشى، تۈۋرۈكسىز تۇرۇشى، كۆپ سۆزلەندى، تۆگىدىكى مۆجىزىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ قاپلىق كۆزلىرى، قۇمدا پاتماي ماڭىدىغان پۇتلىرى، قورقۇنۇشلۇق ئۇستىخانلىرى، شۇنداق تۇرۇغلۇق، بىر كىچىك بالىغا بويسۇنۇشى، يىراق سەپەرگە، قاتناش بولۇشى، سۇ ساقلاپ ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىشى، يەتتە كۈن سۇسىز تۇرالايدۇ.

ئايەت، يالغۇز تۆگىگىلا ئەمەس، كەينى ـ كەينىدىن تۆگىگە قارىمامدۇ؟ كالىغا، ئىشەككە، ئاتقا دەپ كەلتۈرۈۋېرىش، بالاغەت ئىلمىغا زىت، ئۇ چاغدا كىتابنى كۆتۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، تۆگىنى كەلتۈرۈپ، ئىشكنى ئاچتى، ئاساس سالدى، بىز ئەمدى بارلىق ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، قۇشلار ھەممىگە قارايمىز، شۇنداق قىلغاندا، ئاللاھنىڭ مەقسىتى ئاشكارىلىنىدۇ، ئاللاھ، سىرلارنى، ئىلىم ـ ھېكمەتنى، مۆجىزە، ئالامەتلەرنى بايقىغۇچىدىن، چۈشەنگۈچىدىن، بەكمۇ رازىدۇر. ئالىملارلا ئاللاھدىن قورقىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇلاردىن رازىدۇر. بىز ھازىر، زېمىن ئۈستىدىكى، تاغلار ئۈستىدە توختىلىمىز، بۇ تاغلار زېمىندىكى ھاياتلىقنى ساقلاپ قالغۇچى، داۋام قىلغۇچى، زور نېمەتتۇر، تاغلار،

1 ـ تاش تاغلار، گىياھ ئۈنمەيدۇ، قاتتىقتۇر،

2 ـ ئۆسۈملۈك، گىياھ ئۈنىدىغان يېشىل تاغلار،

3 ـ ئوت چىقىپ تۇرىدىغان يانار تاغلار، بۇ تاغلاردىن دائىم ئىس ـ تۈتەك، تۇمان، گاز چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىچىدىكى ئوتنىڭ تەسىرىدۇر.

4 ـ قار، مۇز تاغلار، ھاۋانى ئىگىز ـ پەس قىلىپ تۇرىدۇ.

5 ـ كۆيۈك، چۆللۈك تاغلار، ئاندىن قۇم بارخانلار، بۇلار قانداق ھاسىل بولغان؟ قايسىسى قوزۇق بولىدۇ؟ تاغلار باشقا جىسىملار زېمىنغا سوقۇلۇش بىلەن ياكى گۈمۈرلۈش بىلەن ياكى يانار تاغ بىلەن پارتىلاش بىلەن ياكى ئېگىز ـ پەسلىك ھاسىل بولۇش، تەۋرەش سەۋەبىدىن دېگەندەك ياكى كىچىك ئارال ئۆسۈش بىلەن چوڭىيىش بىلەن ياكى دېڭىز قۇرۇقلۇققا، قۇرۇقلۇق دېڭىزغا يۆتكىلىش بىلەن ياكى ئاللاھ، بىر ۋاستە، سەۋەبسىز يارىتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. قانداق ھاسىل بولسۇن، قاراڭ تاغلار تۇرۇپتۇ، سىز ئۇنى كۆرۈۋاتىسىز، ئاللاھ ئۇلارنى ھېكمەت بىلەن خىلمۇ ـ خىل قىلدى، ھەممىنى يېشىل ئورمانلىق قىلمىدى، ھەممىنى كۆيۈك تاش قىلمىدى، ھەممىنى مۇز، قار قىلمىدى، ئىنسانلار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھېكمەت بىلەن بارلىق يەرشارىدىكى ھەممە ھاياتلىقلارنى مۇھتلارنى كۆزدە تۇتۇپ ياراتتى، ھەربىر تاغ، زېمىننى تۇتۇپ تۇرۇش رولى بولىدىكەن، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىكەن، قوزۇق رولىنى ئوينايدۇ، بۇلارنى بۇ تەپسىردىن ياكى جۇغراپىيەدىن كۆرۈڭ.

سۈرە فەجر، بۇ سۈرىنىڭ ئىچىدە، سۈبھى مەدھىيىلىنىدۇ.

ھېيت، ھارپا كۈنلىرى مەدھىيىلىنىدۇ، تارىخدىن ئىبرەتكە ئىشارەتتۇر، ئارام تاپقان نەپسىنىڭ جەننەتكە كىرىشى سۆزلىنىدۇ، مەخسۇس ئىلىم، ئىبادەت بىلەن زاھىد بولۇپ ئۆتكەن بىر كىشىنىڭ قەبرىدە ئۆلگەن كۈنى بىر قۇش كېلىپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ، كىشىلەر ھەيران قالدىۇ، بۇ بىر كارامەتتۇر.

ئاللاھ بۇ سۈرىدە جۈپ ۋە تاق سان بىلەن قەسەم قىلغان، ئالىملاردىن، جۈپدىن قۇربانلىق كۈننى تاقدىن ھارپا كۈننى ئالغان، ئەمەلىيەتتە، زاھىرى مەنىسىنى، جۈپ ۋە تاق سانلارنى بىلەن قەسەمدىكى دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ۋاقىت، كېچە ـ كۈندۈز، زامان، ھېساب سانلار بىلەن قەسەم قىلىشى، بۇلارنى ئىسلام دىنىدىكى نۇر مەسىلىسىگە بىرلەشتۈرسە، ئاجايىپ تەرەققىيات، كەشپىياتلارغا ئىشارەت بولىدۇ. چۈنكى، توك، ئىلغار قورال، كومپيۇتېرلارمۇ شۇ نۇر، ھېساب، ساندىن بارلىققا كېلىدۇ، شەرىئەت ئىچىدە پەرىز،

مىراس ئىلمىمۇ ھېساب بىلەن، ماتېماتىكا بىلەن بولىدۇ. ئاسترونوم، يۇلتۇز ئىلمى، بوغالتىرلىق ئىلمى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا مۇنداق قىزىقارلىق سانلار خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى، ماتېماتىكا سىرلىرىنى يازىدۇ.

1 ـ بىر دېگەن سان، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سانلار ئاساسى، ئۇ يوقمايدۇ، ئۇ بولمىسا ھەممە سان يوقايدۇ.

2 ـ ئىككى بولسا، تۇنجى كۆپەيگۈچى، سانلار جۈپى ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ ئۈچ، تۇنجى تاق سان، چۈنكى، تۇنجى كۆپەيگۈچى سان ئىككى، ئۇ جۈپ، تۇنجى جۈپتىن كېيىن كەلگەن سان ئۈچ تاق بولىدۇ.

4 ـ تۆت بولسا، تۆتىنچى يىلتىزلىق جۈپ سان، ئىككىنى ئىككىگە كۆپەيتسە تۆت بولىدۇ. $4=2+2$، $4=2\times2$، $4=1+3$ بولىدۇ.

5 ـ بەش بولسا، دائىرىلىك سان يەنى بەشنى بەشكە كۆپەيتسە يەنە ئۇنى بشكە كۆپەيتسە مەڭگۈ بەش يوقالمايدۇ.

$$5\times5=25 \quad 125=25\times5=125 \quad 125\times5=625 \quad (625\times5=390625)$$

تا ئاخىرغىچە مەڭگۈ بەش يوقاپ كەتمەيدۇ، ئايلىنىدۇ.

6 ـ ئالتە، كامىل سان بولىدۇ $1+2+3=6$ قالغان سان، بۇنداق بولمايدۇ. ئالتىمۇ بەشتەك دائىرىلىك

$(2\times3=6)$ $3+3=6$، $5+1=6$، $4+2=6$ بولىدۇ. بۇ كامىل سان، ئونلار خانىسىدە 28، يۈزلەر خانىسىدە 496، مىڭلار خانىسىدا 8128 كامىل سان ھېسابلىنىدۇ. 12 دېگەن سان زىيادە 8 دېگەن سان، ناقىس ھېسابلىنىدۇ

7 ـ يەتتە، كامىل سان ھېسابلىنىدۇ، بۇ مۇنداق تۇنجى جۈپ سان 2، ئىككىنچى جۈپ سان 4، تۇنجى تاق سان 3، ئىككىنچى تاق سان 5، ئەگەر تۇنجى جۈپ سان ئىككىنى تاق سان 5گە قوشسا $2+5=7$ يەتتە بولىدۇ. ئەگەر، ئىككىنچى جۈپ سان، تۆتنى تۇنجى تاق سان 3گە قوشسا، $4+3=7$ يەنىلا يەتتە بولىدۇ.

8.سەككىز، تۇنجى كۇۋادرات، جۈپ سان، چۈنكى، تۆتنى تۆتكە قوشساق $4+4=8$ بولىدۇ. ئىككىنى تۆتكە كۆپەيتسەك، $2\times4=8$ بولىدۇ، جۈپنى جۈپكە قوشسا، كۆپەيتسە، 8 بولىدى، خۇددى $2+2=4$، $2\times2=4$ بولغاندەك، يىلتىزلىق كۇۋادرات سان.

9 ـ توققۇز، يىلتىزلىق تاق سان، چۈنكى، $3\times3=9$ بولىدۇ.

بەش، يەتتە، ئۇنداق بولمايدۇ.

10 ـ بىر تۇنجى بىرلەر خانىسىدەك، 10 تۇنجى ئونلەر خانىسى بولىدۇ. بىرلەر خانىسى، تۇنجى بىر ئونلەر خانىسى، تۇنجى 10، يۈزلەر 101.

11 ـ ئون بىر، گاچا سان، پۈتۈن سان، چۈنكى، پارچىلىنىشى يوق، يېرىم

$\frac{1}{4}$ $\frac{1}{5}$ $\frac{1}{6}$ $\frac{1}{7}$ $\frac{1}{8}$ $\frac{1}{9}$ $\frac{1}{10}$ دېگىلى بولىدۇ، ئەمما $\frac{1}{11}$ دېيىلمەيدۇ، يەنى ئېغىزدا، ئەرەبچە دېيىلمەيدۇ، خۇمسە، ئۇشرە دېگەندەك.

ھېسابنىڭ، سانلارنىڭ تۇنجى ئاساسى، مۇنۇ ئايەتتە بىلىنىدۇ. ئاللاھ، بىز ھېسابنى، يىللارنى بىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاينى ياراتتۇق دېگەن، سۈرە ئەسىردە زامان بىلەن قەسەم قىلغان بولۇپ، ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىمدۇر، ئۆتكەن ۋاقىت كەتتى، ئىبرەت ئال، كەلگۈسىگە ئىگە بولالمايسەن، ھازىرقى ۋاقتىڭنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگىن، ماكان، ئورۇن، سېنى ساقلاپ تۇرىسىمۇ ۋاقىت، زامان سېنى

ساقلمايدۇ، ئىسلام دىنى بۇ ھېساب، ۋاقىتقا ماتىماتىكا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، قىيامەت كۈنى ۋاقىتتىن، پۇرسەتتىن ھېساب قىلىنىپ سورىلىدۇ.

سۈرە بەلەد، شەھەر مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ، ئىنسان، بۇ ئالەمدە مۇشەققەت ئىچىگىلا يارىتىلغان، سىناق ئالەم بولغاچقا، مۇشەققەتتىن قۇتۇلالمايدۇ، تا جەننەتكە كىرمىگۈچە جاپا ـ مۇشەققەت مەۋجۇد، يەنە، بۇ سۈرىدە، مەخسۇس ئىككى كۆز، ئىككى لەۋ، تىل سۆزلىنىدۇ، بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك، كۆزنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىش مۇھىمدۇر، كۆزنى ئاسراش، كۆرىدىغاننى تاللاپ كۆرۈشكە تېگىشلىكنى كۆرۈش لازىم. كۆزدىنمۇ ھېساب قىلىنىدۇ، تىل بولسا تېخىمۇ شۇنداق.

**(ئاۋاز پەردىلىرى)**

سۈرە شەمسى يەنى قۇياش، سەرە لەيلى، كېچە، سۈرە زۇھا، ئاللاھ بۇ سۈرىلەردە، قۇياش، ئاي، كېچە ـ كۈندۈز، ئاسمان ـ زېمىن، ئىنسان نەپسى، روھى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، مانا بۇلار بىزنى يۇقىرىدا دېگەندەك، كائىنات ئىلمىغا، تەبئىي ـ پەن، كەشپىيات، تەرەققىيات ئىلمىغا، روھ مەسىلىسىنى، ھاياتلىق، قايتا تېرىلىش، قىيامەت، جەننەت ـ دوزاخ ئىلمىنى قوشقاندا، ئاندىن بۇ تولۇق بولىدۇ. ياخشى نەتىجە بېرىدۇ، بۇ سۈرىلەردىمۇ ئاخىرىدا ئاشۇ كائىنات، پەلەك، جۇغراپىيىلەرگە ئىشارەت قىلىپ، ئاخىرىدا بولسا، جەننەت ـ دوزاخ ئىلمىنى قوشۇپ قويىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، دىنىسىزلار ياۋرۇپا ئەللىرىدەك ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات بولسىمۇ، يەنىلا ئاللاھدىن، ئاخىرەتتىن خەۋەرسىز يۈرىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمى پەن قىلىپ، دەرسلىك قىلمىز، بۇ چاغدا ئىككى ئالەملىك سائادەتمەن بولىمىز، بۇ پارە، خۇلاسىگە، ئىشارەتكە ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بارلىق ئىلىم پەن ھېكمەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ، دەلىل بولۇپ بېرىدۇ، سىز باشتا تەپسىلى تەتقىق قىلسىڭىز، كېيىن بۇ قىسقا سۈرىلەر بولسا، ئەسلەتمە، ئىشارەت بولىدۇ، خۇلاسىلەيدۇ.

سۈرە [ۋنشراج] قەلبىنىڭ ھەققە ئېچىلىشى، بۇ سۈرە گەرچە رەسۇلۇللاھقا خاس بولسىمۇ، خىتابلىرى بىزگە ئامدۇر. خۇددى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈۋەتكىنىدەك، ھازىرقى دەۋەتچىلەرنىڭمۇ يۈكنى كۆتۈرىدۇ، بىزگە بۇ مۇنداق دېگەن بولىدۇ. ئى ئىنسان، قەلبىڭنى ھەققە، ئىسلام، ئىمانغا ئوچۇق قىلدىم، ئىلىم ـ ھېكمەت، كەشپىيات، تەرەققىياتقا ئاچتىم، سانائەتلەر ئارقىلىق مەن ئاتا قىلغان بايلىقلار ئارقىلىق ئۈستۈڭدىن ئېغىر يۈكنى كۆتۈردۈم، ئىشىڭنى ئاسانلاشتۇردۇم، شۇڭا، سۈرىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت ئاللاھقىلا يۈزلەن دېگەن بۇيرۇق بار، بىز شۈكرىنى، ئىبادەتنى، تۆۋبىنى، خىزمەتنى، ھەممىنى پەقەت شۇ ئاللاھقىلا قىلىمىز، شۇ ئاللاھقىلا يۈزلىنىمىز، بۇ ئايەت مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇرمىلىغانلىق ئەمەس، خىتابنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ، خاسلىقىدىن ئاملىققا قارىتىپ، خۇددى ئاللاھ بىزگە دەۋەتقاندەك، ھېس قىلغانلىق، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ كەتتى، بۇ خىتاپ قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، بىزلەرنىمۇ مەقسەت قىلىدۇ.

سۈرە تىن، ئەنجۈر دېگەن بولۇپ، ئۆسۈملۈك، دەرەخ ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ، بىر سۈرىنى مەخسۇس ئۆسۈملۈك ئىسمى بىلەن ئاتاپ، يەنە تېخى قەسەم قىلغاندۇر. بىز بولساق، سەل قاراۋاتىمىز، بۇ دېگەن زىرائەت، باغۋەنلىك، بوتانىكا ئىلمىغا ئىشارەتتۇر، ئاللاھ، بۇ سۈرىدە ئىنساننى چىرايلىق، قەددى ـ قامەتلىك، گۈزەل ياراتقىنىنى، ئەگەر ئىنسان بۇنى ھېس قىلمىسا، بىلمىسە، دىنىسىزلارچىلىك تەتقىق قىلمىسا، ئۆز جىسمىدىن، گۈزەللىكىدىن، ئۆزىدىكى ھېكمەتتىن خەۋەرسىز يۈرسە، شۈكرى قىلمىسا، ئەلۋەتتە، مېۋە بەرمىگەن ئۆرۈكنى كېسىپ تونۇردا قالىغاندەك، دوزاخقا سالىدۇ، شۈكرى قىلىش، نېمەتنى تونۇشدىن كېلىدۇ، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ئىبادەت قىلىشمۇ، قۇدرىتىنى، ئىلمى، ھېكمىتىنى، رەھمىتىنى، كۆيۈنگىنىنى بىلسە، ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئايەتلەر يەنىلا ئىلگىرىكى ئىلىملارغا سۈرەتلىك بايانلارغا قايتۇرىدۇ، ئەي ئىنسان، سەن ئون بەش كۈنلۈك ئايدىنمۇ گۈزەل، چۈنكى ئۇ دېگەن بىر تاش، تاغ جىسىمدۇر، سەندە قىممەتلىك ئىمان ـ ئېتىقاد باردۇر.

سۈرە ئەلەق، لەختە قان دېگەن بولىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ سۆزنى ئوقىغىنىدا، ياكى ئاڭلىسا، ئۆزىنىڭ بىر تامچە نىجىس سۇدىن، لەختە قاندىن يارالغىنىنى ئەسلەيدۇ، ئۇنداقتا، بىز بۇ توغرىسىدا قىسقىچە

توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەلەق، زىگوت، بىر جايغا ئېسىلىپ تۇرغۇچى، قۇرت مەنىسىدە بولۇپ، مىكرۇسكوپىدا، رېنتىگېندا تەكشۈرسە، تۆرەلمىنىڭ راستىنلا شۇ قۇرتقا ئوخشاش ھالىتى بولىدىكەن، بۇنى بىز باشتىن سۆزلەپ كېلىمىز، قۇرئان، خاس سۇدىن، مەنى (ئىسپىرما)دىن ئىنساننىڭ يارىلىشىنى كۆپ سۆزلەيدۇ، مۇسنەد ئەھمەدتە، بالا، سۇنىڭ ھەممىسىدىن يارالمايدۇ دېگەن، ھەدىس بار، شۇنداق، بىر تامچە مەنى سۇ، چوڭ بىر كۆلدەك قىياس قىلىنسا، ئۇنىڭ ئىچىدە نەچچە مىليارت ئىسپېرما ھۈجەيرىسى بولىدۇ. بۇ ھۈجەيرە شۇنداق كىچىككى، بىر تال قىلنى 100غا يارسا، شۇ 100نىڭ بىرىچىلىك كەلمەيدۇ ئەگەر 3000نى بارماققا تىزسا، ئىنچىكە ئاق سىزىق ھاسىل قىلىدۇ خالاس.

بىز نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ تۇخۇمدىن چىققىنىنى كۆرىمىز، ئوزۇقى تۇخۇم ئىچىگە جايلاشقان، بۇنداق تۇخۇم ئايالدىمۇ بولىدۇ. بۇمۇ ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ، ئىنساننىڭ چاڭلىششىنى بولسا، ئاشۇ مىليارتلىغان ئىسپېرما ھۈجەيرىسىدىن پەقەت، تاللانغان بىرسىلا تۇخۇمچە ئىچىگە كىرىپ، چاڭلىشىش ئېلىپ بارىدۇ، مانا بۇ، يۇقىرقى ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىدۇر، بالا، سۇنىڭ بىر جۇزئىسىدىن شەكىللىنىدۇ، چاڭلىشىپ، ئون كۈندىن كېيىن، بۇلار كۆپەيگەچ، ئانا رەھمى ئىشكىگە بارىدۇ، بۇ دەل ھەيز كۆرۈش مەزگىلى بولىدۇ. بۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ مەقستى، ئاشۇ قاندىن ئوزۇق ئېلىشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھامىلدار ئايال ھەيزى كۆرمەيدۇ، بۇ قانلار بالا ھەمرىيى دەپ ئاتىلىپ، كىندىككە تۇتاش تۇرىدۇ، بۇ ھۈجەيرە ئىككىگە كۆپىيىپ، ئاندىن تا ئاخىرغىچە نەچچە مىليارت، تېرلىيونغىچە 2، 4، 8، 16، 32، 64، 128، مانا شۇنداق جۈپ ھالەتتە كۆپىيىپ ئاخىرىدا بۇلار ئىنسانغا بىر جۈپدىن ئەزا ھاسىل قىلىدۇ. ھەربىر ئەزانى شەكىللەندۈرگۈچى ھۈجەيرە ئايرىم بولۇپ، مانا بۇ ھۈجەيرىلەر ئاشۇ بىر تالدىن كەلگەن، ئالىملار، ئاللاھ مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟ دېسە، ئۇلار سىلى ئەلۋەتتە بىزنىڭ رەببىمىز دەپ جاۋاب بەرگەن، ئەھدە، مىيساقنى دەل شۇ ھۈجەيرىلەر بەرگەن دېيىشىدۇ، بۇرۇنقى تەپسىرلەر، چۇمۇلىنىڭ ئۇششاق ئاق باللىرىغا ئوخشايتتى دەپ يازغان، مانا ئۇ، شۇ ھۈجەيرىلەر بولۇشى، ئادەم ئاتىنىڭ سۇلبىدىن بىراقلا چىقىرىلىپ، ئەھدە ئېلىنىشى، تا قىيامەت كۈنىگىچە بۇ ئىنسان يارىلىدىغان ھۈجەيرە داۋام قىلىشى، دەل شۇ دېگەن. 120 كۈن، تۆت ئايلىق بولغاندا، ئاللاھ بۇ تۆرەلمىگە ئۆز دەرگاھىدىن مەڭگۈلۈك ئالەمدىن روھ، جاننى ئاتا قىلىدۇ. روھ، جان بۇ ئالەمگە مەنسۇپ بولمىغاچقا، ئاخىرى ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىدۇ، ئۇ ھامىنى بىر كۈن مەڭگۈلۈككە ئىگە بولىدۇ، ئىنسان بىر تال ھۈجەيرىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، راۋۇرۇس، بىجىرىم ئەزالىرى ساق، كامىل بىر ئىنسانغا ئايلىنىدۇ، ئۇ بۇ جەرياندا ئاشۇ لەختە قان، بىر چىشلەم گۆش، سۆڭەككە گۆش كىيىشى، چىرايلىق شەكىل ھېچكىشىگە ئوخشىمىغان بىر سۇرەتكە، ھەتتا بارماق ئىزىمۇ ھېچكىشىگە ئوخشىماسلىق بولۇپ، دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، بۇ چاغدا ئوزۇق مەنبەسى، كىندىك كېسىپ تاشلىنىدۇ، بالا ھەمرىيى بولغان قان، خۇددى قىزىل گۆشدەك چۈشۈپ يەرگە كۆمۈلىدۇ، بۇ چاغدا ئىنسان ئاللاھ تەرىپىدىن ئىلھام قىلىنىپ ئانا باغرىدىن ئاق سۈتنى ئىمىشكە باشلايدۇ.

بىر ئوزۇق مەنبەسىدىن ئايرىلىشنى ئالدىن بىلگەن ئاللاھ، سۈتنى تەييارلاپ قويغان، سۈتتىن ئايرىلسا، يەنە نۇرغۇن رىزىق، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئارقىلىق تەيياردۇر، ئاخىرىدا مانا سىز بىزدەك بىر ئىنسان ئاشۇ لەختە قاندىن كېلىپ چىقىمىز، ئاللاھ بۇلارنى بىزلەرگە بىلسۇن، چۈشەنسۇن، شۈكرى قىلسۇن، مېنى تونۇسۇن دەپ، سۆزلەپ بېرىدۇ، ئەمما، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىمدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆزىنىڭ نەدىن، نېمىدىن ھاسىل بولغىنىنى قانداق بولۇپ، پەيدا بولغىنىنى يەنە ئاخىرىدا نەگە بارىدىغىنىنى، ھەتتا ئۆز جىسمىنى، ئەزالىرىنى بىلمەسدىن خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماستىن يەپ - ئىچىپلا ياشاۋېرىدۇ، خۇددى بىر ئىت، جاڭگالدا ئىز - دېرەكسىز يوقالغاندەك، بۇ دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىدۇ، كېيىنكىلەر ئەسلەپمۇ قويمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئەسلىگىدەك بىرەر نەرسە، پايدا - مەنپەئەت، كەشپىيات قالدۇرمىغان، ئىدسون جېنىدا توكنى كەشىپ قىلىپ، كەتكەن ئىدى، مەخسۇس خاتىرلىنىدۇ، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، ئاشۇلارنىڭ ئورنىدا بىر مۇسۇلمان بولغان بو لسا، نېمىدىگەن ياخشى ھە! ساۋابى دەپتەرگە سىغماي قالاتتى.

بىز بۇ سۈرىدە، زىندانى، فىلىم قىلىپ ئىشلىگەن كىتابىدا يازغان بىر مۆجىزىگە ئىشارەت قىلىپ

ئۆتىمىز، ئۇ بولسىمۇ مىڭە مەسلىسى، **15** ـ **61** ـ ئايەتتە ئەگەر ئۇ بۇ گۇمراھلىقىدىن يانمىسا، ئۇنىڭ يەنى گۇناھكارنىڭ يالغانچى، خاتالاشقۇچى چېكىسىدىن، كوكۇلىسىدىن، يەنى مېڭىسىدىن تۇتۇپ، سۆرەيمىز دېگەن. ئالىملار بۇنى يالغانچى، گۇناھكارنىڭ دەپ يازغان، ئەمەلىيەتتە، زاھىرى مەنىسى كاززاپ، خاتىئەلەر، چېكىگە، كوكۇلىغا سۈپەت بولۇپ، يالغانچى، خاتالاشقۇچى، چېكە، مېڭىسىدىن تۇتىمىز دېگەن بولاتتى، بۇ چاغدا، مۇنداق بىر مۆجىزە ئاشكارىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان مېڭىسىدە، چېكىسىدە، كوكۇلىسىدا خاتالىشىدىغان، ئۇنى گوللاپ يالغان سۆزلىگىلى سالىدىغان مەلۇم جايدا مەلۇم ھۇجەيرە، نېرىپلار بار ئىكەن، ئىنسان شۇ سەۋەبىدىن خاتالىشىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازغاندىكىن يالغان سۆزلەيدۇ، مانا بۇ مۆجىزە، يەنە بىرسى بولسا، ئىككى ئايال بىر ئەرنىڭ ئورنىدا گۇۋاھچى بولىدىغان، ئەگەر بىرسى ئۇنۇتسا، يەنە بىر ئايال ئەسلىتىدىغان مەسلە بولۇپ، بۇ جايدىمۇ مىڭە، چېكىسىدە ئايال سۆز قىلىۋاتقاندا، ئەرنىڭكىدەك ئىشلىمەي، تورۇۋالىدىغان ھۇجەيرە، سىزىم بارلىقى ئىسپاتلانغان.

ئاللاھ، ئەررەھمان سۈرىسىدە، قۇرئاننى ئۆگەتتى، بايان، سۆز، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆگەتتى، دېسە، بۇ سۈرىدە ئوقۇغىن، دەپ ئاندىن ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى، ئۆگەتتى دەپ كېلىدۇ. مانا بۇ مائارىپ، مانا بۇ ئىلىم، مانا بۇ قەلەم، كىتاب، مانا بۇ نەشرىيات، گېزىت ـ ژۇرنال، ماقالە، ھەتتا ئىنتېرنېت تورى ئالاقىسىدۇر. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىلىم ـ مەرىپەت دەلىللىرى بولماس.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا قەلەمنىڭ خاسىيىتى، ئۇلۇغلىقى، خىزمىتىنى، ئىسلام مائارىپىنى، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنى، نۇرغۇن ئايەت، ھەدىسلەرنى دەلىللەپ سۆزلەيدۇ. ئۇ ھەتتا، توققۇز خىل قەلەمنى، قەلەم تارىخىنى، تۈنجى خەت، يېزىقنى ھەتتا، ھەرخىل يېزىق شەكلىنى، خەت نۇسخىسىنى، قەدىمى خەت شەكىللىرىنى سۈرەتلىك ھەتتا رەسىملىك، قۇش سۈرەتى بىلەن يېزىلىدىغان خەتلەرنى سۈرەتلىك كەلتۈرىدۇ، بۇلار مۇنجىد لۇغەت كىتابىدا، خ ھەرپىدە چىقىدۇ، ئۇ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈشى ئۈستىدە مۇنداق توختىلىدۇ.

ئىنسانلار ئىلىمگە موھتاج، ئىلىم چەكسىزدۇر. بۇندىن كېيىن، ئىسلام ئۈممىتى، ئىسلام تەلىمى، مائارىپى، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولۇشى لازىم. ئىنسانلار دۇنياسى، مۇشۇ ئۈچ تۈرگە كىرىپ كېتىدۇ.

بىرىنچى، ئىنسان ئۆز ئەقلىنى ساقلىشى، جىسمىنى ساقلىشى، ئۇنى مۇكەممەل ئەخلاقتا ئەدەپلىشى، نەپسىنى پاكلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئۆزى ياشاپ ئوسكەن يۇرتىغا ئۆزى بىللە ياشىغان مىللەت، قەۋمىگە، يېقىنلىرىغا مەنپەئەت بېرىشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، بارلىق ئىنسان تۈرىگە، ئالەمگە، ئۈممەتكە، مەخلۇقاتلارغا پايدا ـ مەپەئەت يەتكۈزۈشى، ئاشۇ دىنىسزلارنى بېسىپ چۈشۈشى لازىم. ئۇ، بۇ سۆزگە مۇشۇ تەپسىرىدە ئەمەل قىلغان، نۇرغۇن تەرەققىيات، كەشپىياتلارنى، سانائەتلەرنى كۆرسەتكەن، ئۇ بۇ جايدىمۇ مەخسۇس كۆۋز، پاختىدىن ياسىلىدىغان **23** خىل سانائەتنى سۆزلەيدۇ، پاختا، مەڭگۇ ئىنسانلارغا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ دېگەن، ئۇ بۇ جايدا جىسمانى تەربىيدىن **20**نى يازىدۇ، ئاددىسى، باللارنى باتۇر قىلىپ چىقىش، ئۆمۈچۈك، قوڭغۇز، چاشقان، پاقىلاردىن خېلى چوڭ كىشىلەرمۇ قورقىدۇ، ھەتتا چاشقان ئۇنىڭدىن قورقۇۋاتسا، ئۇ چاشقاندىن قورقىدۇ، شۇڭا، باللارنى ئاشۇ نەرسىنى كىچىكىدە تۇتقۇزۇپ تەربىيلەك.

ئۇ، ئاندىن جىسمانى ھەم ئەقلى تەربىينى، ساپا مائارىپ مەكتەپ تەربىيسىنى يازىدۇ، تۇغما قابىلىيەت، تۇغما ئەستە تۇتۇش، كەسپى قابىلىيەت، تۇغما ئەخلاق، كەسپى ئەخلاق تەربىيسىنى يازىدۇ، ئۇزۇق مەنبەسىدە باشقا كىتاب ئوقۇش، خەت يېزىش، لۇغەت كۆرۈش، قۇرئان يادلاش بىلەن ئەستە تۇتۇش قابىلىيتىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئەگەر مېڭىنى ئىشقا سالماي قويۇۋەرسە، ئۇ تېخىمۇ دۆتلىشىدۇ، نېرىپ ھۇجەيرىسىدىن ھېساب بېرىپ بولالمايدۇ دېگەن، ئۇ تەلىم ـ تەربىيە، مەكتەپ، پېداگوگىكا پەنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇن تۈزۈم بېكىتىدۇ، قانداق كىشى مۇئەللىم بولالايدۇ، كىم ئەلا نەتىجىدە ئوقۇش پۈتتۈرەلەيدۇ،

كىم تاللىنىشى لازىم دېگەندەك، ئۇ، ئاندىن، ئىلمى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەمەلى تەجرىبە بىلەن ئۆگىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئۇستازلار ئۈلگە بولۇش، تەجرىبە قىلىپ بېرىش، ئىچى ـ تېشى ئوخشاش بولۇپ، ھەمكارلىق بالىلارنى چۈشىنىش، ئارىلىشىش، نەسىھەتنى قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن بىللە قىلىش، مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتەك **8** خىل تۈزۈم بېكىتىدۇ، چۈنكى، ئۇمۇ، بىر مۇدەررىس، ئوقۇتقۇچىدە.

ئۇ، ئوقۇغۇچىلاردا بولىدىغان قورقۇش، ئەنسىرەش، ئېھتىيات قىلىش، باشقۇرۇش، بويسۇنۇش، ئىتائەت، زومىگەرلىك، غەزەپ، باتۇر دېگەندەك خۇسۇسىيەتلەردىن، ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى قانداق پايدىلىنىپ تۇرۇپ، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: ئىنساندا بار بولغان بۇ سۈپەتلەر، خۇسۇسىيەتلەرگە مۇناسىپ تەربىيە بېرىش لازىم. قورقۇشنى ئاللاھقىلا قىلدۇرۇش، ئىنسان زادى بىر قورقىدىغان جاينى تاپمىسا ئۇنىمايدۇ، ئۇنداقتا ئۇ، ئاللاھدىنلا قورقۇشى لازىم، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىشى لازىم. زومىگەرلىك، باتۇرلۇق، غەزەپنى بولسا، قىلىدىغان جايى بار، دەل شۇ جايغا قىلىشنى، دىنسىزلارغا، دۈشمەنگە قىلىشنى ئۆگىتىش، پىششىق، پۇختا بولسۇن، لېكىن، پىخسىق، بېخىل بولمىسۇن، ئۇنىڭ قورقۇشىمۇ، سىز ئاتا يا ئۇستازغا پايدىلىق بولىدۇ. قەلەمنىڭ ئۇچىنى يېرىپ قويسا، خەت چىققاندەك، بالىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئەدەپلەپ قويىسىز، بۇنىڭغا ساۋاب بار، خۇشال قىلغاندىمۇ ياخشى ئويلىنىپ خۇشال قىلىڭ، بۇ ئارقىلىق مېھرى ـ مۇھەببەت، كۆيۈنۈشنى ئۆگىتىڭ، ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئىلمنى، ھېكمەتنى سۆيىدىغان قىلىڭ، ئاللاھ، بالىلارنى بىزدىنمۇ ياخشى تەقۋادارلاردىن قىلا، ئامىن!

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، **70** ياشقا كىرىپ قالغاندا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەرقايسى ئەللەرگە خەت يېزىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ھىجاز، مەككە پادىشاھى ئابدۇلئەزىزغا خەت يېزىپ، ئىسلام ئۈممىتى ئىلىم ئەمەلگە ئىنتايىن موھتاج، مەن بۇ ئۈممەتنىڭ كېسىلىنى تېپىپ، شىپاسىنى، داۋاسىنى يازدىم، ئۇ بولسىمۇ جەۋاھىر ئىسىملىك بۇ تەپسىر شۇ، بۇ كىتابىم ھەرقايسى ئەللەردە قوللاشقا ئېرىشىپ، ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىندى، بۇ ئەسەر، دىن بىلەن ئىلىم ـ پەننى بىرلەشتۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا زور پايدا، تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەچكە، ھىندى، ئىراق، پارىس، بوسىنىيە، نىمساۋىيە، سۇمترا، ماراكەش، تىرابلىس قاتارلىق جايلاردا نەشر ۋە تەرجىمە قىلىندى، سىلەر تەرەپدىن بىر قىسىم قېرىنداشلىرىم ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، سەلەپ، سالىھ يولدا تۇرۇپ، ئەقىدىدە قىلچە تەۋرەنمەي توغرا چۈشىنىپ، بۇ دەۋەتنى، چاقىرىقنى ئېلىپ باردى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، مانا بۇ غەلىبە، ياردەم، ئىشنىڭ ھەق توغرىلىقىغا دەلىلدۇر، چۈنكى، بۇ مۇسۇلمان ئۈممەتلەر ئىجمائىغا، ئىتتىپاققا كەلگەن ئىش بولۇپ قالدى.

مەن سىزنىڭ بۇ پەرىز كۈپايىگە ياردەم بېرىپ، ھەمكارلىشىشىڭىزنى سورايمەن، سىز بىلىسىز، تارىخشۇناسلار بىردەك مۇنداق بىر ۋەقەگە ئىتتىپاقتا كەلگەن، ئۇ بولسىمۇ، پەيلاسوف ئىبنى رەشىد ئەندۇلۇستا يەنى ھازىرقى ئىسپانىيىگە قوغلاندى، ئۇنىڭ ئوقوغۇچىلىرى ئەسەرلىرىنى ياۋرۇپا تىللىرىدا تەرجىمە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، دىنسىزلار تەرەققىي قىلدى، ئەسلى بۇ تەرەققىياتنىڭ ئاساسى بىزنىڭ ئەجدادىمىز، ئەرەب پەيلاسوف، ئالىملار ئىدى، مەن بۇ ئىشنىڭ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن، دەپ خەت يازىدۇ. پادىشاھ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ھەمكارلىشىدۇ، يول قويىدۇ، ھەتتا ھاجىلار خاتىرجەم ئەمىن ھالدا دەۋەت قىلىپ، تەشۋىقات قىلىپ، تىنچ قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، مۇشۇ مەزمۇندا، يەمەن پادىشاھىغا خەت يازىدۇ، ئۇلار ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا **50** نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ، ئىسلاھ ئېلىپ بارىدۇ، مانا شۇ ئوقوغۇچىلار قاتارىدىن بولغان دوكتۇرلار، شەيخلەر ئاجايىپ تەسىرلىك ئىسلاھات ئىشلىرىنى، تەرەققىيات ئىشلىرىنى، نۇرغۇن توسالغۇ قېيىنچىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆز ئەينى ماقالە سۈپىتىدە نەشر قىلىندى.

ئۇ، ھەرقايسى ئەللەردە چاقىرىق قىلىپ يۈرۈپ، خەت ئەۋەتىپ، ئالاقە باغلاپ، ئۆز كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرغان، بۇ زور تەسىر قوزغاپ، بىر قىسىم يۇرت، ئەللەردە ئىددىيىنى ئازات قىلغىچە ئورۇش، جەڭلەر بولۇپ كەتكەن، ئاخىرى نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ، نەتىجىگە، غەلىبىگە ئېرىشكەن، مانا ھازىر، بىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەككە ـ مەدىنىدە ۋە ھەرقايسى ئەللەردە تا بىزنىڭ مۇشۇ دىيارىمىزدا پۈتۈن يەرشارىدا نەشر

قىلىنغىنىنى كۆردۇق، قوللاشقا ئېرىشكەن بىردىنبىر تەرەققىياتقا، كەشپىياتقا، زور غەلىبە، پايدا ـ مەنپەئەتكە، مۆجىزە سىرلارغا يول، ئاساس سالغۇچى، ئەمەلىي نەتىجە، كىتاب، ئەسەر، تالىپ، ئوقۇغۇچى تەربىيەلەپ ئىز باسار قالدۇرغۇچى ئۇستازدۇر. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنياغا داڭقىنى چىقىرىشقا ئىلىم بۇلۇقى، ئىلىم مەركىزى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ، ياردەملەشكۈچى شەيخ، ئۇستاز، تەنتاۋى جەۋھەرى، ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، رەھمەت قىلسۇن، گۇناھىنى، خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىپ، كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلسۇن، ئامىن!

سۈرە قەدىر، ئۇلۇغ بىر كېچىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كېچە **1000** ئايدىن يەنى **84** يىلدىن ياخشى، بۇ پەزلى رەھمەتنى، ئاللاھ بىزلەرگە بەرگەن، مۇددەت قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كامالەت پەزىلەت، ھېكمەت قىممىتى بولىدۇ. كامالەت بولمىغان **1000** ئايدىنمۇ ياخشى بولىدۇ. كامالەت، ئىلىم ـ ھېكمەت، ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ، نەپسىنى پاكلاشمۇ بار، قۇرئاننىڭ چۈشۈشى، ئىلىمغا ئىشارەت بولسا، شۇ كېچىدە تۈنەش، ئەمەلگە ئىشارەتتۇر، رەسۇلۇللاھنىڭ، غاردا ئىتكاپ قىلىش، نەپسىنى، روھنى تەربىيىلىشى، ۋەھيىنى كۆتۈرگىدەك بولۇشى، ھەتتا، پەرىشتىگە مۇلاقات بولۇشى بولسا، ئىنسان، نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەت ئېلىپ ئەمەل قىلىپ، نەپسىنى پاكلاپ، روھى، ئىددىيە تەييارلىق كۆرۈپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسدىن نېرى بولۇپ، مۇكەممەل ئالىم، ئابىد، زاھىد بولالىسا، ئاندىن پەرىشتىدەك سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ، دېگەنگە دەلىللىدۇر.

بۇ ھەقىقىي تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، كامال تېپىپ، ئۇنىڭ روھى مەڭگۈلۈك جايدا ئارام تاپىدۇ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ سۈرە، مانا شۇنداق خىسلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

سۈرە بەييىنەت، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكەتكە چوقۇم دەلىل ـ ئىسپات بولۇشى لازىم. ھەر قانداق سۆزگە دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ، بىردىنبىر ھۆججەت، دەلىل سۆزى، ھەرىكىتى دەلىل، قۇرئان دەلىل، ھۆججەت بۇلار نەقلى دەلىل دېيىلىدۇ. كائىنات ئىلمى بولسا، ئەقلى دەلىل بولۇپ، بۇ، ئۇ دەلىلنى كۈچەيتىدۇ، سىز، بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ھەر ئىككى دەلىلگە ئىگە بولۇڭ، چاقىرىق قىلسىڭىز، ھۆججەت ئىسپاتنى ئالدىدا قويۇپ چاقىرىڭ، بۇ سۈرىدە ئەھلى كىتابلارنى مۇشرىكلارنى گەرچە ئاللاھنى بار، بىر دېسىمۇ، دىنسىز كاپىر ساندى، چۈنكى، ئۇلار شېرىك كەلتۈردى، بۇتقا چوقۇندى، خۇددى ھىندىلار، جۇڭگودا بار بولغان دەرەخكە، ھايۋانغا، گۈزەللىككە، نۇر، ئوتقا، سۈرەتكە، مەشھۇر شەخسلەرگە چوقۇنغاندەك، مەيلى ئۇلار بولسۇن، مەيلى دىنسىز ھېچنىمىگە چوقۇنمىسۇن، ئىسلام دىنىغا كەلمىسە، ھەممىسى دىنسىز، كاپىر ھېسابلىنىدۇ، شەيتانلاردۇر. سۈرە ئاخىرىدا جەننەت، رازىلىق، رەببىدىن قورققان كىشىگە، مەنسۇپ بولدى، ئۇلار دەل ئاللاھ دېگەن ئاللاھدىن ئالىملارلا قورقىدۇ دېگەن كىشىلەر، ئەمما، ئۇ ئەمەل قىلسىلا شۇ دەرىجىگە رازىلىققا ئېرىشىدۇ.

سۈرە زىلزال، يەنى زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلىش مەنىسىدە، بۇ سۈرە، ئىنسانغا بىر بالا، جان ئالغۇچى تەھدىد، خۇددى ھازىرلار ئۆلىدىغاندەك قورقۇنچ بېرىدۇ، قىيامەت كۆرۈنىشىنى ئەسلىتىدۇ. ھەتتا، ئىنسان نېمە بولغاندۇ؟ نېمە بولغاندۇ؟ دەپ كېتىدۇ. مانا بۇ قىيامەت ئىدى، تېرىلىش ئىدى، زەررىچىلىك ياخشى ـ ياماننى كۆرۈش مەيدانى، جازا ـ مۇكاپات، ھېساب، سوراق مەيدانىدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا يەر تەۋرەشنى سۆزلەيدۇ، بىز ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىر ئاز سۆزلىگەن ئىدۇق. ئاساسى سەۋەب، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىرادىسى، بۇ ئىنسان، قېچىپ قۇتۇلالماس، بالادۇر. ئۇ، ئىتالىيىدە يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن **2142** ئادەم ئۆلگىنىنى **4551** ئادەم يارىلانغىنىنى يازىدۇ.

مەن ئۆتكەن يىلى پاكىستاندا يەر تەۋرەپ **70000** ئادەم ئۆلگىنىنى، يارىدارلار سانى ئاز ئەمەسلىكىنى يازىمەن، ھازىر **2006** ـ يىلى كىرەي دېگەندە، جۇڭگودىمۇ قاتتىق يەر تەۋرەپ، نەچچە ئادەم ئۆلۈپ، كام دېگەندە، **2000**دىن ئارتۇق چىدىرلار تىكىلىپ، كىشىلەر تالادا قالغىنىنى يازىمەن، بۇ مۇتىۋاتىر خەۋەر، ئىشەنچلىك.

مەقسەت، مۇشۇنداق بالاسى، ئاپەتلەر كېلىپ، تۇيۇقسىز يامان ئەمەل ئۈستىدە ياكى تايىنى يوق ئىش

ئۈستىدە ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ، ئۆنۈمى بار، تۇتامى بار، نەتىجىسى ياخشى ئۆلسىڭىزمۇ، قىيامەتكىچە ئەسلىنىپ، دۇئا قىلىنىپ تۇرغىدەك ئۆلۈك، دېمەكچى، ئىنسان قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە جان ئۈزۈپ، جان ئۈزگەن ئىش ـ ئەمەل ئۈستىدە نىيىتىگە ئاساسەن قوپۇرۇلىدۇ. (**زەررىچە ياخشىلىق، يامانلىقنى كۆرىدۇ**) دېگەن ئايەت توغرىسىدا، بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەر زەررىچە ياخشىلىق بولسىمۇ، مۇكاپات بار ئىكەن دەپ قولىدىن كېلىشىچە ئاز بولسىمۇ، ئاددى بولسىمۇ، ناچار نەرسىلەر بولسىمۇ، ساۋابلىقنى قولدىن بەرمەيدىغان، كىچىك گۇناھ، مەئسىيەت، ئاسىيلىقدىن ھەزەر قىلىدىغان بولدى، ئىمان بولسا، گۇناھ دېگەن تەسىر قىلمايدۇ، دېگەن ئەقىدىدىن ياندى، كۆزگە ئىلماس نەرسىگە ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن نەرسىنى سەدىقە قىلسا، ساۋاب بولمايدۇ، دېگەن، ئەقىدىدىن ياندى، زادى زەررىچە ياخشى ـ يامان چوقۇم كۆرۈلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلدى، شۇنداق بىر تال قۇلاق، بىر تال تاياقىمۇ ھېساب بار، ھالاللىرىغا ھېساب بار، ھاراملىرىغا ئازاب بار، دىققەت بىلەن يەپ ـ ئىچىپ، كىيىنىپ، ھالالدىن قىلىڭ.

زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلىپ، ئۇ ئۆز قوينىدىكى يۈكلىرىنى مەدەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۆلۈك ئوت، قاتارلىقلارنى چىقارغاندا، دېگەن ئايەت، يەر ئاستى بايلىقىغا ئىشارەتتۇر، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ، قىيامەت يېقىنلاشقاندا، بىر قىسىم ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر چىقىشنى، بەزى دېڭىز، دەريالارمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چىقىرىشنى، كىشىلەرنىڭ باي بولۇپ كېتىشنى سۆزلىگەن. مانا ھازىر نېفىت، گاز، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئالتۇن كان، كۆمۈر، ھەرخىل ماددا، ئېلېمېنتلار، يەرئاستى بايلىقلار چىقتى، كىشىلەر بېيىپ كەتتى، سەپەر، خەلقئارالاشتى، ئالەم كىچىك كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا، باشقا پىلانېتتىن ھاياتلىق ئىزدەۋاتىمىز، شۇ ھاياتلىقنى ئىزدەش، بىزنىڭمۇ ھاياتىمىزنى ئىزدەشتۇر، قىيامەت ئاز قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، بۇ ئاز ۋاقىت، نەچچە مىڭ نەچچە مىليون يىل بولىشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى، بۇ ساماۋى نەزەر بىلەن شۇنداقتۇر، قانداق بولسۇن، بۇ بىزگە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، شۇ كۈندە زەررىچە ياخشى ـ ياماننى كۆرۈش، جازا ـ مۇكاپاتنى كۆرۈشتۇر، ئاشۇ بايلىقلاردا ياخشىلىق قىلىشتۇر.

سۈرە ئادىيات، يەنى غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا، ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئاتلار بىلەن قەسەم قىلغان، بۇ قەسەم، ئاياغلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، تانكا، بومباردىمانچى ئايروپىلان، ئەسكەر توشۇيدىغان ماشىنىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئايەت، موۋرىيات يەنى ئوت چىقارغۇچى دەپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى ئۇرۇشدا قوللىنىلىدىغان قاتناش قوراللىرىدۇر، ئۇلار، ئاللاھقا سۆيۈملۈكتۇر، سۈرە ئاخىرىدا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، ئولجا ئېلىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە، دېدەك، كېنىزەك، چۆرىلەرگە ئىگە بولۇپ، ھەق يولدىن ئېزىپ، پەزىلەتتىن قۇرۇق قېلىشىدىن، قىيامەتتىن غەپلەتتە قېلىشتىن، ھەزەر قىلدۇرغان، ئاللاھ، قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، ئۇ دىللىرىدىكىنى بىلىدۇ دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى سۈرىنى كەلتۈرۈپ، قىززىق ئوتتىن ئاگاھلاندۇرغان، شۇ چاغدا، مۇجاھىدلار نەپسىگە، راھەتكە بېرىلمەي، توختىماستىن ھەرىكەت قىلىدۇ، كېڭىيىدۇ، ئاجىز مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزىدۇ.

سۈرە قارىئە، بۇ دىلنى قاققۇچى مەنىسىدە، قىيامەت كۈنىنىڭ بىر ئىسمى، شۇنداق، بۇ سۈرە ۋە بۇنىڭ ئوخشىشىدىكى ئايەتلەر، قەلبنى قاتتىق سىلكىپ، يۈرەكنى ئېغىزغا تىقىپ قويىدۇ. تېخى بەزىلەرنىڭ جېنىنى ئالغان تارىخلار بار، بۇنى، ئايەت تەسىر قىلمىغانلار قەتئىي بىلمەيدۇ. بۇ سۈرە، قىيامەت كۆرنىشىنى، دەھشەتلىك، قورقۇنۇشلۇق كۈننى، مىزان ئالدىدىكى خىجالەتلەرنى ئەسلىتىدۇ.

تاغلار ئېتىلغان، يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ دېگەن ئايەت، بۇ ئالەمنىڭ ھامىنى بىر كۈن ۋەيران بولۇشىنى، بۇ يەرشارىدا غايەت زور بىر پارتلاشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئاھ! پەرۋەردىگا، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، قىززىق ئوتتىن ساقلىغايسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنۇ كېيىنكى سۈرىگە قاراڭ.

سۈرە تەكاسۇر، يەنى تاكى قەبرىستانغا بارغانغا قەدەر، پۇل ـ مال، باللارنىڭ كۆپيىشى سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى، كېيىنچە راستىنلا بىلىپ قالىسىلەر، راست، قارىساق بارلىق ئايەتلەر بىر خىل ھالەتتە، مال ـ دۇنيانى، باللارنى، ئەۋلادنى، ھەقتىن توسقۇچى ھەتتا، مۇناپىق قىلىپ قويغۇچى، جاننى ئاخىرىدا كاپىر ھالدا، چىقىرىشقا سەۋەب بولىدىغان قىلىپ بايان قىلىدۇ

سۈرە تۆۋبىدە، **55 ـ 85** ـ ئايەتتە، ئوخشاشلا، باللار، ماللار سەۋەبلىك ئۇلارنى ئازابلاش، ھەتتا كاپىر

ھالدا جىيىنى ئىلىش، تەكرار كەلگەن، چۈنكى، بۇ سۈرە مەخسۇس ئىلىم، ئىبادەت، جىھادنى كۆزدە تۇتىدۇ.

سۈرە مۇنافىقىمۇ سۈرە تاغابۇندىمۇ شۇنداق، ئاخىرىدا مۇنۇ سۈرىدىمۇ قايتا ـ قايتا سۆزلىگەن، چۈنكى، بىز، بىز ئىنسان، ھەقىقەتەن غاپىل، نادان، جاھىلمىز، ئاخىرىدا تېخىمۇ ئېغىر بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، ھېساب، دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن بارلىق نېمەتلەردىن سوراق قىلىنىسىلەر، **8** ـ ئايەت.

ھاياتلىق، ۋۇجۇد، كائىنات، رىزىق، ساقلىق، مال ـ مۈلۈك، گۈزەللىك، ئىلىم ـ ھېكمەت، رەھىم ـ شەپقەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىلىم ـ پەندىكى كەشپىيات، تەرەققىيات، سانائەت، بارلىق بايلىقلار، ھەتتا ماددا، ئېلېمېنتلارمۇ بار، پۈتۈن ئىككى ئالەملىك نېمەتتىن ھەتتا، قۇرئان تەلىمىدىن سوراققا تارتىلىسىلەر، بولۇپمۇ، بىز بەكرەك تارتىلىمىز.

ئاللاھ، سۈرە ئەسرىدە، زامان بىلەن قەسەم قىلدى، بىز قەسەمنىڭ مۇھىملىقىنى، شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلىگەن، قاراڭ، مۇھىم ۋاقىت ئۈستىگە يەنە مۇھىم بىلدۈرىدىغان قەسەم كەلسە، مۇھىملىق ئۈستىگە مۇھىملىق بولىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەڭ، ھاياتلىق قايتا كەلسىمۇ، بۇ ئالەمگە كەلمەيدۇ.

ئادەم، ئىككى قېتىم ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ.

شۇڭا، سىز ھەق ئۈستىدە، ئىمان بىلەن جان ئۈزۈشكە تىرىشىڭ، بۇ سۈرىنى ئىككى ساھابە، بىر ـ بىرىگە ئوقىمىغىچە ئايرىلمايتتى، چۈنكى، بۇ سۈرە، سەۋرگە، ھەققە ۋەسىيەت قىلاتتى، ھەرقانداق بىر ئىش، ھەق ئۈستىدە بولسا، تىرىشچانلىق سەۋرچانلىق بولغاندا، ئاندىن ياخشى نەتىجە بېرىدۇ.

شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇشۇ سۈرىلا چۈشكەن بولسىمۇ كۇپايە قىلاتتى دېگەن. چۈنكى، ئىنسان ئاللاھنى تونۇسا، ئەقىدىسى بولسا، ھەق ئۈستىدە بولسا، سەۋر قىلسا، ئىماندىن كېيىن، پەرىز ۋاجىپ، سۈننەتتىدىن ئىبارەت سالىھ ئەمەللەرنى قىلسىلا، ئاللاھدىن قورقۇپ، گۇناھدىن يانسىلا، ئىككى ئالەم بەختىنى تاپىدۇ، خالىققا ئىبادەت قىلىدۇ، مەخلۇققا ياخشىلىق.

سۈرە ھۇمەزە، قاراڭ، بۇ سۈرىمۇ بايلىق، مال ـ دۇنيا، پەخىرلىنىش، ھوقۇق، مەنسەپ، بىلەن كىشىلەرنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلغان، پۇللار بولسا، ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ. ھازىر بارلىق ئىشلار ئىختىسادقا قاراپ قالدى، پۇل ھەل قىلىدۇ پۇل! دەيدىغان پۇلنى ئىلاھ بىلىدىغان، پۇلغا بەندە بولۇپ، چوقۇنىدىغان بېخىل، پىخسىق كىشىلەرنى ئاشۇ ھۇمەزە ئىسىملىك دوزاخقا بۆيرىيدۇ. ھۇمەزە دېگەن مەخسۇس ئاللاھ ياققان ئوتتۇر.

ئۇ، مال ـ دۇنيانى، مەنبەسىنى، ھوقۇقىنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى دوست تۇتۇپ، ئاللاھنى ياخشى كۆرەلمىگەن، ئاسىي قەلبكە، يۈرەككە ھارارىتى يېتىپ بارىدىغان قىززىق ئوتتۇر، نېمە ئۈچۈن، ھارارىتى يۈرەككە يېتىپ بارىدۇ؟ بۇ ئاسىي يۈرەك (قەلب) ئاللاھنى قويۇپ، مال ـ دۇنيانى ياكى ئەرزىمەس بىر جاھىل، نادان، پاسىق، ساھىبجامالنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭلىرىنى شۇ دەرىت ـ ئەلەملەر بىلەن ئۆتكۈزگەن، تا ئۆلگىچە ئاللاھقا مۇھەببىتىنى، تەرەققىي قىلدۇرالمىغان، (ئىلاھى) خالىققا ھەقىقىي ئاشىق ئەمەس، (مەجازى) مەخلۇققا ئاشىق قەلبدۇر.

سۈرە فىيل، تەنتاۋىي رەھمەھۇللا ئەلەي، ئالدى بىلەن پىلنى تەتقىق قىلىدۇ، پىل ئافرىقىدا، ھىندى دىيارلىرىدا ياشايدۇ. **25** يىلدا بىر تۇغىدىغان ئاجايىپ چوڭ مەخلۇق، ئۇ ئېغىرلىقى **3** ـ **4** توننا مالنى، يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ.

بۇرۇندىن ئۇرۇشتا ئىشلىتىلەتتى، ھازىر بولسا، ساياھەت، تاماشا، پەخىر، يۈك كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەڭ ئەۋزىلى، ئاق پىل بولۇپ، ھىندىلار، بۇ پىلغا چوقۇنىدۇ، شۇنى بىلىۋېلىڭكى، ئۇسەيمىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەگنى بار دەپ پىلنى ھارام دېگەن، يەنى يېيىش ھارامدۇر.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ جايدا پىلنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ، مۇنداق دەيدۇ: بىر پىل، ماشىنچىنىڭ دۇكىنى يېنىدا تۇرسا، ئۇ قېيىشىپ، بۇرنىغا يىڭنىسىنى سانجىپ تەئەججۇبلىنىدۇ. پىل، قايتىپ كېتىپ، بۇرنىغا نىجاسەت قاچىلاپ كېلىپ، بۇ دۇكانغا پۈركۈيدۇ، بۇ سۈرىنىڭ قىسسىسىدىمۇ مەھمۇد

ئىسمىلىك چوك پىل، مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگىلى ئۇنىماي، يېتىۋالغان، تارىخى باردۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىش ئۇگەتسە، قىلالايدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ھىندىلاردا مەۋجۇد.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، يەنە مۇنداق دەيدۇ: سۇرە بەقەرنىڭ بېشىدىكى الم دەل مۇشۇنداق سۇرىدىكى ئايەتلەردىكى الم گە ئىشارەتتۇر. مەقسەت، مۇشۇ جايدا مۇھىم ئىبرەت بار دېگەننى بىلدۇرىدۇ، بۇرۇنقى سۇرىلەردە بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆججەت، دەلىل قويۇپ، دىنسىزلارنى تەۋھىدكە قايىل قىلىشى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشلەر، جىھاد قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا ئىشارەت قىلغان. بۇ سۇرىدە بولسا، ئاللاھنىڭ مەككىنى، كەبىنى قوغداپ، دۈشمەننى ھالاك قىلىشىغا، زور قوشۇنغا ئاسمان ـ زېمىندىكىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قوشۇنى بولۇشىغا ئىشارەتتۇر. تېخىمۇ مۇھىم تەرىپى شۇكى، بۇ قۇشلار ئاتقان تاش، بۇرۇنقىلار چۈشەنگەن تاش بولماستىن، ۋابا كېسەللىنى يۇقتۇرىدىغان مىكرۇپ، ۋىرۇسلار بار. تاش بولۇشى مۇمكىن دېگەن تەپسىرى بۇ خىل تەپسىرگە سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللا ئەلەيمۇ قوشۇلۇپ، چوقۇم ئۇلار ۋىرۇسلانغان ۋاباغا يولۇققان دەپ يازىدۇ، تارىخمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار تىتىلىپ كەتكەن، چۈنكى ئۇلار، گۆشلىرى تالا ـ تالا بولۇپ كېتىدۇ، خۇددى سامانغەك.

سۇرە قۇرەيش، ئەسلى بۇ نەزەر ئىبنى كەنانەنىڭ باللىرىدىن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاشىم جەمەتى مەنسۇپ بولغان قەبىلە، مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان، ئاللاھ سۇرە تەكاسۇردا، نېمەتتىن سورىلىسىلەر، دېگەن بولسا، بۇ سۇرىدە، شۇ سورائقا تارتىدىغان نېمەتلەرلەرنى سۆزلىگەن، ئۇ بولسىمۇ، بۇ قەبىلىنى ئەرەبلەرنى مەككە، كەبە ئەھلىنى خاتىرجەم، تىنچ، ئەمىن قىلىشى، خىلمۇ ـ خىل ئۇسۇلدا رىزىق، تائام بېرىشى، قىش ـ يازدىكى تىجارەتلەرنى بايان قىلىدۇ. تىجارەت زور نېمەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ، جازاسىدىن خالى بولسا، ھالال قىلغان ھوقۇقدار، ھاكىمىيەت، ئىشچى ـ خىزمەتچى، دېھقانلاردىن باشقا بارلىق ئىنسانلار تىجارەت بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ، بۇ سورائقا تارتىشقا تېگىشلىك قىلىپ قويىدىغان نېمەتتۇر، ئەرەب ئەللىرى بولۇپمۇ مەككە خەلقى، كەبە، ھازىرمۇ تىنچ، ئەمىندۇر، بارلىق خەلىپە، پادىشاھ، سۇلتانلار دەۋرىدىمۇ تىنچ ئەمىن ئىدى، دىنسىزلار، دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا ئالدىراپ ھۇجۇم قىلالمايدۇ، ئۇنداق قىلسا بارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، كەبە، پۈتۈن مۇسۇلمانلار قەلبىدە مۇقەددەس جاي، مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتە يەنىلا خاتىرجەم، ئەمىن بولسۇن.

سۇرە مائۇن، دىننى ئىنكار قىلغان، ئېشىدا ئىنكار قىلالمىسىمۇ، قەلبىدە ئىنكار قىلىدىغان، يېتىمنى دۈشكەلەپ، ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان، پۇل ـ ماللىرىنى ھەق يولغا، مىسكىنلەرگە چىقىم قىلمايدىغان، ناماز ئوقىسا سەھۋە قىلىدىغان، رىيا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ خىجىللىقنى ياخشى كۆرىدىغان، رىيادىن ئىبارەت مەخپى شېرىك قىلىدىغان كىشىلەرگە بىخىللىقىدىن قولىغا ئۆتنە ـ يېرىم، ھاجەت چۈشۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى بەرمەيدىغان، مۇناپىقلارنى سۆكۈپ، ئۇنىمۇ دىنسىز قاتارىدا ساناپ، دىننى ئىنكار قىلدى دەپ ئەيىبلەيدۇ.

كېيىنكى سۇرىدە بولسا، نامازنى، قۇربانلىقنى، بىر ئاللاھقا قىلىشنى بۇيرۇپ، بۇ رىياخورنىڭ ئەكسىنى قىلىشقا بۇيرۇغان.

كەۋسەر، رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن بىر بۇلاق، شاراب ئىسمى، ئالىملار ئۇنى ياخشىلىق دەپ تەپسىرلىگەن، ئۇنى بىر ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئۇ ھەسەلدىن تاتلىق، قاردىن سوغۇق، سۈتتىن ئاقتۇر، ھازىر، ئىنسانلار بۇ سۈپەتتىن پايدىلىنىپ، دۇنيا شارابلىرىنى، ئىچىملىكلىرىنى ئۇنىڭغا ئوخشۇتۇۋۇپ، ھەتتا ئىسمىنىمۇ قويىۋالىدۇ، لېكىن، ئارىلىقدا ئىككى ئالەمچە پەرق باردۇر. پەقەت، ئىسمىلا ئوخشاش.

سۇرە كافىرۇن، سۇبھانالللا! بۇ سۇرە كاپىرلار دەپ ئاتىلىپتۇ، خۇددى بىر سۇرە مۇناپىقلار دەپ ئاتالغاندەك، يەنە تېخى ئى كاپىرلار، مەن سىلەر چوقۇنىدىغان بۇتقا چوقۇنمايمەن، دېگىنى، توغرا، بىز، دىنسىزلار، كاپىرلار، يەھۇدى، ناسارالار، بۇددا دىنىدىكىلەر، مەجۇسىلار، ھەرخىل دىنسىز يەنى ئىسلام دىنىغا چوقۇنمايدىغان بىر ئاللاھقا بويسۇنمايدىغان بارلىق خەلقتىن، ھاكىمىيەتتىن بىزار، ئۇلار بىزگە دۈشمەن، قاتتىق

ھەزەر قىلىڭ، سىزمۇ مەن سىلەرگە ئەگەشمەيمەن، مەن سىلەردىن، پارتىيەڭلاردىن، تەشكىلاتىڭلاردىن بىزار، بۆگۈندىن باشلاپ، سىلەر مېنىڭ دۈشمىنىم! دەڭ، ھېچ بولمىغاندا، مۇشۇ خىل ئېتىقاد قەلبىڭىزدە بولسۇن، بۇ سۈرىنى ئالىملار مەنسۇخ يەنى جىھادقا بۇيرۇش ئايىتى بىلەن ماڭا، مېنىڭ دىنىم سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ دىنى دەيدىغان بۇنداق ئىش قالمىدى، ھازىر ئۇلار يا مۇسۇلمان بولىدۇ، يا باج تاپشۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىگە بويسۇنىدۇ، يا قىلىچ ئاستىدا جان تەسلىم قىلىدۇ دېگەن بولسىمۇ، بۇ سۈرە يەنىلا مۇھەببەت ـ نەپرەت، مەيدان ئايرىيدىغان سۈرىدۇر، كاپىرلاردىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ.

سۈرە نەسىر، ياردەم، نۇسرەت، غەلىبە مەنىسىدە بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭمۇ مۇشۇ تەپسىرىدىكىدەك، ئىلىم ـ ھېكمەتنى، ئىلىم ـ پەننى، كەشپىيات، تەرەققىياتنى قولغا ئالسا، چوقۇم ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاق بولۇپ، ئىلغار قورال كۈچى بىلەن نۇسرەتكە، غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە بۇ سۈرە، رەسۇلۇللاھنى ئىستىغفار ئېيتىشقا بۇيرۇپ، ئەجەلىنىڭ توشقانلىقىدىن خەۋەر بەرسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت، غەلىبە بىشارىتى بېرىدۇ. ئاشۇ توپ ـ توپ بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئەزىمەتلەرنى ئەسلىتىپ، شۇلاردەك بولۇشقا چاقىرىدۇ. مۇسۇلمانلار شۇلاردەك بولالىسىلا، غەلىبە قىلالىشىدا گەپ يوق، ئۇلار بىزدەك قورقۇنچاق، سولاش، مىس ـ مىس، ھورۇن، مۇتەفەررىق، ئىختىلابچى، جىدەلخور، نادان، جاھىل، بېخىل، دۇنياپەرەس، خۇشاماتچى، غاپىللاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار دېگەن مەخسۇس قۇرئان ئايىتى ماختىغان ساھابىلەر، تابىئىنلار، مۇجاھىدلار، ئىمان ـ ئېتىقادىدا كامىل، تەقۋا مۆئمىنلەر ئىدى.

سۈرە مەسەد، بۇ ئىسىم سۈخەنچىنى، دوزاختىكى مەھكەم ئىشلىگەن ئوتتىن بولغان، ئارغامچا بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ، گەپ توشۇش ئارقىلىق قىلىۋاتقان سۈخەنچىلىكىدىن توسىدۇ، بۇ سۈرە، قۇرئاننىڭ تارىخى مۆجىزىلىرىدىن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئەبۇلەھەب بىلەن ئۇنىڭ سۈخەنچى خوتۇنىنى، ئۇلارنىڭ ھايات چاغدىلا دوزاخقا كىرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەن، ئۇلار ئايەت دېگەندەكلا، كاپىر ھالدا ئىمانسىز ئۆلگەن، خۇددى ئون بىر ساھابىنى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىس، ئۇلار راستىنلا ئىمان ئۈستىدە كېتىپ، ھەتتا شېھىد بولۇپ، ھەقىقىي رۇشەن مۆجىزىگە ئايلانغاندەك، بۇلار تارىخى مۆجىزە.

تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ سۈرىدىن مۇنداق بىر نازۇك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇۋاتقان ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى خارلىغانلار، ياكى سەۋەب بولغانلار، خۇددى بۇ ئەر ـ خوتۇن دۇنياغا ئىلان قىلىنغاندەك، ماقالە، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىلان قىلىنسا، ھاقارەتلەنسە، ئەيىبلەنسە، ئارقىسىدىن گېپى قىلىنسا، غەيۋەت ئەمەس، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بىزمۇ ئۇلارغا قارشى تاقابىل تۇرىشىمىز لازىم دېگەن، تەشۋىقات مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ قەلەم ئۇرۇشىدۇر.

سۈرە ئىخلاس، ھەر جەھەتتىن، ئىخلاس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ سۈرە، ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلار، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىزنى نېمىگە چاقىرىسەن؟ دەپ سورىسا، رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىمەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار ئاندىن ئۆز بۇتلىرىغا قىياسەن، قېنى دەپ باق، بىزگە سۈپەتلەپ بەرگىن، ئۇ ئالتۇندىنمۇ، كۈمۈشتىنمۇ يا تۆمۈرمۇ يا ياغاچمۇ؟ دەپ سورىدى، دەل شۇ چاغدا بۇ سۈرە چۈشۈپ، ئۇ، ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ موھتاج ئەمەس، بەلكى ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇنىڭ خوتۇنى يا بالىسى يوقتۇر. ئاتا ـ ئانىسى ھەم يوقتۇر، چۈنكى، ئۇ دېگەن خالىق، ياراتقۇچى، ئوخششى يوقتۇر، تەڭدىشى يوقتۇر. تۇغۇلغان يا تۇغقان ئەمەس، بۇ دېگەن مەخلۇقنىڭ سۈپىتى، ئۇ مەخلۇققا زادى ئوخشاشمايدۇ، چۈنكى، ئۇ خالىق ھەممىنى ياراتقان، بارلىق ھادىسىنى پەيدا قىلغان، ياراتقۇچى، ئۇ ماددا، جىسىم جەۋھەرمۇ ئەمەس، چۈنكى، بۇلارمۇ مەخلۇق سۈپىتى ئۇنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، چۈنكى، بۇمۇ مەخلۇق سۈپىتى، ئۇنىڭ ئوخششى يوق، زادى ئوخششى يوق، ئۇ، ئەۋۋەل ئەزەلدىن بار، ئاخىر مەڭگۈ ئەبەدى باردۇر.

مانا بۇ سۈرىنى، بىر ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ **1/3** قىسمىنى ئوقۇغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سۈرە، تەۋھىدنى كۆرسىتىدۇ، قۇرئاننىڭ **1/3** قىسمى تەۋھىد، مانا بۇ تەۋھىد، مانا بۇ ئەقىدە، مانا بۇ ئىلاھلىق نەزەرىيىسى، ئىسلام دىنىنىڭ بىر خۇدالىق دىنى، نەزەرىيىسى، ئېتىقادتۇر، بۇ خىل نەزەرىيە، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقاد، كۆز قارىشى، نەزەرىيىسى بارلىق دىندىن يۈكسەك، يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنداق دېيىشقۇ ھاجەتسىز، چۈنكى ئۇلار، باتىل، شېرىك دىندا، پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، كاپىرلاردۇر. تەنتاۋى رەھمەھۇللا

ئەلەي، بۇ سۆزنى ئىسپاتلاپ، مۇنداق بىر ۋەقەنى يازىدۇ، **1931** ـ يىللىرى، ئامىرىكىلىق تۆت مۇسۇلماننى كۆرىدۇ، ئۇلاردىن سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭلارغا نېمە سەۋەب بولدى دەپ سورالسا؟ ئۇلار، بىز قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغان، بۇ سۈرە ئىخلاس بىزنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى، ئىلاھ توغرىسىدىكى نەزەرىيىمىزنى توغرا قىلدى، كۆڭلىمىزدە، دىلىمىزدا بار چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىز شەكسىز مۇسۇلمانلاردىن بولدۇق دېگەن.

سۈرە فەلەق، سۈرە ناس، مەنىسى سۇبھى ۋە ئىنسانلار، ئەگەر سەن ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان ئالىم بولساڭ، ئىنسانلارنىڭ جاھالەت زۇلمىتىنى، سۇبھى نۇردەك نۇر چېچىپ يوقىتىسەن، بىدئەت زۇلمىتىنى سۈننەت نۇرى بىلەن يوقىتىسەن، ئاللاھ، قۇرئاننى ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىشقا بۇيرۇش بىلەن باشلاپ، دۇئاغا بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇ دۇئا بولسىمۇ، نىجىس، ئىپلاس، پەسكەش، نومۇسسىز، بەدبەخ شەيتاندىن، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەش، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىنىش، بۇ ئىككى سۈرىنى قالقان قىلىپ، تىلاۋەت، زىكرى ـ تەسبىھ، ئىبادەتنى ئوق بومبا قىلىش، ئۇنى ئاچ، ئۇسسۇز قويۇپ، يادىتىپ، قۇرتۇشتۇر، بۇ ئىپلاس، مۇھىم مەركەز، قوماندانلىق ئورنى قەلب، يۈرەككە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەگەر، يۈرەك بۇزۇلسا، ھەممە بۇزۇلىدۇ، ئۇ تۈزەلسە ھەممە تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىنسانلاردىن، جىنلاردىن بولغان شەيتانلاردىن يىراق تۇرىشىمىز، ۋەسۋەسىگە پۇرسەت بەرمەسلىكىمىز لازىم. دۈشمەننى ئوبدان تونۇۋېلىش لازىم، بۇ تاقابىل تۇرۇشنىڭ ياخشى چارىسى.

ئىماننى ساقلاش، شەيتاندىن قۇتۇلۇشقا باغلىق، بولۇپمۇ، ئاخىرىدا جان ئۈزەردە قاتتىق چىڭ تۇرۇش لازىم. مەيلى ئىبادەت، مەيلى كۆرەش، مەيلى ئۆلۈش بولسۇن، يەنىلا ئىلىم لازىم بولىدۇ. **1000** يىل ئىبادەت قىلسىمۇ، ئىلىم ئارقىلىق ئېرىشكەن ئەقىدە، ئېتىقاد، مۆجىزىلىك سىرلار شەكسىز ئىشەنچ، بىر خىل چىڭ تۇرۇش، ئاخىرغىچە پۇختا داۋام قىلىشقا مۇستەھكەم، پولاتتەك تۇرۇشقا، ئىمان بىلەن مۇسۇلمان، مۆئمىن ھالدا دۇنيادىن كېتىشكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇنى مۇنۇ ھەدىس كۆرسىتىدۇ، **1000** ئابىددىنمۇ بىر فىقھى ئالىم شەيتانغا قارىش تۇرۇشدا قاتتىق چىڭ تۇرالايدۇ. (مۇسنەد ئەھمەد)

بىر سائەت تەپەككۇر، بىر يىللىق ئىبادەتتىن ياخشى، ئاللاھدىن ئالىملار قورقىدىغان ئايەت، نۇرغۇن ئايەت ھەدىستە، بۇ مەقسەتنى كۆرسىتىدۇ، مەقسەت، ئىلىم ـ ھېكمەت، ئىبادەت، ئەمەل، تەقۋالىق بىلەن قارىشى تۇرغىلى بولىدۇ، نەپسىنى پاكلاش، زاھىدلىق بىلەن ئىسنى شەيتان، ئايال شەيتان، جىن شەيتان، دۇنيا شەيتان، مال شەيتان، بالا شەيتانغا قارشى تۇرايلى!

ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن تەنتاۋى رەھمەھۇللا ئەلەي، بۇ تەپسىرنى **1922** ـ يىلىدىن باشلاپ، **1935** ـ يىلىغىچە **13** يىل جەريانىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ، قارشىلىقلارغا ئۇچراپ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىپ پۈتتۈرگەن، ۋە شۇ چاغدىلا ئۈتتۈرلۈق نەشىر قىلغان، ئاخىرى بۇ ئەسەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى، ئالىملارنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، نۇرغۇن پەيلاسوف، دوكتۇر، ئالىملار، تەقرىز يېزىپ بەرگەن، قولىمىزدىكى بولسا، ھ **1412** ـ م **1991** ـ يىلى تۆتىنچى قېتىم بېسىلىشىدۇر. ھازىر بۇ ئەسەر پۈتۈن دۇنيادا نەشر قىلىندى، مەككە ـ مەدىنىمۇ نەشر قىلىپ تارقاتتى، مەن بۇ ئەسەرنى **2006** ـ يىلى **1** ـ ئايدا تاللاپ چىقىتىم تۈگەتتىم، بۇ تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار دېگەن ئەسەرنى يېزىشىدىكى مەقسەت، مۇسۇلمانلارنى خۇشۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەشپىياتقا، تەرەققىياتقا، سانائەتكە ئېرىشتۈرۈش، كەلگۈسى ئەۋلادلاردىنمۇ بولسا، پۈتۈن دۇنياغا پايدىلىق كەشپىياتچى يېتىشتۈرۈپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتنى توغرا چۈشەندۈرۈش، ئىددىيىنى ئازاد قىلىش، خاتا ئىددىيىنى، خاتا ئەقىدە، قانۇن ـ پىرىنسىپ، ئەخلاقلاردىن بىز بىزار، ئەمما، تەرەققىيات، كەشپىيات، ۋەسىلە ۋاسىتىنى غەلبىنى قولدىن بەرمەيمىز، سىرلىق مۆجىزىلەرنى، ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى، ئىسلام پەلسەپىلىرىنى بايان قىلىپ، قەلبىگە شىپا، داۋا بەرمەكچى، بۇ ئەسەر مەڭگۈلۈك مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، دائىم ئوقۇپ تۇرۇشۇڭلارنى ھېچبولمىسا، يىلدا بىر قېتىم ئوقۇپ، ئىمان ـ ئېتىقادنى كۈچەيتىشىڭلارنى، شارائىت بولسا، مەكتەپلەردە، بولمىسا شەخسى ئۆيلەردە مەھكەم ساقلاپ، بالىلارغا، ئەۋلادلارغا دەرسلىك قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۇلارنى ئىسلام ئىددىيىسى، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە

تەربىيلىشىڭلارنى، ئاخىرىدا ئۆزۈڭلارنى ۋە ئەۋلادلارنى ئىمان ئۈستىدە مۆئمىن ھالدا، دۇنيادىن ئېلىپ كېتىشىڭلارنى سورايمەن، ئىنسان بالىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خاتالىقدىن خالى ئەمەسمەن، ئاللاھدىن ئەپۇ قىلىشنى، كەچۈرۈشنى، گۇناھىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى دۇئالىرىڭلاردا سوراپ تۇرۇشۇڭلارنى ئەسلەپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن.

## قوشۇمچىلار

ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماپتۇ،

مۆجىزە ـ كارامەت سەۋەبلىك شەك، گۇمان قالماپتۇ.

ئىمان ـ ئېتىقادنى كۈچەيتىش ئۈچۈن،

پېقىر يەنە مۆجىزىلەرنى تاللاپتۇ.

بۇ تەپسىرنىڭ ئاخىرىدا، قوشۇمچىلار دېگەن تېمىدا بىر مەزمۇن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭدا بۇرۇن سۆزلىگەن جايلاردىكى قىسقىچە ئىجمالى سۆزلەرنى تەپسىلى بايان قىلىدۇ. مەن، يەنە بۇلاردىن تاللاش بىلەن بىرگە، ئىنىېترنېت تور بەتلىرىدىن، قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرىدىن تاللايمەن، يەنىلا، مەقسەت، شەكسىز ئىمان، ۋە ئېتىقاتتۇر.

**1** ـ ئاللاھنىڭ ھەقىقەتەن رەھمان ئىكەنلىكىنى، سەھىھ ھەدىستە سۆزلەنگەن، رەھمەتنى **100** پارا قىلىپ، **99** پارىسىنى ئاخىرەتكە ئېلىپ قويۇپ، بىر ھەسسىسىنى دۇنياغا تاشلىغان، ئاشۇ رەھمەت سەۋەبىدىن ھايۋانلارمۇ ئۆزئارا رەھىم قىلىشىدۇ، ئات، تۇۋىقىنى، بالىسىنى ئاياپ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دېگەننى ئەمەلى ئىسپاتلاپ، **4** ـ بەتتىن **9** ـ بەتكىچە نۇرغۇن، ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ئۆز بالىسىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىۋاتقىنى، بالىسىنى قوغداپ، جەڭ قىلىۋاتقىنىنى، سۈرەتلىك كەلتۈرگەن. **(بالىلىرغا كۆيۈنمەكتە)**

بۇلارنى سىز ئەمەلىيەتتىمۇ پىلدىمۇ كۆرەلەيسىز، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ، ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر، سۆزلىرى مۆجىزىدۇر، ئاللاھ، بىزلەرگە ئاشۇ رەھمىتىدىن ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

**2** ـ رادىئو ـ تېلېۋىزور، سۇنئىي ھەمراھ، تېلېفون ئالاقىسىدا، كۆن نۇرى، زەرر**( رەڭ دولقۇنلىرى)**

ىچە، كۆن نۇرىدىن كەلگەن رەڭلەر، دولقۇن كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، سىگنالنى

شۇ ئارقىلىق قوبۇل قىلىمىز، سەۋەبى، نۇر، مانا بۇ نۇر رەڭ، ئاللاھ سىلەرگە قۇياشنى يەنى نۇرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى دېگەن ئايەت شۇ.

**3** ـ **61** ـ ئايەتتە، ئاللاھ، ماھىر ياراتقۇچى، گۈزەل سۈرەت ئاتا قىلغۇچى، ھەربىر نەرسە ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆلچەملىك، زەررىدىن چوڭ ـ كىچىكى پۈتۈلگەن دېگەن ئايەتكە بولۇپمۇ ئاسمانلاردا، زېمىندا نېمە بار، قاراڭلار دېگەن، ئايەتكە، **32** خىلدىن ئارتۇق قارنىڭ سۈرىتىنى كەلتۈرۈپ، بۇلار نېمە ئۈچۈن ئالتە قىرلىق، ئالتە بۇرجەك، بولۇپمۇ، خىلمۇ ـ خىل، بۇ توكدىن، زەررىچىدىن ھەرقانداق بىر تەسىردىن خالى ھالدا، مۇنۇ گۈزەل سۈرەتنى ھاسىل قىلغان، چوقۇم بۇنى ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممە بىلەن بىللە بولغۇچى ئاللاھ قىلدى دېگەن، بىر كۆرۈك.

**4** ـ ئاللاھ، ئاسماننى ئىگىز قىلدى، (بىز ئاسماننى كەڭرىتىپ تۇرىمىز، ئاسمانلارغا قاراڭلار) دېگەن ئايەتلەرگە، **306** ـ **315** ـ بەتكىچە نۇرى بىزگە **900000** يىلدا، **1600000** يىلدا، ھەتتا **311** ـ بەتتە، **50** مىليون يىلدا ئاران يېتىپ كېلىدىغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى سۈرەتلىك كەلتۈرگەن، بۇ كىتابدا نۇرى بىزگە **100** مىليون يىلدا يېتىپ كەلگۈدەك يۇلتۇزلار بار.

**5** ـ قۇرئاندا، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، شەھەرلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ، دۇم كۆمتۈرۈلگەن زامانى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى، ھازىر ئالىملار، سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر بىلەن

تەكشۈرۈپ، دېڭىز ئاستىدا خاراب بولغان، شەھەرنى تارتقان، ئۈستىگە راستىنلا مىتئورىت تاش ياغقان بەزى جايلار دۇم كۆمتۈرۈلگەنلىكى ئىكەن.

6 ـ سەھەر ھەدىستە، 360 مەفسەل سۆزلەنگەن، بۇ ھازىر مۆجىزىدۇر، باش سۆڭەكتىكى مەفسەللەر، 86، بويۇن، گالغا تەۋەسى ـ 6، كۆكرەك قاپ مەفسەللىرى 66، ئورمۇرتقا، داس بوشلۇقى 76، ئۈستۈن ئەتراپىمىز مەفسەللىرى ـ 64، ئاستىندىكى ئەتراپ مەفسەللىرى، 62.

7 ـ ئىسلام شەرىئىتى بىلەن مەخلۇقاتلار ئارىسىدىكى ئۇيغۇن كەلگەن يەتتە(7 ـ ) سانىنىڭ سىرلىق مۆجىزىسى.

1 ـ ئايەتتە يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن دەپ كېلىدۇ، بۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالەم، كائىناتتىكى يەتتە.

2 ـ ئىنساننىڭ يارىلىش باسقۇچى يەتتە، 1 ـ مەنى (ئىسپېرما)، 2 ـ ئارىلاشما ئىككى تەرەپ سۇيى، 3 ـ لەختە قان، 4 ـ گۆش پارچىسى، 5 ـ سۆڭەك، 6 ـ گۆش كەيدۈرۈلۈش، 7 ـ روھ پۈۋدەش.

3 ـ زەررىچە نېيترون، ئېلېكترون ئايلىنىش دەۋرى، ئوربىتا يەتتە، سۈرەتكە قاراڭ، شارچە، 8، ئوربىتا يەتتە.

4 ـ ئىنسان بويۇن ئومۇرتقىسى يەتتە، مەفسەل ئالتە.

5 ـ رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسى، قەدىر كېچىسىدۇر.

6 ـ بۇرۇندىكى پۇراش سېزىم ھۈجەيرىسىگە ئالاقىدار پۇراق يەتتە.

7 ـ قۇياشتىن كەلگەن ئاساسى رەڭ يەتتە.        ( سۈدىكى زەررىچىلەر)

8 ـ سۈرە ھىجىردىكى 87 ـ ئايەتتە كەلگەن، بىرىلگەن ئايەت يەتتە. شۇنداقلا بۇ سۈندا، يەتتە بار، 87 دە يەتتە بار.

9 ـ قۇرئاندا، ئاسمان ـ زېمىننى ئالتە كۈندە يارىتىش، يەتتە قېتىم تەكرار كىلىدۇ.

10 ـ ئاللاھ، ئەرشدىن ئۈستۈن دېگەن ئايەتلەر يەتتە قېتىم تەكرار كېلىدۇ. سۈرە ئەئراب، يۇنۇس، ھۇد، فۇرقان، سەجدە، ھەدىد، قاف، بۇلار بىرىنچىسىگە، سۈرە ئەئراب، يۇنۇس، رەئىدە، تاھا، فۇرقان، سەجدە، ھەدىد، بۇ يەتتە، ئىككىنچىسىگە.

11 ـ قۇرئاندا، يەتتە ئاسمان دېگەن ئايەت، يەتتە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. سۈرە بەقەر، ئىسرا، مۆئمىنۇن، فۇسسىلەت، تالاق، سۈرە مۇلۇك، نۇھ، يەتتە كېلىدۇ.

12 ـ ياخشىلىقنا بۇيرۇپ يامانلىقدىن توسىدۇ دېگەن، سۆزىمۇ يەتتە قېتىم كېلىدۇ.

13 ـ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ، يەتتە نەرسىگە بۇيرۇپ، يەتتە نەرسىدىن توستى، مەسىلەن: كېسەل يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىش، تۈسقىنى، ئالتۇن قاچا، يىپەك قاتارلىقلار.

14 ـ يەنە سېھىر، شېرىك، جازانە، يېتىم مېلى، بۆھتان، قاتىللىق، جەڭدىن قېچىش، يەتتە ھالاك قىلغۇچى.

15 ـ ھەدىستە يەتتە جايدا ناماز دۇرۇس ئەمەس، تۆگە قوتانلىرىغا ئوخشاش...

16 ـ يەتتىدىن بۇرۇن، يەتتە نەرسىگە ئالدىراڭلار دېگەن، پىقىرلىقدىن بۇرۇن بايلىقنى، غەنىمەت بىلەن پېقىرلىق، قېرىلىق، كېسەل، ئۆلۈم، دەججال، زۇلۇملار، باي ئالىم قاتارلىق.

17 ـ ئەجۇەت خورمىسىدىن يەتتە تال يېيىش، ھەدىس مۇسلىم

18 ـ قىيامەت كۈنى يەتتە خىل كىشىگە، ئاللاھ سايە چۈشۈرىدۇ، ئادىل ئىمام، مەسجىدكە ئامراق، ئاللاھ يولىدىكى دوست، ئايالدىن ئۆزىنى توسقاندەك.

**19** ـ ئىت يالاپ قويغان نەرسىنى **7** قېتىم قۇمدا يۇيۇش.

**20**. لاولە لاالله نليە توكلت ۋھورب ىرش الىفيم دېگەننى، يەتتە دىيىشكە بۇيرىغان

**21** ـ كېسەل ئۇستىگە قولنى قويۇپ ئوقۇيدىغان، دۇئا يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ.

**23** ـ ئەزان، يەتتە جۇملە بولىدۇ.

**24** ـ قول، پۇت، باش، يۈز، ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقتىن ئىبارەت. تاھارەتتە يۇيۇلۇش ئورنى بولغان ئەزالار يەتتە، يۇيۇلۇش ئورنى يەتتە.

**25** ـ نامازدا سەجدە قىلىدىغان ئەزا يەتتە.

**27** ـ ھەجدىكى تاۋاب يەتتە، **7**دە چەكلەيدۇ.

**28** ـ تەشەھھۇد ـ ئەتتەھىيياتۇ، يەتتە كەلىمە.

**29** ـ ئايەتتە، يەتتە دان، يەتتە يۈزگە كۆپەيگەن، ساۋاب شۇنداق، چەندان بولىدۇ دېگەن، بۇ يەتتە.

**30**. ساپا، مەرۋە تېغى ئارىسىدىكى تاۋاب يەتتە، بېرىش ـ كېلىش.

**31** ـ سۈرە بەقەردە، ئاي، ھەج ئۈچۈن، ئىنسانلارغا ۋاقىت ئۈچۈن يارىتىلدى دېگەن. **189** ـ ئايەتمۇ مۇنداق يەتتىگە كۆپەيتىلىدۇ. **189=7×27** كۆپەيدى.

**32** ـ ھەجنى، ئۆمرە ھەجنى كامىل قىلىڭلار دېگەن، سۈرە بەقەر **196** ـ ئايەت، بۇ رەقەم ئىككى قېتىم يەتتىگە كۆپەيتىلىدۇ. **196=7×28=7×4** شۇنداقلا، **7=189** ـ **196**، يەنىلا يەتتىسى قالدى.

**33** ـ بالا تۇغۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى، يەتتە جۇملە ئەزاننى قۇلىقىغا دەيسىز، ئەقىقە قىلىپ، ئىسىم قويىسىز، يەتتىنچى كۈنى.

**34** ـ بالا تۇغۇلۇپ، يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇش دەپ سەھىھ ھەدىس بار.

**35** ـ كۈنلەر يەنى بىر ھەپتە يەتتە كۈن دەپ ھەدىس بار.

**36** ـ دوزاخ يەتتە دەپ چىقىدۇ.

**37** ـ ئاللاھنىڭ ھىجابى، نۇر پەردىسى **70**.

**38** ـ دوزاخقا تاشلانغان تاش **70** يىلدا يېتىپ بارىدۇ. بۇ ساندا يەتتە بار، شۇنداقلا **70=10×7**

**39** ـ قىتئە، قۇرۇقلۇق يەتتە.

**40**. ئايلار مەنزىلى **28**، بارماق مەفسەللەر **28** بولىدۇ. ئەگەر يازساق، يەنىمۇ كۆپ چىقىدىكەن، مەقسەت، بارلىق كائىنات، ئاسمان ـ زېمىن، ئاشكارا، يوشۇرۇن ۋاقىت، ئىنسان جىسمى، ئىبادەت، شەرئىەت مەسىلىلىرى، يەتتە دېگەن سانغا ئالاقىدار كەلگەن، بۇنداق باغلاشنى، ئالاقىنى ئاللاھلا قىلالايدۇ، مۆجىزە، سىر ھېسابلىنىدۇ. **4**نى **7**گە كوپەيتسە **28** بۇلۇدۇ.

**8** ـ مۆجىزە، سۈرە كەھپىدىكى **309** دېگەن سان، كەھپە ئەھلى غاردا ساق **309** يىل تۇرغان، سۈرە كەھپمۇ ساق **309** سۆز (كەلىمى) چىققان. ئاللاھ، ھېسابنى تېز ئالغۇچىدۇر.

**9** ـ سۈرە ھەجنىڭ **73** ـ ئايىتىدە ئۇلار بىر تال چىۋىننى يارىتالمايدۇ دېگەن بار. چىۋىنىنىڭ بىر قانىتى شىپا بىرسى زەھەر، ھەربىر كۆزىدە **2000**دىن **4000** كۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، ماددىنى دەرھال باشقا ماددىغا ئۆزگەرتىپ، ئېلىپ ماڭىدۇ، قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ئالتە پۇتلۇق، ئىككى قانىتى بار، قان يوق، بۇ ئاتتىن مۇرەككەپ مەخلۇق، شۇڭا بۇنى بولۇپمۇ روھ، ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، ئاللاھدىن باشقىسى يارىتالمايدۇ. ئۇ بىر قوشۇن.

بارلىق شەرىق، غەرب ئالىملىرى ئاجىزلىقنى ئىلان قىلدى.

10 ـ سۈرە بەقەرەدە،ئاللاھ پاشىنى تىلغا ئېلىپ، مىسال قىلىدۇ، ئۇ، ئالتە پۇتى بار، ئىككى قانتى بار، ئالاھىدە مەخلۇق، 100دىن 200 كۆزگە ئىگە زەھەرلىك، قاتىل، ئۇ بىر قوشۇن، رەسىمگە قاراڭ، دوكتۇرلار تەتقىقاتى.

11 ـ سۈرە نۇردا، ھاياتلىق ئىگىسى بولغان ھايۋانلارنى ئاللاھ سۇدىن ياراتقان، ئۇلاردىن پۈتسىز ئىككى پۇت بىلەن تۆت پۇت بىلەن ماڭىدىغىنى بار دېگەن ئايەت. بۇ ئايەتتە، سۇدىن ياراتقان سۆز ئېنىق، ھەرخىل ھايۋانلارنى سۈرەتتىن كۆرۈڭ. تەپسىرنى ئىبنى كەسىر ۋە فىزىلال قۇرئاندا دېگەن مىساللارغا سۈرەت كەلتۈرۈلدى، ھازىرمۇ ئىنسان ئۆز جىسمىنىڭ 70 پىرسەنت ئەتراپىدا سۇدىن ئېغىرلىقنى تاپىدۇ. دېمەك، ۋەزنىنىڭ 70 پىرسەنتى سۇ.

ئوزۇقسىز ياشىغىلى بولسىمۇ، سۇسىز ياشىغىلى بولمايدۇ، ئەگەر جىسمىدىكى 70 پىرسەنت سۇدىن 20 پىرسەنتىنى يوقاتسا، ئۆلىدۇ. ئايەتتە كەلگەن ھايۋان لەۋزىدە راستىنلا بارلىق ھايۋانلارنىڭ سۇدىن يارىلىشىۋاتقىنى ئەمەلىيەت بولۇپمۇ ئۆملىگۈچىلەر، يەرشارى ئىلمى، جۇغراپىيە ئىلمى، گېئولوگىيە، بىئولوگىيە ئىلىملىرى، ھاياتلىقنىڭ راستىنلا سۇدىن ھاسىل بولغىنىنى ئىسپاتلىغان، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئەلۋەتتە سۇدىن يارىلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا، بۇلار سۇدىن ئايرىلسا، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئانا رەھمىدىكى تۆرەلمە تۇخۇم ئىچىدىكى جانلىق ھەممىسى، سۇدىندۇر. ئايەتتە تۆت پۇت بىلەن تاماملاندى، ئەمما، ئۇ خاسلاشمايدۇ، 40 ھەتتا 400 ئومۇرتقىسى بار، چوڭ يىلانلار، 80 پۇت دېگەن ھايۋاناتلارمۇ باردۇر، تەتقىق قىلىڭ، ھايۋانلار قورۇقلۇقدا پۇت بىلەن ماڭغاندەك، دېڭىزدىمۇ ماڭىدۇ، مەسلەن، تىمساھ. ھەممە ھەرىكەتتە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، سامان يولى سىستېمىسىمۇ چۆرگىلەيدۇ، قۇياش سىستېمىسىمۇ چۆرگىلەيدۇ، ئايلىنىپ دەۋر قىلىدۇ. يەرشارىمۇ شۇنداق، كەبە ئەتراپىنى كىشىلەر ئىبادەت، تاۋاب قىلىپ چۆرگىلەيدۇ، ناماز ۋاقتى، ئەزانلارمۇ ئايلىنىپ چۆرگىلەيدۇ، ھەربىر قاتناش قورالىمۇ، ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىزدا ھەممىسى دەۋر قىلىپ چۆرگىلەيدۇ.

12 ـ سۈرە تەكۋىردە، ئاللاھ، يۇلتۇز بىلەن مۇنداق قەسەم قىلغان. خونىس الجاوارالكونىس بۇ ئۈچ سۆز بىللە كەلگەن بولۇپ، مەنىسى، يوشۇرۇنغۇچى، سەيرە قىلغۇچى، ئاخىرىدا يەنە، ئۇۋىسىغا ھايۋان قايتقاندەك، پۇشۇرنۇپ يوقىغۇچى دېگەن مەنىسى بار.

بۇ ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە يۇلتۇز مۇنداق مۆجىزىگە ئىگە بولغان، چۈنكى، بۇ يۇلتۇز ئاۋۋال يوشۇرۇنىدۇ، ئاندىن ئوربىتىدا سەيرە قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنىدۇ، ئاخىرىدا يەنە ئۆز جايىغا قايتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىنگلىزچە (BLACKHOLGS) بىلاسكا خولىس، دەپ ئاتىلىدىغان يۇلتۇزنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن، سۈرەتتە بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ يۇلتۇزنىڭ كائىناتتا يوشۇرۇن تۇرۇشى، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ، ئوربىتىدا سەيرە قىلىشى، ئاندىن ئاخىرىدا يوقىلىشى، دەل يوشۇرنغۇچى، سەيرە قىلغۇچى، ئاخىرىدا ئۆز جايىغا قايتقۇچى دېگەن ئايەتتىكى سۈپەتكە ئۇيغۇن. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئايەت بارلىق ئاسمان جىسمى، يۇلتۇزلارغا دەلىل، بىرىنچى ھالەت، گاز، تۇمان، يوشۇرۇن ھالەت، ئىككىنچى ھالەت، يارىلىپ ۋۇجۇتتا، ئوربىتا سەيرە قىلىشى، ئاخىرىدا پارتلاپ، يوقىلىشى، دەل ئاشۇ ئۈچ سۈپەتكە مۇۋاپىق كەلگەن.

13 ـ سۈرە تەكۋىردە ۋە سۇبھى ئىزاتەنەففەس دېگەن ئايەت بار، مەنىسى، يورىغان چاغدىكى سۇبھى بىلەن قەسەم، ئىشارەت مەنىسى، نەپەس ئالدۇرغۇچى دېگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئۆسۈملۈك، سۇبھى ۋاقتىدا نەپەس ئالغان، سۈرەتكە قاراڭ.

14 ـ سىلەر كۆرگەن ۋە كۆرمىگەن نەرسىلەر بىلەن قەسەم دېگەن ئايەتتىن بىز كۆرمىگەن نەرسىلەر، نۇر زەررىچىسى، ماگنىت دولقۇنى، تارتىش كۈچى، توك ئېقىمى، ئاۋاز دولقۇنى، سىگنال ئۈچۈرى، باكتېرىيە ھۈجەيرىلىرى، مىكرۇپ، ۋىرۇسلار، ئۇندىن باشقا بىز كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

15 ـ قۇرئاندا، ئاينى مۇنىر، نۇر چىقارغۇچى ئەمەس، چىراغ ئەمەس، نۇرلا بېرىدۇ دېگەن، مۇنىر دېگەن، بۇ ئىسىم ئىگە، فائىل ئورۇندا بولۇپ، ئالىملار تەتقىق قىلىپ، ئايدا نۇر قايتۇرۇشدىن باشقا، توك ئېقىمىنى، كۈن نۇرىنى قايتۇرۇشتا نۇرغا ئايلاندۇرغۇچى، تۇپراق ماددا بار ئىكەن، دېگەن WWW.55A.NETتور بېتىدە سۈرىتى بار، كۆرۈڭ. بۇ تور بېتىدە تەخمىنەن 750 مۆجىزە بار، پۈتۈنلەي

سۈرەتلىك ئەرەب تىلىدا.

**16** ـ ئاللاھ، قۇرئاندا، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى ياراتتى، قىلدى دەپ كېلىدۇ. مانا بۇ، ئالەم بوشلۇقىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئىشارەتتۇر. شۇنداقلا، «**خۇننەس، كۇننەس**» دېگەن يوشۇرۇنغۇچى يۇلتۇزمۇ ئىشارەت دېگەن.

**17** ـ قۇرئاندا، شامال چاڭلاشتۇرۇش رولى بار دېگەن، ئېنىق بار، ئۇ بولسىمۇ، ھاۋادىكى باكتېرىيە، دېڭىز دولقۇنى، توپا ـ چاڭ، گاز، تۇتۇن، دانچىلار، چېچەك زەررىچىسى، سۇ زەررىچىسى، ھەرخىل ماددىلارنى چاڭلاشتۇرۇپ، يامغۇر، مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، بۇمۇ بىر مۆجىزىدۇر، سۈرەتتە بار.

**18** ـ قۇرئاندا، ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق يارالغانلىقىغا قارىمامدۇ؟ دەپ بار، ئاسماندا، زېمىندا نېمە بار، قاراڭلار دەپ بار، ھايۋانلاردا مۆجىزە، ئالامەت بار، ئۇنداق بولسا، بىز تۆگىدىن ئۆتۈپ زىراپىگە قاراپ باقايلى، زىراپە ئېگىزلىكى بەش مېتىر كېلىدىغان، ئېگىز ھايۋان بولۇپ، ئاللاھ، ئۇنىڭغا لايىق، ھاياتلىق يوللىرىنى بەرگەن، ئۇنىڭ يۈرىكى، باشتىكى نېرۋا، باشقا قان لازىم جايلارغا قان يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، يۈرەك بىلەن بېشى ئارىلىقى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، ئۈچ مېتىر جايدىن يەنە ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە قاننى يەتكۈزىدۇ. ئېچكى تەرەپتىن بېسىم بار، ئېگىز جايدا ھاۋا بېسىمى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ تېرىسىدە، قان تومۇردا بۇ بېسىمغا قارشىلىق كۈچ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىنى، ئاللاھ يارىتىپ بەرگەن، سۈرەتكە قاراڭ.

**19** ـ قۇرئاننىڭ تارتىش كۈچىگە ئىشارەت قىلىشى، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئاللاھقا خاستۇر، سۈرە بەقەر **165** ـ ئايەت، قۇۋۋەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ، سۈرە كەھپە **39** ـ ئايەت، ھۇد، **52** ـ ئايەت، ئەنفال، كەھپە، ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز كۆتۈردى، سۈرە رەئدە **2** ـ ئايەت.

ئاللاھ، ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتى، لوقمان **10** ـ ئايەت.

ئايەت ئاخىرىدا سىلەر كۆرەلىگىدەك تۈۋرۈك يەنى تۈۋرۈكسىز بولسىمۇ سىلەر كۆرەلمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ، تارتىش كۈچى دېگەن مەنىسىدە، غەيرى دېگەن بولۇشىسىز سۆز، تۈۋرۈكنىڭ سۈپىتى بولۇپ كېلىدۇ. ياكى تۈۋرۈكسىز دېگەن سۆزدىنلا تارتىش كۈچى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدلار، تۈۋرۈك بار، سىلەر كۆرمەيسىلەر دېگەن. ئاللاھ، ئاسماننى زېمىنغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئۆزى تۇتۇپ تۇرىدۇ، سۈرە ھەج **65** ـ ئايەت. ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى چۈشۈپ كېتىشىدىن تۇتۇپ تۇرىدۇ، سۈرە فاتىر **40** ـ ئايەت. بۇ ئايەتتە، تارتىش كۈچىدىن باشقا زېمىنمۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئېسىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزۈپ يۈرىيدىغان نەرسىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

**1915** ـ يىلى ئېينىشتىيىن چىقىپ، نىيوتوننىڭ سۆزلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى شاللاپ تاشلاپ، تارتىش كۈچى ئىككى جىسىمنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسە بولماستىن، ھەقىقي بوشلۇق، ۋاكىئۇمغا ئالاقدار بولىدۇ دېگەن. ئاسمانغا، ھەتتا، ماددىدىن تاشقىرى باشقا ئالەمگە تۇتاشتۇرغان.

**20**. قۇرئاننىڭ ئېنېرگىيە مەنبەلىرىگە ئىشارەت قىلىشى.

ئېنېرگىيە دېگەن سۆز، ئەرەبچە تاقەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز، قۇرئاندا ناھايىتى كۆپ كېلىدۇ، سۈرە بەقەر **249** ـ ئايەتتە، **286** ـ ئايەتتە بار، يۇقىرقى قۇۋۋەت، كۈچ دېگەنلەرمۇ ئىشارەت قىلىدۇ.

ئايەتتە، شامالنىڭ كېمىلەرنى ماڭدۇرۇشى، سۈرە شۇۋرا **42** ـ ئايەتتە بار، بۇنداق شامال كۈچى ئارقىلىق چىقىرىلغان توكلار ئاز ئەمەس. مانا بۇ، شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسى، قۇرئاندا، بۇنىڭغا مۇنداق ئىشارەت بار، سۈرە رۇم **46** ـ ئايەتتە كېلىدۇ. شامال بېشارەت، رەھمەت، ئاللاھنىڭ پەزلى دېگەن. سۈرە ئەھقاف **24** ـ ئايەتتە، ھالاك قىلىنغان قەۋمگە شامال ئەۋەتكەن، بۇ شامالدا، ئوت، ئوتلۇق بولۇت سۆزلىنىدۇ. ئۇلار يامغۇرمىكى دەپ گۇمان قىلىپ قالغان، ئەمما، ئوتلۇق شامال، كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. دېمەك، شامالدا ئوت بار، توك بار، دېگەن بولدى. قۇرئاندا، شامال ئەۋەتكەن، بۇلۇت ئەۋەتكەن، شامال بۇلۇتنى قورشايدۇ، بۇلۇت ئارىسىدىن چاقماق نۇر چىقىدۇ، بۇمۇ بىر توك ئېقىمى، سۈرە ھاققەدە، تاجاۋۇزچى، ھەددىدىن ئارتۇق شامال بىلەن ئاد قەۋمنى ھالاك قىلغان، يەنە بىر ئايەتتە، باغنى ئوت بار شامالدا كۆيدۈرگىنى چىقىدۇ، بۇمۇ شۇ

ئىشارەتتۇر.

سۈرە ۋاقىئە، **72** ـ ئايەتتە، ئوت، ئېنېرگىيىنى سۆزلەيدۇ، سۈرە ياسىندا، يېشىل دەرەخدىن ئوت ياققان ئايەت بار، مانا بۇلار، دەرەخ، ئۆسۈملۈكتىن چىققان ئېنېرگىيىلەر، سۈرە بەقەر، **24** ـ ئايەت، سۈرە تەھرىم **6** ـ ئايەت، دوزاخ يېقىلغۇسى، كاپىر ئىنسانلار ۋە تاشلار دېيىلىدۇ. مانا بۇ تاش، كۆمۈر ئېنېرگىيىسىگە ئىشارەتتۇر، سەھىھ ھەدىستىمۇ، دوزاختا تاشنى قالىشى سۆزلىنىدۇ. كۈن ۋە ئايمۇ يېقىلغۇ قىلىنىپ تاشلىنىدۇ. مانا بۇ تاش كۆمۈر. تىرمىزى، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خاتىرلىگەن بىر ھەدىستە، دوزاختا **1000** يىل ئوت قالىسا، قىزىل بولىدى، يەنە **1000** يىل ئوت قالىسا، ئاقاردى، يەنە **1000** يىل ئوت قالىسا، قارايدى، ئۇ ھازىر تۈم قاراڭغۇ كېچىدەك دېگەن، بۇلار ئېنېرگىيە، ئىسسىقلىق، ئوتنىڭ گرادۇسلۇق ئۆزگىرىشى، يەنە بىر ھەدىستە، دۇنيا ئوتىنى، ئاشۇ ئوتتىن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن دېگەن، قۇياشنى نۇر قىلدى، چىراغ قىلدى، نۇرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى دېگەن ئايەت كۆپ كېلىدۇ. مەسىلەن، سۈرە نەبەئ بار، سۈرە يۇنۇس، نۇھدا مانا بۇ نۇر، قۇياش ئېنېرگىيىسى، قۇياشتىن توك چىقىرىلىشلار، سۈرە نۇرنىڭ **35** ـ ئايىتىدە، زەيتۇن يېغىنى كۆيدۈرگەن، نۇر ئەھۋالى بار، قۇرئاننى نۇر، بىر سۈرىسىنى نۇر دەپ ئاتىغان، رەسۇلۇللاھمۇ قۇياشقا ئوخشىتىلغان، مانا بۇلار بۇ دىن، بۇ قۇرئان كىتاب، نۇردۇر، نۇرلارغا ئىشارەت.

**21** ـ كۈن نۇرىنىڭ ئۆچۈشى، يۇلتۇزلار تۆكۈلۈشى، دېڭىز ئوت بولۇپ لاۋۇلدىشى، ئاسمان يېرىلىشى، تاغلار پارتىلىشى، قاتتىق يەر تەۋرەپ، تاشلار كۆيىشى، ھەر نەرسە ئەسلى ھالەتكە كېلىپ قېلىشى، ئاسماننىڭ گاز، تۇتۇن، تۇمان ماددىسى، نۇر ۋە زۇلمەت، ھاياتلىق، دېڭىز ئاستىدا يەنى ئوت بار دېيىلىشى، ئاسمان ـ زېمىننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىشى، قاتارلىقلار، ئاشۇ تارتىش كۈچى، ئېنېرگىيە مەنبەسى، ۋاكىئوم ھەقىقي بوشلۇق، ئۇنىڭ قاتتىلقلىقى، قۇرئاندا شىدادا دەپ كېلىشى، سۇدىن ئوت چىقىرىشى، بۇ سۇ، ئېلېكتېر ئىستانسىسى ۋە سۇدىن ئۆزىدىنمۇ ئوت، ئېنېرگىيە چىقىرىش، فىزىكا، خېمىيە تەتقىقاتلىرىدۇر. تاغلارنىڭ ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇشى، ئاقار يۇلتۇزلارنى سۆزلەش، جىنلارنى كۆيدۈرۈشلەر، تاغلارنى تاشلارنى كۆيدۈرۈش، نۇر تېزلىكى، لۇت قەۋمىگە تاش ياغدۇرۇشلار، ئاۋۋالقى تاش ئاتار قوراللار، ئاندىن بومبىلار، ئاندىن قورالالارغا ،پارتىلىتىشقا، قۇرئاندىكى زەررىچە، ئاتوم زەررىچىسىگە ئىشارەت قىلغان، ئەلۋەتتە، بىر تەپەككۇر قىلغۇچى، زېھنى ئوچۇق كىشىنىڭ مېڭىسىگە، بۇ خىياللار كېلىدۇ. ئىشارەت قىلىنىدۇ.

**22** ـ سۈرە ئەنكەبۇت **20** ـ ئايەتتە، زېمىننى سەيرى قىلىپ كۆرۈڭلار، يەنى تەكشۈرۈڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنى قانداق قىلىپ تۇنجى قېتىم ياراتقىنىغا قاراڭلار، ئاندىن ئاللاھ، ئىككىنچى قېتىم يەنە يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر دېگەن.

بۇ ئايەتتە، زېمىننى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈشدە، مەخلۇقلارنىڭ تۇرقى يارىلىشى، ئاشكارا بولۇشى، ھاياتلىق، شۇنداقلا، ئايەت، سەيرە قىلىش، قاراشلارنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىلىمنىڭ باشلىنىشى، ئاساس سېلىنىشى، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، جۇغراپىيىگە، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ئەنكە بۇت **19** ـ ئايەتتە، قاراپ باقمامدۇ؟ دەپ كايىپ، **20** ـ ئايەتتە رەسمى بۇيرۇق چىقىرىدۇ، بۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرىشى، بۇ **1426** ـ يىل بۇرۇنلا بۇيرۇلغان ئىلىملاردۇر، كائىناتنىڭ كىتابىغا قۇرئان كىتابى، كائىنات ئايىتىگە قۇرئان ئايىتى، ئاللاھ، بۇرۇن كۆرسىتىپ بولغان، ئەمما، بىز يەنىلا ئارقىدا قېلىۋاتىمىز، ھازىرمۇ بولسا، بىر قاراپ قويۇڭلار، سەيرە قىلىڭلار.

**23** ـ جانلىقلاردىن باشقا جانسىز نەرسىنىڭ سۆزلىشىگە مۇنۇ ئايەتلەر ئىشارەت قىلىدۇ، سۈرە فۇسسىلەت، **11** ـ ئايەتتە، ئاللاھ، ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلەندى، ۋەھالەنكى، ئۇ گاز، تۇمان ھالەتتە ئىدى، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىنغا سىلەر ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى كېلىڭلار دېدى. ئاندىن ئاسمان ـ زېمىن، بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن كەلدۇق دېدى، ئالىملار، بۇ مەجاز ئەمەس، يەنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ھەقىقي سۆزىدۇر، دېگەن. قۇرتەبى ئۆز تەپسىرىدە، مۇنۇ ئايەتكە، ئاللاھ، ئاسمان ـ زېمىندا سۆز ياراتقان، ئۇلار ئاشۇ سۆز بىلەن ھەقىقي سۆزلەيدۇ، دېگەن، سۈرە دۇخاننىڭ، **29** ـ ئايىتىدە، ئاسمان ـ زېمىننىڭ يىغىسى سۆزلىنىدۇ، دېمەك، سۆز، يىغا، ھەممە شەيئىنىڭ سۆزلىشى، ئاشۇ كائىناتنىڭ بولۇپمۇ بۇ زېمىننىڭ سۆزلىشىنى، جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۆزلىشىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا، ئاۋاز دولقۇنى، رەڭلەردىكى ئۇزۇن ـ قىسقا دولقۇنلارغا،

سىگناللارغا ئىشارەت، ھەربىر تېلېفون ئارىسىدا ئاشۇ دولقۇن، ئاشۇ ئۈچۈر، زېمىن سۆزى، ۋاسىتە بولۇپ سۆزلەيدۇ. جانسىز نەرسىلەر، رادىئو ـ تېلېۋىزور، تېلېفون، كومپيۇتېرلار سۆزلىشىدۇ، شۇنداقلا، ھال تىلى بىلەن بويسۇنۇپ سۆزلىشىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

**24** ـ مۆجىزىلەر شۇنداق كۆپكى، مەن تاللاپ بولالمىدىم، بەزىسىگە سەۋىيەم تۆۋەن كېلىپ قالدى، ھەربىر دۆلەتتە، مەخسۇس قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرىنى تېپىپ، كۈندە دېگىدەك ئىلان قىلىۋاتىدۇ، ھازىر بۇلار، **1000**دىن ئاشتى، سىلەر، تور بېتىدىن، فىلىملاردىن، كىتابلاردىن كۆرۈۋگلار، مۆجىزىلەر تېمىسى مۇنداق:

**1** ـ تارىخى مۆجىزىلەر، بۇ دېگىنى ئىككى خىل بولىدۇ بىرى، ئاي يېرىلىش، تائام كۆپىيىش، سۇلار كۆپىيىشتەك، يەنە بىرى، قۇرئان، ھەدىسنىڭ تارىخى مەسىلىلەرگە كۆرسەتكەن ئىشارەت مۆجىزىسىدۇر. مەسىلەن: ئاد، ھود ئەلەيھىسسالام، لۇت قەۋمىگە ئىشارەت قىلغان ئايەتتىكى قەدىمى شەھەرلەر، مېتئورىت تاشلار، قالدۇق ماتېرىياللار، ئېھرام قاتارلىقلار. جۇغراپىيە ئورۇنلىرى، رۇم زېمىنىدەك.

**2** ـ ئىنسان جىسمىدىكى مەڭگۈلۈك مۆجىزىلەر

ماددى، مەنىۋى، روھى، جىسمى مۆجىزىلەر، كۆز، قۇلاق، يۈرەك، قان، سىزىم، تۆرەلمە، ئىسپېرما، نېرۋا، مېڭە، ئۈيقۇ، موسكۇل، سۆڭەك قاتارلىقلار.

**3** ـ ئىسلام دىنىنىڭ تىبىي داۋالاش، چېنىقىش، ھەرىكەت، دورا، ئۆسۈملۈك، پاھىشىدىن كەلگەن ئەيدىزدەك كېسەللەر، ھارام نەرسىلەردىكى زىيانلار، داۋاسى يوق قاتارلىقلار.

**4** ـ سانلار، ھېساب، شىفىر ئىشارەتتىكى، قۇرئان، ھەدىس مۆجىزىلىرى، خۇددى يەتتە دېگەن سان، **19** دېگەن ساندەك.

**5** ـ ھاشارەتتىكى مۆجىزىلەر، خۇددى ئۆمۈچۈك، چۈمۈلە، چىۋىن، پاشا، ھەسەل ھەرىلىرىدەك، ئىنسانلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، بايقاپ باقمىغان، مىكرۇپ ھۈجەيرىلەر زەررىدىن كىچىك مەخلۇقلاردەك

**6** ـ ھايۋاناتلاردەك، مەسىلەن: تۆگە، زىراپە، توڭگۇز، قۇشلار، قۇندۇز ۋە باشقا مۆجىزىلەر ئىلھام مەسىلىلىرى.

**7** ـ ئۆسۈملۈكتىكى مۆجىزىلەر، ھاياتلىق، باكتېرىيە ھۈجەيرىسى، گۆشخور ئۆسۈملۈك، دەرەخلەر، قايتا تېرىلىش مەسىلىلىرى بار.

**8** ـ ئىسلام دىنىنىڭ، قانۇن ـ تۈزۈم، نىزام، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، شەرىئەت مەسىلىلىرىدىكى مۆجىزىلەر، ھارام ـ ھالال قىلىش قانۇنلىرى قاتارلىقلار.

**9** ـ قۇرئان، ھەدىسنىڭ لۇغەت، سۆزلىكى، مۆجىزىسى، مەسىلەن: رۇم زېمىنىدىكى **ئەدنا** دېگەن سۆز، چوڭقۇر ئويمانلىق، ئەلەق دېگەن، زىگوت، قۇرۇت مەسىلىسى، بىئولوگىيە ئىلىملىرى، ئاتالغۇلار قاتارلىقلار.

**10** ـ زېمىن توغرىسىدىكى يۇمىلاق، چۆرگىلەپ، ھەرىكەت قىلىش، تەۋرەش، يانار تاغ، تۆت پەسلى، ئوربېتىلار، تاغنىڭ قوۋزۇقى، قەۋەت سانى، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، ئاتموسفېرا، تۆمۈر، ئىلېمېنت، ماددا، ئەركەك ـ چىشى مەسىلىسى، ئوت، توك، ئېنېرگىيە قاتارلىق مۆجىزىلەر.

**11** ـ دېڭىزدا سۇلاردىكى سۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشى ماددىسى ئوت كېتىشى توك چىقىشى تۇزلۇق بولۇشى، ئىچكى، تاشقى دولقۇن، سۇ ۋە ھاياتلىق، يامغۇر يېغىش، دېڭىز توسمىسى قاتارلىقلار.

**12** ـ كائىنات، ئاسمان جىسىملىرى، پەلەك، ئوپۇقتىكى مۆجىزە، ئاسمان ماددىسى، گاز، ئوربېتىلار، يوللار، ئۆڭكۈر، سەييارە يۇلتۇز، ئىككى مەشرىق، مەغرىپ، قۇياش سىستېمىسى ھەرىكىتى، نۇر تېزلىكى، يۇلتۇز ئورۇنلىرى، ئاخىرقى پارتىلاشلار قاتارلىقلار.

**13** ـ ھەرخىل تېمىدىكى مۆجىزىلەر، تەتقىقات جەريانىدىكى ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىرى، ئاللاھدىن باشقىلار

قىلالمايدىغان سىرلىق ئىشلار، سوئاللار، جاۋابىنى بىر ئاللاھ بىلىش.

**14** ـ قۇرئان، ھەدىسنىڭ پەلسەپە، ھېكمەت، قانۇن ـ تۈزۈم، پىسخىكا، سىياسەت، ئەخلاق، ئىددىيە مەسىلىلىرىدىكى مۆجىزىلىكى، غالىپ، ئۈستۈنلىكى.

**15** ـ ئۆتمۈشتىكى غەيبىدىن خەۋەر بېرىشى كەلگۈسى غەيبىدىن خەۋەر بېرىشى، كائىنات ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىشلار توغرىسىدا.

**16** ـ ئەقىدە، روھى، ئىددىيە، قىيامەت، جەننەت ـ دوزاخ نەزەرىيىسى، باشقا ئالەم، ئۈستۈن ئالەمدىن كەلگەن ئاتالغۇلار مۆجىزىسى، ئىككى ئالەم نەزەرىيىسى، مەڭگۈلۈك ئەزلى، ئەبەدى نەزەرىيىلەر، كىشىنى قايىل قىلىش، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش قاتارلىقلار.

ئاللاھنىڭ رىزىق تەقسىمى، ئىگە بولۇشىنى، كېپىل بولۇشىنى، بەرگەن ۋەدىسىنىڭ راستلىقى، ئەمەل قىلىش، دۇئالار ئىجاۋىتى، سىۋ تەلەپ قىلىش قاتارلىقلار. قاراب بېقىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ھەممىمىز تەك ئۆتەيلى، سىلەرگە تاپشۇردۇم، بۇ ئۇنىۋېرسال كىتاب، بارلىق ئىلىم پەنلەر تۈرلىرى سۆزلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىي تەتقىق قىلىپ، بىلىم، قىلىم بىلەن سۈرەتكىلا قارىماي ئەمەلىيەتكە قاراڭ. بۇ جەريانىدا مۇنداق مۆجىزىلەر ئاشكارا بولىدۇ. مەن بۇ كىتابنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى، ئېتىقادىنى كۈچەيتىدىغان، دىنسىز كاپىرلارنىڭ بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە زور تۈرتكە، يېتەكچى بولىدىغان، سەۋەب بولىدىغان، غايەت زور بىر مۆجىزە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. مانا بۇ دوكتۇر، ئۇستاز، گېئولوگىيە پىرافېسسورى، دوكتۇر زە غلولنەججارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق، ئەمگەك مېۋىسى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئۆلگە، نەمۇنە، قاراڭ، مەن بۇ مۆجىزىنى **WWW.55A.NET** دىگەن تور بېتى ئادرىسى شۇ. مانا مۇشۇ تور بېتىدىن تاپتىم، سىزمۇ بىر كۆرۈپ قويۇڭ، سۈرەتلەرگە قاراڭ. مۆجىزە تەپسىلاتى مۇنداق:

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ياسىغان، سانائىتى پۇختا ھۈنىرى، قاراڭ. **30** مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە تاشلارغا قاراڭ، سۈرەتتە بار، ئالىملار خۇسۇسەن دوكتۇر زەغلۇل، بۇ تاشلارنى ئىلغار مىكرۇسكوپ ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، تاشلار ئىچىدە، كەبىنىڭ سۈرىتىنى بايقىغان، رۇشەن سۈرەت، رۇشەن مۆجىزە، **30** مىليون يىل بۇرۇنلا ھاسىل قىلىنغان، ئاللاھ تەرەپىدىن يارىتىلغان، تاش ئىچىدىكى كەبە كۆرۈنۈشى سۈرەتكە بىر قاراڭ. شۇنداقلا، تاش ئىچىدىكى ئاللاھ دىگەن سۆز، ئاللاھ دىگەن لەۋزىمۇ چىققان، بۇلارنى دوكتۇر زەغلۇل، گېئولوگىيە تەتقىقاتچى ئالىم بايقاپ، **2002** ـ يىلى، قەدىر كېچىسى، سۈنئى ھەمراھدا ئىلان قىلىنغان، مۇھەممەد ئىسمىلىك ئىنجېنىر، بۇ تور بېتىگە دوكتۇرنىڭ سۈرەت تەمىنلىشى بىلەن كىرگۈزگەن، **2005** ـ يىلى. تاشنىڭ تەبىئىلىكى يەنى تەبىئىلىكى **100** پىرسەنت، ئاللاھلا ياراتقاندۇر.

تاشنىڭ ئۆمرى، تارىخى **30** مىلليون يىل بولغان، ئەلۋەتتە، بۇمۇ تەبىئىلىككە دەلىل، بۇ تاش ھازىر، مەككىدە، بانكىدا بىخەتەر ساندۇقتا ساقلاقلىق، قاتتىق قوغداپ، مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ، ئۇچۇقلا، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىسلام دىنى، قۇرئان، ھەدىس خالىسا، زاھىرى، كائىنات مۆجىزىسى، مانا بۇ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەت كۆرسىتىش ۋەدىسى، مانا بۇ، قاراڭلار، زېمىندا نېمە بار، قاراڭلار، سەيرە قىلىپ كۆرۈڭلار دىگەن ئايەتنىڭ مۆجىزىسى، سىرى، ئىلىم ـ پەن، تەرەققىيات نەتىجىسى، چۈنكى، بۇ مۆجىزە سۈرەتنى، تاش ئۆمرىنى ئېلېكتىرونلۇق مىكرۇسكوپدا بايقىغان، ھەممىسى، ئاللاھنىڭ ئىلھامى، رەھمىتى، قۇدرىتى، مۆجىزە، ئالامەت سىرلىرى. **WWW.55A.NET** مۇنۇ تور ئادرىسدا، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئالەمەت مۆجىزىلىرى دىگەن تېمىدا، تىلى ئەرەب تىلى، شۇنداقلا ئالتە خىل تىلدا كۆرگىلى بولىدۇ.

بىز ئەمەلى سىناپ باقتۇق، ئەرەب، ئىنگلىز، فرانسۇس، ئىسپانىيە، ئىتالىيە، رۇس، گېرمان تىللىرىدا كۆرگىلى بولىدۇ. قايسى تىلنى بىلسىڭىز شۇ تىلدا كۆرۈڭ، بىز، ئەرەب تىلدىن بايقىدۇق، **2006** ـ يىل **1** ـ ئاي، مانا مۇشۇنداق مۆجىزىلەر تا قىيامەت قۇرۇلغىچە، ھەتتا، قىيامەت قۇرۇلۇش جەريانىدىمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. قۇرئان، ھەققەن دىگۈچە ئاشكارلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ توگەپ قالمايدۇ، سىزمۇ تىرىشىڭ، تەقۋا بولساق ئاللاھ ئىلھام قىلىدۇ، بىزمۇ تاپالايمىز، بىزگىمۇ ئۇچرايدۇ، مەقسەت، ئاللاھ ئاخىرەت، جەننەت، ئاللاھنىڭ دىدارى، جامالى، ئالى مەرتىۋە، ئېتىقاد، ئىمان، تەقۋالىق، ئىخلاس بىلەن چىن دىلدىن ئىبادەت قىلىش، شەك،

گۇماننى يوقىتىپ، شەيتاننى قوغلاپ، خالىس قەلبنى خاتىرجەم قىلىپ، ئىبادەت قىلىشتۇر.

مانا بۇنىڭدىن ئارتۇق مۆجىزە، ئالامەت، دەلىل ـ ئىسپات بولماس، دارۋىن ۋە دىنسىز كاپىر، مۇشرىك، يەھۇدى، ناسارالارغا رەددىيە بولماسمۇ؟!، قاراڭ. قايتا قاراڭ، مۆجىزىنى كۆرسىڭىز سەجدە قىلىڭ. ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەق، توغرا يولغا، قۇرئان، ھەدىس بىلەن ھىدايەت قىلسۇن، جامالىنى بىزلەرگە ئاتا قىلسۇن، تەقۋادار مۇسۇلمان، مۆئمىنلەردىن قىلسۇن ئامىن!

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى، محمد صلى الله عليه وسلم غا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە، تابىئىنلارغا، بارلىق مۇسۇلمانلارغا بولسۇن ئامىن. ئاللاھ ھەممىمىزگە جەننەت ۋە جامالىنى ئاتا قىلسۇن ئامىن!!! مىنىڭ بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىمدا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن قېرىنداشلىرىمغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن، ئامىن!!!!

محمد صلى الله عليه وسلم وعلى آله وصحبه أجمعين